شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى

قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى

قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

**قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى**

قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى 54 №)

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر 1/16

باسما تاۋىقى: 75.25، قىستۇرما ۋارىقى: 12

1991 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى

1991 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1 —— 1500

ISBN 7 — 228 — 02004 — 9/K·187

باھاسى: 20.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

新疆维吾尔自治区地方志丛书

**哈　密　县　志**（维吾尔文）

哈密市地方志编纂委员会　编

---

新疆人民出版社出版发行

（乌鲁木齐市建中路54号　邮政 830001）

新疆新华印刷厂印刷

787×1092毫米　16开本　75.25印张　12插页

1991年8月第1版　1991年8月第1次印刷

印数：1——1500

---

ISBN7-228-02004-9/K·187　定价：20.00元



قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ گۇرۇپپىلاش
بېكىتى



تيانشاندىكى ئايلانما تاشيول



ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت
قىلىش - ياساش زاۋۇتىنىڭ رېمونت سېخى



www.uyghurkitap.com


ناھىيىلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زا-
ۋۇتىنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى



ناھىيىلىك تىبرە-يۇڭ زاۋۇتىنىڭ خۇرۇم
ئىشلەش سېخىدىن بىر كۆرۈنۈش



شىڭشىڭشيا ۋولفرام كانىنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش سېخى



گۆڭشې - دۆي كارخا - نسى - ئاستانە سېمونت زاۋۇتى



ئېچىلىۋاتقان شەرقىي تۇز كۆل




ناھىيىلىك سۇ قۇرۇلۇش بويۇملىرىنى ئالدىن تەييارلاش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان سۇزگۈچ تۇرۇبا



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالتۇن باشاقلار



چېچەكلگەن قچىلار



تيانشاندا يايلاۋاتقان قوي پادسى



تىيانشان قارىغايلىرى



ساي ئورمىنى



جىغان




يۇلغۇن




قوتاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى



چۆلدىكى مۆجىزە — كارىز

بوغاز سۇ ئامبىرىنىڭ ئىشچىلىرى بېلىق تۇتماقتا






كارىز تىلمىسى



ئۇلاناي ئۆستىڭى





تۆرۈك سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى

ماشىنلاشقان قۇدۇق



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قۇمۇل قوغۇنى



قۇرۇتىلىۋاتقان قوغۇن قېقى



قوغۇن مۇرابباسى ئىشلەنمەكتە



قوغۇندىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار



ئۇيغۇر قزى خوشاللق بلەن ئۈزۈم ئۈزمەكتە




قوغۇن سرتقا توشۇلماقتا

ئۈزۈم بازارغا كردى





ئوخشغان تاۋۇزلار

ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى





ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان
ئامبۇلاتورىيە بىناسى



بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسىنىڭ شىپاخانىسى



تيانشان گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپى



راھەتباغ گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپى



شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئو -
قۇغۇچىلىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىك دەرسى
ئۈستىدە


ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




ئۇيغۇرلارنىڭ تويىدىن بىر كۆرۈنۈش



قازاقلارنىڭ ئاقىنلار
ئېيتىششى



چېلىشىش



قۇمۇلدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت — ھېيتكار
مەسچىتى



قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ قەبر
ىستانلىقى

قۇمۇلدىكى شەنشى مەسچىتى




www.uyghurkitap.com



لاپچۇق قەدىمي شەھەر خارابىسى




بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى جەسەت




خەن دەۋرىگە ئائىت خۇەنسەيگۇ خاتىرە تېشى


تۇر خارابىسى



قېزىۋېلىنغان ساپال بويۇملار









قەدىمي قەلئە خارابىسى

يارداڭلىق






قومۇل ناھىيىسىنىڭ سۈنئىي ھەمرادىن سۈرەتكە تارتىلغان يەر شەكلى ( قىسمەن ) نىلڭ خەرىتىسى

ئىزاھات : ★ قۇمۇل شەھىرى، قۇمۇل ناھىيىسى

▲ بوغاز

■ بۇلۇڭتوغراق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز I

ۋۇ ۋېنشياڭ　　　خوجا سالى

«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇمۇل شەھەرلىك كومىتېتى، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە تەزكىرە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى، ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، تەھرىر خادىملارنىڭ سەككىز يىل جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئاخىر كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ، شەھىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن سېپىدىكى زور بىر نەتىجە، پۈتۈن شەھىرىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بىر چوڭ ئىش.

قۇمۇل — شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى، چېگرا رايوندىكى مۇھىم شەھەر، تارىخى ئۇزۇن، دۆلىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە داڭقى بار. بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى، قۇمۇل خەن سۇلالىسى غەربىي رايوننى تىزگىنلەش ئۈچۈن ھونلار بىلەن جىددىي تالاشقان ستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي بولغان. قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىدىكى يېڭى لىنىيىسى قۇمۇلدىن ئۆتىدۇ. قۇمۇل قوغۇننىڭ يۇرتىدۇر، قۇمۇل ئۆزىنىڭ قوغۇنى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. قۇمۇلنىڭ زېمىنى كەڭ، 85 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ زېمىندا مۇنبەت يەر، گۈزەل يايلاقلار بار. تېخى ئېچىلمىغان يەر ئاستى كان بايلىقلىرى مول، كان بايلىقلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، تۈرى كۆپ.

قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ نوپۇسى 1988 - يىلى 280 نەچچە مىڭغا يەتتى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا بۇيەردە ياشاپ، ھالال ئەمگىكى بىلەن بۇ يەرنى ئۆزلەشتۈرگەن. بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇچقاندەك راۋاجلاندۇرۇپ، تۇرمۇشنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنى مۇقەددىمە قىلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش پايانسىز چۆل - جەزىرە ئوتتۇرىسىدا جايلاشقان گۈزەل ماكان — قۇمۇلنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردى.

تارىخ — بىر ئەينەك. ئۇ ئارقىلىق گۈللىنىش ۋە خارابلىشىشنى، پايدا ۋە زىياننى بىلگىلى، كەلگۈسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى كەينى - كەينىدىن سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىنى تۈزۈشكە باشلىدى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈشمۇ مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، سابىق قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ 1981 - يىلىدىكى قارارى بويىچە باشلاندى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە ئەسلىدە قەدىمقى زامان يۇقىرى چەك،

1980 ـ يىلى ئاخىرقى چەك قىلىنماقچى ئىدى. تۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، گوۋۇيۈەن قۇمۇل ناھىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. ماتېرىيالنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مۇزاكىرىلىشىپ، ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋاقىتنى تەزكىرىنىڭ ئاخىرقى چېكى قىلىش، يەنى 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇزارتىش قارار قىلىندى. 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ناھىيە شەھەرگە قوشۇۋېتىلگەن چاغدا، دەسلەپكى ئورىگىنال پۈتكەندى. شەھەرلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بۇ تەزكىرىنى تۈزۈپ چىقىش ۋەزىپىسىنى داۋاملىق تىرىشىپ ئورۇنداش زۆرۈر، دەپ ھېسابلىدى. ئۆتمۈش تارىخنى يەكۈنلەپ چىقىش «تارىخىي ماتېرىياللارنى ساقلاپ قېلىش» قا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن ئەلنى ئىدارە قىلىشتا ئەينەك قىلىشقىمۇ بولىدۇ. تەزكىرىنىڭ نامى يەنىلا «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» دەپ بېكىتىلدى.

«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە بۆلۈم، باب، پاراگراف، مۇندەرىجە، جەدۋەل، سۈرەت، تەرجىمىھال، قوشۇمچىلەر بويىچە قۇمۇلنىڭ 300 يىلدىن بۇيانقى تارىخى، جۇغراپىيىسى، سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ھەربىي ئىشلىرى، مەدەنىيىتى ۋە مۇھىم كىشىلىرى نۇقتىلىق بايان قىلىندى ھەمدە «ھازىرقىسى تەپسىلىي، قەدىمكىسى ئىخچام بولۇش» پرىنسىپى بويىچە ئازادلىقتىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ھەمدە سانائەت، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى نۇقتىلىق بايان قىلىندى. بۇ كىتاب قۇمۇل توغرىسىدىكى قامۇستۇر.

«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈشتە يېڭى كۆزقاراش، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ماتېرىياللار ئارقىلىق دەۋر ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك ئىمكان قەدەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بىراق ماتېرىيال چەكلىمىسى ۋە تۈزگۈچىلەرنىڭ سەۋىيىسى تۈپەيلىدىن كىتاب كەمچىلىك، خاتالىق ۋە نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس. ھۆرمەتلىك كىتابخانلاردىن تەنقىد بېرىپ تۈزىتىشىنى سورايمىز.

تەزكىرىنى تۈزۈش جەريانىدا شەھىرىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى مۇيەسسەر بولدۇق، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىرمۇنچە قېرىنداش ناھىيە ـ شەھەرلەردىكى تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتۇق، بىز بۇ يەردە ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ شەھىرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تېگىشلىك رول ئوينىشىنى ۋە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى تىلەيمىز.

---

بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى: ۋۇ ۋېنشياڭ ــ جك پ قۇمۇل شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، خوجا سالى ــ قۇمۇل شەھىرىنىڭ باشلىقى.

# كىرىش سۆز II

فۇ جېنلۈن

هازىرقى زامان تارىخشۇناسى، پروفېسسور، جۇشىزۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە سۇنغان «دۆلەت تارىخخانىسى قۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپ» تە «مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى پۈتۈنلەي دۆلەت تارىخىنى ئۆزىنىڭ جېنى قىلغانلىقىدىندۇر. ئاتا - بوۋىمىز تارىخنى ياراتقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 4000—5000 يىل بولدى، تارىخ ئۈزۈلۈپ قالماي پارلاق نۇر چېچىپ كەلمەكتە، بۇ جەھەتتە دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنى دۆلىتىمىز بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى كۆپ بولۇشى تارىخ روھىنىڭ تاۋلىنىشىدىن ئايرىلمايدۇ» دەپ يازغانىدى. جايلار تەزكىرىسىگە شۇ جاينىڭ پۈتۈن تارىخى يېزىلىدۇ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ ئىزچىل ھالدا تەزكىرە يېزىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەھمىيىتى مىللىي روھنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. تارىخ - تەزكىرە يېزىش — دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئېسىل ئەنئەنىسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جايلارنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يېڭى تەزكىرە يېزىشى چاقىرىق قىلىندى. تەزكىرە يېزىش ھەقىقەتەنمۇ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى، جىددىي ئىش. جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى 1985 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ماقۇللىغان «يېڭىچە تەزكىرە يېزىش خىزمىتىگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»-يېڭى تەزكىرە يېزىشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى تەزكىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنىڭمۇ ئۆلچىمى. قومۇلنىڭ يېڭى تەزكىرىسى مۇشۇ «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» گە ئۇيغۇن.

يېڭى تەزكىرىدە كونا تەزكىرىنىڭ خاتىرە، تەرجىمىھال، سۈرەت، جەدۋەل، قوشۇمچە قاتارلىق ژانىرلىرى قوللىنىلغان، پروگراممىسى بۆلۈم، باب، پاراگرافلاردىن تەشكىل تاپقان، مەزمۇنى 24 قىسىمغا بۆلۈنگەن، قاتلىمى ئېنىق، تەرتىپلىك، بۇ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى. ئىقتىساد — ئۇستىقۇرۇلمىنىڭ ئاساسى. يېڭى تەزكىرىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت، تەبىئىي بايلىق ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، دۆلەت ۋە خەلق تۇرمۇشى، ئىقتىساد قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، بۇلار سىياسىي قىسىمنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ، يىراق كەلگۈسى نەزەردە تۇتۇلغان. ئۇ شۇ جاينىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئومۇمىي ئەھۋاللار بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ، شۇ جايدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە مەسئۇل تارماقلارنىڭ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، مۇناسىپ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشىغا پايدىلىق. بۇ ناھايىتى ئەسقاتىدىغان كىتاب، بۇ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى. پارتىيە،

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەت، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار توغرىسىدىكى قىسمىدا ھازىرقىسى تەپسىلىي، قەدىمكىسى ئىنچام بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۆزگىچە يېزىلغان. زور سىياسىي ئىشلار، ۋەقەلەر قىسقا بايان قىلىنغان. ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن كۆز قاراشلار مۇۋاپىق. ھەربىي ئىشلار قىسمىدا خاتىرىلەنگەن ئىشلاردىمۇ مۇشۇ جايدا تارىختا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر مۇۋاپىق تاللانغان، چۈشۈرۈپ قويۇلماي، بىر - بىرلەپ بايان قىلىنغان. بۇ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى. جەمئىيەت، تەرەققىيات تارىخىنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. يېڭى تەزكىرىدە ھەربىر ئىش خاتىرىگە ئېلىنغاندا ھامان ئۇنىڭ تېگى - تەكتى سۈرۈشتە قىلىنىپ، باش - ئايىغى بىردەك چىقىرىلغان، بۇ تۆتىنچى ئالاھىدىلىكى. قۇمۇل قەدىمدە كۇنىملى دەپ ئاتالغان. قەدىمكى كىتابلاردا قۇمۇل ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلار ئانچە كۆپ ئەمەس. داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى (1846 - يىلى) جۇڭ فاڭ تۈزۈپ چىققان 51 جىلدلىق «قۇمۇل تەزكىرىسى» ۋە چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1909 - يىلى) ليۇ رۇڭتۇڭ تۈزۈپ چىققان «قۇمۇل بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» دېگەن ئىككىلا قەدىمكى تەزكىرە بار. تەزكىرە يېزىشقا ماتېرىيال كەمچىل ئەھۋال ئاستىدا قۇمۇل تەزكىرىسىنى تۈزگەن يولداشلار جىق ماتېرىيال توپلاپ، ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئارخېئولوگىيىلىك ماقالە ۋە ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىققان. نۇرغۇن ئارخىپ ماتېرىياللارنى كۆچۈرگەن، ئاسار - ئەتىقىلەر، غەربىي رايوندا ساقلىنىپ قالغان ئابىدىلەر، گېزىت - ژۇرناللاردىمۇ ماتېرىيال ئالغان، يەرلىك پېشقەدەملەرنى ۋە ئىنقىلابىي ئەجدادلارنى زىيارەت قىلغان، كەم - كۈتە جايلارنى تولۇقلاپ مۇكەممەل كىتاب قىلىپ چىققان، بۇ بەشىنچى ئالاھىدىلىكى. قۇمۇلنىڭ تاشقى قوشنىلىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ھەدېسىلا دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن. مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 30 - يىلى (1602 - يىلى)، خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى پورتۇگالىيىلىك ئېبېندو شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، خوتەن، ئاقسۇ، قاراشەھەر، تۇرپان، پىچان ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىپ رازۋېتكا قىلغان؛ چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ بىرىنچى يىلى (1875 - يىلى)، قوقانلىق ياقۇپبەگنىڭ ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى» نىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشى سۈپىتىدە شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتكەن. جىن شۇنى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ قوشقان. جاڭ ياۋ قول ئاستىدىكى ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەردىن 14 يىڭنى باشلاپ قۇمۇلغا بارغان. زوزۇڭتاڭ سۇجۇغا (ھازىرقى جيۇچۈەن ـــ ت) كەلگەندە، ليۇجىنتاڭمۇ خۇنەن قوشۇنىدىن 20 يىڭ ئەسكەرنى باشلاپ، جىمىسارغا يېتىپ بارغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلار تىنچىتىلغان. قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتقان ئاشۇ چاغلاردا، چارروسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلىنى بېسىۋالدى. گۇاڭشۈنىڭ 5 - يىلى (1879 - يىلى)، چار روسىيىنىڭ گېنېرالنى ئارمىيىسى پىرژېۋالىسكىي يېتەكچىلىكىدىكى «ئىلمىي كۆزىتىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ئېكسپېدىتسىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى دۆلىتىمىزنىڭ ھەربىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن بارىكۆلدىن قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەن. يېڭى تەزكىرە مۇشۇ

تارىخلارنى ئالاقىدار باب، پاراگرافلارغا كىرگۈزۈپ، خەلقىمىزنى كۈچلۈك دۈشمەن-
لەرنىڭ دۆلىتىمىزنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇشقا دەۋەت
قىلغان. بۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر، بۇ، مەزكۇر كىتابنىڭ ئالتىنچى ئالاھىدى-
لىكى. مىللەتلەر ۋە دىن قىسمىدا يەرلىك مىللەتلەر، دىنىي ئىشلار سۆزلىنىپ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ
نامايان قىلىنىشى، نۇرغۇن قىسمەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى دۆلەتنىڭ
مىللىي سىياسىتىگە قانتىق ئەمەل قىلىنغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ، بەكمۇ قىممەتلىكتۇر، د ە
يەتتىنچى ئالاھىدىلىكى. قوغۇن، كارىز، مىللىي مۇزىكىلار دىمۇ يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدى-
لەندۈرۈلگەن، بۇ، سەككىزىنچى ئالاھىدىلىكى. 24 ـ قىسمىدا تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان
ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ ۋەقەلەر بار
بولۇپ، تارىخنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا بو-
لىدۇ، بۇ، توققۇزىنچى ئالاھىدىلىكى. قىسقىسى، بۇ يېڭى تەزكىرىدە ۋەقەلەر ئەتراپلىق
خاتىرىلەنگەن. ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار توغرا. يېڭى-كونا جەمئىيەتلەر
سېلىشتۇرۇلۇپ، يېڭى جۇڭگونىڭ سۆيۈملۈكلىكى نامايان قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇش ئۆلگە بىلەن، ئىلمىي تەتقىقات ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىل-
گەن. شۇنداقلا، بۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش-
نىڭ ياخشى ماتېرىيالى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەسقاتىدىغان ياخشى تەزكىرە.

1940 - يىلى يازدا، ئىشىم چىقىپ قېلىپ قۇمۇلدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالغان.
يەرلىك خەلق تۇرمۇشىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلغانىدى. ھازىر يېڭى
تەزكىرىدىن قۇمۇلنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ، بەك خۇشال بولدۇم. قۇمۇللۇق يول-
داشلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، بۇ كىرىش سۆزىنى يېزىپ بەردىم.

ئىزاھات: بۇ كىرىش سۆزنىڭ ئاپتورى فۇ جېنلۇن جۇڭگو تارىخىي مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى،
جۇڭگو تەزكىرە جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي مەسلىھەتچىسى.

# كىرىش سۆز III

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ دۇنياغا كېلىشى يۇرتۇم قۇمۇل دىيارىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىر چوڭ خۇشاللىق ئىش. ئۇ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئۈلگە بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈشتىمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ مەزمۇنى مول، ئەتراپلىق ۋە ئېنىق بولۇپ، قۇمۇل دىيارىنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار زور ۋەقەلەر ۋە مۇشۇ جەرياندا مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شەخسلەر ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ قۇمۇلنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت قىياپىتى ھەمدە مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورنى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بىر پارچە كىتابنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەشتە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تارىخنى ۋە رېئال ئىجتىمائىي پاكىتلارنى قانچىلىك دەرىجىدە بىر قەدەر ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىگە قارىلىدۇ. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك. شۇڭا ئۇنى خېلى يۇقىرى ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئىگە ئىلمىي ئەسەر دېيىش كېرەك.

تەزكىرە بىلەن تارىخ ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ھەم بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى ئۇقۇم. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇ يەردىكى، ئالدى بىلەن، تەزكىرە ئوبيېكتىپ بايانغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەدھىيە ۋە تەنقىدمۇ مۇشۇ باياننىڭ ئىچىدە بولۇپ، پاكىت ئارقىلىق ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. «بايان قىلىش، ئىجاد قىلماسلىق» دېگەن مانا مۇشۇ. تارىخ بولسا، ئاساسلىقى، تارىخىي ماتېرىياللارنى تىزىپ چىقىش ئارقىلىق شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدۇ. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە تەزكىرىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى خېلى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، قۇمۇل-شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تارىخىي ئۇزۇن، بايلىقى مول، تەبىئىي مۇھىتى گۈزەل، ستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بىر جاي بولۇپ، روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مىلادىيەدىن 1000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ، بۇ بوستانلىقنى ئاچقان. 70-يىللاردا قارا دۆۋىدىن قېزىپ ئېلىنغان ھازىرغا قەدەر تەخمىنەن 3200 يىل بولغان قۇرۇق جەسەت

هەم ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ كۆمۈلگەن بۇيۇملار ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردىن ئېتىبارەن قوللىنىشقا باشلىغان «كۇنمىلى»، «昆弥里» دېگەن قەدىمىي جاي نامى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قۇمۇل تارىختا چاڭئەندىن قەدىمىي رىمغىچە ۋە يېقىن شەرقىچە سوزۇلغان داڭلىق يىپەك يولىدىكى بىر تۈگۈن بولۇپ، ئەينى زاماندىلا ستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھالاك بولغاندىن كېيىن قۇمۇل ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت زېمىنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى شىنجاڭدىكى باشقا رايونلاردىن خېلى كېيىن بولغانلىقتىن، نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ يەردە ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە قارىغاندا ئازراق، شۇڭا، قەدىمىي ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىلىك مەدەنىيىتىمۇ بۇ يەردە كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان. مۇشۇ تونۇشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، مەن، قۇمۇلنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى، تىلى، دىنى، ئىقتىسادى، ئۆرپ-ئادىتى ھەمدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، مەدەنىيەت-سەنئەت مىراسلىرىنى ئېچىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە جاي، دەپ ھېسابلايمەن.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل دىيارىدىكى خەلقلەر ئۇزاق ۋاقىت فېئودال ۋاڭلىقنىڭ ۋە مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەم ئېزىشىگە ئۇچراپ كەلگەن. ئۇلار تىرىكچىلىك يولىدا، كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن ئۇلۇغۋار قەھرىمانلىق داستانىنى يېزىپ چىقتى، ياپون فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش يىللىرىدا، قۇمۇل ستراتېگىيىلىك ئارقا سەپ، شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا لازىملىق ماددىي بۇيۇملارنى توشۇش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

يۇقىرىقى نۇقتىلار تەزكىرىنىڭ ئالاقىدار باب، پاراگرافلىرىدا تولۇق ئەكس ئەتكەن. شۇڭا، «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى قۇمۇلنىڭ قامۇسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» يۇرتۇمىزدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنىڭ بىر نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگىكى ۋە يۈرەك قېنىنىڭ جەۋھىرى. مەن بۇ يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇلارنى تەبرىكلەيمەن.

تەزكىرىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن، «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئوقۇغانلىكى مۇشتەرىلەرنىڭ تەزكىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ۋە كەمچىلىك-خاتالىقلارنى يوشۇرماي كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

ئىزاھات: بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى.

www.uyghurkitap.com

# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى

1. **خاتىرىلەش دائىرىسى.** مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇن ناھىيە تەۋەسىدە يۈز بەرگەن چوڭ - چوڭ ئىشلار ئىمكان قەدەر كىرگۈزۈلۈپ مۇكەممەل قىلىنىشقا تىرىشىلدى؛ مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) دىن كېيىن، بولۇپمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن (قىسقارتىپ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن دەپ ئېلىنىدى) ئاساسلىقى ناھىيە قارىمىقىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشلار بايان قىلىنىدى. ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەن، تۆمۈريول، ۋىلايەت ھەم ھەربىي قىسىم سىستېمىسىدىكى ئىشلار ئالاقىدار باب، پاراگرافلاردا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى.

2. **تەرتىپى.** بۇ كىتاب بۆلۈم، باب، پاراگراف، مۇندەرىجىنى ئاساسىي رامكا، سۈرەت، تەزكىرە، جەدۋەل، تەرجىمىھال، قوشۇمچىلارنى ئاساسىي شەكىل قىلىپ توغرا ۋە ئورۇن لىنىيە بويىچە يېزىلىپ، توغرا لىنىيە ئاساس قىلىنىدى. تەزكىرە ئىچىدە تارىخمۇ بار بولۇپ، تەزكىرە ئاساس قىلىنىدى. ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى بۆلۈم، بابلار قاتارىغا كىرگۈزۈلمەي، كىتاب بېشىغا قويۇلۇپ، ئاندىن مەمۇرىي رايون، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، يېزا ئىگىلىكى، قوغۇن قاتارلىق 24 بۆلۈمگە ئايرىلدى.

3. **ماتېرىيال.** بۇ تەزكىرىدە ئارخىپ، تارىخىي كىتابلاردىكى ماتېرىياللار ئاساس، تەرىپلەر قوشۇمچە قىلىنىدى. نەقىللەرنىڭ كېلىش مەنبەسىگە بىر - بىرلەپ ئىزاھات بېرىلمىدى. پايدىلىنىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئارىلاشما بۆلۈمدە يەرلىك ماتېرىياللار مۇندەرىجىسى بېرىلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ستاتىستىكىلىق سانلارغا كەلسەك، ئاساسلىقى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى تەمىنلىگەن سانلار ئۆلچەم قىلىنىدى. پىلان كومىتېتى تەمىنلىمىگەن ستاتىستىكىلىق سانلاردا بولسا، كەسپىي تارماقلار تەمىنلىگەن سان ئۆلچەم قىلىنىدى.

4. **ئادەم ئىسمى، جاي نامىلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىپ يېزىلىشى.** قەدىمكى زامانىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىسمىنى، جاي نامىلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىش ئۇسۇلىدا ئارخىپ، تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق تەرجىمىسى بارلىرى بولسا، قەدىمكىسى بىلەن ھازىرقىسى بىردەك بولسۇن ئۈچۈن، ئومۇمەن ئۆزگەرتىلمىدى. ھازىرقى زاماندىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىسمى، جاي نامىلىرى ئادەتلەنگىنى بويىچە ئېلىنىدى.

5. **يىل ۋە ئاي، كۈن.** دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكىسىگە ئادەتتە ئەينى زاماندا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىپ كەلگەن يىل قوللىنىلدى. تىرناق ئىچىگە مىلادى يېزىپ قويۇلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكىسىگە مىلادى قوللىنىلدى. يىلىنىڭ كەينىگە خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلغان ئاي، كۈنلەر قەمەرىيىنى كۆرسىتىدۇ، ئەرەب سىفىرى بىلەن يېزىلغان ئاي، كۈنلەر شەمسىيىنى كۆرسىتىدۇ. «دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى»، «دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن كېيىن» دېگەن سۆزلەر 1949 - يىل 1 -

ئۆكتەبىرنىڭ ئالدى ـ كەينىنى كۆرسىتىدۇ. «ئازادلىقتىن بۇرۇن» ۋە «ئازادلىقتىن كېيىن» دېگەن سۆزلەر 1949 ـ يىل 25 ـ سېنتەبىرنىڭ ئالدى ـ كەينىنى كۆرسىتىدۇ.

6. **ۋاقىت چېكى.** ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى قاتارلىق ئاز ساندىكى باب، پاراگرافلاردا ۋاقىت كەينىگە ياندۇرۇلۇپ قەدىمكى زامانغىچە ھېسابلانغاندىن باشقا، قالغان باب، پاراگرافلاردا چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى ۋاقىتتىن تارتىپ 1983 ـ يىلغىچە بولغان تەخمىنەن 300 يىللىق تارىخ خاتىرىلەندى.

7. **دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سىياسىي ھەرىكەتلەر.** دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر قانچە قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتلەردىن ئالاقىدار باب، پاراگرافلارغا كىرگۈزگىلى بولىدىغانلىرى تارقاق بايان قىلىندى. تارقاقلاشتۇرۇشقا ئامال بولمىغانلىرى «چوڭ سىياسىي ئىشلار» قاتارىدا پارتىيە، گۇرۇھلار بۆلۈمىگە كىرگۈزۈلۈپ، مەركەزلىك بايان قىلىندى.

8. **ئومۇمىي بايان ۋە چوڭ ئىشلار خاتىرىسى.** ئومۇمىي باياندا پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى قىسقىچە بايان قىلىنىپ، كىتابخانلار ھەر قايسى تەرەپلەردىن قىسقىچە خەۋەردار قىلىندى. چوڭ ئىشلار خاتىرىسىدە قەدىمكىسى بىلەن ھازىرقىسى يۇغۇرۇلۇپ، چوڭ ۋە مۇھىم ئىشلار ئىخچام ھەم يىغىنچاق بايان قىلىندى. پايدىلىنىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ۋاقىت بويىچە بېرىلدى.

9. **شەخسلەر.** ھازىرقى ھايات شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلمىدى. ئادەتتە مەلۇم تەسىرگە ئىگە كىشىلەر ياكى كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلەر، كەسپىي دىنىي زاتلار، ئەلنەغمىچىلەر، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ تەرجىمىھالى ئەھۋالغا قاراپ كىرگۈزۈلدى؛ تارىختا ساقلىنىپ قالسۇن ئۈچۈن، ئايرىم سەلبىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىمۇ بېرىلدى. ھايات شەخسلەر ئىسىملىك جەدۋەلگىلا كىرگۈزۈلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر قايسى سەپلەردە مەيدانغا كەلگەن دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار ئۈچۈن «يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات» بابى ئېچىلىپ، شۇ كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى بايان قىلىندى.

10. **سان سىفىرلارنىڭ يېزىلىشى.** ئاساسىي جەھەتتىن «نەشرىيات بۇيۇملىرىدا سان ـ سىفىرلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمە» بويىچە يېزىلدى. ماقالىنىڭ باش ـ ئايىغىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئايرىم جايلىرىغا سەل ـ پەل ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

سۈرەت ..........
كىرىش سۆز I ..........
كىرىش سۆز II ..........
كىرىش سۆز III ..........
كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ..........
ئومۇمىي بايان .......... 1
چوڭ ئىشلار خاتىرىسى .......... 11

## بىرىنچى قىسىم مەمۇرىي رايونلار

I باب ئورنى ۋە يەر مەيدانى .......... 52
II باب ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى .......... 52
III باب ناھىيە بازىرى .......... 58
قوشۇمچە: ناھىيە نامى توغرىسىدا خىلمۇ خىل تەھقىقلەشلەر ۋە ئىزاھلار 66
IV باب گۇڭشې (مەيدان) .......... 69
§1. شەھەر ئىچى گۇڭشېسى .......... 69
§2. راھەتباغ گۇڭشېسى .......... 72
§3. بوغاز گۇڭشېسى .......... 73
§4. تاشۆيلىق گۇڭشېسى .......... 75
§5. بولۇڭتوغراق گۇڭشېسى .......... 77
§6. پالۋانتۇر گۇڭشېسى .......... 79
§7. تىيانشان گۇڭشېسى .......... 81
§8. غەربىي تاغ گۇڭشېسى .......... 83
§9. قارادۆۋە گۇڭشېسى .......... 84
§10. ئاستانە گۇڭشېسى .......... 86
§11. يەتتە قۇدۇق گۇڭشېسى .......... 88
§12. قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى .......... 90

## ئىككىنچى قىسىم جۇغراپىيىۋى شارائىت

I باب گېئولوگىيە .......... 100

II باب يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى ........ 101

III باب ئىقلىم ........ 104

§1. تۆت پەسىلنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 104

§2. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى، تېمپېراتۇرا ........ 106

§3. ھۆل – يېغىن ........ 109

§4. شامال تېزلىكى ۋە شامال يۆنىلىشى ........ 111

قوشۇمچە: يۈز چاقىرىملىق بورانلىقنىڭ سىرى ........ 113

IV باب گىدرولوگىيىلىك (سۇچىلىق) ئەھۋالى ........ 114

§1. يەر ئۈستى سۈيى ........ 114

§2. يەر ئاستى سۈيى ........ 115

V باب تۇپراق ........ 118

§1. تۇپراق ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى ........ 118

§2. تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار ........ 119

VI باب كان بايلىقلىرى ........ 122

§1. مېتال كانلىرى ........ 122

§2. غەيرىي مېتال كانلىرى ........ 123

VII باب جانلىقلار ........ 125

§1. ئۆسۈملۈكلەر ........ 125

§2. ھايۋانلار ........ 126

VIII تەبىئىي ئاپەت ........ 127

§1. كەلكۈن ........ 127

§2. بوران ........ 129

§3. قار ۋە سوغۇق ........ 131

§4. قۇرغاقچىلىق ۋە ئىسسىق شامال ........ 132

§5. يەر تەۋرەش ........ 133


## ئۈچىنچى قىسىم ئاھالە


I باب ئاھالە سانى ۋە ئاھالىنىڭ تارقىلىشى ........ 136

§1. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ........ 136

§2. ئاھالىنىڭ تارقىلىشى ........ 139

II باب ئاھالە قۇرۇلمىسى ........ 140

§1. مىللەتلەر ........ 140

§2. ياش ۋە جىنس ... 141
§3. مەدەنىيەت سەۋىيىسى ... 142
§4. كەسىپ قۇرۇلمىسى ... 142
III باب پىلانلىق تۇغۇت ... 145

## ئۈچىنچى قىسىم يېزا ئىگىلىكى

I باب ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ... 152
§1. يەر ئىسلاھاتى ... 152
§2. ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش ... 165
§3. خەلق گۇڭشېسى ... 169
§4. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ... 172
II باب دېھقانچىلىق ... 174
§1. تېرىقچىلىق تۈزۈمى ... 175
§2. زىرائەت سورتلىرى ... 181
§3. ئۆسۈملۈك ئاسراش ... 189
§4. دېھقانچىلىقنى رايونلارغا ئايرىش ... 193
III باب چارۋىچىلىق ... 202
§1. ئوتلاق بايلىقى ... 203
§2. ئوتلاق قۇرۇلۇشى ... 205
§3. چارۋا مال تۈرى ... 209
§4. چارۋا كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى داۋالاش ... 213
§5. چارۋىچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى ... 221
IV باب ئورمانچىلىق ... 228
§1. ئورمان بايلىقى ... 228
§2. ئادەم كۈچى بىلەن ئورمان بىنا قىلىش ... 229
§3. ئورمان باشقۇرۇش ... 233
قوشۇمچە: قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى ... 237
§4. ئورمانچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى ... 241
قوشۇمچە: مېۋە كانى — قارادۆۋە ... 245
V باب قوشۇمچە كەسىپ ... 247
§1. بېلىقچىلىق ... 247
§2. ھەسەل ھەرىسى بېقىش ... 250
§3. پىلە بېقىش ... 252
§4. بۆغا بېقىش ... 254

www.uyghurkitap.com

§5. توخو بېقىش ........................................ 254
VI باب يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى .................. 255
§1. ئاپپاراتلار ........................................ 258
§2. مەشغۇلات سەۋىيىسى ................................ 260
§3. ماشىنا ـ سايمان تۈرى .............................. 261
VII باب دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ................... 265
قوشۇمچە I: ناھىيە تەۋەسىدىكى بىگىتۈەن دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق
فېرمىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش .......................... 273
قوشۇمچە II: يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىلغار تىپلار ................ 280


## بەشىنچى قىسىم   قومۇل قوغۇنى


I باب تېرىلغۇ كۆلىمى ...................................... 286
II باب ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ................................ 289
III باب ئاساسلىق سورتلار ................................... 293
§1. يەرلىك سورتلار ...................................... 293
§2. باشقا جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن سورتلار .................. 295
IV باب كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى
يوقىتىش .................................................. 297
§1. قوغۇندا بولىدىغان كېسەللىكلەر ......................... 298
§2. ھاشارات زىيانداشلىقى ................................ 300
V باب ساقلاش ۋە قۇرۇتۇش .................................. 301
§1. ساقلاش ............................................. 301
§2. قوغۇن قېقى قۇرۇتۇش .................................. 304
قوشۇمچە: قوغۇن ماكانى بوغاز ............................... 306


## ئالتىنچى قىسىم   سۇ ئىشلىرى، سۇ ئېلېكترى


I باب سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ................................ 310
§1. ئېرىق ـ ئۆستەڭ ...................................... 310
§2. سۇ ئامبىرى .......................................... 315
قوشۇمچە: تۆرۈك سۇ ئامبىرى .................................. 318
§3. ماشىنىلاشقان قۇدۇق .................................. 318
§4. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇ ئىنشائاتى ۋە شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ
سۇ چىقىرىش ............................................... 321
II باب كارىز .............................................. 322
§1. پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ........................ 322
§2. تارقىلىشى ............................................ 324

www.uyghurkitap.com

§3. تۈزۈلۈشى ۋە ئاسرىلىشى ........ 326
§4. كارىسىزنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ........ 328
III باب يېزا ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى ........ 329
§1. توك بېرىش، ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇشى ........ 329
§2. كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى ........ 331
IV باب ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ........ 334
§1. يەر تۈزلەش ........ 334
§2. شورلۇقنى ياخشىلاش ........ 335
V باب قۇرۇلۇشلارنى باشقۇرۇش ........ 336
§1. باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........ 336
§2. سۇ ئامبارلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ........ 338
§3. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى ........ 339
§4. سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش ........ 340
§5. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باشقۇرۇلۇشى ........ 341
§6. سۇغىرىش ئۈنۈمى ........ 342
VI باب كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ........ 344
§1. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ........ 344
§2. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ........ 345
VII باب سۇ ئىشلىرىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى ........ 347
§1. شىمالىي تاغلىق رايوندىكى ئېقىنلار مەركەزلەشكەن رايون ........ 347
§2. ئوتتۇرا قىسىم تۈزلەڭلىك سۇغىرىش رايونى ........ 348
§3. تۈزلەڭلىكنىڭ شەرقىي، غەربىي جەنۇبىدىكى قۇرغاق، چۆل، سۇ قىس رايون ........ 349
قوشۇمچە: لاپچۇق، قارادۆۋلەردىكى سۇ ماجىراسى ........ 350

## يەتتىنچى قىسىم سانائەت

I باب كانچىلىق ........ 361
§1. كۆمۈر ........ 361
§2. ۋولفرام كانى ........ 362
§3. كۆل تۇزى ........ 363
§4. تەبىئىي شۇلتا ۋە شور ........ 364
§5. باشقا كان مەھسۇلاتلىرى ........ 364
II باب خىمىيە سانائىتى ........ 365

§1 . فوسفورلۇق ئوغۇت ......... 365
§2 . ناتىرىي سولفىد ......... 366
III باب بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ......... 366
§1 . سېمونت ۋە سېمونت بۇيۇملىرى ......... 366
§2 . خىش ......... 367
§3 . تاش ماتېرىياللىرى ......... 368
IV باب يېمەك - ئىچمەك، تاماكا ......... 368
§1 . ئۇن تارتىش ......... 368
§2 . ياغ تارتىش ......... 369
§3 . تېتىتقۇلار ......... 369
§4 . ئاق هاراق ......... 370
§5 . مورخوركا ......... 370
V باب تېرە، چەم-خۇرۇم ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ......... 371
§1 . تېرە بۇيۇملار ......... 371
§2 . چەم - خۇرۇم بۇيۇملار ......... 371
§3 . يۇڭ بۇيۇملار ......... 372
VI باب تىككۈچىلىك ......... 372
§1 . كىيىم - كېچەك تىكىش ......... 372
§2 . لاتا ئاياغ تىكىش ......... 373
VII باب كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇملار كەسپى ......... 373
§1 . چويۇن قۇيىمچىلىقى ......... 373
§2 . قاڭالتىر بۇيۇملار ......... 374
VIII باب يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرى ياساش ۋە رېمونت قىلىش ......... 374
§1 . تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى ......... 374
§2 . ئۇلاغ هارۋىسى ......... 375
§3 . تراكتور رېمونت قىلىش ......... 375
§4 . بالون رېمونت قىلىش ......... 376
IX باب ياغاچ سايمان-ئۆي جاهازلىرى ۋە باشقىلار ......... 376
§1 . ياغاچ سايمان - ئۆي جاهازلىرى ......... 376
§2 . پاختا ئېتىش ......... 377
X باب بىناكارلىق ......... 377
قوشۇمچە: ناھىيە تەۋەسىدىكى مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، بىكىتۈەنگە قاراشلىق ئاساسلىق كارخانىلار ......... 379

# سەككىزىنچى قىسىم قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف

I باب قۇرۇقلۇق ترانسپورتى ............ 386
§1. يول ............ 386
§2. ترانسپورت قوراللىرى ............ 395
§3 يولۇچى ۋە يۈك ترانسپورتى ............ 396
II باب خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ............ 400
III باب پوچتا ئىشلىرى ............ 401
§1. پوچتا يوللىرى ............ 401
§2. پوچتا يوللانمىسى، گېزىت ـ ژۇرنال ............ 405
IV باب تېلېگراف ـ تېلېفون ............ 407
§1. تېلېگراف ............ 407
§2. تېلېفون ............ 407

# توققۇزىنچى قىسىم سودا

I باب ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ............ 415
§1. خۇسۇسىي سودا ............ 415
§2. كوللېكتىپ سودا ............ 417
§3. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا ............ 418
§4. تەمىنات سودا كوپېراتىپ سودىسى ............ 419
§5. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ............ 420
II باب ئاشلىق، ياغ ۋە دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ............ 423
§1. ئاشلىق ۋە ياغلىق دان ............ 423
§2. چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ............ 426
§3. چارۋا ............ 428
§4. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ............ 429
§5. كېرەكسىز ماددىي ئەشيالار ............ 431
III باب سېتىش ............ 432
§1. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ............ 432
§2. تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ............ 438
قوشۇمچە: سوۋېت ـ شىنجاڭ شىركىتىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق سودا ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ............ 444

## ئونىنچى قىسىم سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

I باب كارخانىلارنى تىزىملاش ........ 448
§1. خۇسۇسىي كارخانىلارنى تىزىملاش ........ 448
§2. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە كوللېكتىپ كارخانىلارنى تىزىملاش ........ 451
II باب بازار باشقۇرۇش ........ 452
§1. بازارلارنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 452
§2. قانۇنسىز تىجارەت قىلىشقا زەربە بېرىش ........ 453
III باب ئىقتىسادىي توختامنى باشقۇرۇش ........ 455
§1. توختام ئىمزالاش ........ 455
§2. كېلىشتۈرۈش ۋە كېسىم قىلىش ........ 456

## ئون بىرىنچى قىسىم مالىيە. باج. پۇل مۇئامىلىسى

I باب مالىيە ........ 459
§1. مالىيە كىرىمى ........ 459
§2. مالىيە چىقىمى ........ 462
II باب باج ........ 464
§1. تەرەققىيات جەريانى ........ 464
§2. تۈرلۈك سودا سانائەت بېجى ........ 465
§3. تۇز بېجى ........ 471
§4. دېھقانچىلىق بېجى ........ 472
§5. چارۋىچىلىق بېجى ........ 476
III باب پۇل مۇئامىلىسى ........ 477
§1. تەرەققىيات جەريانى ........ 477
§2. پۇل ........ 479
§3. پۇل ئامانىتى ........ 483
§4. ئىناۋەتلىك قەرز ........ 484
§5. زايوم، دۆلەت خەزىنە چېكى ........ 486

## ئون ئىككىنچى قىسىم پارتىيە. ئىجتىمائىي تەشكىلات

I باب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ........ 490

§1. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى قوشۇلىدا ...... 490
§2. تەشكىلىي قۇرۇلۇش ...... 496
§3. تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتى ...... 505
§4. بىرلىك سەپ ...... 508
§5. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ...... 509
§6. قۇرۇلتاي ...... 510
II باب جۇڭگو گومىنداڭ ...... 515
§1. ناھىيىلىك داڭبۇ ...... 515
§2. يەتتەقۇدۇق چۈنىنبۇسى ...... 517
III باب ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ...... 517
§1. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەشكىلاتى ...... 517
§2. سودا ـ سانائەتچىلەر تەشكىلاتلىرى ...... 519
§3. دېھقانلار تەشكىلاتلىرى ...... 521
§4. ياشلار تەشكىلاتلىرى ...... 521
§5. ئاياللار تەشكىلاتلىرى ...... 523
§6. سىياسىي تەشكىلاتلار ...... 525
§7. مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ...... 528
قوشۇمچە: بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى ...... 530
IV باب زور سىياسىي ۋەقەلەر ...... 533
§1. ئامېرىكىنىڭ جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ...... 533
§2. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ...... 535
§3. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ...... 536
§4. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش ...... 538
§5. «ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش» كۈرىشى ...... 539
§6. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ...... 540
§7. «ئوڭچىللىق» قا قارشى تۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ...... 542
§8. سوتسىيالىستىك تەربىيە ...... 544
§9. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ...... 549
§10. پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش ...... 556
§11. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش ...... 558

# ئون ئۈچىنچى قىسىم ھاكىمىيەت. سىياسىي كېڭەش


I باب خەلق قۇرۇلتىيى ........ 564
§1. ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى ........ 564
§2. خەلق قۇرۇلتىيى ........ 566
§3. دائىمىي كومىتېت ........ 570
§4. سايلام ........ 570
II باب خەلق ھۆكۈمىتى ........ 572
§1. ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ........ 572
§2. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ........ 577
III باب خەلق سىياسىي كېڭىشى ........ 577
IV باب مىنگو دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت ۋە پارلامېنت ئورگانلىرى ........ 579
§1. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ........ 579
§2. يەتتە قۇدۇقمەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ........ 582
§3. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ........ 583
§4. كېڭەش پالاتاسى (سەنيىخۇي) ........ 583


# ئون تۆتىنچى قىسىم قۇمۇل ۋاڭلىرى


I باب قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 586
II باب تارىختا ئۆتكەن قۇمۇل ۋاڭلىرى ........ 589
§1. بىرىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئەبەيدۇللا ........ 589
§2. ئىككىنچى ئەۋلاد ۋاڭ گوپا بەگ ........ 590
§3. ئۈچىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئىمىن ........ 590
§4. تۆتىنچى ئەۋلاد ۋاڭ يۈسۈپ ........ 593
§5. بەشىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئىسھاق ........ 596
§6. ئالتىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئەردىشىر ........ 597
§7. يەتتىنچى ئەۋلاد ۋاڭ بېشىر ........ 597
§8. سەككىزىنچى ئەۋلاد ۋاڭ مۇھەممەت ........ 600
§9. توققۇزىنچى ئەۋلاد ۋاڭ شامەخسۇت ........ 602
III باب قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ........ 605
IV باب ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ........ 608
V باب قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ يەر - زېمىن، مال - مۈلۈكلىرى ........ 612
§1. يەر زېمىنلىرى ........ 612

§2. مال – مۈلۈكى ........................................ 614

قوشۇمچە: قۇمۇلنىڭ كەنجى ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىقلىما........................................ 615


## ئون بەشىنچى قىسىم خەلق ئىشلىرى. ئەمگەك. كادىرلار


I باب خەلق ئىشلىرى........................................ 619

§1. قۇتقۇزۇش........................................ 619

§2. ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش........................................ 626

§3. ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇش........................................ 630

II باب ئەمگەك، كادىرلار خىزمىتى ........................................ 632

§1. ئىشچى – خىزمەتچىلەر قوشۇنى........................................ 632

§2. كادىرلار قوشۇنى ........................................ 632

§3. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش........................................ 635

§4. ئىش ھەققى........................................ 636

§5. ئىشچى – خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقى........................................ 641


## ئون ئالتىنچى قىسىم ئەدلىيە


I باب جامائەت خەۋپسىزلىكى ........................................ 646

§1. ئاپپاراتلار........................................ 646

§2. جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى ........................................ 646

§3. نوپۇس باشقۇرۇش........................................ 648

§4. قاتناشنى باشقۇرۇش........................................ 649

§5. ئوت ئۆچۈرۈش........................................ 650

قوشۇمچە: قومۇل ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە دادۈيى ........................................ 650

II باب سوت........................................ 650

III باب تەپتىش ........................................ 652

IV باب ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ........................................ 653

V باب مىنگو دەۋرىدىكى ساقچى ئىدارىسى ۋە سوت مەھكىمىسى........................................ 654

§1. ساقچى ئىدارىسى........................................ 654

§2. قومۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسى........................................ 656


## ئون يەتتىنچى قىسىم ھەربىي ئىشلار


I باب تەشكىلىي تۈزۈلۈش ........................................ 658


www.uyghurkitap.com

§1. ئاپپاراتلار ........ 658
§2. ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى ........ 663
II باب ھەربىي خىزمەت ۋە خەلق ئەسكىرى ........ 673
§1 ھەربىي خىزمەت ........ 673
§2. خەلق ئەسكىرى ........ 674
III باب دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ........ 675
§1. تورپاق يېغىلىقى ........ 675
§2. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى ........ 679
§3. خوجانىياز ھاجىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۆرىشى ........ 687
IV باب غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى شىڭشىڭشىيادا ........ 714
V باب سوۋېت ئارمىيىسى قۇمۇلدا ........ 717
§1. ھاۋا ئارمىيىسى بازىسى ........ 717
§2. قىزىل 8 ـ تۇەن ........ 719
VI باب توپىلاڭنى تىنچىتىش ........ 725
§1. يولۋاسنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى ........ 725
§2. ئېلى توپىلىڭى ........ 730

# ئون سەككىزىنچى قىسىم مائارىپ. پەن ـ تېخنىكا

I باب ئادەتتىكى مائارىپ ........ 735
§1. ھەقسىز مەكتەپ، بىلىم يۇرتى ۋە كونىچە مەكتەپ ........ 735
§2. بالىلار تەربىيىسى ........ 738
§3. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ........ 739
§4. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ........ 751
§5. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ........ 756
II باب چوڭلار مائارىپى ........ 763
§1. دېھقانلار مائارىپى ........ 763
§2. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى ........ 766
III باب ئوقۇتقۇچىلار ........ 766
§1. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 766
§2. ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ........ 767
IV باب خىراجەت، مەكتەپ ئۆيلىرى ۋە ئۈسكۈنىلەر ........ 769
§1. خىراجەت ........ 769
§2. مەكتەپ ئۆيلىرى ........ 771
§3. ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ........ 774

V باب پەن-تېخنىكا ........ 776
§1. پەن-تېخنىكا ئاپپاراتلىرى ........ 776
§2. پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرى ........ 777
§3. پەن-تېخنىكا قوشۇنى ........ 781

## ئون توققۇزىنچى قىسىم مەدەنىيەت-سەنئەت

I باب كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرى ........ 784
§1. كەسپىي ئورۇنلار ........ 784
§2. ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرى ........ 788
§3. ئويۇن قويۇش سورۇنلىرى ........ 789
II باب رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ........ 791
§1. رادىئو ........ 791
§2. كىنو قويۇش ........ 792
§3. تېلېۋىزىيە ........ 793
III باب تىياتىر ........ 794
§1. شىنجاڭ مۇزىكىلىق تىياتىرى ........ 794
§2. چىڭچياڭ، يۈجۈ تىياتىرلىرى ........ 795
§3. دراما، ئوپېرا ........ 798
IV باب يەرلىك مۇزىكىلار ........ 800
§1. ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى ........ 800
§2. قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ........ 803
§3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ........ 805
قوشۇمچە: قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما ........ 807
V باب ئەنئەنىۋى خەلق سەنئەتلىرى ........ 822
§1. مەشرەپ ........ 822
§2. ئاقسۇن ئېيتىشىشى ........ 826
§3. خەلق ئويۇنى ........ 827
VI باب خەلق ھۈنەر-سەنئىتى ........ 829
§1. كەشتىچىلىك ........ 829
§2. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ........ 830
VII باب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقىلەر ........ 832
§1. قەدىمكى مەدەنىيەت خارابىلىكلىرى ........ 832
§2. قەبرىلەر ........ 837

www.uyghurkitap.com

§3. بۇتخانا، ئىبادەتخانا خارابىلىكلىرى ........................ 843
§4. تاشقا ئويۇلغان رەسىملەر ۋە ئابىدىلەر ........................ 848
§5. مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ........................ 869
§6. مەشھۇر يادىكارلىقلار ........................ 875

## يىگىرمىنچى قىسىم سەھىيە. تەنتەربىيە

I باب تېبابەت داۋالاش ........................ 884
§1. تېبابەت داۋالاش ئورۇنلىرى ........................ 884
§2. داۋالاش ئۇسكۇنىلىرى ........................ 888
§3. داۋالاش تېخنىكىسى ........................ 892
§4. داۋالاش تۈزۈملىرى ........................ 894
§5. تېبابەت داۋالاش قوشۇنى ........................ 896
II باب تېبابەت دورىلار ........................ 899
§1. دورا بىلەن تەمىنلەش ........................ 899
§2. دورا ماتېرىياللىرى بايلىقى ........................ 899
§3. دورا ياساش ........................ 900
III باب يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........................ 901
§1. ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنى سېلىش ........................ 901
§2. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ........................ 905
§3. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ........................ 908
§4. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ........................ 914
IV باب ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ........................ 916
§1. ئاياللار ساقلىقىنى ساقلاش ........................ 916
§2. بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ........................ 919
V باب تەنتەربىيە ........................ 920
§1. ئاممىۋى تەنتەربىيە ........................ 920
§2. مەكتەپ تەنتەربىيىسى ........................ 922

## يىگىرمە بىرىنچى قىسىم مىللەت. دىن

I باب مىللەت ........................ 932
§1. ئۇيغۇرلار ........................ 932

قوشۇمچە: قومۇل شىمۇسى ............ 941
§2. خەنزۇلار ............ 974
§3. خۇيزۇلار ............ 981
§4. قازاقلار ............ 984
II باب دىن ............ 989
§1. بۇددا دىنى ............ 989
قوشۇمچە: جۇڭخۇا دىنىي ئىشلار جەمئىيىتى قۇمۇل دىنىي ئىشلار شۆبە جەمئىيىتى ............ 991
§2. شامان دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپەرەستلىك دىنى ............ 992
§3. داۋجاۋ دىنى ............ 992
§4. ئىسلام دىنى ............ 993
§5. خرىستىئان دىنى ............ 1000

## يىگىرمە ئىككىنچى قىسىم يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات

I باب مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ............ 1003
II باب باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش ............ 1007
III باب قېرىلارنى ھۆرمەتلەپ، بالىلارغا كۆيۈنۈش ............ 1011
IV باب پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئومۇمنىڭ ئىشىغا بېرىلىش ............ 1015

## يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم شەخسلەر

I باب شەخسلەر جەدۋىلى ............ 1017
II باب شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ............ 1028

## يىگىرمە تۆتىنچى قىسىم پارچىلار

I باب كىلاسسىك شېئىرلاردىن تاللانما ............ 1051
II باب يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەر ............ 1087
III باب يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ............ 1110
تۈزگۈچىدىن ............ 1115
ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز ............ 1120
«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش-تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تۈزگۈچى خادىملار 1122
«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى ... 1124

www.uyghurkitap.com

# ئومۇمىي بايان

قوغۇن بىلەن داڭلىق چىقارغان قۇمۇل ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 91°08′ — 96°23′ ۋە شىمالىي پاراللېل 40°43′ — 43°43′ ئارىلىقىدا. شەرقىي تەرىپى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى بىلەن، غەربىي تەرىپى تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن، شىمالىي تەرىپى ئارغىماق ئېتى داڭلىق باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى قۇملۇق ئارقىلىق بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، شەرقىي شىمالىي تەرىپى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 404 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 320 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 85 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيە بويىچە 170 مىڭغا يېقىن نوپۇس بار بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق 24 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە قارىمىقىدا 11 خەلق كۇڭشېسى ۋە بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى فېرما بار.

قۇمۇل يېپىق ئويمانلىق بولۇپ، شىمالىي تەرىپى ئېگىز، جەنۇبىي تەرىپى پەس. شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قىيپاش. ناھىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا شەرقىي تيانشاننىڭ ئاخىرقى تاغ تىزمىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تاغ قويۇق قارىغايلىق، باغرى كەڭ يايلاق بولۇپ، چارۋىچىلىققا باب كېلىدۇ؛ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرى بىپايان ئېدىرلىق ۋە چۆل بولۇپ، مول يەر ئاستى بايلىقلىرى بار. بۇ يەردە كانچىلىق ياخشى ئىستىقبالغا ئىگە؛ جەنۇبىي تەرىپى قۇمتاغ دەپ ئاتىلىدىغان بىپايان قۇملۇقنىڭ بىر قىسمى. سۇ كەمچىل، ئوت - چۆپ ئاز، بۇ يەر ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان سىرلىق بىر جاي؛ ئوتتۇرا قىسمى بوستانلىق بولۇپ، دەل - دەرەخلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن، سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. كەنتلەر كەڭ يېيىلغان بولۇپ ئاۋات. ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چوققىدىن يىل بويى قار كەتمەيدۇ. ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 4886 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئەڭ ئېگىز جاي. غەربىي جەنۇبى قىسمىدىكى چۆللۈكنىڭ ئىچكىرىسىدىكى شاركۆل قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى ئەڭ پەس جاي بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئاران 53 مېتىر ئېگىز.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىمات بولۇپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. شۇڭا ئەل ئارىسىدا «قۇمۇللۇقلار ئەتىگەندە جۇۋا كىيسە، چۈشتە يالاڭ كىيىم كىيىدۇ، كەچتە مەش تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تاۋۇز يەيدۇ» دەيدىغان تەمسىل تارقالغان. بۇ يەردە يىللىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېرا-

تۇرا 43.9°C، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 32°C— . قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي مىقدارى 151 كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر؛ قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چېچىلىشى 3358 سائەت. شەرقىي قىسمىدىكى شىنشىنشيا بولسا، مەملىكەت بويىچە كۈن نۇرى ئەڭ ئۇزۇن چۈشىدىغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 3575 سائەت نۇر چۈشىدۇ، تۈزلەڭلىك قۇرغاق بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن ئاز، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى ئاران 33 مىللىمېتىر، دېھقانچىلىق پۈتۈنلەي تىيانشان تېغىدىن چۈشىدىغان قار سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيىگە تايىنىدۇ، سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 3000 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ يەردە ئەتىياز، يازدا چىقىدىغان قاتتىق بوران دېھقانچىلىق ئۈچۈن بىر چوڭ ئاپەت. شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر 100 چاقىرىملىق بورانلىق تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سەنجاپارنى مەركەز قىلغان رايوندا بولۇپ، يىلىدا 136 كۈن سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدۇ، بوراننىڭ ئوتتۇرىچە تېزلىكى 9.3 سېكۇنت/مېتىر. بۇ يەر سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «جىن ـ ئالۋاستىلىق جەزىرە»، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «كوھىقاپ» دەپ ئاتالغان.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول. ناھىيە بويىچە 1 مىليون 400 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ بولىدىغان يەر، 5 مىليون 600 مىڭ مودىن ئارتۇق ئېچىپ پايدىلانغىلى بولىدىغان بوز يەر بار؛ 3 مىليون مو ئىپتىدائىي ئورمان بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلاردىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان 300 مىڭ مودەك، ئېدىرلىقلاردىكى كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان 30 مىڭ مودەك، چۆل ـ باياۋان ئورمانلىقى 2 مىليون 670 مىڭ مو كېلىدۇ؛ ئوتلاق كۆلىمى 18 مىليون 600 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يايلاق 2 مىليون 100 مىڭ مو، كۆكلەم ۋە كۈزلەك 3 مىليون 600 مىڭ مو، قىشلاق 5 مىليون 500 مىڭ مو. تېخى پايدىلىنىلمىغان ئوتلاق 7 مىليون 400 مىڭ مو. دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋار ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، ياۋا ئېشەك، يىلپىز، قارا تايغان، بۇغا، سۇلەيسۇن، ئاق سۆسەر قاتارلىقلار بار. دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قانتېپەر، قار لەيلىسى، پەربۇن، رەۋەن، چاكاندا، چوچۇكبۇيا قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چاكاندا كۆلىمى تەخمىنەن 250 مىڭ مو، زاپىسى 87 مىڭ 500 توننىغا يېتىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە 400 نەچچە ئورۇندا 50 نەچچە خىل كان بارلىقى بايقالدى. ئۇلار ئالتۇن، تۆمۈر، مانگان، ۋولفرام، نىكېل، مولىبدېن، تىتان، ئۇران، كۆمۈر، كرېمنىي، خرۇستال، چىرىمتال، شور، ئېسىل قاشتېشى، مەرمەر تاش، دولومىت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇمۇل قاشتېشى خىلىنىڭ كۆپلۈكى، سۈپىتىنىڭ ئېسىللىقى بىلەن ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇلار ئىچىدە سېرىق قاشتېشى، نابارمان قاشتېشى قاتارلىقلار ھەممىدىن ئېسىل. ناھىيە تەۋەسىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى بىرقەدەر كۆپ كان مەھسۇلاتلىرىدىن: كۆمۈر زاپىسى 18 مىليارد 200 مىليون توننا، تۆمۈر 240 مىلـ

يون توننا، دولومىت 300 مىليون توننا، هاك تېشى 100 مىليون توننا، شور 100 مىليون توننا، تاشتۇز 50 مىليون توننا، سىگىرتاش 30 مىليون توننا، فوسفورلۇق مىنېرال 20 مىليون توننا.

قۇمۇل ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەتتەقۇدۇق، تارانچىلاردىن تېپىلغان تاش قوراللار ۋە قارادۆۋە، يانبۇلاق قاتارلىق جايلاردىن چىققان ساپال قاچىلار بۇ يەردە بۇنىڭدىن 7 ـ 8 مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئىنسانلار ياشىغانلىقىنى، 4 ـ 5 مىڭ يىل ئىلگىرىلا دېھقانچىلىق ۋە قول سانائىتى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە خېشى كارىدورىنىڭ شەرقىي قىسمىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇسۇنلار توخرىلارنىڭ قىستىشى بىلەن قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلگەن ھەم بۇ يەرنى ئۆز خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بوستانلىق ئۇسۇن خانىنىڭ نامى كۇنبېگ (خەنزۇچىسى 昆莫) دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە «昆莫» (ئۇيغۇرچىدا «قۇمۇل») (库木勒) دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسى ۋېندىنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 176 ـ يىلى) ھونلار توخرىلار ۋە ئۇسۇنلارنى يېڭىپ، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن، قۇمۇل بوستانلىقى ھون تەڭرىقۇتى قويانىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن. خەن سۇلالىسى شېنجۆنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) ھونلار خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، قۇمۇل غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن؛ خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭنىڭ 16 ـ يىلى (73 ـ يىلى) جىمكۆل «كاھبەگ مەھكىمىسى» تەسىس قىلىنىپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىنغان. سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 4 ـ يىلى (608 ـ يىلى) شۆشىيۈك سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۈي ياڭدىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇمۇلغا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، سېپىل سوقتۇرۇپ بۇ يەرنى قوغدىغان، ئىككى يىلدىن كېيىن، ئىۋىرغول ئايمىقى ۋە رويان بازىرىنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 4 ـ يىلى (630 ـ يىلى) ئاستانە ئىۋىرغول ئايمىقى تەسىس قىلىنغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئىۋىرغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭغا ئىۋىرغول، رويان، لاپچۇق ناھىيىلىرى قارىغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىدىقۇتنى مەركەز قىلىپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى قۇرغاندا، قۇمۇل ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا قارىغان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل دەپ ئاتىلىپ گەنسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتىگە قارىغان. مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 2 ـ يىلى (1404 ـ يىلى)، قۇمۇلنىڭ سەركەردىسى ئەنىق تېمۇرگە سادىق ۋاڭ دەپ ئۇنۋان بېرىلگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن، قۇمۇل قوغدىنىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 35 ـ يىلى (1696 ـ يىلى)، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەركەردىسى ئەبەيدۇللا جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە ئۆتكەن. 2 ـ يىلى 1 ـ دەرىجىلىك جاساق مەنسىپى بېرىلگەن، مۆھۈر، تۇغ تارتۇق قىلىنغان. قۇمۇلغا 233 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇيغۇر ۋاڭلىقى ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى، (1759 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا مەھكىمە تەسىس قىل-

غان؛ چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇنىڭ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمە قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن؛ مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) مەھكىمە ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى گوۋۇيۈەن قۇمۇل ناھىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى، 2 - يىلى 5 - ئايدا قوشۇۋېتىش خىزمىتى تۈگەپ، قۇمۇل ناھىيىسى رەسمىي ئەمەلدىن قالدى.

قۇمۇل قەدىمدىن تارتىپلا غەربىي يۇرتتىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىغا ئۆتىدىغان قاتناش تۈگۈنى، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى يولىدىكى مۇھىم شەھەر بولۇپ، تارىختا «غەربىي يۇرتنىڭ بوغۇزى — جيايۈگۈەننىڭ ئاچقۇچى»، «تىيانشاندىكى تۇنجى شەھەر» ۋە «شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى» دەپ تەرىپلەنگەن. خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدا بېرىش - كېلىش باشلانغاندىن كېيىن، بۇ يەر ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ قالغان. «ئەسكەرلەر بۇ يەردە ئۇرۇش بولسا جەڭ، ئۇرۇش بولمىسا تېرىقچىلىق قىلاتتى.» بۇ ئەھۋال 2000 يىل ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلدى. قۇمۇل ھەربىي جەھەتتە مۇھىم جاي بولۇپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار بۇ يەرنى كۆپ قېتىم جىددىي تالاشقان. شۇنداقلا قۇمۇل غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشتا مۇھىم بەلباغ بولۇپ، غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە قۇمۇلنىڭ قولغا كىرگۈزۈلۈشى ۋە قولدىن كېتىشىگە باغلىق بولغان. سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ، سودا - سېتىق گۈللىنىپ، «ئېپۇدىرغولنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن پېرسىيىنىڭ شەرقى تەرىپى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، تارتۇق بەگلىرى، سودىگەرلەر، يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ»غان ئاۋاتچىلىق بارلىققا كەلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلار بېيجىڭغا ئەۋەتكەن تارتۇق بەگلىرى ھەمدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تىجارەتكە ماڭغان سودىگەرلەر جەزمەن ئۆتىدىغان يول بولۇپ، ئۇلار مەكتۇپ، ئالاقە قەغەزلىرىنى قۇمۇلدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇۋالاتتى، ئىچكىرىگە كىرىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىۋالاتتى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۈز بەرگەن جۇڭغارلار ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش جەريانىدا قۇمۇل ئارقا سەپ بازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاشلىق توپلاش، ئەسكەرلەرگە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. گۇاڭشۇنىڭ 6 - يىلى (1880 - يىلى) شەنشى، گەنسۇ باش ۋالىيسى زوزۇڭتاڭ چوڭ لاگېرنى قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەر شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ھەربىي مەركىزى بولۇپ قالغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، بۇ يەر سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن ھەربىي ئەشيالارنى يۆتكەپ بېرىدىغان مۇھىم بىكەت بولغان. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتكەندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ شىنجاڭدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ نامايان بولدى.

قۇمۇل كۆپ مىللەتلىك رايون، تارىختا ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ

ئالماشتۇرۇلۇشى، قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە، مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىرمۇنچە مەدەنىي مىراسلار قالغان. قارادۆۋىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن چىققان ھازىرغىچە تەخمىنەن 3200 يىل بولغان قۇرۇق جەسەت شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا كۆرگەزمە قىلىنغان چاغدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، بىللە چىققان مىس پىچاق ۋە يۇڭ توقۇلمىلارمۇ قۇمۇلنىڭ ۋە غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. تاشۋىلىقتا تەۋە جىپىاۋگۇ جىلغىسىدىكى ھەرخىل قىياتاش سۈرەتلىرى قۇمۇلدا قەدىمكى دەۋردە ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تىيانشان گۇڭشېسىنىڭ تۆمۈرتى دادۇيىدىن تېپىلغان مىلادى Ⅷ — Ⅸ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بۇددا نومى، سەھنە ئەسىرى — «مايترى سىمىت» شىنجاڭنىڭ دىن تارىخى، تىياتىر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال. ئۇيغۇر ۋاڭلىقىنىڭ قەبرىستانلىقى ۋە ھېيتكا مەسچىتى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىۋىرغول مۇقاملىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داڭق چىقىرىپ، ئوردىدا ۋە ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئىۋىرغول مۇزىكىسىغا سېلىپ يېزىلغان «ئىۋىرغول ناخشىسى» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان ئۈچ چوڭ داڭلىق ناخشىنىڭ بىرىدۇر. قۇمۇل مۇقامى، قۇمۇل سەنىمى، قۇمۇل مەشرىپى ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇل مۇنبىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

قۇمۇل ناھىيىسى جۇڭگوغا ۋە چەت ئەلگە داڭلىق قوغۇن ماكانى، ئۇنىڭ تېرىلىش تارىخى 2000 يىلدىن ئاشتى. قۇمۇل قوغۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرى ئوردىغا ئەۋەتىلىدىغان تارتۇق بۇيۇملارنىڭ بىرى بولغان. «تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى» دېگەن گەپتىن كىشىلەرنىڭ قۇمۇل قوغۇنىغا بەرگەن يۈكسەك باھاسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قۇمۇل قوغۇنىنىڭ شېكەر مىقدارى كۆپ (ئادەتتە 10% پىرسەنتتىن يۇقىرى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 21% پىرسەنتكە يېتىدۇ)، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك تاتلىق، ئۇنىڭدا ئالما، نەشپۈت، بانان قاتارلىقلارنىڭ تەمى بار. 1978 - يىلدىن كېيىن شياڭگاڭ، ئاۋمېن بازارلىرىدا سېتىلىشقا باشلىدى، 80 - يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپلەپ سېتىلدى. قۇمۇل قوغۇنى قېقىنىڭ رەڭگى سېرىق، تەمى تاتلىق بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردىغا تارتۇق قىلىنىپ تۇرۇلاتتى. قۇمۇل قوغۇنىنىڭ كونسېرۋاسى، مۇراببىاسى، شىرنىسىمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قارشى ئېلىنىشقا مۇيەسسەر. تارىختا قۇمۇلنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغا مۈڭگۈزى، بۆكەن مۈڭگۈزى، توشقان تېرىسى، تۈلكە تېرىسى، سۈلەيسۇن تېرىسى، ئاق سۆسەر تېرىسى، قۇمۇل كۆرپىسى، ئېيىق تېرىسى، تۆگە يۇڭى، كىگىز، ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى قاتارلىقلارمۇ ئوردىغا تارتۇق قىلىنغان. قارادۆۋە چىلىنىنىڭ دانىسى چوڭ، ئېتى قېلىن، پوستى نېپىز، ئۇرۇقى كىچىك، شېكەر مىقدارى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىك-

لەرگە ئىگە بولۇپ، تارىختا «جەننەت مېۋىسى» دەپ نام ئالغان، ئازادلىقتىن كېيىن گۋاڭجۇ سودا يەرمەنكىسىدە ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

قۇمۇل خەلقى تارىختا فېئوداللىزمغا، ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىكنى، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قەتئىي بوشاشماي كۈرەش قىلغان. گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) غوجامنىياز، دۈگامەت، موللىراجى قاتارلىق نامرات دېھقانلار توغ كۆتۈرۈپ قوزغىلىپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئوت تۇتاشتۇرغان. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان تۆمۈر خەلىپە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) قوراللىق قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، فېئوداللىزمغا قارشى يەنە بىر قېتىم توغ كۆتۈرۈپ چىققان. مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) ئابدۇنىياز، خوجانىيازلار رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىپ، ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېننى تەختتىن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقە. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئالتە نەپەر كوممۇنىستنى قۇمۇلدا ئىشلەشكە ئەۋەتكەن. ئۇلار قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، ئاممىنى تەشكىللەپ سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان، يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى كىرگۈزگەن ۋە ئومۇملاشتۇرغان، مەبلەغ ئاجرىتىپ ۋە توپلاپ، كۇلۇب ھەم مەكتەپ سالدۇرغان، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئامما ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە كۈچلۈك ياردەم بەرگەن. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى تىنچ يول بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى، ئەتىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمى گەنسۇدىن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، شۇ كۈنى شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلدى. 13 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە قۇمۇل شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى قىزغىن قارشى ئالدى. قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش يىغىنىدا ئاچقان چوڭ يىغىندا 2 - جۈننىڭ جۈنجاڭى گوپېڭ، سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋلار قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. قۇمۇلغا ئالدىن يېتىپ كەلگەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ 2 - جۈنى ئازراق دەم ئالغان ۋە تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلدى. قۇمۇلدا تۇرۇش بەلگىلەنگەن 6 - جۈننىڭ 16 - شىسى شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 2 - يىلىنىڭ باشلىرى كەينى - كەينىدىن يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلنىڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

www.uyghurkitap.com

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەدەنىيەت-مائارىپ، پەن-تېخنىكا، سەھىيە ئىشلىرىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى.

قۇمۇل ناھىيىسىدە يىل بويى ھۆل-يېغىن ئاز بولغاچقا، قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇرىدۇ، ئەتىياز ۋە ياز ئايلىرىدا بوران كۆپ چىقىدۇ. ئىلگىرى، ئاساسەن، كارىز ۋە بۇلاق سۈيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىناتتى، سۇ ئاز بولغاچقا، تېرىلغۇ يەر كۆپ ئەمەس ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، 30 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق جەمئىي 1400 كىلومېتىر ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 340 كىلومېتىر. تىيانشان تېغىدىن بىۋاسىتە سۇ باشلاپ چۈشىدىغان غول ئۆستەڭ تۆت بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 64 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرا-كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبارلىرى ئون، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 31 مىليون 500 نەچچە مىڭ كۇب مېتىر. 800 نەچچە ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. بۇنىڭ 600 نەچچىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن سۇغىرىش شارائىتى جىق ياخشىلاندى. بۇلاردىن باشقا يەنە تاغلىق رايونلار ۋە چەت-ياقا گۇڭشېلاردا كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئالتىسى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 400 نەچچە كىلوۋات-سائەت. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئېتىز-ئېرىق قۇرۇلۇشىنى كەڭ ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش خىزمىتىنى بوشاشماستىن چىڭ تۇتتى، ناھىيە بويىچە ساقلىنىپ قالغان ئورمان كۆلىمى 23 مىڭ 800 مو بولۇپ، سالا ئېتىزلار ۋە يوللارنى ئورمانلاشتۇرۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 34 يىلدىن بۇيانقى ئېچىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 140 مىڭ مودىن 210 مىڭ موغا يېتىپ، يېرىم ھەسسە كېڭەيدى؛ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 14 مىليون 400 مىڭ جىڭدىن 76 مىليون 700 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 4.3 ھەسسە ئاشتى؛ ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 144 جىڭدىن 388 جىڭغا يېتىپ، 1.7 ھەسسە ئاشتى؛ ھەرخىل چارۋىلارنىڭ يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان ئومۇمىي سانى 129 مىڭ 700 تۇياقتىن 349 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 1.7 ھەسسە كۆپەيدى. كۆپ يىللار نەسلىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، نەسلى ياخشىلانغان قوي 90 مىڭدىن كۆپرەككە، ئەسلى نەسلىگە تەۋە قوي 10 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 500 دىن ئوشۇق چوڭ-ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور، 400 دىن ئوشۇق تراكتور سۆرەيدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى، 1000 دىن ئوشۇق ماتورلۇق ماشىنا بار. ناھىيە بويىچە 88 ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىنىڭ 76 سىگە توك سىمى تارتىلدى. بۇلار دادۈي ئومۇمىي سانىنىڭ 86.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قۇمۇل ناھىيىسىدە ئازادلىقتىن ئىلگىرى زامانىۋى سانائەت يوق ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، 30 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1949 - يىلدىكى 340 مىڭ يۈەندىن 1983 - يىلى 7 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21 ھەسسە ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر، تاشتۇز، ۋولفرام، شور، سېمونت، ھاك تېشى، كۋارتس، كالتسىي، سوفېرفوسفات، كىگىز، پىيما، گىلەم قاتارلىقلار بار.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، سانائەت، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە كان بايلىقلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى تېز ئېشىپ، 1959 - يىلدىكى 380 مىڭ يۈەندىن 1983 - يىلى 14 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 36.5 ھەسسە ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان ئەھۋالدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ياخشىلاندى، بانكا پۇل ئامانىتى 1977 - يىلدىكى 3 مىليون 830 مىڭ يۈەندىن 1983 - يىلى 7 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 87.2% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1975 - يىلدىكى 6 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن 1983 - يىلى 11 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 74.6% ئاشتى؛ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1949 - يىلدىكى 62 يۈەندىن 1983 - يىلى 220 يۈەنگە يېتىپ، 2.55 ھەسسە ئاشتى.

ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 40 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قارمىقىدا شۆبە مەدەنىيەت يۇرتىدىن بىرى، مەدەنىيەت پونكىتىدىن تۆتى بار. ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ قارمىقىدا گۇڭشې رادىئو پونكىتىدىن 12 سى بار. گۇڭشې كىنو قويۇش ئەترىتىدىن 17 سى بار. باشلانغۇچ مەكتەپ 1949 - يىلدىكى 30 دىن 1983 - يىلى 64 كە يېتىپ، بىر ھەسسىدىن كۆپرەك كۆپەيدى. ئوقۇغۇچىلار 3000 دىن كۆپرەكتىن 140 نەچچە مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، 3.6 ھەسسە كۆپەيدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە 1949 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى، ھازىر 11 ئوتتۇرا مەكتەپ، 5200 ئوقۇغۇچى بار. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى مەركەز قىلغان پەن - تېخنىكا تورى شەكىللەندى. ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى، گۇڭشېلاردا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتلىرى قۇرۇلدى. ھەر خىل تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى 1983 - يىلى 281 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېردىن يۇقىرى ئۇنۋان ئالغانلار 28 كىشى. سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ شەھەر - يېزىلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانا، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش پونكىتى، ناھىيىلىك ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش پونكىتىدىن باشقا، يەنە گۇڭشې دوختۇرخانى-

سىدىن 12 سى، دادۇي ساقلىقنى ساقلاش پونكىتىدىن 58 ى، زاۋۇت، كان، كارخانا ساقلىقنى ساقلاش پونكىتىدىن 18 ى بار. داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش سەۋىيىسى ئۇچقاندەك ئۆستى، يېزا ـ قىشلاقلاردا دوختۇر ۋە دورا كەمچىل بولۇش ئەھۋالى تۈپتىن ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى.

قۇمۇل ناھىيىسى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي. ناھىيە تەۋەسىدە مەركەز، ئاپتونوم رايونغا، تۆمۈريول، بىڭتۇەن ئورۇنلىرىغا ۋە ۋىلايەتكە قاراشلىق ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلاردىن 100 نەچچىسى بار. تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى، يامانسۇ تۆمۈر كېنى، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى، بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەم بۇ ئورۇنلارغا قاراشلىق ئورۇنلارمۇ بۇ ناھىيە تەۋەسىدە. ناھىيە بازىرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، قاتناش مەركىزى بولۇپ، ماگىزىن، دوختۇرخانا، مەكتەپ، كۇتۇپخانا، كىنوخانىلارنىڭ ھەممىسى تەل. 1977 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيە بازىرىدىكى مۇئەسسەسەلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، تارىخى ئۇزۇن، بايلىقى مول، قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ۋە كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قۇمۇل ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق شەرت ھازىرلىنىپ، يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇلدى. گوۋۇيۈەن 1983 ـ يىلى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قۇمۇل ناھىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ مەمۇرىي رايونىنى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىپ، قۇمۇل شەھىرى بىلەن يېزىلىرى ئارا، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئارا بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىپ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق گۈللىنىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئەۋزەل مۇھىت يارىتىپ بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش باش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى بۇ نۇرلۇق مەرۋايىت شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئۈچۈن ئېچىپ قويغان ئالتۇن رۇجىكى سۈپىتىدە سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچقۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

(مىلادىدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلىدىن مىلادى 1983 - يىلىغىچە)

## ئىككى خەن دەۋرىدە

**خەن سۇلالىسى ۋېندىنىڭ 4 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى)**

هونلار توخرىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇسۇن دۆلىتى قاتارلىق 26 دۆلەتنى تىنچلاندۇردى، ئىۋىرغول هون تەڭرىقۇتى قويانخانىنىڭ جەنۇبىتىكى زېمىنى بولۇپ قالدى.

**خەن سۇلالىسى شېنجۆنىڭ 2 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى)**

هون تەڭرىقۇتى باتىسقان شانشات خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» تەسىس قىلدى. ئىۋىرغول شۇ مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

**ۋاڭ ماڭ قۇرغان يېڭى خاندانلىق شىجيەنگونىڭ 5 - يىلى (13 - يىلى)**

غەربىي يۇرت يەنە هونلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىۋىرغولمۇ هونلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭنىڭ 16 - يىلى (73 - يىلى)**

خەن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى دۇگۇنى كاھبەگلىككە، گېڭ بىڭنى كوراگان كاھبەگلىككە تەيىنلەپ، هونلارنى جازالاش ئۈچۈن شىمالغا ماڭدۇرىدۇ. بەن چاۋيالغان ئەمىرلەشكەر سۈپىتىدە دۇگۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لەشكەر باشلاپ چىقىپ ئىۋىرغول، بارىكۆللەرنى ئالىدۇ. قويانخان مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ. خەن سۇلالىسى «جىمكۆل كاھبەگ مەھكىمىسى» تەسىس قىلىپ، ئىۋىرغولدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرىدۇ.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى جيەنچۇنىڭ 2 - يىلى (77 - يىلى)**

خەن سۇلالىسىنىڭ خانى جاڭدى ئىۋىرغولدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى بىكار قىلىپ، ئەمەلدار - لەشكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ كېتىدۇ. هونلار لەشكەر ئەۋەتىپ ئىۋىرغولنى يەنە ئىگىلىۋالىدۇ.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭيۈەنىنىڭ 2 - يىلى (90 - يىلى)**

خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ياردەمچى چېرىكچى يەن پەننى 2000 ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئىۋىرغولنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتىدۇ.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭيۈەنىنىڭ 4 - يىلى (92 - يىلى)**

خەن سۇلالىسىنىڭ خانى كەپتاۋۇل رېن شياڭنى ئىۋىرغولدا تۇرۇپ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يېڭى تەڭرىقۇت يۇرتجاننى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. 2 - يىلى يۇرتجان ئاسىيلىق قىلىپ قاچىدۇ. رېن شياڭ لەشكەر بېشى دورغاپ ۋاڭ پۇ بىلەن بىرلىكتە

1000 دىن ئوشۇق ئاتلىق لەشكەر بىلەن يۈرتچاننى قوغلاپ تۇتۇپ ئۆلتۈردى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى يۈەنچۇنىڭ 1 - يىلى (107 - يىلى)**

خەن سۇلالىسى شىمالىي هونلارنىڭ هۇجۇمى تۈپەيلىدىن ئىۋىرغۇلدا تۇرۇۋاتقان ئەمەلدار لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى يۈەنچۇنىڭ 6 - يىلى (119 - يىلى)**

دورغاچ سۇبەن 1000 لەشكەر بىلەن ئىۋىرغولغا كېلىپ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. هەممە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە قاراتتى. 2 - يىلى شىمالىي هون تەڭرىقۇتى ئارقا قاڭقىل خانى بىلەن بىرلىشىپ ئىۋىرغول شەھىرىنى بېسىۋالدى. سۇبەننى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى يەنگۇاڭنىڭ 4 - يىلى (125 - يىلى)**

بەن يۇڭ 6000 ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ، ئارقا قاڭقىل كېيىنكى شەھەر خانلىقىنى ۋەيران قىلدى. پادىشاھىنى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى شۇنىڭدەك هون ئەلچىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇلارنى سۇبەن ئۆلتۈرۈلگەن جايغا ئاپىرىپ چېپىپ ئۆلتۈردى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭجيەننىڭ 6 - يىلى (131 - يىلى)**

خەن سۇلالىسىنىڭ خانى شۇندىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئىۋىرغولدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسلىگە كېلىدى، ئىۋىرغول ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى ياڭجيانىڭ 4 - يىلى (135 - يىلى)**

هون تەڭرىقۇتى قۇيانغان قانقىل كېيىنكى شەھەر خانلىقىغا تاجاۋۇز قىلدى. ئىۋىرغول ئەمىرلەشكەرلىرى بىلەن دۇنخۇاڭ ۋالىيسى لەشكەر تارتىپ قۇيانغانغا هۇجۇم قىلدى. بىراق ئۇتۇشسىزلىققا ئۇچرايدى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى يۈەنجيانىڭ 1 - يىلى (151 - يىلى)**

3000 هون ئاتلىق لەشكىرى ئىۋىرغولغا هۇجۇم قىلدى. ئەمىر لەشكەر ماۋكەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان 500 لەشكەرنى باشلاپ چىقىپ بارىكۆلنىڭ شەرقىدە سوقۇشۇپ پۈتۈنلەي هالاك بولدى. دۇنخۇاڭ ۋالىيسى مادا 4000 لەشكەرنى باشلاپ ياردەمگە كېلىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان هونلار غەربكە تىكىۋېتىدى.

## ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە

**ۋېي سۇلالىسى خۇاڭچۇنىڭ 3 - يىلى (222 - يىلى)**

غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقە ئەسلىگە كېلىدى. ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى مەھكىمىسى، جىمكۆل ئىۋىرغول كاھىپگى تەسىس قىلىندى.

**جىن سۇلالىسى يۇڭنىڭنىڭ 1 - يىلى (301 - يىلى)**

غەربىي يۇرتتىكى دورغاپ مەھكىمىسى، ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى مەھكىمىسى

لياڭجۇ ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايدۇ. ئېۋىرغولمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ.

**ئالدىنقى لياڭ جيەنشىگىنىڭ 5 - يىلدىن شىڭپىڭنىڭ 20 - يىلىغىچە (376—317- يىلىغىچە)**

ئالدىنقى لياڭ ئېۋىرغول كاھبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىدۇ. جاڭ جۈن دەۋرىگە كەلگەندە، سوفۇ ئېۋىرغولنىڭ كاھبېگى بولىدۇ.

**ئالدىنقى چىن جيەنيۈەننىڭ 20 - يىلى (384 - يىلى)**

ئالدىنقى چىننىڭ باش سانغۇنى لۈي گۇاڭ كۈسەننى ئىنچلاندۇرغاندىن كېيىن پەرمان بويىچە قاشقوۋۇق (يۈمىنگۇەن) نىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلارغا نازارەت قىلىدۇ. ئېۋىرغول ئالدىنقى چىنغا تەۋە بولىدۇ.

**كېيىنكى لياڭ تەيئەننىڭ 1 - يىلى (386 - يىلى)**

ئېۋىرغول كېيىنكى لياڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ.

**كېيىنكى لياڭ شيەننىڭنىڭ 2 - يىلى (400 - يىلى)**

لى خاۋ غەربىي لياڭ سۇلالىسىنى قۇرىدۇ. ئېۋىرغول غەربىي لياڭنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تيەنشىڭنىڭ 5 - يىلى (402 - يىلى)**

ئاۋارلار غەربتە كېنگىتتىن تارتىپ شەرقتە چاۋشيەنگىچە، جەنۇبتا چوڭ چۆلگىچە بولغان زېمىندا قاغانلىق قۇرىدۇ. ئېۋىرغول ئاۋار قاغانلىقىغا تەۋە بولىدۇ.

**شىمالىي لياڭ شۇەنشىنىڭ 11 - يىلى (422 - يىلى)**

شىمالىي لياڭ سۇلالىسى غەربىي لياڭ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلىپ يوقاتقاندىن كېيىن، تاڭ چى، تاڭ خې، غەربىي لياڭ خانىنىڭ پۇشتى لى باۋنى ئېۋىرغولغا ئەلىپ كېلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن 2000 دىن ئوشۇق ئائىلىنى يىغىپ ئاۋارلارغا بېقىنىدۇ. ئاۋارلار پەرمان چىقىرىپ تاڭ چىنى ئېۋىرغول ۋاڭلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىگۇاڭنىڭ 2 - يىلى (425 - يىلى)**

سابىق غەربىي لياڭ خانى لى خاۋنىڭ خوتۇنى يى خانىش جيۇچۇەندىن ئېۋىرغولغا قېچىپ كېلىدۇ.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 3 - يىلى (442 - يىلى)**

لى باۋ شىمالىي لياڭ سۇلالىسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 2000 دىن ئوشۇق كىشىنى باشلاپ ئېۋىرغولدىن دۇنخۇاڭغا قايتىپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئۆتىدۇ. تاڭ چى يەنە بىر قىسىم قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ قۇجۇغا كېتىدۇ.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيئەننىڭ 2 - يىلى (456 - يىلى)**

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دۇنخۇاڭدا تۇرۇشلۇق باسقاق سانغۇنى ۋېي جۈەن لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئېۋىرغولنى ئىشغال قىلدۇرالىدۇ.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيخېنىڭ 12 - يىلى 12 - ئاي (489 - يىلى)**

ئاۋارلارنىڭ ئىلكىدىكى ئېۋىرغول شەھىرىنىڭ باشلىقى گاۋگوزى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئېۋىرغول ئايمىقى تەسىس

قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا پىشامشان ئۇيغۇرلىرى ئىۋۇرغولنى ئىشغال قىلىپ لاپچۇق شەھىرىنى بىنا قىلىدۇ.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيخېنىڭ 21 - يىلى (497 - يىلى)**

قۇجۇ پادىشاھى مارۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ پۈتۈن ئەلنى ئىچكىرىدىگە كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. پادىشاھ شاۋۋېندى ئاتاقلىق سانغۇن خەن ئەنباۋنى 1000 دىن ئوشۇق ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئالدىغا ئەۋەتىدۇ ھەمدە مارۇنىڭ قول ئاستىدىكى خەلقىنىڭ ماكانلىشىشى ئۈچۈن ئىۋۇرغولدىن 500 چاقىرىم يەر بېرىدۇ. لېكىن ئۇچرىشالماي قالغانلىقتىن خەن ئەنباۋ ئىۋۇرغولدا تۇرۇپ قالىدۇ.

**شىمالىي ۋېي سۇلالىسى يۇڭپىڭنىڭ 1 - يىلى (508 - يىلى)**

ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى مىڭ ۋېي قوماندانلىقىدىكى لياڭجۇدا تۇرۇشلۇق 3000 لەشكەرنى قۇجۇدىن شەرققە كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. قوشۇن ئىۋۇرغولغا يېتىپ كەلگەندە، ئاۋارلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئاۋار قاغانى تولۇن ۋېي سۇلالىسى بىلەن قاڭقىللار بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قاراپ، قوشۇنىنى دەرھال چېكىندۈرۈپ كېتىدۇ. قاڭقىللارنىڭ باشلىقى مىئوتو پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىپ بارىكۆلنىڭ شىمالىدا تولۇن قاغانىنى ئۆلتۈرىدۇ. مىڭ ۋېي لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئىۋۇرغولغا قايتىپ كېلىدۇ.

## سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە

**سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭنىڭ 1 - يىلى (581 - يىلى)**

سۈي سۇلالىسىنىڭ خانى ياڭ جيەن غەربىي تۈرك قاغانى تاردۇش بىلەن ئالاقە باغلاشقا يۈەن خۈينى ئىۋۇرغولغا ئەۋەتىدۇ.

**سۈي سۇلالىسى كەيخۇاڭنىڭ 3 - يىلى (583 - يىلى)**

غەربىي تۈرك قاغانلىقى ئاپار، تاردۇ قاغانلار زامانىسىدا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىدۇ. ئىۋۇرغول غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا بېقىنىدۇ.

**سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 1 - يىلى (605 - يىلى)**

غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا ئالىپ ئەركىن تېكىن چې يابغۇ بانادىر قاغان بولغاندا، ئىۋۇرغول شۇ قاغانلىققا بېقىنىدۇ.

**سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 3 - يىلى (607 - يىلى)**

ئىۋۇرغول تۇتۇقشاتى ھەم غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۈركلەرنىڭ سەركەردىلىرى، ئەلچىلىرى دا شىڭ (ھازىرقى شىئەن) غا بېرىپ، سۈي سۇلالىسى خانى ياڭ دىنى يوقلايدۇ.

**سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 4 - يىلى (608 - يىلى)**

سۈي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى شۆ شىشيۇڭ ئىۋۇرغولغا لەشكەر تارتىپ كېلىپ، ئىۋۇرغول شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە يەنە بىر يېڭى شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنىڭغا

يېگى ئېۋىرغول دەپ نام بېرىدۇ. غەزنەبېگى ۋاڭ ۋېيىنى 1000 لەشكەر بىلەن شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرىدۇ.

**سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 5 - يىلى (609 - يىلى)**

سۈي سۇلالىسىنىڭ خانى ياڭ دى خېشى كارىدورىنى تەكشۈرۈشكە كېلىدۇ. قۇجۇ پادىشاھى، ئېۋىرغول تۇتۇقشاتى قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى 27 دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئەلچىلىرى جاڭيېگە بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشىدۇ.

**سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 6 - يىلى (610 - يىلى)**

سۈي سۇلالىسى ئېۋىرغول ئايمىقى ۋە رويان (ھازىرقى تاشۋېلىق) بازىرىنى تەسىس قىلىدۇ.

**سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 7 - يىلى (611 - يىلى)**

غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قاغانى چۇلۇق قاغان سىلومەن تېغى (يەنى قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تىيانشان تېغى) غا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىڭ 3 - يىلى (629 - يىلى)**

بۇددا ئۆلىماسى شۈەنزاڭ ھىندىستاندىن بۇددا نومى ئېلىپ كېلىش سەپىرىدە ئېۋىرغولدىن ئۆتىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىڭ 4 - يىلى (630 - يىلى)**

ئېۋىرغول شەھىرىنىڭ سەركەردىسى شى ۋەننيەن يەتتە شەھەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئاستانە ئېۋىرغول ئايمىقىنى تەسىس قىلىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىڭ 6 - يىلى (632 - يىلى)**

ئاستانە ئېۋىرغول ئايمىقى ئېۋىرغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئېۋىرغول، رويان، لاپچۇق ناھىيىلىرى، 1332 ئائىلە، 6778 نوپۇس قارايدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىڭ 14 - يىلى (640 - يىلى)**

تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قۇجۇغا ھۇجۇم قىلىدۇ، قوشۇننىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى جياڭ شىڭبېن ھازىرقى قۇمۇل قوۋۇق ئېغىزىنىڭ يېنىدا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش قوراللىرىنى ياسايدۇ. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بۇ خىزمەتنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تىيانشان تېغىنىڭ چوققىسىغا ئابىدە تىكلەپ قويۇلىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىڭ 16 - يىلى (642 - يىلى)**

غەربىي تۈرۈك قاغانلىقىنىڭ قاغانى چۇلۇق قاغان ئېۋىرغول ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەنشى قورۇقچىبېگى گوشاۋكې 2000 ئاتلىق لەشكەر بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. چۇلوق قاغان مەغلۇب بولۇپ قاچىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىڭ 21 - يىلى (647 - يىلى)**

تاڭ سۇلالىسى كۆسەنگە جازا يۈرۈش قىلىدۇ. ئېۋىرغول ئايمىقىنىڭ ئامبىلى خەن ۋېي 1000 ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ ئالدىن يولغا چىقىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى جىڭلۇڭنىڭ 4 - يىلى (710 - يىلى)**

ئېۋىرغول قوشۇنى تەسىس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قاراشلىق 3000 لەشكەر، 1000

دىن ئوشۇق ئات بولىدۇ. ئېۋىرغول ئامبىلى ئېۋىرغول قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. ئېۋىرغول قوشۇنى گەنلۇچۇەندە تۇرىدۇ. شۇ يىلى خېشى كارىدورىغا ھىراۋۇل، ياردەمچى ھىراۋۇل، ئېكىنبەگ قاتارلىق بەگلەر قويۇلىدۇ، ئۇلار لياڭجۇ، گەنجۇ، سۇجۇ، ئېۋىرغول، گۇاجۇ، شاجۇ، قۇجۇ ئايماقلىرىنى باشقۇرىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى كەيۈەننىڭ 19 - يىلى (731 - يىلى)**

ئېۋىرغول، قۇجۇ، بېشبالىق ھىراۋۇل مەھكىمىلىرى قوشۇلۇپ ئەنشىدىكى تۆت شەھەرنى باشقۇرىدىغان بېشبالىق باسقان ھىراۋۇل مەھكىمىسى قۇرۇلىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى كەيۈەننىڭ 23 - يىلى (735 - يىلى)**

ئېۋىرغول - قۇجۇ، بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرى تۆت شەھەر چېرىكچى ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە قارايدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ 1 - يىلى (742 - يىلى)**

ئېۋىرغول ئايمىقى ئېۋىرغول ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. بېشبالىق ھىراۋۇل بېگى بايقان، تىيانشان، ئېۋىرغول قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئېۋىرغول، قۇجۇ ئايماقلىرى تەۋەسىدە تۇرىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ 13 - يىلى (754 - يىلى)**

چاڭ چىڭ بېشبالىق قورۇقچىبېگى، ئېۋىرغول - قۇجۇ ھىراۋۇلبېگى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى چيەنيۈەننىڭ 1 - يىلى (758 - يىلى)**

ئېۋىرغول ۋىلايىتى يەنە ئېۋىرغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى جيەنجۇڭنىڭ 2 - يىلى (781 - يىلى)**

ئېۋىرغول ئايمىقىنىڭ ئامبىلى مەرھۇم يۈەن گۇاڭتىڭغا تىجارەتچى - ھۈنەرۋەنلەر باشلىقى دېگەن مەنسەپ بېرىلىدۇ. يۈەن گۇاڭتىڭ تيەنباۋنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئېۋىرغولنىڭ ئامبىلى بولىدۇ. ئۇ، تۈبۈتلەر گەنسۇنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىنمۇ ئېۋىرغولنى بىرقانچە يىل چىڭ ساقلايدۇ. ئەسكىرى ۋە ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگىگەندىن كېيىن خوتۇن، بالىچاقىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، ئاخىرى ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى كەيچېڭنىڭ 5 - يىلى (840 - يىلى)**

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولىدۇ. ئۇنىڭ لەشكەر ۋە پۇقرالىرى غەربكە كۆچىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قۇجۇنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئېۋىرغول ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى داجۇڭنىڭ 4 - يىلى (850 - يىلى)**

شاجۇدىن جاڭ يىچاۋ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۈبۈتلەرنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇب قىلىپ، ئېۋىرغول ئايمىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 ئايماقنى قايتۇرۇۋالىدۇ. 2- يىلى تاڭ ئوردىسى جاڭ يىچاۋنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ھىراۋۇلبەگلىكىگە قوشۇمچە 11 ئايماقنىڭ كۆزەتكۈچى ئېكىنبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى داجۇڭنىڭ 10 - يىلى (856 - يىلى)**

ئۇردىنىڭ ياردەمچى تەپتىش ۋەزىرى ۋاڭ رۇيجاڭ خان ئەلچىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانىغا مەكتۇپ ئېلىپ كېلىۋېتىپ ئېۋىرغولغا يېتىپ كەلگەندە، لاپچۇق ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق 1000 دىن ئوشۇق ئۇيغۇر ئاتلىق لەشكىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ. جاڭ يىچاۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لەشكەر باشلاپ بېرىپ لاپچۇق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى شيەنتۇڭنىڭ 13 - يىلى (872 - يىلى)**

قوشۇنىنىڭ ھىراۋۇلبېگى جاڭ يىچاۋ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى، جىيەنى، كۈيئوغلى جايلارنى بۆلۈشۈۋېلىپ، ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىدۇ.

**تاڭ سۇلالىسى تيەنزۇنىڭ 2 - يىلى (905 - يىلى)**

جاڭ چېڭفېڭ شاجۇ، گۇاجۇ، ئېۋىرغول، قوجۇ ئايماقلىرىنىڭ ھىراۋۇلبېگى بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جاڭ چېڭفېڭ غەربتىكى خەنزۇلارنىڭ ئالتۇنتاغ بەگلىكىنى قۇرىدۇ. ئېۋىرغول مۇشۇ بەگلىك قولىدا تەخمىنەن 10 يىل تۇرىدۇ.

## سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە

**سۇڭ سۇلالىسى تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 - يىلى (981 - يىلى)**

سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە كېلىپ ئېۋىرغولدىن ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا ئايماق باشلىقى چېن فامىلىلىك خەنزۇ ئىدى.

**سۇڭ سۇلالىسى جيادىڭنىڭ 2 - يىلى (1209 - يىلى)**

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى موڭغۇللارغا بېقىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئېۋىرغول قۇمۇل دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ ۋە موڭغۇل خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ.

**يۈەن سۇلالىسى جۇڭتۇڭنىڭ 1 - يىلى (1260 يىلى)**

يوللىغ شىلياڭ دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ قىستىشى بىلەن قايتقاندا قۇمۇلدىن ئۆتىدۇ. بۇ مەزگىلدە، غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل ۋاڭلىرى خانلىق تالىشىپ ئىچكى ئۇرۇش قىلىدۇ. ئىدىقۇت ۋە قۇمۇل ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالغانلىقتىن بىر قىسىم ئاھالە ئىچكىرىگە كۆچۈپ كېتىدۇ.

**يۈەن سۇلالىسى جىيۈەنىنىڭ 16 - يىلى (1279 - يىلى)**

قۇبلايخان چاغاتاينىڭ ئەۋرىسى ئازدىجىنى بېشبالىقتا ئوردا قۇرۇشقا ھەمدە ئىدىقۇت، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ بوزيەر ئېچىش ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ.

**يۈەن سۇلالىسى جىيۈەنىنىڭ 18 - يىلى (1281 - يىلى)**

گەنسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتى قۇرۇلىدۇ، قۇمۇل گەنسۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. 2 - يىلى قۇمۇلنىڭ باشلىقى تېلىن تېكىن شۇ جايدا تۇرۇشلۇق لەشكەرلەرنىڭ بوز يەر ئېچىش خىراجىتى ئۈچۈن ئىئانە بېرىدۇ.

**يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 24 - يىلى (1287 - يىلى)**

خەنزۇ قوشۇنى ھەم يېڭى بېقىنغان قوشۇندىن بولۇپ يەنە 500 ئادەم بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن قۇمۇلغا كېلىدۇ.

**يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 25 - يىلى (1288 - يىلى)**

قۇمۇلدا ئۇدا بىرنەچچە يىل قۇرغاقچىلىق بولىدۇ. خان شىزۇ خېشى ۋالىيسى ئەيياچىغا قۇمۇلنىڭ بوز يەرگە تېرىپ ئالغان ئېشىندى ئاشلىقىدىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ئاجرىتىپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ.

**يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 26 - يىلى (1289 - يىلى)**

قۇمۇلدا ئۇدا بىرنەچچە يىل قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، خەلق ئاچارچىلىقتا قالىدۇ، خان شىزۇ گەنسۇدىن 1000 دادەن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى يۆتكەپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ.

**يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 31 - يىلى (1294 - يىلى)**

يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى چېڭزۇڭ قۇمۇلنىڭ باشلىقى تېكىن تېلىنغا 50 سەر ئالتۇن، 450 سەر كۈمۈش ھەدىيە قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ.

**يۈەن سۇلالىسى دادېنىڭ 7 - يىلى (1303 - يىلى)**

خان قۇمۇلدىكى ئاچارچىلىقتا قالغان خەلقنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا گەنسۇ ئۆلكىسىگە يارلىق چۈشۈرىدۇ.

## مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 13 - يىلى (1380 - يىلى)**

غەربىي لياڭدا تۇرۇۋاتقان تۇتۇق ۋالىي پۇيىڭ يارلىققا بىنائەن قۇمۇلغا لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. بۇ يەرنى ئىگىلەپ ياتقان يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادى ئورناشىل ئەلچى ئەۋەتىپ تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 14 - يىلى (1381 - يىلى)**

قۇمۇلنىڭ ئەلچىسى ئالاۋۇددىن مىڭ سۇلالىسى خانىغا ئات تارتۇق قىلىدۇ. پادىشاھ ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ شايى ھەدىيە قىلىپ، ئۇيغۇر يۇرتىدا بۇ ئىشنى تەشۋىق قىلدۇرىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 23 - يىلى (1390 - يىلى)**

قۇمۇل ۋاڭى ئورناشىل ئارسلانشاھ، ماھمۇدشاھ دورغابىلارنى خانىغا ئات تارتۇق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 24 - يىلى (1391 - يىلى)**

ئورناشىل قاتناشنى توسۇۋېلىپ، ئوردىغا تارتۇق قىلىنغان ماللارنى تالان - تاراج قىلغانلىقى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ قۇمۇلدىن ئۆتكەن ئەلچىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش

ئۆزۈلۈپ قالىدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيزۇنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن، تۇتۇق ۋالىي لىيۇجېنشېي، گەنسۇ تۇتۇقى ۋالىيسى سۇڭ شېڭلار لەشكەر باشلاپ چىقىپ قۇمۇلنى ئىشغال قىلىدۇ. ئورناشىل ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 25 - يىلى (1392 - يىلى)**

ئورناشىل ئات، قېچىر تارتۇق قىلىپ، خاندىن كەچۈرۈم سورايدۇ. خان ئۇنىڭ ئۆز ۋاڭلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەنە ۋاڭ بولۇشىغا ماقۇل بولىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 26 - يىلى (1393 - يىلى)**

ئورناشىل ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇكىسى ئەنىق تېمۇر ۋاڭ بولىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 1 - يىلى (1403 - يىلى)**

ئەنىق تېمۇرنىڭ «ئات سودىسى» قىلىشىغا ئالاھىدە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىمدا خانغا 4740 ئات تارتۇق قىلىدۇ. بۇنىڭغا مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز باھاسى بويىچە پۇل تۆلەيدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 2 - يىلى (1404 - يىلى)**

خان ئەنىق تېمۇرگە سادىق ۋاڭ دەپ نام بېرىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 3 - يىلى (1405 - يىلى)**

ئەنىق تېمۇر ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ جىيەنى توقتۇغا سادىق ۋاڭ دەپ نام بېرىلىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 4 - يىلى (1406 - يىلى)**

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىنىپ، قوماندان، مىڭبېشى، يۈز بېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار قويۇلىدۇ، جۇئەن سادىق ۋاڭغا دورغاب، لىيۇشىڭ مەسلىھەتچى بولىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 9 - يىلى (1411 - يىلى)**

توقتۇ تۇيۇقسىز ئۆلىدۇ. ئىنىسى تۆلتۆمۈرگە سادىق ئادىل ۋاڭ دەپ نام بېرىلىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 10 - يىلى (1412 - يىلى)**

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىدا بۇددا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان راھىب مەھكىمىسى قۇرۇلىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 12 - يىلى (1414 - يىلى)**

غەيرىي رەسمىي ئامبال چېن چېڭ، نوپۇس پىرقىسى ئامبىلى لى شيەنلەر غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندە ۋە 2 - يىلى قايتقاندا قۇمۇلدىن ئۆتىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 18 - يىلى (1420 - يىلى)**

قۇمۇل شەھىرىدە مەسچىت پەيدا بولىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭشىنىڭ 1 - يىلى (1425 - يىلى)**

تۆرى تېمۇر ئۆلىدۇ. 2 - يىلى توقتۇنىڭ ئوغلى بوداشىرغا سادىق ۋاڭ دەپ نام بېرىلىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى شۈەندېنىڭ 3 - يىلى (1428 - يىلى)**

بوداشىرنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، يارلىققا بىنائەن تۆرى تېمۇرنىڭ ئوغلى توغان تېمۇرگە سادىق، ئادىل ۋاڭ دەپ نام بېرىلىدۇ ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى بىرلىكتە باشقۇرىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى جېڭتۇڭنىڭ 2 - يىلى (1437 - يىلى)**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

توغان تېمۇر ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى توقتۇ تېمۇرگە يارلىقتا بىنائەن ۋاڭ دەپ نام بېرىلدى، ئۇمۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلدى.

مىڭ سۇلالىسى جېڭتۇڭنىڭ 4 - يىلى 12 - ئاي (1440 - يىلى)

سادىق ۋاڭ بوداشىر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى داۋاداشىرغا سادىق ۋاڭ دەپ نام بېرىلدى. داۋاداشىرنىڭ يەنە بىر ئىسمى قالى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتايدۇ ھەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلايدۇ.

مىڭ سۇلالىسى جېڭتۇڭنىڭ 8 - يىلى (1443 - يىلى)

ئويراتلار قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ كاتتىباشلاردىن ئۈچ كىشىنى ھەم شەھەر سىرتىدىكى ئەر-ئاياللاردىن 50 نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. سادىق ۋاڭنىڭ ئانىسىنى ۋە 1000 دىن ئوشۇق كىشىنى تۇتقۇن قىلىپ كېتىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى جىڭتەينىڭ 6 - يىلى (1455 - يىلى)

خەنزۇ ئەمگەكچى خەلقىدىن 3000 دىن ئوشۇق كىشى سېتىۋېلىنىپ ۋە ئالداپ قۇمۇلغا ئەپكېلىنىدۇ. بۇلاردىن 1000 دىن ئوشۇق كىشى يەنە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن سەمەرقەنتكە سېتىۋېتىلىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى تيەنشۇننىڭ 1 - يىلى (1457 - يىلى)

داۋاداشىر ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى بوراق سادىق ۋاڭ بولىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى تيەنشۇننىڭ 4 - يىلى (1460 - يىلى)

بوراق ئۆلدى. ئوغلى بولمىغاچقا ئانىسى نوۋىل داشىر دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. شىمالدىكى ئويراتلار قۇمۇلنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. ۋاڭنىڭ ئانىسى، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى، ئوردا كاتتىباشلىرى كۈيۇ (ھازىرقى ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، يۈمېننىڭ غەربىدە) گە قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىدۇ. قۇمۇل خەلقى كۆپلەپ ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن 200 نەچچە كىشى بېيجىڭغا قېچىپ بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ. مىڭ ئوردىسى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئالتە كۇرەدىن گۈرۈچ، ئىككى توپتىن رەخت بېرىپ، قۇمۇلغا قايتۇرۇۋېتىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى چېڭخۇانىڭ 2 - يىلى (1466 - يىلى)

ئويراتلار چېقىپ كېتىدۇ، ۋاڭنىڭ ئانىسى ئەلنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى چېڭخۇانىڭ 3 -يىلى (1467 - يىلى)

قۇمۇلنىڭ مەرھۇم، سادىق، ئادىل ۋاڭى توغان تېمۇرنىڭ قىز نەۋرىسى، تۇتۇق ۋالىي تۇڭچى باتامور يارلىقتا بىنائەن ئوڭ قول تۇتۇق ۋالىي سۈپىتىدە نايىپ ۋاڭ بولۇپ دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى چېڭخۇانىڭ 8 - يىلى (1472 - يىلى)

باتامۇر ئۆلدى. ئوغلى خەنشىن ئاتىسىنىڭ ئەمەلىنى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. مىڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا تۇتۇق ۋالىي ئەمەلىنىلا بېرىپ، ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. قۇمۇل ۋاڭسىز تۇرىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى چېڭخۇانىڭ 9 - يىلى (1473 - يىلى)

تۇرپان سۇلتانى ئەلى لەشكەر تارتىپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ

ئانىسىنى ۋە تامغىسىنى بۇلاپ كېتىدۇ. سىڭلىسىنىڭ كۈيۈسى يالاننى قۇمۇلنى ساقلاشقا تەيىنلەيدۇ. 2-يىلى قۇمۇل ئاقساقىلى توقتۇ بۇقا قاتارلىقلارغا قوماندان، ئامبال قاتارلىق ئەمەللەر بېرىلىدۇ. ئۇلار ۋاقتىنچە كۈيۈدە تۇرىدۇ، ئۇلارنى تۇتۇق ۋالىي خەنشىن ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى چېڭخۇانىڭ 18-يىلى (1482-يىلى)**

تۇتۇق ۋالىي خەنشىن چىجىن، خەندۇڭ ياساۋۇلخانلىرى بىلەن بىرلىشىپ 10 مىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىپ قۇمۇلنى قايتۇرۇۋالىدۇ. خەنشىن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سول قول تۇتۇقلۇققا ئۆستۈرۈلىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 1-يىلى (1488-يىلى)**

خەنشىن سادىق ۋاڭلىققا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا ئۆتكەن ۋاڭلار ئىچىدە بىردىن-بىر ئۇيغۇر ۋاڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىل ئاخىرىدا تۇرپانلىق ئەھمەت شەرققە ئەسكەر تارتىپ كېلىپ، خەنشىن بىلەن قۇدىلىشىمەن دەپ يالغان ئېيتىپ، خەنشىننى ئۆلتۈرىدۇ، يالاننى يەنە قۇمۇلنى ساقلاشقا تەيىنلەيدۇ. قۇمۇلنىڭ باش قوماندانى ئامۇلان قول ئاستىدىكىلەرنى كۈيۈگە باشلاپ بېرىپ پاناھلىنىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 2-يىلى (1489-يىلى)**

پەرمانغا بىنائەن، خەنشىننىڭ ئىنىسى يانقىبۇللا تۇتۇقلۇققا ۋارىسلىق قىلىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 4-يىلى (1491-يىلى)**

مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە ئەھمەت قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تامغىسىنى، قۇمۇل شەھىرىنى ھەمدە 500 دىن ئارتۇق ئاھالىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 5-يىلى (1492-يىلى)**

ئەسكىرىي ۋازارەت بېگى ماۋېنشېڭنىڭ قۇمۇلدا خۇيخۇيلار، قاراخۇيلار، ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل مىللەت ياشايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خانغا يازغان مەكتۇپىدا «دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، يۈەن دەۋرىدىكى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادىنى ۋاڭلىققا قويۇش لازىم» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. خان يارلىق چۈشۈرۈپ، چۈشەن خاننىڭ جەبەتىدىن بولغان، مەرھۇم سادىق ۋاڭ توقتۇنىڭ جىيەن نەۋرىسى شانبانى سادىق ۋاڭ قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 6-يىلى (1493-يىلى)**

تۇرپانلىق ئەھمەت قۇمۇلنى يەنە ئىشغال قىلىپ، ئامۇلاننى ئۆلتۈرۈپ، سادىق ۋاڭ شانبانى تۇرپانغا ئېلىپ كېتىدۇ. يالاننى يەنە قۇمۇلنى ساقلاشقا تەيىنلەيدۇ.

**مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 8-يىلى (1495-يىلى)**

باسقاۋۇل دەرىجىلىك نازارەتچى لويىنلۇ، باش ئەمىرلەشكەر دەرىجىلىك ئوڭ قول تۇتۇق ۋالىي ليۇنىڭ، باش مۇپەتتىش دەرىجىلىك سول قول ئامبال مۇپەتتىش شۈي جىن قاتارلىقلار مىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ قۇمۇلنى ئىشغال قىلىدۇ. ئەھمەت قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ يەنە تارتىۋالىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 11 - يىلى (1498 - يىلى)
ئەھمەت شانبا ۋە قۇمۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.
مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 17 - يىلى (1504 - يىلى)
قەبىلە باشلىقى ئابدۇللانىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئەھمەتنىڭ ئوغلى چىنتۆمۈر (خەنشىننىڭ قىزىنىڭ ئوغلى) قۇمۇلنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. شانبا كۇيۇگە كېتىدۇ.
مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 18 - يىلى (1505 - يىلى)
شانبا ئۆلىدۇ. ئوغلى بايياجى ۋاڭ بولىدۇ ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتايدۇ.
مىڭ سۇلالىسى جېڭدېنىڭ 8 - يىلى (1513 - يىلى)
بايياچى ئۆزىنى تۇرپان ۋاڭى مەنسۇرنىڭ قوينىغا ئاتىدۇ. مەنسۇر خوجا تاجىدىننى قۇمۇلدا تۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ.
مىڭ سۇلالىسى جېڭدېنىڭ 9 - يىلى (1514 - يىلى)
ئويراتلار جەنۇب تەرەپتىن قۇمۇلغا بېسىپ كىرىدۇ. مەنسۇرخان ئويراتلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەنسۇرخان، چىنتۆمۈرلەرنى مۇكاپاتلايدۇ.
مىڭ سۇلالىسى جېڭدېنىڭ 10 - يىلى (1515 - يىلى)
مىڭ سۇلالىسىنىڭ باش تەپتىشى پېڭ زى تاۋار، پاختا، شايى قاتارلىق بۇيۇملارنى قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. خوجا تاجىدىن قۇمۇلنىڭ تامغىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. سادىق ۋاڭ باييا‌جى يەنىلا مەنسۇرنىڭ ئاقسۇدىكى ئىنىسى بابادەينىڭ قېشىدا يېتىۋالىدۇ.
مىڭ سۇلالىسى جېڭدېنىڭ 11 - يىلى (1516 - يىلى)
تۇرپانلىقلار قۇمۇلنى يەنە ئىشغال قىلىۋالىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا سۇجوغا (جيۇچۈەنگە) ھۇجۇم قىلىدۇ.
مىڭ سۇلالىسى جېڭدېنىڭ 15 - يىلى (1520 - يىلى)
مەنسۇر باييا‌جىنى ئەۋەتىپ، مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باسقاق بېگى چېڭ جۇ قاتارلىقلارنى ھەمدە قۇمۇل ۋاڭى باييا‌جىنىڭ چوڭ - كىچىك خوتۇنلىرى ۋە چاكارلىرىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ.
مىڭ سۇلالىسى جياجىڭنىڭ 4 - يىلى (1525 - يىلى)
تۇرپانلىق يالان قۇمۇلنى يەنە ئىشغال قىلىۋالىدۇ.
مىڭ سۇلالىسى جياجىڭنىڭ 24 - يىلى (1545 - يىلى)
تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى مەنسۇر ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى شاھ ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولىدۇ. ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەت ئاكىسىنىڭ سۇلتان بولغانلىقىغا قايىل بولماي ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلىپ، قۇمۇلنى بۆلۈۋالىدۇ.
مىڭ سۇلالىسى جياجىڭنىڭ 36 - يىلى (1557 - يىلى)
قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ تۇتۇق ۋالىيسى مىرمۇھەممەت مىڭ سۇلالىسىغا بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مىڭ ئوردىسى ئۇنىڭ گەنسۇدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ.
مىڭ سۇلالىسى جياجىڭنىڭ 38 - يىلى (1559 - يىلى)

تۇرپانلىق سۇلتان شاھنىڭ ئوغلى تۆرە قۇمۇلنى يەنە ئىشغال قىلىۋالدۇ.

مىڭ سۇلالىسى لوڭچىڭنىڭ 4 - يىلى (1570 - يىلى)

مەنسۇرنىڭ 2 ـ ئوغلى مۇھەممەت تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، ئاكىسىنىڭ سۇلتانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدۇ.

مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 10 - يىلى (1582 - يىلى)

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ تۇتۇقى ۋالىيسى مىرمۇھەممەت قاتارلىقلار مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدۇ، خان ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈردۇ.

مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 35 - يىلى (1607 - يىلى)

پورتۇگالىيىلىك بېنوئىت دېگويىس خرىستىئان دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە جۇڭگوغا كەلگەندە، قۇمۇلدىن ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا قۇمۇل يەكەن خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە بولۇپ، قۇمۇلنىڭ سەردارى بابايخان ئىدى.

## چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە

چىڭ سۇلالىسى شۇنجىنىڭ 1 - يىلى (1644 - يىلى)

قۇمۇلنىڭ ئەلچىسى ئۇيغۇر تۇتۇق ۋالىي تۆمۈر بولاسۇجۇغا(جيۇچۈەنگە)بېرىپ چىڭ خاندانلىقىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، خانلىقىقا قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ.

چىڭ سۇلالىسى شۇنجىنىڭ 6 - يىلى (1649 - يىلى)

گەنسۇلۇق خۇيزۇ دىڭ گودۇڭ تۇرپان، قۇمۇل ھەم خېشى خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، بابايخاننىڭ ئوغلى تۇلۇنتايىنى ۋاڭ قىلىپ تىكلەپ، سۇجۇنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا چىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن باستۇرۇلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى شۇنجىنىڭ 8 - يىلى (1561 - يىلى)

قۇمۇلنىڭ ئەلچىسى كېبباي جيايۇگۈەنگە بېرىپ، تارتۇق ئۆتكۈزۈشنى ئۆتۈنىدۇ. گەنسۇنىڭ ياساۋۇل بېگى جاڭ يۇڭ تۇتقۇن قىلىنغان ئاھالىلارنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى تارتۇق ئۆتكۈزۈشنىڭ شەرتى قىلدۇ.

چىڭ سۇلالىسى شۇنجىنىڭ 12 - يىلى (1655 - يىلى)

قۇمۇلنىڭ ئەلچىسى كېبباي يەنە بىر قېتىم جيايۇگۈەنگە بېرىپ، يەكەن خانىنىڭ نامىدا چىڭ ئوردىسىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. بابايخاننىڭ قامالغانلىقىنى، تۇرپان ۋاڭىنىڭ ئوغلىنى قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ھەمدە تۇتقۇن قىلىنغان ئىچكىرىلىك بىر بۆلەك ئاھالىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 18 - يىلى (1679 - يىلى)

جۇڭغار خانى غالدان 30 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ، تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى بېسىۋالدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ قۇمۇلدىكى ۋەكالەتچىسىنى ئىلىغا ئاپىرىۋېتىپ، ئۇيغۇرلاردىن ئەبەيدۇللانى دارخان بەگلىككە تەيىنلەيدۇ. قۇمۇل خەلقى جۇڭغارلارنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىماي، كەينى ـ كەينىدىن ئەنشى، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارغا

كۆچۈپ كېتىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 31 - يىلى (1692 - يىلى)

ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى مادى بۈيرۇققا بىنائەن، جۇڭغارلارغا ئەلچىلىككە مېڭىپ، قۇمۇلدىن ئۆتكەندە جۇڭغار قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ. ئەبەيدۇللا ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى يىغىپ، ئادەم قوشۇپ جيايۈگۈەنگە ئاپىرىپ قويىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 35 - يىلى (1696 - يىلى)

ئەبەيدۇللا جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى)

ئەبەيدۇللا چوڭ ئوغلى گۇپا بەگنى بارىكۆلگە ئەۋەتىپ، غالداننىڭ ئوغلىنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى تۇتۇپ بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىدۇ.

10 - ئايدا، چىڭ ھۆكۈمىتى موڭغۇللارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى بويىچە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنى قىزىل تۇغلۇق ئۇيغۇر خوشۇنى قىلىپ ئايرىيدۇ. ئەبەيدۇللانى 1 - دەرىجىلىك جاساق قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭ «دارخان» نامىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە جاساق مۆھۈرىنى بېرىدۇ. جىيەكلىك قىزىل تۇغ تەقدىم قىلىدۇ. گۇپا بەگنى 2 - دەرىجىلىك بەگلىككە تەيىنلەپ، خوشۇننىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرىدۇ. ئۇ قول ئاستىدىكى 100 دەك ئادەمگە بېتەكچىلىك قىلىپ سۇجۇدا (جيۇچۈەندە) تۇرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 37 - يىلى (1698 - يىلى)

چىڭ ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى بورسەيىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ خوشۇن قوشۇنى تەشكىللەيدۇ.

قۇمۇل قوغۇنى تارتۇق قىلىنىشقا باشلايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 45 - يىلى (1706 - يىلى)

ئەبەيدۇللا بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلىدۇ ھەمدە خەزىنە ھۈنەرۋەنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، جاساق ئوردىسىنى سالدۇرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 48 - يىلى (1709 - يىلى)

ئەبەيدۇللا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. چوڭ ئوغلى گۇپا ئۇنىڭ ئورنىغا جاساق بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 50 - يىلى (1711 - يىلى)

گۇپا ئالەمدىن ئۆتىدۇ، ئوغلى ئىمىن ئۇنىڭ ئورنىغا جاساق بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 54 - يىلى (1715 - يىلى)

جۇڭغار سەردارى سېۋەن ئاراپتان 2000 لەشكەر بىلەن قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، خەلقنى ۋە چارۋا - ماللىرىنى تالان - تاراج قىلىدۇ. شەھەرنى بەش قېتىم قورشاۋغا ئېلىشقا ئالىدۇ. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق پاششاپ يەن جىشەن 200 لەشكەرنى باشلاپ چىقىپ، ئىمىننىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر لەشكەرلەر بىلەن بىرلىكتە جۇڭغار قوشۇنىنى چېكىندۈرىدۇ. گەنسۇ باش بوغى لۇجېنشېڭ 3000 لەشكەرنى باشلاپ ياردەمگە كېلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 55 - يىلى (1716 - يىلى)

www.uyghurkitap.com

چىڭ سۇلالىسى قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 56 -يىلى (1717 - يىلى)**

قۇمۇل شەھىرى (هازىرقى شەھەر ئىچى) قايتىدىن ياسىلىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 1 - يىلى (1723 - يىلى)**

قۇمۇلنىڭ 1 - دەرىجىلىك جاساق بېگى — دارخانبەگ 400 ئۇيغۇرنى باشلاپ تالناچىن (هازىرقى تاشۆيلىق) قا بېرىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 3 - يىلى (1725 - يىلى)**

چىڭ قوشۇنلىرى ئىچكىرىگە چېكىنىدۇ، قۇمۇلدا 1000 لەشكەر قالدۇرىدۇ، جىيايۈگۇەننىڭ غەربىدىكى ھەربىي بىكەتلەرنى ساقلاپ قالىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 4 - يىلى (1726 - يىلى)**

توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش سانغۇنى قۇمۇلدا چوڭ - كىچىك سەككىز چازا قۇرىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 5 - يىلى (1727 - يىلى)**

قۇمۇل يېڭى شەھىرى (هازىرقى كونىشەھەر) ياسىلىدۇ. ئىمىن ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەپ تېرىقچىلىق قىلىپ ھەربىي تەمىنات ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن باسقاقبەگلىككە ئۆستۈرۈلىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 7 - يىلى (1730 - يىلى)**

12 - ئايدا، قۇمۇلنىڭ باسقاق بېگى ئىمىن خوشۇن بېزىلىكىگە ئۆستۈرۈلىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى (1732 - يىلى)**

جۇڭغار سەردارى غالدان سېرىن بىرنەچچە تەرەپتىن قۇمۇل بىلەن تالناچىنغا (هازىرقى تاشۆيلىققا) ھۇجۇم قىلىدۇ. باش بوغ ساۋراڭ، ئورۇنباسار سانغۇن جى چېڭبىنلار ئاستانىنىڭ غەربىدە جۇڭغار قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، يېڭىلىپ قېچىپ كېتىدۇ. كېيىن بۇ ئىككىيلەن چىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن جازالىنىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 12 - يىلى (1734 - يىلى)**

چىڭ قوشۇنلىرى سايىبېشى كۆلى ئەتراپىدا تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 13 - يىلى (1735 - يىلى)**

قۇمۇلدا ياساۋۇل بەگ تەسىس قىلىنىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 1 - يىلى (1736 - يىلى)**

چىڭ سۇلالىسى بارىكۆلدىكى لەشكەرلەرنى چېكىندۈرىدۇ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق لەشكەرلىرىنى 5000 غا كۆپەيتىپ، گۇيۋەننىڭ ياساۋۇل بېگى فەن تىڭنى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق باش ياساۋۇل بېگى قىلىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 4 - يىلى (1739 - يىلى)**

ئىمىن كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. 2 - يىلى ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپ باسقاقبەگ بولىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 7 - يىلى (1742 - يىلى)**

سىچۈەن ـ شەنشى باش ھەربىي ۋالىيسى يىن جىشەن سايىپىشى كۆلى ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۇيغۇرلارغا ئىجارىگە بېرىشنى خانغا تەستىقلىتىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 16 - يىلى (1751 - يىلى)

قۇمۇلنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ تۈزۈلمىسى بېكىتىلىپ، ئەنشى، گەنجۇ، لياڭجۇ، سۇجۇ قورغانلىرىدىن قۇمۇلدا تۇرۇشقا 20 نەچچە سانغۇن، 2000 لەشكەر ئەۋەتىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى)

شەنشى ـ گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ ياردەمچىسى ليۇتۇڭشۈن بارىكۆلدىن قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ تالناچىمىدا 3000 مودىن ئوشۇق بوز يەر ئاچىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى)

قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى تېرىقچىلىق قىلىشقا تالناچىمىغا كۆچۈرۈلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى)

جىڭنى، گۇاجۇ، شۇاڭدۇن گازارمىلىرى قۇمۇلدا تۇرۇشقا يۆتكىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى)

چىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا، يۈسۈپ بەگ 100 ئۇيغۇر لەشكەرنى باشلاپ بىللە بارىدۇ.

قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار دەسلەپ «گازارما مەكتەپ» قۇرىدۇ، كەيىندىنلا «يېزا مەكتىپى» قۇرىدۇ. بۇلار قۇمۇلدا ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان مەكتەپلەردۇر.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى)

ئەنشى ۋىلايىتى بىلەن جىڭنىڭ ئۇرۇنباسار سانغۇنى، باش دىۋان، يانداش ئايماقبېگى، قۇمۇلغا يۆتكىلىپ كېلىدۇ. قۇمۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدۇ. سىلاۋچى ياندىش ئايماقبېگى ۋە چارلىغۇچى مۇپەتتىش قويۇلۇپ، گەنسۇ پەرمانبەردارىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. قۇمۇلغا خان ئامبال، ياردەمچى ئامبال قويۇلىدۇ. يۈسۈپبەگكە ئايماق ۋاڭى مەرتىۋىسى بېرىلىدۇ. قۇمۇل ئامبىلى ۋېن شۇ، پاششاپ چېن شاڭشۈن، دىۋان بېگى سالڭىئا، ئايماق بەگ جاڭ چۈنلەر خانلىقنىڭ يارلىقى بويىچە مۇكاپاتلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى)

شەنشى ـ گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسى ياڭ يىڭجۈنىڭ سودىگەرلەرنى قۇمۇل تاشكىسەر (تارانچى) كۆمۈر كېنىنى ئېچىشقا چاقىرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى تەستىقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تارانچىدا كۆمۈر قېزىش باشلىنىدۇ.

قۇمۇلدا زېمىننى سىناق قىلىپ تېرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، شۇ جاينىڭ ماي تارتىپ ئىشلىتىشكە يېتىدىغان بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى)

قۇمۇلدىن 500 ئائىلىلىك دېھقان ئىلىغا دېھقانچىلىق قىلىشقا كۆچۈرۈلىدۇ.

يۈسۈپبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم بېيجىڭغا خاننى تاۋاپ قىلىشقا بارـ

دۇ ۋە قايتىش سەپىرىدە يۈسۈپبەگ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىڭشى ناھىيىسىدە كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى جەسەتنى ئېلىپ گەنسۇنىڭ پىڭلياڭ دېگەن يېرىگە كەلگەندە كېسەل بولۇپ ئۇمۇ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. 2 - ئوغلى ئىساقبەگ ئىنانچىخان مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 45 - يىلى (1780 - يىلى)

ئىساقبەگ ئالەمدىن ئۆتىدۇ، چوڭ ئوغلى ئەردىشىر ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 46 - يىلى (1781 - يىلى)

خان قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋاڭلىقتا «ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىشى» نى تەستىقلايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 51 - يىلى (1786 - يىلى)

قۇمۇل ئامبال مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى ئامبىلىنىڭ خەزىنە قۇرۇپ، 10 مىڭ سەر كۈمۈش ساقلىشى تەستىقلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى جياچىڭنىڭ 18 - يىلى (1813 - يىلى)

ئەردىشىر ئالەمدىن ئۆتىدۇ، چوڭ ئوغلى بېشىرغا ئىنانچىخان دەرىجىلىك دولىبەلى مەرتىۋىسى بېرىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 7 - يىلى (1827 - يىلى)

بېشىر چىن قوشۇنلىرىنىڭ جاھانگىر غوجىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 1000 كالا ھارۋىسى تەييارلاپ، ئاقسۇغىچە ھەربىي ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 12 - يىلى (1832 - يىلى)

بېشىر دولۇئىنانچىخانلىقتا ئۆستۈرۈلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى (1845 - يىلى)

لىن زېشۈ قاتارلىقلار يارلىقتا بىنائەن قۇمۇل تالناچىنىدىكى دېھقانچىلىق رايونىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. بىرمۇنچە لەشكەر ۋە خەلق ئۇنى ئوراۋېلىپ، ئىلتىماس سۇنۇپ، يەرلەرنى ئېنىقلاپ ۋە ئۆلچەپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. لىن زېشۈنىڭ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى بىلەن ئىنانچىخان بېشىر ئۆز ئالدىغا ئۆزلەشتۈرۈۋالغان يەرلەرنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا بېرىدۇ.

لىن زېشۈ خاننىڭ ئەمرى بويىچە كەڭچىلىككە ئېرىشىپ، بېيجىڭغا قايتىپ كېتىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى (1846 - يىلى)

قۇمۇلنىڭ خان ئامبىلى جۇڭ فاڭ 51 جىلدلىق «قۇمۇل تەزكىرىسى» نى تۈزۈپ چىقىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى (1864 - يىلى)

قۇمۇلدىكى خۇيزۇلاردىن ماجاۋچاڭ، ماخۇەن، ماتيەنسەيلەر خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە دەھشەتلىك باستۇرۇلىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 4 - يىلى (1865 - يىلى)**

خۇيزۇ خىلاۋۋا، ئۇيغۇر سۇپۇرگە قاتارلىق كىشىلەر ئۈرۈمچى، تۇرپانلاردىكى بىرقانچە مىڭ دېھقانلار قوشۇنىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەنزۇ شەھىرى بىلەن شەھەر ئىچىنى ئىگىلەپ، خان ئامبال، ئورۇنباسار سانغۇن، يانداش ئايماقبېگى قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرىدۇ. چىڭ ئوردىسى بېشىرنى قۇمۇلنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەيدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 5 - يىلى (1866 - يىلى)**

6 - ئايدا پاششاپ لىن شياڭ 2000 كىشىلىك چىڭ قوشۇنىنى باشلاپ بارىكۆلدىن ياردەمگە كېلىپ قۇمۇلنى تارتىۋالىدۇ. 11 - ئايدا دېھقانلار قوشۇنى ماشىڭ، سۇپۇرگىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ قوشۇنى ھەم بېشىرنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىلەن توغۇچىدا قاتتىق سوقۇشۇپ، بېشىرنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، قۇمۇلنى يەنە ئىگىلىۋالىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 6 - يىلى (1867 - يىلى)**

يىل بېشىدا بېشىر دېھقانلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، چىڭ ئوردىسى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا خېشۇ چىنۋاڭ دەپ نام بېرىدۇ.

پاششاپ رۇي لىن، مىڭ بېشى جاۋۋەنخەي ۋە مورى مىنتۇەنىنىڭ باشلىقى جاڭ خېلار قۇمۇلنى تارتىۋالىدۇ. مورى مىنتۇەنىنىڭ باشلىقى كۇڭ سەي قوشۇنغا باش بولۇپ توغۇچىدا تۇرىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 7 - يىلى (1868 - يىلى)**

دېھقانلار قوشۇنى قۇمۇلغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، جاڭ خې مىنتۇەنىنى مەغلۇپ قىلىپ، جاڭ خېنى ئۆلتۈرىدۇ.

7 - ئايدا، قۇمۇلنىڭ خان ئامبىلى ۋېن لىن قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ يېڭى شەھەرنى سالىدۇ. (شۇنىڭدىن كېيىن يېڭى شەھەرنىڭ نامى كېيىن كونا شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بولىدۇ).

**چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 8 - يىلى (1869 - يىلى)**

كۈزدە قۇمۇلنىڭ ياردەمچى نازارەتچى ئامبىلى جىڭ لىيەن قوشۇن باشلاپ كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرىدۇ. چىڭ قوشۇنى مىنتۇەن بىلەن بىرلىشىپ دېھقانلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 12 - يىلى (1873 - يىلى)**

شەنشى خۇيزۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ سەردارى بەي يەنخۇ 5 - 6 مىڭ كىشىنى باشلاپ قۇمۇلغا كېلىدۇ.

7 - ئايدا چىڭ قوشۇنى بىلەن سايىپېشى كۆلى ئەتراپىدا سوقۇشۇپ، چىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىنى ئېلىپ، يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. 9 - ئايدا چىڭ قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ، شەھەر ئىچىگە كىرىدۇ، بەي يەنخۇ چىنۋاڭ مۇھەممەت بىلەن ئايالىنى، ئانىسى مېھرىبانۇ ۋە 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى

بوغاز ئارقىلىق غەربكە مېڭىشقا مەجبۇر قىلدۇ. چىڭ قوشۇنى لىياۋدۇڭغىچە قوغلاپ بېرىپ، چىنۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى قۇتقۇزۇۋالدۇ. بەي يەنخۇ كېيىن ياقۇپبەگكە تەسلىم بولۇپ بېقىندۇ.

**چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 13 - يىلى (1874 - يىلى)**

جاڭياۋ سۇڭ ۋۇ قوشۇنىنىڭ 14 - يىگىنى باشلاپ، قۇمۇلغا كېلىپ سۇ ئىنشائاتى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىدۇ، 19 مىڭ مودىن ئوشۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 3 - يىلى (1877 - يىلى)**

مۇھەممەت چىنۋاڭ تەكلىپكە بىنائەن قوشۇن باشلاپ جاڭ ياۋ قوشۇنى بىلەن غەرب تەرەپتىن تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 4 - يىلى (1878 - يىلى)**

چىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالدۇ. چىنۋاڭنىڭ ئانىسى مېھرىبانۇ ئاقسۇ كونىشەھەردىن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 6 - يىلى (1880 - يىلى)**

زوزۇڭتاڭ چوڭ گازارمىنى سۇجۇدىن قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدۇ. شۇ يىلى كۈزدە زوزۇڭتاڭ بېيجىڭغا چاقىرتىلدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ليۇجىنتاڭ تەيىنلىنىدۇ. زوزۇڭتاڭ قۇمۇلنىڭ مىللىي ئىشلىرىنى تۇرپاننىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ، قۇمۇل ياندىش ئايماقبېگىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىنى تەستىقلايدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 7 - يىلى (1881 - يىلى)**

«جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دا قۇمۇل جۇڭگو - روسىيە سودا بېكىتى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 10 - يىلى (1884 - يىلى)**

شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلدۇ. قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمە بولىدۇ.

كونىشەھەر قايتىدىن ياسىلىدۇ.

قۇمۇل ۋاڭى ھەقسىز مەكتەپ «ئېھۇرغول بىلىم يۇرتى» نى قۇرىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 11 - يىلى (1885 - يىلى)**

قۇمۇل باج ئىدارىسى قۇرۇلىدۇ. ليۇجىنتاڭ قۇمۇل، گۇچۇڭ شەھەرلىرىدە توققۇز ماددىلىق باج مىزانىنى تۈزۈپ بېرىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 21 - يىلى (1895 - يىلى)**

قۇمۇلدا تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدۇ.

مىلادى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى تاغ رايونلىرىدا قازاق چارۋىچىلار ئولتۇراقلىششقا باشلايدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 29 - يىلى (1903 - يىلى)**

شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى فەن شياۋسۇ ئۈرۈمچى - قۇمۇل - سۇجۇ ئارىلىقىدا پوچتا ماڭغۇزىدۇ، بۇ ئۈچ يىلدىن كېيىن توختاپ قالىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 31 - يىلى (1905 - يىلى)**

گېرمانىيىلىك لېكىك سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلغا كېلىپ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تۇرپانلىق ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، كارىز كولاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى)

قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، قۇمۇل ۋاڭى ھەم باركۆل باش بۇغى يى شېڭفۇ تەرىپىدىن دەھشەتلىك باستۇرۇلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى)

قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇرۇنتۇڭ ئالتە يەردە يېڭىچە مەكتەپ ئاچىدۇ.

قۇمۇلدا بانكا شۆبىسى قۇرۇلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى شۇەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى)

قۇمۇل، يەتتە قۇدۇقلاردا پوچتا شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلىدۇ.

ليۇ رۇنتۇڭ «قۇمۇل ئايمىقىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» نى تۈزۈپ چىقىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى شۇەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى)

قۇمۇلدا يەنە تۆت ئورۇندا يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلىدۇ.

## جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)

تۆمۈر خەلپە باشچىلىق قىلغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. دېھقانلار قوشۇنى ئۆلكە قوشۇنىنى كەينى - كەينىدىن مەغلۇب قىلىدۇ. لېكىن ئالدىنىپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قوبۇل قىلىدۇ. تۆمۈر خەلپە بۇيرۇقى بىنائەن قوشۇننى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ.

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى)

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۆمۈر خەلپە شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

قۇمۇل ئايمىقى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلىدۇ.

مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى)

خېشۇ چىنۋاڭ شا مەخسۇت مىنگو زۇڭتۇڭىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارىدۇ. يۈەن شىكەي ئۇنىڭغا «1 - دەرىجىلىك مۇبارەك مېدالى» ۋە قوش تەمىنات بېرىدۇ.

مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى)

ناھىيىنىڭ شياڭ يۈگۇاڭ، ۋاڭ دۇ قاتارلىق ئامباللىرى ۋە قۇمۇل تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خادىمى خې دېيدىڭ، مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئەزاسى خې دۇسەي قاتارلىقلار قوشتىكەن، نوم، لۇكچۇڭمياۋ قاتارلىق جايلاردا ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېھقانلارنى يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ.
يەتتە قۇدۇقتا ئامبال يارىدەمچىسى يامۇلى تەسىس قىلىنىدۇ.

مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى)

گۇچۇڭدىن دۇنخۇاڭغا ئېلىپ مېڭىلغان قالدۇق چار روسىيە ئەسكەرلىرى تۇركۇم-تۇركۇملەپ قۇمۇلغا كېلىدۇ. بىرىنچى تۇركۇم ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ 315 ئېتىنى قۇمۇل ۋاڭى باقتۇرۇپ بېرىدۇ.

مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى)

غەربىي شىمال ئاۋىئاتسىيە كومىتېتى شىئەن - ئىلى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى ئاچىدۇ، قۇمۇل ھايالدىما بولىدۇ.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى)

ئامبال ھاكىمغا ئۆزگەرتىلىدۇ.

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930-يىلى)

6 - ئايدا خېشىۋ چىنۋاڭ شا مەخسۇت كېسەل بىلەن ئۆلىدۇ. 11 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ، قۇمۇل ناھىيىسىنى ئۈچكە بۆلۈپ، قۇمۇل، چىمكۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىنى قۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن دېھقانلار قوزغىلىڭى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

يەتتە قۇدۇق ئامبال يارىدەمچىسى يامۇلى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىدۇ.

ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېن شا مەخسۇتنىڭ چوڭ ئوغلى نەزەرنىڭ ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى دېگەن قۇرۇق مەنسەپنى بېرىدۇ.

مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى)

4 - ئايدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى شوپۇل، تۇخۇلۇ، نومىلاردا بىرلا ۋاقىتتا پارتلايدۇ.

6 - ئايدا، دېھقانلار قوشۇنى ئۆلكە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، جيۇچۇەندىن ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى تەكلىپ قىلىپ چىقىپ كونا، يېڭىشەھەرلەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. جىن شۇرېن لۇ شياۋزۇنى شەرقىي يول «باندىت تازىلاش» قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، شېڭ شىسەيىنى باش سەنمۇجاڭلىقىغا، قوشۇمچە ھەربىي مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەيدۇ، ئۇلار دۇگوجى لۈيىنى باشلاپ يارىدەمگە كەلگەندە، لياۋدۇندا ماجۇڭيىڭ قوشۇنى ۋە دېھقانلار قوشۇنى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىدۇ.

10 - ئايدا جىن شۇرېن جاڭ پېييۈەننى شەرقىي يول «باندىت تازىلاش» قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، شېڭ شىسەيىنى سەنمۇجاڭلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇلار 6500 ئەسكەرنى باشلاپ قۇمۇلغا يەنە بىر قېتىم يارىدەمگە كېلىدۇ. ماجۇڭيىڭ قوشۇنى تاقابىل تۇرالماي شەرققە چېكىنىپ كېتىدۇ. شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ئۆلكە ئارمىيىسى ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت قويىدۇ. جاڭ پېييۈەننىڭ بىر شى قوشۇنى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ.

مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى)

جاڭ پېييۈەن ئىلىغا قايتىدۇ. لى خەيرۇ شىنجاڭلىقلا، قوشۇمچە شەرقىي يول گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ قۇمۇلدا تۇرىدۇ.

مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى)

ئەتىيازدا جىن شۇرېن لى خەيرۇ شىنى گۈچۈڭغا يۆتكەپ كېتىدۇ. خەيرۇ سۇدىگەرلەرنىڭ تولىسى قوشۇن بىلەن بىللە كېتىدۇ.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. جىن شۇرېن قېچىپ كېتىدۇ. ليۇ ۋېنلۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق دۇبەن بولىدۇ.

5 - ئايدا ماجۇڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا قوشۇن باشلاپ كېلىپ قۇمۇلنى ئىشغال قىلىدۇ. جاڭ فېڭمىڭنى شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىقىغا، خې دىڭنى ھاكىملىققا تەيىنلەيدۇ. ئۆزى ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ مورى، گۈچۈڭلارغا يۈرۈش قىلىدۇ. يولۋاس قوشۇننى باشلاپ تۇرپانغا كېتىدۇ، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى خوجا نىياز ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ قۇمۇلدىن كېتىدۇ.

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى)

3 - ئايدا، يولۋاس قوشۇننى باشلاپ تۇرپاندىن قۇمۇلغا قايتىپ، شېڭ شىسەينى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېگراما ئەۋەتىدۇ ھەمدە ئۆزىنى ھاكىم دەپ ئېلان قىلىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ قۇمۇلدىكى ھاكىمىيىتى ئۈزلۈكىدىن يىمىرىلىدۇ.

7 - ئايدا خوجا نىياز شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ.

9 - ئايدا، قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرى قۇمۇل مەمۇرىي رايونى قىلىپ ئايرىلىدۇ. شېڭ شىسەي ليۇ يىڭلىننى مەمۇرىي رايوننىڭ باشلىقلىقىغا، شۈيۈشىڭنى قۇمۇل گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا، قوشۇمچە 1 - تۇەننىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ. يولۋاس بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرغانلىقتىن، شېڭ شىسەي قايتىدىن يولۋاسنى گارنىزوننىڭ قوماندانلىقىغا، ئادىلنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەيدۇ. ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلىدۇ.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى)

ئۈرۈمچى - قۇمۇل تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ. 1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلىنىدۇ.

ئاراتۈرۈكتە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئاراتۈرۈك قۇمۇل ناھىيىسىدىن رەسمىي بۆلۈنۈپ چىقىدۇ.

مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى)

ئۆلكىلىك قۇمۇل 9 - دوختۇرخانىسى قۇرۇلىدۇ.

شىڭشىڭشيا چېگرا باشقارمىسى تەسىس قىلىنىدۇ.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

قۇمۇلدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن ئايروپىلانلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىلگەن ماددىي ئەشيالارنى توشۇغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شوپۇرلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە بېكىتى ۋە قۇمۇل ترانسپورت بېكىتى قۇرۇلدۇ.

4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈلىش قىسمىنىڭ قېپقالغان 400 دىن ئوشۇق ئادىمى لى شيەننىيەن، شېڭ شىسەي قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا كەينى - كەينىدىن شىڭشىڭشىياغا يېتىپ كېلىدۇ. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چېن يۈن قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋالىدۇ. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاپتوموبىل بىلەن قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

يولۋاس نەنجىڭغا قېچىپ كېتىدۇ.

«يۈگۈك ئىلمىي جەمئىيىتى» جۇڭ فاڭ تۈزگەن «قۇمۇل تەزكىرىسى» نى بېسىپ تارقىتىدۇ.

**مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى)**

سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ «قىزىل 8 - تۈەن»ى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ.

قۇمۇل - شىڭشىڭشىيا، قۇمۇل - بارىكۆل تاشيوللىرى قايتىدىن ياسىلىدۇ.

قۇمۇل ترانسپورت بېكىتى مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، بارلىق ئارقا سەپ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش بېجىرىدىغان بولىدۇ.

«قىزىل 8 - تۈەن» شەھەر ئىچىدە سوۋېت كىنولىرىنى (رۇس تىلىدا) قەرەللىك قويۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدا كىنو قويۇش باشلىنىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرمۇنچە كىشى قۇمۇلغا خىزمەتكە كېلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن ئايروپىلانلار قۇمۇل ئايرودرومىدا قۇراشتۇرۇلىدۇ.

**مىنگونىڭ 28 - يىلى(1939 - يىلى)**

شىڭشىڭشىيا چېگرا باشقارمىسى مۇستەقىل چېگرا دادۇيىگە ئۆزگەرتىلىدۇ.

**مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى)**

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجا نىياز شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇلدىن 37 كىشى قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

كوممۇنىستلار «ئىجتىمائىي تەربىيە تىياتىر ئۆمىكى» تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان درامىلارنى ئوينايدۇ.

ئېلېكتر شىركىتى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل تارىخىدا 1 - قېتىم ئېلېكتر چىرىغى يېقىلدۇ.
كومپارتىيە ئەزاسى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي رايون مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چې تيەنمىن قۇمۇلدا ۋاپات بولدۇ، ھەرساھە ۋەكىللىرى يىغىن ئېچىپ تەزىيە بىلدۈردۇ.
يېزىلاردا شياڭيۇ تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، رايون، كەنت تۈزۈمى يولغا قويۇلدۇ.

**مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)**

قۇمۇلدا ئىشلەۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى كەينى - كەينىدىن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.

**مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى)**

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 18 - ئارىلاش لۈيى قۇمۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ قوشۇنى شىنجاڭغا تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلايدۇ.
گومىنداڭنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلىدۇ.
باۋ - جيا تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدۇ.

**مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى)**

8 - ئايدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى «بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلىش» ھەرىكىتىدە بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلىپ، ئۇنىڭغا «قۇمۇل» دەپ نام بېرىدۇ.
سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ «قىزىل 8 - تۇەن» ى مەملىكىتىگە قايتىدۇ.

**مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى)**

ئۆلكىلىك قۇمۇل ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلىدۇ.

**مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى)**

قۇمۇل ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلىدۇ.
تيانشاندىكى تۆمۈرتىنىڭ باۋجاڭى سېيىت قۇربان ۋە مۇئاۋىن باۋجاڭى ئۇنانباي قاتارلىق كىشىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ قورالىنى كۆچىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئۇلار قورالنى كۆرەشنى توختىتىدۇ. يولۋاس قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ.

**مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى)**

ئاتالمىش خەلق سايلىمىدا يولۋاس قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى بولىدۇ.
ئاخىرقى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ نەۋرىسى بېشىر قۇمۇل ناھىيىسىگە ھاكىم بولىدۇ.
ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلىدۇ. قۇمۇل ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇنىڭغا قوشۇۋېتىلىدۇ.

**مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى)**

يولۋاس شەرقىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نامىدا «شەرقىي شىنجاڭ

بايراق تەقدىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۆمىكى» دېگەن نېمىنى تەشكىللەپ، ئۆزى ئۆمەك باشلىقى بولۇپ نەنجىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشىغا بايراق تەقدىم قىلىدۇ.

**مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى)**

يولۋاسنىڭ ئوغلى ياقۇپبەگ (ياۋداۋخۇڭ) قۇمۇل ناھىيىسىگە ھاكىم، قوشۇمچە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ.

9 - ئاينىڭ 25 - ۋە 26 - كۈنلىرى شىنجاڭدا تاۋسىيۆ، بۇرھان شەھىدىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا تىنچ يول بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. 26 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى، بازاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ 1000 غا يېقىن كىشى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، «ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئالىمىز»، «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىغا تەنتەنە قىلىدۇ.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كەچتە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سابىق گومىنداڭ قوشۇنى ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بانكا، دۇكان ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلايدۇ ۋە دۇكانلارغا ئوت قويىدۇ.

قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن ئابدۇۋاھىت ھاجى، لى رۈي قاتارلىق كىشىلەر جيۇچۇەنگە بېرىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قۇمۇلغا باشلاپ كېلىدۇ.

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە

**1949 - يىلى**

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن باشلامچى قىسىملىرى شىڭشىڭشياغا يېتىپ كېلىدۇ، 13 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە قۇمۇلغا كېلىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئالىدۇ. يىغىنغا 2 - جۈننىڭ رەھبەرلىرىدىن گوپېڭ، ۋاڭ ئېنماۋ، دۇن شىڭيۈنلەر قاتنىشىدۇ ۋە سۆز قىلىدۇ.

ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كادىر - جەڭچىلىرى كوچىلارغا تەشۋىق قىلىشقا چىقىدۇ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزىدۇ. قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى ئاكتىپلىق بىلەن ئارمىيىگە قاتنىشىدۇ.

11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 - جۈننىڭ 16 - شىسى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. شى شتابى دايىڭفاڭدا تۇرىدۇ.

**1950 - يىلى**

2 - ئايدا، 16 - شى قۇمۇل ناھىيىسىگە خىزمەت كومىتېتى ئەۋەتىدۇ.

3 ـ ئايدا، ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، قومۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدۇ. باۋ ـ جيا تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، رايونلۇق مەھكىمە ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىندۇ. 19 ـ كۈنى ھاكىم ياقۇپبەگ (ياۋداۋخۇڭ) ئاتىسى يولۋاسقا ئەگىشىپ قېچىپ، قوراللىق توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلايدۇ.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 16 ـ شىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لوشاۋۋېي قاتارلىق بەش كىشى چېگۇلۇچۈەندە باندىتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدۇ.

5 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قومۇل ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدۇ. شۇ يىلى ياز، كۈز پەسىللىرىدە باندىتلار ناھىيە دائىرىسىدىكى ھەرقايسى جايلاردا پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە كادىرلىرىمىزنى داۋاملىق ئۆلتۈرىدۇ، ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلايدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تازىلىشى بىلەن 8 ـ 9 ـ ئايلارغا كەلگەندە ناھىيە تەۋەسىدىكى باندىتلار ئاساسەن تازىلىنىپ بولىدۇ. تاشۆيلىق رايونىدىكى خەلق ئىشچىلىرىدىن 13 كىشى باندىت تازىلاش ئۇرۇشىدا قۇربان بولىدۇ.

1951 ـ يىلى

4 ـ ئايدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىدۇ.

6 ـ ئايدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قومۇلدا ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى 7000 دىن ئوشۇق كىشى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، زومىگەر، پومېشچىك بېشىرنى كۈرەش قىلىدۇ.

7 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدۇ.

ناھىيە بويىچە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم (پۇلغا سۇندۇرغاندا) بولۇپ جەمئىي 133 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق ئىئانە توپلىنىدۇ.

ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىدۇ.

تارانچىدىكى شەخسىي كۆمۈر كانلىرى ھۆكۈمەت بىلەن شېرىكلىشىپ «شىنشىڭ كۆمۈركان ھەسسىدارلىق شىركىتى» نى قۇرىدۇ. 1953 ـ يىلى خەلق ھۆكۈمىتى پاي پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن بۇ شىركەت يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئايلىنىدۇ.

1952 ـ يىلى

2 ـ ئايدا «ئۈچكە قارشى ھەرىكەت» باشلىنىپ، 5 ـ ئايدا ئاخىرلىشىدۇ.

3 ـ ئايدا، ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىدۇ.

6 ـ ئايدا، شەھەر ئىچى رايونى 2 ـ يېزىسىدىكى تۆت ئۇيغۇر دېھقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ. بۇ، ناھىيە بويىچە 1 ـ تۈركۈمدە قوبۇل قىلىنغان يەرلىك پارتىيە ئەزالىرىدۇر.

7 ـ ئايدا، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى باشلىنىپ، 2 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاياغلىشىدۇ.

10 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، قۇمۇل ئاستانىلىق دېھقان ياڭ ماۋيۈەن بېيجىڭغا بېرىپ، دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ.

16 - شى ياسىغان 32 كىلومېتىرلىق «قىزىليۇلتۇز — 1» ئۆستىڭى پۈتىدۇ.

جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلىدۇ.

**1953 - يىلى**

ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىدۇ.

ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدۇ.

16 - شى ياسىغان 37 كىلومېتىرلىق «قىزىليۇلتۇز — 2» ئۆستىڭى پۈتىدۇ.

16 - شى ياسىغان «قىزىليۇلتۇز» ئۇن زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، قۇمۇلدا ماشىنا بىلەن ئۇن تارتىلمايدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلىدۇ.

قۇمۇل ناھىيىلىك دوختۇرخانا قۇرۇلىدۇ.

ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى تەرتىپكە سېلىنىدۇ، ناھىيە بويىچە دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 1960 گە يېتىپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا قاتناشقانلار يېزا ئاھالىسىنىڭ 40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدى.

1 - قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 368 ئائىلە، 55 مىڭ 103 ئادەم بارلىقى ئېنىقلاندى.

**1954 - يىلى**

1 - ئايدا، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

2 - ئايدا، ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، سېيىت قۇربان ھاكىملىققا سايلاندى.

4 - ئايدا، ۋىلايەتكە قاراشلىق سابىق يەتتەقۇدۇق مەركىزىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىگە قاراشلىق يەتتەقۇدۇق بازىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ئون نەچچە نەپەر تېۋىپ ۋە دوختۇردىن تەشكىل تاپقان ناھىيىلىك شىنجۇڭ بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى كېسەل كۆرۈشكە باشلىدى.

ئاقيەر رايون 2 - يېزا شىنجۇاڭزى كەنت «قىزىلبايراق» دېھقانچىلىق كوپېراتىپى ۋە شەھەر ئىچى رايون 1 - يېزا «جيەنشىن» دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇلار ناھىيە بويىچە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان دېھقانچىلىق كوپېراتىپى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ كوپېراتىپلارنىڭ سانى 32 گە يەتتى.

شەھەر رايونى ناھىيىگە قاراشلىق قۇمۇل شەھىرىگە ئۆزگەرتىلدى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 - جۈننىڭ 16 - شىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

**1955 - يىلى**

5 - ئايدا، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

8 ـ ئايدا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ، قۇمۇل ناھىيىسىگە «مول ھوسۇلچى ناھىيە» دەپ نام بەردى.

9 ـ ئايدا، سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنى چاقىرىلدى.

كۈزدە، توغۇچى رايون مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق يەرنى كەلكۈن باستى. خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش باشلاندى.

ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. قوش چاقلىق ـ قوش چىشلىق ساپان، سوقا قاتارلىق يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى.

يىل ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ دېھقانچىلىق كوپېراتىپى تەرەققىي قىلىپ 88 گە يەتتى، كوپېراتىپقا قاتناشقان دېھقان ئائىلىرى ئومۇمىي دېھقان ئائىلە سانىنىڭ 28 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

**1956 ـ يىلى**

2 ـ ئايدا، ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاياغلاشتى.

6 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

12 ـ ئايدا، ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

ئەسلىدىكى ئالتە رايون، بىر شەھەر، ئىككى بازار، 25 يېزا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ۋە قوشۇۋېتىلىپ، ئۈچ رايون، ئۈچ بازار، 17 يېزىغا ئايرىلدى.

دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئۇلاق كۈچى ئارقىلىق چىغىرىق بىلەن سۇ چىقىرىش ئومۇملاشتۇرۇلدى.

يىل ئاخىرىدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ناھىيە بويىچە ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى.

توغۇچى، تىيانشان رايونلىرىدا شىپاخانا قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان يېزا داۋالاش ئورنى بولۇپ قالدى.

**1957 ـ يىلى**

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى خۇياۋباڭ سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلدا توختىدى ھەمدە ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى.

ناھىيىلىك پارتكومدا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان بەش كىشىلىك گۇرۇپپا قۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى باشلاندى.

**1958 ـ يىلى**

3 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك 2 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

5 - ئايدا، ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

9 - ئايدا، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يېزىنى بىرلىك قىلىپ، ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشېنى بىرلەشتۈرۈلگەن يەتتە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

شۇ ئاينىڭ 24 - كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى جۇدې قۇمۇلنى كۆزدىن كۆچۈردى.

10 - ئايدا، تىيانشان رايونىدىكى ئېلى قۇربانىنىڭ قۇترىتىشى ۋە تەھدىت سېلىشى ئارقىسىدا 76 كىشى توپىلاڭ كۆتۈردى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ تاغقا چىقىپ تازىلىشى ۋە سىياسىي جەھەتتىن پارچىلىشى نەتىجىسىدە توپىلاڭ تېزلا تىنچىتىلدى.

شۇ ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نۇرغۇن كادىر، ئىشچى، دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا بوغاز، قۇلانبۇلاق، بازار ئىچى قاتارلىق جايلاردا كىچىك يەرلىك پېچ بىلەن پولات تاۋلاشقا كىرىشتى، خەلق جاپا چەكتى. مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىدى.

ئىستىل تۈزىتىش ئوڭچىللارغا قارشى كۈرەشكە بۇرالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلدى. كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى سەۋەبىدىن يىل ئاخىرىغا كەلگەندە 41 كىشى «ئوڭچى» قىلىپ قويۇلدى.

ناھىيە بويىچە تۇنجى تراكتور پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ سالا ئېتىزلىرىدا پەيدا بولدى. دېھقانلار يىراق - يېقىندىن كېلىپ تاماشا قىلىشتى.

**1959 - يىلى**

جىياڭسۇ، خۇبېي ئۆلكىلىرىدىن چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە چىققان ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلاشتى.

تاشۆيلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ رايونلىرىدا ۋە يەتتەقۇدۇق بازىرىدا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

تىيانشان گۇڭشېسى تۆمۈرتى دادۈيىنىڭ ئەزاسى يەھيا رېھىم شۇ جايدىن ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بۇددا دىنى سەھنە ئەسىرى «مايىترى سىمىت» نى تېپىۋالدى.

ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ «تىيانشان» مېھمانخانىسىدا ئۇدا ئىككى قېتىم ئېغىر كۆمۈرگازى بىلەن زەھەرلىنىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 11 كىشى ئۆلدى.

مەملىكەتلىك مالىيە - سودا سېپىدىكى «قوش ئىلغار» لار ۋەكىللىرى يىغىنىدا ئاستانە گۇڭشېسىنىڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى تۆت كوچا تۈرلۈك ماللار دۇكىنىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ناھىيىلىك شىپاخانا، ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، «شىنجۇڭ» بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. دوختۇرخانا ئاقيەردىن خۇاگوسەنگە كۆچۈرۈپ كېلىندى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، جىياڭسۇ، خۇبېي ئۆلكىلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە چىققان ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن ھال سوراش شۆبە ئۆمىكى قۇمۇلغا

كېلىپ، ياردەم بېرىشكە چىققان ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن هال سورىدى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، پويىز ئىستانسىسىدىكى مەيداندا لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىدا قۇمۇلغىچە پويىز قاتنىغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەهبەرلىرى قاتناشتى.

1960 - يىلى

4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇمۇل ناهىيىلىك 3 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

ج ك پ قۇمۇل ناهىيىلىك كومىتېتىنىڭ پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى.

شەهەر - يېزا خەلقىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى يېتىشمەي نۇرغۇن كىشىلەر ئوت ئۇرۇقىنى ئوزۇق قىلىپ يېگەن ئەهۋال يۈز بەردى.

شەهەر، يېزىلاردا «ئوڭچىل» لىققا قارشى تۇرۇش قانات يايدۇرۇلدى، زور بىر تۈركۈم كادىر ۋە ئامما خاتا تەنقىد قىلىندى ۋە ئۇلارغا خاتا چارە كۆرۈلدى.

شىڭشىڭشيا بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋېيا ئىش باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. قۇمۇلغا پويىز قاتناپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋېيا ئىش باشقارمىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

تۇغۇچى گۇڭشېسى دۆربەجىن دېهقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. مەيدان شىتابى دۆربەجىندە تەسىس قىلىندى.

1961 - يىلى

4 - ئايدا ناهىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ناهىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى يىغىنى چاقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قاتتىق بوران چىقىپ، يەندۇن پويىز ئىستانسىسىدا تۆمۈريولنى قۇم بېسىپ كەتكەچكە، پويىز رېلىستىن چىقىپ كېتىش هادىسىسى يۈز بەردى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تاغدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، تاغدىن چۈشكەن كەلكۈن تۆمۈريولنى ئۈزۈۋەتتى. شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭلەرنىڭ چوڭ كۆۋرۈكلىرىنى ئېلىپ كەتتى. ياشلار سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى پارتلىتىلىپ، كەلكۈن سۈيى چىقىرىۋېتىلدى.

گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقى بويىچە سابىق قۇمۇل بازىرىنى ئاساس قىلغان هالدا قۇمۇل شەهىرى (ناهىيە دەرىجىلىك) تەسىس قىلىنغانىدى، كېيىنكى يىلى 11 - ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل بازىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

تارانچى كان رايونىدا مەمۇرىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، بىۋاسىتە ۋالىي مەهكىمىگە قارايدىغان بولدى.

بىرقانچە گۇڭشېدا نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق 1087 - كىشىنىڭ ئىششىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى بايقالدى، ئاكتىپ داۋالاش ئارقىلىق، كېسەللەرنىڭ سالامەتلىكى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

چېكرا قۇرۇلۇشىغا ياردەمگە چىققان قارادۆۋە، دۆربەجىن، ساقا قاتارلىق جايلاردىكى ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار بۇدۇشقاق، ئاچچىق ئۇرۇقلارنى يېگەچكە 240 كىشى زەهەرلەندى. جىددىي قۇتقۇزۇش ئۇنۇم بەرمەي 13 كىشى ئۆلۈپ كەتتى.

**1962 - يىلى**

جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسى ئايرىلدى. قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تۇتىشىپ تۇرىدىغان دۆلەت چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 46.6 كىلومېتىر كېلىدۇ.

«تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە بەش زاۋۇت تاقىۋېتىلدى. 129 كادىر، 971 ئىشچى ئىخچاملاشتۇرۇلۇپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى.

«راكېتا» گۇڭشېسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز گۇڭشېلىرى قۇرۇلدى.

1958 - يىلدىن بۇيان ناھىيە بويىچە «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش»، «ئىستىل تۈزىتىش»، «گۇڭشېنى تەرتىپكە سېلىش» قاتارلىق ھەرىكەتلەردە خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان، تەنقىد قىلىنغان ياكى چارە كۆرۈلگەن 1075 كادىر، ئاممىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئاقلاش خىزمىتى ئىشلەندى. پەرقلەندۈرۈش خىزمىتى 2 - يىلى 3 - ئايدا ئاياغلاشتى.

20 مىليون كۇب مېتىر سۇ ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بوغاز سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تۈگىدى. كېيىن توسما ئېگىزلىتىلىپ ۋە مۇستەھكەملىنىپ، 1964 - يىلغا كەلگەندە 22 مىليون كۇب مېتىر سۇ ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىندى.

خەلق گۇڭشېسىدا ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى ھېسابات بىرلىكى قىلىنىپ، «مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى» خاتالىقى تۈزىتىلدى، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ تەڭشىۋېتىلگەن 1 مىليون 460 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇملىرى قايتۇرۇپ بېرىلدى ياكى تۆلەپ بېرىلدى. جامائەت ئاشخانىلىرى تاقىۋېتىلدى.

**1963 - يىلى**

8 - ئايدا، ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى يىغىنى چاقىرىلدى.

9 - ئايدا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ «قوش 20 ماددا» لىق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شەھەر ئەتراپى، پالۋانتۇر گۇڭشېلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ، 2 - يىلى 3 - ئايدا ئاياغلاشتى.

يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنىڭ شتابى بورتالاغا كۆچتى. قۇمۇلدا بىكىتىۋەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنىڭ قۇمۇل باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ۋە فېرمىلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى.

ئاستانە گۇڭشېسى 4 - داۋدۈينىڭ ئازاد كارىزىدا ناھىيە بويىچە سېكۇنتىغا سەككىز لىتىر سۇ چىقىدىغان تۇنجى ئارتېزىئان قۇدۇقى قېزىلدى.

**1964 - يىلى**

2 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، يەتتە قۇدۇق، ئاستانە، دۆربەجىندىن ئىبارەت ئۈچ گۇڭشېمەيدانىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى تاماملاندى. 8 - ئايدا، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى شەھەر ئىچى، بوغاز، راھەتباغ گۇڭشېلىرىدا ئېلىپ بېرىلىشقا باشلى

دى. ھەرىكەت تېخى ئاياغلاشمايلا، خىزمەت دۈيى 10 ـ ئايدا تۇرپان ناھىيىسىگە يۆتكەلدى.

7 ـ ئايدا 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 27 مىڭ 521 ئائىلە، 125 مىڭ 334 نوپۇس بارلىقى ئېنىقلاندى.

چېگرىدا چەكلەنگەن رايونلار ئايرىپ چىقىلىپ، تۆت چەكلەنگەن رايون بەلگىسى ئورنىتىلدى.

قىشتا، غەربىي تاغقا بىر مېتىردىن ئوشۇق قېلىنلىقتا قار يېغىپ، 28 مىڭ تۇياق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

1965 ـ يىلى

8 ـ ئايدا، ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت يىغىنى چاقىرىلدى.

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

2 ـ قارارلىق «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى شەھەر ئىچى، بوغاز، بۇلۇڭتوغراق، ساقادىن ئىبارەت تۆت گۇڭشې ـ مەيداندا ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭغا خىزمەت دۈيى خادىملىرىدىن 900 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى.

1966 ـ يىلى

2 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك 5 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

7 ـ ئايدا، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، «تۆتنى ئېنىقلاش» خىزمەت دۈيىنىڭ بىر قىسىم خادىملىرى ھەمدە ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ 800 نەچچە كىشى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار تەلىم ـ تەربىيە دۈيىنى قۇرۇپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى باشلىدى.

8 ـ ئايدا، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلى مەيدانغا كەلدى. قىزىل قوغدىغۇچىلار كوچىغا چىقىپ، «تۆت كونا» نى بۇزدى ھەمدە بەزى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى قانۇنسىز ئىنتىمدى.

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كېچىدە بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىسى قۇمۇل باشقارمىسى «قىزىلبىيۇلتۇز» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنىغا بېسىپ كىردى.

10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ 121 ۋەكىلى بېيجىڭغا بېرىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولدى.

تارانچى ئۆستى ئوچۇق كۆمۈر كېنى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

ناھىيە بويىچە تۇنجى يېزا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى تىيانشان گۇڭشېسىنىڭ قوراي دادۇيىدە قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىملىق ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىرى ۋە-

كىملەرى يىغىنى چاقىرىلدى.

«تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى تىيانشان، غەربىي تاغ، تاشۆپىلىق، قارادۆۋە گوڭگەشىلىردا ئېلىپ بېرىلىدى، پالۋانتۇر، شەھەر ئەتراپى، يەتتەقۇدۇق گوڭشىلىرىدا «تولۇقلاش» خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. «تۆتنى ئېنىقلاش» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئاتالمىش «تۆت كونا» نى بۇزۇش دېگەن مەزمۇن قوشۇلۇپ، يىل ئاخىرىدا ئاياغلاشتى.

1967 - يىلى

1 - ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقى ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن تەشكىل قىلىنغان «ھوقۇق تارتىۋېلىش قوماندانلىق شتابى» تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى. ناھىيىگە قاراشلىق بەزى ئورۇنلارنىڭ ھوقۇقىمۇ تارتىۋېلىندى. پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ بولۇپ قالدى.

3 - ئايدا، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بىر قىسىم يەرلىك رەھبەرىي كادىرلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا قوماندانلىق قىلدى.

- ئايدا، ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدا ناھىيە بازىرىدا كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرسىتى بولدى. كېيىن ئەلەم كۆرۈشى پەيدىنپەي كۈچىيىپ، مىلتىق، بىنامىيوتلار ئىشقا سېلىندى. ئىككى قەۋەتلىك بوچتا - تېلېگراف بىناسى پارتلىتىۋېتىلدى. تۆمۈريول ترانسپورتى ئۈزۈپ قويۇلدى. جۇ ئېنلەي زۇڭلى قوموۇل پويىز ئىستانسىسىنى ئېچىۋېتىش، ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

1968 - يىلى

قومۇل ۋىلايەتلىك ھەربىي قىسىملارنىڭ بىرلەشمە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون ئەلەم كۆرۈشىنى چەكلەش، ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىشىشى ئۈلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تەن كەيبۇن، زېڭ رۇچىڭ، چېن گۆەنلەرنى قومۇلغا ئەۋەتتى.

2 - ئايدا، ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات چوڭ بىرلىشىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

8 - ئايدا، ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ئەلەم كۆرۈشنى چەكلەش، قورال تاپشۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

9 - ئايدا، قومۇلدىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى.

10 - ئايدا، ناھىيە بازىرىدا يەنە كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرۈشى يۈز بېرىپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بىناسى پارتلىتىۋېتىلدى. بىرقانچە قېتىملىق ئەلەم كۆرۈشىدە ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 33 كىشى ئۆلدى. 100 نەچچە كىشى يارىدار بولدى ۋە مەجرۇھلاندى.

1969 - يىلى

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك، قۇمۇل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلدى.

6 ـ ئايدا، 1 ـ تۈركۈمدە 700 نەچچە زىيالىي ياش كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، يېزىلارغا يۆتكەپ كەتتى.

10 ـ ئايدا، ئاممىنىڭ قولىدىكى قورallarنىڭ مۇتلەق كۆپى يىغىۋېلىنىپ تاپشۇرۇلۇپ بولۇندى.

ئاستانە ترانسفورماتور ئىستانسىسى پۈتتى.

1970 - يىلى

«بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە، ناھىيە بويىچە 1240 نەچچە كىشى تەنقىد ۋە كۆرەش قىلىندى، 22 كىشى ئۆلدى، زور تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزە پەيدا قىلىندى.

بۇلۇڭتوغراق ترانسفورماتور ئىستانسىسى پۈتتى. لايىھە بويىچە يىلىغا 1 مىليون 500 مىڭ تونىنا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە تارانچى ئۈستى ئۇچۇق كۆمۈر كېنى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

1971 - يىلى

قۇمۇل قوغۇنى تۇنجى قېتىم شياڭگاڭ بازىرىدا سېتىلدى.

يولۋاس كېسەل سەۋەبىدىن تەيۋەندە ئالەمدىن ئۆتتى.

يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش ـ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى.

1972 - يىلى

ئاستانە گۈڭشې 3 ـ داۋىيىنىڭ 2 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۈيى شال تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بىرلىك مەھسۇلاتى 660 جىڭغا يەتتى.

1973 - يىلى

3 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك 6 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، يېڭى ناھىيىلىك پارتكوم سايلاپ چىقىلدى.

ئۈزاقىقچە «چەتكە چىقىرىپ قويۇلغان» زور بىر تۈركۈم رەھبىرىي كادىر ئازاد قىلىنىپ، قايتىدىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، قايتىدىن تىزىمغا ئېلىنىپ، تەشكىلىي تۇرمۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1974 - يىلى

سابىق ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى كادىرلىرىنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاياغلاشتى. كۆپ ساندىكى كادىرلار قايتىدىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

ناھىيە بازىرىدا خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى.

كوچىلاردا ئاتالمىش «ئېقىمغا قارشى تۇرۇش» تەشكىلاتى چاپلىغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر پەيدا بولدى.

www.uyghurkitap.com

ناھىيىلىك فوسفور ئوغۇتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كەسپىي ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلدى.

1975 - يىلى

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكومدا داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. كەڭ كۆلەملىك ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئەۋج ئالدى.

پالۋانتۇر گۇڭشېسى خۇاڭگۇڭ دادۈيىنىڭ 5 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيى تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، تاسمىلاپ تېرىشنى يولغا قويۇپ، بىر يىلدا ئۈچ قېتىم تېرىپ، ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتىنى 1732 جىڭغا يەتكۈزدى.

ناھىيە بويىچە سىنىپىي كۈرەش تۇتقا قىلىنغان ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

بىڭتۇەن قۇمۇل باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك بوز يەر ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1976 - يىلى

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ناھىيە بويىچە شەھەر - يېزىلاردىكى ئاممىۋى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى.

10 - ئايدا، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ تارمار قىلىنغانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىلدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، قۇمۇلغا بالدۇر قار ياغدى، تۈزلەڭلىككە 10 سانتىمېتىردىن ئوشۇق قېلىنلىقتا قار چۈشتى.

تۆرۈك سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

تاشۋېلىق قوشماق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى پۈتتى.

1977 - يىلى

ئاپتونوم رايون ناھىيىلىك تېرە - يۇڭ زاۋۇتىغا داچىڭچە ئىلغار كارخانا دەپ نام بەردى.

1 - ئايدا، گوۋۇيۈەن قۇمۇل شەھەرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەستىقلىدى. قۇمۇل بازىرى، شەھەر ئەتراپى گۇڭشېسى ھەم شەھەر ئىچى گۇڭشېسىنىڭ چاھار باغ دادۈيى، پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ يۇقىرى ئاقبەر دادۈيى، سابىق بىڭتۇەن ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى (قىزىليۇلتۇز 3 - مەيدانى) بولۇپ، 58 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە شەھەر رايونى قىلىپ ئايرىلدى.

سابىق بىڭتۇەن قۇمۇل باشقارمىسىغا قاراشلىق قىزىليۇلتۇز 4 - مەيدانى، 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

غەربىي تاغ ۋولغرام كېنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن چېتىشلىقى بار ئادەم ۋە ئىشلارنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش ھەرىكىتى ناھىيىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردا قانات يايدۇرۇلدى.

شەرقىي تۇزكۆل تۇزچىلىق مەيدانى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

**1978 - يىلى**

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ـ سودىدا داچىڭدىن، داجەيدىن ئۆگىنىش بويىچە «قوش ئىلغار» لار (ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر) ۋەكىللىرى يىغىنىدا ناھىيىلىك باج ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ غەربىي تاغ سېتىۋېلىش پونكىتى ۋە غەربىي تاغ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسى گاداجىڭزى دادۈي شىپاخانىسىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ئورگىنى ھەممە ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى، ناھىيىلىك خەلق بانكىسى دايىڭفاڭغا كۆچۈپ چىقتى.

سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش خىزمىتى ناھىيە مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى.

قارادۆۋە گۇڭشېسىدا قەدىمىي قەبرىستانلىق تېپىلدى. بۇ يەردىن كولاپ ئېلىنغان مۇندىن 3200 يىل ئىلگىرىكى قۇرۇق جەسەت مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ كەڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى.

**1979 - يىلى**

4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىدا ئاستانە گۇڭشېسى 2 - داۋدۈي 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ ئايال ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىغا «8 - مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپى دەپ نام بېرىلدى.

گوۋۇيۈەن ئاستانە گۇڭشېسى 3 - داۋدۈينىڭ 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈينى تەقدىرلىدى ھەم ئۇنىڭغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بەردى.

مەملىكەتلىك تېرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا لاپچۇق مەكتىپىگە ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ساقا، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ھەم قىزىلىيۇلتۇز 4 - مەيدانى، 3 - مەيدانى، 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋىلايەتلىك بوز يەر ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، كۆپ يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانىغا رىئايە قىلىپ، مۇلايىم ئىشلىگەن، يامان ئىش قىلمىغان 530 نەپەر پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى ھەم بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇلارغا خەلق گۇڭشېسى ئەزالىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندى. پومېشچىك،

باي دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ تەركىبى بىردەك گۈڭشې ئەزاسى دەپ بېكىتىلدى.

41 نەپەر ئاتالمىش ئوڭچىنىڭ مەسىلىسى تۈزىتىلدى.

ناھىيە بويىچە 2 ـ قېتىملىق تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

10 ـ ئايدا، شەھەر ئىچى گۈڭشې جيەنگو داد ۇيىدىن ئون ياش لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنىڭ لياۋدۇن ئوچاستكىسىدا ئىشلەۋېتىپ، پارتىلىتىشتا ئېھتىياتسىزلىق قىلغانلىقتىن، بەختكە قارشى قازا تاپتى.

قارادۆۋە ترانسفور ماتور ئىستانسىسى پۈتتى.

**1980 - يىلى**

مەملىكەتلىك كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا ناھىيىلىك كۆمۈر كانىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېپى بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ھەم ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار سايلاپ چىقىلدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت دېگەن نام ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە گۇرۇپپىلار بويىچە ھۆددىگە ئېلىش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. قارا دۆۋە، راھەتباغ گۈڭشېلىرىدا بەش ئائىلە مەھسۇلاتنى ئائىلە بويىچە ھۆددىگە ئالدى.

خوتۇنتام دادۇيى، بوغاز گۈڭشېلىرىنىڭ كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى پۈتتى.

**1981 - يىلى**

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا تاشۆيلىق گۈڭشېسىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

قارادۆۋە گۈڭشېسىدا دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 40 پىرسەنتى، راھەتباغ گۈڭشېسىدا 30 پىرسەنتى مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالدى.

5 ـ ئايدا، يېزا ئىگىلىكنى رايونلارغا ئايرىش خىزمىتى كەڭ كۆلەمدە باشلىنىپ، 2 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاياغلاشتى. بۇ جەرياندا، يېزا ئىگىلىكنى رايونلارغا ئايرىشقا دائىر بىرقانچە ئۇنىۋېرسال دوكلات ھەم مەخسۇس دوكلات يېزىپ چىقىلىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

شۇ ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «قۇمۇل ناھـ

يىسىنىڭ تەزكىرىسى» نى تۈزۈپ چىقىشنى قارار قىلىپ، تەزكىرە كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ ئىشخانىسىنى قۇردى.

**1982 - يىلى**

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش خەلقنى سۆيۈش بويىچە «قوش ئىلغار»-لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا بولۇڭتوغراق كۆكشىيسى، تاشۋېلىق كۆكشىيسىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا تاشۋېلىق كۆكشىيسىنىڭ سۇ ئېلېكتىر ئورنى، بولۇڭتوغراق كۆكشىيسىنىڭ سۇ ئېلېكتىر ئورنىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا ئاستانە كۆكشىيسىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا بولۇڭتوغراق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

3 - ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن ئېچىپ، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى.

9 - ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، سەككىز كوللېكتىپ، 68 شەخسنى تەقدىرلىدى.

ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

ناھىيە بويىچە 268 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ 158 دە چوڭ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى، 22 سىدە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى، 13 دە مەسئۇلىيەت ئېتىزى ۋە ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

3 - قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 918 ئائىلە، 167 مىڭ 553 نوپۇس بارلىقى مەلۇم بولدى.

ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش خىزمىتى ئاساسەن ئاياغلاشتى، ھەرخىل ئەنزىلەردىن 4531 ى قايتا تەكشۈرۈلدى. گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتتە قايتقان سابىق خادىملىرىغا قارىتىلغان سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئورۇندالدى.

پۈتۈن ناھىيىدىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى.

**1983 - يىلى**

5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدا تاشۋىلىق گۇڭشېسىغا ئاممىۋى تەنتەربىيىدە ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا پالۋانتۇر گۇڭشېسى، ئاستانە گۇڭشېسى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىگە ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە پالۋانتۇر گۇڭشېسىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلەش يىغىنىدا ئاستانە گۇڭشېسى 3 - داددۈينىڭ 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە «8 - مارت» قىزىلبايراقدار كوللېكتىپى دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق «تۆتتىن خالى» ئاشلىق ئىسكىلاتى بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا تاشۋىلىق ئاشلىق پونكىتى، ئاستانە ئاشلىق پونكىتى ۋە ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىسكىلاتىغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا لاپچۇق ۋە گاداجىگىزى مەكتەپلىرىگە ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى.

9 - ئايدا، گوۋۇيۈەن قۇمۇل ناھىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەمۇرىي رايونىنى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى. 2 - يىلى 5 - ئايدا قوشۇۋېتىش خىزمىتى ئاياغلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

# بىرىنچى قىسىم مەمۇرىي رايونلار

قۇمۇل ناھىيىسىدە مەمۇرىي ئاپپاراتلار خېلى بالدۇر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭنىڭ 16-يىلى (مىلادى 73-يىلى) جىمىكۆل تەسىس قىلىنغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، 1983-يىلغىچە 1910 يىللىق تارىخقا ئىگە. قۇمۇل شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ھەر بىر تەرەپ ئەزەلدىن تالىشىپ كەلگەن جاي. شۇڭا، ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ئۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغان، تىنچلىق يىللىرى ھاكىمىيەت بىرقەدەر مۇقىم، يېغىلىق يىللىرى بولسا تۇراقسىز بولغان. چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 35-يىلى (مىلادى 1696-يىلى) جاساق تۈزۈمى ئورنىتىلغان، چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (مىلادى 1759-يىلى) قۇمۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى كۈندىن كۈنگە مۇكەممەللەشكەن ۋە مۇقىملاشقان. مىنگونىڭ 24-يىلى (مىلادى 1935-يىلى) تۇقلۇق (تۇخۇلۇ) ئەتراپى ئايرىپ چىقىلىپ، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. 1977-يىلى قۇمۇل بازىرىغا شەھەر ئەتراپىدىكى قىسمەن جايلار قوشۇلۇپ قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلغان. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدە 11 گۇڭشې، بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى، 88 دادۈي، 292 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى بولغان.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كەڭ بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى چۆل-باياۋان تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئادەملەر كىچىك-كىچىك بوستانلىقلارغا جايلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى بويىچە ھېسابلىغاندا ھەر بىر كۋادرات كىلومېتر يەرگە ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئادەم سانى ئىككىگىمۇ يەتمەيدۇ، ئەمما شەھەر رايونىدا يەر بىر كۋادرات كىلومېتر يەرگە توغرا كېلىدىغان ئادەم سانى 1100 دىن ئېشىپ كېتىدۇ. ناھىيىدە تېرىلغۇ مەيدانى بىرقەدەر ئاز بولۇپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 0·16 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر بىر يېزا ئاھالىسىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى يېرىم مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ.

قۇمۇل ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكى ئاساس قىلىنىدىغان ناھىيە. بوستانلىقلاردىكى يەرلەر مۇنبەت بولۇپ، دېھقانچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، ئاران ئۆز-ئۆزىنىلا تەمىنلىيەلەيدىغان تەبىئىي ئىگىلىك تۈسىنى ئالغانىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كېلىش-راۋاجلىنىش-ئىلگىرىلەش-چېكىنىشتىن ئىبارەت بىر قانچە باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرۈش نەتىجىسىدە مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولدى. ماشىنىلىشىش دەرىجىسى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. گۇڭشېلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇس-

تۇنلۇكىگە تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرقەدەر ئەۋلىگە مۇۋاپىق قۇرۇلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. شەھەر ئىچى، راھەتباغ، پالۋانتۇر، تاشۋېلىق، بولۇكتوغراق، ئاستانە قاتارلىق گۇڭشېلاردا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنغان. قارادۆۋە، بوغاز گۇڭشېلىرىدا ئاشلىقتىن باشقا، مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇز كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. غەربىي تاغ، تىيانشان گۇڭشېلىرىدا ۋە قويلۇق چارۋىچىلىق مەيدانىدا چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## I باب ئورنى ۋە يەر مەيدانى

قۇمۇل ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە بېرىشتىكى مۇھىم قاتناش يولى، ئۇنىڭ ئەزەلدىن «شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى» دەيدىغان نامى بار. قۇمۇل ناھىيىسى شەرقتە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇبېي، ئەنشى، دۇنخۇاڭ ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە پىچان ناھىيىسى بىلەن قوشنا، جەنۇبتا قۇمتاغ قۇملۇقى ئارقىلىق چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا ئارا-تۈرۈك ناھىيىسى ۋە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆلەت چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 46.6 كىلومېتىر كېلىدۇ.

جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′08°91 ~ ′23°96، شىمالىي كەڭلىك ′43°40 ~ ′41°43 ئارلىقىدا توغرا كېلىدۇ.

شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 404 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 322 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 84 مىڭ 977 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تەخمىنەن شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 5.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## II باب ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى

قۇمۇل قەدىمكى زاماندا كۇنمو (كۇنمى) دەپ ئاتالغان. بىر چاغلار ئۇسۇن بېگى كۇنمونىڭ يايلىقى بولغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىۋۇرغول دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېيندىنىڭ 4-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرى 176-يىلى) ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قويانخاننىڭ جەنۇبىي قەبىلىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭنىڭ 16-يىلى (مىلادى 73-يىلى) جىمكۆل كاھىنىگى تەسىس قىلىنغان. جيەنچۇنىڭ 6-يىلى (مىلادى 81-يىلى) ئىۋۇرغول ئەمىرلەشكىرى تەسىس قىلىنغان. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ۋېي سۇلالىسى جىمكۆل ئىۋۇرغول كاھىنىگى تەسىس قىلىنغان.

ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى ئېۋىرغول كاھىپكى تەسىس قىلغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەي-
چاڭنىڭ 7-يىلى (مىلادى 422-يىلى) دىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيپىڭ جېن-
جۈننىڭ 3-يىلى (مىلادى 442-يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا لى باۋ، تاڭ چىلار ئېۋىر-
غول ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، جورجانلارغا بەيئەت قىلغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەي-
خېنىڭ 12-يىلى 12-ئايدا (مىلادى 489-يىلى) ئېۋىرغول ۋىلايىتى تەسىس قى-
لىنغان، كېيىن ئۇ جورجانلار ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. سۈي سۇ-
لالىسى دايېنىڭ 6-يىلى (مىلادى 610-يىلى) ئېۋىرغول ۋىلايىتى ۋە رويان (تاش-
ۋېلىق) بازىرى تەسىس قىلىنغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بۇ جايلار يەنە
غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 4-يىلى (مىلادى
630-يىلى) غەربىي ئېۋىرغول ئايمىقى تەسىس قىلىنغان، ئىككى يىل ئۆتكەندە ئېۋىر-
غول ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئېۋىرغول، ناجى (لاپچۇق)، رويان (تاش-
ۋېلىق) تىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، غەربىي گەنسۇ قارايدىغان بولغان.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا غەربىتىكى خەنزۇلارنىڭ ئالتۇنتاغ (جىنشەنگو) بەگ-
لىكىگە قارام بولغان، كېيىن قوچۇ ئۇيغۇرخانلىقىغا قارام بولغان. يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىگە كەلگەندە قامىل دەپ ئاتىلىپ، گەنسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتىگە قارايدىغان بولغان.
يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى سۈي ۋاڭنىڭ ئەۋلادلىرى بۆلۈنۈپ چىقىپ قۇمۇل
بەگلىكى قۇرغان. مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 2-يىلى (مىلادى 1404-يىلى) ئەنىق
تېمۇرگە سادىق ئىتائەتمەن ۋاڭ مەرتىۋىسى بېرىلگەن. يۇڭلېنىڭ 4-يىلى (مىلادى
1406-يىلى) قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى قۇرۇلغان. جېڭدېنىڭ 8-يىلى (مىلادى
1513-يىلى) تۇرپان ۋاڭى مەنسۇر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرقى يىللىرىدا يەكەن خانلىقىغا تەۋە بولغان. چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 18-
يىلى (مىلادى 1679-يىلى) جۇڭغار خاقانى غالدان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان.
كاڭشىنىڭ 35-يىلى (مىلادى 1696-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بەيئەت قىل-
غان. ئىككىنچى يىلى خوشۇن قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئەبەيدۇل-
لاغا جاساقلىق مەرتىۋىسى بېرىلگەن. چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (مىلادى 1759-
يىلى) قۇمۇلغا ئورۇنباسار سانغۇن ۋەزىپىسى تەسىس قىلىنىپ، خان ئامبال، خان ئام-
بال ياردەمچىسى، سىلاۋچى يانداش ئايماقبېگى، چارلىغۇچى مۇپەتتىش قويۇلۇپ، گەنسۇ پەر-
مانبەردارىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. داۋگۇاڭنىڭ 26-يىلى (مىلادى 1846-يىلى) پۈ-
تۈلگەن «قۇمۇل تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىگە قارىغاندا، ئەينى زاماندا قۇمۇلدا 35 كەنت-
مەھەللە بولغان. ئۇلار: دۇڭگۇەنشاڭ، شىگۇەنشياڭ، بېيگۇەنشياڭ، شەھەر ئىچى، ساي بې-
شى مەھەللىسى، دۇڭتەيجۇاڭ مەھەللىسى، قىزىلىيۈلغۇن مەھەللىسى، دۇڭخۇيجۇاڭ مەھەل-
لىسى، ساۋۇلاق مەھەللىسى، ئۇلاتاي مەھەللىسى، تۆگمەنغول مەھەللىسى، تاشۋېلىق
تۆۋەن مەھەللە، قىبلە مەھەللە، يۇقىرى مەھەللە، خوتۇنتام مەھەللىسى، ئەلتۆەۆر مە-
ھەللىسى، يەندۆڭ مەھەللىسى، كۇشۇ مەھەللىسى، قۇمبۇلاق مەھەللىسى، شىڭشىڭشيا
مەھەللىسى، شىشىنجۇاڭ مەھەللىسى، سۇدىقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە،

جىگدەبۇلاق، ئۆردەكلىك، لياۋدۇن، توغراقلىق، سەنجاپار، كۆشۈتى ئېغىزى، تۇۋۇ-رۇك، قوتانغول، بوغاز مەھەللىسىدىن ئىبارەت. گۇاڭشۈنىڭ 10 - يىلى (مىلادى 1884-يىلى) شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئۆلكىگە بىۋاستە قارايدىغان مەھ-كىمىگە ئۆزگەرتىلگەن. «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىگە قارىغان-دا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قۇمۇلدا 35 كەنت - مەھەللە بولغان. ئۇلار: قىزىلىيۇلغۇن، ساۋۇلاق، ئەلتۆمۈر، ياندۆك، فېڭدۇك، كۇشۇ، شوربۇلاق، قۇمبۇلاق، بۇلغۇنلۇق، شىڭشىڭشيا، خوشاۋجۇاڭ مەھەللىسى، راھەتباغ، شامال چاھارباغ، قارائال، بوغاز، سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، تارانچى، نىجىتۇ، خىجاڭفاڭ، كۆشۈتى ئېغىزى، قو-تانغول، دۆربەجىن، قارىمۇقچى، سەيخۇمياۋ مەھەللىسى، لاپچۇق، قارادۆۋە، بۇلۇڭتوغ-راق، گاداجىڭزى، شور بۇلاق مەھەللىسى، تارلاك، تاشۆيلىق، شەرقىي تاغ، شوپۇل-دىن ئىبارەت. مىنگونىڭ 2 - يىلى (مىلادى 1913 - يىلى) مەھكىمە ناھىيىگە ئۆزگەرتى-لىپ، جېنىدي ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولۇپ، يانداش ئايماقبېگى مەنسىپى ھاكىمغا ئۆزگەرتىل-گەن. ناھىيە قارىمىقىدا بىرقانچە يېزا بولۇپ، ھەربىر يېزىغا بىردىن يېزا باشلىقى (شاڭيۇ) قويۇلغان، يېزا باشلىقلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى مەمۇردي ئىشلار، باج، ئالۋان - ياساق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇ چاغدا قۇمۇل ۋاڭى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، ناھىيىلىك ھۆكۈ-مەت باشقۇرىدىغان دائىرە كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، قىزىلىيۇلغۇن، سەيخۇمياۋ، بۇ-لۇڭتوغراق، تاشۆيلىق قاتارلىق خۇيزۇ، خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار بى-لەنلا چەكلەنگەن. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئايرىم بىر يۈرۈش زور مەمۇردي تەشكىلىي ئاپپا-راتلىرى بولۇپ، شەھەر ئىچى، شەھەر ئەتراپى يېزىسى، جەنۇبىي يېزا، شىمالىي يې-زا، شەرقىي يېزا، غەربىي يېزىلاردىن بولۇپ 38 مەھەللىسىنى باشقۇرغان. ھەر بىر مەھەللىگە بىردىن دورغا (ياكى قازى) تەيىنلىگەن. ئۇلار شۇ جاينىڭ مەمۇردي، ئىش-لەپچىقىرىش، ھەق تەلەپ ئىشلىرى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق بولغان. قۇمۇل ۋاڭى يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېزا - مەھەللىلەرنى باشقۇرغاندىن تاشقىرى، كونى-شەھەر، يېڭىشەھەر، شەھەر ئەتراپى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ باشقۇرغان.

مىنگونىڭ 23 - يىلى (مىلادى 1934 - يىلى) قۇمۇل ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (مىلادى 1935 - يىلى) ئاراتۇرۇكتە مەمۇردي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، قۇمۇل ناھىيىسىدىن ئايرىۋېتىلگەن.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (مىلادى 1942 - يىلى) شەھەر ئىچى، ئاقيەر، توغۇچى، تاشۆيلىق، تىيانشاندىن ئىبارەت بەش رايون قۇرۇلغان، رايونلاردا رايون مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، رايون قارىمىقىدا كەنتلەر ئايرىلىپ، كەنت باشلىقلىرى تەيىنلەنگەن.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (مىلادى 1943 - يىلى) 8 - ئايدا گومىنداڭ باۋ - جيا تۈ-زۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويغان. پۈتۈن ناھىيە ئىككى بازار، بەش يېزا، 66باۋغا ئايرىلغان.

ئىككى بازار: جۇڭشەن بازىرى (قارىمىقىدا ئالتە باۋ بار)، جۇڭجېڭ بازىرى (قارىمى-

قىدا سەككىز باغ بار) دىن ئىبارەت. بەش يېزا: 1 - يېزىنىڭ يېزىلىق مەھكىمىسى شەھەر ئىچىدە بولۇپ، قارىمىقىدا شەرقىي كۆكتاتلىق، غەربىي كۆكتاتلىق، چاھار باغ، يالاڭ كارىز، شەھەر ئىچى، ئالتۇنلۇق، قاراڭلار، چاڭغۇ، بوغاز، قاراتالدىن ئىبارەت ئون باغ تەسىس قىلىنغان. 2 - يېزىنىڭ يېزىلىق مەھكىمىسى ئاقيەردە بولۇپ، قارىمىقىدا يۇقىرى ئاقيەر، تۆۋەن ئاقيەر، لەڭگەر، چۆەنشۈي، سەيخۇمياۋ، پالۋانتۇر، لوجاۋەن، قىزىل-يۇلغۇن، دۆربەجىن، گاداجىڭزى، بۇلۇڭتوغراقتىن ئىبارەت 11 باغ تەسىس قىلىنغان. 3 - يېزىنىڭ يېزىلىق مەھكىمىسى توغۇچىدا بولۇپ، قارىمىقىدا قوشتىكەن، گۇڭشاڭ، جىگدە، سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق (ئىككى باغ) قارادۆۋە (ئىككى باغ) قاتارلىق ئون باغ تەسىس قىلىنغان. 4 - يېزىنىڭ يېزىلىق مەھكىمىسى تىيانشاندا بولۇپ، قارىمىقىدا نىرىن، قوداي، قىزىلىيار، تۆمۈرتى، ئېدىر، توشۇ، ئاقتاش، قۇرلۇق، كۆكيار، تاراتى، ئۇلانبۇلاقتىن ئىبارەت 11 باغ تەسىس قىلىنغان. 5 - يېزىنىڭ يېزىلىق مەھكىمىسى تاشۋىلىقتا بولۇپ، قارىمىقىدا تاشۋىلىق، غەربىي مەھەللە، شەرقىي مەھەللە، خوتۇنتام، شوپۇل قاتارلىق (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە ئىككى باغ) جەمئىي ئون باغ تەسىس قىلىنغان.

بازاردا بىردىن بازار باشلىقى، بىردىن مۇئاۋىن بازار باشلىقى، يېزىدا بىردىن يېزا باشلىقى، بىردىن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، باغدا باش باغجاڭ ۋە مۇئاۋىن باغجاڭ، جيالاردا باش جياجاڭ ۋە مۇئاۋىن جياجاڭلار قويۇلغان.

1949 - يىل 9 - ئايدا قۇمۇل ئازاد بولدى.

1950 - يىل 3 - ئايدا قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ناھىيە قارىمىقىدا ئالتە رايون، 22 يېزا، 119 كەنت تەسىس قىلىنغان.

**شەھەر رايونى:** رايون مەھكىمىسى جەنۇبىي جۇڭشەن يولىدا بولۇپ (كېيىن يېڭىشەھەردىكى نەنگۇەنگە كۆچكەن)، تۆت مەھەللىگە بۆلۈنگەن. بۇلار: 1 - مەھەللە (كونا شەھەر)، 2 - مەھەللە (جۇڭشەن يولى)، 3 - مەھەللە (ئازادلىق يولى)، 4 - مەھەللە (جۇڭخۇا يولى) دىن ئىبارەت.

**شەھەر ئىچى رايونى** (2 - رايون): رايونلۇق مەھكىمە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى يارباغ دەپ ئاتالغان بېغىنىڭ ئورنىغا جايلاشقان بولۇپ، قارىمىقىدا 1 - يېزا (يالاڭ كارىز)، 2 - يېزا (شەھەر ئىچى)، 3 - يېزا (راھەتباغ)، 4 - يېزا (بوغاز) دىن ئىبارەت تۆت يېزا تەسىس قىلىنغان.

**توغۇچى رايونى** (3 - رايون): رايون مەھكىمىسى توغۇچىدا بولۇپ، قارىمىقىدا 1 - يېزا (ئاستانە)، 2 - يېزا (توغۇچى)، 3 - يېزا (لاپچۇق)، 4 - يېزا (قارادۆۋە) دىن ئىبارەت تۆت يېزا تەسىس قىلىنغان.

**ئاقيەر رايونى** (4 - رايون): رايون مەھكىمىسى يۇقىرى ئاقيەردە بولۇپ، قارىمىقىدا 1 - يېزا (يۇقىرى ئاقيەر)، 2 - يېزا (پالۋانتۇر)، 3 - يېزا (ساقا) دىن ئىبارەت ئۈچ يېزا تەسىس قىلىنغان.

**تاشۋىلىق رايونى** (5 - رايون): رايون مەھكىمىسى تاشۋىلىقتا بولۇپ، 1 - يېزا (تاشۋىلىق)، 2 - يېزا (خوتۇنتام، شوپۇل) تەسىس قىلىنغان.

تىيانشان رايونى (6 - رايون): رايون مەھكىمىسى قورايدا بولۇپ، 1 - يېزا (نېرناسى)، 2 - يېزا (قوراي)، 3 - يېزا (ئېدىر)، 4 - يېزا (قورلۇق) تەسىس قىلىنغان.

بۇندىن باشقا غەربىي تاغنىڭ ھەرقايسى غوللىرىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان 138 ئۆيلۈك چارۋىچى، 1007 نوپۇس ئايرىم بىر يېزا قىلىپ ئايرىلغان.

1952 - يىلى 5 - ئايدا تىيانشان رايونى كۆشۈتى ئېغىزىنىڭ غەربىدىكى جايلار ئايرىپ چىقىلىپ، غەربىي تاغ رايونى (7 - رايون) تەسىس قىلىنغان، رايون مەھكىمىسى ئۆرۈكلۈككە جايلاشقان بولۇپ، قارىمىقىدا تاراتى، چەچەيدىن ئىبارەت ئىككى يېزا تەسىس قىلىنغان.

1953 - يىلى شەرقىي ۋە غەربىي كۆكتاتچىلىق كەنتلىرى قوشۇلۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەھەر ئەتراپى يېزىسى قۇرۇلغان ۋە ئاۋۋالقىدەكلا شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇۋەرگەن. ئاقيەر رايونىغا ساربۇلاق يېزىسى قوشۇلغان.

1954 - يىلى قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلۇپ (ناھىيىگە قاراشلىق)، شەھەر ئەتراپى رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 4 - ئايدا يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا دەرىجىلىك يەتتە قۇدۇق بازىرى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ يەتتە قۇدۇقنىڭ قۇمۇل ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەنلىكىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

1956 - يىلى رايونلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلار بىرلەشتۈرۈلگەن. مەمۇرىي رايونلارنىڭ بۇ قېتىمقى تەڭشىلىشى تۆۋەندىكىچە بولغان:

قۇمۇل شەھىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل بازىرى قۇرۇلغان. بۇرۇن شەھەرگە قارايدىغان شەھەر ئەتراپى يېزىسى ناھىيىگە بىۋاستە قارايدىغان يېزىغا ئۆزگەرتىلىپ، قۇمۇل بازىرىغا تۆت كوچا قارايدىغان بولغان.

توغۇچى رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇرۇنقى تۆت يېزا ئاستانە، توغۇچى، قارادۆۋىدىن ئىبارەت ئۈچ يېزا قىلىپ بىرلەشتۈرۈلگەن.

ئاقيەر رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇرۇنقى تۆت يېزا پالۋانتۇر، ساقا، گادىجىڭزىدىن ئىبارەت ئۈچ يېزا قىلىپ بىرلەشتۈرۈلگەن.

شەھەر ئىچى رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇرۇنقى تۆت يېزا شەھەر ئىچى، راھەتباغدىن ئىبارەت ئىككى يېزا قىلىپ بىرلەشتۈرۈلگەن.

تاشبېلىق رايونى (قارىمىقىدا ئۈچ يېزا بار)، تىيانشان رايونى (قارىمىقىدا ئۈچ يېزا بار)، غەربىي تاغ رايونى (قارىمىقىدا ئىككى يېزا بار) دىن ئىبارەت ئۈچ رايوننىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلمىگەن.

1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ناھىيە قارىمىقىدا ئۈچ رايون، ئۈچ بازار (يەتتە قۇدۇق بازىرى، قۇمۇل بازىرى، شىڭشىڭشيا بازىرى)، 17 يېزا بولغان.

1958 - يىلى 9 - ئايدا گوڭشىلىشىش ھەرىكىتى شەھەر - يېزىلارنى قاپلىغان. شۇ يىلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شەھەر ئىچى (راكېتا)، ئاستانە (قىزىليۇلتۇز)، توغۇچى (ئاۋانگارت)، قارادۆۋە (قىزىللىشىش - مۇتەخەسسىسلىشىش)، پالۋانتۇر (شەرق

شامىلى)، بۇلۇڭتۇغراق (ئالغا)، شەھەر ئەتراپى (قىزىلبايىراق) دىن ئىبـارەت يەتـتە
گۆڭشى قۇرۇلغان. قۇمۇل بازىرىدا تۆت شەھەر گۇڭشىسى قۇرۇلـغان، بازار، مەھەلـلە
قۇرۇلمىسى يەنىلا ساقلاپ قېلىنغان. ساقا يېزىسىدا يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھـ
قانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان.

1959 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تاشۋېلىق، غەربىي تاغ، تىيانشان، يەتتە قۇدۇق (يۇقـ
رى ئۆرلەش) تىمۇ خەلق گۇڭشىسى قۇرۇلـغان.

1960 ـ يىلى شىڭشىڭشيا بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋېيىيا ئىش بېجىرىش
باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلگەن. كېيىن تۆمۈريول قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ پويىز قاتنىغانـ
دا، ۋېيىيا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

1960 ـ يىلى توغۇچى گۇڭشىسى دۇربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1961 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئاۋۋالقى قۇمۇل بازىرىنى ئاـ
ساس قىلىپ قۇمۇل شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) قۇرۇشنى قارار قىلغان. كېيىنكى
يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن بۇرۇنقى قارارنى بىكار قىلغان. بازار قۇرۇلـ
مىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

1962 ـ يىلى شەھەر ئىچى گۇڭشىسى شەھەر ئىچى، راھەتبـاغ ۋە بوغازدىن
ئىبارەت ئۈچ گۇڭشىغا بۆلۈنگەن.

1963 ـ يىلى دۇربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى قايتىدىن توغۇچى خەلق گۇڭشىسىغا
ئۆزگەرتىلگەن.

1964 ـ يىل 4 ـ ئايدا توغۇچى گۇڭشىسى قايتىدىن دۇربەجىن دۆلەت ئىگىلىكىدىـ
كى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1967 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلىپىدە ناھىيىلىك خەلق كوـ
مىتېتىنىڭ هوقۇقى تارتىۋېلىنىپ، ئورگان خىـزمىتى پالەچ هالغا چۈشۈپ قالـغان.

1969 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ
تەستىقى بىلەن قۇمۇل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغان.

1977 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن قۇمۇل شەھەر قۇرۇلمىسىنى ئەسـ
لىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغان. قۇمۇل شەھىرى قۇمۇل بازىرى بىلەن شەھەر ئەتراپى
گۇڭشىسىنى ئاساس قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شەھەر ئىچى گۇڭشىسىغا قاراشلىق چاھارـ
باغ دادۈيى، پالۋانتۇر گۇڭشىسىغا قاراشلىق يۇقىرى ئاقيەر دادۈيى، بىڭتۇەنىنىڭ ياشـ
لار دېھقانچىلىق مەيدانى (قىزىليۇلتۇز 3 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى) شەھەر رايونى تەۋەـ
سىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 58 كۋادرات كىلومېتر قىلىپ بېكىتىلگەن.

1977 ـ يىلى ئەسلىدە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە قاراشلىق بولغان قىـ
زىليۇلتۇز 4 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى، قىزىليۇلتۇز 2 ـ چارۋىچىلىق مەيـدانى قۇمۇل ناـ
ھىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

1978 ـ يىلى غەربىي تاغ قىزىليۇلتۇز چارۋىچىلىق مەيدانى غەربىي تاغ گۇڭـ
شىسىنىڭ ۋەكالىتەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، كېيىن قۇرۇلـما مۇۋاپىق بولـ

مىغانلىقتىن ئايرىۋېلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قويلۇق چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1979 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، دۇربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە قىزىلىيۇلتۇز 4 - دېھقانچىلىق مەيدانى، قىزىلىيۇلتۇز 2 - چارۋىچىلىق مەيدانى ۋىلايەتلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇمۇل ناھىيىسى قارىمىقىدا پالۋانتۇر، بولۇڭتوغراق، تاشۋېلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ، يەنتەقۇدۇق، قارادۆۋە، ئاستانە، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغازدىن ئىبارەت 11 گوڭشې ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قويلۇق چارۋىچىلىق مەيدانى بولغان.

# III باب ناھىيە بازىرى

قۇمۇل شەھىرى چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 5 - يىلى (مىلادى1729 - يىلى)بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى بىر چاقىرىم، سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 2.46 جاڭ كېلىدۇ. شەرقىي دەرۋازا، غەربىي دەرۋازا، شىمالىي دەرۋازا دېگەن ئۈچ دەرۋازىسى بار. دەسلەپتە سېپىل ئىچى ئاشلىق باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار تۇرىدىغان ھەم غەربىي ئوزۇق - تۈلۈك ساقلايدىغان جاي بولغان. شۇڭا ئۇ ئاشلىق شەھىرى دەپ ئاتالغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (مىلادى 1759 - يىلى)دىن كېيىن خان مۇپەتتىش ئامبىلى، ياردەمچى نازارەتچى ئامبال، قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئۇرۇنباسار سانغۇن ياردەمچىسى قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ مەھكىمىلىرى تۇرۇشلۇق جاي بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (مىلادى 1760 - يىلى) شەھەر ئىچىدە 400 ئېغىز ئەسكەر ياتىقى سېلىنىپ، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان غەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ بالا - چاقىسىنىڭ ئولتۇرۇشىغا بېرىلگەن. شەھەر سىرتىدىكى دۆڭگۈدىن، بېيگۈەن ۋە شىگۈەنلەر سودا - سېتىق رايونى ۋە ئاھالىلەر رايونى بولغان. داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى (مىلادى 1846 - يىلى) پۈتۈلگەن «قۇمۇل تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىگە قارىغاندا، دۆڭگۈەندە 912 ئاھالە، بېيگۈەندە 472 ئاھالە، شىگۈەندە 567 ئاھالە جەمئىي 1951 ئاھالە بولغان.

چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 1865 - يىلى) قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەھەرگە بۆسۈپ كىرىپ، يامۇلغا ئوت قويۇپ، خان مۇپەتتىش ئامبىلى زاكىداڭغا، يانداش ئايماقبېگى چېن يىخې، ئۇرۇنباسار سانغۇن ياردەمچىسى ۋاڭ دېيۈنى ۋە چىڭ ھۆكۈمىتى لەشكەرلىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن.

تۇڭجىنىڭ 7 - يىلى (مىلادى 1868 - يىلى) يىل ئاخىرىدا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ياردەمچى نازارەتچى ئامبال ۋېن لىن ئەسكەر باشلاپ قۇمۇلغا كېلىدۇ. بۇ چاغدا قۇمۇلنىڭ شەھەر سېپىلى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، خەلق سەرسان بولغان، ئېتىز - ئېرىق، باغ - ۋارانلار قاقاسلىققا ئايلانغانىدى. ۋېن لىن، بىر تەرەپتىن، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بوز يەر

ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغاچ، قورغان ۋە بېكەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بۇرۇنقى شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىر ھەربىي قەلئەبىنا قىلدۇ. ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە ئادەم، مالىيە كۈچى چەكلىمىسىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن ھەربىي قەلئەنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك ئېلىنىپ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ئاران بىر چاقىرىم كېلىدۇ، جەنۇب، شىمال تەرەپلەرگىلا قارايدىغان ئىككى دەرۋازا قويۇلدۇ.

كېيىنچە، كىشىلەر ھەربىي قەلئەنى يېڭى شەھەر، ۋەيران بولغان قۇمۇل شەھىرىنى كونىشەھەر دەپ ئاتىغان. بۇلارغا شەھەر ئىچى قوشۇلۇپ قۇمۇلنىڭ ئۈچ شەھىرى دەپ ئاتالغان.

تۇڭجىنىڭ 13 - يىلى (مىلادى 1874 - يىلى) جاڭ ياۋ ئىچكىرىدىن سۇڭ ۋۇجۈن قوشۇنىنى باشلاپ چىقىپ، كونىشەھەرنى ئانچە - مۇنچە رېمونت قىلىپ لەشكەرگاھى قىلغان ۋە شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بىر كىچىك قورغان ياساپ ئۇنى ئۇزۇقتۈلۈك، يەم - خەشەك ساقلايدىغان ئورۇن قىلغان. كېيىن كىشىلەر ئۇنى ئاشلىق قورغىنى دەپ ئاتىغان.

گۇاڭشۈنىڭ 6 - يىلى (مىلادى 1880 - يىلى) زوزۇڭتاڭ چوڭ لاگېرنى سۈجۇدىن قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كەلگەن. چوڭ لاگېر بىلەن بىللە چىققان سودىگەرلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن قۇمۇلغا كېلىپ توپلانغان. شۇنىڭ بىلەن «تۈزلىنىپ ئازگال ھەم قۇم بارخانلىرى، يېڭىدىن سېلىندى ئۆي ۋە سارايلار. سوزۇلۇپ ھەريانغا قاتار دۇكانلار، چۆمۈلدى شادلىققا شەھەر - بازارلار. قارىساڭ كوچىدا ئادەم مىغىلدار، خىلمۇ خىل ماللارغا تولغان رەستىلەر. يار بولدى بۇ يۇرتقا شادلىق ئىلاھى، ياڭرىدى ھەر ياندا سۇناي بۇرغىلار» (شياۋ شيۇڭ «غەربىي زېمىن ھەققىدە نەزمە—قۇمۇل») دېگەنىدەك ھالەت بارلىققا كەلگەن. يېڭىدىن بىنا قىلىنغان كوچىلارنىڭ بىرى يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن باشلىنىپ، يېڭىشەھەر كوچىسى ئارقىلىق جەنۇبىي دەرۋازىغا بارىدۇ، ئاندىن شەرققە بۇرۇلۇپ، خۇاگۇسەن بىلەن تۇتىشىدۇ؛ يەنە بىرى ھازىرقى تۆت كوچىدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

گۇاڭشۈنىڭ 9 - يىلى (مىلادى 1883 - يىلى) كونىشەھەر قايتىدىن ياسالغان. قۇرۇلۇشنى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن ئۈستىگە ئالغان. بۇنىڭغا ئىككى يىل ۋاقىت، 26 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش سەرپ قىلىنغان. كېڭەيتىلگەن كونىشەھەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يېرىم چاقىرىم بولۇپ، بۇرۇنقىدىن ئىككى ھەسسە كېڭەيگەن. ئۇنىڭ شەرقىي دەرۋازا، غەربىي دەرۋازا، جەنۇبىي دەرۋازا، شىمالىي دەرۋازا دېيىلىدىغان تۆت دەرۋازىسى بولغان. شەرقىي دەرۋازىغا «شياڭياڭ»، غەربىي دەرۋازىغا «يىشۇاڭ»، جەنۇبىي دەرۋازىغا «يىڭشۈن»، شىمالىي دەرۋازىغا «گۇڭچېڭ» دەپ نام بېرىلگەن. سېپىل راۋىقى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. شەھەر ئىچىدە شەرقتىن غەربكە ۋە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئىككى ئاساسىي كوچا بولۇپ، ئۇلار تۆت دەرۋازىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كوچى-

غا زو زۇڭتاڭ كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن، جاساق چىنۋاڭ ئىبادەتخانىسى، زو زۇڭتاڭ ئىبادەتخانىسى، دېڭ شياڭۋاڭ بۇتخانىسى قاتارلىقلار مۇشۇ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كوچىغا «دېڭيۇدىن يولى» دەپ نام بېرىلگەن. قۇمۇل ئۇرۇنباسار ساڭغۇنىنىڭ مەھكىمىسى ۋە لەشكەرگاھى مۇشۇ كوچىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ شەرقىي قاسنىقىغا جايلاشقان.

قۇمۇل ناھىيە بازىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئىزمەن، مۇشۇ چاغدا شەكىللەنگەن.

گۇاڭشۈنىڭ 10-يىلى (مىلادى 1884-يىلى) شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇپ، چوڭ لاگېر ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلگەن. چوڭ لاگېر بىلەن بىللە ماڭغان سودىگەرلەرمۇ تەڭلا غەربكە كۆچكەن. شۇ ۋەجىدىن قۇمۇل بازىرى چۆلدەرەپ قالغان.

مىنگونىڭ 2-يىلى (مىلادى 1913-يىلى) مەھكىمە ناھىيىگە ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كونا شەھەرگە جايلاشتۇرۇلغان.

مىنگونىڭ 23-يىلى (مىلادى 1934-يىلى) قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇمۇ كونا شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەمگە بەرگەن نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملىرى قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلغان، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدىن ئۆتىدىغان ئاپتوموبىل ۋە ئادەم بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئارمىيىسى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۆتكۈنچى سودىگەرلەر ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرگە خىزمەت قىلىدىغان سودا مۇلازىمەت كەسىپلىرى كۈندىن-كۈنگە جانلانغان. قۇمۇل بازىرى شىمالغا سەل-پەل كېڭەيگەن. شۇ چاغدا يېڭىدىن يەنە ئىككى كوچا يەنى دۆلەتمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىمالىي جۇڭشەن يولى بىلەن جەنۇبىي جيەنگو يولى بىنا قىلىنغان. ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دايىڭفاڭ (چوڭ گازارما) سوۋېت ئارمىيىسى قىزىل 8-تۇەنىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى ئايرودروم سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم ئۈچۈن بەرگەن ئايروپىلانلار قوراشتۇرۇلىدىغان جاي بولغان.

مىنگونىڭ 33-يىلى (مىلادى 1944-يىلى) ناھىيە بازىرىدا جۇڭشەن ۋە جۇڭجېڭدىن ئىبارەت ئىككى بازار تەسىس قىلىنىپ، بۇنىڭغا 14 باۋ قارايدىغان بولغان. مىنگونىڭ 36-يىلى (مىلادى 1947-يىلى) ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بازىرىدا ياشايدىغان ئادەم سانى 8994 كە يەتكەن. 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدا جەمئىي 1943 ئائىلە، 5453 ئادەم بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيە بازىرى كۈندىن كۈنگە ئاۋاتلاشقان. بولۇپمۇ 1959-يىلىنىڭ ئاخىرى لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولى ياسىلىپ پويىز قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولۇپ، خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. 50-يىللاردا ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئاساسەن، كونا بازار رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان. 60-يىللار باشلانغاندىن كېيىن، تۆمۈريول يېڭى مەھەللىسىنى مەركەز قىلغان يېڭىشەھەر رايونى ۋە قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل پولات زاۋۇتىنى مەركەز قىل-

غان سانائەت رايونى تەدرىجىي ۋۇجۇدقا كەلگەن. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا يېڭى ۋە كونا شەھەر رايونلىرى تەدرىجىي ھالدا بىر بىرى بىلەن تۇتىشىپ پۈتۈن بىر گەۋدىگە ئايلانغان. شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. 1977 - يىلى قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلغان چاغدا، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاھالىسى 15 مىڭ 111 ئائىلە، 78 مىڭ 610 نوپۇسقا يەتكەن.

1978 - يىلى ج ك پ قۇمۇل ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئورگىنى دايىڭفاڭغا كۆچكەن.

## ئاساسىي يوللار

**جۇڭشەن يولى:** جەنۇبتا كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن باشلىنىپ، چوڭ-كىچىك تۆت كوچىلاردىن ئۆتۈپ، شىمالدا خەلق مەيدانى جەنۇبىي يولىغا تۇتىشىدۇ. چوڭ تۆت كوچىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى جەنۇبىي جۇڭسەن يولى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كەڭلىكى توققۇز مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر كېلىدۇ. بۇرۇن بۇ كوچا جېنفەن كوچىسى دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ 33 - يىلى (مىلادى 1944-يىلى) جۇڭشەن يولىغا ئۆزگەرتىلگەن. چوڭ تۆت كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپى شىمالىي جۇڭشەن يولى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كەڭلىكى 19 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1100 مېتىر كېلىدۇ. 1958 - يىلى بۇ كوچا كېڭەيتىلگەن، 1964 - يىلى ئاسفالت يېپىتىلغان.

**جيەنگو يولى:** جەنۇبتا شەرقىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شىمالدا تۆمۈريولغا تۇتىشىدۇ. شەھەرلىك كىنو-تىياتىرخانىنىڭ جەنۇبى جيەنگو يولى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1100 مېتىر، كەڭلىكى توققۇز مېتىر كېلىدۇ. شەھەرلىك كىنو-تىياتىرخانىنىڭ شىمالى شىمالىي جيەنگو يولى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1600 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئاسفالت يېپىتىلغان.

**جەنۇبىي خەلق مەيدانى يولى:** شەرقتە جيەنگو يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن باشلىنىپ، غەربتە ئۇزۇن سەپەر يولىغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 950 مېتىر، كەڭلىكى 20 مېتىر كېلىدۇ، يولغا ئاسفالت يېپىتىلغان.

**شىمالىي خەلق مەيدانى يولى:** شەرقتە جيەنگو يولىدىن باشلىنىپ، غەربتە ۋەتەنپەرۋەرلىك يولىغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى توققۇز مېتىر كېلىدۇ. يولغا ئاسفالت يېپىتىلغان.

**ئازادلىق يولى:** غەربتە جۇڭخۇا يولىدىن باشلىنىپ، شەرقتە خۇاگوسەنگە تۇتىشىدۇ. چوڭ تۆت كوچىنىڭ شەرقىي تەرىپى شەرقىي ئازادلىق يولى، غەربىي تەرىپى غەربىي ئازادلىق يولى دەپ ئاتىلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر كېلىدۇ، بۇرۇن بۇ كوچا دېشېڭ كوچىسى دەپ ئاتالغان، مىنگونىڭ 33 - يىلى (مىلادى 1944 - يىلى) جۇڭجېڭ كوچىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1950 - يىلى كوچا نامى ئازادلىق يولىغا ئۆزگەرتىلگەن، يولغا ئاسفالت يېپىتىلغان.

**غالىبىيەت يولى:** شىمالدا شىياۋىپىڭفاڭدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا شىمالىي خەلق مەيدانى يولىغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 700 مېتر، كەڭلىكى توققۇز مېتر كېلىدۇ، يولىغا ئاسفالت يېيىتىلغان. 1966 - يىلى كوچا نامى بېكىتىلگەن.

**قىزىلبايراق يولى:** ئادەتتە ئاقيەر يولى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ شەرقتە باشلار يولىدىن باشلىنىپ، غەربتە جيەنگو يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 مېتر، كەڭلىكى توققۇز مېتر كېلىدۇ. يولىغا ئاسفالت يېيىتىلغان. 1966 - يىلى كوچا نامى بېكىتىلگەن.

**مەدەنىيەت يولى:** شەرقتە جەنۇبىي جيەنگو يولىدىن باشلىنىپ، غەربتە جۇڭخۇا يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 580 مېتر، كەڭلىكى سەككىز مېتر كېلىدۇ. يولىغا ئاسفالت يېيىتىلغان. 1964 - يىلى كوچا نامى بېكىتىلگەن.

**جۇڭخۇا يولى:** يېڭىشەھەر ئىچىدە بولۇپ، شىمالدا مەدەنىيەت يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا غەربىي ئازادلىق يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 مېتر، كەڭلىكى توققۇز مېتر كېلىدۇ. يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان.

**ئەركىنلىك يولى:** كونا شەھەر ئىچىدە بولۇپ، شەرقتە جۇمھۇرىيەت يولىدىن باشلىنىپ، غەربتە جەنۇبىي ئازادلىق يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 340 مېتر، كەڭلىكى توققۇز مېتر كېلىدۇ، يولىغا ئاسفالت يېيىتىلغان. بۇرۇن بۇ كوچا زوزۇڭتاڭ يولى دەپ ئاتالغان. 1950 - يىلى ئەركىنلىك يولى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**جۇمھۇرىيەت يولى:** جەنۇبتا كونا شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن باشلىنىپ، شىمالدا كونىشەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 مېتر، كەڭلىكى توققۇز مېتر كېلىدۇ. بۇ كوچىنىڭ شىمالىي قىسمى ئاسفالت يول، جەنۇبىي قىسمى توپىلىق يول. بۇرۇن بۇ كوچا دىگيۇەن يولى دەپ ئاتالغان. 1950 - يىلى جۇمھۇرىيەت يولىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**ۋەتەنپەرۋەرلىك يولى:** جەنۇبتا مەدەنىيەت يولىدىن باشلىنىپ، شىمالدا شىمالىي خەلق مەيدانى يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 930 مېتر، كەڭلىكى توققۇز مېتر كېلىدۇ. بۇ يولىغا ئاسفالت يېيىتىلغان.

**ئۇزۇن سەپەر يولى، شىمالىي تيانشان يولى:** شەرقتە جەنۇبىي خەلق مەيدانى يولىدىن باشلىنىپ، شىمالدا پويىز ئىستانسىسىغا تۇتىشىدۇ. ئاچالنىڭ شەرقىي تەرىپى ئۇزۇن سەپەر يولى، شىمالىي تەرىپى شىمالىي تيانشان يولى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئاسفالت يول 1959 - يىلى ياسالغان.

**نۇرلۇق يول:** شەرقىي تەرىپى شىمالىي خەلق مەيدانى يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي تەرىپى ۋوگزال ئالدى كوچىسىدىن ئۆتۈپ، تۈپتۈز پويىز ئىستانسىسىغا بارىدۇ، ئاسفالتلىق، 1960 - يىلىدىن باشلاپ ياسالغان.

## ئاساسىي كوچىلار

**بەخت كوچىسى:** شىمالدا غەربىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا جەنۇبىي جۇڭشەن يولىغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 500 مېتر، كەڭلىكى يەتتە مېتر كېلىدۇ.

ئۇ توپا يول بولۇپ، ئادەتتە چۆەنشىن كوچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. 1950 - يىلى ئۇنىڭ نامى بېكىتىلگەن.

**دېموكراتىيە كوچىسى:** شىمالدا مەدەنىيەت يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا غەربىي ئازادلىق يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر كېلىدۇ. ئۇ، توپا يول بولۇپ، بۇرۇن قۇملۇق كوچا دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ 35 - يىلى (مىلادى 1946 - يىلى) بۇ نام مېھرىبانلىق كوچىسىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1950 - يىلى نامى بېكىتىلگەن.

**خېنەن كوچىسى:** غەربتە جۇڭشەن جەنۇبىي يولىدىن باشلىنىپ، شەرقتە تىنچلىق كوچىسىغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 355 مېتىر، كەڭلىكى تۆت يېرىم مېتىر كېلىدۇ، توپا يول، مىنگونىڭ 32 - يىلى (مىلادى 1943 - يىلى) خېنەن ئۆلكىسىدە، ئاپەتكە ئۇچراپ سەرگەردان بولۇپ قۇمۇلغا چىققان مۇساپىرلار مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشقانلىقتىن، خېنەن كوچىسى دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالغان.

**تىنچلىق كوچىسى:** شىمالدا شەرقىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا خېنەن كوچىسىغا تۇتۇشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر كېلىدۇ، توپا يول. بۇرۇن ئۇيۇشما كوچىسى دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ 35 - يىلى (مىلادى 1946 - يىلى) بۇ نام تىنچلىق كوچىسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئىتتىپاق كوچىسى:** شەرقتە جۇڭخۇا يولىدىن باشلىنىپ، غەربىي تەرىپى غەربىي ئۆستەڭگە تۇتۇشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىر، كەڭلىكى يەتتە يېرىم مېتىر، توپا يول، 1950 - يىلى ئۇنىڭ نامى بېكىتىلگەن.

**بىرلىك كوچىسى:** جەنۇبتا غەربىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، شىمالدا ئىتتىپاق كوچىسىغا تۇتۇشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 325 مېتىر، كەڭلىكى تۆت مېتىر، توپا يول. بۇ كوچىنىڭ بۇرۇنقى نامى ئىلاھە بۇتخانىسى كوچىسى دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ 33 - يىلى (مىلادى 1944 - يىلى) نومۇسنى بىلىش ناملىق كوچىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1950 - يىلى كوچا نامى يەنە بىرلىك كوچىسى دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن.

**يېڭى بازار كوچىسى:** شەرقتە جۇڭخۇا يولىدىن باشلىنىپ، غەربتە 3 - باشلانغۇچ مەكتەپكە تۇتىشىدۇ، توپا يول. بۇ كوچىدا جەنۇبتىن شىمالغا كەتكەن بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كوچا دەيدىغان ئۈچ ئارقا كوچا بار. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېڭى شەھەر لەشكەر گاھى بولغان، كېيىن ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ئىلگىرى بۇ يەر كونا ئەسكەرخانا دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (مىلادى 1942 - يىلى) دىن باشلاپ ئاھالە رايونىغا ئايلانغان.

**شۇنچېڭ كوچىسى:** بۇ كوچا كونا شەھەردە بولۇپ، شىمالدا شەرقىي دەرۋازىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ئەركىنلىك يولىغا تۇتۇشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 250 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر، توپا يول.

**ناھىيىنىڭ ئارقا كوچىسى:** شەرقتە جۇمھۇرىيەت يولىدىن باشلىنىپ، غەربتە جەنۇبىي جۇڭشەن يولىغا تۇتۇشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر،

توپا يول. بۇرۇن جەنۇبىي جۇڭشەن يولى بىلەن تۇتاشمايتتى. 1967 - يىلىدىن باشلاپ تۇتاشتۇرۇلدى.

**غەربىي سىپىل كوچىسى:** شىمالدا جەنۇبىي جۇڭشەن يولدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ئاھالىلەر مەھەللىسىگە تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتر، كەڭلىكى بەش مېتر، توپا يول.

**شىمالىي دەرۋازا كوچىسى:** جەنۇبتا جۇڭخۇا يولدىن باشلىنىپ، شىمالدا ئاھالىلەر مەھەللىسىگە تۇتىشىدۇ، ئۇ، پەغەز شەكلىدە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 463 مېتر، كەڭلىكى يەتتە مېتر. توپا يول.

## ئاساسىي جامائەت ئىنشائاتلىرى

**شەھەر تېلېفونى:** 1974 - يىلى ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىكى تېلېفونلار پۈتۈنلەي ئاپتوماتىك تېلېفونغا ئۆزگەرتىلىپ، مىڭغا يېقىن تېلېفون ئورنىتىلغان.

**كوچا چىراغلىرى:** ئاساسلىق كوچىلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 300 دانە كوچا چىرىغى ئورنىتىلغان.

**كوچا ئاپتوبۇسى:** ئاپتوبۇس قاتنايدىغان ئىككى يول بار. بىرىنچى يول ئاپتوبۇسى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا ئالدىدىن قوزغىلىپ، چوڭ تۆت كوچا، يۇقىرى قۇملۇق، خەلق مېھمانخانىسى، ئاچال، قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدىن ئۆتۈپ پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ توختايدۇ. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتر كېلىدۇ. ئۈچىنچى يول ئاپتوبۇسى چوڭ تۆت كوچىدىن مېڭىپ، خۇاگۇسەن، كىنو - تىياتىرخانا، يولۇچىلار قاتناش بېكىتى، ئىككىنچى دوختۇرخانا، توكلىنىش ئامبىرى، تۆمۈريول بىرىنچى تەمىنلەش پونكىتى، شياۋخېگۇدىن ئۆتۈپ پويىز ئىستانسىسىغا بارىدۇ. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتر كېلىدۇ.

## ئاساسلىق مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى

**يېڭىۋىر كىنوخانىسى:** ئورنى يېڭى شەھەردىكى جەنۇبىي دەرۋازىدا بولۇپ، 1960- يىلى قۇرۇلغان. بۇ كىنوخانا بۇرۇن قۇمۇل بازىرىغا قاراشلىق بولۇپ، كېيىن ناھىيىگە قارايدىغان بولغان.

**كىنو - تىياتىرخانا:** ئورنى جەنۇبىي خەلق مەيدانى يولىنىڭ شەرقىي بېشىنىڭ شىمالىي قاسنىقىدا بولۇپ، 1959 -يىلى قۇرۇلغان. بۇرۇن پەڭجۇ تىياتىرخانىسى دەپ ئاتالغان، كېيىن كىنو - تىياتىرخانىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇ ۋىلايەتكە قارايدۇ.

**جەنۇبىي جۇڭشەن يولىدىكى يازلىق كىنوخانا:** ئورنى جەنۇبىي جۇڭشەن يولىنىڭ شەرقىي قاسنىقىدا بولۇپ، ناھىيىگە قارايدۇ.

**ئۈزۈن سەپەر يازلىق كىنوخانىسى:** بۇ كىنوخانا ئۈزۈن سەپەر يولىنىڭ شىمالىي قاسنىقىدا بولۇپ، ۋىلايەتكە قارايدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**شىياۋخېگۇ يازلىق كىنوخانىسى:** تۆمۈريول يېڭى مەھەللىسىدە بولۇپ، ۋىلايەتكە قارايدۇ.

**تۆمۈريول كۇلۇبى:** تۆمۈريول يېڭى مەھەللىسىدە بولۇپ، تۆمۈريول ئىدارىسىگە قارايدۇ.

**ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى كۇتۇپخانىسى:** ئورنى شىمالىي جۇڭشەن يولى بىلەن مەدەنىيەت يولى تۇتاشقان جايدا.

**ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا:** ئورنى جەنۇبىي خەلق مەيدانى يولى، كىنو ـ تىياتىرخانىنىڭ غەربىي قاسنىقىدا.

**ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە چاستوتا ئۆزگەرتىش ئىستانسىسى:** ئورنى باغۋەنچىلىك يولىنىڭ شىمالىي قاسنىقىدا.

## ئاساسلىق مەكتەپلەر

**ئالىي مەكتەپ:** قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ شۆيۈەنى.

**ئوتتۇرا تېخنىكومىلار:** ۋىلايەتلىك سەھىيە مەكتىپى، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى، ۋىلايەتلىك مالىيە مەكتىپى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى، ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى.

**ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر:** ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋىلايەتلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋىلايەتلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋىلايەتلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋىلايەتلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ؛ تۆمۈريول ئىدارىسىگە قاراشلىق تۆمۈريول 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى، تۆمۈريول 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى؛ بىڭتۇەنگە قاراشلىق قىزىلىيۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتىپى؛ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا قاراشلىق پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپى.

**باشلانغۇچ مەكتەپلەر:** قۇمۇل بازىرىغا قاراشلىق 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، تۆمۈريول، بىڭتۇەننىڭ تۈەن ـ مەيدانلىرىدا، 6 ـ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، قۇمۇل پولات زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە پەرزەنتلەر مەكتىپى بار.

## ئاساسلىق دوختۇرخانىلار

قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، قىزىلىيۇلتۇز دوختۇرخانىسى، تۆمۈريول دوختۇرخانىسى، «154» دوختۇرخانا.

## ئاساسلىق زاۋۇتلار

قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى، ۋىلايەتلىك پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك تراكتور رېمونت زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى

زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل زاۋۇتى، تۆمۈريول كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتى.

## قوشۇمچە: ناھىيىنىڭ نامى توغرىسىدىكى خىلمۇ خىل تەھقىقلەشلەر ۋە ئىزاھلار

قۇمۇل قەدىمكى زاماندا خەنزۇ يېزىقىدا 昆吾 (كۈنۋۇ) دەپ يېزىلغان («يۈەنخې يىلىدىكى ۋىلايەت ـ ناھىيە تەزكىرىسى»گە قارالسۇن). خەن سۇلالىسى دەۋرىدە 伊吾卢 (يىۋۇلۇ) ياكى 伊吾 (يىۋۇ) دەپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە 哈密力 (خامىلى)، 合梅力 (خېمېيلى)، 哈迷里 (خامىلى)، 渴密里 (خېمىلى)، 感木鲁 (گەنمۇلۇ)، 罕勉力 (خەنمىيەنلى) دەپ يېزىلىپ كەلگەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە 哈密 (خامى) دەپ يېزىلىپ تاكى ھازىرغىچە شۇنداق يېزىلىپ كەلمەكتە. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى «قۇمۇل» نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىزچىل تۈردە «قۇمۇل» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

بىر جاينىڭ نامى نېمە ئۈچۈن بۇنداق خىلمۇ خىل تەرجىمە قىلىنىدۇ؟ بۇ تەرجىمىلەرنىڭ ئۆزئارا قانداق پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى بار؟ مەنىسى نېمە؟ بۇ مەسىلىلەرنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى بىرقانچە يۈز يىل جەريانىدا نۇرغۇن لىغان ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر ئاساسلاپ ۋە تەتقىق قىلىپ، تۈرلۈك ئىزاھات ۋە جاۋابلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مۇنداق بىرنەچچە خىل قاراش بار:

ئەڭ بالدۇر خەنمى (扦罙) دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇ قاراشنى ئەڭ ئاۋال چيەنلۇڭ خان توغرا تاپقان، ئۇ «قازاق ئەلچىلىرى يارلىققا باشلانغان ئوۋدا چىققاندا» دېگەن شېئىرنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق دېگەن: «تارىخنامىلەردە يېزىلىشىچە، خەنمى (扦罙) بىلەن ئۇدۇن (于阗) پەرغانىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئىكەن. خەنمى دېگەن ئىسىم ھازىرقى خامى (قۇمۇل) دېگەن ئىسىمغا ئاھاڭ جەھەتتىن ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. بەزىلەر خامىنى قەدىمكى زاماندىكى يىۋۇ (ئىۋىرغول) دەپ قاراپ، بۇنىڭغا تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ ئۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ۋىلايەت ـ ناھىيە قۇرغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. لېكىن، ئۇلار شۇنىڭدىن بىخەۋەركى، خەن سۇلالىسى يىۋۇنى ئىگىلەپ، ئۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەندە، خەنمىلىقلار غەربكە كۆچۈپ ئۇدۇنغا بېرىپ ماكانلاشقان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئاجىزلاشقاندا، خەنمىلىقلار يەنە بۇرۇنقى ماكانىغا قايتىپ كەلگەن» («غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»گە قارالسۇن).

扦罙 «خەنمى» قەيەردە؟ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «ياكەنگۇەن قوۋۇقىنىڭ 1600 چاقىرىم غەربىدە پىچان، ئۇنىڭ 720 چاقىرىم غەربىدە چەرچەن، ئۇنىڭ 2000 چاقىرىم غەربىدە نىيە، ئۇنىڭ 460 چاقىرىم غەربىدە خەنمى، يەنە ئۇنىڭ 390

چاقىرىم غەربىدە ئۇدۇن بار» دەپ ئىسپاتلانغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، خەنىمى نىيە بىلەن ئۇدۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ياڭگۇەن قوۋۇقى بىلەن بولغان ئارىلىقى 3780 چاقىرىم كېلىدۇ. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە يۇقىرىدىكى ئىزاھاتتىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن: «يىۋۇ بىلەن خامىنىڭ ئاھاڭى بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، خەنىملىقلار دائىم بۇ يەرنى ماكان قىلىپ كەلگەچكە، بۇ يەرنىڭ نامى خەنىمدىن ئۆزگىرىپ ‹خامى› بولۇپ قالغان.... خەنىملىقلارنىڭ زادى قاچان كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش قىيىن، لېكىن خامى دېگەن ئىسىمنىڭ خەنىمدىن كېلىپ چىققانلىقى خاتا بولمىسا كېرەك.»

بۇنىڭدىن كېيىن قارامىل دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا چىققان.

چىيەنلۇڭ يىللىرىدىكى «خان بېكىتكەن دۆلەت زېمىنى ھەققىدىكى قىسقىچە خاتىرە»دە، مۇنداق دەپ يېزىلغان: «خامى دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە قارامىل دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان. قارا — كۆزىتىش دېگەن مەنىنى، مىل — تۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە ئەتراپنى كۆزىتىدىغان تۇرا بولغانلىقى ئۈچۈن جاي نامى شۇنداق دەپ ئاتالغان.» شۇ مەزگىلدە يېزىلغان «خان بېكىتكەن غەربىي يۇرتتىكى يەر نامىلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنغان تەزكىرىسى» دىمۇ: «خامى دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە قارامىل دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان. قارا — كۆزىتىش دېگەن مەنىنى، مىل — تۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ يەردە ئەتراپنى كۆزىتىدىغان تۇر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن.

بۇ ئىككى كىتابتىكى كۆز قاراش بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا «جۇمى» دەيدىغان قاراشمۇ بار.

بۇ قاراشنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياشىغان ئالىم تاۋ باۋلىيەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «شىنماۋ يىللىرىدىكى ھەمراھلىق سەپەر خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇيغۇرلار خامىنى قۇمۇل دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكى يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان كىشىلەر قۇمۇلنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىۋۇ (ئىۋۇرغول) ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، لېكىن قۇمۇل دېگەن نامنىڭمۇ قەدىمكى نام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. (يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت-ناھىيىلەر تەزكىرىسى) دە ئىۋۇرغول ئايمىقىدىكى ناجى (لاپچۇق) ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە جۇمى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان، قۇمۇل ئەنە شۇ تاغ نامى بىلەن ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىمۇ شۇنداق دەپ ئاتالغان. ھازىرقى تۇغۇچىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى خامور داۋان قەدىمكى جۇمى تېغىدۇر. غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا خا، جۇ، كۇ، كې تاۋۇشلىرى ئوخشاش قوللىنىلىدۇ....، جۇمى (俱密)، خامى(哈密)، خامىلى (哈密力 خامېيلى(哈梅力)، خامۇر (哈木尔) دېگەنلەر بىر خىل تاۋۇشنىڭ ھەر خىل تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. ئەگەر ياشانغان يەرلىك كىشىلەردىن شەخسەن ئۆزۈم سوراپ بىلمىگەن بولسام، بۇنى قانداقمۇ شۇنچە تەپسىلىي بىلىپ كېتەي. ھالبۇكى غەربىي يۇرتنىڭ يەر نامىلىرىنى چۈشەندۈرگەندىمۇ ئاۋۋال خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە مۇشۇن-

www.uyghurkitap.com

داق ئىسمىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈش كېرەك. كۆپ ھاللاردا كونا ئىسىم داۋاملىق قوللىنىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرەلمەيمىز. ھازىر شۇ جايدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ياكى موڭغۇل تىلى دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇ توغرۇلۇق زورمۇ زور ئىزاھات بېرىلسە، ئىنچىكە تەتقىق قىلىنمايۋ، ئاڭلىغان گەپلەرگە ئىشىنىپ كېتىلسە، بىۋاسىتە تەكشۈرگەن تەقدىردىمۇ، يالغانغا يالغان قوشۇلۇپ، خاتا چۈشەنچە تېخىمۇ بەك تارقىلىپ كېتىدۇ».

تاۋ باۋلىيەن «زورمۇ زور ئىزاھات بېرىلسە» دېگەن جۈملىنىڭ ئاستىغا ئۇششاق خەت بىلەن يەنە: «قۇمۇلنى بەزىلەر موڭغۇل تىلىدىكى قارامىل دەپ ياكى گۈزەل جاي ۋە ياكى قۇملۇق دەپ ھەر خىل چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار مۇندىن مىڭ يىل بالدۇرقى جۇمى تېخى توغرۇلۇق نېمە دەپ ئىزاھات بەرمەكچىكىن؟» دەپ ئىزاھات يېزىپ قويغان.

تاۋ باۋلىيەن ئىلمىي تەتقىقاتتا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئالىم. «شىنجاڭ يىلنامىسىدىكى ھەمراھلىق سەپەر خاتىرىسى» دە غەربىي شىمالدىكى نۇرغۇن جايلارنىڭ تارىخى ۋە ئىقلىمى ناھايىتى زېرەكلىك بىلەن ئىسپاتلاپ چىقىرىلغان. بۇنى تارىخشۇناسلار ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلغان. ئۇ خامى دېگەن ئىسىم قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى جۇمى دېگەن تاغ ئىسمىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن تارتىپ مۇشۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە دەپ قارىغان. تاۋ باۋلىيەن ئۆزىنىڭ ئىزاھاتىدا يەنە تارىخىي نۇقتىدىن قارىماي، ھازىر شۇ جايدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ يەر ناملىرىنى كۆپ ھاللاردا ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى بويىچە قالايمىقان چۈشەندۈرۈشلىرىگە يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى تەنقىد قىلغان. ئۇ تەنقىت قىلغان بىرىنچى قاراش «قارامىل» (كۆزىتىش تۇراسى) دېگەن قاراشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا «گۈزەل جاي»، «قۇملۇق» دېگەن قاراشلار بولسا، قۇمۇل دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تىللار بىلەن چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئىككى خىل قاراشتىن ئىبارەت. بۇنداق گەپلەر ئاساسسىز، ئۇنىڭغا مۇتلەق ئىشەنگىلى بولمايدۇ. تاۋ باۋلىيەننىڭ قارىشىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولۇپ، شۆەنتۇڭنىڭ 3-يىلى پۈتۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە ھەم ـدىن بۇرۇن مۇشۇ كۆز قاراش نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

20-ئەسىرنىڭ 30-، 40-يىللىرىغا كەلگەندە، قازاق تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى بىرنەچچە ئالىم (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىغمەت، جاڭ شىمەن، سۇ بېيخەي قاتارلىقلار بار) قۇمۇل دېگەن ئىسىمنىڭ مەنبەئى ھەققىدە باشقىچە بىر خىل يېڭى ئىزاھاتنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار مۇنداق دەپ قارىغان: خەن سۇلالىسىنىڭ ۋېندى 4-يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176-يىلى) ھونلار لەشكەر تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئۇسۇن، توخرى قاتارلىق 36 قەبىلە بەگلىكىنى تارمار قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇسۇنلار قۇمۇل دىيارىدا ياشىغىلى بىرنەچچە ئەسىر بولغانىدى. ئۇلار قۇمۇلنى بەگلىكنىڭ پايتەختى قىلىپ، بەگلىك نامىنى

«كۆنمۇ» (كۆنمى) دەپ ئاتىغان، مانا شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ قۇمۇل دىيارى «كۆنمۇ» (كۆنمى) نامى بىلەن ئاتالغان. كېيىن ئۇيسۇنلار هونلارنىڭ قىستىشى بىلەن غەربكە كۆچۈپ ئىلىغا بارغان، قۇمۇلنى هونلار ئىگىلىۋالغان. لېكىن «كۆنمۇ» (كۆنمى) دېگەن بۇ ئىسىم ساقلىنىپ قالغان ھەم ئۇنى بوستانلىقتا ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقى داۋاملىق قوللانغان. قۇمۇل دېگەن «ئىسىم كۆنمۇ»نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان.

«كۆنمۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا سۇ بېيخەي ئەپەندى «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى» (لەنجۇ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتى تۈزگەن، 1982-يىللىق 3-سانىغا قارالسۇن) دە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە ئىزاھات بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇيسۇنلار قەدىمكى زاماندا ئاسمان، زېمىن، قۇياش، ئاي ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇناتتى. بولۇپمۇ قۇياشنى ئىلاھ بىلىپ، ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىنى كۈنچىقىشقا قارىتىپ ئېچىپ، قۇياش چىققان تەرەپكە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيتتى، ئۇيسۇنلارنىڭ كۆنمۇ دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، قەدىمكى تۈرك تىلىدا «كۈن» (昆) دېگەن سۆز قۇياش دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، خەنزۇچە 莫(مۇ)، 弥(مى) دېگەن خەتلەر «伯» (بەي يەنى بەگ) خېتىنىڭ ئۆزگەرگەن ئاھاڭى بولۇپ، ھۆكۈمران ياكى باشلىق مەنىسىنى بىلدۈرەتتى. دېمەك، 昆莫(كۆنمۇ)، 昆弥(كۆنمى) يەنى 昆伯(كۆنبەگ) دېگەن ناملار «قۇياشتەك ئۇلۇغ باشلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇنىڭدىن قۇمۇل دېگەن ئىسىمنىڭ ئەسلىدە قۇياشقا ئوخشاش ھۆكۈمران دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «كۆنبەگ» سۆزىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# IV باب گۇڭشې (مەيدان)لار

## §1. شەھەر ئىچى گۇڭشېسى

شەھەر ئىچى گۇڭشېسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە پالۋانتۇر گۇڭشېسى بىلەن، غەربتە ئاستانە گۇڭشېسى بىلەن، جەنۇبتا راھەتباغ گۇڭشېسى بىلەن، شىمالدا شەھەرگە قاراشلىق شەھەر ئەتراپى گۇڭشېسى بىلەن قوشنا. يەر كۆلىمى 1810.6 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 64.8 كۋادرات كىلومېتىر يېرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 93°19′—93°31′. شىمالىي كەڭلىك 42°46′—42°52′ ئارىلىقىدا توغرا كېلىدۇ. گۇڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن دېڭىز يۈزىدىن 748 مېتىر ئېگىزلىكتە.

شەھەر ئىچى مىڭ، چىڭ سۇلالىرى دەۋرىدە قۇمۇل ۋاڭى ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن جاي. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې يىللىرى (مىلادى 1403 — 1424-يىللىرى) قۇمۇل موڭغۇل ۋاڭىنىڭ ئوردىسى شەھەر ئىچىدە بولغان. تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ۋاڭى ئەبەي-

دۆللا چىلى سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانىدىن كېيىن، كاشىنىڭ 56 - يىلى (مىلادى 1717 - يىلى) شەھەر ئىچى قايتىدىن ياسالغان. «بۈيۈك چىلى سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە «شەھەر تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، دائىرىسى تۆت چاقىرىم، شەرق ۋە شىمال تەرەپلىرىدە ئىككى دەرۋازىسى بار، بىرقانچە يۈز ئۆيلۈك ئاھالە ئولتۇراقلاشقان، ھەممە ئۆيلەر كېسەكتىن ياسالغان. شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ بار، شىمالىي تەرىپىدە ئېگىز تاغ بار، قالغان ئۈچ تەرىپى بىپايان تۈزلەڭلىك. بۇ يەردە بۇرۇندىن تارتىپ ۋەزىر - ۋۇزرالار ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن، ھازىر ئۇيغۇرلار ئولتۇرىدۇ.» دەپ خاتىرىلەنگەن.

شەھەر ئىچى چىلى سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ مىنگونىڭ 19 - يىلى (مىلادى 1930 - يىلى) غىچە ئىزچىل تۇردە قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئورۇن بولۇپ كەلگەن. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى بىرنەچچە ئەۋلاد ھۆكۈمرانلارنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇشى بىلەن ناھايىتى زور ۋە ھەشەمەتلىك ئىمارەت بولۇپ شەكىللەنگەن. ئەپسۇسكى، تۆۋەنكى يىللىرىدىكى يېغىلىقلاردا ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ئاخىرقى ۋاڭ شاھ مەخسۇت تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىرقانچە ئون يىل باش قاتۇرۇپ پىلانلاش نەتىجىسىدە خەلقنىڭ نۇرغۇن قان - تەرى بەدىلىگە بۇ ھەشەمەتلىك ئوردا ئىككىنچى قېتىم ئەسلىگە كەلگەن.ئاخىرقى قۇمۇل ۋاڭى مىنگونىڭ 19 - يىلى (مىلادى 1930-يىلى) 6 - ئايدا ئۆلگەن. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، ئوردىنى ئۆلكە ئەسكەرلىرى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

شەھەر ئىچىدىكى ئەمگەكچى خەلق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ چاكىرى بولۇپ كەلگەن. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بۇنى سۈرۈشتە قىلالمىغان. مىنگونىڭ 19 - يىلى (مىلادى 1930 - يىلى) ئەمەل ۋارىسلىقنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش يولغا قويۇلۇپ، ۋاڭنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (مىلادى 1942 - يىلى) شەھەر ئىچىدە رايونلۇق مەھكىمە تەسىس قىلىنغان، ئۇ ئىككى يىلدىن كېيىن يېزىلىق مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، شەھەر ئىچى رايونى قۇرۇلۇپ، يالاڭ كارىز (1 - يېزا)، شەھەر ئىچى (2 - يېزا)، راھەتباغ (3 - يېزا)، بوغاز (4 - يېزا) دىن ئىبارەت تۆت يېزا، جەمئىي 1789 ئائىلە، 9977 ئادەم بۇ رايونغا قاراشلىق بولغان.

1956 - يىلى يالاڭ كارىزدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان، كېيىنكى يىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى بۇ ئەتراپتا يەنە ج خ باشقارمىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇرغان، 1958 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلگەن. مانا بۇ كېيىن قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاساسى ئىدى.

1958 - يىلى گۇڭشېلاشقان چاغدا، شەھەر ئىچى (راكېتا) گۇڭشېسى قۇرۇلغان، ئۇ ھازىرقى شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغازلاردىكى 18 دادۈي، 79 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

1962 - يىلى شەھەر ئىچى گۈڭشېسىنىڭ دائىرىسى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ گۈڭشې ئۈچكە بۆلۈنۈپ، بوغاز، راھەتباغ، شەھەر ئىچىدىن ئىبارەت ئۈچ گۈڭشې بولۇپ قۇرۇلغان. شەھەر ئىچى گۈڭشېسىنىڭ قارمىقىدا چاھارباغ، جىيەنگو، جىگدە قۇدۇق، جىيۇلۇڭشۇ، مەگەشتىن ئىبارەت بەش دادۈي، 21 ئىشلەپچىقىرىش دۈي تەسىس قىلىنغان.

1977 - يىلى چاھارباغ دادۈي (بەش ئىشلەپچىقىرىش دۈي قاراشلىق) قۇمۇل شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلگەن.

شەھەر ئىچى گۈڭشېسى شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان گۈڭشېلارنىڭ بىرى. يەرلىرى مۇنبەت، قاتناش قولايلىق، ئاھالىسى زىچ بولۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. قۇمۇل ناھىيىسىدىكى مەشھۇر ئالتۇنلۇق، جىيۇلۇڭشۇ، ۋىلايەت بويىچە ھەممىدىن چوڭ ھېيتىكا جامەسى ۋە باشقىلار مۇشۇ گۈڭشېنىڭ تەۋەسىدە، شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مەكتەپ بولۇپ، مىنگونىڭ 26 - يىلى (مىلادى 1937 - يىلى) قۇرۇلغان، ئۇ، ناھىيە بويىچە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا دەرس ئوقۇلىدىغان يېگىنچە مەكتەپ. 1983 - يىلى بۇ مەكتەپتە 24 سىنىپ بولۇپ، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.2% كە يەتكەن. شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپىگە ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قوشنا جايلاشقان.

بۇرۇن يەرلەر ئاساسەن، غەربىي ئۆستەڭدىن كېلىدىغان بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلاتتى. سۇ مەگەش ئېرىق بىلەن قاغىم ئېرىق ئارقىلىق كېلەتتى. 70 - يىللاردىن بۇيان، 60 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلغان (يۇرۇشلەشتۈرۈلگىنى 44)، 26.9 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ئون كىلوۋولت ئامپېرلىق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلغان. گۈڭشېدا چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 14 ى، كىچىك تىپتىكى تراكتوردىن يەتتىسى بولۇپ، ھەر يۈز مو تېرىلغۇ يەرگە 11.75 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلگەن. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 64 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 42.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۈڭشې قارمىقىدا بەش دادۈي، 16 ئىشلەپچىقىرىش دۈي، 1023 ئائىلە، 4737 ئادەم بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 95.3% نى تەشكىل قىلغان. ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 3 مىليون 965 مىڭ جىڭغا يېتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 619.5 جىڭدىن توغرا كەلگەن. ياغلىقدان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 180 مىڭ جىڭغا يەتكەن. دۆلەتكە 695 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 37 مىڭ جىڭ ياغلىقدان تاپشۇرۇلغان ۋە سېتىپ بېرىلگەن. ھەر خىل چارۋا مال سانى 2300 تۇياققا يەتكەن. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپتىن قىلىنغان ئومۇمىي كىرىم 913 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 742 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 156.6 يۈەندىن توغرا كەلگەن.

## 2§. راھەتباغ گۇڭگۇشىسى

راھەتباغ گۇڭگۇشىسى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە پالۋانتۇر گۇڭگۇشىسى بىلەن، غەربتە ئاستانە گۇڭگۇشىسى بىلەن، جەنۇبتا بوغاز گۇڭگۇشىسى بىلەن، شىمالدا شەھەر ئىچى گۇڭگۇشىسى بىلەن چېگرىداش. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 92°19′ — 92°39′، شىمالىي كەڭلىك 42°35′ — 42°47′ ئارىلىقىدا توغرا كېلىدۇ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 331·2 كۋادرات كىلومېتىر. گۇڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 720 مېتىر ئېگىز. بۇ يەر بۇرۇندىن تارتىپلا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ئۇيغۇر بالىق» دەپ ئاتالغان. «بالىق» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «شەھەر، بازار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىن ئۇيغۇر تىلىدا «راھەتباغ» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جاي قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئاتا مىراس يېرى بولۇپ قالغان. مىنگونىڭ 31-يىلى (مىلادى 1942-يىلى) دىن كېيىن شەھەر ئىچى رايونى (يېزىسى) غا قارايدىغان بولغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شەھەر ئىچى رايونىغا قاراشلىق ئۈچ يېزا بولغان، گۇڭشېلاشقاندىمۇ يەنىلا شەھەر ئىچى گۇڭگۇشىسىغا قاراشلىق بولغان. 1962-يىلى 10-ئايدا شەھەر ئىچى گۇڭگۇشىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان.

راھەتباغ گۇڭگۇشىسىنىڭ يەرلىرى، ئاساسەن، غەربىي ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، مەھەللە-ئاھالىلەر ئۆستەڭنى بويلاپ ئورۇنلاشقان. بۇ يەرنىڭ سۇ مەنبەسى مول، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، خۇددى يېشىل مەخمەلدەك ئوت-چۆپ بوك-باراخسان، دەل-دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان. شىمالدا شەھەر ئىچى گۇڭگۇشىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايدا ئۆتمۈشتە قۇمۇل ۋاڭىغا تەۋە بولغان 50 مو كېلىدىغان بىر چوڭ باغ بار.

راھەتباغ گۇڭگۇشىسىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى، ئاساسەن، شەرقىي ۋە غەربىي ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى ھەم قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇ گۇڭشېدا 8 مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغدۇرغان بىر سۇ تەڭشەش ئامبىرى بار. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا 69 ماشىنىلاشقان قۇدۇق (يۇرۇشلەشتۈرۈلگىنى 48) قېزىلدى، 35·37 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئون كىلوۋولت ئامپېرلىق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپىدىكى تراكتوردىن توققۇزى، كىچىك تىپىدىكى تراكتوردىن يەتتىسى بولۇپ، ھەر يۈز مو تېرىلغۇ يەرگە 2·91 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كېلىدۇ. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 51·2 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 34·8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې تەۋەسىدە 17 سىنىپلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ

www.uyghurkitap.com

باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدا ئۈچ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، 42 سىنىپلىق بەش باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98% كە يەتتى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ گۇڭشېنىڭ تېرىلغۇ يېرى 21 مىڭ 300 موغا يېتىپ، قارىمىقىدا ئۇن دادۈي، 34 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، 1621 ئائىلە، 8304 ئادەم بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 93.3% نى تەشكىل قىلىدۇ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 8 مىليون 87 مىڭ جىڭغا يېتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 462 جىڭدىن توغرا كەلدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشى 973.9 جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقاردى. ياغلىقدان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 208 مىڭ جىڭغا يەتتى. دۆلەتكە 1 مىليون 409 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 56 مىڭ جىڭ ياغلىقدان سېتىپ بېرىلدى ۋە تاپشۇرۇلدى. ھەر خىل چارۋا ماللىرى 8700 تۇياققا يەتتى. ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 1 مىليون 296 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 156 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## 3§. بوغاز گۇڭشېسى

بوغازگۇڭشېسى راھەتباغ گۇڭشېسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 92°36′—94°13′، شىمالىي كەڭلىك 40°43′—42°04′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ گۇڭشېنىڭ ئومۇمىي مەيدانى 15253.8 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 17.95 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. گۇڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن ناھىيە بازىرىدىن 33 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 570 مېتىر ئېگىز.

قۇمۇلنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئۆستەڭ سۇلىرى ئەگرى - توقاي غوللارنى بويلاپ شىمالدىن جەنۇبقا ئېقىپ كېلىپ بىر ئويمانلىققا يىغىلىپ كۆل ھاسىل قىلىدۇ. بوغاز گۇڭشېسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى ساركۆل قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ ئويمان يېرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 53 مېترلا ئېگىز. 1982 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بوغاز چۆللۈكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا 37 مىڭ 300 مو توغراقلىق، 30 مىڭ مو يۇلغۇنلۇق بولغان.

بوغاز دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شەھەر ئىچى رايونى (يېزىسى) غا تەۋە ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شەھەر ئىچى رايونىغا تەۋە 4 - يېزا بولدى. 1958 - يىلى گۇڭشېلاشقاندا، شەھەر ئىچى گۇڭشېسىنىڭ قارىمىقىدا بولدى. 1962 - يىلى بۆلۈنۈپ چىقىپ، بوغاز گۇڭشېسى بولۇپ قۇرۇلدى. قارىمىقىدا بەش دادۈي تەسىس قىلىندى.

بوغاز گۇڭشېسىنىڭ تۆت ئەتراپى چۆل - جەزىرە بولۇپ، قۇم - بوراننىڭ زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتىدا بوران تېخىمۇ ئېغىر

زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. تېرىلغان زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىۋېتىدىغان، قايتا تېرىغاننى يەنە نابۇت قىلىۋېتىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. قىش پەسلىدىكى بىكار سۇلارنى توپلاپ پايدىلىنىش ئۈچۈن 1960 - يىلى 20 مىليون كۇبمېتىر سۇ سىغدىغان بوغاز سۇ ئامبىرى ياسالدى. 1959 - يىلى چېگرا قورۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشتى. ئۇلار يەرلىك ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بىرلىكتە كۆپ يىللار تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بۇ يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى قەدەممۇ قەدەم ياخشىلىدى.

بوغاز قۇمۇل ناھىيىسى بويىچە قوغۇن كۆپ تېرىلىدىغان ئاساسلىق جاي، بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ كۆزلۈك قوغۇنى داڭلىق. يىللىق قوغۇن مەھسۇلاتى 2 - 3 مىڭ تونىنا ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ يەردىن چىقىدىغان باش پىيازمۇ ناھايىتى كۆپ، يىللىق مەھسۇلاتى 4 - 5 مىڭ تونىنا ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلار بىلەن شەھەرنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلغاندىن تاشقىرى، خېلى كۆپ قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېتىلىدۇ. قوغۇننىڭ بىر قىسمى ئېكسپورت قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەھسۇلاتتىن قىلىنغان كىرىم ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى ۋە ئەزالار دارامىتىنىڭ زور قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بوغاز گۇڭشېسىنىڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 1980 - يىلى پۈتۈپ توك بەرگەندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يورۇتۇش شارائىتى ياخشىلاندى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې بويىچە تۆت سىنىپلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدىكى بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، 22 سىنىپلىق ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.4% كە يەتتى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشېغا قاراشلىق چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن ئالتىسى، كىچىك تىپتىكى تراكتوردىن بىرى بولۇپ، ھەر يۈز مو تېرىلغۇ يەرگە 3.42 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلدى. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 76 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 71.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې قارىمىقىدا بەش دادۈي، 13 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، 594 ئائىلە، 3279 ئادەم بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 74.7% نى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 25.3% نى تەشكىل قىلىدى، بۇ گۇڭشېنىڭ جەمئىي 8800 مو تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 687 مىڭ جىڭغا، ياغلىقدان مەھسۇلاتى 31 مىڭ جىڭغا يەتتى، دۆلەتكە 45 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 11 مىڭ جىڭ ياغلىقدان سېتىپ بېرىلدى ۋەتاپشۇرۇلدى. ھەرخىل چارۋا مال 4500 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا مال 660 قا يەتتى. ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 225 مىڭ يۈەن، ساپ كىرىمى 1 مىليون 779 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 543 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## §4. تاشۇبلىق گۇڭشېسى

تاشۇبلىق گۇڭشېسى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ، ناھىيە بويىچە بىردىن بىر دۆلەت چېگرىسى بار ياقا گۇڭشېسى. ئۇ، شەرقتە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇبى ۋە ئەنشى ناھىيىلىرى بىلەن، غەربتە ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن، جەنۇبتا بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسى بىلەن، شىمالدا ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 94°02′ — 96°23′، شىمالىي كەڭلىك 41°41′ — 43°04′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 20 مىڭ 20507 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قىزىلىيۇلتۇز 2 - چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ 3170.2 كۋادرات كىلومېتىر يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ناھىيە بويىچە زېمىنى ئەڭ كەڭ گۇڭشې. گۇڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن ناھىيە بازىرىدىن 98كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1670 مېتىر ئېگىز.

تاشۇبلىق قەدىمكى تۈرك تىلىدا «تالناچىن»، «تالياچىن» دەپ ئاتالغان. بۇ سۆزلەر قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «تارانچى» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، دېھقان دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنچە خەنزۇلار تالناچىن دېگەن ئىسمىنى قىسقارتىپ چىنچېڭ《沁城》 دەپلا ئاتايدىغان بولغان. ئۇيغۇرچىدا تاشۇبلىق (تاشبالىق) دەپ ئاتالغان. بۇ، «تاش شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سۇي سۇلالىسى بۇ يەردە رويان قورغىنىنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا رويان ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئېۋىرغول ئايمىقىنىڭ زېمىن تەزكىرىسى» نىڭ پارچىلىرىدا: «رويان» ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېۋىرغول ئايمىقىغا بېرىش ئۈچۈن 240 چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ..... رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې 12 - يىلى بۇ يەردە ئېۋىرغول ئۇيغۇرلىرى بىرلىكتە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلغان. جېنگۇەنىنىڭ 4 - يىلى ئۇيغۇرلار ئۆز ئېلىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ جاي ناھىيە قىلىنىپ، قورغان نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن» دەپ يېزىلغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جايدا ھەربىي قوشۇنلار، سۈرگۈن قىلىنغان گۇناھكارلار ۋە كۆچمەنلەر كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلغان. تۇگۈڭ، ئەرگۈڭ، سەنگۈڭ، خۇاڭگۈڭ دېگەنگە ئوخشاش يەر ناملىرى ئەينى زاماندا چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنلىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلغاندا تۇرغان ئورۇنلارنىڭ ناملىرىدۇر. داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى (مىلادى 1845 - يىلى) لىن زېشۈ پادىشاھنىڭ يارلىقىغا بىنائەن تاشۇبلىققا كېلىپ ئېتىز - ئېرىق ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى تەكشۈرگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاشۇبلىقتا خېلى پۇختا سېپىل سېلىنغان، سېپىل ئىچىگە قاراۋۇللار ئورۇنلاشقان. مىنگو دەۋرىدە سېپىل ئىچى مۇشۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ گازارمىسى بولغان. مىنگونىڭ 36 - يىلى (مىلادى 1947 - يىلى) غىچە سېپىل ئاساسەن ساق تۇرغان، ئازادلىقتىن كېيىنلا بۇزۇۋېتىلگەن. تاشۇبلىقتىكى يالغۇز تويۇمدا چىڭ سۇلالىسى

www.uygurkitap.com

دەۋردە چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىنغان، شۇڭا خەنزۇلار ئۇ يەرنى دۇڭ مياۋ-ئېرگو شەرقىي (بۇتخانا جىلغىسى) دەپ ئاتىغان. چېنىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى بىر شېئىردا يالغۇز تويۇم (دۇڭ مياۋ ئېرگو) تىلغا ئېلىنىپ: «تاۋۇز يېيىدىم مەن ئويۇپ-كاسىلاپ، تاۋۇز چاغىنىنى ئۈزاتتىم خۇشال. مەن كەتتىم دالىغا بوز يەر ئاچقىلى، قېپقالدى ھۇجرىدا يېگانە توقال. ئۆتتۈنۈپ لەنجۇدىن ئېرىشتۇق ئاخىر، قاردەك ئاق كېگىزگە شۇنچە تېزلىكتە، ئاتلاندۇق تېزلىكتە يالغۇز تويۇمغا كۆيدۈرۈپ شام، بۇتنى تاۋاب ئەتمەككە» دەپ يېزىلغان. مەلۇمكى، يالغۇز تويۇم بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئەسىر بۇرۇنلا خېلى نامى بار جاي ئىدى. بۇ جايدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى مىنگونىڭ 20-يىلى (مىلادى 1931-يىلى) ماجۇڭيىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن.

تاشۋېلىق گۆكشېسى دېھقانچىلىقتا، ئاساسەن، تاغ سۈيىگە ۋە كارىز سۈيىگە تايىنىدۇ. 1968-يىلى پۈتكەن قوشماق غول ئۆستەڭگى بىلەن 1975-يىلى ئاردىم دادۈيىگە تۇتاشتۇرۇلغان ئۇلاتاي غول ئۆستەڭگى بۇ گۆكشېنىڭ ئاساسلىق سۇ ئىنشائاتلىرى ھېسابلىنىدۇ. گۆكشې تەۋەسىدە جەمئىي 67 كارىز بار، بۇ گۆكشې ناھىيە بويىچە كارىز ئەڭ كۆپ گۆكشې. 1976- ۋە 1980-يىللىرى قوشماق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە خوتۇنتام سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، تاغلىق كەنتلەرنىڭ يورۇتۇش ۋە دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش شارائىتى ياخشىلاندى. 1983-يىلى بۇ گۆكشېدا چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 28 ى، كىچىك تىپتىكى تراكتوردىن يەتتىسى بولۇپ، ھەر يۈز مو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.77 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلدى. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 59 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 49 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدى.

گۆكشې بويىچە 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، سىنىپى ئون، باشلانغۇچ مەكتەپتە قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ تۆت، باشلانغۇچ مەكتەپ توققۇز، سىنىپى 87، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 85.54% كە يەتتى. 1982-يىلى بىر ئورۇندا مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) تاشۋېلىقتا رايونلۇق (يېزىلىق) مەھكىمە تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا 10 باۋ قارايدىغان بولغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، رايون تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىككى يېزا قارايدىغان بولىدى. 1959-يىلىنىڭ بېشىدا گۆكشې قۇرۇلغاندا، گۆكشې تەۋەلىكىدە 1230 ئائىلە، 4576 ئادەم بولغان. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۆكشې تەۋەلىكىدە 10 دادۈي، 36 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، 1783 ئائىلە، 11 مىڭ 190 ئادەم بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 61.9% نى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 38.1% نى تەشكىل قىلىدۇ. گۆكشېنىڭ 32 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بار، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 10 مىليون 160 جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى

401 جىڭغا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق مەھسۇلاتى 908 جىڭغا يەتتى. ئومۇمىي ياغلىقدان مەھسۇلاتى 889 مىڭ جىڭغا يەتتى. بۇ گوڭشې دۆلەتكە 2 مىليون 489 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 417 مىڭ جىڭ ياغلىقدان تاپشۇردى ۋە سېتىپ بەردى. قوتاندىكى چارۋا مال 99 مىڭ تۇياققا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 11 مىڭ تۇياق، دۆلەتكە 11 مىڭ 479 تۇياق قوي، 245 كالا، 47 چوشقا تاپشۇردى ۋە سېتىپ بەردى. ئومۇمىي كىرىم 3 مىليون 144 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق كىرىمى 750 مىڭ يۈەن بولدى. ساپ كىرىم 2 مىليون 155 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 193 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈت ئائىلىنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرغان تاۋار ئاشلىقى 10 مىڭ جىڭدىن ئېشىپ كەتتى. چارۋىچىلاردىن ئۈچ ئائىلىنىڭ يېشىغا توشقان چارۋىلارنى ئامان ساقلاش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

## §5. بۇلۇڭتوغراق گوڭشېسى

بۇلۇڭتوغراق گوڭشېسى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، شەرقتە تۆگە قوتىنى (لوتوچۈەنزە) دىن غەربتە ساۋۇلاققىچە 30 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ؛ شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرى پايانسىز چۆل - جەزىرىگە، غەربىي تەرىپى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىغا تۇتىشىدۇ، شىمالىي تەرىپى تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىغا ياندىشىپ تۇرىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 40′°93 — 13′°95، شىمالىي كەڭلىك 40°56′ — 42°52′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. يەر كۆلىمى 1309.9 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 634 كۋادرات كىلومېتىر يېرىنى، قىزىل يۇلتۇز 4 - دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 49 كۋادرات كىلومېتىر يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گوڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن ناھىيە بازىرىدىن 34 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 794 مېتىر ئېگىز.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا قاتنايدىغان چوڭ يول مۇشۇ جايدىن ئۆتەتتى. كوشوي، يەندۆڭ، ئەلتۆمۈر، ساۋۇلاقلار قومۇلنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مۇھىم بېكەتلەر ئىدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى شيې بىڭ ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدا ئەلتۆمۈردىن ساۋۇلاققىچە بولغان يول بويىدىكى مەنزىرىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «ئەلتۆمۈردە يەتتە ئۆرۈندا هارۋا دەنى، ئالتە ئۆيلۈك ئاھالە، بىر پەيجاڭ، بەش نەپەر ئاتلىق ئەسكەر بار ئىكەن. ئەتراپى پۈتۈنلەي ئوتلاق بولۇپ، توپ - توپ چارۋا پادىلىرى ئوتلايدىكەن. غەربىي شىمالدىكى دۆڭلۈكتە بىر بۇلاق بولۇپ، سۈيى ئۇلۇغ ھەم سۈزۈك ئىكەن. بۇلاقنىڭ سۈيى يۇقىرى، تۆۋەن ئىككى كۆلگە قۇيۇلىدىكەن. بۇ ئىككى كۆلنىڭ چۆرىسى ياغاچ بىلەن

قاشالانغان. يۇقىرىدىكى كۆلنىڭ سۈيى ئىچىشكە، تۆۋەنكى كۆلنىڭ سۈيى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىكەن. گۇەندى بۇتخانىسى كۆلنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، پەلەمپەي ئالدىغا 80 — 90 جىڭ كېلىدىغان يوغان قىلىچ قويۇلغان. ھويلىدا بىر قۇدۇق بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى ئىنتايىن تاتلىق ئىكەن. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا توغراق ۋە تېرەك ئۆستۈرۈلگەن، ئۇنىڭ سانى 20—30 تۈپكە يېتىدىكەن، ئۇلار ناھايىتى باراقسان كۈركەم ئۆسكەن. بۇنىڭ ئارىسىدا ئىككى تۈپ قېرى تېرەك بولۇپ، ئۇنىڭ غولىغا نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىكەن، ئۇ ناھايىتى كۆركەم كۆرۈنىدىكەن. ئەتىگەن سائەت 7.30 دا ئەلتۆمۈردىن يولغا چىقىپ، مەيىن شامالدا غەربىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىگىنىمىزدە، پايانسىز ئوتلاقلار، قويۇق ئۆسكەن كۆك قومۇشلار كۆزگە تاشلاندى. بۇ جاينىڭ تۇپرىقى بەكمۇ شورلۇق بولغاچقا، زىرائەت ئانچە ياخشى ئۆسمەيدىكەن. 35 چاقىرىم جايدىكى ياۋزەنزى بېكىتىدىن ئۆتۈپ يەنە 23 چاقىرىم يول ماڭغاندا، بۇلۇڭتوغراققا يېتىپ كەلگىلى بولىدىكەن. بۇ جاينىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپى مول بولۇپ، ئەتراپىتا چارۋا پادىلىرى ئوتلايدىكەن. يولنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىرنەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا مەھەللە بولۇپ، بىرقانچە ئۆيلۈك خەنزۇ ۋە خۇيزۇلار ياشايدىكەن. بۇنىڭدىن يەنە ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا ساۋۇلاق بولۇپ، ئۇ يەردە 11 ئۆيلۈك ئائىلە، تۆت ھارۋا دەنى، بىرقانچە 10 تۈپ ئاق تېرەك، سەككىز گېكتار تېرىلغۇ يەر بار ئىكەن. مەھەللە ئالدىدىن بىر ئۆستەڭ ئاقىدىكەن، ئەتراپ كۆپكۆك قومۇشلۇق ئىكەن.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) بۇلۇڭتوغراق ۋە گاداجىڭزىنىڭ ھەر بىرى بىردىن باۋغا ئايرىلىپ، ئاقيار يېزىلىق مەھكىمىگە قاراشلىق بولغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاقيەردە رايونلۇق مەھكىمە تەشكىل قىلىنىپ، بۇلۇڭتوغراق گاداجىڭزى يېزىسىغا قارايدىغان بولغان. 1956 - يىلى رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ يېزىلار بىرلەشتۈرۈلگەندە، ئاقيەر رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گاداجىڭزى يېزىسى ساقلاپ قېلىنغان. 1958 - يىلى بۇلۇڭتوغراق (ئالغا) گۇڭشېسى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئۈچ دادۈي، بەش ئىشلەپچىقىرىش دۈيى تەشكىل قىلىنغان. بۇ چاغدا، بۇ يەردە 871 ئائىلە، 2238 ئادەم بولغان. 1970 - يىلدىن بۇرۇن بۇلۇڭتوغراق بىلەن گاداجىڭزى دېھقانچىلىقتا، ئاساسەن، كارىز سۈيىگە تايىنىپ كەلگەن. ساۋۇلاق تەبىئىي كۆلچەك سۈيىگە تايانغان. ئىككى ئادەم ھەمكارلىشىپ تۇلۇم بىلەن سۇ توشۇپ شورتاڭلىقتا ئېچىلغان پارچە - پارچە ھەم تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ناھايىتى مۇشەققەتتە سۇغۇرغان. 1970 - يىلى بۇلۇڭتوغراققا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلغان. 1983 - يىلغىچە جەمئىي 129 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، بۇنىڭدىن 101 قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن. 62 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 10 كىلوۋولت ئامپېرلىق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 23 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 35 كىلوۋولت ئامپېرلىق توك سىمى تارتىلىپ، سۇغىرىش شارائىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، شۇنىڭ بىلەن، ساۋۇلاقتىكى كۆلچەكلەر تارىخ خاتىرىسى بولۇپ قالدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ گۇڭشېدا چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن

15 ى، كىچىك تىپتىكى تىراكتوردىن تۆتى بولۇپ، ھەر يۈز مو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.31 ئات كۈچىگە تەڭ تىراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلدى. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 96.9 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 89.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ئۇ، ناھىيە بويىچە ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان ۋە ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئەڭ كۆپ گۇڭشې بولۇپ قالدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې بويىچە بەش سىنىپلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان ئۈچ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، تۆت سىنىپلىق بەش باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولدى، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 94.8% كە يەتتى.

گۇڭشې بويىچە 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى دادۈي ئالتە، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى 26، ئائىلە 1404، ئادەم 6802. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 87% نى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 13% نى تەشكىل قىلىدۇ. گۇڭشېنىڭ 17 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 11 مىليون 726 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 756.5 جىڭغا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق مەھسۇلاتى 1724 جىڭغا يەتتى؛ ئومۇمىي ياغلىقدان مەھسۇلاتى 889 مىڭ جىڭغا يەتتى. دۆلەتكە 5 مىليون 5000 جىڭ ئاشلىق، 408 مىڭ جىڭ ياغلىقدان تاپشۇرۇلدى ۋە سېتىپ بېرىلدى. قوتاندىكى جەمئىي چارۋا - مال 14 مىڭ 300 تۇياقا، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 3800 تۇياق يەتتى؛ ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 967 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 3 مىليون 174 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 467 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1983 - يىلى يەتتە ئائىلىنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرغان تاۋار ئاشلىقى 10 مىڭ جىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بىر ئائىلىنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرغان ئاشلىقى 23 مىڭ جىڭغا يەتتى. بىر ئائىلىنىڭ نەق پۇل كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن، يەنە بىر ئائىلىنىڭ نەق پۇل كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

## §6. پالۋانتۇر گۇڭشېسى

پالۋانتۇر گۇڭشېسى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسى بىلەن قوشنا؛ غەربتە قىزىلىيۇلتۇز 3 - دېھقانچىلىق مەيدانى، شەھەر ئەتراپى گۇڭشېسى، شەھەر ئىچى گۇڭشېسى ۋە راھەتباغ گۇڭشېسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا بوغاز گۇڭشېسى بىلەن چېگرىداش، شىمالدا تىيانشان گۇڭشېسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 93°31′—93°44′، شىمالىي كەڭلىك 42°34′—42°59′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 442.4 كۋادرات كىلومېتر بولۇپ، قىزىلىيۇلتۇز

1 - دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 79.2 كۋادرات كىلومېتىر يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گۇڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن دېڭىز يۈزىدىن 779 مېتىر ئېگىز.

پالۋانتۇر گۇڭشېسىغا تەۋە سەيخۇمياۋ، يېڭى مەھەللە، خۇاڭگۇك ئەتىراپلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان مۇھىم بازىلاردىن بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يىللىرىدىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، يۇڭجېڭنىڭ 13 - يىلى (مىلادى 1735 - يىلى) قوغدىنىش قىسىملىرى سەيخۇمياۋدا 10 مىڭ مو يەر تېرىپ، يىلىغا تەخمىنەن 8 مىڭ دادەن بۇغداي، چۈژگون، تېرىق ئالغان. چيەنلۇڭنىڭ 7 - يىلى (مىلادى 1742 - يىلى) قوغدىنىش قىسىملىرى تارقىتىلىپ چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر ئۇيغۇرلارغا ئىجارىگە بېرىلگەن. ھۆكۈمەت دېھقانلارنى ئۇرۇقلۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۆكۈز بىلەن تەمىنلىگەن. ھوسۇلنىڭ تۆت ئۈلۈشىنى ھۆكۈمەت، ئالتە ئۈلۈشىنى پۇقرا بۆلۈشۈپ ئالغان. گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا جاڭ ياۋ دېگەن ئادەم سۇ ۋە قوشۇننى قۇمۇلغا باشلاپ چىقىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياسىغان، تۆرۈك ئۆستىڭىنى قايتا رېمونت قىلغان، 20 مىڭ مودەك بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. پالۋانتۇر، خۇاڭگۇك، سەيخۇ (ئەسلى سايباش كۆلى دەپ ئاتىلاتتى)، دۆربەجىن، قىزىلىيۇلغۇن قاتارلىق جايلارنىڭ نامى ئەينى زاماندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەردىن قالغان تارىخىيناملاردۇر.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، پالۋانتۇر تەۋەسى قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قارايدىغان بولغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (مىلادى 1942 - يىلى) ئاقيەر رايونىغا قارىغان. يۇقىرى ئاقيەر، تۆۋەن ئاقيەر، لەڭگەر، سەيخۇمياۋ، پالۋانتۇر، لوجاۋەن، قىزىلىيۇلغۇن، دۆربەجىن قاتارلىق جايلاردا باۋ تەشكىل قىلىنغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاقيەر رايونى تەسىس قىلىنىپ، يۇقىرى ئاقيەر بىلەن تۆۋەن ئاقيەر 1 - يېزا، پالۋانتۇر 2 - يېزا قىلىپ ئايرىلغان. 1956 - يىلى رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلار بىرلەشتۈرۈلگەندە، ھازىرقى پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ تەۋەسى پالۋانتۇر يېزىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. 1958 - يىلى پالۋانتۇر (شەرق شامىلى) گۇڭشېسى قۇرۇلغان، ئۇنىڭدا 1756 ئائىلە، 8119 ئادەم بار ئىدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە گۇڭشې بويىچە 170 يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 67 كىلوۋولت ئامپېرلىق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 48 ى، كىچىك تىپتىكى تراكتوردىن 18 ى بولۇپ، ھەر يۈز مو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.68 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلدى. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 82.8 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 57.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۆڭشې بويىچە 18 سىنىپلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان ئۈچ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، 73 سىنىپلىق سەككىز باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولدى، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.3% كە يەتتى.

گۆڭشې بويىچە 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى دادۈي 13، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى 35، ئائىلە 2660، ئادەم 14 مىڭ 113. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 49.4% نى، ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار 50.6% نى تەشكىل قىلىدۇ. 38 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 16 مىليون 375 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 467.8 جىڭغا يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 1160 جىڭدىن ئاشلىق توغرا كەلدى. ئومۇمىي ياغلىقدان مەھسۇلاتى 833 مىڭ جىڭغا يەتتى. دۆلەتكە 5 مىليون 37 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 163 مىڭ جىڭ ياغلىقدان تاپشۇرۇلدى ۋە سېتىپ بېرىلدى. قوتاندىكى چارۋا - مال 17 مىڭ 300 تۇياققا، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 4380 تۇياققا يەتتى. ئومۇمىي كىرىم 4 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 3 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 241 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1983 - يىلى دۆلەتكە تاپشۇرغان تاۋار ئاشلىقى 10 مىڭ جىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئائىلە ئالتىگە يەتتى.

## §7. تىيانشان گۆڭشېسى

تىيانشان گۆڭشېسى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تاغ ۋە سۇلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە قۇمۇل - بارىكۆل تاشيولى ئارقىلىق غەربىي تاغ گۆڭشېسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبتا چۆل جەزىرە ئارقىلىق پالۋانتۇر گۆڭشېسى بىلەن، شىمالدا ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 93°33′—95°20′، شىمالىي كەڭلىك 42°48′—43°23′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. يەر مەيدانى 2147.8 كۋادرات كىلومېتىر، گۆڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن ناھىيە بازىرىدىن 61 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1800 مېتىر ئېگىز.

تىيانشان گۆڭشېسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، تاغ چوققىلىرى تىك، جىلغىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇڭا جايلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى ناھايىتى پەرقلىق. تاغنىڭ جەنۇبىدىكى جىلغا ۋە ئېغىزلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل بولۇپ، ئازىراق يەرلىرىدە بۇغداي تېرىغىلى بولىدۇ. تاغنىڭ شىمالىدىكى قوۋۇق ئېغىز، نامداۋان، تاغ ئارىسىدىكى نېرناسى، تۆمۈرتى، شۈيتى قاتارلىق جايلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى سوغۇق بولۇپ، قىش پەسلىدە قار، ياز پەسلىدە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. بۇ جايلار ناھايىتى كاتتا تەبىئىي يايلاق ھېسابلىنىدۇ. ئايرىم يەرلىرىدە ئارپا، قىچا، دادۇر تېرىغىلى بولىدۇ.

كۆشۆتى ئېغىزىدىن خۇەنسەيگوغا كىرىپ، ئاندىن قوتانغول ئارقىلىق تيەنشەنمياۋغا بېرىپ، ئايلانما تاشيول ئارقىلىق قوۋۇۋق ئېغىزغا يېتىپ چۈشكىچە بولغان ئارىلىقنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئارىلىقتىكى تاغ يولى ئوڭ-غول - دوڭ-غول ھەم خەتەرلىك بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى ناھايىتى ئۆزگىرىشچان، ئۇ ئەينى زاماندىكى يىپەك يولى يېڭى شىمالىي يولىنىڭ بوغمىزى بولغان.

تاغنىڭ جەنۇبىدىكى قورايغا يېقىن جايدا «گۇڭشاڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. ئۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپى مول بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نيۇماۋخۇ دەپ ئاتالغان. بۇ يەر ئەينى زاماندا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرى تېرىقچىلىق قىلىدىغان ۋە ئوت - چۆپ ئورۇيدىغان جاي ئىدى.

تيانشان تېغىنىڭ شىمالىي باغرىدا ناھايىتى كەڭ قارىغايلىق بار. بۇ يەردە دۆلەت ئىگىلىكىدە ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان. بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ياغاچ كېسىلىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ، زور تۆھپە قوشۇلدى.

1975 - يىلى تيانشان گۇڭشېسىنىڭ تۆرۈك دېگەن يېرىدە ياسالغان سۇ ئامبىرى قومۇل ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ چوڭ تاغ سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان توسمىسىنىڭ ئېگىزلىكى 78 مېتىر، سۇ سىغىمچانلىقى 20 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ.

تيانشان گۇڭشېسى تەۋەسى ئىلگىرى قومۇل ۋاڭىنىڭ مىراس زېمىنى بولغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (مىلادى 1942 - يىلى) تيانشان رايونى (يېزىسى) قۇرۇلۇپ، ھازىرقى تيانشان گۇڭشېسى بىلەن غەربىي تاغ گۇڭشېسىغا تەۋە جايلار ئۇنىڭ قارمىقىدا بولغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، تيانشان رايونى قۇرۇلدى. 1952 - يىلى غەربىي تاغ رايونى ئايرىم قۇرۇلدى. 1959 - يىلى تيانشان گۇڭشېسى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئۈچ دادۈي، 12 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، 728 ئائىلە، 3449 ئادەم بار ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى خېلى تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ 50 - يىللاردا تەرەققىيات بىرقەدەر تېز بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىلىشىپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ كىرىمى ئازىيىپ كەتتى، خەلق تۇرمۇشى خېلى قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەھۋال بىرئاز ياخشىلاندى. ئەمما، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمدىن قارىغاندا، بۇ گۇڭشې يەنىلا ناھىيە بويىچە بىرقەدەر نامرات گۇڭشېلار قاتارىدا بولۇپ كەلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې بويىچە ئۈچ سىنىپلىق بىرئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان ئىككى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، 69 سىنىپلىق سەككىز باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولدى، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 88.75% كە يەتتى.

گۇڭشې بويىچە 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 10 داداۈي، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى 34، ئائىلە 1428، ئادەم 7542، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 87.6% نى، قازاقلار

www.uyghurkitap.com

4.7% نى، قالغان مىللەتلەر 7.7% نى تەشكىل قىلىدۇ.

1983 - يىلى گۇڭشېدا چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن بەشى بولۇپ، ھەر يۈزمو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.21 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلدى. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 35.5 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 22 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې بويىچە 14 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 3 مىليون 48 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 298.8 جىڭغا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 404 جىڭغا، ئومۇمىي ياغلىق دان مەھسۇلاتى 313 مىڭ جىڭغا يەتتى، دۆلەتكە 61 مىڭ 500 جىڭ ئاشلىق، 87 مىڭ 500 جىڭ ياغلىقدان سېتىپ بېرىلدى ۋە تاپشۇردى. قوتاندىكى چارۋا - مال 64 مىڭ 400 تۇياققا، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 10 مىڭ 576 تۇياققا يەتتى. دۆلەتكە 8593 تۇياق قوي، 404 كالا تاپشۇرۇلدى ۋە سېتىپ بېرىلدى. گۇڭشېنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 382 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق كىرىمى 550 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 1 مىليون 106 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 147 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## §8. غەربىي تاغ گۇڭشېسى

غەربىي تاغ گۇڭشېسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە تىيانشان گۇڭشېسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە قويلۇق چارۋىچىلىق مەيدانى بىلەن قوشنا، جەنۇبتا چۆل ئارقىلىق ئاستانە گۇڭشېسى ۋە راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالدا بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 92°46′—93°43′، شىمالىي كەڭلىك 42°53′—43°30′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3087.3 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تەخمىنەن پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 3.63 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. گۇڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن ناھىيە بازىرىدىن 55 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1650 مېتىر ئېگىز.

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، بۇ يەر تىيانشان رايونىغا قاراشلىق بولۇپ، ئادىمى شالاڭ، چارۋا - مال سانى ئاز ئىدى. 1952 - يىلى تىيانشان رايونىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئايرىم رايون تەسىس قىلىنغان. ئورنى تىيانشان تېغىنىڭ غەربىدە بولغاچقا، غەربىي تاغ رايونى دەپ ئاتالغان. رايونغا قاراشلىق تاراتى، چەچەيدىن ئىبارەت ئىككى يېزا بولغان. 1959 - يىلىنىڭ بېشىدا غەربىي تاغ گۇڭشېسى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىككى دادۈي، سەككىز ئىشلەپچىقىرىش دۈيى تەشكىل قىلىنغان، 535 ئائىلە، 2565 ئادەم بار ئىدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې بويىچە ئۈچ كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، 12 چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور، ئىككى كىچىك تىپتىكى تراكتور بولۇپ، ھەر يۈز مو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.95 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلدى. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 44.8 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 37 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

گۇڭشې بويىچە 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى، سىنىپى ئالتە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئالتە، سىنىپى 49، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90% كە يەتتى.

گۇڭشې بويىچە 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى دادۈي يەتتە، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى 21، ئائىلە 912، ئادەم 5074، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 53.4% نى، ئۇيغۇرلار 40% نى، قالغان مىللەتلەر 6.6% نى تەشكىل قىلدى.

غەربىي تاغ گۇڭشېسى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې بويىچە 83 مىڭ 100 تۇياق ھەر خىل چارۋا، جۈملىدىن 8581 تۇياق چوڭ چارۋا بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16.8 تۇياقتىن توغرا كەلدى. گۇڭشې بويىچە دۆلەتكە 11 مىڭ 472 تۇياق قوي، 209 كالا تاپشۇرۇلدى ۋە سېتىپ بېرىلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ گۇڭشېدا 9600 مو تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 994 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 229.2 جىڭغا يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 402.7 جىڭدىن ئاشلىق توغرا كەلدى. ئومۇمىي ياغلىقدان مەھسۇلاتى 85 مىڭ جىڭغا يەتتى. يىللىق ئومۇمىي كىرىم 1 مىليون 824 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق كىرىمى 1 مىليون 304 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 1 مىليون 459 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 265 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## §9. قارادۆۋە گۇڭشېسى

قارادۆۋە گۇڭشېسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە ئاستانە ۋە بوغاز گۇڭشېلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي تەرىپى يەتتە قۇدۇق گۇڭشېسى بىلەن قوشنا بولۇپ، پايانسىز كەتكەن چۆل - جەزىرە، شىمالدا دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 91°25′—93°09′، شىمالىي كەڭلىك 41°11′—43°07′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. يەر مەيدانى 17 مىڭ 159.5 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ تەخمىنەن 20.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. گۇڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن ناھىيە بازىرىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 450

www.uyghurkitap.com

مېتىر ئېگىز، ئۇ ناھىيە بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئاز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان گۈڭشې.

قارادۆۋە گۇڭشېسى لاپچۇق، قارادۆۋىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەبىئىي كەنتكە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

لاپچۇق تەۋەسى شەرقىي خەن، ۋېي، جىن سۇلالىرى دەۋرىدە «ئېۋېرغول كاھىبېگى»، «قۇمۇل ئەمىر لەشكىرى»، «قۇمۇل - ئېۋېرغول كاھىبېگى» بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئورۇن بولغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە تۇغلۇقلار پىم-شامشان بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ۋەيران قىلغان چاغدا، بىر قىسىم پىمشامشان-لىقلار شىمالغا كۆچۈپ بۇ يەرگە كېلىپ، قەلئە سېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۇنى «لاپچۇق» دەپ ئاتىغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 4 - يىلى (مىلادى 630 - يىلى) لاپچۇق ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، «لاپچۇق» دېگەن سۆز «لوپ» سۆزىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن.

قارادۆۋە ھەققىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن تاۋباۋلىيەن دېگەن كىشى: «قارا — قارا بوياقنى بىلدۈرىدۇ، دۆۋە تۆبۆت دېگەننى بىلدۈرىدۇ» دەپ ھېسابلىغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جاينى تۆبۆتلەر ئىگىلىۋالغان. يەرلىك ئۇيغۇر تىلىدا قارادۆۋە دېگەن سۆز قارا تۆپە، قارا دۆڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارىغان.

1978 - يىلى كۈزدە قارادۆۋىدىن بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى جەسەت تېپىلغان. جەسەتنىڭ قورغاق قۇم توپىدا 3200 يىل تۇرسىمۇ چىرىمىگەنلىكى ھەقىقەتەن كەم ئۇچرايدىغان مۆجىزە.

لاپچۇق دېگەن جاي چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باشتىن ئاخىر قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مىراس زېمىنى بولۇپ كەلگەن. مىنگونىڭ 31 - يىلى (مىلادى 1942 - يىلى) لاپچۇق ۋە قارادۆۋىلەر توغۇچى رايونىغا قارايدىغان بولۇپ، ھەر قايسىسىدا ئىككىدىن باۋ تەشكىل قىلىنغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا لاپچۇق ۋە قارادۆۋىنىڭ ھەربىرىدە بىردىن يېزا تەشكىل قىلىنىپ، يەنىلا توغۇچى رايونىغا قاراشلىق بولغان. 1956 - يىلى رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ يېزىلار بىرلەشتۈرۈلگەندە، لاپچۇق بىلەن قارادۆۋە قوشۇپ بىر يېزا قىلىنغان. كوپېراتسىيىلەشكەندە، سەككىز ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلغان. 1958 - يىلى «قىزىللىشىش، مۇتەخەسسىسلىشىش» (قارادۆۋە) گۇڭشېسى قۇرۇلغان.

لاپچۇق بىلەن قارادۆۋىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان بولۇپ، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدۇ، قىروسىز مەزگىل ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، مېۋە، قوغۇن - تاۋۇزدىكى شېكەر ماددىسىنىڭ ئېشىشىغا ناھايىتى باپ كېلىدۇ. بۇ جايدىن چىقىدىغان مېۋە، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ شىرنىسى كۆپ، ئېتى قېلىن، تەمى تاتلىق. بۇ جاي ناھىيە بويىچە داڭلىق مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز كانى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ كىشمىش ئۈزۈمى، قارادۆۋە چىلىنى يىراق - يېقىنغا مەشھۇر.

بۆگۆرنىڭ بۇلاق سۇلىرى لايچۇق بىلەن قارادۆۋىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن لايچۇق بىلەن قارادۆۋىدىكى دېھقانلار دائىم دېگۈدەك سۇ تالىشىپ بىر - بىرىگە تاياق - توقماق كۆتۈرۈشەتتى، ھەتتا ئادەم ئۆلۈشتەك پاجىئەلەرمۇ يۈز بېرەتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن سۇ ماجىراسى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. 1958 - يىلى بۆگۆرنىڭ قىش پەسلىدە بىكار ئاقىدىغان سۈيىگە بىر كىچىك سۇ ئامبىرى ياسالدى، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 7 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن چېگرا رايون قورۇلۇشىغا ياردەمگە كەلگەنلەردىن تەركىب تاپقان دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە سۇ ئامبىرى دېھقانچىلىق مەيدانى راۋاج تاپتى. گۇڭشېنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئەللىك ئوچام بىلەن غەربىي شىمال تەرىپىدىكى ئاقتېرەك، چاقاغادىكى تېرىلغۇ يەرلەر باشقا بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې بويىچە 53 كارىز، 48 ماشىنلاشقان قۇدۇق (يۈرۈشلەشتۈرۈلگىنى 38)، 12 چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور، ئىككى كىچىك تىپتىكى تراكتور بار بولۇپ، ھەر يۈزمو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.36 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلدى. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 80.4 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئورۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 77.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

گۇڭشې بويىچە 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، سىنىپى توققۇز، باشلانغۇچ مەكتەپتە قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ توققۇز، باشلانغۇچ مەكتەپ يەتتە، سىنىپى 52، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96% كە يەتتى.

گۇڭشې بويىچە 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى داдۈي 10، دېھقانچىلىق مەيدانى ئىككى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى 34، ئائىلە 2069، ئادەم 9916، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرلار 80.7% نى، قالغان مىللەتلەر 19.3% نى تەشكىل قىلىدۇ.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې بويىچە 23 مىڭ 800 مو تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 4 مىليون 824 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 342 جىڭغا يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 486 جىڭدىن ئاشلىق توغرا كەلدى. ئومۇمىي مايلىقدان مەھسۇلاتى 452 مىڭ جىڭغا يەتتى. قوتاندىكى چارۋا - مال 20 مىڭ تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 2938 تۇياق. شۇ يىلى دۆلەتكە 62 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 53 مىڭ جىڭ مايلىقدان، 970 تۇياق قوي تاپشۇرۇلدى ۋە سېتىپ بېرىلدى. يىللىق ئومۇمىي كىرىم 1 مىليون 659 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 1 مىليون 327 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 134 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## §10. ئاستانە گۇڭشېسى

ئاستانە گۇڭشېسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە شەھەر ئىچى، راھەتباغ گۇڭشېلىرى بىلەن، غەربتە

دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن، جەنۇبتا قارادۆۋە كۆكشېسى بىلەن، شىمالىدا غەربىي تاغ كۆكشېسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 92°57′ — 93°20′، شىمالىي كەڭلىك 42°39′ — 43°04′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 811.6 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قىزىليۇلتۇز 2 - دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 117.2 كۋادرات كىلومېتىر يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆكشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن ناھىيە بازىرىدىن 38.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 806 مېتىر ئېگىز.

ئاستانە كۆكشېسى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنى بويلاپ سۇمقاغىدىن غەربكە سوزۇلىدۇ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ تار ھەم ئۇزۇنچاق يەردە كارىزلار گىرەلىشىپ، ئېتىزلار تۇتىشىپ كەتكەن، ئورمان بەلباغلىرى سېپىلدەك قەد كۆتۈرگەن. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، سۇ مەنبەسى مول بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاساسلىق رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاستانە كۆكشېسىغا تەۋە جايلار قەدىمدىن تارتىپ مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ كەلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «سۇمقاغا شەھەر بازىرىنىڭ 60 چاقىرىم غەربىدە بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بەش مەھەللە، 25 بۇلاق بار. ئاستانە شەھەر بازىرىنىڭ 80 چاقىرىم غەربىدە بولۇپ ئۇ يەردە ئۈچ مەھەللە، 23 بۇلاق بار.» دېيىلگەن. قەدىمكى زاماندا پوچتا يولى قۇمۇل شەھىرىدىن باشلىنىپ سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچىلاردىن ئۆتۈپ غەربكە سوزۇلغان.

ئاستانە كۆكشېسى ئەتراپى بۇرۇن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مىراس زېمىنى بولغان. ئاستانە مىنگونىڭ 31 - يىلى (مىلادى 1942 - يىلى) دىن كېيىن توغۇچى رايونى (يېزىسى) غا قارايدىغان بولۇپ، قوشتېكەن، كۆكشاڭ، سۇمقاغا، ئاستانە، لاپچۇق، قارادۆۋە دەپ ئايرىلغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاستانە يېزىسى قۇرۇلۇپ، توغۇچى رايونىغا قارىغان. 1956 - يىلى رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ يېزىلار بىرلەشتۈرۈلگەندە ئاستانە يېزىسى ساقلاپ قېلىنغان. 1958 - يىلى قىزىليۇلتۇز (ئاستانە) خەلق كۆكشېسى قۇرۇلغان. كېيىنكى يىلدا ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، كۆكشې تەۋەسىدە 901 ئائىلە، 4022 ئادەم بولغان.

1983 - يىلى كۆكشې بويىچە 52 كارىز، 155 ماشىنىلاشقان قۇدۇق (بۇنىڭدىن يۈرۈشلەشتۈرۈلگىنى 128)، 73.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 10 كىلوۋولت ئامپېرلىق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 40 چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور، سەككىز كىچىك تىپتىكى تراكتور بار بولۇپ، ھەر يۈز مو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.87 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلدى. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي مەيدانىنىڭ 91.8 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 84.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

گۇڭشې بويىچە 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، سىنىپى 14، باشلانغۇچ مەكتەپتە قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ تۆت، باشلانغۇچ مەكتەپ توققۇز، سىنىپى 81، باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97% كە يەتتى.

گۇڭشې بويىچە 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى داۋىي 10، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى 36، ئائىلە 2120، ئادەم 10 مىڭ 873، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 43% نى، خەنزۇلار 47% نى، خۇيزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر 10% نى تەشكىل قىلغان.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې بويىچە 30 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 14 مىليون 400 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 531 جىڭغا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مەھسۇلاتى 1324 جىڭغا يەتتى. ئومۇمىي مايلىقدان مەھسۇلاتى 716 مىڭ جىڭ بولدى. دۆلەتكە 5 مىليون 710 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 197 مىڭ جىڭ مايلىقدان تاپشۇرۇلدى ۋە سېتىپ بېرىلدى. كىرىمى 3 مىليون 852 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 3 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 281 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1983 ـ يىلى ئۈچ ئائىلىنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرغان تاۋار ئاشلىقى 20 مىڭ جىڭدىن ئاشتى، بىر ئائىلىنىڭ 10 مىڭ جىڭغا يەتتى. بىر ئائىلىنىڭ كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

## 118§. يەتتە قۇدۇق گۇڭشېسى

يەتتە قۇدۇق ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان، ئۇنىڭغا قاراشلىق بىرلا كەنت بار، قالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى چۆل ـ جەزىرە. يەتتەقۇدۇق گۇڭشېسى شەرقتە دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن، غەربتە پىچان ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا قارادۆۋە گۇڭشېسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 91°08′—92°23′، شىمالىي كەڭلىك 43°43′—42°13′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. گۇڭشېنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 10 مىڭ390.9 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 12.22 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. گۇڭشې ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن ناھىيە بازىرىدىن 200 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 870 مېتىر ئېگىز.

يەتتە قۇدۇق چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پىچانغا تەۋە بولغان. قەدىمكى پوچتا يولى شۇ يەردىن ئۆتەتتى. يەتتە قۇدۇقتىن باشلىنىپ غەربىي شىمالدىكى مورى، گۇچۇڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول كىچىك جەنۇبىي يول دەپ، يەتتە قۇدۇقتىن باشلىنىپ غەربىي جەنۇبتا پىچان، تۇرپانلاردىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بۇ يەردە پوچتىد ـ

خانا، تېلېگرافخانا قۇرۇلغان. پوچتا يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن كىشىلەر تەدرىجىي ھالدا بۇ يەردە ماكانلىشىپ، يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغان. مىنگونىڭ 6 - يىلى (مىلادى 1917 - يىلى) ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدە بىر كارىز چېپىلىغان ھەم ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدە يەنە بىر كارىز چېپىش پىلانلانغان. مالىيە - باج كىرىمىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە، شەخسلەرمۇ كارىز چېپىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان، مىنگونىڭ 7 - يىلى (مىلادى 1918 - يىلى) ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ يەتتە قۇدۇقتا ياردەمچى ئامبال مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، «بىر نەپەر ياردەمچى ئامبال تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا يەتتە قۇدۇق ياردەمچى ئامبىلى دەپ نام بەرگەن. ئۇنىڭغا سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، قاتناشنى قوغداش ھەم دەۋا - دەستەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان». مانا بۇ يەتتە قۇدۇقتا يەرلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىشنىڭ باشلىنىشىدۇر.

مىنگونىڭ 19 - يىلى (مىلادى 1930 - يىلى) ياردەمچى ئامبال مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەتتە قۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان. ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن قاتناش توسۇلۇپ، يولوچىلار ئازىيىپ كەتكەن. بۇ يەردە تۇرىدىغان ھەربىي قىسىممۇ يۆتكەپ كېتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن گۇمران بولغان.

شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ، پۈتۈن شىنجاڭ تىنچلانغاندىن كېيىن، يەتتە قۇدۇقتا قاتناش ئاندىن تەدرىجىي ئەسلىگە كەلگەن. مىنگونىڭ 27 - يىلى (مىلادى 1938 - يىلى) يەتتە قۇدۇقتا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئارىلىق ترانسپورت بېكىتى، ئايرودروم، پوچتىخانا، تېلېگرافخانا تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 31- يىلى (مىلادى 1942 - يىلى) يەتتە قۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، يەتتە قۇدۇق ئاندىن قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن. مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە بىر نەپەر ئىدارە باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا كاتىبات بوغالتىردىن ئىبارەت ئىككى ئىشخانا، خەلق ئىشلىرى، قۇرۇلۇش - مالىيەدىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈم تەشكىل قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (مىلادى 1943 - يىلى) يەتتە-قۇدۇقتىكى 40 نەچچە ئۆيلۈك، 300دىن ئارتۇق ئاھالە بىر باۋ، ئالتە جيا قىلىپ تەشكىللەنگەن. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە يەتتە قۇدۇق مەركىزىي مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىلىپ، قۇمۇل ۋالى مەھكىمىسىگە بىۋاستە قارايدىغان بولغان. 1954 - يىلى يەتتە قۇدۇق بازىرىغا ئۆزگەرتىلىپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا رەسمىي ئايرىپ بېرىلگەن. 1959 - يىلى گۇڭشېلاشقاندا، يۇقىرى «ئۆرلەش» (يەتتە قۇدۇق)

خەلق گۈڭشېسى قۇرۇلغان. شۇ چاغدا يەتتىقۇدۇقتا 43 ئائىلە، 137 ئادەم بار ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قۇمۇلدىن تۇرپانغىچە بولغان قىسمىدا قاتناش باشلانغان، شۇنىڭ بىلەن، يەتتە قۇدۇقنىڭ تاشيول قاتنىشىدا مۇھىم بېكەت بولۇش رولىغا تەسىر يەتكەن، نەتىجىدە بۇ يەردىكى مېھمانخانا، ئاشخانىلار تاقىلىپ، نۇرغۇن ئادەم جان بېقىش كويىدا باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. قالغانلار كەسپىنى ئۆزگەرتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1962 ـ يىلى بۇ يەردە ئاران 33 ئائىلە، 119 ئادەم قالغان.

يەتتە قۇدۇق گۈڭشېسى «يۈز چاقىرىملىق بورانلىق» قا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ناچار، يىل بويى توختىماي بوران چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قارا بوران كۆپ چىقىدۇ ۋە داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ ھال يېزا ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا غايەت زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

1983 ـ يىلى گۈڭشېدا چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن ئىككىسى، كىچىك تىپتىكى تراكتوردىن ئىككىسى بار بولۇپ، ھەر يۈز مو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13.48 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلدى. ماشىنا بىلەن ھەيدىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 51.1 پىرسەنتىنى، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان تېرىلغۇ مەيدانى ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 51.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

گۈڭشې بويىچە 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئىككى، ئائىلە 82، ئادەم 373، خەنزۇلار 99.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. تېرىلغۇ مەيدانى 500 مو بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 90 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 241 جىڭدىن توغرا كەلدى. چارۋا 700 تۇياقتا، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 163 تۇياققا يەتتى. ئومۇمىي كىرىم 210 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 99 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 265 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## 12§· قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى

قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى غەربىي تاغنىڭ قويلۇق جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرىپى غەربىي تاغ گۈڭشېسى بىلەن، غەرب تەرىپى يەتتە قۇدۇق گۈڭشېسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى چۆل ـ جەزىرە ئارقىلىق تارانچى بىلەن، شىمالىي تەرىپى بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 92°04′ — 92°46′، شىمالىي كەڭلىك 43°15′ — 43°31′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 1196 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ تەخمىنەن 1.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. فېرما ئورگىنى جايلاشقان ئورۇن ناھىيە بازىرىدىن 116 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1900 مېتىر

ئېگىز، ئۇ، ناھىيە بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز چارۋىچىلىق فېرمىسى ھېسابلىنىدۇ.

يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلمىسى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى ئىدى. 1958 - يىلى چارۋىچىلىقتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان چاغدا تاشۋېلىق، تىيانشان ۋە غەربىي تاغلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى قۇرۇلغان. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي تىيانشاندىكى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى ئاراتۇرۇكنىڭ تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىغا قوشۇۋېتىلگەن. 1966 - يىلى تاشۋېلىق ۋە غەربىي تاغلاردىكى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ قىزىليۇلتۇز چارۋىچىلىق فېرمىسى قىلىپ قۇرۇلغان، ئۇنى غەربىي تاغ كۆكشىپىسى ۋەكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بولغان. 1980 - يىلى 1 - ئايدا رەسمىي ھالدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

قويلۇق جىلغىسى چوڭقۇر ھەم كەڭ، تارمىقى كۆپ بولۇپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپى مول. ئەپسۇسكى فېرمىنىڭ كۆلىمى چەكلىك بولغاچقا، ئوتلاق يېتىشمەي، چارۋىچىلىق تەرەققىياتى مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. 1975 - يىلىدىن بۇيان، چارۋىچىلىق فېرمىسى ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن شۇنىلىقتا ۋولفىرام كانى ئاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىلگىرىكى قۇرۇلۇش - بىناكارلىق 1 - شىسى تۇرۇشلۇق جايدا دېھقانچىلىق بازىسى قۇرۇشقا كىرىشتى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى.

1983 - يىلى بۇ فېرمىدا ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن بىرى بار بولۇپ، ھەر يۈز مو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.41 ئات كۈچىگە تەڭ تراكتور ئېنېرگىيىسى توغرا كەلدى.

فېرما بويىچە 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى بەش، ئائىلە 169، ئادەم 930، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 78% نى، خەنزۇلار 15% نى تەشكىل قىلىدۇ. يىل ئاخىرىدا قوتاندىكى چارۋا 18 مىڭ تۇياققا، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 1448 تۇياققا يەتتى. دۆلەتكە 2446 تۇياق قوي تاپشۇرۇلدى ۋە سېتىپ بېرىلدى. مەيدانىنىڭ 900 مو تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 93 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 103 جىڭغا يەتتى.

قۇمۇل ناھىيىسى بويىچە 1983 - يىلىدىكى گۇڭشې، دادۇي، ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىنىڭ نامىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| گۇڭشې | دادۇي | ئىشلەپچىقىرىش دۇيى |
|---|---|---|
| ئاشۇبلىق گۇڭشېسى | خوتۇنتام دادۇي | 1 – دۇي (ساكتۇر)، 2 – دۇي (مەندىۋاي)، 3 – دۇي (دىھقانتۇر)، 4 – دۇي (ئەنلەر)، 5 – دۇي (سىكىم بۇلاق)، 6 – دۇي (قوتىل-غول)، 7 – دۇي (قىرچوماق) |
| | شىلۇ دادۇي | 1 – دۇي (تۇداۋگۇ)، 2 – دۇي (ئاردىم)، 3 – دۇي (ئالتۇنغول). |
| | چېڭشى دادۇي | 1 –، 2 –، 3 –، 4 –، 5 – دۇيلەر |
| | چېڭدۇك دادۇي | 1 –، 2 – دۇي (سەنتۇك)، 3 – دۇي (بەيتۇتەيزى)، 4 – دۇي (چىڭدۇك)، 5 – دۇي (چيەنساۋزى)، 6 – دۇي (خۇاڭگۇك)، 7 – دۇي (گۇڭفاك). |
| | ئاقتاغ دادۇي | 1 – دۇي (ئاقتاغ)، 2 – دۇي (دامياۋۋەن)، 3 – دۇي (شياخې)، 4 – دۇي (خۇڭسەنۋەن) |
| | ئەرگۇك دادۇي | 1 – دۇي (تۇگۇك)، 2 – دۇي (ئەرگۇك)، 3 – دۇي (سەنگۇك)، 4 – دۇي (يالغۇز تويۇم). |
| | قوشماق دادۇي | |
| | ئۇلاتاي دادۇي | |
| | سۆجى كارىز دادۇيى | |
| | شوپۇل دادۇي | 1 – دۇي (يۇقىرى مەھەللە)، 2 – دۇي، 3 – دۇي (شوپۇل)، 4 – دۇي، چارۋىچىلىق دۇيى |
| بولۇڭتوغراق گۇڭشېسى | گاداجىڭزى دادۇيى | 1 –، 2 –، 3 –، 4 –، 5 –، 6 –، 7 –، 8 – دۇيلەر، باغۋەنچىلىك دۇيى |
| | سەنداۋچېك دادۇيى | 1 –، 2 – دۇيلەر |
| | بولۇڭتوغراق دادۇيى | 1 –، 2 –، 3 –، 4 – دۇيلەر |
| | ساۋۇلاق دادۇيى | 1 –، 2 –، 3 –، 4 – دۇيلەر |
| | ئەرداۋچېك دادۇيى | 1 –، 2 –، 3 –، 4 – دۇي، باغۋەنچىلىك دۇيى |
| | باغۋەنچىلىك دۇيى | |

| | | |
|---|---|---|
| پالۋانتۇر گوكشىسى | قارا سۇ دادۈيى | 1 - دۈي (تۆۋەن ئاقيەر)، 2 - دۈي (قارا سۇ)، 3 -، 4 - دۈي (لەڭگەر) |
| | چۈەنشۈي دادۈيى | 1 - دۈي (توخو - ئۆردەك فېرمىسى)، 2 - دۈي (بېيتەيزى)، 3 - دۈي (چۈەنشۈي)، 4 -، 6 - دۈي (سەيخۇمياۋ) |
| | خۇاڭگۇك دادۈيى | 1 -، 2 - دۈي (خۇاڭگۇك) |
| | شىنخۇ دادۈيى | 1 - دۈي (شىنخۇ)، 2 - دۈي (ئەرشىخۇ)، 3 - دۈي (لوجاۋەن) |
| | پالۋانتۇر دادۈيى | 1 -، 2 - دۈي (پالۋانتۇر)، 3 - دۈي (باخۇ) |
| | قىزىليۇلغۇن دادۈيى | 1 -، 2 -، 3 - دۈيلەر (قىزىليۇلغۇن) |
| | شىنجيەن دادۈيى | 1 - دۈي (ئەسلىدىكى غوجامبۇلاق دادۈيىنىڭ 5 - دۈيى) |
| | غولتېرىق دادۈيى | 1 -، 2 -، 3 - دۈيلەر (غولتېرىق) |
| | يۇقىرى مەھەللە دادۈيى | 1 -، 2 -، 3 - دۈيلەر (يۇقىرى مەھەللە) |
| | جىگدىبۇلاق دادۈيى | 1 -، 2 - 3 - دۈيلەر (جىگدىبۇلاق) |
| | ياۋۇلۇك دادۈيى | 1 - دۈي (دۆڭگۆر ساقا)، 2 -، 3 - دۈي (ياۋۇلۇك). |
| | گوكشى دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا پونكىتى | 1 - دۈي (جىگدىلىك) |
| | گوكشى باغۋەنچىلىك مەيدانى | |

| | | |
|---|---|---|
| ئاستانە كۆكشىسى | شەھەر دادۈيى (1 – دادۈي) | 1 – دۈي (تالكـۆل)، 2 – دۈي (ماكـۆل)، 3 – دۈي (سۇلـۇق كارىز)، 4 – دۈي (كاردان كارىز) |
| | تاللىق كارىز دادۈيى (2 – دادۈي) | 1 – دۈي (ئاقچوقا)، 2 – دۈي (تاللىق) 3 – دۈي (قارالىم) |
| | ئورداكارىز دادۈيى (3 – دادۈي) | 1 – دۈي (شوچى كارىز)، 2 – دۈي (ئابدۇلغوجا كارىزى)، 3 – دۈي (ئورداكارىز)، 4 – دۈي (سـۇلايمان ھاجى كارىزى)، 5 – دۈي (ئۈدۈك) |
| | كۆكشالڭ دادۈيى (4 – دادۈي) | 1 – دۈي، 2 – دۈي (بـازار)، 3 – دۈي (قارىغۇجا كـارىزى)، 4 – دۈي (قۇمكارىز) |
| | سىمقاغا دادۈيى (5 – دادۈي) | 1 – دۈي، 2 – دۈي (چوكبۇلاق)، 3 – دۈي (سوپابـۇلاق) |
| | قوشتمكەن دادۈيى (6 – دادۈي) | 1 – دۈي (ئازغان)، 2 – دۈي (ئارا كارىز)، 3 – دۈي (يېڭـى كارىز)، 4 – دۈي (چوڭكارىز)، 5 – دۈي (قۇمكارىز). |
| | لۇقاقلىق دادۈيى (7 – دادۈي) | 1 – دۈي (ئـاخۇنزادە كـارىزى)، 2 – دۈي (لـوقاقلىق)، 3 – دۈي (قۇمكارىز). |
| | تۆگە قـارنى دادۈيى (8 – دادۈي) | 1 –، 2 –، 3 – دۈيلەر (تۆگە قارنى) |
| | چـەشقانچـە دادۈيى (9 – دادۈي) | 1 – دۈي (دەمبـاي)، 2 – دۈي (تـوغراق)، 3 – دۈي (چـوك چەشقانچە)، 4 – دۈي (كىچىك چەشقانچە) |
| | كۆكشى دېھقانـچىلىق مەيدانى | 1 – دۈي |

| | | |
|---|---|---|
| قارا دۆۋە گۇڭشىسى | گۆدەگە دادۈيى (1 - دادۈي) | 1 - دۈي (يېڭى مەھەللە)، 2 - دۈي (يۇقىرى مەسچىت)، 3 -، 4 - دۈي (تۆۋەن مەسچىت)، 5 - دۈي (كىكىر باغچە) |
| | بوستان دادۈيى (2 - دادۈي) | 1 - دۈي (يۇقىرى تۇگمەنبويى)، 2 - دۈي (تۆۋەن تۇگمەنبويى)، 3 - دۈي (شەھەر ئايلىسى)، 4 - دۈي (بوستان)، 5 - دۈي (توغراق مەسچىت) |
| | تۇگمەنبۇيى دادۈيى (3 - دادۈي) | 1 - دۈي (يۇقىرى مەھەللە)، 2 - دۈي (توما ئاغزى) |
| | چىغىرتماقلىق دادۈيى (4 - دادۈي) | 1 - دۈي (قىچا)، 2 - دۈي (چىغىرتماقلىق)، 3 - دۈي (پاكار باغچە)، 4 - دۈي (يامانتوغان) |
| | ئۇلۇقيول دادۈيى (5 - دادۈي) | 1 - دۈي (توغراق)، 2 -، 3 -، 4 - دۈي (ئۇلۇقيول) |
| | كۆچەتلىك دادۈيى (6 - دادۈي) | 1 - دۈي (ئۆيلەڭ)، 2 - دۈي (هاسارتالدى). |
| | ئاقتۇر دادۈيى (7 - دادۈي) | 1 - دۈي (قوش)، 2 - دۈي (ساياڭغۇ)، 3 - دۈي (خۇتۇڭخى)، 4 - دۈي (يالمان)، 5 - دۈي (يار). |
| | تالتۇر دېھقانچىلىق مەيدانى (چېگرا قۇرۇلۇشىغا ياردەمگە كەلگەنلەر دېھقانچىلىق مەيدانى | 1 - دۈي (قۇمكارىز)، 2 - دۈي (پاقسا)، 3 -، 4 - دۈي (تالتۇر). |
| | ئاقتېرەك دادۈيى | 1 - دۈي (كونا مەھەللە)، 2 - دۈي (يېڭى مەھەللە) |
| | ئەللىكغۇجام دادۈيى | |
| | سۇ ئامبىرى دېھقانچىلىق مەيدانى | |
| | گۇڭشى باغۋەنچىلىك مەيدانى (توقسەن توغان) | |

| | | |
|---|---|---|
| راھەتباغ گوڭشىسى | چاڭغۇ دادۈيى (1 – دادۈي) | 1 – دۈي (قۈشمەھەللە)، 2 – دۈي (ئارامەھەللە)، 3 –، 4 – دۈي (چاجى مەھەللە) |
| | بۇرو دادۈيى (2 – دادۈي) | 1 – دۈي (قىبقىرتۇر)، 2 – دۈي (بوچىتۇر)، 3 – دۈي (چوپاقتۇر)، 4 – دۈي (چىلانتۇر)، |
| | شامالچاھارباغ دادۈيى (3 – دادۈي) | 1 – دۈي (جۇجۇكتۇر)، 2 – دۈي، 3 – دۈي (قىبقىرتۇر)، 4 – دۈي (ئىمامتۇر) |
| | جۇرۇغداي دادۈيى (4 – دادۈي) | 1 – دۈي (جۇرۇغداي)، 2 – دۈي (قۇشقاچتۇر) |
| | قاراكۆلا دادۈيى (5 – دادۈي) | 1 – دۈي (مەكەشىرىق)، 2 – دۈي (قاراكۆلا)، 3 – دۈي (چاشقانتۇر)، 4 – دۈي (شۇمشۇق)، 5 – دۈي (ئويمانمەھەللە) |
| | ئەللىك دادۈيى (6 – دادۈي) | 1 – دۈي (سوپىتۇر)، 2 – دۈي (داسمال مەھەللە)، 3 – دۈي (پادىچى تۇر) |
| | دۆشتۇر دادۈيى (7 – دادۈي) | 1 – دۈي (چوڭگۇمبات)، 2 – دۈي (دۆشتۇر)، 3 – دۈي (توختۇر)، 4 – دۈي (قۇمتۇر)، 5 – دۈي (ئويمانتۇر). |
| | چوڭتۇر دادۈيى (8 – دادۈي) | 1 –، 3 – دۈي (چوڭتۇر)، 2 – دۈي (چۆلتۇر). |
| | قاراتال دادۈيى (9 – دادۈي) | 1 – دۈي (قاراتال يۇقىرى مەھەللە)، 2 – دۈي (قاراتال تۆۋەن مەھەللە)، 3 – دۈي (باغۋەنچىلىك دۈيى) |
| | يېزا ئىگىلىك پەن – تېخنىكا پونكىتى | |

| | | |
|---|---|---|
| بوغاز كۆكشىسى | يۇقىرى مەھەللە دادۇيى (1 – دادۇي) | 1 – دۇي (بوغاز)، 2 – دۇي (ئاقيەر)، 3 – دۇي (توپشۇنا) |
| | قىزىلتاغ دادۇيى (2 – دادۇي) | 1 – دۇي (يۇقىرى مەھەللە)، 2 – دۇي (تۆۋەن مەھەللە)، 3 – دۇي (پاچىساي) |
| | قۇلساي دادۇيى (3 – دادۇي) | 1 – دۇي (ئوتىاق ئالدى)، 2 – دۇي (قۇلساي)، 3 – دۇي (ئاققۇم دۆۋە) |
| | سۇ ئىشلىرى دېھقانچىلىق مەيدانى | 1 –، 2 –، 3 – دۇي (سايجىرىم) |
| | باغۋەنچىلىك مەيدانى | |
| تىيانشان كۆكشىسى | ئىرىن دادۇيى | 1 – دۇي، 2 – دۇي (قوراي)، 3 – دۇي (كۆشۈتى ئاغزى)، 4 – دۇي (تۆرۈك)، 5 – دۇي (چارۋىچىلىق دۇيى) |
| | قوراي دادۇيى | 1 –، 2 – دۇي (ئىرغايتى)، 3 – دۇي (قوراي)، 4 – دۇي (گۈڭشالك)، 5 – دۇي (چارۋىچىلىق دۇيى) |
| | قىزىلىيار دادۇيى | 1 –، 2 – دۇي (قىزىلىيار)، چارۋىچىلىق دۇيى |
| | ئېدىر دادۇيى | 1 – دۇي (باش ئۆتەك)، 2 –، 3 – دۇي (دۆشتۈر)، 4 – دۇي (قارا قاپچىن)، 5 – دۇي (چارۋىچىلىق دۇيى) |
| | شۇيتى دادۇيى | 1 – دۇي (قاراغول)، 2 – دۇي (شۇيتى) |
| | تۆمۈرتى دادۇيى | 1 – دۇي (دالىچى)، 2 – دۇي چارۋىچىلىق دۇيى (توپا ئۆيلەك) 3 – دۇي (سايتۇر)، 4 – دۇي (چارۋىچىلىق دۇيى) |
| | نېرناسى دادۇيى | 1 –، 2 – دۇي (نېرناسى)، چارۋىچىلىق دۇيى (خەنچىگو) |
| | ئاقتاش دادۇيى | 1 – دۇي (ئاقتاش) 2 – دۇي (توشو) |
| | قوۋۇق ئاغزى دادۇيى | 1 –، 2 –، 3 – دۇيلەر (نامداۋان) |
| | گۈڭشې چارۋىچىلىق مەيدانى | (ئاقتاش) |

| | | |
|---|---|---|
| غەربىي تاغ گۇڭشېسى | بەكسىنغول دادۈيى | 1 - دۈي (كېگەجىن)، 2 - دۈي (چەچەي)، 3 - دۈي (بەكسىنغول)، 4 - دۈي (چارۋىچىلىق دۈيى) |
| | سەكرا دادۈيى | 1 -، 2 - دۈي (سەكرا)، 3 - دۈي (كۆك[illegible]غا) |
| | تاراتى دادۈيى | 1 - دۈي (تاراتى)، 2 - دۈي (بۇلۇش...)، 2 - دۈي (خوجىگىرتى)، 4 - دۈي (ئۆبلەك غاشا) |
| | قالغايتى دادۈيى | 1 - دۈي (قالغايتى)، 2 - دۈي (چاكاندىلىق)، 3 - دۈي (قوتاز لىق)، 4 - دۈي (قىزىلبۇلاق) |
| | قۇرلۇق دادۈيى | 1 -، 2 - دۈي (قۇرلۇق)، 3 - دۈي (ئۇلانبۇلاق)، چارۋىچىلىق دۈيى (شىركەتبۇلاق) |
| | گۇڭشې چارۋىچىلىق فېرمىسى (بەچىر) | |
| | ئۆرۈكلۈك دېھقانچىلىق مەيدانى | |
| شەھەر ئىچى گۇڭشېسى | جىيەنگو دادۈيى | 1 - دۈي (ئەسكىبۇلۇك)، 2 - دۈي (قىزىسبەكخى)، 3 - دۈي (غوجامخى)، 4 - دۈي (ئوردا قوۋۇق) |
| | جىگدىقۇدۇق دادۈيى | 1 - دۈي (ئەزىنە بازار)، 2 - دۈي (چوقايتۇر)، 3 - دۈي (ئوردىخى)، 4 -، 5 - دۈي (ئالتۇنلۇق)، 6 - دۈي (دۆش مەسچىت) |
| | جۇلۇكشۇ دادۈيى | 1 - دۈي (ساڭخى)، 2 - دۈي (جۇلۇكشۇ)، 3 - دۈي (ئايلىق بۇزۇرگا) |
| | مەگەش دادۈيى | 1 - دۈي (ئاپپاقتۇر)، 2 - دۈي (ياغۇرچاق)، 3 - دۈي (تۆگە تاش باغچە) |
| | ئاقار دادۈيى | 1 - دۈي (ئاقار) |
| يەتتە قۇدۇق گۇڭشېسى | | 1 - دۈي، 2 - دۈي |
| قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى | | 1 - دۈي (قويلۇق)، 2 - دۈي، بىناكارلىق قۇرۇلۇش 1 - شى، 3 -، 4، - 5 - دۈي (چارۋىچىلىق دۈيلىرى) |

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم جۇغراپىيىۋى شارائىت

قۇمۇلنىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى خېلى مۇرەككەپ، يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشىنى تاغلىق جايلار، ئېگىزلىكلەر ۋە ئويمانلىقلار دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. چۆللۈك ۋە تاغلىق يەرلەر ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 7.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ يېرىم باياۋان ئوتلاقلار ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 16.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئورمانلىقلار ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 2.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ بوز يەرلەر ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 4.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تېرىلغۇ يەرلەر، مەھەللە، تاشيول، تۆمۈريول، ئېرىق-ئۆستەڭ، سۇ ئامبارلىرى قوشۇلۇپ ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 5.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

قۇمۇلنىڭ ئىقلىمى تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئاساسىي ئالاھىدىلىكى قۇرغاق، ھۆل-يېغىن ئاز، ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاران 34 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى زور، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا سۇنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 3092 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە شامال كۆپ چىقىدۇ. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19.6 كۈن بوران چىقىدۇ؛ دۆربەجىندە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 71.3 كۈن بوران چىقىدۇ. ياز پەسلىدە ھاۋا بەك ئىسسىق بولىدۇ. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34 كۈن 35°C تىن يۇقىرى ئىسسىق بولىدۇ. ئىسسىق ئەڭ كۆپ بولغان يىللىرى 68 كۈنگە يېتىدۇ. قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15.3 كۈن 20°C-تىن تۆۋەن سوغۇق بولىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.8°C بولىدۇ. پەرق ئەڭ چوڭ بولغاندا 26.7°C قا يېتىدۇ. كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 305.2 كۈن ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3358 سائەت كۈن نۇرى چۈشىدۇ. قۇمۇلنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى شىڭشىڭشيادا بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3575 سائەت كۈن نۇرى چۈشىدۇ. شۇڭا، ئۇ يەرنىڭ «نۇرلۇق جىلغا» دېگەن چىرايلىق نامى بار.

ناھىيە تەۋەسىدە كان بايلىقلىرىنىڭ تۈرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، كۆمۈر، تۆمۈر، تاشتۇز، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئاساسلىق تۆت چوڭ كان مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. يەر بايلىقى مول، ئەمما، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قىيىنراق. سۇ بايلىقى مەنبەسى كەمرەك. ھايۋانات، ئۆسۈملۈك تۈرى كۆپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى ئازراق.

# I باب گېئولوگىيە

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ زېمىنى توغرىسىغا تەخمىنەن شىڭشىڭشىيا، خۇڭلىيۇخې پويىز ئىستانسىسىنى پاسىل قىلغان ئىككى چوڭ قۇرۇلما بۆلىكىگە ئايرىلىدۇ. شىمال تەرىپى تىيانشان تېغى ئوقۇرى قاتلام سىستېمىسى، جەنۇب تەرىپى تارىم ئېگىز تەكشىلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىيانشان تېغى ئوقۇرى قاتلام سىستېمىسىدا ئېچىلىپ قالغان ئەڭ قەدىمكى يەر قاتلىمى يەر قاتلىمى سىستېمىسىنىڭ ئىككىنچى دەۋرىنىڭ ئاخىرى بولۇپ، ئۇ، گىنېيىس ئارىلاش تاغ جىنسلىرى، تېپىزلىكتىكى دانىچە جىنسلار، ئامپىبول (يالتىراق قىرلىق تاش جىنسلىرى)، كۋارتسىلىق سلانېتس، مەرمەر جىنسلىرىنى ئاساس قىلغان بىر يۈرۈش ئوتتۇراھال ۋە چوڭقۇر سۈپەت ئۆزگىرىش ياسىغان جىنسلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە كۆپ قېتىملىق ماگما ھەرىكىتى نەتىجىسىدە يېتىلىپ شەكىللەنگەن بېسىپ كىرگەن جىنسلارمۇ بار. تىيانشان تېغى ئوقۇرى قاتلام سىستېمىسىنىڭ جەنۇب تەرىپى تىيانشان تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆتۈرۈلگەن بەلباغ دەپ، شىمال تەرىپى تىيانشان تېغىنىڭ چوڭ ئوقۇر قاتلام بەلبېغى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى بەلباغ تەخمىنەن قۇمبۇلاق - يامانسۇ لىنىيىسى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ. بۇلار تىيانشان تېغى ئوقۇرى قاتلام سىستېمىسىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك چوڭ يەر قۇرۇلمىسى بۆلىكىگە كىرىدۇ.

تىيانشان تېغى چوڭ ئوقۇر قاتلام بەلبېغى يەنە تەخمىنەن بوغاز كۆمۈر كانى — توغراق بۇلاقنى چېگرا قىلغان ھالدا ئىككى قۇرۇلما بۆلىكىگە ئايرىلىدۇ. شىمال تەرىپى قارلىق تاغنىڭ كەينى يانتۇلۇقى، جەنۇب تەرىپى چۆلتاغنىڭ كەينى يانتۇلۇقى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تۇرپان - قۇمۇل تاغ جىلغىلىرى بار. بۇ ئۈچىسى تىيانشان تېغى ئوقۇرى قاتلام سىستېمىسىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك چوڭ يەر قۇرۇلمىسى بۆلىكىگە كىرىدۇ.

چۆلتاغنىڭ كەينى يانتۇلۇقى بىلەن قارلىق تاغنىڭ كەينى يانتۇلۇقىنىڭ يەر قاتلىمى قۇرۇلمىسى، ماگما ھەرىكىتى ئالاھىدىلىكى جەھەتلەردىكى ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. بۇ يەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى قاتلىمىنىڭ ئالدىنقى قەدىمىي ھاياتلىق دەۋرىدىكى توف، ئاندېزىت، كاربونات كىسلاتا، توز جىنسلىرى، كۆمۈر كىرىمنىيلىق جىنسلار، بازىنت تاش، قۇم تاش، قۇرام تاش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان بىر يۈرۈش ناھايىتى قېلىن دېڭىز ئاستى يانار تېغىدىن ئېتىلىپ چىققان چۆكمىلەردىن قۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقىلا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ۋارىسىيان دەۋرىدە بېسىپ كىرگەن ھەر خىل جىنسلارمۇ ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئايرىم جايلاردا يۇرا ئىراسى ۋاقتىدىكى كىچىك ئويمانلىق قۇم تاشلىرى ۋە قۇرام تاش چۆكمىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئويمان يەرلەرنى III ۋە IV ئىرالاردىكى تارقاق چۆكمە جىنسلار قاپلاپ كەتكەن. تۇرپان - قۇمۇل تاغ جىلغىلىرى ئالدىنقى قەدىمىي ھاياتلىق دەۋرى ئاساسىغا بىنا بولغان ئۈزۈلمە ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يۇرا ئىراسى

ۋاقىتتىكى كۆل، دەريا چۆكمىلىرىدىن ھاسىل بولغان قۇم، شېغىل، سىلانىتېس، كۆمۈر قاتلىمى قاتارلىق بىر يۈرۈش كۆمۈر قۇرۇلمىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستى ئۈچىنچى سىستېما قىزىل تۇف ۋە تۆتىنچى سىستېما ھەر خىل تارقاق قاپلىما جىسىملار بىلەن قاپلانغان. تارىم ئېگىز تەكشىلىكى ۋىلايىتىمىزدە پەقەت ئىككىنچى دەرىجىلىك قۇرۇلما بۆلىكى بولغان ئولتۇرۇشقان شىمالىي تاغ بەلبېغىغا تەۋە بۇرجەكنىلا كېسىشىدۇ. بۇ يەردە ئېچىلىپ قالغان يەر قاتلىمى بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ، يەر قاتلىمى سىستېمىسىنىڭ ئىككىنچى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن ئىككىلەمچى سىستېمىسىغىچە بولغان ھەممە ئۆزگىرىشلەردىن ئاۋۋالقى قەدىمىي ھاياتلىق دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئولتۇرۇشۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھەم ئېگىز تەكشىلىكنىڭ تەدرىجىي ھالدا يەر ئوقۇرىغا ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## II باب يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى

قۇمۇلنىڭ يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۈچ بۆلەككە ئايرىش مۇمكىن: شىمالىي تەرىپى ئوتتۇراھال ئېگىز تاغلار بىلەن خاراكتېرلەنگەن، شەرقى تيانشان تاغ تىزمىسى، شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرى سۇ ۋە شامال يالىۋەتكەن ئېگىزلىكلەر، ئوتتۇرا ۋە غەربىي تەرەپلىرى قۇمۇل ئويمانلىقىدىن ئىبارەت. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى: شىمال تەرىپى ئېگىز، جەنۇب تەرىپى پەس، شەرقىي شىمال تەرەپتىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ يانتۇ كەتكەن. قارلىق تاغنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان تۆمۈرتى دېڭىز يۈزىدىن 4886 مېتر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۇ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئېگىز نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ساركۆلى دېڭىز يۈزىدىن 53 مېتر ئېگىز بولۇپ، ئۇ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئەڭ پەس جاي ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن ناھىيىنى يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن:

**1 . تاغلىق جايلار**

شىمال تەرەپتە، تيانشان تېغى غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلۇپ پۈتۈن ناھىيە زېمىنىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، بىرقانچە يۈز چاقىرىمغىچە ئېگىز-پەس سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇ، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 1500 مېتردىن 4886 مېترغىچە ئېگىز. ئاساسىي چوققا بولغان تۆمۈرتى تېغىدا يىل بويى قار ئېرىمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ «قارلىق تاغ» ، «ئاق تاغ» دېگەن نامى بار. ئۇنىڭدىن قالسا، باركۆل تېغىنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان يۆياشەن تېغى دېڭىز يۈزىدىن 4348 مېتر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. قارلىق تاغدىن شەرققە سوزۇلغان تاغ تىزمىسى تەدرىجىي پەسىيىپ، دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتر ئەتراپىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. قارلىق تاغنىڭ ئۈستى تەكشى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇز ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ ياقىلىرىدا بىرمۇنچە كىچىك

مۇزلۇقلار بار، جەنۇبىي قاپتىلىدا روشەن چوڭ ئۇزۇلمە بار. تاغ باغرىدا ھەر خىل رەڭلىك ۋە قىزىل رەڭلىك چىرىمىتال گرانىت قاتارلىق بىيىسپ كىرگەن جىنسلار ئىچىلىپ قالغان. تاغ پوستى پەلەمپەي شەكلىگە ۋە قىرلىق شەكلىگە كىرىپ قالغان. تاغ ئىچىدە تەرەپ - تەرەپكە يۆنەلگەن ئىگىز چوققىلار، تىك ئىيدىر - قاپتاللار بار. غەربتىن - شەرققە، شىمالدىن - جەنۇبقا سوزۇلغان 29 چوڭ - كىچىك جىلغا بار. تاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمال قاپتاللىرى كەڭ يەلپۈگۈچسىمان تاشقىن چۆكمىلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، نۇرغۇن پەس تاغ، ئىيدىرلىقلار بار. پەس تاغنىڭ بەلبېغىدا شالاڭ چوڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بار. ئوتتۇرا تاغ بەلبېغى بىلەن ئىگىز تاغنىڭ جەنۇبىي ياكى باغرىغا ئوتلاق جايلاشقان؛ شىمالىي يان باغرىنىڭ تەسكەيي، نەم جايلىرىدا قويۇق سىبىرىيە بال قارغىيى ئۆسىدۇ.

## 2 . ئويمانلىق

قۇمۇل ئويمانلىقى قارلىق تاغ بىلەن گېشۇن چۆللۈكى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. پۈتكۈل ئويمانلىقنىڭ يەر شەكلى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ قىيسايغان. قارلىق تاغدىن باشلانغان قىسقا، كىچىك ئېقىنلار ئېقىتىپ چۈشكەن نەرسىلەردىن تاغ ئالدىدا كەڭ يانتۇ تۈزلەڭلىك ھاسىل بولغان. تاغ ئېتىكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 مېتىردىن 1800 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ پەس يېرى دېڭىز يۈزىدىن ئىككى - ئۈچ يۈز مېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەڭ پەس جاي ھېسابلىنىدىغان ساركۆلى دېڭىز يۈزىدىن 53 مېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئويمانلىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە نۇرغۇن تاشقىن چۆكمە جىنسلىرىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان جايلار بار. ئۇ يەرنىڭ جەنۇبىدىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەرلەر ئاساسەن شېغىللىق. تاشقىن چۆكمە جىنسلىق يەلپۈگۈچسىمان جاينىڭ تۆۋەن قىسمى قەدىمىي تاشقىن چۆكمە تۈزلەڭلىكى بولۇپ، يەر تۈزلۈشى تەكشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئادەتتە بەش مېتىردىن يەتتە مېتىرغىچە كېلىدۇ. قۇمۇل بوستانلىقى مۇشۇ ئورۇنغا جايلاشقان. ئەمما، تۆگەقوتىنى (لوتۇچەنزە)، توغۇچى قاتارلىق جايلاردا شەرقىي شىمالغا ياكى غەربىي شىمالغا سوزۇلغان نۇرغۇن سايلار ۋە كىچىك ئويمانلىقلار ئۇچرايدۇ ھەمدە ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى دەرىجىلىك پەلەمپەيسىمان يەرلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر، 30 مېتىر، ھەتتا 60 مېتىر بولۇپ، قەدىمكى ئېقىن سۇلار كېسىپ قالدۇرغان ئىزلاردۇر.

ئويمانلىقنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن غەربىي جەنۇب قىسمى سەنجاپاردىن بوغاز چۆلگىچە سوزۇلىدۇ. بۇ يەرلەردە ئۈچىنچى دەۋر يەر قاتلاملىرى كەڭ تارقالغان. ئارىلاپ ياغقان ھۆل - يېغىندىن ھاسىل بولغان كىچىك ئېقىنلارنىڭ كېسىشى بىلەن بىر قاتار ناچار يەر شەكلى پەيدا بولۇپ، يەر يۈزى ئۇنتايىن پارچىلىنىپ كەتكەن. يەر شەكلىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە شىمال تەرەپتىكى يەتتە قۇدۇق، سەنجاپار ئەترابىدا تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىگە ئۆتۈشىدىغان يول پەيدا بولغان.

بۇ يەردە يىل بويى بوران چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ يەردە شامالنىڭ يېمىرىش رولىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەرلەردە شامالدا يېمىرىلىش تۈپەيلىدىن نۇرغۇن دۆڭ-يوتىلار ۋە ئويمانلىقلار شەكىللەنگەن. سار دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، بوران-چاپقۇنلارنىڭ يالىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان قۇملۇقلار پەيدا بولغان. سار دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇرۇق جىرالاردا قويۇق چاتقاللىق ۋە قۇم بارخانلىرى شەكىللەنگەن. سەنجاپار ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ يەر يۈزىنى بوران يالاپ كەتكەنلىكى تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

### 3. ئېگىزلىك

گېشۈن چۆلى تۈزلەڭلىك شەكلىدىكى ئېگىزلىك بولۇپ، شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شىمال تەرىپى تۇرپان-قۇمۇل ئويمانلىقى، جەنۇب تەرىپى ۋېنۇر ئويمانلىقى ۋە سۇلېي دەرياسى ۋادىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. گېشۈن چۆلىنىڭ يەر پوستى بىرقەدەر مۇقىم، ئۇزاق زامانلار يېمىرىلىش نەتىجىسىدە بىپايان تەكشى تۈزلەڭلىك بولۇپ شەكىللەنگەن، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 900 مېتىردىن 1000 مېتىرغىچە ئېگىز. بۇ ئارىلىقتا ئېگىز تاغلار يوق. كۆپچىلىك جايلارنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى 50 مېتىرغا يەتمەيدۇ. يەر شەكلىنىڭ تىك ۋە يانتۇلۇقى ئانچە روشەن ئەمەس. گېشۈن چۆلىنىڭ يېمىرىلىش ھالىتى ۋىلايىتىمىزنىڭ مۇھىم يەر يۈزى تۈزلۈشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ھازىرقى زاماندا يەر يۈزىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا قۇرغاق يېمىرىلىش رولى ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، تۈيۈقسىز بولىدىغان قاتتىق يامغۇر بىلەن قاتتىق بوراننىڭ ئۈپۈرتىش رولى تۈپەيلىدىن ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا يامغۇر ۋە شامالدا يېمىرىلىش نەتىجىسىدە ئويمانلىقلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقلىمى ئىنتايىن قۇرغاق بولۇپ، دۇنيادىكى چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمى ئەڭ كۈچلۈك رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 30 مىللىمېتىردىن ئاشمايدۇ. يەر ئۈستى سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيى ناھايىتى قىس. ھەممىلا يەردە قۇرغاق قاقاسلىقلار كۆزگە چېلىقىدۇ. قاپسالما ئويمانلىقلاردا بەزى قۇرۇق، سۇسىز ئېقىنلار بار. بۇلاردا پەقەت تاسادىپىي ياغقان قاتتىق يامغۇردىن كېيىنلا ئايىغى يوق سۇلار يىغىلىپ ئاقىدۇ. ۋىلايىتىمىزدە سۇنىڭ يېمىرىش رولى ئىنتايىن ئاجىز. مېخانىكىلىق يېمىرىلىش نەتىجىسىدە تاغ باغرى ۋە تاغ ئېتىكىنى نېپىز بىر قەۋەت ئۇششاق تاش قاپلىغان ياكى يېمىرىلىش ئارقىسىدا تاغ ئېتىكىنىڭ يۈزىگە ئۇششاق تاش يېيىلىپ كەتكەن. ئاز ساندىكى مۇستەھكەم قۇرام تاشلاردىن ھاسىل بولغان ئارالچە تاغلار يېمىرىلگەن تۈزلەڭلىكتە چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ۋىلايىتىمىزنىڭ كۆپچىلىك جايلىرىدا يىل بويى شەرقىي شىمال شامىلى چىقىپ تۇرىدۇ. تاغ باغرىدىكى ئۇۋۇلغان جىسىملارنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، پەقەت يوغان قۇرام تاشلارلا قېپقالغان. تاغ جىلغىلىرىدا بولسا، نېپىز كۆچمە قۇم دۆۋىلىنىپ قالغان، بەزى جايلاردا چوڭ قۇم بارخانلىرى ھاسىل بولغان.

www.uyghurkitap.com

# III باب ئىقلىم

## §1. تۆت پەسلىنىڭ ئالاھىدىلىكى

1. ئەتىياز

تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەيدۇ. ئەمما تۇراقلىق بولمايدۇ. سوغۇق ھاۋانىڭ ھەرىكىتى كۆپ بولىدۇ، ھاۋا كۆپ ئۆزگىرىدۇ. بوران، چاڭ-توزان، قۇم يېغىش كۆپ بولۇپ، تۇپراق تەركىبىدىكى سۇنىڭ پارلىنىشى كۈچىيىدۇ، ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق پەيدا بولىدۇ. ئەتىياز پەسلىدىكى ھۆل-يېغىن مىقدارى 6.3 مىللىمېتىر بولۇپ، يىللىق ھۆل-يېغىن ئوتتۇرىچە قىممىتىنىڭ 19 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. قۇم يېغىش ۋاقتى 9.3 كۈن بولۇپ، پۈتۈن يىللىق قۇم يېغىش ئوتتۇرىچە كۈن سانىنىڭ 57 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 كۈن بوران چىقىدۇ. بۇ، پۈتۈن يىللىق ئوتتۇرىچە بوران چىقىدىغان كۈن سانىنىڭ 53 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، جۈملىدىن ئايرىم يىللاردا شامال كۈچى ئالاھىدە كۈچىيىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سەككىز بالغا يېتىدۇ، ئەڭ قاتتىق شامال كۈچى 12 بالدىن ئېشىپ كېتىدۇ. تۇپراقنىڭ تۆگى غەرب تەرەپتىكى جايلارغا قارىغاندا شەرق تەرەپتە، جەنۇب تەرەپكە قارىغاندا شىمال تەرەپتە كېچىكىپ ئېرىيدۇ. ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق ۋە ئەتىياز پەسلىدىكى شۇۋىرغان تۇيۇقسىز كېلىپ چىققان بوران ئاپىتى ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مۇھىم ھاۋا رايى ئاپىتى ھېسابلىنىدۇ.

2. ياز

ھاۋا كۆپىنچە ئوچۇق بولىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن. قۇرغاق، پىژغىرىم ئىسسىق بولىدۇ. ھۆل-يېغىن مىقدارى تۈزلەڭ جايلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17.4 مىللىمېتىر بولۇپ، پۈتۈن يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىنىڭ 51 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تاغلىق رايونلاردا كۆپىنچە يىللاردا ھۆل-يېغىن كۆپ بولىدۇ، بەزىدە تاشقىنغا ئايلىنىدۇ. 6-، 7-ئايلاردىكى ئىسسىق ھاۋا زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق. بەزى چاغلاردا زىرائەتلەرگە زىيانمۇ يەتكۈزىدۇ.

3. كۈز

ھاۋا سالقىن، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭىيىدۇ. بۇ خىل ھاۋا كۈزلۈك زىرائەتلەرنىڭ پىشىشى ۋە يازلىق ئاشلىقلارنىڭ تېپىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق. كۈز پەسلىدە تۈزلەڭ جايلارنىڭ ھۆل-يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.3 مىللىمېتىر بولۇپ، پۈتۈن يىللىق ھۆل-يېغىن

مىقدارىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىنىڭ 17 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن كېيىن سوغۇق ھاۋانىڭ ھەرىكىتى كۈچىيىدۇ. تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەپ، يېنىك ۋە ئېغىر دەرىجىدە تۇنجى ئۈششۈك چۈشىدۇ. تۇنجى ئۈششۈك كۈز پەسلىدە دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئاساسلىق ئاپەت.

### 4. قىش

11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ پۈتۈن ناھىيە قىش پەسلىگە كىرىدۇ. ئوتتۇرا، ئېگىز تاغلىق رايونلاردا قار كۆپ ھەم قېلىن ياغىدۇ. پەس تاغلاردا ۋە تاغ باغرىدا قار نېپىز ياغىدۇ. تۈزلەڭ جايلاردا قار ناھايىتى نېپىز ياغىدۇ ياكى ياغمايدۇ. قىش پەسلىدە ھاۋا تولىراق ئوچۇق بولىدۇ. سۇس شەرق شامىلى چىقىپ تۇرىدۇ. تاغلىق رايونلاردا 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، تۈزلەڭ رايونلاردا 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، غەربىي، جەنۇبىي رايونلاردا 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قىش پەسلى كىرىدۇ. شەرق بىلەن غەرب تەرەپتىكى جايلاردا قىشنىڭ كىرىشى 20 كۈن، شىمال بىلەن جەنۇبتىكى جايلاردا قىشنىڭ كىرىشى 15 كۈن پەرقلىنىدۇ. ھەرقايسى جايلاردا قىش كىرىپ 12 كۈندىن 14 كۈنگىچە ۋاقىت ئۆتكەندە تۇپراق پۈتۈنلەي توڭلاپ بولىدۇ.

**ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۆت پەسىلنىڭ ئايرىلىش جەدۋىلى**

جەدۋەل 2 - 1

| | ئەتىياز | | | ياز | | | كۈز | | | قىش | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | باشلىنىشى ئاي/كۈن | ئاخىرى ئاي/كۈن | ئارىلىق كۈن/سانى | باشلىنىشى ئاي/كۈن | ئاخىرى ئاي/كۈن | ئارىلىق سانى/كۈن | باشلىنىشى ئاي/كۈن | ئاخىرى ئاي/كۈن | ئارىلىق سانى/كۈن | باشلىنىشى ئاي/كۈن | ئاخىرى ئاي/كۈن | ئارىلىق سانى/كۈن |
| ناھىيە بازىرى | 7/3 | 25/5 | 80 | 26/5 | 6/9 | 104 | 7/9 | 13/11 | 68 | 14/11 | 6/3 | 113 |
| يەتتە قۇدۇق | 18/3 | 3/6 | 78 | 4/6 | 5/9 | 94 | 6/9 | 9/11 | 65 | 10/11 | 17/3 | 128 |
| خۇڭلىيۇخې | 27/3 | 7/7 | 103 | 8/7 | 12/8 | 36 | 13/8 | 28/10 | 77 | 29/10 | 26/3 | 149 |
| دۆربەجىن | 3/3 | 13/5 | 72 | 14/5 | 16/9 | 126 | 17/9 | 20/11 | 65 | 21/11 | 2/3 | 102 |
| قاشۇبىلىق | ئىللىق پەسىل ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 215 كۈن | | | | | | | | | 30/10 | 28/3 | 150 |

## §2. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى، تېمپېراتۇرا

### 1. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى

ناھىيە بويىچە كۈن نۇرى ناھايىتى تولۇق چۈشىدۇ. يىل بويى كۈن نۇرى 3303 سائەتتىن 3575 سائەتكىچە چۈشىدۇ. رايونلارغا بۆلۈنۈش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، غەرب تەرەپتىن شەرق تەرەپكە بارغانچە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى كۆپىيىپ بارىدۇ. مەسىلەن، يەتتە قۇدۇقتا 3358 سائەت، شىڭشىڭشىيادا 3575 سائەت كۈن نۇرى چۈشىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئەڭ كۆپ بولغان يىللىرى 3677 سائەتكە يېتىدۇ. كۈن نۇرى تۆزلەڭلىككە قارىغاندا تاغ باغرىغا ئازراق چۈشىدۇ. مەسىلەن، ناھىيە بازىرى بىلەن ئوخشاش بىر پاراللېلغا جايلاشقان تاشۆيلىق قومۇلنىڭ 80 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان، تاشۆيلىقتا بىر يىلدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ناھىيە بازىرىدىن 20 سائەت ئاز بولىدۇ.

قومۇل تەۋەسىدە 5 ـ ئايدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ. ھەرقايسى رايونلاردا بىر ئايدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 334 سائەتتىن ئارتۇق بولىدۇ. 12 ـ ئايدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئەڭ قىسقا بولۇپ، پەقەت 200 سائەتتىن ئاشمايدۇ. ناھىيە بويىچە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش پىرسەنتى ھەر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 74% تىن ئاشىدۇ. خۇڭلىيۇخېدا 77%، تاشۆيلىقتا 75%، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا 76%، يەتتە قۇدۇقتا 74% بولىدۇ. 9 ـ ۋە 10 ـ ئايلاردا نىسبەت ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ 80% تىن 84% كە يېتىدۇ.

**ناھىيە بويىچە ھاۋارايى پونكىتلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى**

جەدۋەل 2 ـ 2 بىرلىكى: سائەت

| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىل بويى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خۇڭلىيۇخې | 227 | 229.9 | 273.6 | 292.4 | 337.1 | 335.3 | 330.1 | 328.2 | 307.0 | 286.0 | 233.0 | 214.6 | 3394.1 |
| تاشۆيلىق | 218.6 | 232.5 | 272.8 | 291.3 | 334.0 | 319.6 | 320.6 | 322.6 | 297.7 | 280.4 | 228.5 | 208.0 | 3326.6 |
| ناھىيە بازىرى | 212.1 | 226.1 | 270.4 | 290.8 | 338.7 | 338.0 | 335.4 | 331.9 | 306.9 | 282.4 | 225.1 | 199.8 | 3357.6 |
| يەتتە قۇدۇق | 210.7 | 225.9 | 273.6 | 294.5 | 336.7 | 331.7 | 327.5 | 325.1 | 300.3 | 276.4 | 214.3 | 186.6 | 3303.4 |

### 2. تېمپېراتۇرا

1) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا: ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭراق، ئومۇمەن، تۆزلەڭلىكنىڭ تېمپېراتۇرىسى تاغلىق رايونلارنىڭكىدىن يۇقىرى،

www.uyghurkitap.com

جەنۇب تەرەپىنىڭ تېمپېراتۇرىسى شىمال تەرەپتىكى جايلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. يەر يۈزى ھەر 100 مېتر كۆتۈرۈلگەندە، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تەخمىنەن 0.6°C تۆۋەنلەيدۇ.

2) ئەڭ ماكسىمال تېمپېراتۇرا: تۈزلەڭ رايونلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 40°C تىن ئاشىدۇ. دۆربەجىن ئەتراپىدا 42.6°C، يەتتە قۇدۇقتا 43.1°C بولىدۇ. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا 43.9°C لىق ماكسىمال تېمپېراتۇرىمۇ كۆرۈلگەنىدى. تاشۋىلىقتا ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا پەقەت 35°C قىلا يېتىدۇ.

3) ئەڭ مىنىمال تېمپېراتۇرا: خۇڭلىيۇخېدا تېمپېراتۇرا ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، −35.1°C، ناھىيە بازىرىدا −32°C، يەتتە قۇدۇقتا −31.3°C، تاشۋىلىقتا −27.9°C، دۆربەجىندە −27.7°C.

4) كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى: كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى ھەرقايسى جايلاردا ئوخشىمايدۇ. ئومۇمەن تۈزلەڭلىكنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى تاغلىق رايوندىن چوڭ، چۆللۈكنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى بوستانلىقتىن چوڭ بولىدۇ. تاشۋىلىقنىڭ 10.6°C، دۆربەجىننىڭ 11.7°C، يەتتە قۇدۇقنىڭ 14.6C°، ناھىيە بازىرىنىڭ 14.8C°، خۇڭلىيۇخېنىڭ 15.6°C. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ يىللىق ئەڭ چوڭ تېمپېراتۇرا پەرقى تاشۋىلىقتا ئەڭ كىچىك بولۇپ، ئاران 20°C قىلا يېتىدۇ. باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىدە 25°C تىن ئاشىدۇ.

5) يۇقىرى ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرا: 35°C تىن ئاشىدىغان يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق كۈن سانى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يىلدا 34.5 كۈن، ئەڭ كۆپ بولغان يىلى 68 كۈنگە يېتىدۇ. دۆربەجىندە 33.9 كۈن، يەتتە قۇدۇقتا 21.6 كۈن، تاشۋىلىقتا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق كۈن 1975 - يىلىلا بىر كۈن بولغان. يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋا رايى پەقەت 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا مەركەزلەشكەن. 5 - ۋە 9 - ئايلاردا يۇقىرى تېمپېراتۇرا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، 40°C تىن ئاشىدىغان يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق كۈن سانى ناھىيە بازىرىدىن دۆربەجىنگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.3 كۈن، يەتتە قۇدۇقتا 0.7 كۈن بولىدۇ. ئۇنداق كۈنلەر پۈتۈنلەي 6 - ئايدىن، 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىققا مەركەزلەشكەن.

−20C° تىن تۆۋەن بولغان تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق كۈن سانى خۇڭلىيۇخېدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يىلدا 33.1 كۈنگە يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا يەتتە قۇدۇقتا تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق كۈن ئەڭ كۆپ بولۇپ، 25.4 كۈنگە يېتىدۇ. ناھىيە بازىرى، تاشۋىلىقلاردا 15.3 كۈن، دۆربەجىندە 7.6 كۈن. −20°C تىن تۆۋەن ھاۋا رايى 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدۇ. −30°C تىن تۆۋەن كۈن سانى خۇڭلىيۇخېدا بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.4 كۈن، يەتتە قۇدۇقتا 0.3 كۈن،

ناھىيە بازىرىدا 0.5 كۈن بولىدۇ. دۆربەجىن بىلەن تاشۋىلىقتا مۇنداق تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق كۈن كۆرۈلۈپ باقمىدى. 30°C – تىن تۆۋەن تۇرىلىق سوغۇق كۈنلەر 1 – ئاينىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىغا مەركەزلىشىدۇ. تېمپېرا ئايرىم يىللاردا 12 – ئايدا، 2 – ئاينىڭ باشلىرىدا سوغۇق كۈنلەر ئۇچرايدۇ.

**ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ ئاساسلىق ھاۋا رايى ئاملىرى**

جەدۋەل 2 – 3

| رايونلار / ھاۋا رايى ئاملىرى | ناھىيە بازىرى | تاشۋىلىق | يەتتە قۇدۇق | دۆربەجىن | خۇگلىيۇخې |
|---|---|---|---|---|---|
| يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا (°C) | 9.8 | 5.4 | 9.1 | 11.4 | 5.4 |
| يىللىق ئەڭ ماكسىمال تېمپېراتۇرا (°C) | 43.9 | 35 | 43.1 | 42.6 | 39 |
| يىللىق ئەڭ مىنىمال تېمپېراتۇرا (°C) | − 32 | − 27.9 | − 31.3 | − 27.7 | − 35.1 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىل (كۈن) | 182 | 162 | 166 | 198 | 141 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى (سائەت) | 3357.6 | 3326.6 | 3303.4 | | 3394.1 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە پارلىنىش مىقدارى (mm) | 3092 | 2768 | 4101 | | 3160 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى (mm) | 34 | 120.5 | 37.5 | 39.7 | 49.2 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە بورانلىق كۈن (كۈن) | 22.9 | 12.8 | 78.5 | 85.9 | 40.9 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم بورانلىق كۈن (كۈن) | 16.2 | 1.0 | 0.7 | | 2.1 |
| يىللىق چاڭ – توزانلىق كۈن سانى (كۈن) | 12.3 | 0.9 | 5.7 | | 6.9 |

www.uyghurkitap.com

ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ ھەرقايسى ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى (°C)

جەدۋەل 2 — 4

| جايلار / ئايلار | يەتتە قۇدۇق | دۆربەجىن | ناھىيە بازىرى | تاشۆبىلىق | خۇڭلىيۇخې |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | — 11.3 | — 10.4 | — 12.3 | — 13.2 | — 13.8 |
| 2 | — 5.9 | — 4.6 | — 5.8 | — 9.3 | — 9 |
| 3 | 2.9 | 5.9 | 4.6 | — 0.6 | — 0.1 |
| 4 | 11.5 | 14.2 | 13.3 | 7.7 | 7.5 |
| 5 | 18.6 | 22 | 20.2 | 15.1 | 14.3 |
| 6 | 24.3 | 27 | 25.2 | 19.6 | 19.6 |
| 7 | 26.3 | 28.8 | 27.3 | 21.1 | 21.8 |
| 8 | 25 | 27.6 | 26 | 20.2 | 20.6 |
| 9 | 18.5 | 21 | 19.2 | 14.3 | 14.3 |
| 10 | 8.9 | 11.7 | 9.7 | 5.8 | 5.4 |
| 11 | — 1.1 | — 1.1 | — 0.6 | — 4.4 | — 4.1 |
| 12 | — 8.9 | — 7.7 | — 9.2 | — 11.5 | — 11.3 |

## § 3. ھۆل - يېغىن

**1) ھۆل - يېغىن مىقدارى:** ناھىيە تەۋەسىدە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئىنتايىن ئاز ھەم تەكشى ئەمەس. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران 34 تىن 39.7 مىللىمېترغا، تاشۆبىلىق، تۆرۈك قاتارلىق تاغقا يېقىن جايلارنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى 120 مىللىمېترغا يېتىدۇ. تاغلىق رايونلارنىڭ ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېترغا يېتىدۇ. ھۆل - يېغىن كۆپىنچە ئەتياز، ياز پەسىللىرىگە مەركەزلىشىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۇ

چاغدىكى ھۆل ـ يېغىن مىقدارى يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ 70.1 پىرسەنتىدىن 82.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تاغقا يېقىن جايلاشقان تاشۆپىلىقنىڭ ئەتىياز، ياز پەسلىدىكى ھۆل ـ يېغىن مىقدارىمۇ پۈتۈن يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ 75.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

2) **قار ۋە قارنىڭ توپلىنىشى:** قار ئاز ياغىدۇ، شۇنداقلا تەكشى ئەمەس. تۈزلەڭلىكتە بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.4 — 2 مىللىمېتىرغىچە قار ياغىدۇ. بۇ پۈتۈن يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ 9 — 18.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بىر يىلدا ئوتتۇرىچە قار ياغىدىغان كۈن سانى 4.5 — 6.4 كۈن. تاشۆپىلىقتا بىر يىلدا ئوتتۇرىچە 31.2 مىللىمېتىر قار ياغىدۇ. بۇ، پۈتۈن يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ 25.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21 كۈن قار ياغىدۇ. يەتتە قۇدۇقتا بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.7 مىللىمېتىر قار ياغىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران ئۈچ كۈنلا قار ياغىدۇ. تۈزلەڭلىكتە دەسلەپكى قار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى باشلىنىپ، 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئارىلىقتا 243 كۈن بار. ئەڭ بالدۇرقى قار 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئوتتۇرىچە ۋاقىتتىن 30 كۈن ئىلگىرى ياغىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى قار 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە سوزۇلىدۇ. ئوتتۇرىچە ۋاقىت 27 كۈن كېيىنگە سوزۇلىدۇ. تاشۆپىلىقتا 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دەسلەپكى قار ياغىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئارىلىقتا 168 كۈن بار. ئەڭ بالدۇرقى قار 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ياغىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 كۈن ئىلگىرى سوزۇلىدۇ. ئەڭ كېچىككەندە ئاخىرلىشىش كۈنى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە سوزۇلۇپ، ئوتتۇرىچە ۋاقتى 26 كۈن كېچىكىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى جايلاردا قار تەكشى ياغمىغاچقا، جايلار قار مىقدارى ۋە قارنىڭ قېلىنلىقى جەھەتتە روشەن پەرقلىنىدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قارنىڭ قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، ئەمما مۇقىم تۇرمايدۇ.

**جايلارنىڭ ھەر ئايدىكى ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى**

**جەدۋەل 2 ـ 5 بىرلىكى: مىللىمېتىر.**

| ئايلار / رايونلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيە بازىرى | 1.5 | 1.2 | 1.0 | 2.6 | 2.7 | 6.5 | 5.9 | 5.0 | 2.7 | 1.9 | 1.3 | 1.7 | 34 |
| دۆربەجىن | 0.4 | 2.9 | 2.1 | 1.7 | 2.8 | 9.1 | 10.3 | 5.0 | 1.8 | 2.0 | 0.4 | 1.2 | 39.7 |
| يەتتە قۇدۇق | 0.7 | 0.1 | 0.4 | 0.7 | 3.6 | 7.4 | 11.5 | 7.4 | 4.0 | 0.7 | 0.4 | 0.6 | 37.5 |
| خوگىليۇخې | 1.1 | 1.9 | 1.3 | 2.6 | 3.8 | 11.4 | 10.3 | 8.5 | 4.7 | 1.1 | 0.8 | 1.7 | 46.2 |
| تاشۆپىلىق | 2.9 | 2.8 | 7.7 | 14.3 | 9.6 | 17.9 | 24.7 | 16.4 | 9.3 | 6.0 | 5.2 | 3.8 | 120.9 |

1974 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 14 سانتىمېتىر قار يېغىپ رېكورت يارىتىلغان. قارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە توپلىنىپ تۇرۇش كۈن سانى 27.1 - 33.6 كۈن. تاشۇېلىقتا قار يېغىش مىقدارى تۈزلەڭلىك رايونلاردىكىدىن يۇقىرى بولىسمۇ، لېكىن قارنىڭ توپلىنىپ تۇرۇشى مۇقىم ئەمەس. يىللىق ئوتتۇرىچە توپلىنىپ تۇرۇش كۈن سانى ئاران 29.1 كۈنلا بولىدۇ. 1970 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 27 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قار يېغىپ رېكورت يارىتىلغان. تاغلىق رايونلاردا ئايمۇ ئاي قار يېغىپ تۇرىدۇ. شۇڭا توپلانغان قارنىڭ قېلىنلىقى ئاز دېگەندە نەچچە ئون سانتىمېتىرغا، كۆپ بولغاندا بىر مېتىردىن كۆپرەككە يېتىدۇ.

**جايلارنىڭ ئوتتۇرىچە قار يېغىش ۋە قارنىڭ توپلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل 2 – 6

| رايونلار / مىقدارى / تۈرى | ناھىيەبازىرى | دۆربەجىن | يەتتە قۇدۇق | تاشۇېلىق |
|---|---|---|---|---|
| يىللىق ئوتتۇرىچە قار يېغىش مىقدارى (mm) | 6.2 | 7.4 | 2.7 | 31.2 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە قار ياغقان كۈن سانى | 6.4 | 4.5 | 3 | 21.2 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە قار تۇرغان كۈن | 33.6 | 27.1 | 7.6 | 29.1 |
| توپلانغان قارنىڭ ئەڭ قېلىنلىقى (cm) | 14 | 10 | 11 | 27 |
| دەسلەپكى قار ياغقان كۈن (ئاي/كۈن) | 19/11 | 18/11 | 22/10 | 10/10 |
| ئاخىرقى قار ياغقان كۈن (ئاي/كۈن) | 20/3 | 12/3 | 10/4 | 25/4 |
| قار تۇرغان دەسلەپكى كۈن (ئاي/كۈن) | 2/12 | 17/12 | 2/1 | 26/10 |
| قار تۇرغان ئاخىرقى كۈن (ئاي/كۈن) | 23/2 | 1/2 | 8/2 | 13/4 |

## §4. شامال تېزلىكى ۋە شامال يۆنىلىشى

**1. ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى:** ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى جايلاردا شامال تېزلىكىنىڭ پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى ناھىيە بازىرىدا ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، 2.9 مېتىر/سېكۇنتقا، تاشۇېلىق بىلەن خۇڭلىيۇخېدا 3.7 - 4.5 مېتىر/سېكۇنتقا، غەربىي شىمال تەرەپتىكى دۆربەجىن، يەتتە قۇدۇق ئەتراپىدا 4.8 — 5 مېتىر/سېكۇنتقا، سەنجاپاردا 9.3 مېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ.

**2. پەسىللەرگە بۆلۈنۈشى:** ئادەتتە ئەتىياز پەسلىدە بوران كۆپ بولىدۇ. يازدا

ئۈنىڭدىن ئازراق چىقىدۇ. قىش پەسلىدە بوران ئەڭ ئاز چىقىدۇ. تاشقورغاندا 3 -، 4 -، 5 - ئايلاردا شامالنىڭ تېزلىكى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. باشقا جايلاردا 4 -، 5 -، 6 - ئايلاردا ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. سەنجاپاردا 4 - ئايدا شامالنىڭ ئوتتۇرىچە تېزلىكى 13.2 مېتر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. 12 - 1 - ئايلاردا شامالنىڭ تېزلىكى ئەڭ ئاجىز بولىدۇ.

3. شامالنىڭ يۆنىلىشى: پۈتۈن يىلدا شەرقىي شىمال شامىلى بىلەن شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدە قىيپاش شەرق شامىلى كۆپ چىقىدۇ. غەرب قىسمىدا كۆپرەك شىمال شامىلى چىقىدۇ. تاشقورغاندا غەرب شامىلى ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. قۇمۇلنىڭ شەرقىدە يىل بويى قىيپاش شەرق شامىلىنىڭ تېزلىكى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. بەزىدە قىيپاش غەرب شامىلى ياكى قىيپاش شىمال شامىلى چىقىدۇ. يىللىق بەلگىلىك ۋاقىتتىكى شامالنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى 26 مېتر/سېكۇنتتىن ئاشىدۇ. تۆگە قوتىنىدا (لوتو چەنزىدە) 34 مېتر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. قىسقا ئارىلىقتىكى سۈرئىتى 40 مېتر/سېكۇنتتىن ئاشىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە پۈتۈن بىر يىلدا قىيپاش شىمال شامىلىنىڭ تېزلىكى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. دۆربەجىندە ئايرىم يىللارنىڭ 10 - ئايلىرىدىلا قىيپاش غەرب شامىلىمۇ چىقىپ قالىدۇ. يىللىق بەلگىلىك ۋاقىتتىكى ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى 29 مېتر/سېكۇنتتىن ئاشىدۇ. دۆربەجىن بەلگىلىك ۋاقىتتىكى ئەڭ يۇقىرى شامال تېزلىكى 42 مېتر/سېكۇنت بولغان قاتتىق قارا بوران چىققانلىقى (1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) خاتىرىلەنگەن.

ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلاردا بوران چىقىدىغان كۈن سانى

جەدۋەل 2 - 7

| رايونلار | تۈرى | ئەتىياز 3 -، 5 - ئايلار | ياز 6 -، 8 - ئايلار | كۈز 9 -، 11 - ئايلار | قىش 12 -، 2 - ئايلار |
|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيە بازىرى | ئوتتۇرىچە بوران چىقىدىغان كۈن | 12 | 7.6 | 2.9 | 0.4 |
| | شامال چىققان ئەڭ كۆپ كۈن سانى | 29 | 24 | 11 | 3 |
| تاشقورغان | ئوتتۇرىچە بوران چىقىدىغان كۈن | 6.9 | 3.8 | 1.2 | 0.9 |
| | شامال چىقىدىغان ئەڭ كۆپ كۈن سانى | 29 | 25 | 10 | 9 |
| يەنتە قۇدۇق | ئوتتۇرىچە بوران چىقىدىغان كۈن | 29 | 25.2 | 14.3 | 9.9 |
| | شامال چىقىدىغان ئەڭ كۆپ كۈن سانى | 52 | 42 | 29 | 27 |
| دۆربەجىن | ئوتتۇرىچە بوران چىقىدىغان كۈن | 31.9 | 39.4 | 12.7 | 1.9 |
| | شامال چىقىدىغان ئەڭ كۆپ كۈن سانى | 51 | 62 | 25 | 7 |

www.uyghurkitap.com

## قوشۇمچە: يۈز چاقىرىملىق بورانلىقنىڭ سىرى

لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى سار پەيىز ئىستانسىسى بىلەن شياۋساۋخۇ پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئارىلىقىدا پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر «يۈز چاقىرىملىق بورانلىق» بار، بۇ يەردە يىل بويى 136 كۈن سەككىز بالدىن كۈچلۈك بوران چىقىدۇ. ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى 9.3 مېتىر/سېكۇنت بولۇپ، 4 ـ ئايدا كۈچەيسە 13.2 مېتىر/سېكۇنتتىن ئاشىدۇ. بۇ يەردە دائىم بوران ھۇۋلاپ، قۇم شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ تۇرىدۇ. بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن تاشلار بەزىدە پويىزنىڭ دېرىزىلىرىنى چېقىپ، يولۇچىلارنىڭ ئامانلىقىغا تەھدىت سالىدۇ. بەزىدە بېرزېنت ياپقۇچلارنى سۆكۈۋېتىپ، ماللارنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. بەزىدە ھەتتا يولنىڭ ئۇلىنى كولاپ كېتىپ پويىز رېلىستىن چىقىپ كېتىپ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تۆمۈريول ترانسپورتىغا ئېغىر دەخلى يەتكۈزىدۇ.

«يۈز چاقىرىملىق بورانلىق» قەدىمدىلا بار ئىدى. بۇرۇن «قارا بورانلىق» دەپ ئاتىلىپ قەدىمىي يىپەك يولىدىكى ئېۋىرغولدىن ئىدىقۇتقا بارىدىغان مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ كەلگەن. ئەينى چاغلاردا بۇ يەردىن ئۆتكەن سودىگەرلەر، ئەمەلدارلار بورانغا يولۇققانلىقى توغرىسىدىكى نۇرغۇن ۋەھىمىلىك تەسۋىرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

«يۈز چاقىرىملىق بورانلىق» تا بوراننىڭ كۆپ ۋە قاتتىق چىقىشىنى ئۇ يەرنىڭ ئالاھىدە يەر شەكلى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بورانلىقنىڭ شىمال تەرىپىدە شەرقىي ياندا بارىكۆل تېغى، غەربىي ياندا ئۈگۈر تېغى بار، بۇ ئىككى تاغ تۇتاشقان جايدا سەپكۇ ئېگىزىدىن يەتتە قۇدۇقچە سوزۇلغان بىر تار ئۇزۇن تاغ جىلغىسى بولۇپ، بۇ جىلغىدىن كەڭ، تۈپتۈز بىر ئوچۇقچىلىقا چىققىلى بولىدۇ. غەربىي شىمال تەرەپتىن ياكى ئۇدۇل شىمال تەرەپتىن كىرگەن سوغۇق ھاۋا بۇ تار يولدىن ئۆتكەندە قىستىلىشىپ، ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ، تېز سۈرئەتتە توپلىنىپ، زىچلىقى ناھايىتى چوڭ ھاۋا ئېقىمىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھاۋا ئېقىمى تاغ جىلغىسىدىن ناھايىتى زور كۈچ بىلەن يەلپۈگۈچسىمان ئېتىلىپ چىقىپ، قىيپاش شىمال بورىنىغا ئايلىنىدۇ. ھاۋارايى ئىلمىدە بۇ «تار بوغۇز تەسىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، بوران چىقىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. بارىكۆل تاغلىرى شەرقتىن غەربكە قاراپ يانتۇ پەسلەيدۇ. ئۈگۈر تېغى غەربتىن شەرققە قاراپ يانتۇ پەسلەپ بارىدۇ. تاغ جىلغىسىغا كەلگەندە تاغنىڭ ئېگىزلىكى 200 مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. سوغۇق ھاۋا تاغنىڭ شىمال يانباغرىنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلەپ، شامال كۈچى ئېشىپ كېلىپ، تاغدىن ئارتىلىپ ئۆتۈشى بىلەنلا، خۇددى تاغدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان قەھرلىك يولۋاستەك ئۇدۇل يۈز چاقىرىملىق بورانلىققا قاراپ ئېتىلىدۇ ـ دە، قىيپاش شىمال بورىنىغا ئايلىنىدۇ. بۇ، بوران چىقىشنىڭ ئىككىنچى بىر سەۋەبى. گەرچە بۇ ئىككى خىل سەۋەبنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىسىدىلا تاغ شامالنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشىدىغان ئورتاق ئالا-

ھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئىككى خىل قىيپاش شىمال شامىلى تەڭ چىقىپ بىرلىشىپ كەتسە، تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە بوران ناھايىتى شىددەتلىك چىقىدۇ.

## IV باب گىدرولوگىيىلىك (سۇچىلىق) ئەھۋالى

### 1§. يەر ئۈستى سۇيى

قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ سۇ سىستېمىسى تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى بىلەن قۇرلۇق تېغىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. ئېقىن كۆلىمى تەخمىنەن 80 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ سۇ سىستېمىسى 29 ئولىنىڭ سۇيىدىن يىغىلىپ ئېقىن ھاسىل قىلغان. ھەربىر ئولىنىڭ ئۆزى تەبىئىي دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئول سۇيى، ئاساسەن، شىمالدىكى تاغلىق رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۇ بارىكۆل تېغى ۋە قارلىق تاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىكى قار ۋە يامغۇر سۇلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئول سۇيىنىڭ ئېقىش مۇساپىسى قىسقا، سىڭىشى كۆپ، سۇ مىقدارى ئاز. ئادەتتە بۇ ئېقىنلارنى ئېقىن ھاسىل بولۇش رايونى ۋە ئېقىن تارقىلىپ يوقاش رايونى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئېقىن ھاسىل بولۇش رايونى ئېگىز، ئوتتۇرا ھال تاغلار بولۇپ، بۇ يەرلەردە يامغۇر كۆپرەك ياغىدۇ. ئېقىن سۇنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاغ ئاغزىغا بارغىچە تەدرىجىي كۆپىيىپ ئول ئۆستەڭلەر تەبىئىي يوسۇندا شەكىللىنىدۇ. ئۆستەڭنىڭ قىنى مۇقىم بولۇپ، تارماقلىرى شاخسىمان تورنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۆستەڭ قىنى بەكرەك يانتۇ بولغاچقا سۇ تېز ئاقىدۇ. ئول سۇيىنىڭ مېنېراللىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، تۇزسىز، ئېقىنىنىڭ تارقىلىپ يوقاپ كېتىش رايونى كۆپرەك تاغ ئاغزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تاغ ئالدىدىكى تۈزلەڭلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئول ئۆستەڭلەرنى چېپىپ سۇغىرىش رايونلىرىغا ئېلىپ كىرىلگەن تاغ سۇلىرىدىن باشقا ئوللاردىكى ئېقىنلار تاغدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن ئاز بىر قىسمى پارغا ئايلىنىپ كەتكەندىن باشقا، كۆپ قىسمى يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىپ، يەر ئاستى سۇيىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئول ئېقىنلىرى، ئاساسەن، غەربتىكى تاغلىق رايونلاردا 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، شەرقتىكى تاغلىق رايونلاردا 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ھاسىل بولىدۇ. 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە سۇ بارا ـ بارا كۆپىيىدۇ. 10 ـ ئايدا تەدرىجىي ئازىيىپ، 11 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلىنىڭ 2 ـ ئېيىغىچە سۇ توختاپ كېتىدۇ. 1 ـ ئايدا كۆپىنچە ئوللاردا مۇز توڭلاپ، سۇ ئاقمايدۇ.

كەلكۈن ــ ئەتىيازلىق كەلكۈن، يازلىق كەلكۈن دەپ ئايرىلىدۇ. ئەتىيازلىق كەلكۈن 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە يۈز بېرىدۇ. ئۇ، ئاساسەن، قار سۇيىدىن شەكىللىنىدۇ. يازلىق كەلكۈن كۆپىنچە 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا كېلىدۇ. بۇ ئاساسەن،

قارا يامغۇر سۈيىدىن شەكىللىنىدۇ. كەلكۈن شىددەتلىك چۈشۈپ، دائىم دېڭۈدەك قىسمەن ئاپەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. ئەمما ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ.

ناھىيە بويىچە ئوۋل سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى بىر يىلدا 451 مىليون كۇب مېترغا يېتىدۇ. يىللىق ئېقىن مىقدارى 10 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان 15 ئوۋل بار. بۇنىڭ يەتتىسىگە سۇ باشلاش ئۈستىنگى چېپىلدى. ئىككى ئوۋلنىڭ سۈيى تۆرۈك سۇ ئامبىرىغا قويۇلىدۇ. تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇزلۇقلار ئاساسەن بارىكۆل تېغى بىلەن قارلىق تاغدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 44 مۇزلۇق رايونىمىزنىڭ سۇ مەنبەسىنى تەمىنلەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. بارىكۆل تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4348 مېتر بولۇپ، سەككىز مۇزلۇق بار. ئۇنىڭ كۆلىمى 3.98 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. مۇز زاپىسى 65 مىليون كۇب مېتر كېلىدۇ. ئۇنى سۇ مىقدارىغا سۇندۇرغاندا 58 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتر كېلىدۇ. قارلىق تاغدا 36 مۇزلۇق بار. ئۇنىڭ كۆلىمى 48.6 كۋادرات كىلومېتر. سۇ مىقدارىغا سۇندۇرغاندا 1 مىليارد 611 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ. مۇزلۇقنىڭ ئەڭ قېلىن يېرى 70 مېتىر كېلىدۇ. مۇزلۇقنىڭ تېگى دېڭىز يۈزىدىن 3300 مېتىردىن 3400 مېتىرغىچە ئېگىز. مۇزلۇق ناھىيىمىزنىڭ ئاساسلىق تەمىنلىگۈچى سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ھاۋا كېلىماتىنى تەڭشەش، رايونىمىزنىڭ ھۆل - يېغىنىنى كۆپەيتىش جەھەتتە ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدۇ.

## 2§. يەر ئاستى سۈيى

قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش ئاساس قىلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە دېھقانچىلىقتا يەر ئۈستى سۈيى بىلەن سۇغارغاندىن باشقا، ناھايىتى كۆپ قىسمى يەر ئاستى سۈيىگە تايىنىدۇ.

يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىما مەنبەسى، بىرىنچى، ھۆل - يېغىن. ئىككىنچى، تاغلىق رايونلاردا يېرىقلارغا سىڭىپ كىرگەن سۇلار. ئۈچىنچى، ئېقىنلار تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن ئۈستەڭ قىنى، ئېرىقلار ۋە ئېتىزلاردا يەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇلار. تولۇقلاش سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا، ئۈچىنچى خىل تولۇقلاش مەنبەسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. تاغ ئالدىدىكى چۆكمە يەلپۈگۈچسىمان جايلار تۈزلەڭلىكنىڭ يەر ئاستى سۈيى شەكىللىنىدىغان ئاساسلىق ئورۇن. سىڭگەن سۇ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى كۈچلۈك، يىرىك دانىچىلىق بوش چۆكمە قاتلىمىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئون مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق تولۇقلىما مەنبەسى ئۈستەڭ قىنىدا سىڭگەن سۇلاردىن ئىبارەت. تاغ ئېغىزىدا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ۋە سۇ سىڭمەس ئۈستەڭلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۈستەڭ، ئېرىقلاردا سۇنىڭ يەرگە سىڭىشى ئازايماقتا. بەزى يەرلەردە تاغلارنىڭ يېرىقلىرىدىن سىڭگەن سۇ بىلەن تولۇقلانماقتا.

سىڭگەن سۇ تاغنىڭ ئالدىدىكى چۆكمە يەلپۈگۈچسىمان يەردىن ئالدىغا قاراپ

گورىزونتال ھەرىكەت قىلىپ، بارا ـ بارا چۆكمە يەلپۈگۈچسىمان يەرنىڭ ئاستى قىسمىغا ۋە يەلپۈگۈچسىمان يەرنىڭ چېتىگە يېتىپ بارىدۇ. تاشلار ئۇۋۇلۇنۇش نەتىجىسىدە سۇ ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى بارغانسېرى ئاجىزلىشىدۇ. سىڭگەن سۇنىڭ ئورنى تەدرىجىي يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. چۆكمە يەلپۈگۈچسىمان يەر يۈزى پەسلىگەندە خېلى زور شارقىراتما ھاسىل بولىدۇ ـ دە، سىڭگەن سۇ يەر يۈزىگە ئۆرلەپ چىقىپ، بۇلاقلارنى ھاسىل قىلىدۇ. سىڭگەن سۇ ئۆرلەپ چىققان يەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ يۈزى تەكشى، يۇمشاق قۇم بولغانلىقتىن سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار بولىدۇ. سىڭگەن سۇنىڭ گورىزونتال ھەرىكىتى ئاجىزلىشىدۇ. تىك ھەرىكىتى كۈچىيىدۇ. سۇنى چىقىرىۋېتمىگەن ئەھۋالدا سۇغىرىش ۋە شور چايقاش سەۋەبىدىن يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى كۆتۈرۈلۈپ تۇپراق شورلىشىپ كېتىدۇ.

يەر ئاستى سۈيى تۈزلەڭلىكتىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىگە كېرەكلىك سۇنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. يەر ئاستى سۈيى تېيىز، ئاسان قېزىشقا بولىدۇ. سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، سۇ مەنبەسى نىسپىي تۇراقلىق. يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 316 مىليون كۇب مېتىر ئەتراپىدا (تاغلىق رايونلاردىكى ئېقىننىڭ سىڭىشى 70% مۆلچەرلەندى) بولۇپ يىللىق ئېقىش مىقدارى 251 مىليون كۇب مېتىر ئەتراپىغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە ھەممە يەرگە تارقالغان مىڭغا يېقىن بۇلاق بار. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا پايدىلىنىدىغان چوڭراق 142 بۇلاق بار. ئۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 1.2 كۇب مېتىر/ سېكۇنت كېلىدۇ. يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 37 مىليون 870 مىڭ كۇب مېتىر. بۇلاقتىن ھاسىل بولغان ئىككى غول ئۆستەڭ بار. بىرسى قارا دۆۋە — بوگۇر سۇ ئۆستىڭى. ئۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 0.57 كۇب مېتىر/ سېكۇنت، يىللىق ئېقىم مىقدارى 17 مىليون 980 مىڭ كۇب مېتىر. شەھەرنىڭ غەربى ۋە شەرقىدىكى ئۆستەڭلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 2.163 كۇب مېتىر/سېكۇنت. يىللىق ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 68 مىليون 210 مىڭ كۇب مېتىر. ناھىيە تەۋەسىدە 185 كارىز بار. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.81 كۇب مېتىر/سېكۇنت سۇ چىقىدۇ. بىر يىلدا 57 مىليون كۇب مېتىر سۇ چىقىدۇ. ناھىيە بويىچە 680 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار. سۇ چىقىرىش ئىقتىدارى 15 كۇب مېتىر /سېكۇنت، يىللىق سۇ چىقىرىش مىقدارى 70 مىليون كۇب مېتىر.

يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى شىمالدىن جەنۇبقا بارغانچە ناچارلىشىپ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 0.13 گرام لىتىردىن بارغانچە ئېشىپ، ئەڭ يۇقىرىسى يەتتە گرام ـ لىترغا يېتىدۇ. تۈزلەڭلىكنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە مىنېراللىشىش دەرىجىسى بىر گرام ـ لىتىردىن ئاز بولىدۇ. چۆكمە يەلپۈگۈچسىمان جاينىڭ قىرغىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى رايونلارنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1 — 3 گرام لىتىر ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئاستانەدىن بۇلۇڭتوغراقىچە بولغان جايلارنىڭ جەنۇب تەرىپى بەلباغسىمان سازلىق، شور توپىلىق رايونلار بولۇپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۇز تەركىبى يۇقىرى، سۇنىڭ سۈپىتى ناچارراق. PH قىممىتى 6—7.75 ئارىلىقىدا بولۇپ، ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى 250 مىللىگرام/لىتىردىن تۆۋەن بولىدۇ. بوغاز، قارادۆۋىنىڭ ئايرىم جايلىرىدا فتورىد تەركىبى يۇقىرىراق بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا بىر مىللىگرام/لىتىردىن تۆۋەن بولىدۇ.

## چوگراق 15 غول سۇيىنىڭ ئېقىم مىقدارى

جەدۋەل 2 – 8

| غولنىڭ نامى | ماتېرىيال ئالغان جاي | ئېقىمى (كۇب مېتىر/ سېكۇنت) | يىللىق ئېقىمى (تۈمەن كۇب مېتىر) | ماتېرىيال توپلاش ئۇسۇلى | ماتېرىيال توپلىغان ۋاقتى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تاشئۆيلۈك چوڭ قوشماق | تاغ ئېغىزى | 0·563 | 1768 | | 1981·7 | سۇ باشلاش ئېرىقى بار، ناھىيىگە قارايدۇ. |
| تاشئۆيلۈك ئۇلاتاي | تاغ ئېغىزى | 0·677 | 2150 | | 1981·7 | سۇ باشلاش ئېرىقى بار، ناھىيىگە قارايدۇ |
| بامۇدۇن | تاغ ئېغىزى | 0·818 | 2598 | ئەمەلىي تەكشۈرۈش | 1981·7 | سۇ باشلاش ئېرىقى بار، قىزىلئۇلتۇز 4 - مەيدانغا قارايدۇ. |
| ساقا ئارا تام | تاغ ئېغىزى | 0·77 | 2470 | | 1981·7 | سۇ باشلاش ئېرىقى بار، ساقا مەيدانغا قارايدۇ. |
| تىيانشان ئىدىر غولى | گىدرولوگىيىلىك كۆزىتىش پونكىتى | 1·5 | 5011 | ئەمەلىي تەكشۈرۈش | 1981·7 | سۇ باشلاش ئېرىقى بار، |
| تىيانشان كۆكشالاڭ ئۆستىڭى | گىدرولوگىيىلىك كۆزىتىش پونكىتى | 1·47 | 4611 | 19 يىللىق ئوتتۇرىچە قىممەت | | تۆرلۈك سۇ ئامبىرىغا قويۇلىدۇ. |
| تىيانشان نېرىن غول | گىدرولوگىيىلىك كۆزىتىش پونكىتى | 0·71 | 2236 | 02 يىللىقچە ئوتتۇرىچە قىممەت | | تۆرلۈك سۇ ئامبىرىغا قويۇلىدۇ |
| غەربىي تاغ قۇرلۇق غول | تاغ ئېغىزى | 0517 | 1637 | مۇناسىۋەتلەشتۈرمىش | 1981·9 | |
| غەربىي تاغ قالغايتى غول | تاغ ئېغىزى | 0·315 | 1000 | مۇناسىۋەتلەشتۈرمىش | 1981·9 | |
| غەربىي تاغ تاراتى غول | تاغ ئېغىزى | 0·441 | 1400 | مۇناسىۋەتلەشتۈرمىش | 1981·9 | |
| غەربىي تاغ كۆكيار غول | غول بېشى | 1·648 | 5233 | ئەمەلىي تەكشۈرۈش | 1981·9 | سۇ باشلاش ئېرىقى بار، قىزىلئۇلتۇز 2- مەيدانغا قارايدۇ |
| غەربىي تاغ سەكرا غول | تاغ ئېغىزى | 0·742 | 2357 | مۇناسىۋەتلەشتۈرمىش | 1981·9 | سۇ باشلاش ئېرىقى بار، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانغا قارايدۇ |
| غەربىي تاغ چەچەي غول | تاغ ئېغىزى | 0·531 | 1685 | مۇناسىۋەتلەشتۈرمىش | 1981·9 | |
| غەربىي تاغ بەكنى غول | غول بېشى | 0·744 | 2459 | مۇناسىۋەتلەشتۈرمىش | 1981·9 | |
| غەربىي تاغ قۇيلۇق غول | تاغ ئېغىزى | 0·495 | 1571 | مۇناسىۋەتلەشتۈرمىش | 1981·9 | |

www.uyghurkitap.com

# ٧ باب تۇپراق

## 1§. تۇپراق ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى

1959 - ۋە 1979 - يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق ئومۇمىي تەكشۈرۈشكە ئاساسەن، پۈتۈن ناھىيىنىڭ تۇپرىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن بەش تۈرگە، توققۇز كەنجى تۈرگە، 11 تۇپراق ئۈرۈقدىشىغا، 23 خىلغا ۋە 22 ئۆزگەرگەن تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

1. قوڭۇر تۇپراق

1) سۇغىرىلىدىغان قوڭۇر تۇپراق كەنجى تۈرى: ئاساسەن شەھەر ئىچى، راھەتباغ، پالۋانتۇر، ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق، قارا دۆۋە گۇڭشېلىرىغا تارقالغان. بۇ خىل تۇپراق ئادەتتىكى قوڭۇر تۇپراقنى كىشىلەر ئۆزلەشتۈرۈپ، سۇ بىلەن سۇغارغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن. بۇ كەنجى تۈردە ئاساسلىق ئىككى تۇپراق ئۇرۇقدىشى، ئالتە تۇپراق خىلى، ئون ئۆزگەرگەن تۈر بار.

2) شېغىل، گەجلىك قوڭۇر تۇپراق كەنجى تۈرى: ئاساسەن بوغاز چۆللىگە تارقالغان بولۇپ، ناھىيە بويىچە تەبىئىي تۇپراق كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بىر كەنجى تۈردۇر.

2) ئادەتتىكى قوڭۇر تۇپراق كەنجى تۈرى: بۇ، 4 - دەۋرگە مەنسۇپ بولغان تاشقىن ئېقىتىپ كەلگەن چۆكمە يەلپۈگۈچسىمان جايلارنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا قىسىملىرىغا ۋە شەرق تەرەپتىكى چۆللەرگە تارقالغان بولۇپ، كۆلىمى چوڭ، ناھىيە بويىچە تەبىئىي تۇپراقلىق ئاساسلىق كەنجى تۈرنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

2. چىملىق تۇپراق

بۇ، ئاساسەن، ئويمان، پەس جايلارغا، يەنى، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ ياۋۇلۇك دادۇيى، راھەتباغ گۇڭشېسىنىڭ غول ئۆستەڭ بويلىرى، شەھەر ئىچى گۇڭشېسىنىڭ غەربىدىكى ئاقار ۋە ئاستانە گۇڭشېسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تارقالغان. بۇ جايلارنىڭ شىمال تەرىپى سۇغىرىلىدىغان قوڭۇر تۇپراقلىق بەلباغقا تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرىپى شورلۇق تۇپراق بەلبېغىغا تۇتىشىدۇ. چىملىق تۇپراق تۈرى ئاساسلىق سۇغىرىلىدىغان چىملىق كەنجى تۈرى بولۇپ، بۇ جەمئىي ئۈچ تۇپراق ئۇرۇقدىشى، بەش تۇپراق خىلىغا بۆلۈنىدۇ.

3. نەم تۇپراق

ئاساسلىق يەر تۈزۈلۈشى پەس بولغان بوغاز، قارىتال قاتار-

لىق جايلارغا تارقالغان. بۇ تۇپراق تۈرى ئاساسەن بوستانلىق سازلىق تۇپرىقى كەنجى تۈرىگە ۋە بۇ كەنجى تۈرنىڭ دەريا ساھىلى تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا مەنسۇپ بولۇپ، جەمئىي ئۈچ تۇپراق خىلى، بەش ئۆزگەرگەن تۈرى بار.

4. شورلۇق تۇپراق

1) تىپىك شورلۇق تۇپراق كەنجى تۈرى: ئاساسلىق شەھەر ئىچى گۈڭگۈشپىسىنىڭ ئاقار دېگەن جايىدىن تاكى قىزىلىيۇلتۇز 2 - دېھقانچىلىق مەيدانى، ئاستانە گۈڭگۈشپىسىنىڭ جەنۇبىغىچە ۋە قىزىل يۇلتۇز 1 - دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن چۆللۈككە تارقالغان.

2) پارچە - پۇرات شور تۇپراق كەنجى تۈرى: ئاساسەن راھەتباغ گۈڭگۈشپىسىنىڭ جەنۇبى، بۇغاز گۈڭگۈشپىسىنىڭ شىمالىدىكى چۆلگە تارقالغان. كۆلىمى چوڭ ئەمەس.

5. كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق

بۇ خىل تۇپراق تاشۆيلىق، تىيانشان، غەربىي تاغدىن ئىبارەت ئۈچ تاغلىق گۈڭگۈشېغا تارقالغان. كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراقلىق رايوننىڭ كۆلىمى 102 مىڭ 800 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 27 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ تۇپراقتا ئاساسلىق سۇغىرىلغان كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق كەنجە تۈرى ۋە ئادەتتىكى كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق، كەنجى تۈرى بار. جەمئىي ئۈچ تۇپراق ئۇرۇقدىشى، توققۇز تۇپراق خىلى، يەتتە ئۆزگەرگەن خىلى بار.

## 2§. تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار

1979 - يىلىدىكى پۈتۈن ناھىيىنىڭ تۇپرىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نىزامىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ مىقدارىنى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، پۈتۈن ناھىيىدىكى 369 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنىڭ 610 تۇپراق ئەۋرىشكىسىنى ئانالىز قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، تولۇق ئازوت، تېز ئۈنۈملۈك ئازوت، تېز ئۈنۈملۈك فوسفور، تېز ئۈنۈملۈك كالىيدىن ئىبارەت تۆت خىل تەركىب بويىچە پۈتۈن ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ قۇۋۋىتى تۆۋەندىكىچە دەرىجىلەر بويىچە سىپلىشتۈرۈلدى.

1. تۇپراقنىڭ ھەيدەلمە قاتلىمىدىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى

1 — 3 - دەرىجىگىچە (مول) 147 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونىدىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 39.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

4 - دەرىجىلىكى (ئادەتتىكىچە) 169 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونىدىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 45.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

5 — 6 ـ دەرىجىلىكلەر (كەم، ئىنتايىن كەم) 53 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونىدىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 14.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ئورگانىك ماددىلار مول بولغان تۇپراق گەرچە 40% كە يېقىنىنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن بۇ تۇپراق ئاساسلىق تاغلىق رايوننىڭ ئوي ـ جىلغىلىرىغا ۋە تۈزلەڭلىكنىڭ چىملىقلىرىغا تارقالغان. تاغلىق رايوننىڭ ئوي ـ جىلغىلىرىدا ھاۋا سوغۇق، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر بولغانلىقتىن ۋە تۈزلەڭلىكنىڭ چىملىق تۇپرىقىدا شورنىڭ زىيىنى تۇپەيلىدىن بۇ جايلار زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تۇپراق تەركىبىدە ئورگانىك ماددىلارنىڭ كۆپىنچىسى 4 ـ دەرىجىگە توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، تۇپراق تەركىبىدە ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى كۆپ ئەمەس.

تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تۇپرىقىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ دەرىجىگە بۆلۈنۈشى

جەدۋەل 2 ـ 9

| دەرىجىسى | ئورگانىك ماددىلار % | تولۇق ئازوت % | تېز ئۈنۈملۈك ئازوت (PPM) | تېز ئۈنۈملۈك فوسفور (PPM) | تېز ئۈنۈملۈك كالىي (PPM) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 (مول) | >4 | >0.2 | >150 | >40 | >200 |
| 2 (مول) | 3 — 4 | 0.15 — 0.2 | 120—150 | 20 — 40 | 150 — 200 |
| 3 (مول) | 2 — 3 | 0.1 — 0.15 | 90 — 120 | 10 — 20 | 100 — 150 |
| 4 (ئادەتتىكىچە) | 1 — 2 | 0.075 — 0.1 | 60 — 90 | 5 — 10 | 50 — 100 |
| 5 (كەم) | 0:6 — 1 | 0.05—0.075 | 30 — 60 | 3 — 5 | 30 — 50 |
| 6 (ئىنتايىن كەم) | <0.6 | <0.05 | <30 | <3 | <30 |

2. تۇپراقنىڭ ھەيدەلمە قاتلىمىدىكى تولۇق ئازوت مىقدارى

1 — 3 ـ دەرىجىلىك (مول) تۇپراق 233 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونىدىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 63.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

4 ـ دەرىجىلىك (ئادەتتىكى) تۇپراق 71 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 19.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

5 — 6 ـ دەرىجىلىك (كەم، ئىنتايىن كەم) تۇپراق 65 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونىدىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 17.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

تېرىلغۇ يەر قەۋىتىدە تولۇق ئازوت مىقدارى ئادەتتە بىر قەدەر مول بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

تارقىلىش ئەھۋالى ئۇرگانىك ماددىلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

3. تۇپراقنىڭ ھەيدەلمە قاتلىمىدىكى تېز ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ئازوت مىقدارى

1 — 3 - دەرىجىلىك (مول) يەر 52 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 14.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

4 - دەرىجىلىك (ئادەتتىكىچە) يەر 47 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 12.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

5 - دەرىجىلىك (كەم) يەر 157 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 42.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

6 - دەرىجىلىك (ئىنتايىن كەم) يەر 113 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 30.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

تېرىلغۇ يەر قەۋىتىدىكى تېز ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ئازوت مىقدارى ناھايىتى كەم، ئازوت مىقدارى مول تېرىلغۇ يەر ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى تاغلىق رايوننىڭ غول - جىلغىلىرىغا تارقالغان.

4. تۇپراقنىڭ ھەيدەلمە قاتلىمىدىكى تېز ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان فوسفور مىقدارى

1 — 3 - دەرىجىلىك (مول) يەر 86 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 23.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

4 - دەرىجىلىك (ئادەتتىكىچە) يەر 107 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 29 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

5 - دەرىجىلىك (كەم) يەر 80 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 21.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

6 - دەرىجىلىك (ئىنتايىن كەم) يەر 96 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 25.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

5. تۇپراقنىڭ ھەيدەلمە قاتلىمىدىكى تېز ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان كالىي مىقدارى

1 — 3 - دەرىجىلىك (مول) يەر 285 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 77.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

4 - دەرىجىلىك (ئادەتتىكىچە) يەر 70 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 18.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

5 — 6 - دەرىجىلىك (كەم، ئىنتايىن كەم) يەر 14 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايوندىكى تەكشۈرۈلگەن تۇپراق كۆلىمىنىڭ 3.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

تېز ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان كالىينىڭ مىقدارى ئادەتتە كۆپىرەك ياكى ئارتۇق. ئەمما يېنە ئاز ساندىكى تېرىلغۇ يەرلەردە سۇ، ئوغۇتلارنىڭ ئېقىپ كېتىشى، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر بولۇشى تۈپەيلىدىن كالىي كېمىيىپ كېتىدۇ.

# VI باب كان بايلىقلىرى

## §18. مېتال كانلىرى

### 1. قارا مېتال كانلىرى

تۆمۈر كانى: ئاساسەن سىخەي، تيەنخۇ، يامانسۇ، قۇمتاغ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. كان تۈرى ئاساسەن يانار تاغ جىنسلىرى ۋە چۆكمە ماگما سۇيۇقلۇقى شەكىللىك. رۇدا تۈرى ماگنىت رۇدىسى ئاساسلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا، قىزىل تۆمۈر رۇدىسى، فوسفورلۇق تۆمۈر رۇدىسى بار. گۈڭگۈرت تەركىبى كۆپرەك، فوسفور ئازراق بولۇپ، يەنە مىس، كوبالت رۇدىلىرى ئارىلىشىپ جايلاشقان. بۇلارنىڭ زاپىسى 240 مىليون توننا.

مانگان كانى: داشۇي ۋە قۇمتاغ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. كان تۈرىگە كەلسەك، چۆكمە شەكىل ئاساس. رۇدا تۈرى بولسا قاتتىق مانگان رۇدىسى، ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ كوبالت، تۆمۈر رۇدىلىرى بار. بۇنىڭ زاپىسى 235 مىڭ توننا.

تىتانلىق تۆمۈر كانى: ئاساسەن ۋېيىيا ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، ماگما لاتقىسى ئاساس، ئۇنىڭدىن باشقا چۆكمە شەكىللىك تىتانلىق تۆمۈر رۇدىسى بار. يەنە ماگنىت، ۋانادىي قاتارلىقلار ئارىلاش جايلاشقان. بۇنىڭ زاپىسى 1 مىليون تونندىن ئاشىدۇ.

ۋانادىي كانى: ئاساسەن ۋېيىيا، داشۇي قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ماگما لاتقىسى كانى ۋە چۆكمە كان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ماگما لاتقىسى كانىدا ۋانادىي، تىتان، ماگنىت رۇدىسى بار. چۆكمە كان فوسفور قاتلىمى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ۋانادىي، ئۇران ياپراقچە جىسىملىرى بار. زاپىسى 320 مىڭ توننا.

### 2. رەڭلىك مېتال كانلىرى

مىس كانى: ئاساسەن خۇيتوڭشەن تېغى، ئېگىر قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. رۇدا شەكلى مىسلىق كۋارتس تىزمىسى شەكلىدە بولۇپ، ئالىيۇمىن، سىنىك، قوغۇشۇن، نىكېل، كوبالت، تۆمۈر رۇدىلىرى ئارىلاش جايلاشقان. زاپىسى 250 مىڭ توننا.

قوغۇشۇن كانى: ئاساسەن قۇمبۇلاق ۋە شىڭشىڭشيا ئەتراپىغا جايلاشقان. كان شەكلى ئاساسەن كۋارتس تىزمىسى شەكلىدە بولۇپ، قوغۇشۇنلۇق يالتىراق تاش ئاساس، دائىم دېگۈدەك مىس، سىنىك بىلەن ئارىلاش جايلىشىدۇ. زاپىسى 250 نەچچە توننا.

ئالتۇن كانى: ئاساسەن جىنۇۋزى، چوڭ، كىچىك ئالتۇنغول، توشو قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. شەكلى ئىككى خىل: كۋارتس تىزمىسى شەكلى ۋە قۇم رۇدا شەكىللىك بولۇپ، تومۇرلۇق ئالتۇننى ئاچقانىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. مىس، كوبالت، كۈمۈش قاتارلىقلار ئارىلاش جايلاشقان. زاپىسى 20 توننا.

www.uyghurkitap.com

نىكىل كانى: ئاساسەن خۇاڭشەننىڭ شەرقىگە، تۇدۇڭدىن تاكى جىڭئېرچۆەن ئەتراپىغىچە تارقالغان. كان شەكلى ماگما لاتقىسى گۆڭگۈرتلەشكەن مىس، نىكىل كانى شەكلىدە، رۇدا تۈرى كەم ئۇچرايدىغان يۇقۇشچان ھالەتتىكى رۇدىدىن ئىبارەت. ئىككى چوڭ كان ۋە بىر ئوتتۇراھال كان تېپىلدى.

ۋولفرام كانى: ئاساسەن ئاقتاش، شونىڭدەق قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. كان شەكلىگە كەلسەك، بىرى كرېمنىي قىسلىما جىنس شەكىللىك بولۇپ، ئاق ۋولفرام رۇدىسى چىقىدۇ. يەنە بىرى، قارا ۋولفرام كۋارتىس چوڭ تىزمىسى شەكىللىك بولۇپ، يۇقۇشچان ھالەتتىكى قارا ۋولفرام رۇدىسى چىقىدۇ. ئۇنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 3400 توننا.

### 3. كەم ئۇچرايدىغان مېتال كانلىرى

لىتىي، بېرىللىي كانى: ئاساسەن جىڭئېرچۆەن ئەتراپىغا جايلاشقان. پېگماتىت گرانىت جىنسلار شەكلىدە بېرىللىي، لىتىي بىللە تۇرىدۇ. رۇدا شەكلى بېرىل ۋە كۆك رەڭ لىتىي رۇدىسىدىن ئىبارەت. نىئوبىي، تانتال، رۇبىدىي، گاللى قاتارلىقلار ئارىلاش جايلاشقان. ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىشقا بولىدۇ. بېرىللىينىڭ زاپىسى تەخمىنەن 21 توننا، لىتىينىڭ زاپىسى تەخمىنەن بىر توننا.

نىئوبىي، ئىتتىرىي كانى: ئاساسەن شىڭشىڭشىيا، خۇڭلىيۇخېغا تارقالغان. كان شەكلى ئىپتىدائىي دەۋردىكى ماگما لاتقىسى شەكلىدە بولۇپ، كاننى شەكىللەندۈرگەن ئانا جىنس قارا چىرىمتال گرانىت جىنسلاردىن ئىبارەت. نىئوبىي كانىنىڭ كەلگۈسى زاپىسى 3000 توننا. ئىتتىرىي كانىنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 2000 توننا. ئىتتىرىي، گافنىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار ئارىلاش جايلاشقان.

ئاز ئۇچرايدىغان تۇپراق ئېلېمېنتلىرى: ئاساسەن يامانسۇنىڭ جەنۇبىدىكى كۋارتىس ساھىلىغا تارقالغان بولۇپ، پېگماتىت گرانىت جىنسلار شەكلىدە. رۇدىسى پەردىسىمان قوڭۇر تاش. ئۇنىڭ تەركىبىدە كۆپ خىل ئېلېمېنت بار. ئۇنىڭ ئاساسلىقى ئاز ئۇچرايدىغان تۇپراق ئېلېمېنتى. كۆپىنچە ئېلېمېنتلار سانائەتنىڭ تەلىپىگە يەتتى. ئۇنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 4000 توننا مۆلچەرلەنمەكتە.

## 2§. غەيرىي مېتال كانلىرى

### 1. خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى كانلىرى

تاشتۇز كانى: ئاساسەن تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلار بىلەن چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرقى زامان تۇزلۇق كۆللىرى ۋە ساسلىق جايلارغا تارقالغان. تۇزلۇق كۆلى تاشتۇز كانى ئادەتتە قاتتىق كان بولۇپ، تەركىبىدە كرىستاللار ئارىلىقىدا شور سۇ بار. ساھىلدىكى تۇز كانلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە تاشتۇز، ئاستىدا شور بار. شور سۇدا دائىم ماگنىي، كالىي، بور، بروم، لىتىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار ئار-

لاشقان بولىدۇ. زاپىسى يەتتە قۇدۇق، كۋارتىس ساھىلى قاتارلىق جايلاردا بىرقەدەر توپلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن 50 مىليون توننا كېلىدۇ.

شور كانى: تارقىلىش ۋە گېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى تاشتۇز كانى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. زاپىسى 100 مىليون توننا كېلىدۇ.

**2. ياقۇت، قاشتېشى كانلىرى**

ئاق مەرمەر جىنسلىرى كانى: بۇ ئاق مەرمەر، ۋە سارغۇچ مەرمەر دەپ ئىككى خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسەن، جىگىتېرچۇدىن، ۋېيىيا ئەتراپىغا تارقالغان. سارغۇچ مەرمەرنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 950 مىڭ توننا، ئاق مەرمەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، زاپىسى تەخمىنەن 300 مىليون توننا.

خرۇستال كانى: خرۇستال كان نۇقتىلىرى نىسبەتەن كۆپ. لېكىن، ھۈنەر سەنئەتكە ئىشلەتكىلى بولىدىغان خرۇستالنى بىرلا كاندىن ئالغىلى بولىدۇ. ئورنى يامانسۇنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بولۇپ، پېگماتىت شەكلىگە مەنسۇپ. ئايرىم ئاددىي خرۇستاللارنىڭ ئېغىرلىقى 60 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

ئىسلاندىيە تېشى (سۈزۈك كالتسىي) كانى: ئاساسەن ۋېيىيانىڭ يېقىن ئەتراپىغا تارقالغان. سۈزۈك ھالەتتە بولىدۇ. يەككە ئېغىرلىقى 10 — 100 كىلوگرام كېلىدۇ.

بېرىل، يالتىراق لىتى، سامان يولى تېشى كانى: بۇ ئۈچىسى دائىم بىللە جايلىشىدۇ. ئاساسەن شىڭشىڭشيا ئەتراپىغا تارقالغان. سامان يولى تېشى كۆك رەڭلىك بولۇپ، دانىچىسىنىڭ دىئامېترى 1 — 3 مىللىمېتر كېلىدۇ. زاپىسى تەخمىنەن 130 توننا.

**3. ئېنېرگىيە كانى**

كۆمۈر كانى: كۆمۈر ناھىيە تەۋەلىكىدە بىرقەدەر مول كان بايلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئۈچ چوڭ كۆمۈرلۈكنىڭ ئومۇمىي زاپىسى 18 مىليارد 220 مىليون توننا. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغاز كۆمۈرلۈكىنىڭ زاپىسى 16 مىليارد 700 مىليون توننا، تارانچى كۆمۈرلۈكىنىڭ زاپىسى بىر مىليارد 490 مىليون توننا، قۇلاق بۇلاق كۆمۈرلۈكىنىڭ زاپىسى 30 مىليون توننا.

**4. باشقا كانلار**

چېرىمتال كانى: ئاساسەن كۋارتىس ساھىلى ئەتراپىغا تارقالغان، زاپىسى تەخمىنەن 280 توننا.

گەج كانى: ئاساسەن قۇمتاغ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. زاپىسى 1 مىليون تونندىن ئاشىدۇ.

سۇرمە تاش كانى: ئاساسەن تاشۋېلىق تۆۋەن ئېقىن ئەتراپىغا تارقالغان، زاپىسى تەخمىنەن 3 مىليون توننا.

ھاك تېشى كانى: ئاساسەن، سىتىيەن، يامانسۇنىڭ شەرقىي ئېقىن قاتارلىق

جايلىرىغا تارقالغان. زاپىسى تەخمىنەن 97 مىليون توننا.

ئوتقا چىدامىلىق سىغىز: ئاساسەن تارانچى قاتارلىق يەرلەرگە تارقالغان. زاپىسى تەخمىنەن بىر مىليون 270 مىڭ توننا.

# VII باب جانلىقلار

## §1. ئۆسۈملۈكلەر

1. ئاشلىق، ياغلىقدان: كۈزگى بۇغداي، يازغى بۇغداي، ئارپا، شال، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، تېرىق، چۈژگۈن، قارا بۇغداي، يالىڭاچ ئارپا، كۆينەكلىك ئارپا، دادۇر، سېرىق ماش، كۆك پۇرچاق، يېشىل ماش، يېسى پۇرچاق، نۇقۇت، قىچا، زىغىر، زاراڭزا، كۈنجۈت، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلار.

2. قوغۇن - تاۋۇز ۋە مېۋە - چېۋە: تاۋۇز، قوغۇن، چىلگە، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالۇچا، نەشپۈت، چىلان، جىگدە، ئانار، ياڭاق، ئۈزۈم، ئالما، خەشەك ئالما، جىنەستە، ئەنجۈر، ئۈجمە قاتارلىقلار.

3. كۆكتات: سۇلۇق تۇرۇپ، قىزىل تۇرۇپ، پىرلاڭ (كىچىك تۇرۇپ)، كۆك تۇرۇپ، چامغۇر، سەۋزە، مايلىق يېسۋىلەك، قىشلىق يېسۋىلەك، كاپوستا، پالەك، تۇڭخاۋ، بېدىيان، كەرەپشە، شاڭدۇزا، يۇمغاقسۇت، كۇدە، جېسەي، سۇڭپىياز، سامساق، باش پىياز، شوخۇلا، پېدىگەن، قىزىلمۇچ (لازا)، ئامېرىكا كاۋىسى، تەرخەمەك، سەي كاۋىسى، كۆك كاۋا، مەككە كاۋىسى (ئەنجان كاۋىسى)، مانتا كاۋىسى، تەرخەمەك كاۋا، ئاچچىق كاۋا، جاڭدۇ، ئوسۇڭ، تۇگۇنەك ئوللۇق كاپوستا (چەلەڭ)، گۇللۇك سەي، جىنجاڭ سەي، تاتلىق زەنجىۋىل، ياڭيۇ، چاچ كۆكى قاتارلىقلار.

4. پاختا، كەندىر تۈرىدىكىلەر ۋە باشقىلار: كېۋەز، قۇلماق، قىزىلچا، كۆك تاماكا، كەندىر، ئىنەكپىتى (ئابدىمىلىك) قاتارلىقلار.

5. گۈل - گىياھ: ئەتىرگۈل، ئۈجمەگۈل، كاككۇكگۈل، مىلەن، گۈيخۇا گۈلى، گۈيزى، نازۇگى، ياسىمەن، چاي گۈلى، دۇڭچىك، گۈلسۇرۇخ، بەيىيۈيلەن، يۈيېمېي، فىكوس، نەنتيەنجۇ، جۇخارگۈل، چوغلۇق، ناركەس، ئاسماگۈل، چىنە گۈل، لەيلىگۈل، خۇستا گۈلى، مېھراي، شازادىگۈل، جۇدىڭخۇڭ، ۋىئولىبىد گۈلى. جىنسىلەن، ئات تۇۋاق، لەيخۇا گۈلى، گۈلەمبىر، تۈن لەيلىسى، ھەشقىپېچەك، بۇبۇگاۋ، قوناقگۈل، مۇرچۇبا، تاجىگۈل، گۈلسۆسەر، كۈزلۈك لاندىش، ھەپىرەڭگۈل، نامازشام گۈلى (ئاخشام ئارا)، خېنىگۈل، سېسىق يار، ئۇياتچانگۈل، چۆل يالپۇزى، پانۇسگۈل، ئەپيۇنگۈل، تۇرۇپ، لاندىش، كاكتۇس (شاپىلاقگۈل)، يۇمىلاق كاكتۇس، تاغ كاكتۇس، كالتەكسىمان كاكتۇس، شېجۇالەن، ھۆرىگۈل، زىخچە نىلۇپەر قاتارلىقلار بار.

6. جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكلىرى: سوغىگۈل، ياۋا سامساق، قىزىل مارال،

قىزىل چوغىلۇق، ھىلك، چىيەنخۇ، قار لەيلىسى (ئاقۇش ئوت)، داڭگۈي، شۇمبۇيا، قان تېپەر، رەۋەن، ماڭدار، ياپىلاق ئارچا، پەربۇن، يالپۇز (سۈيزە)، چۇچۇكبۇيا، پىچەكگۈل، يەر مەدىكى، چۆل يالپۇزى، شاپتۇل مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى، ئۈپىيىق تاپان، ئاق چوغىلۇق (ئاق شۆيىگۈل) شۆيىسى، جۇلاغ، زاراڭزا، شازاندىرا، سېرىق لىۇگى، گەنبەيزى، قاراموق، رىندەنساۋ، بەھمەن، مور (ساگراۋ قولاق)، ئالقات، ياۋا سۈپۈرگە، ئالقات يىلتىز پوستى، قېرىقىز، خەنلىيەنساۋ، ساۋخېچى، قارا ئەندىز، لوپنور كەندىرى، قىرىق بوغۇم، ئاقباش ئوت، ئات قولاق، پاقا يوپۇرمىقى، قىزىل پۇرچاق، گۈلبوغۇم.

7. دەل ـ دەرەخلەر: بال قارىغاي، شەمشاد، قارا ئارچا، قىزىل قېيىن، ئاق قېيىن، ئېرغاي، موڭغۇلىيە قارىغىيى، ئۆرۈك، نەشپۈت، قارىياغاچ، جىگدە، ئۈجمە (جۈجەم)، سۆگەت، چىلان، ئاق ئاكاتسىيە، كاتالپا، زاراڭ، كاۋاۋىچىن دەرىخى، ئارچا، يۇلغۇن، توغراق، ياسىن، ياڭاق، ئاق سەگى تېرەك، شىنجاڭ سەگى تېرىكى، تاغ تېرىكى، كۆك تېرەك، يۆگىمەچ سۆگەت، سىدە، پىستىدىق ياڭاق، ئامۇرپا، ئالما، ئامۇت قاتارلىقلار.

8. ئوت ـ چۆپلەر: ئۈنچە ئوت، تۈكلۈك ئوت، ئەركەك چۆپ، چىغ، چېغىرتماق، ساسۇك، شىۋاق، چاتقال، قۇمۇش، بىدەياق، چاكاندا، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئاپىخان، ئازغان، دالا بېدىسى، ئىت سىيگەك، قامراق (گىرلەن)، تېرېسكەن، قوشۇاش ئوت، قارىغان، يانتاق، بۇيا، ئاجرىق ئوت، ياۋا ئارپا قاتارلىقلار.

## 28§. ھايۋاناتلار

**1. ھايۋاناتلار**

بېقىلىدىغان ھايۋانلار: كالا، ئات، قوي، ئۆچكە، ئېشەك، خېچىر، چوشقا، ئىت، توشقان، بۇلغۇن، قوتاز، تۆگە قاتارلىقلار.

ياۋايى ھايۋانلار: بۆرە، بۇغا، يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، قاۋان (ياۋا چوشقا)، قىزىل تۈلكە، مولۇن، ياۋا توشقان، چاشقان، تىيىن، كىرپە، ئارقار، سۇلەيسۇن، سۆسەر، كىيىك، ياۋاتۆگە، تاغ تېكىسى، ئاغمىخان، موڭغۇلىيە-شىنجاڭ ياۋا ئېشىكى قاتارلىقلار بار.

**2. ئۇچار قۇشلار**

ئۆي قۇشلىرى: توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر بۆدۈنە قاتارلىقلار.

ياۋايى قۇشلار: ئۇلار، بۈركۈت، سېغىزخان، ئاققۇ، بېلىقئالغۇچ، قاغا، ئاق قۇشقاچ، تۇرنا، قارلىغاچ، ياۋا ئۆردەك، كاككۇك، كەكلىك قاتارلىقلار بار.

**3. ھاشاراتلار**

بېقىلىدىغان ھاشاراتلار: پىلە، ھەسەل ھەرىسى قاتارلىقلار.

www.uyghurkitap.com

ياۋايى ھاشاراتلار: كېپىنەك، يىڭناغۇچ، ياچىبەگ، قارا چېكەتكە، ئۆمۈچۈك، سازاڭ، پاقا، پاتمىچۇق، كەسلەنچۈك، يىلان، چېكەتكە، چايان (سېرىق ئېشەك)، چۈمۈلە.

4. بېلىقلار

بېقىلىدىغان بېلىقلار: لاقا بېلىقى، تاپان بېلىقى، زاغرا بېلىق، كارىپ بېلىقى، ئالتۇن بېلىق قاتارلىقلار.

ياۋايى بېلىقلار: ئىت بېلىقى، سېرىق يىلان بېلىقى قاتارلىقلار.

# VIII باب تەبىئىي ئاپەت

## 1§. كەلكۈن

يۇڭجېنىڭ 12 - يىلى (1734 - يىلى) شىڭشىڭشيادا چوڭ كەلكۈن كېلىپ، ساراي، دۇكان، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئېقىتىپ كەتكەن.

چيەنلۇڭنىڭ 37-يىلى (1772 - يىلى) ئەتىيازدا شەھەر ئەتراپىغا چوڭ كەلكۈن كېلىپ، دېھقانلار كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئېتىزلارنى سۇغىرىپ، شۇ يىلى ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالغان.

مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) تۆرۈك، ئېدىر غوللارغا چوڭ كەلكۈن كېلىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى بېسىپ، تۈگمەنلەرنى بۇزۇپ كەتكەن.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭلەرگە بىردىنلا چوڭ كەلكۈن كېلىپ، چوڭ دەرەخلەرنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋەتكەن.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 8 - ئايدا تاغدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەلكۈن ئاپەتكە ئايلانغان. تاشۆيلىقنىڭ تۈگۈك، ئەركۈك، سەنگۈك، خوتۇنتام، شوپۇل دېگەن يەرلىرى، تىيانشاننىڭ ئېدىر، تۆمۈرتى، نېرناسى دېگەن يەرلىرى ۋە بوغاز، باغداش، جىگدە قاتارلىق جايلار ئومۇميۈزلۈك ئاپەتكە ئۇچرىغان. جاڭ شىجيۇ، قاسىم قاتارلىق 27 ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. نۇرغۇن كارىز، ئۆستەڭلەر گۆمۈرۈلۈپ كەتكەن. 957 مو يەردىكى بۇغداينى كەلكۈن بېسىپ كەتكەن، 1000 تۈپتەك چوڭ دەرەخنى قومۇرۇۋەتكەن.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) تۆرۈك غولىغا كەلكۈن كېلىپ، بەش تۈگمەننى ئېقىتىپ كەتكەن.

1958 - يىل 8 - ئايدا توغۇچى رايونلۇق مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي — توغۇچى بازىرى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان. رايونلۇق مەھكىمە، تەمىنات سودا كوپېراتىپى، ئاشخانا، سارايلارنى سۇ بېسىپ كەتكەن. بىر قىسىم ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتكەن.

1959 - يىل 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋە 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا ناھىيە بازىرى

ۋە پالۋانتۇر، ئاستانە گۈڭشېلىرى ئىككى قېتىم كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 21 كۆۋرۈك، 52 ئېرىق-ئۆستەڭ، 229 ئېغىز ئۆي، 37 كارىز، 3000 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى كەلكۈن بېسىپ بۇزۇۋەتكەن. 6-ئاينىڭ 7-كۈنى توغۇچى گۈڭشېسىغا كەلكۈن كېلىپ 170 ئېغىز ئۆيىنى ئۆرۈۋەتكەن. تېخى پىشمىغان بۇغداي، ئاق قوناق، كۆممىقوناق بولۇپ، 1400 نەچچە مو يەردىكى زىرائەتنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. 29 كارىز، 20 نەچچە كۆلنى بۇزۇۋەتكەن. 6-ئاينىڭ 21-كۈنى سائەت 15 ئەتراپىدا يەتتە قۇدۇق گۈڭشېسىغا كەلكۈن كېلىپ، ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋالغانلىقتىن چوڭ زىيان بولمىغان.

1961-يىل 7-ئاينىڭ 21-كۈنى قۇمۇلغا ئىنتايىن چوڭ كەلكۈن كەلگەن. شۇ كۈنى تاغلىق رايوندا ئومۇميۈزلۈك قاتتىق يامغۇر ياغقان. يېغىن مىقدارى 93.4 مىللىمېتىرغا يەتكەن. تۆرۈك غولىدا كەلكۈننىڭ ئېقىن تېزلىكى 290 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتكەن. ئېدىر غولىدا كەلكۈننىڭ ئېقىن تېزلىكى 455 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتكەن. باشقا غول ئېغىزلىرىدىكى كەلكۈن سۈيىمۇ شىددەت بىلەن كۆپەيگەن. كەلكۈن تۆمۈريول ئۇلى ۋە لەنجۇ-شىنجاڭ تاشيولىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان. شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممە كۆۋرۈكلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان. ئاقىيەردىكى ياشلار سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسى پارتلىتىلىپ كەلكۈن سۈيى ئېقىتىۋېتىلگەن.

1973-يىل 8-ئاينىڭ 14-كۈنى تىيانشان گۈڭشېسىدا قار يامغۇر ياغقان. كۆشۆتى غولىدا كەلكۈننىڭ ئېقىن تېزلىكى 100 كۇب مېتىر/ سېكۇنتقا يېتىپ، كۆشۆتى ئېغىزى ئىچىدىكى تاشيول ۋە كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋەتكەن. قاتناش يېرىم ئايدەك توختاپ قالغان. 1.5 كىلومېتىر ئاسفالت يول بۇزۇلۇپ كەتكەن.

1976-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى كۆشۆتى غولىدا كەلكۈن كېلىپ، تېزلىكى 55 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتكەن. كەلكۈن تاش-شېغىللىق سەلگە ئايلىنىپ 18 كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ، يوللار توسۇلۇپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغان.

1979-يىلى كەلكۈن كۆپ قېتىم زىيان سالغان. 6-ئاينىڭ 21-كۈنى 600 مو بۇغدايلىق، 23 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولۇپ، 730 نەچچە تۇياق قوي ئۆلگەن. 6-ئاينىڭ 30-كۈنى بۇلۇڭتوغراق گۈڭشېسىغا كەلكۈن كېلىپ 80 مو بۇغدايلىق، 70 نەچچە مو قوغۇنلۇق ۋەيران بولغان. ئوتتۇرا مەكتەپ، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۆيلىرىگە سۇ كىرىپ كەتكەن. 7-ئاينىڭ 19-كۈنى كەلكۈن سۈيى چوڭ ئۆستەڭنىڭ بەش يېرىنى، ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستىڭىنى بۇزۇۋەتكەن. 8-ئاينىڭ 2-كۈنى كەلكۈن بۇلۇڭتوغراققا زىيان سېلىپ 480 مو ئېتىزنى، 15 ئېغىز ئۆيىنى ۋەيران قىلغان.

1980-يىل 8-ئاينىڭ 26-كۈنى سائەت 2 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندىن تارتىپ سائەت 2 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر ئاستانە گۈڭشېسىنىڭ 2-دادۇيىدە ئۈشتۈمتۇت قارا يامغۇر يېغىپ، يامغۇر بىلەن تەڭلا كەلكۈن كېلىپ، ئىككى كارىز،

بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇقنى كەلكۈن بېسىپ كەتكەن. ئات، قوي ئېغىللىرىنى ئۆرۈۋەتكەن. دادۇي مەكتىپىنىڭ ئالتە سىنىپى (252 كۋادرات مېتىر) 30 سانتىمېتىر چۆكۈپ، تاملىرى يېرىلىپ كەتكەن. ئەزالاردىن شېرىپ موللا، ليۇ فېڭلۇەنلەرنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن.

1981-يىل 8-ئاينىڭ 4-كۈنى بامۇدۇندىن كەلكۈن كېلىپ كەڭلىكى 25 مېتىر، تېزلىكى 15 كۇب مېتىر/سېكۇنت بولغان كەلكۈن سۈيى بۇلۇڭتوغراق ئەرداۋچىڭ دادۇيىدىكى 52 ئائىلىنىڭ 109 ئېغىز ئۆيىنى ئۆرۈۋەتكەن. 40 نەچچە مو يەردىكى بۇغداي بېخىنى ئېقىتىپ كەتكەن، خاماندىكى 220 مىڭ جىڭ ئاشلىق، ئىككى ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۇغا چىلىشىپ قېلىپ 200 نەچچە مىڭ يۈەنلىك زىيان بولغان.

## §2. بوران

سۇڭ سۇلالىسى تەيپىڭنىڭ شىڭگو 6-يىلى (981-يىلى) ۋاڭ يەندې ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە كېتىۋېتىپ جىن-شەيتانلارنىڭ قارغىشى تەگكەن جايدا (هازىرقى سەنجاپاردا) قاتتىق بورانغا دۇچ كەلگەن.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 26-يىلى (1761-يىلى) 2-ئايدا قاتتىق بوران چىقىپ، يەر-جاهان قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن، ئاسماندىن سېرىق قۇم ياغقان.

چيەنلۇڭنىڭ 35-يىلى (1770-يىلى) 4-ئاينىڭ 1-كۈنى شەرقىي شىمال تەرەپتىن گۈركىرەپ قاتتىق بوران چىقىپ، كونىشەھەر (لوچېڭ)نىڭ جەنۇبىي قاراۋۇل دەرۋازىسى سىرتىدىكى ئابىدە راۋىقى ئىچىدىكى خاتىرە تېشىنى ئۆرۈپ، ئۈچ پارچە قىلىۋەتكەن.

تۇڭجىنىڭ 12-يىلى (1873-يىلى) قىشتا ليۇياڭدىن كەلگەن كۆزەتكۈچىلى شيەن ئەسكەر باشلاپ جايىيگۇەندىن چىقىپ توغراقلىقنىڭ غەربىگە يېتىپ كەلگەندە قاتتىق بورانغا ئۇچراپ، نۇرغۇن ئادىمىنى بوران ئۇچۇرۇۋېتىپ كەتكەن. ئات، هارۋا، مۇلازىملىرى يوقاپ كەتكەن. شۇ كۈنى تاشۋېلىق شەھرىنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنى بوران ئېچىۋەتكەن. باش دىۋان مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى دالدا تامنى بوران ئۆرۈۋەتكەن.

گۇاڭشۈنىڭ 33-يىلى (1907-يىلى) 3-ئاينىڭ 18-كۈنى قارا بوران چىقىپ بەزى ئۆيلەرنى ئۆرۈۋەتكەن.

مىنگونىڭ 38-يىلى (1949-يىلى) 3-ئاينىڭ 31-كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە شەھەر بازىرى ئەتراپىدا قارا بوران چىقىپ، قۇم-تاشلارنى ئۇچۇرۇۋېتىپ، جاهاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان. كېچە سائەت 12 دە بوران ئازراق پەسەيگەن. بازار ئىچىدىكى قۇملۇق كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق 30 نەچچە ياشلىق خۇيزۇ چاڭ لاۋا يېڭىشەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر قەبرىستانلىقتا قۇم ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەن. توغۇچىدا ئىككى بالىنى بوران ئۇچۇرۇۋېتىپ كەتكەن. بىرسىنىڭ جەسىتى سۇمقاغىدىن تېپىلغان. يەنە بىرسى تېپىلمىغان.

1955 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەردۇخۇدا قاتتىق بوران چىقىپ قىزىل يۇلتۇز دېھقانچىلىق 1 - مەيدانىنىڭ 300 نەچچە مو ئېتىزى ئاپەتكە ئۇچرىغان.

1957 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سەنجاپاردا قاتتىق بوران چىقىپ، تۈت ئېغىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكەن. ئانتىننانى سۇندۇرۇۋەتكەن.

1958 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئون سائەت توختىماي قاتتىق بوران چىقىپ، توغۇچى، قارادۆۋە، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى قاتارلىق جايلار ئومۇمىيۈزلۈك ئاپەتكە ئۇچرىغان. جۈملىدىن توغۇچىدا ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان، 14 مىڭ 160 مو ئېتىز ئاپەتكە ئۇچرىغان. بوران ئېتىزلارنىڭ يۈزىنى 2 - 3 سانتىمېتر قېلىنلىقتا ئۇچۇرۇپ كەتكەن. بىر قىسىم ئېتىزلارنى قۇمغا كۆمۈۋەتكەن. قۇمنىڭ ئەڭ قېلىن يېرى 22 سانتىمېتر كېلىدۇ. 1200 مو يەرنى قايتا تېرىشقا، 766 مو يەرنى تولۇقلاپ تېرىشقا توغرا كەلگەن. 54 كارىز ئاچىسىنى كۆمۈۋەتكەن. 45 مىڭ جىڭ ئوت - سامانىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن. 40 تۈپ يوغان دەرەخنى ئۆرۈۋەتكەن، تۆت ئېغىلنى بۇزۇۋەتكەن، ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن، سەككىز غولاچ سوقمىنى ئۆرۈۋەتكەن. 5 - ئاينىڭ 10 -، 11 - كۈنلىرى يەنە بوران چىققان. بۇلۇڭتوغراقنىڭ گاداجىڭزا دېگەن يېرىدە بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ، 19 كارىزنىڭ ئاچىسىنى كۆمۈۋەتكەن. 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەنجاپاردا بوران چىقىپ پولات قۇرۇلمىلىق بىر قانچە چىدىرنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن. بېنزىن قاچىلانغان باكلارنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كەتكەن. بوراندا ئۇچقان تاشلار ماشىنىلارنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىپ، ئۈچ ئادەمنى يارىلاندۇرغان.

1961 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قاتتىق بوران چىقىپ بىردەمدىلا بوران كۈچى 40 مېتر/سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتكەن. يەندۈك پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئەتراپىدا تۆمۈريولنى قۇم كۆمۈۋەتكەنلىكتىن پويىز رېلىستىن چىقىپ كەتكەن. لياۋدۈڭ پويىز ئىستانسىسىدا رېلىس بىر مېتىردىن قېلىنراق قۇم - تاشتىدا قالغان. ۋاگونلارنىڭ ئەينەكلىرىنى ئۇچقۇر تاشلار چېقىۋەتكەن. قۇم تاشلار تېگىپ پويىزنىڭ سىرىنى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋەتكەن. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكەن. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يەتتە قۇدۇقتا ئالاھىدە قاتتىق بوران چىققان ۋە قۇم كۆچكەن. ئەڭ چوڭ بوران كۈچى 12 بالغا يەتكەن، قۇم - شېغىللار ئوچۇپ ئاسمانىنى قاپلاپ، ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق باسقان.

1964 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆلدە ئۇدا يەتتە كۈن شەرقىي جەنۇب بورىنى چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن تېمپېراتۇرا $40^{\circ}C$ تىن ئېشىپ كەتكەن.

1968 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دۆربەجىن ئەتراپىدا قاتتىق بوران چىققان. ئەڭ يۇقىرى بوران تېزلىكى 37 مېتر/سېكۇنتقا يەتكەن. پويىز ئىستانسىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزە كاھىشلىرىنىڭ تولىسىنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن. قۇم - شېغىللار ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرىنى پۈتۈنلەي چېقىۋەتكەن.

1972 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لوتۇچەنزە ئەتراپىدا 70 قانچە سائەت بوران چىققان.

1973 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شەھەر بازىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قاتتىق بوران چىققان. لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تاغ ئېغىزى ئىستانسىسىدا توختىغان پويىزنىڭ بىر نەچچە ۋاگونىنى بوران ئۆرۈۋەتكەن.

1979 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا كىرىپ، قاتتىق بوران چىققان ھەم قېلىن قار ياغقان. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئەڭ زور شامال كۈچى ئون بالغا يەتكەن. ئون ئادەم ئۆلگەن. ئىككى ئادەم يارىلانغان. 7800 تۇياق چارۋا ـ مال ئۆلگەن. 8200 مو يەردىكى بۇغداي خاراب بولغان. 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىم بوران چىقىپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتكەن. ئەمدىلا ئۈنۈپ چىققان قوغۇن مايسىلىرى ئۈشۈپ كەتكەن.

1980 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاشۋىلىقتا قاتتىق بوران چىققان. بوراننىڭ ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى 30 مېتىر/سېكۇنتقا يەتكەن. بىر قىسىم ئېتىزلارنىڭ يۈزىنى 10—15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئۇچۇرۇپ كەتكەن.

## §3. قار ۋە سوغۇق

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يىلى (1773 ـ يىلى) 1 ـ ئايلاردا قۇمۇلدا 40 نەچچە كۈن قېلىن قار ياغقان.

چيەنلۇڭنىڭ 39 ـ يىلى (1774 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا قۇمۇلدا قېلىن قار ياغقان. تاغلىق جايلاردا قار تېخىمۇ قېلىن يېغىپ، نۇرغۇن چارۋا توڭلاپ ئۆلگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 50 ـ يىلى (1785 ـ يىلى) قىشتا قۇمۇلدا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق سوغۇق بولۇپ، نۇرغۇن چارۋا ئۆلگەن.

گۇاڭشۈنىڭ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تىيانشان تېغىدا ئىككى چى قېلىنلىقتا قار ياغقان. بىر قانچە كۈندىن كېيىن قەھرىتان سوغۇق بولۇپ، يول بويى تاغ جىلغىلىرىدا 50 نەچچە تۇياق ئات، تۆگە توڭلاپ ئۆلگەن.

مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى) قىشتا قۇمۇلدا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، نۇرغۇن چارۋا توڭلاپ ئۆلگەن.

مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) تاشۋىلىقنىڭ شوپۇل تېغىدا ئىككى كۈن قار يېغىپ، قېلىنلىقى 1.5 مېتىرغا يەتكەن. نۇرغۇن چارۋا قىرىلىپ كەتكەن.

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) 8 ـ ئايلاردا تۆمۈرتى، توشو، نېرناسى، ئېدىر قاتارلىق جايلاردا قېلىن قار يېغىپ، ئارپا زىرائەتلىرى ئۈشۈپ كەتكەن.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇدا بىر قانچە كۈن قار يېغىپ، قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىرغا يەتكەن. نۇرغۇن چارۋا توڭلاپ ئۆلگەن.

1950 – يىلى قىشتا ئاجايىپ قاتتىق سوغۇق بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلاش قوشۇنىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۈششۈپ زەخىملەنگەن. غەربىي تاغنىڭ سەكرا دېگەن يېرىدە چارۋىنىڭ ھەممىسى توڭلاپ ئۆلگەن.

1959 – يىلى قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، شاپتۇل دەرەخلىرى ئۈششۈپ كەتكەن. ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا پىيادە كېلىۋاتقان نۇرغۇن دېھقانلار دالىدا توڭلاپ ئۆلگەن.

1962 – يىل قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، 4500 مو كۆزگى بۇغداي ئۈششۈپ نابۇت بولغان.

1964 – يىل 3 – ئاينىڭ 8 – كۈنى غەربىي تاغدا 1.4 مېتىر قېلىن قار يېغىپ، 28مىڭ تۇياق چارۋا توڭلاپ ئۆلگەن.

1973 – يىلى 5 – ئاينىڭ 16 – كۈنى يەتتە قۇدۇقتا قار يېغىپ ئون نەچچە مو قوغۇن مايسىسى ئۈششۈپ نابۇت بولغان.

1976 – يىل 11 – ئاينىڭ 6 – كۈنى قۇمۇلدا بالدۇر قار يېغىپ، قىشلىق يېسىۋىلەك ئېتىزدىلا مۇزلاپ كېتىپ 20 مىليون جىڭ يېسىۋىلەك زىيانغا ئۇچرىغان. مۇشۇ يىلى قۇمۇلدا يېسىۋىلەك قىس بولۇپ، بىر كىلوسىنىڭ باھاسى ئىلگىرىكى يىللار دىكىدىن تۆت ھەسسە ئۆرلەپ كەتكەن.

1976 – يىل 4 – ئاينىڭ 10 – كۈنىدىن 12 – كۈنىگىچە تاشۋىلىق كۆچلۈك سوغۇق ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شىمۇرغانلىق قار ياغقان. 1800 تۇياقتىن ئارتۇق ئوغلاق – پاخلان توڭلاپ ئۆلگەن، ئۈچ مالچىمۇ توڭلاپ ئۆلگەن. 5 – ئاينىڭ 14 – كۈنى تۆزلەڭلىكتىكى رايونلارغا ئېغىر قىرو ئۈشۈكى تېگىپ 80% تىن ئارتۇق كۆممىقوناقنىڭ يوپۇرمىقى ئۈششۈپ كەتكەن. تاتلىق ياڭيۇ (خۇڭشۇ) نىڭ ھەممە يوپۇرمىقى ئۈششۈپ قالغان. 80% ئۈزۈم تېلى ۋە 35% ئالما دەرىخى ئۈششۈپ نابۇت بولغان. 50% قوغۇن، 60% تاۋۇز پەلەكلىرى، 80% — 90% كۆكتات مايسىسى ئۈششۈپ خاراب بولغان.

1980 – يىل 4 – ئاينىڭ 11 – كۈنى تاشۋىلىقتا قار يېغىپ 360 نەچچە تۇياق ئوغلاق – پاخلان توڭلاپ ئۆلگەن.

## §4. قۇرغاقچىلىق ۋە ئىسسىق شامال

مىنگونىڭ 21 – يىلى (1932 – يىلى) قۇمۇلدا ئەتىياز پەسلىدە قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، تاغ سۈيى چۈشەلمەي، ئېتىزلار قۇرۇپ، يېرىلىپ كەتكەن.

مىنگونىڭ 33 – ، 34 – يىللىرى (1944 – ، 1945 – يىللىرى) ئۇدا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، تاغ سۈيى ئازىيىپ كېتىپ، بۇغدايلار مايسا سۈيىنى ۋاقتىدا ئىچەلمىگەن؛ تاغ سۈيىگە قاراشلىق جايلاردا ھەتتا ئوروۇقلۇقمۇ يىغىۋېلىنمىغان.

1952 - يىلى يازدا، قۇمۇلدا قاتتىق ئىسسىق بولۇپ، 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېمپېراتۇرا 43.9°C قا يەتكەن.

1954 - يىل 5 - ئايدا، تاغ سۈيىنىڭ كېلىشى كېچىكىپ كەتكەن. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيە بازىرىدىكى كادىرلار، ئىشچىلار ۋە ئاھالىلەرنى قىزىلىيۇلغۇنغا بېرىپ، چېلەكتە سۇ توشۇپ بۇغداي سۇغىرىشقا سەپەرۋەر قىلغان.

1962 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيە بويىچە 80 مىڭ مو يەردىكى بۇغدايىنىڭ تولىسى مايسا سۈيىنى ئىچەلمەي قۇرۇپ كەتكەن.

1964 - يىل 6 - ئايدا شەھەر رايونىدا قاتتىق ئىسسىق بولغان. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 43.6°C قا يەتكەن.

1974 - يىلى يازدا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ئۇدا ئالتە قېتىم ئىسسىق شامال چىققان. بۇغداي باشاقلىرى قورۇلۇپ قېلىپ، مىڭ تال دانىنىڭ ئېغىرلىقى ئىلگىرىكى يىلدىكىدىن چۈشۈپ كەتكەن.

1978 - يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، بىر قىسىم بۇلاقلار قۇرۇپ كەتكەن، بەزى كارىزلارنىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قالغان. نۇرغۇن تاغلىق كەنتلەردە ئادەم ۋە چارۋىلار سۇدىن قىسىلغان. بۇغدايلار مايسا سۈيىنى ئىچەلمىگەچكە، كەڭ دائىرىدىكى مايسىلار قۇرۇپ كەتكەن. يايلاقلاردا ئوتلار سارغىيىپ كەتكەن، چىملار قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەن. ئۆلچەپ ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا ھەرقايسى غوللارنىڭ سۈيى 30 — 40% ئازىيىپ كەتكەن.

## §5. يەر تەۋرەش

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 2 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى (1737 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى) تاشۋېلىق، قۇمۇل، توغۇچىلاردا يەر تەۋرىگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 7 - ئايدا (1760 - يىلى 8 - ئايدا) قۇمۇلدا يەر تەۋرىگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 60 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى (1795 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) قۇمۇلدا يەر تەۋرىگەن.

داۋگۇاڭنىڭ 22 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى (1842 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) بارىكۆلدە يەر تەۋرەپ، قۇمۇلغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. «پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى، تاملار ئۆرۈلگەن. نۇرغۇن ئادەم يارىلانغان.»

داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دىگەر ۋاقتى بىلەن (1846 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن ئۆتكەندە) قۇمۇلدا يېنىك يەر تەۋرىگەن.

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يەتتە قۇدۇق قاتار-لىق جايلاردا 7.5 بال يەر تەۋرەپ، يەر 8 - 9 دەرىجىدە يېرىلغان. يەر تەۋرەش قۇمۇلنىڭ ھەرقايىسى جايلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. غەربىي تاغدىكى بەكنى غول قاتار-لىق جايلاردا تاغلار يېرىلىپ، تاشلار گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن. تارانچى، دۆربەجىن، لياۋ-دۇڭ قاتارلىق جايلاردا ئۆيلەر سىلكىنىپ، ئادەم ۋە چارۋاماللار خېيىم - خەتەرگە ئۇچ-رىغان. قۇمۇل بازىرى، قوشتىمكەن، ئاستانە، توغۇچى، يوپۇرماقبۇلاق قاتارلىق جايلار-دا كونا ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، يېڭى ئۆيلەرگە دەز كەتكەن.

مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا 5.5 بال يەر تەۋرىگەن.

مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا 5 بال يەر تەۋرىگەن.

1955 - يىلى 8-، 9 - ئاي مەزگىلىدە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدە يەر تەۋرەپ، قۇمۇلغا تەسىر كۆرسەتكەن، ئۆيلەردىكى ئېلېكتىر چىراغلىرى بىلەن ھويلا - ئاراملاردىكى دەل - دەرەخلەر يېنىك سىلكىنگەن. ئىشىك - دېرىزىلەر جالاقلاپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قىسىم   ئاھالە

تارىختا قۇمۇل ئاھالىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. تىنچلىق يىللىرىدا ئاھالە بىرقەدەر تېز كۆپەيگەن، ئۇرۇش يىللىرىدا بولسا تېز ئازىيىپ كەتكەن. تاڭ دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى بىرقەدەر تىنچ بولغان، تيەنباۋ يىللىرىدا ئاھالە كۆپىيىپ 10 مىڭ كىشىدىن ئاشقان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرپاننىڭ كۆپ قېتىم پاراكەندىچىلىك سېلىشى ئارقىسىدا قۇمۇل ئۇزۇن يىللار تىنچلىنالماي كەلگەن. ۋەنلى يىللىرىدىن (1573 - يىلدىن 1620 - يىللىرىغىچە) كېيىن قۇمۇلدا 400 — 500 ئائىلىلىكلا ئادەم قالغان، قورامىغا يەتكەن ئەرلەردىن 300 نەچچە ئادەم قالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىلىدىن جياچىڭ يىلىغىچە (1736 - يىلدىن 1820 - يىلغىچە) بولغان يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە قۇمۇل نىسپىي تىنچ ئۆتۈپ، ئاھالىسى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ 10 مىڭدىن ئاشقان. تۇڭجى، گۇاڭشۈي يىللىرىدا (1862 - يىلدىن 1908 - يىلغىچە) قۇمۇلدا ئۇرۇش، يېغىلىق ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان، ئاھالە تېز ئازىيىپ كەتكەن. ئەڭ كۆپ ئازايغاندا ئاھالە سانى 3000 دىن كۆپرەك كىشىگە چۈشۈپ قالغان. گۇاڭشۈنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە مىنگو يىللىرىدا (1911 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە)، دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە ئاھالىنىڭ ۋاقتىنچە سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىرى ھېسابقا ئېلىنمىغاندا، ئومۇمەن ئاھالە كۆپىيىپ كەلگەن. 1949 - يىلى ئاھالە كۆپىيىپ 50 مىڭ كىشىگە يەتكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ھەرساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە ئەمگەك كۈچىگە ناھايىتى كۆپ ئېھتىياج چۈشتى. 50 -، 60 - يىللاردا دۆلەت پىلانلىق تۈردە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنى قۇمۇلغا كېلىپ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىچكىرىدىكى بىر قىسىم ئاپەتكە ئۇچرىغان ئۆلكىلەردىكى دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغۇت نىسبىتى كۆپ يىللارغىچە ئىزچىل يۇقىرى بولۇپ كەلدى، شۇڭا قىسقىغىنە ئون نەچچە يىل ئىچىدىلا قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى، بولۇپمۇ خەنزۇلار ئاھالىسى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1983 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئاھالە 170 مىڭ كىشىگە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 2.5 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيگەن.

قۇمۇل ناھىيىسى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، بۇ يەردە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كېچىكىپرەك ئېلىپ بېرىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاساسەن، خەنزۇلار ئارىسىدا يولغا قويۇلغان. 1975 - يىلى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇ-

رۇپپەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى تەشكىللىك ئاساستا قانات يايدۇرۇلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن بۇنىڭ دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈلدى. 1977-يىلى يېزىلاردا خەنزۇلار ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1974 - يىلدىكى 44‰ تىن 14.86‰ كە چۈشتى. 1981 - يىلى ناھىيە بويىچە خەنزۇلار ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.85‰ كە، 1983 - يىلى 8.97‰ كە چۈشتى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم تۇغۇت يېشىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى.

# I باب ئاھالە سانى ۋە ئاھالىنىڭ تارقىلىشى

## 1§. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى

قۇمۇلنىڭ ئاھالىسىگە دائىر خاتىرىلەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن 4 - يىلى (630 - يىلى) باشلانغان. ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇلدا 1332 ئائىلە، 6788 ئادەم بولغان، كەييۈەن يىللىرىدا (713 - يىلدىن 741 - يىلغىچە) 1729 ئائىلە بار دەپ خاتىرىلەنگەن. تيەنباۋ يىللىرى (742 - يىلدىن 756 - يىلغىچە) 2467 ئائىلە، 10 مىڭ 157 ئادەم باردەپ خاتىرىلەنگەن.

XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل ۋاڭلىرى قۇبلايخان بىلەن خانلىق تالىشىپ 40 نەچچە يىل ئۇرۇش قىلغان، قۇمۇل خەلقى يېغىلىق تۈپەيلىدىن يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى گەنسۇ، شەنشى ۋە چاڭجياڭ، خۇەيخې ۋادىلىرىغا شۇنىڭدەك يۇننەن قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ، خەنزۇلار ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. جىيۇەننىڭ 24 - يىلى (1287 - يىلى) يۈەن سۇلالىسىنىڭ پېشىۋاسى بېشبالىقتىن خەنزۇ قوشۇنىنى ۋە يېڭىدىن بويسۇنغان قىسىملاردىن 500 ئەسكەرنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا قاتناشتۇرغان.

مىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا قۇمۇل كۆپ قېتىم تۇرپان خانلىقىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ، «ئۈچ قېتىم گۇللىنىپ، ئۈچ قېتىم خاراب بولغان». قۇمۇل خەلقى كۆپ قېتىم گەنسۇنىڭ كۇيۇ ۋە خېشى ئەتراپلىرىغا قېچىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان. چېڭخۇا يىللىرى (1465 - يىلدىن 1485 - يىلغىچە) ئۈچكىرىگە بېرىپ قالغان 200 نەچچە قۇمۇللۇق بېيجىڭغا قېچىپ بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەربىر ئادەمگە ئالتە كۇرە گۈرۈچ، ئۈچ توپتىن رەخت بېرىپ

قۇمۇلغا قايتۇرغان. جياچىڭنىڭ 3 - يىلى (1524 - يىلى) قۇمۇلدا چوڭ ۋەيرانچىلىق يۈز بېرىپ، ئامان قالغان مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەن. بۇ يەردىكى ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، يۇقىرىسىغا 500 دادەن، تۆۋىنىگە 100 دادەندىن ئوزۇق - تۈلۈك، ئۇرۇقلۇق تارقىتىپ بەرگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى يىللىرىدا تۈزۈلگەن «سۇجۇ تەزكىرىسى» دە: «قۇمۇل ۋاڭلىقىدا، تۇرپاننىڭ بىر قانچە قېتىم ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن 400 – 500 ئائىلە، 300 نەچچە ئەر قالدى» دەپ يېزىلغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ ئاھالە سانى بىر قەدەر توغرا خاتىرىلەنگەن. يۇڭجېڭنىڭ 5 - يىلى (1727 - يىلى) قۇمۇلدا خەنزۇ، مۇسۇلمان مىللەتلەردىن 1251 ئائىلە، 4568 ئادەم بولغان. قۇمۇل جاساقلىقىغا تەۋە ئۇيغۇرلار 8417 كىشى بولۇپ، جەمئىي 12 مىڭ 985 كىشىگە يەتكەن. چيەنلۇڭ يىللىرىدا (1736 - يىلدىن 1795 - يىلغىچە) قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى 1950 ئائىلە، 12 مىڭ 163 ئادەم، دەپ خاتىرىلەنگەن. چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) خاننىڭ يارلىقى بىلەن قۇمۇلدىن 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئىلىغا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. جياچىڭ يىللىرىدا (1796 - يىلدىن 1820 - يىلغىچە) قۇمۇلدا 13 مىڭ 293 ئادەم بارلىقى خاتىرىلەنگەن. تۇڭجى يىللىرىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن، قۇمۇل ئاھالىسى بەكلا ئازىيىپ كەتكەن. گۇاڭشۈنىڭ 3 - يىلى (1877 - يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تۇرپاننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 2000 دىن ئارتۇق قۇمۇللۇق ئۇيغۇرنى بەي يەنخۇنىڭ مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەنلىكى ئېنىقلانغان. گۇاڭشۈنىڭ 6 - يىلى (1880 - يىلى) زوزۇڭتاڭ قۇمۇلغا كەلگەندە قۇمۇلدا 3000 دىن ئارتۇقراقلا ئادەم بولغان. گۇاڭشۈنىڭ 17 - يىلى (1891 - يىلى) قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى 6200 نەچچە كىشىگە كۆپەيگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قۇمۇلدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ بولۇپ، 13 مىڭ 15 ئادەم بولغان.

مىنگونىڭ 15 - يىلى (1926 - يىلى) پوچتا ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ 18 مىڭ 330 كىشىگە يەتكەن. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى جەمئىي 28 مىڭ كىشىگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 6659 كىشى، ئۇيغۇرلار 18 مىڭ 311 كىشى، خۇيزۇلار 2455 كىشى، قازاقلار 1146 كىشى، باشقا مىللەتلەر 18 كىشى بولغان. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلە سانى 10 مىڭغا، ئادەم سانى 49 مىڭ 28 گە كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بازار ئاھالىسى 1943 ئائىلە، 9453 كىشى؛ يېزا ئاھالىسى 8092 ئائىلە، 39 مىڭ 575 كىشى بولغان. ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە: ئۇيغۇرلار 28 مىڭ 144 كىشى، خەنزۇلار 14 مىڭ 274 كىشى، خۇيزۇلار 3183 كىشى، قازاقلار 3397 كىشى، باشقا مىللەتلەر 30 كىشى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيىنىڭ ئاھالىسى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 35 ئائىلە، 49 مىڭ 28 كىشى بولغان بولسا،

1976 ـ يىلىغا كەلگەندە (قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى) ئائىلەسانى 50 مىڭ 918 گە يېتىپ، 407.4% كۆپەيگەن، ئادەم سانى 242 مىڭ 585 كە يېتىپ، 394.79% كۆپەيگەن.

### 18 يىللىق نوپۇس، مىللەت ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 3 – 1

| يىللار | ئائىلە، نوپۇس سانى | | | | مىللەتلەر | | | | | ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇس |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە | نوپۇس | ئەر | ئايال | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | باشقىلار | |
| 1949 | 10035 | 49028 | 25922 | 23106 | 28144 | 14274 | 3397 | 3183 | 30 | 39575 |
| 1951 | 10005 | 48833 | 25438 | 23395 | 28254 | 13809 | 3414 | 3321 | 35 | 39645 |
| 1953 | 10368 | 55103 | 30245 | 24858 | 29759 | 18342 | 3411 | 3556 | 35 | 41855 |
| 1955 | 10496 | 56798 | 29583 | 27215 | 31040 | 19115 | 3179 | 3492 | 98 | 42640 |
| 1957 | 12379 | 66857 | 35689 | 31168 | 32746 | 27127 | 3171 | 3779 | 34 | 44812 |
| 1959 | 35588 | 141069 | 84659 | 56410 | 35618 | 96666 | 3508 | 5111 | 166 | 49426 |
| 1961 | 34778 | 135035 | 77318 | 57717 | 35551 | 90210 | 3023 | 6122 | 129 | 56955 |
| 1963 | 29405 | 125496 | 68470 | 57026 | 37633 | 78718 | 3565 | 5482 | 98 | 70300 |
| 1965 | 31655 | 151766 | 81831 | 69935 | 40378 | 101490 | 3615 | 5974 | 309 | 62102 |
| 1967 | 36115 | 168583 | 90997 | 77586 | 42309 | 115849 | 3951 | 6181 | 293 | 88107 |
| 1969 | 42026 | 194269 | 103337 | 90932 | 47690 | 134288 | 4897 | 7099 | 295 | 105083 |
| 1971 | 42075 | 198887 | 104423 | 94464 | 49103 | 136487 | 5437 | 7574 | 286 | 104447 |
| 1973 | 41164 | 197626 | 101845 | 95781 | 53118 | 132215 | 4954 | 7113 | 226 | 72052 |
| 1975 | 48480 | 235052 | 121165 | 113887 | 57949 | 162210 | 5291 | 9112 | 490 | 132626 |
| 1977 | 34458 | 154524 | 79457 | 75067 | 52411 | 91250 | 5471 | 5217 | 175 | 119029 |
| 1979 | 37244 | 164420 | 84833 | 79587 | 54869 | 97792 | 6381 | 5214 | 164 | 119951 |
| 1981 | 36020 | 163892 | 84357 | 79535 | 55627 | 96541 | 6378 | 5123 | 223 | 117278 |
| 1983 | 44426 | 169648 | 87557 | 82091 | 57702 | 99351 | 6746 | 5119 | 730 | 115512 |

1977 ـ يىلى قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلدى. قۇمۇل بازىرىنىڭ ئاھالىسى ۋە بىر قىسىم يېزا ئاھالىسى شەھەرگە قاراشلىق قىلىپ ئايرىلدى. ناھىيىگە قاراشلىق رايونلاردا 34 مىڭ 458 ئائىلە، 154 مىڭ 524 ئادەم قالدى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىگە قاراشلىق رايونلاردىكى ئومۇمىي ئائىلە 44 مىڭ 426 گە، ئومۇمىي ئادەم سانى 169 مىڭ 648 گە يەتتى. 1949 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا، ئائىلە سانى 342.7%، ئومۇمىي ئادەم 246% كۆپەيگەن.

## §2. ئاھالىنىڭ تارقىلىشى

### 1. ئاھالىنىڭ زىچلىقى

1949 - يىلى ناھىيە بويىچە بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران 0.58 ئادەم توغرا كېلەتتى. 1976 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 2.85 ئادەم توغرا كەلدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى ئادەم توغرا كەلدى. ئەگەر، چۆل - جەزىرە، تاغلارنى چىقىرىۋېتىپ، بوستانلىق كۆلىمى بويىچىلا ھېسابلىساق (بوستانلىقنىڭ كۆلىمى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 20 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ)، 1949 - يىلى ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.88 دىن ئادەم توغرا كېلەتتى. 1976 - يىلى ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.27 دىن ئادەم توغرا كەلدى. 1983 - يىلى ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 9.98 ئادەم توغرا كەلدى (قۇمۇل بازىرىنىڭ ئاھالىسى 1977 - يىلى ناھىيىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكتىن ئاھالىنىڭ زىچلىقى تۆۋەنلەپ كەتكەن).

### 2. شەھەر - بازار ئاھالىسى

1949 - يىلى قۇمۇل بازىرىدا ئاران 1943 ئائىلە، 9453 ئادەم بار ئىدى. 1977 - يىلى قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلغاندا شەھەر - بازار ئاھالىسى كۆپىيىپ، 12 مىڭ 401 ئائىلە، 67 مىڭ 899 كىشىگە يەتتى. ئائىلە سانى 1949 - يىلدىكىدىن 538.24%، ئادەم سانى 618.28% كۆپەيدى. 1977 - يىلدىن كېيىن شەھەر - بازار ئاھالىسى قۇمۇل شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى.

### 3. كان رايونىنىڭ ئاھالىسى

ناھىيە تەۋەلىكىدىكى تارانچى كۆمۈر كانى، يامانسۇ تۆمۈر كانى، يەتتەقۇدۇق تۇزچىلىق باش زاۋۇتى ۋە قوۋۇق ئېغىزى ئاھالىلەر كان رايونى ئاھالىسىگە تەۋە بولۇپ، 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 11 مىڭ 561 ئائىلە، 46 مىڭ 123 كىشى بولغان. ئۇلار پۈتۈن ناھىيە ئائىلە سانىنىڭ 26.02 پىرسەنتىنى ۋە ئادەم سانىنىڭ 27.19 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە تارانچى كان رايونىدا 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 1711 ئائىلە، 9002 ئادەم بولۇپ، 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 8142 ئائىلە، 30 مىڭ 705 ئادەمگە يېتىپ، 1964 - يىلدىكىدىن ئائىلە سانى 375.9%، ئادەم 241.1% كۆپەيگەن. قوۋۇق ئېغىزىدا 1964 - يىلى 855 ئائىلە، 4209 ئادەم بار بولۇپ، 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 1293 ئائىلە،

6296 كىشىگە يېتىپ، 1964 - يىلدىكىدىن ئاشسا 51.2%، ئادەم سانى 49.6% كۆپەيگەن. يامانسۇ كانىدا 1973 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 596 ئائىلە، 3113 ئادەم بار بولۇپ، 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 933 ئائىلە، 4096 كىشىگە يېتىپ، 1973 - يىلدىكىدىن ئائىلە 56.5%، نوپۇس 31.6% ئاشقان. يەتتەقۇدۇق تۇزچىلىق باش زاۋۇتىدا 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 5998 ئادەم بار ئىدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 5026 گە چۈشۈپ، 1978 - يىلدىكىدىن 16.2% ئازىيىپ كەتكەن.

### 4. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ ئاھالىسى

1964 - يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىدا جەمئىي 5290 ئائىلە، 23 مىڭ 126 ئادەم بار ئىدى. ئۇ پۈتۈن ناھىيەدىكى ئائىلىنىڭ 18.42 پىرسەنتىنى، نوپۇسنىڭ 17.32 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىدا جەمئىي ئائىلە 8955 كە، نوپۇس 39 مىڭ 561 كىشىگە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئائىلە سانىنىڭ 20.16 پىرسەنتىنى، ئادەم سانىنىڭ 23.32 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان بولدى ھەم 1964 - يىلدىكىدىن ئائىلە 69.3%، ئادەم 71.1% كۆپەيدى.

### 5. گۇڭشېلارنىڭ ئاھالىسى

1964 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندە، ناھىيە بويىچە 12 گۇڭشې (فېرما) دا 46 مىڭ 767 ئادەم بار ئىدى. 1982 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندە گۇڭشېلارنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ 83 مىڭ 864 كىشىگە يەتكەن. 1964 - يىلدىكىدىن 79.32% كۆپەيگەن.

## II باب ئاھالە قۇرۇلمىسى

### §1. مىللەتلەر

ناھىيە تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار 1949 - يىلدىكى 28 مىڭ 144 كىشىدىن كۆپىيىپ 1983 - يىلى 57 مىڭ 702 كىشىگە يېتىپ، 105% كۆپەيگەن. خەنزۇلار 1949 - يىلدىكى 14 مىڭ 274 كىشىدىن كۆپىيىپ 1983 - يىلى 99 مىڭ 351 كىشىگە يېتىپ، 596% كۆپەيگەن. قازاقلار 1949 - يىلدىكى 3397 كىشىدىن 1983 - يىلى 6746 كىشىگە يېتىپ 98.6% كۆپەيگەن. خۇيزۇلار 1949 - يىلدىكى 3183

www.uyghurkitap.com

كىشىدىن كۆپىيىپ 1983 - يىلى 5119 كىشىگە يېتىپ، 60·8% كۆپەيگەن. باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 1949 - يىلدىكى 30 كىشىدىن 1983 - يىلى 730 كىشىگە يېتىپ، 23 ھەسسە كۆپەيگەن.

1964 - ۋە 1982 - يىللىردىكى ئىككى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاھالە ئىچىدە مىللەت قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە: ئۇيغۇرلار 1964 - يىلى 27 مىڭ 580 كىشى بولۇپ، 1982 - يىلى 43 مىڭ 193 كىشىگە يېتىپ، 56·6% كۆپەيگەن. خەنزۇلار 1964 - يىلى 14 مىڭ 517 كىشى بولۇپ، 1982 - يىلى 31 مىڭ 979 كىشىگە يېتىپ، 120.3% كۆپەيگەن. قازاقلار 1964 - يىلى 2763 كىشى بولۇپ، 1982 - يىلى 5283 كىشىگە يېتىپ، 91.2% كۆپەيگەن. خۇيزۇلار 1964 - يىلى 1884 كىشى بولۇپ، 1982 - يىلى 3319 كىشىگە يېتىپ، 76.2% كۆپەيگەن. باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 1964- يىلى 23 كىشى بولۇپ، 1982 - يىلى 89 كىشىگە يېتىپ 287% كۆپەيگەن.

## §2. ياش ۋە جىنس

### 1. ياش قۇرۇلمىسى

1982 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى مەملىكەت بويىچە 3 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن (يەتتە ياشقا توشمىغان) باللار 26 مىڭ 528 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 15.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئوقۇش يېشىدىكى باللار (يەتتە ياشتىن 12 ياشقىچە) 32 مىڭ 446 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 19.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. زاپاس ئەمگەك كۈچلىرى (13 ياشتىن 15 ياشقىچە) 14 مىڭ 287 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 8.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئەمگەك يېشىدىكىلەر (16 ياشتىن 60 ياشقىچە) 87 مىڭ 368 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 52·1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. 60 ياشتىن چوڭ ياشلىق كىشىلەر 6921 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 4·1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان.

60 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەر ئارىسىدا 61 ياشتىن 69 ياشقىچە بولغانلىرى 4245 كىشى، 70 ياشتىن 79 ياشقىچە بولغانلىرى 2148 كىشى، 80 ياشتىن 89 ياشقىچە بولغانلىرى 493 كىشى، 90 ياشتىن 99 ياشقىچە بولغانلىرى 30 كىشى، 100 ياشتىن 109 ياشقىچە بولغانلىرى بەش كىشى.

### 2. جىنس قۇرۇلمىسى

1949 - يىلى ئەرلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 52.87 پىرسەنتىنى، ئاياللار 47·13 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. جىنس سېلىشتۇرمىسى (ئايال = 100) 112.18 دىن

تۇغرا كېلەتتى. 1982 ـ يىلدىكى 3 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدا ناھىيە بويىچە ئەرلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 51.34 پىرسەنتىنى، ئاياللار 48.66 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. جىنس سېلىشتۇرمىسى (ئايال = 100) 105.5 بولغان.

## §3. مەدەنىيەت سەۋىيىسى

1982 ـ يىلدىكى 3 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ئالتە ياشلىق ۋە ئالتە ياشتىن يۇقىرى بولغانلار جەمئىي 146 مىڭ 183 كىشى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 357 كىشى بولۇپ، ئالتە ياشتىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ 0.24 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەن ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 64 كىشى بولۇپ، ئالتە ياشتىن يۇقىرى ئاھالىنىڭ 0.04 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 12 مىڭ 600 كىشى بولۇپ، ئالتە ياشتىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ 8.62 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 34 مىڭ 577 كىشى بولۇپ، ئالتە ياشتىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ 23.65 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 61 مىڭ 324 كىشى بولۇپ، ئالتە ياشتىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ 41.95 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ساۋاتسىز ۋە چala ساۋاتلار 37 مىڭ 261 كىشى بولۇپ، ئالتە ياشتىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ 25.49 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان.

## §4. كەسىپ قۇرۇلمىسى

1982 ـ يىلدىكى 3 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن ناھىيە ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ھەر قايسى ساھەلەردە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپتىكى خادىملار جەمئىي 74 مىڭ 269 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 41 مىڭ 391 كىشى، ئاياللار 32 مىڭ 878 كىشى، كەسىپتىكى خادىملار ئارىسىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 51 مىڭ 803 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 27 مىڭ 848 كىشى، ئاياللار 23 مىڭ 955 كىشى) بولۇپ، بۇ كەسىپتىكى خادىملارنىڭ 69.75 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. كانچىلىق ۋە ياغاچ كېسىش، توشۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 14 مىڭ 541 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 9422 كىشى، ئاياللار 5119 كىشى) بولۇپ، كەسىپتىكى خادىملارنىڭ 19.58 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئېلېكتر كۈچى ئىشلەپچىقىرىش ۋە توك تەمىنلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 68 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 53 كىشى، ئاياللار 15 كىشى) بولۇپ، كەسىپتىكى

## ئاھالىنىڭ ياش ئەھۋالى

(1982 - يىلى 7 - ئاي) جەدۋەل 3 - 2

| ياش ئايرىمىسى | نوپۇس سانى جەمئىي | نوپۇس سانى ئەر | نوپۇس سانى ئايال | ئومۇمىي ئاھالىدىن ئىگەللىگەن جەمئىي% جەمئىي | ئومۇمىي ئاھالىدىن ئىگەللىگەن جەمئىي% ئەر | ئومۇمىي ئاھالىدىن ئىگەللىگەن جەمئىي% ئايال | جىنس نىسبىتى؛ ئايال = 100 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 167·550 | 86،017 | 81،533 | 100 | 51.34 | 48.66 | 105.5 |
| ياش 4—0 | 16981 | 8745 | 8236 | 10.13 | 5.22 | 4.92 | 106.18 |
| ياش 9—5 | 26446 | 13509 | 12937 | 15.78 | 8.06 | 7.72 | 104.42 |
| 10—14 " | 25545 | 13084 | 12461 | 15.25 | 7.81 | 7.44 | 105.00 |
| 15—19 " | 20701 | 10486 | 10215 | 12.36 | 6.26 | 6.1 | 102.65 |
| 20—24 " | 11488 | 5899 | 5589 | 6.86 | 3.52 | 3.34 | 105.55 |
| 25—29 " | 11803 | 5621 | 6182 | 7.04 | 3.35 | 3.69 | 90.93 |
| 30—34 " | 10380 | 4739 | 5641 | 6.20 | 2.83 | 3.37 | 84·01 |
| 35—39 " | 10322 | 4995 | 5327 | 6.16 | 2.98 | 3.18 | 93.77 |
| 40—44 " | 10177 | 5651 | 4526 | 6.07 | 3.37 | 2.70 | 124.86 |
| 45—49 " | 7299 | 4107 | 3192 | 4.36 | 2.45 | 1.91 | 128.67 |
| 50—54 " | 5040 | 2844 | 2196 | 3.01 | 1.70 | 1.31 | 129.51 |
| 55—59 " | 3705 | 2162 | 1543 | 2.21 | 1.29 | 0.92 | 140·12 |
| 60—64 " | 2797 | 1583 | 1214 | 1.67 | 0.94 | 0.72 | 130·40 |
| 65—69 " | 2189 | 1174 | 1015 | 1.31 | 0.70 | 0.61 | 115·67 |
| 70—74 " | 1352 | 726 | 626 | 0.80 | 0.43 | 0.37 | 115·97 |
| 75—79 " | 796 | 395 | 401 | 0.48 | 0.24 | 0.24 | 98·5 |
| 80—84 " | 376 | 201 | 175 | 0.22 | 0.12 | 0.10 | 114·86 |
| 85—89 " | 117 | 72 | 45 | 0.07 | 0.04 | 0.03 | 160·00 |
| 90—94 " | 18 | 14 | 4 | 0.01 | 0.01 | | 350·00 |
| 95—99 " | 12 | 9 | 3 | 0.01 | 00.1 | | 300·00 |
| 100—104" | 3 | 1 | 2 | | | | 50·00 |
| 105—109" | 2 | | 2 | | | | |

خادىملارنىڭ 0·09 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2747 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 1213 كىشى، ئاياللار 1534 كىشى) بولۇپ، كەسپتىكى خادىملارنىڭ 3·7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 1591 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 683 كىشى، ئاياللار 908 كىشى) بولۇپ، كەسپتىكى خادىملارنىڭ 2·14 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. سودا كەسپى ۋە يېمەكلىك مۇلازىمىتى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 885 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 436 كىشى، ئاياللار 449 كىشى) بولۇپ،

## 1964-، 1982-يىللىردىكى ئىككى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇسنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 — 3

| ئورۇن نامى | يىل | ئاھالە ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | ئومۇمىي نوپۇستىكى % | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | خەنزۇ | ئۇيغۇر | خۇيزۇ | قازاق | باشقىلار | خەنزۇ | ئاز سانلىق مىللەت |
| شەھەر ئىچى گۈڭشې | 1982<br>1964 | 4787<br>3468 | 223<br>147 | 4449<br>3297 | 65<br>24 | | | 5·7<br>4·7 | 95·3<br>95·8 |
| راھەتباغ گۈڭشې | 1982<br>1964 | 8304<br>3128 | 554<br>77 | 7617<br>3020 | 93<br>31 | 40 | | 6·7<br>2·5 | 93·3<br>97·5 |
| بوغاز گۈڭشې | 1982<br>1964 | 3279<br>3006 | 2448<br>569 | 761<br>2393 | 60<br>27 | 5<br>17 | 5 | 74·7<br>18·9 | 25·3<br>81·1 |
| ئاستانە گۈڭشې | 1982<br>1964 | 10871<br>5688 | 5077<br>1783 | 4706<br>3348 | 1077<br>545 | 4<br>8 | 7<br>4 | 46·7<br>31·3 | 53·3<br>68·7 |
| قارا دۆۋە گۈڭشې | 1982<br>1964 | 9916<br>5384 | 1916<br>613 | 7944<br>4733 | 56<br>38 | | | 19·3<br>11·4 | 80·7<br>88·6 |
| پالۋانتۇر گۈڭشې | 1982<br>1964 | 14112<br>8637 | 6967<br>3983 | 6043<br>3974 | 1098<br>678 | 1 | 4<br>1 | 49·4<br>46·1 | 50·6<br>53·9 |
| بۇلۇڭتوغراق گۈڭشې | 1982<br>1964 | 6802<br>3346 | 5907<br>2763 | 178<br>211 | 656<br>355 | | 61<br>17 | 86·8<br>82·6 | 13·2<br>17·4 |
| قاشۇبلىق گۈڭشې | 1982<br>1964 | 11190<br>6558 | 6926<br>4050 | 2772<br>1660 | 51<br>42 | 1432<br>806 | 9 | 61·9<br>61·8 | 38·1<br>38·2 |
| غەربىي تاغ گۈڭشې | 1982<br>1964 | 5074<br>2859 | 275<br>98 | 2029<br>1202 | 61<br>64 | 2708<br>1495 | 1 | 5·4<br>3·4 | 94·6<br>96·6 |
| تىيانشان گۈڭشې | 1982<br>1964 | 7513<br>4276 | 519<br>310 | 6574<br>3676 | 62<br>79 | 358<br>211 | | 6·9<br>7·2 | 93·1<br>92·8 |
| يەتتە قۇدۇق گۈڭشې | 1982<br>1964 | 373<br>121 | 371<br>106 | 13 | 1 | | 1<br>2 | 99·5<br>87·6 | 0·5<br>12·4 |
| قويلۇق فېرمىسى | 1982<br>1964 | 930<br>296 | 138<br>18 | 61<br>53 | 4 | 727<br>225 | | 14·8<br>6·1 | 85·2<br>93·9 |
| باشقىلار | 1982 | 762 | 658 | 59 | 36 | 9 | | 86·4 | 13·6 |
| جەمئىي | 1982<br>1964 | 83863<br>46767 | 31979<br>14517 | 43193<br>27580 | 3319<br>1884 | 5283<br>2763 | 89<br>23 | 38·13<br>31·04 | 61·87<br>68·96 |

www.uyghurkitap.com

كەسىپتىكى خادىملارنىڭ 1·19 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. مائارىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 1369 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 826 كىشى، ئاياللار 543 كىشى) بولۇپ، كەسىپتىكى خادىملارنىڭ 1·84 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. دۆلەت ئورگىنى، پارتىيە ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتچىلىرى 541 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 421 كىشى، ئاياللار 120 كىشى) بولۇپ، كەسىپتىكى خادىملارنىڭ 0·73 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 131 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 101 كىشى، ئاياللار 30 كىشى) بولۇپ، كەسىپتىكى خادىملارنىڭ 0·18 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. سەھىيە، تەنتەربىيە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 160 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 88 كىشى، ئاياللار 72 كىشى) بولۇپ، كەسىپتىكى خادىملارنىڭ 0·22 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 433 كىشى بولۇپ، كەسىپتىكى خادىملارنىڭ 0·58 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان.

# III باب پىلانلىق تۇغۇت

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئاساسەن خەنزۇلار ئىچىدە يولغا قويۇلدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «كېچىكىپ توي قىلىش، شالاڭ تۇغۇش، ئاز تۇغۇش» پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپپاراتلار مۇكەممەل، تەدبىرلەر كۈچلۈك بولمىغانلىقتىن، ناھىيە بويىچە خەنزۇلار ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ئىزچىل تۆردە يۇقىرى بولۇپ كەلدى. 1974 - يىلى يېزىلاردىكى خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 44‰ بولغان.

1975 - يىلى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. كېيىنكى يىلى گۇڭشې (مەيدان) لاردىمۇ پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلغان. دەسلەپ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى رەھبەرلىكى بولغان ھالدا، پىلانلىق يولغا قويۇلغانلىقتىن، ئۈچ يىلدىن كېيىن بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان. 1978 - يىلى يېزىلاردىكى خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14·86‰ كە چۈشكەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن نوپۇس مەسىلىسى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە نەزەرىيىدىن تارتىپ ئەمەلىيەتكىچە قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، پىلانلىق تۇغۇت فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئاساسلىق دۆلەت سىياسىتى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈردى. ناھىيىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلىپ، مەركىزىي كومى-

تېبت بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرى يەتكۈزۈلدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا 1980 – يىلغىچە ناھىيە بويىچە خەنزۇلار ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى ‰10 دىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، بىر جۈپ ئەر – خوتۇن بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش تەلىپى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 10 – ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم يەنە «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش توغرىسىدا بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىغا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىغا يازغان ئوچۇق خېتى» نى تارقىتىپ، ناھىيىدىكى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ۋە كادىرلاردىن ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بىر جۈپ ئەر – خوتۇن بىرلا پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ نەمۇنىچىسى بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

1981 – يىلى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يەنىمۇ تەڭشىلىپ، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى تولۇقلاندى. كەسپىي كادىرلاردىن بەش كىشى سەپلەپ بېرىلدى. گۇڭشې (مەيدان) لاردا بىر نەپەر پىلانلىق تۇغۇت كەسپىي كادىرى قويۇلدى. دادۈيلەردىمۇ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قوشۇمچە تۇتىدىغان دۈيجاڭلار بەلگىلەندى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت گۇڭشې، دۈي كادىرلىرىنىڭ «ئىككى ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلىكتە تۇتۇشى» نى تەلەپ قىلدى. ئەزالارغا تەكرار تەشۋىق، تەربىيە ۋە ئىنچىكە ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، بارغانسېرى نۇرغۇن كىشىلەر پىلانلىق تۇغۇتنىڭ شەخسكە، ئائىلىگە، كوللېكتىپقا ۋە دۆلەتكە ناھايىتى زور ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. نۇرغۇن تۇغۇت يېشىدىكى ئەر – خوتۇنلار تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. شۇ يىلى 5 – ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايوننىڭ «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىنى تۆۋەنگە تارقاتتى. 12 – ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەنە «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا تولۇقلىما بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1981 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى خەنزۇلار ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.85 گە چۈشۈپ، ئۆلچەمگە يەتتى. كېچىكىپ توي قىلىش، تۇغۇت چەكلەش ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ياخشى ئىشلىگەننىڭ سىرتىدا، چوڭ ھۆددىگەرچىلىكنى يولغا قويغان گۇڭشې – دادۈيلەردە «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» تۈزۈمى (گۇڭشې دادۈينى ھۆددىگە ئېلىش، دادۈي ئىشلەپچىقىرىش دۈينى ھۆددىگە ئېلىش، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى كۆرسەتكۈچنى ھۆددىگە ئېلىش)، «ئىككى ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلىكتە تۇتۇش» يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش دۈيى بىلەن ئەزالار «ئىشلەپچىقىرىش توختامنامىسى» ئىمزالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «تۇغۇت چەك-

لەشكە كاپالەتلىك قىلىش توختامنامىسى» نىمۇ ئىمزالىدى. ئوغۇل - قىزلار نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى ئالغان چاغدا «پىلانلىق تۇغۇت توختامنامىسى» نىمۇ ئىمزالىدى. شۇنداق قىلىپ، تۇغۇتتىمۇ پىلان، كۆرسەتكۈچ بولۇپ، پىلان سىرتىدا تۇغۇش قاتتىق چەكلەندى.

1983 - يىلى يېڭى يىلدىن باھار بايرىمىغىچە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، گوۋۇيۈەن پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ «دۆلىتىمىزنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش تەشۋىقاتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە بىر ئاي «پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1983 - يىلى 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا تۆت خىل ئوپېراتسىيە (بوغۇش ئوپېراتسىيىسى، ھالقا سېلىش، سۈنئىي ئۇسۇلدا چۈشۈرۈۋېتىش، سۈنئىي ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇش) نى ئاساس قىلغان «ئوپېراتسىيە ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 976 ئايال تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان، 572 نەپەر ھامىلدار ئايال سۈنئىي ئۇسۇلدا ھامىلىنى چۈشۈرۈۋەتكەن، 200 نەپەر ھامىلدار ئايال ئوتتۇرا مەزگىلدە سۈنئىي ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلغان، 221 نەپەر تۇغۇت يېشىدىكى ئايال ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ھالقىسى سالدۇرغان. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە تەۋەسىدىكى خەنزۇلار ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8·97‰ كە چۈشكەن.

**1976 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ناھىيە تەۋەسىدىكى خەنزۇلار ئاھالىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 - 4

| يىل | ناھىيىدىكى خەنزۇ ئاھالىسى | تۇغۇلغىنى | | | | | ئۆلگىنى | | تەبىئىي كۆپىيىشى | | پىلان ئىچىدىكى تۇغۇت | | يالغۇز پەرزەنت | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | سانى | بىر بالا | ئىككى بالا | كۆپ بالا | نىسبىتى ‰ | سانى | ئۆلۈش نىسبىتى ‰ | سانى | نىسبىتى ‰ | سانى | % | بىر بالىلىق ئائىلە | گۇۋاھنامە ئالغىنى | گۇۋاھنامە ئېلىش % |
| 1977 | 46682 | 1199 | 198 | 235 | 766 | 25·68 | 173 | 3·70 | 1026 | 21·98 | 433 | 36·11 | | | |
| 1978 | 33311 | 613 | 114 | 94 | 405 | 18·40 | 118 | 3·54 | 495 | 14·86 | 208 | 33·93 | | | |
| 1979 | 32765 | 641 | 152 | 130 | 359 | 19·56 | 94 | 2·87 | 547 | 16·69 | 282 | 43·99 | 304 | 12 | 3·95 |
| 1980 | 32190 | 621 | 175 | 116 | 330 | 19·29 | 88 | 2·73 | 533 | 16·56 | 285 | 45·89 | 321 | 45 | 14·02 |
| 1981 | 32590 | 429 | 188 | 148 | 93 | 13·16 | 108 | 3·31 | 321 | 9·85 | 302 | 70·40 | 514 | 43 | 8·37 |
| 1982 | 31755 | 433 | 196 | 172 | 65 | 13·64 | 106 | 3·34 | 327 | 10·30 | 353 | 81·52 | 558 | 83 | 14·87 |
| 1983 | 31868 | 362 | 187 | 141 | 34 | 11·36 | 76 | 2·38 | 286 | 8·97 | 327 | 90·33 | 530 | 152 | 28·68 |

## 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ناھىيە تەۋەسىدىكى خەنزۇلار ئاھالىسىنىڭ كېچىكىپ توي قىلىش ۋە تۇغۇت چەكلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 – 5

| يىل | كېچىكىپ توي قىلىش ئەھۋالى | | | تۇغۇت چەكلەش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تۇنجى توي قىلغان | كېچىكىپ توي قىلغان | كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى % | نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئايال | تەدبىر كۆرۈشكە تېگىشلىك ئادەم | تەدبىر كۆرگەن ئادەم | تۇغۇت چەكلەش ئۈنۈمى % |
| 1977 | 145 | 105 | 72·41 | 8779 | 8015 | 4025 | 50·24 |
| 1978 | 160 | 130 | 81·25 | 5155 | 3495 | 1967 | 56·28 |
| 1979 | 183 | 170 | 92·90 | 4975 | 4155 | 2797 | 67·32 |
| 1980 | 178 | 100 | 56·18 | 4238 | 4036 | 2629 | 65·14 |
| 1981 | 196 | 151 | 77·04 | 4667 | 4426 | 3510 | 79·30 |
| 1982 | 217 | 200 | 92·17 | 4764 | 4563 | 3781 | 82·86 |
| 1983 | 279 | 125 | 44·80 | 4954 | 4751 | 4272 | 89·92 |

ئىزاھات: كېچىكىپ توي قىلىش دېگىنىمىزدە ئەرلەر 25 ياشتىن، ئاياللار 23 ياشتىن كېيىن توي قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قىسىم يېزا ئىگىلىكى

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك تارىخى ئۇزۇن. يەتتە قۇدۇق، تارانچى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ۋە قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن 7000–8000 يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار بۇ يەردە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، 4000–5000 يىل ئىلگىرى تېرىقچىلىق ئىشلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە قۇمۇلنىڭ يېزا ئىگىلىكى مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولغان. شۇچاغدا بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلغان.

قۇمۇلنىڭ دېھقانچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭنىڭ 16-يىلى (مىلادى 73-يىلى) خەن مىڭدى شىمالىي ھونلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئىۋۇرغول تۇتۇقبېگى تەسىس قىلىپ، بوز يەر ئاچقان. يۇڭجيەنىڭ 16-يىلى (مىلادى 131-يىلى) خەن شۈندى بوز يەر ئېچىش كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتكەن ھەمدە ئىۋۇرغول ئەمىر لەشكەر تەسىس قىلىپ، مەخسۇس بوز يەر ئېچىشقا مەسئۇل قىلغان. سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 6-يىلى (610-يىلى) بۈگۈنكى تاشۋېلىقتا رۇيۈەن بازىرى تەسىس قىلىنىپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خېلى تېز تەرەققىي قىلغان. «بېشبالىق، ئىۋۇرغولدا ئاشلىق-پۇرچاق زىرائەتلىرى بىپايان يەرلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ». قېزىۋېلىنغان «ئىۋۇرغول ئەسكىرى ئاشلىق تاپشۇرۇش خاتىرىسى» گە قارىغاندا، ئىۋۇرغول ئەسكەرلىرى لەشكەر ئامبىرىغا ۋە ھۆكۈمەت ئامبىرىغا بىر قېتىمدىلا 3800 دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق تاپشۇرغان. بۇ ئاشلىق ئىچىدە بۇغداي، پۇرچاق، شال، تېرىق قاتارلىقلار بولغان، يۈەن سۇلالىسى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بەزىدە توختاپ قېلىپ، بەزىدە داۋاملىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قومۇللۇقلار دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ بولغان، تېرىق، كۆك پۇرچاق، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش شەكلى ئەسكەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتىن گۇناھكارلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، پۇقرالار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كېڭەيدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دائىرىسى تالناچىن (ھازىرقى تاشۋېلىق) دىن ساباشكۆلى (ھازىرقى پالۋانتۇر) ۋە نىيۇماۋخۇ (ھازىرقى تىيانشانىنىڭ گۇڭشاڭ كەنتى) غىچە كېڭەيدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، داۋگۇاڭ يىللىرى (1821-يىلدىن 1850-يىلغىچە) يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەر ۋە گۇناھكاردىن 448 كىشى بولۇپ، 11 مىڭ 300 مو يەر تېرىپ، ھەر يىلى 7600 دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق ئالغان. تۇڭجىنىڭ 13-يىلى (مىلادى 1874-يىلى) زوزۇڭتاڭ گۇاڭدۇڭ قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ياساۋۇل بېگى جاڭ ياۋنى 14 يىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەر-

نىباشلاپ قۇمۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئۇلار 20 مىڭ موغا يېقىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، گۇاڭشۈنىڭ 31 - يىلى (مىلادى 1905 - يىلى قۇمۇلدا جەمئىي 22 مىڭ 644 مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن. ئاساسلىقى بۇغداي، ئارپا، كۆك پۇرچاق، چۈژگۈن قوناق، زىغىر قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلغان. مىنگو دەۋرىدە قۇمۇلدا يېغىلىق كۆپ بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى زور تەسىرگە ئۇچرىغان. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە 140 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 119 مىڭ 400 مو يەر تېرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تېرىلغان يەر كۆلىمى 99 مىڭ 600 مو بولۇپ، ھەر يىلى 14 مىليون جىڭ ئاشلىق ئېلىنغان، ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 144 جىڭدىن توغرا كەلگەن؛ ياغلىقدان تېرىلغۇ كۆلىمى 13 مىڭ 800 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 344 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 97 جىڭدىن توغرا كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىندى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 232 مىڭ 800 موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرى كۆلىمى 197 مىڭ 900 موغا، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 76 مىليون 809 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 388 جىڭدىن توغرا كەلدى؛ سانائەتكە خام ئەشيا قىلىنىدىغان زىرائەتلەر كۆلىمى 19 مىڭ 700 موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ياغلىقدان زىرائىتى كۆلىمى 19 مىڭ 200 موغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 388 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 229 جىڭدىن توغرا كەلدى؛ باشقا زىرائەتلەر تېرىلغان يەر كۆلىمى 15 مىڭ 200 موغا يەتتى. 1949 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 94% كېڭەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق كۆلىمى 99%، ياغلىقدان كۆلىمى 39% كېڭەيدى؛ ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4.3 ھەسسە، ياغلىقدانىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2.3 ھەسسە؛ ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 1.7 ھەسسە، ياغلىقدانىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 1.4 ھەسسە ئاشتى.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقىدا كالا، قوي، ئات ئاساس قىلىنىدۇ. خەن ۋېيدىنىڭ 4 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلى) دىن ئىلگىرى كۆچمە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئۇسۇن قەبىلىسى قۇمۇلدا ئولتۇراقلاشقان. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە يېزىلىشىچە «ئۇسۇنلارنىڭ ئېتى كۆپ، بايلىرىنىڭ 4000 – 5000 دىن ئېتى بار». ئۇسۇنلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، قۇمۇلنى ھونلار ئىگىلىۋالدى. «خەلقى چارۋىغا ئەگىشىپ، سۇ، ئوت - چۆپ بار يەرلەرگە كۆچۈپ يۈرۈپ ياشايدۇ، ئات - ئېشەكلىرى بار، تۆگىسى كۆپ». كېيىنرەك جۇرجانلار، تۈرك، تۇبۇت قاتارلىق مىللەتلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇمۇلغا ماكانلاشتى، ئۇلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. سۇي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىقتىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. يەرلىك ئاھالىنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇل-

لىنىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرمۇ «قوي ۋە ئاتلارنى باق-قان». سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې «ئىدىقۇتتىكى ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە قۇمۇلدا «قوي بارئىكەن، قويلار قويرۇقىنىڭ چوڭلۇقىدىن ماڭالماي قالىدىكەن... گۆشى ئېيىتقىنىڭدەك ئاق ھەم مەززىلىك ئىكەن» دەپ يازغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆي ھايۋانلىرى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئاساسىي بايلىقى بولۇپ قالغان. ئىتالىيەلىك ساياھەتچى ماركو پولو قۇمۇل، تۇرپانلاردىن ئۆتكەچكە تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە ۋە ئات قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى كۆرگەن، ئاھالىنىڭ قىشتا تۆزلەڭگە كۆچۈپ كېلىپ، يازدا تاغلارغا كۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ چارۋىچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغان. يۇڭلېنىڭ 1-يىلى (1403 - يىلى) ئەنىق تېمۇر ئەلچى ئەۋەتىپ 190 ئاتنى تارتۇق قىلغان، 4740 ئاتنى ساتقان. يۇڭلېنىڭ 17 -يىلى (مىلادى 1419 يىلى) قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ ئەلچىلىرى ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن 250 كىشى 3546 ئاتنى تارتۇق قىلغان. يۇڭلېنىڭ 21 - يىلى (مىلادى 1423 - يىلى) قۇمۇلدىكى «سادىق ۋاڭ» تۆرى تېمۇر ئۆز ئەلچىسى ئۆمەر غوجا قاتارلىق 90 كىشىنى ئەۋەتىپ، بىر قېتىمدا 1000 ئات، 336 تۆگە تارتۇق قىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تېرىقچىلىق قىلىش ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا ئىككى قېتىم چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرغان. يۇڭجېڭنىڭ 13 - يىلى (1735 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا مال بېقىش ئۈچۈن 2000 ئەسكەر ئاجراتقان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن مىنگونىڭ باشلىرىغىچە تۇمۇلدىكى چوڭ - كىچىك چارۋا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قولىغا يىغىلىپ، كالا، ئات، قوي، تۆگە تەخمىنەن 170 مىڭغا يەتكەن. كېيىن يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن 1949 - يىلغىچە قۇمۇلدىكى چارۋا 130 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن چارۋىچىلىق تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. 1983 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىدىكى ھەرخىل چارۋا 349 مىڭ 300 گە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 1.07 ھەسسە كۆپەيدى.

قۇمۇل ناھىيىسىدە ئورمان بايلىقى بىرقەدەر مول، لېكىن كۆپچىلىكىگە ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق مەيدانلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. 1981 - يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، جەمئىي ئورمان مەيدانى 3 مىليون 135 مىڭ موغا، ئومۇمىي ياغاچ مىقدارى 3 مىليون 886 مىڭ كۇب مېترغا يەتكەن. ناھىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2.55%، قۇمۇل خەلقى قەدىمدىن بۇيان بوران، قۇم، قۇرغاقچىلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەچكە، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈشكە ماھىر. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بىرنەچچە ئون يىل تىرىشىش ئارقىلىق 1983 - يىلى سۈنئىي ئورمان كۆلىمى 26 مىڭ موغا يەتتى.

1983 - يىلى بۇ ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 616 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 106 مىڭ يۈەن بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 79.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 482 مىڭ يۈەن بولۇپ، 63.5% نى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 439 مىڭ يۈەن بولۇپ، 22.1% نى، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 683 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2.4% نى، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 488 مىڭ يۈەن بولۇپ، 12% نى ئىگىلىدى؛ بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولۇپ، 14 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 220 يۈەن بولۇپ، 1949 - يىلدىكى كىرىمنىڭ 3.5 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى.

# I باب ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

## §1. يەر ئىسلاھاتى

ئۇزاق مەزگىل داۋام قىلغان فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى تۈپەيلىدىن يېزىلاردا يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىنتايىن مۇۋاپىقسىز بولۇپ كەلگەن. 1951 - يىلدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 5 پىرسەنتىنى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ 7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان پومېشچىك، باي دېھقانلار پۈتۈن ناھىيىدىكى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 34 پىرسەنتىنى ھەم مول سۇ مەنبەسىنى ئىگىلىۋالغان. ۋەھالەنكى، ناھىيىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 55 پىرسەنتىنى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ 49.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقان، ئىجارىكەش ئوتتۇرا دېھقانلار پۈتۈن ناھىيىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 34.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. يېرى يوق، يېرى ئاز، سۈيى قىس نۇرغۇن دېھقانلار پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ، يىل بويى ئاچ - يالىڭاچ ئۆتكەن. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ فېئوداللىق كۈچى ئاجىزلاشتۇرۇلدى؛ دېھقانلار پومېشچىكلار سىنىپىنى ۋە ئۇلارنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا تايىنىدىغان فېئوداللىق يەر تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران قىلىپ، دېھقانلارنى يەرگە ئىگە قىلىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى.

### 1. يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى يېزىلاردىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرى

#### 1) يەرنى ئىجارىگە بېرىش ئېكسپىلاتاتسىيىسى

##### (1) ئورتاقچىلىق

بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان يەرنى ئىجارىگە بېرىش ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولۇپ، تۈرى كۆپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ. جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە ھوسۇل ئېلىش ئەھۋالىغا قاراپ، يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى بىلەن يەرنى ئىجارىگە ئالغۇچى ئىككى تەرەپ چىقىرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى، ئادەم كۈچى قاتارلىقلار پەرقلىق بولىدۇ. يېرى كۆپرەك، يەرلىرى ئېقىن سۇ بىلەن سۇغىرىلىدىغان تاشۋىلىققا ئوخشاش جايلاردا ئىجارىگە بەرگۈچى يەرنى بەرگەندىن باشقا، ئۇرۇق، ئات - ئۇلاغ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلارنىمۇ بېرىدۇ. ئىجارىگە ئالغۇچى يەرگە سەرپ قىلىنىدىغان ئەمگەك كۈچىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئورتاق يەرگە چېچىلىدىغان ھەممە ئالۋان - ياساقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئېلىنغان ھوسۇلدىن يەر بېجى تۆلەپ قېلىنىدۇ، ئىجارىگە بەرگۈچىنىڭ ئەتىيازدا بەرگەن ئۇرۇقى قايتۇرۇلىدۇ. ئاندىن قالغان ھوسۇلنى ئىجارىگە بەرگۈچى بىلەن ئىجارىگە ئالغۇچى تەڭ بۆلۈشۈۋالىدۇ. شەھەر ئىچى قاتارلىق ئاھالىسى زىچ، يېرى ئاز جايلاردا ۋە كارىز سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان جايلاردا، كۆپىنچە، ئىجارىگە بەرگۈچى يەر، سۇ ياكى ئۇرۇقنىلا بېرىدۇ. ئادەم كۈچى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىجارىگە ئالغۇچى چىقىرىدۇ. ھوسۇلدىن يەر بېجى چىقىرىۋېتىلىپ، قالغان قىسمىنى ئىجارىگە بەرگۈچى بىلەن ئىجارىگە ئالغۇچى ئىككى تەرەپ تەڭ بۆلۈشۈۋالىدۇ. ئۇلانبۇلاق قاتارلىق ئايرىم جايلاردا، ئىجارىگە بەرگۈچى بىلەن ئىجارىگە ئالغۇچى ئىككى تەرەپ چىقارغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ قانچىلىكلىكىگە قاراپ، مەھسۇلاتنى ئۈچ - يەتتە ئۈلۈش ياكى تۆت - ئالتە ئۈلۈش بويىچە بۆلۈشىۋالىدۇ. ئورتاقچى يەر تېرىيدىغان ئىجارىكەشلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەللىق تاپاۋىتى بىلەن جېنىنى بېقىپ كېتەلمەيدۇ، دېھقانچىلىقتىن بوشىغان ۋاقىتلىرىدا قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، پارچە - پۇرات ئىش قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. مەسىلەن، شەھەر ئىچىنىڭ 2 - يېزىسىدىكى ياچى دېھقان ما × نىڭ 21 مو يېرىنى ئورتاق تېرىغان. ما × يەر، سۇ، ئۇرۇقنى بەرگەن، كۆزلۈك يەر ئاغدۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان. ياچى دېھقان بولسا، ئەمگەك كۈچى، ئۇلاغ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئوغۇت چىقارغان. ئومۇمىي ھوسۇلدىن ئۇرۇق ۋە يەر بېجىنى چىقىرىۋېتىپ، ئىككى تەرەپ 5·7 دادەندىن بۇغداي، 2·15 دادەندىن كۆك پۇرچاق، 0·8 دادەندىن ئاق قوناق بولۇپ، جەمئىي 8·65 دادەندىن ئاق ۋە قارا ئاشلىق بۆلۈشۈۋالغان. سەككىز جانلىق بىر ئائىلىگە يىلىغا يېمەكلىك ئۈچۈنلا ئون دادەن ئاشلىق كېتىدىغان بولغاچقا، يېتىشمىگەن قىسمىنى قىشتا ئوتۇنچىلىق قىلىش، پارچە - پۇرات ئىش قىلىش ئارقىلىق تولۇقلىغان.

ئورتاقچىلىق كۆپىنچە پومېشچىك، باي دېھقان، ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى،

ئاز يېرىنى باشقۇرغۇچىلار بىلەن كەمبەغەل دېھقان، يالانما دېھقان، ئىجارىكەش ئوتتۇرا دېھقان قاتارلىق يېرى ئاز، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى يېتىشمەيدىغانلار ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئايرىم ھاللاردا كەمبەغەل دېھقانلار،ئوتتۇرا دېھقانلار، ھەتتا ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئورتاقچىلىق ھەمكارلىشىش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ.

## (2) مۇقىم ئىجارە (ئۆلۈك ئىجارە)

بۇ، ناھىيە بويىچە ئورتاقچىلىقتىن قالسا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، خېلى كەڭ تارقالغان بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يەر ئىجارىسى مۇقىم بولۇپ، ھوسۇلنىڭ مول بولۇشى ياكى كېمىيىپ كېتىشى بىلەن ئۆزگەرتىلمەيدۇ. ئىجارىگە بەرگۈچى يەرنىلا بېرىدۇ (كارىز يەرلىرىدە سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىجارىگە بېرىدۇ)، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى، ئادەم كۈچىنى، ئىجارىگە ئېلىنغان يەرنىڭ بېجىنى، ئالۋان ـ ياساقلارنى پۈتۈنلەي ئىجارىگە ئالغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ. تۇپراق سۈپىتىگە قاراپ ئىجارە ھەققى پەرقلىق بولىدۇ. شەھەر ئەتراپىغا ئوخشاش جايلاردا ھەر مو يەرنىڭ ئىجارىسى يۇقىرى دېگەندە يەتتە ـ سەككىز كۈرىدىن بىر دادەنگىچە بولىدۇ، شەھەر ئىچىنىڭكىدەك ئوتتۇراھال يەرلەرنىڭ ئىجارىسى ئىككى ـ ئۈچ كۈرە بولىدۇ؛ تاشيېلىقنىڭكىدەك يەرلەرنىڭ تۆۋەن بولۇپ، بىر ـ ئىككى كۈرىدىن بىر نەچچە شىڭغىچە بولىدۇ. ئادەتتە ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 50 — 80 پىرسەنتىنى ئىجارىگە بەرگۈچى ئېلىپ كېتىدۇ، ئايرىم جايلاردا بۇ ساندىنمۇ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولىدۇ. مەسىلەن، تاشيېلىقنىڭ چىڭدۇڭ دېگەن يېرىدىكى ئىجارىكەش ئوتتۇرا دېھقان يىن شەننىڭ ئائىلىسىدە چوڭ ـ كىچىك سەككىز جان بار، ئۇلاردا پۈتۈن ئەمگەك كۈچىدىن ئىككىسى، بىر جۈپ كالا، ئىككى ئات، بىر ياغاچ ھارۋا، ئىككى ئېشەك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى تولۇق. ئۇلار پومېشچىك شۇ فانىڭ 40 مو بىرىنچى دەرىجىلىك يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان، (يەر دەپتىرىگە 70 مو قىلىپ تىزىملانغان)، ئىجارىسى ئۈچ دادەن ئاشلىق قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى 12 مو يەرنى ئۇلار شۇ فاغا ھەقسىز تېرىپ بەرگەن (پومېشچىك پەقەت ئۇرۇقنى چىقارغان، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىجارىگە ئالغۇچى ئۈستىگە ئالغان، ھوسۇلنىڭ ھەممىسى پومېشچىككە مەنسۇپ بولغان)، بۇ 12 مو يەردىن 13 دادەن بۇغداي چىققان، قالغان 28 مو يەردىن 20.2 دادەن ھوسۇل ئېلىنغان (16 دادەن بۇغداي، تۆت دادەن تېرىق، ئىككى كۈرە زىغىر چىققان). ئىجارىگە ئۈچ دادەن، يەر بېجىغا 3.75 دادەن، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋىنىغا 0.28 دادەن، ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ھەققىگە 0.6 دادەن، ئىشلەتكەن ھارۋا ھەققىگە 1.8 دادەن بولۇپ، جەمئىي 9.43 دادەن ئاشلىق چىقىم قىلىنغان (ئىككى دادەندىن كۆپرەك ئۇرۇق بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى). ئۆزىگە 10.77 دادەن ئاشلىق قالغان. بىر يىللىق كىرىمى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە يەتكەن. باشقا چىقىملارنى قىشتا ياغاچ توشۇپ پۇل تېپىش ئارقىلىق ھەل قىلغان.

### (3) تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە سۇنى ئىجارىگە ئېلىش

يېزىلاردا يېرى ئاز بەزى كەمبەغەل دېھقانلار ۋە بىر قىسىم ئوتتۇرا دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى، سۇ شارائىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن تۆۋەن ھوسۇل ئالغان. شۇنىڭ بىلەن، بەزى يېزىلاردا تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى ۋە سۇنى ئىجارىگە بېرىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كەلگەن. تاشۇيلىقتا بىر جۈپ كالىنىڭ تېرىقچىلىق مەۋسۇمىدىكى ئىجارە ھەققى ئىككى ـ ئۈچ دادەن بۇغداي بولغان. تۇپرىقى ئۇنۇمسىز، ئالۋان ـ ياسىقى ئېغىر، سۇيى قىس بولغان جايلاردا، ئىجارىگە بەرگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى يېرى كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشى بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئۇرۋال قىلىپ، سۇيىنى ئىجارىگە بەرگەن ھەم ئالۋان ـ ياساقنىمۇ باشقىلارغا دۆڭگەپ قويغان.

### (4) ئىجارىگە بېرىش ـ ئىجارىگە ئېلىش مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ھەددىدىن زىيادە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش

ئىجارىكەشلەر ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىجارىگە بەرگۈچىلەرگە ئۆي رېمونت قىلىپ بېرىش، ئوتۇن ئەكىلىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى دائىم ھەقسىز قىلىپ بېرىدۇ. چوڭ پومېشچىكلار كۆچىنى پەش قىلىپ ئۆز مەيلىچە ئىجارە ھەققىنى كۆپەيتىدۇ ياكى يېرىنى تارتىۋالىدۇ ۋە ياكى ياخشى يەرنى ناچار يەرگە ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ، ئىجارە ھەققىنى چوڭ كۆرىدە ئالىدۇ. ئىجارىكەشلەرنى ئۇرىدىغان، تىللايدىغان، ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىدىغان، ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىشلارمۇ دائىم سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار شەھەر ئىچى رايونىدا بىرقەدەر ئېغىر.

### 2) ياللاپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش

#### (1) يىللىقچى

شەھەر ئىچىدەك ئاھالىسى زىچ جايلاردا يىللىقچىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا، خوجايىن يېمەك ـ ئىچمەكىنى كۆتەرگەندىن باشقا، يەنە ئالتە دادەن بۇغداي بېرىدۇ. ئادەتتە، يەيدىغان تاماق، ئولتۇرىدىغان ئۆي، بىر قىسىم كىيىم ـ كېچەك (يىلدا بىر يۇرۇش يالاڭ كىيىم، بىر جۈپ ئۆتۈك، ئۈچ يىلدا بىر جۇۋا) بەرگەندىن باشقا، يىللىق ئىش ھەققىگە تۆت دادەن بۇغداي بېرىدۇ. يىللىقچى سايمانلارنى بۇزۇپ قويسا، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئىشتىن قېپقالسا، ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىنىدۇ. يىللىق‍ـ

چىلار يىل بويى جاپا چەكسىمۇ قورساقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيدۇ، دۈمبىسى ئىسسىغۇدەك كىيىم كىيەلمەيدۇ، تاپقان پۇلى ئۆيدىكى بالىلىرىنى بېقىشقا يەتمەيدۇ. ئاپەتكە ئۇچراپ كەتسە دائىم ھېچنېمە ئالالمىغانلىقى ئۈستىگە قەرزدار بولۇپ قالىدۇ.

تاشۋېلىق قاتارلىق جايلاردا يىلىلىقچىغا ئىش ھەققى بەرمەي، يەتتە مودىن ئون موغىچە يەرنى تېرىۋېلىشقا بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار، ئادەتتىكى يىلىلىرى ئۇ يەردىن ئالتە ـ يەتتە دادەن ئاشلىق چىقىدۇ.

## (2) قۇللار

قۇللار ئادەتتە «بېقىۋالغان بالا» دېيىلىدۇ (ئوغۇللارمۇ، قىزلارمۇ بولىدۇ)، ئۇلار سېتىۋېلىنغان ياكى بۇلاپ كېلىنگەن. بۇنداق ئەھۋال شەھەر ئىچى، راھەتباغ ئەتراپلىرىدا كۆپرەك. بۇنداق كىشىلەر ماھىيەتتە كىشىلىك ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان قۇللار بولۇپ، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىدا ياكى ئۆمۈر بويى خوجايىنغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدۇ، بەزىلىرى بىرنەچچە ئون يىل ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ قېرىپ ئاجىزلاشقاندا خوجايىن ئۇنىڭغا ئايال قۇلنى چېتىپ قويىدۇ، ياكى بىرنەچچە مو يەر بېرىپ ئۆي ئايرىپ قويىدۇ. 1951 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، شەھەر ئىچىنىڭ ئىككىنچى يېزىسىدا 30 ئۆيلۈك پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ گەنسۇدىن سېتىۋېلىپ كەلگەن 36 قۇلى بار ئىكەن.

## (3) ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش

بۇنداق ئەھۋال ناھىيە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇد. ئىچ كۈيئوغۇل بولغۇچى ئۆي ئىگىسىگە بىرنەچچە يىل ياكى بىرنەچچە ئون يىل ھەقسىز ئىشلەپ بەرگەندىن كېيىن توي قىلىپ قويىدۇ. شەھەر ئىچى، راھەتباغ قاتارلىق ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا سېتىۋالغان ئايال قۇللىرىغا ئىچ كۈيئوغۇل قىلىش ئادىتى كۆپرەك؛ خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا بولسا، ئۆز قىزىغا ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش ئادىتى كۆپرەك.

## 3) جازانە ئېكسپلاتاتسىيىسى

بۇ خىل ئېكسپلاتاتسىيە، ئاساسەن، خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ياكى مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مەۋجۇد. پۇل ياكى ماددىي بۇيۇم جازانىسىدا، يىللىق ئۆسۈم ئادەتتە 50% بولىدۇ. ئەگەر شۇ يىلى جازانىنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى تۆلەپ كېتەلمىسە، ئۆسۈم دىرىگە ئايلىنىپ، ئۆسۈمگە ئۆسۈم قوشۇلىدۇ، كىشىلەر بۇنى «تۈگىمەس قەرز» دېيىشىدۇ.

### 4) ھاشار

دېھقانلار يەر بېجى تاپشۇرغاندىن باشقا، ھۆكۈمەتنىڭ ھاشىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئاساسلىقى، ئائىلە بويىچە ئوتۇن ـ سامان بېرىدۇ، ئادەم كۈچى، ئات، ھارۋا چىقىرىدۇ. تاشۋېلىق قاتارلىق جايلاردا، يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان قارا خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ۋە بىر قىسىم ئىش بېجىرىش خىراجىتىمۇ دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن، يەر بېجىدىن باشقا، ھەر مو يەرگە ئۈچ يېرىم ئوچۇم غەللە تاپشۇرىدۇ. پومېشچىكلار كۈچىگە تايىنىپ ھاشاردىن قۇتۇلغاچقا ياكى تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ھاشارنى باشقىلارغا ئارتىپ قويغاچقا، نامرات دېھقانلارنىڭ سېلىقى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. مۇسۇلمان دېھقانلارنىڭ دىنىي سېلىقمۇ ناھايىتى ئېغىر.

## 2. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش

باسمىچىلارنى تازىلاش ۋە جەمئىيەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشىشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن ناھىيىدە جەمئىيەت تەرتىپى تەدرىجىي تىنىچلاندى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئامما ئىچىدىكى ئىناۋىتى كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، دېھقانلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۈزۈل ـ كېسەل قەد كۆتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى. بولۇپمۇ 1950 ـ يىلى قىشتا چاڭخۇ يېزىسىدا سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئاممىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش تەلىپى تېخىمۇ كۈچەيدى.

ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى 1951 ـ يىل 6 ـ ئايدا باشلاندى. ئالدى بىلەن ناھىيە، رايون، يېزا كادىرلىرىدىن 90 ئادەم، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدىغان يېزا، كەنت كادىرلىرىدىن 25 ئادەم ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇلار بىر ئاي مەركەزلىك ھالدا ئۆگىنىش قىلدى ۋە تەربىيىلەندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىياسەت ۋە ئۇسۇل ھەققىدە باشلانغۇچ تونۇشقا ئىگە بولدى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيىلىك دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى، ئاياللار ۋەكىللىرى يىغىنى ۋە ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشقا دائىر سىياسەتلەرنى ئۆگەندى، ئاممىنىڭ تەلىپىنى ئىنكاس قىلدى، بۇنىڭ بىلەن، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش قارارى ۋۇجۇدقا كەلدى ھەمدە ۋەكىللەر يېزىلاردا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. تەربىيىلەنگەن كادىرلار 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بەش خىزمەت ئەترىتىگە ئۇيۇشۇپ، شەھەر ئىچى رايونىنىڭ ئىككى يېزا، بىر مەمۇرىي كەنتكە، ئۈچىنچى يېزىنىڭ قاراڭلا كەنتكە، بىرىنچى يېزىنىڭ يالاڭكارىز كەنتكە، تۆتىنچى يېزىنىڭ قاراتال كەنتكە ۋە شەھەر رايونىنىڭ غەربىي كۆكتاتچىلىق كەنتكە بېرىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى

تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ سىناق خىزمىتىنى ئىشلىدى. بۇ خىزمەت 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى تۈگىدى.

سىناق نۇقتىلىرىدا تەجرىبىگە ئىگە بولغان ئاساستا، 1951 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 363 نەپەر كادىر (يەرلىك كادىر 188 نەپەر، ئارمىيە كادىرى 105 نەپەر، شتات سىرتىدىكى كادىر 70 نەپەر) ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تىيانشان رايونىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق يېزىلىرى ۋە شەھەر رايونىنىڭ تۆت بازىرىدىن باشقا، 13 دېھقانچىلىق يېزىسى (شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي كۆكتاتچىلىق يېزىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەش يېزىدا، دېھقانچىلىق نوپۇسى 37 مىڭ 628 كىشىگە يېتىدىغان رايوندا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى.

ھەرىكەت بەش قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى: (1) تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش. خىزمەت ئەترەتلىرى كەنتلەرگە بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن شۇ كەنتتە يەرلەرنىڭ ئىگىلىنىش ئەھۋالى، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر، ئىجارىگە بېرىش ـ ئېلىش شەكىللىرى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەھۋالى، پومېشچىك ـ زومىگەرلەرنىڭ جىنايەتلىرى ۋە ھەرىكىتى، دېھقانلارنىڭ تەلەپلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى تەكشۈردى. (2) دېھقانلارغا سىنىپىي تەربىيە بېرىش. سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، كەمبەغەللەرنى زىيارەت قىلىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراش، ئومۇمىيۈزلۈك دەرد تۆكۈش، ئېكسپىلاتاتسىيە ھېساباتىنى قىلىش، «نامراتلىقنىڭ يىلتىزىنى قېزىش» قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق، بىر قىسىم نامرات دېھقانلاردىكى «پېشانىمىز شور»، «باي، نامراتنى خۇدا شۇنداق ياراتقان» دېگەندەك تەقدىرچىلىك ئىدىيىلىرى تۈگىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. (3) زومىگەر ـ پومېشچىكلارنى كۈرەش قىلىش. كەمبەغەل، يالانچى دېھقانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، باي دېھقانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇپ، قانۇنسىز پومېشچىكلار ۋە جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان زومىگەرلەرگە زەربە بېرىش سىياسىتى بويىچە، زومىگەرلەرگە داۋلى سۆزلەش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە ئۇلارغا ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەش بۇيرۇلدى، جىنايىتى ئېغىرلار ئۈستىدىن جىنايى ھۆكۈم چىقىرىلدى. (4) ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش. ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش نىسبىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى» بويىچە ئىجرا قىلىندى. مۇقىم (ئۆلۈك) ئىجارە، جانلىق ئىجارىگە قارىتا «25% نى كېمەيتىش»، «37.5 پىرسەنت» بويىچە ئۆلچەش، يەنى ئەسلىدىكى ئىجارە ھەققىدىن 25% نى كېمەيتىۋېتىش، ئىجارە ھەققى كېمەيتىلگەندىن كېيىن ئىجارىگە بەرگۈچىنىڭ ئالىدىغىنى ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 37.5 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ئورتاقچىلىقنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشتە، ئىجارىگە بەرگۈچىنىڭ كىرىمى ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 40 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك يولغا قويۇلدى. (5) تۇرلۇك تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىش، قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. 1952 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ

كۆنى ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى ئاخىرلاشتى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەڭ دېھقانلار تۇنجى قېتىم يېڭى جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن كونا جەمئىيەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە، زۇلۇم ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. زومىگەر پومېشچىكلارغا داۋلى سۆزلەش كۆرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن سۇندۇردى.

ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۆرىشىدە، دېھقانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان 91 زومىگەرگە جازا بېرىلدى (بۇ، پۈتۈن ناھىيىدىكى 294 ئۆيلۈك پومېشچىك، باي دېھقاننىڭ 31 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ). شۇنىڭ بىلەن بىللە قان قەرزى بولمىسىمۇ ئېزىش، ئىگىلىۋېلىش قىلمىشى بولغان 62 نەپەر پومېشچىك، باي دېھقان ئۈستىدىن داۋلى سۆزلەش كۆرىشى ئېلىپ بېرىلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسى ئارقىسىدا دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە قەد كۆتۈردى، ناھىيە بويىچە ئېكسپىلاتاتسىيە ھېساباتىدىن 40 مىڭ 606 دادەن (بۇغدايغا سۇندۇرۇلغان) ھېسابلاپ چىقىرىلدى. 13 مىڭ 730 دادەن ئاشلىق نەق تۆلىتىۋېلىندى. 2110 ئائىلە جەمئىي 9878 دادەن تۆلەم مېۋىسىگە ئىگە بولدى. بۇ، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.68 دادەندىن توغرا كېلىدۇ. 2801 دادەن ئاشلىق ھېسابىدىكى غەلىبە مېۋىسى 2888 ئۆيلۈك كەمبەغەل، ياللانما دېھقانغا، ھەربىيلەر ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ھەم ئاز ساندىكى ئوتتۇرا دېھقانلارغا تارقىتىلىپ بېرىلدى. بۇ، ھەر بىر ئائىلىگە 0.97 دادەندىن توغرا كەلدى. يەنە 1208 ئائىلىگە ئىجارە كېمەيتىشنىڭ پايدىسىدىن 1024 دادەن ئاشلىق تەگدى. بۇ، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.84 دادەندىن توغرا كەلدى.

كونا يەر خەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يېڭى يەر خېتى تارقىتىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئىجارە ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. نۇرغۇن كىشىلەر ئېرىشكەن غەلىبە مېۋىلىرىگە ئات ـ ئۇلاغ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەرەققىي قىلىپ زورايدى. ناھىيە بويىچە دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى تەرەققىي قىلىپ 8244 كىشىگە يەتتى. 18 يېزىدا ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. 316 نەپەر ياش ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى.

يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققالمىغان 12 نەپەر رايون ۋە يېزا باشلىقى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. 17 يېزىلىق ھۆكۈمەت كومىتېتى قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشتا پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى بىرقەدەر ئەستايىدىل ئىجرا قىلىندى. مەسىلىلەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەل قىلىندى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئايرىم جايلاردا «سول» چىللىق خاتالىقى يۈز بەردى. مەسىلەن: زەربە بېرىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ كېتىش، ھېساباتىنى بەك ئېغىر قىلىۋېتىش، شەكلى ئۆزگەرگەن ئۇرۇش، تىللاش، ھاقارەتلەش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بەردى. پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭقۇر بولمىغاچقا، كۆرەش قىلىنىۋاتقان ئايرىم ئۇبىيېكىتلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت جەمئىيەتنىڭ ھېسداشلىقىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئايرىلىپ قالدى. جىڭگىندە خىزمەت ئەترىتىدىكى ئايرىم كادىرلار پومىشچىك ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن بۇلغىنىپ كېتىپ، بۇزۇق ئادەملەر ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقتىن، كەمبەغەل دېھقان، ئوتتۇرا دېھقانلار خاتا كۆرەش قىلىنغان. شەھەر ئىچى رايونىدا زومىگەرلەردىن تۆلەتتۈرۈلگەن 40 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تۇتۇپ قېلىنىپ دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلمىگەن. ئايرىم رايون، يېزا كادىرلىرى ئامما ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان غالىبىيەت مېۋىلىرىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلغان. پارچە ـ پۇرات چىقىم، مېھمان چاقىرىش، كادىرلار ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى ئۈچۈن 1300 يۈەندىن كۆپرەك پۇلنى ئىشلىتىۋالغان. شەھەر ئىچى رايونىنىڭ 1 ـ يېزىسىدا بەزى كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلار تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى سېتىۋەتكەن ياكى سويۇپ يېگەن. بەزىلەر ئۆز يېرىنىڭ كۆكىنى سېتىۋېتىپ، 2 ـ قېتىملىق ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشتا ياكى يەر ئىسلاھاتىدا قايتىدىن غالىبىيەت مېۋىسىگە ئىگە بولۇشنى تەمە قىلغان.

### 3. يەر ئىسلاھاتى

ناھىيە بويىچە يەر ئىسلاھاتى 13 دېھقانچىلىق يېزىسى (شەھەر ئىچى رايونىنىڭ شەھەر ئىچى، يالاڭكارىز، راھەتباغ، بوغاز يېزىلىرى، ئاقيەر رايونىنىڭ ئاقيەر، پالۋانتۇر، ساقا يېزىلىرى، تاشبېلىق رايونىنىڭ تاشبېلىق يېزىسى، توغۇچى رايونىنىڭ ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارا دۆۋە يېزىلىرى، شەھەر رايونىنىڭ كۆكتاتچىلىق يېزىسى) دا، يەنى 33 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە رايوندا ئېلىپ بېرىلدى. غەربىي تاغنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق يېزىسى بىلەن تاشبېلىق رايونىنىڭ خوتۇنتام، شوپۇل يېزىلىرى، تىيانشان رايونىنىڭ نېرىن، قىزىلىيار، نېرناسى قاتارلىق ئالتە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق يېزىسىدا چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىدى.

ناھىيە بويىچە يەر ئىسلاھاتى 1952 ـ يىل 5 ـ ئايدا كادىرلارنى تەربىيىلەشتىن باشلاپ 1953 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر 10 ئاي داۋام قىلدى. بۇ خىزمەتكە يەرلىك كادىرلار، ئارمىيە كادىرلىرى، يېزىلاردىكى شتات

سىرتىدىكى كادىرلار بولۇپ 300 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

يەر ئىسلاھاتىدا ناھىيە بويىچە قايتىدىن 136 ئائىلە پومېشچىك، 42 ئائىلە باي دېھقان، 14 ئائىلە يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقان، 141 ئائىلە ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى ۋە ئاز يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى قىلىپ ئايرىلدى. جەمئىي 34 مىڭ 679 مو يەر مۇسادىرە قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 136 ئائىلىلىك پومېشچىكنىڭ 24 مىڭ 15 مو يېرى مۇسادىرە قىلىندى. 14 ئائىلىلىك يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقان، 99 ئائىلىلىك ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى ھەم سودا-سانائەتچى، شۇنىڭدەك ئىتتىپاق، كۆۋرۈك ۋە بۇتخانىلارغا تەۋە يەرلەردىن بولۇپ 10 مىڭ 664 مو يەر يىغدۇرۇلدى. 1416 ئېغىز ئۆي، 446 تۇياق تېرىلغۇ ئۇلىغى، 4857 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 96 مىڭ 122 جىڭ ئاشلىق مۇسادىرە قىلىندى. دېھقانلاردىن 4302 ئائىلە، 16 مىڭ 483 كىشىگە 31 مىڭ 504 مو يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ياللانما دېھقان 1251 ئائىلە، 3729 ئادەم بولۇپ، 8025 مو يەر تەقسىم قىلىندى. كەمبەغەل دېھقان 1574 ئائىلە بولۇپ، 6122 ئادەمگە 10 مىڭ 907 مو يەر تەقسىم قىلىندى. ئوتتۇرا دېھقان 894 ئائىلە بولۇپ، 4546 ئادەمگە 9148 مو يەر تەقسىم قىلىندى. ئۇششاق تىجارەتچى، شەھەر كەمبەغەللىرى قاتارلىقلار 583 ئائىلە بولۇپ، 2086 ئادەمگە 3424 مو يەر تەقسىم قىلىندى.

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ناھىيە ئاھالىسىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان يەرسىز، يېرى ئاز، كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلار ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 30.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ھەربىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.3 مودىن يەر توغرا كەلدى. ئەڭ كۆپ بولغاندا ھەر بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ مودىن، ئەڭ ئاز بولغاندا سەككىز پۇڭدىن يەر توغرا كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر مىللەت دېھقانلىرىغا 1280 ئېغىز ئۆي، 416 تېرىلغۇ ئۇلىغى، 5453 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 150 مىڭ 465 جىڭ ئاشلىق (بۇنىڭ ئىچىدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش-زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە تەقسىم قىلىپ ئېشىپ قالغان 54 مىڭ 343 جىڭ ئاشلىق بار) 1642 دانە ئۆي سايمىنى ۋە شەھەر ئىچىنىڭ 2-يېزىسىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش-زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە تەقسىم قىلىنىپ ئېشىپ قالغان نەرسىلەر باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. يەر ئىسلاھاتىدا يەردىن تارتىپ باشقا تۈرلۈك مال-مۈلۈككىچە ئىقتىسادىي جەھەتتىن پايدىغا ئېرىشكەن دېھقان 4760 ئائىلە، 21 مىڭ 510 كىشى بولۇپ، دېھقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 66 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ناھىيە بويىچە بەش رايون، 13 دېھقانچىلىق يېزىسىدا يېزىلىق ۋە كەنتلىك دېھقانلار جەمئىيىتى، گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يەر ئىسلاھاتى ئاخىرلاشقىچە ناھىيە بويىچە دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى

12 مىڭ 443 كىشىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 4298 كىشى يەر ئىسلاھاتىدا دېھقانلار جەمئىيىتىگە يېڭىدىن كىردى. دېھقانلار جەمئىيىتىگە ئەزا قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئېغىر خىيانەت قىلغان، ئىستىلى قەبىھ، مەيدانى تۇراقسىز ۋە خەلقنىڭ غەزىپى بىرقەدەر كۆچلۈك بولغان 45 كىشى دېھقانلار جەمئىيىتىدىن تازىلاپ چىقىرىلدى. ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، ئاما ئارىسىدا ئابرۇيى بار 239 نەپەر ئاكتىپ يېزا كادىرى قىلىپ تاللاندى. يېزىلاردا ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىلىرى 48 گە، ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى 205 كىشىگە يەتتى. يېزىلاردا تەشۋىقات تورلىرى ھەم مۇخبىرلىق گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، تەشۋىقاتچى 233 كىشىگە يەتتى. يەر ئىسلاھاتىدا 55 كىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، 207 كىشى يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى.

پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر ئىسلاھاتىدا مەركىزىي خەلق ھوكۇمىتى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر ئىسلاھاتى قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر بىرقانچە كونكرېت بەلگىلىمىسى» نىڭ روھى بويىچە كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، باي دېھقانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇش، قاۋلانسىز پومېشچىكلارغا زەربە بېرىش، فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈملىرىنى قەدەممۇقەدەم پەرقلىق ھالدا يوقىتىشتىن ئىبارەت توغرا لۇشيەن ئىزچىللاشتۇرۇلدى. چارۋىچىلىقنى، سودا، سانائەتنى قوغداش، باي دېھقان ئىگىلىكىنى ساقلاپ قېلىش، دىننى قوغداشتىن ئىبارەت سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. پومېشچىكلارنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىلا مۇسادىرە قىلىنىپ، باشقا چارۋىلىرى ساقلاپ قېلىندى. چارۋىچىلارنىڭ يېزىلاردىكى يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنمىدى. پومېشچىكلارنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇپ كەلگەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرى ساقلاپ قېلىندى، يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتىكى باي دېھقانلارنىڭ يەرلىرى يىغىۋېلىنمىدى. دىنىي ئورۇنلارنىڭ يەرلىرىگە قەتئىي تېگىلمىدى.

يەر ئىسلاھاتى دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. نۇرغۇن دېھقانلار ئىسلاھاتتا ئىگە بولغان غەلىبە مېۋىلىرىگە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋالدى. شەھەر ئىچى رايونىنىڭ 3-يېزىسىدىكى 5-كەنت ناھىيە بويىچە نامرات مەھەللىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ كەنتتە 86 ئائىلە، 450 ئادەم بار ئىدى. بۇ كەنت يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن (1953-1951) جەمئىي 11 دانە رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، 13 دانە تۆمۈر ھارۋا، 16 دانە ساپان، ئۈچ دانە تۆمۈر تىرنا، 288 دانە باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرى، 13 ئات، ئۈچ خېچىر، 11 ئۆكۈز سېتىۋالدى. پۈتۈن كەنتتە (پومېشچىكلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىنغان مەبلەغ 35 مىڭ 966 يۈەنگە يەتتى.

www.uyghurkitap.com

**شەھەر ئىچى رايونىنىڭ 2- يېزىسىدا ئازادلىقتىن ئىلگىرى يەر، ئۆي، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئىگىلىنىش ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى**

جەدۋەل 4—1

| تۈرلەر / سانى / تەركىبى | يالانما دېھقان | كەمبەغەل دېھقان | ئوتتۇرا دېھقان | ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى | باي دېھقان | يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقان | پومېشچىك | باشقىلار | هۆكۈمەت، بۇتخانا، مەسچىت يەرلىرى | ئومۇمىي سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئائىلە سانى | 55 | 219 | 188 | 54 | 5 | 1 | 45 | 62 | | 629 |
| ئومۇمىي ئائىلە سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 8.74 | 34.82 | 29.9 | 8.59 | 0.97 | 0.16 | 7.15 | 9.86 | | 100 |
| نوپۇس سانى (ئادەم) | 172 | 999 | 1227 | 177 | 19 | 2 | 275 | 341 | | 3212 |
| ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 5.35 | 31.1 | 38.2 | 5.51 | 0.59 | 0.06 | 8.56 | 10.61 | | |
| يەرى (مو) | 46.1 | 625.6 | 2136.5 | 706.9 | 108.5 | 37.5 | 4452.8 | 167.7 | 1473.3 | 9754.9 |
| ئومۇمىي تېرىلغۇ يەردە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 0.47 | 6.41 | 21.9 | 7.25 | 1.11 | 0.38 | 45.65 | 1.72 | 15.1 | 100 |
| ئۆيى (ئېغىز) | 24 | 374 | 537 | 97 | 14 | 2 | 361 | 120 | | 1529 |
| ئومۇمىي ئۆي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 1.57 | 24.46 | 35.12 | 6.34 | 0.92 | 0.13 | 23.61 | 7.85 | | 100 |
| تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى | 32.5 | 215 | 420.5 | 24.5 | 7 | .98 | 42.5 | | | 840 |
| ئومۇمىي ئۇلاغ سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 3.87 | 25.6 | 50.1 | 2.92 | 0.83 | 11.67 | 5.06 | | | 100 |
| دېھقانچىلىق سايمانلىرى: هارۋا | 2 | 32 | 129 | 1 | 3 | | 25 | 2 | | 194 |
| دېھقانچىلىق سايمانلىرى: باشقىلار (دانە) | 85 | 562 | 1188 | 122 | 22 | | 526 | 145 | | 2650 |

## شەھەر ئىچى رايونىنىڭ 2- يېزىسىدا يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن يەر قاتارلارنى ئىگىلىشىنى ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

جەدۋەل 4 — 2

| تۈرلەر / سانى / تۈركۈمى | ياللانما دېھقان | كەمبەغەل دېھقان | ئوتتۇرا دېھقان | ئاز يەرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى | باي دېھقان | يېرىم پومېشچىك شەكىلدىكى باي دېھقان | پومېشچىك | باشقىلار | ھۆكۈمەت، بۇتخانا، مەسچىت يەرلىرى | ئومۇمىي سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئائىلە سانى | 55 | 219 | 188 | 54 | 5 | 1 | 45 | 62 | | 629 |
| ئومۇمىي ئائىلە سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 8.74 | 34.82 | 29.9 | 8.59 | 0.79 | 0.16 | 7.15 | 9.86 | | 100 |
| نوپۇس سانى | 174 | 999 | 1227 | 177 | 19 | 2 | 275 | 341 | | 3214 |
| ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 5.41 | 31.1 | 38.2 | 5.51 | 0.59 | 0.06 | 8.56 | 10.61 | | |
| يېرى (مو) | 315.35 | 1842.35 | 2802.8 | 574.4 | 108.5 | 10 | 425 | 358 | 623.85 | 7060.25 |
| ئومۇمىي تېرىلغۇ يېردە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 4.47 | 26.09 | 39.7 | 8.14 | 1.54 | 0.14 | 6.02 | 5.07 | 8.84 | 100 |
| ئۆيى (ئېغىز) | 85 | 468 | 595 | 97 | 14 | 2 | 134 | 134 | | 1529 |
| ئومۇمىي ئۆي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 5.56 | 30.6 | 38.91 | 6.34 | 0.92 | 0.13 | 8.76 | 8.76 | | 100 |
| تارتقۇ ئۇلاغلىرى | 53 | 279 | 425 | 24 | 7 | | 5 | 47 | | 840 |
| ئومۇمىي ئۇلاغ سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 6.31 | 33.21 | 50.6 | 2.86 | 0.83 | | 0.6 | 5.59 | | 100 |
| دېھقانچىلىق سايمانلىرى: ھارۋا | 7 | 49 | 131 | 1 | 3 | | | | | 191 |
| دېھقانچىلىق سايمانلىرى: باشقىلار (دانە) | 194 | 827 | 1759 | 122 | 22 | 4 | 48 | 138 | | 3159 |

## §2. ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد بولدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى.

1951 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ بىر-بىرىگە ئۆتنە-يېرىم قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىندى. بۇ جەرياندا، لاپقۇتلىشىدىغان ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 250 نەچچىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپىلار، ئاساسلىقى، ئوت ئوتاش، ئوغۇت توپلاش ئىشلىرىنى ئىشلىدى. شۇ چاغدا بۇنىڭ ھەممىسى 30 نەچچە ياكى بىرەر يۈزدەك ئادەمدىن ئۇيۇشقان لاپقۇتلىشىش دۆيلىرى بولۇپ، نومۇر باھالىمايتتى، گۇڭ خاتىرىلىمەيتتى، گۆكمۇ قايتۇرمايتتى، كىمنىڭ ئۆيىدە ئىش قىلسا، شۇ ئۆيدە تاماق يەيتتى. بۇ خىل لاپقۇتلىشىش-ھەمكارلىشىش قىسمەن ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئاياللار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشمايدىغان ئادەتلەرنى بۇزۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن لاپقۇتلىشىش مۇۋاپىق بولماسلىق، ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولماسلىق، تەشكىللىنىش كېلەڭسىز بولۇش، ئىش ئاۋۇماي گۇڭ ئىسراپ بولۇشتەك ئەھۋاللار ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى.

1952 - يىلى «ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش، جۇڭگو خەلق پىدائىيى قىسىملىرىنى قوللاش» تىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى جەريانىدا، «ھەمكارلىق تەشكىللىرىدە ئۆزى ئىختىيار قىلىش-ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، دېموكراتىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇش» پىرىنسىپى تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش-كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى تەرەققىي قىلدى. ناھىيە بويىچە يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 4464 ى، پەسىل خاراكتېرىدىكى ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 789 ى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا قاتناشقان ئەر-ئايال ئەمگەك كۈچى 18 مىڭ 727 كىشىگە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق نوپۇسىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى قوزغىتىلدى. يېڭى شەكىلدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش ئىشلىرى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئايرىم جايلاردا ھەمكارلىشىش-كوپېراتسىيىلىشىشنى ئۇيۇشتۇرغاندا مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ گۇرۇپپا تۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولدى.

1953 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى 196 گە، پەسىل خاراكتېرىدىكى ۋاقىتلىق

گۇرۇپپىلار 1 مىڭ 16 گە يەتتى. تەشكىللەنگەن نوپۇس دېھقانچىلىق ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 40 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ناھىيىدىن نۇرغۇن كادىر يېزىلارغا تەشۋىق قىلىش ھەمدە ھەمكارلىشىش ـ كوپىراتسىيىلىشىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەندىن باشقا، ھەمكارلىق گۇرۇپپا باشلىقلىرى تورىكۇمىگە، مۇددەتلىك بۆلۈپ تەربىيىلەپ چىقىلدى. ھەمكارلىشىش ـ كوپىراتسىيىلىشىشنىڭ ئۈچ پىرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى شۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇ چاغلاردا ھامۇت ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى (ئاقيەردە)، ئابدۇللا باقى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى (يالاڭكارىزدا)، تېيىپ تايىر ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى (دۆربەجىندە)، ياڭ ماۋيۈەن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى (گۇڭشاڭدا)، يۇخۇەيچىڭ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى (بۇلۇڭتوغراقتا)، ۋاڭ رۇجى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى (شەھەر ئەتراپىدا) قاتارلىقلار بىرقەدەر داڭلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ئىدى.

1954 ـ يىلى كەڭ دېھقانلار ھەمكارلىشىش ـ كوپىراتسىيىلىشىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى بۇرۇنقىدەك «ئەتىيازدا تەشكىللىنىپ، يازدا تارقىلىپ كېتىدىغان، كېلەر يىلى ئەتىيازدا يېڭىباشتىن قۇرۇلىدىغان» ھالەتتىن ئۆزگىرىپ كۈنسايىن مۇستەھكەملىنىشكە باشلىدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا 1116 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى (بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 225، ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 891) قۇرۇلدى. 4958 دېھقان ئائىلىسى گۇرۇپپىلارغا قاتنىشىپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 61 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كۈزلۈك يىغىمدا 4224 ئائىلە قاتناشقان 698 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى مۇستەھكەملەندى. بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 49.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

پۈتۈن ناھىيىدە ھەمكارلىشىش ـكوپىراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلانغان ئاساستا، ناھىيىلىك پارتكوم 1954 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاقيەر رايونىنىڭ 2 ـيېزىسىنىڭ قىزىلىيۇلغۇن كەنتىدە «قىزىلبايراق» دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى (ۋۇشيۇشىپى مۇدىر بولدى) ۋە شەھەر ئىچى رايونىنىڭ 1 ـ يېزىسىدا جىيەنشىن دېھقانچىلىق كوپىراتىپى (شاھەدىن مۇدىر بولدى) نى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى. بۇ ئىككى باشلانغۇچ كوپىراتىپ پۈتۈن ناھىيىنىڭ كوپىراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىدە ئۈلگە ۋە تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينىدى.

1954 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 1955 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە، ناھىيىدىكى 13 دېھقانچىلىق يېزىسىدا ئىككى تۈركۈمدە 32 باشلانغۇچ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى قۇرۇلدى. ئىككى كونا كوپىراتىپ كېڭەيتىلدى. بۇ كوپىراتىپلاردىن توغۇچى رايونىدا 12 سى، شەھەر ئىچى رايونىدا توققۇزى، ئاقيەر رايونىدا 11 ى، تاشۆيلۈك رايونىدا بىرى، شەھەر ئەتراپى يېزىسىدا بىرى بولۇپ، شۇ چاغدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەممە يېزىلىرىدا كوپىراتىپلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە توغۇچى 1 ـ يېزىسىنىڭ ھەممە كەنتىدە كوپىراتىپ قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 982 ئۆيلۈك دېھقان كوپىراتىپقا كىرىپ، ئومۇمىي

دېھقان ئائىلىسى سانىنىڭ 11.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان كوپېراتىپلارنىڭ كىچىكلىرىگە 12 ئائىلە، ئەڭ چوڭىغا 39 ئائىلە قاتناشتى. «قىزىلبايراق»، «جىيەنشىن» دىن ئىبارەت ئىككى كونا كوپېراتىپ كېڭىيىپ، ھەر بىرىدىكى ئائىلە سانى 50 تىن ئاشتى، كوپېراتىپلارنىڭ بىر تۇتاش ئىگىلىكىدىكى يەر 19 مىڭ 202 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 13.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئەزالارغا قالدۇرۇلغان يەر 694 مو بولۇپ، كوپېراتىپقا قوشۇلغان يەر كۆلىمىنىڭ 3.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كوپېراتىپ ئىگىدارچىلىقىدا بىر كالا بولۇپ، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ 865 كالىسى، 58 ئېتى، 48 خېچىرىنى كوپېراتىپلار ھەق تۆلەپ ئىشلەتتى. كوپېراتىپ ئىگىدارچىلىقىدا چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن ئۈچ دانە رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، ئالتە دانە قوش چاقلىق، قوش چىشلىق سوقا، 28 سىيالكا ۋە بەيلو، تۆت دانە سۇ چىغرىقى بار ئىدى. ئەزالارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى 97 دانە رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، 20 دانە يېڭى شەكىلدىكى چىشلىق يالاڭ سوقا، 174 تۆمۈر ھارۋا، 100 ياغاچ ھارۋا، 371 دانە ساپان، بەيلو، تۇلۇق قاتارلىقلارنى كوپېراتىپ ھەق تۆلەپ ئىشلەتتى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى — كوپېراتىپ كومىتېتى بولۇپ (ئۈچتىن بەشكىچە كىشىدىن تەركىپ تاپتى)، ھەر بىر كوپېراتىپتا ئىككىدىن ئۈچكىچە مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر سايلاندى.

كوپېراتىپلاردىن باشقا، ناھىيىدە يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 417 سى بولۇپ، بۇنىڭغا 3048 ئائىلە قاتناشتى. بۇ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسى سانىنىڭ 35.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 358 ى بولۇپ، بۇنىڭغا 1804 ئائىلە قاتناشتى. بۇ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسى سانىنىڭ 21.07 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپا، كوپېراتىپ تەشكىللىرىگە قاتناشقان ئائىلە جەمئىي 5834 بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 68.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1955 - يىل 10 - ئايدا، پارتىيە 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنى «يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدا قارار» نى ماقۇللاپ ئېلان قىلدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرى كۆپىيىپ 88 گە، كوپېراتىپقا كىرگەن ئائىلە 2123 كە يەتتى. بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 28 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1956 - يىلى ئەتىيازدا، كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرى 121 گە، بۇنىڭغا قاتناشقان ئەزالار 6882 ئائىلىگە يەتتى. بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 88.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ كوپېراتىپ 60، ئەزالىرى 1714 ئائىلە بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 21.7

پىرسەنتىنى، ئالىي كوپىراتىپ 61، ئەزالىرى 5168 ئائىلە بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 66.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى 58، قاتناشقانلار 440 ئائىلە بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 5.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يەككە ئىشلەيدىغانلار 425 ئائىلە بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1957 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، كوپىراتىپقا ئايلاندۇرۇش، كوپىراتىپنى كېڭەيتىش، كوپىراتىپلارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ناھىيە بويىچە 94% ئائىلە ئالىي كوپىراتىپقا كىردى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئالىي كوپىراتىپلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئالىي كوپىراتىپ نىزامنامىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ يېرى كوپىراتىپ كوللېكتىپىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، يەرگە ھەق بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؛ تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كوپىراتىپنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەققىنى كوپىراتىپ مۇددەتلىك بۆلۈپ قايتۇرىدۇ؛ كوپىراتىپ ئەزالىرى كوللېكتىپ ئەمگىكىگە قاتناشقاندا ئىشقا باغلىنىپ، نومۇر خاتىرىلىنىپ، ئەمگىكىگە يارىشا ھەق تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ؛ كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ پارچە - پۇرات دەل - دەرەخلىرى، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلار شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. كوپىراتىپ ھەربىر ئائىلىدىكى جان سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئازراق قالدۇرۇق يەر بېرىدۇ (ھەر ئادەمگە بىر پۇڭ ئەتراپىدا)، بۇ يەر ئۇزۇن مۇددەتكىچە كوپىراتىپ ئەزالىرى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە مەنسۇپ بولىدۇ؛ كوپىراتىپ ئەزالىرى ئۆي قۇشلىرىنى، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشقا ۋە باشقا ئائىلە قوشۇمچە كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدۇ، بۇنىڭ مەھسۇلات كىرىمى ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدۇ. كوپىراتىپ ئەزالىرى يىغىنى ياكى قۇرۇلتىيىدا باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە كوپىراتىپ مۇدىرلىرى سايلىنىدۇ، كوپىراتىپنىڭ قارمىقىدا ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ياكى ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش يولىغا قويۇلىدۇ.

مۇستەھكەملەش جەريانىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كوپىراتىپلىشىش سۈرئىتى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭكىدىن ئاستا بولدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، چارۋىچىلىقنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى ئىجرا قىلىندى. فېئوداللىق ئىمتىيازنى ئەمەلدىن قالدۇرغان چارۋىدارلار سىنىپىغا قارىتا كۈرەش قىلماسلىق، مال - مۈلكىنى تەقسىم قىلماسلىق، سىنىپىي تەركىب ئايرىماسلىق سىياسىتى قوللىنىلدى، كوپىراتىپلىشىش سۈرئىتى تېخىمۇ ئاستا بولدى.

1956 - يىلى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 34 يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق كوپىراتىپى بارلىققا كەلدى. شۇ يىلى كوپىراتىپنى كېڭەيتىش، بىرلەشتۈرۈش، باشلانغۇچ كوپىراتىپنى ئالىي كوپىراتىپقا ئايلاندۇرۇش ئار-

www.uyghurkitap.com

تىلىق سەككىز ئالىي كوپېراتىپ، 21 باشلانغۇچ كوپېراتىپ مەيدانغا كەلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ساپ چارۋىچىلىق كوپېراتىپىدىن ئۈچى بار). كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان، چارۋىچى ئائىلىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 6[illegible] پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ساپ چارۋىچى ئائىلىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى كوپېراتىپقا كىرمىدى. چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرى چارۋىلارنى پايغا سۇندۇرۇپ كوپېراتىپقا قوشۇش، كىرىمنى پايغا قاراپ تەقسىم قىلىش، مالنىڭ چىشىنىڭ چوڭلىقىدىن بولغان پايدىسىنى ھېساب قىلماسلىق، قالدۇرۇق چارۋا ئومۇمىي چارۋىنىڭ 15 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

1958- يىل 5- ئايدا، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرى 103 كە، كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان، چارۋىچى 9861 ئائىلىگە يېتىپ، ئومۇمىي دېھقان، چارۋىچىلار ئائىلىسىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق كوپېراتىپى 73، قاتناشقانلار 8524 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق كوپېراتىپى 22، قاتناشقانلار 1066 ئائىلە بولۇپ، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 67 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. چارۋىچىلىق كوپېراتىپى يەتتە، قاتناشقانلار 271 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي چارۋىچى ئائىلىلىرىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، يەتتە چارۋىچىلىق كوپېراتىپىدىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئالىي كوپېراتىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شوپۇل، تىميانشان، قويلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇندا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى.

كۆپ ساندىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرىدا مەھسۇلات ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى كوپېراتىپلاردا پىلانلىق باشقۇرۇش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك ناچار بولۇش، مالىيە ئىشلىرى قالايمىقان بولۇش، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولماسلىقتەك مەسىلىلەرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇد بولدى. 1956- يىلى قىشتىن 1957- يىلى ئەتىيازغىچە ناھىيە بويىچە كوپېراتىپتىن چېكىنىپ چىقىش شامىلى پەيدا بولدى. تەربىيە بېرىپ نەسىھەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە، 296 ئائىلە (كۆپ قىسمى يۇقىرى، ئوتتۇراھال دېھقانلار) كوپېراتىپتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى، بۇ، كوپېراتىپقا كىرگەن ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ تۆت پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرىدىمۇ 24% ئەزا كوپېراتىپتىن چىقىپ كەتتى.

## 3§. خەلق گۇڭشېسى

1958 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «يېزىلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار» نى ئېلان قىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا كادىر ئەۋەتىپ، كەڭ تۈردە تەشۋىق ھەم سەپەرۋەر قىلدى. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە بولغان ئالتە كۈن ئىچىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» شەكلىدە ھە - ھۇ

بىلەن ناھىيە بويىچە «شەرق شامىلى» (پالۋانتۇر)، راكېتا (راھەتباغ، بوغاز، شەھەر ئىچى)، قىزىلىيۇلتۇز (ئاستانە)، قىزىلبايراق (شەھەر ئەتراپى)، قىزىللىشىش - ئىختىساسلىشىش (قارا دۆۋە)، ئاۋانگارت (توغۇچى)، ئالغا (بۇلۇڭتوغراق) قاتارلىق يەتتە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. خەلق گۇڭشېلىرىغا 6368 ئائىلە، 30 مىڭ 623 ئادەم ئەزا بولدى. بۇ، مۇشۇ جايلاردىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 98.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئەينى چاغدىكى شەھەرنىڭ تۆت بازىرىدىمۇ خەلق گۇڭشېسىدىن تۆتى قۇرۇلدى. 1959 - يىلىنىڭ باشلىرى تاشۋىلىق، غەربىي تاغ، تىيانشان، يەتتەقۇدۇق (يۇقىرى ئۆرلەش) لارمۇ خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇنداق قىلىپ، ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېسى ئومۇملاشتۇرۇلدى.

خەلق گۇڭشېسىدا ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلىكى يولغا قويۇلدى. گۇڭشې ئەزالىرى قۇرۇلتىيى، يەنى خەلق قۇرۇلتىيى گۇڭشېنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى ھېسابلاندى. خەلق قۇرۇلتىيىدا بارلىققا كەلگەن گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلىدە قۇرۇلتاينىڭ ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزدى. قۇرۇلتايدا يەنە گۇڭشې نازارەت قىلىش كومىتېتى بارلىققا كەلدى.

1958 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، شەرق شامىلى (پالۋانتۇر) گۇڭشېسىدا تاماق بىلەن تەمىنلەش، ئاساسىي مائاشقا مۇكاپات قوشۇپ بېرىش تۈزۈمى ئالدى بىلەن يولغا قويۇلدى. تاماق بىلەن تەمىنلەشتە، ئەزالارنىڭ تاماققا كېتىدىغان بارلىق ئاشلىق، ماي، گۆش، كۆكتات، ئوتۇن، شۇنىڭدەك دورا - دەرمەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى گۇڭشې ئۈستىگە ئالدى، تاماققا پۇل ئالمىدى. ئاساسىي مائاش 80% نى، مۇكاپات مائاشى 20% نى ئىگىلەش نىسبىتى بويىچە مائاش تارقىتىلدى. مائاش جەمئىي يەتتە دەرىجىگە بۆلۈنۈپ، بىرىنچى دەرىجىلىك مائاش ئېيىغا 2.60 يۈەندىن، يەتتىنچى دەرىجىلىك مائاش ئېيىغا 11.00 يۈەندىن تارقىتىلدى.

11-ئاينىڭ 26-كۈنى، شەرق شامىلى گۇڭشېسى تەمىنلەش دائىرىسىنى يەنە كېڭەيتتى. گۇڭشې ئەزالىرىغا قارىتا «توققۇزنى ھۆددىگە ئېلىش» يولغا قويۇلدى، بۇلار تۆۋەندىكىچە: (1) تاماقنى ھۆددىگە ئېلىش — ئۆز دۆيىدە تاماقنى بەلەت تاپشۇرماي نورمىسىز يېيىش؛ (2) كىيىم - كېچەك تىكىشنى ھۆددىگە ئېلىش — كىيىم - كېچەكنى ھەقسىز تىكىپ بېرىش؛ (3) توي - تۆكۈننى ھۆددىگە ئېلىش — گۇڭشې ئەزالىرى توي قىلسا توي قىلغۇچىنى ئاشخانا 10 جىڭ گۆش، ئۈچ جىڭ ماي بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش؛ (4) تۇغۇت بېقىشنى ھۆددىگە ئېلىش — تۇغۇتلۇق ئاياللارغا 45 كۈن ھاردۇق بېرىش ھەمدە ئىككى توخۇ، 30 دانە تۇخۇم، بىر جىڭ شېكەر، بىر بولاق قەغەز ياردەم بېرىش؛ (5) يەسلىدە بالا بېقىشنى ھۆددىگە ئېلىش — ئۇششاق بالىلارنى يەسلىگە ھەقسىز قوبۇل قىلىش؛ (6) ئوقۇتۇشنى ھۆددىگە ئېلىش — مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۇلى تاپشۇرماسلىق؛ (7) چاچ ئېلىشنى ھۆددىگە ئېلىش — ھەقسىز چاچ ئېلىش؛ (8) ياشانغانلارنى بېقىشنى ھۆددىگە ئېلىش — تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارنى، 60 ياشتىن ئاشقان ئەرلەر، 55 ياشتىن ئاشقان ئاياللارنى گۇڭشېنىڭ بەخت باغچىسىغا

قوبۇل قىلىش، ئۇلارغا زۆرۈر كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئولتۇراق ئۆي قاتارلىقلارنى گۇڭشې ھۆددىگە ئېلىش؛ (9) ئۆلۈم ئۇزىتىشنى ھۆددىگە ئېلىش، گۇڭشې ئەزالىرى ئۆلگەندە ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئۆلۈك ساندۇقى ياكى كېپەنلىك رەخت بېرىش.

11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ناھىيىلىك پارتكوم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ناھىيە بويىچە، گۇڭشېلاردا 1959 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ يېرىم تەمىنلەش، يېرىم ئىش ھەققى تۈزۈمى (يەنى دەرىجىلىك مائاش تارقىتىش، پۇل تۆلىمەي تاماق يېيىش) نى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بىراق بەزى گۇڭشېلارنىڭ مائاش تارقىتىشقا قۇدرىتى يەتمىدى. كۆپ ساندىكى گۇڭشېلارمۇ بىر نەچچە ئاي مائاش تارقىتىپ جۇغلانما تۈگەپ، مالىيە مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، مائاش تارقىتىشنى توختىتىپ قويدى. ئاممىۋى ئاشخانىنى ئاساس قىلغان تەمىنلەش تۈزۈمىمۇ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، باشقۇرغانسېرى بەتتەرلىشىپ كەتتى.

«بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي» بولۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، گۇڭشې قۇرۇلغاندىن كېيىن، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق چارۋا، باغ، دەل - دەرەخ، كىيىم تىكىش ماشىنىسى قاتارلىقلار باھاغا سۇندۇرۇلۇپ گۇڭشېغا يىغىۋېلىندى. كۆپلىگەن گۇڭشېلار ئەزالارنىڭ كىچىك تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ھەم قازان - قومۇچلىرىنىمۇ ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىۋالدى، گۇڭشې، دۈيلەرنى ئاتلاپ كەڭ تۈردە ھەمكارلىشىپ، ھەق بىلەن ھېسابلاشماي ئىشلەپ بەرگەنلەرگە ھەق قايتۇرمىدى. مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش چەك - چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خالىغانچە تەڭشەپ يۆتكىدى. ناھىيە بويىچە «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» نى چىقىرىپ تەڭشەپ يۆتكەپ ئىشلەتكەن كوللېكتىپ، شەخسلەرنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنىڭ باھاغا سۇندۇرۇلغان قىممىتى 1 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەربىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 106.5 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1959 - يىلىنىڭ باشلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك جېڭجۇ يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دۈينى ئاساس قىلىش؛ دەرىجىلەر بويىچە باشقۇرۇپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش؛ ئۈچ دەرىجىلىك ھېسابات قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى ھېسابلاش؛ تەقسىمات پىلانىنى گۇڭشېلار بېكىتىش؛ مۇۋاپىق تۈردە جۇغلانما توپلاپ، مۇۋاپىق تەڭشەش؛ ماددىي بۇيۇم بىلەن ئەمگەكنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش؛ ئەمگەككە يارىشا ھەق بېرىش، پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلىش فاڭجېنى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، گۇڭشېنىڭ مال - مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى. دۆلەت ئورگانلىرى ھەم كارخانىلار گۇڭشې ئەمگەك كۈچلىرىنى ھەقسىز ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللار چەكلەندى، گۇڭشېلار ئارا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشىدا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلدى. گۇڭشې ئىگىلىۋالغان ئەزالارنىڭ ئۆيلىرى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىلدى ياكى ئەزالارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئومۇمغا ئۆتكەن

قازان ـ قومۇچلار، ئۆي جاھازلىرى، ئەسۋاب ـ جابدۇق، مادىي نەرسىلەر مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرۇلدى ياكى باھاغا سۇندۇرۇپ پۇل قايتۇرۇلدى، ئەزالارغا زۆرۈر بولغان قالدۇرۇق چارۋىلار ئۆزلىرىگە قايتۇرۇلدى. بىر يەرگە توپلاپ بېقىلىۋاتقان ئۆي قۇشلىرى، چوشقا قاتارلىقلارمۇ ئەزالارغا قايتۇرۇلدى. ئەزالارنىڭ ئوغۇتلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ دۇيگە سېتىۋېلىندى.

1961 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېت «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ نىزامى» ۋە «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇق» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ، ئەزالارغا ئاز مىقداردا قالدۇرۇق يەر بېرىشكە ھەم ئائىلە قوشۇمچە كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويدى، ئاممىۋى ئاشخانا ھەم ئاشلىق تەقسىماتىدىكى تەمىنات تۈزۈمىنى توختاتتى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپلىقى دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلدى.

1962 ـ يىل 9 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» (قىسقارتىپ «60 ماددا» دېيىلىدۇ) غا مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزدى. «60 ماددا» دا ئىشلەپچىقىرىش دۇيى خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىپ بېكىتىلدى. پۈتۈن ناھىيىدىكى گۇڭشېلار بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىنى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلغان تۈزۈلمىنى تېزلىك بىلەن بېكىتتى. ئىشلەپچىقىرىش دۇيى دائىرىسىدە تېرىقچىلىق پىلانىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكەتلىرىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش، ئەمگەك كۈچلىرىنى بىر تۇتاش يۆتكەش، دارامەتنى يىل ئاخىرىدا بىر تۇتاش ھېسابات قىلىش يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىدە گۇڭ باھالاپ نومۇر خاتىرىلەش، ئەمگىكىگە يارىشا تەقسىم قىلىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش، ئىشلىمىگەنلەر چىشلىمەسلىك پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدە يىللىق ياكى پەسىللىك ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. گۇڭ باھالاپ نومۇر خاتىرىلەش ئىشى، ئادەتتە، گۇرۇپپىلاردا ئېلىپ بېرىلدى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 11 گۇڭشې، 88 دادۈي، 287 ئىشلەپچىقىرىش دۇيى بار ئىدى.

## §4. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىش، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش، چوڭ ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ بېسىپ ئۆتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تەنقىد قىلىنغان نورمىلىق باشقۇرۇش ھەم كىچىك باسقۇچلار بويىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈشكە باشلىدى. 1979 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەم باشقا جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەشۋىق قىلىپ، كادىرلار، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى تونۇشىنى ئۆستۈردى. 80 - يىللارغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە كۆپ ساندىكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى «بەشنى بېكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» (ئەمگەك كۈچىنى، يەرنى، تەننەرخىنى، مەھسۇلاتنى، نومۇرنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش، مەھسۇلاتنى كېمەيتىۋەتكەنلەرنى جازالاش) ۋە باشقا شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى قارا دۆۋە گۇڭشېسىدا تۆت ئائىلىلىك دېھقان، راھەتباغ گۇڭشېسىدا بىر ئائىلىلىك دېھقان مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالدى. بولۇپمۇ راھەتباغ گۇڭشې 8 - دادۈي 3 - دۈيىدىكى كىچىك ئاخۇن سۇمەنبەسىدىن خېلى يىراق بولغان بىر پارچە يەرنى ھۆددىگە ئالدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى. بۇ ھال پۈتۈن ناھىيىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

1981 - يىلى بىر قەدەر نامرات بولغان قارا دۆۋە گۇڭشېسىدىكى 40% دېھقان ئائىلىسى، راھەتباغ گۇڭشېسىدىكى 33.4% دېھقان ئائىلىسى مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالدى. شۇ يىلى بۇ ئىككى گۇڭشېدا مەھسۇلات ئاشتى. قارا دۆۋە گۇڭشېسىدا يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 18.7% ئېشىپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى.

1982 - يىلى ئاما تەرىپىدىن «دۆلەت ئالدىدىكى ۋەزىپىسىگە كاپالەتلىك قىلىش، كوللېكتىپقا يېتەرلىك قالدۇرۇش، ئاشقىنى ئۆزىنىڭ بولۇش» دەپ يىغىنچاقلاپ ئاتالغان چوڭ ھۆددىگەرلىك شەكلى ناھىيە بويىچە كېڭەيتىلدى. 268 دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش دۈيىسىنىڭ 158 ىدە چوڭ ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلدى. 13 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە يېمەكلىك ئېتىزىغا مەسئۇلىيەت ئېتىزى قوشۇپ بېرىلدى. 22 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە مەھسۇلات ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى. يۇقىرىقى ئۈچ خىل مەسئۇلىيەت شەكلى يولغا قويۇلغان ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى پۈتۈن ناھىيىدىكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 72 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 93.2% دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە چوڭ ھۆددىگە بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 22 چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە مال قورۇلىرىنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى.

ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئاشتى. 1980 - يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات 61 مىليون 910 مىڭ جىڭ، ئومۇمىي كىرىم 16 مىليون 360 مىڭ يۈەن، 1981 - يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات 63 مىليون 980 مىڭ جىڭ، ئومۇمىي كىرىم 16 مىليون 780 مىڭ يۈەن، 1982 - يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات 64 مىليون

790 مىڭ جىڭ، ئومۇمىي كىرىم 17 مىليون 130 مىڭ يۈەن، 1983 - يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات 76 مىليون 810 مىڭ جىڭ، ئومۇمىي كىرىم 23 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى.

ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ چوڭ ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى مەنزىرە بارلىققا كەلدى. دېھقانلارنىڭ قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيىش، ئۇچىسى ئىسسىغۇدەك كىيىم كىيىش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولدى. ئامانەت پۇل قويىدىغان، يۇقىرى باھالىق ماللارنى سېتىۋالغانلار كۆپەيدى؛ كادىرلارنى ئىزدەپ پۇل، ئاشلىق ئۆتنە ئالىدىغانلار ئازايدى؛ تاۋار ئىگىلىكى راۋاجلاندى. دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپتىن جەمئىيەتنى تەمىنلىگەن تاۋارلار ۋە تۈرلۈك مۇلازىمەتلەر كۆپەيدى. دېھقانلار تەرەققىيات خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىككە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ دېھقانلار پەننى ئۆگىنىپ، پەننى ئىشلىتىپ، پەن - تېخنىكىنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## II باب دېھقانچىلىق

قۇمۇل ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. ناھىيە دائىرىسى ئىچىدە تېرىشقا بولىدىغان 1 مىليون 400 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر بار. ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان بوز يەر 5 مىليون 600 مىڭ مودىن ئاشىدۇ. ھازىر ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىلىۋاتقان يەر 400 مىڭ مودىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەن، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە تۆمۈريول تارماقىنىڭ 200 مىڭ موغا يېقىنلىشىدۇ. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 210 مىڭ مو.

قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تۈزلەڭ رايونلاردا ھاۋا قۇرغاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈن نۇرى كۈچلۈك، ھۆل - يېغىن ئاز، يەرلەر پۈتۈنلەي تاغ سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇغداي، ئارپا، كۆممىقوناق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە قوغۇن - تاۋۇز، پىياز قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشقا ماس كېلىدۇ. ئاشلىق زىرائەتلىرى كۆلىمى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىش، چېكىنىش، ئەسلىگە كېلىش، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، يەنە راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت بەش باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈردى.

1949 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 14 مىليون 386 مىڭ جىڭدىن 38 مىليون 965 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1.7 ھەسسە ئاشتى. بىر-

لىك مەھسۇلات 144 جىڭدىن 244 جىڭغا يېتىپ، 100 جىڭ ئاشتى. 1955 - يىلى بۇ ناھىيىگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مول ھوسۇللۇق ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

1959 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 38 مىليون 965 مىڭ جىڭدىن 30 مىليون 143 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ، 8 مىليون 822 مىڭ جىڭ كېمىيىپ كەتتى. بىرلىك مەھسۇلات 244 جىڭدىن 142 جىڭغا چۈشۈپ، 102 جىڭ كېمىيىپ كەتتى.

1962 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 30 مىليون 143 مىڭ جىڭدىن 60 مىليون 875 مىڭ جىڭغا يېتىپ، بىر ھەسسە ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلات 142 جىڭدىن 234 جىڭغا يېتىپ، 92 جىڭ ئاشتى.

1966 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 60 مىليون 875 مىڭ جىڭدىن 44 مىليون 508 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ قېلىپ، 16 مىليون 367 مىڭ جىڭ كېمىيىپ كەتتى؛ بىرلىك مەھسۇلات 234 جىڭدىن 187 جىڭغا چۈشۈپ، 47 جىڭ كېمىيىپ كەتتى.

1974 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 44 مىليون 508 مىڭ جىڭدىن 76 مىليون 809 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 32 مىليون 301 مىڭ جىڭ كۆپىيىپ، 72.6% ئاشتى؛ بىرلىك مەھسۇلات 187 جىڭدىن 388 جىڭغا يېتىپ، 201 جىڭ كۆپەيدى.

## §1. تېرىقچىلىق تۈزۈمى

### 1. تېرىقچىلىق تېخنىكىسى

خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسى، ئېيتايلۇق، ئادەم كۈچى بىلەن ئۆستەڭ چېپىپ يەر سۇغىرىش، ئۇلاغ كۈچى ۋە تۆمۈر سايمانلاردىن پايدىلىنىش قاتارلىقلار يەرلىك خەلققە تونۇشتۇرۇلدى. مىلادى IX ئەسىردە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئادەم كۈچى بىلەن يەر ئاغدۇرۇش تۆگە، ئات، كالىلار بىلەن يەر ئاغدۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. ئاشلىقنى ئوغۇر بىلەن يامداشنىڭ ئورنىنى سۇ ياغۇنچىقى بىلەن يامداش ئىگىلىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېچىلغان يەرلەردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يەرنىڭ قۇۋۋىتىگە باھا بېرىلگەن ھەمدە شۇ جاينىڭ شارائىتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان زىرائەتلەر تېرىلغان. «دەسلەپتە بۇغداي تېرىغان تۈزۈك، بۇغداي يەرنى ئوڭلايدۇ، قاتتىق يەرنى يۇمشىتىدۇ، تېتىر يەرنى بوشىتىدۇ، ئاندىن كېيىن پۇرچاق تېرىغان تۈزۈك، پۇرچاق شورنى يوقىتىدۇ، ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن قانداقلا ئاشلىقنى تېرىسا بولىۋېرىدۇ» دېگەن تونۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۇپراق قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە يەرنى ئوردىۋال قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ئومۇمەن مۇنداق بولغان: كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن يەرنى ئاغدۇرۇپ توڭ سالىدۇ. كېلەر يىلى ئەتىيازدا توڭ ئېرىپ، يەرنىڭ نەمى كۆتۈرۈلگەندە، دېھقانلار كالىندارى بويىچە 2- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تېرىشنى باشلايدۇ. بەزىلەر ساپاننىڭ كەينىدىن ساپان ئىزىغا ئۇرۇق سېلىپ ماڭىدۇ. بەزىلەر يەرنى ئاغدۇرۇپ بولۇپ، ئۇرۇقنى چېچىۋېتىپ، ئاندىن سۆرەم سېلىپ قىر چاپىدۇ. تېرىلغان يەر كۆلىمى چېچىلغان ئۇرۇققا قاراپ ھېسابلىنىدۇ. بىر مو يەرگە تەخمىنەن بىر كۈرە (تەخمىنەن 44 جىڭ) ئۇرۇق سېلىنىدۇ. يەرگە ئېغىل قىغى بىلەن قوم تۆكۈلىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ مو بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 10 ھارۋىدىن ئوغۇت بېرىلىدۇ. ئوغۇتلاش ۋاقتى كۆپىنچە ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە بولىدۇ. ناھىيە بويىچە ئوغۇتلىنىدىغان يەر كۆلىمى تەخمىنەن 35 مىڭ موغا يېتىدۇ. تاغ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەرلەرنى ئوغۇتلاش ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تېرىقچىلىق ئۇسۇلىدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئاستانە يېزىسىدىكى ياڭ ماۋيۈەننىڭ يەرنى كېسىشتۇرۇپ ھەيدەش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. چېچىپ تېرىش قۇرلاپ تېرىشقا ئۆزگەرتىلدى. ئۇرۇقنى پارچىلار بويىچە تاللاش، خاماندا تاللاش، باشاقتىن تاللاشتەك ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، ئۇرۇق ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاندى. تېرىشتىن ئىلگىرى دورىلىنىپ كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنىدى. ئوغۇتمۇ كۆپەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلۇغ سۇ بىلەن باستۇرۇپ سۇغىرىش ئۇسۇلى ئېتىزلاپ سۇغىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. ھەرخىل يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرى كەلتۈرۈلۈپ كېڭەيتىلدى. زەيكەش چېپىش، سۇدا باستۇرۇش، تۇپراققا سامان ئارىلاشتۇرۇش، يەرگە قوم تۆكۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق شورلۇق يەرلەر ئۆزگەرتىلدى.

70 ـ يىللاردىن كېيىن، يەر ئاغدۇرۇش ۋە تېرىش ئاساسىي جەھەتتىن ماشىنىلاشتۇرۇلدى ۋە يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇلدى. ئۇرۇق سېلىشتىن ئىلگىرى يەرگە ئوغۇت تۆكۈلىدىغان بولدى. ئوغۇت تۈرلىرى مەھەللىۋى ئوغۇتتىن خىمىيەۋى ئوغۇت، مىنېرال ئوغۇت، يېشىل ئوغۇت، باكتېرىيىلىك ئوغۇتلارغا كېڭەيدى. ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇت مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى. تېرىيدىغان چاغدا ئۇرۇققا ئوغۇت ئارىلاشتۇرىدىغان بولدى. بەزى زىرائەتلەرگە قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلىدىغان بولدى. ئوما يەنىلا ئادەم كۈچى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوما ماشىنىلىرى، كومبايىنمۇ ئاز ـ تولا ئىشلىتىلىدۇ. دان ئايرىش ئاساسىي جەھەتتىن يېنىك تىپتىكى تراكتور ياكى ئاتقا تولۇق سۆرىتىش ئارقىلىق بولىدۇ. سورۇشتا بەزىدە سورۇش ماشىنىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە ئادەم كۈچىگە تايىنىلىدۇ.

### 2. تېرىقچىلىق تۈزۈمى

تاشۋېلىق، تىيانشان، غەربىي تاغدىن ئىبارەت ئۈچ گوڭشې ھەم چارۋىچىلىق، ھەم دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، زىرائەت يىلدا بىر قېتىم پىشىدۇ، ئاساسلىقى، بۇغداي تېرىلىدۇ. زىغىر، كۆك پۇرچاق، دادۇر، ئارپا قوشۇمچە تېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە

تاشۋېلىق گۇڭشېسىدا ئېگىزغا ئاز مىقداردا قارا بۇغداي ۋە تېرىق تېرىلىدۇ. تۈز-لەڭلىكلەردە، ئاساسلىقى، يازغى بۇغداي، ئاق قوناق، كۆممىقوناق، ئارپا، زاراڭزا، كەندىر قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. تېرىق، قارا بۇغداي، چىلگە قوناق، ماش قاتارلىقلار ئېگىزغا تېرىلىدۇ. 1958 - يىلدىن ئىلگىرى ئاساسىي جەھەتتىن يىلدا بىر قېتىم تېرىش تۈزۈمى قوللىنىلاتتى. 1958 - يىلدىن كېيىن بىر يىلدا ئىككى تېرىش تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئېگىزغا تېرىش كۆرسەتكۈچى گاھ ئېشىپ، گاھ تۆۋەنلەپ تۇردى. ئادەتتە 20 — 30 مىڭ مو ئەتراپىدا بولدى. 1976 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېگىز ئەڭ كۆپ تېرىلدى، بۇنداق يەر يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتتى. ئېگىزغا تېرىشنىڭ شەكلى جەمئىي يەتتە خىل.

(1) ئارپا - چىلگە قوناق؛
(2) يازغى بۇغداي — تېرىق ياكى قارا بۇغداي، چۈژگۈن قوناق؛
(3) يازغى بۇغداي — ماش؛
(4) يازغى بۇغداي — قىچا؛
(5) بۇغداي — كۈزلۈك كۆكتات؛
(6) يازغى بۇغداي — كۆك تاماكا؛
(7) ئارپا — گۈنجۈت.

1975 - يىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەنلىرى تەتقىقات ئورنى پالۋانتۇر گۇڭشېسى «ئالغا» دادۈيىنىڭ 5 - دۈيىدە تاسمىلاپ تېرىپ، بىر يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىش تەجرىبە ئېتىزى تېرىپ، مو بېشىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1732 جىڭ ھوسۇل ئېلىپ، ياخشى نەتىجە ياراتتى. بۇ ئۇسۇل 1976 - يىلى چۆنشۈي دادۈيى بىلەن شەھەر ئىچى گۇڭشېسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا سىناق قىلىنىپ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى ھوسۇل ئېلىنىپ، ۋىلايەت، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە بۇ ئۇسۇلنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىش چاقىرىق قىلىندى. 1978 - يىلى ناھىيە بويىچە تاسمىلاپ تېرىلغان يەر 30 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. كېيىن تۇپراق قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىز بولۇشى، ئەمگەك كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ جەھەتتە مەغلۇب بولغانلار كۆپ، نەتىجە قازانغانلار ئازراق بولدى. شۇڭا بۇ ئۇسۇل ھازىرغىچىلىك شەھەر ئەتراپىدىكى ئادىمى كۆپ، يېرى ئاز، ئوغۇت مەنبەسى مول، يېرى مۇنبەت جايلاردا كىچىك كۆلەمدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. كىرىشتۈرۈپ تېرىپ بىر يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىشنىڭ تۆۋەندىكىچە بىر قانچە خىل شەكلى بار:

(1) يازغى بۇغداي + كۆممىقوناق + سېرىق پۇرچاق؛
(2) يازغى بۇغداي + ئاق قوناق + تېرىق؛
(3) يازغى بۇغداي + ئاق قوناق + يېشىل ئوغۇت؛

### 3. دېھقانچىلىقتىكى دەۋرىيلىك

1 - ئايدىن 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە سۇ قۇرۇلۇشى قىلىنىدۇ، يەر رەتلىنىدۇ،

www.uyghurkitap.com

**ئۆتكەن يىللاردا زىرائەتلەرنىڭ ئېگىزغا تېرىلغان كۆلىمىنى سىتاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى**

جەدۋەل 4 — 3 بىرلىكى: 1000 مو

| يىللار | جەمئىي | 1. ئاشلىق زىرائەتلىرى | | | 2. سانائەتكە خام ئەشيا قىلىنىدىغان زىرائەتلەر | | 3. باشقا زىرائەتلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ياغلىق دان | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: كۆكتات |
| | | | كۆممىقوناق | ئاق قوناق | | | | |
| 1958 | 27.8 | 23.5 | 1.3 | 0.6 | 4.3 | 4.3 | | |
| 1959 | 23.6 | 17.1 | 1.4 | 1.2 | 0.2 | 0·2 | 6.3 | 6.3 |
| 1960 | 33.2 | 26.7 | 2.8 | 2.5 | 0.1 | 0.1 | 6.4 | 6.4 |
| 1961 | 15.5 | 11.1 | 3 | 3.6 | 0.2 | 0.2 | 4.2 | 4.2 |
| 1962 | 9.4 | 7.1 | 2.8 | 1.6 | 0.1 | 0.1 | 2.2 | 2.2 |
| 1963 | 15.8 | 10.3 | 2.8 | 2.2 | 0.4 | 0.4 | 5.1 | 5.1 |
| 1964 | 19.9 | 15 | 3.6 | 2.5 | 1.4 | 1.4 | 3.5 | 3.5 |
| 1965 | 35.2 | 27.7 | 6.2 | 3 | 1 8 | 1.8 | 5.7 | 5.7 |
| 1966 | 49 | 40.8 | 11.1 | 2.8 | 2.8 | 2.8 | 5.3 | |
| 1967 | 31.5 | 28.4 | 8.3 | 2.8 | 1.9 | 1.9 | 1.2 | |
| 1968 | 31.7 | 27.3 | 4 | 0.1 | 1.7 | 1.7 | 2.7 | 2.7 |
| 1969 | 33.7 | 28.5 | | | 2 | 2 | 3.2 | 3.2 |
| 1970 | 29. | 21 | 4 | 1 | 2 | 0.2 | 6 | 6 |
| 1971 | 29.2 | 20.9 | 5.3 | 0.6 | 2.6 | 2.6 | 5.7 | 5.6 |
| 1972 | 25.4 | 18.2 | 4.1 | 0.8 | 2.4 | 2 | 4.9 | 4.7 |
| 1973 | 26.6 | 19.1 | 3.6 | 1 | 3 | 2.9 | 4.5 | 4.5 |
| 1974 | 31.7 | 23.3 | 4.6 | 0.7 | 2.8 | 2.7 | 5.6 | 5.5 |
| 1975 | 44.3 | 34. 2 | 4.6 | 2.4 | 3.1 | 3 | 7 | 7 |
| 1976 | 57.8 | 47.6 | 9.4 | 3.7 | 4.2 1 | 4.2 | 6 | 6 |
| 1977 | 53.2 | 45.6 | 5 | 2.6 | 2.2 | 2.2 | 5.4 | 5 |
| 1978 | 56.3 | 47.1 | 5 | 2.8 | 2.8 | 2.8 | 6.4 | 5.2 |
| 1979 | 43 | 36.6 | 2.6 | 3.8 | 1.5 | 1.5 | 4.9 | 2.6 |
| 1980 | 31.8 | 26.1 | 2.1 | 1.8 | 1.9 | 1.9 | 3.9 | 2.6 |
| 1981 | 40.3 | 30.2 | 1.9 | 2.3 | 1.6 | 1.6 | 8.5 | 8.2 |
| 1982 | 44.8 | 35.9 | 2.9 | 1.9 | 3.6 | 3.6 | 5.3 | 5 3 |
| 1983 | 36.5 | 30.7 | 3 | 3 | 2.9 | 2.9 | 2.9 | 2.9 |

ئوغۇت توپلىنىدۇ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى رېمونت قىلىنىدۇ، تېرىقچىلىقىقا تەييارلىق قىلىنىپ ئورۇق تاللىنىدۇ.

2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يەرلەر رەتلىنىدۇ، ئورۇق تاللىنىدۇ، ئورۇقنىڭ بىخلىنىش نىسبىتى تەكشۈرۈلىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئارپا، يازغى بۇغداي تېرىش باشلىنىدۇ. يەر ئاغدۇرۇلۇپ، باشقا زىرائەتلەرنى تېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىنىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇغداي تېرىلغۇسى جىددىي ئېلىپ بېرىلىدۇ، بىر قىسىم كۆكتاتلارنى تېرىش باشلىنىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئەتىيازلىق سۇغىرىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، كۆزلۈك زىرائەت ئورۇقلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاش ئىشلىرى ئىشلىنىدۇ. بۇغداي ۋە بىر قىسىم كۆكتاتلار داۋاملىق تېرىلىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ باشلىرى يازغى بۇغداي ئۈنۈشكە باشلايدۇ.

4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر قىسىم گۈڭشې، دۆيلەردە ئاق قوناق، كۆممىقوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىش باشلىنىدۇ. كۆپچىلىك گۈڭشې ـ دۆيلەردە ئەتىيازلىق سۇغىرىش داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاق قوناق، كۆممىقوناق،زاراڭزا، كېۋەز قاتارلىق كۆزلۈك زىرائەتلەر جىددىي تېرىلىدۇ. بۇغداي ئۈچ يوپۇرماق بولغاندا، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، سۇغىرىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا قوغۇن تېرىلىدۇ، كۆزلۈك زىرائەت تېرىلغۇسى بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ، بۇغداي داۋاملىق سۇغىرىلىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇغداي تۈپلەپ غول تارتىدۇ. بالدۇر تېرىلغان ئاق قوناق، كۆممىقوناقلار ئۈنۈشكە باشلايدۇ. كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەييارلىقى ئىشلىنىدۇ. بۇغداينىڭ گەجگە سۈيى سۇغىرىلىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كېۋەز ئۈچ يوپۇرماق،ئاق قوناق،كۆممىقوناقلار ئۈچ ـ ئالتە يوپۇرماق بولىدۇ. بالدۇر پىشىدىغان بۇغدايلار پوقاق بولىدۇ. كېيىن پىشىدىغانلىرى غول تارتىدۇ. يەر يولۋىسى بىلەن كۆك پىتىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. بالدۇر پىشىدىغان بۇغدايلارنىڭ باش چىقىرىش ـ چېچەكلەش سۈيى قويۇلىدۇ، ياڭيۇ تېپىدىكى زىرائەتلەر تېرىلىدۇ.

6 ـ ئاينىڭ باشلىرى بالدۇر پىشىدىغان بۇغدايلار چېچەكلەيدۇ. كېيىن پىشىدىغانلىرى باش چىقىرىدۇ. كۆممىقوناق، ئاق قوناقلار يەتتە يوپۇرماق، كېۋەز بەش يوپۇرماق بولىدۇ، بۇغداي داۋاملىق سۇغىرىلىدۇ. كۆزلۈك زىرائەتلەر شالاڭلىتىلىدۇ، چاغلىنىدۇ، شال تىكىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسسىق شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە دىققەت قىلىنىدۇ.

6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بالدۇر پىشىدىغان بۇغدايلار دان تۇتىدۇ، كېيىنرەك ۋە كېيىن پىشىدىغان بۇغدايلار چېچەكلەيدۇ. بۇغداينىڭ دان سۈيى قويۇلىدۇ،ئاق قوناق، كۆممىقوناقلار چاغلىنىدۇ، شالاڭلىتىلىدۇ. كېۋەزنىڭ ئاختاما سۈيى قويۇلىدۇ.

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بالدۇر پىشىدىغان بۇغدايلار سارغىيىدۇ، كېيىنرەك ۋە كېيىن پىشىدىغان بۇغدايلار دان تۇتىدۇ. كېۋەز غۇنچە كۆرسىتىدۇ. ئارپا ئورمىسى باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىق ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بالدۇر پىشىدىغان بۇغدايلار ئورۇلىدۇ. ئېتىزغا تېرىلغۇسى جىددىي باشلىنىدۇ. كېيىن پىشىدىغان بۇغدايلار سارغىيىدۇ. كېۋەز، ئاق قوناق، كۆممەقوناقلار غول تارتىدۇ. ئاق قوناق، كۆممەقوناقلار قوشۇمچە ئوغۇتلىنىپ، ئاخىرقى سۈيى قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا بوران چىقىپ پىشقان بۇغداي دېنىنىڭ چېقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېيىن پىشىدىغان بۇغدايلار ئورۇلىدۇ. كۆممەقوناق باش چىقىرىدۇ. قارا بۇغداي، تېرىق، چۈجگۈن قوناق ھەم قىچا قاتارلىق زىرائەتلەر ئېتىزغا تېرىلىدۇ. كېيىنرەك ۋە كېيىن پىشىدىغان بۇغدايلار جىددىي ئورۇلىدۇ. يەرنى تومۇزدا ئاغدۇرۇش باشلىنىدۇ. كۆممەقوناقنى سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش چېكى تۈگىلىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كۆممەقوناق باش چىقىرىپ چېچەكلەيدۇ. ئېتىزغا تېرىلغان زىرائەتلەر ئۈنىدۇ. كۈزلۈك زىرائەتلەر سۇغىرىلىدۇ، كېۋەزدە بولىدىغان كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ۋە يوقىتىلىدۇ. كېۋەزنىڭ ھارام شاخلىرى پۇتىلىپ، ئۇچى ئۈزۈلىدۇ. كۈزلۈك تۇرۇپ (لوبو) تېرىلىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئاق قوناق باش چىقىرىپ چېچەكلەيدۇ. ئېتىزغا تېرىلغان زىرائەتلەر غول تارتىدۇ، كۈزلۈك زىرائەتلەر سۇغىرىلىدۇ، بۇغداي يانچىلىدۇ، كۈزلۈك يېسىۋىلەك (بەسەي) تېرىلىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېتىزغا تېرىلغان زىرائەتلەر باش چىقىرىدۇ. بۇغداي يانچىلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈلىدۇ، كۈزلۈك زىرائەتلەر پەرۋىش قىلىنىدۇ. قوغۇن ـ تاۋۇزدىكى كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى كۆممەقوناق دان تۇتىدۇ، ئېتىزغا تېرىلغان زىرائەتلەر چېچەكلەيدۇ. بۇغداي داۋاملىق يانچىلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈلىدۇ. كۈزلۈك زىرائەتلەردە قۇرغاقچىلىقتىن مۇداپىئە كۆرۈلىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئېتىزغا تېرىلغان زىرائەتلەر دان تۇتۇشقا باشلايدۇ. ئېتىزغا تېرىلغان زىرائەتلەرنىڭ دان سۈيى ئوبدان قويۇلىدۇ. كېۋەزنىڭ سۈيى تىزگىنلىنىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆممەقوناق پىشىدۇ، كېۋەزنىڭ غوزىسى يېرىلىدۇ. كۆممەقوناقنى يىغىۋېلىش باشلىنىدۇ. ئۆلانغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى تەكشۈرۈلىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاق قوناق پىشىدۇ. كېۋەز ئۆسۈشتىن توختايدۇ. ئاق قوناق ئورۇش، پاختا تېرىش باشلىنىدۇ.

10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئېتىزغا تېرىلغان كۆپ قىسىم زىرائەتلەر پىشىدۇ. كۈزلۈك يىغىم قاتلاقچىلىقى باشلىنىدۇ.

10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېكىزغا تېرىلغان كۆزلۈك زىرائەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىۋېلىنىدۇ. كۆزلۈك كۆكتات پەرۋىشى كۈچەيتىلىدۇ. بۇ، كۆزلۈك يىغىمنىڭ تازا ئالدىراش ۋاقتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، كۆزلۈك يېسۇلەك شىردايدۇ، كۆزلۈك يىغىم قاتىلاڭچىلىقى ئاخىرلىششقا ئاز قالىدۇ. كۆزلۈك يەر ئاغدۇرۇش باشلىنىدۇ، كېۋەز ۋە كۆكتاتنى ئۈششۈكتىن مۇداپىئە قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ.

11 ـ ئايدا، قىشلىق كۆكتاتلار يىغىۋېلىنىدۇ. يەرلەر كۆزلۈك ئاغدۇرۇلىدۇ، توڭ سېلىنىدۇ.

12 ـ ئايدا، ئوغۇت توپلىنىدۇ، يەر رەتلىنىدۇ، كېلەر يىلىنىڭ تەييارلىقى ئىشلىنىدۇ.

## §2. زىرائەت سورتلىرى

### 1. ئاشلىق زىرائەتلىرى

(1) يازغى بۇغداي: ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بۇغداينىڭ «داتىلاڭ»، «جىڭ بويەن» دېگەن سورتلىرى ئاساس قىلىنغانىدى. 1959 ـ يىلى «قەشقەر ئاق يازغىسى» كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، «قەشقەر ئاق يازغىسى» بىلەن «داتىلاڭ» ئارىلاش چاتلاشتۇرۇلۇپ، «قۇمۇل ــ 1» سورتلۇق بۇغدىيى يېتىشتۈرۈلدى. 1964 ـ يىلى سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن «ئازاد ــ 2» سورتلۇق بۇغداي بىلەن «قۇمۇل ــ 1» سورتلۇق بۇغدىيى ئارىلاش چاتلاشتۇرۇلۇپ، «قىزىل يازغى ــ 1» سورتلۇق بۇغدىيى يېتىشتۈرۈلدى. 1971 ـ يىلى گەنسۇ سورتلىرىدىن «گەنمەي ــ 8»، «359»، «گەنمەي ــ 29» قاتارلىق نۇرغۇن بۇغداي سورتلىرى كەلتۈرۈلدى. 1972 ـ يىلى مېكسىكىنىڭ «سېلوس» قاتارلىق بۇغداي سورتى كەلتۈرۈلدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە بۇغداي ئاساسلىق زىرائەت بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 50 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) كۈزگى بۇغداي: قۇمۇل ناھىيىسىدە كۈزگى بۇغداي تېرىش تارىخى خېلى ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن تېرىلغۇ كۆلىمى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كۈزگى بۇغداي ئاران 100 مو ئەتراپىدا تېرىلغانىدى. 1962 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى مەلۇم دەرىجىدە كېڭىيىپ، 50 مىڭ مو چامىسىغا يەتتى، كېيىن ھاۋا كىلىماتى مۇناسىۋىتى بىلەن تېرىلغۇ كۆلىمى تەدرىجىي ئازايتىلدى، 1977 ـ يىلدىن ئېتىبارەن تېرىلمايدىغان بولدى.

(3) ئارپا: يەرلىك ئارپا سورتى ئاساس قىلىنىدۇ، چىڭخەي ئارپىسى ئىككىنـ

چى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئارپا سورتى 1974 ـ يىلى كەلتۈرۈلگەنىدى، قومۇل ئارپىسى بالدۇر پىشىش، قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىش، شورغا چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇنىڭ دېنى توق، پوستى نېپىز، كراخمال ماددىسى كۆپ. ئۆلچەپ بېكىتىلىشىچە، بۇ ئارپىنىڭ تەركىبىدىكى كراخمال 60% كە، ئاقسىل 13% كە، ماي 1.7% كە، ئارىلاشما ماددا 1% كە يېتىدىكەن، بۇ، پىۋا ئىشلەشنىڭ ئېسىل خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. باشقا جايلاردىن چىقىدىغان ئارپا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قومۇل ئارپىسى جېجياڭ ئارپىسىدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1980 ـ يىلىدىن بۇيان، دۆلەت دېھقانلارنى ئارپا تېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئارپىنى بۇغداي ئورنىدا سېتىۋېلىشنى، باھاسىنى بۇغدايىنىڭكىدىن سەل يۇقىرى قىلىشنى بەلگىلىدى. ئارپا تېرىلغۇ مەيدانى 1958 ـ يىلىدىن ئىلگىرى 10 مىڭ مودىن تۆۋەن بولۇپ كەلگەنىدى، 1958 ـ يىلىدىن كېيىن، 20 مىڭ مو چامىسىغا كېڭەيدى، 1978 ـ يىلىدىن كېيىن ئازىيىپ 10 مىڭ مو ئۆپچۆرىسىگە چۈشۈپ قالدى. 1971 ـ، 1975 ـ ۋە 1976 ـ يىللىرى ئارپا مەھسۇلاتى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون جىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1950 ـ يىلى ھوسۇل ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، يىللىق مەھسۇلاتى ئاران 600 مىڭ جىڭدىن ئاشقانىدى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، بۇلۇڭتۇغراق، قارادۆۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى پىۋا زاۋۇتلىرىنىڭ ئارپا بازىسى بولۇپ قالدى.

(4) **شال**: قومۇل ناھىيىسىدە 1952 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاز مىقداردا شال تېرىلىپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى ھەر يىلى 100 — 200 مو ئەتراپىدا بولۇپ كەلگەنىدى. 1959 ـ يىلى شال ئەڭ كۆپ تېرىلغان يىل بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 1000 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 133 مىڭ جىڭ چامىسىغا يەتتى. 1982 ـ ۋە 1983 ـ يىللىرى شال ئەڭ ئاز تېرىلغان يىللار بولۇپ، ناھىيە بويىچە 7000 جىڭ ئەتراپىدا ھوسۇل ئېلىنىدى. قومۇل ناھىيىسىدە شالنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى بەكمۇ تۇراقسىز بولۇپ، يۇقىرى بولغاندا 500 جىڭدىن (1977 ـ يىلى)، تۆۋەن بولغاندا ئاران 30 جىڭدىن (1959 ـ يىلى) توغرا كەلدى. بۇ، ئاساسەن، سۇنىڭ قىسلىقى ۋە شال ئۆستۈرۈش تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىدىن بولغان.

(5) **كۆممىقوناق**: ئەسلىدە قومۇل ناھىيىسىدە يەرلىك سورتلاردىن «يەرلىك سېرىق كۆممىقوناق»، «ئاق ئاتچىشى» سورتلىرى ئاساس قىلىناتتى. 1958 ـ يىلى «جۈپ شالغۇت 156» سورتى سىرتتىن كەلتۈرۈلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «دۇنخۇاڭ ـــ بىرىنچى»، «تاق شالغۇت ـــ غالىبىيەت»، «تاق شالغۇت ـــ ئالغا» قاتارلىق سورتلار كەلتۈرۈلدى. ھازىر «يەرلىك سېرىق كۆممىقوناق» بىلەن «156» سورتلىرى ئاساس قىلىپ تېرىلىۋاتىدۇ. ناھىيە بويىچە كۆممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمى ئارپىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ مو ئەتراپىدا تېرىلىدۇ. 1965 ـ يىلىدىن 1968 ـ يىلىغىچە كۆممىقوناق ھەر يىلى 20 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرگە تېرىلغان. 1967 ـ يىلى 30 مىڭ موغا يەتكەن، 1981 ـ يىلى 4000 موغا

چۈشۈپ قالغان. 1966 - يىلى كۆممىقوناقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 7 مىليون جىڭغا يېقىنلاشقان، بىرلىك مەھسۇلاتى 200 جىڭ ئەتراپىدا بولغان، ئەڭ يۇقىرى بىرلىك مەھسۇلاتى 290 جىڭغا يەتكەن، ئەڭ تۆۋىنى ئاران 60 جىڭ ئەتراپىدا ئايلانغان.

(6) ئاق قوناق: 50 - يىللاردا چوڭ باش ئاق قوناق ئاساس قىلىنغانىدى. 60- يىللاردا «كۆپ باش ئاق قوناق» بىلەن «شەنشى شالغۇتى — 53» سورتلۇق ئاق قوناقلار كەلتۈرۈلدى. 70 - يىللاردا قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن «632» ناملىق ئاق قوناق سورتى بىرقەدەر ھوسۇللۇق بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ ئاساسلىق سورت بولۇپ قالدى. پۈتۈن ناھىيىدە ئاق قوناق تېرىلغۇ كۆلىمى يازلىق بۇغدايدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ، ئاساسلىق كۆزلۈك زىرائەت ھېسابلىنىدۇ. ئاق قوناق 1959 - يىلدىن ئىلگىرى ھەر يىلى 20 مىڭ مو دائىرىسىدە تېرىلغانىدى، 1960 - يىلى بىراقلا كۆپىيىپ 58 مىڭ 600 موغا يەتتى، كېيىن پەيدىن - پەي ئازىيىپ 1983 - يىلى 18 مىڭ 500 موغا چۈشۈپ قالدى. ئومۇمىي مەھسۇلات 1978 - ۋە 1981 - يىلى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 10 مىليون 730 مىڭ جىڭغا يەتكەنىدى، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بولسا، ئاران 2 مىليون جىڭ ئىدى.

(7) تېرىق: قۇمۇل ناھىيىسىدە ئېگىزغا تېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى زىرائەت ھېسابلىنىدۇ. تېرىق ھەر يىلى ئېگىزغا تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ 24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(8) چۈجگۈن قوناق: ئاساسەن ئېگىزغا تېرىلىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن كۆپ تېرىلاتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ھەر يىلى 6000 مو ئۆپچۆرىسىدە تېرىلىپ كەلگەن. 1977 - يىلدىن كېيىن ھەر يىلى 1000 موغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. 1980 - يىلدىن بۇيان ھەر يىلى ئاران 100 مو ئەتراپىدا تېرىلىۋاتىدۇ.

(9) قارا بۇغداي: ئېگىزغا تېرىلىدۇ. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4000 مو ئەتراپىدا تېرىلىۋاتىدۇ.

### 2. پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر

(1) سېرىق پۇرچاق: يەرلىك پۇرچاق، يەرلىك سېرىق پۇرچاق ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان سېرىق پۇرچاق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ، ئادەتتە ئاق قوناق، كۆممىقوناق ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ تېرىلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ قۇر ئارىسىغا چېچىپ تېرىلىدۇ. بۇنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ئانچە كۆپ ئەمەس.

(2) باقىلە (دادۇر): يەرلىك سورت ۋە غەربىي شىمال سورتى دەپ ئىككى خىل بولۇپ، تاشۋېلىق، غەربىي تاغ، تيانشان كۆكشىبىسى قاتارلىق ھاۋاسى سالقىن تاغلىق رايونلاردا تېرىلىدۇ.

(3) كۆك پۇرچاق: بۇنىڭ يەرلىك چىپار پۇرچاق ۋە يېشىل پوستلۇق پۇرچاق دەيدىغان ئىككى خىلى بار. بۇ، هاۋاسى سالقىن تاغلىق رايونلاردا تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بەزىدە ئۇ ئېكىنزىغا تېرىلىپ، يېشىل ئوزۇق قىلىنىدۇ.

(4) ماش: يەرلىك ماش ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماش دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ، ئادەتتە، كۆممىقوناق ۋە ئاق قوناق ئارىسىغا تېرىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ناھايىتى ئاز.

**3. ياغلىق دان**

(1) قىچا: قۇمۇلدىكى ئاساسلىق ياغلىقدان زىرائەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1957 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ھەر يىلى 1000 مو ئەتراپىدا تېرىلىپ كەلگەنىدى، 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېرىلغۇ كۆلىمى 6000 مو ئەتراپىغا يەتتى، كېيىن 4000 مو ئەتراپىغا چۈشۈپ قالدى؛ 1976 ـ يىلىدىن كېيىن يەنە تەدرىجىي كۆپىيىپ، ئەڭ كۆپ تېرىلغان يىلى 7300 موغا يەتتى. 1980 ـ يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات 408 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلات 229 جىڭغا يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى رېكورد يارىتىلدى. قىچىنىڭ ئاساسلىق سورتلىرىدىن قارا قىچا، مىنيۈەن قىچىسى ۋە ئېكىنزىغا تېرىلىدىغان قىچا قاتارلىقلار بار.

(2) زىغىر: بۇمۇ قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ئاساسىي ياغلىقدان زىرائەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قىچىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە زىغىر ياغلىقدان تېرىلغۇ كۆلىمى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا بولۇپ، ھەر يىلى 2000 مو ئەتراپىدا تېرىلاتتى، 1952 ـ يىلىدىن كېيىن ئازىيىپ كەتتى، 1966 ـ يىلىدىن كېيىن يەنە سەل ـ پەل كۆپەيدى. 1976 ـ يىلىدىن كېيىن 4000 مو ئەتراپىغا يەتتى. 1978 ـ يىلى ئەڭ كۆپ (7100 مو) تېرىلدى. 1983 ـ يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات ھەممىدىن يۇقىرى (948 مىڭ جىڭ) بولدى. ئۆتكەن يىللاردىكى ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلات 120 جىڭ ئەتراپىدا ئايلاندى. زىغىرنىڭ يەرلىك زىغىر ۋە تۇگۇنەك زىغىر دەيدىغان ئىككى خىل سورتى بولۇپ، ھاۋاسى سالقىنراق بولغان تاشۋېلىق، تىيانشان قاتارلىق گۇڭشېلاردا تېرىشقا ماس كېلىدۇ.

(3) زاراڭزا: بۇ تىكەنلىك ۋە تىكەنسىز زاراڭزا دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. زاراڭزا شورغا چىداملىق، ماي نىسبىتى يۇقىرى زىرائەت، ئۇنىڭ چېچىكى [illegible]ورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. زاراڭزا تۇزلەڭلىككە جايلاشقان قارا دۆۋە، ئاستانە، پالۋانتۇر ئەتراپلىرىدا كۆپ تېرىلىدۇ.

(4) كۈنجۈت: بوغاز، قارادۆۋە، راھەتباغ، بۇلۇڭتوغراق، شەھەر ئىچى قاتارلىق گۇڭشېلاردا ئاز ـ تولا تېرىلىدۇ.

(5) ئاپتاپپەرەس: چاقىدىغان ئاپتاپپەرەس ۋە مايلىق ئاپتاپپەرەس دەپ

ئىككى خىل بولىدۇ. تاشۋېلىق، قارادۆۋە، ئاستانە، پالۋانتۇر قاتارلىق گۇڭشېلاردا تېرىلىدۇ. قارا دۆۋىدە ھەممىدىن كۆپ تېرىلىدۇ.

### 4. مەھسۇلاتى سانائەت خام ئەشياسى قىلىنىدىغان زىرائەتلەر

(1) كېۋەز: قومۇل ناھىيىسىدە كۆپ تېرىلمايدۇ. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 مو ئەتراپىدا تېرىلىدۇ. 1967 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 مو ئەتراپىدا تېرىلدى. جۈملىدىن 1968 - يىلى ئەڭ كۆپ تېرىلىپ، 3100 موغا يەتتى. 1973 - يىلدىن كېيىن ئازىيىپ ئاران 100 مودەكلا يەرگە تېرىلىدىغان بولۇپ قالدى. 1977 ۋە 1980 - يىللىرى تېرىلمىدى. 1968 - يىلى مەھسۇلات ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات 163 مىڭ جىڭغا يەتتى. بىرلىك مەھسۇلات ئەڭ يۇقىرى بولغاندا، 110 جىڭدىن، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا، توققۇز جىڭدىن توغرا كەلدى.

(2) قولماق: قولماق بۇ يەرگە 1980 - يىلى كەلتۈرۈلدى. بۇ، ئاساسەن، قارا دۆۋە، ئاستانە ئەتراپىدا كۆپرەك ئۆستۈرۈلىدۇ. قولماق 1981 - يىلى 200 مو، 1982 - يىلى 500 مو، 1983 - يىلى 400 مو يەردە ئۆستۈرۈلدى.

(3) قىزىلچا: 1960 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ئازراق تېرىلدى. 1960 - يىلى 1400 مو، 1961 - يىلى 700 مو، 1963 - يىلى 300 مو تېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايرىم گۇڭشې، دۈيلەردە ناھايىتى ئاز تېرىلدى.

(4) كۆك تاماكا: تۈزلەڭلىكتىكى رايونلاردا پارچە - پۇرات يەرلەرگە تېرىلىدۇ، بەزىلەر بۇغداي ئارىسىغىمۇ تېرىيدۇ. 1958 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە بولغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400 — 500 مو يەرگە تېرىلغان.

(5) ئابدىمىلىك (ئىنەكپىتى): ئاستانە، پالۋانتۇر ئەتراپلىرىدا ئاز - تولا تېرىلىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 50 مودىن ئاشمايدۇ.

### 5. كۆكتات

(1) تۇرۇپ: بۇنىڭ كۆك تۇرۇپ، ئەتىيازلىق قىزىل تۇرۇپ، ئۇششاق باش ئاق تۇرۇپ، لەنجۇ قىزىل تۇرۇپى، ئاق تۇرۇپ دەيدىغان بەش خىلى بار.

(2) بەسەي (يېسىۋىلەك): تيەنجىننىڭ كۆك بەسىيى، ئاق بەسەي، يەرلىك كۆك بەسەي قاتارلىقلار بار.

(3) كاللەكبەسەي: بۇنىڭ بېيجىڭنىڭ چىلگە كاللەكبەسىيى، كىچىك يېسىچاق كاللەكبەسەي، كۆزلۈك كاللەكبەسەيدىن ئىبارەت ئۈچ خىلى بار.

(4) پالەك: بۇنىڭ ئۇچلۇق يوپۇرماق پالەك ۋە يۇمۇلاق يوپۇرماق پالەك دېگەن ئىككى خىل سورتى بار.

(5) كەرەپشە (چىڭسەي): بۇنىڭ كاۋاك غوللۇق ۋە شىر غوللۇق كەرەپشە دېگەن ئىككى خىل سورتى بار.

(6) كۆدە (جۇسەي): بۇنىڭ ئىنچىكە يوپۇرماق ۋە كەڭ يوپۇرماق كۆدە دېگەن ئىككى سورتى بار.

(7) سامساق: بۇنىڭ قىزىل پوستلۇق سامساق ۋە ئاق پوستلۇق سامساق دېگەن ئىككى خىل سورتى بار.

(8) پەمىدۇر: بۇنىڭ «بېيجىڭ — 10»، «كانادا — 8»، «زاۋفېن — 2»، «شىنغېڭ — 2»، «شىنغېڭ — 4»، «ردم — 2»، «چاڭلىمىشۇ»، «تروپىك»، «جۇيزەرەڭ جىيا-چېن»، «فېنخۇڭتيەنرۇ» دېگەندەك سورتلىرى بار.

(9) ئامېرىكا كاۋىسى: بۇنىڭ چىپار يوپۇرماقلىق كاۋا، قىسقا پېلەكلىك كاۋا، ئۇزۇن پېلەكلىك كاۋا دەيدىغان ئۈچ خىل سورتى بار.

(10) تەرخەمەك: بۇنىڭ «لەنجۇ تەرخەمىكى»، «جىڭيەن — 2»، «ئاق تىكەنلىك تەرخەمەك»، «قارا تىكەنلىك تەرخەمەك» دېگەن تۆت خىل سورتى بار.

(11) كاۋا: بۇنىڭ «چاقما كاۋا»، «مانتا كاۋىسى» دىن ئىبارەت ئىككى خىلى بار.

(12) يېسى پۇرچاق: بۇنىڭ تۆتپەسىللىك «لەنجۇ پۇرچىقى»، «تۆتپەسىللىك يەرلىك پۇرچاق»، «مول ھوسۇل —1»، «يوغان داۋدۇ»، «لاۋلەيشاۋ»، «جىنجۇنىڭ ئىككى پەسىللىك پۇرچىقى» دېگەندەك ئالتە خىل سورتى بار.

(13) جياڭدۇ: بۇنىڭ «يەرلىك قىسقا جياڭدۇ»، «ئۈچى قىزىل جياڭدۇ»، «قىزىل جياڭدۇ»، «يىپ جياڭدۇ»، «قارىقاش جياڭدۇ» دېگەنگە ئوخشاش بەش خىل سورتى بار.

(14) ئوسۇك: بۇنىڭ «ئىنچىكە ئوسۇك»، «دىقماق ئوسۇك»، «بېيجىڭنىڭ دېقماق ئوسۇكى» دېگەن ئۈچ خىل سورتى بار.

(15) ياڭيۇ: بۇنىڭ ئاق پوستلۇق ياڭيۇ ۋە قىزىل پوستلۇق ياڭيۇ دېگەن ئىككى خىل سورتى بار.

بۇنىڭدىن باشقا، باش پىياز، سوك پىياز، چامغۇر، سەۋزە، جىيسەي، ئوششاق قارا بەسەي، بايچېچەك (تۇڭخاۋ)، بەدىيان، يومغاقسۇت، شياڭدۇزا، قىزىل بوغداش، سەي كاۋىسى، تەكسىيە كاۋا، تەرخەمەك كاۋا، ئاچچىق كاۋا، ئاغمچە، چىلەن، چېچەكسەي، چېچەكسەي چېچىكى، تاتلىق زەنجىۋىل قاتارلىقلارمۇ بار.

6. تاۋۇز

(1) «زاۋخۇا» (ئەسلى ئىسمى شۇدۇك): 1976-يىلى خېبېي ئۆلكىسى جاڭجياكو باشاك دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ۋە پىچان باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن. شەكلى دوغىلاق، شاپىقى سۇس يېشىل، ئۈستىدە 16 تال

قېنىق كۆك چىشسىمان كەڭ يوللۇق گۈل سىزىقلىرى بار. ھەربىر تاۋۇزىنىڭ ئېغىرلىقى تۆت كىلوگرام ئەتراپىدا كېلىدۇ، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1.2 — 1.5 سانتىمېتىر، گۆشى سۇس قىزىل، يۇمشاق، ئۇرۇقىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، ئۇرۇقىنىڭ رەڭگى سارغۇچ ئاق، تۇمشۇقى قارا، بالدۇر پىشىدۇ، شېكەر تەركىبى 9.2% تىن 11.2% كىچە يېتىپ بارىدۇ.

(2) «خۇڭيۇ — 2»: 1980 - يىلى كەلتۈرۈلگەن، سوقىچاق شەكىلدە، شاپىقى قېنىق يېشىل بولۇپ، 10 تال قارا كۆك چىشسىمان گۈل سىزىقلىرى بار. شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1 — 1.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھەربىر تاۋۇزىنىڭ ئېغىرلىقى 5 — 6 كىلوگرامغا يېتىدۇ، گۆشى سۇس قىزىل، چۈرۈك. شېكەر تەركىبى 11%—12% كە يېتىپ بارىدۇ، مو بېشىدىن 4 - 5 توننا ھوسۇل بېرىدۇ. بۇ سورتىنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى، كېسەلگە تاقابىل تۇرالايدۇ، توشۇشقا چىداملىق، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ۋە ئىستېمال قىلغۇچىلار بەك ياقتۇرىدۇ.

(3) «مىمېي (تەيخېي، مىباۋ)»: ئەسلى تەيۋەن سورتى. 1976 - يىلى خېبېيدىن كەلتۈرۈلگەن، دوغىلاق، رەڭگى يېشىل، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1·2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇ توشۇشقا چىداملىق، گۆشى تۇم قىزىل، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 3 - 5 كىلوگرام كېلىدۇ، شېكەر تەركىبى 6%—10% كىچە يېتىپ بارىدۇ.

(4) سىلاۋيانكا (ئۇششاق قىزىل ئۇرۇقلۇق تاۋۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ): ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىققان، 50 - يىللاردا شىنجاڭغا كەلتۈرۈلگەن، 1970 - يىلى قومۇلغا كەلتۈرۈلگەن، سەل يېپسى يۇمىلاق، شاپىقى سارغۇچ يېشىل، ئۈستىدە قارامتۇل يېشىل رەتسىز گۈل سىزىقلىرى بار، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1·2 — 1·5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، گۆشى قېنىق قىزىل، چۈرۈك، تاتلىق، ساقلاش ۋە توشۇشقا بىرقەدەر چىداملىق. ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 3 — 5 كىلوگرام كېلىدۇ، شېكەر تەركىبى 10·2% كە يېتىدۇ، ئۇرۇقى قىزىل.

(5) «سوۋېت — 3»: 60 - يىللاردا تېرىلغان، ئوتتۇرا پىشار سورت، شەكلى شارسىمان يۇمىلاق، شاپىقى قارامتۇل يېشىل، ئۈستىدە تۇتۇق ئىنچىكە سىزىقلىرى بار. شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0·8 — 1 سانتىمېتىر كېلىدۇ، گۆشى قېنىق قىزىل، چۈرۈك، شىرنىلىق، ئۇرۇقى ئۇششاق، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 3 — 4 كىلوگرام كېلىدۇ. شېكەر تەركىبى 10·5% — 11% كىچە يېتىپ بارىدۇ.

(6) مېلىتوۋىسكى (يوغان قىزىل ئۇرۇقلۇق تاۋۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ): سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېتىشتۈرۈلگەن، 1977 - يىلى سانجىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ، كېيىن پىشىدىغان سورت. شەكلى شارسىمان يۇمىلاق، شاپىقى قېنىق يېشىل رەڭدە بولۇپ، 14 تال قارا كۆك گۈل سىزىقى بار. كۆرۈنۈشى چىرايلىق، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، گۆشى قىزىل، چۈرۈك، توشۇشقا چىداملىق، شېكەر تەركىبى 9.5% — 10% كىچە يېتىپ بارىدۇ، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 6 — 8 كىلوگرام كېلىدۇ.

(7) تايلاند تاۋۇزى (دۇڭگۇا دۇەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ): ئەسلى تايلاندتا يېتىشتۈرۈلگەن. بۇ ئۇرۇق قۇمۇلغا 1976-يىلى سانجىدىن كەلتۈرۈلگەن، شەكلى سوقىچاق، شاپىقىنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، ئۈستىدە تور شەكىللىك سىزىقچىلار بار، گۆشى ئاچ قىزىل، چۈرۈك، شىرنىلىق، شېكەر تەركىبى 8% كە يېتىدۇ، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 7 — 10 كىلوگرام كېلىدۇ، چوڭلىرى 12 – 13 كىلوگرامغا يېتىدۇ، شاپىقى قېلىن، ساقلاش-توشۇشقا چىدامىلىق، مەھسۇلاتى يۇقىرى، مو بېشى مەھسۇلاتى 3 — 5 توننىغا يېتىدۇ.

(8) «بەنىپى — 1»: 1976-يىلى ئۈرۈمچى «1-ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن. شەكلى شارسىمان يۇمىلاق، شاپىقىنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، سىلىق، نېپىز ھەم چىڭ، گۆشى ئاچ قىزىل، چۈرۈك، شىرنىلىق، شېكەر تەركىبى 11% — 12% كىچە يېتىپ بارىدۇ. ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 3 — 5 كىلوگرام كېلىدۇ، چوڭلىرى 8 — 10 كىلوگرامغا يېتىدۇ، مەھسۇلاتى بىرقەدەر يۇقىرى.

(9) «داخېي مارۇژنىسى»: بۇ سورت ياپونىيەدە يېتىشتۈرۈلۈپ، مەملىكىتىمىزگە ئازادلىقتىن بۇرۇن كەلتۈرۈلگەن. 1979-يىلى ئۈرۈمچى «1-ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىدىن قۇمۇلغا كەلتۈرۈلگەن. شەكلى شارسىمان يۇمىلاق، شاپىقى يېشىل، ئۈستىدە 20 تال قېنىق كۆك گۈل سىزىقى بار، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1.2 سانتىمېتر ئەتراپىدا، گۆشى سارغۇچ ئاق، چۈرۈك، شىرنىلىق، تەمى بەك ئېسىل، شېكەر تەركىبى 11.2% — 12.5% كىچە يېتىپ بارىدۇ، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 3 — 5 كىلوگرام كېلىدۇ، چوڭلىرى 8 – 9 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

(10) «724» (چاڭمىخۇك دەپمۇ ئاتىلىدۇ): بۇ سورت 1980-يىلى سانجىدىن كەلتۈرۈلگەن، شەكلى يۇمىلاق، شاپىقى يېشىل، ئۇنىڭ شالاڭ گۈل سىزىقلىرى بار، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتر ئەتراپىدا، قوڭ ئەت، گۆشى توق قىزىل رەڭدە، شېكەر تەركىبى 12.5% كە يېتىدۇ. سۈپىتى ئېسىل، ئەمما توشۇشقا چىدامسىز.

(11) «قېلىن شاپاقلىق كۆزلۈك تاۋۇز»: بۇ، يەرلىك سورت بولۇپ، شەكلى شارسىمان يۇمىلاق، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 7 — 10 كىلوگرام كېلىدۇ. شاپىقى قېنىق يېشىل، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 2 — 2.5 سانتىمېتر كېلىدۇ، توشۇشقا چىدامىلىق، گۆشى ئاچ قىزىل، ئۇرۇقى يوغان، ئوتتۇرىچە شېكەر تەركىبى 7.8% كە يېتىدۇ، قىشتا ساقلاشقا بولىدۇ.

(12) «18 كۈنلۈك تاۋۇز» (تەيلىخۇك ‹كىچىك تۇرۇپمۇ قىزىرىدۇ دېگەن مەنىدە› دەپمۇ ئاتىلىدۇ): 1979-يىلى «1-ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن، بالدۇر پىشىدىغان سورت، چېچىكى تۆكۈلۈپ 18 كۈندىلا پىشىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا «18 كۈنلۈك» دەپ نام بېرىلگەن. شەكلى سوزۇنچاق يۇمىلاق، پوستىدا قىرلىق گۈل سىزىقلىرى بار، شاپىقى يېشىل ھەم نېپىز (قېلىن-

لىقى 0.3 سانتىمېتىر ئەتراپىدا)، گۆشى ئاچ قىزىل، يۇمشاق، شىرنىلىق، شېكەر تەركىبى 8% — 9% كىچە يېتىپ بارىدۇ، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 1.5 كىلوگىرام كېلىدۇ.

(13) «سىپىتى — 1»: بۇ سورت 1976-يىلى «1-ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن، شەكلى شارسىمان يۇمىلاق، شاپىقى سۇس يېشىل، ئۈستىدە كۆكۈش گۈل سىزىقلىرى بار، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، گۆشى توق قىزىل رەڭدە، شېكەر تەركىبى 10% — 10.5% كىچە يېتىپ بارىدۇ، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 3 — 4 كىلوگىرام كېلىدۇ، ئۇرۇقى ئاز (بىر تاۋۇزنىڭ ئىچىدىن 40 تالدىن 80 تالغىچە ئۇرۇق چىقىدۇ)، شۇڭا ئۇ، «ئۇرۇقى ئاز تاۋۇز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(14) «ئۇرۇقسىز شېرىن»: ناھىيىلىك دېھقانچىلىق بۆلۈمىنىڭ قوغۇن-تاۋۇز تەجرىبە بازىسىدا يېتىشتۈرۈلۈپ تېرىلغان، يېقىن ئەتراپتىكى گۆڭشې، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بۇنى ئاز-تولا تېرىغان. شەكلى شارسىمان يۇمىلاق، شاپىقى يېشىل، ئۈستىدە كۆكۈش تارقاق گۈل سىزىقلىرى بار، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، شاپىقى چىڭ، ئۇرۇقى يوق، گۆشى قىزىل بولۇپ، چۈرۈك، تاتلىق، ئوتتۇرىچە شېكەر تەركىبى 12.5% كە يېتىدۇ، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 3 — 6 كىلوگىرام كېلىدۇ، ساقلاش، توشۇشقا بىرقەدەر چىدامىلىق، بىرلىك مەھسۇلاتى 2 توننا ئەتراپىدا.

## § 3. ئۆسۈملۈك ئاسراش

### 1. كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

(1) بۇغدايدا بولىدىغان سېرىق قارا كۈيە كېسەللىكى: بۇ يەنە قارا تۈزان كېسەللىكى، قارىداش كېسەللىكى، قاراباش كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىك دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك تارقالغان بولۇپ، پالۋانتۇر، غەربىي تاغ، شەھەر ئىچى قاتارلىق جايلاردا كېسەللىكنىڭ تارقىلىشى 5% — 10% كىچە يېتىپ بارغان. جۈملىدىن پالۋانتۇر گۆڭشېسىنىڭ پالۋانتۇر، يۇقىرى مەھەللە، جىگدىبۇلاق، خولئېرىق، چېۋەنشۆي، قاراسۇ دادۈيلىرىدە ھەممىدىن ئېغىر يۈز بەردى. 1976-يىلى پالۋانتۇر 3-دۈينىڭ 1000 مودىن ئوشۇق بۇغدايلىقىدا بۇ كېسەللىكنىڭ تارقىلىش نىسبىتى 30% — 40% كىچە يېتىپ بارغان. داتىلاڭ بۇغداي تېرىلغان 90 مو كېلىدىغان بىر پارچە يەردە بۇ كېسەللىكنىڭ ئوتتۇرىچە تارقىلىش نىسبىتى 60% كە، ئەڭ يۇقىرىسى 72% كە يەتكەن. خامانغا يېقىن، شامالغا ئوڭ كەلگەن بىر پارچە يەردە بولسا، قارا كۈيە كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى 90% كە يەتكەن. گۆڭشې بويىچە قارا كۈيە كېسەللىكى تۈپەيلىدىن مەھسۇلات 400 مىڭ جىڭ كېمىيىپ كەتكەن.

1983-يىل 7-ئايدا، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پون-

كىتى بىلەن گۈڭشې دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ ئۆسۈملۈك ئاسرىغۇچى خادىملىرى پالۋانتۇر، راھەتباغ، تاشۋېلىق قاتارلىق گۈڭشېلاردا بۇغدايدا بولىدىغان قارا كۈيە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە مەلۇم بولدىكى، پالۋانتۇر گۈڭشېسىنىڭ پالۋانتۇر دادۈي 2-شىياۋدۈيىدە ۋە غول ئېرىق دادۈيىدە، ئۇرۇق بەش خلورلۇق نىتروبېنزول بىلەن دورىلاپ تېرىلغان 800 مو يەردە بۇ كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 5% — 7% كىچە بولغان دائىرىدە تىزگىنلەنگەن؛ پالۋانتۇر 3-دۈيىدە ئۇرۇق بەيدەن دورىسى بىلەن دورىلاپ تېرىلغاندا، كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 5% ئەتراپىدا چۈشكەن؛ راھەتباغ گۈڭشېسىنىڭ 2-دادۈيىدە ئۇرۇق «نۇڭكاڭ — 796» ناملىق دورا بىلەن دورىلاپ تېرىلغاندا، كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 3% — 5% كىچە چۈشكەن؛ تاشۋېلىق گۈڭشېسىنىڭ ئاردىم، بەيشەن، چىڭشى دادۈيلىرىدە، ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش تەدبىرى قوللىنىلىپ، كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 8.5% تىن تۆۋەن دائىرىدە تىزگىنلەنگەن. دېمەك، بۇغدايدىكى قارا كۈيە كېسەللىكى، ئاساسەن، تىزگىنلەنگەن مۇقىم ھالەتكە يەتكۈزۈلگەن.

(2) بۇغدايدا بولىدىغان ئاق توزان كېسەللىكى: بۇغداي بۇ كېسەللىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، غول ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگى يېشىلدىن تەدرىجىي ھالدا كۈل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. تاشۋېلىق، بوغاز، قارا دۆۋە گۈڭشېلىرىدا بۇ كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 5% — 10% كىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا، ئاساسەن، ئۇرۇقنى دورىلاش، كېسەل تەككەن مايسىلارنى يۇلۇۋېتىش ۋە يەرنى كۈزلۈك چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

(3) بۇغدايدا بولىدىغان دات كېسەللىكى: بۇنىڭ، ئاساسەن، يوپۇرماق دات كېسىلى، غول دات كېسىلى، سىزىقچە دات كېسىلى دەيدىغان ئۈچ تۈرى بار. دات كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتى ۋە ئورنى ناھايىتى يىغىنچاق بولىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇق تاللىغاندا، ئالدى بىلەن كېسەل تەگمىگەن ئېتىزلارنى بېكىتىپ، ئاندىن ئۇرۇقنى باشاقتىن تاللاش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، سورتنىڭ كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

(4) بۇغداي مايسىسىنىڭ چىرىپ كېتىش كېسەللىكى: بۇ، يېڭىدىن تارقالغان، ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ بىرى. بۇ كېسەللىك ھەرقايسى گۈڭشې، دۈيلەردە ھەرخىل دەرىجىدە يۈز بېرىپ كەلمەكتە. بۇ كېسەللىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئېتىزدىكى دان تۇتۇش مەزگىلىگە كىرگەن بۇغداي تۈپلىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ سارغىيىپ نابۇت بولىدۇ. 1976-يىلى تاشۋېلىق گۈڭشېسىنىڭ چېڭشى 4-دۈيىدە، تەجرىبە ئېتىزىدىكى 13 خىل بۇغداي سورتىنىڭ ھەممىسىدە بۇ كېسەللىك يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى «مېكسىكا-ئا» بۇغداي سورتىدا بۇ كېسەللىكنىڭ

www.uyghurkitap.com

يۈز بېرىش نىسبىتى 40% كە يەتكەن.

(5) ئاق قوناقتا بولىدىغان قارا كۈيە كېسەللىكى: بۇ، قارا كۆسەي، قارا توزان كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىك تۈزلەڭلىكتىكى گۇڭشې-دۈيلەرنىڭ ھەممىسىدە يۈز بېرىدۇ. بۇلۇڭتوغراق، شەھەر ئىچى، ئاستانە، پالۋانتۇر قاتارلىق گۇڭشېلاردا بۇ كېسەللىكنىڭ يۈزبېرىش نىسبىتى 10% ئەتراپىغا يېتىدۇ. بۇ كېسەللىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەھسۇلات، ئادەتتە 10% كېمىيىدۇ. ئەھۋال ئېغىر بولغانلىرىدا بولسا، كېمىيىش 40% كىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇلى شۇكى، كېسەلسىز ئۇرۇقلارنى تاللاپ ئىشلىتىش، يەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ، زىرائەتنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش، ئۇرۇقنى خىمىيىۋى دورىلار بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

(6) كۆممىقوناقتا بولىدىغان قارا كۈيە كېسەللىكى: بۇ، قارا مەدەك كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئالامىتى ئانچە روشەن بولمايدۇ، كېيىنچەرەك مەدەكتە ھۆررەك پەيدا بولىدۇ. قوناق باشقىنىڭ پوستى كۆلرەڭ-ئاقۇش بولۇپ پارقىراپ كۆرۈنىدۇ. تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەندە مەدەكتە سۇ تەركىبى بەك كۆپ بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن توزانغا ئايلىنىدۇ، باشاقنىڭ پوستى يېرىلىپ توزانلار ئۇچۇپ تارقىلىدۇ. بۇلۇڭتوغراق، ئاستانە، راھەتباغ گۇڭشېلىرىدا بۇ كېسەللىكنىڭ تارقىلىش نىسبىتى 2% — 3% كىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، كېسەللىككە قارشى سورتلارنى تاللاپ تېرىش، ئۇرۇقنى دورىلاش، كېسەل تەككەن تۈپلەرنى يۇلۇۋېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بار.

(7) ياكيۇنىڭ ھالقىسىمان چىرىش كېسىلى: بۇ ياكيۇدىكى ئاساسىي كېسەللىك بولۇپ، كۆپىنچە، قارا غول كېسەللىكى بىلەن قوشۇلۇپ پەيدا بولىدۇ. تاشۋېلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ، پالۋانتۇر گۇڭشېلىرىدا بۇ كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 5% — 9% كىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، كېسەل تۈپلەرنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش، قاتتىق كارانتىن قىلىش، ياخشى ئۆسكەن تۈپلەردىكى ئۇششاق ياكيۇلارنى تاللىۋېلىپ، توغرىماي تېرىش، ياكيۇ توغرايدىغان پىچاقلارنى قاتتىق دېزىنفېكسىيە قىلىش، كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدىغان سورتلارنى تېرىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

### 2. ھاشارات زىيانداشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش

(1) يەر يولۋىسى: بۇ، پۈتۈن ناھىيىدە ئومۇميۈزلۈك تارقالغان. قومۇلدا سېرىق يەر يولۋىسى، ئىدىرىم يەر يولۋىسى، كىچىك يەر يولۋىسى، ئاچا شەكىللىك يەر يولۋىسى ۋە بەيبېيەن يەر يولۋىسى دەيدىغان بەش خىل يەر يولۋىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار كۆممىقوناق، ئاق قوناق، ياكيۇ ۋە كۆكتاتلارغا ناھايىتى ئېغىر زىيان سالىدۇ. يەر يولۋىسى تازا كۆپەيگەندە، ھەر كۋادرات مېتىر يەردىكى يەر يولۋىسى 70 دانىگە يېتىدۇ، زىيان سېلىش نىسبىتى

27% كە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، كۈزدە يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، ۋاقتىدا توك سېلىش، يازلىق زىرائەتلەرنى بالدۇر تېرىش، كۈزلۈك زىرائەتلەرنى كېچىكتۈرۈپ تېرىش، قىرلارنى بۇزۇپ لىچىنكىلارنى يوقىتىش، ئادەم كۈچى بىلەن تۇتۇش، دورا بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

(2) بۇغداي ئاچماق كۆك پىتى: تاغنىڭ جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىكتە بۇ زىياندىشىنىڭ پەيدا بولۇشى بىرقەدەر ئېغىر. ئۇ ئاپەتكە ئايلىنىپ زىيان يەتكۈزگەن يىللىرى، زىيان نىسبىتى 100% كە يەتكەن. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، يەرنى تومۇزدا ھەيدەش، ئۇرۇقنى دورا بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، دورا پۈركۈش ياكى ئىسلاش دورىلىرىنى ئىشلىتىشتەك ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

(3) كۆممىقوناق كېپىنىكى: بۇ، كۆممىقوناق، كېۋەز، ئاق قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، ئېتىزدا قالغان كۆممىقوناق شاخلىرىنى بالدۇر كۆيدۈرۈۋېتىش، دورا چېچىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

(4) ماكىدامچى قۇرت: بۇ قۇرت، ئاساسەن، بۇغداي، ئاققوناق، كۆممىقوناقلارغا زىيان سالىدۇ. بۇ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كۆپ پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، يەرنى كۈزدە ھەيدەپ، ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش، ئادەم كۈچى بىلەن تۇتۇش ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى پۈركۈش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

(5) كۆممىقوناق كۆك پىتى: ئۇ، بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، مېۋىلىك دەرەخ قاتارلىقلارغا زىيان سالىدۇ. ئۇ تۈزلەڭ رايونلارغا ئومۇميۈزلۈك تارقالغان. ئۇنى روگور پاراشوكى ياكى «1605» ناملىق پاراشوكنى چېچىش ئارقىلىق يوقىتىش مۇمكىن.

(6) قارىسىلداق مۆڭگۈزىنىڭ لىچىنكىسى: ئۇ، سېرىق رەڭدە بولۇپ، بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاققوناق، كۆكتات، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ۋە تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

(7) قىچا بۆرگىسى: سېرىق سىزىقلىق بۆرگە ۋە كرېست گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەردە پەيدا بولىدىغان بۆرگە قىچىغا ئېغىر زىيان سالىدۇ. قىچا بۆرگىسى پەيدا بولغان ئېتىزلاردا، مايسا شالاڭ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، يېتىلگەن قۇرتلار قىشلىغان پارچە ـ پۇرات شاخ ـ شۇمبا، يوپۇرماقلار ۋە ھەر خىل ئوت ـ چۆپلەرنى باش ئەتىيازدا كۆيدۈرۈۋېتىش، ئۇرۇقنى دورىلاش، دورا چېچىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

3 . ئوت ـ چۆپ زىيىنى ۋە ئۇنى يوقىتىش

ناھىيە بويىچە زىرائەتلەرگە ئارپىخان ھەممىدىن ئېغىر زىيان سالىدۇ. تاغ رايونلىرىدىن تاشۋپلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ ۋە تۆزلەڭ رايوندىكى شەھەر ئىچى، پالۋانتۇر، راھەتباغ، بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېلىرىدا ئارپىخان ئومۇميۈزلۈك ئۆسىدۇ. بولۇپمۇ تاغ رايونىدا بۇنىڭ زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر. ناھىيە بويىچە، ھەر يىلى ئارپىخان زىيىنى تۈپەيلىدىن 1 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق كەم ئېلىنىدۇ. تاشۋپلىق گۇڭشېسىدا، 1979 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە بۇغداي ئېتىزلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئەھۋال ئەڭ ئېغىر بولغان سالا ئېتىزلاردا، ھەر كۋادرات مېتىر يەردە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 804 تۈپ، ھەر مو يەردە جەمئىي 536 مىڭ تۈپ ئارپىخان ئۆسكەن، ئۇنىڭ تۇتقان دېنى 144 جىڭغا يېتىپ، بۇغداي مەھسۇلاتىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئادەتتىكى يەرلەردە ئۆسكەن ئارپىخاننىڭ زىچلىقىمۇ ھەر مو يەردە 300 مىڭ تۈپتىن 400 مىڭ تۈپكىچە بولۇپ، بۇغداي مەھسۇلاتىنىڭ 30% تىدىن كۆپرەكىنى كېمەيتىۋەتكەن. 1983 ـ يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ ئۆسۈملۈك ئاسراش خادىملىرى تاشۋپلىقتا ترىئاللات (يەنمەيۋېيى)بىلەن تاردائىرىدە ئارپىخاننىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشنى سىناق قىلغان ھەم كەڭ كۆلەملىك ئېتىزدا ئۈلگە كۆرسىتىشنى سىناق قىلغان. تار دائىرىدە سىناق قىلغاندا، ھەر مو يەرگە 175، 200، 250، 300 مىللىلىتىر دورا ئىشلىتىلگەن، نىسبىي ھالدا ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۈنۈمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 85.4%، 85.2%، 88.3%، 95.6% كە يەتكەن؛ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 78.5%، 93%، 94.6%، 109.2% كە يەتكەن. كەڭ كۆلەمدە ئۈلگە كۆرسىتىلگەن بەش مو يەرنىڭ ھەر موسىغا 200 مىللىلىتىردىن دورا ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭ نىسبىي ھالدا ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈنۈمى 74.4% كە، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى 40.4% كە يەتكەن.

## §4. دېھقانچىلىقنى رايونلارغا ئايرىش

**1. تۆزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يازغى بۇغداي، ئاق قوناق، ياغلىق دان، قوغۇن-تاۋۇز، كۆكتات رايونى**

بۇ رايون قۇمۇل بوستانلىقىدىكى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، راھەتباغ ۋە ئاستانىدىن ئىبارەت بەش گۇڭشې، 41 دادۈينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1980 ـ يىلى بۇ رايوندىكى ئاھالە سانى 44 مىڭ 567 كىشىگە، دېھقانچىلىق ئەمگەك كۈچى 15 مىڭ 575 كىشىگە يېتەتتى؛ تېرىلغۇ يېرى 113 مىڭ 844 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.55 مودىن، ھەربىر ئەمگەك كۈچىگە 7.3 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلەتتى. بۇ رايون يەلپۈگۈچسىمان ئاقما چۆكۈندىسىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا جايلاشقان

بولۇپ، يەر شەكلى بىرقەدەر تۈز، يانتۇلۇقى $\frac{2}{1000}$ گرادۇس، شىمالىي تەرىپى ئېگىز، جەنۇبىي تەرىپى پەس، كارىز، بۇلاق، كەلكۈن، ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۇلىرىغا تايىنىپ سۇغىرىلىدۇ. سۇ بىلەن تۇپراق ئاساسەن تەڭپۇڭلاشقان. بۇ رايوندا ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، قىشتا قار توختىمايدۇ، يازدا يامغۇر ئاز ياغىدۇ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى زور، ئاپتاپ يېتەرلىك چۈشىدۇ. ئىسسىقلىق مول، قىراۋسىز مەزگىل 170 كۈندىن ئاشىدۇ. تۇپرىقى ئاساسەن، كۆل رەڭ سېرىق تۇپراق، قاتلىمى قېلىن ۋە مۇنبەت، ماشىنىلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى. بۇ رايون قەدىمدىن تارتىپ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونى، شۇنداقلا ناھىيە بويىچە ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ كەلگەن. بۇ رايوننىڭ شارائىتى بۇغداي، ئاق قوناق، كۆممىقوناق، ياغلىقدان، كېۋەز، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە، كۆكتات قاتارلىق زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. بۇ رايوندا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلمەكتە. 1980-يىلى ئاشلىق زىرائەتلىرى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 87.4 پىرسەنتىنى، ياغلىقدان 5.3 پىرسەنتىنى، قوغۇن-تاۋۇز، كۆكتات 2.4 پىرسەنتىنى، باشقا زىرائەتلەر 4.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە يازلىق بۇغداي ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 73.4 پىرسەنتىنى، ئاق قوناق، كۆممىقوناق 23.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

2. قارادۆۋە ئاشلىق، ئۈزۈم، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە رايونى

بۇ رايون ناھىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جىرا بەلبېغىغا جايلاشقان، يەر تۈزلۈكى ئويمان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 476—650 مېتر ئارىلىقىدا. بۇ رايون قارا دۆۋە گۇڭشېسىنىڭ 10 داdوي، ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقلىم شارائىتى ياخشى، ئىسسىقلىقى مول، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4°C قايتىدۇ. يىللىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42.8°C، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى —27.7°C، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قىراۋسىز مەزگىل 191 كۈن، يىللىق ئاپتاپ چۈشۈش ۋاقتى ئوتتۇرىچە 3357 سائەتتىن ئارتۇق، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 37.7 مىللىمېتر. بۇ رايوننىڭ تۇپرىقى سېرىق ۋە قوڭۇر قىزىل تۇپراقتىن ئىبارەت بولۇپ، تۇپراق قاتلىمى سېغىزلىق، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار، مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا قولايسىز. تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئوزۇقلۇق تەركىبى تۆۋەن كېلىدۇ. بۇ رايوندا، ئاساسەن يازلىق بۇغداي، زاراڭزا، ئاق قوناق، ئارپا، ئاپتاپپەرەس قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. 1980-يىلى بۇ رايوندا تېرىلغۇ كۆلىمى 24 مىڭ 600 مو، ئاھالىسى 9590 كىشى، ئەمگەك كۈچى 3512 كىشى؛ كىشى بېشىغا 2.55 مودىن، ئەمگەك كۈچى بېشىغا يەتتە مودىن تېرىلغۇيەر توغرا كەلگەن. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 870 مىڭ جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 508 جىڭدىن، بىرلىك مەھسۇلاتى 245 جىڭدىن توغرا كەلگەن. زىرائەتلەر قۇرۇلمىسىدا ئاشلىق زىرائەتلىرى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 80.7 پىرسەنتىنى، زاراڭزا 10.64 پىرسەنت-

www.uygurkitap.com

نى، قوغۇن - تاۋۇز 2.9 پىرسەنتىنى، ئاپتاپپەرەس 2.7 پىرسەنتىنى، ئۈزۈم 3.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە، يازغى بۇغداي ئاشلىق كۆلىمىنىڭ 59 پىرسەنتىنى، ئاق قوناق 34.7 پىرسەنتىنى، ئارپا 5.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان.

**3. بوغاز قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، ئاشلىق رايونى**

بۇ رايون قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى يەلپۈگۈچسىمان ئاقما چۆكۈندىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 530 مېتىر بولۇپ، يەر ئاستى سۈيى ئۆرلەپ چىقىدىغان بەلباغقا توغرا كېلىدۇ. بۇ رايون ئۈچ دادۈي، بىر سۇ ئىشلىرى دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە گۇڭشې باغۋەنچىلىك مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوننىڭ يەر تۈزلۈكى تۈز، ئىسسىقلىق شارائىتى ئەۋزەل. يىللىق ئاپتاپ چۈشۈش ۋاقتى 3500 سائەتكە يېتىدۇ. سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 3160 مىللىمېتىر بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقداردىن 91 ھەسسە ئارتۇق. بۇ رايوندا قىراۋسىز مەزگىل 198 كۈن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. بۇ رايوندا يەرلەر، ئاساسەن، قۇمساز تۇپراق ۋە قۇمساز نەم تۇپراققا ئايرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن مەلۇم مىقداردىكى چۆكمە ماددىلارمۇ بار. يەر ئاستى سۇ ئورنى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، تۇپرىقى شورلاشقان. بۇ رايوندا يازغى بۇغداي، شال، ئاق قوناق، سېرىق پۇرچاق، كەندىر، قوغۇن، پىياز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. بۇ رايوننىڭ 1980 - يىلدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ مو، ئاھالىسى 3193 كىشى بولۇپ، كىشى بېشىغا 3.45 مودىن، ئەمگەك كۈچى بېشىغا 10 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كەلگەن. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 380 مىڭ جىڭغا يېتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 184 جىڭدىن، كىشى بېشىغا 432 جىڭدىن توغرا كەلگەن. ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيدۇ. 1980 - يىلى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ زىرائەت قۇرۇلمىسىدا، ئاشلىق 67% نى، ياغلىقدان 1% نى، قوغۇن - تاۋۇز 16% نى، سېرىق پۇرچاق 2% نى، باشقىلار 14% نى ئىگىلىگەن. ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە يازغى بۇغداي 52% نى، ئاق قوناق 26% نى، شال 2% نى ئىگىلىگەن. بۇ رايوندىن چىقىدىغان باش پىيازنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 3000 — 4000 توننا ئەتراپىدا بولۇپ، سۈپىتى ياخشى، خېرىدارلىق.

**4. تاشۋېلىق يازغى بۇغداي، ياغلىقدان، باقىلە (دادۇر)، ياڭيۇ رايونى**

بۇ رايون قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تىيانشان تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەرگۈك، كارىز، بەيشەن، چېڭدۈك، چېڭشى، ئاردىم ۋە خوتۇنتامدىن ئىبارەت يەتتە دادۈينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوننىڭ يەر شەكلى بىرقەدەر تۈز، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1100 — 2000 مېتىر كېلىدۇ، ئىسسىقلىقى بىرقەدەر مول، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 120 مىللىمېتىر ئەتراپىدا، يىللىق ئاپتاپ چۈشۈش ۋاقتى 3327 سائەت، قىراۋسىز مەزگىل 160 — 180 كۈن. بۇ رايوننىڭ تۇپرىقىدا كۈل رەڭ قارا تۇپراق، سېرىق قاتمال تۇپراق ۋە كۈل رەڭ سېرىق تۇپراق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تۇپراق تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا مىقدارى 1% — 1.7% گىچە. بۇ

رايوندا يازغى بۇغداي، ئارپا ، چوجگون قوناق، كۆممىقوناق، باقىلە، زىغىر، قىچا، ئاپتاپپەرەس، ياڭيۇ، كۆكتات قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. 1980 - يىلىدىكى تېرىلغۇ يەر 33 مىڭ مو، ئاھالىسى 10 مىڭ 979 كىشى، ئەمگەك كۈچى 4429 كىشى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8 مىليون 400 مىڭ جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 313 جىڭ، ياغلىقدان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 552 مىڭ جىڭ، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 169 جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 765 جىڭدىن، ئەمگەك كۈچى بېشىغا 1896 جىڭدىن توغرا كەلگەن. تەمىنلىگەن تاۋار ئاشلىق 1 مىليون 526 مىڭ جىڭغا يەتكەن. ياغلىق دان 319 مىڭ جىڭغا، ئاشلىقنىڭ تاۋارلىق نىسبىتى 20%كە، ياغلىق داننىڭ تاۋارلىق نىسبىتى 58% كە يېتىپ، ناھىيە بويىچە تاۋار ياغلىق داننىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، دېمەك، بۇ رايون قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تاۋار ئاشلىق، تاۋار ياغلىق دان بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 5. تاغ ئالدى جىلغىلاردىكى يازغى بۇغداي، باقىلە رايونى

بۇ رايون قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تىيانشان گۈڭشېسىنىڭ نېرىن، قوراي، قىزىلىيار، ئېدىردىن ئىبارەت 4 دادۈيى، غەربىي تاغ گۈڭشېسى، قويلۇق فېرمىسىنىڭ دېھقانچىلىق دۈيلىرى بولۇپ جەمئىي 12 دادۈينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوننىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىزرەك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىردىن 2000 مېتىرغىچە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. يەرلىرى جىلغىدا بولۇپ، پەلەمپەي شەكلىدە، تۇپراق قاتلىمى نېپىز. تاش كۆپ، سۇ ۋە ئوغۇتنى ساقلاش ئىقتىدارى تۆۋەن، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر. لېكىن، ئىقلىم شارائىتى بىرقەدەر ياخشى. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.4°C، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 62 — 180 مىللىمېتىرغىچە، يىللىق ئاپتاپ چۈشۈش ۋاقتى 3325 سائەتتىن ئارتۇق، قىراۋسىز مەزگىل 162 كۈن. تۇپرىقى قارا چىلان تۇپراق، كۆلرەڭ قارا تۇپراقتىن ئىبارەت بولۇپ، تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا مىقدارى،ئومۇمەن، 1% —3.3% گىچە. بۇ رايوننىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 27 مىڭ 198 موغا، ئاھالىسى 13 مىڭ 101 كىشىگە، ئەمگەك كۈچى 5078 كىشىگە يېتىدۇ. 1980 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليون 260 مىڭ جىڭغا، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 197 جىڭغا؛ ياغلىق داننىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 100 مىڭ جىڭغا، مو بېشى مەھسۇلاتى 21 جىڭغا يەتكەن. كىشى بېشىغا ئىككى مودىن، ئەمگەك كۈچى بېشىغا 5.35 مودىن يەر توغرا كەلگەن. كىشى بېشىغا 276 جىڭدىن، ئەمگەك كۈچى بېشىغا 713 جىڭدىن ئاشلىق، كىشى بېشىغا 7.66 جىڭدىن، ئەمگەك كۈچى بېشىغا 19 جىڭدىن ياغلىق دان توغرا كەلگەن. ئاشلىق ۋە ياغلىقدان بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلمەيدۇ. بۇ رايوندا يازغى بۇغداي، ئارپا، كۆممىقوناق،باقىلە، ماش، قىچا، زىغىر، ياڭيۇ قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ.

1980 - يىلى ئاشلىق كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 68 پىرسەنتىنى، ياغلىقدان 17 پىرسەنتىنى، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر 14 پىرسەنتىنى، ياڭيۇ بىر پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە يازغى بۇغداي كۆلىمى 53% نى، ئارپا 30% نى، كۆممىقوناق 1% نى ئىگىلىگەن.

پۈتۈن ناھىيىنىڭ 1949 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان تېرىلغۇ كۆلىمىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

جەدۋەل 4 - 4   بىرلىكى: مىڭ مو

| تۈرلەر / يىللار | تېرىلغۇ كۆلىمى | ئاشلىق زىرائەتلىرى | | | مەھسۇلاتى سانائەتكە خام ئەشيا قىلىنىدىغان زىرائەتلەر | | باشقا زىرائەتلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: بۇغداي | قارا ئاشلىق | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ياغلىق دان | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: كۆكتات |
| 1949 | 119.4 | 99.6 | 63.1 | 36.5 | 13.8 | 13.8 | 6.0 | 0.7 |
| 1950 | 109.8 | 91.3 | 57.3 | 34.0 | 12.5 | 12.5 | 6.0 | 0.7 |
| 1951 | 125.5 | 104.3 | 69.8 | 34.5 | 15.2 | 15.2 | 6.0 | 0.7 |
| 1952 | 134.7 | 117.3 | 71.7 | 45.6 | 11.4 | 11.0 | 6.0 | 1.5 |
| 1953 | 140.6 | 122.2 | 82.3 | 39.9 | 9.2 | 8.7 | 9.2 | 1.6 |
| 1954 | 134.1 | 115.9 | 84.9 | 31.0 | 13.0 | 12.4 | 5.2 | 1.6 |
| 1955 | 142.5 | 121.2 | 84.6 | 36.6 | 15.2 | 14.6 | 6.1 | 1.8 |
| 1956 | 162.7 | 137.9 | 88.2 | 49.7 | 16.3 | 15.2 | 8.5 | 3.1 |
| 1957 | 163.1 | 139.1 | 92.1 | 47.0 | 14.7 | 13.8 | 9.3 | 2.9 |
| 1958 | 195.0 | 165.3 | 92.6 | 72.7 | 18.8 | 17.8 | 10.9 | 3.5 |
| 1959 | 202.6 | 159.9 | 83.6 | 76.3 | 19.9 | 18.3 | 22.8 | 12.9 |
| 1960 | 366.3 | 304.7 | 129.2 | 175.5 | 31.6 | 29.0 | 30.0 | 15.9 |
| 1961 | 269.2 | 228.9 | 131.6 | 97.3 | 19.0 | 17.8 | 21.3 | 14.6 |
| 1962 | 242.0 | 212.1 | 120.0 | 92.1 | 15.2 | 14.6 | 14.7 | 10.1 |
| 1963 | 268.6 | 299.1 | 132.2 | 96.9 | 18.7 | 16.9 | 20.8 | 14.6 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 9.6 | 14.0 | 19.8 | 20.0 | 83.9 | 135.0 | 218.9 | 252.9 | 1964 |
| 10.8 | 16.8 | 19.8 | 20.7 | 95.9 | 146.2 | 242.1 | 279.6 | 1965 |
| 11.4 | 20.9 | 22.9 | 25.5 | 113.8 | 146.6 | 260.4 | 306.8 | 1966 |
| 6.3 | 14.9 | 18.4 | 21.7 | 185.5 | 153.6 | 259.1 | 295.6 | 1967 |
| 15.0 | 23.0 | 16.0 | 19.8 | 88.0 | 150.0 | 238.0 | 280.8 | 1968 |
| 8.6 | 18.9 | 16.8 | 19.0 | 97.9 | 153.1 | 241.0 | 278.9 | 1969 |
| 15.0 | 23.0 | 16.0 | 18.0 | 87.0 | 151.0 | 238.0 | 279.0 | 1970 |
| 13.8 | 22.6 | 15.3 | 16.4 | 90.4 | 149.6 | 240.0 | 279.0 | 1971 |
| 12.3 | 22.3 | 13.5 | 15.3 | 78.6 | 152.1 | 230.7 | 268.3 | 1972 |
| 12.6 | 22.7 | 17.3 | 17.7 | 80.6 | 151.9 | 232.5 | 272.9 | 1973 |
| 13.3 | 23.8 | 14.5 | 14.9 | 82.2 | 156.1 | 238.3 | 277.0 | 1974 |
| 13.8 | 25.8 | 17.5 | 18.3 | 104.3 | 150.2 | 254.5 | 298.6 | 1975 |
| 14.9 | 26.2 | 20.3 | 20.4 | 114.6 | 152.2 | 266.8 | 313.4 | 1976 |
| 12.9 | 24.4 | 21.6 | 22.1 | 114.1 | 154.5 | 268.6 | 315.1 | 1977 |
| 12.4 | 27.0 | 22.4 | 22.6 | 114.3 | 155.5 | 270.8 | 320.4 | 1978 |
| 8.0 | 18.6 | 19.3 | 19.4 | 88.2 | 126.0 | 214.2 | 252.2 | 1979 |
| 7.7 | 19.5 | 19.7 | 19.7 | 75.7 | 124.0 | 199.7 | 238.9 | 1980 |
| 14.4 | 25.5 | 18.0 | 18.4 | 78.1 | 123.4 | 201.5 | 245.3 | 1981 |
| 9.7 | 18.4 | 19.5 | 20.2 | 87.2 | 123.4 | 210.6 | 249.2 | 1982 |
| 6.4 | 15.2 | 19.2 | 19.7 | 76.7 | 121.2 | 199.7 | 232.8 | 1983 |

## پۈتۈن ناھىيىنىڭ 1949 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق، ياغلىق دان مەھسۇلاتىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 4 — 5 بىرلىكى: مىڭ جىڭ/مو

| تۈرى / يىللار | جەمئىي ئاشلىق مەھسۇلاتى | بۇغداي | قارا ئاشلىق | | | | | پۇرچاق تۈردىكىلەر | شال | جەمئىي ياغلىق دان مەھسۇلاتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە كۆممە قوناق | ئاق قوناق | ئارپا | باشقىلار | | | |
| 1949 | 14386 | 8945 | 5365 | 1443 | 2085 | 806 | 1031 | 56 | | 1344 |
| 1950 | 13749 | 8556 | 5142 | 1440 | 2086 | 643 | 973 | 51 | | 1209 |
| 1951 | 20046 | 13759 | 6223 | 1637 | 2313 | 1024 | 1249 | 63 | 1 | 1486 |
| 1952 | 27284 | 18087 | 9139 | 2098 | 3269 | 1176 | 2596 | 56 | 2 | 1376 |
| 1953 | 32910 | 22073 | 10731 | 2297 | 4336 | 1981 | 2177 | 43 | 3 | 1217 |
| 1954 | 33535 | 24306 | 9124 | 1566 | 3960 | 1552 | 2046 | 101 | 4 | 1329 |
| 1955 | 35399 | 24463 | 10853 | 2537 | 4718 | 1734 | 1964 | 77 | 6 | 1755 |
| 1956 | 35209 | 23631 | 11486 | 3712 | 4632 | 1218 | 1924 | 56 | 36 | 1086 |
| 1957 | 33401 | 23476 | 9782 | 2366 | 3845 | 1963 | 1608 | 61 | 82 | 1145 |
| 1958 | 40108 | 27190 | 12641 | 2637 | 4229 | 2307 | 3468 | 144 | 133 | 1223 |
| 1959 | 38965 | 24363 | 14297 | 725 | 4032 | 3047 | 6493 | 168 | 137 | 1584 |
| 1960 | 33345 | 23133 | 10034 | 1933 | 3077 | 2492 | 2532 | 80 | 98 | 783 |
| 1961 | 33897 | 23101 | 10679 | 2143 | 3685 | 3187 | 1664 | 68 | 49 | 632 |
| 1962 | 30143 | 19490 | 10548 | 2142 | 2473 | 3117 | 1816 | 80 | 25 | 732 |
| 1963 | 45494 | 29143 | 16150 | 3494 | 5462 | 4113 | 3081 | 179 | 22 | 1168 |
| 1964 | 52002 | 34922 | 16661 | 4278 | 4865 | 3975 | 3543 | 408 | 11 | 1278 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1328 | 13 | 520 | 3980 | 3560 | 4708 | 4624 | 16872 | 31639 | 49044 | 1965 |
| 1587 | 15 | 529 | 6108 | 4411 | 6075 | 6927 | 23521 | 36810 | 60875 | 1966 |
| 1368 | 9 | 288 | 2957 | 3858 | 4223 | 4867 | 15905 | 35946 | 52148 | 1967 |
| 941 | | 300 | 2723 | 3380 | 3140 | 4100 | 13343 | 32690 | 46333 | 1968 |
| 1096 | 3 | 264 | 5800 | | 3000 | 3500 | 12300 | 33000 | 45567 | 1969 |
| 1511 | 12 | 509 | 3255 | 3389 | 3151 | 4147 | 13942 | 39628 | 54091 | 1970 |
| 1500 | 10 | 531 | 4532 | 5335 | 2972 | 5545 | 18384 | 38211 | 57136 | 1971 |
| 1249 | 40 | 234 | 2410 | 3699 | 3497 | 2968 | 12574 | 34366 | 47214 | 1972 |
| 1571 | 73 | 195 | 3672 | 4975 | 3775 | 2862 | 15284 | 44262 | 59814 | 1973 |
| 1186 | 46 | 298 | 3101 | 2836 | 3486 | 2535 | 11958 | 32206 | 44508 | 1974 |
| 2100 | 57 | 1004 | 5755 | 5239 | 6732 | 4667 | 22393 | 45318 | 68772 | 1975 |
| 2130 | 34 | 596 | 6954 | 5373 | 7753 | 4862 | 24942 | 43627 | 69179 | 1976 |
| 2551 | 50 | 299 | 6624 | 4217 | 9272 | 5318 | 25431 | 42339 | 68619 | 1977 |
| 2621 | 93 | 905 | 5872 | 3567 | 10737 | 4971 | 25147 | 45842 | 71987 | 1978 |
| 2121 | 64 | 531 | 5711 | 2386 | 10541 | 2039 | 20677 | 38040 | 59312 | 1979 |
| 2205 | 52 | 321 | 4080 | 2497 | 9940 | 1901 | 18418 | 43121 | 61912 | 1980 |
| 2336 | 45 | 424 | 5568 | 3247 | 10731 | 1428 | 20974 | 42537 | 63980 | 1981 |
| 3329 | 8 | 891 | 5725 | 3645 | 9297 | 1492 | 20139 | 43756 | 64794 | 1982 |
| 4388 | 6 | 1479 | 6432 | 4249 | 6879 | 2887 | 20447 | 54877 | 76809 | 1983 |

www.uyghurkitap.com

ناھىيە بويىچە 1949 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق، ياغلىقدان زىرائەتلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 4 — 6 بىرلىكى: جىڭ/مو

| يىللار | ئاشلىق | ياغلىقدان | يىللار | ئاشلىق | ياغلىقدان |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 144 | 97 | 1967 | 201 | 74 |
| 1950 | 151 | 97 | 1968 | 195 | 59 |
| 1951 | 192 | 98 | 1969 | 189 | 65 |
| 1952 | 233 | 125 | 1970 | 227 | 94 |
| 1953 | 269 | 140 | 1971 | 238 | 98 |
| 1954 | 289 | 107 | 1972 | 205 | 93 |
| 1955 | 292 | 120 | 1973 | 257 | 91 |
| 1956 | 255 | 71 | 1974 | 187 | 82 |
| 1957 | 240 | 83 | 1975 | 270 | 120 |
| 1958 | 243 | 69 | 1976 | 259 | 105 |
| 1959 | 244 | 87 | 1977 | 255 | 118 |
| 1960 | 109 | 27 | 1978 | 266 | 117 |
| 1961 | 148 | 36 | 1979 | 330 | 119 |
| 1962 | 142 | 50 | 1980 | 310 | 106 |
| 1963 | 199 | 65 | 1981 | 318 | 129 |
| 1964 | 238 | 65 | 1982 | 307 | 171 |
| 1965 | 203 | 67 | 1983 | 388 | 229 |
| 1966 | 234 | 69 | | | |

www.uyghurkitap.com

### 6. يەتتەقۇدۇق ئاشلىق، كۆكتات رايونى

بۇ رايون قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا 200 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىغا جايلاشقان، تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان، يەتتە قۇدۇق گۇڭگشېسىنىڭ ئىككى شياۋدۇيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوننىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 870 مېتىر ئېگىز، ئىسسىقلىقى مول، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 37.6 مىللىمېتىرغا، يىللىق ئاپتاپ چۈشۈش ۋاقتى 3303 سائەت، قىراۋسىز مەزگىل 152 كۈنگە يېتىدۇ، كېچە-كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. تۇپرىقى شورلاشقان قارامتۇل زەي تۇپراق، سۇ شارائىتى ناچار، يەرلىرى ئاساسەن قۇدۇق سۈيى ۋە ئازغىنا كارىز سۈيىدە سۇغىرىلىدۇ. بۇ يەر تەبىئىي ئاپەت كۆپ بولىدىغان بورانلىق رايونغا كىرىدۇ. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 136 كۈن بوران چىقىدۇ. 1980-يىلىدىكى ئومۇمىي تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، تېرىلغۇ كۆلىمى 763 موغا، ئاھالىسى 430 كىشىگە، ئەمگەك كۈچى 197 گە يەتكەن؛ كىشى بېشىغا 1.78 مو، ئەمگەك كۈچى بېشىغا 8.82 مودىن يەر توغرا كەلگەن. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 104 مىڭ 500 جىڭغا، مو بېشى مەھسۇلاتى 154 جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 243 جىڭدىن، ئەمگەك كۈچى بېشىغا 530 جىڭدىن ئاشلىق توغرا كەلگەن.

## III باب چارۋىچىلىق

قۇمۇل دېھقانچىلىقمۇ، چارۋىچىلىقمۇ باب ناھىيە بولۇپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمى 18 مىليون 620 مىڭ موغا يېتىدۇ. ياخشى ئوتلاقلار تىيانشان، غەربىي تاغ، تاشۋىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ گۇڭگشېغا جايلاشقان، چارۋىدا، قوي، ئۆچكە، ئات، كالا، تۆگە ئاساس قىلىنىدۇ. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى چارۋىنىڭ قولدىكى ئومۇمىي سانى 349 مىڭ 300 تۇياق، ئومۇمىي چارۋىچىلىق كىرىمى 2 مىليون 685 مىڭ يۈەن بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى: 1949-يىلدىن 1956-يىلغىچە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە قوماندانلىق قىلىنغانلىقتىن، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل ئاشتى، چارۋىنىڭ تۇياق سانى پۇختا قەدەم بىلەن كۆپەيدى، ھەرخىل چارۋا 129 مىڭ تۇياقتىن 209 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9% تىن ئېشىپ باردى؛ 1957-يىلدىن 1961-يىلغىچە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئېغىر خىلاپلىق قىلىنىپ، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىنغانلىقتىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تولىمۇ تۇراقسىز بولدى. بۇ جەرياندىكى ئىككى يىل ئىچىدە چارۋىنىڭ تۇياق سانى ئازىيىپ كەتتى؛ 1962-يىلدىن 1966-يىلغىچە

مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «تەكشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت تۆت سۆزلۈك فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە، چارۋىچىلىق تېز تەرەققىي قىلىپ، چارۋا سانى 228 مىڭ 700 تۇياقتىن 343 مىڭ 800 تۇياققا كۆپىيىپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.06% ئاشتى؛ 1966 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كاشىلىسى بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر ئىزدا توختاپ قالدى ھەمدە تۆۋەنلەپ كەتتى. چارۋىنىڭ تۇياق سانى 343 مىڭ 800 تۇياقتىن 314 مىڭ 200 تۇياققا چۈشۈپ، 30 مىڭ تۇياققا يېقىن چارۋا ئازىيىپ كەتتى؛ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تار مار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چارۋىچىلىقتا دائىر سىياسەتلەر تەكشەلدى، شۇنىڭ بىلەن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 1983 - يىلى چارۋىنىڭ تۇياق سانى 1976 - يىلىدىكىدىن 35 مىڭ 100 تۇياق ساپ كۆپەيدى؛ 1949 - يىلىدىكىدىن 220 مىڭ 600 تۇياق ساپ كۆپىيىپ، 1.7 ھەسسە ئاشتى.

1983 - يىلى ناھىيە بويىچە مال دوختۇرلۇق پونكىتى 14كە، مال دوختۇرى 65 كىشىگە يەتتى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ناھىيە بويىچە چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىدا 40 نەچچە خىل يۇقۇملۇق كېسەل ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىنىڭ بارلىقى ئېنىقلاندى ھەمدە چارۋىلار ئۇزۇقلۇقتىن بىر نەچچە قېتىم زەھەرلەندى. ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئارقىلىق بۇ كېسەللەرنىڭ بىر قىسمى تىزگىنلەندى، بىر قىسمى يوقىتىلدى.

## §1. ئوتلاق بايلىقى

ناھىيە بويىچە ئوتلاقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 18 مىليون 623 مىڭ 300 موغا يېتىدۇ. بۇ ئوتلاقتىن ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلىۋاتقىنى 11 مىليون 206 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 60.17 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يايلاق كۆلىمى 2 مىليون 113 مىڭ مو بولۇپ، پايدىلىنىلىۋاتقان ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 18.86 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ كۆكلەم ۋە كۈزلەك كۆلىمى 3 مىليون 648 مىڭ مو بولۇپ، پايدىلىنىلىۋاتقان ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 32.55 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ پايدىلىنىدىغان قىشلاق كۆلىمى 5 مىليون 445 مىڭ مو بولۇپ، پايدىلىنىلىۋاتقان ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 48.59 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 7 مىليون 414 مىڭ موغا يېتىپ، ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 39.81 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1. يايلاق: يايلاقلار ئېگىز - پەس تاغلاردىكى ئوتلاق بەلبېغى ۋە ئورمان ئارىسىدىكى ئوتلاق بەلبېغىغا جايلاشقان. ئېگىز - پەس تاغلاردىكى ئوتلاقلار دېڭىز يۈزىدىن 2500 — 3500 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ھاۋاسى سوغۇق، تۇپرىقى چىملىق تۇپراق بولۇپ، ئاساسەن، سوغاققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، نەملىكنى ياقتۇرىدىغان سازلىق

ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ. ئوت ـ چۆپلەرنىڭ بويى پاكار، قويۇق، ئوتتۇرىچە پۈركىنىش نىسبىتى 50% ــ 60% كىچە يېتىپ بارىدۇ، چارۋا يېيەلەيدىغان نىسبىتى 80% تىن ئاشىدۇ. ئۆسۈش ۋاقتى قىسقا، بىرمو يەردىن 119.4 كىلوگرام ھۆل ئوت چىقىدۇ. شىۋاق. ئەمەن قاتارلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. تاشۋىلىقتىكى شوپۇل، تىيانشاندىكى ئاقتاش، داۋسىگۇ، خەنجىگۇ قاتارلىق جايلاردا بىر قىسىم چىملىق ئوتلاق بار، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىر قەدەر ئېگىز ئۆسىدۇ، ئوت ـ چۆپمۇ كۆپ چىقىدۇ. ئوت ـ چوپلەر يۇمشاق، سۇلۇق بولۇپ، چارۋىلار ياقتۇرۇپ يەيدۇ. ئورمان ئارىسىدىكى ئوتلاق بەلبېغى دېڭىز يۈزىدىن 2100 ــ 2800 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ھاۋاسى بىر قەدەر سوغاق، تۇپرىقى تاغ رايونىغا خاس چىملىق تۇپراق، ئادەتتە تۆپىلىكنىڭ تەسكەي تەرىپىنى ئورمان قاپلىغان بولىدۇ. ئوتلاق، ئاساسەن، كۈنگەي تاغ باغرىدا، يەر تۈزۈلۈشى تىك يانتۇ. بۇ يەردە، ئاساسەن، سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، سالقىنلىقنى ياقتۇرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ، كۆلىمى چوڭ ئەمەس، پارچە ـ پارچە جايلاشقان. يۇقىرىقى ئىككى خىل ئوتلاق قومۇل ناھىيىسىنىڭ ئىسسىل ئوتلاقلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. **كۆكلەم ۋە كۈزلەك:** بۇ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بىر قىسمى يايلاق بىلەن قىشلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرا تاغ بەلبېغىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە. بۇ خاس كۈزلۈك ئوتلاق بولۇپ، يايلاق بىلەن قىشلاق ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى ئوتلاق. بۇ يەردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر پاكار، قويۇق ئۆسىدۇ. ئوتتۇرىچە پۈركىنىش نىسبىتى 50% ئۆپچۆرىسىدە، چارۋا مال يېيەلەيدىغان نىسبىتى 70%، ئۆسۈش مەزگىلىمۇ بىر قەدەر قىسقا، ھەرمو يەردىن 40 ــ 120 كىلوگرام ھۆل ئوت چىقىدۇ. بۇ يەردە بوز ئوت، تەسكەن، شىۋاق، ئەمەن ۋە باشقا ئوت ـ چۆپلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا سانىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ بىر قىسىم كۈزلەكلەر يايلاق ۋە قىشلاق قىلىنىپ كېتىپ، ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالدى. يەنە بىر قىسىم كۈزلەكلەر تاغنىڭ ئالدىدىكى چۆل ـ باياۋانغا ھەم تاغ باغرىدىكى چۆكمىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان بەلباغقا جايلاشقان، بۇ يەردە يېپىنچا ئۆسۈملۈك شالاڭ، پۈركىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30% ــ 50% چامىسىدا. ئاساسلىق ئوت ـ چۆپلەردىن شىۋاق، ئەمەن، ياۋا بېدە، ياۋا پۇرچاق، تەسكەن ۋە باشقا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ، چارۋا يېيەلەيدىغان نىسبىتى 50% ــ 60% كىچە، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ. لېكىن، كۆپ ساندىكى جايلاردا سۇ كەمچىل ياكى سۇ يوق، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى قارغا تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. گەرچە بۇ بىر قىسىم ئوتلاقلارنىڭ سۈپىتى ناچار بولسىمۇ، لېكىن، ئەتىيازدا تۆل ئېلىش، كۈزدە چارۋا ماللارنى ئورۇقلاندۇرۇش ۋاقتىدىكى ئاساسلىق ئوتلاق بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنداق ئوتلاقنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئومۇمىي كۆلىمى 3 مىليون 648 مىڭ مو بولۇپ، قويىنى بىرلىك قىلغاندا، 410 مىڭ تۇياق مال سىغىدۇ.

www.uyghurkitap.com

3. قىشلاق: قىشلىق ئوتلاق ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىر قىسمى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان، بۇ يەرلەردە يېپىنچا ئۆسۈملۈكنىڭ شالاڭلىقى بىردەك ئەمەس، يۆركىنىش نىسبىتى 30% — 40% كىچە، چارۋا مال يېيەلەيدىغان نىسبىتى 50%، ھەر مو يەردىن 30—70 كىلوگرام ھۆل ئوت چىقىدۇ. بوز ئوت، تەسكەن، ئەركەك چۆپ، تاغ پىيىزى، قار..ن، ئازغان، چىغىرتماق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. بىر قىسمى جىلغىلارنىڭ ئىچىگە جايلاشقان، يەر تۈزلۈكى پەس، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرىراق، بۇلاق سۈيى كۆپ، يەر يۈزى زەيكەش. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر خېلى ياخشى ئۆسىدۇ. يۆركىنىش نىسبىتى 50%. ئاساسلىق ئوت - چۆپ شىۋاق، ئەمەن، قۇمۇش، چىغ، چاكاندا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قىشلىق ئوتلاقنىڭ پايدىلىنىلىدىغان ئومۇمىي كۆلىمى 5 مىليون 445 مىڭ مو، بۇنىڭغا قوي بىرلىكى بويىچە ھېسابلىغاندا 399 مىڭ تۇياق مال سىغىدۇ.

4. ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق: ئاساسلىقى چۆل - باياۋان، يېرىم چۆل باياۋان، يېرىم چۆل - باياۋان خاراكتېرىنى ئالغان ئوتلاقلار بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 700 مېتىردىن 2500 مېتىرغىچە ئېگىزلىككە جايلاشقان. دائىرىسى كەڭ، ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ: بۇنىڭ بىرى، يەتتەقۇدۇق، تاغ ئالدىدىكى چۆل - باياۋان ھەم ماجۇاڭشەندىكى كەڭ رايونلار بولۇپ، ئىقلىمى قۇرغاق، تاشلىق، كۆپىنچىلىك جايلىرىدا سۇ قىس ياكى سۇ يوق، يېپىنچا ئۆسۈملۈك شالاڭ، يۆركىنىش نىسبىتى 30% — 60% كە يېتىدۇ، ئاساسلىقى، سۆكسۆك، چاكاندا، ئىچىم، شىۋاق، ئەمەن قاتارلىق ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ. ئوتلاقنىڭ سۈپىتى ناچار، تۆگە بېقىشقا مۇۋاپىق. يەنە بىرى، ئەللىك غوجامدىن تارتىپ لوتوچۈەنزىگىچە بولغان ئاردىلىق بولۇپ، بۇ يەردە ئاساسەن شورغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۆپ يىللىق ۋە بىر يىللىق سامان ئوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۆركىنىش نىسبىتى 30% — 50%، چارۋا مال يېيەلەيدىغان ئوت - چۆپنىڭ تۈرى كۆپ ئەمەس، ئاساسلىقى قۇمۇش، ياۋا كەندىر، يانتاق قاتارلىقلار بولۇپ، ناچار ئوتلاققا كىرىدۇ. بۇ ئوتلاقنىڭ كۆلىمى 7 مىليون 414 مىڭ مو بولۇپ، قوي بىرلىكى بويىچە ھېسابلىغاندا، 350 مىڭ تۇياق مال سىغىدۇ.

## 2§. ئوتلاق قۇرۇلۇشى

### 1. ئىنشائات قۇرۇلۇشى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، قۇمۇل ناھىيىسىدە چارۋا ماللار پۈتۈنلەي تەبىئىي ئوتلاقلاردىلا بېقىلاتتى، چارۋىچىلار سۇ ۋە ئوت - چۆپ بار يەرلەرگە كۆچۈپ يۈرۈپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشايتتى، ئۇلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراق جايى، يېتەرلىك ماددىي ئەشيا زاپىسى ۋە قوغدىنىش ئىنشائاتلىرى يوق ئىدى. چارۋىلار كۆپىنچە «يازدا ئوت - چۆپكە تويۇنۇش، كۈزدە سەمرىش، قىشتا جۇدەش، ئەتىيازدا قىرىلىش» دېگەندەك ھالەتتە ياشايتتى. چارۋىچىلىقنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز ئىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتتى، ھەر يىلى مالىيىدىن نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ بەردى. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، يايلاقلاردا چارۋا مال ماڭىدىغان يوللار ياسالدى، يول ئۈستىدە يەم - خەشەك پونكىتلىرى قۇرۇلدى، تۆل ئېلىش ئۆيلىرى ۋە قوتانلار سېلىندى؛ ئاھالىلەر ئولتۇرىدىغان مەھەللىلەر پىلانلاندى ۋە ئۆي - ئىمارەتلەر سېلىندى؛ ئېرىق - ئۆستەڭلەر چېپىلدى، قۇدۇق قېزىلدى، قاشالانغان ئوتلاقلار بەرپا قىلىندى، سۈنئىي ئوتلاقلار يېتىشتۈرۈلدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ناھىيىدە سېلىنغان تۆل ئېلىش ئۆيى، قوتان 906 گە، چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيى 866 ئېغىزغا يەتتى؛ قېزىلغان ھەرخىل قۇدۇق 208 گە (جۈملىدىن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، ماشىنىلاشقان قۇدۇق 22 گە) يەتتى؛ چارۋىچىلىققا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭ 43 كە، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 220 كىلومېترغا يەتتى؛ قاشالانغان ئوتلاق 40 مىڭ موغا، سۈنئىي ئوتلاق 1500 موغا، تەبىئىي قورۇق 6 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتتى؛ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى، تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى.

**2. ئوتلاق ئاسراش**

قومۇل ناھىيىسىنىڭ ئوتلاق كۆلىمى كەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئوتلاقلارنىڭ كۆپىنچىسى تيانشان تاغ تىزمىسىنىڭ ئاخىرىدىكى پەس تاغ - ئېدىرلارغا جايلاشقانلىقتىن، سۈپىتى بىر قەدەر تۆۋەن، سۈپەتلىك ئوتلاق كۆلىمى چەكلىك. ئازادلىقتىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوتلاقلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوتلاقلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا رايونلارغا ئايرىدى، چارۋا مال قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشىدى، رايونلارغا ئايرىپ، پەسىللەر بويىچە مال بېقىشنى تەكىتلىدى ھەمدە ئوتلاقلارنىڭ تۈرىگە ۋە ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ، مال پادىلىرىنى مۇۋاپىق ئايرىدى، ئوتلاق ئەھۋالىغا قاراپ چارۋا سانىنى بېكىتتى، پىلانلىق ئوتلىتىش، بىر تۇتاش كۆچۈرۈشنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن، ئوتلاقلار ئاسرالدى ۋە ئارام ئالدۇرۇلدى، ئوتلاقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

گۇڭشې ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش» بىر مەزگىل بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش تەلەپ قىلىندى. نەتىجىدە، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېرىلغۇ كۆلىمى قارىغۇلارچە كېڭەيتىلىپ، تاغ رايونلىرىدىكى بىر قىسىم سۈپەتلىك ئوتلاقلار تېرىلغۇ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلدى، ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، تيانشان گۇڭشېسىنىڭ ئاقتاش رايونىدا 20 مىڭ مو سۈپەتلىك چىم ئوتلاقنىڭ 10 مىڭ موسى تېرىلغۇ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن، بۇ ئېگىز تاغلىق رايوننىڭ ھاۋاسى سوغۇق بولغاچقا، تېرىلغان ئاشلىقتىن تۈزۈك ھوسۇل ئېلىنمىغان، پايدىدىن زىيان كۆپرەك بولغان.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆتكەنكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، قارىغۇلارچە تېرىلغۇ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن يەرلەرنى ئوتلاق قىلىشقا قايتۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلدى ھەمدە چارۋىچىلارنى سۇ، ئوغۇت شارائىتى ياخشىراق يەرلەرگە بېدە قاتارلىق ياخشى ئوت - چۆپ، يەم - خەشەكلەرنى تېرىشقا، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك بازىلىرىنى قۇرۇشقا، ئوتلاقنى ئاسراش، ئوتلاقنى پەرۋىش قىلىش، ئوت - چۆپ تېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈردى.

**1983 - يىلىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كۆكتىپ، فېرمىلارنىڭ ئوتلاق كۆلىمى ۋە ئوتلاقتا سىغقان چارۋا مىقدارى**

جەدۋەل 4 - 7 بىرلىكى: مىڭ مو، كىلوگرام، مىڭ تۇياق

| | ئورۇنلار | ئوتلاق كۆلىمى | ھەر مو يەردىن چىققان ئوت مىقدارى | سىغقان چارۋا مىقدارى | ئارتۇق كەم |
|---|---|---|---|---|---|
| يايلاق | تاشۋىلىق كۆكتىپى | 475.5 | 120 | 108.7 | كەم |
| | تىيانشان كۆكتىپى | 691.5 | 146 | 192.3 | ئارتۇق |
| | غەربىي تاغ كۆكتىپى | 664.5 | 139 | 175.9 | تەڭ |
| | قويلۇق فېرمىسى | 99 | 96 | 18.1 | تەڭ |
| | باشقىلار | 182.5 | | | |
| قىشلاق | تاشۋىلىق كۆكتىپى | 2755.5 | 60 | 220 | ئارتۇق |
| | تىيانشان كۆكتىپى | 862.2 | 62 | 71.3 | كەم |
| | غەربىي تاغ كۆكتىپى | 1239 | 62 | 101.4 | تەڭ |
| | قويلۇق فېرمىسى | 335.5 | 61 | 20.3 | تەڭ |
| | باشقىلار | 252.8 | | | |
| كۆكلەم ۋە كۈزلۈك | تاشۋىلىق كۆكتىپى | 1561.5 | 56 | 166.6 | كەم |
| | تىيانشان كۆكتىپى | 489 | 77 | 71.7 | كەم |
| | غەربىي تاغ كۆكتىپى | 1126.5 | 68 | 145.9 | كەم |
| | قويلۇق فېرمىسى | 240 | 50 | 22.8 | كەم |
| | باشقىلار | 231 | | | |

www.uyghurkitap.com

### 3. چېكەتكە ۋە چاشقان يوقىتىش

#### 1) چېكەتكە يوقىتىش

قۇمۇل ناھىيىسىدە چېكەتكە 8 خىلغا ئايرىلىدۇ. غەربىي تاغ گۈڭشېسىدا ئىتالىيە چېكەتكىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ: تىيانشان گۈڭشېسىدا سىبىرىيە چېكەتكىسى ئاساسىي ئورۇندا، ئىتالىيە چېكەتكىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تاشۆيلۈك گۈڭشېسىنىڭ تاغ باغرىلىرىدا ئىتالىيە چېكەتكىسى، جىلغىلىرىدا سىبىرىيە چېكەتكىسى كۆپ. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، چېكەتكە زىيان سالىدىغان يەر كۆلىمى ناھايىتى كەڭ. تىيانشان گۈڭشېسىدا 170 مىڭ مو، غەربىي تاغ گۈڭشېسىنىڭ تاغ باغرىدىكى جايلىرىدا 360 مىڭ مو، تاشۆيلۈك گۈڭشېسىنىڭ خوتۇنتام داۋىيىدە 50 مىڭ مو بولۇپ، جەمئىي 580 مىڭ موغا يېتىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان، ئۇدا مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يوقىتىش ئارقىسىدا، چېكەتكىنىڭ زىيىنى ناھىيە بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

1954 - يىلى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تىيانشان رايونىدىكى ئاقتاش ئەتراپىدا ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىپ 11 مىڭ مويەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قولدا ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دورا پۈركۈش ماشىنىسى ئارقىلىق «666» پاراشوكى پۈركۈتۈلۈپ، 1186.21 مو يەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى. جەمئىي 2210 جىڭ «666» پاراشوكى، 18 مىڭ جىڭ كېپەك، 28 مىڭ جىڭ ئات قىغى ئىشلىتىلدى. شۇ يىلى 400 مىڭ مو يەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى. 1969 - يىلى 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 170 مىڭ مو يەردە چېكەتكە يوقىتىلدى. 1977 - يىلى يەنە ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىپ 100 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئاقتاش ئەتراپىدا چېكەتكە زىيىنى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

1980 - يىلى غەربىي تاغ گۈڭشېسىدا، 360 مىڭ مو يەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى، 1981 - يىلى 60 مىڭ مو يەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى، 1982 - يىلى يەنە 20 مىڭ مو يەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن، مۇشۇ يەردىمۇ چېكەتكە زىيىنى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

#### 2) چاشقان يوقىتىش

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ساك چاشقىنى، قۇملۇق چاشقىنى، كوسۇتكە، كىچىك ئۆي چاشقىنى ۋە لەخمەنتاختاق قاتارلىق زىيانداش چاشقانلار بار، ئۇلار، ئاساسەن، ئەمەن، سامان غوللۇق ئوت - چۆپ ھەم ئاشلىق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا سالىدىغان زىيىنى ئېغىر. 1958 - يىلىدىن 1959 - يىلغىچە، بوغاز گۈڭشېسىدا تەخمىنەن 60 مىڭ مو ئوتلاقتا؛ يەتتەقۇدۇق گۈڭشېسىدا تەخمىنەن 50 مىڭ مو ئوتلاقتا ئېغىر چاشقان ئاپىتى پەيدا بولغانىدى. كېيىن يوقىتىش تەدبىرى قوللىنىلىپ تىزگىنلىنىشلەندى؛ 1978 - يىلى تاشۆيلۈك گۈڭ-

شىنىڭ شوپۇل دادۋىيىدىكى قاتقارا ئوتلىقىدا 450 مىڭ مو يەردىكى چاشقان يوقىتىلدى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتى چاشقان يوقىتىش خىزمەت دۈيى تەشكىللەپ، تاشۋىلىق گۇڭشىسىنىڭ شوپۇل دادۋىيىدە چاشقان ئاپىتى ئېغىر بولغان 100 مىڭ مو ئوتلاقتا چاشقان يوقىتىش سىنىقىنى ئۆتكۈزدى. ئۇلار 2 -، 3- ئايلاردا كونا ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ تۈگىگەن، يېڭى ئوت-چۆپ تېخى ئۆسۈپ چىقمىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، سېنىك فوسفىدنى ئاساسلىق دورا قىلىپ، ئۇنى مايلانغان ئاشلىققا ئارىلاشتۇرۇپ، تۆت سائەت دۈملەپ قويغاندىن كېيىن، چاشقان تۆشۈكىنىڭ ئاغزىغا 3 — 5 تالدىن قويۇپ قويغان. كېيىن تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، چاشقاننىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 90% تىن كۆپرەككە يەتكەن.

## 3§. چارۋا مال تۈرى

قۇمۇل ناھىيىسىدە ئاساسەن، قوي، ئۆچكە، كالا، ئات، ئېشەك، تۆگە، خېچىر، چوشقا قاتارلىق چارۋا مال تۈرلىرى بار.

1. ئات: قۇمۇل ئېتى ئەسلىدە قازاق - موڭغۇل ئېتىنىڭ ئارىلاشما قانلىق نەسلىدىن بولۇپ، قازاق ئېتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدۇ. بۇلار، ئاساسەن، مىنىش، هارۋىغا قوشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئاتلارنىڭ جۈغى كىچىكرەك، تېمەن. بارىكۆل ئېتى شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىدا داڭلىق. بارىكۆل ئېتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئېتى ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى، ئازادلىقتىن كېيىن، گۇڭشى - فېرمىلار ئىلى ۋە يەنجى (قاراشەھەر) ئاتلىرىنى كەلتۈرۈپ، نەسلىنى ياخشىلىغاچقا، ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھىيىنىڭ يېرى كەڭ، دېھقانچىلىق -چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدىكى پەرقلەر ناھايىتى چوڭ، بېقىش، باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا، نەسلى بىرقەدەر مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ناھىيە بويىچە 8200 ئات بار ئىدى، 1983 - يىلى كۆپىيىپ 9800 گە يەتتى. 1974 - يىلى يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قوتاندىكى ئات سانى تازا كۆپىيىپ، 13 مىڭ 900 گە يەتتى. 1951 - يىلى ئات سانى ھەممىدىن ئاز بولۇپ، 7500 گە يېتەتتى.

2. ئېشەك: قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ئېشەكنىڭ جۈغى موڭغۇل ئېشىكى ۋە شىنجاڭ ئېشىكىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. خېچىر ئېلىش ئۈچۈن گۇەنجۇڭ ئېشىكى كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇمۇل ئېشىكى نەسلىگە ئاز - تولا تەسىر يەتكەن. ناھىيىمىزدىكى ئېشەكنىڭ بېشى يوغان، قولىقى ئۇزۇن ھەم يوغان، بويىنى قىسقا، يايلى قىسقا ھەم تىك، بېلى تۈز، تۆت پۇتى مۇ تۈز، تۇۋىقى قاتتىق، تۈكىنىڭ رەڭگى ھەرخىل بولۇپ، قارا، سۇر، كۆكۈشلىرى كۆپرەك، يۇڭ كۆتۈرۈشكە ئەپلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قورالى ۋە قاتناش قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناھىيىدە 1949 - يىلى 5000 ئېشەك بار ئىدى، 1983 - يىلى 13 مىڭ

600 گە يەتتى، 1974 ـ يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ 19 مىڭغا يەتكەن؛ 1960 ـ يىلى ئەڭ ئاز بولۇپ، 4100 گە چۈشۈپ قالغان.

3. **تۆگە:** قۇمۇل يىپەك يولى ئۈستىدىكى مۇھىم جاي، مۇھىم ھەربىي قاتناش يولى بولغاچقا، جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن ھەربىي تۆگىلەر كۆپىنچە، مۇشۇ يەردە توختايتتى. ئۆتكەن ـ كەچكەن كارۋانلارنىڭ تۆگىلىرىمۇ مۇشۇ يەردە توختاپ ئارام ئالاتتى. ئەمما، قۇمۇل تۆگىسى، ئاساسەن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ قوش لوكىلىق تۆگىسى تىپىغا كىرىدۇ. قوڭۇر يۇڭلۇقى ئاساسىي ئورۇندا، سارغۇچ يۇڭلۇقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تاشۋېلىقتىن ئاق تۆگە چىقىدۇ، ئۇنىڭ يۇڭىنى ھەر خىل رەڭدە بوياشقىلى بولغاچقا، ئىقتىسادىي قىممىتى سەل يۇقىرى، ئەمما ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ئاجىزراق، كۆپىيىشى ئاستا، بۇنداق ئاق تۆگىنىڭ سانى ئاران 300 گە يېتىدۇ. 1949 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 2100 تۆگە بار ئىدى، 1983 ـ يىلى كۆپىيىپ 6600 گە يېتىپ، تارىختا يۇقىرى رېكورد يارىتىلدى. 1967 ـ يىلى تۆگە سانى ئەڭ ئاز بولۇپ 1000 غا چۈشۈپ قالغانىدى.

4. **كالا:** قۇمۇل ناھىيىسىدىكى كالىلار يەرلىك كالا، قوتاز، ئارغۇن كالا (غاينۇق) دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. ناھىيىدە 1949 ـ يىلى 13 مىڭ 800 كالا بار ئىدى، 1983 ـ يىلى كۆپىيىپ 21 مىڭ 600 گە يېتىپ، تارىختا يۇقىرى رېكورد يارىتىلدى. 1953 ـ ۋە 1961 ـ يىللىرى كالىنىڭ سانى بەك ئازىيىپ 13 مىڭ 300 گە چۈشۈپ قالدى.

1) **يەرلىك كالا:** بۇنى تولاراق مۇڭغۇللار بىلەن قازاقلار كۆچۈپ كەلگەندە ئالغاچ كەلگەن، ئۇزاق مۇددەت شالغۇتلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە بۇ كالا سورتى يېتىشىپ چىققان، بۇنىڭ كۆپ قىسمى موڭغۇل كالىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئايرىملىرى قازاق كالىسىغا ئوخشايدۇ. قۇمۇل ناھىيىسىدە يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان. 1956 ـ يىلى ئالاتاۋ قارا كالىسى بىلەن كېسترۇم كالىسى كەلتۈرۈلۈپ، تىميانشان گۆشىپسىنىڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىدا نەسلىنى ياخشىلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلغانىدى. بىراق، بۇ ئىش داۋاملاشالماي قالغان، 1960 ـ يىلى توختاپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىغان. شۇ چاغدا شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، شىمۋېتساربيە قوڭۇر كالىسى، سىممىنتال، شارولايلا كالىلىرىنىڭ توڭلىتىلغان سپېرمىسى ئىشلىتىلگەن. قۇمۇل ناھىيىسىدە يەنە، بېيجىڭدىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىرقانچە قېتىم چېپار ئىنەك كەلتۈرۈپ بېقىلىپ 100 گە يەتكۈزۈلگەنىدى. بۇ خىل كالا بىرقەدەر نازۇك بولغانلىقى، بېقىش شارائىتىنىڭ ياخشى بولۇشىنى، بولۇپمۇ يېشىل ئوت ـ چۆپنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بېقىش شارائىتى ئەپلەشمەي، ئاستا ـ ئاستا قاتاردىن چۈشۈپ قالدى. ھازىر تاشۋېلىق بىلەن شەھەر ئىچىدە بۇنىڭدىن بىرنەچچىسىلا قالدى. قۇمۇل ناھىيىسىدىكى يەرلىك كالىنىڭ جۇغى كىچىكرەك، ئەمما چىدامىلىق، ياۋاش، جاپاغا چىدايدۇ، بېقىش ـ باشقۇرۇش ئاسان، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاساسلىق ئۇلاغ ھېسابلىنىدۇ.

www.uygurkitap.com

2) قوتاز: قۇمۇل ناھىيىسىدە قوتاز بېقىش تارىخى ئۇزۇن ئەمەس، ئاران 100 يىلغا يېقىنلىشىدۇ. قوتاز قۇمۇلغا موڭغۇلىيە ۋە چىڭخەيلەردىن كەلتۈرۈلگەن. 1905 - يىلى زىپاڭ ئىسىملىك بىر موڭغۇل سودىگەر 20 نەچچە قوتازنى موڭغۇلىيە يايلىقىدىن ھەيدەپ نومغا ئەپكېلىپ 2 - 3 ئاي باققان، ئاندىن ھاۋا ئىسسىغاندا، بۇ قوتازلارنى قۇمۇللۇق ما فامىلىلىك بىر خۇيزۇ سودىگەرگە سېتىپ بەرگەن. كېيىن خۇيزۇ سودىگەرمۇ بۇ قوتازلارنى تۆمۈرتىدىكى 8 - 9 ئائىلىلىك چارۋىچىغا سېتىپ بەرگەن. ئۇلار 20 نەچچە يىل باققاندىن كېيىن، قوتازنىڭ شۇ جايدا بېقىشقا ماس كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. نەرىتاسىلىق خۇدابەردى مولla 1935 - يىلى چىڭخەيدىن 6 - 7 قوتازنى سېتىۋېلىپ كېلىپ باققان. مۇشۇ ئىككى قېتىم سىرتتىن ئەپكېلىش ئارقىلىق، ئاراتۈرۈك، باركۆل ۋە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشۆيلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ رايونلىرىدا قوتاز پەيدا بولغان.

3) ئارغۇن كالا (غاينۇق): قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ غەربىي تاغ، تىيانشان رايونلىرىدىلا 100 دەك ئارغۇن كالا بار. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاتىلىق، ئانىلىق ئەۋلادىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېشى، قۇيرۇقى، تۇۋىقى قوتازنىڭكىگە ئوخشايدۇ، تېنى يەرلىك كالىنىڭكىگە ئوخشايدۇ، جۇغى چوڭ، سوغۇققىمۇ، ئىسسىققىمۇ چىدايدۇ. ئىشلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، سۆرەش كۈچى زور، ھارۋىغا قوشسا ئىككى كالىنىڭ ياكى ئۈچ ئاتنىڭ كۈچىنى بېرىدۇ.

5. قوي - ئۆچكە: قوي ۋە ئۆچكە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقىدا كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە 1949 - يىلى 63 مىڭ 500 تۇياق قوي بار ئىدى، 1983 - يىلى كۆپىيىپ 204 مىڭ 300 تۇياققا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 2.2 ھەسسە كۆپەيدى. ناھىيىدە 1949 - يىلى 30 مىڭ تۇياق ئۆچكە بار ئىدى، 1965 - يىلى كۆپىيىپ 151 مىڭ 900 تۇياققا يەتتى. كېيىنچە يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ 1983 - يىلى 85 مىڭ 600 تۇياققا چۈشۈپ قالدى.

1) قوي: چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي (قازاق قويى) ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يۈەن ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇل موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى چارۋىچىلىق رايونى بولغاچقا، شۇ چاغدىكى قويلارنىڭ كۆپىنچىسى موڭغۇل قويى سىستېمىسىغا كىرەتتى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئالتاي، تارباغاتايلاردىن بىر تۈركۈم قازاق چارۋىچىلار قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلگەندە، نۇرغۇن قازاق قويى ئالغاچ كەلگەنىدى. سودا - سېتىق ۋە ئىجتىمائىي بېرىش - كېلىشلەرنىڭ كۆپىيىشى ئارقىسىدا، زاڭزۇ قويىمۇ بۇ يەرگە ئازراق كەلتۈرۈلگەنىدى. يېقىنقى بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق كۆپلەپ يېتىشتۈرگەنلىكتىن، قازاق قويى موڭغۇل قويىنى بېسىپ چۈشۈپ، قازاق قويى بىرقەدەر تېز كۆپەيدى. ھازىر قۇمۇل ناھىيىسىدىكى يەرلىك قوي ئاساسىي جەھەتتىن قازاق قويىغا مەنسۇپ، پەقەت قۇيرۇقىدىلا موڭغۇل قويىنىڭ ئىزى

قالغان. 1953 - يىلى ئۇرۇمچى نەنسەن نەسىللىك قوي فېرمىسى ۋە ئىلى كۆنەس نەسىللىك قوي فېرمىسىدىن شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى كەلتۈرۈلۈپ، يەرلىك قازاق قويى بىلەن چېتىشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلغانىدى، بىراق، پەيت چىڭ تۇتۇلمىغانلىقتىن، شۇ يىلى ئاران 40 قوزا تۇغۇلغان، 1954 - يىلى چارە-تەدبىر ئۆزگەرتىلىپ، تاغ رايونلىرىغا مال دوختۇرلىرى سەپلەپ بېرىلدى. ھەر مىللەت چارۋىچىلىرى ئۇرۇقلاندۇرۇلغان ساغلىقلارنى ئوبدان تاللاپ، ئايرىپ باقتى. بۇنىڭ بىلەن، تۆللەش نىسبىتى 74.44% كە يېتىپ، 622 قوزا ئەي بولدى، قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى 94% كە يەتتى، تىيانشان رايونىدىكى قورايلىق گالىباي دېگەن كىشى بىر تۇياق شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوشقىرى بىلەن قىشتا 30 ساغلىقنى ئۇرۇقلاندۇرغان. ئۇ تۆللەش ۋاقتىدا ساغلىقلاردىن ياخشى خەۋەر ئالغانلىقتىن، 30 تۇياق قوزا تۇغۇلۇپ، تۆللەش نىسبىتى 100% كە يەتكەن. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە نەسلى ياخشىلانغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 93 مىڭ 800 تۇياققا يەتكەن، بۇنىڭدىن 10 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەكى شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى قاتارىغا ئۆتكەن.

2) ئۆچكە: قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ئۆچكىنىڭ بىر قىسمى كۆچمەن مىللەتلەر ئالىپ كەلگەن ئۆچكە بىلەن يەرلىك ئۆچكىنىڭ ئارىلاش ئۇرۇقلاندۇرۇلۇشىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن. قالغانلىرى يەرلىك ئۆچكە سورتىغا كىرىدۇ. گەرچە ئۆچكىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى قويىنىڭكىدەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن، قويدەك زىل ئەمەس، يېرىم چۆل ئۆتلاقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنالايدۇ. ناھىيە دائىرىسىدە يەنە ئاز ساندا سېغىن ئۆچكىسى ۋە تىۋىت ئۆچكىسى بار. 1964 - يىلى ناھىيىمىزگە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شەنشى سېغىن ئۆچكىسىدىن 5 تۇياق تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، 1966 - يىلى سانجىدىن جۈۋسەن سېغىن ئۆچكىسىدىن 50 تۇياق كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئۆچكىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى. كېيىن بۇ ئىش توختاپ قالغان بولسىمۇ لېكىن بۇنىڭ مەلۇم تەسىرى بولدى. تىۋىت ئۆچكىسىنى 1980 - يىلى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ گەيشەن ناھىيىسىدىن كەلتۈرگەنىدى. بۇ جەمئىي 93 تۇياق بولۇپ، غەربىي تاغ گۇڭشېسىدا بېقىلدى. ئۈچ يىللىق بېقىش ۋە كۆزىتىشتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى خېلى يۇقىرى، ئۆچكە نەسلىنى ياخشىلاش ئۈنۈمى ئوبدان بولغان. 1983 - يىلى 12٠6 جىڭ تىۋىت ئېلىنغان.

تاشۋېلىقنىڭ تۆگىسى، قارادۆۋىنىڭ قويى، تىيانشاننىڭ قوتىزىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىل چارۋامال سورتى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى گۇڭشې - مەيدانلار ئارا، ۋىلايەتتىكى قوشنا ناھىيىلەر ئارا، ھەتتا مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق چارۋىچىلىق ناھىيىلىرىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، مەيلى تەن قۇرۇلۇشى ياكى كۆپىيىش ئىقتىدارى جەھەتتىن بولسۇن، گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ تاشۋېلىقنىڭ تۆگىسىنى بارىكۆل ناھىيىسى، ئۇرۇمچى ناھىيىسى، ئىچكى موڭغۇل ئالاشەن سول خوشۇنىنىڭ تۆگىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تەن قۇرۇلۇشى ۋە يۇڭ مىقدارى ئۇلارنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، پەقەت گۆشلا ئۇلارنىڭكىدەك كۆپ ئەمەس. قارادۆۋە قويىنىڭ تارىخى ئۇ-

زۇن، ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ۋە ئېغىرلىقى قۇمۇل ناھىيىسى ۋە ۋىلايەت بو-
يىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە، ئوتلاق شارائىتى ئەۋزەل بولغان
ئالتاي ۋىلايىتىنىڭكىدىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. قارا دۆۋىنىڭ قويى قۇرغاق،
ناچار بولغان چۆل - باياۋان ئوتلىقىغىمۇ ماسلىشالايدۇ. سوغۇققا ۋە ئىسسىققا بەرداشلىق
بېرىش ئىقتىدارى خېلى يۇقىرى. تيانشان قوتىزىنىڭ جۈغى يوغان، سۆڭىكى چىڭ،
ئاساسلىق تەن ئۆلچىمى كۆرسەتكۈچلىرى خېلى يۇقىرى. مەيلى گۆش، سۈت، يۇڭ
بېرىش ۋە كۆپىيىش جەھەتتە بولسۇن، ياخشى خۇسۇسىيەتكە ئىگە. چىڭخەينىڭ دا-
تۇڭ، گەنسۇنىڭ شاخې ۋەتىيەنجيۇ، سىچۈەننىڭ جۇلۇڭ، شىزاڭنىڭ يادۇڭ ناھىيىلىرىدى-
كى قوتازلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى قوتاز بۇقىلىرىنىڭ بويىنىڭ
ئېگىزلىكى، سىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كۆكرەك ئايلانمىسى جۇلۇڭنىڭكىدىن قالسىلا 2 - ئورۇن-
دا تۇرىدۇ؛ پۇت بېغىشى ۋە تەن ئېغىرلىقى جەھەتتە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنەكلىرى
بويىنىڭ ئېگىزلىكى، تېنىنىڭ ئېغىرلىقى جەھەتتە، چىڭخەينىڭ داتۇڭ، سىچۈەننىڭ
جۇلۇڭ ناھىيىلىرىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ؛ سىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كۆكرەك ئايلانمى-
سى جۇلۇڭنىڭكىدىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

## §4. چارۋا كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى داۋالاش

### 1. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر

ناھىيە بويىچە چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك 29 خىل
بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوي چېچەكى، قوزا گېموس كېسەللىكى، قوزا دىزېنتېرىيىسى،
قوي ئۈچىيىدە قان زەھەرلىنىش كېسەللىكى، ماڭقا كېسەللىكى، برۇتسېلليوز تاياقچە باكتېرى-
يىسى كېسەللىكى، چوشقا ۋاباسى، توخۇ ۋاباسى قاتارلىقلارنىڭ زىيىنى ئېغىر. مۇداپىئە
كۆرۈش ۋە داۋالاش ئارقىلىق قوي چېچەكى، كالا ئۆپكە كېسەللىكى، ئۆچكە يۇقۇملۇق
ئۆپكە ئىششىقى كېسەللىكى، قوي زەنجىرسىمان شار باكتېرىيە كېسەللىكى، ئات مېڭە ياللۇ-
غى قاتارلىق كېسەللىكلەر كونترول قىلىۋېلىندى. كۆيدۈرگە كېسەللىكى، برۇتسېلليوز
تاياقچەباكتېرىيىسى كېسەللىكى، پاستېر تاياقچەباكتېرىيىسى كېسەللىكى، قاراسان كېسەللىكى،
قاتما كېسەللىكى، ئۆچكە يۇقۇملۇق سۈت تارتىلىش كېسەللىكى، نۇرچاچقۇچ زامبۇرۇغ ئىش-
شىقى، ساقاۋ كېسەللىكى، ئات كۆكرەك كېسەللىكى، نېكروز تاياقچە باكتېرىيەكېسەللىكى قاتار-
لىقلار ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىندى. قوي موكىسىمان باكتېرىيە كېسەللىكى، قوزا
چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكى، چوشقا ۋاباسى، توخۇ ۋاباسى قاتارلىقلار
ئۈزۈلمەي تارقىلىپ تۇرىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۆگە يۇقۇملۇق ئېغىز
ياللۇغى، قوي ئۆپكە بەز ئۆسمىسى كېسەللىكى يېڭىدىن پەيدا بولدى. ئۆي ھايۋانلىرى-
نىڭ سىل كېسەللىكى كارانتىن قىلىنىۋاتىدۇ.

#### 1) چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان ئورتاق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر

(1) كۆيدۈرگە كېسەللىكى: سەككىز گۆڭشې، يەتتە دادۈيدىكى 33 نۇقتىدا بۇ كې-

سەللىك كۆرۈلدى. بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئات، ئېشەك، كالىلاردا كۆپرەك. 50-يىللاردا بۇ كېسەللىك كۆپ يۈز بېرىپ، ئۆلۈش نىسبىتى 90% تىن ئاشقانىدى. 60 - يىللاردىن كېيىن، يىلانلىق تۈردە مۇداپىئە ئوكۇلى سېلىنغانلىقتىن، كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىشى كۆپلەپ ئازايدى.

(2) قاتما كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ كېسەللىك ھەممىدىن كۆپرەك ئېشەكتە، ئاندىن قالسا ئات، خېچىرلاردا ئۇچرايدۇ. چوشقا، كالا، قويلاردا بۇ كېسەللىك كۆرۈلمىدى.

(3) پاستېر تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك ياز، كۈز پەسىللىرىدە كۆپرەك يۈز بېرىدۇ. بۇ كېسەللىك، ئاساسەن، تىيانشان ۋە غەربىي تاغ رايونلىرىدا پەيدا بولۇپ، قوزىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە 50 - يىللاردا بۇ كېسەللىك خېلى كۆپ ئىدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چوشقىلارنىڭ بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشى كۆپرەك، كېيىن ۋاكسىنا ئەملەش ۋە قان زەردابى بىلەن يىلبويى مۇداپىئە كۆرۈش ئارقىلىق، قويلاردىكى پاستېر تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكى 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا تىزگىنلەندى. چوشقىدىمۇ پاستېر تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكى قايتا يۈز بېرىپ باقمىدى.

(4) برۇتسېللوز تاياقچە باكتېرىيەسى كېسەللىكى: 1967 - يىلدىكى كارانتىندا ئۇنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 6.4% بولۇپ چىققانىدى، كېيىن ھەر يىلى $M_{19}$ نومۇرلۇق ۋاكسىنا مۇداپىئە ئوكۇلى سېلىندى. 1976 - يىلدىن كېيىن $M_5$ نومۇرلۇق ۋاكسىنا ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۆزگەرتىلدى. 1982 - يىلدىكى سىناپ تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، دۆلەتنىڭ تىزگىنلەش ئۆلچىمىگە يەتكەن (ئۇششاق چارۋىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

(5) سىل كېسەللىكى: 1983 - يىلدىن ئېتىبارەن كارانتىن قىلىنىشقا باشلىدى.

(6) چېچەك كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك 50 - يىللاردا تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن، قىش پەسلىنىڭ ئاخىرى، ياز پەسلىنىڭ باشلىرى ئۆچكە ھەم قويدا ئاسان پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك بەش گۆشى، 10 دادۇي، 14 نۇقتىدا يۈز بەرگەن. كېيىن قوي چېچىكى ۋاكسىنىسى ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈلگەچكە، بۇ كېسەللىك 60- يىللاردا ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىۋېلىندى.

(7) نىكروز تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك 1974 - يىلى تاشۆپىلىق گۆڭشېسىنىڭ خوتۇنتام دادۈيىدە يۈز بەرگەن.

(8) داچەنسىمان قوتۇر: بۇ كېسەللىك گۆڭشېلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ، مۆزايلاردا بولسا، تېخىمۇ كۆپ.

## 2) كالا، قويلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر

(1) قارا سان كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك تىيانشان، غەربىي تاغ، تاشۆپىلىق، بۆلۈڭتوغراق گۆڭشېلىرىدىكى 10 مۇداپىئە نۇقتىسىدا يۈز بەرگەنىدى. 50 - يىللاردا بۇ كېسەللىك كۆپرەك كۆرۈلگەن، كېيىن ھەر يىلى پىلانلىق تۈردە، قارا سان كېسەللىكى ۋاكسىنىسى ئارقىلىق ئىممۇنېتلانغانلىقتىن، 70 - يىللاردىن كېيىن يۈز بەرمىدى.

(2) كالا ئۆپكە كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك 1957 - يىلى تارباغاتايدىن سېتىۋېلىنغان كالىلار بىلەن بىللە كەلگەن. كېيىن كالا ئۆپكە كېسىلى ۋاكسىنىسى بىلەن ئىممۇنىتېتلىنىپ، «914» بىلەن داۋالاش، ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق 60 - يىللارنىڭ باشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

(3) كالا نۇر چاچقۇچ زامبۇرۇغى ئىششىقى: بۇ كېسەل ناھايىتى ئاز پەيدا بولىدۇ.

(4) قوي مۇكىسىمان باكتېرىيە كېسەللىكى

① برادزوت كېسەللىكى: 1968 - يىلى تاشقۇرغاننىڭ خوتۇنتام ۋە ئۇلاتاي دېگەن جايلىرىدا بىرقانچە يۈز تۇياق قوي مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلگەن. كېيىن ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنا ئارقىلىق ھەر يىلى مۇداپىئە كۆرۈلۈپ تىزگىنلەندى.

② ئۈچەيدە قان زەھەرلىنىش كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك تاشقۇرغاندا كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەر يىلى 6 -، 7 - ئايلاردا 1 - 2 چىشلىق سېمىز قويلار بۇ كېسەللىك بىلەن ھەممىدىن ئاسان يۇقۇملىنىدۇ. ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنا ۋە تۆت بىرلەشمە ۋاكسىنا ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈلۈپ بۇ كېسەللىك تىزگىنلەندى.

③ قوزا دىزېنتېرىيىسى: بۇ كېسەللىك تاغلىق رايونلاردىكى گۆشچىلاردا كۆپ يۈز بېرىدۇ. ئۈچ كۈنلۈكتىن يەتتە كۈنلۈككىچە بولغان قوزىلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. كېسەللىك يۈز بېرىش نىسبىتى ئىنچىكە يۇڭلۇق قويدا نەسلى ياخشىلانغان قويندىكىدىن يۇقىرى؛ نەسلى ياخشىلانغان قويدا يەرلىك قويندىكىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

(5) قوزا چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك، ئاساسەن، تىيانشان، غەربىي تاغ گۆشچىلىرىدا يۈز بېرىدۇ؛ ئۈچ ئايلىقتىن يەتتە ئايلىققىچە بولغان قوزىلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. ھەر يىلى قوزىلارغا چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيە دورىسى ئوكۇل قىلىنىپ مۇداپىئە كۆرۈلىدۇ.

(6) ئۆچكە يۇقۇملۇق ئۆپكە ئىششىقى كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك 50 - يىللاردا تىيانشان، غەربىي تاغ، قارادۆۋە گۆشچىلىرىدا يۈز بەرگەن. بۇ كېسەللىك 60 - يىللارنىڭ بېشىدا تىزگىنلەندى.

(7) قوي زەنجىرسىمان شار باكتېرىيە كېسەللىكى: بۇكېسەللىك 1964 - يىلى 3 - ئايدا تىيانشان گۆشچىسىنىڭ نېرناسى دادۇيىدىكى قويلاردا كۆرۈلگەن. 50 تۇياقتەك قوي بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغان، 10 تۇياق قوي ئۆلگەن.

(8) قوي يۇقۇملۇق سۆت تارقىلىش كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك ناھىيىدە 60 - يىللاردىن ئىلگىرى كۆپ يۈز بېرەتتى. بېقىش - باشقۇرۇش ۋە تازىلىق، دېزىنفېكسىيە خىزمىتى كۈچەيتىلگەنلىكى، داۋالاش ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن، 60 - يىللارنىڭ بېشىدا تىزگىنلەندى.

(9) قوي ئۆپكە بەز ئۆسمىسى كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك 1981 - يىلى 8 - ئايدا

تيەنشان گۈڭشېسىدىكى سەككىز قورا قويىدا كۆرۈلگەن. بۇ قويلار يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ سوۋغىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

### 3) ئات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى

(1) ماڭقا كېسەللىكى: 1942 - يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 8 - پولكىدا، كېسەل ئاتنى بىر تەرەپ قىلىنغاندا ئېھتىياتچان بولمىغاچقا، بۇ كېسەل پۈتۈن ناھىيىگە تارقىلىپ كەتكەن. 1963 - يىلىدىن ئېتىبارەن كارانتىن قىلىنىشقا باشلانغان. يۇقۇملىنىش نىسبىتى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 12%، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 0.3% تىن 5% كىچە بولغان. ناھىيە بويىچە ئاتلارنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 7% كە يەتكەن. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئايرىپ كارانتىن قىلىش، قامال قىلىش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىسىدا، 1978 - يىلىدىكى كارانتىندا يۇقۇملىنىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ، 1.17% كە چۈشۈپ، 1963 - يىلىدىكىدىن 5.83% ئازايغان، 1983 - يىلى يەنە بىر قېتىملىق كارانتىندا، يۇقۇملىنىش نىسبىتى 1% تىنمۇ تۆۋەن چۈشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، قومۇل ناھىيىسىدە كېسەل ئاتنى ئومۇمييۈزلۈك ئۆزۈل - كېسىل ئۆلتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ماڭقا كېسەلدىن خالى ناھىيە بولۇش تەلەپ قىلىندى.

(2) ساقاۋ كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك ئاز ئۇچرايدۇ، داۋالىمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ.

(3) ئات كۆكرەك كېسەللىكى: بۇكېسەللىك ئاساسەن، تيەنشان گۈڭشېسىنىڭ ئاقتاش دادۈيى ۋە تاشۋېلىق گۈڭشېسى قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن. «914» كە ئوخشىكە قارشى دادىنى قوشۇپ ئىشلەتكەندە، داۋالاش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغان.

(4) ئاتلاردا بولىدىغان تارقىلىشچان زۇكام: 1974 - يىلى 12 - ئايدا، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئاتلارنىڭ ھەممىسىدە تارقىلىشچان زۇكام پەيدا بولغان. كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 100% بولۇپ، بەش ئات ئۆلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئېتراتسىكلىن ھىدروخلورىد بىلەن داۋالاش ئارقىلىق بىر ئاي ئىچىدىلا تىزگىنلىۋېلىنغان.

(5) تارقىلىشچان لىمفا كانىلى ياللۇغى: 50 - يىللاردا بۇ كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىشى بىرقەدەر ئومۇمييۈزلۈك ئىدى. بۇ، ئاساسەن، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىلاردا كۆرۈلەتتى، 60 - يىللاردىن كېيىن كۆرۈلمىدى.

(6) كۆكرەك پەردە ياللۇغى: 50 - يىللاردا كۆرۈلگەن.

### 4) چوشقا ۋە ئۆي قۇشلىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى

(1) چوشقا ۋاباسى: بۇ كېسەللىك يەتتە گۈڭشې، 13 دادۈي، 22 مۇداپىئە نۇقتىسىدا يۈز بەرگەن. 1964 - يىلى بۇلۇڭتوغراق گۈڭشېسىنىڭ گاداجىڭزى دادۈيىدە ۋابا تېگىپ 50 چوشقا ئۆلگەن. 1968 - يىلى تاشۋېلىق گۈڭشېسىنىڭ چېڭشى، شىلۇ، ئەرگۇڭ، چېڭدۇڭ دادۈيلىرىدە 2000 دىن كۆپرەك چوشقىنىڭ 574 ىگە ۋابا تېگىپ

200 چىسى ئۆلگەن، ئۆلۈش نىسبىتى 35% كە يەتكەن. 1970 - يىلى ئاستانە گۆش - شىپىسىنىڭ 2 - دادۈيىدە 120 چوشقىغا ۋابا تېگىپ، بۇنىڭدىن 110 چوشقا ئۆلۈپ، ئۆلۈش نىسبىتى 92% كە يەتكەن. 1976 - يىلى بۇلۇڭتوغراق گۆشىپىسىنىڭ گادادجىڭزى 1 - دۈيىدە 40 چوشقىغا ۋابا تېگىپ، 39 چوشقا ئۆلگەن، ئۆلۈش نىسبىتى 97.5% كە يەتكەن. 1977 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا 140 چوشقىغا ۋابا تېگىپ، 120 چوشقا ئۆلگەن، ئۆلۈش نىسبىتى 86% كە يەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، چوشقا كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىلىدى. چوشقا ۋاباسى ۋاكسىنىسى ياكى چوشقا ۋاباسى ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنىسى ئارقىلىق مۇداپىئە ئوكۇلى سېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، چوشقا ۋاباسى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

(2) چوشقا تىلەمسى: بۇ كېسەللىك تاشۋېلىق گۆشىپىسىنىڭ چېكىشى، شىلۇ، چېكىدۈڭ دېگەن جايلىرىدا يۈز بەرگەن، بەزى چاغلاردا چوشقا ۋاباسى بىلەن بىللە يۇققان. چوشقا ۋاباسى ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنىسى بىلەن مۇداپىئە ئوكۇلى سېلىنغاندا، بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولغان.

(3) چوشقا گېمۇس كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك دائىم چوشقا ۋاباسى بىلەن بىللە يۇقىدۇ. بۇ كېسەل 60 - ۋە 70 - يىللاردا يۈز بەرگەنىدى. ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنا مۇداپىئە ئوكۇلى سېلىنغاندىن كېيىن، بۇ كېسەلنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى.

(4) چوشقىدا بولىدىغان تارقىلىشچان زۇكام: بۇ كېسەللىك 1978 - يىلى بۇلۇڭتوغراق گۆشىپىسىدا تارقالغان.

(5) نېۋكاستىل توخۇ ۋاباسى: كۆپ يىللار مۇداپىئە كۆرۈلگەندىن كېيىن ئەھۋال يېنىكلەشتى.

(6) چۈجىدە بولىدىغان ئاق چىشقاق: بۇ كېسەللىك 1983 - يىلى توخۇ باقىدىغان كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ توخۇلىرىدا پەيدا بولغان.

5) تۆگىنىڭ يۇقۇملۇق ئېغىز پەردە ياللۇغى: بۇ كېسەللىك 1982 - يىلى 4 - ئايدا تىيانشان گۆشىپىسىدا يۈز بەرگەن. كۆپ ئۇچرايدىغان تاشقى كېسەللىكلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ، بۇ كېسەللىك تۈگىتىلدى.

**2. پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى**

(1) قوتۇر كېسەللىكى: بۇ 50 - يىللاردا قويدىكى ئاساسلىق كېسەللىكنىڭ بىرى ئىدى. قويلار ھەر يىلى ئىككى قېتىم ۋاننىدا يۇيۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ كېسەللىك 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاساسەن تىزگىنلەندى. 1974 - يىلى تاشۋېلىق گۆشىپىسىنىڭ بەيسەن دادۈيىدىكى 40 نەچچە كالىدا قوتۇر كېسىلى پەيدا بولغان. 1966 - يىلى

تاشۋىلىقنىڭ چېكىشى، چېكىدۈك دېگەن يەرلەردە 100 دىن ئارتۇق چوشقىدا قوتۇر كېسىلى پەيدا بولغان.

(2) جاۋچۇك كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك ئات، كالىلاردا كۆرۈلىدۇ. 50 ـ ۋە 60 ـ يىللاردا بۇ كېسەللىك يۈز بەرگەن. بۇ، ئاساسەن، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى گۇڭشېلىرىدىكى كالىلاردا كۆرۈلگەن. بۇ كېسەللىك ھەر يىلى 5 ـ ئايدا باشلىنىپ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا تازا ئەۋجىگە چىقىدۇ، 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا توگەيدۇ. كالا جاۋچۇك ۋاكسىنىسى بىلەن مۇداپىئە كۆرۈلگەندە، بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولغان.

(3) تىرىپانوزما كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يۈز بەرگەن، ئۇ تۆگىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئانتىرىتسىيە، ناگىنىنلار بىلەن داۋالىغاندا، ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

(4) كالا ـ قويلاردا بولىدىغان كۆپ باشلىق يۇمران مەددە كېسەللىكى: بۇ كېسەللىك 60 ـ يىللاردا ئاز بىر قىسىم قويلاردا يۈز بەرگەن. 70 ـ يىللاردىن باشلاپ بارا ـ بارا ئەۋج ئالغان. ئۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىلا پەيدا بولۇپ قالماستىن، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىمۇ كۆرۈلگەن. ھەر يىلى ناھىيە بويىچە 2000 تۇياقتىن ئوشۇق قوي مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ تۇرغان. جۈملىدىن تاشۋىلىق گۇڭشېسىنىڭ شوپۇل دادۇيىدە ھەر يىلى 500 تۇياقتىن ئارتۇق قوي مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ تۇرغان. ئۆتكەندە ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش ۋە قويغا قارايدىغان ئىتنىڭ ئىچىدىكى مەددىنى چۈشۈرۈش، كېسەل قويىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، تاپنى چوڭقۇر كۆمۈشكە ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلغاندى، كېيىن سىناق قىلىش ئارقىلىق پىرازىكانتېل بىلەن داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

(5) قاپلىق قۇرت كېسەللىكى: بۇ كېسەل ھەرقايسى گۇڭشېلاردىكى قويلاردا بار، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەدبىرى: ئىتنى يوقىتىش، ئىتتىن مەددە چۈشۈرۈش، كېسەللەنگەن ئىچكى ئەزالارنى چوڭقۇر كۆمۈش ياكى زىيانسىزلاشتۇرۇش.

(6) شورىغۇچ قۇرت كېسەللىكى: دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مۇنداق كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان قۇرت ئۈچ خىل بولۇپ، قوش تومشۇقلۇق شورىغۇچ قۇرتنىڭ تاغلىق رايونلاردا يۇقۇملاندۇرۇش نىسبىتى 73% كە، سىكرىيابىن شورىغۇچى قۇرتى بىلەن يۇقۇملىنىش كۆچلۈكلۈكى 5000 تالغا يېتىدىكەن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يۇقۇملىنىش نىسبىتى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا قارىغاندا ئېغىر بولىدىكەن.

(7) تاسما مەددە كېسەللىكى: دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مۇنداق مەددە يەتتە خىل بولۇپ، تىيانشان، غەربىي تاغ گۇڭشېلىرىنىڭ چارۋىلىرى بىرقەدەر كۆپ يۇقۇملىنىدىكەن، مونىتىز تاسما مەددىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، يۇقۇملىنىش كۈچلۈكلۈكى 25 تالغا يېتىدىكەن، سىناق قىلىش ئارقىلىق مىس سۇلفات ۋە مەددە چۈشۈرۈش دورىسى ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاپ تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

(8) ئۆپكە قىل قۇرت كېسەللىكى: بۇ خىل كېسەللىك 60-يىللارنىڭ ئالدى كەينىدە بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان بولۇپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى 50% كە، يۇقۇملىنىش كۈچلۈكلۈكى 1100 تالغا يەتكەن.

(9) قوي ئۈچەي يولى يىپچە قۇرتى: دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بۇنداق قۇرت 12 خىل بولۇپ، ئەۋج ئالغىنى يەتتە خىل، دائىم ئۇچرايدىغىنى پىلتىسىمان يىپچە قۇرت، ئىنچىكە بويۇن يىپچە قۇرت، شابىرت يىپچە قۇرتى قاتارلىقلار، بۇنىڭ ئىچىدە شابىرت يىپچە قۇرتىنىڭ يۇقۇملىنىش كۈچلۈكلۈكى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ 1500 — 2000 تالغا يېتىدۇ.

(10) ئىنچىكە بويۇنلۇق خالتىلىق قۇرت: يۇقۇملىنىش نىسبىتى 45% كە، يۇقۇملىنىش كۈچلۈكلۈكى 22 تالغا يېتىدۇ.

(11) قامچا قۇرت: ئاساسەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىلاردا كۆرۈلىدۇ، تۆللەرگە بولغان خەۋپى ئەڭ ئېغىر.

(12) چوشقا خالتىلىق مەددە كېسەللىكى: بۇ كېسەل 70-يىللاردا كۆپ يۈز بەردى.

(13) چىۋىن قورچىقى كېسەللىكى: قوي بۇرۇن چىۋىنى كېسەللىكىنىڭ يۇقۇش نىسبىتى 30.3%، يۇقۇش كۈچلۈكلۈكى 25 تال، كالا تېرە چىۋىنى كېسىلى تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك، ئات كۆكۈيۈنى ھەر بىر ئاتتا دېگۈدەك بار، بۇ كېسەلنى بايتېكس دورىسى ئوكۇلى بىلەن داۋالىسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

**3. دورا، يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش**

ناھىيە بويىچە دورا، يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش جەمئىي 12 قېتىم يۈز بەرگەن؛

(1) «DDV» بىلەن زەھەرلىنىش: بۇنى داۋالاشتا سۇلفات ئاتروپىن، ناترىي سۇلفات كامفورا، گلۇكوزا، كوفېن قاتارلىق دورىلار ئىشلىتىلدى.

(2) «666» بىلەن زەھەرلىنىش: چارۋىلارنى ۋاننىلاشتىن كېلىپ چىققان.

(3) كۆنجۈرىدىن زەھەرلىنىش: 1977-يىلى ۋە 1982-يىلى پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ جىگدىبۇلاق، ئىتتىپاق دادۈيلىرىدە يۈز بەرگەن.

(4) نىترىت تۇزى بىلەن زەھەرلىنىش: 1966-يىلى تاشۋىلىق گۇڭشېسىنىڭ چېگدۈڭ دادۈيىدە قايىنتىلىپ بىر كېچە تۇرۇپ قالغان بەسەينى يېگەن 36 چوشقىنىڭ 32 سى زەھەرلەنگەن، زەھەرلىنىش نىسبىتى 88.89% كە يەتكەن. 1981-يىلى پالۋانتۇر، ئاستانە گۇڭشېلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقە يۈز بەرگەن.

(5) ھىدروگېن سىئانىد كىسلاتاسى بىلەن زەھەرلىنىش: پالۋانتۇر گۇڭشېسىدا ئىككى كالا ئاق قوناق مايسىسىنى يەپ زەھەرلەنگەن، جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق بىرسى ساقايغان، بىرسى ئۆلگەن.

(6) كالتسىي ئارسىنات كىسلاتاسى بىلەن زەھەرلىنىش: 1981 - يىلى تاشۋىلىق گۈڭشېسىنىڭ شوپۇل دادۈيى بۇ دورا بىلەن قۇرت چۈشۈرگەندە سۇنىڭ سۈپىتى ۋە قويلارنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللارغا سەل قارىغانلىقتىن، 4000 دىن ئارتۇق قوي زەھەرلىنىپ، 300 قوي ئۆلگەن.

(7) دىپتېرىكس بىلەن زەھەرلىنىش: پالۋانتۇر گۈڭشېسىدا توققۇز ئات زەھەرلەنگەن، ئەمما ئۆلمىگەن.

1974 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە چارۋا - ئۆي قۇشلىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

جەدۋەل 4 – 8 بىرلىكى: تۈياق

| يىل | ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن بىئولوگىيىلىك دورىنىڭ تۈر سانى | كارانتىن | | مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرۇلغىنى | قۇرۇت چۈشۈرۈش | | ئادەتتىكى كېسەللەرنى داۋالاش | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تۈياق سانى | مۇسپى خۇسۇسىيەتلىك | | بەدەن ئىچىدىكى پارازىت قۇرت | بەدەن سىرتىدىكى پارازىت قۇرت | | |
| 1974 | 11 | 1857 | | 181208 | 223897 | 221483 | 99603 | 728048 |
| 1975 | 12 | 2782 | 50 | 337634 | 226667 | 218419 | 75009 | 860511 |
| 1976 | 12 | 20838 | 472 | 148895 | 312485 | 126632 | 69123 | 677973 |
| 1977 | 12 | 1076 | | 442643 | 96077 | 225667 | 154051 | 916514 |
| 1978 | 10 | 13175 | 135 | 426390 | 399355 | 120129 | 45061 | 1004110 |
| 1979 | 11 | 25863 | 28 | 232378 | 233244 | 166512 | 61901 | 719898 |
| 1980 | 9 | 6439 | 80 | 234326 | 388647 | 308219 | 39793 | 977424 |
| 1981 | 8 | 7756 | 18 | 186275 | 337484 | 256268 | 46574 | 834357 |
| 1982 | 9 | 5431 | 25 | 218624 | 346057 | 292143 | 41921 | 904176 |

(8) نىتروخلور فېنول بىلەن زەھەرلىنىش: 1978 - يىلى پالۋانتۇر گۇڭشېسىدا سىناق ئېلىپ بېرىلغاندا، نىتروخلور فېنول بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئارتۇق ئىشلىتىلگەچكە، توققۇز قوي زەھەرلىنىپ، ئۈچى ئۆلگەن.

(9) مىس سۇلفات بىلەن زەھەرلىنىش: 1976 - يىلى تىيانشان گۇڭشېسى ئېدىر دادۈيى بۇ دورا بىلەن قۇرت چۈشۈرگەندە، 50 قوي زەھەرلىنىپ، ئوتتۇزى ئۆلگەن.

(10) ئاممىياك بىلەن زەھەرلىنىش: ئاممىياكنى كاربون تېترامىن ئورنىدا ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان.

(11) ئابدىمىلىك يوپۇرمىقى بىلەن زەھەرلىنىش: 1979 - يىلى تىيانشان گۇڭشېسى تۆمۈرتى دادۈيىنىڭ بىر قورا قويى پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ ئەمدىلا ئورۇلۇپ بولغان ئابدىمىلىك ئېتىزىدا بېقىلغاندا، 100 قوي زەھەرلىنىپ، يەتمىشى ئۆلگەن.

(12) شور سۈيدىن زەھەرلىنىش: بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسىدا كاللار زەيكەش سۈيىنى ئىچكەنلىكتىن زەھەرلىنىش ئەھۋالى بىرقانچە قېتىم كۆرۈلگەن.

## §5. چارۋىچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى

1981 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان قومۇل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقنى رايونلارغا ئايرىش خىزمىتىدە، پۈتۈن ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقى تۆۋەندىكىدەك رايونلارغا ئايرىلغان:

**1. تاغلىق رايونلاردىكى چارۋا بېقىلىدىغان تەبىئىي ئوتلاق رايونى**

بۇ رايون غەرب تەرەپتە قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى دىڭساۋگۇغىچە، شەرق تەرەپتە تاشۆلىق گۇڭشېسىنىڭ شوپۇل دادۈيىدىكى ئۆمۈر تېغىغىچە، شىمال تەرەپتە باركۆل، ئاراتۈرۈك چېگرىلىرىغىچە، جەنۇبىي تەرىپى تاغ ئالدىدىكى چۆلگىچە بولۇپ، غەربىي تاغ قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى، غەربىي تاغ گۇڭشېسى، تاشۆلىق گۇڭشېسى، تىيانشان گۇڭشېسى قاتارلىق تۆت گۇڭشې (فېرما) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوننىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، تاغلىرى ئېگىز-تار، يەر تۈزلۈكى مۇرەككەپ. بۇ رايوننىڭ چارۋا قۇرۇلمىسىدا ئۇششاق چارۋا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. 1981-يىلىنىڭ ئاخىرى ھەرخىل چارۋا 252 مىڭ 200 تۇياق بولۇپ، قوي بىرلىكى بويىچە ھېسابلىغاندا، 385 مىڭ قويغا باراۋەر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كالا 13 مىڭ 1960، ئات 7693، ئېشەك 4630، خېچىر 254، تۆگە 4787، قوي 156 مىڭ 925، ئۆچكە 62 مىڭ 136، چوشقا 1816. بۇ رايوندا چارۋىلار ئاساسەن يايلىتىپ بېقىش ئۇسۇلى

بىلەن بېقىلىدۇ. ئوتلاقنىڭ يەر تۈزۈلۈشى، كىلىماتى، سۇ مەنبەسى، يېيىشىچا ئۆسۈم-لۈك جەھەتلەردىكى شەرت-شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، پۈتۈن رايوننىڭ ئوتلاقلىرى روشەن پەسىل خاراكتېرىنى ئالغان، ئېگىز تاغدىن تاغ ئالدى چۆللۈكچە بولغان ئوتلاقلار تۆۋەندىكى بويىچە يايلاق، قىشلاق، كۆكلەم، كۈزلەك دەپ ئايرىلىدۇ.

## (1) ئېگىز تاغلاردىكى يايلاق رايونى

بۇ رايوندا سۇ يېتەرلىك، يېيىشىچا ئۆسۈملۈكلەر ئوبدان ئۆسىدۇ ھەم يۇمشاق، شىرنىلىك، يېيىشلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋاسى سالقىن بولۇپ، چارۋىلارنىڭ بىر يىل جەريانىدا ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان ۋە ئۇلارنى سەمرىتىدىغان مۇھىم سورۇن ھېسابلىنىدۇ.

## (2) ئوتتۇراھال ھەم پاكار تاغلاردىكى قىشلاق رايونى

بۇ رايوننىڭ ھاۋا كىلىماتى يىللىق ھەمدە ئۇ ئېدىرلىق ۋە جىلغىلار ئارىسىدا بولغاچقا شامالدىن ساقلانغىلى بولىدۇ ھەم كۈنگەي، ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل-يېغىن ئاز، ئوت-چۆپلىرى دەسسىلىشكە چىدامىلىق ھەم يېيىشلىك. بۇ رايون چارۋىلار قىشلايدىغان ياخشى جاي.

## (3) پاكار تاغلىق ئېدىرلاردىكى كۆكلەم-كۈزلەك رايونى

بۇ رايون پاكار تاغلار ئەتراپىدىكى ئېدىرلىقلار ۋە تاغنىڭ ئالدىدىكى چۆل-باياۋانلار بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1200 — 2500 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان، يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە، كۆپىنچىسى تۈزلەڭ. قىش پەسلىدە سوغۇق قاتتىق بولىدۇ، بوران كۆپ چىقىدۇ، ياز پەسلىدە قۇرغاق، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيى قىش پەسلىدە قارغا تايىنىپ ھەل قىلىنىدۇ، شۇڭا ياز، كۈز پەسىل-لىرىدە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلانغىلى بولمايدۇ. بۇ رايوندىكى ئوت-چۆپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەن ۋە لويىلا ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ئەتىيازدا بالدۇر كۆكلەيدۇ. بۇ رايون ئەتىيازدا تۇغۇل ئالىدىغان ۋە تۆللەرنى پەرۋىش قىلىدىغان ياخشى جاي ھېسابلىنىدۇ.

### 2. تاغ ئالدىدىكى چارۋا بېقىلىدىغان چۆل، يېرىم چۆل ئوتلاق رايونى

بۇ رايون يەتتە قۇدۇق، تيانشان، غەربىي تاغلارنىڭ تاغ ئالدى چۆللەرنى ھەم ماجۇاڭسەن تاغلىق رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قۇرغاق، سۇ قىس، تۇپرىقى ناچار بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تەس.

**1949 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە يىل ئاخىرىدىكى ھەرخىل چارۋىلارنىڭ قولدا قالغان سانى**

جەدۋەل 4 — 9 بىرلىكى: مىڭ تۇياق

| يىل | جەمئىي | كالا | ئات | ئېشەك | خېچىر | تۆگە | چوشقا | ئۆچكە | قوي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 129 | 13.8 | 8.2 | 5 | 0.4 | 2.1 | 0.7 | 3 | 68.8 |
| 1950 | 131.2 | 13.8 | 8 | 5.2 | 0.4 | 2.1 | 0.8 | 32.1 | 68.8 |
| 1951 | 138.3 | 13.8 | 7.5 | 7 | 0.3 | 1.8 | 0.8 | 40.8 | 66.3 |
| 1952 | 137.2 | 13.6 | 8.4 | 7.8 | 0.4 | 2.3 | 1 | 42.3 | 61.4 |
| 1953 | 145.3 | 13.3 | 8.1 | 8.3 | 0.5 | 2.3 | 1 | 45.4 | 66.4 |
| 1954 | 161.4 | 14.3 | 8.1 | 10 | 0.6 | 2.5 | 1.7 | 53.4 | 70.5 |
| 1955 | 193.1 | 15.4 | 9.2 | 10.7 | 0.6 | 2.6 | 1.4 | 68.1 | 85.1 |
| 1956 | 209.2 | 16.5 | 9.2 | 8.4 | 0.4 | 2.7 | 0.9 | 75 | 96.1 |
| 1957 | 219.4 | 16 | 9.5 | 8.8 | 0.5 | 2.5 | 1.2 | 77.2 | 103.7 |
| 1958 | 202 | 13.8 | 8 | 6.2 | 0.4 | 1.5 | 1.1 | 62 | 109 |
| 1959 | 237.1 | 15.7 | 9.2 | 5.3 | 0.4 | 1.5 | 1.1 | 70.5 | 133.4 |
| 1960 | 204.2 | 13.5 | 7.8 | 4.1 | 0.3 | 1.5 | 1 | 93.1 | 82.9 |
| 1961 | 228.7 | 13.3 | 7.6 | 4.6 | 0.3 | 1.5 | 1 | 91.5 | 108.9 |
| 1962 | 283.1 | 15.4 | 8.2 | 5.6 | 0.2 | 2.2 | 1.9 | 115.9 | 133.7 |
| 1963 | 305.7 | 15.9 | 8.1 | 6.4 | 0.3 | 2.2 | 2 | 128.4 | 142.4 |
| 1964 | 306.7 | 17.8 | 9.2 | 7.5 | 0.2 | 2.2 | 3.3 | 129.6 | 136.9 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 155·1 | 151.9 | 5.2 | 2.4 | 0.2 | 9 | 7.8 | 19 | 350.6 | 1965 |
| 143·8 | 152.6 | 7 | 2.8 | 0.3 | 9.2 | 10.2 | 17.9 | 343.8 | 1966 |
| 142·2 | 143.7 | 5.9 | 1 | 0.2 | 7.4 | 8.6 | 15 | 324 | 1967 |
| 130·4 | 121.6 | 5.1 | 2.5 | 0.4 | 13.8 | 10 | 13.5 | 297.3 | 1968 |
| 132 | 122 | 5.5 | 2.5 | 0.3 | 14 | 11 | 15 | 302.4 | 1969 |
| 134·4 | 124.5 | 5.3 | 2.5 | 0.4 | 14.8 | 11.1 | 16 | 309 | 1970 |
| 146·1 | 123.3 | 9.2 | 2.5 | 0.5 | 15.6 | 11.9 | 15.4 | 324.5 | 1971 |
| 153 | 115 | 6.4 | 3.2 | 0.5 | 15.1 | 12.3 | 15.3 | 320.8 | 1972 |
| 166·5 | 118.1 | 7 | 3.5 | 0.7 | 17.9 | 13.2 | 17.9 | 344.8 | 1973 |
| 177·4 | 112·1 | 5.1 | 3.5 | 0.7 | 19 | 13.9 | 18.7 | 350.4 | 1974 |
| 152·8 | 94·0 | 5.1 | 3.3 | 0.7 | 17.4 | 11.3 | 16.4 | 301 | 1975 |
| 162·3 | 95·8 | 7.9 | 3.6 | 0.7 | 16 | 11.2 | 16.7 | 314.2 | 1976 |
| 184·2 | 899 | 10.8 | 4.1 | 0.8 | 16.2 | 12.1 | 17.3 | 335.4 | 1977 |
| 209·3 | 92·3 | 10.7 | 4.5 | 0.8 | 16 | 12.3 | 17.8 | 363.7 | 1978 |
| 174·6 | 74·1 | 5.3 | 4.1 | 0.7 | 14.1 | 10.5 | 16.4 | 299.8 | 1979 |
| 183·4 | 77·7 | 5.3 | 4.7 | 0.7 | 13 | 9.7 | 18.3 | 312.8 | 1980 |
| 197·1 | 81·4 | 4.6 | 5.1 | 0.9 | 13.7 | 9.8 | 19.2 | 331.8 | 1981 |
| 207·1 | 85·9 | 4.6 | 5.9 | 1.1 | 14.2 | 9.7 | 20.1 | 348.6 | 1982 |
| 204·3 | 85·6 | 6.6 | 6.6 | 1.2 | 13.6 | 9.8 | 21.6 | 349.3 | 1983 |

## 1960 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئىگىلىگەن چارۋا سانى

جەدۋەل 4 — 10 بىرلىكى: مىڭ تۇياق

| يىل | جەمئىي | ئومۇمىيخەلق مۇلۇكچىلىكى | كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك | گۇڭشې ئەزالىرى باققىنى |
|---|---|---|---|---|
| 1960 | 204·2 | 9.7 | 192.3 | 2.2 |
| 1961 | 228.7 | 23.5 | 179.5 | 25.7 |
| 1962 | 283.1 | 41.7 | 186.6 | 54.8 |
| 1963 | 305.7 | 47·8 | 198.1 | 59.8 |
| 1964 | 306.7 | 44.9 | 202 | 59.8 |
| 1965 | 350.6 | 66.9 | 226.3 | 57.4 |
| 1966 | 343.8 | 65.5 | 227.1 | 51.2 |
| 1967 | 324 | 30.2 | 246.7 | 47.1 |
| 1968 | 297.3 | 46 | 195.3 | 56 |
| 1969 | 302.4 | 46.4 | 200 | 56 |
| 1970 | 309 | 47 | 203.6 | 58.4 |
| 1971 | 324.5 | 63.2 | 206.7 | 54.6 |
| 1972 | 320.8 | 53.1 | 203.7 | 64.0 |
| 1973 | 344.8 | 65.6 | 210.3 | 68.9 |
| 1974 | 350.4 | 64.6 | 209.2 | 76.6 |
| 1975 | 301 | 41.3 | 188 | 71.7 |
| 1976 | 314.2 | 42.5 | 207.3 | 64.4 |
| 1977 | 335.4 | 62.8 | 207.4 | 65.2 |
| 1978 | 363.7 | 67.8 | 223.3 | 73 |
| 1979 | 299.8 | 17.5 | 217 | 65.3 |
| 1980 | 312.8 | 18.7 | 211.3 | 82.8 |
| 1981 | 331.8 | 18.3 | 207.3 | 106.2 |
| 1982 | 348.6 | 18.2 | 202.1 | 128.3 |
| 1983 | 349.3 | 15.7 | 185.8 | 147.8 |

www.uyghurkitap.com

### 3. تۈزلەڭلىكتىكى تۈجۈپىلەپ بېقىش رايونى

بۇ رايون دېھقانچىلىق رايونىدىكى بارلىق گۈڭشېلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، سۇ مەنبەسى يېتەرلىك، تۇپراق قاتلىمى قېلىن بولۇپ، تېرىقچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرىدىن كالا، ئات، خېچىر، قوي، چوشقا قاتارلىقلار بېقىلىدۇ، بېقىش ئۇسۇلى جەھەتتە، قوتاندا بېقىش ئاساس قىلىنىدۇ، 1981-يىلى ئومۇمىي چارۋا 84 مىڭ 801 تۇياق، يەنى قوي بىرلىكى بويىچە ھېسابلىنغاندا 128 مىڭ 688 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 6072، ئات 2665، ئېشەك 9093، خېچىر 540، تۆگە 143، قوي 42 مىڭ 880، ئۆچكە 19 مىڭ 807، چوشقا 3611. ئاز سانلىق مىللەتلەر كالا، قوي بېقىشقا ئادەتلەنگەن. خەنزۇلارنىڭ چوشقا باقىدىغان ئەنئەنىسى بار، شەھەر ئەتراپىدىكى گۈڭشې ئەزالىرى كالا، ئۆچكە بېقىپ، شەھەر ئاھالىسىنى سۈت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

#### (1) شەھەرگە يېقىن جايلاردىكى سۈت، گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشى رايونى

بۇ رايون شەھەر ئىچى گۈڭشېسى، راھەتباغ گۈڭشېسىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى دادۈيى، پالۋانتۇر گۈڭشېسىنىڭ چۆەنشۈي دادۈيى، قاراسۇ دادۈيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1981-يىلى بۇ رايوندا 2172 ئائىلە، 6892 نوپۇس، 3565 ئەمگەك كۈچى، 21 مىڭ 985 مو تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.19 مو تېرىلغۇ يەر، 0.64 تۇياق چارۋا توغرا كەلگەن. بۇ رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى: شەھەرگە يېقىن، قاتناش قولايلىق، ئىشلەپچىقىرىش شەرت-شارائىتى ئەۋزەل، تۇپراق قاتلىمى قېلىن، تۇپراق سۈپىتى ياخشى. ئېرىق ۋە قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، سۇ مەنبەسى مۇقىم، ئوغۇت مەنبەسى بىرقەدەر كۆپ، تۇپرىقى مۇنبەت، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى يۇقىرى. ئەمما دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق ئەمەس، ئۆي چارۋىلىرىنىڭ سانى ۋە قۇرۇلمىسى شەھەرگە يېقىن جايدىكى دېھقانچىلىقنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايدۇ.

#### (2) دېھقانچىلىق رايونىدىكى كالا، چوشقا، قوي، ئات رايونى

بۇ رايون شەھەرگە يېقىن جايلاردىن باشقا بارلىق دېھقانچىلىق گۈڭشېلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى: دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، ئەمما دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى يېتەرلىك بولمىغانلىقى، نىسبىتى تەكشۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەريانىدا ئېنېرگىيە بىلەن ماددىنىڭ نورمال ئايلىنىپ تۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ رايوندا نوپۇس كۆپ، ئەمگەك كۈچى بىر قەدەر تولۇق، گۈڭشې ئەزالىرى چارۋا بېقىشقا ئادەتلەنگەن. چارۋا بېقىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، قوتاندا ھەممىسىرتتا بېقىش ئاساس قىلىنىدۇ. كالا، قويلار كۆپرەك ئېتىزغا يېقىن جايلاردىكى پارچە-پۇرات ئوتلاقلاردا، بوز يەرلەردە ۋە ئېگىزلاردا بېقىلىدۇ، قوشۇمچە يەم-خەشەك ۋە ئوت-چۆپ بېرىلىدۇ.

**4. قۇرغاق، شورلۇق چۆل - باياۋان چارۋا بېقىش رايونى**

بۇ رايون شەرقتە لوتوچۇەنزىدىن غەربتە ئەللىككىچە **بولغان دائىرىنى** ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتلاق كۆلىمى ئىككى مىليون 226 مىڭ 200 مو، **هازىر** ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا پايدىلىنىلىۋاتىدۇ.

**1949 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي كىرىمى**

جەدۋەل 4 — 11 بىرلىكى: مىڭ يۈەن

| يىل | ئومۇمىي كىرىمى | يىل | ئومۇمىي كىرىمى | يىل | ئومۇمىي كىرىمى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 207 | 1961 | 727 | 1973 | 1045 |
| 1950 | 248 | 1962 | 892 | 1974 | 1203 |
| 1951 | 280 | 1963 | 699 | 1975 | 1087 |
| 1952 | 218 | 1964 | 730 | 1976 | 1339 |
| 1953 | 267 | 1965 | 804 | 1977 | 1114 |
| 1954 | 248 | 1966 | 873 | 1978 | 1507 |
| 1955 | 252 | 1967 | 910 | 1979 | 1814 |
| 1956 | 282 | 1968 | 920 | 1980 | 2389 |
| 1957 | 302 | 1969 | 968 | 1981 | 2334 |
| 1958 | 442 | 1970 | 1046 | 1982 | 2578 |
| 1959 | 622 | 1971 | 972 | 1983 | 2685 |
| 1960 | 608 | 1972 | 1052 | | |

# IV باب ئورمانچىلىق

## §1. ئورمان بايلىقى

### 1. تاغلىق رايوندىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان

تاغلىق رايوندىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان، ئاساسەن، تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قارلىقتاغ ۋە باركۆل تېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى تاشۇلىق، تىيانشان ۋە غەربىي تاغ كۆكشىلىرىغا تارقالغان. دەل-دەرەخ تۈرلىرى يوپۇرماق تاشلايدىغان سىبىرىيە قارىغىيى (قىزىل قارىغاي) نى ئاساس قىلىدۇ، قارلىق چوققا شەمشادى (ئاق قارىغاي)، موڭغۇل قارىغىيى، قارا ئارچىلارمۇ ئارىلاش ئۆسىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تىيانشان كۆكشىسى تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك شەرت-شارائىتى ياخشى، ئورمان كۆلىمى بىرقەدەر زور بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئورمان ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىدىكى ئەڭ ياخشى ئورمان رايونى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن كۆپ يىللاردىن بۇيان كېسىلىپ كەلگەچكە، يېتىلگەن دەل-دەرەخلەر ئىنتايىن ئاز. تاشۇلىق، غەربىي تاغ كۆكشىلىرى تەۋەسىدىكى ئورمانلار تارقاق، كۆلىمى بىرقەدەر كىچىك، تاغنىڭ يانتۇلۇقى تىك، تۇپراق قاتلىمى بىرقەدەر نېپىز، ئورمان ئېكولوگىيىسى ئىنتايىن ئاجىز. تىك يۆنىلىشتە دېڭىز يۈزىدىن 2100 — 2900 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. ناھىيە بويىچە يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان كۆلىمى 294 مىڭ 300 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تاشۇلىق كۆكشىسىدا 17 مىڭ 400 مو، غەربىي تاغ كۆكشىسىدا 45 مىڭ 300 مو، تىيانشان كۆكشىسىدا 231 مىڭ 600 مو. ئومۇمىي ياغاچ زاپىسى ئۈچ مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر.

### 2. جىلغىلاردىكى كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان

تاشۇلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ كۆكشىلىرى تەۋەسىدە جەمئىي 29 جىلغا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 19 جىلغىدا كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان بار. ئاساسەن تاغ تېرىكى ئۆسىدۇ، ئاق قېيىن، قىزىل قېيىن، ئىرغاي قاتارلىقلارمۇ ئارىلاش ئۆسىدۇ. جىلغىلاردىكى كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلارنىڭ سۈنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، ئاز ساندىكى جىلغىلاردىلا بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

1981-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى جىلغا ئورمىنى كۆلىمى 23 مىڭ 760 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاشۇلىق كۆكشىسىدىكىسى 12 مىڭ مو،تىيانشان كۆكشىسىدىكىسى 3280 مو، غەربىي تاغ كۆكشىسىدىكىسى 8480 مو. ئومۇمىي ياغاچ زاپىسى 96 مىڭ 600 كۇب مېتىر.

3. قاقاس چۆل ئورمىنى

قاقاس چۆل ئورمىنى، ئاساسەن، ماجۇاڭسەن، بوغاز، يەتتەقۇدۇق قاتارلىق جايلارغا تارقالغان بولۇپ، چاتقالنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسەن توغراق، يۇلغۇن، سۆكسۆك قاتارلىقلار بار. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 2 مىليون 656 مىڭ مو. بۇنىڭ ئىچىدە ماجۇاڭسەندە تەخمىنەن 33 مىڭ مو يۇلغۇنلۇق، تەخمىنەن 2 مىليون 10 مىڭ مو سۆكسۆكلۈك بار، ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 2 مىليون 43 مىڭ مو كېلىدۇ: بوغازدا تەخمىنەن 37 مىڭ مو توغراقلىق، تەخمىنەن 30 مىڭ مو سۆكسۆكلۈك بار، ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 67 مىڭ مو كېلىدۇ؛ يەتتەقۇدۇقتا 25 مىڭ موچە يۇلغۇنلۇق بار؛ غەربىي چۆلدە تەخمىنەن 100 مىڭ مو سۆكسۆكلۈك بار؛ قىزىل يۇلغۇندا تەخمىنەن 180 مىڭ مو يۇلغۇنلۇق بار؛ گاۋيۇجۇاڭدا ئارىلاش ئۆسكەن 240 مىڭ مو چاتقاللىق بار؛ ئەلتۆمۈردە 1000 مو توغراقلىق بار.

## §2. ئادەم كۈچى بىلەن ئورمان بىنا قىلىش

قۇمۇلدا ھاۋا قۇرغاق، بوران كۆپ چىقىدۇ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا، ئاساسەن، سۇ باشلاپ كېلىپ سۇغىرىشقا تايىنىلىدۇ. بوران-قۇمنى توسۇش، ئېرىق-ئۆستەڭ ياقىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قۇمۇل خەلقى قەدىمدىن بۇيان كۆچەت تىكىشكە ئادەتلەنگەن. ئاساسەن تېرەك، سۆگەت، ئۈجمە، توخۇمەك، قارىياغاچ، توغراق، ياسىن ۋە شاپتۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت، ئالما، جىگدە، چىلان، ياڭاق قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرى يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە: «يېڭى چېپىلغان ئۆستەڭلەرنىڭ ئىككى قىرغىقىغا كۆپلەپ كۆچەت تىكىلمىسە قاش مۇستەھكەم بولمايدۇ، كونا ئۆستەڭلەردىمۇ شۇنداق» دېيىلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چېن چېڭ قۇمۇلدىن ئۆتكەندە يازغان شېئىرىدا: «يېزىلار جايلاشقان قويۇق-زىچچىدە، يېشىللىق ئۇپۇققا قەدەر سوزۇلغان. بۇندىكى ئورمانلار شۇنچە باراقسان، ھەممىسى قۇياشقا قاراپ يۈز تۇتقان» دەپ يېزىپ، شۇ چاغلاردىكى قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىنىڭ ئاۋات، بوستانلىق مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا نۇرغۇن قەدىمىي سۆگەتلەر بولغان، «قەدىمىي غوللىرىڭ ئەجدەرھا سۈپەت، تۇرىسەن سۈپسۈزۈك بىر كۆلنى ئوراپ. تەگدىشىڭ كۆپ ئەمەس كەزسە جاھاننى، تولغىماچ شاخلىرىڭ تۇرار شوخ يايراپ» دېگەن مىسرالار قۇمۇلدا سۆگەت تىكىشنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

لېكىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈگەش يىللىرىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا، قۇمۇلدىكى دەل-دەرەخلەر كۆپلەپ كېسىلىپ كەتكەن.

گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، زوزۇڭتاڭ تاجاۋۇزچىلارنى قورال كۈچى بىلەن قوغلاپ چىقىرىشقا بەل باغلاپ، جاڭ ياۋنى 14 يىڭ ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرنى باشلاپ قۇمۇلدا دېھقانچىلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئۇلار ئېتىز بويلىرى، يول ياقىلىرى، ساسلىق،

ئاق يەرلەرگە نۇرغۇن كۆچەت تىككەن. ئۇ چاغدا ھەر بىر ئەسكەر بىرنەچچە تۈپتىن كۆچەت تىكىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەن. ھەر بىر كۆچەتكە كۆچەت تىككۈچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى يېزىلغان تاختا ئېسىلغان.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، لەنجۇدىن قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چۆل ـ جەزىرىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەم ئولتۇراقلاشقانلىكى جايلاردا «خۇنەنلىك ئەسكەرلەر تىككەن رەت ـ رەت سۆگەت كۆچەتلىرى ئاسمان پەلەك بوي تارتقان». شۇ چاغدا جاڭ ياۋنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن شياۋشيۇڭ قۇمۇلدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ: «تۈزلەڭلىكتە ئەسلىدىنلا دەل ـ دەرەخ ئاز ئىكەن. ئادەم بارلىكى جايىدا دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلار كېسىپ تۈگىتىۋەتكەن. زوزۇڭتاڭنىڭ خۇنەنلىك ئەسكەرلىرى ئۆزى تۇرغان جايدىكى ئويمان ـ پەس، بىكار جايلارغا كۆچەت تىكىپ، قاتار ـ قاتار رەتلىك ئورمانلارنى بەرپا قىلدى. ئۇلار نەچچە يىلدىن كېيىن بۈك ـ باراقسان بولۇپ گۈزەل تۈسكە كىردى، خەلقمۇ ئۇنى مەدھىيىلىدى» دەپ يازغان ۋە «پەلەككە بوي تارتقان قەددىمىي قارىغاي، قاپلاپتۇ بولۇنلۇق قارلىق چوققىنى. سۆگەت تال ئاستىدا نەينىڭ ساداسى، ئۆتكەلدىن ① ئۆتۈپتۇ باھار شامىلى» دېگەن مىسرالارنى يېزىپ مەدھىيىلىگەن.

گۇاڭشۈنىڭ 17 ـ يىلى (1891 ـ يىلى) «شىن ماۋنىڭ سەپەر خاتىرىسى» نىڭ ئاپتورى تاۋباۋلىيەن قۇمۇل يۇقىرى ئاقيەر كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە: «يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەمەلدارلار تىككەن سۆگەتلەرنىڭ باراقسان ئۆسكەنلىكى» نى كۆرگەن. شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا قۇمۇلدىن ئۆتكەندە «ئۇن چاقىرىمغا سوزۇلغان سەيخۇمياۋ مەھەللىسىدە ئۆيلەر بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ياپېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ» غا نىلىقىنى، ھەمدە «شەھەر ئىچىنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ، كوچىلارغا دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈپسۈزۈك سۇ شاقىراپ ئېقىپ تۇرىدۇ، ھەممىلا يەر گۈل ـ گىياھلار بىلەن پۈركەلگەن» لىكىنى كۆرگەن («شىنجاڭنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دىن). مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى، قىزىليۇلغۇن، سەيخۇمياۋ، چېۋەنشۈي ۋە يۇقىرى، تۆۋەن ئاقيەردىن كونا شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغىچە، يەنە كونا شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازا ئالدىدىكى دۆك كۆۋرۈكنىڭ تۆۋىنىدىن تارتىپ ياۋاغ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىكى ئالتۇنلۇققا جايلاشقان ۋاڭلار قەبرىستانلىقىغىچە بولغان چوڭ يول، ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە چوڭ ـ كىچىك سۆگەتلەر بولغانىكەن. بولۇپمۇ شەھەر ئىچى ئوردا قوۋۇقتىن ۋاڭلار قەبرىستانلىقىغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سۆگەتلەر ئەڭ باراقسان بولۇپ، يولغا سايە تاشلاپ تۇرىدىكەن، كىشى بۇ يولدا ماڭسا ئاپتاپ كۆرمەيدىكەن، شۇڭا كىشىلەر بۇ يولنى «سۆگەتلىك كوچا» دەپ ئاتىغان. ئەپسۇسكى، مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) دىكى قۇمۇل يېغىلىقىدا پۈتۈنلەي كېسىلىپ تۈگىگەن.

① ئۆتكەل ــ بۇ يەردە يۈيمېن ئۆتكىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ــ تەرجىماندىن

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى)، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت نوپۇس بويىچە كۆچەت تىكىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، «ئەر - ئايال، قېرى - ياش بولىشىدىن، ھەر بىر كىشى 10 تۈپتىن كۆچەت تىكىدۇ ھەم كۆچەت تىكىش بايرىمى (ئۇ چاغدا 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىدى)، كۆچەت تىكىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، سودىگەرلەر، ئاھالىلەر ھەرقايسى ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭ ۋە لۇكچۇاڭمياۋ قاتارلىق جايلاردا ھەر بىر كىشى بەش تۈپتىن كۆچەت تىكىدۇ ۋە ئۇنى ئاسىراپ قاتارغا قوشىدۇ» دەپ بەلگىلىگەن. ئارخىپتىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) دىكى كۆچەت تىكىش بايرىمى كۈنى 70 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىلگەن. ھۆكۈمەت ئۈزلۈكسىز تەشەببۇس قىلغان ۋە ھەيدەكچىلىك قىلغان، ھەر ساھەدىكى سودىگەر، ئامما زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكتىن، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭ بويلىرى بۆك - باراقسان سۆگەتلەر بىلەن قاپلانغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. كۆچەت تىكىشنى يىلمۇ - يىل قەتئىي داۋاملاشتۇرغانلىقتىن، كۆچەت يىلدىن - يىلغا كۆپ تىكىلدى. 1950 - يىلى 90 مىڭ 600 تۈپ، 1951 - يىلى 225 مىڭ 500 تۈپ، 1953 - يىلى 358 مىڭ 600 تۈپ، 1955 - يىلى 412 مىڭ 400 تۈپ، 1956 - يىلى 500 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 1957 - ۋە 1959 - يىللىرى ئورمان بىنا قىلىش ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە بىرقەدەر زور راۋاجلىنىش بولدى، 1957 - يىلى ناھىيە بويىچە 1800 مو ئورمان بىنا قىلىندى، 270 مو كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 3800 جىڭ دەرەخ ئۇرۇقى يىغىۋېلىندى؛ 1958 - يىلى 3000 مو ئورمان بىنا قىلىندى، 720 مو كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 7000 جىڭ دەرەخ ئۇرۇقى يىغىۋېلىندى؛ 1959 - يىلى 3000 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، 880 مو كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 8400 جىڭ دەرەخ ئۇرۇقى يىغىۋېلىندى. 1961 - يىلى ئۆز يېرىدە يېڭىلاش خىزمىتى ئىشلىنىپ، شۇ يىلى 246 مو يەردىكى ئورمان يېڭىلاندى، 1963 - يىلى 163 مو يەردىكى ئورمان يېڭىلاندى.

1963 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سوتسيالىستىك «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇش چاقىرىقىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئورمانچىلىق «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇش ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇندىن بۇيان قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىقى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. شۇ يىلى دېھقانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارىنىڭ قارىمىقىدا پىلانلاش ئەترىتى تەسىس قىلىندى، كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ناھىيە بويىچە «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، پالۋانتۇر، ئاستانە، راھەتباغ قاتارلىق گۇڭشېلاردا 22 كۆچەتزارلىق قۇرۇلدى، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئامما سەپەرۋەر قىلىنىپ، سالا ئېتىز، يول، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ بويلىرىغا ئىھاتە ئورمانلىقى بەرپا قىلىندى. ئىككى - ئۈچ

## كۆپ يىللاردىن بۇيان ئادەم كۈچى بىلەن بىنا قىلىنغان ئورمانلارنى ئېنىقلاش ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 4—12

| تۈر | ھېسابلاش بىرلىكى | 1949 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە ساقلاپ قىلىنغان كۆلىمى | 1978 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى | 1978 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە ساقلاپ قىلىنغان كۆلىمى | 1982 - يىلى بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى | 1982 - يىلى ساقلاپ قىلىنغان كۆلىمى | جەمئىي (ساقلاپ قىلىنغان كۆلىمى) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1. بىنا قىلىنغان، ساقلاپ قىلىنغان ئومۇمىي ئورمان كۆلىمى | مو | 15526.5 | 10425·1 | 6051·7 | 2719·9 | 2298·1 | 23876·3 |
| 1) ئېتىز- ئېرىق ئەتراپ ئورمانلىقى | مو | 4474.1 | 3893·6 | 2260·2 | 952·4 | 804·7 | 7539 |
| 2) بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىي ئورمانلىقى | مو | 174·2 | 1360 4 | 789·7 | 620·2 | 524 | 1487·9 |
| 3) ماتېرىيال ئورمانلىقى | مو | 761·2 | 2438·4 | 1415·5 | 493·3 | 416·8 | 2593·5 |
| 4) يېقىلغۇ ئورمانلىقى | مو | 400 | 253·9 | 147·4 | 32.2 | 27·2 | 574·6 |
| 5) ئىقتىسادىي ئورمانلىق | مو | 103·4 | 584·7 | 339·4 | 403·1 | 340·6 | 783·4 |
| 6) باشقا ئورمانلىقلار | مو | 9613·6 | 1894·1 | 1099·5 | 218·7 | 184.8 | 10897·9 |
| 2. بىنا قىلىنغان، ساقلاپ قىلىنغان ئومۇمىي ئورمان كۆلىمى ئىچىدە: | | | | | | | |
| 1) دۆلەتنىڭ | مو | 810·5 | 618 | 358·7 | 267·9 | 226·4 | 1395·6 |
| 2) كوللېكتىپنىڭ | مو | 13193.6 | 8384·9 | 4867·4 | 2215·8 | 1872·1 | 19933·1 |
| 3) شەخسنىڭ | مو | 1522·4 | 1422·2 | 825·6 | 236·2 | 199·9 | 2547·6 |

يىلدىن كېيىن پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا ئورمان بەلباغلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. شەھەر-بازارلاردا 1964-يىلدىن 1966-يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا 11 مىڭ ئادەم (قېتىم) سەپەرۋەر قىلىنىپ، 16 مىڭ كۈب مېتىر قۇم يۆتكىۋېتىلدى، شىمالىي قۇملۇق ۋەشەرقىي، غەربىي ئۆستەڭبويلىرىغا 23 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلىپ، ئىلگىرى سېرىق قۇم بىلەن قاپلانغان شىمالىي قۇملۇق دەل-دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇلدى. 1976-يىلى ناھىيىدە ئورمانچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە بەش گۈڭشېدا ئورمانچىلىق-باغۋەنچىلىك مەيدانى، 45 دادۈي، 68 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە كۆچەتزارلىق قۇرۇلدى، 33 دادۈي، 121 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە ئېتىز-ئېرىق ئەتراپى ئورمانلاشتۇرۇلدى. 1978-يىلى بۇ ناھىيە دۆلەتنىڭ «ئۈچ شىمال» ئەھاتە ئورمانلىقى سىستېمىسىدىكى قۇربان تۇڭگۇت قۇملۇق چۆللى قۇمنى مۇقىملاشتۇرۇش ئورمان رايونى، تىيانشان سۇ مەنبەسى ئورمان رايونى، تارىم ئويمانلىقى بوستانلىق دېھقانچىلىقى ئەھاتە ئورمانلىقى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1949-يىلدىن 1982-يىلغىچە، ناھىيە بويىچە بەرپا قىلىنغان ئورماندىن ساقلاپ قېلىنغىنى 23 مىڭ 876.3 مو بولدى.

## §3. ئورمان باشقۇرۇش

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئورمانلىقلار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى) دىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ۋارىسلىق ئىمتىيازى بىكار قىلىنىپ، بارلىق ھوقۇق يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، تىيانشان تېغىدىكى ئورمانلىقلارغا قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بولدى. مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) 4-ئايدا قۇمۇل ئورمان باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئون ماددىلىق ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش چارىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، قوۋۇق ئېغىزى قاتارلىق جايلاردا ئورمان چازىسى تەسىس قىلىندى. ئازادلىق ھارپىسىدا، ئاقتاش، قوۋۇق ئېغىزى قاتارلىق جايلاردا بىرقانچە پەن تىلىدىغان ئورۇن قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە گاۋ فۇگۇەن ياغاچچىلىق مەيدانى، پېڭيىڭجاڭ ياغاچچىلىق مەيدانى، ساقچى ئىدارىسى ياغاچچىلىق مەيدانى ئاتاقلىق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ياغاچ كېسىش بىلەنلا بولۇپ، باشقۇرۇش بىلەن كارى يوق ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئورمانچىلىق مەيدانى ئەتراپىدىكى گۈڭشې-مەيدانلاردا ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش-ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، دادۈيلەردە ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىدە ئورمان مۇھاپىزەتچىسى تەسىس قىلىنىپ، رايونلار ئايرىلىپ بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىلىپ، ئورمان رايونىدا چارلاش-تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، تۈزلەڭ رايونلاردىمۇ ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش ئەھدىنامىلىرى تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە

ئورمان مۇھاپىزەت قىلىشتا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر قەرەللىك مۇكاپاتلاپ تۇرۇلدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تەدبىر مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، 1951-يىلى ئىككى قېتىم ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. بىر قېتىمقىسى، غەربىي تاغدىكى ئۇرۇكلۈكنىڭ ماۋلاق دېگەن يېرىدىكى دەركەنتىدە تۇرۇشلۇق چارۋىچىلار بۆرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئوت ياققان، كېتىش ۋاقتىدا ئوتنى ئۆچۈرمىگەچكە، ئىرت ئاپىتى يۈز بېرىپ 16 كۈندە 24.5 مو يەردىكى 13 مىڭ 200 تۈپ يېتىلگەن دەرەخ كۆيۈپ كەتكەن. ئىككىنچى قېتىمقىسى، مۇرا بۇلاق تۇسما كانىتىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيە 16-ئەترىتىنىڭ بىر پەي ئادىمى ئورمان رايونىدا زەمبۇرۇغ تېرىغاندا چىمۇدىق ئاقلاش ئۈچۈن ئوت ياققان، كېتىش ۋاقتىدا چوغنى چوڭ تاش بىلەن باستۇرۇپ قويغان، چوغ ئۆچۈپ بولمىغاچقا، كېيىن شامال چىقىش بىلەنلا يالقۇنجاپ كېتىپ ئىرت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 3030 تۈپ چوڭ-كىچىك دەرەخ كۆيۈپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېتىلگەن دەرەخ 1500 تۈپ.

1951-يىلى ئاقتاش ئورمانچىلىق رايونىدىكى ياغاچ كەسكۈچى ئىشچىلاردىن ياغاچ كېسىش شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەت ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولدى. شۇ يىلى يەنە ئاقتاش ئورمانچىلىق رايونىدا ئورمان باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، ئورمان يېڭىلاش، بەرۋىش قىلىش ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. 1958-يىلىدىن كېيىن، ئورمان باشقۇرۇش ئورنى بىلەن ياغاچ كېسىش شىركىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك شوپۇل ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، بۇ مەيدان 1962-يىلى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلدى. ئورمانچىلىق رايونلىرىدا ئورمان باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلىپ، «ئورمان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە»، «ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى قائىدىسى»، «تاغ ئىچىگە كىرىشتە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار»، «مۇكاپاتلاش-جازالاش تۈزۈمى» قاتارلىق قائىدە-تۈزۈملەر تۈزۈپ چىقىلىپ، تالايمىقان كېسىش، ئوت قويۇش، دەل-دەرەخلەرنى ئوغرىلاش، ئورماننى بۇزۇپ بوز يەر ئېچىش قاتارلىق قىلمىشلار قەتئىي مەنئىي قىلىندى، ئورمان رايونىدا بوران چىققاندا ئوت ياقماسلىق، دالىدا ئوت قالدۇرماسلىق، بالىلار ئوت ئويناتماسلىق، ئۆي سىرتىدا ئوت ياقماسلىق بەلگىلەندى، مۇھىم يول ئېغىزلىرى، تاغ ئېغىزلىرىدا «ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈشتە ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار» دېگەندەك تەشۋىقات شوئار تاختىلىرى ئورنىتىلدى. تۈزلەڭلىك رايونلاردىمۇ ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلدى. قارادۆۋىدە ئۇلاق-چارۋىلار بىر تۈپ دەرەخنى غاجاپ قويسا، بىر ھارۋا قارغىنا ئېلىپ كېلىپ ئورمان چۆرىسىنى توساش بەلگىلەندى؛ شەھەر رايونىدا: شەھەر رايونىدىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ چۆرىسىگە تام قوپۇرۇپ، ئۈستىگە چىت قويۇش بەلگىلەندى؛ غەربىي ئۆستەڭدىكى دەل-دەرەخلەرنى ھەرقايسى كوچىلار 26 ئورمان مۇھاپىزەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قەرەللىك

تەكشۈرۈپ تۇردى. ناھىيە بويىچە 121 ئورمان مۇھاپىزەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. 1960 - يىلى تىيانشان گۈڭشېسىنىڭ ئورمان مۇھاپىزەتچىسى ھەسەن ئۇدۇلدىكى تاغ ئورمانلىقىدا قويۇق ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ئوغلىنى ئاتقا مىنگۈزۈپ تېزدىن ئورمانچىلىق مەيدانىغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئايالىنى ھەر تەرەپكە خەۋەر يەتكۈزۈپ ياردەمگە ئادەم چاقىرىشقا ئەۋەتكەن، ئۆزى چارۋىچىلارنى باشلاپ نەق مەيدانغا بېرىپ ئوتنى نېزلا ئۆچۈرۈۋالغان. ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىلىق 30 يىلدا چوڭ ئوت ئاپىتى يۈز بەرمەسلىكتەك ياخشى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. تۈزلەڭلىكتىكى ئورمان مۇھاپىزىتى جەھەتتە بۇلۇڭتۇغراق گۈڭشېسىنىڭ گادا جىگزى دادۈيىدىكى لى شېڭلىن ۋە پالۋانتۇر گۈڭشېسى خۇاڭگوڭ 2 - دۈيىدىكى ھېكىم تۇرسۇنلارنىڭ ئىپادىسى گەۋدىلىك بولدى. 64 ياشلىق لى شېڭلىن ئالتە يىل ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش جەريانىدا بىر تۈپ دەرەخنىمۇ زىيانغا ئۇچراتمىغان. 52 ياشلىق ھېكىم تۇرسۇن دۈينىڭ ئۈچ ئورمان بەلبېغىدىكى 20 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق دەل - دەرەخنى قاچە بىپەرۋالىق قىلماي ئەستايىدىل مۇھاپىزەت قىلىپ «قەلبى قىزىل ئورمان مۇھاپىزەتچىسى» دەپ ئاتالدى.

50 - يىللاردا ۋە 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېسىلىش دائىرىسى بەك كەڭ بولۇپ كەتكەنلىكى، ئورمان بەرپا قىلىپ يېڭىدىن يېتىشتۈرۈپ مېڭىلمىغانلىقى ئۈچۈن، سۇنىڭ تۇپراقنى ئېقىتىپ كېتىشى كېلىپ چىقىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر نابۇت بولدى. خەنجىگۇ، شۈيموگۇ، شياۋبەنگۇ جىلغىلىرىدا سۇ بەك ئازىيىپ كەتتى، نەتىجىدە ئورمان ئېكولوگىيىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى قىيىنلىشىپ، ياغاچ زاپىسى تېز ئازىيىپ كەتتى.

جىلغا ئورمىنىنىڭ ئورمان ھوقۇقى ئېنىق بولمىغاچقا، گەرچە مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئادەم بار بولسىمۇ، مۇھاپىزەت قىلىش چىڭ بولمىغاچقا، كەلسە - كەلمەس كېسىش ئېغىر بولدى. ئەسلىدە جيەنگەنگۇ، چوڭ - كىچىك قوشماق، ئۇلاتاي ئەترابلىرىدا باراقسان ئۆسۈۋاتقان تاغ تېرەكلىرى كېسىلىپ تۈگەي دەپ قالدى، ھەر مو ئورمان يېرىدە ئاران 5 — 10 تۈپ دەرەخ قالدى. تاشۋىلىق گۈڭشېسىدىكى شياگۇ، تىيانشان گۈڭشېسىدىكى ئېدىر دېگەن جايلاردا 50 - يىللاردا شالاڭ ئۆسكەن قارىياغاچ ئورمىنى بار ئىدى، كېيىن كېسىلىپ تۈگەشكە ئاز قالدى.

چۆل - باياۋان ئورمان بايلىقى ئېنىق بولمىغاچقا ھەممە ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئېغىر بولدى. پەقەت ماجۇاڭسەنىدىكى سۆكسۆكلۈكنىڭ 25 يىلدىن بۇيان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان كۆلىمىلا 200 مىڭ موغا يەتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 8000 مو يەردىكى سۆكسۆك كېسىپ كېتىلدى، ئورمان رايونى 60 كىلومېتىر يىراقلاپ كەتتى. 1954 - يىلدىن بۇيان، تاشۋىلىق گۈڭشېسىنىڭ ئەزالىرى ھەر يىلى ماجۇاڭسەندىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 چوڭ ھارۋا ئوتۇن ئېلىپ كەلگەن. 1959 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 تراكتور ئوتۇن ئېلىپ كېلىنگەن، 1977 - يىلى پەقەت ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىلا 100 ئاپتوموبىل ئوتۇن ئېلىپ

كەلگەن، 1979 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل شىركىتى 90 ئاپتوموبىل ئوتتۇن ئېلىپ كەلگەن، دەسلەپتە ئادەم كۈچى بىلەن قېزىلغان بولسا، كېيىن ماشىنا كۈچى بىلەن قېزىلىپ، تالان ـ تاراج خاراكتېرىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىلغان بولغاچقا، كەڭ كۆلەمدىكى چاتقال ئورمان رايونى گىييا ئۆنمەيدىغان چۆلگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەتتە ـ قۇدۇق، قىزىلبۇلغۇن، يامانسۇدىكى دۆڭنەنخې، بوغازدىكى چۆللۈك قاتارلىقلاردىكى چۆل ئورمانلىرىنىمۇ شۇ جايلاردا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر كۆپلەپ كېسىشكە باشلاپ، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئومۇمىي كۆلىمى 400 مىڭ موغا يېتىدۇ.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، گوۋۇيۈەن «ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش توغرىسىدا ئېلان» چىقاردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئورمان قانۇنى» نى ئېلان قىلدى، ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىپ بېكىتتى. 1980-يىلى ئەتىيازدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن «كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش ھەققىدە يوليورۇق» چىقاردى، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، گوۋۇيۈەن يەنە: «ئورماننى كەلسە ـ كەلمەس كېسىشنى قەتئىي چەكلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. 1981-يىلى 3 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار»نى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، مۇناسىپ بەلگىلىمە چىقاردى. ھەرقايسى گۇڭشې، مەيدانلار ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىشقا ئائىت قاتتىق نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىشكە توغرا كەلگەندە بەش كۇب مېترغا يەتمىسە گۇڭشې تەستىقلاش، بەش كۇب مېتردىن ئارتۇق بولسا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاشنى بەلگىلىدى.

1983-يىلى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى ئورمان كېسىشتە ئورمان كېسىش گۇۋاھنامىسى بېرىشنى رەسمىي يولغا قويۇپ، مەيلى قانداق ئورۇن بولسۇن، ئورماننى كېسىشتىن ئىلگىرى تەستىقلىتىش رەسمىيەتنى بېجىرىشنى، تېخنىك خادىملار نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، ئەھۋالغا قاراپ كېسىش مىقدارىنى بەلگىلەپ بېرىشنى ھەمدە كېسىش گۇۋاھنامىسى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن كېسىشنى، ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئورماننى كەلسە ـ كەلمەس كېسىش قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشنى بەلگىلىدى. بۇ تەدبىر ئورمان باشقۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى، شۇ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردا بەزى ئورۇن ۋە شەخسلەر چوچۇكبۇيىنى كەلسە ـ كەلمەس كولاپ، ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق، بوغاز قاتارلىق جايلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلىقىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن، «چوچۇكبۇيا بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، چوچۇكبۇيىنى ئۆز ئالدىغا كولاش، قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىشنى قەتئىي

چەكلەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئورمانچىلىق
بۆلۈمى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش
ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك تىببىي دورا شىركىتى بىرلىكتە شىڭشىڭشيادا بىرلەشمە تەكشۈرۈش
گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئىككى ئاي ئىچىدە 184 مىڭ جىڭ چۈچۈكبۇيا يىغىۋالدى.
1979 ـ يىلدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە بىرنەچچە قېتىم خېلى كەڭ دائىرىدە
دەل ـ دەرەخلەرگە كېسەللىك تېگىش ۋە زىيانلىق ھاشارات چۈشۈش ئەھۋالى يۈز
بەردى. 1979 ـ يىلى شەھەر ۋە يېزىلاردا ئەتىيازلىق ماگداھچى قۇرت ئاپىتى يۈز
بەردى. دەرەخ ئاستىدا كېتىۋاتقان كىشىلەر قۇرتنىڭ يوپۇرماقنى يېگەن چاغدىكى
ئاۋازىنى ئاڭلىيالىدى، نەچچە كۈن ئىچىدىلا دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى قۇرت يەپ
تۈگەتتى. 1981 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەھەر ئىچى گۆڭشې جىگدىقۇدۇق
دادۈيىنىڭ ئورمانچىلىق مەيدانىدا 50 موچە يەردىكى تېرەكلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى
يوپۇرماق قوڭغۇزى يەپ تۈگەتتى. شۇ يىلى بۇلۇڭتوغراق باغۋەنچىلىك مەيدانىدا
60 مو يەردىكى سۆگەت چىرىش كېسەللىكى تۈپەيلىدىن قۇرۇپ كەتتى. ناھىيە
بويىچە دەل ـ دەرەخلەردە تېرەك ـ سۆگەت چىرىش كېسىلى، تېرەك زەھەرلىك كېپىنىكى،
تېرەك قوتۇر كېسىلى، يوپۇرماق قوڭغۇزى، ئۇسسۇلچى زەھەرلىك كېپىنەك، كىچىك
ئۆمۈچۈك، ئەتىيازلىق ماگداھچى قۇرت كېسەللىكى ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى كۆپرەك
كۆرۈلىدۇ. 1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 2000 مو يەردىكى ئورماندا ھاشارات زىيانداشلىقى
يۈز بەردى. ئاساسىي زىيانداش ھاشارات ئەتىيازلىق ماگداھچى قۇرت بولۇپ، ئەھۋال
سېزىلگەندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار دەرھال ئادەم تەشكىللەپ، خىمىيىلىك
ئۇسۇلدا مۇداپىئە كۆرۈش، يوقىتىش ئېلىپ باردى. راھەتباغ، شەھەر ئىچى، پالۋانتۇر،
قارادۆۋە قاتارلىق گۆڭشېلار نۇقتا قىلىندى، مۇداپىئە كۆرۈش، يوقىتىش كۆلىمى
1000 موغا يەتتى.

## قوشۇمچە: قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى
## (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھە)

(1981 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قۇمۇل ناھىيىلىك سەككىزىنچى نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 ـ سانلىق يىغىنىدا مۇزاكىرە
قىلىنىپ ماقۇللانغان)

ئورمانچىلىق ـــ خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئورمانچىلىقنى
راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن جىددىي ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى،

گوۋۇيۈەننىڭ «ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» نى ھەقىقىي ئىجرا قىلىپ، ناھىيىمىزنىڭ ئورمانچىلىقىدا ساقلانغان كەلسە – كەلمەس كېسىش، كېسىشنىلا بىلىپ ئورمان بىنا قىلىشقا سەل قاراش، ئورمان بىنا قىلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ پەرۋىش قىلىشقا سەل قاراشتەك مەسىلىلەرنى قەتئىي ھەل قىلىپ ناھىيىمىزنىڭ ئورمانچىلىقىدىكى قالاق ھالەتنى تېز ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىلدى:

1. ئومۇمەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى دەل – دەرەخلەر ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ شەخسىي دەل – دەرەخلىرى ھەم باشقا تارماقلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئورمانلار تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىپ، ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئورماننىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ھەققىدە تالاش – تارتىش بولسا، ئىككى تەرەپ ئۆز – ئارا مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىدۇ، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى كېسىم قىلىدۇ. گۇڭشې ئەزالىرى ئۆيلىرىنىڭ ئالدى – كەينىگە، كوللېكتىپ ئاجرىتىپ بەرگەن بوز يەرلەرگە بىنا قىلىنغان دەل – دەرەخلەرگە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى مەڭگۈ گۇڭشې ئەزالىرىدا بولىدۇ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۇنىڭغا دەخلى – تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئورگان، زاۋۇت – كان ئىشچى – خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدى – كەينىگە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى شەخسكە تەئەللۇق بولىدۇ.

2. ئومۇمەن شەرت – شارائىتى يار بېرىدىغانلىكى گۇڭشې – دۈيلەر ھەر بىر ئائىلىگە ئون مودىن ئورمان بىنا قىلىشقا بولىدىغان بوز يەر ئايرىپ بېرىشى لازىم. ئايرىپ بېرىلگەن يەردە باغ بىنا قىلىشقا ۋە كۆچەت تىكىشكىلا بولىدۇ، ئۇنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ يەر باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن بولسا، دەرھال قايتۇرۇۋېلىش لازىم. قىلمىشى ئېغىرلارنى قەتئىي بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

3. كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى دەل – دەرەخلەرنى باشقۇرۇشتا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ:

1) يېتىلگەن دەل – دەرەخ (بادىرادىن چوڭ) ۋە تۇتاش ئورمانلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئەھۋالغا قاراپ ئەمگەك كۈچلىرىگە كەسپىي جەھەتتە ھۆددىگە بېرىدۇ. ئورمان مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ئىش ھەققى ئۆلچىمى دەل – دەرەخ تۈرىگە ۋە يېتىلىش دەرىجىسىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. مۇكاپاتلاش – جەرىمانە قويۇش ئۆلچىمى دەل – دەرەخ تۈرلىرىگە ۋە دەل – دەرەخنىڭ يېشىغا، زىيانغا ئۇچراش نىسبىتىگە ئاساسەن ئەستايىدىل ھېسابلاپ بېكىتىلىدۇ.

2) يېتىلمىگەن ئورمان (تۇتاش ئورمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يەرگە قوشۇپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ۋە ھۆددىگەر ئائىلىلەر دەل – دەرەخنى

www.uyghurkitap.com

ساناپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھەم ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ توختام تۈزۈلىدۇ. يېتىلگەن ئورمانلارنى كەسكەندە ھۆددىگەر ئائىلىلەرگە 20% ئۆپچۆرسىدە ئىش ھەققى بەرسە بولىدۇ.

3) ئورمان بىنا قىلىشقا تېگىشلىك بولۇپ، تېخى كۆچەت تىكىلمىگەن يول، يەر، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى بىر تۇتاش پىلانلايدۇ ھەمدە يەرنى كىم ھۆددىگە ئالسا شۇ ئورمان بىنا قىلىش پىرىنسىپى بويىچە گۈڭشې ئەزالىرى ئورمان بىنا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. كۆچەتنى گۈڭشې ئەزالىرى ئۆزى ھەل قىلىدۇ، ئورمان يېرىنى ئۆزى تۈزلەيدۇ، كۆچەتنى ئۆزى تىكىدۇ، كۆچەت ماتېرىيال بولۇپ يېتىلگەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش دۈيى بىلەن گۈڭشې ئەزالىرى نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىشىدۇ، گۈڭشې ئەزالىرىنىڭ نىسبەت بويىچە ئالىدىغىنى ئەڭ كۆپ بولغاندا 50% تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. قالغان قىسمى تەقسىماتقا قاتناشتۇرۇلىدۇ.

4. كەلسە - كەلمەس كېسىش، ھايانكەشلىك قىلىش ھەمدە مال - چارۋىلارنىڭ دەل - دەرەخلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىشى قاتارلىق قىلمىشلارنى قەتئىي چەكلەش لازىم، يۇقىرىقىدەك قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار ئورمانغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ھەمدە قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ تەنقىد - تەربىيە بېرىلىدۇ، جەرىمانە قويۇلىدۇ، مۇسادىرە قىلىنىدۇ، ھەتتا جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. 1 — 5 يىللىق بىر تۈپ دەرەخنى ئوغرىلىقچە كەسكەن ياكى چارۋىغا غاجىتقۇزغان بولسا، 20. يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە كېسىلگەن ياغاچ مۇسادىرە قىلىنىدۇ. 5 يىللىقتىن ئاشقان بىر تۈپ دەرەخنى ئوغرىلىقچە كەسكەن ياكى چارۋىغا غاجىتقۇزغان بولسا، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىغا قارىماي، 80 يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، كېسىلگەن ياغاچ مۇسادىرە قىلىنىدۇ، جەرىمانە كىرىمى ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئورۇنغا تەئەللۇق بولىدۇ.

5. گۈڭشې - دۈيلەر يېتىلگەن ماتېرىيال ئورمىنىنى كەسمەكچى بولسا، بەش كۇب مېتىردىن ئاز بولسا گۈڭشې باشقۇرۇش ھەيئىتى تەستىقلايدۇ ھەمدە دەرەخ كېسىش گۇۋاھنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن كېسىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. بەش كۇب مېتىردىن ئارتۇق بولسا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ دەرەخ كېسىش گۇۋاھنامىسى بەرگەندىن كېيىن كېسىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. دەل - دەرەخلەرنى كەسكەندىن كېيىن ئورنىغا شۇ يىلى كۆچەت تىكىپ تولۇقلاش، ئىككىنچى يىلىغا قالدۇرماسلىق لازىم. تەستىقلاتماي كەلسە - كەلمەس كەسكەن ياكى تولۇقلاپ كۆچەت تىكمىگەنلەرگە قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ تەنقىد - تەربىيە بېرىش ياكى ئىقتىسادىي چارە كۆرۈش، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا ئاساسەن جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

6. يېتىلمىگەن ئورمان ئارىسىدا چارۋا بېقىش مەنئىي قىلىنىدۇ. يېتىلگەن ئورمان ئارىسىدا چارۋا باققاندىمۇ دەل - دەرەخلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر چارۋا بېقىش تۈپەيلىدىن ئورمان زىيانغا ئۇچرىغان بولسا،

مۇشۇ بەلگىلىمىنىڭ 4 ـ ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا تۆھپە ياراتقان، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلارنى مەنىۋى جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا ماددىي مۇكاپات (كۆكىنىش ياكى نەق پۇل) بېرىش لازىم.

7. ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن، تەبىئىي قايتا كۆكلىگەن ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش، توغراقلىق، سۆكسۆكلۈك، جاڭگالغا ئورمىنى يۇلغۇن، چاكاندا قاتارلىق چۆللۈك يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشنى قەتئىي چەكلەش لازىم. كۆكلەتكەن ئوز گۈڭشېسى دائىرىسىدىكى ياۋا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشى لازىم. ھەرقايسى ئورگان، ھەربىي قىسىم، زاۋۇت ـ كان، مەكتەپ، ئىدارە، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار رايونغا خالىغانچە كىرىپ ياۋا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى كەلسە ـ كەلمەس كېسىشىگە، قېزىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، كېسىش، قېزىش زۆرۈر بولغاندا، شۇ جايدىكى ئورمان مۇھاپىزەتچىسى كۆرسەتكەن ئورۇندا كېسىش، قېزىش لازىم، يىلتىزىنى قېزىپ ئېلىش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

8. ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. تاغ ئورمىنى، تۈزلەڭ ئورمىنى، توغراقلىق، چۆللۈك يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئورمانلىقى قاتارلىق رايونلار ئىچىدە ئوت يېقىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ئوت يېقىپ ئىسسىنىش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار بولسا، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

9. ئورمانچىلىق قانۇن ـ تۈزۈملىرى جەھەتتىكى تەشۋىق ـ تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئورمانچىلىقنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش، «ئورماننى ئاسراش — شەرەپ، ئورماننى بۇزۇش — نومۇس» دەيدىغان كەيپىياتنى تىكلەش، ھەممە ئادەم ئورماننى ئاسراش، مۇھاپىزەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش لازىم، ھەرقايسى گۇڭشې، مەيدانلار ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش تەشكىلىرىنى قۇرۇشى ۋە ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش تۈزۈمى، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش ئەھدىنامىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم.

10. ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — رەھبەرلىكتە. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىقنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشى، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىشى لازىم. سېزىلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش — سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى بىر ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانى. شۇڭا جاسارەت بىلەن

ئىشلەپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يۈيگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىشىدەك ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى تۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىپ، پارتىيە نىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ناھىيىمىزنىڭ ئورمانچىلىق جەھەتتىكى قالاقلىق ھالىتىنى تېز ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

ھاكىم: ئابلىز ھاشىم

1981 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

## §4. ئورمانچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى

قۇمۇل ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ 1981 ـ يىلدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى بويىچە، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىقى تۆۋەندىكىدەك رايونلارغا ئايرىلدى:

**1. تىيانشان تېغىدىكى سۇ مەنبەسىنى ساقلاپ قالىدىغان ئورمانلىق ـــ پايدىلىنىش رايونى**

بۇ رايون تاشۇبلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ گۇڭشېلىرىنىڭ تاغلىرىدىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان ۋە دەريا جىلغىلىرىدىكى كەڭ يوپۇرماقلىق ئورماندىن ئىبارەت ئىككى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1) تاشۇبلىق، غەربىي تاغ سۇ مەنبەسىنى ساقلاپ قالىدىغان ئورمانلىق

بۇ ئىككى جايغا تارقالغان يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان كۆلىمى كىچىك ۋە پارچە ـ پۇرات بولۇپ، تاغ باغرىنىڭ يانتۇلۇقى چوڭ، تاش قاتلىمى كۆپ، تۇپراق قاتلىمى ئاجىز، دەل ـ دەرەخلىرى پاكار، ئۆسۈش مىقدارى ئىنتايىن تۆۋەن. تاشۇبلىقتا 17 مىڭ 400 مو ئورمانلىق بار بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك قوشماق، ئۇلاتاي، قىرچىماق، بەيياڭگۇ، جىيەنگەنگۇ، چوڭ ـ كىچىك يولۋاس جىلغىسى قاتارلىق ئون نەچچە تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. غەربىي تاغدىكى ئورمان كۆلىمى 45 مىڭ 300 مو بولۇپ، نېرىندىن تارتىپ قوتازلىق، قالغايتى ۋە قورلۇقلارغىچە بولغان تاغ جىلغىلىرىغا جايلاشقان. يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان جىلغىلارنىڭ يۇقىرى قىسمىدا، كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان جىلغىلارنىڭ تۆۋەن قىسمىدا بولۇپ، سۇ سىستېمىسىنى بويلاپ جايلاشقان.

### 2) تىيانشان تېغىدىكى سۇ مەنبەسىنى ساقلاپ قالىدىغان ئورمانلىق ـــ ماتېرىيال ئورمانلىقى رايونى

بۇ رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، تاشۇبلىق، غەربىي تاغ رايونى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئورمان رايونىنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، كۆپ ساندىكى ئورمان يەرلىرى تۈز، تۇپراق قاتلىمى بىر قەدەر قېلىن، قاتنىشى قولايلىق. بۇ رايوندىكى يىڭنە يوپۇر ـ

ماقلىق ئورمان كۆلىمى 231 مىڭ 600 مو، ھەرمو يەردىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخنىڭ ياغاچ مىقدارىنى 0.1 كۇب مېتىردىن ھېسابلىغاندا، بىر يىلىدا 25 مىڭ كۇپ مېتىردىن كۆپرەككە يېتىدۇ، لېكىن قۇرۇپ كېتىشى ئېغىر بولغاچقا، ئەمەلىي ياغاچ مىقدارى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ، تاۋار ياغاچ نىسبىتى بىرقەدەر تۆۋەن. بۇ ئورمان رايونى قوۋۇق ئېغىز، نامداۋان، ئاقتاش، داڭىسىنگۇ، خەنچىگۇ، تۇگمەن جىلغا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان كۆلىمى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، ئاران 3280 مو، ئاساسەن تۆمۈرتى، ئېرناسى ئەتراپىغا جايلاشقان.

## 2. تاغ ئالدىدىكى چۆل ئورمانلىقى — چارۋا ئورمان رايونى

بۇ رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قۇرغاق، ھۆل - يېغىن ئاز. تېپىك بولغىنى بوغازدىكى چۆللۈك بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 10 مىللىمېتىر ئەتراپىدا، ئىسسىقلىق تېمپېراتۇرىسى 29 °C دىن 60°C قىچە. چۆل ئورمانلىقى — ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان ۋە كۆپىيىدىغان جاي. كۆپ يىللاردىن بۇيان، كەلسە - كەلمەس ئوۋلاش، تۇتۇش نەتىجىسىدە ياۋايى ھايۋاناتلار بەك ئازىيىپ كەتتى. 50 - يىللاردا بۇ رايوندا توپ - توپ كىيىكلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى، ھازىر كىيىكلەرنى ئۇچرىتىش ناھايىتى تەس. قۇمۇل ناھىيىسىدىكى سەككىز ياۋايى ھايۋانات رايونى (ماجۇاڭسەن، شىڭشىڭشيا، فاڭسەنكۇ، يۇلغۇنلۇق، ئاقار، بوغاز، سار كۆل، يەتتەقۇدۇق ئىچىدە پەقەت ماجۇاڭسەندىلا ياۋا تۆگە، ياۋا ئېشەك قاتارلىق ئاز ساندىكى قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلار بار. باشقا جايلاردا پەقەت ياۋا توشقان، تۈلكە، قارغۇ چاشقان، يىڭنە قۇيرۇقلۇق چىل ۋە بۆرىلەرنىلا كۆرگىلى بولىدۇ.

## 3. تۈزلەڭلىك ئىھاتە ئورمانلىقى — ماتېرىيال ئورمانلىقى رايونى

### 1) ئىھاتە ئورمانلىقى — ماتېرىيال ئورمانلىقى رايونى

بۇ رايون ناھىيىنىڭ تۈزلەڭلىك بوستانلىقىدىكى يەتتە خەلق گۇڭشېسى (بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز، ئاستانە، قارادۆۋە) ۋە تاغلىق رايوندىكى بىر گۇڭشې (تاشۋۇلىق) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1982 - يىلى، بۇ رايوندا بىنا قىلىنغان ۋە ساقلىنىپ قالغان ئورمان كۆلىمى 11 مىڭ 100 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمانلىقى 5300 مو، پارچە ئورمان 2115 مو، ئۆي، يول، ئېرىق ئەتراپلىرىغا تىكىلگىنى موغا سۇندۇرغاندا 3710 مو، ھەرمو ئورماننىڭ يىللىق ياغاچ مىقدارىنى 1.2 كۇب مېتىر بويىچە ھېسابلىغاندا، يىللىق ئومۇمىي ياغاچ مىقدارى 13 مىڭ 300 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

### 2) ئورمان بىنا قىلىپ قۇم تىزگىنلەش رايونى

ناھىيە بويىچە قۇم - بوران ئاپىتى ئېغىر بولغان جايلاردىن ئۈچ گۇڭشې ۋە ئالتە دادۈي بار، ئۇلار: بۇلۇڭتوغراق، بوغاز، يەتتەقۇدۇق گۇڭشېلىرى، ئاستانە گۇڭشېسىنىڭ 7 -، 8 -، 9 - دادۈيلىرى، راھەتباغ گۇڭشېسىنىڭ 8 - دادۈيى، پال-

www.uyghurkitap.com

ۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ شىنجىيەن دادۋيى ۋە ياۋۇلۇك دادۋيى. بۇ جايلاردا ھەر يىلى بىرقەدەر ئېغىر قۇم - بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئەتىيازدا سېپىلگەن ئۇرۇقنى ۋە ئېتىزدىكى مۇنبەت توپىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ، قايتا تېرىيدىغان ۋە باشقا زىرائەت تېرىلىدىغان ئىشلار ھەر يىلى دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە قۇم سوقۇپ، ئۈزۈپ ۋە كۆمۈپ، ھەر يىلى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيان سالىدۇ. ئىھاتە ئورمانلىقى بىنا قىلىش بۇ جايلاردا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 4. جىلغا ۋە تۈزلەڭلىكتىكى ئىقتىسادىي ئورمانلىق رايونى

بۇ رايون تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە بولۇپ، ئۆستەڭ - جىلغىلىرى كۆپ، تاشۋىلىقتىكى قورايغولدىن تارتىپ غەربىي تاغدىكى قويلۇقچە بولغان 200 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئارىلىقتا جايلاشقان، كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ كىلىماتىغا كىرىدۇ. بۇ رايوندىكى ھازىر بار مېۋىلىك دەرەخ ئاساسەن ئۆرۈك بولۇپ، كۆلىمى جەمئىي 996 مو، يىللىق ئۆرۈك مەھسۇلاتى 1000 توننىدىن ئاشىدۇ، لېكىن كۆپىنچىسى تۈكلۈك ئۆرۈك بولۇپ، سۈپىتى ياخشى ئەمەس، گۇڭشې ئەزالىرى ئادەتتە ئۇنىڭدىن قاق قۇرۇتىدۇ. ئۆچكىسى ياغ تارتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۈچ كىلوگرام ئۆچكىدىن بىر كىلوگرام ياغ چىقىدۇ. ئارىتامدا ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك، ياڭاق، چىلان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار بولۇپ، سۈپىتى ياخشى، لېكىن كۆلىمى ئاز.

### 5. جىلغا ئېغىزى ۋە ئۆستەڭ بويىدىكى ماتېرىيال ئورمانلىقى رايونى

#### 1) تاغ ئالدى جىلغا ئېغىزىدىكى ماتېرىيال ئورمانلىقى رايونى

بۇ رايون تاغ ئالدىدىكى تاشۋىلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ گۇڭشېلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جىلغىلىرى كۆپ، جىلغا ئېغىزىدىكى ساي كۆلىمى چوڭ بولۇپ، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ئورمانچىلىقتا باب كېلىدىغان يەرلەر جايلاشقان ئاساسلىق رايون ھېسابلىنىدۇ. ئورمان بىنا قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەر كۆلىمى 33 مىڭ 500 مو كېلىدۇ. بۇ رايوندا تاش كۆپ، توپا ئاز بولۇپ، ئۆرەك كولاپ كۆچەت تىكىش بىرقەدەر تەس، لېكىن پايدىلىق شەرت - شارائىتلار ناھايىتى كۆپ: بىرىنچى، تاغ ئالدىدا يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى 150m — 200mm ئارىلىقىدا بولۇپ، تۈزلەڭلىكتىكى بوستانلىقلاردىكىگە قارىغاندا 5 — 20 ھەسسە كۆپ. يېرىم مىقداردا ياكى ئاز سۇغىرىلسىلا دەل - دەرەخنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ساي دائىرىسى كەڭ، كۆلىمى چوڭ، چوڭ - كىچىك ئوخشاش بولمىغان سۇ ئېقىنلىرى سۇ تورىنى شەكىللەندۈرگەن، تۇپرىقى نەم ۋە بوش، دەل - دەرەخ ئەي بولغاندىن كېيىن سۇغىرىلمىسىمۇ ياكى ئاز سۇغىرىلسىمۇ ئۆسۈۋېرىدۇ؛ ئۈچىنچى، تاغ ئالدىنىڭ ھاۋاسى نەمخۇش بولغاچقا، دەل - دەرەخلەردە كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى ئاسان يۈز بەرمەيدۇ، دەل - دەرەخلەر تېز ئۆسىدۇ.

## ئورمانچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 4 — 13

| بىرىنچى تۈردىكى رايونلارغا ئايرىلىشى | ئىككىنچى تۈردىكى رايونلارغا ئايرىلىشى | دائىرىسى |
| --- | --- | --- |
| تىيانشان تېغىدىكى سۇ مەنبەسىنى ساقلاپ قالىدىغان ئورمانلىق - پايدىلىنىش رايونى | غەربىي تاغ، تاشۋدىلىق سۇ مەنبەسىنى ساقلاپ قالىدىغان ئورمانلىق<br>تىيانشان تېغىدىكى سۇ مەنبەسىنى ساقلاپ قالىدىغان ئورمانلىق - ماتېرىيال ئورمانلىق رايونى | داۋنغولدىن تارتىپ قوتازلىققىچە، قورايغول، ئۇلاتاي جىلغىسى، چوڭ - كىچىك قوشماق قوۋۇق ئېغىزى، نامداۋان، داگېسىنگو، خەنجىگو قاتارلىقلار |
| تاغ ئالدىدىكى چۆل ئورمانلىقى — مۇھاپىزەت رايونى | ماجۇڭسەندىكى سۆكسۆك مۇھاپىزەت رايونى<br>يەتتەقۇدۇق چاتقال ئورمانلىقى مۇھاپىزەت رايونى<br>يۇلغۇنلۇقتىكى يۇلغۇن — چارۋا ئورمان رايونى | ماجۇاڭسەن<br>بۇغاز، يەتتەقۇدۇق، ئاقار قاتارلىقلار<br>يامانسۇنىڭ شەرقى، جەنۇبىي يولغۇنلۇق، شىڭشىڭشيا |
| تۈزلەڭلىكتىكى ئىهاتە ئورمانلىقى - ماتېرىيال رايونى | تۈزلەڭلىكتىكى ئىهاتە ئورمانلىقى ماتېرىيال رايونى<br>قۇم تىزگىنلەپ ئورمان بىنا قىلىش رايونى | تۈزلەڭلىك دېهقانچىلىق رايونىدىكى ھەرقايسى گۇڭشېلار بۇغاز، بولۇڭتوغراق، يەتتە قۇدۇق گۇڭشېلىرى ۋە پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ ياۋۇلۇك دادۈيى، ئاستانە گۇڭشېسىنىڭ 7-، 8-؛ 9-دادۈيلىرى قاتارلىقلار. |
| جىلغا ۋە تۈزلەڭلىكتىكى ئىقتىسادىي ئورمانلىق رايونى | ئەرگۈك، تۆرۈك ئالمىلىق رايونى،<br>غەربىي تاغدىكى ياڭاقلىق رايونى،<br>قارادۆۋە چىلانلىق رايونى | تاشۋدىلىقتىكى ئەرگۈك، سەنگۈك، يالغۇز قۇيۇم غەربىي تاغدىكى ئولانبۇلاق قاتارلىقلار، غەربىي تاغ گۇڭشېسىنىڭ 2-، 3 - دادۈيلىرى، قارادۆۋە، لاپچۇق چېگرا رايونىغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار دېهقانچىلىق مەيدانى، ئەللىك قاتارلىقلار |
| جىلغا ئاغزى ۋە ئۆستەڭ بويىدىكى ماتېرىيال ئورمانلىقى رايونى | تاغ ئالدى جىلغا ئاغزىدىكى ماتېرىيال ئورمانلىقى رايونى<br>شەھەر ئىچى، راھەتباغ ئۆستەڭ بويى ماتېرىيال ئورمانلىقى رايونى | تاشۋدىلىق، تىيانشان، غەربىي تاغدىكى 29 جىلغا شەھەر ئىچى، راھەتباغ گۇڭشېسىدىكى ئۆستەڭ بويلىرى |

## 2) ئۆستەڭ بويىدىكى ماتېرىيال ئورمانلىقى رايونى

بۇ رايون ناھىيە بازىرى ئىچى ـ سىرتىدىكى شەرقىي ۋە غەربىي ئۆستەڭ بويىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۆلىمى زور، سۇ شەرت ـ شارائىتى ياخشى بولۇپ، قۇمۇل بوستانلىقىدىكى ئورمان بىنا قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان جاي ۋە ماتېرىيال ئورمانلىقى بازىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر، سايىنىڭ كەڭلىكى 300 — 500 مېتىر بولۇپ، شەھەر ئىچى، راھەتباغ گۇڭشېلىرىنى ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى گۇڭشېسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئورمان بىنا قىلىنغان ۋە ئورمان بىنا قىلىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمى 14 مىڭ مو، كۆپ يىللاردىن بۇيان، بۇ رايون تەمىنلىگەن ياغاچ ئازراق بولدى، بۇنىڭ سەۋەبى: (1) يەنە نۇرغۇن بوش يەرلەرگە ئورمان بىنا قىلىنمىغان، ياكى ئورمان بىنا قىلىنغاندىن كېيىن ياخشى باشقۇرۇلمىغاچقا دەل ـ دەرەخلەر ياخشى ئۆسەلمىگەن؛ (2) بەزى جايلارغا كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بەك زىچ بولۇپ، ھەر مو يەرگە 600 تۈپچە كۆچەت تىكىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرۋىش قىلىپ شالاڭلىتىش ئىشى ئىشلەنمىگەچكە، شاخلىرى تۇتىشىپ كەتكەن، يىلتىزىنىڭ ئوزۇقلىنىش دائىرىسى كىچىك بولغاچقا، دەل ـ دەرەخلەر تېز ئۆسەلمىگەن.

## قوشۇمچە: مېۋە كانى — قارادۆۋە

قارادۆۋە ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن 77 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، چۆل ئىچىگە، ئويمانلىق گىرۋىكىگە جايلاشقان. يىل بويى قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىن ئاز بولۇپ، ياز پەسلىدە قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور، سۇغىرىشتا ئاسانلا بۇلاق سۈيىگە تايىنىدۇ، سۇ مەنبەسى بىرقەدەر كەمچىل بولۇشتەك ئالاھىدە تەبىئىي شارائىت بۇ يەردىكى خەلقتە مېۋىلىك دەرەخ تىكىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. مېۋىلىك دەرەخ كۆپ سۇ، كۆپ ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلمايدۇ، ھەم سايە بولىدۇ، ھەم كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. قارادۆۋىدىكى يەرلىك ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مېۋىلىك باغلىرى بار، ئازلىرىنىڭ نەچچە پۇڭ يەردە بولسا، كۆپلىرىنىڭ بىر نەچچە موغا يېتىدۇ. ئۆي سېلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئۆي ئالدىغا باغ ئورنى چىقىرىپ، مېۋىلىك دەرەخ تىكىدۇ ۋە تەك قويىدۇ. گۇڭشېلىشىشتىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، دادۈي، گۇڭشېلارنىڭ ھەممىسىدە مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىندى، ئۇلار ئىچىدە ئارىلاش مېۋىلىك باغلارمۇ، مەخسۇس مېۋىلىك باغلارمۇ بار. ئەللىكتە 120 مو چىلانلىق باغ بار بولۇپ، 1980 ـ يىلى بىنا قىلىنغان. قارادۆۋە دېھقانچىلىق مەيدانىدا 100 مو ئۈزۈملۈك بولۇپ، 1967 ـ يىلى بىنا قىلىنغان، يىلىغا بىرنەچچە ئون تونا ئۈزۈم ئېلىنىدۇ. قارادۆۋىدە مېۋە ـ

چېۋە تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئالما، ئۈزۈم، ئالۇچا، ئۆرۈك، چىلان، جىگدە، شاپتۇل، ئانار، جىنەستە، ئەنجۈر، ياڭاق، ئۈجمە، نەشپۈت قاتارلىقلار بار. ئالمىنىڭ تاش ئالما، ئاق ئالما، قىزىل ئالما قاتارلىق تۈرلىرى، ئۈزۈمنىڭ كىشمىش ئۈزۈم، قارا مۇناقى ئۈزۈم، ئاق سايىۋا ئۈزۈم قاتارلىق تۈرلىرى، ئۆرۈكنىڭ تۈكلۈك ئۆرۈك، ئاچچىق ئۆرۈك، ئۆرۈك، ياغلىق ئۆرۈك قاتارلىق تۈرلىرى بار. قارادۆۋىنىڭ مېۋىلىرى تاتلىق، چۈرۈك، قۇرۇتۇلغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى. قارادۆۋىنىڭ ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى، ياڭاق، چىلان قاتارلىق مېۋىلىرىنىڭ سۈپىتى قۇمۇل بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلار تارىختا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ پادىشاھقا تارتۇق قىلىدىغان مەھسۇلاتى بولۇپ كەلگەن. قارادۆۋىنىڭ چىلىنى يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان گۇاڭجۇ سودا يىغىنىدا خېلى يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى، ئۇ يوغان، پوستى نېپىز، ئېتى قېلىن، ئۇرۇقى كىچىك، قەنت تەركىبى يۇقىرى بولۇپ، شەندۇڭ ئۆلكىسى لىلىڭنىڭ سىرىق چىلىنى، خېبېي ئۆلكىسى ساڭشيەن ناھىيىسىنىڭ ئۇرۇقسىز چىلىنى، جېجياڭ ئۆلكىسى يىۋۇنىڭ قوڭغۇراق چىلىنىدىن قېلىشمايدۇ. ئۈزۈم قارادۆۋىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 300 مىڭ جىڭ ئۈزۈم چىقىدۇ، بۇ، قارادۆۋە مېۋە مەھسۇلاتىنىڭ 80 پىرسەنتىنى، ناھىيىنىڭ ئۈزۈم مەھسۇلاتىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە سورتى بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، قارادۆۋىدىكى ئەللىكنىڭ ئۈزۈمى تۇرپان بۇيلۇقنىڭ ئۈزۈمىدىن قېلىشمايدىغانلىقى، ئادەتتە قەنت تەركىبى %25 ـــ %27، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %32 كە يېتىدىغانلىقى مەلۇم بولدى، ھۆل يېيىشكە ھەم قۇرۇتۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**قارادۆۋىنىڭ 1977 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە مېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل 4 ـ 14 بىرلىكى: مىڭ جىڭ

| يىل | ئومۇمىي كۆلىمى (مو) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئالما | ئۈزۈم | ئۆرۈك | شاپتۇل | باشقىلار |
| 1977 | 1430 | 540 | 35 | 270 | 230 | | 5 |
| 1978 | 1660 | 384 | 19 | 300 | 60 | 5 | |
| 1979 | 1700 | 330 | 15 | 300 | | 15 | |
| 1980 | 1300 | 490 | 30 | 300 | 130 | 8 | 22 |
| 1981 | 1400 | 1860 | 73 | 440 | 1040 | 16 | 191 |
| 1982 | 1600 | 405 | 25 | 250 | 130 | | |
| 1983 | 1600 | 1180 | 47 | 660 | 224 | 38 | 211 |

# 7 باپ قوشۇمچە كەسىپ

## §1. بېلىقچىلىق

قۇمۇلدا سۇنئىي ئۇسۇلدا بېلىق بېقىش چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلانغان. خۇنەن قوشۇنلىرى شىنجاڭغا كىرگەندە زوزۇڭتاڭ ئەسكەرلەرگە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بىرقانچە يۈز دەن تاپان بېلىق، يىلان بېلىق بېلىقچانلىرىنى ئالغاچ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر ياغاچ تۇڭلارغا بېلىقچانلارنى سېلىپ ئەپكەش بىلەن كۆتۈرۈپ، ئارىلىقتىكى بېكەتلەردە دەم ئېلىپ، يەنە يول يۈرۈپ، ئاخىرى قۇمۇلغا ئېلىپ كېلىپ ئېرىق-ئۆستەڭ، كۆلچەكلەرگە قويۇۋېتىدۇ. ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتمەيلا يىلان بېلىق، تاپان بېلىق قۇمۇلنىڭ ھەممە يېرىدىكى سۇلارغا تارقىلىپ كېتىدۇ. شۈەنتۇڭنىڭ 3-يىلى (1911-يىلى) تيەنجىنلىك ۋېي جىيىڭ قۇمۇلدىن ئۆتكەندە ئۆز خاتىرىسىگە «چۈشتە ئاكام جې شاۋلەن بىلەن بىللە خۇاڭ جۇڭ ۋە جياڭ مىڭفۇلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن زىياپەتكە باردىم. زىياپەتتە تاپان بېلىق كەلتۈرۈلدى. تەمى مېزىلىك بولۇپ، بۇ غەربىي شىمالدا ئەڭ ئېسىل يېمەكلىك ھېسابلىنىدىكەن» دەپ يازغان.

مىنگونىڭ 6-يىلى (1917-يىلى) شيې بىڭ قۇمۇلغا كەلگەن. ئۇ «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دەپ يازغان: «مۇئاۋىن جياڭجۈن فېڭ جۇچېن زىياپەت بەردى. زىياپەتتە بېلىق كەلتۈرۈلدى. بېلىق نەسىللىرىنى زوزۇڭتاڭ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئاڭلىسام يەنە ئىلان بېلىقمۇ بار ئىكەن. بۇنىڭ نەسلىمۇ خۇنەندىن كەلتۈرۈلگەنىكەن. ئۇ ئەسلىدە شىنجاڭدا بولمىغاچقا، يەرلىك ئادەملەر ئۇنى يىلان دەپ قاراپ زادىلا يېمەيدىكەن».

ئۇيغۇرلار ئۆتمۈشتە بېلىق يېمەيتتى، بېلىقمۇ تۇتمايتتى. شۇڭا بېلىقلار ناھايىتى تېز كۆپىيىپ كەتكەن. ئۇ چاغلاردا قۇمۇلنىڭ لۇڭۋاڭمياۋ دېگەن جايىدا ۋە شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭلىرىدە سۇ بايلىقى مول، سۇ جانلىقلىرىمۇ كۆپ ئىدى، تۈرلۈك بېلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «سۇباش كۆلى ئاي شەكلىدە بولۇپ، سۈپسۈزۈك سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ». 1945-يىلدىن كېيىن قۇمۇلدا خەنزۇ خەلقى كۆپىيىشكە باشلىدى، بېلىقلار كۆپلەپ تۇتۇلۇپ ئىستېمال قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇباش كۆلىدىكى ۋە شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭلەردىكى سۇ مىقدارىمۇ ئازىيىپ كەتتى. 50-يىللارغا كەلگەندە يىلان بېلىق ئازىيىپ كەتتى.

1962-يىلى 8-ئايدا بوغاز سۇ ئامبىرى پۈتتى. ئامبارغا سۇ قاچىلانغان يىلىلا ئامبارنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا كۆپلىگەن تاپان بېلىق سېلىندى. 1962-يىلدىن 1965-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تور سېلىش ئارقىلىق بېلىق تۇتۇلۇپ كەلدى. يىللىق مەھسۇلاتى بىر توننىدىن كۆپرەك بولدى.

1963 - يىلى سۇ ئامبىرىغا سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن ئۇزۇنلۇقى بەش سۇڭدىن ئارتۇق كېلىدىغان لاقا بېلىق، كۆك بېلىق، چۆپخور بېلىق، كارپ بېلىقلىرىنىڭ بېلىجانلىرىدىن 14 مىڭى سېلىنىدى ھەممە تۇما - تۇسمىلارغا بېلىق تۇسايدىغان سىم تورلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بېلىقلارنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدى، بەش يىلدا بېلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 10 كىلوگرامدىن ئاشتى، بۇ بېلىقلار بۈگۈنگە قەدەر تېخى تۇتۇلۇپ تۈگىمىدى، بەزىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 30 — 40 كىلوگرامغا يەتتى.

1964 - يىلى يەنە ئىككى سۈكلۈك شالغۇت كارپ بېلىقىدىن 200 مىڭى سېلىنغان ئىدى، بېلىجانلار بەك ئۇششاق بولغاچقا، بىرمۇنچىسى قېچىپ كەتتى.

1967 - يىلدىن باشلاپ رەسمىي تور سېلىپ بېلىق تۇتۇلدى. 1969 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا يىللىق بېلىق مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 توننا، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 12 جىڭ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن كۆپىيىدىغان تاپان بېلىقنىڭ مەھسۇلاتى ئاساسىي ئورۇندا، چۆپخور بېلىق، لاقا بېلىقنىڭ مەھسۇلاتى ئىككىنچى ئورۇندا تۇردۇ، كارپ بېلىقنىڭ مەھسۇلاتى بىرقەدەر ئاز بولدى. كېيىن بېلىق تۇتۇشنىلا بىلىپ، بېلىجان سالماسلىق ۋە پەسىلگە قارىماي كەلسە - كەلمەس تۇتۇش، ئوغرىلاش تۈپەيلىدىن مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل تۆۋەنلەپ كەتتى، 1974 - يىلىغا كەلگەندە كىچىك تۆشۈكلۈك تور سېلىنغان بولسىمۇ، تۇتۇلغان بېلىق ناھايىتى ئاز بولدى.

1976 - يىلى يەنە چاڭجياڭ چۆپخور بېلىقى، لاقا بېلىق، كارپ بېلىقلىرىدىن بىر مىليون 600 مىڭى كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بېلىجانلار بەك كىچىك ۋە توشۇش مۇساپىسى ئۇزۇن بولغاچقا، زەخىملىنىش، قېچىش، ئۆلۈش تۈپەيلىدىن ئازغىنا بېلىق قالدى، 80 - يىللارنىڭ بېشىدا ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن بەش كىلوگرامغا يەتتى.

1978 - يىلى 10 - ئايدا يەنە 380 مىڭ دانە بېلىجان سېلىنىدى، ئۇلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى تەخمىنەن 20% كە يەتتى.

1977 - يىلدىن باشلاپ لاقا بېلىق، كارپ بېلىقى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىلدى. ئالدى بىلەن نەسىللىك بېلىجانلار يېتىشتۈرۈلدى. لاقا بېلىق 6 - ئايدىن باشلاپ كۆپەيتىلدى. ئىككى قېتىم سىناق قىلىنغان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. تور ساندۇققا سېلىپ، كۆلچەكتە ۋاقىتلىق باققاندا، بىر قېتىم قاتتىق بوران چىقىپ بېلىجانلار پۈتۈنلەي ئۆلۈپ كەتتى. يەنە بىر قېتىمدا سۇ سۈپىتى ياخشى بولمىغانلىقتىن بېلىجانلار ئەي بولالمىدى. كارپ بېلىقىنى كۆپەيتىش ئىشى ھەر يىلى بىر قېتىم ئىشلەنگەن بولسىمۇ، ئۈنۈمى ئىنتايىن تۆۋەن بولدى.

سۈنئىي ئۇسولدا بېلىق كۆپەيتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلىش بىلەن يەنە چوڭ بېلىق نەسىللىرى يېتىشتۈرۈلدى. نەسىللىك بېلىق يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 35 مو يەردە 16 كۆلچەك ياسالدى.

ئۈچ يىلدا چاڭجياڭنىڭ 1 — 1.5 سۈكلۈق چۆپخور بېلىق، لاقا بېلىق، كارپ بېلىقى بېلىقچانلىرىدىن 300 مىڭى سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 3—5 سۈك بولۇپ يېتىلگەن چۆپخور بېلىق، لاقا بېلىق 100 مىڭ دانە بولۇپ، ئەي بولۇش نىسبىتى 28% كە يەتتى. ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا كۆپىنچىسى ئالدىنقى يىلىنىڭ 9 –، 10 – ئايلىرىدا كۆلگە سېلىنىپ، ئىككىنچى يىلى 6 –، 7 – ئايلاردا كۆلدىن ئېلىندى. سىناق قىلىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق بېلىقچانلارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش، بېلىقلاردا بولىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى تەجرىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، قاتتىق بورانغا، شورغا چىدامىلىقلىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە چارە – ئاماللار تېخى كۆپ بولمىدى. 5 – ئاينىڭ ئالدى-كەينىدە قاتتىق بوران ۋە ئىسسىق شامال چىققاچقا، كۆلدىكى سۇنىڭ سۈپىتى ناچارلىشىپ، شور ئۇستىگە ئۆرلەپ، بېلىقچانلاردا ئۆچەي – ئاشقازان كېسىلى، تېرە كېسەلى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئارقا – ئارقىدىن كۆرۈلدى. گەرچە سۇيىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش – داۋالاش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ناھايىتى كۆپ بېلىق ئۆلۈپ كەتتى.

1980 – يىل 7 – ئايدا بوغاز سۇ ئامبىرىغا ئۆز يېرىدە يېتىشتۈرۈلگەن چوڭ بېلىقلار — چۆپخور بېلىق، لاقا بېلىقلىرىنىڭ بېلىقچانلىرىدىن 20 مىڭى سېلىندى. ئۇلارنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى، ئۆلۈشى ناھايىتى ئاز بولدى. ئىككىنچى يىلى 7 – ئايدا بېلىق ئېغىرلىقىنى ئۆلچىگەندە 400 گرام بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى.

1981 – يىل 7 – ئايدا سىرتقا ئېقىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلىپ، تۇما – توسمىلاردىكى بېلىق توسايدىغان تورلارنىڭ تۆشۈكلىرى كىچىكلىتىلدى، ئۆز يېرىدە يېتىشتۈرۈلگەن 2.5 — 5 سۈكلۈق چۆپخور بېلىق، لاقا بېلىق، كارپ بېلىقى، تاپان بېلىقلىرىدىن 260 مىڭدىن ئارتۇق بېلىقچان سېلىندى. كۆزىتىشتىن قارىغاندا، سىرتقا ئېقىپ كەتكەن ۋە ئۆلگەنلىرى ئاز بولۇپ، ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولغان.

1980 – يىلدىن باشلاپ، سۇ ئامبىرىنى ئادەتتە قامال قىلىش، يىل ئاخىرىدا بېلىق تۇتۇش، ئۆز يېرىدە تېز يوغىنايدىغان بېلىق خىللىرىنى يېتىشتۈرۈپ مۇددەتتىن بۇرۇن سېلىش، بېلىق تۇتىدىغان تورلارنىڭ تۆشۈكىنى يوغانلىتىش، تۇما – توسمىلاردىكى تورلارنىڭ تۆشۈكىنى كىچىكلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەرلىك بېلىقلارنىڭ نىسبىتى يىلمۇ يىل ئاشتى. 1981 – يىلى كۈز پەسلىدە ئىككى قېتىم تور سېلىش بىلەنلا تۆت توننىدىن كۆپرەك لاقا بېلىقى تۇتۇلدى.

1981 – يىلى بوغاز گۇڭشېسىنىڭ بىرىنچى دادۈيى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ شەخسىي بېلىق بېقىشىنى دادىل قوللىدى. شۇ يىلى 11 دېھقان ئائىلىسى سەككىز بېلىق

كۆلچىكى چاپتى، بۇ كۆلچەكلەرنىڭ سۇ يۈزى 16 مو كېلىدۇ. ئومۇمىي سېلىنغان بېلىچان 300 مىڭ دانە بولۇپ، 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئادەتتىكى بېلىچانلارنىڭ ئېغىرلىقى 200 — 300 گرامغا، چوڭلىرىنىڭكى 400 گرامغا يەتتى.

1981 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا - كىچىك سۇ ئامبىرى ئون، كۆلچەك 500 بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېلىق بېقىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى 4694 مو، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 4456 مو، سېلىنغان بېلىچان ئىككى مىليون 400 مىڭ دانە، 1978 - ۋە 1980 - يىلى 8.1 توننا لېنە يۈي بېلىقى تۇتۇلدى.

بوغاز سۇ ئامبىرىنىڭ بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 3000 مو: بېلىچان كۆلچىكى 16، كۆلىمى 35 مو؛ نەسىللىك بېلىق كۆلچىكى ئۈچ، كۆلىمى 16 مو؛ سۈنئىي ئۇسۇلدا بېلىق كۆپەيتىش ئۈسكۈنىسىدىن بىر يۈرۈش بار، تارتما تور، بېلىقسىمان تور، دولقۇنسىمان تور، ئۈچ قەۋەتلىك ئاسما تور، ئاسما تور قاتارلىق ھەر خىل بېلىق تورى بار. بوغاز سۇ ئامبىرى ناھىيىنىڭ ئاساسىي بېلىقچىلىق بازىسى بولۇپ قالدى.

راھەتباغ گۆڭشېسىنىڭ سۇ ئامبىرىدا بېلىق بېقىلىدىغان 120 مو سۇ يۈزى بار. 1968 - يىلى 12 توننا بېلىق تۇتۇلۇپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 100 كىلوگرامغا يەتتى.

قارادۆۋە سۇ ئامبىرىنىڭ بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 600 مو، 1964 - يىلىدىن باشلاپ بېلىق بېقىلىپ، جەمئىي 400 مىڭ دانە بېلىچان سېلىندى. 1975 - يىلى 15 توننا بېلىق تۇتۇلۇپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 25 كىلوگرامغا يەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، بوغاز گۇڭشېسىدىكى گۇڭشې - دۈي كارخانىلىرىنىڭ بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 500 مو بولۇپ، جەمئىي 320 مىڭ دانە بېلىچان سېلىندى. 1981 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 32.9 توننا بېلىق تۇتۇلدى.

## §2. ھەسەل ھەرىسى بېقىش

1958 - يىلى ۋىلايەت قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەسەل ھەرىسى مەيدانى قۇرۇشنى پىلانلاپ، دېھقانچىلىق نازارىتىگە بىر ئايلىق ئۆگىنىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئاندىن ئىلىدىن ئايروپىلان بىلەن 10 ساندۇق كاپكاز نەسىللىك ھەرە ئەكەلدۇرۇپ، سىناق تەرىقىسىدە بېقىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1959 - يىلى خۇبېيدىن 500 ساندۇق ئىتالىيە ھەسەل ھەرىسى سېتىۋېلىپ كېلىپ «راكېتا» دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن ساقا دېھانچىلىق مەيدانىنىڭ ھەرقايسىسىغا 100 ساندۇقتىن بەردى. قالغانلىرىنى پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، ئەتراپى، تىيانشان، قارادۆۋە، غەربىي تاغ، ئاستانە، راھەتباغ گۇڭشېلىرىغا بۆلۈپ بەردى. بۇ ئورۇنلار ھەسەل ھەرىسى بېقىشتا تەجرىبە

سىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلدى ۋە قېچىپ كەتتى.

1960 - يىلى ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى خوبېي ئۆلكىسىدىن 150 ساندۇق ئىتالىيە ھەسەل ھەرىسى سېتىۋېلىپ كېلىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەسەل ھەرىسى مەيدانى قۇردى، بۇ مەيدان ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىغا قارايدىغان بولدى. لېكىن ئۇ چاغدا تېخنىكا كۈچى يېتەرسىز بولغانلىقى، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر دېگەندەك ماسلاشتۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىلى قىشتا ھەسەل ھەرىلىرى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى. 1961 - يىلىنىڭ بېشىدا باغۋەنچىلىك مەيدانى يەنە خوبېيغا ئىككى كىشى ئەۋەتىپ، 65 ساندۇق ئىتالىيە ھەسەل ھەرىسى سېتىۋالدى ۋە شۇ جاينىڭ ئۆزىدە باقتى. بېقىش جەريانىدا ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەسەل ھەرىسى شۇ يىلىلا 120 ساندۇققا كۆپەيتىلدى. بۇنىڭدىن 50 ساندۇق قايتۇرۇپ كېلىندى. 70 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى خوبېي ئۆلكىسىنىڭ يىدۇ ناھىيىسىدە داۋاملىق بېقىلدى. قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كەلگەن 50 ساندۇق ھەسەل ھەرىسىنىڭ بىر قىسمى قىشتىن ئامان - ئېسەن ئۆتتى. 1962 - يىلى ئەتىيازدا ھەرىلەرنى ساندۇقلارغا ئايرىپ سىرتقا چىقارغاندا 20 ساندۇق قالدى. خوبېيدا بېقىلغىنى ئىككىنچى يىلى يەنە كۆپىيىپ 120 ساندۇققا يەتتى، بۇنىڭدىن 40 ساندۇقى شۇ جايدا سېتىۋېتىلدى، قالغان 80 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كېلىندى. ھەسەل ھەرىسى باققۇچى بىرنەچچە ئىشچى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەسەل ھەرىسى بېقىشنىڭ ئادەتتىكى تېخنىكىسىنى خېلى پىششىق ئىگىلىۋالدى، شۇ يىلى ھەسەل ھەرىسى 100 ساندۇقتىن ئېشىپ كەتتى.

1965 - يىل 7 - ئايدا، ھەسەل ھەرىلىرى تۇيۇقسىزدىنلا ياۋروپا چىرىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، كۆپلەپ ئۆلۈپ قالدى، ئۆلۈش نىسبىتى 50% تىن ئېشىپ كەتتى. ھەرە باققۇچى خادىملار پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزغان بولسىمۇ، قىش كېلىشتىن ئىلگىرى ئاران 40 ساندۇق ھەرە قالدى. ھەرە باققۇچى خادىملارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ ھەرىلەر قىشتىن ئامان - ئېسەن چىقتى، 1968 - يىلى يەنە كۆپىيىپ 70 ساندۇقتىن ئاشتى. بىرقانچە يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق ناھىيىدىكى ھەرە باققۇچى خادىملار مەلۇم تەجرىبىلەرنى توپلاپ، بىر يۈرۈش ئەتراپلىقراق بولغان ھەرە بېقىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدى. ھەرە بېقىش ئىشلىرى مۇقىم راۋاجلىنىش باسقۇچىغا كىردى، 1968 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70 ساندۇقتىن كۆپرەك ھەرە ساقلاپ قېلىندى.

1976 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ھەسەل ھەرىسى مەيدانى نەسىللىك ھەسەل ھەرىسى مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ ھەسەل ھەرىسى بېقىش ئىشلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شۇ يىلى ھەسەل ھەرىسى تېز كۆپىيىپ 512 ساندۇققا يېتىپ، 1974 - يىلدىكىنىڭ بەش ھەسسىسىگە باراۋەر كەلدى. 1977 - يىلى يەنە كۆپىيىپ 651 ساندۇققا يەتتى. شۇ يىلى 11 مىڭ 58 كىلوگرام ھەسەل ئېلىنىپ، تارىختا ئەڭ

يۇقىرى سەۋىيە ياردىتىلدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن ھەسەل سېتىلىشىغانلىقتىن، ھەسەل ھەرىسى ئازىيىپ كەتتى، يەنى 100 ساندۇق ئەتراپىدا قالدى. 1982 ـ يىلى 46 ساندۇققا چۈشۈپ قالدى.

1976 ـ يىلدىن باشلاپ، نەسىللىك ھەسەل ھەرىسى مەيدانى گۈڭشې ـ دۈيلەر، دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورۇنلىرى ۋە خۇسۇسىي ئائىلىلەرنى 370 ساندۇقتىن كۆپرەك ھەسەل ھەرىسى بىلەن تەمىنلىدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابى بىلەن 4 ــ 5 مىڭ كىلوگرامدىن ھەسەل ئېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇنچە سېرىق موم ئىشلەپچىقىرىلدى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئون مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

ناھىيە بويىچە كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ھەسەل ھەرىسى ۋە ھەسەل مىقدارى

جەدۋەل 4 ـ 15 بىرلىكى: ساندۇق، كىلوگرام

| يىل | ھەسەل ھەرىسى ساندۇقى | مەھسۇلات مىقدارى | يىل | ھەسەل ھەرىسى ساندۇقى | مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1965 | 45 | 4000 | 1975 | 227 | 4000 |
| 1966 | 45 | 4000 | 1976 | 512 | 4000 |
| 1967 | 48 | 4000 | 1977 | 651 | 11580 |
| 1968 | 73 | 3800 | 1978 | 505 | 6982 |
| 1970 | 73 | 3800 | 1980 | 150 | 7200 |
| 1971 | 75 | 8300 | 1981 | 105 | 13400 |
| 1972 | 93 | 2000 | 1982 | 46 | 2900 |
| 1973 | 80 | 8100 | 1983 | 142 | 9430 |
| 1974 | 100 | 1400 | | | |

## §3. پىلە بېقىش

مىلادى I ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىنىڭ ئۇچمە ئۆستۈرۈپ پىلە بېقىش تېخنىكىسى غەربىي يۇرتقا تارقالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، خوتەن شىنجاڭنىڭ پىلىچىلىك مەركىزى بولۇپ قالدى. قۇمۇلنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق بولغانلىقى ئۈچۈن پىلىچىلىك ئىزچىل تۈردە تەرەققىي قىلالمىدى. لېكىن ئۇچمە تېكىش بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بولۇپ قالدى، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇچمە دەرەخلىرى بار، توغۇچى، لاپچۇق (قۇمۇلنىڭ پىلە بېقىش مەركىزى)

لاردىكى دېھقانلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا 100 نەچچە يىللىق قېرى ئۈجمە دەرەخلىرى ناھايىتى كۆپ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭدا ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئەمما قوشنا دۆلەتلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان يىپەكلەرنىڭ ئىچكى جايلاردىن توشۇپ كېلىنىدىغانلىقىنى، يول يىراق بولغاچقا توشۇشنىڭ ئىنتايىن قولايسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، شىنجاڭدا پىلىچىلىكنى كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇلاردا پىلە-ئۈجمىچىلىك ئىدارىسى تەسىس قىلىدۇ. خۇجۇ قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن پىلە باققۇچى، يىپەك توقۇلما توقۇغۇچى ئۇستىلارنى يالالاپ كېلىدۇ، ئۇلار 394 تاختا پىلە ئۇرۇقى ئالغاچ كېلىپ، شىنجاڭدا ئۈجمە كۆچىتى تىكىش، نوتا باستۇرۇش، ئۈجمە تېرىش، پىلە بېقىش، پىلە غوزىكى يۇيۇش، پىلە غوزىسىنى قايىنتىش، مەشۇت چىقىرىش، توقۇش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىتىدۇ. قۇمۇلدا 5-، 6-ئايلاردا ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىش، قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىش تۈپەيلىدىن پىلىلەردە كېسەل كۆپ بولغاچقا، پىلىچىلىك توختاپ قالغان.

50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە، راھەتباغلاردا ئۇيغۇرلار يەنە پىلە باقىدۇ. 1959-يىلى 100 قۇتا، 1960-يىلى 250 قۇتا پىلە قۇرۇتى بېقىلغان بولۇپ، پىلە ئۇرۇقى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن، ئىككى يىلدا جەمئىي 100 دەندىن ئارتۇق پىلە غوزىسى ئېلىنغان، كېيىن پىلە غوزىسى ئاز بولغانلىقى، ئۇنى سېتىۋالىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن پىلىچىلىك يەنە توختاپ قالغان، پىلىچىلىك تېخنىكىلىرىمۇ يوقىلىپ كەتكەن.

1971-يىلدىن باشلاپ يەنە بەزى گۇڭشې ئەزالىرى ئاندا-ساندا پىلە باققان. شۇ يىلى 80 جىڭ پىلە غوزىسى سېتىۋېلىنغان. 1974-يىلدىن كېيىن ھەر يىلى ئاز مىقداردا پىلە غوزىسى سېتىۋېلىنىدى. 1974-يىلى 250 جىڭ، 1975-يىلى 190 جىڭ، 1976-يىلى 200 جىڭ، 1978-يىلى 30 جىڭ، 1979-يىلى 140 جىڭ، 1980-يىلى 106 جىڭ، 1983-يىلى 140 جىڭ سېتىۋېلىنىدى.

**ناھىيە بويىچە ئۈجمە دەرىخىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى**

جەدۋەل 4-16 بىرلىكى: تۈپ

| يىل | تۈپ سانى | يىل | تۈپ سانى | يىل | تۈپ سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 6400 | 1977 | 2800 | 1981 | 4400 |
| 1974 | 6500 | 1978 | 8700 | 1982 | 3470 |
| 1975 | 5600 | 1979 | 1240 | 1983 | 13160 |
| 1976 | 5400 | 1980 | 7300 | | |

## §4. بۇغا بېقىش

1979 - يىلى تىيانشان گۇگشېسى بىرنەچچە تون بۇغىنى تۇتۇۋېلىپ، تاغ ئىچىدە قوتان ياساپ باقتى.

1980 - يىلى بۇغىلار 59 غا يەتتى، شۇ يىللىق كىرىم 63 مىڭ يۈەن، چىقىم 40 مىڭ يۈەن، پايدا 23 مىڭ يۈەن بولدى.

1981 - يىلى بۇغىلار 93 كە يەتتى، 16.6 كىلوگرام بۇغا يۇمران مۈڭگۈزى ئېلىندى.

بۇغا بېقىش قىيىن بولغاچقا، 1982 - يىلى تاشقى سودا تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، كۆپىنچىسى سېتىلدى. قالغان بۇغا 22 بولۇپ، 11.2 كىلوگرام بۇغا يۇمران مۈڭگۈزى ئېلىندى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاران 12 بۇغا قالدى. 8.6 كىلوگرام بۇغا يۇمران مۈڭگۈزى ئېلىندى.

## §5. توخۇ بېقىش

توخۇ — قۇمۇلدىكى دېھقان ئائىلىلىرى باقىدىغان ئاساسلىق ئۆي قۇشى. قۇمۇل ۋالىيلىقى دەۋرىدە، ھەربىر ئۇيغۇر دېھقان ئائىلىسى ئوردا ئۈچۈن بەش توخۇ، بەش ئۆردەك بېقىش، شۇنداقلا ھەربىر توخۇ، ئۆردەكتىن يىلىغا 10 ئاي تۇخۇم ئېلىش بويىچە ھېسابلاپ ھەر يىلى 300 دانە ئۆردەك، توخۇ تۇخۇمى تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن، بۇ «تۆمۈر توخۇ - ئۆردەك» دەپ ئاتالغان. 1938 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن لىگورىن توخۇسى كىرگۈزۈلدى. ئازادلىقتىن كېيىن يەنە ئاۋستىرالىيە قارا توخۇسى، لۇخۇا قاتارلىق توخۇ نەسىللىرى كىرگۈزۈلدى. ھازىر تۇخۇم، گۆش توخۇلىرى ئون نەچچە خىلغا يەتتى.

1958 - يىلىدىن كېيىن بەزى گۇڭشې - دۈيلەر كوللېكتىپ ھالدا توخۇ بېقىشقا باشلىدى، ئادەتتە 200 — 300 توخۇ باقتى، چوڭ توخۇ فېرمىلىرىدا مىڭدىن ئارتۇق توخۇ بېقىلدى. قۇمۇلنىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولغانلىقى ئۈچۈن، توخۇ پەت بېسىپ، تۈكلىرى چۈشۈپ، ئورۇقلاپ كېتىدۇ، ئاز تۇغىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، توخۇ ۋاباسى توخۇ بېقىش ئىشلىرىغا زور زىيان يەتكۈزدى، توخۇ ۋاباسى تارقالغاندا توخۇلار كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى، شۇڭا قۇمۇلدا توخۇ بېقىش ئىشلىرى ئىزچىل ھالدا راۋاجلىنالمىدى.

تاشۋېلىق، لاپچۇق، قارادۆۋىلەردە دېھقانلار باققان توخۇلارنىڭ كاتىكى يوق. كېچىسى دەرەخ ئۈستىدە ياتىدىغان بولغاچقا، پەتباسمايدۇ، كۆپ تۇغىدۇ. بۇرۇن سىياسەت دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، توخۇ كۆپ بېقىلمىغانىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى تەڭشەلدى، توخۇ باقىدىغان بىر تۈركۈم كەسپىي ئائىـ

لىلەر بارلىققا كەلدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە 100 دىن ئارتۇق توخۇ باققان كەسپىي ئائىلە 75 كە يەتتى. ئاستانە گۇڭشې 2 - دادۈي 1 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئەزاسى جاڭ شۆجياڭ 1981 - يىلى 100 توخۇ بېقىپ ئىلىگىرى - كېيىن بولۇپ بازارنى 1800 جىڭدىن ئارتۇق تۇخۇم، 100 دىن ئارتۇق گۆش توخۇسى بىلەن تەمىنلەپ، 2600 يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئالدى.

1982 - يىلى ناھىيە بويىچە 99 مىڭ 600 جىڭ، 1983 - يىلى 50 مىڭ 800 جىڭ تۇخۇم ئېلىنىپ، بازارنى تەمىنلەش كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

# VI باب يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىنغان ھەربىيلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن تۆمۈر ئەسۋابلارنى ۋە يېڭى تېرىقچىلىق تېخنىكىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، بوقۇسا ۋە ئۇلاغ كۈچى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان. لېكىن قالاق تۈزۈم تۈپەيلىدىن تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغان، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلگە قەدەر تېرىقچىلىق تېخنىكىسى خېلىلا تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇپ كەلگەن، بوقۇسا تېرىقچىلىقتا ئاساسىي ۋاستە قىلىنغاندى. يەنە بىر قىسىم دېھقانلار ئۇلاغلىرى ۋە بوقۇسىسى بولمىغاچقا، يەنىلا گۈرجەك ۋە كەتمەن بىلەن يەر ئاغدۇراتتى، ترانسپورتتا يەنىلا تۆمۈر ھارۋا ۋە قەدىمدىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ياغاچ ھارۋا ئىشلىتىلەتتى، رىزىنكە چاقلىق ھارۋا ئىنتايىن ئاز ئىدى. خامان تېپىشتە تاغلىق رايونلاردا يەنىلا چارۋىغا دەسسىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تۇلۇق ئىشلىتىلەتتى. تېرىشتا ئۇرۇقنى قول بىلەن چېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلغاچقا، مايسىلار تەكشى ئۈنمەيتتى. شىڭ شىسەي دەۋرىدە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەسەۋۋۇرى ۋە پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، قۇمۇلدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تەجرىبە مەيدانى قۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىرنەچچە خىل يېڭى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنى كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاتقا سۆرىتىلىدىغان ئورۇش ماشىنىسى، سىيالكا، قوش چاقلىق قوش چىشلىق ساپان، يالغۇز چىشلىق ساپانلار بار ئىدى. كېيىن شىڭ شىسەينىڭ كومپارتىيىگە قارشى ئەپتى - بەشىرىسىنىڭ ئۆزۈل - كېسىل ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ پىلانمۇ بىر ياقا قايرىلىپ قالدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى. 1955 - يىلى تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، 143 نەپەر تېخنىك تەربىيىلەندى، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىك سايمىنىدىن 173 دانىسى ئومۇملاشتۇرۇل-

دى. ئەككەنچى يىلى يەنە 634 دانە ئومۇملاشتۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە **ئون قۇرلۇق** سىيالكا، قوش چاقلىق قوش چىشلىق ساپان، ھەرخىل يېڭى تىپتىكى ساپانلار، **«Z»** شەكىللىك تىرنا، كولتىۋاتور، بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى، **چاقلاش** ماشىنىسى قاتارلىقلار بار. شۇنىڭدەك ئۈچ قېتىم كۇرس ئېچىلىپ، يېڭى تىپتىكى يېڭى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان 508 كىشى تەربىيىلىنىپ چىقىلدى.

1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەرلەر تۈزلىنىپ (تۇتاشتۇرۇلۇپ)، ئېتىز بويلىرىدا كەڭ يوللار ياسالدى، بۇ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋزەل شەرت - شارائىت ياراتتى، شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن $Д54$ تىپلىق ۋە $NF-Z40$ تىپلىق تراكتورنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىر دانە، $KDP35$ تىپلىق تراكتوردىن ئىككى دانە كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يولىغا قەدەم تاشلىدى. 1960 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور 16 گە، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 606 ئات كۈچىگە يەتتى. سۇغۇرۇلىدىغان يېزا ئىگىلىك سايمىنى 45 كە، كومبايىن يەتتىگە، ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى يەتتىگە، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان پىرىتسېپ سەككىزگە، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇغىرىش، توختام سۇلارنى چىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 250 ئات كۈچىگە يەتتى.

1970 - يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 84 كە يېتىپ، 1960 - يىلدىكىدىن تۆت ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، بۇلاردىن تاشقىرى، يەنە 13 قول تراكتورى، تۆت يۈك ماشىنىسى كۆپەيتىلدى. 1960 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان پىرىتسېپ سەككىزدىن 32 گە يېتىپ، ئۈچ ھەسسە ئاشتى؛ سۆرىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنى 45 تىن 142 گە يېتىپ، ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇغىرىش، توختام سۇلارنى چىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 250 ئات كۈچىدىن 2619 ئات كۈچىگە يېتىپ، توققۇز ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ لېكىن كومبايىن يەتتىدىن ئازىيىپ ئىككىگە، ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى يەتتىدىن ئازىيىپ بەشكە چۈشۈپ قالدى.

1980 - يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 235 كە يېتىپ، 1970 - يىلدىكىدىن 1.8 ھەسسە كۆپەيدى. بۇلاردىن تاشقىرى، قول تراكتورى 97 گە يېتىپ، ئالتە ھەسسە كۆپەيدى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 40 قا يېتىپ، توققۇز ھەسسە كۆپەيدى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان پىرىتسېپ 91 گە يېتىپ، ئىككى ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى؛ سۆرىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنى 208 گە يېتىپ، 0.5 ھەسسە كۆپەيدى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇغىرىش، توختام سۇلارنى چىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 8250 ئات كۈچىگە يېتىپ، ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى 24 كە يېتىپ، تۆت ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،

يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇ، ئاساسەن، تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتتى، سانى كۆپەيگەن بولسىمۇ، مەشغۇلات مىقدارى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەمما، قول تراكتورى ۋە كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور قاتارلىق كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى ۋە ناھايىتى تېز كۆپەيدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرىكى 1978 - يىلى ناھىيە بويىچە قول تراكتورى ۋە كىچىك تۆت چاقلىق تراكتوردىن ئاران 56 سى بار ئىدى، 1983 - يىلى 241 گە يېتىپ، 3.3 ھەسسە كۆپەيدى. ئىككىنچى، گۇڭشې ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتىنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى، گۇرۇپپىلار، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى كۆپەيدى. 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 192 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە گۇڭشې ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 35% نى، دادۈيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 39% نى، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى - گۇرۇپپىلىرى ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 26% نى ئىگىلەيتتى، شەخسىيلەرنىڭ يوق ئىدى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ تىپتىكى تراكتور 318 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە گۇڭشې ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 25% نى ئىگىلەپ، 1979 - يىلدىكىدىن 10% ئازايدى؛ دادۈي ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 33% نى ئىگىلەپ، 1979 - يىلدىكىدىن 6% ئازايدى؛ ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، گۇرۇپپىلىرى ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 27% نى ئىگىلەپ، 1979 - يىلدىكىدىن 1% ئازايدى؛ شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 47 دانە بولۇپ، 15% نى ئىگىلىدى. 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە كىچىك تىپتىكى تراكتور 57 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكىسى يوق ئىدى، 1983- يىلى ناھىيە بويىچە كىچىك تراكتور 241 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 165 بولۇپ، ئومۇمىي كىچىك تراكتورنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

1983 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلۇپ، گۇڭشې - دۈيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى 269 چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورنىڭ 178 ى ھۆددىگە بېرىلدى. ھۆددىگە بېرىش شەكلى مۇنداق ئۈچ خىل بولدى: (1) چوڭ ھۆددىگە بېرىش (ئۈچ يىل ياكى بەش يىلغىچە پايدا - زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش)؛ (2) تۆتنى بېكىتىش، ئىككىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش (ۋەزىپىنى، ماي سەرپىياتىنى، خادىملارنى، تەننەرخىنى بېكىتىش، ھېساباتىنى، تەقسىماتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش)؛ (3) كىرىمگە قاراپ تەقسىم قىلىش (80 پىرسەنتىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، 20 پىرسەنتىنى ئۆزىگە قالدۇرۇش). شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، چىقىمى 1 مىليون

750 مىڭ يۇەنگە، ساپ پايدىسى 500 مىڭ يۇەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن داشقازاننىڭ تامىقىنى يېيىشتەك قالاق ھالەت ئۆزگەرتىلدى.

## §18. ئاپپاراتلار ۋە قوشۇن

1. ئاپپاراتلار

قۇمۇل ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئاپپاراتى ئەڭ دەسلەپ 1960 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇ چاغدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسازلىق بۆلۈمچىسى دەپ ئاتىلاتتى. 1963 - يىلى تراكتور پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1975 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى رەسمىي قۇرۇلدى، 1980 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، بۇ بۆلۈم قارمىقىدا رېمونت، پەن - مائارىپ، تەربىيىلەش، تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش، بىخەتەرلىك باشقۇرۇش، مالىيە گۇرۇپپىسى بولۇپ ئالتە باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. بۆلۈمدە 15 كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۈچ ئورۇن قارايدىغان بولدى.

(1) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى: 1959 - يىلى پالۋانتۇر، راھەتباغ، ئاستانە، توغۇچىدىن ئىبارەت تۆت گۇڭشېدا ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى قۇرۇلدى. 1964 - يىلى بۇ تۆت ئەترەت بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىككى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى قىلىندى، 1966 - يىلغا كەلگەندە، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى سەككىزگە يەتتى. 1976 - يىلى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترەتلىرى ئاساسىدا، گۇڭشې - مەيدانلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 16 گە يەتتى. كېيىن ساقا، دۇربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1983 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن 12 سى قالدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى، ئاساسەن، ئۆزى تۇرۇشلۇق گۇڭشېنىڭ ئېتىز - ئېرىق ماشىنا مەشغۇلاتى ۋە بىر قىسىم تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تراكتورچىلارنى ۋەكالەتەن تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. يېزا ئىگىلىكىدە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتلىرى پەيدىنپەي ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يۈزلەندى.

(2) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى: بۇ پونكىت 1981 - يىلى قۇرۇلغان، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلىدىغان مەمۇرىي كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ھەرقايسى گۇڭشېلارنىڭ تراكتور باشقۇرۇش، ماشىنا مەشغۇلاتى پىلانى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى، بىخەتەرلىك

باشقۇرۇش، ماشىنا مەشغۇلاتىنىڭ تېخنىكىلىق ئەھۋالى، تراكتور، ماشىنا-سايمانلارغا نومۇر تاختىسى، كېنىشكا تارقىتىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى.

**(3) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەترىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دائىملىق كۇرسى:** 1981-يىلى قۇرۇلغان، تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش ئەترىتى بىلەن دائىملىق كۇرس بىر بەنزە بولۇپ، ئىككى ۋېۋىسكا ئاسىدۇ، سەككىز ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، يېڭى تېپتىكى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ماشىنا-سايمانلىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تراكتورچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

## 2. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قوشۇنى

يېڭى تېپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرى ۋە ئوتتۇرا، كىچىك تېپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرىنىڭ كىرگۈزۈلۈشى، ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكا قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. 50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يېڭى تېپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۆت قارار كۇرس ئېچىلىپ، يېڭى تېپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرىنى باشقۇرىدىغان خادىمدىن 651 ى تەربىيىلىنىپ، كېيىنكى چاغلاردا چوڭ تېپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرىنى كىرگۈزۈش ۋە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

1958-يىلى ناھىيە بويىچە تۇنجى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئەترەت تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، 55 كىشى قاتناشقان بىر قارار كۇرس ئاچتى، 1959-يىلى ئىككىنچى قارار كۇرس ئېچىپ، 65 كۇرسانت قوبۇل قىلدى، 1960-يىلى ۋىلايەتتە ئېچىلغان كومبايىنچىلار كۇرسىغا ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. 1964-، 1965-يىللىرى ئۈچىنچى، تۆتىنچى قارار كۇرس ئېچىلدى. بۇ كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەن خادىملار پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تايانچلاردىن بولۇپ قالدى.

1977-يىلدىن بۇيان، قىش پەسلىدىكى بىكار ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، قەرەلسىز ھالدا 20 نەچچە قارار ھەر خىل قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلىپ، 600 گە يېقىن كىشى تەربىيىلەندى. 1980-يىللا ناھىيە ۋە پونكىتلار ئاچقان كۇرسلاردا 381 كىشى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى. ناھىيىلىك دائىملىق كۇرس قۇرۇلغاندىن كېيىن، جەمئىي سەككىز قارار كۇرس ئېچىپ، 174 ئادەم-قېتىم تەربىيىلىدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ناھىيىنىڭ ئۆزىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قوشۇنى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، بارغانسېرى زورىيىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى جانلىق كۈچ بولۇپ قالدى. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئومۇمىي ئادەم سانى 1182 گە يەتتى،

بۇنىڭ ئىچىدە شوپۇر، تراكتورچى 931 نەپەر، باشقۇرۇش خادىمى 77 نەپەر، باشقا ئىشچىلار 111 نەپەر، باشقۇرۇش خادىملىرى ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر توققۇز، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 43.

## §2. مەشغۇلات سەۋىيىسى

1955 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئىچكىرىدىن قوش چاقلىق قوش چىشلىق سابان ۋە ئاتقا سۆرىتىلىدىغان سىيالكا كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى ۋە تەدرىجىي ھالدا بوقۇسا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش ۋە ئادەم كۈچى بىلەن ئۇرۇق سېپىلىشىنىڭ ئورنىنى دەسسىدى.

1963 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن شىنجاڭدا «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇشنى چاقىرىق قىلغاندىن كېيىن، «ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى يول»لار ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى، ماشىنىلاشقان مەشغۇلات سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. شۇ يىلى، ناھىيە بويىچە تۆت ماشىنىلاشقان تېرىقچىلىق ئەترىتى 14 گوڭشې - مەيداندا 56 مىڭ 600 مو يەردە ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى، بۇ، پۈتۈن ناھىيىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 27 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە 40 تراكتور بار بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى 235 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە: 155 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر ئاغدۇرۇلدى، 7800 مو يەرنىڭ قىرى چېپىلدى ياكى تۈزلەندى، 2200 مو يەردە چۈنەك ئېچىلدى، 34 مىڭ مو يەرنىڭ زىرائىتى ماشىنا بىلەن تېپىلدى. يېزا ئىگىلىك ترانسپورتى مىقدارى 120 مىڭ توننا - كىلومېترغا يەتتى، بۇ، 36 مىڭ ئۆلچەملىك موغا باراۋەر كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى.

1971 - يىلى 8 - ئايدا گوۋۇيۈەن مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يىغىنىنى چاقىردى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلىش تۈرى كۆپەيدى، «ئاغدۇرۇش، تىرنىلاش، تېرىش» تىن ئىبارەت كونا ئۈچ تۈردىن ماشىنا كۈچى بىلەن كولتىۋاتسىيە قىلىش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش، ماشىنا كۈچى بىلەن يىغىش، مۇۋاپىق مىقداردا ئۇرۇق سېپىش، ماشىنا كۈچى بىلەن يۇڭ قىرقىش، پۈركۈپ سۇغىرىشقا كېڭەيدى. ماشىنا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش كۆلىمى 75% كە، ماشىنا كۈچى بىلەن تېرىش كۆلىمى 60% كە، يېزا ئىگىلىك ترانسپورت مىقدارى 50% كە يەتتى ھەمدە كەڭ دائىرىدە ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ، مەلۇم تەجرىبە ھاسىل قىلىندى.

1980 - يىلدىن كېيىن، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ ئۈنۈمگە ماسلىشىش چانلىقى ناچار بولغانلىقى، كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى بىر مەھەل ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقى سەۋەبلىك، بىر ئۆتكۈنچى مەزگىل شەكىللىنىپ، ماشىنا

www.uyghurkitap.com

بىلەن مەشغۇلات قىلىش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1983 - يىلى بۇغداي پۈتۈنلەي ئورغاق بىلەن ئورۇلدى.

**1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ماشىنىلاشقان مەشغۇلات سەۋىيىسى**

جەدۋەل 4 – 17

| تۈرلەر / يىللار | يەر ئاغدۇرۇش (مىڭ مو) | مەشغۇلات سەۋىيىسى (%) | تېرىش (مىڭ مو) | مەشغۇلات سەۋىيىسى (%) | يەر قېزىش (مىڭ مو) | مەشغۇلات سەۋىيىسى (%) | كولتىۋاتسىيە (مىڭ مو) | مەشغۇلات سەۋىيىسى (%) | يۈك قىمىرقىش (kg) | مەشغۇلات سەۋىيىسى (%) | بوغداي ئورۇش (مىڭ مو) | مەشغۇلات سەۋىيىسى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 220 | 68.7 | 170 | 53.1 | 15.6 | 4.9 | 4.4 | 1.4 | | | 8.6 | 2.7 |
| 1979 | 213 | 84.5 | 170 | 67.4 | 15.7 | 6.2 | 4.4 | 1.7 | | | 8.7 | 3.4 |
| 1980 | 150 | 62.8 | 112 | 46.9 | 9.6 | 4 | 3.5 | 1.5 | 1500 | 0.2 | 0.87 | 0.4 |
| 1981 | 157 | 64 | 120 | 48.9 | 12 | 4.9 | 4.2 | 1.7 | 2000 | 2.2 | 1.5 | 0.6 |
| 1982 | 134 | 55.2 | 114 | 46.9 | 9.5 | 3.9 | 0.7 | 0.29 | 3000 | 4 | 1.5 | 0.62 |
| 1983 | 123 | 52.8 | 96 | 41.2 | 7.5 | 3.2 | 0.1 | 0.04 | 8000 | 11.1 | | |

## §3. ماشىنا - سايمان تۈرى

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە قومۇل دېھقانلىرى ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئاساسەن، تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك ئىدى:

تېرىقچىلىق قوراللىرىدىن: بۇقۇسا، كەتمەن، چاغىلغۇچ تىرنا، تۆت چىشلىق تىرنا، گۈرجەك، سۆرەم؛

ئورۇش ۋە خامان تېپىش قوراللىرىدىن: ئورغاق، تولۇق، ياغاچ ئارا، ياغاچ گۈرجەك، غەلۋىر، شازا، يۈك ئارغامچا؛

ترانسپورت قوراللىرىدىن: ياغاچ هارۋا، تۆمۈر هارۋا، رېزىنكە چاقلىق هارۋا، زەمبىل؛

ئوتۇن، ياغ تارتىش قوراللىرىدىن: سۇ تۈگمىنى، ياغۇنچاق، تولۇق، جۇۋاز.

باشقا قوراللاردىن: ئوتىغۇچ، جىرغۇچ، ياغاچ تىرنا، قول گۈرجىكى، پالتا، قىل تاغار قاتارلىقلار؛

تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىدىن: كالا، ئات، خېچىر، ئېشەك، تۆگىلەر بار ئىدى.

60 - يىللاردىن كېيىن، بەزى ماشىنىلاشقان ۋە يېرىم ماشىنىلاشقان يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كىرگۈزۈلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېرىشتىن تارتىپ ئورۇشقىچە بولغان ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان قوراللاردىن سىيالكا، چىگىدىغۇچ، قىر سېلىش ئەسۋابى، چىشلىق تىرنا، دېسكىلىق تىرنا، قوش چاقلىق قوش چىشلىق ساپان،

**ناھىيە بويىچە 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ تۈرى ۋە سانى**

جەدۋەل 4 — 18

| تۈرى، تىپ نومۇرى | سانى (دانە) | قۇۋۋىتى (ئات كۈچى) |
|---|---|---|
| 1. تراكتور | 559 | 17177 |
| 1) زەنجىر تاپانلىق تراكتور | 75 | 5018 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: «شەرق قىزاردى — 75» | 42 | 3150 |
| «شەرق قىزاردى — 60» | 24 | 1440 |
| «شەرق قىزاردى — 54» | 9 | 428 |
| 2) رېزىنكە چاقلىق تراكتور | 243 | 9275 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: «تۆمۈر بۇقا — 55» | 71 | 3905 |
| «شاڭخەي — 50» | 21 | 1050 |
| «مول ھوسۇل — 35» | 5 | 175 |
| «شەرق قىزاردى — 40» | 3 | 120 |
| «شەرق قىزاردى — 28» | 124 | 3470 |
| «سۇجۇ — 25» | 17 | 425 |
| «لوياڭ — 65» | 2 | 130 |
| 3) قول تراكتور ۋە كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور | 241 | 2884 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: «تىيانشان — 15» | 5 | 75 |
| «تىيانشان — 12» | 172 | 2064 |
| «ئىشچى - دېھقان — 10» | 1 | 10 |
| «ئىشچى - دېھقان — 11» | 21 | 231 |
| «ئىشچى - دېھقان — 12» | 42 | 504 |
| 2. تراكتورغا چېتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى | 457 | |
| 1) تراكتورغا چېتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى | 354 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ساپان | 179 | |
| دىسكىلىق تىرنا | 87 | |
| سىيالكا | 82 | |
| كولتىۋاتور | 6 | |
| 2) تراكتورغا چېتىلىدىغان كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى | 103 | |
| 3. ئورۇش - يىغىش ماشىنىلىرى | 25 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: كومبايىن | 2 | |

| | | |
|---|---|---|
| ئورۇش ماشىنىسى | 4 | |
| ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى | 3 | |
| ئورۇق تاللاش ماشىنىسى | 16 | |
| 4. ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى | 1159 | 13505 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: دىزېل ماتور | 85 | 1507 |
| ئېلېكترماتور | 631 | 12028 |
| يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى | 413 | |
| 5. ترانسپورت ماشىنىلىرى | 566 | 7903 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئاپتوموبىل | 65 | 6750 |
| دىزېل ئاپتوموبىلى | 12 | 1153 |
| 3.5 — 5 تونىلىق پرىتسېپ | 257 | |
| 1 — 2 توننىلىق پرىتسېپ | 232 | |
| 6. ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ماشىنىلىرى | 18 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: تۇپا ئىتتىرىش ماشىنىسى | 11 | |
| يەر تۈزلەش ماشىنىسى | 6 | |
| چۆنەك ئېچىش ماشىنىسى | 2 | |

| | | |
|---|---|---|
| 7. ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىلىرى | 1221 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ماتورلۇق دورا چېچىش ماشىنىسى | 12 | |
| قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دورا چېچىش ماشىنىسى | 1209 | |
| 8. چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى | 88 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى | 5 | |
| يەم - خەشەك ئۇۋۇتىش ماشىنىسى | 83 | |
| 9. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى | 188 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ياغ تارتىش ماشىنىسى | 27 | |
| گۈرۈچ ئاقلاش، ئۇن تارتىش ماشىنىسى | 161 | |
| 10. باشقا ھارۋىلار | 23605 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىسى | 12407 | |
| قول ھارۋىسى | 11198 | |

## 1960 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 4 — 19 بىرلىكى: دانە

| تۈرى / يىللار | چوك - ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور | قول تراكتورى | تراكتورغا چېتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار | كومباين | ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى | يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى | يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پرىتسىپ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 16 | | 45 | 7 | 7 | | 8 |
| 1963 | 22 | | 74 | 9 | 10 | 4 | 16 |
| 1966 | 55 | | 112 | 8 | 10 | 5 | 23 |
| 1969 | 62 | 4 | 143 | 8 | 8 | 4 | 23 |
| 1972 | 113 | 14 | 159 | 2 | 5 | 4 | 50 |
| 1975 | 137 | 27 | 170 | 2 | 11 | 13 | 74 |
| 1978 | 180 | 56 | 232 | 2 | 34 | 37 | 110 |
| 1981 | 262 | 90 | 292 | 2 | 37 | 56 | 170 |
| 1982 | 254 | 163 | 250 | 2 | 37 | 60 | 191 |

يالغۇزچىشلىق ساپان؛ ئورۇش ۋە خامان تېپىش قوراللىرىدىن كومبايىن، تۆمۈر تۇلۇق، ئورۇش ماشىنىسى، دان ئايرىش ماشىنىسى، ئاشلىق سورۇش ماشىنىسى بار. ترانسپورت قوراللىرىدىن بىر-بەش تونىلىق پرىتسىپ، رېزىنكە چاقلىق چوڭ هارۋا، ئېشەك هارۋىسى؛ سۇ چىقىرىش قوراللىرىدىن سۇ ئاستى پومپىسى، مەركەزدىن قاچما پومپا، چوڭقۇر قۇدۇق پومپىسى؛ ئۇن - ياغ تارتىش قوراللىرىدىن ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ماتورلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسى، پارچىلاش ماشىنىسى قاتارلىقلار بار.

# VII باب دېهقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىجارە هەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاهاتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، دېهقانلار يەر، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە دېهقانچىلىق قوراللىرىغا ئىگە بولدى. هۆكۈمەت قەرز پۇل ۋە ئۇرۇق بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. دېهقانلارنىڭ تۇرمۇشى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى. مەسىلەن: ئاقيەر رايونى چۆەنشۈي كەنتىدىكى كەمبەغەل، يالانما دېهقان گودې خۇا ۋە چېياۋچۈن ئازادلىقتىن ئىلگىرى باشقىلارغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەن، يىل بويى ئىشلىسىمۇ، يەنىلا قورسىقى تويغۇدەك تاماققا، ئۈچىسى يىللىغۇدەك كىيىم-كېچەككە ئېرىشەلمىگەن. يەر ئىسلاهاتىدىن كېيىن ئۇلارغا 28.5 مو يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئۇلار بۇ يەردىن 20.1 كۆرە بۇغداي، 43 كۆرە قارا ئاشلىق، 3500 جىڭ ياڭيۇ، 84 جىڭ پاختا ئالغان، هەربىر كىشىگە ئوتتۇرا هېساب بىلەن 1.5 كۆرە ئاق ئاشلىق، 3.3 كۆرە قارا ئاشلىق، 270 جىڭ ياڭيۇ، 6.46 جىڭ پاختا توغرا كەلگەن. 1953 - يىلى بۇ ئىككى ئائىلە جەمئىي ئىستېمال قىلغان ئاشلىق 14 كۆرە بولۇپ، كىشى بېشىغا 1.1 كۆرىدىن توغرا كەلگەن؛ ئىستېمال قىلغان يېمەكلىك ياغ 70 جىڭ بولۇپ، كىشى بېشىغا 5.4 جىڭدىن توغرا كەلگەن؛ ئىستېمال قىلغان گۆش 51 جىڭ بولۇپ، كىشى بېشىغا 3.9 جىڭدىن توغرا كەلگەن؛ ئىشلەتكەن رەخت 199 چى بولۇپ، كىشى بېشىغا 15.3 چىدىن توغرا كەلگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان چىقىملارنى چىقىرىۋەتكەندە، بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ ئارتۇق ئاشلىقى 6.9 كۆرە بولۇپ، ئۇنى ئىككىنچى يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بۇ كەنتتە ئوتتۇرا دەرىجىلىك بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

چارۋىچىلىق رايونىدا پارتىيە ۋە هۆكۈمەت چارۋىچىلىقنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى، چارۋىچىلارنىڭ ئىش هەققىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چارۋا ئىگىلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى چەكلىدى، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ناهايىتى زور ياخشىلىنىش بولدى. 1953 - يىلى تىيانشان رايونىدىكى چارۋىچى گالىمباي 400 تۇياق قوي باققان بولۇپ، شۇ يىلى تۆت قوزىلىق قوي، ئىككى چىشلىق ئالتە قوي، ئالتە كۆرە ئارپا، بىر يورۇش يالاڭ كىيىم ۋە بىر قۇر تېرە كىيىمگە ئىگە

بولغان. قۇلاق كىيسىپ بەلگە سالىدىغان چاغدىمۇ بىر قوزا، يېرىم پارچە كالا تېرىسى، ۋە 50 جىڭ قوي يۇڭى ئالغان. ئۇنىڭغا پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر ئىچكەن سۈتنى قوشقاندا، ھەممىسى 576 يۈەنگە باراۋەر بولۇپ، ئىيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 48 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

1949 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 576 مىڭ يۈەندىن 3 مىليون 425 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 2 مىليون 70 مىڭ يۈەندىن 2 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 62 يۈەندىن 85 يۈەنگە يەتتى.

كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئارقىلىق، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى. 1953 - 1959 - يىلغىچە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 425 مىڭ يۈەندىن 6 مىليون 776 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 2 مىليون 530 مىڭ يۈەندىن 5 مىليون يۈەنگە، كوپېراتسىيە ئەزالىرىنىڭ دارامىتى 2 مىليون 390 مىڭ يۈەندىن 3 مىليون 775 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 85 يۈەندىن 104 يۈەنگە يېتىپ، 22% ئاشتى.

1959 يىلدىن 1962 - يىلغىچە، تەبىئىي، سۈنئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليون 776 مىڭ يۈەندىن 5 مىليون 788 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن 4 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، گۆشكۆچى ئەزالىرىنىڭ دارامىتى 3 مىليون 775 مىڭ يۈەندىن 2 مىليون 542 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 104 يۈەندىن 82 يۈەنگە، يېزا پۇل ئامانەت سوممىسى 600 مىڭ يۈەندىن 510 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى.

1961 - يىلى پالۋانتۇر گۆشكۆچى غولىمبىرىق 6 - دۈيىدە ئون ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تېپىك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بۇ ئون ئائىلىدە 23 ئەمگەك كۈچى، 41 نوپۇس بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 11 مىڭ 57 يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئائىلىگە 1106 يۈەندىن، ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە 481 يۈەندىن، ھەربىر كىشىگە 173 يۈەندىن توغرا كەلگەن. كىرىم جەھەتتىن قارىغاندا، ئوتتۇراھال سەۋىيە ھېسابلانسىمۇ، ئومۇمىي چىقىمى 10 مىڭ 824 يۈەنگە يەتكەن، كىرىمدىن چىقىمنى چىقىرىۋەتكەندە ئاران 233 يۈەن قالغان، بۇنى كىشى بېشىغا چاچقاندا 3.64 يۈەنگىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇلارغا گۆشكۆچى ـ دۈيىدىن تەككەن ئاشلىق، پۇرچاق 23 مىڭ 22 جىڭ بولۇپ، ھەربىر كىشىگە ئاران 360 جىڭدىن توغرا كەلگەن. 10 ئائىلە جەمئىي ئىستېمال قىلغان كالا، قوي گۆشى 226.5 جىڭ بولۇپ، ھەربىر كىشىگە 3.5 جىڭدىن توغرا كەلگەن؛ جەمئىي ئىشلەتكەن پاختا رەخت 534 چى بولۇپ، ھەربىر كىشىگە 8.3 چىدىن توغرا كەلگەن. جەمئىي ئىشلەتكەن رېزىنكە ئاياغ كىيىم 26 جۈپ بولۇپ، 2.5 كىشىگە بىر جۈپتىن توغرا كەلگەن. بۇ ئون ئائىلىدە تۆت ئىشەك، تۆت كالا، 12 قوي، 38 ئۆي قۇشى بار ئىكەن.

1963 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە «تەكشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش،

ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ۋە خەلق گۇڭشېسىغا دائىر «60 ماددا» ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، گۇڭشې ئەزالىرىغا قالدۇرۇق يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كىرىمى كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليون 280 مىڭ يۈەندىن 9 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 4 مىليون 840 مىڭ يۈەندىن 7 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ دارامىتى 4 مىليون 40 مىڭ يۈەندىن 5 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 82 يۈەندىن كۆپىيىپ 100 يۈەنگە، يېزا پۇل ئامانىتى سوممىسى 490 مىڭ يۈەندىن 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1967 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىش»، «ئۈچ ئۆز، بىر كۆتىرە» نى تەنقىد قىلىش تۈپەيلىدىن، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. بۇ بىر قانچە يىلدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى سەل ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ دارامىتى 5 مىليون 540 مىڭ يۈەندىن 4 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 97 يۈەندىن 65 يۈەنگە، يەنى 1949 يىلدىكى سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى.

1973 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى، ساپ كىرىم، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ دارامىتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم سەل - پەل كۆپەيدى، لېكىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم يەنىلا 1966 - يىلدىكى سەۋىيىدىن تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1974 - يىلى ئاران 1963 - يىلدىكى سەۋىيىگىلا يەتتى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندى، خەلق تۇرمۇشىمۇ ياخشىلاندى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 1975 - يىلدىكى 11 مىليون 760 مىڭ يۈەندىن 1979 - يىلى 15 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 8 مىليون 490 مىڭ يۈەندىن 10 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ دارامىتى 7 مىليون 170 مىڭ يۈەندىن 8 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 94 يۈەندىن 112 يۈەنگە، يېزا ئامانەت پۇل سوممىسى 856 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون 425 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تاشۋىلىق گۇڭشېسى كوللېكتىپ ئىگىلىك بىر قەدەر راۋاجلانغان يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، گۇڭشې بويىچە 29 دېھقانچىلىق دۈيى، بەش چارۋىچىلىق دۈيى، گۇڭشې باشقۇرۇشىدىكى بىر چارۋىچىلىق مەيدانى، 10 مىڭ نوپۇس، 30 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. 1977 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ دارامىتى 400 مىڭ يۈەن، گۇڭشې

ئەزالىرىنىڭ ئامانەت پۇل سوممىسى 176 مىڭ يۈەن ئاشتى. بېيىغان ئون ئائىلىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئامانەت قويغان پۇل جەمئىي 24 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ھەربىر ئائىلىگە 2460 يۈەندىن، ھەربىر كىشىگە 373 يۈەندىن توغرا كەلگەن. يەنە ئادەتتىكى ئون ئائىلىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئامانەت قويغان پۇل جەمئىي 16 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەربىر ئائىلىگە 1600 يۈەندىن، ھەربىر كىشىگە 345 يۈەندىن توغرا كەلگەن. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئاساسەن كوللېكتىپ تەقسىماتقا تايانغان، ئائىلە قوشۇمچە كەسىپ كىرىمىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولغان.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى تېخىمۇ تەڭشەلگەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى تېز كۆپەيدى، تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى تېز ئۆستى.

1980 - يىلى، يەنى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ ئىككىنچى يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تېخى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلمىغاچقا، پۈتكۈل ناھىيىدىكى 11 گۇڭشېنىڭ بەشىدە كىرىم كىشى بېشىغا 100 يۈەندىنمۇ توغرا كەلمىدى، ئۈچىدە 100 يۈەندىن 150 يۈەنگىچە توغرا كەلدى، ئۈچىدە 150 يۈەندىن كۆپرەك توغرا كەلدى. 261 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئىچىدە ساپ كىرىم 40 يۈەندىنمۇ توغرا كەلمىگىنى 25 بولۇپ، 10% نى ئىگىلىدى؛ 40 — 50 يۈەنگىچە توغرا كەلگىنى 15 بولۇپ، 5.7% نى ئىگىلىدى؛ 50 — 60 يۈەنگىچە توغرا كەلگىنى 20 بولۇپ، 7.7% نى ئىگىلىدى؛ 60 — 80 يۈەنگىچە توغرا كەلگىنى 36 بولۇپ، 13.8% نى ئىگىلىدى؛ 80 — 100 يۈەنگىچە توغرا كەلگىنى 47 بولۇپ، 18% نى ئىگىلىدى؛ 100 — 150 يۈەنگىچە توغرا كەلگىنى 58 بولۇپ، 22.2% نى ئىگىلىدى؛ 150 — 200 يۈەنگىچە توغرا كەلگىنى 31 بولۇپ، 11.9% نى ئىگىلىدى؛ 200 — 300 يۈەنگىچە توغرا كەلگىنى 25 بولۇپ، 9.6% نى ئىگىلىدى؛ 300 — 400 يۈەنگىچە توغرا كەلگىنى ئۈچ بولۇپ، 1.1% نى ئىگىلىدى؛ 400 — 500 يۈەنگىچە توغرا كەلگىنى بىر. ناھىيە بويىچە كىرىم كىشى بېشىغا 114 يۈەندىن توغرا كەلدى.

يېقىنقى كوللېكتىپ كىرىم ئەھۋالىغا ئاساسەن، باياشاتلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمىسىمۇ، يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى كەڭ قويۇۋېتىلگەنلىكتىن، بەزى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كوللېكتىپتىن ئېرىشكەن كىرىمى كۆپ بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭغا ئائىلە قوشۇمچە كەسىپتىن كىرگەن كىرىمنى قوشقاندا، ئۇلارنىڭ كىرىمى خېلى كۆپەيدى. مەسىلەن: بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې بۇلۇڭتوغراق دادۈي 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى بىر ئائىلىدە يەتتە جان، ئىككى ئەمگەك كۈچى بار بولۇپ، بىر يىلدا 700 گۇڭگا ئىشلىگەن، بىر گۇڭغا 1.10 يۈەندىن دارامەت تەقسىم قىلىنغان، شۇنداق قىلىپ، بۇ ئائىلە يىل ئاخىرىدا كوللېكتىپقا 77 يۈەن قەرزدار بولۇپ قالغان؛ لېكىن بۇ ئائىلە قوشۇمچە

www.uyghurkitap.com

كەسىپ جەھەتتە چوشقا بېقىپ تاپقان 650 يۈەن كىرىمىنى، خېچىر سېتىپ تاپقان 450 يۈەن كىرىمىنى، ياغاچچىلىق قىلىپ تاپقان 630 يۈەن كىرىمىنى، ئاشلىق سېتىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئالغان 300 يۈەن مۇكاپات پۇلىنى، چوشقا ئۇرۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق تاپقان 300 يۈەن كىرىمىنى قوشقاندا، جەمئىي 2330 يۈەن كىرىم قىلغان. يەنە ئالايلۇق، ئاستانە گۈڭشې 9 - دادۈي 2 - دۈيدىكى بىر ئائىلىدە جەمئىي ئالتە جان، بىر ئەمگەك كۈچى بار بولۇپ، كوللېكتىپقا ئىشلەپ تاپقان كىرىمى ئاران 350 يۈەن بولغان، ئەمما 70 توخۇ بېقىپ، تۇخۇم سېتىش ئارقىلىق 700 يۈەن؛ 14 قوي بېقىپ، يۇڭىدىن كىگىز ئېتىپ 140 يۈەن؛ ئۈچ كالىسىنىڭ بىرىنى سېتىپ 150 يۈەن؛ ئېشەك سېتىپ 160 يۈەن؛ كۆچەت سېتىپ 410 يۈەن؛ كۆكتات سېتىپ 208 يۈەن كىرىم قىلغان، دېمەك، قوشۇمچە كەسىپتىن جەمئىي 1768 يۈەن تاپقان، بۇ، مۇشۇ ئائىلە ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 83.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كىرىمى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشقان بولسىمۇ، نامرات ئائىلىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. 1980 - يىلى ناھىيە بويىچە 109 ئائىلىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ھاللىق ئائىلە 39، ئوتتۇراھال ئائىلە 39، نامرات ئائىلە 31 بولغان. ھاللىق ئائىلە كىرىمى كىشى بېشىغا 377 يۈەندىن؛ ئوتتۇرا ھال ئائىلىلەرنىڭ 150 يۈەندىن؛ نامرات ئائىلىلەرنىڭ 56 يۈەندىن توغرا كەلگەن. بەزى بېيىغان ئائىلىلەرنىڭ بانكىغا قويغان پۇلى 10 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشقان، بەزى نامرات ئائىلىلەرنىڭ قەرزى ىرنەچچە مىڭ يۈەنگە يەتكەن. لېكىن كۆپ ساندىكى ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى 3 - ئومۇمىي يىغىندىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، كىيىم - كېچەكى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولغان. مەسىلەن: مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئىلغار ئورۇن ئاستانە گۇڭشې 3 - دادۈينىڭ 2- شياۋدۈيىدە 1980 - يىلى كىرىم ھەر بىر كىشىگە 311 يۈەندىن، ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 600 جىڭدىن توغرا كەلگەن. مۇشۇ دۈيدىكى 81 ئائىلىدە 110 ۋېلىسىپىت، 110 قول سائىتى، 60 رادىئو بولغان، شەخسىيلەرنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ھەربىر ئائىلىگە 2000 يۈەندىن توغرا كەلگەن، يەنە بىر مىسال: تىيانشان گۇڭشې تىيانشان چارۋىچىلىق فېرمىسىدا 1980 - يىلى كىشى بېشىغا 347 يۈەندىن توغرا كېلىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى 14 باي دادۈي ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان، غەربىي تاغ گۇڭشې چارۋىچىلىق فېرمىسىدا كىشى بېشىغا 203 يۈەندىن كىرىم توغرا كېلىپ، پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ ئاۋانگارت دادۈيىدىن قالسىلا، ناھىيە بويىچە 2 - ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇندىن باشقا، غەربىي تاغ تەمىنات- سودا كوپىراتىپىنىڭ تىجارەت سوممىسىدىنمۇ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تىجارەت سوممىسى 1978 - يىلى 395 مىڭ يۈەن، 1979 - يىلى 430 مىڭ يۈەن، 1980 - يىلى 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۈچ يىلدا 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئاشقان.

1981 - يىلى قىسمەن گۇڭشې - دۈيلەردە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كۆتىرە

بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كۆپلىگەن گۇڭشې ـ دۆيلەردە مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغىچە ياكى ئىشنى كىچىك ئۇچاستكىلار بويىچە ھۆددىگە بېرىش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئەزالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. كوللېكتىپ كىرىم ۋە قوشۇمچە كەسىپ كىرىمىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئاشتى.

تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغان راھەتباغ 2 ـ داداۋى 1 ـ شياۋدۈيدىكى 10 ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 21 مىڭ 685 يۈەنگە، ئومۇمىي چىقىمى 15 مىڭ 678 يۈەنگە يېتىپ، 6007 يۈەن ئېشىنغان. دېمەك، بۇ 1961 ـ يىلى تەكشۈرۈلگەن پالۋانتۇر گۇڭشې غولئېرىق داداۋىدىكى 10 ئائىلىنىڭ كىرىمىدىن بىر ھەسسە كۆپ. بۇ 10 ئائىلە بىر يىلدا 891 جىڭ كالا ـ قوي گۆشى، 390 جىڭ ياغ، 1131 چى پاختا رەخت (خىمىيۋى تالا رەخت ۋە يىپەك رەختنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئىستېمال قىلغان. بۇ 10 ئائىلىدە يەنە سەككىز ۋېلسىپىت، تۆت دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى، يەتتە رادىئو، سەككىز سائەت، 57 دانە چوڭ ئۆي جابدۇقى بولغان.

1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش ۋە چوڭ ھۆددىگە ئېلىش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پادىلار بويىچە ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى پەيدىنپەي يولغا قويۇلۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى تولۇق قوزغىتىلدى، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كىرىمى كۆپەيدى ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى زور ئۆستى. 1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 23 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 7 مىليون 569 مىڭ يۈەن، يەنى 48.4% ئاشتى. ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 220 يۈەنگە يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 111 يۈەن، يەنى بىر ھەسسە ئاشتى، 1972 ـ يىلدىكىدىن ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى 1949 ـ يىلدىكىدىن تەخمىنەن 2.5 ھەسسە ئاشتى.

ناھىيە بويىچە 11 گۇڭشې ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 200 يۈەنگە يەتمىگىنى تۆت (شەھەر ئىچى، راھەتباغ، تىيانشان، قارادۆۋە)، 200 يۈەندىن 399 يۈەنگىچە بولغىنى بەش (يەتتەقۇدۇق، غەربىي تاغ، تاشۋېلىق، ئاستانە، پالۋانتۇر)، 400 يۈەندىن 499 يۈەنگىچە بولغىنى بىر (بولۇكتوغراق)، 500 يۈەندىن ئاشقىنى بىر (بوغاز). بولۇكتوغراق گۇڭشېسى 3 ـ ئومۇمىيغىنىدىن كېيىن ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئاشلىقتىن ئۇدا كۆپلەپ مول ھوسۇل ئالدى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1980 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. بوغاز گۇڭشېسى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر (پىياز ۋە قوغۇن) نى كۆپ تېرىغانلىقتىن، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ھەسسىلەپ ئاشتى. 1980 ـ يىلى بوغاز گۇڭشېسى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 100

يۇەنگە يەتمەيدىغان نامرات گۇڭشې ئىدى، 1983 - يىلى بىر سەكرەپلا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 500 يۇەندىن ئاشقان باي گۇڭشې بولۇپ، ناھىيە بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. باشقا گۇڭشېلارنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولسىمۇ، لېكىن كىرىمى 1980 - يىلدىكىدىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 100 يۇەنگە يەتمىگەن گۇڭشېلار تۈگەپ، ئاز ساندىكى ئون مىڭ يۇەنچى ئائىلىلەر ۋە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 1000 يۇەندىن ئاشقان باي ئائىلىلەر بارلىققا كەلدى.

ئاستانە گۇڭشې 6 - دادۈي 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ باشلىقى سۇن دېشىن ئائىلىسىدە 11 جان بولۇپ، شۇ يىلى 32 مو يەرنى ھۆددىگە ئالغان، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 23 مىڭ 800 جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 1700 جىڭدىن توغرا كەلگەن، يۇقىرىغا 8000 جىڭ تاۋار ئاشلىق سېتىپ بەرگەن، ئاشلىق، ياغلىقدان ۋە باشقىلاردىن 15 مىڭ 700 يۇەن كىرىم قىلغان بولۇپ، كىشى بېشىغا 1121 يۇەندىن توغرا كەلگەن.

ئاستانە گۇڭشې 7 - دادۈي 1 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئەزاسى ئوسمان توختىنىڭ ئائىلىسىدە يەتتە جان بولۇپ، شۇ يىلى 70 مو يەرنى ۋە دادۈي مېۋىلىك بېغىنىڭ يېرىمىنى ھۆددىگە ئالغان. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 25 مىڭ جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 3571 جىڭدىن توغرا كەلگەن، يۇقىرىغا 20 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق سېتىپ بەرگەن، يىللىق ساپ كىرىمى 8200 يۇەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 1171 يۇەنگە يەتكەن.

بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې ئەرداۋچېڭ 1 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى گۇڭشې ئەزاسى جاڭ سۇڭچىڭنىڭ ئائىلىسىدە سەككىز جان بولۇپ، شۇ يىلى 46 مو يەرنى ھۆددىگە ئالغان، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 27 مىڭ جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 3375 جىڭدىن توغرا كەلگەن، يۇقىرىغا 20 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق سېتىپ بەرگەن، بۇ، كىشى بېشىغا 2500 جىڭدىن توغرا كېلىدۇ. ساپ كىرىمى 8110 يۇەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 1014 يۇەندىن توغرا كەلگەن.

بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې ئەرداۋچېڭ 1 - دۈيىدىكى ۋېي جۇڭدې 18 مو يەرنى ھۆددىگە ئالغان بولۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 11 مىڭ 680 جىڭغا يەتكۈزۈپ، يۇقىرىغا 8000 جىڭ تاۋار ئاشلىق، 1000 جىڭ ياغلىقدان سېتىپ بەرگەن، ئومۇمىي ساپ كىرىمى 2140 يۇەنگە، ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 178 يۇەنگە يەتكەن.

بوغاز گۇڭشې 3 - دۈيىدىكى فۇدىڭنىڭ ئائىلىسىدە تۆت جان بولۇپ، ھۆددىگە ئالغان يەردىن شۇ يىلى 5000 جىڭ ئاشلىق ئالغان، بۇ، كىشى بېشىغا 1250 جىڭدىن توغرا كېلىدۇ، يىللىق ساپ كىرىمى 5337 يۇەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 1334 يۇەندىن توغرا كەلگەن. بوغاز گۇڭشې 3 - دادۈي 1 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى گۇڭشې ئەزاسى خۇچىڭرۇڭنىڭ ئائىلىسىدە ئۈچ جان بولۇپ، ھۆددىگە ئالغان يەردىن شۇ يىلى 5200 جىڭ ئاشلىق ئالغان، بۇ، كىشى بېشىغا 1733 جىڭدىن توغرا كېلىدۇ، ساپ كىرىمى 3051 يۇەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 1017 يۇەندىن توغرا كەلگەن.

1949 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى

جەدۋەل 4 — 20

| يىللار | ئومۇمىي كىرىم (مىڭ يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم (يۈەن) | يىللار | ئومۇمىي كىرىم (مىڭ يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 2576 | 62 | 1967 | 8855 | 97 |
| 1950 | 2956 | 68 | 1968 | 8389 | 89 |
| 1951 | 3102 | 69 | 1969 | 8458 | 100 |
| 1952 | 3188 | 79 | 1970 | 10181 | 105 |
| 1953 | 3425 | 85 | 1971 | 10691 | 104 |
| 1954 | 3443 | 83 | 1972 | 9799 | 65 |
| 1955 | 3680 | 85 | 1973 | 10629 | 99 |
| 1956 | 3877 | 85 | 1974 | 10180 | 82 |
| 1957 | 4164 | 81 | 1975 | 11759 | 94 |
| 1958 | 4791 | 77 | 1976 | 13099 | 96 |
| 1959 | 6776 | 104 | 1977 | 13352 | 103 |
| 1960 | 6522 | 88 | 1978 | 15153 | 112 |
| 1961 | 6124 | 86 | 1979 | 15631 | 109 |
| 1962 | 5788 | 82 | 1980 | 16364 | 114 |
| 1963 | 6283 | 88 | 1981 | 16785 | 116 |
| 1964 | 7076 | 95 | 1982 | 17137 | 135 |
| 1965 | 8032 | 98 | 1983 | 23200 | 220 |
| 1966 | 9369 | 100 | | | |

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيان ئاساسلىق كۆكتىپلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم

جەدۋەل 4 — 21     بىرلىكى: قوەن

| ئورۇنلار \ يىللار | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 |
|---|---|---|---|---|
| شەھەر ئىچى كۆكتىپ | 68 | 56 | 103 | 169 |
| راھەتباغ كۆكتىپ | 99 | 82 | 131 | 130 |
| بوغاز كۆكتىپ | 98 | 84 | 239 | 515 |
| پالۋانتۇر كۆكتىپ | 134 | 118 | 129 | 223 |
| تىيانشان كۆكتىپ | 90 | 87 | 79 | 134 |
| غەربىي تاغ كۆكتىپ | 158 | 183 | 173 | 265 |
| قارادۆۋە كۆكتىپ | 61 | 74 | 71 | 120 |
| تاشۋىلىق كۆكتىپ | 165 | 179 | 183 | 205 |
| يەتتەقۇدۇق كۆكتىپ | 196 | 53 | 183 | 300 |
| بۇلۇكتوغراق كۆكتىپ | 134 | 140 | 189 | 434 |
| ئاستانە كۆكتىپ | 106 | 125 | 114 | 255 |

قوشۇمچەI: ناھىيە تەۋەسىدىكى بىكتۆەن دېھقانچىلىق مەيدانى،
چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

## «قىزىل يۇلتۇز» 1- مەيدانى

بۇ مەيدان ناھىيە بازىرىنىڭ سەككىز كىلومېتىر شەرقىدىكى ئەرمى
خۇغا جايلاشقان بولۇپ، پالۋانتۇر، راھەتباغ كۆكتىپلىرى بىلەن قوشنا، ئومۇمىي كۆلـ

مى 79.2 كۋادرات كىلومېتىر، 5099 نوپۇسى بار، ئۇنىڭغا 20 لىيەندۇي ۋە بىر كانچىلىق يىڭى قارايدۇ.

بۇ مەيدان 1952 - يىلى سابىق 16 - شى «48» تۇەنسدىكىلەرنىڭ كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇشى بىلەن قۇرۇلغان. 1983 - يىلىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرى 23 مىڭ مو بولۇپ، ئادەم كۈچى بىلەن بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ يەتتە پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

«قىزىلىيۇلتۇز» 1 - ئۆستەڭگى بۇ مەيداننىڭ ئاساسلىق سۇ ئىنشائاتى بولۇپ، 1950 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان، 1953 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتتۈپ سۇ باشلانغان. تۆت دېھقانچىلىق مەيدانى، ئۈچ خەلق گۇڭشېسى بۇ ئۆستەڭ سۈيىدىن پايدىلىنىدۇ. تەخمىنەن 100 مىڭ مو يەر سۇغىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 95 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار.

بۇ مەيداننىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا يىلىغا 7 مىليون 933 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 475.3 جىڭغا يەتتى. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نەق چارۋا 10 مىڭ 881 تۇياق بولدى.

بۇ مەيداننىڭ سېمونت زاۋۇتى، ئۇن، ياغ زاۋۇتى، تاشچىلىق مەيدانى، مانگان كانى بار. 1983 - يىلى 2000 توننا سېمونت، 1100 توننا ئۇن - ياغ، 39 مىڭ توننا مەرمەر تاش، 3000 توننا مانگان رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 995 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مەيدان بويىچە 14 ھەر خىل يۈك ئاپتوموبىلى، 36.5 تراكتور (ئۆلچەملىك)، ئالتە كومبايىن بار.

## «قىزىل يۇلتۇز» 2 - مەيدانى

بۇ مەيدان ناھىيە بازىرىنىڭ 30 كىلومېتىر غەربىدىكى قوشتىكەن رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاستانە، بوغاز، غەربىي تاغ گۇڭشېلىرى بىلەن چېگرىداش، ئومۇمىي كۆلىمى 117.2 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 6631، ئۇنىڭغا 25 لىيەندۇي قارايدۇ.

بۇ مەيدان 1952 - يىلى سابىق 16 - شى «47» تۇەننىڭ كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇشى بىلەن قۇرۇلغان، هازىر 30 مىڭ 468 مو تېرىلغۇ يېرى بار.

«قىزىلىيۇلتۇز» 2 - ئۆستىڭى بۇ مەيداننىڭ ئاساسىي سۇ ئىنشائاتى بولۇپ، 1952 - يىلى چېپىلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 37.4 كىلومېتىر، لايىھەدىكى ئېقىن مىقدارى 5.5 كۇب مېتىر/سېكۇنت، ئەمەلىي سۇ ئۆتۈش ئىقتىدارى 4.75 كۇب مېتىر/سېكۇنت. ئۇنىڭدىن باشقا، 136 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار، ئۇنىڭدىن يۇرۇشلەشتۈرۈلگىنى 75.

1983 - يىلى 22 مىڭ 654 مو يەرگە ئاشلىق زىرائەتلىرى، 13.13 مو يەرگە كېۋەز، 200 مو يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىپ، 12 مىليون 700 مىڭ جىڭ ئاشلىق،

180 مىڭ جىڭ پاختا، 300 مىڭ جىڭ قوغۇن-تاۋۇز، 220 مىڭ جىڭ مېۋە-چېۋە ئېلىنىدى.

1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان ھەر خىل چارۋا 4449 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 3817، ئات 287، كالا 272، تۆگە 73.

1983-يىلى بار ئورمان 1853.5 مو (بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك باغ 714 مو)، دەل-دەرەخ 920 مىڭ تۈپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1.9% كە يەتتى.

1983-يىلى بېلىق بېقىلغان سۇ يۈزى 100 مو بولۇپ، 200 مىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل بېلىق بېقىلدى.

مەيدان باشقۇرۇشىدىكى سانائەت-قوشۇمچە كەسىپلەر: ھاك، يىللىق مەھسۇلاتى 1000 توننا، سېمونت، يىللىق مەھسۇلاتى 2000 توننا، تۇز، يىللىق مەھسۇلاتى 10 مىڭ توننا، ئىشقارلىق سولفىد، يىللىق مەھسۇلاتى 2500 توننا؛ ئاق ھاراق، يىللىق مەھسۇلاتى 50 توننا؛ ئۇن-ياغ، يىلىغا 1300 توننا؛ يېمەكلىك، يىلىغا 100 توننا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

مەيدان بويىچە 11 ھەر خىل يۈك ئاپتوموبىلى بار، ئومۇمىي تونناژى 40 توننا؛ 25 تراكتور، ئىككى پىكاپ، بىر قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى، 31 ئورۇندۇقلۇق بىر چوڭ ئاپتوبۇس بار.

## «قىزىل يۇلتۇز» 3-مەيدانى

بۇ مەيدان ناھىيە بازىرىنىڭ يەتتە كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان، پالۋانتۇر گۇڭشېسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 8.6 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 2197.

بۇ مەيدان ئەسلىدە يېزا ئىگىلىك 5-شىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق چارۋىچىلىق 1-دۈيى بولۇپ، 1956-يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان، 1958-يىلى ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ قۇرۇلغان (ئۈزۈمچىلىك مەيدانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، يېزا ئىگىلىك 5-شىسى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدۇ. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يېرى 9100 مو.

بۇ مەيدان يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ جەھەتتە يەر ئاستى سۈيىنى ئاساس، ئۆستەڭ سۈيىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. ياشلار ئۆستىڭى «قىزىليۇلتۇز» 1-ئۆستەڭنىڭ تارمىقى بولۇپ، 1959-يىلى چېپىلغان، ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، لايىھەدىكى ئېقىن مىقدارى 1.5 كۇب مېتىر/سېكۇنت، ئەمەلىي سۇ ئۆتۈش مىقدارى 1.6 كۇب مېتىر/سېكۇنت، يەنە 33 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار، بۇنىڭدىن يۈرۈشلەشتۈرۈلگىنى 29.

بۇ مەيدان قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قوشۇمچە قىلىدۇ. باغۋەنچىلىكتە قوغۇن، تاۋۇز، ئالما، ئۈزۈم ئاساس قىلىنىدۇ، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن، ئاساسەن، بۇغداي، ئاق قوناق تېرىلىدۇ.

1983 – يىلى 3995 مو ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 1 مىليون 500 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئېلىندى؛ 1559 مو يەرگە قوغۇن – تاۋۇز تېرىلىپ، 6 مىليون 240 مىڭ جىڭ قوغۇن – تاۋۇز ئېلىندى؛ مېۋىلىك باغ 2870 مو بولۇپ، 400 مىڭ جىڭ مېۋە ئېلىندى.

1983 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان ھەر خىل چارۋا 427 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 323، كالا 44، ئات 29، ئېشەك 17، خېچىر 14.

1983 – يىلىدىكى ئورمان 620 مو، دەل – دەرەخ 387 مىڭ 213 تۈپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 4.77%.

مەيدان باشقۇرۇشىدىكى سانائەت، قوشۇمچە كەسىپلەر: ھاراق زاۋۇتى بىر بولۇپ، بىر يىلدا 380 توننا ھاراق چىقاردى، ئۇنىڭ ئىچىدە مېۋە ھارىقى 300 توننا، ئاق ھاراق 80 توننا، ئۇن – ياغ زاۋۇتى بىر بولۇپ، بىر يىلدا 329 توننا ئۇن – ياغ تارتتى؛ خىش زاۋۇتى بىر بولۇپ، بىر يىلدا 8 مىليون دانە خىش پىشۇردى.

مەيدان بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1800 ئات كۈچىگە يېتىدۇ، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئىككى يۈك ئاپتوموبىلى، توققۇز چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور، بەش قول تراكتورى، تراكتورغا چېتىلىدىغان 18 چوڭ – ئوتتۇرا تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى، ئىككى كومبايىن بار.

## «قىزىل يۇلتۇز» 4 – مەيدانى

بۇ مەيدان ناھىيە بازىرىنىڭ 50 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسىنىڭ ئېرداۋچېڭ دادۈيى بىلەن قوشنا، ئومۇمىي كۆلىمى 49 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 2376، ئۇنىڭغا 14 لىيەندۈي قارايدۇ.

بۇ مەيدان 1959 – يىل 4 – ئايدا قۇرۇلغان، ئەسلىدە بىرلا لىيەندۈي بار ئىدى، 6 – ئايدا تۇرپاندىن ئىككى لىيەندۈي يۆتكەپ كېلىندى، كېيىن تۆت ئاساسىي لىيەن، بىر ماشىنىلاشقان لىيەن قۇرۇلدى. 12 مىڭ 755 مو تېرىلغۇ يېرى بار.

«قىزىليۇلتۇز» 4 – ئۆستەڭگى بۇ مەيداننىڭ ئاساسىي سۇ ئىنشائاتى بولۇپ، 1959 – يىلى چېپىلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، لايىھەدىكى ئېقىن مىقدارى تۆت كۇب مېتىر / سېكۇنت، ئەمەلىي سۇ ئۆتۈش مىقدارى 3.5 كۇب مېتىر/سېكۇنت، يەنە 22 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار، ئۇنىڭدىن يۇرۇشلەشتۈرۈلگىنى 18.

1983 – يىلى 6783 مو يەرگە بۇغداي، 268 مو يەرگە ئاق قوناق، 1745 مو يەرگە كېۋەز، 664 مو يەرگە قوغۇن – تاۋۇز، 60 مو يەرگە كۆكتات تېرىلىپ، 2 مىليون 566 مىڭ جىڭ بۇغداي، 160 مىڭ جىڭ پاختا، 64 مىڭ جىڭ قوغۇن – تاۋۇز ئېلىندى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى رېكورتى 2 مىليون 750 مىڭ جىڭ.

1983 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋا 1683 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 1200، كالا 395، ئات 88.

www.uyghurkitap.com

1983 - يىلدىكى ئورمان 900 مو، دەل - دەرەخ 126 مىڭ تۈپ.
مەيدان بويىچە بەش يۈك ئاپتوموبىلى (ئومۇمىي تونناژى 16.5 توننا)، 11 تراكتور، بىر پىكاپ، بىر ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت بار.

## «قىزىلىيۇلتۇز» 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى

بۇ فېرما قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن ئاراتۈرۈك ناھىيىسى چېگرىلىنىدىغان جايدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، تاشۆيلىق گۇڭشېسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 317.2 كۋادرات كىلومېتر، نوپۇسى 1139، ئۇنىڭغا بەش لىيەندۈي قارايدۇ.
بۇ فېرما 1950 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6 - جۈن 16 - شى 48 - تۇەننىڭ 9 - لىيەنى، 46 - تۇەننىڭ 8 - لىيەنى ۋە پولات - تۆمۈر 2 - لىيەنى ئىدى، بۇ فېرما چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ.
1983 - يىلدىكى نەسلى ياخشىلانغان قوي 11 مىڭ 706، تۆگە 698، ئات 340، كالا 96، ئېشەك 18، يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نەق چارۋا 12 مىڭ 858 تۇياق.
بۇ مەيداندا جەمئىي 600 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ئاساسەن، يەم - بوغۇز قىلىنىدىغان ئارپا تېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئاز - تولا كۆكتات (ياڭيۇ، قىچا، تۇرۇپ) تېرىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كېرەكلىك بىر قىسىم كۆكتات ھەل قىلىنىدۇ.
مەيدان بويىچە 47 دانە ھەر خىل ماشىنا - سايمان بار، ئومۇمىي ئات كۈچى 519، تۆت ئاپتوموبىل، بىر دانە رېزىنكە چاقلىق تراكتور بار.

## «راكېتا» دېھقانچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان ناھىيە بازىرىنىڭ 10 كىلومېتر غەربىي - شىمالىغا جايلاشقان، شەھەر ئىچى گۇڭشېسى بىلەن قوشنا، ئومۇمىي كۆلىمى 64 كۋادرات كىلومېتر، نوپۇسى 7038، ئۇنىڭغا 16 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، بىر چارۋىچىلىق دۈيى، 15 سانائەت - قوشۇمچە كەسىپ ئورنى قارايدۇ.
بۇ مەيدان 1958 - يىلى 8 - ئايدا ئەسلىدىكى قومۇل ناھىيىسىنىڭ «جىيەنشىن» 1 -، 2 - كوپېراتىپلىرى ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق قۇرۇلغان. 1975 - يىلى 5 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 32 مىڭ 98 مو تېرىلغۇ يېرى بار.
بۇ مەيدان دېھقانچىلىقتا ئاساسەن تۆرۈك سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىگە تايىنىدۇ، ھەر يىلى 8 مىليون كۇب مېتىردىن 12 مىليون كۇب مېتىرغىچە سۇ ئىشلىتىدۇ، يەنە 157 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار.
1983 - يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى جەھەتتە مەيدان تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى رېكورد

يارىتىلدى، 17 مىليون 570 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئېلىندى، يۇقىرىغا 11 مىليون 500 مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىق تاپشۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 893 مىڭ يۇەنگە يەتتى.

مەيدان بويىچە ئورمان كۆلىمى 3250 مو، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك باغ 120 مو، 1983 - يىلى ئورمانچىلىق كىرىمى 87 مىڭ 500 يۇەنگە يەتتى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان ئومۇمىي چارۋا 3139 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 1812، ئات 339، كالا 262، چوشقا 479، خېچىر 107، ئېشەك 91، تۆگە 49. چارۋىچىلىقتىن 118 مىڭ يۇەن كىرىم قىلىندى.

سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ ئورۇنلىرى ئىچىدە چوڭراقلىرىدىن بىناكارلىق - قۇرۇلۇش دۈيى، قەغەز زاۋۇتى، بالون يېلىملاش زاۋۇتى، خىش زاۋۇتى قاتارلىقلار بار. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش دۈيى 1983 - يىلى مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليون 450 مىڭ يۇەنگە يەتكۈزۈپ، 262 مىڭ يۇەن پايدا ئالدى؛ قەغەز زاۋۇتى يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى 793 مىڭ يۇەنگە يەتكۈزدى، بۇ زاۋۇتتا ئىشلەنگەن تازىلىق قەغىزى غەربىي شىمال رايونى بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى؛ بالون يېلىملاش زاۋۇتىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 373 مىڭ يۇەنگە، خىش زاۋۇتىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 305 مىڭ يۇەنگە يەتتى.

مەيدان بويىچە ئون ئاپتوموبىل، بىر كىران، يەتتە كومبايىن، 12 رېزىنكە چاقلىق تراكتور، 18 زەنجىر تاپانلىق تراكتور، بەش قۇدۇق قېزىش ماشىنىسى، بىر خىش ماشىنىسى، ئالتە دانە «فېڭيۈن — 125» ماركىلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسى بار. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 80 پىرسەنتى ماشىنىلاشتى.

## ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان ناھىيە بازىرىنىڭ 20 كىلومېتر شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر گۇڭشېلىرى بىلەن چېگرىداش، ئومۇمىي كۆلىمى 634 كۇۋادرات كىلومېتر، نوپۇسى 8396، ئۇنىڭغا ئون دېھقانچىلىق دۈيى قارايدۇ.

بۇ مەيدان 1958 - يىلى ساقا، تاشار يېزا ئىگىلىك ئالىي كوپېراتىپلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان، ئەسلىدە قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ئىدى، 1979 - يىلى ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 22 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يېرى بار، 1983 - يىلى 7 مىليون 800 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئالدى.

بۇ مەيدان كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ، ئورمان، باغ كۆلىمى 9911 مو كېلىدۇ.

بۇ مەيدان دېھقانچىلىقتا، ئاساسەن، تاغ سۈيىگە تايىنىدۇ، تاشار ئۆستىڭىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتر، يىللىق سۇ مىقدارى 32 مىليون كۇب مېتر. ئۇنىڭ-

دىن باشقا، مەيدان بويىچە 86 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار، بۇنىڭدىن يۇرۇشلەشتۇرۇلگىنى 72، بەش كارىز بار، ئېقىن مىقدارى 16 لېتر ـ سېكۇنت.

## ليۇشۇچۈەن دېھقانچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان ناھىيە بازىرىنىڭ 60 كىلومېتىر غەربىي ـ شىمالىغا جايلاشقان، ئاستانە، قارادۆۋە گۇڭشېلىرى بىلەن چېگرىداش، ئومۇمىي كۆلىمى 1200 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 9139، ئۇنىڭغا 25 ليەندۈي قارايدۇ.

بۇ مەيدان ئەسلىدە قۇمۇل ناھىيىسىگە قارايدىغان «تاۋانگارت» خەلق گۇڭشېسى بولۇپ، 1960 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىنىڭ تەستىقى بىلەن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. تېرىلغۇ يېرى 25 مىڭ مو.

بۇ مەيدان دېھقانچىلىقتا، ئاساسەن، كارىز سۈيىگە تايىنىدۇ، 73 كارىز بار، يىللىق سۇ مىقدارى 20 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ. يەنە چەچەي جىلغىسىدىن كېلىدىغان تاغ سۈيىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىدۇ، يىللىق سۇ مىقدارى 10 مىليون كۇب مېتىر، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە 47 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار، بۇنىڭدىن يۈرۈشلەشتۈرۈلگىنى 39.

1983 ـ يىلى مەيدان بويىچە 7 مىليون 286 مىڭ 800 جىڭ ئاشلىق ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 4 مىليون 863 مىڭ 100 جىڭ. 14 مىڭ 500 جىڭ پاختا، 376 مىڭ 800 جىڭ ياغلىق دان، 2 مىليون 390 مىڭ جىڭ كۆكتات، 430 مىڭ جىڭ قوغۇن ـ تاۋۇز، 215 مىڭ جىڭ مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان ھەر خىل چارۋا 22 مىڭ 296 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 3215، چوشقا 743، قوي 18 مىڭ 428 تۇياق.

مەيدان بويىچە 1834 مو ئورمانلىق، 1399 مو باغ بار.

سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ جەھەتتە، يىلىغا 10 مىليون دانە خىش، 150 توننا ئاق ھاراق، 30 توننا جياڭيۇ ـ ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، 1600 توننا ئۇن ـ ياغ تارتىلىدۇ.

1983 ـ يىلى سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 211 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

مەيدان بويىچە ئۈچ ئاپتوموبىل بار، ئومۇمىي تونناژى 11.5. يەنە 14 چوڭ تراكتور، يەتتە كىچىك تراكتور بار، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2145.5 ئات كۈچىگە يېتىدۇ.

## قوشۇمچە II: يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىلغار تىپلار

### 1. بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې

بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې ناھىيە بازىرىنىڭ 34 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، يازغى بۇغداي تېرىشنى ئاساس قىلىدۇ. 1977 ـ يىلىدىن ئىلگىرى بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 300 جىڭ ئىدى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون جىڭغا يەتمەيتتى، ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق شۇ گۇڭشېنىڭ ئېھتىياجىنىلا قاندۇرالايتتى، ئاپەتكە ئۇچرىغان يىللىرى يەنە دۆلەتتىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ يەيتتى.

1978 ـ يىلىدىن كېيىن، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ گۇڭشې پارتىيىنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گۇڭشېدا يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا پونكىتى قۇرۇلدى، قىش كۇنلىرى، گۇڭشې ئەسلىدە ئاساسى بار يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرىنى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك كادىرلىرى كۇرسىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، ياز كۇنلىرى، ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرىنى يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، سىناق ئېتىزى، ئۇرۇقلۇق ئېتىزى ۋە مول ھوسۇل ئېتىزىنى چىڭ تۇتۇپ، نۇقتا ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلىگەن ھالدا ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلدى.

1980 ـ يىلىدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى جەھەتتە يەنە «ئۈچ ئۆزگەرتىش» ئېلىپ بېرىلدى، يەنى كىچىك دائىرىدە سىناق قىلىش كەڭ دائىرىدە سىناق قىلىشقا، نۇقتىدا سىناق قىلىش كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇشقا، بەلباغسىمان تېرىش بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، بىر پەسىلدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. رەھبەرلەر، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، 1978 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلغىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئېشىپ، بىردىن كۆپەيدەك قاتلاندى.

1978 ـ يىلى گۇڭشې بويىچە 13 مىڭ 400 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 6 مىليون 320 جىڭ ھوسۇل ئېلىندى، يەنى 1977 ـ يىلدىكىدىن 2 مىليون جىڭ ئاشتى، مو بېشى مەھسۇلاتى 477 جىڭغا يېتىپ، 130 جىڭ ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي تېرىلغان يەر 9500 مودىن كۆپرەك بولۇپ، 3 مىليون 810 مىڭ جىڭ ھوسۇل ئېلىندى، مو بېشى مەھسۇلاتى 400 جىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1980 ـ يىلى 13 مىڭ 500 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 7 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ھوسۇل ئېلىندى، مو بېشى مەھسۇلاتى 552 جىڭغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يازغى بۇغداي تېرىلغان يەر 9600 مو بولۇپ، 5 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ھوسۇل ئېلىندى، مو بېشى

مەھسۇلاتى 500 جىڭدىن ئاشتى. 1982 - يىلى زىرائەت قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، يازغى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى مۇۋاپىق تۈردە ئازايتىلدى، شۇ يىلى 13 مىڭ مو يەر تېرىلىپ، 8 مىليون 500 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئېلىندى، مو بېشى مەھسۇلاتى 652 جىڭغا يەتتى، ئومۇمىي ئاشلىق مىقدارى 1977 - يىلدىكىدىن سەل كەم بىر قاتلاندى. 1983 - يىلى 15 مىڭ 500 مو يەر تېرىلىپ، 10 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق ئېلىندى، يەنى 1977 - يىلدىكىدىن 1.73 ھەسسە ئاشتى. مو بېشى مەھسۇلاتى 756 جىڭغا يېتىپ، 1977 - يىلدىكىدىن 1.12 ھەسسە ئاشتى. 1983 - يىلى ئەرداۋچىلىك دادۈيىدىلا 28 ئائىلە 10 مىڭ جىڭدىن، تۆت ئائىلە 20 مىڭ جىڭدىن ئاشلىق سېتىپ بەردى.

ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشى بىلەن، گۆشچى ئەزالىرىنىڭ كىرىمى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. 1983 - يىلى گۆشچى بويىچە ئومۇمىي كىرىم 2 مىليون 856 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشتى؛ ھەربىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 434 يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 2.4 ھەسسە ئاشتى.

**بولۇڭتوغراق گۆشچىسىنىڭ ئالتە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات ئەھۋالى**

جەدۋەل 4 — 22

| يىللار | كۆلىمى (مو) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (مىڭ جىڭ) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تاۋار ئاشلىق (جىڭ) | مو بېشى مەھسۇلاتى (جىڭ) | ئومۇمىي كىرىم (مىڭ يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | 12400 | 4300 | | 347 | | |
| 1978 | 13400 | 6320 | 315 | 477 | 937 | 128 |
| 1979 | 13686 | 6190 | 305 | 452 | 827 | 107 |
| 1980 | 13544 | 7560 | 406 | 552 | 1117 | 134 |
| 1981 | 12574 | 7920 | 441 | 630 | 1117 | 140 |
| 1982 | 13000 | 8500 | 508 | 652 | 1386 | 189 |
| 1983 | 15500 | 11720 | 693 | 756 | 2856 | 434 |

## 2. ئاستانە گۇڭشې 3 - دادۇيىنىڭ 2 - شياۋدۇيى

ئاستانە گۇڭشې 3 - دادۇيى 2 - شياۋدۇيى 1960 - يىلى چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن جياڭسۇلۇق ياش - ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن تەشكىللەنگەن ئىشلەپچىقىرىش دۇيى. ئۇ چاغدا بۇ يەر بىر شورلۇق بولۇپ، ھەممە يېرى ئاق شور بىلەن قاپلانغانىدى. ئىشلەپچىقىرىش شەرت - شارائىتى ناچار بولۇپ، ئاشلىق مو بېشى مەھسۇلاتى ئاران 200 جىڭ ئەتراپىدا ئىدى. بۇ ئىشلەپچىقىرىش دۇيى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 45 ئائىلە، 154 نوپۇس، 700 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، دۇينىڭ جۇغلانمىسى، ئائىلىلەرنىڭ ئارتۇق ئاشلىقى ۋە ئامانەت پۇلى يوق ئىدى. 20 نەچچە يىل ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، شورلۇق يەرلەرنى ياخشىلاش، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش شەرت - شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە دادۇي بويىچە ئائىلە 81 گە، نوپۇس 382 گە، ئەمگەك كۈچى 150 گە، تېرىلغۇ يەر 1200 موغا، ئۇلاغ 50 تۇياققا، تراكتور تۆت (جەمئىي 170 ئات كۈچى) كە يەتتى. تېرىلغۇ يەرلەر سالالاشتۇرۇلدى. بوك - باراقسان ئورمان بەلباغلىرى بىنا قىلىندى، ئېرىق - ئۆستەڭلەر يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، تەپتەكشى يوللار ياسالدى، رەت - رەت يېڭى ئۆيلەر سېلىندى، ھەممە ئائىلىنىڭ ئېشىنچە ئاشلىقى ۋە بانكىدا ئامانەت پۇلى بار.

20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدە بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيتىلىپ، ئاشلىق زىرائەت ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يازغى بۇغداينىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋە مو بېشى مەھسۇلاتىمۇ يىلدىن - يىلغا ئاشتى. دۇي قۇرۇلغان تۇنجى يىلى يازغى بۇغداي ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئاران 120 مىڭ جىڭ ئىدى، 1966 - يىلى 280 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1.3 ھەسسە ئاشتى. 1970 - يىلى يازغى بۇغداي ئومۇمىي مەھسۇلاتى 340 مىڭ جىڭغا، 1976 - يىلى 410 مىڭ جىڭغا، 1979 - يىلى 550 مىڭ جىڭغا، 1980 - يىلى 680 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 مىڭ جىڭ ئاشتى. يازغى بۇغداي مو بېشى مەھسۇلاتى 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى بەش يىلىدا ئاران 200 جىڭ ئەتراپىدا ئىدى، 60 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە 400 جىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. 70 - يىللارنىڭ دەسلەپكى بەش يىلىدا 500 جىڭ ئەتراپىغا، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە 700 جىڭغا، 1980 - يىلى 796 جىڭغا يەتتى. 1981 - يىلى دۇي تارىخىدا ئەڭ

يۇقىرى رېكورد يارىتىلىپ، 819 جىڭغا يەتتى.

بۇغداي مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دادۈي بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. 1972 - يىلى 450 مىڭ جىڭغا، 1973 - يىلى 580 مىڭ جىڭغا، 1976 - يىلى 700 مىڭ جىڭغا، 1978 - يىلى 840 مىڭ جىڭغا يەتتى. 1979 - يىلى بۇ دۈي «سەككىزنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى ئازايتىش»، يەنى مەھسۇلاتنى، ئومۇمىي كىرىمنى، ساپ كىرىمنى، دۆلەتكە قوشىدىغان تۆھپىنى، كوللېكتىپ جۇغلانمىنى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامەتنى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتىنى، ئارتىلىپ قالغان قەرز پۇللارنى ئازايتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار تىپ بولۇپ باھالاندى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيى شان - شەرەپ ئالدىدا مەغرۇرلانماي، داۋاملىق تىرىشىپ، 1980 - يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 1 مىليون 30 مىڭ جىڭغا يەتكۈزدى، 1983 - يىلى يەنە يېڭى رېكورد يارىتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 1 مىليون 70 مىڭ جىڭغا، مو بېشى مەھسۇلاتىنى 857 جىڭغا يەتكۈزۈپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى ئىچىدە ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلات بويىچە ئەڭ يۇقىرى رېكورد ياراتتى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. 1980 - يىلدىكى تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، دۈي بويىچە ۋېلسىپىت 100 نەچچىگە، قول سائىتى 100 نەچچىگە، شەخسلەرنىڭ بانكىغا قويغان ئامانەت پۇلى 160 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1981 - يىلى يىللىق تەقسىمات قىلىنغان كۈنى گۇڭشې ئەزالىرى ئىناۋەتلىك قەرز كوپىراتىپىغا بىر قېتىمدىلا 69 مىڭ يۈەن پۇل ئامانەت قويغان. بۇ، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 850 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. مۇنداق ئىش قۇمۇلنىڭ يېزا پۇل ئامانەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان.

1983 - يىلى ھەر بىر ئەمگەك كۈچى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7000 جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتنى 4700 جىڭ تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى، دۈي بويىچە دۆلەتكە 700 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق تاۋار ئاشلىق سېتىپ بېرىلدى.

**2 - شياۋدۈينىڭ 1972 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچىنىڭ ئېشىش ئەھۋالى**

جەدۋەل 4—23

| يىللار | ئومۇمىي مەھسۇلات (مىڭ جىڭ) | ئومۇمىي كىرىم (مىڭ يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم (مىڭ يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تاۋار ئاشلىق (مىڭ جىڭ) | جۇغلانما (مىڭ يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوزۇقلۇق ئاشلىق (جىڭ) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1972 | 450 | 81 | 129 | 261 | 5.8 | 360 |
| 1973 | 580 | 108 | 135 | 303 | 12 | 370 |
| 1974 | 530 | 104 | 152 | 313 | 7 | 370 |
| 1975 | 550 | 113 | 163 | 325 | 8.9 | 380 |
| 1976 | 740 | 131 | 177 | 325 | 15 | 390 |
| 1977 | 720 | 134 | 180 | 397 | 10 | 400 |
| 1978 | 840 | 157 | 208 | 484 | 22.5 | 420 |
| 1979 | 920 | 188 | 255 | 535 | 29 | 450 |
| 1980 | 1030 | 211 | 311 | 646 | 27 | 600 |
| 1981 | 1030 | 228 | 336 | 734 | 12 | |
| 1982 | 920 | 231 | 357 | 703 | 13 | |
| 1983 | 1070 | 312 | 603 | 787 | 12 | |

www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى قىسىم    قۇمۇل قوغۇنى

قوغۇن ئۆستۈرۈلۈكلەرنى تۇرگە ئايرىش ئىلمىدە كاۋا ـ قاپاق ئائىلىسىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇ، قېلىن شاپاقلىق قوغۇن دائىرىسىگە كىرىدۇ. قۇمۇل قوغۇنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە داڭ چىقارغان. كاڭشىنىڭ 35 ـ يىلى (1696 ـ يىلى) قۇمۇل چىڭ ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئەبەيدۇللا تارخان بەكىكە 1 ـ دەرىجىلىك جاساق مەرتىۋىسى بېرىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇمۇل مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە ھەر يىلى قوغۇن تارتۇق قىلىپ تۇرغان. جاڭيىڭ ئۆزىنىڭ «غەربكە يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى» دە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپىرىمدە، گەنسۇنىڭ شەندەن دېگەن يېرىگە يېتىپ كېلىپ، «يول ئۈستىدە خانغا قوغۇن تارتۇق قىلىشقا ماڭغان ئات ـ ئۇلاغلىق كارۋانلارنى ئۇچراتتىم. ئۇلار يۈزدىن، مىڭدىن بىر توپ بولۇپ مېڭىپتۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدا سېرىق رەخت بىلەن ئورالغان كىچىك خالتا بولۇپ، ئۇنىڭغا بىردىن قوغۇن سېلىنىپتۇ. ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، ئات ـ ھارۋىلارنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ مېڭىپتۇ» دەپ يازغان.

ئەينى چاغدا، جىيۈن يازغان «ۋېيساۋ تاڭ خاتىرىلىرىنى كۆرگەندە» دېگەن ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «تارتۇق قىلىنىدىغان قوغۇنلار 60% پىشقاندىلا ھەم يۈگىلىپ ئېلىپ مېڭىلىدۇ. قوغۇن ئۆزلۈكىدىن ئىسسىپ، بېيجىڭغا يېتىپ بارغىچە 80% پىشىدۇ. ئەگەر 80% — 90% پىشقان قوغۇنلار ئېلىپ مېڭىلسا، يولدىلا سېسىپ كېتىدۇ». چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى شۈەنتۇڭ يىللىرىدا، خان ئوردىسى «يول يىراق بولغاچقا قوغۇننى ئېلىپ كېلىشنىڭ ناھايىتى مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارغا جاپا سېلىشنى راۋا كۆرمەي، قوغۇن تارتۇق قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان».

قۇمۇلنىڭ قوغۇنى ئۆزىنىڭ تاتلىقلىقى ۋە كۆركەملىكى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. چيەنلۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1737 ـ يىلى) قايتىدىن تۈزۈلگەن «سۇجۇنىڭ يېڭى تەزكىرىسى» دە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «گۇاجۇ گەرچە مەشھۇر بولسىمۇ، لېكىن قۇمۇل قوغۇنى دېگەن نامغا يەتمەيدۇ. قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تەمى ھەسەلدەك تاتلىق. ئۇ باشقا جايلاردا تېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەمى زادىلا قۇمۇلنىڭكىگە يەتمىگەن». ليۇۋېنخەي «غەرب ساياھىتىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە: «قۇمۇل قوغۇنى جاھاندا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ... مەن دۇنيانى ئىككى قېتىم ساياھەت قىلدىم ھەم جۇڭگونى بىرنەچچە قېتىم ئارىلاپ چىقتىم، يېگەن قوغۇنلىرىم ئىچىدە قۇمۇل قوغۇنىغا يېتىدىغىنى يوق» دەپ يازغان. قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تەمى تاتلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭدا ئوزۇقلۇق ماددا مول، ئاقسىل، گلۇكوزا، ۋىتامىن ۋە تۆمۈر، فوسفور، كالتسىي قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلار كۆپ. قۇمۇل قوغۇنى تومۇرلارنى ئېچىش، ئىسسىقنى

ئېلىش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بۆرەك ياللۇغى، ئاشقازان ياللۇغى، كەم قانلىق، قەۋزىيەتكە ئوخشاش كېسەللىكلەرگە مۇئەييەن شىپا بولىدۇ.

قۇمۇل قوغۇنىنىڭ سورتى كۆپ. 1958 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى قۇمۇل ناھىيىسىدە قوغۇنىنىڭ سورتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتى. شۇ چاغدا، قۇمۇل قوغۇنى تورلىشىدىغان قوغۇن ۋە تورلاشمايدىغان قوغۇن دەپ ئىككى چوڭ سىستېمىغا ئايرىپ چىقىلدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە، ئاساسەن، تورلىشىدىغان قوغۇن تېرىلىدۇ ۋە يازلىق، كۈزلۈك قوغۇن دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. يازلىق قوغۇن ئالتە سىستېما، 11 خىل سورتقا، كۈزلۈك قوغۇن ئىككى سىستېما، بەش خىل سورتقا بۆلۈنىدۇ. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى قوغۇن سورتىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى. شۇ چاغدا 23 خىل سورت بولۇپ، بۇنىڭدىن 18 خىل سورت بېكىتىلىپ خاتىرىگە ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

# I باب تېرىلغۇ كۆلىمى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلاردا: «ياتىدۇ سانسىز چۆنەكتە پىشقان قوغۇن، دەپ ‹ئۈز مېنى››، «پايانى يوق قوغۇنلۇقنىڭ، قوغۇنىنىڭ تۆكمە پەسلى بۇ»، «نەزەر سېلىپ كىرسەڭ يامۇل ھويلىسىغا، يېشىل پېلەك ياتار تەگدىن تولىسىدا» دېگەن مىسرالار بولغان. بۇ، ئەينى يىللاردا قۇمۇلدا خېلى زور كۆلەمدە قوغۇن تېرىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

جى يۈن «ۋېيساۋتاڭ خاتىرىلىرىنى كۆرگەندە» دېگەن ئەسىرىدە غەربىي يۇرتنىڭ مېۋە - چېۋىلىرى ئىچىدە، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى بىلەن قۇمۇلنىڭ قوغۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق» دەپ يازغان. بۇ، ئەينى زاماندا، قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمى جەھەتتە، غەربىي يۇرت بويىچە ھېچقانداق جاينىڭ قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ قۇمۇلنىڭكىگە يەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بەخش ئەتتى چېگرىغا خان ئاسايىشلىق،
ئېچىلدى تۈمەنلەپ چاقىرىم بوز يەر.
يىلمۇ يىل يوللانغان قوغۇن سوۋغىتى،
لۇكۇچياۋ ئۈستىدىن توختىماي ئۆتەر.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇلدا قوغۇنچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ھەر يىلى خانغا قوغۇن تارتۇق قىلىشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. تارتۇق قىلىنىدىغان ئېسىل قوغۇنلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭى قاغۇم، بوغاز، قاراتال ۋە قارا دۆۋە قاتارلىق جايلاردا تارتۇق قوغۇن تېرىلىدىغان قوغۇنلۇقلارنى بەرپا قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، «خەلققە جەبىر - زۇلۇم بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئەمەلدىن

## 1949 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قوغۇنچىلىق ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

1 — 5

| يىللار | كۆلىمى (مو) | مو بېشى مەھسۇلاتى (جىڭ) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (جىڭ) |
|---|---|---|---|
| 1949 | 2900 | 600 | 1740000 |
| 1950 | 2900 | 600 | 1740000 |
| 1951 | 2900 | 1000 | 2900000 |
| 1952 | 2300 | 383 | 880000 |
| 1953 | 4700 | 660 | 3100000 |
| 1954 | 2100 | 632 | 1330000 |
| 1955 | 2500 | 650 | 1630000 |
| 1956 | 2700 | 1966 | 5310000 |
| 1957 | 3900 | 1378 | 5370000 |
| 1958 | 4500 | 1297 | 7840000 |
| 1959 | 6100 | 1256 | 7660000 |
| 1960 | 8700 | 434 | 3780000 |
| 1961 | 4100 | 511 | 2100000 |
| 1962 | 2800 | 1255 | 3510000 |
| 1963 | 2800 | 905 | 2530000 |
| 1964 | 2500 | 928 | 2320000 |
| 1965 | 2600 | 835 | 2170000 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 4230000 | 1143 | 3700 | 1966 |
| 6170000 | 1714 | 3600 | 1967 |
| | | 3900 | 1968 |
| | | 4200 | 1969 |
| 4380000 | 1218 | 3600 | 1970 |
| 3380000 | 994 | 3400 | 1971 |
| 1750000 | 514 | 3400 | 1972 |
| 3560000 | 810 | 4400 | 1973 |
| 2910000 | 808 | 3600 | 1974 |
| 4020000 | 838 | 4800 | 1975 |
| 4460000 | 990 | 4500 | 1976 |
| 2470000 | 475 | 5200 | 1977 |
| 5150000 | 1320 | 3900 | 1978 |
| 6780000 | 1695 | 4000 | 1979 |
| 6140000 | 1754 | 3500 | 1980 |
| 11300000 | 3424 | 3300 | 1981 |
| 7300000 | 1489 | 4900 | 1982 |
| 6960000 | 2046 | 3400 | 1983 |

www.uyghurkitap.com

قالدۇرۇش يارلىقى چۈشۈرۈلگەن» دىن كېيىن، تارتۇق قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمى تەدرىجىي ئازايتىلغان. شۇنىڭ بىلەن قوغۇن، ئاساسەن، تۇپرىقى، ئىقلىمى قوغۇن تېرىشقا باب كېلىدىغان، ئەنئەنىۋى قوغۇنچىلىق رايونلىرى بولغان بوغاز، راھەتباغ، شەھەر ئىچى، لاپچۇق، قارا دۆۋە قاتارلىق جايلاردا تېرىلىدىغان بولغان.

1949 - يىلدىن بۇرۇن، 3000 مودەك يەرگە قوغۇن تېرىلاتتى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمى يىلمۇ يىل كېڭەيدى. 1960 - يىلى 8700 مو يەرگە قوغۇن تېرىلىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. كېيىن، تېرىلغۇ كۆلىمى گەرچە ئازايتىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، بىرلىك مەھسۇلاتى ئاشتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي سىياسەت تەڭشىلىپ، بازار كېڭەيدى. قۇمۇل قوغۇنى بىر خىل يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات قاتارىدا نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1981 - يىلى قوغۇننىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 3424 جىڭغا يەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 10 مىليون جىڭدىن ئېشىپ، تارىختا يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

## II باب ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

جى يۈننىڭ «ۋېيى ساۋتاڭ خاتىرىلىرىنى كۆرگەندە» دېگەن ئەسىرىدە قوغۇن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ھەققىدە مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار: «بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، سۈيى تاتلىق، يامغۇر ياغمايدۇ. شۇڭا قوغۇننىڭ تەمى تاتلىق». قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قوغۇنىغا ئوخشىماسلىقى قۇمۇلنىڭ تۇپرىقى ۋە كىلىماتى ئالاھىدە بولۇشتەك شارائىتقا باغلىق. قۇمۇل ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، بوستانلىقىنىڭ ئەتراپىنى چۆل - جەزىرە ئوراپ تۇرىدۇ، يىل بويى ھۆل - يېغىن ئاز بولىدۇ، كىلىماتى قۇرغاق، يىغىندا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، قۇياشنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. تۇپرىقى يۇمشاق، قۇم تەركىبى كۆپ، سەل شورلۇق. مانا بۇلار قۇمۇل قوغۇنىنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىدىكى مۇھىم شەرتلەردۇر.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى» دە قوغۇن تېرىش ئۇسۇلى بايان قىلىنىپ كېلىپ، «قوغۇن مايسىلىرى چىرىتىلگەن بۇيا بىلەن بېقىلىدۇ، يازنىڭ ئاخىرى قوغۇن پىشىدۇ، ئاق شەبنەم مەۋسۇمىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۈزۈۋېلىنىدۇ. ئەگەر يامغۇر كۆپ يېغىپ كەتسە، قوغۇن تەمسىز بولۇپ قالىدۇ» دېيىلگەن. قوغۇننى بۇيا بىلەن كۆچلەش (ئوغۇتلاش)، مۇۋاپىق سۇغىرىش قاتارلىقلار ئەجدادلىرىمىز يەكۈنلەپ چىققان تەجرىبە.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، باغۋەنچىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرى قوغۇن

ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئەنئەنىۋى تېرىش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، ئۇنىڭغا بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى. مەسىلەن: «ۋېي ساۋتاڭ خاتىرىلىرىنى كۆرگەندە» دېگەن ئەسەردە ئېيتىلغان، ئۇرۇق ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ساقلىنىدۇ، دېگەنلەر ئەمەلدىن قالدى. بىراق سۈپەتلىك، ساپ قوغۇنلارنىڭ ئۇرۇقىنى تاللاپ ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلدى. 60-يىللاردىن كېيىن، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ سورتى شالغۇتلىشىپ، سۈپىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى، شۇنىڭ بىلەن قوغۇنىنىڭ سان-سۈپىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ھازىر قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئېسىل سورتلىرىدىن پەقەت «جاغدا»، «سېرىق كۆكچى» قاتارلىق ئۈچ-تۆت خىل سورتلا ساقلىنىپ قالدى.

1978-يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى تارماقلار قۇمۇل قوغۇنىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. سۈپەتلىك قوغۇنلارنىڭ ئۇرۇقىنى تاللاپ قالدۇرۇش قوغۇن ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ قالدى. ئەنئەنىۋى قوغۇن تېرىش تېخنىكىسى ئاساسىدا، قوغۇن ئۆستۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش ئىلمىي تەجرىبىلىرى يەكۈنلەپ چىقىلدى. بۇ تەجرىبىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. **تۇپراق.** يەر ئاستى سۈيى تۆۋەنرەك، تۇپراق قاتلىمى قېلىن، سەل سېغىزلىق، ئازراق شورى بار قۇمساڭ يەرلەر قوغۇن تېرىشقا تاللانسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بولۇپمۇ، قوغۇن شورى ئېقىتىۋېتىلگەن، يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرگە تېرىلسا، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئالدىنقى يىلى بۇغداي، ئاق قوناق، كېۋەز تېرىلغان يەرلەر بولسىمۇ ياخشى بولىدۇ. شوخلا، تاماكا، كۈنجۈت، ئاپتاپپەرەس، قوغۇن-كاۋا تۈرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ ئورنىغا قوغۇن تېرىسا بولمايدۇ.

2. **كۈن نۇرى ۋە تېمپېراتۇرا.** قوغۇن ئاپتاپنى ياخشى كۆرىدىغان، سايىدىن قورقىدىغان زىرائەت. پوتەكول ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا خېلى يۇقىرى يىغىندا تېمپېراتۇرىنى تەلەپ قىلىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور بولغان چۆل-جەزىرە ئىقلىمىدا ناھايىتى ئوبدان ئۆسىدۇ.

3. **تېرىش.** قوغۇن تېرىلغان يەرنىڭ ھەربىر موسىغا ئالدىنقى يىلى كۈزدە 5000 جىڭدىن 10 مىڭ جىڭغىچە ئاساسىي ئوغۇت تۆكۈلۈپ، 40-50 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇلىدۇ، ئاندىن توڭ سېلىنىدۇ، ئەتىيازدا يەر قاندۇرۇپ ئوسا قىلىنىدۇ، ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى ئۈچۈن، تۇپراقنىڭ ئون سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتىكى قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 13°C تىن 14°C قىچە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

1) **ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش.** ئۇرۇق 54° لۇق ئىللىمان سۇغا 12 سائەت ياكى سوغۇق سۇغا 24 سائەت چىلاپ قويۇلىدۇ. ئۇرۇق بىخلىناي دېگەندە تېرىلىدۇ. ئۇرۇق ئوت-سامان كۈلىگە ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلسا، ھەم ئۇرۇق ئوغۇتلىنىدۇ، ھەم زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

2) **تېرىش ئۇسۇلى.** ئادەتتە، تۈز يەرگە ياكى چۆنەك قېشىغا تېرىلىدۇ.

(1) تۈز يەرگە تېرىش: تويىسى سېغىزلىقراق، نەملىك ساقلىيالايدىغان يەردە

مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلسا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل قوللىنىلسا، ئىش ئاز كېتىدۇ، دەسلەپكى مەزگىللىك شامالدىن مۇداپىئە كۆرگىلى بولىدۇ، مايسا ئوبدان يىلتىز تارتالايدۇ. تېرىشتىن ئىلگىرى، ھەيدىلىپ، تەكشى سۆرەم سېلىنغان ئېتىزدا، قۇر ئارىلىقى 3 - 3.5 مېتىردىن، چۆنەك ئارىلىقى 1.6 مېتىردىن، تۈپ ئارىلىقى 50 - 60 سانتىمېتىردىن قالدۇرۇلۇپ، كەتمەن ياكى ئوتىغۇچ بىلەن تۆشۈك ئېچىپ ئۇرۇق سېلىنىدۇ. ئەگەر تۇپراقنىڭ ئۈستى قەۋىتى قۇرۇپ قالغان بولسا، قۇرۇق توپا قىرىپ ئېلىۋېتىلىپ، نەم تۇپىغا يەتكۈزۈپ تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇرۇق سېلىنىدۇ. ھەر بىر تۆشۈككە بەش تالدىن سەككىز تالغىچە ئۇرۇق سېلىنىپ، بەش سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمۈلىدۇ.

(2) **چۆنەك تارتىپ تېرىش:** يەر تۈزلەنگەندىن كېيىن، ئاغزىنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 0.5 مېتىردىن 0.7 مېتىرغىچە كېلىدىغان چۆنەك تارتىلىدۇ. تاختا كەڭلىكى تۈز يەرگە تېرىغانغا ئوخشاش بولىدۇ. تېرىشتىن ئىلگىرى، چۆنەككە تولدۇرۇپ سۇ قويۇلىدۇ. سۇ سىڭىپ تۇپراق تاۋلانغاندىن كېيىن، چۆنەكنىڭ گەجگىسىدىن 8 - 10 سانتىمېتىر تۆۋەن جايىدىن ئورەك ئېچىلىپ ئۇرۇق سېلىنىدۇ. ھەر مو يەردىكى مايسا سانى سورتقا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئومۇمەن، چىلگە ۋە ئوتتۇرانچى سورتلاردىن ھەر مو يەردە 600 تۈپتىن 700 تۈپكىچە، قىشلىق سورتلاردىن 450 تۈپتىن 500 تۈپكىچە مايسا قالدۇرۇلىدۇ.

(3) **سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش:** بۇ خىل ئۇسۇل 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا چەت جايلاردىن ئۆگىنىپ كېلىپ قوللىنىلدى. ئېچىلغان چۆنەكنىڭ قېشىدىن تۆۋەنگە ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا كەڭلىكى 70 سانتىمېتىر كېلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات ئاشىدۇ، سۈپەت ياخشىلىنىدۇ، بالدۇر پىشىدۇ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ زىيىنى ئازىيىدۇ.

4. **مايسا قالدۇرۇش:** بۇ ئىش تۇپراقنى يۇمشىتىش ۋە ئوتاشقا بىرلەشتۈرۈپ ئىككى قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر بىر تۆشۈكتە بىر تۈپتىن مايسا قالدۇرۇلىدۇ. مايسا قالدۇرۇش قوغۇن كۆچلەشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ، بىر - ئىككى قېتىم توپا يۇمشىتىلىدۇ ۋە ئوتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مايسىنىڭ ئۆسۈشى تېزلىتىلىدۇ:

5. **كۆچلەش، چۆنەك تارتىش:** تۈز يەرگە تېرىلغان قوغۇن 50 كۈنلۈك بولغاندا پېلەك تارتىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا مايسىنىڭ تۆۋىدىن 10 سانتىمېتىر يىراقلىقتا چوڭقۇرلىقى 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئورەك ئېچىلىدۇ. ھەر بىر ئورەككە كۆنجۈرە، قوي قىغى قاتارلىق سۈپەتلىك ئوغۇتتىن 10 جىڭچە تۆكۈلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بۇيا بىلەن كۆچلىسە ئوبدان بولىدۇ. شەرت - شارائىتى يار بەرسە، مۇددەتكە بۆلۈپ قوشۇمچە ئوغۇت بەرسە تېخىمۇ ياخشى. ئوغۇتلاش پرىنسىپى شۇكى، مايسا ئوغۇتى ئازراق بېرىلىشى، چېچەك ئوغۇتى كۆپرەك بېرىلىشى، خەمەك (سويما) ئوغۇتى جايىدا بېرىلىشى، ئالدىنقى مەزگىلدە، ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن كالىيلىق ئوغۇت بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىشى، كېيىنكى مەزگىلدە، فوسفورلۇق ئوغۇت ئاساس قىلىنىشى كېرەك. چۆنەكنىڭ تاغىقى ۋە تېگى

تۇز بولۇشى: چۆنەكتىن چىققان توپا بىلەن قوغۇن پېلىكىنىڭ كەجگىسىنى باستۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا، پېلەكنىڭ بىر-ئىككى يوپۇرمىقى كۆمۈلۈپ كەتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

6. سۇغىرىش: قوغۇننىڭ سۇغا بولغان تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق سۇغىرىش لازىم. مايسا مەزگىلىدە، مايسا توختاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى ئۈچۈن، ئامال بار باش سۈيىنى كېيىنرەك قويۇش لازىم. مايسا مەزگىلىدە، ئۇتاش، مايسا تاقلاشقا بىرلەشتۇرۇپ، مايسىنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ تۇرسا بولىدۇ. بۇ، نەملىكنى ساقلاشقا پايدىلىق. مايسىلار چېچەكلەش مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى ھەرگىز سۇدىن قىسىپ قويماسلىق كېرەك. خەمەك چوڭىيىۋاتقاندا كۆپ سۇغىرىش لازىم. لېكىن، چۆنەكتە سۇ يىغىلىپ قالماسلىقى، تاختىنى سۇ بېسىپ كەتمەسلىكى كېرەك. چۆنەكتىكى سۇ قوغۇننىڭ تۈۋىگە بەش سانتىمېتىردىن سەككىز سانتىمېتىر قالغىچە كۆتۈرۈلسە بولىدۇ. پىرىنسىپ شۇكى، مايسا مەزگىلىدە ئاز سۇغىرىش، ئۆسۈش مەزگىلىدە كۆپ سۇغىرىش، پىشىش مەزگىلىدە سۇغىرىشنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، قوغۇندىكى شېكەر تەركىبىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ۋە قوغۇننىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. قوغۇن تورلىشىپ، رەڭ تۇزۇشكە باشلىغاندا، پەقەت سۇ قويماسلىق كېرەك.

7. قوغۇن تاراش: قوغۇن سورتلىرىنىڭ خەمەك سېلىش خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ، ھەر خىل ئۇسۇلدا قوغۇن پېلەكلىرىنى تاراپ ۋە پۇتاپ، ئوزۇقلۇق سەرپىياتىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا، ھاۋا ئالمىشىش، ئاپتاپ چۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، قوغۇننىڭ پېلىكى قاراڭغۇلىشىپ كەتمەيدۇ، خەمەك سېلىش ۋە رەڭ تۇزۇشكە تەسىر يەتمەيدۇ.

(1) ئۇچىنى ئۈزۈش: قوغۇن، ئادەتتە، غول پېلەكتە خەمەك سالمايدۇ. شۇڭا مايسا تۆت يوپۇرماق بولغاندا ئۇچىنى ئۈزۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بىر تۈپ پېلەك ئىككى شاخ ئايرىيدۇ، ئۇنىڭدىن يەنە بالا شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئانىلىق چېچىكى بولمىغان ھارام شاخلارنى پۇتىۋېتىش، خەمەك چۈشكەن پېلەكنىڭ ئانىلىق چېچىكى ئۈستىدىن بىر تال يوپۇرماقنى قالدۇرۇپ، ئۇچىنى ئۈزۈۋېتىش لازىم.

(2) توپا يۆلەش: قوغۇن مايىسى پېلەك تارتىپ 20 سانتىمېتىرغا يەتكەندە، تاختىنىڭ تاغىقىنى بوشىتىپ، توپىنى پېلەكنىڭ تېگىگە يانتۇ يۆلەپ بېرىش كېرەك. شۇ چاغدا، پېلەك تاختىغا قاراپ راۋان ئۆسىدۇ. بۇندىن باشقا، پېلەك تۈۋىگە تاختىدىكى ئاپتاپ يېگەن توپىدىن يۆلەپ تۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، قوشۇمچە يىلتىزلار كۆپىيىدۇ ھەم غول ئۆسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چۆنەكنىڭ تاغىقىدىن سۇ سىزىدىغان ئەھۋالدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(3) پېلەك باستۇرۇش: پېلەك ئۆسۈپ 50-60 سانتىمېتىرغا يەتكەندە، پېلەكنى تاراپ، ھەر 30-40 سانتىمېتىر ئارىلىقتا مۇشتەك بىر داڭگال بىلەن باستۇرۇپ قويۇشقا، داڭگالنى، ئەڭ ياخشىسى، چېچەك بار ئۆگىنىڭ يۇقىرىسىدىن باستۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ھەم ئوزۇقلۇق ماددا چېچەككە توپلىنىدۇ، ھەم شامالنىڭ زى-

ىندىن ساقلانغىلى بولىدۇ. پىلەك چۈشتە باستۇرۇلسا پىلەككە زەخىم يەتمەيدۇ.

(4) **قوغۇن ئۈزۈش:** قوغۇن پىشاي دىگەندە، قوغۇنلارنى ھەپتىدە بىر نۆۋەت ئۈزۈپ، ھەممە يېرىگە ئاپتاپ تەككۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، قوغۇن ئوبدان يوغىناپ، چىرايلىق تۈسكە كىرىدۇ، ئۇنىڭدىكى قەنت ماددىسى ئاشىدۇ ۋە قوغۇن بالدۇر پىشىدۇ.

(5) **ئۈزۈش:** قوغۇن پىشقاندىن كېيىن، ئۇنى **ۋاقتىدا ئۈزۈش** كېرەك. ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلىدىغان تاۋار قوغۇنلارنى سەككىز-توققۇز ئۇلۇش پىشقاندا ئۈزگەن ياخشى. ئۆز جايىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان قوغۇنلارنى تولۇق پىشۇرۇپ **ئۈزۈش لازىم.** پىشقان قوغۇننىڭ تۇمشۇقى يۇمشايدۇ، كىندىك قىسمى سارغىيىدۇ ياكى ئاقىرىدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ، رەڭ تۈزىدۇ، شاپىقى تورلىشىدۇ. قوغۇن بەك پىشىپ كەتسە، ساپاق تۈۋى ئويۇلۇپ قالىدۇ، ساپىقىغا قول تەككەن ھامان، قوغۇن ساپىقىدىن ئايرىلىدۇ.

# III باب ئاساسلىق سورتلار

## §1. يەرلىك سورتلار

1. **جاغدا.** بۇ سورت، ئاسسەن، بوغاز، بۇلۇڭتوغراق قاتارلىق جايلارغا تارقالغان بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 50-60 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سورتنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان بولۇپ، شاپىقىنىڭ رەڭگى سارغۇچ يېشىل، قېلىن تورلىشىدۇ، ئېتى تۇم ئاق، ئاق يېشىل، ئاچ قىزىلدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ئومۇمەن، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى ئالتە-يەتتە سانتىمېتىر كېلىدۇ، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر چامىسىدا، ئۇرۇق ئويۇقچىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 23 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئېتى بوش ھەم چۇرۇك، قەنت مىقدارى 12.5% تىن 13% كىچە يېتىپ بارىدۇ. بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى بەش كىلوگرامدىن 12 كىلوگرامغا يېتىپ بارىدۇ. ساقلاش، توشۇشقا چىدامىلىق. 9-ئاينىڭ ئاخىرى ئۈزۈپ، قىشتا گەمىدە ساقلىسا، كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

جاغدا چىلك سۇلالىسى دەۋرىدە خانغا تارتۇق قىلىنىدىغان ئاساسلىق قوغۇن ئىدى، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ قۇمۇلنىڭ ئاساسلىق تاۋار قوغۇنى بولۇپ كەلمەكتە.

2. **سېرىق كۆكچى.** بۇ، بالدۇر پىشىدىغان سورتلارنىڭ بىرى، ئاسسەن، بوغاز، راھەتباغ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان، بۇلۇڭتوغراقتىمۇ ئازراق تېرىلىدۇ. بۇ سورتنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئۈنۈمسىز يەردىمۇ ئۆسۈۋېرىدۇ، شورغا چىدامىلىق، ئاسان كېسەل تەگمەيدۇ، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق. شەكلى تۇخۇمسىمان بولۇپ، شاپىقىنىڭ رەڭگى ئازراق يېشىل ئارىلاش ئالتۇن سېرىق، شاپىقى سىلىق، تورلاشمايدۇ، ساپىقىنىڭ چۆرىسىدە ئاز-تولا يېرىق ئىزلىرى بولىدۇ، شاپىقى نېپىز ھەم چىڭ، ئېتى ئاق

هەم يۇمشاق، ئۇرۇق ئويۇقچىسى كىچىك، تەمى تاتلىق، ئەمما كۆكۈلىگە تەگمەيدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ. مو بېشى مەھسۇلاتى 1.5 توننىدىن ئىككى تونىنغىچە يېتىپ بارىدۇ، قەنت مىقدارى 12% تىن 14% كە، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا، 18% كە يېتىدۇ. ئۇ، قوغۇن قېقى قۇرۇتىدىغان ئەڭ ياخشى سورت ھېسابلىنىدۇ.

3. ناشكەر (پوستىپىياز). ھازىر بۇ سورت بوغازدا ۋە نامىسىلىك دېھقانچىلىق بۆلۈمىنىڭ تەجرىبە بازىسىدا ئازراق تېرىلىدۇ، شەكلى ئۇرچۇقسىمان، ئوتتۇرىچە ئۇزۇنىغا كەسمە يۈزى 22 سانتىمېتر، توغرىسىغا كەسمە يۈزى 11.5 سانتىمېتر كېلىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام ئەتراپىدا، شاپىقى قارا كۆك، ئۇن تال كۆل رەڭ روشەن يولى بار. شاپىقى تۆكلۈك، شاپاق قېلىنلىقى 0.7 سانتىمېتر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 3.27 سانتىمېتر، رەڭگى ئاچ قىزىل، يۇمشاق، چۇرۇك، شىرنىلىك، خۇش بۇي، تاتلىق كېلىدۇ. قەنت مىقدارى 15.5% ئەتراپىدا بولىدۇ. ھەر مو يەردىن بىر تونىنغا يېقىن مەھسۇلات ئالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل سورتنىڭ سۈپىتى ياخشى، بىراق مەھسۇلاتى تۆۋەن، ساقلاش، توشۇشقا چىدامسىز.

4. شېكەر سۈيى. بوغازدا ئازراق تېرىلىدۇ. شەكلى يۇمىلاق، ئوتتۇرىچە كەسمە يۈزى ئۇزۇنىغا 17 سانتىمېتر، توغرىسىغا 13 سانتىمېتر كېلىدۇ؛ ھەر بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام ئەتراپىدا، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.7 سانتىمېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ. پىشقاندا شاپىقىدا سېرىق داغلار پەيدا بولىدۇ. ئېتى ئاچ قىزىل رەڭدە، يۇمشاق، چۇرۇك، شىرنىلىك، تاتلىق كېلىدۇ. قەنت مىقدارى 15.5% ئەتراپىغا يېتىدۇ. بۇ سورتنىڭ سۈپىتى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن، مەھسۇلاتى تۆۋەن. ساقلاش، توشۇشقا چىدامسىز. خۇسۇسىيىتى ناشكەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

5. بەشەكچى (بەشەكشىرىن). راھەتباغ، بوغاز قاتارلىق جايلاردا ئازراق تېرىلىدۇ. شەكلى يېرىم يۇمىلاق بولۇپ، مەككە كاۋىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شاپىقى سېرىق، كۆك پىچىم يوللۇق، ئاق ئەتلىك كېلىدۇ ياكى شاپىقى كۆك، سېرىق چىپار، كۆك ئەتلىك كېلىدۇ. كېيىنكىسىنىڭ سۈپىتى ياخشىراق. ئېتى يۇمشاق، شىرنىلىك، ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى تۆت كىلوگرامدىن ئالتە كىلوگرامغىچە كېلىدۇ، قەنت تەركىبى 12% ئەتراپىدا بولىدۇ. يېقىن ئەتراپتا سېتىشقا بولىدۇ، يىراق جايلارغا ئاپىرىشقا چىدىمايدۇ.

6. چىلگە (ئويىنغۇچ). بوغاز، راھەتباغ، پالۋانتۇر قاتارلىق جايلاردا ئازراق تېرىلىدۇ. ئۇنىڭ شاپىقى سېرىق ياكى كۆلرەڭ بولىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پىشىدۇ. شەكلى يېرىم يۇمىلاق. ئۇزۇنىغا ئوتتۇرىچە كەسمە يۈزى 11.8 سانتىمېتر كېلىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 0.81 كىلوگرام چامىسىدا كېلىدۇ. شاپىقىدا روشەن ئۇن تال كۆل رەڭ ئويمان يول بار. شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتر چامىسىدا كېلىدۇ. ئېتى ئاچ قىزىل، يۇمشاق، شىرنىلىك، خۇش بۇي، قەنت مىقدارى 9% ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ سورتنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەن، بالدۇر پىشىدۇ، توشۇشقا چىدامسىز.

7. ئىگا. بوغاز، راھەتباغ، پالۋانتۇر قاتارلىق جايلاردا ئازراق تېرىلىدۇ. بۇ ئاق

ياكى كۆك شاپاقلىق بولىدۇ. 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 7-ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ. شەكلى سىركايىسىمان، ئوتتۇرىچە كەسمە يۈزى ئۇزۇنىغا 11 سانتىمېتىر، توغرىسىغا 9.1 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 0.42 كىلوگرامدىن 0.8 كىلوگرامغىچە يېتىپ بارىدۇ. شاپىقى نېپىز ھەم چۇرۇك، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 1.6 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئېتى ئاق، قەنت مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.6% كە يېتىدۇ، ئۇرۇق ئويۇقچىسىنىڭ دىئامېتىرى 5.9 سانتىمېتىر بولىدۇ. كىندىك قىسمىدىكى چېچەك ئىزى چوڭراق بولىدۇ. شاپىقى بىلەن يېيىشكە بولىدۇ. سۇ، ئوغۇت شارائىتى ياخشى بولسا، ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىر كىلوگرام ئەتراپىغا يېتىدۇ.

8. **قارا كۆكچى.** بۇ سورت ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى قۇمۇلدا تېرىلىپ كەلگەن. كېيىن يوقىلىپ كېتىپ 1979-يىلى پىچاندىن كەلتۈرۈلگەن. ھازىر بوغازدا ئاز مىقداردا تېرىلىدۇ. بۇ سورتنىڭ شەكلى سوقىچاق كېلىدۇ. كەسمە يۈزى ئۇزۇنىغا 28 سانتىمېتىر، توغرىسىغا 16 سانتىمېتىر كېلىدۇ. شاپىقى يېشىل بولۇپ، ئىنچىكە ھەم زىچ تورلىشىدۇ. شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئېتىنىڭ قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئېتى ئاچقىزىل، چۇرۇك، چىلىك، سۇس خۇش پۇراقلىق، قەنت مىقدارى 14% ئەتراپىغا يېتىدۇ. مەھسۇلاتى يۇقىرى، قىشتا ساقلاشقا بولىدۇ.

9. **ئىست خەمكى.** 1981-يىلى بوغاز قوغۇنلۇقلىرىدا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان، بۇ، قوغۇننىڭ ياۋا سورتى بولۇپ، پېلىكى كۆپ شاخلايدۇ ۋە تېمەن ئۆسىدۇ، كېسەل تەگمەيدۇ. يوپۇرمىقى سەل يۇمىلاق كېلىدۇ، رەڭگى قېنىق يېشىل، ئۆگە ئارىلىقى قىسقا، بىر تۈپ پېلەكتە 50-60 قىچە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ خەمەك سالىدۇ. ھەر بىر پېلەكنىڭ ھەر بىر ئۆگىسىگە دېگۈدەك خەمەك چۈشىدۇ. قوغۇنى سوقىچاق بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى توخۇ تۇخۇمىدەك كېلىدۇ. شاپىقى كۆل رەڭ بولىدۇ، 10 تال قارا كۆك پەچىم يولى بار. چېچەك ئىزى چوڭراق، ئېتى كۆكۈش ئاق، شاپىقى چىلىك، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ، تەمى ئاچچىق، يېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئىپتىدائىي ماتېرىيال سۈپىتىدە خېلىلا قىممەتكە ئىگە. قوغۇننى پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش، تۈرلەرگە ئايرىش، فىزىئولوگىيە، ئېكولوگىيە ۋە ئىرسىيەت قاتارلىق جەھەتتىن تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماددىي ئىسپات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بۇ خىل قوغۇن پەقەت بوغازدىلا ئۇچرىدى.

## 2§. باشقا جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن سورتلار

1. **قاراقاش مىجىگەن.** ئەسلى تۇرپان ۋە پىچاندىن چىقاتتى. 1964-يىلى پىچاندىن قۇمۇلغا كەلتۈرۈلگەن. بۇ قوغۇن بوغازدا ئەڭ كۆپ تېرىلىدۇ. قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان. ئوتتۇرىچە كەسمە يۈزى ئۇزۇنىغا 28 سانتىمېتىر، توغرىسىغا 16 سانتىمېتىر كېلىدۇ، قېلىن تورلىشىدۇ. بىر سانتىمېتىرچە كەڭلىكتە ئون تال قارا كۆك پەچىم يولى بار، ئۇ، قاشقا ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭا قارا قاش مىجىگەن دەپ ئاتالغان.

بۇ سورتنىڭ شاپىقى چىڭ، ساقلاش ـ توشۇشقا چىدامىلىق. ئېتى چۈرۈك، شىرنىلىك، قەنت مىقدارى 13.5% دىن 15% كە يېتىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرامدىن بەش كىلوگرامغىچە كېلىدۇ. بۇ سورتنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىلى بار: بىرىنىڭ شاپىقى سېرىق، ئېتى ئاق؛ يەنە بىرىنىڭ شاپىقى كۆل رەڭ، ئېتى كۆكۈچ. بۇ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئاساسلىق سورت، شۇنداقلا قىشتا ساقلاشقا چىدامىلىق سورت ھېسابلىنىدۇ. ساقلانغاندىن كېيىن ئېتى يۇمشايدۇ. ھاراقتەك خۇش بۇي پۇرايدۇ.

2. **ئايسىخان كۆكچى** (تاران كۆكچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). پىچاننىڭ لۈكچۈن دېگەن يېرىدىن چىققان. 1964 ـ يىلى «خۇڭشىنسۇي» (ئىچى قىزىل، چۈرۈك دېگەن مەنىدە) دەپ نام قويۇلغان. 1968 ـ يىلى قۇمۇلغا كەلتۈرۈلگەن. بوغاز، بۇلۇڭتوغراق، قارا دۆۋە قاتارلىق جايلاردا تېرىلىدۇ. شەكلى ئۇزۇنچاق، تۇخۇمسىمان، شاپىقى كۆل رەڭ، تېگى سارغۇچ، شاپىقى ئويمان ـ دوڭغۇل كېلىدۇ. شالاڭ يېرىك تورلىشىدۇ. ئوتتۇرىچە كەسمە يۈزى ئۇزۇنىغا 32 سانتىمېتر، توغرىسىغا 19 سانتىمېتر كېلىدۇ، ئېتى ئاچ قىزىل، چۈرۈك، شىرنىلىك، قەنت مىقدارى 17% دىن 21% كىچە كېلىدۇ، بۇ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئاساسلىق سورت.

3. **ياستۇق قوغۇن**. (پو دەنگۇا). سانجى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى «101» تۇەن ـ مەيدانىنىڭ ئۇرۇقچىلىق لىيەنىدىن كەلتۈرۈلگەن. بوغازدا ئازراق تېرىلىدۇ. شەكلى ئۇزۇنچاق، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق، زەمبىرەكنىڭ ئوقىغا ئوخشاپ كەتكەچكە پودەنگۇا (زەمبىرەك ئوقىسىمان قوغۇن) دەپ ئاتالغان. ئوتتۇرىچە كەسمە يۈزى ئۇزۇنىغا 60 سانتىمېتر، توغرىسىغا 19 سانتىمېتر كېلىدۇ. شاپىقىنىڭ رەڭگى توق يېشىل، ساپاق تۈۋى يېرىك تورلىشىدۇ، بەزىلىرىدە يېرىق ئىزلىرى بولىدۇ. شاپىقى قوتۇر، شاپىقىنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى بىر سانتىمېتر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتر كېلىدۇ، ئېتى ئاق، چۈرۈك، پىشقاندا خۇش بۇي پۇرايدۇ، ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى بەش كىلوگرامدىن سەككىز كىلوگرامغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ سورتنىڭ ئۆسۈشچانلىقى سەل كۈچلۈك، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولىدۇ.

4. **قىشلىق قىزىل كۆكچى**. ناھىيىمىزدە ئازراق تېرىلىدۇ. ھازىر ئېكسپورت قىلىنىدىغان سورتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شەكلى تۇخۇمسىمان. ئوتتۇرىچە كەسمە يۈزى ئۇزۇنىغا 27 سانتىمېتر، توغرىسىغا 18 سانتىمېتر كېلىدۇ. شاپىقىنىڭ تەكتى ساغۇچ يېشىل بولۇپ، شالاڭ تورلىشىدۇ، ئېتى چۈرۈك، ئاچ قىزىل، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرامدىن بەش كىلوگرامغىچە كېلىدۇ. بۇنىڭ پۈتۈن تورلىشىدىغان ۋە چالا تورلىشىدىغانلىرى بولىدۇ.

5. **ئاق پىشماق**. 1976 ـ يىلى «222» تۇەن ـ مەيدانىدىن بوغازغا كەلتۈرۈلگەن. پالۋانتۇردىمۇ ئازراق تېرىلىدۇ. شەكلى تۇخۇمسىمان. شاپىقى كۆكۈچ ئاق، پارقىراق. ئون تال سۇس كۆل رەڭ ئويمان يولى بولىدۇ. ئېتى ئاچ قىزىل، تولۇق پىشقاندا ئېتىنىڭ رەڭگىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئېتى يۇمشاق، چۈرۈك، شىرنىلىك، خۇش پۇراق، قەنت مىقدارى 14% چامىسىدا. ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى ـ ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ. بۇ سورتنىڭ

ئۈسۈشچانلىقى كۈچلۈك، مو بېشىدىن ئىككى تونىدىن ئۈچ تونىغىچە ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئاسان يېرىلىپ كېتىدۇ. يىراققا ئاپىرىشقا چىدىمايدۇ.

6. **تورلۇق خوش پۇراق** (ۋاڭ ۋېنشياڭ). «102» تۇەن - مەيدانىنىڭ تەجرىبە مەيدانى يېتىشتۈرگەن. 1976 - يىلى قۇمۇلغا كەلتۈرۈلگەن. بوغازدا ئازراق تېرىلىدۇ. شەكلى تۇخۇمسىمان، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىر كىلوگرامدىن ئۈچ كىلوگرامغىچە كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە كەسمە يۈزى ئۇزۇنىغا 20.5 سانتىمېتىر، توغرىسىغا 17.1 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ شاپىقى سارغۇچ يېشىل، قېلىن تورلىشىدۇ. ئېتى كۆكۈچ ئاق، چۈرۈك، شىرنىلىك، ئۆتكۈر خوش پۇراق؛ قەنت مىقدارى 14.5% كە يېتىدۇ. بۇ سورتنىڭ ئۈسۈشچانلىقى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، مو بېشىدىن ئادەتتە 1.5 تونىنا چامىسىدا قوغۇن چىقىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە «بەگزادە» (پىچاندىن كەلتۈرۈلگەن)، «بايىشياڭ» («102» تۇەن - مەيداندىن كەلتۈرۈلگەن)، «سېرىق ناۋات» (خۇاڭجىڭلۇڭ) (پىچان ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن)، «قارا جاغدا» (لاۋتىيې دەپمۇ ئاتىلىدۇ) («103» تۇەن - مەيداندىن كەلتۈرۈلگەن)، «ئاقچى» (پىچاندىن كەلتۈرۈلگەن)، «ئورۇس قوغۇنى» (ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوغۇنى)، «چار قوغۇن» (جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قوغۇنى)، «مەرۋايىت» («1-ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدىن كەلتۈرۈلگەن)، «شىخەنزە قوغۇنى» (شى تيەن 410) («145» تۇەن - مەيداندىن كەلتۈرۈلگەن)، «سېرىق ئورۇس قوغۇنى» (ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىققان، كېيىن پىچاندىن كەلتۈرۈلگەن)، «كۆلگەش» (پىچاندىن كەلتۈرۈلگەن) قاتارلىق سورتلارمۇ بار.

# IV باب كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش

قۇمۇل قوغۇنىدىكى ئېغىر كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى 60 - يىللاردىن باشلاپ پەيدا بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋىرۇس كېسەللىكى، ئاق توزان كېسەللىكى، پىتور-پىروزا كېسەللىكى (پېلەك قۇرۇش كېسەللىكى)، باكتېرىيىلىك مۇڭگۈزسىمان داغ كېسەللىكى، كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىق كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولدى. بولۇپمۇ ئاق توزان كېسەللىكى، پىتور - پىروزا كېسەللىكى، داغ كېسەللىكى قاتارلىقلارنىڭ تارقىلىشى تېز، زىيىنى ئېغىر بولدى. قوغۇن پەرۋىشىدە سەل دىققەت قىلىنمىسا، قوغۇن پېلەكلىرى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدۇ - دە، مەھسۇلات زور دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پارازىت چۆپ - شۇمبۇيىمۇ يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ، قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. 1980 - يىلدىن بۇيان، قوغۇننىڭ مەھسۇلاتى، بولۇپمۇ سۈپىتى كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ

كەسىرى تۆپەيلىدىن تۆۋەنلەپ، دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنى تەمىنلەش ۋە تاشقى سودا جەھەتتىكى ئىناۋەتكە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزدى.

پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە قوغۇنچى دېھقانلار ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، قوغۇندا كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىدى ھەمدە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى ئىگىلەپ، مەلۇم ئۈنۈملەرگە ئېرىشتى.

## §18. قوغۇندا بولىدىغان كېسەللىكلەر

1. **ۋىرۇس كېسەللىكى.** چىپار يوپۇرماق كېسەللىكى، ئۇششاق يوپۇرماق كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتى شۇكى، ۋىرۇسنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن زىرائەت ھۈجەيرىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى تەسىرگە ئۇچراپ، يوپۇرماقتا قېنىق، سۇس رەڭلىك چىپار داغلار پەيدا بولىدۇ، يوپۇرماقنىڭ بىر قىسمى قورۇلۇپ، توخۇنىڭ پۇتىغا ئوخشاپ قالىدۇ ياكى يوپۇرماق تەتۈرسىگە يۆگىلىۋالىدۇ، كىچىكلەپ كېتىدۇ، ئۆگە ئارىلىقى قىسقىراپ كېتىدۇ، ھەتتا قورۇق داغلار پەيدا بولىدۇ. خەمەكتە بۇدۇرچەكلەر پەيدابولىدۇ، پېلەكنىڭ ئۇچى ئاسمانغا قارىۋالىدۇ. كېسەللىك ئېغىر بولغاندا، پېلەك چېچەكلىگەن بىلەن خەمەك چۈشمەيدۇ. 1976 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە خاتىرىلەشتىن قارىغاندا، ۋىرۇس كېسىلى سەل كېيىن پەيدا بولىدىكەن. ئادەتتىكى يىللاردا 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەللىك پەيدا بولۇشقا باشلايدىكەن. بۇ چاغدا خەمەك سىڭىش توختاپ، خەمەك يوغىناش مەزگىلىگە كىرگەن بولىدۇ. قوغۇننىڭ پېلەك يوپۇرماقلىرى قېرىشقا يۈزلىنىپ، كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدىغان باسقۇچقا كىرىدۇ. بۇ چاغدا تېمپېراتۇرا 25°C تىن ئېشىپ كېتىدۇ. ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى بولسا، 18°C دىن 20°C قىچە بولغان ئارىلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ چاغدا ئۇ قوغۇنغا ئېغىر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. 1983 - يىلى ۋىرۇس كېسەللىكى بالدۇر پەيدا بولغان، زىيىنىمۇ ئېغىر بولغان، كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتى ئادەتتىكى يىللاردىكى 20% تىن 30% كە ئۆرلىگەن، ئايرىم يەرلەردە 50% تىن 80% كىچە يېتىپ، زىيىنى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاشقان. ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە ئۈنۈملۈك دورا يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاساسەن، بالدۇرراق تېرىش ۋە ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق زىياننى ئازايتىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

2. **ئاق توزان كېسەللىكى.** بۇ كېسەللىك قوغۇن پېلىكىنىڭ ھەرقانداق قىسمىدا پەيدا بولۇۋېرىدۇ. لېكىن يوپۇرمىقىدا ئەڭ كۆپ بولىدۇ، قوغۇن ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۈز بېرىدۇ. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلىپىدە، يوپۇرماقنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇششاق ئاق چېكىتلەر (ئۇششاق توزان چېكىتلەر) پەيدا بولىدۇ، كېيىن ھەممە يېرىگە تارقىلىپ، ئاق توزان رايونى بولۇپ شەكىللىنىدۇ،

نەتىجىدە قوغۇنلۇقتا ئاق تۇزان چېچىۋەتكەندەك ھالەت شەكىللىنىدۇ، ئاق تۇزاننىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن تېز بولۇپ، كۆپ ھاللاردا بىر كېچە-كۈندۈزدىلا پۈتۈن قوغۇنلۇقنى ئاق تۇزان بېسىپ كېتىدۇ. قوغۇن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغاندا يوپۇرماقنىڭ فوتوسىنتېزلىنىشى ئاجىزلايدۇ، ھەتتا يوپۇرماق سارغىيىپ كېتىدۇ، قوغۇن نورمال پىشالمايدۇ. قۇمۇل ناھىيىسىدە بۇ كېسەللىك 8-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىدۇ، لېكىن بەزى يىللىرى تېمپېراتۇرا ۋە ھۆل-يېغىننىڭ تەسىرى بىلەن كېسەللىك بالدۇر يۈز بېرىپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن: 1979-يىلى ۋە 1982-يىلى بۇ كېسەللىك 7-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن. بۇ كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۇسۇللىرى مۇنداق: كېسەللىك پەيدا بولغان پېلەك ئېلىۋېتىلىدۇ ياكى 15% لىك فېنشيۇنىڭ ئېرۇچان پاراشوكى 800 دىن 1000 ھەسسىگىچە سۇيۇلدۇرۇلۇپ چېچىلىدۇ. يەنە 0.3 گرادۇسلۇق بومېي ھاك ئېرىتمىسى، 50% لىك تۇپسىن 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلۇپ چېچىلىدۇ ياكى يامغۇر ياغقاندا گۈڭگۈرت پاراشوكى بىر جىڭدىن ئۈچ جىڭغىچە چېچىلىدۇ.

3. **پىتور-پروزا كېسەللىكى.** بۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، قوغۇن پېلىكى سولىشىپ قۇرۇپ كېتىدۇ. مايسا مەزگىلىدە مايسىنىڭ تۈۋى سۇغا چىلاشقاندەك بولۇپ قېلىپ، ئىنچىكىلەپ كېتىدۇ، پېلەك باستۇرغان ياكى پېلەك تارىغاندا زەخىملەنگەن جايلاردىن كېسەللىك مىكروبلىرى يۇقۇملىنىدۇ، ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىش جەريانىدا زەخىملەنگەن جايدىنمۇ يۇقۇملىنىدۇ. قۇمۇل ناھىيىسىدە بۇ كېسەللىك ئادەتتە 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولىدۇ. تۇپراق نەم بولسا، كېسەللىك پەيدا بولغان جاي سېسىپ كېتىدۇ. قۇرغاق بولسا، ھۈجەيرە نەيچىلىرى دەستىسى كۈل رەڭ، قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ قۇرۇپ قالىدۇ-دە، پېلەك تەمىنلىنىدىغان سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ئۈزۈلۈپ قېلىپ، پېلەك قۇرۇپ كېتىدۇ، يەنە پېلەكنىڭ ھەرقانداق جايىدا تەرتىپسىز قورۇق داغ شەكىللىنىدۇ. پىتور-پروزا كېسەللىكى ئېغىر بولغاندا قوغۇنلۇقتىكى پېلەكلەر پۈتۈنلەي نابۇت بولىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۇسۇلى مۇنداق: كېسەللىك ئىپتىدائىي ۋىرۇسنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ياكى 25% لىك رۇيدۇ مېيىنى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، 70% لىك دېكسوننى 800 دىن 1000 ھەسسىگىچە سۇيۇلدۇرۇپ، 1:1:300 لىك بالدو ئېرىتمىسى ۋە پومازولنى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، يىلىنلۇيىنى 300 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، جياشۇاڭلىن مېڭشىننى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش لازىم. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

4. **پېلەك قۇرۇش كېسەللىكى.** بۇ كېسەللىك، ئاساسەن، پېلەكنىڭ تۈۋىگە زىيان سالىدۇ. كېسەل تەگكەن قىسىمدىن مايسىمان نەرسە ئايرىلىپ چىقىپ، كېيىن قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك يېلىمسىمان نەرسىگە ئايلىنىدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن، كېسەللىك پەيدا قىلغان داغلار بوز رەڭگە كىرىدۇ، كېسەل تەگكەن پېلەك ۋە يوپۇرماقلار قورۇلۇپ قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ كېسەللىك چىرىمىگەن ئوغۇت ياكى كېسەل تەگكەن ئۇرۇق ئارقىلىق تار-

قىلىدۇ. ھاۋا ئالمىشىش ۋە ئاپتاپ چۈشۈشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، سۇغىرىشىنىڭ مۇۋاپىقسىزلىقى، پىلەكنىڭ زەخىملىنىشى كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. 20°C تىن 30°C قىچە بولغان ئارىلىقتا كېسەللىك مىكروبلىرى ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بۇ كېسەللىك 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا باشلىنىپ، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئەۋجىگە چىقىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش چارىسى شۇكى، ئوبدان چىرىگەن ئوغۇتنى ئىشلىتىش ھەمدە پىلەك يىلتىزى زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى دېكسون، مېتىل توپسىن قاتارلىق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چېچىش لازىم.

5. **شۇمبۇيا.** شۇمبۇيا ئالىي دەرىجىلىك چېچەكلەيدىغان ئۆسۈملۈك، يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقى بولمايدۇ، خوجايىنىنىڭ يىلتىزلىرى شورىغۇچ تەخسە بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، خوجايىنىنىڭ ئوزۇقلۇقى ۋە سۈيىنى شوراپ ياشايدۇ. شۇمبۇيا، ئادەتتە، قوغۇن چېچەكلەشتىن ئىلگىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، شۇمبۇيا قوغۇن پىلىكىنىڭ ئۆسۈشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن، پىلەك خەمەك سالمايدۇ ياكى سالغان خەمەكلەر يوغىنىمايدۇ ۋە ياكى يىگىلەپ قالىدۇ. شۇمبۇيا سۇ ۋە ئوزۇقنى قوغۇندىن ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى ناھايىتى كىچىك ھەم يېنىك بولۇپ، شامال، سۇ، ئادەم، ئات ـ ئۇلاغ، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ئارقىلىق تارقىلىدۇ. شۇمبۇيا ئۇرۇقى تۇپراق ئىچىدە 20—25 يىلغىچە بىخلىنىش ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالالايدۇ. تۇپراقنىڭ مۇۋاپىق قاتلىمىدا (ھەيدەلمە قاتلىمىدا) شۇمبۇيا ئۇرۇقى قوغۇن يىلتىزى بىلەن ئۇچراشقان ھامان، يىلتىز ئاجراتمىلىرىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۇ قوغۇن يىلتىزلىرىنى چىرمىۋېلىپ، داۋاملىق زىيان سالىدۇ. شۇمبۇيا قوغۇننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش چارىسى شۇكى، كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىپ، شۇمبۇيىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەرنى ئالماشتۇرۇپ تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ياكى «F798» ماركىلىق سۇيۇق دېھقانچىلىق دورىسىنى كېسىلگەن شۇمبۇيا كۆتىكىگە سۈرتۈش كېرەك. بۇنىڭ شۇمبۇيىنى يوقىتىش ئۈنۈمى 95% تىن يۇقىرى بولىدۇ.

## §28. ھاشارات زىيانداشلىقى

1. موزايىبىشى

زەھەرلىك يەمنى ئات قىغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئالداپ ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلسا بولىدۇ. دىفتېرېكسقا (تەخمىنەن بىر پىرسەنتلىك) ئازراق سۇ قوشۇپ، قورۇلغان كېپەككە ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر ئىككى ئۇرۇق تۆشۈكى ئارىلىقىغا بىردىن ئورەك ئېچىپ، بىر تۇتام ئات قىغى، بىر تۇتام دورا سېلىپ كۆمۈپ قويۇلسا بولىدۇ.

2. كۆك پىت

بىئولوگىيىلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش. يېشىل يىڭناغۇچ قاتارلىق

كۆشەندىلەر ئارقىلىق كۆك پىت يوقىتىلىدۇ. دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا: (1) 2.5% لىك دىشاسى مېيىمدىن 20ppm ئىشلىتىلىدۇ (40 مىللىمېتىر دورا سۇيۇقلۇقىغا 50 كىلوگرام سۇ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ). (2) 200 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان 40% لىك لېگور، 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان 80% لىك دى خلورفوس ئىشلىتىلىدۇ. (3) 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان 50% لىك شىكلىيۇلىن، ياكى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان 50% لىك كاگىياۋېي نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇلۇپ پۈركۈلىدۇ.

**3. يەر يولۋسى**

بىر تەرەپتىن، كۆزدە يەر ھەيدىلىپ، توڭ ياتقۇزۇلۇپ، ئوت-چۆپلەر ئوتىلىپ، ئەتىياز پەسلىدە قىرلار قېزىلىپ، قۇرت تۇخۇملىرى يوقىتىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلترا بىنەپشە نۇرلۇق پەنەر، شىرنە، دەرەخ شاخلىرى ئارقىلىق يەر يولۋسى يوقىتىلىدۇ. دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا: لىچىنكا ئۈچىنچى قېتىم تۈلەشكىچە ئارىلىقتا 800 ھەسسىدىن 1000 ھەسسىگىچە سۇيۇلدۇرۇلغان دىفتېرېكس (دىبەيىچۇڭ)، 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان شىكلىيۇلىن مېيى ياكى چۈچىلىك جۇجى (بىر خىل دېھقانچىلىق دورىسى) 20pm (ھەر موسىغا 10—15 مىللىلېتىر ئىشلىتىلىدۇ)، شامېي جۇجى 50ppm (ھەر موسىغا 1.25 گرامدىن ئىشلىتىلىدۇ) نى پۈركۈش ۋە ياكى دىفتېرېكس ئارىلاشتۇرۇلغان زەھەرلىك يەم بىلەن يەر يولۋسىنى ئالداپ يوقىتىشقا بولىدۇ.

**4. قىزىل ئۆمۈچۈك**

دېھقانچىلىقتا، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، ئاساسەن، ئېگىزنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش، كۆزدە يەرنى چوڭقۇر ھەيدەش، ياۋا ئوت-چۆپلەرنى يوقىتىش چارىسى قوللىنىلىدۇ. دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا، بالدۇر ھەم ۋاقتىدا تۇتۇش قىلىش (6-، 7-ئايلاردا) كېرەك. ئادەتتە، 600 ھەسسىدىن 1000 ھەسسىگىچە سۇيۇلدۇرۇلغان 20% لىك سەنلۇ شامەنجۇن دورىسى ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. باشقا دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن بومېي گرادۇسى 0.2 - 0.3 بولغان ھاك-گۈڭگۈرت ئارىلاشمىسى، 800 ھەسسىدىن 1000 ھەسسىگىچە سۇيۇلدۇرۇلغان 40% لىك لېگور مېيى ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ. يۇقىرىدىكى دورىلار ئالتە-يەتتە كۈندە بىر قېتىم چېچىلىدۇ، بۇ، ئادەتتە، بىر-ئىككى قېتىم چېچىلسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

# ٧ باب ساقلاش ۋە قۇرۇتۇش

## §1. ساقلاش

ئۇزاق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، قوغۇنچى دېھقانلار ۋە پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئۈزۈلگەن قوغۇننى ئۇزۇنراق ساقلاش يولىدا كۆپ ئىزدىنىپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى.

قوغۇننى ئامباردا ساقلاش جەريانىدا، نەپەسلىنىش رولى تۆپەيلىدىن، ئاساسەن، بىرىنچىدىن، قوغۇن ساپىقى قۇرۇپ قورۇلۇش؛ ئىككىنچىدىن، قوغۇن تومشۇقى يۇمشاپ كېتىش؛ ئۈچىنچىدىن، زەخىملەنگەن جاي سېسىش قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قوغۇننى ساقلاش ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشى نەپەسلىنىش رولىنى چەكلەشنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق بولىدۇ. تېمپېراتۇرىسمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە، نەپەسلىنىش رولىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل سورتلاردا ئىپادىلىنىدىغان نەپەسلىنىش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئومۇمەن، ئوخشاش شارائىتتا، بالدۇر پىشىدىغان سورتلارنىڭ نەپەسلىنىش دەرىجىسى كېيىن پىشىدىغان سورتلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساقلاش جەريانىدا ھاسىل بولىدىغان ئېتىلىن قوغۇننى پىشۇرغۇچى ئېلېمېنتلارنىڭ قوزغاتقۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئېتىلىننىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى تۆپەيلىدىن، ساقلىنىۋاتقان قوغۇننىڭ داۋاملىق پىشىشى تېزلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن، قوغۇن بەك پىشىپ كېتىپ، ساقلاشقا چىداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ.

ساقلىنىدىغان قوغۇندىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن، قوغۇننى ساقلاشتىن ئىلگىرى، مۇنۇ ئىشلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1. ساقلاشقا، توشۇشقا چىداملىق، شاپىقى قېلىن، كېيىن پىشىدىغان سورتلارنى، ئېيتايلۇق، جاغدا، قارىقاش، مىجىگەن، قىشلىق قىزىل كۆكچى، قارا كۆكچى قاتارلىق سورتلارنى، ئاندىن قالسا، ئايسخان كۆكچى قاتارلىق ئارا پىشار سورتلارنى تاللاش لازىم.

2. ساقلايدىغان قوغۇننى كېيىن تېرىش، كېيىن ئۈزۈش، ئۈزگەندە، قوغۇن ساپىقىنى ئىككى ـ ئۈچ سانتىمېتىر قالدۇرۇپ كېسىش، ئۈزۈشتىن يېرىم ئاي ئىلگىرى سۇ قويماسلىق لازىم.

3. قوغۇننى ئېتىزدىن ساقلايدىغان يەرگە توشۇغىچە زېدە قىلىپ قويماسلىق، پەم بىلەن ئېلىپ، ئاۋايلاپ قويۇش، سېۋەت ياكى زەمبىلگە سامان ياكى كىگىز سېلىپ، ئاندىن قوغۇننى قويۇش، ئەڭ ياخشىسى، قولدا كۆتۈرۈپ توشۇش لازىم.

4. ئۈزگەندىن كېيىن، قوغۇننى دۆۋىلەپ قويماي، يۇمشاق تۈزلەنگەن يەرگە بىر قەۋەت قىلىپ تىزىپ، ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە ئاپتاپ يېگۈزۈش كېرەك. قوغۇننى گەمىگە سېلىشتىن بۇرۇن، گەمە يېنىدا يەنە 15—20 كۈن ئاپتاپقا سېلىش لازىم. مۇنداق قىلغاندا، قوغۇننىڭ سۈيى مۇۋاپىق ھالدا قاچىدۇ.

قۇمۇلدا قوغۇننى كىشىلەر، كۆپىنچە، گەمىدە ساقلايدۇ. ئۇلار كۆكتات ساقلايدىغان گەمە ۋە خاس مۆتىدىل گەمىلەردىن كۆپرەك پايدىلىنىدۇ. گەمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1.8 مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە، كەڭلىكى 2.5 مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە، ئومۇمىي كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. گەمىنىڭ ئۈستى پۇختا ياغاچلار بىلەن يېپىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئېسىپ ساقلاش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۈچ تال خامراق ئېشىلگەن چىگە شوينا ھەر 35 سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىردىن جەمئىي ئۈچ يەردىن چىگىلىپ،

شوينىڭ ئۈچى گەمىنىڭ تورۇسىدىكى لىمغا چىگىلىدۇ. ئاندىن، ساقلىنىدىغان قوغۇنىڭ تۈمشۈقى يۇقىرىغا قارىتىلىپ، ئۈچ تاللىق چىگە شوينا ئىچىگە سېلىنىپ ئېسىپ قويۇلىدۇ.

يەنە بېدىشتە ساقلاش ئۇسۇلىمۇ بار. گەمىگە ياغاچتىن بېدىش ياسىلىدۇ (ئارىلىقىدا ماڭىدىغان يول قالدۇرۇلىدۇ). بېدىش ئۈستىگە يۇمشاق پاخال سېلىنىدۇ ياكى قۇم يېيىتىلىدۇ،ئاندىن، ئۇنىڭغا بىر قەۋەت قوغۇن تىزىلىدۇ. بېدىشنى بىرنەچچە قەۋەت قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ، ھەربىر قەۋەت بېدىشنىڭ ئارىلىقىدا 40—50 سانتىمېتر بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ. قوغۇننى گەمىگە يېڭى سالغاندا، گەمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كېتىشى مۇمكىن، شۇڭا، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، تېمپېراتۇرىنى تەڭشەپ، $2^{\circ}C$—$5^{\circ}C$ ئارىلىقىدا ساقلاش كېرەك. دېھقانلار گەمىگە بىر چىنە سۇ قويۇپ، تېمپېراتۇرىدىكى ئۆزگىرىشنى شۇنىڭغا قاراپ بىلىپ تۇرىدۇ، سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ قاتتىق سوغۇق بولغاندا، چىنىدىكى سۇنىڭ يۈزىدە نېپىز بىر قەۋەت مۇز قاتسا، گەمە تېمپېراتۇرىسى نورمال بولغان بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، قوغۇننى ئۆيدە ساقلاش ئۇسۇلىمۇ بار. ئۇيغۇرلار قىشتا ساقلايدىغان قوغۇننى ئادەم ياتمايدىغان بوش ئۆيگە ئەكىرىپ كاڭغا ياكى تاختاي ئۈستىگە قويىدۇ، چىغىر تاماقتىن چەمبەر توقۇپ، ھەربىر قوغۇننىڭ تېگىگە قويۇپ قويىدۇ. بەزىلەر قوغۇننىڭ ساپاق تەرىپىنى پەسكە قارىتىپ، چىگە ياكى يۇڭ شوينىدىن توقۇلغان تورغا سېلىپ تورۇسقا ئېسىپ قويىدۇ. قىشتا ئۆيگە ئازراق ئوت يېقىپ، تېمپېراتۇرىنى $0^{\circ}C$ ئەتراپىدا ساقلايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، كۆمۈپ ساقلاش ئۇسۇلىمۇ بار. ھاۋانى ئايرىۋېتىپ تېمپېراتۇرىنى تۇراقلاشتۇرۇش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، كەچ كۈزدە قوغۇن ئۈزۈلۈپ ئوت قالمايدىغان ئۆيگە تۆكۈپ قويۇلغان بۇغداي ئارىسىغا ياكى سامان، پاختا، پاخال قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويۇپمۇ ساقلىنىدۇ، لېكىن، بۇ ئۇسۇلدىن ئاز قوغۇننى ساقلاشتىلا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. قوغۇننى قۇرۇق قۇمغا كۆمۈپ ساقلىسا، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. قوغۇنچى دېھقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، قوغۇن قۇمغا 50 سانتىمېتر قېلىنلىقتا كۆمۈلسە، ئۇنى 190 كۈن ئەتراپىدا ساقلىغىلى بولىدىكەن.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، قوغۇن ساقلاش تېخنىكىسىغا بولغان تەلەپمۇ بارغانسېرى ئاشتى، ئىلمىي تەتقىقات، سودا تارماقلىرى ۋە بەزى شارائىتى بار ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە قوغۇننى ئۇزۇن پەيتى ساقلاشنىڭ كۆپ خىل ئىلغار يېڭى تېخنىكىسى ئىجاد قىلىندى.

ھازىر، قوغۇن ساقلاش ئۈچۈن يېرىم يەر ئاستى ئۆيى شەكلىدىكى خىش بىلەن ئەگمە قىلىپ ياسالغان گەمە ئىشلىتىلمەكتە، گەمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2.5 مېتىردىن 2.8 مېتىرغىچە، كەڭلىكى 3.5 مېتىرغا يېتىپ بارىدۇ، گەمىنىڭ ئۈستى 30—50 سانتىمېتر قېلىنلىقتا يېپىلىدۇ، گەمىنىڭ ھاۋا ئالمىشىدىغان تۆشۈكلىرى بار، ساقلانغان قوغۇندىن چىققان ئىسسىقلىق، كاربون (IV) ئوكسىدى ۋە ھور مۇشۇ تۆشۈكلەردىن سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ. گەمىنىڭ زەيلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، گەمىنىڭ تېگىگە 30 سانتىمېتر قېلىنلىقتا قۇرۇق قۇم ياكى شېغىل يېيىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

قوغۇن گەمگە سېلىنىشتىن ئىلگىرى، پوستىغا مېۋە مومى، شېللاك (قۇرت يېلىمى) قاتارلىقلار سۈركىلىدۇ، بۇنداق سۈرمە، ئەڭ ياخشىسى، قوغۇن ئۈزۈلگەن جايىدا سۈركەلسە ئوبدان بولىدۇ. سۈرمە سۈركەلگەن قوغۇننىڭ پوستى پارقىراپ تۇرىدۇ، سۈيى قاچمايدۇ، نەپەسلىنىشى ئاجىز بولىدۇ. ئالاقىدار ماتېرىياللاردا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، پەن تەتقىقات تارماقلىرى دوجۇنلىك، توبۇجىك قاتارلىق قويۇقلۇقى يۈزدىن بىر نىسبەتلىك دېزىنفېكسىيە دورىلىرىغا قوغۇننى ئۈچ مىنۇت چىلاپ، ئاندىن سۈرمە سۈركەلسە، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدىكەن.

قوغۇننى گەمگە سېلىشتىن ئىلگىرى گەمە ئىچىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم. گەمىنىڭ ھەربىر كۋادرات مېتر يېرىگە 10 گرامدىن گۈڭگۈرت ياكى قويۇقلۇقى 1% لىك فورمالىننى 30 مىللىلىتىردىن چاچقاندا، گەمىدىكى مىكروبلار يوقىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن، قوغۇننىڭ سېسىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

قوغۇننى ساقلاش جەريانىدا، تېمپېراتۇرىنى مەلۇم دائىرىدە تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ، ساقلاش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىراق، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشى قوغۇننىڭ نورمال ماددا ئالماشتۇرۇشىغا كاشىلا بولمايدىغان دەرىجىدە بولۇشى لازىم. تېمپېراتۇرا بەك تۆۋەن بولۇپ كەتسىمۇ، قوغۇن توڭلاپ قېلىپ، ئۇزۇن ساقلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا تېمپېراتۇرا 3°C تىن 5°C قىچە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، تېمپېراتۇرا 3°C تىن تۆۋەنلەپ كەتسە، قوغۇنغا زىيان يېتىدۇ. گەمىدىكى ھاۋانىڭ نەملىكى 75%—80% كىچە بولسا مۇۋاپىق. ئەگەر ھاۋا نەملىكى بەك تۆۋەن بولۇپ كەتسە، قوغۇننىڭ شاپىقى قورۇلۇپ قالىدۇ ــ دە، تەبىئىي ھالەتتە ساقلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ئەگەر ھاۋا بەك نەم بولۇپ كەتسە، كېسەللىك پەيدا بولۇپ، ساقلاش ۋاقتىغا تەسىر يېتىدۇ.

## 2§. قوغۇن قېقى قۇرۇتۇش

چىڭ سۇلالىسى شۇەنتۇڭنىڭ دەسلەپكى يىلى (1909 ـ يىلى) قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ بېگى لىيۇرۇنتۇڭ يازغان «قۇمۇل بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى. ئۇسۇملۇكلەر» بابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «لاپچۇق، قارا دۆۋىنىڭ قوغۇنى ناھايىتى تاتلىق، باشقا جايلاردا قۇرۇتۇلغان قوغۇن قېقى قېلىن بولمايدۇ، بۇ جايدىكى قوغۇن قېقى قېلىن بولىدۇ، ئۇنى تىزىپ كاللەك قىلىپ، باشقا جايلارغا ئاپىرىپ سېتىشقا بولىدۇ». كاڭشى يىللىرىدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋاڭى ھەر يىلى چىڭ خاندانلىقى پادىشاھىغا قوغۇن تارتۇق قىلغاندىن باشقا، قوغۇن قېقىنىمۇ ئەتىۋارلىق نەرسىلەر قاتارىدا تارتۇق قىلغان. تارتۇق قوغۇننى توشۇش قىيىن بولغاچقا، بىر مەزگىل قوغۇن قېقى تارتۇق قىلىنغان. شاھ مەخسۇت چىڭۋاڭ قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، مەنچىڭ خانىغا بىر قېتىمدىلا 3000 جىڭ قوغۇن قېقى تارتۇق قىلغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، قۇمۇلدا قوغۇن قېقى، ئاساسەن، لاپچۇق، قارا دۆۋە قاتارلىق جايلاردىلا قۇرۇتۇلاتتى. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق بولغاچقا، قوغۇنى ناھايىتى تاتلىق. ئۇ يەردىن چىققىدىغان بىشەكشىرىن ئېغىزغا سالسىلا ئېرىپ كېتىدۇ، جىق

يەۋەتسە ئادەمنى قىزىتىدۇ. ئۇ پىشقاندا، شاپىقى نېپىزلەپ، ئېتى يۇمشاپ كېتىدۇ، خۇشبۇي پۇراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قېقى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

قۇمۇل ۋاڭى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، خانغا تارتۇق قىلىش ئۈچۈن قاق سېلىنىدىغان قوغۇنلارنى تېخى پەرزەنت كۆرمىگەن تاللانغان چوكانلار ئۈزۈپ، تىلىپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتقان، ئاندىن تۇرمىلەكلىنىپ ياكى ياپىلاق ھالەتتە كاللەكلىنىپ ئوردىغا ئاپىرىپ بېرىلگەن. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) لىن جىن يازغان «غەربىي - شىمال مەجمۇئەسى» دە، قۇمۇلنىڭ قوغۇن قېقى توغرىسىدا مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار: «بۇ يەرنىڭ قوغۇنىنىڭ قەنت مىقدارى ئىنتايىن مول، تىلىپ قاق سالسىمۇ تەمى كەتمەيدۇ، ئۆرۈم قىلىنغان ياكى كاللەكلەنگەن قوغۇن قېقى ھەرقانچە ئۇزۇن ساقلانسىمۇ بۇزۇلۇپ قالمايدۇ». ياشانغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوردىسىدا ساقلانغان كونا قوغۇن قاقلىرى، قارىيىپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن، يېيىش لازىم تېپىلغاندا، بازغان بىلەن پارچىلاشقا توغرا كەلگەن، تەمى يەنىلا شېكەردەك تاتلىق تۇرغان. بۇنىڭدىن قوغۇن قېقىنى قانچىلىك ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، قوغۇن قېقى سېلىشقا مەخسۇس ياش - چوكانلار سېلىنمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى يەنىلا ئاياللار ئىشلەپ كەلمەكتە. قوغۇن پىشقان مەزگىلدە، قۇمۇلنىڭ تېمپېراتۇرىسى تازا ئۆرلەيدۇ، ھاۋا قۇرغاقلىشىدۇ، ھۆل - يېغىن ناھايىتى ئاز بولىدۇ. شۇڭا قوغۇن قېقىنى تەبىئىي قۇرۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلسىمۇ ياكى ۋاستىلىك ھالدا كۆلەڭگىدە قۇرۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. قوغۇن قېقىنى تەبىئىي قۇرۇتۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: تولۇق پىشقان قوغۇن پاكىز يۇيۇلۇپ، شاپىقى 0.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا شۇلۇپ سويۇۋېتىلىدۇ، ئاندىن ئوتتۇرىسىدىن ئۇزۇنىغا ئىككى پارچە قىلىنىپ، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلىپ، تىلىم - تىلىم قىلىپ تىلىنىدۇ، ئاخىرىدا بۇ تىلىملار سىمغا ئارتىپ ياكى پاكىز بورا ئۈستىگە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قوغۇن قېقىنى ۋاستىلىك ھالدا كۆلەڭگىدە قۇرۇتقاندا، ئاۋۋال ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جاي تەييارلىنىدۇ، ئاندىن تىلىنغان قوغۇنلار تانىغا ئىلىپ قويۇلىدۇ، بۇلار كۆلەڭگىدە تەبىئىي شامالداپ، رەڭگى ئۆزگەرمەي ئوبدان قۇرۇيدۇ. مۇنداق ئۇسۇلدا قۇرۇتۇلغان قوغۇن قېقىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

قاق سېلىش جەريانىدا، قاقنى پاكىز قۇرۇتۇش ناھايىتى مۇھىم. ناۋادا يامغۇر يېغىپ قالسا، قاقلارنىڭ ئۈستىنى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن يېپىش، يامغۇردىن كېيىن ۋاقتىدا ئېچىۋېتىش كېرەك، ئەگەر قاقلار يامغۇردا قالسا، پاختىلىشىپ، ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. قاق سېلىنىدىغان جاينىڭ مۇھىتى ياخشى، ھاۋاسى ئىسسىق، قۇرغاق، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، چىۋىن ئولاشمايدىغان بولۇشى كېرەك. سېلىنغان قاقلارنى توپا - توزاننىڭ بۇلغاپ قويۇشىدىن دائىم پەخەس بولۇش كېرەك. نورمال ھاۋا شارائىتىدا سېلىنغان قاق 12 كۈندىن 15 كۈنگىچە قۇرۇپ كېتىدۇ، قاق يۇمشاق بولۇشى، بەك قۇرۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. قۇرۇغان قاق ۋاقتىدا يىغىۋېلىنىشى، ئاپتاپتا بەك

ئۇزۇن تۇرۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، بولمىسا قاق قېتىپ، رەڭگى قارىيىپ، سۇپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. قاق يىغىلىپ ئۆيگە ئەكىرىلگەندىن كېيىن، پاكىز ئورۇنغا ئىككى - ئۈچ كۈن دۆۋىلەپ قويۇلسا، ئاستا يۇمشايدۇ، قاقنىڭ بەك قۇرۇپ كەتكەنلىرى بىلەن ھۆلرەك قالغانلىرى تەڭشىلىدۇ، ئاندىن پاكىز تاختاي ئۈستىگە تەكشىلەپ يېيىتىلىپ، ئۇزۇنچاق شەكىلدە رەتلەپ چاسا كاللەك قىلىپ قاچىلىنىدۇ.

قوغۇن قېقىنىڭ مىقدارى قوغۇننىڭ سورتى ۋە پىشىش دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئومۇمەن، قىشلىق قوغۇنغا قارىغاندا، يازلىق قوغۇندىن قاق كۆپرەك قۇرۇيدۇ، ئوبدان پىشقان (قەنت مىقدارى 15% تىن ئاشىدىغان) سەككىز - توققۇز كىلوگراملىق يازلىق قوغۇندىن بىر كىلوگرام قاق قۇرۇيدۇ؛ ئەتىلىك 10 — 12 كىلوگرام كېلىدىغان قىشلىق قوغۇندىن بىر كىلوگرام قاق قۇرۇيدۇ. ئوبدان پىشمىغان ياكى قەنت مىقدارى تۆۋەنرەك قوغۇندىن قاق ئاز قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمىمۇ ياخشى بولمايدۇ.

50 - يىللاردا، قومۇلدا قوغۇن قېقى كۆپ قۇرۇتۇلاتتى. كېيىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغۇننى سىرتتا سېتىش ۋەزىپىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قوغۇن بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا قاق سېلىشمۇ ئازىيىپ كەتتى، قاق سېلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇرۇقلۇق قىلىدىغان ۋە سېتىشقا ئۈلگۈرمىگەن قوغۇنلار قاق سېلىنىدىغان بولدى.

قوغۇن قېقىنى، ئادەتتە، قۇرۇق مېۋە قاتارىدا يېيىشكە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنى قوشۇپ مەززىلىك تاماقلارنى ئەتكىلىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇرلار قوغۇن قېقىنى قوي مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مانتا قىلىشنى ياكى پولونىڭ ئۈستىگە قوغۇن قېقى بېسىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىلەر گۈرۈچ ياكى تېرىقتىن شويلا ئەتكەندە، ئۇنىڭغا قوغۇن قېقى، چىلان، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارنى سالىدۇ.

## قوشۇمچە قوغۇن ماكانى — بوغاز

بوغاز — قومۇل ناھىيىسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر گۈڭشې، ئۇ قومۇل ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ پەس يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 500 نەچچە مېتىر ئېگىز، تۇپرىقى قۇمساڭ، نەم، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرى، تۇپرىقىدا شور تەركىبى كۆپرەك، ھاۋاسى ئىسسىق ھەم قۇرغاق، سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ 100 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ، يىللىق يىغىندا تېمپېراتۇرىسى 4400°C تىن ئاشىدۇ، كېچە - كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، قوغۇن تېرىشقا باب كېلىدىغان خاس ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە.

بوغازنىڭ قوغۇن تېرىش تارىخى ئۇزۇن. 1981 - يىلى ناھىيىمىزدىكى دېھقانچىلىق پەن-تېخنىكا خادىملىرى بوغازدا بىرنەچچە تۈپ ياۋا قوغۇننى ئۇچراتقان (ئادەتتە، ئۇ ئىت خەمەكى دەپ ئاتىلىدۇ). ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىلەر بۇ خىل ياۋا قوغۇننىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدىكى ئىپتىدائىي تىپى ئىكەنلىكىنى،

ئۇنىڭ قوغۇن تېرىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بوغاز قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تارتۇق قوغۇن تېرىيدىغان جايى بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە «سۇ بېشى دېگەن جايغا توسما سېلىنىپ، سۇ ئوڭ ۋە سول ئېقىملارغا ئايرىلغان، بىر ئېقىمى جەنۇبقا ئېقىپ قارارگاھقا كىرىدۇ. ئۈچ ئورۇندا سۇ كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان ئوردا تۈگمىنى بار، سۇ يەنە جەنۇبقا ئېقىپ، قۇمۇل شەھىرىدىن ئۆتىدۇ. يەنە بىر ئېقىمى غەربكە قاراپ ئېقىپ، دۆڭلەردىن ئۆتۈپ، ئايرىلىپ توز باققا كىرىدۇ. ئاندىن، شەھەر ئىچىدىن ئۆتۈپ، ئاياغدا بوغازغا بېرىپ توختايدۇ. بۇ سۇنىڭ شەرققە بۆلۈنگەن ئېقىمى بىلەن خانغا تارتۇق قىلىنىدىغان قوغۇنلۇقلار سۇغىرىلىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «خانغا تارتۇق قىلىنىدىغان قوغۇنلۇق» ھازىرقى قاراتال ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك بۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىن بۇرۇن، قاراتال ئەتراپىنىڭ قۇمۇل ۋاڭى خانغا تارتۇق قىلىدىغان قوغۇن تېرىلىدىغان زېمىن بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىرقى بوغاز گۇڭشېسىنىڭ 2 - داددۈي 1 - شياۋدۈيىدىكى ئەمەت پەتتۇللا بىلەن ئىبراھىم سوۋۇرلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى قۇمۇل ۋاڭىغا تارتۇق قوغۇن تېرىپ بەرگەن دېھقانلار ئىدى.

مىنگو يىللىرىدا، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان يېغىلىق تۈپەيلىدىن، باغ - ۋارانلار خاراب بولغان، ھۆكۈمەت قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلمىگەن، شۇڭا ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا قەدەر بوغازدا قوغۇن ناھايىتى ئاز تېرىلغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بولغان قوغۇننى تېرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، دېھقانلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ئوبدان تېرىش ئاساسىدا، قوغۇننى كۆپ تېرىشقا رىغبەتلەندۈردى. قۇمۇل قوغۇنىنى تەتقىق قىلىشقا ئىرادە باغلىغان بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا خادىملىرىمۇ بوغازغا بېرىپ ماكانلىشىپ، قوغۇن تېرىشقا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىللە، قوغۇننىڭ يېڭى سورتلىرىنى باشقا جايلاردىن كەلتۈردى ۋە ئۆزلىرى يېتىشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. 1971 - يىلى بوغازدا قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمى ئاران 675 مو ئىدى، بۇ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 7.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتىمۇ ئاران 695 مىڭ جىڭغا يېتىپ، پالۋانتۇر، بولۇڭتوغراق، ئاستانە گۇڭشېلىرىنىڭكىدىنمۇ تۆۋەن ئىدى. 1976 - يىلى بوغازدا قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمى 1470 موغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 450 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە قوغۇن ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 23 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ناھىيە بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بوغازدا قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش تېخىمۇ راۋاجلاندى. 1981 - يىلى بوغازدا قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمى 2000 مودىن ئېشىپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى؛ قوغۇن سورتى ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىكى بىرنەچچە خىلدىن ئون نەچچە خىلغا

كۆپەيدى؛ قوغۇندىن قىلىنغان كىرىم دېھقانچىلىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 40 پىرسەنتىدىن ئېشىپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، نەتىجىدە بۇ جاي ناھىيىسىنىڭ قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالدى. ھەر يىلى كۈزدە، چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن قوغۇن ئالغىلى كەلگەن ئاپتوموبىللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. ئۇرغۇن قوغۇنلار پويىز ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلماقتا، يەنە بىر قىسمى تاشقى سودا تارماقلىرى ئارقىلىق شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق جايلارغا چىقىرىلماقتا.

بوغازدىكى قوغۇن سورتلىرى ئىچىدە، جاغدا سورتى ھەممىدىن ياخشى. 1959 - يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھارپىسىدا، 2 - دادۈينىڭ 1 - شياۋدۈيىدىكى قوغۇنچى دېھقان ئىبراھىم ھەر بىرى ئون نەچچە كىلوگرامدىن ئاشىدىغان جاغدا قوغۇندىن 10 نەچچىنى ئۈزۈپ ئۆز قولى بىلەن بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، پارتىيە ۋە ماۋجۇشىغا ئۇيغۇر قوغۇنچىلىرىنىڭ قەلبىنى ئىزھار قىلدى. 1981 - يىلى ۋىلايىتىمىز ئۇيۇشتۇرغان قوغۇنچىلىق مۇسابىقىسىدە، بوغازگۇڭشې 2- دادۈينىڭ 2- ۋە 1- شياۋدۈيلىرى ھەم 3- دادۈيىدىكى جاۋيۇتىڭ تېرىغان جاغدىنىڭ قەنت مىقدارى 13% تىن يۇقىرى بولۇپ، 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

# ئالتىنچى قىسىم سۇ ئىشلىرى. سۇ ئېلېكترى

قۇمۇل ناھىيىسىدە سۇ مەنبەسى كەم، ھۆل-يېغىن بەك ئاز، كىلىمات قۇرغاق، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك، سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ سۇ مەنبەسى جەھەتتە، تاغلىق رايونلار، ئاساسەن، ھۆل-يېغىنغا ۋە قار سۈيىگە، تۈزلەڭ رايونلار، ئاساسەن، تاغ سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيىگە تايىنىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئېچىش ئارقىلىق، تارىختا ئويمانلىقنىڭ ئۈچبۇلۇڭسىمان بوستانلىق رايونىدا، ئاساسەن، بۇلاق، كارىز سۇلىرى بىلەن سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق شەكىللەنگەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ، تىيانشاندىن بىۋاسىتە سۇ باشلىنىدىغان چوڭ ئۆستەڭلەر چېپىلغان، مۇشۇ ئەسىردە، 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدا سۇ ئامبىرى ياساش باشلانغان، 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا قۇدۇق سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. 1983-يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە تىيانشاندىن بىۋاسىتە سۇ باشلىنىدىغان غول ئۆستەڭ تۆتكە يەتتى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 64 كىلومېتىر؛ ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرى ئونغا يەتتى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 30 مىليون كۇب مېتىر؛ ماشىنىلاشقان قۇدۇق 800 نەچچىگە يەتتى، بۇلاردىن 600 نەچچىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. كارىز 185 كە يەتتى؛ كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئالتىگە، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 400 نەچچە كىلوۋاتقا، سۇغىرىلىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 200 نەچچە مىڭ موغا يەتتى. دۆلەتمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، سۇغىرىش رايونلىرىغا جەمئىي 50 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 38 مىليون 680 مىڭ يۈەن، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئەمگىكى ھېسابىدا سېلىنغىنى 11 مىليون 600 مىڭ يۈەن.

1983-يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى 88 دادۈينىڭ 76 سى توكتىن پايدىلىنىدىغان بولدى، بۇ، ئومۇمىي دادۈي سانىنىڭ 86.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 292 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئىچىدە 215 دۈي توكتىن پايدىلىنىدىغان بولدى. بۇ، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش دۈيىسىنىڭ 73.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 226 دېھقان ئائىلىسىدىن 10 مىڭ 913 ئائىلە توكتىن پايدىلىنىدىغان بولدى، بۇ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 67.26 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا-ئېلېكتر ئۈسكۈنىلەرنىڭ قۇۋۋىتى 12 مىڭ 432.5 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ چىقىرىش، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ قۇۋۋىتى 11 مىڭ 25.5 كىلوۋات، گۇڭشې، دۈي كارخانىلىرىنىڭ ماشىنا قۇۋۋىتى 503 كىلوۋات، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 614 كىلوۋات، باشقا ماشىنىلارنىڭ قۇۋۋىتى 290 كىلوۋات.

# I باب سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى

## §18. ئېرىق - ئۆستەڭ

قۇمۇلدا ھۆل - يېغىن بەك ئاز بولغاچقا، زىرائەتلەر، ئاساسەن، ئادەم كۈچى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ زۆرۈر تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى قۇمۇل ئاھالىلىرى ئاددىي، قىسقا ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ كېلىپ زىرائەت سۇغىرىشنى بىلگەن. ئەتراپتىكى بۇلاق سۇلىرى ۋە ياز پەسلىدە ئېرىگەن قار سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ، كىچىك كۆلەمدىكى سۇغىرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا ئېرىق - ئۆستەڭ سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىش ئومۇملاشقان. ئاراتۇرۇكتە ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەنلىكىگە ئائىت كەمتىراڭ كىتابتا «‹□› (ئېرىق - ئۆستەڭ) سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىلغان» لىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. ئاراتۇرۇكتە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن لەشكەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بەزى يېزا ئىگىلىك سۇ ئىنشائاتى تېخنىكىسىنى قۇمۇلغا ئېلىپ كېلىپ، بۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمى كېڭەيتىلگەچكە، كىچىك ئېرىقلار ئارقىلىق سۇ باشلاپ كېلىش تەلەپنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان، شۇڭا بىلەن، تاغ سۇلىرى بىۋاسىتە باشلاپ كېلىنىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى ئۆستەڭ چېپىش ئىشى باشلىنىپ كەتكەن. يۇڭجېڭنىڭ 12 - يىلى (1734 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى سەيخۇدا 50 مىڭ مو بوز يەرنى قېدىرىپ تەكشۈرۈپ، ئېدىردىن ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ كەلگەن. بۇنىڭغا 320 مىڭ گۈڭ كەتكەن. داۋگۇاڭ يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسى سەركەردىسى ياڭ يۈچۈن غەربكە يۈرۈش قىلغان چاغدا تۇرۇك ئۆستىڭىنى چاپتۇرغان، كېيىنكى چاغلاردا رېمونت قىلىنمىغاچقا بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان. تۇڭجىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرى قۇمۇلنىڭ ياردەمچى ئامبىلى ۋېن لىن بىلەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى ۋېن شياڭ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ تىيانشاننىڭ قار سۈيىنى شەھەرنىڭ شەرقىدىكى سەيخۇغا، قىزىلىيۇلغۇنغا، دۆربەجىنگە باشلاپ كېلىپ، بۇ جايلاردىكى دېھقانلارنى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا جەلپ قىلغان.

تۇڭجىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى قۇمۇل ۋاڭى بېشىر ئادەم توپلاپ نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ كۆكياردا ئۆستەڭ چاپتۇرماقچى بولغان. ئەمما مۇسۇلمانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەچكە، بۇ ئىش يېرىم يولدا سۇغا چىلاشقان. تۇڭجىنىڭ 13 - يىلى (1874 - يىلى) زوزۇڭتاڭ جاڭ ياۋنى سۇڭ ۋۇ قوشۇنىنى باشلاپ قۇمۇلغا بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتكەن. جاڭ ياۋ ئۇزۇن يىللار رېمونت قىلىنمىغان تۇرۇكتىكى كونا ئۆستەڭنى

يېڭى باشتىن تۈزەشتۈرۈپ راۋانلاشتۇرغان ھەمدە سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆستەڭ ئاستىغا 100 مىڭ پارچە كىگىز ياتقۇزغان. شۇ چاغدا جاڭ ياۋ يەنە ئېدىر ئۆستىڭى بىلەن كۆكيار ئۆستىڭىنى قايتىدىن تۈزەشتۈرۈپ راۋانلاشتۇرغان (كۆكيار ئۆستىڭىدە كېيىنكى چاغلاردا سۇ بەك كۆپ سىرغىپ - سىڭىپ كەتكەچكە كېرەكسىز قىلىنىپ تاشلىۋېتىلگەن). جاڭ ياۋ قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ئاساسەن، كۆچۈرمە ياساپ سۇ باشلاش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان، «كۆچۈرمە ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، سۇنىڭ سىرغىپ - سىڭىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاستىغا كىگىز سېلىنغان، كۆچۈرمە تاغ باغرىغا ئورنىتىلىپ، قۇملۇقتا، ھەتتا ئېتىزلارغا سۇ باشلانغان». جاڭ ياۋ ئېدىرىق - ئۆستەڭ چاپتۇرۇش، كۆچۈرمە ياساش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سۇ باشلاپ كېلىپ، 20 مىڭ موچە يەرنى سۇغارغان، يىلىغا 10 مىڭ دەن ئاشلىق ئالغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭنىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن، ئېدىرىق - ئۆستەڭ چېپىشتا «مۇداپىئە يىغىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش، خەلق بىلەن ئەسكەرلەر بىرلىكتە كۈچ چىقىرىش» ۋە «ھۆكۈمەت تەرەپ قەرز پۇل بېرىش، خەلق ئۆز كۈچىگە تايىنىش» ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، قۇمۇلدا يەنە ئىككى ئۆستەڭ چېپىلغان: بىرى، تىيانشان باغرىدىكى خېيشىبەندىن سۇ باشلىنىدىغان ساۋۇلاقىنىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى داچۈەنگە بارىدىغان ئۆستەڭ؛ يەنە بىرى تىيانشاندىكى بامۇدۇندىن سۇ باشلىنىدىغان داچۈەن ئارقىلىق ساۋۇلاقىنىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى بىدىلىككە بارىدىغان ئۆستەڭ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتىردىن ئاشاتتى، كەڭلىكى تەخمىنەن 7 - 8 چى كېلەتتى، چوڭقۇرلۇقى بىر جاڭدىن ئارتۇق ئىدى. ئۆستەڭنىڭ ئاستى قۇم بولۇپ، سۇ سىڭىپ كەتكەچكە، ئۆستەڭ ئاستىغا كىگىز سېلىنغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇرۇش ئاپىتى بولغاچقا، دېھقانلار تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن ھەمدە ئۆستەڭنى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن. شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا ھۆكۈمەت پۇلىدىن 10 مىڭ سەر سەرپ قىلىپ، 100 نەپەر خەلق ئىشچىسى ياللاپ، كۆكيار ئۆستىڭىنى چاپتۇرۇشنى پىلانلىغان، كېيىنكى چاغلاردا ئۆستەڭ چېپىش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولمىغاچقا، يېرىم يولدا توختاپ قالغان. شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) يېزىلغان «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، ئەينى زاماندا قۇمۇلدا 21 ئول ئۆستەڭ، 23 تارماق ئۆستەڭ بولغان، ئومۇمىي سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 41 مىڭ 175 موغا يەتكەن.

مىنگونىڭ 12 - يىلى (1923 - يىلى) ئەتىيازدا، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت 4000 ھاشار ئەۋەتىپ، چەچەيدە ئاستىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان، ئاستىغا قورام تاش ۋە دەرەخ غوللىرى بېسىلغان چوڭ ئۆستەڭدىن بىرنى چاپتۇرغان. نەتىجىدە، سۇ بەك سىڭىپ سىرغىپ كەتكەچكە، سۇ باشلىغىلى بولماي تاشلىۋېتىلگەن.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە، قۇمۇلدا ئېدىرىق - ئۆستەڭ 46 گە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 666 كىلومېتىرغا، سۇغىرىلىدىغان ئومۇمىي يەر

كۆلىمى 92 مىڭ 557 موغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، تاغ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر 27 مىڭ 975 مو، بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر 44 مىڭ 845 مو، كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر 17 مىڭ 322 مو، قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر 2415 مو ئىدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى سۇنى ۋاڭ-گۇڭ ئاق سۆڭەكلەر ۋە پومېشچىك قاتارلىق ئاز ساندىكى ئادەملەر چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى، سۇ تەقسىملەش ئادىل بولمىغاچقا، مەڭمىشە جېدەل-ماجىرا چىقىپ تۇراتتى. مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) كۈزدە تاغدىن كەلكۈن كېلىپ، لاپچۇق، قارا دۆۋە غول ئۆستەڭلىرىنىڭ تاقاقلىرىنى بۇزۇۋەتكەن، يېڭىدىن تاقاق ئورنىتىدىغان چاغدا لاپچۇق، قارادۆۋىدىكى دېھقانلار سۇ تالىشىپ ماجىرا تۇغدۇرغان، بۇ ئىككى جايدىكى پومېشچىكلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، دېھقانلارنى سوقۇشقا سالغان، بۇ سوقۇشۇشتا ئۈچ ئادەم ئېغىر زەخىملەنگەن، بىر ئادەم ئۆلگەن. بۇ جېدەل-ماجىرا تاكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە داۋاملاشقان، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇۋاپىق كېلىشتۈرۈشى ئارقىسىدا ئاندىن بېسىققان.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئوخشاش بولمىغان سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، نۇرغۇن سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالدى. 1983-يىلى مۇكەممەل سۇغىرىش سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، كۆلىمى 10 مىڭ مودىن ئاشىدىغان سۇغىرىش رايونىدىن ئىككىسى بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە 1402 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، يان ئېرىق سۇغىرىش ئېرىقى قاتارلىق تۆت دەرىجىلىك ئېرىق، ئۆستەڭ چېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە غول ئۆستەڭ 60 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 309 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ غول ئۆستەڭ تۆت بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 65 كىلومېتىر)؛ تارماق ئۆستەڭ 100 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىر؛ يان ئېرىق 220 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 443 كىلومېتىر، سۇغىرىش ئېرىقى 884 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 450 كىلومېتىر. سۇ سىڭىپ-سىرغىپ كەتمەيدىغان ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 337.9 كىلومېتىرغا يەتتى.

## تايانچ غول ئۆستەڭلەر

**تاشۋېلىقتىكى قوشماقتىن باشلىنىدىغان غول ئۆستەڭ:** بۇ، تاشۋېلىق گۇڭشېسىنىڭ مۇھىم سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى بولۇپ، چوڭ-كىچىك قوشماقتىن تاغ سۈيى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15.5 كىلومېتىر، لايىھەدىكى سۇ باشلاش مىقدارى ئالتە كۇب مېتىر/سېكونت، كەسمە يۈزى يايسىمان بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئاستى ۋە ئىككى دىۋارى تاشتىن ياسالغان ھەمدە تاش ئارىلىقلىرىغا سېمونت لاي قۇيۇلغان. بۇ غول ئۆستەڭنى چېپىش ئىشى 1965-يىلى باشلىنىپ، 1968-يىلى ئاياغلاشقان. بۇنىڭغا 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 120 مىڭ

يۈەن، گوڭشې، دۈيلەر ئۆزلىرى تەييارلىغان مەبلەغ 70 مىڭ يۈەن، يىللىق سۇ باشلاش مىقدارى 43 مىليون كۇب مېتىر، تىزگىنلىنىدىغان سۇغىرىش كۆلىمى 14 مىڭ مو.

تاشۆپلىق ئۆلاتاي غول ئۆستىڭى: لايىھەدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر بولۇپ، 1983 - يىلىغىچە ئاران 8.5 كىلومېتىر چېپىلدى. ئۆستەڭنىڭ كەسمە يۈزى ياپىسمان بولۇپ، ئۆستەڭ ئاستىغا تاش ياتقۇزۇلغان، ئىككى دىۋارىغا تاش تىزىلىپ، تاش ئارىلىقلىرىغا سېمونت لاي قۇيۇلغان. لايىھەدىكى سۇ باشلاش مىقدارى ئالتە كۇب مېتىر/سېكۇنت، 1960 - يىلى ئىش باشلىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا توختىتىپ قويۇلغان. 1975 - يىلى غەربىي يول دادۈيىگە تۇتاشتۇرۇلغان. يىللىق سۇ باشلاش مىقدارى 26 مىليون كۇب مېتىر، تىزگىنلىنىدىغان سۇغىرىش كۆلىمى 9000 مو. بۇنىڭغا جەمئىي 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 80 مىڭ يۈەن، گوڭشې، دۈيلەر ئۆزلىرى تەييارلىغىنى 40 مىڭ يۈەن. ئەسلىدە بۇ ئۆستەڭنى لوتوچۆەنزىگە تۇتاشتۇرۇپ، يەم - خەشەك بازىسىنى 30 — 50 مىڭ موغا يەتكۈزۈش ھەمدە سۇجى كارىز دادۈيىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پىلانلانغانىدى. 1983 - يىلغا كەلگەندە، غەربىي يول، خوتۇنتام ۋە سۇجى كارىز دادۈيىنىڭ قىسمەن سۇ مەسىلىسىلا ھەل قىلىندى.

بوغازدىن باشلىنىدىغان غول ئۆستەڭ: لايىھەدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 23 كىلومېتىر، لايىھەدىكى سۇ باشلاش مىقدارى ئۈچ كۇب مېتىر/سېكۇنت، كەسمە يۈزى ياپىسمان بولۇپ، سۇ سىڭمەيدىغان بېتون ئۆستەڭ. 1965 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1967 - يىلى پۈتتۈرۈلگەن. جەمئىي 635 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 550 مىڭ يۈەن، گوڭشې - دۈيلەر تەييارلىغىنى 85 مىڭ يۈەن. بۇ ئۆستەڭ بوغاز گوڭشېسىنىڭ 10 مىڭ موغا يېقىن تېرىلغۇ يېرى سۇغىرىلىدىغان بىردىنبىر ئۆستەڭ بولۇپ، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈنۈمى ياخشى.

قارادۆۋە بۆگۈردىكى باش غول ئۆستەڭ: ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر، بۇ ئۆستەڭنىڭ ئاستىغا 1966 - يىلى بىرنەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چاقچۇق تاختا ياتقۇزۇلۇپ سېمونتلانغان بولسىمۇ، لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ۋەيران بولۇپ ئىزسىمۇ قالمىغان. 1972 - يىلى قايتىدىن ياسىلىپ، ئېقىش مىقدارى ئىككى كۇب مېتىر سېكۇنت قىلىپ لايىھەلەنگەن، كەسمە يۈزى ياپىسمان بولۇپ بېتونلانغان. بۇ ئۆستەڭ 1975 - يىلى پۈتتۈرۈلدى. ئۆستەڭ بۆگۈردىكى سۇ مەنبەسىنىڭ سۇغىرىش ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، لاپچۇق، قارادۆۋىدە سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق گوڭشېلىرىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1970 - ، 1978 - يىللىرى ئاستانىدا قورلۇق ئۆستىڭى ۋە بۇلۇڭتوغراقتا بامۇدۇن ئۆستىڭى چېپىش ئىشى باشلاندى. قورلۇق ئۆستىڭىنى چېپىش ئىشى مەبلەغ يېتىشمەسلىك ۋە پىكىرلەردە ئىختىلاپ بولۇش تۈپەيلىدىن 1976 - يىلى توختىتىپ

قويۇلدى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرى ۋە ئۆستەڭ ئىشلىتەلمەي، 1 مىليون يۈەن مەبلەغ ئىسراپ بولدى. بۇلۇڭتوغراقتىكى يامۇدۇن ئۆستىڭىنى چېپىش ئىشى «داجەيچە ناھىيىلەرنى ئۇمۇملاشتۇرۇش» ھەرىكىتى جەريانىدا ئالدىراپ-تېنەپ باشلانغاچقا، بىر يېرىم يىل ۋاقىت، 200 — 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى قۇمۇل ئاساسىي غول ئۆستەڭلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

جەدۋەل 6 — 1

| ئۆستەڭ نامى | ئورنى | ئۇزۇنلۇقى (چاقىرىم) | كەڭلىكى (چى) | سۇغىرىش كۆلىمى (مو) |
|---|---|---|---|---|
| ئاقيەر ئۆستىڭى | شەھەرنىڭ شەرقىدىن تۆت چاقىرىم يىراقلىقتا | 70 | 5 | 730 |
| ئىبدىر ئۆستىڭى | شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 35 چاقىرىم يىراقلىقتا | 174 | 3.5 | 1610 |
| تۆرۈك ئۆستىڭى | شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئون چاقىرىم يىراقلىقتا | 76 | 4 | 1590 |
| توققۇزبۇلاق ئۆستىڭى | شەھەرنىڭ شەرقىدىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتا | 3 | 1.6 | 3540 |
| بەشبۇلاق ئۆستىڭى | شەھەرنىڭ شەرقىدىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتا | 5 | 1.5 | 2225 |
| شەھەرگە يانداش شەرقىي ئۆستەڭ | شەھەرنىڭ شەرقىدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتا | 52 | 8 | 80 |
| شەھەرگە يانداش غەربىي ئۆستەڭ | شەھەرنىڭ غەربىدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتا | 39 | 7 | 60 |
| ئاستانە ئۆستىڭى | شەھەرنىڭ غەربىدىن 80 چاقىرىم يىراقلىقتا | 2 | 2 | 500 |
| قوشماق ئۆستىڭى | شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 270 چاقىرىم يىراقلىقتا | 50 | 10 | 1500 |
| سەنگۈك ئۆستىڭى | تاشۋېلىقنىڭ شەرقىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتا | 7 | 8 | 2200 |
| گاداجىن ئۆستىڭى | شەھەرنىڭ شەرقىدىن 90 چاقىرىم يىراقلىقتا | 1 | 1 | 1230 |
| قارا موقچا مۇسۇلمانلار كەنتى ئۆستىڭى | شەھەرنىڭ شەرقىدىن 55 چاقىرىم يىراقلىقتا | 110 | 6 | قۇمۇل ۋاڭى مەخسۇس پايدىلىناتتى |
| فالغايتى ئۆستىڭى | شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن 120 چاقىرىم يىراقلىقتا | 21 | 7 | قۇمۇل ۋاڭى مەخسۇس پايدىلىناتتى |

## §2. سۇ ئامبىرى

قۇمۇل ناھىيىسىدە سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى 1959-يىلى باشلانغان بولۇپ، 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا، كىچىك سۇ ئامبىرى ئونغا (تۇرۇك سۇ ئامبىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، ئومۇمىي سىغىمى 31 مىليون 450 مىڭ كۇب مېترغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرى بىر (بوغاز سۇ ئامبىرى)، كىچىك I تىپتىكى سۇ ئامبىرى ئىككى (قارا دۆۋە سۇ ئامبىرى، راھەتباغ سۇ ئامبىرى)، كىچىك I تىپتىكى سۇ ئامبىرى يەتتە (قارا دۆۋە ئەللىك كەنت سۇ ئامبىرى، راھەتباغ قاراتال سۇ ئامبىرى، تاشۋېلىق ئەرگۈك I سۇ ئامبىرى ۋە I سۇ ئامبىرى، چېكشى سۇ ئامبىرى، شەھەر ئىچى سۇ ئامبىرى، بوغاز 1-دۆي سۇ ئامبىرى)، ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمى 20 مىڭ مو، سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلانغان يەر كۆلىمى 6000 موغا يەتتى. بوغاز، قارا دۆۋە گۇڭشېلىرىدىكى چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچىلەر دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يەرلىرى تامامەن سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇ سۇ ئامبارلىرى سۇ مەنبەسى مۇقىم بولۇش، سۇغىرىشقا كېرەكلىك سۇ بىلەن دەل ۋاقتىدا تەمىنلەش، پايدىلىنىش ئىشەنچلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، بولۇپمۇ قۇرغاق، سۇ قىس بولغان قۇمۇل رايونىدا، سۇنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

### ناھىيىدىكى سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

بوغاز سۇ ئامبىرى: قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 25 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى ئۈچىنچى دەۋرگە مەنسۇپ قىزىل توپا قاتلىمىدىن ئىبارەت. بۇ سۇ ئامبىرىنى ياساش ئىشى 1959-يىل 7-ئايدا باشلىنىپ، 1962-يىلىنىڭ ئاخىرىدا توختىتىپ قويۇلغان. سۇ قاچىلىنىش ئىقتىدارى ئەسلىدە 45 مىليون كۇب مېتىر قىلىپ لايىھىلەنگەنىدى، كېيىن سۇ مەنبەسى يېتىشمەسلىك ۋە سۇغىرىش كۆلىمى چەكلىك بولۇش تۈپەيلىدىن، 20 مىليون كۇب مېتىر قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1962-يىلى بۇ سۇ ئامبىرىنى ياساش ئىشى توختىتىپ قويۇلغاندا 15 مىليون كۇب مېترلا سۇ قاچىلىغىلى بولاتتى. 1964-يىلى چوڭ توسما مۇستەھكەملەندى ۋە ئېگىزلىتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە دولقۇندىن مۇداپىئە كۆرۈش، يانتۇلۇقنى مۇھاپىزەت قىلىش ئەسلىھەلىرى ياسىلىپ، توسمىنىڭ ئاستىدىن سۇ سىرغىپ كېتىشتىن مۇداپىئە كۆرۈلدى. توسما گەۋدىسى چىڭىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئامبار سىغىمى 22 مىليون كۇب مېترغا يەتتى. ھازىر بۇ ئامبارنىڭ ئەڭ چوڭ سۇ يۈزى 5.98 كۋادرات-كىلومېتىر، ئەڭ كىچىك سۇ يۈزى 1.04 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ چىقىرىش ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېترغا، سۇ باشلاش ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېترغا، سۇنىڭ ئېقىش مىقدارى ئۈچ كۇب مېتىر/سېكۇنت، سۇنىڭ ئەڭ چوڭ چىقىش مىقدارى ئالتە كۇب مېتىر/سېكۇنت يەتتى. توسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭ توسمىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر بولۇپ، توسما سېغىز توپىدىن ياسالغان. بۇ ئامبارغا

www.uyghurkitap.com

سۇ قۇمۇلنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى ئۆستەڭ ـ بۇلاقلاردىن كېلىدۇ. سۇ مەنبەسى مۇقىم بولغاچقا، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاندى.

قارا دۆۋە سۇ ئامبىرى: قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئامبار قۇرۇلۇشىدا 1959 ـ يىلى ئىش باشلىنىپ، 1962 ـ يىلى پۈتكەن. توسمىسى بىر خىللا توپىدىن ياسالغان. ئامبارنىڭ سىغىمى 6 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 11 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر. ئەڭ كەڭ سۇ يۈزى 1.5 كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ تار سۇ يۈزى 0.4 كۋادرات كىلومېتىر. ئامبارنىڭ مۇقىم سىغىمى 500 مىڭ كۇب مېتىر، بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 600 مو. بۇگۇردىكى بۇلاق سۈيى ۋە قىش پەسلىدىكى بىكار سۇ بۇ ئامبارنىڭ سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. تىزگىنلىنىدىغان سۇغىرىش كۆلىمى 4500 مو. بۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇشى ئەمەلىيەتتە پۈتمىگەچكە، 1976 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ۋە خەتەرنى تۈگىتىش، ئامبارنى پۇختىلاش ئۈچۈن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىلغان. 1976 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە، توسما گەۋدىسىنى ئېگىزلىتىش، چىڭىتىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى. دولقۇندىن مۇداپىئە كۆرۈش، يانتۇلۇقنى مۇھاپىزەت قىلىش ئەسلىھەلىرى، دولقۇندىن مۇداپىئە كۆرۈش تېمى ۋە توسما ئاستىدىن سۇ سىرغىپ كېتىشتىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ياسالدى. سۇ ساقلاش ئىقتىدارى بۇرۇنقى 5 مىليون كۇب مېتىردىن 6 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلدى.

راھەتباغ سۇ ئامبىرى: قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، ئامبار سىغىمى ئەسلىدە 1 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر لايىھىلەنگەنىدى، ئەمەلىيەتتە 800 مىڭ كۇب مېتىر بولدى. بۇ سۇ ئامبىرى دەريانى توسۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، شەرق، غەربتىكى بۇلاق سۇلىرى مەنبە قىلىنىدۇ، ھەر يىلى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سۇ قاچىلىنىپ، ئاساسەن، راھەتباغ 2 ـ داDۇيىدىكى 4000 مو يەرنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ. بۇ ئامبار توسمىسىنىڭ ئېگىزلىكى توققۇز مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 550 مېتىر بولۇپ، پۈتۈنلەي بىر خىللا توپىدىن ياسالغان، ئەڭ كەڭ سۇ يۈزى 0.28 كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ تار سۇ يۈزى 0.08 كۋادرات كىلومېتىر. چىقىرىلىدىغان سۇنىڭ ئېقىش مىقدارى 1.5 كۇب مېتىر/سېكۇنت، چىقىرىلىدىغان سۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئېقىش مىقدارى 25 كۇب مېتىر/سېكۇنت. ئامبار قۇرۇلۇشى 1956 ـ يىلى باشلىنىپ، 1958 ـ يىلى پۈتكەن ۋە سۇ قاچىلانغان. قۇرۇلۇش سۈپىتى، باشقۇرۇش ناچار بولغانلىقتىن، توسمىسى 1967 ـ يىلى ۋە 1968 ـ يىلى يار ئېلىپ كېتىپ، ئاياغ تەرەپتىكى 10 نەچچە كىلومېتىر ئەتراپتىكى ئېتىز ـ ئېرىق، يول، سۇڭگۇچ ۋە قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. 1976 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بۇ ئامبارنى خەتەرلىك ئامبارلار قاتارىغا كىرگۈزدى. خەتەرنى تۈگىتىش، توسمىنى پۇختىلاش ئۈچۈن، دۆلەت 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى،

دولقۇندىن مۇداپىئە كۆرۈش تېمى، دولقۇندىن مۇداپىئە كۆرۈپ يانتۇلۇقىنى ئاسراش، توسما گەۋدىسىنى ئېگىزلىتىش ۋە پۇختىلاش، كەلكۈن تاشىدىغان يوللارنى ئۆزگەرتىپ ياساش قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى تاماملىنىپ، خەتەرلىك ئەھۋال دەسلەپكى قەدەمدە تۈگىتىلدى. باشقۇرۇش شارائىتى ياخشىلاندى. بۇ سۇ ئامبىرى شەھەرگە يېقىن، قاتناش قولايلىق، ئامبار رايونىدا بۈك - باراقسان دەل - دەرەخلەر، سۇ ۋە بېلىق بار، مەنزىرىسى گۈزەل بولغاچقا، قۇمۇل خەلقىنىڭ سەيلە - ساياھەت قىلىدىغان، ئارام ئالىدىغان ۋە ياز كۈنلىرى سۇ ئۈزىدىغان ياخشى سورۇنى بولۇپ قالدى.

قارا تال سۇ ئامبىرى: راھەتباغ گۇڭشېي قارتال كەنتىنىڭ شەرقىدە جايلاشقان بولۇپ، شەھەر ئىچى، راھەتباغ گۇڭشېسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ئارتۇق سۇ توسۇپ قاچىلىنىدۇ. توسمىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، ئامبار سىغىمى 200 مىڭ كۇب مېتىر، ئامبار 1958 - يىلى ياسالغان بولۇپ، 500 مو تېرىلغۇ يەرنى سوغارغىلى بولىدۇ.

ئەللىك كەنتى سۇ ئامبىرى: قارادۆۋە گۇڭشېسىنىڭ ئەللىك غوجام كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 240 مېتىر. شۇ يەردىكى بۇلاق سۇلىرى ۋە كارىز سۇلىرى توسۇپ قاچىلىنىدۇ. ئامبار سىغىمى 350 مىڭ كۇب مېتىر، لايىھەدىكى سۇغىرىش كۆلىمى 1000 مو، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 400 مو، ئامبار 1977 - يىل 12 - ئايدا پۈتتۈرۈلدى.

ئەرگۈك بىرىنچى سۇ ئامبىرى: تاشۋېلىق گۇڭشېنىڭ ئەرگۈك داۋۇيىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاساسلىقى، تۈگۈكدىكى بۇلاق سۇلىرى توسۇلۇپ قاچىلىنىدۇ. توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر، ئامبار سىغىمى 600 مىڭ كۇب مېتىر، 1200 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ، 1960 - يىل 12 - ئايدا پۈتتۈرۈلدى.

ئەرگۈك ئىككىنچى سۇ ئامبىرى: بۇ ئەرگۈك بىرىنچى سۇ ئامبىرىنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، توسمىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، بىرىنچى سۇ ئامبىرىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان، بىرىنچى سۇ ئامبىرىدىن ئېشىپ قالغان بۇلاق سۈيى قاچىلىنىدۇ. ئامبار سىغىمى 300 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 600 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ، 1977 - يىل 12 - ئايدا پۈتتۈرۈلدى.

چېكشى سۇ ئامبىرى: تاشۋېلىق گۇڭشېسىنىڭ چېكشى داۋۇيىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاساسلىقى، شۇ يەردىكى كارىزلارنىڭ ئېشىنچە سۈيى قاچىلىنىدۇ. توسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، ئامبار سىغىمى 100 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 200 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ.

شەھەر ئىچى سۇ ئامبىرى: شەھەر ئىچى گۇڭشېسىگە جايلاشقان بولۇپ، شىخابادىكى بۇلاق سۈيى قاچىلىنىدۇ. توسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، ئامبار سىغىمى 200 مىڭ كۇب مېتىر، 500 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1977 - يىل 8 - ئايدا پۈتتۈرۈلدى.

بوغاز بەرىنچى دۆي سۇ ئامبىرى: بوغاز گۇڭشېسىنىڭ بىرىنچى دادۈيگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي ئۆستەڭدىكى بۇلاق سۈيى قاچىلىنىدۇ. توسمىسىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، 400 مىڭ كۇب مېتىر سۇ قاچىلىنىدۇ، لايىھەدىكى سۇغىرىش كۆلىمى 1500 مو، ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 700 مو، 1979 - يىلى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلدى.

## قوشۇمچە: تۆرۈك سۇ ئامبىرى

تۆرۈك سۇ ئامبىرى «تىيانشان» گۇڭشېسىنىڭ تۆرۈك دېگەن يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتىر باشقارمىسى باشقۇرىدۇ. بۇ، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە كەلكۈن سۈيى قاچىلىنىدىغان بىردىن بىر تاغ سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. تاشتىن قوپۇرۇلغان توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 78 مېتىر بولۇپ، نېرىن ۋە گۇشياڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى قاچىلىنىدۇ، ئامبار سىغىمى 20 مىليون600 مىڭ كۇب مېتىر، بىر يىلدا 100 مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق سۇ قاچىلىنىدۇ ۋە قۇمۇل تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق تۈزلەڭلىكى ئۇتتۇرا قىسمىنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن سەككىز گۇڭشې - مەيداندىكى 90 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. ئامبار قۇرۇلۇشى 1976 - يىلى باشلىنىپ، 1979 - يىلى پۈتتۈرۈلدى.

## §3. ماشىنىلاشقان قۇدۇق

قۇمۇلدا قۇدۇق سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىش 1954 - يىلى باشلانغان، شۇ چاغدا ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىپ قۇدۇقتىن چاقپەلەك ئارقىلىق سۇ چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. شۇ يىلى ئەتىيازدىن كېيىن قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغاندا، ئاقيەر رايونىدىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى تۆت قۇدۇق قېزىپ، بۇنىڭغا تۆت چاقپەلەك ئورناتتى. بۇلار قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى. كېيىنكى چاغلاردا قۇدۇقتىن تۇلۇم ئارقىلىق سۇ چىقىرىدىغان ئاقيەر رايونىنىڭ 4 - يېزىسىدىكى ساۋۇلاق، بۇلۇڭتوغراق كەنتلىرى چاقپەلەك ئارقىلىق سۇ چىقىرىش ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. شۇ يىلى 42 چاقپەلەك ئورنىتىلدى. ئىككىنچى يىلى يەنە 92 چاقپەلەك ئورنىتىلدى، مۇشۇ ئىككى يىلدا جەمئىي 134 چاقپەلەك ئورنىتىلىپ، 1027 مو يەر سۇغىرىلدى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، بۇلۇڭتوغراق قاتارلىق يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرى راق رايونلار يەنە بىر مەھەل لوكوموبىل ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ سۇ چىقاردى. لوكوموبىلنىڭ سۈپىتى ناچار بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى ئىشلىتىش توختىتىلدى.

60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، قىسمەن رايونلار دىزېل ماتورنىڭ ئېنېرگىيىسىدىن

پايدىلىنىپ سۇ چىقاردى، بۇ، مۇئەييەن رول ئوينىدى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىغا توك سىمى تارتىلغاندىن كېيىن، ماشىنى- لاشقان قۇدۇق ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، 1966 - يىلى ماشىنىلاشقان قۇدۇق 114 كە يەتتى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى توك بېرىش دائىرى- سىنى كېڭەيتتى، 1971 - يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 37 دادۇيغىچە توك سىمى تارتىلىپ، ماشىنىلاشقان قۇدۇقنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولدى، شۇ يىلى ماشىنىلاشقان قۇدۇق 271 گە يەتتى، بۇنىڭدىن 200 قۇدۇق يۇرۇشلەشتۈرۈلدى. توك سىمى تار- تىلغان دادۇيلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ماشىنىلاشقان قۇدۇقمۇ كۆپەيدى. 1971 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە قۇدۇق ئاساسىي جەھەتتىن ھەر يىلى 30 دىن كۆپىيىپ باردى. 1977 - يىلىغا كەلگەندە، ماشىنىلاشقان قۇدۇق 493 كە يەتتى. بۇنىڭدىن 384 قۇدۇق يۇرۇشلەشتۈرۈلدى. 1978 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت ماشىنى- لاشقان قۇدۇق خېلى تېز كۆپەيگەن ئۈچ يىل بولدى. قېزىلغان قۇدۇق ۋە يۇرۇش- لەشتۈرۈلگەن قۇدۇق بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى.

1983 - يىلى ماشىنىلاشقان قۇدۇق 839 غا، بۇنىڭدىن يۇرۇشلەشتۈرۈلگىنى 678 گە، سۇ چىقىش ئىقتىدارى 15 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا، يىللىق سۇ چىقىش مىق- دارى 70 مىليون كۇب مېترغا يەتتى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 57 مىڭ 700 موغا يېتىپ، ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ 24 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ناھىيە بو- يىچە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ماشىنىلاشقان قۇدۇققا تايىنىپ سۇغىرىلىدىغان بولدى.

ماشىنىلاشقان قۇدۇق ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيە بويىچە بىرقەدەر تېز كۆپەي- گەن سۇ ئىنشائاتى بولۇپ، ئۇن يىلدىلا توك كۈچى ئارقىلىق سۇغىرىش تورى شە- كىللەندى. بولۇپمۇ ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق، قارا دۆۋە ترانسفورماتور پونكىتلىرى پۈتكەندىن كېيىن، ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىش تورى خېلى مۇكەم- مەللەشتى. قۇرغاق ۋە سۇ قىس پەسىللەردە قۇدۇق سۈيى تەڭشەپ ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم سۇ مەنبەسى بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردا ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنى ئاس- راش ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. پومپا ئۆيلىرى، سۇ كۆلچەكلىرى، سۇ سىڭىپ كەتمەيدىغان سۇ باشلاش ئۆستەڭلىرى ياسىلىپ، قۇدۇق سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

پالۋانتۇر، ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق، شەھەر ئىچى، راھەتباغ قاتارلىق بىرنەچچە گۇڭشې ناھىيە بويىچە قۇدۇق سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىدىغان نۇقتىلىق گۇڭشې - دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بولۇپ، بۇلاردىكى ماشىنىلاشقان قۇدۇق پۈتكۈل ناھىيىدىكى ماشىنىلاشقان قۇدۇقنىڭ 92.3 پىرسەنتىنى، قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى ناھىيە بويىچە قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1965 - يىلى پالۋانتۇر ناھىيە بويىچە تۇنجى بولۇپ سۇغىرىش قۇدۇقى- دىن بىرنى قېزىشقا باشلىغانىدى، بۇ چاغدا قۇدۇق قېزىش ئۇسۇلى ئاددىي، تېخنىكا-

سى قالاق بولغاچقا، ئۇلار چوڭ ئىغىزلىق قۇدۇق قېزىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. كېيىن كونۇسسىمان (كىچىك ئىغىزلىق) قۇدۇق قېزىش ئىپتىنكىسى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇدۇق قېزىشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. 1976 ـ يىلىدىن كېيىن، قۇدۇق قېزىشتا ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەش بولدى، ھەر بىر گۇڭشې ـ مەيدان قۇدۇق قېزىش ئۇسكۇنىلىرىنى تەييارلىدى. گۇڭشېلاردا كەسپىي قۇدۇق قېزىش ئەترىتى قۇرۇلدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، مەبلەغ يېتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر يىلى 100 دىن ئارتۇق قۇدۇق قېزىلدى. شۇنداقتىمۇ يەنە نۇقتا تاللاشقا، ۋە قۇدۇق قېزىش تېخنىكىسىغا دىققەت قىلمايدىغان قارىغۇلارچە قۇدۇق قازىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. نەتىجىدە، قىسمەن قۇدۇقلار سۈپەت تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىدى، جايلىشىشىمۇ مۇۋاپىق بولماي قالدى.

قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان رايونلاردا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان توكنى باشقۇرۇش ناچار بولۇش، توك سەرپىياتى كۆپ بولۇش، ھەر مو يەرنى سۇغىرىش تەننەرقى 8 — 15 يۇەنگە يېتىشتەك گەۋدىلىك مەسىلىلەر ساقلاندى. ناھىيە بويىچە ھەر يىلى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىشقا 14 مىليون كىلوۋات ـ سائەت ئۈزۈپچۈرىسىدە توك سەرپ قىلىنىپ، توك پۇلى 800 — 900 يۇەنگە يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرىنىڭ قەرز قايتۇرۇشقا مادارى يەتمىگەچكە، 1983 ـ يىلغىچە ئۇلارغا 3 مىليون يۇەندىن ئارتۇق قەرز ئارتىلىپ قالدى.

ناھىيە بويىچە ماشىنىلاشقان قۇدۇقنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى

جەدۋەل 6—2 بىرلىكى: بىر

| يىللار | ماشىنىلاشقان قۇدۇق | يۇرۇشلەشتۇرۇلگىنى | يىللار | ماشىنىلاشقان قۇدۇق | يۇرۇشلەشتۇرۇلگىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 271 | 200 | 1977 | 544 | 449 |
| 1973 | 314 | 251 | 1978 | 616 | 513 |
| 1974 | 331 | 278 | 1979 | 787 | 624 |
| 1975 | 397 | 344 | 1980 | 820 | 660 |
| 1976 | 443 | 388 | 1983 | 839 | 678 |

## 4§. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇ ئىنشائاتى ۋە شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ سۇ چىقىرىش

### 1. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشى

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلاردا چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ، 1976 - يىلىدىن بۇيان چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلىپ، قۇدۇق قېزىلىپ، ئوتلاقلار قاشالاشتۇرۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش قىياپىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، نېرىندىن ئۇلانبۇلاققىچە جەمئىي 23.5 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭىپ كەتمەيدىغان سۇ باشلاش ئۆستىڭى چېپىلدى.

ماجۇاڭسەن تېغى تاشۋېلىق گۈڭشېسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مۇھىم قىشلاق بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان سۇ قىس بولغاچقا، نەچچە مىليون مو كېلىدىغان ئوتلاقتىن پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولماي كەلگەن. 1978 - يىلىدىن 1980 - يىلغىچە، ناھىيىلىك قۇدۇق قېزىش ئەترىتى بۇ رايوننىڭ جۇنجۇنجىڭ، چاڭتياۋسەن، قاراڭغۇ غول دېگەن جايلىرىدا نۇقتا تاللاپ 15 قۇدۇق قېزىپ، 12 مىڭ چارۋىنى سۇغىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

بۇلاق كۆزلىرىنى ئېچىش، مەھەللىۋى قۇدۇق قېزىشمۇ چارۋىچىلىقتا لازىملىق سۇنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسى. تاشۋېلىق گۈڭشېسىنىڭ شۇپۇل دادۇيى 63 مەھەللىۋى قۇدۇق قېزىپ، چارۋاماللارنى سۇغىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

تىيانشان، غەربىي تاغ گۈڭشېلىرىدىكى بەزى ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىدە ھەر يىلى قىشتا دەريا سۈيى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىدىغان سۇ بەك قىس بولاتتى. 1970 - يىلىدىن بۇيان، ناھىيە مەخسۇس 65 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئادەم ۋە چارۋا ماللارغا كېرەكلىك سۇ كېلىدىغان قۇرۇلۇشلارنى ياسىدى. تىيانشان گۈڭشېسىنىڭ ئاقتاش دادۇيى 1.35 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزدى. غەربىي تاغ گۈڭشېسى جەكمىنغولدا بەش كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى، سەكرادا 1.5 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇپ، سۇ ساقلاش كۆلچىكىدىن 13 نى ياساپ، 2200 ئادەم ۋە 32 مىڭ چارۋىغا كېرەكلىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

### 2. شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ سۇ چىقىرىش

سۇ قىس، تولۇق ئاز رايونلارنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1982 - يىل 5 - ئايدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەتتە قۇدۇق گۈڭشېسى بىلەن بۇلۇڭتوغراق گۈڭشېسىدا شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ سۇ چىقىرىش ماشىنىسىدىن ئىككىنى ئورناتتى. بۇ ماشىنىلار ھەر مىنۇتتا 60 — 80 كىلوگرام سۇ چىقىرىپ، 200 ئادەم ۋە 2150 تۇياق چارۋىنى سۇ بىلەن تەمىنلىدى.

# II باب كارىز

## 18§· پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

گۇاڭشۈنىڭ 31 - يىلى (1905 - يىلى) 8 - ئايدا قۇمۇلنى زىيارەت قىلغان گېرمانىيىلىك لىكوكنىڭ خاتىرىسىدە بايان قىلىنىشىچە، قۇمۇلدىكى ئەڭ بۇرۇنقى كارىزنى قۇمۇلنىڭ ئاخىرقى ۋاڭى تۇرپانلىق كارىزچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ قازدۇرغانىكەن. گۇاڭشۈنىڭ 32 - يىلى (1907 - يىلى) ئەنگلىيىلىك ستەيىن قۇمۇلدىن تۇرپانغا بېرىش سەپىرىدە «قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمالىغا 30 ئەنگلىز مىلى كېلىدىغان تۇغۇچى ئارىلىقىدىكى سۇمقاغا دېگەن يەردە كارىزنىڭ بارلىقىنى بايقىغان». شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) باش مۇپەتتىش يۈەندا خۇانىڭ «شىنجاڭنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دە، لياۋدۇڭدىكى ۋاڭ گۈيرۈڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر كارىز ھەققىدە مۇنۇلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان: «ئۇزۇنلۇقى 40 جاڭ كېلىدىكەن، ھەر ئىككى جاڭ ئارىلىقتا بىر قۇدۇق بار ئىكەن، چوڭقۇرلۇقى بىر جاڭدىن ئاشىدىكەن، كارىز ئىچىدە تەشمە بار ئىكەن، ئېگىزلىكى تۆت چى، كەڭلىكى سەككىز سۇڭ ...... سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىپ كارىز كۆلچىكىگە كىرىپ، ئەتراپتىكى نەچچە جاڭ كېلىدىغان يەرلەرگە يېتىپ بېرىپ، نەچچە دەنلىك يەرنى سۇغىرىدىكەن».

كارىز قېزىش ئۇسۇلى قالاق، قېزىش قىيىن، ۋاقتى ئۇزۇن، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولغاچقا، ئەينى چاغدا قۇمۇلدا كارىز كۆپلەپ قېزىلمىغان. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى)، ياڭ زېڭشىن يۇقىرىغا يوللىغان خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان: «كارىز سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىش مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدا يوق، پەقەت شىنجاڭنىڭ تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىدىلا بار». بۇ، قۇمۇلدا تۇنجى كارىز قېزىلىشتىن تارتىپ ئون يىلغىچە كۆپىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىلگىرى قېزىلغان كارىزلارنىڭمۇ ئىشلىتىلمەي كاردىن چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قۇمۇلدا كارىز قېزىش ئىشى مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) دىن كېيىن تازا ئەۋج ئالغان. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى شياڭ يۈگۇاڭ قۇمۇلنىڭ سۇ ئىنشائاتى توغرىسىدا ياڭ زېڭشىنغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: ئېرىق چاپقاندىن كۆرە تەشمە قازغان ئىشەنچلىكرەك ئىكەن. ئەگەر كارىز قېزىلىدىغان بولسا، ئاز دېگەندىمۇ 50 — 60 مىڭ مو يەرنى ئاچقىلى بولىدۇ». مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) 2 - ئايدا، ياڭ زېڭشىن قۇمۇل رايونىدىكى يەتتە قۇدۇق قاتارلىق جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلغاندىن

كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سۇ ئىنشائاتلىرىنى ھەقىقىي تەرتىپكە سېلىپ، يا ھۆكۈمەت كارىز قېزىش، يا پۇقرالارنى خۇسۇسىي كارىز قېزىشقا دەۋەت قىلىش» ئارقىلىق قۇمۇلنىڭ زىرائەت سۇغىرىشقا كېرەكلىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەن داخۇا قۇمۇلدىن ئۆتكەندە قۇمۇلنىڭ ئاخىرقى ۋاڭى شامەخسۇت بىلەن ئۆزۈن سۆزلەشكەن، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شامەخسۇتقا تۇرپاننىڭ كارىز قېزىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، يەر ئاستى سۇلىرىنى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇ، «شىنجاڭنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دە مۇنداق دەپ يازغان: «شىمالىي تاغدىكى كۆكياردا سۇ بەك كۆپ ئىكەن. چۆلگە كىرىپلا يوقىلىپ كېتىدىكەن، ئەپلىك يېرى شۇكى بۇ يەرنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس ئىكەن، ئەگەر كارىز قېزىلىدىغان بولسا، يەرلەرنى سۇغارغىلى بولىدىكەن». يەن داخۇا، شىياڭ يۈڭگۇاڭنىڭ تەكلىپ بېرىشى، ياڭ زىڭشىن، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، كارىز قۇمۇلدا تېزدىن كۆپەيگەن. قۇمۇلنىڭ ئاخىرقى ۋاڭىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) دىن بۇرۇن، ۋاڭ ئوردىسى ئىگىلىگەن چوڭ كارىز 17 گە يەتكەن. بۇ كارىزلارنىڭ 15 ى ئاستانىدا، بىرى جىگدىدە، بىرسى لياۋدۇڭدىكى ئېردالاۋتەيدە ئىكەن، ئاستانىدىكى كارىزلار ئىچىدە «كەپتەرخانا» دەيدىغان بىر كارىز بار بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن 1000 مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغارغىلى بولىدىكەن.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قۇمۇلغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى لى تاۋ (مەمۇرىي مەھكىمە قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان) نىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا، قۇمۇلدا كارىز قېزىش قايتىدىن ئەۋج ئالغان. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا قۇمۇلدا كارىز 326 گە يەتكەن. بۇنىڭ 69 ى جەنجەندۇندە، 70 ى تۇغۇچىدا، 50 ى لاپچۇقتا، 60 ى قارادۆۋەدە، 20 سى جىگدىدە، 29 ى تاشۋېلىقتا، تۆتى يالغۇز تويۇمدا، بىرى شۇپۇلدا، 23 ى گاداجىگدا ئىكەن.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيە تەۋەسىدىكى كارىز 455 كە، ئومۇمىي چىقىدىغان سۇ مىقدارى 6.24 كۇب مېتىر/سېكۇنت، سۇغىرىش كۆلىمى 41 مىڭ 600 موغا يېتىپ، شۇ چاغدىكى ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ 32.55 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سەل كەم ئۈچتىن بىر قىسمى كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىلاتتى.

## 2§. تارقىلىشى

### ناھىيە بويىچە كارىزلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل 6 — 3

| نامى | كارىزسانى | ئېقىش مىقدارى (كۇب مېتىر / سېكۇنت) | نامى | كارىزسانى | ئېقىش مىقدارى (كۇب مېتىر / سېكۇنت) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاستانە گۆكشى | 52 | 1·418 | 5 ـ دادۈي | 7 | 0·035 |
| 1 ـ دادۈي | 13 | 0.255 | 6 ـ دادۈي | 3 | 0·013 |
| 2 ـ دادۈي | 16 | 0.392 | 7 ـ دادۈي | 9 | 0·024 |
| 3 ـ دادۈي | 5 | 0.302 | دېھقانچىلىق مەيدانى | 7 | 0·023 |
| 4 ـ دادۈي | 5 | 0.164 | تاشۋىلىق گۆكشى | 67 | 0·369 |
| 6 ـ دادۈي | 8 | 0.231 | چەگشى دادۈي | 10 | 0·093 |
| 7 ـ دادۈي | 5 | 0.074 | چەگدۆك دادۈي | 12 | 0·079 |
| بۇلۇكتوغراق گۆكشى | 10 | 0.309 | ئاقتاغ گۆكشى | 2 | 0·009 |
| ئەرداۋچىلىك دادۈي | 2 | 0.066 | ئەرگۆك دادۈي | 1 | 0·028 |
| گادادجىگزا دادۈي | 7 | 0.234 | شۆپۆل دادۈي | 1 | 0·002 |
| بۇلۇكتوغراق دادۈي | 1 | 0.009 | ئاردىم دادۈي | 2 | 0·017 |
| قارا دۆۋە گۆكشى | 53 | 0.168 | خوتۇنتام دادۈي | 5 | 0·068 |
| ئاقتېرەك دادۈي | 6 | 0.017 | سۆجى كارىز دادۈي | 12 | 0·074 |
| 1 ـ دادۈي | 3 | 0·013 | باشقىلار | 22 | |
| 2 ـ دادۈي | 10 | 0·017 | يەتتەقۇدۇق گۆكشى | 2 | 0·0175 |
| 3 ـ دادۈي | 4 | 0·013 | قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى | 1 | 0·02 |
| 4 ـ دادۈي | 4 | 0·013 | جەمئىي | 185 | 2·459 |

قۇمۇل ناھىيىسىدىكى كارىزلار، ئاساسەن، تاشۋېلىق، بۇلۇڭتوغراق، ئاستانە، قارادۆۋە ئەتراپلىرىغا تارقالغان. لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ كەتكەن 100 كىلومېترغا يېقىن چۆل - جەزىرىدە شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قاتار - قاتار يۇملاق كىچىك توپا دۆۋىلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭقى چىققان كارىزدۇر. يەتتەقۇدۇق ناھىيە تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن كارىز قېزىلغان جاي بولۇپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا يەتتە كارىز بار ئىدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، كارىزلار ئوبدان ئاسرالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاران ئىككىسىلا ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈيىمۇ بەك ئاز.

1983 - يىلى ناھىيە بويىچە كارىز 185 كە (ناھىيە تەۋەسىدىكى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، سۇ چىقىش مىقدارى 2.450 كۇب مېتر/سېكۇنتقا، سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 27 مىڭ موغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ 11.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. چوڭراق كارىز سۈيى بىلەن نەچچە يۈز مو يەر، ئادەتتىكى كارىز سۈيى بىلەن نەچچە ئون مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. تاشۋېلىق گۇڭشې خۇاڭگۇڭ 3 - دۈي، خوتۇنتام 2 - دۈي، بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې گاداجىڭ دادۈي، ئاستانە گۇڭشې 3 -، 6 -، 7 - دادۈيلەردىكى كارىزلارنىڭ سۈيىنىڭ سۈپىتى ياخشى، سۇ مىقدارى كۆپ بولۇپ، بۇ جايلار ناھىيە بويىچە ياخشىراق كارىزلار جايلاشقان رايون ھېسابلىنىدۇ.

ئاستانە گۇڭشې 4 - دادۈي گۇڭشاڭ كارىز تەشمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.9 كىلومېتر، ئەڭ چوڭ كارىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى 45:5 مېتر بولۇپ، 140 قۇدۇق بار؛ 2 - دادۈي 5 - شياۋدۈيدىكى ھومۇرا چوڭ كارىزى تەشمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.9 مېتر، ئەڭ چوڭ كارىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى 39.3 مېتر بولۇپ، 153 قۇدۇق بار؛ بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې گاداجىڭ 5 - دۈيدىكى كارىز تەشمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.6 مېتر، ئەڭ چوڭ كارىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى 24 مېتر، بۇ ئۈچ كارىز ناھىيە بويىچە سۇ مىقدارى ئەڭ كۆپ كارىز ھېسابلىنىدۇ.

تاشۋېلىق گۇڭشېسىدا 67 كارىز بار بولۇپ، سۇ چىقىش مىقدارى 0.369 كۇب مېتر/سېكۇنت؛ بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسىدا ئون كارىز بار بولۇپ، سۇ چىقىش مىقدارى 0.309 كۇب مېتر/سېكۇنت؛ ئاستانە گۇڭشېسىدا 52 كارىز بار بولۇپ، سۇ چىقىش مىقدارى 1:418 كۇب مېتر/سېكۇنت؛ قارادۆۋە گۇڭشېسىدا 53 كارىز بولۇپ، سۇ چىقىش مىقدارى 0.168 كۇب مېتر/سېكۇنت؛ يەتتەقۇدۇق گۇڭشېسىدا ئىككى كارىز بار بولۇپ، سۇ چىقىرىش مىقدارى 0:0175 كۇب مېتر/سېكۇنت؛ قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسىدا بىر كارىز بار بولۇپ، سۇ چىقىش مىقدارى 0.02 كۇب مېتر/سېكۇنت.

## §3. تۈزۈلۈشى ۋە ئاسرىلىشى

### 1. تۈزۈلۈشى

كارىز قۇدۇق، تەشمە (سۇ يىغىلىپ ئاقىدىغان يەر ئاستى ئېرىقى) ۋە ئاشمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. قۇدۇق توپا چىقىرىدىغان، ھاۋا ئۆتۈشتۈرىدىغان، يورۇقلۇق چۈشۈرىدىغان، كارىزغا چۈشۈش ۋە چىقىشتا پايدىلىنىلىدىغان ئېغىز ھېسابلىنىدۇ. بىر كارىز، كۆپ ھاللاردا، ئون نەچچە، نەچچە ئون، ھەتتا يۈزدىن ئارتۇق قۇدۇقتىن تەركىب تاپىدۇ. يەر يۈزى يانتۇلۇقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كارىز يۇقىرىغا قاراپ سوزۇلغانسېرى قۇدۇقمۇ شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ، قۇمۇلدىكى كارىزلارنىڭ ئادەتتىكى چوڭقۇرلۇقى 20 — 30 مېتر كېلىدۇ، ئەڭ چوڭقۇرلىرىنىڭ 50 — 60 مېترغا يېتىدۇ. قۇدۇق ئادەتتە سوقىچاق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 0.6 مېتر ئەتراپىدا بولىدۇ، يۇمىلاقلىرىمۇ بار، دىئامېترى 0.7 – 0.8 مېتر كېلىدۇ. تەشمىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.2 مېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 0.4 مېتر بولۇپ، كارىز سۈيى يىغىلىپ ئاقىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. تەشمىنىڭ يانتۇلۇقى كارىزنىڭ يەر شەكلى ۋە ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ، ئادەتتە 1/300 — 1/500 بولىدۇ، سۇ تەشمىنىڭ ئىككى يېنىدىن سىرغىپ چىقىپ، ئېرىقتا يىغىلىپ، ئاستا – ئاستا ئېقىپ چىقىپ، تۆۋەن تەرەپتىكى ئاشمىغا كىرىدۇ، ئاشما ئادەتتىكى ئېرىققا ئوخشاش بولۇپ، كەسمە يۈزى، كۆپىنچە، پەلەمپەيسىمان بولىدۇ، يانتۇلۇقى كىچىك، سۇنىڭ ئېقىش تېزلىكى ئاستا بولىدۇ. سۇ يىغىلىپ ئاقىدىغان يەر ئاستى ئېرىقى بىلەن ئاشما تۇتاشقان يەر — ئېغىز دېيىلىدۇ. بۇ كارىز قېزىش باشلىنىدىغان نۇقتىدۇر.

### 2. قېزىش

كارىز قېزىش ئىنتايىن مۈشكۈل ۋە مۇرەككەپ ئىش. كارىز قېزىلىدىغان ئورۇن تاللانغاندىن كېيىن، ئېغىزدىن سۇ يولىنى بويلاپ ئىچكىرىلەپ قېزىش ئىشى باشلىنىدۇ. 20 مېتر ئەتراپىدا ئىچكىرىلەپ قازغاندىن كېيىن بىرىنچى قۇدۇق قېزىلىدۇ. قېزىش ئىشى ئادەم كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە، ئۈچ ئادەم بىر گۇرۇپپا – بەن بولۇپ ئىشلەيدۇ. بىر ئادەم ئىچكىرىلەپ قازىدۇ، بىر ئادەم توپا توشۇيدۇ. بىر ئادەم قۇدۇق ئۈستىدە تۇرۇپ توپا تارتىدۇ. بىر مېتىن (جوتۇ)، بىر كەتمەن، بىر تال ئارغامچا، بىر قارا چىراغ، بىر چىغرىق ۋە ئىككى سېۋەت ئىشلىتىلىدۇ، بۇلار كارىزچىلارنىڭ ھەممە جابدۇقىدۇر. چىغرىق ياغاچتىن ياسىلىدۇ، سېۋەت تالدىن توقۇلىدۇ، قۇدۇق قېزىشتىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى سۇ ئىچىدە قىلىنىدۇ. سېۋەت توپا قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كارىزچىلار ئۇنىڭدىن قېزىشنى تىزگىنلەيدىغان «شەيتان» سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىدۇ. سېۋەت، كۆپىنچە، يۇمىلاق بولۇپ، دىئامېترى تەخمىنەن 30 سانتىمېتر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 25 سانتىمېتر كېلىدۇ. توپا چىقارغاندا سېۋەتنىڭ سۇغا چۆكۈشىنىڭ چوڭقۇر ۋە تېيىزلىقىغا قارىلىدۇ، قېزىش

سۇ سېۋەتىنىڭ لېۋى بىلەن تەگلەشكەندە، داۋاملىق ئىچكىرىلەپ قېزىلىدۇ. بۇرۇن كارىزچىلار، ئادەتتە، ئالدى بىلەن قۇدۇق قېزىپ، ئاندىن كېيىن تەشمە قازاتتى. تەشمىنىڭ يۆنىلىشىنى چىراغ نۇرى ئارقىلىق تىزگىنلەيتتى. ھازىر ئالدى بىلەن تەشمە قېزىپ، مەلۇم ئورۇنغا كەلگەندە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ قۇدۇق قازىدىغانلارمۇ بار، ئالدىنقى ئۇسۇلنى قوللانغاندا توپا قېزىشقا ئوڭاي بولسىمۇ، لېكىن تەشمە بىلەن قۇدۇقنى بەزى چاغلاردا تۇتاشتۇرماق تەس بولىدۇ. كېيىنكى ئۇسۇلنى قوللانغاندا، توپا قېزىشقا ئىش كۆپ كېتىدۇ، قېزىشمۇ تەس، لېكىن توغرا تۇتاشتۇرغىلى بولىدۇ. بىر سمېنىدا يەنى سەككىز سائەتتە 1.5 – 2 مېتىر ئىچكىرىلەپ قازغىلى بولىدۇ. بىر كارىزنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا بىرنەچچە يىل ۋاقىت كېتىدۇ.

3. ئاسراش

(1) لېيىنى ئېلىش: كارىزنىڭ ئاستىنى ئادالاش-لېيىنى ئېلىش دائىملىق ئاسراش، رېمونت مەشغۇلاتىدۇر. سۇ كارىزنىڭ دىۋارىدىن سىرغىپ چىققاندا، ئاز مىقداردا لاي، قۇملارنى بىللە ئېلىپ چىقىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى لاي - لاتقا قاتلاملىرى ھاسىل بولىدۇ - دە، كارىزنىڭ سۇ ئورنى ئۆرلەپ، سۇنىڭ راۋان ئېقىشىغا تەسىر يېتىدۇ. سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلىشى ۋە ئېقىشىغا ئەگىشىپ، كارىز دىۋارىنىڭ قىسمەن يەرلىرى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، تەشمىدە لاي - لاتقا يىغىلىپ قالىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، ھەر يىلى بىر قېتىم كارىزنىڭ لېيىنى ئېلىپ تۇرغاندىلا، سۇنىڭ راۋان ئېقىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

(2) قۇدۇق ئېغىزىنى چۆمكەپ مۇزلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش: كارىز قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەربىر قۇدۇق ئېغىزى بادىرا، دەرەخ شېخى ياكى پاخال بىلەن چۆمكەپ قويۇلىدۇ ۋە ئۈستىگە توپا تاشلىنىدۇ. قۇمۇلدا قىش كۈنلىرى قاتتىق سوغۇق، ياز كۈنلىرى پەژ-پەژ ئىسسىق بولىدۇ. قۇدۇق چۆمكەپ قويۇلسا، ھاۋا ئىسسىغاندا توڭنىڭ ئېرىشى بىلەن كارىز دىۋارلىرىنىڭ گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ھەر يىلى كارىزنىڭ لېيى ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قۇدۇق ئېغىزلىرى ئوبدان چۆمكەپ قويۇلىدۇ.

(3) كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش: كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ ئېغىزى كارىز ئىچىدىن چىقارغان لايدىن چۆرۈلگەن. ئۇنى دىئامېترى ئىككى - ئۈچ مېتىر كېلىدىغان ھالقىسمان توپا دۆۋىسى ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇ، ئاساسەن، كەلكۈن سۈيىنىڭ كارىز ئىچىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

(4) ئۇزارتىپ قېزىش: بۇ ھەم سۇ مىقدارىنى كۆپەيتىشنىڭ ۋاستىسى، ھەم كارىزنى ئاسراشنىڭ تەدبىرى. ھەر يىلى كارىزنىڭ لېيى تارتىلىپ لاتقىلىرى تازىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇ مىقدارىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، يەنە ئۇزارتىپ قېزىلىدۇ.

## §4. كارىزنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 60 - يىللىرىغىچە، ناھىيە بويىچە، كارىزلارنى ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىرقەدەر ياخشى بولدى. 1970 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، قۇدۇق قېزىش ۋە قۇدۇق سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كارىزنىڭ رولىغا سەل قارالدى. كارىزدىن سۇ ئاز چىقىدۇ، ئىش كۆپ كېتىدۇ، قېزىش ئۇسۇلى قالاق، پىلانلاشقا تەسىر يېتىدۇ، دەپ قارالدى ھەمدە كارىز قېزىش چەكلەندى، كارىزلار تاشلىۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىدە كارىز كۆپىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كۆپ قىسمى تاشلىۋېتىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، قۇمۇلدا ئەتىياز، ياز پەسلىدە بوران كۆپ چىقىدۇ، ئاشمىلارنى كۆچمە قۇم قاپلاپ كېتىپ، سۇ راۋان ئاقماي، كارىزنىڭ ئىچكى دىۋارلىرى گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ. يەنە كەلكۈن، لاي - لاتقىلارمۇ كارىزنى كاردىن چىقىرىدۇ.

1978 - يىلى ئاستانە گۈڭشې 6 - دادۈينىڭ 2 - ، 4 - شياۋدۈيلىرى كارىزنى ئۆزگەرتىشنى سىناق قىلغاندا، ئۈنۈمى خېلى كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ ئىككى شياۋدۈيدە بوران، قۇمنىڭ زىيىنى ئېغىرراق، كارىز قۇدۇقلىرى دەل شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان يۆنىلىشتىكى چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي قاپتىلىغا جايلاشقان بولغاچقا، ھەر يىلى ئەتىيازدا كارىز قۇدۇقلىرىنى كۆچمە قۇم قاپلاپ كېتىپ، تىنما كۆمۈلۈپ قالاتتى. دۈيدىكى 100 نەچچە ئەمگەك كۈچى يەتتە - سەككىز كۈندە تازىلاپ بولالايتتى، بۇنىڭغا كۆپ ئادەم كۈچى كېتەتتى. بۇ شياۋدۈيلەردە كارىز ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن سۇ مىقدارى 15 — 20% كۆپەيدى. بوران، قۇم زىيىنى ۋە كارىز قۇدۇقىنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

2 - شياۋدۈيدىكى كارىزنىڭ ئاشمىلىرى تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.4 مېتر، كەڭلىكى 0.7 مېتر، ئۈستى تەرىپى تاشتىن ئەگمە كەسمە يۈز قىلىپ ياسالغان، تەشمىنىڭ يانتۇلۇقى 1/500.

4 - شياۋدۈيدە كارىز ئاشمىسىنىڭ ئۈستىدە سېمونت تۇرۇبا كۆمۈلگەن بولۇپ، تۇرۇبىنىڭ دىئامېترى 0.5 مېتر، تەشمىنىڭ يانتۇلۇقى 1/400.

پۈتتۈش قىسمىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى خىل چارە بويىچە پۈتتۈش قىسمى ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر مېتر ئۈچۈن 80 — 100 يۈەن كېتىدۇ. ئۈنۈمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق پايدىسى ۋە زىيىنى بار. سېمونت لاي ۋە تاشتىن ياسىغاندا، ئىش، ماتېرىيال كۆپ كېتىدۇ، لېكىن لېيىنى تارتىش، رېمونت قىلىش ئوڭاي، سېمونت تۇرۇبا كۆمۈش ئاسان، لېكىن تۇرۇبا ئۇلى، ئىككى بېشىنى ئوتتاشتۇرۇش سۈپەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنمىسا، تەشمىدىن سۇنىڭ راۋان چىقىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، لاي تىنىپ قالغاندا تازىلاشمۇ تەسكە چۈشىدۇ.

1963 - يىلى قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە سۇ ئېلېكتىر باشقارمىسى ئىككى قېتىم

كارىز ئىچىدە ئارتېزىيان قۇدۇقى قېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1982 - يىلى يەنە ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېلىرىدا ئالتە نۇقتىدا سىناق قىلىندى، ئاستانىدە قېزىلغان بىر ئارتېزىيان قۇدۇقىدىن سۇ چىقمىغاندىن باشقا، قالغان بەش قۇدۇقتىن سۇ ئېتىلىپ چىقتى، ئومۇمىي سۇ مىقدارى 31.5 لىتىر/سېكۇنت بولۇپ، بىر كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىش كۆلىمى 300 مو كېڭەيتىلدى. كارىز ئىچىدە قۇدۇق قازغاندا، سۈرئىتى تېز، تەننەرقى تۆۋەن، چىدامىلىق بولۇپ، كارىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىر يېڭى يول تېپىلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كارىزنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولدى. بىر تۈركۈم ھۆددىگەر ئائىلىلەر كاردىن چىققان كارىزلارنى پائال ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ بىلەن، كارىزغا قايتىدىن جان كىردى. رولى يېڭىباشتىن جارى قىلدۇرۇلدى. ئاستانە گۇڭشېسى 1 - دادۈي 1 - شياۋدۈيدىكى دېھقان خالىق ئەمەت كاردىن چىققان بىر كارىزنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۆددىگە ئېلىپ، 5000 يۈەن قەرز ئېلىپ، كارىزنىڭ ئىچكى ئېغىزىنى ئۆزگەرتكەن، گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن قىسمىنى ئوڭشاپ چىگىتتىقان ھەمدە سۇ ساقلاش كۆلچىكى ياساپ، ئىچىنى سېمونتلاپ سۇ سىڭمەيدىغان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سۇ چىقمىغىنىغا ئاز كەم 20 يىل بولغان كارىزدىن يېڭىباشتىن سۇ چىققان. سۇ مىقدارى 1.27 لىتىر/سېكۇنتقا يېتىپ، تۇنجى يىلى 800 يۈەن ساپ كىرىم قىلغان. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاستانە گۇڭشېدىكى 11 دېھقان ئائىلىسى قەرز پۇل ئېلىپ كارىزنى ھۆددىگە ئالدى.

# III باب يېزا ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى

## §1. توك بېرىش، ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇشى

قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردا ئىشلىتىلىدىغان توكمۇ تېز كۆپەيدى. 1961 - يىلى پالۋانتۇر گۇڭشېي ئون كىلوۋولت ئامپېرلىق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتقاندىن باشلاپ تاكى 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 392.29 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى (بۇنىڭ ئىچىدە 35 كېلوۋولت ئامپېرلىق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى 57.51 كىلومېتىر، ئون كىلوۋولت ئامپېرلىق توك سىمى 334.78 كىلومېتىر)، 236.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ توك بېرىش، ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇشى، ئاساسەن،

1968 - يىلدىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلدى. شەھەر ئىچى، راھەتباغ، پالۋانتۇر گۈڭشېلىرىغا ۋە شەھەر ئەتراپىغا كېرەكلىك توكنى ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى بىۋاستە تەمىنلەيدۇ. ئاستانە، قارادۆۋە، بۇلۇڭتوغراق گۈڭشېلىرى ئىشلىتىدىغان توكنى ترانسفورماتور پونكىتى ۋاستىلىق تەمىنلەيدۇ. ئاساسلىق توك بېرىش، ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇشى ئون كىلوۋولت ئامپېرلىق، 35 كىلوۋولت ئامپېرلىق توك بېرىش لىنىيىسى ۋە ئاستانە، قارادۆۋە، بۇلۇڭتوغراق گۈڭشېلىرىدىكى ئۈچ ترانسفورماتور پونكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1. ئاستانە ترانسفورماتور پونكىتى:** 1968 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1969 - يىلى پۈتتى. ئومۇمىي سىغىمى 1 × 1000 كىلوۋولت ئامپېر ئىدى، 1976 - يىلى 1 × 3200 كىلوۋولت ئامپېر كۆپەيتىلدى. 35 كىلوۋولت ئامپېرلىق لىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12.6 كىلومېتر بولۇپ، 1981 - يىلى كېڭەيتىلىپ قۇرۇش ئىشى باشلىنىپ، 1982 - يىلى پۈتتۈرۈلدى. ھازىرقى سىغىمى 1000 + 3150 كىلوۋولت ئامپېر بولۇپ،

**1971 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە توك سىمى تارتىش، توك ئىشلىتىش ئەھۋالى**

جەدۋەل 6 — 4

| يىل ئايرىمىسى | توك سىمى تارتىلغان دادۈي سانى | ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن توك (10 مىڭ كىلوۋات - سائەت) | يىل ئايرىمىسى | توك سىمى تارتىلغان دادۈي سانى | ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى (10 مىڭ كىلوۋات - سائەت) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 36 | 377·6 | 1978 | 65 | 1387·17 |
| 1972 | 39 | 219 | 1979 | | 1275·8 |
| 1973 | 42 | 328·8 | 1980 | | 1464·7 |
| 1974 | 45 | 526 | 1981 | | 1377·3 |
| 1975 | 52 | 829·8 | 1982 | | 1434·5 |
| 1976 | 54 | 981·8 | 1983 | 76 | 1773·6 |
| 1977 | 55 | 924·45 | | | |

جەمئىي 706 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ پونكىت، ئاساسەن، ئاستانە گۆڭشى بىلەن قىزىلبۇلتۇز 2 - مەيدانىنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2. **قارادۆۋە ترانسفورماتور پونكىتى:** ئومۇمىي سىغىمى 1000 × 2 كىلوۋولت ئامپېر، پونكىت قۇرۇلۇشى 1979 - يىلى باشلىنىپ، 1980 - يىلى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 21.3 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا 35 كىلوۋولت ئامپېرلىق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، بۇ لىنىيە قارادۆۋە گۆڭشېسىنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇنىڭغا جەمئىي 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

3. **بۇلۇڭتوغراق ترانسفورماتور پونكىتى:** ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى 1969 - يىلى باشلىنىپ، 1970 - يىلى پۈتتۈرۈلدى ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئومۇمىي سىغىمى 1 × 1000 كىلوۋولت ئامپېر. 1976 - يىلى 1 × 3200 كىلوۋولت ئامپېرغا يەتكۈزۈلدى. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كېڭەيتىپ قۇرۇش باشلىنىپ، 1983 - يىلى پۈتتۈرۈلدى. ھازىرقى ئومۇمىي سىغىمى 1000 + 3150 كىلوۋولت ئامپېر بولۇپ، جەمئىي 836 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ لىنىيە بۇلۇڭتوغراق گۆڭشى، قىزىلبۇلتۇز 4 - مەيدان، لوتوچۈەنزىنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. 23.2 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا 35 كىلوۋولت ئامپېرلىق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى.

## 2§. كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى

ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوندا تاغلار ئېگىز، تاغ قاپتاللىرى تىك، يەنە كېلىپ مەلۇم سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى بار، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇشقا بولىدىغان ئورۇن ناھايىتى كۆپ، تاغلىق رايونلاردا چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ، چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تارقاق، قاتناش قولايسىز، ئېنېرگىيە مەنبەسى كەم، توك ئىشلىتىش قىيىن، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرغاندا ھەم ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا لازىملىق توك مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى، ھەم چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

قۇمۇل ناھىيىسىدە 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كىچىك سۇ ئېلېكتر ستانسىلىرىنى قۇرۇش ئەۋج ئالدى. ئەينى چاغدا تېخنىكا سەۋىيىسى، ماتېرىيال ۋە مەبلەغ چەكلىك بولغاچقا، ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاددىي، كۆلىمى بەك كىچىك ئىدى. 1978 - يىلىدىن كېيىن، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى خېلى تېز بولدى. 1983 - يىلىغا كەلگەندە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئالتىگە، ئومۇمىي گېنېراتور قۇۋۋىتى 423.5 كىلوۋاتقا يەتتى. ئون كىلوۋولت ئامپېرلىق توك بېرىش لىنىيىسى 75.35 كىلومېترغا، تۆۋەن بېسىملىق توك لىنىيىسى 64.8 كىلومېترغا، يىللىق ئوتتۇرىچە توك مىقدارى 186 مىڭ 400 كىلوۋاتسائەتكە يەتتى.

1. **تاشۋېلىق قوشماق ئېلېكتر ئىستانسىسى:** تاشۋېلىق گۆڭشېسىدىكى چوڭ - كىچىك قوشماق ئۆستەڭنىڭ سۈيى قوشۇلىدىغان ئېغىزىغا قۇرۇلغان بولۇپ، گېنېراتور قۇۋۋىتى 5 × 72 كىلوۋات. 1974 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1976 - يىلى پۈتۈپ توك

بېرىشكە باشلىدى، ئۇنىڭغا جەمئىي 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 230 مىڭ يۈەن، گۇڭشې ـ دۈيلەر ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 100 مىڭ يۈەن. ھەر يىلى 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە سۇ كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىنىدۇ، 11 ـ ئايدىن كېلەر يىلى 3 ـ ئايغىچە دىزېل ماتور ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ ستانسا گۇڭشېدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى ۋە چېيكىشى، چېكدۇك، ئاقتاغ، خۋاڭگۇڭ، قوشماقتىن ئىبارەت بەش دادۈينى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە بىر چارۋىچىلىق دۈيىنىڭ يورۇتۇش، ماشىنا رېمونت قىلىش، سانائەت قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىغا لازىملىق توكنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

2. **تاشۋىلىق خوتۇنتام ئېلېكتر ئىستانسىسى:** تاشۋىلىق گۇڭشې خوتۇنتام دادۈيىنىڭ تۆۋەنكى غولىنىڭ باش تەرىپىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي گېنېراتور قۇۋۋىتى 2 × 40 كىلوۋات. 1979 ـ يىلى ئىش باشلىنىپ، 1980 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پۈتۈپ توك بېرىشكە باشلىدى. بۇنىڭغا جەمئىي 136 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 104 مىڭ يۈەن، گۇڭشې ـ دۈيلەر تەييارلىغىنى 32 مىڭ يۈەن. بۇ ئىستانسا تاغلىق رايوندىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى بولسىمۇ، لېكىن ئەنلەر غولىدىكى بۇلاق سۇلىرىنى مەنبە قىلغاچقا، سۇ مەنبەسى مۇقىم، ئىشەنچىلىك بولۇپ، ناھىيە بويىچە بىردىنبىر يىل بويى توك بېرىدىغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە ئۆز دادۈيىنىڭ تۆت شياۋدۈيىنى ۋە ئاردىم دادۈيىنىڭ ئۈچ شياۋدۈيىنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھازىرقى قۇۋۋىتى گېنېراتور ئومۇمىي قۇۋۋىتىنىڭ 30 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. گۇڭشېنىڭ ۋە ئالتە دادۈينىڭ قىش پەسلىدە توك يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، توك ئۆزىتىش لىنىيىسى گۇڭشېنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، قوشماق ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلمەكچى.

3. **بۇغاز ئېلېكتر ئىستانسىسى:** بۇغاز گۇڭشې ئورگىنىنىڭ شىمالىدىكى تىك قاپتالغا جايلاشقان. 1979 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئىش باشلىنىپ، 1980 ـ يىلى پۈتۈپ توك بېرىشكە باشلىدى. بۇ ئىستانسا قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 125 مىڭ 500 يۈەن، گۇڭشې ـ دۈيلەر تەييارلىغىنى 27 مىڭ 500 يۈەن. ئۇ، بوغاز سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىنى مەنبە قىلىدۇ. ئومۇمىي گېنېراتور قۇۋۋىتى 1 × 75 كىلوۋات بولۇپ، ھەر يىلى 3 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە سۇ كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىنىدۇ. 12 ـ ئايدىن كېلەر يىلى 3 ـ ئايغىچە دىزېل ماتور ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ ئىستانسا ئالتە دادۈي، گۇڭشې ئورگىنى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ يورۇتۇش ئىشلىرىنى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. 7 ـ دۈي بىلەن سۇ ئىشلىرى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مەبلىغى يەتمىگەچكە، ئۇلارغا توك سىمى تارتىلمىدى.

4. **تىيانشان ئېلېكتر ئىستانسىسى:** دەسلەپتە 1966 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تىيانشان گۇڭشېسىدىن بىر كىلومېتىر شىمالغا، قورايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان چاغدا ياسالغان. گېنېراتور قۇۋۋىتى 1 × 24 كىلو-

ۋات، كېيىنكى چاغلاردا ياخشى باشقۇرۇلمىغاچقا، 1976 - يىلى كاردىن چىققان.

5. غەربىي تاغ تاراتى ئېلېكتر ئىستانسىسى: غەربىي تاغ گۈڭشې تاراتى ئېقىنىزىغا ئىككى كىلومېتر كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان، گېنېراتور قۇۋۋىتى 14.5 × 1 كىلوۋات بولۇپ، گۈڭشې - دۈيلەر ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ بىلەن قۇرۇلغان كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى. ئىستانسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، شەرت - شارائىتى ناچار بولسىمۇ، لېكىن باشقۇرۇش خادىملىرى ئەستايىدىل مەسئۇل بولغانلىقتىن، 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولماقتا. بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ھەر يىلى 10 ئاي توك ھاسىل قىلىپ، شۇ يەردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا لازىملىق توكنى ھەل قىلىدۇ ۋە تاغلىق رايوندىكى خەلقىنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن مەلۇم قۇۋۋەت مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

6 . غەربىي تاغ چەچەي ئېلېكتر ئىستانسىسى: غەربىي تاغ گۈڭشې چەچەي ئېقىنىزىغا جايلاشقان بولۇپ، 1980 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1981 - يىلى پۈتۈپ توك بېرىشكە باشلىدى. ئومۇمىي گېنېراتور قۇۋۋىتى 2 × 40 كىلوۋات.

ناھىيىدىكى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 6 - 5

| ئىستانسا نامى | ئورنى | سۇ مەنبەسى | گېنېراتور (كىلوۋات) | مىقدارى (10 مىڭ كىلوۋات سائەت |
|---|---|---|---|---|
| قوشماق ئېلېكتر ئىستانسىسى | تاشۆيلۇق قوشماق كەنتى | جىلغا سۈيى | 2 × 75 | 6 |
| خوتۇنتام ئېلېكتر ئىستانسىسى | تاشۆيلۇق خوتۇنتام | بۇلاق سۈيى | 2 × 40 | 4.38 |
| بوغاز ئېلېكتر ئىستانسىسى | بوغاز گۈڭشې | سۇ ئامبىرى سۈيى | 1 × 75 | 2.5 |
| تيانشان ئېلېكتر ئىستانسىسى | تيانشان گۈڭشې | تاغ سۈيى | 1 × 24 | 1.08 |
| چەچەي ئېلېكتر ئىستانسىسى | غەربىي تاغ گۈڭشې | تاغ سۈيى | 2 × 40 | 3.2 |
| تاراتى ئېلېكتر ئىستانسىسى | غەربىي تاغ تاراتى | تاغ سۈيى | 1 × 14.5 | 1.3 |

# IV باب ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى

## §1. يەر تۈزلەش

قۇمۇل ناھىيەسى 1964-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «بېكتېۋەننى نىشان، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئاساس قىلىپ، ئېرىق-ئۆستەڭ، يول، ئورمان، ئېتىزلار يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش» دېگەن چاقىرىقىقا ئاساسەن، يېزىلاردا سۇئىشلىرى مەركەز قىلىنغان «بەشتە ياخشى» (ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئورمان بەلبېغى، ياخشى يول، ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى مەھەللە) ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى. ناھىيىدە پىلانلاش ئەترىتى، گۇڭشېدا پىلانلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. پىلانلاش بويىچە يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، بىر تۈركۈم پىلانلاش تېخنىكا خادىملىرى تەربىيىلەندى. ھەر قايسى گۇڭشې، مەيدانلاردا ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش دولقۇنى قوزغالدى. 1976-يىلدىن 1979-يىلغىچە، ناھىيە بويىچە سەككىز پىلانلاش ئەترىتى، 952 ئادەم، 42 كەسپىي قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 13 گۇڭشې (مەيدان) بىر تۇتاش پىلانلاندى. مۇشۇ مەزگىلدە، جەمئىي 35 مىڭ 650 مو يەر تۈزلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە 24 مىڭ 760 مو يەر تۈجۈپىلەپ تۈزلەندى. 2 مىليون 290 مىڭ 200 كۇب مېتىر تاش-توپا قېزىلدى. بۇنىڭغا 898 مىڭ 800 ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىندى، ئىككى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، بەش تراكتور، 52 ئات ھارۋىسى، 2867 ئېشەك ھارۋىسى ئىشلىتىلدى. ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 10 مىڭ 696 ئادەم قاتناشتى.

1983-يىلغىچە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 767 پارچە يەنى 120 مىڭ مو سالا ئېتىز بەرپا قىلىندى. «ئېرىق-ئۆستەڭ، يول، ئورمان، ئېتىز» يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سالا ئېتىز 510 پارچىغا يەنى 90 مىڭ موغا يېتىپ، سالا ئېتىز ئومۇمىي سانىنىڭ 66.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 337.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭىپ كەتمەيدىغان ھەر خىل ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىلدى. 5300 مو ئېتىز-ئېرىق مۇھاپىزەت ئورمىنى بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان بەلبېغى 831 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 531 كىلومېتىر كېلىدۇ. 3710 مو دائىرىدە «تۆت ئەتراپ» قا كۆچەت تىكىلدى.

1976-يىلى قىشتا باشلانغان ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى تېزلەتتى، قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا تۈرتكە بولدى، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭىپ كەتمەيدىغان قىلىش، كارىزلارنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش سۇ قۇرۇلۇشى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن قۇدۇق، ئېرىق-ئۆستەڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان بىر تۈركۈم مۇقىم، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلار بارلىققا كەلدى.

## §2. شورلۇقنى ياخشىلاش

ناھىيە بويىچە 61 مىڭ 400 مو شورلۇق يەر بولۇپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ شورلۇق، ئاساسەن، بۇلۇڭتوغراق گۆڭشېسىنىڭ ساۋۇلاق دادۇيى، تاشۋېلىق گۆڭشېسىنىڭ يالغۇز تويۇم، پالۋانتۇر گۆڭشېسىنىڭ ياۋۇلۇڭ دادۇيى، شەھەر ئىچى گۆڭشې، راھەتباغ گۆڭشېسىنىڭ غەربىي چۆلى، ئاستانە گۆڭشېسىنىڭ 5-دادۇيى، قارادۆۋە گۆڭشېسىنىڭ چېگرا رايونىغا ياردەم بەرگۈچىلەر دېھقانچىلىق مەيدانى، سۇ ئامبىرى دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە بوغاز گۆڭشې قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بۇ رايونلاردا ئۇزۇن مۇددەتكىچە قۇرغاقچىلىق بولۇش، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك بولۇش، تۇپراق يۇمشاق بولۇش، توختاپ قالغان زەي سۇنى چىقىرىۋېتىش راۋان بولماسلىق، تۇپراقنىڭ تۇز تەركىبى يۇقىرى بولۇش، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ گورىزونتاللىق ھەرىكىتى ئاستا بولۇش، تىك يۆنىلىشلىك ھەرىكىتى تېزلىشىش تۈپەيلىدىن، تۇپراقتا كۆپلەپ تۇز يىغىلىپ قالغان. ئايرىم جايلاردا تۇپراق ئۈستىنى تۇز باغلاپ كەتكەن ۋە بىر قەۋەت تۇز پەيدا بولغان. تۇپراقتىكى تۇز تەركىبى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئۈچ پىرسەنتكە يېتىپ، دېھقانچىلىق تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سالغان.

بوغاز گۆڭشې ناھىيە بويىچە ئاساسىي شورلۇق رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، يەر شەكلى پەس ۋە ئويمان، توختاپ قالغان زەي سۇلارنىڭ چىقىرىۋېتىلىشى راۋان ئەمەس، يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئۈچ گرام ـ لىتىردىن يۇقىرى، تۇپراقتىكى تۇز تەركىبى ئادەتتە 0.6% ـ 0.8%، ئايرىم جايلاردا بىر پىرسەنتتىن كۆپ. بۇنىڭدا، ئاساسلىقى، كىسلاتالىق تۇز تۇپراق، خلورىدلىق تۇز تۇپراق، سۇدا تۇز تۇپراق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شەھەر ئىچى گۆڭشې، راھەتباغ گۆڭشې غەربىي چۆلمۇ قومۇل ناھىيىسى بويىچە ئاساسلىق شورلۇق رايون ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى 30 يىلدا پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شورنى تىزگىنلەشتە مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇلار، ئاساسەن، مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللاندى:

1. زەي سۇنى چىقىرىۋېتىپ شورنى تىزگىنلەش. بۇ، تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي تەدبىرى. 1983-يىلغىچە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 61.6 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي زەيكەشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21 كىلومېتر، غول، تارماق زەيكەشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40.6 كىلومېتر بولۇپ، شورنى تىزگىنلەشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

2. بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش. شورغا چىدامىلىق زىرائەتلەرنى كۆپلەپ تېرىپ، بىئولوگىيىلىك ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ شور تۇپراق ياخشىلاندى.

3. زىرائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، مۇۋاپىق سۇغىرىش، سۇغىرىش ئېرىقلىرىنىڭ سۇ سىڭىپ كېتىدىغان ئېرىق-ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىپ تۇرۇشىنى ئازايتىش.

4 . ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش، يەرلەرنى تۈزلەش، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، زىرائەتلەرنىڭ شورغا چىداملىقلىقىنى كۈچەيتىش.

5 . تىك قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ، توختاپ قالغان زەي سۇنى چىقىرىۋېتىپ، شورنى چايقاپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى تۆۋەنلىتىش.

شور تۇپراقنى ياخشىلاش ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپە، «شور سۇغا ئەگىشىپ كېلىش، شور سۇغا ئەگىشىپ چىقىپ كېتىش» ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى، يۇقىرىدىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق تۇپراقنى ياخشىلاش مەقسىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن يېتىلدى. ئاساسلىق شورلۇق رايون بولغان بوغاز كۆكشىپسى قۇمۇل ناھىيىسى بويىچە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ قالدى.

# 7 باب قۇرۇلۇشلارنى باشقۇرۇش

## § 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى مەسئۇلىيىتى ۋە خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە كەسپىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى، دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىلىدى.

مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى: ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى، گۇڭشې، مەيدانلاردا سۇ - ئېلېكتر باشقۇرۇش پونكىتلىرى تەسىس قىلىنىدى. ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق فۇنكسىيىلىك تارماق بولۇپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى فاڭجېنى، سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا، يىللىق پىلان، تەدبىر تۈزۈش، مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىش، قۇرۇلۇش قىلىش، باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى. خىراجەتنى مالىيە تارماقلىرى ئاجرىتىپ بەردى، خادىملارنى كادىرلار ئىدارىسى ئورۇنلاشتۇردى. سۇ - ئېلېكتر باشقۇرۇش پونكىتلىرى گۇڭشې، مەيدان دەرىجىلىك فۇنكسىيىلىك تارماقلار بولۇپ، ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كەسپىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولغاندىن باشقا، يەنە سۇ ھەققى يىغىش، ئىشلىتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. مەمۇرىي جەھەتتە ناھىيە، گۇڭشېنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى. خادىملارنىڭ ئىش ھەققى، خىراجىتى، ئاساسەن، سۇ ھەققى كىرىمىگە تايىنىپ ھەل قىلىنىدى، بۇنىڭدىن قالسا، پىششىقلاپ ئىشلەش، تېرىقچىلىق قىلىش، ئۇنىۋېرسال تىجارەت قىلىش قاتارلىقلاردىن قىلغان كىرىمگە تايىنىپ ھەل قىلىنىدى.

كەسپىي باشقۇرۇش سىستېمىلىق باشقۇرۇش، تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش بويىچە يولغا قويۇلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى ترانسفورماتور پونكىتلىرى، سۇ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش. ئۇنى، يىلانلاش ئەترىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال تىجارەت شىركىتى

## قۇمۇل ناھىيەسىدىكى ئاساسىي قاتلام سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ 1983 - يىللىق ئاساسىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 6 — 8

| ئورۇنلار | سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى | | | | | | هازىرغىچە بار ئىشچى - خىزمەتچى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سۇغىرىش رايون كۆلىمى (10 مىڭ مو) | غول ئۆستەڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | يۇقىرى، تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى (كىلومېتىر) | قۇدۇق ماشىنىلاشقان | كىچىك سۇ ئامبىرى (سانى/10 مىڭ كۇبمېتىر) | ئېلېكتىر ئىستانسىسى (سانى/كىلوۋات) | جەمئىي | مۇقىم ئىشچى | ۋاقىتلىق ئىشچى |
| تاشۋىلىق | 3.3 | 24 | 37 | 13 | 3/100 | 2/230 | 29 | 20 | |
| بۇلۇڭتوغراق | 2.25 | | 52.04 | 142 | | | 16 | 16 | |
| پالۋانتۇر | 4.15 | 18 | 132.35 | 245 | | | 19 | 19 | |
| راھەتباغ | 2.4 | 18 | 45.96 | 71 | 2/100 | | 21 | 15 | 6 |
| شەھەر ئىچى | 1.1 | 6.5 | 53.6 | 67 | 1/20 | | 13 | 10 | 3 |
| بوغاز | 1.25 | 18 | 19.5 | 7 | 2/2240 | 1/75 | 18 | 13 | 5 |
| ئاستانە | 3.5 | | 66.1 | 171 | | | 27 | 18 | 9 |
| قارا دۆۋە | 2.5 | 22 | 6.56 | 76 | 2/685 | | 18 | 13 | 5 |
| تىيانشان | 1.65 | 21 | 7.9 | 4 | | 1/24 | 5 | 5 | |
| غەربىي تاغ | 1.6 | 27 | 7.3 | 9 | | 2/99 | 10 | 10 | |
| قوبلۇق | 0.13 | 48 | 3.7 | 5 | | | 3 | 3 | |
| بەتتە قۇدۇق | 0.07 | | | 10 | | | 4 | 4 | |
| جەمئىي | 23.9 | 202.5 | 432 | 820 | 10/3145 | 6/428 | 174 | 146 | 28 |

يېزا ئېلېكتر باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا، يېزا ئېلېكتر باشقۇرۇش شىركىتى ناھىيىلىك سۇ-ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، ناھىيىدە مەخسۇس سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تارماق يوق بولۇپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشقا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بۆلۈمى مەسئۇل ئىدى. 1954-يىلى ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا، مەبلەغ سېلىش، ئىشلىتىش، قۇرۇلۇشلارنى باشقۇرۇش، ئىلغار سۇغىرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىشقا مەسئۇل قىلىندى. گۇڭشې، مەيدانلاردىمۇ مەخسۇس باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى يوق بولۇپ، بىر نەپەر سۇ باشقۇرۇش خادىمى قويۇلۇپ، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىنغانىدى. قىسمەن گۇڭشې، مەيدانلاردا سۇ باشقۇرۇش خادىمى يوق بولغاچقا، بۇ ئىشنى ئىشلەپچىقىرىش خادىمى ۋەكالىتەن باشقۇرغانىدى. 1959-يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئارقا-ئارقىدىن نۇرغۇن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى باشلاندى. پالۋانتۇر گۇڭشېسىدا سۇ باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تۈزلەڭلىكتىكى گۇڭشې، مەيدانلاردىمۇ ئارقا-ئارقىدىن سۇ باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. 1978-يىلى، تىيانشان، غەربىي تاغ، قويلۇق قاتارلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 1981-يىلى، يەتتەقۇدۇق گۇڭشېسىدا سۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ناھىيىدىكى 13 گۇڭشې، مەيدانىنىڭ ھەممىسىدە سۇ باشقۇرۇش تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، مۇكەممەل باشقۇرۇش تورى شەكىللەندى.

## § 2. سۇ ئامبارلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، كىچىك سۇ ئامبىرى ئون بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمى 31 مىليون 450 مىڭ كۇب مېتىر. سۇ ئېلېكتر مىنىستىرلىكى چوڭ سۇ ئامبىرى (سىغىمى 100 مىليون كۇب مېتىردىن يۇقىرى)نى ئۆلكە، مىنىستىرلىك باشقۇرىدۇ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرى (سىغىمى 10 مىليون كۇب مېتىردىن 100 مىليون كۇب مېتىرغىچە)نى، كىچىك I تىپتىكى سۇ ئامبىرى سىغىمى 1 مىليون كۇب مېتىردىن 10 مىليون كۇب مېتىرغىچە)نى ناھىيە باشقۇرىدۇ، كىچىك II تىپتىكى سۇ ئامبىرى (100 مىڭ كۇب مېتىردىن 1 مىليون كۇب مېتىرغىچە)نى كىم ياسىغان بولسا شۇ باشقۇرىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن.

بوغاز سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمى 22 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. 1970-يىلى پۈتكەن چاغدا ناھىيىلىك سۇ بۆلۈمى باشقۇرغانىدى. 1977-يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىدى، 1977-يىلى بوغاز سۇ ئامبىرىنىڭ بىرلا گۇڭشېنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش

قارار قىلىندى. ناھىيىدە سۇ ئامبىرى باشقۇرۇش باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، (مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك) بىر نەپەر باشقارما باشلىقى، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى قويۇلدى. بۇ باشقارما قارىمىقىدا بىر بېلىقچىلىق مەيدانى بولۇپ، 44 نەپەر مەمۇرىي ۋە قۇرۇلۇش باشقۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش خادىمى سەپلەپ بېرىلدى.

راھەتباغ، قارادۆۋە سۇ ئامبارلىرى كىچىك I تىپتىكى سۇ ئامبىرى بولۇپ، ناھىيىلىك سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسى بىلەن گۇڭشې سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورۇن باشقۇردى. خادىملار جەھەتتە سۇ باشقۇرۇش پونكىتى ئاساس قىلىندى. قارادۆۋە سۇ ئامبىرى چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچىلەر دېھقانچىلىق مەيدانىنى، سۇ ئامبىرى دېھقانچىلىق مەيدانىنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەچكە، مەخسۇس توسما قوغداش قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، سۇ ئامبىرىغا سۇ قاچىلاش، باشقۇرۇش، بىخەتەرلىك، ئاسراش ۋە سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى.

باشقا كىچىك II تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىنى كىم قۇرغان بولسا شۇ باشقۇرۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، گۇڭشې سۇ باشقۇرۇش پونكىتى ياكى دادۇيلەر ئۆزلىرى باشقۇردى.

سۇ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە:

1. بىخەتەر ئىشلىتىش: سۇ ئامبىرى يۇتتۇرۇلگەندىن كېيىن، سۇ ئامبىرىغا سۇ قاچىلاش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە مەلۇم ئۆلچەم ۋە تەلەپ بولۇش، سۇنى ئۆلچەمدىن ئارتۇق قاچىلىماسلىق ۋە نۇقسان تۇرۇقلۇق ئىشلەتمەسلىك، چۇشۇرگە، تاقاق، توسمىلارنى پۇختىلاش، يۇرۇشلەشتۇرۇش.

2. سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش: سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ تېرىقچىلىق ئەھۋالىغا ۋە سۇ ئىشلىتىش پىلانىغا ئاساسەن، سۇنى پىلان بويىچە قويۇپ بېرىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش.

3. قۇرۇلۇش باشقۇرۇش، ئاسراش: سۇ ئامبىرىنى ھەر يىلى قەرەللىك رېمونت قىلىپ تۇرۇش، بۇ، ئاساسەن، ئېچىش، تاقاش ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش، توسمىنى پۇختىلاش، چۇشۇرگە مۇئەسسەسەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3§ . ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى باشقۇرۇش

ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1402 كىلومېتىر بولۇپ، ھەرقايسى سۇغىرىش رايونلىرى ئۆز ئالدىغا سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇڭا، سۇ باشلىنىدىغان تايانچ قۇرۇلۇشلارنى ھەرقايسى گۇڭشې سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى باشقۇرىدۇ. تارماق ئۆستەڭ، يان ئېرىق، سۇغىرىش ئېرىقلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى دادۈي، شىياۋدۈيلەر ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ.

سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى سۇ باشلىنىدىغان تايانچ ئۆستەڭلەرنىڭ لاتقا-لايلىرىنى ھەر يىلى قەرەللىك تازىلاپ، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ئاسراپ ۋە قاشلىرىنى پۇختىلاپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا لازىملىق مەبلەغنى ئۆزلىرى ھەل قىلىدۇ، خادىملارنى سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەندى ھەمدە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

## §4. سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش

### 1. باشقۇرۇش

سۇ مەنبەسى تاغ سۈيى، قۇدۇق سۈيى، بۇلاق سۈيى ۋە كارىز سۈيى دەپ ئايرىلىدىغان بولغاچقا، باشقۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمىدى.

(1) تاغ سۈيىنى باشقۇرۇش: شىمالدىكى تاغلىق رايونلار، ئاساسلىقى، تاغ سۈيىگە تايىنىپ زىرائەت سۇغارغاچقا، نۆۋەتلەشتۈرۈپ سۇغىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، سۇ باشقۇرۇش پونكىتى ياكى دادۈي، شياۋدۈيلەر ئۆز ئالدىغا تەڭشىدى. سۇ ھەققىنى سۇ باشقۇرۇش پونكىتى بىر تۇتاش يىغدى.

(2) قۇدۇق سۈيىنى باشقۇرۇش: شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بۇلۇڭتوغراق، ئاستانە ۋە پالۋانتۇر گۇڭشېلىرى ناھىيە بويىچە ئاساسەن قۇدۇق سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىدىغان سۇغىرىش رايونلىرى بولۇپ، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى مەسئۇل بولۇپ باشقۇردى. ئىشلىتىدىغان سۇ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە تەڭشەلدى. توك پۇلىنى توك ئىشلەتكۈچىلەر توك بىلەن تەمىنلەش تارماقلىرىغا تاپشۇردى. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنى دۈيلەر باشقۇرغاندىن سىرت، بىر قىسمىنى تەدرىجىي ھالدا شەخسلەر ياكى مەھەللاتنى ھۆددىگە ئالغان ئائىلىلەر ھۆددىگە ئېلىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى.

(3) بۇلاق سۈيى ۋە كارىز سۈيىنى باشقۇرۇش: بېگۈرىدىكى بۇلاق سۈيى ۋە شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭ بۇلاق سۇلىرى قاراداۋۋە، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز گۇڭشېلىرىنىڭ زىرائەت سۇغىرىدىغان ئاساسىي سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بېگۈرىدىكى بۇلاق سۇلىرىنى زىرائەت سۇغىرىش پەسلىدە لاپچۇق، قاراداۋۋە ئىشلىتىدۇ. قىش پەسلىدە 6 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر بىكار سۇ ئامبىرىغا قاچىلىنىپ، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچىلەر دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە سۇ ئامبىرى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ زىرائەت سۇغىرىشى ئۈچۈن بېرىلىدۇ. شەرقىي، غەربىي ئۆستەڭ بۇلاق سۈيىدىن قىش پەسلىدىكى بىكار سۇلار راھەتباغ، بوغاز سۇ ئامبارلىرىغا قاچىلىنىدۇ. قالغانلىرىنى شەھەر ئىچى ۋە راھەتباغ گۇڭشېلىرىنىڭ 12 دادۈيى ئىشلىتىدۇ. كونكرېت تەڭشەشكە سۇ باشقۇرۇش پونكىتى مەسئۇل بولىدۇ. سۇ ھەققى يىغىش، قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىش، بۇلاق كۆزلىرىنى ئېچىش ئىشلىرىغا سۇ باشقۇرۇش پونكىتى مەسئۇل بولدى.

www.uyghurkitap.com

پارچە ـ پۇرات بۇلاق، كارىز سۇلىرىنى شياۋدۇيلەر ئۆزلىرى باشقۇردى. تاشۋېلىق گۇڭشېسىدىن ئازراق سۇ ھەققى ئېلىنغاندىن باشقا، بۇلۇڭتوغراق، ئاستانە گۇڭشېلىرىدىن سۇ ھەققى ئېلىنمىدى.

2 . سۇ ھەققى

1981 ـ يىلىدىن ئىلگىرى، ناھىيىدىكى سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇ ھەققى مو بېشى بويىچە ھېسابلىناتتى ۋە سۇ ھەققىنى ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئۆز ئالدىغا ئالاتتى، سۇ ھەققى ھەر مو يەر ئۈچۈن 0.2 يۈەندىن 0.7 يۈەنگىچە كۆپ خىل ئۆلچەم بويىچە ئېلىنغاچقا، سۇ ھەققى يىغىش نىسبىتى بەك تۆۋەن بولۇپ، ئۇنۇمى يۇقىرى ئەمەس ئىدى.

1981 ـ يىلىدىن كېيىن، سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مو بېشى بويىچە سۇ ھەققى يىغىش كۇب مېتىر بويىچە سۇ ھەققى يىغىشقا ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ئۆلچەم قوللىنىلدى:

1 . بوغاز سۇ ئامبىرى، قارادۆۋە سۇ ئامبىرى قاتارلىق ئىككى دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا ھەر كۇب مېتىر سۇنىڭ باھاسى 0.004 يۈەن.

2 . قۇرۇلۇش ئەسلىھەلەرگە تايىنىپ باشلىنىدىغان تاغ، بۇلاق سۇلىرىنىڭ ھەر كۇب مېتىرىنىڭ باھاسى 0.002 يۈەن.

3 . كارىز سۈيىنىڭ ھەر كۇب مېتىرىنىڭ باھاسى 0.0005 يۈەن.

سۇ ھەققى يىغىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى سۇ ھەققىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ۋەكالىتەن تۇتۇپ قېلىشىغا ھاۋالە قىلىپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا 2% رەسمىيەت ھەققى بەردى. بەزى جايلاردا سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى ئۆزلىرى يىغدى. سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ياكى شەخسلەرنىڭ ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ سۇ ھەققى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا سۇ باشقۇرۇش تارماقلىرى سۇ بەرمەسلىككە ھوقۇقلۇق بولدى. كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئۆزى جاۋابكار بولىدىغان بولدى. ئىلگىرى تاپشۇرۇلماي قالغان سۇ ھەققى 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ، بەش يىلغىچە تولۇق تاپشۇرۇپ بولۇنىدىغان بولدى.

## 5§ . يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان توكنى باشقۇرۇش

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، قۇمۇلدا قۇدۇق سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىش قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇكەممەل ئېلېكتىر قۇۋۋىتىگە تايىنىپ سۇغىرىش تورى شەكىللەندى. 35 كىلوۋولت ئامپىرلىق لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 57.51 كىلومېتىرغا، 10 كىلوۋولت ئامپىرلىق لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 334.78 كىلومېتىرغا، 0.4 كىلوۋولت ئامپىرلىق لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 236.4 كىلومېتىرغا يەتتى. 339 دانە 16 مىڭ 60 كىلوۋولت ئامپىرلىق ترانسفورماتور ئورنىتىلدى.

توك بىلەن تەمىنلەشتە بىۋاستە تەمىنلەش، توك ھەققىنى بىۋاستە يىغىش، دۆك سېتىش، ئومۇملاشتۇرۇلغان ئۈچ خىل شەكىل قوللىنىلدى. توك بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇشقا سۇ-ئېلېكتر باشقۇرۇش پونكىتى ياكى ترانسفورماتور پونكىتلىرى مەسئۇل بولدى.

بۇلۇڭتوغراق، ئاستانە، قارادۆۋەلەردە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان توكنى ئەسلىدە سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرى بىر تۇتاش باشقۇرغانىدى، ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ترانسفورماتور پونكىتى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

شەھەر ئىچى، راھەتباغ، پالۋانتۇر گۇڭشېلىرى توك بىلەن بىۋاستە تەمىنلىنىدىغان، توك ھەققى بىۋاستە ئېلىنىدىغان ئورۇنلار بولغاچقا، ئۇلارنى ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى توك بىلەن بىۋاستە تەمىنلەپ كەلدى، توك ھەققىنى سۇ باشقۇرۇش پونكىتى يىغدى. توك لىنىيىسىنى رېمونت قىلىش ۋە ترانسفورماتور ئاسراش ۋە ئۇنى رېمونت قىلىشقا سۇ-ئېلېكتر پونكىتى مەسئۇل بولدى. ئۈچ ترانسفورماتور پونكىتى توك بىلەن تەمىنلەش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇلۇڭتوغراق، ئاستانە گۇڭشېلىرىدا توكنى دۆك سېتىش، قارادۆۋە گۇڭشېسىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان توك باھاسى يولغا قويۇلدى.

قۇمۇل ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە قۇدۇق سۈيى بىلەن زىرائەت سۇغىرىدىغان نۇقتىلىق رايون بولغاچقا، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان توكنىڭ نىسبىتى كۆپ بولۇپ، 1983-يىلى 17 مىليون كىلوۋات-سائەتتىن كۆپرەك توك ئىشلىتىلدى، توكنى تېجەپ ئىشلىتىش، بىخەتەر ئىشلىتىش ۋە پىلانلىق ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. 1978-يىلى ناھىيە بويىچە ئىككى لىنىيە، بىر يەر ئاستى توك سىمى ئارقىلىق توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيىسى پۈتۈنلەي تەرتىپكە سېلىنىپ، بىردەكلا ئۈچ لىنىيىلىك قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1979-يىلى، قارادۆۋە، پالۋانتۇر گۇڭشېلىرىدا توك سىملىرىنى يەرگە كۆمۈش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1980-يىلدىن كېيىن، زىياننى ئازايتىش، قۇۋۋەت مەنبەسىنى تېجەش ئۈچۈن، ترانسفورماتورلارنى ئايرىم-ئايرىم ئورنىتىپ، ئاپتوماتىك ۋىكلىيۇچاتېل بېكىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 1983-يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە زىياننى ئازايتىش، قۇۋۋەت مەنبەسىنى تېجەش، توكنى بىخەتەر ئىشلىتىش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

## §6. سۇغىرىش ئۈنۈمى

1983-يىلى ناھىيە بويىچە ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 240 مىڭ موغا، كاپالەتكە ئىگە سۇغىرىش كۆلىمى 177 مىڭ 100 موغا يېتىپ، ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ 73.79 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە ئۈنۈملۈك سۇغىلىرىدىغان يەر كۆلىمى ئىچىدە، سۇ ئامبىرى سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان سۇغى-

رىش رايونىنىڭ كۆلىمى 41 مىڭ مو (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قاراشلىق سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 20 مىڭ مو، تۆرۈك سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 21 مىڭ مو) بولۇپ، 17.1% نى، تاغ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 55 مىڭ 300 مو بولۇپ، 23% نى، قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 57 مىڭ 700 مو بولۇپ، 24% نى، كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 27 مىڭ مو بولۇپ، 11.3% نى، بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 48 مىڭ 200 مو بولۇپ، 20.1% نى، باشقىلىرى 10 مىڭ 800 مو بولۇپ، 4.5% نى ئىگىلىدى.

ھازىر سالا ئېتىزى جەمئىي 767 پارچىگە يەنى 120 مىڭ موغا يېتىپ، ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ناھىيە بويىچە يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 521 مىليون 860 مىڭ كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاغ سۈيى 248 مىليون 420 مىڭ كۇب مېتىر، كارىز سۈيى 57 مىليون 50 مىڭ كۇب مېتىر، بۇلاق سۈيى 124 مىليون 60 مىڭ كۇب مېتىر، ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيى 66 مىليون 60 مىڭ كۇب مېتىر، تۆرۈك سۇ ئامبىرىدىن چىقىرىلىدىغان سۇ 26 مىليون 270 مىڭ كۇب مېتىر.

سۇغىرىش پەسلىدە كېلىدىغان سۇ مىقدارى 434 مىليون 570 مىڭ كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاغ سۈيى 216 مىليون 730 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 49.87% نى؛ كارىز سۈيى 32 مىليون 480 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 7.47% نى، بۇلاق سۈيى 60 مىليون 49 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 13.92% نى، سۇ ئامبىرى سۈيى 51 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 11.85% نى، ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيى 66 مىليون 60 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 15.2% نى، باشقا سۇ 7 مىليون 310 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 1.68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ سۈپىتى خېلى ياخشى، مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس. كۆپ قىسمىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى بىر گرام/لىتىردىن تۆۋەن، PH قىممىتى 6 — 7.5 ئارىلىقىدا بولۇپ، كۆمۈلۈشى بىر قەدەر تېيىز.

قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىش رايونىدا بىر كىلوۋات-سائەت توك ئارقىلىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.48 كۇب مېتىر سۇ چىقىرىلىدى. مىڭ توننا-مېتىر سۇ چىقىرىش ئۈچۈن 8 — 10 كىلوۋات-سائەت توك ئىشلىتىلىدى. ھەر كۇب مېتىر سۇنىڭ تەننەرقى 0.015 يۈەن بولدى.

يىللىق ئوتتۇرىچە سۇغىرىش نورمىسى: ئومۇمىي سۇ مىقدارى 420 كۇب مېتىر—مو، ساپ سۇ مىقدارى 707 كۇب مېتىر—مو. ئوتتۇرىچە ساپ سۇغىرىش نورمىسى 102 كۇب مېتىر/مو (قېتىم).

ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سۇغىرىش نورمىسى: ئومۇمىي سۇ مىقدارى 233 كۇب مېتىر/مو(قېتىم)، ساپ سۇ مىقدارى 116 كۇب مېتىر/مو (قېتىم).

ياغلىقدان زىرائەتلەرنى سۇغىرىش نورمىسى: ئومۇمىي سۇ مىقدارى 237 كۇب مېتىر/مو (قېتىم)، ساپ سۇ مىقدارى 118 كۇب مېتىر/مو (قېتىم).

# IV باب كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش

## §18. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى

قۇمۇل ناھىيىسىدە كەلكۈن سۈيى، ئاساسەن، ئەتىيازلىق كەلكۈن سۈيى ۋە يازلىق كەلكۈن سۈيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر يىلى 4-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5-ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ، مۇز ۋە قارلار ئېرىپ، ئاياغ تەرەپكە ئېقىپ كېلىپ كەلكۈن شەكىللىنىپ، خەۋپ-خەتەر پەيدا قىلىدۇ. ناھىيە بازىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ كەلكۈن، ئاساسەن ئېدىر، تۆرۈك غوللىرىدا پەيدا بولىدۇ. ياز پەسلىدىكى كەلكۈن قاتتىق يامغۇر يېغىش تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ. كۆپىنچە، 7-، 8-ئايلاردا يۈز بېرىدۇ. زىيىنىمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇ كەلكۈننىڭ ۋاقتى قىسقا، كېلىشى شىددەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش تەس.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، تارىخىي چەكلىمە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك تۈپەيلىدىن، قۇمۇلدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ھېچقانداق قۇرۇلۇش يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەر ۋە يېزىلاردا كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشى ھۆكۈمەتنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. كۆپلىگەن سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ياسىلىشىغا ئەگىشىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشلىرى ياسالدى:

1. **شەرقىي ۋە غەربىي ئۆستەڭلەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرىدىغان قاشلىرى چىڭىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كەلكۈن سۇلىرىنى ئېقىتىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.** تارىختا، شەرقىي ۋە غەربىي ئۆستەڭلەر ناھىيە بازىرىنىڭ كەلكۈن قويۇپ بېرىلىدىغان ئاساسلىق يولى بولۇپ كەلگەنىدى. تۆرۈك، ئېدىر غوللىرىدىكى كەلكۈن سۇ شەھەرگە كۆپ قېتىم تەھدىت سېلىپ، مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگەن، لياۋ جاۋەننىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تۇسمىسى، يالاڭنىڭ كەلكۈن توسۇش تۇسمىسى شەھەر رايونىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرىدىغان مۇھىم توسۇق بولۇپ قالدى.

2. **سۇ ئامبارلىرىدىكى خەۋپ-خەتەر تۈگىتىلىپ، تۇسمىلىرى چىڭىتىلدى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.** راھەتباغ سۇ ئامبىرى تارىختىن بۇيان كەلكۈننىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ كەلگەن بولۇپ، ھەر يىلى ئەتىيازدا كەلكۈن كېلىش بىلەنلا ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ قالاتتى. 1978-يىلى چۈشۈرگە كۆپەيتىلىپ، كەلكۈن سۈيى قويۇپ بېرىش ئىقتىدارى ئەسلىدىكى 15 كۇب مېتىر/سېكونتتىن 25 كۇب مېتىر/سې-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كونتقا يەتكۈزۈلۈپ، سۇ ئامبىرى ۋە سۇ ئامبىرىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

**3. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى كۆپەيتىپ ياسىلىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىنىدى.** دائىم كەلكۈن كېلىدىغان رايونلاردا كەلكۈندىن مۇقىم مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرى ياسالدى. تاشۋېلىق گۇڭشېسىنىڭ ئەرگۈك دادۈيى، بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسى، ئاستانە گۇڭشېسىدىكى شىمالىي چۆل، قارادۆۋە گۇڭشېدىكى بوگور تارىختىن بۇيان دائىم كەلكۈن يۈز بېرىدىغان رايونلار ئىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، يۇقىرىدىكى رايونلاردا كەلكۈندىن مۇقىم مۇداپىئە كۆرۈش توسمىلىرى ياساپ، كەلكۈننىڭ زىيىنىنى ئازايتتى ۋە كەلكۈن زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

**4. قۇرۇلۇشلار مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ كەلكۈن سۈيىنى چۈشۈرۈش، باشلاش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.** «زىيانلىق سۇنى پايدىلىق سۇغا ئايلاندۇرۇش»، «كەلكۈن سۈيىنى باشلاپ كېلىپ يەر سۇغىرىش» ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق يەكۈنلىگەن ياخشى تەجرىبە، ناھىيىدىكى تايانچ سۇ باشلاش ئىنشائاتلىرىنىڭ ھەممىسىدە سۇ باشلاش ئېرىق - ئۆستەڭلىرى چېپىلىپ، بۇلار سۇ باشلىغىلىمۇ بولىدىغان، قويۇپ بەرگىلىمۇ بولىدىغان قىلىنىدى. تۆۋەن تەرەپتىكى سۇغىرىش رايونلىرىدا كەلكۈن سۈيىنى بۆلۈۋېتىش قۇرۇلۇشلىرى كۆپەيتىپ ياسالدى. سۇ ئامبارلىرىدىكى خەۋپ - خەتەر تۈگىتىلىپ، توسمىلار پۇختىلانغاندىن كېيىن، سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۇ قاچىلىنىش ئىقتىدارى تېخىمۇ ئاشتى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئەتىيازلىق كەلكۈننىڭ تەھدىتى ئانچە چوڭ بولمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاساسلىقى، سۇ ئامبارلىرىنىڭ يازلىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## §2. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى

قۇمۇلدا، ئاساسەن، 4-، 5- ئايلاردا ۋە 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا «گالنى سىقىدىغان قۇرغاقچىلىق» يۈز بېرىدۇ. بۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئاساسىي تەھدىت ھېسابلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇيان، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بىنا قىلىش، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش جەھەتتە ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستى.

1978 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسى تارىختا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان قاتتىق قۇرغاقچىلىققا دۇچ كەلدى. تاغ سۈيى كېچىكىپ كەلدى. بەزى غول ئۆستەڭلەرگە سۇ

بىر ئاي كېچىكىپ كەلدى. سۇ مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 30% تىن 90% كىچە ئازىيىپ كەتتى. يەر ئاستى سۈيىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بىر مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە تۆۋەنلەپ كەتتى. سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇمۇ 20% ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى ئاز كەم 100 مىڭ مۇغا، ئاپەتكە تولۇق ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 27 مىڭ مۇغا يەتتى. ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كەڭ ئېلىپ بېرىش، سۇ مەنبەسىنى ئېچىش، سۇ تېجەش قاتارلىق قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلغانلىقتىن، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن يەنىلا مول ھوسۇل ئېلىندى.

قۇمۇل خەلقى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتا مول تەجرىبە توپلىدى. سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش، سۇغىرىش ئۇسۇلىنى ۋە تېخنىكىسىنى ياخشىلاش، ئېرىق-ئۆستەڭلەردە سۇنىڭ سىڭىپ-سىرغىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارىزلارنى ئۆزگەرتىش، تايانچ سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساشلار قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت-شارائىت ياراتتى. بولۇپمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، يەر تۈزلەش ۋە سۇ ئىنشائاتلىرى ياساش مەركەز قىلىنغان ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلۇپ، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك بولغاندىمۇ مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىنىدىغان مۇقىم، يۇقىرى ھوسۇللۇق 90 مىڭ مو ئېتىز بىنا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ ياردىمى بىلەن، قۇمۇل ناھىيىسىدە قار-مۇزنى ئېرىتىش، سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇشمۇ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا مۇئەييەن رول ئوينىدى.

**قار-مۇزلارنى ئېرىتىش:** 1962-يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، قۇمۇلنىڭ كۆڭگەي تۈزلەڭلىكىدىكى ئاز كەم 40 مىڭ مو بۇغداينىڭ باش سۈيىنى سۇغارغىلى بولمىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا باغداشتىكى قارا تاپتى مۇزلۇقىغا ۋە قارغا ئايروپىلان بىلەن كۆمۈر كۈلى چېچىش، شۇنىڭدەك مۇزلۇقنى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق، مۇز ۋە قارنىڭ ئېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئېرىشىنى تېزلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قۇرغاقچىلىقنى پەسەيتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تاغدىكى قار-مۇزلارنى ئېرىتىشكە قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلدى. شتابقا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋېي خاۋ قوماندان بولدى. 7-ئاينىڭ 3-ۋە 5-كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ بىر ئايروپىلانى 30 قېتىمدا 350 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرىگە 72 توننا كۆمۈر كۈلى چاچتى. ھاۋا ئارمىيىسى مۇزلۇقنى بومباردىمان قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم ئايروپىلان ئەۋەتتى، بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق مۇزلۇقلارنىڭ بۇزۇلۇش چوڭقۇرلۇقى 10 مېتىردىن 12 مېتىرغىچە بولدى. بۇ قېتىم مۇز-قارلارنى ئېرىتىش ئۈچۈن، 20 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى ئانچە كۆرۈنەرلىك بولمىدى.

**سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرۇش:** 1977-يىل 7-ئايدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغاندا،

ۋىلايەت سۇنئىي يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن 60 خەلق ئەسكىرىنى تەشكىللەپ، قۇمۇل ناھىيىسى غەربىي تاغ گۇڭشېسىدىكى ئۆرۈكلۈكتە، تىيانشان گۇڭشېسىدىكى قالغايتىدا يامغۇر ياغدۇرۇش نۇقتىلىرى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ھەر بىر نۇقتىغا بىردىن زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، جەمئىي 7000 پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلدى. بۇنىڭ يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، يامغۇرنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا 47 مىللىمېتىرغا يېتىپ، قۇرغاقچىلىق پەسەيتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يىلى 6-، 7- ئايلاردا سۇنئىي يامغۇر ياغدۇرۇلۇپ، تاكى 1981-يىلغىچە داۋاملاشتۇرۇلدى. سۇنئىي يامغۇر ياغدۇرۇشقا ئاپتونوم رايونلۇق سۇنئىي يامغۇر ياغدۇرۇش ئىشخانىسى 30 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيە 80 مىڭ يۈەن ئاجراتتى.

# VII باب سۇ ئىشلىرىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى

## §1. شىمالىي تاغلىق رايوندىكى ئېقىنلار مەركەزلەشكەن رايون

بۇ رايون غەربتە يەتتەقۇدۇق، شەرقتە تاشۋېلىق بىلەن قىزىلىيۇلتۇز ئىككىنچى چارۋىچىلىق فېرمىسىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، تىيانشان، غەربىي تاغ گۇڭشېلىرىنىڭ ئالتە دادۈينىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 350 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىر ئېگىز. ئەڭ ئېگىز چوققىسى — قارلىق تاغنىڭ ئېگىزلىكى 4886 مېتىر كېلىدۇ. 44 مۇزلۇق بار، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىردىن 250 مىللىمېتىرغىچە بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئاساسىي ئېقىن ھاسىل بولىدىغان رايون.

**1. ئېگىز، ئوتتۇرا ھال ئېگىز تاغلار بەلبېغىدىكى ئاساسىي ئېقىن رايونى**

بۇ رايون دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىر ئېگىز بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىز بولغان ئېگىزلىكنى مەڭگۈلۈك مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ مۇزلۇق ئۇلاتاي، بامۇدۇن، ئېدىر، ئاراتام، كۆكيار قاتارلىق جايلارنىڭ سۇ مەنبەسى ھەمدە ناھىيە بويىچە ئاساسىي ھۆل-يېغىن رايونى ھېسابلىنىدۇ. يامغۇر سۇلىرى يەرگە سىڭگەن، پارغا ئايلانغان ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر سۈمۈرگەندىن سىرت، قالغانلىرى تاغ جىلغىلىرىغا كىرىپ، يەر يۈزىدىكى ئېقىنغا ئايلىنىدۇ. بۇ رايوننىڭ جىلغىسى تىك، يانتۇلۇقى چوڭ، سۇنىڭ ئېقىشى تېز، سۇ كۈچى بايلىقى مول بولغاچقا، كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا باب كېلىدىغان ئورۇن كۆپرەك. بۇ رايون ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنىڭ ئاساسلىق بازىسى بولسىمۇ، لېكىن قىراۋسىز مەزگىل قىسقا بولغاچقا، ناھايىتى ئاز تېرىقچىلىق قىلىنىدۇ.

**2. پاكار تاغلار ۋە تاغ ئالدىدىكى سۇ باشلاپ كېلىپ سۇغىرىلىدىغان رايون**

بۇ رايون 1000 مېتىردىن 1700 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان پاكار تاغ بەلبېغىغا جايلاشقان بولۇپ، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندا ئاساسەن، بۇغداي، ئارپا، دادۇر، ياڭيۇ تېرىلىدۇ، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 120 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ناھىيە بويىچە تاغ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان ئاساسىي رايون ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوننىڭ تۇپراق قاتلىمى نېپىز، يەرلىرى تارقاق، يەر يۈزىنىڭ يانتۇلۇقى چوڭ، سۇنىڭ سىڭىپ، سىرغىپ كېتىشى زور. سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنرەك. بۇ رايوندا تاغ سۈيىنىڭ پەسىلچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، كۆپىنچە قىش پەسلىدە سۈيى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

## §28. ئوتتۇرا قىسىم تۈزلەڭلىك سۇغىرىش رايونى

بۇ رايوننىڭ شىمالىي قىسمى تاغ ئالدى تىندۇرما قانىتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن تۇتىشىدۇ. دائىرىسى تىندۇرما قانات ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئاياغ قىسمى ۋە قانات گىرۋىكىدىكى تاشقىن بەلبېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 500 مېتىردىن 700 مېتىرغىچە ئېگىز بولۇپ، تارىختا شەكىللەنگەن بوستانلىقتىكى دېھقانچىلىق سۇغىرىش رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندا يەر يۈزى سۈيى كەم، يەر ئاستى سۈيى مول، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان تاغ سۈيى نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىن سۇغىرىش رايونىغا باشلاپ كېلىنىدۇ. يەر ئاستى سۈيى تېيىز بولغاچقا، ئېچىشقا ئوڭاي، سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، بۇ رايون ناھىيە بويىچە نۇقتىلىق ئېچىلىدىغان قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ.

بۇ رايوننىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق تېمپېراتۇرىسى 9.3°C، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 39.4 مىللىمېتىر، سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 3000 مىللىمېتىر، تېمپېراتۇرا يۇقىرى، كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، ئىسسىقلىق مىقدارى يېتەرلىك، قىراۋسىز مەزگىل ئۇزۇن بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئاساسلىق ئاشلىق، مايلىق دان، قوغۇن، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بازىدۇر.

**1. تاغ سۈيى ۋە قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان رايون**

بۇ رايون تىندۇرما قاناتنىڭ ئاستى قىسمى بىلەن تىندۇرما تۈزلەڭلىكنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، راھەتباغ گۇڭشېلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەرلىرى تۈز، يەر يۈزى يانتۇلۇقى 1/200 دىن 1/300 گىچە، تۇپراق قاتلىمى قېلىن، ئورگانىك ماددا كۆپ، ئوغۇت، سۇنى ساقلاپ قېلىش ئىقتىدارى

كۆچلۈك، بۇ رايون سۇغىرىش سۇ مەنبەسى جەھەتتە تارىختا تاغ سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيىگە تايىنىپ كەلگەن. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىش رايونى قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلىپ، نەچچە يۈز قۇدۇق قېزىلىپ، بۇلاق سۈيى، قۇدۇق سۈيى، تاغ سۈيىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىلىدىغان دېھقانچىلىق تەدرىجىي شەكىللىنىپ، قۇدۇق، ئېرىق - ئۆستەڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سۇغىرىش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. بۇ رايوننىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئوتتۇرا بەلبېغى، تېيىز بەلبېغى ۋە تاشقىن بەلبېغى، سۇ قاتلىمى، ئاساسلىقى، شېغىل، قۇم ئارىلاش شېغىل ۋە يېرىك، ئوتتۇراھال يېرىك قۇم قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1 گرام/لىتر ئەتراپىدا، گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى ياخشى، ئېچىشقا ئوڭاي، تولۇقلىنىش شارائىتى مۇقىم.

### 2. پۈتۈنلەي يەر ئاستى سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان رايون

بۇ رايون تىندۇرما قاناتىنىڭ گىرۋىكى ۋە تىندۇرما تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمىدىكى دەريا جىلغىسى بەلبېغىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 500، 600 مېتىر ئېگىز، يەر تۈزلۈكى پەس، پۈتۈنلەي يەر ئاستى سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايون ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق، بوغاز، قارادۆۋىنىڭ تۆت داۋىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تۇپرىقى بوشراق، مۇنبەت، سۇ مىقدارى مۇقىم بولۇپ، ناھىيە بويىچە مۇھىم ئاشلىق، قوغۇن، كۆكتات، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، شۇنداقلا بوران، قۇم، شورنىڭ زىيىنى ئېغىرراق بولغان رايون. بۇ رايون تارىختا كارىزچىلىق خېلى بۇرۇن تەرەققىي قىلغان رايون بولۇپ، بۇلاق سۈيى مول ئىدى، يېقىنقى يىللاردا قۇدۇق كۆپ قېزىلغانلىقتىن، بۇنىڭ ئۈستىگە، كارىز، بۇلاقلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن، نۇرغۇن سۇ مەنبەسى قۇرۇپ كەتتى ياكى سۇ مىقدارى ئازىيىپ كەتتى.

## §3. تۈزلەڭلىكنىڭ شەرقى، غەربىي جەنۇبىدىكى قۇرغاق، چۆل، سۇ قىس رايون

بۇ رايون يەتتەقۇدۇق، بوغاز چۆل، چۆل تاغ، ماجۇاڭسەن تېغىدىن ئىبارەت كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى ناھىيىدىكى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 88.86 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ جايلار ئىنتايىن قۇرغاق چۆل رايون بولۇپ، يەر ئۈستىدە ئېقىنلار يوق، يېغىنچا ئۆسۈملۈك بەك ئاز. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئون مىللىمېتىر ئەتراپىدا. ماجۇاڭسەن رايونىدا ئازراق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىلىدۇ، قالغانلىرى ساي ۋە چۆل - جەزىرە، بۇ رايوندا تۆتىنچى سىستېما قاپلانمىسى يوق، يەر ئاستى سۈيى، ئاساسەن، ئېرىق سۇلىرىدىن ھاسىل بولۇپ شەكىللىنىدۇ ۋە

ئاساسىي جىنس ئىچىدە ساقلىنىدۇ. ئوتتۇرا ھايات ئېراسى ۋە يېڭى ھايات ئېراسىغا تەۋە ئايرىم رايونلاردا چوڭقۇر قاتلام سۈيى ۋە بېسىملىق سۇ بار بولۇپ، سۇ مىقدارى ئازراق، ئېچىپ پايدىلىنىش قىممىتى چوڭ ئەمەس. ئويمانلىقنىڭ ئەڭ پەس يېرىدىكى ساركۆل دېڭىز يۈزىدىن 53 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئەسلىدە شەرقىي ۋە غەربىي ئۆستەڭ ۋە بۆگۈردىكى بۇلاق سۇلىرى توپلىشىدىغان رايون ئىدى. ھازىر قۇرۇپ كەتتى. ئەسلىدىكى توغراقلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتتى.

## قوشۇمچە: لاپچۇق، قارادۆۋىلەردىكى سۇ ماجىراسى

چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قارادۆۋە گۆڭشېسىنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، يامغۇر-قار كەمدىن-كەم ياغىدۇ. زىرائەتلەر بۆگۈرنىڭ سۈيىگە تايىنىپ سۇغىرىلىدۇ. سۇ يېتىشمىگەچكە، ئازادلىقتىن بۇرۇن 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە قارادۆۋە، لاپچۇق تەۋەسىدىكى كەنتلەرى پومېشچىكلارنىڭ چاڭگىلىدا بولۇپ، نۇرغۇن قېتىم سۇ تالىشىش ماجىراسى يۈز بەرگەن، ماجىرادا نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەن، ئىككى كەنت خەلقى بىر-بىرىگە قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەن.

1945-يىلى تاغدىن كەلكۈن كېلىپ، بۆگۈردىكى تاقاقنى بۇزۇۋەتكەن. يېڭىدىن تاقاق ئورنىتىدىغان چاغدا، بۇ ئىككى كەنتتىكىلەر ھەرقايسىسى كۆپرەك سۇغا ئىگە بولۇش غەرىزىدە بىر-بىرىگە يول قويمىغانلىقتىن، توقۇنۇش يۈز بەرگەن ۋە ئۇلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىشقان. 1946-يىلى ھاكىم چېن شۈپىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى تاڭ جېڭپېي، مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يەن زۇڭفۇلارنى سۇ ماجىراسىنى ھەل قىلىشقا ئەۋەتكەن ھەمدە ۋالىي مەھكىمىسى ئارقىلىق گارنىزون تۇەنىدىن بىر پەي ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرغان. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇجياشياڭ، بىرىنچى يېزىنىڭ باشلىقى ئىمىنلارنى مۇرەسسە قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان. كېيىنكى چاغلاردا توقۇنۇش ئەلەم كۈرىشىگە ئايلىنىپ كەتكەن. تاڭ جېڭپېي توغۇچىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنى باشلاپ كېلىپ باستۇرغان. دېھقانلار پومېشچىك، زومىگەرلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا يەنە توپلىشىپ، ئاخىرىدا ئىككىنچى قېتىم ئەلەم كۈرىشى پەيدا قىلغان، نەتىجىدە بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۈچ ئادەم يارىلانغان.

شۇنىڭدىن كېيىن، لاپچۇق، قارادۆۋىدىكى ئاما بىر-بىرى بىلەن باردى-كەلدى قىلمايدىغان، ئۆزئارا قۇدىلاشمايدىغان بولغان، ھەتتا قارادۆۋىلىكلەر قومۇل شەھىرىگە بارماقچى بولسا لاپچۇقتىن ئۆتمەي، توغۇچى ياكى ئەلەك كەنت ئارقىلىق بارىدىغان بولغان، لاپچۇق يەنە قارادۆۋىدىن ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىدىكى 27 بۇلاقنىڭ كۆزىنى كۆمۈۋەتكەن ھەمدە بۇ يەرگە ئۆستەڭگە كۆچەت تىكىپ، قارادۆۋىنىڭ سۇ مىقدارىنى ئازايتىۋەتكەن.

1947-يىلى يەنە سۇ ماجىراسى يۈز بەرگەن، ھاكىم بېشىر ۋالىي مەھكىمە قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ماجۇنجى قاتارلىقلارغا يېڭىدىن تاقاق ئورنىتىشنى ھاۋالە

قىلغان. يېڭىدىن ئورنىتىلغان تاقاقنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا بىر تاختا بېكىتىپ، ئۇنىڭغا ناندەك چوڭلۇقتا بەش يېرىم تۆشۈك تەشكەن. بۇ تۆشۈكلەرنىڭ ئۈچىدىن چىققان سۇ لاپچۇققا، ئىككى يېرىمىدىن چىققان سۇ قارادۆۋىگە مەنسۇپ بولغان. لاپچۇق، قارادۆۋە كەنتلىرى سۇغا قاراشقا ئادەم ئەۋەتكەن. مەسىلە ئۇزۇل-كېسىل ھەل بولمىغاچقا، جېدەل-ماجىرا داۋاملىشىۋەرگەن.

1950-يىل 6-ئاينىڭ 14-كۈنى لاپچۇق، قارادۆۋە دېھقانلار ئۇيۇشمىلىرى رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن، يىغىن ئېچىپ بىر يىلدا بىر قېتىم ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىش، بۇلاق كۆزلىرىنى ئېچىش ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان. يىغىندا ئىككى كەنتنىڭ ھەر بىرسى 200 دىن ئادەم چىقىرىپ ئالدى بىلەن بوگۇر ئۆستىڭىنى چېپىش، قارادۆۋە باشقىدىن 50 ئادەم چىقىرىپ، ئاياغ تەرەپتىكى (لاپچۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى) 27 بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېچىش قارار قىلىنغان. قارادۆۋىدىكى پومىشچىك توختى قورمال قاتارلىقلار تارىختىكى ماجىرا تۈپەيلىدىن ئاما ئىچىدە پەيدا بولغان دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، قارادۆۋە كەنتىدىكى دېھقانلارنى ئالدى بىلەن 27 بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا قۇتراتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەتىسى قارادۆۋىدىن 600 نەچچە ئادەم باردى، لاپچۇقلۇقلار ھۆكۈمەت كۆچەت تىككەشنى چاقىرىق قىلدى دېگەننى باھانە قىلىپ، 27 بۇلاق ئۈستىگە تىكىلگەن كۆچەتكە چېقىلىشقا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا يەنە ماجىرا تۇغۇلدى. رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ نەسىھەت قىلىپ توسۇشى ئارقىلىق، ئەلەم كۆرۈشى يۈز بەرمىدى. 3-كۈنى ھاكىم سېيىت قۇربان، ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋېي خاۋ، مۇئاۋىن ۋالىي ھاموتخان قاتارلىق يولداشلار لاپچۇق، قارادۆۋىگە كېلىپ، ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، «دۇنيادىكى دېھقانلار بىر ئائىلە» دېگەن داۋلىنى تەشۋىق قىلدى، ئاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، لاپچۇق، قارادۆۋە ۋەكىللىرى ۋە دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرلىرى بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، سۇ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، تۆت ماددىلىق ئەھدىنامە تۈزدى: (1) ئۆستەڭ چېپىشقا ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۆستەڭنىڭ قېشىدا پىيادىلەر يولى قالدۇرۇلىدۇ؛ (2) ئۆستەڭ قېشىدىكى دەرەخلەردىن ئۆستەڭ چېپىشقا كاشىلا بولىدىغانلىرى كېسىۋېتىلىدۇ، كاشىلا بولمايدىغانلىرى قەتئىي مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ، كۆچەت تىكىدىغان چاغدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنىدۇ؛ (3) ئېرىق ۋە بۇلاق قارادۆۋە خەلقىگە مەنسۇپ بولىدۇ، ئۇلار بۇلاق كۆزلىرىنى ئېچىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، لېكىن ئەھدىنامىگە جەزمەن رىئايە قىلىش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدە بولماسلىقى شەرت؛ (4) ئۆستەڭ چېپىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ئۆستەڭ چېپىشقا نازارەتچىلىك قىلىدۇ، ئەھدىنامىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، جېدەل-ماجىرا قىلىشقا بولمايدۇ. جېدەل-ماجىرا قىلغانلارغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ. ئەھدىنامە تۈزۈلگەندىن كېيىن، زىددىيەت پەسەيگەن بولسىمۇ، ئىككى

تەرەپنىڭ سۇ ئىشلىتىش مەسىلىسى تۈپتىن مۇۋاپىق ھەل بولمىدى.

شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، تاغدىن كەلگەن كېلىپ تاقاقنى يەنە بۇزۇۋەتتى. 10 ـ ئايدا، ۋالىي مەھكىمە قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماجۇنجيې، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قادىر لاپچۇق، قارادۆۋىگە كەلدى ۋە 11 ـ ئايدا لاپچۇق، قارادۆۋە كەنتلىرىنىڭ 50 تىن ئادەم چىقىرىپ تاقاق ياسىشنى قارار قىلدى. نەتىجىدە، قارادۆۋە كەنتى توختى قورمالنىڭ تىزگىنلىشىدە 150 نەچچە ئادەم ئەۋەتتى، لاپچۇقمۇ سىيىت قارىنىڭ قوترىتىشى بىلەن 100 نەچچە ئادەم ئەۋەتتى، بۇ چاغدا، ھەر بىر كەنت تاقاق ياساش ئۈچۈن 50 تىن ئادەم قالدۇرغاندىن سىرت، قالغان ئادەملەر باش تەرەپتە ئۆستەڭ چېپىشقا ئەۋەتىلدى. يېرىم يولغا كەلگەندە ئىككى كەنتتىكىلەر جەڭگى ـ جېدەل قىلىپ ئەلەم كۆرۈشى پەيدا قىلدى. نەتىجىدە ئىككى ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، نۇرغۇن ئادەم يارىلاندى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۆزىنى تەكشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لاپچۇق، قارادۆۋە ۋەكىللىرىنى يىغىپ كېيىنكى ئىشلار ۋە سۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنىڭ ئۇسۇلى ھەققىدە كېڭەشتى. 16 ـ كۈنى لاپچۇق، قارادۆۋىگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىلدى، ئۇلار ئاما ئارىسىغا بېرىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، ۋەقە پەيدا قىلغۇچى باش جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە جازالىدى. تەشۋىق ـ تەربىيە ئارقىلىق ئويغانغان لاپچۇق، قارادۆۋە دېھقانلىرى يىغىن ئېچىپ، ئەلەم كۆرۈشكە باشچىلىق قىلغۇچى توختى قورمال بىلەن سىيىت قارىنى كۆرەش قىلدى. ھۆكۈمەت بۇ ئىككى ئادەمنى قولغا ئېلىپ جازالىدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ لاپچۇق، قارادۆۋىدىكى سۇ ماجىراسىغا ناھايىتى جىددىي قارىدى، ئۆلكىلىك سۇ ئىدارىسى ئىنژېنېر ئەۋەتىپ بوگۇرنىڭ سۇ مەنبەسى ۋە سۇ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «سۇيى كۆپلەر سۇيى ئازلارغا ئېتىبار بېرىش، يۇقىرى ئېقىندىكىلەر تۆۋەن ئېقىمدىكىلەرگە ئېتىبار بېرىش، يېقىندىكىلەر يىراقتىكىلەرگە ئېتىبار بېرىش» تىن ئىبارەت سۇ ئىشلىتىش پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاما مۇزاكىرە قىلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، نەچچە يىلدىن بۇيان سۇ ماجىراسى يۈز بېرىشكە سەۋەبچى بولغان تاقاق چۇۋۇپ تاشلىنىپ، ئىككى ئۆستەڭ سۇيى بىر ئۆستەڭگە قوشۇۋېتىلدى ھەمدە شۇ يەرنىڭ نوپۇسى، يەر موسانى، سۇنىڭ ئېقىش مۇساپىسىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقى، سىڭىپ كېتىش، پارغا ئايلىنىش قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، سۇ تەقسىم قىلىش نۆۋەت بىلەن سۇ تۇتۇشقا ئۆزگەرتىلدى. قارادۆۋە كەنتى نوپۇس كۆپ، يېرى كۆپ، ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، ھەر نۆۋەتتە 11 كۈن سۇ تۇتىدۇ، لاپچۇق كەنتى نوپۇس ئاز، يېرى ئاز، سۇنىڭ باش تەرىپى بولغاچقا، ھەر نۆۋەتتە توققۇز كۈن سۇ تۇتىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

بۇ چارە ئىككى كەنتتىكى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

كېيىنكى چاغلاردا، يېڭىدىن كارىز چېپىش ۋە كارىزلارنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يەنە قەرز پۇل تارقاتتى. بولۇپمۇ 1962 - يىلى قارا دۆۋە سۇ ئامبىرى پۈتكەندىن كېيىن، سۇ ئىشلىتىش جەھەتتىكى زىددىيەت پەسەيدى. 1972 - يىلى قارادۆۋە، بۆگۈر غول ئۆستەڭلىرىگە سېمونت تاختا ياتقۇزۇلۇپ، سۇنىڭ سىڭىپ - سىرغىپ كېتىشى ئازايتىلدى. سۇ مەنبەسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، يەنە ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. ئىككى كەنت خەلقىنىڭ سۇ ئىشلىتىش مەسىلىسى ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋاپىق كېلىشتۈرۈشى ئارقىسىدا تولۇق ھەل قىلىندى، شۇندىن كېيىن سۇ ماجىراسى يۈز بەرمىدى.

www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى قىسىم سانائەت

ئازادلىقتىن بۇرۇن، قۇمۇلدا كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان بەزى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىلا بار ئىدى، ئۇلار، ئاساسەن، ئۇن تارتىش، تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق، قاڭالتىرچىلىق، ياغاچچىلىق، كىيىم تىكىش، مەتبەئەچىلىك، پاختا ئېتىش، موزدۇزچىلىق، كىگىزچىلىك، كۆنچىلىك، ياغ تارتىش ۋە ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. 1949-يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، قۇمۇل بازىرىدا 236 ئائىلە 19 خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى خېلى تېز راۋاجلاندى، ئۇلاردا ئىشلەيدىغانلار كۆپەيدى. 1953-يىلىغا كەلگەندە، قول سانائەت تەرتىپكە سېلىنىپ، كەسىپلەر بويىچە 11 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 504 ئائىلە، قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 769 كىشى قاتناشتى. 1955-يىلى قول سانائەتكە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىدى، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، مەتبەئەچىلىك، خىش پىشۇرۇش ۋە هاك كۆيدۈرۈش كەسىپلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن باشقا، قالغان كەسىپلەردە پەيدىنپەي ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى (گۇرۇپپىسى) قۇرۇلدى. 1956-يىلى ناھىيىلىك قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپى قارىمىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى (گۇرۇپپىسى) 11 گە، كوپېراتىپقا (گۇرۇپپىغا) كىرگەن ئائىلە 345 كە، قول سانائەتچى 464 كە، مەبلىغى 307 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا 26 ئۆيلۈك 52 كىشى يەنىلا يەككە قول سانائەتچى بولۇپ قېلىۋەردى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا كوللېكتىپ سانائەت بىر مەھەل مۇھىم ئورۇن تۇتتى، 1958-يىلدىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 100 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يىلمۇ يىل ئازىيىپ باردى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3% تىن ئازىيىپ، 1983-يىلىغا كەلگەندە 27% نىلا ئىگىلىدى.

ناھىيىگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى، ئاساسەن، 1958-يىلدىن كېيىن راۋاجلاندى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» داۋامىدا چويۈن ئېرىتىش، كۆمۈر قېزىش، ساپالچىلىق، خىمىيە سانائىتى، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇت-كانلار قارىغۇلارچە قۇرۇلدى، يەنە كېلىپ، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنىڭ ھەممىسى شەرتسىز ھالدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1958-يىلدىكى 1 مىليون 997 مىڭ يۈەندىن تېز كۆپىيىپ، 1960-يىلى 5 مىليون 688 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. سانائەتتە ھە-ھۇ دەپلا ئېلىپ بېرىلغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تىن بىرمۇنچە يامان ئاقىۋەتلەر پەيدا بولدى. 1958-يىلى ئېلىپ

بېرىلگان ئاتالمىش كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش ھەرىكىتىدە، شەھەر-يېزىلار كادىر، ئىشچى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئەزالىرىدىن 4000 چە ئادەم ئاجرىتىپ، كۆمۈر قېزىپ، كان ئېچىپ، بىرنەچچە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. 1959-يىلى رەسمىي قۇرۇلغان پولات زاۋۇتى تەننەرقى ئېشىپ كەتكەنلىكى ۋە مەھسۇلات سېتىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئېھتىياجدىن ئارتۇق قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلار دۆلەتكە ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى كوللىكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەت تەرىپىدىن ھۆددىگە ئېلىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ئېغىر يۈككە ئايلىنىپ قالدى.

1962-يىلى قۇمۇل ناھىيىسى «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى، پولات زاۋۇتى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، پار-پۇر زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار ئاتتىن چۈشكەنلىكىنى جاكارلىدى. ناھىيىدىكى ھەرقايسى زاۋۇت-كانلاردا 1958-يىلدىن كېيىن ئېلىنغان يېڭى ئىشچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قىسقارتىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلگەنلىرىدىن يۈك-تېرە زاۋۇتى ساقلاپ قېلىنغاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى كوللىكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىغا چېكىندۈرۈلدى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسىدىن پەقەت تۆتىلا قالدى. 1963-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە 635 لا ئىشچى-خىزمەتچى قېلىپ، 1960-يىلدىكىدىن 1000 كىشى ئازايدى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاران 1 مىليون 551 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1960-يىلدىكىدىن 4 مىليون 137 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتتى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتا گەرچە كەينى-كەينىدىن بەزى يېڭى زاۋۇتلار قۇرۇلغان، ئىشچى-خىزمەتچىلەرمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئالدىنقى سەككىز يىلدا مەھسۇلات قىممىتى ئىزچىل ھالدا 940 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون 650 مىڭ يۈەنگىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ كەلدى، 1974-يىلغا كەلگەندىلا مەھسۇلات قىممىتى ئاندىن 2 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە كۆپەيدى، 1976-يىلى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1977-يىلدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ناھىيىگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرى، بولۇپمۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى يېڭى مەسىلىگە دۇچ كەلدى: خام ئەشيا يېتىشمىدى، مەھسۇلات سۈپىتى يۇقىرى بولمىدى ۋە مەھسۇلاتلار بازار تاپالمىدى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1977-يىلدىكى 5 مىليون 296 مىڭ 300 يۈەندىن تۆۋەنلەپ، 1981-يىلى 3 مىليون 124 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، ھەرقايسى زاۋۇتلار رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى كەينى-كەينىدىن تەرتىپكە سېلىپ،

قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈردى، مۇكاپاتلاش چارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، كارخانا باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، تەمىنلەش بىلەن سېتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇرۇن زىيان تارتىپ كەلگەن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى 11 سانائەت كارخانىسىنىڭ ھەممىسى پايدا ئالىدىغان بولدى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 467 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

كۆپ يىلدىن بۇيان، «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش» بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىزچىل تەكىتلەنگەنلىكى ۋە ئاتالمىش «كاپىتالىزم يولى» تەكرار تەنقىد قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، گۈڭشېلار باشقۇرغان سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. 1979 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا ئەھۋالدا چوڭ بۇراق ئۆزگىرىش بولدى. گۈڭشېلار رۇدا قېزىش، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ياساش ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى كەينى - كەينىدىن قۇردى. 1977 - يىلى گۈڭشې باشقۇرغان سانائەت كارخانىسىدىن 13 ىلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 312، مەھسۇلات قىممىتى 311 مىڭ 400 يۈەن ئىدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گۈڭشې باشقۇرغان سانائەت كارخانىسى كۆپىيىپ 17 گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 517 گە يەتتى، مەھسۇلات قىممىتى تۇنجى قېتىم 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، 1 مىليون 114 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تولىسى كىچىك كارخانا بولغانلىقى ھەمدە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ناھىيە بويىچە سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە كىچىكرەك سالماقنى تۇتۇپ كەلدى، 1983 - يىلى تۇتقان سالمىقى 20.5% كىلا يەتتى.

ناھىيە تەۋەسىدە يەنە مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە بىكىتۈەن قۇرغان بىرمۇنچە سانائەت كارخانىلىرىمۇ بار، ئۇلار، ئاساسەن، ئېلېكتر، كۆمۈر، كانچىلىق، پولات - تۆمۈر، سېمونت، دورا ياساش، خىمىيە سانائىتى، يۇڭ - تېرە، كۆن - خۇرۇم كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانا 15 كە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 76 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 13 مىڭ 500 دىن كۆپرەككە يەتتى. بىكتۈەنگە قاراشلىق كارخانا 32 گە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 21 مىليوندىن كۆپرەككە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 3600 دىن كۆپرەككە يەتتى. ۋىلايەتكە قاراشلىق كارخانا 25 كە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 63 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 7300 دىن كۆپرەككە يەتتى.

## ناھىيىگە قاراشلىق ساناﺋەتنىڭ 1950 -يىلدىن 1983 -يىلغىچە بولغان تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان ئىستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 7 — 1 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | ساناﺋەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1980-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) | | | | | ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار | | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | مۇلۇكچىلىكى | | كارخانا خاراكتېرى | | | | | |
| | | ئومۇمخەلق | كوللېكتىپ | ئېغىر ساناﺋەت | يېنىك ساناﺋەت | مۇقىم مۇلۈكنىڭ ساپ قىممىتى | نورمىلىق كۆچمە مەبلىغى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلاردا |
| 1950 | 34.16 | | 34.16 | 3.41 | 30.75 | | | 243 | |
| 1951 | 42.09 | | 42.09 | 6.32 | 35.77 | | | 250 | |
| 1952 | 105.23 | | 105.23 | 15.79 | 89.44 | | | 623 | |
| 1953 | 136.65 | | 136.65 | 20.5 | 116.15 | | | 698 | |
| 1954 | 108.91 | | 108.91 | 10.88 | 98.03 | | | 709 | |
| 1955 | 68.70 | | 68.70 | 13.77 | 54.93 | | | 469 | |
| 1956 | 122.59 | | 122.59 | 24.63 | 97.96 | | | 481 | |
| 1957 | 137.02 | | 137.02 | 27.99 | 109.03 | | | 497 | |
| 1958 | 199.78 | 91.12 | 108.66 | 145.17 | 54.61 | 20.78 | 45.72 | 719 | |
| 1959 | 282.55 | 178.86 | 1036.9 | 127.77 | 154.78 | 35.25 | 89.1 | 956 | |
| 1960 | 568.88 | 371.25 | 197.63 | 318.4 | 250.48 | 72.92 | 89.98 | 1636 | |
| 1961 | 196.78 | 103.50 | 93.28 | 123.52 | 73.26 | 60.66 | 90.42 | 1271 | |
| 1962 | 191.75 | 101.21 | 90.54 | 32.35 | 159.40 | 51.72 | 90.86 | 665 | |
| 1963 | 155.17 | | | | | 52.95 | 81.38 | 635 | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 625 | 85.40 | 49.78 | 114.91 | 73.64 | 85.64 | 102.01 | 187.65 | 1964 |
| | 595 | 83.20 | 52.10 | 164.59 | 60.42 | 111.49 | 113.52 | 225.01 | 1965 |
| | 594 | 81.50 | 64.60 | | | | | 226.94 | 1966 |
| | 643 | 75.40 | 83.82 | | | | | 284.86 | 1967 |
| | 651 | 76.50 | 83.20 | | | | | 270.18 | 1968 |
| | 659 | 78.60 | 82.50 | | | | | 225.49 | 1969 |
| | 1162 | 84.60 | 95.85 | 189.02 | 58.25 | 120.64 | 126.63 | 247.27 | 1970 |
| | 1005 | 86.40 | 221.58 | 248.54 | 88.27 | 171.25 | 165.56 | 336.81 | 1971 |
| | 1153 | 88.10 | 124.01 | 203.84 | 42.61 | 151.56 | 94.89 | 246.45 | 1972 |
| | 1443 | 89.20 | 126.48 | 258.92 | 41.81 | 135.30 | 165.43 | 300.73 | 1973 |
| | 1534 | 91.00 | 133.00 | 313.21 | 42.11 | 146.25 | 209.07 | 355.32 | 1974 |
| | 1749 | 96.00 | 154.60 | 287.38 | 102.24 | 179.35 | 210.27 | 389.62 | 1975 |
| | 1074 | 91.44 | 115.99 | 325.69 | 161.87 | 166.87 | 320.79 | 487.66 | 1976 |
| 718 | 1224 | 209.40 | 163.10 | 375.67 | 247.01 | 93.05 | 529.63 | 622.68 | 1977 |
| 664 | 2218 | 121.30 | 164.30 | 409.55 | 293.71 | 132.42 | 570.84 | 703.26 | 1978 |
| 863 | 1519 | 141.50 | 191.60 | 443.62 | 213.29 | 147.22 | 509.69 | 656.91 | 1979 |
| 754 | 1565 | 449.20 | 200.99 | 370.48 | 202.88 | 154.39 | 418.97 | 573.36 | 1980 |
| 780 | 1661 | 108.80 | 213.04 | 276.11 | 190.73 | 154.44 | 312.40 | 466.84 | 1981 |
| 942 | 1771 | 111.93 | 248.15 | 275.12 | 256.74 | 171.54 | 360.32 | 531.68 | 1982 |
| 1031 | 1761 | 185.60 | 245.40 | 341.10 | 409.90 | 204.30 | 546.70 | 751.00 | 1983 |

**ناھىيە بويىچە 1983 - يىللىق ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىنى كۆرسىتىدىغان جەدۋەل**

جەدۋەل 7 — 2

| مەھسۇلات ئىسمى | بىرلىكى | مىقدارى | مەھسۇلات ئىسمى | بىرلىكى | مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|
| كۆمۈر | توننا | 30455 | موخۇركا | توننا | 12 |
| ئاق ۋولفرام | توننا | 36 | پىچىنە - پىرەندىك | توننا | 104 |
| قارا ۋولفرام | توننا | 1.8 | قەغەز ساندۇق | كۋادرات مېتىر | 140000 |
| سېمونت قۇدۇق تۇرۇبىسى | مېتىر | 3555 | چويۇن قۇيمىلار | كىلوگرام | 2098 |
| سېمونت بۇيۇم | كوب مېتىر | 554 | رېمونت قىلىنغان بالون | دانە | 2109 |
| ئادەتتىكى سۇپېر فوسفات | توننا | 10000 | جياڭيۇ | توننا | 197 |
| ئۇلاغ هارۋىسى (19 — 375) | دانە | 4000 | سىركە | توننا | 159 |
| ئۇلاغ هارۋىسى (16 — 450) | دانە | 1000 | هاك تېشى | توننا | 10000 |
| تۆت تونىنلىق يېزىدا ئىشلىتىلىدىغان چاتما كوزۇپ | دانە | 100 | ئاق هاراق | توننا | 19 |
| يېزىق ئۈستىلى | دانە | 308 | قىزىل خىش | 10 مىڭ پارچە | 936 |
| ئۈچ تاتمىلىق جوزا | دانە | 278 | گۆشى - دۆلەر تارقاتقان توك | 10 مىڭ كىلوۋات - سائەت | 6 |
| ئىككى تاتمىلىق جوزا | دانە | 570 | شور | توننا | 720 |
| كىگىز | پارچە | 15775 | كۋارتس تاش | توننا | 1235 |
| تاختىلانغان جۇۋۇ-لمىق تېرە | كىشلىك | 4850 | سېمونت | توننا | 5730 |
| هارۋا جابدۇقلىرى | يۈرۈش | 182 | پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئاشلىق | توننا | 171 |
| تەبىئىي تۇز | توننا | 7500 | گىلەم | كۋادرات مېتىر | 156 |
| قايتا ئىشلەنگەن تۇز | توننا | 569 | قاقالتىر بۇيۇم | توننا/دانە | 24500/64 |
| يېمەكلىك ياغ | توننا | 225 | قوش كىشلىك كارۋات | دانە | 22 |

# I باب كانچىلىق

## §1. كۆمۈر

قۇمۇلنىڭ كۆمۈر قېزىش تارىخى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدىن باشلىنىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) 10 - ئايدا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق مۇپەتتىش خان ئامبال يۈڭ نىڭ بىلەن ياردەمچى ئامبال شۇباۋ بىرلىكتە شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسىغا تارانچىغا ئادەم ئەۋەتىپ كۆمۈرلۈكلەرنى چارلاش ھەمدە سودىگەرلەرنى سىناق تەرىقىسىدە كۆمۈر قېزىشقا جەلپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ دوكلات يازغان. بۇنى شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، كېيىنكى يىلىنىڭ بىرىنچى ئېيىدىن باشلاپ رەسمىي تۈردە كۆمۈر قېزىشنى تەستىقلىغان، شۇنىڭدىن باشلاپ قۇمۇل بازارلىرىدا كۆمۈر سېتىلغان. تارانچى كۆمۈر كېنىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆمۈر بەزىدە قېزىلىپ، بەزىدە قېزىلماي كەلگەن. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) كۆمۈر كانلىرى يەرلىك ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، ئۇنى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرى ئادەم ئەۋەتىپ باشقۇرغان. مىنگونىڭ 27 -، 28- يىللىرى (1938 -، 1939 - يىللىرى) قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزاسى لى تاۋ قۇمۇل مەمۇرىي ئىشلار باشلىقىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، مەمۇرىي مەھكىمە ۋەكىلى سۈپىتىدە تارانچى كۆمۈر كېنىغا ئىككى قېتىم بېرىپ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە كۆمۈر كان ئىشچىلىرى كۇلۇبى قۇرۇلغان، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشچىلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشتە كۆپرەك كۆمۈر قېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) «شەرقىي شىنجاڭ كۆمۈر كان ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى» قۇرۇلۇپ، 5000 يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلىنىپ، دۆڭگاتېپىل، سۇ چىقىرىش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىنغان. 1949 - يىلى «شەرقىي شىنجاڭ شىركىتى» ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇششاق خوجايىنلار باشقۇرغان 10 نەچچە خاڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاپىتالى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ناھايىتى كىچىك ئىدى، يىلىغا تەخمىنەن 1200 نەچچە توننا كۆمۈر قېزىلاتتى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋالىي مەھكىمىسى، «شەرقىي شىنجاڭ شىركىتى» نى 1950 - يىلى ئىجارىگە ئېلىپ، 1951 - يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىنى يولغا قويۇپ، «شىنشىڭ كۆمۈر كان ھەسسىدارلىق شىركىتى» نى قۇردى. 1953 - يىلى سودا پايلىرىنىڭ دەسمايىسى بىلەن ئۆسۈمى قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ شىركەت يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئايلاندى، يىللىق مەھسۇلاتى تەخمىنەن 600 تونناغا يەتتى.

1958-يىلى قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى، تارانچى كۆمۈر كېنى كان ئىشلىرى ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى، دۆلەت مەبلەغ سېلىپ ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتتى، لايىھەدىكى يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 300 مىڭ توننىغا يەتتى. 1962-يىل 2-ئايدا تارانچى ئۈستى ئۈچۈق كۆمۈر كېنى قۇرۇلۇپ، 1970-يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، لايىھەدىكى يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يەتتى. كان ئىشلىرى ئىدارىسى قارىمىقىدا يەنە ئېلېكتر ئىستانسىسى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار قۇرۇلدى ۋە بەزى مۇلازىمەت خاراكتېرلىك كەسىپلەر يولغا قويۇلدى. 1983-يىلى كان رايونىنىڭ ئاھالىسى 36 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە كۆمۈر شەھىرى شەكىللەندى.

ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كۆمۈر كانلار 1958-يىلدىن باشلاپ قۇرۇلدى، تارانچىدىكى شاۋخۇاگۇشەندە ئىككىلا يەرلىك خاڭ بولۇپ، كۆمۈر يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىلاتتى. 1964-يىلى ئۇلار ئۈستى ئۈچۈق كۆمۈر كانىغا يول بېرىش يۈزىسىدىن تاش كىمسەرگە كۆچۈپ كەلدى. 1965-يىل 1-ئايدا 1-نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ قۇرۇلۇشى پىلانلىنىپ، كېيىنكى يىلى 9-ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يىللىق كۆمۈر مەھسۇلاتى 30-40 مىڭ توننىغا يەتتى. 1979-يىلى ئىككىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ قۇرۇلۇشى پىلانلاندى، 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان بولسىمۇ، تېخى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلمىدى. 1983-يىلى 2-نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىللە، 1-نومۇرلۇق قۇدۇقتا داۋاملىق كۆمۈر قېزىلىپ، 30 مىڭ توننىدىن ئارتۇق كۆمۈر ئېلىندى، مەھسۇلات قىممىتى 430 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ناھىيىلىك كۆمۈر كان يېڭى قۇرۇلغاندا، كۆمۈر يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىلاتتى، كېيىن ھەر يىلى قېزىش، توشۇش، شامال بېرىش، يۇقىرىغا تارتىش ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرى سەپلىنىپ، 1983-يىلغا بارغاندا، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئاساسىي جەھەتتىن ماشىنىلاشتۇرۇلۇپ بولدى، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك شارائىتىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى-خىزمەتچىسى 244 كە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بالا-چاقىلىرىنى قوشقاندا، ئادەم سانى 689 غا يەتتى، بىر پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ قۇرۇلدى.

## §28. ۋولفرام كانى

جەمئىي ئۈچ ۋولفرام كانى بار، بۇنىڭ ئىككىسى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە، بىرسى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە. بالدۇرراق قۇرۇلغىنى قويلۇق ۋولفرام كانى بولۇپ، 1975-يىلى قۇرۇلغان. شىڭشىڭشيا ۋولفرام كانى ئەڭ كېيىن، يەنى 1982-يىلى قۇرۇلغان. ۋولفرام كانلىرىدا 1980-يىلى جەمئىي 115 تونىنا ۋولفرام رۇدىسى ئېلىندى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 97 مىڭ 800 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىسى

71 گە يەتتى. 1982 - يىلى جەمئىي 27.75 توننا ۋولفرام رۇدىسى ئىبلىندى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 305 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 118 گە يەتتى. 1983 - يىلى جەمئىي 37.8 تونىنا ۋولفرام رۇدىسى ئىبلىندى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 357 مىڭ 300 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 107 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىگشىگشيا ۋولغرام كانىنىڭ مەھسۇلاتى 26 توننىغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 247 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 56 گە يەتتى.

## §3. كۆل تۇزى

ناھىيە تەۋەسىدە تۇز بايلىقى مول. تاڭ دەۋرىدە تۈزۈلگەن «شاجۇ - ئىپۇر غول ئايماقلىرىنىڭ زېمىن تەزكىرىسى» نىڭ پارچىلىرىدا ئىپۇرغول ئايمىقىنىڭ 60 چاقىرىم جەنۇبىدىكى تۇز كۆلچەكلىرى توغرىسىدا: «قۇملۇقتا سۇ بولمىسىمۇ قۇرۇق يەردىن تۇز چىقىۋېرىدۇ، تۇزنىڭ يىغىلغان ۋاقتى بىر ئايغا يەتسە، تۇزنىڭ تەمى تاتلىق بولۇپ قالىدۇ، بىر ئايغا يەتمىسە، ئاچچىق بولىدۇ، ئۇزاق يىغىلىپ كەتكەنلىرىنى ئىبلىۋەرسىمۇ تۈگىمەيدۇ» دېگەن خاتىرىلەر بار. يەتتەقۇدۇق كۆل تۇزى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئىبلىنىشقا باشلىغان، لېكىن قاتناش بىئەپ بولغاچقا مەھسۇلات مىقدارى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. يەرلىك ئاممىنىڭ تولىسى بۇغاز چۆلدىن تۇز قېزىۋېلىپ ئۆزلىرى ئىشلىتىدۇ، ئاز بىر قىسمىنى شەھەرگە ئەكىلىپ ساتىدۇ، باھاسى ئەرزان.

1962 - يىلى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن يەتتەقۇدۇق كۆل تۇزىنى تولۇق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى نەچچە ئون مىڭ توننىغا يېتىپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ سېتىلىدىغان بولدى. 1976 - يىلى ۋىلايەتلىك يەتتەقۇدۇق تۇز - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى قۇرۇلغانىدى، 1983 - يىللىق تۇز مەھسۇلاتى 120 مىڭ توننىغا يەتتى.

ناھىيىگە قارايدىغان شەرقىي تۇز كۆل تۇز مەيدانى شىمالدا يامانسۇ تۆمۈر كېنىغا 48 كىلومېتر، شەرقتە لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تيەنخۇ ۋوگزالىغا 52 كىلومېتر كېلىدۇ، كان رايونىنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. شەرقىي تۇز كۆلدە توختام سۇ يوق، بىر مېتر يەر ئاستىدا ئاز مىقداردا شاكراپ سۇ بار، ئۇستىدە قۇمدىن باشقا ھېچنېمە يوق. تۇز قاتلىمىنىڭ قېلىن جايلىرى ئىككى مېتردىن ئاشىدۇ، نېپىز جايلىرى 20 سانتىمېتر ئۆپچۆرىسىدە كېلىدۇ. قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىن ئىبلىنغان ھېساباتقا قارىغاندا، تۇزنىڭ زاپاس مىقدارى تەخمىنەن 37 مىليون 200 مىڭ تونىنا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا سۈپەتلىك تۇز 10 مىليون تونىنىدىن ئاشىدىكەن.

ناھىيىلىك تۇز مەيدانىنى قۇرۇش تەييارلىقى 1976 - يىلى يول ياساش، كۆل قېزىش، قۇدۇق كولاش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش بىلەن

www.uyghurkitap.com

باشلىنىپ، 1977 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەنىدى. 1983 - يىلغىچە 42 مىڭ توننا تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ 30 مىڭ توننىسى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ بېرىلدى.

## §4. تەبىئىي شۈلتا ۋە شور

ئاھىيە تەۋەسىدە تەبىئىي شۈلتا ۋە شور بايلىقى مول، 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ھەرقايسى خەلق گۇڭشېلىرى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ كۆپلەپ قازغان، كېيىن سۈپىتى مۇقىم بولمىغاچقا ۋە سېتىش يوللىرى راۋان بولمىغاچقا بەزىدە توختاپ قالغانىدى. 1983 - يىلى تەبىئىي شۈلتىنى، ئاساسەن، بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسىنىڭ بەزى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى ئىشلەپچىقاردى، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 30 مىڭ توننا ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 750 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. شور ئىشلەپچىقىرىشقا كەلسەك، ۋىلايەتلىك يەتتەقۇدۇق تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 20 مىڭ توننا، مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 600 مىڭ يۈەندىن ئاشقاندىن باشقا، ئاستانە، قارا دۆۋە، يەتتەقۇدۇق گۇڭشېلىرىمۇ ئىشلەپچىقاردى، ئۇلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 5000 تونىنغا، مەھسۇلات قىممىتى 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەتتەقۇدۇق گۇڭشېسى 1981 - يىلى 550 توننا 95% لىك شور ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 1982 - يىلى 420 توننا ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 33 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى؛ 1983 - يىلى 720 توننا ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 56 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §5. باشقا كان مەھسۇلاتلىرى

ئاھىيە تەۋەسىدە باشقا كان مەھسۇلاتلىرىدىن ھاك تاش، دولومىت، گەج قاتارلىقلار بار.

ھاك تاش ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىن ئاساسلىق مۇنۇ تۆت كارخانا بار: يامانسۇ تۆمۈر كانى قارىمقىدىكى زاۋۇت، بۇ زاۋۇت 1983 - يىلى 120 مىڭ توننا ھاك تاش تەييارلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 900 مىڭ يۈەندىن ئاشتى؛ يامانسۇ «115» كانى، بۇ كان 1983 - يىلى 50 مىڭ توننا ھاك تاش تەييارلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 375 مىڭ يۈەن بولدى؛ تۆمۈريول «ستىيەن» كانى، بۇ كان 1983 - يىلى 5000 توننا ھاك تاش تەييارلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 10 مىڭ يۈەن بولدى؛ بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسىنىڭ «ستىيەن» كانى، بۇ كان 1983 - يىلى 10 مىڭ توننا ھاك تاش تەييارلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 20 مىڭ يۈەن بولدى.

دولومىت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىدىن ئىككىسى بار: ۋىلايەتلىك پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ تيەنخۇ كانى، بۇ كان 1983 - يىلى 9881 توننا دولومىت ئىشلەپچىقاردى؛

مەھسۇلات قىممىتى 98 مىڭ يۈەن بولدى؛ بىگتۈەن «قىزىلمىيۇلتۇز» 1 ـ مەيدانىنىڭ تيەنخۇ كانى، بۇ كان 1983 ـ يىلى 19 مىڭ توننا دولومىت ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 197 مىڭ يۈەن بولدى.

گەج ئىشلەپچىقىرىش بىلەن، ئاساسەن، گۈگشىپ، دۇي كارخانىلىرى شۇغۇللىنىدۇ. قارا دۆۋە گۈگشىپىسى 1983 ـ يىلى 2000 توننا گەج ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 50 مىڭ يۈەن بولدى.

# II باب خىمىيە سانائىتى

## §1. فوسفورلۇق ئوغۇت

ناھىيىلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى ۋىلايەت بويىچە فوسفورلۇق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان بىردىنبىر كىچىك كارخانا بولۇپ، 1974 ـ يىلى قۇرۇلغان. بۇ يەرنىڭ فوسفور رۇدىلىرىدا فوسفور مىقدارى تۆۋەنرەك (10% چامىسىدا)، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان، مەھسۇلاتنىڭ بازىرى كاسات بولغاچقا، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ئاران 500 توننىدىن ئاشاتتى. 1977 ـ يىلدىن كېيىن، كارخانا تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، رۇدا پارچىلاش، ئۇۋۇتۇش، ئارىلاشتۇرۇش ـ قوچۇش، قېتىشتۇرۇشتىن تارتىپ مەھسۇلات پۈتكەنگە قەدەر زىنچ ماسلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 1000 تونناغا يەتكۈزگەندى. لېكىن تەييارلانغان مەھسۇلاتتا فوسفور مىقدارى ئاران 5% ئۆپچۆرىسىدە بولغاچقا، مەھسۇلات يەنىلا كاساتچىلىققا ئۇچراپ، كارخانا يىلمۇ يىل زىيان تارتتى، 1980 ـ يىلغا كەلگەندە تارتقان زىيان جەمئىي 530 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى ئىدارىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن يۈننەندىن سۈپەتلىك فوسفور رۇدىسى (فوسفور مىقدارى 40% — 30) كىرگۈزۈلدى، فوسفور زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتى دۆلەتنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك مەھسۇلاتى (ئۈنۈملۈك فوسفور 12% تىن يۇقىرى) ئۆلچىمىگە يېتىپ بازار تاپتى ۋە شۇ يىلىلا زىيانىنى پايدىغا ئايلاندۇردى. 1983 ـ يىلى كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق مەھسۇلات مىقدارى 10 مىڭ توننىلىق ئۆتكەلدىن ئۆتتى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 340 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، زاۋۇت بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچى 127 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرغۇچى خادىم 16 نەپەر.

## 2§. ناتري سۇلفىد

ناھىيە تەۋەسىدە ناتري سۇلفىدنى ئەرداۋخۇ قىزىلىيۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى يىلىغا 8000 – 9000 تونىنا ئىشلەپچىقارغاندىن باشقا، ناھىيىگە قاراشلىق گۇڭشې، دۈيلەرنىڭ كارخانىلىرىمۇ ئاز تولا ئىشلەپچىقىرىدۇ، ئاستانە خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 1979 – يىلى 487 توننا، 1980 – يىلى 53 توننا ئىشلەپچىقاردى.

# III باب بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى

## 1§. سېمونت ۋە سېمونت بۇيۇملىرى

ناھىيە تەۋەسىدە، ئاساسەن، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى، تۆمۈريول سېمونت زاۋۇتى، بىڭتۇەننىڭ «قىزىلىيۇلتۇز» سېمونت زاۋۇتى سېمونت ئىشلەپچىقىرىدۇ، يىللىق مەھسۇلاتى تەخمىنەن 40 — 50 مىڭ تونىنىغا يېتىدۇ.

ناھىيە قارىمىقىدىكى سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت ئىككىلا بولۇپ، گۇڭشې باشقۇرغان سانائەتكە كىرىدۇ. ئاستانە سېمونت زاۋۇتى 1976 – يىلى قۇرۇلغان، دەسلەپتە ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي – ناچار بولۇپ، ئىشلەپچىقارغان سېمونتلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار ئىدى، ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلەتتى. بىرنەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇ زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ۋە ھۈنەر – سەنئەت سەۋىيىسى ئۆستى، مەھسۇلات مىقدارى ئاشتى، سۈپىتىمۇ ئۆستى، شۇڭا 1980 – يىللارنىڭ دەسلىپىدە بۇ زاۋۇتنىڭ سېمونتى ناھىيىنىڭ ئىچى – تېشىدا كۆپلەپ سېتىلدى. زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1983 – يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 24 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ 5300 تونىنىسى 1983 – يىلى ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 540 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 76 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىنىدى، يىل ئاخىرىدا ئىشچى – خىزمەتچىسى 85 كىشىگە يەتتى.

پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ سېمونت زاۋۇتى تېخىمۇ كىچىك، ئۇ، 1978 – يىلى قۇرۇلۇپ، 1983 – يىلغىچە جەمئىي 2200 نەچچە توننا سېمونت ئىشلەپچىقاردى، يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى 440 تونىنىغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 126 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 25 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1983 – يىلى 430 توننا سېمونت ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 21 مىڭ يۈەن بولدى، يىل ئاخىرىدا ئىشچى – خىزمەتچىسى 21 گە يەتتى.

ناھىيە تەۋەسىدە سېمونت بۇيۇملىرى ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار مۇنۇلار: تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىگە قارايدىغان قۇمۇل كۆۋرۈك زاۋۇتى، بۇ زاۋۇت، ئاساسەن، سېمونت سىم تاناپ تۈۋرۈكى، سېمونت كۆۋرۈك ۋە سېمونت شىپال ئىشلەيدۇ؛ ۋىلايەتلىك بىناكار-

لىق شىركىتى سېمونت قۇرۇلما زاۋۇتى، بۇ زاۋۇت، ئاساسەن، بىنالارنىڭ سېمونت قۇرۇلمىلىرىنى ئىشلەيدۇ؛ ناھىيىلىك سۇ ئىنشائاتى بۇيۇملىرى زاۋۇتى، بۇ زاۋۇت ئەسلىدە ۋىلايەتلىك سۇ-ئېلېكتر ئىدارىسىگە قارايتتى، ئاساسەن قۇدۇق قېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان سوزگۈچ تورۇبا ۋە ئېلېكتر سىمى تۈۋرۈكى ئىشلەيتتى. 1976-يىلى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 1983-يىلغىچە جەمئىي 2595 دانە سىم تاناب تۈۋرۈكى، 16 مىڭ 905 سوزگۈچ تورۇبا ۋە 968 كۇبمېتىر باشقا سېمونت بۇيۇم ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1983-يىلى 3550 مېتىر سوزگۈچ تورۇبا، 554 كۇبمېتىر باشقا سېمونت بۇيۇم ئىشلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 195 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىشچى-خىزمەتچىسى 108 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرغۇچى خادىم 14 نەپەر.

## §28. خىش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى قۇمۇلدا خىش ناھايىتى ئاز پىششۇرۇلاتتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىنگو يىللىرىدا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ خۇمدانچىلىققا كىرىشكەن بەشلا ئائىلە بولغان، ۋاڭ گۇاڭگاۋ، ۋاڭ مىڭلياڭلارنىڭ تىجارەت باشلىغان ۋاقتى سەل بالدۇر (1937-يىلى ئۆپچۆرىسىدە) بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈنلەي ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلەنگەن.

1956-يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان چاغدا، خۇمدانلار پۈتۈنلەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئايلاندۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى قارىمىقىدىكى خىش زاۋۇتى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ خىش كارخانىسى بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىليون دانىدىن ئاشىدۇ.

ناھىيە قارىمىقىدىكى خىش زاۋۇتلىرىنىڭ تولىسى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن گۇڭشې-دۈيلەر تەرىپىدىن قۇرۇلدى. ئاساسلىق تۆت كارخانا بار: پالۋانتۇر بىرلەشمە خىش زاۋۇتى، شەھەر ئىچى خىش زاۋۇتى، ئاستانە خىش زاۋۇتى ۋە بولۇڭتوغراق خىش زاۋۇتى. بۇ كارخانىلار 1979-يىلدىن 1983-يىلغىچە جەمئىي 34 مىليون 400 مىڭ قىزىل خىش ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 659 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1983-يىلى 9 مىليون 360 مىڭ قىزىل خىش ئىشلەپچىقىرىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 509 مىڭ يۈەن بولدى. پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ بىرلەشمە خىش زاۋۇتى گۇڭشې-دۈي باشقۇرغان خىش زاۋۇتلىرى ئىچىدە كۆلىمى ھەممىدىن چوڭ، مەھسۇلات قىممىتى، مەھسۇلات مىقدارى ھەممىدىن كۆپ كارخانا بولۇپ، 1983-يىلى ئىشچى-خىزمەتچىسى 157 گە يەتتى، 8 مىليون 500 مىڭ قىزىل خىش ئىشلەپچىقاردى، بۇ ناھىيە بويىچە ئومۇمىي خىش مەھسۇلاتىنىڭ 90·8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، مەھسۇلات قىممىتى 370

مىڭ يۈەن بولۇپ، ناھىيە بويىچە يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 72.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدۇ.

## §3. تاش ماتېرىياللىرى

ناھىيە تەۋەسىدە تاش ماتېرىياللىرى قازىدىغان ئاساسلىق كارخانىلاردىن بىڭتۇەن قارىمىقىدىكى ساقا مەرمەر كانى، ۋىلايەتكە قاراشلىق «706» سىلىكون دىئوكسىد كانى، تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى جىڭشىيا تاش مەيدانى، شۇنىڭدەك ناھىيىگە قاراشلىق تيانشان تاش مەيدانى، يەنتەقۇدۇق كۋارتس تاش كانى قاتارلىقلار بار.

تيانشان گۇڭشې كۆشۆتى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى مول تاش ماتېرىيالى بايلىقىغا ئىگە، تاش مەيدانىمۇ قۇمۇل - بارىكۆل تاشيولىغا يېقىن بولۇپ، قاتناش ئەپلىك. 1980 - يىلىدىن بۇيان كۆشۆتى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى تاش مەيدانى قۇرۇپ، ئۈچ يىلدا جەمئىي 27 مىڭ كۇبمېتىر ياپىلاق تاش قازدى، مەھسۇلات قىممىتى 148 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كوللېكتىپمۇ، شەخسمۇ ئومۇمىيۈزلۈك پايدىغا ئېرىشتى.

يەنتەقۇدۇق گۇڭشېسى 1982 - يىلى كۋارتس تاش كانى ئېچىشقا كىرىشىپ، 1983 - يىلىغا قەدەر جەمئىي 4835 توننا كۋارتس تاش قازدى، مەھسۇلات قىممىتى 72 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

# IV باب يېمەك - ئىچمەك، تاماكا

## §1. ئۇن تارتىش

قۇمۇلدا ئازادلىقتىن ئىلگىرى ماشىنىدا ئۇن تارتىش سانائىتى يوق ئىدى، دېھقانلار، ئاھالىلەر، ھەربىيلەر شۇنىڭدەك يولۇچىلار، سودىگەرلەرگە كېرەكلىك ئۇن پۈتۈنلەي شەخسلەرنىڭ تۈگمەنلىرىدە تارتىلاتتى. تۈگمەن سۇ تۈگمىنى، قۇرۇق تۈگمەن دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - تۇەنى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇن بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت شەھەر ئىچىنىڭ جەنۇبىغا چوڭ تىپلىق بىر سۇ تۈگمىنى قۇرغانىدى. كىشىلەر ئۇنى «ئورۇس تۈگمىنى» دەپ ئاتىشاتتى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىنگو يىللىرىدا قۇمۇل شەھىرىدە 47 سۇ تۈگمىنى ۋە قۇرۇق تۈگمەن بولغان. كوناشەھەرنىڭ ناھىيە ئارقا كوچىسىدىكى سۇلۇڭ ئائىلىسىنىڭ تۈگمىنى چىڭ سۇلالىسى جياچىڭنىڭ 9 - يىلى (1804 - يىلى) ئىش باشلىغان بولۇپ، 1949 - يىلى توختىغانغا قەدەر 145 يىل داۋام قىلغان. «ئىتتىپاق» كوچىسىدىكى مۇ ئائىلىسىنىڭ تۈگمىنى چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 31 - يىلى (1905 - يىلى) ئىش باشلىغان بولۇپ، 1956 - يىلى

هۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ شېرىكچىلىكى يولىغا قويۇلغانغا قەدەر 51 يىل داۋام قىلغان.

1953-يىلى 16-شى قۇرغان «قىزىلىيۇلتۇز» ئۇن زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇمۇلدا ئۇن زاۋۇتى يوق تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 1959-يىلى يەنە ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتىنى قۇردى، ئۇنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 15 مىڭ توننا ئۆلچەملىك ئۇن تارتىش سەۋىيىسىگە يەتتى. بىڭتۇەننىڭ «قىزىلىيۇلتۇز» ئۇن زاۋۇتى 1957-يىلى ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلدى. ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى، ئاساسەن، شەھەرنى ۋە بىر قىسىم گۇڭشې-دۈيلەرنى ئۇن بىلەن تەمىنلەشنى ئۈستىگە ئالدى.

بۇلاردىن باشقا، يەنە بىرمۇنچە يەردە گۇڭشې-دۈيلەرنىڭ قارىمىقىدا كىچىك تىپتىكى ئۇن تارتىش كارخانىلىرى بار، ئۇلار، ئاساسەن، شۇ يەردىكى ئاھالىنى ئۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ. 1982-يىلى بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسى بىر كىچىك ئۇن زاۋۇتى قۇرغانىدى، 1983-يىلى 650 توننا ئۇن تارتتى.

## §2. ياغ تارتىش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شەھەر ۋە يېزىلاردا جۇۋازخانىلار بار ئىدى، بازار ئىچىدىكى «سەنيۇخاۋ» جۇۋازخانىسى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى شۇنداق جۇۋازخانىلارنىڭ بىرى، قوشۇمچە جۇۋازخانا ئاچقان سودا-سانائەتچىلەردىنمۇ بىرنەچچىسى بار ئىدى، مەسىلەن: «تيەنچېڭدې» دورىخانىسى ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى.

ئازادلىقتىن كېيىن «قىزىلىيۇلتۇز» ئۇن زاۋۇتى ئۇن تارتقاندىن باشقا، ياغ تارتىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. 1956-يىلى «سەنيۇخاۋ» جۇۋازخانىسىدا هۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى يولىغا قويۇلۇپ، جۇۋازخانا ياغ شىركىتىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتۈپ، 1959-يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ياغ زاۋۇتىغا ئايلانغان، ئۇنىڭ 60 تىپلىق 12 ياغ تارتىش ماشىنىسى بولۇپ، كۈنىگە 4.5 توننا ياغ چىقىرالايتتى. بۇ زاۋۇت 1968-يىلى 95 تىپلىق بىر ياغ تارتىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، كۈنىگە بەش توننا ياغ تارتالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى، لېكىن خام ئەشيا يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئاران 200 توننا ياغ تارتىپ كەلدى. 80-يىللارنىڭ بېشىدا پالۋانتۇر، بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېلىرى باشقۇرغان زاۋۇتلارنىڭ قارىمىقىدا ياغ تارتىش سېخلىرى قۇرۇلغانىدى، لېكىن خام ئەشيا كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا، مەھسۇلات مىقدارى مۇقىم بولماي كەلدى.

## §3. تېتىتقۇلار

ناھىيە تەۋەسىدە تېتىتقۇ ئىشلەپچىقىرىشتا جىياڭيۇ، ئاچچىقسۇ، تۇز ئاساس قىلىنىدۇ. جىياڭيۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىشتا ۋىلايەتلىك كۆكتات شىركىتى قارىمىقىدىكى جىياڭيۇ زاۋۇتى ئاساسلىق زاۋۇت بولۇپ، شەھەر ئىچى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى گۇڭشې، زاۋۇت-

www.uyghurkitap.com

كانلارغا كېرەكلىك جىياگېيۇ، ئاچچىقسۇلارنىڭ تولىسىنى مۇشۇ زاۋۇت تەمىنلەيدۇ. ناھىيىگە قاراشلىق جىياگېيۇ، ئاچچىقسۇ زاۋۇتلىرىنىڭ تولىسى كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بولۇپ، ئۇلار ۋىلايەتلىك جىياگېيۇ زاۋۇتىنىڭ تولۇقلىمىسى، بۇنىڭغا، ئاساسەن، مۇنۇ ئورۇنلار كىرىدۇ: ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدىكى جىياگېيۇ - ئاچچىقسۇ زاۋۇتى يىلىغا 200 —300 تونىنا جىياگېيۇ، 100 توننىدىن كۆپرەك ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىدۇ، پالۋانتۇر، ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق قاتارلىق گۇڭشېلار باشقۇرغان ئۇنىۋېرسال زاۋۇتلارمۇ ئازراق جىياگېيۇ ۋە ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىدۇ.

ئاساسەن مۇنۇ ئىككى كارخانا يودلۇق تۇز ئىشلەپچىقىرىدۇ: بىرى، ۋىلايەتلىك يەتتەقۇدۇق تۇز - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، بىرى، ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتىنىڭ يېمەكلىك تۇز پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى. ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتىنىڭ يودلۇق تۇز ئىشلەپچىقىرىشى 1976 - يىلى باشلانغان، ئەسلى تۇز شەرقىي تۇز كۆلدىن چىقىدۇ، تاللاش، ئۇۋۇتۇش، يود قوشۇش، قاچىلاشلاردىن كېيىن، شۇ يەرنىڭ بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بازارغا سېلىنىدۇ. 1976 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە جەمئىي 1700 توننىدىن كۆپرەك يودلۇق تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 500 توننىدىن كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇ زاۋۇتتا، 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچى 56 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرغۇچى خادىم يەتتە نەپەر.

## §4. ئاق هاراق

1968 - يىلى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ هاراق زاۋۇتى ناھىيە تەۋەسىدە بىردىنبىر مەخسۇس ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا بولۇپ، يىلىغا 200 — 300 تونىنا قۇمۇل ئاق هارىقى، قۇمۇل داچۇ هارىقى ۋە سۇپەتلىك داچۇ هارىقى ئىشلەپچىقىرىدۇ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 200 — 300 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بۇ زاۋۇت 1979 - يىلى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق - بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، ئاستانە گۇڭشېلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال زاۋۇتلىرىدىمۇ ئازراق ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، لېكىن مەھسۇلات مىقدارى مۇقىم ئەمەس. 1983 - يىلى جەمئىي 19.6 تونىنا ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىلدى.

## §5. موخوركا

ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ موخوركا زاۋۇتى 1966 - يىلى ئاستانىدا قۇرۇلغان، يىلىغا قول بىلەن 5 - 6 تونىنا موخوركا ئىشلەپچىقىراتتى، 1971 - يىلى 7 — 8 تونىنا ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى. زاۋۇت 1977 - يىلى كېڭەيتىلدى، 1980 - يىلى 1 - ئايدا دايىڭفاڭغا كۆچۈرۈلدى. بۇ زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى يېڭىلىنىپ ئۆزگەرتىل-

گەندىن كېيىن، قول بىلەن ئىشلەشتىن ماشىنا بىلەن ئىشلەشكە ئۆتتى، بۇنىڭ بىلەن يىللىق مەھسۇلاتى 100 توننىغا يېتىدىغان بولدى. لېكىن بازار كاسات بولغاچقا، يىلىغا ئاران 15 — 20 توننىلا سېتىلىدۇ. يېزا ئاھالىسى ئۆزلىرى چېكىدىغان موخورىكىنى، ئاساسەن، ئۆزلىرى تېرىغان تاماكىدىن ياسىۋالىدۇ.

# 7 باب تېرە، چەم - خۇرۇم ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار

## §1. تېرە بۇيۇملار

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئاساسەن، يەككە قول سانائەتچىلەرلا تېرە بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. 1956 - يىلى قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، يەككە قول سانائەتچىلەر تېرە بۇيۇملار كوپېراتىپىغا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1958 - يىلى تېرە بۇيۇملار كوپېراتىپى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولغان ناھىيىلىك مويكىغا ئايلاندۇرۇلدى، پىچىپ تەييارلانغان ئۆك جۇۋا ۋە تاشلىق جۇۋا بۇ مويكىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى بولدى. تېرە بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىشى كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاساسەن، قول مەشغۇلاتى بىلەن بولۇپ كەلگەن، ئەمگەك سىجىللىقى ناھايىتى ئېغىر ھەم ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتە قالاق بولغاچقا، مەھسۇلات مىقدارىغا ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكەن. 70 - يىللاردىن بۇيان مويكا يىلمۇ يىل بەزى ماشىنىلارنى، مەسىلەن: تېرە تەكشىلەش ماشىنىسى، يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى، پارقىرىتىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇردى ۋە يېرىم ماشىنىلاشتۇردى. 1976 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3870.8 دىن جەمئىي 30 مىڭ 967 تاشلىق جۇۋا ۋە پىچىپ تەييارلانغان ئۆك جۇۋا ئىشلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى ئىشلەنگىنى 4850 پارچە.

ناھىيە تەۋەسىدە يەنە ۋىلايەتلىك «قىزىل يۇلتۇز» خۇرۇم زاۋۇتىمۇ جۇۋا ئىشلەپچىقىرىدۇ.

## §2. چەم-خۇرۇم بۇيۇملار

چەم - خۇرۇم بۇيۇملار، ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلارغا قارىتىلغان. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ئارقىسىدا، ئىشلىنىدىغان جابدۇقلار يىلسايىن ئازىيىپ باردى. 1976 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 378.4 تىن جەمئىي 3027 جابدۇق ئىشلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى ئىشلەنگىنى 182. جابدۇق ناھىيىلىك مويكىنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاياغ كىيىم كوپېراتىپى ھەر يىلى ئاز مىقداردا ئاياغ كىيىم ئىشلىدى، 1975 - يىلى 1009 جۈپ، 1976 - يىلى 944 جۈپ ئاياغ كىيىم ئىشلىدى. بۇ كوپېراتىپ 1977 - يىلى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

### §3. يۇڭ بۇيۇملار

كىگىز بىلەن پىمىمۇ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى قول سانائەت مەھسۇلاتى. خام ئەشيا مول، ئىش تەرتىپى بىر قەدەر ئاددىي بولغاچقا، شەھەر - يېزىلاردىكى بىر مۇنچە كىشى كىگىز ۋە پىما ئېتىشنى بىلىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، دېھقان - چارۋىچىلىرى ئەتكەن تېكىمەت ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە. كىگىز، پىما ئېتىشنىڭ ئىش تەرتىپى، ئومۇمەن مۇنداق: يۇڭ ئېتىپ تەييارلىنىدۇ، ئاندىن چىغ ئۈستىگە يېيىتىلىدۇ، پىشۇرۇلىدۇ، قۇرۇتۇلىدۇ. 50 - يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە پىما ۋە چوسۇنكا بۇ يەردە قىشنى چىقىرىشتىكى مۇھىم ئاياغ كىيىم ئىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىستېمال ئادىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا، پىما ۋە چوسۇنكا كىيىدىغان ئىش ناھايىتى ئازىيىپ كەتتى. كىگىز بولسا ئىزچىل تۈردە مويىكىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى بولۇپ، يىللىق مەھسۇلاتى 10 مىڭ پارچىدىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى. كىگىز ئېتىشمۇ ئەمگەك سىجىللىقى ناھايىتى ئېغىر، ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن ئىش ئىدى. 70 - يىللاردىن كېيىن سېتىۋېلىنغان يۇڭ ئېتىش ماشىنىسى، يېيىتىش ماشىنىسى، كىگىز يۇيۇش ماشىنىسى قاتارلىقلار ئىشچىلارنى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن ئازادلىققا چىقاردى، مەھسۇلات سۈپىتىمۇ، مىقدارىمۇ ئۆستى. 1976 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 10 مىڭ 544.6 پارچىدىن جەمئىي 84 مىڭ 357 پارچە ھەر خىل ئۆلچەمدىكى كىگىز ئېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى ئېتىلگەن ھەر خىل ئۆلچەمدىكى كىگىز 15 مىڭ 775 پارچە.

## VI باب تىككۈچىلىك

### §1. كىيىم-كېچەك تىكىش

قۇمۇلدا مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى) لا تىككۈچىلىك دۇكىنى بار ئىدى. 20 - ۋە 30 - يىللاردا يەنە بىر تۈركۈم تىككۈچىلىك دۇكانلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىپ، ئازادلىققا قەدەر، قۇمۇل شەھىرىدىكى تىككۈچىلىك كارخانىسى 16 گە يەتكەن. بۇ دۇكانلار، ئاساسەن، تۈرلۈك رەختلەردىن كىيىم - كېچەك تىكەتتى. 1956 - يىلى شەھەردىكى يەككە تىككۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تىككۈچىلىك كوپېراتىپىغا كىردى، 1963 - يىلى 2 - تىككۈچىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى، 1976 - يىلى ئىككىسى بىرلە-

www.uyghurkitap.com

شىپ بىر كوپىراتىپ بولدى. تىككۈچىلىك كوپىراتىپى تۈرلۈك كىيىم - كېچەك تىككەندىن باشقا، يەنە شۇ يەردىكى سودا تارماقلىرى بىلەن ئەمگەك مۇھاپىزىتى كىيىملىرىنى تىكىش توختامىنى تۈزدى، تىككۈچىلىك كوپىراتىپى بىر يىلدا 50 — 90 مىڭ دانە ھەر خىل كىيىم تىكەلەيدۇ، سىمكىرى 500 — 600 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. كوپىراتىپتا 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 93 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. بۇ كوپىراتىپ 1977 - يىلى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## §2. لاتا ئاياغ تىكىش

لاتا ئاياغنى پەقەت ئاياغ كىيىم كوپىراتىپىلا تىكەتتى، بۇ، قول ئەمگىكىنى ئاساس قىلىدىغان كىچىك تىپتىكى لاتا ئاياغ تىكىش ئورنى بولۇپ، پەقەت 40 لا ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، ھۈنەر - سەنئىتى قالاق بولغاچقا، چەت جايلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمەيتتى، شۇڭا تىكىلگەن لاتا ئاياغلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىدى، يىلىغا ھەر خىل لاتا ئاياغدىن ئاران 20 مىڭ جۈپلا تىكەلەيتتى، مەھسۇلات قىممىتى 100 مىڭ يۈەن ئۆپ - چۆرىسىدە بولاتتى، بۇ كوپىراتىپ 1976 - يىلى ھەر خىل لاتا ئاياغدىن 23 مىڭ 596 جۈپ تىكتى، مەھسۇلات قىممىتى 107 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇ 1977 - يىلى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

# VII باب كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇملار كەسپى

## §1. چويۇن قۇيمىچىلىقى

مىڭگۇ يىللىرىدا قۇمۇلدا «قۇيمىچىلىق ئورنى» دىن ئالتىسى بار ئىدى، ئۇلار، ئاساسەن، ساپان چىشى، شالاسۇن، چويۇن قازان قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىراتتى. ئۈسكۈنىلىرى كىچىك چويۇن ئېرىتىش مېشى، شامال ساندۇقى، قۇم قېلىپتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنتايىن ئاددىي ئىدى، مەھسۇلات مىقدارى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بېكىتىلەتتى. 1956 - يىلى قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندە، قۇيمىچىلىق ئائىلىلىرى تۆمۈرچىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپىغا قوشۇلدى. 60 - يىللاردىن كېيىن، ساپان چىشى مىقدارى تېز تۆۋەنلەپ كەتتى، شالاسۇنغا بولغان ئېھتىياجمۇ كۆپ بولمىدى. 1966 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان قۇيمىچىلىق گۇرۇپپىسى 1975 - يىلى چويۇن قازان قويمىچىلىق زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇ، قول سانائەت بىرلەشمە كوپىراتىپى باشقۇرىدىغان كوللېكتىپ كارخانا بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 15 مىڭ دانە ھەر خىل چويۇن قازان، 2000 — 3000 دانە چويۇن مەش ئىشلەپچىقاردى، بۇلارنىڭ قىممىتى 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

## §2. قاغالتىر بۇيۇملار

قاغالتىر پىششىقلاپ ئىشلەيدىغانلار ئىلگىرى «تۇڭكىچى» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلار، ئاساسەن، مەش، مەش كانىيى، ئەگرى كاناي، چېلەك، داس قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قاغالتىر بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىراتتى. مىنگو يىللىرىدا، قۇمۇلدا قاغالتىرچىلىق دۇكىنىدىن 32 سى بار ئىدى. 1956 - يىلى يەككە ئائىلىلەردىن قاغالتىرچىلىق كوپېراتىپى تەشكىل قىلىندى، 1958 - يىلى قاغالتىرچىلىق كوپېراتىپى بىلەن باشقا كوپېراتىپلار بىرلەشتۈرۈلۈپ،ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك خاراكتېرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلدى. 1976 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە جەمئىي 333 مىڭ 600 دانە قاغالتىر بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنى قاغالتىرغا سۇندۇرغاندا 781.5 توننا بولىدۇ. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 41 مىڭ 702.5 دانە قاغالتىر بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنى قاغالتىرغا سۇندۇرغاندا 108.9 توننا بولىدۇ. 80 - يىللاردىن بۇيان، يەككە «تۇڭكىچى» لەر كۆپەيگەچكە، تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپىنىڭ قاغالتىر بۇيۇملىرى مىقدارى تېز تۆۋەنلەپ كەتتى. 1983 - يىلى 24 مىڭ 500 دانە قاغالتىر بۇيۇمى ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنى قاغالتىرغا سۇندۇرغاندا 64 توننا بولىدۇ.

# VIII باب يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى ياساش ۋە رېمونت قىلىش

## §1. تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى

مىنگو يىللىرىدا، قۇمۇل بازىرىدا تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدىن 24 ى بار ئىدى، شۋەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) تىجارەت باشلىغان جۇ جەنلىنىڭ دۇكىنى ۋە مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) تىجارەت باشلىغان خەن باۋجېننىڭ دۇكىنى قۇمۇلدىكى تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ھېسابلىنىدۇ. تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلىرىدىن تۆمۈر هارۋا ئۇلتىڭى، تاقا، ئورغاق، كەتمەن، گۈرجەك قاتارلىقلار بار ئىدى.

1956 - يىلى تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، يەككە قول سانائەتچىلەر ھەمكارلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى، كىچىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى جەھەتتە تاقا، ئورغاق، كەتمەن ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىندى. 1965 - يىلى تۆمۈردىن ياسالغان ھەر خىل كىچىك يېزا ئىگىلىك سايمىنىدىن 12 مىڭ 768 ى ئىشلەپچىقىرىلدى. 70 - يىللاردا باشقا جايلاردىن ماشىنىدا ياسالغان گۈرجەك، كەتمەنلەر بازارغا كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەچكە، تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى كۆنسايىن ئازلاپ كەتتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5000 — 6000

دانە ئىشلەپچىقىرىلدى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى شەھەر - يېزىلاردىكى يەككە ئائىلىلەر ئىشلەپچىقىرىپ ساتتى.

## §2. ئۈلاغ هارۋىسى

ئۇلاغ ھارۋىسى تەگىلىكى — يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتى 1981 - يىلى بارلىققا كەلتۈرۈپ قىلىپلاشتۇرغان مەھسۇلات، ئۇلاغ ھارۋىسىدىن 1981 - يىلى 1038 ى، 1982 - يىلى 1492 سى، 1983 - يىلى 5000 ى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ پۇختا، چىدامىلىق، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇپ، يېزىلاردىكى ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتى ۋە قىسقا يوللۇق ترانسپورت ئۈچۈن تولىمۇ ئەپلىك، ئۇ بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ئامىمنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

## §3. تراكتور رېمونت قىلىش

تراكتور سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تراكتور رېمونتچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارمۇ كۆنسايىن كۆپەيدى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، قۇمۇل ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىدىن باشقا، گۇڭشې (مەيدان) لارنىڭ تولىسىدا رېمونت زاۋۇتى ياكى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتىگە قاراشلىق رېمونت سېخى قۇرۇلدى، ئۇلار ئۆز گۇڭشېسىنىڭ ئىلكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىدۇ ۋە ئاسرايدۇ. ئادەتتە، كىچىك رېمونتلار گۇڭشې تەۋەسىدىن، چوڭ رېمونتلار ناھىيە تەۋەسىدىن سىرتقا چىقىپ كەتمەيدۇ.

1970 - يىلى مەركەزنىڭ «رېمونتنى ئاساس قىلىش، ھەم رېمونت قىلىش، ھەم ياساش، تىنچ ۋاقىت بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىنى بىرلەشتۈرۈش» پىرىنسىپىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى ئاساسىدا ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قۇرۇلدى. مەزكۇر زاۋۇت ناھىيىگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدىكى ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى بىرقەدەر كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى خېلى يۇقىرى زاۋۇت بولۇپ، 1974 - يىلى نامى رېمونت قىلىش - ياساش 1 - زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى، ئەسلىدىكى ئۇنىۋېرسال زاۋۇتنىڭ نامى رېمونت قىلىش - ياساش 2 - زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1976 - يىلى 1 - زاۋۇت بىلەن 2 - زاۋۇت قوشۇۋېتىلىپ، رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قىلىندى. 1976 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ھەرخىل تراكتوردىن 328 ى (قېتىم) چوڭ ۋە ئوتتۇرا رېمونت قىلىندى، دېمەك، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 41 (قېتىم) دىن رېمونت قىلىندى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەزكۇر زاۋۇتنىڭ ئىلكىدىكى ھەر خىل ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر 40 قا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 196 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 178 گە يەتتى.

### 4§. بالون رېمونت قىلىش

1975 - يىلى ۋېلسىپىت رېمونت قىلىش كوپېراتىپى ئاساسىدا ناھىيىلىك رېزىنكە بۇيۇملارنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇت بالون رېمونت قىلىشنى ئاساسىي كەسىپ قىلدى، 1977 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە 20 مىڭ 990 بالون رېمونت قىلىندى، بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2998.57 دىن توغرا كېلىدۇ؛ 1419 بالون يېڭىلاندى، بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 202.7 دىن توغرا كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 119 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

## IX باب ياغاچ سايمان-ئۆي جاھازلىرى ۋە باشقىلار

### 1§ ياغاچ سايمان – ئۆي جاھازلىرى

ناھىيىدە ياغاچ سايمان — ئۆي جاھازلىرى ياسايدىغان زاۋۇتتىن، ئاساسەن، ئىككىسى بار، بۇنىڭ بىرى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ناھىيىلىك ياغاچ سايمانلار زاۋۇتى، يەنە بىرى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى تۆمۈر - ياغاچ سايمانلار زاۋۇتى.

1956 - يىلى 20 نەپەر يەككە قول سانائەتچىدىن ياغاچ سايمان كوپېراتىپى تەشكىل قىلىندى. 1958 - يىلى مەزكۇر كوپېراتىپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتىنىڭ ياغاچ سايمانلار سېخىغا ئۆزگەرتىلدى، 1976 - يىلى ياغاچ سايمانلار زاۋۇتى قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلدى.

ياغاچ سايمان— ئۆي جاھازلىرىدىن، ئاساسەن، ئۈستەل، ئورۇندۇق، كارىۋات، پارتا، كىتاب ئىشكابى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ. 70 - يىللاردىن باشلاپ ھەر خىل ساپا، ساپا كارىۋات، ئېگىز - پەس ئىشكاپ، ئىككى خىل ئىشلىتىلىدىغان يېزىق ئۈستىلى، جۈڭگوچە قوش كىشىلىك كارىۋات قاتارلىق ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئۆي جاھازلىرى ئىشلەپچىقىرىلىپ، خېرىدارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1977 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە ھەر خىل ئۆي جاھازىدىن 22 مىڭ 942 سى ئىشلەپچىقىرىلدى، دېمەك، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3277.4 دانە ئىشلەپچىقىرىلدى.

1983 - يىلى ياغاچ سايمان زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 250 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 285 كە يەتتى.

## §2. پاختا ئېتىش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، پاختا ئېتىشتا، ئاساسەن، قول مەشغۇلاتىغا تايىنىلاتتى، بىر ئادەم بىر دۇكان ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، ئەمگەك سىجىللىقى زور، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولاتتى. 1956 - يىلى يەككە قول سانائەتچىلەر پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش كوپېراتىپى تەشكىل قىلدى، 60 - يىللاردىن كېيىن، پاختا ئېتىش ماشىنىسى سېتىۋېلىندى. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستى، يىلىغا 100 توننا ئەتراپىدىكى تور پاختا پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان بولدى، بۇنىڭ 50 — 60 تونىنىسى يوتقان تور پاختىسى. 1976 - يىلى مەزكۇر كوپېراتىپنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 31 گە، ئىشلىگەن تورپاختىسى 119 تونىنىغا، جۈملىدىن يوتقان تور پاختىسى 94 تونىنىغا، ئىش ھەققى 64 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 1977 - يىلى مەزكۇر كوپېراتىپ قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

# X باب بىناكارلىق

1951 - يىلى ئەتىيازدا بازاردىكى يەككە بىناكارلىق ئىشچىلىرى بىناكارلىق كەسىپداشلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىپ، كوللېكتىپ نامىدا قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئېلىشقا باشلىدى. 1956 - يىلى مەزكۇر ئۇيۇشما ئاساسىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇمۇل ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلدى، 2 - يىلى بۇ شىركەت ۋىلايەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، نامى «قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى» گە ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى قۇمۇل بازىرىدىكى بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كەسپى بويىچە ئاساسلىق كارخانا ھېسابلىنىدۇ.

1959 - يىلى ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلدى. شىركەت رەھبەرلىرى ۋە ئاز ساندىكى باشقۇرۇش كادىرلىرى ناھىيىدىن سەپلەنگەندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىشچى ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن كۆچمەنلەردىن قوبۇل قىلىندى. بۇ كارخانا تېخى مۇنتىزىملاشماي تۇرۇپلا، 1962 - يىلى پۈتۈنلەي «ئاتتىن چۈشتى»،

خادىملىرى كوللېكتىپ ھالدا شوتا بولاق‌دېھقانچىلىق مەيدانىغا چۈشۈپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرغان قۇرۇش - رېمونت قىلىش كوپېراتىپى، قۇمۇل بازىرىغا قاراشلىق قۇرۇش - رېمونت قىلىش دۈيى، شۇنىڭدەك ئاز ساندىكى يېزا گۈڭشې - دۈيلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى قۇرۇش - رېمونت قىلىش دۈيلىرى ئادەتتىكى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىشخانا، سىنىپ، ياتاق، تۇرالغۇ ئۆيلەرنى سېلىش ۋە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى ھۆددە ئېلىشقا باشلىدى. 1977 - يىلى قۇرۇش - رېمونت قىلىش كوپېراتىپى بىلەن بازارلىق قۇرۇش - رېمونت قىلىش دۈيى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1977 - يىل 7 - ئايدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش دۈيىنى ناھىيىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش دۈيىگە ئۆزگەرتتى. 1981 - يىل 12 - ئايدا، ئۇنىڭ نامى ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلاردىكى گۈڭشې باشقۇرغان بىناكارلىق دۈيلىرىمۇ يېڭىچە قىياپەت بىلەن شەھەر - بازارغا كىرىپ، پولات چېۋىقلىق سېمونت قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنى ھۆددە ئالدى. پالۋانتۇر گۈڭشې بىناكارلىق دۈيى بىلەن تاشۆيلۈك گۈڭشې بىناكارلىق دۈيى خېلى نام چىقاردى.

ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ھۆددىگە ئېلىپ پۈتتۈرگەن ھەر خىل قۇرۇلۇش كۆلىمى 19 مىڭ 84 كۋادرات مېترغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 970 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. دېمەك، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پۈتتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 3180.7 كۋادرات مېترغا، يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 495 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى پۈتتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 5000 كۋادرات مېترغا، مەھسۇلات قىممىتى 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 127 گە، پۈتۈن خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمى 5511.8 يۈەن/ئادەمگە يەتتى.

پالۋانتۇر گۈڭشې بىناكارلىق دۈيى 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە پۈتتۈرگەن قۇرۇلۇش مىقدارى 10 مىڭ كۋادرات مېترغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، پايدا 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشۆيلۈك گۈڭشې بىناكارلىق دۈيى 1982 - يىلى قۇرۇلغانىدى، بۇ دۈي 1983 - يىلى 1546 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈپ، 10 سۇ مۇنارىسى ياساپ، 160 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ، 26 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

## قوشۇمچە: ناھىيە تەۋەسىدىكى مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بىڭتۇەنگە قاراشلىق ئاساسلىق كارخانىلار

### ناھىيە تەۋەسىدىكى مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، بىڭتۇەنگە قاراشلىق ئاساسلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسىم جەدۋىلى

جەدۋەل 7 — 3

| كارخانا نامى | ئورنى | ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ نامى | كارخانا خاراكتېرى | كارخانا كۆلىمى | كەسىپ تۈرى | ئاساسلىق مەھسۇلاتى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| بىرىنچى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانىلار | | | | | | |
| قۇمۇل كۆۋرۈك زاۋۇتى | شەھەر رايونىدا | تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | ئوتتۇرا | سېمونت بۇيۇم ياساش | شىپال |
| قۇمۇل سېمونت زاۋۇتى | پويىز ئىستانسىسىدا | ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | سېمونت ئىشلەش | سېمونت |
| جىڭشىيا تاش زاۋۇتى | جىڭشىيا پويىز ئىستانسىسىدا | ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | تاش قېزىش | ياپىلاق تاش |
| يامانسۇ تۆمۈر كانى | يامانسۇدا | ئاپتونوم رايونلۇق پولات - تۆمۈر شىركىتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | ئوتتۇرا | تۆمۈر رودىسى قېزىش | تۆمۈر رودىسى |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى | تارانچىدا | ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر نازارىتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | كۆمۈر قېزىش | كۆمۈر |
| قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى | قوۋۇق ئېغىزىدا | ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | ياغاچ ماتېرىياللىرىنى كېسىش - توشۇش | ئەن ياغاچ، ھەرىدەلگەن ياغاچ |

ئىككىنچى، بىڭتۇەننىڭ قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق كارخانىلار

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ساقا مەرمەر كانى | تيەنخۇدا | قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | تاش قېزىش | |
| 1-مەيدان دولومىت كانى | تيەنخۇ پويىز ئىستانسىسىدا | «قىزىل يۇلتۇز» 1-مەيدانى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | قازمىچىلىق | |
| 2-مەيدان بىرلەشمە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى | قوشتېكەندە | «قىزىل يۇلتۇز» 2-مەيدانى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | كۆكتات پىششىقلاش | |
| ساقا هاراق مەيدانى | ساقىدا | ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | ئاق هاراق ئىشلەش | |
| «راكېتا» دېھقانچىلىق مەيدانى قەغەز مەيدانى | شەھەر ئەتراپىدا | «راكېتا» دېھقانچىلىق مەيدانى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | ماشىنا قەغىزى ئىشلەش | |
| «قىزىل يۇلتۇز» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | ئەرداۋخۇدا | قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | ئورگانىك تۇز ئىشلەپچىقىرىش | ناترىي سۇلفىد |
| «قىزىل يۇلتۇز» سېمونت زاۋۇتى | خۇڭگۇاڭ پويىز ئىستانسىسىدا | ۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | سېمونت ئىشلەش | سېمونت |
| 2-مەيدان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | قوشتېكەندە | «قىزىل يۇلتۇز» 2-مەيدانى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | ئىنئورگانىك تۇز ئىشلەش | ناترىي سۇلفىد |

ئۈچىنچى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋىلايەتلىك «706» كانى | شىمالىي ياشلار يولىدا | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | قازمىچىلىق | سىلىكون دىئوكسىد |
| ۋىلايەتلىك تۇز خىمىيە باش زاۋۇتى | يەتتە قۇدۇقتا | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | ئوتتۇرا | كۆل تۇزى ئېلىش | تۇز، سۇسىز ناترىي سۇلفات |
| ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى | دايىڭفاڭدا | ئاشلىق باشقارمىسى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | ئۇن تارتىش | بۇغداي ئۇنى |
| ۋىلايەتلىك قۇشخانا | نۇرلۇق يولىدا | يېمەكلىكلەر شىركىتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | گۆش پىششىقلاش | چارۋا مال گۆشى، ئىچىملىك |
| «قىزىل يۇلتۇز» كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى | غالىبىيەت يولىدا | ۋىلايەتلىك تەمىنات سودا كوپىراتىپى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | يۇڭ - تېرە مەھسۇلاتلىرى ئىشلەش | تېرە كىيىم-كېچەك، خۇرۇم |
| ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى | جەنۇبىي جېيەنسگو يولىدا | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | مەتبەئەچىلىك | باسما بۇيۇملار |
| ۋىلايەتلىك ئېلېكتىر ئىستانسىسى | جەنۇبىي «1 - ئاۋغۇست» يولىدا | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | ئوت كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش | توك |
| ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | شىمالىي شەھەر ئەتراپى يولىدا | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | ئانئورگانىك تۇز ئىشلەش | سۇسىز ناترىي سۇلفات |
| ۋىلايەتلىك «قىزىل يۇلتۇز» دورا زاۋۇتى | كونا ئايرودرومدا | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | خىمىيىۋى دورا، باشلانغۇچ دورا ئىشلەش | ئېفېدرىن ھىدروخلورىد |
| ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى | «1 - ئاۋغۇست» يولىدا | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ئومۇمىي خدلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | سېمونت ئىشلەش | سېمونت |
| ۋىلايەتلىك پولات - تۆمۈر زاۋۇتى | «1 - ئاۋغۇسپ» يولىدا | ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە | كىچىك | تۆمۈر تاۋلاش | چويۇن، توك ئۇچىقى قېتىشمىسى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى قىسىم    قاتناش. پوچتا - تېلېگراف

شەرقىي خەن دەۋرىدە، خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئېۋىرغول (قۇمۇل) نى كۆپ قېتىم تالاشقان، خەن سۇلالىسى ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، دۇنخۇاڭدىن ئېۋىرغولغا بارىدىغان يولنى ئاچقان. شۇ مەزگىلدە خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلغان يولى ھازىرقى ئەنشىدىن قۇمۇلغا بارىدىغان چوڭ يولغا يېقىنراق ئىدى. بۇ يول ھونلارغا بەك يېقىن بولغاچقا، سودا كارۋانلىرى ۋە تارتۇق بەگلىرى بۇ يولدا ناھايىتى ئاز قاتنايتتى.

جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ئىلگىرى بىر مەزگىل ئاۋاتلاشقان دۇنخۇاڭ - ئىدىقۇت يىپەك يولى خارابلاشقان، كونا يول «قۇملۇق بولغاچقا، يولنى زادىلا پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، يولوچىلار ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىگە قاراپ سەپەر قىلاتتى». («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 - يىلدىدىن). شۇڭا سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلار يولنى ئۆزگەرتىپ، ئېۋىرغول يولى بىلەن ماڭىدىغان بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېۋىرغول يولى ئاۋاتلىنىشقا باشلىغان.

سۈي، تاڭ دەۋرىدە خەن دەۋرىدىكى قاشقۇۋۇق (يۈمىنگۈەن) دۇنخۇاڭنىڭ شەرقىدىن ھازىرقى ئەنشىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شۇاڭتاباۋ دېگەن يەرنىڭ يېنىغا يۆتكەلگەن. ئۇنىڭ شەرققە يۆتكىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئەلۋەتتە، ئېۋىرغول يولىنىڭ گۈللىنىپ راۋاجلىنىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، قاشقۇۋۇق شەرققە يۆتكەلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي يولدا سەپەر قىلىدىغانلار تېخىمۇ ئازلاپ كەتكەن، ئېۋىرغول يولى سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا قاتنايدىغان مۇھىم يولىغا ئايلانغان.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، قۇمۇلنىڭ «يىپەك يولى» دىكى ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى، «قۇمۇلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، پېرسىيىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ھۆكۈمەت خادىملىرى، تارتۇق بەگلىرى، سودا كارۋانلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇراتتى» («كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 985 - جىلدىدىن). شەرقتىن غەربكە ئۆتۈشۈپ تۇرغان سودا كارۋانلىرى، ساياھەتچىلەر ۋە ئەلچىلەر جاپا - مۇشەققەت ھەم خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، چىرايلىق ھەم نەپىس تاۋار - دۇردۇنلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ئارتىلغان تۆگىلەردە جۇڭگو بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بۇ يولدا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇراتتى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن تارتۇق بەگلىرى ۋە ئېلچىلىرىگە بېرىپ سودا قىلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قۇمۇلدىن ئۆتەتتى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، قۇمۇل ئارقىلىق جيايۈگۈەن

www.uyghurkitap.com

قۇۋۇقىدىن ئۆتۈپ ئوردىغا تارتۇق ئاپىرىش ئۈچۈن ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئەللەر، چوڭراقلىرىنى ھېسابلىمىغاندا، 29 غا يەتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە «زېمىنى كەچكىرەك» لىرىدىن توققۇز ئەل ئۆزىنى مەلۇم قىلغان. ئۇلار قۇمۇلدا خەت ـ ئالاقىلەرنى خەنزۇ ـ چىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئىچكىرىگە بېرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرەتتى. بۇ مەزگىل ـ دىكى قۇمۇل، مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسۇن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇ ـ ھىم جاي ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭ جۇڭغارلار، چوڭ ـ كىچىك غوجىلار توپىلىڭ ـ نى تىنجىتىش ۋە ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئوخشاش چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇشلارنى كۆپ قېتىم باشتىن كەچۈردى، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە قۇ ـ مۇل مۇھىم ئارقا سەپ بازىسى بولدى. كاڭشىنىڭ 56 ـ يىلى (1716 ـ يىلى)، ھەربىي قوشۇنلارغا ئاشلىق توشۇش ئۈچۈن، سەنشى، شەنشىدىن 3000 هارۋا يۆتكەلگەن، ھەر بىر ھارۋىغا ئۈچتىن ھارۋىكەش سەپلەنگەن، جيايۈگۇەندىن قۇمۇلغىچە 12 يۇك تو ـ شۇش بېكىتى قۇرۇلغان، ھەربىر بېكەت 250 ھارۋا چىقارغان. شەنشى، گەنسۇدىن يىغىلغان نۇرغۇن ئاشلىق مۇشۇ 3000 ھارۋا ئارقىلىق، قۇمۇل ۋە بارىكۆلگە، ئاندىن كېيىن ئالدىنقى سەپكە ئۈزۈلدۈرمەي توشۇلۇپ تۇرغان.

تۇڭجىنىڭ ئاخىرقى يىلى ۋە گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، زو زۇڭتاڭ يا ـ قۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ھەمدە ئىلىنى قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، ئەنشى، قۇمۇل، بارىكۆل ۋە گۇچۇڭ ئوتتۇ ـ رىسىدا ھۆكۈمەت تۆگىسىدىن 3000 نى، سودىگەرلەر تۆگىسىدىن 10 مىڭنى ۋە ھارۋى ـ دىن 300 نى تەييارلاپ، خېشىدىن يىغىلغان ئاشلىقنى كېچە ـ كۈندۈزلەپ توشۇتقان، گۇاڭشۈ ـ نىڭ 6 ـ يىلى (1880 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا زو زۇڭتاڭ چوڭ بارگاھىنى قۇمۇلغا يۆتكىگەن، 11 ـ ئايدا پەرمانغا بىنائەن بېيجىڭغا قايتقان، ليۇجىنتاڭ قۇمۇلدا داۋاملىق تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان ۋە شىنجاڭنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ـ كى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. قۇمۇل پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە قاتناش ئىشلىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان.

مىنگو يىللىرىدا، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىدا قاتناش باشلانغان ۋە قۇمۇل ئاپتو ـ ماتسىيە بېكىتى قۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن، قۇمۇل شىنجاڭ بويىچە ئاپتوموبىل قاتنىشى، ھاۋا قاتنىشى ئەڭ بالدۇر باشلانغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيا ـ تىغا ئەگىشىپ، قاتناش ئىشلىرى تېز ئىلگىرىلىدى. 1960 ـ يىلى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پويىز قاتنىدى، قۇمۇل شىنجاڭنىڭ كۆزنىكى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلدى. 30 نەچچە يىل مابەينىدە، ناھىيە تەۋەسىدە نا ـ ھىيىلەر ئارا تاشيول، ناھىيە ـ گۇڭشې تاشيولى، گۇڭشې ـ دۈي تاشيولى تورى پەي ـ دىنپەي شەكىللەندى. ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئاپتوبۇس ـ

لىرى گۇڭشې، مەيدانلارغا، ئىشلەپچىقىرىش دادۇيلىرىگە بىۋاستە قاتنايدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۆتمۈشتىكى يولۇچىلار ئات ـ ئۇلاغ ئارقىلىق، يۈك تۆگە ئارقىلىق توشۇلىدىغان ھالەت ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىلدى. ئاپتوموبىل بىلەن تراكتور ناھىيە بويىچە ئاساسلىق قاتناش قورالىغا ئايلاندى. 1983 ـ يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى تۆمۈريول 417.3 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى 367 كىلومېتىر) غا، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى 401.3 كىلومېتىرغا، ناھىيە ـ گۇڭشې تاشيولى 269.6 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە ئاسرايدىغىنى 203 كىلومېتىر. 1983 ـ يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئورۇنلارنىڭ ھەر خىل ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى 4000 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قاراشلىقى 171. ناھىيىگە قاراشلىق كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى رېزىنكە چاقلىق تراكتورى 248 گە، كىچىك تىپتىكى تراكتورى 241 گە، چوڭ ھارۋىسى 1209 غا، كىچىك ھارۋىسى 11 مىڭ 198 گە يەتتى.

گۇاڭشۇنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ۋە شۇەنتۇڭ يىللىرىدا، شىنجاڭدا تېلېگراف، پوچتا ئىشلىرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان، قۇمۇل شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇن تېلېگراف ئىدارىسى، پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغان جايلارنىڭ بىرى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ نەچچە ئون يىللىق قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ئارقىلىق شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ھەممە يېرىدە تېلېگراما، پوچتا يوللانمىلىرى ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنى يەتكۈزۈپ بېرىش تورلىرى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ۋە پونكىتى 29 غا، يېزا پوچتا يولى 1213 كىلومېتىرغا، تېلېگراما يولى 15 كە، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى تۆتكە، يېزا تېلېفونىنى ئۇلاپ بېرىش نۇقتىسى 12 گە، تېلېفون ئورنىتىلغان ئىشلەپچىقىرىش دادۇيى 54 كە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى توققۇزغا، يېزا تېلېفون ئاپپاراتى 330 غا، يېزا تېلېفون سىم تاناب يولى 618 كىلومېتىرغا، سىم ئۇزۇنلۇقى 862 كىلومېتىرغا، يېزا پوچتىسىغا ئىشلىتىلىدىغان موتوسىكلىت 16 گە، ئاپتوموبىل ئىككىگە، شەھەر تېلېفونى 1170 كە، كابىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 44.7 كىلومېتىرغا، ئۇچۇق سىم ئۇزۇنلۇقى 151 جۈپ كىلومېتىرغا يەتتى.

قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى قۇمۇلنىڭ شەھەر ـ يېزا ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. دېھقانلارغا ئېھتىياجلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى يېزىلارغا ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى تېز يۆتكەشكە بولىدىغان، قوغۇن ـ تاۋۇز، يەرلىك شۇلتا، تازىلانغان شور، ئاشتۇزى، كۆمۈر قاتارلىقلارنى يېقىن ئەتراپتىنلا پويىزغا قاچىلاپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتقىلى بولىدىغان بولدى.

www.uyghurkitap.com

# I باب قۇرۇقلۇق ترانسپورتى

## §1. يول

**1. ئۆتەڭ يولى**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا (1736 ـ يىلدىن 1795 ـ يىلغىچە)، ھەربىي ئىشلارنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئەنشىدىن قۇمۇل ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللىرىغا بارىدىغان ھەربىي بېكەت ۋە ئۆتەڭلەر قۇرۇلغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. قۇمۇل تەۋەسىدە، شەرقتە شىڭشىڭشيادىن غەربتە دېڭساۋگۇغا بارىدىغان يولدا 13 ھەربىي بېكەت قۇرۇلغان. شىڭشىڭشيادىن قۇمۇل ئارقىلىق شىمالغا مېڭىپ سۇڭشۇتاگىغا بارىدىغان يولدا 12 ئۆتەڭ قۇرۇلغان. ھەربىي بېكەتلەر قۇمۇل مۇئاۋىن جياڭجۈنىگە، ئۆتەڭلەر شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارغا قارىغان، ھەربىر بېكەت ۋە ئۆتەڭگە بىردىن باشلىق قويۇلغان، بىر نەچچىدىن كاتىپ، ئەسكەر ۋە بىر نەچچىدىن ئات سەپلەپ بېرىلگەن. ئۇلار خاننىڭ يارلىقلىرىنى ۋە خان مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئىنئام قىلغان ماددىي نەرسىلەرنى، ھەربىي ئىشلار باشقارمىسى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىلىرىنى يەتكۈزۈش، ئىلى جياڭجۈنى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى خان ئامباللارنىڭ خانغا يوللىغان دوكلات، مەلۇماتلىرىنى ماڭدۇرۇش، شۇنىڭدەك جايلار خانغا تارتۇق قىلغان ھەرخىل يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى توشۇش ئىشلىرىغا ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولغان بولۇپ، ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى.

تۇڭجى يىللىرىدا (1862 ـ يىلدىن 1874 ـ يىلغىچە)، شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەچكە، بۇ خەۋەرلىشىش ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، قۇمۇل ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇڭا نەرسە ـ كېرەكلەرنى گۇيسۇي ئارقىلىق ئەۋەتىشكە توغرا كەلگەن. تۇڭجىنىڭ 13 ـ يىلى (1874 ـ يىلى)، جاڭ ياۋ سۇڭ ۋۇنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئىچكىرىدىن چىققاندا، خەۋەرلىشىش ئالاقىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يەنە ئەنشىدىن تارتىپ بېكەت، ئۆتەڭلەر بويلاپ مېھمانخانا قۇرۇپ، قۇدۇق قېزىپ، بۇلاق كولاپ، ئەسكەر تۇرغۇزغان، زو زۇڭتاڭ ئەنشى ۋە قۇمۇلدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارغا بېكەت ـ ئۆتەڭ بويلاپ ئىدارە قۇرۇپ، ئاشلىق، يەم ـ خەشەك توپلاپ، چوڭ قوشۇننىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ھەرقايسى بېكەتلەردە پەيدىنپەي ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان ۋە مېھمانخانىلارنى قۇرغان.

گۇاڭشۈنىڭ 29 ـ يىلى (1903 ـ يىلى)، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى پەن شياۋسۇ رۇسىيىنىڭ ئۆتەڭ ھارۋىسى تۈزۈمى بويىچە، ئۈرۈمچىدىن قۇمۇل ئارقىلىق لەنجۇغا بارىدىغان ئۆتەڭ ھارۋىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان، ھەر

بىر بېكەتتە هۆكۈمەت تەرىپىدىن يولوچى ۋە ماللارنى توشۇيدىغان 10 ئات ـ هارۋا تەييارلانغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۆتەڭ هارۋىسى توختىتىلغان، مېهمانخانىلارمۇ بىكار قىلىنغان، ئۆتەڭ يوللىرى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ پوچتا يولىغا ئايلانغان.

چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى قۇمۇلغا قاراشلىق 12 هەربىي بېكەت (ئارا بېكەتلەر بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ نامى ۋە مۇساپىسى تۆۋەندىكىچە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىڭشىڭشيا | 70 چاقىرىم ماڭغاندا | تيەنشىڭدۈن ئارا بېكىتى | 70 چاقىرىم ماڭغاندا |
| قۇمبۇلاق | 〃 〃 | غازىيەندۇڭ | 〃 〃 |
| كۇشۇي | 〃 〃 | ئەلتۆمۇر | 〃 〃 |
| قۇمۇل | 60 چاقىرىم ماڭغاندا | ساۋۇلاق | 〃 〃 |
| سۇمقاغا | 60 〃 〃 | لياۋدۈن | 80 چاقىرىم ماڭغاندا |
| توغۇچى | 70 〃 〃 | دېڭساۋگۇ | 90 〃 〃 |
| ئۆردەكلىك | 80 〃 〃 | ۋۇتۇڭۋو | |

قۇمۇلغا قاراشلىق ئۆتەڭ 12 بولۇپ، قۇمۇلدىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان ئارىلىقتىكى هەربىي بېكەتلەر بىلەن ئۆتەڭلەر بىرلەشتۇرۇۋېتىلگەن. قۇمۇلدىن شىمالغا ئايرىلىپ، تىيانشان تېغىدىن هالقىپ ئۆتىدىغان يول ئۆتەڭ يولى ئىدى.

| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇمۇل | 50 چاقىرىم ماڭغاندا | قوتانغول | 30 چاقىرىم ماڭغاندا |
| قارا ئۆي | 40 〃 〃 | سۇڭشۇتاڭ | |
| كۆشۆتى | 〃 〃 | | |

قۇمۇلنىڭ شەرقىدىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان يولنىڭ يۆنىلىشى مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىدا ئاپتوموبىل قاتنىغىچە ئاساسىي جەهەتتىن ئۆزگەرمىگەن. قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى توغۇچىدىن لياۋدۈن ئارقىلىق پىچان، تۇرپانغا بارىدىغان يولنىڭ يۆنىلىشىدە ئۆزگىرىش بولغان. لىن زېشۈ «هەربىي سەپەر خاتىرىسى»دە بۇ ئۆزگىرىشنى بايان قىلىپ ئۆتكەن: قۇمۇلدىن چىقىپ، تىيانشان تېغىدىن هالقىپ ئۆتۈپ، بارىكۆل، گۇچۇڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول شىمالىي يول دەپ ئاتالغان، قۇمۇلدىن چىقىپ، غەربكە مېڭىپ، پىچان، تۇرپان ئارقىلىق كۇچا، ئاقسۇغا بارىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتالغان. شىمالىي يولدا «تاغ ـ داۋانلاردىن ئۆتكۈچە سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قار ياغقاندىن كېيىن يوللارنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، يولوچىلار تېگى يوق قار دېڭىزىغا چۈشۈپ كېتىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى». جەنۇبىي يولدا «سەنجاپار دېگەن بىر بېكەت بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن قارا بوران چىقىپ تۇرىدىغان يەر ئىكەن، قاتتىق بوران چىقسا، ئات ـ هارۋىلارنىمۇ ئۇچۇرۇپ كېتىدىكەن»، «ئۇنىڭدىن باشقا، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يەنە بىر كىچىك جەنۇبىي يول بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەنمۇ گۇچۇڭ، ئۈرۈمچىلەرگە بارغىلى بولىدىكەن. بۇ يول يېقىنراق ئىكەن. قۇمۇلنىڭ 280 چاقىرىم

غەربىي جەنۇبى (غەربىي شىمالى دېيىلىشى كېرەك — مۇھەررىر) دىكى لياۋدۇندىن ئاي- رىلغان بۇ يول بىلەن شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، شىمالىي يولدىكى تاغ ـ داۋانلارنىڭ قارلىرىدىنمۇ، جەنۇبىي يولدىكى سەنجاپارنىڭ بورىنىدىنمۇ ساقلانغىلى بولى- دىكەن، بۇ يول بىلەن ماڭغانلارنىڭ ھەممىسى رازى بولىدىكەن.» مانا بۇ لياۋدۇندىن يەۋەنچۈەن، چېگۇلۇچۈەن، يەتتەقۇدۇق، سەيپىكۇ، چوڭ تاش ئارقىلىق گۇچۇڭغا بارى- دىغان يول ئىدى.

لىن زېشۇ ئېيتقان جەنۇبىي يول ۋە كىچىك جەنۇبىي يول ئۇقۇمى سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ۋە يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىغىچە بولغان دەۋرلەردىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللارغا ئوخشايتتى. سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللار توغۇچىدىن ئايرىلاتتى. شىمالىي يول توغۇچىدىن باشلىنىپ، جىگدە ئۆردەكلىك، لياۋدۇن، يەۋەنچۈەن، شەرقىي تۇزكۆل، غەربىي تۇز كۆل، چىقتىم ئارقىلىق پىچانغا باراتتى. جەنۇبىي يول توغۇچىدىن باشلىنىپ، لاپچۇق، قارا دۆۋە، ساخەنخېلوخەي، نىلگۈن، ئاسارتۇ، ئىلىققۇم، چاقماقتاش، ئېشىمۇ، لىخۇن (گۇيتۇنكۇ)، چۇخۇي (بەيلىچىڭ)، لۇكچۈن ئارقىلىق قوجۇغا باراتتى. ساخەنخېلوخەيدىن ئېشىمۇغىچە پۈتۈنلەي چۆللۈك بولۇپ، بوران كۆپ چىقاتتى، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ ئاز بولۇپ، يول يۈرۈش مۇشەققەت- لىك ئىدى، لېكىن يېرى بىرقەدەر تۈز بولۇپ، ئاتلىق يول يۈرۈش ئاسانراق، مۇ- ساپىسىمۇ قىسقىراق (قۇمۇلدىن قوجۇغىچە 830 چاقىرىم) ئىدى. تاڭ دەۋرىدىكى نوم ئۇستازى ۋە سۇڭ ئوردىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان. شىمالىي يول تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە يېقىنراق بولۇپ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، ئاتلىق يۈ- رۈش قىيىنراق، مۇساپىسىمۇ ئۇزۇنراق (قومۇلدىن قوجۇغىچە 950 چاقىرىم) ئىدى، بىراق بۇ يولدا بوران ئازراق چىقاتتى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىمالىي يول قۇ- مۇلدىن تۇرپانغا بارىدىغان ئاساسلىق يولغا ئايلىنىپ، جەنۇبىي يولدا قاتنايدىغانلار بار- غانسېرى ئازىيىپ كەتكەن. لياۋدۇندىن سەيپىكۇ، مورى، گۇچۇڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېچىلغان. بۇ يولدا يازدا يۈرىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ ئىدى.

بېكەت ـ ئۆتەڭلىرى بار چوڭ يولدىن باشقا، جيايۇگۇەندىن قۇمۇلغا بارىدىغان يەنە ئىككى كىچىك يول بار ئىدى:

ئۇنىڭ بىرى، بۇلۇڭجىردىن باشلىنىپ، چاۋۈەن، ئەلتۆمۈر، چىڭسەنزى، ئۇلادا- چۈەن، لۇسۇنچۈەن، سۇسۇئابۇ، قومبۇلاق، تالناچىن، ئىدىر، ساۋۇلاق ئارقىلىق قۇمۇلغا بارىدىغان يول بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 1100 چاقىرىم ئىدى.

يەنە بىرى، ئەنشىنىڭ بەيدۇنزى دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ كىچىك يۇلغۇن- لۇق، داچۈەن، مالىيەن جىڭزى، بولېجۈەنجىڭ، ئاقتاش، جىڭئېرچۈەن، شىمالىي كۆ- شۈي، تالناچىن، ساۋۇلاق ئارقىلىق قۇمۇلغا بارىدىغان يول بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 810 چاقىرىم ئىدى.

دۇنخۇاڭدىن قۇمۇلغا بارىدىغان يەنە بىر كىچىك يولمۇ بار ئىدى، بۇ يول دۆۋە

خۇاڭدىن باشلىنىپ تۇياۋزىغا 100 چاقىرىم، بولېچۇنجىغا 120 چاقىرىم، بولوتۇچىنغا 150 چاقىرىم، كۇكۇرغا 80 چاقىرىم، كۇشۇيگە 150 چاقىرىم كېلەتتى ۋە قۇمۇل چوڭ يولىغا تۇتىشاتتى.

2. تاشيول

## (1) لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى

لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى دۆلەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان تاشيول. ئۇنىڭ نا-ھىيە تەۋەسىدىكى قۇمۇلدىن شىڭشىڭشىياغىچە، قۇمۇلدىن پەچانغىچە بولغان قىسمى مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) ياسالغان. شۇ چاغدىكى تاشيوللار بۇرۇنقى پوچتا يولى ئاز ـ تولا تەكشىلەپ، تۈزلەپ قويۇلغانلا يوللار ئىدى. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) ئەتمىيازدا شىنجاڭ تاشيول ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرقەدەر ئۆلچەملىك بولغان ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل تاشيولى ياسىلىشقا باشلىغان، بۇ يول مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) 1 ـ ئىيۇلدا پۈتۈپ قاتناش باشلانغان. ئارقىدىنلا يەنە قۇمۇلدىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان تاشيول ياسالغان. بۇ قۇرۇلۇشنى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى پىلانلىغان، تاشيول ئىدارىسى خەلق ئىشچىلىرىنى تەشكىللەپ ياسىغان. يېڭى ياسالغان تاشيولنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئۆتەڭ يولىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى مۇنداق ئىدى: قۇمۇلنىڭ شەرقىدىن يەندۆڭگىچە بولغان قىسمىدا، ئەسلىدىكى ئۆتەڭ يولى يەندۆڭدىن ئەلتۈمۈر، ساۋۇلاق، قارمۇقچى، ئارا ئاقيەر ئارقىلىق كوناشەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا كىرەتتى؛ تاشيول بولسا، يەندۆڭدىن قىيپاش شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ، لوتوچۈەن، گېداجىڭنىڭ شىمالى، ساقا، قىزىلىيۇلغۇن، يۇقىرى ئاقيەر ئارقىلىق قۇمۇلغا كىرەتتى. قۇمۇلنىڭ غەربىدىن ئاستانىغىچە بولغان قىسمىدا، ئەسلىدىكى ئۆتەڭ يولى كوناشەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ، شەھەر ئىچىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى ئارقىلىق ئەرشىلى گېداغا، ئۇ يەردىن يەنە سۇمقاغا، ئاستانىگە باراتتى؛ تاشيول بولسا، قۇمۇلدىن چىقىپ، قىيپاش شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ، يالاڭكارىز، قوشتىكەن، سۇمقاغا ئارقىلىق ئاستانىنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈكتىن ئايلىنىپ، ئاستانىنىڭ غەربىگە بېرىپ، ئەسلىدىكى ئۆتەڭ يولىغا تۇتىشاتتى.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) دىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان، شۇنداقلا بۆلەكلەر بويىچە يول ئاسراش ئۆچاستكىلىرى تەسىس قىلىنىپ، يوللار ھەر ۋاقىت ئاسرىلىپ تۇرغان. بىراق يول يۈزى شېغىللىق بولغاچقا، ئاپتوموبىل مېڭىۋەرگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا «كىر يۇيۇش تاختىسى» شەكلىگە كىرىپ قالغان ۋە «كىريۇيۇش تاختىسى يولى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پات ـ پاتلا قىيان بېسىپ تۇرغانلىقى، يول ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى قالاق بولغانلىقى (كالا قېتىپ سۆرەم سالاتتى) ئۈچۈن، يول ئەھۋالى ناچارلىشىۋېرىپ، ئاپتوموبىللارنىڭ يۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سۈرئىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ چوڭ قاتناش تومۇرىدا يولۇچى ۋە يۈك توشۇش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىرلاشتى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا توشۇلىدىغان قۇرۇلۇش ئەشيالىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ھەمدە شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يولدىن ئۆتەتتى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پويىز قۇمۇلغا كەلگەن ۋە تۆمۈريول داۋاملىق ئۇزارتىلغاندىن كېيىن، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولى بىرئاز چۆلدەرەپ قالدى.

1977 - يىلدىن باشلاپ، دۆلەت لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياسىدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 8 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولى كەڭ، تۈز، ئەگىم ۋە يانتۇلۇقى ئاز 2 - دەرىجىلىك تاشيولغا ئايلىنىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى تارانچىدىن بۇلۇڭتوغراق گۈڭشېدىكى سەنداۋچىڭغىچە بولغان 150 نەچچە كىلومېتىر يولغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلۇپ بولدى.

لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى قىسمى شەرقتە شىڭشىڭشيادىن باشلىنىپ، غەربىي شىمالغا 198.3 كىلومېتىر سوزۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل بازىرىغا كېلىدۇ. قۇمۇل بازىرىدىن سەل شىمالغا يانداپ غەربكە 203 كىلومېتىر سوزۇلغاندىن كېيىن ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىدۇ. ئومۇمىي مۇساپىسى 401.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تاشيول باش ئۆچاستكىسى مەسئۇل بولۇپ ئاسرايدۇ. لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولى ناھىيە تەۋەسىدە بېسىپ ئۆتىدىغان يەرلەرنىڭ ناملىرى ۋە مۇساپىسى تۆۋەندىكىچە:

شىڭشىڭشيا 64.3 كىلومېتىر ماڭغاندا
كۈشۈي 46.4 كېلومېتىر ماڭغاندا
ياندۈڭ 20.2 كىلومېتىر ماڭغاندا
لوتوچۈەن 16.5 كىلومېتىر ماڭغاندا
گېداجىلىك ئاچىلى 16.2 كىلومېتىر ماڭغاندا
بۇلۇڭتوغراق 14.4 كىلومېتىر ماڭغاندا
ساقا 20.3 كىلومېتىر ماڭغاندا
قۇمۇل بازىرى 36.5 كىلومېتىر ماڭغاندا
ئاستانە 27.6 كىلومېتىر ماڭغاندا
دۇربەجىن 22.2 كىلومېتىر ماڭغاندا
تارانچى 17.5 كىلومېتىر ماڭغاندا
شوتابولاق 15.3 كىلومېتىر ماڭغاندا
لياۋدۇن 28 كىلومېتىر ماڭغاندا
يىۋەنچۈەن 13.8 كىلومېتىر ماڭغاندا
يەتتىقۇدۇق ئاچىلى 33 كىلومېتىر ماڭغاندا
شەرقىي تۇزكۆل ئاچىلى 9.4 كىلومېتىر مېڭىپ ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

## (2) ناھىيىلەر ئارا تاشيول

قۇمۇل - بارىكۆل، قۇمۇل - ئاراتۇرۇك تاشيولىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى مۇساپىسى:

قۇمۇل بازىرى 41.6 كىلومېتىر ماڭغاندا

كۆشۈتى 25 كىلومېتىر ماڭغاندا

قوۋۇق ئېغىز

قوۋۇق ئېغىزدىن غەربكە 65 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بارىكۆل بازىرىغا كېلىدۇ. قوۋۇق ئېغىزدىن شەرققە 97 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي ئاراتۇرۇك بازىرىغا كېلىدۇ.

ناھىيىلەر ئارا تاشيولنى ۋىلايەتلىك تاشيول باش ئۆچاستىكىسى مەسئۇل بولۇپ ئاسرايدۇ.

## (3) قۇمۇل بازىرىدىن ھەرقايسى گۇڭشېلارغىچە بولغان تاشيول

قۇمۇل بازىرىدىن چىقىپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ غەربكە 46.2 كىلومېتىر ماڭغاندا، قارادۆۋە ئاچىلىغا، جەنۇبقا 14 كىلومېتىر ماڭغاندا لاپچۇقىغا، يەنە جەنۇپقا توققۇز كىلومېتىر ماڭغاندا قارادۆۋە گۇڭشې تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ بارىدۇ. ئومۇمىي مۇساپىسى 69.2 كىلومېتىر.

قۇمۇل بازىرىدىن چىقىپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ غەربكە 19.6 كىلومېتىر ماڭغاندا، غەربىي تاغ ئاچىلىغا، يەنە شىمالغا 36 كىلومېتىر ماڭغاندا غەربىي تاغ گۇڭشې تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىدۇ، ئومۇمىي مۇساپىسى 55.6 كىلومېتىر.

قۇمۇل بازىرىدىن چىقىپ، قۇمۇل - بارىكۆل تاشيولى بىلەن شىمالغا 41.6 كىلومېتىر ماڭغاندا كۆشۈتىگە، يەنە تاغ قاپتىلى بىلەن شەرققە 20 كىلومېتىر ماڭغاندا تىيانشان گۇڭشې تۇرۇشلۇق جاي (قوراي) غا يېتىپ كېلىدۇ، ئومۇمىي مۇساپىسى 61.6 كىلومېتىر.

قۇمۇل بازىرىدىن چىقىپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ غەربكە 36.5 كىلومېتىر ماڭغاندا ئاستانە گۇڭشې ئاچىلىغا، يەنە جەنۇبقا ئىككى كىلومېتىر ماڭغاندا ئاستانە گۇڭشې تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىدۇ.

قۇمۇل بازىرىدىن چىقىپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ شەرققە 6.7 كىلومېتىر ماڭغاندا پالۋانتۇر گۇڭشې تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىدۇ.

قۇمۇل بازىرىدىن چىقىپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ شەرققە 34.7 كىلومېتىر ماڭغاندا بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىدۇ.

قۇمۇل بازىرىدىن چىقىپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ شەرققە 50.9 كىلومېتىر ماڭغاندا گېداجىڭغا، يەنە شەرقىي شىمالغا 27 كىلومېتىر ماڭغاندا سۆجە كارىزغا، يەنە 20 كىلومېتىر ماڭغاندا تاشبۇلاق گۇڭشې تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىدۇ. ئومۇمىي مۇساپىسى 97.9 كىلومېتىر.

قۇمۇل بازىرىدىن چىقىپ، غەربىي جەنۇبقا ئىككى كىلومېتىر ماڭغاندا، شەھەر ئىچى كۆكشي تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىدۇ.

قۇمۇل بازىرىدىن چىقىپ جەنۇبقا ئىككى كىلومېتىر ماڭغاندا، شەھەر ئىچى كۆكشېغا، يەنە ئۈچ كىلومېتىر ماڭغاندا راھەتباغ كۆكشي تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىدۇ. ئومۇمىي مۇساپىسى بەش كىلومېتىر.

قۇمۇل بازىرىدىن جەنۇبقا مېڭىپ، شەھەر ئىچى، راھەتباغ كۆكشېلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، يەنە جەنۇبقا 28 كىلومېتىر ماڭغاندا بۇغاز كۆكشي تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىدۇ. ئومۇمىي مۇساپىسى 38 كىلومېتىر.

قۇمۇل بازىرىدىن چىقىپ، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ غەربكە 86.3 كىلومېتىر ماڭغاندا تارانچىغا، ئاندىن شىمالغا 30 كىلومېتىر ماڭغاندا قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كېلىدۇ. ئومۇمىي مۇساپىسى 116.3 كىلومېتىر.

ناھىيە رېمونت قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان تاشيول جەمئىي 203 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى 70 ـ يىللاردىن كېيىن شېغىل ياتقۇزۇلغان ئاددىي تاشيول. 1977 ـ يىلى ناھىيىلىك يول ئاسراش ئۇچاستكىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ 31 ئادىمى بار، ئۇلارنىڭ ئىككىسى بۇغازدا، يەتتىسى راھەتباغدا، ئۈچى شەھەر ئىچىدە، 10 ى قارا دۆۋىدە، توققۇزى تاشۋېلىقتا.

ناھىيە دەرىجىلىك تاشيولنى ياساش، رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش ئىشلىرىغا كېتىدىغان مەبلەغ يەرلىك مالىيەدىن چىقىرىلىدۇ. 1982 ـ يىلى 287 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1983 ـ يىلى 319 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## (4) سۈييۈەن ـ شىنجاڭ تاشيولى

مىنگودىن ئىلگىرى، شىنجاڭ سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى تۆگە بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يول ئارقىلىق سۈييۈەندىكى باۋتۇغا توشۇپ، سۈييۈەننىڭ ماللىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلەتتى. تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يول توسۇلۇپ قالغان. سۈييۈەن، شىنجاڭ سودىگەرلىرى مەبلەغ يىغىپ تۆگە كارۋىنى تەشكىللەپ، سۈييۈەندىكى داچىڭشەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن ئىچكى موڭغۇل قۇملۇقىنىڭ غەربىنى بويلاپ مېڭىپ، نىڭشيا، گەنسۇنى بېسىپ ئۆتۈپ، مىڭشۈيدىن شىنجاڭغا كىرىپ قۇمۇلغا كېلىدىغان يېڭى كارۋان يولىنى ئاچقان. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى)، شىنجاڭ بارىكۆللۈك جۇبىڭ دىرېكتور بولغان سۈييۈەن ـ شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى قۇرۇلغان، ئۇلار ئەسلىدىكى كارۋان يولىنى ئاساس قىلىپ، سۈييۈەن ـ شىنجاڭ تاشيولىنى ئاچقان. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا بىرىنچى تۈركۈمدىكى بەش ئاپتوموبىل سۈييۈەننىڭ غەربىدىن ئۈرۈمچىغا يېتىپ كەلگەندە، ئاپتوموبىللار شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، ئىككىنچى تۈركۈم ئاپتوموبىل سۈييۈەندىن قۇمۇلغا كېلىپ توختاپ، قايتا غەربكە قاراپ ماڭمىغان. كېيىن نۆۋەتچى يولۇچى ۋە يۈك ئاپتوموبىللىرى قۇمۇلنى

www.uyghurkitap.com

ئاخىرقى بېكەت ۋە باش بېكەت قىلىنغان. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن) مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 8- ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە جەمئىي 110 ئاپتوموبىل (قېتىم) قاتنىغان.

سۈيىۈەن - شىنجاڭ تاشيولى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىدىكى كارۋان يولى بىلەن تاغ - داۋانلار ۋە قۇملۇقلارنى ئايلىنىپ ماڭاتتى، سۈيىۈەندىن قۇمۇلغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2190 كىلومېتىر بولۇپ، جەمئىي 52 بېكەت بار ئىدى. سۈيىۈەن - شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى قۇمۇلدا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرغان، ئۇنىڭغا ۋاڭ جىڭيەن مۇدىر بولغان. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 2 - ئايدا ۋاڭ جىڭيەن «ساتقىن»لىق جىنايىتى بىلەن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرلىقىنى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى جى چۈنديەن ئۈستىگە ئالغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، شىركەتنىڭ كەسپىي ئىشلىرى توختىغان، ئاپتوموبىللار قاتنىمىغاچقا، يول بارا - بارا تاشلىۋېتىلگەن. سۈيىۈەن - شىنجاڭ تاشيولى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان جايلارنىڭ نامى ۋە مۇساپىسى:

| | |
|---|---|
| خۇڭلىيۇگېدا 80 چاقىرىم ماڭغاندا | يالغۇزتۇيۇم 150 چاقىرىم ماڭغاندا |
| (شىمالىي) كۇشۇي 80 چاقىرىم ماڭغاندا | ساۋۇلاق 70 چاقىرىم ماڭغاندا |
| جىڭئېرچۈەن 70 چاقىرىم ماڭغاندا | قۇمۇل |
| ئۆردەكلىك 120 چاقىرىم ماڭغاندا | |

### 3. تۆمۈر يول

1959 - يىلى 30 - دېكابىر سەھەر سائەت تۆتتە، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ۋېيىيادىن قۇمۇلغىچە بولغان قىسمىدا رېلىس تۇتاشتۇرۇلدى. 31 - دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەردىن 20 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى مەيدانىدا پويىز قاتنىغانلىقنى تەبرىكلەپ داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇللىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، لۈ جيەنرېن، زىڭ دې، لى چۈەن، چى گو، لىن بومىن، شىن لەنتىڭ، ئەسئەت ئىسھاقوپ، زوچى ۋە بىگتۇەن سىلىڭيۈەنى تاۋسىيۇ قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتناشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى س. گ. دوباشىنمۇ تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پويىزنىڭ قۇمۇلغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئەھۋالى تۈپتىن ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ

چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇڭلاشقا ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى تۆمۈريولدا قۇمۇلغىچە پويىز قاتنىغانلىقىغا خۇشال بولماي تۇرالمايمىز، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىمىز ۋە تەبرىكلەيمىز».

تەبرىكلەش يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ لەنجۇغا قاتنىغان تۇنجى بىۋاسىتە تېز پويىزغا بىغىشلاپ لېنتا كەستى. ئاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر، شۇنداقلا قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ساياھەت پويىزىغا چىقىپ، قۇمۇل شەھەر ئەتراپىنى ساياھەت قىلدى. 1960-يىلى يېڭى يىلدا ھەر مىللەت ۋەكىللىرى قۇمۇلدىن «قىزىلبايراق» كەنتىگە قاتنىغان ساياھەت پويىزىغا يەنە بىر قېتىم چىقتى.

قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى ۋە ۋېيانىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى ئىستانسىلار 1959-يىلى 31-دېكابىر سائەت نۆلدىن باشلاپ يولۇچى ۋە يۈك توشۇش كەسپىنى رەسمىي باشلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، تۆمۈريول غەربكە قاراپ داۋاملىق سوزۇلدى.

لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئىستانسىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇساپىسى مۇنداق:

قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ شەرقىدىكى ئىستانسىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇساپىسى:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى ماڭغاندا | 11 | كىلومېتىر | سۈيلىك | 11 | كىلومېتىر ماڭغاندا |
| خۇڭگۇاڭ | 13 | " | ستيەن | 12 | " |
| ساۋۇلاق | 14 | " | جىڭشيا | 10 | " |
| «قىزىلبايراق» كەنتى | 14 | " | ۋېيا | 8 | " |
| يەنچۈەن | 25 | " | شيەن | 13 | " |
| ياندۇڭ | 12 | " | تيەنجۇ | 12 | " |
| تۇدۇن | 8 | " | خېشى | 23 | " |
| تاغ ئېغىزى | 8 | " | خۇڭلىيۇخې | | |

خۇڭلىيۇخېنىڭ شەرقىدىن سۇلخېغىچە بولغان تۆمۈريول يەنىلا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىگە قارايدۇ، لېكىن ئۇ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدە ئەمەس.

قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ غەربىدىكى ئىستانسىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇساپىسى:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى ماڭغاندا | 13 | كىلومېتىر | ئۈرەكلىك | 29 | كىلومېتىر ماڭغاندا |
| قوشتىكەن | 16 | " | لياۋدۇن | 11 | " |
| سۇمقاغا | 16 | " | خۇڭسىلىك | 18 | " |
| ئاستانە | 14 | " | خۇڭلىيۇ | 12 | " |
| دۇربەجىن | 13 | " | سەنجاپار | 16 | " |
| دىيەنچۈەن | 15 | " | دابۇ | | |

www.uyghurkitap.com

دابۇنىڭ غەربى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە تارماق لىنىيە بار: بىرى، دۆربەجىن پويىز ئىستانسىسىدىن تارانچى كۆمۈر كانىغىچە بولغان لىنىيە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 14.3 كىلومېتىر؛ يەنە بىرى، تاغ ئېغىزى پويىز ئىستانسىسىدىن يامانسۇ تۆمۈر كانىغىچە بولغان لىنىيە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر.

## 2§. ترانسپورت قوراللىرى

تۆگە: تۆگىنىڭ «چۆل كېمىسى» دېگەن نامى بار، ئۇ، قەدىمكى زاماندا ۋە يېقىنقى زامانلاردا شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ترانسپورت قورالى بولۇپ كەلگەن. گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىپ، ھەربىي قوشۇنلارغا ئاشلىق توشۇش ئۈچۈن، ئەنشى، قۇمۇل، باركۆل ۋە گۇچۇڭ ئارىلىقىدىلا 13 مىڭدىن ئارتۇق تۆگە تەييارلىغان. مىنگو يىللىرىدا قۇمۇلدىكى «تيەنيىفۇ»، «يىشۇنشى» ۋە «شۇخۇي» قاتارلىق سودا سارايلىرىنىڭمۇ ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورتقا ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن تۆگە كارۋانلىرى بار ئىدى. ھەر قايسى سودا سارايلىرىنىڭ تۆگىسىنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 6000 دىن ئاشاتتى. مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) دىكى خاتىرىگە قارىغاندا، ھەر يىلى تەخمىنەن 100 نەچچە چىدىرلىق تۆگە سۈيىۋەندىن قۇمۇلغا مال توشۇپ تۇرغان، ھەر بىر چىدىردا 170 چە تۆگە بولغان، يىللىق ئومۇمىي تۆگە سانى 17 مىڭ تۆگە (قېتىم) دىن ئاشقان. 1956-يىلى خۇسۇسىي سودا-سانائەتكە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندا، ناھىيە بويىچە ئاتۇلاغ ترانسپورت كوپېراتىپىغا 380 تۆگە قاتناشتۇرۇلغان، 1960-يىلدىن كېيىن تۆگىلەر كۆپىيىپ 500 دىن ئاشقان، 1971-يىلدىن 1975-يىلغىچە 300 نەچچە تۆگە يەنىلا ترانسپورت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن. 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن تۆگىنىڭ ترانسپورت قورالى بولۇش تارىخىغا ئاساسەن خاتىمە بېرىلدى.

ئېشەك: ئېشەكمۇ قاتناش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە خېلى چوڭ رول ئوينىغان. ئادەتتە تاغار ئارتىلغان، بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان ئونچە ئېشەك بىر توپ قىلىنىپ، چۆل-باياۋانلاردا قاتنايتتى. مىنگو دەۋرىدە قۇمۇلدا مەخسۇس جوخۇچىلار (ئېشەكچىلەر) ئۈچۈن ئېچىلغان دەڭلەر (سارايلار) بار ئىدى.

چوڭ ھارۋا: چوڭ ھارۋا ــ كالا ھارۋىسى ۋە ئات ھارۋىسى دەپ ئايرىلىدۇ. يەنە تۆمۈر ھارۋا ۋە كۆتەك ھارۋا دەپمۇ ئايرىلىدۇ. داۋگۇاڭنىڭ 6-يىلى (1826-يىلى) ھەربىي قوشۇنلارنىڭ 500 مىڭ جىڭ ئاشلىقىنى يۆتكەش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭى بېشىر خەلق ئارىسىدىن 1000 كالا ھارۋىسى ياللاپ، قۇمۇلدىن بىۋاستە ئاقسۇغا ئاشلىق يۆتكىگەن. مىنگونىڭ 36-يىلى (1947-يىلى) دىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 1465 تۆمۈر ھارۋا، 489 كۆتەك ھارۋا بولغان. بۇ چاغدا ئاپتوموبىللارنىڭ كېرەكسىز بالونلىرى كۆپەيگەچكە، بەزى ئات ھارۋىلىرىغا بالون چاق ئىشلىتىلگەن،

كىشىلەر بۇنى «پىكۇلو» هاۋا دەپ ئاتىغان. ئازادلىقتىن كېيىن، تۆمۈر هاۋا، كۆتەك هاۋىلار ئاستا ـ ئاستا ئىشلىتىلىشتىن قېلىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى هاۋىلارغا بالون چاق ئىشلىتىلىدىغان بولدى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناهىيە بويىچە يېزىلاردىكى بالون چاقلىق هاۋا 1209 دىن ئېشىپ كەتتى.

**كىچىك ئۇلاغ هارۋىسى:** بۇنداق هارۋا 60 ـ يىللاردا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىچىك هەم ئەپچىللىكىدىن شۇنداقلا قولايلىقلىقىدىن دېهقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. كىچىك ئۇلاغ هارۋىسىغا تۆمۈر قاسقانلىق رېزىنكە چاق ئورنىتىلغان بولۇپ، ئېشەك قېتىلىدۇ، ئادەتتە 200 — 300 كىلوگرام يۈك كۆتۈرەلەيدۇ، ئۇ، دېهقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان قاتناش ۋاسىتىسى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ هارۋا ناهىيە بويىچە 11 مىڭ 198 گە يېتىپ، هەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا هېساب بىلەن 0.77 دىن توغرا كەلدى.

**ئاپتوموبىل:** ئازادلىقتىن بۇرۇن قۇمۇلدا ئاپتوموبىل سانى ناهايىتى ئاز بولۇپ، ئاز ساندىكى سودىگەرلەرنىڭ 10 نەچچە يۈك ئاپتوموبىلى بار ئىدى. 1960 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل كالونى قۇرۇلغاندا، 87 «زىس» ئاپتوموبىلى بار ئىدى، 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناهىيە تەۋەسىدىكى هەر خىل ئاپتوموبىل 4000 دىن ئېشىپ كەتتى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناهىيىگە قاراشلىق ئىدارىلەرنىڭ (يەككە تىجارەتچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) هەر خىل ئاپتوموبىلى 171 گە يەتتى، بۇنىڭ 137 سى يۈك ئاپتوموبىلى (يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ 11)، 24 ى پىكاپ، 10 ى ئالاهىدە ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل.

**تراكتور:** چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى رېزىنكە چاقلىق تراكتور ۋە كىچىك تىپتىكى تراكتورلار ئېتىز ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىشتىن سىرت، هەر يىلى كۆپرەك ترانسپورت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناهىيە بويىچە كوللېكتىپنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورى 248 دانە /13 مىڭ 591 ئات كۈچىگە يەتتى. بۇنىڭ 49 ى يەككىلەرنىڭ؛ كىچىك تىپتىكى رېزىنكە چاقلىق تراكتور 241 دانە/2884 ئات كۈچىگە يەتتى، بۇنىڭ 165 ى يەككىلەرنىڭ.

## §3. يولۇچى ۋە يۈك ترانسپورتى

### 1. يۈك ترانسپورتى

#### (1) پويىزدا يۈك توشۇش

1980 ـ يىلى قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى قارىمىقىدىكى لياۋدۇندىن سۇلىخېنچە بولغان ئارىلىقتا توشۇلغان يۈك مىقدارى 3 مىليون 399 مىڭ توننىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ 516 مىڭ توننا. 1983 ـ يىلى يۈقىرىقى

## ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ يۈك توشۇش ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 8 ـ 1

| يىلى / تۈرى | ئاپتوموبىل ترانسپورتى: ئاپتوموبىل/ توننا | ئاپتوموبىل ترانسپورتى: توشۇش مىقدارى (10 مىڭ توننا) | ئاپتوموبىل ترانسپورتى: ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر) | كىچىك تىپتىكى تراكتور ھەم ئات ـ ئۇلاغ ترانسپورتى: كىچىك تىپتىكى تراكتور (دانە) | ئات ـ ئۇلاغ ھارۋىسى (دانە) | ھايۋان كۈچى (تۆگە) | توشۇش مىقدارى (10 مىڭ توننا) | ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1964 | | | | | 92 | 366 | 7.23 | 42.99 |
| 1965 | | | | | 93 | 133 | 11.87 | 52.75 |
| 1971 | 64/16 | 2.68 | 208.35 | | 64 | 72 | 1.97 | 42.43 |
| 1972 | 67/17 | 2.99 | 87.97 | | 53 | 303 | 0.51 | 10.31 |
| 1973 | 67/17 | 1.00 | 70.90 | | 60 | 303 | 2.21 | 13.06 |
| 1976 | 32/8 | 1.09 | 59.68 | 23 | 64 | 198 | 3.34 | 29.04 |
| 1977 | 32/8 | 1.56 | 59.85 | 23 | 50 | | 5.56 | 29.83 |
| 1978 | 36/9 | 3.87 | 65.93 | 23 | 47 | | 4.11 | 28.52 |
| 1979 | 40/10 | 2.80 | 72.99 | 23 | 48 | | 3.31 | 19.00 |
| 1980 | 52/13 | 1.17 | 18.83 | 23 | 29 | | 1.12 | 12.58 |
| 1981 | 44/11 | 0.64 | 56.82 | 23 | 20 | | 2.09 | 17.80 |
| 1982 | 48/12 | 0.97 | 100.42 | 23 | 43 | | 3.35 | 13.89 |
| 1983 | 57/13 | 1.18 | 98.85 | 23 | 20 | | 2.20 | 57.64 |

## 1983 ـ يىلدىكى ناھىيىلەر ئارىسىدىكى ۋە ناھىيە تەۋەسىدىكى يولۇچى توشۇش بېكەتلىرىنىڭ مۇساپىسى ۋە بىلەت باھاسى

جەدۋەل 8 ـ 2

| باش بېكەت ـ ئاخىرقى بېكەت | يول ئۈستىدىكى بېكەتلەر | يەككە مۇساپىسى (كىلومېتىر) | بىلەت باھاسى (يۈەن) | ئاپتوبۇس ياكى يولۇچى ئاپتوموبىلى |
|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل ـ ئارا تۈرۈك | كۆشۆتى قۇۋۇق ئېغىز، نېرىنكىر، 7 ـ شۆبە مەيدان، تۇز كۆل 5 ـ دۈي، خېشەنتۇ | 163 | 4·30 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ـ بارىكۆل | كۆشۆتى، قۇۋۇق ئېغىز، ھەربىي ئات فېرمىسى، كۆيسۇ، خۇگشەن، شىرىنزى | 132 | 3·50 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ـ تارانچى | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق مەيدانى، قوشتىكەن، شىمالىي چۆل، سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، دۆربەجىن، ئاۋىناتسىيە مەكتىپى | 88 | 2·30 | ئاپتوبۇس |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل ــ شوپۇل | ساقا، بۇلۇڭتوغراق، سەنداۋچىلىك، گېداجىڭزى، لىوتوجونزى، تارلاك، سىۈجە كارىز، تاشۋېلىق، ئاقتاغ، شياخې | 129 | 3·40 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ــ تاشۋېلىق | ساقا، بۇلۇڭتوغراق، سەنداۋچىلىك، گېداجىڭزى لوتوخونزى | 98 | 2·80 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ــ گېداجىڭزى | ساقا، بۇلۇڭتوغراق، سەنداۋچىلىك | 57 | 1·40 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ــ بۇغار | راھەتباغ، 3 ـ دادۈي، 6 ـ دادۈي، 7 ـ دادۈي، 8 ـ دادۈي، سۇ ئامبىرى، 1 ـ دۈي | 38 | 1·00 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ــ قىزىليۇلتۇز 4 ـ مەيدان | ساقا، بۇلۇڭتوغراق، سەنداۋچىلىك | 88·5 | 13·0 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ــ بۇلۇڭتوغراق | ساقا | 37 | 1·00 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ــ قارا دۆۋە | قوشتىكەن، شىمالىي چۆل، سۇمقاغا، ئاستانە، لاپچۇق | 77 | 1·90 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ــ تىيانشان | كۆشۈتى نېرىن | 68 | 1·80 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ــ ئاستانە | قوشتىكەن، شىمالىي چۆل، سۇمقاغا | 38 | 1·00 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ــ ھەربىي ئات فېرمىسى | كۆشۈتى، قۇۋۇق ئېغىز | 74 | 2·00 | ئاپتوبۇس |
| قۇمۇل ــ تۆمۈرتى | تۆرۈك، نېرىن، نېرناسى | 90 | 2·20 | يولۇچى ئاپتوموبىلى |
| قۇمۇل ــ خوتۇنتام | ساقا، بۇلۇڭتوغراق، سەنداۋچىلىك، گېداجىڭزى | 91 | 2·20 | يولۇچى ئاپتوموبىلى |
| قۇمۇل ــ باغداش | ساقا، ئارىتام | 81 | 2·00 | يولۇچى ئاپتوموبىلى |
| قۇمۇل ــ ئىدىر | قارا قاپچىسىن | 81 | 2·00 | يولۇچى ئاپتوموبىلى |
| قۇمۇل ــ غەربىي تاغ | ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى دېھقانچىلىق مەيدانى، غەربىي تاغ، 5 ـ دادۈي، 4 ـ دادۈي، 6 ـ دادۈي | 68 | 1·70 | يولۇچى ئاپتوموبىلى |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئارىلىقتا توشۇلغان يۈك مىقدارى 3 مىليون 767 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ 462 مىڭ توننا.

### (2) ئاپتوموبىلدا يۈك توشۇش

ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ كەسپىي ترانسپورت كارخانىسى بولۇپ، 1960 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۇ، ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ئوتتۇرا ۋە قىسقا يوللۇق ترانسپورت ئىشلىرىنى ئاساس قىلىدۇ، ۋىلايەتتىن ھالقىغان ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت ئىشلىرىنىمۇ ئاز ـ تولا ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ 1960 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلىغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە يۈك توشۇش مىقدارى 127 مىڭ توننىغا، يىللىق ئوتتۇرىچە يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 295 مىڭ تونناـ كىلومېترغا يەتتى. 1983 ـ يىلى 94 مىڭ تونا يۈك توشۇلدى، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون 860 مىڭ تونناـ كىلومېترغا يەتتى.

قۇمۇل ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت كالونى 1968 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۇنى ناھىيىلىك قورallıق كۈچلەر بۆلۈمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارىلەردىن 10 ئاپتوموبىل يۆتكەپ تەشكىل قىلغان. 1976 ـ يىلى ئاپتوموبىل كالونى ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1977 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلىغىچە ئۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يۈك توشۇش مىقدارى 17 مىڭ 400 توننىغا، يىللىق يۈك توشۇش ئوبورت مىقدارى 677 مىڭ تونناـ كىلومېترغا يەتتى.

### (3) ئۇلاغ ھارۋىسى ۋە كىچىك تىپتىكى تراكتوردا يۈك توشۇش

قۇمۇل ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى 1958 ـ يىل 12 ـ ئايدا ترانسپورت كوپېراتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، تۆگە، ئات ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسىنى ترانسپورت قورالى قىلىپ، ئاساسەن، قىسقا يوللۇق ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىناتتى. 1976 ـ يىلدىن كېيىن، شىركەت كىچىك تىپتىكى تراكتوردىن 20 نى كۆپەيتىپ، ئات ـ ئۇلاغ ھارۋىلىرىنى ئازايتتى، ھايۋان بىلەن يۈك توشۇش قاتاردىن قالدى. 1964 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلىغىچە بولغان ئالتە يىللىق سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئات ـ ئۇلاغ يۈك ترانسپورتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مىقدارى 45 مىڭ 200 توننىغا، يىللىق ئوتتۇرىچە يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 317 مىڭ 900 تونناـ كىلومېترغا يەتكەن. 1977 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلىغىچە كىچىك تىپتىكى تراكتور ۋە ئات ـ ئۇلاغ يۈك ترانسپورتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مىقدارى 32 مىڭ 500 توننىغا، يىللىق ئوتتۇرىچە يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 256 مىڭ 100 تونناـ كىلومېترغا يەتتى.

## 2. يولۇچى توشۇش

### (1) پويىزدا يولۇچى توشۇش

قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىگە قاراشلىق لياۋدۇڭدىن سۇلېخېغىچە بولغان ئارىلىقتا، 1980 ـ يىلى يولۇچى توشۇش مىقدارى 443 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ 179 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم). 1983 ـ

يىلى بۇ ئارىلىقتىكى يولۇچى توشۇش مىقدارى 488 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ 198 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم).

(2) ئاپتوموبىلدا يولۇچى توشۇش

1958 ـ يىلدىن بۇرۇن، قۇمۇلدىن جىۋچۈەن ۋە لەنجۇغا قەدەملىك نۆۋەتچى ئاپتوموبىل قاتنىغاندىن باشقا، ناھىيە بازىرىدىن ھەر قايسى رايون، يېزىلارغا ئاپتوموبىل قاتنىمايتتى، بازارغا كىرىش، يېزىلارغا بېرىشقا توغرا كەلسە، كىشىلەر ئاتقا مىنىپ ياكى ئات ھارۋىسى، كالا ھاۋىسىغا ئولتۇرۇپ قاتنايتتى. 1958 ـ يىلدىن كېيىن، قۇمۇلدىن باركۆلگە، قۇمۇلدىن تاشۋېلىققا، قۇمۇلدىن تارانچىغا رەسمىي نۆۋەتچى ئاپتوموبىل قاتنىدى. 1960 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش ئاپتوموبىل بېكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىن ئاراتۈرۈككە، قۇمۇلدىن قارادۆۋگە تەدرىجىي ھالدا نۆۋەتچى ئاپتوموبىل قاتنىدى. ئۇ چاغدىكى نۆۋەتچى ئاپتوموبىلنىڭ ھەممىسى يۈك ئاپتوموبىلى بولۇپ، يولۇچىلار ئاپتوبۇسى ئورنىدا ئىشلىتىلگەنىدى.

1962 ـ يىلى تۇنجى چوڭ ئاپتوبۇس ئىپلىپ كېلىندى. 1966 ـ يىلى ئاپتوبۇس كۆپىيىپ 16 گە، 1976 ـ يىلى 25 كە يەتتى. شۇندىن كېيىنلا، ناھىيە بازىرىدىن ھەرقايسى گۇڭشېغا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوموبىللارنىڭ تولىسى چوڭ ئاپتوبۇسقا ئالماشتۇرۇلدى.

ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش بېكىتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 1966 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە يولۇچى توشۇش مىقدارى 65 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) غا، يىللىق ئوتتۇرىچە يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 5000 ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتكەن. 1976 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە يولۇچى توشۇش مىقدارى 246 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) غا، يىللىق ئوتتۇرىچە يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 17 مىليون 243 مىڭ 700 ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1983 ـ يىلدىكى يولۇچى توشۇش مىقدارى 460 مىڭ ئادەم (قېتىم)، يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 30 مىليون 930 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىر.

1983 ـ يىلى يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 18 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوبۇس لىنىيىسى 13، ئاپتوبۇس ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان يولۇچى ئاپتوموبىلى لىنىيىسى بەش بولۇپ، توشۇش مۇساپىسى 1468.5 كىلومېتىرغا يەتتى.

## II باب خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

قۇمۇل ــ شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇن بېكەت قۇرۇلۇپ ھاۋا قاتنىشى باشلانغان جايلارنىڭ بىرى. مىنگونىڭ 13 ـ يىلى (1924 ـ يىلى)، غەربىي شىمال ئاۋىئاتسىيە كومىتېتى شىئەندىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ھاۋا يولىنى ئاچقاندىلا قۇمۇلدا بېكەت قۇرۇلۇپ

هاۋا قاتنىشى باشلانغان. مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى)، جۇڭگو - گېرمانىيە شېرىكچىلىكىدىكى ياۋروپا - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4050 ئېنگلىز مىلى كېلىدىغان شاڭخەي — چۆچەك هاۋا يولى ئېچىلغان. بۇ يولدا ئايروپىلان هەر هەپتىدە بىر قېتىم ئىككى تەرەپتىن تەڭلا ئۇچۇپ، تۆت كۈندە ئاخىرقى بېكەتكە يېتىپ كېلەتتى، قۇمۇل ئوتتۇرىدىكى بېكەت ئىدى. ئىككىنچى يىلى بۇ يولدا قاتناش توختىتىلغان. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) قۇمۇلدا چۇڭچىڭ — قۇمۇل هاۋا يولى ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغان. ئىككىنچى يىلى 25 - مارتتا «لەنجۇ - شىنجاڭ» بەلگىلىك ئايروپىلان چۇڭچىڭدىن لەنجۇ، جيۇچۈەنلەر ئارقىلىق سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇپ، قۇمۇلغا مۇۋەپپەقىيەتلىك قونغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا، قاتناش مىنىستىرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي خەلق ئاۋىئاتسىيە باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن «قۇمۇل — ئالمۇتا ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك ئۇچۇش كېلىشىمى» ئىمزالاپ، «جۇڭگو — سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى» نى قۇرغان، شۇ يىلى 5 - دېكابىردا هاۋا قاتنىشى باشلانغان. قۇمۇل ئىككى هاۋا لىنىيىسىنىڭ باش بېكىتى ۋە ئاخىرقى بېكىتى بولۇپ قالغان. جۇڭگو - سوۋېت خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئالمۇتا — قۇمۇل لىنىيىسى تاكى مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 2 - ئايغىچە داۋاملاشقان.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى)، جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى چۇڭچىڭدىن لەنجۇ ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىدىغان هاۋا يولىنى قايتا ئېچىشنى قارار قىلغان، ئايروپىلان شۇ يىلى 13 - مارتتا لەنجۇغا، 18 - مارتتا قۇمۇلغا سىناق تەرەققىسىدە ئۇچۇپ كەلگەن، قايتىشىدا پوچتا يوللانمىلىرى ۋە يۈك، يولۇچىلارنى ئېلىپ قايتقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى جۇڭگو — سوۋېت خەلق ئاۋىئاتسىيە هەسسىدارلىق شىركىتى قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە بېكىتى قۇرۇلغان، بۇ بېكەتنىڭ هاۋا لىنىيىسى جيۇچۈەندىن قۇمۇل، ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئالمۇتاغا باراتتى. 1956 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە بېكىتى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولىدى. 1978 - يىلى قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە بېكىتى بۇيرۇققا بىنائەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، هاۋا قاتنىشى توختىتىلدى.

# III باب پوچتا ئىشلىرى

## §1. پوچتا يوللىرى

شۈەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) ئۆلكە بويىچە پوچتا ئىشلىرىنى يولغا قويۇش پىلانلىنىپ، قۇمۇل مەھكىمىسىدە شەرقتە ئەنشىدىن غەربتە يەتتەقۇدۇققىچە بولغان پوچتا يوللىرىنى باشقۇرىدىغان پوچتا ئۆتەڭگى قۇرۇلغان. قۇمۇلدىن ئەنشىگىچە بولغان

قومۇل مەھكىمىسىگە قاراشلىق پوچتا ئۆتەڭلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن ئادەم، ئات سانى ۋە خىراجىتىنى كۆرسىتىدىغان جەدۋەل [شۋەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1910)]

جەدۋەل 8 ـ 3

| ئۆتەك ئىسمى | ئادەم ۋە ئات سانى: ئۆتەك كاتىپى | ئادەم ۋە ئات سانى: هارۋىكەش | ئادەم ۋە ئات سانى: ئات | چىقىم قىلىنغان تەڭگە: ئاي بويىچە بېرىلگەن خىراجەت (سەر) | چىقىم قىلىنغان تەڭگە: يىل بويىچە بېرىلگەن خىراجەت (سەر) | يىللىق ئومۇمىي خىراجەت (سەر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قومۇل مەھكىمىسىنىڭ پوچتا ئۆتىڭى | 1 | 10 | 20 | 85.8 | 98.5 | 1128.1 |
| سۇمقاغا ئۆتىڭى | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| توغۇچى ئۆتىڭى | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| تارانچى ئۆتىڭى | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| لياۋدۇن ئۆتىڭى | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| يىۋەنچۈەن ئۆتىڭى | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| دىڭساۋگو ئۆتىڭى | 1 | 3 | 6 | 31.2 | 29.55 | 403.95 |
| ساۋۇلاق ئۆتىڭى | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| ئەلتۆمۈر ئۆتىڭى | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| غازىيەندۈك ئۆتىڭى | 1 | 9 | 18 | 78 | 88.65 | 1024.65 |
| كۇشۇي ئۆتىڭى | 1 | 9 | 18 | 78 | 88.65 | 1024.65 |
| قومبۇلاق ئۆتىڭى | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| كۆشۆتى ئۆتىڭى | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| شىڭشىڭشيا ئۆتىڭى | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| جەمئىي | 14 | 102 | 204 | 904.8 | 1004.7 | 11862.3 |

پوچتا يولى 12 بېكەت، 940 چاقىرىم بولۇپ، 100 سائەتتە يېتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان. يەتتەقۇدۇقتىن قۇمۇلغىچە بولغان پوچتا يولى يەتتە بېكەت، 480 چاقىرىم بولۇپ، 48 سائەتتە يېتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان. كېيىن قۇمۇلنىڭ شەرقىي لېنىيەسىدىكى پوچتا يولى شىڭشىڭشىياغىچە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

مىنگونىڭ 1-يىلى (1912-يىلى)، ئۆتەڭلەر بىكار قىلىنىپ، قۇمۇلدا پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغان، پوچتا ئىدارىسىگە بىر ئىدارە باشلىقى، بىر ئىش بېجىرگۈچى، 12 پوچتاليۇن تەيىنلەنگەن، پوچتا ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىكىدە 14 پوچتا بېكىتى، 42 ئېغىز پوچتىكەشلەر ئۆيى بولغان. مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى)، قۇمۇلنىڭ شەرقىدىن شىڭشىڭشىياغىچە بولغان پوچتا يولى ئالتە بېكەت، جەمئىي 530 چاقىرىم قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، 13 ئات بېرىلگەن ۋە 38 سائەتتە يېتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان. قۇمۇلنىڭ غەربىدىن چېگۈلۈچۈەنگىچە ئالتە بىكەت، جەمئىي 500 چاقىرىم بولۇپ، 12 ئات بېرىلگەن ۋە 33 سائەتتە يېتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان. قۇمۇلدىن تاشۋېلىققىچە ئىككى بىكەت بولۇپ، ئىككى ئات بېرىلگەن ۋە 12 سائەتتە يېتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان. مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى)، قۇمۇل پوچتا ئىدارىسىگە شىڭشىڭشىيادىن ئىبارەت 3-دەرىجىلىك ئىدارىدىن بىرسى ۋە يەتتە قۇدۇق، تاشۋېلىق، ئارا تۇرۇك ۋەكالەتخانىلىرى قارىغان. مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى)، قۇمۇلدا پوچتا ئاپتوموبىل بېكىتى قۇرۇلۇپ، 12-مارتتا جيۇچۈەندىن قۇمۇلغا ئاپتوموبىل قاتنىغان. شۇ يىلى 25-مايدا قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە رەسمىي ئاپتوموبىل قاتنىغان، شۇنىڭ بىلەن، نەچچە ئون يىل داۋام قىلغان ئات بىلەن توشۇشنىڭ ئورنىنى ئاپتوموبىل بىلەن توشۇش ئىگىلەپ، پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈش سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلىتىلگەن. مىنگونىڭ 37-يىلى (1948-يىلى) چۈەنشۈي، توغۇچى ۋەكالەتخانىلىرى قۇرۇلغان، ئىككىنچى يىلى لوتوجۈنزى ۋەكالەتخانىسى قۇرۇلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغانىدى. 1956-يىل 6-ئايدا قۇمۇل ناھىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1956-يىل 1-ئايدا ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيەسىدە قايتا ئىدارە قۇرۇلمىدى. 1958-يىلدىن كېيىن، ھەر قايسى گۇڭشېلاردا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ۋە تۆمۈريول بويلىرىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پوچتا-تېلېگراف تارماق ئىدارىسى، پوچتا تېلېگراف بۆلۈمچىسى ۋە پوچتا-تېلېگراف ۋەكالەتخانىسى قۇرۇلدى. 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناھىيە تەۋەسىدىكى پوچتا يوللىرى 30 نەچچىگە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1431 كىلومېترغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پىيادە پوچتا يولى 35 كىلومېتر، ئاپتوموبىل پوچتا يولى 160 كىلومېتر، موتسىكلىت پوچتا يولى 707 كىلومېتر، ۋېلىسىپىت پوچتا يولى 83 كىلومېتر، ئات-ئۇلاغ پوچتا يولى 446 كىلومېتر. پوچتا ئۆرۈنلىرىدا جەمئىي 16 موتسىكلىت، 22 ۋېلىسىپىت، 16 ئات-ئۇلاغ بولدى. 1983-

## ● 8-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاساسلىق پوچتا يوللىرىنىڭ جەدۋىلى

جەدۋەل 8 — 4

| باش ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى | قاتناش ۋاسىتىسى | يەككە لىنىيە ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | كۆزلۈك ئوتتۇرىچە مۇساپىسى (كىلومېتىر) | ئۆۋەتچىلىك ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل — تاشۋېلىق | ئاپتوموبىل | 121 | 103 | چارشەنبە |
| قۇمۇل — بۇغاز | ئابتوموبىل | 39 | 34 | چارشەنبە |
| تاغ ئېغىزى — يامانسۇ | پويىز | 35 | 90 | شەنبە |
| دۇربەجىن — ھەر قايسى دۇي | موتسىكلىت | 60 | 51 | شەنبە |
| دۇربەجىن — جىگدە | موتسىكلىت | 23 | 20 | دۈشەنبە |
| ئاستانە — ھەر قايسى دۇي | موتسىكلىت | 74 | 73 | شەنبە |
| سەنجاپار — تۇز خىممىيە باش مەيدانى | موتسىكلىت | 50 | 86 | شەنبە |
| قۇمۇل — يالۋانتۇردىكى دۇيلەر | موتسىكلىت | 65 | 98 | شەنبە |
| قۇمۇل — ياۋۇلۇك | موتسىكلىت | 66 | 58 | شەنبە |
| قۇمۇل — شەھەر ئىچى، راھەتباغ | موتسىكلىت | 62 | 73 | شەنبە |
| قارادۆۋە — ھەر قايسى دۇي | موتسىكلىت | 64 | 55 | شەنبە |
| قارادۆۋە — ئەللىك دادۇي | موتسىكلىت | 24 | 7 | دۈشەنبە |
| تىيانشان — كۆشۆتى | موتسىكلىت | 56 | 48 | چارشەنبە |
| قىزىليۇلتۇز 2 - مەيدان — ھەرقايسى لىيەندۇي | موتسىكلىت | 28 | 50 | شەنبە |
| ساقا — ھەرقايسى دۇي | موتسىكلىت | 53 | 88 | شەنبە |
| بامۇدۇن — ھەرقايسى لىيەندۇي | موتسىكلىت | 34 | 58 | شەنبە |
| بۇلۇقتوغراق — ھەرقايسى دۇي | موتسىكلىت | 47 | 40 | شەنبە |
| بۇغاز — ھەرقايسى دۇي | ۋېلسىپىت | 37 | 31 | چارشەنبە |
| تۇز خىممىيە باش مەيدانى — يەتتە قۇدۇق گۆكشى | ۋېلسىپىت | 15 | 13 | چارشەنبە |
| قارا دۆۋە — چىگرا باشلار دېھقانچىلىق مەيدانى | ۋېلسىپىت | 31 | 29 | شەنبە |
| قۇۋۇق ئېغىز — ھەرقايسى دۇي | ئات - ئۇلاغ | 13 | 11 | شەنبە |
| تاشۋېلىق — قوشماق | ئات - ئۇلاغ | 18 | 5 | دۈشەنبە |
| تاشۋېلىق — 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى | ئات - ئۇلاغ | 27 | 15 | سەيشەنبە |
| تاشۋېلىق — ئۇلاتاي | ئات - ئۇلاغ | 20 | 7 | دۈشەنبە |
| تاشۋېلىق — خۇتۇنتام | ئات - ئۇلاغ | 65 | 21 | سەيشەنبە |
| تاشۋېلىق — ئەرگۈك | ئات - ئۇلاغ | 48 | 7 | دۈشەنبە |
| غەربىي تاغ 4 - دادۇي — كۆشۆتى | ئات - ئۇلاغ | 40 | 25 | چارشەنبە |
| غەربىي تاغ 4 - دادۇي — گۆكشى | ئات - ئۇلاغ | 51 | 32 | چارشەنبە |
| غەربىي تاغ — قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى | ئات - ئۇلاغ | 67 | 19 | دۈشەنبە |
| تىيانشان — تۆمۈرتى، نېرناسى | ئات - ئۇلاغ | 42 | 15 | سەيشەنبە |
| تىيانشان — ئىدىر، شۈيتى | ئات - ئۇلاغ | 55 | 31 | سەيشەنبە |

يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە دائىرىسىدە پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ۋە بۆلۈمچىسى
29 غا يەتتى، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

تارماق ئىدارە بىر: تارانچى.

پوچتا - تېلېگراف بۆلۈمچىسى 22: دايىڭغالى، قوشتاكقۇ، ئالتىمىشبۇلاق، پەنجىداۋۇزى،
قىزىلبۇلۇڭ، پالۋانتۇر، راھەتباغ، بوغاز، بېلى، ... تاغ، قىزىلبۇلۇڭ، 2 - مەيدان،
تىيانشان، بولۇكتوغراق، قارا دۆۋە، ئاسىيانىڭ ... قودۇق، ...
يامانسۇ، يەتتە قۇدۇق، تارانچى نەنجۈەن، ... ...
ۋەكالەتخانا بەش: سەنجاپار، ۋېيها، ... ... مەيدانى.

پوچتا يوللانمىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يەتكۈزۈش پونكىتى بىر: تاغ تىبغىرى ...

## §2. پوچتا يوللانمىسى، گېزىت - ژۇرنال

### 1. پوچتا يوللانمىسى

مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى) قومۇل ئىدارىسى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سىرتقى ئۆلكىلەرگە 52 ... پۇل ئەۋەتىلگەن، 88 سەر پۇل پېرېۋوت قىلىنغان.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە جەمئىي 91 مىڭ 57 پارچە خەت - چەك تاپشۇرۇۋالغان ۋە ماڭدۇرغان، ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 مىڭ 176 پارچە خەت - چەك تاپشۇرۇۋالغان ۋە ماڭدۇرغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پوچتا - تېلېگراف تور نۇقتىلىرى كۆپەيدى، يېزا پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ سىرتقا ئەۋەتىلىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشتى. 1975 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، جەمئىي 12 مىليون 162 مىڭ 700 پارچە خەت - چەك سىرتقا يوللانغان بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 351 مىڭ 400 پارچىدىن توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى سىرتقا يوللانغان خەت - چەك 1 مىليون 509 مىڭ 300 پارچىغا يەتكەن؛ جەمئىي 285 مىڭ 900 پارچە پوسۇلكا سىرتقا يوللانغان بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 31 مىڭ 700 پارچىدىن توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى سىرتقا يوللانغان پوسۇلكا 33 مىڭ 600 پارچىغا يەتكەن؛ سىرتقا يوللانغان پۇل چېكى 1 مىليون 287 مىڭ 500 پارچە بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 143 مىڭ پارچىدىن توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى سىرتقا يوللانغان پۇل چېكى 151 مىڭ 900 پارچىغا يەتكەن.

### 2. گېزىت - ژۇرنال

1953 - يىلدىن باشلاپ، گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ۋە گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ئىشى پوچتىخانىلار تەرىپىدىن بېجىرىلدى. تارقىتىلىش نىسبىتى يىلمۇ - يىل كۆپەيدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا

گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەنىدى. 1976 - يىلىدىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تىراژى ئارقا - ئارقىدىن ئېشىپ، تارقىتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1975 - يىلى ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 968 سان ھەر خىل گېزىتكە مۇشتىرى قوبۇل قىلىندى، جەمئىي 5 مىليون 646 مىڭ 900 پارچە گېزىت تارقىتىلدى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 40 مىڭ 716 نۇسخە گېزىتكە مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىپ، 1975 - يىلدىكىدىن 139.95% كۆپەيتىلدى؛ جەمئىي 6 مىليون 849 مىڭ 200 پارچە گېزىت تارقىتىلىپ، 1975 - يىلدىكىدىن 21.29% كۆپەيتىلدى. 1975 - يىلى ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 987 نۇسخە ھەر خىل قەرەللىك ژۇرنالغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىندى، جەمئىي 235 مىڭ 200 پارچە ژۇرنال تارقىتىلدى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 101 مىڭ 974 نۇسخە ھەر خىل قەرەللىك ژۇرنالغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىپ، 1975 - يىلدىكىدىن 40% كۆپەيتىلدى؛ جەمئىي 1 مىليون 75 مىڭ 800 پارچە ژۇرنال تارقىتىلىپ، 1975 - يىلدىكىدىن 357.4% كۆپەيتىلدى.

### ناھىيە دائىرىسىدىن چىقىرىلغان پوچتا يوللانمىلىرى ۋە تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرناللار جەدۋىلى

جەدۋەل 8 — 5

| تۈرى / يىللار | بىرلىكى | 1975 | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خەت - چەك | پارچە | 1241700 | 1187700 | 1245400 | 1213800 | 1347900 | 1430200 | 1535800 | 1450500 | 1509300 |
| پوسىلكا | دولاق | 32900 | 33200 | 30900 | 30900 | 29800 | 31000 | 32200 | 31000 | 33600 |
| پېرېۋوت چېكى | پارچە | 148400 | 133300 | 140300 | 139400 | 140900 | 140900 | 156400 | 140700 | 151900 |
| گېزىتنىڭ سان بويىچە تارقىتىلىش سانى | نۇسخا | 16900 | 20100 | 19600 | 23100 | 26900 | 31600 | 33700 | 34100 | 40700 |
| گېزىتنىڭ جەمئىي تارقىتىلىش سانى | نۇسخا | 5646900 | 7279300 | 6676500 | 6735200 | 7224200 | 6881000 | 6298600 | 6388700 | 6849100 |
| ژۇرنالنىڭ سان بويىچە تارقىتىلىش سانى | نۇسقا | 19900 | 26200 | 25300 | 38500 | 44900 | 90800 | 77700 | 94100 | 101900 |
| ژۇرنالنىڭ جەمئىي تارقىتىلىش سانى | نۇسقا | 235200 | 324700 | 325600 | 412900 | 542900 | 905600 | 1077200 | 981200 | 1075800 |
| گېزىت - ژۇرنال ئوبوروت سوممىسى | يۈەن | 220100 | 289200 | 279200 | 306500 | 347800 | 476400 | 529300 | 491300 | 534400 |

پوچتا يوللانمىسى ۋە گېزىت-ژۇرناللار توقۇز گۇڭشېي، 48 دادۇي، 167 ئىشلەپچىقىرىش دۇيى، ئىككى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق تۈەن-مەيدانى، ئۈچ گۇڭشې دەرىجىلىك دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق مەيدانى، 31 لىيەندۇيگە كۈندە بىر قېتىم ۋە بىر قېتىمدىن ئارتۇق يەتكۈزۈلىدۇ. ئىككى گۇڭشې، 17 دادۇي، 53 ئىشلەپچىقىرىش دۇيى، ئالتە لىيەندۇيگە ئىككى كۈندە بىر قېتىم، سەككىز دادۇي، 24 ئىشلەپچىقىرىش دۇيى ئۈچ لىيەندۇيگە ئۈچ كۈندە بىر قېتىم، ئالتە دادۇي، 14 ئىشلەپچىقىرىش دۇيىگە تۆت كۈندىن كۆپرەك ۋاقىتتا بىر قېتىم يەتكۈزۈلىدۇ.

# IV باب تېلېگراف — تېلېفون

## §1. تېلېگراف

گۇاڭشۈنىڭ 21-يىلى (1895-يىلى) 3-ئايدا قۇمۇلدا تېلېگراف ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. تېلېگراف ئىدارىسىگە بىر ئىدارە باشلىقى، بىر كەسپىي ئىشلار باشلىقى ۋە بىر رادىست قويۇلغان. مىنگونىڭ 21-يىلى (1932-يىلى) 22-ئاپرېلدا، قۇمۇلدا تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇلغان. بۇ تېلېگراف ئىستانسىسى ھۆكۈمەت ئىشلىتىش خاراكتېرىدە بولۇپ، مەخسۇس ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ قۇمۇل يەرلىك ھۆكۈمىتى ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن ئالاقىلىشىشى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى، ئۇنىڭغا بىر ئىستانسا باشلىقى، بىر مۇدىر، بىر رادىست قويۇلغانىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پوچتا ئىدارىسى بىلەن تېلېگراف ئىدارىسى پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى قىلىپ بىرلەشتۈرۈلدى. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى 29 پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى ۋە بۆلۈمچىسىدىن 12 سى تېلېگراف كەسپىنى يولغا قويىدى، تېلېگراف توك يولى 15 كە يەتتى.

## §2. تېلېفون

### 1. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون

گۇاڭشۈنىڭ 21-يىلى (1895-يىلى) 3-ئايدا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۇلىنىدىغان تېلېفون سىم يولى قۇرۇلۇشى پۈتكەنىدى، بۇ چاغدا قۇمۇل تەۋەسىدە 326 كىلومېتىر تېلېفون سىم يولى بار ئىدى. مىنگونىڭ دەسلىۋىدە، لياۋدۇڭدىن يەتتە قۇدۇققىچە بولغان ئارىلىق قۇمۇل ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تېلېفون سىم يولى 390 كىلومېتىرغا ئۇزارتىلغان. مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى)، لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگىچە

بولغان غول سىم يولى تاق سىمدىن جۈپ سىمغا ئۆزگەرتىلگەن، قۇمۇلدا يۆكلىمە دولقۇنلۇق ئاۋاز كۈچەيتىش پونكىتى، شىڭشىڭشيا، يەتتەقۇدۇقتا توك كۈچەيتىش پونكىتى قۇرۇلغان، «مورس» ئاپپاراتىنىڭ ئورنىغا «ۋس» ئاپپاراتى دەسسىتىلگەن.

1951 - يىلى كۈزدە، خەلقئارالىق تېلېفون سىم يولى قۇرۇلۇشى پۈتتى. 1983 - يىلى 12 سىم يولى قۇراشتۇرۇلۇپ، ئۈچ يوللۇق يۆكلىمە دولقۇن ئاپپاراتىدىن 12 سى ئورنىتىلدى، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە تۆت ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون يولى ئېچىلدى.

**يېزا تېلېفونىنىڭ ئاساسلىق سىم يولى ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان جەدۋەل**

جەدۋەل 8 — 6

| سىم يولىنىڭ باش ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى | ئوتتۇرا سىم يولىمۇ - يوق | تۈۋرۈكلۈك سىم يولى ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | سىم ئۇزۇنلۇقى (جۈپ كىلومېتىر) | سىم تارتىلغان ۋاقتى | يەڭگۈشلەنگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل ــ ئاستانە | ئوتتۇرا | 4·21 | 41·2 | 1956 | 1973 |
| قۇمۇل ــ تاشۋبلىق | " | 99·2 | 64 | 1958 | 1971 |
| قۇمۇل ــ بۇلۇڭتوغرق | " | 2 | 38·9 | 1964 | 1973 |
| قۇمۇل ــ خۇاكتيەن | " | | 21·9 | 1958 | 1971 |
| قۇمۇل ــ پالۋانتۇر | " | | 6·2 | 1958 | 1971 |
| قۇمۇل ــ تىميانشان | " | 61 | 69 | 1957 | 1973 |
| قۇمۇل ــ غەربىي تاغ | " | 24 | 70·5 | 1958 | 1972 |
| قۇمۇل ــ بۇغاز | " | 29·5 | 29·5 | 1972 | |
| قۇمۇل ــ راھەتباغ | " | | 4 | 1958 | |
| ئاستانە ــ قارا دۆۋە | " | 23 | 32·8 | 1964 | |
| ئاستەنە ــ دۇربەجىن | " | 29·4 | 29·2 | 1974 | |
| جەمئىي | | 319·1 | 407·2 | | |

شىڭشىڭشىيا ـ قۇمۇل ـ يەتتەقۇدۇق سىم يولى 1 ـ دەرىجىلىك غول سىم يولى ھېسابلىنىدۇ، قۇمۇل ـ بارىكۆل، قۇمۇل ـ ئاراتۇرۇك سىم يولى 2 ـ دەرىجىلىك ناھىيىلەر ئارا سىم يولى ھېسابلىنىدۇ. غول سىم يولى ۋە ناھىيىلەر ئارا سىم يولى جەمئىي 671 ئىستولبا ـ كىلومېتىر، 3073 جۈپ كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم يولىدىن تۆتى بار، 1975 ـ يىلى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا سۆزلىشىش قېتىم سانى 45 مىڭ 938 گە يەتكەنىدى، 1983 ـ يىلى 82 مىڭ 863 قېتىمغا يېتىپ، 80.38% كۆپەيدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى 17 پوچتا ـ تېلېگراف بۆلۈمچىسىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا سۆزلەشكىلى بولىدۇ.

2. يېزا تېلېفونى

دۆلەتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تاشۆيلۇق رايونى، تىيانشان رايونى ۋە توغۇچى رايونىدىلا تېلېفون بار ئىدى. 1958 ـ يىلدىن كېيىن، ھەرقايسى خەلق كوممۇنالىرىغا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا، بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش دادۈيى ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىگە پەيدىنپەي تېلفون ئۇلاندى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلاردا 12 تېلېفون ئۇلاپ بېرىش نۇقتىسى بارلىققا كەلدى، 54 ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىگە، توققۇز دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانىغا تېلېفون ئۇلاندى، 303 تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا بازارلىرىدىكى شەھەر تېلېفون ئاپپاراتى 48. يېزا تېلېفون ئىستولبا يولى 618 كىلومېتىرغا، يېزا تېلېفون سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 862 جۈپ كىلومېتىرغا يەتتى. يېزا تېلېفونىنىڭ ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرىدىن: يوكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفونىنىڭ ئاخىرقى ئۇچ ئاپپاراتىدىن 14 ى (ئىككىسى زاپاس تۇرىدۇ)، يىغىن تېلېفونىنىڭ ئاخىرقى ئۇچ ئاپپاراتىدىن 14ى (ئىككىسى زاپاس تۇرىدۇ) بار.

3. شەھەر تېلېفونى

دۆلەتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، شەھەردىكى تېلېفون ئابونتى 10 غا يەتمەيتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەر تېلېفونى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، 1975 ـ يىلى، شەھەر تېلېفونى 480 گە، شەھەر تېلېفونى كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11.7 كىلومېتىرغا، ئوچۇق سىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 173 جۈپ كىلومېتىرغا يەتتى. 1976 ـ يىلى، شەھەر تېلېفونلىرىنىڭ ھەممىسى ئاپتوماتىك تېلېفونغا ئۆزگەرتىلدى، شەھەر تېلېفونى 580 گە، ئوچۇق سىم 213 جۈپ كىلومېتىرغا يەتتى. 1983 ـ يىلى، شەھەر ئىچى تېلېفونى 1170 كە،

كابېل ئۇزۇنلۇقى 44.7 كىلومېتىرغا يەتتى، ئوچۇق سىم 151 جۈپ كىلومېتىر قىسقارتىلدى.

**شەھەر تېلېفونى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى**

جەدۋەل 8 — 7

| يىللار / تۈرى | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شەھەر تېلېفونىنىڭ سانى | 580 | 580 | 1080 | 1080 | 1080 | 1080 | 1080 | 1170 |
| كابېل ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | 11.7 | 16.3 | 16.3 | 24.9 | 23.1 | 26.4 | 32 | 44.7 |
| ئوچۇق سىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى (جۈپ كىلومېتىر) | 213 | 225 | 220 | 220 | 144 | 138 | 134 | 151 |

# توققۇزىنچى قىسىم سودا

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان، قۇمۇل شەرقىي شىنجاڭدىكى مۇھىم قورغان ۋە ئىچكىرىدىن چىقىدىغان، ئىچكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماللارنى يىغىش ۋە تارقىتىش ئورنى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ بويىچە مۇھىم سودا مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. گۇاڭشۈ زامانىسىدا، تيەنجىن، بېيجىڭ، شەنشى ۋە گەنسۇلاردىن قۇمۇل ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلىدىغان مىلىچمال، رەخت ۋە قەغەزلەرنىڭ قىممىتى 1 مىليون سەر تەڭگىدىن ئاشقان؛ تۇرپان ۋە پىچانلاردىن قۇمۇل ئارقىلىق گەنسۇ ۋە باۋتۇلارغا توشۇلغان پاختا، قۇرۇق ئۈزۈملەرنىڭ قىممىتى 500 مىڭ سەر تەڭگىدىن ئاشقان. بۇنىدىن باشقا روسىيىنىڭ سودا فىرمىلىرى دۇنخۇاڭ ۋە بارىكۆللەردىن سېتىۋالغان تېرە ۋە يۇڭلارمۇ قۇمۇلدا يىغىلاتتى ۋە تارقىتىلاتتى، بۇ خىل نەرسىلەرنىڭ يىللىق قىممىتى 100 مىڭ سەر تەڭگىدىن ئاشاتتى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، قۇمۇلدىكى خەنزۇ سودىگەلەرنىڭ دۇكانلىرى 100 دىن ئاشتى، دەسمايىسى كۆپرەك دۇكاندارلار گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدا باش دۇكان ياكى شۆبە دۇكان ئاچقان ھەمدە ماللىرىنى ئۆزلىرى باققان تۆگىلەر بىلەن توشۇغان. ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇلارنىڭ دۇكانلىرىمۇ 100 دىن ئاشاتتى. دەسمايىسى كۆپرەكلىرى روسىيە بىلەن شىنجاڭ ئارىلىقىدا قاتناپ سودا قىلاتتى، ئۇلار پاختا ۋە قۇرۇق ئۈزۈمگە چەت ئەل ماللىرىنى ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. روسىيىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، بەزى سودىگەرلەر چەت ئەل ماللىرىنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ، تاۋار ـ دۇردۇنغا ئوخشاش رەخت ۋە مىلىچماللارنى قۇمۇلغا ئېلىپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېزىلغان «قۇمۇل مەھكىمىسىگە تەۋە يۇرتلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دەپ يېزىلغان: قۇمۇللۇقلار «ئىلگىرىدىن كىيىم كېيىشكە ئامراق ئىدى، شۇڭا بۇ رەخت كۆپلەپ سېتىلدى، ئۇنى ھەر يىلى تيەنجىنلىك سودىگەرلەر تۆگىگە ئارتىپ ناھايىتى كۆپ ئېلىپ چىقاتتى. يېقىندىن بېرى روسىيە سودىگەرلىرى ئۆلكە بازارلىرىدا ھەرخىل چەت ئەل ماللىرىنى سېتىۋاتقاچقا، ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇ ماللارنىڭ رەڭ ـ تۈرلىرىنىڭ نەپىسلىكىنى ياخشى كۆرۈپ، بەس ـ بەس بىلەن سېتىۋالغاچقا، ئىلگىرىكىدىن ئاساسەن دېگۈدەك پايدا كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، پولات ـ تۆمۈر بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىمۇ روسىيە سودىگەرلىرى سېتىۋاتىدۇ»، يۇڭ رەخت، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قازان، مەش، چەينەك، فارفور قاچا ـ قۇچىلار، قەنت ـ گېزەك قاتارلىقلارنى روسىيە سودىگەرلىرى ۋە دۆلىتىمىز سودىگەرلىرى قۇمۇلغا ئېلىپ كېلىپ ساتاتتى. مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) دىن كېيىن، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭ-

گو كوممۇنىستلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ھەر خىل ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى، قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ چاغدىكى تاۋارلار، ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلدى. مىڭگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى)، سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇل ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماللىرى قۇمۇل بازىرىنى ئاساسەن مونوپول قىلىۋالدى. مىڭگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سوغاقلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماللىرى پەيدىن - پەي ئازايدى. 1949 - يىلدىكى «28 - سېنتەبىر» بۇلاڭچىلىق ۋەقەسىدىن ئىلگىرى، قۇمۇل بازىرىدا 17 ساھە بويىچە 270 تىن ئارتۇق سودا ماگىزىنى بار ئىدى. «28 - سېنتەبىر» بۇلاڭچىلىق ۋەقەسىدە، ماگىزىنلار بۇلاپ قۇرۇتۇپ قويۇلدى، قۇمۇلنىڭ سودا ئىشلىرى يەنە بىر قېتىم ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگو دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدە، قۇمۇلدىكى سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەھەر - بازارلارغا مەركەزلەشكەن. بازاردىن باشقا شىڭشىڭشيا، لوتوچۈەنزى، توغۇچى ۋە يەتتە قۇدۇققا ئوخشاش لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولى بويىدىكى ئۆتەڭلەردە پەقەت ئاز مىقداردىكى سودا ۋە مۇلازىمەت كەسپلىرىلا بار ئىدى، كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مۇقىم سودا تورى يوق دېيەرلىك ئىدى، پەقەت ئاز ساندىكى توكلاڭچىلارلا ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە يېزىلارغا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ نەرسىنى نەرسىگە ئالماشتۇرۇپ سوداقىلاتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قۇمۇلدا دۆلەت سودىسى ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇسۇسىي سودىغا قارىتا «پايدىلىنىش، چەكلەش، ئۆزگەرتىش» سىياسىتىنى قوللاندى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋىلايەتلىك سودا شىركىتى، ياغ شىركىتى، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى شىركىتى ۋە ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، شۇنىڭدەك رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. 1956 - يىلى، خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش تاماملاندى، بازارلاردىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خۇسۇسىي سودىگەرلەر ۋە يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودىغا ۋە كوپېراتىپ ماگىزىنلىرىغا قاتناشتى.

60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا پۈتۈنلەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا قوشۇلۇپ، بازارلاردا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋىلايەتلىك سودىنى ئاساس قىلغان، يېزىلاردا ناھىيىگە قاراشلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنى ئاساس قىلغان بازار ئەندىزىسى بارلىققا كەلدى. بازارلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدا، ئاساسلىقى، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىگە قاراشلىق تۈرلۈك ماللار شىركىتى، نېفىت شىركىتى، دورا شىركىتى، يېمەكلىكلەر شىركىتى، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى شىركىتى، مېتال بۇيۇملار ۋە ئېلېكتر - قاتناش سايمانلىرى شىركىتى، قەنت - ھاراق - تاماكا شىركىتى ۋە يېمەك - ئىچمەك،مۇلازىمەت شىركىتىدىن ئىبارەت سەككىز كەسپىي شىركەت، شۇنىڭ

دەك ئۇلارغا قاراشلىق توپ سېتىش ۋە پارچە سېتىش ماگىزىنلىرى، ۋىلايەتلىك
ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاشلىق ـ ياغ ماگىزىنلىرى، ۋىلايەتلىك ماد-
دىي ئەشيا ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ماددىي ئەشيا توپ ـ پارچە سېتىش ماگى-
زىنلىرى، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل سايمانلىرى شىركىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپتو-
موبىل سايمانلىرى ماگىزىنى، ۋىلايەتلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا قاراشلىق يەر-
لىك مەھسۇلات، مېۋە ـ چېۋە ماگىزىنلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى
ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ماگىزىن بار ئىدى. 1977 - يىلى قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلغاندىن
كېيىن، ۋىلايەتنىڭ شەھەر رايونىدىكى پارچە سېتىش كەسپىنىڭ كۆپ قىسمى شەھەر-
لىك سودا ئىدارىسى ۋە شەھەرلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆت-
كۈزۈپ بېرىلدى.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ سودا تورلىرى
ئاساس قىلىنغان، ئاشلىق، ياغلىقدان سېتىۋېلىش ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋې-
لىش پونكىتلىرى تايانچ قىلىنغان بىر قەدەر مۇكەممەل سېتىۋېلىش ـ سېتىش تورى
شەكىللەندى. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى مۇتلەق كۆپ قى-
سىم ئېھتىياجى ئۆز دۆيىسى ياكى ئۆز گۇڭشېسىدىلا قاندۇرۇلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،
ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتى
يولغا قويۇلدى، قۇمۇلنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدىكى تاۋار ئوبوروتى ساھەسىدە يېڭى كول-
لېكتىپ ۋە خۇسۇسىي سودىگەرلەر بارلىققا كېلىپ، تاۋار بىلەن تەمىنلەش يولى بىرلا
بولۇش ئەھۋالى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ناھىيىگە قاراشلىق كوللېكتىپ سودا كۆپىنچە
زىيالىي ياشلار بىرلەشمە گەۋدىسى بولۇپ، كۆپىنچىسى شەھەر رايونىغا مەركەزلەشكەن.
خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلار بولۇپ، كۆپىنچىسى يېزىلارغا مەركەز-
لەشكەن. 1980 - يىلى كوللېكتىپ سودا ماگىزىنلىرى يەتتىگە، ئادەم سانى 35 كە
يەتتى؛ خۇسۇسىي سودا ماگىزىنى تۆتكە، ئادەم سانى ئالتىگە يەتتى، 1981 - يىلى
كوللېكتىپ سودا ماگىزىنى 30 غا، ئادەم سانى 144 كە يەتتى؛ خۇسۇسىي سودا
ماگىزىنلىرى ئالتىگە، ئادەم سانى يەتتىگە يەتتى. 1982 - يىلى كوللېكتىپ سودا
ماگىزىنلىرى 60 قا، ئادەم سانى 118 گە يەتتى؛ خۇسۇسىي سودا ماگىزىنلىرى 20
گە، ئادەم سانى 20 گە يەتتى. 1983 - يىلى كوللېكتىپ سودا ماگىزىنلىرى 35 كە، ئادەم
سانى 145 كە يەتتى؛ خۇسۇسىي سودا ماگىزىنلىرى 141 گە، ئادەم سانى 169 غا يەتتى.

1956 - يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ پارچە سېتىش ئاپپاراتىدىن 62
سى، ئۇنىڭ ئىچىدە ۋەكالىتەن سېتىش ماگىزىنىدىن 16 سى بار ئىدى. 1965 - يىلى
70 كە، ئادەم سانى 219 غا يەتتى. 1980 - يىلى ناھىيە بويىچە سودا ئاپپاراتلىرى 112
گە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىن تۆۋەنلىرى 93؛ ئادەم سانى 438 گە يەتتى، بۇنىڭ
ئىچىدە ناھىيىدىن تۆۋەن سودا ئاپپاراتلىرىدىكىلەر 282؛ 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە
سودا ئاپپاراتلىرى 299 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىن تۆۋەن ئاپپاراتلار 216؛
ئادەم سانى 862 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىن تۆۋەن ئاپپاراتلاردىكىلەر 478.

ناھىيە بويىچە سودىدا ساپ سېتىۋېلىش قىممىتى 1964 - يىلى 2 مىليون 959 مىڭ يۈەن، 1976 - يىلى 2 مىليون 602 مىڭ يۈەن، 1979 - يىلى 4 مىليون 340 مىڭ يۈەن، 1983 - يىلى 10 مىليون 219 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1964 - يىلى 3 مىليون 764 مىڭ 700 يۈەن، 1976 - يىلى 7 مىليون 793 مىڭ يۈەن، 1979 - يىلى 10 مىليون 20 مىڭ يۈەن، 1983 - يىلى 11 مىليون 706 مىڭ يۈەن بولدى.

### ناھىيە بويىچە ئايرىم يىللاردىكى ساپ سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 9 - 1        بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | جەمئىي | تارماقلار بويىچە ئايرىغاندا: تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | ئاشلىق سىستېمىسى | سودا سىستېمىسى | تاشقى سودا سىستېمىسى | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى سىستېمىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1964 | 295.9 | 58.8 | 237.1 | | | |
| 1965 | 246.5 | 93.2 | 153.3 | | | |
| 1975 | 2 8 1 | 34 | 204.1 | | | |
| 1976 | 260.2 | 55 | 205.2 | | | |
| 1977 | 331.7 | 76 | 255.7 | | | |
| 1978 | 374.6 | 50.4 | 227.8 | | 96.4 | |
| 1979 | 434 | 47.4 | 240.6 | | 145.7 | |
| 1980 | 462 | 43.4 | 265.4 | | 153.2 | |
| 1981 | 666.1 | 55.5 | 308.2 | 91.1 | 182.3 | 29 |
| 1982 | 800.4 | 64.5 | 367.1 | 93 | 209.3 | 66.5 |
| 1983 | 1021.9 | 79.6 | 599.1 | 84.4 | 140.1 | 118.7 |

**1975 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى**

جەدۋەل 9 — 2 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار / تارماقلار | پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى | سودا تارماقلىرى: پارچە سېتىلىش سوممىسى | سودا تارماقلىرى: بۇنىڭ ئىچىدە: ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى | باشقا تارماقلار | يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 670.7 | 619.3 | 68 | 42.4 | 9 |
| 1976 | 779.3 | 726.3 | 97.1 | 44 | 9 |
| 1977 | 841.2 | 823.7 | 208.2 | 17.5 | |
| 1978 | 892.5 | 865.4 | 227.6 | 27.1 | |
| 1979 | 1002 | 957.4 | 269.1 | 40.4 | 4.2 |
| 1980 | 1022.2 | 970.4 | 239.4 | 47.6 | 4.2 |
| 1981 | 1067.8 | 999.5 | 230.1 | 59.8 | 8.5 |
| 1982 | 1085.5 | 1016.2 | 161.4 | 58.4 | 10.9 |
| 1983 | 1170.6 | 1089.9 | 208.5 | 72.5 | 8.2 |

# I باب ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

## §1. خۇسۇسىي سودا

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 6 - يىلى (1880)، زوزۇڭتاڭنىڭ چوڭ ھەربىي لاگىرى سۇجۇ (肃州) دىن قۇمۇلغا يۆتكەلدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ سودىگەرلەرمۇ كەينى - كەينىدىن غەربكە كەلگىلى تۇردى، قۇمۇل بىر مەزگىل شىنجاڭنىڭ سودا مەركىزى بولۇپ قالدى. سودىگەرلەر قۇمۇلنىڭ كونا شەھىرى ۋە يېڭىشەھىرى ئارىلىقىدىكى دېشىڭ كوچىسى بىلەن جېنفەن كوچىسىدا دۇكان، قورۇ - جاي، مېھمانخانا ۋە مال سارايلىرىنى سالدى. دېشىڭ كوچىسى بىلەن جېنفەن كوچىسى ناھايىتى تېزلا

گۈللىنىپ كەتتى. «غەربىي زېمىن نەزمىلىرى» دە قۇمۇلنىڭ ئەينى چاغدىكى مەنزىرىسى تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلەنگەن: «قەد كۆتۈرگەن كەپىلەر قۇملۇقلاردا، چۆللەردە، قاتار - قاتار سەپ بوپتۇ بۇندا ئۆي ۋە دۇكانلار، قىزىيدىكەن تىۋى كەبى ئاۋات رەستە - بازارلار، تولۇپ تۇرار خىلمۇ خىل ئېسىل ماللار ھەريانىدا، بولمىغانىكەن ئىلگىرى بۇنداق ئاۋاتلىق ئەسلا.» گۇاڭشۈنىڭ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلدۇ، ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى قىلىندۇ. قۇمۇلغا كەلگەن سودىگەرلەر يەنە بىر قېتىم غەربكە يۆتكەلگەندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرى نىسپىي ھالدا سۇسلىشىپ قالدۇ.

مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) دىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرى يەنە تەرەققىي قىلدۇ. بۇ چاغدا چاڭفېڭفۇ، دېشېڭيۇڭ سودا ماگىزىنلىرى، دېشەنتاڭ جۇڭيى دوراخانىسى، چيەنخېچاڭ، يۈەنشىڭلۇڭ گەزمال دۇكانلىرى، ۋەنيېچېڭ بېيجىڭ - گۇاڭجۇ مىلچىماللىرى دۇكىنى، فۇيېچېڭ، فۇشىڭيۇەن، چۈەنشۈنيۇڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار - مىلچىماللار دۇكانلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تىجارەت باشلىغان.

مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) قۇمۇلدا ئۇرۇش - مالىمانچىلىقلار ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغاچقا، سودا - سېتىق ئىشلىرى يەنە خارابلىشىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) دىن كېيىن، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلغاچقا، قۇمۇلنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىدۇ. نىيازنىڭ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، ماجۇڭدېنىڭ جېنشىڭلۇڭ ماگىزىنى، جاۋ ياۋشىنىڭ گۇڭيىشىڭ ماگىزىنى، لى ماۋتىڭنىڭ جىشېڭ دوراخانىسى، دۇشىنشەننىڭ شىنيا دوراخانىسى، گەز مالچىلىق بويىچە جاڭ تېڭشياۋنىڭ رېنجىخاۋ ماگىزىنى، ۋاڭ شىجيېنىڭ جۇشىڭخاۋ ماگىزىنى، ۋېي خۇەنۋېننىڭ شىڭفۇيۈلۈڭ ماگىزىنى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ماگىزىنلار بۇ چاغدا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ تىجارەت باشلىغان.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىن كېيىن، قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش يەنىمۇ كېڭەيدى، قۇمۇلدىمۇ سودىگەرلەر ناھايىتى تېز كۆپەيدى. خۇسۇسەن سودا سارىيى (ئاپتوۋۇبىل توختىتىش مەيدانى، مېھمانخانا، تاماقخانا ۋە مال ئامبارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال كەسىپ) ۋە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1949 - يىلى، قۇمۇلدا 23 سودا سارىيى، 16 ئاشخانا، 12 ناۋايخانا، سەككىز ساتىراشخانا، ئىككى مونچا ۋە ئۈچ رەسىمخانا بار ئىدى. بۇ ساھەلەرنىڭ كۆپىنچىسى 40 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ تىجارەت قىلغان. بۇندىن باشقا، يەنە 21 دورىخانا، 34 گەزمال دۇكىنى، 31 بېيجىڭ - گۇاڭجۇ مىلچىماللىرى دۇكىنى، 73 يەرلىك مەھسۇلات مىلچىماللار دۇكىنى، ئالتە پېچىنە - پىرەنىك ئىشلەش دۇكىنى، 12 كۆكتات ماگىزىنى، ئۈچ ئىچىتما - كۆكتات ماگىزىنى، بەش ئۆگرە چۆپ دۇكىنى، 11

گۆش دۇكىنى، تۆت مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ماگىزىنى، ئالتە كومىسسيون دۇكىنى بار ئىدى.

دۆلەتمىز قۇرۇلۇش ھارپىسىدا يۈز بەرگەن «28-سېنتەبىر» بۇلاڭچىلىق ۋەقەسىدە، قومۇلنىڭ سودا-سانائەت ئىشلىرى غايەت زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەينى چاغدا ئەڭ ئاۋات بولغان دېشىڭ ۋە جېنفەن كوچىلىرىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى سودا دۇكانلىرى پۈتۈنلەي بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ، دۇكان ۋە ئۆيلەرگە ئوت قويۇلىدۇ، تاۋارلار، ماللار، شۇنىڭدەك قەغەز پۇل، تەڭگە ۋە ئالتۇنلار پۈتۈنلەي بۇلاپ كېتىلىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا، سودا-سېتىق ئىشلىرى يەنە پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىدۇ.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، خۇسۇسىي سودا ئوبوروت ساھەسىدە، خۇسۇسەن پارچە سېتىش ھالقىسىدا خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى. 1951- ۋە 1952-يىللىق باج ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، خۇسۇسىي سودا-سانائەتتىن ئېلىنغان باج سوممىسىنىڭ سودا-سانائەت ئومۇمىي باج سوممىسى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 50 پىرسەنتتىن ئاشقان. 1952-يىللىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، خۇسۇسىي سودىدىن سېتىۋېلىنغان يازلىق قوي يۇڭى سېتىۋېلىنغان بارلىق يازلىق قوي يۇڭىنىڭ 37.8 پىرسەنتىنى، كۈزلۈك قوي يۇڭى 60% نى ئىگىلىگەن. خۇسۇسىي سودا-سانائەتكە قارىتا پارتىيىنىڭ «پايدىلىنىش، چەكلەش ۋە ئۆزگەرتىش» سىياسىتى ئىجرا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، خۇسۇسىي سودىنىڭ توپ ۋە پارچە سېتىش كەسپى خېلى تەرەققىي قىلدى. ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، 1954-يىلى خۇسۇسىي سودا بويىچە توپ سېتىش سوممىسى ئىجتىمائىي توپ سېتىش سوممىسىنىڭ 45.62 پىرسەنتىنى، پارچە سېتىش سوممىسى ئىجتىمائىي پارچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 43.43 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

1955-يىلى خۇسۇسىي سودىغا قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش باشلاندى، تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش، سىياسەتلەرنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىشلەنگەندىن كېيىن، خۇسۇسىي سودىگەرلەر كەينى-كەينىدىن ئىلتىماس يېزىپ، ھۆكۈمەت بىلەن شېرىكلىشىشنى، ھەمكارلىق يولىغا مېڭىشنى تەلەپ قىلدى. 1956-يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنى، ناھىيە بويىچە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ناھىيىنىڭ بازار ۋە يېزىلىرىدىكى 95 پىرسەنتتىن ئارتۇق خۇسۇسىي سودىگەر ھۆكۈمەت بىلەن شېرىكلىشىش يولىغا ماڭدى ياكى ھەمكارلىق ماگىزىنلىرىغا قاتناشتى.

## §2. كوللېكتىپ سودا

خۇسۇسىي سودا-سانائەتكە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، خۇسۇسىي سودا-سانائەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 92 پىرسەنتىدىن ئاشىدىغان، مۇقىم مۈلكى ۋە كۆچمە مەبلىغى 4000 يۈەنگە يەتمەيدىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ ئىلكى ئادرېسى

كىچىك سودىگەرلەر، ئەر ـ ئايال بىرلىكتە ئاچقان ماگىزىنلار، شۇنىڭدەك يايمىچىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەمكارلىق ماگىزىنلىرىغا قاتناشتى. 1957 ـ يىللىق ستاتىستىكا مەلۇماتـ لىرىغا ئاساسلانغاندا، كوللېكتىپ باشقۇرىدىغان، بىر تۇتاش ھېسابات قىلىدىغان ھەمكارـ لىق ماگىزىنلىرىغا قاتناشقانلار 50 كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرلۇك ماللار كەسپىدە 27، ھاراق ـ تاماكا كەسپىدە توققۇز، كۆكتات كەسپىدە 14 كىشى بولغان. مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇلىدىغان، تارقاق تىجارەت قىلىدىغان، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ھەمكارـ لىق ماگىزىنلىرىغا قاتناشقانلار 184 كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مەھسۇلات ۋە مىلىچـ ماللار كەسپىدە 93، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىدە 91 كىشى بولغان. ھەمكارـ لىق ماگىزىنلىرى مەمۇرىي جەھەتتە قۇمۇل بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە قارىدى، كەسپىي جەھەتتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى يېتەكچىلىك قىلدى. 1959 ـ يىلى ھەمكارلىق ماگىزىنلىرى ھەمكارلىق باش ماگىزىنى بولۇپ تەشكىللىنىپ، پۈتۈنلەي بىر تۇتاش ھېسابات قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، مەمۇرىي ۋە كەسپىي جەھەتتە ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. 1960 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى يەنىلا قۇمۇل بازىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1977 ـ يىلى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 3§. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا

1956 ـ يىلى خۇسۇسىي كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتكە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى، 118 دۇكان، 190 كىشى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارغا قاتناشتى، خۇسۇسىيلارنىڭ مەبلەغ سوممىسى جەمئىي 453 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ساھەلەر بويىچە پاراۋانلىق شىركىتى، تۇرلۇك ماللار، پاختا رەخت، يېمەكلىكلەر، يەرلىك مەھسۇلات ـ مىلىچماللار ۋە دورا دۇكانلىرىنى تەشكىل قىلدى.

كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتكە قارىتىلغان تىنىچ ئۆزگەرتىش ۋە سېتىۋېلىش سىياستىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، ساھەگە ئايرىپ، چوڭ ـ كىچىك دەپ ۋە تۈرگە ئايرىپ ئولتۇرماي، بىردەك يىللىق ئۆسۈمىنى بەش لىدىن ھېسابلاپ تۇراقلىق ئۆسۈم بېرىش ھەمدە ئۆزگەرتىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە خۇسۇسىيلار قوشقان مەبلەغنى ۋە ھېساباتنىڭ سىرتىدىكى مال ـ مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىش قارار قىلىندى. قايتۇرۇپ بېرىلگەن مەبلەغ ۋە بۇيۇملار: ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى 1585 يۈەن، بەش كىيىم تىكىش ماشىنىسى، 45.5 ئېغىز ئۆي، بىر سىم كارىۋات، بىر گىلەم، 12.5 سەر ئالتۇن، 676 سەر كۈمۈش، 1357 تەڭگە، 3761 يۈەن زايوم.

ئەسلىدىكى سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تىجارەت قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن 27 كىشى تاللىنىپ شېرىكچىلىك كارخانىلىرىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىلىقى ۋە ماگىزىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. مەسىلەن: قۇمۇلدىكى ئەڭ چوڭ كاپىتالىست يۈسۈپ رەھىم سوپا (شياۋ

يوسۇپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مەبلىغى 110 مىڭ يۈەن ئىدى) شىرىكچىلىكتىكى تۇرلۇك ماللار باش ماگىزىنىنىڭ مۇئاۋىن جىلىڭسى بولدى.

1959 - يىلى بارلىق شىرىك كارخانىلار باش ماگىزىن بولۇپ تەشكىللەندى، ئۇ، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى كەسىپنى ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، شىرىك كارخانىلار ساھەلەر بويىچە ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار شىركەتلىرىگە قوشۇۋېتىلدى، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىگە، تۇرلۇك مال، گەزماللار تۇرلۇك ماللار شىركىتىگە قوشۇۋېتىلدى. خۇسۇسىي سودىگەرلەر ۋە شىرىك كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ قالدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، تۇراقلىق ئۆسۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئەسلىدىكى بىر قىسىم سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئۆي تەئەللۇقاتلىرى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىندى، ئۆزلىرى يېزىلارغا ئۆزگەرتىشكە چۈشۈرۈۋېتىلدى. 1979 - يىلدىن كېيىن، ئەسلىدىكى سودا - سانائەتچىلەر سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ناھەق ئەنزىلەر ئاقلاندى، بېرىلمەي قالغان مۇقىم ئۆسۈم تولۇقلاپ بېرىلدى.

## §4. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى

1951 - يىل 5 - ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، توغۇچى بىلەن تاشۆيلىقتا تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان ئىككى ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1955 - يىل 5 - ئايدا، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، رايونلاردىمۇ ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى.

1958 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك كوپېراتىپنىڭ توپ سېتىش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، توپ ۋە پارچە سېتىش كەسىپلىرى پۈتۈنلەي ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 7 - ئايدا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىدا ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ خىزمىتى بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. يىل ئاخىرىدا، رايون ۋە يېزىلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، رايونلۇق ۋە يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ نامى گۇڭشې تەمىنات - سودا بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سىستېمىسى باشقۇرىدىغان پارچە سېتىش كەسپى ۋىلايەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بازاردا پەقەت بىر يەرلىك

مەھسۇلات ـ مىلىچماللار ـ كۈندىلىك بۇيۇملار تىجارەت بۆلۈمى ۋە تۇرلۇك مالـلارنى توپ سېتىش پۇنكىتىلا قالدۇرۇلۇپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش، يۆتكەش ۋە توپ تارقىتىش كەسىپلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى.

1962 ـ يىلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن كوپىراتىپنىڭ كەسپى ئايرىۋېتىلدى، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلىدە سودا ئىدارىسى بىۋاستە باشقۇرىدىغان كەسىپلەر ۋىلايەتلىك ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش پۇنكىتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بىراق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كەسپىنى بىۋاستە باشقۇرماي، پەقەت ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرىغا كەسپى جەھەتتىنلا يېتەكچىلىك قىلدى.

1983 ـ يىلى، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىغا تاشۋېلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ، پالۋانتۇر، بولۇڭتوغراق، ئاستانە، قارا دۆۋە، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز ۋە يەتتەقۇدۇقتىن ئىبارەت 11 ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى قارىدى، ناھىيىدىن تۆۋەن پارچە سېتىش ئاپپاراتلىرى جەمئىي 87، ۋەكالەتەن سېتىش دۇكانلىرى 15 بولۇپ، 282 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى.

## §5. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا

### 1. سودا

1958 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 9 ـ ئايدا، ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى باشقۇرىدىغان بازار ۋە كان رايونىنىڭ پارچە سېتىش كەسپى پۈتۈنلەي ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. سودا ئىدارىسىگە تۇرلۇك ماللار، يېمەكلىك، كۆمۈر، كۆكتات، گۆش، تاشقى سودا، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتىدىن ئىبارەت يەتتە تىجارەت بۆلۈمى، چوشقا، توخۇ، قوي فېرمىسى ۋە تيانشان چارۋىچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت تۆت باقمىچىلىق فېرمىسى، كىيىم ـ كېچەك، پاختا، يېمەكلىك، جياڭيۇ ـ ئاچچىقسۇ زاۋۇتى، قۇشخانىدىن ئىبارەت بەش پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، قۇمۇل پولات زاۋۇتى، تارانچى، يامانسۇ، قوۋۇق ئېغىزى، يەتتەقۇدۇق، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت ئالتە زاۋۇت، كان ماگىزىنى قارايتتى. 2300 دىن كۆپرەك ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى.

1960 ـ يىل 6 ـ ئايدا، يۇقىرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، شەھەر، بازار ۋە زاۋۇت، كانلاردىكى پارچە سېتىش ئاپپاراتلىرى، شۇنىڭدەك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى، فېرمىلار پۈتۈنلەي ۋىلايەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ۋىلايەتكە 1776 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۆتكۈزۈلدى. 1962 ـ يىلى، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1979 ـ يىل 6 ـ ئايدا، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1981 ـ يىل 7 ـ ئايدا، ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى ناھىيە تەۋەسىدىكى چارۋا،

www.uyghurkitap.com

تۇخۇم ۋە ئۆي قۇشلىرىنى سېتىۋېلىش ئاپپاراتلىرىنى ۋە خادىملىرىنى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىگە چۈشۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى تەشكىل قىلىندى، بۇ شىركەتكە قوۋۇق ئېغىز ماگىزىنى، تاشۋېلىق چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە تاشۋېلىق، ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر سېتىۋېلىش پونكىتى قارايدىغان بولدى، ئۇلار ناھىيە تەۋەسىدە چارۋا، تۇخۇم ۋە ئۆي قۇشلىرىنى سېتىۋېلىش كەسپىنى باشقۇرۇپ، سېتىۋالغان نەرسىلىرىنى ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىگە تاپشۇرىدىغان بولدى.

2. ئاشلىق

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ناھىيىگە قاراشلىق بىرلا ئاشلىق ئامبىرى بولۇپ، پاراق ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان ئاشلىقنى ساقلاشقا مەسئۇل ئىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىدىمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك بولۇپ، پەقەت ئالتىلا ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى.

1954 - يىلى، ئاشلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بۇ بۆلۈمگە تاشۋېلىق ئاشلىق پونكىتى ۋە توغۇچى ئاشلىق ئامبىرى قارايدىغان بولدى، ئۇلاردا 95 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. 1957 - يىلى، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلدى. 1958 - يىلى ئاشلىق بۆلۈمى ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1959 - يىلى، ۋىلايەت، بازارنىڭ ئاشلىق، ياغنى پارچە سېتىش كەسپىنى ناھىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، بازاردا بەش جايدا ئاشلىق دۇكىنى بار ئىدى، يەنە راھەتباغ ۋە قارا دۆۋە ئاشلىق پونكىتلىرى تەسىس قىلىندى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆپىيىپ 169 كىشىگە يەتتى، 1961 - يىلى، ئاستانە، ساقا، بۇلۇڭتوغراق، تىميانشان، غەربىي تاغ، پالۋانتۇر ئاشلىق پونكىتلىرى تەسىس قىلىندى، ئىدارە باشقۇرۇشىدا بىر دېھقانچىلىق مەيدانىمۇ بار ئىدى. شۇ يىلى ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قىسقارتىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن 107 ئادەم قالدى.

1962 - يىلى، ۋىلايەت بازاردىكى ئاشلىق، ياغ پارچە سېتىش كەسپىنى قايتۇرۇۋالدى، راھەتباغ ئاشلىق پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ساقا ئاشلىق پونكىتى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 69 كىشىگە چۈشۈپ قالدى. 1963 - يىلى، پالۋانتۇر ئاشلىق پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1966 - يىلى، دۆربەجىن ئاشلىق پونكىتى دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1968 - يىلى، دۆربەجىن ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئىككى يىلدىن كېيىن رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ زاۋۇت يىلىغا 4 مىليون جىڭ ئۇن تارتالايتتى. 1979 - يىلى، دۆربەجىن ئۇن زاۋۇتى ۋە ئىدارىنىڭ ياغ تارتىش زاۋۇتى ئاساسىدا، ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى قۇرۇلدى، زاۋۇتتا بىر ئۇن سېخى، بىر ياغ سېخى قۇرۇلدى. 1980 - يىلى 10 - ئايدا، ئۇن سېخى تارانچى شۆبە ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ياغ سېخى ئىدارىگە قاراشلىق ياغ زاۋۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاشلىق ئىدارىسىگە ئامبار، ياغ زاۋۇتى، شۇنىڭدەك

ئاستانه، بۇلۇڭتوغراق، تىيانشان، غەربىي تاغ، تاشۆيلىق، بوغاز، قارا دۆۋە، قوۋۇق ئېغىزى ئاشلىق پونكىتىدىن ئىبارەت 10 ئاساسىي قاتلام ئورۇن قارايدىغان بولىدى، ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 127، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 31 بولۇپ، جەمئىي 158 گە يەتتى. ھەر خىل ماشىنا 50 كە، ئامبار، قورۇتۇش مەيدانى ۋە دۆۋىلەش مەيدانىنىڭ كۆلىمى 15 مىڭ 831 كۋادرات مېترغا، ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى 14 مىليون جىڭغا يەتتى.

3. تاشقى سودا

30 - يىللاردىن 40 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە، ناھىيە تەۋەسىدىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئاساسلىقى، سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قولىدا تورۇشلۇق سودا ئىش باشقارمىسى ۋە يەرلىك سودا كاپىتالىستلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىناتتى، تايلىناتتى ۋە سىرتقا توشۇلاتتى. 40 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى كۆپىنچە يەرلىك سودىگەرلەر سېتىۋالدى ۋە سىرتقا يۆتكىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپىنىڭ تورپان شۆبە كوپىراتىپى سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسى قۇمۇلغا كېلىپ سېتىۋالدى. 1952 - يىل 1 - ئايدا، ئۆلكىلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ئۇرۇمچى تېرە - يۇڭ زاۋۇتىنىڭ سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسى سېتىۋالىدىغان بولۇپ ئۆزگەرتىلدى، تېرە ۋە يۇڭلار پوتونلەي ئۇرۇمچىگە توشۇلىدىغان بولدى. 1955 - يىل 2 - ئايدا، مەزكۇر سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسى ئاساسىدا ۋىلايەتلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى قۇرۇلدى.

1958 - يىل 7 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، تاشقى سودا تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1959 - يىل 7 - ئايدا، تىجارەت بۆلۈمى ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1963 - يىل 10 - ئايدا، ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سېتىۋېلىش كەسپى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1977 - يىل 1 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، دەسلەپتە 26 ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆپىيىپ 51 كىشىگە يەتتى، ئىدارە قارمىقىدا تىيانشان، غەربىي تاغ، تاشۆيلىق، قوۋۇق ئېغىزىدىن ئىبارەت تۆت سېتىۋېلىش پونكىتى تەسىس قىلىندى، باشقا گۇڭشې ۋە مەيدانلارنىڭ سېتىۋېلىش كەسپى پۈتۈنلەي شۇ جايلاردىكى تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ بىجىرىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىندى.

4. ماددىي ئەشيا، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى

1971 - يىلدىن ئىلگىرى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ماددىي ئەشيا ئاپپاراتى يوق ئىدى.
1971 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا ماددىي ئەشيا گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1973 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ، ئاساسلىقى، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان ماددىي ئەشيا، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ سايمانلىرىنى باشقۇرۇش كەسپىنى ئىشلىدى. 1979 - يىلى 4-ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇ، ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى بىلەن بىر يەردە بولۇپ، ئايرىم ۋېۋىسكا ئېسىلدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى بىلەن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى جەمئىي40 قا يەتتى.

# II باب ئاشلىق، ياغ ۋە دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش

## 1§. ئاشلىق ۋە ياغلىق دان

50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا، دېھقانلار دۆلەتكە غەللە - پاراق (دېھقانچىلىق بېجى) تاپشۇرۇش ۋە ئېشىنىدا ئاشلىقنى سېتىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئاشلىقنى ئەركىن ئېلىپ سېتىشقا رۇخسەت قىلدى. 1953 - يىلىدىن 1956-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9 مىليون 815 مىڭ جىڭدىن غەللە - پاراق ئېلىنىدى ۋە ئېشىنىدا ئاشلىق سېتىۋېلىنىدى. 1957 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئاشلىق ۋە ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلدى، «ئائىلىلەرنى ئاساس قىلىش، گۇگۇشىلارنى ھېسابلاش بىرلىكى قىلىش، ئاشلىقنىڭ ئارتۇق - كېمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئېشىنغانلاردىن سېتىۋېلىش، كېمەيگەنلەرنى تەمىنلەش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، 90% ئېشىنىدا ئاشلىق سېتىۋېلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق ئەركىن بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەخسلەرنىڭ ئاشلىقنى ئېلىپ سېتىشى مەنئى قىلىنىدى. خەلق گۇڭشېلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى ھېسابات بىرلىكى قىلىنىپ، نورمىلىق ئاشلىق، يەم-بوغۇز ۋە ئۇرۇقلۇقتىن تاشقىرى، ئاشقان قىسمى پۈتۈنلەي سېتىۋېلىنىدى. مەھسۇلاتى كېمىيىپ قالغان بولسا ئاز سېتىۋېلىنىدى ياكى سېتىۋېلىنمىدى، نورمىلىق ئاشلىق، يەم-بوغۇز ۋە ئۇرۇقلۇقنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىنى ئۈچۈن دۆلەت ئاشلىق سېتىپ بەردى. 1957 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 مىليون 349 مىڭ جىڭدىن غەللە - پاراق ئېلىنىدى ۋە ئېشىنىدا ئاشلىق سېتىۋېلىنىدى.

1973 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاشلىق سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچىنى «بىر قېتىم بەلگىلەپ، ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتى يولغا قويۇلدى، يەنى ئۈچ يىل ئىچىدە مەھسۇلات ئاشسىمۇ سېتىۋېلىنىدىغان قىسمىنى ئاشۇرماسلىق، سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىنكى ئاشلىقنى گۈڭشې ـ دۈيلەر تەقسىم قىلىۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىش توپ سانى 12 مىليون 990 مىڭ جىڭ بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولغان 10 يىلدا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9 مىليون 861 مىڭ 600 جىڭدىن سېتىۋېلىندى، ئالدىنقى يەتتە يىل (1967 ـ يىلىدىن 1973 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق) دا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پەقەت 4 مىليون 926 مىڭ جىڭدىنلا سېتىۋېلىندى. 1978 ـ يىلىدىن كېيىن «بىر قېتىمدا بەش يىللىقنى بېكىتىۋېتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلدى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىش توپ سانى كېمەيتىلىپ 7 مىليون 200 مىڭ جىڭ قىلىپ تەڭشەلدى ھەمدە شۇ يىلىدىن باشلاپ ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان قىسمىغا باھا قوشۇپ پۇل بېرىش، يەنى ئاساسىي ئاشلىققا 50%، قارا ئاشلىققا 30% باھا قوشۇپ بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ قوشۇلىدىغان باھا كۆلىمى يەنە بىر قېتىم ئۆستۈرۈلدى، يەنى ئاساسىي ئاشلىق 60 پىرسەنتكە، قارا ئاشلىق 40 پىرسەنتكە تەڭشەلدى. ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەن قىسمىغا باھا قوشۇپ سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىپ قىلىدىغان كىرىمى بۇرۇنقىدىن تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم كۆپەيدى. 1977 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلغىچە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 مىليون 131 مىڭ 500 جىڭدىن غەللە ـ پاراق ئېلىندى ۋە ئېشىندا ئاشلىق سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 ـ يىلى 21 مىليون 417 مىڭ 400 جىڭ سېتىۋېلىندى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، «ئاشلىققا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ياغلىق دانغا سەل قارالغانلىقتىن»، ناھىيىنىڭ ياغلىق دان مەھسۇلاتى تۆۋەنرەك بولدى. ئاساسلىق ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىدىغان تاغلىق رايوندىكى ئۈچ گۈڭشې ھاۋا كېلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلى بىلەن، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى تۇراقسىز بولدى. سېتىۋېلىش مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان يىل (1982 ـ يىل) دا 16 مىليون 97 مىڭ 600 جىڭ، ئەڭ ئاز بولغان يىل (1971 ـ يىل) دا ئاران 71 مىڭ 300 جىڭلا سېتىۋېلىندى. 1957 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلغا قەدەر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 402 مىڭ 400 جىڭ سېتىۋېلىندى. 1967 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغا قەدەر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 238 مىڭ 700 جىڭ سېتىۋېلىندى. 1977 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغا قەدەر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 974 مىڭ 500 جىڭ سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 ـ يىلى 1 مىليون 460 مىڭ 500 جىڭ سېتىۋېلىندى.

ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى سېتىۋالغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ كۆپ قىسمى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە تاپشۇرۇلدى.

## 16 يىللىق ئاشلىق ۋە ياغلىق دان سېتىۋېلىش ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 9 — 3

| يىللار | ئاشلىق سېتىۋېلىش مىقدارى (10 مىڭ جىڭ) | ياغلىق دان سېتىۋېلىش مىقدارى (10 مىڭ جىڭ) | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1953 | 1151 | | |
| 1955 | 986 | | |
| 1957 | 1265 | 83.5 | |
| 1959 | 1559 | 11.3 | |
| 1961 | 1155 | 9.8 | |
| 1963 | 1213 | 30 | |
| 1965 | 1065 | 7.7 | 233.08 |
| 1967 | 513 | 29.3 | |
| 1969 | 374 | 23.9 | |
| 1971 | 592 | 7.1 | |
| 1973 | 962 | 22.5 | |
| 1975 | 1501 | 46 | |
| 1977 | 1821 | 104 | 225.7 |
| 1979 | 1460 | 64.3 | 240.66 |
| 1981 | 1713 | 72.9 | 308.2 |
| 1983 | 2141 | 146 | 599.1 |

## 2§ .چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى

ناھىيە تەۋەسىدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەنبەسى بىرقەدەر مول بولۇپ، ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن قوي يۇڭى، قوي تېرىسى، تۆگە يۇڭى، كالا تېرىسى، ئۆچكە يۇڭى، تىۋىت قاتارلىقلار بار.

**قوي يۇڭى:** 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغا قەدەر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 332.86 توننا سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 320 توننا سېتىۋېلىندى؛ **قوي تېرىسى:** 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغا قەدەر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34 مىڭ 496.3 پارچە سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە: 1983 - يىلى 48 مىڭ 200 پارچە سېتىۋېلىندى؛ **تۆگە يۇڭى:** 1977 - يىلدىن 1982 - يىلغا قەدەر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 توننا سېتىۋېلىندى؛ **كالا تېرىسى:** 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغا قەدەر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 870.3 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 1440 پارچە سېتىۋېلىندى؛ **ئۆچكە يۇڭى:** 1978 - يىلدىن 1982 - يىلغا قەدەر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18 مىڭ 948.6 تال سېتىۋېلىندى؛ **تىۋىت:** 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغا قەدەر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.15 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 11.6 توننا سېتىۋېلىندى.

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ باھا سىياسىتىگە ئاساسەن، بىرقانچە يىلدىن بۇيان چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى بىرقەدەر زور كۆلەمدە تەڭشەلدى. 1963 - يىلدىكى باھا بىلەن 1983 - يىلدىكى باھا سېلىشتۇرۇلغاندا، نەسلى ياخشىلانغان قوي يۇڭىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 1.98 يۈەندىن 3.03 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، قازاق قوي يۇڭىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 1.12 يۈەندىن 1.50 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئاق چۇپۇرنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى بىر يۈەندىن 2.10 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، بىرىنچى دەرىجىلىك كۆك چۇپۇرنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 5.97 يۈەندىن 12.21 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، بىرىنچى دەرىجىلىك تۆگە يۇڭىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 4.09 يۈەندىن 10 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، كالا تېرىسىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 1.96 يۈەندىن 3.8 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئۆچكە تېرىسىنىڭ ھەر بىر پارچىسى 2.25 يۈەندىن تۆت يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

1975 - يىلدىن بېرى، تاشقى سودا تارماقلىرى ئېكسپورت قىلىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، گۆشچى - دۈيلەرگە پائال يار - يۆلەك بولۇپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار بازىسى بەرپا قىلدى. 1978 - يىلى، تىميانشان گۆشچىسىنىڭ تەبىئىي بايلىقتىن پايدىلىنىپ قوۋۇق ئېغىزىدىكى داڭسىگوۇدا بۇغا فېرمىسى قۇرۇشقا مەدەت بەردى ھەمدە مەبلەغ، تېخنىكا ۋە قاتناش ۋاستىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن كونكرېت ياردەم قىلدى.

www.uyghurkitap.com

يەتتە يىللىق ئاساسلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مىقدارى جەدۋىلى

جەدۋەل 9 — 4

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | 1955 | 1960 | 1970 | 1978 | 1980 | 1982 | 1983 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قوي يۇڭى | توننا | 72 | 231 | 308 | 284 | 364 | 444 | 320 |
| چۇپۇر | توننا | | 19 | 17 | 13 | 11 | 19 | 20 |
| ئات يالى | كىلوگرام | | 1468 | 214 | 1507 | 1534 | 678 | 467 |
| تىۋىت | توننا | 1.59 | 10 | 12 | 8.6 | 9 | 11 | 11.6 |
| ئۆچكە تېرىسى | پارچە | 26592 | 22860 | 53057 | 12137 | 12450 | 17452 | 19200 |
| قوي تېرىسى | پارچە | | 36763 | 55272 | 11572 | 15942 | 27538 | 29000 |
| قوي ئۈچەيى | تال | 27002 | 47353 | 72574 | 7569 | 10314 | 21458 | 17600 |
| ئۆچكە ئۈچەيى | تال | | | 47669 | 2980 | 3270 | 5298 | 5200 |
| تۆگە يۇڭى | توننا | 18 | 8 | 6 | 11 | 14 | 23 | 24.8 |
| كالا تېرىسى | پارچە | | 1308 | 590 | 474 | 558 | 1479 | 1449 |
| بۇغا مۈڭگۈزى | كىلوگرام | | | | | 2.8 | 11 | 8.6 |
| قوغۇن | توننا | | | | 209 | 130 | 64 | 57 |
| ئوۋ گۆشلىرى | توننا | | | | 4 | 2 | | |
| چۇچۇكبۇيا | توننا | | | | | 104 | 72.6 | |
| قولماق | توننا | | | | | | 9 | |
| ۋولفرام | توننا | | | | 8.88 | 3 | 29.3 | 11.7 |
| سېتىۋېلىش سوممىسى | 10 مىڭ يۈەن | | | | 116.4 | 953.2 | 209.3 | 140.1 |

قارا دۆۋە گۈكشىسى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قۇلماق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىمۇ تاشقى سودا تارماقلىرىنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا بەرپا قىلىنغان. تاشقى سودا ئىدارىسى قاتناش ۋاستىسى بېرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق جەھەتلەردىن مەدەت بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بانكىدىن 240 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرز پۇل ئېلىشقا كېپىل بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاپ، قۇلماق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كۆلىمىگە ئىگە قىلدى.

1975 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، غەربىي تاغ گۈكشىسى ئۆز تەۋەلىكىدىكى ۋولفرام كانىنى ئېچىپ، ئېكسپورت قىلىشقا بېرىشنى قارار قىلدى. تاشقى سودا تارماقلىرى غەربىي تاغ گۈكشىسىنىڭ كانچىلىرىنى جياڭشى ئۆلكىسىگە ئېلىپ بېرىپ، كان تاللاش ۋە ئېچىش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى. ۋولفرام كانى 1976 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن بىر تونناا. 1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا ئىدارىسى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىش خىراجىتى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە يار - يۆلەك بولدى. 1979 - يىلى تاشقى سودا تارماقلىرى يەنە جياڭشى ئۆلكىسىدىن ئىككى تېخنىكنى يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، تاشقى پېرىۋوت ئارقىلىق غەربىي تاغ ۋولفرام كانىنىڭ تۆت ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشىنى قوللىدى، پولات ماتېرىيالى ۋە ياغاچ ماتېرىيالى كۆرسەتكۈچى، شۇنداقلا 20 توننا ئاممونىي نىترات ئاجرىتىپ بەرگەندىن كېيىن، غەربىي تاغ ۋولفرام كانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ۋولفرام رۇدىسىنىڭ سۈپىتى ئۆستى، ۋولفرام رۇدىسىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 10 توننا ئۆپچۆرىسىگە يەتتى (غەربىي تاغ ۋولفرام كانىنىڭ نامى 1980 - يىلى قويلۇق چارۋىچىلىق مەيدانى ۋولفرام كانى دەپ ئۆزگەرتىلدى).

ناھىيە تەۋەلىكىدە ئېكسپورت قىلىشقا بەرگىلى بولىدىغان يۇقىرىقى مەھسۇلاتلاردىن باشقا، يەنە قوغۇن، قارا يۇسۇن، سامساق، كۈنجۈت، ناتىرى سۇلفىد قاتارلىقلار بار. بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى تۇراقسىز بولغاچقا ياكى مىقدارى بەك ئاز بولغاچقا، توركۆملەپ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار بولالمىدى. مەسىلەن: قارا يۇسۇن 1981 - يىلى 91.21 كىلوگرام سېتىۋېلىنغانىدى، مىقدارى بەك ئاز بولغاچقا، كېيىن سېتىۋېلىنمىدى.

## §3. چارۋا

سېتىۋېلىنىدىغان ئاساسلىق چارۋا قوي، كالا ۋە چوشقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوي ئەڭ كۆپ. چارۋا سېتىۋېلىشتا 60 - يىللاردىن باشلاپ ۋەزىپە چۈشۈرۈپ سېتىۋېلىش چارىسى قوللىنىلىپ، پىلان تارماقلىرى كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بەرگەندىن

كېيىن، ئۇنى ئورۇنداشقا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى فېرمىلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى مەسئۇل بولدى.

قوي: ئەڭ كۆپ سېتىۋېلىنغان يىلى 38 مىڭ تۇياققا يەتتى (1965 - يىلى)، ئەڭ ئاز سېتىۋېلىنغان يىلى 17 مىڭ تۇياقتىلا يەتتى (1964 - يىلى). 1964 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان توققۇز يىللىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 29 مىڭ 576 تۇياقتىن سېتىۋېلىنغان. ھەر بىر قوينىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىنى 37 كىلوگرامدىن ھېسابلىغاندا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1094.3 توننا قوي سېتىۋېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 23 مىڭ 627 تۇياق سېتىۋېلىنغان بولۇپ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 874·2 توننا كېلىدۇ.

كالا: يىللىق سېتىۋېلىش مىقدارى مۇقىم ئەمەس، ئەڭ كۆپ سېتىۋېلىنغان يىلى 1180 كالا سېتىۋېلىنغان (1982 - يىلى)، ئەڭ ئاز بولغان يىلى ئاران 41 كالا سېتىۋېلىنغان (1964 - يىلى). 1964 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان توققۇز يىللىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 442·78 كالا سېتىۋېلىنغان. ھەر بىر كالىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىنى 300 كىلوگرامدىن ھېسابلىغاندا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 132·83 توننا كالا سېتىۋېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 883 كالا سېتىۋېلىنغان بولۇپ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 264·9 توننا كېلىدۇ.

چوشقا: بېقىش خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. 1959 - يىلى جياڭسۇ ۋە خۇبېي ئۆلكىلىرىدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار قۇمۇلدا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، بېقىلىدىغان چوشقىنىڭ سانى بىرقەدەر تېز كۆپەيدى. 1964 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 10 يىللىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، سېتىۋېلىش مىقدارى ئۈچ يىلدىلا 1000 دىن ئاشقان، قالغان يىللاردا 200 — 300 دىنلا سېتىۋېلىنغان. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 598·5 چوشقا سېتىۋېلىنغان، ھەر بىر چوشقىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىنى 90 كىلوگرام بويىچە ھېسابلىغاندا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 53·86 توننا چوشقا سېتىۋېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 300 چوشقا سېتىۋېلىنغان بولۇپ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 27 توننا كېلىدۇ.

## §4. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار

قۇمۇلدىن چىقىدىغان يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن قوغۇن، تاۋۇز، شۇلتا ۋە شورنىڭ مىقدارى كۆپ. قۇمۇلدا پويىز قاتنىغاندىن بېرى، بۇ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ھەر يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ، زور مىقداردا سېتىلماقتا.

قوغۇن: قۇمۇل قوغۇنىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭقى بار، ئازادلىقتىن ئىلگىرى قاتناش قولايسىز بولغاچقا، يىراققا ئېلىپ بېرىپ ساتقىلى بولمايتتى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوغۇن ھەدىيە بۇيۇمى سۈپىتىدىلا ھۆكۈمەت پوچتا بېكەتلىرى

ئارقىلىق بېيجىڭغا تېز يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى، قوغۇنغا خان، خانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە بەگ - غوجاملارلا ئېغىز تېگەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، خۇسۇسەن، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتكەندىن كېيىن، قوغۇننى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى. 50 - يىللاردا ئاپتوموبىل ئارقىلىق چىڭخەي ئۆلكىسى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورىغا يىلىغا 100 — 200 توننىدەك قوغۇن توشۇپ سېتىلاتتى. 60 - يىللاردىن كېيىن، تېرىلىش كۆلىمى ئازراق بولغاچقا، سىرتقا ئېلىپ بېرىپ سېتىش مىقدارىمۇ ئاز بولدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاشلىق ۋە قوغۇن - تاۋۇز تېرىش كۆلىمى مۇۋاپىق تەڭشەلگەنلىكى ئۈچۈن، قوغۇننىڭ مەھسۇلات مىقدارى خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى، سىرتتا سېتىش مىقدارىمۇ ئاشتى. 1975 - يىلدىن 1983 - يىلغا قەدەر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىلا 11 مىڭ 538 توننا قوغۇن سېتىۋالدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1282 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 1272 توننا سېتىۋېلىندى.

تاۋۇز: قۇمۇلدا تاۋۇزنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ئەزەلدىن قوغۇنغا قارىغاندا ئاز بولۇپ، ئومۇمىي قوغۇن - تاۋۇز كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى يېڭى سورت كىرگۈزۈلگەنلىكى، مۇ بېشى مەھسۇلاتى يۇقىرى بولغانلىقى ھەم تاۋۇزنى ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، تاۋۇزنىڭ تېرىلىش كۆلىمى تېز كېڭەيدى، سىرتقا سېتىش مىقدارىمۇ ئاشتى. 1975 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىلا 7175 توننا تاۋۇز سېتىۋالدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 797 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 1415 توننا سېتىۋېلىندى.

**1975 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە سېتىۋېلىنغان قوغۇن - تاۋۇز مىقدارى**

جەدۋەل 9 - 5 بىرلىكى: توننا

| يىللار | قوغۇن | تاۋۇز | يىللار | قوغۇن | تاۋۇز |
|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 1088 | 369 | 1980 | 230 | 470 |
| 1976 | 1717 | 73 | 1981 | 532 | 225 |
| 1977 | 1665 | 3 | 1982 | 1000 | 454 |
| 1978 | 2749 | 2069 | 1983 | 1272 | 1415 |
| 1979 | 1285 | 2097 | | | |

شۇلتا: ناھىيە تەۋەلىكىدىكى لاۋۋا ۋو (ھازىرقى قىزىلبايىراق كەنتى)، ساۋۇلاق قاتارلىق جايلاردا شۇلتىنىڭ زاپىسى ئەڭ كۆپ. 1959 - يىلدىن باشلاپ، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سېتىۋېلىپ سىرتقا يۆتكەپ بېرىشكە كىرىشكەن. ئەينى چاغدا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، سودىدا «كۆپ سېتىۋېلىپ، كۆپ سېتىش» يولغا قويۇلۇپ، سېتىۋېلىشنىلا بىلىپ، سېتىش - ساتالماسلىق بىلەن كارى بولماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلگەن. 1959 - يىلى سېتىۋېلىنغان 42 مىڭ 874 توننا، 1960 - يىلى سېتىۋېلىنغان 108 مىڭ 80 توننا

شۇلتىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆز ئورنىدا دۆۋىلىنىپ تۇرۇۋېرىپ، سىرتقا توشۇپ سېتىش مۇمكىن بولماي، زور زىيان بولغان. كېيىن، سېتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلەش چارىسى قوللىنىلىپ، گۆشى، دۇيلەر ئادەم كۆچى تەشكىللەپ قازغاندىن كېيىن، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى مەسئۇل بولۇپ سېتىۋالدى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش ئاساسەن تەڭپۇڭ بولدى. 1978 - يىلى 9916 تونىنا، 1979 - يىلى 756 تونىنا، 1980 - يىلى 439 تونىنا، 1981 - يىلى 399 تونىنا، 1982 - يىلى 455 تونىنا، 1983 - يىلى 1080 تونىنا سېتىۋېلىندى.

شور: قۇمۇلدا شور بايلىقى بىرقەدەر مول، ناھىيە تەۋەسىدىكى قارا دۆۋە، ئاستانە، بۇلۇڭتوغراق، يەتتەقۇدۇق قاتارلىق جايلاردا بىرقەدەر كۆپ. 1978 - يىلى 17 مىڭ 384 تونىنا، 1979 - يىلى 21 مىڭ 601 تونىنا، 1980 - يىلى 14 مىڭ 322 تونىنا، 1981 - يىلى 4452 تونىنا، 1982 - يىلى 5917 تونىنا، 1983 - يىلى 11 مىڭ 390 تونىنا سېتىۋېلىندى.

## 5§. كېرەكسىز ماددىي ئەشيالار

ناھىيە تەۋەسىدىكى كېرەكسىز ماددىي ئەشيالارنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى 50 - يىللاردىن تارتىپلا يىغىۋېلىشقا باشلىغان. كېرەكسىز ماددىي ئەشيالار ئىچىدە سۆڭەك، مىس، ئالىيۇمىن، قوغۇشۇن، پولات - تۆمۈر، كالا ۋە قوي مۆڭگۈزى قاتارلىقلار-نىڭ مىقدارى بىرقەدەر كۆپ. 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، سېتىۋېلىش سوممىسى يىلىغا 43 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلگەن.

**1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە يەتتە خىل كېرەكسىز ماددىي ئەشيانى سېتىۋېلىش ستاتىستىكا جەدۋىلى**

جەدۋەل 9 – 6 بىرلىكى: كىلوگرام

| تۈرى / يىللار | مىس | ئالىيۇمىن | قوغۇشۇن | سۇلياۋ | كالا - قوي مۆڭگۈزى | سۆڭەك | پولات - تۆمۈر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 7645 | 2809 | 1949 | 1804 | 3331 | 80104 | 212227 |
| 1979 | 4539 | 2299 | 1384 | 6663 | 392 | 37901 | 180954 |
| 1980 | 1723 | 414 | 620 | | 232 | 24215 | 15594 |
| 1981 | 3438 | 609 | 912 | 37 | 175 | 19146 | 280 |
| 1982 | 7557 | 2429 | 3955 | | | 18712 | 92819 |
| 1982 | 12714 | 6395 | 5402 | 1827 | 650 | 3201 | 77597 |

# III باب سېتىش

## §1. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى

**1. ماددىي ئەشيا**

1971 - يىلدىن ئىلگىرى، پولات ماتېرىيالى ۋە ياغاچ ماتېرىيالىغا ئوخشاش دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى تەقسىم قىلاتتى، ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى ۋە قومۇل ئورمانچىلىق مەيدانىدىن بىۋاسىتە ئېلىۋالاتتى. 1971 - يىلى ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى تەقسىم قىلىدىغان، ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى بېرىدىغان بولدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، پولات ماتېرىيالى، ياغاچ ماتېرىيالى، مىس، چويۇن، سېمونت ۋە ماشىنا - ئېلېكتر قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ پىلان ئىچىدىكى قىسمىدىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ تىجارىتى پۈتۈنلەي قويۇپ بېرىلدى، بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئاساسلىق ۋاستە بولۇپ قالدى.

**پولات ماتېرىيالى:** پىلان ئىچىدىكىسىدىن باشقا، ماددىي ئەشيا تارماقلىرى ۋە باشقا تارماقلار ھەمكارلىشىش ۋە ياكى ئارتۇق - كەمنى تەڭشەش چارىسى ئارقىلىق پولات ماتېرىيالى سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

**ياغاچ ماتېرىيالى:** قومۇل ئورمانچىلىق مەيدانىدىن چىقىدىغان ياغاچ دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدىغان ماددىي ئەشيا بولۇپ، يىللىق تەقسىم قىلىش مىقدارى ئاران 200 — 300 كۇب مېتىر ئىدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشلىرىغا ئېھتىياجلىق زور مىقداردىكى ياغاچ ماتېرىيالى يېزىلاردىكى ئورمان بەلباغلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن كېسىۋېتىلگەن ياغاچ ئارقىلىق ھەل قىلىنىپ، يىللىق تەمىنلەش مىقدارى 1000 كۇب مېتىردىن ئاشتى.

**سېمونت:** قومۇلدا سېمونتنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى بىرقەدەر قىسقا، 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى قىزىلىيۇلتۇز ئۆستىڭىنى ياسىغاندا سېمونتنىڭ ئورنىدا باشقا ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن، 60 - يىللاردا ئاز مىقداردىلا سېمونت يۆتكەپ كېلىنىپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قومۇلدا يېڭىدىن قۇرۇلغان بىرنەچچە سېمونت زاۋۇتى كەينى - كەينىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ناھىيىگە قارايدىغان ئاستانە سېمونت زاۋۇتى بىلەن پالۋانتۇر سېمونت زاۋۇتىمۇ كەينى - كەينىدىن پۈتتى، ھازىر ئادەتتىكى قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلىدىغان سېمونت بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**كۆمۈر:** شەھەر سانائىتىگە ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر بىلەن ئاھالىلەر تۇرمۇشىغا

ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈرنى، ئاساسلىقى، ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ كۆمۈر كانى بىلەن ناھىيىلىك كۆمۈر كان تەمىنلەيدۇ. يېزىلاردا تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان كۆمۈرنى تەمىنلەش چارىسى سەل ئوخشاشمايدۇ، تارانچى كۆمۈر كانىغا يىراق-يىراق گۇڭشې-دۈيدىكىلەر، ئادەتتە، ناھىيە بازىرىدىن سېتىۋالىدۇ، كۆمۈركاندىن بىۋاسىتە سېتىۋالىدىغانلىرىمۇ بار؛ 1982-يىلىدىن ئىلگىرى كۆمۈر كانىغا يېقىنراق قارا دۆۋە گۇڭشېسى، ئاستانە گۇڭشېسى ۋە دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئامما كۆمۈرنى كۆپىنچە كاننىڭ كۆمۈر قاتلىمى ئېچىلغان جايدىن «تېرىۋالاتتى». كېيىن، كۆمۈركان دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ھەممە يېقىن ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1982-يىلىدىن باشلاپ، ئائىلىلەر بويىچە نورما بەلگىلەپ، ئېتىبار باھادا بېلەتلىك تەمىنلەيدىغان، ھەر يىلى ھەر ئائىلىنى ئىككى توننا يېرىك كۆمۈر بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى، ھەر بىر تونىسىنىڭ باھاسى 15 يۈەن (بازاردا بىر توننا كۆمۈرنىڭ باھاسى 35 يۈەن). 1982-يىلى جەمئىي 12 مىڭ 970 توننا، 1983-يىلى جەمئىي 14 مىڭ 268 توننا كۆمۈر بىلەن تەمىنلىدى.

**1977-يىلىدىن 1983-يىلغىچە ناھىيىنىڭ ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش-سېتىش مىقدارى ۋە ئومۇمىي قىممىتى**

**جەدۋەل 9 — 7**

| تۈرى / يىللار | سېتىۋېلىش — سېتىش زاپىسى، ئومۇمىي قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | | | ئاساسلىق ماددىي ئەشيالارنى سېتىش مىقدارى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | زاپىسى | پولات ماتېريالى (توننا) | سېمونت (توننا) | ياغاچ ماتېريالى (كۇب مېتىر) | بالون، كامېر (دانە) | تاختا ئەينەك (ئۆلچەملىك ساندۇق) |
| 1977 | 95.5 | 101.6 | 42.2 | 144 | 565 | 388 | | |
| 1978 | 115.9 | 122.5 | 44.8 | | | | | |
| 1979 | 131.8 | 143 | 34 | 182 | 649 | 133 | | |
| 1980 | 130.2 | 129.3 | 41 | 316 | 1500 | 1031 | | |
| 1981 | 126.1 | 121.7 | 45 | 128 | 900 | 907 | 522 | |
| 1982 | 92.7 | 108.8 | 36.1 | 615 | 66 | 895 | 282 | 910 |
| 1983 | 118.7 | 136.6 | 57.7 | 521 | 58 | 204 | 794 | 1091 |

## 2. دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى

### (1) ئۇلاغ قوشۇلىدىغان يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يېزا ئىگىلىكىدىكى ھەمكارلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تىرنا، قوش چاقلىق، قوش چىشلىق ساپان، يېڭىچە تاق چىشلىق ساپان، 10 قۇرلۇق سيالكا ۋە ئۇلاغ قوشۇلىدىغان سۇ چىغىرىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلاغ قوشۇلىدىغان يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتكەنىدى. 1961 - يىلدىن كېيىن سېتىلىش مىقدارى بىراقلا ئازلاپ كەتتى. 1956 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە، ناھىيە بويىچە ئۇلاغ قوشۇلىدىغان يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن جەمئىي 2230 ى سېتىلىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 371.7 دىن توغرا كەلدى.

### (2) تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى

تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئاساسەن، كەتمەن، گۈرجەك ۋە ئورغاقتىن ئىبارەت. 1956 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە ۋە 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان 13 يىللىق ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ھەر خىل ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن جەمئىي 200 مىڭ 941 دانە سېتىلغان. يىللىق ئوتتۇرىچە سېتىلىش مىقدارى 15 مىڭ 457 دانىدىن توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 20 مىڭ 546 دانە سېتىلغان.

### (3) دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى

1958 - يىلى ناھىيە بويىچە تۇنجى تراكتور بار بولغاندىن باشلاپ، 1983 - يىل ئاخىرىغا قەدەر چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن 318 ى، قول تراكتورىدىن 241 ى، تراكتور سۆرەيدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن 250 ى، ئىككى كومبايىن، ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسىدىن 37 سى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلدىن 67 سى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پرىتسېپتىن 210 ى بار بولدى. بۇ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پىلان بويىچە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، گوڭشې ۋە مەيدانلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى. 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن جەمئىي 218 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 31.14 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 21 دانە سېتىلغان؛ يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن جەمئىي 863 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 123.28 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 43 دانە سېتىلغان؛ دېھقانچىلىقتا

ئىشلىتىلىدىغان سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە سۇغىرىش ماشىنىسى ھەم دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىدىن جەمئىي 124 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.77 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى ئىككى دانە سېتىلغان؛ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن جەمئىي 150 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21.42 دانە سېتىلغان؛ قول تراكتوردىن جەمئىي 106 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15.14 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 32 دانە سېتىلغان.

**1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىش ستاتىستىكا جەدۋىلى**

**جەدۋەل 9 — 8**

| 1983 | 1982 | 1981 | 1980 | 1979 | 1978 | 1977 | يىللار / تۈرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 21 | 5 | 14 | 22 | 34 | 55 | 67 | تراكتور سۆرەيدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى (دانە) |
| 43 | 173 | 159 | 135 | 113 | | 240 | يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى (دانە) |
| 2/52 | 36/651 | | 5/71.4 | 6/75 | 21/226 | 54/696 | دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ چىقىرىۋېتىش، سۇغىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى (ئات كۈچى / دانە) |
| 25/181 | 6/291 | 19/849 | 45/195 | 29/128 | 17/658 | 9/474 | تراكتور (ئات كۈچى / دانە) |
| 32/402 | 30/360 | 6/72 | 6/72 | 5/60 | 8/96 | 19/228 | قول تراكتورى (ئات كۈچى / دانە) |

**3. خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى**

## (1) خىمىيىۋى ئوغۇت

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن، ئېتىزلارغا خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىلىدىغان بولۇپ، سېتىلىش مىقدارى يىلمۇ يىل ئاشتى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغاچقا، سېتىش پىلان بويىچە قاتتىق كونترول قىلىنىدىغان بولدى. 1957 - يىلى پۈتۈن ناھىيە

بويىچە ئۈچ توننا، 1958 - يىلى 12 توننا سېتىلدى، 1959 - يىلى 77 توننىغا يەتتى، 1960 - يىلى شىددەت بىلەن ئېشىپ 604 توننىغا يەتتى، 1961 - يىلى ئازىيىپ 278 توننىغا، 1962 - يىلى 32 توننىغا چۈشۈپ قالدى. 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە، جەمئىي 5853 توننا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 975.5 توننا ئاشتى.

## (2) خىمىيىلىك دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە دورا پۈركۈش ئۈسكۈنىسى

كۆپ يىللاردىن بۇيان خىمىيىلىك دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن «666» ئاساس ئورۇندا، «ددۋ» ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. 1956 - يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە 1.8 توننا، 1957 - يىلى بىر توننا، 1958 - يىلى سەككىز توننا دېھقانچىلىق دورىسى سېتىلدى. 1959 - يىلدىن كېيىن سېتىلىش مىقدارى شىددەت بىلەن ئېشىپ، 1960 - يىلى 174 توننا، 1961 - يىلى 89.8 توننا سېتىلدى. 1963 - يىلدىن كېيىن، دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ يىللىق سېتىلىش مىقدارى، ئاساسەن، 10 — 20 توننا ئارىلىقىدا مۇقىملاشتى.

دورا پۈركۈش ئۈسكۈنىلىرىدە سۇيۇقلاندۇرۇلغان دورا پۈركۈش ئۈسكۈنىسى بىلەن ئۈنۈملۈك دورا پۈركۈش ئۈسكۈنىسى ئاساس قىلىنىپ، 1956 - يىلى 65 دانە، 1960 - يىلى 321 دانە، 1961 - يىلى 358 دانە سېتىلدى. 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە جەمئىي 519 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 86.5 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 247 دانە سېتىلدى.

1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە سېتىلغان خىمىيىۋى ئوغۇت مىقدارى

جەدۋەل 9 — 9　　بىرلىكى: ئەمەلىي توننا

| يىللار / تۈرى | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 1102 | 1292 | 831 | 1351 | 744 | 533 |
| ئازوتلۇق ئوغۇت | 1072 | 1276 | 831 | 1244 | 704 | 368 |
| بىرىكمە ئوغۇت | 30 | | | | 15 | 82 |
| فوسفورلۇق ئوغۇت | | 16 | | 107 | 25 | 83 |

### 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە سېتىلغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ مىقدارى

جەدۋەل 9 — 10 بىرلىكى: كىلوگرام

| تۈرى / يىللار | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 9115 | 12147 | 9720 | 10336 | 14895 | 14040 |
| «666» | 3667 | 8249 | 5607 | 8909 | 13087 | 10537 |
| «د د ت» | 265 | 120 | | | 100 | 120 |
| ترى خلوروفون | 1000 | 180 | | | 2 | |
| روگۇر | 186 | 227 | 136 | 216 | 163 | 540 |
| چۈپ يوقىتىش دورىسى | 1413 | 970 | 186 | 92 | 64 | 581 |
| تىمۇفوس (1605) | | | 10 | | | |
| ئۇرۇقلارنى ئىلاشتۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق دورىسى | | | 1779 | 200 | 100 | 283 |
| «د د ۋ» | 848 | 1136 | 1195 | 804 | 1211 | 1264 |
| باشقىلار | 1736 | 1265 | 807 | 115 | 168 | 715 |

### 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مايلىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل 9 — 11 بىرلىكى: توننا

| تۈرى / يىللار | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بېنزىن | | | 143.1 | 164.7 | 199.19 | 170.4 |
| سىلىقلاش مېيى | 29.9 | 43.89 | 40.65 | 78.22 | 35.85 | 33.48 |
| دىزېل | 539 | 683.8 | 811.8 | 806.88 | 750.6 | 804.57 |

4. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماي

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشى ۋە دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مايىنىڭ سېتىلىش مىقدارى يىلمۇ يىل ئاشتى. 50 – 60 - يىللاردا ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى مايىنى ئادەتتە يېزىلارغا بىۋاستە سېتىپ بېرەتتى، 70 - يىللاردىن باشلاپ تەمىنات – سودا كوپېراتىپى تەمىنلەيدىغان بولدى. 1983 - يىلى 170.4 توننا بېنزىن، 83.48 توننا سىلىقلاش مېيى، 804.57 توننا دىزېل سېتىلدى.

## §2. تۇرمۇش ۋاستىلىرى

1. ئاشلىق، ياغ

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىر مەزگىل (1959 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە) شەھەر ئاھالىلىرىگە ئاشلىق ۋە ياغ تەمىنلەپ بېرىش كەسپىگە مەسئۇل بولغاندىن تاشقىرى، باشقا يىللاردا يېزىلاردىن ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش، ساقلاش ۋە يۆتكەشكە، يېزىلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىلىرىنى ئاشلىق ۋە ياغ بىلەن تەمىنلەشكە، چارۋىچىلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە، شۇنىڭدەك ئاپەت تۈپەيلىدىن مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكەن ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىگە ئوزۇقلۇق ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ ئارتۇق - كېمىنى تەڭشەپ بېرىشكە مەسئۇل بولدى.

يېزىلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىلىرىگە ئوزۇقلۇق ئاشلىق ۋە ياغ سېتىپ بېرىش: يېزىلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىلىرى گۇڭشې ۋە مەيدانلاردىكى ئىشتىن ئايرىلغان كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچى، مال ساتقۇچى، مال سېتىۋالغۇچى، تېببىي خادىملار ۋە نوقۇل چارۋىچى ئاھالىلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار بەلگىلەنگەن تەمىنلەش ئۆلچىمى بويىچە يېقىن ئەتراپتىكى ئاشلىق پونكىتىدىن سېتىۋالىدۇ. 1981 - يىلدىن ئىلگىرى پۈتۈن ناھىيە بويىچە يىلىغا 1 مىليون جىڭدەك ئۈن تەمىنلىنەتتى، 1982 - يىلى كۆپىيىپ 1 مىليون 140 مىڭ جىڭغا، 1983 - يىلى 1 مىليون 520 مىڭ جىڭغا يەتتى. 1961 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان سېتىش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 854 مىڭ 300 جىڭدىن سېتىلغان. 1961 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ياغ بىلەن تەمىنلەش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24 مىڭ 600 جىڭدىن سېتىلغان.

قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش: ئاشلىق تارماقلىرى ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپەت تۈپەيلىدىن مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكەن ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنىڭ يەتمىگەن قىسمىنى تەكشۈرۈپ، بېكىتىلگەن سان بويىچە قايتۇرۇپ سېتىپ بەردى. 1961 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق جەمئىي 63 مىليون 483 مىڭ 500 جىڭ، يىللىق قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليون 760 مىڭ 200 جىڭ بولغان. ئەڭ ئاز قايتۇرۇپ

## 16 يىللىق ئاشلىق سېتىلىش مىقدارى ۋە زاپىسى

جەدۋەل 9 — 12     بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ

| يىللار | سېتىلىشى | | يۆتكىلىشى | | زاپىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| | غەيرىي يېزا ئىگىلىكى | يېزا ئىگىلىكى | يۆتكەپ كېلىنگىنى | يۆتكەپ بېرىلگىنى | |
| 1953 | 117 | | 491 | 3 | 988 |
| 1955 | 824 | 39 | 566 | 15 | 1858 |
| 1957 | 1210 | 240 | 820 | 402 | 2071 |
| 1959 | 4372 | 359 | 2722 | 6 | 1029 |
| 1961 | 116 | 380 | 466 | 929 | 269 |
| 1963 | 61 | 135 | 36 | 980 | 259 |
| 1965 | 47 | 49 | 33 | 976 | 814 |
| 1967 | 71 | 151 | 1226 | 319 | 2085 |
| 1969 | 73 | 304 | 160 | 892 | 983 |
| 1971 | 88 | 238 | 286 | 1103 | 1934 |
| 1973 | 84 | 367 | 158 | 983 | 506 |
| 1975 | 85 | 384 | 424 | 1142 | 804 |
| 1977 | 98 | 299 | 165 | 1310 | 638 |
| 1979 | 88 | 440 | 821 | 1036 | 1007 |
| 1981 | 114 | 490 | 347 | 1348 | 906 |
| 1983 | 152 | 481 | 372 | 1799 | 801 |

سېتىپ بېرىلگەن يىلى نەچچە 100 مىڭ جىڭ بولغان، ئەڭ كۆپ قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن يىلى 4 مىليون 960 مىڭ جىڭغا يەتكەن.

ئۇرۇقلۇق سېتىش: ئۇرۇقلۇقنىڭ ئارتۇق ـ كېمىنى تەڭشەش ۋە ئەلا سورتلۇق ئاشلىقلارنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنىمۇ ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇردى.

**14 يىللىق ياغلىق دان سېتىلىش مىقدارى ۋە زاپىسى**

جەدۋەل 9 — 13 بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ

| يىللار | سېتىلىشى | | يۆتكىلىشى | | زاپىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئەيرى يېزا ئىگىلىكى | يېزا ئىگىلىكى | يۆتكەپ كېلىنگىنى | يۆتكەپ بېرىلگىنى | |
| 1957 | 33.5 | 7.49 | 23.6 | | 54.1 |
| 1959 | 74.8 | 4.4 | 50 | | 68 |
| 1961 | 1.5 | 0.5 | 0.18 | 0.57 | 19.50 |
| 1963 | 0.04 | 0.29 | | 3.41 | 26 |
| 1665 | 0.4 | 0.21 | 0.08 | 9.72 | 10.7 |
| 1967 | 8.25 | 0.22 | 18.09 | 14.5 | 19.2 |
| 1969 | 0.72 | 0.13 | 13.2 | 11 | 49.8 |
| 1971 | 6.17 | 0.55 | 4.1 | 29 | 47.1 |
| 1973 | 2.8 | 0.46 | 3.56 | 11.67 | 40.6 |
| 1975 | 0.95 | 0.77 | 0.95 | 4.75 | 60.4 |
| 1977 | 1.14 | 1.18 | 2.37 | 18.73 | 86 |
| 1979 | 2.36 | 1.34 | 0.71 | 17.15 | 76.5 |
| 1981 | 4.34 | 3.27 | 0.27 | 2.21 | 93.3 |
| 1983 | 17.48 | 9.94 | 0.73 | 19.28 | 66 |

1961-يىلدىن 1983-يىلغىچە بولغان ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، سېتىلغان ۋە ئالماشتۇرۇلغان ئۇرۇقلۇق 4 مىليون 511 مىڭ 200 جىڭ بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 205 مىڭ جىڭ سېتىلغان ۋە ئالماشتۇرۇلغان. ئەڭ ئاز سېتىلغان يىلدا نەچچە 10 مىڭ جىڭ، ئەڭ كۆپ بولغان يىلدا 412 مىڭ جىڭ سېتىلغان.

كەندىر ئېكسپورت قىلىش: 1971- ۋە 1972-يىللىرى، تاشقى سودا تارماقلىرى بىر تۈركۈم كەندىر ئېكسپورت قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى، ئىككى يىلدا جەمئىي 279 مىڭ 800 جىڭ ئېكسپورت قىلىندى.

### 2. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر

چاي: ئاساسلىقى، خىش چاي بىلەن قارا چاينى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى خىل چاي ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىچىملىك، خۇسۇسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ياخشى كۆرىدۇ. 1956-يىلدىن 1983-يىلغىچە بولغان 19 يىلدا، ناھىيە بويىچە جەمئىي 1458·26 توننا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 76·75 توننا چاي سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1956-يىلى 44·9 توننا، 1983-يىلى 84·9 توننا سېتىلدى. 1983-يىلى 1956-يىلىغا قارىغاندا 89% ئاشتى.

شېكەر: شېكەر، ئاساسلىقى، ئاق شېكەر، قەنت ۋە مېۋىدىن ئىشلەنگەن ھەر خىل كەمپۇتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1956-يىلدىن 1983-يىلغىچە بولغان 19 يىلدا، ناھىيە بويىچە ھەر خىل شېكەردىن جەمئىي 1251 توننا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 65·84 توننا سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1956-يىلى 27·6 توننا، 1983-يىلى 101·8 توننا سېتىلدى. 1983-يىلى 1956-يىلىغا قارىغاندا 269% ئاشتى.

ئاق ھاراق: ئاق ھاراق، ئاساسلىقى، پارچە ئاق ھاراق ۋە بوتۇلكىلىق ئاق ھاراقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقايسى يىللاردىكى ئىستېمال قىلىنىش مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىرقەدەر زور بولۇپ، 1956-يىلدىن 1983-يىلغىچە بولغان 19 يىلدا، ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئاق ھاراقتىن 683·25 توننا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 35·96 توننا سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1956-يىلى 11·2 توننا، 1983-يىلى 89 توننا سېتىلدى. 1983-يىلى 1956-يىلىغا قارىغاندا 6·94 ھەسسە ئاشتى.

تاماكا: 1974-يىلدىن 1983-يىلغىچە جەمئىي 576 مىڭ 442 پاچكا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 64 مىڭ 49 پاچكا تاماكا سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1974-يىلى 35 مىڭ 235 پاچكا، 1983-يىلى 40 مىڭ 500 پاچكا سېتىلدى. 1983-يىلى 1974-يىلىغا قارىغاندا 14·94% ئاشتى.

### 3. توقۇمىچىلىق ۋە تىكىمە توقۇلما بۇيۇملىرى

پاختا رەخت: 1974-يىلدىن 1983-يىلغىچە جەمئىي 5 مىليون 336

مىلك 800 مېتر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 533 مىلك 700 مېتر پاختا رەخت سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1974-يىلى 603 مىلك 700 مېتر، 1983-يىلى 299 مىلك 500 مېتر سېتىلدى. 1983-يىلى 1974-يىلىغا قارىغاندا 49.61% كېمىيىپ كەتتى.

خىمىيىۋى تالالىق رەخت ۋە ئارىلاشما تالالىق رەخت: 1974-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە جەمئىي 399 مىلك مېتر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 39 مىلك 900 مېتر خىمىيىۋى تالالىق رەخت ۋە پاختا-خىمىيىۋى تالا ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەخت سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1974-يىلى 11 مىلك 700 مېتر، 1983-يىلى 41 مىلك مېتر سېتىلدى. 1983-يىلى 1974-يىلىغا قارىغاندا 250% ئاشتى.

تاۋار - دۇردۇن: 1978-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە جەمئىي 214 مىلك مېتر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 35 مىلك 670 مېتر سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1978-يىلى 23 مىلك 547 مېتر، 1983-يىلى 60 مىلك 358 مېتر سېتىلدى. 1983-يىلى 1978-يىلىغا قارىغاندا 156% ئاشتى.

پاختا ۋە يۇڭ يىپتىن ئىشلەنگەن مايكا ۋە ئىشتان: 1976-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە جەمئىي 67 مىلك 974 ي، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8496.75 ي سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1976-يىلى 7791 ي، 1983-يىلى 9355 ي سېتىلدى. 1983-يىلى 1976-يىلىغا قارىغاندا 20% ئاشتى.

مايكا ۋە كۇسار: 1976-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە جەمئىي 45 مىلك 49 ي، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5631 ي سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1976-يىلى 4828 ي، 1983-يىلى 5431 ي سېتىلدى. 1983-يىلى 1976-يىلىغا قارىغاندا 12.5% ئاشتى.

كالتە يەڭ مايكا ۋە ئاسما مايكا: 1976-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە جەمئىي 197 مىلك 492 سى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24 مىلك 686.5 ي سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1983-يىلى 18 مىلك 245 ي سېتىلدى.

**4. كۈندىلىك بۇيۇملار**

پاختا: پاختا يوتقان پاختىسى ۋە پاختىلىق كىيىملەرگە ئىشلىتىلىدىغان پاختىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1975-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە جەمئىي 375 مىلك 750 كىلوگرام، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 41 مىلك 750 كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە 1983-يىلى 46 مىلك 100 كىلوگرام سېتىلدى.

ساپال ۋە فارفور قاچىلار: ساپال ۋە فارفور قاچىلار ئىچىدە چىنىنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا تەخسە كۆپ. 1974-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە جەمئىي 462 مىلك 779 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 51 مىلك 420 دانە. بۇنىڭ ئىچىدە 1982-يىلى 44 مىلك 484 دانە سېتىلدى.

سەرەڭگە: 1976 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە جەمئىي 11 مىڭ 300 يەشىك (ھەربىر يەشىككە 100 بولاق قاچىلىنىدۇ)، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1412·5 يەشىك، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 1209 يەشىك سېتىلدى.

سوپۇن: 1976 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە جەمئىي 7940 يەشىك (ھەربىر يەشىككە 60 پارچە قاچىلىنىدۇ)، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 992·5 يەشىك، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 547 يەشىك سېتىلدى.

سوپۇن پاراشوكى: 1976 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە جەمئىي 371 مىڭ 388 كىلوگرام، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 46 مىڭ 423·5 كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 47 مىڭ 989 كىلوگرام سېتىلدى.

چايدان: 1976 - يىلىدىن 1983 - يىلىغا قەدەر جەمئىي 26 مىڭ 743 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3342·87 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 3134 دانە سېتىلدى.

رېزىنكە ئاياغ: 1976 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە 150 مىڭ 982 جۈپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18 مىڭ 872·75 جۈپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 15 مىڭ 895 جۈپ سېتىلدى.

ئادەتتىكى لامپۇچكا: 1976 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە جەمئىي 289 مىڭ 564 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 36 مىڭ 195·5 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 46 مىڭ 109 دانە سېتىلدى.

**5. چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى**

ۋېلىسىپىت: 1976 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە جەمئىي 13 مىڭ 133 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1641·6 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 1811 دانە سېتىلدى.

كىيىم تىكىش ماشىنىسى: 1976 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە 5505 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 688·12 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 790 دانە سېتىلدى.

يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئو قوبۇللىغۇچ: 1976 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە 4118 دانە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 514·75 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 - يىلى 254 دانە سېتىلدى.

تېلېۋىزور: تېلېۋىزورنىڭ تىجارەت يوللىرى بىرقەدەر كۆپ، 1983 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدا جەمئىي 317 نى ساتتى.

# قوشۇمچە: سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سودا ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سودا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپىدە ئورنى دېشىپىڭ كوچىسىدا ئىدى، كېيىن دۆلەت قۇرۇش يولىغا يۆتكەلدى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) ئەتىيازدا، كەسىپ ئېھتىياجى بىلەن شەھەر ئىچىنىڭ جەنۇبىدا بىر مويكا قۇرغان. مەزكۇر باشقارمىنىڭ ئاساسلىق خىزمەتچىلىرى ئۆلكىلىك شىركەتتىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، قالغان ئىشچىلار قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن ياللانغان.

مەزكۇر باشقارمىنىڭ قۇمۇلدىكى ئاساسلىق كەسپى سوۋېت ماللىرىغا تېرە ۋە يۇڭ ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ھەرقايسى ماگىزىنلار بىلەن سودا توختامى تۈزۈپ، توختامغا شىركەت تەمىنلەيدىغان تاۋارلارنىڭ نامى، ئۆلچىمى، مىقدارى، باھاسى، مال تاپشۇرۇش قەرەلى ۋە ماگىزىنلار شىركەتكە سېتىپ بېرىدىغان تېرە ۋە يۇڭنىڭ تۈرى، رەڭگى، مىقدارى ۋە مال تاپشۇرۇش قەرەلىنى ئېنىق يازاتتى. توختام ئۈچ نۇسخا پۈتۈلەتتى، ئىككى تەرەپنىڭ قولىدا بىر نۇسخىدىن تۇراتتى، يەنە بىر نۇسخىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئەنگە ئالغۇزۇپ قويۇلاتتى. باشقارما توختام بويىچە ئۇرۇمچى باش شىركىتىدىن مال ئالاتتى. مال كەلگەندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ماگىزىنلارنىڭ مالنى ئېلىۋېلىشىنى ئۇقتۇرۇپ قوياتتى. بەزى ئۇششاق تاۋارلار ئۈستىدە توختام تۈزۈپ ئولتۇرمايتتى، ماگىزىنلار باشقارمىدىن مال ئەۋرىشكىسىنى كۆرۈپ بىۋاستە سېتىۋالاتتى. مەزكۇر باشقارما ھەر مىللەت سودىگەرلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ھەمدە تەڭ پايدا كۆرۈش ئۈچۈن، ۋۇ يۇڭنىيەننى خۇيزۇلارنىڭ ۋەكىلى، شى دىيەنيۈەن ۋە گو ۋېنجيەننى خەنزۇلارنىڭ ۋەكىلى، مەھەممەت ھاجى، ئىبراھىم ئاخۇن ۋە شېرىپبايىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ بەلگىلىگەن. مۇشۇ ۋەكىللەر باشقارما بىلەن سودا ئالاقىسى قىلاتتى. بەزى قىس ماددىي ئەشيالارنى ئالدى بىلەن ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىستېمال كوپېراتىپى تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، تاۋارلارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سودا ۋەكىللىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرەتتى، ئاندىن سودا ۋەكىللىرى ماگىزىنلارغا تەقسىم قىلىپ بېرەتتى.

سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سودا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق سېتىۋېلىنغان تېرە ۋە يۇڭلارنى يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ۋە رەتلەپ تاڭغاندىن كېيىن، ئاپتوموبىل، تۆگە ياكى ئايروپىلان ئارقىلىق ئۈرۈمچى باش شىركىتىگە يۆتكىۋېتىپ بېرەتتى، ئاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلاتتى.

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) دىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ كوممۇنىستىك

پارتىيىسىگە قارشى ئەپتى-بەشىرىسى بارا-بارا ئاشكارىلاندى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇ باشقارمىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە چەكلەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوۋېت-شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى، جايلاردىكى باشقارمىلار سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاشقا باشلىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىمزالانغان جۇڭگو-سوۋېت مال ئالماشتۇرۇش توختاملىرىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشكە تېگىشلىك قوي يۇڭى، ۋولفرام كېپىكى، قوغۇشۇن ۋە قەلەي قاتارلىقلار تېخى توشۇپ بولۇنمىغاچقا، قۇمۇل سودا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بۇيرۇققا بىنائەن يۇقىرىقى كەسپلەرنى بېجىرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى ھەمدە مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) شىڭشىڭشيادا سودا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلدى. تا مىنگونىڭ 37-يىلى (1948-يىلى) ئەتىيازدا ئىككى تەرەپ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ماللار پۈتۈنلەي توشۇلۇپ بولغان، بارلىق رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن، مەزكۇر باشقارما ۋە شىڭشىڭشيادىكى ئىش بېجىرىش ئورنى بۇيرۇققا بىنائەن رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۆيلىرى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، جاھاز-مەنقۇلاتلىرى ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئەرزان باھادا سېتىۋېتىلدى، سوۋېت تەۋەلىكىدىكى خادىملار پۈتۈنلەي ئۆز دۆلىتىگە قايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئونىنچى قىسىم سودا ـ سانائەتنى

# مەمۇرىي باشقۇرۇش

1950 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە سودا ـ سانائەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، 1958 ـ يىلى مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى. 1952 ـ يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بازار باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىندى، 1959 ـ يىلى نامى ئۆزگەرتىلىپ مال باھاسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى دەپ ئاتالدى. 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مال باھاسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

قۇمۇلنىڭ يېزىلىرىدا بازار قىلىش ئادىتى يوق. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن توغۇچى قاتارلىق جايلاردا قەرەللىك بازار قۇرۇلغان بولسىمۇ، يەر كەڭ، ئادەم شالاڭ، تاۋار ئاز بولغاچقا، بازار شەكىللەنمەي قالدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بېرى، ئەركىن بازار سودىسى بىر قانچە قېتىم ئاۋاتلىشىپ، بىرقانچە قېتىم سۇسلاشتى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شەھەر ئەركىن بازار سودىسى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى ۋە كېڭەيدى.

سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش جەھەتتە، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئاساسلىقى، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى ۋە ئۇششاق سودىگەرلەر ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، تىزىملاندى ۋە باشقۇرۇلدى. 1956- يىلى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىپ باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئۇششاق سودىگەرلەر، يايمىچىلار ۋە يەككە قول سانائەتچىلەر ھەمكارلىشىش يولىغا ماڭدى، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن توختاپ قالدى. 1979- يىلدىن كېيىن، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. 1983- يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ناھىيە بويىچە شەھەر، يېزىلاردىن بولۇپ 166 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ كارخانىغا، 308 يەككە سودا ـ سانائەتچىگە تىجارەت كىنىشكىسى تەستىقلاپ تارقىتىپ بېرىلدى.

قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى بولدى. 1977- يىلدىن 1978- يىلغىچە، قانۇنغا خىلاپ 247 ئەنزە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل، مال ۋە قويۇلغان جەرىمانە سوممىسى 13 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1982- يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە جەمئىي قانۇنغا خىلاپ 83 ئەنزە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل، مال ۋە قويۇلغان جەرىمانە سوممىسى 66 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

# I باب كارخانىلارنى تىزىملاش

## 18. خۇسۇسىي كارخانىلارنى تىزىملاش

1951 - يىل 12 - ئايدىن باشلاپ پۈتۈن ناھىيىدىكى سودا ـ سانائەتچىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش ئېلىپ بېرىلىپ، 2 - يىلى 7 - ئايدا ئاياغلاشتى. 21 ساھە بويىچە جەمئىي 1408 سودا ـ سانائەتچى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېچىتىش كەسپى بويىچە 24، تارتىش (ئۇن ۋە ياغ) كەسپى بويىچە 188، رېمونتچىلىق كەسپى بويىچە 22، مېتالچىلىق كەسپى بويىچە 66، تىكىمچىلىك كەسپى بويىچە 40، تېرە ـ يۇڭ پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى بويىچە 103، ياغاچچىلىق كەسپى بويىچە 23، خىشچىلىق ۋە ھاكچىلىق كەسپى بويىچە تۆت، ساتىراشلىق ۋە مونچا كەسپى بويىچە 14، جۇڭيى ۋە غەربچە تىببىي دورىگەرلىك كەسپى بويىچە 23، ساراي ئېچىش كەسپى بويىچە 13، يەرلىك مەھسۇلات ۋە مىلچىماللار كەسپى بويىچە 205، گەزماللىق كەسپى بويىچە 54، كىتاب ۋە مەدەنىي بۇيۇملار بويىچە توققۇز، قاسساپچىلىق كەسپى بويىچە 81، يېمەكلىك ئىشلەش ۋە پارچە سېتىش كەسپى بويىچە 59، تاماكا پارچە سېتىش كەسپى بويىچە 35، ترانسپورت كەسپى بويىچە 223، چىش سېلىش ۋە رەسىم تارتىش كەسپى بويىچە توققۇز، يايمىچىلىق كەسپى بويىچە 152، باشقىلار بويىچە 61 سودا ـ سانائەتچى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاندى. بارلىق سودا ـ سانائەتچىلەر (جۈملىدىن يايمىچىلار) نىڭ تۇراقسىز مەبلىغى 478 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكى 531 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش مەزگىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، نۇرغۇن سودا ـ سانائەتچىلەر تىجارەت قىلىش تەس بولۇش سەۋەبى بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئىشتىن توختاپ قالدى. «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدىن كېيىن، ھۆكۈمەت سودا ـ سانائەت كەسپىگە قارىتا بىرقەدەر زور كۆلەمدە تەڭشەش ئېلىپ باردى، ئاساسلىقى، تىجارەت قىلىشتا قىيىنچىلىققا يولۇققان، كۈنى تەس بولۇپ قالغان سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە يايمىچىلارنىڭ كەسپىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەردى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قۇمۇل ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە يېزىغا ماكانلىشىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. باشقا كەسپكە تىكلەرنىڭمۇ نۇرغۇنلىرى ئۆزلۈكىدىن ئىشنى توختىتىپ، باشقا چىقىش يولى تاپتى. تەڭشەش ئارقىلىق، جەمئىي 481 سودا ـ سانائەتچى كېمىيىپ، 927 سى قېپقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت بويىچە 437، سودا بويىچە 490. سودا ـ سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار ـ يۆلەك بولۇش يۈزىسىدىن، بانكا 14 ساھە بويىچە 212 سودا ـ سانائەتچىگە جەمئىي 87 مىڭ 400 يۈەن قەرز پۇل بەردى.

1953 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تىجارەت قىلىشنى باشلاش، تىجارەتنى توختىتىش، كەسپىنى ئالماشتۇرۇش،

ئىشتىن توختاش ۋە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىش قاتارلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقاردى. تىجارەت قىلىشنى باشلاش توغرىسىدا، تىجارەتنى باشلاشتىن 15 كۈن ئىلگىرى ئىلتىماس قىلىپ تىزىملاش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ، تەستىقلاتقان ھەمدە تىجارەت قىلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن تىجارەت قىلىشنى باشلاشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى؛ كەسىپ ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا، كەسىپ ئالماشتۇرۇشتىن 15 كۈن ئىلگىرى كەسىپنى ئالماشتۇرۇش سەۋەبىنى ئۇقتۇرۇپ، سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىگە مەلۇم قىلسا ھەمدە ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، كەسىپنى ئالماشتۇرۇپ تىجارەت قىلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلسە، ئاندىن كەسىپنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى؛ تىجارەتنى توختىتىش توغرىسىدا، تىجارەتنى توختىتىشتىن 20 كۈن ئىلگىرى تىجارىتىنى توختىتىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆز كەسىپىنىڭ ئۇيۇشمىسى ۋە سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىگە ۋە ئۇلار ئارقىلىق سودا ـ سانائەت بۆلۈمىگە مەلۇم قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، تىجارەت كىنىشكىسىنى تاپشۇرسا، ئاندىن تىجارىتىنى توختىتىشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى؛ ئىشتىن توختاش توغرىسىدا، ئىشنى تۆت ـ بەش كۈن توختىتىدىغانلار كەسىپداشلار جەمئىيىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، بىرەر ئايچە توختىتىدىغانلار، كەسىپداشلار جەمئىيىتى سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسى بىلەن سودا ـ سانائەت بۆلۈمىگە مەلۇم قىلىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن توختىتىشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ۋە شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىش توغرىسىدا، ئالدى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىگە ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق سودا ـ سانائەت بۆلۈمىگە مەلۇم قىلىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، تىجارەت قىلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلسە، ئاندىن تىجارىتىنى باشلاشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن باشقا، تۈزۈم بويىچە ئىش قىلمىغانلارنى جازالاش توغرىسىدىمۇ كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى.

1956 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە شەھەر ۋە يېزىلاردىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەر ئائىلىسى 934، ئىشلىگۈچى ئادەم سانى 1220 نەپەر، مەبلىغى 1 مىليون 482 مىڭ يۈەن بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى سودا ـ سانائەتچىلەر ئائىلىسى 149، ئىشلىگۈچى ئادەم سانى 191 نەپەر، مەبلىغى 75 مىڭ 900 يۈەن بولغان. پۈتۈن ناھىيىدىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنى ساھە بويىچە ئايرىغاندا: سودا ساھەسىدىكىلەر 294 ئائىلە، يېمەك ـ ئىچمەك ساھەسىدىكىلەر 124 ئائىلە، مۇلازىمەت ساھەسىدىكىلەر 25 ئائىلە، ترانسپورت ساھەسىدىكىلەر 120 ئائىلە، قول سانائەت ساھەسىدىكىلەر 371 ئائىلە. قول ئىلكىدىكى مەبلەغنىڭ مىقدارى بويىچە ئايرىغاندا، 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىلىرى 21 ئائىلە، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن، 4000 يۈەندىن يۇقىرىلىرى 51 ئائىلە، 4000 يۈەندىن تۆۋەن، 1000 يۈەندىن يۇقىرىلىرى 237 ئائىلە، 1000 يۈەندىن تۆۋەنلىرى 625.

1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە كاپىتالىستىك خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى، 95 پرسەنتتىن ئارتۇق سودا ـ سانائەتچى ئوخشىمىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكەنلەر 37 ئائىلە، ھۆكۈمەت بىلەن شېرىكلەشكەنلەر 118 ئائىلە، ھەمكارلىق ماگىزىنلىرى ۋە ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىغا قاتناشقانلار 642 ئائىلە، يېزىلارغا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلەر 93 ئائىلە، ئۆزگەرتىلمىگەنلەر 44 ئائىلە.

1957 ـ يىللىق ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن ناھىيىدىكى 390 يايمىچى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن: توققۇزى دۆلەت ئىگىلىكىگە ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا قوبۇل قىلىنغان، 11 ى شېرىكچىلىك كارخانىلىرىغا قاتناشتۇرۇلغان، 19 ى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىغا قاتناشتۇرۇلغان، 50 ى ھەمكارلىق ماگىزىنلىرىنى تەشكىل قىلغان. (بۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك مال ـ لار ماگىزىنى 27، ھاراق ـ تاماكا ماگىزىنى توققۇز، كۆكتات ماگىزىنى 14)، 184 ى تارقاق تىجارەت قىلىدىغان، پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ھەمكارلىق ماگىزىنلىرىغا تەشكىللەنگەن (بۇنىڭ ئىچىدە مىلىچماللار ماگىزىنى 93 بولۇپ، قارىمىقىدا سەككىز تىجارەت گۇرۇپپىسى بار؛ يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت ھەمكارلىق ماگىزىنى 91 بولۇپ، قارىمىقىدا سەككىز تىجارەت گۇرۇپپىسى بار)، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلار ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىغا ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىدىغانلار 82، تارقاق تىجارەت قىلىپ بىرتۇتاش باشقۇرۇلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرىدىكىلەر 21، بۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىنغانلار 14.

ناھىيىلىك بازار باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ 1962 ـ يىللىق ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ناھىيە بازىرىدا 279 ئۇششاق سودىگەر بار بولۇپ، مەركەزنىڭ «دائىرىسىنى تارايتىش، تەدرىجىي ئورنىغا دەسسىتىش» سىياسىتىگە ئاساسەن، 69 نەپىرى داۋاملىق تىجارەت قىلىشقا تەستىقلانغان، قالغان 210 نەپىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، 1963 ـ يىلى تىجارەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان ئۇششاق سودىگەرلەر 199 بولۇپ، 57 سى تەستىقلانغان. 1965 ـ يىلى 40 ئۇششاق سودىگەر تىجارەت قىلىشقا تەستىقلانغان. 1966 ـ يىلى 26 سى تەستىقلانغان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئىلىپ بېرىلغان 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، سانى ناھايىتى ئاز قالغان يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر يەنە «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» دەپ قارىلىپ، كۆرەش قىلىندى، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىلدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن، خۇسۇسەن 1980 ـ يىلىدىن كېيىن، ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇش سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شەھەر ـ يېزىلاردا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر تېز كۆپەيدى. 1980 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئائىلىسى ئاران 21 ئىدى، 1981 ـ يىلى 67 گە، 1982 ـ يىلى 90 گە يەتتى، 1983 ـ يىلى تېز كۆپىيىپ 308

گە يەتتى. 308 ئائىلە ئىچىدە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 141 بولۇپ، ئىشلىگۈچى ئادەم سانى 169؛ يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 28 بولۇپ، ئىشلىگۈچى ئادەم سانى 48؛ مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 26 بولۇپ، ئىشلىگۈچى ئادەم سانى 27؛ رېمونتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 45 بولۇپ، ئىشلىگۈچى ئادەم سانى 45؛ قول سانائىتى ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 68 بولۇپ، ئىشلىگۈچى ئادەم سانى 140.

## §2. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە كوللېكتىپ كارخانىلىرىنى تىزىملاش

1957- يىلى، ناھىيە بويىچە تەستىقلاپ تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلگەن ۋىلايەت ۋە ناھىيىگە قاراشلىق بازار ھەم يېزىلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلار، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ماگىزىنلار، ھەمكارلىق ماگىزىنلىرى، شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىدىغا ئوخشاش سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى 217، ئادەم سانى 1964 نەپەر، تىزىمغا ئالدۇرغان ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى 11 مىليون 657 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى 122، ئادەم سانى 1352 نەپەر، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 10 مىليون 260 مىڭ يۈەن. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى ئالتە، ئادەم سانى 52 نەپەر، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 562 مىڭ يۈەن. ھەمكارلىق سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى 89، ئادەم سانى 560 نەپەر، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 835 مىڭ يۈەن.

1979- يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەستىقلاپ تىجارەت قىلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلگەن ناھىيىگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى 89، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىلىرى 52، سودا كارخانىلىرى 37. سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار 30، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار 22، سودا كارخانىلىرى ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار 32، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار بەش.

1983- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە تەستىقلاپ تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلگەن شەھەر ـ يېزىلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى جەمئىي 166. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىلىرى 84، سودا كارخانىلىرى 82. سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار 37، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار 47. سودا كارخانىلىرى ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار 36، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار 46.

# II باب بازار باشقۇرۇش

## 1§. بازارلارنىڭ ئۆزگىرىشى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بازاردىكى يايمىچىلار ۋە بازارغا دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كىرىپ ساتىدىغان دېھقانلار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، مۇقىم سودا بازىرى بولمىغاچقا، تەرتىپ قالايمىقانراق ئىدى. 1951- يىلىدىن باشلاپ، مۇقىم چارۋا ۋە ئاشلىق بازىرى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىنىپ، 2- يىلى 6- ئايدا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 12 مىڭ 925 دادەن ئاشلىق، 748 دادەن ياغلىق دان، 23 مىڭ 213 تۇياق ھەر خىل چارۋا سودا قىلىندى. مۇقىم بازار قۇرۇلغاندىن كېيىن، بېدىكچىلىك قىلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش چەكلەندى، مال باھاسى تۇراقلاشتۇرۇلدى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئىتى قوغدالدى. 1953 ـ يىل 4- ئاينىڭ 6- كۈنى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىككى جايىنى تۇرلۇك ماللار ۋە گەزمال بازىرى، ئىككى جايىنى ئاشلىق ۋە چارۋا بازىرى، تۆت جايىنى كۆكتات ۋە گۆش بازىرى، ئۈچ جايىنى ئوتۇن ـ سامان بازىرى، ئۈچ جايىنى ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋا قويۇش ئورنى قىلىپ، بازارنى جەمئىي 14 جايغا ئايرىدى.

1953- يىل 12- ئاينىڭ 12- كۈنى توغۇچى رايونلۇق مەھكىمە تۇرۇشلۇق جايدا بازار سودىسى قىلىنىشقا باشلىدى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئايدا ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى كۈن بازار قىلىش بەلگىلەندى. ئاما ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا داۋاملاشماي قالدى.

1956- يىلى، كاپىتالىستىك خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاساسەن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق كوپىراتىپى سودىسى ئاساس قىلىنغان، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ۋە ھەمكارلىق ماگىزىنلىرى قوشۇمچە قىلىنغان بازار ئەندىزىسى شەكىللەندى. بۇنىڭدىن باشقا، ناھىيە بازىرىدا يەنە پەسىل خاراكتېرلىك بازار سودىسى بولۇپ تۇردى، يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى ۋە باشقا دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كىرىپ ساتتى. ناھىيە بازىرىدىكى جۇڭسەن يولىنىڭ شىمالىي قىسمىدا، ئاقيەر كوۋرۈكىدە، كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ۋە پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئەتراپىدا يېڭى سودا بازارلىرى تەدرىجىي شەكىللەندى. 1962- يىلى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن، بىرقانچە ماددىلىق «بازار باشقۇرۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىش توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. 1963- يىلى، مەركەزنىڭ بازار سودىسىغا قارات-

قان «باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دائىرىسىنى تارايتىش، تەدرىجىي ئورنىغا دەسسىتىش، پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش» سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون قۇمۇلنى شىنجاڭدىكى بەش چوڭ-ئوتتۇرا شەھەرنىڭ بىرى قىلغاچقا، بازار سودىسى قانات يايدۇرۇلمىدى. 1964- يىلى، خەلق ئىگىلىكى ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بازار سودىسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە كۈندىن-كۈنگە جانلاندى. شىمالىي جۈگسەن يېزا ۋە پويىز ئىستانسىسىدىكى سودا بازىرىغا كۈنگە بارىدىغان ئادەم سانى 300—400 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى، كۆكتات، قۇرۇق ۋە ھۆل مېۋە-چېۋىلەرنىڭ باھاسى تۇراقلىق بولۇپلا قالماستىن، ئومۇمەن 1962- يىلدىكىگە قارىغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 30% تۆۋەنلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، شەھەر-يېزا بازارلىرى ئىنتايىن نورمالسىز بولدى، دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ سېتىشىمۇ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق» دەپ قارىلىپ، ھەرخىل چەكلىمىلەرگە ئۇچرىدى. 1974- يىل 10- ئايدا، «ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» دە: قۇمۇل قاتارلىق بەش چوڭ-ئوتتۇرا شەھەردە يەنىلا 1963- يىلدىكى قارار ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى تەكىتلەنگەچكە، بازار سودىسى قانات يايدۇرۇلمىدى. شەھەر سودا بازىرى يەنە بىر قېتىم تاقىۋېتىلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار بولغاندىن كېيىن، خۇسۇسەن پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شەھەر-يېزا بازارلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى ھەم كېڭەيدى. 1983- يىلدىن باشلاپ، شەھەردىكى مەدەنىيەت يولى، پويىز ئىستانسىسى ۋە تارانچى كان رايونىدىكى بازارلار دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، بازارغا سېلىنىدىغان ئاساسلىق ماللار قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق گۇڭشېلاردىكى دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ۋە بەزى يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت بولدى. شەھەر-يېزىلاردىكى بازار سودىسىدا سودا قىلىش سوممىسى 1980- يىلى 3 مىليون يۈەندىن، 1981- يىلى 4 مىليون يۈەندىن ئاشتى، 1983- يىلى 5 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §2. قانۇنسىز تىجارەت قىلىشقا زەربە بېرىش

1950- يىل 10- ئايدا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى، قۇمۇلدىكى بەزى قانۇنسىز سودىگەرلەر پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ باھانى ئۆستۈرۈپ، ماللارنى بەس-بەس بىلەن سېتىۋېلىپ، بېسىمدارلىق قىلدى. ئاشلىق ۋە كۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ باھاسى بىرمەھەل شىددەت بىلەن ئۆسۈپ كەتتى. يېڭى قۇرۇلغان خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، بازار تەرتىپىنى قوغداش، مال

باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كىشىلەرنى خاتىرجەملەندۈرۈش، ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش يۈزىسىدىن، خەلق ھۆكۈمىتى، بىر تەرەپتىن، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىشنى تەڭ تۇتۇشتەك ئىقتىسادىي ۋاسىتىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئاشلىق، پاختا، رەخت ۋە خەلق تۇرمۇشىغا لازىمەتلىك بۇيۇملارنى سېتىش ئارقىلىق باھانى ئۆستۈرۈش شامىلىغا زەربە بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىغان سودىگەرلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز ھالدا ھايىنىغا سېتىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئالتۇن ـ كۈمۈش سودىسىنى مەنئىي قىلدى.

1955 ـ يىلى، ناھىيە بويىچە چاقىرىلغان خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئۆگىنىش يىغىنىدا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 596 سودا ـ سانائەتچى ئائىلىسى پاش قىلىندى، بۇ، پۈتۈن ناھىيىدىكى سودا ـ سانائەتچىلەر ئائىلىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 51.77 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش ۋە باجنى تولۇقلاپ ئېلىش، جەرىمانە قويۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلىرى ئازايتىلدى.

1959 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، ھايانكەشلىك دېلولىرى كۆپىيىپ قالدى. 1962 ـ يىلى ھايانكەشلىك دېلولىرىدىن جەمئىي 135 ى، 1964 ـ يىلى 65 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە بازار باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1973 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ كەسىپلەر تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بەزى ھايانكەشلىك ۋە باشقا ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ھەق ـ ناھەق چېگرىسى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، زەربە بېرىش دائىرىسى كېڭەيتىۋېتىلدى. 1980 ـ يىلى قايتا تەكشۈرۈلگەن 17 ئەنزە ئىچىدە، تۆت خاتا ئەنزە تۈزىتىلىپ، 1477.10 يۈەن پۇل قايتۇرۇلدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مۇئامىلە ساھەسىدە ئىلگىرىكى بىرلا تەرەپ باشقۇرۇش، يوللار بىر خىل بولۇپ قېلىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش بەك ئۆلۈك بولۇپ قېلىش ۋەزىيىتى ئۆزگەرتىلدى. بىراق «ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇش» سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەن يېڭى ئەھۋالدا، بەزى شەخسلەر، ھەتتا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئازسانلىق كىشىلەر قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

1982 ـ يىلى ھەرخىل قانۇنغا خىلاپ ئەنزىلەردىن جەمئىي 14 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سوممىسى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغىنى ئۈچ، 1000 يۈەندىن ئاشىدىغىنى سەككىز، باشقا جايدا ئەنزە تۇرغۇزۇشقا يوللاپ بېرىلگىنى ئۈچ. پۈتۈن يىلدا مۇسادىرە قىلىنغان پۇل، بۇيۇم ۋە قويۇلغان جەرىمانە سوممىسى جەمئىي 24 مىڭ يۈەن. 1983 ـ يىلى ھەر خىل ھايانكەشلىك ۋە تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىنغان

جەمئىي 70 ئەنزە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھايانكەشلىك ئەنزىسى 18، تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسى 52، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل، بۇيۇم ۋە قويۇلغان جەرىمانە 44 مىڭ يۈەن.

# III باب ئىقتىسادىي ئىرختامنى باشقۇرۇش

## §18. توختام ئىمزالاش

50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، سودا ـ سانائەت ئورگانلىرىنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە باشقۇرۇشى ئارقىسىدا، ھۆكۈمەت بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان نۇرغۇن يۈك توشۇش توختاملىرى ۋە كاسىنىغا ئىشلەش توختاملىرى ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىندى، ئايرىم توختام ماجىرالىرىمۇ كېلىشتۈرۈلدى ۋە كېسىم قىلىندى. 1951 ـ يىلى كاسىنىغا ئىشلەپ بېرىش ھاۋالە قىلىنغان توختاملاردىكى مەھسۇلات تۈرلىرى ئىچىدە 4000 دانە جۇۋا، 3400 دانە ھەرخىل ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى بار؛ توشۇپ بېرىش ھاۋالە قىلىنغان توختاملاردىكى مەھسۇلات تۈرلىرى ئىچىدە ئاشلىق، ياغاچ ماـ تېرىيالى، كۆمۈر ۋە ئىستولبا قاتارلىقلار بار. 1952 ـ يىلى ئىمزالانغان توختاملاردىكى ھاۋالە قىلىنغان كاسىنىغا ئىشلەش ئومۇمىي قىممىتى 50 مىڭ يۈەن، 1953 ـ يىلى 57 مىڭ يۈەن، 1954 ـ يىلى 160 مىڭ يۈەن بولدى.

1953 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىدە توختام ئىمزالاش لازىملىقىنى قايتا تەكىتلەپ، ئومۇمەن ۋىلاـ يەت دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا توختام تۈزگەندە، ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەت بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپات بېرىشى لازىملىقىنى، ئومۇمەن ۋىلايەت ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار خۇسۇسىي كارخانىلار بىلەن توختام تۈزگەندە، ناھىـ يىلىك سودا ـ سانائەت بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپات بېرىشى لازىملىقىنى بەلگىلىدى. ئىمزالانغان توختامنىڭ قەرەلى ئۇزۇنراق، سوممىسى كۆپرەك بولسا، سودا ـ سانائەت ئورگانلىرى تەكشۈرگەندىن تاشقىرى، يەنە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكـ شۈرۈپ ئىسپات بېرىشى لازىملىقى بەلگىلەندى.

1958 ـ يىلىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي توختام تۈزۈمى بىر مەھەل بىكار قىلىندى. 60 ـ يىللاردا توختام تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى، نۇرغۇن ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە توختامنىڭ ئورنىغا مەمۇرىي ۋاستىلەر دەسسىتىلدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن

كېيىن، ئىقتىسادىي توختام تۈزۈمى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلدى. 1981 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت ئىدارىسى ئارقىلىق ئىمزالانغان ئىقتىسادىي توختام ئىككىلا ئىدى، 1982 ـ يىلى كۆپىيىپ 46 گە، توختامدىكى ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 794 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ توختامى 19، سوممىسى 552 مىڭ يۈەن؛ دېھقانچىلىق ـ سودا توختامى ئۈچ، سوممىسى 4000 يۈەن؛ چارۋىچىلىق ـ سودا توختامى سەككىز، سوممىسى 11 مىڭ يۈەن؛ ئەمگەك مۇلازىمىتى توختامى سەككىز، سوممىسى 293 مىڭ يۈەن؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش توختامى بەش، سوممىسى 14 مىڭ يۈەن؛ پىششىقلاپ ئىشلەشنى كۆتۈرە بېرىش توختامى ئۈچ، سوممىسى 1 مىليون 920 مىڭ يۈەن. 1983 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت ئىدارىسى ئارقىلىق ئىمزالانغان ھەر خىل ئىقتىسادىي توختاملار 189 نۇسخىغا، توختامدىكى ئومۇمىي پۇل سوممىسى 7 مىليون 258 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سودا ـ سانائەت توختامى 29، سوممىسى 2 مىليون 520 مىڭ يۈەن؛ دېھقانچىلىق ـ سودا توختامى بەش، سوممىسى 115 مىڭ يۈەن؛ چارۋىچىلىق ـ سودا توختامى 12، سوممىسى 25 مىڭ يۈەن؛ ئەمگەك مۇلازىمەت توختامى 67، سوممىسى 2 مىليون 406 مىڭ يۈەن؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش توختامى 75، سوممىسى 2 مىليون 103 مىڭ يۈەن؛ كاسسىنىغا ئىشلەشنى كۆتۈرە بېرىش توختامى بىر، سوممىسى 89 مىڭ يۈەن.

## §2. كېلىشتۈرۈش ۋە كېسىم قىلىش

1982 ـ ۋە 1983 ـ يىللىرىدىكى توختاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋاللىرىدىن قارىغاندا، $A$ ۋە $B$ تەرەپلەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى توختامدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ۋاقتىدا ئادا قىلغان، توختام ماجىرالىرى ئازراق بولغان. 1983 ـ يىلى پەقەت بىر ئاساسىي قۇرۇلۇش توختامىدا قۇرۇلۇش مۇددىتى كېيىنكە سوزۇلغانلىق تۈپەيلى بىلەن ماجىرا تۇغۇلغان، كېلىشتۈرگەندىن كېيىن ئىككىلا تەرەپ رازى بولغان.

1983 ـ يىلى تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىنغان ھەر خىل توختاملاردىن 18 ى بىر تەرەپ قىلىندى، ئۈچى تەكشۈرۈلىدىغان مەخسۇس ئەنزە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنغاندىن تاشقىرى، قالغان 15 ى جەرىمانە قويۇپ بىر تەرەپ قىلىندى، جەمئىي 13 مىڭ 622 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى قىسىم

# مالىيە. باج. پۇل مۇئامىلىسى

گۇاڭشۈنىڭ 11-يىلى (1885-يىلى) قۇمۇلدا باج ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا داۋاملىق كونا تۈزۈم قوللىنىلغان. مىنگونىڭ 17-يىلى (1928-يىلى) قۇمۇلدا باج ئىدارىسى ئورنىغا مالىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇلدا ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى، ئۇلار ھۆكۈمەتكە ئاشلىق، باج تاپشۇرمايتتى. خەنزۇ، خۇيزۇلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، شۇڭا مالىيە، باج كىرىمىمۇ ئاز ئىدى. مىنگونىڭ 22-يىلى (33-يىلى) 2-قېتىملىق «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» ھەرىكىتىدىن كېيىن، ناھىيىنىڭ مالىيە، باج كىرىمىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغان. مىنگو يىللىرىدا قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستا بولغان، گەرچە ھۆكۈمەت خىلمۇ-خىلناملار بىلەن باج تۈرلىرىنى ھەدەپ كۆپەيتىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مالىيە كىرىمى تولىمۇ چەكلىك بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى «ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش» باش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، تەقسىماتنى تەڭشەپ، شەھەر، يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. «خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە ئىشلىتىش» — خەلق مالىيە-باج كىرىمىنى گومىنداڭ دەۋرىدىكى ئېغىر باج-سېلىقتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تۈپ بەلگە. باج كىرىمى ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلارغا كېرەكلىك مەبلەغ توپلاندى، شۇنداقلا خەلقنىڭ يۈكى كۈندىن-كۈنگە مۇۋاپىقلاشتى، مۇقىملاشتى. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇمۇل ناھىيىسىدىكى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئاساسى ئاجىز، كۆلىمى كىچىك، پايدىسى ئاز ئىدى، ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى، ئاساسەن، تۇز بېجى، ھەرخىل سودا-سانائەت بېجى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىدىن كېلەتتى. 1964-يىلدىن بۇرۇن تۇز بېجىنى ۋىلايەت ئالغاچقا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمى ئاز ئىدى. تۇز بېجىنى قۇمۇل ناھىيىسى ئالىدىغان بولغاندىن كېيىن، مالىيە كىرىمى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. 1967-يىلدىن 1983-يىلغىچە ناھىيىنىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 241 مىليون 48 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 14 مىليون 179 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: تۇز بېجى 85 پىرسەنتنى، ھەرخىل سودا-سانائەت باجلىرى 17 پىرسەنتنى، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بېجى ئۈچ پىرسەنتنى، باشقا باجلار 0.1 پىرسەنتنى، كارخانىلارنىڭ كىرىمى 5.10 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. 1956-يىلدىن

1983 - يىلغىچە ناھىيىنىڭ ئومۇمىي مالىيە چىقىمى 114 مىليون 735 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش چىقىمى 31 مىليون 987 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 27.8 پىرسەنتىنى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە چىقىمى 29 مىليون 552 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 25.76 پىرسەنتىنى،مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى 19 مىليون 389 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 16.9 پىرسەنتىنى، ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 16 مىليون 425 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 14.32 پىرسەنتىنى، ئىجتىمائىي نەپەقە - قۇتقۇزۇش خىراجىتى چىقىمى 2 مىليون 733 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 2.38 پىرسەنتىنى، باشقا چىقىملار 14 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 12.76 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

گۇاڭشۈنىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى) قۇرۇلغان قۇمۇل ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆبە پۇل ئىدارىسى قۇمۇلدا ئەڭ بۇرۇن تەسىس قىلىنغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ شۆبە پۇل ئىدارىسى مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) تاقالغان. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) ئۆلكىلىك بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى (كېيىن سودا بانكىسىغا ئۆزگەرتىلگەن) تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى قۇرۇلغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل مەركىزىي تارماق بانكىلىرى خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىنى قوشۇمچە ئېلىپ بېرىپ، گۆشچى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا بانكا تىجارەت ئورۇنلىرىنى ۋە ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇپ، تۈرلۈك قەرز پۇل تارقىتىپ، گۆشچى، دۆي، كوللېكتىپ ئورۇنلىرىنىڭ ۋە ئەزالارنىڭ ئامانەت پۇلىنى قوبۇل قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە بېلىقچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. 1961 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك تارمىقى تەسىس قىلىنىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1964 - يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلۇپ، كېيىنكى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1977 - يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى، 1980 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى كەينى - كەينىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىگە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى تەكشۈرۈشكە ئەگىشىپ، بانكا قەرز پۇل بېرىش شەكلى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ تەرەققىيات خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بەردى. 1977 - يىلى 3 مىليون 58 مىڭ يۈەن، 1983 - يىلى 6 مىليون 643 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1983 - يىلى خەلق بانكىسىنىڭ نەق پۇل

www.uyghurkitap.com

كىرىمى 24 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، نەق پۇل چىقىمى 32 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، ئامانەت قويۇلغان پۇل قالدۇقى 7 مىليون 176 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

# I باب مالىيە

## §1. مالىيە كىرىمى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرمايتتى. چيەنلۇڭ يىللىرى قۇمۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، تاشۋىلىق، سەيخۇمياۋدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەردىن ئاز مىقداردا ئاشلىق بېجى ئېلىنغاندىن باشقا، ھېچقانداق كىرىم يوق ئىدى. داۋگۇاڭنىڭ 29-يىلى (1849-يىلى) دىن باشلاپ قۇمۇل مەھكىمىسى قىزىليۇلغۇندىكى كۆچمەنلەردىن يەر بېجى ئېلىشقا باشلىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئاستا-ئاستا توختاپ قالغان. تاشۋىلىق، سەيخۇمياۋ قاتارلىق جايلاردا دېھقانلار كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەنلىكتىن، يەر بېجى كىرىمىمۇ ئاشقان. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا كونا تۈزۈم قوللىنىلغاچقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمى يەنىلا كۆپ ئەمەس ئىدى. مىنگونىڭ 7-يىلىدىكى (1918-يىلىدىكى) ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ناھىيە بويىچە 1591 سەر تەڭگە قىممىتىگە تەڭ باج ئېلىنغان، مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) 2-قېتىملىق «ئەمەل ۋارىسلىقنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» ھەرىكىتىدىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتكە ئاشلىق، باج تاپشۇرىدىغان بولغان، ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمىمۇ ياخشىلانغان. شۇندىن كېيىن قۇمۇلدا كۈندىن-كۈنگە خاتىرجەملىك ئورنىتىلىپ، سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېزلەشكەن، ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمىمۇ ئاشقان. مىنگونىڭ 37-يىلى (1948-يىلى) دىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن ناھىيىنىڭ كىرىمى 710 مىليون فابى پۇلغا يەتكەن.

1949-يىلى قۇمۇل ئازاد بولغاندىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىدىكى باجلارنىڭ ھەممىسىنى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى ئالىدىغان بولدى. ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى پەقەت دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بېجى ۋە ئاز مىقداردىكى قوشۇمچە باجدىن ئىبارەت بولۇپ، ناھىيە بىۋاستە بىر تەرەپ قىلىدىغان مالىيە كۈچى كۆپ ئەمەس ئىدى. 1958-يىلدىن كېيىن ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىدە خام چوت كىرىمى تۈزۈمى ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن شەھەر-يېزىلاردىكى باج كەسپىنى (تۇز بېجى بۇنىڭ سىرتىدا) ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولغانلىقتىن، سودا-سانائەت باج كىرىمى خېلى زور ھەجىمدە ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 3 مىليون 724 مىڭ يۈەنگە، جۈملىدىن 1960-يىلى 5 مىليون 630 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1961-يىلدىن 1963-يىلغىچە شەھەر-بازارلاردىكى باجنى يەنە ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى

## 1956 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان مالىيە كىرىمى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 11 — 1 بىرلىكى: 1000 يۈەن

| يىللار | جەمئىي كىرىم | كارخانىلارنىڭ كىرىمى | تۈرلۈك باجلار: جەمئىي | تۈرلۈك باجلار: سودا - سانائەت بېجى | تۈرلۈك باجلار: دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بېجى | تۈرلۈك باجلار: تۇز بېجى | تۈرلۈك باجلار: باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 381 | | 320 | 175 | 145 | | 61 |
| 1957 | 1196 | 75 | 1073 | 826 | 247 | | 18 |
| 1958 | 3238 | 54 | 2886 | 2165 | 721 | | 298 |
| 1959 | 4642 | 375 | 4025 | 3370 | 655 | | 242 |
| 1960 | 6753 | 51 | 6401 | 5637 | 764 | | 301 |
| 1961 | 798 | 109 | 570 | 217 | 353 | | 119 |
| 1962 | 362 | — 169 | 469 | 18 | 451 | | 62 |
| 1963 | 332 | — 260 | 534 | 33 | 501 | | 58 |
| 1964 | 1204 | 103 | 1079 | 535 | 544 | | 22 |
| 1965 | 1602 | 478 | 1094 | 616 | 478 | | 30 |
| 1966 | 1086 | 134 | 866 | 392 | 374 | | 86 |
| 1967 | 9857 | — 341 | 10193 | 2318 | 341 | 7534 | 5 |
| 1968 | 5603 | — 1129 | 6727 | 921 | 228 | 5578 | 5 |
| 1969 | 11065 | 399 | 11461 | 1567 | 456 | 9438 | 3 |
| 1970 | 17466 | — 633 | 18091 | 3350 | 699 | 14042 | 8 |
| 1971 | 15648 | — 728 | 16375 | 3282 | 450 | 12643 | 1 |
| 1972 | 7752 | — 1115 | 8867 | 1854 | 196 | 6817 | |
| 1973 | 9732 | — 1896 | 11623 | 1675 | 489 | 9459 | 5 |
| 1974 | 12316 | — 2367 | 14674 | 1573 | 315 | 12786 | 9 |
| 1975 | 19528 | — 1725 | 21237 | 4595 | 637 | 16005 | 16 |
| 1976 | 28142 | — 741 | 28864 | 5402 | 570 | 22892 | 19 |
| 1977 | 21741 | — 1038 | 22765 | 2033 | 483 | 20249 | 14 |
| 1978 | 19168 | — 544 | 19707 | 1964 | 355 | 17288 | 5 |
| 1979 | 12711 | — 38 | 12745 | 1851 | 467 | 10427 | 4 |
| 1980 | 19089 | — 230 | 10284 | 2013 | 456 | 7815 | 35 |
| 1981 | 12557 | — 256 | 12814 | 2005 | 359 | 10118 | 1 |
| 1982 | 1349 | — 266 | 13675 | 2274 | 329 | 11072 | 10 |
| 1983 | 14254 | — 145 | 14308 | 2736 | 445 | 11127 | 91 |

ئالىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ناھىيىنىڭ سودا ـ سانائەت باج كىرىمى تېز تۆۋەنلەپ، يىللىق ئوتتۇرىچە، كىرىم 89 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1964 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى سودا ـ سانائەت بېجىنى (تۈز بېجى بۇنىڭ سىرتىدا) يەنە ناھىيە ئالىدىغان بولدى، لېكىن تۇرلۇك سودا ـ سانائەت بېجى بىۋاستە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى، يەرلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلمىدى. خام چوتقا پەقەت قان بېجى، هارۋا ـ كېمىلەرنىڭ نومۇر تاختىسى بېجى، ئۆي ـ مۈلۈك بېجى قاتارلىق باجلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 514 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. 1967 ـ يىلىدىن كېيىن تۈز بېجىنى ناھىيە ئالىدىغان بولدى. سودا ـ سانائەت باجلىرىنىڭ ھەممىسى ناھىيە مالىيىسىنىڭ خام چوتىغا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى خىل باج مالىيە كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قالدى.

ناھىيىگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ كىرىمى يەرلىك سانائەت، قاتناش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق تارماقلارنىڭ ھەممىدە يەرلىككە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، پايدىسىمۇ بىر قەدەر ئاز ئىدى. 1957 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە، 1962 ـ يىلى 169 مىڭ يۈەن، 1963 ـ يىلى 260 مىڭ يۈەن زىيان بولغاندىن سىرت، باشقا يىللاردا ئېشىنچا ئارقىلىق زىيان تولۇقلىنىپ، ئاز ـ پاز ئېشىنىپ باردى، سەككىز يىلدا جەمئىي 1 مىليون 379 مىڭ يۈەن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 172 مىڭ 300 يۈەن پايدا ئېلىندى. 1967 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە كارخانىلارنىڭ كىرىمى يىلمۇ ـ يىل كېمىيىپ، جەمئىي زىيان 11 مىليون 796 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ئوتتۇرىچە زىيان 1 مىليون 72 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. زىيان تارتقان كارخانىلار ئىچىدە ساقا، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تارتقان زىيىنى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پەقەت 1974 ـ يىلىلا تارتقان زىيىنى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ، شۇ يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى كارخانىلار تارتقان زىيان سوممىسىنىڭ 68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1978 ـ يىلى ساقا، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، شۇندىن كېيىن زىيان يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىپ، 1983 ـ يىلغا كەلگەندە 145 مىڭ يۈەنگە چۈشتى.

دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق بېجى ئەنئەنىۋى باج مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، 1955 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلغىچە (1962 ـ، 1963 ـ يىللىرى بۇنىڭ سىرتىدا) دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بېجى ئومۇمىي كىرىم ئىچىدە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1976 ـ يىلىدىن كېيىن، تۈز بېجى قوشۇلغانلىقتىن ھەمدە سودا ـ سانائەت تېز تەرەققىي قىلغانلىقتىن، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بېجىنىڭ خام چوت ئومۇمىي كىرىمى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، 1983 ـ

يىلىغا كەلگەندە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي خام چوت كىرىمىنىڭ پەقەت 3.16 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىدى.

## §2. مالىيە چىقىمى

1957 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە يىللىق ئومۇمىي مالىيە چىقىمى تەخمىنەن نەچچە 100 مىڭ يۈەن ئىدى؛ 1958 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە يىللىق ئومۇمىي چىقىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 684 مىڭ يۈەنگە، 1967 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە يىللىق ئومۇمىي چىقىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 مىليون 521 مىڭ 200 يۈەنگە، 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە يىللىق ئومۇمىي چىقىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8 مىليون 681 مىڭ 400 يۈەنگە، جۈملىدىن 1983 - يىلى 11 مىليون 89 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

پۈتۈن ناھىيىنىڭ مالىيە چىقىمى ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش چىقىمى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە چىقىمى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل چىقىم زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

**يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش چىقىمى:** (بۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئېلېكترى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، گۆشكۆشى - دۇي كارخانىلىرى ۋە خەلق گۇڭشېسىغا ياردەم بېرىش مەبلىغى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 1957 - يىلدىن ئىلگىرى يىلىغا پەقەت 70، 80 مىڭ يۈەنلا چىقىم بولاتتى؛ 1958 - يىلى 583 مىڭ يۈەنگە ئۆرلەپ، شۇ يىللىق ئومۇمىي چىقىمنىڭ 38.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1959 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 618 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي چىقىمنىڭ 31.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 572 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي چىقىمنىڭ 16.25 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە: 1968 - يىلدىن 1971 - يىلغىچە بولغان تۆت يىلدا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي چىقىمنىڭ پەقەت سەككىز پىرسەنتىنىلا ئىگىلىدى. 1977 - يىلدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش چىقىمى زور ھەجىمدە ئېشىپ كەتتى، 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 2 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي چىقىمنىڭ 33.87 پىرسەنتىنى، جۈملىدىن 1983 - يىللىق چىقىم 2 مىليون 852 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق ئومۇمىي چىقىمنىڭ 25.72 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى چىقىمى:** 1963 - يىلدىن ئىلگىرى يىللىق چىقىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 281 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي چىقىمنىڭ 19.19 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. 1964 -

## 1956 ــ يىلدىن 1983 ــ يىلغىچە بولغان مالىيە چىقىمى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 11 — 2 بىرلىكى: 1000 يۈەن

| يىللار | جەمئىي | يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش چىقىمى | مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە خىراجىتى | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى | ئىجتىمائىي نەپىقە ۋە قۇتقۇزۇش خىراجىتى | باشقا چىقىملار | ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 788 | 69 | 188 | 461 | 29 | 41 | |
| 1957 | 953 | 89 | 239 | 485 | 30 | 110 | |
| 1958 | 1510 | 583 | 240 | 466 | 23 | 198 | |
| 1959 | 1947 | 486 | 300 | 532 | 28 | 621 | |
| 1960 | 1862 | 782 | 356 | 641 | 56 | 27 | |
| 1961 | 1584 | 962 | 208 | 377 | 57 | 10 | |
| 2962 | 1162 | 263 | 310 | 377 | 134 | 78 | |
| 1963 | 1911 | 529 | 304 | 418 | 230 | 326 | |
| 1964 | 1812 | 428 | 591 | 456 | 118 | 219 | |
| 1965 | 2374 | 846 | 530 | 467 | 133 | 398 | |
| 1966 | 2855 | 668 | 603 | 526 | 243 | 815 | |
| 1967 | 1824 | 456 | 729 | 396 | | 243 | |
| 1968 | 2035 | 242 | 650 | 407 | 138 | 374 | 127 |
| 1969 | 2678 | 267 | 494 | 466 | 21 | 188 | 1242 |
| 1970 | 2334 | 150 | 489 | 535 | 26 | 553 | 581 |
| 1971 | 3605 | 125 | 594 | 601 | 14 | 615 | 1656 |
| 1972 | 277 | 575 | 739 | 581 | | 683 | 192 |
| 1973 | 3854 | 595 | 946 | 805 | 108 | 865 | 535 |
| 1974 | 5048 | 775 | 1070 | 642 | 52 | 880 | 1629 |
| 1975 | 5167 | 1239 | 1282 | 772 | 159 | 416 | 1299 |
| 1976 | 5892 | 1297 | 1392 | 692 | 165 | 1164 | 1182 |
| 1977 | 7028 | 2243 | 1462 | 1045 | 62 | 535 | 1681 |
| 1978 | 10052 | 4288 | 1663 | 873 | 125 | 1630 | 1473 |
| 1979 | 9086 | 3445 | 2038 | 841 | 169 | 1691 | 902 |
| 1980 | 8111 | 2669 | 2535 | 1184 | 93 | 574 | 1056 |
| 1981 | 7488 | 2868 | 2377 | 986 | 192 | 562 | 503 |
| 1982 | 7916 | 2216 | 3191 | 1274 | 206 | 126 | 903 |
| 1983 | 11089 | 2852 | 3298 | 2083 | 152 | 610 | 1464 |

يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 636 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي چىقىمنىڭ 24.34 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 1974 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 2 مىليون 93 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي چىقىمنىڭ 27.23 پىرسەنتىنى، جۇملىدىن 1983 ـ يىللىق چىقىم 3 مىليون 928 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق ئومۇمىي چىقىمنىڭ 35.42 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى:** 50 ـ، 60 ـ يىللاردا مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى ئانچە جىق ئەمەس ئىدى، يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 462 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي چىقىمنىڭ 27.05 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى؛ 70 ـ يىللاردا چىقىم خېلى زور ھەجىمدە كۆپىيىپ، يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 738 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. لېكىن ئومۇمىي چىقىم سوممىسى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي چىقىم ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەپ، پەقەت 13.47 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىدى. 1980 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 381 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلغا ئومۇمىي چىقىمنىڭ 15.97 پىرسەنتىنى، جۇملىدىن 1983 ـ يىللىق چىقىم 2 مىليون 83 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق ئومۇمىي چىقىمنىڭ 17.78 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

# II باب باج

## §1. تەرەققىيات جەريانى

گۇاڭشۈنىڭ 11 ـ يىلى (1885 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسى ليۇ جىنتاڭ قۇمۇلدا باج ئىدارىسى تەسىس قىلغان. گۇاڭشۈنىڭ 19 ـ يىلى (1893 ـ يىلى) ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىي تاۋمو شىنجاڭدىكى باج ئىدارىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا خاندىن يوليورۇق سورىغان، بۇنىڭ بىلەن، قۇمۇل باج ئىدارىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. گۇاڭشۈنىڭ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىي راۋ يىڭچى باج ئىدارىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا خاندىن يوليورۇق سوراپ، ئۆلكە مەركىزىدە باش باج ئىدارىسى، جايلاردا شۆبە باج ئىدارىسى تەسىس قىلغان. بۇ چاغدا قۇمۇلدىمۇ شۆبە باج ئىدارىسى قۇرۇلغان. گۇاڭشۈنىڭ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىي ليەن كۇي قۇمۇل شۆبە باج ئىدارىسىنى چوڭ باج ئىدارىسىگە ئۆزگەرتكەن.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا داۋاملىق كونا تۈزۈم قوللىنىلغان. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) مەركىزىي ھۆكۈمەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي

ئاپپارات قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، مالىيە ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇشنى بەلگىلىگەن، بۇ ئىدارە كېيىن مالىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ ئىدارىنىڭ ۋەزىپىسى باج ئېلىش، قەرز يىغىش، ھۆكۈمەت مۈلكى ۋە باشقا يەرلىك مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدى. مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى، ئۇنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقى بولاتتى. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) شىنجاڭدىكى ئىچكى باج ئاپپاراتلىرى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى بىكار قىلىنغان، قۇمۇلدا ئىستېمال بېجى ئىدارىسى قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) ئىستېمال بېجى ئىدارىسى قۇمۇل مەمۇرىي رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلگەن، ئۇنىڭغا قۇمۇل ناھىيىلىك ۋە بارىكۆل ناھىيىلىك شۆبە مالىيە ئىدارىلىرى قارايدىغان بولغان، كېيىنكى يىلى 6- ئايدا ناھىيىلىك شۆبە مالىيە ئىدارىسى يەنە ناھىيىلىك باج ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) قۇمۇل مەمۇرىي رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، قۇمۇل ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ناھىيىلىك باج باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك باج باشقارمىسى بىكار قىلىنغان. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) ۋالىي مەھكىمىسى قارىمىقىدا باج ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان.

1950- يىل 5- ئاينىڭ 20- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، شىڭشىڭشيا، تۇغۇچىلاردا باج پونكىتى تەسىس قىلىندى. 1958- يىلى خىزمەت ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى بىلەن باج ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا باج بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، بۇ بۆلۈمچە شەھەر-بازارلاردا ھەر خىل سودا-سانائەت بېجى ئېلىشقا مەسئۇل بولدى. 1960- يىلى شەھەر-بازارلاردىكى سودا-سانائەت باجلىرىنى ۋىلايەت ئالىدىغان بولدى. 1964- يىل 4- ئايدا ناھىيىلىك باج ئىدارىسى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا پويىز ئىستانسىسى، پالۋانتۇر، تاشۋېلىق، ئاستانىدىن ئىبارەت تۆت باج پونكىتى تەسىس قىلىندى، 1977- يىلى ئەسلىدىكى شەھەر-بازار باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى بىلەن پويىز ئىستانسىسى باج پونكىتى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1983- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدە كادىرلار كاتىبات بۆلۈمچىسى، باج ئېلىش بۆلۈمچىسى ۋە بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 35 كىشىگە يەتتى.

## §2. تۈرلۈك سودا-سانائەت بېجى

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقىت (1884- يىلى) تىن ئىلگىرى، قۇمۇل مەھكىمىسى چېگرىدىن ئۆتكەن سودىگەرلەردىن ئاز مىقداردا باج ئالاتتى. بۇ باج

يۇقىرىغا تاپشۇرۇلماي ھېساباتقا كىرگۈزۈلمەي، قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشۇيدىغان ھارۋىلىرىنىڭ كىراسىغا قوشۇپ بېرىلەتتى. داۋ گۇاڭ يىللىرىدىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، قۇمۇل مەھكىمىسى ئالغان چېگرا بېجى سوممىسى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

«ئىچكىرىدىن چىققان سودىگەرلەر مال تۇشۇيدىغان ھەر بىر تۆمۈر چاقلىق ھارۋا ئۈچۈن ئۈچ سەر، ياغاچ چاقلىق ھارۋا ئۈچۈن ئىككى سەر تەڭگە باج ئېلىناتتى»، «ئىچكىرىگە مال ئاپىرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ قولىدىكى بىر چەيەكانە ئۈچۈن تۆت مىسقال تەڭگە باج ئېلىناتتى»، «بارىكۆل، تۇرپانغا بارىدىغان سودىگەرلەر، مەيلى تۆمۈر چاقلىق ياكى ياغاچ چاقلىق ھارۋىدا مال توشۇسۇن، ھەر بىر ھارۋا ئۈچۈن ئىككى سەر تەڭگە باج ئېلىناتتى»، «بارىكۆل، تۇرپانغا بارىدىغان يۇقىرىلارنىڭ بىر نوپۇس چەكانىسى ئۈچۈن يەتتە مىسقال تەڭگە باج ئېلىناتتى»؛ «ئىچكىرىگە قاشتېشى ئاپىرىدىغان سودىگەرلەردىن قاشتېشىنىڭ جىڭىغا ئاساسەن باج ئېلىنىپ، ئىچكىرىگە بېرىش ئىسپاتى بېرىلەتتى، باج ئۈچۈن ئالىدىغان تەڭگىنىڭ نورمىسى بېكىتىلمەيتتى».

گۇاڭشۈنىڭ 11- يىلى (1885- يىلى) قۇمۇلدا باج ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەخسۇس شەنشىدىن جيايۇگۇەن ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىدىغان ماللاردىن باج ئالغان، باج ئۈچۈن ئېلىنغان تەڭگە ئۈرۈمچى دوتيىي تەكشۈرۈپ ئالغاندىن كېيىن، خەزىنىگە كىرگۈزۈلگەن. باج بەلگىلىمىسىدە: چېگرىدىن كىرگەن ماللارنىڭ قىممىتى بازار باھاسى بويىچە مۆلچەرلىنىدۇ، ئاندىن مال باھاسى بويىچە 3% كىرگۈزۈش بېجى ئېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەپيۇن ئۈچۈن $\frac{1}{6}$ بويىچە باج ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. چاي بېجى بەلگىلىمىسىدە: ھەر بىر تاختا چاي ئۈچۈن بىر مىسقال، ھەر يۈز جىڭ چاي ئۈچۈن ئىككى سەر، ھەر بىر چەكانە (4000 جىڭ) چاي ئۈچۈن 80 سەر تەڭگە ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ يوللىرىدا توشۇلىدىغان يەرلىك ماللاردىن بازاردىكى مال باھاسى بويىچە 3% باج ئېلىنغان. يەرلىك ماللاردىن باج ئېلىش ئۈچۈن يەرلىك ئەمەلدارلار شۇ يەردىكى ھاللىق سودىگەرلەرنى بېدىك قىلىپ تۇرغۇزاتتى، مال سودىسىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بېدىكلەر ئارقىلىق بولاتتى، بېدىكلەر ئالغان باج يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خەزىنىسىگە يوللاپ بېرىلەتتى، بېدىكلەر باج پۇلىدىن 20 پىرسەنتىنى بىر تۇتاش خىراجەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ قالاتتى. باج بەلگىلىمىسىدە يەنە: «باج ئىدارىسى پەقەت ھارۋا ۋە تۆگىلەردە توشۇلىدىغان ماللاردىن باج ئالىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن پارچە - پۇرات مال يۆتكەيدىغان تىجارەتچىلەرنىڭ مېلىنىڭ تەننەرقى ئون سەر تەڭگىگە يەتمىسە باج ئېلىنمايدۇ»، «روسىيە ۋە غەربىي يۇرتنىڭ سىرتىدىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىغا قارىتا، سودا ئىشلىرى تازا گۈللىنىپ، باج ئېلىش بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئاندىن باج ئېلىش كېرەك، ھازىرچە چېگرىدا توسۇق بولمى-

غانلىقتىن، غەربىي يۇرتنىڭ سىرتىدىن كەلگەن ماللارغا يولۇققاندا، چېگرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولىدۇ، باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، قۇمۇل، گۇچۇڭ باج ئىدارىلىرى تەكشۈرمەسلىكى ۋە باج ئالماسلىقى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. گۇاڭشۈنىڭ 19 - يىلى (1893- يىلى) ھەربىي- مەمۇرىي ۋالىي تاۋمو روسىيە سودىگەرلىرى ۋاقتىنچە باج تاپشۇرمايدىغان، جۇڭگو سودىگەرلىرى يالغان نام ۋە باشقىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشۋېلىپ باج تاپشۇرۇشتىن قېچىشتەك ئەمەلىي ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، «چەكسىز بايلىقنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەندىن كۆرە، ئۆزىمىزنىڭ سودىگەرلىرىگە بەرسەك بولمامدۇ...، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن، ئۆز سودىگەرلىرىمىزدىن باج ئېلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىشنى ئۆتۈنىمەن» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ تەكلىپ چىڭ ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن يولغا قويۇلغان، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل باج ئىدارىسى بىكار قىلىنغان. گۇاڭشۈنىڭ 28 -يىلى (1902- يىلى) ھەربىي- مەمۇرىي ۋالىي راۋ يىڭچى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخستى بىلەن باج ئىدارىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ، باج ئېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. قۇمۇل شۆبە باج ئىدارىسى يايلاقتىن چېگرىغا كىرگەن ماللاردىنلا باج ئالغان، باج نىزامنامىسىدە: غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالى ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، باج ئېغىر ئېلىنسا ئانچە ياخشى بولمايدۇ، شۇڭا ئادەتتىكى ماللاردىن ئېلىنىدىغان باج نىسبىتى 3% بولۇشى كېرەك، ھەر يۈز سەرلىك ئەپيۈن كىرگۈزۈلگەندە بىر سەر، ئاخىرقى نۇقتىغا بارغاندا يەنە بىر سەر تەڭگە باج ئېلىش، ھەر يۈز جىڭ ھاراق ئۈچۈن تۆت مىسقال، بىر چەكانە (4000 جىڭ) چاي ئۈچۈن يۈز سەر تەڭگە ئېلىش، ئاخىرقى نۇقتىغا بارغاندا باج ئالماسلىق لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. گۇاڭشۈنىڭ 34- يىلى (1908 -يىلى) ھەربىي- مەمۇرىي ۋالىي ليەن كۈي مىلچىماللاردىن ئومۇمىيۈزلۈك باج ئېلىشنى يولغا قويغان، يېڭى نىزامنامە تۈزۈپ چىقىپ، باج ئىدارىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرغان، بۇ نىزامنامىدە: ئىمپورت قىلىنغان مىلچىماللار يېتىپ كەلگەن ھامان باش ئىدارە باجنى بىر قېتىمدىلا ئېلىش، كېيىن نەگە ئاپىرىپ سېتىشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك قايتا باج ئالماسلىق، يولدىكى چازىلاردا تەسىس قىلىنغان شۆبە ئىدارىلەردىن ئۆتكەندە پەقەت يىل، ئاي، كۈن تامغىسىنى بېسىپ دەرھال قويۇۋېتىش لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ، باج دۆلەت بېجى ۋە يەرلىك باج دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان. دۆلەت بېجى بەلگىلىمە بويىچە مەركەز خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلاتتى، يەرلىك باج يەرلىك جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. لېكىن شىنجاڭدا مىنگونىڭ 1- يىلىدىن باشلاپ تەمىنات ئۈزۈلۈپ قېلىپ، چىقىم كىرىمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆلكە تۈرلۈك باجلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قېلىشقا

مەجبۇر بولغان. 16 خىل دۆلەت بېجى ئىچىدە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان باج، هاراق بېجى، كۆمۈر بېجى، ئالتۇن بېجى، بېدىكلىك بېجى، تۇز بېجى قاتارلىقلار سودا-سانائەت بېجىغا كىرەتتى، يەتتە تۈرلۈك يەرلىك باج ئىچىدە ياغ بېجى، تارازا بېجى، چاي بېجى قاتارلىقلار سودا-سانائەت بېجىغا كىرەتتى. بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان باج نىسبىتى دەسلەپتە 3% ئىدى، كېيىن بەش پىرسەنتكە ئۆزگەرتىلگەن. هەر 100 جىڭ هاراقتىن بىر سەر تەڭگە باج ئېلىناتتى. تاماكا-هاراق بېجىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال دۇكانلارنىڭ كۆلىمى چوڭ، ئوتتۇرا هال، كىچىك دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلغان، ئاندىن دەرىجىسىگە قاراپ كىنىشكا تارقىتىلىپ، پەسىل ۋە دەرىجىسىگە قاراپ باج ئېلىنغان. كۆمۈر بېجى هارۋا، تۆگىگە قاراپ ئېلىنغان. بېدىكلىك بېجى بېدىكلەرنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىگە قاراپ، نىزامنامە بويىچە ئېلىنغان. ياغ بېجى ئۈچۈن هەر 100 جىڭ ياغدىن ئىككى ياكى تۆت مىسقال تەڭگە ئېلىنغان. تارازا بېجى ئۈچۈن سودا قىلىنغان ئاشلىقنىڭ بازار باهاسى بويىچە 3% باج ئېلىنغان. چاي بېجى ئۈچۈن جەنۇبىي جۇڭگودىن ۋە سەنشىدىن كەلگەن سودىگەرلەردىن بىر چەكانە (4000 جىڭ) چايدىن 100 سەر شىنجاڭ تەڭگە ئېلىنغان. مىنگونىڭ 16- يىلى (1927- يىلى) دۆلەت بېجى بىلەن يەرلىك باج باشقىدىن ئايرىلغان. چېگرا بېجى، بىر تۇتاش باج، ماركا بېجى، تاماكا-هاراق بېجى قاتارلىقلار سودا-سانائەت بېجى جۈملىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) تارازا بېجى، كۆمۈر بېجى، قان بېجى بىكار قىلىنغان. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) دىن باشلاپ كۆكۈل ئىچىش بېجى، تاماكا-هاراق ئالاھىدە بېجى ئېلىنغان. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) ئاشلىق يۆتكەش بېجى، ئۆي بېجى، يول بېجى، مىراس بېجى، تىجارەت بېجى قاتارلىق باجلار كۆپەيتىلگەن.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 1- ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «مەملىكەت بويىچە باج ئېلىشنى يولغا قويۇشقا دائىر مۇهىم پرىنسىپلار» نى تارقاتتى. قۇمۇل ناهىيىسىدە بۇ مۇهىم پرىنسىپقا ئاساسەن، مال بېجى، ماركا بېجى، ئۈسسۇم تاپاۋەت بېجى، قان بېجى، ئۆي بېجى، نومۇر تاختىسى بېجى، سودا-سانائەت بېجى، سودا بېجى، يەر بېجى، ئالاھىدە ئىستېمال بېجى قاتارلىق باج تۈرلىرى ئېلىندى. 1952- يىل 12- ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ مالىيە، ئىقتىساد كومىتېتى «باج تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەمدە يولغا قويۇش ۋاقتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ۋە «تاۋار ئوبوروت بېجىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. يېڭى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قۇمۇل ناهىيىسىدە مال بېجى تاۋار

ئوبوروت بېجى، چارۋا سودا بېجى، سودا-سانائەت تىجارەت بېجى، سودا-سانائەت تاپاۋەت بېجى، ماركا بېجى، ھارۋا-كېمىلەرنىڭ نومۇر تاختىسى بېجى، قان بېجى، شەھەر ئۆي-مۈلۈك بېجى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجى، ئۆسۈم تاپاۋەت بېجى قاتارلىق باج تۈرلىرى ئېلىنىدى. گوۋۇيۈەن 1958-يىلى «جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سودا-سانائەت بېجىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش نىزامى (لايىھە)» نى تارقىتىپ، باج تۈرى ۋە ئېلىش ئۇسۇلىنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىدە سودا-سانائەت بىر تۇتاش بېجى، چارۋا سودا بېجى، سودا-سانائەت تاپاۋەت بېجى، بازار سودا بېجى، ھارۋا-كېمىلەرنىڭ نومۇر تاختىسى بېجى، قان بېجى قاتارلىق باجلار ئېلىنىدى. 1959-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۆسۈم تاپاۋەت بېجى ئېلىش توختىتىلدى. 4-ئايدا قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسى شەھەر ئۆي-مۈلۈك بېجى ۋە ماتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرى نومۇر تاختىسى بېجى ئېلىشنى تەستىقلىدى. 1962-يىل 9-ئايدىن باشلاپ شەھەر-يېزىلاردا بىردەك بازار سودا بېجى، ۋېلىسىپىت نومۇر تاختىسى بېجى ئېلىنىدى. 1963-يىل 8-ئايدا قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ۋېلىسىپىت نومۇر تاختىسى بېجى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىنمايدىغان بولدى. شۇ يىلى 12-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، قۇمۇل ناھىيىسىدىلا ۋېلىسىپىت نومۇر تاختىسى بېجى ئېلىنىدى. 1973-يىل 1-ئايدىن باشلاپ «جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سودا-سانائەت باج نىزامى (لايىھە)» سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. «نىزام» دا: سودا-سانائەت بىر تۇتاش بېجىنى ھەمدە ئۇنىڭ قوشۇمچە باجلىرىنى، شەھەر ئۆي-مۈلۈك بېجى، ھارۋا-كېمىلەرنىڭ نومۇر تاختىسى بېجى، تۇز بېجى، قان بېجىنى سودا-سانائەت بېجىگە قوشۇۋېتىش، شەھەر ئۆي-مۈلۈك بېجى، ھارۋا-كېمىلەرنىڭ نومۇر تاختىسى بېجى ۋە قان بېجىنى شەخسلەردىن داۋاملىق ئېلىش بەلگىلەنگەن. سودا-سانائەت بېجى ناھىيىدە تۇز بېجىدىن قالسا ئىككىنچى چوڭ باج مەنبەسى بولۇپ، 50-يىللاردا يىللىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 734 مىڭ 400 يۈەن، 60-يىللاردا يىللىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 مىليون 90 مىڭ 600 يۈەن ئېلىنىدى. 1977-يىلى قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلۇپ، شەھەر-بازارلارنىڭ باج مەنبەسى ئايرىۋېتىلگەنلىكتىن، 70-يىللاردا يىللىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىغىلغان باج سوممىسى 2 مىليون 758 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1980-يىلدىن 1983-يىلغىچە يىللىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليون 257 مىڭ يۈەندىن باج ئېلىنىدى.

**1953–يىلدىن 1983- يىلغىچە بولغان سودا ـ سانائەت بېجى كىرىمىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى**

جەدۋەل: 11 — 3 بىرلىكى: 1000 يۈەن

| باج تۈرى / يىللار | ئومۇمىي باج سوممىسى | بۇنىڭ ئىچىدە: سودا ـ سانائەت بېجى | سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى | تۇز بېجى | تۈرلۈك يەرلىك باجلار |
|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 911 | 701 | 105 | | 105 |
| 1954 | 1074 | 700 | 265 | | 109 |
| 1955 | 1142 | 739 | 261 | | 142 |
| 1956 | 1610 | 1238 | 191 | | 181 |
| 1957 | 1870 | 1477 | 393 | | |
| 1958 | 2164 | 1739 | 192 | | 233 |
| 1959 | 3370 | 2976 | 52 | | 342 |
| 1960 | 5638 | 5195 | 49 | | 394 |
| 1961 | 4218 | 3487 | 77 | 101 | 553 |
| 1962 | 4599 | 2447 | 92 | 2588 | 472 |
| 1963 | 6093 | 2462 | 96 | 2989 | 546 |
| 1964 | 8436 | 2356 | 48 | 5497 | 535 |
| 1965 | 11207 | 2841 | 71 | 7680 | 615 |
| 1966 | 11268 | 3298 | 74 | 7505 | 391 |
| 1967 | 9852 | 1973 | 80 | 7534 | 265 |
| 1968 | 6499 | 728 | 31 | 5578 | 162 |
| 1969 | 11005 | 1255 | 52 | 9438 | 260 |
| 1970 | 17391 | 3073 | 36 | 14042 | 240 |
| 1971 | 15924 | 3175 | 55 | 12642 | 52 |
| 1972 | 8972 | 1770 | 52 | 6818 | 32 |
| 1973 | 1135 | 1593 | 52 | 9459 | 31 |
| 1974 | 14359 | 1480 | 74 | 12786 | 19 |
| 1975 | 20601 | 4459 | 92 | 16005 | 45 |
| 1976 | 28295 | 5121 | 258 | 22893 | 23 |
| 1977 | 22282 | 1902 | 97 | 20249 | 34 |
| 1978 | 19252 | 1806 | 130 | 17288 | 28 |
| 1979 | 12279 | 1704 | 132 | 10427 | 16 |
| 1980 | 9829 | 1911 | 92 | 7815 | 11 |
| 1981 | 12454 | 1899 | 106 | 10448 | 1 |
| 1982 | 13376 | 2187 | 87 | 11072 | 30 |
| 1983 | 13864 | 2608 | 86 | 11128 | 42 |

## 3§. تۇز بېجى

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يەنتەقۇدۇق، ئەلتۆمۈر قاتارلىق جايلىرىدىن كۆل تۇزى ۋە شور تۇز چىقىدۇ. گۇاڭشۈنىڭ 34-يىلى (1908-يىلى) يەنتەقۇدۇقتىن چىقىدىغان كۆل تۇزىغا قارىتا ھۆكۈمەت نازارەتچىلىكىدە سودىگەرلەر باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، سودىگەرلەرگە ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن باھا بويىچە ھۆددىگە بېرىلگەن، باج ئورنىغا تۇز باھاسى دەسسىتىلگەن، باھا قوشۇپ شىمالىي شىنجاڭدىكى جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلغان، بۇنىڭدىن يىلىغا تەخمىنەن 2000 سەردىن ئارتۇق تەڭگە باج يىغىلغان. ئەلتۆمۈردىن چىقىدىغان شور تۇز يىلىغا 10 دادەندىن (بىر دادەن 400 جىڭ) كۆپرەك سېتىلغان، ھەر دادەن تۇزدىن 2.5 سەر تەڭگە باج ئېلىنغان، بۇنىڭدىمۇ باج ئورنىغا تۇز باھاسى دەسسىتىلگەن.

مىنگو دەۋرىدە يەنتەقۇدۇقتىن چىقىدىغان كۆل تۇزىنىڭ بازىرى كاساتلىشىشقا باشلىغان. مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) دىن بۇرۇن، داۋاملىق ھالدا ھۆكۈمەت نازارەتچىلىكىدە سودىگەرلەر باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، سېتىلىش باھاسى بويىچە تۇزدىن باج ئېلىنغان. مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) تۇز بېجى تەرتىپكە سېلىنىپ، ئاشتۇزىدا مەخسۇس تىجارەت يولىغا قويۇلغان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى بىلەن ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنى مەخسۇس سېتىش ئورگىنى قىلىپ بەلگىلىگەن، ھەربىر جىڭ تۇزنىڭ باھاسىنى بەش پۇڭ قىلىپ توختاتقان. تۇز سېتىۋالغۇچىلار ئاۋۋال يەرلىك مالىيە ئىدارىسىگە پۇل تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار بەرگەن بېلەتكە ئاساسەن تۇز مەيدانىدىن تۇز ئالغان.

ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئاشتۇزىدا داۋاملىق مەخسۇس تىجارەت يولىغا قويۇلدى. 1962-يىلى يەنتەقۇدۇق تۇز مەيدانى ئېچىلدى، كېيىنكى يىلى 8-ئايدا شىنجاڭ تۇزچىلىق شىركىتى ئون ئۈچ ئېغىز ئۆي پويىز ئىستانسىسىدا تۇز يۆتكەش بېكىتى قۇردى. سىرتقا يۆتكەلگەن تۇزدىن كىرگەن باج كىرىمىنى، تۇزچىلىق شىركىتى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىگە تاپشۇردى. 1967-يىلدىن باشلاپ تۇز بېجىنى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ئالىدىغان بولدى.

تۇز بېجى ناھىيىنىڭ ئەڭ چوڭ باج مەنبەسى ئىدى، يەنتەقۇدۇق خىمىيە زاۋۇتى ئاساسلىق باج تاپشۇرۇش ئورنى ھېسابلىناتتى. 1977-يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتى ئاچقان شەرقىي تۇز كۆل تۇز مەيدانى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، ناھىيىدىكى 2-چوڭ باج تاپشۇرىدىغان ئورۇن بولۇپ قالدى. 1961-يىلدىن 1983-يىلغىچە بولغان 23 يىل ئىچىدە يىللىق تۇز بېجى سوممىسى ئىككى يىل

يىلىغا 20 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، ئىككى يىل 20 مىليون يۈەندىن تۆۋەن، 15 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولدى، يەتتە يىل 15 مىليون يۈەندىن تۆۋەن، 10 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولدى، توققۇز يىل 10 مىليون يۈەندىن تۆۋەن، 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولدى، ئۈچ يىل 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نەشرى

## 4§. دېھقانچىلىق بېجى

دېھقانچىلىق بېجى بۇرۇن يەر بېجى دېيىلەتتى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بېجىغا ئۆزگەرتىلدى. ئادەتتە غەللە ـ پاراق دېيىلىدۇ، بۇ، يەرگە قاراپ ماددىي نەرسە ئېلىش ئاساس قىلىنىدىغان بىر خىل باج بولۇپ، ئەزەلدىن تارتىپ ناھىيىلىك مالىيە تارماقلىرى بىۋاسىتە يىغىپ خەزىنىگە كىرگۈزگەن.

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 29 ـ يىلى (1849 ـ يىلى)، قۇمۇل مەھكىمىسى قىزىلىيۇلغۇندىكى كۆچمەنلەردىن يەر بېجى ئېلىشقا باشلىغان، شۇ زاماندا قىزىلىيۇلغۇندا 5720 مو ئۆلكە يېرى، 4832 مو يېڭىدىن ئېچىلغان يەر بولۇپ، جەمئىي 10 مىڭ 552 مو يەر بار ئىدى. سېتىۋېلىنىدىغان سانىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باجغا ئېلىنغان ئاشلىق بىۋاسىتە قۇمۇل مەھكىمىسى ئامبىرىغا تاپشۇرۇلغان. گۇاڭشۈنىڭ 13 ـ يىلى (1887 ـ يىلى)، لىۋجىنتاڭ يەرلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ باج ئېلىشنى يولغا قويغان، 1 ـ دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەربىر موسىدىن يەتتە شىڭ، 2 ـ دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر بىر موسىدىن تۆت شىڭ، 3 ـ دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر بىر موسىدىن ئۈچ شىڭ ئاشلىق باج ئېلىنغان. گۇاڭشۈنىڭ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) «قېپقالغان قەرزلەرنى يىغىۋېلىش» ئۈچۈن، يەر بېجىغا ئالىدىغان بىر دادەن ئاشلىققا 1.5 مىسقال تەڭگە قوشۇپ ئېلىنغان. كېيىنكى يىلى يەنە «ئاشلىق» ئېلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، يەر بېجى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان بىر دادەن ئاشلىققا خوراش نىسبىتى قوشۇلۇپ 1.55 دادەن ئاشلىق ئېلىنغان، بىر دادەن ئاشلىق ئۈچۈن ئېلىنىدىغان پۇلغا خوراش نىسبىتى قوشۇلۇپ 2.3 سەر تەڭگە ئېلىنغان. گۇاڭشۈنىڭ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) خوراش نىسبىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن، كېيىنكى يىلدىن باشلاپ مەيلى «ئاشلىق» بولسۇن ياكى «پۇل» بولسۇن، ھەممىسىدە بىر دادەن غەللە ـ پاراق ئاشلىقنىڭ خوراش نىسبىتى ئۈچۈن 1.5 مىسقال تەڭگە ئالغاندىن سىرت، 2.5 كۈرە ئاشلىق قوشۇپ ئېلىنغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار قۇمۇل ۋاڭغا باج ـ سېلىق

تۆلەيتتى، ھۆكۈمەتكە غەللە ـ پاراق تاپشۇرمايتتى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يەر بېجى دۆلەت بېجى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق يەرلەرنىڭ ھەر موسىدىن يەتتە شىڭ باج ئاشلىق ئېلىش، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەردىن پەللىمۇ ـ پەللە تۆۋەنلىتىپ ئېلىش بەلگىلەنگەن. مىنگونىڭ 7 ـ يىلى (1918 ـ يىلى)، پۈتۈن ناھىيىدىكى 22 مىڭ 45 مو تېرىلغۇ يەردىن 1794 دادەن غەللە ـ پاراق ئاشلىق، 107 دادەن ئوزۇقلۇق ئاشلىق، جەمئىي 1901 دادەن ئاشلىق ئېلىنغان. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) ئاخىرقى قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت كېسەل بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇلنى ئۈچ ناھىيىگە ئايرىپ، يېڭىدىن ئاراتۈرۈك، بارىكۆل (يىڭخې) دېگەن ئىككى ناھىيە قۇرغان. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يەرلىرى ئۆلچەنگەندىن كېيىن، كۆپ قىسمى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا بېرىلىپ، شۇ يىلدىن باشلاپ يەر بېجى ئېلىنغان. نومىدىكى ئاز بىر قىسىم ئۆلكە يېرى ۋە بوز يەرلەر گەنسۇدىن كەلگەن كۆچمەنلەرگە بېرىلىپ، يەر بېجى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈلۈپ ئېلىنغان. بۇ ئادالەتسىز بەلگىلىمە مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىش سەۋەبلىرىدىن بىرى بولغان. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى)، بۇرۇنقى يەر بېجى ئېلىش ئارخىپى يوقتۇپ كەتكەنلىكتىن، ھۆكۈمەت يەر بېجى ئېنىقلاش ھەيئىتى تەشكىللەپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى يەرلەرنى يېڭىباشتىن ئۆلچەپ چىققان ھەمدە دەرىجىسى ۋە باج نورمىسىنى بېكىتكەن. 1 ـ دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر بىر موسىغا يەر بېجى ئۈچۈن بەش شىڭ، 2 ـ دەرىجىلىك يەرلەردىن تۆت شىڭ، 3 ـ دەرىجىلىك يەرلەردىن ئۈچ شىڭ ئاشلىق ئېلىش بەلگىلىنىپ، شۇ يىلدىن باشلاپ ئېلىنغان. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ مۈلكىنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش ھەيئىتى يەرلەرنى يېڭىباشتىن ئۆلچەپ ئېنىقلاپ چىققان ھەمدە باج نورمىسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىغا بىر شىڭ ئاشلىق قوشۇپ ئالغان. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) باج تەرتىپكە سېلىنىپ، باج نورمىسى ئۆستۈرۈلگەن، قۇمۇل ناھىيىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر بىر موسىدىن 1.15 كۈرە، 2 ـ دەرىجىلىك يەرلەردىن 0.8 كۈرە، 3 ـ دەرىجىلىك يەرلەردىن 0.6 كۈرە باج ئاشلىق ئېلىش بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەر بېجى ئۈچۈن ئالىدىغان ئاشلىقنى ئۆلچەشتە كۈرىنى ئاساس قىلىش، بىر كۈرە ئاشلىق 44 جىڭ بولۇش بەلگىلەنگەن. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) ئېلىنغان يەر بېجى كىرىمى قابى پۇل ھېسابىدا 9 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 1.37 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «سىلىق مۇۋاپىق بولۇش»، «سىلىق مۇقىم بولۇش» سىياسىتىگە ئاساسەن، دېھقانچىلىق بېجى باج تۈزۈمى ۋە باج ئېلىش چارىسى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە مۇناسىپ تەڭشەپ تۇرۇلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇمۇل ناھىيىسىدە ئاشۇرما باج ئېلىش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن ئائىلىدە كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان كىرىمى 200 جىڭ ئاشلىقتىن تۆۋەن بولغان دېھقانلاردىن دېھقانچىلىق بېجى ئېلىنمىدى. 1956-يىلى ئالىي كوپېراتسىيە قۇرۇلۇپ، ئاشۇرما باج ئېلىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نىسبەتلىك باج ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ئاساسەن ئوخشاش بولغان ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىدا بىر تۇتاش باج نىسبىتى يولغا قويۇلدى، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى 11% بولدى. 1958-يىلى خەلق گۇڭشېسى ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى (دادۈيلىرى) باج تاپشۇرۇش بىرلىكى قىلىندى، باج تەكشۈرۈلگەن كۆپ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىغا ئاساسەن ئېلىندى، بەش يىل ئىچىدە مەھسۇلات ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، باج كۆپەيتىلمىدى، باج نىسبىتى 12% بولدى. بەش يىلدىن كېيىن، گۇڭشېلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، باج تاپشۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىمۇ تەكشى بولمىدى، شۇ سەۋەبتىن ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق بېجى ئومۇمىي نورمىسىنى نىسپىي مۇقىملاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدا، باج تاپشۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى يېڭىباشتىن باھالاپ بېكىتىش قارار قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن باج تاپشۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى تەكشى بولماسلىق زىددىيىتى ھەل قىلىندى. يېڭى بەلگىلىمىدە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكەن ئورۇنلارغا قارىتا «يېنىك ئاپەت بولسا ئازراق كېمەيتىش، ئېغىر ئاپەت بولسا جىقراق كېمەيتىش، ئالاھىدە زور ئاپەت بولسا ئومۇميۈزلۈك كەچۈرۈم قىلىش» سىياسىتى يولغا قويۇلدى. دۆلەت ھەر يىلى نامرات دۆي ۋە تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن باج تاپشۇرۇشتا راستىنلا قىيىنچىلىقى بار ئورۇنلارغا قارىتا ئىجتىمائىي كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ياكى باجنى كېمەيتىپ ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويدى. يەرلىك ئورۇنلار دېھقانچىلىق قوشۇمچە بېجى ئالغان 1960-يىلدىن ئىلگىرى باج نورمىسىغا 12% قوشۇلغان بولسا، 1961-يىلدىن كېيىن 10 پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى.

دېھقانچىلىقتىن ئېلىنىدىغان باج نورمىسى نىسبىي مۇقىم بولغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي تاپشۇرىدىغان باج نىسبىتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يىلدىن-يىلغا تۆۋەنلەپ كەلدى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئەمەلىي تاپشۇرىدىغان باج نىسبىتى 1954-يىلى 10.13% بولغان بولسا، 1965-يىلى 10.1%، 1975-يىلى 6%، 1980-يىلى 3.2%، 1983-يىلى 2.8% بولدى.

## 16 يىللىق دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 11 — 4

| تۈرى / يىللار | ئېلىشقا تېگىشلىك باج نورمىسىدىكى بۇغدايغا سۇندۇرۇلۇشى (1000 جىڭ) | كېمەيتىلگىنى ۋە كەچۈرۈم قىلىنغىنى (1000 جىڭ) | ئەمەلىي يىغىلغان بۇغداي (1000 جىڭ) | نەق پۇل ھېسابىدا (1000 يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| 1953 | 2066 | 39 | 2027 | 396 |
| 1955 | 2051 | 39 | 2012 | 396 |
| 1957 | 3418 | | 3418 | 512 |
| 1959 | 4784 | | 4784 | 543 |
| 1961 | 2940 | | 2940 | 279 |
| 1963 | 3148 | 13 | 3135 | 423 |
| 1965 | 3475 | 500 | 2975 | 389 |
| 1967 | 2000 | | 2000 | 270 |
| 1969 | 2570 | | 2570 | 347 |
| 1971 | 2748 | | 2748 | 371 |
| 1973 | 2933 | | 2933 | 396 |
| 1975 | 3037 | 85 | 2952 | 555 |
| 1977 | 2561 | 281 | 2280 | 389 |
| 1979 | 2561 | 557 | 2004 | 376 |
| 1981 | 2561 | 559 | 2002 | 308 |
| 1983 | 2561 | 291 | 2270 | 393 |

## §5. چارۋىچىلىق بېجى

شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا چارۋىچىلىق بېجى ئېلىنىش بەلگىلەنگەنىدى، لېكىن چوڭ - كىچىك چارۋىلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋاڭلىقنىڭ ئىلكىدە بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرمايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، چارۋىچىلىق باج سوممىسى ئاز ئىدى. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئات - كالا، قويغا چوقۇم چارۋىچىلىق بېجى تاپشۇرۇش، باج نىسبىتى 4% بولۇش بەلگىلەنگەن. جىن شۇرېن دەۋرىگە كەلگەندە ھەر بىر تۇياق كالا ئۈچۈن يىلدا 0.216 تەڭگە، ئات ئۈچۈن 0.288 تەڭگە، تۆگە ئۈچۈن 0.432 تەڭگە، قوي ئۈچۈن 0.0258 تەڭگە تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگەن. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) چارۋىچىلىق بېجى چوڭ - كىچىك چارۋىغا ئاساسەن ئايرىم - ئايرىم ئېلىنىشقا ئۆزگەرتىلگەن، چوڭ چارۋىلارنىڭ باج نىسبىتى 3%، كىچىك چارۋىلارنىڭ باج نىسبىتى 5% بولغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلدىن باشلاپ چارۋا بېجىدە چوڭ - كىچىك چارۋا بويىچە ئايرىم - ئايرىم بىر تۇتاش ئاشۇرما باج نىسبىتى يولغا قويۇلدى، چوڭ چارۋىلارنىڭ باج نىسبىتى 1— 5% بولۇپ، بەش دەرىجە ئاشۇرۇلدى؛ كىچىك چارۋىلارنىڭ 1— 8% بولۇپ، سەككىز دەرىجە بويىچە ئاشۇرۇلدى. 1952 - يىلدىن باشلاپ بىر تۇتاش ئاشۇرۇپ ھېسابلاش يولغا قويۇلۇپ، چارۋا ئومۇمىي سانىدىن شۇ يىلى تۇغۇلغان چارۋىلار چىقىرىۋېتىلىپ، بىردەك قوي ئۆلچەم قىلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم سۇندۇرۇلۇپ ھېسابلاندى، باج نىسبىتى 1—10% بولۇپ، 10 دەرىجە بويىچە ئاشۇرۇلدى. 1953 - يىلدىن باشلاپ باج نىسبىتى 1—8% كە ئۆزگەرتىلىپ، سەككىز دەرىجە بويىچە ئاشۇرۇلدى، قىچىر، ئېشەكتىن شۇ يىلدىن باشلاپ باج ئېلىنمىدى. چارۋىچىلىق بېجى شۇ يىلدىن باشلاپ، يەرلىك ھۆكۈمەت مالىيە تارماقلىرىنىڭ ئېلىشىغا ئۆزگەرتىلدى. 1957 - يىلدىن كېيىن، نىسبەتلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ، چارۋىچىلىق بېجىنىڭ باج نورمىسى نەق پۇلغا ھېسابلاپ ئېلىنىشقا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭدا نەق پۇل ئورنىدا چارۋا تاپشۇرۇشقىمۇ بولاتتى، بىر تۇتاش نىسبەتلىك باج نىسبىتى يولغا قويۇلدى، باج نىسبىتى 3% بولدى. شۇ يىلدىن باشلاپ چارۋىچىلىق باج نورمىسىدا بەش يىللىقنى بىر بەلگىلەش، بەش يىل ئىچىدە ئۆزگەرتمەسلىك، كىرىم ئاشسىمۇ باجنى ئاشۇرماسلىق سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چارۋىچىلىقتا قارىتا باجنى يەڭگىللىتىش تۈزۈملىرىنى قوللىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئورغۇنلىغان ئاپەت ئەھۋالىغا قاراپ كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش، ئىجتىمائىي كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش چارىلىرىنى كونكرېت بەلگىلەپ چىقتى. 1980 - يىلى ناھىيە بويىچە چېگرا رايونلارغا قارىتا كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش يولغا قويۇلۇپ، بەلگىلىمە بويىچە باج سوممىسىنىڭ 10 پىرسەنتى كېمەيتىلدى.

16 يىلدا ئېلىنغان چارۋىچىلىق بېجى ئومۇمىي نورمىسى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 11 - 5

| يىللار | ئەمەلىي ئېلىنغان ئۆلچەملىك ئىككى ياش قوي (تۇياق) | باھاغا سۇندۇرغاندا (1000 يۈەن) | يىللار | ئەمەلىي ئېلىنغان ئۆلچەملىك ئىككى ياش قوي (تۇياق) | باھاغا سۇندۇرغاندا (1000 يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 933 | 25 | 1969 | 5281 | 109 |
| 1955 | 933 | 25 | 1971 | 3827 | 79 |
| 1957 | 3923 | 83 | 1973 | 4505 | 93 |
| 1959 | 5326 | 112 | 1975 | 4012 | 82 |
| 1961 | 3799 | 74 | 1977 | 4248 | 94 |
| 1963 | 3789 | 78 | 1979 | 4409 | 91 |
| 1965 | 4303 | 78 | 1981 | | 51 |
| 1967 | 3440 | 71 | 1983 | | 52 |

# III باب پۇل مۇئامىلىسى

## §1. تەرەققىيات جەريانى

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆبە پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان، شۇندىن باشلاپ قۇمۇلدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغان. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆبە پۇل ئىدارىسى پۇل تارقىتاتتى، پېرېۋوت نەقلەشتۈرۈش، ئامانەت ئېلىش، قەرز بېرىش كەسپلىرىنى بېجىرەتتى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ھەرقايسى ناھىيىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆبە پۇل ئىدارىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دەسمايىسىنى تاپشۇرۇپ ئىش توختىتاتقانىدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى)، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى پۇل ئىدارىسى ۋە شۆبە ئىدارىلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، تىجارەت دائىرىسىنى پۇل ئالماشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەپ، قەرز بېرىشنى توختىتىپ قويغان. قۇمۇل ناھىيىلىك شۆبە پۇل ئىدارىسىنىڭ دەسمايىسى 32 مىڭ 108 سەرگە، قوبۇل قىلىنغان ئامانەت پۇلى 42 مىڭ 333 سەرگە، تارقاتقان قەغەز پۇلى 2108 سەرگە يەتكەن.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928)، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھۆ-

www.uyghurkitap.com

كومەت باشقۇرۇشىدىكى پۇل ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك بانكا قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) 4 - ئايدا ئۆلكىلىك بانكا ئاپپاراتلىرىنى تولۇقلاپ، كەسىپ دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، قۇمۇلدا بولسا شۆبە بانكا قۇرۇلغان. شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى)، ئۆلكىلىك بانكا ئۆلكىلىك سودا بانكىسىغا ئۆزگەرتىلگەن، نىزامنامىسى باشقىدىن تۈزۈلۈپ، سودا پاي چېكى قوبۇل قىلىنغان، قۇمۇل شۆبە بانكىسى سودا بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى دەپ ئاتالغان. ئەسلى ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھەرلىك سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ جەنۇبىي جۈگشەن يولى پۇل ئامانەت پونكىتىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى تەسىس قىلىنغان، ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ رايونى باشقارمىسى تۇرۇشلۇق جايدا ئىدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېچىدە، گومىنداڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان 178 - لۈيىنىڭ 533 - تۇەنىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە نەق پۇللارنىڭ بارىنى قوراللىق بۇلاپ كەتتى، (تەپسىلاتى «تارىختا يېزىلمىغان ۋەقەلەر» دە).

1950 - يىلنىڭ بېشىدا خەلق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ مەركىزىي بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل تارماق بانكىسىنى قۇردى. ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى شۇ يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل تارمىقىغا قوشۇۋېتىلدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە بانكا تەسىس قىلىنمىغاچقا، كەسپىي ئىشلارنى قۇمۇل تارماق بانكىسى بېجىردى.

1959 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى تەسىس قىلىندى، لېكىن ئۈچ يىلدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1977 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1953 - يىلى جۇڭگو خەلق يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلۇپ، ئىككىنچى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1964 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1966 - يىلى يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1980 - يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاستىدا 1983 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شەھەر ئىچى (1954 - يىلى)، بۇلۇڭتوغراق (1955 - يىلى)، تىيانشان (1956 - يىلى)، غەربىي تاغ (1958 - يىلى)، پالۋانتۇر (1958 - يىلى)، ئاستانە (1958 - يىلى)، تاشۋېلىق (1964 - يىلى)، راھەتباغ (1965 - يىلى)، قارا دۆۋە (1965 - يىلى)، بوغاز (1970 - يىلى) دىن ئىبارەت 10 تىجارەت ئورنى تەسىس قىلىندى. ناھىيە بويىچە پالۋانتۇر (1954 - يىلى)، تاشۋېلىق (1955 - يىلى)، ئاستانە

(1955 - يىلى)، قارا دۆۋە (1955 - يىلى)، شەھەر ئىچى (1955 - يىلى)، راھەت-باغ (1955 - يىلى)، بۇلۇڭسۇتوغراق (1955 - يىلى)، بوغاز (1955 - يىلى)، تىيان-شان (1966 - يىلى)، غەربىي تاغ (1966 - يىلى)، يەتتەقۇدۇق (1978 - يىلى) دىن ئىبارەت 11 ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى قۇرۇلدى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيىلىك خەلق بانكىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 46 كىشىگە، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 75 كىشىگە، ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 70 كىشىگە، جەمئىي 191 كىشىگە يەتتى.

## 28§. پۇل

### 1. پۇل ئوبوروتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قۇمۇلنىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىدا، ئاساسەن، كۈمۈش يامبۇ، كۈمۈش نوكچا، تەڭگە، مىس پۇل، تۇڭپۇر، يارماق قاتارلىق مېتال پۇللار خەجلىنەتتى، قەغەز پۇلدىن، ئاساسەن لاۋلۇڭپىياۋ خەجلىنەتتى. تەڭگە بەش مىسقال، تۆت مىسقال، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال، بىر مىسقالدىن ئىبارەت بەش خىلغا ئايرىلاتتى. لاۋلۇڭپىياۋنىڭ بىر سەرى 400 تۇڭپۇرغا سۇندۇرۇلۇپ ھېسابلىناتتى. بىر مىسقال تەڭگىگە 40 تۇڭپۇر تېگىشكىلى بولاتتى. «پۇل» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، قۇمۇلدىكى خەنزۇلار ئادەتتە «تۇڭپۇر» دەپ ئاتايتتى، ئۇ، تۇچتىن قۇيۇلغان بولۇپ، يۇمىلاق، تۆشۈكسىز بولاتتى، بەش پۇل، 10 پۇل، 20 پۇل دېگەندەك بىر نەچچە خىلغا ئايرىلاتتى. شىنجاڭدا قۇيۇلغان تۈچ پۇل ئۇيغۇر تىلىدا «داچەن» دەپ ئاتىلاتتى، يۇمىلاق، ئوتتۇرىدا تۆت چاسا تۆشۈكى بار بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە «چيەنلۇڭ خان پۇلى»، «شيەنفېڭ خان پۇلى»، «تۇڭجىزى خان پۇلى»، «گۇاڭشۈ خان پۇلى» دېگەن خەتلەر بېسىلغان، تەتۈر يۈزىگە «داڭشى»، «كۇشى» ياكى «شىنشى» دېگەن خەتلەر بېسىلغانىدى. سېرىق مىس پۇل يارماق دەپ ئاتىلاتتى، شەكلى يۇمىلاق، ئوتتۇرىدا تۆت چاسا تۆشۈكى بولۇپ، سېرىق مىستىن قۇيۇلاتتى، 800 يارماقنى بىر سەر لاۋلۇڭپىياۋ ئالماشتۇرۇلاتتى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، يۇقىرىدىكى پۇللار بازاردا داۋاملىق خەجلەنگەندىن سىرت، يەنە شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تارقاتقان خىلمۇ خىل قەغەز پۇللارمۇ ئىشقا باشلىغان. مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋاسسال بەگ جېن جىنىڭ «شىنجاڭ ۋاسسال مەھكىمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمەت پۇلى» دەپ ئاتىلىدىغان قەغەز پۇل تارقاتقان (بۇرۇن شياۋلۇڭپىياۋ دېيىلەتتى). بۇ پۇلنىڭ قىممىتى 400 يارماققا تەڭ بولۇپ، بىر سەر تەڭگىگە سۇندۇرۇلاتتى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى)، شىنجاڭ مالىيە مەھكىمىسى «شىنجاڭ مالىيە مەھ-

كىمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمەت پۇلى» دەپ ئاتىلىدىغان قەغەز پۇل تارقاتقان (بۇرۇن دالۇڭپياۋ دېيىلەتتى)، بۇ پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئىككى ئەجدىھانىڭ ئويناشىپ تۇرغان رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، قىممىتى 400 توڭپۇرغا تەڭ بولۇپ، بىر سەر تەڭگىگە سۇندۇرۇلاتتى. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى)، شىنجاڭ مالىيە مەھكىمىسى مالىيە نازارىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، «شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمەت پۇلى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆلكە پۇلى تارقىتىلىشقا باشلىغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قىممىتى 400 توڭپۇرغا تەڭ كېلىدىغان (بۇ ئاساسىي پۇل بولۇپ، بىر سەر تەڭگىگە سۇندۇرۇلاتتى) ۋە 100 توڭپۇرغا تەڭ كېلىدىغان (بۇ قوشۇمچە پۇل بولۇپ، 2.5 مىسقال تەڭگىگە سۇندۇرۇلاتتى) ئىككى خىل ئۆلكە پۇلى تارقاتقان. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى)، قىممىتى 400 توڭپۇرغا تەڭ كېلىدىغان بېيجىڭدا سىپتا قىلىپ بېسىلغان يېڭى پۇل تارقىتىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىككى خىل قوشۇمچە پۇل تارقىتىلىپ، بىر خىلىنىڭ قىممىتى 100 توڭپۇرغا تەڭ بولۇپ، 2.5 مىسقال تەڭگىگە سۇندۇرۇلاتتى (بۇرۇن «گوۋازىپياۋ» دېيىلەتتى)؛ يەنە بىر خىلى «يۈۋبور پۇل» دېيىلەتتى، قىممىتى 40 توڭپۇرغا تەڭ بولۇپ، بىر مىسقال تەڭگىگە سۇندۇرۇلاتتى.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى)، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندا زور مىقداردىكى ھەربىي خىراجەت چىقىمىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، قەغەز پۇلنى قالايمىقان تارقاتقان، بۇنىڭ بىلەن قومۇل بازىرىدا قىممىتى ئۈچ سەرلىك، بەش سەرلىك قەغەز پۇللار پەيدا بولۇشقا باشلىغان.

شېڭ شىسەي دەۋرىدە قەغەز پۇلنى كەلسە - كەلمەس تارقىتىش ئەۋجىگە چىققان، بۇنىڭ بىلەن بازارلاردا قىممىتى 50 سەرلىك چوڭ پۇللار پەيدا بولغان.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) يازدا، ماجۇڭيىڭ قومۇلنى 2 - قېتىم ئىگىلىۋالدى. ماجۇڭيىڭ ئارمىيىسى ئاشلىق، رەخت، تېرە، يۇڭ قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن، ياغاچ باسمىسىدا سامان قەغەز بىلەن بېسىلغان، «بۇ پۇلغا ئۆلكىنىڭ بەش سەرلىك تەڭگىسىنى تېگىشتۈرگىلى بولىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان يېشىل رەڭلىك قەغەز پۇل تارقاتقان. كېيىن «تېگىشتۈرگىلى بولىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېلىۋېتىپ، سەر سانىنىلا بېسىپ، «بازاردا ئۆتىدۇ، ئالماشتۇرۇلمايدۇ» دېگەن سۆزلەرگە ئۆزگەرتكەن.

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ماۋزېمىن شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغاندىن كېيىن (شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مۇۋەققەت نازىر بولغان)، پۇل مۇئامىلە ساھەسىنى پائال تەرتىپكە سېلىپ، پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغان. ئىككىنچى يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 10 دوللار، بەش دوللار، بىر دوللار ۋە ئەللىك تىيىن، يىگىرمە تىيىن، ئون تىيىن، بەش تىيىن، ئۈچ تىيىن، بىر تىيىنلىق 10 خىل ئاساسىي ۋە قوشۇمچە پۇل تارقىتىلغان، «سەر» «دوللار»غا ئۆزگەرتىلىپ، بىر دوللار يېڭى پۇل 2000 سەر كونا پۇلغا سۇندۇرۇلغان، 7 - ئاي-

نىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ بىر دوللار 4000 سەرگە سۇندۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇلدا فابى پۇل ئالماشتۇرۇش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، بىر دوللار يېڭى پۇلغا بەش يۈەن فابى پۇل ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بويىچە ئالماشتۇرۇلغان.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىن كېيىن، شىنجاڭغا فابى ۋە گۈەنجىن ناملىق قەغەز پۇللار كۆپلەپ كىرىشكە باشلىغان، بۇنىڭ بىلەن بازاردا يېڭى پۇل بىلەن فابى ۋە گۈەنجىن پۇلى تەڭ ئېقىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) دىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى تەۋرىنىپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، پۇلنىڭ سوممىسانىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بازارلاردا قىممىتى 100 دوللارلىق، 500 دوللارلىق 1000 دوللارلىق، 10 مىڭ دوللارلىق 100 مىڭ دوللارلىق، 1 مىليون دوللارلىق، 10 مىليون دوللارلىق، 100 مىليون دوللارلىق قەغەز پۇللار، ھەتتا 6 مىليارد دوللارلىق قەغەز پۇللار پەيدا بولغان. قۇمۇل بازىرىدا 1948 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى مال باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، 100 مىليون دوللارغا ئاران 50 جىڭ بۇغداي ئۇنى ياكى 10 جىڭ كىرىسىن، ياكى بىر ھارۋا ئوتۇن، ياكى تۆت گەز كاجى رەخت سېتىۋالغىلى بولاتتى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948)، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان جىنيۈەنجۈەن ئالتۇن دوللارنىڭمۇ كۇرسى شىددەت بىلەن چۈشۈپ كەتكەن.

1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، كۈمۈش پۇل (تەڭگە) تارقاتقان. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن 600 مىليارد يۈەن ئۆلكە پۇلىنى بىر تەڭگىگە سۇندۇرۇپ يىغىۋېلىش باشلانغان. تەڭگىنىڭ زاپىسى چەكلىك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئايدىن كېيىن ئالماشتۇرۇش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، كۈمۈش تەڭگىنىڭ قىممىتى تېزدىن چۈشۈپ كەتكەن.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، تەڭگە داۋاملىق ئۆتتۈۋەردى. 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەڭگىنى نىسبەت بويىچە يىغىۋالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. كېيىنچە ئۆلكە پۇلىنىڭ ئورنىنى خەلق پۇلى ئىگىلىدى.

1955 - يىل 3 - ئايدا، دۆلەت پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن تارقىتىلغان 11 خىل خەلق پۇلى بازارغا كىردى. كونا خەلق پۇلى 1:10000 نىسبىتى بويىچە ئالماشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا كونا خەلق پۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئالماشتۇرۇلۇپ بولۇندى.

1957 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، دۆلەت تارقاتقان بەش پۇڭ، ئىككى پۇڭ، بىر پۇڭلۇق مېتال قوشۇمچە پۇل ۋە سوممىسى 10 يۈەنلىك ئاساسىي پۇل بازارغا كىردى.

1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە 1955-

يىل 3 ــ ئايدا تارقىتىلغان (سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان) ئۈچ يۈەن، بەش يۈەن ۋە 10 يۈەنلىك قەغەز پۇللار يىغىۋېلىندى.

## 2. نەق پۇل كاسسىسى

خەلق بانكىسىنىڭ 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان نەق پۇل كىرىم جەدۋىلى

جەدۋەل 11 — 6 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | جەمئىي كىرىم | بۇنىڭ ئىچىدە: تاۋار سېتىشتىن | مۇلازىمەت ئىشلىرىدىن | يېزا ئامانەت–قەرز كوپېراتىپىدىن | پۇل ئامانىتىدىن | پىرېۋوت ئال–ماشتۇرۇشتىن | باشقىلاردىن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | 1171 | 628 | 31 | 57 | 283 | 51 | 121 |
| 1978 | 1794 | 1125 | 71 | 94 | 339 | 74 | 91 |
| 1979 | 2006 | 1271 | 71 | 134 | 403 | 84 | 43 |
| 1980 | 2258 | 1502 | 81 | 160 | 388 | 79 | 48 |
| 1981 | 1376 | 872 | 59 | 244 | 141 | 26 | 34 |
| 1982 | 1817 | 943 | 58 | 536 | 187 | 33 | 60 |
| 1983 | 2469 | 1118 | 88 | 847 | 221 | 63 | 142 |
| جەمئىي | 12891 | 7459 | 459 | 2072 | 1962 | 400 | 539 |

1977 ــ يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى ئەسلىگە كەلگەندىن تارتىپ 1983 ــ يىلغىچە، نەق پۇل كىرىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 128 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 18 مىليون 415 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. نەق پۇل چىقىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 162 مىليون 700 مىڭ يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 23 مىليون 242 مىڭ 800 يۈەن بولدى.

نەق پۇل كىرىمىدە تاۋار سېتىش كىرىمى، يېزا ئامانەت ــ قەرز كوپېراتىپى كىرىمى ۋە پۇل ئامانىتى كىرىمىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك كىرىم كۆپ بولۇپ، ئايرىم–ئايرىم ھالدا ئومۇمىي كىرىمنىڭ 57.86 پىرسەنتى، 16.07 پىرسەنتى ۋە 15.22 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

نەق پۇل چىقىمىدا دۆلەت ئىش ھەققى چىقىمى، يېزا ئامانەت–قەرز كوپېراتىپى چىقىمى ۋە پۇل ئامانىتى چىقىمىنىڭ سوممىسى ئەڭ جىق بولۇپ، ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا

ئومۇمىي چىقىمنىڭ 37.44 پىرسەنتى، 29.43 پىرسەنتى ۋە 10.71 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**خەلق بانكىسىنىڭ 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان نەق پۇل چىقىمى جەدۋىلى**

جەدۋەل 11-7 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار / تۈرى | جەمئىي چىقىم | دۆلەت ئىش ھەققى چىقىمى | دۆلەتنىڭ شەخسلەرگە قاراتقان باشقا چىقىمى | شەھەر-بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى چىقىمى | دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىش چىقىمى | يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى چىقىمى | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى | پۇل ئامانىتى چىقىمى | باشقا چىقىملار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | 1293 | 662 | 29 | 39 | 10 | 171 | 16 | 291 | 75 |
| 1978 | 2192 | 1111 | 73 | 32 | 28 | 476 | 60 | 325 | 87 |
| 1979 | 2526 | 1180 | 4 | 37 | 61 | 613 | 75 | 367 | 189 |
| 1980 | 2913 | 1379 | 176 | 32 | 80 | 747 | 89 | 316 | 94 |
| 1981 | 1766 | 543 | 109 | 11 | 129 | 695 | 85 | 115 | 79 |
| 1982 | 2348 | 574 | 131 | 25 | 344 | 922 | 81 | 153 | 118 |
| 1983 | 3232 | 643 | 108 | 25 | 694 | 1164 | 104 | 176 | 118 |
| جەمئىي | 16270 | 6092 | 630 | 201 | 1346 | 4788 | 510 | 1743 | 960 |

## §3. پۇل ئامانىتى

ناھىيىلىك خەلق بانكىسى تۈرلۈك پۇل ئامانىتى كەسپلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ناھىيىگە قاراشلىق كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەم گۇڭشې، دۈيلەرگە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ پۇل ئامانىتىنى قوبۇل قىلدى ھەم ناھىيە مالىيە خەزىنىسى كەسپىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە، يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۈرلۈك ئامانەت پۇلدىن 20 مىليون 205 مىڭ 700 يۈەندىن قوبۇل قىلىپ، جەمئىي 141 مىليون 440 مىڭ يۈەن قوبۇل قىلدى. خەلق پۇل ئامانىتى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى تارقاق مەبلەغنى يىغىپ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىدىغان فۇنكسىيىسى ھېسابلىنىدۇ، ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى 1960 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە قوبۇل قىلغان ئامانەت پۇل جەمئىي 9 مىليون 117 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، يىلدا ئوتتۇرا

ھېساب بىلەن 536 مىڭ 300 يۈەندىن قوبۇل قىلىنغان. خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى 1977 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە قوبۇل قىلغان ئامانەت پۇل جەمئىي 35 مىليون 922 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 مىليون 131 مىڭ 700 يۈەندىن قوبۇل قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە: 1977 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئامانەت پۇل 3 مىليون 832 مىڭ يۈەنگە، 1983 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغىنى 7 مىليون 176 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1983 ـ يىلى 1977 ـ يىلدىكىدىن 87.27% ئاشقان.

(ئىزاھات: شەھەرنىڭ 1977 ـ يىلدىن بۇرۇنقى پۇل ئامانىتىنىڭ سانى مەركەزدىي تارماق بانكىنىڭ سانى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەچكە، سېلىشتۇرغىلى ھەم پايدىلانغىلى بولمىدى، شۇڭا ستاتىستىكا قىلىنمىدى.)

**1977 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە بولغان خەلق پۇل ئامانىتى ستاتىستىكىسى جەدۋىلى**

جەدۋەل 11 – 8 بىرلىكى 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | جەمئىي | خەلق بانكىسى | يېزا ئىگىلىك بانكىسى | ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى |
|---|---|---|---|---|
| 1977 | 3832 | 2831 | | 1001 |
| 1978 | 4617 | 3390 | | 1227 |
| 1979 | 5455 | 4030 | | 1425 |
| 1980 | 5519 | 3380 | 80 | 2059 |
| 1981 | 3937 | 1410 | 113 | 2414 |
| 1982 | 5386 | 1870 | 125 | 3391 |
| 1983 | 7176 | 2210 | 130 | 4836 |
| جەمئىي | 35922 | 19121 | 448 | 16353 |

## §4. ئىناۋەتلىك قەرز

### 1. سودا ـ سانائەت ئىناۋەتلىك قەرزى

ناھىيىگە قاراشلىق ئومۇم خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت، شەھەر ـ بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت ۋە كۆڭشې، دۈي سانائىتىنىڭ كۆلىمى كىچىك،

ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، 1983 - يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1980 - يىلدىكى تۇراقلىق باھا بويىچە ھېسابلانغان) ئاران 7 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولغان. شۇڭا سانائەت قەرز پۇل مىقدارى ئانچە كۆپ بولمىغان. 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى جەمئىي 4 مىليون 70 مىڭ يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە قەرز پۇل قالدۇقى 581 مىڭ 400 يۈەن بولغان، 1983 - يىللىق قەرز پۇل قالدۇقى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 1 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولغان.

سودا قەرز پۇلى تارقىتىش مىقدارى خېلى كۆپ بولۇپ، 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان سودا قەرز پۇلى قالدۇق سوممىسى جەمئىي 53 مىليون 240 مىڭ يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليون 605 مىڭ 700 يۈەن بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە: 1977 - يىللىق قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليون 30 مىڭ يۈەن، 1983 - يىللىق قەرز پۇل قالدۇقى 9 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولغان. 1983 - يىلى 1977 - يىلدىكىدىن 39.5% ئاشقان.

### 2. يېزا ئىگىلىك ئىناۋەتلىك قەرزى

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاش پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل بېرىش بانكا ئىناۋەتلىك قەرز كەسپىنىڭ مەركىزى، 1951 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە بولغان 13 يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى جەمئىي 20 مىليون 338 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 564 مىڭ 400 يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقاتقان. بۇنىڭ ئىچىدە: خەلق بانكىسى 15 مىليون 50 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 157 مىڭ 700 يۈەن تارقاتقان؛ يېزا ئىگىلىك بانكىسى 3 مىليون 825 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 294 مىڭ 200 يۈەن تارقاتقان؛ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى 1 مىليون 463 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 112 مىڭ 500 يۈەن تارقاتقان.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل ھەسسىلەپ ئاشتى، 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان توۋت يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، جەمئىي 25 مىليون 754 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 مىليون 438 مىڭ 500 يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە: خەلق بانكىسى 17 مىليون 610 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 مىليون 402 مىڭ 500 يۈەن تارقاتقان؛ يېزا ئىگىلىك بانكىسى 3 مىليون 425 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 856 مىڭ 200 يۈەن تارقاتقان؛ ئامانەت- قەرز كوپېراتىپى 4 مىليون 719 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 179 مىڭ 700 يۈەن تارقاتقان.

**17 يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىناۋەتلىك قەرز تارقىتىش مىقدارى ستاتىستىكا جەدۋىلى**

جەدۋەل 11 — 9 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | جەمئىي | يېزا ئىگىلىك بانكىسى، خەلق بانكىسى | ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى | يىللار | جەمئىي | يېزا ئىگىلىك بانكىسى، خەلق بانكىسى | ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 174 | 174 | | 1969 | 1924 | 1789 | 135 |
| 1953 | 281 | 281 | | 1971 | 1017 | 840 | 177 |
| 1955 | 239 | 239 | | 1973 | 1679 | 1439 | 240 |
| 1957 | 870 | 870 | | 1975 | 2383 | 2163 | 20 |
| 1959 | 2672 | 2672 | | 1977 | 3058 | 2592 | 466 |
| 1961 | 5964 | 5650 | 314 | 1979 | 6421 | 5208 | 1213 |
| 1963 | 923 | 794 | 129 | 1981 | 9632 | 9059 | 573 |
| 1965 | 1105 | 957 | 148 | 1983 | 6643 | 4176 | 2467 |
| 1967 | 1107 | 1007 | 100 | جەمئىي | 46092 | 39910 | 6182 |

## 5§. زايوم، دۆلەت خەزىنە چېكى

### 1. مۇقىم باھا ھېسابىدىكى جۇڭگو خەلق غەلىبە زايومى

دۆلەت 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا مۇقىم باھا ھېسابىدىكى جۇڭگو خەلق غەلىبە زايومىنى تارقاتتى. ئەينى ۋاقىتتا باھا بەك مۇقىم بولمىغاچقا، زايوم سېتىۋالغۇچىلار باھانىڭ ئۆسۈش تەسىرىگە ئۇچرايتتى، شۇڭا دۆلەت زايومنى مۇقىم باھا بويىچە ھېسابلاشنى بەلگىلىگەن، شۇڭا مۇقىم باھا ھېسابىدىكى زايوم دەپ ئاتالغان. زايومدا «دانە» بىرلىك قىلىنغان بولۇپ، بىر «دانە» تەخمىنەن ئۇچ يۈەن خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلاتتى، يىللىق ئۆسۈمى بەش لى بولۇپ، بەش يىلدا قايتۇرۇلاتتى. بۇنداق زايومدىن ناھىيە بويىچە جەمئىي 3629 دانە سېتىلغان، بۇ، تەخمىنەن 10 مىڭ 887 يۈەن خەلق پۇلىغا باراۋەر كېلىدۇ.

### 2. دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى

دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى 1954 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە تارقىتىلغان، يىللىق ئۆسۈمى تۆت لى ئىدى، 1954 - يىلى تارقىتىلغىنىنىڭ قايتۇرۇش مۇددى-

تى سەككىز يىل بولغاندىن سىرت، باشقا يىللاردا تارقىتىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەك 10 يىل ئىدى. يۇقىرىقى زايوملارنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈمى ئۆز قەرەلىدە قايتۇرۇلغان.

**ناھىيە بويىچە تارقىتىلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى ستاتىستىكا جەدۋىلى**

جەدۋەل 11 — 10 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار / تۈرى | پىلاندىكى تارقىتىلغان سان | خەزىنىگە ئەمەلىي كىرگەن سان | باشقىلار: سودا ـ سانائەت ساھەسى | باشقىلار: دېھقان ـ چارۋىچىلار | باشقىلار: ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 59 | 697 | | | |
| 1956 | | 216 | | | |
| 1957 | 95 | 965 | 162 | 229 | 574 |
| 1958 | 113 | 1154 | 183 | 077 | 894 |

### 3. دۆلەت خەزىنە چېكى

1981 ـ يىلى تارقىتىلغان دۆلەت خەزىنە چېكى، ئاساسەن، دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلىرى، كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تارقىتىلدى. ئۇنىڭ يىللىق ئۆسۈمى تۆت لى بولۇپ، تارقىتىلىپ 6 ـ يىلدىن باشلاپ دىرى ۋە ئۆسۈمى بەش يىلغا بۆلۈپ قايتۇرۇلىدىغان بولدى. 1982 ـ يىلدىن كېيىن تارقىتىلغان دۆلەت خەزىنە چېكىدە شەخسلەرنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى ئاشۇرۇلدى. ئىدارە ئورۇنلىرى سېتىۋالغىنىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى تۆت لى، شەخسلەر سېتىۋالغىنىنىڭ سەككىز لى بولدى، قايتۇرۇش چارىسى 1981 ـ يىلدىكىگە ئوخشاش بولدى.

1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 386 مىڭ يۈەنلىك دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە خەزىنىگە كىرگىنى 438 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، نورمىدىن 13.6% ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە: كوللېكتىپ ئورۇنلىرىنىڭ سېتىۋالغىنى 44 مىڭ يۈەن، شەخسلەرنىڭ سېتىۋالغىنى 394 مىڭ 500 يۈەن. شەخسلەر سېتىۋالغىنى ئىچىدە: ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سېتىۋالغىنى 365 مىڭ 300 يۈەن، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېتىۋالغىنى 28 مىڭ 800 يۈەن، ھەربىي قىسىملاردىكىلەرنىڭ سېتىۋالغىنى 400 يۈەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# ئون ئىككىنچى قىسىم
# پارتىيە، ئىجتىمائىي تەشكىلات

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شىڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن ليۇ شىپىڭ، چى يەنپېي قاتارلىق ئالتە كىشى قۇمۇلغا كېلىپ خىزمەت قىلدى. ئۇلار قۇمۇلدا ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى، ئېگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. 1950-يىلى 5-ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلۇش بىلەن تەڭ تاشبۇلاق، تىيانشان، ئاقيەر، شەھەر ئىچى، توغۇچى، شەھەردىن ئىبارەت ئالتە ئاساسىي قاتلام رايونلۇق كومىتېت ۋە يەتتەقۇدۇق مەركىزىي رايونلۇق كومىتېت قۇرۇلدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى جەريانىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتلىرى يېزىلاردا پارتىيىگە تۇنجى تۈركۈم ئەزا قوبۇل قىلدى، ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى ۋە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا، پارتىيە تەشكىلاتلىرى تېز كۆپەيدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى تەدرىجىي نورماللاشتى. ناھىيە بويىچە 1983-يىلدىكى پارتىيە ئەزاسى 2580، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 2183، ئايال 397؛ خەنزۇ 1108، ئاز سانلىق مىللەت 1472؛ رەسمىي پارتىيە ئەزاسى 2496، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 84.

جۇڭگو گومىنداڭىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك داڭبۇسى مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) شىڭ شىسەي ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە ئىلگىرى-كېيىن ئۈچ رايونلۇق داڭبۇ، 17 رايونلۇق شۆبە داڭبۇ قۇرۇلدى. ناھىيىلىك داڭبۇ قۇرۇلغاندىن تارتىپ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر، گومىنداڭغا 400 دىن ئارتۇق ئەزا قوبۇل قىلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل ناھىيىسىدە سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتى، دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار جەمئىيىتى، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسىنىڭ قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق 8-شۆبىسى، ئاۋانگارتلار جەمئىيىتىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك ياچېيكىسى، قۇمۇل ناھىيىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قۇمۇل ناھىيىلىك خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، ئەكسىلئىنقىلابىي خۇيداۋمېن تەشكىلاتلىرىدىن يىگۇەنداۋ، چىڭباڭ، خۇڭباڭ قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكى-

لاتلار قۇرۇلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، دېھقانلار جەمئىيىتى (كەمبەغەل ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى)، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى (يېڭى دېموكراتىزمچى ياشلار ئىتتىپاقى)، ئاياللار بىرلەشمىسى، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى.

# I باب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

## §18. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى قۇمۇلدا

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرى، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالتە نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى قۇمۇلغا خىزمەتكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: ليۇ شىپىڭ، مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قۇمۇلغا كېلىپ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى بولغان، مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قوشۇمچە قۇمۇل جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شۆبە بىرلەشمىسىنىڭ يېتەكچىسى، ئاشلىق توپلاپ قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا قۇمۇلدىن يۆتكىلىپ كەتكەن، كېيىن ئۇنى شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان، ئۇ، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغان؛ جاڭ دۇڭيۈ (جاڭ پېيلىن)، مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا قۇمۇلغا كەلگەن، مەمۇرىي مەھكىمە 1 ـ بۆلۈمدە (مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات ئىشلىرىغا مەسئۇل) 1 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بولغان، كېيىن 3 ـ بۆلۈم (خەلق ئىشلىرى) نىڭ باشلىقى قوشۇمچە 2 ـ بۆلۈم (قۇرۇلۇش) نىڭ باشلىقى ھەمدە قوشۇمچە خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى، ۋېيىۋەنجاڭى، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى، مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا قۇمۇلدىن يۆتكىلىپ كەتتى؛ لى تاۋ (لى يى)، مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا قۇمۇلغا كەلدى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 2 ـ بۆلۈمدە 2 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بولدى، قۇمۇل جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شۆبە بىرلەشمىسىنىڭ تەشۋىقات گەنسىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئۆتىدى، مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) قۇمۇلدىن يۆتكىلىپ كەتتى؛ شېن لىڭ (ئايال)، مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا يولدىشى لى تاۋ بىلەن قۇمۇلغا كەلدى، ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قوشۇمچە، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى بولدى،
مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) قۇمۇلدىن يۆتكىلىپ كەتتى. چى يەنپېي (چى
تيەنمىن. مانجۇ)، مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 1 - ئايدا قۇمۇلغا يۆتكىلىپ
كەلدى، مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتى-
دى، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى؛ پەن تۇڭ (پەن
بونەن)، مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 8 - ئايدا قۇمۇلغا كەلدى، مەمۇرىي مەھ-
كىمىنىڭ ۋالىيسى ھەمدە قوشۇمچە قۇمۇل جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باش-
لىقى بولدى، 2 - يىلى 7 - ئايدا قۇمۇلدىن يۆتكىلىپ كەتتى، كېيىن شىڭ شىسەي
ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، ئۇ، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يۇقىرىقى ئالتە ئەزاسى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، سىياسىي سالا-
ھىيىتىنى ئاشكارىلىماي، شىنجاڭدا پارتىيە قۇرماي، شىڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان
«جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر
باراۋەر بولۇش، دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن
ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى يولغا قويۇش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ
سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاممىا ئارىسىدا تەشۋىقاتچى، تەشكىلاتچى، تەربىيەچى بو-
لۇپ، ئاممىا ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. ئۇلار قۇمۇل ناھىيىسىدە، ئاساسەن،
تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى:

**بىرىنچى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى**

ھەر يىلى «8 - مارت» (ئاياللار بايرىمى)، «12 - ئاپرىل» (شىڭ شىسەي تەختكە
چىققان كۈن)، «1 - ماي» (ئەمگەكچىلەر بايرىمى)، «4 - ماي» («4 - ماي» ھەرىكىتىنى
خاتىرىلەش كۈنى)، «30 - ماي» («30 - ماي» ھەرىكىتىنى خاتىرىلەش كۈنى)، «7 - ئىيۇل»
(«7 - ئىيۇل» ۋەقەسى)، «1 - ئاۋغۇست» (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ۋە جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش ئارمىيىسى قۇرۇلغان كۈن)، «18 - سېنتەبىر» («18 - سېنتەبىر» ۋەقەسى)،
«10 - ئۆكتەبىر بايرىمى» (شىنخەي ئىنقىلابى) قاتارلىق خاتىرە كۈنلىرىدە مەمۇرىي مەھ-
كىمە يىغىلىش ئۇيۇشتۇردى، ليۇ شىپىڭ، چى يەنپېي دائىم بۇخىل يىغىلىشلاردا نۇتۇق
سۆزلەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ يولىنى تەشۋىق قىلدى. چى يەنپېي،
جاڭ دۇڭيۈ، شېن لىڭ قاتارلىقلار مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تەشۋىقات ئەترىتى
تەشكىللەپ، كوچىلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى. جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچىلارنى يېتىشتۈرۈش
ئۈچۈن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى قۇمۇل شۆبىسىنىڭ نامىدا ھەرخىل شەكىل-
دىكى ئۆگىنىش كۇرسى ۋە مەشىق كۇرسلىرىنى ئاچتى. ليۇ شىپىڭ، جاڭ دۇڭيۈ، لى تاۋلار
ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەلققە ئارا ۋەزىيەت ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى، يا-
پون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش سىياستى ۋە ئاممىۋى

تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەشنىڭ ئۇسۇلى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى ھەمدە شۇ جەرياندا ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلدى. مەسىلەن، جاڭ دۇڭيۇ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت دەرسلىكى»نى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلىرىنى نۇقتىلىق سۆزلىدى؛ لىۇ شىپىڭ خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى سۆزلىگەندە، 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك بازىدىكى ئارمىيە ـ خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى قەھرىمانانە ئىش ـ ئىزلىرىنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلدى؛ چى يەنپېي جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىنى سۆزلىگەندە، نۇقتىلىق ھالدا، ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتىن تەربىيىلىدى، بۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار (بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى) تۇنجى قېتىم تەيپىڭ تيەنگو، ئىختىيەن ۋە شىنخەي ئىنقىلابى بىلەن تونۇشتى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، سوتسىيالىزم ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن تونۇشتى.

**ئىككىنچى، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بەردى**

لىۇ شىپىڭ، جاڭ دۇڭيۇ، لى تاۋلار جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شۆبە بىرلەشمىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇمۇل ناھىيىسى سودىگەرلەر يىغىنى ئېچىپ، زەھەردىن ساقلىنىش بۇيۇمى ۋە قىشلىق كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى. يىغىنغا ناھىيە بويىچە 90 نەچچە سودىگەر قاتناشتى، سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ۋۇ دېچېڭ «سودىگەرلەر ئۆز كاپىتالىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە كاپىتالىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئىئانە قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلسا» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەكلىپ شۇ مەيداندا قىزغىنلىق بىلەن ماقۇللاندى. قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى غوپۇر ھاجى يالغۇز چوڭ ئەركەكتىن 150 نى ئىئانە قىلدى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلىدىن 29 ـ يىلىغىچە (1938 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە) قۇمۇل جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى 6 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلىدى.

ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇلدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ۋە ئاپتوموبىل پونكىتى بار ئىدى، «مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى» نىڭ ۋېيىۋەنجاڭى لىۇ شىپىڭ مەبلەغ ئاجر

رىتىپ مېھمانخانا سېلىپ، يولدىن ئۆتكەن شوپۇرلارنى كۈتۈۋالغاندىن ۋە ئاممىنى يولدا قاتناشنىڭ راۋان بولۇشىنى قوغداشقا سەپەرۋەر قىلغاندىن باشقا، ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلدى. بۇ چاغدا قۇمۇل تېخى ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلمەيتتى، ھەربىي ئاشلىق ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە گۈچۈڭ قاتارلىق جايلاردىن سېتىۋېلىناتتى، ئاشلىق قىس بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ، ئۇ، ئاممىنى ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 4 - ئايدا قۇمۇلدىكى ئاما بىر قېتىمدىلا «مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى»گە 40 دەن ئاشلىق بەردى.

**ئۈچىنچى، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى**

مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، تۇرگان خىزمەتچىلىرى، شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ۋە دېھقانلارنى سۇ ئىنشائاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا سەپەرۋەر قىلدى، بۇ ئىشقا لى تاۋ كونكرېت مەسئۇل بولدى. خەلق ئاممىسىنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ مەبلەغ توپلىشى ۋە خالىسانە ئەمگەك قىلىشى ئارقىلىق، تۆرۈك توسمىسى قۇرۇلدى ھەمدە ئاھالىلەر سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى-لاردا كارىز چېپىپ بوز يەر ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلىندى، ئۇنىڭدىن ئالغان ھوسۇل ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولدى، ئۈچ يىلغىچە باج ئېلىنمىدى. يەنە قۇمۇلدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تەجرىبە مەيدانى قۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭى تېپتىكى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى ۋە نەسىللىك مال - چارۋا، ئۆي قۇشلىرى (ئاساسلىقى ئاتقا سۆرىتىلىدىغان كومبايىن، قوش چىشلىق ساپان، تاق چىشلىق ساپان ۋە ئايغىر، نەسىللىك توخۇ قاتارلىقلار) كىرگۈزۈلۈپ ئومۇملاشتۇرۇلدى.

لى تاۋ يەنە تارانچى كۆمۈر كېنىنى ئېچىش ۋە ئېلېكتر شىركىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە كونكرېت رەھبەرلىك قىلىپ، قۇمۇلنىڭ يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، قۇمۇلدا ئېلېكتر چىراغ بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىشكە تۆھپە قوشتى.

نامرات دېھقانلارنىڭ ئۇرۇقلۇق، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، لىيۇ شىپىڭ قۇمۇلدا ئاشلىق توپلاپ، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ ۋىيىيۈەنجاڭى بولغان مەزگىلدە، تەشۋىقات گەنسىسى لى تاۋ قاتارلىقلار بىلەن كۆپلەپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق پۇل ۋە ئاشلىق توپلاپ، ئۇرۇقلۇقى ۋە ئوزۇقلۇقى يېتىشمەيۋاتقان دېھقانلارغا ئۆتنە بەردى. لىيۇ شىپىڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، يەنە بىر قېتىم «ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى» تەشكىللەپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە پۇل قەرز بېرىش ئەترەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ يېزىغا چۈشۈرۈپ، «نامراتلارنى قالدۇرماسلىق، بايلارغا ئۆتنە بەرمەسلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن، دېھقانلارغا پۇل قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەتىيازدىكى قەھەتچىلىكتىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

لىيۇ شىپىڭ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ 2 - يىلى «ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئىشلەپ-

چىقىرىش كوپېراتىپى» تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، ھەربىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى پاي قوشۇشقا جەلپ قىلدى، تاپاۋەتنى پايغا قاراپ تەقسىم قىلدى. كوپېراتىپ ئەزالىرى يەنە كوپېراتىپتىن ماددىي بۇيۇملارنى كېيىنكىسى ئارقىلىق بازاردىكىدىن تۆۋەنرەك باھادا سېتىۋالدى.

ليۇ شىپىڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، «تاختاي باھاسى كومىتېتى» تەشكىللەپ، ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇردى. مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) ئەتىيازدا قەھەتچىلىك بولدى، قۇمۇلدىكى ئاشلىق سودىگەرلىرى ئاشلىقنى بېسىۋېلىپ، ئاشلىق باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتتى. تاختاي باھاسى كومىتېتى ھۆكۈمەتنىڭ تاختاي باھاسى بويىچە ئاشلىق سېتىشىنى قارار قىلىپ، قانۇنسىز سودىگەرلەرگە زەربە بېرىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

**يەتتىنچى، ئورگان ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئامما ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى**

ليۇ شىپىڭ، پەن تۇڭلار مەمۇرىي ئىشلار باشلىقى بولغان مەزگىلدە، جەمئىيەتتىكە چوڭقۇر چۆكۈش، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشتەك خىزمەت ئىستىلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئالاقىۋازلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇردى. قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرى ئۈلگە بولدى، جاڭ دۇڭيۈ ھەق-تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپلا ھۆججەت تەستىقلىماي، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ مۇرەسسە قىلدى، مۇرەسسە ئۈنۈم بەرمىسە، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىكى زاتلارنى يىغىپ، ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەل قىلدى. قۇمۇلدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى يەنە ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ يوللىرىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق پومېشچىكلارنى يەر، سۇ ئىجارىسىنى ئازايتىشقا ۋە قەرز ئۆسۈمىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۈندىدى، دىنىنىڭ سىياسەتكە، نىكاھ ئىشلىرىغا، مەدەنىيەت-مائارىپقا ئارىلاشماسلىقىنى تەلەپ قىلدى، بۇ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

**بەشىنچى، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى**

ليۇ شىپىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىش، ئامما مەبلەغ ياردەم بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاممىۋى كۇلۇبىنى سالدۇردى، چوڭ ئىدارە-ئورگانلارمۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى كۇلۇبى سالدى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدا ئاممىۋى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىمۇ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «سوتسىيالىستىك تەربىيە بويىچە ئىشتىن سىرتقى دراما ئۆمىكى»، «ياشلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش

نويىچە نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكى» تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان «سۇمرۇغ شەھىرى»، «كۈرەش» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى دراممىلارنى ئوينىدى.

چى يەنپىڭ مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىلدە، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنى پائال قۇردى، ئۇ يەنە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارنى مەبلەغ چىقىرىپ خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنى كۆپلەپ قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. جاڭ دۇڭيۈ شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ھوشۇر قازى ئاخۇنۇمنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىش ۋە سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى «ئۆشرە»، «زاكات» نى، ئاساسەن، مەكتەپ قۇرۇشقا ئىشلىتىشكە قايىل قىلدى. مائارىپ ئىدارىسى مىنگونىڭ 28 ـ ۋە 29 ـ يىللىرى (1939 ـ ۋە 1940 ـ يىللىرى) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئىككى قارار ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى، ليۇ شىپىڭ، چى يەنپىڭ، جاڭ دۇڭيۈ، لى تاۋلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى، تارىخ، جۇغراپىيە، پېداگوگىكا، خەنزۇ تىلى قاتارلىق دەرسلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

چى يەنپىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ئۇ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى بىۋاسىتە تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، كونا ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئوقۇشىغا يول قويمايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنى بالىلارنىڭ ئوقۇشىنى قوللاشقا قايىل قىلدى.

**ئالتىنچى، ماۋدۈن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەرنى قوغداپ قالدى**

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا، ماۋدۈن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىقلار پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، داۋالىنىش نامى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى. ئۇلار قۇمۇلغا چۈشكەن ئاخشىمى شېڭ شىسەي قۇمۇلنىڭ ۋالىيسىغا ئۇلارنى تۇتۇپ قېلىش توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدى، كېيىن يەنە ئۇلارنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدى. ليۇ شىپىڭ شېڭ شىسەينىڭ يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ماۋدۈن، جاڭ جۇڭشىلارنى ئەتىسى ئەتىگەندە ئايروپىلان ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ قۇمۇلدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى، قۇمۇلنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئامما ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. چى يەنپىڭ خىزمەت ئۈستىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى ئىدارە ـ ئورگانلار، مەكتەپلەر، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى، شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلاردىن ئاز كەم 1000 ئادەم تەزىيە يىغىنىغا قاتناشتى.

## 2§. تەشكىلىي قۇرۇلۇش

**بىرىنچى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى**

1950-يىل 2-ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 6-جۈن 16-شىسى قومۇل ناھىيىسىدە تۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت كومىتېتى ئەۋەتتى. خىزمەت كومىتېتىدىكى تۆنجى تۆركۈمدە ئەۋەتىلگەن 25 ئادەمنىڭ 23 ى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

1950-يىلى 5-ئايدا، ج ك پ قومۇل ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاشۆپلىق، تىيانشان، ئاقيەر، شەھەرئىچى، توغۇچى، شەھەردىن ئىبارەت ئالتە رايوندا رايونلۇق كومىتېت قۇرۇلدى، يەتتەقۇدۇقتا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە بىۋاستە قارايدىغان مەركىزىي رايونلۇق كومىتېت قۇرۇلدى. 1952-يىلى 5-ئايدا، غەربىي تاغ رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى.

1952-يىلى 6-ئايدا، 1-قارارلىق يەر ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى شەھەر ئىچى رايونىنىڭ ئىككى يېزىسىدا باشلاندى، پارتىيە تەشكىلاتى يېزىلاردا پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشقا باشلىدى، ئەلا نۇرۇللا، ئىپارخان بوسۇق، خەلچەخان نۇرشا، ياچى بوسۇق قاتارلىق تۆت نەپەر دېھقان ئاكتىپ شۇ يىلى 12-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. بۇ، قومۇلدىكى تۇنجى تۆركۈم يەرلىك پارتىيە ئەزالىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدا، پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىرقەدەر تېز كۆپەيدى، 1956-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تاشۆپلىق، تىيانشان، غەربىي تاغدىن ئىبارەت ئۈچ تاغلىق رايوندىلا رايونلۇق كومىتېت ئورگىنىدا ياچېيكا قۇرۇلغاندىن باشقا، قالغان يېزىلاردا پۈتۈنلەي باش ياچېيكا قۇرۇلدى. شەھەر-بازارغا قاراشلىق ئورگانلاردا ناھىيىلىك كومىتېت، خەلق ھۆكۈمىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەمىنات سودا كوپېراتىپى، پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، قومۇل بازىرى، يەتتەقۇدۇق بازىرى ۋە شىڭشىڭشيادىن ئىبارەت سەككىز ئورۇندا ياچېيكا قۇرۇلدى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، گوڭشېلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدا، پارتىيە تەشكىلاتلىرى نىھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى گوڭشې ۋە مەيدانلاردا پارتكوم (يەتتەقۇدۇقتىكىسى ياچېيكا ھالىتىدە تۇرىۋەردى)، دادۈيلەردە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى توختاپ قالدى. 1971-يىلدىن 1973-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز پائالىيەتلىرىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە پارتىيىگە يېڭىدىن ئەزا قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تار-مار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى تەدرىجىي نورماللاشتى.

جەدۋەل 12 — 1

قىسمەن يىللاردىكى پارتىيە ئەزالىرىغا دائىر ستاتىستىكىلىق مەلۇمات

| ساھەلەر / ئادەم سانى / يىللار | ساناۋەت | بىناكارلىق | قاتناش، پوچتا — تېلېگراف | ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى | سودا، ماددىي ئەشيا، تەمىنات سودا | مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە | پۇل مۇئامىلىسى، ستراخوۋانىيە | ئىدارە- ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلات | باشقىلار | ئومۇمىي سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | | | | | | | | 31 | | 31 |
| 1952 | | | | 27 | | | | 44 | | 71 |
| 1954 | | | 1 | 58 | 4 | 5 | 1 | 65 | | 134 |
| 1955 | | 4 | 2 | 177 | 18 | 19 | 1 | 86 | 1 | 308 |
| 1956 | 16 | 5 | 26 | 303 | 35 | 8 | 1 | 139 | 1 | 534 |
| 1959 | 72 | 20 | 40 | 641 | 124 | 34 | 23 | 220 | 25 | 1199 |
| 1965 | 71 | | 21 | 1011 | 75 | 44 | 14 | 231 | 24 | 1491 |
| 1976 | 134 | | 24 | 1829 | 136 | 119 | | 298 | 64 | 2604 |
| 1978 | 123 | 2 | 17 | 2046 | 111 | 108 | | 295 | | 2702 |
| 1980 | 126 | 3 | 18 | 1681 | 41 | 100 | 42 | 341 | 12 | 2364 |
| 1983 | 196 | 9 | 22 | 1575 | 100 | 172 | 18 | 489 | | 2580 |

جەدۋەل 12 — 2

## پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىشىگە دائىر ئاساسىي ئەھۋال

| يىللار | ئومۇمىي سانى | جىنسى: ئەر | جىنسى: ئايال | مىللىتى: خەنزۇ | مىللىتى: ئازسانلىق مىللەت | بۇنىڭ ئىچىدە: رەسمىي | بۇنىڭ ئىچىدە: كاندىدات | شۇ يىلى كۆپەيگىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 31 | 29 | 2 | | | 30 | 1 | 1 |
| 1951 | 32 | 30 | 2 | | | 31 | 1 | |
| 1952 | 71 | 60 | 11 | 52 | 19 | 43 | 28 | 27 |
| 1953 | 102 | 89 | 13 | 59 | 43 | 62 | 40 | 40 |
| 1954 | 134 | 124 | 10 | 80 | 54 | 90 | 44 | 44 |
| 1955 | 308 | 278 | 30 | 146 | 162 | 137 | 171 | 154 |
| 1956 | 534 | 484 | 50 | 226 | 308 | 269 | 265 | 208 |
| 1957 | 602 | 546 | 56 | 272 | 330 | 418 | 184 | 17 |
| 1958 | 654 | 578 | 76 | 295 | 359 | 522 | 132 | 51 |
| 1959 | 1199 | 1048 | 151 | 599 | 600 | 490 | 709 | 298 |
| 1960 | 1359 | 1172 | 187 | 612 | 747 | 848 | 511 | 207 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1961 | 1379 | 1197 | 182 | 632 | 747 | 550 | 829 | 67 |
| 1962 | 1393 | 1189 | 204 | 586 | 807 | 1288 | 105 | 24 |
| 1964 | 1382 | 1163 | 219 | 589 | 793 | 1308 | 74 | |
| 1965 | 1491 | 1264 | 227 | 643 | 848 | 1326 | 165 | |
| 1971 | 1790 | 1488 | 302 | 675 | 1115 | | | 49 |
| 1972 | 2017 | 1691 | 326 | 818 | 1199 | | | 2 |
| 1973 | 2070 | 1734 | 336 | 839 | 1231 | | | 47 |
| 1974 | 2143 | 1784 | 359 | 890 | 1253 | | | 56 |
| 1975 | 2334 | 1913 | 421 | 1004 | 1330 | | | 138 |
| 1976 | 2604 | 2118 | 486 | 1180 | 1424 | | | 268 |
| 1977 | 2520 | 2182 | 438 | 1168 | 1452 | | | 99 |
| 1978 | 2702 | 2260 | 442 | 1203 | 1499 | 2523 | 179 | 93 |
| 1979 | 2293 | 1917 | 376 | 971 | 1322 | 2129 | 164 | 107 |
| 1980 | 2364 | 1978 | 386 | 1013 | 1351 | 2264 | 118 | 69 |
| 1981 | 2506 | 2111 | 395 | 1081 | 1425 | 2372 | 134 | 101 |
| 1982 | [illegible] | 2176 | 387 | 1119 | 1444 | 2419 | 144 | 56 |
| 1983 | 2580 | 2183 | 397 | 1168 | 1472 | 2496 | 84 | 41 |

ناھىيە بويىچە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى جەدۋەل 12—3

| يىللار | ئاساس قاتلام پارتكومى | باش ياچېيكا | ياچېيكا | پارتىيە ئەزاسى |
|---|---|---|---|---|
| 1950 | 6 | | 5 | 32 |
| 1951 | 6 | | 5 | 32 |
| 1952 | 7 | | 8 | 71 |
| 1953 | 7 | | 17 | 102 |
| 1954 | | | 21 | 134 |
| 1955 | | | 26 | 308 |
| 1956 | 7 | 8 | 32 | 534 |
| 1957 | | 8 | 40 | 602 |
| 1958 | 12 | 3 | 35 | 654 |
| 1959 | 12 | 5 | 89 | 1199 |
| 1960 | 13 | 3 | 96 | 1359 |
| 1961 | 11 | 9 | 104 | 1379 |
| 1962 | 12 | 3 | 135 | 1393 |
| 1963 | | | | |
| 1964 | 14 | 5 | 133 | 1382 |
| 1965 | 14 | 1 | 137 | 1491 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1966 | | | | |
| 1971 | 15 | | 75 | 1790 |
| 1972 | | | 27 | 2017 |
| 1973 | 14 | | 127 | 2070 |
| 1974 | 15 | | 138 | 2143 |
| 1975 | 18 | 5 | 161 | 2334 |
| 1976 | 18 | 16 | 229 | 2604 |
| 1977 | 17 | 20 | 249 | 2620 |
| 1978 | 18 | 21 | 261 | 2702 |
| 1979 | 13 | 21 | 213 | 2293 |
| 1980 | 15 | 22 | 222 | 2364 |
| 1981 | 15 | 23 | 224 | 2506 |
| 1982 | 15 | 23 | 221 | 2563 |
| 1983 | 14 | 20 | 229 | 2580 |

**ئىككىنچى، ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى**

1950 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇمۇل ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى (ھەرقايسى رايونلاردىمۇ پارتىيىنىڭ خىزمەت كومىتېتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى)، ۋېي خاۋ ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، ۋېي خاۋ شۇجى بولدى.

1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ناھىيىلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيىلىك پارتـ

كوم ئورگىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1969 - يىلى 3 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا پارتىيىنىڭ يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، شىيا يىڭجاڭ (1969 - يىلى 11 - ئايدىن 1972 - يىلى 1 - ئايغىچە)، لىيۇ خەيبىن (1972 - يىلى 7 - ئايدىن 1973 - يىلى 3 - ئايغىچە) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى، لىيۇرۇيجى (1972 - يىلى 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە) يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولدى، لى باۋشياڭ (1969 - يىلى 11 - ئايدىن 1971 - يىلى 3 - ئايغىچە)، لىيۇ رۇيجى (1972 - يىلى 7 - ئايدىن 1973 - يىلى 2 - ئايغىچە) مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. 1973 - يىلى 3 - ئايدا، پارتىيىنىڭ ناھىيىلىك 6 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى ھەمدە يېڭى ناھىيىلىك پارتكوم ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈپ، پارتىيىنىڭ يادرو گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

قىسمەن يىللاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە دائىر ستاتىستىكىلىق مەلۇمات

جەدۋەل 12 — 4

| مەدەنىيەت سەۋىيىسى / ئادەم سانى / يىللار | ئالىي تېخنىكوم | تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ، ساۋاتسىز | ئومۇمىي سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | | | | 3 | 28 | 31 |
| 1955 | | | 1 | 42 | 265 | 308 |
| 1956 | 1 | | 8 | 58 | 467 | 534 |
| 1961 | 2 | | 21 | 187 | 1169 | 1379 |
| 1965 | 2 | | 20 | 219 | 1250 | 1491 |
| 1976 | | | | | | 2604 |
| 1978 | 17 | | 144 | 669 | 1872 | 2702 |
| 1980 | 23 | 43 | 107 | 688 | 1503 | 2364 |
| 1983 | 35 | 94 | 130 | 865 | 1456 | 2580 |

ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىدا، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، تۆۋەندىكى تارماقلار تەسىس قىلىندى:

كاتىپات بۆلۈمى — 1950 - يىلى 5 - ئايدا تەسىس قىلىندى، كېيىن نامى ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى. تەشۋىقات بۆلۈمى — 1950 - يىلى 5 - ئايدا تەسىس قىلىندى. تەشكىلات بۆلۈمى — 1950 - يىلى 5 - ئايدا تەسىس قىلىندى. بىرلىكسەپ خىزمىتى بۆلۈمى — 1953 - يىلى 2 - ئايدا تەسىس قىلىندى. يېزا خىزمىتى بۆلۈمى — 1954 - يىلى 3 - ئايدا تەسىس قىلىندى، 1966 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مالىيە-سودا بۆلۈمى — 1956 - يىلى تەسىس قىلىندى، 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سانائەت-قاتناش بۆلۈمى — 1958 - يىلى 3 - ئايدا تەسىس قىلىندى، 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مالىيە-ئىقتىساد-سىياسەت بۆلۈمى — 1963 - يىلى تەسىس قىلىندى، 1966 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى — 1953 - يىلى 2 - ئايدا تەسىس قىلىندى، 1955 - يىلى نامى رېۋىزىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، 1979 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

**ناھىيىلىك پارتكوم (خىزمەت كومىتېتى)غا شۇجى بولغانلارنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

جەدۋەل 12—5

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| ۋېي خاۋ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي ئۆلكىسى شىنشيەن ناھىيىسىدىن | 1950·2—1953·2 | |
| ياڭ لىچۈن | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ئۆلكىسى شياۋىي ناھىيىسىدىن | 1953·3—1954·3 | |
| گوۋ ۋېيخەي | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى چىڭجيەن ناھىيىسىدىن | 1954·3—1967·1 | «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان |
| ليۇ خەييەن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى لىنتۇڭ ناھىيىسىدىن | 1973·3—1975·5 | |
| جاڭ جىجۈ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى يەنچۇەن ناھىيىسىدىن | 1975·1—1984·5 | 1979 - يىلدىن كېيىن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، قوشۇمچە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان |

## ناھىيىلىك پارتكوم (خىزمەت كومىتېتى)غا مۇئاۋىن شۇجى بولغانلارنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 12 — 6

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| داڭ خۇڭكۇي | ئەر | خەنزۇ | شەنشىنىڭ دىڭچېڭ ناھىيىسىدىن | 1950.6—1953 | |
| جاڭ دۇنلۇ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭنىڭ جىنەن شەھىرىدىن | 1955.7—1958 | |
| خەن دىشەن | ئەر | خەنزۇ | بېيجىڭنىڭ يەنچىڭ ناھىيىسىدىن | 1955.11 — 1961.5 | |
| جاڭ جىجي | ئەر | خەنزۇ | شەنشىنىڭ يەنچۈەن ناھىيىسىدىن | 1957.8—1960.4 | |
| سىيىت قۇربان | ئەر | ئۇيغۇر | قۇمۇل تىيانشاندىن | 1955.7—1956.12 | |
| ئىسمايىل توختى | ئەر | ئۇيغۇر | قۇمۇل ئاستانەدىن | 1956.9—1963.8 | |
| ما شۈلىن | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭنىڭ جۈيې ناھىيىسىدىن | 1960.11—1965.8 | |
| دۇڭ بەنخې | ئەر | خەنزۇ | بېيجىڭ | 1960.7—1963.8 | |
| نەمەت ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | قۇمۇل | 1960.4—1964 | |
| لى شىلياڭ | ئەر | خەنزۇ | خېبېينىڭ سىينىڭ ناھىيىسىدىن | 1964—1967.1 | «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان |
| لى گۇاڭلۇ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭنىڭ جۈەنچېڭ ناھىيىسىدىن | 1966.3—1967.1 | «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قاسىم ئىسمايىل | ئەر | ئۇيغۇر | قۇمۇلنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسىدىن | 1973.3—1975.8 | |
| شيايىڭجياڭ | ئەر | خەنزۇ | جياڭسۇنىڭ ليۇخې ناھىيىسىدىن | 1973.3—1977.7 | |
| ئابلىز ھاشىم | ئەر | ئۇيغۇر | قۇمۇل توغۇچىدىن | 1966.2—1967.1 | |
| ژاڭ ۋەنيەن | ئەر | خەنزۇ | سەنشىنىڭ لىشى ناھىيىسىدىن | 1973.3—1984.5 | |
| جۇ خۇەيبى | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ قۇمۇلدىن | 1976.11—1984.5 | |
| شاۋشيەنخۇا | ئايال | خەنزۇ | جياڭسۇنىڭ پېيشەن ناھىيىسىدىن | 1976.11—1983.6 | |
| باسىت ھاپىز | ئەر | ئۇيغۇر | قۇمۇلنىڭ راھەتباغ يېزىسىدىن | 1975.1—1976.10 | |

## §3. تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى

**بىرىنچى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى تەشۋىقاتى**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاممىغا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتا، ئاساسەن، ياڭگار ئەترىتى تەشكىللىنىپ، كوچىلاردا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى، تەشۋىقاتچىلار تەشكىللىنىپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تەشۋىق قىلدى، يەنە دوكلات بېرىش، تام گېزىتى ۋە قارا تاختا گېزىتى قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىلىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى. 1950 - يىلى دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا، 397 كىشىدىن تەركىب تاپقان 93 تەشۋىقات گۇرۇپپىسى كوچىلاردا ۋە يېزا - كەنتلەردە تەشۋىقات ئېلىپ باردى، تەشۋىقاتنى ئاڭلىغانلار 27 مىڭ 290 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

1952 - يىلى مۇقىم تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە، رايونلۇق كومىتېتنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى يادرو قىلىنغان، رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە رايون قارمىقىدىكى كادىرلار قاتناشقان ھالدا ھەر رايوندا «مەركىزىي ئۆلگىرى

سۈرۈش ئەترىتى» تەشكىللەندى؛ يېزا، مەھەللىلەردە ئىتتىپاق ياچېيكىسى يادرو قىلىنغان، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەيئەتلىرى قاتناشقان ھالدا ھەر يېزىدا «مەركىزىي تەشۋىقات گۇرۇپپىسى» تەشكىللەندى؛ كەنتلەردە، ئاساسەن، ياشلار، ئىتتىپاق ئەزالىرى يادرو قىلىنغان ھالدا (ئىتتىپاق ئەزالىرى بولمىسا كەنت باشلىقى، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى يادرو قىلىندى) ھەر كەنتتە «تەشۋىقات گۇرۇپپىسى» تەشكىللەندى. ئىدارە، ئورگان، مەكتەپ، رايون، يېزىلاردا قارا تاختا گېزىتى ۋە پارتىيە گېزىتىگە ماقالە يېزىپ تۇرىدىغان «ئىختىيارى مۇخبىرلار گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى.

يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە، شەھەر ـ يېزىلاردا ئومۇميۈزلۈك تەشۋىقاتچى تەسىس قىلىندى. تەشۋىقاتچىلىقنى، ئادەتتە، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، تەشۋىقات جەھەتتە مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە ئاكتىپلار ئۈستىگە ئالدى. 1953-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 14 يېزا ۋە تۆت مەھەللىدىكى تەشۋىقاتچى 253 كە يەتكەن، گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسىدىن 43 ى قۇرۇلغان ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ناھىيە بويىچە يەنە ناھىيە دەرىجىلىك دوكلاتچىدىن تۆتى (بۇ ۋەزىپىنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۈستىگە ئالدى)، رايون دەرىجىلىك دوكلاتچىدىن يەتتىسى (بۇ ۋەزىپىنى رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئۈستىگە ئالغان) تەسىس قىلىنىپ، ئاممىنى دوكلات يىغىنىغا تەشكىللەش ئارقىلىق، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىندى.

كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتى جەريانىدا، تەشۋىقات خىزمىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، يېزىلارغا چۈشكەن كادىرلار ھەر خىل يىغىن، كۇرس قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. يېزىلاردا يەنە پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، كوپېراتىپ كادىرلىرى، ئامما ئىچىدىكى ئاكتىپلار دائىرىلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەشۋىقات ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتى 1957 ـ يىلدىن كېيىن چوڭ سايراش، چوڭ ئېچىلىش، چوڭ خەتلىك گېزىت، چوڭ بەس ـ مۇنازىرە، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ ئىنچىكە ھېسابات قىلىش، پەيەن قىلىش، كۆرەش قىلىش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش مۇسابىقىسى قاتارلىق شەكىللەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى. بەزى تەشۋىقاتتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى كەمچىل بولغانلىقتىن، سىنىپىي كۆرەش تەكىتلىنىپ، زەربە بېرىش دائىرىسى كېڭەيتىۋېتىلىپ، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىغا بەرھەم بېرىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش كويىدا ئىنتايىن سولچىل ئىدىيىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، «قىزىللىقنى چۆمدۈرۈش»، «ساداقەتلىك ئۇسۇلى» ئويناش، «ئەتىگەندە يوليورۇق سوراش،

كەچتە دوكلات قىلىش» قاتارلىقلار بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى، قومۇلمۇ بولارنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئۇستىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە رادىئو تورى بارلىققا كەلدى ھەمدە كىنو، تېلېۋىزور قاتارلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسى كۈچەيتىلدى.

**ئىككىنچى، نەزەرىيە ئۆگىنىشى**

ناھىيىلىك پارتكوم قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەشۋىقات بۆلۈمى ناھىيىدىكى كادىر ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي-نەزەرىيە ئۆگىنىشىگە مەسئۇل بولدى. ئىدارە-ئورگان، ئورۇن، زاۋۇت-كان، مەكتەپلەردىكى كادىر ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەر ھەپتىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەرقايسى مەزگىللەردە قانات يايدۇرۇلغان سىياسىي ھەرىكەت ۋە مەركىزىي خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيىۋى كىتاب ۋە ھۆججەت-ماتېرىياللارنى ئۆگەندى.

1957-يىل 2-ئايدا، ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە-ئورگانلار بويىچە ئىشتىن سىرتقى سىياسىي مەكتەپ قۇرۇلدى، ئورگان كادىرلىرىدىن 122 كىشى ئوتتۇرا يىللىق سىنىپتا ئوقۇپ، «ۋ ك پ (ب) تارىخى» نى ئۆگەندى. 267 كىشى تۆۋەن يىللىق سىنىپتا ئوقۇپ، «سىياسىي-ئىقتىساد ساۋاتلىرى» نى ئۆگەندى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىدىكى لېكتورلار ۋە يېتەكچىلەرنىڭ دەرس ئۆتۈپ بېرىشى ئارقىسىدا، ئورگان كادىرلىرى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ مۇزاكىرە قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، بەزى سىياسىي-ئىقتىساد نەزەرىيىلىرىنى خېلى سىستېمىلىق ئۆگىنىۋالدى.

1963-يىلى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدە، ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئاممىۋى ھەرىكەت كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. 1965-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە شەھەر-يېزىلاردىكى ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى 470 كە يەتتى، بۇ گۇرۇپپىلارغا 9783 ئادەم قاتناشتى. 1966-يىل 10-ئايدا، ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى كۆپىيىپ 1620 گە، ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئادەم 27 مىڭ 963 كە يەتتى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىا ئارىسىدا «ھەقىقەت ئەمەلىيەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە خېلى كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»، «پارتىيىنىڭ ئىچكى سىياسىي تۇرمۇشىغا دائىر بىرقانچە مىزان»، «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار»، شۇنداقلا پارتىيە نىزامنامىسى، ئاساسىي قانۇن ئۆگىنىلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى. 1982-يىلى ۋە 1983-يىلى «چېن يۈن ماقالىلىرىدىن تاللانما»، «جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

**ئۈچىنچى، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى**

ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى ناھىيىدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر سىياسەت ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ئۈستىگە ئالدى.

ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى 1960-يىل 8-ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ماشۇلىن قوشۇمچە مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى. 1964-يىلدىن ئىلگىرى مەكتەپتە ئاران بىر ئوقۇتقۇچى، بىر خىزمەتچى، بىر تەرجىمان بارئىدى، ھەر يىلى ئىككى، ئۈچ قارار ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلاتتى. 1964-يىلدىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچى كۆپىيىپ يەتتىگە يەتتى. ھەر يىلى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسىدىن تەخمىنەن تۆت قارار ئېچىلدى، ھەر قارارلىق كۇرسقا 100 گە يېقىن ئادەم قاتناشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، پارتىيە مەكتىپى تاقىلىپ قالدى. 1975-يىلى مەكتەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1978-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ھەرخىل كىتاب ئوقۇش كۇرسى، ئۆگىنىش، تەربىيىلەش كۇرسىدىن 20 قارار ئېچىلىپ، پارتىيە ئەزاسىدىن 1220 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1982-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ھەرخىل ئۆگىنىش كۇرسىدىن 30 قارار ئېچىلىپ (ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىپ كۆكشى، دۆيلەردە ئېچىلغان كۇرسلار بۇنىڭ سىرتىدا) پارتىيە ئەزاسىدىن 5000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

ئوقۇتقۇچىلار يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، دائىرىلەر بويىچە نۇقتىلىق ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، پارتىيە دەرسى ئۆتۈپ، پارتىيىنىڭ فاكچىن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. 1983-يىلى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى 14 كە يەتتى، ناھىيىلىك پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى جۇخۇەيىيى مەكتەپكە قوشۇمچە مۇدىر، ئابلىز ھاشىم قوشۇمچە 1-مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

## §4. بىرلىكسەپ

ناھىيىلىك پارتكوم قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىرلىكسەپ خىزمىتىگە كاتىبات بۆلۈمى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1953-يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا بىرلىكسەپ خىزمىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇ، مەخسۇس مىللەت. دىن، سودا-سانائەت، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە باشقا ساھەلەردىكى ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك زاتلارغا بولغان بىرلىكسەپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، ئۇ ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ تۇردى.

بىرلىكسەپ بۆلۈمى مىللەت، دىن ساھەسىدىكى زاتلارغا پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلدى، ئۇلار بىلەن دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك، مەمۇرىي ئىشلار، نىكاھ،

مائارىپ قاتارلىقلارغا ئارىلاشماسلىق مەسىلىسى توغرىسىدا كېڭىشىپ تۇردى. ئۆگىنىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، زىيارەت قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق، بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆستۈرۈلۈپ، پارتىيىلىكلەر بىلەن پارتىيىسىز زاتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىپ، پارتىيىسىز زاتلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

1960-يىلى 9-ئايدا، قومۇل ناھىيىلىك سىياسىي مەكتەپ قۇرۇلدى. 1-قاراردا سودا-سانائەت ساھەسىدىن ئالتە كىشى، مىللەت، دىن ساھەسىدىن 40 كىشى، جەمئىيەت ئاقساقاللىرىدىن تۆت كىشى، دېموكراتىك زاتلاردىن بەش كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مۇھاجىر قېرىنداشلار ۋە شياڭگاڭ-ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تەكشۈرۈش، ئۇلارغا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1982-يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلاردىن بىر ئائىلە، بەش كىشى (چاۋشيەندىن قايتىپ كەلگەن)، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتىدىن 42 ئائىلە، 257 كىشى، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقتىن بىر ئائىلە، ئۈچ كىشى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن 14 ئائىلە، 70 كىشى، جەمئىي 59 ئائىلە، 377 كىشى بار ئىدى.

تەشۋىق-تەربىيە ۋە تۈرلۈك كونكرېت خىزمەتلەرنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەندىشىسى تۈگىتىلىپ، مۇھاجىرلار ئىشلىرىغا دائىر سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر ئاقلىنىپ، ئۇلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تۆھپە يارىتىشى ئۈچۈن، ناھىيىدە دائىم مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، ئۇلاردىن مۇھاجىرلار ئىشلىرى خىزمىتى جەھەتتە پىكىر ئېلىنىدى ھەمدە ئۇلار چەت ئەلدىكى تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى. 1980-يىلدىن بۇيان، چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان مۇھاجىرلاردىن تۇغقان يوقلاپ يۇرتىغا كەلگۈچىلەرمۇ كۈنسايىن كۆپەيدى.

## §5. ئىنتىزام تەكشۈرۈش

50-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناھىيىلىك پارتكوم قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىگە تەشكىلات بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1953-يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبىرى كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ئەينى ۋاقىتتا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس خىزمەتچىسى يوق ئىدى. 1955-

يىلى كومىتېتىنىڭ نامى رېۋزىيە، كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، يۇشۇۋۋېي رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى، ھەرقايسى رايونلاردىكى رايونلۇق كومىتېتلارنىڭ شۇجىلىرى، يېزا پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرى بىردەك ئاساسىي قاتلامدا قوشۇمچە رېۋىزىيە خىزمەتچىسى بولدى. پارتىيىنىڭ ناھىيىلىك 2 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن رېۋىزىيە كومىتېتىغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خەن دىشەن قوشۇمچە شۇجى بولدى، يۇشۇۋۋېي مۇئاۋىن شۇجى بولدى. 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن رېۋىزىيە كومىتېتىغا مىڭ باۋ شۇجى بولدى. 4 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن رېۋىزىيە كومىتېتىغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دۇڭ يەنخې قوشۇمچە شۇجى بولدى، ئابدۇرۇسۇل مۇئاۋىن شۇجى بولدى. 5 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن رېۋىزىيە كومىتېتىغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شىلىياڭ قوشۇمچە شۇجى، چېن لىيەنخۇا مۇئاۋىن شۇجى بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1977 ـ يىلى ج ك پ قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ ۋەننيەن قوشۇمچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا شۇجى بولدى، شىياۋ چېڭتۇڭ، يۇسۇپ سوپى مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (رېۋىزىيە كومىتېتى) قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى نۇقتىلىق تۇتتى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا ماسلىشىپ، پارتىيىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى مەركىزىي خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان سىياسەتنى ئىجرا قىلماسلىق، خىيانەتچىلىك ـ ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك، چېرىكلىشىش، ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆزى نەپ ئېلىش، مەيدانىنى يوقىتىش، زەربە بېرىش، ئۆچ ئېلىش، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش، ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى. 1977 ـ يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرىغا «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش» ۋە «مىزان» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ھوكۇمەت پۇلى ھېسابىغا چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىش، ئومۇمنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئومۇمنىڭ نەرسىلىرىنى ئىشلىتىپ شەخسىي ئۆي سېلىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى.

## §6. قۇرۇلتاي

**ج ك پ نىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك ۋەكىللەر يىغىنى**

بۇ يىغىن 1955 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 26 ـ كۈنى يېپىلدى.

يىغىنغا پارتىيە ۋەكىلىدىن 46 سى، سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىلدىن 17 سى قاتناشتى. پارتىيە ۋەكىللىرىنى ناھىيىلىك پارتكوم، رايونلۇق كومىتېتلار كۆرسەتتى.

يىغىندا تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قۇرالىدىن پايدىلىنىپ، ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىك، ئىتتىپاقلىق، مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش مەركەز قىلىنغان يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەر چوڭقۇر تەكشۈرۈلدى. يىغىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك، قول سانائەت، كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش جەھەتتىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ج ك پ نىلقا ناھىيىلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1956 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 29 ـ كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتايغا رەسمىي ۋەكىلدىن 60 ى، سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىلدىن 15 ى قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، 1956 ـ يىلدىن 1967 ـ يىلغىچە بولغان ئومۇمىي پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

قۇرۇلتايدا 13 كىشى مۇشۇ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكوم ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار: گو يۈكخەي، سىيىت قۇربان، جاڭ دۇنلۇ، خەن دېشەن، ما شۇلىن، دۇڭ يەنخې، جېڭ يەنجى، ئىسمايىل توختى، ئەمەت ئابدۇللا، لىيۇ يۈلىن، لىيۇلشەن، ۋاڭ گۈيىيۇ، جاۋ جىنشەن.

دائىمىي كومىتېت يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپتى، ئۇلار: گو يۈكخەي، سىيىت قۇربان، جاڭ دۇنلۇ، خەن دېشەن، دۇڭ يەنخې، ۋاڭ گۈيىيۇ، ما شۇلىن.

ج ك پ نىلقا ناھىيىلىك 2 ـ قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1958 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 7 ـ كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتاينىڭ رەسمىي ۋەكىلى 91 (ئەمەلىي قاتناشقىنى 86)، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 17.

قۇرۇلتاي، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى ۋە ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا، سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، سۇرئەتنى تېزلىتىپ، خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ كېتىش، چاڭجياڭغا يېتىشىۋېلىش، تۆرلۈك چارەئامالارنى قوللىنىپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، 10 يىللىق كۆرسەتكۈچنى بىر يىلدا ئورۇنداپ بولايلى، دېگەن چاقىرىقنى چىقاردى.

قۇرۇلتايدا 17 كىشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئۇلار: گو-يۇڭخەي، جاڭ جىجيې، خەن دېشەن، ئىسمايىل توختى، ليۇلىشەن، ئەمەت ئابدۇللا، دۇڭ يەنخې، ليۇ يۇلىن، جاۋ جىنشەن، مەخمۇت نامان، جېڭ يەنجى، مىڭ باۋ، مەمەتشا تاجى، ۋاڭ جيېتىڭ، ماشۇلىن، چاڭ فۇكۇەن، يۇ شۇۋېي؛ ئىككەيلەن كاندىدات ئەزالىقىغا سايلاندى. ئۇلار: لياڭ جۇيكۇي، ياڭ زېشۇەن.

دائىمىي كومىتېت 11 كىشىدىن تەركىب تاپتى، ئۇلار: گو يۇڭخەي، جاڭ جىيجى، خەن دېشەن، ئىسمايىل توختى، ليۇ لىشەن، ئەمەت ئابدۇللا، مەخمۇت نامان، مىڭ باۋ، ماشۇلىن، دۇڭ يەنخې، ۋاڭ جيېتىڭ.

ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇ تەسىس قىلىندى، گو يۇڭخەي بىرىنچى شۇجى، جاڭ جىجيې شۇجى، خەن دېشەن بىرىنچى مۇئاۋىن شۇجى، ئىسمايىل توختى ئىككىنچى مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

### ج ك پ نىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك 3 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1960 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئېچىلىپ، 17 - كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتاينىڭ رەسمىي ۋەكىلى 134 (ئەمەلىي قاتناشقىنى 124)، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 21.

قۇرۇلتاي پۈتۈن پارتىيە، ئەزالىرى ۋە ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى 1960-يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 72 مىليون 400 مىڭ جىڭغا، 1962 - يىلى 140 مىليون جىڭغا يەتكۈزۈش؛ 1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە ئومۇمىي چارۋىنى 300 — 320 مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈش؛ 1962 - يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 600 مىڭ موغا يەتكۈزۈش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. قۇرۇلتاي ئاممىۋى خاراكتېردىكى تېخنىكا يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئىنقىلابىنى قانات يايدۇرۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ھەرقايسى گۈڭشېلاردىن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش ۋە دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشدا ئۆز گۈڭشېسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، تەدرىجىي گۈڭشېنىڭ كۆمۈر، پولات - تۆمۈر ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى، ھەرقايسى گۈڭشېلاردا «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش، بىرنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمى» ئورنىتىشنى، ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىدە نورمىلىق باشقۇرۇشنى، كىچىك كۆتۈرە بويىچە ئىشلەشنى يولغا قويۇشنى، كوللېكتىپ ئاشخانىنى داۋاملىق ياخشى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

قۇرۇلتاي ئەينى ۋاقىتتىكى يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، مۇبالىغىچىلىك شاملى ئەۋج ئالغان ۋەزىيەتتە، ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن، ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى كۆرسەتكۈچ ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيە بويىچە يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، مۇبالىغىچىلىك شاملىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى.

قۇرۇلتايدا 19 كىشى 3 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى،

ئۇلار: گو يۇڭخەي، خەن دېشەن، ئىسمايىل توختى، مېڭ باۋ، خې گۇاڭجيەن، دۇڭ يەنخې، ماشۇلىن، ليۇ لىشەن، ئەمەت ئابدۇللا، مەخمۇت نامان، ئابدۇلئەزىز پەيزۇللا، چاڭ فۇكۇەن، مەمەتشا تاجى، ياۋ چۇنشى، لى پېڭشياڭ، جى شيەنجاڭ، ماچاڭشۇ، جېڭ يەنجى، يۇشۇۋېي؛ ئۈچ كىشى كاندىدات ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار: جاۋ يەنخەي، ياڭ پۇچېن، يۈەن يۇلىن.

دائىمىي كومىتېت تۈۋەندىكى 12 كىشىدىن تەركىب تاپتى: مېڭ باۋ، خې گۇاڭجيەن، چاڭ فۇكۇەن، ليۇ لىشەن، ماشۇلىن، ئەمەت ئابدۇللا، مەمەتشا تاجى، ئابدۇلئەزىز پەيزۇللا، گويۇڭخەي، خەن دېشەن، ئىسمايىل توختى، دۇڭ يەنخې.

ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇ تەسىس قىلىندى، گو يۇڭخەي بىرىنچى شۇجى، خەن دېشەن، ئىسمايىل توختى، ماشۇلىن، ئەمەت ئابدۇللالار شۇجى بولدى.

ج ك پ نىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك 4 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1962 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئېچىلىپ، 28 - كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتاينىڭ رەسمىي ۋەكىلى 130 (ئەمەلىي قاتناشقىنى 123)، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 31.

قۇرۇلتايدا 1958 - يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ناھىيىنىڭ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى يەكۈنلىنىپ، پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئامما ھەر ۋاقىت يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەستايىدىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ياخشى شۇغۇللىنىشقا، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى ۋە ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇشقا چاقىرىلدى.

قۇرۇلتايدا 14 كىشى مۇشۇ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار: گو يۇڭخەي، ئەمەت ئابدۇللا، مەخمۇت نامان، ئابدۇلئەزىز پەيزۇللا، مېڭ شيەنپىن، چاڭ فۇكۇەن، خې گۇاڭجيەن، ماشۇلىن، دۇڭ يەنخې، ليۇ لىشەن، ماچاڭشۇ، مەمەتشا تاجى، يۇشۇۋېي، ياۋ چۇنشى؛ ئىككى كىشى كاندىدات. ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار: جاۋ يەنخەي، ئىبراھىم سالى.

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى تۈۋەندىكى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپتى: گو يۇڭخەي، ماشۇلىن، ئەمەت ئابدۇللا، دۇڭ يەنخې، ليۇلىشەن، مەخمۇت نامان، ئابدۇلئەزىز پەيزۇللا. گو يۇڭخەي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ماشۇلىن، ئەمەت ئابدۇللا، دۇڭ يەنخې مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

ج ك پ نىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك 5 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1966 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئېچىلىپ، 27 - كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتاينىڭ رەسمىي ۋەكىلى 143 (ئەمەلىي قاتناشقىنى 135)، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 28.

قۇرۇلتاي پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ قىزىل بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سىياسىنى قوماندان قىلىپ، ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى جانلىق ئۆگىنىپ ۋە جانلىق ئىشلىتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى مەركەز قىلغان ھالدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە چاقىردى.

قۇرۇلتايدا 19 كىشى مۇشۇ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار: گو يۈڭخەي، لى شىلياڭ، ئابلىز ھاشىم، قاسىم ئىسمايىل، ماشۇلىن، ئابدۇلئەزىز پەيزۇللا، ماچاڭشۇ، مېڭ باۋ، چاڭ فۇكۈەن، ليۇلىشەن، يۈشۇۋېي، مېڭ شيېنپىن، جاۋ يەنخەي، لى گۈاڭلۇ، زۇ يۇرېن، فەن چېڭچۇ، جۇگو فاڭ، گۇ چاڭگېڭ، ئىبراھىم سالى؛ ئىككى كىشى كاندىدات ئەزالىقىغا سايلاندى. ئۇلار: ليۇ يۈپېڭ، غوجى ئەخمەت.

دائىمىي كومىتېت تۆۋەندىكى توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپتى: گو يۈڭخەي، لى شىلياڭ، ئابلىز ھاشىم، قاسىم ئىسمايىل، ماشۇلىن، ئابدۇلئەزىز پەيزۇللا، ماچاڭشۇ، مېڭ شيېنپىن، لى گۈاڭلۇ. گويۈڭخەي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، لى شىلياڭ، ئابلىز ھاشىملار مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

ج ك پ نىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك 6 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1973 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېچىلىپ، 17 - كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتاينىڭ رەسمىي ۋەكىلى 242، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - دېھقان - ئەسكەر پارتىيە ئەزاسى ۋەكىلى 171، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى ۋەكىلى 135، ئايال پارتىيە ئەزاسى ۋەكىلى 41.

قۇرۇلتاي پۈتۈن پارتىيە ئەزاسى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى لىن بياۋنى تەنقىد قىلىپ، ئىستىل تۈزىتىشنى ئالدىنقى قاتاردىكى چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، ماركسىزم لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى ئىدىيە ۋە لۇشيەن جەھەتتىن چوڭقۇر تەربىيىلەشكە، «ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلقنى كۆزلەش» تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشىلاشقا، كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا، پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، پارتىيە 9 - قۇرۇلتىيىنىڭ لۇشيەننى بويىلاپ غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە چاقىردى.

قۇرۇلتاي خاتا ھالدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى مۇئەييەنلەشتۈردى.

قۇرۇلتايدا 33 كىشى مۇشۇ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى،

ئۇلار: لىيۇخەيىيەن، قاسىم ئىسمايىل، شىيا يىڭجياڭ، ئابلىز ھاشىم، ۋاڭ ۋەنىيەن، لى شىلياڭ، ئابدۇلئەزىز پەيزۇللا، چېڭ شياڭئېن، خاۋ شېڭيۇ، ۋاڭ فېڭيىڭ، قادىر ئىمىن، ماشۇلىن، ماچىڭلىن، يۈشۈۋېي، ئىبراھىم سالى، لىيۇ يۈپېڭ، يەھيا سادىق، جاڭ يەنچىڭ، توختىخان ئىسمايىل، لى جىشېڭ، باسىت ھاپىز، جاڭ يىڭشيەن، ياڭ يۈگۈي، جاڭ خەنچىڭ، گاۋ شېڭگۈي، ياڭ سۈيفاڭ، گوياخان، خې گۇاڭجيەن، ۋۇ شيۇچيې، ھاپىز يادى، زەكەن تەكباي، نىساخان، غوجى ئەخمەت.

دائىمىي كومىتېت تۆۋەندىكى 11 كىشىدىن تەركىب تاپتى: لىيۇ خەيىيەن، قاسىم ئىسمايىل، شىيا يىڭجياڭ، ئابلىز ھاشىم، ۋاڭ ۋەنىيەن، لى شىلياڭ، ئابدۇلئەزىز پەيزۇللا، چېڭ شياڭئېن، خاۋشېڭيۇ، ۋاڭ فىڭيىڭ، قادىر ئىمىن.

لىيۇ خەيىيەن شۇجى، قاسىم ئىسمايىل، ۋاڭ ۋەنىيەنلەر مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

# II باب جۇڭگو گومىنداڭ

## §1. ناھىيىلىك داڭبۇ

1942 - يىلى شېڭ شىسەي ئۆزىنى ئۆزۈل - كېسىل جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى، گومىنداڭ ئۆرۈمچىدە مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇپ، پارتىيە ئىشلىرى تايانچلىرىنى تەربىيىلىدى. قۇمۇل ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ مىڭجېڭ ئۆرۈمچىدە تەربىيىلىنىپ قايتىپ كېلىپ، 1943 - يىل 8 - ئايدا گومىنداڭ قۇمۇل ناھىيىلىك داڭبۇسى (بۇنىڭدىن ئىلگىرى قۇمۇلدا گومىنداڭ تەشكىلاتى يوق ئىدى) نى قۇردى.

1946 - يىلدىن ئىلگىرى، ناھىيىلىك داڭبۇدا گەنسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شۇجىجاڭنىڭ قول ئاستىدا كاتىپ، تەشكىلات - تەربىيە گەنسىسى، خوجۇلۇق گەنسىسى، تەشۋىقات گەنسىسى، تەرجىمان گەنسىسى تەسىس قىلىندى. 1946 - يىلى قىشتا، ناھىيىلىك داڭبۇ كومىتېت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى. ئىككى كومىتېتنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن دائىمىي ئەزا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دائىمىي ئىجرائىيە ئەزاسى (مۇدىر ئەزا دەپمۇ ئاتالدى) قوشۇمچە شۇجىجاڭ بولدى، ئۇ، كاتىبات، تەشكىلات - تەربىيە گەنسىسى، تەشۋىقات گەنسىسى، خوجۇلۇق گەنسىسى، تەرجىمە گەنسىلىرىگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى.

ناھىيىلىك داڭبۇنىڭ شۇجىجاڭى بولغانلار: جياڭ مىڭجېڭ (1943 - يىل 8 - ئايدىن 1943 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، دەسلەپتە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى)، لۇ چۇنپۇ (1944 - يىلنىڭ بېشىدىن 1945 - يىل 2 - ئايغىچە)، سەي رۇزۇ (1945 - يىل 2 - ئايدىن 1945 - يىل 9 - ئايغىچە)، لى چىڭفاڭ (1945 - يىل 9 - ئاي-

www.uyghurkitap.com

دىن 1945 - يىل 12 - ئايغىچە)، جاۋيىخۇڭ (1946 - يىل 12 - ئايدىن 1947 - يىل 12 - ئايغىچە)، لياۋ يۇخچېڭ (1948 - يىل 12 - ئايدىن 1949 - يىل 9 - ئايغىچە).

ناھىيىلىك داڭبۇ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىۋاستە قاراشلىق جۇفېنبۇ قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدا ئىدارە ـ ئورگان، مەكتەپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا جۇفېنبۇ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. كېيىن خادىملار كۆپلەپ يۆتكىلىپ كەتكەچكە، ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ سايلاشقا مۇمكىن بولماي، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قالايمىقان، چېچىلاڭغۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) سەي رۇزۇ شۇجىجاڭ بولغاندا، ناھىيىلىك داڭبۇغا قاراشلىق جۇداڭبۇ، جۇفېنبۇلارنىڭ تارتىلىش ئەھۋالى ۋەمەسئۇللىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) جاۋ يىخۇڭ شۇجىجاڭ بولغاندىن كېيىن، داڭبۇلار تەرتىپكە سېلىنىدى، ھەممىدە جۇفېنبۇلار كۆپەيتىلدى.

ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۈچ جۇداڭبۇ، 17 جۇفېنبۇ قۇرۇلدى. ۋالىي مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، 1 - مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، سودا بانكىسى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى، دارىلمۇئەللىمىن، يەرلىك سوت، قىزلار مەكتىپى، سودا شىركىتى، تاشيول ئۇچاستكىسى، مەركىزىي ترانسپورت بېكىتى، جۇڭشەن بازارلىق ھۆكۈمەت، جۇڭجېڭ بازارلىق ھۆكۈمەت، باجخانا، تاشبۇلاق يېزىلىق ھۆكۈمەت قاتارلىق ئورگانلاردا جۇفېنبۇ قۇرۇلدى.

گومىنداڭ قۇمۇل ناھىيىلىك داڭبۇسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغۇچە قوبۇل قىلىنغان گومىنداڭ ئەزاسى 400 دىن ئاشتى. جياڭ مىڭجېڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، مەركىزىي تەلىم ـ تەربىيە ئۆمىكى شىنجاڭ شۆبىسى تەربىيىلىگەن پارتىيە ئەزالىرى تايانچ قىلىنىپ، بىر ـ بىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئايرىم قوبۇل قىلىش، كوللېكتىپ قوبۇل قىلىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن پارتىيىگە 50 نەچچە ئەزا قىلىندى. سەي رۇزۇ شۇجىجاڭ بولغاندىن كېيىن، ئىدارە ـ ئورگان، مەكتەپ، قوبۇل ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گومىنداڭ پارتىيىسىگە كىرىشى لازىملىقى، بولمىسا ئۇلارنى ۋەزىپىگە قويۇشقا بولمايدىغانلىقى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ، پارتىيىگە 200 نەچچە ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت خادىملىرى، قالغانلىرى مەكتەپ، ئاممىۋى تەشكىلات خادىملىرى ئىدى. جاۋ يىخۇڭ شۇجىجاڭ بولغان چاغدا، گومىنداڭ «خەلق قۇرۇلتىيى» غا ۋەكىل سايلاش باشلىنىشتىن ئىلگىرى تېخىمۇ كۆپ ۋەكىلگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، سايلامنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغا پارتىيە ئەزالىرىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى، بۇنىڭ بىلەن جۇداڭبۇلار بىر قېتىمدىلا 100 نەچچە پارتىيە ئەزاسى قوبۇل قىلدى، ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ پارتىيىگە سۆرەپ كىردى، 1 - مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ جۇفېنبۇسىنىڭ شۇجىسى مەزكۇر مەكتەپتىكى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەكالىتەن يېزىپ بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەممە باشقىلارنىڭ قولىنى بېسىپ پارتىيىگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى.

كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش گومىنداڭ قۇمۇل ناھىيىلىك داڭبۇسىنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولدى. ناھىيىلىك داڭبۇ يەنە تەشۋىقات گەنسىسى ئەۋەتىپ، شەھەر-بازارلاردىكى يىغىلىشتىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، پارتىيە ئەزالىرىنى «ئۈچ مەسىلەك» ۋە گومىنداڭنىڭ سىياسەت-پەرمانلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئاتالمىش «روھىي جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىش» ۋە «يېڭى تۇرمۇش ھەرىكىتى»نى يولغا قويدى. ناھىيىلىك داڭبۇنىڭ شۇجىجاڭ قاتارلىق مۇھىم ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەنە ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىغا قاتناشتى.

## §2. يەتتەقۇدۇق چۈفېنبۇسى

يەتتەقۇدۇقتىكى ئەڭ دەسلەپكى گومىنداڭ تەشكىلاتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى چۈفېنبۇسىنىڭ 5-گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئۇ، مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) قۇرۇلدى. ليۇداۋېن مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك داڭبۇغا تەستىقلىتىپ، مىنگونىڭ 37-يىلى (1948-يىلى) نىڭ بېشىدا گومىنداڭ يەتتەقۇدۇق چۈفېنبۇسىنى قۇردى.

يەتتە قۇدۇق چۈفېنبۇسى بىۋاسىتە ئۆلكىلىك داڭبۇنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىدى، ئۇنىڭدا قوشۇمچە پارتىيە ئىشلىرى جىداۋيۈەنى، شۇجى تەسىس قىلىندى، گەنسى ۋە ئەزا تەسىس قىلىنمىدى. چۈفېنبۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا 13 پارتىيە ئەزاسىدىن تەشكىل تاپتى. پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە شەھەر ئاھالىلىرىدىن سىرت، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىمۇ بار ئىدى. پارتىيە ئىشلىرى جىداۋيۈەنلىكىنى باشتىن ئاخىر ليۇداۋېن قوشۇمچە ئۆتىدى، شۇجىلىقنى جياخۇگېن، ليۇ شياۋتيەن، ۋاڭ يىشىنلار قوشۇمچە ئۆتىدى.

# III باب ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

## §1. ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەشكىلاتى

قۇمۇل ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى 1951-يىلى باشلاندى، 1953-يىلغا كەلگەندە ئۇيۇشمىغا ناھىيە بويىچە 618 ئەزا قوبۇل قىلىندى، 11 ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

1953-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1-قۇرۇلتىيى ئېچىلـ

دى. قۇرۇلتايغا 30 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئىشچىلارنى دۆلەتنى سانائەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇشقا تەشكىللەش ۋە سەپەرۋەر قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇندىن كېيىنكى خىزمەت فاڭجېنى تۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى گو يۇڭخەي بۇ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە رەئىسى بولدى، لى پېڭشىياڭ، لى جۇڭفۇلار مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

1954 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا: ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقى تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بۇندىن كېيىنكى خىزمەت فاڭجېنى بەلگىلەندى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى گو يۇڭخەي قوشۇمچە بۇ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىككە سايلاندى، لى پېڭشىياڭ، لى جۇڭفۇلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

1957 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 2155 ئەزاغا ۋەكالىتەن 58 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاي ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش مەزمۇن قىلىنغان سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ دۇنلۇ بۇ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىككە، مافۇشىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

1958 ـ يىل 6 ـ ئايدا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتاي ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى گو يۇڭخەي قوشۇمچە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىككە، ما فۇشىڭ، شىپىڭ ۋېنشىڭ، جۇزىيىڭلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

1959 ـ يىل 5 ـ ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1964 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئەزاسى 330 غا يەتتى، ۋاڭ گۈيىۋ مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

1973 ـ يىل 11 ـ ئايدا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 120 رەسمىي ۋەكىل ۋە سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا: پارتىيە 10 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش، ئىستىل تۈزىتىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلەندى. قۇرۇلتايدا ۋاڭ گۈيىۋ ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلى-

كىگە، ئىسمايىل نىياز، شىي جىگولار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۈيۈشمىسى تەشكىلاتى 24 كە، ئىشچىلار ئۈيۈشمىسى گۇرۇپپىسى 73 كە، ئۈيۈشما ئەزاسى 1621 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئۈيۈشما ئەزاسى 560، ئايال ئۈيۈشما ئەزاسى 453. ئىشچىلار ئۈيۈشمىسى ئەزالىرى ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىشچىلار ئۈيۈشمىسى ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئىشچىلارنى تەشكىللەپ كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

## §2. سودا - سانائەتچىلەر تەشكىلاتلىرى

**بىرىنچى، سودا - سانائەتچىلەر ئۈيۈشمىسى**

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، قۇمۇل ناھىيىسىدە پەقەت سودىگەرلەر ئۈيۈشمىسىلا بار ئىدى. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) شىنجاڭغا شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، سودىگەرلەر ئۈيۈشمىسى كېڭەيتىلىپ سودا - سانائەتچىلەر ئۈيۈشمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) سودا - سانائەتچىلەر ئۈيۈشمىسى سانائەتچىلەر ئۈيۈشمىسى ۋە سودىگەرلەر ئۈيۈشمىسى دەپ ئىككى مۇستەقىل تەشكىلاتقا ئايرىلدى، كېيىن سانائەتچىلەر ئۈيۈشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئاز بولغاچقا، بەدەل يىغىش تەسلىشىپ، خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشنى مۇمكىن بولماي قالدى، 2 - يىلى قىشتا يەنە ئىككى ئۈيۈشما قوشۇلۇپ، سودا - سانائەتچىلەر ئۈيۈشمىسى دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

سودا - سانائەتچىلەر ئۈيۈشمىسى سىستېمىسىدا ھەيئەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە دائىمىي ئىشلار ھەيئىتى بىلەن تەپتىش ھەيئىتى تەسىس قىلىندى، دائىمىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ئۈيۈشمىنىڭ باشلىقى بولدى.

سودا - سانائەتچىلەر ئۈيۈشمىسىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش، سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىش باشلاش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئىش توختىتىش رەسمىيەتلىرىنى تەستىقلاش، مال باھاسىنى كونترول قىلىش، ئىئانە ۋە باج يىغىش ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، شۇنداقلا سودا - سانائەت ساھەسىگە ئائىت كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. سودا - سانائەتچىلەر ئۈيۈشمىسىنى چوڭ سودىگەرلەر ئىگىلەپ تۇرغاچقا، ئۇ، يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھايانكەشلىك قىلىدىغان، بازارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدىغان، ئۇششاق تىجارەتچىلەر بىلەن ئىستېمالچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئاپپاراتقا ئايلىنىپ قالدى.

قۇمۇل ناھىيىلىك سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا ئەينى ۋاقىتتا بىرىنىڭ سانائەت بولمىغانلىقى، پەقەت بىر قىسىم قول سانائىتى كارخانىلىرىلا بولغانلىقى ئۈچۈن، دائىمىي ئىشلار ھەيئىتى ۋە تەپتىش ھەيئىتىنى بىر قىسىم دۇكان خوجايىنلىرى ۋە ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارلا ۋەكىل بولۇپ سايلىدى، بۇ چاغدا يىپەك يۇجاڭ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولدى.

ناھىيىلىك سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز تەشكىلاتى بولمىغاچقا، ئۇ، سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئورنىدا تۇرسۇن، كۆپلىگەن قول سانائەتچىلەرگىمۇ پايدا يەتكۈزەلمىدى. سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىدىكى ئاز سانلىق تەسىرى بار كىشىلەر سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، مال زاكاز قىلىش توختاملىرىنى تەستىقلاش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، كۆز بويامچىلىق قىلىپ پايدا ئېلىپ، ئىشچىلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ئالۋان ـ ياساق قويۇپ تۇرۇشى، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىشچىلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى، شۇڭا ئۇلار ئۇيۇشمىغا ئەزا بولۇشنى خالىمىدى. ئۇيۇشمىغا بەدەل تۆلەيدىغانلار تېخىمۇ ئازىيىپ كېتىپ، سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەرخىل راسخوتلىرىنى چىقىم قىلىشقىمۇ ئامال بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن 1946 ـ يىلى بۇ ئۇيۇشما يەنە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا قوشۇلۇپ سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى بولدى.

**ئىككىنچى، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى**

قۇمۇل ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 1953 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قۇرۇلدى، ئۇ چاغدا 900 دىن ئارتۇق ئەزاسى بار ئىدى. لى زىشىيۈ تۇنجى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، جاڭ ۋېنرۇي، ئىبراھىم توختىنىياز، خې چېڭگۈڭ، فەن شۆيىلەر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

قۇمۇل ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا ـ سانائەتچىلەرنى ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى يەنە بىرلەشمە ئەزالىرىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن پائال كۈچ چىقىرىشقا، كارخانا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش جەريانىدا ئەقىل كۆرسىتىشكە تەشكىللەپ، سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتى توختاپ قالدى.

## 3§. دېھقانلار تەشكىلاتلىرى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇلدا دېھقانلار تەشكىلاتى يوق ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى 2 - ئايدا، ناھىيىدىكى يېزىلاردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئورناتقان باۋجيا تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش بىلەن بىللە، تەدرىجىي ھالدا دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1951 - يىلى 6 - ئايغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە بەش رايونلۇق دېھقانلار جەمئىيىتى، 12 يېزىلىق دېھقانلار جەمئىيىتى، 29 كەنت دېھقانلار جەمئىيىتى، 251 دېھقانلار جەمئىيىتى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، جەمئىيەت ئەزاسى 2176 گە يەتتى.

1951 - يىلى 6 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك تۇنجى دېھقانلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋېي خاۋ قوشۇمچە ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولدى.

ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، باندىتلارنى تازىلاش كۈرىشى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىشقا تەشكىللەشتە ۋە سەپەرۋەر قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە، ناھىيە، گوڭشې، داداۋيدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدي، ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە كەمبەغەل دېھقانلار جەمئىيىتى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1965 - يىلى 3 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك تۇنجى كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، يىغىندا كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئابلىز ھاشىم رەئىس بولدى. 1973 - يىلى 11 - ئايدا، 2 - نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا ئابلىز ھاشىم كەمبەغەل دېھقان - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

## 4§. ياشلار تەشكىلاتلىرى

بىرىنچى، دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى

ھەزرەت مۇسا، ئابدۇرېھىم ئابلايىۋلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قۇمۇلدا ئىلغار ياشلار بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل پائالىيەت گۇرۇپپىسىنى قۇردى.

دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇمۇل گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جايلىشىش، يۆتكىلىش ئەھۋالىغا دائىر ھەربىي ئاخباراتلارنى توپلاش، تەشۋىق ۋەرەقىلىرى چىقىرىش ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر خەۋەرلەرنى تارقىتىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار يەنە، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئوق-دورا ئېلىپ كېتىۋاتقان بىر ئاپتوموبىلىنى، بېنزىن توشۇۋاتقان بىر ئاپتوموبىلىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، ئازادلىق ھارپىسىدا، خەت يېزىپ يولۋاسنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ئۆتۈشكە ئۈندىدى، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەك يىغىشىغا، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلىشىغا پائال ھەمكارلاشتى.

1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تىزىملاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل كومىتېتى قۇرۇلدى، ئابلىز قادىر رەئىس، مەخمۇت نامان باش كاتىپ، تاھىر يوسۇق، ئىمىن ئوسمانلار تەشۋىقات ھەيئىتى، نىياز قۇربان تەشكىلىي ھەيئەت، ئابدۇۋايىت ئىساق تەپتىش ھەيئىتى بولدى.

1950-يىل 7-ئايدا، دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل كومىتېتى پائالىيىتىنى ئاياغلاشتۇردى، بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىگە ئەزا بولدى. ئۇ چاغدا ئىتتىپاق ئەزاسى 20 ئەتراپىدا ئىدى.

**ئەككىنچى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى**

1951-يىلى 7-، 8-ئاي ئارىلىقىدا، ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش شەھەر ئىچى رايونى ۋە شەھەر رايونىنىڭ بەش كەنتى (مەھەللىسى)دە سىناق قىلىندى. ھەرىكەت جەريانىدا 91 نەپەر ياش دېھقان ۋە خىزمەت ئەترىتى ئەزاسى يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا قوبۇل قىلىندى. بۇلار قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تۇنجى تۈركۈم ئىتتىپاق ئەزالىرى بولۇپ قالدى. 1952-يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى.

1954-يىل 1-ئاينىڭ 20-كۈنى، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك 1-قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا رەسمىي ۋەكىلدىن 66 سى، سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىلدىن بەشى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا بۇ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. خەن گۈيجېن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى.

1957-يىلى ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ نامى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلدى.

1958-يىل 4-ئاينىڭ 8-كۈنى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل ناھىيىلىك 2-قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا رەسمىي ۋەكىلدىن 50 ى، سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىلدىن 10 ى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا يۇسۇپ يوسۇق ناھىيىلىك ئىتتى-

پاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، سۈي جىنتيەن مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1961 – يىلى 12 – ئاينىڭ 4 – كۈنى 3 – قۇرۇلتاي ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا رەسمىي ۋەكىلدىن 57 سى، سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىلدىن يەتتىسى قاتناشتى، قۇرۇلتايدا ئىساق قادىر ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، خەن جىنشۇ مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1973 – يىلى 1 – ئاينىڭ 15 – كۈنى 4 – قۇرۇلتاي ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا رەسمىي ۋەكىلدىن 318 ى، سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىلدىن 63 ى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ۋېي جاڭكۈن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، ئىبراھىم سەيدۇللا، ياڭ جيەنشىن، پاتەم سوپىلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1981 – يىلى 1 – ئاينىڭ 15 – كۈنى 5 – قۇرۇلتاي ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا رەسمىي ۋەكىلدىن 193 ى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئابدۇراخمان غوجى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىققا، ۋاڭ جيەن، پاتەم سوپىلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

**ناھىيە بويىچە بىرنەچچە يىللىق ئىتتىپاق ياچېيكىسى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى**

جەدۋەل 12—7

| يىللار | ياچېيكا سانى | ئىتتىپاق ئەزاسى | ئوغۇل | قىز |
|---|---|---|---|---|
| 1951 | 7 | 231 | 151 | 80 |
| 1958 | 42 | 1278 | 723 | 555 |
| 1965 | 138 | 2641 | 1617 | 1024 |
| 1973 | 185 | 4782 | 2692 | 2090 |
| 1976 | 229 | 3533 | 1360 | 2173 |
| 1982 | 298 | 4163 | 2375 | 1788 |

## §5. ئاياللار تەشكىلاتلىرى

**بىرىنچى، ئاياللار جەمئىيىتى**

قۇمۇل ناھىيىلىك ئاياللار جەمئىيىتى مىنگونىڭ 28 – يىلى (1939 – يىلى) قۇرۇلدى، بۇ جەمئىيەتنى ئەڭ دەسلەپتە ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل قىزلار مەكتىپىنىڭ

مۇدىرى شېن لىك (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى) تەشەببۇس قىلدى ۋە
قۇردى. مەزكۇر جەمئىيەت مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ
كەتتى. شېن لىك، ياڭ سۇڭ، ۋۇدىچېنلار ئىلگىرى - كېيىن بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇدىرى
بولدى.

ئاياللار جەمئىيىتى تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشقا دائىر ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇن-
دىدى، ئاياللارنى ئاياغ كىيىم تىكىپ ۋە پايپاق توقۇپ ئارمىيەدىن هال سوراشقا سەپەرۋەر
قىلدى ھەمدە شەھەر. يېزىلارغا بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئىئانە
توپلىدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 2- ئايدا، شېن لىك ئاياللاردىن
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە توپلاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يېزىلارغا
بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، قۇمۇل ئاياللىرىدىنلا 8 مىلىيون سەردىن ئارتۇق تەڭگە
پۇل ئىئانە توپلىدى. ئاياللار جەمئىيىتى يەنە ئاياللارنى قىشلىق ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇر-
دى ھەمدە ئاياللار كەسپىي سىنىپى تەسىس قىلىپ، ئاياللارنى ئۆيدىن چىقىپ ئىجتىما-
ئىي خىزمەتكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 8- ئايدا، گومىنداڭ قۇمۇل ناھىيىلىك
داڭبۇسىنىڭ شۇجىسى لياۋ يۈچيۇ قۇمۇل ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنى قۇردى،
بۇ بىرلەشمە ناھايىتى ئاز پائالىيەت ئېلىپ باردى.

ئىككىنچى، ئاياللار بىرلەشمىسى

1950- يىلى يېڭى نىكاھ قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ناھىيە بويىچە شەھەر-
بازار ۋە يېزىلاردا، تەدرىجىي ھالدا، دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنى قۇرۇشقا تەي-
يارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 2- يىلى 4- ئايدا، ناھىيىلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا
تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

1951 - يىل 7- ئايدا، ناھىيىلىك تۇنجى ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇل-
تايدا قۇمۇل ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى سايلام
لام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. گاۋجېيىڭ مۇدىر بولدى. قۇرۇلتاي ناھىيىدىكى
كى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى يېڭى نىكاھ قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاياللارنىڭ قانۇ-
نىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ
كۆرەش قىلىشقا چاقىردى.

1952 - يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك 2- نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى
ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 49 ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتايدا بۇ نۆۋەتلىك قۇمۇل ناھىيىلىك
دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەل-
تۈرۈلدى، گاۋجېيىڭ مۇدىر بولدى. قۇرۇلتاي ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى-
نى ئاياللارنى چۈشەپ تۇرىدىغان فېئودالىزمنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن كۆرەش
قىلىشقا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنىڭ غەلىبە-

www.uyghurkitap.com

سىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى.

1957- يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ نامى قۇمۇل ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1958- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك 3- نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 62 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا بۇ نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، يۈەن يۈلىن مۇدىر بولدى. قۇرۇلتاي ئاياللارنى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش، ئائىلىنى تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇش فاكچىيىنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا چاقىردى.

ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كۆكشى ئاياللار بىرلەشمىسى، دادۋي ئاياللار قۇرۇلتىيى، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئاياللار ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، شەھەر - بازار، ئىدارە، ئورگان، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىمۇ ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئاياللار قۇرۇلتىيى ياكى ئاياللار ۋەكىللىرى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1973 - يىل 7- ئايدا، ناھىيىلىك 4- نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 163 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا بۇ نۆۋەتلىك كومىتېت سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، لۇجېنرۇڭ مۇدىر بولدى. قۇرۇلتاي ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشقا، كېچىكىپ توي قىلىش ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى تەشەببۇس قىلىشقا چاقىردى. 1983- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە مەيمۇنەم مۇدىر، ۋاڭ جۈخې مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

## §6. سىياسىي تەشكىلاتلار

### بىرىنچى، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى

1950- يىل 6- ئايدا، سابىق شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق دېموكراتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 7- ئايدا، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بارلىق ئەزالىرى شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى قۇمۇل شۆبىسىگە ئەزا بولدى.

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى ئىجرائىيە ھەيئىتى تەسىس قىلدى (بۇ ھەيئەتنىڭ قارمىقىدا تەشكىلات، تەشۋىقات، كاتىبات، مالىيە ئىشلىرى بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى)، ئابدۇرېھىم ئابلايوۋ ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولدى.

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەرساھە خەلق ئاممىسىنىڭ بىرلىكسەپ تەشكىلاتى، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا قوبۇل قىلىش ئىشى مىللەت، سىنىپ، كەسىپ قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىدى. پەقەت «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» نى ھىمايە قىلىدىغان، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىدىغان ئىشچى، دېھقان، كادىر، خىزمەتچى، زىيالىي، دىنىي زاتلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ ھەممىسى بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولالايدىغان بولدى. شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قومۇل شۆبىسى ئۆز ئەزالىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، كىنو قويۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداش، قىرائەتخانا ئېچىش قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە ئاممىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قومۇل شۆبىسى يەنە مەكتەپ ئاچالايدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشىلاش بىلەن بىللە، كەچ كۇرس ۋە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، چوڭلار ئارىسىدا ساۋات چىقىرىش مائارىپىنى قانات يايدۇرۇپ، ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئويناشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1954- يىلى 4- ئايدا، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قومۇل شۆبىسى باش شتابىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپپاراتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پائالىيىتىنى ئاياغلاشتۇردى.

**ئىككىنچى، ئاۋانگارتلار جەمئىيىتىنىڭ قومۇل ناھىيىلىك ياچېيكىسى**

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 11- ئايدا، ياڭ ۋېنشيەن، ياڭ تيەنيۈن، ليۇ شۇمىڭلار ئورۇمچىدە ئالاقە باغلاپ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ياچېيكىسى» نى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۆلكىلىك ياچېيكا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ تۇرالمىغاچقا، تەشكىلاتنىڭ نامىنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئۇقمىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، مەزكۇر تەشكىلات ئۆزى نەشر قىلىدىغان نەشر ئەپكارى «ئاۋانگارت» نى ئۆزىگە نام قىلىپ، ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، ئۇنىڭغا قاراشلىق ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ياچېيكىلارمۇ مۇناسىپ ھالدا ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى ياچېيكىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

1949- يىل 3- ئايدا، ناھىيىلىك ياچېيكىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ج ك پ باركۆل رايونلۇق ياچېيكىسىنىڭ ئالاقە باغلاش گەنسىسى جاڭ جيايۇ قومۇلغا كېلىپ ئۈچ ئەزا كۆپەيتتى، ئۆلكىلىك ياچېيكا ج ك پ قومۇل ناھىيىلىك ياچېيكىسىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، دۇجياشياڭ شۇجى بولدى. شۇ يىلى كۈزدە يەنە نەچچە ئون ئادەم ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى (ئاساسەن ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى، دوختۇرلار قوبۇل قىلىندى).

ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى قومۇل ناھىيىلىك ياچېيكىسىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئاساسلىق پائالىيىتى تەشكىلاتنى زورايتىش، مەخپىي يەتكۈزۈش شەكلى

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق «ئاۋانگارت» ناملىق ئايلىق ژۇرنالنى ئوقۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، ئازادلىق ئارمىيە ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى تەشۋىق قىلىشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ، ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا ھەمكارلىشىپ، يوشۇرۇنۇۋالغان ئىشپىيون ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى پاش قىلىشتىمۇ تۆھپە قوشتى. 1950- يىلى 1- ئايدا، ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى قۇمۇل ناھىيىلىك ياچېيكىسى پائالىيىتىنى ئاياغلاشتۇرغانلىقىنى جاكارلىدى.

**ئۈچىنچى، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسىنىڭ قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبىسى**

شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسى ياپون باسقۇنچىلىرى ئېلىمىزگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغان، جياڭ جېيشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرماسلىق پوزىتسىيىسىنى قوللانغان، مەملىكەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتلانغان ۋەزىيەتتە، شېڭ شىسەي «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، دىيانەتلىك بولۇش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەھۋالدا، خې يۈجۇ قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) دىن كېيىن، كوممۇنىستلار جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكىگە قاتناشتى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) شېڭ شىسەي جياڭ جېيشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) دىن كېيىن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسى پائالىيىتىنى تەدرىجىي توختاتتى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) قۇمۇل بازىرىنىڭ گارنىزون سىلىڭى قوشۇمچە مۇۋەققەت ۋالىي نيۇجېنخەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلدى. بۇ شۆبىگە مۇدىرىيەت كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلدى، مۇدىرىيەت يېتەكچى (خىزمەتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولدى)، كاتىپ، تەشۋىقات گەنسىسى، تەشكىلات گەنسىسىدىن ئىبارەت تۆت كىشىدىن تەركىب تاپتى. شۆبىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ نيۇ جېنخەن، ليۇ شىپىڭ، ۋېي زەنتاڭلار ئۈستىگە ئالدى. شۆبە تارقىتىۋېتىلىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ 300 نەچچە ئەزاسى بار ئىدى. ئەزالارمۇ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىدارە-ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن، تەدرىجىي ھالدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، شەھەر ئاھالىلىرى، سودا-سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ئىشچى دېھقانلار ئاممىسىغىچە كېڭەيدى.

شۆبە ئۇيۇشما ئۆز ئەزالىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەشنى ئاساس قىلدى، ئاساسلىق

ئۆگىنىش مەزمۇنى ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش سىياسىتى، شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»ى، ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا ئائىت نەزەرىيىۋى كىتابلار ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بولدى. شۆبە ئۇيۇشما دائىم لېكسىيە سۆزلەش، كۆرگەزمىلەرنى ئۆتكۈزەتتى، لېكتورلاردىن ليۇ شىپىڭ، چى يەنپېي، لى تاۋ، جاڭ دۇڭيۆلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. شۆبە ئۇيۇشما بەزى چوڭ ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى يىغىن ئېچىش، نۇتۇق سۆزلەش، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تەشۋىق قىلىش، دراما ئويناش، تام گېزىتى چىقىرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى، شەھەر ـ يېزىلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە تويلىدى، بۇ بىرلەشمىنىڭ پائالىيىتى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالارنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈش قاتارلىق جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

شۆبە بىر كۇلۇب تەشكىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدىغان سورۇنى بار بولدى، بۇ شۆبە بىرلەشمە يەنە ھۆكۈمەتنىڭ قۇمۇلدا ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىستېمال كوپېراتىپى قۇرۇشىغا ھەمكارلاشتى.

## §7. مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى

### بىرىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى

قۇمۇل خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شېڭ شىسەينىڭ «مىللەتنى شەكىل، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن قىلغان» مەدەنىيەت ـ مائارىپ فاكچېننى يولىغا قويۇش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلدى. ئەڭ دەسلەپتە ئۇيۇشمىنىڭ ئىشلىرىغا ئوقۇمۇشلۇق مۆتىۋەرلەر، باي سودىگەرلەر، ئاخۇنلار رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەربىيىلىگەن مەدەنىيەت گەنسىلىرى يېتەكچىلىك قىلىش ئىشلىرىغا ھەمكارلاشتى. ھەرقايسى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى پائالىيىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، يەنە ئىجرائىيە ھەيئىتى، رېۋىزىيە ھەيئىتى ۋە فوند ھەيئىتى قاتارلىق ئورگانلار كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ قارىمىقىدا كاتىبات، خوجىلىق ئىشلىرى، تەشۋىقات، تەشكىلات، مەدەنىيەت بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى)، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ھەيئەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇدىرىيەت

تەسىس قىلىپ، بىر 1- باش مۇدىر، بىر مۇئاۋىن باش مۇدىر قويدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا كاتىبات، مەدەنىيەت، خوجىلىق ئىشلىرى، فوند بۆلۈمچىلىرىنى تەسىس قىلدى.

مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا ئۆلكىلىك مەدەنىي ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىك قىلدى ھەمدە ئۇ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلدى.

قۇمۇلدىكى ھەرقايسى مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ناھىيە بويىچە 26 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇردى. بۇ مەكتەپلەردە 40 نەچچە ئوقۇتقۇچى بار ئىدى، ئوقۇغۇچى ئەڭ كۆپ بولغان چاغدا 1323 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئاچقان باشلانغۇچ مەكتەپ 19 بولۇپ، 20 نەچچە ئوقۇتقۇچىسى، 1014 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى؛ خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئاچقان باشلانغۇچ مەكتەپ يەتتە بولۇپ، 20 نەچچە ئوقۇتقۇچىسى، 309 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شەنشى مەسچىتىدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچقانىدى، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى 70 تىن ئاشتى، بۇ، يېرىم كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەكتەپ ئىدى.

مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ھەر يىلى يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، خەلق مەكتەپلىرى ۋە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنى ئاچتى، ساۋات چىقىرىش دەرسلىكىنى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تارقىتىپ بەرگەندىن باشقا، قالغان خىراجەتنى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئۈستىگە ئالدى. خەلق مەكتىپى ۋە ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى ئۇيۇشمىغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، ئۇيۇشمىغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى خالىسانە دەرس ئۆتتى.

خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا بىر چىڭچياڭ تىياتىرخانىسى، بىر كىنو قويۇش ئاپپاراتى، بىر كىتابخانا بار بولۇپ، ئۇلار مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ تۇردى.

شىڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتىن ئىلگىرى، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇمۇلنىڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاممىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ داۋلىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئۆلكىلىك يۇرتداشلار جەمئىيەتلىرىنىڭ يەرلىرىنى، ئىبادەتخانىلارنى ۋە ۋارىسى بولمىغان، يۇرتداشلار جەمئىيىتى باشقۇرۇپ كەلگەن مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاپ تىزىمىغا ئېلىپ، ئۆز ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى، جەمئىي 1000 مودىن ئارتۇق يەر، 100 مودىن ئارتۇق كۆكتاتلىق، 40 ئېغىزدىن ئارتۇق دۇكان، 100 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈۋالدى. خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەنە ئۆي، يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققىنى ئاساسلىق پائالىيەت خىراجىتى قىلدى.

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىئانە پۇلى ۋە مۇسادىرە قىلىنغان ئاتالمىش «خائىنلار مۈلكى» (شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغانلارنىڭ مۈلكى) دىن جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق قويى، 2000 مودىن ئارتۇق يېرى بار ئىدى، ئىجارىگە بېرىلگەندىن كېيىنكى يىللىق يەر ئىجارىسى تەخمىنەن 220 نەچچە مىڭ جىڭغا يەتتى، بۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە ئۆشرە، زاكاتنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىشىنى بەلگىلىدى، ئۇيغۇرلار قۇربانلىق قىلىنغان كالا ـ قويلارنىڭ تېرىلىرىنى، قوي ئۈچەيلىرىنىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى، بۇ ئۇيۇشما بۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىم ئارقىلىق پائالىيەت خىراجىتىنى تولۇقلىدى.

خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆيىمۇ، يېرىمۇ يوق ئىدى، ئۇنىڭ خىراجەت چىقىمىنى شەنشى، سۇجۇ مەسچىتلىرى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، ئۆشرە، زاكاتمۇ خىراجەتنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىدى.

**ئىككىنچى، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى**

1982 ـ يىل 11 ـ ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا قۇمۇل ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

قۇمۇل ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 18 ئەزادىن تەركىب تاپتى، ئابلىز ھاشىم رەئىس، جاۋ گوجۇڭ، شۆ شىشيۇڭ، ئۆمەرجان ئابدۇرېھىم، ئابدۇراخمان مۇھەممەت، ۋاڭ شۆشيۇلار مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، سۇ ـ ئېلېكتر ئىلمىي جەمئىيىتى، مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، تىببىي دورىگەرلىك ـ سەھىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، تەبىئىي پەن ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق تەبىئىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى.

## قوشۇمچە: بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى

**بىرىنچى، يىڭگۇەنداۋ**

يىڭگۇەنداۋ ئازادلىقتىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئەكسىيەتچىل دىنىي ـ خۇراپىي تەشكىلات (خۇيداۋمېن).

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا، يىڭگۇەنداۋنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى سۇڭ تۇڭجاڭ بىلەن پالچى ۋېي جيىڭ ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا كېلىپ، خەلقكە كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋەزىيەتتىن ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئا ـ

پەت ۋەھىمىسىگە چۈشكەن روھى ھالەتتىن پايدىلىنىپ، ئىلاھىقا تايانغاندا ئاپەتتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، دېگەندەك يالغان گەپلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ يىگۈەنداۋغا كىرگۈزۈپ، تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇردى. يىل ئاخىرىدا جيۇچۈەنلىك دىن تارقاتقۇچى جاڭ كەيشياڭ قۇمۇلغا كېلىپ يىگۈەنداۋنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ئۇلار يىگۈەنداۋنىڭ مۇرىتلىرىنى ئەۋەتىپ «بوز يەر ئېچىش» (يىگۈەنداۋنى تەشۋىق قىلىش، تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش) تىن پايدىلىنىپ، تۇغقانلىرىنى يىگۈەنداۋغا تونۇشتۇرۇش، ھەر بىرى ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى يىگۈەنداۋغا ئېلىپ كىرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، يىگۈەنداۋنىڭ مۇرىتلىرىنى خېلىلا كۆپەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇلدىكى يىگۈەنداۋ مۇرىتلىرى ئاز كەم 1000 غا يەتتى، ئۇلار قۇمۇل بازىرى، شەھەر ئەتراپى، چۆەنشۆ، تاشۆبلىق، گاداجىن، سارىبۇلاق، ئاستانە، توغۇچى قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. 1947- يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە يىگۈەنداۋ مۇرىتلىرى 1600 دىن ئاشتى، 24 ئورۇندا ئىبادەتخانا سېلىنىپ، 33 دىن تارقاتقۇچى تەربىيىلەندى.

يىگۈەنداۋنىڭ پائالىيىتى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ توختىمىدى. ئۇلار داۋاملىق خۇراپىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنى ھاقارەتلىدى، دېموكراتىك ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلدى، ئالدامچىلىق يولى بىلەن پۇل ۋە مال مۈلۈككە ئىگە بولدى. 1950 - يىلى ھۆكۈمەت يىگۈەنداۋنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، بىرنەچچە ئورۇندىكى نۇقتىلىق ئىبادەتخانىسىنى پېچەتلەپ، يىگۈەنداۋ مۇرىتلىرىنىڭ پائالىيىتىنى چەكلىدى، ئەمما ئەكسىيەتچىل يىگۈەنداۋنىڭ كاتتىباشلىرى نىيىتىدىن يانماي، يىگۈەنداۋ مۇرىتلىرىنى ئۆزىنى تىزىملىتىشنى رەت قىلىشقا، «دۇئا ئوقۇش خانىسى» يېزىشقا، «ئائىلە تىلاۋەتخانىسى» قۇرۇشقا قۇتراتتى. شۇ يىلى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە، يىگۈەنداۋ كاتتىبېشى ليۇجىيۈەن قاتارلىقلار قولغا ئېلىندى. ھەممە كونىشەھەردىكى جۈگشەن زالىدا ئۇلار قوللانغان «ھايات ئادەملەر ئارقىلىق ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى چاقىرىش» قاتارلىق ئادەم ئالداش ۋاسىتىلىرى ئاشكارا كۆرسىتىلىپ، ئامما تەربىيىلەندى، شۇنىڭدىن كېيىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى يىگۈەنداۋ مۇرىتلىرى ھوشىنى تېپىپ، يىگۈەنداۋدىن چېكىنگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى ھەممە يىگۈەنداۋنىڭ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتىنى پاش قىلدى. لېكىن ئازساندىكى جاھىل ئۇنسۇرلار يەنىلا ئۆز سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ، جاي - جايلاردا ئالاقە باغلاپ، يېڭىباشتىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىنى كۈتتى. 1955- يىلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشتا، يوشۇرۇنۇۋالغان يىگۈەنداۋ ئۇنسۇرلىرى ئېنىقلاپ چىقىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ يىگۈەنداۋنىڭ قۇمۇلدىكى تەشكىلاتى ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولدى.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، چىشباغ، خۇڭباڭ

قۇمۇلدىكى چىشباغ تەشكىلاتى خۇچىجيانىڭ مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) مەخپىي ئەزا قوبۇل قىلىشى بىلەن قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ئەزا قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى، سودىگەر، شوپۇر، ھەربىي ـ ساقچى قاتارلىقلار بولۇپ، مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) ئۇنىڭ ئەزاسى كۆپىيىپ 20 گە يەتتى. ئۇلار «پەن ئەجدادى» غا چوقۇندى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىلىرى، يوشۇرۇن تىلى، يوشۇرۇن بەلگىسى بار ئىدى، بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ جاسارىتىنى تەكىتلەيتتى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلار «ئۆيىدە ئۆز فامىلىسىنى، سىرتتا پەن فامىلىسىنى ئىشلىتەتتى». كېيىن بۇ تەشكىلاتنى قۇمۇلنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى سېزىپ قېلىپ، ئۇنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى، تەشكىلاتنىڭ كاتتىبېشى خۇچىجيا قاچتى، چىشباغنىڭ ئەزالىرىمۇ باش پاناھسىز قېلىپ تارقاپ كەتتى.

قۇمۇلدىكى خۇڭباڭ تەشكىلاتى مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)جا جاڭشىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئاشپەزى جاۋ تىڭشىن ۋە دېشىڭ كوچىسى ئاشخانىسىنىڭ خوجايىنى ياڭ ۋېنفۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلدى، جاۋتىڭشىڭ كاتتىباش بولدى. خۇڭباڭ سۇڭ جياڭ ئىلاھىغا چوقۇندى. بۇ تەشكىلاتنىڭ قاتتىق بەلگىلىمىلىرى بار ئىدى، بۇ تەشكىلات ئون نەچچە ئەزا قوبۇل قىلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) يەرلىك ھۆكۈمەت بۇ تەشكىلاتنى تارقىتىۋېتىش ھەمدە جاۋتىڭشىننى قۇمۇل شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى، خۇڭباڭنىڭ پائالىيىتى شۇنىڭدىن باشلاپ توختىدى.

ئۈچىنچى، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭ تىنچىتىلىپ، ئەلى قايتۇرۇۋېلىنغاندا، ئارمىيىگە ئەگىشىپ ئىچكىرىدىن غەربكە كەلگەن نۇرغۇن سودىگەرلەر ۋە ھەربىي سەپتىن قىسقارتىلغان، لېكىن ئىچكىرىگە قايتىشنى خالىمىغان ئەسكەرلەر قۇمۇلدا ئولتۇراقلاشتى، كېيىن يەنە شەنشى، گەنسۇلاردىن كەلگەن كۆچمەنلەرمۇ قۇمۇلغا كەلدى. قۇمۇلدا ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى ئۆلكىدىن كەلگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، يۇرتداشلار بىرلەشمىسى، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى قۇردى. ئادىمى كۆپ ئۆلكىلەر ئۆلكە بويىچە يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى قۇردى، ئادىمى ئاز ئۆلكىلەر بىرلىشىپ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى قۇردى. مىنگو يىللىرىدا ھەرقايسى ئۆلكىلىك يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ پائالىيىتى يەنىلا ناھايىتى جانلاندى. ئۇلار قەرەللىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، مۇدىرىيەت ئەزالىرىنى سايلاپ، بىر يۇرتلۇقلىرىنىڭ بەزىبىر قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز پائالىيىتىنى توختاتتى، مال ـ مۈلكىنىڭ كۆپ قىسمى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى قۇمۇلدىكى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ نامىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 12—8

| نامى | ئادرېسى | قۇرۇلغان ۋاقتى |
|---|---|---|
| شەنشىلىكلەر ئۇيۇشمىسى | يېڭى شەھەرنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىدا | چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 1-يىلى قۇرۇلغان، مىنگونىڭ 32-يىلى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان |
| سىچۇەنلىكلەر ئۇيۇشمىسى | يېڭىشەھەرنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىدا | چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ 2-يىلى |
| جياڭسۇ - شەندۇڭ - خېنەنلىكلەر ئۇيۇشمىسى | يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى كوچىسى (تىنچلىق كوچىسى) | چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ 2-يىلى |
| گەنسۇلۇقلار ئۇيۇشمىسى | يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى كوچىسى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرى |
| سەنشىلىكلەر ئۇيۇشمىسى | يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى كوچىسى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرى |
| ۋۇشۇ ئۇيۇشمىسى | خۇاگۇشەن كوچىسىنىڭ غەربى | چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 30-يىلى قۇرۇلغان، مىنگونىڭ 19-يىلى گەنسۇلۇقلار ئۇيۇشمىسى بىلەن قوشۇلغان |
| خۇنەن - خۇبېيلىقلار ئۇيۇشمىسى | كونىشەھەردىكى غەربىي قوۋۇقنىڭ ئىچىدە | چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 30-يىلى |

# IV باب زور سىياسىي ۋەقەلەر

## 1§. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش

1950-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى ھەمدە ئۇرۇش ئوتىنى يالۇجياڭ دەرياسى بويىغىچە تۇتاشتۇرۇپ، چاۋشيەننى ۋاستە قىلىپ ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. 1950-يىل 10-ئاينىڭ 8-كۈنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرت

ۋە ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت ئاممىسى بۇنىڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى، يىل ئاخىرىدا قۇمۇل ناھىيىلىك ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلدى، پۈتۈن ناھىيە دائىرىسىدە، ئالدى بىلەن شەھەردە، كېيىن يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە دائىر تەشۋىقات پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ئامما بەس-بەس بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىشنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، پۇل ئىئانە قىلىپ، قورال-ياراغ سېتىۋېلىپ، مىلتىق تەقدىم قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەردى، ياشلار جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىغا قاتنىشىپ، چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىشقا تىزىملاتتى. ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى دۈشمەنگە بىردەك لەنەت-نەپرەت ئوقۇدى، نەتىجىدە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرت ۋە ۋەتەننى قوغداشتەك ئاممىۋى ھەرىكەت شەكىللەندى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى، ئۆز نۆۋىتىدە، ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتى ۋە ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

پەقەت 1951-يىلى 6-ئايدىن 10-ئايغىچە بولغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە دىكىلەر ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نەق پۇل ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئىئانە قىلدى:

نەق پۇل 46 مىڭ 457 يۈەن؛ ئاشلىق 300 دەن، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 39 مىڭ 900 يۈەن بولدى؛ ھەر خىل چارۋا 1500 تۇياق، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 26 مىڭ 250 يۈەن بولدى؛ ئالتۇن 61 سەر تۆت مىسقال سەككىز پۇڭ، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 7961 يۈەن بولدى؛ كۈمۈش 1909 سەر سەككىز مىسقال تۆت پۇڭ، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 2005 يۈەن بولدى؛ تەڭگە 9441 دانە، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 10 مىڭ 537 يۈەن بولدى. يۇقىرىدىكىلەرنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 133 مىڭ 110 يۈەن بولدى. دېمەك، ناھىيە بويىچە ھەر بىر ئادەم ئىككى يۈەن 90 پۇڭ ئەتراپىدا پۇل ئىئانە قىلدى.

تاغلىق رايونلاردىكى ئۇيغۇر، قازاق قېرىنداشلار مىلتىق ئىئانە قىلىپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەردى، ناھىيە بويىچە جەمئىي ئۈچ پىلىموت، يەتتە ئاپتومات، 598 دانە ھەرخىل مىلتىق، 18 مىڭ 572 پاي ھەر خىل ئوق، 60 دانە دۇربۇن ئىئانە قىلىندى.

ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 486 كىشى تىنچلىق ئۈچۈن ئىمزا قويۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى.

## §28. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش

قومۇل شىنجاڭ ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان ئېغىز. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بۇ يەردە توققۇز ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى قۇرۇلغانىدى. لەنجۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ مۇھىم ھەربىي، سىياسىي خادىملىرى، ھەربىي - ساقچى ئىشپىيونلىرى خېشى كارىدورىنى بويلاپ شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ قومۇلغا توپلاشتى. ئۇلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر داۋاملىق ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئوسمان، يولۋاسلارنىڭ قوراللىق توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئاز بىر قىسىم باندىت، ئەكسىيەتچىل تەشكىلات (خۇيداۋمىن) نىڭ كاتتىباشلىرى ۋە يوشۇرۇنۇۋېلىپ پۇرسەت كۈتتى، بەزىلىرى ياكى ئاشكارا، ياكى يوشۇرۇن ھالدا خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

خەلق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ پىتراپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ئورۇنلاشتۇردى، باندىت ۋە ئەكسىيەتچى پارتىيە - تەشكىلاتلارنىڭ تايانچلىرىنى تىزىملىدى، لېكىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئۈزۈل - كېسىل ئېنىقلانمىدى ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىلمىدى.

1951 - يىل 2 - ئايدا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى» نى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى 4 - ئايدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئاممىۋى ھەرىكەت ناھىيە بويىچە داغدۇغىلىق قانات يېيىپ كەتتى، 1953 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ ھەرىكەت ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

1953 - يىل 8 - ئايدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاممىنىڭ پاش قىلىشى ۋە دىكتاتۇرا ئورگانلىرىنىڭ رازۋېتكا قىلىپ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 115 باندىت، 72 زومىگەر، 68 ئىشپىيون، ئەكسىيەتچى پارتىيە — تەشكىلاتلارنىڭ 33 تايانچىسى، ئەكسىيەتچى تەشكىلات (خويداۋمىن) نىڭ 33 كاتتىبېشى، ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن 49 كىشى بولۇپ، جەمئىي 370 ئادەم تەكشۈرۈپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قولغا ئېلىنغىنى 320 (ئۆلۈم جازاسى بېرىلگىنى 19، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنغىنى ئۈچ، مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگىنى 225، رىجىمغا ئېلىنغىنى 27، قويۇپ بېرىلگىنى 27، ئۆلگىنى توققۇز، جازا كېسىلمەي تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 10).

شۇنىڭدىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش خىزمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى كەڭ ئاممىنى قىزغىن قوللىدى ھەمدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئاكتىپ پاش قىلدى، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئەسكىلىكلىرى ناھايىتى كۆپ كونا باسمىچى خەن جەنيىڭ (خەن لاۋسى)

1951 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ يوشۇرۇنۇۋالدى، ئۇنىڭ ئانىسى بۇ ئەھۋالنى شۇ ھامان بازارلىق ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلدى، بازارلىق ھۆكۈمەت جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ئۇنى تۇتۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى. خەن جەدىيىڭنىڭ ئانىسى: ھازىرقى ھۆكۈمەت ھەقىقەتەن خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىدىكەن، لېكىن مېنىڭ بۇ ئەسكى ئوغلۇم يەنىلا ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ، خەلققە زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، مەن ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، سولاشقا تېگىشلىك بولسا سولىسۇن، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولسا ئۆلتۈرسۇن، دېدى.

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، شەخسلەرنىڭ قولىدىكى مىلتىقلارنى يىغىۋالدى. ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن جەمئىي 140 مىلتىق، 1257 پاي ئوق، ئىككى دۇربۇن، 18 قول بومبىسى يىغىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ۋە شەھەر - بازارلاردىكى مىلتىقلارمۇ تىزىملاندى ھەمدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈلدى. تاغلىق رايونلاردا خۇسۇسىي مىلتىقلار يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، مىلتىق ئىگىلىرىگە مۇۋاپىق ھالدا ماددىي ھەق بېرىلدى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتا، يىگۈەنداۋ قاتارلىق ئەكسىيەتچىل خۇيداۋمېن تەشكىلاتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## § 3. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى

قومۇل تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئورگانلىرىدىكى زور بىر قىسىم خىزمەتچى خادىملار قالدۇرۇپ ئىشلىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىسمەن كىشىلەرنىڭ بۇرژۇئاچە ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە كونا ئورگاندىكى چىرىك ئىستىلى تەرتىپكە سېلىنمىدى ۋە ئۆزگەرتىلمىدى. بىزنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنىمىز ئىچىدىكى بەزى كادىرلارمۇ شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىنى توسالماي ئاينىپ ئۆزگىرىپ كېتىدىغان، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق قىلىدىغان، ھۆكۈمەتكە زىيان سېلىپ ئۆزى پايدا ئالىدىغان، راھەت پاراغەتكە بېرىلىپ چىرىپ كېتىدىغان، ئىسراپچىلىق قىلىدىغان ھادىسىلەر ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىدا ئۈزلۈكسىز يۈز بەردى. جەمئىيەتتە سودا - سانائەت ساھەسىدە ئىشنى قول ئۈچىدىلا قىلىدىغان، باج ئوغرىلايدىغان ۋە باج تاپشۇرمايدىغان ھادىسىلەرمۇ ئۈزلۈكسىز يۈز بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلاردا ساقلانغان ئېغىر بيۇروكراتلىق بۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشلارنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. 1951 - يىل 12 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەملىكەت بويىچە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇشنى، خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكرات-

لىقتا قارشى تۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى.

قۇمۇل ناھىيىسىدە خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش- تىن ئىبارەت «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى 1952 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى باشلىنىپ، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاياغلاشتى. بۇ ھەرىكەتكە ناھىيە بويىچە 299 كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى (ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 56 كىشى، ناھىيىلىك پارتكومدىن 29 كىشى، سىياسىي - قانۇن سىستېمىسىدىن 63 كىشى، شەھەر - بازار باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىدىن 47 كىشى، شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىدىن 23 كىشى، رايون، يېزا كادىرىدىن 81 كىشى) قاتناشتى. ئۆگىنىشنى ئۆستۈرۈش، ئىقرار قىلىپ مەسىلە تاپشۇرۇش، پاش قىلىش، قايتا تەكشۈرۈپ تەھقىق- لەش، ئەنزە بېكىتىپ بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بەش باسقۇچ بويىچە ئۆگىنىش ۋە سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە خىيانەتچى ئۇنسۇردىن 46 سى (بۇنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىم 34 بولۇپ، ھەرىكەتكە قاتناشقا 71 نەپەر قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىمنىڭ تەخمىنەن 48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى) بېكىتىلدى، بۇلارنىڭ خىيانەت سوممىسى جەمئىي 95 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەت قىلغان پۇلى 100 يۈەندىن ئازلىرى يەتتە كىشى، 100 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە بولغىنى 18 كىشى، 1000 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە بولغىنى 15 كىشى، 5000 يۈەن- دىن ئون مىڭ يۈەنگىچە بولغىنى بەش كىشى، 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغىنى بىر كىشى، خىيانەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ خىيانەت قىلىشتىكى ۋاسىتىلىرى قەبىھ. مەسىلەن: خىيانەت قىلىپ قانۇننى بۇزغان، ئىسپاتلارنى ئوغرىلاپ ساتقان، يالغان ھېساب ئويدۇرۇپ چىقار- غان، ھەر خىل پۇل تۈرلىرىگە خىيانەت قىلغان، بەزىلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىنغان پۇلغىمۇ خىيانەت قىلغان. خىيانەتچى ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلگەن 46 كىشى ئىچىدە، 11 كىشىگە جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىلدى، 35 كىشىگە مەمۇرىي جازا بېرىلدى.

ناھىيە بويىچە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشى كادىرلار قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇش، كونا ئورگانلاردىن قېپقالغان چىرىك ئىستىلنى تازىلاش، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش ئىدىيىسىنى تىكلەشتە ئىجابىي رول ئوينىدى. لېكىن ھەرىكەت جەريانىدا ئاساسىي ئورۇندىكىسى بىلەن 2 - ئورۇندا تۇرىدىغىنىنى ئايرىماسلىق، ھەممە كىشىنى ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈش، زەربە بېرىش دائىرىسىنى بەك كېڭەيتىۋېتىش (90 پىرسەنتتىن ئارتۇق كادىرنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە خىيانەت قىلدى دەپ قاراش)، خىيانەت قىلغان پۇلى كۆپرەك ھېسابلانغانلارغا ۋە ئايرىم كىشىلەرگە تەن جازاسى بېرىشتەك مەسىلىلەرمۇ سادىر بولدى.

دۆلەت ئورگىنى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، سودا - سانائەت ساھەسىدە پارىخورلۇققا، باج ئوغرىلاش - باج تاپشۇرماسلىققا، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاشقا، ئىش جەريانىنى

قىسقارتىپ قول ئۈچىدىلا ئىشلەپ قويۇشقا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئۈزىۋېلىشقا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت«بەشكەقارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى (ئادەتتە «بەش زەھەرگە قارشى تۇرۇش» دەپ ئاتالدى) قانات يايدۇرۇلدى. قومۇل سودا ـ سانائەت ساھەسىنىڭ دائىرىسى كىچىك بولغانلىقى، كىچىك قول سانائىتى ۋە ئائىلە دۇكانلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، «بەش زەھەر» مەسىلىسى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئىش جەريانىنى قىسقارتىپ قول ئۈچىدىلا ئىشلەپ قويغان، باج ئوغرىلىغان ۋە باج تاپشۇرمىغانلار باجنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇش قاتارلىق جەھەتتە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى.

## 4§. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش

ئازادلىقتىن كېيىن، باندىتلارنى يوقىتىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئاشكارىلانغان بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلار تازىلاندى. لېكىن دۆلەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئەكسىلئىنقىلابچىلار، توردىن چۈشۈپ قالغان ۋە كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ يەنىلا ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۇنسۇرلار تازىلانمىدى ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىلمىدى.

مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، جەمئىيەتتە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ئاساسىدا، يوشۇرۇنۇۋالغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش («ئىچكى قىسىمدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش» دەپمۇ ئاتالدى) 1956 ـ يىلى 1 ـ ئايدا باشلىنىپ، 1961 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى، بۇ ھەرىكەت جەمئىي ئالتە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 368 كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى. تەكتىنى ئېنىقلاپ رەتكە تورغۇزۇش، پاش قىلىش ـ ئىقرار قىلىش، گۇرۇپپىدا كۆرەش قىلىش، «تىنچ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش»، مەخسۇس ئەنزە بويىچە تەكشۈرۈش، بېكىتىلگەن ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ پەرق ئېتىش قاتارلىق جەريانلار ئارقىلىق، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇردىن 85 ى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم بىر تەرەپ قىلىندى.

كادىر تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش بىلەن بىللە 1956 ـ يىل 1 ـ ئايدا باشلىنىپ، 1960 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى، لېكىن قۇيرۇقىنى ئۈزۈش خىزمىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغىچە تۈگىمىدى. 1960 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 1221 كادىر تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، 84 كادىر تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى، 41 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ ئېنىق يەكۈن چىقىرىلدى، 12 ئادەم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتىلدى، 17 ئادەم ئۈستىدە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىلدى.

كادىر تەكشۈرۈش ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى: بىرىنچى تۈركۈمدە رايون ياردەمچىسىدىن يۇقىرى كادىرلار تەكشۈرۈلدى؛ ئىككىنچى تۈركۈمدە ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، يېزا كادىرلىرى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان خۇسۇسىلار تەكشۈرۈلدى؛ ئۈچىنچى تۈركۈمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دۆيجاڭدىن يۇقىرى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، كادىرلارنىڭ چەت ئەلگە باغلىنىش مەسىلىسىمۇ نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىر تەكشۈرۈش خىزمىتى ناھىيىلىك پارتكومدا تەسىس قىلىنغان خەن دېشەن باشلىقلىقىدىكى بەش كىشىلىك گۇرۇپپىنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكىدە ئىشلەندى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ۋە كادىر تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە بۇزۇق ئۇنسۇرلار تازىلىنىپ، كادىرلار قوشۇنى پاكلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كادىرلارنىڭ سىياسىي تارىخىي مەسىلىسىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. لېكىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈشتە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ، بىر قىسىم ياخشى يولداشلارغا ئازار بېرىپ قويۇلدى.

## 5§. ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى

1957-يىل 4-ئاينىڭ 27-كۈنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق ئىدىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى توغرىسىدا يوليورۇق» نى تارقىتىپ، پۈتۈن پارتىيىدە بىر قېتىم خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش ئاساسىي تېما، بيۇروكراتلىقا، مەزھەپچىلىككە، سۇبيېكتىپچىلىققا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

ناھىيىلىك پارتكومدا خەن دېشەن (ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى، ليۇلىشەن (مۇئاۋىن ھاكىم)، ئىسمايىل توختى (ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، ماشۇلىن (ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، شۈ ۋەنلۇڭ (ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى) لار گۇرۇپپا ئەزاسى بولغان بەش كىشىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە-ئورگانلاردىكى 501 نەپەر كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 103 نەپەر، پارتىيە ئەزاسى 102 نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسى 90 نەپەر) 1957-يىل 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىستىل تۈزىتىش بويىچە ئۆگىنىش قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشكە ياردەملەشتى. 12-ئاينىڭ 10-كۈنى

ئېچىلىش، سايراش، بەس مۇنازىرە قىلىش باشلاندى. 1958 - يىل 2 - ئاينىڭ بېشىغىچە، جەمئىي 9600 دىن ئارتۇق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 3 - ئايدا، ئىستىل تۈزىتىش، ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قەدەم قويۇلدى. بۇ چاغدا ئاپتونوم رايوننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئايرىم يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلىپ، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئېلىپ باردى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىكى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى 1958 - يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بىر تۇتاش تەشكىللىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. 1958 - يىل 10 - ئايغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 42 ئادەم «ئوڭچى» قىلىپ ئايرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىدە «ئوڭچى» قىلىپ ئايرىلغانلار («يەرلىك مىللەتچى ئونسۇر» دەپمۇ ئاتالدى) سەككىز بولۇپ، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا جىنايى ئىشلار جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلدى.

بۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى تەدرىجىي قانات يېيىۋاتقان ئەھۋالدا، كەڭ ئامما ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلارغا كۆپلىگەن پايدىلىق تەنقىد ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇرژۇئا ئوڭچىلىرىمۇ «ئېچىلىش، سايراش» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيىگە ۋە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قوزغاپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇندى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش توغرا ھەم زۆرۈر ئىدى. لېكىن قۇمۇل ناھىيىسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكە ئوخشاشلا، ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىنتايىن كېڭەيتىۋەتتى، ھەرىكەت جەريانىدا ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىمەسلىكتەك ئەھۋال كۆرۈلۈپ، بىر قىسىم كادىر، زىيالىي، مىللىي، دىنىي ئاساسىي قاتلام زاتلىرىغا ئازار بېرىپ قويۇلدى.

## § 6. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»

«سول» ئالدىراقسانلىق قىلىش ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە، مەملىكەت بويىچە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» بولۇۋاتقان شارائىتتا، پارتىيىنىڭ 1958 - يىل 3 - ئايدا ئېچىلغان ناھىيىلىك 2 - قۇرۇلتىيىدا «سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، سۈرئەتنى تېزلىتىپ، خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ كېتىش، چاڭجياڭغا يېتىشىۋېلىش، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، ئون يىللىق كۆرسەتكۈچنى بىر يىلدا ئورۇندايلى» دېگەن چاقىرىق چىقىرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىدە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان يۇقىرى پىلان،

يۇقىرى كۆرسەتكۈچ تەدرىجىي ئۆرلەپ باردى، سانائەت ۋە باشقا ساھەلەردىمۇ قارىغۇلارچە سەكرەش ھادىسىسى يۈز بەردى.

1958 - يىل 3 - ئايدا، پارتىيىنىڭ ناھىيىلىك 2 - قۇرۇلتىيىدا ناھىيە بويىچە شۇ يىللىق ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتىنى 420 — 450 جىڭغا (1957 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 240 جىڭ ئىدى)، ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 60 مىليون 260 مىڭ — 64 مىليون 560 مىڭ جىڭغا (1957 - يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات 33 مىليون 340 مىڭ جىڭ ئىدى) يەتكۈزۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1958 - يىل 12 - ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم يەنە 1959 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 214 مىليون جىڭغا يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى ھەمدە 10% تېرىلغۇ يەرنى بىرلىك مەھسۇلاتى 510 جىڭغا يېتىدىغان «سۈنئىي ھەمراھ ئېتىزى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

1959 - يىل 10 - ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم يەنە 1960 - يىلى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 265 مىڭ موغا كېڭەيتىش، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 1200 — 1500 جىڭغا يەتكۈزۈشتەك يۇقىرى پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى.

1960 - يىل 10 - ئايدا، پارتىيىنىڭ ناھىيىلىك 3 - قۇرۇلتىيىدا يەنە 1961 - يىلى 120 مىڭ مو بوز يەر ئېچىش، 1962 - يىلىغا بارغاندا ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 600 مىڭ موغا يەتكۈزۈشتەك يۇقىرى پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يۇقىرى پىلان، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ مۇبالىغىچىلىق شامىلىنى، قارىغۇلارچە قوماندانلىق ۋە بۇيرۇقۋازلىق قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1960 - يىلى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش تەكىتلەنگەچكە، بەزى گۇڭشې (مەيدان) لار 10 - ئايدىمۇ تېرىقچىلىق قىلدى، تىيانشان گۇڭشېسىدىكى بەزى دۈيلەر قارنى سۈپۈرۈۋېتىپ كۈزگى بۇغداي تېرىدى. خۇاڭتيەن دېھقانچىلىق مەيدانى ھارۋا بىلەن يۆرۈپ گىياھ ئۈنمەيدىغان قۇرغاق چۆلگە ئۇرۇق چاچتى. چوڭقۇر ئاغدۇرۇش تەكىتلەنگەچكە، بەزى يەرلەر بىر مېتر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇلدى. قويۇق تېرىش تەكىتلەنگەچكە، بەزى بۇغدايلىقلاردىكى بۇغداي مايسىلىرى چاچتەك قېلىن ئۈستى. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ بولغان بۇنداق «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

سانائەتتىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە ئومۇمىي خەلق كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش مەركەز قىلىندى. 1958 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك پولات - تۆمۈر تۈەنى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ھاكىم بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى. پولات - تۆمۈر تۈەنى قارىمىقىدا تۆت يىڭ تەسىس قىلىندى، بۇلار تارانچى، قولان بۇلاق، بوغاز، مەيداندىن ئىبارەت تۆت ئورۇنغا تارقالدى. يېزىلاردىكى ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەك ئەمگەك كۈچى يەنە زاۋۇتلاردىكى بىر قىسىم ئىشچىلار ۋە ئىدارە - ئورگانلاردىكى زور كۆپچىلىك كادىر ئۆزلىرى كان ئېچىشقا، پېچ ياساپ پولات تاۋلاشقا ئاجرىتىلدى. ناھىيە بويىچە 4000 دىن ئارتۇق ئادەم،

140 ئات هارۋىسى، 25 كالا هارۋىسى، 442 ئات، 75 كالا، 165 تۆگە ھەقسىز «پولات ـ تۆمۈر مارشالىنى تەختكە چىقىرىش» ئۈچۈن خالىسانە ئەمگەككە ئاتلاندى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە، يەرلىك تۇز پېچ، كىچىك ئېگىز پېچتىن 2244 ى ياسالدى، بۇنىڭ 732 سى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناهىيە بويىچە 14 مىڭ 112 تونىنا تۆمۈر رۇدىسى، 17 مىڭ 305 تونىنا كۆمۈر قېزىلدى. 2288 تونىنا داشقال ئارىلاش تۆمۈر، ئىككى تونىنا پولات (كىرەكسىز تۆمۈرلەر قايتا تاۋلانغان) تاۋلاندى. ئەينى ۋاقىتتا، مەيداندا 500 تونىنا ماتېرىيال سېـ غىدىغان چوڭ يەرلىك تۇز پېچتىن بىرى ياسىلىپ، ئوت يېقىلغاندىن كېيىن، ئوت يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، قۇمۇل شەھىرىنى يورۇتۇۋەتتى، لېكىن بۇ تاۋلانغىنى يەنىلا يۆتكىگىلى، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بىر پارچە داشقاللىق تۆمۈردىن ئىبارەت بولدى. بوغاز پولات ـ تۆمۈر يىغى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر قاتلىمىنىڭ ئۈستىدىن يەرلىك تۇز پېچ قازغان، نەتىجىدە كۆمۈر قاتلىمىغا ئوت كېتىپ، ئۇن نەچچە يىل كۆيدى. 70 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئوت ئۆچۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابى كۆپلىگەن ماشىنا، ئادەم كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىرنەچچە يىل سەرپ قىلىپ كۆرۈلۈكتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى.

كەڭ كۆلەمدە پولات ـ تۆمۈر تاۋلاشقا جەمئىي 824 مىڭ 975 يۈەن (ئىدارە ـ ئورگان، مەكتەپ، ئورۇن، يېزىلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئەمگەك كۈچى، ئۇلاغ كۈچى، ماددىي ئەشيا ۋە ئىسراپ قىلىنغان بايلىقلار بۇنىڭ سىرتىدا) مەبلەغ سېلىندى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە، ھەرقايسى ساھەلەر ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلمىگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: پىششىقلاش سانائىتىدە يەتتە كۈندە پۈتۈن ناهىيىنى گازلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئۇن يىللىق كۆرسەتكۈچنى بىر يىلدا ئورۇنداپ بولۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ مائارىپتا بىر يىلدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن «ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۈنئىي ھەمراھى» نى كۆپلەپ قويۇپ بېرىش، ھەممەيلەن ئىجادىيەتكە تۇتۇش قىلىپ، ناهىيە بويىچە ئىككى ئايدا «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى» دىن 388 مىڭ 600 پارچە يېزىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەمەلىيەتتە بولارنى ئورۇنداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## 7 §. «ئوڭچىللىق» قا قارشى تۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش

1959 ـ يىل 8 ـ ئايدا، پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا خاتا ھالدا «پارتىيىنىڭ باش لۇشيەنىنى قوغداش، ئوڭچىل ئوپپورتۇنىزمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى، يىغىندىن كېيىن ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى دەرھال مەملىكەت دائىرىسىدە قانات يېيىپ

كەتتى. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكوم بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى پارتىيىلىك كادىرلار، گۇڭشې پارتكوملىرىنىڭ شۇجىلىرى، قىسمەن دادۈيلەرنىڭ شۇجىلىرى ۋە سىياسىي - قانۇن سىستېمىسىدىكى بۆلۈمچە باشلىقى دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلاردىن بولۇپ 110 كىشى قاتناشقان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىردى، يىغىن 16 كۈن داۋام قىلدى. يىغىندا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ھەرىكىتىگە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى بەرگەن بىر قىسىم يولداشلار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كە، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغۇچى ئوڭچىل مۇتەئەسسىپ ئىدىيىدىكىلەر دەپ قارالدى ھەمدە پاش قىلىپ تەنقىد قىلىندى، ئالتە نەپەر پارتىيىلىك كادىر نۇقتىلىق تەنقىد قىلىندى.

12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ۋىلايەت، ناھىيە، ئاپتونوم رايوندىن جەمئىي 110 كادىر ئاجرىتىلىپ، 11 خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەندى، ئۇلار ھەرقايسى گۇڭشې (مەيدان) لارغا بېرىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ھەرىكەتتە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ۋە ئاممىۋى يىغىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، «ئۈچ قىزىل بايراق» (باش لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق گۇڭشېسى) غا بولغان پوزىتسىيە ۋە ئاشلىق مەسىلىسىدىن تۇتۇش قىلىنىپ، سايراش، ئېچىلىش، بەس - مۇنازىرىدىن ئىبارەت ئۇسۇل قوللىنىلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىردە چىڭ تۇرغان بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئوڭچىل مۇتەئەسسىپلەر، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار، «ئۈچ قىزىل بايراق» قا قارشى تۇرغۇچىلار، پارتىيىنىڭ ئاشلىق سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار، سىنىپىي مەيداننى يوقاتقانلار دەپ قارىلىپ تەنقىد قىلىندى. بىر قىسىم ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلارغا كاپىتالىزم ئىدىيىسى ئېغىر دېگەننى باھانە قىلىپ زەربە بېرىلدى.

ئىستىل تۈزىتىش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە جەريانىدا، ناھىيە بويىچە جەمئىي 406 كىشى تەنقىد، كۈرەش قىلىندى ھەم جازالاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە دۈيجاڭدىن يۇقىرى كادىر 190، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان 216.

1961 - يىل 11 - ئايدا، ناھىيىلىك پاتكوم يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1958 - يىلدىن بۇيان ناھىيە بويىچە «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش»، يېزىلاردا ئىستىل تۈزىتىش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر جەريانىدا كۈرەش قىلىنغان ياكى جازا بېرىلگەن 1075 كادىر ۋە گۇڭشې ئەزاسىنى تەكشۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈردى، تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش خىزمىتى 1963 - يىل 3 - ئايدا ئاياغلاشتى. تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش نەتىجىسىدە مۇنداق قارالدى: توغرا بىر تەرەپ قىلىنغانلار 584 كىشى بولۇپ، 54.3% نى، ئاساسىي جەھەتتىن توغرا بىر تەرەپ قىلىنغانلار 243 كىشى بولۇپ، 22.6% نى، قىسمەن خاتا بىر تەرەپ قىلىنغانلار 112 كىشى بولۇپ، 10.4% نى، پۈتۈنلەي خاتا ياكى ئاساسىي جەھەتتىن خاتا بىر تەرەپ قىلىنغانلار 136 كىشى بولۇپ، 12.7% نى ئىگىلىدى. خاتا ھالدا تەنقىد، كۈرەش قىلىنغان-

لار، خاتا جازالانغانلار پۈتۈنلەي ئاقلىنىپ، سىياسىي نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## §8. سوتسىيالىستىك تەربىيە

**بىرىنچى، ئومۇمىي دائىرە بويىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش**

1962 - يىلى 9 - ئايدا، پارتىيە 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 10 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋزېدۇڭ «سىنىپ، ۋەزىيەت، زىددىيەت ۋە پارتىيە ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى مۇئەييەن دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىدىغان ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىدىغان بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت پۈتكۈل تارىخىي باسقۇچتا بۇرژۇئازىيە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىش خەۋپى مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى، «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق كېرەك» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن خاتا ھالدا «يەككە ئىشلەش شامىلى» (مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى كۆرسىتىدۇ) ۋە «ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلى» نى تەنقىد قىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان روھقا ئاساسەن، قۇمۇل ناھىيىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 244 ئائىلىلىك گۇڭشې ئەزاسى يەككە ئىشلەش (مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ۋە گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىش) نى ئوتتۇرىغا قويدى، بەزىلەر ئائىلىۋى قوشۇمچە، كەسىپنى راۋاجلاندۇردى، بەزىلەر قالدۇرۇق يەرنى ئون نەچچە موغا كېڭەيتتى، بەزىلەر قالدۇرۇق چارۋىنى ئون نەچچە تۇياققا يەتكۈزدى، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك كۆپىيىپ قالدى، يېزىلاردا فېئودالىق خۇراپاتلىق، قىمارۋازلىق، نىكاھ سودىسى قاتارلىق ھادىسىلەر كۆپىيىپ كەتتى، بەزى كادىرلار مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى قوللىدى، ھەتتا ئاينىپ كەتتى، مانا بۇلار سىنىپىي كۈرەشنىڭ بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ۋە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارىدى. ناھىيىلىك پارتكوم مەركەز ۋە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە دائىرىسىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى (ئومۇمىي دائىرە بويىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش دېيىلگەن) قانات يايدۇرۇدى. 1962 - يىل 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1962 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېھقانچىلىق دۈيلىرىدە بىر قېتىم كوللېكتىپ ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش مەركەز، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەت، ئىككى لۇشيەن كۈرىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەزمۇن قىلىنغان ھالدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ

www.uyghurkitap.com

باشلىقىدىن يۇقىرى كادىردىن (پارتىيە ئەزالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1400 دىن كۆپرەكى تەربىيىلەندى ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە-ئورگانلاردىن 50 نەپەرچە كادىر ئاجرىتىلىپ، ۋىلايەت ئەۋەتكەن كادىرلار بىلەن خىزمەت ئەترىتى تەشكىللىنىپ، ھەربىر كەنتكە قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن يېزىلارغا چۈشۈرۈلدى. ئىجابىي تەربىيە ئارقىلىق كەڭ كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى، كوللېكتىپنى قىزغىن سۆيۈش ئىشەنچىسى كۈچەيتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھەرىكەت جەريانىدا، پەقەت راھەتباغ، شەھەر ئىچى، پالۋانتۇر، بوغاز، ئاستانىدىن ئىبارەت بەش گۇڭشېنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، گۇڭشې ئەزالىرى ئېلىپ كەتكەن ۋە ئىگىلىۋالغان كوللېكتىپنىڭ مال-مۈلكىدىن 18 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق، 12 مىڭدىن ئارتۇق تاغار، 1800 دىن ئارتۇق كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى، 250 نەپەرچە ئائىلە سايمىنى، 350 نەپەرچە تال ياغاچ قاتارلىقلار قايتۇرۇلدى، ئىگىلىۋېلىنغان كوللېكتىپنىڭ 500 نەپەرچە مو تېرىلغۇ يېرى قايتۇرۇپ بېرىلدى. ھەرىكەت جەريانىدا تۆت خىل ئۇنسۇردىن 49 ى (ئومۇمىي سانىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ) تەنقىد-كۆرەش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كىشى قولغا ئېلىندى. كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان 96 نەپەر قانۇنسىز ئۇنسۇر ئايرىم-ئايرىم جازالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 18 كىشى قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىندى. توققۇز ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قولغا چۈشۈرۈلدى.

سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن ھالدا تەكىتلەنگەچكە، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى جەريانىدا بىر قىسىم نارازىلىق بىلدۈرگەن ياكى خاتا سۆزلەرنى قىلغانلار تەنقىد قىلىندى ۋە بىرتەرەپ قىلىندى، «مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش»، «مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىش» قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شەكلى ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان كادىر ۋە ئامما كاپىتالىزم يولىدا ماڭغانلار، دەپ قارىلىپ تەنقىد قىلىندى، ھەتتا ئۇلارغا زەربە بېرىلدى.

**ئىككىنچى، نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش**

1963 - يىلى مەركەز ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، «نۆۋەتتىكى يېزا خىزمىتىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار (دەسلەپكى لايىھە)» (يەنى «ئالدىنقى ئون ماددا») ۋە «يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى جەريانىدىكى بەزى كونكرېت سىياسەتلەر توغرىسىدا بەلگىلىمە (دەسلەپكى لايىھە)» (يەنى «كېيىنكى ئون ماددا») نى تۈزۈپ تارقىتىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم ئالدىنقى بىر باسقۇچلۇق سوتسىيالىستىك تەربىيە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئىككى يول كۈرىشى مەسىلىسى ھەل قىلىنمىدى، بەلكى ئۇششاق-چۈشەك ئوغرىلىق

مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا بەكرەك ئېتىبار بېرىلدى؛ تۆت خىل ئۇنسۇر ۋە «جىن ـ شەيتان» لارغا قاتتىق، ئۈزۈل ـ كېسىل زەربە بېرىلمىدى؛ كادىرلارنىڭ «پەشتاقتىن چۈشۈش» ى، سىنىپىي قوشۇننىڭ تەشكىللىنىشى، پارتىيىنى ۋە ئىتتىپاقنى تەرتىپكە سېلىش، «تۆت ئېنىق بولماسلىق» قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ ياخشى ھەل قىلىنمىدى، سوتسىيالىستىك تەربىيە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلمىدى، دەپ قارىدى. شۇڭا ۋىلايەت، ناھىيە بىرلەشمە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، كادىرلارنى يېڭىباشتىن تەربىيىلەپ نۇقتىدا سىناق قىلىپ، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى (نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش دېيىلىدى) نى باسقۇچ ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئورۇنلىدى.

نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش شەھەر ئەتراپى، پالۋانتۇر گۇڭشېلىرىدا سىناق قىلىندى. بۇ، 1963 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلىنىپ، ئىككىنچى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاياغلاشتى. خىزمەت ئەترىتى يېزىغا كېلىپلا، بىرىنچى قەدەمدە، ئاممىغا سوتسىيالىزم، كوللېكتىۋىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ باردى ھەمدە كەمبەغەللەردىن ھال ـ ئەھۋال سوراش، يىلتىز تارتىش ـ ئالاقە باغلاش ئارقىلىق سىنىپىي كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى؛ ئىككىنچى قەدەمدە كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن «يۇيۇنۇپ»، بوپسىنى تاشلاپ ھەرىكەتكە قاتنىشىشقا قوزغىدى؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ تۆتنى (ھېسابنى، ئامبارنى، مال ـ مۈلۈكنى، نومۇرنى) ئېنىقلىدى؛ تۆتىنچى قەدەمدە، دۈشمەنلەرنى كۆرەش قىلىش، سىنىپىي دۈشمەنلەرنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇردى؛ ئەڭ ئاخىرىدا، ھەر خىل تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سالدى، قۇرۇپ چىقتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، كادىرلارنىڭ ئەمگەككە قاتنىشىش تۈزۈمىنى ئورناتتى، ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 1964 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە، يەتتە قۇدۇق، ئاستانە، توغۇچى گۇڭشېلىرىدا، 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز گۇڭشېلىرىدا نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز گۇڭشېلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى يېرىملاشتۇرۇپلا، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، خىزمەت ئەترىتى تۇرپاندا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

1964 ـ يىل 9 ـ ئايدا، مەركەز «كېيىنكى ئون ماددا» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا تايىنىدىغان ئەسلىدىكى بەلگىلىمىنى ئۆزگەرتىپ، ئاممىنى دادىل سەپەرۋەر قىلىشنى 1 ـ ئورۇنغا قويۇشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كادىرلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەكىتلىدى ھەمدە پۈتكۈل ھەرىكەتكە خىزمەت ئەترىتى رەھبەرلىك قىلىشنى بەلگىلىدى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە گۇڭشې ـ مەيدانلار ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، ھەممە ئىشتا سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا، ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز

قىلىشنى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ قاپقىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىشنى تەلەپ قىلدى.

**ئۈچىنچى، «تۆتنى ئېنىقلاش»**

1965 - يىل 1 - ئايدا، مەركەز «يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەر» (قىسقارتىلىپ «23 ماددا» دېيىلىدى) نى تۈزۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن سوتسىيالىستىك تەربىيىنى بىردەك «تۆتنى ئېنىقلاش» (سىياسەتنى، ئىقتىسادنى، تەشكىلنى، ئىدىيىنى ئېنىقلاش) دەپ ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى، 5 - ئايدا گۇڭشې مەيدانلار ئىككى قېتىم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىردى، 80 پىرسەنتتىن ئارتۇق كادىر ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك مەسىلىلىرىنى تاپشۇردى، ئەينى ۋاقىتتا ھېسابلانغان سومما 147 مىڭ 545 يۈەنگە يەتتى. نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان (1964 - يىل 2 - ئايدىن 1965 - يىل 6 - ئايغىچە)، ناھىيە بويىچە 80 نەپەر ھەر دەرىجىلىك كادىرغا پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام ياكى جىنايى ئىشلار جازاسى كۆرۈلدى.

1965 - يىل 8 - ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قۇمۇل ۋىلايىتى 2 - باسقۇچلۇق تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتىنى (نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش 1 - باسقۇچ قىلىنغان) شەھەر ئىچى، بوغاز، بۇلۇڭبۇراق، ساقادىن ئىبارەت تۆت گۇڭشې (مەيدان) دا ئېلىپ باردى، بۇ ھەرىكەت 1966 - يىل 1 - ئايدا ئاياغلاشتى. سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۆمىكىدە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ئۈچ ناھىيىدىن كەلگەن خىزمەت ئەترىتى ئەزاسىدىن 800 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى، كېيىنكى باسقۇچتا يەنە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 129 ئوقۇغۇچى قېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان گۇڭشې (مەيدان) لاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئائىلە - يەتتە ئائىلىگە بىردىن خىزمەت ئەترىتى ئەزاسى توغرا كەلدى. بۇ باسقۇچلۇق «تۆتنى ئېنىقلاش» تا، ئاساسەن، مۇنۇ ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت ئىشلەندى:

(1) تۆتنى ئېنىقلاش. تۆت گۇڭشې (مەيدان)دا جەمئىي 135 مىڭ 400 جىڭ ئاشلىق، قىممىتى 250 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغان تۈرلۈك مال ئېنىقلاندى. 89 كادىرغا ھەر خىل چارە كۆرۈلدى. بۇ، ئومۇمىي كادىرلار سانىنىڭ 9.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) ھەر خىل تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىش پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان جايلاردىكى 363 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنىڭ 68 ىگە ھەرخىل جازا بېرىلدى.

(3) دۈشمەنلەرنى كۈرەش قىلىش ۋە دېموكراتىك دەرس تولۇقلاش. 232 نەپەر تۆت خىل ئونسۇرنىڭ 108 ى ئۈستىدە قايىل قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىل-

دى ۋە ئۇلاردىن ئىقتىسادىي ھېساب ئېلىنىدى. ئىپادىسى ياخشى بولغان 10 نەپەر تۆت خىل ئۇنسۇرنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى. ئوتتۇرا دېھقانلار ئىچىدىن 205 ئائىلە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان قىلىپ ئايرىلدى، ئىچكىرىدىن كۆچۈپ چىققانلاردىن پومېشچىك تەركىبىنى يوشۇرغان 58 ئائىلە، تۆت خىل ئۇنسۇر سالاھىيىتىنى يوشۇرغان 42 كىشى پاش قىلىندى. خاتا قالپاق كىيگۈزۈلگەن 57 كىشى (يەرلىك) ئېنىقلاندى، سەككىز ئائىلە پومېشچىك، توققۇز ئائىلە باي دېھقان قىلىپ تولۇقلاپ ئايرىلدى. 1964-يىلى تولۇقلاپ ئايرىلغان 21 ئائىلە پومېشچىك، باي دېھقاننىڭ تەركىبى قايتا تەكشۈرۈلدى. ئۇلاردىن خاتا ئايرىلغان ئون ئائىلىلىككە دائىر خاتالىق تۈزىتىلدى. شۇنداق قىلىپ، پومېشچىك، باي دېھقان ئائىلىسى سانىنىڭ يېزا ئومۇمىي ئائىلە سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكى 4.06 پىرسەنتتىن 5.23 پىرسەنتتىكە ئۆستى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 3-قارارلىق «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى 1966-يىل 2-ئايدا باشلىنىپ، شۇ يىلى 12-ئايدا ئاياغلاشتى، بۇ ھەرىكەت قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تىيانشان، غەربىي تاغ، تاشۋېلىق، قارادۆۋەدىن ئىبارەت تۆت گۇڭشېدا، شوپۇل، قۇيلۇقتىن ئىبارەت ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى ئىككى چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ۋە ۋىلايەتكە قاراشلىق يېمەكلىكلەر شىركىتى چارۋىچىلىق فېرمىسىدا، قىزۇۋۇق ئېغىز ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەرق شامىلى، يەتتە ئەتراپى، شەھەر قۇدۇق گۇڭشېلىرىدا دەرس تولۇقلاندى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە (تۆتنى ئېنىقلاش) ھەرىكىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. تۆتنى ئېنىقلاش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئالدىنقى قاراردىكى ئاساستا يەنە 200 ئادەم كۆپىيىپ، ئومۇمىي سانى 1000 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغان چاغدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى، شۇڭا يەنە ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى تارتىپ چىقىرىش، سىنىپىي تەركىبىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئايرىش ۋە «تۆت كونا» نى بۇزۇپ، «تۆت يېڭى» نى تىكلەش، «جىن-شەيتانلارنى تەلتۆكۈس تازىلاش» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار يېڭىدىن قوشۇلدى.

بۇ قاراردىكى «تۆتنى ئېنىقلاش» تا كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ياكى بۇزۇق كىشىلەر ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان دەپ قارالغان 12 دادۈي (ئومۇمىي دادۈي سانىنىڭ 23.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، توققۇز ئىشلەپچىقىرىش دۈيى (ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئومۇمىي سانىنىڭ 4.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئىككى گۇڭشې دەرىجىلىك كارخانا، كەسپىي ئورۇن (ئورۇنلار ئومۇمىي سانىنىڭ 2.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ) دا «ھوقۇق تارتىۋېلىش» ئېلىپ بېرىلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار سۈپىتىدە تارتىپ چىقىرىلدى.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئىچىدە سىنىپىي يات ئۇنسۇر، ئاينىغان ئۇنسۇر، سوقۇنۇپ كىرىۋالغان تۆت خىل ئۇنسۇر قىلىپ ئېنىقلاپ چىقىلغىنى 33 كىشى (كادىر-

www.uyghurkitap.com

لار ئومۇمىي سانىنىڭ 1.79 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ئىنقىلاپ چىقىلغان ئىقتىسادىي مەسىلىگە دائىر پۇل 429 مىڭ 800 يۈەن. بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: قالپاق كىيگۈزۈلگەن ئادەم 12 (كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 0.63 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ)، ھەرخىل چارە كۆرۈلگەنلەر 187، پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلار 39، تىزىملانمىغان ياكى پارتىيىدىن نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈلگەنلەر 48، پارتىيىدىن چىقىرىلىش دائىرىسى 13.05%، يەنە 11.4% پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلدى.

ئومۇمىي يېزىلىق تەركىب ئايرىش جەريانىدا، 6 ئائىلىنىڭ تەركىبى تولۇقلاپ پومېشچىك، باي دېھقان قىلىپ ئايرىلدى، 27 ئائىلىنىڭ تەركىبى يېڭىدىن چارۋىدار، باي چارۋىچى قىلىپ ئايرىلدى.

دۈشمەنلەرنى كۈرەش قىلىش جەريانىدا، تۆت خىل ئۇنسۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك باھالاندى، بەش ئادەم قولغا ئېلىندى. 92 ئادەم كۈرەش قىلىندى (بۇ، تۆت خىل ئۇنسۇرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 26.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ)، 39 نەپەر تۆت خىل ئۇنسۇرنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلاندى.

«تۆت كونا» نى يوقىتىش جەريانىدا، 11 گۈڭشې (مەيدان) دىكى 34 ئادەم «جىن - شەيتان» دەپ قارىلىپ تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىندى، 54 مەسچىتنىڭ پەشتىقى بۇزۇۋېتىلدى، 1000 دىن ئارتۇق دىنىي كىتاب كۆيدۈرۈلدى.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيە (تۆتنى ئىنقىلاش) ھەرىكىتى كادىرلارنىڭ ئىستىلى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مۇئەييەن رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن «سول» ئىدىيىنىڭ قوماندانلىقى تۈپەيلىدىن خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان زىددىيەتلەر سىنىپىي كۈرەش ياكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى دەپ قارالدى. 1965 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە يەنە خاتا ھالدا «ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئىقتىسادنى ئىنقىلاش جەريانىدا، كېڭەيتىۋېتىشتىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىمەسلىك تۈپەيلىدىن، كۆپلىگەن كادىرلار ئورۇنسىز زەربىگە ئۇچرىدى.

## 98. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا ئائىت بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدۇ: «1966 - يىل 5 - ئايدىن 1976 - يىلى 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى — رەھبەرلىك قىلغۇچى خاتا قوزغىغان، ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلار پايدىلانغان، پارتىيە، دۆلەت ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۇچۇن ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن ئىبارەت».

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈنمۇ ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى.

**بىرىنچى، قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتى**

قۇمۇل ناھىيىسىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى، ئالدى بىلەن، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىن باشلاندى. 1966 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «16 - ماي» ئۇقتۇرۇشىنى ۋە 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «خەلق گېزىتى» نىڭ باش ماقالىسى «جىن - شەيتانلارنى تەلتۆكۈس تازىلايلى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى چاپلاپ، مەسىلىسى بار دەپ قارالغان ئايرىم ئوقۇتقۇچىلارنى تەنقىد قىلىشقا باشلىدى. 7 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئورۇنلىرىدىكى قىسمەن كادىرلار، سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئەترىتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى ۋە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ 800 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ، قۇمۇل ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش ئەترىتى قۇرۇپ، 4 - ، 5 - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ باردى.

8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇلدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئارقا - ئارقىدىن قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قۇمۇلدا قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. قىزىل قوغدىغۇچىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر، كادىرلار بىرلىكتە «تۆت كونا» (كونا ئىدىيە، كونا مەدەنىيەت، كونا قائىدە - يوسۇن، كونا ئۆرپ - ئادەت) نى يوقىتىپ، «تۆت يېڭى» (يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى قائىدە - يوسۇن، يېڭى ئۆرپ - ئادەت) نى تىكلەش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ئىنقىلابىي ئەھمىيىتى يوق دەپ قارالغان ۋىۋىسكىلارنى چېقىپ تاشلاپ، «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيۇجېڭجۇيى» نىڭ نەرسىلىرى دەپ قارالغان جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ بىر تۈركۈم كلاسسىك كىتابلىرىنى ۋە خۇش خەت - رەسىملىرىنى يىغىۋالدى ۋە كۆيدۈردى، بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، پومېشچىك، كاپىتالىستلار ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، بىر قىسىم ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرنى يىغىۋالدى.

8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، بېيجىڭلىق بەش نەپەر قىزىل قوغدىغۇچى ئالاقە باغلاش ئۈچۈن قۇمۇلغا كېلىپ كىشىلەرنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاخشىمى بىڭتۈەننىڭ قۇمۇل باشقۇرۇش باشقارمىسى قارىمىقىدىكى «قىزىل يۇلتۇز» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنىغا بېسىپ كىرىپ، «ۋىلايەتلىك پارتكومنى توپقا تۇتايلى»، «ۋىلايەتلىك پارتكومدىن ئىبارەت بۇ ئەبجەق ۋىۋىسكىنى پاچاقلاپ تاشلايلى» دېگەن شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. «3 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ئاما ئارىسىدا ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان شۇئارلارنى قوللاش كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كەسكىن بەس - مۇنا-

زىرە قانات يېيىپ كەتتى ھەمدە ئىككى خىل كۆز قاراش شەكىللەندى. قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ «توپقا تۇتۇش» نى قوللاش كۆز قارىشىدىكى ئايرىم كادىر، ئىشچى، ئوقۇغۇچىلار كۆرەش قىلىندى، بەزىلەر «گېزەندە» ۋە «جىن - شەيتان» قىلىپ قويۇلدى.

10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە 121 نەپەر قىزىل قوغدىغۇچى ۋەكىلى تاللىنىپ بېيجىڭغا ئەۋەتىلدى، ئۇلارنى تيەنئەنمېن ئالدىدا ماۋ زېدۇڭ جۇشى قوبۇل قىلدى (بۇ، قىزىل قوغدىغۇچىلارنى 8 - قېتىم قوبۇل قىلىشى ئىدى). مۇشۇ ئىشنىڭ ھارپىسىدا، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلۈكىدىن ئۇزۇن سەپەر ئەترىتى تەشكىللەپ، ياكى پويىز - ماشىنىلارغا ھەقسىز ئولتۇرۇپ، ياكى پىيادە سىرتقى جايلارغا بېرىپ ئالاقە باغلىدى، دۆلەت ئۇلارغا كىيىم، ئاياغ كىيىم ۋە تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. بۇ شامال چىقىش بىلەن ھەرقايسى ساھەلەرمۇ دوراپ ھەرىكەت قىلدى، نۇرغۇن كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ سىرتقى جايلارغا بېرىپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن ئالاقە باغلىدى. 1967 - يىلى قىشقا كەلگەندە، مەركەز «دەرسنى، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن، كەڭ كۆلەمدە ئالاقە باغلاش تەدرىجىي ئازلىدى.

ئىككىنچى، ھوقۇق تارتىۋېلىش

1966 - يىلى 12 - ئايدا، ناھىيە بويىچە ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، ئوقۇغۇچى ۋە سوداساھەسىدىكى ئامما «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتىگە كىرىشىپ كەتتى. ھەرخىل ناملىكى جەڭگىۋار ئەترەتلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئاتالمىش «بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنى» نى تەنقىد قىلىش، «ناھىيىلىك پارتكومنى توپقا تۇتۇش»، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنى تەنقىد - كۆرەش قىلىش باشلىنىپ كەتتى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «گېزەندە»، «بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنىنى جاھىللىق بىلەن ئىجرا قىلغۇچى» دېگەندەك بەتنامىلار بىلەن سازايى قىلىندى، تەنقىد، كۆرەش قىلىندى. «پارتكوم بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇپ ئىنقىلاب قىلىنغاچ» قا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار تەدرىجىي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى پائالىيىتىنى توختاتتى، زاۋۇتلاردا ئىش توختىدى، مەكتەپلەر دەرس توختاتتى، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادەم قالمىدى.

1967 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، شاڭخەيدە يۈز بەرگەن «يانۋار ئىنقىلابى بورىنى» نىڭ تەسىرىدە قىسمەن ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلىشىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. شەھەر - يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئورگان، ئىدارىلەردىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ھوقۇق تارتىۋالدى. ھوقۇق تارتىۋېلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ھوقۇق تارتىۋېلىش مەسىلىسىگە، بولۇپمۇ «ئىنقىلابىي كادىر» لار مەسىلىسىگە بولغان تونۇش بىردەك بولمىغاچقا، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئاشكارا ھالدا ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كەتتى. ئىككى تەرەپ بىرى يەنە بىرى ئۈستىدىن چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى،

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ بىلەن ئەلەم كۆرىشى يۈز بەردى.

1967 - يىلى 3 - ئايدا، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بۇيرۇقىغا بىنائەن يەرلىك كادىرلار قاتناشقان قۇمۇل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي تۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا قوماندانلىق قىلدى ۋە ھەربىي قىسىم بەزى مۇھىم تارماقلاردا، مەسىلەن: ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى، ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت قاتارلىق ئورۇنلاردا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى.

ئۈچىنچى، ئەلەم كۆرىشى

ئامىمىۋى تەشكىلاتلار ئاشكارا ھالدا ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەندىن كېيىن، تەرەپبازلىق كۆرىشى كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىپ كەتتى. 1967 - يىلى 3 - ئايدىن 4 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىككى تەرەپ مەركەزنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتىدە بىشتۈەن، تۆمۈريول، يەرلىكنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە قارىماستىن، سىستېما، ئورۇنلارنىڭ چېگرىسىنى بۇزۇپ، ئوخشاش كۆزقاراشتىكى ئامما بىلەن ئۆزئارا ئالاقە باغلاپ، بىرلىكتە ھەرىكەت ئېلىپ باردى.

1967 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، قۇمۇلدا تۇنجى قېتىم نەچچە مىڭ ئامما قاتناشقان كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرىشى يۈز بەردى. بۇ ئەلەم كۆرىشى ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىپ ۋە مۇداپىئەلىنىپ، گاھ ئەۋجىگە چىقىپ، گاھ پەسىيىپ، تاكى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر تەرەپ قۇمۇلدىن قوغلاپ چىقىرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئەلەم كۆرىشىدە ئىشلىتىلگەن قوراللار كالتەك، تاشتىن تەدرىجىي نەيزە - قىلىچقا بېرىپ يەتتى ھەمدە ماشىنا، كىران ئىشلىتىلدى، دېھقان - چارۋىچىلارمۇ ئاتلىق ئەترەت تەشكىللەپ، شەھەرگە كىرىپ ئەلەم كۆرىشىگە قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، قوغلاپ چىقىرىلغان تەرەپتىكى قىسمەن ئامما 69 - قېتىملىق پويىزغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭدىن قۇمۇلغا قايتتى، ئۇلار يول بويى باشقا ئۆلكىلەردىكى ئۆزىنى قوللايدىغان ئەلەم كۆرىشى قىلغۇچى خادىم ۋە كۆرەشتە ئىشلىتىلىدىغان قورال - ياراغلارنى يىغىپ، پويىز بىلەن ئېلىپ كېلىپ، ئەلەم كۆرىشى تايانچ بازىسى قۇردى؛ بەنە بىر تەرەپمۇ يەرلىك مىلتىق، يەرلىك زەمبىرەك، يەرلىك گىرانات لارنى جىددىي ياسىدى.

10 - ئايدا، ئىككى تەرەپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەربىي قىسمنىڭ نۇرغۇن مىلتىق ۋە ئوق - دورىلىرىنى «بۇلىدى»، شۇنىڭ بىلەن ئەلەم كۆرىشى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى.

1967 - يىلى 9 - ئايدىن 1968 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرىشى كۆپ قېتىم يۈز بەردى. 1968 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يۈز بەرگەن «28 - ئۆكتەبىر» ئەلەم كۆرىشى ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى. قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى ۋە ھاۋا ئارمىيىسى 129 - قىسمى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، بىرلەشمە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىشىشىنى

تېزلىتىپ، ئەلەم كۆرۈشنى توختاتتى؛ ھەربىي رايون، بىڭتۇەن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى رەھبەرلىرىدىن تەنكەيىۇن، زېڭ رۇچىڭ، چېن گوەنلەرمۇ قۇمۇلغا كېلىپ ئىككى تەرەپكە خىزمەت ئىشلىدى ھەمدە 1968 - يىلى 2 - ئايدا ئىككى تەرەپ چوڭ بىرلىشىش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. 8 - ئايدا ئەلەم كۆرۈشنى توختىتىش، قورال - ياراغلارنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. لېكىن ئەلەم كۆرۈشنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئەۋجىگە چىقىشىنى تۈپتۈزلۈك تىزگىنلىيەلمىدى.

ئەلەم كۆرۈشى ۋە بازىلارنى زورلۇق بىلەن ئىگىلەش تۈپەيلىدىن، 1967 - يىلى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىدا قاتناش ئۈچ قېتىم ئۈزۈلۈپ قالدى، گوۋۇيۈەن ۋە جۇزۇڭلى ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ قېتىم قۇمۇل ۋوگزالىنى ئېچىۋېتىش، قۇمۇلدىكى ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى قورال - ياراغلارنى پېچەتلەپ ساقلاش توغرىسىدا بىۋاسىتە بۇيرۇق بەردى.

1967 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن توققۇز قېتىملىق چوڭ ئەلەم كۆرۈشتە، قۇمۇل ناھىيىسى بويىچە 33 ئادەم ئەلەم كۆرۈشى قىلىش، قورال - ياراغ ياساش، مىنا كۆمۈش ۋاقتىدا ئوق تېگىپ ياكى پارتلاپ ئۆلدى، 100 نەچچە ئادەم يارىلىنىپ مېيىپ بولۇپ قالدى. بەزى ئىمارەتلەر پارتلىتىۋېتىلدى، نۇرغۇن مال - مۈلۈك بۇلاپ كېتىلدى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنى ئەلەم كۆرۈشى قىلغۇچىلار بازا قىلىۋالغاندىن كېيىن، 181 مىڭ 230 جىڭ بۇغداي، ئۇن، 2200 جىڭ گۈرۈچ، 2200 جىڭ سۇ يېغى، 2496 جىڭ پۇرچاق، 3000 جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق بېلىتى زىيان بولدى. ناھىيە بويىچە ئېغىر دەرىجىدە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى 62 قېتىم يۈز بەردى، پەقەت ناھىيىلىك دوختۇرخانىلا 11 قېتىم بۇلاندى.

1969 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەڭ قۇرۇلدى، مەركەزنىڭ «28 - ئاۋغۇست» ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، 10 - ئايغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ئامىمىنىڭ قولىدىكى ھەرخىل مىلتىق، ئوق - دورا ۋە باشقا قورال - ياراغلار ئاساسىي جەھەتتىن يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى.

### تۆتىنچى، زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىشى

1968 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ «زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ كەمبەغەل دېھقان، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىشى ئىنتايىن زۆرۈر» دېگەن يوليورۇقنى چىقاردى، زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىشى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشلاندى.

1969 - يىل 3 -، 4 - ئاي ئارىلىقىدا، تۇنجى تۈركۈم زىيالىي ياشلار قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت زىيالىي ياشلارنى تەقسىم قىلىش ئىشخانىسى بىلەن قۇمۇل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە گۇرۇپپىسىنىڭ تەقسىم قىلىشى بىلەن يېزىلارغا باردى. يىل ئاخىرىغىچە، تەقسىم قىلىنىپ يېزىغا بارغان زىيالىي ياشلاردىن 700 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 250 نەپەر، قالغانلىرى 1966 - يىلدىن بۇيان

شەھەر ـ بازاردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار) ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئالدى». يېزىغا بارغان زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى كادىرلار ياكى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ۋەكىلى باشقۇردى.

1970 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە، يەنە 458 نەپەر زىيالىي ياش يېزىلارغا باردى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 310). 1966 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىغا بارغان زىيالىي ياشلارنىڭ ھەر بىرىگە ئازكەم 100 يۈەن قىممىتىدە تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇمى ۋە كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى تارقىتىپ بېرىلدى.

1973 ـ يىل 11 ـ ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىش خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 397 نەپەر زىيالىي ياش يېزىلارغا باردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ [1973] 355 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1973 ـ يىلدىن باشلاپ، يېزىلارغا بېرىپ دۈيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەربىر زىيالىي ياش ئۈچۈن 500 يۈەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا بارغان ھەربىر زىيالىي ياش ئۈچۈن 400 يۈەن، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا باققان ھەربىر زىيالىي ياش ئۈچۈن 700 يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلدى. يۇقىرىقى پۇللار ئۆي سېلىش، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئۆگىنىش سايمانلىرى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ياردەم بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنى ئىشلىتىشنى زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىش خىزمىتى ئىشخانىسى بىر تۇتاش ئىگىلەپ تۇردى. شۇ يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرىكى دۈيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ شۇ يەردە ماكانلاشتۇرۇش تەدرىجىي «زىيالىي ياشلار نۇقتىسى» قۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، كىچىك كوللېكتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى.

1974 ـ يىلى، جۇجۇنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆگىنىلىپ زاۋۇت بىلەن گۇڭشېنى چېتىش، زىيالىي ياشلار بار ئورۇنلار ئۇلارنى يېتەكلەشكە كادىر ئەۋەتىش، كوللېكتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى ھەمدە شارائىتى بار جايلاردا زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش يولغا قويۇلدى. 1974 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 3046 نەپەر زىيالىي ياش يېزىلارغا تەقسىم قىلىندى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ [1978] 74 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى «كىچىك بازار ياكى ئادەتتىكى ناھىيە بازارلىرىدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئائىلىسىدىن چىققان ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار يېزىلارغا بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1978 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تاغ ۋە يېزىلارغا ئەۋەتىلمىدى ھەمدە كادىرلىققا، ئىشچىلىققا.

ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش، دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، يېزىغا چۈشۈرۈلگەن زىيالىيلار يىلمۇ يىل قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىش ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن توختىدى. 1973 - يىلدىن ئىلگىرى يېزىلارغا بارغان زىيالىيلار 1982 - يىلىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇندى. تۆمۈريول، يامانسۇ كۆمۈر كېنى، ئورمانچىلىق مەيدانى، تارانچى كۆمۈر كېنى قاتارلىق ئورۇنلاردىن يېزىغا بارغان زىيالىي ياشلارمۇ ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىش ھەرىكىتى جەريانىدا، جەمئىي 4571 نەپەر زىيالىي ياش قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاغ ۋە يېزىلىرىغا بېرىپ قايتا تەربىيە ئالدى. (بۇ، مەزكۇر ناھىيىدىكى ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئىدارە - ئورگان، ئورۇن، ھەربىي قىسىم، تۆمۈريول، زاۋۇت - كانلاردىكى زىيالىي ياشلار، ئالىي تېخنىكوم ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قۇمۇلغا تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئۇلار ئىچىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پارتىيىگە، ئىتتىپاققا كىردى، بەزىلەر گوڭشې، داۋدۈيلەرنىڭ كادىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

دۆلەت ۋە گوڭشې - داۋدۈيلەر زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىشىغا ياردەم بەردى، 1971 - يىلدىن 1980 - يىل 9 - ئايغىچە بولغان مەلۇماتقا قارىغاندا، دۆلەت، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قۇمۇل ناھىيىسىگە زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن 1 مىليون 951 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. گوڭشې - داۋدۈيلەر 1450 مو تېرىلغۇ يەر، 15 مىڭ 400 مو ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بوز يەر ئاجرىتىپ، ئۇنى زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلدى، ئۇلار يەنە گوڭشې ئەزالىرىنى ئەۋەتىپ، زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ھەرقايسى ئورۇنلارمۇ زىيالىي ياشلارنى يېتەكلەشكە مەخسۇس كادىر ئەۋەتىپ، ئۆز ئىدارىسىدىن يېزىغا بارغان زىيالىي ياشلارنى يېتەكلىدى.

1981 - يىل 12 - ئايدا، ناھىيىلىك زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەمگەك - ئىش ھەققى بۆلۈمى بىلەن بىللە ئىش بېجىرىدىغان بولدى.

**بەشىنچى، سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش»**

1970 - يىلى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىققا قارشى تۇرۇش، ھايانكەشلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى 3 - ئايدا، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى» ناھىيىدىكى شەھەر - يېزىلاردىكى ئىدارە -

ئورگان، مەكتەپ، زاۋۇت ـ كان، كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلاردا تۇرۇپ «كۆرەش قىلىش، تەنقىت قىلىش، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى.

ئاز كەم بىر يىل قوشۇن تازىلاش ئارقىلىق «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» كېڭەيتىۋېتىلىپ، تارىخىي مەسىلىسى بار، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ، ئىلگىرى ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن، ئەمما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناچار ياكى مەلۇم كىشىلەر بىلەن ئۆچەكىشىپ قالغانلارنى بىرەرسى ئوتتۇرىغا قويغان ھامانلا، ئۇنىڭغا نەچچە ئون ئادەم ئەگىشىپ، شۇ ئادەم تارتىپ چىقىرىلدى. قوشۇننى تازىلاش، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» جەريانىدا، ناھىيە بويىچە 1240 ئادەم تەنقىد ۋە كۆرەش قىلىندى، 22 ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلدى. ناھىيىلىك كۆمۈر كاندا ئامىمدىن 59 كىشى گۇناھسىز بولسىمۇ تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنىپ، ئۇزۇن مۇددەت سولاپ قويۇلدى، بۇ، كان بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 34 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بەزى جايلاردا يەنە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، زور بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر پەيدا قىلىندى.

## §10. پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش

1976 - يىل 10 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭ چۈنچياۋ، جياڭ چىڭ، ياۋۋېنيۈەن ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى تارمار قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىققا خاتىمە بەردى.

1977 - يىل 5 - ئايدا، مەركەزنىڭ يولىيورۇقى ۋە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش ۋە «ئىككىگە زەربە بېرىش» ھەرىكىتى (لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت جىنايىتىنى يەنىمۇ پاش قىلىش، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ «سول» چىل لۇشيەنىنى تەنقىد قىلىش، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغانلارنى، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ئېنىقلاش؛ سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك قىلغانلارغا زەربە بېرىش) قانات يايدۇرۇلدى. 1979 - يىل 4 - ئايغا كەلگەندە، ھەرىكەت ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

1977 - يىل 5 - ئايدىن 1978 - يىل 7 - ئايغىچە بولغان ۋاقىت ھەرىكەتنىڭ 1 - باسقۇچى بولدى. ئالدى بىلەن ناھىيىدىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى، جەمئىيەتتىكى ئامما مەركەزنىڭ 3 - ئايدىكى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىلگىرى -

www.uyghurkitap.com

كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلدى، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش شەكلى قوللىنىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبە-ساۋاقلار تەكشۈرۈپ يەكۈنلەندى. ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ جىجيېنىڭ بۇ خىزمەتكە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولۇشىنى، مۇئاۋىن شۇجى جۇخۇەيىي، ۋاڭ ۋەنىيەن ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ۋاڭ جىنشەنلەرنىڭ ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش خىزمىتىگە ئايرىم-ئايرىم مەسئۇل بولۇشىنى ھەمدە ئېنىقلاش ئىشخانىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ھۆججەت ئۆگىنىش، «ئۈچنى كەڭ سۆزلەش»، تەنقىد قىلىش يىغىنى، ئۆگىنىش كۇرسى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ جىنايەتلىرى كەڭ كۆلەمدە پاش قىلىنىپ، تەنقىد قىلىنىپ، ئۇلار تارقاتقان زەھەرلەر تازىلاندى.

پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈلۈپ، ئامما سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئايرىم يولداشلار ئېنىق سۆزلەش ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى، ئۇلار ئېنىق سۆزلەش دەرىجىسى ۋە خاتالىقنى تونۇشقا ئاساسەن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئازاد قىلىندى.

ھەرىكەتنىڭ 2-باسقۇچى 1978-يىل 9-ئايدا باشلىنىپ، 1979-يىل 4-ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى، بۇ باسقۇچلۇق ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ قاپقىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ناھىيىلىك پارتكومدا جۇ خۇەيىي، ئابلىز ھاشىم، ۋاڭ ۋەنىيەن، ۋاڭ جىنشەن، خې شېڭيۈ، جىزيۈزەن، خۇي جىيۇلىڭدىن ئىبارەت يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتنى تۇتتى ھەمدە ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئورگىنى، كۆمۈركان، قارادۆۋە گۇڭشېسىنى ھەرىكەتتىكى نۇقتىلىق ئورۇن قىلىپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى.

ئىككى يىلچە ئېلىپ بېرىلغان پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش، زەربە بېرىش ھەرىكىتىدە مۇنداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تەنقىد قىلىنىپ، ھەق-ناھەق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى؛ لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى بىلەن چېتىشلىق ئادەم ۋە ئىشلار ئېنىقلىنىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىندى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا پەيدا بولغان ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر ئاقلاندى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە 72 ئادەمنىڭ بىنورمال ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى ۋە توققۇز قېتىملىق چوڭ ئەلەم

كۆرىشىدە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن 18 ئادەمگە دائىر مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى، 62 قېتىملىق ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى؛ ئايرىم كىشىلەر قاتناشقان «ئېغىردا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئېنىقلاندى؛ 73 نەپەر ئېنىقلاش ئوبيېكتىنىڭ مەسىلىلىرى ئېنىقلاندى، ئۇلاردىن 66 سى ئازاد قىلىندى. ھەرىكەت مەزگىلىدە ئىككى نەپەر ئېنىقلاش ئوبيېكتى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

## §11. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش

**بىرىنچى، پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش ۋە پومېشچىك، باي دېھقانلار پەرزەنتلىرىنىڭ تەركىبىنى ئۆزگەرتىش**

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1979 - يىل) 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتى — «پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش مەسىلىسى ۋە پومېشچىك، باي دېھقانلار پەرزەنتلىرىنىڭ تەركىبىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» تارقىتىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى ئاساس قىلىپ بەنزە تەشكىللەپ، بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇردى. تەشۋىقات، تەربىيە، تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەش، ئامما باھالاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا ئويۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 530 نەپەر تۆت خىل ئۇنسۇرنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پومېشچىك 195، باي دېھقان 99، ئەكسىلئىنقىلابچى 165، بۇزۇق ئۇنسۇر 71.

ناھىيە بويىچە پومېشچىك، باي دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بارلىق كىشىلەرنىڭ تەركىبى ئۆزگەرتىلدى.

**ئىككىنچى، خاتا ھالدا ئوڭچى قىلىپ قويۇلغانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش**

مەركەزنىڭ (1978) 11 - ، 15 - نومۇرلۇق ھۆججەتلىرىنىڭ روھى ۋە مەركەزدىكى بەش مىنىستىرلىكنىڭ قوشۇمچە ئىزاھاتىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم 1978 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئوڭچىلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، خىزمەتكە كىرىشتى. 12 - ئايدا ناھىيىدىكى ئوڭچىلارنىڭ قالپىقى پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىلدى. ئۇلارغا دائىر خاتا ئەنزىلەرنى تۈزىتىش، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

1958 - يىلى ناھىيە بويىچە 42 ئادەم ئوڭچى (بۇنىڭ ئىچىدە سەككىزى يەرلىك مىللەتچى دەپ ئاتالدى) قىلىپ ئايرىلغانىدى. 1959 - يىلدىن بۇيان، 17 ئادەمنىڭ ئوڭچى قالپىقى ئارقىمۇ ئارقا ئېلىۋېتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئادەم بۇ ناھىيىدە ئوڭچى قىلىپ ئايرىلمىغان)، بۇنىڭ ئىچىدە 12 كىشى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ قېتىم يەنە 25 نەپەر قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن ئوڭچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچى

ئۆلۈپ كەتكەن) نىڭ 22 سى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قومۇل ناھىيىسىگە سىرتتىن يۆتكىلىپ كەلگەن، خاتا ئوقۇچى قىلىپ قويۇلغان بەش كىشىنىڭ ئەنزىسىنى ئەسلى ئىدارىسى تۈزەتتى. ئۆزلۈكىدىن شىنجاڭغا كەلگەنلەر ئىچىدىكى ئوقۇچىلارنىڭ ئەنزىسىنى ئەسلى يۇرتى تۈزەتكەندىن كېيىن، ئارتۇقچىلىقى بار ئۈچ كىشىنى قومۇل ناھىيىسى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى.

**ئۈچىنچى، سابىق گومىنداڭدىن قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلەر ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلارنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش**

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1979 - يىل] 6 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلەر ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلارغا قارىتىلغان «ۋەتەنپەرۋەرلەر بىر ئائىلە، ئۆتمۈشنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشقا قويۇش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش» دېگەن ئىزچىل سىياسەت بويىچە، ناھىيىلىك پارتكوم 1979 - يىل 5 - ئايدا سابىق گومىنداڭدىن قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقان خادىملارنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى (6 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى دەپتۇ ئاتالدى) قۇرۇپ، مەخسۇس خادىم يۆتكەپ، بۇ خىزمەتنى قاتات يايدۇردى. 1982 - يىلنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

ناھىيە بويىچە سابىق گومىنداڭدىن ھەقىقەتكە قايتقان ۋە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن خادىمدىن 104 ى، خاتا بىر تەرەپ قىلىنغانياكى بىر تەرەپ قىلىش ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرگە ياتىدىغان، قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلاردىن 40 ى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ھەممىسىنىڭ ئەنزىسى تۈزىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى تۆت، پېنسىيىگە چىقىرىلغىنى 16 (بۇلارنىڭ ئىچىدە 10 كىشىگە بىر قېتىملىق تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى، ئەڭ ئازلىرىغا 50 يۈەن، ئەڭ كۆپلىرىگە 500 يۈەن بېرىلدى. ياردەم پۇلى سوممىسى جەمئىي 2920 يۈەنگە يەتتى).

**تۆتىنچى، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش**

سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى 1975 - يىلى باشلاندى، لېكىن بۇ خىزمەت باشلانغان دەسلەپكى مەزگىلدە، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، خىزمەتنىڭ قانات يېيىشى ئاستا، ئۈنۈمى ئاز بولدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، 1978 - يىل 4 - ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇپ، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا پەيدا بولغان ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرگە قارىتا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بىر نەچچە قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتلەردە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىغان مەسىلىلەرگە قارىتا قايتا تەك-

شۇرۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. 1982 - يىل 6 - ئايدا، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى، ناھىيىلىك سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قېلىپ قالغان ئاز بىر قىسىم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فونكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ ھەل قىلىشىغا يۈكلەندى.

قايتا تەكشۈرۈش، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش باشلانغاندىن بۇيان، ناھىيە بويىچە ھەرخىل ئەنزىدىن 4531 ى تاپشۇرۇۋېلىندى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تاپشۇرۇۋالغان تۇتۇپ تۇرۇش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش، قالپاق كىيگۈزۈشكە دائىر ئەنزە 257، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي خاتا بىرلۈپ، تولۇق ئاقلانغان ئەنزە 145، قىسمەن خاتا بولۇپ، قىسمەن ئاقلانغان ئەنزە 58، ئەسلىدىكى يەكۈن ساقلاپ قېلىنغان ئەنزە 44، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر دېگەن قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن ئەنزە 10.

سوت مەھكىمىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بارلىققا كەلگەن جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 403 نى تاپشۇرۇۋالدى، بۇ ئەنزىلەر 478 ئادەمگە چېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقلانغان ئەنزە 29، بۇ، 32 ئادەمگە چېتىلدى؛ ھۆكۈم ئۆزگەرتىلىپ جازا يېنىكلىتىلگەن، مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىلگەن، جىنايى ئىشلار جازاسى كېچىرىم قىلىنغان ئەنزە 79، بۇ، 93 ئادەمگە چېتىلدى؛ ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغان ئەنزە 295، بۇ، 353 ئادەمگە چېتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بارلىققا كەلگەن ئەكسىلئىنقىلاب ئەنزىسىدىن 33 ى تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇ، 39 ئادەمگە چېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئەنزە 17، بۇ، 18 ئادەمگە چېتىلدى؛ جازا يېنىكلىتىلگەن ئەنزە تۆت، بۇ، بەش ئادەمگە چېتىلدى؛ خاراكتېرى ئۆزگەرتىلىپ جازا يېنىكلىتىلگەن ئەنزە ئىككى، بۇ، ئىككى ئادەمگە چېتىلدى؛ جىنايى ئىشلار جازاسى كېچىرىم قىلىنغان ئەنزە تۆت، بۇ، تۆت ئادەمگە چېتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە روھىي كېسەل ئۈچ ئەنزە، بۇ، ئۈچ ئادەمگە چېتىلدى؛ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەن ئەنزە بىر، بۇ، بىر ئادەمگە چېتىلدى؛ ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغان ئەنزە بەش، بۇ، توققۇز ئادەمگە چېتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 135 ى تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇ، 171 ئادەمگە چېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقلانغان ئەنزە 35، بۇ، 37 ئادەمگە چېتىلدى؛ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەن ئەنزە بىر، بۇ، بىر ئادەمگە چېتىلدى؛ ئەسلىدىكى ھۆكۈم بىكار قىلىنغان ئەنزە 99، بۇ، 133 ئادەمگە چېتىلدى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن ئەكسىلئىنقىلاب ئەنزىسى 77، بۇ، 84 ئادەمگە چېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقلانغان ئەنزە 26، بۇ، 28 ئادەمگە چېتىلدى؛ ئەسلى ھۆكۈم بىكار قىلىنغان،قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىزتەرەپكە ئۆتكەن خادىملارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغان ئەنزە 20، بۇ، 20 ئادەمگە چېتىلدى؛ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنمىغان ئەنزە ئۈچ، بۇ، ئۈچ ئادەمگە چېتىلدى؛ خاراكتېرى ئۆزگەرتىلگەن ئەنزە بىر، بۇ، بىر ئا-

دەمگە چېتىلدى؛ ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغان ئەنزە 27، بۇ، 32 ئادەمگە چېتىلدى. ئاقلانغان، ئەمما خىزمىتى يوق ۋە تۇرمۇشىدا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بارلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇۋاپىق ياردەم بېرىلدى. جەمئىي 30 ئادەمگە 7110 يۈەن خەلق پۇلى ياردەم بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سوت خاتا ھالدا مۇسادىرە قىلغان مال ـ مۈلۈك ئۈچۈن 2332 يۈەن خەلق پۇلى قايتۇرۇلدى ۋە تۆلەپ بېرىلدى.

ئىدارە ـ ئورگان، مەكتەپ، گۇڭشې ـ مەيدان، زاۋۇت ـ كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار تاپشۇرۇۋالغان ھەر خىل ئەنزە 3626، بۇنىڭ ئىچىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكىسى 1399، «تۆتنى ئېنىقلاش» جەريانىدىكىسى 1250، كونا ئەنزە 997؛ 1982 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە، 3608 ئەنزە قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇ، تاپشۇرۇۋېلىنغان ئومۇمىي ئەنزىنىڭ 99.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تاپشۇرۇۋېلىنغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسى قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئەنزىلەر ئىچىدە پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ تولۇق ئاقلانغان ئەنزە 1506، قىسمەن خاتا بولۇپ، قىسمەن ئاقلانغان ئەنزە 491. قايتا تەكشۈرۈلۈپ سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن خادىملار ئىچىدە، پارتىيىلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى 65، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى 167، پېنسىيىگە چىقىرىلغىنى 104، خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلگىنى ئالتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پېنسىيىگە چىقىرىلغان، خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلگەنلەردىن سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىشچى قوبۇل قىلىش شەرتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان 65 نەپەر پەرزەنتى خىزمەتكە قوبۇل قىلىندى. 110 نەپەر سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن خادىم ۋە ئۇلارنىڭ 186 نەپەر ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە پەرزەنتىنىڭ شەھەر ـ بازار نوپۇس ـ ئاشلىق مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە شەھەر ـ بازار نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلدى. يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە گۇڭشې ئەزاسىدىن، ئومۇمەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىپ قاماپ قويۇلغان، ئۇرۇپ يارىدارلاندۇرۇلغان ۋە مېيىپ قىلىپ قويۇلغان ياكى «تۆتنى ئېنىقلاش» جەريانىدا تەركىب ئايرىغاندا مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش تۈپەيلىدىن تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالغانلارغا بىر قېتىملىق ياردەم پۇلى بېرىلدى. 1982 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە، ناھىيە بويىچە 1448 ئادەمگە جەمئىي 163 مىڭ 667 يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلدى.

ناھەق ئەنزىلەرنى ئاقلاش، خاتا، يالغان ئەنزىلەرنى تۈزىتىش ۋە پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان زور بىر تۈركۈم يولداشلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلىپ ۋە ناھەق ئەنزىلەر ئاقلىنىپ، ئۇلارغا زورلاپ تېڭىلغان يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئۇلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇ-

ياندىقى سىياسىي ھەرىكەتلەردە خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان يولداشلارغا دائىر خاتا ئەنزىلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خاتا بولسا چوقۇم تۈزىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن تۈزىتىلدى. سىياسىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلەر ۋە ئۇلارغا چېتىلىپ قالغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە پەرزەنتلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كۆپلىگەن يولداشلار: ھاياتلا بولىدىكەنمىز، تىرىشىپ ئىشلەپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز، دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى. يەنە نۇرغۇن يولداشلار ئۆز تەسىراتلىرى ئارقىلىق، پەرزەنتلىرىنى پارتىيىنى قىزغىن سۆيىدىغان، پارتىيىگە ئىشىنىدىغان، پارتىيىگە مەڭگۈ ئەگىشىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. كۆپلىگەن كىشىلەر كېيىنكى خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى.

# ئون ئۈچىنچى قىسىم ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) قۇمۇل مەھكىمىسى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ناھىيىنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىندى، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى يەنىلا قۇمۇل ۋاڭلىقى باشقۇردى. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) جىن شۇرېن «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى يولغا قويۇپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ۋارىسلىق ئىمتىيازىنى بىكار قىلدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)، ئاساسىي قاتلاملاردا شاڭيولۇق تۈزۈم بىكار قىلىندى، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بويىچە باۋجاڭ، جاجاڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 10 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە پارلامېنت ئورگىنى — ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسى تەسىس قىلىندى. ناھىيە بويىچە رايون (مەھەللە) تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، رايوندا رايون مەھكىمىسى، كوچىلاردا مەھەللىلەردە مەھەللە باشلىق باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. 1949 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىدا كاتىبات بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، تەمىرات بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە، قۇمۇل ناھىيىسىدە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ناھىيىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى جەمئىي تۆت نۆۋەت ئۆتكۈزۈلدى، ۋەكىللەر ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ مەسلىھەتلىشىشى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن مەيدانغا كەلدى. 1954 - يىلدىن باشلاپ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، 1983 - يىلغىچە جەمئىي سەككىز نۆۋەت قۇرۇلتاي ئېچىلدى (ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتمۇ بۇنىڭ ئىچىدە).

قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1980 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا سايلاپ چىقىلغان بىر مۇدىر، بەش مۇئاۋىن مۇدىر، بەش كومىتېت ئەزاسىدىن تەشكىل تاپتى.

1950 - يىل 5 - ئايدا قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، ھەرقايسى يېزىلاردىمۇ خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى ناھىيىلىك خەلق

ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1958 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1959 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ناھىيە بويىچە ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشتۈرۈلگەن 11 خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1969 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1969 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1970 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ناھىيە بويىچە 12 خەلق گۇڭشېسى، ئىككى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1980 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى گۇڭشېلارنىڭ ئىنقىلابىي كومىتېتلىرى باشقۇرۇش كومىتېتلىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە تۆۋەندىكىدەك ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى: ئىشخانا، پىلان كومىتېتى، پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، دېھقانچىلىق بۆلۈمى، گۇڭشې ـ دۈي كارخانىلىرى بۆلۈمى، چارۋىچىلىق بۆلۈمى، سۇ ـ ئېلېكتر بۆلۈمى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بۆلۈمى، سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، ئورمانچىلىق بۆلۈمى، ئەدلىيە بۆلۈمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئەرزىيەت ئىشخانىسى، كان باشقۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسى، ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى ئىشخانىسى، ئارخىپخانا، دېھقانچىلىق رايونلىرىنى پىلانلاش ئىشخانىسى، باج ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى، خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك شۆبىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك شۆبىسى، ئىككىنچى يېنىك سانائەت ئىدارىسى.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇمۇل ناھىيىلىك كومىتېتى 1955 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇرۇلغانىدى. 1983 ـ يىلغىچە جەمئىي ئالتە نۆۋەت سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

## I باب خەلق قۇرۇلتىيى

### 1§. ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى

ھەر مىللەت، ھەرساھە ۋەكىللىرى يىغىنى تۈزۈمى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن تەسىس قىلىنغان. ۋەكىللەر ھەر مىللەت، ھەرساھەدىكىلەرنىڭ كېڭىشىشى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. 1954 ـ يىلى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىل-

لىرى يىغىنىنىڭ ئورنىنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئالدى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا 13 كىشى قاتناشتى.

يىغىندا بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت - ۋەزىپىلەر توغرىسىدىكى قارار لايىھەسى، ئاياللار مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار لايىھەسى، «قۇمۇل ناھىيىلىك ھەمكارلىق - قۇتقۇزۇش كومىتېتىنىڭ نىزامى»، «قۇمۇل ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ نىزامى» ماقۇللاندى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1951 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئېچىلىپ، 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يېپىلدى، يىغىنغا قاتناشقان رەسمىي ۋەكىل 12 نەپەر، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 20 نەپەر.

يىغىن قارار ماقۇللاپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە خەلقىنى 1951- يىلى ئەمگەك ئارقىلىق بېيىش، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق روناق تېپىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىشقا، دېھقانچىلىقتا 1949 - يىلدىكى تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، ئورمانچىلىقتا ھەربىر ئادەمنى بەش تۈپتىن دەرەخ تىكىشكە، چارۋىچىلىقتا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئېسىل نەسىللەرنى تاللاپ يېتىشتۈرۈشكە چاقىردى.

يىغىن مۇشۇ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك كېڭەش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋېي خاۋ رەئىسلىكنى، ھاكىم سېيىت قۇربان، مۇئاۋىن ھاكىم ياڭ لىچۈنلەر مۇئاۋىن رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، دۇجياشياڭ، ھەجەرخان، سۇڭ جىنيەنلەر كاتىپلىقنى ئۈستىگە ئالدى، ئابدۇقېيۇم، جياجېڭيۈەن، گالى قارى، مەھبۇب قارى، ئەمەت ئۆۋەيس، سېيتنىيازلار كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ھەرمىللەت، ھەرساھە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1952 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئېچىلىپ، 19 - كۈنى ئاياغلاشتى، يىغىنغا 101 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىن قارار ماقۇللاپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە ۋەكىللىرىدىن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىنى كەڭ قا-

www.uyghurkitap.com

نات يايدۇرۇشنى، يېڭىچە تېرىقچىلىق قىلىش ئۇسۇللىرىنى كېڭەيتىپ، ھەرمو يەردىن بىر كۈرە ئاشلىق ئاشۇرۇپ ئېلىش، كالا، ئاتنى 5% كۆپەيتىش؛ قوينى 10% كۆپەيتىش، ناھىيە بويىچە 410 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىش، ھەربىر كىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 مىڭ يۈەن (كونا پۇل) تېجەش ۋەزىپىسىنى قەتئىي ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا شۇ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك كېڭەش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. ۋېي خاۋ رەئىسلىكنى، سېيىت قۇربان، ياڭ لىچۈنلەر مۇئاۋىن رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى؛ دۇجياشىياڭ كاتىپلىقنى ئۈستىگە ئالدى، ۋاڭ شۆجۈن، ئاپپاقخان، رېن ۋەنكۈي، بايدۇللا، قادىر ئاسىپ، يەن جىنجۇڭلار كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ھەرمىللەت، ھەرساھە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1953 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئېچىلىپ، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاياغلاشتى. يىغىنغا 116 ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىن قارار ماقۇللاپ، مۇئاۋىن ھاكىم ياڭ لىچۈن بەرگەن 1953 - يىللىق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ماقۇللاپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە خەلقلىرىنى ھەرىكەتكە كېلىپ، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىغا ياردەم بېرىشكە، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە، 1953 - يىللىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا چاقىردى.

يىغىندا سايلام ئارقىلىق قۇمۇل ناھىيىلىك ھەرمىللەت، ھەرساھە ۋەكىللىرى يىغىنى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى مەيدانغا كەلدى، ۋېي خاۋ رەئىسلىكنى، سېيىت قۇربان مۇئاۋىن رەئىسلىكنى، ياڭ لىچۈن كاتىپلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، جاڭ ۋېنرۇي، نامان قازى ئاخۇن، ئابلىمىت، پاتەمخان، ۋاڭ جىڭشۈەن، توختى ئەمەتلەر كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

## §2. خەلق قۇرۇلتىيى

1954 - يىلدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ناھىيىنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولدى، ۋەكىللەر ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتايلىرىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى خەلق بىۋاسىتە سايلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان بولدى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1954 - يىل 2 - ئايدا ئېچىلدى. يىغىن مۇئاۋىن ھاكىم ياڭ لىچۈن بەرگەن «قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقى تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ

ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەننىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا ئالغا باسايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى ھەمدە بۇ دوكلاتنى قۇرۇلتاينىڭ قارارى قىلىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ۋە باشقا ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1954 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 98 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن سېيىت قۇربانىنى شۇ نۆۋەتلىك ھاكىملىققا، خەن دېشەن، سوپا ئىسھاقلارنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلىدى، ھامۇت، ماخمۇت نامان، ئەرشىدىن، ياڭ ۋېنيى، ۋۇيۇگشى، كۆببەس، ئۇنانباي، لى زىشيۇ، پاتەمخان، ياڭ لىچۈن، ۋاڭ شېڭخۇا، تۇرسۇنخان، نامان قازى ئاخۇنۇم، سوپى تۇرانوپلارنى خەلق ھەيئەتلىكىگە سايلىدى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1956 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېچىلىپ، 15 - كۈنى ئاياغلاشتى. مۇشۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا 113 نەپەر رەسمىي ۋەكىل سايلىنىپ، 98 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، 17 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىن ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلاپ ماقۇللىدى. يىغىن ماخمۇت ناماننى مۇشۇ نۆۋەتلىك ھاكىملىققا، ليۇلىشەن، ئەمەت ئابدۇللا، ماچاڭشۇنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئابدۇلھەمىت ھاجى، لى زىشيۇ، سوپا، جاۋ جىنشەن، گو يۈڭخەي، مامۇربېك، جاڭ ۋېنرۋي، پاتەم توختى، ئابدۇللا باقى، ئورازباي، جياڭ شۆگۈڭ، ئەمەت سوپى، ئابدۇراخمان ۋەلىلەرنى خەلق ھەيئەتلىكىگە، مەمەتشا تاجىنى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى.

يىغىن يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا بەش ۋەكىل سايلىدى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1958 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئېچىلىپ، 30 - كۈنى يېپىلدى. مۇشۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا 125 نەپەر ۋەكىل سايلاندى، يىغىنغا 108 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىن 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى ھۆكۈمەت ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقتى، 1958 - يىللىق ۋەزىپىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى، ناھىيىنىڭ ئون يىللىق پىلانىنى ماقۇللىدى، 1957 - يىللىق مالىيە نەقچوتى بىلەن 1958 - يىللىق مالىيە خام چوتىنى ماقۇللىدى.

يىغىن ماخمۇت ناماننى ھاكىملىققا، ليۇلىشەن، ئەمەت ئابدۇللا، ماچاڭشۇنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، گويۈڭخەي، جاۋ جىنشەن، پاتەمخان، قاسىم، ۋۇشيۇكيې، لى زىشيۇ، مامۇربېك، ئابدۇلھەمىت ھاجى، ئابدۇراخمان ۋەلى، ئىبراھىم سالى، جاڭ ۋېنرۋي،

كۇخېنيەن، مەۋۇللا سوپىنى خەلق ھەيئەتلىكىگە، مەمەتشاھ تاجىنى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى.

يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا بەش نەپەر ۋەكىل سايلاپ بەردى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1961 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېچىلىپ، 29 - كۈنى ئاياغلاشتى. مۇشۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا جەمئىي 155 رەسمىي ۋەكىل سايلاندى، يىغىنغا 132 ۋەكىل قاتناشتى. سىرتتىن قاتناشقۇچى ۋەكىل 24 بولدى.

يىغىن ھۆكۈمەت ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى، 1959 -، 1960 - يىللىق مالىيە نەتىجىسى بىلەن 1961 - يىللىق مالىيە خام چوتى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 1961 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلان لايىھىسىنى قاراپ چىقتى ھەم ماقۇللىدى.

يىغىن ماخمۇت نامانىنى مۇشۇ نۆۋەتلىك ھاكىملىققا، ليۇلىشەن، ماچاڭشۇ، ئابلىز پەزۇل، مېڭ شيەنپىننى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، گ‍ويۈگخەي، ماشۇلىن، ليۇيۇ پېڭ، ئىبراھىم سالى، ئابدۇلھەمىت ھاجى، ۋۇشيۇكېي، ئايىمخان، مەۋۇللا سوپى، لى ديەنفۇ، جاڭ چۇنۋاڭ، ماچىڭلىن، نىياز، ئابدۇراخمان ۋەلىلەرنى خەلق ھەيئەتلىكىگە، مەمەتشاھتاجىنى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى.

يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا بەش ۋەكىل سايلاپ بەردى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1963 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېچىلىپ، 11 - كۈنى ئاياغلاشتى، مۇشۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا سايلانغان رەسمىي ۋەكىل 167 نەپەر، ئەمەلىيەتتە قاتناشقىنى 140 نەپەر، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 24 نەپەر.

يىغىن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات بىلەن سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى، شۇنىڭدەك 1961 -، 1962 - يىللىق مالىيە نەتىجىسى بىلەن 1963 - يىللىق مالىيە خام چوتىنى قاراپ چىقتى ھەم ماقۇللىدى.

يىغىن ماخمۇت نامانىنى ھاكىملىققا، ماچاڭشۇ، ئابلىز پەزۇل، خۇيگ‍ۇكيائونى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، گو يۈڭخەي، لى پېڭشياڭ، مېڭ شيەنپىن، ليۇيۇپېڭ، ئايىمخان، ئەلى رەجەپ، ماچىڭلىن، ئابدۇلھەمىت ھاجى، دۇگامەت پەيزۇللا، مەريەمخان سوبۇر، ۋۇچاڭفا، ۋېي لى، ماۋتىڭفاڭ، ئابدۇراخمان ۋەلىلەرنى خەلق ھەيئەتلىكىگە، مەمەتشاھتاجىنى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى.

يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا تۆت نەپەر ۋەكىل سايلاپ بەردى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1965 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېچىلىپ، 21 - كۈنى ئاياغلاشتى، مۇشۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا سايلانغان رەسمىي ۋەكىل 166 نەپەر، ئەمەلىيەتتە قاتناش-

www.uyghurkitap.com

قان ۋەكىل 144 نەپەر.

يىغىن ھۆكۈمەت ۋە سوت مەھكىمىسىدىن بېرىلگەن خىزمەت دوكلاتىنى، 1964 - يىللىق مالىيە نەقچېتى بىلەن 1965 - يىللىق مالىيە خام چوتىنى قاراپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى. يىغىن قارار ماقۇللاپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ قىزىل بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا، ئىشلەپچىرىش، قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، داجەيىنىڭ، داچىڭنىڭ، قۇمۇل «قىزىل يۇلتۇز 2 - مەيدانى»نىڭ ئىنقىلابىي روھىدىن ئۆگىنىپ، يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى.

يىغىن قاسىم ئىسمايىلنى مۇشۇ نۆۋەتلىك ھاكىملىققا، ماچاڭشۇ، ئابلىز پەزۇلىنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، گويۇڭخەي، ئابدۇراخمان ۋەلى، مېڭ شيەنپىن، لۇ جىنرۇڭ، لياڭ رۇڭ، ئابدۇلھەمىت ھاجى، ۋۇچاڭفا، مەريەمخان سوبىر، ليۇ يۇپېڭ، ما چىڭلىن، ئەلى رەجەپ، سەدۇللا ئاخۇن، مېڭ باۋ، مېي يۇ شياڭ، جى شيەنجاڭلارنى خەلق ھەيئەتلىكىگە سايلىدى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت**

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ج ك پ قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق قوراللىق قىسمى كومىتېتىنىڭ «قۇمۇل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلات»ىغا ئاساسەن، ش ئى ت (1969) 28 - نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق قۇمۇل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. 1969 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇمۇل پىڭجۇ تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك، قۇمۇل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى.

شىيايىنجياڭ (ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى) ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى، لى باۋشياڭ (129 - قىسىم ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، قاسىموپ (قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى خەلق ئەسكەرلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ياۋ جىشيەن (ئامما ۋەكىلى)، يەن زۇگرىن (ئامما ۋەكىلى) لار مۇئاۋىن مودىرلىقىنى، مۇيىۋفۇ، ساۋلى، ئابلىز ھاشىم، چېن ليەنخۇا، ما ۋەنچۈن، لىجىجۇن، كې يۈچۈ، خىزىر ئىلياس، ياڭ يوگۇي، ياۋ خۇيلار دائىمىي ئەزالىقنى، خاۋجىيې، ماجىڭشياڭ، لى يەنرۇڭ، مازىڭشياڭ، ۋاڭ چېڭشيۇ، لى رۇيفېڭ، مېڭ زۇنئەن، خەن شىمىڭ، پېڭ شيەنيۈەن، چەي شىڭجۈن، ليۇخۇڭچىن، بىڭ ۋېنخۇا، مۇھەممەتنۇر، تاڭ رۇيشيۇ، يوفۇنيەن، ۋاڭ فېڭچۈەن، قادىر ئىمىن، ئەرشىدىن گالى، قادىر سوپى، ھەلىمىخان غوپۇر، بى فىڭشيا، ياڭ خۇيدۈەن، سۇن فۇدې، ئابدۇراخمان، دۇچۇڭۋېن، شياۋخەنفۇ، ياڭ چاڭلۇڭ، جاڭ شيۇيىڭ، جياجىيى، ليۇيۇڭ، خەن چىڭيۈەنلەر كومىتېت ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

**قۇمۇل ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى**

يىغىن 1980 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئېچىلىپ، 29 - كۈنى يېپىلدى. مۇ-

شۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا سايلانغان رەسمىي ۋەكىل 214 نەپەر، ئەمەلىيەتتە يىغىنغا قاتناشقىنى 211 نەپەر.

يىغىن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 1979 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1980 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ لايىھىسىنى، 1979 - يىللىق مالىيە نەقچوتى بىلەن 1980 - يىللىق مالىيە خام چوتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى، سوت مەھكىمىسى بىلەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى.

يىغىن قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈردى.

يىغىن ئابلىز ھاشىمنى مۇشۇ نۆۋەتلىك ھاكىملىققا، ۋاڭ جىنشەن، ۋۇشيۇكيې، خوجا سالى، لى يەنرۇڭ، ئابدۇراخمان كېرەملەرنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلىدى.

يىغىن نۇرۇللا مەتنىيازنى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى.

## §3. دائىمىي كومىتېت

1980 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار سايلاپ چىقىلدى.

مۇشۇ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى جەمئىي 18 نەپەر بولۇپ، ئۇلار: ئىبراھىم سالى، جۇ دېڭجۇ، جاڭ خۇەيلۇن، ئىسھاق ئىبراھىم، سۈن جېنيا، ئابدۇراخمان ۋەلى، دىڭ كېشۇ، ما يەنفۇ، ۋاڭ رۇيلەن، نىساخان نىياز، ئىبراھىم يۈسۈپ، ئۆمەرجان ئابدۇرېھىم، ئابلا ئەخمەت، سەدۇللا ئاخۇن، ئائىشەي زەينۇللا، لىبي جېنشى، ما شۈلىن.

ئىبراھىم سالى مۇدىرلىققا، جۇ دېڭجۇ، جاڭ خۇەيلەن، ئىسھاق ئىبراھىم، سۈن جېنيا، ئابدۇراخمان ۋەلىلەر مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى.

## §4. سايلام

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي سايلام ياڭ لىچۈن رەئىسلىكىدىكى قۇمۇل ناھىيىلىك ئومۇمىي سايلام كومىتېتىنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكىدە 1953 - يىل 6 - ئايدا باشلىنىپ، ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىپ، يىل ئاخىرىدا ئاياغلاشتى.

ناھىيە بويىچە ئومۇمىي سايلامغا قاتناشقان سايلىغۇچىلار 49 مىڭ 743 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 26 مىڭ، 181 ئاياللار 23 مىڭ 562؛ ئۇيغۇرلار 29 مىڭ 648، خەنزۇلار 13 مىڭ 8، قازاقلار 3515،

خۇيـزۇلار 3496، رۇسـلار 14، ئۆزبـېكلەر 11، تاتارلار تـوققۇز، باشـقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 42.

ناھىيە بويىچە 513 نەپەر يېزا (بازار) خەلق ۋەكىلى سايـلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 408، ئايال 105؛ ئۇيغۇر 347، خەنزۇ 91، قازاق 50، خۇيزۇ 25.

يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيىدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 98 ۋەكىلى (ئۈچ نەپەر ھەربىي ۋەكىل بۇنىڭ ئىچىدە) سايلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 79، ئايال 19؛ ئۇيغـۇر 54، خەنزۇ 25، قازاق 11، خۇيزۇ سەككىز.

1956 - ، 1958 - ، 1961 - ، 1963 - ، 1965 - ۋە 1980 - يىللىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 2 - قېتىمدىن 7 - قېتىمغىچە ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىلدى.

قۇمۇل ناھىيىلىك 7 - قېتىملىق ئومۇمىي سايلام قۇمۇل ناھىيىلىك ئومۇمىي سايـلام كومىتېتى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك سايلام خىزمىتى ئۆمىكىنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى، 1980 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كـۈنى باشلـىنىپ، 6 - ئايـنىڭ 29 - كۈنى ئاياغلاشتى. پۈتۈن ناھىيىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 159 مىڭ 484 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 52 مىڭ 602، خەنزۇلار 95 مىـڭ 658، قازاقلار 5443، خۇيزۇلار 5441، باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر 340.

تىزىمدىن قارىغاندا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بارلار 78 مىڭ 714 كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچـىدە ئۇيغـۇرلار 26 مـىڭ 772، خەنـزۇلار 46 مىڭ 548، قازاقلار 2414، خۇيزۇلار 2624، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 285، ھازىرچە سايلام ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە مۇمكىن بولمايـدىغانلار 71. سايلام جەريانـىدا سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى 94.2 پىرسەنتكە يەتتى. سايلاپ چىقىلغان ناھىيىلىك خەلق ۋەكىلى 214، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - دېھقان ۋەكـىلى 113، زىيالـىيلار ۋەكـىلى 20 ناھىيە .. گۇڭشې كادىرلىرى ۋەكىلى 66، ئازادلىق ئارمىيـە ۋەكىلى بىر، باشقا ۋەكىللەر 14؛ ئۇيغۇرلار 91، خەنزۇلار 97، قازاقلار 13، خۇيزۇلار 11، باشقامىللەتتىن بولغان ۋەكىل ئىككى، ئايال ۋەكىل 49؛ كومپـارتىيـە ئەزالىرى 42.

پۈتۈن ناھىيە 125 سايلام رايونىغا بۆلۈندى. 114 سايلام رايونىدا بىر قېتىمـلىق سايلامدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، 11 سايلام رايونىدا ئىككى قېتىم،ئۈچ قېتىم سايلام ئۆتكۈزۈلدى، بىر سايلام رايونىدىكى بىر نەپەر ۋەكىل ئۈچ قېتىملىق سايلام ئارقىلىقمۇ سايلىنالمىدى، شۇڭا ۋاقتىنچە ئورنى بوش قالدى.

# II باب خەلق ھۆكۈمىتى

## §1. ھۆكۈمەت ئورگانلىرى

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، قوزغىلاڭ مۇلنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋاقىتنچە ئۆزگەرمىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن سابىق گومىنداڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار 1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - ئايغىچە تەرتىپكە سېلىنىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1967 - يىلى 3 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈم پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا قوماندانلىق قىلدى. 1969 - يىلى 3 - ئايدا، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئاستىدا ئىش باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى ۋە خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1974 - يىلىدىن كېيىن، ھەرقايسى ئىش بېجىرىش ئورگانلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بۆلۈم دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى، كېيىن ئىدارە دەپ ئاتالدى. 1980 - يىلى 6 - ئايدا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بىر قىسىم ئىدارىلەر يەنە بۆلۈم دەپ ئاتاشقا ئۆزگەرتىلدى.

**1983 - يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە تۆۋەندىكى ئورگانلار تەسىس قىلىندى**

ئىشخانا — 1950 - يىلى قۇرۇلغان، 1959 - يىلىدىن ئاۋۋال كاتىبات بۆلۈمى دەپ ئاتالغان.

پىلان كومىتېتى — 1956 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان.

پەن - تېخنىكا كومىتېتى — 1959 - يىلى 11 - ئايدا قۇرۇلغان، كېيىن خىزمەتچىلەرنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشى سەۋەبلىك نامىلا قالغان. 1977 - يىلى 2 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

يېزا ئىگىلىك كومىتېتى — 1982 - يىلى 2 - ئايدا قۇرۇلغان.

تەنتەربىيە كومىتېتى — 1973 - يىلى قۇرۇلغان.

پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئىشخانىسى — 1975 - يىلى قۇرۇلغان.

خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى — 1950 - يىلى قۇرۇلغان.

كادىرلار بۆلۈمى — 1964 - يىلى قۇرۇلغان.

مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى — 1950 - يىلى قۇرۇلغان. 1952 - يىلىدىن ئاۋۋال مائارىپ بۆلۈمى دەپ ئاتالغان.

سەھىيە بۆلۈمى — 1953 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلغان.
دېھقانچىلىق بۆلۈمى — 1980 - يىلى قۇرۇلدى.
گۆشچى - دۆي كارخانىلىرى بۆلۈمى — 1980 - يىلى قۇرۇلدى.
چارۋىچىلىق بۆلۈمى — 1980 - يىلى قۇرۇلدى.
سۇ - ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى بۆلۈمى — 1959 - يىلى 12 - ئايدا قۇرۇلغان، 1966 - يىلىدىن ئاۋۋال سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى دەپ ئاتالغان.
دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بۆلۈمى — 1974 - يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلغان.
سانائەت - قاتناش بۆلۈمى — 1958 - يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلغان.
مالىيە بۆلۈمى — 1950 - يىلى قۇرۇلغان.
ئورمانچىلىق بۆلۈمى — 1980 - يىلى قۇرۇلدى.
ئەدلىيە بۆلۈمى — 1981 - يىلى قۇرۇلدى.
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى — 1950 - يىلى قۇرۇلغان.
ئەرزىيەت ئىشخانىسى — 1980 - يىلى قۇرۇلدى.
كان باشقۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسى — 1980 - يىلى قۇرۇلدى.
ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى — 1981 - يىلى 5 - ئايدا قۇرۇلدى.
ئارخىپخانا — 1958 - يىلى 12 - ئايدا قۇرۇلغان.
دېھقانچىلىقى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى — 1981 - يىلى قۇرۇلدى.
2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى — 1977 - يىلى قول سانائەتنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.
باج ئىدارىسى — 1964 - يىلى قۇرۇلغان.
ئاشلىق ئىدارىسى — 1954 - يىلى قۇرۇلغان.
تاشقى سودا ئىدارىسى — 1959 - يىلى قۇرۇلغان، 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1977 - يىلى 1 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.
سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى — 1979 - يىلى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى ئاساسىدا قۇرۇلغان.
سودا ئىدارىسى — 1958 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلۇپ، 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، 1979 - يىلى 6 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.
تەمىنات - سودا كوپېراتىپى — 1955 - يىلى 5 - ئايدا قۇرۇلۇپ، 1958 - يىلى 7 - ئايدا سودا ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلگەن، 1962 - يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.
خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك شۆبىسى — 1959 - يىلى قۇرۇلۇپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، 1977 - يىلى 8 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.
يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك شۆبىسى — 1953 - يىلى قۇرۇلۇپ، ئىككىنچى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1964 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1966 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1980 - يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

خەلق ھۆكۈمىتىدە تەسىس قىلىنىپ، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، نامى ئۆزگەرتىلگەن ئورگانلار:

قۇرۇلۇش بۆلۈمى — 1950-يىلى قۇرۇلۇپ، 1956-يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

سودا-سانائەت بۆلۈمى — 1950-يىلى قۇرۇلۇپ، 1958-يىلى سودا ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلگەن.

دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بۆلۈمى — 1959-يىلى قۇرۇلۇپ، 1960-يىلى ئىدارە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، 1962-يىلى بۆلۈم نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1980-يىلى دېھقانچىلىق بۆلۈمى، چارۋىچىلىق بۆلۈمى دەپ ئىككىگە ئايرىلغان.

قول-سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپى — 1956-يىل 9-ئايدا قۇرۇلۇپ، 1958-يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، 1963-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1977-يىلى قول-سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

**دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھاكىملار (ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرلىرى) نىڭ ئىسىملىكى**

جەدۋەل 13 — 1

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ياۋداۋخۇڭ (ياقۇپبەگ) | ئەر | ئۇيغۇر | 1949-يىل 10-ئايدىن 1950-يىل 3-ئايغىچە، ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەن |
| سېيىت قۇربان | " | " | 1950-يىل 3-ئايدىن 1955-يىلغىچە |
| ماخمۇت نامان | " | " | 1956-يىل 10-ئايدىن 1965-يىل 6-ئايغىچە |
| قاسىم ئىسمايىل | " | " | 1965-يىل 8-ئايدىن 1967-يىل 1-ئايغىچە («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان)، 1975-يىل 10-ئايدىن 1976-يىل 8-ئايغىچە |
| شياۋىنجاڭ | " | خەنزۇ | 1969-يىل 3-ئايدىن 1972-يىل 1-ئايغىچە |
| ليۇرۇيجى | " | " | 1972-يىل 1-ئايدىن 1972-يىل 12-ئايغىچە (مۇۋەققەت مۇدىر) |
| ليۇخەييەن | " | " | 1972-يىل 12-ئايدىن 1975-يىل 10-ئايغىچە |
| ئابلىز ھاشىم | " | ئۇيغۇر | 1975-يىل 10-ئايدىن 1984-يىل 5-ئايغىچە |

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مۇئاۋىن هاكىملار (ئىنقىلابىي كومىتېت مۇئاۋىن مۇدىرلىرى) نىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 13 — 2

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ياڭ لىچۈن | ئەر | خەنزۇ | 1950 - يىل 5 - ئايدىن 1954 - يىلغىچە |
| خەن دىشەن | 〃 | 〃 | 1953 - يىل 7 - ئايدىن 1956 - يىلغىچە |
| سوپى ئىسهاق | 〃 | ئۇيغۇر | 1954 - يىل 5 - ئايدىن 1955 - يىل 5 - ئايغىچە |
| ليۇ لىشەن | 〃 | خەنزۇ | 1956 - يىل 1 - ئايدىن 1962 - يىل 7 - ئايغىچە |
| ئەھمەت ئابدۇللا | 〃 | ئۇيغۇر | 1956 - يىل 10 - ئايدىن 1960 - يىل 2 - ئايغىچە |
| ماچاڭشۇ | 〃 | خۇيزۇ | 1956 - يىل 10 - ئايدىن 1967 - يىل 1 - ئايغىچە |
| مېڭ شيەنپىن | 〃 | خەنزۇ | 1961 - يىل 1 - ئايدىن 1962 - يىل 8 - ئايغىچە |
| خۇي گۇاڭياۋ | 〃 | 〃 | 1962 - يىل 6 - ئايدىن 1964 - يىل 7 - ئايغىچە |
| ماشۇلىن | 〃 | 〃 | 1960 - يىل - 6 - ئايدىن 1965 - يىل 8 - ئايغىچە، <br> 1965 - يىل 9 - ئايدىن 1967 - يىل 1- ئايغىچە، <br> («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داھوقۇقىنى تارتىۋالغۇچە) <br> 1973 - يىل 4 - ئايدىن 1980 - يىل 6 - ئايغىچە |
| لى باۋشياڭ | 〃 | 〃 | 1969 - يىل 3 - ئايدىن 1971 - يىلغىچە |
| قاسىموپ | 〃 | ئۇيغۇر | 1969 - يىل 3 - ئايدىن 1973 - يىل 3 - ئايغىچە |
| ياۋ جىشيەن | 〃 | خەنزۇ | 1969 - يىل 3 - ئايدىن 1980 - يىل 6- ئايغىچە |
| يەن زۇكرېن | 〃 | 〃 | 1969 - يىل 3 - ئايدىن 1980 - يىل 6 -ئايغىچە |
| ۋاڭ ۋەنيەن | 〃 | 〃 | 1972 - يىل 9 - ئايدىن 1973 - يىل 4- ئايغىچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابلىز پەزۇل | 〃 | ئۇيغۇر | 1959 – يىل 12 – ئايدىن 1967 – يىل 1 – ئايغىچە («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ھوقۇقىنى تارتىۋالغۇچە)، 1972 – يىل 12 – ئايدىن 1980 – يىل 6 – ئايغىچە |
| ماشيۇفېڭ | 〃 | خەنزۇ | 1972 – يىل 1 – ئايدىن 1973 – يىلغىچە |
| خاۋ شېڭيۇ | 〃 | 〃 | 1973 – يىل 4 – ئايدىن 1976 – يىلغىچە |
| چېڭ شياڭمىن | 〃 | 〃 | 1972 – يىل 1 – ئايدىن 1980 – يىل 6 – ئايغىچە |
| ۋاڭ جىنشەن | 〃 | خۇيزۇ | 1974 – يىل 7 – ئايدىن 1984 – يىل 5 – ئايغىچە |
| ۋۇشېۇكېي | 〃 | خەنزۇ | 1978 – يىل 8 – ئايدىن 1984 – يىل 5 – ئايغىچە |
| يۇشۇۋېي | 〃 | خەنزۇ | 1976 – يىل 10 – ئايدىن 1980 – يىل 3 – ئايغىچە |
| شاۋشيەنخۇا | ئايال | خەنزۇ | 1976 – يىل 11 – ئايدىن 1980 – يىل 6 – ئايغىچە |
| جۇ خۇەيىي | ئەر | خەنزۇ | 1976 – يىل 11 – ئايدىن 1980 – يىل 6 – ئايغىچە |
| خوجاسالى | 〃 | ئۇيغۇر | 1980 – يىل 6 – ئايدىن 1984 – يىل 5 – ئايغىچە |
| لى يەنرۇڭ | 〃 | خەنزۇ | 1980 – يىل 6 – ئايدىن 1984 – يىل 5 – ئايغىچە |
| ئابدۇراخمان كېرەم | 〃 | ئۇيغۇر | 1980 – يىل 6 – ئايدىن 1984 – يىل 5 – ئايغىچە |

## 2§. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى

1950 – يىل 4 – ئايدا، ناھىيە بويىچە شەھەر – بازار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا باۋجاڭ، جاجاڭلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام خەلق ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. 1951 – يىل 5 – ئايغىچە ئىلگىرى – كېيىن ئالتە رايونلۇق مەھكىمە، 22 يېزىلىق (مەھەللىلىك) خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. رايونلۇق مەھكىمە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكالەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىدى، يېزا (مەھەللە) باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى يېزا (مەھەللە) خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

1953 – يىلى ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق يېزا (مەھەللە) خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي كومىتېتى قۇرۇلدى.

1956 – يىلى رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ يېزىلارغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئۈچ رايون، ئۈچ بازار، 17 يېزا بارلىققا كەلدى. يېزا (بازار) لاردا خەلق كومىتېتلىرى تەسىس قىلىندى.

1958 – يىل 9 – ئايدىن 1959 – يىلنىڭ بېشىغىچە ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشكەن 11 خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. گۇڭشېلاردا باشقۇرۇش كومىتېتلىرى تەسىس قىلىندى.

1968 – يىل 7 – ئايدىن 1970 – يىل 6 – ئايغىچە، ناھىيە بويىچە 12 خەلق گۇڭشېسى، ئىككى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىنقىلابىي كومىتېت تەسىس قىلىندى. 1980 – يىلى ھەرقايسى گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سايلام ئارقىلىق باشقۇرۇش كومىتېتلىرى بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

1983 – يىلنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ناھىيىگە جەمئىي 11 خەلق گۇڭشېسى بىۋاستە قارايدىغان بولدى.

# III باب خەلق سىياسىي كېڭەشى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل ناھىيىلىك كومىتېتى پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت، ھەر قاتلام، ھەرقايسى تەشكىلاتلار ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ خەلق دېموكراتىك بىرلىك سەپ تەشكىلاتى، ئۇ، ج ك پ قۇمۇل ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ھەر ساھە، ھەر قاتلام ئەربابلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان مۇھىم ۋاسىتە. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا سىياسىي كېڭەشنىڭ ئىشىنى قانات يايدۇردى.

تۇنجى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ 1 – يىغىنى 1955 – يىل 9 –

ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېچىلدى. بۇنىڭغا 52 نەپەر كومىتېت ئەزاسى قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ج ك پ ۋەكىلى ئۈچ نەپەر، مىللىي ـ دىنىي زات ۋەكىلى ئۈچ نەپەر، دېھقان ـ چارۋىچى ۋەكىلى ئۈچ نەپەر، كوپېراتىپ ۋەكىلى بىر نەپەر، دېموكراتىك زات ۋەكىلى سەككىز نەپەر، ياشلار ۋەكىلى ئىككى نەپەر، مەدەنىي ـ مائارىپ ۋەكىلى 26 نەپەر، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىنىڭ ۋەكىلى بىر نەپەر، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى بىر نەپەر. يىغىن سېيىت قۇرباننى مۇشۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ئابدۇلھەمىت ھاجىنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى.

2 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنى 1958 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا مۇشۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسىدىن 63 كىشى قاتناشتى.

3 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنى 1961 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا مۇشۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسىدىن 63 كىشى قاتناشتى. يىغىن ئىسمايىل توختىنى مۇشۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ئابدۇلھەمىت ھاجىنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى.

4 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنى 1963 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا مۇشۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسىدىن 62 كىشى قاتناشتى. يىغىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەمەت ئابدۇللانى مۇشۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ئالدۇلھەمىت ھاجى، لى زىشيۇلارنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى.

5 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنى 1965 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېچىلدى. يىغىنغا مۇشۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسىدىن 63 كىشى قاتناشتى. يىغىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گويۇڭخەيىنى مۇشۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ئابدۇلھەمىت ھاجى، لى زىشيۇلارنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى.

6 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنى 1980 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا مۇشۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسىدىن 84 كىشى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ـ ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىلى 17 نەپەر، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ۋەكىلى بىر نەپەر، پېشقەدەم كادىرلار ۋەكىلى بىر نەپەر، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلەر ۋەكىلى بىر نەپەر، سودا ـ سانائەتچىلەر ۋەكىلى بىر نەپەر، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەكىلى 11 نەپەر، دىنىي ساھەدىكىلەر ۋەكىلى 36 نەپەر، باشقا ۋەكىللەر 16 نەپەر. يىغىن ئابلىز پەزۇلنى مۇشۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ئىدرىس نىياز، ئەلى رەجەپ، دۇڭ يەنخې، شاۋ چېڭتۇڭ، سەيدۇللا ئاخۇنلارنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى. 6 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى قۇمۇل ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتناشتى.

www.uyghurkitap.com

# IV باب منگو دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت ۋە پارلامېنت ئورگانلىرى

## 1§. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 2 - يىلى (1913 - يىلى) 4 - ئايدا، قۇمۇل مەھكىمىسى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، ناھىيىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تۈزۈلمىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بىر نەپەر ھاكىم، بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى، ئىككى نەپەر بۆلۈم ئەزاسى، تۆت نەپەر ياللانما خادىم قويۇلغان. خەزىنەچىلەرنىڭ تۆۋىنىدە، قوۋۇق بېگى، جەسەت تەكشۈرگۈچى، كۆرىچى يايى، ياساۋۇل قاتارلىق 25 نەپەر ئادەم بولغان، كېيىن شەھەر ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بانكا، باج ئىدارىسى، تېزىۋاق بېجى ئىدارىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغان. يۇەن شىكەي قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئىمتىيازىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار يەنىلا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، شۇڭا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى پەقەت خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار بىلەنلا چەكلىنىدىگەن.

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) دىن كېيىن، جىن شۇرېن «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى يولغا قويۇپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ۋارىسلىق ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاچقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ناھىيىنى بويىچە ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) گەنسۇدىكى مىللەتارىست ماجۇڭيىڭ قۇمۇلنى بېسىۋېلىپ، خې دىگىنى ھاكىملىققا تەيىنلىگەن ھەمدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، خەلق ئىشلىرى، مالىيە، تەمىرات، مائارىپ، ئەدلىيەدىن ئىبارەت بەش بۆلۈم ۋە كاتىبات بۆلۈمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئامبار قاتارلىقلارنى تەسىس قىلغان. مائارىپ، تەمىرات، ئەدلىيە بۆلۈملىرى ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئىسمى بار جىسمى يوق ئورۇن بولۇپ قالغان، خەلق ئىشلىرى، مالىيە بۆلۈملىرى ھەم ئامبارلار قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كونا ئەمەلدارلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان.

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كاتىبات، خەلق ئىشلىرى، مالىيە، مائارىپ بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغان. كاتىپ ئەدلىيە، ھۆكۈم قىلىش ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرغان. شۇ يىلى سوتچى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيە ئاستا - ئاستا ئايرىلغان.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ھەربىي لاۋازىمات بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 8 - تۈەنى بىلەن چېگرىدىكى چازىلاردا تۇرۇشلۇق دادۇيلەرنى تەمىنات بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل قىلىنغان.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) تەمىرات بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەشكىلاتلاردىن ھەربىي لاۋازىمات بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن باشقا، خەلق ئىشلىرى، تەمىرات، مالىيە، مائارىپ بۆلۈملىرى ۋە كاتىبات بۆلۈمى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان.

## مىنگو دەۋرىدە هاكىم بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 13 — 3

| ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| بەي ۋېنچاۋ | ئەر | خەنزۇ | | 1912 ـ يىلى |
| گەن شۇلىن | " | " | | 1915 ـ يىلى |
| شياڭ يۈگۈۋاڭ | " | " | | 1916 ـ يىلى |
| ۋاڭ دۇ | " | " | گەنسۇ خېجۇلۇق | 1916 ـ يىلى |
| تاۋمىڭيۈ | " | " | جىيجىياڭ شاۋشىڭلىق | 1918·6 — 1919·7 |
| جۇليي | " | " | گەنسۇ لەنجۇلۇق | 1925 ـ يىلى |
| خۇ × × | " | " | شەنشى شىئەنلىك | |
| شۇشۇگۇ | " | " | " | 1930 ـ يىلى |
| خەن لۇجۇك | " | " | شەنشى لىچۇەنلىك | 1931 ـ يىلى |
| شىدېڭشۇ | " | " | | 1932 ـ يىلى |
| مافۇچى | " | " | گەنسۇ مىنچىنلىق | 1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا |
| خې دىڭ | " | " | | 1933 ـ يىل 5 ـ ئاي |
| مالۇكاڭ | " | خۇيزۇ | | 1933 ـ يىل 8 ـ ئاي |
| يولۋاس | " | ئۇيغۇر | شىنجاڭ مارالبېشىلىق | 1934·3 — 1934·7 |
| ئادىل | " | " | شىنجاڭ قۇمۇللۇق | 1934·7 — 1935 |
| چېن داشىڭ | " | خەنزۇ | گەنسۇ جيۇچۇەنلىك | 1936·1 — 1936·9 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| كۇڭ چىڭۋېن | " | " | شىنجاڭ جىمسارلىق | 8 ·1937 — 10 ·1936 |
| سۇن زەنخۇڭ | " | " | جىلىن راۋخېلىق | 3·1938 — 9·1937 |
| سەي مىڭدي | " | " | | 11·1938 — 4·1938 |
| چېن فاڭبو | " | " | لياۋنىڭ كەييۈەنلىك | 10·1939 — 12·1938 |
| گاۋجىڭرېن | " | " | گەنسۇ مىنچىنلىق | 6·1940 — 10·1939 |
| نىڭ خەنۋېن | " | " | لياۋنىڭلىق | 12·1940 — 6·1940 |
| جاڭ چۈەنچىڭ | " | " | جىلىنلىق | 2·1942 — 1·1941 |
| ۋاڭ شۈنۋۇ | " | " | گەنسۇ ۋۇۋېيلىق | 7·1942 — 3·1942 |
| لياڭ گوبېن | " | " | لياۋنىڭ فاكۇلىق | 9·1942 — 8·1942 |
| لۇ چۈنفۇ | " | " | جىلىن يۈشۇلۇق | 3·1945 — 10·1942 |
| سەي روزۇ | " | " | جياڭسۇ گاۋيۇلۇق | 10·1945 — 3·1945 |
| چېن شۈپىڭ | " | " | ئەنخۇي تۇڭچېڭلىق | 11·1946 — 11·1945 |
| بېشىر | " | ئۇيغۇر | شىنجاڭ قۇمۇللۇق | 4·1949 — 12·1946 |
| ياۋداۋخۇڭ (ياقۇپبەگ) | " | " | " | 9·1949 — 4·1949 |

www.uyghurkitap.com

## §2. يەتتەقۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

يەتتەقۇدۇق لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ،
ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋردە، تاشيول قاتنىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ،
بۇ يەرگە ئاستا ـ ئاستا ئادەملەر ئولتۇراقلىشىپ، ئاشپۇزۇل، دەڭ ـ سارايلار سېلىنغان.
مىنگونىڭ 7 ـ يىلى (1918 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، نائىپ ھاكىم يامۇلى تەسىس قىلىنىپ،
تۇرالغۇ ئىشلار قومۇل ناھىيىسى ھاكىمىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باشقۇرۇلغان. مىنگونىڭ
12 ـ يىلى (1923 ـ يىلى) جېنىدىساۋنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، نائىپ
ھاكىم ئاساسىي جەھەتتىن سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشى، بوز يەر ئېچىش، قاتناش ئىشلىرىنى
قوغداش، ئادەتتىكى ئەرز ـ دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، شۇنىڭدەك جىنايەتچـ
لەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ۋە ئۇلارغا قاراش ئىشلىرى قاتارلىقلارنى باشقۇرغان. تۇنجى
قېتىم گۇ مىڭدې نائىپ ھاكىم بولغان. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) مەمۇ-
رىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ تەستىقى بىلەن، يەتتەقۇدۇق يامۇلى مەمۇرىي باشقۇرۇش
ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، يېغىلىق ـ ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن سودىگەر-
لەر، يولۇچىلار ئازلاپ، ئاھالىلەرمۇ قېچىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى باشقۇرىدى-
غان ئاھالە قالمىغاچقا، ئەمەلىدىن قالدۇرۇلغان. شېڭ شىسەي تەختكە چىققانىدىن
كېيىن ۋەزىيەت تىنچلاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچى-
لىرىغا قارشى تۇرۇپ، جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ماددىي ئەشيالىرىمۇ
لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلىدىغان بولغاچقا،
يەتتەقۇدۇقنىڭ رولىمۇ مۇھىم بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە ئىلگىرى-
كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، مال توشۇش پونكىتى، ئايرودروم، پوچتا
ئىدارىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) مەمۇرىي
باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە بىردىن جۇجاڭ، مۇئاۋىن جۇجاڭ
قويۇلدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا كاتىبات بۆلۈمى، بوغالتىر بۆلۈمى ۋە خەلق ئىشلار ـ
مائارىپ بۆلۈمى، مالىيە ـ تەمىرات بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئەمەلىي ئىشلەيدىغان
ئىشچى ـ خىزمەتچى 20 ئەتراپىدا بولدى. يەرلىك ئاھالىلەر ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ھەممىسى سودا ـ مۇلازىمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ
كىرىمى ئازراق تىجارەت بېجىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، كېرەكلىك راسخوتنى ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت ئايمۇ ئاي تارقىتىپ بېرىپ تۇردى.

يەتتەقۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ئىلگىرى ـ كېيىن جۇجاڭ بولغانلار
تۆۋەندىكىلەر: لى شۇلىن، ۋاڭ زىجيا، جاڭ داجېڭ، لۇجىشيا، ليۇداۋېنلار.

مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا سوتچى، خاتىرىلىگۈچى قاتارلىق خىزمەتچىلەر
تەسىس قىلىندى، بىراق مەخسۇس خادىم قويۇلماي، ئۇنى پۈتۈنلەي مەمۇرىي باشقۇ-

رۇش ئىدارىسى ئىچىدىكى خىزمەتچىلەر قوشۇمچە ئىشلەپ كەلدى.

ليۇداۋېن ۋەزىپىدە تۇرغان چاغدا، خۇبېيلىق يۇرتداشلىرىنى كۆپرەك ئىشلەتتى، بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى ئەمەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇبېيلىقلار ئىدى، شۇڭا كىشىلەر بۇ مەھكىمىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنى «خۇبېيلىقلار ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتىشاتتى.

## §3. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) قۇمۇل مەھكىمىسى قۇمۇل ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى چۆ («ئۆستەڭ» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. چۆگە بىردىن شاڭيۇ قويۇلۇپ، شۇ بىر كىشى چۆنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باشقۇرۇپ تۇردى. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى بولسا، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا دورغا قويدى، ئۇلار ۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىر رايوننىڭ مەمۇرىي، ئىشلەپچىقىرىش، دىنىي ئىشلىرىغا تولۇق مەسئۇل بولۇپ كەلدى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) شاڭيۇلۇق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايون، مەھەللە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ناھىيە بويىچە شەھەر ئىچى، ئاقيەر، توغۇچى، تاشۆيلۇق، تىيانشاندىن ئىبارەت بەش رايون تەسىس قىلىندى. مەھەللىدە مەھەللە باشلىقى باشقارمىسى، رايوندا رايون مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 8 - ئايدا، ئومۇمىيۈزلۈك باۋ جاڭ، جاجاڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ناھىيە بويىچە ئىككى بازار، بەش يېزا تەسىس قىلىنىپ، جەمئىي 66 باۋ قۇرۇلدى. بازاردا بازار (جېنىڭ) باشلىقى، مۇئاۋىن بازار (جېنىڭ) باشلىقى، يېزىلاردا يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، باۋلاردا باۋجاڭ، جالاردا جاجاڭلار قويۇلدى.

1949 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوشۇۋېتىش ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيىدە جەمئىي تۆت يېزا، بىر بازار (جېنىڭ)، 53 باۋ تەسىس قىلىندى.

## §4. كېڭەش پالاتاسى (سەنيىخۇي)

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 10 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە يەرلىك پارلامېنت ئاپپاراتى — كېڭەش پالاتاسى تەسىس قىلىندى. تۇنجى نۆۋەتلىك كېڭەش پالاتاسى 10 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئۇلار: شۇ ۋەنچىڭ، ئەزىزجان، لۇ چۇنپۇ، لى زىشيۇ، مادېچۈەن، لى سۇندې، توختى قۇرمال، سوپى ھاجى، گې چاڭدى،

باجىيەنلىك. شىۋ ۋەنچىلىك پالاتا باشلىقى، ئەزىزجان مۇئاۋىن پالاتا باشلىقى بولدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئەتىيازدا، كېڭەش پالاتاسى ئۆزگەرتىپ سايلاندى، يەنىلا شۇ ۋەنچىڭ پالاتا باشلىقى، ئەزىزجان مۇئاۋىن پالاتا باشلىقى بولدى، كېڭەش پالاتاسىغا سوپى هاجى، سوپى، خوجىنىياز، نى سۈندې، ماجۇنجيې، گې چاڭدېلار ئەزا بولدى ھەمدە شۇ ۋەنچىڭنى ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتا ئەزالىقىغا كۆرسىتىپ بەردى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 10 - ئايدا، كېڭەش پالاتاسى 2 - قېتىم ئۆزگەرتىپ سايلاندى. لى رۇي پالاتا باشلىقلىقىغا، نىياز مۇئاۋىن پالاتا باشلىقلىقىغا، ماجۇنجيې، گې چاڭدې، ئالتۇن سوپى ئىسھاق، سوپۇر سوپى، شۇ لى، خوجانىياز پالاتا ئەزالىقىغا سايلاندى.

# ئون تۆتىنچى قىسىم    قۇمۇل ۋاڭلىرى

قۇمۇل ۋاڭلىرى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلىرى ئىدى، ئۇلار كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) ئەبەيدۇللا قۇمۇلنىڭ تارخان بېگى بولۇپ بېكىتىلگەندىن تارتىپ مىنگونىڭ 19 - يىلى قۇمۇلنىڭ ئاخىرقى ۋاڭى شاھمەخسۇت ئۆلگەنگە قەدەر توققۇز ئەۋلاد 233 يىل ھۆكۈم سۈرگەن، چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر فېئودال ۋاڭ - گۇڭلار ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، شىنجاڭ، جۈملىدىن قۇمۇل تارىخىدا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان. ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتا، قۇمۇل ۋاڭلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى، ئاساسەن، چىڭ ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ داۋاملاشتۇرغان، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ئىجازىتى بىلەن قۇمۇل يەرلىك ھۆكۈمىتىدىن مۇستەقىل بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگىنىنى قۇرۇش بىلەن بىللە، ئىسلام دىنىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ ئىگىلەپ، سىياسىي ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالغان. قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ھەممىسى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا سادىق بولۇپ، فېئودال ھۆكۈمرانلىقنى قوغداش ئۈچۈن، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن باستۇرغان، شۇڭا، فېئودال ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئالاھىدە قەدىرلىنىپ، گۇڭ، بېزى، بېيلىدىن خوشۇت چىڭ ۋاڭلىقىغىچە ئۆستۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئەمەل - ئۇنۋانلىرى «ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلگەن». مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، يۈەن شىكەي پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشتە ئۆزىگە قانات- قۇيرۇق قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭىغا قوش چىڭۋاڭلىق مەنسىپىنى بەرگەن. قۇمۇل ۋاڭلىرى قۇمۇلدىكى ئەمگەكچى خەلقنى تولىمۇ دەھشەتلىك ئەزگەن. دېھقان - چارۋى- چىلار ئايدا بىرقانچە كۈن ئۇلارنىڭ يەرلىرىدە ھەقسىز ئىشلەشكە، چارۋىلىرىنى ھەقسىز بېقىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باشقا خىراجەت- لىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنىمۇ ئۈستىگە ئالغان. ۋاڭلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ئەم- گەكچى خەلق جىسمانىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئاچ - يالىڭاچ ياشىغان. شۇڭا، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەر قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئېزىشىگە قارشى كۈرەشنى ئېگىلمەي - سۇنماي داۋاملاشتۇرغان. قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق، باردى - كەلدىسى كۆپ بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنى كۆپرەك قوبۇل قىلغان. بىرنەچچە ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭلىرى چىڭ ئوردىسىنىڭ شىنجاڭنى تىنجىتىش يولىدىكى ھەربىي يۈرۈشلىرىگە كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مەلۇم تۆھپە قوشقان. بىرىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى، نەۋرىسى بولۇپ ئۈچ

ئەۋلادقا ۋاڭلىق مەرتىۋىسى بېرىلمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ تەۋرىسى يۈسۈپكىلا ئىيەمەق ۋاڭلىق مەرتىۋىسى بېرىلگەن. قۇمۇلنىڭ 6 ـ ئەۋلاد ۋاڭى بېشىر ئۆلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭغا چىڭۋاڭلىق نامى بېرىلگەن. خەنزۇلار قۇمۇل ۋاڭلىرىنى «خۈيۋاڭ» (回王) دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

# I باب قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسلام دىنى قۇمۇلدا تېز راۋاجلانغان بولسىمۇ، قۇمۇلغا يەنىلا يۈەن سۇلالىسى خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇڭغۇل ۋاڭلىرىنىڭ پۇشتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغانىدى. XVII ئەسىرگە كەلگەندە مۇنداق ئەھۋال ئۆزگەردى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان ۋاڭلار ئۆزىنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى دەۋالغان بىر قىسىم خوجىلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىۋېلىنىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان ۋاڭلارنىڭ ئۇستازلىرى بولۇپ، خېلى زور ئىمتىيازغا ۋە ناھايىتى كۆپ بايلىققا ئىگە بولۇۋالغان، ئەمەلىيەتتە، شۇ جايلارنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ خوجىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قۇمۇلدىمۇ مۇھەممەتشاھ غازى ئىسىملىك بىر خوجا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئاتىسى يارى مۇھەممەت غازى، بوۋىسى باقى غازى، ئۇلۇغ بوۋىسى ھەسەن غازى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قۇمۇلدا ياشاپ كەلگەن بەگلەر ئىدى. مۇھەممەتشاھ غازى ئېھتىمال خوجا دېگەن نامدىن پايدىلىنىپ، قۇمۇلدىكى موڭغۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئۇستازى بولۇۋېلىپ، چوڭ ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن (بۇ چاغدا قۇمۇل تۇرپان ھۆكۈمرانلىقىدىن يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەنىدى).

كاڭشىنىڭ 17 ـ يىلى (1678 ـ يىلى) جۇڭغارلارنىڭ خانى غالدان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ، يەكەن خانلىقىنى يوقىتىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى بېسىۋېلىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجىنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىنكى يىلى (1679 ـ يىلى) ئۇ يەنە قۇمۇل ۋە تۇرپاننى بېسىۋالىدۇ. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باشلىقى مۇھەممەتشاھ غازىنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا تارخان بەگ ئىدى. ئۇ، قۇمۇلدىكى ئاق تاغلىقلار (ئاق تەقىيلىك ئۇيغۇرلار) نىڭ باشلىقى بولۇپ، جۇڭغارخان ئۇنىڭغىمۇ «تارخان» دېگەن نامنى بەرگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، جۇڭغارخاننىڭ قۇمۇلدىكى گۇماشتىسى بولۇپ قالىدۇ.

جۇڭغارلارنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋاسىتىلىرى ئىنتايىن قەبىھ بولغانلىقتىن، خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى قوزغىلىدۇ. جايلاردىكى ئۇيغۇرلار «سۇ بىلەن ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك غەم ـ ئەندىشىدە قېلىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپمۇ ئامانلىق تاپالمايدۇ»، «ئاشلىق ۋە مال ـ دۇنياسىنى كۆمۈپ تاشلايدۇ» ياكى قورغان

ياساپ مۇداپىئەلىنىدۇ، ئەمما تېخىمۇ كۆپ قىسمى باشقا ياقلارغا قاچىدۇ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىۋالىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەرگە قېچىپ بارغان ئۇيغۇرلارنى چىڭ ھۆكۈمىتى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ. كاڭشىنىڭ 29 - يىلى (1690 - يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، ئاپپاق خوجا قومۇلغا قېچىپ كېلىۋالىدۇ. جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشى بىلەن دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولىدۇ، ئاپپاق خوجا يەنە يەكەنگە قايتىپ بارىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تىنچلانمايدۇ.

قومۇل مۇھىم ئورۇن بولغاچقا، جۇڭغارلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەبەيدۇللا جۇڭغارلارنىڭ قومۇل خەلقىگە چەكسىز زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى، جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى كەينى - كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، كاڭشى خاننىڭ كەڭچىلىك قىلىدىغان رەھىمدىل سىياسىتىدىن ياخشى تەسىر ئالىدۇ. كاڭشىنىڭ 31 - يىلى (1692 - يىلى) 8 - ئايدا، چىڭ ھۆكۈمىتى ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئەمەلدارى مادىنى جۇڭغارلارنىڭ يەنە بىر كاتتىبېشى سېۋىن ئارۇبدانى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. مادى قومۇلغا يېتىپ كەلگەندە، غالداننىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. مادىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر قومۇلدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەبەيدۇللا ئۇلارغا ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئات - ئۇلاغ بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ ھەمدە ئادەم قوشۇپ جيايۈگۈەنگىچە ئاپىرىپ قويىدۇ. مادىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتىدىكى بەزى كىشىلەر غالداننى جازالاش بىلەن بىللە، قومۇلغا ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كاڭشى خان، جىنايەتنى غالدان ئۆتكۈزدى، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دەپ قارىغان. ئۇ: «قومۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن غالدان قاتارلىق موڭغۇللارغا باج تۆلەپ كەلگەن، بۇ، بۈگۈنلا باشلانغان ئىش ئەمەس، بەلكى تارىختىن كېلىۋاتقان ئىش. شۇ تەرىقىدە موڭغۇللارغا باج تۆلەپ كېلىۋاتقان ۋاسساللار ئاز ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنى غالدانغا باج تاپشۇردى دەپ ئەيىبلەپ، ئەسكەر چىقىرىپ، قىرغىن قىلساق، پادىشاھنىڭ خۇداغا ئوخشاش ئەزەلدىن رەھىمدىل ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرسىتەلمەي قالارمىزمىكىن» دەيدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئەبەيدۇللانى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، يەنە گەنجۇدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان قومۇللۇق سەككىز ئۇيغۇرنى قويۇپ بېرىدۇ.

كاڭشىنىڭ 35 - يىلى (1696 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى غالداننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭغارلار يىمىرىلىشكە يۈزلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاپپاق خوجا ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى مەخمۇت ئولتۇرغانىدى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭغارلاردىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل ئىسلام خانلىقىنى قۇرماقچى بولىدۇ. سېۋىن ئارۇبدان سېزىپ قالغاچقا بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاق تاغلىقلار جۇڭغارلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئەبەيدۇللا گەرچە بۇ ئىشقا ئارىلاشمىغان بولسىمۇ، ئوخشاشلا جۇڭغارلارنىڭ ئىشەنچە-سىدىن قالدۇ. كاڭشىنىڭ 35 - يىلى (1696 - يىلى) 9 - ئايدا ئەبەيدۇللا چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئات - تۆگىلەرنى سوۋغا قىلىشقا نارىن بەگنى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئەل بولۇش ئارزۇسىنى ئېنىق بىلدۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «پېقىر ئاق تەقىيلىكلەردىن بولۇپ، جۇڭگوغا تارتۇق بېرىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن بولدى. خان ئەلچىسى پېقىر - نىڭ ماكانىغا كەلگەندە، غالدان ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋە-دىن قۇتقۇزالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئالىيلىرىنىڭ پېقىرنى ماڭا ئاسىيلىق قىلدى دەپ ئويلاپ قېلىشلىرىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. تەڭرى تۇرۇپتۇ، تەڭرى ئالدىدا يالغانچىلىق قىلغانلار جازىسىنى يەيدۇ، ئۇيىراتلاردىن بىرنەچچە تۇپى كۆچكەچ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قېچىپ كەتتى. پېقىر شەھەردىن سىرتقا چىقمىغان تۇرسام، قانداقمۇ ئاسىيلىق قىلاي». ئۇ 12 - ئايدا يەنە نارىن بەگنى ئەۋەتىپ، خانغا: «ناۋادا غالدان كېلىپ قالسا، پېقىر ئۇنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىك تۇتىمەن، بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە داۋاملىق يەتكۈزۈپ تۇرىمەن» دەپ مەلۇم قىلغان. كاڭشى خان ئەبەيدۇللانىڭ ساداقەتمەنلىكىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئەمەلدارلىق تونى، بۆلغۈن تۇماق، ئالتۇن كەمەر قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىنئام قىلدۇ. كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) 1 - ئايدا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان غالدان ئاخىرلىشىۋاتقان ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، ئوغلى سەپتىن بالجۇرنى غەللە - پاراق ئىزدىشقا بارىكۆلگە ئەۋەتىدۇ، 2 - ئايدا ئەبەيدۇللا چوڭ ئوغلى گوپا بەگنى ئەۋەتىپ، سەپتىن بالجۇرنى تۇتۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. كاڭشى خان ئەبەيدۇللاغا پۇل، تون، ئاق ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىنئام قىلىدۇ. سېپۇس ئارۇبدان نورغۇن قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ سەپتىن بالجۇرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئەبەيدۇللادىن نېمە ئۈچۈن چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل بولغانلىقىنى سورايدۇ. ئەبەيدۇللا: «مېنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە ساداقەت كۆرسىتىپ ئەل بولغانلىقىم مەجبۇرىي ئەمەس، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بولغان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. جۇڭغارلارنىڭ قۇمۇلغا پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئەبەيدۇللانىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، چىڭخەيدىكى ھەرقايسى تەيجىلەرگە ۋە سېپۇس ئارۇبدانغا: «قۇمۇلغا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا بولمايدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ.

كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى غالدان ئاچا ئامىتانە دېگەن جايدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ، ئۇنىڭ جىيەنى دەنجىلا غالداننىڭ جەسىتىنى ۋە قىزى جۇڭچىخەينى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ، سەپەر ئۈستىدە قۇمۇل ئەتراپىدىن ئۆتكەندە، ئوزۇق - تۈلۈكى ئۈزۈلۈپ قالغان دەنجىلا خەقلەرنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بۇلايدۇ. ئۇ جىمسارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەبەيدۇللا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دەنجىلا ھەمراھلىرى بىلەن قۇمۇل بازىرىغا كېلىدۇ. ئەبەيدۇللا يەنە دەنجىلانىڭ كاڭشى خان بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىغا ئاساسەن، چوڭ ئوغلى گوپا بەگنى قوشۇپ ئۇنى ئىچكىرىگە ناھا-

يىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوغداپ ئاپىرىپ قويىدۇ.

غالدان ئۆلگەندىن كېيىن، سېۋېن ئاراۋىدان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غالداننىڭ پۈتۈن زېمىنىنى بېسىۋالىدۇ، ئۇ، قۇمۇلنىڭ جۇڭغارلاردىن يۈز ئۆرۈپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل بولغانلىقىغا كۆڭلىدە باشتىن - ئاخىر ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەنىدى. ئەبەيدۇللا بۇنىڭدىن بەك ئەنسىرەپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە: «كەمىنىلىرى، سەپتىن بالجۇرنى ۋە غالداننىڭ قول ئاستىدىكى نۇرغۇن ئادىمىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئۇيراتلارنىڭ پېقىر-دىن خاپا بولۇشى چوقۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇمۇل ئەزەلدىن ناھايىتى ئاجىز بولغاچقا، قورقۇنچ ئىچىدە، تىنچراق ئۆتۈشنى تىلەۋاتىمەن. پېقىر سېۋېن ئاراۋىداندىنمۇ قورقىمەن، پېقىرغا زىيان يېتىپ قالمىسۇن ۋە زېمىنىمىزنى قوغداشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ بىرەر مۆھۆر بېرىشىنى ئىلتىجا قىلىمەن، شۇنداق بولغاندا، يەكەن، تۇرپانىدىكىلەرمۇ بۇنى ئاڭلاپ قىزىقىسىنىپ، ئالىيلىرىنىڭ تەۋەسىگە ئۆتۈش كويىدا بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنى سۈجۈغا كۆچۈرۈپ كېتىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. شۇنداق بولسا، خان ئالىيلىرىنى يوقلاپ كېلىشتە سۈجۇ بىر ئۆتەڭگە ئايلىنىدۇ - دە، پېقىر شۇ يەردىن ئۇچۇر ئۇقۇپ، ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ھايالسىز يېتىپ بارالايمەن» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) 10 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئەبەيدۇللانى خانغا چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلىپتۇ، «ئالاھىدە ماختاشقا ئەرزىيدۇ، ئۇنى تەربىيىلەپ، ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك» دەپ، موڭغۇللارنىڭ تۈزۈلمىسى بويىچە، ئۇنىڭغا 1 - دەرىجىلىك جاساق مەنسىپىنى بېرىشنى، «تارخان» نامىنى يەنىلا ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ قىزىل جىيەكلىك ئۇيغۇر خوشۇنى قىلىپ تۈزۈلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەبەيدۇللا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي نام بېرىلگەن ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىدۇ.

# II باب تارىختا ئۆتكەن قۇمۇل ۋاڭلىرى

كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) ئەبەيدۇللا ۋاڭلىققا تەيىنلەنگەندىن تارتىپ، مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) ئاخىرقى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت قازا تاپقانغا قەدەر قۇمۇلدا توققۇز ئەۋلاد ۋاڭ ئۆتكەن.

## §1. بىرىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئەبەيدۇللا

بىرىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا (1697 - يىلدىن 1709 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان)، ئەبەيدۇللا ۋاڭلىققا تەيىنلىنىپ ئىككىنچى يىلى (1698 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ قۇمۇلدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋاسالار

مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى بورسەي ئارقىلىق ئۇنىڭغا قۇمۇلنى ئىدارە قىلىش تامغىسىنى ئەۋەتىدۇ ھەمدە يامبۇ، قىزىل تۇغ قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلىدۇ. ئەبەيدۇللانىڭ چوڭ ئوغلى گوپابەگنى 2 - دەرىجىلىك جاساقلىققا تەيىنلەپ، خوشۇن ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە، 100 ئەسكەر بىلەن سۇجۇدا تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئەبەيدۇللانىڭ ئىككىنچى ئوغلى بەچى بەگنىمۇ 2 - دەرىجىلىك جاساقلىققا تەيىنلەيدۇ. خوشۇندا زەڭگى، ئورۇنباسار زەڭگى، جارائىبىرجىن، سۇمۇن زەڭگى، چەۋەنداز چېرىك دېگەنگە ئوخشاش ئەمەلدارلارنى قويىدۇ. سۇجۇغىمۇ بىر سۇمۇن زەڭگى تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل خوشۇنىنىڭ تەشكىلىي ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىپ بولىدۇ. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئەبەيدۇللا بېيجىڭغا سالامغا بارىدۇ.

كاڭشىنىڭ 39 - يىلى (1700 - يىلى) سېۋىن ئارۇبدان قەشقەرگە قايتا يۈرۈش قىلىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى مەخمۇتنى مەنسەپدىن ئېلىپ تاشلاپ، قارا تاغلىقلارنىڭ باشلىقىنى خان قىلىپ تىكلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ، كۆڭلىدە قۇمۇلغا باشتىن - ئاخىر ئۆچمەنلىك ساقلاپ، قۇمۇلدىن تۇرپانغا بارىدىغان سودىگەرلەرنىڭ مال - دۇنياسىنى دائىم تالان - تاراج قىلىدۇ. قۇمۇل گەرچە چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاجىز بولغاچقا، جۇڭغارلارنىڭ چاڭگىلىغا قايتا چۈشۈپ قېلىش خەۋپى ھەرقاچان مەۋجۇد ئىكەنلىكى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئايدىڭ ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر تەرەپتىن، سېۋىن ئارۇبدانغا قۇمۇلغا پاراكەندىچىلىك سالماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەبەيدۇللانىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، قۇمۇل سودىگەرلىرىنىڭ گەنسۇ بىلەن سودا - ئالاقە قىلىشىغا يول قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى كۈچەيتىدۇ.

كاڭشىنىڭ 45 - يىلى (1706 - يىلى) ئەبەيدۇللا ئىچكىرىدىن خەنزۇ ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ۋاڭ ئوردىسىنى قايتا ياسىتىدۇ. كاڭشىنىڭ 48 - يىلى (1709 - يىلى) ئەبەيدۇللا ۋاپات بولىدۇ.

## §2. ئىككىنچى ئەۋلاد ۋاڭ گوپا بەگ

ئىككىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى گوپا بەگ (1709 - يىلىدىن 1711 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان). كاڭشىنىڭ 48 - يىلى (1709 - يىلى) 4 - ئايدا ئەبەيدۇللانىڭ چوڭ ئوغلى گوپا بەگ 1 - دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگلىككە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىككى يىل تەختتە ئولتۇرۇپ ۋاپات بولىدۇ.

## §3. ئۈچىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئىمىن

ئۈچىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئىمىن (1711 - يىلىدىن 1740 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان). كاڭشىنىڭ 50 - يىلى (1711 - يىلى) گوپا بەگنىڭ چوڭ ئوغلى

ئىمىن 1 - دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگلىككە ۋارىسلىق قىلدۇ.

كاڭشىنىڭ 54 - يىلى (1715 - يىلى)نىڭ بېشىدا سېۋىن ئارۇبدان قۇمۇلغا قور-شاپ ھۇجۇم قىلىشقا 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ئىمىن ۋاڭ ئوردا قوشۇنى-نى باشلاپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق مۇداپىئە قوشۇنىدىكى تۇرغاق بەگ پەن جىشەن باشچىلىقىدىكى 200 نەپەر چىڭ ئەسكىرى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشىلىق كۆر-سىتىدۇ، نەتىجىدە جۇڭغار قوشۇنى مەغلۇب بولۇپ، شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە 20 چاقى-رىم چېكىنىدۇ. سۇجۇنىڭ باش بۇغى لۇ جىنشېڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ زور قوشۇن باشلاپ ياردەمگە كېلىدۇ. سېۋىن ئارۇبدان بۇنى ئاڭلاپ بەدەر تىكىۋېتىدۇ، بۇ قېتىمقى جەڭدە چىڭ قوشۇنى جۇڭغار قوشۇنىنىڭ 90 ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۈچ ئادىمىنى تىرىك تۇتۇ-ۋالىدۇ. كاڭشى خان ئىمىن ۋاڭ، پەن جىشەن ۋە ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەل-دارلارغا 15 مىڭ سەر تەڭگە مۇكاپات بېرىدۇ ھەم ئۇرۇش تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرى-غان پۇقرالارغا ئاشلىق، قوي، كالا ياردەم قىلىدۇ. ئەسىرلەرنى يالاپ بېيجىڭغا ئېلىپ بارغان سۇمۇن زەڭگى زۇپەر قاتارلىقلارغا تون، تاۋار - دۇردۇن، كىيىم - كېچەك ئىنئام قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كاڭشى خان ھەمىشە ئاز ئادەم بىلەن كۆپ ئادەمنى يېڭىش-تەك بۇ جەڭ مىسالى ئارقىلىق جۇڭغارلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە جايلاردىكى مۇداپىئە قوشۇنلىرىغا ئىلھام بېرىدۇ.

چىڭ ھۆكۈمىتى سېۋىن ئارۇبدانىنىڭ قۇمۇلغا يەنە تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق مۇداپىئە قىسىملىرىنى كۆپەيتىدۇ. ئەمما، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقىدىن قوشۇن ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىسىلىپ قالغاندا، ئىمىن ۋاڭ ئۆزىنىڭ زاپاس ئاشلىقى ۋە مال - چارۋىچىلىرىنى چىڭ ئەسكەرلىرىگە ئارىيەتكە بېرىدۇ. كاڭشىنىڭ 57 يىلى (1718 - يىلى) ئىمىن ۋاڭ قۇمۇلدىكى بىر تۈركۈم دېھ-قانلارنى تاشۇبلىققا (تالناچىنغا) بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋە-تىدۇ. كېيىنكى يىلى 600 دادەندىن ئارتۇق ئارپا يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى يۇ-قىرىغا تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق مۇدا-پىئە قوشۇنى ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىسىلىپ قېلىشتەك قىيىن ۋەزىيەت ئۆزگىرىدۇ. قۇمۇل-نىڭ ۋەزىيىتىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ سەل - پەل ياخشىلىنىدۇ. كاڭشىنىڭ 61 - يىلى (1722 - يىلى) ئىمىن ۋاڭ قۇمۇللۇق ئۇيغۇرلاردىن 400 كىشىنى تۇرپانغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلاپ بارىدۇ. بۇ ئادەملەر ئۇ يەرنىڭ شارائىتىغا كۆنەلمىگەنلىكتىن، ئاخىرى قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار يەنە تالناچىنغا بېرىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ. يۇڭجېڭنىڭ 5 - يىلى (1727 - يىلى) 2 - ئاي-دا چىڭ ھۆكۈمىتى ئىمىن ۋاڭنى «تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالاھىدە كۈچ چىقاردى، ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىپ، قو-شۇنىمىزغا ياردەم بەردى، ئالاھىدە مۇكاپاتلاشقا ئەرزىيدۇ» دەپ، ئۇنى 1000 سەر تەڭ-گە بىلەن مۇكاپاتلايدۇ ھەم «دۆلەتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن بەگ» دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. تېرىقچىلىق قىلىشقا قاتناشقان 400 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھ-

قانىمۇ مۇكاپاتلىنىدۇ. يۇڭجېڭنىڭ 7 - يىلى (1730 - يىلى) 12 - ئايدا ئۆمەر ۋاڭغا «خوشۇن بېيزى» دەپ نام بېرىلىدۇ.

يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى (1732 - يىلى) 1 - ئايدا، جۇڭغارلار 6000 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا يەنە قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا، قۇمۇلدا ئاران 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر بولۇپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش تەس ئىدى. چىڭ قوشۇنىنىڭ باش سانغۇنى (گېنېرالى) يۆ جۇڭچى باش بوغ ساۋ شياڭ بىلەن مۇئاۋىن باش چېرىكچى جى چېڭبىننى قاتارلىقلارنى 7000 ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. جۇڭغار قوشۇنى تەڭ كېلەلمەي قارادۆۋە ئەتراپىدا مەغلۇب بولۇپ قاچىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭ بىر ئايچە داۋام قىلىدۇ. قوماندانلىقتىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن، جۇڭغار قوشۇنى تولۇق يوقىتىلمىغان بولسىمۇ، قۇمۇلدىكى ھەربىي ۋە خەلق باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغانلىقتىن، يەنىلا ناھايىتى زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى جەڭگە قاتناشقان ھەربىي ۋە خەلققە ئالاھىدە 5000 سەر تەڭگە مۇكاپات بېرىدۇ، بۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 10 مىڭ سەر تەڭگە ئاجرىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇشتا تارتقان ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن ياردەم قىلىدۇ.

يۇڭجېڭنىڭ 12 - يىلى (1734 - يىلى) ئۆمەر ۋاڭ ئوردىنىڭ پەمشىق يېرىدىن 4000 مو يەرنى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تېرىپ يېيىشىگە بېرىدۇ. پادىشاھ شىزۇڭ قۇمۇل دېھقانلىرىغا بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، يەنە بىر پارچە ئاقيەرنى ئۆمەر ۋاڭغا ئايرىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆكۈز، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇقلۇق ئىنئام قىلىپ، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. يۇڭجېڭنىڭ 13 - يىلى (1735 - يىلى) 5 - ئايدا، سېۋېن ئاراۋبدانىنىڭ چوڭ ئوغلى غالدان سېرىن چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن يارىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن، قۇمۇل ئەتراپى ۋاقىتىنچە تىنچلىنىدۇ. بۇ چاغدا چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا 5000 كىشىلىكلا قوشۇن قالدۇرۇشنى، باركۆلدە تۇرۇۋاتقان زور قوشۇننى ئىچكىرىگە يۆتكەپ كېتىشنى قارار قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە قۇمۇلدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 200 مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئېھتىيات ئاشلىقى بار ئىدى، ئۇ تەمىنلەشكە تولۇق يېتەتتى. زور قوشۇن ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئېشىنچا ئاشلىق تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆمەر ۋاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشنى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1736 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئاشلىق ئىجارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ھەمدە ئۆمەر ۋاڭ قاتارلىقلارغا كۆپلەپ تەڭگە ئىنئام قىلىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 4 - يىلى (1740 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۆمەر ۋاڭ كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى 1000 سەر تەڭگە ئاجرىتىپ، قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ زەڭگىسىنى تەزىيە بىلدۈرۈپ ھال

www.uyghurkitap.com

سوراشقا بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئىمىن ۋاڭنىڭ خوتۇنىغا كۆمۈش - تەڭگە ئىنئام قىلىپ ھال سورايدۇ.

ئىمىن ۋاڭ ئاتىسىنىڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنكى ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىپ ھەربىيلەرگە ياردەم بېرىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 20 يىل ئىچىدە چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنلىرىغا نۇرغۇن ياردەم قىلىدۇ. ئىمىن ۋاڭ ئىككى قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، خاننى زىيارەت قىلىدۇ. بىرىنچى قېتىم كاڭشىنىڭ 51 - يىلى (1712 - يىلى) 8 - ئايدا، ئىككىنچى قېتىم يۇڭجېڭنىڭ 6 - يىلى (1729 - يىلى) 12 - ئايدا بېرىپ، بېيجىڭدا ئىككى يىل تۇرۇپ قايتىدۇ.

## §48. تۆتىنچى ئەۋلاد ۋاڭ يۈسۈپ

تۆتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى يۈسۈپ (1740 - يىلدىن 1760 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان). چيەنلۇڭنىڭ 5 - يىلى (1740 - يىلى) 2 - ئايدا يۈسۈپ قائىدە بويىچە دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ، «دۆلەتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن بەگ» ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 10 - يىلى (1745 - يىلى) 1 - ئايدا ئۇنىڭ ئۇنۋانى «خوشۇن بېيزى» ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلىدۇ.

چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى يۇڭجېڭنىڭ 13 - يىلى (1735 - يىلى) ئىچكىرىگە قايتۇرۇپ كېتىلگەندىن كېيىن، ھەربىيلەر ئۆزلەشتۈرگەن بوز يەرلەر ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تېرىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ھوسۇلنىڭ تۆت ئۈلۈشىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش، ئالتە ئۈلۈشىنى ئۆزىگە قالدۇرۇش بەلگىلىنىدۇ. ئىجارە ھەققى ئۇستۇن بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، دائىم تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى قىيىنلىشىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 13 - يىلى (1748 - يىلى) قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ھوسۇل كەملەپ كەتكەنلىكتىن، نەچچە مىڭلىغان دېھقان ئاچارچىلىققا دۇچار بولىدۇ. بۇ چاغدا چىڭ ھۆكۈمىتى 2500 دادەن ئاشلىق ئاجرىتىپ، كەمبەغەللەرنىڭ قەھەتچىلىكتىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 18 - يىلى (1735 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يەر ئىجارىسىنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يۈكى ھېچقانچە يېنىكلەشمەيدۇ، بەلكى ۋاڭنىڭ مال - مۈلكى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. قۇمۇلنىڭ كەڭ تېرىلغۇ يەرلىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋاڭنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھەممىسى ۋاڭنىڭ «ئاراباتى (قۇلى)» غا ئايلىنىپ قالىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى) تۇرپاندىكى مەڭلىك بەگ جۇڭغارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرىدۇ. شۇ چاغدا، مەڭلىكنىڭ ئوغلى باي خوجا

بېيجىڭدىن قايتىپ، ئەمدىلا قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، يۈسۈپ تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىدۇ. شۇنىڭ كەينىدىنلا يۈسۈپ ۋاڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدىن 300 كىشىنى باشلاپ تۇرپانغا بېرىپ، ئېمىن خوجا بىلەن بىللە چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ. توپىلاڭ تېزلا تىنجىتىلىدۇ، يۈسۈپ ۋاڭ مۇكاپاتلىنىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) يۈسۈپ ۋاڭ 100 كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇش يولىدىكى جازا يۈرۈشىگە چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى بىلەن بىللە قاتنىشىدۇ. گاۋزۇڭ خان «ئالاھىدە شەپقەت» بىلەن يۈسۈپ ۋاڭغا «ئاغلاتچى ئامبال» دەپ نام بېرىدۇ. توپىلاڭنى تىنجىتىش جەريانىدا، يۈسۈپ ۋاڭ ساداقەتلىك بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، توپىلاڭنى تىنجىتقۇچى سانغۇن يارخاشاڭ بۇ جاينى قوغداشنى كۇچا بېگى ھادىغا تاپشۇرماقچى بولىدۇ. بىراق گاۋزۇڭ خان ھادى يېڭىلا ئەل بولغان، «ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس»، قايتۇرۇۋېلىنغان جايلار «يەنىلا يۈسۈپنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسۇن» دەپ قارايدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) 11 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى يۈسۈپ ۋاڭنىڭ ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇچتۇرپاننى ساقلاشتىكى ئاجايىپ تىرىشچانلىقىدىن تولىمۇ رازى بولۇپ، ئۇنى بېلى ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ بولىدۇ. شۇ يىلى 7 - ئايدا تۇرپاندىكى ئېمىن خوجىنى يەكەننى باشقۇرۇشقا، قۇمۇلدىكى يۈسۈپ ۋاڭنى قەشقەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەيدۇ. 9 - ئايدا يۈسۈپ ۋاڭنى دورۇبېلىلىققا ئۆستۈرىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇرۇشقا قاتناشقان خادىملارنى تۆھپىسىگە قاراپ مۇكاپاتلايدۇ. يۈسۈپ ۋاڭنى «ئۇچتۇرپاندا تۇرۇپ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى، ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى» دەپ ئۇنىڭغا يەنە شەپقەت ياغدۇرۇپ، ئىناقچىخانلىق دەرىجىسىنى ئىنئام قىلىدۇ. بۇ، ۋاڭلىققا بېكىتىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى)نىڭ باشلىرىدا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئىناقچىخان يۈسۈپ بىلەن خوتەنلىك خوجىس بېگىگە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 40 بەگنى باشلاپ، پايتەختكە كېلىپ خاننى زىيارەت قىلىشنى تاپشۇرىدۇ. گاۋزۇڭ خان ئۇلارنى «نۇرانە ساراي» دا قوبۇل قىلىپ، خاس تون، تەڭگە ئىنئام قىلىدۇ، راھەتباغدا بىر نەچچە قېتىم زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالىدۇ. خان ئاندىن يۈسۈپ ۋاڭنىڭ قۇمۇلغا قايتىپ، بىر يىل دەم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ؛ يەنە يۈسۈپ ۋاڭنىڭ ئىنىسى ئابدۇللانى ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) 11 - ئايدا يۈسۈپ ۋاڭنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتى توشىدۇ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى قەشقەرگە مەسلىھەتچى ئامباللىققا تەيىنلەيدۇ.

ئىمىن خوجا تۇرپانغا دەم ئېلىشقا كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يەكەننىڭ ئىشلىرىنىمۇ يۈسۈپ ۋاڭ ۋەكالەتەن باشقۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە چىڭ ھۆكۈمىتى يۈسۈپ ۋاڭغا قاتتىق ئىشىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئامبال يامۇللىرىدا ئىشلەيدىغان تەرجىمانلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يۈسۈپ ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر كۆرسىتىدۇ. يەرلىك ۋاڭ-گۇڭ، ئاقسۆڭەكلەر ھەرقانچە ئەسكىلىك قىلسىمۇ، يۈسۈپ ۋاڭنىڭ كارى بولمىسىلا، ئۇنى ھېچكىممۇ سۈرۈشتە قىلالمايدۇ. بەزى ئىشلار گاۋزۇڭ خاننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئەھۋال ئىنكاس قىلغان ئادەمگە قاتتىق كايىپ: «ئۇلۇغ خان ئادەملەرنى ئىشقا سالغاندا، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىدۇ. سىلەر بۇنداق تۆھمەت، پىتنە-پاساتلارنى قەيەردىن تېپىپ كەلدىڭلار؟ تەرجىمانلارنىڭ ھەممىسىنى قۇمۇللۇق، تۇرپانلىق دەپ، ئۇلارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىساق، كۆز-قۇلىقىمىز ئېتىلىپ قالامدۇ؟ بۇ ئۆسەك سۆزلەر كاززاپلاردىن چىققان!» دەيدۇ. گاۋزۇڭ خاننىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى ۋە يول قويۇشى بىلەن، يۈسۈپ ۋاڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېڭى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كېتىدۇ. ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇللا (يۈسۈپنىڭ ئىنىسى) بەك زالىم، نەپسانىيەتچىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلەتكەن ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز ئەبلەخلەر ئىدى. ئۇلار ھەممىلا يەردە قاقتى-سوقتى قىلاتتى. خالىغانچە ئەسكىلىك قىلاتتى. دەرتكە چىدىمىغان ئۈچتۇرپان خەلقى ئاخىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. گاۋزۇڭ بۇنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى قاتتىق ئەزگەنلىكىدىن بولغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئاشۇ پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى قوشۇن ئەۋەتىپ خەلقنى باستۇرىدۇ. ئىلى سانغۇنى مىڭرۇي ئۈچتۇرپانغا باستۇرۇپ كىرىپ، قوزغىلاڭنىڭ يولباشچىلىرىنى قىرغىن قىلىدۇ. 10 مىڭدەك پۇقرانى ئىلىغا كۆچۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۈچتۇرپان قۇرۇق شەھەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، مىڭرۇي خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن، جايلاردىكى بەگلەرنى تەكشۈرمەكچى بولغاندا، گاۋزۇڭ خان قوشۇلماي، ئۇنىڭغا: «بەگلەر بىزنىڭ ئىتائەتمەن كونا ئادەملىرىمىز، ۋەقە تۇغۇلسا، ئۇلار خېلى كۈچ چىقىرىپ خىزمەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇششاق-چۈششەك پايدىنى كۆزلەيدىغان ئىشىغا كەلسەك، بۇ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش، شۇنداق ئىكەن، بۇنداق ئىشلارنى ئۇلاردا سادىر بولمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ مەكتۇبىڭىزدا دېيىلگەندەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، دېگەن تەقدىردىمۇ، ئېنىق پاكىت يوق تۇرسا، ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشىنىپ كەتكىلى بولسۇن؟» دەپ رەددىيە بېرىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 31-يىلى (1766-يىلى) يۈسۈپ ۋاڭ يەكەندىن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا قۇمۇلدا ئادەم كۆپىيىپ قالغانىدى. يۈسۈپ ۋاڭ چىڭ ھۆكۈمىتىدىن قۇمۇلدىن 500 ئائىلىنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. يۈسۈپ ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاق قۇمۇل كۆچمەنلىرىنى باشلاپ ئىلىغا بارىدۇ. ئىسھاق ئىلىدىن قايتىپ كەلگەندە ئىككىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئەمەلىگە ئېرىشىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 31-يىلى (1767-يىلى)

12 - ئايدا، يۈسۈپ چوڭ ئوغلى ئىبراھىم بىلەن بىللە بېيجىڭغا خاننى زىيارەت قىلىشقا كېتىۋېتىپ، سەنشىنىڭ لىڭشى ناھىيىسىگە كەلگەندە، يۈسۈپكە چېچەك چىقىپ، داۋالاش كار قىلماي ۋاپات بولىدۇ. ئىبراھىم جەسەتنى قايتۇرۇپ كېلىۋېتىپ گەنسۇنىڭ يىڭلىياڭ ناھىيىسىگە كەلگەندە، چېچەكنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، ئۇمۇ قازا تاپىدۇ. يۈسۈپ ئاتا - بالا كېسەل بولغاندا، گاۋزۇڭ خان تېۋىپ، دورا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، دەپنە ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 500 سەر تەڭگە ئىنئام قىلىدۇ. يۈسۈپنىڭ ئايالىغىمۇ 500 سەر تەڭگە نەپىقە بېرىدۇ.

رىڭۋاڭگې سارىيىدىكى 50 تۆھپىكارنىڭ سۈرىتى ئىچىدە يۈسۈپ ۋاڭنىڭمۇ سۈرىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق مەدھىيە ئوقۇلغان:

يۇرتنىڭ سەركەردىسى، قۇمۇلنىڭ ئىنانچىخان دەرىجىلىك بېلىسى يۈسۈپ ئۆز جەمەتى ئارىسىدىكى ئابرۇيلۇق زات، ئۇزۇندىن بۇيان يۇرت سوراپ كەلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى بىرگە مەلۇم قىلىپ تۇرغان، ھەربىي ئىشلاردا بىرگە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇرغان، ئالتە شەھەرنى بويسۇندۇرغان، ئىككى تەنتەكمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىغان، ئۇچتۇرپاننى بىرلىكتە باستۇرۇپ، تىنچلىق ئورناتقان.

## §5. بەشىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئىسھاق

بەشىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئىسھاق (1767 - يىلىدىن 1780 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان). چيەنلۇڭنىڭ 32 - يىلى (1767 - يىلى) يۈسۈپ ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاق ئىنانچىخان دەرىجىلىك دوروبېيلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 36 - يىلى (1771 - يىلى) ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلغاندا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ كۆزلۈك — تۈز قانىتى سانجىلغان قالپاق، سېرىق پەشمەت ئىنئام قىلىدۇ ۋە چيەنچىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىدۇ.

يۈسۈپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئىش بېجىرىدىغان كۆچلۈك ياردەمچىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى، گاۋزۇڭ خان كۆپ قېتىم ھازىر «قابىل ئادەملەر بەك ئازىيىپ كەتتى» دەپ ئاھ ئۇرغانىدى. ئىز باسار تەييارلاش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئىسھاقنى تەربىيىلەش قارارىغا كېلىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 38 - يىلى (1773 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى ئىسھاققا «ئائىلاتچى ئامبال» دېگەن مەنسەپنى بېرىپ، ئىلىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ نامدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان قۇمۇللۇق ئۇيغۇر دېھقانلارنى باشقۇرىدىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىلى جاڭجۈنى شۇخۇدېدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىنىدۇ. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن (1776 - يىلى) ئۇ قۇمۇلغا قايتىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 45 - يىلى (1780 - يىلى) ئىسھاق چېچەك چىقىپ ئۆلىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە دەپنە ئىشلىرى ئۈچۈن 300 سەر تەڭگە بېرىدۇ.

## §6. ئالتىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئەردىشىر

ئالتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئەردىشىر (1780 - يىلدىن 1813 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان). چيەنلۇڭنىڭ 45 - يىلى (1780 - يىلى) 11 - ئايدا ئىسھاقنىڭ چوڭ ئوغلى ئەردىشىر ئىنانچىخان دەرىجىلىك دوروبېيلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 46 - يىلى (1781 - يىلى) 1 - ئايدا، چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئەل بولغانلىقىنى ۋە ھەربىي جەھەتتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇ يەرلەردە «ۋاڭلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قىلىش»نى رەسمىي تەستىقلايدۇ.

بۇ چاغدا چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغان، ۋەزىيەت مۇقىملاشقانىدى. جايلاردىكى ۋاڭ - گۇڭلار نۆۋەت بىلەن پايتەختكە بېرىپ، خاننى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. ئەردىشىر چيەنلۇڭنىڭ 55 - يىلى (1790 - يىلى)، چيەنلۇڭنىڭ 60 - يىلى (1795 - يىلى)، جياچىڭنىڭ 7 - يىلى (1802 - يىلى)، جياچىڭنىڭ 14 - يىلى (1809 - يىلى) بولۇپ تۆت قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، خاننى زىيارەت قىلىدۇ. ئەردىشىرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ دۆلەتكە تۆھپە قوشقانلىقتىن، رېنزۇڭ خان ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم زىياپەتلەردە بىللە بولۇپ، كۆڭۈل ئاچىدۇ. بۇ، زىيارەتكە بارغان باشقا ۋاڭ - گۇڭ ئاقسۆڭەكلەر ئاسانلىقچە ئېرىشەلمەيدىغان ئالاھىدە شان - شەرەپ ئىدى.

جياچىڭنىڭ 18 - يىلى (1813 - يىلى) 2 - ئايدا ئەردىشىر قازا تاپىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى دەپنە قىلىشقا 300 سەر تەڭگە بېرىدۇ.

## §7. يەتتىنچى ئەۋلاد ۋاڭ بېشىر

يەتتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى بېشىر (1813 - يىلدىن 1866 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان). جياچىڭنىڭ 18 - يىلى (1813 - يىلى) ئەردىشىرنىڭ چوڭ ئوغلى بېشىر ئىنانچىخان دوروبېيلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ.

بېشىر زېرەك ئادەم ئىدى، ئۇ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، سىرتتىكى جايلاردىكى چېچەك چىقمىغان ۋاڭ - گۇڭلار بېيجىڭغا كىرىشكە بولمايدۇ، دېگەن بەلگىلىمە بار ئىدى. بېشىرغا چېچەك چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئەمما چىڭ ھۆكۈمىتى، ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، جياچىڭنىڭ 20 - يىلى (1815 - يىلى) 8 - ئايدا، ئۇنىڭ رېخېغا (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېڭدې ناھىيىسىدىكى سالقىندايدىغان تاغلىق كەنتكە) بېرىپ، خانغا كۆرۈنۈپ قايتىشىغا ئالاھىدە رۇخسەت قىلىدۇ. جياچىڭنىڭ 24 - يىلى (1819 - يىلى) ئۇ يەنە بىر قېتىم رېخېغا بارىدۇ. چېچەك چىقىپ بولغاندىن كېيىن، داۋگۇاڭنىڭ

3 - يىلى (1823 - يىلى) ئاندىن ئۇنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجا ئەۋلادى جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن، ۋەزىيەت ئىنتايىن خەتەرلىك ھالەتتە قالىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن 3000 ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇمۇلغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن زور قوشۇن شىنجاڭغا ئۇزۇلمەي كېلىشكە باشلايدۇ. يول يىراق بولغانلىقتىن، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئوت - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى گەرچە زور كۈچ بىلەن ئات - ھارۋا غەملەپ توشۇش ئىشىنى تەشكىللىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدۇ. بۇ چاغدا بېشىر كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، 100 كالا ھارۋىسى تەييارلاپ، دېھقانلارنى ئاشلىق توشۇشقا تەشكىللەيدۇ. ئەسلىدە ھارۋىلارنى تۇرپاندا ئالماشتۇرۇش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىمۇ ھارۋا غەملەش قىيىن بولغاچقا، بېشىر دېھقانلارنى ئاشلىقنى توغرىدىن - توغرا ئالدىنقى سەپ بولغان ئاقسۇغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، جاھانگىر خوجا مەغلۇپ بولىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى بېشىرنىڭ «ھارۋا تەييارلاپ، ئەسكەرلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بەرگەن» تۆھپىسى ئۈچۈن، داۋگۇاڭنىڭ 7 - يىلى (1827 - يىلى) 7 - ئايدا، ئۇنىڭغا توز پېيى سانجىلىدىغان بىر دانە ئاق قاشتېشى نەيچە، بىر دانە ئاق قاشتېشى بارماق غىلاپى، ئېسىل كەشتىلىك بىر تون، يوغان ئىككى توپ كىمخاب ئىنئام قىلىدۇ. دېھقانلار ھاشارغا كېتىپ قېلىپ، تېرىقچىلىققا تەسىر يەتكەنلىكى ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئەتىيازدا ئۆتنە ئالغان ئاشلىق قەرزىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ.

داۋگۇاڭنىڭ 12 - يىلى (1832 - يىلى) 12 - ئايدا، بېشىر بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلغاندا، شۆنزۇڭ خان ئۇنىڭ ئوردىسى زىجىنچېڭگە ئاتلىق كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ ھەم ئۇنى ئىنانچىخان دەرىجىلىك بېلىدىن دورو ئىنانچىخانلىققا ئۆستۈرىدۇ.

داۋگۇاڭنىڭ 13 - يىلى (1833 - يىلى) بېشىر بېيجىڭدىن قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قالىدۇ، ئەمەلدار، ئەسكەر ۋە پۇقرالارغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ھۆكۈمەت يەرلىرىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ زېمىنى ھېسابىغا ئۆزىنى بېيىتىدۇ. قۇمۇلدا ھۆكۈمەت قارىمىقىدا ئۈچ ئورۇندىلا تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى بېشىر ۋاڭنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بېشىر ۋاڭنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى قۇمۇلدىكى ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالارنىڭ بىردەك قارشىلىقىنى قوزغايدۇ.

داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى (1845 - يىلى)، لىن زېشۈ بۇيرۇققا بىنائەن قۇمۇلغا كېلىپ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەچ، بېشىر ۋاڭنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شەخسىي ئېچىۋالغان 10 مىڭ مودىن

ئارتۇق يەرنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ («تارىخنامە كىرگۈزۈلمىگەن ئىشلار»غا قاراڭ).

شۇنىڭدىن كېيىن، بېشىر ۋاڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقۇپ، كۆپ قېتىم پۇرسەت ئىزدەپ خۇشامەت قىلىدۇ. شيەنفېڭنىڭ 3 - يىلى (1853 - يىلى) قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇن خىراجەتتىن ھېچقانداق قىسىلمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بېشىر ۋاڭ ئۇلارغا ئۆزلۈكىدىن 5000 سەر تەڭگە تەقدىم قىلىدۇ. بېشىر ۋاڭنىڭ ساداقەتمەنلىكى ئاخىر ۋېنزۇڭ خاننىڭ نەزەرىگە ئېرىشىدۇ. شەنفېڭنىڭ 10 - يىلى (1860 - يىلى) 1 - ئايدا، بېشىر ۋاڭ خاننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغاندا، ۋېنزۇڭ خان ئۇنىڭغا سۆسۈن چۇلۋۇر ئىنئام قىلىدۇ ھەمدە خان ئالدىدا مېڭىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىدۇ.

تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى (1864 - يىلى) 3 - ئايدا، قۇمۇلدىكى خان ئامبىلى ۋېن شياڭ ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ، ئېتىزلارنى سۇغىرىشنى يولغا قويغاندا، بېشىر ۋاڭ پائال ئادەم كۈچى ۋە ماتېرىيال چىقىرىپ ياردەم بېرىدۇ. 8 - ئايدا تاشۋېلىق (تالناچىن) قاتارلىق جايلاردىكى ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتىدۇ. مۇشۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى بېشىر ۋاڭغا چىڭۋاڭلىق مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلىدۇ.

بۇ چاغدا، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ ۋە شەنشى، گەنسۇدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن، شىنجاڭدىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى (1864 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇمۇللۇق خۇيزۇ ما جاۋچياڭ بىلەن ما خۇيەن ئادەم توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. نامرات ئۇيغۇر دېھقانلار بۇنىڭغا پائال ئاۋاز قوشىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى بىلەن قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قوشۇنى ما جاۋچياڭ بىلەن 1000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىنى ئىنتايىن قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن قىرغىن قىلىدۇ. قالغان قوزغىلاڭچىلار تۇغلۇق (ھازىرقى توخۇنۇ)قا قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇ يەردە قوزغىلاڭچىلار ئاۋۋال باج چازىسىنى بۇلايدۇ، ئاندىن تاشۋېلىققا (تالناچىنغا) ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقى ما تيەنسەي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەختكە قارشى تۆمۈرتىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى بىلەن ۋاڭ قوشۇنىنىڭ باستۇرۇشى نەتىجىسىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولىدۇ، چىڭ ھۆكۈمىتى بېشىر ۋاڭنى «باندىت يوقىتىش»تا خىزمەت كۆرسەتتى دەپ، سېرىق چۇلۋۇر بىلەن مۇكاپاتلاپ، «ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ».

بىراق، قوزغىلاڭ يالقۇنى بۇنىڭلىق بىلەن ئۆچمەيدۇ، ئەكسىچە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەيۋىسى بارغانسېرى ئاشىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇلنى پۇختا ساقلاش ئۈچۈن، تۇڭجىنىڭ 4 - يىلى (1865 - يىلى) بېشىر ۋاڭنى ياردەمچى ئامباللىققا تەيىنلەپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىدۇ. شۇ يىلى 5 - ئايدا خۇيزۇ خېي لاۋۋا، ئۇيغۇر سۇپۇرگە يەنە ئادەم توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن كوناشەھەرنى ئىشغال قىلىپ، قۇمۇلنىڭ خان ئامبىلى زاكى داڭئانى ئۆلتۈرىدۇ، ئارقىدىنلا شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىدۇ.

تۇڭجىنىڭ 5 - يىلى (1866 - يىلى) 6 - ئايدا، بارىكۆل باش بۇغى خې گوۋەن بارىگاھ بېگى لىن شياڭغا لەشكەر تارتىپ قۇمۇلغا بېرىش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى. قوزغىلاڭچىلار دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي، تۇرپانغا چېكىندى. لىن شياڭ شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىپ، بېشىر ۋاڭنى قۇتقۇزدى. 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سۇپۇرگە تۇرپاندىكى 4000 - 5000 خۇيزۇ، ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، قارادۆۋىنى ئىشغال قىلدى. لىن شياڭ بىلەن ئوردا بېگى شا سىلىم 5000 ئەسكەر بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، دۆۋەجىڭگە يېتىپ بارغاندا، تويۇقسىز زەربىگە ئۇچراپ، پۈتۈن قوشۇنى ھالاك بولۇشقا تاس قالدى. ئەتىسى بېشىر ۋاڭ فۇجۇڭ خېنىم (ۋاڭنىڭ خوتۇنى) مېھرىبانۇنى بارىكۆلگە ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى. بېشىر ۋاڭ كىچىك فۇجۇڭ خېنىم بىلەن بىللە 2000 دىن ئارتۇق قالدۇق ئەسكەرنى باشلاپ سۇمقاغىدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. كىچىك فۇجۇڭ خېنىم ئاتلارنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ ئۆلدى، شا سىلىم چېپىپ تاشلىنىدۇ، بېشىر ۋاڭ بىلەن جىيەن نەۋرىسى پازىل تەيجى ئەسىرگە چۈشىدۇ. قوزغىلاڭچىلار شەھەر ئىچىنى قايتا ئىشغال قىلدى. كېيىنچە قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا تارقالغان «شاسىلىم چېپىپ تاشلاندى، كىچىك فۇجۇڭ خېنىم ئاتقا دەسسىلىپ ئۆلدى» دېگەن گەپلەر مۇشۇ يەردىن كېلىپ چىققان. قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى سۇپۇرگە بېشىر ۋاڭنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما بېشىر ۋاڭ بۇنى رەت قىلىدۇ ھەم ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ. تۇڭجىنىڭ 6 - يىلى (1867 - يىلى) 1 - ئايدا بېشىر ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ جىيەن نەۋرىسى پازىل قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. 4 - ئايدا بارىكۆل باش بۇغى خې گوۋەن بارىگاھ بېگى رۇي لىننى ئەسكەر تارتىپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، قارا دۆۋىدە مەغلۇپ بولۇپ قاچىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى قۇمۇلنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بېشىر ۋاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا «خوشۇت چىڭۋاڭ» دەپ نام بېرىدۇ ھەمدە كونا شەھەردە جاساق چىڭۋاڭ ئىبادەتخانىسى قۇرۇشنى، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ئىبادەتخانىغا كېلىپ تەزىيە بىلدۈرۈشنى بەلگىلەيدۇ.

## §8. سەككىزىنچى ئەۋلاد ۋاڭ مۇھەممەت

سەككىزىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەت (1867 - يىلدىن 1881 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان). تۇڭجىنىڭ 6 - يىلى (1867 - يىلى) 7 - ئايدا، بېشىر ۋاڭنىڭ ئوغلى مۇھەممەت خوشۇت چىڭۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلدى.

مۇھەممەت تۇغما پالەچ بولۇپ، ئۆز - ئۆزىنى جوڭقۇرالمىغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «پالەچ ۋاڭ» دەپ ئاتايدۇ. ئوردىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۇنىڭ ئانىسى مېھرىبانۇ ئۆز قولىدا تۇتىدۇ. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر مېھرىبانۇ دېگەن ئايال ۋاڭنىلا بىلىپ، مۇھەممەت ۋاڭنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن.

مېھرىبانۇمۇ بېشىرگە ئوخشاش چىڭ ھۆكۈمىتىگە ناھايىتى سادىق بولىدۇ. ئۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرىنى ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىغا يەرمۇ بېرىدۇ. تۇڭجىنىڭ 7 ـ يىلى (1868 ـ يىلى) قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇلار يەنە بىر قېتىم ئادالەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىدۇ. مېھرىبانۇ پائال ھەربىي خىراجەت ئەملەپ، تەيجى، بەگ ۋە ئەسكەر ئەۋەتىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنىنىڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشىغا ھەمكارلىشىدۇ. تۇڭجىنىڭ 8 ـ يىلى (1869 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، چىڭ ھۆكۈمىتى مېھرىبانۇغا چىڭۋاڭ فۇجۇڭلۇق مەرتىۋىسىنى بېرىدۇ.

تۇڭجىنىڭ 12 ـ يىلى (1873 ـ يىلى)7 ـ ئايدا، شەنشىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بەي يەنخۇ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى يۈسۈپ بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىپ، شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىدۇ. 8 ـ ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بەي يەنخۇ مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى، مېھرىبانۇنى ۋە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلاردىن 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ، بوغازغا چېكىنىدۇ. 9 ـ ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى ئۇلارنى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. بەي يەنخۇ تەڭ كېلەلمەي، قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ غەربكە چېكىنىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى لياۋدۇنغىچە قوغلىشىپ بېرىپ، مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. ئەمما مېھرىبانۇ بەي يەنخۇ تەرىپىدىن چىقتىمغا ئېلىپ كېتىلىدۇ.

مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن، شەھەر ئىچى خارابىلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆي ـ ئىمارەت ۋە سېپىللارنى رېمونت قىلىشقا 20 مىڭ سەر تەڭگە بېرىدۇ. خىراجەت يەتمىگەچكە، مۇھەممەت چىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئۆزىنىڭ 10 يىللىق مائاشى ئۈچۈن 20 مىڭ سەر تەڭگە قەرز ئالىدۇ (قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يىللىق مائاشى 2000 سەر تەڭگە ئىدى).

بەي يەنخۇ چىقتىمدىن تۇرپانغا كېلىپ، مىللىي مەنپەئەتنى سېتىپ، قوقان خانلىقىنىڭ ئەمەلدارى ياقۇپ بەگكە تەسلىم بولىدۇ. ئۇلار مېھرىبانۇنى بۈگۈرگە ئېلىپ كېلىپ يوشۇرۇپ قويىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى مېھرىبانۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ياقۇپ بەگ، كۆرۈنۈشتە، ئۇنى قايتۇرۇشقا ماقۇل بولغان بولۇپ، ئاستىرتىن، قۇمۇلغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا پائال تەييارلىق كۆرىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ سۇيىقەستىنى سېزىۋېلىپ، گۇاڭشۈنىڭ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، ئەسكەر چىقىرىپ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى چىقتىم، پىچان، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشغال قىلىدۇ. ياقۇپ بەگ بىلەن بەي يەنخۇ غەربىي جەنۇبقا قاراپ قاچىدۇ. يىل ئاخىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى ياقۇپ بەگنى، بەي يەنخۇنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى تۇرپاننى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنگەن قۇمۇللۇق دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنى قۇمۇلغا قايتۇ-

رىدۇ. گۇاڭشۇنىڭ 4 - يىلى (1878 - يىلى) 1 - ئايدا، مېھرىبانۇمۇ چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. بۇ چاغدا، ۋاڭ ئوردىسى تېخىمۇ خارابىلىشىپ، ۋاڭنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشىمۇ تەس بولۇپ قالغانىدى. 5 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى ۋاڭ ئوردىسىغا تۇرمۇش خىراجىتى قىلىش ئۈچۈن 20 مىڭ سەر تەڭگە بېرىدۇ.

ئۇرۇش يىللاپ داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن، جايلاردىكى ۋاڭ - گۇڭلارنىڭ تولىسى خەلق ئارىسىغا كىرىپ يوقىرا قىياپىتىگە كىرىۋالغان، كونا تۈزۈلمىنىڭ ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان ئىگىلىكنى تېزرەك قايتا تىكلەش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى جايلاردا ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىلىرىنى تەسىس قىلىدۇ. قۇمۇل ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ «قول ئاستىدا ئۇيغۇرلار يەنىلا كۆپ»، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى يەنىلا مۇكەممەل ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئەمما، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە زور چەكلىمىلەرنى قويۇپ، «قۇمۇل تۈركپەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدۇ»، «بارلىق دەۋا ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت سوراپ، ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىدۇ»، ئەگەر بەگلەر خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، يۇقىرىنىڭ ئۇلارنى خىزمىتىدىن ئېلىۋېتىش ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

گۇاڭشۇنىڭ 8 - يىلى (1882 - يىلى) مۇھەممەت ۋاپات بولىدۇ. مۇھەممەتنىڭ ئوغلى ۋە قېرىنداشلىرى بولمىغاچقا، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ نەسەبى مۇشۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

## 9§. توققۇزىنچى ئەۋلاد ۋاڭ شامەخسۇت

توققۇزىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت (1882 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان).

مېھرىبانۇ قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندە، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. بۇ چاغدا مېھرىبانۇنىڭ كىچىك قىزى بويىغا يېتىپ قالغان (چوڭ قىزى ھارۋا ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كەتكەن)، تېخى تۇرمۇشقا چىقىرىلمىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا، تۆمۈرتى دېگەن يەردە كونا ۋاڭ بېشىرنىڭ ۋاقتىدىكى تاھىر تەيجىنىڭ شامەخسۇت دېگەن بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ قويۇلۇپ، بىر مالچى موماينىڭ يېنىدا ئۆسكەنىدى. مېھرىبانۇ بۇ «ئاقسۆڭەك» پۇشتىنى تاپقاندىن كېيىن، كىچىك قىزىنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويىدۇ. توي بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي مېھرىبانۇ كۈيئوغلىنى مۆھۈر بەگلىككە قويۇپ، ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇزىگە ياردەمچى قىلىۋالىدۇ. شامەخسۇت ناھايىتى چېچەن ھەم كىشلەرنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋېلىشقا ماھىر بولغاچقا، بىرنەچچە يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا ھەممەيلەن بىلەن ناھايىتى چىقىشىپ كېتىدۇ. مۇھەممەت ئۆلگەندىن كېيىن، ۋاڭ ئوردىسى چىڭ

ھۆكۈمىتىگە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى ۋاڭنىڭ ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنىدۇ، گۇاڭشۈنىڭ 8-يىلى (1882-يىلى) 7-ئايدا، چىڭ ھۆكۈمىتى شامەخسۇتنىڭ جاساق خوشۇت چىڭۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى تەستىقلايدۇ. شامەخسۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، كونا تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، ھاشار ۋاقتىنى ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگە كۆپەيتىدۇ، ھەر خىل قەبىھ ۋاسىتىلەر بىلەن دېھقانلارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ. ئوردىنىڭ بايلىقى بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا كۆپىيىپ كېتىدۇ. گۇاڭشۈنىڭ 9-يىلى (1883-يىلى)، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن ۋەيران بولغان قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ قەبرىسىنى ياساشقا قۇربى يەتمىگەن شامەخسۇت چىڭ ھۆكۈمىتىدىن 10 يىللىق مائاشى ئۈچۈن 20 مىڭ سەر تەڭگە قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا، ۋاڭ ئوردىسى ئۆز چىقىمىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغان بولۇپلا قالماي، بەلكى چىڭ ھۆكۈمىتىگە «تەڭگە تەقدىم قىلىدۇ»غانمۇ بولۇپ قالىدۇ. خان شامەخسۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش قابىلىيىتىگە ئىنتايىن قىزىقىسىنىپ، ئۇنىڭغا «ئۈچ كۆزلۈك گۈللۈك پەي ئىنئام قىلىدۇ، چيەنچىڭ دەرۋازىسىدىن پىيادە كىرىپ-چىقىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ».

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، جايلاردىكى بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىنىدۇ، فېئوداللىق ھاشارلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، ۋەزىيەت نىسپىي ھالدا مۇقىملىشىپ، ئىگىلىك تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. ئەمما، قۇمۇلدا چىڭ ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ناھايىتى تار بولۇپ، جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلارنىلا ئىدارە قىلاتتى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بىلەن يەر-زېمىننىڭ ھەممىسى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل بولۇپ، بەئەينى دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت ئىدى. شامەخسۇت مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە شارائىتتا خالىغىنىنى قىلىدۇ، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى يەنىلا قۇللۇق تۈزۈمى ئاستىدا ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

شامەخسۇت چىڭ ھۆكۈمىتىگە چەكسىز سادىق بولۇپ، ئىلگىرى-ئاخىر كۆپ قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىدۇ. گۇاڭشۈنىڭ 30-يىلى (1904-يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ نۆۋەت بىلەن پايتەختكە بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىش مۇددىتىنى بەش يىلغا ئۆزگەرتىدۇ. شامەخسۇتنىڭ مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاچقا، ئالدىنقى قاتارغا قويۇلىدۇ، ئۇ شۇ يىلى بېيجىڭغا بېرىپ مۇكاپاتلىنىدۇ. ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلىغان چاغدا، شامەخسۇت چىڭ ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇانىڭ ئىنقىلابنى باستۇرۇشىغا ياردەملىشىدۇ.

چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، شامەخسۇت بىرقانچە ئون يىل يۇرت سوراپ، ئوردىنىڭ بايلىقىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيتىۋالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، شامەخسۇت ئاچكۆزلۈك قىلىپ، ھاشار ۋاقتىنى يەتتە كۈنگە ئۇزارتىدۇ. چوڭ-كىچىك بەگلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ھەر خىل سېلىقلارنى سېلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدا ئۇيغۇر دېھقانلار دەردكە چىدىيالماي قالىدۇ، دېھقانلار قاتتىق ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق-

تىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىل زوراۋانلىق گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى قوزغىلاڭغا سەۋەب بولىدۇ. مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، قۇمۇلدا يەنە كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلىدۇ. شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت بايانات ئېلان قىلىپ، «جايلاردىكى ۋاڭ - گۇڭلار ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالىدۇ» غانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. دېمەك، يېڭى ھاكىمىيەتمۇ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قالىدۇ. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مىنگو ھۆكۈمىتى جايلاردىكى ۋاڭ - گۇڭلاردىن بېيجىڭغا كېلىپ زىيارەت قىلىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلغاندا، قۇمۇل جاساق چىڭۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئىسمى بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

شامەخسۇتنىڭ بېيجىڭغا كېلىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى زۇڭتۇڭ يۈەن شىكەي ئۇنىڭغا يول خىراجىتى ئۈچۈن 2000 يۈەن پۇل بېرىدۇ، ياڭ زېڭشىنغىمۇ 10 دانە ھارۋا چىقىرىپ بېرىدۇ. مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى)، شامەخسۇت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى نەزەر بېيجىڭغا بارىدۇ، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يۈەن شىكەي شامەخسۇت بىلەن ئوغلىنى قوبۇل قىلىپ، نەزەرنى بېزىلىككە كۆتۈرىدۇ؛ 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يەنە شامەخسۇتقا 1 - دەرىجىلىك جياخې ئوردېنى تەقدىم قىلىدۇ ھەم ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قوش مائاش بېرىدۇ (چىڭۋاڭنىڭ يىللىق مائاشى 2000 يۈەن ئىدى، قوش مائاشلىق بولغاندا 4000 يۈەن بولىدۇ). 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شامەخسۇتقا ھىمايىچى سەركەردە مەنسىپىنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قۇمۇلنى باشقۇرىدىغان موڭغۇل قىزىل جىيەكلىك ئۇيغۇر قوشۇنىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق قوش چىڭۋاڭ ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ.

مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) 12 - ئايدا، يۈەن شىكەي كېيىنكى يىلنىڭ سەلتەنەت نامىنى خۇڭشىيەننىڭ 1 - يىلى دەپ ئۆزگەرتىپ، خانلىق تەختكە ئولتۇرۇش تەييارلىقىنى كۆرىدۇ. جايلاردىكى فېئودال قالدۇق كۈچلەر كەينى - كەينىدىن يۈەن شىكەينى بالدۇرراق «تەختكە ئولتۇرۇش» قا ئالدىرىتىدۇ. جۈملىدىن قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت قاتارلىق 12 جايدىكى موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ - گۇڭلارمۇ يۈەن شىكەيگە قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ «تېزرەك تەختكە ئولتۇرۇش» ىنى تىلەيدۇ. لېكىن، يۈەن شىكەينىڭ رەزىل قىلمىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، سەي ئې يۈننەندە يۈەن شىكەينى جازالاپ، ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىنى قوزغايدۇ. شامەخسۇت ئەكسىيەتچىل مەيداندا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) 1 - ئايدا سەككىز ئۇيغۇر قوشۇنى (قۇمۇل، ئالتاي، ئۈچتۇرپان، باي، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن)، قۇمۇلنىڭ قوش چىڭۋاڭى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قۇتلۇقلاش ئەمەلدارى، قوشۇمچە مۇسۇلمانلار ۋەكىلى لى چيەننى ئەۋەتىپ، يۈەن شىكەينىڭ «خان» بولۇشىغا قارشى تۇرغان «ئاسىيلار» نى

قەتئىي يوقىتىپ، دۆلەتكە خىزمەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، «شاھىمىزنىڭ خانلىق تەختىگە بالدۇرراق چىقىپ، پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇشىنى تەكرار سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز» دەيدۇ ھەمدە «شاھىمىزنىڭ كەمىنىلىرىگە قاراقچىلارنى جازالاپ، توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ، پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلىش، تەڭرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قاۋۇل ئەرلەردىن قوشۇن تۈزۈپ، دەرھال جەنۇبقا جازا يۈرۈشى قىلىش ھوقۇقى بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن» دەپ تەلەپ قويىدۇ.

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) نىڭ بېشىدا، شامەخسۇت ئاغرىپ پالەچ بولۇپ قالىدۇ ۋە كېسىلى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىدۇ. تۈرلۈك داۋالاشلار ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن، ئۇ، مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ، گۇناھىغا توۋا قىلماقچى بولىدۇ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شامەخسۇتنىڭ جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ماقۇل كۆرمەيدۇ. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، قۇمۇلغا 48 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان شامەخسۇت ئاخىرى كېسەل بىلەن ئۆلىدۇ.

# III باب قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئاخىرقى كۈنى

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن شامەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەرگە ۋاقتىنچە مۇھۆردارلىق ئىشلىرىنى بېجىرىپ تۇرۇشىنى ھەم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ تۇرۇشىنى تاپشۇرىدۇ. بۇ چاغدىكى ئوردىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرىنى غالجىرلىق بىلەن شوراپ، ئۆزىنىڭ كەيىپ - ساپالىق تۇرمۇشىنى قامداشتىن باشقا، ھېچقانداق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر فېئودالىق يۈك بولۇپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەتتىن ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلىدۇ. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ شىجاڭى لىيۇ شىزېڭ رەئىس جىن شۇرېنغا مەكتۇپ يوللاپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ۋاڭلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەر - زېمىن ۋە پۇقرالارنى ھۆكۈمەتكە قارايدىغان قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئالاھەزەل شۇ ۋاقىتتا نەزەر ئۈرۈمچىگە چىقىپ، جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشۈپ، «ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، ئۆزىنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. جىن شۇرېن نەزەرگە ۋاڭلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان

ئەمەلدار قويۇش» نى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا سىلىق نەسىھەت قىلىدۇ. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) 7 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى قۇرۇشنى قارار قىلىپ، لۇڭ شىيېلىن، چېن داشىڭ، جۇيۇ شىيالارنى باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىدۇ. 8 - ئايدا لۇڭ شىيېلىن، چېن داشىڭ، جۇيۇشىيالار كەينى - كەينىدىن قۇمۇلغا بېرىپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ «تەۋەلىكىدىكى يەر كۆلىمى، ئادەم نوپۇسى، بۇرۇندىن كېلىۋاتقان باج - سېلىق ۋە باشقا ئۆزگەرتىشكە ياكى يولغا قويۇشقا تېگىشلىك ئىشلار» نى ئېنىقلاشقا كىرىشىدۇ. نەزەر ۋە ئۇنىڭ جايلاردىكى قولچوماقلىرى فېئوداللىق ئىمتىيازلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا تەن بەرمەي، باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى باشلانغان ھامان، تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئىشنى ئاقسىتىشقا ئۇرۇنىدۇ، تۇرۇپ يەر ۋە باج دەپتەرلىرىنى تاپشۇرمايدۇ، تۇرۇپ ئوردىنىڭ سابىق ئەمەلدارلىرىنى چاتاق چىقىرىشقا قۇتراتقۇپ، باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. نەزەر يەنە جىن شۇرېنغا خەت يېزىپ، بىر تەرەپتىن، يالغاندىن بويرۇققا ئىتائەت قىلغان بولۇۋالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئوردا يەرلىرىنى ئېنىقلاشنى كەچۈرۈم قىلىش» نى ۋە «بۇرۇنقى يەر - زېمىن، پۇقرالار تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئاشلىق بېجى، دەۋا ئىشلىرى، ئەمەلدارلارنى ئىشقا تەيىنلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار» نى ئىسلاھ قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. جىن شۇرېن بۇنى كەسكىن رەت قىلىپ، نەزەر ۋە ئوردىدىكى ئەمەلدارلارغا تۈرلۈك تىزىم دەپتەرلىرىنى تېزدىن تاپشۇرۇش توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە ئارىلىشىشى بىلەن، باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يەر - زېمىنلىرىنى، باج ۋە نوپۇسىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تاماملايدۇ. 11 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىسلاھ لايىھىسىنى ئېلان قىلىپ، قۇمۇلدا ئۈچ ناھىيە تەسىس قىلىش، ئەسلىدىكى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يەرلىرىنى ئىختىيارىي تېرىشقا يول قويۇش، باجنى ھۆكۈمەت ئېلىشنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قۇمۇل ۋاڭىغا ئەۋلادتىن - ئەۋلاد مىراس بولۇپ كەلگەن ئىمتىياز ۋە يەر - زېمىن، ئاھالە، باج قاتارلىقلار ئۇزۇل - كېسىل ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

جىن شۇرېن نەزەرنىڭ قۇمۇل بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى دېگەن قۇرۇق نام ئاستىدا نەزەربەنت قىلىپ قويىدۇ.

«ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بويانقى ئارزۇسى ئىدى، ئەمما جىن شۇرېن كونكرېت ئىسلاھات جەريانىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ھېسسىياتىغا تېگىدىغان خاتا سىياسەتلەرنى قوللانغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوردىدىكى كونا ئەمەلدارلار ھەر تەرەپتىن بۇزغۇنچىلىق ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) 4 - ئايدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى

بولۇپ، جىن شۇرېن ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى ليۇۋېنلۇڭ نەزەرنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك قوغداش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەيدۇ. نەزەر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىۋالدۇ. بۇ چاغدا، ئۆز ۋاقتىدىكى ھەشەمەتلىك ۋاڭ ئوردىسى ئۇرۇشتا خارابىلىققا ئايلىنىپ قالغانىدى. نەزەرنىڭ تۇرغۇدەك ئۆي-جايى بولمىغانلىقتىن، ھەسەن ياڭخاڭنىڭ ئۆيىدە ۋاقىتلىق ئولتۇرۇپ تۇردۇ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدە بىرقانچە ئېغىز ئۆينى ئوڭشاپ كۆچۈۋالدۇ.

«12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لوۋېنگەننى شىنجاڭغا تەشۋىق قىلىش ۋە ھال سوراشقا ئەۋەتىدۇ. مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) 9-ئاينىڭ 2-كۈنى، لوۋېنگەن قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن شەھەر ئىچىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ، ئاندىن مەركىزىي ھۆكۈمەت نامىدىن نەزەرگە 1000 تەڭگە بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ياردەم بېرىشنى تاپشۇرىدۇ. قايتىش ۋاقتىدا لوۋېنگەن نەزەر بىلەن خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشىدۇ. نەزەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەركەز بىلەن ئالاقە باغلاپ، ۋاڭلىق تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خام خىيالىدا بولىدۇ. لېكىن قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ بۇ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. نەزەر شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇزۇل-كېسىل ئۈمىدسىزلىنىپ، چېكىملىك ۋە ئىچىملىككە بېرىلىپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ، ئاخىر بېرىپ ئېلىشىپ قالىدۇ. مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) 9-ئايدا نەزەر ئەپيۇن سۈيىنى كۆپ ئىچىۋالغانلىقتىن زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ.

نەزەرنىڭ توققۇز خوتۇنى بارئىدى، ئۇ ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەن.

نەزەرنىڭ چوڭ ئوغلى بېشىرمۇ ۋاڭلىق ھوقۇقىنىڭ قولدىن كەتكىنىگە تەن بەرمەيدۇ. قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان چاغدا، بېشىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى نۇرغۇن پۇل-مال بىلەن قوللايدۇ. مىنگونىڭ 20-يىلى (1931-يىلى) 10-ئايدا، جىن شۇرېن ئۇرۇمچىدە نەزەربەنت قىلىپ تۇرغان نەزەر بېشىرگە ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرماسلىق توغرىسىدا خەت يازغانىدى، لېكىن بېشىر ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) 5-ئايدا، ما جۇڭيىڭ 2-قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، بېشىرنى تۇرپاننىڭ شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ. مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) ما جۇڭيىڭ مەغلۇب بولۇپ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىدۇ، بېشىر بولسا قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا، يولۋاسمۇ قۇمۇلغا كېلىپ، ئۆزىچە ھاكىم بولۇۋېلىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتاتتى. ئۇ، بېشىرنىڭ قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ياقتۇرماي، ئۇنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن چەتكە قاقىدۇ. بېشىر پەيچان سۇبېشىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا بېشىر ئەل ئارىسىدا يۇقىرىلارغا ئارىلىشىپ يۈرىدۇ. مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) ھەر-

قايسى ناھىيىلەردە ئاتالمىش ھاكىم سايلىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، بېشىر ھەر تەرەپلىمە ھەرىكەت قىلىش يولى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇۋالىدۇ. 1949 - يىلى نىڭ بېشىدا ھاكىملىقتىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

بېشىر زالىم، ئىشرەتپەرەس بولغاچقا، خەلقنىڭ غەزىپى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. قايىنام - تاشقىنلىق ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە، فېئوداللارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىنى يەتكىچە تارتقان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ، بېشىرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. 1951 - يىلى بېشىر تۈرمىدە كېسەل بىلەن ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ھەممىسى دېھقان بولىدۇ.

# IV باب ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى

كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى موڭغۇللارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى بويىچە قۇمۇلنى خوشۇن (خوشۇن — ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىيەت بىرلەشتۈرۈلۈپ كەتكەن بىرخىل تەشكىلىي شەكىل) قىلىپ تۈزۈپ، ئەبەيدۇللانى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىغا 1 - دەرىجىلىك جاساق قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىنكى يىلى (1698 - يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇلغا ئەمەلدار ئەۋەتىپ، رەسمىي خوشۇن قۇرۇپ، قوشۇن تەشكىللەپ، ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىدۇ. 1912 - يىلى جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان چاغدا، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى داۋاملىق ئېتىراپ قىلىنىپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تۈزۈمى بويىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. كېيىن شامەخسۇت ئوردا ئاپپاراتلىرىنى ئۆز ئېھتىياجى بويىچە ئۆزگەرتىدۇ. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئاپپاراتلىرى چوڭ، ئىش تەقسىماتى ئىنچىكە بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىشىغا تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت يارىتىلىدۇ. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئوردىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى يىمىرىلىدۇ.

ۋاڭ ئوردىسى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئوردىنىڭ قاراۋۇللار يىغىنى دەپ ئاتىلىدىغان 500 كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. ۋاڭ ئوردىسىدا سوت، تۈرمە، ساقچى تەسىس قىلىنغانىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى دەۋا ئەنزىلىرىنى پۈتۈنلەي ۋاڭ ئوردىسى سوراپ ھۆكۈم چىقىراتتى. خەنزۇلار بىلەن بولغان ماجىرا ئەنزىلىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇيغۇر خەلقى چىڭ ھۆكۈمىتىگە باج تاپشۇرمايتتى، ۋاڭ ئوردىسىغا ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ھاشارغا ئىشلەپ بېرەتتى. ۋاڭ ئوردىسى چىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم ساندا ئاشلىق سېتىپ بېرەتتى. بۇ

ئاشلىقنى ۋاڭ ئوردىسى چىڭ ھۆكۈمىتى سېتىۋالىدىغان باھادىن تۆۋەن باھادا ئۆيمۇ-ئۆي دېھقانلاردىن مەجبۇرىي سېتىپ ئالاتتى. ۋاڭ ئوردىسى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويغانىدى. قۇمۇل ۋاڭى يەنە قۇمۇلدا ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي ھوقۇقدارى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىدىكى مەسچىت ۋە چوڭ ئاخۇنۇملارنى بىۋاسىتە باشقۇراتتى، ئاندىن بۇ ئاخۇنۇملار ئارقىلىق باشقا مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىنى بەلگىلەيتتى.

ۋاڭ ئوردىسى بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ۋاڭلار ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، خاننى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. ھەر يىلى چىڭ ھۆكۈمىتىگە سوۋغات يوللاپ تۇراتتى، سوۋغاتلار ئىچىدە ئارغىماق، قوغۇن، قوغۇن قېقى، ماتا، بۆكەن مۈڭگۈزى، بىلەي تاش، ئالتۇن - كۈمۈش، غىلاپلىق پىچاق، قول ياغلىق، قامچا، ئۈزۈم قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە كۈمۈش بۇيۇملارنىمۇ ئالغاچ بېرىپ، باشقا مەرتىۋىلىك ئەمەلدارلارغا پارا بېرەتتى.

چيەنلۇڭنىڭ 59 - يىلى (1794 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ بىر ئەمەلدارىنى مۇسۇلمانلارغا دائىر ئىشلارنى باشقۇرغۇچى زەڭگى قىلىپ قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، ئۇنى ۋاڭ ئوردىسى بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ۋاسىتىچى قىلغان، كېيىن مۇسۇلمانلارغا دائىر ئىشلارنى باشقۇرغۇچى زەڭگىنى ئىككىگە كۆپەيتكەن، يېڭىدىن بىر مىرزا قويغان. بۇ ئەمەلدارلار ئىككى يىلدا بىر ئالمىشىپ تۇرغان.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مەرتىۋىسى يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى (ئۆلكە قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى مۇپەتتىش خان ئامبال، قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمە باشلىقى ياكى ئامبال) نىڭ قۇمۇل ۋاڭىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولغاچقا، ئادەتتە قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى يەرلىك ھۆكۈمەتنى خېلى ھۆرمەت قىلاتتى. يەرلىك ھۆكۈمەتمۇ، ئومۇمەن، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى.

**ۋاڭ ئوردىسىدىكى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تۆۋەندىكىچە:**

جاساق بىر كىشى: خوشۇن باشلىقى يەنى ۋاڭ. بۇنى خان بەلگىلەيدۇ.

توسراقچى تەيجى ئىككى كىشى: خوشۇن ئىشلىرى ياردەمچىسى ۋە ياردەمچى تەيجى (ئادەتتە چوڭ تەيجى، كىچىك تەيجى دەپ ئاتىلىدۇ)، جاساقنىڭ پۈتۈن خوشۇننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ياردەملىشىدۇ.

تۈغچى خوشۇن زەڭگىسى (قوماندان) بىر كىشى: جاساق ۋە توسراقچى تەيجىنىڭ قوماندىسى بويىچە پۈتۈن خوشۇننىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

مېيلى زەڭگى (مۇئاۋىن قوماندان) بىر كىشى: ۋەزىپىسى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

(يۇقىرىدىكى ئەمەلدارلارنى قۇمۇل ۋاڭى خان ئامبال ئارقىلىق ۋاسساللار مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىدۇ).

زالەن زەڭگى (جارائىرجىن) ئىككى كىشى: سۇمۇن زەڭگىلەرنىڭ باشلىقى.
نىرو زەڭگى (سۇمۇن زەڭگى) 13 كىشى: ئاھالە ـ نوپۇس، يەر ـ تۇرالغۇ جاي، ئەسكەرلەر تەۋەلىكى قاتارلىقلارنى باشقۇرىدۇ.
فىند بىبوشكو (چەۋەنداز چېرىكچى) 13 كىشى: سۇمۇن زەڭگىلەرنىڭ ياردەمچىسى.
1 ـ دەرىجىلىك قوغدىغۇچى بەش كىشى.
2 ـ دەرىجىلىك قوغدىغۇچى ئۈچ كىشى.
5 ـ دەرىجىلىك قائىدە ـ يوسۇنچى بىر كىشى.
6 ـ دەرىجىلىك قائىدە ـ يوسۇنچى بىر كىشى.
(يۇقىرىدىكىلەرنى قۇمۇل ۋاڭى تەيىنلەيدۇ)

شامەخسۇت زامانىدا كونا تۈزۈم ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىلگەن. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قول ئاستىدا، چوڭ تەيجى ئىچكى ئىشلارنى، كىچىك تەيجى تاشقى ئىشلارنى باشقۇرغان. چوڭ ـ كىچىك تەيجىلەرنىڭ قول ئاستىدا ھەر دەرىجىلىك قازى، بەگلەر بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەدلىيە، ئامانلىقنى ساقلاش، باج، ھەربىي ئىشلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى، دىنىي ئىشلار، كاتىبات ۋە باشقا ئىشلارنى باشقۇرغان. يەرلىك مەمۇرىيەت جەھەتتە، ھەربىر كەنتكە بىردىن دورغا (كەنت باشلىقىغا تەڭ)، دورغىنىڭ قول ئاستىدا بىردىن قورمال، بىردىن مۇھتەسىپ قويۇلغان. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەدلىيە، مەمۇرىي ئىشلار ۋە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغان. قۇمۇل ۋاڭى يەنە تىميانشان تاغ رايونى، شەھەر ئەتراپى، تۇخۇلۇلارغا بىردىن ئۇچبېگى تەيىنلەپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئامانلىقنى ساقلىغان.

**شامەخسۇت زامانىدىكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرى ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملىرى تۆۋەندىكىچە:**

ۋاڭ: قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى.
تەيجى: ۋاڭغا ياردەملىشىپ، ۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئورگانلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى باشقۇرىدۇ. بۇ ۋەزىپىگە ئاقسۆڭەكلەردىن قويۇلىدۇ.
چوڭ مىرزا: خەنزۇ تىلىدا خانغا يوللىنىدىغان مەلۇماتنامە، ئىلتىماس ۋە مەكتۇبلارنى تەييارلايدۇ ھەمدە خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىگە خەنزۇلاردىن قويۇلىدۇ.
ئەلەم: دىنىي ئىشلار بىلەن ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
مەلۇمچى: بۇيرۇق يەتكۈزگۈچى بولۇپ، ۋاڭنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.
قازى: دىنىي باشلىق.
چوڭ تىلماچ: چوڭ تەرجىمان.
ئىشكئاغا: ۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھەم ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

مىر غەزەپ: سوتچى بولۇپ، جازا ھۆكۈم قىلىشقا ۋە زىندان باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

كىچىك مىرزا: ۋاڭغا ھۆججەت، بۇيرۇقلارنى يېزىپ بېرىدۇ، ئوردىنىڭ مۈلۈكلىرىنى ۋە كىرىم - چىقىم ھېساباتلىرىنى خاتىرىلەيدۇ. كىچىك مىرزىلارنىڭ بەزىلىرى چارۋىچىلىق ھېساباتىغىمۇ مەسئۇل بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىگە خەنزۇلاردىن قويۇلىدۇ.

پاششاپ: ساقچى ئەمەلدارى بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولىدۇ.

مىراب: سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

ئۇچبېگى: ئالدىنقى سەپ قوشۇنىنىڭ ئەمەلدارى.

توغ بېگى: ھەربىي قىسىمدا بايراق باشقۇرغۇچى ئەمەلدار بولۇپ، ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ۋاڭ جەمەتى ناماز ئوقۇتقاندا تەرەت سۈيى تەييارلاپ بېرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

چەپبېگى: ۋاڭ سىرتقا چىققاندا، ۋاڭنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدا ماڭىدىغان مۇھاپىزەتچىلەر.

كا: ۋاڭنىڭ يېنىدا يۈرىدىغان مۇھاپىزەتچىلەر.

خەزىنىچى: خەزىنە باشقۇرغۇچى بولۇپ، ۋاڭ جەمەتىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ساقلايدۇ.

بازار بېگى: شەھەر - بازارلاردىكى كاسىپلار بىلەن سودىگەرلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

دورغا: كەنت باشلىقى.

پىيادە قازى: ۋەزىپىسى قازىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئورنى تۆۋەنرەك. بۇ، پىيادە دېگەن سۆزدىنمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ.

مۇھتەسىپ: دىنىي مۇپەتتىش بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ۋاقتى - ۋاقتىدا نامازغا چىقىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ناماز ئاخىرىدا قۇرئان تەپسىر قىلىپ بېرىدۇ.

بۆكۈل: ۋاڭ تاماق يەيدىغان چاغدا داستىخان سالغۇچى.

غوپچىچى: ۋاڭ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن داستىخان يىغقۇچى.

پىيادە پاششاپ: ۋەزىپىسى پاششاپقا ئوخشايدۇ، ئەمما ئورنى تۆۋەنرەك.

مىراقۇل: ۋاڭنىڭ ئاتلىرىنى باشقۇرغۇچى.

مەتەر: ۋاڭنىڭ ئۇششاق - چۈشەك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

نەقىپ: ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئۇششاق - چۈشەك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

تۇغچى: مەدەنىيەت ئىشلىرى كاتىپى.

خەتىپ: ۋاڭ ئوردىسىدىكى نىكاھ ئوقۇغۇچى بولۇپ، كىشىلەر توي قىلسا، نىكاھ ئوقۇپ بېرىدۇ.

قۇرمال: دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئەمەلدارى.

قۇشبېگى: ۋاڭ ئوردىسىدىكى قۇش - ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

قوۋزۇق بېگى: دەرۋازىۋەن.

بۆرە بېگى: ئۇۋ ـ شىكار ئەمەلدارى.
كىچىك تىلماچ: كىچىك تەرجىمان.
سەدىر: مەدرىس، مەسچىت، ۋەخپە ۋە مازارلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.
يوسۇل: چاقىرىش، خەت توشۇش ۋە باج ـ سېلىق يىغىشقا مەسئۇل بولىدۇ.
كاتىۋال: ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا مەسئۇل ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار.
بوسۇق: يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

# 7 باب قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلۈكلىرى

## 1§. يەر ـ زېمىنلىرى

چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى «خان بېكىتكەن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ ـ گۇڭلىرى يىلنامىسى» دا خاتىرىلىنىشىچە، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ دائىرىسى شەرقتە قالقىغا، غەربتە تۇرپانغا، جەنۇبتا قۇملۇق چۆلگە، شىمالدا بارىكۆلگە تۇتاشقان. قۇمۇل ۋاڭى شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، جەمئىي 13 يېزىغا ھۆكۇمرانلىق قىلغان، بۇ يېزىلار: سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە، يەندۈك، شىكشىكشىيا، باي، نوغاي، تالناچىن (تاشۋېلىق)، بەنچىچۈەن (تاشۋېلىقنىڭ 250 چاقىرىم شەرقىي جەنۇبىدا)، دۇربەجىن، بۇلۇت ئېغىز (قۇمۇل شەھىرىدىن 400 چاقىرىم شەرقىي جەنۇبتا) دىن ئىبارەت.

چيەنلۇڭنىڭ 47 ـ يىلى (1782 ـ يىلى) دىكى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىمۇ يۇقىرىقىدەك خاتىرىلەنگەن بولۇپ، پەقەت سايبېشى دەريا (سەيخۇمياۋ) لا قوشۇلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (جياچىڭ ئۇيما نۇسخىسى)دا: قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ دائىرىسى شەرقتە تالناچىن ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قالقا چېگرىسىغا، غەربتە لياۋدۇنىڭ غەربىدىكى توغراقلىق ئارقىلىق تۇرپان چېگرىسىغا، جەنۇبتا قۇملۇق چۆلگە، شىمالدا تيانشان ئارقىلىق بارىكۆلگە تۇتىشىدۇ، قۇمۇل ۋاڭى شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا دور ـ مۇگەي (باي)، غازىيەندۈك، بۇلۇتئامان (بۇلۇت ئېغىزى)، سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە، چاغانغۇلخەي، سايبېشى (سەيخۇمياۋ)، تاشۋېلىق قاتارلىق 12 يېزا بار، دېيىلگەن.

يەنە شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك

تەزكىرىسى» دە قۇمۇل زېمىنىنىڭ تۆت تەرەپ چېگرىسى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: شەرقتە شىڭشىڭشىيا ئارقىلىق ئەنشىگە تۇتىشىدۇ؛ جەنۇبتا ساۋخۇ ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدۇ؛ غەربتە، يۇدىنچۇەن ئارقىلىق پىچانغا تۇتىشىدۇ؛ شىمالدا سۇمىشتان ئارقىلىق بارىكۆلگە تۇتىشىدۇ؛ شەرقىي جەنۇبتا، بۇلۇت ئېغىز ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا، غەربىي جەنۇبتا، سەنجاپار ئارقىلىق تۇرپانغا، شەرقىي شىمالدا، ئاراش تېغى، قوشتۇدۇق ئارقىلىق موڭغۇلىيىنىڭ قالقا چېگرىسىغا، غەربىي شىمالدا بولىبۇرگۇس، لىباچۇەن، تىزىچۇەن ئارقىلىق بارىكۆلگە تۇتىشىدۇ. قۇمۇل ۋاڭى تەۋەلىكىدىكى يېزا-كەنتلەر توغرىسىدا، ئەينى ۋاقىتتا تەڭلا تۈزۈپ چىقىلغان «قۇمۇل مەھكىمىسىگە قاراشلىق يۇرتلار تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل مەھكىمىسى كونا شەھەردە بولۇپ، قىزىلىيۇلغۇن، سەيخوجۇاڭ، دۆربەجىن، بۇلۇڭتوغراق، تاشۋېلىق، شەھەر ئەتراپى، سۇمقاغىدىن ئىبارەت يەتتە يېزا-كەنتنى باشقۇراتتى (بۇنىڭغا مۇشۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلار كىرمەيتتى)، قالغان جايلار قۇمۇل ۋاڭىغا قاراشلىق ئىدى.

مىنگونىڭ 18-يىلى (1929-يىلى) يەنى ئاخىرقى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت ئۆلۈشتىن بىر يىل بۇرۇن، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار ۋە ئادەم نوپۇسىنى تەپسىلىي تەكشۈرگەن. شۇ چاغدا، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار، ئاساسەن، شەھەر ئىچى، شەھەر ئەتراپى، شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمال تەرەپلەردىكى يېزىلار بولۇپ، ئالتە يېزىنىڭ 33 كەنتىگە جايلاشقان، ئادەم سانى 14 مىڭ 583 كىشىگە يېتەتتى. ھەرقايسى يېزىلار تەۋەسىدىكى كەنتلەر ۋە ئادەم سانى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

شەھەر ئەتراپ يېزىسى: ئاقيەر، قاراسۇ، سۇبېشى، لەڭگەر، ئېزىزىم، قاراڭلار، چاڭغۇ ۋە دۆربەجىن، ھەر بىر كەنتتە بىردىن دورغا بولۇپ، جەمئىي 2472 ئادەم بار ئىدى.

جەنۇبىي يېزا: تۆۋەنتۇر، لاپچۇق، قارادۆۋە. بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەنتۇردا بىر دورغا بولۇپ، 1153 ئادەم بار ئىدى، لاپچۇق، قارادۆۋىلەردە بىردىن قازى بولۇپ، 1680 ئادەم بار ئىدى.

غەربىي يېزا: سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى. بۇ كەنتلەرنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن قازى بولۇپ، 1210 ئادەم بار ئىدى.

شىمالىي يېزا: دۆربەجىن، باي، تاشار، تاراتى، تۆرۈك، نېرىن، قىزىلىيار، تۆمۈرتى، نېرىنكىر، تۆركۆل، توخۇلۇ، ئاداق، نوم، شۇپۇل، خوتۇنتام، باغداش ۋە ئېدىر. ئېدىر سەل كىچىك كەنت بولغاچقا، مۇھتەسىپ قويۇلغان، قالغان كەنتلەرگە دورغا قويۇلغان، جەمئىي 4512 ئادەم بار ئىدى.

شەرقىي يېزا: قاراموقچى ئەتراپى. بۇ يەرگە بىر دورغا قويۇلغان، جەمئىي 197 كىشى بار ئىدى.

شەھەر ئىچى: ئاھالىسى 3359 كىشى بولۇپ (يېڭىشەھەر، كوناشەھەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭغا كىرىدۇ)، قۇمۇل ۋاڭىغا بىۋاسىتە قارايتتى.

## §2. مال - مۈلكى

قۇمۇل ۋاڭى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا،«ھاشار»غا تايىناتتى، ئوردىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ھەر بىر ئۆيلۈك دېھقان قۇمۇل ۋاڭىغا ھەر ئايدا ئۈچ كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشى شەرت ئىدى. مانا بۇ «ھاشار» ھېسابلىناتتى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يەرلىرى، باغلىرى، چارۋىلىرى، سۇ ئىنشائاتلىرى، كۆمۈرلۈكلىرى ۋە تۈگمەنلىرىدە ھاشارغا كەلگەن دېھقان-چارۋىچىلار ئىشلەيتتى، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئۈششاق-چۈشەك ئىشلىرىنىمۇ ھاشارغا كەلگەنلەر قىلاتتى. بۇنداق ئېكسپىلاتاتسىيە شامەخسۇت زامانىدا چېكىگە يەتكەنىدى. ئوردا ھاشار ۋاقتىنى دەسلەپ بەش كۈن قىلىپ بەلگىلەپ، كېيىن يەتتە كۈنگە ئۇزارتقان. ئوردىدىكى چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار يەتتە كۈنلۈك ھاشارنى قاتلامىمۇ قاتلام كۆپەيتكەن. شۇنداق قىلىپ، بىر ئاي ئىچىدە دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە ئىشلىشى ئۈچۈن ھېچقانداق ۋاقىت قالمىغان. شامەخسۇتنىڭ بەلگىلىمىسى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ۋاڭنىڭ يېرىنى تېرىغانلار ئەتىيازدا ھەرمو يەرگە بىر كۆرە ئۇرۇق سالغان بولسا، كۈزدە ھوسۇلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر دادەن ئاشلىق تاپشۇرۇشى؛ۋاڭنىڭ ھەر 500 تۇياق قويىدىن 300 تۇيىقىنى سالىق ھېسابلاپ، كېلەر يىلى 300 تۇياق قوزا تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. دېھقانلار ئۆز يېرىنى سۇغارغاندا ۋاڭغا سۇ ھەققى تۆلەيتتى. سۇ ھەققى تاپشۇرۇشمۇ ئىككى خىل ئىدى: يا ئائىلە بويىچە ھەر مو يەرگە يېرىم كۆرە بۇغداي ياكى بىر يېرىم كۆرە قارا ئاشلىق تاپشۇرۇش لازىم ئىدى (بۇ «ئۇنۇك»دەپ ئاتىلاتتى)، يا كەنت بېشىغا چېچىلىپ، كىچىك كەنتلەر بىرنەچچە دادەن، چوڭ كەنت بىرنەچچە ئون دادەن تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. بۇ، «ئالتۇن ساڭ» دەپ ئاتىلاتتى. ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا خىللىرىمۇ بار ئىدى. مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندا، قۇمۇل ۋاڭى بىلەن مەسچىتلەر قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى پىششىق يەرلەرنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىۋالغان؛ ۋاڭ ئوردىسىدىكى چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار بولسا، 25 پىرسەنتىنى ئىگىلىۋالغان، ئەمما، ئاھالىنىڭ 85 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان دېھقانلارغا قالغان يەر 15 پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەن.

سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شامەخسۇت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە، ئۇنىڭ قۇمۇلدىكى تېرىلغۇ يېرى 30 مىڭ موغا، ئۈرۈمچى نەنلياڭدىكى يېرى 150 موغا، پىچان، لۈكچۈندىكى يېرى 3000 موغا يەتكەن؛ 16 ئورۇندا مېۋىلىك بېغى (قۇمۇلدا ئون بەش ئورۇندا، تۇرپاندا بىر ئورۇندا)بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ يەنە 15 مىڭ تۇياق قويى، 5000 دىن ئوشۇق يىلقىسى، 7000 دىن ئوشۇق كالىسى، 6000 — 7000 تۆگىسى، 18 تۈگمىنى، بىر كۆمۈر كانى بولغان. ۋاڭ ئوردىسىدا 46 ئاشلىق سېپى بولۇپ، ئۇلاردا تەخمىنەن 18 مىڭ دادەن زاپاس ئاشلىق، ئالتۇن-كۈمۈش خەزىنىلىرىدە نۇرغۇنلىغان ئالتۇن-كۈمۈش ساقلانغان. قۇمۇل ۋاڭى يەنە خانىنى

زىيارەت قىلىشقا بارغاندا، يېتىپ-قوپۇش ئۈچۈن بېيجىڭدا «قۇمۇل سارىيى»سالدۇرغان. ئۇنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدىمۇ ئۆي-جايلىرى بولغان.

## قوشۇمچە: قۇمۇلنىڭ كەنجى ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىقلىما

قۇمۇلنىڭ كەنجى ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئۆلگىنىگە ئەمدىلا يېرىم ئەسىر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى توغرىسىدىكى گەپلەر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەچچە خىل سۆز بار:

يىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىنگونىڭ 17-يىلى (1928-يىلى) ئۆلگەن ۋە مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى) ئۆلگەن دەيدىغان ئىككى خىل قاراش بار؛ ئاي جەھەتتىن ئېيتقاندا، 3-ئايدا ئۆلگەن ۋە 5-ئايدا ئۆلگەن دەيدىغان ئىككى خىل پىكىر بار.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى تۈزۈپ باستۇرغان «قۇمۇل ۋاڭلىرىغا دائىر تارىخى ماتېرىياللار» ۋە «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى ماتېرىياللىرى»دا مۇنداق دېيىلگەن: «1928-يىل 5-ئاينىڭ 10-كۈنى چۈشتە قۇمۇل جاساق قوش چىڭۋاڭى شامەخسۇت كېسەل بولۇپ ئۆلدى.»

ۋۇ ئەيچىن يازغان «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، جاڭ داجۈن يازغان «شىنجاڭنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، بۇرھان شەھىدى يازغان «جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭ» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە شامەخسۇتنىڭ 1930-يىل 3-ئايدا ئۆلگەنلىكى ئېيتىلغان. مۇنداق سۆز ئەڭ باشتا نەنجىڭدا چىقىدىغان «جۇڭياڭ رىباۋ» گېزىتىنىڭ مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) 3-ئاينىڭ 19 كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «جياڭسۇ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قىلغان سوراقتا جىن شۇرېننىڭ ئىقرار قىلغانلىرى» دا تىلغا ئېلىنغان.

يېقىندا ئۆتكەن بىر مەشھۇر ئادەم ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى توغرىسىدا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل گەپلەرنىڭ چىقىشى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئەجەبلەندۈرىدۇ.

1983-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىدا مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئىككى پارچە ھۆججەتنى ئۇچراتتۇق.

ئۇنىڭ بىرى شامەخسۇت مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى)5-ئاينىڭ 31-كۈنى جىن شۇرېنغا يازغان دوكلات بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: ئالىيلىرىدىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، روسىيە زېمىنى ئارقىلىق ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىشىم ۋە شۇ پۇرسەتتە كېسىلىمنى داۋالىتىشىم ئۈچۈن ئىككى يىل مۆھلەتتە رۇخسەت بەر-

گەيلا، مۇبادا ئىجازەتلىرىگە مۇششەرەپ بولۇپ، ماقۇل جاۋابلىرىنى ئالالىسام، دەرھال جابدۇنۇپ يولغا چىقىمەن». بۇ چاغدا شامەخسۇت قاتتىق زەئىپلىشىپ، جېنى ئارانلا قالغانىدى. شۇ چاغلاردا قۇمۇلدا تۇرغان ليۇشىزىڭ شىجاڭ جىن شۇرېنغا يازغان دوكلاتىدا شامەخسۇتنىڭ كېسىلىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «يېقىندا مەن ۋاڭ مەھكىمىسىگە ئۇنى يوقلاپ باردىم، ئۇنىڭ بەدىنى ئاجىزلىشىپ، كېسىلى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ، ماڭاي دېسە، بېشى قايىدىكەن، قولىنى كۆتۈرەي دېسە، قولى تالىدىكەن، گەپ قىلسا ھاسىراپ، نەپىسى يەتمەي قالىدىكەن، تاماق يېسە، كۆڭلى ئاينىپ، يېگىنى سىڭمەيدىكەن. قەدىمى ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە، باشقىلار يۆلەپ ماڭغۇزىدىكەن......». ليۇ شىزىڭ دوكلاتىدا يەنە شامەخسۇتنىڭ خاتىرجەم داۋالىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئالدىراپ رۇخسەت بېرىپ قويماسلىقنى تەكلىپ قىلغان.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شامەخسۇت 1930 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن گەرچە ئېغىر كېسەل بولسىمۇ، يەنىلا «ھەج قىلىش» ئۈچۈن رۇخسەت سورىغان، دېمەك ئۆلمىگەن.

يەنە بىر پارچە ھۆججەت جىن شۇرېن مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 18 كۈنى ئىمزا قويغان «تېلېگرامما» بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «قۇمۇلدىكى ليۇ شىجاڭغا: سىزنىڭ شا مەخسۇتنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقى، ھەج سەپىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمەسلىك لازىملىقى قاتارلىق ئەھۋاللار ھەققىدە يازغان خېتىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم، سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم، شامەخسۇت چىڭۋاڭ مەھكىمىمىزگە بىرنەچچە قېتىم ئىلتىماس سۇنۇپتىكەن، ئۇنىڭغا سەممىمىي تەسەللىي بېرىلىپ، مەككىگە بارماسلىق تەۋسىيە قىلىنغان ئالاقە ئەۋەتىلگەنىكەن. ھازىر شامەخسۇت چىڭۋاڭ كېسەل بىلەن ۋاپات بولۇپتۇ، ئورنىنىڭ ئىشلىرىنى ھازىرچە ئۇنىڭ ئوغلى بېزى نەزەر باشقۇرۇپ تۇرماقچى بوپتۇ، بۇ ئەھۋالمۇ تېلېگراممىا ئارقىلىق مەھكىمىگە مەلۇم قىلىندى. بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمىگە قويماي، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىڭ.»

ئەپسۇسكى، ليۇ شىزىڭنىڭ شامەخسۇت چىڭۋاڭنىڭ ئاغرىپ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى تېلېگراممىسى تېپىلمىدى.

يۇقىرىقى ھۆججەتلەرگە ئاساسەن شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى:

1. 1930 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن شامەخسۇت قاتتىق كېسەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلمىگەن؛

2. 1930 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلگەن.

ئۇنداقتا، شامەخسۇت زادى قايسى كۈنى ئۆلگەن؟ بىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «قۇمۇل ۋاقىئەلىرىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» دىكى «5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتە» دېگەن كونكرېت ۋاقىتتىن ئىلھاملاندۇق، كۆپچىلىككە مەلۇمكى، مىنگو دەۋرىدە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مەكتەپلەر، گېزىت - ژۇرناللار ئادەتتە بەلگ-

لىمە بويىچە مىلادىيە كالىندارىنى قوللىناتتى، لېكىن ئاۋام خەلق بۇ كالىندارنى ئانچە قوللانماي، قەمەرىيە كالىندارىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىناتتى. «قۇمۇل ۋاڭلىرىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» شۇ يەردىكى ئىچكى ئەھۋاللارنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن، شۇڭا «5-ئاينىڭ 10-كۈنى» قۇمۇللۇقلار قەمەرىيە كالىندارى بويىچە خاتىرىلەپ قالدۇرغان شامەخسۇتنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. ئەگەر مۇشۇ ھۆكۈم توغرا تېپىلسا، قەمەرىيە كالىندارىدىكى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى مىلادى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بىز شامەخسۇتنى 1930-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتە ئۆلگەن دەپ بېكىتسەك بولىدۇ. بۇ، يۇقىرىدىكى ئىككى ھۆججەتتە دېيىلگەن ۋاقىتقا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# ئون بەشىنچى قىسىم

# خەلق ئىشلىرى ئەمگەك. كادىرلار

قۇمۇل ناھىيىسى تارىختا ئاپەت كۆپرەك بولغان جاي. بولۇپمۇ بوران ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، كەلكۈن قاتارلىقلار بەك كۆپ بولغان، بۇرۇنقى ھۆكۈمەتلەرنىڭ پارچە-پۇرات قۇتقۇزۇش ۋە يەر بېجىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر بار. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى تەشكىللەپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتكە قارشى تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاپەتتىن كېلىدىغان زىياننى ئازايتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ئېتىبار بېرىشكە ۋە نەپىقە بېرىشكە تېگىشلىكلەرگە خەلق ئىشلىرى بۆلۈملىرى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بەلگىلىك ۋاقىتتا، بەلگىلىك مىقداردا ياردەم قىلىپ تۇردى ياكى ۋاقىتلىق ياردەملەرنى قىلدى. كەسىپ ئالماشتۇرغان ۋە قوشۇندىن قايتقان ھەربىيلەرنى، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياشلار ۋە قىرانلارنى ھەم بىر قىسىم ئاققۇنلارنى مۇۋاپىق تۈردە ئورۇنلاشتۇردى. 1956-يىلدىن 1983-يىلغىچە ناھىيە بويىچە 2 مىليون 733 مىڭ يۈەن (1967-ۋە 1972-يىلدىكى سان بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس) ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە نەپىقە پۇلى ئاجرىتىلدى، بۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 109 مىڭ 300 يۈەندىن توغرا كەلدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، كادىر ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى پەيدىنپەي كېڭەيدى. 1950-يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل كادىر 299 نەپەر ئىدى، 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 3280 گە يېتىپ، 1950-يىلدىكىدىن 9.97 ھەسسە كۆپەيدى. 1950-يىلى ناھىيە بويىچە ئىشچى-خىزمەتچى 243 ئىدى. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆپىيىپ، 1761 گە يېتىپ، 1950-يىلدىكىدىن 6.25 ھەسسە كۆپەيدى.

## I باب خەلق ئىشلىرى

### §1. قۇتقۇزۇش

1. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

1955-يىلى، ئاقيار رايونى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت «ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، ئىقتىسادچىللىق ئارقىلىق قە-

ھەققىچىلىكنى ئۆتكۈزۈش، ئامما ئۆزئارا ياردەم قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ زۆرۈر قۇتقۇزۇشىنى قوشۇمچە قىلىش» دېگەن فاڭجېنغا ئاساسەن، ئامما ئارىسىدا خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇش تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. ھۆكۈمەت ئاقيەر رايونىغا 800 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ، 37 ئائىلە، 175 كىشىنى قۇتقۇزدى؛ ئۆزئارا ئۆتنە قىلىشتى ۋە 7.21 دادەن «ساخاۋەت» ئاشلىقى قەرزگە تارقاتتى؛ ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى بىلەن بانكا 107 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ 107 دانە سۇ چىغىرىقى، 67 تۇيۇق تۇلاغ، 71 دانە چوڭ تېپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى سېتىۋېلىشىغا ياردەم قىلىندى. ئامما تەشكىللىنىپ 18 ئېرىق چېپىلدى، 3018 بۇلاق كولاندى، 139 كارىزنىڭ لېيى تارتىلدى. 211 قۇدۇق قېزىلدى، 108 كونا قۇدۇق ئوڭلاندى، 580 مو كۆزلۈك ئاشلىق تېرىلدى.

1980-يىلى، تىيانشان گۈڭشې بولۇپمۇ قوۋۇق ئېغىز دادۇيى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ كەم ھوسۇل ئالدى، نۇرغۇن دۇيلەرنىڭ 3-ئايدىن 10-ئايغىچە يەيدىغان ئاشلىقى يېتىشمەي قالدى. گۈڭشې بويىچە 1 مىليون 950 مىڭ جىڭ ئۇزۇقلۇق ئاشلىق سېتىۋېلىشقا توغرا كەلدى. قارادۆۋە گۈڭشېسىدىمۇ سۇ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ھوسۇل كېمىيىپ كېتىپ، 450 مىڭ جىڭ ئۇزۇقلۇق ئاشلىق يېتىشمەي قالدى. مۇشۇنداق ھالەتتە، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاپەت رايونلىرىغا بېرىپ ھال سورىدى ھەمدە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 70 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، 959 ئائىلە، 4802 كىشىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، ئاپەت رايونىدىكى قېيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

1981-يىلى 8-ئايدا، بولۇڭتوغراق گۈڭشېسى ئەرداۋچېك دادۈيىنىڭ 1-شياۋدۈيى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 51 ئائىلىنىڭ 109 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ، سۇ ئېلىپ كېتىپ، 36 ئائىلە، 161 نەپەر كىشى ئۆي-ماكانسىز قالغانىدى. ناھىيىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى نەق مەيدانغا بېرىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىنى تەشكىللىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلاردىن ھال سورىدى ھەمدە 17 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قايتا ئۆي سېلىۋېلىشى ئۈچۈن يار-يۆلەكتە بولدى. شۇ يىلى 60 ئېغىز يېڭى ئۆي سېلىنىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن 27 ئائىلە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

ناھىيە بويىچە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پۇل 1975-يىلى 47 مىڭ يۈەن، 1979-يىلى 32 مىڭ يۈەن، 1981-يىلدىن 1983-يىلغىچە جەمئىي 231 مىڭ يۈەن بولدى.

### 2. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

1953-يىلى، ناھىيە بويىچە چىقىم قىلىنغان ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى جەمئىي 23 مىڭ 648 يۈەن بولغانىدى. 1956-يىلى، ناھىيە بويىچە چىقىم قىلىنى-

غان ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى جەمئىي 32 مىڭ 110 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن 21 مىڭ 738 يۈەن يېزىلاردىكى قۇتقۇزۇشقا، 5209 يۈەن شەھەر-بازارلاردىكى قۇتقۇزۇشقا، 5163 يۈەن قىشلىق سوغۇقتىن قۇتقۇزۇش ۋە باشقا قۇتقۇزۇشلارغا بېرىلدى. 1964-يىلى، ناھىيە بويىچە چىقىم قىلىنغان ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى جەمئىي 47 مىڭ 63 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 212 بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە، 351 كىشىگە، قىيىنچىلىقى بار 1129 ئائىلە، 4523 كىشىگە قۇتقۇزۇش بېرىلدى؛ جەمئىي 2200 جىڭ پاختا، 4000 مېتىر پاختا رەخت، 16 قۇر پاختىلىق كىيىم، 110 قۇر تىۋىتلىق كۆڭلەك-ئىشتان، ئىككى قۇر يالاڭ چاپان تارقىتىلدى. 1975-يىلى، جەمئىي 90 مىڭ 512 يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار 1701 ئائىلە، 7995 كىشىگە، شەھەر-بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى بار 39 ئائىلە، 129 كىشىگە قۇتقۇزۇش بېرىلدى. 1981-يىلى جەمئىي 53 مىڭ 755 يۈەن چىقىم قىلىندى، جەمئىي قىيىنچىلىقى بار 1980 ئائىلە، 11 مىڭ 221 كىشىگە، 155 بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىگە، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ۋە چېكىنگەن قىيىنچىلىقى بار 60 ئائىلىگە قۇتقۇزۇش بېرىلدى.

1973-يىلدىن 1983-يىلغىچە ناھىيە بويىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 66 مىڭ يۈەندىن جەمئىي 730 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش سوممىسى چىقىم قىلىندى.

### 3. يېزىلاردا نامراتلارنى يۆلەش

1964-يىلى «مەخسۇس سوممىنى مەخسۇس ئىشلىتىش، نۇقتىلىق ئورۇنلارغا ئىشلىتىش» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، خەلق ئىشلار قۇتقۇزۇش خىراجىتىگە يېزىلاردىكى نامرات دۆيلەر ئۈچۈن تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق نەرسىلەر سېتىۋېلىنىپ، نامرات دۆيلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا مەدەت بېرىلدى. تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن بولغان كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار، كەمبەغەل چارۋىچىلار ئۈچۈن ئېشەك ھارۋىسى، ئېشەك، ئىنەك، ساغلىق قاتارلىقلار سېتىۋېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى.

1980-يىلى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە نامراتلارنى يۆلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 1979-يىلى تەقسىمات ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن كۆرۈلگەن كىرىم كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 يۈەندىن تۆۋەن توغرا كەلگەن 18 دۆيگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. 1980-يىلى ئەتىيازدا ناھىيە ۋە گۇڭشېدىن 31 نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، 17 نامرات دۆيدە تۇرۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتىلدى. 1981-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، نامرات گۇڭشې، نامرات دۆيلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن جەمئىي 344 مىڭ 400 يۈەن ئاجرىتىلدى (نامرات گۇڭشېلار قۇرغان كارخانىلارنى يۆلەش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان 29 مىڭ 600 يۈەن بۇنىڭ سىرتىدا)، شۇنداق قىلىپ، ھەربىر

دادۇي دۆلەتنىڭ نامراتلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئاجراتقان پۇلىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19 مىڭ 111 يۈەندىن بەھرىمەن بولدى. 1980 ـ يىلىدىكى نەقچوت بويىچە تەقسىماتتا يېگىدىن مەيدانغا كەلگەن 15 نامرات دۈي ئىچىدە پەقەت ئالتە دۈيگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8250 يۈەندىن جەمئىي 49 مىڭ 500 يۈەن نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. ئىككى يىلدىن بۇيان نامراتلارنى يۆلەش سوممىسى خىراجەت قىلىنىپ، نامرات دۈيلەرگە 48 ھەر خىل تىپتىكى تراكتور، ئىككى سىيالكا، ئىككى پۇرۇش خىش قۇيۇش ماشىنىسى، بەش ئۇن تارتىش ماشىنىسى، بەش ئات، 12 كالا، 90 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 3.6 توننا ئوت ۋە بېدە ئۇرۇقى، 158 مىڭ 408 تال بىلىنجان سېتىۋېلىنىدى ۋە 1400 مېتر ئىھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىنىدى (44 مىڭ 254 تۈپ كۆچەت تىكىلدى)، 27.5 مو يېقىلغۇ ئورمىنى بىنا قىلىنىدى (27 مىڭ 600 تۈپ كۆچەت تىكىلدى).

1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، نامراتلارنى يۆلەش ئارقىلىق 1979 ـ يىلىدىكى نەقچوت بويىچە تەقسىماتتا مەيدانغا كەلگەن 18 نامرات دۈيدىن مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىنى 14 دۈي، مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكىنى تۆت دۈي بولغان، كىشى بېشىغا ئۈزۈقلۈق ئاشلىقى ئاشقان دۈي 14، كېمىيىپ كەتكەن دۈي تۆت بولغان. 1979 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا 1981 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى ئاشقان دۈي 17، ئازايغان دۈي بىر بولغان.

4. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورگانلىرى ۋە بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەر

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇلدا ساخاۋەت سېكى ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئورگىنى تەسىس قىلىنغان. ئازادلىقتىن كېيىن تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ساخاۋەت سېكى قۇرۇلدى. يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا كەمبەغەل دېھقان ۋە يېتىم ـ يېسىر، قېرى ـ لارغا مۇناسىپ ھالدا ئېتىبار بېرىلدى. 1958 ـ يىلى خەلق گوڭشېسىلاشقاندىن كېيىن، تايانچىسىز قېرىلار بىلەن يېتىم ـ يېسىرلارغا قارىتا پەيدىنپەي «بەشتە كاپالەتلىك قىلىش» تۈزۈمى شەكىللەندى.

## (1) ساخاۋەت سېكى

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، قۇمۇل ناھىيىسىدە «جامائەت سېكى» تەسىس قىلىنىپ، سېرىقتال مەزگىللەردە قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەمبەغەل دېھقانلارغا ئاشلىق ئۆتنە بېرىپ تۇرۇلغان. بىراق ئۆتنىگە بەرگەندە 10 كۈرىگە سەككىز كۈرە بېرىپ، قايتۇرۇپ ئالىدىغان چاغدا 10 كۈرىگە 12 كۈرە قايتۇرۇپ ئالاتتى.

مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە ئەتىيازلىق قەھەتچىلىك ياكى باشقا ئاپەت قەھەتچىلىكى بولغاندا يەيدىغان ئاشلىقى، تېرىيدىغان ئۇرۇقى يېتىشمىگەن ئائىلىلەرگە ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن «ئاشلىق يىغىپ

www.uyghurkitap.com

قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كوممۇنىسى» قۇرۇلۇپ، كىشىلەر ئاشلىق، پۇل ئىئانە قىلىشقا چاقىرىلغان. ئۇ چاغدا ناھىيە بازىرى ۋە خىلۋەت يېزىلاردا (مەسىلەن: تاشۋېلىق قاتارلىق جايلاردا) ساڭلار قۇرۇلۇپ ئاشلىق ساقلانغان، بۇنداق ساڭلار «ساخاۋەت سېڭى» دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ «ساخاۋەت ساڭلىرى» دىكى بۇغداي 570 دادەنگە يەتكەن. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) نىڭ ئۆپچۆرىسىدە «ساخاۋەت سېڭى» ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، «ئاشلىق يىغىپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كوممۇنىسى» تۈگەپ كەتكەن ئىكەن. ئازادلىق ھارپىسىدا پۈتۈن ناھىيىدىكى «ساخاۋەت سېڭى» دا ساقلانغان ئاشلىقنىڭ ھېسابتىكى سانى 136.8 دادەن بولۇپ قالغان، لېكىن، ئەمەلىيەتتە، ھەممىسى ئۆتنە بېرىلىپ بولغان ياكى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىپ كەتكەن، خىيانەت قىلىنىپ بولغان بولغاچقا، يىغىۋېلىش مۇمكىن بولماي قالغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، «قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتكە تەييارلىق كۆرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىش»ۋە «خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە بېرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، «ساخاۋەت سېڭى» قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىدى. 1954 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شەھەر ئىچى، ئاقيەر، تاشۋېلىق، توغۇچىدىن ئىبارەت تۆت رايوندا جەمئىي سەككىز رايون - يېزا «ساخاۋەت سېڭى» قۇرۇلغان، «ساخاۋەت سېڭى» غا جەمئىي 356 دادەن ئاشلىق يىغىلىپ، ئەتىيازدىكى قەھەتچىلىك مەزگىلىدە كەمبەغەل دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ۋە شەھەردىن يېزىلارغا كۆچۈپ بېرىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشقانلارنىڭ ئۇزۇقلۇق ۋە ئۇرۇقلۇق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدۇرۇشىغا ئاشلىق قەرز بېرىپ تۇرۇلغان. رايون، يېزىلاردا ساڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇدىرلىقنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. ساڭ باشقۇرۇش ھەيئىتىدە ئىككى نەپەردىن ئامبارچى، تىزىملىغۇچى، تەكشۈرگۈچى، يىغقۇچى قويۇلغان. بۇ ھەيئەت يەنە جامائەت ئىچىدىكى قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلارنى باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرغان.

يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى رايون، يېزىلاردىكى «ساخاۋەت سېڭى» 1955 -، 1956 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىغا ياكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا پايغا سۇندۇرۇپ قوشۇۋېتىلگەن.

## (2) دارىلئاجىزىن

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قۇمۇلدا دارىلئاجىزىن بار ئىدى. مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) دىكى ئارخىپلاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ چاغدا دارىلئاجىزىندا 28 نەپەر يېتىم - يېسىر، كەمبەغەل بولۇپ، ھەر كىشى كۈنىگە يېرىم جىڭ ئۇن بىلەن

تەمىنلەنگەن. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) قۇمۇلدا دارىلئاجىزىن تەسىس قىلىنىپ، ئۆي - ماكانسىز قېرى بويتاق - تۇللار يىغىپ بېقىلغان، ئۇلارغا ھۆكۈمەت قۇتقۇزۇش پۇلى بەرگەندىن سىرت، تۇرمۇشىغا قوشۇمچە قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلار يەنە مادارىغا چۇشلۇق ئەمگەككە ئۇيۇشتۇرۇلغان. 1949 - يىلىغا كەلگەندە دارىلئاجىزىندا يەنە 10 نەپەر قېرى بويتاق - تۇل بار ئىدى.

## (3) دارىلتام

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، سەنشىنىڭ پىڭلۇ، خېنەننىڭ جىيۈەن دېگەن جايلىرىدىكى دارىلتامدا تۇرۇشلۇق ئۇرۇشتا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان 400 دىن ئوشۇق يېتىم بالا مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) شىنجاڭغا كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇلاردىن 200 دىن ئوشۇقراق بالا قۇمۇلدا قالدۇرۇلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن قۇمۇلدا دارىلتام قۇرۇلغانىدى. بۇ بالىلارنىڭ تاماق پۇلى ۋە شۇ بالىلار بىلەن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بېرىپ تۇرغان.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) نىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل رايونى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يۈتاڭ خەنزۇ ئۇيۇشمىسى ۋە سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيىتىدىن مەبلەغ يىغىپ، دارىلتام ئاساسىدا «جۇڭجېڭ ئوتتۇرا مەكتىپى» قۇرۇپ، ئۆزى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان.

## (4) بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە ۋە قېرىلار ئۆيى

1958 - يىلى، خەلق كوممۇنىلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدا، شەھەر - بازار ۋە ھەرقايسى كوممۇنىلاردا ئومۇميۈزلۈك «قېرىلار ئۆيى» قۇرۇلۇپ، ئىگە - چاقىسىز قېرىلار بېقىلدى. 1961 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، «قېرىلار ئۆيى» نىڭ تولىسى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن تارقىتىۋېتىلىپ، بەشتە كاپالەتلىك قىلىش (تاماق، كىيىم - كېچەككە، ئوتۇن - كۆمۈرگە، بېقىشقا، دەپنە ئىشلىرى ۋە يېتىم بالىلارنى ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش) يولىغا قويۇلدى.

1956 - يىلى كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدا، «قېرىلارنى بېقىش، بالىلارنى ئوقۇتۇش» دېگەن روھقا ئاساسەن، تايانچىسىز قېرىلار، مېيىپلار، يېتىم بالىلارغا بەشتە كاپالەتلىك قىلىش يولىغا قويۇلدى. بۇ بەلگىلىمىنى ھەرقايسى كوممۇنا - دۇيلەر ھازىرغىچە ئىجرا قىلىدۋاتىدۇ. بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرنىڭ تەمىنات ئۆلچىمى، ئادەتتە، كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولمىدى. بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرنى كوللېكتىپ مەسئۇل بولۇپ تەمىنلىگەندىن باشقا، دۆلەتمۇ مەلۇم دەرىجىدە قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ بېرىپ تۇردى. 1983 - يىلىدىكى ئومۇمىي تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 159 بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە، 190 كىشى بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە قېرىلار 170، مېيىپلار 42، يېتىم بالىلار 41.

## (5) قۇمۇل بازىرى دارىلئاجىزىنى

«شىڭفۇيۈەن» دەپ ئاتالغان قۇمۇل بازىرى دارىلئاجىزىنى 1958-يىل 8-ئايدا قۇرۇلۇپ، ئىختىيارلىق پرىنسىپى بويىچە، شۇ يىلى 14 نەپەر ئىگە-چاقىسىز قېرى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 11، ئايال ئۈچ، خەنزۇ سەككىز، ئۇيغۇر ئۈچ، خۇيزۇ ئۈچ. دارىلئاجىزىندىكى قېرىلارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراشقا مەخسۇس ئادەم قويۇلىدى. قېرىلار چامىسىغا قاراپ، توخۇ-ئۆردەك بېقىش، كېرەكسىز بۇيۇملارنى تېرىش، باغ-ۋاران-كۆكتاتلىقلارغا قاراش، سۇپۇرگە باغلاش قاتارلىق ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

1961-يىلى دارىلئاجىزىندىكى 18 نەپەر قېرىنىڭ يىللىق جەمئىي چىقىمى 5606 يۈەن بولدى، بۇنىڭدا تامىقى ئۈچۈن 3150 يۈەن، كىيىم-كېچەكى ئۈچۈن 980 يۈەن، چاچ ئالدۇرۇش، تاماكا، چاي قاتارلىق ئۇششاق-چۈشەكلەر ئۈچۈن 332 يۈەن، داۋالىنىش-دورا پۇلى ئۈچۈن 713 يۈەن، دەپنە پۇلى ئۈچۈن 431 يۈەن كەتتى. يۇقىرىدىكى خىراجەت قۇتقۇزۇش سوممىسىدىن چىقىم قىلىندى. 1966-يىل 6-ئايدا، بۇ دارىلئاجىزىندىكى 11 نەپەر قېرى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئورنىنىڭ بېقىشىغا يوللاپ بېرىلگەندىن كېيىن، مەزكۇر دارىلئاجىزىن تاقالدى.

**ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پاراۋانلىق پۇلىدىن قىلىنغان چىقىم**

**جەدۋەل 15 — 1** بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | جەمئىي | يېزىلارغا | شەھەر — بازارلارغا | ئاپەتكە | دەم ئېلىشقا چىققان، قېرى، ئاجىز، مېيىپلارنى قۇتقۇزۇشقا | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 36752 | 31489 | 4555 | | 708 | |
| 1974 | 38988 | 32560 | 5137 | | 973 | 318 |
| 1975 | 139275 | 86136 | 4376 | 47000 | 777 | 986 |
| 1976 | 111578 | 101726 | 4655 | | 3486 | 1711 |
| 1977 | 36638 | 28036 | 1290 | | 5211 | 2101 |
| 1978 | 94438 | 91269 | | | 900 | 2269 |
| 1979 | 104786 | 69206 | | 32320 | 523 | 2737 |
| 1980 | 64438 | 59772 | | | 2533 | 2133 |
| 1981 | 151834 | 63755 | | 84868 | | 3211 |
| 1982 | 174343 | 91342 | | 80971 | 40 | 1990 |
| 1983 | 122259 | 54733 | | 65500 | 100 | 1926 |
| جەمئىي | 1075329 | 710024 | 20013 | 310659 | 15251 | 19382 |

## §28. ئىپتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش

**1. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلىنى سەپكە ياردەم بېرىش**

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتى، ئاساسەن، ئازادلىق ئارمىيىگە ھال سوراش خېتى يېزىش، تويۇن قويۇپ بېرىش، ھال سوراش بۇيۇملىرى تەقدىم قىلىش قاتارلىق شەكىللەردە ئىپادىلىنىپ بېرىلدى. 1950 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە بولغان باندىتلارنى تازىلاش جەريانىدا، ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت ئاممىسى ئارمىيىگە ئاكتىپ تۈردە ئاخبارات توپلاش ۋە يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرىنى قىلدى، يول باشلىدى، ئاشلىق، ئوت - چۆپ، ئوق - دورا يەتكۈزۈپ بەردى، ياردارلارنى قۇتقۇزدى، جەڭچىلەرگە لاتائاياغ تىكتى ۋەھاكازالار. ناھىيە بويىچە ئائىلىنى سەپكە جەمئىي 80 ماشىنا (قېتىم)، 430 ئۇلاغ (قېتىم) چىقىرىلدى، ئارمىيىگە 110 مىڭ جىڭ ئوزۇق تەييارلاپ، 150 مىڭ جىڭ ئوت - چۆپ يىغىپ بېرىلدى. ئائىلىنى سەپكە ياردەم بېرىش جەريانىدا 13 نەپەر خەلق ئىشچىسى قۇربان بولدى. ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش جەريانىدا، ھەر مىللەت ئاممىسى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىپ، پۇل توپلاپ قورال سېتىۋېلىپ، ئائىلىنى سەپكە ياردەم قىلدى، ياشلار پائال تۈردە چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئارمىيىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇردى. 1951 - يىلى ئەتىيازدا، ھەر مىللەت ياشلىرىدىن 528 نەپەر ياش ئارمىيىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇردى، بۇ، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك ساندىن بەش ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ناھىيە بويىچە تەقدىم قىلىنغان پۇل ۋە ماددىي بۇيۇمنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 133 مىڭ 148 يۈەن بولدى.

ھەر يىلى باھار بايرىمى ۋە «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە قۇرۇلۇش بايراملىرىدا، ناھىيە بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئىپتىبار بېرىش پائالىيەتلىرىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتتى.

**2. قەرەللىك، نورمىلىق ياردەم بېرىپ تۇرۇش**

1956 - يىلى، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئىگە - چاقىسىز قېرىلار ۋە ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەم كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان ھەربىيلەرنىڭ يېتىم باللىرى، شۇ يېزىدا تۇرۇشلۇق تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار مېيىپ ھەربىيلەر، ھەربىي سەپتىن قايتقان تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ھەربىيلەر، نامرات دۆيلەردىكى تۇرمۇشى قىيىنراق بولغان ھەربىيلەر ئائىلىلىرى قاتارلىقلارغا قەرەللىك، نورمىلىق ياردەم بېرىلدى. شۇ يىلى 38 ئائىلە، 146 كىشى جەمئىي 1435 يۈەنلىك قەرەللىك، نورمىلىق ياردەمدىن بەھرىمەن بولدى. 1961 - يىلى، 2929 يۈەن قەرەللىك، نورمىلىق ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. 1980 - يىلى، ناھىيە بويىچە قەرەللىك، نورمىلىق ياردەمدىن 65 ئائىلە، 212 كىشى

بەھرىمەن بولدى، پۈتۈن بىر يىلدا بېرىلگەن ياردەم پۇل 11 مىڭ 507 يۈەن بولدى. 1983 - يىلى، ناھىيە بويىچە قەرەللىك، نورمىلىق ياردەمدىن 76 كىشى بەھرىمەن بولدى، پۈتۈن بىر يىلدا بېرىلگەن ياردەم پۇل 11 مىڭ 904 يۈەن بولدى. ياردەم ئۆلچىمى ھەربىر كىشىگە ھەر ئايدا 10 يۈەندىن 15 يۈەنگىچە بولدى.

### 3. ئامما ئېتىبار بېرىش

ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ تولىسى يېزىدا. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئامما ئېتىبار بېرىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ھەربىيلەر ئائىلىسى ھەمدە ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيلەردىن ئىبارەت ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدىغانلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق ۋە باشقا ئىشلىرىغا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. يېزىلاردا كوپېراتسىيەلىشىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردا ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا قوشۇمچە ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئېتىبار بېرىلگەندىن باشقا، يەنە كوللېكتىپ تەرىپىدىن بىر قىسىم ئەمگەك نومۇرى بېرىش يولى بىلەن ئېتىبار بېرىلدى. ئېتىبار بېرىپ قوشۇپ بېرىلگەن ئەمگەك نومۇر ياكى ھەربىر گۇڭشې ئەزاسىنىڭ تۆۋەن ئەمگەك نومۇرى بويىچە بولدى، ياكى پۈتۈن گۇڭشېنىڭ ئەمگەك كۈنىگە توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي كىرىمىدىن بىرتۇتاش تۇتۇپ قېلىش ئارقىلىق ھەل قىلىندى. 1981 - يىلى، ناھىيە بويىچە ئېتىبار بېرىش ئەمگەك نومۇرىدىن بەھرىمەن بولغانلار 181 ئائىلە بولۇپ، ئېتىبار بېرىپ قوشۇپ بېرىلگەن ئەمگەك نومۇرى 402 مىڭ 260 نومۇر بولدى. بۇ، نەق پۇلغا سۇندۇرۇلغاندا 42 مىڭ 100 يۈەن بولىدۇ. 1980 - يىلى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندە، كۆپ ساندىكى گۇڭشېلاردا ھازىر مەجبۇرىيەت بويىچە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەر ئائىلىلىرىگە بىر ئۇلۇش يەرنى ئارتۇق بۆلۈپ بېرىشتەك يەر جەھەتتە ئېتىبار بېرىش يولغا قويۇلدى، غەللە - پاراق تاپشۇرغاندىن باشقا، دۆلەتكە تاپشۇرۇلىدىغان بارلىق سۇ، توك ۋە ماشىنا بىلەن تېرىپ بېرىش پۇلى ئېلىنمىدى، ئالغان ھوسۇلى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قالدۇرۇلدى. ئاز ساندىكى گۇڭشېلاردا (مەسىلەن: بولۇڭتوغراق قاتارلىقلاردا) نەق پۇل بىلەن ئېتىبار بېرىش يولغا قويۇلدى، يەنى گۇڭشې بويىچە يەرنىڭ ھەربىر موسىدىن 0.6 يۈەندىن جەمئىي 10 مىڭ 210 يۈەن پۇل تۇتۇپ قېلىنىپ، مەجبۇرىيەت بويىچە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان شۇ گۇڭشېدىكى ھەربىيلەر ئائىلىلىرىنىڭ ھەربىرىگە ھەر يىلى 300 يۈەندىن ئېتىبار بېرىلدى، بۇ پۇل گۇڭشې بانكىسىدا ئامانەت ساقلاپ قويۇلۇپ، جەڭچى ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن ئۆزىگە ئورۇنلىشىش پۇلى قىلىپ بېرىلدى.

### 4. دۆلەتتىن بېرىلىدىغان نەپىقە

دۆلىتىمىزنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، قۇمۇلدىن ھەربىي سەپكە قاتناشقان (ئۆزى قۇمۇلدىن قاتناشمىغان بولسىمۇ، بىۋاسىتە تۇغقانلىرى قۇمۇلدا بولغانلىرى بۇنىڭ ئىچىدە) ئىنقىلابىي قۇربانلار، قۇربان بولغان ياكى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان ھەربىيلەر،

كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان خەلق ساقچىلىرى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىغا دۆلەت تەرىپىدىن نەپىقە پۇلى بېرىلىدۇ. ئىنقىلابتا مېيىپ بولغان ھەربىيلەرگە، ئوخشاش بولمىغان مېيىپلىك دەرىجىسىگە قاراپ، ئۆمۈر بويى نەپىقە بېرىلىدۇ.

1953 - يىلى، ناھىيە بويىچە خىزمەت ئۈستىدە مېيىپ بولغانلارغا 27 يۈەندىن نەپىقە بېرىلدى، كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلارغا 270 يۈەندىن نەپىقە بېرىلدى. 1961 - يىلى، ناھىيە بويىچە قۇربان بولغان، كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان ھەربىي، دۆلەت كادىرىدىن ئۈچ كىشىگە 660 يۈەن نەپىقە بېرىلدى، مېيىپلارغا 2454 يۈەن نەپىقە بېرىلدى. 1983 - يىلى، ناھىيە بويىچە كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان بىر كادىرغا 400 يۈەن نەپەقە بېرىلدى؛ نەپىقە بېرىلىدىغان 29 نەپەر مېيىپقا 3533 يۈەن مېيىپ نەپىقىسى بېرىلدى.

**نەپىقە پۇلى چىقىمى ستاتىستىكا جەدۋىلى**

جەدۋەل 15 — 2      بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | جەمئىي | قۇربان بولغان، ۋاپات بولغانلار نەپىقە پۇلى | مېيىپلار نەپىقە پۇلى | قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلىسى، كەسىپ ئالماشقان، ھەربىي سەپتىن قايتقانلار پۇلى | پېنسىيە پۇلى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 15517 | 610 | 3162 | 6300 | 2963 | 2482 |
| 1975 | 22446 | 200 | 3492 | 11607 | 3157 | 3910 |
| 1976 | 54737 | | 4016 | 18068 | 5907 | 26746 |
| 1977 | 23273 | 740 | 2961 | 5376 | 7495 | 6701 |
| 1978 | 3008 | 150 | 2217 | 21359 | 4801 | 1554 |
| 1979 | 30973 | 910 | 1963 | 12905 | 5616 | 9579 |
| 1980 | 27327 | 1850 | 2484 | 15543 | 5813 | 1637 |
| 1981 | 31298 | 1180 | 3167 | 15764 | 9160 | 2027 |
| 1982 | 31880 | 450 | 2491 | 16454 | 7262 | 5223 |
| 1983 | 28060 | 400 | 3533 | 16064 | 3855 | 4208 |

**5. كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش**

كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەر 1957 - يىلدىن ئاۋۋال، «ئۆزىنىڭ تەلىپى، جايلارنىڭ ئېھتىياجى» دېگەن پرىنسىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1958 - يىلدىن كېيىن بولسا، «قەيەردىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە قايتىش» دېگەن سىياسەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1982 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە، شەھەر، بازارلاردا نوپۇزى بار كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن قايتقانلارغا سىستېمىلار بويىچە ۋەزىپە تەقسىم قىلىش، ھۆددىگە ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ياكى ھەربىي سەپتىن قايتىپ قۇمۇلغا كېلىپ دۆلەتكە ماكانلىشىشنى تەلەپ قىلغانلارمۇ ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقى بىلەن بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1976 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە جىياڭسۇ، شەندۇڭ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردىن كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن قايتقان 58 نەپەر ھەربىي ناھىيىمىز يېزىلىرىغا ماكانلاشتۇرۇلدى.

كەسىپ ئالماشتۇرغان ياكى ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەربىيلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتتە خاتىرجەم بولۇپ، ھەر قايسى سەپلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

**ناھىيە بويىچە كەسىپ ئالماشقان، ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش**

جەدۋەل 15 — 3

| يىللار | يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار | شەھەر - بازارلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار | ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەردىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار |
|---|---|---|---|
| 1955 | 12 | 4 | |
| 1977 | 16 | 4 | 22 |
| 1980 | 52 | 4 | 2 |
| 1983 | 45 | 31 | |

**6. «قوش ھىمايە قىلىش» ۋەكىللىرى يىغىنى**

1953 - يىل 3 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتى يەكۈنلەندى، يىغىندا ئۈچ نەپەر نەمۇنىچى ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتى باھالاپ چىقىلدى ۋە تەقدىر-

لەندى. 1956 - يىلى 7 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، يىغىندا ئىككى نەپەر نەمۇنىچى ئائىلە تاۋابىئاتى سايلاپ چىقىلدى ۋە مۇكاپاتلاندى. 1983 - يىلى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇل ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق قىسمى بىلەن بىرلىكتە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش—ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش—خەلقنى سۆيۈش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمەت تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش—ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش بويىچە يەتتە ئىلغار كوللېكتىپ، 13 ئىلغار شەخس، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش بويىچە تۆت ئىلغار كوللېكتىپ، 10 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى.

## §3. ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇش

**1. چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىققان ياش - قىرانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش**

چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 1955 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە دۆلىتىمىز ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ياش - قىرانلارنى چېگرا رايونلارغا كېلىپ ماكانلىشىشقا ئۇيۇشتۇردى ۋە سەپەرۋەر قىلدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇمۇل ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۆت تۈركۈم ياش - قىرانلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

بىرىنچى تۈركۈمدە 1959 - يىل 3 - ئايدا، خوبېي ئۆلكىسى خۇڭئەن ناھىيىسىدىن 319 كىشى قۇمۇلغا كەلدى.

ئىككىنچى تۈركۈمدە 1959 - يىل 7 - ئايدا، جىياڭسۇ دۇڭتەي ناھىيىسىدىن 416 كىشى قۇمۇلغا كەلدى.

ئۈچىنچى تۈركۈمدە 1959 - يىل 9 - ئايدا، جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تۇڭشەن، پېيشەن، سۈيىنىڭ ناھىيىلىرىدىن 1598 كىشى قۇمۇلغا كەلدى.

تۆتىنچى تۈركۈمدە 1960 - يىل 5 - ئايدا، جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشيەن، ۋۇجياڭ ھەم خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ گۇڭئەن ناھىيىلىرىدىن 1710 كىشى قۇمۇلغا كەلدى.

تۆت تۈركۈمدە جەمئىي 4043 كىشى 552 نەپەر ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن كېلىپ ئورۇنلاشتى.

«نۇقتىلارغا كاپالەتلىك قىلىش، مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپى بويىچە چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش - قىرانلار گۇڭشېلارغا قارىغاندا دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا كۆپرەك، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىغاندا دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تولىسى ئەسلى يۇرتىدىكى گۇڭشې - دۈيلەر بويىچە، 40—50 ئادەم بىر دۈي قىلىنىپ ھەرقايسى دادۈيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىغا 3726 كىشى، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 135 كىشى، زاۋۇت-كان - كارخانىلار شۇنىڭدەك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا 182 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت خەلقى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش - قىرانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بەردى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى، چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قۇمۇلغا كەلگەن ياش - قىرانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 38 مىڭ 500 يۈەن پۇل، 16 مىڭ 809 مېتر رەخت بېلىتى، 3300 جىڭ پاختا بۆيرۈپ بەردى، چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە 1961 - يىلىغا قەدەر 129 مىڭ يۈەن ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش پۇلى بۇيرۇپ بەردى.

ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبار بېرىشى ۋە يەرلىك ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا، چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش - قىرانلارنىڭ تولىسى چېگرا رايوندا خاتىرجەم يىلتىز تارتتى ھەمدە كەينى - كەينىدىن 828 نەپەر ئائىلە تاۋابىئاتىنى ئېلىپ كەلدى. چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش - قىرانلار چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى، ئۇلار ئىچىدە نۇرغۇن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش نەمۇنىچىلىرى مەيدانغا كەلدى. چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياش - قىرانلار ئاساسىي گەۋدە قىلىپ تەشكىل قىلىنغان ئاستانە گۈڭشې 3 - دادۈي 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

## 2. ئاققۇنلارنى ئاپىرىپ قويۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش

قۇمۇل ئاساسلىق قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان يەر، قۇمۇلدا توختاپ قالغان ياكى قۇمۇلدا ماكانلىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلغانلار ناھايىتى كۆپ. دۆلەتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، ھۆكۈمەت بېلەت ئېلىشقا ھەقسىقەتەن پۇلى يوقلارغا بېلەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى قۇمۇلدىن كېتىشكە ئۈندىدى؛ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاققۇنلار يىغىۋېلىنىپ يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇلدىغان ۋە شۇ يەردە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان چارە بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى.

1953 - يىلى بىر يىلدا ياردەم قىلىپ بېلەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەتكەن پۇل 2775 يۈەن بولۇپ، بۇ، شۇ يىلدىكى شەھەر - بازارلارنىڭ قۇتقۇزۇش پۇلىنىڭ 53 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 1955 - يىلى قۇمۇلغا كەلگەن ئاققۇن - نامراتلار 328 ئائىلە، 624 كىشى بولۇپ، كىرا ھەققى ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە كەتكەن پۇل 9111 يۈەن، يەتتە كىشى بارىكۆل ناھىيىسىگە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 6123 نەپەر ئاققۇن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن 4029 كىشى گۇڭشېلارغا، 490 كىشى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا، 1604 كىشى ئىدارە ۋە زاۋۇت، كان-كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنداق كىشىلەرگە نىسبەتەن، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم-كېچەك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون مەخسۇس سومما، رەخت بېلىتى، پاختا ئاجرىتىپ بەردى.

# II باب ئەمگەك. كادىرلار خىزمىتى

## 1§. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە قۇمۇلدا زامانىۋى سانائەت ئىشچىلىرى يوق ئىدى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى قول سانائەت كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. 1950 - يىلى، سانائەت كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 243 كە يەتتى، 1952 - يىلى كۆپىيىپ 625 كە يەتتى. 1958 - يىلى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار خېلى راۋاجلاندى، سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 719 غا يەتتى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» جەريانىدا سانائەت قارىغۇلارچە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، زور بىر تۈركۈم ئىشچى قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن 1960 - يىلى سانائەت كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر 1636 غا يەتتى. 1962 - يىلدىن باشلاپ، «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، خىمىيىۋى سانائەت زاۋۇتى قاتارلىقلار توختىتىلىپ، ئىشچىلار تارقىتىۋېتىلدى؛ قۇرۇلۇش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خادىملار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىشقا ئۆتتى. 1958 - يىلدىن كېيىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئىشچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىخچاملىنىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئازىيىپ 665 كىشىگە چۈشۈپ قالدى. 1970 - يىلى ئىشچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى تېز كۆپىيىپ 1162 گە يەتتى. 1983 - يىلى، ناھىيە بويىچە سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 1761 گە يەتتى.

## 2§. كادىرلار قوشۇنى

**1. كادىرلارنىڭ كېلىش مەنبەسى**

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللىرى، مەمۇرىي كادىرلار قوشۇنى، ئاساسەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئالماشقان كادىرلار، ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكىلىپ كەلگەن كادىرلار ۋە تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشنى جاكارلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىزنىڭ تەرەپكە ئۆتكەن كونا ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. كېيىن، يەر ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ۋە خەلق گۇڭشېسىلاشتۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەر جەريانىدا، زور بىر تۈركۈم يەرلىك ھەر مىللەت ئاكتىپلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرى قىلىندى؛ تۈرلۈك مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلەر، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر، زىيالىي

ياشلار قاتارلىقلارمۇ كادىرلار قوشۇنى تەركىبىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولدى.

1958 – ۋە 1959 – يىللىرىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» جەريانىدا، ئاپپاراتلار كۆپلەپ ئاشۇرۇلدى، ۋىلايەتنىڭ پارچە سېتىش سودىسىمۇ ناھىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن كادىرلار قوشۇنى تېز كېڭەيدى. 1961 – يىلى كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 884 كە يەتتى. 1962 – يىلى، ئاپپاراتلار ۋە كادىرلار ئىخچاملىنىپ، كادىرلار ئازايدى. 1963 – يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، كادىر سانى 462 كىشى بولۇپ قالغان. 70 – يىللاردىن كېيىن تۈرلۈك ئىشلار بولۇپمۇ مائارىپ ئىشلىرى تېز راۋاجلىنىپ، كادىرلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى، 1983 – يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئومۇمىي كادىر سانى 3280 گە يەتتى.

2. ئىخچاملىنىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈش

1957 – يىلى ئالتە نەپەر بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر يېزىغا چۈشۈرۈلۈپ، يېزىلىق پارتكومنىڭ، يېزىلىق پارتىيە باش ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، ئالتە نەپەر بۆلۈم ئەزاسى، ئىش بېجىرگۈچى يېزىغا چۈشۈرۈلۈپ يېزا كاتىپلىقىنى ئۆتىدى؛ ياشانغان، ئاجىز، مېيىپ ئىشچىلار بىلەن قابىلىيىتى تۆۋەن بولغان، يېڭىدىن خىزمەتكە قاتناشقان كادىرلار ئىخچاملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىن چېكىنىش ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك رۇخسەت سوراش قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنغانلار 32 نەپەر، ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگىنى ئۈچ نەپەر، جەمئىي بېرىلگەن چېكىنىش پۇلى 6790 يۈەن.

1962 – يىلى، ناھىيە بويىچە جەمئىي 129 نەپەر كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە 1958 – يىلدىن كېيىن خىزمەتكە قاتناشقىنى 85 نەپەر) ئىخچاملاندى، بۇلاردىن ناھىيىمىزنىڭ يېزىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 81 نەپەر، باشقا ئۆلكە، باشقا ناھىيىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 48 نەپەر، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق كومىتېتى ۋە سىياسىي- قانۇن سىستېمىسىدىن 55 نەپەر كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك كادىر، توققۇز نەپەر بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر) يۆتكىلىپ ئاساسىي قاتلام تولۇقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە زاۋۇت -كان كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلارغا بارغىنى 33 نەپەر، خەلق گۇڭشېسىغا بارغىنى 14 نەپەر، قۇمۇل بازىرىغا بارغىنى يەتتە نەپەر.

1983 – يىلى، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا، ئىخچاملىنىپ يېزىلارغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن، 1958 – يىلدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان، ھازىر تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئۆيى شەھەر ئىچىدە بولغانلىرىغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئورنى تەرىپىدىن ئېيىغا 25 يۈەندىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدىغان، ئۆيى يېزىدا بولغانلىرىغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئورنى تەرىپىدىن ئېيىغا 20 يۈەندىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلىدىغان بولدى.

3. ئەمگەك بىلەن چېنىقىش

1958 – يىلدىن باشلاپ، ئورگان كادىرلىرى پىلانلىق تۈردە، مۇددەت - تۈركۈملەرگە بۆلۈپ يېزىلارغا، زاۋۇت - كانلارغا بېرىپ جىسمانىي ئەمگەككە قاتنىشىشقا چۈشۈ-

پۈتۈن ناھىيىدىكى بىرنەچچە يىللىق كادىرلار ئەھۋالىدىن ستاتىستىكىلىق مەلۇمات

جەدۋەل 15 — 4

| يىللار | كادىرلار ئومۇمىي سانى | جىنسى | | مىللىتى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەر | ئاپال | خەنزۇ | ئاز سانلىق مىللەت |
| 1950 | 300 | 284 | 16 | 167 | 133 |
| 1953 | 433 | 374 | 59 | 201 | 232 |
| 1955 | 334 | 302 | 32 | 197 | 137 |
| 1957 | 511 | 440 | 71 | 306 | 205 |
| 1959 | 760 | 674 | 86 | 549 | 211 |
| 1961 | 884 | 733 | 151 | 601 | 283 |
| 1963 | 462 | 396 | 66 | 321 | 141 |
| 1965 | 482 | 417 | 65 | 350 | 132 |
| 1972 | 1487 | 1014 | 473 | 866 | 621 |
| 1974 | 1612 | 1120 | 492 | 919 | 693 |
| 1976 | 1914 | 1263 | 651 | 1051 | 863 |
| 1978 | 2334 | 1586 | 748 | 1280 | 1054 |
| 1981 | 2670 | 1669 | 1001 | 1389 | 1281 |
| 1983 | 3280 | 2104 | 1176 | 1729 | 1551 |

رولدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى «يېزا ئىگىلىكىدە داچەيدىن ئۆگىنىش» ھەرىكىتى جەر-
ياندا، ئىدارىلەر كادىر ئاجرىتىپ «دۆيلەرنى ھۆددىگە ئالدى»، خىزمەتتىكى كادىرلارمۇ

دائىم يەر تۈزلەش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، كۈزلۈك يىغىم قاتارلىق ئەمگەكلەرگە قاتنىشىپ تۇردى.

1958 - يىلى، 35 نەپەر كادىر يېزىغا ئۇزاق مۇددەت چېنىقىشقا چۈشۈرۈلدى، ئالتە كىشى زاۋۇتقا ئەمگەك قىلىشقا چۈشۈرۈلدى. قالغان ئىدارە كادىرلىرى بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 72 كۈندىن جىسمانىي ئەمگەككە قاتناشتى. 1961 - يىلى، 89 كادىر يېزىغا چۈشۈپ يېزىنى بىر يىللىق «ھۆددىگە ئالدى». ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى كادىرلار بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 كۈندىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشتى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 كۈندىن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشتى.

## 3§. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، قۇمۇلدا ئاھالە ئاز، ئەمگەك كۈچى كەم ئىدى. شۇڭا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن مەۋجۇد ئەمەس ئىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا قۇمۇل ئاھالىسى تېز كۆپىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزا، قىشلاقلارغا چۈشۈرۈلگەن كۆپلىگەن زىيالىي ياشلار شەھەرگە قايتىپ كەلدى، شۇنداق قىلىپ، 70 - يىللارغا كەلگەندە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

1970 - يىلدىن كېيىن، ئىشچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، ئومۇمەن، يېزىغا چۈشكەن يىلىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئۆلچەم قىلىندى. 1970 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 213 ئادەم ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىندى. 1976 - يىلدىن كېيىن، قوبۇل قىلىندىغان ئىشچىلارنىڭ سانى ئاشۇرۇلۇپ، 1983 - يىلغا كەلگەندە، قوبۇل قىلىندىغان ئىشچىلارنىڭ سانى 681 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا قوبۇل قىلىنغىنى 106 كىشى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا قوبۇل قىلىنغىنى 575 كىشى بولدى.

1976 - يىلدىن كېيىن، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېنسىيىگە چىقىش، ئورنىغا پەرزەنتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، 1983 - يىلغىچە 245 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1978 - يىلى، يېزا - قىشلاقلارغا ئەۋەتىلگەن زىيالىي ياشلارنىڭ مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنىدا، ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ شەھەرلەردە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىش، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ياردەملىشىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە زىيالىي ياشلار مۇلازىمەت پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، ماگىزىن، سۇرەتخانا، كىتابخانا، ترانسپورت ئەترىتى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. بۇ

ئىشقا 30 نەپەر زىيالىي ياش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كېيىن ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن زىيالىي ياشلار مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى قۇردى.

1981-يىلى زىيالىي ياشلار باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلدى.

1980-يىلى زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى بىلەن ئەمگەك بۆلۈمى بىرلىشىپ خىزمەت قىلدى. 1982-يىلى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى، زىيالىي ياشلار پونكىتلىرىدا بۇرۇن بار كەسىپلەردىن باشقا يەنە پىنتوزاخانا، بىناكارلىق قاتارلىق كەسىپلەرمۇ قوشۇلۇپ، تور-پونكىت 15 كە يېتىپ، 120 نەپەر زىيالىي ياش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1980-يىلدىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىقتىسادىي سىياسەتنى تەرتىپكە سېلىپ، شەھەرلەردە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يول تېپىشىغا ئىلھام بەردى، يەككە تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغان يەككە تىجارەتچى ئائىلىسى 308 گە يېتىپ، جەمئىي 429 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

1983-يىلىنىڭ ئاخىردا يەنە ناھىيىمىزدە 300 دىن ئارتۇق ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش قالدى.

## 4§ . ئىش ھەققى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالماشقان كادىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تەمىنات تۈزۈمىدىن بەھرىمەن بولغان، كونا ئىدارە-جەمئىيەتلەردىن قالدۇرۇپ ئىشلەتكەن خادىملار ۋە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە، مال باھاسى مۇقىم بولمىغاچقا، بۇيۇملاشقان ئىش ھەققى تۈزۈمى قوللىنىلغانىدى (ئۇن باھاسىغا سۇندۇرۇلۇپ مائاش تارقىلاتتى). 1952-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئىش ھەققى نومۇرى تۈزۈمى ئىجرا قىلىندى (شۇ جايدا سېتىلىدىغان ئاشلىق، رەخت، گۆش قاتارلىق بىرنەچچە تۈرلۈك ئاساسلىق تۇرمۇش بۇيۇمىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدە پارچە سېتىلىش باھاسى ئاساس قىلىنىپ، باھاغا سۇندۇرۇپ مائاش تارقىتىلاتتى). 1955-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، بازارلاردىكى مال باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىش ھەققى نومۇرى تۈزۈمى بىۋاستە پۇل ھېسابى بويىچە مائاش بېرىدىغان دەرىجىلىك ئىش ھەققى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1956-يىلى ئىش ھەققى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، ھازىرقى ئىش ھەققى ئۆلچىمى يولغا قويۇلدى.

قۇمۇل 11-ئىش ھەققى رايونىغا كىرىدۇ، ئىش ھەققىنى ھېسابلاشتا ئاساسىي مائاشقا 32% ۋىلايەت ياردەم پۇلىنى قوشۇش، ئۇنىڭغا يەنە 15% چېگرا ياردەم پۇلىنى قوشۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1958-يىلى كادىرلارنىڭ چېگرا ياردەم پۇلى بولسا «نامدا يوق، ئەمەلدە بار» چارىسى بويىچە ساقلاپ قېلىندى. 1960-يىلى ۋىلايەت ياردەم پۇلى 23 پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى.

70-يىللارنىڭ باشلىرىدا كارخانا ئورۇنلىرىدا ئۇزۇن يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ

كېلىۋاتقان مۇكاپات توختىتىلىپ، قوشۇمچە ئىش ھەققىغە ئايلاندۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تارقىتىلىدىغان قىلىندى.

1979-يىلى، دۆلەت بىر قىسىم دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى ئۆستۈرگەنلىكى ئۈچۈن، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ھەر ئايدا سەككىز يۈەندىن مال باھاسى قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلىدىغان بولدى.

1982-يىلى، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تاشۇپلىق، تىيانشان ۋە غەربىي تاغ كۆكشېپىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ھەر ئايدا 12 يۈەندىن قاتتىق سوغۇق رايون قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلدى.

ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىرنەچچە يىلدا بىر قېتىم مائاش ئۆستۈرۈلۈپ تۇردى. 1959-يىلى 5% ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى. 1963-يىلى 45% ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى. 1971-يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلار بىلەن دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى، كادىرلارنىڭ، 1959-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئاۋۋال خىزمەتكە قاتناشقان 3-دەرىجىلىك ئىشچىلارنىڭ، 1960-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئاۋۋال خىزمەتكە قاتناشقان 2-دەرىجىلىك ئىشچىلارنىڭ، 1966-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئاۋۋال خىزمەتكە قاتناشقان 1-دەرىجىلىك ئىشچىلارنىڭ مائاشى ئومۇمىيۈزلۈك بىر دەرىجىدىن ئۆستۈرۈلدى. 1971-يىلدىن 1976-يىلغىچە، ناھىيە بويىچە 876 ئادەمنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى. ئايلىق مائاشقا 24 مىڭ 318.81 يۈەن قوشۇلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، 1976-يىلى 40% ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ مائاشى بىر دەرىجىدىن ئۆستۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن 2695 كىشىنىڭ مائاشى ئۆسۈپ، ئايلىق ئىش ھەققى 40 مىڭ 140.47 يۈەن ئاشتى. 1978-يىلى 2% ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ مائاشى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى، مائاشى ئۆستۈرۈلگەنلەر 182 كىشى بولۇپ، ئايلىق ئىش ھەققى 1328.28 يۈەن ئاشتى. 1979-يىلى يەنە 40% ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ مائاشى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى، مائاشى ئۆسكەنلەر 1632 كىشى بولۇپ، ئايلىق ئىش ھەققى 17 مىڭ 167 يۈەن ئاشتى. 1981-يىلى ۋە 1982-يىلى يەنە ئوقۇتقۇچى، سەھىيە خادىملىرى ۋە ئىدارە كادىرلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك بىر دەرىجىدىن مائاش قوشۇلدى. بەزىلىرىگە ئىككى دەرىجىدىن مائاش قوشۇلدى. 1983-يىلى يەنە ناھىيە بويىچە كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر دەرىجىدىن مائاش قوشۇلدى، ئايرىملىرىغا ئىككى دەرىجىدىن مائاش قوشۇلدى.

1978-يىلى ناھىيە بويىچە ئىشچى-خىزمەتچى 5370 كىشى بولۇپ، يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 535 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ يىللىق كىرىمى 658 يۈەن ئىدى.

1983-يىلى ناھىيە بويىچە ئىشچى-خىزمەتچى 6341 بولۇپ، يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليون 100 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ يىللىق كىرىمى 962 يۈەن بولدى، 1978-يىلدىكىدىن 46.2% ئاشتى.

## ناھىيىدىكى ئىدارە كادىرلىرىنىڭ 1983 - يىللىق ئىش ھەققى ئۆلچىمى

جەدۋەل 15 — 5   بىرلىكى: يۈەن

| دەرىجىسى | ئۆلچەملىك ئىش ھەققى | تۇرمۇش ياردەم پۇلى (23%) | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|
| 9 | 274·70 | 63·18 | 337·88 |
| 10 | 237·60 | 54·65 | 292·25 |
| 11 | 218·80 | 50·32 | 269·12 |
| 12 | 193·00 | 44·39 | 237·39 |
| 13 | 173·70 | 39·95 | 213·65 |
| 14 | 154·40 | 35·51 | 189·91 |
| 15 | 139·10 | 31·99 | 171·09 |
| 16 | 123·80 | 28·47 | 152·27 |
| 17 | 110·90 | 25·51 | 136·41 |
| 18 | 99·00 | 22·77 | 121·77 |
| 19 | 88·50 | 20·36 | 108·86 |
| 20 | 79·50 | 18·29 | 97·79 |
| 21 | 70·00 | 16·10 | 86·10 |
| 22 | 63·00 | 14·49 | 77·49 |
| 23 | 56·00 | 12·88 | 68·88 |
| 24 | 49·00 | 11·27 | 60·27 |
| 25 | 42·50 | 9·78 | 52·28 |

### ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ 1983 - يىللىق ئىش ھەققى ئۆلچىمى

جەدۋەل 15 — 6 بىرلىكى: يۈەن

| دەرىجىسى | ئۆلچەملىك ئىش ھەققى | تۇرمۇش ياردەم پۇلى (23%) | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|
| 4 | 66·50 | 15·30 | 81·80 |
| 5 | 60·00 | 13·80 | 73·80 |
| 6 | 53·50 | 12·31 | 65·81 |
| 7 | 47·00 | 10·81 | 57·81 |
| 8 | 41·50 | 9·55 | 51·05 |
| 9 | 36·50 | 8·40 | 44·90 |
| 10 | 32·50 | 7·48 | 39·98 |
| 11 | 30·00 | 6·90 | 36·90 |

### ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى پىركازچىكلىرىنىڭ 1983 - يىللىق ئىش ھەققى ئۆلچىمى

جەدۋەل 15 — 7 بىرلىكى: يۈەن

| دەرىجىسى | ئۆلچەملىك ئىش ھەققى | تۇرمۇش ياردەم پۇلى (23%) | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|
| 1 | 79·50 | 18·29 | 97·79 |
| 2 | 70·00 | 16·10 | 86·10 |
| 3 | 61·00 | 14·03 | 75·03 |
| 4 | 53·50 | 12·31 | 65·81 |
| 5 | 47·00 | 10·81 | 57·81 |
| 6 | 40·50 | 9·51 | 50·01 |
| 7 | 35·00 | 8·05 | 43·05 |
| 8 | 50·00 | 6·90 | 36·90 |

**ناھىيە باشقۇرغان كارخانا ئىشچىلىرىنىڭ 1983 - يىللىق ئىش ھەققى ئۆلچىمى**

جەدۋەل 15 — 8 بىرلىكى: يۈەن

| دەرىجىسى | ئۆلچەملىك ئىش ھەققى | تۇرمۇش ياردەم پۇلى (21%) | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|
| 1 | 35·00 | 7·35 | 42·35 |
| 2 | 40·50 | 8·51 | 49·01 |
| 3 | 46·90 | 9·85 | 56·75 |
| 4 | 54·40 | 11·42 | 65·82 |
| 5 | 62·90 | 13·21 | 76·11 |
| 6 | 72·90 | 15·31 | 88·21 |
| 7 | 84·40 | 17·72 | 102·12 |
| 8 | 98·00 | 20·68 | 118·58 |

**ناھىيىدىكى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ 1983 - يىللىق ئىش ھەققى ئۆلچىمى**

جەدۋەل 15 — 9 بىرلىكى: يۈەن

| دەرىجىسى | ئۆلچەملىك ئىش ھەققى | تۇرمۇش ياردەم پۇلى (21%) | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|
| 1 | 40·80 | 8·57 | 49·37 |
| 2 | 48·40 | 10·16 | 58·56 |
| 3 | 57·50 | 12·08 | 69·58 |
| 4 | 68·20 | 14·32 | 82·52 |
| 5 | 81·00 | 17·01 | 98·01 |
| 6 | 96·30 | 20·22 | 116·52 |
| 7 | 114·20 | 23·98 | 138·18 |

ناھىيىدىكى تراكتور رېمونت ئىشچىلىرىنىڭ 1983 - يىللىق ئىش ھەققى ئۆلچىمى

جەدۋەل 15 — 10　　　بىرلىكى: يۈەن

| دەرىجىسى | ئۆلچەملىك ئىش ھەققى | تۇرمۇش ياردەم پۇلى (21%) | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|
| 1 | 37·20 | 7·81 | 45·01 |
| 2 | 43·50 | 9·35 | 52·85 |
| 3 | 51·00 | 10·71 | 61·71 |
| 4 | 59·50 | 12·50 | 72·00 |
| 5 | 69·60 | 14·62 | 84·22 |
| 6 | 81·50 | 17·12 | 98·62 |
| 7 | 95·60 | 20·08 | 115·68 |
| 8 | 111·60 | 23·44 | 135·04 |

## §5. ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقى

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ئىدارە، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىدىن پاراۋانلىق فوندى چىقىرىۋېلىپ، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتتى، مەسىلەن: يەسلى، بالىلار باغچىسى قۇردى، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ياردەم بەردى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى ياكى كۆمۈر توشۇش، كۆكتات توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن كىرا پۇلىغا تولۇقلاپ بەردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلەتتى. كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېنسىيىگە چىقسا، پېنسىيە پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. ناھىيە بويىچە 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پېنسىيىگە چىققانلار 258 گە يەتتى. ئايلىق پېنسىيە ئومۇمىي سوممىسى 17 مىڭ 249·67 يۈەن بولدى. خىزمەتتىكى كادىرلار ۋە دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار داۋالانسا، ھۆكۈمەت خىراجىتى

بىلەن داۋالىنىش پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئىدارە كادىرلىرىغا ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا، ئىش خىراجىتىدىن بولغان چىقىمىنىڭ تېجەپ قېلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ مۇكاپات تارقىتىلدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ھەر بىر ئورۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا قاراپ مۇكاپات تارقىتىلدى، مۇكاپات ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 يۈەندىن كۆپرەكتىن توغرا كەلدى. ھەر يىلى قىشتا، ھەر بىر كادىر، ئىشچى-خىزمەتچى قىشلىق كۆمۈر پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى، شەھەر-بازارلاردىكى كادىرلارنىڭ ئادەتتىكى ئۆلچىمى 30 يۈەندىن بولدى. كارخانىلاردىكى ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئېيىغا 2.5 يۈەندىن تازىلىق پۇلى تارقىتىلدى. ھەرقايسى ئورۇنلار ئوخشاش بولمىغان ئىش تۈرىگە قاراپ، ئىشچىلارغا ئىش كىيىمى، ئىش ئايىغى، ئىش قالپىقى تارقاتتى. كۆمۈر كان ئىشچىلىرى قۇدۇققا چۈشسە ئېيىغا 15 يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى. دالىدا خىزمەت قىلىدىغانلارغا ئېيىغا 12 يۈەندىن ياردەم پۇلى بېرىلدى. كاماندىروپكىغا چىققانلارغا كاماندىروپكا پۇلى، قوشۇمچە ئىشلىگەنلەرگە قوشۇپ ئىشلەش پۇلى بېرىلدى، ھېيت-ئايەملەردە نۆۋەتچى بولۇپ ئىشلىگەنلەرگە قوش ئىش ھەققى بېرىلدى. بەزى ئورۇنلاردا كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا چىققان، ئىشتىن چۈشكەندە ئىشلىتىشى ئۈچۈن ماشىنا سەپلەندى، ھەرقايسى ئورۇنلاردا يەنە كۆپچىلىكنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ۋېلسىپىتلەر سەپلەندى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ياتاق ئۆيلىرى بار، ئىجارە ھەققى تۆۋەن، ۋاپات بولغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە تارقىتىلدۇ، دەپنە ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ. ئەر-خوتۇنلار ئىككى جايدا بولسا، يىلدا بىر قېتىم يوقلاش تۈزۈمىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. توي قىلىپ كەتكەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنى يوقلاش ئىشى 1976-يىلدىن ئاۋۋال 10 يىلدا بىر قېتىم دەپ بەلگىلەنگەن، 1976-يىلى تۆت يىلدا بىر قېتىم يوقلاشقا بولىدىغان، كىرا پۇلىنى ھۆكۈمەت بېرىدىغان، ئىش ھەققى ئادەتتىكىدەكلا بېرىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بويتاق، تۇل، قېرى، ئاجىزلار ۋە ئائىلىسىدە ئادەم سانى كۆپ بولۇپ، تۇرمۇش پۇلى كىرىمى كىشى بېشىغا 12 يۈەنگە (1975-يىلى 15 يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى) يەتمەيدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە پاراۋانلىق پۇلىدىن ۋاقىتلىق ياكى قەرەللىك قۇتقۇزۇش بېرىلىدۇ. كارخانا ئورۇنلىرىدا يەنە ھەمكارلىق خاراكتېرىدە بولغان ئامانەت كاسسىسى بولۇپ، ھەربىر ئىشچى-خىزمەتچى ھەر ئايدا 10 — 20 يۈەندىن ئامانەت قويىدۇ، ئۇنى ئامانەت كاسسىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا ئۇچراپ جىددىي پۇل كېرەك بولۇپ قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرىدۇ، مېيىپ ھەربىيلەرگە، ئىش ئۈستىدە يارىدار بولغانلارغا ھەر ئايدا مېيىپ ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ ياكى يارىدارلار ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ.

**تاھىيەدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇن ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ 1983- يىللىق ئەمگەك سوغۇرتا- پاراۋانلىق ئەھۋالى**

جەدۋەل 15—11 بىرلىكى: 01 مىڭ يۈەن

| تۈرى / ئورۇنلار | يىللىق ئەمگەك سوغۇرتاسى پاراۋانلىق ئومۇمىي سوممىسى | پېنسىيىگە چىققان، چېكىنگەن، دەم ئېلىشقا چىققانلار پۇلى | ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ دەپنە پۇلى، نەپىقە پۇلى | داۋالاش، تازىلىق پۇلى | ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ياردەم پۇلى | بېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ ياردەم پۇلى | مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە تەشۋىقات پۇلى | كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرى ياردەم پۇلى | كوللېكتىپ پاراۋانلىق قۇرۇلۇش پۇلى | پىلانلىق تۇغۇت ياردەم پۇلى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 90.31 | 36.69 | 4.42 | 27.00 | 6.83 | 0.27 | 0.39 | 3.50 | 3.79 | 2.24 | 5.18 |
| سانائەت | 23.17 | 10.13 | 1.29 | 7.18 | 1.11 | 0.02 | | 1.40 | 0.09 | 0.36 | 1.42 |
| دېھقان ـ ئورمانچىلىق، سۇ، ھاۋارايى | 8.54 | 2.45 | 0.37 | 3.01 | 0.37 | 0.24 | 0.03 | 0.52 | 0.14 | 0.19 | 0.22 |
| قاتناش ـ ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگراف | 8.38 | 5.65 | 0.61 | 0.82 | 0.12 | | 0.01 | 0.37 | 0.50 | 0.06 | 0.24 |
| سودا، ئېچىملىك ۋە ماددىي ئەشيا، تەمىنات | 7.64 | 2.60 | 0.13 | 3.56 | 0.39 | 0.01 | 0.18 | 0.27 | 0.01 | 0.17 | 0.32 |
| پەن تەتقىقاتى | 076 | 0.23 | 0.10 | 0.21 | 0.04 | | | | | | 0.18 |
| مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | 17.95 | 6.63 | 0.32 | 4.63 | 3.81 | | | 0.44 | 0.72 | 0.50 | 0.90 |
| دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى | 23.87 | 8.83 | 1.60 | 7.59 | 0.99 | | 0.17 | 0.50 | 1.33 | 0.96 | 1.90 |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئالتىنچى قىسىم ئەدلىيە

مىڭگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيە ئايرىم ئاپپارات بولۇپ قۇرۇلمىغان، پەقەت بىر نەپەر سوتچىلا قويۇلۇپ، ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن. كېيىنچە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسى ۋە تۈزۈم ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسى مەسئۇل بولغان. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان. مىڭگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدە ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلغان. مىڭگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى)، يەتتەقۇدۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە، قۇمۇلدا تۇرغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سابىق قۇمۇل ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنى ھەربىي ئىدارە قىلدى. 1950-يىل 5-ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1967-يىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. 1972-يىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش ئاخىرلاشتى. 1983-يىلى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قارمىقىدا بەش بۆلۈمچە، بىر جىنايى ئىشلار دۈيى، بىر تۇتۇپ تۇرۇش بۆلۈمى، بەش پەيچۇسو ۋە تارانچى جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

1950-يىل 5-ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، 1967-يىل 3-ئايدا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى، 1972-يىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش ئاخىرلاشتى. 1983-يىلى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى قارمىقىدا جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى سوت كوللېگىيىسى ۋە تارانچى سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى.

1955-يىل 6-ئايدا، ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى (بۇنىڭدىن بۇرۇن پروكۇراتۇرا تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەتلىك پروكۇراتۇرا بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرەتتى). 1967-يىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى ۋە سوت مەھكىمىسى ھەربىي ئىدارە قىلىندى، ھەربىي ئىدارە قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەپتىش كەسپى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1979-يىل 1-ئايدا، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983-يىلى، تەپتىش مەھكىمىسى قارمىقىدا جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمى، ئىقتى-

سادىي تەپتىش بۆلۈمى ۋە قانۇن-ئىنتىزام تەپتىش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1981-يىلى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى كەسپىنى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋەكالەتەن بېجىرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# I باب جامائەت خەۋپسىزلىكى

## §1. ئاپپاراتلار

1949-يىل 11-ئايدا، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سابىق قۇمۇل ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنى ھەربىي ئىدارە قىلدى. 1950-يىل 5-ئايدا خەلق ھۆكۈمىتى سابىق ساقچى ئىدارىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى قۇردى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە بەش بۆلۈمچە، نازارەتخانا، بىر جامائەت خەۋپسىزلىكى جۇڭدۈيى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن قوۋۇقئېغىز پەيچۇسوسى، بازار پەيچۇسوسى، شىڭشىڭشىيا پەيچۇسوسى، ئاقيەر پەيچۇسوسى، پويىز ئىستانسىسى پەيچۇسوسى قاتارلىق پەيچۇسولار ۋە ئوتتىن مۇداپىئە كۈرۈش دۈيى، قاتناش ساقچىلىرى بەنى قاتارلىقلار ئۆتكۈزۈۋېلىندى ۋە قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 1967-يىل 3-ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، تەپتىش مەھكىمىسى ۋە سوت مەھكىمىلىرى ھەربىي ئىدارە قىلىندى. 1972-يىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983-يىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قارمىقىدا بەش بۆلۈمچە، بىر جىنايى ئىشلار دۈيى، بىر تۇتۇپ تۇرۇش بۆلۈمى ۋە تارانچى جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. قوۋۇقئېغىزى پەيچۇسوسى، دايىڭفاڭ پەيچۇسوسى، يەتتەقۇدۇق پەيچۇسوسى، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى پەيچۇسوسى، يامانسۇ كان پەيچۇسوسىدىن ئىبارەت بەش ۋەكالەت پونكىتى قۇرۇلدى.

## §2. جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى

**1. ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش تەشكىلاتلىرى**

1951-يىلى قانات يايدۇرۇلغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا، بازار-مەھەللىلەردە،

ئىدارە - ئورگانلاردا، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىمى قويۇلدى، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى جەريانىدا، يېزىلاردا ئامانلىقنى قوغداش تەشكىلاتلىرى تەدرىجىي قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتى. 1953 - يىلى، ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزىلاردا 48 ئامانلىق قوغداش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 255 نەپەر ئامانلىق قوغداش خادىمى قويۇلدى، 1965 - يىلى، ناھىيە بويىچە 93 ئاساسىي قاتلام ئامانلىق قوغداش كومىتېتى قۇرۇلدى، 575 ئامانلىق قوغداش خادىمى قويۇلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاممىۋى ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا پائال ياردەملىشىپ، پومېشچىكلار ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلدى، كېيىن يەنە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى پاش قىلىش، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرىدىن پەخەس بولۇش، ئوغرىلىق ھەرىكەتلىرىدىن پەخەس بولۇش، ئوتتىن ساقلىنىش، جەمئىيەت ئامانلىقىغا دائىر ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە پومېشچىكلار، باي دېھقانلار، ئەكسىلئىنقىلابچىلار، بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى نازارەت قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرىنى پەيدىنپەي قانات يايدۇردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش تەشكىلاتلىرى ئىسمى بار، جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. 1972 - يىلى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پۈتۈن ناھىيىدىكى يېزا، بازار جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش تەشكىلاتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش خادىملىرىنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە پائال قاتناشتۇردى. 1983 - يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن ناھىيىدىكى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش كومىتېتى (گۇرۇپپىسى) 33 كە، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش خادىمى 120 گە يەتتى.

### 2. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، قۇمۇلدا ئەپيۇن چېكىدىغانلار بەك كۆپىيىپ كەتكەن. ئەپيۇن، كۆپىنچە، چىڭخەيلەردىن كەلتۈرۈلگەن ھەم قۇمۇلدىمۇ تېرىلىپ كەلگەن. مىنگو دەۋرىدە، ئەپيۇن كۆپ قېتىم مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ئاز بولغان، قۇمۇل شىنجاڭغا كەلتۈرۈلگەن ئەپيۇن توپلىنىدىغان ۋە تارقىلىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى ئەپيۇننى مەنئى قىلىش توغرىسىدا كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ شىڭشىڭشيا قاتارلىق مۇھىم قاتناش يوللىرىدا چازا قۇرۇپ، توشۇلغان يۈكلەرنىڭ ئارىسىغا ئەپيۇن يوشۇرغانلارنى ئاختۇردى، شەھەر - يېزىلاردا بولسا، زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ ساتقۇچىلارنى پاش قىلىشقا ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارغا ئېغىرلىتىپ قاتتىق زەربە بەردى، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىپ كەتكەن، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ تۈزەلمىگەنلەرنى زورلۇقچە يىغىۋېلىپ، ئەپيۇن چېكىش

ئادىتىنى ئۆزگەرتتى. 1954 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىلا، زەھەرلىك چېكىملىك ئەنزىسىدىن 29 ى پاش قىلىندى، 1000 سەردىن ئارتۇق ئەپيۇن يىغىۋېلىندى، 40 نەچچە جىنايەتچى قولغا ئېلىندى، شۇنداق قىلىپ، ئەپيۇن تۇشۇپ، ئەپيۇن سېتىش، ئەپيۇن چېكىشكە ئاساسىي جەھەتتىن چەك قويۇلدى. 1959 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەپيۇن ئېلىپ ساتىدىغان ۋە چېكىدىغانلارنىڭ قالدۇقلىرىنى يىغىپ يېرىم يىل تەربىيىلىدى. ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش، قىلمىشىغا ئېقرار قىلدۇرۇپ مەسىلە تاپشۇرتۇش، پاش قىلدۇرۇش، كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق، يوشۇرۇپ قويۇلغان ئەپيۇنلار يىغىۋېلىندى ھەمدە جىنايىتى ئېغىر بولغانلارغا جازا ھۆكۈم قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىدە ئەپيۇن ئېلىپ ساتىدىغان ۋە چېكىدىغانلار يوقالدى.

3. جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش

1953 ـ يىلى، ناھىيە تەۋەسىدە جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 17 سى تۇغۇلۇپ، 12 سى پاش قىلىندى. 1963 ـ يىلى، ناھىيە تەۋەسىدە 65 ئەنزە تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭدىن 57 سى پاش قىلىندى. 1974 ـ يىلى، ناھىيە تەۋەسىدە 167 ئەنزە تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭدىن 89 ى پاش قىلىندى. 1983 ـ يىلى، ناھىيە تەۋەسىدە 146 ئەنزە تۇغۇلۇپ، بۇنىڭدىن 124 ى پاش قىلىندى، ئەنزە پاش قىلىش نىسبىتى 84.9 پىرسەنتكە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەنزە 33 بولۇپ، 26 سى پاش قىلىندى، بۇنىڭ قىممىتى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇ ھارام پۇل ۋە ھارام ماللار قايتۇرۇۋېلىندى.

1983 ـ يىلى قانات يايدۇرۇلغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىدە، لىن چىڭيۈەن باشچىلىقىدىكى لۈكچەك جىنايەتچىلەر گۇرۇھى پاش قىلىنىپ، بەش نەپەر ئاساسىي جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، بۇنىڭدىن كىشىلەر قەلبى شادلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئەھۋالى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

## §3. نوپۇس باشقۇرۇش

1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى تەستىقلىغان «شەھەر نوپۇسىنى باشقۇرۇش بويىچە ۋاقىتلىق نىزام» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ناھىيىدىكى شەھەر ـ بازار نوپۇسى يېڭىباشتىن تىزىملاندى. 1956 ـ يىلىغا كەلگەندە، شەھەر ـ بازا ئاھالىسى 3078 ئائىلە، 12 مىڭ 287 كىشىگە يەتتى. بۇ چاغدا پەقەت بىرلا نوپۇس ساقچىسى بار ئىدى. 1962 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، مەركەزنىڭ شەھەر ـ بازار ئاھالىسىنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، شەھەر ـ بازار نوپۇسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئۈچ بازار پەيچۇسوسى (بازار، ئاقيەر، پويىز ئىستانسىسى پەيچۇسولىرى) نىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئېنىق ئايرىلغان ھەمدە كادىرلار شەرتى بويىچە 13 نەپەر نوپۇس ساقچىسى قويۇلدى، شۇ

www.uygurkitap.com

يىلى شەھەر-بازارلاردىكى بىكارچى 218 ئائىلە، 721 ئادەم قىسقارتىلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن يېزىغا ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇلغا ئېقىپ كېلىپ ئۇزۇن مۇددەت كەسىپسىز بىكار يۈرگەن كىشىلەرنى يىغىۋېلىپ ئۆز جايلىرىغا ئاپىرىپ قويۇشقا خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا ياردەم بېرىلدى. پەقەت 1962-ۋە 1963-يىللىرىدىلا 8508 كىشى يېغىۋېلىندى، بۇنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇلدى، ئازراق قىسمى ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1964-يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش جەريانىدا، ناھىيە بويىچە شەھەر-يېزىلاردا نوپۇس تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ھەرقايسى گۇڭشې ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ نوپۇس تىزىملاش جەدۋىلى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنى بىرلىك قىلىپ، ھەر بىر نۇسخىسى ئىككى پارچىدىن تولدۇرۇلۇپ، تۈپلىنىپ، گۇڭشېلار (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى) ۋە دادۈيلەردە ئايرىم-ئايرىم ساقلاندى. تۇغۇلغان، ئۆلگەن، كۆچكەنلەرنى، ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تىزىملاش تۈزۈمى ئورنىتىلدى ھەمدە گۇڭشې ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا نوپۇسنى كاتىپ باشقۇرۇش، دادۈيلەردە بوغالتىر باشقۇرۇش بەلگىلەندى.

## §4. قاتناشنى باشقۇرۇش

قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى قاتناش بەنى 1951-يىلى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئالتە شتات بېرىلدى.

1954-يىلى بۇ بەن قاتناش دۈيىگە ئۆزگەرتىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش بۆلۈمچىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ناھىيىنىڭ قاتناشنى باشقۇرۇش، قاتناش بىخەتەرلىكىنى تەشۋىق قىلىش، قاتناش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. قاتناش بەندە (دۈيدە) مەخسۇس ئىشلەيدىغان قاتناش ساقچىسى بولمىغانلىقى، خادىملاردا ئۆزگىرىش كۆپ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، خىزمەتنىڭ داۋام قىلىشى تولىمۇ نورمالسىز بولدى.

1959-يىل 5-ئايدا، قاتناش بەنى يېڭىباشتىن قۇرۇلدى، مەخسۇس قاتناش خىزمىتى ئىشلەيدىغان كادىر-ساقچىلارنىڭ سانى كۆپ بولغاندا 12 ئادەمگە يەتتى. 1959-ۋە 1961-يىللىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، تۆت كوچا، قۇملۇق (بىساۋۇ) تا قاتناش قوراللىرىغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن، قاتناش قوماندانلىق پوتەيىدىن ئىككىسى ياسالدى. 1961-يىلى، قاتناش بەنىنىڭ خادىملىرى كۆپلەپ قىسقارتىلدى ۋە يۆتكەلدى. 1962-يىلغا كەلگەندە، پەقەت تۆتلا ئادەم قالدى، قاتناش قوماندانلىق پوتەيلىرى ئېلىپ تاشلاندى. 1972-يىلى، قاتناش بەنى يېڭىباشتىن قۇرۇلدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۆت كوچا قاتناش قوماندانلىق پوتەيى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1977-يىلى، شەھەر قاتناشنى باشقۇرۇش كەسپى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## §5. ئوت ئۆچۈرۈش

1965 ـ يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ئوت ئۆچۈرۈش ۋەزىپىسىنى قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە ئوت ئۆچۈرۈش دۈيى قۇرۇلدى. ئۆتكۈزۈپ بەرگەن چاغدا، بەندە بىرلا ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى، ئوت نەپەر كادىر ـ ساقچىلا بارئىدى. كېيىنكى يىلى 6 ـ ئايدا، ئوت ئۆچۈرۈش ساقچىسى قوشۇش مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت تۈزۈمىگە ئۆتەش ئۆزگەرتىلدى، كادىر ـ ساقچىلار كۆپىيىپ 17 كىشىگە يەتتى. 1967 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئوت ئۆچۈرۈش دۈيىدە ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. 1969 ـ يىلى، ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى ۋەكالەتەن باشقۇردى. ئوت ئۆچۈرۈش دۈيى ئوت ئۆچۈرۈش لىيەنىگە ئۆزگەرتىلدى. 1973 ـ يىلى، بۇ ئورۇن قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش جۇڭدۈيىگە ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولدى.

## قوشۇمچە: قۇمۇل ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە دادۈيى

1973 ـ يىلى، تاشۋېلىق چېگرا كۆكشىپ قىلىپ بېكىتىلدى، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تاشۋېلىقتا چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسى تەسىس قىلدى. 1977 ـ يىل 8 ـ ئايدا، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە چېگرا مۇداپىئە بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. 1980 ـ يىلى ئىزغايدا پەيچۇسو قۇرۇلدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى چېگرا ناھىيە بولۇپ ئايرىلدى. كېيىنكى يىلى 5 ـ ئايدا، چېگرا مۇداپىئە بۆلۈمچىسى ئاساسىدا چېگرا مۇداپىئە دادۈيى قۇرۇلۇپ، تاشۋېلىق، نوغاي ئىككى پەيچۇسو چېگرا مۇداپىئە دادۈيىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

# II باب سوت

قۇمۇل ئازاد بولغاندىن كېيىن، سابىق قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسى ئۆتكۈزۈۋېلىندى، شۇ ئاساستا قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. 1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا، رەتكە سېلىنغاندىن كېيىن، يەتتە نەپەر كادىر ـ ساقچى بولۇپ، مۇئاۋىن باشلىقتىن تۆۋەن خادىملار ئۈچۈن، ئاساسەن، كونا خىزمەتچىلەر قالدۇرۇپ ئىشلىتىلدى. 1966 ـ يىلى، مەھكىمە بويىچە كادىر ـ ساقچى 13 كە يەتتى، مەھكىمىگە قاراشلىق ئاپپارات قۇرۇلمىدى. 1967 ـ يىل 3 ـ ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى ۋە

تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرى بويىچە ھەربىي ئىدارە قىلىش يولىغا قويۇلدى، 1973 - يىلى 5 - ئايدا، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇ چاغدا كادىر-ساقچى بولۇپ توققۇز كىشى بارئىدى. 1975 - يىلى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. 1976 - يىلى، تارانچى خەلق سوتى تەسىس قىلىندى. 1980 - يىلى، جىنايى ئىشلار سوتى، ھەق تەلەپ سوتى ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىندى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، سوت مەھكىمىسىدىكى كادىر - ساقچىلارنىڭ سانى 45 كىشىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى ئىككى كىشى، سوت باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى ۋە مۇدىر بولۇپ، بەش كىشى، سوتچىلار بەش كىشى، ياردەمچى سوتچىلار 10 كىشى، پۈتۈكچىلەر 12 كىشى، مەمۇرىي كادىرلار ئۈچ كىشى، قانۇن ساقچىسى تۆت كىشى، ئىشچى تۆت كىشى ئىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن، خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى مەركىزىي ۋەزىپىلىرىنى دەۋر قىلغان ھالدا، سوت قىلىش خىزمىتىنى ئاكتىپ ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، خەلقنى قوغدىدى. 1955 - يىلىدىن 1966 - يىلغىچە، سوت مەھكىمىسى تۈرلۈك ئەكسىلئىنقىلابىي ئەنزىلەردىن 310 نى، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىن 1715 نى ۋە تۈرلۈك ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىدىن 6907نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

1972 - يىلى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇندىن تارتىپ 1979 - يىلغا قەدەر، سوت مەھكىمىسى ئەكسىلئىنقىلابىي ئەنزىلەردىن 23 نى، جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 334 نى ۋە ھەر خىل ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىدىن 724 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

1980 - يىلدىن بۇيان، سوت قىلىش خىزمىتى قانۇن بويىچە كۈچەيتىلىپ، 1983 - يىلغا قەدەر، ھەر خىل جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىن 247 سى (بۇنىڭ 75 پىرسەنتى ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆتكۈزگەن جىنايەت)، تۈرلۈك ھەق تەلەپ دەۋا ئەنزىلىرىدىن 822 سى (بۇنىڭ 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكى نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەنزىسى) تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، سوتچىلار ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، 96 ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلدى، ئەرزىيەت خېتى ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 7143 پارچە (قېتىم) قوبۇل قىلدى.

سوت مەھكىمىسى 1954 - يىلدىن باشلاپ، يېزا ۋە شەھەر - بازارلاردىكى قىسمەن زاۋۇت - كان، كارخانىلاردا خەلق مۇرەسسە كومىتېتلىرىنى قۇردى. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 87 ئورۇندا مۇرەسسە كومىتېتى قۇرۇلغان. ئۇلار 1964 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ھەق تەلەپ ماجىرالىرىدىن 407 نى بىر تەرەپ قىلغان. «مەدەنىيە زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى. 1976 - يىلى ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە گۇڭشې، دادۈي، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىدە ھەم بىرقەدەر چوڭراق زاۋۇت، كان، كار-

خانىلاردا 403 مۇرەسسە تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، مۇرەسسە خادىملىرى 1202 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، گۇڭشې، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى مۇرەسسە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 12، مۇرەسسە كادىرى 63، ئىشلەپچىقىرىش داۋۇيلىرىدىكى مۇرەسسە كومىتېتى 87، مۇرەسسە خادىملىرى 411، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىدىكى مۇرەسسە گۇرۇپپىسى 287، مۇرەسسە خادىملىرى 654؛ زاۋۇت ـ كان، كارخانىلاردىكى مۇرەسسە كومىتېتلىرى 17، مۇرەسسە خادىملىرى 74. ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى كۆپلىگەن يېنىك جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى ۋە ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جەمئىيەت خاتىرجەملىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

1983 ـ يىلى، ھەر دەرىجىلىك مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى نىكاھ، ئۆي ئورنى، زىيىنىنى تۆلىتىش ماجىرالىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەريانىدا سادىر بولغان يەر تالىشىش، سۇ تالىشىش، ئات ـ ئۇلاغ تالىشىش ماجىرالىرىدىن 650 نى مۇرەسسە قىلدى.

## III باب تەپتىش

ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 1955 ـ يىل 6 ـ ئايدا رەسمىي قۇرۇلدى (بۇنىڭدىن بۇرۇن، پروكۇراتۇرا تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەتلىك پروكۇراتۇرا بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرگەندى). «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ۋە مۇئاۋىن باش تەپتىشى، تەپتىش، ياردەمچى تەپتىش ۋە پۈتۈكچى قويۇلدى، تەپتىش مەھكىمىسىدە ئومۇمەن يەتتە ـ سەككىز ئادەم، كۆپ بولغاندا 11 ئادەم ئىشلىدى. 1967 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى ۋە تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرىدە ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. ھەربىي ئىدارە قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەپتىش ئىشىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۈستىگە ئالدى. 1979 ـ يىل 1 ـ ئايدا، تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە تەپتىش كادىرلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئۆز قوشۇنىغا قايتۇرۇپ كېلىندى، يىل ئاخىرىغىچە، كادىر ـ ساقچىلارنىڭ سانى 19 غا يەتتى. 1980 ـ يىلى، تەپتىش مەھكىمىسىدە پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ھەمدە جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمى، ئىقتىسادىي تەپتىش بۆلۈمى، قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىش بۆلۈمى بولۇپ ئۈچ بۆلۈم ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، تەپتىش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى، مەھكىمىدىكى خادىملار كۆپىيىپ 29 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىق ئۈچ كىشى، تەپتىش بەش كىشى، ياردەمچى تەپتىش سەككىز كىشى، پۈتۈكچى بەش كىشى، قانۇن ساقچىسى بىر كىشى، مەمۇرىي ئىش بېجىرگۈچى تۆت كىشى، ئىشچى ئۈچ كىشى بولغان.

1979 ـ يىلى تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن تارتىپ 1982 ـ

يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جامائەت جەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاپ بېرىشكە سۇنغان 46 ئەنزىدىكى 59 ئادەمنى بىر تەرەپ قىلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 38 ئەنزىدىكى 51 ئادەمنى قولغا ئېلىش قارار قىلىندى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئەيىبلەشكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 117 ئەنزىدىكى 175 ئادەمنى بىر تەرەپ قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 99 ئەنزىدىكى 151 ئادەمنى ئەيىبلەش قارار قىلىندى.

1980 - يىلدىن باشلاپ، قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشلىكى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك كەسپى يولغا قويۇلۇپ، قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشى ئەنزىسىدىن ئىككىسى، خىيانەت قىلىش ۋە پارە ئېلىش ئەنزىسىدىن 13ى بىر تەرەپ قىلىندى.

1983 - يىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاپ بېرىشكە ھەرخىل ئەنزىدىن 95 نى ۋە 169 ئادەمنى تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 94 ئەنزىدىكى 168 ئادەمنى قولغا ئېلىش تەستىقلاندى. تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر ئادەمنىڭ قولغا ئېلىشتىن چۈشۈپ قالغانلىقى سېزىلىپ، قوشۇپ قولغا ئېلىش تەستىقلاندى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئەيىبلەشكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 111 ئەنزىدىكى 185 ئادەمدىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق 106 ئەنزىدىكى 178 ئادەمنى ئەيىبلەش، بىر ئەنزىدىكى بىر ئادەمنى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىش، ئىككى ئەنزىدىكى ئىككى ئادەمنى ئەيىبلىمەسلىك قارار قىلىندى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئىككى ئەنزىدىكى ئىككى ئادەمنى ئەيىبلەشتىن قايتۇرۇۋالدى. ئىقتىسادىي ئەنزىلەردىن ئالتىسى، ئالتە ئادەم بىر تەرەپ قىلىندى. بىر يىل ئىچىدە ئەرزىيەت ئەنزىسىدىن 38 ى بىر تەرەپ قىلىندى.

## IV باب ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

1981 - يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئەدلىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتى پائال يولغا قويۇلدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، يەتتەقۇدۇق، بوغازدىن باشقا، ھەرقايسى گۇڭشې، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە خىزمەت ئىشلەيدىغان ئەدلىيە ياردەمچىلىرى ئىشقا قويۇلدى. ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەمكارلىقىدا، ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىندى، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، رادىئودا تەشۋىق قىلىش، قانۇن - تۈزۈم دەرسى ئۆتۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاممىغا قانۇن - تۈزۈم ھەققىدە تەشۋىق - تەربىيە بېرىلدى. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ يەرلىك نىزام - ئەھدىنامىلەرنى ۋە بەشتە ياخشى ئائىلىلەر ئەھدىنامىسىنى تۈزۈشكە ياردەملەشتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش يولغا قويۇلدى.

1. قانۇن مەسلىھەت باشقارمىسى

قومۇل ناھىيىلىك قانۇن مەسلىھەت باشقارمىسى 1957 - يىلى قۇرۇلۇپ، ئىككى يىل ئۆتكەندە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ 1982 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۇلدى. ھەم ئىككى نەپەر ئادۋوكات ۋە ئىككى نەپەر ئادۋوكات خىزمەتچىسى قويۇلدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەر خىل ئەنزىلەردىن 48 ى ئاقلاندى، قانۇن ئىشلىرىغا ئائىت ھەر خىل خەت - ئالاقىلەردىن 53 پارچىسى ۋەكالىتەن يېزىپ بېرىلدى.

2. جامائەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسى

قومۇل ناھىيىلىك جامائەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسى 1983 - يىل 11 - ئايدا قۇرۇلدى، جامائەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىگە ئىككى نەپەر خادىم قويۇلدى.

قانۇن مەسلىھەت باشقارمىسى ۋە جامائەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسى ئەدلىيە بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ بىر ئورۇندا ئىشلىدى.

# ٧ باب مىنگو دەۋرىدىكى ساقچى ئىدارىسى ۋە سوت مەھكىمىسى

## 1§. ساقچى ئىدارىسى

1. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 5 - ئايدا، قومۇل ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا مەمۇرىي بۆلۈم، خوجىلىق بۆلۈم، تەپتىش ئىشخانىسى، نوپۇس ئىشخانىسى، بوغالتىر ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن يېڭىشەھەر، بوغاز، يەندۈن، توغۇچى، قارادۆۋە، ئاراتام، تاشۋېلىق، كۆشۆتى، ئەلتۆمۈر، لىياۋدۈن، سەنجاپار دىن ئىبارەت 11 پەيچۇسو ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە قاراشلىق بولغان. ساقچى ئىدارىسىدە خىزمەتچى ساقچى بولۇپ جەمئىي 159 ئادەم بولغان. شۇ يىلى 7 - ئايدا، قومۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، ئاراتام، سەنجاپار پەيچۇسولىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان؛ ئاۋۋال كوناشەھەر، شەھەر ئىچى پەيچۇسولىرى، كېيىن شەھەر رايونلىرىدا شۆبە پەيچۇسولار كۆپەيتىپ قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 3 - ئايدا، ساقچى ئەترىتى، ئاقيەر شۆبە پەيچۇسوسى، تاراتى شۆبە پەيچۇسوسى، ئايرودروم مۇھاپىزەت پونكىتى كۆپەيتىپ قۇرۇلغان، 8 - ئايغىچە، ئىدارە بويىچە خىزمەتچى ۋە ساقچىلارنىڭ سانى 238 كىشىگە يەتكەن.

2. يەتتەقۇدۇق ساقچى ئىدارىسى

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 5 - ئايدا، يەتتەقۇدۇقتا جامائەت خەۋپسىزلىكى

ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى)، يەتتەقۇدۇق ساق -
چى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىغان،
كېيىن ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى ساقچى ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ رەھ-
بەرلىكىگە قارايدىغان قىلىنغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 5 - ئايدا،
ساقچى ئىدارىسى پەيچۇسوغا ئۆزگەرتىلدى.

ئىدارىدە بۆلۈم ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىنمىغان، پەيچۇسومۇ بولمىغان، پەقەت
ئاپتوموبىل ۋە يولۇچىلارنى تەكشۈرۈپ تىزىملايدىغان بىرلا ئىشخانا بولۇپ، بۇ
يەردىن ئۆتىدىغان سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلارنى تەكشۈرگەن.

ئىدارىگە بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق، قويۇلغان، ئىدارە خادىمى، تەپتىش،
نوپۇس باشقۇرغۇچى، تەرجىمان، بوغالتىر بولۇپ ئالتە - يەتتە خادىم، ئۈچ نەپەر ساقچى
باشلىقى، 20دىن ئارتۇق ساقچى بولغان.

بۇ ئىدارىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، ئاھالىلەرنى كونترول قىلىش، ئۆتكەن-كەچكەن
كىشىلەرنى تەكشۈرۈش، ئاخبارات توپلاش، قاچقۇن ئەسكەرلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشتىن
ئىبارەت بولغان.

**3. شىخۇشىيا ساقچى ئىدارىسى**

شىخۇشىيا شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆتىدىغان دەرۋازا بولۇپ، بۇ يەردە
مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) پەيچۇسو قۇرۇلغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولى خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىگە
ئايلىنىپ، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى كۆپەيگەن، ئەھۋالمۇ مۇرەككەپلەشكەن. مىن-
گونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى)، پەيچۇسو كېڭەيتىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ بىۋا -
ستە رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدىغان قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ئۇ
ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. دەسلەپ ئىدارىگە بىر نەپەر باشلىق، بىر نەپەر
تەپتىش، بىر نەپەر بوغالتىر ۋە ئىككى شۇنگۇەن قويۇلغان. كېيىن، داۋاملىق تۇردە
ستاتىستىكىچى، تەرجىمان ۋە مۇئاۋىن باشلىق قاتارلىقلار كۆپەيتىپ قويۇلغان. سىرتـ -
قى ۋەزىپە ئۆتەش تەشكىللىرىدىن كۇشۇي پەيچۇسوسى ۋە شىخۇشىيا ئېغىزى تەك -
شۈرۈش پونكىتى بولغان، ئىدارە بويىچە خادىملار ئەڭ كۆپ بولغاندا، خىزمەتچى - ساق-
چىلارنىڭ سانى 30 دىن ئاشقان.

بۇ ئىدارىنىڭ شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئاساسىي ۋەزىپى-
سى ئۆتكەن - كەچكەن يولۇچى، ئاپتوموبىل ھەم پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش،
گومىنداڭ ئەۋەتكەن خادىملارنىڭ يوشۇرۇپ كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش، ئەتكەسچىلەر-
نىڭ ئەپيۇن قاتارلىق چەكلەنگەن بۇيۇملارنى چېگرىدىن ئېلىپ ئۆتۈشىنى تەكشۈرۈش،
ئاختۇرۇش - تۇتۇش، يەرلىك ئىدارە خادىملىرىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى كۆزىتىشتىن ئىبا-
رەت بولغان. 1944 - يىلدىن كېيىن، بۇ ئىدارىدىكى خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئىش -

پىيون بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى كوممۇنىستلار ۋە ئەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى ئاختۇرۇش، قاچاق ئەسكەرلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان.
دۆلەتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئىدارە پەيچۇسوغا ئۆزگەرتىلگەن.

## §2. قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، قۇمۇلدا ئەدلىيە بىلەن مەمۇرىيەت ئايرىم ئاپپارات بولۇپ قۇرۇلماي، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە بىر نەچچە سوتچى (ئەسلىدە بۇ ۋەزىپىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كاتىپى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن، مىنگونىڭ 25 - يىلىدىن كېيىن، ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىۋاسىتە ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ۋەزىپىگە قويغان) ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن.
مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى)، قۇمۇل ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى)، قۇمۇل ئەدلىيە باشقارمىسى قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. يەرلىك سوت مەھكىمىسىدە، تەپتىش باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ھاكىم، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. يەرلىك سوت مەھكىمىسىدە، قانۇننى ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، خىيانەتچىلىك، پارا ئېلىش، نامراتلارنى بېسىپ، بايلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش ئەھۋاللىرى ئېغىر بولغان. قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان جىنايەتچىلەر، «كاپالەت سوممىسى» تاپشۇرسىلا، كېپىلگە قاماقتىن چىقىرىلىپ، قاماق جازاسى تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىنغان. قۇمۇلدىكى يى شۇنشى ناملىق سودا دۇكىنىنىڭ جىڭلىسى ئەپيۇن سېتىپ قولغا ئېلىنغاندا، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىغا 100 كورۇپكا تاماكا، ئۈچ توپ يىپەك رەخت، بىرنەچچە كىيىملىك يۇڭ رەخت، باش تەپتىش ئەمەلدارى ۋە تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ھەر بىرىگە 50 كورۇپكىدىن تاماكا، تۆت توپتىن يىپەك رەخت، بىردىن سارجا شىم پارا بەرگەنلىكتىن، ئەسلىدە ئۇنىڭغا بەش يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، نەتىجىدە ھەر ئايدا 100 يۈەن كاپالەت سوممىسى تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن بىر ھەپتىگە قالمايلا قويۇپ بېرىلگەن.

# ئون يەتتىنچى قىسىم ھەربىي ئىشلار

قۇمۇل ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، ستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم. 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىختا، بۇ يەردە ئۇرۇش ئوتلىرى ئۆچمىگەن، ئۇرۇش - تالاشلار كەسكىن بولغان. خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈبۈت ھەم تۈركلەر، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار، مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئويراتلار، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەشلەر بولۇپ ئۆتكەن. ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ھۆكۈمەتلەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ۋەتەن چېگرىسىنى چىڭ ساقلاش ئۈچۈن، كۆپىنچە، قۇمۇلنى چوڭ ھەربىي گازارما قىلىپ، نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بۇ يەرنى ساقلىغان. بولۇپمۇ، يېقىنقى زامان تارىخىدىكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۆرىشىدە، قۇمۇل مۇھىم رول ئوينىغان. ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قايتۇرما زەربە بېرىش كۆرىشىدە، قۇمۇل مۇھىم ستراتېگىيىلىك بازا بولغان. كېيىن، زوزۇڭتاڭمۇ چوڭ گازارمىسىنى قۇمۇلغا يۆتكەپ، چار روسىيە قولىدىن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنى پىلانلىغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، قۇمۇل ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا لازىملىق ماددىي ئەشيالارنى توشۇيدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلغان ئايروپىلان، قورال - ياراغلار قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە توشۇلغان. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - تۇەنى ۋە ئاۋىئاتسىيە دادۇيى قۇمۇلدا تۇرغان.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسىم قوماندان - جەڭچىلىرى لى شيەننىيەن، چېڭ شىسەيلەرنىڭ قوماندانلىقىدا قۇمۇلنىڭ شىڭشىڭشيا دېگەن يېرىگە كەلگەندە، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولۇپ، ئىنقىلابىي كۈچلەر ساقلىنىپ قالغان، چېن يۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىڭشىڭشياغا كېلىپ، ھەربىي قوشۇننىڭ شىنجاڭغا كىرىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ئىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخىدا مۇھىم بىر ۋەقە ھېسابلىنىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇل ناھىيىسىنى چېگرا ناھىيە قىلىپ بېكىتتى. 1964 - يىلى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى ۋە چېگرا مۇداپىئە باش پونكىتى بىلەن قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىرلىكتە چەكلەنگەن چېگرا رايونلارنى بېكىتىپ، چېگرا رايوننىڭ ئامانلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. قۇمۇل ناھىيىسى چېگرا مۇداپىئە سېپىدىكى ئالدىنقى قاراۋۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن ھا-

زىرمۇ مۇھىم رول ئوينىماقتا. قۇمۇلدا ئارمىيە-خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى، خەلق ئەسكىرى قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، 1950-يىلدىكى يولۋاس توپىلىڭىنى ۋە 1958-يىلدىكى ئىپلى توپىلىڭىنى تىنچىتتى.

قۇمۇل خەلقى فېئوداللىزمغا ۋە ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇشتا شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە. تۇڭجىنىڭ 3-يىلى (1864-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەش پارتلىدى. گۇاڭشۇنىڭ 33-يىلى (1907-يىلى) قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى قوراللىق كۈرەش پارتلىدى. مىنگونىڭ 1-يىلى (1912-يىلى) فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى قوراللىق كۈرەش پارتلىدى، مىنگونىڭ 20-يىلى (1931-يىلى) جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۈرەش پارتلىدى، مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا قارشى قوراللىق كۈرەش پارتلىدى. بۇ كۈرەشلەر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ رەھىمسىز باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن كەڭ ئەمگەكچى خەلق تىز پۈكمىدى. ئۇلار تاكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. مىنگونىڭ 20-يىلى (1931-يىلى) ۋە مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) دىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان بىر قىسىم كىشىلەر ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى.

# I باب تەشكىلىي تۈزۈلۈش

## §1. ئاپپاراتلار

### 1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە

كاڭشىنىڭ 54-يىلى (1715-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سېۋىن ئارۇبدانىنىڭ قۇمۇلغا پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بارگاھ بېگى پەن جىشەننى 200 ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا ئەۋەتكەن. بۇ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ قۇمۇلغا بېرىپ ئورۇنلىشىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ باش بۇغ، ياساۋۇل بېگى تۇرغۇزۇپ، قۇمۇل، تالناچىن، جىگدە قاتارلىق جايلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى) توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى ياندىش سانغۇن، ياندىش بارگاھ بېگى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە باركۆل ياساۋۇل بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 26-يىلى (1761-يىلى) قۇمۇلنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالغان. قۇمۇلدا بىرگادا

تەسىس قىلىنىپ، بارىكۆل باش بۆغى (جېنتەي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا قارىغان.

گۇاڭشۇنىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى) شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كۇي جايلاردىكى پىيادە ئەسكەرلەردىن بىر قىسىم ھەربىي تەمىنات ئاجرىتىپ، چارلاش ساقچىسى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. قۇمۇلدا چارلاش ساقچىسى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بارلىققا كەلگەن.

شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، قۇمۇل بىرىگادىسىدا بىر ئۇرۇنباسار قوماندان قويۇلغان، ئۇ، قۇمۇل گازارمىسىدىكى كوماندىر - ئەسكەرلەرنى، ئاتلارنى، تەمىنات ۋە ھەربىي مەشق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئىككى نەپەر ياندىش بارىگاھ بېگى قويۇلغان، ئۇلاردىن بىرەيلەن تېرىقچىلىق ۋە ھەربىي مەشق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى، يەنە بىرەيلەن ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى، قوشۇمچە ھەربىي پوچتا، ئاتلىق يايى، ئاتلىق دورغا، زاپاس ئاتلارنى تەييارلاش ۋە تەقسىم قىلىش ھەمدە لەشكەرلەرنىڭ تەميناتى، مەشقى قاتارلىقلارنى باشقۇراتتى؛ ئىككى نەپەر مىڭ بېشى قويۇلغان، ئۇلار ئۆز گازارمىسىدىكى ئەسكەرلەرگە مەسئۇل ئىدى، قوشۇمچە ھەربىي مەشقىنى باشقۇراتتى؛ ئالتە نەپەر لاۋزۇڭ قويۇلغان. ئۇلارنىڭ ئىككىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا، تۆتى گازارمىدىكى ھەربىي مەشق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. باج - خىراج مەھكىمىسىگە شتاتتىن تاشقىرى ئالتە كىشى قويۇلغان، ئۇلارنىڭ بىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى، بەش نەپىرى گازارمىدا ھەربىي مەشق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛ شتاتتىن سىرت يەنە يەتتە كىشى قويۇلغان، ئۇلاردىن ئىككىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا، قالغان بەشى گازارمىدىكى ھەربىي مەشق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛ شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل بىرىگادىسىغا بىر نەپەر ئۇرۇنباسار قوماندان، بىر نەپەر ياندىش بارىگاھ بېگى، ئىككى نەپەر باقاۋۇل (تاشۋېلىق، لياۋدۇنلاردا بىردىن تۇراتتى)، ئىككى نەپەر مىڭ بېشى، ئالتە نەپەر لاۋزۇڭ، باج - خىراج مەھكىمىسىگە شتاتتىن تاشقىرى تۆت كىشى قويۇلغان.

قۇمۇل بىرىگادىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇنىڭغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇرۇنباسار قوماندان بولغانلار تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| چابتان | چيەنلۇڭنىڭ 42 - يىلى (1777 - يىلى) تەيىنلەنگەن. |
| جىن فۇنىڭ | چيەنلۇڭنىڭ 45 - يىلى (1780 - يىلى) تەيىنلەنگەن. |
| مىڭ دې | مەنسەپكە تەيىنلەنگەن يىل - ئايلىرى ئېنىق ئەمەس، شيەنفېڭنىڭ 9 - يىلى (1859 - يىلى) سۇجۇ قورغىنىنىڭ باش بۆغى بولۇپ ئۆسكەندىن كېيىن، بۇرۇنقى مەنسىپىدىن قالغان. |
| ۋاڭ دېپۇ | تۇڭجىنىڭ 4 - يىلى (1865 - يىلى) قوزغىلاڭچى قوشۇن شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۇرۇشتا ئۆلگەن. |
| فۇگوشياڭ | تۇڭجىنىڭ 13 - يىلى مەنسەپكە تەيىنلىنىپ، گۇاڭشۇنىڭ 2 - يىلى |

مەنسىپىدىن قالغان (1874 ـ يىلدىن 1876 ـ يىلغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن)

**خاۋيۇڭگاڭ** گۇاڭشۇنىڭ 2 ـ يىلى مەنسەپكە تەيىنلىنىپ، گۇاڭشۇنىڭ 7 ـ يىلى مەنسىپىدىن قالغان (1876 ـ يىلدىن 1881 ـ يىلغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن).

**لۇڭ زەيتيەن** گۇاڭشۇنىڭ 7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى) ياساۋۇل بېگى دېگەن نام بىلەن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن، گۇاڭشۇنىڭ 12 ـ يىلى (1886 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان.

**شياۋ يۈەنخېڭ** گۇاڭشۇنىڭ 12 ـ يىلى (1886 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا ياساۋۇل بېگى دېگەن نام بىلەن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن، گۇاڭشۇنىڭ 17 ـ يىلى (1891 ـ يىلى) رەسمىي مەنسەپ بېرىلگەن. گۇاڭشۇنىڭ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا بارىكۆل قورغىنىنىڭ باش بۇغى بولۇپ ئۆسكەندىن كېيىن، بۇرۇنقى مەنسىپىدىن قالغان.

**سۇڭ شيەنشېڭ** گۇاڭشۇنىڭ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ياساۋۇل بېگى دېگەن نام بىلەن تولۇقلاپ مەنسەپكە تەيىنلەنگەن، گۇاڭشۇنىڭ 22 ـ يىلى (1896 ـ يىلى) رەسمىي مەنسەپ بېرىلگەن، گۇاڭشۇنىڭ 23 ـ يىلى (1897 ـ يىلى) ۋەزىپىسىنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن.

**چېن گومىڭ** گۇاڭشۇنىڭ 23 ـ يىلى (1897 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا ياساۋۇل بېگى دېگەن نام بىلەن تولۇقلاپ مەنسەپكە تەيىنلەنگەن، گۇاڭشۇنىڭ 26 ـ يىلى (1900 ـ يىلى)) 8 ـ ئايدا مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان.

**شياۋ خۇڭجاۋ** گۇاڭشۇنىڭ 26 ـ يىلى (1900 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا ياساۋۇل بېگى دېگەن نام بىلەن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن، گۇاڭشۇنىڭ 27 ـ يىلى (1901 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان.

**يى شېڭفۇ** گۇاڭشۇنىڭ 27 ـ يىلى (1901 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ياساۋۇل بېگى دېگەن نام بىلەن تولۇقلاپ تەيىنلەنگەن. گۇاڭشۇنىڭ 30 ـ يىلى (1904 ـ يىلى) مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان.

**چېن تيەنرۇڭ** گۇاڭشۇنىڭ 30 ـ يىلى (1905 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا سول خوشۇنىڭ ياندىش بارگاھ بېگى نامى بىلەن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن، گۇاڭشۇنىڭ 31 ـ يىلى (1905 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان.

**جۇ شېڭچاۋ** گۇاڭشۇنىڭ 31 ـ يىلى (1905 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا باش بۇغ دېگەن نام بىلەن تولۇقلاپ تەيىنلەنگەن. گۇاڭشۇنىڭ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان.

www.uygurkitap.com

| | |
|---|---|
| ياڭ جىنباڭ | گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) 3 - ئايدا مەنسەپكە تەيىنلىنىپ، شۈەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان. |
| جۇ دېجىن | شۈەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى مەنسەپكە تەيىنلەنگەن. |

**2. مىنگو دەۋرىدە**

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي تۈزۈمى بويىچە قۇمۇل بېگىدىسى ساقلاپ قېلىندى. ئۇنىڭغا بىر نەپەر ئورۇنباسار قوماندان قويۇلدى. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ، جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇننى كۆپەيتكەندىن كېيىن، قۇمۇل بېگىدىسى ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كەتتى. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) ماجۇڭيىڭ قۇمۇلغا بېسىپ كىرگەن چاغدا، شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، ئۇ، شەھەر مۇداپىئەسى ۋە ھەربىي ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ماجۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە، بۇ تەشكىلات يىمىرىلدى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) 5 - ئايدا قۇمۇلدا قۇمۇل - باركۆل گارنىزون قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل- باركۆلنى قوغداش ئىشىغا مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك دوبەن مەھكىمىسى رەھبەرلىك قىلدى. بۇ گارنىزون قوماندانلىق شتابىدا سەنمۇ باشقارمىسى، ھەربىي لازىمەت باشقارمىسى، فۇگۇەنلەر باشقارمىسى، كاتىبات باشقارمىسى، ھەربىي قورال - ياراغ باشقارمىسى، ھەربىي قانۇن باشقارمىسى، ھەربىي دوختۇر باشقارمىسى، مالىيە باشقارمىسىدىن ئىبارەت سەككىز باشقارما تەسىس قىلىندى. يولۋاس تۇنجى گارنىزون قوماندانى بولدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) يولۋاس ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قويىنىغا ئاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا نيۇجېنخەن قوماندان بولدى. نيۇجېنخەن مالىيە باشقارمىسىنى مال دوختۇرلۇق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتتى، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي تەلىم-تەربىيىچىلەرنى كەلتۈرۈپ، ھەربىي قىسىملارنى مەشىق قىلدۇردى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944-يىلى) شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، قۇمۇلدا ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابى (قارىمىقىدا ئامانلىق قوغداش دادۈيى، قوغدىنىش دادۈيى ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى قوغدىنىش تۈەنلىرىنىڭ گومىن بىگتۈەنلىرى بار ئىدى) قۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي مۇداپىئە ئىشلىرى ۋە جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ۋالىي قوشۇمچە قوماندان بولدى. بىر نەپەر مۇئاۋىن قوماندان، بىر نەپەر سەنمۇ قويۇلدى. كۇڭ چىڭرۇي، زېڭ يۈچۈ، لى لاڭشىڭ، يولۋاسلار قوماندان بولدى. بۇ تەشكىل 1949 - يىلى يىمىرىلدى.

**3. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، زاپاس ئەسكەرلەرنى تىزىملاش ۋە ستاتىس-

## قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق قۇراللىق بۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جەدۋەل 17 — 1

| ئىسىم فامىلىسى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى | ۋەزىپىدىن قالغان ۋاقتى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| گوېۇگخەي | جېڭۋېي | 1959 – يىلى | 1969 – يىلى | ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئىدى، بۇ ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن |
| گۇچاڭگېك | جېڭۋېي | 1962 – يىلى | 1966 – يىلى | |
| شيايىنجياڭ | جېڭۋېي | 1969 – يىلى | 1977 – يىلى | |
| ياڭ نەنرۇڭ | جېڭۋېي | 1979 – يىلى | 1982 – يىلى | |
| ۋاڭ فېڭۋېن | جېڭۋېي | 1983 – يىلى | | |
| جى شيەنجاڭ | بۇجاڭ | 1958 – يىلى | 1976 – يىلى | |
| خاۋ شېڭيۇ | بۇجاڭ | 1971 – يىلى | 1981 – يىلى | 1971 – يىلدىن 1979 – يىلغىچە 2– بۇجاڭ بولغان |
| بەكرى | بۇجاڭ | 1981 – يىلى | 1982 – يىلى | |
| لۇ ماۋچېن | مۇئاۋىن جېڭۋېي | 1962 – يىلى | 1966 – يىلى | |
| ليۇ رۇيجى | مۇئاۋىن جېڭۋېي | 1970 – يىلى | 1977 – يىلى | |
| لى لەنيۇ | مۇئاۋىن جېڭۋېي | 1976 – يىلى | 1979 – يىلى | |
| ۋاڭ فېڭۋېن | مۇئاۋىن جېڭۋېي | 1981 – يىلى | 1983 – يىلى | |
| مو يۇفۇ | مۇئاۋىن بۇجاڭ | 1961 – يىلى | 1978 – يىلى | |
| جۇ مىڭۋېن | مۇئاۋىن بۇجاڭ | 1966 – يىلى | 1967 – يىلى | |
| ھەسەن | مۇئاۋىن بۇجاڭ | 1979 – يىلى | 1981 – يىلى | |
| ۋاڭ لۇيۇەن | مۇئاۋىن بۇجاڭ | 1979 – يىلى | 1982 – يىلى | |
| خۇاڭ باڭدا | مۇئاۋىن بۇجاڭ | 1983 – يىلى | | |
| مۇھەممەت | مۇئاۋىن بۇجاڭ | 1983 – يىلى | | |

كا قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. هەربىي خىزمەت ئىدارىسى 1958 - يىلى ئەمەلدىن قالدى. شۇ يىلى قۇمۇل ناهىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، بىر نەچچە ئىش بېجىرگۈچى قويۇلدى. 1961 - يىلى خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە هەربىي ئىشلار بۆلۈمى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ئارقا سەپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. خەلق قوراللىق بۆلۈمى 1983 - يىلغىچە ساقلاندى.

قۇمۇل ناهىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇمۇل ناهىيىسىدە قۇرغان هەربىي ئورگان، شۇنداقلا ناهىيىلىك پارتكومنىڭ هەربىي خىزمەت تارمىقى بولۇپ، ناهىيىلىك پارتكوم بىلەن شۆبە هەربىي رايوننىڭ قوش رەهبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان.

## 2§. ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

**1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە**

كاڭشىنىڭ 54 - يىلى (1715 - يىلى) دىن چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانى تۇراقسىز بولۇپ، ئۇرۇش ئەھۋالىغا قاراپ، ئاز بولغاندا 200، كۆپ بولغاندا 5000 ئەسكەر تۇرغان، ئەسكەرلەر يىلدا ياكى ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلاتتى. قۇمۇل بىرىگادىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەر سانى ئاساسەن مۇقىملىشىپ، تەخمىنەن 800 دىن 1000 گىچە بولغان. بۇنىڭ يېرىمى ئاتلىق ئەسكەر، يېرىمى پىيادە ئەسكەر بولۇپ، هەربىي مەشقىقە ياندىش سانغۇن مەسئۇل ئىدى. داۋگۇاڭنىڭ 2 - يىلى (1822 - يىلى) هەر ئاينىڭ 8 -، 18 - ۋە 28 - كۈنلىرى قۇمۇل خان ئامبىلى هەربىي مەشقىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش كۈنى قىلىپ بەلگىلىگەن. بۇنىڭدىن سىرت ئامبال مىلتىق مەشقىنى ئايدا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇراتتى (مەشق توختىتىلغان ياز ئايلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، 10 - ئايدا ئىككى قېتىم زەمبىرەك مەشقىنى كۆزدىن كۆچۈرەتتى. تۇڭجى دەۋرىدە پۈتۈن شىنجاڭ مالىمانلىشىپ كەتكەچكە، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرمۇ كۆپەيتىلدى. جيەن رۇي يىڭمۇ، سۇڭ ۋۇ قوشۇنىمۇ (ئاتلىق، پىيادە ئەسكەر بولۇپ 14، يىڭ تەخمىنەن 4000 ئەسكەر) قۇمۇلدا تۇرغۇزۇلغان. گۇاڭشۈنىڭ 6 - يىلى (1880 - يىلى) زوزۇڭتاڭ چوڭ گازارمىنى سۇجۇدىن قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ، چار روسىيە بېسىۋالغان ئىلىنى قورال كۈچىگە تايىنىپ قايتۇرۇۋېلىش تەييارلىقىنى كۆردى، بۇ چاغدا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانى 5000 دىن ئاشتى. گۇاڭشۈنىڭ 29- يىلى (1903 - يىلى) شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى پەن شياۋسۇ بۇيرۇققا بىنائەن ئەسكەر ئېلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسلىدىكى ياللانما ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋېتىپ، شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، هەربىر پىيادە ئەسكەر ئۈچۈن 10 مودىن ئۆلكە يېرى،بەش ئات، بەش كالا، ئون قوي بېرىدىغان بولدى، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە بىر هەسسە كۆپ بېرىلدى، چوڭ - كىچىك باشلىقلارغا مەنسىپىگە قاراپ

كۆپەيتىپ بېرىلدى. تېرىقچىلىق ۋە كالا - قويلارنى بېقىش ئىشلىرىنى ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قىلدى. ئەسكەرلەرگە تاماق خىراجىتى ئۈچۈن ھەر ئايدا توققۇز سەر تەڭگە، تۆت كۈرە ئاشلىق بېرىلدى. قومۇل بىرىگادىسىنىڭ ئەسكەر سانى ئاتلىق ئەسكەر ئىككى خوشۇن (ھەر خوشۇندا 50 ئەسكەر)، پىيادە ئەسكەر ئىككى يىڭ (ھەر يىڭدا 200 ئەسكەر) بولۇپ، جەمئىي 500 ئەسكەر قىلىپ بېكىتىلدى. گۇاڭشۇنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) قۇرۇقلۇق ئارمىيە شتابى خانىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق چىڭ ئارمىيىسىنى ئوتتۇرا، ئالدى، سول، ئوڭ، ئارقا يۆنىلىشتىن ئىبارەت بەش يۆنىلىشلىك قوشۇنغا ئۆزگەرتتى. ئارقا يۆنىلىش قوشۇن قومۇل ۋە باركۆل قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتى، ئۇلارغا باركۆل باش بۆگى قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئۈچ يىڭ پىيادە ئەسكەر، تۆت يىڭ ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پىيادە ئەسكەرلەر 3 - يىڭى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 -، 4 - يىڭلىرى قومۇلدا تۇراتتى. پىيادە ئەسكەرلەر 3 - يىڭى قومۇل بىرىگادىسىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن تاللىنىپ گازارمىسىدىكى ئەسكەرلەردىن تەشكىل قىلىنغان، ئۇلار ئۈچ قاراۋۇلخانىغا ئايرىلىپ، ئوتتۇرىدىكى قاراۋۇلخانىدا ئالتە كەپە، سول ۋە ئوڭ تەرەپتىكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ ھەربىرىسىدە بەشتىن كەپە (ھەر بىر كەپىدە بىر ئون بېشى، توققۇز ئەسكەر، بىر ئاشپەز بولاتتى) بولۇپ، جەمئىي 211 ئەسكەر تۇراتتى، ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ھەر بىر يىڭىمۇ سول، ئوتتۇرا ۋە ئوڭ بولۇپ ئۈچ قاراۋۇلخانىغا ئايرىلىپ، ھەر بىر قاراۋۇلخانىدا ئىككىدىن كەپە (ھەربىر كەپىدىكى ئادەم سانى يۇقىرىقىغا ئوخشايتتى، پەقەت ئاشپەزدىن بىرىلا زىيادە ئىدى) بولۇپ، جەمئىي 107 ئەسكەر تۇراتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن پىيادە ئەسكەرلەرنى قوشقاندا، ئەسكەر سانى جەمئىي 318 گە يېتەتتى. گۇاڭشۇنىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى) قومۇلدا ئايرىم ساقچى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا بىر ساقچى باشلىقى، بىر كاتىپ، بىر مەشقاۋۇل، تۆت چارلىغۇچى ساقچى، 24 ساقچى، بىر ئاشپەز بار ئىدى.

چېيەنلۇڭ دەۋرىدىن كېيىن، قومۇلدا گازارما ئىسكىلاتى ۋە ھۆكۈمەت ئىسكىلاتى قۇرۇلدى. گازارما ئىسكىلاتى قومۇل ئورۇنباسار باش قوماندانلىق بىرىگادىسىنىڭ قورال - ياراغ ئىسكىلاتى ئىدى. ھۆكۈمەت ئىسكىلاتىدا چېيەنلۇڭ دەۋرىدە چوڭ قوشۇن قومۇلدىن كېتىش ۋاقتىدا تاپشۇرغان قورال - ياراغ، ئوق - دورا، ھەربىي كىيىم - كېچەك ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردىكى چارلارغا بارىدىغان مۇھاپىزەتچى ئەمەلدارلارغا كېرەكلىك ھەربىي لازىمەتلىكلەر ساقلىناتتى. گۇاڭشۇ يىللىرىغا كەلگەندە، قومۇل بىرىگادىسىغا ياۋروپا مىلتىقى كەلتۈرۈلدى. شۇنىدىن كېيىن يەنە ئەسكەرلەرگە كىيىم - كېچەك تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەربىي لازىمەتلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى. داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى «قومۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا قومۇل بىرىگادىسىدا ئاساسلىق قوراللاردىن ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، ئوق مىلتىقى، زەمبىرەك (دالا زەمبىرىكى، تاغ زەمبىرىكى، چوڭ زەمبىرەك) قاتارلىق قورال - ياراغلار بولغان.

ھەربىي قوشۇننىڭ ئاشلىق تەمىناتىنى ئۇلار تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئۆزىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇلدا يۈكچىڭ يىللىرىدىن باشلاپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش باشلاندى. قۇمۇللۇق جاساق ئېمىن يۈكچىڭنىڭ 1 - يىلى (1723 - يىلى) ئالدى بىلەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى باشلاپ تالناچىندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي، چىڭ قوشۇنلىرىمۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. چيەنلۇڭنىڭ 4 - يىلى (1739 - يىلى) قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان گەنجۇ، لياڭجۇ، شىنىڭ، سۇجۇ، شىئەندىن ئىبارەت بەش شەھەردىن كەلگەن ئەسكەرلەر سايىپېشى كۆلى قاتارلىق جايلاردا 10 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلدى، ئۇ چاغدا مەخسۇس تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەسكەر يوق بولۇپ، ئۇرۇش ئارىلىقىدىكى بوش چاغلاردا بىر قىسىم ئەسكەرلەر تېرىقچىلىققا ئاجرىتىلاتتى. چيەنلۇڭنىڭ 7 - يىلى (1742 - يىلى) سايىپېشى كۆلىدىكى مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ئۆزلىرىگە پەقەت 3000 مولا تېرىلغۇ يەر قالدۇرۇپ، قالغىنىنى يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئىجارىگە بەردى. چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 170 نەپەر كوماندىر - جەڭچىگە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن تالناچىنغا بېرىپ تېرىقچىلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇلار چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) غىچە 5000 مودىن كۆپرەك بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. بۇنىڭ ئۈنۈمى بەك ياخشى بولغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە خۇاڭدۇن يىگىنىڭ ياندىش بارگاھ بېگىنى 200 ئەسكەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى باشلاپ تالناچىنغا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى، خۇاڭدۇن يىگىنىڭ ياندىش بارگاھ بېگىنى قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ياندىش بارگاھ بېگى قىلىپ ئۆزگەرتتى، ئۇ، داۋاملىق تالناچىندا تۇرۇپ، قۇمۇل ياندىش سانغۇنىغا قارىدى، دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئەسكەرلەر ھەر يىلى ئالماشتۇرۇلۇپ تۇردى، چيەنلۇڭنىڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) يەنە 10 نەپەر ئەسكەر نيۇماۋخۇغا تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى خېلىلا كۆپەيدى. تالناچىندا دېھقانچىلىققا مەسئۇل ياندىش بارگاھ بېگى تۇرغۇزۇلغاندىن سىرت، يەنە بىر نەپەر لاۋزۇڭ، بىر نەپەر باج - خىراجغا مەسئۇل شتات سىرتىدىكى خادىم كۆپەيتىپ قويۇلدى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاتلىق ئەسكەر ۋە پىيادە ئەسكەر 162 گە، سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن مەھبۇس 136 گە، تېرىلغۇ كالىسى 326 گە يەتتى، سايىپېشى كۆلىدە بىر نەپەر لاۋزۇڭ، بىر نەپەر شتات سىرتىدىكى خادىم قويۇلدى. ئاتلىق ئەسكەر، پىيادە ئەسكەر 96 گە، سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن مەھبۇس 50 كە، ئات 176 گە يەتتى. نيۇماۋخۇدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئەسكەر ئونغا، ئات ئونغا يەتتى. دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئەسكەر ۋە مەھبۇسنىڭ ھەربىرى 23 مودىن يەر تېرىپ، يىلىغا 120 كۈرىدىن ئاشلىق تاپشۇراتتى. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەسكەرلەردىن ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلار مۇكاپاتلىناتتى، ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلار جازالىناتتى. مەھبۇسلاردىن ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلار خىزمەت كۆرسەتكەن ھې-

سابىلىنىپ، جازا مۇددىتى قىسقارتىلاتتى، ۋەزىپىسى ئورۇندىيالمىغانلارنىڭ جازا مۇددىتى ئۇزارتىلاتتى.

ئەسكەرلەر بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىش تۇڭجى يىللىرىغا كەلگەندە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن توختاپ قالدى. شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەرنى قىسقارتىلغان ئەسكەرلەرگە بۆلۈپ بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قومۇلدا داۋام قىلغان ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى ئاخىرلاشتى.

كاڭشىنىڭ 54 - يىلى (1715 - يىلى) مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ۋەزىرى فۇنىڭئەن قوشۇنغا كېرەكلىك ئاشلىقلارنى توشۇشقا ئاسان بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەنشىدىن قومۇلغىچە 12 ئۆتەڭ قۇرۇش، ھەربىر ئۆتەڭ 250 دىن ھارۋا تەييارلاش تەكلىپىنى بەردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپنى تەستىقلىدى. چيەنلۇڭنىڭ 2 - يىلى (1737 - يىلى) سىچۈەن - شەنشى باش ۋالىيسى چالاڭئا ئۆتەڭلەرنى سەل - پەل تەڭشەپ، قومبۇلاقتىن قومۇلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر بىر ئۆتەڭگە تۆتتىن ئەسكەر، بىردىن كاتىپ، 120 دىن ئات ئورۇنلاشتۇردى، كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيى ئەنشىگىچە شۇنداق ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەربىي ئۆتەڭلەرمۇ قۇرۇلدى. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى يوللاردا ئومۇمىيۈزلۈك مەخسۇس ھەربىي مەلۇمات، ھۆججەت، خەت - ئالاقىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدىغان ھەربىي پوچتا، ھەربىي ئۆتەڭلەر قۇرۇلدى. قومۇلدىكى ھەربىي پوچتا ۋە ھەربىي ئۆتەڭلەر بۇ چاغدا تېخىمۇ تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى. چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى ياڭيىڭجۈ شاجۇدىن قومۇلغىچە ھەربىي پوچتىنى يولغا قويدى. چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (1767 - يىلى)، شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى ۋۇداشەن يەنىلا كونا يولنى ئەسلىگە كەلتۈردى. تۇڭجى يىللىرى ھەربىي ئۆتەڭلەر ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن ئاساسەن تاشلىۋېتىلدى. گۇاڭشۈنىڭ 1 - يىلى (1875 - يىلى) سۇڭگۇۋ قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى جاڭ ياۋ ئەسكەر باشلاپ قومۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، يول بويىدىكى كونا ئۆتەڭلەردە يېڭىباشتىن قۇدۇق قېزىپ، ئۆي سېلىپ، ئۆلارنى قوغداشقا ئەسكەر تۇرغۇزدى. شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي ئۆتەڭلەر ۋە ھەربىي پوچتىلار كەينى - كەينىدىن كارۋان ئۆتەڭلىرىگە ئۆزگەرتىلدى. قاراۋۇلخانىلار كېيىنرەك قۇرۇلدى. يۇڭجېڭنىڭ 4 - يىلى (1726 - يىلى) قومۇلنىڭ ئايرىم ئېغىزلىرىدا چازا قۇرۇلدى. يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى (1732 - يىلى) بىرىنچى بولۇپ ئۆردەكلىكتە قاراۋۇلخانا قۇرۇلدى، يۇڭجېڭنىڭ 13 - يىلى (1735 - يىلى) تالناچىن، شۇپۇلدا قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇپ، 200 ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى. سىزمۇشتان، نوغاي، ئوقچىلىن، شورداۋان، يامبۇناشلانۇر قاتارلىق جايلاردا چازا قۇرۇلۇپ، كۆزەتچى ئەسكەرلەر تۇرغۇزۇلدى. بەزى چازىلار كېيىن كېڭەيتىپ قاراۋۇلخانىغا ئايلاندى.

چيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا قەدەر قۇمۇلنىڭ ھەرقايىسى ئېغىزلىرىدا قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇپ بولدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل تەۋەسىدە جەمئىي ئون ھەربىي پوچتا، ئون ھەربىي ئۆتەڭ، بىر ئارا بېكەت، 18 قاراۋۇلخانا قۇرۇلدى.

2. مىنگو دەۋرىدە

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)، قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، ياڭ زېڭشىن نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇردى، شۇ ۋاقىتتا قۇمۇلدا قۇمۇل بىرىگادىسىنىڭ ئىككى چارلىغۇچى يىڭى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 19 - تۇەن ئاتلىق ئەسكىرىنىڭ ئۈچ يىڭى، زەمبىرەكچى ئەسكەرلەرنىڭ ئىككى دۈيى، يېڭى قوشۇننىڭ بىر يىڭى، ئوردىنىڭ ئاتلىق، پىيادە قىسىملىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر يىڭ بولۇپ جەمئىي سەككىز يىڭ، ئىككى دۈي ئەسكەر بار ئىدى. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يېڭى ئارمىيىنى قايتۇرۇپ كەتتى، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ پىيادىلەر يىڭى قىسقارتىلىپ چېكىندۈرۈلدى. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ بىر تۇەنى قۇمۇلدا تۇردى. ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۈچ يىڭ قۇمۇل بازىرى، توخۇلۇ، تاشۋېلىق قاتارلىق جايلاردا تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتلىق ئەسكەر يىڭى بىۋاستە تۇەنجاڭغا قارايتتى، ئىككى يىڭ پىيادە ئەسكەرگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىۋاستە قوماندانلىق قىلاتتى. ھەربىي تەمىنات ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن، ئەسكەرلەرنىڭ ئاتاقتىكى سانى بىلەن ئەمەلىي سانى ئوتتۇرىسىدا بىر ئۈلۈش پەرقلىنەتتى. مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى)، قۇمۇلدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە كېڭەيتىلىپ لۈگە ئايلاندۇرۇلدى. شتاتىدا ئىككى تۇەن بار ئىدى، لۈجاڭى ليۇشىزېڭ ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇلدا يەنە موڭغۇل يېڭى ئارمىيىسى، چارلاش يىڭى ۋە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قوشۇنى بولۇپ جەمئىي 16 يىڭ ئەسكەر بار ئىدى.

قۇمۇل ھەربىي قورال - ياراغ بۆلۈمچىسىنىڭ مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئېنىقلاپ مەلۇم قىلىشىچە، قۇمۇل قورال - ياراغ ئىدارىسىدا ساقلانغان قورال - ياراغلاردىن ماۋزېر (پىيادە، ئاتلىق ئەسكەر قورالى)، مۇبەنكىس مىلتىقى، رېفىللىق مىلتىق (پىيادە، ئاتلىق ئەسكەر مىلتىقى)، بوغۇزىدىن بەتلەپ ئاتىدىغان مىلتىق، بەردەڭگە، كارابىن، قارا مىلتىق، ھەر خىل يەرلىك مىلتىقتىن جەمئىي 1465 ى ساقلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاتلىق ئەسكە رېفىللىق مىلتىقى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 865 تالغا يېتەتتى، ھەر خىل ئوقتىن 140 مىڭ پايدىن كۆپرەك ساقلانغان.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى)، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيىنى شى قىلىپ كېڭەيتتى. لۈجاڭ ليۇشىزېڭنى شىجاڭلىققا ئۆستۈردى، يېڭى ئارمىيىنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە قوشۇۋەتتى. چارلاش يىڭى داۋاملىق ساقلىنىپ قالدى. ئوردى-

ىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر يىغىنمۇ ساقلىنىپ قالدى. قىسىملار قۇمۇل بازىرى، تاشۋېلىق، شىڭشىڭشىيا، يەتتەقۇدۇق ۋە بارىكۆل قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتى. شى شتابى قۇمۇلدا تۇردى. مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەندە، جىن شۇرېن نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇردى. ئەۋەتكەن ئەسكەر ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭدىن ئاشتى.

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، قۇمۇلدا بىر ھەربىي تەلىم - تەربىيە لىيەنى، بىر ئاتلىق ئەسكەر لىيەنى، بىر پىيادە ئەسكەر لىيەنى بولۇپ، جەمئىي 700 دىن ئارتۇق ئەسكەر تۇردى. ئەسكەرلەرنىڭ ئۈتىدىغان قورالى ماۋزېر ئىدى. قىسىملار بىر تۇتاش قۇمۇل بازارلىق گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى)، ئاتلىق ئەسكەر 16 - تۇەنى قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە تۇردى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قىزىل 8 - تۇەنى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، قۇمۇل بازىرىدىكى گارنىزون قوماندانلىق شتابى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى پۈتۈنلەي بارىكۆلگە كۆچتى. قۇمۇلنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قىزىل 8 - تۇەنى ئۈستىگە ئالدى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) گومىنداڭ قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە قايتا - قايتا ئۆزگەرتىلدى، ئاپپاراتلار كۆپەيدى، ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

## (1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابى

بۇ شتاب مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆلكىلىك ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابىغا قارايتتى. ئۇ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي مۇداپىئەسى ۋە يەرلىكنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. قوماندانلىقنى ۋالىي قوشۇمچە ئۆتىدى، بىر مۇئاۋىن قوماندان، سەنمۇ قويۇلدى. قارىمىقىدا ئامانلىق قوغداش داduيى، قوغدىنىش داduيى ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەردە قوغدىنىش تۇەنى قۇرۇلدى. كۇڭ چىڭرۇي، زېڭ يۈكىپو، لى لاڭشىڭ ۋە يولۋاسلار قوماندان بولدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇمۇل ناھىيىلىك گومىن بىڭتۇەن قۇرۇلدى، ھاكىم تۇەن كوماندىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. بىر مۇئاۋىن تۇەن كوماندىرى، بىر داduيجاڭ، بىر جۇڭدۇيجاڭ، بىر فېندۇيجاڭ قويۇلدى، 1949 - يىلى ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابى بىلەن ناھىيىلىك قوغدىنىش تۇەنى تارقىلىپ كەتتى.

## (2) 29 - جىتۇەنجۈن باش قوماندانلىق شتابى

بۇ جىتۇەنجۈن مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭغا كىردى، قوماندانلىق شتابى قۇمۇلدا تۇردى. لى تىيەجۈن باش قوماندانلىقنى ئۆتىدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى 42 - جۈن ۋە يېڭى 2 - جۈن شەرقىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭلارغا بۆ-

لونوپ ئورۇنلىشىپ، پۈتۈن ئۆلكىنى كونترول قىلىپ تۇردى. باش قوماندانلىق شتابىدا شتاب باشلىقى باشقارمىسى، فۇگۇەن باشقارمىسى، ھەربىي سوت باشقارمىسى، ترانسپورت باشقارمىسى، مەخپىي ئىشلار بۆلۈمى، دوختۇرخانا، پەۋقۇلئاددە پىرقەدىن ئىبارەت يەتتە ئاپپارات تەسىس قىلىندى. بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملاردىن بىر پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئۆتەش يىڭى، بىر زېنىت توپچىلار ليەنى، بىر ئۇرۇش ماشىنىسى ليەنى بار ئىدى، سەپلەپ بېرىلگەن قىسىملاردىن بىر ئاپتوموبىل يىڭى، ئىككى خەۋەرچىلەر ليەنى بولۇپ، جەمئىي 3000 ئەتراپىدا ئادەم بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىياۋ دەرىجىدىن يۇقىرى ئوفىتسېر 58 ئىدى. مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) 10-ئايدا قوماندانلىق شتابى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەتتى. مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) 4-ئايدا بۇ شتاب ئەمەلدىن قالدى.

## (3) قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئاپتوموبىل 4-تۇەنى

بۇ تۇەن مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى) قۇرۇلغان بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى بىرلەشمە خىزمەت باش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، تۇەن شتابىدا سىياسىي خىزمەت، فۇگۇەن، ھەربىي لازىمەت، تېخنىكا ۋە داۋالاشتىن ئىبارەت بەش بۆلۈم تەسىس قىلىندى، بىر ھەربىي تەلىم-تەربىيە ليەنى ۋە بىر خىزمەتكارلار ليەنى سەپلەپ بېرىلگەن، قارىمىقىدا تۆت يىڭ ئەسكەر، بىر رېمونت زاۋۇتى، تەخمىنەن 500 ئاپتوموبىلى بار ئىدى. ئاساسلىقى، گەنسۇ، شەنشى ۋە شىنجاڭلارنىڭ ھەربىي ترانسپورت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. پۈتۈن تۇەندىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 2062، ئوفىتسېر 264 نەپەر ئىدى (بۇنىڭ ئىچىدە ليەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلار 85 نەپەر)، تيەن گېڭيۈەن، پى زۇڭگەن، چېن يۇ، پېڭ باڭجىلار تۇەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، 1949-يىل 9-ئايدا بۇ تۇەن ھەقىقەتكە قايتتى.

## (4) شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ گارنىزون تۇەنى

بۇ تۇەننىڭ تەكتى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 42-شىسىنىڭ 52-تۇەنى بولۇپ، مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) 11-ئايدا گەنسۇدىن قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقان، مىنگونىڭ 36-يىلى (1947-يىلى) 9-ئايدا گارنىزون تۇەنى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، تۇەن شتابىدا كاتىپ، سىياسىي خىزمەت، ھەربىي لازىمەت، قورال-ياراغ، فۇگۇەندىن ئىبارەت بەش بۆلۈم تەسىس قىلىنغان، خىزمەتكارلار ليەنى، زەمبىرەكچىلەر ليەنى، ترانسپورت ليەنى ۋە ساقلىقنى ساقلاش دۈيى ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قارايتتى، تۇەن قارىمىقىدا ئۈچ يىڭ ئەسكەر، 78 ئوفىتسېر بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ليەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېر 45 ئىدى. تۇەننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى شىڭشىڭشىيا، تۇغۇچى، يەتتەقۇدۇقلاردا تاشيول لىنىيىسىنىڭ ئەتراپىنى مۇھاپىزەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شيې ئەيچۇ، ماۋشىجۆلەر تۇەنجاڭ بولغان. بۇ تۇەن 1949-يىل 9-ئايدا ھەقىقەتكە قايتتى.

### (5) دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە خىزمەت باش قوماندانلىق شتابىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات باش ئىدارىسىنىڭ 3-شۆبە ئىدارىسى

بۇ ئىدارە مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) 8-ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭ تەمىنلەش باش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدى. ئىدارىدە سەنمۇ ئىشخانىسى، فۇگۇەن ئىشخانىسى، 1-بۆلۈم، 2-بۆلۈم ۋە 3-بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى، سىرتتا خىزمەت ئىشلەيدىغان ئاپپاراتلاردىن 7-تەمىنلەش پونكىتى (شىخۇشىكىشيادا تۇراتتى)، 8-تەمىنلەش پونكىتى (ئاراتۇرۇكتە تۇراتتى)، 9-تەمىنلەش پونكىتى (باركۆلدە تۇراتتى)، 10-تەمىنلەش پونكىتى (يەتتەقۇدۇقتا تۇراتتى)، 6-ئاشلىق-يەم پەيچۇسوسى (قۇۋۇق ئېغىزىدا تۇراتتى)، 7-ئاشلىق-يەم پەيچۇسوسى (توغۇچىندا تۇراتتى) قاتارلىقلار بار ئىدى. سەپلەپ بېرىلگەن ئاپپاراتلاردىن قۇمۇل ماي قاچىلاش پونكىتى، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش 4-لىيەنى، 5-لىيەنى، كارۋان دۈيى، ئات ترانسپورت دۈيى، قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورا توپلاش ئورنى ۋە كۆزەتكۈچىلەر لىيەنى قاتارلىقلار بار ئىدى. پۈتۈن ئىدارە بويىچە 132 ئوفىتسېر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە لىيەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتېر 95 ئىدى. سۇزۇشىپ، ۋۇجۆرەن، لى فاڭ، شيۇڭ پېڭيۈەنلەر ئىدارە باشلىقى بولغان. بۇ ئىدارە 1949-يىل 9-ئايدا ھەقىقەتكە قايىتتى.

### (6) شىنجاڭ ھەربىي ترانسپورت قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشخانىسى

بۇ ئىشخانا مىنگونىڭ 36-يىلى (1947-يىلى) 5-ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسىي ۋەزىپىسى ترانسپورت ئىشلىرىنى تەشكىللەش، سودا-سانائەت ئاپتوموبىللىرىنى تەقسىم قىلىش، ھەربىي ترانسپورت پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئىدى. پۈتۈن ئىشخانا بويىچە تەخمىنەن 20 ئادەم بار ئىدى. شۈتسۇبى، شەن چاۋچۈن، جېڭ جيەنچىڭلار مۇدىر بولغان. بۇ ئىشخانا 1949-يىل 9-ئايدا ھەقىقەتكە قايىتتى.

### (7) شەرقىي شىنجاڭ چېگرا قاراۋۇل دادۈيى

مىنگونىڭ 37-يىلى (1948-يىلى) قىشتا، قۇمۇل ئامانلىق ساقلاش دادۈيىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن، دادۈيدە سىياسىي خىزمەت ئىشخانىسى، فۇگۇەن ئىشخانىسى، كاتىبات ئىشخانىسى، ھەربىي لازىمەت ئىشخانىسى، مال دوختۇرلۇق ئىشخانىسىدىن ئىبارەت بەش ئىشخانا تەسىس قىلىنغان، بىر رادىئو-تېلېگراف، بىۋاستە قاراشلىق ئىككى جۇڭدۈي بار بولۇپ، بارلىق ئوفىتسېر-جەڭچىلەر تەخمىنەن 250 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە لىيەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېرلار 24 كىشى)، 20 ئات بار ئىدى. ھەربىي قىسىملار باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك چېگرا لىنىيىلىرىگە ئورۇنلاشقان. ليۇشىڭخۇا، ليۇشىچۈەن، ۋاڭيۇچېڭ، چېن جېنشېڭ ۋە خۇاڭ جۇفېيلار دۈيجاڭ بولغان. بۇ دادۈي 1949-يىلى 9-ئايدا ھەقىقەتكە قايىتتى.

## (8) قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھەربىي لازىمەت ئاپتوموبىل 20 - تۇەنى

بۇ تۇەن مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 6 - ئايدا قۇرۇلغان. ئەسلى ئىسمى ۋاقىتلىق ئاپتوموبىل 20 - تۇەنى بولۇپ، شۇ يىلى 10 - ئايدا ئاپتوموبىل 20 - تۇەنىگە ئۆزگەرتىلگەن، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 4 - ئايدا، يۈننەندىن قۇمۇلغا يۆتكىلىپ كىرگەن. تۇەن شتابىدا سىياسىي خىزمەت، فۇگۇەن، ھەربىي لازىمەت، تېخنىكا، ھەربىي دوختۇرلۇقتىن ئىبارەت بەش ئىشخانا، بىر پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە پەيى، بىر خەۋەرلىشىش پەيى تەسىس قىلىنغان، قارىمىقىدا تۆت يىڭئەسكەر بار ئىدى. تۇەندە 1150 ئوفىتسېر - جەڭچى (بۇنىڭ ئىچىدە ليەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېر 26)، تەخمىنەن 560 ئاپتوموبىل بار ئىدى. چيەن يىسۇڭ، جۇ رېنپۇلار تۇەنجاڭ بولغان. بۇ تۇەن 1949 - يىل 9 - ئايدا ھەقىقەتكە قايتتى.

## (9) دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە خىزمەت باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇمۇل كىيىم - كېچەك زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 1 - ئايدا قۇرۇلغان. زاۋۇتتا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، تۆۋەندە ئەمگەك ئىشلىرى، ماتېرىيال، مالىيە، خوجىلىق بۆلۈمچىلىرى ۋە بىر شىپاخانا تەسىس قىلىنغان. ئەمگەك ئىشلىرى بۆلۈمچىسى قارىمىقىدا تېرە - يۇڭ سېخى، كىيىم تىكىش سېخى، ئاياغ كىيىم تىكىش سېخى، پىما ئىشلەش سېخى بولۇپ تۆت سېخ بار ئىدى. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى شەرقىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەربىي قىسىملارنى تەمىنلەيتتى. پۈتۈن زاۋۇتتا تەخمىنەن 200 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە ليەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېر 32) بار ئىدى. 1949 - يىل 9 - ئايدىن كېيىن تارقىتىۋېتىلدى.

## (10) قۇرۇقلۇق ئارمىيە 178 - لۈيى

بۇ لۈ ئەسلىدە گومىنداڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ 45 - شىسى بولۇپ، مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 7 - ئايدا قىسقارتىلىپ 78 - شىنىڭ 178 - لۈيى قىلىپ تەشكىللەندى، مۇۋورو لۈجاڭلىقىغا قويۇلدى. لۈ شتابىغا بىرلا ۋاقىتتا «شەرقىي شىنجاڭ مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلدى، قوماندانلىقنى مۇۋورو قوشۇمچە ئۆتىدى. لۈ شتابىدا سەنمۇ ئىشخانىسى، ئاخبارات ئىشخانىسى، ھەربىي لازىمەت ئىشخانىسى، فۇگۇەن ئىشخانىسى، ھەربىي قورال - ياراغ ئىشخانىسى، ھەربىي سوت ئىشخانىسى، مەخپىي ئىشلار ئىشخانىسى، سىياسىي خىزمەت ئىشخانىسى قاتارلىق ئىشخانىلار ۋە بىر «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دۈيى» تەسىس قىلىندى. بىۋاستە قاراشلىق ھەربىي قىسىملاردىن يۈك ترانسپورت يىڭى، پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە لىيەنى، خەۋەرلىشىش لىيەنى بار ئىدى، قارىمىقىدا 532 - تۇەن، 533 - تۇەن ۋە ئاتلىق ئەسكەر تۇەنلىرى بولۇپ، ئەسكىرى تەخمىنەن 4000 گە يېتەتتى، لىيەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 266 ئوفىتسېر بار ئىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، بۇ لۈدىكى ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلاردىن

لى جوڭجيې، سۇن ڕېنجيا، فېڭ دېجى قاتارلىقلار 1949 - يىل 5 - ئايدا ياش ئەسكەرلەرنى ئايانچ قىلغان ھالدا ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ — جوڭگو سەنمىنجۇيى ئىنقىلابىي ياشلار ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، بىر قىسىم ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلارنى يېڭىدىن تارتىپ، جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن قارشىلىشىپ، ئارمىيىمىزنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى. لۇ شتابىنىڭ كادىرلار بۆلۈم باشلىقى لى جوڭجيې باشلىق، ئۇرۇش قىلىش سەنمۇسى سۇن ڕېنجيا مۇئاۋىن باشلىق بولدى. قول ئاستىدا ياچېيكا ۋە شۆبە ياچېيكا تەسىس قىلىندى. ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىنغان ئەزالار، ئاساسەن، گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي مەكتىپىنىڭ 17 - قارارىنى پۈتتۈرگەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ جيۇچۈەندە تۇرۇشلۇق 532 - تۇەنىنىڭ لى زۇباڭ، جياڭ مېڭشيۇڭ قاتارلىق لىيەنجاڭلىرى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. ئازادلىق ئارمىيىمىز تەرەپ - تەرەپتىن جيۇچۈەنگە توپلانغانلىقى، شىنجاڭ تېلېگراما يوللاپ ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

178 - لۇ 1949 - يىل 9 - ئايدا ھەقىقەتكە قايتتى.

## (11) قۇمۇل ھەربىي ئاۋىئاتسىيە بېكىتى ئايروپىلان ئىستانسىسى

بۇ ئايروپىلان ئىستانسىسى مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقى جوڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەمگە بەرگەن ماددىي ئەشيالارنى توشۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى)، گومىنداڭ ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئايروپىلان ئىستانسىسىنىڭ تەشكىلى كېڭەيدى، ئىستانسىدا تېلېگراما ئالاقە ئىستانسىسى، ئاخبارات ئىستانسىسى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر رېمونتخانىسى ۋە بېنزىن ئىسكىلاتى قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىندى، ئىستانسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا دىجورنىلىق قىلىدىغان ئادەم سانى تەخمىنەن 36 كىشى بولۇپ، ئاساسىي ۋەزىپىسى شىنجاڭغا كېلىدىغان گومىنداڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنى ئايروپىلاندا توشۇش ئىدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) كەسپى ئازىيىپ، شتاتى ۋە خادىملىرى قىسقارتىلىپ، نامى «ئۇرۇمچى ئاۋىئاتسىيە ئىستانسىسىنىڭ قۇمۇل ئىش باشقۇرۇش ئورنى» غا ئۆزگەرتىلدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۆتكۈزۈۋالدى.

## (12) ھەربىي تېلېگراما ئىستانسىسى

قۇمۇل ھەربىي تېلېگراما ئىستانسىسى رەھبەرلىك سىستېمىسى بويىچە باشقا جايلارنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ بولۇپ ئىككى تۈرگە ئايرىلاتتى.

باشقا جايلار بىلەن ئالاقە قىلىشىدىغان تېلېگراما ئىستانسىسى مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن: (1) ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكى نەنجىڭ باش ئىستانسىسى قوماندانلىقىدىكى «ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكى قۇمۇل 4 - تېلېگراما ئىستانسىسى» بولۇپ، يەتتە خىزمەتچىسى بار ئىدى؛ (2) چۇڭچىڭ ئاۋىئاتسىيە باش

ئىستانسىسى قوماندانلىقىدىكى «قۇمۇل هەربىي ئاۋىئاتسىيە ئىستانسىسى تېلېگراممىا ئىستانسىسى» ۋە «ئاخبارات ئىستانسىسى» بولۇپ، 11 خىزمەتچىسى بار ئىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق هەربىي قىسىملار ۋە هەربىي ئىشلار ئورگانلىرىنىڭ تېلېگراممىا ئىستانسىلىرى: (1) مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) قۇمۇلدا قۇرۇلغان «قۇمۇل گارنىزون تۇەندىنىڭ سىمسىز تېلېگراممىا پەيى باش ئىستانسىسى» نىڭ قارىمىقىدىكى 1 - يىلىڭ (يەتتەقۇدۇقتا تۇراتتى)، 2 - يىلىڭ (شىڭشىڭشىيا هەم تاشۆيلىقتا تۇراتتى) لاردىكى ئۈچ شۆبە ئىستانسىسى، (2) يەتتەقۇدۇق هەربىي ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ئاخبارات ئىستانسىسى، (3) يەتتە قۇدۇق خەۋەرلىشىش 7 - تۇەنى تېلېگراممىا ئىستانسىسى، (4) شىڭشىڭشىيا ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ 18 - تېلېگراممىا ئىستانسىسى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

يۇقىرىدىكى تېلېگراممىا ئىستانسىلىرىنىڭ ئاز قىسمىدا چوڭ - تىپتىكى تېلېگراممىا قوبۇل قىلىش - تارقىتىش ئاپپاراتلىرىغا سەلەركە ياقىدىغان دىنام ئىشلىتىلگەندىن باشقا، كۆپ قىسمىدا جۇڭگودا ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 5 - 15 ۋاتلىق تېلېگراممىا قوبۇل قىلىش - تارقىتىش ئاپپاراتى، قول بىلەن تولغاپ توك هاسىل قىلىدىغان دىنام ئىشلىتىلەتتى.

# II باب هەربىي خىزمەت ۋە خەلق ئەسكىرى

## § 1. هەربىي خىزمەت

1955 - يىلى مەركىزىي خەلق هۆكۈمىتى هەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، مەجبۇرىي هەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. قۇمۇل

**هەر يىلى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەر سانى جەدۋىلى**

جەدۋەل 17 - 2

| يىل | ئومۇمىي سان | خەنزۇ | ئازسانلىق مىللەت | يىل | ئومۇمىي سان | خەنزۇ | ئازسانلىق مىللەت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1963 | 40 | 20 | 20 | 1979 | 115 | | |
| 1969 | 81 | 69 | 12 | 1980 | 103 | 76 | 27 |
| 1972 | 61 | 41 | 20 | 1981 | 194 | 179 | 15 |
| 1974 | 109 | 86 | 23 | 1982 | 225 | 173 | 52 |
| 1976 | 122 | 62 | 60 | 1983 | 227 | 195 | 32 |
| 1978 | 129 | 129 | | — | | | |

ناھىيىسىدە ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى مەسئۇل بولدى، 1958 - يىلدىن كېيىن بۇ خىزمەتكە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. ئەسكەر ئېلىش ۋاقتىدا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يېزا - بازارلىرىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى ئاكتىپلىق بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ھەربىي سەپكە قاتناشتى.

## § 2. خەلق ئەسكىرى

1958 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، قۇمۇل ناھىيىسىدە خەلق ئەسكىرى شىسى، گۇڭشېلاردا خەلق ئەسكىرى يىڭى، ئىشلەپچىقىرىش دادۇيلىرىدە خەلق ئەسكىرى لىيەنى، كارخانا ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورگانلاردا بولسا خەلق ئەسكىرى يىڭى قۇرۇلدى. خەلق ئەسكەرلىرى ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى، تايانچ خەلق ئەسكىرى، قوراللىق خەلق ئەسكىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنەتتى. تارقىتىلغان قورال - ياراغلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 800 دىن ئاشاتتى. 1964 - يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى تاشۋىلىق گۇڭشې، پالۋانتۇر گۇڭشې، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك بانكىلارنىڭ خەلق ئەسكىرى خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى. 1978 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە شۆبە ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ تەستىقى بىلەن، قۇمۇل ناھىيىسىدە خەلق ئەسكىرى شىسى، گۇڭشېلاردا خەلق ئەسكىرى تۈەنى يېڭىباشتىن قۇرۇلدى. شۇ چاغدا قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق ئەسكىرى شىسى قارمىقىدا بەش تۈەن، 30 يىڭ، 174 لىيەن، 546 پەي بولۇپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 25 مىڭ 587 نەپەر ئىدى. 1981 - ۋە 1982 - يىللىرى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىكىدە ئەسلىدىكى خەلق ئەسكىرى تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىپ، ناھىيە تەشكىللىگەن خەلق ئەسكىرى شىسى ۋە گۇڭشېلار تەشكىللىگەن خەلق ئەسكىرى تۈەنى تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ خەلق ئەسكىرى شتاتىنى بىر تۈەن، بەش يىڭ، 23 لىيەن ۋە 10 پارتىزانلىق دۈيى قىلدى. بۇ چاغدا خەلق ئەسكەرلىرى جەمئىي 8520 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكىرى 2387 نەپەر ئىدى.

1962 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇمۇل ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى.

1975 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 2 - قېتىملىق خەلق ئەسكەر ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. ئۇلارغا 203 ۋەكىل، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن 45 كىشى، تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەردىن 12 كىشى قاتناشتى.

1978 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، قۇمۇل ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار بويىچە بىرىنچى قېتىملىق ماھارەت كۆرسىتىش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

www.uyghurkitap.com

قۇمۇل ناھىيىسىدە تاشۋىلىق گۇگشىپ خەلق ئەسكىرى خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ، 1960 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق ئەسكىرى خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى، 1964 - يىلى غەربىي شىمال رايونىدا خەلق ئەسكىرى خىزمىتى بويىچە ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى، 1965 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەسكىرى خىزمىتى بويىچە ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى. تاشۋىلىق گۇگشىپىدىن جاڭ لى، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىدىن ۋاڭ شىگۇاڭلار 1960 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق ئەسكىرى خىزمىتى بويىچە ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىن بۇ ئىككى يولداش تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ ھەر بىرىگە بىر تالدىن يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق تەقدىم قىلدى.

قۇمۇل ناھىيىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 17 - 3

| يىل | ئومۇمىي سان | تايانچ خەلق ئەسكىرى | ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى | قوراللىق خەلق ئەسكىرى |
|---|---|---|---|---|
| 1962 | 338 | 338 | | |
| 1963 | 19912 | 9697 | 10215 | |
| 1978 | 25527 | 21438 | 4049 | |
| 1979 | 29857 | 12594 | 11538 | 5725 |
| 1780 | 28225 | 12004 | 10492 | 5729 |
| 1981 | 8520 | 2387 | 6133 | |
| 1982 | 8520 | 3287 | 6133 | |
| 1983 | 8520 | 2387 | 6133 | |

# III باب دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى

## § 1. تورپاق يېغىلىقى

1. سەۋەبى

شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بارلىق بەگلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوخشاش ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى

بولغا قويدى. لېكىن قومۇلنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە ئىدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، ھەرقايسى جايلاردىكى ۋاڭ - گۇڭ، بەگلەر ئازدۇر - كۆپتۇر خائىنلىق قىلدى، پەقەت قومۇلدا ئۆتكەن ۋاڭلارلا ۋەزىيەتنىڭ قانداق مۇرەككەپ، قىيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سادىق بولدى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قومۇل ۋاڭلىقى ئەزەلدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قەدىرلىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كەلدى. شۇڭا قومۇل ۋاڭى ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاشمىدى، ئۇ قومۇلدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى بۇرۇنقىدەكلا ئۇنۈملۈك باشقۇرۇپ كەلدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان چاغدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە رۇخسەت قىلىشى بىلەن قومۇل ۋاڭىنىڭ ھوقۇقى يەنە ساقلىنىپ قالدى. شامەخسۇت ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، ھاشار ۋاقتىنى كۆپەيتىپ بەش كۈنگە يەتكۈزدى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە قوشۇپ يەتتە كۈنگە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ. دېھقانلار «ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە ئالدى بىلەن ۋاڭنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆز يېرىنى تېرىيتتى. كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدە، ئالدى بىلەن ۋاڭنىڭ ئاشلىقىنى يىغىپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاشلىقىنى يىغاتتى» («ئىستىغپار ھۆججىتىدە يېزىلغان مەكتۇپلار»). ئۇنىڭدىن باشقا، ۋاڭنىڭ چوڭ - كىچىك ئاقساقاللىرى دېھقانلارغا ئۆزىگە چاكارلىققا ئىشلەپ بېرىش بۇيرۇقى چۈشۈرەتتى، ئەمرىگە بويسۇنمىغانلاردىن يەڭگىلرەكلىرىنى قامچىلايتتى، ئېغىرراقلىرىنىڭ پۇت - قولىغا كىشەن - كويزا سېلىپ قاماپ قوياتتى. بىر ئايدا دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىشىكىدە بولىدىغان ۋاقتى بىرنەچچە كۈنگە يەتمەيتتى. دېھقانلار دائىم تېرىقچىلىق ۋە ئاشلىق يىغىۋېلىش پەسلىنى ئۆتكۈزۈپ قوياتتى - دە، ئالىدىغان مەھسۇلاتىغا تەسىر يېتەتتى. ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قومۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئالۋان - ياساق ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر يىلى ئوردىدىن ھۆكۈمەت باھاسىدا مەلۇم مىقداردا ھەربىيلەر ئۈچۈن ئاشلىق سېتىپ ئالاتتى، بۇ «سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق» دەپ ئاتىلاتتى. شامەخسۇت ئوردا ئامبىرىدىن بىر دان ئاشلىقنىمۇ مىدىرلاتماستىن، زورلۇق بىلەن دېھقانلاردىن ھۆكۈمەت باھاسىدىن تۆۋەن باھادا ئاشلىق سېتىۋالاتتى. نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ھاشار - سېلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، ئۆي - مۈلۈكلىرىنى سېتىشقا ياكى ۋاڭدىن پۇل قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى، بەزى كىشىلەر مۇشۇ سەۋەبتىن بارلىقىدىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇپ باشقا يۇرتلارغا كېتەتتى. كەڭ دېھقانلار ۋاڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ، ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشقا تەشنا ئىدى.

**2. جەريانى**

گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) ئەتىيازدا دەل، سېرىقتال مەزگىلىدە،

ۋاڭ دېھقانلارنىڭ ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي، دېھقانلارنى بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە «سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق» تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ. يار تۈگمەندىكى ياش دېھقان شەرۇللا ئوردا ئالۋان قىلىپ تەقسىم قىلىنغان 50 كورە ئاشلىقنى «يەنى سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق»نى تاپشۇرۇشقا ھەققەتەن چامىسى يەتمەي، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىككى كۈن قالغاندا ۋەسىيەتنامە يېزىپ جىگدە دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئۇ، ۋەسىيەتنامىسىدە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ دېھقانلارنى ۋەھشىيلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىنى غەزەپ - نەپرەت بىلەن شىكايەت قىلىدۇ. شەرۇللانىڭ ئۆلۈمى كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن زور ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان كەڭ دېھقانلارنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن غەزەپ ئوتى تېگىپ كەتسىلا پارتلاپ كېتىدىغان ھالەتكە يېتىدۇ.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كەمبەغەل دېھقانلاردىن غوجامنىياز، دۈگامەت، موللا راجىلار بىر قىسىم دېھقانلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، قۇمۇل مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، ھاشار - سېلىقنى كەچۈرۈم قىلىشنى، قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن تيەنلۇ دېھقانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە سەل ھېسداشلىق قىلىپ، ئەرزنامىسىنى ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيغا يەتكۈزۈشكە ماقۇل بولىدۇ. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى غوجامنىياز قاتارلىق كىشىلەر بۆلۈنۈپ، ئاممىغا: قۇرئان كېرىمدە ھەممىمىز ئوخشاش بەندە دېيىلگەن، ۋاڭلار نېمە ئۈچۈن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا شىلىمىزغا مىنىۋالىدۇ، بىز پەقەت قۇل بولۇپلا ئۆتۈپ كېتەمىزمۇ؟ ئەركىن تۇرمۇش كۆچۈرۈش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىمىز لازىم، دەپ تەشۋىق قىلىدۇ ھەمدە قۇمۇل مەھكىمىسى يارلىق تاپشۇرۇپ ئاپتۇ، پات ئارىدا «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» يولغا قويۇلىدىكەن، دەپ ۋەز ئېيتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان جاپاكەش دېھقانلار ناھايىتى خۇش بولىدۇ. بۇ خەۋەر پۈتۈن شەھەر ئىچىگە ئىنتايىن تېز تارقىلىپ كېتىدۇ. شا مەخسۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غوجامنىياز قاتارلىق كىشىلەرنى دەرھال قولغا ئالىدۇ، ئەتىسى ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا 1000 دىن ئارتۇق دېھقان توپلىشىپ، ئوردىنىڭ 1 - دەرۋازىسىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ تاشلاپ، ئاممىنىڭ يولباشچىلىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شامەخسۇت بۇ ئىشنى، بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كۈيگە تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قۇمۇل بىرىگادىسىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قورۇق قول قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلار چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ بەتلەپ تەييار قىلىپ قويغان قورال - ياراغلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ چاغدا، ئاقسۇغا دوتەي (ۋالىي) بولۇپ تەيىنلەنگەن ياڭ زېڭشىن لەنجۇدىن قۇمۇلغا كېلىپ قالىدۇ، ليەن كۈي ياڭ زېڭشىنغا شۇ جايدا تۇرۇپ، ئەھۋالغا قاراپ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ياڭ زېڭشىن تەجرىبىسى مول كونا ئەمەلدار بولۇپ، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ تەۋرىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ۋاڭنى ھاشارنى يەتتە كۈندىن

ئۈچ كۈنگە قىسقارتىشقا، تۇتۇپ ئالغان ئادەملەرنى قويۇپ بېرىشكە قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە خوجامنىياز قاتارلىق كىشىلەرنى ئالداپ، «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ئىشى، ئاستا-ئاستا مەسلىھەتلەشسەك بولىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ۋاڭنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدە ۋاقىتلىق تۇرۇپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، دەيدۇ، كۆرەش تەجرىبىسى كەم دېھقانلار ياڭ زېڭشىننىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ياڭ زېڭشىن كەتكەندىن كېيىن، شا مەخسۇت ئالۋاننى يەڭگىللىتىش ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. قۇمۇل ۋاڭى لەۋزىدە تۇرمىغانلىق ۋەجىدىن، قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ ھاكىمى چېن تيەنلۇ موللاراجىنى قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ شاڭيۇلىقىغا تەيىنلەپ، ۋاڭ بىلەن قارىمۇ-قارشى مۇقامغا تۇۋۇلىتىدۇ. موللاراجى غوجامنىياز ۋە دۇگامەتلەر بىلەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىشىپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ ئۈچەيلەن بۆلۈنۈپ شەھەر ئىچىگە يوشۇرۇن كىرىپ، ئاستىرتتىن سەپەرۋەرلىك تەشۋىقى ئېلىپ بارىدۇ. دېھقانلار تېزلىكتە يېڭىباشتىن ھەرىكەتكە كېلىپ، «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» شوئارىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تاغلىق رايون ۋە تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانلار، جۈملىدىن بەزى كىچىك ئاخۇن ۋە بەگلەر كەينى-كەينىدىن ئاۋاز قوشىدۇ، قوزغىلاڭچى قوشۇن كېڭىيىپ 1000 دىن ئاشىدۇ. كۆپچىلىك كەتمەن، گۈرجەك، قىڭراق ۋە كالتەك قاتارلىق قوراللارنى كۆتۈرۈپ شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ۋاڭغا كۈچ كۆرسىتىدۇ. شامەخسۇت بۇ ئىشنى تېلېگراما ئارقىلىق دەرھال لىيەن كۇيگە مەلۇم قىلىپ، قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ. لىيەن كۇي شۇ ھامان بارىكۆل باش بۇغى (قوماندانى) يى شېڭفۇغا قۇمۇلغا بېرىپ بېسىقتۇرۇش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېن تيەنلۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئۆلكە مەركىزىگە قايتۇرۇپ كېلىپ تەكشۈرۈپ چارە كۆرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

چېن تيەنلۇنى يالاپ ئۆلكە مەركىزىگە ئېلىپ ماڭغاندا، موللاراجى قاتارلىقلار چېك سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە يەنىلا ئۈمىد باغلاپ، يارتا خوجائەخمەت قاتارلىق 12 ۋەكىلنى چېن تيەنلۇ بىلەن بىرلىكتە ئۆلكە مەركىزىگە ئەرز قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ۋەكىللەر ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، لىيەن كۇي ئۇلارنى قامايدۇ ۋە خەزىنە بېگى ۋاڭ شۇنەن، مائارىپ بېگى دۇتۇڭ، ئۈرۈمچى ھاكىمى ھەم تەپتىشى رۇڭ فېيلارغا ياڭ زېڭشىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى قاتتىق سوراق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

3. ئاقىۋىتى

9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى مولاراجى، غوجامنىياز ۋە دۇگامەت قاتارلىق ئۈچ كىشىنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قارار قىلىدۇ، يارتا خوجائەخمەت قاتارلىق 12 كىشىنى باشقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىدۇ. چېن تيەنلۇنىڭ ئەمە-

www.uyghurkitap.com

لىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇش، مەڭگۈ مەنسەپ بەرمەسلىك توغرىسىدا قارار چىقىرىلدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھۆكۈمەت تەرەپ قۇمۇلنىڭ خۇاگوسەن دېگەن يېرىدە موللاراجى قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سازايى قىلىدۇ، شا مەخسۇت قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلارنى ھەممە يەردە تۇتقۇن قىلىدۇ، بەزىلىرىنى قامايدۇ، بەزىلىرىنى سۈرگۈن قىلىدۇ، قوزغىلاڭچىلاردىن بەزىلىرى مۇزلاپ ئۆلىدۇ، بەزىلىرى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر جان ساقلاشنىڭ ئامالىنى تاپالماي، ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا تورپاق (لەقەم، موزاي مەنىسىدە) جەمەتىدىكىلەر (مەسىلەن: موللاراجى، دۈگامەت، شاكىر قاتارلىقلار) كۆپرەك قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ قوزغىلاڭنى «تورپاق يېغىلىقى» دەپ ئاتاشتى.

## 2§ . تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى

### 1. تۇغ كۆتۈرۈپ، قايتىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) نىڭ باشلىرىدا ئىلى ئىنقىلابىي پارتىيەسى ئەزالىرى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىلى ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ «يېڭى ئىلى چوڭ تۇتۇق مەھكىمىسى» نى قۇردى. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تېزدىن ئەسكەر ئېلىش توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدى ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئادەم يۆتكەپ، ئىلى خەلق قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇماقچى بولىدى. قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، شۇ ھامان تەۋەسىدىكى يېزا - كەنتلەرگە، ئومۇمەن ئىككىدىن ئارتۇق ئەر كىشى بار ئائىلىلەردىن بىردىن ئادەم ئەسكەرلىككە ئېلىنىدۇ، ئات ۋە يول - تاقلارنى ئۆزى تەييارلايدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. قۇمۇلدىن 500 ئادەم ئەسكەرلىككە تۇتۇلىدۇ، 1- تۈركۈمدە سومقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋىلەردىن 200 ئادەم ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ، قارادۆۋىلىك روزى ئەمەت قازىنىڭ باشچىلىقىدا مۇددەتتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىگە ماڭغۇزۇلىدۇ. 2 - تۈركۈمدە تاغلىق رايونلاردىن 300 ئادەم ئەسكەرلىككە ئېلىنىدۇ. 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا بۇ 300 ئەسكەر كەينى - كەينىدىن شەھەر ئىچىگە يېتىپ كېلىدۇ، ئوردا نەچچە 10 تال مىلتىق ئاجرىتىپ، قاۋۇل ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغۇچى ئاقساقىلى ئەجەرباقى غازى باشچىلىقىدا ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى ئەسكەر ئېلىش ۋاقتىدا، شامەخسۇت ئەسكەر ئېلىنىدىغان ئائىلىلەرنى ئادەم ۋە ئات چىقىرىشقا، ئەسكەر ئېلىنمايدىغان ئائىلىلەرنى پۇل ۋە ئاشلىق چىقىرىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇنى ئاز دەپ، ھەرقايسى كەنتلەردىكى دورغىلار ھەدەپ تالان - تاراج قىلىپ، دېھقانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان قورايلىق دېھقان تۆمۈر كۆپچىلىكنى ئالدى

بىلەن ئەسكەر بولۇشقا، مىلتىقنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن پۇرسەت تېپىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. قوشۇن يولغا چىقىپ لياۋدۇڭغا كەلگەندە تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئالۋان - ياساقلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، كۆپچىلىكنى قومۇلغا قايتىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىرىدۇ، كۆپچىلىك تۆمۈرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدۇ. قوشۇن قايتىپ كۆشۈتىگە كەلگەندە، بەزى كىشىلەر قومۇل ۋاڭىغا كۈچى يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. مۇشۇنداق ئىككىلىنىپ تۇرغان چاغدا، باركۆلدىكى گېلاۋخۇيىنىڭ ئەزالىرىدىن سەي گوجېن، ۋاڭ بەچېك، چېن زىلىن قاتارلىقلار تۆمۈر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ ۋاڭغا ھۇجۇم قىلىشنى تەكلىپ بېرىدۇ، باركۆل باش بۇغىسى يى شىڭفۇ باركۆلدىكى گېلاۋخۇيىنىڭ ئەزالىرى بىلەن قومۇل ئۇيغۇر قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ كۆشۈتىدە ئالاقە باغلىغانلىقىنى ئۇقۇپ، 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سەھەردە قار يېغىۋاتقىنىغا قارىماي، ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقىدۇ. دېھقانلار قوشۇنى كۆشۈتىدە يى شىڭفۇ باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى قورشىۋېلىپ، ئۈچ چىڭ ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، قالغانلىرى ئامالسىز قولغا چۈشىدۇ. دېھقانلار قوشۇنى چىڭ سۇلالىسى ئەسكىرى بىلەن يى شىڭفۇنى يالاپ قورايغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يى شىڭفۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ، ئەسىرگە چۈشكەن چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى قويۇۋېتىدۇ. قومۇل تاغلىق رايوندىكى ئۇيغۇر خەلقى تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدە قومۇل ۋاڭىغا قوراللىق قارشى تۇرۇش تۇغىنى رەسمىي كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

بۇ خەۋەر قومۇلغا يەتكەندە، شامەخسۇت قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ، شامەخسۇت ئالمان - تالمان ئادەم چىقىرىپ، تۆمۈر خەلپىگە قورالنى تاشلاپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. لېكىن تۆمۈر خەلپە پىسەنت قىلمايدۇ، ۋاڭ ئەۋەتكەن ياڭ مۇجاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ۋاڭ ئەۋەتكەن ئەمەلدارلارنى قوغلىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا، گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) تورپاق يېغىلىقىغا قاتنىشىپ قومۇل ۋاڭلىقى تەرىپىدىن نوم قاتارلىق جايلارغا پالانغان دېھقانلارمۇ كەينى - كەينىدىن كېلىپ دېھقانلار قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ، باركۆلدىكى گېلاۋخۇيمۇ يوشۇرۇنچە قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەيدۇ. قوزغىلاڭچى قوشۇن تېز كېڭىيىپ، نەچچە 1000 ئادەمگە يېتىدۇ. دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى تاغ رايونىنى بازا قىلىپ، قومۇل ۋاڭىغا تەرەپ - تەرەپتىن زەربە بېرىشكە باشلايدۇ.

### 2. «قورشاپ يوقىتىش» نىڭ تارمار قىلىنىشى

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 2 - ئايدا، يۈەن شىكەي جۇڭخۇا مىنگونىڭ زۇڭتۇڭى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇمھۇرىيەتكە قوشۇلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قوزغىلاڭچى قوشۇنلار كەينى - كەينىدىن قوزغىلىپ كەتكەنلىكتىن، يۈەن داخۇا خىزمىتىدىن ئىستىپا سوراپ، ئىچكى ئۆلكىگە قايتماقچى

بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ۋە قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خوۋاڭ گاۋلىنلارنىڭ ياردەم سوراش خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، قاتتىق دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ قايتىش يولىنى توسۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى ياڭ زېڭشىننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئالدى بىلەن، ليۇيۈپېينى ئاتلىق قوشۇن بىلەن قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ، چيەن گۇاڭخەننى قۇمۇل برىگادىسىنىڭ ئورۇنباسار قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى، پىيادە ئەسكەرلەر يىڭى، زەمبىرەكچى ئەسكەرلەر يىڭىدىن ئىبارەت ئۈچ يىڭ ئەسكەر بىلەن شەرققە ماڭغۇزىدۇ. سەي لېشەن، ليۇرۇڭشېڭلارنى ئىككى يىڭ ئەسكەر بىلەن بارىكۆلگە بېرىپ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنباسار قوماندانى ۋاڭ فېيلەننى بارىكۆلنىڭ باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى گۇچۇڭدا تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۈرۈمچى، بارىكۆل، قۇمۇلدىن ئىبارەت ئۈچ جاينى قوشۇمچە قوغداشقا قويىدۇ. يۈەن داخۇا بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كەلگەن قۇمۇلنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن 160 نى، ۋاڭ شىنپىڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن 60 نى، مىن شيەنۋېينىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن 30 نى، مۇلازىم ئاتلىق ئەسكەرلەردىن 60 نى، مۇھاپىزەتچى قىسىمدىن 100 ئەسكەرنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىدىن داغدۇغا بىلەن چىقىدۇ.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يۈەن داخۇا قۇمۇلغا يېتىپ بارىدۇ. مۇددەتتىن بۇرۇن قۇمۇلغا يېتىپ بارغان چيەن گۇاڭخەن دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى قوللىغان ئامىدىن 10 نەچچىنى (خەنزۇلارمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ بار) قولغا ئالىدۇ، يۈەن داخۇا قۇمۇلغا كېلىپ، ئۇلارنى سوراق قىلغاندىن كېيىن، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يۈەن داخۇا ئوردىنىڭ ئالتە ئۇيغۇر ئەمەلدارىنى قوزغىلاڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن تاغقا چىقىرىدۇ. لېكىن تۆمۈر خەلپە رەت قىلىدۇ. 6 - ئاينىڭ 24 -، 25 - كۈنلىرى يەنە تەرجىمان چۈن شېڭ بىلەن ئوردىنىڭ ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلىرىنى قوزغىلاڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم تاغقا چىقىرىدۇ. تۆمۈر خەلپە ۋاڭ بىلەن ئاخىرىغىچە كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، چۈن شېڭنى تاغدىن قوغلىۋېتىدۇ، ئوردىنىڭ ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قاماپ قويىدۇ.

يۈەن داخۇا دېھقانلار قوشۇنىنى قىنىغا چۈشۈرەلمەي، چيەن گۇاڭخەننى ئەسكىرى بىلەن تۆرۈكتە تۇرغۇزۇپ، تاغقا چىقىپ «قورشاپ يوقىتىش» ئۇرۇشى قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. چيەن گۇاڭخەن ئاتلىق ئەسكەرلەر باشلىقى گاۋ گۇيفا بىلەن زەمبىرەكچى دۈيىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈشىڭلارنى قول ئاستىدىكى ئىككى يىڭ ئەسكەر بىلەن تۆرۈككە ئاتلاندۇرىدۇ، ئۆزى كەينىدىن يولغا چىقىدۇ. گاۋگۇيفا، ۋاڭ يۈشىڭلار يەر شارائىتىنى ياخشى بىلمىگەنلىكتىن كۆشۈتىنى تۆرۈك دەپ بىلىپ قالىدۇ. دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى تاغارغا سولاپ يوقىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەننى ئال-

داپ ئىچكىرى كىرگۈزۈپ، ئوكۇشلۇق يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەننى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ. ئۆلۈش ۋە يارىلىنىش ئېغىر بولغانلىقتىن، گاۋگۇيفا، ۋاڭ يۈكشڭلار مەغلۇب بولۇپ قۇمۇلغا قايتىدۇ. چيەن گۇاڭخەن قىسمىنى باشلاپ تۈرۈككە كېلىپ، گاۋگۇيفا، ۋاڭ يۈكشڭلارنى تاپالماي، ئۇلارنى ئىزدەپ غەربكە ماڭىدۇ. ئۇلار كۆشۈتكە يېتىپ كەلگەندە، شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان دېھقانلار قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، نۇرغۇن ئادىمى ئۆلىدۇ ۋە يارىلىنىدۇ. چيەن گۇاڭخەننىڭ هەربىي لازىمەتلىكلەر قاچىلانغان ئۈچ ئاپتوموبىلىنى تاشلاپ، پەرىشان هالدا قۇمۇلغا چېكىنىدۇ. دېھقانلار قوشۇنى نۇرغۇنلىغان قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى غەنىمەت ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسى تېخىمۇ ئۇرغۇيدۇ.

ئەسكەر چىقىرىش ئوكۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىن كېيىن، يۈەن داخۇا ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، چيەن گۇاڭخەننى ئەسكىرى بىلەن كۆشۈتى ۋە تۈرۈكلەردە تۇرۇشقا، بارىكۆل باش بۇغى ۋاڭ پېيلەن بىلەن ليۇرۇڭشېڭ، سەي ليشەنلەرنى ئەسكىرى بىلەن سومۇشتان، تيەنشەنمياۋلاردا تۇرۇشقا بويرۇپ، تاغ ئېغىزلىرىنى قامال قىلماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانى ئورۇنۇش توغرا كەلسە، ئالدى - كەينىدىن قىستاپ يوقىتىش، مۇداپىئەدە تۇرۇشقا توغرا كەلسە، دېھقانلار قوشۇنىنى تاغ ئىچىگە قاپساپ يوقىتىش ئىدى. ئۇ، بۇ قېتىم غەلىبە قازىنىشتا مەسىلە يىرىق دەپ هېسابلايدۇ، كېيىندىنلا ئوردىنىڭ ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلىرىنى يەنە بىر قېتىم تاغقا چىقىرىپ، دېھقانلار قوشۇنى قورالىنى ۋە باشلىقىنى تاپشۇرسىلا، قالغانلىرى بىردەك كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، بولمىسا، ئۆلتۈرۈشتىن باشقا يول يوق، دەپ جار سالىدۇ. تۆمۈر خەلپە ئادەملىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئوردىنىڭ ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ كېيىمىنى سالدۇرۇۋېلىپ، تاغدىن قوغلىۋېتىدۇ. يۈەن داخۇانىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، هەرقايسى يوللارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان هەربىي قىسىملىرىغا بىرلا ۋاقىتتا هۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. دېھقانلار قوشۇنى يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، يۈەن داخۇا قوشۇنىنى ئۈستىلىق بىلەن ئايلاندۇرۇپ، پەيتى كەلگەندە ئەپچىللىك بىلەن زەربە بېرىدۇ. يۈەن داخۇا قوشۇنى چارچاپ كېتىدۇ ۋە هەممە يەردە بۇرنىغا يەيدۇ. يۈەن داخۇا هازىرچە غەلىبە قىلىشقا كۆزى يەتمەي، ئۆلكىلىك هۆكۈمەتكە يالغاندىن «قۇمۇل مۇستەهكەم ساقلانماقتا» دەپ مەلۇم قىلىپ، 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دېمى ئىچىگە چۈشكەن هالدا قۇمۇلدىن ئىچكى ئۆلكىگە تىكىۋېتىدۇ. كېتەر ۋاقتىدا، يۈەن داخۇا ليۇرۇڭشېڭ قاتارلىق كىشلەرگە قۇمۇل دېھقانلار ئارمىيىسىنى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلىگەن گېلاۋخۇي ئەزالىرىدىن دې رۇڭپۇ، شيې خەنچېن، ليۇخۇالىڭ قاتارلىقلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ.

### 3. تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىش سۈيىقەستى

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇرچىنى پىششىق بىلىدىغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە تۈەنجاڭى جاڭ سەيتىڭغا تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئېلانىنى تۇتقۇزۇپ، بىر تۈەن ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ.

جاڭ سەيتىڭ ياڭ زېڭشىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، خوجا ئەۋلادى كۆي باۋنى دېھقانلار قوشۇنىغا تەسلىم بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشقا تاغقا چىقىرىدۇ، كۆي باۋ تاغقا چىققاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىنىڭ ئېلانىنى تۆمۈر خەلپىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، تۆمۈر خەلپە ئالدى بىلەن ھاشارنى يەڭگىللىتىشنى، ئاندىن كېيىن باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر نەچچە قېتىم مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ھاشارنى يەتتە كۈندىن تۆت كۈنگە چۈشۈرۈشكە، باشقا ۋاقىتلاردا ۋاڭنىڭ يېرىنى تېرىسا، چارۋىسىنى باقسا، ئىش ھەققى بېرىشكە كېلىشىدۇ. ئىككى تەرەپ ئېنىق نىزام بەلگىلەپ، تاشقا ئويۇپ ئۈچ يەرگە تۇرغۇزىدۇ. قورالLIرىنى ۋە باشلىقىنى تاپشۇرۇشقا كەلگەندە، دېھقانلار قوشۇنى باشتىن - ئاخىر مۇجمەل گەپ قىلىپ، ئېنىق جاۋاب بەرمەيدۇ. جاڭ سەيتىڭ ياڭ زېڭشىنغا «دېھقانلار قوشۇنى ئەل بولدى» دەپ مەلۇم قىلىدۇ.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ياڭ زېڭشىن شامەخسۇتقا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، «يوقىتىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالماڭلار، يەنە شۇنداق ئالدىراقسانلىق قىلساڭلار، ئامانلىققا دەخلى يېتىپلا قالماستىن، باشقا چاتاقلارمۇ تۇغۇلۇشى مۇمكىن» دەپ تاپىلايدۇ. ئۇ يەنە شامەخسۇتقا، سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىگە بىنائەن ئالۋان - ياساقلارنى ئەھۋالغا قاراپ ئازايتىشىڭلارنى ۋە كەچۈرۈم قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، دەيدۇ. لېكىن شامەخسۇت يوقىتىش تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ھاكىم بەي ۋېنچاۋ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ. ئەسكەر تەشكىللەپ ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولىدۇ. تۆمۈر خەلپە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 10 - ئايدا ئەسكەر باشلاپ سومقاغا، ئاستانە ۋە توغۇچى قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. تاشۋېلىق ئۇرۇشىدا باتاليون باشلىقى جۇنىڭ قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بېرىدۇ. كۆپلىگەن ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. قۇمۇل بىرىگادىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جياڭ گوشېڭ بىلەن بارىكۆل باتاليونىنىڭ باشلىقى ليۇرۇڭشېڭلار ئالدى ۋە كەينى تەرەپلەرنى قىستاپ ھۇجۇم قىلىشقا ۋەدىلەشىدۇ. ليۇرۇڭشېڭ ۋەدىسىدە تۇرۇپ قوشۇن باشلاپ سومۇشتانغا ماڭىدۇ. دېھقانلار قوشۇنى ئالدىنئالا ئاقتاشتا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ليۇرۇڭشېڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، بىر ئادەمنى تۇتۇۋالىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر مەغلۇب بولۇپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ.

قۇمۇلدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، ياڭ زېڭشىنغا تېلېگرامما يوللاپ، ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن بەي ۋېنچاۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن ئىنتايىن خاپا بولىدۇ، ئۇ، ۋەقەنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قۇمۇل بىرىگادىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جياڭ گوشېڭ (چيەن گۇاڭخەن، سەي لېشەن قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغان)، تۆەن كوماندىرى جاڭ سەيتىڭلارغا سومقاغا، ئاستانە، توغۇچى، قارامۇقچى، تاشۋېلىق، شوپۇل ۋە تۆرۈك قاتارلىق جايلارغا ئەسكەر ئەۋەتىپ مۇداپىئە

كۆرۈشنى، مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان تۇغۇچىغا تېخىمۇ كۈچلۈك ئەسكەر ئەۋەتىپ، مۇداپىئە كۆرۈشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ يەرگە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ۋاڭنىڭ بىر يىلىك ئەسكىرى بىلەن ئۆلكىگە قاراشلىق بىر زەمبىرەكچى ئەسكەرلەر دۇيى، ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر يىڭى كۆپەيتىپ تۇرۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياڭ زېڭشىن يەنە تېلېگراما ئارقىلىق بارىكۆل پاشىشىپى ۋاڭ جاۋلىنغا 192 كىشىلىك يەرلىك قوشۇن تەشكىللەش، «ئىش بىر ياقلىق بولغاندىن كېيىن دېھقانچىلىققا قايتۇرۇش» تۈزۈمىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، لىيۇرۇڭشىڭ قىسىملىرىنىڭ يەنىلا بارىكۆلدە تۇرۇشىغا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان تۇركۆل، تۇخۇلۇ، ئاداق، نوم تاشۇ قاتارلىق جايلاردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنى «ۋاقىتىنچە ئۆزىگە تارتىش» سىياسىتىنى قوللىنىدۇ. 12-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۇ يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، جاڭ سەيتىڭ، جياڭ گوشېڭلارغا دېھقانلار قوشۇنىغا مۇئامىلە قىلىشتا «ھەددىدىن زىيادە كەڭ قويۇۋېتىشكىمۇ، ھەددىدىن زىيادە ئالدىراقسانلىق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ» دەپ ئەقىل كۆرسىتىدۇ. ياڭ زېڭشىن بەي ۋېنچاۋنىڭ «ئاغزىدا ئۇرۇشمىز دەپ، ئەمەلدە ئەل قىلىش» تاكتىكىسىغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. شامەخسۇتنىڭ ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن كارى بولماسلىقتەك ئەخمىقانە ھەرىكىتىنى ئاشكارا ئەيىبلەش ئەپسىز بولغانلىقتىن، دارىتىپ نەسىھەت قىلىدۇ. شامەخسۇت تەسلىم بولۇشقا ئۇندەش تەشەببۇسىنى نائىلاج قوبۇل قىلىدۇ. بۇ چاغدا، يەرلەر توڭلاپ، تاغلارنى قار قاپلاپ كەتكەنىدى، دېھقانلار قوشۇنى تاغدا تۇرۇپ مۇداپىئە كۆرىدۇ، ياڭ زېڭشىن تاغ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئەسكەر توپلايدۇ.

#### 4. توزاقتا چۈشۈش

ياڭ زېڭشىن تاغنى قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن، دېھقانلار قوشۇنى ۋاقىتىنچە ھەرىكەت قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «ئەل قىلىش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. مىنگونىڭ 2-يىلى (1913-يىلى) 1-ئايدا، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلار نازىرى ۋاڭ جيايەن، گەنسۇ-شىنجاڭ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى جىن يۈنلۈن ۋە خۇيزۇ يىگىجاڭ لى شۇفۇلارغا ئۆزىنىڭ تۆمۈر خەلىپىنى ئالداپ ئۈرۈمچىگە سۆھبەتكە كېلىشكە تەكلىپ قىلغان خېتىنى تۇتقۇزۇپ، قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. لى شۇفۇ قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپىنىڭ دوستى مۇھەممەتجان ھاجىنى تېپىپ، ئۇنىڭ خەتنى تۆمۈر خەلىپىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. مۇھەممەتجان ھاجى تۆت قاراۋۇلنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن تاغقا چىقىدۇ. تۆمۈر خەلىپە ياڭ زېڭشىننىڭ ياغلىما سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، لى شۇفۇ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولىدۇ. لى شۇفۇ كۆرۈشۈش جەريانىدا، قورال تاپشۇرىدىغانلا بولساڭلار، ھاشارنى ئىككى كۈنگە چۈشۈرۈشكە، كۆپچىلىك قايتىپ كېتىپ خاتىرجەم ياشاشقا بولىدۇ، دەپ ۋەدە بېرىدۇ. تۆمۈر خەلىپە ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي، ئالدى بىلەن، 10 تال مىلتىقنى تاپشۇرۇپ سىناپ كۆرمەكچى بولىدۇ. لى شۇفۇ تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تې-

خىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئۇنى بىخۇتلاشتۇرماقچى بولىدۇ. 2 -، 3 - ئاي مەزگىللىرىدە، لى شۇفۇ بىلەن فېڭ ھاجى باشچىلىقىدىكى ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى ئۈرۈمچى تاغىقا چىقىدۇ. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نى قولتۇقلاپ، سوۋغا - سالام ئېلىپ، تەقۋادار مۇسۇلمان قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لى شۇفۇ تۆمۈر خەلپىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئىسلام دىنىنى شىپە كەلتۈرۈپ، دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى قورالنى تاشلايدىغانلا بولسا، بارلىق شەرتلەر ئەڭ زور دەرىجىدە قانائەتلەندۈرۈلىدۇ، ھەممە كىشىنىڭ بىخەتەرلىكى مۇتلەق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ، دەپ ۋەدە بېرىدۇ. دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ كۈرەش تەجرىبىسى كەم بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۆمۈر خەلپە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىننىڭ قەستىنى سېزەلمەي، ئاخىرى تۇزاققا چۈشىدۇ. ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، تۆۋەندىكىچە كېلىشىم تۈزىدۇ:

(1) ئوردىنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ھاشارغا ئىشلىگەن دېھقانلارغا ئوردا ئىش ھەققى بېرىدۇ.

(2) ئوردىنىڭ ھاشارى ئىككى كۈنگە چۈشۈرۈلىدۇ.

(3) ئوردا بىر قىسىم يەرلەرنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىدۇ.

(4) ئوردا قاماققا ئالغان دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ 50 نەپەر ئەزاسى قويۇپ بېرىلىدۇ. يى شېڭفۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە باشقا ئىشلارنى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى سۈرۈشتە قىلمايدۇ.

(5) 12 تاغدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى بۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمايدۇ.

(6) يۇقىرىدىكى ماددىلارنى ياخشى بېجىرىش ئۈچۈن، تۆمۈر خەلپە شەخسەن ئۆزى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، باش ۋالىي (تۇتۇق) ياڭ زېڭشىننى زىيارەت قىلىدۇ ۋە تۇتۇق مەھكىمىسى بەلگىلىگەن ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئىككى تەرەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىشىدۇ. كېلىشىم ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىلىپ، لى شۇفۇ بىلەن تۆمۈر خەلپە بىر نۇسخىدىن ئالىدۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ تاغدىن چۈشىدۇ. ئوردا ۋە ھۆكۈمەت مەھكىمىسى ئادەم چىقىرىپ شەھەر سىرتىدا ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ. تۆمۈر خەلپە قاتارلىقلار يېڭىشەھەرگە ئېلىپ كېلىنىدۇ، ھۆكۈمەت 10 كۈن زىياپەت بېرىدۇ. تۆمۈر خەلپە مۇشۇ يەردە بارلىق قوراللىرىنى تاپشۇرۇۋېتىدۇ.

**5. پاجىئەلىك ئۆلۈم**

لى شۇفۇ دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇننى ئەل قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئەسلىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بارماقچى ئىدى، لېكىن ياڭ زېڭشىن قاۋۇللىرىدىن 128 كىشىنى يەنى بىر يىگىچە ئادەمنى تاللاپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكىلار، قالغانلىرى يۇرتىغا قايتۇرۇلسۇن، دەپ يوليورۇق بېرىدۇ. قاۋۇللىرىنى تاللاپ ئۈرۈم-

چىگە ئەۋەتكىلى دېيىشىنىڭ سەۋەبى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ تايانچ كۈچلىرىنى كونترول قىلىپ، «ئاپەتنى تۇيغۇزماي يوقىتىش» تىن ئىبارەت ئىدى. تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپىنى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئاتلىق قوشۇن 3 - يىڭىنىڭ يىڭجاڭلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىسمىنى «تيې جېڭيۈەن» دەپ ئۆزگەرتىدۇ، كىشىلەر ئۇنى «تۆمۈر سەركەردە» دەپ ئاتايدۇ. تۆمۈر خەلپە بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلگەن جەڭچىلەر تۆمۈر خەلپىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلۇپ، لاۋمەنچىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

تۆمۈر خەلپە قومۇلدىن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شامەخسۇت بىلەن لى شۇفۇ كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلايدۇ. ئۇلار كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى باھانە قىلىپ، تاغقا ئەسكەر چىقىرىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ھوشۇر، ئىمىن قاتارلىق 16 كىشىنى قولغا ئېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى سېپىلغا ئېسىپ بىر ئاي سازايى قىلىدۇ. ئۇلار ئۆيمۇ ئۆي يۇرۇپ قورال - ياراغ ئاختۇرۇپ، بىرنەممۇ قويماي يىغىۋالىدۇ. شامەخسۇت تاغقا چارۋىلارنى سانىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئاممىنى زىياننى تۆلەپ بېرىشكە قىستايدۇ، قوراي، تۆمۈرتى قاتارلىق جايلاردىكى 17 ئائىلىدىن 100 دىن ئارتۇق كەمبەغەل دېھقان، چارۋىچى ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئوردا يەنە «ئۇرۇش چىقىمى»نى تۆلىتىش نامى بىلەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ 20 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قويىنى تارتىۋالىدۇ. تاغلىق رايوندىكى تۆمۈر خەلپە تەيىنلىگەن مەھەللە باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ، يەتتە كۈنلۈك ھاشارنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

بۇ خەۋەرلەر كەينى - كەينىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ تۇرىدۇ. تۆمۈر خەلپە ئاخىرى ياڭ زېڭشىننىڭ سۇيىقەستىنى ئۇقۇپ، ئۈرۈمچىنى تاشلاپ، قومۇلغا قايتىش نىيىتىگە كېلىدۇ. لېكىن تۆمۈر خەلپىدىن باشتىلا پەخەس بولۇپ كەلگەن ياڭ زېڭشىن يېڭى ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش نامى بىلەن، يېقىن ئادەملىرىنى قاراۋۇل قىلىپ تەيىنلەپ، تۆمۈر خەلپە ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن نازارەت قىلىدۇ، تۆمۈر خەلپە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى باھانە قىلىپ، ياڭ زېڭشىندىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىن بۇنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا، ياڭ زېڭشىن ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن تۇرپان دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىمۇ ئەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى مۆيدىنىنىمۇ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يىڭجاڭلىق ۋەزىپىسى بېرىدۇ. مۆيدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن ئۆزىنىڭ قاپقانغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۈرۈمچىدىن كەتمەكچى بولىدۇ، ياڭ زېڭشىن قاتتىق نەزەر بەنت قىلغانلىقتىن، مۆيدىن كېتەلمەيدۇ. ئۇ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان پەيتتە، تۆمۈر خەلپە ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئالدى بىلەن، قوراللارنى ئۈرۈمچىدىن يۆتكەپ تۇرپانغا توپلاش، ئاندىن روزا ھېيت كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە كېلىشىدۇ. تۆمۈر خەلپە پىلان بويىچە يېقىن ئادەملىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئۇلانبايغا بېرىپ ئوت - چۆپ ئورۇشنى باھانە

www.uyghurkitap.com

قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قورال يۆتكەپ چىقىپ، قورااللارنى ئۆزلىرىگە ھېسداش سودىگەر ھەسەن قارى ئارقىلىق تۇرپانغا ماڭغۇزۇۋېتىدۇ. شۇ چاغدا، شامەخسۇت بىلەن زىددىيىتى بار ھۆسەيىن ئىسىملىك بىر سودىگەرمۇ تۆمۆر خەلپىگە 40 تال مىلتىق تېپىپ بېرىدۇ.

تۆمۆر خەلپە پائال تەييارلىق كۆرۈۋاتقان چاغدا، بەختكە قارشى مۇھەممەت قۇلى ئىسىملىك بىر كىشى بۇ ئىشنى شامەخسۇتقا مەلۇم قىلىپ قويىدۇ. شامەخسۇت بۇنى ئاڭلاپ شۇ ھامان تېلېگراممىا ئارقىلىق ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلىدۇ ھەمدە تەرجىمان مۇھەممەت نىيازغا ئالتۇن كۆتەرتىپ ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىدۇ. تۆمۆر خەلپىنىڭ بىر خەنزۇ ئاغىنىسى مۇھەممەت نىيازنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، تۆمۆر خەلپىنى كۆپرەك ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۆمۆر خەلپە بۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدۇ. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەركەردە مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تۆمۆر خەلپىنى ئالداپ سەركەردە يامۇلىغا يىغىنغا چاقىرىدۇ. يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا، تاشقارقى ئۆيگە مۆكۈنىۋالغان ئەسكەرلەر تۇساتتىن بېسىپ كىرىپ تۆمۆر خەلپىنى قولغا ئالىدۇ ھەمدە شۇ كېچىسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مۆيدىنىمۇ ئەتىسى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن تۆمۆر خەلپىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇلار گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى ئولانئۇسۇ جىلغىسىغا يېتىپ كەلگەن كېچىسى شۇ جايدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئۆلكە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىنىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن «قاراقچىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش» نى باھانە قىلىپ، قۇمۇلدا قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئەنشىغا كۆچۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇلار شىڭشىڭشياغا يېتىپ بارغاندا، ياڭ زېڭشىن گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

تۆمۆر خەلپىنىڭ ئىنىسى شاكىر دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ سابىق باشلىقلىرىدىن ياۋلەن، ئىمىن، سېيىت قاتارلىقلار تۇرپانغا كېلىپ، مۆيدىنىڭ سەبدىشى ئەمەت بىلەن بىرلىشىپ، قاراغوجىدا يەنە قوراللىق قوزغىلاڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار تۆمۆر خەلپە يۆتكەپ چىققان قورااللارنى ئىشلىتىپ، تۇرپاندىكى ئېزىلگۈچى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆلكە ئەسكەرلىرى بىلەن قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىدۇ. شاكىر قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇلدا قارشىلىق كۆرسىتىش ئوتىنى يېڭىباشتىن يېقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ، لېكىن ئاخىرى دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق زور بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خائىن ساتقىنلىق قىلغانلىقتىن، قوراللىق قوزغىلاڭ ئاخىرى يەنە مەغلۇب بولىدۇ، شاكىر ۋە ئەمەتلەر مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) ئىلگىرى ـ كېيىن قۇربان بولىدۇ.

## §3. خوجا نىياز نىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۆرىشى

### 1. ۋەقەدىن بۇرۇن

جىن شۇرېن مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي

ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھەربىي قىسىم شتاتىنى كۆپەيتىدۇ. قومۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنى لۇدىن شىنغا كېڭەيتىدۇ. قومۇلدا تۇرۇۋاتقان قىسىمنىڭ سابىق لۇجاڭى ليۇشىزېڭنى شىجاڭلىققا ئۆستۈرىدۇ. بۇ كىشى ئادەتتە ئەپيۇنكەش، شەھۋەتپەرەس بولۇپ، قىسىمنى ياخشى باشقۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، قىسىمنىڭ ئىنتىزامى ئىنتايىن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. باشلىقلار ھەربىي تەمىناتىنى ئۆزتۈپ قالىدىغان، ئەسكەرلەرنى ئۇرۇپ تىللايدىغان، ئەسكەرلەر ئەپيۇن چېكىدىغان، توپلىشىپ قىمار ئوينايدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئادەتتە ھەربىي مەشىقنى ناھايىتى ئاز ئېلىپ بارىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئەتىگەنلىك ھەربىي مەشىقنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈپ، چۈشتىن كېيىن بازارغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىدۇ، ھەتتا بەزى ئوفىتسېرلار ماگىزىن ئاچىدۇ.

ليۇشىزېڭ رەھىمسىز، ئاچكۆز بولۇپ، دائىم باھانە - سەۋەب تېپىپ دېھقان - چارۋىچىلارغا ئۇزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك ۋە ھەربىي ئات ئالۋان سېلىپ تۇرىدۇ، باج - سېلىقنى خالىغىنىچە كۆپەيتىۋېرىدۇ. بىرەر كىشىنىڭ بىرەر ئىشى سەللا كۆڭلىدىكىدەك بولماي قالسا، يەڭگىلىرەكىنى قامچىلايدۇ، ئېغىرراقىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ليۇشىزېڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەرمۇ ئۇنى دوراپ، ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىدا زورلۇق - زومبۇلۇق، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ، خوتۇن - قىزلارغا چاقچاق قىلىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شوپۇلدىكى دېھقان - چارۋىچىلار ھەر يىلى قومۇلغا كېلىپ ئوتۇن تارتاتتى، بىر قېتىم تارتىۋالغان ئوتۇنى يېرىم يىللىق ئوزۇقىغا يېتەتتى. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) يازدا، شوپۇللۇق بىرنەچچە دېھقان 240 كورە بوغدايىنى قومۇلغا ئەكىلىپ ئوتۇن تارتىپ قايتىپ كېتىۋاتقاندا، ليۇشىزېڭنىڭ ئەسكەرلىرى توسىۋېلىپ، ئۇلارغا تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوتۇن توشۇغان دېگەن بەدنامنى چاپلاپ، شى شىتابىغا يالاپ ئېلىپ كېلىدۇ. ليۇشىزېڭ شوپۇلنىڭ دورغىسى سالىنى سوراق قىلغاندىن كېيىن، ھەممە ئوتۇن ۋە 32 تۆگىنى مۇسادىرە قىلىپ ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن سىرت، يەنە جەرىمانە ئۈچۈن 10 كۈن ئىچىدە 3000 سەر ئۆلكە پۇلى، 200 كورە ئاشلىق، 40 مىڭ جىڭ ئوت - چۆپ، 44 مىڭ جىڭ ئوتۇن تاپشۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. سالى دورغا بۇنى ئورۇنلاشقا چامىسى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئۇنى ئىككى ئاي قاماپ قويىدۇ، كېيىن يولۋاس بىلەن ھەسەن بالاھاجى كېپىل بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قويۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قومۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كېتىدۇ.

مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) نىڭ باشلىرىدا، ماجۇڭيىڭ گەنجۇ (جاڭيې) دا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، پات - پات شىنجاڭ چېگرىسىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلايدۇ. قومۇل ۋەزىيىتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ، كىشىلەر دەككە - دۈككىگە چۈشىدۇ، يەرلىك خوجىزۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆيىدە قورال بار ئىكەن، توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، دېگەندەك پىتنە - پاساتلار ئارقا - ئارقىدىن تارقىلىدۇ. جىن شۇرېن بۇنى ئاڭلاپ، قاتتىق نازارەت قىلىشقا ۋە ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا بۇيرۇق چۈ-

www.uyghurkitap.com

شۇرىدۇ، شىجاڭ لىيۇ شىزېڭ ۋە ھاكىم شۇ يۇخۇلار داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە دەككە-دۈككىگە چۈشىدۇ. بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۈتۈن ھەربىي ۋە خەلققە، ئومۇمەن قۇمۇلغا سىرتتىن كەلگەنلىكى كىشى بولىدىكەن، بىرەۋنىڭ ئۆيىدە تۇرماقچى بولسا، ئۆي ئىگىسى كېپىل بولۇشى كېرەك، ياللاپ ئىشقا سالماقچى بولسا، ياللىغۇچى كېپىل بولۇشى كېرەك، كېپىل بولغۇچىسى بولمىسا بىردەك قوندۇرۇشقا بولمايدۇ، گەنسۇ-شىنجاڭ چېگرىسى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك ۋە ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇشىغىلا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئاشقان ئاشلىقنىڭ ھەممىسى شەھەرگە توشۇلۇپ ساقلانسۇن، قۇمۇل-باركۆل چېگرىسى قامال قىلىنسۇن، شىڭشىڭشىيا، تاشۋېلىق، توخۇلۇ، ئاراتام قاتارلىق جايلار ئىككى ئايلىق ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەك تەييارلاپ، ئەسكەر كۆپەيتىپ مۇداپىئە كۈرسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، لېكىن بۇ پەقەت تېرە تاراقشىتىشتىنلا ئىبارەت ئىدى، بۇ قوشۇن ئالدىقاچان جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ قويغانىدى.

### 2. «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش»

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) 6 - ئايدا، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ۋاڭلىق ئىمتىيازىنى بىكار قىلىپ، «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى كەينى-كەينىدىن تەلەپ قىلىدۇ. لىيۇ شىزېڭ جىن شۇرېنغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۇنىڭ دەۋر ئېقىمىنىڭ رايىغا بېقىپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ چېڭجاۋ قۇمۇللۇق بولۇپ، ئوردىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ياخشى بىلەتتى، ئۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش تەكلىپنى بېرىدۇ. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) 7 - ئايدا، جىن شۇرېن تەكشۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى قۇرۇشنى تەستىقلايدۇ، 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى لۇڭ شيېلىن، چېن داشىڭ، جۇيۇشيالارنى ۋاڭنىڭ مال-مۈلكىنى ۋە ئوردىنىڭ يەر زېمىنىنى ئېنىقلاشقا ئەۋەتىدۇ.

بۇ خەۋەر تارقىلىشى بىلەن، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگىچە، ئۇلار يىغىن ئېچىپ چىقىش يولى ئۈستىدە خۇپىيانە مەسلىھەتلىشىدۇ، ئېدىرلىق ئابدۇرېھىم دورغا كۆپچىلىكنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتىدۇ ھەمدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىنى ئورمىدىن كېيىن 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قىلىپ بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنى ئاتلىق ئەسكەر يىگىنىڭ يىگىجاڭى يولۋاس سېزىپ قېلىپ، لىيۇ شىزېڭغا مەلۇم قىلىدۇ، لىيۇ شىزېڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئابدۇرېھىمنى قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆلكە قوشۇنىدىكى پەيجاڭلىق مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، يېچاڭغا ئەۋەتىپ نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ.

يەر-زېمىننى ئېنىقلاش باشلانغاندىن كېيىن، نەزەر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەر تەرەپتىن قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ئۇلار مەلۇم قىلغان يەرنىڭ مو سانى

ئەمەلىي سانىنىڭ ئوندىن تۆت ـ بەش قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، مەنسىپى قانچە چوڭلارنىڭ يوشۇرغان يېرى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئادەم سانى چەكلىك بولغانلىقتىن، شۇ يىلى يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانىنى ھەقىقىي تۈردە ئېنىقلاپ چىقالمايدۇ. لۇڭ شىيېلىن قاتارلىقلار بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، جىن شۇرېنغا، بۇ يىل ۋاقىتىنچە ئۇردا ئەمەلدارلىرىنىڭ مەلۇم قىلغان مو سانى بويىچە غەللە ـ پاراق ئېلىنسا، ھەر خىل باج ـ سېلىقلارنىمۇ كەچۈرۈم قىلىپ، كەڭ قورساقلىقىمىزنى كۆرسىتىپ قويساق، كېلەر يىلى (1931 ـ يىلى) قايتىدىن ئادەم ئەۋەتىپ يەرلەرنىڭ مو سانىنى ھەقىقىي تۈردە ئېنىقلاپ، ئېنىق مو سانىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاندىن مو سانى بويىچە غەللە ـ پاراق ئېلىنسا، بەلگىلىمە بويىچە باج يىغىلسا، بۇنداق قىلغاندا، «بۇ يىل ھۆكۈمەت يەر مو سانىغا قاراپ غەللە ـ پاراق يىغالمىسىمۇ، بەلگىلىمە بويىچە باج ئالالمىسىمۇ، لېكىن يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىنغان بولىدۇ» دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. جىن شۇرېن مالىيە مەنبەسىنى كېڭەيتىشكە ئالدىراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، لۇڭ شىيېلىننىڭ تەكلىپىنى ئۇزۇل ـ كېسىل رەت قىلىپ، قۇمۇلنىڭ ھەربىي چىقىمى ئېغىر، خىراجىتى زور، «تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان ھامان، دەرھال تىزىملاپ يوقىرىغا يوللاش لازىم، بۇ يىل (1930 ـ يىلى) دىن باشلاپ ئەمەلىي تېرىلغان يەر مو سانىغا قاراپ بەلگىلىمە بويىچە باج ئېلىش كېرەك» دەپ تەكىتلەيدۇ. لۇڭ شىيېلىن قاتارلىقلار نائىلاج 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى تەكشۈرۈشنى ھاپىلا ـ شاپىلا ئاخىرلاشتۇرىدۇ. 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇل ناھىيىسىنى ئۈچكە بۆلۈشنى قارار قىلىپ، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈكتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنى تەسىس قىلىدۇ ھەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە يەر بېجى يىغىشقا كىرىشىدۇ. يەر بېجى ئېلىش چارىسىدە مۇنداق بەلگىلىنىدۇ: سابىق ۋاڭنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ كەلگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ھازىر يەنىلا تېرىشنى خالايدىغان بولسا، ھۆكۈمەتتىن يەر خېتى ئېلىپ داۋاملىق تېرىسا بولىدۇ، يەر بېجى شۇ يىلى (1930 ـ يىلى) دىن باشلاپ ئېلىنىدۇ، نوم، توخۇلۇ ئەتراپلىرىدىكى ئىگىسى چىقمىغان يەرلەرنى، مەيلى پىششىق يەر ياكى بوز يەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلار (1930 ـ يىلى گەنسۇدا ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ قۇمۇلغا قېچىپ كەلگەن 80 نەچچە مۇساپىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) تېرىسا بولىدۇ، يەر بېجى ئىككى يىل كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى) دىن باشلاپ يەر بېجى ئېلىنىدۇ.

ۋاڭغا قۇل بولۇپ كۆپ دەرت چەككەن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش»نى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلغانىدى، چۈنكى، ئۇلار، ئەمدى ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق، ئۆز يېرىمىزدە ئەركىن تېرىقچىلىق قىلىدىغان بولدۇق، دەپ تونۇغانىدى. لېكىن باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا، يەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان خەنزۇ ئەمەلدارلار ۋە جايلاردىكى باجخانا نازارەتچىلىرى ئۇيغۇر خەلقىگە نەپ بەرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە، ئۇلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىدۇ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياخشى يەرلەرنى ئىگىلىۋالىدۇ، ھەتتا

ئۇيغۇر ئاياللىرىنى زورمۇ زور سۆرەپ كېلىپ ئۇسسۇل ئويناتىپ تاماشا قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي غورۇرىغا قاتتىق تېگىدۇ. ئۇلار «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» قا بولغان ئىشەنچىسىنى بارا - بارا يوقىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارغا بولغان تەڭسىز مۇئامىلىدىن تېخىمۇ غەزەپلىنىدۇ ۋە نارازى بولىدۇ.

### 3. شوپۇل ۋەقەسى

يەر بېجى ئېلىش چارىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر دېھقانلىرى زارلىنىشقا باشلايدۇ، ئۇلار ۋەكىل ئەۋەتىپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىدىن باج ئېلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇنى چىرىكلەشكەن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى كەسكىن رەت قىلىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى غەزىپىنى باسالماي، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش خىيالىغا كېلىدۇ. دەل شۇ چاغدا شوپۇلدا سادىر بولغان ئۇيغۇر قىزىنى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئېلىش ۋەقەسى قوزغىلاڭنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

شوپۇللۇق سالى دورغىنىڭ بىر چىرايلىق قىزى بار ئىدى، شوپۇل جىساسى جاڭ گوخۇ بۇ قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم زورلۇق ئىشلىتىپ باققان بولسىمۇ، سالى دورغا دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللەتنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى سەۋەب قىلىپ رەت قىلىدۇ. مەقسىتىگە يېتەلمىگەن جاڭ گوخۇ ياۋۇزلۇقىنى ئاشكارىلاپ، قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقىڭدىن قەتئىينەزەر، بالانچى كۈنى قىزىڭنى چوقۇم خوتۇنلۇققا ئېلىپ كېتىمىشكە كېلىمەن دەپ بىلجىرلايدۇ. جاڭ گوخۇ گەنسۇلۇق بولۇپ، لىيۇ شىزىڭ بىلەن يۇرتداش ئىدى، ئۇ، لىيۇ شىزىڭنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىدى. بۇ قېتىمقى «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» جەريانىدا، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 100 نەچچە مو مۇنبەت يەرنى ئىگىلىۋالغان، يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلار ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. جاڭ گوخۇ كەتكەندىن كېيىن سالى دورغا جاڭ گوخۇنىڭ ئارقىسىدىن: «سەن قىزىمنى ئالىمەن دەيدىكەنسەن مەن كاللاڭنى ئالىمەن، ئەگەر كاللاڭنى ئالالمىسام، سالى بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىدۇ. سالى دورغا نوملۇق سالى دورغا ۋە تۇركۆللۈك باقى نىياز دورغىلار بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا خۇپىيانە مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇلاردا قورال - ياراغ كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇلار يەنە ئابدۇنىياز مىرابنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ (ئابدۇنىياز مىراب ۋاڭنىڭ شەرقىي تاغقا ئەۋەتكەن ئۈچ بېگى بولۇپ، ئىككى لىيەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن توخۇلۇدا تۇراتتى). ئۇلار بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىنى جاڭ گوخۇ قىزنى ئالغىلى كېلىدىغان كۈنگە بېكىتىدۇ.

شوپۇللۇق سالى دورغا يوشۇرۇنچە سۈجى، قارامۇقچى قاتارلىق جايلارنىڭ دورغا، قورمال ۋە مۇھتىسىپلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ مەسلىھەتلىشىدۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، جاڭ گوخۇنىڭ تەلىپىگە يالغاندىن ماقۇل بولىدۇ ھەمدە قىزنى 4 - ئاينىڭ

12 ـ كۈنى كۆچۈرۈپ كېتىشكە رازىلىق بېرىدۇ. جاڭ گوخۇ 32 قورالىق ئەسكەرنى باشلاپ، دېگەن ۋاقىتتا قىزنى كۆچۈرۈشكە كېلىدۇ. جاڭ گوخۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، ئاياللارچە ياسىنىۋالغان ئەركەك (قىز) ئۇنى قۇچاقلىۋالىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى جاڭ گوخۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. 30 نەچچە تال مىلتىق سالى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نوملۇق سالى دورغا، سەدەن قورمال ۋە ناسىر مۇھتەسىپلار جىسا پونكىتىنى مەخپىي مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ باشلىقى شى جېنفېڭنى تۇتۇپ كېتىدۇ، ئىككى قاراۋۇلنى ئېتىپ تاشلايدۇ، 16 قاراۋۇلنى ئەسىر ئالىدۇ، پەقەت بىرلا قاراۋۇل قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلار شى جېنفېڭنى ۋە قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ئارقىدىنلا، سالى دورغا قاتارلىقلار يېقىن ئەتراپتىكى كۆچمەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، باشقا جايلاردىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ، ھۆكۈمەت قوشۇنىغا زەربە بېرىشكە پائال تەييارلىق كۆرىدۇ.

تۇخۇلۇلۇق ئابدۇنىياز مىراب شۇ كۈنىلا ئىككى لىيەن ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، تۇخۇلۇ، تۇركۆل ۋە باي قاتارلىق جايلاردا جىساپونكىتىدىكى ئوفىتسېر ئەسكەرلەرنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرىدۇ، تېلېفون تۈۋرۈكلىرىنى ئۆرۈپ، تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ئارقىدىنلا ئەسكىرىي كۈچىنى ئېرىنكىرغا توپلاپ، ئىستىھكام قۇرۇپ، قارشىلىق كۆر تىشكە تەييارلىنىدۇ.

شوپۇل، نوم، تۇخۇلۇلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا، تاغلىق رايونلارنىڭ كاتتىباشلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئاۋاز قوشۇپ، ئېرىن، قوراي ۋە تۆمۈرتى قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن سېپىگە قوشۇلىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى بېشىرمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نۇرغۇن پۇل ـ پۇچەك بېرىپ قوللايدۇ. يولۋاس قول ئاستىدىكى نەچچە ئونلىغان ئادەمنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تاغقا چىقىپ قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلۇشىغا خۇپىيانە مەدەت بېرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىدۇ.

### 4. ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى

شوپۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شوپۇل، قاراموقچى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا تاشۋېلىقتا تۇرۇۋاتقان چېن يىڭجاڭ ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز ئىدى، ئۇ، ئەسكەر ئەۋەتىپ توسقاندا، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇلارنىڭ بىر مۇنچە مىلتىقىنى تارتىۋالىدۇ. لىيەنجاڭنى يارىدار قىلىدۇ. چېن يىڭجاڭ بۇنى دەرھال ليۇ شىزېڭغا مەلۇم قىلىدۇ. ليۇ شىزېڭ تۇەنجاڭ جۇلىجۇڭنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان يولۋاس ھىيلىگەرلىك قىلىپ، ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ باشقا غەرىزى يوق، ئۇلار تاغقا يايلاققا كېتىۋاتىدۇ، دەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەستىن، ئۆلكە ئارمىيىسى تاغدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايقاپ قالىدۇ ھەمدە يولۋاسنىڭ بىر قـ

سىم ئەسكەرلىرىنىڭمۇ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ توپقا قوشۇلغانلىقىنى سېزىدۇ. ليۇشىزېڭ، بىر تەرەپتىن، يولۋاسنىڭ ۋەزىيىتىنى ليەنجاڭلىققا چۇشۇرۇشكە بۇيرۇق چۇشۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، 1931 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جىن شۇرېنغا تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا شوپۇل، تۇخۇلۇ، نوم، تۇركۆل قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئارقا ـ ئارقىدىن تارقىلىدۇ، ۋەقەنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى ليۇشىزېڭنىڭ مۆلچەرىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ليۇشىزېڭ جىن شۇرېنغا: قوزغىلاڭچى دېھقانلار ئۇيۇشۇۋالدى، «ماجۇڭيىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتتى، شەرقنىڭ ۋەزىيىتى ئېغىر، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىگە تايىنىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرمىغاندا، ئامانلىقنى ساقلاشقا چامىمىز يەتمىگىدەك، نۆۋەتتە، شى شەتابىدا ۋاقىتلىق شەرقىي چېگرا مۇداپىئەسىگە مەسئۇل ھەربىي ئىشلار تەييارلىق باشقارمىسى تەسىس قىلىپ، قۇمۇلدىكى مەمۇرىي، ھەربىي ئەمەلدارلار، ھاكىملار، ئىدارە باشلىقلىرى قاتارلىقلار باش قوشۇپ، دائىم مۇزاكىرە قىلىپ پىلان تۈزۈپ، شەرقىي چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرى ۋە باندىت تازىلاش ئىشلىرىنى بىرلىكتە زېممىمىزگە ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق، بۇ ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، جىددىي ۋەزىيەتنى بىرلىكتە ئوڭشىساق، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ باشقارما ئەمەلدىن قالسا» دەپ تېلېگراممىا يوللايدۇ. ۋەقەنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز جىددىي ئۆزگىرىشىنى جىن شۇرېنمۇ ئويلاپ باقمىغاندى، ئۇ، شۇ كۈنىلا تېلېگراممىا يوللاپ، قۇمۇلدىكى جۇلىجۇڭ تۇەنجاڭغا قىسىملىرىنى باشلاپ دەرھال شوپۇلغا بېرىشقا، بارىكۆلدىكى خې جۇڭكۈي تۇەنجاڭنى قىسىملىرىنى باشلاپ بارىكۆل تاغ ئارقىسىغا چۈشۈپ، قوزغىلاڭنى تېزلىك بىلەن بېسىقتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئەتىسى (4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) يەنە جىددىي تېلېگراممىا يوللاپ، ۋاقىتلىق شەرق مۇداپىئەسىگە مەسئۇل ھەربىي ئىشلار تەييارلىق باشقارمىسىنى تەسىس قىلىشقا قوشۇلىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ليۇ شىزېڭ شەرق مۇداپىئەسىگە مەسئۇل ھەربىي ئىشلار تەييارلىق باشقارمىسىنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. كېيىن ۋەزىيەت ئۆزگەرگەنلىكتىن، باشقارما قۇرۇلمايدۇ. پەقەت شى شتابىدا ئۇرۇش بۆلۈمچىسى، ئاخبارات بۆلۈمچىسى دەپ ئىككى بۆلۈمچە تەسىس قىلىنىدۇ.

سابىق ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى دۈيىنىڭ باشلىقى خوجا نىياز بۇ چاغدا ليۇشىزېڭنىڭ قول ئاستىدا پەيجاڭلىق ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتى، ئۇ، جۇلىجۇڭنىڭ تۇەنى شوپۇلغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شوپۇللۇق سالى دورغا بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈشنى تاپىلاپ، ۋاقتى كەلگەندە ئالدى ـ كەينىدىن زەربە بېرىشنى پۈتۈشۈۋالىدۇ. جۇلىجۇڭ تاشۋېلىققا بارغاندىن كېيىن، تاشۋېلىقتا تۇرۇۋاتقان چېن يىڭجاڭنى قول ئاستىدىكى قىسىمنى باشلاپ شوپۇلغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. دېھقانلار قوشۇنى بىرنەچچە تال ئوق چىقىرىپ قويۇپ چېكىنىدۇ، چېن يىڭجاڭ قىسىملىرىنى باشلاپ توختىماي قوغلايدۇ، مەلۇم بىر تاغ ئاغزىغا كەلگەن-

ده قاراڭغۇ چۈشۈپ قالىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن خوجا نىيازمۇ يېتىپ كېلىپ، دېھقانلار قوشۇنى بىلەن ماسلىشىپ، ئالدى - كەينىدىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ جەڭدە ئۆلكە قوشۇنىنىڭ بىر يىلىك ئەسكىرىدىن ئۈچ - تۆتلا ئادەم تىرىك قالىدۇ. بۇ، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ئۆلكە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى تۇنجى قېتىم مەغلۇب قىلىشى بولۇپ، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا زور ئىلھام بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خوجا نىيازنىڭ نامى چىقىپ، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئۆلكە قوشۇنىنىڭ باركۆلدە تۇرۇشلۇق 8 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى خې جوڭكۇي جىن شۇرېننىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن قىسىملىرىنى باشلاپ تۇخۇلۇغا قاراپ ماڭىدۇ، ئىپىرىنكىر ئاغزىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولۇپ تۇرغان باقى نىياز دورغا قاتارلىقلار بۇ چاغدا 50 نەچچە مەرگەن بىلەن ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇلار ئۆلكە قوشۇنى بۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ ھىماتچى قىسمىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ، ئالدىدا كېتىۋاتقان ئۆلكە ئەسكەرلىرى مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قىلتاقتا چۈشۈپ قالغان ئوخشايمىز دەپ، ھودۇقۇپ ئالاقزادە بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئابدۇ نىياز 20 نەچچە مەرگەننى باشلاپ كېلىپ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. خې جوڭكۇي تەڭ كېلەلمەي، كۆيسۇغا قاچىدۇ. بۇ جەڭدە ئۆلكە ئەسكەرلىرىدىن 10 نەچچىسى ئۆلىدۇ، مىلتىق، ئات، تۆگە، جوۋا ۋە ئاشلىق قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

لىيۇ شىزېڭ ئىككىلا جەڭدە يېڭىلمەي، تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىش ئۈچۈن، ھاكىم شۇ يۇخۇ، سادەنشا قازى ئاخۇنۇم، يارى دورغىلارنى تاغقا چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار تاغقا چىققاندىن كېيىن، قورال تاپشۇرساڭلار، ئۆتكەن ئىشلار بىردەك سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، دەپ جاكارلايدۇ. دېھقانلار قوشۇنى بۇنداق ئالدامچىلىقنى ئالدىدىن كۆپ ئۆتكۈزگەچكە، ئەلۋەتتە ئالدانمايتتى. ئابدۇنىياز قاتارلىقلار ئۇلارغا: (1) باركۆل، ئاراتۇرۇكنىڭ ھاكىملىرى قايتۇرۇپ كېتىلسۇن، قۇمۇل ۋاڭلىقىنى بىكار قىلىش بۇيرۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن، (2) ئۆلكە ئارمىيىسى قۇمۇلدىن چىقىپ كەتسۇن، يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا دېھقانلار قوشۇنى مەسئۇل بولسۇن، دېگەن تەلەپنى قويىدۇ. لىيۇ شىزېڭ بۇ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى جىن شۇرېنغا مەلۇم قىلىدۇ، جىن شۇرېن، ئۇلار ئاۋۋال قوراللىرىنى تاپشۇرسۇن، دەپ تۇرۇۋالىدۇ. لىيۇ شىزېڭ، ئاۋۋال قورالنىڭ يېرىمىنى تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ، دېگەن مۇرەسسە چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تاغقا يەنە ۋەكىل چىقىرىدۇ. ئابدۇنىياز يالغاندىن ماقۇل بولغان بولۇپ، ئىككى ۋەكىل ئەۋەتىپ، كونا قورالدىن 16 نى تاپشۇرىدۇ. قورال تاپشۇرۇش بىلەن تەڭ، جايلاردىكى سەركەردىلەرنى شوپۇلغا يىغىنغا چاقىرىپ، ئىسلامىيەت نامى بىلەن ماجۇڭيىڭنى شىنجاڭغا ياردەمگە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن شاقۇرما ۋە روزى ئاخۇننى ئىككى تەرجىمان بىلەن تاشۋېلىق - ئەرگۈزنىڭ چېغىرىيولى ئارقىلىق ئەنشىگە ئەۋەتىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار تاغدا پائال مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ، مۇھىم ئۆتكەللەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ مۇداپىئەلىنىدۇ: (1) سالى دورغىنىڭ مەسئۇللۇقىدا، سەنتاڭخۇدىكى ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن نومدىنمۇ، ئاداقتىنمۇ بىر قىسىم مەرگەنلەرنى چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە كىچىك نومغا مۇداپىئە چازىسى قۇرىدۇ. (2) باينىڭ سەركەردىسى ئېلى بوسۇق دورغا بىلەن خوتۇنتامنىڭ سەركەردىسى غوپۇر دورغا شۇپۇلدىكىلەرگە ياردەملىشىپ تاغ ئېغىزلىرىنى ساقلايدىغان، شوپۇلنىڭ سەركەردىسى سالى دورغىنىڭ قوماندانلىقىدا تاشۋىلىقتىكى ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ باي، شوپۇل، خوتۇنتام، ئېدىر ۋە باغداش قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ۋە شوپۇلدىن تاشۋىلىققا بارىدىغان يولنى كۆزىتىدىغان بولىدۇ. (3) قوراينىڭ سەركەردىسى ئاۋۇت دورغا تۆمۈرتى، نېرناسى، نېرىن، قوراي ۋە قىزىلىيار قاتارلىق جايلارنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان ھەمدە تۆرۈكتە مۇداپىئە چازىسى قۇرىدىغان بولىدۇ. (4) غەربىي تاغ سەركەردىسى خوجانىياز بىلەن قۇربان دورغا داۋان ئېغىزلىرىنى ساقلاپ، ئۈرۈمچىدىن باركۆلگە ياردەمگە ئەۋەتىلىدىغان قوشۇندىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ھەمدە نېرىنكىر سەركەردىسى سادىق قورمال، تۇركۆلنىڭ سەركەردىسى باقىنىياز، تۇخۇلۇدىكى توقسۇن قورمال بىلەن بىرلىكتە نېرىنكىر ئېغىزىنى ساقلايدىغان بولىدۇ. ئەسكەرلەر تۇركۆلدىن چىقىرىلىدىغان، تەمىناتىنى نوم، ئاداق ۋە توخۇلۇلار بېرىدىغان بولىدۇ. (5) ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى بۆلۈنۈپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان تايانچ پونكىتلاردىكى جەڭگە قاتنىشىدىغان بولىدۇ.

مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جىن شۇرېن ئۇرۇش لايىھىسىنى تېلېگىراما ئارقىلىق ليۇشىزېڭغا، تاشۋىلىقتىكى جۇ تۇەنجاڭغا، موريدىكى خې تۇەنجاڭغا، باركۆلدىكى خې تۇەنجاڭغا ۋە يەنتەنقۇدۇقتىكى جاڭ تۇەنجاڭغا مۇنداق ئۇقتۇرىدۇ: دېھقانلار قوشۇنى ھازىر تاغ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئەپلىك جايلاردىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتمەكتە، ئۆلكە ئارمىيىسى ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ستراتېگىيىنى قوللىنىشى كېرەك: (1) ئۇلارنىڭ باشقا جايلارغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇھىم تاغ ئېغىزلىرىنى قامال قىلىش كېرەك. (2) تاغ يوللىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن قاتناشقا بەرىبىر قولايسىز، شۇڭا ئۇلارنىڭ نېرىنكىرغا قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نېرناسى، سۆجى، مىڭشۇي، شوپۇل ۋە باشقا چوڭ يول ئېغىزلىرىنى ئەسكەر ئەۋەتىپ توسۇش كېرەك. (3) مۇھىم ئېغىزلارنى قامال قىلغاندىن كېيىن، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. تاغدىكى زاپاس ئاشلىقى تۈگىگەن ھامان ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. (4) دېھقانلار قوشۇنىنى يوقىتىش ئۈچۈن، تاغقا كىرگەن قىسىملار بىر نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ تەڭ ئىلگىرىلىشى، بىر تاغنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دەرھال شۇ ئەتراپتىكى دېھقانلار قوشۇنىنى ئىنىقلاپ، ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، كېلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلىشى كېرەك. (5) ئۇدۇلدىن، ياندىن تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ بېسىم ئىشلىتىپ،

مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئۇكايىراق يولنى ئېچىپ بېرىپ، مۇھىم جايلىرىغا پىستىرما قويۇپ، ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈپ يوقىتىش كېرەك. ئۆلكە ئارمىيىسى شۇ پىلان بويىچە بۆلۈنۈپ يولغا چىقىشى لازىم.

خې تۇەنجاڭ كۆيسۇدا ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ نېرىنكىرنىڭ نېرىسىدىكى شوربۇلاققا قاراپ ئاتلىنىدۇ. نېرىنكىرنى ساقلاۋاتقان باقىنىياز دورغا، سادىق قورماللار بۇ چاغدا 600 گە يېقىن ئەرگەن بىلەن سەنشىخۇ ئەتراپىدا مۆكۈپ ياتاتتى. بۇ يەرنىڭ تاغلىرى ئېگىز، يەر تۈزۈلۈشى ئەپلىك ئىدى. خې تۇەنجاڭنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى جىلغىغا كىرمەي قاتىمۇ قات مۇھاسىرىدە قالىدۇ، چىڭقى چۈشتىن تا گۇگۇم چۈشكىچە ئېتىشىپ ئاران دېگەندە مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ، پەرىشان ھالدا جۇجياجۇاڭزىغا قېچىپ كېلىۋالىدۇ.

ئۆلكە ئارمىيىسى 9 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى جاڭ لياڭچېن يەتتەقۇدۇقتىن بارىكۆلگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇرۇشتا يېڭىلگەن خې جۈككۈي بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. جاڭ لياڭچېن ئۆزىنى چاغلىماي، مەن ئۇرۇش قىلغان ھامان غەلىبە قىلىمەن، دەپ پو ئاتىدۇ. ئۇ، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نېرىنكىرگە يۈرۈش قىلىدۇ، شوربۇلاق كەلگىچە دېھقانلار قوشۇنىنىڭ بىرەرمۇ ئەسكىرىنى ئۇچراتمىغاچقا خاتىرجەم مېڭىۋېرىدۇ. جاڭ لياڭچېننىڭ تۇەنى تاڭ سەھەردە نېرىنكىرگە يېتىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا شىمال ۋە جەنۇبتىكى تاغلاردا مۆكۈپ ياتقان دېھقانلار قوشۇنى تۇساتتىن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ھولۇقۇپ كەتكەن ئۆلكە ئارمىيىسى تەخمىنەن بىرەر سائەتچە ئېتىشىپ، تەڭ كېلەلمەي، زەمبىرەكنىڭ ھىمايىسىدە چېكىنىپ شوربۇلاققا كېلىۋالىدۇ. تېخى ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە يەنە تىيانشان تېغىدىن چۈشكەن قازاق مەرگەنلىرىنىڭ قاخشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. جاڭ لياڭچېننىڭ تۇەنى تېز چېكىنىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە جۇجياجۇاڭزىغا كېلىۋېلىپ، خې جۈككۈينىڭ قوشۇنىغا قوشۇلىدۇ.

مورىدىكى گوەن دېشېڭنىڭ يېڭى سارداۋانغا كېلە - كەلمەي، خوجانىياز - باشچىلىقىدىكى مەرگەنلەردىن يېڭىلىپ، قايتىپ كېتىدۇ.

دېھقانلار قوشۇنى ليۇشىزېڭنىڭ قوشۇنى بىلەن ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلارنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرىدۇ. جىن شۇرېن، ليۇشىزېڭ قابىلىيەتسىز ئىكەن، دەپ، ئۇنىڭغا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ قالدۇرۇپ ئىشلىتىش چارىسى كۆرۈپ، جۇرۇيچېنى سىلىڭ قىلىپ، شيۇڭ فايۇنىڭ لۈيىنى قوشۇپ قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ.

بېشىر بىلەن يولۋاس جۇرۇيچېنىڭ قوشۇن تارتىپ قۇمۇلغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان ئابدۇنىيازغا ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلىپ قويىدۇ. دېھقانلار قوشۇنى ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەت جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئاشلىق توپلاشقا پائال كىرىشىدۇ، ئابدۇنىياز، سالى دورغا قاتارلىقلارنى بىر بۆلۈك مەرگەن بىلەن خۇيجۇاڭزا ئەتراپىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ تۆگە بېقىۋاتقان بىر پەي ئەسكىرىنى يوقىتىپ، 100 نەچچە

تۆگىنى غەنىمەت ئالدۇ، يەنە ئەلتۆمۈر ئەتراپىدىكى خەنزۇلاردىن 100 نەچچە دادەن بۇغداي ۋە 600 بولاق ئەپيۇننى بۇلاپ شوپۇلغا ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، سەركەردىلەر خوتۇنتامدا يىغىن ئېچىپ، يۈزەكى هادىسىلەر ئارقىلىق ئۆلكە ئارمىيىسىنى قايمۇقتۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. يەنى تىيانشان ئەتراپىدىكى دېهقانلار كۆرۈنۈشتە قوزغىلاڭغا قاتناشمىغاندەك بولۇۋېلىپ، ئاستىرتىن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەهەتتە ياردەم بېرىپ، جىن شۇرېن هاكىمىيىتىنى قوزغىلاڭ تۇخۇلۇ ئەتراپىدا ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ، تىيانشانغا هۇجۇم قىلمايدىغان ئەهۋالغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، دېهقانلار قوشۇنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆلكە ئارمىيىسىگە زەربە بېرەلەيتتى. يىغىندىن كېيىن، تىيانشان ئەتراپىدىكى سەركەردىلەر ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېتىدۇ - دە، كۆرۈنۈشتە تۇخۇلۇ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشمايدۇ. شوپۇل، تۇخۇلۇ ۋە نوم قاتارلىق جايلار قوراللىق كۈچنى زورايتىپ، ماجۇڭيىڭنى قارشى ئېلىش ۋە ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ قايتا هۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش تەييارلىقىنى قىلىدۇ.

### 5. ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى

جۇرۇيچى مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) 6 - ئايدا قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، دەرهال تەرەپ - تەرەپكە ئېلان چاپلاپ، ئىلگىرى ئۆلكە ئارمىيىسىدىكى بەزى كىشىلەر قانۇنسىز هەرىكەتلەردە بولغانلىقى ئۈچۈن، دېهقانلار قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەردى، مەن كۆپچىلىكنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئىشى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىشىنى، يەنە ئىش تېرىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، دېگەندەك يالغان گەپلەرنى قىلىدۇ هەمدە پەقەت قورال تاپشۇرساڭلارلا، ئۆلكە ئارمىيىسى قايتىپ كېتىدۇ، ۋاڭلىقمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، دېگەن سۈلهى شەرتلىرىنى قويۇپ، دېهقانلار قوشۇنى بىلەن سۆهبەت ئۆتكۈزۈشكە سوپى هاجى قاتارلىق كىشىلەرنى تاغقا چىقىرىدۇ. ئابدۇ نىياز، بەش يىلدىن كېيىن بىر قىسىم قورالنى تاپشۇرىمىز، 10 يىلدىن كېيىن يەنە بىر قىسىم قورالنى تاپشۇرىمىز، دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئىككى تەرەپ بىرلىككە كېلەلمەي، سۆهبەت مەغلۇب بولىدۇ. جۇرۇيچى يەنە نىيىتىدىن يانماي، پىچاندىن يوشۇرۇن قايتىپ كەلگەن دېهقانلار قوشۇنىنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇرېهىم دورغىنى ئابدۇنىيازنى تەسلىم بولۇشقا كۆندۈرۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغىلى ئېبدىرغا 7000 سەر تەڭگە بىلەن ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئابدۇرېهىم دورغا پۇلنى كۆرسە كۆزى قىزىرىدىغان ئادەم بولغاچقا، تاغدىكى دېهقانلار قوشۇنىغا جىن شۇرېن هۆكۈمىتىنىڭ تىنىچ يول بىلەن هەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تەشۋىق قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خوجانىياز ئۇنى «توخۇ يۈرەك» دەپ تىللايدۇ.

جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن، قۇمۇلدىكى دېهقانلار قوزغىلىڭىنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئالدىراپ كېتىدۇ. ئۇ، جۇرۇيچىگە خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن تېز هۇجۇم قوزغاپ، دېهقانلار قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپلا قالماس-

تىن، دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوللاپ قويغانلارنىمۇ بوش قويۇۋەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خەت لياۋدۇننى ساقلاۋاتقان خوجانىيازنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن دېھقانلار قوشۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەسلىدىكى سۇلھىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، كەنسۇدىكى ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى قۇمۇلغا يېتىپ كېلىدۇ.

ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا خېلىدىن بۇيان كۆز تىكىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، ما بۇفاڭدىن يېڭىلىپ تۇرۇشىغا، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ۋەكىللىرى ئەنشىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ، تىلەپمۇ قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئىش بولغاچقا، ئۇ، خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولىدۇ. مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى (ھىجرىيە 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) ماجۇڭيىڭ ئەنشىدىن يولغا چىقىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەسكىرى 400 دىن ئاشمايتتى، 90 نەچچىلا قورال-ياراغى بار ئىدى، بالا- چاقىلارنى قوشقاندا تەخمىنەن 500 نەچچە ئادەم بولۇپ، يۈك - تاقىلىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي ئىدى، ھەر بىر كىشىگە بىر نەچچە جىڭ تالقان بېرىلگەنىدى.

ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى ساۋۇلاققا يېتىپ كەلگەندە، قۇمۇلدىكى دېھقانلار قوشۇنى شىڭشىڭشيادىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئۆلكە ئارمىيىسىدىن جاڭ يۇشيۇنىڭ تۇەنى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى دېھقانلار قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە جاڭ يۇشيۇنىڭ تۇەنى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ. بۇ چاغدا، جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىمۇ دەل ساۋۇلاققا كېلىپ قالىدۇ، ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاسمانغا مىلتىق ئېتىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىر - بىرىدىن يىراقلىشىدۇ، جاڭ يۇشيۇنىڭ تۇەنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قۇمۇل تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) 6 - ئايدا، ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى قۇمۇلغا يېتىپ كېلىدۇ، قوماندانلىق شىتابىنى خۇاڭگودىكى ئىسمايىل داتۇنىڭ جاگىرىسىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، قىسىملىرىنى بۆلۈپ لياۋجياۋەن، پالۋانتۇر، قىزىلىيۇلغۇن، سەيخۇمياۋ قاتارلىق جايلاردا تۇرغۇزىدۇ. ماجۇڭيىڭ يەنە دېھقانلار قوشۇنىدىن بىر نەچچە يۈز مەرگەننى چىقىرىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىستىھكام قۇرىدۇ. بېشىر ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر پۇقرالىرى شەھەر ئىچىدە تۇرىدۇ، دېھقانلار قوشۇنى بۇ يەرگە ئەركىن كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇ چاغدا يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەردىن ئىبارەت بۇ ئىككى يېگانە شەھەرنى ئۆلكە ئارمىيىسى ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، قالغان ھەممە يەر دېھقانلار قوشۇنى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ، ماجۇڭيىڭ قەدەممۇ بىر ئىستىھكام قۇرۇپ، يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەر ئەتراپىدا مۇھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلىدۇ.

جۇرۇيچىمۇ شەھەردە پاتال كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ مۇداپىئەلىنىدۇ، شيۇك فايۇنىڭ

تۆەنى يېڭىشەھەردە، جاڭ يۇشيۇنىڭ تۆەنى كونىشەھەردە تۇرىدۇ، خۇيزۇ سودىگەرلەر تۆەنى بىلەن خەنزۇ سودىگەرلەر تۆەنىدىكى بىرقانچە يۈز كىشىمۇ ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ شەھەرنى قوغدىشىغا ياردەملىشىدۇ. جۇرۇيچى بىر يىڭ ئەسكەر بىلەن 1 ـ ئەترەت خەنزۇ سودىگەرلەر تۆەنىنى كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى ساقلاشقا، بىر لىيەن ئەسكەرنى ئاشلىق ئىسكىلاتىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، جاڭ يۇشيۇ تۆەنجاڭ بىر يىڭ ئەسكەرنى باشلاپ چۆەنشىنخاڭ كوچىسىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئەتراپىنى ساقلايدۇ، 2 ـ ئەترەت خەنزۇ سودىگەرلەر تۆەنى غەربىي دەرۋازىنى ساقلايدۇ، شېۇڭ فايۇ ئىككى يىڭ ئەسكەر بىلەن يېڭىشەھەردە تۇرىدۇ، خۇيزۇ سودىگەرلەر تۆەنى قۇملۇقنىڭ غەرب تەرىپىنى، 3 ـ ئەترەت خەنزۇ سودىگەرلەر تۆەنى قۇملۇقنىڭ شىمالىي تەرىپىنى ساقلايدۇ. كونىشەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن خۇاگوشەنگىچە بولغان ئارىلىقنى شى يىڭجاڭ قوغدايدۇ، بۇ يىڭدا بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بولغاچقا، جۇرۇيچى يولۋاسنىڭ پىكىرىگە ئاساسەن، بۇ يىڭنى يۆتكىۋېتىپ، ئورنىغا دۇجەنبياۋنىڭ يىڭىنى قويىدۇ.

ماجۇڭيىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سەنمۇجاڭ ۋۇ يىڭچىغا قوشۇننى باشلاپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئۆلكە ئارمىيىسى مىلتىق ـ زەمبىرەكلەردىن تەڭلا ئوق ياغدۇرىدۇ، ماجۇڭيىڭنىڭ بىرقانچە تۆەنجاڭ، يىڭجاڭى ياردارلىنىپ، ئاران دېگەندە بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ كەينىگە ئۆتىۋالىدۇ. كەچتە ئۆلكە ئارمىيىسى زوزۇڭتاڭ زامانىسىدىكى بىر قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى راكېتالارنى ئېلىپ ئوت يېقىپ، ئەتراپنى خۇددى كۈندۈزدىكىدەك ئاپئاق يورۇتىۋېتىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى ھۇجۇم قىلىشقا پەقەت پۇرسەت تاپالماي قالىدۇ.

جۇجياجۇاڭزىدىكى خې جۇڭكۇي بىلەن جاڭ لياڭچېن دېھقانلار قوشۇنى ماجۇڭيىڭغا ماسلىشىپ قۇمۇل شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شوربۇلاقتا يۈرۈش قىلىپ، نېرىنكىر ئارقىلىق توخۇلۇغا ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنىدۇ. ئابدۇنىياز بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دېھقانلار قوشۇنى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمىنى تۆت يۆنىلىشكە بۆلۈپ، ئۆلكە ئارمىيىسىگە يوشۇرۇنۇپ زەربە بەرمەكچى بولىدۇ، بىرىنچى يۆنىلىشتىكىلەر كۈندورۇ دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا، ئىككىنچى يۆنىلىشتىكىلەر شوربۇلاق ئەتراپلىرىنى ساقلاشقا، ئۈچىنچى يۆنىلىشتىكىلەر كۈندورۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىنى كونترول قىلىشقا، ۋاقتى كەلگەندە شەرق تەرەپتىكى تاغدىن يولغا چىقىشقا، تۆتىنچى يۆنىلىشتىكىلەر ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمى بولۇپ، ئاساسىي ھۇجۇم قوزغاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، دېھقانلار قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شوربۇلاقنى ئۈچ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، جەڭ ئۈچ سائەتچە داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئۆلكە ئارمىيىسى ئېغىر چىقىم تارتىپ، غەربىي جەنۇب تەرەپكە چېكىنىدۇ.

قۇمۇلدىكى ماجۇڭيىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىگە يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىش توغرىسىدى-

كى ئاخباراتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنىڭ 1-زۇڭدۈيىنى شەھەرنى داۋاملىق مۇھاسىرە قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كۆشۈتمىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. 7-ئاينىڭ 13-كۈنى ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمى دۈشمەن تېپىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاران 200 نەچچە ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىدى، ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كونا مىلتىق بىلەن، بىر قىسمى نەيزە، قىلىچ بىلەن قوراللانغانىدى. 14-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شوربۇلاقتىن چېكىنگەن جاڭ لياڭچىن تۈەنى بىلەن خې جۇڭكۈي تۈەنىنىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى دۈشمەن تېغىدا تۇساتتىن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ تۇسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، ئالدىراش ئۇرۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. يېرىم كۈنلۈك جىددىي جەڭدە ئۆلكە ئارمىيىسىدىن تۈەنجاڭ جاڭ لياڭچىن ئېغىر يارىلىنىپ ئۆلىدۇ، تۈەنجاڭ خې جۇڭكۈي ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولىدۇ. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۆلكە ئارمىيىسىدىن 1000 دىن ئۇشۇق ئەسكەرنى ئەسىرگە چۈشۈرىدۇ، نۇرغۇن قورال-ياراغ، ئوق-دورىلارنى غەنىمەت ئالىدۇ. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ ئەسىرلەر ئىچىدىكى قېرى، ئاجىزلارنى قايتۇرۇۋېتىپ، قاۋۇللارنى ئېپقېلىپ ئۆز قىسمىنى تولۇقلايدۇ. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىكى نەيزە، قىلىچلار پۈتۈنلەي مىلتىققا ئالمىشىدۇ.

باركۆلنىڭ ھاكىمى زور قوشۇن شەھەرگە بېسىپ كەلگەن ئەھۋالدا، نائىلاج ماجۇڭيىڭنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قارشى ئالىدۇ. ماجۇڭيىڭ شەھەرگە كىرىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مافۇيۈەننى 20 نەچچە ئاتلىق ئەسكەر بىلەن باركۆلنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قالغان ئەسكەرلەرنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتىدۇ.

دېھقانلار قوشۇنىمۇ شوربۇلاقتىكى جەڭدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئىستىھكاملىرىغا قايتىپ كېتىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ قۇمۇل شەھىرىگە يەنە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ. مىنگونىڭ 20-يىلى (1931-يىلى) 8-ئاينىڭ 2-كۈنى، ماجۇڭيىڭ قۇمۇل شەھىرىگە 2-قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ، بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، شەھەرگە 2-قېتىم ھۇجۇم قىلىشتىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ.

جۇرۇيچى ۋاقتىنچە شەھەرنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھاسىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئۇرۇمچىگە ياردەم تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر ئامال قىلىپ دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ماجۇڭيىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتمەكچى بولىدۇ. جۇرۇيچى 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېرەم ئىمام، پېلجۇڭ ۋە ماچاڭلىن قاتارلىق كىشىلەرنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، يولۋاسنىڭ يول باشلىشى بىلەن شەھەر ئىچىگە ئەۋەتىدۇ. ئىككى تەرەپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مېھمانخانىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. سۆھبەتتە كېرەم ئىمام قاتارلىقلار: (1) شەھەردە ئاشلىق تۈگەپ قالدى، دېھقانلار قوشۇنى بىرنەچچە كۈن چېكىنىپ تۇرغان بولسا، ئاھالىلەر شەھەردىن چىقىپ ئاشلىقلىرىنى يىغىۋالسا؛ (2) دېھقانلار قوزغىلىڭى ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمىدىن بولغان، بۇنى ئېتىراپ قىلىمىز، لېكىن بىز ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغاچقا، پۈتۈشمىكىمىز ئوڭاي، بۇنىڭغا يات ئادەملەرنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ ھا-

جىتى يوق، شۇڭا، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ماجۇڭيىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈشىنى ئۈمىد قىـ
لىمىز، (3) بېشىرنىڭ شەھەر ئىچىنى، ئابدۇنىيازنىڭ تاغلىق رايوننى سوردىشىغا يول
قويۇلىدۇ. ھۆكۈمەت بۇنىڭغا ئارىلاشمايدۇ، يۇقىرىدىكى شەرتلىرىمىزگە ئۈچ كۈن ئىچىـ
دە جاۋاب بەرگەيسىزلەر، دېيدۇ. سۆھبەت بولۇۋاتقاندا، يولۋاس دېھقانلار قوشۇنىغا،
بۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ھىيلىسى، جۇرۋيىچى قومۇلغا ئەسكەر يۆتكەپ بېرىڭلار، دەپ
ئۇرۇمچىگە تېلېگىرامما بېرىۋەتتى، دەپ يېزىلغان كىچىككىنە بىر باغاچىنى سۆڭگىتىۋېـ
تىدۇ. ۋەكىللەر كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇنىياز قاتارلىقلار سۆھبەت ئەھۋالىنى ماجۇڭيىڭـ
غا ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئىككى تەرەپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى جىددىيلەشتۈرۈشنى
قارار قىلىدۇ. شەھەر ئىچىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان بېشىر كۆرۈنۈشتە بىتەرەپ تۇرسىـ
مۇ، ئاستىرتتىن ماجۇڭيىڭ بىلەن دېھقانلار قوشۇنىنى قوللاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ چاغـ
دا، بېشىر ماجۇڭيىڭغا يەنە بىر ئاز ئالتۇن ۋە ئاشلىق بېرىدۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن، جۇرۋيىچىنىڭ ۋەكىللىرى كېلىشىم بويىچە يەنە كېلىدۇ، بۇلارغا يەنە يولۋاس
يول باشلايدۇ. بۇ قېتىم ۋەكىللەرنىڭ شەرتلىرى تېخىمۇ بوش بولۇپ، ئۇلار، پەقەت
ماجۇڭيىڭدىن ئالاقىنى ئۈزسەڭلارلا، بارلىق تەلەپڭلارنى ئويلىشىپ كۆرىمىز، دەيدۇ.
ئابدۇنىياز ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا جۇرۋيىچىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش مەقسىتىدە يالغان سۆھـ
بەت ئۆتكۈزۈش سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلاپ، يولۋاسنى ۋە سۆھبەت ۋەكىللىرىدىن
شاڭ ئەنجۈن، فېڭ سور، ماچاڭلىننى شۇنىڭدەك يولۋاسنىڭ ئوغلى نىيازبەگ (خەنزۇـ
چە ئىسمى ياۋداۋچاڭ) نى قولغا ئېلىپ، قالغان بىر نەچچە ۋەكىلنى قايتۇرۇۋېتىدۇ.
دېھقانلار قوشۇنى ۋەكىللەرنى ماجۇڭيىڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ، ماجۇڭيىڭ
گومىن تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى شاڭ ئەنجۈننى ئېتىپ تاشلايدۇ، لېكىن يولۋاسنى بولسا
ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ، يېنجاڭ قىلىپ ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يولۋاس دېھقانـ
لار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، ئەسكەرلىرى بىلەن قورايدا تۇرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ شەھەرگە 3 - قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا پائال تەييارـ
لىق كۆرىدۇ. ئۇ، شەھەر سېپىلىنى پارتلىتىۋېتىش ئۈچۈن، ئەسكەرلەرگە يېڭىشەھەرنىڭ
شىمالى بىلەن كونىشەھەرنىڭ جەنۇبىدىن تەڭلا لەخمە كولاشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. يېڭىـ
شەھەرنىڭ شىمالىدىن كولانغان لەخمە شەھەر سېپىلىغا يېقىنلاشقاندا، گۈپۈلدىگەن
ئاۋازنى شەھەردىكى ئەسكەرلەر ئاڭلاپ قالىدۇ، كونىشەھەردىكىلەرمۇ سېزىپ قالىدۇ.
جۇرۋيىچى ئەسكەرلەر بىلەن ئاھالىنى ئاۋاز چىققان يەرنى قېزىشقا بۇيرۇيدۇ. ماجۇڭـ
يىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالمان - تالمان ئىككى تەرەپتىكى پارتلاتقۇچ
دورىغا تەڭلا ئوت يېقىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ يېڭىـ
شەھەرنىڭ سېپىلى پارتلايدۇ - دە، ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى شەھەرگە بېسىپ كىرىپ،
شيۇڭ فايۇنىڭ تۇەنى ۋە گومىن تۇەن بىلەن شىددەتلىك كوچا جېڭى قىلىدۇ. جۇـ
رۋيىچى ئەگىپ بېرىپ يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقىنى قورشىۋېلىشقا بىر قىسىم
ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمى ئالدى ۋە كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغاچقا، ئالدىراپ
چېكىنىدۇ. كونىشەھەرنىڭ جەنۇبىدىن كولانغان لەخمە سېپىلدىن تېخى يىراق بولغاچـ

قا پارتلاتقاندا سېپىل پارتلىمايدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ شەھەرگە قىلغان 3 - قېتىملىق ھۇجۇمىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

### 6. فاماتاك جېڭى

جىن شۇرېن بارىكۆلنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى، قۇمۇلنىڭ مۇھاسىرىدە قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لۇشياۋزۇنى شەرقىي يۆنىلىش باندىتلارنى يوقىتىش سىلىڭبۇسىنىڭ باش سىلىڭلىقىغا، شېڭ شىسەينى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپ، ئۇلارغا دۇگوجىنىڭ لۈيىنى بېرىپ، قۇمۇلدىكىلەرنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. لۇشياۋزۇ ئەدىب، ھەربىي ساۋاتى كەمچىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە كاج ئادەم ئىدى. شېڭ شىسەي ھەربىي ئىقتىدارى بولسىمۇ، لېكىن ئۇچىغا چىققان قارا نىيەت ئادەم ئىدى. جىن شۇرېننىڭ 5 - ئىنىسى جىن شۇشىن لۇشياۋزۇ بىلەن چىقىشالمايتتى، ئادەتتە ئۇلار گۇرۇھ توپلاپ، قورساق سوقۇشى قىلىپ يۈرۈشەتتى. لۇشياۋزۇ قىسىملارنى يىغىۋاتقاندا، جىن شۇشىن ئەتەي قىسىملارنىڭ تېز يىغىلىشىغا كاشىلا قىلىدۇ، جىن شۇشىن يەنە ئوزۇق - تۈلۈك. يەم - خەشەك، ئوق - دورىلارنى كەينىگە سۈرۈپ تارقاتمايدۇ ھەمدە جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن تېلېگرامما بېرىپ، تېخى تەييارلىقى پۈتمىگەن لۇشياۋزۇنى يولغا چىقىشقا ئالدىرىتىدۇ. لۇشياۋزۇ يەنە بىر نەچچە كۈن تەييارلىق قىلىۋالاي دېسە، جىن شۇشىن ئۇنىڭغا ھەربىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىڭ، دەپ تەھدىت سالىدۇ. لۇشياۋزۇ جىن شۇرېندىن يۈزتۇرانە يوليورۇق ئېلىشقا شېڭ شىسەينى ئەۋەتسە، جىن شۇشىن يەنە توسقۇنلۇق قىلىپ، ئەھۋالنى جىن شۇرېنغا يەتكۈزگىلى قويمايدۇ. مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا، لۇشياۋزۇ دۇگوجىنىڭ لۈيىنى لياۋدۇنغا ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. دۇگوجى ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان ئادەم بولۇپ، قىلچىمۇ ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق ئىدى. ئۇ، لياۋدۇنغا كەلگەندىن كېيىن، يەر تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئۈچ قاتار ئاكوپ قازدۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى نەشە - ئەپيۇن چېكىش، قىمار ئويناشقا ۋە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپتە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ. لياۋدۇنى ساقلاۋاتقان خوجانىياز ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ خەۋەرنى تېزدىن قۇمۇلغا يەتكۈزىدۇ. ماجۇڭيىڭ خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شەخسەن ئۆزى ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ كېچىلەپ يولغا چىقىپ، دۇگوجىنىڭ ئۈچ قات مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ. دۇگوجى 30 نەچچە مۇھاپىزەتچىنىڭ ھىمايىسىدە قېچىپ، جىجىساۋزىغا كەلگەندە، ئۇنى ماجۇڭيىڭنىڭ بىر لېيەنجاڭى كۆرۈپ قېلىپ ئېتىپ تاشلايدۇ. بۇ جەڭدە ماجۇڭيىڭ يەنە توققۇز پىلىموت، ئىككى كېرپېچىي زەمبىرەك قاتارلىق بىرمۇنچە قوراللارنى غەنىيمەت ئالىدۇ. ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭ يارىدارلىنىپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ قىسمى جىگدىگە يۆتكىلىدۇ.

قوشۇن باشلاپ چوگىتاشقا يېتىپ كەلگەن لۇشياۋزۇ لۇجاڭ دۇگوجىنىڭ تارمار

بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماي، ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، كېچىلەپ گۇچىڭزىغا قايتىپ كېتىدۇ.

لياۋدۇندا جىددىي جەڭ بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، بارىكۆلنىڭ ھاكىمى، بىر تەرەپتىن، مافۇيۈەنگە يالغاندىن ئىتائەت قىلغان بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆلكە ئارمىيىسىدىن ياردەم تىلەپ يەتتە قېتىم مەخپىي ئادەم ئەۋەتىدۇ. مىنگونىڭ 20-يىلى (1931-يىلى) 8-ئاينىڭ 8-كۈنى كەچتە يىگىجاڭ گۇەن دېشىڭ، لىيەنجاڭ لياڭ ۋېنجۇن قىسمىنى باشلاپ بېيشياڭغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسى رازۋېتكا قىلىپ، مافۇيۈەننىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چاڭجياجۇاڭزىغا كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ. 9-كۈنى ئەتىگەندە ئۆلكە ئارمىيىسى بېيشياڭدىن چاڭجياجۇاڭزىغا كېلىپ مافۇيۈەننىڭ قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئۇرۇشتا مافۇيۈەننىڭ قىسمىدىن 10 نەچچە ئادەم ئۆلىدۇ ۋە يارىدارلىنىدۇ، مافۇيۈەن قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تاغدىن ھالقىپ قۇمۇلغا قېچىپ كېتىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسى بارىكۆلگە كىرىپ ئازراق دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سەنتاڭخۇ ئارقىلىق نومغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇيغۇر دېھقان-چارۋىچىلار ئارقا-ئارقىدىن ئاداققا قېچىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، گۇەن دېشىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە، پىيادە ئەسكەرلەرگە نومنىڭ ئەتراپىدا قونۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. سالى دورغا مەرگەنلەرنى جىلغا ئېغىزىغا مۆكتۈرۈپ قويغانىدى، ئۇلار ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇلارنى بىراقلا ئوققا تۇتىدۇ، ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى ھولۇقۇپ چېكىنىپ نومغا كەلگەندە، نومدا قونغان پىيادە ئەسكەرلەر دېھقانلار قوشۇنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسا كېرەك دەپ، ئۇلارغا ئالمان-تالمان ئوق چىقىرىدۇ. قالايمىقان ئۇرۇشتا ئۇلار بىر-بىرىنى قىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە يارىلاندۇرىدۇ، ئۇلار ئەھۋالنى ئاڭقىرىپ بولغىچە، سالى دورغا ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كېلىدۇ. گۇەن دېشىڭنىڭ يىگى تەڭ كېلەلمەي، بارىكۆلگە چېكىنىدۇ. بۇ چاغدا، ما جۇڭيىڭ ئاللىقاچان قۇمۇلغا كەتكەنىدى، گۇەن دېشىڭ ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ مورىغا كېتىدۇ.

ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جىن شۇرېن سەنمۇجاڭ تيەن يۈجېنغا بارىكۆلدىن قۇمۇلغا بېرىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ سۈلھ قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ غەربىي تەمىنات باشلىقى سۇمۇشتاڭدا تيەن يۈجېن بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قۇمۇلغا كېلىدۇ، ئاندىن جىگدىگە كېلىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. تيەن يۈجېن جىن شۇرېننىڭ سۈلھ شەرتنامىسى بىلەن چۇ مىنيىنىڭ خېتىنى ئالغاچ كېلىدۇ. جىن شۇرېن بىلەن چۇ مىنيى خەتلىرىدە ما جۇڭيىڭنى گەنسۇغا قايتىپ كېتىشكە ئۈندەيدۇ ۋە يەنە قورال-ياراغ، غەربىي تەمىنات بەرگەندىن تاشقىرى، مەركەزدىن سوراپ ئۇنىڭغا گەنسۇدىن مۇھىم بىر مەنسەپ ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ما جۇڭيىڭ گەنسۇغا قايتىپ كېتىشكە ئۈنىمايدۇ، قۇمۇل، بارىكۆل ۋە گۇچۇڭنى ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان جاي قىلىشنى، ھېچبولمىغاندا قۇمۇل ۋە بارىكۆلنى ئەسكەر تۇرۇنلاشتۇرىدىغان رايون قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تيەن يۈگجىن بۇنىڭ جاۋابىنى قايتىپ بارغاندىن كېيىن بېرىدىغان بولدۇ، ما جۇڭيىڭ-
مۇ قومۇلغا قايتىپ كېتىدۇ.
جىن شۇرېن ما جۇڭيىڭنى گەنسۇغا قايتىپ كېتىشكە ئۈندەپ مۇۋەپپەقىيەت قازى-
نالمىغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى شىجاڭ ئى يىڭنى 1-شىنىڭ شىجاڭى قىلىپ، دېھقان-
لار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۈلكىگە كېلىش-
كە تېلېگىرامما بېرىدۇ. لېكىن، ئى يىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنـدىن كېيىن كېسەل بولۇپ،
گېلىدىن غىزا ئۆتمەي، ئۆلۈپ كېتىدۇ. جىن شۇرېن يەنە ئىلىدىكى ئەسكەر تۈرغۇزۇپ،
بوز يەر ئېچىش ئەمەلدارى جاڭ پېيىيۈەنـنى ئالمان-تالمان يـۆتكەپ كېلىـپ، ئۇنى
شەرقىي يۈنىلىش باش قوماندانلىقىغا، شېڭ شىسەينى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ سەنمۇ-
جاڭلىقىغا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە لىيۇرۇڭشىڭنى 1-يۈنىلىشنىڭ، جەن شىكۇينى 2-يۈنى-
لىشنىڭ، ئاداۋدېنى 3-يۈنىلىشنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ ھەمـدە ئاق ئورۇسلارنى
يىغىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن قۇرىدۇ، بۇنىڭغا چارروسىيە ئوفىتسېرى باپىنـگۇتـنى
قوماندان قىلىدۇ. جاڭ پېيىيۈەن 6500 ئەسكەرنى باشلاپ قۇمۇلنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇل-
دۇرغىلى ماڭىدۇ.
جاڭ پېيىيۈەن قوشۇننى باشلاپ يەتتەقۇدۇققا كەلگەندىن كېيىن، لياۋدۇنـنى ساق-
لاۋاتقان خوجانىيازغا سوۋغا-سالام بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن بىتەرەپ تۇرۇشنى
تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەنلا ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى، قۇمۇل-
غا جۇملىدىن دېھقانـلار قوشۇنـىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر خەلقىگە زىيان-
زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خوجانىياز ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇش شەنمەتلىرىـ-
نى يالغۇز ئىگىلـىۋالغانـلىقـىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەچكە، جاڭ پېيىيۈەننىڭ تەلىپىگە
ماقۇل بولىدۇ.
ما جۇڭيىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلغا ياردەمگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن
كېيىن، ئىنىسى ما جۇڭجېنى 3000 ئەسكەر بىلەن لياۋدۇنغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ، 10-ئاينىڭ
9-كۈنى فاماتاڭ (يەتتەقـۇدۇق بىلەن لياۋدۇنـنىڭ ئارىلىقى) دا ئۆلكە ئارمىيـىسى
بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ما جۇڭجېي ئۆزىنىڭ ئاساسىي قوشۇننى ئوڭ قاناتتىكى تاغ ئېغىزىغا
ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېگىزدە تۇرۇپ، مۇھاسىرە ئارقىلىق ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ سول قانىتىغا
بېسىم ئىشلىتىدۇ. جاڭ پېيىيۈەن ما جۇڭجېينىڭ ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ،
لىيۇرۇڭشىڭنىڭ قىسمىغا ما جۇڭجېينىڭ ئوڭ قانات ئاساسىي قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇي-
رۇق بېرىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن — باپىنگوت قىسمىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى يار-
دەمچى قوشۇن سۈپىتىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كەينىدىن سول تەرەپ ئارقا سەپ
بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيـرۇيـدۇ. فۇچۇەنـىنىڭ قىسمى ما جۇڭيىجې قوشۇنىنىڭ
ئۇدۇلىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ، جەن شىكۇينىڭ قىسمى ما جۇڭجېي قوشۇنىنىڭ سول قانىتىنى
مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، برونېۋىكلار چوڭ يول بىلەن ئىلگىرىلەپ، ما جۇڭجېي قوشۇنىنىڭ
سول قانىتىغا تەھدىت سالىدۇ. ئاداۋدېنىڭ قىسمى بىلەن باتۇرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى
مېڭ شۇنىڭ قىسمى باش زاپاس قىسىم بولىدۇ. ئىككى تەرەپ شىددەتلىك ئېتىشىۋات-

قاندا، تېرساتتىن ماخېيىڭ 500 نەچچە ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ ئوڭ قاناتتىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ سول قانىتىنى مۇھاسىرە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ، ماخېيىڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي تاغ ئېغىزىغا چېكىنىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە تەۋرىنىپ قالىدۇ، بىرقانچە قېتىم قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي، لياۋدۇنغا چېكىنىدۇ، لېكىن لياۋدۇندا خوجىنىيازنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمەيدۇ. ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ياردەمسىز قېلىپ، داۋاملىق ئارقىغا چېكىنىدۇ. مافاتاڭدىكى جەڭدە ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىدىن 300 نەچچە ئادەم، ئۆلكە ئارمىيىسىدىن 200 نەچچە ئادەم يارىدارلىنىدۇ ۋە ئۆلىدۇ. جاڭ پېيىۋەن لياۋدۇندە ئازراق دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ ئىلگىرىلىتىدۇ. يولدا بىر ئايال ئۇچراپ، ما جۇڭيىڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقى ئېيتىلغان بىر پارچە خېتىنى بېرىدۇ. جاڭ پېيىۋەن بۇنىڭ ئالدامچىلىق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەسكەرلەرنى داۋاملىق تېز ئىلگىرىلىتىدۇ. 10-ئاينىڭ 13-كۈنى جاڭ پېيىۋەننىڭ قوشۇنى قۇمۇلغا يېتىپ كېلىدۇ، قۇمۇلدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى كۆرۈنمەيدۇ. شېڭ شىسەي بىر يىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كەينىدىن قوغلايدۇ، ساۋۇلاققا كەلگەندە، يەرلىك ئاھالىدىن سوراپ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاللىقاچان كېتىپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ. شېڭ شىسەي بارغان يولى بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. ما جۇڭيىڭ چېكىنگەندە دېھقانلار قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىدۇ. خوجانىيازنىڭ لياۋدۇندە ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇنىياز خوجانىيازنىڭ ئۆزىگە ساتقىنلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، قوشۇننى تاشلاپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە ئەنشىگە كېتىش قارارىغا كېلىدۇ. ئابدۇنىياز كەتكەندىن كېيىن، دېھقانلار قوشۇنى سەركىسىز پادىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. خوجانىياز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇمۇل تاغلىرىنىڭ غەربىگە قايتىپ كېلىدۇ. يولۋاس ما جۇڭيىڭنىڭ پىكرى بويىچە قۇمۇلدا قالىدۇ ۋە قارا مۇقچىدىن قورايغا كېلىپ ئۆز كۈچىنى پائال كېڭەيتىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى قورايغا بىز دېھقانلار قوشۇنىغا ياردەم قىلغان، ئەمدى ئۆلكە ئارمىيىسى كېلىپ بىزدىن ئۆچ ئالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، يۇرت-ماكانلىرىنى تاشلاپ ئارقا-ئارقىدىن تاغقا قېچىپ كېتىدۇ، شەھەر ئىچى قۇرۇق شەھەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بېشىرمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە تاغقا قېچىپ كېتىدۇ، باغداشتا تۇرۇپ ئەسكەر توپلايدۇ. كونىشەھەردىكى ئۆلكە ئارمىيىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەر ئىچىنى بۇلايدۇ. ئوردىنى بۇلاپ قۇپقۇرۇق قىلىپ قويىدۇ، ئوردىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، بۇ، شۇ يىلى 10-ئايدا بولغان ۋەقە.

جاڭ پېيىۋەن قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، يەرلىك مۆتىۋەرلەردىن پېڭ لىجۇڭ، ما جېنجۇڭ، ئەن مىڭ، كېرەم ئىمام، ئىبراھىملارنى ۋە ئۆلكە ئارمىيىسىدىن قوماندان ئاداۋدېنى تاغقا چىقىرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ۋەقەنى تىنچ يول بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تاغدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا يۇرت-ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىش، ئەمدى يەنە ئىش تېرىماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. لېكىن، دېھقانلار قوشۇن-

نىڭ يېڭىلىكىنىگە ئۇزۇن بولمىغاچقا، ئۇيغۇر پۇقرالىرى بۇ تەشۋىقاتقا ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ چاغدا، ئۇلكە ئارمىيىسىدىن قوماندان ئاداۋدىي ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاغدا گۆرۆگە قالىدۇ. بۇنى كۆرۈپ خوجانىياز، ئاۋۇت دورغا، قۇربان دورغا، ھوشۇر دورغا قاتارلىق كىشىلەر قومۇلغا كېلىدۇ، يولۋاس ئابدۇۋايىت ھاجى ۋە چوڭ - مەلەم ئاخۇنى، بېشىرمۇ تۇرسۇن دورغىنى قومۇلغا ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ئۈچ كۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تۆۋەندىكىچە كېلىشىمگە كېلىدۇ: (1) قوزغىلاڭ ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى باشقۇرمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان، خەلقتە گۇناھ يوق. ھۆكۈمەت بۇنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ. (2) قورال - ياراغ تاپشۇرۇلمايدۇ. (3) تاغلىق رايوننى ئۇيغۇرلار ئۆزى باشقۇرىدۇ. (4) دېھقانلار ھۆكۈمەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىدۇ، باج تۆلەيدۇ. مۇشۇنىڭدىن كېيىن قومۇل بىر مەزگىل ۋاقتىنچە تىنچ ئۆتىدۇ.

7. تاراتچى يىغىنى

مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) 1 - ئايدا قومۇلدا «قىيپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى» قۇرۇلۇپ، قىيپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. جىن شۇرېن ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشقا ئالدىراپ كەتكەچكە، قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاممىنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ، «بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاسىيلارنى بىردەك ئەل قىلىپ، ئۇلارغا يېڭىدىن ئادەم بولۇش يولى بېرىش كېرەك، ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك لازىم. ئاسىيلارنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى بىردەك كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، تەكشۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارار قىلىدۇ. ئۇ يەنە تاغقا ئەۋەتىپ ۋەز - نەسىھەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتا مۆتىۋەرى روزى ھاجىنى ئەلچى قىلىپ قومۇلغا ماڭدۇرىدۇ. دېھقانلار قوشۇندىكىلەرمۇ ئەل بولۇش نىيىتىدە بولغاچقا، تاغدىن چۈشۈپ ھەرىكەت قىلمايدۇ. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى قومۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان، ئەينى ۋاقىتتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 2 - بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان تاۋ مىڭيۈ 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جىن شۇرېنغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىك «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالىمشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ، قىيپقالغان ئىشلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. ئۇ، ئۆز كۆز قارىشىنى سىياسىي مۇئەسسەسە، تىنچلاندۇرۇش ئومۇمىي تەدبىرى، مۇداپىئە تەييارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن مۇپەسسەل بايان قىلىدۇ. بۇنى تەخمىنەن تۆۋەندىكى ئالتە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: (1) سابىق ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ مەركىزى توخۇلۇدا ئىدى، ئەمدى ئۇنى تاشبۇلاققا يۆتكەپ، يەرلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. باركۆل ناھىيىسىنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز، بۇنىڭ ناھىيە بولۇپ تۇرۇشى مۇۋاپىق ئەمەس، شۇڭا بۇ ناھىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ تەۋەسىنى يەنىلا قومۇل ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىش كېرەك. (2) ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئالۋان - ياساقلارنى ھازىرچە بىردەك كەچۈرۈم قىلىش كېرەك، يەرلەرنى ئۆلچەشنى ھازىر-

چە تۇختىتىپ، قۇمۇل خانلىقى تاپشۇرغان يەر، نوپۇس دەپتىرىگە ئاساسەن دەرىجىگە
ئايرىش، باج ـ سېلىقنى يەرگە قاراپ كۆپەيتىش كېرەك. ۋەقە تۇغۇلۇپ قېلىشتىن ساق ـ
لىنىش ئۈچۈن، كەلگۈسىدە باج ئالغاندىمۇ باجنى سابىق ئوردا كاتتىباشلىرى سۆيلەپ
ئالسۇن، بىزنىڭ يېزىلارغا قايتا چاپارمەن ئەۋەتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. بوز يەرلەرگە
كەلسەك، بۇنى ئالدى بىلەن ئىمكان قەدەر يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئالسۇن، ئېشىپ
قالغانلىرى بولسا، ئاندىن خەنزۇ كۆچمەنلەر ئالسۇن. ھۆكۈمەت سېتىۋالىدىغان ئاشلىق
نورمىسىنىمۇ ئازايتىش كېرەك، ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن مىنگونىڭ 19 ـ، 20 ـ يىللىرى
(1930 ـ، 1931 ـ يىللىرى) ئېلىنىدىغان غەللە ـ پاراق، يەم ـ خەشەكلەرنى كەچۈرۈم
قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئۇلارغىمۇ خەنزۇ كۆچمەنلىرى بىلەن ئوخشاش قاراي ـ
دىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. (3) جىنايى ئىشلاردىن باشقا، قالغان نىكاھ، مال ـ
مۈلۈك مەسىلىلىرىنى ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە، قۇرئانغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىش ـ
قا يول قويۇشىمىز كېرەك. (4) ئاپەت قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كاتتىـ
باشلىرىغا يا قۇرۇق مەنسەپ بېرىش، يا ئۇلارنى باشقا يەرگە يۆتكىۋېتىش كېرەك،
قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاممىنى بىردەك سۈرۈشتە قىلماسلىق كېرەك. (5) ۋاڭنىڭ ئوتتۇ ـ
غات نامىنى (مەنسەپ مەرتىۋىسىنى) يەنىلا ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن قول
ئۈزگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ۋاڭنىڭ بۇرۇنقى مال ـ مۈلۈك، چارۋى ـ
لىرىنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قايتۇرۇشىمىز كېرەك. يەرلىرىنىڭمۇ مەلۇم قىس ـ
مىنى ئەھۋالغا قاراپ شەخسىي مۈلۈك قىلىشقا قالدۇرغاندىن باشقا، قالغان قىسمىنى دۆ ـ
لەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش كېرەك. (6) ھەربىي مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئورۇنلاش ـ
تۇرۇشنى كۈچەيتىش پىلانى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. جىن شۇرېن ئۇنىڭ پىكىر ـ
لىرىگە قوشۇلماقچى ئىدى، لېكىن، بۇنى يولغا قويغىچە، جىن شۇشىن كىرىپ، جاڭ
پېيىۋەن قۇمۇلنى بېسىپ يېتىۋالدى، ئۇنىڭ غەرەزى باشقا، دەپ جاڭ پېيىۋەنىنىڭ غەيۋە ـ
تىنى قىلدۇ. جاڭ پېيىۋەنىدىن ھەزەر ئەيلەپ يۈرگەن جىن شۇرېن ئۇنىڭ گېپىگە
ئىشىنىپ، جاڭ پېيىۋەنىنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاۋ مىڭيۈنىڭ
تەكلىپى تاشلىنىپ قالىدۇ. مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، جىن شۇرېن
تارباغاتاينىڭ قوماندانى لى خەيرۇنى شىجاڭ قوشۇمچە شەرقىي يۈنىلىش گارنىزون قوماند ـ
دانى، قۇمۇل «قېيپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى» نىڭ باشلىقى قىلىپ يۆتكەي ـ
دۇ. لى خەيرۇ ئەزەلدىن مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە، ئۇرۇش ئىش ـ
لىرىدىن خەۋىرى يوق ئىدى، قۇمۇل ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى تېخىمۇ چۈشەنمەيت ـ
تى. ئۇ، قۇمۇلغا كېلە ـ كەلمەيلا، شوپۇل، خۇيجۇاڭزى، باغداش، ئاراتام ۋە سۇمۇشتاڭ
قاتارلىق جايلارغا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، خوجانىياز قاتارلىق كىشىلەرگە، قورالىڭلارنى تاپشۇ ـ
رۇپ، دېھقانلار قوشۇنىنى تارقىتىۋېتىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. تاغدىكى دېھقانلار
قوشۇنى ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ، ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىپ
جىم يېتىۋالىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە قۇمۇلنىڭ يەنە ئۇرۇش مالى ـ
مانچىلىقىغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى، شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى بىرمۇنچە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن يىل يۇرت-ماكانلىرىغا قايتالمىغانىدى، قۇمۇل تىنچىغاندىن كېيىن، گەنسۇدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى يىغىلىپ، شىنجاڭغا قايتماقچى بولۇشىدۇ، ئۇلار ئېنىق خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال قۇمۇلدىكى ھەسەن ياڭخاڭغا خەت يېزىپ ئەھۋال ئۇقۇشىدۇ، قۇمۇلنىڭ ھەقىقەتەن تىنچىتىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۈپلىشىپ شىنجاڭغا قايتىدۇ. بۇ سودىگەرلەر ئىچىدە قۇمۇللۇقلارمۇ، تۇرپان، توقسۇن، كۇچا ۋە ئاقسۇلۇقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار 100 نەچچە ئېشەك بىلەن يولغا چىقىپ، كۇشۇيگە كېلىپ قونىدۇ. بۇلارنى لى خەيرۇ شىڭشىڭشىيانى ساقلاشقا ئەۋەتكەن بىر پەي ئەسكەر ئۆلتۈرۈپ، بارلىق ماللىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. كۇشۇي ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بالا-چاقىلىرى ئۈرۈمچىگە يىغىلىپ ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويۇپ، چوڭ ماجىرا تۇغدۇرىدۇ. جىن شۇرېن ۋەقەنىڭ يوشۇناپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، لى خەيرۇغا باش جىنايەتچى پەيجاڭ بىلەن مۇئاۋىن پەيجاڭنى ئېتىۋېتىش، قالغان 29 ئەسكەرنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىدۇ («كۇشۇي ۋەقەسى» گە قاراڭ).

كۇشۇي ۋەقەسى تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۈرۈمچىدىن بىر تۈركۈم سودىگەرلەر ئىچكى ئۆلكىگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى ماڭىدۇ، ئۇلار سۆجىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا يولۋاسنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى پۈتۈنلەي بۇلاپ كېتىدۇ. يولۋاسنىڭ ئادەملىرى نومدا يەنە بىر تۈركۈم سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلايدۇ. يولۋاس بۇلاپ كەلگەن ماللاردىن قىممەت باھالىقلىرىنى ئېلىۋېلىپ، قالغان بىرقانچە 100 تۈگ ئۇچەينى ئامبارغا تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، يولۋاس بۇ، كۇشۇي ۋەقەسىدىن ئۆچ ئالغىنىمىز، دەيدۇ. لى خەيرۇ يولۋاس سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلىدى، تىنچلىققا دالالەت قىلىش ئىشلىرىمىزغا بۇزغۇنچىلىق سالدى، دېگەننى باھانە قىلىپ، دېھقانلار قوشۇنىدىن قورال-ياراغلارنىڭ ھەممىسىنى دەرھال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يولۋاس كونا مىلتىقتىن 30 نەچچىنى تاپشۇرۇپ قويىدۇ. لى خەيرۇ بۇنىڭغا ئۇنىماي، يولۋاس، بېشىرلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېردىم ئىمام، شائەخمەت ۋە ئابدۇۋايىت قاتارلىق سەككىز كىشىنى ئەۋەتىپ، دېھقانلار قوشۇنىنى قورالسىزلاندۇرۇش كېرەك، بولمىسا ئۇلار قورال كۈچى بىلەن قورشاپ يوقىتىلىدۇ، دەپ قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت يەنە بىردىنلا جىددىيلىشىپ كېتىدۇ.

ئۆلكە ئارمىيىسى قورشاپ ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تاغقا يەتكەندە، ھەممەيلەن جىددىيلىشىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، تاشقى موڭغۇلىيە دېھقانلار قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن جياڭسىندورجى (موڭغۇل)، ئەبۇۋۇ، قاسىم (قازاق)، تۇردى (ئۇيغۇر) قاتارلىق بەش كىشىنى ۋەكىل قىلىپ تاغقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئاۋۋال قاراتاغدا سادىق قورمال بىلەن كۆرۈشۈپ، قۇمۇلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوللايدىغانلىقىنى ئۇچۇق بىلدۈرىدۇ. جياڭسىندورجى، سىلەر چوقۇم ئىتتىپاقلىشىڭلار كېرەك، يەنە سىلەرنىڭ بىر رەھبىرىڭلار بولۇشى كېرەك، دەيدۇ. سادىق قورمال جياڭ-

سىندورجىنىڭ بۇ پىكرىگە ئىنتايىن قايىل بولۇپ، غەربىي تاغقا كېچىلەپ ئادەم ئەۋەتىپ، خوجانىيازنى چاقىرىپ كېلىپ، جياڭسىندورجى بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇلار بىر يىغىن ئېچىپ، رەھبەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، جايلاردىكى دېھقانلار قوشۇنى باشلىقلىرى غەربىي تاغدىكى تاراتىغا كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. لېكىن، يولۋاس ئىلگىرى قورايدا ئۆزىگە ئادەم توپلاپ يۈرگەندە، خوجانىيازنىڭ ئۇنى قولغا ئېلىپ ئېتىۋەتمەكچى بولغانلىقىغا ئىچىدە غۇم ساقلاپ يۈرگەچكە، يىغىنغا كەلمەيدۇ. يىغىندا، جياڭسىندورجىنىڭ تەشۋىق - تەرغىباتى بىلەن كۆپچىلىك خوجانىيازنى دېھقانلار قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىكىگە كۆرسىتىدۇ. يەنە جياڭسىندورجىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قاسىم دېھقانلار قوشۇنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولىدۇ. خوجانىياز يىغىندا تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: (1) بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىگە زەربە بېرىش كېرەك. (2) تاشقى موڭغۇلىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ، قورال-ياراغ سېتىۋېلىش كېرەك. (3) ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا يەنە تەكلىپ قىلىش كېرەك. (4) دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچى پەيدىنپەي تۇرپان، پىچانلارغا يۆتكىلىپ، ئۇ يەردىكى دېھقانلار قوشۇنى بىلەن بىرلىشىشى كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ دەۋىتى بىلەن، يولۋاس چىللاپ كېلىنىپ خوجانىياز بىلەن كۆرۈشتۈرۈلىدۇ. ئىككىسى بۇرۇنقى ئاداۋەتلىرىنى تاشلاپ، قايتىدىن ئەپلىشىپ قېلىشقا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشىدۇ. يىغىندىن كېيىن، جياڭسىندورجى تاشقى موڭغۇلىيىگە قايتىدۇ. ئارقىدىنلا خوجانىياز تاشقى موڭغۇلىيىگە ئىنىسلەرگە ۋەكىل ئەۋەتىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تاشقى موڭغۇلىيىگە كەتكەن ۋەكىل ئىشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىدۇ، جياڭسىندورجىمۇ 500 دانە مىلتىق، 500 قۇر ھەربىي كىيىمنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ھەربىي لازىمەتلىكلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىشەنچىسى كۈچىيىدۇ.

لى خەيرۇ دېھقانلار قوشۇنىنىڭ تەسلىم بولۇش نىيىتى يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، جىن شۇرېندىن يولىيورۇق سوراپ: «خوجانىياز، يولۋاس دېگەن بۇ ئىككى باندىت ھازىر بەك غالجىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ» دەيدۇ ھەمدە مۇداپىئە سېپىنى قىسقارتىپ، دېھقانلار قوشۇنىغا ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جىن شۇرېن، قارامىلىق قىلماي، كۆرۈنۈشتە يەنىلا كەڭچىلىك قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇش ستراتېگىيىسىنى قوللىنىش توغرىسىدا يولىيورۇق بېرىدۇ. دېھقانلار قوشۇنى بۇ چاغدا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە، ئىشەنچى ئېشىپ، پات - پات تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، ئۆلكە ئارمىيىسىگە يوشۇرۇن زەربە بېرىپ، جايلارنى پاراكەندە قىلىپ تۇرىدۇ. لى خەيرۇ ئامالسىز 8 - ئايدا ھۇجۇم قوزغايدۇ، ئۆلكە ئارمىيىسىدىن ئاداۋدي تۇەنىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى كۈشۈتمىدىن ئايلىنىپ نېرىنىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، يولۋاس ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي قورايغا چېكىنىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسى غەلىبە-

سېرى قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. يولۋاس يەنىلا تۆمۈرتى، نېرىناسقا قېچىپ كېتىدۇ. ئەتىسى، خوجانىياز قوشۇنىنى باشلاپ قورايىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ئۇرۇش ئىككى سائەتچە داۋاملاشقاندا ئىمرغايتى بىلەن شىمالىي تاغنى ئىگىلەپ ياتقان ئۆلكە ئەسكەرلىرى تارمار بولىدۇ، خوجانىياز ئارقىدىنلا جەنۇبىي تاغ چوققىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، يولۋاسنى قوغلاپ كېتىۋاتقان ئۆلكە ئارمىيىسىنى توزۇتىۋېتىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسى توپ ئوقلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئېدىردىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۆز ئورنىغا يېنىپ كېلىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسىدىن ئاداۋدىي تۇەنىنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەسكەرلىرى سومۇشتاغدىن تۇخۇلۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى باقىنياز بىلەن سادىق قورمال 70 نەچچە مەرگەن بىلەن قىزىلتاغ ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە چىلىك دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، قازاق باشچى ئايمەت 100 نەچچە مەرگەن بىلەن كوڭگۈرەكنىڭ شەرق تەرىپىدە، يەنە بىر قازاق باشچى نۇرغالى 100 نەچچە مەرگەن بىلەن نېرىنكىردىكى چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. ئۆلكە ئارمىيىسى ئاقتاشقا كەلگەندە، باقىنياز بىلەن سادىقنىڭ ئەسكەرلىرى تۇساتتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۆلكە ئەسكەرلىرى تەڭ كېلەلمەي، كوڭگۈرەككە چېكىنگەندە، يەنە ئايمەتنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرايدۇ، ئۆلكە ئەسكەرلىرى يەنە نېرىنكىرغا چېكىنىدۇ. ئۇلار چېكىنىپ قىزىلتاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، نۇرغالىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرايدۇ-دە، قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالسىز قېلىپ، قوۋۇق ئېغىزىدىن چېكىنگەنچە قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ.

قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان لى خېيرۇ جىن شۇرېنغا ياردەم تىلەپ جىددىي تېلېگرامما بېرىدۇ. جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى شەرقىي يۆنىلىش باندىتلارنى يوقىتىش شتابىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ، جاڭ يۇشيۇنىڭ تۈەنىنى 1-يۆنىلىش، فۇچېڭزەنىنىڭ تۈەنىنى 2-يۆنىلىش، ياڭ جېڭجۇڭنىڭ تۈەنىنى 3-يۆنىلىشكە بۆلۈپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن — باپىنگۇتىنىڭ تۈەنىنى، باتۇرلار ئەترىتىدىن مىڭ شۇ قىسمىنى ۋە يەنە بىر برونېۋىك قوشۇپ ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ئۇرۇشنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ: (1) ئىزىدىن قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، قاۋۇل ئاتلىق ئەسكەرلەرنى تاللاپ تاغقا ئەۋەتىش. (2) ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئارقا سەپ ئالاقىلىشىش لىنىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىر دانە سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى ئېلىۋېلىش. (3) ئىز قوغلاپ ھۇجۇم قىلىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، تۆگىلەر بىلەن ئادەم ۋە ئاتلارغا ئىككى ياكى ئۈچ ئايغا يەتكۈدەك ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەك ۋە ئوق-دورا ئېلىۋېلىش. (4) ئوزۇق-تۈلۈك ۋە ئوق-دورا تۈگىگەندە، قۇمۇلغا قايتىپ بىر ھەپتە دەم ئېلىپ، يەنە ئىككى ياكى ئۈچ ئايغا يەتكۈدەك ئوزۇق-تۈلۈك، ئوق-دورا ئېلىپ تاغقا كېلىپ قوغلاپ زەربە بېرىش.

شېڭ شىسەي قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، شەرقىي تاغ بىلەن غەربىي تاغقا تەڭلا ھۇجۇم قىلىدۇ. شېڭ شىسەي ئۆزى ئەسكەر باشلاپ غەربىي تاغقا ھۇجۇم قىلىدۇ، چوڭ-كىچىك ئون نەچچە جەڭدىن كېيىن، خوجانىيازنى ئاخىر چېكىندۈرىدۇ. دېھقانلار قوشۇ-

نى يېڭىلىپ شەرقىي تاغقا چېكىنىدۇ. غەربىي تاغ تىنچىغاندىن كېيىن، لى خەيرۇ ۋەز-نەسىۋەت قىلىشقا بەش نەپەر خۇيزۇ مۆتىۋەرنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ئۆرۈكلۈكتە ئۇرۇشتا يېڭىلىپ كەتكەن دېھقانلار قوشۇنىنىڭ 40 نەچچە ئەسكىرىنى ئۇچرىتىدۇ، ئۇلار يېقىندا مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچىمۇ تەسلىم بولۇش نىيىتىدە بولمايدۇ. لى خەيرۇ نائىلاج جىن شۇرېنغا تېلېگرامما بېرىپ، خوجانىياز ئۆلمىگۈچە دېھقانلار قوشۇنى ھەرگىز تەسلىم بولمىسۇدەك، دەيدۇ.

دېھقانلار قوشۇنى شەرقىي تاغدا ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىدۇ. 8-ئاينىڭ 16-كۈنى، ئۆلكە ئارمىيىسى كۈشۈتىگە ھۇجۇم قىلغاندا، دادۇيجاڭ ئاۋ شۈيېن ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسى ئاراتامغا ھۇجۇم قىلغاندا تېخىمۇ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، بۇ چاغدا جاڭ يۇشيۇ ئوڭ قاناتتىن، لىيۇ رۇڭشېڭ سول قاناتتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. 8-ئاينىڭ 30-كۈنى، ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ 10 نەچچە چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، 2-توساقنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. بۇ يەر باغداشقا 15 چاقىرىم كېلىدىغان، بىر تېيىم سۇمۇ تېپىلمايدىغان يەر ئىدى. ھاۋا ئىسسىپ كەتكەچكە، ئەسكەرلەر ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي سۇ ئالغىلى تاغدىن چۈشەي دەپ تۇرۇشقا، توساقتىن تاغنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۆلكە ئەسكەرلىرى «گاسىلىڭ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپلا، قورققىنىدىن ئالمان-تالمان چېكىنىدۇ، تېخى ئۇرۇشماي تۇرۇپ ئۆزلۈكىدىن پىتراپ، ھولۇققىنىدىن زەمبىرەك چاقىنىڭ ئوقىنى سۇندۇرۇۋالىدۇ. لىيۇ رۇڭشېڭ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى تاغ ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. كەچتە، فۇ چۈەن ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاراتامغا كېلىپ 1-، 2-يۈەنلىشتىكى پىتراپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى يىغىدۇ. 2000 دىن ئوشۇق ئەسكەردىن ئاران 600 — 700 ىلا قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆزى تېخى قۇمۇلغا كەلمىگەنىدى. ئۇ، خوجانىيازنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، جياڭ جېيشى تېخى يېڭىلا ئۇنى 36-شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن بولۇپ، ئۇ قوشۇنىنى كېڭەيتىپ، ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇش بىلەن بەنت ئىدى، شىنجاڭغا كېلىشكە ھازىرچە چولىسى تەگمەيتتى. شۇڭا ئۇ ما جۇڭشەننى 60 نەچچە ئەسكەر بىلەن ئاۋۋال قۇمۇلغا ئەۋەتكەن، ئاندىن يەنە ما شىمىڭنى پىچاندا ھەرىكەتلىنىشكە ئەۋەتكەن، ما جۇڭشەن باغداشقا كەلگەندە، ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى، ئۇ، ما جۇڭيىڭنىڭ نامى بىلەن غەلىبە قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

شېڭ شىسەي غەربىي تاغدىن ئىز قوغلاپ شەرقىي تاغقا كەلگەندىن كېيىن، شوپۇلدا دېھقانلار قوشۇنى بىلەن بىرنەچچە كۈن جىددىي جەڭ قىلىدۇ. دېھقانلار قوشۇنى تەڭ كېلەلمەي تاغ ئىچىگە چېكىنىدۇ-دە، ئەپلىك يەر تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىپ، شېڭ شىسەينى بەنت قىلىپ تۇرىدۇ. جىن شۇرېن دېھقانلار قوشۇنىنى يېڭەلمىگەنلىكىدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىدۇ. ئۇ، 11-ئاينىڭ 10-كۈنى لى خەيرۇ بىلەن شېڭ شىسەيگە، خوجانىياز بىلەن يولۋاسنى يوقاتساڭلار «بارلىق مال-مۈلۈكنى ئوفىتسېر ۋە ئەسكەر-

لەرگە كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئىنئام قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاشۇ كىچىك مەنپەئەتلەر ئۈچۈن دېھقانلارنى قۇربان قىلىپ بېرىدىغان قىلىپ قويغاندى، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شېڭ شىسەي پۇل ـ مالغا قىزىقىپ، 12 ـ ئايدا قىشلىق ھۇجۇم قوزغايدۇ. دېھقانلار قوشۇنى ئۇلكە ئارمىيىسىنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن قىلغان ھۇجۇمىنى توسۇۋېلىشقا قۇدرىتى يەتمەي، بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ غەربىي تاغنىڭ پىتوتى دېگەن يېرىگە چېكىنىدۇ. بۇ، يىل بويى قار كەتمەيدىغان، مۇھىت شارائىتى ئىنتايىن يامان يەر بولۇپ، دېھقانلار قوشۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. خوجانىياز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، يالغاندىن تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، 50 مىلتىق تاپشۇرىدۇ. ئەمدى غەلىبە قىلدىم دەپ ئويلىغان شېڭ شىسەي خوجانىيازنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولىدۇ. خوجانىياز ئۆلكە ئارمىيىسى ھۇجۇمنى ۋاقتىنچە توختاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆپچىلىككە مۇزلۇق داۋاننىڭ ئۈستىگە كىگىز ـ زىلچىلارنى سېلىپ تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈشنى بۇيرۇپ، شېڭ شىسەينىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. بەشىر تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مىڭگاڭ دېگەن يېرىگە، يولۋاس ئەنشىگە قېچىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى جاپا ـ مۇشەققەتلىك جەڭنى باشتىن كەچۈرگەن دېھقانلار قوشۇنى دەرماندىن كېتىپ، ئەمدى يەنە ئۇرۇش قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

**8. قوزغىلاڭنىڭ خاتىمىسى**

مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى) نىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، دېھقانلار قوشۇنى قومۇلنىڭ ھەرىكىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن توختىتىدۇ، ئۇرۇش بارا ـ بارا ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ئەتراپلىرىغىچە كېڭىيىدۇ.

ماجۇڭيىڭ قومۇلغا يېتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ماشىمىڭمۇ چاقىلىق ئارقىلىق پىچانغا يېتىپ كېلىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ماشىمىڭ يەرلىك دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ، تۇرپان، پىچاننى ئىشغال قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جىن شۇرېن شېڭ شىسەيگە قوشۇن باشلاپ بېرىپ يوقىتىشنى جىددىي بۇيرۇق قىلىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى كېتىشىگە، خوجانىياز يەنە تاغدىن چۈشۈپ كونا قىسىملىرىنى يىغىپ، ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن داۋاملىق قارشىلاشماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا لى خەيرۇنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، ھۇجۇم قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، خوجىنىياز بىلەن سۈلھ قىلغىلى ئادەم ئەۋەتىدۇ. دېھقانلار قوشۇنىمۇ يېڭىلا يېڭىلگەچكە، دەم ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش مەقسىتىدە لى خەيرۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولىدۇ. لى خەيرۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نامىدا دېھقانلار قوشۇنىغا 100 دادەن بۇغداي، تۇرمۇش راسخوتى ئۈچۈن 40 مىڭ سەر تەڭگە بېرىپ، خوجانىياز بىلەن يولۋاسقا قورال ـ لىرىنى تاپشۇرۇپ، قىسىملىرىنى تارقىتىۋېتىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. پۇل ۋە ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى خوجانىياز ئۆزى ئىگىلىۋېلىپ، يولۋاسنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئىچكى جاڭجال قوزغىلىپ كېتىدۇ. لى خەيرۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى بىراقلا يوقاتماقچى بولىدۇ. مانا مۇشۇ جىددىي

www.uyghurkitap.com

پەيتتە، دېھقانلار قوشۇنى ئىچكى جاڭجالنى توختىتىپ، مىلتىقنىڭ ئاغزىنى بىردەك سىرتقا قارىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن لى خەيرۇ چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ چاغدا پۈتۈن شىنجاڭ مالىمان بولۇپ كەتكەچكە، جىن شۇرېن قۇمۇل ۋە باركۆللەردىن ۋاز كېچىش قارارىغا كېلىپ، لى خەيرۇنى گۇچېڭزىغا كېلىپ، ئۇرۇمچىنى قوغداشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلنى ساقلاشقا ئەسكەر قالمايدۇ. مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) 2-ئايدا، شېڭ شىسەي پىچاننى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ماشىمىڭ قاراشەھەرگە قېچىپ كېتىدۇ. تۇرپاندىكى دېھقانلار قوشۇنى خوجانىيازنىڭ تۇرغان يېرىگە ياردەم تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ، خوجانىياز خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆرىدۇ-دە، قوشۇننى باشلاپ لۈكچۈنگە كېلىدۇ. شېڭ شىسەيمۇ قوشۇننى باشلاپ يېتىپ كېلىدۇ، خوجانىياز ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، تۇيۇق تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي «12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن تەختتىن چۈشىدۇ. ليۇ ۋېنلۇڭ ۋاقىتلىق ئۆلكە رەئىسى، شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولىدۇ. ماجۇڭيىڭ مانا مۇشۇنداق مالىمان ۋەزىيەتتە، 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 2-قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، قۇمۇل، باركۆل، تۇرپان ۋە پىچان قاتارلىق جايلارنى ئوڭايلا بېسىۋالىدۇ. ئابدۇنىيازمۇ ماجۇڭيىڭ بىلەن بىللە كېلىدۇ، بېشىرمۇ تاشقى موڭغۇلىيىدىن قايتىپ كېلىدۇ. ماجۇڭيىڭ ئابدۇنىيازنى قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ئارىلاشما لۈيىنىڭ لۈجاڭلىقىغا، يولۋاسنى تۇرپان مۇھاپىزەتچىلەر لۈيىنىڭ لۈيجاڭلىقىغا، قوشۇمچە دالالەت بېگىلىككە، بېشىرنى تۇرپان شەھەر مۇداپىئە سىلىڭلىقىغا، خوجىنىيازنى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق ئارمىيىسى سىلىڭبۇسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

بىرقانچە قېتىملىق جەڭدىن كېيىن، خوجانىيازنىڭ ئەسكىرى 6000 دىن ئاشىدۇ. شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئېلىشىۋاتقان مەزگىلدە، خوجانىياز ئاقسۇ ۋە قەشقەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا، خوجىنىيازنى سابىت داموللا قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زوڭتۇڭى» لىقىغا چىقىرىدۇ. مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) 7-ئايدا خوجانىياز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدۇ. سابىق دېھقانلار قوراللىق كۈچلىرى ئۆزگەرتىلىپ يېڭى 6-شى قىلىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. مەخمۇت شىجاڭلىققا تەيىنلىنىدۇ. مىنگونىڭ 24-يىلى (1935-يىلى) شېڭ شىسەي ليۇ يىڭلىننى قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇ «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى ئىككىنچى قېتىم يولغا قويىدۇ. ھۆكۈمەت ئالدىنقى قېتىمقى ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئىسلاھاتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. مالىمانچىلىقتىن بىزار بولغان خەلقمۇ بۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئۈچ-تۆت ئاي تەكشۈرۈپ تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش ۋەزىپىسى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىدۇ. ھۆكۈمەت قوزغىلاڭ ۋەقەسىنى سۈرۈشتە قىلمايدىغانلىقىنى، بارلىق ھەقسىز ئەمگەكلەرنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت

ئۆزىگە كىرەكلىك ئوزۇق-تۈلۈك ۋە يەم-خەشەكنى بىردەك بازار باھاسىدا سېتىۋال-دىغانلىقىنى، ئىلگىرىكى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مىراس يەرلىرىنى ئىختىيار قىلىغانلار تېرىسا بولىدىغانلىقىنى، بوز يەرلەردىن ئېلىنىدىغان يەر بېجىنىڭ ۋاقىتىنچە كېچىرىم قىلىنىغانلىقى-نى ئېلان قىلىدۇ.

مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) مەخمۇت ماخۇشەن بىلەن بىرلىشىپ كەينىگە قاراپ نەيزە ئۇرىدۇ ۋە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن يېڭىلىپ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىدۇ. خوجانىياز شۇ يىلى 10-ئايدا، شېڭ شىسەي ئۆيىدۇرۇپ چىققان «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قەستىدە بولدى» دېگەن ئەنزە بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ. 2-يىلى 4-ئايدا، خوجانىياز-نىڭ قورا-جايلىرى ئاختۇرۇلۇپ، پۈتۈن مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. 8-ئايدا، شېڭ شىسەي جامائەت خەۋپسىزلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ شاڭشياۋ دەرىجىلىك بۆلۈم باشلىقى شىڭ جۈنزاۋ ۋە ئۆلكىلىك مالىيە تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يۈەن پۇسەن قاتارلىق كىشىلەرنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، ئاسىيلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئېنىقلاش كومىتېتى قۇرىدۇ ۋە «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قەستىدە بولدى» دېگەن ئەنزىگە چېتىشلىق كىشىلەرنى قولغا ئالىدۇ. قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ شىپىڭ ئاسىيلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئېنىقلاش كومىتېتىنىڭ ۋېيىيۈەنجاڭلىقىغا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈچېڭفا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جاڭ چۈەنچېڭ مۇئاۋىن ۋېيىيۈەنجاڭلىققا تەيىنلىنىدۇ، يەنە قۇمۇل خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى لى شياڭرۇڭ، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ماجۇنجيې، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى يۇسۇپجان، سودا-سانائەت-چىلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى لى زىشيۇلار ئەزالىققا تەكلىپ قىلىنىدۇ. جامائەت خەۋپ-سىزلىكى ئىدارىسى كىشىلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن ئىسىملىك بويىچە قول-غا ئالىدۇ، ئەينى يىللىرى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلاردىن ئابدۇنىياز، باقىنىياز قاتارلىق 30 نەچچە كىشىنى قولغا ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىدۇ. قۇمۇل مەمۇ-رىي مەھكىمە، قولغا ئېلىنغان بارلىق ئادەملەرنىڭ مال-مۈلكى بىردەك مۇسادىرە قىلى-نىدۇ، ئۇلارنىڭ قورۇ-جاي، يەر، كارىز قاتارلىق تۇراقلىق مۈلكىنى ھۆكۈمەت كېلىشىم باھادا ساتىدۇ، دەپ ئېلان چىقىرىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە مەمۇرىي مەھكىمىدە قۇرۇلغان «قورال-ياراق ئېنىقلاش كومىتېتى» كىشىلەردىن 10 نەچچە مىلتىق، 50 نەچچە ئوق مىلتىقى يىغىۋالىدۇ. قولغا ئېلىنغانلاردىن ئايرىملىرى ھايات قالغاندىن باشقا، قالغان-لىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ. خوجانىياز مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) تۈرمى-دە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## IV باب غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى شىنجاڭدا

1936-يىل 10-ئايدا، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ ئۆتكەن جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 1-، 2-، 4-يۈرۈش ئارمىيىلىرى خۇاڭخېنىڭ غەربىدا ئۇچ-

www.uyghurkitap.com

راشتاندىن كېيىن، قىزىل 5-جۈنتۈەن بىلەن قىزىل 4-يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى — 9-جۈن بىلەن 30-جۈننىڭ جەمئىي 20 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى گەنسۇنىڭ جىڭيۈەن دېگەن يېرىدە خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، 11-ئاينىڭ 10-كۈنى غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، «خەلقئارالىق يول ئېچىش» مەقسىتىدە خېشى كارىدورىنى بويلاپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ سول قانات تارماق ئەترىتى لى شيەننيەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، قار-شىۋىرغانلىق چىلىيەنشەن تاغلىرىدىن، قۇم-بورانلىق چۆل-جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ، خۇزۇڭنەن، مابۇفاڭ ۋە يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1937-يىل 4-ئايدا دۈشمەننىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن ئاخىر قۇتۇلدۇ. بۇ چاغدا غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئاران 400 دىن ئۇشۇق ئادىمىلا قالدۇ. ئۇلار كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى قارار قىلدۇ. بىر يولدىكىلەر لى جورەن، لى شيەننيەن، چېڭ شىسەي قاتارلىق يولداشلار ۋە 80 نەچچە مۇھاپىزەتچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار چۆل-جەزىرە بىلەن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ؛ يەنە بىر يولدىكىلەر ياڭ شيۇكۈن، ليۇ چىڭنەن، راۋزىجيەنلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە تاشيولدىكى ستولبىنى بويلاپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

4-ئاينىڭ 24-كۈنى ياڭ شيۇكۈنلەر يول بويى يىغقان بىرقانچە ئون جەڭچى بىلەن شىڭشىڭشياغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، تاغ چوققىسىدىكى پوتەيلەرنى، ئۇياققا-بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن جۇۋا كىيىۋالغان بىرقانچە يوسنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ يا دۈشمەن، يا ئۆز ئادەم ئىكەنلىكىنى دەرھال پەرق ئېتەلمەيدۇ. راۋزىجيەن ئاتلىق بېرىپ رازۋېتكا قىلىپ، سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. راۋزىجيەن ئۇلارغا: بىز جۇڭگو-ئىشچى دېھقان قىزىل ئارمىيىسى، دەيدۇ. پوستىكى ئەسكەر شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى مەھكىمىسى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى شىڭشىڭشيا ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شياۋديەننى باشلاپ كېلىدۇ. ۋاڭ شياۋديەن غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر، جەڭچىلىرىدىن ھال سورايدۇ ۋە ئۆزىنى قىزىل ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن دۇبەن شېڭ شىسەي ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مىڭبىر جاپا-مۇشەققەت چېكىپ شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن جەڭچىلەر ئالدىغا چىققان بۇ دوست قوشۇنىنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇپ سەكرىشىپ كېتىدۇ.

ۋاڭ شياۋديەن چېڭ شىسەي، لى شيەننيەن قاتارلىق باشلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى يەنە بىر قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بايا كەلگەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنى قىزىل بايراق تۇتقۇزۇپ، سۇ ۋە يېمەكلىك بېرىپ، ئىككى ئاپتوموبىل بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. 27-كۈنى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان ئاپتوموبىل شىڭشىڭشيانىڭ 20 نەچچە كىلومېتىر شەرقىدە لى شيەننيەن قاتارلىق كىشىلەرنى ئۇچرىتىدۇ. سەپتىن چۈشۈپ قالغان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنى

ئىزدەشكە كېيىن ئۇدا بىرنەچچە كۈن ئاپتوموبىل ئەۋەتىلدى. قىزىل ئارمىيىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى شىڭشىڭشىيادا قىزغىن كۈتۈۋېلىندى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1936-يىل 12-ئايدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان چېن يۈن، تېڭ دەيىۋەن، فېڭ شۈەن، لى چۈنتيەن قاتارلىق بەش كىشىگە موسكۋادىن شىنجاڭغا كېلىپ غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەنىدى. چېن يۈن قاتارلىق كىشىلەر 1937-يىل 4-ئايدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق شېڭ شىسەي بىلەن سۆزلىشىدۇ. شېڭ شىسەي غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قوشۇلىدۇ ھەمدە قۇمۇل-بارىكۆل گارنىزونىنىڭ سىلىڭى يولۋاس، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇمۇل ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى دۇجياتيەن، شىڭشىڭشىيا ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شياۋدىيەن ۋە قۇمۇل جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈچىڭفالارغا شىنجاڭغا كېلىۋاتقان غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىش ھەققىدە تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق بېرىدۇ.

يولۋاس جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە ئەسلىدە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى، يەنە بىر جەھەتتىن، قىزىل ئارمىيە شىنجاڭغا كىرسە، شېڭ شىسەي كۈچىيىپ كېتىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇ شېڭ شىسەينىڭ قىزىل ئارمىيىنى قارشى ئېلىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دۇجياتيەن بىلەن يۈچىڭفانى قاماپ قويۇش قەستىدە بولىدۇ ۋە شېڭ شىسەيگە، ئەنشى، دۇنخۇاڭ، يۈمېن تەرەپلەردە قىزىل ئارمىيە يوق، ئۇرۇش بولىدىغاندەكمۇ ئەمەس، ئەگەر دۈبەن جانابلىرى قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە يول قويۇش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇۋالىدىغان بولسىلا، مەن ئاۋۋال قۇمۇلنى بۇلاپ، كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋېتىمەن، ئادەملىرىنى قىرىپ تاشلايمەن-دە، ئاندىن تاغقا چىقىپ كېتىمەن...... دېگەن مەزمۇندا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىدۇ. يۈچىڭفا قاتارلىقلار يولۋاسنىڭ سۇيىقەستىنى بىلگەندىن كېيىن، خىزمەت تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ، بارىكۆلگە كېتىپ يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، دۇجياتيەن بولسا شىنجاڭ-سۈيۈەن شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىلىنى ئارىيەت ئېلىپ قۇمۇلدىن شىڭشىڭشىياغا كېتىدۇ.

يولۋاس دۇجياتيەننىڭ قۇمۇلدىن شەرق تەرەپكە قاچقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە ئەسكەر ئەۋەتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شىڭشىڭشىياغا بېرىپ ئەھۋال تىڭ-تىڭلاپ كېلىشكە جۇڭشياۋ دەرىجىلىك فۇگۇەن تۆمۈر نىياز بىلەن شاۋشياۋ دەرىجىلىك ھەربىي لازىمەتلىك باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى لى شىزەيلەرنى تۆت مۇھاپىزەتچى بىلەن ئەۋەتىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن ۋاڭ شياۋدىيەنگە بىر پارچە خەت ئەۋەتىدۇ، ئۇ، قىزىل ئارمىيە شىنجاڭغا كىرىدىغان بولسا، چوقۇم ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇش كېرەك، بولمىسا ئۇلارنى قورال كۈچى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىمىز، دەپ داۋراڭ سالىدۇ. قىزىل ئارمىيىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن،

دەرھال ۋاڭ شياۋديەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاۋۋال تۆمۈرنىياز بىلەن لى شىزەيىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئەگىشىپ كەلگەن مۇھاپىزەتچىلەرنى خەۋەر يەتكۈزۈشكە قايتۇرۇۋېتىپ، يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ.

شېڭ شىسەيمۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ كۈچى ئارقىلىق يولۋاستىن ئىبارەت بۇ مىخنى يۇلۇۋېتىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇ، ئاۋۋال شەرق تەرەپكە تەلىم-تەربىيە تۈەنى 4-دادۈيىنى ماڭدۇرۇپ، ئارقىدىنلا يەنە تۇرپان، پىچان، توقسۇن گارنىزونىنىڭ سىلىڭى سۈن چىڭلىن بىلەن بارىكۆلدە تۇرۇۋاتقان ئىيۇ جېنخەنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، يولۋاسقا ئىككى تەرەپتىن قورشاپ زەربە بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. ئەھۋالنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەن يولۋاس نوغاز تەرەپتىن ئىچكىرىگە قېچىپ، نەنجىڭغا كېتىدۇ.

1937-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى، شىڭشىڭشيادا يىللىق شامال چىقىپ تۇرغان، ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بىر كۈن بولىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش ۋە ئۇلاردىن ھال سوراشقا ئەۋەتكەن چېن يۈن، تېڭ دەيىۋەن قاتارلىق ۋەكىللەر نۇرغۇن كىيىم-كېچەك، يېمەكلىكلەر بېسىلغان ئاپتوموبىلنى ئارىدىن باشلاپ شىڭشىڭشياغا يېتىپ كېلىدۇ. چۈشتىن كېيىن، چېن يۈن «1-ماي» دالىقىدا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش ۋە غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى سول قانات تارماق قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى قارشى ئېلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. چېن يۈن كۆپچىلىككە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ھاياجانلانغان ھالدا سۆز قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىنقىلاب ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ، غەلىبە قىلىدىغان، مەغلۇبمۇ بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، بىز ئىنقىلابنىڭ جانلىق كۈچلىرىنى ساقلاپ قالىدىغانلا بولساق، ئاندىن كېيىن چوقۇم زورىيالايمىز، ھازىرقى بىر قانچە يۈز كىشىدىن كۆپىيىپ بىر قانچە مىڭ كىشىگە، بىر قانچە 10 مىڭ كىشىگە يېتىمىز. سىلەر ئىنقىلابنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، سىلەرنى ھەر قانچە كۆپ ئالتۇنغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ .... جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى چوقۇم بىزگە مەنسۇپ! چېن يۈننىڭ سۆزى قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ھاياجانغا سالىدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئالقىش، شۇئار ئاۋازى ۋە تەنتەنە سادالىرى جىلغىنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ.

5-ئاينىڭ 4-كۈنى، غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى سول قانات تارماق قىسىمىنىڭ 400 نەچچە ئادىمى چېن يۈن، لى شيەنيەن، لى جورەن ۋە چېڭ شىسەي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا شىڭشىڭشيادىن ئاپتوموبىل بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇلار 5-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ.

# ٧ باب سوۋېت ئارمىيىسى قومۇلدا

## §1. ھاۋا ئارمىيە بازىسى

1937-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلايدۇ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالايدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن

ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ھەربىي ئايروپىلان، ترانسپورت ئاپتوموبىلى، بېنزىن ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى سېتىپ بېرىشنى قارار قىلدۇ، بۇلار، شىنجاڭ ئارقىلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە توشۇلىدىغان بولدۇ. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى چۆلگە جايلاشقان بۇرۇنقى ياۋروپا-ئاسىيا ئايرودرومى ئۆتكەن-كەچكەن ئايروپىلانلار چۈشۈپ ماي قاچىلايدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالدۇ. ئايرودرومنىڭ ئۇسكۇنىلىرى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ئاشخانا قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان بىرقانچە ئېغىز كېسەك ئۆيدىن باشقا ئۆي يوق ئىدى، ھاۋا بوشلۇقىدىكى، يەردىكى ئىشلارنى ئىشلەيدىغانلار ۋە ئايرودروم خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى چېدىرلاردا ياتاتتى. دەسلەپتە قىرغۇچى ئايروپىلان، بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ ھەممىسى بىۋاستە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سەپ بويىچە ئۇچۇپ كېلىپ قۇمۇل ئايرودرومىغا قونۇپ، ماي، سۇ قاچىلاپ (ئەينى ۋاقىتتا ئايروپىلانلارنىڭ بىر قىسمى سۇ بىلەن سوۋۇتۇلاتتى)، ئاندىن لەنجۇ، شىئەن، چۇڭچىڭ ۋە ۋۇخەن قاتارلىق جايلارغا ئۇچۇپ كېتەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئايروپىلان ئۇسكۇنىلىرى ناچار بولغاچقا، ئايروپىلانلار يەردىكى بەلگىلەرگە قاراپ ئۇچاتتى، پەقەت بىر قىسىم بومباردىمانچى ئايروپىلانلاردىلا رادىئو تېلېگرامما ئۇسكۇنىلىرى بار ئىدى. قىرغۇچى ئايروپىلانلارنىڭ ئۇسكۇنىلىرى ئاددىي بولغاچقا، تىميانشان تېغىدىن ئۆتكەندە بەزىدە چۈشۈپ كېتەتتى. 1938-يىلى قىرغۇچى ئايروپىلانلارنىڭ ھەممىسى قۇمۇلدا قۇراشتۇرۇلىدىغان، زاپچاسلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاپتوموبىل ئارقىلىق توشۇپ كېلىنىدىغان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى لەنجۇغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان، ئايرىم بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى تېخى جاڭيېگە ھۇجۇم قىلغانىدى. ئايروپىلانلارنى بىخەتەر قۇراشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇمۇل ئايرودرومىدا U — 16 شەكىللىك قىرغۇچى ئايروپىلاندىن 10 نەچچىسى، $C_6$ شەكىللىك يېنىك بومباردىمانچى ئايروپىلان داۋۇيىدىن بىرى ۋە ئاز ساندا باشقا شەكىللىك ئايروپىلانلار تۇرغۇزۇلدۇ. ئايروپىلان قۇراشتۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھاۋا ئارمىيىسىدىن زور بىر تۈركۈم ھاۋا بوشلۇقى ۋە يەردىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىگۈچى خادىملارنى ئەۋەتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپمۇ نۇرغۇن تېخنىكلارنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار شىنجاڭدىكى يەرلىك مېخانىك ئەسكەرلەر (ئاساسەن جىسمانىي ئەمگەكچىلەر) گە ماسلىشىپ ئايروپىلان قۇراشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئايرودرومدا يورۇتۇش ئۇسكۇنىلىرىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا جۇڭگو، سوۋېت خىزمەتچىلىرى كۈندۈزدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىشلەيدۇ. ھەر قېتىم بىرەر ئايروپىلان قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندا، ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇچقۇچىلىرى ئۇچۇرۇپ باقىدۇ، ئاندىن گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۇچقۇچىلىرى ئۇچۇرۇپ باقىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيە مەسئۇلى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئايروپىلانلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن گېنېرال ئالېكسېيېۋ، جۇڭگو تەرەپتىن گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ سىلىڭى ماۋباڭچۇ مەسئۇل بولىدۇ.

بازا يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان بولغاچقا، ئايرودروم رايونىدا ئۆيلەر ئاز ئىدى، زۆرۈر قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرى يوق ئىدى. 1938 - يىلى قىزىل 8 - تۈەن قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، ئايرودرومدا ھەدەپ قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى، ماي ئىسكىلاتى، ئوق - دورا ئىسكىلاتى، زاپچاسلار ئىسكىلاتى، ئايروپىلان لايىھىسى، ئاپتوموبىل ئىسكىلاتى ۋە ماشىنا رېمونتخانىسى سالدى، تۇرمۇشقا كېرەكلىك ھەرخىل مۇئەسسەسەلەرنى قۇردى، بىر كۇلۇبمۇ سالدى. قۇرۇلۇشنى لايىھىلەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشىغا بىر سوۋېت ئىنژېنېرى بىلەن ئۆلكە مەركىزىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن بىر ئىنژېنېر مەسئۇل بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئاپتوموبىل چىقىرىپ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇيدۇ، قالغان قۇرۇلۇش ئۈستىلىرىنى قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ياللاپ بېرىدۇ، ماتېرىياللارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سېتىۋېلىپ يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئادەتتە بازىدا 200 چە ئادىمى تۇرىدۇ، كۆپ بولغاندا 500 گە يېتىدۇ. ھەر بىرسىگە ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن قورال بېرىلىدۇ، ئۇلار ھەربىي فورما كىيمەيدۇ. كېيىن ھاۋا بوشلۇقىدىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىگۈچىلەردىن بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيە يىدائىلار قىسمىغا قاتنىشىپ، گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيە فورمىسىنى كىيىدۇ. قۇمۇلدا قۇراشتۇرۇلغان ئايروپىلانلارنىڭ ھەممىسى 14 — U، 16 — U شەكىللىك قىرغۇچى ئايروپىلان، يېنىك بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ئىدى. C6 شەكىللىك يىراق مۇساپىلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان، 3 — T6 شەكىللىك ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە 5 — P شەكىللىك قۇتقۇزۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىقىپ، يول ئۈستىدىكى ئايرودروملارغا چۈشۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئۇچۇپ كېتەتتى. 1941 - يىلى سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا پائالىيەت توختاپ قالدى.

## § 28. قىزىل 8 - تۈەن

قۇمۇل گەنسۇ - شىنجاڭ تاشيولى ۋە ھاۋا يولىدىكى مۇھىم قاتناش ئېغىزى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ئايروپىلانلار قۇراشتۇرۇلىۋاتقان ئاۋىئاتسىيە بازىسى بولغانلىقتىن، شېڭ شىسەي 1938 - يىل 1 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۇ يەرنى ئەسكەر ئەۋەتىپ ساقلاشنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، قۇمۇلغا سوۋېت ئارمىيىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - تۈەنى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسى 1 - تارماق قىسمىنى ئەۋەتتى. بۇ قىسىملارنىڭ قۇمۇلغا كېلىشى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن بولغاچقا، گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇپ، ئاۋارىچىلىققا قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىرتقا قارىتا شىنجاڭ يەرلىك قىسىملارنىڭ بەلگىسى بىلەن شتاتى قوللىنىلغان، ئۇلار ئۆزلەشكەن ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 8 - تۈەنى دەپ ئاتىلىدۇ (ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ يەرلىك قىسىملىرىدا تۈەن بىر مۇداپىئە بىرلىكى

قىلىناتتى، جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن رۇسلار «ئۆزلەشكەن مىللەت»دەپ ئاتىلاتتى. ئۆتنە كىرۋۈبىلىنىپ ئۆزلەشكەن كېيىن يېڭىباشتىن تەشكىل قىلىنغان ئاق ئورۇس قىسىملىرى «ئۆزلەشكەن مىللەت قىسىملىرى» دەپ ئاتىلاتتى)، رۇسچە روسىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 8 ـ تۈەنى دەپ ئاتىلاتتى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا، 8 ـ تۈەن قۇمۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. گازارما بولمىغاچقا، قىسىم ۋاقىتىنچە قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاقيەردە دالىدا يېتىپ ـ قوپىدۇ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلەرنى قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، قۇمۇل ۋالىيسى ليۇ شىمىڭ. ھاكىم بەي بىڭدې، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈچىڭفالار دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن گازارما ئورنى ئۈچۈن يەر تەكشۈرىدۇ. تاللاش ئارقىلىق، چۈەنشۈيدىكى لى شياڭرۇڭ (تەخەللۇسى فۇتيەن)،شۈۋەنچىڭ قاتارلىق بىرنەچچەيلەننىڭ يېرى (بۈگۈنكى چوڭ گازارما) گە گازارما سېلىش قارار قىلىنىدۇ. پومېشچىكلار بىلەن پۈتۈشۈش ئارقىلىق، يولۋاسنىڭ مۇسادىرە قىلىنۋېلىنغان مۈلكىگە تېگىشىدىغان بولىدۇ. گازارما سېلىشقا كېتىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەمەلدار ـ ساقچىلار كوپېراتىپىنىڭ ياغاچچىلىق زاۋۇتى بېرىدۇ، خىش، كاھىشلارنى ۋاڭ مىڭلياڭ، پېڭ يۈجاڭلار بېرىدۇ، كېسەكىنى سوۋېت قىسىملىرى ئۆزلىرى ھەل قىلىدۇ، ئۇستىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈرۈمچىدىن كەلتۈرۈلىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن رۇسلارنىڭ ئاز بىر قىسمىمۇ ئۇستا بولىدۇ. ۋالىي، ھاكىم ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، گازارما شۇ يىلى قىشتا ئاساسىي جەھەتتىن پۈتىدۇ، بۇنىڭغا كەتكەن خىراجەتنى دۇبەن مەھكىمىسى ھېسابتىن ئەينەن كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ تۈەن، ئەمەلىيەتتە، ھەر خىل ئەسكىرىي قىسىملار ماسلاشتۇرۇلغان، ماشىنىلاشقان تۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ۋە شتاتى سىرتقا مەخپىي تۇتۇلاتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە بۇ تۈەندە خىزمەت قىلغان خادىملار تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردا مۇنداق دېيىلگەن: بۇ تۈەندە ئاتلىق قىسىم، ھاۋا ئارمىيىسىدىن باشقا، يەنە پىيادە قىسىم، زەمبىرەكچىلەر قىسمى، موتسىكلىت قىسمى، تانكا قىسمى، ھەربىي لازىمەتلىكلەر قىسمى، قۇرۇلۇش قىسمى، ئالاقىلىشىش قىسمى قاتارلىق قىسىملار بولۇپ، جەمئىي 3000 چە ئادەم بار (يەنە بىر ئېيتىلىشىچە 1500 ئادەم بار) ئىدى، پىيادە قىسمىدىكى ھەر بىرەيلەنگە بىر مىلتىق، ئىككى گرانات بېرىلەتتى، ھەربىر پەيگە ئىككى دانە ئېغىر پىلىموت، ئىككى دانە كىچىك زەمبىرەك سەپلىنەتتى. ئاتلىق قىسمىدىكى ھەر بىرەيلەنگە بىر ئات، بىر مىلتىق، بىر قىلىچ، ئىككى گرانات بېرىلەتتى. ھەر 90 ئادەمگە تۆت زەمبىرەك سەپلىنەتتى، ھەربىر موتسىكلىتقا بىر ئېغىر پىلىموت ياكى كىچىك زەمبىرەك سەپلىنەتتى. ھەر خىل ئەسكەر تۈرلىرىنىڭ ئادەتتىكى مەشىقە ۋە ئۇرۇش تەييارلىقىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇ تۈەندە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، رېمونتچىلىق، ئېلېكتر تېخنىكىسى سېخلىرى قۇرۇلغان، چوڭ پار قازان،

تۇك ھەرىسى، پار بازغىنى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى سەپلەپ بېرىلـگەن.
بۇ تۇەن قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە بۇلارنىڭ كاكار ۋە فورمىلىرى شىنـ
جاڭ يەرلىك قىسىملىرىنىڭكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولىدۇ، ياقا بەلگىسـىلا تاقاپ،
پاگون تاقىمايدۇ، كېيىن كاكار بىلەن ياقا بەلگىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئۇلار دەسـ
لەپ كەلگەندە قۇمۇل ئايرودرومىدىكى، ئاپتوموبىل بېكىتىدىكى ۋە سوۋېت ـ شىنـجاڭ
سودا شىركىتىدىكى سوۋېتلىكلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشمايدۇ، كېيىن خەلق ھۆـ
كۈمىتى باشقىچە پىكىردە بولمىغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سوۋېـت قىـزىل ئارمىـيىـسى
ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقىي قىياپىتىنى بارا ـ بارا ئاشكارىلايدۇ، بىراق سىرتقا تار-
قىتىلغان ھۆججەتلەر دەيەنىلا شىنجاڭ چېگرامۇداپىئە ئارمىيىسى رۇس ئاتلىق ئەسكەر-
لەر 8 ـ تۇەنى، دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ شۇ يەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا
ئارمىيە بازىسى، ئاپتوموبىل بېكىتى ۋە سوۋېت سودا باشقارمىسى قاتارلـىق ئورۇنـلار
بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسى بارغانسېرى قويۇقلىشىدۇ، ھەتتا ئۇلار بىرلىكتە كـۆڭۈل
ئاچىدىغان، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارىدىغان، تېخى بىر قىـسىم ئوفىتسېر ـ
جەڭچىلەرنى ئەۋەتىپ ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى ساقلايدىغان بولىدۇ. قۇمۇل خەلقى ئۇلار-
نىڭ نامىنى ئاتاشنى بارا ـ بارا ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى توغرىدىن ـ توغرىلا سوۋېت قىـزىل
ئارمىيىسى 8 ـ تۇەن، قىسقارتىپ قىزىل 8 ـ تۇەن، دەپ ئاتايدىغان بولىدۇ.
قىزىل 8 ـ تۇەن ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنـبە، جۈمە كۈنلىرى
ئەسكىرىي تۈرلەر بويىچە مەشق مەيدانىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، پەيشەنبـە كـۈنى
ئەسكىرىي تۈرلەر بىرلىشىپ دالىدا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزىدۇ. قۇرۇقلۇق ئارمىيـىـسى
غـەربىي ئاراتام، بوغاز ياكـى شەرقـىي ئايـرودرومـنىڭ ئەتـراپىدىـكى چۆلنى قارىـ
غا ئېتىش مەيدانى قىلىدۇ، ئاتلىق ئەسكەرلەر چەۋەندازلىق مەشـقىنى چوڭ گازارمىنىڭ
شىمالىدىكى ھاۋا ئارمىيە بازىسىنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بارىدۇ. ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مانېـ
ۋىرى ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، سەيشەنبە كۈنلىرى بولىدۇ، مانېۋىرنىڭ مەزمۇنى نىشانـ
نى بومباردىمان قىلىش ۋە ھاۋاغا قارىغا ئېتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. نىشاننى بومباردىـ
مان قىلغاندا يەرگە ھاك بىلەن چوڭ چەمبىرەك سىزىپ نىشان قىلىنىپ، ئايروپىلاندىن
بەلگىلەنگەن ئېگىزلىكتە نىشانغا ھاك قاچىلانغان خالتىلار تاشلـىنىدۇ، كېيىـن نىشانغا
چۈشكەن، چۈشمىگەنلىكى تەكشۈرۈلىدۇ. ھاۋاغا قارىغا ئاتقاندا، ئايروپىلاننىڭ قۇيـرۇق
تەرىپىگە ھاك قاچىلانغان خالتىلار تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلۇپ، زېنىت توپ
بىلەن شۇ قارىغا ئېلىپ ئېتىلىدۇ. يەرگە بەلگە قىلىپ قويغان نەرسىلەرنى ئايروپىلاندا
پىلىموت بىلەن ئوقـقا تۇتۇش ۋە ھاۋادا گـاز قويۇپ بېرىـش قاتارلـىق مانـېۋىرلارمۇ
ئۆتكۈزۈلىدۇ.
ھەر يىـلى يازلـىق دەم ئېلـىـش ۋاقـىتـلىرىـدا بۇ تۇەن قىـسىمنى سۇمۇشتاغـ
غا ئېلىپ بېرىپ دەم ئالدۇرىدۇ، ھەربىي چېدىرلاردا ياتىدۇ، بۇلارغا كېرەكلىك مادـ
دىي ئەشيالارنى قۇمۇل يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدۇ، گازارمىنىڭ ئەتراپىغا ئىككى كىلوـ
مېتىر ئارىلىققا ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقى سىزىپ، يات ئادەملەرنىڭ يېقىنلىششىنى مەنـ

ئى قىلدۇ. ئاپتوموبىللارنىڭ قاتنىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، بۇ تۇەن مەخسۇس قۇمۇل تاشيول ئۇچاستكىسىغا ماسلىشىپ، تيانشان تېغىدىن ھالقىپ ئۆتىدىغان خەتەرلىك تاشيولنى رېمونت قىلدۇ. ھەر يىلى «12 - ئاپرېل»، «18 - سېنتەبىر» غا ئوخشاش خاتىرە كۈنلىرىدە، بۇ تۇەن قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە، خەلقىنىڭ خاتىرىلەش كۈنىگە تەييارلىق كۆرۈش، جەمئىيەتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاھالىلەر ئۈچۈن ئات ئويۇنى ئويناپ بېرىدۇ، بەزىدە يەرلىكتىكىلەر بىلەن ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىمۇ ئۆتكۈزىدۇ.

قىزىل 8 - تۇەننىڭ قورال - ياراغ، ئوق - دورا، ماشىنا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە مائاشى قاتارلىقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن باشقا، تۇرمۇشقا كېرەكلىك گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، گۆش، كۆكتات، مېۋە - چېۋە ۋە ئات - ئۇلاغلارنىڭ يەم - خەشەكلىرىنى قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بېرىدۇ. كېرەكلىك ماددىي ئەشيا قۇمۇلدىن تېپىلمىسا، باشقا جايلاردىن سېتىۋېلىپ ئەكىلىدۇ، زادى ئۆكسۈتۈپ قويمايدۇ. ئىشلىتىلگەن خىراجەتلەر ھېسابتىن ئەينەن كۆرۈۋېتىلىدۇ. بۇ تۇەننىڭ ئىنتىزامى قاتتىق بولۇپ، ئۇلار پۇقرالارنىڭ قىلچىلىك نەرسىسىگىمۇ تەگمەيدۇ، كوچىلاردا، ئادەتتە، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، «دىجۇرنى» دېگەن يەڭ بەلگىسىنى تاقىۋالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرگەنلىكىنى چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇلار، يەرلىك ھەر مىللەت سودىگەرلىرى بىلەن ئادىل سودا قىلىدۇ، پەقەت قۇمۇل سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى گۇۋاھ بولسىلا، سودىدا دەرھال پۇتۈشىدۇ، زادى تالىشىپ ئولتۇرمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ياخشى ئابروي قازىنىدۇ.

سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شېڭ شىسەي يۈز ئۆرۈپ گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشكارا قارشى تۇرىدۇ. جياڭ جيېشى شىنجاڭغا زور بىر تۈركۈم قوشۇن يۆتكىمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇمۇلنى ساقلاۋاتقان سوۋېت ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ قوشۇنىغا ناھايىتى زور توسالغۇ بولىدۇ. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئادەملىرىدىن سۇڭ مېيلىڭ، جۇ شياۋلياڭ قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن قىزىل 8 - تۇەننى مەملىكەتكە قايتۇرۇۋېتىش چارىلىرىنى مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇ چاغدا، قىزىل 8 - تۇەن بىلەن ھاۋا ئارمىيە بازىسى نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ. شېڭ شىسەي قۇمۇل ۋىلايەتلىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە قۇمۇلدىكى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق بېرىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ تىڭشۇەن، جياڭ مىڭجېڭلار باش نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، باش تەپتىش تيەن چۇ، ئامانلىقنى ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۇن لېيۇ، مۇئاۋىن باشلىقى خافۇشىڭلار مەخسۇس سوۋېت ئارمىيىسىگە دائىر ئاخباراتلارنى توپلايدىغان بولىدۇ. ئۇلار يەنە ئاقيەر كۆۋرۈكىگە يايما ئاچقان بولۇپ قىزىل 8 - تۇەننى نازارەت قىلىشقا ئاخباراتچىلارنى ئەۋەتىدۇ. يەنە لىياۋدۇن ساقچى ئورنى ئادەم ئەۋەتىپ، 8 - قىزىل تۇەننىڭ بۇ يەردىن ئۆتكەن ئادەملىرى،

www.uyghurkitap.com

ئاپتوموبىللىرى، ئات ـ ئۇلاغلىرى ۋە قورال ـ ياراغلىرىغا دائىر ئاخباراتلارنى توپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي يەنە قۇمۇل خەلقىنىڭ سوۋېت ئارمىيىسىگە بېقىنلىشىشىنى چەكلەيدۇ، يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىشىنى مەنئىي قىلىدۇ. بۇ چاغدا قىزىل 8 ـ تۈەن ئاشلىقتىن قىسىلىپ قالىدۇ.

1943 ـ يىلى شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما بېرىپ، قۇمۇلدىكى سوۋېت ئارمىيىسىنى قايتۇرۇش توغرىسىدا يولىيورۇق سورايدۇ. 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى تېلېگراممائارقىلىق، بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە ئىش قىلىش توغرىسىدا يولىيورۇق بېرىدۇ. شېڭ شىسەي 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى پارتىدىن ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى ۋاسلىيېۋنى قوبۇل قىلىپ، قىزىل 8 ـ تۈەننى قۇمۇلدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە قىستايدۇ. ۋاسلىيېۋ دۆلىتىدىن يولىيورۇق سوراپ ئاندىن جاۋاب بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پۇشكىن دۇبەن مەھكىمىسىگە كېلىپ شېڭ شىسەيگە يۈز تۇرانە مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن دۇبەن جانابلىرىغا شۇنى ئۇقتۇرىمىزكى، (1) سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىلگىرى دۇبەن جانابلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى قىزىل 8 ـ تۈەننىڭ قايتىپ كېتىشى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى، ئەمدى سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇمۇلدىكى قىزىل 8 ـ تۈەننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلدى. (2) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان ئۇچقۇچىلار ئەترىتى پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلىدۇ. (3) ئايروپىلان ياساش زاۋۇتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، پات ئارىدا بارلىق ئىشچىلار، تېخنىكلار، باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە ماددىي ئەشيا، ماشىنىلار تەڭلا يۆتكەپ كېتىلىدۇ».

قىزىل 8 ـ تۈەن دۆلىتىگە قايتىدىغان مەزگىلدە، كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شىڭشىڭشىيا بىلەن يەتتەقۇدۇقنىڭ ئارىلىقىدا چارلاش ئېلىپ بېرىشقا ھەر كۈنى بىر ئايروپىلان ئەۋەتىلىدۇ ھەمدە گازارمىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى پوست كۈچەيتىلىدۇ، قورۇ ئىچىگە كۆزىتىش مۇنارىسى ئورنىتىلىدۇ، دەرۋازىغا ۋە زېمىنت توپ بازىسىغا ئىككى پوست قويۇلىدۇ، بىرىنچى تۈركۈمدە چېكىنگەن قىسىم سەككىز تانكا، بەش برونوۋىك، تۆت تراكتور، تۆت زەمبىرەك، 29 ئاپتوموبىل (بۇ تۈەننىڭ قورال ـ ياراغ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى توشۇغان ئاپتوموبىل)، ئىككى ماي ئاپتوموبىلى، توققۇز داگلاس ئاپتوموبىلى، بىر سۇ ئاپتوموبىلى قوراللىق 210 نەچچە ئەسكەر بىلەن 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچى، ماناس ئارقىلىق سوۋېتكە قايتىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، گومىنداڭ 18 ـ ئارىلاشما لۈيىنىڭ لۈجاڭى شۇرۇچېڭ قىسمىنى باشلاپ قۇمۇلغا كېلىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەخسۇس خادىم مەھكىمىسى ۋەقە تۇغۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەرلىك ۋالىيلار، ھاكىملار ۋە قىزىل 8 ـ تۈەننىڭ شاۋجياڭى ئۇشېنكو قاتارلىق كىشىلەر بىلەن قىزىل 8 ـ تۈەننىڭ قۇمۇلدىن چىقىپ كېتىشى ۋە قىزىل 8 ـ تۈەن

نىڭ ئۇفىتسېر ـ جەڭچىلىرى بىلەن 18 ـ ئارىلاشما لۈيىنىڭ ئۇفىتسېر ـ
جەڭچىلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىشنى چەكلەش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىش
ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ مۇنداق قارارغا كې-
لىدۇ: (1) جۇڭگو قىسىملىرىدىن سىرتقا چىققانلىكى ئۇفىتسېر ـ جەڭچىلەر قىزغۇچ
رەڭلىك يەڭ بەلگىسى تاقىۋېلىشى كېرەك. (2) 8 ـ تۈەندىن سىرتقا چىققانلىكى ئۇفىت-
سېر ـ جەڭچىلەر قىزىل رەڭلىك يەڭ بەلگىسى تاقىۋېلىشى كېرەك. (3) ئىككى تەرەپتىن
ھەر قېتىمدا ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن پەقەت 10 نەپەرلا ئەسكەرنىڭ سىرتقا چىقىشى-
غا يول قويۇلىدۇ، بۇلارنىڭ قورال ـ ياراغ ئېلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بۇلار بىلەن
باشلىقلارمۇ بىللە يۈرۈشى كېرەك. (4) سىرتقا چىقىش ۋاقتى ھەر كۈنى چۈشتىن
بۇرۇن سائەت ئالتىدىن چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىگىچە بولىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتىن
ئۆتۈپ كەتسە سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. (5) قورال ئېلىپ كوچىدا ئۆياقـ
تىن ـ بۇياققا يۈرگەن ۋە ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە سىرتقا چىققان
ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئىككى تەرەپنىڭ باشلىقلىرى جازالىنىدۇ. (6) ھەر شەنبە كۈنى
ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئىككى تەرەپنىڭ باشلىقلىرى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىدە
بىر قېتىم ئۇچرىشىدۇ، ۋالىيمۇ قاتناشماقچى بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىش كېرەك.
زۆرۈر دەپ قارىغاندا، ئىككى تەرەپ خالىغان ۋاقىتتا ۋالىيغا كۆرۈشىدىغان ۋاقىتنى ئۇقتۇ-
رۇش قىلىپ كۆرۈشسە بولىدۇ. (7) يۇقىرىدىكى چارىلار مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى)
9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلىدۇ. كېيىن ئىككى تەرەپ كۆرۈشكەنـ
دە مۇنداق تۆت ماددىنى بەلگىلەيدۇ: (1) قارىغا ئېتىش مانېۋىرى ئۆتكۈزگەندە، ئىك-
كى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ. (2) ئادەتتە ئايروپىلان ئۇچۇرغاندا 18 ـ
لۈنىڭ گازارمىسى ئۈستىدە ئۇچماسلىق كېرەك. بومباردىمان قىلىش، قارىغا ئېتىش،
شۇڭغۇش مانېۋىرى قىلغاندا ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك. (3) جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە
ترانسپورت پونكىتى، جۇڭگو ئاپتوموبىل ترانسپورت پونكىتىدىكى ئۇفىتسېر ـ جەڭچىلەرنىڭ
قورال سىرتقا چىقىشىغا بولمايدۇ. (4) ئاپتوموبىل ئەترىتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى-
لەر يۇقىرىدىكى ۋاقىتتىن سىرت ۋاقىتلاردا غىزالىنىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرمەكچى
بولسا، ساقچى ئىدارىسىگە ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك. قىزىل 8 ـ تۈەن شۇنىڭدىن
كېيىن قايتىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ. بىر يۆنىلىشتىكى پىيادە، ئاتلىق قىسىملار سۇ-
مۇشتاق، بارىكۆل، قۇلىنچەرى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوبدۇ دېگەن يېرى
ئارقىلىق قايتىدۇ؛ يەنە بىر يۆنىلىشتىكى ماشىنىلاشقان قىسىم تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئۈرۈم-
چى، قورغاس ئارقىلىق قايتىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەككىز ئاپتوموبىل غەربكە ما-
ڭىدۇ، 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى 115 ھەربىي ئاپتوموبىل غەربكە ماڭىدۇ، 11 ـ ئاينىڭ
6 ـ كۈنى تۆت قوغلىغۇچى ئايروپىلان، بىر داگلاس ترانسپورت ئايروپىلانى، ئۈچ
بومباردىمانچى ئايروپىلان غەربكە ئۇچىدۇ، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەردە يەنە ئۈچ
ئايروپىلان غەربكە ئۇچۇپ كېتىدۇ. 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە پۈتۈنلەي كېتىپ بولىدۇ.
قىزىل 8 ـ تۈەن قايتقان چاغدا قۇمۇل خەلقى بىلەن خوشلىشىدۇ، لېكىن ئامما

شىنىڭ شىسەيىنىڭ ئۆكتەملىكىدىن قورقۇپ يېقىنلىشىشقا پېتىنالمايدۇ. سوۋېت ئارمىيەسى تۇدۇنخېغا يېتىپ كەلگەندە ئايروپىلان زاۋۇتىنى چېقىپ تاشلايدۇ. شىنىڭ شىسەي يەنە شۇرۇچېڭنىڭ قىسمىنى، لۇپېيىۋەننىڭ يىگىنى بارىكۆلنى ساقلاشقا ئەۋەتىدۇ. بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق قىسىم قىزىل 8 - تۇەننىڭ ئارقىسىدىن پايلاش ئۈچۈن غەربكە كۆچىدۇ. قىزىل 8 - تۇەن قايتقان چاغدا بارلىق گازارمىسىنى 6 يۈەن مىلىيون ئۆلكە پۇلى (يەنە بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا 10 مىلىيون يۈەن) گە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىدۇ. بۇنى چېگرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە كالا، قوي بېرىپ تۆلۈۋېتىدىغان بولىدۇ. ھاۋا ئارمىيەسى بازىسىدىكى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيەسى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

# VI باب توپىلاڭنى تىنجىتىش

## §1. يولۋاسنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئوسمان ۋە جانىمقانلار ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكىنانىڭ قۇترىتىشى بىلەن قوراللىق توپىلاڭ قوزغايدۇ.

1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تاڭ سەھەردە، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس دۈربەجىنگە بېرىپ تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىمەن، دەپ يالغان ئېيتىپ ئايالى لياۋيۈگچيۇ (گومىنداڭ قۇمۇل ناھىيىلىك داڭبۈنىڭ سابىق باش كاتىپى)، ئوغلى ياقۇپ (خەنزۇچە ئىسمى ياۋداۋخۇڭ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى)، ئەمەت (خەنزۇچە ئىسمى ياۋدا ۋىڭ)، كاتىپى دۇ جۇڭشى، فۇگۇەنى ئىسمايىل قاتارلىق 11 كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، مىلتىق ناگان - بولۇپ 11 تال قورالنى ئېلىپ، بىرجىپ، بىر پىكاپ بىلەن قۇمۇل شەھىرىدىن قېچىپ كېتىدۇ. توغۇچى، جىگدە ۋەداۋانغول قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەندە، ئالدىنئالا يوشۇرۇپ قويغان ئوق - دورا، ئاشلىق ۋە لازىمەتلىكلەرنى ئالىدۇ ھەمدە يەرلىك ئەكسىيەتچى يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنى ۋە باسمىچىلارنى يىغىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىدۇ. 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، يولۋاس قاتارلىقلار دىگىزاۋگۇغا كەلگەندە ئولتۇرۇپ كەلگەن ئاپتوموبىللىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئاتقا مىنىپ 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چىپاردۆڭگە (تارسۇغا) يېتىپ بېرىپ، ئوسمان، جانىمقانلارغا قوشۇلىدۇ.

4 - ئاينىڭ باشلىرىدا، يولۋاس، ئوسمان ۋە جانىمقانلار تارسۇدا يەرلىك قازاق قەبىلىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل كاتتىباشلىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، قوراللىق توپىلاڭنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇ ئايدا توپىلاڭچىلار قوشۇنى تەھدىت سېلىپ ھەيدەپ ماڭغان ئاممىنى قوشقاندا ئادەم سانى 20 مىڭ كىشىگە، قورال - ياراغلىرى 2000

گە يېتىدۇ. شۇ چاغدا، يولۋاس توپىلاڭغا قارشى بولغان سابىق بارىكۆل 178 ـ لۈيـ
نىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى ۋە سابىق گۇچۇڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ جۈنىنىڭ قالدۇقـ
لىرىدىن تەخمىنەن 700 چە ئادەمنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە باشقۇرـ
دىغان ئەمەلىي كۈچى قىلىۋالىدۇ.

تارسۇ يىغىنىدىن كېيىن، باسمىچىلار ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، لەنجۇ ـ شىنجاڭ
تاشيولى، قۇمۇل ـ بارىكۆل تاشيولىدا ھەرىكەت قىلىپ، تارقىلىپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان
ئازادلىق ئارمىيىگە ۋە يولدىن ئۆتكەن ئاپتوموبىللارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، ئاممىنىڭ چارۋىلىرىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى بۇلايدۇ، 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ ئايلاردىلا قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدە ئازادلىق ئارمىيىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىنغان زور ۋەقە 10 قېتىمدىن
ئارتۇق يۈز بېرىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتوموبىل 33 ـ تۇەنى 1 ـ يىڭنىڭ بىر ئاپتوموبىلى
لياۋدۇننىڭ 15 كىلومېتىر غەربىدە تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچراپ، شوپۇر يارىلىنىدۇ.

شۇ كۈنى، ۋاقىتلىق تەشكىل قىلىنغان ئاپتوموبىل 2 ـ تۇەن 2 ـ يىڭ 8 ـ لىيەنـ
نىڭ ئون چاقلىق بىر يۈك ئاپتوموبىلى قۇم بارىخانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ھۇجۇمـ
غا ئۇچراپ ئىككى ئادەم يارىدارلىنىدۇ، ئۈچ دانە مىلتىق يوقاپ كېتىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، تاشۋېلىق رايونىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدىغان
ياڭ گېنچۈەن، 48 ـ تۇەن 9 ـ لىيەننىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭى جېڭ لىمىڭ ۋە خوجىلۇق
باشلىقى خوجىجۇڭ تاشۋېلىقتىن قۇمۇلغا كېلىۋېتىپ شوربۇلاقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا
10 نەچچە باسمىچىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ياڭ گېنچۈەن بىلەن خوجىجۇڭ قۇربان بوـ
لىدۇ، جېڭ لىمىڭ ئېغىر يارىدارلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ قورالى، پۇل ـ پۈچەكلىرى بۇلاپ
كېتىلىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تاشۋېلىقتىكى گۇەنيىنشەن تېغىدا تۇرۇۋاتقان قىسىملار
تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئىككى ئادەم يارىلىنىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، 6 ـ جۈن 16 ـ شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى لوشاۋۋېي جىپ بىلەن
قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ چېگۈلۈچۈەندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر تۈركۈم باسـ
مىچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. شوپۇردىن باشقا، لوشاۋۋېي، مەخپىي ئىشلار كاتىپى
لى يۈچىڭ، سەنمۇ مايۈجاڭ، خەۋەرچى سۇڭ ۋەنچېڭ، مۇھاپىزەتچى ياڭ جۇاڭيۈەنلەر
بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ.

شۇ كۈنى، 16 ـ شى تەمىنات بۆلۈمى ترانسپورت ئەترىتىدىكى توققۇز كىشى
چېگۈلۈچۈەن دېگەن يەرگە كەلگەندە ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئىككى ئادەم يارىدارلىنىدۇ،
ئىككى ئادەم ئۆلىدۇ، تۆت ئۇلاغ زىيان بولىدۇ. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن سىلىڭبېزنىڭ
سەنمۇسى ليۇلىيەنشېڭ ئاپتوموبىل بىلەن بىر بەن ئەسكەر ئېلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنـ
دە، باسمىچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۈچ ئادىمى يارىدارلىنىدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، زەمبىرەكچىلەر يىڭى ئاپتوموبىلغا ئىككى زەمبىرەكـ
نى سۆرىتىپ بارىكۆلگە كېتىۋېتىپ تيەنشەنمياۋغا كەلگەندە، باسمىچىلار بىلەن ئۇچرىـ

www.uyghurkitap.com

شىپ قىلىپ، مۇئاۋىن جىداۋىيۈەن قۇربان بولىدۇ.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تەمىنات قىسمىنىڭ تۆت ئادىمى يەتتەقۇدۇقتىن لياۋدۇنغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئىككى ئادىمى يارىدار بولىدۇ، بەش قېچىرى زىيان بولىدۇ.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 48 - تۇەن ئالاھىدە ۋەزىپە لىيەنىدىكى بەنجاڭ ۋاڭ لىباڭ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئاپتوموبىلنى يالاپ قوۋۇق ئېغىزى قۇمۇلغا قايتىۋېتىپ بۇققان كۆۋرۈ - كىگە كەلگەندە ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئاپتوموبىلدىكى ھەممەيلەن قۇربان بولىدۇ، قورال - ياراغلار بۇلاپ كېتىلىدۇ.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، 48 - تۇەن 1 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭى بىلەن مۇئاۋىن لىيەنجا - ڭى 18 نەپەر جەڭچىنى باشلاپ بۇققاندا باسمىچىلار بۇزۇۋەتكەن كۆۋرۈكنى رېمونت قىلىۋاتقاندا ھۇجۇمغا ئۇچراپ، 11 كىشى قۇربان بولىدۇ، يەتتە كىشى يارىدارلىنىدۇ، قورال - ياراغلىرى بۇلاپ كېتىلىدۇ.

شۇ كۈنى، تاشۋېلىقتىن قۇمۇلغا قايتىۋاتقان ھەربىي ئاپتوموبىل چىگىسەنزىدە ھۇ - جۇمغا ئۇچراپ، بىر ئاپتوموبىل پاچاقلاپ تاشلىنىدۇ، ئىككى شوپۇر قۇربان بولىدۇ، بىر ئادەم يارىدارلىنىدۇ.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، 48 - تۇەن 1 - لىيەن 1 - پەيىنىڭ پەيجاڭى ئىككى بەن ئەسكەر ئېلىپ ئاپتوموبىلنى يالاپ يەتتە قۇدۇقتىن تارانچىغا كېتىۋېتىپ يۈەنچۈەنگە 10 چاقىرىم قالغاندا، 100 دىن ئارتۇق باسمىچىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراپ، بىر ئاپتومو - بىلى پاچاقلاپ تاشلىنىدۇ، 15 ئادىمى قۇربان بولىدۇ، 15 تال پىلىموت ۋە مىلتىقى زىيان بولىدۇ.

باسمىچىلار ئاممىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇلاپ - تالايدۇ. 1950 - يىل 3 - ئايدىن 4 - ئايغىچە ناھىيە تەۋەسىدە يۈز بەرگەن بۇلاڭچىلىق ئەنزىلىرىدىن جامائەت خەۋپسىز - لىكى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىنغانلىرى 34 كە يېتىدۇ، سەككىز ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ، بىر ئادەم يارىدارلىنىدۇ، 43 ئائىلە زىيانغا ئۇچرايدۇ، 250 دىن ئارتۇق ئات، كالا، قې - چىر ۋە تۆگە، 870 تىن ئارتۇق قوي ۋە يەنە نۇرغۇن ئاشلىق، پۇل، كىيىم - كېچەك، سايمانلار بۇلاپ كېتىلىدۇ. قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قىزىلىيۇلغۇن، لەنگەر، قاراڭگۇلا مەھەللىسى ۋە ياۋۇلۇڭلارمۇ دائىم باسمىچىلار تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلى - نىپ تۇرىدۇ.

باسمىچىلار كەلتۈرگەن ئاپەت تۈپەيلىدىن، شۇ يىلى تاشۋېلىق رايونىدا 1000 مودىن، تىيانشان رايونىدا 500 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر ئاق تاشلىنىپ قالىدۇ.

يولۋاس، ئوسمان باسمىچىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمى - يىسىنىڭ 6 - ۋە 5 - جۈنلىرىدىن جەمئىي 11 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر، 41 ئۇرۇش ئاپتوموبىلى، 200 ئاپتوموبىل چىقىرىلىپ، باركۆل ئاساسىي ئۇرۇش مەيدانى قىلىن - غان ھالدا باسمىچىلارنى يوقىتىش بويىچە كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلىدۇ. 1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەرقىي يول ۋە غەر -

www.uyghurkitap.com

بىر يولغا بۆلۈنۈپ، باسمىچىلارنىڭ بارىكۆلدىكى ئۇۋىسى چوڭ قۇلىنچەرى بىلەن كىچىك قۇلىنچەرىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، شۇ ئاينىڭ 14 -، 15 - كۈنلىرى چوڭ قۇلىنچەرى بىلەن كىچىك قۇلىنچەرىنى ئىشغال قىلىدۇ، ئۇسمان 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ شىمالدىكى جىمساغا قاچىدۇ، يولۋاس توپىلاڭچىلاردىن 600 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ، بارىكۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شياۋلىيۇگۇدىن ئۆتۈپ، 24 - كۈنى ئاراتۇرۇكنىڭ چيەنشەن رايونىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 48 - تۇەنى باسمىچى يولۋاسقا ھۇجۇم قىلىدۇ. 30 - كۈنى باسمىچىلار يېڭىلىپ تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ، قۇمۇل ناھىيىسى تيەنشان رايونىنىڭ تۆمۈرتى، قوراي ۋە باغداش دېگەن يەرلىرىگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 46 - تۇەنى باسمىچى ئوسمانغا توسۇپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، باسمىچى يولۋاسقا ھۇجۇم قىلىپ، شۇ كۈنى تۆمۈرتىنى ئىشغال قىلىدۇ. باسمىچى يولۋاس ئادەملىرىنى باشلاپ جەنۇبتىكى باغداش، ئېدىر تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. 31 - كۈنى ئازادلىق ئارمىيە ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئېدىرغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇندىن ئارتۇق ئات غەنىمەت ئالىدۇ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ تاشۋېلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى شەرققە قاراپ قاچقان باندىتلارغا توسۇپ زەربە بېرىپ، ئىككى باندىتنى ئەسىرگە ئالىدۇ، 10 دىن ئارتۇق ئات، ئۈچ تۆگە، تۆت مىلتىق، بىر قانچە تېگىمىق جۇۋا غەنىمەت ئالىدۇ. قالغان باسمىچىلار ئارقىغا يېنىپ باغداشقا قاچىدۇ. ئازادلىق ئارمىيە باغداشقا قاچقان باسمىچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن يەنە شىمال، غەرب ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ يولغا چىقىدۇ، 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئازادلىق ئارمىيە باغداشنى مۇھاسىرە قىلىۋالىدۇ، بىر سائەت جەڭ قىلىپ 53 باسمىچىنى ئەسىرگە ئالىدۇ، 100 دىن ئارتۇقىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە يارىلاندۇرىدۇ، ئۈچ پىلىموت، بىر ئاپتومات، 100 دىن ئارتۇق مىلتىق ۋە 24 تۆگە - ئات غەنىمەت ئالىدۇ.

يولۋاس مۇشۇ قېتىمقى زەربىدىن كېيىن، ئادەملىرىنى تارقىتىۋېتىپ، ئۆز ئالدىغا چىقىش يولى تېپىش قارارىغا كېلىدۇ - دە، ئۆزلەشكەن مىللەت ئەسكىرى (ئاق ئورۇس) دىن 22 نى، يېقىنلىرىدىن 30 نەچچىنى ئېلىپ كۇندۇرۇ تېغىغا قاراپ قاچىدۇ. تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن باسمىچىلار ئازادلىق ئارمىيىنىڭ نۇرغۇن قېتىم زەربىسىگە ئۇچراپ ئوقيادىن ئۆركىگەن قۇشلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىزدە، ئازادلىق ئارمىيە تاشۋېلىق رايونىنىڭ شوپۇل دېگەن يېرىدە 200 نەچچە باسمىچىغا توسۇپ زەربە بېرىپ، ليەنجاڭ، مۇئاۋىن ليەنجاڭ ۋە سەنمۇدىن تۆۋەن 51 باسمىچىنى ئەسىر ئالىدۇ، بىر پىلىموت، ئىككى ئاپتومات، بەش ناگان، 40 نەچچە مىلتىقنى غەنىمەت ئالىدۇ. 200 گە يېقىن قالدۇق باسمىچى 18 - كۈنى گەنسۇنىڭ ئەنشى رايونىغا قېچىپ بارغاندا، شۇ يەردىكى ئازادلىق ئارمىيە ئوتلارنىڭ 10 دىن ئارتۇقراقىنى ئۆلتۈرىدۇ، تۇەنجاڭ خەن جىنلۇدىن تۆۋەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسىر ئالىدۇ.

يولۋاس 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كوندۇزۇغا كېلىپ، ئاراتۇرۇككە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان شۇپۇل يېزىسىنىڭ سابىق باشلىقى مەمەتنىياز قاتارلىق قالدۇق باسمىچىلارنى يىغىپ، ئاشلىق ۋە چارۋا ماللارنى بۇلاپ، 900 جىڭ (ئىككى دادەن) چە ئاق ئۇندا نان ياقتۇرۇپ، تاشۋىلىقنىڭ شەرقىدىكى ماجۇاڭشەنگە قاراپ قاچىدۇ. بۇ چاغدا يولۋاس باسمىچىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمى ئىنتايىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغاچقا، بىرمۇنچىلىغان كىشىلەر ئەمدى يولۋاس ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىشنى خالىماي، قورالى بىلەن ئازمىيىمىز تەرەپكە ئۆتىدۇ ياكى قېچىپ كېتىدۇ. يولۋاسىنىڭ كانۋىيى ئىسمايىل قاتارلىقلارمۇ «قايتىپ كەتسەك» دەپ يالۋۇرىدۇ. يولۋاس نائىلاج قايتىدىن يىغىۋالغان 100 نەچچە ئادەمنى تارقىتىۋېتىپ، 20 نەچچە ئادەمنىلا ئېلىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا 40 كۈن جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئاراتۇرۇك غەلىبىلىك قوغداپ قېلىنىدۇ، جەڭدە 80 نەچچە باسمىچى ئۆلتۈرۈلىدۇ، يارىلاندۇرۇلىدۇ. ئوسمان، جانىمقان باسمىچىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى قاسەنتۇ ۋە چاشالاردىكى قورشاپ يوقىتىشتا، بېيتىك تېغىدىكى توسۇپ زەربە بېرىشتە، كىچىك قۇلىنچەرى ۋە نېرناسدىكى قوغلاپ يوقىتىشتا يوقىتىلىدۇ، جانىمقان ئەسىرگە چۈشىدۇ، تەھدىت بىلەن ھەيدەپ مېڭىلغان چارۋىچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىنىدۇ. ئوسمان 200 نەچچە باسمىچىنى باشلاپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قورشاپ يوقاتقۇچى قىسىملىرىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، يولۋاس قاتارلىقلار ماجۇاڭشەنگە يېتىپ بارىدۇ، ئۇلار ئالتە تۆگىگە مال ـ مۈلۈك ۋە يېمەكلىكلەرنى ئارتىپ، شىزاڭ ئارقىلىق چەتكە قېچىش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئۇلار خۇتاردىغاڭ دېگەن يەرگە كەلگەندە ئوسمان بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار گەنسۇ ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شياۋۋاخۇ دېگەن يېرىگە كېلىدۇ. كېيىن ئوسمان باسمىچىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا توقۇنۇش پەيدا بولغاچقا، يولۋاس ئوسماندىن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ چىڭخەيگە كېتىدۇ. چىڭخەينىڭ يېسىبىك دېگەن يېرىدە باسمىچىلارنىڭ باشلىقى قوسايىن بىلەن تېپىشىدۇ ۋە يەنە مۇشۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋالغان گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش كاتىپى سالىس ۋە ئابدۇكېرىم بىلەن كۆرۈشىدۇ. يولۋاس، سالىس قاتارلىقلار بىللە شىزاڭغا كىرىدۇ. سالىستا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ھىندىستانغا بارىدىغان يول خەرىتىسى بارلىقىنى كۆرگەن يولۋاسنىڭ نىيىتى بۇزۇلىدۇ ـ دە، كېچىدە قاتتىق ئۇيقىغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سالىسنى، ئابدۇكېرىمنى ۋە ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مال ـ دۇنياسى ۋە يول خەرىتىسىنى ئېلىۋالىدۇ. يولۋاسلار شىزاڭنىڭ خېيخى دېگەن يېرىگە بارغاندا لياۋ يۈچيۇ ئاغرىپ ئۆلىدۇ. 1951 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، يولۋاس قاتارلىقلار جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىغا يېتىپ بېرىپ، ھىندىستاننىڭ چازا ئەمەلدارلىرىغا نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپ، پەقەت ئالتە كىشىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىگە ئىجازەت ئالىدۇ، قالغان باسمىچىلار شىزاڭدا قېپقالىدۇ. يولۋاس قاتارلىقلار ئاۋۋال يېڭى دېھلىگە، ئاندىن كالكۇتتاغا بارىدۇ، شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئايروپىلان بىلەن تەيۋەنگە قېچىپ كېتىدۇ.

1951 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ گەنسۇ، چىڭخەيدە تۇ ـ

رۇشلۇق قىسىملىرى ئوسماننى تۇتۇۋالدۇ. 6 ـ ئايدا ئوسمان، جانىمقانلارغا ئۇرۇمچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدۇ.

يولۋاس، ئوسمانلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىدە، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلاردا ۋە لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى بويىلىرىدا يەنىلا ئاز قىسىم قالدۇق باسمىچىلار ھەرىكەت قىلىپ تۇردۇ. كېيىن خەلق ئەسكەرلىرى بىرلەشمە مۇداپىئەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، 1953 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھىيە تەۋەسىدىكى باسمىچىلارنىڭ ھەممىسى تازىلىنىدۇ.

قىسىملار باسمىچىلارنى يوقىتىۋاتقاندا، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قىسىملارغا قىزغىن ياردەم بېرىدۇ، بولۇپمۇ باسمىچىلار ئېغىر بالا كەلتۈرگەن تاغلىق رايونلاردىكى ئاممىلار قىسىملار ئۈچۈن ئاخبارات توپلاپ ۋە يەتكۈزۈپ، قىسىملارغا يول باشلاپ، ئاشلىق، يەم ـ خەشەك، ئوق ـ دورا توشۇپ بېرىدۇ، يارىلانغانلارنى قۇتقۇزىدۇ، ئىنتايىن ئاكتىپ، قىزغىن ئىشلەيدۇ. باسمىچىلارنى يوقىتىش جەريانىدا، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى سەپكە 80 نەچچە دانە (قېتىم) ھارۋا، 430 تۇياق (قېتىم) ئۇلاغ ياردەم بېرىلىدۇ، 110 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئوزۇق، 150 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق يەم ـ خەشەك يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، 13 نەپەر خەلق ئىشچىسى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش جەريانىدا قۇربان بولىدۇ.

باسمىچىلارنى يوقىتىش كۈرىشىدە ھۆكۈمەت يەنە قىسىملار بىلەن بىللە يۈرۈپ خىزمەت ئىشلەشكە زور بىر تۈركۈم يەرلىك كادىرلارنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەشكىللەيدۇ. ئۇلار پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، دۈشمەنلەرنى پارچىلايدۇ، ئاممىنى تىنچلاندۇرىدۇ، تاشۆبىلىق رايونىنىڭ شوپۇل يېزىسىدىلا تەھدىت سېلىپ ھەيدەپ تاغقا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن 107 ئائىلىلىك ئۇيغۇر، قازاقنى نەسىھەت قىلىپ يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. باسمىچىلارنى يوقىتىش داۋامىدا، ئازادلىق ئارمىيە غەنىمەت ئېلىنغان 350 كالا، 318 قوي ۋە 17 تۆگىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەملىشىدۇ.

## 2§. ئېلى توپىلىڭى

1958 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچ سائەت 11 دە، تىيانشان رايونىدىكى قورايلىق دېھقان ئېلى قۇربان 125 ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قوراي (رايونلۇق پارتكوم تۇرۇشلۇق جاي) ۋە نىيرىندا رايون، يېزا كادىرلىرىدىن 28 نى باغلاپ ۋە قاماپ قويىدۇ، رايونلۇق ھۆكۈمەتتىن يەتتە مىلتىق، بىر ناگان، بىر ئوۋ مىلتىقى، 100 پاي ئوق، بەش گىرانات، بىر قىلىچ، بىر دۇربۇن، 80 ئات ۋە 2000 يۈەن نەق پۇل بۇلايدۇ

ھەممە بۇ رايون بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدىكى تېلېفون سىمىنى تۆت يەردىن كېسىپ تاشلايدۇ.

10-ئاينىڭ 18 - كۈنى سائەت 11 دە، ئىلى قۇربان كىشلەرنى باشلاپ تۈرۈككەكېلىپ، «قىزىليۇلتۇز» 1 - مەيدان سۇ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ۋە بۇ يەردە تۇرۇشلۇق كادىرلار- نىڭ ئىككى مىلتىق، 38 پاي ئوقنى بۇلاپ كېتىدۇ. سائەت 12 دە، يەنە ئېدىرغا كېلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرگە قاراۋاتقان خەلق ساقچىلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقانلارنى ئازاد قىلىپ، چوڭ گازارمىنى ئىشغال قىلىمىز، دەپ داۋراڭ سالىدۇ، خەلق ساقچىلىرى داۋۇينىڭ دا- دۈيجاڭى ليۇبىنجىن سېزىپ قالغاندىن كېيىن پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتىدۇ، توپى- لاڭچىلار تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ، ئىلى قۇربان بۇلۇۋالغان ناگانىمۇ قې- چىپ كېتىۋاتقاندا چۈشۈپ قالىدۇ.

10-ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، توپىلاڭچىلار ئۈستۈنكى ئېدىر (تىيانشان رايونى3 - يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي) غا كېلىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، توپىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتناشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، لېكىن ئۇلارغا ئەگىشىدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولىدۇ.

توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، تىيانشان ئاشلىق پونكىتىنىڭ كادىرى پەيزۇللا قاتارلىق تۆت كىشى كېچىلەپ ئاتلىق قۇمۇلغا كېلىپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم 10-ئاينىڭ 18 - كۈنى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ۋىلايەتلىك پارتكومغا ۋە ئاپتونوم رايونغا دوكلات قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى بۇنى شۇئان «ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ» دەپ بېكىتىدۇ ھەممە تېزدىن ھەربىي كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ يوقىتىشنى تەستىقلايدۇ. ۋىلايەتلىك پارتكوم، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىم رەھبەرلىرىدىن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجى- سى جاڭ جياشۇ باشچىلىقىدا توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلىدۇ، ئۇلار دەرھال 30 نەچچە يەرلىك كادىر ۋە 35 خەلق ئەسكىرىدىن قوراللىق خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، ھاكىم مەخمۇت ناماننىڭ باشچىلىقىدا تاغقا بېرىپ ئاممىغا پارتى- يىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قىسىملار (ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر پەيى، بەش ئاتلىق ئەسكەرلەر پەيى) نى تەشكىللەپ، تۆۋەنكى ئېدىر، قوۋۇق ئېغىزى، كۆشۈتى ئاراتۇرۇك، خوتۇنتام ۋە ئەنلەرغول قاتارلىق جاي- لارغا ئەۋەتىدۇ ھەممە قورايدا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇرىدۇ.

10-ئاينىڭ 19 - كۈنى توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېدىردىن تۈرۈككە كەلگەن قىسىم ئۇلارنى تاپالمايدۇ. شۆبە ھەربىي رايوننىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋۇجىزېڭ ئامما تەمىن- لىگەن ئاخباراتقا ئاساسەن، بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر پەيىنى باشلاپ كېچىلەپ ئۈستۈنكى ئېدىرغا كېلىپ، توپىلاڭچىلار بىلەن بەش مىنۇتلا جىددىي جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ، 10 ئادىمىنى ئەسىر ئالىدۇ (بۇنىڭ تۆتى يارىدارلىنىدۇ)، ئۈچ مىلتىق، 74 پاي ئوق، بىر قىلىچ، 17 ئات، 10 جوۋا، بىر تېلېفون ئاپپاراتى-

نى غەنىمەت ئالىدۇ. شىمال تەرەپتىكى قىسىملارنىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولۇپ قالغانلىقتىن، تۇپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ئېلى قاتارلىقلار قېچىپ كېتىدۇ.

10-ئاينىڭ 23-كۈنى، جاڭ جياشۇ، فىڭ زۇۋۇ (شۆبە ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۈەنى) ئالدىنقى سەپكە كېلىپ، قىسىملارنى يوللارنى قامال قىلىش، بۆلۈنۈپ توسۇشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئاممىنى قىسىملارغا ماسلىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، قورال كۈچى ئارقىلىق يوقىتىش بىلەن سىياسىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ھۇجۇمنى قانات يايدۇرىدۇ.

10-ئاينىڭ 28-كۈنى، تۇپىلاڭچىلاردىن سەككىزى ئاشلىقى تۈگەپ قالغان ئەھۋالدا قازاق چارۋىچىدىن تۆت مىلتىق، 121 پاي ئوق، بىر قىلىچ، ئىككى دۇربۇن، سەككىز ئاتنى قىسىمغا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزلىرى ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىدۇ.

10-ئاينىڭ 30-كۈنى، تۇپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ئېلى قۇربان تۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭغا 1959-يىلى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. تۇپىلاڭغا قاتناشقان تايانچ ئۇنسۇرلارغىمۇ قانۇن بويىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى.

# ئون سەككىزىنچى قىسىم
# مائارىپ. پەن - تېخنىكا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىيەنلۇڭ يىللىرىدا، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم تەرىپىدىن گازاما مەكتىپى ئېچىلغان. گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ھەقسىز مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ئاساسەن، ئۇيغۇر بالىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇ تىلى ئۆگىتىلگەن. ئەمما، بۇ مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى ناچار بولغاچقا، ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن بولغان. بىراق، قۇمۇل ۋاڭى ئاچقان ئېۋىدىرغول بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى خېلى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭدا ئېچىلغان بەش مەشھۇر بىلىم يۇرتى قاتارىغا ئۆتكەن. گۇاڭشۇنىڭ 32 - يىلى (1906 - يىلى) ھەقسىز مەكتەپ ۋە بىلىم يۇرتلىرى كونىچە مەكتەپ (شۆتاڭ) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى يۈەن داخۇا مائارىپ خىراجىتىنى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىۋالغان. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ياڭ زېڭشىن خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، قۇمۇلنىڭ مائارىپ ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە خارابلاشقان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە، ئۇيغۇرلار مائارىپتا قالاق ھالەتتە ياشىغان، ياش - ئۆسمۈرلەر، ئاساسەن، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، دىنىي بىلىم ئالغان، قوشۇمچە ئاز - تولا ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى ئۆگەنگەن. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) دىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىغان. شۇ مەزگىلدە، قۇمۇلنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا بىرقانچە باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 27 - يىلى،(1938 - يىلى) دىن كېيىن،جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇمۇلغا كېلىپ ئىشلەشكە كىرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن، قۇمۇل مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېزلەشكەن. كوممۇنىستلار ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مەكتەپ ئاچقان، مائارىپ ئۈچۈن خىراجەت توپلىغان، ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرگەن. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) غا قەدەر قۇمۇلنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا مىللىيچە، خەنزۇچە بولۇپ 75 سىنىپلىق 33 مەكتەپ قۇرۇلغان، ئوقۇغۇچى سانى 2860 قا يەتكەن. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قۇمۇلدىن كېتىپ قالغان؛ شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل مائارىپى تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) قۇمۇلدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلىپ، بىر يىلدىن كېيىن تاقالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ قۇمۇل ئازاد بولغانغا قەدەر، قۇمۇل مائارىپىدا تەرەققىيات بولمىغان.

قۇمۇل ئازاد بولغاندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. 1952 - يىلغا كەلگەندە، باشلانغۇچ مەكتەپ 42 گە كۆپىيىپ، ئوقۇغۇچى سانى 547 گە يەتتى. 1958 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە قايتىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»ۋە خەلق گۇڭشېلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرى جەريانىدا، مائارىپ قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، مائارىپ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، مائارىپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، مەكتەپلەر ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىسىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى رەتكە سېلىنىپ، مەكتەپلەر مۇنتىزىم ئىزغا چۈشۈشكە باشلىدى. 30 نەچچە يىلدىن بېرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار مائارىپى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، مائارىپ سۈپىتى خېلى تېز ئۆستى، دۆلەتكە نۇرغۇنلىغان ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەپ بېرىلدى.

1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 64 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، بۇلاردا 558 سىنىپ ئېچىلدى، ئوقۇغۇچى سانى 14 مىڭ 41 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار 7311 بولۇپ، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 52 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى 91.53 پىرسەنتكە يەتتى. ناھىيە بويىچە 11 ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، بۇلاردا 135 سىنىپ ئېچىلدى، ئوقۇغۇچى سانى 5204 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار 3294 بولۇپ، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 46 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1977 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 1731 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى. 1981 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە 1548 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى.

مىنگو مەزگىلىدە، قۇمۇل ناھىيىسىدە پەن ـ تېخنىكىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. 1959 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى، كېيىنچە ئۇ ئىسمى بار، جىسمى يوق نەرسە بولۇپ قالغانىدى. 1977 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن، پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1982 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق سەككىز تەبىئىي پەن ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى تەبىئىي پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى بويىچە 281 كىشىگە تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىلدى. تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، دېھقانچىلىقنى رايونلارغا ئايرىش، سۈپەتلىك بۇغداي ئۇرۇقىنى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش، سۇلياۋ يوپۇقتىن پايدىلىنىش، چارۋا ماللاردا بولىدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، قوي نەسلىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ بەزىلىرى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

# I باب ئادەتتىكى مائارىپ

## §1. ھەقسىز مەكتەپ، بىلىم يۇرتى ۋە كونىچە مەكتەپ

چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى)، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم مۇداپىئە قىسمىدىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىللە ئېلىپ يۇرىدىغان قىسىمغا ئۆزگەرتىلگەن. ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر بىرلىكتە ئوقۇش نىزامى بېكىتىپ، ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، كونىچە مەكتەپ ئاچقان ۋە ئۇنىڭغا گازارما مەكتىپى دەپ نام بەرگەن. بۇ، چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيان قۇمۇلدا ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان خەنزۇچە مەكتەپ ئىدى. كېيىن، ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، قۇمۇلدا ئاھالە كۆپەيگەن. قۇمۇل مەھكىمىسى يەنە بىر يېزا مەكتىپى ئاچقان. مائارىپ خىراجىتىنى قۇمۇل مەھكىمىسى پەسىل بويىچە بېرىپ تۇرغان. كېيىن ئاھالىلار كۆپلەپ يۆتكىلىپ تۇرغاچقا، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن بولغان. تۇڭجى يىللىرى، شىنجاڭدا زور قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن، قۇمۇلدا ئۇرۇش يىل بويى داۋام قىلغان، خەلق ئامراتلاشقان، مەكتەپلەرمۇ ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان.

گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، قۇمۇلدا ھەقسىز مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلغان، شەھەر - يېزىلاردا بىرقانچە ئورۇندا ھەقسىز مەكتەپ ئېچىلغان. بۇ مەكتەپلەرگە، ئاساسەن، ئۇيغۇر بالىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار «ئۈچ سۆزلۈك دەستۇر»، «يۈز فامىلە دەستۇرى»، «مىڭ سۆزلۈك دەستۇر»، «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر» دېگەنلەردىن دەرس ئۆتكەن. خەنزۇ بالىلىرى، كۆپىنچە، قىزىلبۇلغۇن، سەيخۇ دېگەن ئىككى جايدىكى ھەقسىز مەكتەپتە ۋە شەھەردىكى شەخسىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى تىل ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشتا قىينىلىپ، ئوقۇشتىن باش تارتىدىغان بولۇپ قالغان، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى مەكتەپتىن قاچقان، بايلار بالىلىرىنى ئوقۇشتىن قاچۇرۇپ، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ياللاپ ئۆز بالىسى ئورنىدا ئوقۇشقا بەرگەن. بۇ «ئوقۇش ئالۋىنى» دەپ ئاتالغان. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى قەغەز - قەلەم، كىتابلارنى ھەقسىز بېرىش ۋە «بىر كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكەنلەرنىڭ مەرتىۋىسى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلىدۇ» دېگەندەك تەشۋىقات چارىسى بىلەن كىشىلەرنى ئوقۇشقا قىزىقتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن، قوللانغان ئۇسۇل - چارىلىرى مۇۋاپىق بولمىغاچقا، بۇمۇ ئانچە ياخشى ئۈنۈم بەرمىگەن.

گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرى قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت ئېۋىرغول بىلىم يۇرتىنى تەسىس قىلغان (بۇ «ۋاڭ خوجا بىلىم يۇرتى» دەپمۇ ئاتالغان، بىلىم يۇرتىنىڭ ئورنى كونا شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى جەنۇبىي چوڭ كوچا يېنىدا ئىدى). بۇ بىلىم يۇرتىغا ئۇيغۇر بالىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇ تىلى ۋە مانجۇ تىلى دەرسى ئۆتۈلگەن. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كۆپىنچىسى تۇڭچى (تەرجىمان)

بولغان، بەزىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ خىزمەتكە قويۇلغان.

گۇاڭشۇنىڭ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) قۇمۇل بېرىگادىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى شياۋ يۈەنخېڭ قايتىدىن بىلىم يۇرتى قۇرغان. گۇاڭشۇنىڭ 32 ـ يىلى (1906 ـ يىلى) شىنجاڭدا كونىچە مەكتەپ ئېچىش ئەۋج ئالغان. قۇمۇل مەھكىمىسى ئوقۇشقا ئۈندەش ئورنى قۇرغان. بۇ ئورۇندا بىرقانچە خادىم بولۇپ، ئۇلار كونىچە مەكتەپ ئېچىشقا مەسئۇل بولغان، قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. بۇ چاغدا قۇمۇل ۋاڭى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «كونىچە مەكتەپ نىزامنامىسى» بويىچە، ئېۋىرغول بىلىم يۇرتىنى خۇسۇسىي بىرىنچى كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە خۇسۇسىي ئىككىنچى كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرغان. شۈەنتۇڭنىڭ 1 ـ يىلى (1909 ـ يىلى)، شا مەخسۇت يېڭىدىن يەنە بىر خۇسۇسىي كونىچە خەنزۇچە مەكتەپ ئاچقان، بۇ مەكتەپ ئاددىي ساۋات چىقىرىش مەكتىپىمۇ بولغان (بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بىرىنچى ئىشىكى سىرتىدائىدى). يۇقىرىدىكى ئۈچ كونىچە مەكتەپتە تۆت تەربىيىچى (ئوقۇتقۇچى)، 104 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولغان.

گۇاڭشۇنىڭ 34 ـ يىلىدىن شۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلىغىچە (1908 ـ يىلىدىن 1910 ـ يىلىغىچە)، قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇرۇنتۇڭ يېڭىچە ئون مەكتەپ ئاچقان. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بىرىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ، ئورنى كوناشەھەرنىڭ غەربىي كوچىسىدا بولۇپ، بۇتخانىدىن سىنىپ ئورنىدا پايدىلانغان.

(2) ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئىككىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ، ئورنى كوناشەھەرنىڭ نەنگۈەن كوچىسىدا بولۇپ، ھۆكۈمەت ئۆيلىرىدىن سىنىپ ئورنىدا پايدىلانغان.

(3) ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئۈچىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ، ئورنى سەيخۇدا بولۇپ، لوڭۋاڭ بۇتخانىسىدىن سىنىپ ئورنىدا پايدىلانغان.

(4) ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى تۆتىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ، ئورنى قىزىلـيۇلغۇندىكى چوڭ يول بويىدا.

(5) ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بەشىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ، ئورنى تاشۋېلىق بازىرىنىڭ غەربىي شىمال ياقىسىدا.

(6) خۇسۇسىي تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ، ئورنى يېڭىشەھەرنىڭ شەرقىي كوچىسىدا بولۇپ، شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن سىنىپ ئورنىدا پايدىلانغان.

(7) ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى يېرىم كۈنلۈك مەكتەپ، ئورنى قىزىلـيۇلغۇندا بولۇپ، گۈەندىمياۋ بۇتخانىسىدىن سىنىپ ئورنىدا پايدىلانغان.

(8) ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ھۈنەرۋەنچىلىك مەكتىپى، ئورنى كوناشەھەرنىڭ غەربىي كوچىسىدا بولۇپ، ئۇنى قۇمۇل مەھكىمىسى بىلەن بارىكۆل مەھكىمىسى بىرلىكتە قۇرغان، ئوقۇشقا ئۈندەش ئورنىنىڭ ئۆيلىرىدىن سىنىپ ئورنىدا پايدىلانغان.

(9) ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بىرىنچى ئاددىي ساۋات چىقىرىش مەكتىپى، ئورنى

يېڭىشەھەرنىڭ ئەنگوەن دېگەن يېرىدە بولۇپ، سەيشېنمياۋ (بايلىق ئىلاھى بۇتخانىسى) دىن سىنىپ ئورنىدا پايدىلانغان.

(10) ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئىككىنچى ئاددىي ساۋات چىقىرىش مەكتىپى، ئورنى كونا شەھەر سىرتىدىكى ۋۇلياڭ ئۇيۇشمىسى (گەنسۇلۇقلار ئۇيۇشمىسى) دا.

يۇقىرىدىكى مەكتەپلەردە 14 تەربىيىچى (ئوقۇتقۇچى)، 178 ئوقۇغۇچى بولغان، يىللىق خىراجەت ئۈچۈن 1399 سەر تەڭگە كەتكەن، بۇنىڭدىن 490 سەر تەڭگە شۇ جاينىڭ ئۆزىدە غەملەنگەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ 1010 سەر تەڭگە قىسمىتىدە مۈلكى بولغان.

بۇ يېڭىچە مەكتەپلەردە «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر» دېگەنلەرنى ئوقۇتۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇنىڭ ئورنىدا «ئاددىي ساۋات چىقىرىش دەرسلىكى» دىن دەرس ئۆتۈلگەن. بۇ دەرسلىكتە يەنىلا فېئوداللىق ئەدەب ـ ئەخلاق ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، «خانغا سادىق بولۇش»، «كۆڭۈزىغا سېغىنىش»، «ۋاپادارلىق»، «ئاكىسىغا ھۆرمەت قىلىش»، «سادىقلىق»، «ئېتىقاد»، «ئەدەب»، «ئىنساب»، «دىيانەت»، «نوموس» دېگەنلەر تەشەببۇس قىلىنغان. ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ھۈنەرۋەنچىلىك مەكتىپىدە مىسكەرلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، گىلەمچىلىك دېگەندەك كەسىپلەر تەسىس قىلىنغان.

شۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) يۈەن داخۇا شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسى بولغاندىن كېيىن، مائارىپ خىراجىتىنى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىۋالغاچقا، يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى نائىلاج تاقالغان، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئامالسىزلىقتىن شەخسىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغان.

شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى)، قۇمۇل مەھكىمىسى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى 1 ـ، 2 ـ يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئۈچ شەخسىي مەكتەپنى قوشۇپ جېنخەن مەھەللىسى باشلانغۇچ مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتكەن، ئۇنىڭدا جەمئىي 80 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. مەكتەپتە بەش سىنىپ، بىر زالدىن باشقا، قوبۇلخانا، خوجۇلۇق بۆلۈم، مەمۇرىي بۆلۈم، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى قاتارلىقلارمۇ بولغان. شۇ يىلى شامەخسۇت ۋاڭ 1 ـ، 2 ـ خۇسۇسىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى «جۇڭخۇەي مەكتىپى» قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇيغۇر باللىرى، ئاساسەن، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. قۇمۇل ۋاڭلىرى ۋاڭ ئوردىسى، شەھەر ئىچى، سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە ھەم تاغ رايونىدا 66 مەسچىت سالغان. جامائەلەر يېنىدا مەدرىس ۋە دىنىي مەكتەپلەر ئېچىلغان. بۇ مەكتەپلەرنىڭ بەزىلىرىدە قوشۇمچە ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتۈلگەن. دىنىي مەكتەپلەردە دەرسلىك بولمىغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار كالا، قويلارنىڭ تاغاق سۆڭىكىنى مەكتەپكە كۆتۈرۈپ كەلگەن، خەلپەت ـ موللىلار ئۇنىڭغا ئېلىپبە ياكى قىسقا سۈرىلەرنى يېزىپ بېرىپ، ئۇنى ئوقۇشنى ئۆگەتكەن. ئوقۇغۇچىلار كونا دەرسنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، موللىلار تاغاق سۆڭەكتىكى كونا دەرسنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئورنىغا يېڭى دەرسنى يېزىپ بەرگەن.

## 2§. باللار تەربىيىسى

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى)، ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى ناھىيىلىك 2 ـ مەكتەپ قارىمىقىدا بىر سىنىپلىق باللار باغچىسى ئاچقان، ئۇنىڭغا 30 نەچچە بالا قوبۇل قىلىنىپ، بىر تەربىيىچى، بىر ئوقۇتقۇچى قويۇلغان. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) بۇ باللار باغچىسى توختىتىۋېتىلگەن. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) يەنە ناھىيىلىك 2 ـ مەكتەپ قارىمىقىدا بىر باللار باغچىسى ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا 45 بالا قوبۇل قىلىنغان.

1951 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدا بىر سىنىپلىق باللار باغچىسى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا 41 بالا قوبۇل قىلدى، تۆت نەپەر تەربىيىچى ۋە ئوقۇتقۇچى (بۇلارنىڭ بىرى ئەر، ئۈچى ئايال) قويۇلدى. 1953 ـ يىلغا كەلگەندە، باغچىدىكى بالا 88 گە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، 1955 ـ يىلى ئەتىيازدا ناھىيىلىك ئايال‌لار بىرلەشمىسى «دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەيتىدە يەسلى ئېچىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، توغۇچى، شەھەرئىچى، تاشۋىلىق قاتارلىق جايلاردا ئۈچ ئايلىق ۋە بەش ئايلىق ۋاقىتلىق يەسلىدىن 28 نى تەشكىللىدى، بۇ يەسلىلەرگە 160 بالا قوبۇل قىلىندى، 35 تەربىيىچى قويۇلدى.

1958 ـ يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە گۇڭشېنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا «باللارنىڭ ھەممىسىنى باللار باغچىسى تەربىيىسىگە ئېلىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ناھىيىدىكى گوڭشېلارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە كېلىپ، 186 باللار باغچىسى قۇرۇپ، 3976 بالىنى باغچە تەربىيىسىگە قوبۇل قىلدى، 233 تەربىيىچى ـ ئوقۇتقۇچى قويدى. 1959 ـ يىلى ناھىيىلىك ئايال‌لار بىرلەشمىسى «باللار باغچىسى ۋە يەسلىلەرنى تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش توغرىسىدا پىكىر» ناملىق ھۆججەتنى تارقىتىپ، ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى باللار باغچىسى ۋە يەسلىلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى، تەربىيىچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەڭشىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللار تەربىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باللارنىڭ 90 پىرسەنتىنى باللار باغچىسى ۋە يەسلى تەربىيىسىگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ناھىيىدىكى گوڭشېلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنى بىرلىك قىلىپ، ئاددىي ـ ساددا جاھازلانغان باللار باغچىلىرىنى قۇردى. تەربىيىچىلەر باللارغا ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىتىشتىن تاشقىرى، ئاددىي سانلارنى يېزىش ۋە ئوقۇشنىمۇ ئۆگەتتى.

ئۈچ يىل داۋام قىلغان قىيىنچىلىق مەزگىلىدە (1959 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە)، يېزىلاردىكى باللار باغچىلىرى كەينى ـ كەينىدىن تاقالدى. 1965 ـ يىلى، گوڭشېلار ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، جاھازلىنىشى ئاددىي بىر تۈركۈم باللار باغچىسى ۋە يەس‍ـ

لىلەرنى قۇردى، ئۇلارغا بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ ماائاشىنى مۇۋاپىق نومۇر بېرىش ئۇسۇلى بىلەن هەل قىلدى.

1978 ـ يىلدىن كېيىن، ناهىيىدە باللار تەربىيىسى نورماللىششقا باشلىدى. يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللار سىنىپى ئاچتى، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە دۆلەت ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىچى بولدى. بۇ سىنىپلارغا بەش ـ ئالتە ياش ئەتراپىدىكى باللار قوبۇل قىلىنىپ، 100 خانىلىقتىن تۆۋەن سانلارنى ئوقۇش، يېزىش، ئوندىن 20 گىچە بولغان سانلارنى قوشۇش، ئېلىش قاتارلىقلار ئۆگىتىلدى. ئۇيغۇر باللارغا ئۇيغۇرچە هەرپلەرنى ئوقۇش، يېزىش، خەنزۇ باللارغا خەنزۇ تىلى پىنيىن هەرپلىرىنى ئوقۇش، يېزىش، ئاددىي خەتلەرنى ئوقۇش، يېزىش قاتارلىقلار ئۆگىتىلدى. ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللار سىنىپىدا ئىككى خىل ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى: بىر خىلىدا، 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوقۇش باشلىنىپ، 7 ـ ئايدا تەتىل قويۇپ بېرىش، ئوقۇش مۇددىتى يېرىم يىل بولۇش، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلانغۇچ مەكتەپكە كۆچۈرۈش؛ يەنە بىر خىلى، بىرىنچى يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوقۇش باشلىنىپ، ئىككىنچى يىلى 7 ـ ئايدا يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىش، ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل بولۇش، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلانغۇچ مەكتەپكە كۆچۈرۈش. 1983 ـ يىلى، ناهىيىدىكى 64 باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللار سىنىپىدىن 51 ئېچىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر باللار سىنىپى 33، خەنزۇ باللار سىنىپى 17، قازاق باللار سىنىپى بىر. بۇلارغا 1492 بالا قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر باللار 925، خەنزۇ باللار 537، قازاق باللار 30، تەربىيىچى ـ ئوقۇتقۇچى 51.

## §3. باشلانغۇچ مەكتەپ ماائارىپى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ياڭ زېڭشىن خەلقنى جاهالەتتە قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، ماائارىپ ئىشلىرى ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قالغان. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) غا كەلگەندە، قۇمۇلدا هۆكۈمەت قارىمىقىدا تۆۋەندىكى ئۈچ مەكتەپ بولغان:

(1) ناهىيە بازىرىدىكى مەكتەپ (جېنفەن مەهەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ). بۇ مەكتەپتە بىر مۇدىر، بىر ئوقۇتقۇچى، بىر مەكتەپ خىزمەتچىسى ۋە 50 ئوقۇغۇچى بولغان. كېيىن سىنىپ بەشكە كۆپەيتىلىپ، ئوقۇغۇچى 200 دىن ئاشقان.

(2) سەيخۇمياۋ مەكتىپى. بۇ مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى، بىر مەكتەپ خىزمەتچىسى ۋە 20 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى بولغان.

(3) تاشۆبلىق مەكتىپى. بۇ مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى، بىر مەكتەپ خىزمەتچىسى ۋە 25 ئوقۇغۇچى بولغان.

شا مەخسۇت ۋاڭ مۇنداق ئىككى خەنزۇچە مەكتەپ ئاچقان:

(1) «جۇڭجېڭي» خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى («خان غوجام بىلىم يۇرتى» دەپمۇ

ئاتالغان). ئۇنىڭدا 40 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى، 10 دىن ئارتۇق خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچى بولغان.

(2) ئاددىي ساۋات چىقىرىش خۇسۇسىي مەكتىپى. كېيىن بۇ مەكتەپ «جۇڭخۇەي» خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

يۇقىرىقى مەكتەپلەردە، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى كونىچە تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قوللىنىلغان، كېيىن «جۇمھۇرىيەت دەرسلىكى» گە ئالماشتۇرۇلغان. ئاساسىي دەرسلەر مۇنداق بولغان: دۆلەت تىلى، ھېساب، ئەخلاق ۋە پەزىلەت، تارىخ، جۇغراپىيە، چوت (سەنپەن)، رەسىم، ناخشا، يېزىق مەشقى، گىمناستىكا.

بۇنىڭدىن باشقا، كوناشەھەردىكى دىڭشياڭ بۇتخانىسى، يېڭىشەھەردىكى ئىلاھە بۇتخانىسى، خۇاگوسەنلەردە ئۈچ شەخسىي مەكتەپ ئېچىلغان.

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، قۇمۇلدا پەقەت جېنفەن مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلا قالغان. مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى)، قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ باشلانغۇچ مەكتەپمۇ تاقىۋېتىلگەن.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) دىن كېيىن، ۋەزىيەت مۇقىملىشىشقا باشلىغان، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كىرىشكەن. مىنگونىڭ 24 - يىلى (35 - يىلى)، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھەللە باشلىقلىرى ۋە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ بالىلارنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان. ناھىيىلىك 1 - مەكتەپ (ئەسلىدىكى جېنفەن مەھەللىسى باشلانغۇچ مەكتىپى) تۇنجى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ. مەكتەپنى قايتا تەشكىللەشكە باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نامۇيىن مەسئۇل بولغان، جاڭ جىيايۇ مەكتەپ مۇدىرى، ئابدۇللا مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. مەكتەپتە ئىككى ئۇيغۇر سىنىپ، توققۇز خەنزۇ، خۇيزۇ سىنىپ (بۇنىڭ ئىچىدە بىر خەنزۇ قىزلار سىنىپمۇ بار) ئېچىلغان، ئوقۇغۇچىلار سانى 500 دىن ئاشقان، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىمۇ ئوندىن كۆپ بولغان. بۇ مەكتەپتە 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رەسمىي ئوقۇش باشلانغان. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى)، ناھىيىلىك 2 - مەكتەپ (قىزلار مەكتىپى) ۋە يۇقىرى ئاقيەر، لەنگەر، تاشۋېلىق قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى)، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، شامال چاھارباغ، قاراتال، بوغاز، سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە قاتارلىق جايلاردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان.

مىنگونىڭ 27 - يىلى (38 - يىلى)، بىرىنچى تۈركۈمدە قۇمۇلغا خىزمەتكە كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ھامان پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشكەن. كوممۇنىست جاڭ دۆڭيۈ قۇمۇل ۋالىيسى مەھكىمىسى 1 - بۆلۈم (مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا مەسئۇل) نىڭ

بىرىنچى دەرىجىلىك ئەزاسى بولغان. ئۇ، 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە بولغان ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە 30 باشلانغۇچ مەكتەپنى تەكشۈرۈپ چىققان. شۇ يىلى ناھىيىلىك 3 - مەكتەپ (قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپى) ۋە جىگدە، دۆربەجىن، سەيخۇمياۋ قاتارلىق جايلاردا مەكتەپ قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى)، كوممۇنىستلاردىن چى يەنپېي قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، شېن لىڭ (ئايال) قۇمۇل ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. جاڭ دۇڭيۈ خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، قوشۇمچە باش كاتىپلىققا سايلانغان ھەم ئۇيغۇر، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تۈرلۈك يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ ئاچقان. ئۇلار، بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلگەن پۇل بىلەن ھۆكۈمەت قارىمىقىدا مەكتەپ ئاچسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى پۇل ئىئانە قىلىشقا، مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىشقا سەپەرۋەر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دىنىي زاتلارنىمۇ ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. شەھەر ئىچىدىكى ھوشۇر قازى ئاخۇنۇم جاڭ دۇڭيۈنىڭ كۆپ قېتىم دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا، ئۆشرە - زاكاتنى مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە قوشۇلغان. بۇ ۋاقىتلاردا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى شەھەردىن پەيدىنپەي يېزىلارغا، ھەتتا تاشۋىلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ قاتارلىق تاغ رايونلىرىغا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغان. ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە، يازلىق تەتىل ۋاقتىدا، ئىككى قارار ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئاچقان، جاڭ دۇڭيۈ كۇرسقا مۇدىر بولغان، كۇرسانتلار قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن تاللانغان. ھەر بىر قارارلىق كۇرسنىڭ مۇددىتى ئىككى ئاي بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن.

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 1 - ئايدا، قۇمۇلدا ئىمتىھان ئېلىش كومىتېتى قۇرۇلغان. ئۇنىڭغا ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى ليۇ شىپىڭ مۇدىر، چى يەنپېي مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. ئىمتىھان ئارقىلىق 16 نەپەر ئەلاچى ئوقۇغۇچى تاللىۋېلىنىپ، ئۈرۈمچى ئوتتۇرا مەكتىپىگە ۋە ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قۇمۇلغا قايتىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، قۇمۇلنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) غا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپتىن ئونى قۇرۇلۇپ، 35 سىنىپ ئېچىلغان، ئوقۇغۇچى سانى 1300 گە يەتكەن. ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپ 23 بولۇپ، 40 سىنىپ ئېچىلغان، ئوقۇغۇچى سانى 1560 قا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىق 18 مەكتەپ، 30 سىنىپ بولۇپ، 900 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان؛ خەنزۇ ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىق بەش مەك-

تەپ، ئۇن سىنىپ بولۇپ، 660 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. ئۇ چاغلاردا تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، دۆلەت تىلى، ھېساب، ساۋات، ئەخلاق، تازىلىق، رەسىم، مۇزىكا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تەنتەربىيە دەرسلىرى، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، دۆلەت تىلى، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ، ئەخلاق، ئۇيغۇر تىلى، رەسىم، مۇزىكا، تەنتەربىيە دەرسلىرى ئۆتۈلگەن. تەنتەربىيە دەرسىدە ئىزچىللار تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئۇيغۇر، خەنزۇ مەكتەپلىرىدە، تەكلىپ قىلىنغان موللىلار كۈنىگە بىر سائەتتىن دىنىي دەرس ئۆتۈپ تۇرغان. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) دىن بۇرۇن، خەنزۇ تىلىدىكى دەرسلەرگە شائخەي شاڭۇۋ نەشرىياتى تۈزۈپ باستۇرغان «گۈللىنىش دەرسلىكى»، ئۇيغۇرچە، قازاقچە دەرسلەرگە سوۋېت دەرسلىكلىرى (ئالمۇتا ۋە تاشكەنتتىن كەلتۈرۈلگەن) قوللىنىلغان. مىنگونىڭ 26 ـ يىلىدىن كېيىن، شىنجاڭ تەھرىر ـ تەرجىمە كومىتېتى تۈزۈپ باستۇرغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە دەرسلىكلەر نەشر قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا دەرسلىكلەر كەمەلدىن قالدۇرۇلغان (ئۇيغۇرچە تەبىئەت دەرسىدە يەنىلا سوۋېت دەرسلىكى ئىشلىتىلگەن). يېڭى دەرسلىكتە «شەكلى مىللىي بولۇپ، ئالتە سىياسەتنى مەزمۇن قىلىش» ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «يېڭى تۇرمۇش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر ھەپتىدە «زۇڭلىنى خاتىرىلەش ھەپتىلىكى» ئۆتكۈزۈلگەن، «ئەدەب، ئىنساب، پاك، نومۇس»، «سادىقەتلىك، ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىق، ئامراقلىق، دىيانەتلىك، ئىنسابلىق، ئەمىنلىك» دېگەنلەر مەكتەپلەرنىڭ تەربىيە مەزمۇنى قىلىنغان.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى)، ناھىيە قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ نامى بىردەك خەلق مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ نامى «مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ئۇيۇشما قارىمىقىدا قىزىلىيۇلغۇن مەكتىپى، لوتوچۇەنزى مەكتىپى، ساۋۇلاق مەكتىپى قۇرۇلغان، شۇ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يۇتاڭ قۇمۇلدا تۇرۇپ قالغان 200 دىن ئارتۇق خېنەنلىك سەرگەردان بالىنى ۋە بىر قىسىم يەرلىك بالىلارنى يىغىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك جۇڭجېڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرغان ھەم ئۆزى مەكتەپ مەسئۇلى بولغان. مەكتەپ سەنشىلىكلەر ئۇيۇشمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يېتىم بالىلارنىڭ تاماق پۇلىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغان، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى خەنزۇ ئۇيۇشمىسى بېرىدىغان بولغان.

مىنگو دەۋرىدە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەنزۇ، خۇيزۇلار بويىچە تۆت يىللىق ۋە ئىككى يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى يەنى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ تۆت يىللىق، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ئىككى يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى، ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپلىرىدە تۆت يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. 1950 ـ يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى 40 باشلانغۇچ مەكتەپنى 30

غا يېغىنچاقلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قاراشلىق مەكتەپ 13، ئۇيۇشمىغا قاراشلىق مەكتەپ 17). شۇ يىلى 3 ـ ئايدا، جۇڭجېڭ باشلانغۇچ مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى قۇمۇل ناھىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى. 1951 ـ يىلى مەكتەپلەرنىڭ نامى ئۆزگەرتىلىپ، مەكتەپ تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭدا تىنچلىق، ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلدى، ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى ئىتتىپاق ئۈستىگە ئالدى. ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ نامى ئىتتىپاق مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن. رايونلۇق مەھكىمىلەردە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم قويۇلدى. 1952 ـ يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىتتىپاق قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

ئوقۇتۇش مەزمۇنىمۇ تۈپتىن ئىسلاھ قىلىندى، 1950 ـ يىلى ئىزچىللار تۈزۈمى ۋە تەن جازاسى، تەنبىھ ـ تەربىيە بېرىش تۈزۈملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەخلاق دەرسى ۋە كونا دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمى بىكار قىلىندى، يېڭى «سىنىپ مۇدىرلىرى خىزمىتى ھەققىدە يولىيورۇق» ئېلان قىلىندى، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق مەكتەپلىرىدە دىن دەرسى ئۆتۈش پۈتۈنلەي توختىتىلدى.

ئۈچ يىل تەرتىپكە سېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىسىدا، 1952 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر 1950 ـ يىلىدىكى 30 دىن 42 گە، ئوقۇغۇچىلار 4547 دىن 5047 گە كۆپەيدى.

1951 ـ يىلى مەرىپىي ئىشلار كېڭىشى «باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىزچىل بەش يىللىق تۈزۈم» نى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. 1952 ـ يىلى شەھەردىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئۈچ بىرىنچى يىللىق سىنىپتا (خەنزۇ سىنىپ) «ئىزچىل بەش يىللىق تۈزۈم» سىناق قىلىنىپ، بەش سىنىپقا ئايرىپ ئوقۇتۇش يولغا قويۇلدى. 1953 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى بۇ تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇرۇنقى «تۆت ۋە ئىككى يىللىق تۈزۈم» نى يولغا قويۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. 1953 ـ يىلى ئۆلكىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك مائارىپ مەمۇرىي يىغىنىدىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىسىدە «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش بىلەن نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر تولۇقلىنىپ ۋە سېلىنىپ، ئەسلىدىكى 135 سىنىپ 120 سىنىپقا يىغىنچاقلاندى. 1956 ـ يىلى، ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر 49 غا (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مەكتىپى 31، خەنزۇ، خۇيزۇ مەكتىپى 14، قازاق مەكتىپى تۆت)، سىنىپ 158 گە، ئوقۇغۇچى 6402 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1958 ـ يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ھەددىدىن زىيادە تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، 1959 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جىددىي كۆپىيىپ، 1957 ـ يىلدىكى 6765

تىن 11 مىڭ 342 گە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ بىناسى ۋە ئۈسكۈنە جەھەتتە بىردەك قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. 1958 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان «مائارىپ پرولېتارىيات سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك» دېگەن فاڭجېنىغا بىنائەن، مەكتەپلەردە ئەمگەك دەرسى رەسمىي هالدا ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈلدى. 1959 ـ يىلى «ئىككى پۇتتا مېڭىش» تىن ئىبارەت مەكتەپ ئېچىش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، خەلق ئاچقان باشلانغۇچ مەكتەپ 1960 ـ يىلى 20 گە، سىنىپ 120 گە، ئوقۇغۇچىسى 4217 گە يەتتى. شۇ يىلى ئۇيغۇر، قازاق باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە تۆت يىللىق تۈزۈم ئورنىغا ئىزچىل بەش يىللىق تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، 1 ـ يىللىقتىن باشلاپ يېڭى يېزىقتا (لاتىن هەرپى ئاساس قىلىنغان) دەرس ئۆتۈلدى. 1961 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە، «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مائارىپ پەيدىنپەي نورمال ئىزغا چۈشتى. ناھىيىلىك هۆكۈمەت شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن سەيخۇمىياۋ باشلانغۇچ مەكتىپىنى نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ بېكىتتى. يېزىلاردا مەكتەپلەر رايونغا ئايرىلىپ، مەركىزىي مەكتەپ تەسىس قىلىندى ھەمدە باش مەكتەپ مۇدىرى قويۇلدى. 1963 ـ يىلى «پۈتۈن كۈنلۈك باشلانغۇچ مەكتەپلەر خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» («40 ماددا») ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر يەنىمۇ تەرتىپكە سېلىنىپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» جەريانىدا قارىغۇلارچە ئېچىلغان بىر تۈركۈم باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 41 نەپەر لاياقەتسىز باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى قىسقارتىلدى. 1965 ـ يىلى، ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەر كۆپىيىپ 95 كە، سىنىپ 379 غا، ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 714 كە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئوقۇغۇچىلار «دەرس توختىتىپ ئىنقىلاب قىلدى»، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار تەنقىد قىلىندى. ئوقۇتۇش سايمانلىرى پۈتۈنلەي خاراب بولدى، پارتا، ئورۇندۇق، ئىشىك ـ دېرىزىلەر بۇزۇۋېتىلدى. 1967 ـ يىلى ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى بەش يىللىق قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەكتەپ خىزمىتى ئاستا ـ ئاستا ئىزغا چۈشتى. 1978 ـ يىلى ناھىيىلىك هۆكۈمەت راھەتباغ گوڭشېسى باشلانغۇچ مەكتىپىنى نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ بېكىتتى. بۇ مەكتەپتە جەمئىي 21 سىنىپ بولۇپ، 730 ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. 1978 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە، مەكتەپلەردە مائارىپ مىنىستىرلىكى تۈزگەن «پۈتۈن كۈنلۈك باشلانغۇچ مەكتەپلەر خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» ۋە «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قائىدىسى» ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە 1 ـ يىل-

www.uyghurkitap.com

## ناھىيەمىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1949 ـ يىلىدىكى ئەھۋالى

جەدۋەل 18 — 1

| | مەكتەپ ئىسمى | سىنىپ سانى | | | ئوقۇغۇچى سانى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئى | بۇنىڭ ئىچىدە | | جەمئى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | |
| | | | ھۆكۈمەت قارىمەقىدىكى | ئۆزۈۋۈشىما قارىمەقىدىكى | | خەنزۇ | خۇيزۇ | ئۇيغۇر | قازاق |
| 1 | 1ـ مەركىزي مەكتەپ | 12 | 12 | | 340 | 180 | 100 | 60 | |
| 2 | 2ـ خەلق مەكتىپى | 8 | 8 | | 219 | 169 | | 50 | |
| 3 | 3ـ خەلق مەكتىپى | 6 | 6 | | 205 | 48 | 157 | | |
| 4 | 4ـ خەلق مەكتىپى (شەھەر ئىچىدە) | 6 | 6 | | 200 | | | 200 | |
| 5 | 5 ـ خەلق مەكتىپى (راھەتباغدا) | 5 | 5 | | 140 | | | 140 | |
| 6 | 6 ـ خەلق مەكتىپى (قاراتالدا) | 2 | 2 | | 52 | | | 52 | |
| 7 | 7 ـ خەلق مەكتىپى (تاشۆيلەڭتا) | 6 | 6 | | 150 | 150 | | | |
| 8 | 8 ـ خەلق مەكتىپى (دۆربەجىندە) | 4 | 4 | | 100 | | | 100 | |
| 9 | 9 ـ خەلق مەكتىپى (يۇقىرى ئاقيەردە) | 4 | 4 | | 105 | | | 105 | |
| 10 | 10 ـ خەلق مەكتىپى (شامال چاھارباغدا) | 2 | 2 | | 50 | | | 50 | |
| 11 | 11 ـ خەلق مەكتىپى (لەڭگەردە) | 3 | 3 | | 81 | | | 81 | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12 | 12 ـ خەلق مەكتىپى (سەيخۇمياۋدا) | 2 | 2 | | 50 | 50 | | | |
| 13 | 13 ـ خەلق مەكتىپى (بوغازدا) | 3 | 3 | | 82 | | | 82 | |
| 14 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى قىزىلـ يۇلغۇن باشلانغۇچ مەكتىپى | 2 | | 2 | 55 | 55 | | | |
| 15 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى ساقا باشلانغۇچ مەكتىپى | 4 | | 4 | 105 | | | 105 | |
| 16 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى خوتۈنـ تام باشلانغۇچ مەكتىپى | 2 | | 2 | 40 | | | 40 | |
| 17 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى شوـ پۇل باشلانغۇچ مەكتىپى | 2 | | 2 | 45 | | | 45 | |
| 18 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى تۆـ رۇك باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 25 | | | 25 | |
| 19 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى نىردىن باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 30 | | | 30 | |
| 20 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى قوراي باشلانغۇچ مەكتىپى | 2 | | 2 | 42 | | | 42 | |
| 21 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى تاشۇ باشلانغۇچ مەكتىپى | 2 | | 2 | 50 | | | 50 | |
| 22 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى تۆـ مۇرتى باشلانغۇچ مەكتىپى | 2 | | 2 | 54 | | | 54 | |
| 23 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى نىرـ ناسى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 28 | | | 28 | |
| 24 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى ئىبدىر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 25 | | | 25 | |
| 25 | ئۈيۈشما قارىمىقىدىكى شۇيتى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 28 | | | 28 | |

www.uyghurkitap.com

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 26 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى باغداش باشلانغۇچ مەكتىپى | 2 | | 2 | 45 | | | 45 | |
| 27 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى قۇرلۇق باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 28 | | | 28 | |
| 28 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى قالغايتى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 25 | | | 25 | |
| 29 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى تاراتى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 28 | | | 28 | |
| 30 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى ئۈرۈكلۈك باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 25 | | | 25 | |
| 31 | ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى سەكرا باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | 1 | | 25 | | | | 25 |
| 32 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سۇەقاغا باشلانغۇچ مەكتىپى | 2 | | 2 | 45 | 22 | | 23 | |
| 33 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپى | 3 | | 3 | 80 | 22 | | 58 | |
| 34 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى تۇغرچى باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | | 5 | 120 | 20 | | 100 | |
| 35 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى لاپچۇق باشلانغۇچ مەكتىپى | 2 | | 2 | 55 | | | 55 | |
| 36 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى قارادۆۋە باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | | 5 | 125 | | | 125 | |
| 37 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى جىمگدە باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 30 | | | 30 | |
| 38 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى لوتوچۈەنزى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 20 | 20 | | | |
| 39 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى ساۋۇلاق باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | 1 | 20 | 20 | | | |
| 40 | ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى جۇگجىلغ باشلانغۇچ مەكتىپى | 6 | | 6 | 150 | 150 | | | |
| | جەمئىي | 117 | 64 | 53 | 3122 | 906 | 257 | 1934 | 25 |

لىقتىن باشلاپ كونا يېزىق (ئەرەب يېزىقى ئاساس قىلىنغان) بىلەن دەرس ئۆتۈش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1977 ـ يىلى قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلدى. شەھەردىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ مەكتەپلەر ۋە شەھەر ئەتراپى، چاھارباغ، ئاقىيەر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى، شۇنىڭدەك بىكىتۋەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قارىمىقىدىكى «قىزىلىيۇلتۇز» ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن «قىزىلىيۇلتۇز» باشلانغۇچ مەكتىپى قۇمۇل شەھىرىگە تەۋە قىلىندى. 1979 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دايىڭفاڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئىش باشلىدى. «قىزىلىيۇلتۇز» باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن «قىزىلىيۇلتۇز» ئوتتۇرا مەكتىپى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1979 ـ ۋە 1980 ـ يىللىرى ناھىيە بويىچە 345 نەپەر خەلق ئوقۇتقۇچىسىدىن ئىككى قېتىم ئىمتىھان ئېلىنىپ، ھەممىسى دۆلەت ئوقۇتقۇچىسى قىلىندى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى سىنىپلارمۇ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى سىنىپ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 50 ـ يىللاردىن باشلاپ تاشۋېلىق، تىيانشان، غەربىي تاغدىن ئىبارەت ئۈچ چارۋىچىلىق رايونىدا 23 كۆچمە ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەسىس قىلدى. ئوقۇتقۇچىلار قەرەللىك ھالدا يايلاقلار (كۆچمە ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى) غا ئاتلىق بېرىپ، بالىلارنى كىگىز ئۆيلەرگە يىغىپ دەرس ئۆتتى. چارۋىچىلار ئۇنى «ئاتلىق باشلانغۇچ مەكتەپ» دەپ ئاتىدى. 1980 ـ يىلى ئۈچ چارۋىچىلىق رايونىدىكى گوڭشېلاردا ياتاقلىق مەكتەپ ئېچىلدى، ئۆيى يىراق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ياتاق يەپ، يېتىپ ـ قوپۇپ ئوقۇدى. دۆلەت تەرىپىدىن ھەر ئوقۇغۇچىغا ئېيىغا يەتتە يۈەندىن تاماق ياردەم پۇلى بېرىپ تۇرۇلدى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارغا ياردەملىشىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشقا تەربىيىچى ۋە ئاشپەز تەيىنلەپ بېرىلدى. 1980 ـ يىلى ياتاقلىق مەكتەپ 12 گە، ئوقۇغۇچى سانى 399 غا يەتتى. 1983 ـ يىلغا كەلگەندە بۇ مەكتەپلەر تۆتكە يىغىنچاقلىنىپ، 40 سىنىپ ئېچىلدى، ئوقۇغۇچى سانى 785 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچى 765. تىيانشاندىكى تۆمۈرتى قاتارلىق ئايرىم چارۋىچىلىق دۈيلىرىدە كۆچمە ئوقۇتۇش داۋاملاشتۇرۇلغاندىن تاشقىرى، قالغان چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي جەھەتتە مۇقىم ئورۇندا دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلدى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى 64 كە يېتىپ، 558 سىنىپ ئېچىلدى، ئوقۇغۇچى سانى 14 مىڭ 41 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار 7311. ناھىيە بويىچە 45 ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ، 105 سىنىپ ئېچىلدى، بۇلاردا 1353 ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 92.54 پىرسەنتكە تۇمۇلاش نىسبىتى 91.53 پىرسەنتكە مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 95.28 پىرسەنتكە، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى 99.23 پىرسەنتكە يەتتى. خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

1949-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى جەدۋەل 18 — 2

| يىل | مەكتەپ سانى | سىنىپ سانى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگىنى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي تەركىبى | | | | | ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى سانى | | ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلار سانى | مەكتەپكە كىرگەن بالىلار سانى | مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | خەنزۇ | ئۇيغۇر | قازاق | خۇيزۇ | باشقىلار | جەمئىي | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى | | | |
| 1949 | 40 | 117 | — | — | 3122 | — | — | — | — | — | 135 | — | — | — | — |
| 1950 | 30 | 112 | 745 | 112 | 4547 | — | — | — | — | — | 158 | — | — | — | — |
| 1951 | 33 | 112 | 498 | 160 | 4885 | — | — | — | — | — | 158 | — | — | — | — |
| 1952 | 42 | 117 | 617 | 345 | 5047 | — | — | — | — | — | 173 | — | — | — | — |
| 1953 | 43 | 120 | 739 | 544 | 5142 | — | — | — | — | — | 203 | — | — | — | — |
| 1954 | 46 | 128 | 1225 | 685 | 5514 | — | — | — | — | — | 214 | — | — | — | — |
| 1955 | 48 | 136 | 1225 | 687 | 5704 | — | — | — | — | — | 214 | — | — | — | — |
| 1956 | 49 | 158 | 1624 | 694 | 6402 | — | — | — | — | — | 211 | — | — | — | — |
| 1957 | 52 | 168 | 1630 | 845 | 6765 | — | — | — | — | — | 226 | — | — | — | — |
| 1958 | 57 | 212 | 2676 | 1028 | 8805 | — | — | — | — | — | 235 | — | — | — | — |
| 1959 | 75 | 281 | 4176 | 848 | 11342 | — | — | — | — | — | 343 | — | — | — | — |
| 1960 | 74 | 323 | 3835 | 1152 | 12851 | — | — | — | — | — | 412 | — | — | — | — |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| — | — | — | — | 620 | — | — | — | — | — | 15580 | 1260 | 4081 | 455 | 81 | 1961 |
| — | — | — | — | 669 | — | — | — | — | — | 15346 | 1802 | 4271 | 485 | 91 | 1962 |
| — | — | — | — | 668 | — | — | — | — | — | — | 1375 | 4903 | 351 | 85 | 1963 |
| — | — | — | — | 464 | — | — | — | — | — | 10455 | 812 | 1999 | 363 | 66 | 1964 |
| — | — | — | — | 471 | — | — | — | — | — | 11714 | 1039 | 2799 | 379 | 95 | 1965 |
| 84.0 | 13571 | 16073 | 655 | 704 | 5 | 371 | 133 | 6936 | 9330 | 16775 | 1814 | 4308 | 556 | 85 | 1974 |
| 89.0 | 15420 | 17338 | 691 | 757 | — | — | — | — | — | 19298 | 2389 | 5113 | 627 | 90 | 1975 |
| — | — | — | 795 | 856 | — | — | — | — | — | 20428 | 3242 | 4930 | 700 | 87 | 1976 |
| 92.7 | 13470 | 14538 | 745 | 775 | — | 569 | 826 | 8782 | 8431 | 18608 | 2290 | 4556 | 680 | 86 | 1977 |
| 94.2 | 16385 | 16959 | 724 | 780 | — | 593 | 753 | 8847 | 9883 | 19182 | 2797 | 3641 | 682 | 88 | 1978 |
| 97.0 | 20030 | 20454 | 650 | 743 | 4 | 623 | 780 | 8788 | 8935 | 20030 | 2512 | 4579 | 722 | 93 | 1979 |
| 93.5 | 11697 | 12507 | 688 | 766 | — | 473 | 839 | 7192 | 6841 | 15375 | 2887 | 3526 | 572 | 63 | 1980 |
| 98.0 | 12321 | 12572 | 866 | 965 | 7 | 287 | 813 | 7219 | 7224 | 15550 | 2664 | 3726 | 551 | 66 | 1981 |
| 93.1 | 11358 | 12207 | 922 | 1021 | 7 | 251 | 689 | 6921 | 6704 | 14572 | 2589 | 3167 | 553 | 65 | 1982 |
| 93.99 | 12237 | 13019 | 940 | 1074 | 18 | 426 | 723 | 6588 | 6286 | 14041 | 2447 | 2982 | 558 | 64 | 1983 |

## §4. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

### 1. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ھاكىم چېن شۇپىڭ قوشۇمچە مۇدىر بولغان. تۆت كوچىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر كىچىك ھويلا مەكتەپ ئورنى قىلىنغان. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى)، قۇمۇل ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تارقىتىۋېتىلىپ، ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغان. ئەسلىدىكى ناھىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. سەي جىسېن مەكتەپكە مۇدىر بولغان. مەكتەپ ئورنى سابىق سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇل سودا ئىشلىرى ۋەكالەتخانىسىنىڭ ئورنىدا بولغان (بۇنى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن 1000 دانە كۈرەك چايغا سېتىۋالغان. ھازىر بۇ يەردە شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپ بار). بۇ مەكتەپ خەنزۇ ئوغۇللاردىن بىر سىنىپ، خەنزۇ قىزلاردىن بىر سىنىپ، ئۇيغۇرلاردىن بىر سىنىپ جەمئىي ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) يولۋاس ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى چېن فاڭبەيدىن ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان، مەبلەغنىڭ قىسلىقىدىن، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى قۇمۇلدا ئىككى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئەسلىدىكى ئۆلكىلىك قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىگە، سابىق ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئۆلكىلىك قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئۆزگەرتكەن. ئەسلىدىكى ئىككى مەكتەپنىڭ خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىگە يىغىلغان (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، ئۈچ تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى بار). ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۆلكىلىك قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە توپلانغان (بۇنىڭدا بىر تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى، بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلغان). ئازادلىقتىن كېيىن ئۆلكىلىك قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. (1955 - يىلى شەھەر ئىچىگە كۆچۈرۈلدى). ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا ناھىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلمىدى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە، خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. 1958 - يىلىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گوڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش دولقۇنىدا، «ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پالۋانتۇر گوڭشېسىدا پالۋانتۇر ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. 1960 - يىلى، بەزى دادۈي-

لەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلدى (بۇلار نامدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئىدى). 1962 ـ يىلى، ئاستانە ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. 1964 ـ يىلغىچە، ناھىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتىگە، سىنىپ 15 كە، ئوقۇغۇچى 510 نەپەرگە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1967 ـ يىلى، «ئوقۇش مۇددىتىنى قىسقارتىش» تەلىپىگە ئاساسەن، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تولۇق ئوتتۇرا ئىككى يىللىق، تولۇقسىز ئوتتۇرا ئىككى يىللىق قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1973 ـ يىلى، باشلانغۇچ مەكتەپلەر قارىمىقىدا ئېچىلغان تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ كۆپىيىپ 22 گە، ئوقۇغۇچىلىرى 710 غا يەتتى. 1974 ـ يىلى، راھەتباغ ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. 1975 ـ يىلى، ئاتالمىش «چاۋيالڭ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى تەجرىبىسى» ئۆگىنىلىپ، ئوقۇتقۇچى، سىنىپ ۋە ئۈسكۈنىلەر يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋالدا، قۇرۇق نامغىلا ئىگە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ قارىغۇلارچە كۆپەيتىلىپ، 1976 ـ يىلغىچە 96 غا، ئوقۇغۇچى 2720 گە يەتتى. ناھىيىدىكى كۆپچىلىك دادۈي باشلانغۇچ مەكتەپلىرى قارىمىقىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلدى، ئوقۇتۇش سۈپىتى جىددىي يوسۇندا تۆۋەنلەپ كەتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. 1978 ـ يىلى تۈزۈلگەن «پۈتۈن كۈنلۈك ئوتتۇرا مەكتەپلەر خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەرتىپكە سېلىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇلۇڭتوغراق، تاشۋىلىق، بوغاز، لاپچۇق، قارادۆۋە، تىيانشان، غەربىي تاغ 1 ـ ۋە 4 ـ دادۈي قاتارلىق جايلاردا ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى، ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەر قارىمىقىدىكى تولۇقسىز سىنىپلار توققۇز گوڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىگە يىغىنچاقلاندى. گوڭشې ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلار پالۋانتۇر، قىزىليۇلتۇز، راھەتباغ، ئاستانە، قارادۆۋە، تاشۋىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈلدى. بىرلەشتۈرۈشكە ئامال بولمىغان 12 دادۈي باشلانغۇچ مەكتىپى قارىمىقىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلار ۋاقىتىنچە ئۆزگەرتىلمىدى. 1983 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەر قارىمىقىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلار 31 غا، ئوقۇغۇچىلار سانى 906 نەپەرگە يەتتى.

1980 ـ يىلى، تاشۋىلىق، تىيانشان، غەربىي تاغدىن ئىبارەت ئۈچ چارۋىچىلىق رايونىدا، سەككىز ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، 425 نەپەر ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. 1983 ـ يىلى، ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، سەككىز سىنىپلىق، 189 ئوقۇغۇچىسى بولغان ئۈچ ئوتتۇرا مەكتەپكە يىغىنچاقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 11 نەپەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار.

1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 11 گە، سىنىپ 135 كە، ئوقۇغۇچى 5204 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1230. 1977 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە، ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە 1731 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى 268،

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى 1463.

1976 ـ يىلى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغا ئۆزگەرتىلدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى يەنىلا ئىككى يىل بولدى. 1983 ـ يىلى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىلغا ئۆزگەرتىلدى.

### 2. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى

1958 ـ يىلىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق كوممۇنىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش دولقۇنىدا، ناھىيە بويىچە، 13 كوممۇنا (دېھقانچىلىق مەيدانى)دا، يېرىم تېرىقچىلىق قىلىش، يېرىم ئوقۇش يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە (ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە يازلىق يىغىم مەزگىلىدە) يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئىشلەش، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا پۈتۈن كۈن ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ مەكتەپلەردە تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. لازىملىق ئولاغ، تېرىلغۇ يەر، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ماشىنىلاشقان قوراللار قاتارلىقلار كوممۇنىلار تەرىپىدىن ھەل قىلىپ بېرىلدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارغا مۇۋاپىق ھالدا ياردەم پۇلى بېرىپ تۇردى. يۇقىرىدىن يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ يەيدىغان ئاشلىق، ماي، كۆكتات قاتارلىقلار بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىشى تەلەپ قىلىندى. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئىچىدە، غەربىي تاغ كوممۇنىسى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى خېلى ئوبدان باشقۇرۇلغان بولۇپ، 1960 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ئۈچ يىل داۋام قىلغان قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، كۆپچىلىك يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تاقالدى. 1960 ـ يىلى توققۇز مەكتەپ، 11 سىنىپ، 391 ئوقۇغۇچى، 1962 ـ يىلى ئىككى مەكتەپ، ئۈچ سىنىپ، 90 ئوقۇغۇچى قالدى. 1965 ـ يىلى «ئىككى پۈتتا مېڭىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە كۆپچىلىك كوممۇنىلاردا يەنە سەككىز يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى، سەككىز سىنىپ ئېچىلىپ، 166 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، «قوش لىنىيە تۈزۈمى» خاتا ھالدا تەنقىد قىلىنىپ، 1968 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تاقىۋېتىلدى.

### 3. يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتەپلىرى

1975 ـ يىل 12 ـ ئايدا «قۇمۇل ناھىيىلىك ‹7 ـ ماي› داشۆسى» قۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار كوممۇنىلار تونۇشتۇرغان ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ كادىرلىرى، ئەزالىرى ۋە زىيالىي ياشلاردىن تەشكىل تاپتى. مەكتەپتە چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى كەسىپ تەسىس قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل قىلىپ بېكىتىلدى،

«گۈڭشېدىن كېلىپ گۈڭشېغا قايتىش، يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. تۇنجى قارار چارۋىچىلىق سىنىپىغا (ئۇيغۇر) 38 نەپەر، دېھقانچىلىق سىنىپىغا (خەنزۇ) 34 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلار 1977 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈردى. ئىككىنچى قارار چارۋىچىلىق سىنىپىغا (ئۇيغۇر) 34 نەپەر، دېھقانچىلىق سىنىپىغا (خەنزۇ) 22 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلار 1979 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈردى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاساسەن، گۈڭشېلارنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، چارۋىچىلىق پونكىتى ۋە دادۈيلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا گۇرۇپپىلىرىدا ئىشلىدى. 1980 ـ يىل 4 ـ ئايدا، «7 ـ ماي» داشۆسى» قۇمۇل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. چەت ـ ياقا گۈڭشېلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيالماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شۇ يىلى 8 ـ ئايدا چەت ـ ياقا ئالتە گۈڭشېدىن 50 ئوقۇغۇچى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپقا ئىككى يىللىق مۇددەت بىلەن قوبۇل قىلىندى. ئۇلار 1982 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈردى. 1983 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ئون گۈڭشېدا ئىككى يېزا ئىگىلىك تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلىپ، ئۈچ يىللىق ئوقۇش مۇددىتى بويىچە، ئۇيغۇر، خەنزۇلاردىن 100 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئۇلاردا ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاساسىي دەرسلىرى ئۆتۈلگەندىن باشقا، ئۈچتىن بىر قىسىم ۋاقىتتا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلىملىرى ئۆگىنىلدى. 1983 ـ يىلى، بۇ مەكتەپلەردە 18 ئوقۇتقۇچى، توققۇز مەمۇرىي خادىم، بەش ئىشچى بار ئىدى.

### 4. دارىلمۇئەللىمىن مائارىپى

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى)، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى لى رۇجېن قاتارلىق ئالتە كىشىنى قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىنىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتكەن، كوناشەھەردىكى خەلق مائارىپى يۇرتى مەكتەپ ئورنى قىلىنغان. شۇ يىلى بىر سىنىپ ئېچىلىپ، 50 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئوقۇش باشلانغان. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى)، قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى شىمالىي قۇملۇقتا (ھازىرقى شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنىغا) كۆچۈرۈلگەن. شۇ چاغدا، بۇ مەكتەپنىڭ تۆت سىنىپى، 200 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن ئۈچ قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى)، سابىق ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە، سابىق ئۆلكىلىك قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىگە (ئۇنىڭدا ئۈچ تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى بار)، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە (ئۇنىڭدا بىر تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى بار) توپلانغان. يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۆلكىلىك قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە دەسلەپ ئابدۇراخمان سېيىدى، 1949 ـ يىلى ۋوفەنشىن(ئۇيغۇر، ئەسلى ئىسمى ھوشۇر ئۈلۈغ)

جەدۋەل 18 — 3

**1958 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر ئومۇمىي ئەھۋال**

| يىل | مەكتەپ سانى | | | سىنىپ سانى | | | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى | | ئوقۇش پۈتتۈرگىنى | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر | | باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | تولۇقسىز ئوتتۇرا | تولۇق ئوتتۇرا | جەمئىي | تولۇقسىز ئوتتۇرا | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | تولۇق ئوتتۇرا | جەمئىي | تولۇقسىز ئوتتۇرا | تولۇق ئوتتۇرا | جەمئىي | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى | مەكتەپ سانى | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى سانى |
| 1958 | 1 | 1 | | 1 | 1 | | | | | | 40 | 40 | | | | | | |
| 1964 | 7 | 7 | | 15 | 15 | | 222 | | 106 | | 510 | 510 | | 42 | | | | |
| 1965 | 5 | | | 15 | | | 309 | | 140 | | 604 | | | 49 | | | | |
| 1972 | 5 | | | 23 | | | | | | | 809 | | | 88 | 86 | | | |
| 1973 | 7 | 6 | 1 | 25 | 20 | 5 | 258 | 60 | 364 | | 926 | 702 | 224 | | | | 22 | 710 |
| 1974 | 9 | 6 | 3 | 39 | 34 | 5 | 786 | 143 | 356 | 106 | 1428 | 1177 | 251 | 99 | 86 | | | |
| 1975 | 12 | 10 | 2 | 71 | 67 | 4 | 1307 | 30 | | 106 | 2546 | 2375 | 171 | | | | 32 | 1105 |
| 1976 | 11 | 7 | 4 | 117 | 112 | 5 | 2290 | 187 | | | 4295 | 4108 | 187 | 221 | 191 | | 96 | 2720 |
| 1977 | 17 | 8 | 9 | 183 | 164 | 19 | 2127 | 515 | 630 | 8 | 6132 | 5465 | 667 | 363 | 305 | | 104 | 2977 |
| 1978 | 13 | 13 | | 229 | 201 | 28 | 2548 | 461 | 1317 | 210 | 7876 | 6867 | 1009 | 508 | 422 | | | |
| 1979 | 11 | 3 | 8 | 220 | 192 | 28 | 2016 | 755 | 1922 | 453 | 7786 | 6596 | 1190 | 451 | 375 | 31 | 98 | 2191 |
| 1980 | 12 | 6 | 6 | 187 | 159 | 28 | 2003 | 764 | 1712 | 342 | 6772 | 5524 | 1248 | 479 | 393 | 19 | 87 | 2464 |
| 1981 | 12 | 6 | 6 | 161 | 134 | 27 | 1607 | 508 | 1746 | 475 | 6324 | 5018 | 1306 | 511 | 400 | 12 | 51 | 1598 |
| 1982 | 11 | 6 | 5 | 148 | 122 | 26 | 1623 | 696 | 1239 | 739 | 5590 | 4393 | 1197 | 496 | 394 | 11 | 39 | 1167 |
| 1983 | 11 | 5 | 6 | 135 | 108 | 27 | 1483 | 602 | 1243 | 501 | 5204 | 3974 | 1230 | 459 | 354 | 12 | 31 | 906 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا كىرگەن ئوقۇغۇچى سانى**

جەدۋەل 18 — 4

| يىل | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى | ئالىي تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنغىنى | ئوتتۇرا تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنغىنى |
|---|---|---|---|
| 1977 | 479 | 98 | 381 |
| 1978 | 328 | 28 | 300 |
| 1979 | 392 | 52 | 340 |
| 1980 | 197 | 13 | 184 |
| 1981 | 98 | 6 | 92 |
| 1982 | 97 | 40 | 57 |
| 1983 | 140 | 31 | 109 |
| جەمئىي | 1731 | 263 | 1463 |

مۇدىر بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۆلكىلىك قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى (1955 ـ يىلى شەھەر ئىچىگە كۆچۈرۈلدى). قۇمۇل ناھىيىسىگە كېرەكلىك ئوقۇتقۇچىلار ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە باشقا مەكتەپلەردە تەربىيىلەندى.

## 58. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش

50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، شەھەر، يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ بىنالىرى تولىمۇ كونىراپ كەتكەندى، ئۈسكۈنىلىرى تولىمۇ ئاددىي ئىدى. ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلارغا باشلامچى بولۇپ كېسەك قۇيۇپ، مەكتەپ بىنالىرىنى رېمونت قىلدى. بۇ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى تۇنجى قېتىملىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتى ئىدى.

1958 ـ يىلى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 57 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ 125 مىڭ پارچە كېسەك قۇيغان، 18 سىنىپنى رېمونت قىلغان. يېڭىدىن 13 سىنىپ، 22 ئېغىز ياتاق، 20 ھاجەتخانا ياسالغان، بۇنىڭ بىلەن 4972 يۈەن خىراجەت تېجەپ قېلىنغان. بەزى ئوقۇتقۇچىلار پارتا ـ ئورۇندۇقلارنى ئۆز قولى بىلەن رېمونت قىلدى، ئۆزلىرى بور ۋە باشقا ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى ياسىدى. 1959 ـ يىلى، قۇمۇل بازارلىق 2 ـ مەكتەپ سوپۇن

زاۋۇتى، تىككۈچىلىك كارخانىسى، ئۇلىما تۇرقۇلما زاۋۇتى، ساتىراشخانا، تۇشقان فېرمىسى قۇرۇپ، شۇ يىلىلا 1700 يۈەن كىرىم قىلدى. بازارلىق 1 ـ مەكتەپمۇ بور زاۋۇتى قۇردى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» جەريانىدا ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، بولۇپمۇ يېزا مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە بەك كۆپ قاتنىشىپ كېتىپ، سىنىپتا دەرس ئۆتۈشكە سەل قارالغانلىقتىن، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش نەتىجىسى بىردەك تۆۋەنلەپ كەتتى. 1963 ـ يىلى، «پۈتۈن كۈنلۈك باشلانغۇچ مەكتەپلەر خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» (40 ماددا) ئېلان قىلىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇشنى ئاساس قىلىشى بەلگىلەندى، ئەمگەككە بەك كۆپ قاتنىشىش ئەھۋالى تۈزىتىلىپ، نورمال ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش تەرتىپى ئورنىتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، «ئوقۇتقۇچىلارنى دۈملەش»، «ئەقلىي تەربىيە بىرىنچى»، «ئاق، مۇتەخەسسىسلىشىش يولى» دېگەنلەر تەنقىد قىلىنىپ، «ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش» تەشەببۇس قىلىندى، نەتىجىدە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش، ئوقۇتۇش يۆنىلىشىدىن چەتنەپ كەتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش پەيدىنپەي نورمال ئىزغا چۈشتى. 1977 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە، ناھىيىدىكى مەكتەپلەر جەمئىي 203 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، 28 مىڭ يۈەن، 18 مىڭ كىلوگرام مايلىق دان ئېلىپ، 5800 يۈەن كىرىم قىلدى؛ باشقا نەرسىلەردىن 74 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئومۇمىي كىرىم 107 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. 1983 ـ يىلى ناھىيىدىكى مەكتەپلەر قۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 36 غا، تېرىلغۇ يەر 405 موغا يەتتى. 1975 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە، جەمئىي 189 مىڭ 786 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 26 مو يەردە (146 مىڭ تۈپ) كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. مۇشۇ جەريانىدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە يېڭىدىن 29 مەكتەپ سېلىندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 21 مىڭ 330 كۋادرات مېترغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۆزى سالغان مەكتەپ بىناسى كۆلىمى 6583 كۋادرات مېتر بولۇپ، دۆلەتكە 231 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىقتىساد قىلىپ بېرىلدى. 1974 ـ يىلى، ناھىيىدىن لاپچۇق مەكتىپىگە 10 مىڭ يۈەن پۇل بېرىلدى، بۇ، كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۈچ ـ تۆت سىنىپ سېلىشقىلا يېتەتتى. لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش دادۈيلىرىنىڭ ياردىمىدە، مەكتەپتىكى پۈتۈن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۆزى كېسەك قويۇپ، ئۆزى تىكىپ ئۆستۈرگەن تېرەكلەردىن پايدىلىنىپ، يازلىق تەتىل ۋاقتىدا 13 سىنىپ سالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ مەكتەپنى يىلمۇ يىل كېڭەيتىپ، ئاخىرى 700 دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى سىغىدىغان، ھەم باشلانغۇچ مەكتەپ، ھەم تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى بولغان مەكتەپكە ئايلاندۇردى. لاپچۇق مەكتىپىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش جەھەتتىكى نەتىجىسى، كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، 1983 ـ يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش يىغىنىدا تەقدىرلەندى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش يولغا قويۇلۇپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلاندى. بەزى مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتۇش خىراجىتى ئېلىشنى كېمەيتتى ياكى كەچۈرۈم قىلدى، بەزى مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز دەرسلىك بىلەن تەمىنلىدى، يەنە بەزى مەكتەپلەر تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ ـ پايپاق دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ياردەم بەردى.

### ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1983-يىللىق ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان جەدۋەل

جەدۋەل 18 — 5

| گۆڭشى نامى | مەكتەپ نامى | سىنىپ سانى: جەمئىي | سىنىپ سانى: بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر | ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | ئوقۇغۇچى سانى: بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر سانى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر سانى: بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر | ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش ئەھۋالى: ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەر سانى | ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش ئەھۋالى: مەكتەپكە كىرگەنلەر سانى | ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش ئەھۋالى: مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاشۋبلىق گۆڭشىسى | تاشۋبلىق ئوتتۇرا مەكتىپى | 10 | | 403 | | 37 | | | | |
| | تاشۋبلىق باشلانغۇچ مەكتىپى | 22 | | 616 | | 34 | | 584 | 561 | 96.1 |
| | خوتۇنتام باشلانغۇچ مەكتىپى | 10 | 10 | 235 | 235 | 20 | 20 | 180 | 148 | 82.2 |
| | قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 3 | 3 | 53 | 53 | 6 | 6 | | | |
| | چارۋىچىلىق فېرمىسى باشلانغۇچ مەكتىپى | 10 | 10 | 90 | 90 | 9 | 9 | 76 | 48 | 63.1 |
| | ئولاتاي باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | 5 | 63 | 63 | 11 | 11 | 46 | 44 | 95.6 |
| | قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 1 | 1 | 14 | 14 | 2 | 2 | | | |
| | ئەرگۈك باشلانغۇچ مەكتىپى | 11 | | 183 | | 18 | | 133 | 126 | 947 |
| | بەيسەن باشلانغۇچ مەكتىپى | 12 | | 228 | | 20 | | 216 | 214 | 99 |
| | ئاردىم باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | | 146 | | 7 | | 138 | 133 | 96.4 |
| | شوپۇل باشلانغۇچ مەكتىپى | 10 | 10 | 238 | 238 | 26 | 26 | 250 | 157 | 62.8 |
| | سۆجى كارىز باشلانغۇچ مەكتىپى | 4 | 3 | 55 | 48 | 9 | 8 | 51 | 41 | 80.4 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسى | بۇلـۇڭتـوغراق باشلانـغۇچ مەكتىپى | 5 | | 236 | | 12 | | | | |
| | قوشۇمچە باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى | 8 | | 267 | | 16 | | 218 | 213 | 97.7 |
| | گادادجىڭزى باشلانغۇچ مەكتىپى | 15 | | 486 | | 23 | | 397 | 393 | 99.0 |
| | قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 3 | | 112 | | 6 | | | | |
| | ئەرداۋچىلىك باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | | 151 | | 11 | | 128 | 123 | 96.1 |
| | سەنداۋچىلىك باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | | 123 | | 8 | | 120 | 113 | 94.2 |
| | ساۋۇلاق باشلانغۇچ مەكتىپى | 8 | 2 | 182 | 17 | 12 | 1 | 168 | 153 | 91.1 |
| پالۋانتۇر گۇڭشېسى | پالۋانتۇر ئوتتۇرا مەكتىپى | 18 | 6 | 817 | 258 | 69 | 23 | | | |
| | دۆربەجىن باشلانغۇچ مەكتىپى | 13 | 10 | 431 | 382 | 37 | 30 | 410 | 396 | 94.1 |
| | قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 3 | 3 | 134 | 134 | 8 | 8 | | | |
| | خۋاڭگۇك باشلانغۇچ مەكتىپى | 14 | 8 | 448 | 253 | 38 | 21 | 404 | 379 | 93.8 |
| | پالۋانتۇر باشلانغۇچ مەكتىپى | 10 | 5 | 284 | 113 | 28 | 13 | 258 | 255 | 98.8 |
| | چۈەنشۈي باشلانغۇچ مەكتىپى | 10 | | 341 | | 25 | | 305 | 300 | 98.3 |
| | قىزىليۇلغۇن باشلانغۇچ مەكتىپى | 8 | | 250 | | 21 | | 230 | 224 | 97.4 |
| | ياۋۇلۇك باشلانغۇچ مەكتىپى | 10 | | 219 | | 17 | | 203 | 199 | 98 |
| | لەڭگەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | 5 | 142 | 142 | 19 | 19 | 141 | 140 | 99.3 |
| | شىنجيەن باشلانغۇچ مەكتىپى | 3 | 3 | 55 | 55 | 3 | 3 | 38 | 38 | 100 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| راھەتباغ ئوتتۇرا مەكتىپى | 17 | 17 | 695 | 695 | 64 | 64 | | | |
| ئەلكىي باشلانغۇچ مەكتىپى | 3 | 3 | 68 | 68 | 6 | 6 | 63 | 63 | 100 |
| قاراتال باشلانغۇچ مەكتىپى | 7 | 7 | 140 | 140 | 16 | 16 | 133 | 127 | 95.4 |
| قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 3 | 3 | 92 | 92 | 8 | 8 | | | |
| دۆشتۇر باشلانغۇچ مەكتىپى | 6 | 6 | 165 | 165 | 15 | 15 | 149 | 146 | 98 |
| راھەتباغ باشلانغۇچ مەكتىپى | 17 | 15 | 627 | 594 | 48 | 43 | 621 | 584 | 94 |
| شامال چاھارباغ باشلانغۇچ مەكتىپى | 9 | 5 | 193 | 105 | 32 | 22 | 168 | 166 | 98.8 |
| بوغاز ئوتتۇرا مەكتىپى | 4 | | 135 | | 8 | | | | |
| قوشۇمچە باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى | 3 | | 79 | | 3 | | 56 | 54 | 96.4 |
| [illegible]پتال باشلانغۇچ مەكتىپى | 6 | | 17 | | 12 | | 145 | 138 | 95.2 |
| بوغاز باشلانغۇچ مەكتىپى | 4 | 4 | 123 | 123 | 11 | 11 | 89 | 87 | 97.8 |
| قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 1 | 1 | 25 | 25 | 5 | 5 | | | |
| خۇكسەن باشلانغۇچ مەكتىپى | 9 | | 244 | | 7 | | 191 | 191 | 100 |
| [illegible]ستانە ئوتتۇرا مەكتىپى | 14 | 8 | 644 | 339 | 45 | 26 | | | |
| [illegible]ستانە باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | 5 | 120 | 120 | 13 | 13 | 110 | 108 | 98.2 |
| [illegible]لتىق باشلانغۇچ مەكتىپى | 8 | 3 | 195 | 52 | 17 | 11 | 150 | 142 | 94.6 |
| ئوردا كارىز باشلانغۇچ مەكتىپى | 10 | 3 | 375 | 155 | 19 | 12 | 304 | 298 | 98 |
| [illegible]كىسلا باشلانغۇچ مەكتىپى | 6 | | 104 | | 10 | | 168 | 167 | 99.4 |
| [illegible]ۇزداغا باشلانغۇچ مەكتىپى | 9 | 5 | 155 | 88 | 17 | 12 | 124 | 124 | 100 |
| [illegible]ۇشتەكەن باشلانغۇچ مەكتىپى | 12 | 5 | 359 | 92 | 35 | 16 | 326 | 314 | 96.3 |
| قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 4 | 1 | 123 | 11 | 10 | 2 | | | |
| لوقتىلىق باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | 2 | 115 | 47 | 10 | 6 | 93 | 90 | 96.8 |
| تۆگەقارنى باشلانغۇچ مەكتىپى | 9 | 4 | 244 | 96 | 15 | 9 | 181 | 181 | 100 |
| چەشقانچە باشلانغۇچ مەكتىپى | 7 | 2 | 171 | 30 | 14 | 9 | 156 | 143 | 92 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قارادۆۋە گۇڭشېسى | قارادۆۋە ئوتتۇرا مەكتىپى | 9 | 9 | 348 | 348 | 31 | 31 | | | |
| | قارادۆۋە باشلانغۇچ مەكتىپى | 18 | 18 | 635 | 635 | 31 | 31 | 507 | 480 | 94.6 |
| | لاپچۇق باشلانغۇچ مەكتىپى | 9 | 9 | 352 | 352 | 27 | 27 | 322 | 304 | 94.4 |
| | قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 6 | 6 | 200 | 200 | 18 | 18 | | | |
| | ئالتۇر باشلانغۇچ مەكتىپى | 8 | | 264 | | 10 | | 219 | 219 | 100 |
| | قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 3 | | 144 | | 4 | | | | |
| | سۇ ئامبىرى باشلانغۇچ مەكتىپى | 4 | | 82 | | 5 | | 78 | 77 | 98.7 |
| | ئاقتېرەك باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | 3 | 54 | 28 | 7 | 6 | 57 | 54 | 94.7 |
| | ئەللىك باشلانغۇچ مەكتىپى | 3 | 2 | 24 | 24 | 8 | 2 | 20 | 20 | 100 |
| | تۆكمەنبويى باشلانغۇچ مەكتىپى | 4 | 3 | 96 | 87 | 9 | 8 | 46 | 42 | 91.3 |
| ئىلانشان (قىزىلىيار) گۇڭشېسى | قوراي ئوتتۇرا مەكتىپى | 3 | 3 | 68 | 68 | 10 | 10 | | | |
| | قوشۇمچە باشلانغۇچ مەكتىپى | 11 | 11 | 222 | 222 | 20 | 20 | 265 | 213 | 80.4 |
| | ...زىيتى باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | 5 | 73 | 73 | 4 | 4 | 88 | 71 | 80.7 |
| | ئۆدۈرتى باشلانغۇچ مەكتىپى | 10 | 10 | 173 | 173 | 13 | 13 | 162 | 143 | 91.4 |
| | ...رناسى باشلانغۇچ مەكتىپى | 7 | 7 | 114 | 114 | 10 | 10 | 120 | 114 | 95 |
| | ئېدىر باشلانغۇچ مەكتىپى | 11 | 11 | 174 | 174 | 12 | 12 | 191 | 158 | 82.7 |
| | قىزۇق ئېغىزى باشلانغۇچ مەكتىپى | 4 | | 87 | | 12 | | 75 | 69 | 92 |
| | ئاقتاش باشلانغۇچ مەكتىپى | 12 | 12 | 148 | 148 | 9 | 9 | 147 | 132 | 89.8 |
| | قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 2 | 2 | 24 | 24 | 4 | 4 | | | |
| | نېردىن باشلانغۇچ مەكتىپى | 9 | 8 | 147 | 159 | 20 | 19 | 160 | 160 | 100 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەرىبىي تاغ (قۇرۇلۇق) كۆكتېپىسى | داۋاگىزول ئوتتۇرا مەكتىپى | 4 | 4 | 60 | 60 | 4 | 4 | | | |
| | قوشۇمچە باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى | 10 | 10 | 179 | 179 | 10 | 10 | 190 | 146 | 76.8 |
| | سەكرا ئوتتۇرا مەكتىپى | 2 | 2 | 61 | 61 | 5 | 5 | | | |
| | قوشۇمچە باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى | 9 | 7 | 146 | 126 | 12 | 9 | 146 | 128 | 87.7 |
| | تاراتى باشلانغۇچ مەكتىپى | 8 | 8 | 131 | 131 | 13 | 13 | 135 | 124 | 91.8 |
| | بەكمنغول باشلانغۇچ مەكتىپى | 8 | 7 | 127 | 113 | 10 | 9 | 111 | 103 | 92.8 |
| | قىزلىق باشلانغۇچ مەكتىپى | 9 | 9 | 134 | 134 | 15 | 15 | 133 | 121 | 90.9 |
| | يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى پونكىتى باشلانغۇچ مەكتىپى | 5 | 5 | 76 | 76 | 6 | 6 | 50 | 50 | 100 |
| | قىيىلزق چارۋىچىلىق تېرمىسى باشلانغۇچ مەكتىپى | 10 | 8 | 131 | 115 | 11 | 10 | | | |
| | شەھەر ئىچى گىزگىشي شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپى | 24 | 24 | 938 | 938 | 59 | 59 | 894 | 887 | 99.2 |
| يەتتە قىزدۇق كۆكتېپىسى | يەتتەقىزدۇق باشلانغۇچ مەكتىپى | 4 | | 55 | | 8 | | 55 | 55 | 100 |
| | قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى | 2 | | 29 | | 4 | | | | |
| ئاھمىيەتكە قارىتىلغانلار | ئاھمىيىلىك كۆمۈركان باشلانغۇچ مەكتىپى | 7 | 3 | 199 | 61 | 11 | 4 | 145 | 145 | 100 |
| | قىزىلبۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتىپى | 17 | | 797 | | 69 | | | | |
| | قىزىلبۇلتۇز باشلانغۇچ مەكتىپى | 12 | | 447 | | 39 | | 354 | 354 | 100 |
| | ئاھمىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپى | 2 | 1 | 81 | 45 | 32 | 15 | | | |

# II باب چوڭلار مائارىپى

## § 1. دېھقانلار مائارىپى

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىجتىمائىي مائارىپ بۆلۈمى شەھەردە ۋە يېزىلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، قىشتا ساۋات چىقىرىشنى ئاساس قىلغان ساۋاتسىزلىقنى يويۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە تۇنجى دائىملىق خەلق مەكتىپىنى قۇرغان. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) پۈتۈن ناھىيىدە ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى خەلق مەكتىپىدىن بەشى قۇرۇلغان، بۇلاردا توققۇز سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىسى 189 غا يەتكەن؛ ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى خەلق مەكتىپىدىن ئونى قۇرۇلۇپ، 11 سىنىپ تەسىس قىلىنغان، ئوقۇغۇچىسى 254 كە يەتكەن. «ئاممىۋى ئېلىپبە» دەرسلىك سۈپىتىدە قوللىنىلغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تۈزۈپ چىققان «باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەلق مائارىپىنى قوشۇمچە يولغا قويۇش چارىسى» گە ئاساسەن، خەلق مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن «كىچىك ئوقۇتقۇچى» تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىلىرىغا ۋە قولۇم-قوشنىلىرىغا ئېلىپبە ئۆگىتىشكە سەپەرۋەر قىلىنغان. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ناھىيە بويىچە 250 ئادەم ساۋات چىقارغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى يېزىلاردا ۋە شەھەردە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى ئېچىلدى. 1951 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى؛ شەھەر مەھەللىلىرىدە ۋە يېزىلارنىڭ ھەرقايسى رايون-كەنتلىرىدە مەكتەپ، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، ئاساسىي قاتلام قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتى كومىتېتلىرى تەشكىل قىلىندى. خەنزۇ، خۇيزۇلارنىڭ ساۋات چىقىرىش ئۆلچىمى 1500 دىن 3000 گىچە خەنزۇچە خەتنى ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان بولۇش؛ ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىنىڭ ساۋات چىقىرىش ئۆلچىمى ئۇيغۇرچە، قازاقچە خەتنى ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان بولۇش دەپ بەلگىلەندى. يېزىلاردا «دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا كۆپرەك ئۆگىنىش، ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا ئازراق ئۆگىنىش، جىددىي ۋاقىتلىرىدا ئۆگىنىشنى توختىتىپ تۇرۇش» دېگەن ئوقۇتۇش پرىنسىپى قوللىنىلىپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ياكى مەكتەپ مەركەز قىلىنغان ھالدا ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلدى. شەھەردە مەھەللە ۋە كەسپلەر بويىچە ئۆگىنىش ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئوقۇتقۇچىلىقنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈستىگە

ئالدى. دەرسلىك ئۈچۈن «دېھقانلار ساۋات چىقىرىش دەرسلىكى» (1 ـ قىسمىدىن 4 ـ قىسمىغىچە) قوللىنىلدى. ئوقۇغۇچىلار ساۋات چىقارغاندىن كېيىن، دائىملىق خەلق مەكتىپىدە ئوقۇشقا تەشكىللەندى. مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئۈچ نەپەر ئىشچى ـ دېھقانلار مائارىپى مەخسۇس كادىرىنى بېكىتتى، ھەر يىلى قىش كېلىشتىن بۇرۇن قىشلىق ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ئوقۇتقۇ ـ

**1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە بولغان قىشلىق ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى ۋە دائىملىق خەلق مەكتەپلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

جەدۋەل 18 ـ 6

| يىل | قىشلىق ساۋات چىقىرىش | | خەلق مەكتىپى | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|
| | سىنىپ سانى | ئادەم سانى | سىنىپ سانى | ئادەم سانى | |
| 1950 | 55 | 1632 | 11 | 400 | |
| 1951 | 159 | 7836 | 24 | 1360 | |
| 1952 | 241 | 9475 | 19 | 553 | |

چىلىرى كۇرسى ئېچىلدى ھەم ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ئاكتىپلىرى يىغىنى چاقىرىلدى.

1953 ـ يىلى «تېز ساۋات چىقىرىش ئۇسۇلى» كېڭەيتىلىپ، يېڭىشەھەردە بىردىنچى قارار تېز ساۋات چىقىرىش سىنىپى ئېچىلدى، بۇنىڭ مۇددىتى بىر ئايلىق بولۇپ، ئۆگىنىشكە 40 تىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى. 1954 ـ يىلى ئەتىيازدا، كوناشەھەردىكى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككىنچى قارارلىق تېز ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئېچىلدى. بۇنىڭ ۋاقتىمۇ بىر ئاي بولۇپ، 40 تىن ئارتۇق كىشى ئوقۇدى. ئوقۇشقا قاتناشقانلار ئېمۇمەن 1500 دىن 1700 گىچە خەنزۇچە خەت ئۆگىنىۋالغان، ئەڭ كۆپ دېگەنلىرى 3000 دەك خەنزۇچە خەت ئۆگىنىۋالدى.

يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 1955 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە ناھىيىدە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، بىر قارار قىشلىق ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ۋە بىر قارار خەلق مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى؛ باشلانغۇچ كوپېراتىپ ۋە ئالىي كوپېراتىپلار ئاساس قىلىنىپ، دائىملىق خەلق مەكتىپىدىن 42 سى، ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىن 53 ى تەشكىل قىلىنىپ، 2589 دېھقان ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1957 ـ يىلى ناھىيىلىك ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەي ـ

www.uyghurkitap.com

ىمىتى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىرلىكتە تارقاتقان «1957 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە ساۋاتسىزلىقنى يويۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» قا ئاساسەن، قىشلىق ساۋات چىقىرىش مەكتىپى ۋە خەلق مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 63 كىشى تەربىيىلەپ چىقىلىپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنى بىرلىك ئىلغان قىشلىق ساۋات چىقىرىش كۇرسى ۋە دائىملىق خەلق مەكتەپلىرى ئېچىلدى.

مۇشۇنداق بىرنەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، ساۋاتسىزلىقنى يويۇش خىزمىتى مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشتى. 1958 - يىلى ناھىيە بويىچە، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ساۋاتسىزلىق تۈگىتىلگەن كەنت ــ ئاراتام كەنتى بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا كەلدى.

ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مائارىپقا قىلغان ئوسقۇنلۇقى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، يېڭى ساۋاتسىزلىق مەيدانغا كەلدى. ساۋاتسىزلىقنى تېز يويۇش ئۈچۈن، ناھىيىدە مۇناسىپ ئاپپاراتلار قۇرۇلدى. 1977 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپى گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، بۇنىڭغا بىر نەپەر مەخسۇس كادىر قويدى. 1981 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپى گۇرۇپپىسى دېھقان ـ چارۋىچىلار مائارىپى ئىشخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 6 - ئايدا، ناھىيىلىك سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1982 - يىلى دېھقان ـ چارۋىچىلار مائارىپى ئىشخانىسى بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى ئىشخانىسى قوشۇۋېتىلىپ، قومۇل ناھىيىلىك ئىشچى ـ دېھقانلار مائارىپى ئىشخانىسى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭغا سەككىز نەپەر مەخسۇس كادىر قويۇلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ناھىيىدە يەنە ئىشچى ـ دېھقانلار مائارىپى كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى گۇڭشېلاردىمۇ ئىشچى ـ دېھقانلار مائارىپى كومىتېتلىرى قۇرۇلدى. دادۈيلەردە دېھقان ـ چارۋىچىلار مائارىپىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، گۇڭشېلاردا بۇنىڭغا چوڭلار مائارىپى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلار قويۇلدى.

ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى، ئاساسەن، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى ۋە كەچ كۇرسلىرىنى ئېچىش، خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئۆگىنىش سىنىپلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. 1983 - يىلىدىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، پالۋانتۇر، غەربىي تاغ، قارادۆۋە، راھەتباغ، شەھەر ئىچىدىن ئىبارەت بەش گۇڭشې ساۋاتسىزلىق تۈگىتىلگەن گۇڭشې، 50 دادۈي ساۋاتسىزلىق تۈگىتىلگەن دادۈي بولۇپ قالدى. 11 مىڭ 620 دېھقان ـ چارۋىچى ئائىلىسى «ساۋاتلىق شەرەپ گۇۋاھنامىسى» غا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى ساۋاتسىز ياش، ئوتتۇرا ياش دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سانى 1981 - يىلىدىكى 6348 كىشىدىن ئازىيىپ 1984 - يىلى 4800 كىشىگە چۈشتى. ساۋات چىقىرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرس پىششىقلاش سىنىپلىرىدا ھەم يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى

سىنىپلىرىدا ئوقۇشقا ئويۇشتۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئۆگىنىشكە قاتناشقانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 8470 كىشىگە يەتتى.

## §2. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى

1955 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى بىلىم سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغان 100 دىن ئوشۇق ئىدارە كادىرىنى باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىغا ئايرىپ، ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويدى. 1957 ـ يىلى بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ، سىنىپى بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى كادىرلار مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلدى.

1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 22 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلار توققۇز نەپەر (ئالتىسى خەنزۇ، ئۈچى ئۇيغۇر). بۇ مەكتەپكە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، خىزمەتتىن تولۇق ئايرىلىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىنى پىششىقلاش سىنىپىغا ئىككى قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بىرىنچى قاراردا، خەنزۇلاردىن ئىككى سىنىپ، ئۇيغۇرلاردىن بىر سىنىپ ئېچىلىپ، جەمئىي 95 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئۇلار 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈردى؛ ئىككىنچى قاراردا، خەنزۇلاردىن ئىككى سىنىپ، ئۇيغۇرلاردىن بىر سىنىپ ئېچىلىپ، جەمئىي 90 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئۇلار 1984 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈردى. 1983 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى مەكتىپى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ چوڭلار مائارىپى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

# III باب ئوقۇتقۇچىلار

## §1. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، قۇمۇلدا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى كەم ئىدى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) دىن كېيىن، ئۆلكىلىك ئورۇمچى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار داۋاملىق تۈردە قۇمۇلغا تەقسىم قىلىنغان، بۇنىڭ بىلەن، قۇمۇلدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتى مەلۇم دەرىجىدە ئۆسكەن. مىنگونىڭ 28 ـ يىلىدىن 29 ـ يىلىغىچە (1939 ـ 1940) قۇمۇلنىڭ مائارىپ ئىشلىرى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان مەزگىلدە،

مائارىپنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يازلىق تەتىلدە ئۇدا ئىككى قارار ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، ھەر مىللەتتىن بىر تۈركۈم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشتۈرۈلگەن. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) دىن كېيىن، ئۆلكىلىك قۇمۇل باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئۈچ تۈركۈم ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تولۇقلاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى 135 نەپەر ئوقۇتقۇچى خىزمەتتە قالدۇرۇلۇپ، داۋاملىق ئىشقا سېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز زورىيىپ باردى. 1950 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 158 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى، 1956 ـ يىلغا كەلگەندە كۆپىيىپ 211 نەپەرگە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئوقۇتقۇچىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، بىر قىسىم تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدىن يۆتكىۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. 1977 ـ يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە، داشۆنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر 19.3 پىرسەنتنى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە داشۆنىڭ مەخسۇس كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر 0.65 پىرسەنتنى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە مەخسۇس دارىلمۇئەللىمىن ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر 56.9 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قوشۇلغانلار ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 1979 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، خەلق باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىككى تۈركۈم جەمئىي 340 نەپەر كىشى ھۆكۈمەت باشقۇرغان مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا ئۆزگەرتىلدى. مۇشۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلدى. 1983 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 1074 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار 940 نەپەر، مەخسۇس دارىلمۇئەللىمىن ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 531 نەپەرگە يەتتى، بۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 56.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 571 كىشىنى تەشكىل قىلدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 459 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار 354 كىشىگە، ئالىي تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 34 كىشىگە يېتىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سانى 206 كىشىگە يەتتى.

## §2. ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش

پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ بىلىم ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1978 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بۆلۈمى قۇرۇلدى،

بۆلۈمدە توققۇز نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ بەش نەپىرى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئىككى قارار ئېچىلدى، ھەربىر قارار كۇرسنىڭ ۋاقتى ئۈچ ئاي بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار ئۈچ سىنىپ، 86 ئادەم؛ ئۇيغۇرلار ئىككى سىنىپ، 74 ئادەم. 1979 ـ يىل 3 ـ ئايدا، سابىق ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بۆلۈمى ئاساسىدا قىزىل ئامبىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ 36 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالغىنى 18 نەپەر (ئۇيغۇر ئون، خەنزۇ سەككىز). مەكتەپتە تىلىم ـ تەربىيە باشقارمىسى، كافىدرا، كۇتۇپخانا ھەمدە تەجرىبىخانا قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە 250 كىشىلىك ياتاق، ئاشخانا راسلاندى. ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلۇپ 1983 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي بەش قارار ئوقۇتقۇچى بىلىم ئاشۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 11 سىنىپ، 320 كىشى، ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار توققۇز سىنىپ، 337 كىشى تەربىيىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يەتتە قارار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، 662 ئوقۇتقۇچى بىلىم ئاشۇردى. بۇنىڭدىن باشقا تەتىل ۋاقتىدا ئىككى قارار نۆۋەتلىك كۇرس ئېچىلدى.

**ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخى ستاتىستىكا جەدۋىلى**

جەدۋەل 18 — 7

| يىل | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى: جەمئىي | ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر | ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر ھەممە ئاساسىي كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرستا ئوقۇغانلار | تېخنىكۇم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى: جەمئىي | ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر | ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر ھەممە ئاساسىي كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرستا ئوقۇغانلار | تېخنىكۇم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 360 | 9 | 6 | 345 | 62 | 25 | 4 | 33 |
| 1979 | 307 | 13 | 3 | 291 | 68 | 33 | 7 | 28 |
| 1980 | 306 | 14 | 2 | 290 | 87 | 28 | 14 | 45 |
| 1981 | 304 | 2 | 4 | 298 | 96 | 19 | 13 | 64 |
| 1982 | 306 | 3 | 8 | 295 | 38 | 19 | 11 | 58 |
| 1983 | 265 | 4 | | 261 | 89 | 18 | 12 | 59 |

باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 18 — 8

| يىل | جەمئىي | ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە پۈتتۈرمىگەنلەر | ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر | ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەنلەر ھەم باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر | باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەنلەر ھەم ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەنلەر |
|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 1724 | 1 | 375 | 65 | 283 |
| 1979 | 650 | 1 | 329 | 257 | 63 |
| 1980 | 688 | 1 | 360 | 292 | 35 |
| 1981 | 866 | | 493 | 276 | 97 |
| 1982 | 922 | | 530 | 287 | 105 |
| 1983 | 940 | | 531 | 279 | 130 |

# IV باب خىراجەت، مەكتەپ ئۆيلىرى ۋە ئۈسكۈنىلەر

## §1. خىراجەت

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مەكتەپ خىراجىتى، ئاساسەن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن، يەتمىگەن قىسمىنى يەرلىك ئورۇنلار تولدۇرۇپ بەرگەن. ۋاڭ ئورىدىسى ئىختىيارىدىكى مەدرىس ۋە مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى ئوردىدىن بېرىلگەن. قومۇل ۋاڭى، خانىنىڭ تارانچى كۆمۈركانىدىن بىر ھارۋا كۆمۈر ئېلىنسا، ئۇنىڭدىن ئۈچ مىسقال كۆمۈچ پۇل باج ئېلىنىپ، مەكتەپ خىراجىتى قىلىندۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقارغان. شۇنىڭدەك يىللىرىدا يەنە داخۋا مەكتەپ خىراجىتىنى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىۋالغانىدى.

مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى) دىكى ئارخىپقا قارىغاندا، پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە پەقەت بازار، سەيخۇمياۋ، تاشۋىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ جايدىلا مەكتەپ بار ئىدى. ئۈچ مەكتەپ مۇدىرى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. مەخسۇس بىرلا ئوقۇتقۇچى، ئۈچ ئىشچى بولغانىدى. ئايلىق خىراجەت 254 تەڭگە ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئايلىق مائاشىغا 43.2 تەڭگە، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايلىق مائاشىغا 37.44 تەڭگە، ئىشچىنىڭ ئايلىق مائاشىغا 8.64 تەڭگە بېرىلەتتى، ھەر ئايلىق ئۇششاق ـ چۈششەك خىراجەتلەر ئۈچۈن 61.5

تەڭگە سەرپ قىلىناتتى.

مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) سىياسىي ۋەزىيەت تەدرىجىي مۇقىملىشىپ، مائارىپ ئىشلىرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان. ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ

**ئۆتكەنكى يىللاردا مائارىپ خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل 18 ـــ 9

| يىل | مائارىپ خىراجىتى | يىل | مائارىپ خىراجىتى |
|---|---|---|---|
| 1954 | 147 مىڭ يۈەن | 1969 | 355 مىڭ يۈەن |
| 1955 | | 1970 | 343 مىڭ يۈەن |
| 1956 | 147 مىڭ يۈەن | 1971 | 442 مىڭ يۈەن |
| 1957 | 174 مىڭ يۈەن | 1972 | 543 مىڭ يۈەن |
| 1958 | 162 مىڭ يۈەن | 1973 | 645 مىڭ يۈەن |
| 1959 | 233 مىڭ يۈەن | 1974 | 786 مىڭ يۈەن |
| 1960 | 180 مىڭ يۈەن | 1975 | 968 مىڭ يۈەن |
| 1961 | 141 مىڭ يۈەن | 1976 | 1 مىليون 56 مىڭ يۈەن |
| 1962 | 238 مىڭ يۈەن | 1977 | 1 مىليون 40 مىڭ يۈەن |
| 1963 | 325 مىڭ يۈەن | 1978 | 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن |
| 1964 | 483 مىڭ يۈەن | 1979 | 1 مىليون 545 مىڭ يۈەن |
| 1965 | 414 مىڭ يۈەن | 1980 | 1 مىليون 910 مىڭ يۈەن |
| 1966 | 476 مىڭ يۈەن | 1981 | 1 مىليون 840 مىڭ يۈەن |
| 1967 | 535 مىڭ يۈەن | 1982 | 2 مىليون 453 مىڭ يۈەن |
| 1968 | | 1983 | 2 مىليون 822 مىڭ يۈەن |

www.uyghurkitap.com

خىراجىتى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىدىن ئايمۇ ئاي بېرىلىدىغان بولغان. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ئۈرۈمچى ئۇيۇشما قارىمىقىدا ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان، بۇ مەكتەپنىڭ خىراجىتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن خەنزۇ ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالغان. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) دىن كېيىن، مال باھاسى ئۇچقاندەك تېز ئۆرلەپ، قەغەز پۇل پاخاللىشىپ كەتكەن، ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مائاش ئۈچۈن ماددىي نەرسىلەر (ئۇن، ئاشلىق) بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى كۆپ ھاللاردا تارقىتىپ بېرەلمىگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپ تەرەققىياتى تېز بولدى، دۆلەت مائارىپ خىراجىتىنى يىلمۇ ـ يىل كۆپەيتىپ بەردى. 1954 ـ يىلى 147 مىڭ يۈەن، 1965 ـ يىلى 414 مىڭ يۈەن، 1983 ـ يىلى 2 مىليون 822 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. 1983 ـ يىلدىكى مائارىپ خىراجىتى 1954 ـ يىلدىكىسىدىن 18 ھەسسە كۆپەيدى.

## §2. مەكتەپ ئۆيلىرى

مىنگو مەزگىلىدە، ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، مائارىپ خىراجىتى ناھايىتى قىس بولغان. بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە سېلىنغان ۋە رېمونت قىلىنغان مەكتەپ ئۆيلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، مەكتەپ ئېھتىياجىغا پەقەت يېتىشمىگەن ھەتتا كونىراپ ھالى قالمىغان. مەكتەپلەر كۆپىنچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن قالغان كونا مەكتەپ ئۆيلىرى ياكى ئىبادەتخانە، كونا ئۇيۇشما بىناسى، مەسچىت، بۇتخانا قاتارلىق ئورۇنلارنى ئاز ـ تولا رېمونت قىلىپ ئەپلەپ ـ سەپلەپ پايدىلانغان. ئايرىم مەكتەپلەر يەرلىك خەلقنىڭ ئىئانە توپلىشى بىلەن سېلىنغان. بۇ مەكتەپلەرنىڭ بىرنەچچە ئېغىزلا ئۆيى بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن زور بولدى. 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يۇقىرىدىن پۇل ئايرىپ بېرىش، رايون، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر ئاممىنى كۈچ چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلىش يولى بىلەن بىر تۈركۈم مەكتەپ ئۆيلىرىنى سالدۇردى. 1958 ـ يىلى خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يۇقىرىدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش دادۈيلىرى ئەمگەك كۈچى ۋە ماتېرىيال چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن، قىسمەن دادۈيلەردە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە گوڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇردى. 1975 ـ يىلدىن باشلاپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھەر يىلى ئۆز خىراجىتىدىن 40 — 50 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، يېزا ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى سالدۇردى ۋە رېمونت قىلدۇردى. ئىشلەپچىقىرىش دادۈيلىرى بولسا، قىسمەن ئەمگەك كۈچى ۋە ماتېرىيال چىقىرىش،

جەدۋەل 18 — 10

**ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ بىرقانچە يىللىق ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

| يىل | ئىشلىگەن [illegible] يەر كۆلىمى (مو) | قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | سىنىپ | | ئىشخانا | | ئىشچى – خىزمەتچىلەر ياتىقى | | ئوقۇغۇچىلار ياتىقى | | تەجرىبىخانا | | ئاشخانا قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | باشقىلار | | خەتەرلىك ئۆيلەر كۆلىمى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى |
| 1974 | — | 11485 | 8392 | 163 | 591 | 12 | 1096 | 38 | 742 | 21 | 69 | 3 | — | 595 | 19 | — | — |
| 1976 | — | 8900.3 | 4246.2 | 85 | 1120.8 | 29 | 1758.5 | 76 | 946 | 26 | 116.4 | 4 | — | 714.5 | 32 | — | — |
| 1977 | — | 13871.4 | 8283 | 155 | 863.5 | 27 | 3267.4 | 128 | 619 | 26 | 186 | 4 | — | 652.5 | 26 | — | — |
| 1978 | — | 21921.5 | 9308 | 164 | 2181 | 58 | 7854 | 269 | 958 | 88 | 540.5 | 10 | — | — | — | 6360 | — |
| 1979 | — | 25963.83 | 12367.8 | 213 | 2739 | 77 | 8515 | 288 | 1544 | 56 | 798 | 15 | — | — | — | — | — |
| 1980 | 461 | 20576 | 8920 | 132 | 3346 | 80 | 4507 | 186 | 2402 | 69 | 510 | 10 | — | 891 | 25 | — | — |
| 1981 | 446 | 21257.4 | 9148.7 | — | 2698 | — | 4798 | — | 2073 | — | 604 | — | 774 | 1162 | — | 1686 | — |
| 1982 | 435 | 25700.5 | 9961.5 | — | 2667 | — | 6226 | — | 3202 | — | 502 | — | 778 | 1424 | — | 1568 | — |
| 1983 | 532 | 29768 | 8138 | — | 3346 | — | 12647 | — | 2622 | — | 1161 | — | 1258 | 596 | — | 2900 | — |

باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ بىرقانچە يىللىق ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 18 — 11

| يىل | ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى (مو) | قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | سىنىپ | | ئىشخانا | | ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى | | ئوقۇغۇچىلار ياتىقى | | قازانخانا قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | باشقىلار | | خەتەرلىك ئۆيلەر كۆلىمى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئېغىز سانى |
| 1974 | — | 27827 | 17878 | 405 | 2094 | 79 | 4658 | 216 | — | — | — | 3197 | 61 | — | — |
| 1977 | — | 37154 | 25458 | 571 | 2640 | 110 | 6478 | 277 | 435 | 17 | — | 1143 | 45 | — | — |
| 1978 | — | 43001.8 | 30093.8 | 608 | 4358 | 128 | 4984 | 319 | 322 | 12 | — | — | — | 9600 | — |
| 1979 | — | 42337.5 | 29836 | 595 | 4488 | 139 | 7946.5 | 334 | 67 | 3 | — | — | — | — | — |
| 1980 | 942.1 | 40341 | 26502 | 586 | 3917 | 122 | 7447 | 322 | 506 | 22 | — | 2049 | 71 | — | — |
| 1981 | 801.1 | 38075 | 25897.5 | — | 3430 | — | 6652 | — | 160 | — | 254 | 1681.5 | — | 1978 | — |
| 1982 | 772.2 | 41887.8 | 28400.3 | — | 4107.5 | — | 6932 | — | 272 | — | 199 | 1977 | — | 2291 | — |
| 1983 | 975 | 46616 | 29121 | — | 5201 | — | 8320 | — | 160 | — | 418 | 3396 | — | 14799 | — |

مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار يازلىق تەتىل ۋاقتىدا كېسەك قۇيۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 1980 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي 20 ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ يېڭىدىن سېلىندى. 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 210 مىڭ يۈەن پۇل بەردى. 1981 ـ يىلى مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن 70 مىڭ يۈەن پۇل بەردى. 1981 ـ يىلدىن بۇرۇن يېزىلاردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ياغاچ، كېسەكتىن ئىبارەت ئىدى، 1982 ـ يىلدىن باشلاپ پىششىق خىش، سېمونت قۇرۇلمىلىق چىداملىق مەكتەپ ئۆيلىرى سېلىنىشقا باشلىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 280 مىڭ يۈەن، 1983 ـ يىلى يەنە 1 مىليون 40 مىڭ يۈەن پۇل بېرىلىپ، 6389 كۋادرات مېترلىق پىششىق خىش، سېمونت قۇرۇلمىلىق مەكتەپ ئۆيلىرى بىنا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرى 2772 كۋادرات مېتر، ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆيلىرى 3617 كۋادرات مېتر. 1983 ـ يىلى يېزىلاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 355 مىڭ كۋادرات مېترغا، قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 650 مىڭ كۋادرات مېترغا، قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 47 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى.

## 3§. ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى

**1. كۇتۇپخانا**

1958 ـ ۋە 1962 ـ يىللىرى پالۋانتۇر ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن ئاستانە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۇتۇپخانا قۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى سەككىز گۆكشى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ۋە مىللىي ـ خەنزۇ بىرلەشمە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە كۇتۇپخانا تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى مەكتەپلەردە تەخمىنەن 8000 پارچە كىتاب ساقلاندى.

**2. تەجرىبىخانا**

1974 ـ يىلى پالۋانتۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1978 ـ يىلى دۆربەجىن (غولئېرىق) ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1983 ـ يىلى راھەتباغ ئوتتۇرا مەكتىپىدە، تاشۋېلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە، ئاستانە ئوتتۇرا مەكتىپىدە، لاپچۇق مەكتىپىدە، قارادۆۋە ئوتتۇرا مەكتىپىدە، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپىدە فىزىكا ۋە خىمىيە تەجرىبىخانىلىرى تەسىس قىلىندى.

**3. ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش سايمانلىرى**

1977 ـ يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پروېكسىيە ئاپپاراتى، ئۈنئالغۇ سېتىۋالدى. 1980 ـ يىلى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر دانە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور سېتىۋالدى. 1983 ـ

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 1983 - يىللىق ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 18 — 12

| نامى | سانى | نامى | سانى |
|---|---|---|---|
| پارتا - ئورۇندۇق | 11000 يۈرۈش | تېلېۋىزور | 6 دانە |
| دوسكا | 693 دانە | رادىئو قوبۇللىغۇچ | 75 دانە |
| ئىش ئۈستىلى | 512 دانە | ئۈنئالغۇ | 75 دانە |
| ئىش ئورۇندۇقى | 839 دانە | يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور | 1 دانە |
| فىسگارمون | 6 دانە | ئاۋاز چوڭايتقۇچ | 25 دانە |
| چالغۇ ئەسۋابلىرى | 120 دانە | ئېلېكترلىك فاتىفون | 25 دانە |
| ئۆلچەش سايمانلىرى | 10000 دانە | كىنو ئاپپاراتى | 5 دانە |
| كىتاب | 8000 پارچە | پروييېكسىيە ئاپپاراتى | 75 دانە |
| شاپىگراف | 70 دانە | كىگىز ئۆي (ئاق ئۆي) | 7 دانە |
| كىتاب ئىشكاپى | 140 دانە | يۈك ئاپتوموبىلى | 1 دانە |
| تېلېفون ئاپپاراتى | 3 دانە | تراكتور | 2 دانە |
| تەنتەربىيە سايمانلىرى | 250 دانە | ۋېلىسىپىت | 4 دانە |
| فوتو ئاپپاراتى | 20 دانە | چوڭ ماشىنا | 4 دانە |
| | | ئات | 38 دانە |

يىلى شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپى، راھەتباغ ئوتتۇرا مەكتىپى، ئاستانە ئوتتۇرا مەكتىپى، لاپچۇق مەكتىپى، قارادۆۋە ئوتتۇرا مەكتىپى 24 دىيوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور سېتىۋالدى.

**4. تەنتەربىيە سايمانلىرى**

ھەرقايسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بىر جۈپتىن ۋاستىكىتبول گارى ئور-

نەتىلدى، 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار مەكتەپلەردە ئىككى جۈپتىن ۋاسكىتبول گارى ئورنىتىلدى. كۆپ سانلىق مەكتەپلەردە يالاڭ تورنىك، قوش تورنىك، ياغاچ ئات، سەنىياڭ ھەمدە باشقا تەنتەربىيە سايمانلىرى بار بولدى.

5. پارتا ـ ئورۇندۇق

مىنگو مەزگىلىدە، مەكتەپلەرنىڭ ئوسكۈنىلىرى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، شارائىتى بىرقەدەر ياخشى بولغان مەكتەپلەردە ئۈچ، تۆت ئوقۇغۇچى بىر پارتىدا قىستىلىپ ئولتۇرغان، شارائىتى بىرقەدەر ناچار بولغان يېزا مەكتەپلىرىدە بولسا كېسەك، لايدىن ياسالغان پارتا ـ ئورۇندۇقلار ئىشلىتىلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى دېگۈدەك پارتا ـ ئورۇندۇقلار تولۇقلاپ بېرىلىپ، ئېھتىياج ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا بولسا، پارتا ـ ئورۇندۇقلار ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1976 ـ يىلىدىن باشلاپ يېڭى پارتا ـ ئورۇندۇقلار سېتىۋېلىندى، 1978 ـ يىلىغىچە جەمئىي 8000 يۈرۈشتىن ئارتۇق پارتا ـ ئورۇندۇق سېتىۋېلىنىپ، پارتا ـ ئورۇندۇق جىددىيلىكى پەسەيتىلدى. 1983 ـ يىلى ھەر ئىككى ئوقۇغۇچى بىر يۈرۈش پارتا ـ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

# V باب پەن ـ تېخنىكا

## §1. پەن ـ تېخنىكا ئاپپاراتلىرى

1. قۇمۇل ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى

1959 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قۇمۇل ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ، ناھىيە بويىچە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان پەن ـ تېخنىكا رەھبەرلىك ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئىش ئورنى ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە بولۇپ، بۇنىڭغا مەخسۇس بىر كادىر قويۇلدى، كېيىنچە بۇ ئورۇن ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالدى.

1977 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كومىتېت ئەزالىرى توققۇز كىشىگە يەتتى. كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى ھەمدە تۆت نەپەر خىزمەتچى قويۇلدى. 1978 ـ يىلى ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىر سەپلەپ بېرىلىپ، خىزمەتچى خادىملىرى يەتتىگە كۆپەيتىلدى. 1982 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىپ، ھاكىم مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

كومىتېتتا يەنە ئىشخانا، كەسپىي گۇرۇپپا، ئاخبارات گۇرۇپپىسى، ماتېرىيال بۆلۈمى قاتارلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى.

### 2. قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى

1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ پونكىتنىڭ 11 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك توققۇز نەپەر. 1960 ـ يىل 11 ـ ئايدا بۇ پونكىت ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى. 1962 ـ يىل 5 ـ ئايدا قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1975 ـ يىل 12 ـ ئايدا بو پونكىت قۇمۇل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1980 ـ يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى دېگەن نامى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983 ـ يىلى بۇ پونكىتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 44 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ 28ى تېخنىك، بەشى ئاگرانوم، تۆتى ياردەمچى ئاگرانوم.

### 3. گوڭشې دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى

1978 ـ يىلى ناھىيىدىكى 11 گۇڭشېدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپىدە تەربىيىلەنگەن تېخنىكلاردىن 44 كىشى بۇ ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىندى.

1980 ـ يىلى گۇڭشې يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات بۆلۈمى دېگەن نام گوڭشې دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىدىكى 11 گۇڭشې دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى 100 نەپەر تېخنىكقا ئىگە بولدى، بۇلارنىڭ 58 نەپىرى كەسپىي تېخنىك، 42 نەپىرى دېھقان تېخنىك.

## §2. پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى

### 1. تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش

1979 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ناھىيە مىقياسىدا ئىككىنچى قېتىملىق تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى، بۇ قېتىم ناھىيە بويىچە 330 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنىڭ تۇپرىقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، زور مىقتاردىكى سانلىق مەلۇماتلار ئىگىلەندى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۆلچەملىك تۇپراقنىڭ بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كەسمە يۈزىدىن 604 ئەۋرىشكە يىغىۋېلىنىپ، ئۆلچەملىك كەسمە يۈز سېلىشتۇرما ئەۋرىشكىسىدىن 604 قۇتا تەييارلاندى؛ 695 كەسمە يۈز قېزىپ تەكشۈرۈلۈپ، جەمئىي 1828 تۇپراق ئەۋرىشكىسى ئېلىندى، بۇنىڭدىن 493 ئەۋرىشكە ئانالىز قىلىندى؛ دېھقانچىلىق تەجرىبە نۇسخىسىدىن 610 ئەۋرىشكە ئېلىنىپ، تەجرىبىخانىدا 1500 قېتىمدىن ئارتۇق تەجرىبە ۋە ئانالىز قىلىندى؛ ناھىيىنىڭ ماسشتابى 50 مىڭدىن بىرگە تەڭ (1: 50000) «تۇپراق خەرىتىسى»، «تۇپراقنىڭ ئوزۇق ـ

لۇق تەركىبى خەرىتىسى»، «تۇپراق دەرىجىسىنى باھالاش سىخېمىسى» ۋە «تۇپراقنى ياخشىلاپ پايدىلىنىشنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈش خەرىتىسى» قاتارلىقلار سىزىپ چىقىلىپ، «قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن دوكلات» يېزىپ چىقىلدى.

تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق ناھىيە تۇپرىقىنىڭ تىپى، جايلىشىش ئەھۋالى، ئوزۇقلۇق تەركىبى، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى، تەبىئىي مۇھىتى، ئىقلىم ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، ئۆزگىچىلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ساقلانغان مەسىلىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلىپ، تۇپراقنى ياخشىلاپ پايدىلىنىش توغرىسىدا كونكرېت پىكىر ۋە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قوللىنىلىشى ئارقىسىدا، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىشتا بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

2. يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش

قۇمۇل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش خىزمىتى ئەترىتى 1981 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغا قەدەر بىر يىل سەككىز ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئېنىقلاش ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئۇلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، 32 يىلدىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى، رايونلارنىڭ جايلىشىش قانۇنىيىتىنى ئېنىقلىدى؛ رايون ۋە بۆلەكلەرگە ئايرىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، «قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنى ئايرىش دوكلاتى» ھەمدە يەر، سۇ، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، گۆڭشې ـ دۈي كارخانىلىرى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى قاتارلىق يەككە تۈرلەر بويىچە رايونغا ئايرىش دوكلاتىدىن سەككىز پارچىنى يېزىپ چىققاندىن تاشقىرى، يەنە «قۇمۇل ناھىيىسىدە تېرىلغۇ تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تەكشۈرۈش»، «كارىزلارنى ئاسراش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ھەم ئۇلاردىن پايدىلىنىش»، «چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان كېسەللىكلەر ھەم ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش توغرىسىدا پىكىر»، «ئاستانە گۆڭشې 3 ـ دادۈينىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش» قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى 12 پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى، ھەر خىل رايونلارغا ئايرىش خەرىتىسىدىن 24 پارچىنى سىزىپ چىقتى.

يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش مۇۋەپپەقىيىتى ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەكشەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بەردى ھەم يېزا ئىگىلىكىنى رايونغا ئايرىش مۇۋەپپەقىيىتى ئەمەلدە قوللىنىلىشقا باشلىدى.

**3. سۈپەتلىك بۇغداي ئۇرۇقىنى زور كۆلەمدە كېڭەيتىش**

بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسىدا 1979 ـ يىلىدىن بۇيان «جىنمەي ـ 4» نامىلىق سۈپەتلىك يازلىق بۇغداي ئۇرۇقى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلىپ، 1982 ـ يىلىغا قەدەر بۇ سورتنىڭ تېرىلىش كۆلىمى 4300 موغا يەتتى؛ 1983 ـ يىلى بولسا، 4500 موغا يېتىپ، بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 54.1 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، مۇ بېشى مەھسۇلاتى 713 جىڭغا يەتتى.

ئاستانە گۇڭشې 3 ـ دادۈيىنىڭ 2 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۈيى 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بۇغداي سورتىنى تۆت قېتىم يېڭىلىدى. بۇلار قىشقەر ئاق يازغىسى ـــ خۇڭچۈن 1 ـــ سەلوس ـــ كاسەلوس ـ قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 1 ـ دېھقانلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار 1979 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە ئۇدا بەش يىل تىرىشىپ، سۈپەتلىك بۇغداي ئۇرۇقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولدى. بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1959 ـ يىلى دۈي قۇرۇلغان چاغدىكى 200 جىڭدىن ئېشىپ، 700 جىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار مەلۇم دائىرىدىكى باشاق قۇر ئېتىزى، باشاق سىستېمىسى ئېتىزى ۋە ئەسلى ئۇرۇق ئېتىزى تېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئۇرۇق شىركەتلىرىنى ھەم قوشنا گۇڭشې ـ دۈيلەرنى 500 مىڭ جىڭدىن ئوشۇق سۈپەتلىك ئۇرۇق بىلەن تەمىنلىدى. پەقەت 1983 ـ يىلىلا، ئۇلار ۋىلايەت ۋە ناھىيىنى 200 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق سۈپەتلىك ئۇرۇق ـــ كاسەلوس بىلەن تەمىنلىدى، ئۇرۇقلۇقنىڭ ساپلىقى ۋە پاكىزلىقى 95 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى.

**4. بۇغدايىنىڭ «7511»، «7512»، «7513» نامىلىق يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش**

ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئاگرانومى ۋاڭ زېدۇڭ يازلىق بۇغدايىنى ئارىلاش چاڭلاشتۇرۇپ سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش داۋامىدا، يەرلىك يوغان باش ئاق بۇغدايىنى ئانىلىق، سەلوسنى ئاتىلىق قىلىپ چاڭلاشتۇردى. ئۇ سىستېمىلىق تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق «7511»، «7512»، «7513» نامىلىق ئۈچ تۈرلۈك سىستېمىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇنىڭ خاراكتېر ۋە ھالىتى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلىق، ماسلىشىشچانلىقى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، ئوتتۇرا ھال سۇ، ئوغۇت شارائىتىدا تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ؛ بۇ سورتلار كىچىك دائىرىدە تېرىلىپ، مول ھوسۇل بېرىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

**5. سۇلياۋ يوپۇق يېپىشنى كېڭەيتىش**

1983 ـ يىلى بوغاز گۇڭشېسى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى قوغۇن، تاۋۇزنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىشنى كېڭەيتتى، بۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولدى. گۇڭشې بويىچە 116 مو يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قوغۇن، تاۋۇز تېرىلغان بولۇپ، ھەر بىر مو يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 655.18

يۇەن ئىقتىسادىي كىرىم قىلىندى. يوپۇق يېپىلماي تېرىلغان قوغۇن، تاۋۇزغا سېلىشتۇرغاندا، ھەر بىر مو يەردىن 340 يۈەن ئارتۇق كىرىم قىلىندى.

6. **نېرناسى رايونىنىڭ سۇچىلىق گىئولوگىيىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش**

1983 ـ يىلى ناھىيىلىك سۇ ـ ئېلېكتر بۆلۈمى «2 ـ DPC» تىپلىق تەكشۈرۈش ئەسۋابىنى ئىشلىتىپ قارادۆۋە گۇڭشېسىنىڭ يەر ئاستى سۇچىلىق، گېئولوگىيىلىك ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىقتى ھەمدە نېرناسى رايونىدا سۇ مىقدارىنى كۆپەيتىش مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ، نېرناسى رايونىنى رەتلەش ۋە ئۆزگەرتىش ئىشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

7. **چارۋا ماللاردىكى برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش**

ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى 1967 ـ يىلدىن ئېتىبارەن يۇقىرى زىنچىلىقتا ئىممۇنىتېتلاش ئىشىنى ھەر يىلى داۋاملاشتۇرۇپ، برۇتسېللىيوز كېسەلنى بېكىتىلگەن ئۆلچەمدىن تۆۋەن دەرىجىدە تىزگىنلەپ كەلدى. 1980 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن چارۋا ماللاردىكى برۇتسېللىيوز كېسىلى تىزگىنلەنگەن ناھىيە دەپ بېكىتىلىپ، ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىمۇ ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى؛ مەركەزدە چاقىرىلغان يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش يىغىنىدىمۇ تەقدىرلەندى.

باكتېرىئولوگىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش

1980 ـ يىلى 156 تۇياق تاشلانغان تۆرەلمىدىن باكتېرىيە ئۆستۈرۈپ ئېلىندى. بۇنىڭدا چىققان باكتېرىيە بىر بولۇپ، باكتېرىيە چىقىش نىسبىتى 0.64% بولدى. 1982 ـ يىلى 409 تۇياق تاشلانغان تۆرەلمىدىن باكتېرىيە ئۆستۈرۈلۈپ، باكتېرىيە نىسبىتى نۆل (0) بولدى.

سېرولوگىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش: 1980 ـ يىلى 2600 نۇسخا تەكشۈرۈلۈپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى 0.67% بولدى. 1982 ـ يىلى 3425 نۇسخا تەكشۈرۈلگەندە يۇقۇملىنىش نىسبىتى نۆل (0) بولۇپ چىقتى.

8. **قوي نەسلىنى ياخشىلاش**

تاشبۇلاق گۇڭشېسىنىڭ شوپۇل دادۇيى 1958 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە، قوي نەسلىنى ياخشىلاش ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. نەسلى ياخشىلانغان قوي 1983 ـ يىلى 14 مىڭ 311 تۇياق بولۇپ، ناھىيىدىكى شۇ خىل قوينىڭ 28 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى تەۋەلىككە ئۆتكۈزۈلگەن قوي 8096 تۇياق بولۇپ، ناھىيىدە ئەسلى تەۋەلىككە ئۆتكۈزۈلگەن قوينىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ تۇغۇت يېشىدىكى ساغلىق 5518 تۇياققا يەتتى. ئۇلار ھەر يىلى دۆلەتنى 50 توننىدىن ئارتۇق ئىنچىكە يۇڭ بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار يەنە ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلارنى گېنېراتسىيىسى بويىچە تاللاپ، ۋاقتىدا پادىغا ئايرىپ، سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى.

غەربىي تاغ كۆكشىپىسى قوي نەسلىنى ياخشىلاش ئىشىنى 1957 - يىلى باشلىدى، 1983 - يىلغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ نەسلى ياخشىلانغان قويى 33 مىڭ 700 تۇياققا يەتتى. قوي نەسلىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى. مەسىلەن: ھەر بىر ئائىلىنىڭ كىرىمى 1957 - يىلىدىكى 44.45 يۈەندىن ئېشىپ، 1982 - يىلى 288.48 يۈەنگە يەتتى. ھەر بىر تۇياق قوينىڭ يۇڭىدىن قىلىنغان كىرىم 1957 - يىلىدىكى 2.57 يۈەندىن ئېشىپ، 1982 - يىلىدىكى 14.14 يۈەنگە يەتتى.

## §3. پەن - تېخنىكا قوشۇنى

1983 - يىلى تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ناھىيە بويىچە تەبىئىي پەن تېخنىكا خادىملىرىدىن 281 كىشىگە تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى بىلەن ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانى بېرىلگەنلەر ئۈچ كىشى، ئاگرانوملۇق ئۇنۋانى بېرىلگەنلەر 13 كىشى، مال دوختۇرلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەنلەر بەش كىشى، ۋىراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەنلەر يەتتە كىشى.

ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىلگەنلەرنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىنژېنېر (ئۈچ نەپەر)

ۋۇشاۋ (سۇ - ئېلېكتر بۆلۈمى)، ليۇيۈجيې (سۇ - ئېلېكتىر بۆلۈمى)، جاڭ شيەنجۇڭ (ناھىيىلىك كۆمۈركان).

2. ئاگرانوم (13 نەپەر)

ۋاڭ زېدۇڭ (يېزا خىزمەت كومىتېتى)، ۋاڭ شۆشيۇ (دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى)، ۋاڭ جىنجۇڭ (دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى)، جاۋسۇگو (دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى)، لىن لياڭنيەن (دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى)، ئىسمايىل ئابدۇللا (دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى)، ۋاڭ شۇشاڭ (پەن - تېخنىكا كومىتېتى)، جاڭ شىنجېڭ (پەن - تېخنىكا كومىتېتى)، ئۆمەرجان (ئورمانچىلىق بۆلۈمى)، دەرۋىش (پەن - تېخنىكا كومىتېتى)، گورۇيمېن (يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى)، ئەھمەت سوپى (يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپى)، يۈسۈپ خالىدىن (ئوتلاق پونكىتى).

3. مال دوختۇرى (بەش نەپەر)

ياڭ زېڭشىن (چارۋىچىلىق بۆلۈمى)، مۇھەممەت ئىمىن (مال دوختۇرلۇق پونكىتى)، ئىسھاقجان (مال دوختۇرلۇق پونكىتى)، ئابلىز خوجا (مال دوختۇرلۇق پونكىتى)، ئابدۇرېشىت نىياز (تاشقى سودا ئىدارىسى).

4. مەسئۇل ۋىراچ (يەتتە نەپەر)

جاڭ مىڭيۇ (ناھىيىلىك دوختۇرخانا)، لى شۆشېڭ (پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى)، جاڭ گۈيىڭ (ناھىيىلىك دوختۇرخانا)، ئىبادەت ۋەلى (ناھىيىلىك دوختۇرخانا)، جاڭ جېڭسەي (ناھىيىلىك دوختۇرخانا)، جوجۈن (ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى)، چېن لىجۈن (ناھىيىلىك دوختۇرخانا).

www.uyghurkitap.com

# ئون توققۇزىنچى قىسىم

## مەدەنىيەت ـ سەنئەت

قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خىلمۇ خىل مەدەنىي پائالىيەت شەكىللىرى بار. ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرىپى، قازاقلارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى، خۇيزۇلارنىڭ خۋائىرى، خەنزۇلارنىڭ خەلق ئويۇنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. قۇمۇل مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئېۋىرغول چوڭ نەغمىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارالغان. قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ئاز دېگەندە 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

قۇمۇل شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىشتا بېسىپ ئۆتۈلىدىغان مۇھىم ئۆتكەل بولغاچقا، جايلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۇنىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، قۇمۇلدا يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت شەكىللىرىلا بار بولۇپ قالماستىن، بەلكى كۆپلىگەن سىرت رايونلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت شەكىللىرى، ئالايلۇق، يۈيجۈي تىياتىرى ۋە چىڭچىياڭ، مېيخۇ، جىڭجۈي تىياتىرى، پىڭجۈي تىياتىرى قاتارلىق تىياتىر تۈرلىرى، ياغاچپۇت، كېمە ئويۇنى، ياڭگار ئويۇنى قاتارلىق سەنئەت پائالىيەتلىرىمۇ بۇ يەردە ئالقىشقا ئىگە، بولۇپمۇ جايلارنىڭ درامىلىرى مۇجەسسەملىنىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن شىنجاڭ مۇزىكىلىق دراممىسىنى خەلق بەك ياقتۇرىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قۇمۇلدا كۇلۇب، دراما ئۆمىكى، مۇزىكا ئۆمىكى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان دراما، ئوپېرا، ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇندىغان، ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگەتكەن، ھەجۋىي رەسىملەرنى سىزىپ چاپلىغان، بۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشتە ئىجابىي رول ئوينىغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ھۆكۈمەتتە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات يوق ئىدى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى، مەدەنىي مەشغۇلات سورۇنلىرى پۈتۈن ناھىيىنى قاپلىدى. قۇمۇل ناھىيىسى بويىچە 1983 ـ يىلىدىكى مەدەنىيەت يۇرتى بىر، شۆبە مەدەنىيەت يۇرتى بىر، مەدەنىيەت پونكىتى تۆت، كىنو قويۇش ئەترىتى 17، كىنوخانا (مەيدان) توققۇز، سەنئەت ئەترىتى بىر، 12 گۇڭشې ـ مەيداننىڭ ھەممىسىدە رادىئو پونكىتى قۇرۇلدى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېلېۋىزور ئاز كەم 900 گە يەتتى،

تاشۋىلىق گۇڭشې جىڭشى دادۈيى 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۈيى قۇمۇل ناھىيىسى بويىچە تېلېۋىزور بىرىنچى بولۇپ ئومۇملاشقان كەنت بولۇپ قالدى.

قۇمۇل ناھىيىسىدە، ئاساسەن، يەتتە قودۇقتىن تېپىلغان تاش قۇراللار، قارا دۆۋىدىن تېپىلغان قەدىمقى جەسەت، تاشۋىلىقتىكى قىيا تاش رەسىملىرى، خۇەنسەي گۇڭدىكى خەنزۇچە ئابىدە، جياڭ شىگبىنىنىڭ تۆھپىسى خاتىرلەنگەن ئابىدە، لاپچۇق قەدىمي شەھىرى، ئالتۇنلۇقتىكى ۋاڭ قەبرىستانلىقى، قەيس غوجام مەقبەرىسى، باغداش ئوردىسى، يالغۇز تۇيۇم مازار قاتارلىق مەدەنىيەت ئىزلىرى بار.

# I باب كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرى

## 1§. كەسپىي ئورۇنلار

### 1. ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى قۇمۇل ئاممىۋى مائارىپ يۇرتى

ئاممىۋى مائارىپ يۇرتى مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئورنى كونىشەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىكى ۋېنمياۋ (كۇڭزى ئىبادەتخانىسى ـ ت) نىڭ ئىچىدە ئىدى. ئاممىۋى مائارىپ يۇرتىغا بىر گۇەنجاڭ، بىر ئىلمىي مۇدىر، بىر خوجىلىق مۇدىرى، بىر بوغالتىر، بىردىن ـ ئىككىگىچە خادىم سەپلەنگەنىدى. راسخوتىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بېرەتتى. مائارىپ يۇرتىنىڭ ئۆي ـ كۆنلىرى بەك ئاددىي ئىدى. گېزىت ـ ژۇرنال كۆرىدىغان بىرلا قىرائەتخانا بار ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە سان تام گېزىتى، رەسىملىك ژۇرنال چىقارغان، بىر نەچچە قېتىم رەسىم كۆرگەزمىسى ھەم ۋاسكېتبول، ۋالېبول مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزگەنىدى.

### 2. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ۋە پونكىتلىرى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ئاممىۋى مائارىپ يۇرتى ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئورنى جۇڭسەن جەنۇبىي يولىدىكى ناھىيىلىك مېھمانخانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىدى. 1962 ـ يىلى، ۋىلايەتلىك كىتۇپخانە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا قوشۇۋېتىلدى ۋە مەدەنىيەت يولىدىكى يېڭى ئورۇنغا يۆتكەپ كېلىندى.

مەدەنىيەت يۇرتى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، فوتو ـ سۈرەت كۆرگەزمىسى ئېچىش، خۇەندىڭ (پرويېكسىيە پېلاستىنكىسى) كۆرسىتىش، قاراتاختاي گېزىتى چىقىرىش، گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسى ئويۇشتۇرۇش ۋە سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. 1960 ـ يىلى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ناھىيە تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىز ـ

مىتىگە ئىككى ئادەم مەسئۇل قىلىندى.

1980 ـ يىلى، شەھەر ئىچى گۈڭشېسىدا ناھىيە بويىچە بىرىنچى بولۇپ گۈڭشې باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. 1981 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پالۋانتۇر، راھەتباغ، قارادۆۋە گۈڭشېلىرىدا مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى، تاشۋېلىق گۈڭشېسىدا شۆبە مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى.

3. ناھىيىلىك كۇتۇپخانە

ناھىيىلىك كۇتۇپخانا 1959 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر باشلىقى، ئۈچ خىزمەتچىسى بار ئىدى. ئۇنىڭدا 1000 دىن ئارتۇق كىتاب بار ئىدى. كۇتۇپخانىنىڭ بىر كىتاب ئامبىرى، بىر گېزىت ـ ژۇرنال قىرائەتخانىسى، بىر كىتاب ئوقۇش قىرائەتخانىسى بار ئىدى. 1962 ـ يىلى، ئۇ مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. شۇ يىلى، ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا قىسقارتىلىپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا قوشۇۋېتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، كۇتۇپخانىدا ساقلانغان ھەر خىل كىتاب 40 مىڭ پارچىدىن ئاشقانىدى. بۇ، قومۇل شەھىرى بويىچە كىتاب ئەڭ كۆپ ساقلانغان كۇتۇپخانە بولۇپ، ناھىيە، ۋىلايەت، ئۆمۈرىيول قاتارلىق ئورۇنلاردىكى كىتابخانىلارنى كىتاب بىلەن تەمىنلەيتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال، ماتېرىياللار پۈتۈنلەي بۇلاپ كېتىلدى. 1970 ـ يىلىدىن كېيىن، تەدرىجىي تولۇقلاندى، 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كىتاب 44 مىڭ پارچىدىن ئېشىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى سەۋىيە ئەسلىگە كەلدى.

4. كىتابخانە

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ناھىيە تەۋەسىدە شەخسىيلەر ئاچقان «سەيگۇڭ كىتابخانىسى» بىلەن «تىيانشان كىتاب ـ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇكىنى» لا بار ئىدى. ئۇنىڭدا يېڭى ـ كونا رومانلار ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرى سېتىلاتتى. كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى بەك ئاز ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنخۇا كىتابخانىسى قۇرۇلدى. كىتابخانا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى خىزمەتچى سەپلەندى. 1952 ـ يىلى، كىتابخانا شەرقىي ئازادلىق يولىدىكى سابىق خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كونا ئورنىغا يۆتكەپ كېلىندى. 1957 ـ يىلى، بىر جىڭلى، 12 خىزمەتچىسى بىلەن قومۇل ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1962 ـ يىلى، ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

5. ناھىيىلىك ئارخىپخانە

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈ-

مىتى تەدرىجىي ھالدا خەت ـ ئالاقە ئارخىپىنى تۈرغۇزۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئارخىپلىرىنى ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارخىپلىرىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى باشقۇردى.

1958 ـ يىلى، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخىپلىرى توپلاندى ۋە قۇمۇل ناھىيىلىك ئارخىپخانا تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭغا ئۈچ خىزمەتچى سەپلەندى.

1983 ـ يىلى، ئارخىپخانىدا 22 پۈتۈن توپلام، 5274 يۈرۈش ئارخىپ ساقلاندى. بۇنىڭ 2748 ى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، 2526 سى ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىدۇ. تۈرلۈك ماتېرىيالدىن 1677 سى بار. ئارخىپخانىدا بىر ئارخىپخانا باشلىقى، ئۈچ خىزمەتچى بار.

1980 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە، ئارخىپخانا پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، پەن تەتقىقاتى، تارىخ يېزىش ـ تەزكىرە تۈزۈش، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش ھەم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى 2252 پارچە ئارخىپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. 470 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى.

### 6. رادىئو ئۈزىلى

## (1) ناھىيىلىك رادىئو ئۈزىلى

1950 ـ يىلى، ۋىلايەت ناھىيە بازىرىدىكى تۆت كوچىدا (سابىق سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ھويلىسىدا) رادىئو ئۈزىلى تەسىس قىلدى. بۇ، قۇمۇلدا سىملىق رادىئونىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدى. شۇ چاغدا توك بولمىغاچقا، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان گېنېراتور ئارقىلىق توك چىقىرىلاتتى، تۆت كوچىغا يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن ئىككىسى ئورنىتىلغانىدى. شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە پروگراممىلىرى ئۇلاپ ئاڭلىتىلغاندا، خەۋەرلەر كۆچۈرۈۋېلىنىپ، كادىرلارنىڭ ئوقۇشى ياكى قاراتاختاي گېزىتكە چىقىرىش ئۈچۈن شاپىگرافتا بېسىلىپ «رادىئو خەۋەرلىرى» نامى بىلەن چىقىرىلاتتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم شاپىگرافتا بېسىپ چىقىرىدىغان «قۇمۇل گېزىتى» نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەرنى رادىئو ئۈزىلى يەتكۈزۈپ بەردى. 1956 ـ يىلى، رادىئو ئۈزىلى بىر رادىئو، بىر رادىئو خادىمى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىگە چۈشۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى، شەھەر ئىچى يېزىسىدا يېڭىدىن يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى، پالۋانتۇر يېزىسىدا قىزىلبايراق يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى. ئاستانە، قارادۆۋە يېزىلىرى، تىيانشان رايونى، غەربىي تاغ رايونى، تاشۆيلىق رايونى قاتارلىق دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ رادىئو پونكىتى قۇرۇلدى. ھەر بىر رادىئو پونكىتىغا 12 يۈرۈش باتارېيە ۋە رادىئو تارقىتىپ بېرىلدى. 1957 ـ يىلى، ناھىيىلىك رادىئو ئۈزىلى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنى

جەنۇبىي جۇڭسەن يولىدىكى سابىق مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ھويلىسىدا ئىدى. رادىئو ئۆزىلىغا پونكىت باشلىقى، ئۇيغۇر، خەنزۇ تەھرىر، دىكتور، سىم يولى ئاسرىغۇچى بولۇپ يەتتە خادىم سەپلەندى. 1970 ـ يىلى، ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىللە دايىڭفاڭغا كۆچۈپ چىقتى ۋە ماشىنا ئۆيى، دىكتور بۆلۈمى، ئىشخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشخانا بىناسى سالدى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا رادىئو ئۆزىلىنىڭ خادىملىرى پونكىت باشلىقى، مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى، ئۇيغۇر، خەنزۇ تەھرىر، دىكتور، ماشىنا، سىم يولى باشقۇرغۇچىلار ھەمدە مەمۇرىي خادىملار بولۇپ جەمئىي 25 كىشىگە يەتتى.

## 2. گۇڭشىلاردىكى رادىئو پونكىتلىرى

1965 ـ يىلى، راھەتباغ گۇڭشىسىدا رادىئو پونكىتى قۇرۇلدى. كېيىن ئاستانىدا (1966 ـ يىلى)، پالۋانتۇردا (1957 ـ يىلى)، بۇلۇڭتۇغراقتا (1975 ـ يىلى)، تاشۋىلىقتا (1975 ـ يىلى)، قارا دۆۋىدە (1975 ـ يىلى)، شەھەر ئىچىدە (1975 ـ يىلى)، بوغازدا (1975 ـ يىلى)، تىيانشاندا (1976 ـ يىلى)، غەربىي تاغدا (1978 ـ يىلى)، يەتتە قۇدۇقتا (1979 ـ يىلى)، قويلۇقتا (1980 ـ يىلى) رادىئو پونكىتى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى، گۇڭشىلاردىكى رادىئو پونكىتلىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىچىگە، گۇڭشى باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم قىلىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچى 15 كە يەتتى.

### 3. كىنو ـ فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش ئورۇنلىرى

### (1) ناھىيىلىك كىنو ـ فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش شىركىتى

1951 ـ يىل 12 ـ ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىغا قارايدىغان بىرلا كىنو قويۇش ئەترىتى بار ئىدى. ئۇ، يېزىلاردا سەييارە كىنو قوياتتى. 1958 ـ يىلى 16 مىللىمېتىرلىق بىر كىنو قويۇش ئاپپاراتى، تۆت خىزمەتچىسى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1961 ـ يىلى يەنە ئىككى كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. سەككىز خىزمەتچى سەپلەندى. 1971 ـ يىلى، ئەسلىدىكى كىنو ئەترەتلىرى ئاساسىدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە كىنو ـ فىلىم باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك كىنو ـ فىلىم باشقۇرۇش پونكىتى پۈتۈن ناھىيىگە كىنو ـ فىلىم تارقىتىپ تۇردى، سەييارە كىنو قويۇش ۋەزىپىسىنى گۇڭشى، مەيدانلاردىكى كىنو قويۇش ئەترەتلىرى ئۈستىگە ئالدى. كىنو ـ فىلىم باشقۇرۇش پونكىتى 1980 ـ يىلى كىنو ـ فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ شىركەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 17 گە يەتتى.

### (2) كىنو قويۇش ئەترەتلىرى

1971 ـ يىلى، كىنو ـ فىلىم باشقۇرۇش پونكىتى كىنو قويغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش بويىچە ئۈچ ئايلىق كۇرس ئېچىپ، 28 كىنو قويغۇچىنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گۇڭشى ـ مەيدانلاردا كىنو قويۇش ئەترەتلىرى بار بولدى. 1983 ـ

يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە 12 گۆڭشې، مەيداندا 17 كىنو قويۇش ئەترىتى بارلىققا كەلدى (پالۋانتۇردا ئۈچ ئەترەت، بۇلۇڭتوغراق، تاشۋېلىق، قارادۆۋىدە ئىككىدىن ئەترەت، باشقا گۆڭشېلاردا بىردىن ئەترەت قۇرۇلدى)، گۆڭشې باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان كىنو قويغۇچى 33 كە يەتتى، 16 مىللىمېتىرلىق كىنو ئاپپاراتىدىن 26 سى، 8.75 مىللىمېتىرلىق كىنو ئاپپاراتىدىن سەككىزى، ناھىيىلىك كۆمۈركان، ناھىيىلىك سۇ ئىنشائاتى ياساملىرى زاۋۇتى، ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردا 16 مىللىمېتىرلىق ئاپپاراتتىن بىردىن بار بولدى.

## §2. ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرى

**1. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى**

بۇ ئۆمەك مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) قۇرۇلغان، بۇ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەدەنىيەت ـ سەنئەت بۆلۈمى باش بولۇپ تەشكىللىگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى ئىدى. ئارتىسلىرى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئورگان خىزمەتچىلىرى ۋە ئاممىدىن تەركىب تاپقان، چاڭ، تەمبۇر، دۇتار، ئىسكىرىپكا، نەي، داپ، سوناي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىشلىتىلگەن ھەمدە دراما، ئوپېرا، ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى ئويناپ چىققان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىلى شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىلگەن، 1952 ـ يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى بىلەن تەڭ تارقىلىپ كەتكەن.

**2. ئىجتىمائىي تەربىيە ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى**

بۇ ئۆمەكنى مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيە بۆلۈمى قۇرغان. ئۆمەككە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار، ئورگان خىزمەتچىلىرى قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان تىياتىرلار كۆپ قېتىم ئوينالغان. بۇ ئۆمەك مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتكەن.

**3. قۇمۇل باللار تىياتىر ئۆمىكى**

بۇ ئۆمەكنى مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) ناھىيىلىك مەركىزىي 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى قۇرغان، كۆپ قېتىم كوچىلارغا چىقىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. كىچىك تىپتىكى درامىلارنى ئوينىغان ھەمدە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنلىرى ۋە بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كونسېرت كېچىلىكىدە دراما، ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى ئورۇندىغان. بىر يىلدىن كېيىن تارقىلىپ كەتكەن.

**4. ئۆرپ ـ ئادەت ئۆزگەرتىش تىياتىر جەمئىيىتى**

بۇ جەمئىيەتنى مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) چىڭچىياڭچىلاردىن خېۋاجېن، خۇخۇامىڭ قاتارلىق كىشىلەر قۇرغان. ئۇنىڭ ئورنى كونىشەھەردىكى دېڭشياڭۋاڭ بۇتخانىسىدا ئىدى. تىياتىرخانىدا ئورۇندۇق بار بولۇپ، ئويۇن قويغاندا بېلەت سېتىلاتتى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) دىن كېيىن، ئۆزىنى قامدىيالمىغاندا خەنزۇ ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرغان. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) تارقىلىپ كەتكەن.

**5. ناھىيىلىك سەنئەت دۆيى**

بۇ سەنئەت دۆيى 1978 ـ يىلى قۇرۇلغان. ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە كىچىك تىياتىرلارنى ئاساس قىلىپ دائىم كۆچمە ـ دۆيلەر ۋە زاۋۇت ـ كانلاردا سەييارە ئويۇن قويۇپ كەلدى. 1983 ـ يىلى سەنئەتچىلەر 28 گە يەتتى. دۆلەت يىلىغا 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق راسخوت بېرىپ تۇردى. چالغۇ ئەسۋابى، كىيىم ـ كېچەك، سەھنە جابدۇقلىرىنىڭ قىممىتى 20 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

## §3. ئويۇن قويۇش سورۇنلىرى

**1. يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، بۇتخانا**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي يىللىرىدىن تارتىپ مىنگو دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ناھىيىدە يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، بۇتخانىلار بەك كۆپ ئىدى. گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، سەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، خۇنەن، خۇبېي يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، ئۈچ ئۆلكە يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە چىڭجۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ چوڭراقلىرى ئىدى. لۇڭۋاڭ بۇتخانىسى، دېڭشياڭۋاڭ بۇتخانىسى، گۇەندى بۇتخانىسى ۋە شەپقەتچى مەبۇدە راۋىقى قاتارلىق بۇتخانىلار مەشھۇر ئىدى. بۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە بۇتخانىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك سەھنە بار ئىدى. شارائىتى ياخشىراقلىرىدا مۇنبەر ۋە زال بار ئىدى. ھېيت ـ بايراملاردا، بۇتخانا سەيلىسى بولغاندا شەھەر ـ يېزىلاردىن بۇ يەرگە كېلىپ ئويۇن كۆرىدىغانلار خېلى كۆپ بولاتتى.

**2. ئاممىۋى كۇلۇب**

مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى ليۇشىپىڭ شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئاممىۋى كۇلۇب سېلىشنى تەستىقلىغان. ئۇنىڭغا كېتىدىغان راسخوت ھۆكۈمەت ئاجرىتىش ۋە خەلق ئىئانە قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىنغانىدى. قۇرۇلۇش 2 ـ يىلىلا پۈتكەن. بۇ كۇلۇبتا دائىم دېگۈدەك چىڭچىياڭ، تىياتىر، ناخشا ـ ئۇسسۇل ھەم كىنو قويۇلۇپ تۇرغان. كۇلۇبتا 800 چە تاماشىبىن

سىغاتتى. (ئۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئامبىرى قىلىنغان) بۇنىڭدىن باشقا، 1939 ـ يىلىدىن كېيىن، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە چوڭ ئىدارىلاردا خىزمەتچىلەر كۇلۇبلىرى سېلىنغان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىمۇ ئۇيۇشما كۇلۇبلىرىنى سالغان. بۇ كۇلۇبلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگىتىش، دراما، ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى رېپېتىتسىيە قىلىش ۋە كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى.

3. جۇڭشەن زالى

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) كۈزدە، جۇڭسەن زالىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتكەن، 2 ـ يىلى، ۋالىي يولۋاسنىڭ تەلپى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ بەرگەندىن كېيىن، قۇرۇلۇشى داۋاملاشتۇرۇلغان. جۇڭسەن زالى خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق زال بولۇپ، كونىشەھەردە ئىدى، ئۇنىڭغا 500 دىن كۆپرەك تاماشىبىن سىغاتتى. 1960 ـ يىلى، خەتەرلىك ئۆيلەر قاتارىدا چېقىۋېتىلدى.

4. خەلق كىنوخانىسى

بۇ كىنوخانا 1953 ـ يىلى تۆت كوچىدىكى سابىق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كونا ئورنىغا سېلىنغان. 1958 ـ يىلى، خەتەرلىك ئۆيلەر قاتارىدا چېقىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا 1000 دىن ئارتۇق تاماشىبىن سىغىدىغان يازلىق كىنوخانا سېلىنغان. كېيىن شىنگۇاڭ كىنوخانىسىغا قوشۇۋېتىلگەن.

5. دايىڭفاڭدىكى شىنگۇاڭ كىنوخانىسى

1961 ـ يىلى، سابىق قومۇل بازىرى مەبلەغ سېلىپ بۇ كىنوخانىنى سالغان، ئۇنىڭ ئورنى يېڭىشەھەرنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. ئۇنىڭغا 800 تاماشىبىن سىغاتتى. 1983 ـ يىلى 35 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتى ئىككىگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 18 گە يەتتى. 1983 ـ يىلى، دايىڭفاڭدا بىر قىشلىق، بىر يازلىق كىنوخانا بار بولدى.

6. يېزىلاردىكى كىنوخانىلار

1980 ـ يىلى شەھەر ئىچى، راھەتباغ، ئاستانە گۇڭشېلىرىدا كىنوخانا سېلىندى. ئۇلارغا 35 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن ئالتىسى بېرىلدى، بەش كىنو قويغۇچى سەپلەندى. 1982 ـ يىلى پالۋانتۇر، قارادۆۋە گۇڭشېلىرىدا يازلىق، قىشلىق كىنوخانىلار سېلىندى. ئۇلارغا 35 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن تۆتى بېرىلدى.

7. يېزىلاردىكى كۇلۇب، مەدەنىيەت ئۆيلىرى

1955 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى باشلامچىلىق بىلەن ئالىي ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرىدا يېزا كۇلۇبلىرىنى قۇرۇپ، گېزىت ئوقۇش، قارا تاختا گېزىتى چىقىرىش، خەۋەرلىك كۆرسىتىش مەزمۇن قىلىنغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. گۇڭشېلاشقاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ ھەممىسىدە

مەدەنىيەت ئۆيلىرى قۇرۇلدى. ئۇلار كىتاب ئوقۇش، گېزىت كۆرۈش، دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىش، كونسېرت نومۇرلىرىنى تەييارلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. 1963 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە، يېزىلاردا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت پائالىيەتلىرى جانلىنىپ كەتتى. گۇڭشېلار ۋە قىسمەن دادۈيلەردە 52 سەنئەت دۈيى (گۇرۇپپىسى) قۇرۇلدى. ئىشتىن سىرتقى سەنئەتچىلەر 1000 غا يەتتى. ناھىيىدە ئۈچ قېتىم سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا گۇڭشېلارنىڭ ھەممىسىدە «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات دۈيى» قۇرۇلۇپ، «ماۋجۇشى ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈندە» نى ناخشا قىلىپ ئېيتتى. «ئۈلگىلىك تىياتىر» لارنى ئوينىدى. كېيىن بۇ تەشۋىقات دۈيلىرى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

## II باب رادىئو. كىنو. تېلېۋىزىيە

### §1. رادىئو

1957 يىلى «مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پروگراممىسى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، يېزىلاردا سىملىق رادىئو تورلىرى قۇرۇلدى. شۇ يىلى رادىئو ناھىيە بازىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغىچە ئومۇملاشتى. 1958 - يىلى تېلېفون سىمى بىلەن يەتكۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق رادىئو شەھەر ئەتراپى، شەھەر ئىچى، پالۋانتۇر، ساقا، راھەتباغ، ئاستانىدىن ئىبارەت ئالتە گۇڭشې ـ مەيدانغا كېڭەيتىلدى، دادۈيدىن تۆۋەن ئورۇنلارغا سىم تارتىلدى. ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان رادىئو كارنىيى 1040 تىن ئاشتى. 1963 - يىلىدىن باشلاپ مەخسۇس رادىئو سىمى تارتىلدى. ناھىيە بازىرىدىن شەھەر ئىچى، راھەتباغ گۇڭشېسىغىچە بەش كىلومېتىر، پالۋانتۇر گۇڭشېسىغىچە ئالتە كىلومېتىر سىم تارتىلدى. 1967 - يىلى پالۋانتۇر گۇڭشېسىدىن ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىغىچە 15 كىلومېتىر مەخسۇس رادىئو سىمى تارتىلدى. ناھىيە بويىچە گۇڭشېدىن تۆۋەن ئورۇنلارغا تارتىلغان مەخسۇس سىم 31 كىلومېتىرغا يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، رادىئو سىم يوللىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن رادىئو بەزىدە ئاڭلىتىلدى، بەزىدە توختاپ قالدى.

1975 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە، بۇغار گۇڭشېسىغا تارتىلغان مەخسۇس رادىئو سىمى 35 كىلومېتىرغا، ئاستانە گۇڭشېسىغا تارتىلغان مەخسۇس رادىئو سىمى 40 كىلومېتىرغا يەتتى. 1978 - يىلى بازاردىكى ئون كىلومېتىر مەخسۇس لىنىيە قومۇل شەھەرلىك رادىئو ئۈزېلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1982 - يىلى ناھىيىدىن گۇڭشېلار-

ىنچە تارتىلغان مەخسۇس سىم يولى 72 كىلومېترغا، تېلېفون سىمى ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان لىنىيە 40 كىلومېترغا يەتتى. ئاستانە (مەخسۇس سىم ئېلىشۋېتىلدى)، قارا دۆۋە، غەربىي تاغ گۇڭشېلىرى چاستوتىنى تىزگىنلەپ نىشان بەلگىلەپ تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان بولدى. تىيانشان، تاشۆيلىق، يەتتىقۇدۇق قاتارلىق يىراقراق گۇڭشېلار ئۆزلىرى پروگرامما تەييارلاپ ئاڭلاتتى. 1983 ـ يىلى، چاستوتىنى تىزگىنلەپ قارشى يۆنىلىشكە تارقىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، شەھەردىن 100 كىلومېتر نېرىدىكى تاشۆيلىق گۇڭشېسىدىمۇ ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان بولدى. ھازىرغا قەدەر ناھىيىدىكى 12 گۇڭشې ـ مەيداندىن ئىچىدە ئون گۇڭشې ـ مەيدان ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلىنىڭ پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان بولدى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلىنىڭ ئاڭلىتىشىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلالايدىغان دادۈيلەر 56 گە، شياۋدۈيلەر 133 كە، يۇقىرى ئاۋازلىق كارناي ئورناتقان ئورۇن 27 گە، ئۆيىگە كاناي ئورناتقان ئائىلە 3628 گە يەتتى. كۈنىگە ئالتە سائەت ئاڭلىتىش بېرىپ تۇرۇلدى (ئەتىگەندە ئىككى سائەت، چۈشتە بىر سائەت، كەچتە ئۈچ سائەت)، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىش ۋاقتى تۆت سائەت، ئۆز پروگراممىلىرىنى ئاڭلىتىش ۋاقتى ئىككى سائەت (يەنى ئۇيغۇرچە بىر سائەت، خەنزۇچە بىر سائەت) ئۆز پروگراممىلىرى، «قومۇل خەۋەرلىرى»، «پەن ۋە ئۇچۇر»، «ئۆگىنىش پروگراممىسى»، «قانۇن تەشۋىقاتى» ۋە «سەنئەت پراگراممىسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بەزى چاغلاردا ۋەزىيەت ئېھتىياجىغا قاراپ، ۋاقىتلىق مەخسۇس پروگراممىلار ئاڭلىتىلدى. رادىئو ئۆزىلىغا دائىم ماقالە ئەۋەتىپ تۇرىدىغان مۇخبىر 50 تىن ئارتۇق بولۇپ، يىلىغا تاپشۇرۇۋېلىنغان ماقالە 2500 پارچىدىن ئاشتى.

## §2. كىنو قويۇش

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى)، سوۋېت «قىزىل 8 ـ تۈەن» ى قومۇلغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم شەھەرگە كىرىپ، گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، ئاممىۋى كۇلۇب، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلاردا خالىسانە كىنو قويغان. «قىزىل 8 ـ تۈەن» شەھەردە كىنو قويغاندىن سىرت، ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەرقىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى پالۋانتۇر، چۆەنشۈيدى دېھقانلىرىغىمۇ كىنو قويۇپ بەرگەن. بۇ، قومۇل خەلقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كىنو كۆرۈشى ئىدى. شۇ چاغلاردا، ئاساسەن، «لېنىن 1918 ـ يىلدا»، ـ «سارتسن مۇداپىئەسى»، «مقوراللىق كىشى»، «چاپايېۋ»، «شادلىققا چۆمگەن كىشىلەر» قاتارلىق سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى ۋە ئىنقىلابتىن كېيىنكى كولخوزلىشىش ھەرىكىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان فىلىملار قويۇلاتتى. سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا دائىر فىلىملار

ۋە گېنېراللىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھۆججەتلىك فىلىملار قويۇلاتتى. بۇ فىلىملار «قىزىل 8 ـ تۈەن» مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) چىقىپ كەتكەنگە قەدەر قويۇلغان.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇمۇلدا «بىگۇناھ ئەخمەرتلار»، «تۆت كوچىدا» قاتارلىق كىنولار قويۇلغان. مىنگونىڭ 35 ـ يىلىدىن مىنگونىڭ 38 ـ يىلىغىچە (1946 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە) لى يۈەنفېڭ ئاچقان ئۈستى ئوچۇق كىنوخانا تىيەنفۇ ئائىلىسىنىڭ قورۇسىدا ئىش باشلىغان. فىلىم ياۋروپا ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانى بىلەن توشۇلاتتى. كىنوغا بېلەت سېتىلاتتى، كىشىلەر ئورۇندۇقنى ئۆزلىرى ئالغاچ كېلەتتى. «بۇلاڭچىلىقتىن كېيىن ساق قېلىش»، «جىڭ نىياڭنى ئۇزىتىش»، «زۇمرەت جىرغا» قاتارلىق كىنولار قويۇلغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كىنو قويۇش تېز تەرەققىي قىلدى. 1963 ـ يىلى ئۈچ يېزا كىنو قويۇش ئەترىتى بىلەن شەھەردىكى بىر كىنوخانا 2250 مەيدان كىنو قويۇپ، 80 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. تاماشىبىنلار 1 مىليون 500 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، نۇرغۇن كىنولارنى قويۇش چەكلەنگەنلىكتىن، تاماشىبىنلار «ئۈلگىلىك تىياتىر» لار بىلەن ئاز بىر قىسىم ھېكايە فىلىملىرىنىلا كۆرەلىدى. ئۈچ يېزا كىنو قويۇش ئەترىتى 1966 ـ يىلى 800 مەيدان ئەتراپىدا كىنو قويغاندىن باشقا، قالغان يىللىرى ھېچقانچە كىنو قويالمىدى. كىنو ئەترەتلىرىنىڭ چىقىمىغا دۆلەت پۇل ئاجرىتىپ بەردى. 1971 ـ يىلىدىن كېيىن، گۇڭشېلاردا كىنو قويۇش ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. ئەمما ئۇلارغا بېرىلىدىغان فىلىملار يەنىلا ئاز ئىدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كىنوچىلىق ئازاد بولدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن چەكلەنگەن فىلىملار ئازاد قىلىندى ھەمدە نۇرغۇن يېڭى فىلىملار قويۇلدى.

## 3§. تېلېۋىزىيە

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ يېزىلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تېلېۋىزور مۇتەدرىجىي ھالدا دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. 1983 ـ يىلى، ناھىيە بويىچە 12 گۇڭشې، مەيدان ئىچىدە، تىيانشان، يەتتەقۇدۇق گۇڭشېلىرىدىن باشقا گۇڭشې ـ مەيدانلار قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تارقاتقان پروگراممىلارنى قوبۇل قىلالايدىغان بولدى. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، يېزا ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تېلېۋىزور 890 غا يەتكەن.

تاشۋېلىق گۇڭشې چېڭشى دادۇيىسىنىڭ 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدە، 1982 ـ يىلى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 290 يۈەنگە، جامائەت جۇغلانمىسى 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چەت، تاغلىق كەنتلەردىكى دېھقانلار يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدى. ئۇلار ئەمدى مەدەنىي تۇرمۇشنى بېيىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن گۇڭشې ئەزالىرى پۇل چىقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش دۇيى بىر تۇتاش تېلېۋىزور سېتىۋېلىپ تېلېۋىزور كۆرۈش قارار قىلىندى. ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ئانتېننا ۋە چوڭايتقۇچلارنى ئورنىتىشقا ياردەملەشتى. شۇنداق قىلىپ قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تىيانشان تېغى ئېتىكىدە تۇنجى تېلېۋىزور كەنتى بارلىققا كەلدى. كەنتتىكى 59 ئائىلىنىڭ 57 سى تېلېۋىزور سېتىۋالدى. كەچ كىرگەن ھامان ھەممە ئائىلە تېلېۋىزور ئالدىدا شادلىققا چۆمىدىغان بولدى.

# III باب تىياتىر

## §1. شىنجاڭ مۇزىكىلىق تىياتىرى

شىنجاڭ مۇزىكىلىق تىياتىرى شەنشىنىڭ مېيخۇ تىياتىرى بىلەن لەنجۇنىڭ دۇمباق نەزمىسى، چىڭخەينىڭ پىڭشۈەن تىياتىرى ئۆزئارا بىرىكىپ شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇزىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەل ئارىسىدىكى يەرلىك تىل ۋە شېۋىنى قوللىنىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، دۇنخۇاڭدىكى چاڭچىلە كۇرسىدا ئوقۇغان شۈي جيەنشىن (شۈي جيەنشيەن (گەنسۇنىڭ ئەنشى ناھىيىسىدىن) ئاكا ـ ئۇكا ئەسكەرلىككە تىزىلۇپ قىلىشتىن قېچىپ، قۇمۇلغا كېلىپ مۇزىكىلىق تىياتىر بويىچە مۇزىكا گۇرۇپپىسى قۇرۇپ شەھەر ـ يېزىلاردا مۇزىكىلىق تىياتىر «راھىب تونىنى سېتىۋېلىش»، «گۈللۈك راۋاقتا ئۇچرىشىش»، «كۇتۇپخانىنى مالىمان قىلىش»، «ئوغۇل ئۇزىتىش»، «رەخت سېتىۋېلىش»، «لەگلەك ئۇچۇرۇش»، «يېرىم كېچىدە خەۋگا چىقىرىش»، «مىڭ رومكا ھاراق»، «ئېتنى ئۆلتۈرۈپ خوتۇنغا نەسىھەت قىلىش» قاتارلىقلارنى ئويناپ بىر مەھەل داڭق چىقارغان، شۇ چاغلاردا قۇمۇل باغداشتا بىر ئۇيغۇر ئايال خەنزۇ تىلىدا ناخشا ئېيتىپ شۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى)، بۇ ئايال خوجىنىيازنىڭ دېھقان ئەسكەرلىرىگە ناخشا ئېيتىپ بەرگەن. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) دىن كېيىن، شىنجاڭ ۋەزىيىتى تۇراقلاشقاندا، پېشقەدەم سەنئەتكار گۇجەنيۈەن، نىي جەنباڭ مۇزىكىلىق تىياتىر ئۆمىكى — مۇزىكا گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىگەن. شىنجاڭ مۇزىكىلىق تىياتىرى شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدا

قايتا باش كۆتۈرگەن. «لاشياخۇەن». «چىراغ كۆتۈرۈش»، «ئەپيۇن چىرىغىنى چېقىش»، «شياۋگۇشەن». «گۈللۈك راۋاقتا ئۇچرىشىش»، «ساندۇق ئىچىدىكى تەقدىر»، «جاڭ لياڭنىڭ رەھەت سېتىشى»، «لى يەنگۈيىنىڭ سۇ سېتىشى»، «كىچىك پادىچى»، «لەن چياۋ كۆۋرۈكىدە ئۇچرىشىش» قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينىغان، ھەر قېتىملىق چاغان، بۇتخانا سەيلىسى، خۇشاللىق كۈنلەر ھەم دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چۇەنشۇيدى، قىزىليۇلغۇن ۋە تاشۋېلىق قاتارلىق جايلاردا دائىم مۇزىكىلىق تىياتىر ئوينىلاتتى. چۇەنشۇيدى كەنتىدىكى دېھقانلار قىشلىقى بوش ۋاقىت تاپسىلا سەنئەتكارلارنى تەكلىپ قىلىپ مۇزىكىلىق تىياتىر ئوينىتاتتى. بۇ ئويۇننى يېقىن ئەتراپتىكى خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقانلار كۆرۈپلا قالماي، نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا ئولتۇراقلاشقان دۆربەجىن كەنتىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىمۇ بەزىدە بۇ تىياتىرنى كۆرگىلى كېلەتتى. 1952 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە پېشقەدەم مۇزىكىلىق تىياتىرچى سۈن جىيايى قۇمۇلغا كېلىپ ئويۇن قويغان. 1963 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە، ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان ئىدارە ـ ئورگان، مەكتەپ، گوڭشېلارنىڭ سەنئەت كۆرىكىدىمۇ شىنجاڭ مۇزىكىلىق تىياتىرى ئوينالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مۇزىكىلىق تىياتىر سەھنىدىن ھەيدەلدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سۈن جىيايى مايۈيچىڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، مۇزىكىلىق تىياتىر ھەۋەسكارلىرىنى جايلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ تىياتىرنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ناھىيىلىك سەنئەت دۆيى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «بىر قىزىل قەلب»، «باي بولغانلىقىڭغا مۇبارەك» قاتارلىق ھازىرقى زامان مۇزىكىلىق تىياتىرلىرىنى ئويناپ چىقتى.

شىنجاڭ مۇزىكىلىق تىياتىرى سەھنىدە ئويناپ چىقىشقىمۇ، دېھقانلارنىڭ كېگىزدا ئولتۇرۇپ ئورۇنداشقىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. يېزىلاردا ئولتۇرۇپ ئورۇنداش ئاساس قىلىنىدۇ. يالغۇز ئورۇنداشقىمۇ، جۈپ ئورۇنداشقىمۇ، بىرقانچە ئادەم نۆۋەتلىشىپ ئورۇنداشقىمۇ بولىدۇ. شىنجاڭ مۇزىكىلىق تىياتىرىنىڭ نومۇرلىرى قىسقا، رولچىسى بىرقەدەر ئاز بولۇپ، ئەر رولىنى، ئايال رولىنى، سەلبىي پېرسوناژ رولىنى ئالىدىغان ئۈچلا رولچى بولسا بولىدۇ. تەڭكەش قىلىدىغان مۇزىكىلىرىمۇ ئاددىي بولۇپ، تۆت تارلىق نەججەك، سېھتار، قوڭغۇراق، ۋازى قاتارلىقلار بولسىلا بولىدۇ. شىنجاڭ مۇزىكىلىق تىياتىرىنىڭ ئاھاڭى سىلىق، كۈيى موڭلۇق، ناخشا تېكىستى چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق بولغاچقا، ئۇنى خەنزۇ، خۇيزۇ خەلقلىرى قىزىقىپ كۆرىدۇ.

## §2. چىڭچياڭ، يۈجۈ تىياتىرلىرى

قۇمۇلدىكى خەنزۇلارنىڭ كۆپ قىسمى غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەردىن كۆچۈپ كەلگەن. بولۇپمۇ گەنسۇدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار كۆپرەك. شۇڭا بۇ يەردە ئېقىپ يۈرگەن تىياتىرلار ئىچىدە چىڭچياڭ ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

1. تىياتىر گۇرۇپپىسى، تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇن قويۇشى

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىن خاتىرىلىرى»دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 40 - يىلى (1775 - يىلى)، قۇمۇلدا چىڭچىياڭ تىياتىر گۇرۇپپىسى ئويۇن قويغان.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، لەنجۇدىكى بىر ياش تىياتىر گۇرۇپپىسى چەتكە قېقىلىپ قۇمۇلغا كەلگەن. ئۇلار ئورۇندىغان چىڭچىياڭ تىياتىرلىرى قۇمۇل خاكىمىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ھەمدە خاكىم ئۇلار ئىچىدىكى ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتقان ئىككى ئارتىستقا «لەنجۇ چىلىنى» ۋە «قۇمۇل قوغۇنى» دەپ تەخەللۇس قويغان. بۇ ئىككى ئارتىست بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان يەنە «ماۋۇزى»، «شۇاڭكىزى»لارمۇ بار. بۇ تىياتىر گۇرۇپپىسى قۇمۇل تىياتىرچىلىقىنىڭ گۈللىنىشىدە مەلۇم رول ئوينىغان. كېيىن ئۇلار تۇرپان، ئۈرۈمچى ئارقىلىق سانجىغا كېتىپ، شۇ يەردە ماكانلاشقان.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) چىڭچىياڭ تىياتىرى گۇرۇپپىسى، «ئۆرپ - ئادەت ئۆزگەرتىش تىياتىر جەمئىيىتى» كونىشەھەردىكى دىڭشياڭشۋاڭ بۇتخانىسىدا ئەنئەنىۋى چىڭچىياڭ تىياتىرلىرىنى، ئاساسەن، «ۋۇجياپۇ»، «شىخۇنى سەيلى قىلىش»، «بەيېيۋي راۋىقىغا سۈرەت ئېسىش»، «ئايال مەھبۇسنى يۆتكەش»، «خويەنجۈي»، «ئاق يىلان ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئورۇندىغان. چىڭچىياڭ تىياتىرىنى ئورۇندايدىغان ئايال سەنئەتكار ۋاڭ گۈيلەن، ۋېي مۇدەنلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى قۇمۇلدىكى ئايال سەنئەتكارلارنىڭ سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويۇشى ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ بەرگەن. ئەينى چاغدا مال باھاسىنىڭ تېز ئۆرلەپ كېتىشى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن، نەتىجىدە تىياتىر جەمئىيىتى ئۆزىنى قامدىيالماي مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) تارقىلىپ كەتكەن.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ئۈچ ئۆلكە يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان يۈيجۈي تىياتىر ئۆمىكىمۇ ئۆزىنى قامدىيالماي، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تارقىلىپ كەتكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللىرى ۋە 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، يېزا ئىگىلىك 5 - شىنىڭ «قىزىل يۇلتۇز» تىياتىر ئۆمىكى ناھىيە بازىرىدىكى تۆت كوچىنىڭ شىمالىدا بىر تىياتىرخانا سالدى. بۇ تىياتىرخانىدا «تاغنى يېرىپ ئانىنى قۇتقۇزۇش»، «ياڭباجىنىڭ باھار سەيلىسى»، «جۇرېننىڭ ئوردىغا قايتىشى»، «سەككىز كىيىم»، «ئۈچ تامچە قان»، «چۈنشياڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەنئەنىۋى چىڭچىياڭ تىياتىرلىرى، «قانلىق قىساس» قاتارلىق ھازىرقى زامان چىڭچاڭ تىياتىرلىرى ئوينالدى. 1965 - يىلى 6 - ئايدا، «قىزىل يۇلتۇز» تىياتىر ئۆمىكى شى شتابى بىلەن بىللە بورتالاغا يۆتكىلىپ كەتتى. بۇ ئۆمەك 1968 - يىلى 5 - ئايدا تارقىتىۋېتىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1980 - يىلى، ئاپتونوم

رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن چىڭچياڭ تىياتىر ئۆمىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە ئۇنىڭ نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك چىڭچياڭ تىياتىر ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئۆمەك قۇمۇلنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدا ئويۇن قويۇپ تۇردى.

1978-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە، ناھىيىلىك سەنئەت دۆيى شەھەر ۋە يېزىلاردا «لۇگىمىندىكى داد-پەرياد»، «گۈللۈك تەختىراۋانغا يېتىشىش» قاتارلىق ھازىرقى زامان چىڭچياڭ تىياتىرلىرىنى ئورۇندىدى.

## 2. ئىشتىن سىرت ئويۇن قويۇش

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن مىنگو يىللىرىغىچە، ھەر يىلى قەمەرىيە 4-ئاينىڭ 8-كۈنى لۇڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسىدا، بۇت سەيلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇن قويۇلاتتى. شۇەنتۇڭنىڭ 3-يىلى (1911-يىلى) دىكى «كۇئېنلون ساياھەت خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «بۇت سەيلىسى مەزگىلىدە، سودىگەرلەر نۆۋەت بىلەن بۇت سەيلىسىگە رىياسەتچىلىك قىلاتتى، مۇلكى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار بۇتقا تاۋاب قىلىغاچ ئويۇن قويدۇرۇپ بېرەتتى، ساياھەتچىلەر بىر مەھەل تازا كۆپىيىگەندى» دېيىلگەن. لۇڭۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ھەرىكەتچان سەھنە ياسالغانىدى، ئۇنى خالىغانچە يۆتكىگىلى بولاتتى (سەھنىنىڭ تۆت چاقى بار ئىدى). يىراق-يېقىندىكى دېھقانلار ئاتلىق، ھارۋىلىق ئويۇن كۆرگىلى كېلەتتى. بۇ، قۇمۇلنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ چوڭ بۇت سەيلىسى ھېسابلىناتتى. باشقا بايراملاردا، گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، دىڭشاڭۋاڭ بۇتخانىسى مەبۇدە بۇتخانىسى، گۇەندىمياۋ بۇتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا بۇت سەيلىسى بولاتتى ۋە ئويۇن قويۇلاتتى.

مىنگونىڭ 27-يىلىدىن (1938-يىلىدىن) 30-يىلى (1941-يىلى) غىچە قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان جاڭ دۇڭيۈ، لى تاۋ، شىن لىڭ قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن بىللە چىڭچاڭ تىياتىر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئەنئەنىۋى چىڭچاڭ تىياتىرلىرىنى قويۇپ، خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىئانە بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان ۋە «پۇلى بارلارنى پۇل، كۈچى بارلارنى كۈچ چىقىرىش» قا چاقىرغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50-يىللاردا قۇمۇل بازىرى ئىشتىن سىرتقى چىڭچاڭ تىياتىر ئۆمىكى تەشكىللەپ كۆپ قېتىم چىڭچاڭ تىياتىرىدىن پارچىلارنى ئوينىدى. 1963-يىلىدىن 1965-يىلىغىچە ناھىيىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمى ئىدارە-ئورگان، مەكتەپلەر ھەم گۈڭشېلاردا باھار بايرىمى يۈزىسىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈپ، چىڭچاڭ يۇجۇ تىياتىرلىرىنى ئوينىدى. تاشۆيلىق گۈڭشېسى بىلەن بۇلۇڭتوغراق گۈڭشېسى سەنئەت تەشۋىقات دۆيى تەشكىللەپ، بايرام كۈنلىرى، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا چىڭچاڭ ۋە يۆجۇ تىياتىرلىرىنى

ئوينىدى. دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى تەشكىللىگەن ئىشتىن سىرتقى يۆجۇ تىياتىر ئۆمىكى خېنەننىڭ باڭزى چاڭچىلىسىنى ئوينىدى.

## § 3. دراما، ئوپېرا

شىڭ شىسەي دەۋرىدە (1934 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە)، ھەر يىلى «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى، «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى، «8 ـ مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمى، «7 ـ ئىيۇل» ياپون باشقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش خاتىرە كۈنى، «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىنى خاتىرىلەش كۈنى قاتارلىق بايرام ۋە خاتىرە كۈنلىرى قۇمۇلدا چوڭ يىغىنلار ئېچىلاتتى. كەچلىكى دراما، ئوپېرالار ئوينىلاتتى.

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ ئوپېرا ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ، شەھەر ۋە يېزىلارنى زىلزىلىگە سالغانىدى. شۇ يىلى قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىمۇ سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇپ «غۇنچەم»، «زەينەپكە تۆھمەت» قاتارلىق درامىلارنى، «غېرىپ ـ سەنەم»، «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېرالىرىنى، لوتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئابدۇشۇكۇر يالقۇنلار يازغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان «شاڭخەي كېچىسى»، «كۈرەش قىزى» درامىلىرىنى، سەنئەت ئۆمىكى ئۆزى يازغان «تۇغان پالۋان»، «جان كىرىپ قاچقان ئالتۇن» قاتارلىق درامىلارنى ئوينىغان. ئۇلار يۇقىرى ماھارەت بىلەن پۈتۈنلەي يېڭى مەزمۇنلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ئەمەلىي تۆھپە قوشقان. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىق كىشىلەر ياۋروپا ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ يېرلۇچىلار ئايروپىلانى بىلەن قۇمۇلدىن ئۆتكەندە قۇمۇل نىڭ ۋالىيسى ليۇشىپىڭ قارشى ئېلىش كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن. سەنئەت ئۆمىكى ئۇيغۇرچە كونسېرت قويۇپ بەرگەن.

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى)، قۇمۇل «ئىجتىمائىي تەربىيە ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى» خەلق كۇلۇبىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان كىچىك تىپتىكى دراما «لۇگوچياۋدىكى جەڭ»، «قانات تاقىغان يولۋاس» ۋە كوچا تىياتىرى «قامچاڭنى تاشلا ئەمدى» قاتارلىقلارنى ئوينىغان. كېيىن جاۋدەن قاتارلىقلار تەشكىللىگەن «شىنجاڭ تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى» نىڭ تەسىرىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان چوڭ تىپتىكى دراما «سۇمرۇغ شەھىرى»، «جەڭ»، «يۇرتۇم» لارنى ئويناپ بىر مەھەل زىلزىلە پەيدا قىلغان. ئىجتىمائىي تەربىيە تىياتىر ئۆمىكى يېڭىچە دېكوراتسىيە، چىراغلارنى ئىشلىتىپ تاماشىبىنلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. «قۇمۇل باللار تىياتىر ئۆمىكى» مۇ دائىم كىچىك تىپتىكى كوچا تىياتىرلىرىنى ئويناپ خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ ...

www.uyghurkitap.com

ئىشانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان. «8 - مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىدا، قىزلار مەكتىپى ھەر مىللەت خانىم - قىزلىرىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەزمۇن قىلىنغان سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇندىغان. ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىنى ئاچقاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان بىر پەردىلىك تىياتىر «ئاسماننى قاپلىغان يۇلتۇزلار»، «لۇگۇچياۋدىكى جەڭ» نى ۋە كوچا دراممىلىرىنى ئوينىغان.

قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرى ئورگان، مەكتەپ كۇلۇبلىرىدا ھەر شەنبە كۈنى شىن لىڭنىڭ مەسئۇللۇقىدا «سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بويىدا»، «پىدائىيلار مارشى»، «بىز تەيخاڭشەن تېغىدا»، «قىلىچ ناخشىسى»، «ماي ئېيىدىكى گۈللەر»، «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە ناخشىسى»، «گومىنداڭ بىلەن گوڭچەنداڭنىڭ ھەمكارلىق مارشى»، «ئەتە جەڭ بولۇپ قالسا» قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان ناخشىلارنى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلابىي ناخشىلىرىنى ئۆگەتكەن. ئۇيغۇر، خەنزۇ مەكتەپلىرىدە خور ئەترەتلىرى قۇرۇلۇپ مۇسابىقىلەر ئۇيۇشتۇرۇلغان. «مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ناخشا ساداسى ئارقىلىق ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقنى ئويغىتىش» شۇئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كوچىلار ۋە سەھنىلەردە «سەرگەردانلىق ترىلوگىيىسى» ئورۇندالغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلارغا «پىدائىيلار مارشى»، «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە مارشى» قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئۆگىتىپلا قالماي، «ئاخىرقى غەلىبە بىزگە مەنسۇپ»، «ماي ئېيىدىكى گۈللەر» «18 - سېنتەبىر ناخشىسى» قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان خەنزۇچە ناخشىلارنىمۇ ئۆگەتكەن. «ئەتە ئۇرۇش بولۇپ قالسا»، «پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرايلى» غا ئوخشاش سوۋېت ئىنقىلابىي ناخشىلىرىغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان يېڭى تېكىستلەرنى سېلىپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتكەن. چوڭ - چوڭ يىغىنلار ئېچىلغاندا ۋە خور مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندە ئۇيغۇر، خەنزۇ مەكتەپلىرى ئۆزئارا ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ زىچ ئىتتىپاقلىشىش، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇشتەك كەيپىياتنى شەكىللەندۈرگەن.

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) «7 - ئىيۇل» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئىككى يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ھاكىم چېن فاڭبەي كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرغان. كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ قۇمۇلغا چۈشكەن جاۋدەن، شۇتاۋ، ۋاڭ ۋېيىي، جۇجىنمىڭ قاتارلىق كىشىلەر تەكلىپ بىلەن قاتناشقان. جاۋدەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلارنى ئېيتىپ بەرگەن.

مىنگونىڭ 29-يىلىدىن 30-يىلىغىچە (1940 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە)، جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما، شىنجاڭ شۆبىۋىنى، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندىن يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى يۇرتىغا قايتقان تەشۋىقات

دۆيى قىلىپ تەشكىللەپ، دراما ئويناش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگىتىش شەكىللىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشنىڭ يوللىرىنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدۇرغان. قۇمۇلغا قايتقان ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان ناخشىلارنى ئۆگەتكەن، مەكتەپلەر ئارا ناخشا مۇسابىقىلىرىنى ئويۇشتۇرغان. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى)، قۇمۇل ناھىيىلىك 1 ـ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار خور ئۆمىكى تەشكىللەپ خەلق كۇلۇبىدا شيەن شىڭخەينىڭ «خۇاڭخې خورى» نى ئورۇندىغان.

1949 ـ يىل 10 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ جۈننىڭ سەنئەت ئۆمىكى كونا شەھەردىكى جۇڭسەن زالىدا «ئاق چاچلىق قىز»، «ليۇخۇلەن»، «قانلىق قىساس» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئوپېرالارنى ئويناپ كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. 1950 ـ يىلىدىن 1951 ـ يىلىغىچە، 6 ـ جۈن 16 ـ شىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى قۇمۇلدا «ئاق چاچلىق قىز»، «ليۇخۇلەن» ئوپېرالىرىنى ئوينىدى. 1953 ـ يىلى، قۇمۇل بازىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى «نەمۇنىچى ئائىلە» دېگەن دراممىنى، ياڭگار تىياتىرى «ئاكا ـ سىڭىللارنىڭ بوز يەر ئېچىشى» قاتارلىقلارنى ئويناپ چىقتى. 1963 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىدارە، جەمئىيەت، مەكتەپ، گۇڭشېلارنى تەشكىللەپ سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى. كۆرەكتە دراما، ناخشا، ئۇسسۇل ئورۇندالدى. 1981 ـ يىلى ناھىيىلىك سەنئەت دۆيى «دادامنىڭ كېسىلى ئېغىر» دېگەن دراممىنى، «ئارشىن مال ئالان»، «قىزنى ماختاش» قاتارلىق دراممىلارنى ئوينىدى.

# IV باب يەرلىك مۇزىكىلار

## §1. ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇل ئېۋىرغول دەپ ئاتىلاتتى. ئېۋىرغول ناخشىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن، ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى دەپ ئاتالغان. «نەغمىچىلەر مەھكىمىسىنىڭ شېئىرلار توپلىمى» نىڭ 79 ـ جىلدىدا «ئېۋىرغول شاڭدىياۋ كۈيلىرىنى شىلياڭنىڭ باسقاقبېگى گەي جيايۈەن ئېلىپ كەلگەن» دەپ يېزىلغان. سۇ لىنچيەننىڭ «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى» دە: «ئوقۇتۇش يۇرتىدىكى نەغمە ئۆگەتكۈچىلەر ئۆرۈلۈپمۇ ـ چۆرۈلۈپمۇ ئېۋىرغول نەغمىلىرىدىن نېرى كېتەلمىگەن» دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسىدىكى «ئوقۇتۇش يۇرتى» مەخسۇس مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆگىتىدىغان مەھكىمە ئىدى. ئېۋىرغول نەغمىسى «ئوقۇتۇش

يۇرتى» نىڭ رېپېتىس قىلىپ ئېيتىشى، پېششىقلاپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ناخشا مۇزىكىلىرىدىن بولۇپ قالغان. «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى» دە 325 مۇزىكا نامى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ 46 سى چوڭ نەغمە، ئالتىسى غەربىي يۇرت نەغمىسى، ئۇلار سۇمۇجى نەغمىسى، تىنچلىق نەغمىسى، بېشبالىق نەغمىسى، كۇچا نەغمىسى، ئېۋىرغول نەغمىسى، سىخۇنتۇ نەغمىسىدىن ئىبارەت.

ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى «ئوقۇتۇش يۇرتى» دا پېششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن، ئوردىدا، چاڭئەننىڭ چايخانا، قاۋاقخانىلىرىدا، شەھەر كوچىلىرىدا كەڭ تارقالغان. «ئېۋىرغول» نەغمىسىگە ئەڭ دەسلەپتە تاڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىر ۋاڭ ۋېينىڭ چىجۆ شەكلىدىكى «ئېۋىرغول ناخشىلىرى» دېگەن شېئىرى تېكىست قىلىنغان. تېكىست مۇنداق:

ئۇچار ساباھ، پەلەكتە ئاي، ئۆزۈم ھەسرەتتە،
ئون يىل بولدى كەتتى ئوغلۇم لەشكىرىي سەپتە.
ماڭارىدا تاپىلىدىم قايتا ـ قايتىلاپ:
تۇرنىلاردىن يوللا مەكتۇپ، مەن قالماي دەرتتە.

كېيىن بۇ يەنە ۋاڭ ۋېينىڭ «يۈەن ئەرشىنى ئەنشىگە ئۇزىتىش» دېگەن شېئىرىغا كىرگۈزۈلۈپ «ياڭگۈەنچۈ» نەغمىسى نامى بىلەن كەڭ تۈردە ئېيتىلىپ كەلگەن.

ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى تاڭ دەۋرىدىلا ئېيتىلىپ قالماي، بەلكى سۇڭ دەۋرىلىرىگە كەلگەندىمۇ كەڭ تارقالغان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خۇڭ مەينىڭ «رۇڭجەي خاتىرىسى» دە «تارقىلىپ يۈرگەن نەغمىلەرنىڭ ھەممىسى تاڭ دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇلار جاي نامى بىلەن ئېۋىرغول نەغمىسى، لياڭجۇ نەغمىسى، شىجۇ نەغمىسى، شېجۇ نەغمىسى، ۋېيجۇ نەغمىسى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلار ئىچىدە ئېۋىرغول، لياڭجۇ نەغمىلىرى ئەڭ داڭلىق»، دەپ يېزىلغان. سۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا زىياپەتلىرىدە ئورۇندىلىپ كېلىۋاتقان 18 مۇقام، 40 نەغمە (تاڭ ـ سۇڭ نەغمىلىرى) ئىچىدىكى يۆدياۋ «ئېۋىرغول»، شېجىدياۋ «ئېۋىرغول» لارنىڭ ھەممىسى ئېۋىرغول نەغمىلىرىدىن ئېلىنغان. سۇڭ دەۋرىدىكى گوماۋچىڭنىڭ «ئوردا نەغمىلىرى توپلىمى» نىڭ 79 ـ جىلدىغا ئېۋىرغول نەغمىلىرىنىڭ پۈتۈن تېكىستى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ۋۇجۆ شەكلىدىكى شېئىردىن بەشى، چىجۆ شەكلىدىكى شېئىردىن بەشى بار (ئەۋجى بەش قېتىم، چۈشۈرگىسى بەش قېتىم) بولۇپ ئون قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئەمما بۇ نەغمىلەرنىڭ نوتىلىرى يوقاپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاۋپېيجىننىڭ «سۆزلۈكلەر قامۇسى» نىڭ 2 ـ تومىدا «تاڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ ۋېي ‹كۆن قوۋۇقتىن مەغرىبكە ئۆتسەڭ، يۇرتداش تېپىلماس ھېچقاچان› دەپ شېئىر يازغان، كوجۇن ئۇنىڭ ئىزىدىن جۇدالىق نەزمىسى يازغان... شۇڭا بۇ نەزمە شەكلىگە ‹كۆن قوۋۇق› دەپ نام بېرىلگەن» لىكى يېزىلغان.

ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى سۇڭ تىياتىرى ۋە كۈيلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ۋاڭ گوۋېينىڭ «سۇڭ ـ يۈەن تىياتىرى، مۇزىكىلىرىنى تەكشۈرۈش» دېگەن ئەسىرـ

دە: «ئىككى سۇڭ ئوردىسىنىڭ تىياتىرى 280 نۇسخا، كۈيگە سېلىنغانلىرى 103 نۇسخا» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بەش «لىڭ ئېۋىرغول»، «تېجىجيا ئېۋىرغول»، «ناۋۇبۇ ئېۋىرغول»، «پېيشاۋجۇن ئېۋىرغول»، «شىدىيەن ئېۋىرغول» قاتارلىقلار ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسىگە كىرەتتى.

ئېۋىرغول نەغمىلىرى قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدىلا ئىچكىرىگە كىرگەن. دەسلەپتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن سىچۈەننىڭ غەربىي قىسمىغا تارقالغان. سىچۈەننىڭ غەربىي ئارقىلىق يەنە خۇبېينىڭ جياڭلىڭ رايونىغا، ئاندىن جياڭلىڭ ئارقىلىق لوياڭغا كىرگەن. بەش ئەۋلادتىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىڭشۇن 1 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) دۈنخۇاڭلىق راھىپ لياڭ شىندى لوياڭغا بېرىپ «بۇددا نومىنى چۈشەندۈرۈش»، «ۋاڭ فەمىلىلىك ئايالىنىڭ «پىپا نوتىلىرى» نىڭ پارچىلىرىنى كۆچۈرۈپ دۈنخۇاڭغا ئېلىپ كېلىپ ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپ قويغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 26 ـ يىلى (1900 ـ يىلى) بۇ نوتا ئۆڭكۈردىن چىققان. كېيىن m پائۇل پىلوت تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېتىلىپ پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىغا قويۇلغان.

ھازىر كىشىلەر بۇ نوتىلارنى «دۈنخۇاڭ نوتىلىرى» ياكى «دۈنخۇاڭ پىپا نوتىلىرى»، دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. بۇ نوتىلار ئۈچ يۈرۈش 25 ناخشا بولۇپ، 25 ناخشا نوتىسى ئىچىدە «ئېۋىرغول» ۋە ئاستا «مۇزىكىلىق ئېۋىرغول» دېگەن ئىككى ناخشا ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسىگە كىرىدۇ.

30 ـ يىللاردىن باشلاپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئالىملار مەسىلەن، دۆلىتىمىزدىن رېن ئېربېي ۋە ياپونىيىلىك لىن جيەنسەن قاتارلىقلار «دۈنخۇاڭ پىپا نوتىلىرى» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شاڭخەي مۇزىكا شۆيۈەنىنىڭ دوتسېنتى يې دۇڭ ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسىدا «دۈنخۇاڭ پىپا نوتىلىرى» نى تەرجىمە قىلىپ چىققان.

يې دۇڭ تەرجىمە قىلغان «دۈنخۇاڭ پىپا نوتىلىرى» دىكى 24 ـ ناخشا نوتىسى «ئېۋىرغول»، بەي جۈيىنىڭ «دوستلار ئارا ئۇچراشقاندا مەست بولدۇم دەپ قاچمىغىن، كۈن قوۋۇقنىڭ كۈيىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىن» دېگەن شېئىرى، چىن تاۋنىڭ «ئېيتىپ تىنماي ئېۋىرغول ناخشىلىرىنى ھامان» «غەربكە يۈرۈش قىلغان ۋەزىرگە ياڭرىتىپ ناخشا» دېگەن مىسرالىرىدىن ئىلھام ئېلىپ، ۋاڭ ۋېينىڭ «يۈەن ئەرشىنى ئەنشىگە ئۇزىتىش» دېگەن شېئىرى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ تەكرارلىنىش مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىچە:

ۋېيچىڭدا تاڭ يامغۇرى ياغقاچ بېسىلدى چاڭ ـ توزان،
ئۆزگىچە تۇسكە كىرىپتۇ كارۋان ساراي ھەم تال ـ چوكان، (بىرىنچى ئاھاڭ)
ۋېيچىڭدا تاڭ يامغۇرى ياغقاچ بېسىلدى ـ چاڭ توزان،
ئۆزگىچە تۇسكە كىرىپتۇ كارۋان ساراي ھەم تال ـ چوكان. (ئىككىنچى ئاھاڭ)
ۋېيچىڭدا تاڭ يامغۇرى ياغقاچ بېسىلدى چاڭ ـ توزان،
ئۆزگىچە تۇسكە كىرىپتۇ كارۋان ساراي ھەم تال ـ چوكان. (ئۈچ تەكرارلىنىش، ئۈچىنچى ئاھاڭ).

www.uyghurkitap.com

ئۈچۋال ئۇشبۇ شارابتىن يەنە بىرىدەت — بىر قەدەھ،
كۆڭۈل قۇۋۋىتىن ئۆتسەڭ نەرىكە يۇرتداش تېپىلماس ھېچقاچان. (تۆتىنچى ئاھاڭ)

شائخەي مىللىي مۇزىكا ئۆمىكى بۇ بىر يۇرۇش قەدىمكى مۇزىكىنى ناخشىسى بىلەن ئورۇنداپ لېنتىغا ئېلىپ، جۇڭگو ساياھەتچىلەر نەشرىياتىغا نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تارقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ.

## .2§ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى

«مۇقام» ئىلھام بىلەن ئورۇندىلىدىغان بىر خىل نەغمە شەكلى. «مۇقام» نى كىشىلەر ھەر خىل چۈشەندۈرىدۇ، ئۇلاردىن بىرقەدەر توغرىراقى «چوڭ نەغمە» دەپ چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئون ئىككى مۇقام دېگەنلىك «ئون ئىككى چوڭ نەغمە» دېگەنلىكتۇر.

«ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى روران، قوش ئەتراپلىرىدا تارقالغان «مۇخدۇر» دۇر، «مۇخدۇر» چوڭ بىر يۇرۇش ناخشا دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھازىر قۇمۇل مۇقاملىرى ئىچىدە «مۇخدۇر» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىرى بار.

قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقامىنىڭ «قەدىمكى مەنبەسى ۋە ئەسلى گەۋدىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ئەمەلىيەتتە 19 يۇرۇشتىن ئاشىدۇ، ئۇيغۇر خەلقى «12» نى مۇكەممەل سان دەپ بىلگەچكە، ئادەت بويىچە ئۇ،ئون ئىككى يۇرۇش قىلىپ مۇجەسسەملەشتۇرۇلگەن.

قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇزىكا قۇرۇلمىسىدا قەدىمكى مۇقام شەكلى ساقلىنىپ قالغان. ھەر بىر مۇقام مۇقەددىمە، داستان، مەشرەپتىن تەركىب تاپقان. مۇقەددىمە قىسمىدا مۇقام ئېيتىلىدۇ، ئۇسسۇل ئوينالمايدۇ. داستان قىسمى يەنى 1 - چۇشۇرگۇسى ياكى 1 - سۇگەت 5 — 10 كۇبلېت خەلق قوشىقى ياكى ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ناخشىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. مەشرەپ قىسمى يەنى 2 - چۇشۇرگۇسى ياكى 2 - سۇگەت 10 كۇبلېت ئەتراپىدىكى خەلق قوشىقىدىن تەركىب تاپىدۇ.

قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى دېگەن نام مۇنداق ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن: (1) قەدىمكى «مۇخدۇر» مۇقامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قۇمۇلدىكى ئەسلى 19 يۇرۇش مۇقامنىڭ 1 -، 2 - يۇرۇشلىرى «دور مۇقامى»، 15 - يۇرۇشى «ئۇلۇغ دور مۇقامى» دەپ ئاتىلىدۇ. (2) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردا تارقالغان «چەبىيات»، «مۇشاۋىرەك»، «ئۆزھال»، «ئىراق»، «چارگاھ» قاتارلىق مۇقاملاردىن كەلگەن. (3) كورلا، شايار، ئاۋات تەرەپلەردە تارقالغان دولان مۇقاملىرى «دولان مۇشاۋىرەك»، «مۇستازات» قاتارلىقلاردىن كەلگەن.

مۇجەسسەملەنگەندىن كېيىنكى قۇمۇل 12 مۇقامى كۆپىنچە ھەر بىر يۇرۇش مۇقامدىكى خەلق ناخشىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. «سايراڭ بۇلبۇلۇم»،

## قومۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| 19 يۈرۈش مۇقامنىڭ نامى | بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى 12 مۇقامنىڭ نامى |
| --- | --- |
| 1. دور مۇقامى<br>2. ئىككىنچى دور مۇقامى | 1. يۈردەم ئالەمنى مۇقامى |
| 3. مۇستازات مۇقامى<br>4. ئىككىنچى مۇستازات مۇقامى | 2. يالغۇز تۇيۇم مۇقامى |
| 5. خوپتى مۇقامى<br>6. ئىككىنچى خوپتى مۇقامى | 3. خۇپتى مۇقامى |
| 7. چەبىيات مۇقامى<br>8. ئىككىنچى چەبىيات مۇقامى | 4. جانىكام مۇقامى |
| 9. مۇشاۋىرەك مۇقامى<br>10. ئىككىنچى مۇشاۋىرەك مۇقامى | 5. دەردىنگە دەگاھ مۇقامى |
| 11. ئۆزھال مۇقامى<br>12. ئىككىنچى ئۆزھال مۇقامى | 6. دەردىنۋا مۇقامى |
| 13. ئىراق مۇقامى | 7. چوڭ دەردى يامان مۇقامى |
| 14. دولان مۇشاۋىرەك مۇقامى | 8. دولان مۇقامى |
| 15. ئۇلۇغ دور مۇقامى | 9. هاي ـ هاي ئۇلەن مۇقامى |
| 16. راك مۇقامى | 10. سايراك بۇلبۇلۇم مۇقامى |
| 17. چارگاھ مۇقامى<br>18. ئىككىنچى چارگاھ مۇقامى | 11. چارگاھ مۇقامى |
| 19. دۇئا مۇقامى | 12. كىچىك دەردى يامان مۇقامى |

«دەردى يامان»، «هاي ـ هاي ئۆلەن» دېگەنلەر شۇ جۈملىگە كىرىدۇ.

مۇقامغا غىجەك، ساتار، تەمبۇر، راۋاب، داپ، دۇتار قاتارلىق چالغۇلار تەڭكەش قىلىنىدۇ. قۇمۇل غىجىكى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئالاھىدە ياساپ چىققان چالغۇ، ئۇنىڭ بېشى تۆمۈردىن ياسىلىپ قوي تېرىسىدە كېرىلىدۇ. ئىككى تال ئاساسىي سىم ۋە بىر نەچچە تال قوشۇمچە سىمنىڭ ھەممىسى پولات سىم. شۇڭا ئۇنىڭ مۇڭى ئۇزۇنغىچە يوقىمايدۇ. غىجەك ئۆزىنىڭ بۇ ئۆزگىچىلىكى بىلەن چالغۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مۇقامنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 50 ـ يىللاردا، قۇمۇل ۋىلايىتى ئادەم تەشكىللەپ دەسلەپكى قەدەمدە قىسمەن شېئىر ۋە قوشاقلارنى توپلاپ خاتىرىگە ئالدى. 1963 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەلنەغمىچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ نوتا ۋە تېكىستلىرىنى سىستېمىلىق خاتىرىگە ئالدى ھەمدە 12 قاپ ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا كۆچۈرۈلدى. 1975 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئىككىنچى قېتىم لېنتىغا ئېلىندى.

1982 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ياردىمىدە، «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلۇپ مەخسۇس كەسپىي خادىملار بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىندى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئەلنەغمىچىلەردىن ئاخۇنبەك، ئاقپاشا، سەيدۇللا قاتارلىق كىشىلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىپ، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن مەخسۇس ناخشا ئېيتىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قۇمۇل 12 مۇقامىنى سىستېمىلىق ئېيتقۇزۇپ لېنتىغا ئالدى. 1963 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە، ئىككى قېتىم ئېلىنغان لېنتا ئاساسىدا، يەنە 14 كۇبلېت ناخشا تولۇقلاندى. بۇ ئازادلىقتىن بۇيانقى ئەتراپلىق ھەم ئەڭ مۇكەممەل لېنتىغا ئېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رەتكە سېلىنغاندىن كېيىن، قۇمۇل 12 مۇقامىنىڭ مۇقام كويى 12 گە، ناخشىسى 250 گە يەتتى.

## § 3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ فېئوداللىق زۇلمىغا قارشى تۇرىدىغان، ھۆكۈمدارلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدىغان، خەلق قەھرىمانلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدىغان قوشاقلار،

مەسىلەن، قۇمۇلنىڭ 9 ـ ئەۋلاد ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق سۆككەن «نوم قوشاقلىرى»، «شامەخسۇت ئۆزى مەلئۇن» قاتارلىق قوشاقلار، تورپاق يېغىلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «شىڭشىڭشىيا قوشاقلىرى»، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى مەدھىيىلەيدىغان «تۆمۈر خەلپە ھەققىدە قوشاقلار»، جۇڭغار تۇپلاڭچىلىرىنى بېسىقتۇرغان ئىمەر باتۇرنى مەدھىيىلەيدىغان «يالغۇز تۇيۇم» قاتارلىقلار مەيدانغا چىققان، خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىرمۇنچىسىدا، مەسىلەن، «شەرۋانىم»، «ئون بەش ياشلىق يارىم» قاتارلىقلاردا قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت مەدھىيىلەنگەن. فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى سۆكۈلگەن، گۈزەل، بەختىيار تۇرمۇش ئىستىكى بايان قىلىنغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەسلىدىكى ئاھاڭغا يېڭى تېكىست سېلىپ ئېيتىلغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلارمۇ، مەسىلەن، «ئاچىل قىزىل گۈلۈم!»، «ياپون ئالۋاستىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ ۋەتەننى قۇتقۇزايلى» قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگەن.

قۇمۇل شىنجاڭنىڭ شەرقىغە جايلاشقان، ئىچكىرىگە بەك يېقىن، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر، خەنزۇ مىللىتى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشى بەك قولايلىق بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىل ئارىلىشىپ كەتكەن قوشاقلار مەسىلەن، «ئىشىكنى ياپقىن مىن گۇەنشاڭ، چىراغ ياندۇر دىڭ دىيەنشاڭ، كېگىز سېلىڭ جەن پۇشاڭ، يوتقان يېپىڭ بى گەيشاڭ». قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە «لوتوكې» غا ئوخشاش پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا ئېيتىلىدىغان خەلق قوشاقلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن. بۇ قوشاقلار شەھەر ئىچى، راھەتباغ، قارادۆۋە قاتارلىق جايلاردا كەڭ تارقالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا چىقىپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ كومپارتىيىنى ۋە سوتسىيالىزمنى، يېڭى تۇرمۇشنى مەدھىيىلەيدىغان «تۇگمەيدۇ يازغانغا پارتىيىنىڭ شەپقىتى» قاتارلىق قوشاقلار بارلىققا كەلدى.

قۇمۇل ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شەرقىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنى تەھرىرلەش ھەيئىتى قۇردى. 1982 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن توپلاشقا كىرىشىپ 10 ـ ئايدا «قۇمۇل قوشاقلىرى» نىڭ بىرىنچى قىسمىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قوشاقلىرىدىن 134 ى كىرگۈزۈلدى. 1983 ـ يىلى، «قۇمۇل قوشاقلىرى» نىڭ ئىككىنچى قىسمى تۈزۈپ چىقىلدى، ئۇنىڭغا 11 قوشاق كىرگۈزۈلدى.

# قوشۇمچە: قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما

## جانىدۇر

جانىدۇر جانىم مېنىڭ،
جانانىدۇر جانىڭ سېنىڭ.
چىقىلى چارەسى يوق،
بىچارىدۇر يارىم مېنىڭ.
سايدا ئۆسكەن ساي دەرەخنىڭ،
سايىسى بولماس ئىكەن.
يار ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكنىڭ،
دورىسى بولماس ئىكەن.

## خېنىم كىمشى ئايلا

سايىسى بولماس تېرەكنىڭ،
شېخىنى كەسكەندىن كېيىن.
يارىنى چىللاتسا كەلمەس،
كۆڭلى قالغاندىن كېيىن.
ئايمىدۇ ـ ئايلامدۇ،
ئايغا بۇلۇت دالدامدۇ.
يار يىراقتىن كەلگىچە،
يۈرەك ـ بېغىر پايلامدۇ.

## ھاي ـ ھاي ئۆلەن

ھاي ئۆلەن ـ ھاي ئۆلەن،
باشلادىلا يار سەنەم.
گۈلنى ئېلىپ چىمەنگە،
تاشلادىلا يار سەنەم.
ھاي ئۆتكەن بېغىر تاق،
ھەمىلدىشىم① يار سەنەم.
باراي دېسەم يول يىراق،
قېرىنداشىم يار سەنەم.

## سەنەم

ئەۋەل دۇنيا يوق ئىدى،
پەيدا بولدى يار سەنەم.
پالچىق بىلەن سۈرەتنى،
ئادەم قىلدى يار سەنەم.
ئېلىپ بويلۇق ئاي سەنەم،
ئاتىڭ نەدۇر يار سەنەم.
ئات قىنەگنى بىلمەيمەن،
زاتىڭ نەدۇر يار سەنەم.

## شاسەن ئاللا

ئۇيان قارىل ـ بۇيان قارىل (شاسەن ئاللا)،
يار سايان قارىل (شاسەن ئاللا).
تاپقان ـ تەرگىنىڭنى بېرىپ (شاسەن ئاللا)،
ياماندىن ئايرىل ھەي (شاسەن ئاللا).
يامان بىلەن ئۆمرۈڭ سېنىڭ ئەي(شاسەن ئاللا)،
زايا ئۆتكۈنچە يەي (شاسەن ئاللا).
ياخشى بىلەن خىجالەتنى ئاي (شاسەن ئاللا)،
تارتساڭ ياراشۇر يەي (شاسەن ئاللا).

① ھەمىلدەش ـ جۈپ، ھەمراھ مەنىسىدە.

### داغ ـ داغ

بارماقىمنى قىياۋەردى (ئا ـ ئايارەي)،
ياپىپىشىل قىياق، مېنىڭ ئاندا (ئايا-
رەي) بىر يارىم بار،
دەرت بىلەن پىراق (ئاي بىدەردىلىك يامانەي)،
داغ ـ داغلىقا ـ داغ سەن يارغا ئۇتلارنىڭ
يامانەي.

### ئۆرگىلەي مەشۇقۇم

ئىچمە دەرلەر ـ ئىچمە دەرلەر،
ئىچمىگەنلەر قايدا بار؟
ياخشىلار هاراقىنى ــ
ئىچسە يۈرەككە پايدا بار.
نەقرات: ئۆرگىلەي مەشۇقۇم،
چۆرگىلەي مەشۇقۇم ـ مەشۇقۇم.
كەچ بولدى خېنىم ياتىلى مەشۇقۇم،
هەر بالا كەلسە تارتىلى مەشۇقۇم.

### ئالتۇن جان

باللا ئاتىدۇ ئوشۇق،
كولىدا[1] بىزنىڭ مەشۇق (ئالتۇن جانەي).
قارىسام چىراي ئوچۇق (ئالتۇن جانەي)،
بىر سۆيۈۋالاي مەشۇق.
نەقرات: ئۇشلىماڭ بىلىكىمنى (ئالتۇن جانەي)،
كۆيدۈرمەڭ يۈرەكىمنى (ئالتۇن جانەي).

### شەرۋازىخان

ئالما بەرسەم يەمدىلا،
شاپتۇل بەرسەم يەمدىلا.
ئالما يوق، شاپتۇلا يوق،
ئاخىرى نادامەت يەمدىلا.
نەقرات: ۋاي خېنىم شەرۋازىخان،
باغدا شاپتۇل ئانارخان.

### قارادۆۋە سەنىمى

ئاتام بولسا كۆرسەم يەي ... شاۋاز سەنەم
سەنىمەي،
ئانام بولسا كۆرسەم مەن يار ـ يارەي،
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ هەي ... شەرۋاز سەنەم
سەنىمەي،
ئاياقىدا ئۆلسەممەن يار ـ يارەي.

### يار دەيدۇ يامان دەيدۇ

كۆچەت تىكتىم دەرەخ بولدى. ئايارەي ...
يار ـ يارەي،
مۆگەسى بولمىدى دائىم، يارەي.
جاهانىدا ئارزۇلاپ سۆيسەم ئايارەي ــ
يار ـ يارەي،
كۆپايىك بولمىدى دايىم يارەي.

---

[1] كولىدا ــ كورلىدا.

### مەيلى بولسا يار تولا

كېچە يارنى چۈش كۆرۈپ ئاللا يەي،
مەن ئەتىسى مازۇزمەن ئاللا يەي.
چىلىلساڭ باراي قېشىڭغا ئاللا يەي،
مەن ئۆزۈم يالغۇزمەن ئاللا يەي.
مەيلى بولسا يار تولا ئاللا يەي،
يارىم ساڭا ئېيتالمىدىم ئاللا يەي.
نەقرات:
خېنىم ئويناڭ يارەي ـ خېنىم ئويناڭ يارەي،
ئايىردي ئەيـۋا يارەي ئەلـلەي ئەيـۋا
نادان يارەي.

### بۇلبۇل قىز

يارىم ئۆتتى يانىمدىن ئاي ـ جانىم بۇلـ
بۇل قىز (... قىز)،
خانىم بۇلبۇل قىز.
كۆيدۈرۈپ ئۆتتى جانىمدىن (ئەي) جانىم
بۇلبۇل قىز (... ئەي)،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلـدۇق ئاي جانـىم
بۇلبۇل قىز (... ئەي).
خانىم بۇلبۇل قىز،
جاندىن ئېزىز يارىمدىن. جانـىم بۇلبۇل
قىز (... ئەي).

### بەللەردە ساچلىق ئايلىلار

يارىم سـەپەرگە ئاتلانىپتۇ (ئايلا يەي)،
مىنـگەنى دۇلـدۇل، بەلـلەردە ساچـلىق
(ئايلا يەي).
قاچارلارى قىزىل ئالما،
ساچلارى سۇمبۇل.

### تولا قارىدىم ساڭا

تولا قارىدىم ساڭا،
بىر قارىمىدىڭ ماڭا.
قارىمىساڭ قارىما،
كۆيۈپ ئۆلمىدىم ساڭا.

### شىڭشىڭشيا

شىڭشىڭشيا ئۆزى گوبى،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.
شىڭشىڭشيانىڭ ئۆزىدە،
كىچىك ـ كىچىك كاڭلاردا.
شاكىيۇلار ئۆزى يېتىپ،
بىچارىلەر تالادا.

شىڭشىڭشيا ئۆزى گوبى،
تاغ ئىچىدىن يول ئاچقان.
زۇلۇم تاغلار دەستىدىن،
ھارۋىنى تاشلاپ قاچقان.
ئات ھاۋرىنى بىز ھەيدەپ،
كۇشۇي① لەردە كەچ بولدى.
ئاچچىق سۇنى بىز ئىچىپ،
تاڭ ئاتقۇزماق تەس بولدى.

① كۇشۇي ـــ يەر ئىسمى (ئاچچىق سۇ).

ئۈچ يىل ھەيدەپ ھارۋىنى،
ئىككى قاچا چۈشۈردۈم.
ئەلتۈمۈردە ياتقاندا،
ئاتا ـ ئانامنى چۈش كۆردۈم.

شا مەخسۇتنىڭ زۇلمەتى،
شىڭشىڭشىيانى كۆرسەتتى.
ئىككى تال قاچا بېرىپ،
دەڭگىر① مانى ھەيدەتتى.

كۇشۇيىنىڭ سۈيى ئاچچىق،
مەنزىلى ئاندىن قاتتىق.
گەنچەيلەرنى② ھەيدەتكەن،
شائېيۇ دېگەن مۇناپىق.

شامەخسۇتنىڭ دەۋردە،
ئالۋىنى ئېغىر بولدى.
تەيجىلەرنى كۆتۈرۈپ،
دۈمبىلەر يېغىر بولدى.

..............................

× × ×

كۈن چىقىشتىن كۈن چىقتى،
زالىملارغا كۈن پاتتى.
كېلىپ ئازاد ھۆر زامان،
يوقسۇللار بەخت تاپتى.

قايتىپ كېلىپ يۇرتۇمغا،
خۇشال ـ خۇرام ئىشلىدىم.
بۇ گۈزەل دەۋرانىمدا،
قىزىل گۈلدەك ئېچىلدىم.

## سارىخان

قارلا يېغىپ ياز بولمايدۇ،
پادىشانىڭ تاغى.
دەرت كەلگەندە پايلىمايدۇ،
يۈرەكنىڭ داغى.

دوتار چېلىپ ئولتۇرسام،
يارىم كەلدى قېشىمغا.
ھەجەپ ياخشى ئەسقاتتى،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا.

## شەمشۋا

شەمشۋايەي تەركىپنى ئېيتسام،
سىز بۇلۇر باغرىم مېنىڭ.
ياندۇرۇپ مەشرەپكە سالسام،
ئۆرتۈلۈر جانىم مېنىڭ.

كۆيدۇ جانىم مېنىڭ،
يوقتۇر خەۋەردايىڭ سېنىڭ.
رەھىم قىلساڭ ئۆتنى ئالغىل،
كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ.

## پەريادەي

ھاۋادىكى لاچىننى،
قوندۇراي بىلەكىمگە.
يارنىڭ سۆزلىرى دورا،
سىڭدۇرەي يۈرەكىمگە.

تاڭدا چىقتىم تال ئۇچۇن،
قۇرغۇي بالىسى بار ئۇچۇن.
ئالتە ئاي ئونۇڭدا كۆيدۇم،
ساڭا مەيلىم بار ئۇچۇن.

① دەڭگىرما ــ قوتۇر ئات.
② گەنچەي ــ ھۆكۈمەت ھارۋىسى، يەنى گۆەنچې.

www.uyghurkitap.com

## شەرۋانوم

ئۆلۈپتۇدەپ ئاڭلىدىم،
قارلىق دېگەن تاغلاردا.
كۆز يېشىم دەريا بولدى،
نامازدېگەر چاغلاردا.

تاغ تۇۋىدە ئۆيۈم بار،
تېزەك قالاپ چوغۇم بار.
ئايدا - يىلدا بىر كۆرسەم،
ياردىم ساڭا مەيلىم بار.

نەقرات: شەرۋانوم - بانوم،
هېلىم بانوم - بانوم،
گۈللەر قايدا بار. ماپىلىق،

نەقرات: شەرۋانوم بانوم،
هېلىم بانوم - بانوم.
گۈللەر قايدا بار، ماپىلىق.

## شىشىلىشىپ ئوينادك

ئازادە گۈللەر ئازادە،
شايى شەلپەر بازاردا.
قولۇڭدا بەش پۇل بولمىسا
نېمىش قىلسەن بازاردا؟

مەنمۇ باردىم پاراتقا،
ئۈچ كىشى مىندى بىر ئاتقا.
بالىلىرى ئويۇن بىلەن،
ئاتىسى قاپتۇ ئۇياتقا.

نەقرات: شىشىلىشىپ ئويناك ئازادە.

نەقرات: شىشىلىشىپ ئويناك ئازادە.

## شېرىن جانلار ئايلانسۇن

دەرتلەر كەلدى باشىمغا،
كىشى كەلمەيدۇ قاشىمغا.
كىشى كەلسىدى قاشىمغا،
خەت بەرسەم ئاداشىمغا.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
مەن مۇندا غېرىپ جايدا،
كۆڭۈلدىكى يار قايدا.

نەقرات: شېرىن جانلار ئايلانسۇن،
ساچلىرى بەلگە چىرمالسۇن.

نەقرات: شېرىن جانلار ئايـلانسۇن،
ساچـلىرى بەلگە چىرمالسۇن.

## ئالتۇن پاشاخان

يار دۇرغىنىڭ «دۆلەتى»،
چازىلارنى① كۆرسەتتى.
دورۇلۇق② شەرنى ئالالماي،
باغداش ئولنى كۆرسەتتى.

دورۇلۇق شەرنى ئالىمىز دەپ،
كاردىزچىغا كولاتتى.
دورا بىلەن ئوت قويۇپ،
بەدىنىنى شۇرلاتتى،

نەقرات: جاننى ئالامدىلا،
ئالتۇن پاشاخان؟

نەقرات: جاننى ئالامدىلا،
ئالتۇن پاشاخان؟

---

① جازا — چېكرا مۇداپىئە ئورنى

② دورۇلۇق— جاي ئىسمى

قارىمۇقچىدىكى جەڭدە،
مافۇگۇەننى ئېتتۇەتتى.①
قاسىم پالگان رەھەتلىك،
دۈشمەنلەرنى تۆكۈۋەتتى.

نەقرات: جاننى ئالامدىلا،
ئالتۇن پاشاخان؟

تارتماقتا ئىلاجىم يوق،
قاز! كەلدى باشىمغا.
ئالتۇن ئۈزۈكۈم قالدى،
پاشاخان ئاداشىمغا.

نەقرات: جاننى ئالامدىلا،
ئالتۇن پاشاخان؟

## كۆزلىرى مەستان شاۋانخان

ئويان ئۆتىدۇ بىر گۈل،
بۇيان ئۆتىدۇ بىر گۈل.
ئاقسۇنىڭ بازارىدا،
سايراپ ئۆتىدۇ بۇلبۇل.

نەقرات: كۆزلىرى مەستان شاۋانخان
قايدىن بۇلۇرلا؟ مۇندىن بولۇرمىز.

ئويان ئۆتىدۇ لەيلى،
بۇيان ئۆتىدۇ لەيلى.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
ئوينىغلى يەر خالى.

نەقــرات :كۆزلىرى مەستان شاۋانخان،
قايدىن بولۇرلا؟ مۇندىن بولۇرمىز.

## ساماۋەرىم بولىسىدى

ساماۋەرىم بولىسىدى،
چايلىرى قايناپ تۇرسىدى.
بىر چىنە چاينى ئىچكىنچە،
يارىم ئويناپ تۇرسىدى.

نەقرات: كەل ئويناىلى كەل خانىم،
خۇرسەن بولۇپ ئويناىلى.

ئوينىمايسەن، كۆلمەيسەن،
ئۆتكەن ئۆمرۈڭ بىلمەيسەن.
ئۆتكەن ئۆمرۈڭ ئۆتۈۋاكەتسۇن،
ئون بەش ياشتا قىز بىلەن.

ساماۋەرىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلگەنىمگە رازىمەن.

نەقرات: كەل ئويناىلى كەل خانىم،
خۇرسەن بولۇپ ئويناىلى.

ئوينىمايسەن، كۆلمەيسەن،
ئۆتكەن ئۆمرۈڭ بىلمەيسەن.
ئۆتكەن ئۆمرۈڭ ئۆتۈۋاكەتسۇن،
ئون بەش ياشتا قىز بىلەن.

ساماۋەرنىڭ چىپىنى،
يارىم بىلەن تەڭ ئىچسەم.
دىلدا ئارمان قالمايدۇ،
يارىم بىلەن بىر ئۆلسەم.

نەقرات: كەل ئويناىلى كەل خانىم،
خۇرسەن بولۇپ ئويناىلى.

ئوينىمايسەن، كۆلمەيسەن،
ئۆتكەن ئۆمرۈڭ بىلمەيسەن.
ئۆتكەن ئۆمرۈڭ ئۆتۈۋاكەتسۇن،
ئون بەش ياشتا قىز بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## سەيلىخان

باردىچە باغ بىلەن باردۇق،
يانغىچە تاشلىق بىلەن.
خوپ تولا داغلار كۆتۈردۇم،
سەن قەلەم قاشلىق بىلەن.

سىلكىنىپ چىمەنگە تۈشتۈم،
ئەي نىگارىم قايدىسەن.
سارغىيىپ ئاۋارە بولدۇم،
ساق ـ سالامەت بارمۇ سەن؟

نەقرات: سەيلىخان سايلاردا ھەمراھىڭ
بولاي،
ئايلا جۇگان چۆللەردە مەن يارىڭ
بولاي.

نەقرات: سەيلىخان سايلاردا ھەمراھىڭ
بولاي،
ئايلا جۇگان چۆللەردە مەن يارىڭ
بولاي.

## ھەزىرەت

گۈلى زەپەر بويلۇقۇ مەي،
كۆرگۈم كېلەر دەر ـ بۇدەر.
چۈشۈمدە كۆرسەم سېنى،
ئويغۇمدا مەن سۆيگۈم كېلەر.

گۈلى زەپەر بويلۇقۇمەي،
سايلارغا سەپتۇ باغىنى.
ئۆزى يىراقتا كېتىپ،
يۈرەككە سەپتۇ داغىنى.

نەقرات: ئاي خېنىم ئالتۇن خېنىم ھەزىرەت،
ئالتۇن بويۇڭدىن ئايلىناي.

نەقرات: ئاي خېنىم ئالتۇن خېنىم ھەزىرەت،
ئالتۇن بويۇڭدىن ئايلىناي.

## ئانارخان يارىم دوس

مەن بارايمىكىن ئاندا،
يار كېلەرمىكىن مۇندا.
يارغا يار كېرەك بولسا،
قول سېلىپ كېلەر مۇندا.
نەقرات: يارىم ـ يارىم ـ يارىم دوس،

ئانارخان يارىم ـ يارىم دوس،
نەگە دېسىلە مەن باراي،
ئانارخان يارىم ـ يارىم دوس.
بالىخان يارىم ـ يارىم دوس.

## مىرزان گۈل

يارىم بىلەن ئىككىمىلەن،
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
ئەسلى ۋەدىمىز شۇنداق،
ئايرىلماسقا دوس بولغان.

مەس قىلغانمۇ تاماكا،
خەس قىلغانمۇ تاماكا.
چېچىلىپ كەتكەن كۆڭۈلنى،
يىغىۋالغان تاماكا.

نەقرات: مىرزان گۈلۈم ـ مىرزان گۈل،
قىسقان گۈلۈم ئالتۇن گۈل،
گۈلشەدىخان ئايارەي.

نەقرات: مىرزان گۈلۈم ـ مىرزان گۈل،
قىسقان گۈلۈم ئالتۇن گۈل،
گۈلشەدىخان ئايارەي.

## بىدەرت

دازىگو سەرۋەك ئارا،
تىزدا يېغىپتۇ قارلار.
بىزنىمۇ يادلارمىكىن،
ئارقىدا قالغان يارلار.

نەقرات: (ئابى. بى) دەرت گىلاك تاغـ
لاردىكى،
مۇزلار ئايارەي،
(ئابى.بى) دەرت سەرۋەگلەردىكى، ①
گۈللەر ئايارەي،

تاغمۇ ـ تاغلاردىن ئېگىز،
باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى.
ئۇستىدە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

نەقرات: (ئابى. بى) دەرت گىلاك تاغـ
لاردىكى،
مۇزلار ئايارەي.
(ئابى. بى) دەرت سەرۋەگلەردىكى،
گۈللەر ئايارەي.

## چىمن مۇدەن

ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ،
شام چىراقلىرى باردۇر.
يۇردىكىمنى يېرىپ باقسا،
كۆيگەن داغلىرى باردۇر.

نەقرات: (ئايارەي) يەتكۈزۈك مۇرادىمغا.

بېغىمدىكى گۈللەرگە،
بۇلبۇل قونسا سايرايدۇ.
ساڭا كۆيگەن يۇرەكتە،
چەينەك قويسا قايىنايدۇ.

نەقرات: (ئايارەي) يەتكۈزۈك مۇرادىمغا.

هاۋادىكى كۆك لاچىن،
كۆرمەي تورغا چۈشەمدۇ.
ئادەم بالىسى بېشىغا،
مۇنداق كۈنلەر كېلەرمۇ؟

نەقرات: (ئايارەي) يەتكۈزۈك مۇرادىمغا.

## گۈل بار

گۈل بارەي ـ گۈل بار،
زاراڭزىدا گۈل بار.
زاراڭزىغا كىرمەك يارىم،
هارامزەدە قىز بار.

نەقرات: نادانەي ـ نادان،
خۇش خەۋىرىڭ بارمۇ.

سەنغۇ كۈلسەن ـ مەنغۇ كۆيىمەن،
ياردىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

تال چىۋىقنى ئىگىۋا ـ ئېگىپ
مېنى سوقاي دەمسەن؟
ئاتا ـ ئانىسى يوق بالا دەپ،
ئاناي تاپاي دەمسەن؟

① سەرۋەك ـــ تاغ ئىسمى

نەقـرات: نادانەي ـ نادان،
خوش خەۋىرىڭ بارمۇ.
سەنىڭ كۆلسەن ـ مەنىڭ كۆيىمەن،
ياردىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

تال چىۋىقنى ئىگۋا ـ ئېگىپ،
مېنى سوقالمايسەن.
ئاتا ـ ئانىسى يـوق بالا دەپ،
ئاناي تاپالمايسەن.

### ئايخان مەشۇق ئويناپلى

ئوك يېنىمدىن ئۆتسەڭچۇ،
سول يېنىمدىن ئۆتسەڭچۇ.
قېشى قارا مۇنايىم،
گۇنايىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

دەرتىنىڭ تولسى كەتتى،
مەن ئاتىمنى ساتمايمەن.
بۇ ئالەمدە تارتقاننى،
ئاخىرەتتە تارتمايمەن.

نەقىرات: ئايخان مەشۇق ئويناپلى،
قارا كۆز ئاداش ئويناپـلى.

نەقىرات: ئايخان مەشۇق ئويناپلى،
قارا كۆز ئاداش ئويناپلى.

### ئۆرگىلىدۇ پەلەك

ئايمۇ توشتى ئويمانغا،
كۈنمۇ توشتى ئويمانغا.
مەيلىمىز توشۇپ قاپتۇ،
باينىڭ قىزى ئايخانـغا.

ئاشىق بولىمەن دەيدۇ،
جانغا كۆيسە بولمامدۇ.
ئادەم بالىسى ۋاي تۇلا،
قەدىر بىلسە بولمامدۇ.

نەقىرات: ئۆرگىلىدۇ پەلەك، چۆرگىلىدۇ پەلەك،
كىمنىڭ يارى سەن قۇچاقـلاپ سۆيگىدەك.

نەقىرات: ئۆرگىـلىدۇ پەلەك، چۆرگىلىدۇ پەلەك،
كىمـنىڭ يارى سەن قۇچاقـلاپ سۆيگىدەك.

### دوستلۇرۇم ئامان

دۇتۇرۇم جىرىڭلايدۇ،
ئىچىدە ماش بارمىكىن.
بىزنى كۆيدۇرگەن جانانىنىڭ،

باغرىدا تاش بارمىكىن.
نەقىرات: (ئا ... بى) دوستلۇرۇم ئامان
يار ئوتى يامان.

### سەمەرقان سايىمىدا

سەمەرقان باغىدا،
ئالما پىشىپتۇ.
ساپاقى ئايرىلىپ،
يەرگە چۈشۈپتۇ.

سەمەرقان سايىسى،
سايىنىڭ بۇلاقى.
ھەجەپ دۇشقارىكەن،
يولنىڭ يىراقى.

## بۆرگەم

بۆرگەم ـ بۆرگەم بىر باتۇر،
باسما يوتقاندا ياتۇر.
بۆرگەمنى سۇغا سالسام،
كۆزلىرىنى ئالايتۇر.

بۆرگەمگە بۆرا ئەشتىم،
تارتىپ بۆرنىدىن تەشتىم.
ئالتە ئايلىق ئۇزۇق ئارتىپ،
يارىم بىلەن مىنگەشتىم.

توپۇلاڭنى كۆرسە يېتىشۋالىدۇ،
پاتقاقنى كۆرسە پېتىشۋالىدۇ.
چۇ دىسەمۇ ماڭمايدۇ،
خې دىسەمۇ ماڭمايدۇ.

ئاچچىقىم شۇنداق كېلىپ،
تارتىپ بوغۇزلىۋەتتىم.
ئاتىمىش چارەك گۆش چىقتى،
يەتمىش چارەك چاۋىسى.

گۆشنى نەزىر ئەتتىم،
تېرىسى ماڭا قالدى.
تېرىسىنى مەن ئېلىپ،
داۋۇت كۆنچىگە بەردىم.

داۋۇت كۆنچىدىن ئېلىپ،
ساۋۇت كۆنچىگە بەردىم.
ساۋۇت كۆنچىدىن ئېلىپ،
ئاۋۇت كۆنچىگە بەردىم،

ئاتمىش كۈندە ئاشلاندى،
كۆن چەملىككە رۇسلاندى.
ئايلالارغا ئويماقلىق،
ئاخۇنلارغا غىلاپلىق.

## تۆمۈر خەلپە

قوراي يولى ھەيۋەتلىك،
ئۇنىڭ ئىچى زەرەتلىك.
مۇرادىغا يەتمىگەن،
تۆمۈر خەلپە رەھمەتلىك.

تۆمۈر خەلپە تەۋرىدى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
چەندارىنىنى قاچۇردى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا،
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار.
تۆمۈرنى ئېلىپ چىقسا،
يەتمىش يەردە سوراق بار.

تۆمۈرنى ئېلىپ چىقىپ،
ئاتمىش يەردىن چاپتۇردى.
چىڭ ۋاڭ خوجام ھىلىگەر،
جۇنجاڭنىمۇ تاپشۇردى.

## بالىجان

(ئا) بالىجان ــ جان دوس ھەمراخان،
كۆرۈشكە يارلارنى ئاز قالدى بۇ جان.
(ئا) بارسىلا (ۋاي) كەلمەيدىلا،
(ۋاي) ياغلىقلىرى (ۋاي) قالسۇن ماڭا.
(ئا) يىغلىسام (ۋاي) ياشىمنى ئەرتەي،
ئاللا ھەمراھ (ۋاي) بولسۇن ماڭا.

(ئا ــ) ياخشىنىڭ يامانىمەن،
سەھەرنىڭ شامالىمەن.
قولىدا پەرەڭ ياغلىق،
يارىمنىڭ خۇمارىمەن.

### شەرلىرىڭدە گۇلزارەي

يارىمنىڭ قارا كۆزى،
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك.
ھەممە سۆزى لەززەتلىك،
شېكەر بىلەن ناۋاتتەك.

يارىم بارمىغان تويغا،
مەن سورىماي بارالمايمەن.
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن.

نەقىرات: شەرلىرىڭدە گۇلزارەي.

نەقىرات: شەرلىرىڭدە گۇلـزارەي.

### چەرەنىيە

ئالتاي ياتتۇق مىڭگاڭدا①،
سۆكسۆك بىلەن ئوت قالاپ.
كۆزنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
يۇرتنىڭ يولىـغا قاراپ.

نەقىرات: ياھۇ يارەي يا سەنچى،
بېلى ئۇزۇن پىرەنچى.
ئۆمرۇم ئۆتتى ئېرەنچى،
چەرەنىيەمۇ ـ چەرەنىيە.

### شايى كۆينەكلىك جۇگان

تاغمۇ ـ تاغلاردا يۈرۈپ،
مەن كۆرمىگەن تاغ قالمىدى.
جېمى ئالەمنى كېزىپ،
ئوينىمىغان شەر قالمىدى.

باغدا بىر گۇل بار ئىدى،
ئالتۇن باھالىق گۇل ئىـدى.
تۇگمىسى ئاچىلمىغان،
يارىمغا لايىق گۇل ئىدى.

نەقىرات: جېنىم ـ جېنىـمەي،
شايى كۆينەكلىك جۇگان.
ھەجەپ يامان دەردىۋا،
ھەر تەرەپتە يارى بار.

نەقىرات: جېنىم ـ جېنىمەي،
شايى كۆينەكلىك جۇگان.
ھەجەپ يامان دەردىۋا،
ھەر تەرەپتە يارى بار.

### داغۇ پەريادە

سىم ـ سىم ئارىلاپ قارلار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
كۆرەر كۆزۈم كـۆرمەس بولدى،
يولۇڭغا قاراپ.

نەقىرات: داغۇ پەريادە سېنىڭ ئۇستۇلدۇر،
گۇلشەن داغۇمەي.

---

① مىڭگاڭ ــ يەر نامى

نەدەپ ئىچتىم خام بوزاڭىنى،
تۈتتى كۆكسۈمدىن.
زۇلۇم بىلەن ئايرىۋەتتى،
خۇمار كۆزۈمدىن.

نەقرات: داغۇ پەرىيادە سىنىڭ ئۈستۈندۇر،
گۈلشەن داغۇمەي.

## قارا كۆز

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
خويما كۆيىدۇ چىراغ.
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيلىرى يىراق.

باغلىرىمدا قىزىل گۈل،
سۇ قۇيۇپ قۇرۇتمايمەن.
يارنىڭ ئېيتقان سۆزىنى،
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن.

نەقرات: ئايرىلدۇق ئاداۋەتتە،
دەۋايىم قىيامەتتە.

نەقرات: ئايرىلدۇق ئاداۋەتتە،
دەۋايىم قىيامەتتە.

## لەۋلىرىڭ بولاي

ئاسمانلار ئالاڭلاپتۇ،
يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ.
مەن يارغا نېمە قىلدىم،
يار مەندىن يامانلاپتۇ.

ئالتۇن بولسا ـ كۈمۈش بولسا،
سالسا بىلەككە.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
تەگدى يۈرەككە.

نەقرات: لەۋلىرىڭ بولاي،
شاخىڭغا قوناي.
سايراپ ـ سايراپ گۈل شاخىڭدا،
بۇلبۇلۇڭ بولاي.

نەقرات: يارىم ـ يارەي شېرىن يارەي،
شىپا بولۇڭ بۇ جانىمغا،
يار دەردىگە يار دەرتمەن.

## قارا تۆۋىچى گۈلدەستىخان

ئەگمەل① ئاخشام ئاي چىقتى،
تاڭ سەھەردە چولپان قىز.
سېنى ساقلاپ كۈن چىقتى،
ئاچ قۇۋۇقۇڭنى چوكان قىز.

قارا تۆۋىچى گۈلدەستىخان،
بەكرى باي ئېلىپ قاچقان.
بەگ دادام تۈيۈپ قېلىپ،
ئارقىسىدىن قوغلاشقان.

## گۈل مەشۇق

ئاتلارنى قويۇپ بەردۇق،
ساغارغان ئاشۇ تۇزگە.
بارساڭلار سالام دەڭلەر،
بىزنىڭ يار قارا كۆزگە.

① ئەگمەل ـ ـ ئاۋال.

www.uyghurkitap.com

### بىر گۈلى رەنامۇسىز

گۈللا بولسا گۈل بولامدۇ،
قاتى ـ قاتى بولمىسا.
يار دېگەنگە يار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا؟

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ —
باشقا ساچسا بىر قۇچاق.
خەقنىڭ يارى ـ يار بولامدۇ،
ئۆلگىچە جانغا پىچاق.

### قۇم شەھدان

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
خويما كۆيمدۇ بۇ جان.
كىيگەن كۆينىكى خانچۇ،
تۈگمىسى يالاڭ مارجان.

يارىمنىڭ سارايىنىڭ،
ئوتتۇرىسىدا يول بولسا.
ئادىل پادىشاھ بولسا،
سۆيگەن ياردىن ئايرىمىسا.

نەقرات: ئاللەي ھۇ مەن ھەيران،
ئەسلەيخان قۇم شەھدان.

نەقرات: ئاللەي ھۇمەن ھەيران،
ئەسلەيخان قۇم شەھدان.

### بارسىلا كەلسىلە ئوينايلى

يارىمنىڭ ئۆيى قاشتا،
بەلگىسى قارا تاشتا.
ئەسلى مەيلىڭ بولمىسا،

نېمىشقا ئوينىدىڭ باشتا.
نەقرات: بارسىلا كەلسىلە ئوينايلى،
خالى جايىنى تاپقاندا.

### سەن ـ سەن مېنى سەن

سەن ـ سەن مېنى سەن،
خاراب قىلدىڭ مېنى سەن.
ئوتلارغا سېلىپ،
كاۋاپ قىلدىڭ مېنى سەن.

كەچمىگەن دەريانى كەچتىم،
ئۆلمىدىم سۇغا ئېقىۋەي.
ئەمدى كۆڭلۈڭ تىندىمۇ،
يۈرەككە ئوتلارنى يېقىۋەي.

### سۇزۇك چىراي

يارغىنام گۈل بىرىدۇ،
باغدا تۇرۇپ يەلڭ ئېچىدە.
گۈلنى مەن قانداق ئالاي،
شۇنچە خالايىق ئېچىدە.

نەقرات: ۋاي خېنىم سۇزۇك چىراي
ئوتىڭدا مەن،
دەردىڭدە مەن قانداق چىداي.
ئاخشىمى ئايدىڭغا چىقىپ،
ھالڭ ئاتقىچە تەمبۇر چالاي.

www.uyghurkitap.com

### سەھەرلىك

بارسىلا بىللە بارايلى،
ئايرىلىپ قالغان يامان.

ئايرىلغانغا كىم ئۆلەدۇر،
تىرىك ئايرىلغان يامان.

### سىنىڭ مەن

سىنىڭ مەنغۇ سىنىڭ مەن،
سىنىڭ بولماي كىمنىڭ مەن.
سىتىپ يىسەڭ قۇلۇڭمەن،
ئىشلەتكىنى پۇلۇڭمەن.

كۆردۈڭمۇ بۇ باشىمنى،
كۆزۈمدىكى ياشىمنى.
ئۈچ كۈن بولدى كۆرمەيمەن،
قارا قاش ئاداشىمنى.

### بىر دانە ئەردىم

بىر دانە ئەردىم مىڭ دانە بولدۇم،
ھەقلى ھوشۇمدىن يىگانە بولدۇم.
مىڭ دانە قىلغان سىنىڭكى ئىشىڭدۇر،

مەستانە قىلغان قاشى كۆزۈڭدۇر.
نەقىرات: يارىم كېلىپتۇ ماڭا ئىرادە،
سالغان ئوتلىرى ئاندىن زىيادە.

### يېڭى باغنىڭ گۈللىرى

ئاتلار ئورۇق يوللار يىراق،
كۆزلەردىن ئۆچتى.
ئاتنى سىپىز ساقلىغانلار،
قۇش بولۇپ ئۆچتى.

نەقىرات: دوس جانىم دوسلارىم،
ئايارەي يېڭى باغنىڭ گۈللىرى.
دوس جانىم دوسلارىم،
ئايارەي باغنىڭ گۈللىرى.

### سايراڭ بۇلبۇلۇم

دەرت ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا.
سايدا تۆگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

ئاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە،
مېنىڭ يارىم سازەندىدۇر.
قاراڭغۇدا ئۈن بېرىدۇ،
دىدار كۆرۈشمەك نەدىدۇر.

نەقىرات: سايراڭ بۇلبۇلۇم،
گۈلنىڭ بەرگىدە.
جانلار قاقشىسۇن يارنىڭ دەردىدە،
يارنىڭ دەردىدە خوجام ئەللەي.

نەقىرات: سايراڭ بولبۇلۇم،
گۈلنىڭ بەرگىدە.
جانلار قاقشىسۇن يارنىڭ دەردىدە،
يارنىڭ دەردىدە خوجام ئەللەي.

## ئاللىيەي شەرۋازى[1]

تولدىن تولا توشـقان،
جاڭگالدا تولا توشقان.
ئىچىم دەرتكە توشقاندا،
دەرتكە پايلىماي قاچقان.

دەردىم تولا ئېيتايمۇ،
هالىم تولا ئېيتايمۇ.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
يارىم ساڭا ئېيتايمۇ.

نەقرات: ئاللىيەي شەرۋازى،
هازىر بولۇڭلار.
كەلسە دۈشمەنلەر،
باتۇر بولۇڭلار.

نەقرات: ئاللىيەي شەرۋازى،
هازىر بولۇڭلار.
كەلسە دۈشمەنلەر،
باتۇر بولۇڭلار.

## نازىركوم

قاناتىم بولسا ئۇچقىلى،
بېرىپ هالىڭنى بىر كۆرسەم.
گويا بۇلبۇل بولۇپ سايراپ،
سېنىڭ باغىڭنى چۆرگۈلسەم.

قاشىڭنى قارا كۆردۈم
تال بويۇڭنى تۈز كۆردۈم.
ئاخشام كۆرگەن بويۇڭنى،
كېچە يېتىپ چۈش كـۆردۈم.

## ياچىبەگ (خەلق داستانى)

ئۆتكەندى ياچىبەگ،
بۇلاڭ، تالاڭ زاماندا.
قالماق بىلەن جەڭ قىلىپ،
كەتتى ئاخىر ئارماندا.

ياچىبەگنى كۆرگەنـلەر،
سۇمباتلىقكەن دەر ئىدى.
گۆرزى، بازغان قوللىرى،
يولۋاس كەبى ئەر ئىدى.

ياچىبەگـنىڭ ئۆيلىرى،
تۆرۈك تېغى ئەلتىدە.[2]
هېلە ـ مىكىر يوق ئىدى،
ياچىبەگـنىڭ ئەپتىدە،

ياچـبەگ خـوپ ئەر ئىدى،
يەتتە قۇلان يەر ئىدى.
يەتتە قۇلان يەپ بولۇپ،
يەنە بارمۇ دەر ئىدى.

مۇندا چىقتى ياچـبـەگ،
ئوڭ قولىغا نەيزە ئەپ.
تاغلار ئارا يول سالدى،
پالگانلارنى ئارقىغا سەپ.

ياچى دېگەن بۇ كىشى،
ئارقىسىدا مىڭ كىشى.
ياچىغا ئېگىلمىسە،
قۇتۇلالماس هېچ كىشى.

---

[1] شەرۋازى — ئەسكەر
[2] ئەلتى — تاغ ئېتىكى

ياچى دېگەن يانچىدۇ،
دۈشمەن كەلسە سانچىدۇ.
يانسا كىمكى ياچىغا،
ئېر باك بىلەن يانچىدۇ.

تۇغرى تاغنىڭ ئالدىدا،
تورېۋالدى ياچىنى.
ئەلەنچىسكە قويماي،
باغلىۋالدى ياچىنى.

× ×

× ×

تۇتماق بولۇپ ئۇسمان بەگ،
ياچىبەگنى تىڭتىڭلاپ.
تۇتالمىدى ياچىنى،
يۇگەرسىمۇ پايپاسلاپ.

ياچىبەگ ئەخمەق ئىكەن،
بىلمەي چاقماق ئىكەن.
ياچىبەگنى ئۆلتۈرگەن،
جالالىق① قالماق ئىكەن.

سامانچىمۇ سېتىلدى،
ئۇسمان بەگكە قېتىلدى.
كەينىگە تۈشۈپ ياچىنىڭ،
تۇتماق بولۇپ ئېتىلدى.

ھەسرەت بىلەن خالايىق،
دۇئا بەردى دوستىغا.
سامانچىنى تۇتۇۋېلىپ،
سامان تىقتى پوستىغا.

# ٧ باب ئەنئەنىۋى خەلق سەنئەتلىرى

## §1. مەشرەپ

مەشرەپ ــ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، مول مەزمۇنغا ئىگە، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئاساس قىلىنىدۇ. ناخشا، ئۇسسۇل، ئادەتتە، ئۆرپ ـ ئادەت ئۇسسۇلى، قاچا ئۇسسۇلى، تەقلىد ئۇسسۇلى ۋە ئەمگەك ئۇسسۇلى دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ.

1. ئۆرپ ـ ئادەت ئۇسسۇلى

(1) كۆك مەشرىپى

قۇمۇلنىڭ يېزا ۋە تاغلىق رايونلىرىدا قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە ئۇيغۇر دېھقانلىرى كۆك مەشرىپى (مايسا مەشرىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۆتكۈزىدۇ. قىش كىرگەن ھامان ساھىبخان ئىككى چىنىگە بۇغداي تېرىيدۇ (ئەڭ دەسلەپ بۇغداي قاپاقتا تېرىلاتتى)، بۇغداي

① جالا ــ سۈنئىي چاچ

ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەر بىر ئائىلە نۆۋەت بىلەن مەھەللىدىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلارنى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ.

مەشرەپ باشلانغاندىن كېيىن، ساھىبخان قىزىل قەغەز بىلەن چىرايلىق قىلىپ زىننەتلەنگەن ياكى تاۋار ياغلىق بىلەن يېپىلغان، مايسا ئۈندۈرۈلگەن ئىككى چىنىنى پەتنۇسقا سېلىپ ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ساھىبخان ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، پەتنۇسنى شۇ سورۇندىكى مەلۇم بىرسىگە تۇتىدۇ، ئۇ كىشى كېيىنكى قېتىملىق كۆك مەشرەپنىڭ ساھىبخانى بولىدۇ. ساھىبخان بىلەن پەتنۇسنى قوبۇل قىلغۇچى كۆپچىلىككە سالام بېرىپ مەشرەپ قاتناشچىلىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ.

ئۇسسۇلغا چۈشكەن كىشى پوتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر رەيلەننى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. ئەتراپتا ئولتۇرغانلار ناخشا ئېيتىپ، چاۋاك چېلىپ بېرىدۇ، سوناي چېلىنىدۇ. قىيقاسچىلار «بارىكاللا» دەپ قىيقاس سالىدۇ. ئۇسسۇلغا چۈشكەنلەر دەسلەپكى بىر جۈپتىن بىرقانچە جۈپكە كۆپىيىدۇ، ئاخىرىدا قىزىق، شوخ نازىركوم ئۇسسۇلى ئوينىلىدۇ.

كۆك مەشرىپى تاكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغىچە داۋام قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ساھىبخان مايسىنى كېلەر يىلىدىكى تۇنجى ساھىبخانغا تۇتىدۇ.

كۆك مەشرىپىنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئۆزگىچە بولۇپ، باشلىنىشىدا ئاستا، قەدەمنىڭ سېلىنىشى مەزمۇت، پۇت ھەرىكىتى، كۆپىنچە، پۇتنىڭ ئۇچى بىلەن ئىزرۇنلىنىدۇ. مۇزىكا رېتىمىنىڭ تېزلىشىگە ئەگىشىپ كەيپىيات تەدرىجى جانلىنىپ، ئاخىرى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ.

## (2) مېلىس

خۇشاللىق كۈنلەردە، توي ـ تۆكۈنلەر، مېھمان كۈتۈۋالغان چاغلاردا مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ، ئادەتتە، مېلىس دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن كىشىلەر دۈگىلەك سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرىدۇ، داپ، غىجەك ساداسى بىلەن تەڭ بىر كىشى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قولىدىكى گۈل ياكى ياغلىقتىن قىلىنغان پوتا بىلەن سورۇندىكى خالىغان بىرسىنى تەكلىپ قىلىدۇ، تەكلىپ قىلىنغۇچى دەرھال ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ، ئىككىيلەن بىر-بىرىگە تەزىم قىلىپ ئۈچ قېتىم ئورۇن ئالمىشىدۇ. گۈل تۇتقان ئادەم قولىدىكى گۈل ياكى پوتىنى قارشى تەرەپكە بېرىپ ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. پوتىنى قوبۇل قىلغۇچى يەنە باشقا بىرسىنى تارتىدۇ ۋە يۇقىرىقىدەك بىر ـ بىرىگە سالام بېرىدۇ، ئەگەر بىرەرسى سالامغا سالام قايتۇرماي ئۇسسۇل ئوينىسا، قارشى تەرەپمۇ دەرھال ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇسسۇل ئويناش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلغۇچى بەلگىلەيدۇ. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئۇسسۇلدىن توختاپ بىر ـ بىرىگە ئۈچ قېتىم سالام بەرگەندىن كېيىن، ئالدىنقى كىشى ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. پوتىنى قوبۇل قىلغۇچى سورۇندىكى باشقا بىرسىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋېرىدۇ.

مېلىس ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويغاندا، تەكلىپ قىلىش توختاپ، ئىختىيارى

ئويناش باشلىنىدۇ. ئۇسسۇلغا چۈشكەنلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ.

ناخشا ـ ئۇسسۇل يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، داپ راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىنىدۇ ھەم بىردەم ـ بىردەم ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ. ساپايىچى بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئۇسسۇلچى قىزنى ئايلىنىدۇ. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كەينىگە ئېگىلىدۇ، ساپايى بىلەن يەرنى ئۇرىدۇ، ناخشىچىلار قىيقاس سالىدۇ، كەيپىيات يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن مەيدان ئاجايىپ قىزىپ كېتىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل مەشرىپى كەسپىي سەنئەتچىلەرنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە سەھنىگە ئېلىپ چىقىلدى. ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى 70 ـ يىللاردا ئويناپ چىققان «مول ـ ھوسۇل مەشرىپى»، «توي مەشرىپى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مەشرەپنىڭ شەكلى ۋە ئۇسلۇبى ساقلاپ قېلىنغان.

(3) سەنەم

سەنەم ــ «ساھىبجامال» مەنىسىدە بولۇپ، كېيىن مەخسۇس بىر خىل ئۇسسۇل شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان. قۇمۇل سەنىمى ئىككى خىل، قۇمۇلنىڭ شەھەر ئىچى، تاغلىق رايونلىرىدا تارقالغىنى چوڭ سەنەم دېيىلىدۇ، بۇ، يەنە قۇمۇل سەنىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاستانە، لاپچۇق، تۇغۇچى، قارادۆۋە ۋە قاراتاللاردا تارقالغىنى كىچىك سەنەم دېيىلىدۇ، بۇ، يەنە قارادۆۋە سەنىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سەنەمنىڭ مۇقەددىمىسىگە غىجەك بىلەن داپ تەڭكەش قىلىنىدۇ. ساھىبخان ئۇستا ئۇسسۇلچىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. ئۇسسۇلغا چۈشكۈچى ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، مەيدانى بىر ئايلىنىپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئۇسسۇل ئويناشقا باشلايدۇ. ھېچىز ناخشا ئېيتىۋېتىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، سورۇندىكى مەنزىرىنىمۇ ناخشىغا قېتىپ ئېيتىدۇ. ئۇسسۇلنى بىر ئادەم ياكى بىرقانچە ئادەم ئوينىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغانلار سازەندىلەرنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن رېتىملىق چاۋاك چېلىپ ناخشىغا جۆر بولىدۇ.

2. قاچا ئۇسسۇلى

(1) چىنە ئۇسسۇلى

ئۇسسۇلچى ئوڭ قولى بىلەن چاي قۇيۇلغان ئىككى چىنىنى كۆتۈرۈپ (چوڭ بارماق ۋە بېگىز بارماق بىلەن بىر چىنىنى، ئوتتۇرا، بارماق نامسىز بارماق ۋە چىمچىلاق بىلەن يەنە بىر چىنىنى تۇتىدۇ) ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ قارشى تەرەپكە چاي تۇتىدۇ. چاينى قوبۇل قىلغۇچىمۇ سىڭا قولى بىلەن ئىككى چىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا چاينىڭ تۆكۈلۈپ كەتمىگىنى تۈزۈك.

(2) تەخسە ئۇسسۇلى

ئۇسسۇلچى بىر قولىدا بىر تەخسە بىلەن بىر تال چوكىنى تۇتۇپ لەرزان ئۇسسۇل ئويناپ تەخسىنى چېكىدۇ، تەخسىدىن رېتىملىق ئاۋاز چىقىدۇ.

### (3) داپ ئۇسسۇلى

سەككىز ئەر ئالدىنقى رەتتە ئۇسسۇل ئوينايدۇ، سەككىز ئايال كېيىنكى رەتتە تۇرۇپ، ئىككى ئادەم بىر داپنى تۇتقان هالدا داپ چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. داپنى 1 ـ ئادەم بىرىنچى ئاهاڭغا چالسا، 2 ـ ئادەم ئىككىنچى ئاهاڭغا چالىدۇ. داپنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق هەم يېقىملىق چىقىدۇ.

### (4) چىراغ ئۇسسۇلى

چىراغ ئۇسسۇلى ئەسلىدە ئۇردىدا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، كېيىن خەلق ئارىسىغا تارقالغان. بۇنىڭدا توققۇز پىلىكلىك بىر چىراغ ياندۇرۇلىدۇ، ئۇسسۇلچى چىراغنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ هەمدە ئىككى قولىنى ئاستا ئوڭغا، سولغا هەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئۇسسۇل لەرزان، قىزىقارلىق كۆرۈنىدۇ.

#### 3. تەقلىد ئۇسسۇلى

### (1) توخۇ ئۇسسۇلى

بۇ، بىر نىقابلىق ئۇسسۇل، بۇنىڭدا بىر ئادەم خوراز، يەنە بىر ئادەم مىكيان بولىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىغاندا، «خوراز» قانات قېقىپ چىللايدۇ ۋە «مىكيان» غا قانات سۆرەيدۇ، «مىكيان» چۈجىلەرنى قوغداش، چۈجىلەرگە يەم بېرىش، چۈجىلەرگە دۈشمەندىن قانداق مۇداپىيەلىنىشنى ئۆگىتىش، هەرىكەتلىرىنى قىلىدۇ. بۇ هەرىكەتلەر توخۇنىڭ هەرىكەتلىرىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئۇسسۇل قىزىقارلىق كۆرۈنىدۇ.

### (2) تۆگە ئۇسسۇلى

بۇ، 30 كىشىلىك چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇل. بۇنىڭدا ئالدىدىكى ئادەم بوغراغا ئوخشاش نىقابلىنىدۇ، قالغان 28 ئادەم ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، بەللىرىنى ئېگىپ، قاتار كېتىۋاتقان كارۋانلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. يەنە بىر ئادەم بۆرە قىياپىتىدە ياسىنىپ، باشلامچى بوغرا بىلەن بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ، بىر تەرەپتىن ئېلىشىدۇ، ئۇسسۇل ئاجايىپ نەپىس بولۇپ، تاماشىبىنلارنى زوقلاندۇرىدۇ.

### (3) ئات ئۇسسۇلى

ئات ئۇسسۇلىنى بىر ئادەم ئويناشقىمۇ، ئىككى ئادەم ئويناشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئادەم ئۇسسۇل ئوينىغاندا، خۇددى چېپىپ كېتىۋاتقان ئارغىماقتەك بىر پۇتىنى ئالدىغا چامداپ ئوڭ ـ سولغا ئىڭغاڭلايدۇ، ئىككى قولىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن هەرىكەتلەندۈرىدۇ.

#### 4. ئەمگەك ئۇسسۇلى

### (1) تېرىقچىلىق ئۇسسۇلى

تېرىقچىلىق ئۇسسۇلىنى بىر كىشى ئورۇندايدۇ. ئۇسسۇلچى ئۇرۇق چېچىۋاتقاندەك ئالدى ـ كەينىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ئۇسسۇلدا ئىلگىرىلەش، چېكىنىش هەرىكەتلىرى تەرتىپلىك

بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىكى شادلىق كەيپىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

### (2) ئورما ئۇسسۇلى

ئورما ئۇسسۇلى كوللېكتىپ ئورۇنلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئەرلەر خۇددى ئورما ئورۇۋاتقاندەك ئوغاقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئاياللار قوللىرىدا سوغۇق چاي قاچىلانغان قاپاق، قوغۇنلارنى كۆتۈرۈپ لەرزان ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بۇ خىل ئۇسسۇلدىن ئىنتايىن قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

## §2. ئاقىن ئېيتىشىش

قازاق خەلقى مۇنەۋۋەر ناخشىچىلارنى «ئاقىن» دەپ ئاتايدۇ. تاشۋېلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ گۈڭشېلىرى ۋە قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى قاتارلىق قازاق چارۋىچىلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، ئاۋات ياز پەسلى يېتىپ كەلگەندە، قازاق خەلقى ئەنئەنىۋى سەنئەت كۆرىكى ــ ئاقىن ئېيتىشىشى پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا ھەرقايسى ئاۋۇللاردىن مۇنەۋۋەر ناخشىچىلار تاللىنىپ، ئاتقا مىنىپ، دومبۇرا چېلىپ ئېيتىشىشقا، ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە كېلىدۇ. يىراق - يېقىندىكى چارۋىچىلارمۇ ئاتلىرىغا مىنىشىپ كۆرگىلى كېلىدۇ. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە، كەچتىن تاڭ ئاتقىچە ئېيتىشىدۇ، ئەڭ ئاخىرغىچە ئېيتىپ چىقالىغىنى ئۇتۇپ چىققان بولىدۇ. ئاقىنلار دومبۇرا چالالايدىغان، ناخشا ئېيتالايدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۆۋەتتە كەلگەندە ئىجاد قىلالايدىغان، قارشى تەرەپنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ، ئۇنى تاقابىل تۇرالمىغۇدەك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاقىن ئېيتىشىشىدىن باشقا يەنە، يالغۇز ئېيتىشىش، خور ئېيتىش شەكىللىرىمۇ بار. تاماشىغا قاتناشقان چارۋىچىلار ئېيتىشىشقا، خورغا جۆر بولالايدۇ.

كىچىك تىپتىكى ئاقىن ئېيتىشىشى، كۆپ ھاللاردا، كەچتە قويلار قوتانغا سولىنىپ تىنىگەندىن كېيىن، كىگىز ئۆيلەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئاقىننىڭ ئۆتمۈشتە مىللەتنىڭ تارتقان جاپا - مۇشاققەتلىرى بايان قىلىنغان، ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭى تۇرمۇشى مەدھىيىلەنگەن ناخشىلىرىنى ئاڭلايدۇ.

ئاقىنلار ئېيتىشىشى مەزگىلىدە، بەزىدە يەنە ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوۋار، چېلىشىش، ئۇسسۇل قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. قازاق ئۇسسۇلى جۇشقۇن، چاققان، قويۇق ئوتلاق پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنى يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇل دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇسسۇل شەكىللىرى، تەقلىد ئۇسسۇلى، يورغا ئات ئۇسسۇلى، ئېيىق ئۇسسۇلى، بۈركۈت ئۇسسۇلى، تۇرنا ئۇسسۇلىغا ئايرىلىدۇ. قېمىز ئۇسسۇلى قاتارلىقلار قاچا ئۇسسۇلىغا، كىگىز بېسىش ئۇسسۇلى، ئات كۆندۈرۈش ئۇسسۇلى، يۇڭ قىرقىش ئۇسسۇلى قاتارلىقلار ئەمگەك ئۇسسۇلىغا كىرىدۇ. قازاق ئۇسسۇلىدا مۇرە كۆپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. قەدەمدە كۆپرەك «ئات ئايىغى» تەقلىد قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇسسۇل جەريانىدا باش، بويۇن، مۈرە، بىلەك، بەل، ساغرا، كۆزنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ھەر خىل ئۇسسۇل ئىپادىلىنىدۇ.

## §3. خەلق ئويۇنى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە: يۈەنشاۋ بايرىمىدا ھەممە ئائىلىلەردە پانۇسلار تاڭ ئاتقىچە ئېسقلىق تۇرىدۇ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر پانۇسلارنى تاماشا قىلىدۇ، يېزىلاردىن تارتىپ شەھەرگىچە ھەممە كىشى شادخۇراملىققا چۆمىدۇ، دۇكانلار، ئائىلىلەردە چېلىنىغان جاڭ، پوجاڭزا ئاۋازى جاھاننى بىر ئالىدۇ، ھەممە يەر قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمىدۇ». «دېھقانلار كالىندارى بويىچە 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، يەر ئىلاھىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ، شۇ كېچىسى كوچىلارغا رەڭگارەڭ چىراغلار ئېسىلىدۇ. دوكانلار، ئائىلىلەر كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ، يەر ئىلاھىغا ئاتاپ ئۇن نەچچە ناخشا تەييارلايدۇ. كىشىلەر كوچىلارنى، مەھەللىلەرنى ئارىلايدۇ. بۇ، ئۈزۈندىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قىزىق ئادەتلەر»، دەپ يېزىلغان. مىنگو يىللىرىدا يېزا ئويۇنى ئەۋجىگە چىققانىدى. ھەر يىلى چاغاندا، چاغاننىڭ 15 ـ كۈنى، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرى، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ياغاچ پۇت ئويۇنى، كېمە ئويۇنى قاتارلىق خەلق ئويۇنلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) دىن كېيىن، بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى قۇمۇلغا خىزمەت قىلغىلى كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلار خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن، ھەر يىلى چاغاندا خەلق ئويۇنلىرىنى تەشكىللەپ تۇرغان. گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى كۆكتاتچى دېھقانلار ياغاچ پۇت ئويۇنى، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى سەھنە ئويۇنى، شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى كېمە ئويۇنى، بامبۇك ئات، ئېشەك چاپتۇرۇش، مەپە ئويۇنى، ئىدارە ـ ئورگان خىزمەتچىلىرى شەرقىي شىمال ياڭگار ئويۇننى ئورۇندىغان. ھەر قېتىم «12 ـ ئاپرېل» يىغىنىنى، «1 ـ ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمى، «7 ـ ئىيۇل» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش خاتىرە كۈنلىرىدە كۈندۈزى يىغىن ئېچىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلسە، كەچتە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پانۇس كۆتۈرۈپ نامايىش قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا چىققانلىقنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ھەر يىلى «1 ـ ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمى، «1 ـ ئۆكتەبىر» دۆلەت بايرىمى ۋە باھار بايرىمى قاتارلىق بايراملاردا ئىدارە، جەمئىيەت، مەكتەپلەر، شەھەر ئاھالىلىرى، شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار شىمالىي شەنشىنىڭ چوڭ تىپتىكى ياڭگار ئويۇنى بىلەن بەلدۇمباق ئويۇننى ئوينىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەنئەنىۋى خەلق ئويۇنلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر يىلى چاغان ۋە چاغاننىڭ 15 ـ كۈنلىرى ئىدارە ـ ئورگان، زاۋۇت ـ كان، مەكتەپلەر، مەدەنىيەت ـ سەن-

ئەت تەشكىلاتلىرى، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلار، ياغاچ پۇت ئويۇنى، كېمە ئويۇنى، بەلدۇمباق ئۇسسۇلى، ئېشەك چاپتۇرۇش ۋە ياڭگار ئويۇنلىرىنى ئويۇشتۇرىدىغان بولدى. چاغاننىڭ 15 - كۈنى پانۇس مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. ئاساسلىق خەلق ئويۇنى ياغاچ پۇت ئويۇنى بولۇپ، ئۇنى شەھەر ئەتراپىدىكى كۆكتاتچى دېھقانلار بەك كاتتا ئوينايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شەھەر ئەتراپىدىكى كۆك-
تاتچى دېھقانلارنىڭ ياغاچ پۇت ئويۇنىدا «سەككىز ئەۋلىيانىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈشى»، «جياڭ تەيگۇڭنىڭ بېلىق تۇتۇشى» قاتارلىق ئويۇنلار بار ئىدى.» جياڭ تەيگۇڭنىڭ بېلىق تۇتۇ-
شى» دېگەن ئويۇندا، بىر ئادەم پۇتىغا ياغاچ پۇت باغلاپ، قولىدا ئۇزۇن قارماقتا بىر تال بېلىقنى ئېلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر كىشىمۇ پۇتىغا ياغاچ پۇت باغلاپ جياڭ تەيگۇڭ رولىنى ئالىدۇ. بېلىق ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولىدۇ. جياڭ تەيگۇڭ پۇتىنى كېرىپ يەرگە ئېڭىشىپ بېلىقنى تۇتماقچى بولىدۇ، بېلىق بىردىنلا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. جياڭ تەي-
گۇڭ دەرھال بېلىقنى قوغلىشىدۇ، ئويۇن قالتىس كاتتا ئوينىلىدۇ. سەھنە ئويۇنىنى سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئوينايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەز-
گىلى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى سەھنە ئويۇنىدىن ئون نەچچىنى ئوينىغان. ھەر بىر سەھنىدىن ئىككى ئادەم بولۇپ، بىرى سەھنىدە تۇرىدۇ، بىر كىچىك قىزچاق ھېلىقى ئادەم كۆتۈرگەن گۈل دەستە ئىچىدە (سۇنئىي گۈل — ت) ياكى ياسالغان يوغان تەخسە ئۈستىدە تۇرىدۇ. قىزچاق داپقا ئە-
گىشىپ لەرزان ئۇسسۇل ئوينايدۇ. پەستە تۆت ئادەم تەخسىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شەرقىي شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىي ئەسكەرلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قايتقاندا، شەرقىي شىمالنىڭ ياڭگار ئويۇنى شىنجاڭدا تارقىلىشقا باشلىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياڭگار بىلەن بەلدۇمباق ئۇسسۇلى قوشۇلۇپ بىر مەھەل ئەۋج ئالدى. ياڭگار ئۇسسۇلىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، بۇنىڭدا تىياتىردىكى پېرسوناژلار، مەسىلەن، «تاڭ سېڭنىڭ نوم ئېلىشقا بېرىشى»، «سەككىز ئەۋلىيانىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈشى»، «ئاق يىلان ھەققىدە قىسسە» قا-
تارلىقلار ئوينىلاتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ياپون ئالۋاستىلىرى، ساتقىنلارغا قارشى كۆرىشى مەزمۇن قىلىنغان ئويۇنلار ئوينالغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ماسلىشىپ، فېئودال پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىنى يوقىتىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىق-
تۇرۇش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان نومۇرلار ئوينالدى. ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقلىقى مەزمۇن قىلىنغان نومۇرلار، ئالايلۇق، ئەر ئىشچى قولىغا بولقا، ئايال دېھقان قولىغا ئورغاق ئېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، مۈرنى - مۈرىگە تىرەپ ئالغا كېتىۋاتقانلىقنى ئىپادىلەنگەن نومۇرلار كۆپرەك ئوينالدى.

# VI باب خەلق ھۈنەر ـ سەنئىتى

## 1§. كەشتىچىلىك

### 1. دوپپا

دوپپا ھەر خىل رەڭدىكى مەخمەل تاش قىلىنىپ، قول بىلەن كەشتىلەنگەن تۆت پارچە دوپپا تۆپىلىكى مەركەز قىلىنىپ ھەممە ئۇلار ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ، قېلىپقا سېلىنىپ ئىسكەتلىنىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا جىيەك تۇتۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دوپپا پۈتىدۇ.

(1) ياش ـ ئوتتۇرا ياش ئاياللارنىڭ دوپپىسى: بۇ دوپپىغا قارا، قېنىق، قىزىل، قارا كۆك، توق يېشىل، بېغىررەڭ مەخمەللەر تاش قىلىنىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىگە ۋە كېزىكىگە بىر بىرىگە روبىرو قىلىپ تۆت تال گۈل كەشتىلىنىدۇ. جىيىكى سېرىق كالاۋتۇن بىلەن كەشتىلىنىدۇ، جىيەك ئارىلىقىغا كېپىنەك ۋە بېلىق رەسمى كەشتىلىنىدۇ، دوپپا رەڭدارلىقى بىلەن كۆزنى چاقنىتىدۇ.

(2) ياش ـ ئوتتۇرا ياش ئەرلەرنىڭ دوپپىسى: بۇنىڭغا ھەر خىل رەڭدىكى مەخمەل تاش قىلىنىدۇ، دوپپىنىڭ ئۈستىگە تۆت تال گۈل، كېزىكىگە تۆت تال گۈل كەشتىلىنىدۇ، قارا مەخمەلدىن جىيەك تۇتۇلىدۇ.

(3) ياشانغان ئەرلەرنىڭ دوپپىسى: بۇنىڭغا ھەر خىل رەڭدىكى مەخمەل تاش قىلىنىدۇ، دوپپىنىڭ ئۈستى ۋە كېزىكىگە سۇس رەڭدە گۈل كەشتىلىنىدۇ. قارا مەخمەلدىن جىيەك تۇتۇلىدۇ. قارىلىق دوپپىلىرى قارا مەخمەلدىن تىكىلىدۇ، گۈل كەشتىلەنمەيدۇ.

(4) ياشانغان ئاياللارنىڭ دوپپىسى: بۇنىڭغا ھەر خىل رەڭدىكى مەخمەل تاش قىلىنىدۇ. سېرىق، ئاق كالاۋتۇن ياكى چىلتەك جىيەك قىلىنىدۇ. گۈل كەشتىلەنمەيدۇ، دوپپىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى جىيىكىگە ئالتۇن مۇخازا، ھىقىق، يېشىل تاش، قاشتېشى قاتارلىقلار تۇتۇلىدۇ.

قومۇل دوپپىلىرىنىڭ ئاغزى ۋە تۆپىسى، كۆپىنچە، يۇمىلاق ھەم تۈزرەك كېلىدۇ. خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن قومۇل دوپپىلىرىغا، كۆپ ھاللاردا، جۈيخۇا، مېيخۇا، ليەنخۇا، مۇدەن، چوغلۇق، بەرغەمۇت قاتارلىق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلىدۇ.

### 2. تەكىيە

بۇنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق، ئىككى بېشى چاسا شەكىلدە بولىدۇ، ھەر خىل رەڭدىكى تاۋار، زەرباپ، دۇخاۋدىلار تەكىيىنىڭ تېشى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ بېشىنىڭ چۆرىسىگە قارا رەخت ياكى قارا مەخمەل تۇتۇلىدۇ، ئوتتۇرىسىغا مۇدەن، چوغلۇق، مېيخۇا، لەنخۇا، جۈيخۇا، ئانار، شاپتۇل گۈل ـ يوپۇرماقلىرى بىلەن شىپىشدار كەشتىلىنىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن ھۆپپىدە ئېچىلغان نامايان بولىدۇ. تەكىيىلەر، گۈلى سىرتىقا قارىتىلغان ھالدا تام ئىشكاپ، كات ئۈستىگە تىزىپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوتقان يىغىلىدۇ. تەكىيە كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپلا قالماي، يەنە زىننەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

3. كىيىم ـ كېچەكلەر

(1) نىمچە

نىمچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئېنى كەڭ، يېڭى تار كېلىدۇ. كۆپ ھاللاردا قىزىل، سۆس ، بېغىر رەڭ تاۋاردا تىكىلىدۇ. نىمچە، ئالدى ئوچۇق نىمچە ۋە قويۇنلۇق نىمچە دەپ ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ يەڭ ئۇچى، ياقا ئەتراپى، ئالدى پەش، قويۇنلۇق پەشلىرىگە، ئاياغ تەرەپلىرىگە ئۈچ ـ تۆت قۇر گۈللۈك قىرغاق ئىشلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا رەڭلىك يىپ بىلەن سۇمرۇغ، كېپىنەك، مۇدەن، جۈيخۇا گۈللىرى، 卍 شەكىللىك نۇسخىلار كەشتىلىنىدۇ. ئالدى ئوچۇق نىمچىگە بولۇتسىمان بىزەك تۇتۇلىدۇ.

(2) پەشمەت

پەشمەت ساغرىنى يېپىپ تۇرغۇدەك ئۇزۇنلۇقتا تىكىلىدۇ، ئۇ، قىسقا ھەم كەڭ، يەڭلىرى تار قىلىنىپ، قىزىل، جىگەر رەڭ تاۋاردىن تىكىلىدۇ. پەشمەت ئالدى ئوچۇق پەشمەت ۋە قويۇنلۇق پەشمەت دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. يەڭ ئۇچى، ئالدى پەش، چوڭ پەش، ئاياغ تەرەپ ۋە كىچىك پەشلەرگە گۈللۈك گىرۋەك تۇتۇلىدۇ. ئالدى ئوچۇق پەشمەتلەرنىڭ ئالدى پەشلىرىگە بولۇتسىمان بېزەك نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلىدۇ.

(3) جىلىتكە

بۇ، پەشمەتكە ئوخشاپراق كېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېڭى بولمايدۇ. قويۇنلۇق جىلىتكىنىڭ كىچىك پېشى بولىدۇ. ياقا ئەتراپى، چوڭ پەش، ئاياغ گىرۋەك ۋە كىچىك پەشلەرگە ئۈچ قۇر گۈللۈك گىرۋەك تۇتۇلىدۇ. ئالدى پەشكە بولۇتسىمان بېزەك نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قەدىمكى كىيىم ـ كېچەكلىرى ئەنئەنىۋىيلىككە ئىگە، سالاپەتلىك، كۆركەم ھەم يارىشىملىق كېلىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 28. كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى

1. تەڭلىمات

(1) تەڭلىمات بېسىش

ئالدى بىلەن يۇڭ ئېتىپ، بويىلىپ خامدالغاندىن كېيىن ھەر خىل شەكىلدە

كېسىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۈزئارا بىرلەشتۇرۇپ، رەتلىك تىزىلىپ پۇركۇلۇپ بېسىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈل سىزىقلىرى گېئومېترىك شەكىل ئالغان بولىدۇ (كرېست شەكىل، تۈز ـ ئەگرى سىزىق، تۆت قاتلىق، سەككىز قاتلىق گۈل ـ گىياھلارنىڭ شەكلىنى ئالغان بولىدۇ).

(2) گۈللۈك كىگىز

ئاق كىگىزگە رەڭلىك قېلىپتا گۈل بېسىلىدۇ، ئاندىن كىچىك چوتكا بىلەن تېگى بويىلىدۇ، باشقا سىزىقلارمۇ گېئومېترىك شەكىلدە ۋە گۈل ـ گىياھلارنىڭ شەكلىدە بولىدۇ.

(3) شىرداق تىكىش

شىرداق تىكىش قازاق خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. قىزىل، سېرىق، يېشىل، قارا رەڭلىك رەختلەر قوي، كالا، بۇغا مۈڭگۈزلىرى ياكى تۈرلۈك شاخ ـ پۇتاق شەكىللىرىدە قايچىلىنىپ، كىگىزنىڭ ئەتراپى ۋە ئوتتۇرىسىغا چاپلاپ تىكىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ماشىنىدا ئىشلەنگەن كىگىزلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، گۈللۈك كىگىزلەر ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدىغان بولدى. شىرداقنى غەربىي تاغ، تاشۋېلىقنىڭ ئۇلاتاي دېگەن جايلىرىدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

2. گۈللۈك ساندۇق

(1) تۆمۈر ساندۇق

ھەر خىل رەڭدە سىرلانغان ساندۇقلارغا ھەر خىل رەڭدىكى تۈنىكە چەسۋەك تور، تۆت چاسا ياكى رومبا شەكىللىرىدە مىخلىنىدۇ.

(2) گۈل سىزىلغان ساندۇق

ئالدى بىلەن ساندۇق سىرلىنىدۇ، ئاندىن ساندۇقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ياكى ئىككى ياقىسىغا گۈل سېۋەتى، تۈرلۈك گۈللەر سىزىلىدۇ، كۆپىنچىسى مۇدەن، چوغلۇق، لەنخۇا، جۈيخۇا، ئەتىرگۈل قاتارلىق گۈللەر كۆپرەك سىزىلىدۇ.

(3) ئويما گۈللۈك ساندۇق

گۈل نۇسخىلىرى ساندۇققا بىۋاسىتە ئويۇلىدۇ، كۆپىنچە تۈرلۈك گۈللەر، گېئومېترىك شەكىللەر، چەينەك، چېلەك، لوڭقا قاتارلىقلارنىڭ نۇسخىلىرى ئويۇلىدۇ.

3. گۈللۈك ئىشكاپ

(1) كات

كات، كۆپ ھاللاردا، كاڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ، ئۇ، ئۇزۇنچاق شەكىلدە بولىدۇ، رەڭ-

لىك سىزىقلار سىزىلىدۇ ياكى ئويما گۈل نەقىشلىنىدۇ، كاتىنىڭ ئۈستىگە يوتقان ـ كۆرپە يېغىلىدۇ.

(2) ئويۇق ئىشكابى

ئويۇق ئىشكابىغا رەڭلىك رەسىملەر سىزىلىدۇ ياكى گۈل ئويۇلىدۇ، ئادەتتە قاچا ـ قۇچا تىزىلىدۇ.

(3) ياغاچ ۋە تۆمۈر كارۋات

ياغاچ كارۋاتنىڭ باش قىسمىغا تورلۇك گۈل نۇسخىلىرى ئويۇلىدۇ، پۇت قىسمى قىرغا بىلەن قىرىلىدۇ، تۆمۈر كارىۋاتنىڭ باش قىسمىغا پولات چىۋىقتىن ئېگىلگەن تورلۇك گۈل نۇسخىلىرى ئورنىتىلىدۇ.

4. زىننەت بۇيۇملىرى

ئۇيغۇر ئاياللىرى ھالقا، بىلەيزۈك، مارجان تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى يەرلىك زەرگەرلەر سوققان ھالقا كۈمۈش پۇلدىن سەل كىچىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپى ھالقا شەكلىدە، تۆۋەن تەرىپى ئالتۇن، كۈمۈشتىن تەركىب تاپقان گۈل نۇسخىلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، كۆركەم، چوڭ سۈپەت كۆرۈنىدۇ. بىلەيزۈك، كۆپ ھاللاردا، كۈمۈشتىن سوقۇلىدۇ، بەزىلىرى قاشتېشىدىنمۇ ياسىلىدۇ.

# VII باب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر

## 1§. قەدىمكى مەدەنىيەت خارابىلىكلىرى

1. قەدىمكى خارابىلىكلەر

(1) يەتتەقۇدۇق نەپىس تاش قورال خارابىلىكى

بۇ خارابىلىك يەتتەقۇدۇق يول ئاسراش ئۇچاستىكىسىنىڭ 500 مېتىر شەرقىدىكى تاشيولنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان، دائىرىسى تەخمىنەن 6000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1958 ـ يىلى شى شۆچىڭ قاتارلىق كىشىلەر بۇ يەردە ماشىنىنى توختىتىپ ھاردۇق ئالغان چاغدا، مۇشۇ يەردىن نەچچە 100 دانە نەپىس تاش قورالنى يىغىۋالغان.

(2) تارانچى نەپىس تاش قورال خارابىلىكى

بۇ خارابىلىك تارانچى بازىرىدىكى تۆت كوچىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدىكى سودا دوكىنىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ھازىر يوقىلىپ كەتكەن. 1958 ـ يىلى ۋاڭ يۈگيەن

قاتارلىق كىشىلەر مۇشۇ سېرىق تۇپىلىق يەردىن بىرنەچچە دانا نەيزە تاش قوراللىرىنى يىغىۋالغان.

## (3) قارادۆڭ خارابىلىكى

بۇ خارابىلىك قارادۆۋىنىڭ ئالتە كىلومېتىر جەنۇبىدىكى بىر قارا دۆڭگە جايلاشقان، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 180 مېتىر كېلىدۇ. 1957 ـ يىلى بىر دېھقان بۇ يەردىن ئوغۇت تۇپىسى ئېلىۋاتقاندا، ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپا قاتلىمىدىن بىر دانە قوش قۇلاقلىق رەڭلىك ساپال كوزا چىققان.

## (4) يالغۇزتويۇم خارابىلىكى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە: «تالناچىن (تاشۋېلىق) شەھىرىدىن 210 چاقىرىم كېلىدىغان يالغۇزتويۇم تېغىنىڭ تۆپىسىدە چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى بار» دەپ يېزىلغان. مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) بۇ ئىبادەتخانا بۇزۇۋېتىلگەن. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) «قىزىل 8 ـ تۇەن» يالغۇز تويۇمدا چارا قۇرغاندا، ئىبادەتخانا خارابىلىكىنى بۇزۇۋېتىپ كازارما سالغان، خارابىلىك ھازىر يوق.

## (5) باغداش خارابىلىكى

بۇ خارابىلىك باغداش كەنتىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان. تاغ باغرىدا تاش بىلەن قوپۇرۇلغان تام، تاشسۇپا، تاشقوتان قاتارلىقلارنىڭ ئىزى بار. تاغ باغرىدىن تاغ قاپتىلىغىچە بەش قەۋەت تاش ئۆي خارابىسى قاتار جايلاشقان، تاغقا چىقىدىغان تاغدىن چۈشىدىغان تاش پەلەمپەيمۇ بار.

## (6) راھەتباغ گوڭشېسىدىكى خارابىلىك

بۇ خارابىلىك راھەتباغ گۇڭشېسى 1 ـ دادۈينىڭ 3 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە جايلاشقان. 1983 ـ يىلى دېھقانلار كېسەك قويۇۋېتىپ تۆت مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپا قاتلىمىدىن بوغا باشلىق مىس پىچاق قاتارلىق مىس قوراللارنى ئۇچراتقان ھەم شۇ يەردىن ئادەم ئىسكىلىتى، ساپال پارچىسى، تاش قورال قاتارلىقلارمۇ چىققان.

### 2. قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى

## (1) ئالتىزاق (يانبولاق) قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى

بۇ خارابىلىك توغۇچىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يانبولاق كەنتىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئالتىزاقتا جايلاشقان. بۇ خارابىلىك سېرىق تۇپىلىق دۆڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، سەل تىك تۆت بولۇڭ شەكلىنى ئالغان، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇن‑

لۇقى تەخمىنەن 60 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 50 مېتر كېلىدۇ، دۆڭنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي ئېتىزلىق. 1958 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرگەن. شەھەرنىڭ شىمالىي سېپىلى بىلەن شەرقىي سېپىلى ئۆرۈلۈپ كەتكەن؛ غەربىي سېپىلى بىلەن جەنۇبىي سېپىلى خېلى ساق تۇرغان. سېپىلنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى بەش مېتر، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېترچە كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەرنىڭ سېپىلى سوقما قىلىپ ياسالغان، لېكىن، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان جايلىرىمۇ بار، بۇنىڭدىن سېپىل بىرقانچە باسقۇچتا پۈتكەنلىكى مەلۇم. شەھەر ئىچىدە ساق ئۆي قالمىغان، پەقەت بىرنەچچە گەملا قالغان. شەھەرنىڭ شەرقىدە بىر تۇر (تىم) بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئالتە مېتر كېلەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بويان، دېھقانلار ئوغۇت قىلىش ئۈچۈن توپا ئالغانلىقتىن، شەھەر سېپىلى ۋە تۇر قالدۇقلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەن. بۇ جاي ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## (2) لاپچۇق قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى

بۇ خارابىلىك لاپچۇقتىكى قارلۇق ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئۆستەڭنىڭ شەرقىدىكى ئىككى (شىمالدا بىر، جەنۇبتا بىر) شەھەر، غەربىدىكى بىر شەھەر ئۈچ بۆلۈك شەكلىنى ئالغان.

ئۆستەڭنىڭ شەرقىي ياقىسىدىكى شىمالىي شەھەرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 180 مېتر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 150 مېتر، قالدۇق سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئىككى مېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ مېتر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ تۆت بولۇڭىدا قاراۋۇلخانا قالدۇقلىرى بار، شەھەر ئىچىدە توپا دۆڭلىرى ۋە ئۆيلەرنىڭ پۇچۇق تاملىرى قالغان. ئۆستەڭنىڭ شەرقىدىكى جەنۇبىي شەھەر كىچىكرەك بولۇپ، پاسىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 مېتر، قالدۇق سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ مېتر كېلىدۇ، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە بىر قاراۋۇلخانا بار، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتر كېلىدۇ. ئۆستەڭنىڭ غەربىدىكى شەھەردە شەرقىي سېپىل خارابىسىلا قالغان، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 مېتر كېلىدۇ.

ئۆستەڭ بويلاپ شىمالغا سوزۇلغان كىچىك تۆپىلىك ئۈستىدە بىرقانچە تۇر قالدۇقى ھەم بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بار.

لاپچۇق قەدىمكى شەھىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «كېيىنكى خەننامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، شەرقىي خەن سۇلالىسى يۈڭپىڭنىڭ 15 ـ يىلى (مىلادى 72 ـ يىلى) مىڭدى خان شىمالغا بېرىپ ھونلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىش توغرىسىدا قوماندانلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. كېيىنكى يىلى ئېيۇرغۇلنى بويسۇندۇرۇپ، شۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئېيۇرغول كاھىيىگى تەسىس قىلىنغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيخېنىڭ 17 ـ يىلى (493 ـ يىلى) پېشامشان دۆلىتى قاڭقىللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندا، بىر قىسىم كىشىلەر شىمالدىكى ئېيۇرغولغا

قېچىپ بېرىپ قورغان ياساپ ئولتۇراقلاشقان ۋە بۇ يەرنى لاپچۇق دەپ ئاتىغان. تاڭ سۇلالىسى جېڭ گۇەننىڭ 4-يىلى (630-يىلى) يەنە مۇشۇ جايدا لاپچۇق ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. بۇ قالدۇق قەدىمكى شەھەرنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئېۋۇرغول شەھىرى ياكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لاپچۇق شەھىرىنىڭ خارابىلىكى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## (3) ئەسكى شەھەر قەدىمكى قەلئە خارابىلىكى

بۇ خارابىلىك قارادۆۋىنىڭ 26 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان. بوران يالاپ پەيدا قىلغان يارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كەينى يارغا يۆلەپ سېلىنغان ئىككى قەلئە بار، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدۇ، ئۇستىدە كۆزىتىش تۇشۇكى ھەم ئىككى قەلئەگە ئۆتۈشىدىغان يول بار، قەلئەنىڭ تەكتىدە يەر ئاستى يولى بار. قەلئەدىكى شامال يالاپ ھاسىل قىلغان ياردا بىر قەۋەت ماياق ھەم يۇڭ توقۇلما پارچىسى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ بارلىقى بايقالدى.

### 3. تۇر خارابىلىكى

قۇمۇلنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى كونا يوللار قەدىمكى زاماندىن قېلىپقالغان مۇھىم قاتناش يوللىرى بولۇپ، يول بويى پوچتا بېكەتى، تۇرلار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ خارابىسى ھازىرمۇ ناھايىتى كۆپ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچې يىللىرىدا تۈزۈلگەن «شاجۇ - ئېۋۇرغول ئايمىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» نىڭ قالدۇق جىلدىدا: «ئېۋۇرغول ناھىيىسىدە شۈيىۋەن، ماۋئېر، لاڭچۈەن، شياڭزاۋ، پەنلەنچۈەن، سۇدۇگۇ، ئىناچى دەيدىغان يەتتە تۇر بار؛ لاپچۇق ناھىيىسىدە بەچىر، بۇداۋچۈەن، يۇڭخەن، جەنتوجۇ، خۇاچۈەن (ئىككى تۇر كەم) بولۇپ، سەككىز تۇر بار؛ رويان (ھازىرقى تاشۋىلىق) ناھىيىسىدە بەيۋاڭ، بەيياڭشەن، يىدىجۇي، دۇدۇي دەيدىغان تۆت تۇر بار» دېيىلگەن. دېمەك، ئۈچ ناھىيىدە 19 تۇر بولغان.

مىنگو يىللىرىغىچە قالدۇق تۇردىن يەنە تۆۋەندىكى 20 نەچچىسى ساقلىنىپ قالغان. قۇمۇلنىڭ شەرقىدە دۇڭگۇرساق، ساۋۇلاق، بۇلۇڭتوغراق، يەندۆڭ، تيەنشىڭدون تۇرلىرى بار؛ قۇمۇلنىڭ غەربىدە تۇسقا، سۇمقاغا، ئاستانە، تۇغۇچى، لياۋدۇن، يەتتەقۇدۇق تۇرلىرى بار؛ توغۇچىنىڭ جەنۇبىدا لاپچۇق، قارادۆۋە، ئەسكى شەھەر تۇرلىرى بار؛ قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدىكى راھەتباغ يېزىسىدا ئاقتۇر، ئەلمىكتۇر، قاراتال تۇرلىرى بار؛ قۇمۇلنىڭ شىمالىدا يالاڭكارىز، ئۇچقۇرۇل، كۆشۆتى تۇرلىرى بار؛ قۇمۇل بىلەن تاشۋىلىق ئارىلىقىدا شوربۇلاق، چىڭشەنزى تۇرلىرى بار؛ تاشۋىلىق بىلەن شوپۇل ئارىلىقىدا چوڭ دۆڭ، ئىككىنچى دۆڭ، ئۈچىنچى دۆڭ تۇرلىرى بار؛ تاشۋىلىق بىلەن خوتۇنتام ئارىلىقىدا كۈنپېتىش دۆڭ، خوتۇنتام دۆڭ دېگەن تۇرلار بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو

قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەنتلەرگە يېقىن تۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇزۇۋېتىلىپ، توپىنى دېھقانلار ئوغۇت قىلىۋەتكەن.

1983 ـ يىلىغىچە يەندۆك، لياۋدۇن، لاپچۇق، قارادۆۋە، ئەسكى شەھەر، راھەتباغ يېزىسىدىكى ئەللىكتۇر، قاراتال، كۆشۆتى، شوربۇلاق، چىگىشەنزى، چوكدۆك، ئىككىنچى دۆك، ئۈچىنچى دۆك، كۈنپېتىش دۆك، خوتۇنتام دۆك قاتارلىق تۇرلارنىڭ خارابىسى ساقلىنىپ قالغان.

ساقلىنىپ قالغان تۇرلارنىڭ ئېگىزلىكى بەش مېتىردىن 10 مېتىرغىچە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئېيتايلۇق، لاپچۇق، قارادۆۋە قاتارلىق جايلاردىكى تۇرلار كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، بەزىلىرى، ئېيتايلۇق، يەندۆك، لياۋدۇن قاتارلىق جايلاردىكى تۇرلار سوقما قىلىپ ياسالغان. تۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى قەۋەت بولۇپ، 2 ـ قەۋەتكە چىقىدىغان توپا پەلەمپەي بار. بۇلارنىڭ يەنە ئۈچ قەۋەتلىكلىرىمۇ بار، مەسىلەن، راھەتباغدىكى ئەللىكتۇر قاتارلىقلار.

### 4. بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە تاش ئۆڭكۈر خارابىلىكلىرى

#### (1) بۆگۈر بۇددا ئۆڭكۈرى خارابىسى

بۇ خارابىلىك توغۇچىدىكى بۆگۈرنىڭ سۇ بېشى دېگەن يېردە بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى «تەيزاك» دەپ ئاتايدۇ. بۆگۈر ذولىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ياردا جەمئىي 11 ئۆڭكۈر بار. ئادەتتىكى ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا دىئامېتىرى بىر مېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق توپا تۈۋرۈك قويۇلغان بولۇپ، ئۇ، ئۆڭكۈرنىڭ تورۇسىنى تىرەپ تۇرىدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ بەزىلىرى يالغۇز، بەزىلىرى ئىككى ـ ئۈچى ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. تېمى كاكۇل بىلەن سۇۋالغان. ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپ ۋە ئىسلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇددا رەسىملىرىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن. تامدىكى رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپى سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن ياكى كىشىلەر تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن. بەزى ئۆڭكۈرلەرنىڭ تېمىغا چاك كەتكەن، بەزىلىرى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن، بەزىلىرىنىڭ ئىشىكى قۇم بىلەن ئېتىلىپ قالغان.

يارنىڭ تۆپىسىدىمۇ ئۆيلەر بار، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى توپا كولىنىپ، ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ ياسالغان. ئۈچ ئورۇندا بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى بار، ئۇنىڭ بىرى ذولىنىڭ شەرقىگە (ذولغا يېقىن سېلىنغان)، ئىككىسى غولىنىڭ غەربىگە (بىرى شىمالدا، بىرى جەنۇبتا) جايلاشقان بولۇپ، ئاساسەن، ئۈچ بۆلۈك شەكلىنى ئالغان. غولىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئىبادەتخانا ھەممىدىن چوڭ بولۇپ، ئاستى چاسا، ئۈستى يۇمىلاق گۈمبەز شەكلىدە سېلىنغان. ئاساسىي ئىبادەتخانا بىناسىنىڭ قالدۇق ئىزىدىن قارىغاندا، بۇتلار شەرققە قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇلغان، بىنانىڭ گۈمبىزى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.

مىلادى XIV ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىسلام دىنى قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، بۇددا دىنىنىڭ بۇ مۇقەددەس جايى تاشلىۋېتىلىپ، خاراب بولغان.

بۇ جاي ناھىيە بويىچە قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

### (2) ئاراتام بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى

ئاراتام قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تىيانشان تېغىنىڭ ئېتىكىدە بولۇپ، شەھەرگە 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاراتام قەدىمكى زامان بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

بۇددا ئىبادەتخانىسى ئاراتامىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قىزىل تاغ قاپتىلىدىكى تۇپا تۆپىلىككە جايلاشقان. يەتتە ئېغىز ئۆي شەرقتىن غەربكە قاتار جايلاشقان بولۇپ، ئاستى تەرىپى چاسا، ئۈستى يۇملاق گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان. ئىبادەتخانىنىڭ ئاستى گەمە قىلىپ قېزىلىپ، ئۈستى تەرىپى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، تامنىڭ ئىچى كاكۇل بىلەن سۇۋالغان، ھاك بىلەن ئاقارتىلىپ، رەڭلىك سۈرەتلەر سىزىلغان.

ھازىر ئىبادەتخانا ئۆيىدىن بەش ئېغىزىلا قالغان، ئالدى تەرىپى، تورۇسلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن، تاغقا يانداشقان قىسمىلا قالغان بولۇپ، ئۇلتۇرغان بۇتنىڭ ئومۇمىي ئىزناسىنى غۇۋا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ جاي ناھىيە بويىچە قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## §28. قەبرىلەر

### 1. قەدىمكى قەبرىستانلىق

### (1) قىزىل چوقا قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق قارا دۆۋە گۇڭشېسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر غەربىدىكى قىزىل تۇپراقلىق تۆپىلىككە جايلاشقان، كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1978 ــ يىلى 9 ــ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بۇ يەرنى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىپ كۆردى. ئېچىلغان قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. جەمئىي 29 قەبرە قېزىلدى. بەزى قەبرىلەر توپ جايلاشقان بولۇپ، دەپنە قىلىش شەكلى بىر خىل، گۆرنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.05 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 1.2 مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە كېلىدۇ. كۆپىنچە جەسەتلەر پۈت قىسمى پۈكلەپ دەپنە قىلىنغان، ئۈستىگە توغراق ياغىچى يېپىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەك قويۇلۇپ، ئاندىن تۇپا بىلەن كۆمۈلگەن. قەبرىستانلىقتىن كونا جەسەت، تاش قورال، ساپال بۇيۇم، ياغاچ قورال، مىس ئەسۋاب، سۆڭەك قورال، كىگىز، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، تېرە بۇيۇملار چىقتى. ھازىر قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇ قەبرىستانلىققا ئادەم قويۇپ ساقلاۋاتىدۇ.

### (2) يانبۇلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق قەدىمكى شەھەرنىڭ شەرق، غەرب تەرەپلىرىدىكى تۇپىلىق تۆپىلىككە جايلاشقان. 1958 ــ يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بۇ قەبرىستانلىقنى تەك-

شۇرۇپ كۆرگەن. گۆرلەر سەل تېيىز قېزىلغان. بىر قىسىم گۆرلەر كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. بۇ يەردىن ساپال بۇيۇم، مىس قورال، تاش قورال، سۆڭەك قورالغا ئوخشاش نەرسىلەر تېپىلدى.

### (3) لاپچۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق لاپچۇقنىڭ تەخمىنەن بىر كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بۇ جايدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قەدىمكى قەبرىستانلىقنى ئۇچراتتى، گۆرلەر جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ قېزىلغان. بۇ يەردىن ئادەم ئۇستىخىنى، ساپال بۇيۇم، مىس ئەسۋابلار تېپىلدى.

### (4) ئاراتام قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق ئاراتام باغچىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان. 1953 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن غەربىي شىمال تارىخ مۇزېيى بۇ قەبرىستانلىقنى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىپ كۆرگەن. گۆرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر بولۇپ، تۆت تەرىپى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان، گۆردىن ئادەم ئۇستىخىنىدىن باشقا جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇم ئۇچرىتىلمىغان.

### (5) باغداش قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق باغداش قەدىمكى خارابىلىكى جايلاشقان دۆڭنىڭ پەس تەرىپىگە جايلاشقان. 1983 ـ يىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىر نەچچە جايدا قەدىمكى قەبرىنىڭ بارلىقىنى ئۇچراتتى. گۆر يۇمىلاق قېزىلغان بولۇپ، ئەتراپى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان. بەزى جەسەتلەرنىڭ بېشى شەرققە، بەزى جەسەتلەرنىڭ بېشى شىمالغا قارىتىپ قويۇلغان.

#### 2. ئالتۇنلۇق

ئالتۇنلۇق شەھەر ئىچى كۇچىسىنىڭ بىر كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان. ئالتۇنلۇق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرى چوڭ گۈمبەز (ۋاڭلار قەبرىسى)، بۇنىڭ ياسالغان دەۋرى ھەققىدە ھەر خىل گەپلەر بار. بىر خىل گەپتە، 7 ـ ئەۋلاد بېشىر ۋاڭ قەشقەرگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ «ئاپپاق خوجا مازىرى» نىڭ ئۇلگىسىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، قۇمۇلدا چىنە خىش پىشۇرۇپ، 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، داۋگۇاڭنىڭ 20 ـ يىلى (1840 ـ يىلى) پۈتتۈرگەن دېيىلىدۇ؛ يەنە بىر خىل گەپتە، شۇ شيۇڭنىڭ «غەربىي يۇرت ھەققىدە نەزمىلەر» دېگەن ئەسىرىدە بېشىر ئۆلگەندىن كېيىن «خان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا چىڭۋاڭ دەپ نام بەرگەن ھەم سېپىلنى رېمونت قىلىش ۋە قەبرە ياسىتىش ئۈچۈن 120 مىڭ سەر (بۇ يەردە 20 مىڭ سەر 120 مىڭ سەر قىلىپ قويۇلغان) تەڭگە ھەدىيە قىلغان» دېيىلىدۇ؛ يەنە بىر خىل گەپتە، «يولۋاس ئەسلىملىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، بېشىر ئۆلگەندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسى «مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن، بېيجىڭدىن خىش، كاھىش كەلتۈرۈلۈپ، ئوبيېرى

www.uyghurkitap.com

15 كۇب مېتر كېلىدىغان ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى گۇمبەزلىك قەبرە ياسىتىلغان» دېيىلىدۇ. كېيىنكى ئىككى خىل گەپتىن قارىغاندا، بېشىرنىڭ قەبرىسى چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ياسالغان. چوڭ گۇمبەزنىڭ ئىشىكى غەربكە قارايدۇ، ئاستى تەرىپى چاسا شەكلىدە، ئۈستى گۇمبەز شەكلىدە. گۇمبەزنىڭ ئالدى تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 15.56 مېتر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 19.60 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 15 مېتر، گۇمبەز كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئاستى تەرىپىگە گۈللۈك كۆك ئاق چىنە خىش چاپلانغان. تۆت بۇرجىكىدە مۇنار شەكىللىك تۈۋرۈك بار، گۇمبەزنىڭ ئۆگزىسىگە يېشىل سىرلىق كاھىش ئورنىتىلغان ھەم بوغما قاپاقا ئوخشايدىغان ئۈچ چىقىرىلىپ، ئۈستىگە ھىلال ئاي ئورنىتىلغان. گۇمبەز ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇنارنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇپ، ئۇنىڭ ئايلانما پەلەمپىيى بىلەن گۇمبەزنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. گۇمبەزنىڭ چۆرىسىگە پەس گىرۋەك تام ياسالغان، گىرۋەك تام بىلەن گۇمبەز ئارىلىقىدا تۈز بوشلۇق بار، بۇ يەردە تۇرۇپ ئەتراپتىكى مەنزىرىنى تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ. گۇمبەز ئىچىنىڭ تۆۋەن تەرىپى چاسا، يۇقىرى تەرىپى يۇمىلاق بولۇپ، تولۇق ئاقارتىلغان. ئۈستىدە تۆت تۈڭلۈك بار. قۇببە تورۇسىغا كۆك گۈل چۈشۈرۈلگەن. گۇمبەز ئىشىكىنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىگە ئايەت ئويۇلغان تاش ئابىدە ئورنىتىلغان. چوڭ گۇمبەزنىڭ ئىچىگە 7 - ئەۋلاد ۋاڭ بېشىر ھەم ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك پۈجۈڭلىرى (خوتۇنلىرى)، 8 - ئەۋلاد ۋاڭ مۇھەممەت ھەم ئۇنىڭ خوتۇنى، شۇنىڭدەك ۋاڭ جەمەتىدىكىلەردىن بولۇپ 40 كىشى دەپنە قىلىنغان.

ئىككىنچى قىسمى: چوڭ گۇمبەزنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ياغاچ بىلەن شىپاڭ شەكلىدە ياسالغان بەش كىچىك گۇمبەز بار، بۇ گۇمبەزلەر شەرقتىن غەربكە قاتار قىلىپ ياسالغان. ئىچىدە بىرنەچچە ئەۋلاد ۋاڭلارنىڭ قەبرىسى بار. غەربتىن شەرققە سانىغاندا تۆت گۇمبەزنىڭ ئىچىگە 1 - ئەۋلادتىن 6 - ئەۋلادقىچە بولغان ۋاڭلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ھەم ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر دەپنە قىلىنغان. شەرقتىكى شىپاڭ شەكىللىك 5 - گۇمبەزنى 9 - ئەۋلاد ۋاڭ شامەخسۇت ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ياساتقان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى مۇشۇ گۇمبەزنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ نەۋرىسى بېشىر ۋە ئابدۇللارمۇ مۇشۇ گۇمبەزنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنغان.

ئۈچىنچى قىسمى: چوڭ مەسچىت (ھېيتگا مەسچىتى)، بۇ مەسچىت، ئەڭ بۇرۇن، يەنى 1 - ئەۋلاد ۋاڭ ئەبەيدۇللا دەۋرىدە (كاڭشى يىللىرى) سېلىنغان. 4 - ئەۋلاد ۋاڭ يۈسۈپنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە (چيەنلۇڭ يىللىرى)، مەسچىت كىچىكلىك قىلغاچقا شەرق تەرەپكە بىر ئاز كېڭەيتىلگەن (مەسچىتنىڭ ھازىرقى ئوتتۇرا قىسمى)، 6- ئەۋلاد ۋاڭ ئەردېشىر دەۋرىگە كەلگەندە مەسچىت يەنە شەرققە كېڭەيتىلىپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. چوڭ مەسچىتنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 60 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 38 مېتر بولۇپ، 2280 كۋادرات مېتر يەرنى ئىگىلىگەن. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى شەرققە قارايدۇ، ئىچىدە 9 رەتتە 12 دىن جەمئىي 104 يوغان قىزىل تۈۋ-

رۇك بار (مەسچىت كېڭەيتىلگەن چاغدا، 1 - ئەۋلاد ۋاڭ دەپنە قىلىنغان كىچىك گۈمبەز مەسچىتنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، بۇ بۇرجەكنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ قۇپۇرۇشقا توغرا كېلىپ، تۆت تال تۈۋرۈك كەم قويۇلغان). ھەر يىلى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلاردا، شەھەر - يېزىلاردىكى مۇسۇلمانلار بۇ يەرگە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ. مەسچىتكە 5000 ئادەم سىغىدۇ.

ۋاڭ قەبرىستانلىقىنىڭ ئۆي ئىمارەتلىرى تەخمىنەن 20 مو يەرنى ئىگىلىگەن، ئەتراپى ئېگىز سوقما تام بىلەن قاشالانغان، ئالدى ئىشىك شىمالغا قارايدۇ، 2 - ئىشىك شەرققە قارايدۇ. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە سېپدە دەرىخى بار. مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) دىكى قۇمۇل يېغىلىقىدا ۋاڭ قەبرىستانلىقى ۋەيران قىلىنغان. چوڭ گۈمبەز تاملىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى چىنە خىشلار سويۇۋېتىلگەن، گۈمبەزنىڭ قاپاق شەكلىدىكى ئۈچى چېقىۋېتىلگەن. چوڭ مەسچىت ئۆگزىسىنىڭ بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئىشىك ئالدىدىكى پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى ئېلىۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە 10 يىلدىن بېرى، قوغدايدىغان ئادەم بولمىغاچقا، بۇ مەسچىت تېخىمۇ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. مەسچىتنىڭ قاشا تاملىرى بۇزۇلغان، ئىككى ئالدى ئىشىكمۇ يوقاپ كەتكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، چوڭ گۈمبەزنىڭ تېمىدىكى چىنە خىشلار پۈتۈنلەي سويۇۋېتىلگەن، گۈمبەز ئۈستىدىكى ئاق چىنە خىشلىق گىرۋەك تام پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغان، گۈمبەزنىڭ چوققىسىدىكى يېشىل كاھىشلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېلىپ كېتىلگەن. ئۇزاق يىللار رېمونتسىز قالغانلىقتىن، ياغاچتىن ياسالغان شىپاڭ شەكىللىك بەش كىچىك گۈمبەزنىڭ غەربتىكى ئۈچى بۇزۇلۇپ كەتكەن، قالغان ئىككىسىمۇ ساق ئەمەس. 1983 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ پۇل ئاجرىتىشى بىلەن چوڭ مەسچىت رېمونت قىلدۇرۇلدى.

3. مازارلار

## (1) يالغۇز تويۇم مازارى

يالغۇز تويۇم مازارى نۇرئاخۇن گۈمبىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مازار ناھىيە بازىرىنىڭ 90 كىلومېتىر شەرقىدىكى يالغۇز تويۇمدىكى بىر تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 20 - يىلى (1592 - يىلى) نۇرئاخۇن ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان چىڭخەيىنىڭ شىنىڭ دېگەن يېرىدىن ئەرەبىستانغا ئوقۇشقا بارغان، بەش يىلدىن كېيىن، ئوقۇش پۈتتۈرگەن، ئاندىن ئەرەب دىنىي تەشكىلاتى تەرىپىدىن دىن تارقىتىش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتىلگەن. نۇر ئاخۇن 80 نەچچە پىدائىنى باشلاپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەن. چازىنى ساقلاپ ياتقان مۇڭغۇل ئەسكەرلىرى كۈچلۈك بولغاچقا، نۇرئاخۇنلارنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈشىگە كۆزى يەتمەي، شىمال تەرەپنى ئەگىپ، تاشۇبېلىقىنىڭ خوتۇنتام دېگەن يېرىگە كېلىپ، شۇ يەر ئارقىلىق قۇمۇلغا كىرمەكچى بولغان. ئۇلار خوتۇنتامغا يېتىپ كېلىشكە شۇ جاينى ساقلاۋاتقان مۇڭغۇل ئەسكەرلىرى تويۇپ قې-

لىپ ئۇلار بىلەن سوقۇشقان. سوقۇشتا نۇرئاخۇنلار كەينى ـ كەينىدىن چېكىنىپ يالغۇز تۇيۇمغا كەلگەندە، ئوقيا تېگىپ نۇرئاخۇن شېھىت بولغان، جەسىتى شۇ يەردە ئاددىيلا كۆمۈپ قويۇلغان. ئارىدىن 200 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 7 ـ ئەۋلاد ۋاڭ بېشىر (1813 ـ يىلدىن 1866 ـ يىلغىچە ۋاڭ بولغان) ئادەم ئەۋەتىپ، نۇرئاخۇننىڭ جەسەت سۆڭەكلىرىنى تاپقۇزۇپ، ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر گۈمبەز ياساتقان. تاغقا چىقىدىغان يول تىك، قاتناش قولايسىز بولغاچقا، ئۇلار گۈمبەز ياساشقا لازىملىق خىش، كېسەكنى قويغا ئارتىپ تاغقا ئېلىپ چىققان. گۈمبەز كۆك خىش ۋە كېسەك بىلەن ياسالغان. گۈمبەزنىڭ ئاستى تەرىپى چاسا، ئۈستى يۇمىلاق شەكىلدە ياسالغان. گۈمبەزنىڭ چۆرىسىدە قاشا تام بار، گۈمبەز ئالدىغا ئورنىتىلغان ئابىدە تاشقا ئەرەب يېزىقىدا:

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادى، بۇ ئالەمدە ئۇلۇغ ئىسلامىيەت ئورنىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان نۇرئاخۇنغا سالام!» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان.

ھەر يىلى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كەلگەندە، تاشۋىلىقتىكى مۇسۇلمان دېھقان ـ چارۋىچىلار بۇ يەرگە ئۇلاغلىق ياكى ھارۋىلىق كېلىپ تىلاۋەت قىلىدۇ.

## (2) قەيس غوجام مازارى

بۇ مازار قۇمۇلدىكى چاھارباغنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. كىشىلەر ئۇنى «غوجام مازار» دەپ ئاتايدۇ، «يېشىل گۈمبەز» مۇ دېيىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۈچ كىشىنى دىن تارقىتىش ئۈچۈن جۇڭگوغا ئەۋەتكەن. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى قەيس، ئۇۋەيس ۋاققاس ئىكەن. ئۇلارنى بەزىلەر قۇرۇقلۇق بىلەن كېلىپ سۇ يولى بىلەن قايتقان دېيىشىدۇ؛ يەنە بەزىلەر سۇ يولى بىلەن كېلىپ قۇرۇقلۇق بىلەن قايتقان دېيىشىدۇ. ۋاققاس كېسەل بولۇپ گۇاڭجۇدا قازا تاپقان. ئۇۋەيس بىلەن قەيس چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەندە، تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنى قارشى ئالغان. كېيىن ئۇۋەيس بىلەن قەيس ئۆز دۆلىتىگە قايتماقچى بولغان. ئۇلار گەنسۇنىڭ خېشى دېگەن يېرىدىكى خۇيخۇيبۇغا يېتىپ كەلگەندە ئۇۋەيس ۋاپات بولغان. قەيس تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 9 ـ يىلى (635 ـ يىلى) قۇمۇلنىڭ شىڭشىڭشيا دېگەن يېرىگە كەلگەندە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەسىدى شۇ يەردە ئاددىيلا كۆمۈلۈپ، ئۈستىگە تاش دۆۋىلەپ قويۇلغان. كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى ئادەم ئەۋەتىپ شىڭشىڭشيادا قەيس ئۈچۈن بىر گۈمبەز ياساتقان.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن، «شىڭشىڭشيادىكى تاغ باغرىدا مۇسۇلمان گۈمبىزى بار ئىكەن ...... يەرلىك كىشىلەردىن بىرسى مەبلەغ يىغىش قىلىپ، گۈمبەزنى قايتا ياساش تەكلىپىنى بەرگەن، بۇ تەكلىپ ماقۇل كۆرۈلگەن، نۇرغۇن بېغىشلىمىلار تەقدىم قىلىنغان، قەبرە ئۈستىگە يېپىلغان يوپۇقنىڭ قېلىنلىقى بىر چىدىن ئېشىپ كەتكەن.»

مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) شىڭشىڭشىيا چازىسىنى ساقلاپ تۇرغان قوشۇن گازارما سالماقچى بولۇپ، گۈمبەزنى بۇزۇپ خىشلىرىنى گازارمىغا ئىشلەتكەن. ھەسەن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ كۆزەتچى ئەمەلدارى ياڭ ماۋچۈن قەيسىنىڭ جەسەت سۆڭىكىنى تاغ ئارىسىغا ئېلىپ كىرىپ كۆمۈپ قويغان. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلار سەي جيەنگو، سۇ يىچۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قەيسىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىش گومىنداڭ 29 ـ جىتۇەنجۇنىڭ سىلىڭى لى تيېجۈن، قۇمۇل ۋالىيسى زېڭ يۈكپۇ ۋە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى سەي رۇزۇ قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. سەي جيەنگو بىلەن ماجۇنجيې ئىككىيلەن بۇ ئىشقا كونكرېت مەسئۇل بولۇپ، ئۈچ ئاي تەييارلىق كۆرۈلۈپ، ھازىرقى ئورۇن تاللاپ چىقىلغان (بۇ يەرنى ۋاڭنىڭ ئەۋلادلىرى ۋەخپە قىلىپ بەرگەن). 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شەھەر ئىچىدىكى نامان قازى ئاخۇنۇم ھەر ساھەدىكى مۆتىۋەرلەر ۋە ئاخۇنلاردىن بولۇپ 21 كىشىنى باشلاپ ماشىنا بىلەن شىڭشىڭشياغا بېرىپ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جەسەتنى قېزىپ ئالغان. جەسەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئالتە چىدىن ئاشىدىكەن، كۆكرەك قىسمىنى قوۋۇرغىلىرىغا ئەت يېپىشىپ تۇرغان، ساقىلى ساق قالغان. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە ماشىنا شەھەرگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان ساقغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەرگە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم توپلىنىپ بولغان؛ ئاقيەرگە يېقىن كەلگەندە، تېخىمۇ قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىپ مېڭىشقا ئامال بولمىغان، ئاقيەر ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاب قىلىشى ئۈچۈن، تاۋۇت سېلىنغان ماشىنا ئاقيەر مەسچىتىنىڭ ئىچىدە توختىغان. كەچ كىرگەندە، قەيسىنىڭ جەسىتى شەنشى مەسچىتىگە ئېلىپ كىرىلىپ ناماز چۈشۈرۈلگەن، مەسچىتنىڭ ئىچى ئادەمگە لىق تولغان. 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جەسەت سۇجۇ مەسچىتىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋۇجۇڭشىن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن. لى تيېجۈن سىلىڭ تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن ناماز چۈشۈرۈلگەن، ئاندىن جەسەت سۆڭىكى سېلىنغان تاۋۇتنى بىر نەچچە چوڭ ئاخۇن كۆتۈرۈپ مەسچىتتىن ئېلىپ چىققان. تاۋۇتقا كەشتىلىك يېشىل يوپۇق يېپىلغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىمخاب سەللە قويۇلغان.

جامائەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا تەزىيەنامىلارنى كۆتەرگەن كىشىلەر ماڭغان، ئۇلارنىڭ كەينىدىن 30 دانە قۇرئان ھەم راۋاق (ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ قۇرئان بار) ئارتىلغان تۆت ئاق بوز ئات ماڭغان، ئۇنىڭ كەينىدىن تاۋۇت ئېلىپ مېڭىلغان. شۇ كۈنى سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان. خۇيزۇ، ئۇيغۇر ۋە تاغلىق رايونلاردىن ئۇلگۈرۈپ كەلگەن قازاقلاردىن تەشكىل تاپقان 10 مىڭدىن ئارتۇق جامائەت سۇجۇ مەسچىتىدىن چىقىپ، دېشېڭ كوچىسى ۋە جېنفەن كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە سۇ قوۋۇق بىلەن كىرىپ، ئوردا قوۋۇقىدىن چىقىپ، شىمال تەرەپتىكى قەبرىستانلىققا يېتىپ بارغان. بازاردىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ سودىگەرلەر كوچىلارغا ئاق پەلاكات ئېسىپ قارىلىق تۇت-

قان، خەنزۇ سودىگەرلەرمۇ كوچا بويلىرىغا كۆجە يېقىپ تەزىيە بىلدۈرگەن.

قەيس غوجام گۈمبىزىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدۇ، ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. گۈمبەزنىڭ ئاستى تەرىپى چاسا، ئۈستى قۇببە شەكلىدە بولۇپ، يېشىل رەڭلىك كاھىش چاپلانغان. گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا پېشايۋان بار، مازارنىڭ چۆرىسى سوقما تام بىلەن قاشالانغان. تام ئىچىدە ھەر خىل دەل ـ دەرەخلەر بار. گۈمبەزنىڭ يېنىدا مازارغا قارايدىغان شەيخلەر ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز ئۆي سېلىنغان.

## §3. بۇتخانا، ئىبادەتخانا خارابىلىكلىرى

### 1. بۇتخانا خارابىلىكلىرى

#### (1) تىيانشان بۇتخانا خارابىسى

تىيانشان بۇتخانىسى قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تىيانشان تېغىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2700 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىز، بۇيەرنىڭ تۇزۇلۇشى خەتەرلىك. بۇ داۋان قەدىمدىن تارتىپ قۇمۇل بىلەن بارىكۆل ئارىلىقىدىكى بىردىنبىر قاتناش يولى بولۇپ كەلگەن. ئۇ، تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى «قوڭغۇر داۋان» دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 14 ـ يىلى (640 ـ يىلى) خۇجۇنجى قۇجۇلۇقلارنى تىنچلاندۇرۇش ۋاقتىدا، ھەربىي يۈرۈش مۇئاۋىن باش بۇغى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ـ قوغداش سولقانات سانغۇنى جياڭ شىڭبىن داۋاننىڭ شىمالىدا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ ياراغ ياسىغان، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، تۆھپە ئابىدىسى تەييارلاپ، تىيانشان تېغىنىڭ چوققىسىغا ئورنىتىپ قويغان. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى زامانىدا تىيانشان چوققىسى «كۆشۈتى داۋان» (موڭغۇلچە «ئابىدە داۋىنى» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 51 ـ يىلى (1786 ـ يىلى)، تىيانشان چوققىسىغا گۈەندى بۇتخانىسى سېلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي «تىيانشان بۇتخانىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان. بۇتخانىنىڭ يېنىغا فۇجۇنۋاڭ بىر تاش ئابىدە ئورنىتىپ قويغان. تىيانشان چوققىسىدىكى گۈەندى بۇتخانىسى كېيىنچە ئۇرۇشتا ۋەيران بولۇپ كەتكەن. گۈەندى بۇتخانىسىنىڭ ھازىرقى خارابىسى گۇاڭشۈنىڭ 8 ـ يىلى (1882 ـ يىلى) قۇمۇلنىڭ خان ئامبىلى مىڭ چۈن قايتا ياساتقان بۇتخانىنىڭ خارابىسىدۇر. «تىيانشاندىكى گۈەندى بۇتخانىسىنىڭ قايتا ياسىتىلغانلىق ئابىدىسى» تىيانشان داۋىنىدىكى تاشيولنىڭ شەرق تەرىپىدە ھېلىمۇ بار. قايتا ياسالغان تىيانشان بۇتخانىسى مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ھازىر بۇتخانىنىڭ ئارقا خىش تېمىنىڭ خارابىسىلا قالغان.

فاڭ شىگەننىڭ «شەرققە قايتىش خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە، بۇتخانىنىڭ ئىچىدە «بېغىشلىمىلار ناھايىتى كۆپ» بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شۇسۇڭ دېگەن كىشى يازغان مۇنداق بىر بېغىشلىمىمۇ بار:

هەيۋەت بىلەن چاقناپ تۇرار مەغرۇر تىيانشان،
ئۆتەر بۇندىن تۈمەن لەشكەر، ئۈزۈلمەس كارۋان.
جاڭچيەن، يۆنىڭ قارار گاھى تۇرىدۇ قايان؟
كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى بىر تىلسىم ساراي،
مىڭ يىللارنىڭ شاھىدى ئۇ ــ قىسمەتلەرگە باي،
بۇنداخەن، تاڭ ئابىدىسى تۇتۇپتۇ ماكان.

## (2) لۇڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسى

لۇڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى سۇ بېشىغا، يەنى ھازىرقى «قىزىلىيۇلتۇز دوختۇرخانىسى» نىڭ يېنىدىكى كۆل بويىغا جايلاشقان.

لۇڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى قۇمۇل غەربىي ئۆستىڭىنىڭ سۇ مەنبەسى بولۇپ، ئۇنىڭ غەرب ۋە شەرق ياقىسى ئېگىز يارداڭلىق،ئوتتۇرىسى كۆل. ئۇ، ئەينى يىللاردا «چوڭ كۆل» دەپ ئاتالغان. شيې بىن «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دە مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ جاينىڭ كەينى ئېگىز دۆڭ، ئالدى تەرەپتە سۇ بېشى كۆلى بار، كۆل ئۇزۇنچاق بولۇپ، سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن كۆلنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنى سانىغىلى بولىدۇ (كۆلدە يىلان بېلىق ۋە ئۆردەك ناھايىتى كۆپ ئىكەن)».
«كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى شىپاڭ بارئىكەن، بىرسى ياڭيۇەن، يەنە بىرسى جىنخەن دەپ ئاتىلىدىكەن؛ قىرغاقتا تۇتىشىدىغان كۆۋرۈك بارىكەن، كۆلگە بىر قېيىق سېلىنغان، ئۇنىڭغا چۈشۈپ كۆلنى سەيلى قىلغىلى بولىدىكەن. كۆلنىڭ ئۇزۇن قېشىنى بويلاپ قويۇق تال ـ تېرەكلەر ئۆسكەن».

كۆلنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يارنىڭ تۆپىسىدە لۇڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسى، شەپقەتچان مەبۇدە ھۇجرىسى، سانغۇن ليۇمىڭ بۇتخانىسى،ئىلاھە بۇتخانىسى قاتارلىقلار بار. «شىنماۋ يىلىدىكى ھەمراھلىق سەپەرخاتىرىسى» نىڭ 5 ـ جىلتىدا: «گۋاڭشۈنىڭ 3 ـ يىلى خان ئامبال مىڭ چۈن لۇڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسى، شەپقەتچان مەبۇدە ھۇجرىسى قاتارلىقلارنى ياساتقان، قارماقتا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن كۆل ئوتتۇرىسىغا شىپاڭمۇ سالدۇرغان. بۇ قورۇلۇشقا ۋېيىي قوشۇنى بىلەن جيەن رۇي قوشۇنى كۈچ چىقارغان. كۆچە ياقىدىغان شېيىخلارمۇ ئەسلى ئەسكەر بولغان ئەمەلدارلار ئىكەن» دەپ يېزىلغان. گۋاڭشۈنىڭ 14 ـ يىلى (1888 ـ يىلى) مىڭ چۈن تارباغاتايدا مەسلىھەتچى ئامبال بولۇپ ئىشلەۋاتقان چېغىدا كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. چىڭ ئوردىسى مىڭ چۈن «چېگرا رايونىدا كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ، قۇمۇلدىكى لۇڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسى يېنىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ «مىڭ ھەزرەت ئىبادەتخانىسى» سېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

كۆلنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بىر سەھنە بىنا قىلىنغان. ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بۇتخانا سەيلىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، يىراق ـ يېقىندىكى ئەر ـ ئايال دېھقانلار ئۇلاغلىق ياكى ھارۋىلىق كېلىپ ئويۇن كۆرۈپ تۇرغان. شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى

(1911-يىلى) 4-ئاينىڭ 8-كۈنى، ۋېن جىيىڭ قۇمۇلدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مۇشۇ بۇتخانا سەيلىسىگە توغرا كېلىپ قالغان. ئۇ، خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق دەپ يازغان: «بۈگۈن دەل بۇتخانا سەيلىسىگە توغرا كېلىپ قالدىم. بۇ، قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەڭ داغدۇغىلىق پائالىيەت ئىكەن. سودىگەرلەر ھەر يىلى مۇشۇ چاغدا تىجارەتنى توختىتىدىكەن. مۈلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار بۇ يەرگە كېلىپ ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدىكەن، ھەر خىل ئويۇنلارنى كۆرىدىكەن، سەيلە-ساياھەت قىلغۇچىلار مىغ-مىغ بولۇپ، تاماشابىر مەھەل ئاجايىپ قىزىپ كېتىدىكەن». سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇزۇن بىر بېغىشلىما يېزىلغان، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە.

نەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈپ كەتتى، شاھ-ۋەزىر، ئۇستاز، ئۆلىمالارنىڭ ئىزلىرىلا قالدى. لېكىن تاغ-دەريالار شۇ پېتى تۇرۇۋەردى، نام-شۆھرەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى تولىمۇ كۆپ بولدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ باتۇر، ئەزىمەتلەر نەگە كەتتىكىن؟ راستىلىرىمۇ، يالغانلىرىمۇ كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا سۆز-چۆچەك بولۇپ قالدى، خالاس. ئۇلۇغ تۆھپىلەر قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالدى، ئۈچ دەۋر، ئالتە سۇلالە سەلتەنەتى بىھۇدە تەسەۋۋۇر بولۇپ قالدى.

غەلىتە ئىشلار ھەر كۈنى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، قايغۇمۇ، خۇشاللىقمۇ، ئايرىلىشمۇ، قوشۇلۇشمۇ سەھنىگە چىقىرىلىپ تولۇق نامايەن بولدى. يەنە بەزى چاكىنا ئادەملەر ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىدۇ، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى شان-شەرەپ دەپ بىلىدۇيۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇياتقا قالىدۇ. ساداقەت، پاكلىق، ئىشەنچ، لەۋزىدە تۇرۇشنىڭ جاپاسى ئالدىدا، لەززىتى كەينىدە بولىدۇ، نىيىتىنىڭ راست، نىيىتىنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ۋاقتى كەلگەندە ئېنىقلىنىپ ئەينەك بولىدۇ، بەخت بولسۇن، بالا-قازا بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق جاۋابى بولىدۇ.

كىيىملىرىنىڭ كاتتىلىقىغا، ناخشا-ئۇسسۇلنىڭ ياڭراق-نەپىسلىكىگە مەپتۇن بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك.

لۈكچۈاڭمىياۋ بۇتخانىسىنىڭ ئاقارتىلغان تېمىغا يېزىلغان ئۇزۇن بىر بېغىشلىما بار، ئۇنىڭ 1-قىسمى:

ئۇچامغا يوپۇق يېپىنىپ، بېشىمغا قالپاق كىيىپ، ئېگىزدە رىشاتكىغا يۆلىنىپ تۇرسام، يىراق چېگرا يۇرتنىڭ مەنزىرىسى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇياق-بۇياقتا ئۆتۈۋاتقان ھارۋىلارنى كۆرۈپ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىمەي تۇرالمىدىم. تىيانشان تېغىنىڭ قار-شىۋىرغانلىق سوغۇقىغا قېلىن كىيىملەر دال بولمايتتى. بىپايان قۇملۇقتا بوران چىقسا، يەر-زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلايتتى، سەددىچىن ئەتراپىدىكى قارارگاھلاردا كۈز كۈنلىرى ئاتلار سۇغىرىلاتتى، كۈن قوۋۇقتىن چىققان كىشىلەرنى تال چوكانلار ئۇزۇتۇپ قالدى. قايىنام-تاشقىنلىقتا تولغان بۇ مەنزىرىدىن تولىمۇ ھاياجانلىنىپ

كەتتىم، جاسارىتىم قايىناپ تاشتى، جەڭ تۇغىنى كۆتۈرۈپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشۋاتقاندەك بولدۇم. بەختكە يارىشا ئۇرۇشلار تۈگىگەنىدى، پۇقرالار ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. ئىلمۇپەر ياپرىقىغا ئوخشايدىغان كېيىمنى كىيگىن، لويلىدىن ياسالغان ھاسسا تاياقنى ئالغىن. كۆز ئالدىڭدا تۇرغان قۇتلۇق كۆن ۋە گۈزەل مەنزىرىلەرگە ياكى سۈرەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان تۇرمان بۇلىقى ــ تاغ سۇلىرىغا، ياكى تاشقا ئۆيۈلغان شېئىرلارنى ئوقۇغانىغا، ياكى ھاياجىنىڭنى باسالماي تالا ـ تۈزدە سەيلە قىلغانىغا، ياكى جىم ئولتۇرۇپ غىججەك مۇڭىنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلانغانىغا يارىشا ئىش قىلغىن.

2 ـ قىسمى:

بۇددا ئىبادەتخانىسى سارىيىدا بىرقانچە قەدىناس دوست بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مەي ئىچكەچ مۇندىن 2000 يىل ئىلگىرىكى ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. سەھرادىكى ۋە گۈگۈم ۋاقتىدىكى قوڭغۇراق، داقا ـ دۇمباق سادالىرى ئىچىدە، ئالەم شۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى، بەنچاۋ قەلىمىنى تاشلاپ ئەسكەر بولدى، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتنىڭ يولىنى ئاچتى. جاۋچۇڭگو چېگرا رايونلاردا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇرىنگۇي ئۈچ تال ئوقيا بىلەن تىيانشان ئەتراپىنى تىنجىتتى. ئاجايىپ دائىدۇغىلىق ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ بولۇپ قالدى. ياۋا غازلار غاقىلدىدى، كۆز پەسلى يېتىپ كەلدى. شالاڭ ئۆسكەن قومۇشلار ئارىسىدا كۆكرىكىڭنى كېرىپ تېز ماڭ. سارىنىڭ قانات قېقىپ ئۆز ئارمىنىچە ئۇچقىنىغا، بېلىقنىڭ ئۆز ئەركىگە ئۆزگىنىگە ئوخشاش، ھەممە بىئارامىلىقنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت. قەلبىڭدىكى غەشلىكنى ۋە ناھايىتى چىگىش ھەق ـ ناھەق، شاپائەت ـ ئاداۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇزدەك سوغۇق تاشقا، ئوتتۇنچىلار ناخشىسىغا، سۇنىڭ شارقىرىشىغا، ئادەمزات ئىز باسمىغان چۆللۈككە ئاتاپ قوي.

مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) قۇمۇلدا يۈز بەرگەن يېغىلىقتا لۈكچۈاڭمياۋ بۇتخانىسى ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) كۆل بويىدىكى سەھنە ساق بولغاچقا، بىر ـ ئىككى قېتىم بۇتخانا سەيلىسىمۇ ئۆتكۈزۈلگەن. ئازادلىق ھارپىسىدا لۈكچۈاڭمياۋ بۇتخانىسىدا گومىنداڭنىڭ بىر ئاپتوموبىل ئەترىتى تۇرغان، شۇڭدىن كېيىن، بۇ يەر «شياۋيىڭفاڭ» دەپمۇ ئاتالغان. 60 ـ يىللاردىن كېيىن، سۈبېشىنىڭ سۇ مەنبەسى بارا ـ بارا ئازىيىپ كەتكەن، دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېسىۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن لۈكچۈاڭمياۋ بۇتخانىسىنىڭ مەنزىرىسى بۇرۇنقىغا يەتمەيدىغان بولۇپ قالغان. ھازىرقى لۈكچۈاڭمياۋ بۇتخانىسىنىڭ غەربىدىكى دۆڭدە كىچىك بىر بۇتخانا قالدۇقى ھەم ئۇنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ساراي ۋە ياغاچ پەلەمپەيلەر ساقلىنىپ قالغان. پەلەمپەينىڭ ئىككى يېنىدا ئۈچ ئادەمنىڭ غولىچى يەتمەيدىغان ئىككى تۈپ يوغان قېرى تېرەك بار. بۇ تېرەكلەرنى گۇاڭشۇنىڭ 8 ـ يىلى (1882 ـ يىلى) مىڭ چۇننىڭ ئەسكەرلىرى تىككەن.

### 2. ئىبادەتخانا خارابىلىكى

#### (1) ھەزرىتى زوزۇڭتاڭ ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى

زوزۇڭتاڭ گۇاڭشۈنىڭ 11 ـ يىلى (1885 ـ يىلى) ئۆلگەن. ھەزرىتى زوزۇڭتاڭ ئىبادەتخانىسى گۇاڭشۈنىڭ 21 ـ يىلى (1895 ـ يىلى) يازدا، كونىشەھەردە (ھازىرقى شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ غەربىي تەرىپىدە) سېلىنغان.

ھەزرىتى زوزۇڭتاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ، ئالدىنقى ئىشىكتىن كىرگەندە كارىدور نامايان بولىدۇ، كەينى تەرىپىدە ئۈچ ئېغىز ساراي بار. زوزۇڭتاڭ ھەيكىلىنىڭ ئېگىزلىكى بىرچىدىن ئاشىدۇ. ھەيكەل ئەينەك قۇتا ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئارقا سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان. ساراي ئالدى ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككىدىن قوش دەرپەردە ئىشىك بار، ئىشىكنىڭ قانىتىغا زوزۇڭتاڭنى ياد ئېتىدىغان سەككىز شېئىر يېزىلغان. بۇنىڭ بىرى «سەپەر ئۈستىدىكى چۈڭيالڭ بايرىمى. چىلۋي» دە مۇنداق دېيىلگەن:

قاپلىدى ئابى ھاۋا تاغلارنى چۈڭيالڭ پەيتىدە،
بولدى جەڭگاھ بۇ قەدىم جارابە مۇشۇ كۆنلەردە.
ۋادەرىخ، ھېچ تۆگىمەي بۇلاڭ ـ تالاڭ مالىمانلىرى،
ئۆتتى ئۆمۈر ناخشا تولاپ تەلۋە ياشلىق ئىلكىدە.
تۆن شامالى يەلپۈدى، قوندى ساقالغا قار ـ قىرۇۋ،
بەشىنچى تاك ـ تاك ئۇرۇلدى تاڭ سەھەردە ـ سۈبھىدە،
لەۋدە ھەسرەت كۆلكىسى، باقتىم سېرىق چېچەككە مەن:
نە ئۈچۈن ئاتتىڭ چېچەك سەن شۇ قاقاسلىق دالىدا.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، قۇمۇلدىكى يەرلىك ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلار ھەر يىلى ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە زوزۇڭتاڭ ئىبادەتخانىسىغا كېلىپ تەزىيە بىلدۈرگەن. مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) دىن كېيىن، ھەزرىتى زوزۇڭتاڭ ئىبادەتخانىسى كەينى ـ كەينىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنىغا سۇڭ جۇڭشەن خاتىرە سارىيى سېلىنغان (بۇ قىسقارتىلىپ «جۇڭشەنتاڭ» دەپلا ئاتىلىپ كەلگەن). 1960 ـ يىلى جۇڭشەنتاڭمۇ بۇزۇۋېتىلگەن.

#### (2) جاساق چىڭۋاڭ ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى

تۇڭجىنىڭ دەسلەپكى يىلى، قۇمۇلدىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇن بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن، بېشىرنى ياردەمچى نازارەتچى ئامباللىققا تەيىنلەيدۇ. تۇڭجىنىڭ 5 ـ يىلى (1866 ـ يىلى) بېشىر دېھقانلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ كېيىنكى يىلى ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ. بېشىر ئۆلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىقى

ئوردىسى ئۇنىڭغا «خوشۇت چىڭۋاڭ» دەپ نام بېرىدۇ ھەمدە قۇمۇلدا ئۇنىڭغا ئاتاپ مەخسۇس ئىبادەتخانا سېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرىدۇ. گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىلى قۇمۇل تىنچلانغاندىن كېيىن، جاساق چىڭۋاڭ ئىبادەتخانىسى كونا شەھەردە سېلىنىدۇ (ئورنى ھازىرقى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ).

جاساق چىڭۋاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. ئىبادەتخانا ئالدى ئىشىك، شەرق ـ غەرب يان ئۆيلەر ۋە چوڭ سارايدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئاساسىي سارايىنىڭ ئىچىگە چىڭۋاڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان ئابىدە تۇرغۇزۇلغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، يەرلىك ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلار ھەر يىلى ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە بۇ يەرگە كېلىپ نەزىر ـ چىراق ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. مىنگودىن كېيىن، بۇ ئىبادەتخانا ئاستا ـ ئاستا تاشلىنىپ قالغان. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) ئىبادەتخانا ئىچىدە ناھىيىلىك 2 ـ مەكتەپ (قىزلار مەكتىپى دەپمۇ ئاتالغان) ئېچىلغان. 70 ـ يىللاردا مەكتەپ كېڭەيتىلىدىغان بولۇپ، ئاساسىي سارايى چېقىۋېتىلگەن.

## §4. تاشقا ئويۇلغان رەسىملەر ۋە ئابىدىلەر

1. تاشقا ئويۇلغان رەسىملەر

(1) بېيشەن (ئاق تاغ) دىكى تاشقا ئويۇلغان رەسىملەر

بۇ رەسىملەر تاشۋېلىق گوڭشېسىنىڭ تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان تۆت كىچىك تاغدىكى كۆلرەڭ تاشلارغا ئويۇلغان، بۇ يەردە 500 دىن ئوشۇق رەسىم بار. بۇنىڭ ئىچىدە تاغ ئۆچكىسى، بۇغا، ئات، ئىت، ئېيىق، بۆرە، يولۋاس قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى، يالغۇز ئوۋچى ۋە ئىككى ئوۋچىنىڭ رەسىمى بار. ئوقيا ئاساسلىق ئوۋ قورالى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ھارۋىنىڭ رەسىممۇ بار.

(2) جېياۋگۇ (بەلسۇنغان) دىكى تاشقا ئويۇلغان رەسىملەر

شوپۇلدىن يالغۇز تويۇمغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 50 كىلومېتىرچە كېلىدىغان پەسىللىك ئېقىننىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەرنى ئاندا ـ ساندا كۆرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغ ئۆچكىسى، ياۋا تۆگە، كالا، ئات، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى، ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، جەڭ قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ رەسىملىرى بار. تاشقا ئويۇلغان رەسىملەر تاشۋېلىقتىكى توگۇك ئېغىزى ۋە جېياۋگۇ ئەتراپلىرىدا بىرقەدەر زىچ جايلاشقان. ئېقىننىڭ شەرقىي ياقىسىدىكى ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدىغان يوغان قارا تاشتا 12 ئاتلىق ئەسكەرنىڭ نەيزە كۆتۈرگەن ھالدا يەنە بىر ئاتلىق ئەسكەرنى قورشىۋالغانلىقى ھەققىدىكى رەسىم بار. بۇ تاشقا چاقماق چۈشۈپ كېتىپ ئۈچ تەرەپكە چاك كەتكەن.

## (3) باشقا جايلاردىكى تاشقا ئويۇلغان رەسىملەر

تىيانشان گۈڭشىپىسىنىڭ تۆمۈرتى، نېرناسى، نېرىسىن، قوراي، قىزىلىيار ۋە ئاقتاش دېگەن جايلىرىدا، غەربىي تاغ گۈڭشىپىسىنىڭ ئۆرۈكلۈك، تاراتى دېگەن جايلىرىدا، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باغداش، ئاراتام قاتارلىق جايلىرىدىمۇ تاشقا ئويۇلغان بىر قىسىم رەسىملەر بار.

### 2. تاش ئادەم (بالبال)

1983 - يىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى تىيانشان گۈڭشىپىسىنىڭ باغداش دېگەن يېرىدىن تۈركلەرنىڭ قەبرىسى ئالدىغا قويۇلغان تاش ئادەم ھەيكىلىدىن بىرنى تاپتى.

### 3. ئابىدىلەر

قۇمۇلدا قەدىمىي ئابىدىلەر ناھايىتى كۆپ، ئەمما يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆرمىلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، بەزى ئابىدىلەرنىڭ خەتلىرى ئۆچۈپ غۇۋالىشىپ كەتكەن، بەزى ئابىدىلەر ۋەيران بولۇپ تۈگەپ كەتكەن.

## (1) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان خەتلىك تاش ئابىدىسى

بۇ ئابىدە قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى خۇەنسەيگۈغا جايلاشقان چاسىراق بىر تەبىئىي تاشتىن ئىبارەت.

«شىنماۋ يىلىدىكى ھەمراھلىق سەپەر خاتىرىسى» دە: «خۇەنسەيگۈدا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان ئابىدە بار ئىكەن، ئابىدىگە ئويۇلغان خەتلەرنىڭ بىرىنچى قۇرىدا خەن سۇلالىسى يۇڭخېنىڭ 5 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دەپ، 2 - قۇرىدا پېقىر يۈنجۇڭدىكى سانەنلىك خۇخۇ دەپ يېزىلغان، 3 - قۇرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، ئۇ ۋاپادار زىچيۇ، ۋۇلمى، جاڭيې ئاقساقىلى دېگەن خەت بولۇشى ياكى «زۇۋېن تەخەللۇسلۇق خۇخۇ دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن» دەپ يېزىلغان.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «سانەنلىك خۇخۇ تاش ئابىدىسىنىڭ ئۈچ يۈزىگە خەت ئويۇلغان، ...... 1 -، 2 - يۈزلىرىدە ئۈچ قۇردىن خەت قاپتۇ، 3 - يۈزىدە تۆت قۇر خەت قاپتۇ، ئۈچ يۈزىدە جەمئىي 10 قۇر خەت بار ئىكەن. ھەر بىر قۇردا بىردىن 12 گىچە خەت قاپتۇ. بىرىنچى يۈزىدە «خەن سۇلالىسى يۇڭخېنىڭ 5 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇ (كەينىدىكى خەت ئۆچۈپ كەتكەن)، مايۈنجۇڭدىكى سانەنلىك خۇخۇ، تەخەللۇسى بو (ئايغىدىكى خەت ئۆچۈپ كەتكەن)، ۋاپادار، دىيانەتلىك (كەينىدىكى خەت ئۆچۈپ كەتكەن).» ئىككىنچى يۈزىدە: «... جاناب ... تەخەللۇسى بور(كەينىدىكى خەت ئۆچۈپ كەتكەن)، سى يۈەن، تەخەللۇسى جوڭ (كەينىدىكى خەت ئۆچۈپ كەتكەن)، ... شىڭمەن (كەينىدىكى خەت ئۆچۈپ كەتكەن)». ئۈچىنچى يۈزىدە: «تاۋ (كەينىدىكى خەت ئۆچۈپ كەتكەن)، سو (باغلام)

(كەيىندىكى خەت ئۆچۈپ كەتكەن)، جىيەنىنىڭ (كەيىندىكى خەت ئۆچۈپ كەتكەن) بۇ ئېرىق (كەيىندىكى خەت ئۆچۈپ كەتكەن)».

شۇنىمۇ جىياڭنىڭ «غەربىي يۇرت سەپىرىدىن قىسقىچە خاتىرە»سىدە: «خۇەنسەيگۇ نىڭ بۇرۇنقى ئىسمى گۇەنسەيگۇ دەپمۇ ئاتالغان، يۆجۇڭچى ‹گۇەنسەيگۇ› دېگەن ئىسمىنى ‹خۇەنسەيگۇ› دېگەن ئىسمغا ئۆزگەرتكەن»، (ئىلاۋە: نىڭيۇەن باش سانغۇنى يۆجۇڭچى يۇڭجېڭنىڭ 7 ـ يىلى قوشۇن بىلەن بارىكۆلدە تۇرغان) دەپ يېزىلغان. شۇ سۇڭنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى ئېقىن ـ دەريالار خاتىرىسى» دە: «خۇەنسەيگۇ غولى جىياڭ شىنبىن ئابىدىسىنىڭ 50 چاقىرىم شەرقىي جەنۇبىدا، «خۇەنسەيگۇ» دېگەن خەنزۇچە خەت تاشنىڭ يول تەرەپتىكى يۈزىگە ئويۇلغان، ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ خەتتاتى خەتنى قىزىل رەڭ بىلەن بوياپ قويغان، بۇ تاش خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئابىدىدۇر» دەپ يېزىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زامان ئالىمى مايۇڭنىڭ «شىنجاڭنىڭ بارىكۆل، قۇمۇل دېگەن جايلىرىدىكى خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت تاشقا ئويۇلغان ئابىدىلەر ھەققىدە مۇھاكىمىلەر توپلىمى» دېگەن ئەسىرىدە: جەنۇبىي تەرەپتىكى ئابىدە تاشنىڭ يۈزى قوتۇر بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئويۇلغان كۆپىنچە خەتلەر پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. قۇر سانىنىمۇ بېكىتىش تەس ئىكەن، ئوڭ تەرەپتىكى 1 ـ قۇرغا يېزىلغان 11 خەت ئېنىقراق بولۇپ «خەن سۇلالىسى يۇڭخېنىڭ 5 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى» دېگەن خەت ئىكەن؛ 2 ـ قۇردا «ساخەي» دېگەن سۆز بار بولۇپ، «خەي» دېگەن سۆز ئېنىقراق ئىكەن، قالغىنىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن. ئابىدىنىڭ غەربىي تەرەپتىكى يۈزى «خۇەنسەيگۇ» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان تەرىپى) نىڭ سول يېنىدا كەيشۇ شەكلىدە يېزىلغان ئىككى قۇر خەت بار ئىكەن. ئالدىنقى قۇرنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە قۇرۇق كاتەكچە تۇرۇپتۇ، ئاستىدا «تاڭ سۇلالىسى جىياڭ شىنبىن» دېگەن خەتلەر بار ئىكەن. «تاڭ» دېگەن خەت ناھايىتى ئېنىق ئىكەن، «جىياڭ» دېگەن خەتنى پەرق ئېتىشمۇ تەس ئەمەس ئىكەن، «شىنبىن» دېگەن خەتلەر خېلى غۇۋالىشىپ قاپتۇ. ئاخىرقى قۇرنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى خەت كەمتۈك ئىكەن، خەت ئىزىدىن قارىغاندا «جېنگۇەن» دېگەن سۆزدەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەيىندىكى «14 ـ يىلى 6 ـ ئاي» دېگەن خەتلەرنى تونۇغىلى بولىدۇ. «خۇەنسەيگۇ» دېگەن ئۈچ خەتنىڭ يېنىدا كەيشۇ شەكلىدە يېزىلغان خەتنىڭ ئىزى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۆچۈپ كېتىپتۇ، دەپ يېزىلغان.

مايۇڭ يۇقىرىدىكىلەرنى ئاساس قىلىپ، بۇ ئابىدە ئەسلى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئابىدە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، جىياڭ شىنبىن بۇ ئابىدىنىڭ غەربىي يۈزىدىكى خەتلەرنى سۈركەپ ئۆچۈرۈۋەتكەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئابىدىنىڭ خەتلىرىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا، «خۇەنسەيگۇ» دېگەن خەت يەنە باشقىدىن ئويۇپ قويۇلغان، دېگەن تونۇشقا كەلگەن. «كونا تاڭنامە» دىكى جىياڭ شىنبىن تەرجىمىھالىدا: «بۇ يەردە بەنچاۋنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن ئابىدە بار ئىدى، شىن‑

بىن بۇ خەتلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، خانلىقنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈرىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرـ گە ئۆزگەرتىپ قويىغان» دېگەن گەپلەر بار. مايۇڭ «جىياڭ شىڭبېنىنىڭ ئۆچۈرۈۋەتكىنى بەن چاۋ تەرىپىدىن پۈتۈلگەن خەتلەر بولمىسا كېرەك»، دەپ قارىغان.

مايۇڭمۇنداق دەپ قارىغان: «شىنماۋ يىلىدىكى ھەمراھلىق سەپەر خاتىرىسى» بىلەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «ساخەي» دېگەن سۆز «سانەن» دەپ خاتا قىلىپ قو- يۇلغان «خەننامىنىڭ داۋامى. ئىنانچىخانلىق تەزكىرىسى» دە، يۇنجۇڭ ۋىلايىتىگە قاراشلىق سانەن ناھىيىسى بار، دېمەك، «يۇنجۇڭدىكى سانەنىڭ خوخۇسى» بولغان بۇ ئابىدە ھازىر يەنىلا خۇەنسەيگۇ ئولىنىڭ ئاغزىدىكى بۇرۇنقى ئورنىدا تۇرماقتا.

## (2) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان جياڭ شىڭبېن ئابىدىسى

بۇ ئابىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان ئابىدە ياكى تيانشان ئابىدىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئابىدە ئەسلىدە تيانشان تېغىنىڭ چوققىسىدا بولۇپ، داۋان بېشىدىكى بۇتنىڭ 10 نەچچە مېتىر شەرقىدە ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئابىدە ئۈچۈن شىپاڭ ياسىلىپ، ئەتراپى ياغاچ رىشاتكا بىلەن قاشالانغان، مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى)ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى تيانشان بۇتخانىسىغا ئوت قويۇپ ۋەيران قىلغاندا، ئابىـ دە نالادا قالغان. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى لى لاڭشىڭ بۇ ئابىدىنى كونىشەھەردىكى جۇڭشەن زالىغا يۆتكەپ كېلىپ تامغا ئورنىتىپ قويغان. 50 ـ يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بۇ ئابىدىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەنىڭ 14 ـ يىلى (640 ـ يىلى) ئىدىقۇت ۋاڭى كۈ ۋېنتاي تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىپ قېلىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى لى شىمىن خوجۇنجىنى يارغۇلغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئالىي باش بۇغىلىقىغا، شۆۋەنجۈن، جياڭ شىڭبېنلارنى مۇئاۋىن باش بۇغىلىقىقا تەيىنلەيدۇ. ئۇلار ئەسكەر باشلاپ ئىدىقۇت دۆلىتىگە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. جياڭ شىڭبېننىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن قۇمۇلدىكى تيانشان تېغىنىڭ شىمالىدىكى قۇۋۇق ئېغىزىدا ئۈسكۈچ ھارۋا ۋە پالاخمان قاتارلىق شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قوراللارنى ياسايدۇ. ئىش پۈتكەندىن كېيىن، كۆرستىلگەن خىزمەتنى تاشقا ئويۇپ قالدۇرىدۇ.

ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر 80 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 0.6 مېتىر بولۇپ، ئابىـ دە يۈزىگە 18 قۇر خەت ئويۇلغان، تولۇق قۇرلىرىدا 47 دىن خەت بار. ئابىدىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە تۆت قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر قۇرىدا ئۈچتىن خەت بار. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ـ قوغداش سولقانات سانغۇنى جياڭ شىڭبېن بۇ ئابىدىنى ئورناتتى.

ئابىدە تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئۆتمۈشتە ھونلار بىلەن ئۇرۇش قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار تولۇق مەغلۇپ قىلىنمىغان، كېيىنكىلەرگە ئىلھام بولسۇن ئۈچۈن ئابىدىگە خەت ئويۇپ، يەنىشەن تېغىدا ھونلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقىغا دائىر تۆھپىسىدىن خاتىرە قالدۇرغان؛ فۇجيەن، جېجياڭلار تىنجىتىلمىغان بولسىمۇ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، مافۇبو ئۆزىنىڭ فۇجيەن، جېجياڭلاردا قىلغان جەڭلىرىدىكى قەھرىمانلىقلىرىنى مىس تۈۋرۈككە ئويۇپ خاتىرە قالدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن، قەھرىمانلارنىڭ جاسارىتى ئاشقان، شان ـ شۆھرىتى يىراق جايلارغا تارقالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ. بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ شان ـ شۆھرىتى ۋە ئېسىل پەزىلىتى جاھانغا تارقالدى، ئادالەت ۋۇدى زامانىسىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ، قولىدىكى ئەگەشكەن بىلەن نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇردى، پۇقرالار ئۇنىڭ ئادىل ئىدارە قىلىشىدىن خۇشال بولدى. كىشىلەر چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدىغان بولدى. ئەدەپ ـ ئەخلاق، نەغمە ـ ناۋا يۈكسەلدى. يوللار ئۆلچەملەشتى، يېزىش ـ سىزىش ئەندىزىگە چۈشتى، دۆلەتتە ھەممە نەرسە قېلىپلىشىپ بىرلىككە كەلدى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش كۈچەيتىلدى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ راۋاجلاندى، يۇرت ئەمىن تاپتى. باغۇ ـ بوستانتىيانشان تېغى ۋەتەن قوينىغا كىردى. غەربىي يۇرت يىراق بولسىمۇ ئۆز ھويلىمىزغا ئايلاندى. پايتەختنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولدى. كىشىلەر چېچىنى ئۆرۈپ، رەتلىك كىيىنىپ بازارغا چىقىدىغان بولدى. يات مىللەت رايونلىرىدا كىيىم ـ كېچەك ئىسلاھ قىلىنىپ، بىر خىل كىيىنىش ئومۇملاشتى. ئىدىقۇت دۆلىتى غەربىي خەن سۇلالىسى بوز يەر ئېچىپ ئەسكەر تۇرغۇزغان جاي، كۈۋېنتاي ئۇنىڭ پۇشتى. ئۆتكەندە جىن سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلەتكە بالايىئاپەت كۆپ كېلىپ، باتۇرلار ئۆزئارا سوقۇشقان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەن پادىشاھدىن بىرسىمۇ چىقمىغان، بۇنىڭ بىلەن چېگرا رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈزۈلۈپ قېلىپ، بۇ يەرنى يات مىللەتلەر كۆپ قېتىم بېسىۋالغان.

× × ×، × × × بۈگۈنكى كۈندە، تەربىيە سىڭدۈرۈش بۇزۇۋېتىلدى، پادىشاھنىڭ ھەيۋىسى يىراق جايلارغىچە بېرىپ يەتكەندىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەر ئىتائەت قىلىدىغان بولدى. ئەمما بەزىلەر كەڭ قورساقلىق بىلەن قىلىنغان مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپمۇ پادىشاھلىققا بولغان ساداقىتىدىن تەۋرىنىپ قالدى. يىراق جايلار پادىشاھقا تارتۇق ئاپىرىش يولىنى ئېتىۋېتىپ، بېرىش ـ كېلىش ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويدى. چىلبۆرىدەك يامان نىيەتكە كېلىپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى، مۆمىن خەلقنى پاجىئەلىك قىردى. پادىشاھ خەلققە ئىچ ئاغرىتىپ، جازا يۈرۈشى قىلىشقا بەل باغلىدى، ئۇ، كېڭەش بېگى، مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، چېن بەگلىكىنىڭ بېگى خۇجۇنجىنى يارغولغا يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇننىڭ ئالىي باش بۇغلىقىغا تەيىنلەپ، ياردەمچى باش بۇغ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ـ قوغداش سولقانات چوڭ سانغۇنى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، يۈكەن ۋىلايىتىنىڭ پىشىۋا بېگى شۆۋەنجۇن، ياردەمچى باش

بوغ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ـ قوغداش سولقانات سانغۇنى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، تۇڭچۈەن ناھىيىسىنىڭ پېشىۋا بارۇنى جياڭ شىگېبىن قاتارلىقلارنى ئۈچ ئارمىيىنى رەتكە سېلىپ، ھەققانىي جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. لېكىن ئالۋاستىلارنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلمىدى، قوماندانلار يەتتە قېتىم ھۇجۇم قىلىش چارىسىنى ئىشلىتىپ كۆردى؛ قورغان بەك مۇستەھكەم بولغاچقا، باتۇرلار توققۇز قېتىم ھۇجۇم قىلىش تەدبىرىنى قوللاندى. تۇڭچۈەنلىك ھەزرەت يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئەپچىل تەدبىر كۆرسىتىپ، قوشۇنلارنى رەتكە سېلىش، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنى ياساش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ، شاجۇنىڭ ئايماق بېگى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، ۋاڭجۇن ناھىيىسىنىڭ پېشىۋاتارخان بېگى ليۇ دېمىڭ، ئوڭ ئىشىك كەپتاۋۇلى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، خۇيىەن ناھىيىسىنىڭ پېشىۋا بېگى خېيڭ جىژىي، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ـ قوغداش سولقانات كەپتاۋۇلى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، فۇياڭ ناھىيىسىنىڭ پېشىۋاگېرافى چۈيفاڭ، كەپتاۋۇل لى خەيىەن، سابىق كەيجۇ ئايماق بېگى شى دېخىڭ، ئوڭ ئىشىك دورغابى ۋاڭ جىنۋېي قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە باتۇر ئەزىمەتلەرنى باشلاپ بىر يولىلا ھۇجۇم قوزغىدى. جېنگۈەننىڭ 14 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قوشۇنلار ئېۋىرغولنىڭ شىرمەن تېغىغا يېتىپ بېرىپ، شىمالدىن قوڭۇرداۋان چوققىسىغا چىقتى. ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا چوڭ ئىش پۈتتى. تاغدىكى ئورمانلار پۈتۈنلەي كېسىۋېتىلدى، جاراڭلىغان ئاۋازلار تاغنى بىر ئالدى، ئۇزۇن شوتىلار تەييارلاپ قويۇلدى، پالاخماندىن ئېتىلغان تاشلار كۆكنى قاپلىدى. موجەينىڭ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئەسقاتماي قالدى. گۇڭشۇنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەپچىل تەدبىرلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولماي قالدى. ئالىي باش بوغ چېدىر ئىچىدە ئولتۇرۇپ پىلان تۈزۈپ قوماندانلىق قىلدى، پولاتتەك چىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر دالىنى بىر ئالدى، داقا ـ دۇمباقلارنىڭ ساداسى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن تۇغلار كۈن ۋە ئاينى توسۇۋالدى، ئۇزۇن نەيزىلەر بۇلۇتنى ياردى. چىن، خەن سۇلالىلىرى ئەسكەر چىقارغاندىن بۇيان، مۇنداق ھەيۋەتلىك ئەھۋال كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. بەنچاۋ غەربىي يۇرتنىڭ يولىنى ئاچقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىش ـ پائالىيەت خاتىرىسى بەك ئاز ساقلىنىپ قالغان؛ قورۇقچىبەگ جېڭجى قاڭقىلدا دۈشمەننى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۆتكەنكى تارىخلاردىن بۇ ھەقتە بىر نەرسە تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلۇغ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى نېمە ئۈچۈن باشقىلارلا تۇرغۇزالايدىكەن؟ شۇڭا بۇ ئابىدىنى تىكلەپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالسۇن دەپ ئابىدىگە تۆھپىنى ئويۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋران سۈرۈپ، ئۇنىڭ تەقدىرى تەڭرىنىڭ قولىدا بىرلىككە كەلدى. تۆھپىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چېگرا رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق تاقابىل تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، يات مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا خاتىرجەملىك بولمىدى. شۇڭا قوماندانلار بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن بۇ ياۋۇز يىرتقۇچلارنى يوقاتتى.

ئالتە دانىشمەن چوڭقۇر ئويلاندى، باتۇرلار خۇددى ئارىسلانلاردەك ھەيۋەتلىك

سەپتارتىپ تۇردى. تۇمان يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىنى توسۇۋالاتتى، تۇغلار قۇياش نۇرىدىن مۇئارتۇق راق چاقناپ، سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى جايلاردا لەپىلدەپ، غەربتىكى چېگرا رايونغا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى.

تاغ چوققىلىرى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، قومۇلنىڭ چېتىدىكە كۆز يەتمەيدۇ. بۇلۇتلار توپلىشىپ ئاسماننى قاپلىۋالدۇ، بوران چىقسا كۈندۈزىمۇ كېچىدەك قاراڭغۇ بولۇپ كېتىدۇ. يىل بويى مۇز توڭلاپ، قار يېغىپ تۇرىدۇ. ئابىدە ئېگىز چوققىغا تۇرغۇزۇلدى، ئۇنىڭغا قەھرىمانلارنىڭ نامى ئويۇلۇپ، ئەخلاق ۋە پەزىلەتلىكە مەدھىيە ئوقۇلدى.

بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 14 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پۈتتۈلدى. بۇ ئابىدىنى گۇاجۇنىڭ سىفا ھەربىي مەسلىھەتچىسى خېنبېيىنىڭ ئەمىر لەشكىرى تەيجېن ئورناتتى.

ئابىدىنىڭ سول يۈزىگە: «يارغول ئۆلكىسىگە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش بۇغى، سولقانات قەيسەر مۇھاپىزەت سانغۇنى، ئالىي دۆلەت ئەركانى ۋۇرېننى 150 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ بېرىشقا ئەۋەتتى» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان.

ئابىدىنىڭ ئوڭ يۈزىگە: «يارغۇل ئۆلكىسىگە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش بۇغى، ئوڭقانات بەھەيۋەت سانغۇن، ئالىي دۆلەت ئەركانى يەنى × چېڭ ناھىيىسىنىڭ پەشىۋا بېگى نيۇ جىندالار 150 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغۇچىلار بۇنى كېيىندىن كەلگەن قوشۇن مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن چاغدا قوشۇپ قويغانمىكىن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ.

(3) جاساق ئوردىسىنىڭ سېلىنىشى ھەققىدىكى خاتىرە ئابىدە

قومۇلنىڭ 1 ـ ئەۋلاد ۋاڭى ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، كاڭشىنىڭ 45 ـ يىلى (1706 ـ يىلى) بېيجىڭدىن خەنزۇ ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ، جاساق ئوردىسىنى ياساتقان. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، بۇنىڭ جەريانىنى تاش ئابىدىگە ئويۇپ خاتىرە قالدۇرغان. بۇ ئابىدە ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئابىدىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە (ئەسلى تېكىستى ئەرەبچە يېزىلغان):

باسم سجانه

سلطنت شعارعدالت نشار

جمشیدآئین دارا تمکین ابولنصر

مصمدشاهی بیک نیک اوغلی عبیدالله

بیک سلماالله تمالی فی الدارین

ابجن خاندین خطای کارکر تیلب

الیب کلیب اربرای مینفعث مسلما

نان وزینیت شهربوعمارت عالی نی

بنا قلدی تاریخ سمنهبرمینک بریوز

اون سکزدا نهنک ییلی تمام بولدی.

يەشىمىسى: پادىشاھلارغا لايىق ئالامەتلەرگە ئىگە، جەمشىتتەك كۆركەم، دارادەك قۇدرەتلىك، باشقىلارغا ياردەم قىلغۇچى مۇھەممەد شاھى بەگنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا بەگ (ئاللا ئۇنى ھەر ئىككى ئالەمدە ئامان قىلغاي) بېيجىڭ خانىدىن خەنزۇ ئۇستىلارنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە شەھەرنىڭ زىننىتى ئۈچۈن بۇ ئالىي ئىمارەتنى بىنا قىلدى.

تارىخىي ھىجرىيە 1118 ـ يىلى (بېلىق يىلى) تامام بولدى.

## (4) غازى يەندۆك غايىب بۇلىقى ئابىدىسى

چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى (1757 ـ يىلى) ئامۇرسانا توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، شەنشى ـ گەنسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى خۇاڭ تىڭگۇ ئالدىراش 30 مىڭ جەڭ ئېتى تەييارلاپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىدۇ. ئەنشى بىلەن قۇمۇلنىڭ ئارىلىقىدا سۇ بەك كەمچىل بولۇپ، ئادەم ۋە ئاتلار سۇدىن قاتتىق قىسىلىدۇ. خۇاڭ تىڭگۇ ئەنشىنىڭ ياساۋۇل بېگى ليۇ شۈننى قۇدۇق ۋە بۇلاقلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇلار بارغانلا يەردىن تاتلىق سۇ چىقىدۇ. بولۇپمۇ غازى يەندۆڭدەك سۇ ئەڭ قىس جايدىمۇ «يەرنى قازغاندا بۇلاق سۈيى چىقىدۇ». ئەسكەر ۋە پۇقرالار بۇنىڭغا ھەيران قالىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە ئالاھىدە ئۈچ تۈۋرۈكلۈك لۇڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسى (سۇ ئىلاھى بۇتخانىسى) سالىدۇ ھەمدە بۇ ئىشنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن «غايىب بۇلاق ئابىدىسى» ئورنىتىدۇ.

ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر 52 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 64 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 15 سانتىمېتىر، ئەسلى ئابىدە ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئابىدىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

كۈنپېتىش قورۇل بىپايان كەتكەن چۆل، قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەر بارسا كەلمەس چۆل دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. مەيلى ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا ياكى ئات يۆتكىگەندە بولسۇن، ھامان سۇنىڭ قىسلىقى كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ئاق دۆڭدىن غازى يەندۆڭگىچە بولغان سەككىز ئۆتەڭنىڭ ھەممىسى چۆل ـ جەزىرىگە جايلاشقان. گەرچە بىر-ئىككى يەردە بۇلاق بولسىمۇ، سۈيى تۇزلۇق ھەم ئاز ئىدى. كاڭشى يىللىرى سانغۇن فۇ مۇداپىئە بازىسى قۇرۇپ بۇ يەردە تۇرغان، يۇڭجېڭنىڭ 7 ـ يىلى يۆ يۆەنرۇڭ بۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزغان ھەم شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ جايدا مۇداپىئەدە تۇرغان ياكى ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر كۆپ قېتىم قۇدۇق قازغان، لېكىن بىر تېمىم سۇ چىقىرالمىغان. زاپاس سۇ ئىككى ـ ئۈچ يۈز ئاتنى سۇغىرىشقا يەتمىگەن. ئاتلار ھۆل قۇملارنىمۇ يالىغان، شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن جەڭ ئېتى ئۇسسۇزلۇقتىن قىرىلىپ كەتكەن. پادىشاھىمىزنىڭ قۇدرىتى ۋە رەھىمدىل ئەخلاقى

ھىلىمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يادلىنىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ بىگىزى يىلى ئىلى تىنچلاندۇرۇلدى، نۇرغۇن قەبىلە باشلىقلىرى سەمىمىيلىك بىلەن بويسۇندى. پەقەت ئامۇرسانالا ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن، دىڭچۇ يىلى ئەتىيازدا يەنە جازا يۈرۈشى باشلاندى. ھەربىي يۈرۈش ناھايىتى جىددىي بولغاچقا، جەڭ ئېيتى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. باش نازارەتچى خۇاڭ ھەزرەت جىق باش قاتۇرۇپ، 30 مىڭ جەڭ ئېتى تەييارلىدى. ئەمما ئۇ يول ئۇستىدە سۇدىن قىسىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئامال قىلىشقا مېنى مەسئۇل قىلدى. مەن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، دۇنخۇاڭنى ۋەكالىتەن باشقۇرىدىغان بولدۇم. ھەربىي قىسىمغا دائىر مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنى زىممەمگە ئالدىم. تەكشۈرۈش، قۇدۇق قېزىشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھەممە يەردىن سۇ چىقىرىشمىغا ھەمدە ئاچچىق سۇنى تاتلىق سۇغا ئۆزگەرتىشمىگە، بۇرۇن 300 — 200 ئاتقا يېتىشمىگەن سۇنى ئەمدى 3000 — 2000 ئادەم ۋە ئاتقا يېتىپ ئاشىدىغان قىلىشىمغا توغرا كەلدى. شۇ-نىسى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولدىكى، غازى يەندۆڭنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، قۇم قۇرغاق ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم قۇدۇق قازغاندا، ياپپاڭ تاشنىڭ ئاستىدىكى يوچۇقتىن سۇ بۇلدۇقلاپ چىقتى. قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالتە چىدىن ئاشىدۇ، سۈيى سۈزۈك ھەم جىق. بۇنىڭدىن ئەسكەر ھەم پۇقرالار ھەيران قالدى. بۇ، پادىشاھقا كەلگەن زور ئامەت، باش نازارەتچىنىڭ سادىقلىقى تەگرىنى تەسىرلەندۈرگەن. بۇ ئىشقا ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر بىردەك كۈچ چىقاردى، شۇڭا ئىلاھ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئاسىيلارنى يوقىتىشقا مەددەت بەردى. ياخشىلىققا مەدھىيە ئوقۇش ئۈچۈن، داغدۇغىلىق نەزىر تار-تىپ ھەممىمىز ساداقەتلىكىمىزنى ئىپادىلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىلاھنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە جاۋابەن مەخسۇس مەدىكار ۋە ئۇستىلارنى تەيىنلەپ، ئۈچ تۈۋرۈكلۈك لۇڭۋاڭمياۋنى (سۇ ئىلاھى بۇتخانىسىنى) قۇرۇپ چىقتۇق. مېنىڭ بىلىمىم ئازبولسىمۇ، ئىشلەنگەن ئاساسلىق ئىشلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ، بۇ كاتىتا ئىشتىن خاتىرە قالدۇردۇم.

چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى، يەنى دىڭچۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ساۋابلىق كۈنى ۋەنيىگلىق ليۇ شۈن يازدى.

(5) مۇھەممەت غوجىنىڭ باغداشقا چىققانلىقى ھەققىدىكى ئابىدە

داۋگۇاڭنىڭ 15 ـ يىلى (1835 ـ يىلى) قەمەرىيە 1251 ـ يىلى قۇمۇلدا چېچەك تارقىلىدۇ. بىشىر ۋاڭ چېچەك يۇقۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئوغلى مۇھەم-مەت غوجىنى باغداشتىكى باغچىغا ئېلىپ چىقىپ قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەمدە بۇ ئىش توغرىسىدا ئابىدە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئابىدىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتر، كەڭلىكى 35 سانتىمېتر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتر، ئابىدە ئۇيغۇرچە يېزىلغان بولۇپ، ئەسلى تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

تارىخ ھىجرىيە بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بىردە كالا يىلى دۇئا ئايىدا قۇمۇلغا چېچەك تارقىلىپ، ئايەتى كەرىمە قۇلەتالى ۋمن دەخلەكان ئامنانىڭ ھۆكمى بىلەن ھەزرىتى غۇلام مۇھەممەت غوجامنى باغداشقا ئېلىپ چىقاندا ئېلى ئەلەم ئاخۇن، ئېزىز قۇلى ئاخۇن، نىياز كۆپەك ئاخۇن، ئابدۇقادىر تاخچى، موللا ئەنسارى، موللا ئېزىز يار، بەختىيار مىر، موللا ئابدۇلخالىق پەرمانچى، باقى تەخەي، نىياز بازار بېگى، ئابدۇلرىشىت ئۇچبېگى، ئابدۇلرېھىم خېتىپ، نىياز شاھ يوسۇل، ئابدۇلرەھمان روسۇل، پاراچ ھەزىمەت، پاراچ خوجايار، قارادۆۋىلىك چاكار ئابدۇكېرەم، لاپچۇقلۇق چاكار ھەزىمەت، سۇمقاغىلىق چاكار ئېزىز، قاراۋۇللۇقتا تۇرغان خوجايار بەگ، نىياز تاخچى، خوجايار تەخەي، ئابدۇلغوجام تەخەي، نىياز تەخەي، پولات خېتىپلار ئېلىپ چىققان.

ئەسلى ئابىدە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## (6) بېشىر ۋاڭنىڭ يازلىق ئوردىدا ساياھەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئابىدە

داۋگۇاڭنىڭ 19 ـ يىلى (1839 ـ يىلى)، بېشىر ۋاڭ تىيانشان تېغىدىكى باغداش باغچىسىغا چىقىپ ساياھەت قىلغاندا، بۇ يەرگە كۆزى چۈشۈپ قالغان ھەممە ئۇستاملارغا راۋاق، ئىمارەتلەرنى ياساش، گۈل تېرىش، ئوردا بىنا قىلىش ھەققىدە شۇئان بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن تاشقا ئويۇپ ئابىدە تۇرغۇزغان. ئابىدىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 33 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر. تېكىست ئەسلى پارسچە بولۇپ، تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

ئاقىل ئەمىر زامانىمىزنىڭ شاھى ـــ دۆلەتنىڭ بۇرچ ـ مەقسەتلىرىنى ئادا قىلغۇچى، ياخشىلىققا يۈزلەنگۈچى. شاھ دارادەك ئۇلۇغ ئىزلار قالدۇرغۇچى شاھىمىزنىڭ تەختى زىننەتلىك، ئۆزى بەختلىك بولغاي، ئۇنىڭ تاج ۋە تەختى ئىقبال بىلەن بېزەلگەي، تۈرك، ھىندى، چىنماچىن خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى پادىشاھىمىزنىڭ ھۆكمىدە بولغاي.

تارىخقە بىر مىڭ 255 يىلان يىلى باغداش تېغىدا، مول مېۋىگە كىرگەن يەتتەباغ، كۆز پەسلىنىڭ ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋاسىدا گۈزەللىشىپ، ئالما، ياڭاق، جىنەستە، شاپتۇل، ئەينۇلا قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن تولغاندى. ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى، خۇشبۇي ھىدلار ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. شاھلارنىڭ شاھى باغلارغا چۈشۈپ تاماشا قىلدى. ئالىي نەزەرى چۈشكەن يەرگە ھۆكۈم قىلىپ، راۋاق ۋە ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدۇرۇپ، گۈللەرنى تېرىتقۇزدى.

بۇ ئىشقا زامانىڭ ئاتاقلىق ئۇستىلىرىدىن ئىمىن ئاخۇن، مەمۇردى ئىشلارغا مۇھەممەتنىياز ئۇچبېگى، مەشھۇر ئۇستام تېيىپ، ئىشچىلارنى باشقۇرۇشقا سۇلايمان كاتىۋاللا قاتارلىقلار قاتناشتى.

ئەسلى ئابىدە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## (7) باركۆل نەنشەن يولى ئابىدىسى

چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 10 ـ يىلىدىن ئىلگىرى، قۇمۇل بىلەن باركۆل ئارىلىقىدىكى تىيانشان داۋىنىدىن ئۆتىدىغان ئەگرى يول رېمونتسىز قالغانلىقى ئۈچۈن، قىشلىقى قار بېسىپ كېتىپ، ئەسكەرلەرگە لازىملىق ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئەۋەتىشكە ئامال بولماي، قۇمۇلدا ئەتىيازغىچە ساقلىناتتى. يۇڭجېڭنىڭ 11 ـ يىلى (1733 ـ يىلى) نىڭيۈەن ئۇلۇغ سانغۇن يۆ جۇڭچى باركۆلدە ئەسكەر تۇرغۇزىدۇ. ئۇ، ئەسكىرىي بۆلۈمنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى ئابىگىئەنگە تىيانشان يولىنى ياساشنى بۇيرۇيدۇ. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، دىڭ لىن دېگەن كىشى نەنشەن يولى خاتىرىسىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئەسلى ئابىدە ھازىر يوق. «ئۈچ ئايماق ھەققىدە ماتېرىياللار توپلىمى» دە خاتىرىلەنگەن ئابىدە تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

يۇڭجېڭنىڭ 11 ـ يىلى، ئۇلۇغ سانغۇن ئەسكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغانىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئىدى ئەسكىرىي بۆلۈمنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى ئابىگىئەن ئۇلۇغ سانغۇننىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، نەنشەن يولىنى ياساپ پۈتكۈزدى. دەسلەپتە، ئۇلۇغ سانغۇن جۇچېڭدە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، ھەربىي تەمىنات تەييارلىغان، ئات ـ ھارۋىلار تىنىم تاپمىغانىدى. نەنشەنگە كەلگەندە توسۇلۇپ قالدى. تەمىناتنى قوشۇنغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئەگىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. 8 ـ ئايدىن كېيىن يولنى قار ـ مۇز قاپلاپ كېتىپ، ھەربىي تەمىنات قۇمۇلدا تۇرۇپ قالدى، ئەتىيازغىچە ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ھارۋىكەشلەر جاپا تارتتى، ئۇلۇغ سانغۇن ئۇزاقتىن ئويلاپ قويغىنى بويىچە خەرىتىگە قاراپ چىقىپ، يەڭگىللىك بىلەن قارار چىقىرىشقا پېتىنالماي، ھارۋىكەشلەردىن سوراپ كۆردى. رېنزى يىلى پادىشاھدىن قوشۇننى باشلاپ باركۆلگە بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى. نەنشەندىن ئۆتۈش ۋاقتىدا ئادەم بويى كېلىدىغان قېلىن قاردا مېڭىشقا ئىمكان بولمىدى. ئۇلۇغ سانغۇن: «سىلەر ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ماڭا ئېيتقۇدەك بىرەر پىلانىڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇنىڭ بىلەن، قوماندان ـ ئەسكەرلەر بىرلىكتە تاغ تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، ھەربىي لاگېرغا كېلىپ دوكلات قىلدى، ئەتراپلىق، تەپسىلىي سوراپ پىكىر ئالدى. چىقىرىلغان خۇلاسە ئابىگىئەننىڭ دېگىنى بىلەن بىر يەردىن چىقتى. خەتەرلىك يانتۇ جايلار تۈزلەندى، ئويمان جايلار تىندۇرۇلدى، تار جايلار كېڭەيتىلدى. كەلكۈننىڭ يولنى بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېرىق چېپىلدى، ئېگىز-پەس كۆۋرۈك سېلىنىپ، خەتەرلىك جايلار تۈزلەندى. يول بىرنەچچە 10 ئەگىم ئارىلىق داۋانغا چىقىدىغان قىلىپ ياسالدى. ئەگىم بار جاينىڭ چۆرىسىگە ياغاچتىن رىشاتكا ئورنىتىلدى، يولنى چىڭىتىش ئۈچۈن، يول بويىغا دەرەخ تىكىلدى. ئىككى ئايغا يېتەر ـ يەتمەيلا ئىش تاماملىنىپ، خەتەرلىك داۋان يولى داغدام يولغا ئايلاندۇرۇلدى.

باچىۋەكىنىڭ ھارۋىنى توسۇغىنىدەك ئىش قىلىدىغان ئادەملەر چىقىپ قالسا، زور قوشۇن ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ، ئۇلارنى يوقىتىپ بولۇپ ئەتىگەنلىك غىزا يېيىش تەس ئەمەس. پادىشاھنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى، چۈنكى قامىلىپ قېلىپ تەسلىم بولىدىـ غانلار ھەر يېرىم ئايدا دېگۈدەك چىقىپ تۇراتتى. تاغ يېرىپ يول ئېچىپ ھەربىي تەمىنات توشۇشتىكى قىيىنچىلىق ئالدىدا قانداقمۇ ئىككىلىنىپ تۇرغىلى بولىدۇ؟ تەڭرى بىنا قىلغان تاغلارنى تۈزلەپ كېتەلىگەن يەردە، بۈگۈر، كۈنقوۋۇق (بۇ كۈنقوۋۇق ماناسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئۇيراتلار ئۇنى «يانبالغاسۇن» دەپ، خەنـ زۇلار «ياڭگۇەن» ‹كۈنقوۋۇق› دەپ ئاتايدۇ، ئۇ شاجۇدىكى قەدىمىي كۈنقوۋۇق ‹ياڭگۇەن› ئەمەس) لارنى ئىگىلەپ، مۇھىم چازىغا ئايلاندۇرۇش قانچىلىك ئىش ئىدى؟ ئەمما بىز كۆپ قېتىم ئەتىگەن يولغا چىقساق، كەچ كىرگەندە يېتىپ باردۇق، قازانغا سېلىپ قويۇلغان بېلىقتىن نەچچىسى تىرىك قالاتتى؟ ئەمما زور قوشۇن خۇددى تاغدەك كۈچ بىلەن ناھايىتى تېزلا يېتىپ باردى. پادىشاھلىقىمنىڭ رەھىمدىللىكىگە قىل سىغمايدۇ، جىمى جانىۋارلار بۇندىن خەۋەر تېپىشسا جانلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈـ شىدۇ. جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتىش ئاخىرى بىر كۈنى تېزلا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. راست دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەيلا يىماۋ يىلى ئەتىياز 2 ـ ئايدا جۇڭـ غار سېرىن چۈيىنا مۇكىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ كەچۈرۈم سورىدى، ئالىي ئېھتىرام بىلەن كۆڭۈلگە ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، ئوردىغا يىلمۇ يىل تارتۇق ئەۋەتىدىغانلىـ قىنى بىلدۈردى. خالايىق: بۇ يول يات قارام مىللەتلەر بار جايغا بارىدىغان يول، پەرق ئېتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مۇشۇ ئابىدە ئورنىتىلغان، دېيىشتى.

## (8) پۇل ئىئانە قىلىپ شىڭشىڭشيادا تاشيول ياساتقانلىققا بېغىشلانـ غان خاتىرە ئابىدە

يۇڭجېڭ يىللىرى ياڭ كېلۇ ئىسىملىك بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم پۇل ئىئانە قىلىپ، شىڭشىڭشيا يولىنى ياساتقان. يۇڭجېڭنىڭ 13 ـ يىلى (1735 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا يۈك توشۇشقا نازارەتچىلىك قىلغۇچى بىر ئادەم شىڭشىڭشيادا ئاقكۆڭۈل ياڭ كېلۇغا ئاتاپ مۇشۇ ئابىدىنى ئورناتقان. ئابىدە ھازىر يوقىلىپ كەتكەن. «ئۈچ ئايماق ھەققىدە ماتېرىياللار توپلىمى» غا ئابىدىدىن ئېلىنغان سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

پادىشاھنىڭ قۇدرىتى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى، غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇر- دى. ئېۋىرغۇلدا يولۋاستەك زور قوشۇننى تۇرغۇزۇپ، زېمىن كېڭەيتكەچ، شانۇ ـ شۆھرىتىنى تارقاتتى. چىغىرىق بىلەن سۇلارچىقىرىلدى، ئاتلار ھارۋىغا قوشۇلدى، ئۆكۈز- لەر ئىشقا ئۆگىتىلدى، يەر يۈزىگە ئىگەمنىڭ شەپقىتى ياغقاچ، چۆلدە شىرىلداپ سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئاقتى. تاغ ئارىسى، تاشلىق، ـ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئىدى ھارۋا چاقى قاڭقىغاچ كىشىلەر كۆڭلى ئارام تاپالمايتى. بىر ئاق كۆڭۈل سېخى چىقىپ، دۆڭلەرنى تۈزلەپ، ئويمانلارنى تىندۇرۇپ تۈز يول ياسىدى، ئۇنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

يۇگجېڭنىڭ 13 ـ يىلى ئەتىياز 3 ـ ئايدا بىرلىك توشۇشقا نازارەتچىلىك قىلغۇچى مەلۇم شەخس ئاق كۆكۆل ياڭ كېلۇغا ئاتاپ شىگشىگشيادا بۇ ئابىدىنى ئورناتقان.

## (9) داۋان يولىنى قايتىدىن ياسىغانلىقنى بېغىشلانغان ئابىدە

چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىلى) گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋۇ داشەن نازارەتچى ئەۋەتىپ، ئەسكەرلەرگە تىيانشاندىكى داۋان يولىنى قايتا ياساتقۇزغان. ئۇلار 80 نەچچە ئەگىم، 70 نەچچە كۆۋرۈك ياسىغان. قۇرۇلۇشنى يېرىم ئايدىلا پۈتكۈزگەن ھەمدە «ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، باردى ـ كەلدىلەرنى يولغا سالغان». چيەنلۇڭنىڭ 32 ـ يىلى (1767 ـ يىلى) مۇپەتتىش چيەن جۈن داۋاندىن يەنە بىر قېتىم ئۆتكىنىدە، بۇ ھەقتە ماقالە ۋە كىتاب يازغان.

چيەنلۇڭنىڭ 33 ـ يىلى (1768 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا، قۇمۇل مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چاڭ بەيجى مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن، ئابىدە ئورنىتىپ قويغان. ئابىدە ھازىر يوقلىپ كەتكەن. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن ئابىدىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن پادىشاھلار ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، چېگرا رايونىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلدى. شۇڭلاشقا «جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەل ـ مەنسەپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان جايلار» دېگەن كىتابتا داڭلىق تاغ ۋە دەريالار خاتىرىلەنگەن. بەش تاغ، توققۇز قورغان (ئىچكىرىسىدە) خاتىرىلەنگەن، ئەمما ئەتراپىدىكى چەت ـ ياقا جايلار بولسا، ناھايىتى ئاز تەكشۈرۈلگەن. سۇلالىمىز بارچە ئەلگە قوماندانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار دايۈنىڭ ئايىغى يەتكەن جايلاردىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن يۈگجۇنىڭ زېمىنى بولسا، سۇلالىمىز زېمىنىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر كېلىدۇ. قاشقوۋۇق، كۇنقوۋۇقنىڭ تېشىغا چىقىپ ھارۋا ئىزىنى قوغلىشىپ ماڭغاندا، بىپايان زېمىنىنىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ قالدۇ، دەل مۇشۇ يەردىن غەربكە قاراپ ماڭسا، تۈگىمەس قۇملۇق بار، خاتىرىلەردىن قارىغاندا، جيايۈگۇەنگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىپايان قۇملۇققا ۋە قۇم ـ شېغىللىق چۆل ـ جەزىرىگە دۇچ كېلىدىكەن، ئۇنىڭ چېكىگە كۆز يەتمەيدىكەن. بۇ، ئېھتىمال قەدىمكى زاماندىكى بىپايان دەشتماكان بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ غەربكە ماڭسا، ئېگىز ـ پەس تاغلار، ئۇزۇلمەس قاقاسلىقلارغا دۇچ كېلىدىكەن. يول ئۈستىدىكى داۋان قۇمۇل بىلەن بارىكۆل ئارىلىقىدا بولۇپ، پوچتا ھارۋىلىرى توختىماي مېڭىپ تۇرىدىكەن، بۇ جاي قاتناشتا مۇھىم ئورۇن ئىكەن. بۇ يول يۈگجېڭ يىللىرى ئېچىلغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خادا تاشلار ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ يولنى توسۇپ، ئېقىنلارنى ئۈزۈپ تاشلاپ تۇ، پىيادە مېڭىشقىمۇ يول قالماپتۇ. ئات ـ ھارۋىلار ئۆتەلمەي توسۇلۇپ قاپتۇ. چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى جۇفۇ ۋۇگۇڭ گەنسۇغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئەسكەر ئەۋەتىپ يول ياساتتى. بۇنىڭ بىلەن 80 نەچچە ئەگىملىك يول

ياسالدى، 70 نەچچە كۆۋرۈك سېلىندى. سۇنى ئېقىتىۋېتىدىغان ئېرىق چېپىلدى، مۇداپىئە توسمىلىرى ياسالدى، قورۇلۇش يېرىم ئايدىلا پۈتتى. قار توپلىنىپ يولنى توسۇپ قويمىسۇن دەپ، قار تازىلاش ۋە پىيادە ماڭغانلارنى يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇ يەردە ئەسكەر قالدۇرۇلدى. شۇ چاغدا، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا، يولنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، يۇرت دەل ــ دەرەخ تىككىشكە سەپەرۋەر قىلىندى. بۇ ئىشقا شەھەردىكى ئۇستىلارمۇ قاتناشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئېغىر يۈك يەڭگىل بىلىنىدىغان، تۆگە، ئات ــ كالىلار بەھۇزۇر ماڭىدىغان، ئەتىسى قارغا پېتىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىمايدىغان بولدى. ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلىنغان بۇ ئىشنى كىشىلەر كېتىۋېتىپ ناخشىغا قوشۇپ ئېيتىدىغان، ئارام ئالغاندا، پاراڭغا قوشۇپ مەدھىيە ئوقۇيدىغان بولدى. 20 يىل بىر كۈندەك ئۆتتى. دىڭخەي يىلى يازدا، بىز بىرنەچچە مۇپەتتىش ھارۋىغا ئولتۇرۇپ بۇ يەردىن قايتا ئۆتتۇق. قارىساق، ھەيۋەتلىك مەنزىرە ئالدىمىزدا نامايان بولدى. توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئۇلۇغلارنى ياد ئەتتۇق. دۇ جېڭنەننىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئەلنى سورىغانلىقى ئەل ــ جامائەت تەرىپىدىن ئابىدە تۇرغۇزۇلۇپ مەدھىيىلەندى. دۇ جېڭنەن ھايات چېغىدىلا ئۇنىڭ چېگرىدا تۇرۇپ ئۇ يەرنى قوغدىغانلىقىنى بەزىلەر ئابىدىگە ئويۇپ قالدۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋاڭ ــ گوڭلار بۇ خەتەرلىك جاينى پۇختا ساقلىدى. ئەھۋال ئوبدان، يول راۋان بولدى؛ باش سانغۇن چېگرىغا كەلگەندىن كېيىن، سۇ ئىشلىرى راۋاج تاپتى. ئۇنىڭ ئىش ــ ئىزلىرى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالسۇن دەپ، بۇ ئابىدىنى ھۆرمەت بىلەن تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇماقچىمەن.

ئەنشى قاتارلىق جايلارنى رەتكە سېلىپ ۋە باشقۇرۇپ، ئەسكەرنى بۆلۈپ يولنى ساقلاپ، باركۆل ۋە قۇمۇلنىڭ ئوزۇق ــ تۈلۈك، ئوت ــ سامان ئىشلىرىنى باشقۇرغان، ئەمىلى بىر دەرىجە ئۆسكەن، ئۈچ قېتىم خاتىرىگە ئېلىنغان، خەي يۈلىك چيەن جۈن ماقالە ۋە كىتاب يازغان. پادىشاھقا بىۋاسىتە قاراشلىق قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ بەيجى ھۆرمەت بىلەن بۇنى تاشقا ئويغان.

## (10) ئەنشى ئۆلكىسىنىڭ قورۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئىمزالىق ئابىدە

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 24 ــ يىلى (1759 ــ يىلى) 7 ــ ئايدا، شەنشى ــ گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى چىڭ ئوردىسىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەنشى ئۆلكىسىنى ئەنشىدىن قۇمۇلغا كۆچۈرگەن. ئەنشى ئۆلكىسىنىڭ قورۇلۇشى چيەنلۇڭنىڭ 30 ــ يىلى(1765 ــ يىلى) 3 ــ ئايدا باشلىنىپ، 10 ــ ئايغىچە بولغان سەككىز ئاي ئىچىدە پۈتكەن. بۇ ئىشتىن خاتىرە قالسۇن ئۈچۈن، مۇپەتتىش چيەن جۈن ئابىدە ئۈچۈن تېكىست يازغان. ئابىدە ھازىر يوقىلىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ئابىدىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئەنشى ئۆلكىسى ئىلگىرى ئەنشىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئەنشى

تۇڭجىسى، جىڭنى ياندىاش ئايماق بېگى ۋە ئەنشى، شاجۇ، لىيۇ گۇ، جىڭنى، چىجىندىن ئىبارەت بەش ياساۋۇلخانا بار ئىدى. خانلىمىزنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە ھەيۋىتى ئالەمگە نامايان بولدى. زېمىن تەۋەيىمىز ئېيۇرغۇلدىنمۇ ئۆتۈپ، غەربكە 20 ملڭ چاقىرىمدىن ئوشۇق كېڭەيدى. جەمئىيەت تىنىچلاندى، ئولتۇراقلاشقان پۇقرالار بارغانسېرى كۆپەيدى. مۇھىم ئەمەلدار كېلىپ باشقۇرۇپ، يېتەكچىلىك قىلمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، شەنشى ـ گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى خاندىن ماقۇللۇق ئېلىپ، ئەنشى ئۆلكىسىنى قۇمۇلغا يۆتكەپ كەلدى، شاجۇدا بولسا، ئەنشى مەھكىمىسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى، ئەنشى تۇڭجىسىنى بارىكۆلدە تۇرۇشقا، جىڭنى ياندىاش ئايماق بېگىنى قۇمۇلدا تۇرۇشقا ئۆزگەرتتى، بەش ياساۋۇلخانىنى دۇنخۇاڭ، قاشقۇۋۇق، يۇنچۇەندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇردى. شىنجاڭدىكى ئۇرۇمچىدە تۇڭجى، ياندىاش ئايماق بېگى قاتارلىق ئەمەلدارلارنى قويۇپ، يۇقىرىدىكى مەھكىمىلەر قارىمىقىدا ئىشلەيدىغان قىلدى. قۇمۇل قەدىمكى ئېيۇرغولدۇر، مۇپەتتىش بەگكە قاراشلىق جايلار شەرقتىن غەربكىچە 3000 چاقىرىمدىن ئاشىدۇ. قۇمۇل شەرق بىلەن غەربنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، مۇھىم قاتناش يولىدۇر. خان مۇپەتتىشى، خەنزۇ، مانجۇ ئەمەلدار ـ ئەسكەرلەر ھەم ئۇيغۇر بەگلەر نۆۋەت بىلەن ئوردىغا تارتۇق ئاپىرىپ تۇردى، ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار قۇمۇلغا كېلىپ جايلاشقاندىن بۇيان، تېخى مەھكىمە قۇرۇپ باققىنى يوق ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ 29 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خانغا سۇنۇلغان يولىيورۇق سوراش دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: مەھكىمىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ كاتتىلىقىغا تايىنىپ پۇقرالارنى خان ئوردىسىغا چوقۇندىغان قىلغۇدەك ھەيۋەتلىك بىر مەھكىمە سېلىش قائىدىگە مۇۋاپىق ئىدى. جى فۇ جۇڭتاڭ ياڭ ھەزرەت خانلىققا پۇل ئاجرىتىپ مەھكىمە قۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇ زاماندا قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان جانابلاردىن چاڭ، بەيشا، خاڭ ھەزرەتلەرنىڭ يولىيورۇقى بىلەن جۇن شياڭ ياردەمچىلىككە تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن، چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىش باشلىنىپ، 10 ـ ئايدا پۈتتى، جەمئىي سەككىز ئاي ۋاقىت كەتتى. پېقىر چيەن جۇن مەھكىمە قۇرۇش جەريانىنى چېچەنلىك بىلەن خاتىرىلىۋالدىم ھەمدە ۋاقتىنى يېزىۋالدىم. پۇقرالارغا ۋە دۆلەتكە مۇشۇنداق كۆيۈنۈپ، بىجانىدىل ئىشلىگەندىلا، ئاندىن پادىشاھلىقنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. تەسىس قىلىنغان مۇشۇ مەھكىمىگە يات ئىش قىلمايدىغان ئادەملەر ئىچىدىن كەلگۈسىدە ئۇلۇغ زاتلار مۇشۇ جايدا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۆزۈم ھەقىقەتەن بەك خىجىل بولماقتىمەن.

چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى، يەنى يىچيۇ يىلى قىشتا خەي يۇلىڭ چيەن جۇن يازدى.

### (11) ئەلتۆمۈردىكى گۇەنشېڭۋۇ بۇتخانىسىدىكى ئابىدە

بۇ ئابىدىنى جياچىڭنىڭ 5 ـ يىلى (1800 ـ يىلى) خۇاڭ لياڭجى كەچۈرۈم قىلىنىپ

قايتىش سەپىرىدە قۇمۇلنىڭ ئەلتۈمۈر دېگەن يېرىگە كەلگەنىدە، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ تەلپىگە بىنائەن يازغان. ئابىدە ھازىر يوقىلىپ كەتكەن. «ئۈچ ئايماق ھەققىدە ماتېرىياللار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن ئابىدە تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئەلتۈمۈردىكى گۇەنشېڭۋۇ بۇتخانىسىدىكى ئابىدە ھەققىدە خاتىرە:

ئادەم تۇغۇلىدۇ ھەم ئۆلىدۇ. ئەۋلىيالارمۇ تۇغۇلىدۇ ھەم ئۆلىدۇ. جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دۇ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چېڭشياڭلىق جىڭۋاڭ، خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكەن جياڭ زىۋېن قاتارلىق كىشىلەرمۇ شۇنداق ئادەملەر. سادىق ۋە ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان روھقا ئىگە كىشىلەرلا مىڭ يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزەلەيدۇ. شېڭۋۇ ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭشۇ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۆ جۇڭۋۇلار ئەنە شۇنداق ئادەملەردۇر. شېڭۋۇ بۇتخانىلىرى ھەممىلا يەردىن تېپىلىدۇ. يېرىم يىل بولدى، مەن گۇناھ قىلىپ قويۇپ چېگرا رايوندىكى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغانىدىم. جيايۈگۈەندىن چىقىپ كۇرە شەھىرىگە يېتىپ بارغۇچە شەرقتىن غەربكە 6000 چاقىرىمدىن ئۇشۇق يول باستىم. مەن يول ئۈستىدە كۆرگەن بازار، قەلئە ۋە شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە كۆپ دېگەندە 100 ئائىلە، ئازلىرىدا ئاران ئون ياكى ئالتە ـ يەتتە ئائىلە بار ئىكەن. شۇنداقتەك بۇتخانىمۇ بار ئىكەن، بۇتخانىدا ھەيكەللەرمۇ بار ئىكەن. شېڭۋۇ بۇتخانىسىنىڭ ئىككى تېمىغا ئىككى ئىلاھنىڭ رەسمى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى پىڭشېڭ يەنى شېڭۋۇزى دەپ ئاتىلىدىكەن، پېي سۇڭنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن؛ يەنە بىرى جۇ ساڭ دەپ ئاتىلىدىكەن. سۇڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى يىللاردا بۇ ھەقتە خاتىرە تېپىلمىغان. پەقەت يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بەزى كىشىلەرنىڭ يازغان قىسسىلىرىدىلا كۆرۈلىدۇ. يېقىنقى زاماندا سەنشىلىكلەر يەرنى كولاۋېتىپ، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان قەبرىلەرنى، ئۇنىڭدىكى تاش ئابىدىلەرنى كۆرۈپ، ئىلاھنىڭ نامىنى شۇنداق ئاتىغان. بۇ ئانچە ئىشەنچلىك بولمىسا كېرەك. يۇرتۇمدىكى بىر سەھرالىق ئۆلىما شېڭۋۇ نەسەبنامىسىنى يېزىپ چىققان. «ۋۇ دۆلىتى تەزكىرىسى. لۇسۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا ئېيتىلىشىچە، جىڭجۇنى تالىشىش ۋاقتىدا ئۆتكەن مەلۇم بىر ئادەمگە جۇساڭ دەپ ئات قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە، ئاپتور چېن شۇ ئەسلىدە ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئىزاھلىمىغان. ئەمما كېيىنكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ جۇساڭ ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ بۇ دەل سەھرالىق ئۆلىمانىڭ قارىشى بولسا كېرەك. مەن ئىلگىرى بۇيرۇققا بىنائەن گۇيجۇغا بارغانىدىم. نىڭجۇ بازىرىنىڭ گۇەنسۇلىڭ چوققىسىدىن ئۆتتۇم. چوققىدا بىر بۇتخانا بار ئىكەن، بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن، يەرلىك كىشىلەر بۇ بۇتخانىنى شېڭۋۇزى دەپ ئاتىشىدىكەن، تەزكىرىلەردىمۇ شۇنداق ئاتىلىدىكەن. بۇمۇ دەل جۇساڭنىڭ ئىشىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭغىمۇ ئانچە ئىشەنچ قىلىپ كەتكىلى بولمىغۇدەك. كىشىلەر ئەسلىدە ئىلاھنى جۇاڭياۋ دەپ ئاتىغان، سۇلالىمىز دەۋرىدە ئىلاھ شېڭۋۇ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. پادىشاھ ماڭا بېرىلگەن جازانى كەچۈرۈم قىلغاندىن كېيىن، قايتىش سەپىرىمدە ئەلتۈمۈرگە كېلىپ،

www.uyghurkitap.com

سەھرالىقلارنىڭ شېكۆۋ بۇتخانىسىنىڭ تېمىنى ئاقارتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن سول تامغا خاتىرە يېزىپ قويدۇم.

(12) شەنشى مەسچىتىنى قايتىدىن ياساش ھەققىدە مۇقەددىمە

گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ياقۇپ بەگنىڭ باسقۇنچىلىقىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق جيەنرۇي يىڭى (باتالىيونى) قىسقارتىلغان، يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى خالايدىغان ئەسكەرلەرگە ياردەم پۇلى بېرىلگەن، قۇمۇلدا قېلىشنى خالايدىغان ئەسكەرلەرگە «تىرىكچىلىك كەسپى» بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىلگەن. قۇمۇلدا قالغان خۇيزۇ ئەسكەرلەر گۇاڭخۇا مەھەللىسىدە كېسەك بىلەن بىر قانچە ئېغىز ئۆي سېلىپ، ئۇنىڭدىن ۋاقىتىنچە مەسچىت ئورنىدا پايدىلىنىپ تۇرغان. كېيىنچە، ما جۇسەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن گۇاڭشۈنىڭ 19 ـ يىلى (1893 ـ يىلى) پۇل توپلاپ، شەنشى مەسچىتىنى قايتا ياساشقا كىرىشكەن. قۇرۇلۇش گۇاڭشۈنىڭ 24 ـ يىلى (1898 ـ يىلى) پۈتكەن. گۇاڭشۈنىڭ 26 ـ يىلى (1900 ـ يىلى) قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانى ۋە توپلانغان پۇل، ئاشلىق، رەخت قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنىڭ سانى گىرۋەكلىك تاختايغا يېزىلىپ، تامغا ئېسىپ قويۇلغان. ياغاچتىن ياسالغان بۇ خاتىرە تاختاي ھېلىمۇ شەنشى مەسچىتىنىڭ ئىچىدە بار.

خاتىرە تاختىغا يېزىلغان تېكىست تۆۋەندىكىچە:

مەسچىتنى قايتىدىن ياساشقا سەرپ قىلىنغان پۇل، ئاشلىق، رەخت، ماتېرىيال ۋە قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈشىگە مۇقەددىمە

داغدۇغىلىق ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانا سېلىندۇ، ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن مەسچىت سېلىنىدۇ. ئىبادەت قىلىشقا، ئىمان ـ ئىسلام ئۆگىتىشكە پاك جاي بولۇش لازىم، دېمەك، بۇنىڭ ئۈچۈن پاكىز، تىنچ ئورۇن بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئاللاغا ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئىبادەتنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن، ئىبادەتخانا، مەسچىت سېلىش بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەممە جايدا مۇشۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

يۇرتىمىز قۇمۇل گەنسۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان مۇھىم جاي، ئۆتكەنكى تارىخلار توغرىسىدا بىر نەرسە دېمەي تۇرايلى، ھازىرقى ۋەزىيەت ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى: تۇڭجىنىڭ 12 ـ يىلى زور قوشۇن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقتىن خېلى نۇرغۇن كىشى ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ جيەنرۇي قوشۇنى تەشكىل قىلىنىپ، خاننىڭ كاتتا قوماندانى مىڭ چۈننىڭ قول ئاستىدا قۇمۇلغا كېلىپ جايلاشقان ھەم بۇ جاينى سوراپ تۇرغىنىغا بىرقانچە يىل بولغان. گۇاڭشۈنىڭ 7 ـ يىلى ئۇرۇشنىڭ قالدى ـ قاتتى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشكەندىن بۇيان، ھەرقايسى قوشۇنلار چېكىندۇرۇلۇپ كېتىلدى، تارقىتىۋېتىلدى. جيەنرۇي قوشۇنىدىن پۇل بېرىپ قايتۇرغانلىكى كىشىلەر خاننىڭ كۆپ شەپقىتىگە ئىگە بولدى. يۇرتىغا كېتىشنى خالايدىغانلارغا ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنى بېقىش ئۈچۈن پۇل بېرىلدى. بۇ يەردە ماكانلىشىپ قېلىشنى خالايدىغانلارغا ئىش تېپىپ بېرىلدى. يەنە مەسچىت سېلىشقا رۇخسەت

قىلىنىپ، گۇاڭخۇا مەھەللىسىدىن بىر پارچە يەر چىقىرىپ بېرىلدى. بۇ، شەنشى مەسچىتىنىڭ ئورنى بولۇپ قالدى. ياغاچ ماتېرىيال ۋە ئۇستا ئىشچى تېپىش قىيىن بولغاچقا، ئوبدانراق ياساش كېيىنكە قالدۇرۇلۇپ، ۋاقىتىنچە بىرنەچچە ئېغىز ئاددىي ئۆي سېلىندى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرغىچە 10 نەچچە يىل ۋاقىت ئۆتتى. بىز ئىگەم ئاللانىڭ پاناھىدا خاتىرجەم ياشاپ كەلدۇق، ماددىي بايلىقىمۇ كۆپەيدى. بوران-يامغۇرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن مەسچىتىمىزنىڭ ئۆيلىرى كونىراپ كەتتى، ئانچە ئۇزاققا چىدىمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئەمدىلىكتە ما جۇسەن بۇ ئىشنىڭ تېگى تەكتىگە يېتىپ، كونىراپ كەتكەن ئاددىي ئۆيلەردىن پايدىلىنىۋېرىشنى مۇناسىپ كۆرمەي، مەسچىت بىناسىنى يېڭىباشتىن سالماقچى بولۇپ، جامائەتنى مەسلىھەت كېڭەشكە چاقىردى. ھەممە بىردەك ئۇنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 19-يىلى ھوشۇر ئاينىڭ ساۋابلىق بىر كۈنى ئويۇشمىمىزدىكى لى كەيزۇڭ، ليۇ ۋەنيىڭ ھەم يۇرتداشلار بىلەن بىرلىكتە ئىئانە توپلاپ، ماتېرىيال غەملەپ، ئىش باشلاشنىڭ تەييارلىقىنى كۆردى. ما جۇسەن قۇرۇلۇشقا نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. ھەتتا ئۇ كېچىلىرىمۇ ئارام ئالماي ئىشلىدى. ئۇ، ھېرىش-چارچاشقا پىسەنت قىلماي، ياغاچ-تاش توشۇشقا باشچىلىق قىلدى. ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا ئىشلار ئوبدان يۈرۈشۈپ كەتتى. نەتىجىدە مەسچىت ۋە قىرائەتخانا ئۈچۈن بەش ئېغىز ئۆي، جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىگە بەش ئېغىزدىن يان ئۆي، جەنۇبىي تەرىپىدە غەربكە سۈرۈپ ئۈچ ئېغىز سەرراپ، جەنۇبىتىكى يان ئۆينىڭ كەينىگە پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى قويىدىغان ئامبار ۋە ئاشخانا ئۈچۈن بەش ئېغىز ئۆي سېلىندى. بىر قوش ئىشىك، بىر چوڭ دەرۋازا، بىر بۆلۈك ئىشىك ياسالدى، ئىشىك-دېرىزە، كارىدور، تاش پەلەمپەي قاتارلىقلارنىڭ تىۋق-قۇزى تەل قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 12 يۈرۈش ئۈستەل، ئورۇندۇق، مېھمان ئۈزىتىشقا يېتەرلىك قاچا-قۇچا تەييارلاپ قويۇلدى. سىر يېتىشمىگەچكە، ئاۋۋال مەسچىتنىڭ قوش ئىشىكلا سىرلاندى. 24-يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىگە كەلگەندە، قۇرۇلۇشنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى ئالتە يىل ئىچىدە تولۇق پۈتتۈپ بولدى. لىم-تۈۋرۈكلەرگە نەقىش ئويۇلۇپ، رەسىملەر سىزىلىپ، چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزۈلدى، مەسچىتنىڭ تاملىرى ھەم ئېگىز ھەم كۆركەم قىلىپ ياسالدى. شەنشى مەسچىتى ئاللاتائالادىن ئامانلىق تىلەيدىغان سورۇن بولۇپ قالدى. ئەمدى جامائەت ئىئانە قىلغان پۇللار، قۇرۇلۇش خىراجىتى، كىرىم-چىقىم قىلىنغان ئاشلىق، پۇل قاتارلىقلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، جامائەتنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماقچى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر خىل قىياسلارغا چۈشەنچە بەرمەكچىمەن. ئېھتىرام بىلەن ئۇشبۇ خاتىمە بايان يېزىلدى.

خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى: لى كەيزۇڭ

باشقۇرۇش ئويۇشمىسىنىڭ مۇدىرلىرى: باش مۇدىر ھەم نازارەتچى: ما جۇسەن

باشقۇرۇش نازارەتچىسى: ليۇ ۋەنيىڭ

www.uyghurkitap.com

بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 26-يىلى، يەنى چاشقان يىلى ياز ئېيىنىڭ ئاخىرى مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەن.

## (13) جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6-جۈن 16-شى ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە ئابىدىسى

1949-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنىچ يول بىلەن ھەقىقەتەن قايتقانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6-جۈنىنىڭ 16-شى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. 1950-يىلىنىڭ بېشىدا ئوسمان، يولۋاسلار توپىلاڭ كۆتۈردى. 16-شىيىمىزدىكى جەڭچىلەر يۈكتاقلىرىنى تېخى يەشمەي تۇرۇپلا باندىت تازىلاشقا ئاتلىنىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا جەڭ قىلىپ، ئاراتۇرۇكنى قوغداش يولىدىكى 40 كۈنلۈك جەڭدە مۆجىزە يارىتىپ، باندىتلار باشلىقىنى تىرىك تۇتۇپ، توپىلاڭنى تىنچىتتى.

1951-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى 16-شى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاقيەر دېگەن جايى بىلەن دايىڭپاڭ (دايىڭپەن) ئوتتۇرىسىدىكى ئاچالدا ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ۋە خاتىرە مۇنارىسى ياساپ، ئۇزۇن بېغىشلىمىلىق تاش ئابىدە ئورناتتى.

1982-يىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە كونا ئورۇندا يېڭىباشتىن خاتىرە مۇنارىسى ياسىدى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى بىنالىرىنى سالدى. قەھرىمانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، 1983-يىلى چوكانتال مەۋسۇمى (قەبرە يوقلاش بايرىمى) دىن ئېتىبارەن قەبرىستانلىق سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى.

ئابىدىدىكى بېغىشلىما تۆۋەندىكىچە:

شىيىمىز ئىشچى-دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىدىن بولۇپ، 1927-يىلىدىكى نەنچاڭ قوزغىلىڭىدىن باشلاپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. قارلىق تاغلاردىن ۋە سازلىقلاردىن ئۆتۈپ، نەچچە 10 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنى داۋاملاشتۇردى، خەلقىنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇردى. شۇنىڭ كەينىدىنلا ياپون ئالۋاستىلىرى دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلدى، كۈچلۈك دۈشمەن چېگرىدىن بېسىپ كىردى، ۋەتىنىمىز خەۋپ ئىچىدە قالدى، كىشىلەرنى تەشۋىش باستى. قىزىل ئارمىيە 8-ئارمىيىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئارمىيە شەرقتە خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ، شىمالىي جۇڭگودا ياۋۇز ياپون ئالۋاستىلىرى بىلەن سەككىز يىل ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

تۇساتتىن ئوغرى جىياڭ جيېشى خەلقىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋېلىپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ يۆلىشى ئارقىسىدا، 1947-يىلى 3-ئايدا غەربىي شىمالدىكى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ئىنقىلابنىڭ مۇقەددەس جايى ــ يەنئەنگە ھۇجۇم قىلدى. چېگرا رايوندىكى ھەربىي ۋە خەلق ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شىيىمىز «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى قوغداش، ماۋ جۇشىنى قوغداش» تەك شەرەپلىك ۋەزىپە ئالدىدا، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ

ئۇلۇغ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ، تۇنجى جەڭنى يەنئەننىڭ بوسۇغۇسىدىن قوزغىۋەتتى. ئارمىيىمىز ئىككى تۈەنلىك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەننىڭ سەككىز لۈيىگە تاقابىل تۇرۇپ، شەرقتە خۇاڭخېدىن، غەربتە شەنيۇ تاشيولىغىچە بولغان كەڭ لىنىيىدە تەكرار ئېلىشىپ، ئۇدا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇش قىلىپ، باندىت خوزۇڭنەننىڭ غالجىرانە ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، دۈشمەننىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، دۈشمەننى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىپ، ئاز كۈچ بىلەن نۇرغۇن دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئارمىيىمىزنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى چېگرا رايون خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياد ئېتىلىدۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئارمىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ئاتلاندى. ماۋجۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى قورال قىلىپ، كۆپچىلىك خەلقنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي ـ نىڭ قوماندانلىقىدا، ھەرقايسى قېرىنداش قىسىملار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيالاردا يۆتكىلىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، ئۇرۇش قىلىش پۇرسىتىنى تېپىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بەردى. جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ باتۇر، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. چىڭخۇابيەن، ياڭماخېلاردا كەينى ـ كەينىدىن غەلىبە قىلدى، ساجيادىيەن جېڭى ئارقىلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئوڭشاپ، تاشقى لىنىيىدە ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. يىچۇن، لونەنلەردە ئارمىيىمىز تۇنجى قېتىم غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ خىل قوشۇنى ھېسابلىنىدىغان 29 ـ جۇن ـ نىڭ 30 مىڭدىن ئوشۇق ئەسكىرىنى يوقاتتى، كەينىدىنلا شىغۇدىكى دۈشمەننى يوقىتىپ، قېرىنداش قىسىملارغا ماسلىشىپ باۋجىنى ئىشغال قىلدى، يەنىمۇ ئىچكى ـ رىلەپ جېڭخى، ۋېيخى دەريالىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا بېرىپ، چىڭچۇەننىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، مۇھىم جاي شىئەننى ئازاد قىلدى. جۇڭنەندىكى تەبىئىي توساقتىن ئۆتۈپ، قايتىدىن غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مېيشەن ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە خوزۇڭنەن باندىتلىرىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تارمار قىلدى؛ قالدۇق دۈشمەن ساراسى ـ مىگە چۈشۈپ شەنشىنىڭ جەنۇبىغا تۇپلىشۋالدى؛ مابۇفاڭ باندىتلىرى ئالاقزادە بولۇپ، گەنسۇنىڭ شەرقىگە خۇددى چاشقاندەك پېتىراپ قاچتى. ئارمىيىمىز تومۇزنىڭ ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ، لەنجۇغا قىستاپ كېلىپ بەش كۈن ئۇرۇشتى. گاۋلەنسەن تېغىدا قىزىل بايراق لەپىلدەپ، يەڭپەن چوققىسى ئېتەـ كىدە ناخشا ۋە داقا ـ دۇمباق ساداسى ياڭرىدى. چىڭخەيلىك مابۇفاڭ قوشۇنى تولۇق يوقىتىلىپ، لەنجۇ ئازاد قىلىندى. ئارمىيىمىز ئارام ئالمايلا يەنە بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم يول بېسىپ، خېشى كارىدورىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭغا قىستاپ كەلدى. ئارمىيىمىزنىڭ بايرىقى نەدە كۆرۈنسە، شۇ يەردىكى دۈشمەن تېرىپىرەن بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتتى، پۈتۈن غەربىي شىمال تولۇق ئازاد قىلىندى. شىيىمىز بۇيرۇققا بىنائەن ۋەتىنىمىز-

نىڭ غەربىي چېگرىسىغا كېلىپ جايلىشىپ. ئەمدى قۇرۇلۇش باشلاش ۋاقتى كەلدى دەپ ئويلىغانىدى، ئەپسۇسكى، ئويلىمىغان يەردىن شىنجاڭدىكى ئوسمان، يولۋاس باندىتلىرى يەنە قۇتراشقا باشلىدى. خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى قوغداش ئۈچۈن، ئارمىيىمىز تېخى يۇك ـ تاقلىرىنى يەشمىگەن ئەھۋالدا، باندىت تازىلاشقا ئاتلاندى. ئۇلار چۆل ـ جەزىرىلەرنىڭ قۇم ۋە بورانلىرىغا، تاغلاردىكى قار ـ مۇزلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ توققۇز ئاي جەڭ قىلىپ، ئارا تۇرۇكتىكى 40 كۈنلۈك قوغداش جېڭىنىڭ قەھرىمانلىرى دېگەن بايراقنى قولغا كەلتۈرۈپ، شەرقىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى. باندىتلارنىڭ باشلىقىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، توپىلاڭنى تىنجىتتى.

«ماۋ جۇشىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى قوغداش» تىن باشلاپ، پۈتكۈل غەربىي شىمالنى ئازاد قىلغانغا قەدەر ئۆتكەن ۋاقىتنى ئەسلىسەك، شىمىز زەربە بېرىش، ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىش، ھۇجۇمغا ئۆتۈش، قورشاپ يوقىتىش جېڭى قىلىشتىن تارتىپ چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ، تىيانشان تېغىدىن ھالقىپ ئۆتكىچە، چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 100 نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، بىرقانچە 10 مىڭ دۈشمەننى يوقاتتى، ھەر جەڭدە غەلىبە قىلدى. ئۇلار كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ئازادلىق ئۇرۇشتا ئۇلۇغ ھەم مۇشەققەتلىك تارىخىي ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى. بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقى تولۇق ئازاد بولدى، خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملەنمەكتە. يېڭى جۇڭگونىڭ گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولماقتا. شىمىزدىكى بارلىق جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارمۇ يېڭى تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە. پۈتكۈل كائىنات شادلىققا چۆمۈپ يېڭى تۈس ئالغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان پەيتتە، بۈگۈنكى كۈننى قەدىرلەپ، ئۆتكەنلەرنى ياد ئېتىشىمىز، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. ئارمىيىمىز دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆپ قېتىملىق جەڭلەردە ئىنقىلابىي قۇربانلار قۇربان بولۇشتىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئىنقىلاب ئۈچۈن مول تۆھپىلەرنى قوشۇپ، خەلقنىڭ يېڭى ئەسىرنى ياراتتى، ئىسسىق قانلىرى بىلەن ئۆچمەس تارىخىي داستانلارنى يېزىپ قالدۇردى. ئۇلارنىڭ خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغۇچە كۈرەش قىلغان ئۇلۇغۋار جاسارىتى ھەقىقەتەنمۇ يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى، خەلقى ئالەمنى تەسىرلەندۈردى. ئۇ مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالىدۇ. ھايات قالغانلار ئۇلارنى ئەسلىگەندە، ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن ئىززەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ پارلاق ئۈلگىسىنى قىلغاندا، جەڭگىۋار ئىرادىسى قايناپ تاشىدۇ. شىمىزدىكى بارلىق جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار سەممىمىي نىيەت بىلەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ماڭغان يولىدا مېڭىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئارزۇ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنتېرناتسىئونالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ماۋجۇشىنىڭ شانلىق

بايرىقى ئاستىدا ئالغا باسىدۇ، يەنە ئالغا باسىدۇ! غەلىبە قىلىدۇ، يەنە غەلىبە قىلىدۇ!

مىلادى 1951 ـ يىل 7 ـ ئاي

## 58§. مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

**1. تاش قوراللار**

نەيزە تاش قوراللاردىن تاش ئۇرغۇچ، نەيزە تاش يوپۇرماق، نەيزە تاش يا ئوقىنىڭ ئۇچى قاتارلىقلار بار. ئۇلار 1958 ـ يىلى يەتتەقۇدۇق ۋە تارانچىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇندىن تەخمىنەن يەتتە ـ سەككىز مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

باشقا تاش قوراللاردىن، تاش ئوغۇر دەستىسى، توگمەن تېشى، يىرىك بىلەي تاش، تاش ئوتىغۇچ، تۇرنا تۇمشۇق تاش ئوتىغۇچ، تاش ساقا، تاش ئوغۇز، تاش كەتمەن، تاش جام، تۆشۈكلۈك بىلەي تاش قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھاللاردا 1958 ـ يىلى ۋە 1978 ـ يىللىرى يانبۇلاق (ئالتمىزاق)، قىزىلچوققىلاردىن قېزىۋېلىنغان، 1980 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تىيانشان تېغى قاتارلىق جايلاردىن يىغىۋالغان. ئۇلار برونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

**2. ساپال بۇيۇملار**

ساپال بۇيۇملاردىن ساپال پارچىلىرى، رەڭلىك ساپال تەشتەك، رەڭلىك ساپال جام، يالاڭ قۇلاقلىق رەڭلىك ساپال كوزا، قوش قۇلاقلىق رەڭلىك ساپال كوزا، يالغۇز قۇلاقلىق گۈل ئويۇلغان ساپال كوزا قاتارلىقلاربار. بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1957 ـ 1958 — ۋە 1978 — يىللىرى قارادۆڭ، يانبۇلاق (ئالتمىزاق)، قىزىلچوققىلاردىن قېزىۋېلىنغان، 1980 ـ يىلى ئاراتام، ئېدىر قاتارلىق جايلاردىن يىغىۋېلىنغان بولۇپ، برونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ھەم قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

**3. ياغاچ قوراللار**

ياغاچ قوراللاردىن ياغاچتىن ياسالغان توپا قېزىش سايمىنى بار بولۇپ، ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتر، ئوتتۇرىسى ئەگرى، ئۇچى ئۇچلۇق ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە.

ياغاچ گۈرجەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28.5 ساستىمېتىر، كەڭلىكى 16.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىـ قى بىر سانتىمېتىر، ئۇچى تەرىپى نېپىز بولۇپ، ئۇقىرى تەرىپىدە ساپلاش ئۇچۈن تۆشۈك تېشىپ قويۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا، رەڭدار نەقىشلىق سوغا، كىچىك ياغاچ كوزا، كىچىك ياغاچ كورۇشكا، ياغاچ قوشۇق، ياغاچ تارغاق، ياغاچ قورچاق قاتارلىقلار- مۇ بار. بۇلار 1978-ۋە 1983-يىللىرى قىزىلچوقا، يانبۇلاقلاردىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، برونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاسار ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

4. مىس قوراللار

بۇنىڭدىن كىچىك مىس پىچاق، مىس تاختا، مىس زىننەت بۇيۇملىرى، مىس ئەينەك، مىس قوڭغۇراق قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلار 1958- ۋە 1978-يىللىرى يانبۇلاق، قىزىلچوقىلاردىن قېزىۋېلىنغان. بۇغا باشلىق مىس پىچاق بىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36 سانتىمېتىر، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭـ دىن باشقا، ھالقا دەستىلىك كىچىك مىس پىچاق، مىستىن ياسالغان يا ئوقىنىڭ ئۇچى قاتارلىقلارمۇ بار. بۇلار 1983-يىلى راھەتباغ گۈڭشېسىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، برونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق. بۇ مىس قوراللار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاسار ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

يەنە مىس بۇتتىن تۆتى بار. بۇلار 1980-يىلدىن 1983-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تىيانشان، غەربىي تاغ، راھەتباغ گۈڭشېلىرىدىن يىغىۋېلىنغان بولۇپ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە قويۇلغان. بۇلار ھازىر قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنى- يەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

5. سۆڭەك بۇيۇملار

بۇنىڭدىن سۆڭەك بېگىز، سۆڭەك مارجان، سۆڭەك تارغاقلار بار. بۇلار 1958-ۋە 1978-يىللىرى يانبۇلاق، قىزىلچوقىلاردىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، برونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاسارە ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكار- لىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

6. تۆمۈر قوراللار

چۈيۈندىن قۇيۇلغان ساپان چىشىدىن ئىككىسى بار بولۇپ، بۇلار 1983-يىلى تىيانشان تېغىدىكى ئېدىر قەدىمىي خارابىلىكىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

يەنە چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) قۇيۇلغان چۈيۈەن قوڭغۇراقتىن بىرى بار بولۇپ، ئۇ، 1982 - يىلى يىغىۋېلىنغان، ھازىر قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

### 7. قەدىمقى پۇللار

(1) لاتا پۇل: ئۇزۇنلۇقى 5.7 سانتىمېتىر. بۇ 1964 - يىلى تارانچىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنماڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. ھازىر ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

(2) داچۇەن ۋۇشى: دىئامېتىرى 2.7 سانتىمېتىر. بۇ 1964 - يىلى تارانچىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنماڭ دەۋرىگە تەئەللۇق. ھازىر ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

(3) «ۋۇچۇ» يارماق پۇل: دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر. بۇ 1980- يىلى دۆربەجىندىن يىغىۋېلىنغان بولۇپ، شەرقىي خەن دەۋرىگە تەئەللۇق. ھازىر ئۇ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

### 8. لاي ھەيكەل

(1) تۇمار بۇت: ئېگىزلىكى بەش سانتىمېتىر، بۇ 1982 - يىلى باغداشتا تاغ ئۆڭكۈرىدىن تېپىلغان بولۇپ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە تەئەللۇق. ھازىر ئۇ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

(2) جەسەت مۇنارىسى: ئېگىزلىكى ئۈچ سانتىمېتىر. بۇ، 1982 - يىلى باغداشتا تاغ ئۆڭكۈرىدىن تېپىلغان بولۇپ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە تەئەللۇق. ھازىر، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

### 9. يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار

(1) يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن نىمچە: ئۇزۇنلۇقى 1.35 مېتىر، ياقىسىز، تار يەڭ، يەڭنىڭ ئۇچىغا ۋە پەشنىڭ ئاياق تەرىپىگە يۇڭ پەۋاز تۇتۇلغان.

(2) يۇڭ رەخت پارچىسى: بۇ رەڭلىك، قىيپاش يوللۇق توقۇلغان بولۇپ، تېگى قوڭۇر، يولى بېغىر رەڭ، چاقماق گۈللۈك.

(3) يۇڭ كەشتە: تېگى قىزىل، كەشتىسى سېرىق.

يۇقىرىدىكى بۇيۇملار 1978 - يىلى قىزىلچوقىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بىرونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاسار ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

**10. تېرە مەھسۇلاتلىرى**

(1) جۇۋا: ئۇزۇنلۇقى 1.25 مېتر، ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن.

(2) كۆن ئۆتۈك: پىشۇرۇپ يۇمشاق ئىشلەنگەن كۆندىن تىكىلگەن.

يۇقىرىدىكى نەرسىلەر 1978 ـ يىلى قىزىلچوققىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، برونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاسار ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

**11. زىرائەت ۋە باشقا ئۆسۈملۈك توقۇلمىلىرى**

(1) زىرائەت: تېرىق، بۇغداي باشقى، چۆژگۈن، قوناق باشقى قاتارلىقلار بار.

(2) يېمەكلىك: تېرىق نېنى، ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتر، چاسا شەكىلدە. نان ئارىسىدىن تېرىق دانچىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇن يىرىك تارتىلغان بولسا كېرەك.

(3) ئۆسۈملۈك توقۇلمىلىرى: قومۇش بورا، چىغ بورا.

يۇقىرىدىكى نەرسىلەر 1978 ـ يىلى قىزىلچوققىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، برونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

**12. تام رەسىملىرى**

(1) بۇگۈردىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇددا ئۆڭكۈردىكى تام رەسىملىرى توپا دۆۋىسىدىن قېزىۋېلىنغان تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرىدىن قارىغاندا، تام كاكۇل بىلەن سۇۋالغان، ھاك بىلەن ئاقارتىلغان، رەسىملەر قىزىل، قارا بوياقلاردا سىزىلغان. ئۆڭكۈرنىڭ ئىسلىنىپ كەتكەن تېمىنىڭ تورىسىغا يېقىن قىسمىدا ئولتۇرغان بۇتنىڭ رەسىمى ۋە بودساتۋانىڭ بېشىدىكى نۇرلۇق چەمبىرەكنىڭ رەسىمىنى سۇس كۆرگىلى بولىدۇ.

(2) لاپچۇقتىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ تېمىدىكى رەسىملەر: بۇگۈر غولىنى بويلاپ لاپچۇقنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغان جاراڭ ـ جۇرۇڭ، ماھچى تۈرغىچە بولغان ئارىلىقتا يەتتە ئورۇندا بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بار. بۇنىڭ تەكتى چاسا، تۆپىسى گۈمبەز شەكىلدە ياسالغان. ئىچ تامنىڭ يۈزىگە بۇت رەسىمى ۋە قۇش، ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان.

(3) ئاراتامدىكى بۇددا ئۆڭكۈرىنىڭ تېمىدىكى رەسىملەر: ئۆڭكۈر تورۇسىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىن قارىغاندا، تۆت چەمبەر ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان بۇتلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان. چەمبەرلەر ئارىلىقىغا چەمبىرەك شەكىللىك گۈل سىزىلغان.

## 13. قەدىمكى قول يازمىلار

### (1) قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «مايترى سىمىت» نىڭ قول يازمىسى

1959 - يىلى 4 - ئايدا قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تىيانشان گۈڭشېسىدىكى تۆمۈرتىلىك يەھيا رېھىم كېچىك داۋاندا مال بېقىۋېتىپ، بىر تۈپ قارىغاينىڭ كاۋىكىدىن كېگىزگە ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى تېپىۋالىدۇ. ئۈچ-تۆت ئايدىن كېيىن، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل ئىبراھىم تىيانشان گۈڭشېسىغا چىققاندا، يەھيا رېھىم بۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. 1959 - يىلى 8 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ئىشلەيدىغان سابىت قۇمۇلغا كەلگەندە، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل ئىبراھىم بۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بېكىتىشى ئارقىلىق بۇ نەرسىنىڭ قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان زور ھەجىملىك بۇددا سەھنە ئەسىرى «مايترى سىمىت» نىڭ قول يازمىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. ئۇ، جەمئىي 293 ۋاراق، 586 بەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي ساق ۋە ئاساسەن ساق قىسمى تەخمىنەن 114 بەت، ھەربىر ۋاراقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47·15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 21·7 سانتىمېتىر، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ۋاراقلار باشقا بىر ئەسەرگە تەئەللۇق ئىكەن (مەزمۇنى ۋە كىتابىنىڭ نامى تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ). كىتابنىڭ خېتى قارا سىيادا يېزىلغان. قەغىزى قېلىن ھەم قاتتىق، رەڭگى ئاچ سېرىق، بەتلەرنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن گىرۋىكىدە سۇس قارا سىزىق بار، ھەربىر قۇرنىڭمۇ سىزىقى بار بولۇپ، ئارىلىقى 1·5 سانتىمېتىر، كىتاب تېز يازما شەكلىدە يېزىلغان، ھەربىر ۋاراقنىڭ 8 - قۇردىن 10 - قۇرىغىچە بولغان ئارىلىقتا سىزىلغان سۇس قارا چەمبىرەك بار، دىئامېتىرى تەخمىنەن 4·6 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدا دىئامېتىرى 0·5 سانتىمېتىر كېلىدىغان يىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆشۈك بار. ھەربىر ۋاراقنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ چەپ تەرىپىگە قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدا كىچىك قارا خەت بىلەن ئەسەر (پەردە) سانى ۋە بەت سانى يېزىپ قويۇلغان. بۇ كىتابتا ۋاراقنىڭ ھەر ئىككى بېتىگىلا خەت يېزىلغان. كۆپىنچە بەتلەرگە 30 قۇر، ئاز ساندىكىسىگە 31 قۇر خەت يېزىلغان. بەزى پەردىلەرنىڭ باشلانغان قىسمىدا قىزىل سىياھ بىلەن ئويۇن ئورۇنلانغان مەيدان ئورنى ئىزاھلانغان.

قولىيازمىنىڭ «خاتىمە» سىدىن قارىغاندا، «مايترى سىمىت» نى ئالدى بىلەن كامىل ئۇستاز ئارىياكاندىرا بودساتۋا ئەنەتكەك تىلى (قەدىمىي ھىندى تىلى) دىكى ئەسلى نۇسخىسىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلغان، كېيىن ئاچارىيا جىنخۇ قەدىمىي قاراشەھەر تىلىدىن تۈرك تىلى (قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى) غا تەرجىمە قىلغان. ئارىياكاندىرا بىلەن ئاچارىياجىنخۇ ئىككىسى قەدىم زاماندىكى كىنگىت (قاراشەھەر) ۋە قوجۇلاردا بۇددا دىنى بويىچە ئاتاقلىق كامىل ئۇستازلاردۇر. ئارىياكاندىرا ھەم تالانتلىق سەھنە ئەسىرى يازغۇچى ۋە ئالىم. تەرجىماننىڭ تەرجىمە ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، تەرجىمە نۇسخىسى پۈتۈنلەي بەدىئىي قايتا ئىجادى-

يەت بولۇپ چىققان.

قولىيازمىنىڭ بىرنەچچە يېرىدىكى ئىزاھاتتىن قارىغاندا، قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ ساخاۋەتچىسىنىڭ ئىسمى چۇتاس يىگەن تۇتۇق ئىكەن. «تۇتۇق» دېگەن نامدىن قارىغاندا، تاس يىگەن قۇجۇ قەدىمىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولسا كېرەك. ئۇ، مەن ئۆلگەندىن كېيىن مايترى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام ئىدىم، دېگەن مەقسەتتە، كىشىلەرگە بۇددا دىنىنى تەرغىپ قىلىدىغان بۇ سەھنە ئەسىرىنى كۆچەرتكۈزگەن. قولىيازمىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىن ۋە بەزى ۋاراقلارنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان ئىمزادىن قارىغاندا، بۇنى ئۈچ كىشى كۆچۈرگەن بولسا كېرەك.

قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ تۇرپان نۇسخىسى ۋە قۇمۇل نۇسخىسى دەپ ئىككى خىل نۇسخىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا قارىشەھەر نۇسخىسىمۇ بار ئىكەن. قۇمۇل نۇسخىسى بىر پەردە مۇقەددىمە ۋە 25 پەردە ئاساسىي تېكىستتىن تەركىب تاپقان. گېرمانىيىلىك ئالىم گاباتىن خانىم بۇ كىتاب بىر پەردە مۇقەددىمە ۋە 27 پەردە ئاساسىي تېكىستتىن تەركىب تاپىدۇ، دېگەن. قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ 26 ـ ۋە 27 ـ پەردىلىرىلا كەم بولۇپ، ھازىر ساقلىنىۋاتقان نۇسخىلار ئىچىدە بىرقەدەر مۇكەممەل نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

«مايترى سىمىت» 1959 ـ يىلى تېپىلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدىكى ئالىملاردىن فېڭ جياشېڭ، گېڭ شىمىنلار ئۇنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلىدىغان خادىمى ئىسراپىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرىلەر بۇ ئەسەرنى رەتلىدى ۋە تەتقىق قىلدى، بەزى چەت ئەل ئالىملىرىمۇ تەتقىق قىلدى.

«مايترى سىمىت» بۇددا نومىدىكى نىجادكار مايترىنىڭ ئىلاھقا ئايلانغانلىقى ھەمدە بارلىق جانلىقلارنى قۇتقۇزغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىدىن ئېلىنغان. سەھنە ئەسىرىنىڭ يېزىقى چىرايلىق، ئىشلارنىڭ بايان قىلىنىشى راۋان، تەسەۋۋۇرى مول، ئوخشىتىش ئەپچىل بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكسەك تىل ماھارىتى ئىپادىلەنگەن.

قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تىيانشان گۆڭشېسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «مايترى سىمىت» نى مەملىكىتىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملار تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، مىلادى VIII—IX ئەسىر ئارىلىقىدا يېزىلغان، دەپ ھېسابلىدى. بۇ قولىيازما نۇسخىسى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

### (2) زاڭزۇ يېزىقىدىكى بۇددا نومى

1983 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تىيانشاندىكى تۆمۈرتىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 12 سانتىمېتر كېلىدىغان، ئوتتۇرىسى كاۋاك، تەكتىدە قاپقىقى بار بىر مىس ھەيكەلنى تېپىۋالغان، ھەيكەلنىڭ ئىچىدە

قىيىن دەرىجىگە قوۋزىلىشقا زاكىزۇ يېزىلغاندا يېزىلغان بىر ئۇرام بۇددا نومى توپلىمى، قەغەزگە سىزىلغان 22 پارچە بۇت رەسىمى بار ئىكەن.

14. قەدىمىي جەسەت

1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئاسار ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئەترىتى قىزىلچوقىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن ئۈچ قەدىمىي جەسەتنى قېزىۋالغان. ھازىر ئۇنىڭ بىرى شاڭخەي تەبىئەت مۇزېيىدا، يەنە بىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، يەنە بىرى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ساقلىنىپ قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىپ قويۇلغىنى ياش ئايالنىڭ جەسىتى بولۇپ، ئۇ، ئۆلگەن چېغىدا تەخمىنەن 20 ياش، بويىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر 57 سانتىمېتىر بولسا كېرەك. جەسەت يېنىچە يۆكىلەپ قويۇلغان ئۇنىڭ بېشى، گەۋدىسى، پۇت ـ قوللىرى، چېچى، مۇسكۇل ـ تېرىلىرى ۋە پۇت ـ قولىنىڭ تىرناقلىرى شۇ پېتى تۇرغان. قوڭۇر سېرىق چېچى كۆپتۈرۈپ تۇرۇلگەن، كەينىدە ئۈچ ئۆرۈم چېچى بار.

گۆردىكى ھەربىر جەسەتنىڭ بېشىدا كېگىز بۆك بار. يۇڭدىن توقۇلغان ئۇزۇن چاپان كىيگۈزۈلگەن، بېلىگە بەلباغ باغلانغان، ئۇچىسىغا قوي تېرىسىدىن جۇۋا، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. جەسەتلەرنىڭ يېنىغا سوغا، ياغاچ تارغاق، ياغاچ قوشۇق، ساپال كوزا قاتارلىقلار قويۇلغان. بۇ جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى خېلىلا يۇقىرى، توپىسى بەك قۇرغاق بولغانلىقى ھەمدە سۇنى سۈمۈرۈشچانلىقى كۈچلۈك بولغان ھاك قاتلىمى بار بولغانلىقى ئۈچۈن، جەسەت كۆمۈلگەندىن كېيىن تەندىكى نەملىك دەرھال تارتىلىپ، جەسەت قۇرۇپلا قالغان. كاربون 14 بىلەن بېكىتىشتىن قارىغاندا، بۇ قۇرۇق جەسەتلەر مۇندىن 3200 يىل بۇرۇنقى جەسەتلەر ئىكەن.

## §6. مەشھۇر يادىكارلىقلار

1. جۇلۇڭشۇ (توققۇز ئەجدىھاسىمان سۆگەت)

جۇلۇڭشۇ شەھەر ئىچىدىكى سېپىلنىڭ شەرقىي تېمىغا يېقىن جايدىكى ئويماندا ئۆسكەن، شەھەر ئىچى گۈڭشېپىسىنىڭ جۇلۇڭشۇ دادۈيى مۇشۇ سۆگەت تالىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

جۇلۇڭشۇ ھەققىدە ھەممىدىن بۇرۇن چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرە قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭدا: «جۇلۇڭشۇ قېرى سۆگەت، ئورنى شەھەر ئىچىدە، بىر يىلتىزدىن توققۇز تۈپ سۆگەت ئۆسۈپ چىقىپ باراقسان بولۇپ كەتكەن» دەپ يېزىلغان.

بېشىر ۋاڭ دەۋرى (جياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرى) دە جۇلۇڭشۇ ئەتراپىدا سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق، يېنىدا زىننەتلىك سېلىنغان بىر مەسچىت بار ئىدى. ۋاڭ ھەر كۈنى شۇ مەسچىتكە كېلىپ ناماز ئوقۇيتتى. مەسچىتنىڭ شىمالىي

www.uyghurkitap.com

تەرىپىدە بىر گۈمبەز بار ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ گۈمبەز ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن بىر ئەرەبنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ياسالغان. شا مەخسۇتنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ مەسچىت ۋەيران بولۇپ يوقاپ كەتكەن، گۈمبەز، بۇلاق، جۇلۇڭشۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قاشا تام قېپقالغان.

جۇلۇڭشۇنىڭ شەكلى ئاجايىپ بولغاچقا، كىشلەر ئارىسىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ سۆز ـ چۆچەكلەر تارقالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بىر باش سانغۇن لەشكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شەھەر ئىچىنىڭ ھازىرقى جۇلۇڭشۇ دېگەن يېرىگە كەلگەندە، توختاپ ئارام ئاپتۇ. ئۇ پۇلات قامچىسىنى يەرگە سانچىپ قويۇپتىكەن، شۇئان ھېلىقى يەردە بۇلاق پەيدا بوپتۇ، كۆپ ئۆتمەيلا ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ، شۇئان ئاسماندىن توققۇز ئەجدىھا شۇڭغۇپ چۈشۈپ مۇشۇ بۇلاققا كىرىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن توققۇز ئەجدىھا سۈرەتلىك سۆگەت تال ئۆسۈپ چىقىپتۇ. ئارىدىن 1000 يىل ئۆتكەندە قۇمۇلدىن ۋاڭ چىقىپتۇ ھەمدە ۋاڭلىق توققۇز ئەۋلاد داۋام قىپتۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى قۇمۇلدا جۇلۇڭشۇ (توققۇز ئەجدىھا سىمان سۆگەت) نىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ جايدىن «راستىنلا ئەجدىھا پادىشاھى چىقىپ قالمىسۇن» دەپ، قومۇلدىكى ئەمەلدارلارغا جۇلۇڭشۇنىڭ (توققۇز ئەجدىھا سىمان سۆگەتنىڭ) «كاللىسى» نى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. قۇمۇلدىكى ئەمەلدارلار ئادەم ئەۋەتىپ جۇلۇڭشۇنىڭ شەرققە ئۇزۇراپ ئۆسكىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغان بىر شېخىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. شاخنىڭ كېسىلگەن جايىدىن ئېقىپ چىققان يېلىمسىمان سۇيۇقلۇق كۆن ئورىدا ئۇيۇپ، ئاچ قىزىل رەڭگە كىرىپتۇ، كىشلەر بۇنى توققۇز ئەجدىھا سۆگەتتىن ئاققان قان دېيىشىپتۇ. توققۇز ئەجدىھا سىمان سۆگەتتىن بىرىنىڭ ئۈچى كېسىلگەندىن كېيىن، بېشىر ۋاڭنىڭ خانىشى مېھرىبانۇ مۇھەممەت (غۇلامدىن) ئىسىملىك بىر پالەچ ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بۇ چاغدا يەنە كىشلەر ئارىسىدا مانا بۇ توققۇز ئەجدىھا سىمان سۆگەتنى كەسكەنلىكنىڭ ئاقىۋىتى، دېگەن گەپ ـ سۆزلەر پەيدا بوپتۇ.

چىڭ سۇلالىسى دارىلئۇلۇمىنىڭ مۇھەررىرى سۇڭبولۇ گۇاڭشۈيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى سەپەر ئۈستىدە قۇمۇلدىن ئۆتكەندە «شەھەر ئىچىدىكى قەدىمىي سۆگەت» دېگەن تۆۋەندىكى شېئىرنى يازغان:

چوڭلۇقى قۇمرىدەك شەھەر ئىچىنىڭ،
ياتار ئۇ بىر چەتتە ــ غەربىي جەنۇبتا.
ئۇ يەردە باراقسان قەدىم سۆگەت بار،
سوزۇلۇپ ياتار ئۇچولۇڭ يول بويىدا.
بۇ دەرەخ ــ بۇ قېرى قەدىمكى سۆگەت،
بېشىدىن كەچۈرگەن ئونلاپ ئەسىرنى.

بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر كۆرگەندە ئۇنى،
خۇرسىنار بىلگەندەك بۇندىكى سىرنى.
كۆرىنەر بولۇتتەك قويۇق سايىسى،
نامازشام پەيتىنى ئەسلىتەر كۈندۈز.
شاخلىرى مىسالى يۆگەنسىز تولپار،
چاپىدۇ كەڭ قۇچاق ئاچقاچ دالا ـ تۈز.

ئۇرەنلەپ بوشلۇقتا كۆتۈرۈلسە تىك،
بېجىرىم غوللىرى بولار نامايان.
قوۋزىقى كۆرۈنەر يۆگەم قەلەيدەك،
كۆرۈنەر تاشقا گۈل چەككەندەك ھامان.
ئېچىلسا قىزغۇچ ھەم ساغۇچ پوتلىسى،
بەرگىدە ئوينايدۇ شەبنەم پارقىراپ.

كەلگەندە ئالتۇن كۈز، غازاڭ مەزگىلى،
تۆكۈلەر ياپراقلار ئەتراپنى قاپلاپ.
گوياكى دالىدا توپ ـ توپ ئەجدەرھا،
جەڭ ـ يېغا قىلغاندەك ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق؛
گوياكى چۈشكەندەك ئۇچۇپ لاي ئارا،
بىھېساپ تىرناقلار، بىھېساپ قاسراق.

ئەمەلىيەتتە، توققۇز ئەجدىھا سىمان سۆگەت مىڭ يىللىق قەدىمىي تال ئەمەس، ھەتتا توققۇز ئەجدىھانىڭ سىمۋولىمۇ ئەمەس، ئۇ، قۇمۇلدا ئۆسىدىغان ئادەتتىكى سۇگەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ شاخلارنى ئېگىپ، پۇتاپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن ئۆسە ـ ئۆسە شۇنداق غەلىتە شەكىلگە كىرىپ قالغان.

شىنىڭ شىسەي دەۋرىدە، توققۇز ئەجدىھا سۆگەتنىڭ ئۈچ ـ تۆت تۈپىلا قالغان، ھەتتا ئۇنىڭ بىر تۈپى تامدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن، گۈمبەز بۇزۇلغان، ئىشىك ۋە قاشا تام ساقلىنىپ قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ سۆگەتنىڭ بىر تۈپىلا قالغان ھەم ئۇنىڭ يېنىدىن تۈپىنىڭ تومۇلۇقى چىنىنىڭ ئاغزىدەك كېلىدىغان يەنە بىرنەچچە تۈپ سۆگەت ئۆسۈپ چىققان. 60 ـ يىللاردىن كېيىن ھەممىسى كېسىۋېتىلگەن.

2. ۋاڭ ئوردىسى

قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى ئەينى زاماندا «ۋاڭ غوجام راۋىقى» دەپ ئاتالغان. ئۇ، شەھەر ئىچىنىڭ غەربىي شىمال بۇلۇڭىدىكى ئوردا قوۋۇقتا ياندىش جايلاشقان.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تارىخىنى سۈرۈشتۈرسەك، مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې يىللىرى (1403—1424 ـ يىللىغىچە) مىڭچېڭزۇ يۈەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ پۇشتى ئەنكەتۆمۈرنى قۇمۇلنىڭ سادىق، ئىتائەتمەن ۋاڭلىقىغا تەيىنلىگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇل ۋاڭ ئوردىسى كېيىن ئۇيغۇر ۋاڭ ئوردىسى بولۇپ قالغان.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، ئالاھىدە ئىچكىرىدىن خەنزۇ ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ ۋاڭ ئوردىسىنى يېڭىباشتىن ياساتقان. ئوردا كاڭشىنىڭ 45 ـ يىلى (1706 ـ يىلى) رەسمىي پۈتكەن.

بىرنەچچە ئەۋلاد ۋاڭلارنىڭ رېمونت قىلدۇرۇشى ۋە كېڭەيتىشى بىلەن 7 ـ ئەۋلاد ۋاڭ بېشىرنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئوردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئىسلام مېمارچىلىق سەنئىتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، كۆلىمى ناھايىتى چوڭ سارايغا ئايلانغان. ئوردا بېشى ۋاڭنىڭ سارىيى، ئوردىنىڭ يېنى قاتمۇ قات ئىشىكلەر ئورنىتىلغان بىنالار ۋە شىپالىق باغچا قىلىپ ياسالغان. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 6 ـ يىلى (1867 ـ يىلى) قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، بېشىر ۋاڭنى ئۆلتۈرۈپ،

ئوردىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. بېشىر ئۆلگەندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا چىنۋاڭ دەپ نام بەرگەن. ئوردىنىڭ 1 ـ دەرۋازىسىنىڭ بېشىغا بىر بېغىشلىما تاختاي ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «غەربىي شىمال توسىقى» دېگەن سۆز يېزىلغان. ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە خاننىڭ قېرىندىشى جاساق چىڭۋاڭغا ھەزرىتى خاننىڭ ئالدىدا مېڭىشقا، ئۈچ كۆزنەكلىك توز قانىتى ئېسىشقا، سېرىق پەشمەت كېيىشكە ئىجازەت بېرىلگەن دەپ، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ × يىلى × ئاي دەپ يېزىلغان.

گۇاڭشۈنىڭ 8 ـ يىلى (1882 ـ يىلى) شا مەخسۇت ۋاڭلىق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، ئوردىنى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان ۋە كېڭەيتىپ ياساتقان. كېڭەيتىلگەندىن كېيىنكى ئوردىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 100 مودىن ئاشقان. چوڭ گۈلباغ ۋە نىلۇپەر كۆلى تەخمىنەن 100 مو يەرنى ئىگىلىگەن، چوڭ ـ كىچىك ئۆيلەر 800 ئېغىزدىن ئاشقان.

بىرىنچى دەرۋازىدىن شەرقتىكى ئىككىنچى دەرۋازىغىچە ئىككى يان تەرەپكە مۇھاپىزەتچىلەر ئۆيى، ئىككىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ شەرققە مېڭىپ ئاندىن شىمالغا قايرىلغان يەرگە ئۈچىنچى دەرۋازا جايلاشقان. ئۈچىنچى دەرۋازىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە چوڭ مەيدان جايلاشقان. مەيداننىڭ جەنۇبىدا بىر دالدا تام بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي دېڭىزدىن سەھەردە كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ نۇسخىسى سىزىلغان. ئۈچىنچى دەرۋازىدىن تۆتىنچى دەرۋازىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوردا يېنىدىكى ئىشخانىلار ۋە ھەر خىل بويۇملارنى قويىدىغان ئامبارلار بار.

تۆتىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ غەربكە ماڭسا، ئوردىغا چىقىدىغان پەلەمپەي بار. 8 ـ پەلەمپەيگە چىققان يەردە ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆيلەر بار، ئىككى تەرىپىدە مۇھاپىزەتچىلەر ئۆيى بار. ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆيلەردىن ئۆتكەندە ئۈچ قاتار 40 پەلەمپەي بار، ئوتتۇرىدىكىسى تاش پەلەمپەي بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋاڭ ماڭىدۇ؛ ئىككى ياقىدىكىسى ياغاچ پەلەمپەي بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوردا ئەمەلدارلىرى ماڭىدۇ. ۋاڭ غوجام راۋىقىدا ۋاڭ ئىشخانىسى، ۋاڭ ھۇجرىسى، خانىش ھۇجرىسى، پېشايۋان، ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت قويىدىغان چوڭ غەزىنە، چوڭ بەگنىڭ ھۇجرىسى، مەسچىت، ئاشلىق ئامبىرى ۋە باشقا ئۆيلەر بار.

ۋاڭ غوجام راۋىقىدىن چۈشۈپ شەرققە ماڭسا، شىمال تەرەپتە دەرۋازا راۋىقى بار. دەرۋازا بېشىغا «غەربىي توسۇقتىكى قوش چىنۋاڭ» دەپ يېزىلغان ئالتۇن خەتلىك قىزىل تاختاي ئېسىلغان. ئۇنىڭ جەنۇبىدا ياساۋۇللار ئۆيى، مېھمانخانا، ئېزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان ئۆيلەر بار. يەنە شەرققە ماڭسا، شىمالىي تەرەپتە كىچىك گۈل باغ ۋە ئۇزۇن ئۈمۈر تىلەش سارىيى بار؛ جەنۇبىدا مەپىخانا، ئېغىل ھەم ياتاق ۋە ناغرىخانا بار. شەرقتىكى سېپىلنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن چىقسا يارباغقا كىرىدۇ، يارباغنىڭ ئىشىكىدىن چىقسا، ئىككى تەرەپكە نىلۇپەر كۆلى جايلاشقان.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ جەمئىي توققۇز دەرۋازىسى بار. بىرىنچى دەرۋازىدىن تۆتىنچى

دەرۋازىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولغا چاسا ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان؛ تۆتىنچى دەر-ۋازىنىڭ تېشىدىكى يولغا خىش ياتقۇزۇلغان؛ دەرۋازا راۋىقى ئۈستىگە ئۈچقۇر بېلىق سۈرەتلىك لەمپە چىقىرىلغان، تۈۋرۈكلىرى قىزىل سىرلانغان.

ۋاڭ غوجام راۋىقىدا يەنە زەمبىرەك شىپاڭى بولۇپ، بۇ يەر ئوردىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىپاڭغا پىلتىلىق زەمبىرەكتىن ئىككىسى ئورنىتىلغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا قۇمۇلغا كەلگەن بىرمۇنچە ئەدىپ-لەر ئوردىنىڭ باغچىسى توغرىسىدا ئۆز ئەسەرلىرىدە توختالغان. شاۋشىيۇڭ «غەربىي يۇرت ھەققىدە ھەر خىل بايانلىق شېئىر» دە: «قەد كۆتۈرۈپتۇ گۈزەل شىپاڭ، مۇن-بەرلەر، گىردىلىشىپ ئۆسۈپتۇ ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر. خۇش بۇي چېچىپ ئېچىل-غان رەڭمۇ رەڭ گۈللەر، زەپ يارىشىپتۇ گۈل ھۆسنىگە ئېسىل تەشتەكلەر» دەپ يازغان ھەمدە بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك گۈل گىياھلارنى «پېشقەدەم بېشىر ۋاڭ بېيجىڭدا ئالتە يىل تۇرۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەندە، قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ، يىراقتىن كۆچۈرۈپ كەلگەن» دەپ ئىزاھاتمۇ بەرگەن. گۇاڭشۈنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن پېي جىڭفۇ «دەريا، دېڭىز، كۇئېنلۇن خاتىرىسى» دە، «كۆلىمى 100 مودىن ئاشىدىكەن. يوللىرىغا خىش ياتقۇزۇلغان، شىپاڭ، سارايدىن بىرقانچىسى بار ئىكەن، قۇرۇلمىسى تولىمۇ نەپىس، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى باغ، شىپاڭلار ئارىسىدىن بۇندىقىنى تاپقىلى بولمايدى-كەن» دەپ يازغان.

كىچىك باغ ۋاڭنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تاماشا قىلىشى ئۈچۈن بىنا قىلىنغان. باغ نەپىس لايىھىلەنگەن، باغدا ئاساسەن گۈل ـ گىيياھلار ئۆستۈرۈلگەن، شىپاڭلار بىنا قىلىنغان. يارباغ مېھمانلارنىڭ سەيلە تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن بىنا قىلىن-غان. مېۋىلىك ھەم مېۋىسىز باراقسان دەرەخلەر ئارىسىغا بىرقانچە شىپاڭ سېلىنغان، دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، گۈللەر ناھايىتى چىرايلىق ئېچىلغان باغدا بىر كىچىك ھايۋانات باغچىسىمۇ بار.

ھەر يىلى يازدا نىلۇپەر كۆلىنىڭ سۈيى مەيىن دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. ھال رەڭ نىلۇپەرلەر پورەكلەپ ئېچىلىدۇ، يوپۇرماقلىرى تەخسىگە ئوخشايدۇ، ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ.

ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش سارىيىنىڭ ئىچىگە شۈن جىدىن گۇاڭشۈگىچە بولغان چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ھەيكەللىرى قويۇلغان، ھەربىر ھەيكەلنىڭ ئالدىغا قىزىل سىرلانغان تەزىيە تاختىسى ئورنىتىلغان، ئۇلارغا پادىشاھنىڭ ئىسمى، تەخەللۇسى، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى يېزىلغان. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ۋاڭ ھەم قۇمۇلدىكى ئەمەلدارلار ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش سارىيىغا كېلىپ داغدۇغىلىق نەزىر-چىراق ئۆتكۈزگەن.

مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) دىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى جەريانىدا، قۇ-مۇلدا تۇرۇۋاتقان ئۆلكە قوشۇنى شەھەر ئىچىنى ئىگىلىۋالغان. ئالتۇن، كۆمۈش تاپىمىز دەپ، 200 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە ۋاڭ ئوردىسىنى «ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ،

تۈپتۈز قىلىۋەتكەن»، ھەتتا بىرنەچچە 100 يىللىق تارىخقا ئىگە كۈتۈپخانىنىمۇ كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەن.

### 3. ئاراتام

ئاراتام تاغ تۈۋىگە جايلاشقان سۇلۇق، ھاۋاسى يىللىق، مېۋىلىك باغلىرى بار، مەنزىرىسى گۈزەل، قۇمۇل بويىچە ئاتاقلىق سەيلىگاھلارنىڭ بىرى.

قۇمۇلنىڭ 4 ـ ۋاڭى يۈسۈپ بىر قېتىم ئاراتامغا ئوۋغا چىقىپ، بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، تۆت يېزىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنى ھاشارغا تۇتۇپ، باغ ۋە يازلىق ئوردا ياساتقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاغ باغرىنى بويلاپ ئون نەچچە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا تاش قاشا تام ياستىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە سىرتتىن ئېلىپ كەلگەن ھەرخىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى قويدۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆرۈك كۆچىتى ھەممىدىن كۆپ قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ياڭاق، ئالما، ئەنجۈر، ئۈزۈملەرمۇ ئۆستۈرۈلگەن. كەڭ سايە تاشلاپ تۇرىدىغان، شاخلىرى يەرگە يېيىلىپ تۇرىدىغان بىرقانچە تۈپ يوغان ياڭاق دەرىخى ھازىرمۇ بار. يازلىق ئوردىنىڭ ئالدىدا ئۈچ ئادەمنىڭ غۇلىچى ئاران يېتىدىغان ئىككى تۈپ قارىياغاچ بار، ئۇلار ئاراتامدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممىدىن چوڭى ھېسابلىنىدۇ.

يازلىق ئوردا باغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا غەربتىن شەرققە قارىتىپ سېلىنغان، ئوردىدا 100 نەچچە ئېغىز ھەر خىل ئۆي ۋە مەسچىت بار ئىدى. يازلىق ئوردىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بىر كىچىك تۇپا تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ تۆپىسىدە ۋاڭ ئارام ئالىدىغان بىر ئايۋان بار ئىدى.

مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) دىكى قۇمۇل يېغىلىقىدا يازلىق ئوردا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، ئەمما بۇ جاينىڭ مەنزىرىسى گۈزەل بولغاچقا، يەنىلا قۇمۇلدا ئاتاقلىق سەيلىگاھ بولۇپ قېلىۋەرگەن. ھەر يىلى ئۆرۈك پىشىقىدا ئارا تامغا چىقىدىغان سەيلىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاراتام ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مەخسۇس باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دادۈيى قىلىندى. باغنىڭ كۆلىمى 1200 مودىن ئاشىدۇ.

### 4. باغداش

باغداش تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىي چوققىسى بولغان قارلىق تاغنىڭ جەنۇبىي باغرىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن 1500 نەچچە مېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.

قارلىق چوققىنىڭ ئېتىكىدە كۆل بار، كۆلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە يايلاق بار، بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى قىشتا سوغۇق، يازدا سالقىن، ھۆل ـ يېغىن كۆپ، ھەر يىلى 7 — 8 ـ ئايلاردا قۇمۇلدا تومۇز ئىسسىق بولغاندا، بۇ يەر سالقىن بولۇپ، كىشىگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ ئات ـ كالىلىرى ياز پەسلىدە باغداشنىڭ يايلىقىدا بېقىلىدۇ.

قۇمۇل ۋاڭى ئاراتامدا يازلىق ئوردا ياسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانـلارنى ھاشارغا تۇتۇش يولى بىلەن باغداشتىمۇ بىر يازلىق ئوردا ياساتقان ۋە مېـۋىلىك باغ بىنا قىلدۇرغان. تاغ ئىچىدە ۋاڭ ئۈچۈن 40 ئېـغىزلىق ئۆيى بار يازلىق ئوردا سېـلىنغان. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى قىش پەسلىدە بەك سوغۇق، ياز پەسلىدە سالقىن بولغاچقا، بىرمۇنچە دەل ـ دەرەخلەر ئاسان ئۆسەلمەيدۇ. باغچىدا، ئاساسەن، ئارپا ئالـمىسى، ئاق ئالما ۋە جىنەستە دەرەخلىرى بار، باغنىڭ كۆلىمى 100 مو دەك كېلىدۇ.

باغداشتىكى يازلىق ئوردا بىلەن باغچىمۇ مىنگونىڭ 20 ـ يىـلى (1931 ـ يىلى) دىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ۋەيران بولۇپ كەتكەن. باغداش ھەققىـدە بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق بىر قوشاق بار:

تاغمۇ تاغـلاردىن ئېگىز،
باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى.
ئۈستىدە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

5. ئاقتاش

ئاقتاش قۇمۇل بويىچە داڭدار مەنزىرىلىك جاي، شۇنداقلا كىشىلەر يازدا سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىغان گۈزەل سەيلىگاھ، ئاقتاش تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشـقان. ئۇنىڭ نامى شۇ جايدا چوخچىيىپ تۇرغان يوغان بىر ئاقتاشنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 2200 مېتر ئېگىز بولۇپ، ھۆل يېـغىن كۆپ، ئوت ـ چۆپ ياخشى ئۆسىدۇ. جەنۇب تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا قويۇق ئۆسـكەن قارىغاي ئورـمانلىقى بار. تاغ باغرىدا كەڭ كەتكەن تۈزلەڭ ئوتلاق بار. ھەر يىلى يازدا تىيانشان گۈزەللىكىدىكى ئۇيغۇر، قازاق چارۋىچىلار ماللىرىنى بۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىپ باقىـدۇ. ياپـيـېـشىل ئوتلاقتا كىگىز ئۆيلەر، ياغاچ ئۆيلەر، قوي پادىلىرى، قارىغاي ئورمانلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان.

6. خۇۋاشەن (مايمۇنتاغ)

خۇۋاشەن تاشۋېلىقتىكى يالغۇز تويۇمنىڭ بەش كىلومېتر شەرقىي ـ شىمالىغا جايـلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتر كېـلىدۇ. ئۇ يەر تۇتاش كەتكەن ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىق بولۇپ، غولىنىڭ ئىچى قۇم ـ شېـغىللىق. شۇنىڭـدەك كەلكۈن سۇيىنىڭ يالىشىدىن ھاسىل بولغان بىر ئەگرى ـ توقاي يول ئۇنىڭ ئوتتۇرـ سىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

يالىڭاچ قۇرام تاشلار ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئـۆزگىـرىـپ، خىلـمۇ خىل غەلىتە شەكىلگە كىرىپ قالـغان، بەزى تاشلار بـۇركۇتـكە ئوخـشـايـدۇ، بەزىـلـىرى ئېـيـىـققا، بەزىـلـىرى ئادەمـگە، يەنە بەزىلـىرى ئۆي قۇشلىرىغا ئوخشايـدۇ، ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا كۆرۈنۈشلەر بار، بەلكى تېخىمۇ كۆپرەك غەلىتە تاشلار بەئەينى مايمۇنغا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇ يەرگە خۇۋاشەن (مايمۇنتاغ) دېگەن نام سىڭىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمىنچى قىسىم سەھىيە. تەنتەربىيە

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇمۇلغا بىر نەپەر سەھىيە ئەمەلدارى قويۇلۇپ، داۋالاش ئىشلىرىنى باشقۇرغان. گۇاڭ شۈنىڭ 10 - يىلى (1884 - يىلى) چېچەك ئەملەش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان، شۇ يىلى بازار ئىچىدە جۇڭگو تىبابىتى دورا دۇكانلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) غەرب تىبابىتى دورىخانىلىرى، مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇشقا باشلىغان. شۇ چاغدا تىببىي داۋالاش تېخنىكا سەۋىيىسى بەك تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، دورا قىس ھەم بەك قىممەت ئىدى، ئادەتتىكى ئامما كېسەل بولۇپ قالسا، ئۆز ۋاقتىدا داۋالىنالمايتتى. كېسىلى ئېغىرلار ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، چېچەك، قىزىل، كېزىك، تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن پەردە ياللۇغى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ناھايىتى كەڭ تارقىلاتتى، زېيىنىمۇ كۆپ بولاتتى. خەلق ئاممىسى كېسەل ئازابىنى يەتكۈدەك تارتقانىدى. 1949 - يىلىغا كەلگەندە، قۇمۇلدا ئۇسكۈنىلىرى تولۇق بولمىغان ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىدىن بىرى ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى كۆلىمى ناھايىتى كىچىك جۇڭگو تىبابىتى، غەرب تىبابىتى دورا دۇكىنىدىن 18 ىلا بار ئىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردا داۋالاش ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي قۇرۇلۇپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ داۋالاش شەرت - شارائىتى ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ساقلىقنى ساقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئاممىغا زىيان سالىدىغان كۆپ پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ناھىيىدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى بولغاندىن سىرت، گۇڭشې شىپاخانىلىرى 12 گە، زاۋۇت، كان تىببىي پونكىتلىرى 18 گە، كېسەل كارىۋىتى 234 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 333 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 286 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

قۇمۇل ناھىيىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتى خېلى جانلانغان، ئۇيغۇر، قازاقلار ھېيت - بايرام ۋە توي - تۆكۈنلەردە ئۆزلۈكىدىن چېلىشىش، ئات بەيگىسى ۋە ئوغلاق تارتىشىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، يېڭىچە ئاتلېتىكا، توپ مۇسابىقىسى قاتارلىق تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئاز راق ئۆتكۈزۈلەتتى. مىنگونىڭ 27 - يىلىدىن 36 - يىلىغىچە (1938 - يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە) بولغان ئارىلىقتا بىرنەچچە قېتىملا تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈ-

زۇلگەن. دۆلتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاممىۋى تەنھەرىكەت ۋە مەكتەپ تەنتەربىيە- سى پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بولۇپمۇ ۋاسكېتبول، ۋالىبول تەنھەرىكەتلىرىنى ئاما بەك ياقتۇرىدىغان بولدى. ۋىلايەت، ناھىيە ھەر يىلى يېنىك ئاتلىتكا، توپ ۋە باشقا تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى. چېلىشىش، ئات بەيگىسىمۇ رەسمىي مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەردە قۇمۇل ناھىيىسى ۋەكىللەر كوماندىسى چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئىك ـ تاك توپ قاتارلىق مۇسابىقە تۈرلىرىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. تاشۋېلىق گۈگۈشپېشىنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

# I باب تىببىي داۋالاش

## §1. تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى

**1. دورىخانا، دورا دۇكانلىرى**

قۇمۇلدىكى تۇنجى جۇڭگو تىبابىتى دورا دۇكىنى ــ چىڭ سۇلالىسى گۇاڭ شۈنىڭ 10 - يىلى (1884 - يىلى) ئېچىلغان «تيەنچىڭدې» بولۇپ، بۇنىڭدا جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى ۋە تەييار جۇڭيى دورىلىرى تىجارەت قىلىنغان ھەمدە گەزمال، جۇۋازخانىلار قوشۇمچە باشقۇرۇلغان. 1950 - يىلى بۇ دورا دۇكىنىنىڭ نامى «يىشۇتاڭ» غا ئۆزگەرتىلگەن، 1956 - يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شىركەتچىلىكى يولغا قويۇلغان. مىنگونىڭ 15 - يىلى (1926 - يىلى) جۇڭيى دورا دۇكىنى ــ «دېشەنتاڭ» تىجارەت باشلىغان، بۇنىڭ خوجايىنى ۋۇجىيەندې ئىدى، كىشىلەر ئۇنى «چېچەكچى ۋۇئە پەندى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ، ئاساسەن جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرىنى تىجارەت قىلاتتى. قوشۇمچە «گۈل چېكەتتى» (چېچەك چىققان باللار بەدىنىدىن ئېلىنغان قەقەچ). ۋۇجىيەندې شۇ چاغلاردا ياۋا چېچەكنى داۋالايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىردىنبىر دوختۇر ئىدى. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) قۇمۇلدا تۇنجى غەرب تىبابىتى دورىخانىسى ــ «جېشىڭ دورىخانىسى» تىجارەت باشلىغان. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) دىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە جۇڭگو تىبابىتى، غەرب تىبابىتى دورا دۇكانلىرى قۇرۇلغان، ئادەتتە بىر دۇكاندا بىرلا ئادەم بولۇپ، كۆلىمى بەكلا كىچىك ئىدى. 1949 - يىلغا كەلگەندە، قۇمۇلدا ناھىيىدىكى خۇسۇسىيلار باشقۇرغان جۇڭگو تىبابىتى دورا دۇكانلىرى سەككىزگە، غەرب تىبابىتى دورىخانىلىرى ئونغا يەتتى.

### 2. قۇمۇلدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك 9 - دوختۇرخانا

بۇ دوختۇرخانا مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) قۇرۇلغان بولۇپ، دوختۇرخانىدا بىر نەپەر تاشقى كېسەللىك ۋىراچى، بىر نەپەر ئىچكى كېسەللىك ۋىراچى، بىر نەپەر تۇغۇت - ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋىراچى، سەككىز ياردەمچى سېستىرا، بىر نەپەر پىراۋىزور، بىر نەپەر فارماتسىپ بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى ۋىراچتىن ئىككىسى بار ئىدى. بۇ دوختۇرخانىدا نومۇر بۆلۈمى، ئىچكى كېسەللىك، تاشقى كېسەللىك بۆلۈمى، تۇغۇت - ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئوكۇل بۆلۈمى، دورىخانا قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ. قۇمۇل، تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ غەرب تىبابىتى ۋە غەرب تىبابىتى دورىلىرى بىلەن كېسەل داۋالايدىغان دوختۇرخانا ئىدى. دەسلەپتە كېسەللەرنى پۇلسىز داۋالىغان. مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) دىن كېيىن، ئازراق ئامبۇلاتورىيە ھەققى ئېلىش بەلگىلىنىپ، چوڭلاردىن ھەر قېتىمدا تۆت مو، بالىلاردىن ھەر قېتىمدا ئىككى مو (شىنجاڭ پۇلى) ئېلىنىدىغان بولدى.

9 - دوختۇرخانا ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە قەرەللىك ھالدا ھەر قايسى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە شەھەر - يېزىلاردىكى بالىلارغا ھەقسىز چېچەك ئەملەيتتى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) سوۋېت تەۋەلىكىدىكى دوختۇرلار كەتكەندىن كېيىن، دوختۇرخانىنىڭ دورىلىرى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، دوختۇرخانا خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك 9 - دوختۇرخانا قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

### 3. خىرىستىئان دىنى شاپائەت دوختۇرخانىسى

بۇ دوختۇرخانا مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) گەنسۇنىڭ تيەنشۈي خىرىستىئان دىني شاپائەت دوختۇخانىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلگەن، دوختۇرخانا جۇڭخۇا كوچىسىدا بولۇپ، 1950 - يىلى ئەتىيازدا رەسمىي تىجارەت باشلىغان، دوختۇرخانا باشلىقى گۇڭشۇرىن ئىدى.

1951 - يىلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە گۇڭ شۇرىن قولغا ئېلىنغانلىقتىن، دوختۇرخانىنىڭ ئىشى يېرىم يىل توختاپ قالغان. كېيىن، ھۆكۈمەت تەرتىپكە سېلىپ، نامىنى قۇمۇل خەلق ئامبۇلاتورىيىسىگە ئۆزگەرتكەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى جياجىگيوەن ئامبۇلاتورىيە باشلىقلىقىغا، ئەنگاۋشىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن.

1953 - يىل 1 - ئايدا، بۇ ئامبۇلاتورىيە قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا قوشۇۋېتىلگەن.

### 4. شىنجۇڭ بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى

1954 - يىل 9 - ئايدا، خۇسۇسىي دوختۇرخانا ئېچىۋاتقان 10 نەچچە جۇڭ-

گو تېبابىتى ۋە غەرب تېبابىتى دوختۇرلىرى تەشكىللىنىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك شىنجۇڭ بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسىنى قۇرغان، بۇ ئامبۇلاتورىيىنىڭ ئورنى تۆت كوچىدا بولۇپ، ئامبۇلاتورىيە باشلىقى جاڭيىشىڭ ئىدى. 1959 - يىلى بۇ ئامبۇلاتورىيە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا قوشۇۋېتىلگەن.

### 5. قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى

1953 - يىل 7 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك شىپاخانا قۇرۇلدى، ئۇ، ناھىيىلىك سەھىيە بۆلۈمىگە قارايتتى، بۇ شىپاخانىدا بىر نەپەر دوختۇر، ئىككى نەپەر ياردەمچى سېستىرا بولۇپ، شىپاخانىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يېزىلارغا بېرىپ سەييارە داۋالاش ئىدى.

1958 - يىلى، ناھىيىلىك شىپاخانا ئاقيەرگە كۆچۈرۈلدى، تىببىي خادىمى كۆپىيىپ 11 گە يەتتى. بۇلار بىر تەرەپتىن ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىلارغا بېرىپ سەييارە كېسەل داۋالايتتى.

1959 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك شىپاخانا ۋە ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، شىنجۇڭ بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇپ، خۇاگوشەنگە كۆچۈرۈلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئۈچ ئامبۇلاتورىيە (خۇاگوشەن، داشىزى، ئاقيەرلەردە) قۇرۇلدى. 1962 - يىلى ئاقيەر، تۆت كوچىدىكى ئامبۇلاتورىيىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1983 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ رەسمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى 129 غا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىك خادىملىرى 101 نەپەر)، يېڭىدىن 2100 كۋادرات مېترلىق ئامبۇلاتورىيە بىناسى سېلىندى. بالنىتسىدا ئىچكى، تاشقى ئاياللار، بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈملىرى، جۇڭگو تېبابىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئامبۇلاتورىيىدە ئىچكى، تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار، بالىلار، ئېغىز بوشلۇقى، تېرە كېسەللىكلىرى جۇڭگو تېبابىتى، رېنتگېن بۆلۈملىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يېڭىچە بىلەن داۋالاش، فىزىكىلىق داۋالاش، لابوراتورىيە، تەمىنلەش، ئوكۇل سېلىش، دورا يۆتكەش، دورا ياساش (جۇڭگو تېبابىتى ۋە غەرب تېبابىتى دورىلىرى) قاتارلىق سەككىز بۆلۈم ۋە جۇڭگو تېبابىتى، غەرب تېبابىتى دورىخانىسى تەسىس قىلىندى. دوختۇرخانىنىڭ مۇقىم مۈلكى 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### 6. ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى

1962 - يىلدىن بۇرۇن، ناھىيىنىڭ سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە ۋىلايەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى (ھازىرقى ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى) مەسئۇل ئىدى، 1962 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمچىسى قۇرۇلۇپ، بەش نەپەر خىزمەتچى خادىم سەپلەپ بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى توختاپ قالدى. 1974 - يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك

سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى بىلەن ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قوشۇلۇپ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قىلىندى.

1983 - يىلى، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرى 27 گە يەتتى، لابوراتورىيە بۆلۈمى، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش گۇرۇپپىسى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش گۇرۇپپىسى، ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

**7. ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى (گۇرۇپپىسى)**

1956 - يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئۈچ نەپەر خىزمەتچى خادىمى بار ئىدى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا قوشۇۋېتىلدى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن ئايرىپ چىقىپ، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئاندىن ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا ئانا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، ئالتە نەپەر خىزمەتچى خادىم سەپلەپ بېرىلدى.

**8. گۇڭشې (مەيدان) شىپاخانىلىرى، دادۋي سەھىيە پونكىتلىرى**

## (1) گۇڭشې (مەيدان) شىپاخانىلىرى

1956 - يىلى ھۆكۈمەت شەھەردىكى جۇڭگو تىبابىتى، غەرب تىبابىتى بويىچە قىسمەن يەككە دوختۇرلارنى دوختۇر ئاز، دورا كەمچىل بولغان تىيانشان رايونى ۋە تۇغۇچى رايونىغا بېرىپ تىببىي پونكىت قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغانىدى. بۇ چاغدا ئىككى پونكىتتا دوختۇر، ياردەمچى سېستىرا، فارماتسېپ بولۇپ جەمئىي ئالتە ئادەم بار ئىدى. بۇلار قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئىدى.

1959 - يىلى، گۇڭشې (مەيدان) بويىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سەككىز گۇڭشې (مەيدان) شىپاخانىسى (پونكىتى) قۇرۇلدى، بۇرۇنقى ئىككى پونكىتنى قوشقاندا، شىپاخانا (پونكىت) ئونغا يەتتى. 1960 - يىلى، گۇڭشې (مەيدان) شىپاخانىلىرى (پونكىتلىرى) كۆپىيىپ 13 كە، تىببىي خادىم 56 گە يەتتى. 1977 - يىلى، شەھەر ئەتراپى گۇڭشېسى شىپاخانىسى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. سابىق بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قارىمىقىدىكى قىزىلىيۇلتۇز 4 - دېھقانچىلىق مەيدانى، قىزىلىيۇلتۇز 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى شىپاخانىسى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1979 - يىلى قىزىلىيۇلتۇز 4 - دېھقانچىلىق مەيدان، قىزىلىيۇلتۇز 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى شىپاخانىسى يەنىلا ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1983 - يىلى، قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى شىپاخانىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى 12 گۇڭشې (مەيدان) دا شىپاخانا قۇرۇلۇپ، دوختۇر،

سېستىرالار 154 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىك خادىملىرى 138 نەپەر.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلارنىڭ سەھىيە خىزمىتى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، ئالىي تېخنىكوم ۋە تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم سەھىيە تېخنىك خادىملىرى ئارقا - ئارقىدىن يېزا شىپاخانىلىرىغا تەقسىم قىلىندى. ئەسلىدىكى كېسەك ئۆيلەر 1983 - يىلىدىن باشلاپ تەدرىجىي پىششىق خىش ۋە سېمونتتىن ياسالغان ئۆيلەرگە ئۆزگەرتىلدى. 1983 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاستانە ۋە تاشۋېلىق گۇڭشېلىرىنىڭ شىپاخانىلىرى سەھىيە خىزمىتى ئىسلاھاتى بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىندى، تۇراقسىز ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ۋەزىپە ھۆددىگە بېرىلدى.

## (2) دادۇي تىبابەت پونكىتلىرى

1955 - يىلى 23 يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپىدا ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلۇپ، 53 نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى تەربىيىلەنگەنىدى. 1958 - يىلى گۇڭشېلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قىسمەن دادۇيلەردە ساقلىقنى ساقلاش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يېزىلاردىكى سەھىيە خىزمىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دادۇيلەردىكى ساقلىقنى ساقلاش پونكىتلىرى دادۇي تىبابەت پونكىتى قىلىپ كېڭەيتىلىپ قۇرۇلدى. ھەر بىر تىبابەت پونكىتتا بىر نەپەر تىبابەت خادىم، بىر نەپەر ساقلىقنى ساقلىغۇچى سەپلەندى. 1975 - يىلى، ناھىيىدىكى 77 ئىشلەپچىقىرىش دادۇيىنىڭ 64 ىدە تىبابەت پونكىت قۇرۇلدى، 219 شياۋدۇيىنىڭ 23 سىدە ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ساقلىقنى ساقلىغۇچىلار 52 گە يەتتى. كېيىن، شياۋدۇيلەردىكى ساقلىقنى ساقلاش پونكىتلىرى تارقىتىۋېتىلدى ياكى بىر نەپەرلا ساقلىقنى ساقلىغۇچى تەسىس قىلىندى. 1983 - يىلى، ناھىيىدىكى 88 ئىشلەپچىقىرىش دادۇيىنىڭ 52 سىدە تىبابەت پونكىت بار بولدى.

**9. زاۋۇت، كان، مەكتەپلەردىكى سەھىيە پونكىتلىرى**

1963 - يىلى، ناھىيە قارمىقىدىكى زاۋۇت، كان، مەكتەپلەردە ئاران تۆت تىبابەت پونكىت بار ئىدى. 1983 - يىلى كۆپىيىپ 18 گە، تىبابەت خادىم 23 گە يەتتى.

## §2. داۋالاش ئورگانلىرى

**1. ناھىيىلىك دوختۇرخانا**

ناھىيىلىك دوختۇرخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئاددىيغىنە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بار ئىدى، 1960 - يىلى، مىكروسكوپ سەپلەپ بېرىلىپ، لابوراتورىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، قان، سۈيدۈك، چوڭ تەرەتلەرنى دائىمىي ئانالىز قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە بىر ـ ئىككىلىك تەجرىبە قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. 1962 -

يىلى، تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، بىر يۈرۈش مۇكەممەل تاشقى كېسەللىك ئوپېراتسىيە ئەسۋابلىرى ۋە رېنتگېن سەپلەپ بېرىلىپ، ئادەتتىكى ئوپېراتسىيىلەر ئىشلىنىشكە باشلىدى. 1976 - يىلى، ئېلېكترو كاردىئوگرامما ئاپپاراتى، ئۇلترا دولقۇن ئاپپاراتى ئىشلىتىلىدىغان بولدى، 1983 - يىلى، 600 مىللىئامپېرلىق رېنتگېندىن بىرى (سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن)، يۈرەك كۆزەتكۈچ ئاپپاراتىدىن بىرى (ياپونىيىدە ئىشلەنگەن)، دوپپلېر يارا تەكشۈرۈش ئاپپاراتىدىن بىرى (ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن)، 12 بارماق ئۈچەي تالالىق ئەينىكىدىن بىرى (ياپونىيىدە ئىشلەنگەن)، دورا تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىدىن بىر يۈرۈش سەپلەپ بېرىلدى.

2. گۇڭشې شىپاخانىلىرى

1956 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە، يېزىلاردا شىپاخانا قۇرۇلغان چاغدا، پلانىدوسكوپ، شپرىس ۋە قاينىتىش ئاپپاراتى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرلا بار ئىدى. 1968 - يىلىدىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن مىكروسكوپ، رېنتگېن، بەش كۆزلۈك كۆلەڭگۈسىز چىراغ قاتارلىقلار سەپلەپ بېرىلدى. 1980 - يىلىدىن كېيىن بولسا، يەنە ئېلېكترو كاردىئوگرامما ئاپپاراتى سەپلەپ بېرىلدى. 1983 - يىلى، يەتتىمقۇدۇق شىپاخانىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا 11 گۇڭشې شىپاخانىسىدا بالنىتسا تەسىس قىلىنىپ، كېسەل كارىۋىتى جەمئىي 134 كە يەتتى.

**ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بىرنەچچە يىللىق كارۋات سانىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى**

جەدۋەل 20—1

| يىل | كارۋات سانى | يىل | كارۋات سانى | يىل | كارۋات سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1964 | 50 | 1976 | 50 | 1981 | 63 |
| 1965 | 50 | 1977 | 57 | 1982 | 63 |
| 1972 | 50 | 1978 | 60 | 1983 | 100 |
| 1974 | 50 | 1979 | 60 | | |
| 1975 | 50 | 1980 | 60 | | |

ئاھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ 1983 - يىلىدىكى ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى جەدۋەل 20 — 2

| نامى | بىرلىكى | سانى | نامى | بىرلىكى | سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| 200 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن | دانە | 2 | S — CTS تىپلىق ئۇلترا دولقۇن ئاپپاراتى | دانە | 1 |
| مىكروسكوپ | " | 3 | كىچىك تىپتىكى ئۇلترا دولقۇن ئاپپاراتى | " | 1 |
| ياتما شەكىللىك يۇقىرى بېسىملىق دېزىنفېكسىيە قازىنى | " | 2 | مۇنارسىمان قايتا دېستىرلىگۈچ | " | 1 |
| مۇقىم تېمپېراتۇرلۇق ساندۇق | " | 2 | ئوتتۇرا تىپتىكى تاق ئىشىكلىك دېزىنفېكسىيە ئىشكابى | " | 1 |
| توڭلاتقۇ | " | 3 | توكتا ئىسسىتىلىدىغان مۇقىم تېمپېراتۇرلۇق قۇرۇتۇش ساندۇقى | " | 1 |
| 72 — I تىپلىق سپېكتروفوتومېتىر | " | 2 | 101 — 4 تىپلىق توكتا ئىسسىيدىغان شامالدۇرغۇچ | " | 1 |
| قۇرۇتۇش ساندۇقى | " | 3 | ئەككى خىل ئىشلىتىلىدىغان جۇڭيى ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى كەسكۈچ ماشىنا | " | 1 |
| ئېلېكترو فورېز ئاپپاراتى | " | 1 | ئۇنىۋېرسال ئوپېراتسىيە كارىۋىتى | " | 1 |
| YK — 4 تىپلىق سۈرئەتلىك ھاۋا تۇربىنىلىق چىش بۇرغىسى | " | 1 | توققۇز كۆزلۈك كۆلەڭگۈسىز چىراغ | " | 1 |
| SC — 16 تىپلىق چىش ئۇنىۋېرسال داۋالاش ماشىنىسى | " | 1 | تۆت كۆزلۈك كۆلەڭگۈسىز چىراغ | " | 1 |
| سىلىقلىغۇچ | " | 1 | ئۇنىۋېرسال ھوشسىزلاندۇرۇش ماشىنىسى | " | 1 |
| ئېلېكترو كاردىئوگرامما ئاپپاراتى | " | 2 | ئۇششاقلاش ماشىنىسى | " | 1 |
| 600 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن | " | 1 | يورۇق كۆزەتكۈچ ئاپپاراتى | " | 1 |
| دوپپلېر يارا تەكشۈرۈش ئاپپاراتى | | 1 | 12 بارماق ئۈچەي تالالىق ئەينىكى | " | 1 |
| دورا تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى | يۈرۈش | 1 | جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى | " | 1 |

گۈگشي ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى شىپاخانىلىرىنىڭ ئاددى كېسەل كارۋاتلىرىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى

جەدۋەل 20 — 3

| يىل | گۈگشي شىپاخانىلىرى | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى شىپاخانىلىرى | يىل | گۈگشي شىپاخانىلىرى | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى شىپاخانىلىرى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | 7 | — | 1975 | 62 | 12 |
| 1960 | 60 | — | 1976 | 105 | 12 |
| 1961 | 13 | — | 1977 | 100 | 65 |
| 1962 | 25 | — | 1978 | 145 | — |
| 1963 | 24 | — | 1979 | 150 | — |
| 1964 | 33 | — | 1980 | 150 | — |
| 1965 | 55 | — | 1981 | 126 | — |
| 1972 | 40 | 13 | 1982 | 126 | — |
| 1974 | 40 | 13 | 1983 | 134 | — |

گۈگشي شىپاخانىلىرىنىڭ 1983- يىلدىكى ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى

جەدۋەل 20 — 4

| نامى | بىرلىكى | سانى | نامى | بىرلىكى | سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| 15 - 150 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن | دانە | 10 | بەش كۆزلۈك كۆلەڭگىسىز چىراغ | دانە | 12 |
| 1500 ھەسسىلىك مىكروسكوپ | " | 11 | ئوكسىگېن تۇڭى | " | 14 |
| ئېلېكترو كاردىئوگرامما ئاپپاراتى | " | 3 | ئەسۋاب ساندۇقى | " | 10 |
| تىكلىمە دېزىنفېكسىيە قازىنى | " | 13 | دېستىرلىگۈچ | | 5 |
| ئاددىي ئوپېراتسىيە كارۋىتى | " | 12 | | | |

## §38. داۋالاش تېخنىكىسى

### 1. غەرب تىبابىتى

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) دىن بۇرۇن ناھىيە تەۋەسىدە غەرب تىبابىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يوق ئىدى. قۇمۇلدا ئۆلكىلىك ۋە دوختۇرخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەرب تىبابىتى دوختۇرلىرىمۇ ئاممىنىڭ كېسىلىنى كۆرىدىغان بولدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) دىن كېيىن، شىنىيا دورىخانىسى، جېنشىڭ دورىخانىسى، غەربىي شىمال دورىخانىسى قاتارلىق 10 غەرب تىبابىتى دورىخانىسى ئارقا - ئارقىدىن تىجارەت باشلىدى. دورىخانا جىڭلىسى دوختۇرلۇقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، كېسەل داۋالىغاچ دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ چاغلاردا تىببىي داۋالاش سەۋىيىسى بەك تۆۋەن بولۇپ، ئادەتتىكى كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنىلا داۋالىيالايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەككە دوختۇرلارنى بىرلىشىپ دوختۇرلۇق قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. بۇ چاغدا پۈتكۈل داۋالاش سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەنرەك ئىدى. 1962 - يىلى تۇنجى قېتىم ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا تىببىي شۆبىنى پۈتتۈرگەن ئىككى نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تەقسىم قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا جايدىن داۋاملىق بىرنەچچە تىببىي خادىم يۆتكەپ كېلىندى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش سەۋىيىسى ئۆستى. 1962 - يىلى، تاشقى كېسەللىك ئوپېراتسىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، تۇنجى قېتىم سۇقۇر ئۈچەي ئوپېراتسىيىسى ئىشلەندى، ئۇنىڭدىن كېيىن، چۇقۇقنى ياماش، ئۇرۇقدانىنى ئېلىۋېتىش، خىلاب پەردىسىدە سۇ يىغىلىپ قېلىشنى ئۆرۈپ تىكىش ئوپېراتسىيىسى، چوڭ يوشۇرۇن ۋېنانى بوغۇش ئوپېراتسىيىسى، بوۋاسىرنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، قورساقنى يېرىپ تەكشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەندى. 1964 - يىلى، دوختۇرخانىنىڭ ياردىمى بىلەن، تۇنجى قېتىم ئاشقازاننى كېسىپ ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىندى، 1975 - يىلى، باشقا جايغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن سۆڭەك كېسەللىكى دوختۇرى قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى يىلى، شىنجاڭ تىببىي شۆبىدىن ۋىراچلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۇنجى قېتىم بەل ئومۇرتقىسى تۇبېركۇليوز كېسەللىك ئۇچىقىنى تازىلاش ئوپېراتسىيىسى ئىشلەندى ھەمدە ئوخشاش خىل غەيرى تەن سۆڭىكىنى كۆچۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دوختۇرخانا ئۆز ئالدىغا بىرنەچچە سۆڭەك تۇبېركۇليوزىغا گىرىپتار بولغان كېسەللەرنى داۋالىدى. 1977 - يىلى، ئۇن تارتىش ماشىنىسى ئوڭ بىلەك سۆڭىكى بىلەن يان بىلەك سۆڭىكىنى ئۈزۈۋەتكەن، پەقەت ئازراق تېرىسى ۋە يۇمشاق توقۇلمىسىلا تۇتۇپ قالغان بىر كېسەلنى داۋالاشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1980 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە، دوختۇرخانا ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ ھەرقايسى كېسەللىك بۆلۈملىرىدىكى دوختۇرلارنى

باشقا جايغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى، بۇ دوختۇرلار بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دوختۇرخانىدىكى ھەرقايسى كېسەللىك بۆلۈملىرىنىڭ داۋالاش سەۋىيىسىدە يېڭى ئۆسۈش بولدى.

گۇڭشې شىپاخانىلىرى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، ئادەتتىكى كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنىلا داۋالىيالايتتى، كېيىن، سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنى سەپلەش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىشكە ئەگىشىپ، داۋالاش سەۋىيىسى تەدرىجىي ئۆستى. 1983-يىلى، سەككىز گۇڭشې شىپاخانىسى ئۈچ چوڭ دائىمىي قائىدە بويىچە لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى قىلالايدىغان، ئۈچ گۇڭشې شىپاخانىسى ئېلېكترو كاردىئوگرامما ئاپپاراتى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى. ئون گۇڭشې شىپاخانىسىغا رېنتگېن سەپلەپ بېرىلدى. ئاستانە گۇڭشې شىپاخانىسىنىڭ كۆز كېسەللىكى بۆلۈمى بىلەن شەھەر ئىچى گۇڭشې شىپاخانىسىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكى بۆلۈمى مەلۇم داۋالاش سەۋىيىسىگە ئىگە.

### 2. جۇڭگو تىبابىتى

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلى (1762-يىلى)دىن بۇرۇن، قۇمۇلدىكى ھەربىي گازارمىدا ھۆكۈمەت دوختۇرىدىن ئىككى كىشى بار ئىدى، بۇلار قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قىسمىدىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنى داۋالايتتى. چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلى 2-ئايدا بىر دوختۇر قىسقارتىۋېتىلگەن، بىر ئادەم بىر ئايدا ئىككى كىشىلىك ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئالاتتى. بىر ئادەمنىڭ بىر يىللىق تەمىناتى 60 سەر تەڭگە ئىدى.

مىنگو دەۋرىدە، جۇڭگو تىبابىتى خادىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئالدىغا دوختۇرلۇق قىلاتتى، بەزىلىرى تيەنچىڭدې دورا دۇكىنىغا ئوخشاش دورا دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ كېسەل كۆرەتتى، بەزىلىرى دېشەنتاڭ دورا دۇكىنىغا ئوخشاش دورا ساتقاچ قوشۇمچە دوختۇرلۇق قىلاتتى، يەنە بەزىلىرى جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرى ۋاڭ جوچې، بەي زەنجاڭ، ۋاڭ فۇتاڭ، لۇكېجىڭ قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشىكىگە ۋېۋىسكا ئېسىپ كېسەل كۆرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو تىبابىتى ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، 1954-يىلى، ئۆز ئالدىغا دوختۇرلۇق قىلىدىغان كۆپ ساندىكى جۇڭگو تىبابىتى تېۋىپلىرى شىنجۇڭ بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسىگە قاتناشتى. 1959-يىلى، بۇ ئامبۇلاتورىيە ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا قوشۇۋېتىلىپ، جۇڭگو تىبابىتى بۆلۈمى بولۇپ قۇرۇلدى. مەلۇم ئابرويى بار پىشقەدەم جۇڭگو تىبابىتى تېۋىپلىرىدىن لى زىجاڭ، تەي مىرو ۋە شى ۋېنشۈەن قاتارلىقلار جۇڭگو تىبابىتى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋىراچلىرى بولۇپ، ئىچكى كېسەللىك، بالىلار، ئاياللار كېسەللىكلىرىدە دىئاگنوز قويۇپ داۋالاشنى قانات يايدۇردى. 1979-يىلدىن كېيىن، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن بىر نەچچە جۇڭگو تىبابىتى تېۋىپلىرى دوختۇرخانىغا خىزمەتكە كەلدى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو تىبابىتى قوشۇنى زورايدى، داۋالاش سەۋىيىسى ئۆستى.

## 4§. داۋالاش تۈزۈملىرى

### 1. دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش

1952-يىلى، جۇڭگو يۈەن «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قارمىقىدىكى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دۆلەت خادىملىرىنى دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالاش، كېسەللىككە ئالدىنى ئېلىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا يوليورۇق»نى تارقاتتى. 1953-يىلى قومۇل ناھىيىسىدە دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى يولغا قويۇشنى باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ناھىيىلىك شىپاخانا ۋە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا دۆلەت خىراجىتى بىلەن كېسەل كۆرسىتىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 1954-يىلى 528 كادىر، ئىشچى-خىزمەتچى دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالاندى، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 7248 يۈەن داۋالاش خىراجىتى چىقىم قىلىندى. 1957-يىلى، ھەربىر كىشىنىڭ يىللىق داۋالىنىش خىراجىتى 30 يۈەن قىلىپ بەلگىلەندى. 653 كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش پۇلى جەمئىي 19 مىڭ 590 يۈەن بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە 11 مىڭ 880 يۈەن چىقىم قىلىنىپ، 7719 يۈەن تېجەپ قىلىندى.

1980-يىلدىن كېيىن، داۋالاش خىراجىتى يىلمۇ يىل ئېشىپ كەتكەچكە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارە، ئورۇنلاردىكى كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغىلا كېسەل كۆرسىتىشىنى بەلگىلىدى. خىراجەت ھېسابلاش ئۇسۇلى ھەر خىل بولدى: بەزى ئورۇنلار دوختۇرخانا بىلەن توختام ئىمزالاپ، كېسەل كۆرسەتكەندە ھېسابلاپ بېرىپ قويۇش شەكلىنى، بەزى ئورۇنلار كېسەل كۆرسەتكەندە شەخسلەر ئۆزى نەق پۇل تۆلەپ، ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دوختۇرخانىنىڭ تالونىغا ئاساسەن ئاتچوت قىلىش شەكلىنى قوللاندى. دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالاش راسخوتى 1979-يىلى 70 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1980-يىلى 125 مىڭ يۈەن، 1981-يىلى 85 مىڭ يۈەن، 1982-يىلى 126 مىڭ يۈەن، 1983-يىلى 194 مىڭ يۈەن بولدى. 1984-يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە دۆلەت ئورگانلىرى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كەسپىي ئورۇنلاردىكى 3142 كادىر-ئىشچى-خىزمەتچى دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالاندى.

### 2. ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش

ھەرقايسى تارماقلار ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە قارىتا، ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1983-يىلى، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىن ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن

بولىدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر 2673 كە، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى ئورۇنلاردىن ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولغان ئىشچى-خىزمەتچى 3142 گە يەتتى، خىراجەتنى ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزلىرى تەييارلىدى.

3. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش

1959-يىلىدىكى گۈڭشېلاشتۇرۇش دولقۇنىدا، ناھىيە ئومۇمىي خەلق ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى، كېيىنكى چاغلاردا خەلق گۈڭشېسىنىڭ مالىيە كۈچى چەكلىك بولغاچقا، ئۈزۈن ئۆتمەيلا توختىتىپ قويۇلدى.

مەركەز، 1962-يىلى، «يېزا خەلق گۈڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» (60-ماددا)نى تارقاتتى، گۈڭشې شىپاخانىلىرى (پونكىتلىرى) «كېسەل كۆرگەندە ھەق ئېلىش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش» چارىسىنى قوللاندى. 1968-يىلى، ناھىيىدىكى ھەرقايسى گۈڭشېلاردا دادۈي ھېسابات بىرلىكى قىلىنىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلدى، داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىش دۈيى پاراۋانلىق فوندىدىن ئاجراتتى، تۆتتىن بىر قىسمىنى گۈڭشې ئەزالىرى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالدى. كۆپلىگەن نامرات دۈيلەر داۋالاش خىراجىتىنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسمەن گۈڭشې ئەزالىرى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتنىشىشنى خالىمىغانلىقتىن، 1972-يىلىغا كەلگەندە، تىيانشان، غەربىي تاغ، ئاستانە گۈڭشېلىرى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى داۋاملىق يولغا قويغاندىن سىرت، قالغان گۈڭشېلار ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى توختىتىپ قويدى. 1974-يىلى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پۈتۈن ناھىيىدىكى 77 ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىنىڭ 61 دىدە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. 1975-يىلى تەرەققىي قىلىپ 75 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە گۈڭشې ئەزالىرىنىڭ 95 پىرسەنتى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتى.

يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، كۆپلىگەن دادۈيلەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ توختىتىپ قويدى. 1982-يىلى ناھىيە بويىچە، 85 ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىنىڭ 52 سىدە تىببىي پونكىت بولۇپ، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى يولغا قويغان دادۈي ئاران 24 كىلا يەتتى. 1983-يىلى، ھەرقايسى دادۈيلەرنىڭ تىببىي پونكىتلىرىدا كۆپ خىل ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان داۋالىنىش تۈزۈملىرى مەيدانغا كەلدى. ناھىيىدىكى 52 دادۈي تىببىي پونكىتى (بۇنىڭ ئىچىدە گۈڭشې شىپاخانىسى ھۆددىگە ئالغىنى بىر، يەككىلەر ئاچقىنى بىر) دىن تاشقىرى، گۈڭشې غەربىي يول دادۈي تىببىي پونكىتى ھەقسىز داۋالاشنى يولغا قويغاندىن سىرت، قالغانلىرى ھەق ئېلىپ كېسەل كۆردى.

## 5§. تىببىي داۋالاش قوشۇنى

**1. دۆلەت سەھىيە - تېخنىك خادىملىرى**

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەھىيە قوشۇنىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 1953 - يىلى، ناھىيىلىك شىپاخانا بىلەن شىنجۇڭ بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسىدىكى تىببىي خادىملار 18 ئىدى.

1959 - يىلى، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكى تىببىي خادىملار 25 كە، گۇڭشې شىپاخانىلىرىدىكى تىببىي خادىملار 30 غا يەتتى.

1983 - يىلى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، 12 گۇڭشې (مەيدان) شىپاخانىسى، زاۋۇت، كان، مەكتەپ، سەھىيە پونكىتلىرىدىكى سەھىيە خادىمى 333 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە - تېخنىك خادىمى 286، مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى 29، ئىشچى - خىزمەتچى 18، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىڭ ئادەمگە ئۈچ - تۆتتىن سەھىيە - تېخنىك خادىم توغرا كەلدى.

**2. يېزا دوختۇرلىرى**

1968 - يىلى، يېزا سەھىيە خادىملىرى، ساقلىقنى ساقلىغۇچىلارنىڭ نامى «يالىڭاياق دوختۇر» غا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە، گۇڭشېلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يالىڭاياق دوختۇرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئاچتى. 1975 - يىلى، ناھىيە بويىچە يالىڭاياق دوختۇرلار 176 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە قازاق يالىڭاياق دوختۇر 16 نەپەر. يالىڭاياق دوختۇرلارنىڭ داۋالاش سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يەنە 80 نەپەر يالىڭاياق دوختۇر قايتا تەربىيىلەندى. 1978 - يىلدىكى يالىڭاياق دوختۇر 173 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قايتا تەربىيىلەنگەنلىرى كۆپىيىپ 131 گە يەتتى. 1982 - يىلدىكى يالىڭاياق دوختۇرلار 163 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە قازاق يالىڭاياق دوختۇرلار 107 نەپەر، 8 - ئايدا، ناھىيىلىك سەھىيە بۆلۈمى ناھىيىدىكى يالىڭاياق دوختۇرلاردىن ئىمتىھان ئالغاندا، 99 يالىڭاياق دوختۇرنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتلىك بولۇپ، يېزا دوختۇرى گۇۋاھنامىسىگە ئىگە بولدى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر سەھىيە خادىمى دەپ ئاتالدى. ناھىيە بويىچە 52 دادۈيدىكى سەھىيە پونكىتلىرىغا 99 نەپەر يېزا دوختۇرى، 46 نەپەر سەھىيە خادىمى قوبۇل قىلىندى.

يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزا دوختۇرلىرى ۋە سەھىيە خادىملىرى كىرىمىنىڭ كېمىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ناھىيە سەھىيە كەسپىي خىراجىتىدىن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، يېزا دوختۇرلىرى ۋە سەھىيە خادىملىرىغا نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم بەردى، دېمەك، يېزا دوختۇرلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىر ئايدا 20 يۈەن، سەھىيە خادىملىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىر ئايدا 10 يۈەن نورمىلىق ياردەم بەردى. يېزا دوختۇرلىرى ۋە سەھىيە خادىملىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

جەدۋەل 20 — 5

## ناھىيە بويىچە 1983- يىلىدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى

| تۈرى / ئاپپارات نامى | خادىملار ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: سەھىيە تېخنىك خادىملىرى | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى | باشقا ئىشچى — خىزمەتچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار | | | | | ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار | | | | | | | | باشقىلار | | | | | | |
| | | | غەرب تىبابىتى ۋىراچى | سېستىرا | غەرب تىبابىتى پىراۋىزورى | لابورانت ۋىراچى | باشقا خادىملار | جۇڭگو تىبابىتى فىلدشېرى | غەرب تىبابىتى فىلدشېرى | ياردەمچى سېستىرا | تۇغۇت ئانىسى | جۇڭگو تىبابىتى فارماتسېۋتى | غەرب تىبابىتى فارماتسېۋتى | لابورانت فىلدشېر | باشقا خادىملار | پىرووۇشچىلار | جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرى | غەرب تىبابىتى دورىگەردى | لابورانت | باشقىلار | | |
| قۇمۇل ناھىيىلىك دوختۇرخانە | 129 | 101 | 18 | 3 | 1 | 2 | 5 | 4 | 12 | 36 | 2 | 1 | 5 | 1 | | 2 | 2 | 3 | | 4 | 15 | 3 |
| ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 27 | 24 | 4 | | | | | | 14 | | | | | 2 | | | | | 1 | 3 | 2 | |
| تاشۆيلىق گۇڭشې شىپاخانىسى | 18 | 16 | 1 | | | | | 1 | 8 | 1 | | | | | | 2 | 1 | | | 2 | 1 | |
| ئاستانە گۇڭشې شىپاخانىسى | 22 | 21 | 2 | | | | | 1 | 7 | 1 | | | 1 | 1 | 2 | 4 | | 1 | | 1 | 1 | |
| قارادۆۋە گۇڭشې شىپاخانىسى | 13 | 12 | 1 | | | | | | 5 | | | | 1 | 1 | | 3 | | | | 1 | 1 | |
| پالۋانتۇر گۇڭشې شىپاخانىسى | 20 | 17 | 3 | | | | | 2 | 4 | 4 | | | | 1 | | 1 | | 1 | | 1 | 2 | 1 |
| راھەتباغ گۇڭشې شىپاخانىسى | 16 | 14 | 2 | | | | | | 7 | 3 | | | | | | 1 | | | 1 | 1 | 2 | |
| بۇغاز گۇڭشې شىپاخانىسى | 10 | 9 | | | | | | 1 | 3 | 1 | 1 | | | | | | | | 1 | 2 | 1 | |
| شەھەرئىچى گۇڭشې شىپاخانىسى | 12 | 10 | 3 | | | | | 1 | 3 | 1 | 1 | | | | | | | | | | 2 | |
| بولۇڭتوغراق گۇڭشې شىپاخانىسى | 11 | 10 | | | | | | | 5 | | | | | | 1 | 3 | | 1 | | | | 1 |
| تىيانشان گۇڭشې شىپاخانىسى | 13 | 12 | 2 | | | | | | 5 | 3 | 1 | | | | | 1 | | | | | 1 | 1 |
| غەربىي تاغ گۇڭشې شىپاخانىسى | 11 | 9 | | | | | | | 8 | | | | | | 1 | | | | | | 1 | |
| يەتتەقۇدۇق گۇڭشې شىپاخانىسى | 2 | 2 | | | | | | 1 | | | | | | | | | | | | 1 | | |
| قويلۇق چارۋىچىلىق مەيدانى شىپاخانىسى | 6 | 6 | | | | | | | 1 | | | | | | 1 | | 1 | | | 3 | | |
| زاۋۇت، كان، مەكتەپ سەھىيە پونكىتلىرى | 23 | 23 | 3 | | | | | | 10 | | | | | 1 | | 2 | | | | 7 | | |
| ئومۇمىي جەمئىي | 333 | 286 | 39 | 3 | 1 | 2 | 5 | 11 | 82 | 50 | 5 | 1 | 7 | 7 | 5 | 19 | 4 | 6 | 3 | 26 | 29 | 6 |

باشقا كىرىمىي سىرتىقا چىقىپ كېسەل كۆرۈش ھەققى، نومۇر پۇلى، ئوكۇل ھەققى ۋە دورا باھا پەرق ھەققىدىن ھەل قىلىنىدى.

3. خەلق ئىچىدىكى دوختۇرلار

قۇمۇل ناھىيىسىدە بىرقەدەر داڭقى چىققان خەلق ئىچىدىكى دوختۇرلاردىن پەتۇللا سوپى، ۋاڭ يۈنتيەن، شۇلىچىلىك، ۋاڭ جۇچې (شەخسلەر تەزكىرىسىگە قارالسۇن) قاتارلىقلار بار. پەتۇللا سوپى، ئۇيغۇر، ئەر، قۇمۇل ناھىيىسى قارادۆۋە گۇڭشې لاپچۇق دادۇيىسىدىن بولۇپ، مىنگونىڭ 10-يىلى (1921-يىلى) تۇغۇلغان. پەتۇللا سوپىنىڭ بوۋىسى ۋە دادىسى خەلق ئىچىدە داڭقى چىققان تېڭىقچى ئىدى. پەتۇللا سوپى كىچىك چېغىدىن تارتىپ دادىسىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگەنگەن، 18 يېشىدا ئۆز ئالدىغا تېۋىپلىق قىلىشقا باشلىغان، 1955-يىلى، ۋىلايەتلىك سەھىيە بۆلۈمى ئۇنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ تېڭىقچىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرغان. 1960-يىلى، ئۆزلۈكىدىن خىزمەتتىن ئايرىلىپ قارادۆۋىگە قايتىپ كېتىپ ئۆز ئالدىغا تېۋىپلىق قىلغان. ئۇنىڭ تېۋىپلىق تېخنىكىسى يىراق-يېقىنلاردا داڭق چىقارغان. ئۇنىڭ تېخنىكىسىغا قىزىقىپ كېسەل داۋالىتىدىغانلارمۇ كۆپ. 1979-يىلى، خېبېي ئۆلكىسى خەندەن ۋىلايىتىدىكى بەل ئومۇرتقىسى سۇنۇپ كېتىپ 13 يىل پالەچ بولۇپ قالغان بىر ئاغرىقنى پەتۇللا سوپى بىرنەچچە ئاي كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولغان. 1983-يىلى، پەتۇللا سوپى بېيجىڭ جۇڭگو تىبابىتى تەتقىقات يۇرتى سۆڭەك زەخىملىنىش تەتقىقات ئورنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مىڭ نەچچە يۈز خەتلىك تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىققان.

ۋاڭ يۈنتيەن، خەنزۇ، ئەر، سەندۇڭ ئۆلكىسى سەيياڭ ناھىيىسىدىن. گۇاڭشۈنىڭ 28-يىلى (1902-يىلى) تۇغۇلغان. 1969-يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن قۇمۇلدا ۋاپات بولغان. ۋاڭ يۈنتيەن مىنگونىڭ 11-يىلى (1922-يىلى) دىن بۇرۇن سەندۇڭنىڭ سەيياڭ ناھىيىسىدە دادىسىدىن جۇڭگو تىبابەتچىلىكىنى ئۆگەنگەن. مىنگونىڭ 12-يىلى (1923-يىلى) ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قېچىپ شەرقىي شىمالغا كەلگەن، كېيىنكى چاغلاردا رېنشېڭ يىغۋېتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا كىرىپ قالغان، مىنگونىڭ 18-يىلى (1929-يىلى) نىڭ ئالدى-كەينىدە شىنجاڭغا قايتۇرۇلغاندا، قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزىسىدا ماكانلىشىپ، كۆكتات تېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان، قۇشۇمچە جۇڭگو تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان. ۋاڭ يۈنتيەن ئاساسلىقى تېڭىقچىلىق ۋە يىڭنە بىلەن داۋالاشتا داڭق چىقارغان. سۆڭىكى سۇنغان كېسەللەرنىڭ سۆڭىكىنى قول بىلەن ئوۋۇلاپ ئىزىغا چۈشۈرگەندىن سىرت، يەنە قاننى جانلاندۇرۇپ، قان قېيىشنى راۋانلاشتۇرىدىغان جۇڭگو تىبابىتى دورىلىرى بىلەن داۋالىغان. سۇنۇقنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ، يا قاننى جانلاندۇرۇپ، قان قېيىشنى يوقىتىشنى ئاساس قىلىدىغان، يا قۇۋۋەتنى تولۇقلاپ، قاننى جانلاندۇرۇپ، پەي-تارامۇشلارنى بوشىتىشنى ئاساس قىلغان ۋە ياكى جىگەر، بۆرەك، تالنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشنى ئاساس قىلغان دو-

www.uyghurkitap.com

رىلارنى ياسىغان. ئۇۋالما سۇنۇقلار بولسا، مۇددەتكە بۆلۈپ داۋالىغاندىن سىرت، يەنە سىرتىدىن دورا چاپلىغان.

شۇچىلىڭ، خەنزۇ، ئەر، قۇمۇل ناھىيىسى تاشۆيلۈق گۇڭشې چېگىشىدادۇي 4 - دۈيـ دىن،گۇاڭشۈنىڭ 27 - يىلى (1901 - يىلى) تۇغۇلغان. 1979 - يىلىكېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان. شۇچىلىڭ سۇنۇق داۋالاشقا ئۇستا بولۇپ، يىراق - يېقىنلاردا داڭقى چىققان، ئۇ، تاشۆيلۈق ۋە بۇلۇڭتۇغراق ئەتراپىدىكى مەلۇم ئەزايى سۇنغان بىمارلارنى داۋالايتتى.

# II باب تىببىي دورىلار

## §1. دورا بىلەن تەمىنلەش

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى)دىن بۇرۇن قۇمۇلدا غەرب تىبابىتى دوختۇرلىرى ۋە غەرب تىبابىتى دورىلىرى يوقىدى. پەقەت بىرنەچچە جۇڭگو تىبابىتى دورا دۇكانلىرىلا بار ئىدى. سېتىلىدىغان جۇڭگو تىبابىتى ئوت - چۆپ دورىلىرى ۋە تەييار دورىلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن تۆگە، ئات بىلەن توشۇپ كېلىنەتتى، تۈرىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۆلكىلىك 9 - دوختۇرخانا قۇمۇلدا قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەرب تىبابىتى دوختۇرلىرى، ۋە غەرب تىبابىتى دورىلىرى بار بولدى. ئېھتىياجلىق دورىلارنى ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسىنىڭ دورىخانىسى تەقسىم قىلاتتى (دورىلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن). مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقى دورا بىلەن تەمىنلەشنى توختاتقاندىن كېيىن، شىنيا قاتارلىق 10 غەرب تىبابىتى دورىخانىلىرى ئىلگىرى ــ ئاخىر تىجارەت باشلىدى، سېتىلىدىغان دورىلار، ئاساسەن، شاڭخەيدىن كەلتۈرۈلەتتى. شۇ چاغدا بىر تەڭگىگە بەش تاللا ئاسپىرىن سېتىۋالغىلى بولاتتى. بىر قۇتا 100 مىڭ بىرلىك پېنىتسىللىن (چىڭمىسۇ) نىڭ باھاسى 12 تەڭگە ئىدى، ئادەتتىكى ئاۋاما دورىنىڭ قىممەتلىكىدىن ھەيران قېلىپ دورىخانىغا يېقىنمۇ بارالمايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1956 - يىلىدىن كېيىن، دۆلەت خەلقنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن دورا باھاسىنى بىرنەچچە قېتىم چۈشۈردى، ناھىيە، گۇڭشې دوختۇرخانىلىرىغا لازىملىق دورىلارنى ۋىلايەتلىك تىببىي دورا شىركىتى توپ سېتىش باھاسى بويىچە سېتىپ بەردى.

## §2. دورا ماتېرىياللىرى بايلىقى

قۇمۇل ناھىيىسىدە سۈنئىي ئۆستۈرۈلىدىغان جۇڭگو تىبابىتى دورىسىدىن پەقەت زاراڭزا چېچەكلا بار. زاراڭزا، ئاساسلىقى، ياغلىق زىرائەت بولۇپ، زاراڭزا چېچىكى

قوشۇمچە مەھسۇلات، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەھسۇلاتمۇ يۇقىرى ئەمەس. يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، زاراڭزىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەنرەك بولغاچقا، ئانچە تېرىلمايدىغان بولدى.

ياۋا جۇڭگو تىبابىتى دورىسى بايلىقى بىر قەدەر مول، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇخىل ئۆسۈملۈك جەمئىي 143 خىللغا يېتىدىكەن، كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قان تېپەر، پەربۇن، چيەنخۇ (كىيىك بالدىرغىنى)،كەۋرەك، رەۋەن، ماۋرانچېن، يالپۇز، قېرىقىز، جۇلاغ، تاغ لەيلىسى، دايۇن (توشقان زەدىكى) قاتارلىقلار بار. چاكاندا بىلەن چۈچۈكبۇيىنىڭ زاپىسى ئەڭ كۆپ. چاكاندا تىيانشان، غەربىي تاغ. تاشۋىلىق، يەتتەقۇدۇق، شىڭشىڭشيا قاتارلىق جايلارغا تارالغان بولۇپ، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 250 مىڭ مو، ئومۇمىي زاپىسى تەخمىنەن 87 مىڭ 500 توننىغا يېتىدۇ. قۇمۇل قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتى 1973 - يىلى 300 توننا، 1979 - يىلى 400 توننا، 1980 - يىلى 2000 توننا، 1981 - يىلى 1100 توننا چاكاندا سېتىۋالدى. 1981-يىلى ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ چاكاندا كولاپ قىلغان كىرىمى 286 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چۈچۈكبۇيا شورتاڭ يەرگە تارالغان. 1980 - يىلى ناھىيە بويىچە 104 توننا چۈچۈكبۇيا سېتىۋېلىندى، قىممىتى 81 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1981 - يىلى 183 توننا سېتىۋېلىنىپ، قىممىتى 104 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چاكاندا، چۈچۈكبۇيىلار قارىغۇلارچە قېزىلىغاچقا، چۆل - جەزىرىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى گۇڭشېلار چەكلەش تەدبىرى قوللانغاندىن كېيىن، سېتىۋېلىنىدىغان چاكاندا، چۈچۈكبۇيا مەھسۇلاتى ئازايدى.

## §3. دورا ياساش

دورا ياساش قۇمۇل رايوندا 50 - يىللاردا باشلانغان. ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1950 - يىلدىن باشلاپ غەرب تىبابىتى دورىلىرىنى ياسىغان. كېيىن يىلمۇ يىل تەرەققىي قىلدۇردى، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەرخىل ئېرىتمە، مەلھەم، مىكروبسىزلاندۇرۇلغان دورىلار، ئوكۇل دورىلىرى، سۇنۇق، كۆز دورىسى، جۇڭگو تىبابىتى ئۆسۈملۈك دورىلىرى بولۇپ ئاز كەم 100 خىل دورا ياسىدى. 1971 - يىلى قىزىلىيۇلتۇز دورا زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇ، ئاساسلىقى، ئېفېدرىن ھىدرو خلورىد، ئېشەك يېلىمى ۋە بارىي سۇلفىد ئىشلەپچىقىرىدۇ، قۇمۇل ناھىيىسىدە دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇندىن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن ناھىيىلىك دورا زاۋۇتىلا بار.

قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دورا ئىشلەپچىقىرىشى 1963 - يىلى باشلانغاندى، كېيىنكى چاغلاردا توختىتىپ قويۇلدى. 1972 - يىلى دورا ئىشلەپچىقىرىش يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىلغان غەرب تىبابىتى دورىلىرى تۆۋەندىكىچە: يىلىغا 200 مىڭ مىللىلىتىر ھەرخىل مىكىستۇرا، 30 مىڭ مىللىلىتىر شېكەر-

لىك قىيام، سەككىز كىلوگرام پاراشوك دورا، 20 مىڭ مىللىلىتېر ھەرخىل ئىپرىتمە، 20 مىڭ مىللىلىتېر ھەرخىل تازىلىغۇچى ياسالما، 2000 مىللىلىتېر سۈرتكۈچى دورا، 5000 مىللىلىتېر ئىسپىرتلىق ياسالمىلار، 1000 مىللىلىتېر تىنىكتۇرا، 1000 گىرام مايلىق دورا، 1000 گرام زىمات، بەش كىلوگىرام مەلھەم، 0.5 كىلوگرام قاتتىق مەلھەم، 1000 گرام گلىتسېرىن، 50 مىڭ ئامپۇل سۇيۇق ئوكۇل دورىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 1981 - يىلى يۇقىرىدىكى دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىش توختىتىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئاسما ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان گلۇكوزا، تۇز سۈيى، فىزىئولوگىيىلىك تۇز سۈيى، ئۇركۇل سۈيى ۋە يۇقىرى ئوسمۇسلۇق تۇز سۈيى قاتارلىقلارنىلا ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. بۇلار بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىگەندىن سىرت، يەنە ھەرقايسى گۇڭشې شىپاخانىلىرىنىمۇ تەمىنلىدى.

قۇمۇل ناھىيىلىك جۇڭگو تىبابىتى دورا زاۋۇتى 1973 - يىلى قۇرۇلۇپ، ئىككىنچى يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، شۇ يىلى 10 مىڭ كورۇپكا يىڭچاۋجېدۇۋەن كۇمۇلچى، 559 كورۇپكا چىڭگۇڭۋەن كۇمۇلچى، 810 كورۇپكا چۈيفېڭدىڭكېۋەن كۇمۇلچى، 269 كورۇپكا چىڭگەنۋەن كۇمۇلچى، 467 كورۇپكا بۇجۇڭيىچىۋەن كۇمۇلچى ئىشلەپچىقاردى. 1975 - يىلى 1103 كورۇپكا لىيۇۋىدىخۇاڭۋەن كۇمۇلچى، 698 كورۇپكا نىۋەنۇبيىۋەن كۇمۇلچى، 525 كورۇپكا بۇيىچىڭگەنۋەن كۇمۇلچى، 860 بولاق يىڭچاۋجېدۇۋەن كۇمۇلچى، 1210 بولاق خوشاڭجېڭچىۋەن كۇمۇلچى، 640 بولاق داڭگۈيبۇشۆۋەن كۇمۇلچى، 50 مىڭ قۇتا داڭگۈي تابلېتكىسى، كۇشىن تابلېتكىسى (بىر قۇتىغا 50 تال قاچىلىنىدۇ)، ئۈچ مىڭ قۇتا ماشىڭ يۆتەل قىيامى (بىر قۇتىغا 100 مىللىلىتېر قاچىلىنىدۇ) ئىشلەپچىقىرىلدى. باشقا يىللاردا ئازراق تابلېتكىلىق دورىلار ئىشلەندى. 1981 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى.

# III باب يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش

## §18. ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى سېلىش

### 1. خولېرا

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىدە خولېرا كېسەللىكى كۆرۈلمىدى. 1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئايرىم جايلىرىدا خولېرا كېسەللىكى بايقالغاندا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ۋە ناھىيىلىك دوختۇرخانا يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمچىسى بىرنەچچە قېتىم تىببىي خادىملارنى تەشكىللەپ شەھەر ۋە يېزىلارغا بېرىپ خولېرا ۋاكسىنىسى سالدى. شۇ چاغدا پويىزغا چىقىپ - چۈشىدىغان يولۇچىلارغىمۇ ۋاكسىنا سېلىندى، ۋاكسىنا سېلىنغانلارغا بىر پارچىدىن ۋاكسىنا كارتوچكىسى بېرىلدى.

2. چېچەك

مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) دىن بۇرۇن، چېچەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ناچار ئىدى، ناھىيىدىكى «دېشەن تاڭ» جۇڭگو تىبابىتى دورا دۇكىنىدىكى «چېچەكچى ۋۇ ئەپەندى» نۇقتىلىق باللارغا «گۈل چېكەتتى»، بىر قېتىم گۈل چېكىپ قويسا، بىر كۈرە بۇغداي ئالاتتى. چېچەك تارقالغاندا، چېچەك چىققان باللاردا ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولاتتى. شەھەر ئىچى 2-يېزىدىكى دېھقان سەيدىخان مەمەت 12 بالا تۇغقان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەن. مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) قۇمۇلدا ئۆلكىلىك 9-دوختۇرخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ئەتىياز، كۈز پەسلىدە شەھەردىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە يېزىلاردىكى باللارغا پۇلسىز چېچەك ئەملىدى، شۇنىڭ بىلەن چېچەك تىزگىنلەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياۋا چېچەكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى، ھەر يىلى ئومۇمىيۈزلۈك چېچەك ۋاكسىنىسى سېلىش خىزمىتى ئىشلەندى. 1950-يىلدىن 1953-يىلغىچە، ناھىيىدە سەييارە داۋالاش ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇئەترەت، شەھەر، يېزىلاردىكى ئالتە رايونغا بېرىپ چېچەك ۋاكسىنىسى سالدى، 1953-يىلى، ناھىيىلىك سەييارە داۋالاش ئەترىتى پالۋانتۇر يېزىسىدا ئەڭ ئاخىرقى چېچەك چىققان بىر بالىنى داۋالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چېچەك قائىدىلىك ئەملىنىپ تۇرۇلدى. 1955-يىلى، جەمئىي 23 مىڭ ئادەمگە، 1956-يىلى جەمئىي 11 مىڭ 900 ئادەمگە چېچەك ۋاكسىنىسى سېلىندى. 1957-يىلى، ناھىيىلىك سەييارە داۋالاش ئەترىتى يېزىلارغا چۈشۈپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدىكى ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرى ۋە سەھىيە خادىملىرىنىڭ 11 مىڭ 200 كىشىگە چېچەك ئەملىشكە يېتەكچىلىك قىلدى. 1963-يىلى ناھىيىلىك سەييارە داۋالاش ئەترىتى 12 گۇڭشې ۋە ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانىدا 87 مىڭ كىشىگە چېچەك ئەملىدى. ھەر يىلى ئومۇمىيۈزلۈك چېچەك ئەملىنىپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياخشى ئىشقا ئاشقانلىقتىن. 1963-يىلدىن كېيىن قۇمۇل ناھىيىسىدە چېچەك بىلەن ئاغرىغانلار قايتا كۆرۈلمىدى. 1977-يىلدىن 1980-يىلغىچە ئومۇمىيۈزلۈك چېچەك ۋاكسىنىسى سېلىش نۇقتىلىق سېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. لېكىن تاشۋېلىق، تىيانشان، غەربىي تاغ رايونىدىن ئىبارەت چەت-چېگرا تاغلىق رايونلاردا داۋاملىق ئومۇمىيۈزلۈك چېچەك ۋاكسىنىسى سېلىندى. 1981-يىلى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى دۇنيا بويىچە چېچەكنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە قائىدىلىك چېچەك ئەملەش تامامەن توختىتىلدى.

3. قىزىل

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، قۇمۇلدا ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە قىزىل خېلى ئېغىر دەرىجىدە تارقىلاتتى. مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) ئەتىيازدا قىزىل پۈتۈن ناھىيىدە ياماراپ كەتكەچكە، شەھەر، يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرى دەرس توخ-

تىتىشقا مەجبۇر بولغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا باللارغا قىزىل چىقىپ، نەچچە يۈز بالا ئۆلۈپ كەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قىزىلنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بەكمۇ ئېتىبار بېرىلدى. 1968 - يىلدىن كېيىن، قىزىلنىڭ زەھىرى ئازايتىلغان تىرىك ۋاكسىنىسى سېلىنىشقا باشلىدى. 1975 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ئىدارىسى «قىزىل ۋاكسىنىسى سېلىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقارغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيىدىكى باللارغا قىزىلنىڭ زەھىرى ئازايتىلغان تىرىك ۋاكسىنىسى ئومۇميۈزلۈك سېلىندى. 1977 - يىلى، 7 — 0 ياشقىچە بولغان باللارغا پىلانلىق ئىممۇنېتېتلاش يولغا قويۇلۇپ، قىزىلنىڭ خەۋپى زور دەرىجىدە ئازايتىلدى. 1978 - يىلى، قىزىل بىلەن ئاغرىغان 305 بالىنىڭ تۆتى ئۆلدى. 1980 - يىلى، قىزىل بىلەن ئاغرىغان 1483 بالىنىڭ 23 ى ئۆلدى، 1983 - يىلى، قىزىل بىلەن ئاغرىغان 398 بالىنىڭ 13 ى ئۆلدى. يۇقىرىدىكى ئۈچ يىل قىزىل چوڭ تارقالغان يىللاردۇر.

قىزىلنىڭ تارقىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، بەزى چەت - ياقا گۇڭشې شىپاخانىلىرى قىزىل ۋاكسىنىسىنى باستۇرۇپ قويۇپ، دادۈي تىببىي پونكىتلىرىغا تارقىتىپ بەرمىگەن، قىزىل پەيدا بولغاندىن كېيىن، كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىققان. 1978 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ۋاكسىنىنى تىيانشان گۇڭشې شىپاخانىسىغا تارقىتىپ بەرگەن، گۇڭشې شىپاخانىسى تۆۋەنگە ۋاقتىدا تارقاتماي، ۋاكسىنىنى باستۇرۇپ قويغان. ئىككىنچى يىلى 3 - ئايدا قىزىل تارقالغان. تىيانشان گۇڭشې ئېدىر دادۈي 1 -، 2 - شياۋدۈيىدىكى 136 ئائىلىك دېھقان، چارۋىچى ئارىسىدا 148 بالىغا قىزىل چىقىپ، ئاغرىش نىسبىتى 21.1% بولغان. قىزىل پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۆز ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلمىغاچقا، ئىككى بالا ئۆلۈپ كەتكەن. 1980 - يىل 10 - ئايدا، تاشۋېلىق گۇڭشې شوپۇل دادۈيىدە 76 بالىغا قىزىل چىققاندا، تۆت بالا ئۆلۈپ كەتكەن، بۇنىڭغىمۇ ۋاكسىنا سالماسلىق ۋە ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلماسلىق سەۋەب بولغان.

**4. يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى**

1960 - يىلدىن كېيىن، يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى زەھىرى ئازايتىلغان تىرىك ۋاكسىنا شېكەر كۇمۇلچى ئىچكۈزۈلگەندىن باشلاپ، باللار پارالىچى بىلەن ئاغرىغانلار يىلدىن - يىلغا ئازايدى. 1977 - يىلى، شەھەر، يېزا باللىرىنى پىلانلىق ئىممۇنېتېتلاش كارتوچكىسى پەيدىنپەي ئورنىتىلدى، ئىممۇنېتېتلاش تەرتىپى بويىچە باللار پارالىچى شېكەرلىك كۇمۇلچى ئىچكۈزۈلدى. 1983 - يىلغىچە باللار پارالىچى كۆرۈلمىدى.

5. بوغما

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى بوغما ئانا توكسىن ۋاكسىنىسى سېلىندى، بۇنىڭ بىلەن كېسەل بولۇش نىسبىتى يىلمۇ - يىل تۆۋەنلىدى. 1964 -

يىلدىن بۇيان، باللارغا كۆكيۆتەل، بوغما قاتما ئاناتوكسىنى ئارىلاش ياسالمىسى سېلىندى. 1983 - يىلغىچە بوغما بىلەن ئاغرىغانلار كۆرۈلمىدى.

6. كۆكيۆتەل

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى كۆكيۆتەل ۋاكسىنىسى سېلىندى. باللارنى پىلانلىق ئىممونىتېتلاش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كۆكيۆتەل، بوغما ئاناتوكسىن قاتما ئاناتوكسىنى ئارىلاشما ياسالمىسى سېلىنغاچقا، كېسەللىكنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئازايدى. 1980 - يىلى بىرىنچى پەسىلدە، 1979 - يىلى بىرىنچى پەسىلدىكىدىن 3.91% ئازايدى. 1981 - يىلى بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان بالا 999 بولغان بولسا، 1982 - يىلى 91 گە، 1983 - يىلى 44 كە چۈشتى.

7. قاتما ۋە يېڭى تۇغۇلغان باللار قاتمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باللارغا ئومۇمىيۈزلۈك تېتانۇس ئاناتوكسىنى سېلىندى. باللارنى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كۆكيۆتەل، بوغما، قاتما ئاناتوكسىنى بىرلەشمە ياسالمىسى سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن كۆپ يىللارغىچە قاتما كېسەللىكى كۆرۈلمىدى (چارۋىلاردا ناگاھاندا كۆرۈلدى). 50 - يىللاردىن باشلاپ، يېڭىچە ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش تەشەببۇس قىلىنىپ، ھەر يىلى يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىدىغان تۇغۇت ئانىلىرى يېتىشتۈرۈلدى ۋە قايتا تەربىيىلەندى. تۇغۇت ئانىلىرى ئاياللار يەڭگەن چاغدىكى تازىلىق، پەرۋىشكە ۋە كىندىك تازىلىقىغا دىققەت قىلغانلىقتىن، يېڭى تۇغۇلغان باللاردا قاتما كېسەللىكى ناھايىتى ئاز كۆرۈلدى.

8. سىل

مىنگو دەۋرىدە، سىل كېسەللىكى كەڭ تارقالغانىدى، شۇڭا خەلق ئىچىدە «ئون سىلنىڭ توققۇزى ئۆلىدۇ» دېگەن گەپلەر تارقالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىلغا قارشى دورىلارنىڭ باھاسى بىرنەچچە قېتىم چۈشۈرۈلدى. بىمارلار دەل ۋاقتىدا داۋالىنىپ، سىل كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. 1962 - يىل 2 - ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك كالمىنت - گىلۋېرىن ۋاكسىنىسى سېلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە كالمىنت - گىلۋېرىن ۋاكسىنىسى سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. 1977 - يىلى، باللارنى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېڭى تۇغۇلغان باللارغا كالمىنت - گىلۋېرىن ۋاكسىنىسى سېلىنىپ، باللاردا كۆرۈلىدىغان سىل كېسەللىكى زور دەرىجىدە ئازايتىلدى.

**ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ بىرنەچچە يىلدا بىئولوگىيىلىك ياسالمىلارنى تارقىتىش ئەھۋالى**

جەدۋەل 20 — 6

| يىل | 1978 | 1980 | 1981 | 1982 |
|---|---|---|---|---|
| ئادەم | 87200 | 54070 | 34800 | 26636 |

## §2. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش

50 - يىللاردىن 60 - يىللارغىچە، ئاساسلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن قىزىل، تىف، پاراتىف، ئەسۋىلىك كېزىك، تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن پەردە ياللۇغى، تارقىلىشچان زۇكام، ئىسكارلاتىنا، جىگەر ياللۇغى، يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى (بالىلار پارالىچى)، بوغما، كۆكيۆتەل، قاتما (يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى قاتمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تولغاق (ئامېبىلىق تولغاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بىرۇتسېللىيوز، بەزگەك قاتارلىق 15 خىلى كۆرۈلدى. ۋىلايەت ۋە ناھىيە دائىم ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە خۇسۇسىي جۇڭگو تىبابىتى تېۋىپلىرى، غەرب تىبابىتى دوختۇرلىرىدىن سەييارە داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، شەھەر - يېزىلارغا بېرىپ ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشقا ئەۋەتتى. 1957 - يىلى، تىف، پاراتىف، تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن پەردە ياللۇغى، تولغاق، قىزىل، زۇكام تارقالدى. شۇ چاغدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 48 ئادەم تىف، پاراتىف بىلەن ئاغرىپ، سەككىز ئادەم ئۆلگەن، 55 ئادەم تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، بىر ئادەم ئۆلگەن، 466 ئادەم تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بىر ئادەم ئۆلگەن؛ 560 نەپەر قىزىل كۆرۈلۈپ، بىرسى ئۆلگەن؛ 4660 ئادەم تارقىلىشچان زۇكامغا، 30 ئادەم سكارلاتىناغا گىرىپتار بولغان. جەمئىي كېسەللەر 5819 غا يېتىپ، 11 ئادەم ئۆلگەن. ناھىيىلىك سەييارە داۋالاش ئەترىتى ۋاقتىدا يېزىلارغا چۈشۈپ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىنى ئىشلەپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تىزگىنلىدى.

1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى بوشاشتۇرۇپ قويۇلغانلىقتىن، 1963 - يىلى، تىف، پاراتىف، كۆكيۆتەل، يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى، قىزىل، تولغاق قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يۈز بەردى. بۇرۇن ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن كۆيدۈرگە كېسىلىمۇ پەيدا بولدى. ناھىيە ئۆز ۋاقتىدا سەييارە داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، 12 گۇڭشې ۋە ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىنى

ئىشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوننىڭ «يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش توغرىسىدىكى يولىيورۇقى» غا ئاساسەن، ھەرقايسى گۇڭشې (دېھقانچىلىق مەيدان) شىپاخانىلىرىدىن ھەر ئاينىڭ 8 -، 18 -، 28 - كۈنلىرى كېسەللىك ئەھۋالىنى ناھىيىلىك دوختۇرخانا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىنىشنى ساقلاش بۆلۈمچىسىگە مەلۇم قىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىككە بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، سەھىيە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى توختاپ قالدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى يېڭىباشتىن قانات يايدۇرۇلدى. 1977 - يىلى، ناھىيە بويىچە 7 — 0 ياشقىچە بولغان بالىلارنى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش كارتوچكىسى تۇرغۇزۇلۇپ، بالىلاردىكى سىل، قىزىل، بالىلار پارالىچى، بوغما، كۆكيۆتەل، قاتما قاتارلىق ئالتە خىل كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. 1979 - يىلى، سەككىز گۇڭشې شىپاخانىسىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرى ۋە يالاڭئاياق دوختۇرلار كۇرسى ئېچىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش كۈچەيتىلدى. 1980 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ناھىيە بويىچە ئاساسلىقى تولغاق، كۆكيۆتەل، تىف، پاراتىف، سكارلاتىنا، تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن پەردە ياللۇغى، تارقىلىشچان زۇكام، قىزىل، جىگەر ياللۇغىدىن ئىبارەت توققۇز خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان بولۇپ، جەمئىي 7763 ئادەم ئاغرىپ، كېسەللىكنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى 9.33 پىرسەنت بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە تولغاق، قىزىل، كۆكيۆتەل، جىگەر ياللۇغى 1979 - يىلدىكىدىن كۆپەيگەن. 1982 - يىلى، يۇقىرىدىكى ئاساسلىق توققۇز خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلار جەمئىي 2688 گە يېتىپ، كېسەللىكنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى %3.22 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تولغاق، كۆكيۆتەل، سكارلاتىنا، تارقىلىشچان مېڭە يۇلۇن پەردە ياللۇغى، تارقىلىشچان زۇكام، جىگەر ياللۇغى 1981 - يىلدىكىدىن بىرقەدەر ئازايغان. تىف، پاراتىف ئازراق كۆپىيىپ قالغان. 1983 - يىلى، ناھىيە بويىچە پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش كارتوچكىسى تۇرغۇزۇلغان بالا 14 مىڭ 524 گە يېتىپ، بالىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1983 - يىلى توققۇز خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان ئادەم 2340 گە يېتىپ، كېسەللىكنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى %2.8 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە سكارلاتىنا، تارقىلىشچان مېڭە يۇلۇن پەردە ياللۇغى، زۇكام، قىزىل، جىگەر ياللۇغى كۆپىيىپ قالدى. باشقا كېسەللەر نىسبىتى تۆۋەنرەك بولدى.

جەدۋەل 20—7

**1978- يىلدىن 1983- يىلغىچە ئاساسلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالى**

| يىل | نوپۇس | تولغاق: كېسەل بولغىنى | تولغاق: ئۆلگەنلەر سانى | كۆكيۆتەل: كېسەللەر سانى | كۆكيۆتەل: ئۆلگەنلەر سانى | پاراتىف: كېسەللەر سانى | پاراتىف: ئۆلگەنلەر سانى | قىسكارلاتىنا: كېسەللەر سانى | قىسكارلاتىنا: ئۆلگەنلەر سانى | تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن پەردە ياللۇغى: كېسەللەر سانى | تارقىلىشچان مېڭە - يۇلۇن پەردە ياللۇغى: ئۆلگەنلەر سانى | قىزىل: كېسەللەر سانى | قىزىل: ئۆلگەنلەر سانى | تارقىلىشچان زۇكام: كېسەللەر سانى | تارقىلىشچان زۇكام: ئۆلگەنلەر سانى | جىگەر ياللۇغى: كېسەللەر سانى | جىگەر ياللۇغى: ئۆلگەنلەر سانى | تىف: كېسەللەر سانى | تىف: ئۆلگەنلەر سانى | كېسەللەر سانى | ئۆلگەنلەر سانى | كېسەللىكنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 81797 | 2672 | 4 | 1190 | — | 150 | — | 13 | — | 29 | 4 | 305 | 4 | 2732 | — | 176 | | 153 | — | 7420 | 12 | 9.07 |
| 1979 | 82008 | 1681 | 1 | 218 | — | 4 | — | 17 | — | 23 | — | 75 | — | 3465 | — | 71 | — | 74 | — | 5628 | 1 | 6.86 |
| 1980 | 83240 | 2600 | 2 | 374 | — | 20 | — | 28 | — | 16 | 1 | 1483 | 23 | 3117 | — | 101 | — | 24 | — | 7763 | 26 | 9.33 |
| 1981 | 83339 | 3423 | — | 999 | — | 2 | — | 7 | — | 3 | 2 | 431 | — | 955 | — | 55 | — | 99 | — | 5974 | 2 | 7.17 |
| 1982 | 83602 | 1731 | 4 | 91 | — | 7 | — | — | — | 2 | 2 | 61 | — | 668 | — | 21 | — | 107 | — | 2688 | 6 | 3.22 |
| 1983 | 83736 | 948 | — | 41 | — | — | — | 18 | — | 15 | 1 | 398 | 13 | 1852 | 1 | 27 | — | 41 | — | 2340 | 15 | 2.80 |

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش بىلەن بىللە يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ھەر خىل يېمەك - ئىچمەكلەرنى گىگىيېنىلىق تەكشۈرۈپلا قالماستىن، يەنە يېمەك - ئىچمەكنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان خادىملارنىڭ تەن سالامەتلىكىنى قەرەللىك تەكشۈردى. 1981 - يىلى يېمەك - ئىچمەكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، ياسايدىغان 84 خادىمنىڭ تۆت خىل كېسەلى (كېزىك، تولغاق، سىل، جىگەر ياللۇغى)نى تەكشۈردى. 1983 - يىلى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر تازىلىقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر ساھەنىڭ يېمەكلىك تازىلىقىنى ۋە 219 يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت خادىمىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، تولغاق، تىف ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى، ھەرىكەتچان سىل كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ يېمەكلىك ئىشلىرىغا قاتنىشىشىغا ۋە يېمەكلىك بىلەن ئۇچرىشىشىغا بىردەك رۇخسەت قىلماسلىقنى بەلگىلىدى.

## §3. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش

**1. برۇتسېللىيوز كېسەللىكى**

1954 - يىلى، تاشۋېلىق رايونى شوپۇلدىكى قىزىلىيۇلتۇز 2 - چارۋىچىلىق مەيدانىدا ئادەملەر ۋە ھايۋانلار ئارىسىدا برۇتسېللوز كېسەللىكى كۆرۈلگەنىدى. 1964 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇمۇلغا كېلىپ، ۋىلايەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ۋە ناھىيىلىك دوختۇرخانا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ساقلىنىشنى ساقلاش بۆلۈمىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، پالۋانتۇر ۋە تاشۋېلىق گۇڭشېلىرىنىڭ قىسمەن شىياۋدۈيلىرىدىكى ئادەملەر ئارىسىدا كۆرۈلگەن برۇتسېلىيوز كېسەللىكىنى ئايرىلاپ تەكشۈردى. جەمئىي 1034 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، بۇلاردىن 120 كىشىنىڭ يۇقۇملانغانلىقى، يۇقۇملىنىش نىسبىتى 11.55% ئىكەنلىكى، 20 ئادەم نەق كېسەل بولۇپ، كېسەللىكنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى 1.93% بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلىدى. 1967 - يىلى، تىيانشان گۇڭشېنى ئاساس قىلىپ، جەمئىي 2756 ئادەم تەكشۈرۈلدى، بۇلاردىن 377 كىشىنىڭ يۇقۇملانغانلىقى، يۇقۇملىنىش نىسبىتى 13.86% بولغانلىقى، 231 كىشىنىڭ نەق كېسەل ئىكەنلىكى، كېسەللىكنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى 8.38% بولغانلىقى ئېنىقلاندى. 1972 - يىلى، غەربىي تاغ گۇڭشېنى ئاساس قىلىپ، جەمئىي 2361 كىشى تەكشۈرۈلدى،

بولاردىن 435 كىشىنىڭ يۇقۇملانغانلىقى، يۇقۇملىنىش نىسبىتىنىڭ 18.42% 268 كىشىنىڭ نەق كېسەل گىرىپتار بولغانلىقى كېسەل بولۇش نىسبىتىنىڭ 11.35% يەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. 1976-يىلدىن 1981-يىلغىچە، جەمئىي 35 مىڭ 727 ئادەم قېتىم تەكشۈرۈلدى ۋە قايتا تەكشۈرۈلدى، داۋالانغان بىمار 1005 ئادەم قېتىم بولۇپ، 794 ئادەم ساقايدى، ساقىيىش نىسبىتى 79% گە يەتتى، 17 مىڭ 352 ئادەمگە ۋاكسىنا سېلىندى. 1982-يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە برۇتسېللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئاساسىي جەھەتتىن مەركەز «شىمالىي رايونلار يەرلىك كېسەللىك ئىشخانىسى» بەلگىلىگەن. «برۇتسېللىيوز يۇقۇملۇق رايونى (ناھىيە بىرلىك قىلىنغان)دا تىزگىنلەش ئۆلچىمى ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» دىكى تىزگىنلەش ئۆلچىمىگە يەتتى.

**برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

جەدۋەل 20—8

| يىل | تەكشۈرۈلگەن ئادەم سانى | يۇقۇملىنىش ئەھۋالى | | كېلىنىك بىمارلار | | داۋالىنىش ئەھۋالى | | ۋاكسىنا سېلىنغانلار | ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش رايونى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئادەم سانى | % | ئادەم سانى | % | ئادەم سانى | ساقايغانلار سانى | " | |
| 1964 | 1034 | 120 | 11.61 | 20 | 1.93 | — | — | 1034 | پالۋانتۇر گۆكشى، تاشۋېلىق گۆكشى |
| 1967 | 2756 | 377 | 13.68 | 231 | 8.38 | 50 | 40 | 12000 | تىيانشان گۆكشى |
| 1971 | 18 | 3 | 16.97 | | | — | — | — | |
| 1972 | 2361 | 435 | 18.42 | 268 | 11.35 | 220 | 128 | 1806 | غەربىي تاغ گۆكشى |
| 1973 | 575 | 32 | 5.57 | | | 71 | 56 | 2513 | |
| 1976 | 16088 | 495 | 1.83 | 170 | 1.06 | — | — | — | دېھقانچىلىق رايونلىرى |
| 1978 | 3298 | 453 | 13.74 | 289 | 8.76 | 263 | 197 | — | |
| 1979 | 5743 | 351 | 6.11 | 291 | 5.07 | 270 | 247 | — | |
| 1980 | 2981 | 405 | 13.59 | 193 | 6.47 | 118 | 115 | — | |
| 1981 | 494 | 68 | 13.77 | 39 | 7.89 | — | — | — | |
| جەمئىي | 35348 | — | — | — | — | 992 | 783 | 17353 | |

2. يەرلىك قالقان بەز ئىششىقى (پوقاق)

1976 - يىلى، ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش پونكىتى بىلەن قۇمۇل ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش پونكىتى ناھىيە بويىچە ئون گۇڭشېدا (مەيدان) دىكى قالقان بەز ئىششىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى، جەمئىي 62 مىڭ 376 ئادەم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، بۇلاردىن 8032 ئادەمدە بۇ كېسەللىكنىڭ بارلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.88% ئىكەنلىكى بايقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاستانە گۇڭشېدا 9214 ئادەم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، 3420 ئادەمدە بۇ كېسەللىكنىڭ بارلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 37.12% ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

1981 - يىلى، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش پونكىتى يەرلىك قالقان بەز ئىششىقى (پوقاق) نى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش ئۈچۈن 40 كىشىلىك ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، 11 گۇڭشې، تۆت مەكتەپ، مەيدان، كانلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، 81 مىڭ 164 ئادەمنى تىزىمغا ئالدى، 75 مىڭ 598 ئادەم تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلدى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نىسبىتى 93.04% بولۇپ، 13 مىڭ 123 ئادەمدە بۇ كېسەللىك بارلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 17.4% ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. كېسەل بولۇش نىسبىتىنى جىنسى بويىچە ئايرىغاندا: ئاياللارنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 23%، ئەرلەرنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 11.9% ئىكەن، ياش قوراملى بويىچە ئايرىغاندا: بۇ كېسەللىك 10 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان ئەر - ئاياللار ئىچىدە، 30 ياشتىن 40 بولغان ياشقىچە ئاياللار ئىچىدە ئەڭ كۆپ بولغان. مىللەتلەر بويىچە ئايرىغاندا: خۇيزۇلاردا 20% ئۇيغۇرلاردا 19.7% خەنزۇلاردا 15.5% قازاقلاردا 3% ئىكەن.

قۇمۇل ناھىيىسى يەرلىك قالقان بەز ئىششىق كېسەللىكى ئېغىر بولغان رايونلار قاتارىغا كىرىدۇ. ناھىيە بويىچە كېسەل بولۇش نىسبىتى 17.4% كە يېتىدۇ. 11 گۇڭشې، دېھقانچىلىق مەيدانى ئىچىدە، ئېغىر كېسەللىك رايونىدىن سەككىزى بار (تاشۆيلۈق، راھەتباغ، شەھەر ئىچى، پالۋانتۇر، بۇلۇڭتوغراق، قارادۆۋە، تىيانشان، ئاستانە گۇڭشېلىرى) بولۇپ، ناھىيە نوپۇسىنىڭ 88.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يېنىك كېسەللىك رايونىدىن ئىككىسى بولۇپ (ئەربىي تاغ، يەتتەقۇدۇق گۇڭشېلىرى) ناھىيە نوپۇسىنىڭ 7.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. كېسەللىك يوق رايوندىن بىرى (بوغاز گۇڭشې) بولۇپ، ناھىيە نوپۇسىنىڭ 4.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

كۆپ يىللار تەكشۈرۈش ئارقىلىق ناھىيىمىزدىكى ئىچىدىغان سۇدا يود مىقدارىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاز ئىكەنلىكى بايقالدى. 1974 - يىلدىن باشلاپ، يود قوشۇلمىغان تۇزنى بازارغا سېلىش چەكلەندى، ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتى يود قوشۇلغان تۇز ئىشلەپچىقىرىپ بازارنى تەمىنلىدى ھەمدە كېسەللىك رايونىدىكى ئاممىغا مايلىق يود ئوكۇل قىلىندى ياكى ئىچكۈزۈلدى. يەرلىك شور تۇز ئىشلىتىلىدىغان ئاز سانلىق

مىللەت رايونلىرىدا، تۇزلۇق قاچىسىغا يود خالتىسى سېلىپ يود تولۇقلاش چارىسى قوللىنىلدى.

**1976- يىلى ئون گۇڭشې (مەيدان) دىكى يەرلىك قالقان بەز ئىششىقىنىي ئومۇمـيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالى**

جەدۋەل 20 — 9

| گۇڭشې (مەيدان) | دادۇي سانى | كېسەللىك پەيدا بولغان دادۇي سانى | ئومۇمـيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن ئادەم سانى | كېسەللەر سانى | كېسەل بولۇش نىسبىتى | ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش رايونى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قارادۆۋە گۇڭشې | 11 | 8 | 6165 | 227 | 3.68 | تۇزلەڭلىك رايون |
| دۇربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى | 7 | 7 | 5824 | 798 | 13.70 | " " |
| ئاستانە گۇڭشې | 9 | 9 | 9214 | 3420 | 37.37 | " " |
| پالۋانتۇر گۇڭشې | 7 | 7 | 12411 | 1004 | 8.09 | " " |
| ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى | 9 | 2 | 3004 | 151 | 5.03 | " " |
| راھەتباغ گۇڭشې | 8 | 8 | 6881 | 693 | 10.07 | " " |
| بوغاز گۇڭشې | 4 | 4 | 2426 | 111 | 4.58 | " " |
| تاشۆېلىق گۇڭشې | 10 | 9 | 6891 | 530 | 7.69 | يېرىم تاغلىق رايون |
| تىيانشان گۇڭشې | 10 | 8 | 4689 | 879 | 18.75 | تاغلىق رايون |
| غەربىي تاغ گۇڭشې | 6 | 5 | 4871 | 219 | 4.50 | تاغلىق رايون |
| جەمئىي | 81 | 67 | 62376 | 8032 | 12.88 | |

**1981 - يىلى يەرلىك قالقان بەز ئىششىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالى**

جەدۋەل 20 — 10

| گۆكشى (مەيدان) | تەكشۈرۈلگەن ئادەم سانى | كېسەللەر سانى | كېسەل بولۇش نىسبىتى | گۆكشى (مەيدان) | تەكشۈرۈلگەن ئادەم سانى | كېسەللەر سانى | كېسەل بولۇش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاشۆيلمق گۆكشى | 10421 | 2107 | 20.2 | غەربىي تاغ گۆكشى | 5369 | 412 | 7.7 |
| يەتتەقىزدۆق گۆكشى | 366 | 13 | 3.5 | تىيانشان گۆكشى | 6253 | 1719 | 27.5 |
| راھەتباغ گۆكشى | 7242 | 968 | 13.4 | ئاستانە گۆكشى | 9728 | 1461 | 29.4 |
| شەھەر ئىچى گۆكشى | 4291 | 773 | 18.0 | قىزىلبايرۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتەپ | 2861 | 231 | 15.8 |
| يالمۇلاتۇر گۆكشى | 10931 | 1493 | 13.7 | زىيالى ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى | 221 | 30 | 13.6 |
| بۇغاز گۆكشى | 3058 | 44 | 1.4 | ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 794 | 196 | 24.7 |
| بۇلۇقتوغراق گۆكشى | 6167 | 1229 | 19.9 | ناھىيىلىك كۆمۈر كان | 740 | 108 | 14.6 |
| قارادۆۋە گۆكشى | 8572 | 939 | 11.0 | جەمئىي | 75614 | 13123 | 17.4 |

**3. يەرلىك فتورىدىن زەھەرلىنىش**

1974 - يىلى، تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 2 - كېنىدىكى ئىشچىلار ئارىسىدا يەرلىك فتورىدىن زەھەرلەنگەنلەر بايقالدى. 1979 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە، ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 18 ئۆلكە، شەھەر ئىچىدىغان سۇدىكى فتورنىڭ مۇۋاپىق قويۇقلۇقى يەن تەتقىقاتى ھەمكارلىق يىغىنىدا بەلگىلەنگەن «ئىچىدىغان سۇدىكى فتورىدلارنىڭ مۇۋاپىق قويۇقلۇقى توغرىسىدىكى

تەتقىقات لايىھىسى» گە ئاساسەن، ۋىلايەت بويىچە ئىچىملىك سۇدىن 133 نۇسخا ئېلىپ تەكشۈردى (قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ بۇغاز، شەھەر ئىچى قاتارلىق گۇڭشېلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكىنى 12 نۇسخا بولۇپ، 9.02% نى ئىگىلەيدۇ. 1981 - يىلى يەرلىك فتورىدىن زەھەرلىنىش قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش بەش يىللىق پىلانىغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. 1982 - يىلى، ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەرقايسى گۇڭشېلاردا ئىچىدىغان سۇنىڭ جەمئىي 339 نۇسخا ـ ئەۋرىشكىسىنى ئۆلچەپ بېكىتىشى نەتىجىسىدە، ئالتە گۇڭشېدىكى 18 دادۈينىڭ 36 نۇسخا سۇ ئەۋرىشكىسىدىكى فتورىد مىقدارىنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەم (بىر مىللىگرام/لىتىر) دىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، 6400 ئادەم بۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچراۋاتقانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغاز گۇڭشېدىن ئېلىنغان سۇ ئەۋرىشكىسىدىكى فتورىد مىقدارىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 5.0 مىللىگرام / لىتىر، ئوتتۇرىچە مىقدارى 1.91 مىللىگرام/لىتىر ئىكەنلىكى بايقالدى. جەمئىي 2005 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، 787 ئادەمنىڭ فتورىد داغلىق چىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 39.25% ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. 16 ياشتىن يۇقىرى ئاھالىدىن 876 كىشى تەكشۈرۈلۈپ، بۇلاردىن 15 كىشىنىڭ فتورىدلۇق سۆڭەك ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 1.83% كە يەتكەنلىكى بايقالدى.

1983 - يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى فتورىددىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى.

4. باش تەمرەتكىسى

1959 - يىلى، ۋىلايەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغان 600 نەچچە ئادەمنى ئومۇميۈزلۈك داۋالىدى. 1960 - يىلى يەنە ۋىلايەت بويىچە 66 مىڭ 112 ئادەمنى تەكشۈرۈپ، 471 ئادەمنى داۋالىدى، 1961- يىلى، 3824 ئادەمنى تەكشۈرۈپ، 22 ئادەمنى قايتا داۋالىدى. لېكىن بۇ كېسەللىك تۈپ يىلتىزىدىن ساقايمىدى. 1976 - يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى «باش تەمرەتكىسى كېسەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك داۋالاش خىزمىتىنى تېز، ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى بىلەن قۇمۇل ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى بىرلىشىپ ۋىلايەت، ناھىيىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرىغا باش تەمرەتكىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش كۇرسى ئاچتى. قۇمۇل ناھىيىسى ھەرقايسى گۇڭشې (مەيدان) شىپاخانىلىرىدىن خادىم ئاجرىتىپ، باش تەمرەتكىسىنىڭ

ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تارماق ئەترەتىنى تەشكىللەپ، 15 گۇڭشې (مەيدان) غا چوڭقۇر چۆكۈپ باش تەمرەتكىسىنى داۋالىدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالدى. جەمئىي 70 مىڭ 327 ئادەمنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 1169 نى ئېنىقلىدى، 994 ئادەمنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتتى، ساقىيىش نىسبىتى 85% گە يەتتى. 1977 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بۇغاز، قارادۆۋە، دۆربەجىن قاتارلىق توققۇز نۇقتىلىق گۇڭشې - مەيدانلاردا قايتا تەكشۈرۈش - داۋالاش ئېلىپ بېرىلىپ، جەمئىي 67 مىڭ 238 ئادەم قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇ ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 64% نى ئىگىلىدى؛ 1240 كىشىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى كېسەل بولۇش نىسبىتى 1.84 پىرسەنت، 1171 ئادەمنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، ساقىيىش نىسبىتى 94.4 پىرسەنت ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. 1981 - يىلى، يەنە قايتا تەكشۈرۈلۈپ، 59 كېسەل بارلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 0.099% كە چۈشكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، شۇ يەردىكى يالىڭاياق دوختۇرلارنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ داۋالىشىغا تاپشۇرۇلۇپ، يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

## §4. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى

1950 - يىلى پۈتۈن ناھىيە خەلقى ماۋجۇشىنىڭ «سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، تازىلىققا رىئايە قىلىپ، كېسەللىكنى ئازايتىپ، سالامەتلىك سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرەيلى» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغانىدى. 1952 - يىلى، ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرى چاۋشەندە كەڭ كۆلەمدە باكتېرىيە ئۇرۇشى قوزغىدى، ماۋ جۇشى «دۈشمەننىڭ باكتېرىيە ئۇرۇشىنى بىتچىت قىلايلى» دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويدى، ناھىيە بويىچە چېۋىن، پاشا، بۈرگە، پىت يوقىتىش ئاساس قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1953 - يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئىتى رەسمىي قۇرۇلدى. شەھەردىكى ھەرقايسى مەھەللىلەردە ۋە يېزىلاردىكى ھەرقايسى رايونلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئىتىدىن 32 سى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق گۇرۇپپىسىدىن 70 ى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 65% ئائىلە «ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئەھمىيەتلىك» تۈزدى. شەھەردىكى ھەرقايسى ئورۇنلار ھەر ھەپتىنىڭ 2 -، 6 - كۈنلىرىنى تازىلىق كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى. يېزىلاردا ھەرقايسى ئائىلىلەر ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم چوڭ تازىلىق قىلىدىغان بولدى. 1954 - يىلى، بىر مىليون 320 مىڭ ھارۋىدىن كۆپرەك ئەخلەت، ئۈچ مىليون 860 مىڭ ھارۋىدىن كۆپرەك گەندە تازىلاندى، 252 قۇدۇق ئۆزگەرتىلدى، 1384 قۇدۇققا قاپقاق ئورنىتىلدى، 2843 ھاجەتخانا يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 73 مىڭ ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆي ئاقارتىلدى، 18

مىگدىن كۆپرەك يوتقان - كۆرپە سۆكۈپ يۇيۇلدى، 3.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەر راۋانلاشتۇرۇلدى، 1397 ئائىلىدە قازان بىلەن كاڭ، 381 ئائىلىدە ئادەم بىلەن چارۋا ئايرىۋېتىلدى، 13 مىڭ قۇردىن كۆپرەك كىيىم - كېچەكتىكى پىت يوقىتىلدى، 5773 چاشقان تۆشۈكى ئېتىلدى، 3081 چاشقان تۇتۇلدى، 29 مىليون 100 مىڭدىن كۆپرەك چىۋىن، 14 مىڭدىن كۆپرەك پاشا يوقىتىلدى، 3146 لالما ئىت ئۆلتۈرۈلدى.

1957 - يىلى، «تۆت زىيانداشنى يوقىتىش» مەركەز قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە خەلقى «چاشقان، چىۋىن، پاشا، قۇچقاچ يوقىتىش (كېيىن چۈسا يوقىتىش)» قا سەپەرۋەر قىلىندى. سەھىيە تارماقلىرى ناھىيە بازىرىدىكى ئاشخانا، ئاشپۇزۇل، مۇنچا، ساراي، ھاجەتخانا ۋە قۇدۇق قاتارلىقلارنى دورا بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلدى.

1963 - يىلى، مەركەز «ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» نى تارقاتتى، ئىدارە، مەكتەپ، زاۋۇت، مەھەللە، ئاھالە كومىتېتلىرى ۋە ھەرقايسى گۇڭشېلار يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ئاساسەن توختاپ قالدى. 1976 - يىلى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى يېڭىباشتىن قانات يايدۇرۇلۇپ، «ئىككىنى باشقۇرۇش، بەشنى ئۆزگەرتىش» (سۇنى، گەندىنى باشقۇرۇش، قۇدۇق، ھاجەتخانا، قوتان، ئوچاق، مۇھىتنى ئۆزگەرتىش) يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تازىلىق قىياپىتى ئۆزگەردى. 1981 - يىلى، «بەش بولۇش» (مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش، تازىلىققا رىئايە قىلىش، تەرتىپلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش)، «تۆتتە گۈزەل بولۇش» (قەلبى گۈزەل بولۇش، تىلى گۈزەل بولۇش، ھەرىكىتى گۈزەل بولۇش، مۇھىتى گۈزەل بولۇش) پائالىيىتى جەريانىدا، تازىلىق جەھەتتە مۇھىتنىڭ «پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار» بولۇشى نۇقتىلىق ئوڭشىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1983 - يىلى «مەدەنىيەتلىك - ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، ھېيت - بايرام كۈنلىرى زەربىدارلىق بىلەن تازىلىق قىلىشنى ئادەتتىكى چاغلاردىكى تازىلىق قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش بەلگىلەندى. 3 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئىتى ئىشخانىسىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت تەلەپ» نىڭ روھىغا ئاساسەن، يېزا - قىشلاقلاردا مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، تۆت زىيانداشنى يوقىتىش، گەندە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ئىچىدىغان سۇنىڭ تازىلىقىنى ياخشىلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

# IV باب ئانا ـ باللار ساقلىقىنى ساقلاش

## §1. ئاياللار ساقلىقىنى ساقلاش

### 1. يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش

مىنگو دەۋرىدە ئاز ساندىكى ھامىلدار ئاياللار قومۇلدىكى ئۆلكىلىك ۋە دوختۇرخانىغا كېلىپ يەڭگىگەندىن سىرت، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھامىلدار ئاياللارنى ئۆز ئائىلىسىدە تۇغدۇراتتى، بوۋاقلار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت كونا تۇغۇت ئانىلىرىنى يېڭىچە ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىشنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن تۇغۇتلۇق ئاياللار ۋە بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. 1953 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە، ناھىيە مودېل، خۆەندىك، پراكتىكىدا قىلدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تۆت قارار تۇغۇت ئانىلىرى كۇرسىنى ئاچتى، كۇرسقا قاتناشقان تۇغۇت ئانىلىرى ئىچىدە، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ تۇغۇت ئانىلىرى 68% نى تەشكىل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 52 نەپەر كونا كىندىك ئانىسىمۇ بار. ناھىيە بويىچە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش پونكىتىدىن تۆتى، تۇغۇت قوبۇل قىلىش گۇرۇپپىسىدىن 16 سى قۇرۇلدى. جەمئىي 263 بوۋاق تۇغدۇرۇلدى، 11 ئايال قىيىن تۇغۇت تۇۋەيلىدىن قازا تاپتى. 1955 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلىغىچە، جەمئىي 119 نەپەر تۇغۇت ئانىسى تەربىيىلەندى، تۇغۇت قوبۇل قىلىش پونكىتىدىن سەككىزى، گۇرۇپپىسىدىن 18 ى قۇرۇلدى، جەمئىي 922 بوۋاق تۇغدۇرۇلدى، 15 ئايال قىيىن تۇغۇت سەۋەبىدىن قازا تاپتى. ھامىلدار مەزگىلىدە تەكشۈرۈلگەنلەر 1213 ئادەم قېتىم، تۇغۇتتىن كېيىن تەكشۈرۈلگەنلەر 542 ئادەم قېتىم، تەكشۈرۈلگەن بوۋاقلار 250 ئادەم قېتىمغا يەتتى.

خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى گۇڭشېلار ئەمەلىي شەرت ـ شارائىتقا قارىماي، يېڭىدىن 15 تۇغۇت دوختۇرخانىسى قۇردى. ئۇسكۇنە ناچار، خادىملار ئاز، خىراجەت قىس بولغانلىقتىن، 1961 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1962ـ يىلى، يېزىلاردا يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقلاردا قاتما ۋە چىللە قىزىتمىسى كۆرۈلدى، ناھىيە دادۇيلەردىكى بىر تۈركۈم تۇغۇت ئانىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەربىيىلىدى ۋە قايتا تەربىيىلىدى، ئۇلار ئاساسلىقى مىكروبسىز تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگەندى، ھەرقايسى گۇڭشې شىپاخانىلىرى بىردىن مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئانا ـ باللار ساقلىقىنى ساقلاش خادىملىرىنى بەلگىلىدى. 1964 ـ يىلىدىن كېيىن، ھەرقايسى گۇڭشې شىپاخانىلىرى تۇغۇت كارىۋىتى تەسىس قىلىپ، ھامىلدار ئاياللارنى شىپاخانىدا تۇغدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، يىلمۇ يىل دادۇيدىكى تۇغۇت ئانىلىرىغا تۇغۇت قوبۇل

www.uyghurkitap.com

قىلىش سۈمكىسى ۋە تۇغۇت قوبۇل قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان دورا - ئۈسكۈنىلەر تارقىتىپ بېرىلدى.

1975 - يىلى، ناھىيىدىكى 176 نەپەر يالڭاياق دوختۇرنىڭ 55 ى تۇغۇت قوبۇل قىلالايتتى. 1978 - يىلى، ناھىيىدىكى 184 نەپەر يالڭاياق دوختۇر ئىچىدە تۇغۇت قوبۇل قىلالايدىغانلار كۆپىيىپ 73 گە يەتتى. 1980 - يىلى، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش گۇرۇپپىسى يالڭاياق دوختۇرلار ئىچىدىن 73 كىشىنى تۇغۇت ئانىسى قىلىپ تەربىيىلىدى، ھەرقايسى گۇڭشې شىپاخانىلىرىغا بىردىن ئىككىگىچە ئاكۇشېركا سەپلەپ بېرىلدى ھەمدە ھامىلدار ئاياللارنىڭ گۇڭشې شىپاخانىسىغا كېلىپ تۇغۇشى تەلەپ قىلىندى. 1983 - يىلى، گۇڭشې شىپاخانىسىدىكى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خادىملىرى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى، ئۆگىنىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بۇ خادىملار قايتىپ بېرىپ داۋۇيدىكى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خادىملىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ناھىيە بويىچە جەمئىي 321 بوۋاق تۇغۇلدى، بۇلاردىن بىرەرسىمۇ قاتما كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتمىدى، بىرەر تۇغۇتلۇق ئايالمۇ چىللە قىزىتمىسى بىلەن قازا قىلمىدى. يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش نىسبىتى 98 پىرسەنتتىن كۆپرەككە يەتتى.

### 2. ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

#### 1) ئاياللاردا كۆرۈلىدىغان كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش

1978 - يىلى، ناھىيە 40 نەچچە تىببىي خادىمنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ناھىيە بويىچە 60 ياشتىن تۆۋەن نىكاھلانغان ھەرمىللەت ئاياللىرىدىكى ئاياللار كېسەللىكلىرىنى راك كېسىلىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئاساس قىلىنغان ھالدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. ناھىيە بويىچە نىكاھلانغان ئايال 16 مىڭ 432 نەپەر، تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغىنى 7989 نەپەر بولۇپ، نىكاھلانغان ئاياللار ئومۇمىي سانىنىڭ 48.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدۇ. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئاياللار ئىچىدە ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار 3453 نەپەر بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 43.2% بولغان. 1983- يىلى، ناھىيىلىك سەھىيە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش گۇرۇپپىسى ئاستانە گۇڭشېدا 60 ياشتىن تۆۋەن نىكاھلانغان 179 نەپەر ئايالنى تەكشۈرۈپ، بالىياتقۇ بويىنى شالۋەرەشتىن 57 نى، جىنسىي يول تۈرلۈك ياللۇغلىرىدىن 30 نى، قوشۇمچە ئەزا ياللۇغلانغانلاردىن 30 نى، بالىياتقۇ سوزۇلما ياللۇغلانغانلاردىن 10 نى، تۇخۇمدان خالتىلىق ئىششىقىغا گىرىپتار بولغانلاردىن بىرنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئېنىقلاپ چىققان بىمارلارغا فۇيەنلىڭ، مېترونىدازول، نىساتىن، خلورھېكسى شامچىسى، بالا ھەمراھى توقۇلما سۇيۇقلۇقى قاتارلىق دورىلارنى بېرىپ داۋالىدى. داۋالاش نىسبىتى 99% گە يەتتى.

## 2) ئاياللاردا كۆرۈلىدىغان «ئىككى كېسەللىك» (بالىياتقۇ چىقىقى، سۈيدۈك تۇتالماسلىق) نى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش

1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە، ئاياللاردا بالىياتقۇ چىقىقى، ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەر كۆرۈلدى. 1961 - يىلى، بىرنەچچە گۇڭشېدا نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، 246 ئايالدا بالىياتقۇ چىقىقى، 416 ئايالدا ھەيز تۇتۇلۇش بارلىقى سېزىلدى. شۇ يىلى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تىببىي خادىملارنى يېزىلارغا ئەۋەتىپ داۋالىدى، ئاپتونوم رايون سەھىيە نازارىتىمۇ قوشۇلغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ داۋالاشقا ياردەملەشتۈردى. ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئۇيۇشتۇرغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاياللار كېسەللىكلىرى ئېغىرراق بولغان تاشۋېلىق گۇڭشېسىغا بېرىپ ئۈچ ئاي ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ داۋالىدى. داۋالاش ئارقىلىق، يۇقىرىدىكى ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ساقايدى ۋە ياخشىلاندى. كېيىن، ھەرقايسى گۇڭشېلاردا ئاياللارنى «4 مەزگىل» (ھەيز مەزگىلى، ھامىلدارلىق مەزگىلى، تۇغۇت مەزگىلى، بالا ئېمىتىش مەزگىلى) دە قوغداش يولغا قويۇلدى ھەمدە «ئۈچنى قىلىش، ئۈچنى قىلماسلىق» (ھەيز مەزگىلىدە قۇرۇق يەردە ئىشلىتىپ، ھۆل يەردە ئىشلەتمەسلىك، ھامىلدارلىق مەزگىلىدە يېنىك ئىشقا سېلىپ، ئېغىر ئىشقا سالماسلىق، بالا ئېمىتىش مەزگىلىدە يېقىن يەردە ئىشقا سېلىپ، يىراق يەرگە ئەۋەتمەسلىك) ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1979 - يىلى، ئاياللاردىكى «ئىككى كېسەللىك» نى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئومۇميۈزلۈك داۋالاش رەسمىي باشلاندى. شۇ يىلى، تاشۋېلىق، پالۋانتۇردىن ئىبارەت ئىككى گۇڭشېدا بالىياتقۇ چىقىقى بار 26 بىمار جۇڭيى دورىلىرى بىلەن داۋالاندى، ئۈچ ئاي، يېرىم يىل، بىر يىل يوقلاپ تۇرۇش ئارقىلىق، ساقىيىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكى بايقالدى، 1981 - يىلى، ناھىيە بويىچە ئون گۇڭشېدىكى بالىياتقۇ چىقىقى بار 115 بىمارغا پولىۋىنىل ھالقىسى ئىشلىتىلدى، داڭگۈي ئۇكۇلى سېلىندى ۋە چوڭ يىخى كىزمولچى ئىچكۈزۈلدى. بىر يىلدىن كېيىن، يوقلىغاندا 44 بىمار ساقايغان. ئۈچ بىمارنىڭ كېسىلى ياخشىلانغان، ئىككى بىمارنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان، ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 84% كە يەتكەن، 1983 - يىلى يۇقىرىدىكى بىمارلارنى يوقلىغاندا I° بالىياتقۇ چىقىقى بار 49 بىمارنىڭ 47 سى ساقايغان، ئىككى بىمارنىڭ كېسىلى ياخشىلانغان، ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 98% كە يەتكەن. I° بالىياتقۇ چىقىقى بار 28 بىمارنىڭ 12 سى ساقايغان، 16 بىمارنىڭ كېسىلى ياخشىلانغان، ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 96.5% كە يەتكەن. I° بالىياتقۇ چىقىقى بار 34 بىمارنىڭ سەككىزى ساقايغان، 23 بىمارنىڭ كېسىلى ياخشىلانغان، ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 91.2% كە يەتكەن. بۇلاردىن باشقا، يېڭى كېسەل بولغانلار بايقالمىغان، بالىياتقۇ چىقىقى بارلارنى داۋالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈيدۈك تۇتالمايدىغان بىمارلارمۇ تەكشۈرتۈلدى ۋە داۋالىتىلدى.

**1978 - يىلى ناھىيە بويىچە 7989 نەپەر تەكشۈرۈلگەن ئائىلىلەردىكى ئاياللار كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى**

جەدۋەل 20 - 11

| كېسەللىك دىئاگنوزى | كېسەللەر سانى | كېسەل بولۇش نىسبىتى % | كېسەللىك دىئاگنوزى | كېسەللەر سانى | كېسەل بولۇش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|
| بالىياتقۇ بويىنى شەلۋەرەش | 1035 | 12.96 | ياشانغانلار جىنسىي يول ياللۇغى | 71 | 0.83 |
| بالىياتقۇ بويىنى ياللۇغى | 946 | 11.84 | قوشۇمچە ئەزا خالتىلىق ئىششىقى | 47 | 0.59 |
| جىنسىي يول ھۆجەيرە ئېلىمى II دەرىجىلىكتىن يۇقىرى | 610 | 7.64 | زامبۇرۇغلۇق جىنسىي يول ياللۇغى | 35 | 0.44 |
| نوقۇل جىنسىي يولنىڭ ئالدى كەينى دىۋارى پۈلتىيىش | 218 | 2.73 | بالىياتقۇ مۇسكۇل ئۆسمىسى | 31 | 0.39 |
| قوشۇمچە ئەزالار ياللۇغى | 103 | 1.29 | سىرتقى جىنسىي ئەزا ياللۇغى | 25 | 0.31 |
| تامچە قۇرتلۇق جىنسىي يول ياللۇغى | 119 | 1.49 | بالىياتقۇ بويىنى راكى | 8 | 0.1 |
| بالىياتقۇ چۈشۈش | 115 | 1.44 | باشقىلار | 90 | 1.13 |

## §2. باللار ساقلىقىنى ساقلاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بوۋاق باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈندى. 50 - يىللاردىن باشلاپلا، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىنىپ، بوۋاقلاردا قاتما پەيدا بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇداپىئەلىك ئەملەش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، باللاردىكى كېسەل بولۇش نىسبىتى ۋە ئۆلۈش نىسبىتى چۈشۈرۈلدى. 1977 - يىلى، باللارنى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، باللاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئازايدى. ھەر يىلى «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىدا مەكتەپتىكى باللارنىڭ تەن ساغلاملىقى تەكشۈرۈلدى.

1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە، يېزا جامائەت ئاشخانىلىرىدا يېمەكلىك ئاشلىق نورمىسى تۆۋەن بولغاچقا، يېزىلاردىكى نۇرغۇن باللار ئوزۇقلىنىش ناچارلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى، 1961 - يىلى بىرنەچچە گۇڭشېنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى ھەمدە تىببىي خادىملار

يېزىلارغا ئەۋەتىلىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوزۇقلىنىش شارائىتى ياخشىلاندى. بۇ ئارقىلىق بالىلاردىكى ئوزۇقلىنىش ناچارلىشىش كېسىلى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى.

1980-يىلى، توت مەكتەپتىكى بەش ياشتىن 11 ياشقىچە بولغان 1010 بالىنىڭ تەرىتىدىكى سازاڭ مەددە توخۇمى تەكشۈرۈلۈپ، 240 بالىدا كېسەل بارلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 23.7% كە يەتكەنلىكى، ئۇيغۇر بالىلاردىكى سازاڭ مەددە توخۇمى بىلەن مەنپىي يۇقۇملىنىش نىسبىتى خەنزۇ بالىلاردىن يۇقىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. كېسەل بالىلارغا چۈيخۇيلىڭ ۋە گەنچى تابلېتكىسى بېرىلگەندىن كېيىن، ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولدى.

1982-يىلى پالۋانتۇر گۆشىدا بالىلاردىكى ئىككى كېسەللىك (قان ئازلىق، راخىت كېسەللىكى) ئۈستىدە سىناق تەرىقىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ جەمئىي 0—7 ياشقىچە بولغان 1004 بالا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 521، ئۇيغۇر 406، خۇيزۇ 77 (دەسلەپكى قەدەمدە نۆل ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئوزۇقلىنىش ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال توپلاندى). 1983-يىلى پالۋانتۇر، ئاستانە، بۇلۇڭتوغراقتىن ئىبارەت ئۈچ گۆشىدا نۆل ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان بالىلاردىكى «ئىككى كېسەللىك» ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى ۋە داۋالاندى، جەمئىي 1800 بالا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 472، كېسەل بولۇش نىسبىتى 26%، راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 83، كېسەل بولۇش نىسبىتى 4.6%. قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بالىلارغا فېررى سۇلفات ۋە ۋىتامىن C، راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بالىلارغا ۋىتامىن AD كاپسۇلى، كالتسىي تابلېتكىسى بېرىلگەندىن ۋە ۋىتامىن $D_2$ ئوكۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ياخشىلىنىش بولدى.

1983-يىلى، ناھىيە بويىچە 102 يالغۇز پەرزەنتنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش باشقۇرۇلدى. تەكشۈرۈش تۈرلىرى: ئېگىزلىكى، ئېغىرلىقى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئوزۇقلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 10 نەپەر بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 9.8%، راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئالتە نەپەر بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 5.9% بولغان. تىببىي خادىملار يۇقىرىدىكى كېسەللەرنى ئالامەتلىرىگە قارىتا داۋالىدى.

# V باب تەنتەربىيە

## §1. ئاممىۋى تەنتەربىيە

مىنگونىڭ 27-يىلىدىن 33-يىلىغىچە (1938-يىلدىن 1944-يىلىغىچە) قۇمۇلدا ھەر يىلى 9-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈ-

زۇلەتتى. تەنھەرىكەتچىلەر ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىدىن تەركىب تاپاتتى، مۇسابىقە تۈرلىرىدىن يېنىك ئاتلېتىكا، توپ مۇسابىقىسى ۋە ھەربىي تەنتەربىيە قاتارلىقلار بار ئىدى، شۇ چاغلاردا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل 8-تۇەنىمۇ ئات ئويۇنى كۆرسىتىشكە قاتناشقانىدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا، تەنھەرىكەتچىلەر: «ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، بەدىنىمىزنى چېنىقتۇرىمىز ......» دېگەن «شىنجاڭ تەنھەرىكەت يىغىنى مارشى» نى ياڭرىتاتتى. ھەر نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ باش رېپىرلىقىنى مەركىزىي 1-مەكتەپنىڭ مۇدىرى دۇجياشاڭ ئۈستىگە ئالاتتى. تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئورنى شەھەر ئىچىنىڭ جەنۇبىدىكى ساسلىقتا بولۇپ، شەھەر-يېزىلاردىكى ئامما يىغىلاتتى ۋە بەك قىزىپ كېتەتتى. مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) دىن كېيىن، ئىككى قېتىم تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆلىمى ئىلگىرىكىدەك چوڭ بولمىدى.

ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن ئاساسلىقى چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى بار ئىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولدى، شەھەر-يېزىلاردىكى تەنتەربىيە پائالىيىتى خېلى جانلاندى، ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تىكتاك توپ، مۇز تېيىلىش، چامباشچىلىق ۋە شاھمات قاتارلىق تەنھەرىكەتلەر ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدە كەڭ ئاساسقا ئىگە بولدى. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا ۋالېبول ئويناش خېلى ئومۇملاشتى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى تېخىمۇ جانلاندى، ئات بەيگىسى، چېلىشىش رەسمىي مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

تاشۋىلىق گۇڭشېسى قومۇل ناھىيىسى بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن، 70-يىللاردىن بۇيان، كۆپ قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. 1982-يىلى، تاشۋىلىق گۇڭشېسىنىڭ ۋەكىلى لى چۈەنجى تەكلىپكە بىنائەن دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى فۇجيەندە ئۆتكۈزگەن ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. 1983-يىلى 7-ئايدا، تاشۋىلىق گۇڭشېسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى خۇڭتاۋ تەكلىپكە بىنائەن شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرۈشكە قاتناشتى، گۇڭشې بىر كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. تاشۋىلىق گۇڭشې چېگرىدىكى گۇڭشې بولۇپ، نەچچە يىلدىن بۇيان ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى خەلق ئەسكەرلىرى مەشقى ۋە دۆلەت مۇداپىئە تەنتەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوۋاردىن باشقا يەنە ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تىكتاك توپ، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، تاغقا يامىشىش، چامباشچىلىق، گراناتا تاشلاش، قارىغا ئېتىش، چويۈن توپ، دىسكا ئېتىش،

ئارغامچا تارتىشىش، كالتەك تارتىشىش قاتارلىق تۈرلەر قوشۇلدى. ھەرمىللەت دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتنىشىشى بىرخىل ئادەتكە ئايلاندى.

1983 - يىلى، ناھىيە بويىچە ۋاسكېتبول مەيدانى 101 گە، ۋالىبول مەيدانى 48 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا- كوڭشې، دۈيلەردىكى ۋاسكېتبول مەيدانى 14، ۋالىبول مەيدانى 5، شەھەردىكى ئورۇنلارنىڭ ۋاسكېتبول مەيدانى 15، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ۋاسكېتبول مەيدانى 72، ۋالىبول مەيدانى 43.

## 2§. مەكتەپ تەنتەربىيىسى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە گىمناستىكا دەرسى تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) دىن كېيىن، ناھىيىلىك ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈلىدىغان بولدى. شەھەردىكى ھەرقايسى مەكتەپلەردە ۋاسكېتبول، ۋالىبول ئەسلىھەلىرى بولغاندىن سىرت، يېزىلاردىكى ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەنتەربىيە پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، مەكتەپلەردە ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈلىدىغان، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ياكى دەرس ئارىلىقىدا رادىئو گىمناستىكىسى ئوينىلىدىغان بولدى، قىسمەن مەكتەپلەردە يەنە كۆزنى ئاسراش گىمناستىكىسى ئوينىلىدىغان بولدى. 1954 - يىلى ۋە 1955 - يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ياش - ئۆسمۈرلەر رادىئو گىمناستىكىسى يولغا قويۇلدى، 1982 - يىلىغىچە، بۇنىڭدىن ئالتە يۈرۈش يولغا قويۇلدى. شەھەر - يېزىلاردىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر دائىمە كتەپلەردە ئارا ياكى گوڭشېلار ئارا ئوقۇغۇچىلار تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، تۈرۈلدى مۇسابىقە تۈرلىرى يېنىك ئاتلېتكا ۋە توپ مۇسابىقىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

1958 - يىلى، پارتىيىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنىغا ئاساسەن، تەنتەربىيە پائالىيىتى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇلدى، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە «ئەمگەككە تەييارلىنىش ۋە ۋەتەن قوغداش تەنتەربىيە تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى. 1964 - يىلى، «ياش - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە ئۆزگەرتىلدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن توختاپ قالدى. 1975 - يىلى، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى نىزامى» نى ئېلان قىلدى، بۇ نىزام ناھىيىدىكى قىسمەن ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەردە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن، كۆپلىگەن مەكتەپلەردە تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى كەم بولغاچقا، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆلچەمگە يېتەلمىدى. 1979 - يىلى، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنى-

www.uyghurkitap.com

قىش ئۆلچىمى» نى ئېلان قىلدى. بۇ يېڭى تەنتەربىيە ئۆلچىمىنىڭ ئۇسۇلى ئاددى، ئىجرا قىلىشقا ئوڭاي بولغاچقا، زوروۇر تەنتەربىيە سايمانلىرى كەمچىل بولغان ئەھۋالدىمۇ ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار ئۆلچەمگە يېتەلەيدىغان بولدى.

1975 - يىلى، شىئەن تەنتەربىيە شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئوقۇغۇچىلىرى قۇمۇل ناھىيىسىگە كېلىپ «ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ مەكتەپ باشقۇرۇش» بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىدىن 45 نى تەربىيىلەپ بەردى. 1982 - يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىدىن 65 نى تەربىيىلەپ بەردى، بۇلار 40 كۇنلۇك ئۆگىنىشتە، ئاساسلىقى تەنتەربىيە نەزەرىيىسى، تەنتەربىيە ئوقۇتۇش مىتودىنى ئۆگەندى. 1683 - يىلى، ناھىيە بويىچە ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى مەخسۇس تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى 40 قا، قوشۇمچە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى 47 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ھەرقايسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ۋاسكېتبول مەيدانى 72 گە، ۋالىبول مەيدانى 43 گە، كىچىك تەنھەرىكەت مەيدانى تۆتكە، پۇتبول مەيدانى بىرگە يەتتى. ئادەتتىكى تەنتەربىيە سايمانلىرىدىن پولات تۇرۇبىدىن ياسالغان ۋاسكېتبول جازىسى، ھەرىكەتچان ۋالىبول سېتكىسى، ياغاچ ئات، ئۆچكە، سېلىنچا قاتارلىقلار كۆپ ساندىكى مەكتەپلەرگە سەپلەپ بېرىلدى.

**ناھىيە چېلىشچىلىرىنىڭ ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدىكى نەتىجىسى**

جەدۋەل 20 — 12

| ۋاقتى | ئىسىم فامىلىسى | مۇسابىقە تۈرى | مۇسابىقە ئورنى | مۇسابىقە نەتىجىسى | |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| 1973 - يىل | ئابدۇراخمان ئىمىن | ئەڭ يېنىك ئېغىرلىق | باركۆل | بىرىنچى | قۇمۇل ناھىيىسى |
| | تۈركىستان | ئېككىنچى ئوتتۇرا ئېغىرلىق | باركۆل | بىرىنچى | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى |
| | ئابدۇرېھىم | ئوتتۇرا ئېغىرلىق | باركۆل | بىرىنچى | |
| | ئابدۇرىشىت | ئېككىنچى يۇقىرى ئېغىرلىق | باركۆل | بىرىنچى | |
| 1974 - يىل | قۇمۇل ناھىيىلىك ۋەكىللەر كاماندىسى | | قۇمۇل ناھىيىسى | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى | |

## ئاھىيە چېلىشچىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدىكى نەتىجىسى

جەدۋەل 20 — 13

| ۋاقتى | ئىسىم فامىلىسى | مۇسابىقە تۈرى | مۇسابىقە ئورنى | مۇسابىقە نەتىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1960 – يىل | يەمەش | ئىككىنچى يۇقىرى ئېغىرلىق | ئۈرۈمچى | بىر ئالتۇن مېدال |
| 1973 – يىل | ئابدۇرېھىم | ئىككىنچى ئوتتۇرا ئېغىرلىق | قەشقەر شەھىرى | ئۈچىنچى |
| | ئابدۇرېشىت | ئىككىنچى يۇقىرى ئېغىرلىق | | بىرىنچى |
| | تۇركىستان | ئىككىنچى ئوتتۇرا ئېغىرلىق | | بىرىنچى |
| | ئابدۇراخمان ئىمىن | ئەڭ يېنىك ئېغىرلىق | | تۆتىنچى |
| 1974 – يىل | ئابدۇرېشىت | ئىككىنچى يۇقىرى ئېغىرلىق | بورتالا | ئىككىنچى |
| | نىياز قاسىم | يېنىك ئېغىرلىق | | تۆتىنچى |
| | ئابدۇرېھىم | ئىككىنچى ئوتتۇرا ئېغىرلىق | | ئىككىنچى |
| | تۇركىستان | ئىككىنچى ئوتتۇرا ئېغىرلىق | | بىرىنچى |
| | ئاق موللا | ئوتتۇرا ئېغىرلىق | | بەشىنچى |
| 1975 – يىل | ئابدۇرېشىت | ئىككىنچى يۇقىرى ئېغىرلىق | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئىككىنچى |
| | تۇركىستان | ئىككىنچى ئوتتۇرا ئېغىرلىق | | بىرىنچى |
| | ئىبراھىم | ئىككىنچى يېنىك ئېغىرلىق | | تۆتىنچى |
| | نىياز قاسىم | يېنىك ئېغىرلىق | | ئۈچىنچى |
| | ئەمەت سەيدۇللا | يېنىك ئېغىرلىق | | تۆتىنچى |
| 1977 – يىل | قاھار | يېنىك ئېغىرلىق | كورلا شەھىرى | ئىككىنچى |
| | ئابدۇراخمان ئىمىن | ئەڭ يېنىك ئېغىرلىق | | ئىككىنچى |
| | نىياز قاسىم | يېنىك ئېغىرلىق | | تۆتىنچى |
| | ئابدۇرېھىم | ئىككىنچى ئوتتۇرا ئېغىرلىق | | ئۈچىنچى |
| | ئابدۇرېشىت | ئىككىنچى ئوتتۇرا ئېغىرلىق | | ئىككىنچى |
| | كامال | ئىككىنچى ئوتتۇرا ئېغىرلىق | | تۆتىنچى |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تادرىسى

## ناھىيە چېلىشچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشقاندىكى نەتىجىسى

جەدۋەل 20 — 14

| ۋاقتى | ئىسىم فامىلىسى | مۇسابىقە تۈرى | مۇسابىقە نۇرنى | مۇسابىقە نەتىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1959 - يىلى | يەمەش | ئىككىنچى يۇقىرى ئېغىرلىق | بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى بېيجىڭ | بىر مىس مېدال |
| 1960 - يىلى | يەمەش | ئىككىنچى يۇقىرى ئېغىرلىق | مەملىكەتلىك ئەركىن قېدىمچە چېلىش مۇسابىقىسى ۋۇخەن | بىر مىس مېدال |
| 1960 - يىلى | يەمەش | ئىككىنچى يۇقىرى ئېغىرلىق | مەملىكەتلىك جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى تەييۈەن | بىر كۈمۈش مېدال |
| 1965 - يىلى | يەمەش | ئىككىنچى يۇقىرى ئېغىرلىق | ئىككىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى بېيجىڭ | بىر مىس مېدال |
| 1963 - يىلى | ئابدۇرېشىت | ئىككىنچى يۇقىرى ئېغىرلىق | بەشىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى شاڭخەي | تۆتىنچى |

## 1983 - يىلى ناھىيىلىك ۋەكىللەر كاماندىسىنىڭ ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشقاندىكى نەتىجىسى

جەدۋەل 20 — 15

| ئىسىم فامىلىسى | مۇسابىقە تۈرى | مۇسابىقە نۇرنى | نەتىجىسى | نەتىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| مۇھەممەت | 15000 مېتىر | ھەربىي ئات فېرمىسى | 23′50″ | بىرىنچى |
| تۇرسۇن | 10000 مېتىر | ھەربىي ئات فېرمىسى | 15′41″8 | بەشىنچى |
| كائەن | 5000 مېتىر | ھەربىي ئات فېرمىسى | 7′37″1 | بەشىنچى |

## قارىغا ئېتىش، مۇز تېيىلىش، چامباشچىلىق مۇسابىقىلىرىدىكى نەتىجىسى

جەدۋەل 20 — 16

| ئىسىم فامىلىسى | مۇسابىقە ۋاقتى | ئورنى | مۇسابىقە تۈرى | نەتىجىسى | نام تەرتىپى |
|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك قارىغا ئېتىش ۋەكىللەر كاماندىسى | 1979 - يىل | ئاراتۇرۇك | ۋىلايەتلىك قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | 4458 ھالقا | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا بىرىنچى |
| ناھىيىلىك قارىغا ئېتىش ۋەكىللەر كاماندىسى | 1979 - يىل | ئاراتۇرۇك | ۋىلايەتلىك قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | | ئاياللار بىرىنچى |
| ناھىيىلىك قارىغا ئېتىش ۋەكىللەر كاماندىسى | 1979 - يىل | ئاراتۇرۇك | ۋىلايەتلىك قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | | ئەرلەر ئىككىنچى |
| دىلى شىنلەن ۋاڭ شۇخۇا جۇ جۇيفاڭ | 1979 - يىل | ئاراتۇرۇك | ۋىلايەتلىك قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى مانا پولكا بىلەن قارىغا ئاتىدىغان ئاياللار گۇرۇپپىسى 9 × 30 | ئومۇمىي نەتىجىسى 715 ھالقا | 1979 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسىدە قۇمۇل ۋەكىللەر كاماندىسى 681 ھالقىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتەك نەتىجىگە ئېرىشتى |
| قۇمۇل ناھىيىلىك تېز مۇز تېيىلىش كاماندىسى | 1981 - يىل | بارىكۆل | ۋىلايەتلىك تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئۈچىنچى |
| قۇمۇل ناھىيىلىك تېز مۇز تېيىلىش كاماندىسى | 1982 - يىل | بارىكۆل | ۋىلايەتلىك تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئىككىنچى |
| قۇمۇل ناھىيىلىك تېز مۇز تېيىلىش كاماندىسى | 1983 - يىل | بارىكۆل | ۋىلايەتلىك تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئۈچىنچى |
| ماچىڭ رىن (ئاپتونوم رايونلۇق چامباشچىلىق ۋەكىللەر كاماندىسىنىڭ ئەزاسى خۇيزۇ) | 1957 - يىل | بېيجىڭ | مەملىكەتلىك چامباشچىلىق مۇسابىقىسى | | ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات |

## 1972 - يىلى ناھىيىلىك ئۆسمۈرلەر تىكتاك توپ ۋەكىللەر كاماندىسىنىڭ ۋىلايەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشقاندىكى نەتىجىسى

جەدۋەل 20 — 17

| ئىسىم فامىلىسى | مۇسابىقە ئورنى | نەتىجىسى |
|---|---|---|
| گاۋ خۇڭجۇەن | بارىكۆل | قىزلار «ب» گۇرۇپپىسى بويىچە تاق ئويناشتا بىرىنچى |
| يۈلىلى | بارىكۆل | قىزلار «ب» گۇرۇپپىسى بويىچە تاق ئويناشتا ئىككىنچى |
| خې يۈجىڭ | بارىكۆل | ئوغۇللار «ب» گۇرۇپپىسى بويىچە تاق ئويناشتا ئىككىنچى |
| ۋاڭ رۇي | بارىكۆل | ئوغۇللار «ب» گۇرۇپپىسى بويىچە تاق ئويناشتا ئۈچىنچى |

## ناھىيىلىك ۋاسكېتبول، ۋالىبول ۋەكىللەر كاماندىسىنىڭ ۋىلايەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشقاندىكى نەتىجىسى

جەدۋەل 20 — 18

| ۋاقتى | ۋەكىللەر كاماندىسى | مۇسابىقە تۈرى | مۇسابىقە ئورنى | مۇسابىقە نەتىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1958 - يىل | ئەر - ئاياللار ۋاسكېتبول، ۋالىبول | ۋاسكېتبول، ۋالىبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى | قۇمۇل | ئەرلەر ۋاسكېتبولدا چېمپىيون<br>ئاياللار ۋاسكېتبولدا ئۈچىنچى<br>ئەرلەر ۋالىبولدا چېمپىيون<br>ئاياللار ۋالىبولدا ئىككىنچى |
| 1959 - يىل | ئەر - ئاياللار ۋاسكېتبول، ۋالىبول | بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى تاللاش مۇسابىقىسى | قۇمۇل | ئەرلەر ۋاسكېتبولدا ئىككىنچى<br>ئەرلەر ۋالىبولدا چېمپىيون<br>ئاياللار ۋالىبولدا ئىككىنچى |
| 1964 - يىل | ئەر - ئاياللار ۋاسكېتبول، ۋالىبول | ۋاسكېتبول، ۋالىبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى | قۇمۇل | ئەرلەر ۋاسكېتبولدا ئىككىنچى<br>ئاياللار ۋاسكېتبولدا ئۈچىنچى<br>ئەرلەر ۋالىبولدا چېمپىيون<br>ئاياللار ۋالىبولدا ئىككىنچى |
| 1973 - يىل | ئاياللار ۋاسكېتبول | ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسى | قۇمۇل | ئاياللار ۋاسكېتبولدا بىرىنچى |
| 1974 - يىل | ئاياللار ۋاسكېتبول | ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسى | قۇمۇل | ئاياللار ۋاسكېتبولدا ئىككىنچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1974 ـ يىل | راھەتباغ ئوتتۇرا مەكتەپ ئەر ـ ئاياللار ۋالىبول كاماندىسى | ئۆشتىمن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ۋالىبول مۇسابىقىسى | قوموّل | ئەرلەر ۋالىبولدا ئىككىنچى ئاياللار ۋالىبولدا ئىككىنچى |
| 1977 ـ يىل | ئەر ـ ئايال ۋاسكىتبول | دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق مەيدانى | ئەرلەر ۋاسكىتبولدا چېمپىيون ئاياللار ۋاسكىتبولدا چېمپىيون |

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى جەدۋىلى

جەدۋەل 20 — 19

| ۋاقتى | مۇسابىقە ئورنى | مۇسابىقە تۈرى | قاتناشقان تەنھەرىكەتچى سانى |
|---|---|---|---|
| 1953 ـ يىل 5 ـ ئاي | ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتكا تەنھەرىكەت يىغىنى | | 473 |
| 1975 ـ يىل 6 ـ ئاي | ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتكا تەنھەرىكەت يىغىنى | خەلق مەيدانى | 530 |
| 1977 ـ يىل 5 ـ ئاي | ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتكا تەنھەرىكەت يىغىنى | خەلق مەيدانى | 1140 |
| 1979 ـ يىل 6 ـ ئاي | ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكىتبول، ۋالىبول مۇسابىقىسى | تۆتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ مەيدانى | 290 |
| 1981 ـ يىل 6 ـ ئاي | ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋالىبول مۇسابىقىسى | راھەتباغ ئوتتۇرا مەكتىپى | 146 |

www.uyghurkitap.com

## 1974 - يىلدىن بۇيان ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ ئەھۋالى جەدۋىلى

جەدۋەل 20 - 20

| ۋاقتى | مۇسابىقە تۈرى | مۇسابىقە ئورنى | قاتناشقان تەنھەرىكەتچى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئەر | | ئايال | |
| | | | كوماندا سانى | ئادەم سانى | كوماندا سانى | ئادەم سانى |
| 1974 - يىل 5 - ئاي | ناھىيە بويىچە ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى | خەلق مەيدانى | 9 | 110 | 5 | 60 |
| 1975 - يىل 7 - ئاي | ناھىيە بويىچە ۋالېبول مۇسابىقىسىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىپ ئېلىپ بېرىلىشى | ساقا، ليۇشۇچۈەن دېھقانچىلىق مەيدانى | 11 | 112 | 5 | 47 |
| 1975 - يىل 9 - ئاي | ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى | تاشۋىلىق گۇڭشې | 7 | 82 | 4 | 46 |
| 1976 - يىل 5 - ئاي | خەلقئارا شاھمات، جۇڭگوچە شاھمات بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى | ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت | | 28 | | |
| 1977 - يىل 8 - ئاي | ناھىيە بويىچە ۋالېبول مۇسابىقىسى | قارادۆۋە گۇڭشې | 10 | 110 | 5 | 52 |
| 1978 - يىل 7 - ئاي | ناھىيە بويىچە چېلىش مۇسابىقىسى | قارادۆۋە گۇڭشې | | 53 | | |
| 1978 - يىل 9 - ئاي | ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى | بولۇڭتوغراق گۇڭشې | 8 | 96 | 5 | 60 |
| 1981 - يىل 7 - ئاي | ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ چېلىش مۇسابىقىسى | غەربىي تاغ گۇڭشې 4 - دادۈي | | 52 | | |
| 1981 - يىل 8 - ئاي | ئىشچى - خىزمەتچىلەر شاھمات مۇسابىقىسى | 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ زالى | | 34 | | |
| 1981 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە | ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | | | | |
| 1981 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە | ئىشچى - خىزمەتچىلەر تىكتاك توپ مۇسابىقىسى | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | | | | |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە بىرىنچى قىسىم مىللەت، دىن

تارىختا نۇرغۇن مىللەتلەر قۇمۇل بوستانلىقىدا كۆپىيىپ، ياشاپ كەلگەن، ئۇسۇن، توخرى (ياۋچى)، هون، قاڭقىل، جورجان قاتارلىق قەدىمىي مىللەتلەر بۇ يەردە ئىز قالدۇرغان، تۈبۈت، ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئۇزاقتىن بۇيان بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزى مىللەتلەر باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن، بەزى مىللەتلەر باشقا جايلاردىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن، يەنە بەزى مىللەتلەر ئۇزاق زامانلار ئارىلىشىش جەريانىدا باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى هۆكۈمران سىنىپلار ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا كەمسىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، كۆپ قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان، هەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ماجىرالار يۈز بېرىپ تۇرغانىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە هۆكۈمەت مىللەتلەرنىڭ هوقۇقتا باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى، مىللەتلەر ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈپ، بىرلىكتە تەرەققىي قىلدى ۋە ئورتاق گۈللەندى. خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، هەر مىللەت خەلقى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ دېگەن ئىدىيە كىشىلەر قەلبىدىن كۈنسايىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ راۋاجلاندى.

1983-يىلغىچە ناهىيە مىقياسىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، مانجۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ، مياۋزۇ، يىزۇ، جۇاڭزۇ، بۇيىزۇ، چاۋشيەنزۇ، دۇڭزۇ، بەيزۇ، تۇزۇ، تۇجيازۇ، دۇڭشياڭ، شىبە، ئۆزبېك، رۇس، باۋئەن، يۇگۇ، داغۇر، قىرغىزدىن ئىبارەت 24 مىللەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خەنزۇلارنىڭ ئاهالىسى ئەڭ كۆپ، خۇيزۇ، قازاقلارنىڭ ئاهالىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ تۆت مىللەتنىڭ ئاهالىسى ئومۇمىي ئاهالە سانىنىڭ 99.45 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇزاق تارىخ داۋامىدا، خىلمۇ خىل دىنلار بۇ يەردە دەۋر سۈرگەن. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قۇمۇلدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شامان دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، بۇددا دىنى، داۋجاۋ دىنى، ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنلىرى مەۋجۇد بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىرقەدەر كەڭ، ۋاقتى ئۇزۇن، تەسىرىمۇ چوڭقۇر.

# I باب مىللەت

## §18. ئۇيغۇرلار

### 1. تەرەققىيات جەريانى

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مىلادى VII، VI ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قاڭقىل ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى قۇمۇل ئەتراپىغا كېلىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچىڭ 4-يىلى (840-يىلى)، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن، ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى ئىدىقۇت ئەتراپىغا كۆچۈپ، كېلىپ قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار كۆپلەپ قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ 10-يىلى (856-يىلى) ياردەمچى مۇپەتتىش ۋاڭ رۇيجاڭ ئۇيغۇرلارغا بەگلىك ئاتىرىپ بېرىش توغرىسىدىكى يارلىقنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئېۋۇرغولنىڭ لاپچۇق ناھىيىسىدىكى مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇنىڭدىن شۇ چاغلاردا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىشقا باپ، بۇ يەردە ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەدرىجىي ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇمۇل يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئورۇن بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار بىلەن بولغان سودىسى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەن. مۇنداق ئەۋزەل مۇھىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تېز كۆپەيگەن.

XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار موڭغۇل خانلىقىغا بەيئەت قىلغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 16-يىلى (1279-يىلى) يۈەن سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئازجىغا تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا ئەمىر چۈشۈرگەن. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى دىجىن تىرىن ئىنئانە توپلاپ، ئەسكەرلەرگە ياردەم قىلىپ، ئازجىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان، ئازجى دىجىن تىرىننى قۇمۇلنىڭ شەھەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ھەربىي ۋە ھاشار ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغان. جىيۈەننىڭ 24-يىلى (1287-يىلى) غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل ۋاڭلىرى توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ، ئىدىقۇت، قۇمۇل كەينى-كەينىدىن ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچرايدۇ، خەلقنىڭ كۈنى ئېغىرلىشىدۇ، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن خېشى (خېشى كارىدورى)، مەنزى (چاڭجياڭ خۇيخى دەيالىرىنىڭ جەنۇبى)، خالا جاڭ (يۈننەن) قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بېرىپ، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىدۇ، بۇ چاغدا قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بەك ئازىيىپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 3 - يىلى (1370 - يىلى) يۈەن سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، موڭغۇل ئەۋلادىدىن بولغان ۋۇناشىرى بۆلۈنۈپ مۇستەقىل بولۇۋالدۇ. خۇڭۋۇنىڭ 13 - يىلى (1380 - يىلى) قۇمۇل دائىرىسى مىڭ سۇلالىسىگە قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. مىڭ سۇلالىسى يەنىلا يۈەن ئەۋلادىدىن بولغان موڭغۇلنى ۋاڭ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. لېكىن، بۇ چاغدا، قۇمۇلنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قارا خۇيدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. بەلگىلىمە بويىچە قۇمۇلنىڭ ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى مۇنۇ ئىككى شەرتنى ھازىرلىشى لازىم ئىدى. بىرىنچىسى، ئەسلى موڭغۇل ۋاڭىنىڭ يېقىن ئۇرۇق - جەمەتلىرىدىن بولۇشى، ئىككىنچىسى، خانلىقتىكى ھەر مىللەت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ رازىلىقىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك. دەسلەپتە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قارا خۇيدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلىنىڭ كۈچى ئوخشاش بولغاچقا، ۋاڭ بولۇش شەرتىنى ھېچكىم ھازىرلىيالمىغان، كېيىنچەرەك، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى تەدرىجىي زورايغانلىقتىن تۇتۇق خەنشىن چېڭخۇانىڭ 20 - يىلى (1484 - يىلى) قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانى — سادىق ۋاڭ بولىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن خەنشىن تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ، بۇ چاغدا قۇمۇلنىڭ يەرلىك خاقانلىرى كۈچلۈك قوشنىسى تۇرپاننىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، پاراكەندىچىلىكىگە دائىم ئۇچراپ تۇراتتى، ئۇلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، يەرلەرنى تالان - تاراج قىلىپ، ئادەملەرنى بۇلاپ كېتەتتى، سودا ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغاچقا، قۇمۇلنىڭ يەرلىك خاقانلىرى «ئۈچ قېتىم تىكلىنىپ، ئۈچ قېتىم ھالاك» بولغان. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل خەلقى نائىلاج ئارقا - ئارقىدىن ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن، ئەنشى ئەتراپىدىكى كۇيۇ چېڭ شەھىرى قۇمۇل ۋاڭ جەمەتلىرى ۋە خەلقىنىڭ پاناھ جايى بولغان. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرى قۇمۇلدىكى سادىق ۋاڭ بەيياجى قول ئاستىدىكى خەلقنى شەپقەتسىز تۈردە تالان - تاراج قىلغان، ھەربىر ئۆي بېشىغا ئۈچ دادەن بۇغداي ياكى بىر توپ ئاق سىيامبۇ ياكى ئون ئات بېرىشكە مەجبۇرلىغان، خەلقنىڭ قوي، كالىلىرىنى بۇلىۋالغان، ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تەگكەن. پاجىئەلىك تۇرمۇش ئۇيغۇرلارنىڭ ئازلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ماۋېنشېڭ يازغان «قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ روناق تېپىشى ھەققىدە» دە: XV ئەسىردە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىچكى ئۆلكىلەرگە قېچىپ كېتىپ، قۇمۇلدا ئاران بىرقانچە يۈز ئۆيلۈك ئادەم قالغان، دەپ يېزىلغان. جېڭدېنىڭ 8 - يىلى (1513 - يىلى) چىرىكلەشكەن بايياجى شەھەرنى تاشلاپ، تۇرپانغا قېچىپ كەتكەن، كېيىنكى ئەھۋالى نامەلۇم. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل تۇرپاننىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالغان.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئەبەيدۇللانى بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭدىن ئىبارەت قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار قۇمۇللۇق ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ئاندا - ساندا ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن كىشىلەر كۆچۈپ كېتىپ نوپۇس ئازايغان بولسىمۇ، ئومۇمەن نوپۇس ئېشىپ

www.uyghurkitap.com

ماڭغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار 8000 دىن ئاشقان. 1949 - يىلغىچە كۆپىيىپ 30 مىڭغا يېقىنلاشقان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تېز كۆپەيدى. 1983 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇس 57 مىڭ 700 دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس 44 مىڭغا يېتىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مىنگونىڭ 19 - يىلىغىچە (1930 - يىلى) بولغان 233 يىل ئىچىدە، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئىزچىل تۆردە ۋاڭنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا ياشىدى. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» يولغا قويۇلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

2 . دىنىي ئېتىقاد

ئۇيغۇرلار تارىختا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شامان دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك، دىنى ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىسلام دىنى قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ئىسلام دىنى قۇمۇلدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن، ئىسلام دىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدىيە ئېڭىغا ۋە تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

3 . نىكاھ

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلارنىڭ توي ئىشلىرى، كۆپىنچە، ئاتا - ئانىسىنىڭ مەيلىچە بولاتتى، شۇنىڭدەك دىنىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇچرايتتى. ئورۇنلانغان قىز - ئوغۇللار توي قىلىشتىن بۇرۇن دىدار كۆرۈشمەيتتى، شۇڭا تويدىن كېيىن دائىم دېگۈدەك كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ، ئائىلە تۇرمۇشى بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرەتتى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن نىكاھ قانۇنىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاتا - ئانىلارنىڭ مەيلىچە بولىدىغان تويلار كۆپ ئازايدى، ئەركىن مۇھەببەت باغلاش، نىكاھ ئىشلىرىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئومۇملاشتى، ئوغۇل - قىزلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا دىن ئارىلىشىدىغان ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلمەيدىغان بولدى. توي قىلىشتىن ئىلگىرى نىكاھ قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تۇرمۇش قۇرۇش گۇۋاھنامىسى ئالىدىغان بولدى، نىكاھدىن ئاجرىشىدىغان ھادىسىلەر ئازايدى. ھەقىقەتەن نىكاھدىن ئاجراشماقچى بولسا، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ نىكاھدىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى ئۆتەيدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئاياللارنىڭ رازى بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئەر تەرەپ ئۆز ئالدىغا ئاياللىنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىدىغان ياكى «ئۈچ تالاق» دېسىلا ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلىدىغان كونا ئادەت پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

ھازىر، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمى ئومۇمەن ئۈچ كۈن بولىدۇ:

1 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەر مېھمانلار ئۇزىتىلىدۇ. يىگىت ۋە مېھمانلار كېلىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ مەھەللىدىكى دىنىي زاتلاردىن بىرسى جامائەت ئالدىدا توي خېتىنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن كېيىن دىنىي قائىدە بويىچە نىكاھ ئوقۇپ شاكراپ (ياكى شېكەر سۇيى) گە نانني تەككۈزۈپ يىگىت بىلەن قىزغا بۆلۈپ بېرىدۇ. ئاندىن قىز تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تەييارلىغان بىر يۈرۈش يېڭى كىيىم ـ كېچەك، دوپپا، قول ياغلىق قاتارلىقلارنى كۈيئوغۇللۇق قىلىدۇ. مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن مېھمانلارغا غىزا تارتىلىدۇ. غىزادىن كېيىن ئەر مېھمانلار قايتىدۇ، چۈشتىن كېيىن ئايال مېھمانلار ئۇزىتىلىدۇ.

يىگىت قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قىز تەرەپكە قىز كۆچۈرۈش ئۈچۈن ماشىنا ئەۋەتىدۇ (يېزىلاردا ئومۇمەن ھارۋا، تراكتور، شەھەردە كۆپىنچە ماشىنا ئىشلىتىلىدۇ). قىز كۆچۈرۈش ۋاقتى جايلاردا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ، لاپچۇق، قارادۆۋىلەردە كۈندۈزى كۆچۈرۈلىدۇ، شەھەردە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا ئومۇمەن كەچتە كۆچۈرۈلىدۇ، قىز كۆچۈرگەندە يىگىت تەرەپتىن ئالتە ـ يەتتە ئەر ـ ئايال ئىناۋەتلىك چوڭلارنىڭ باشچىلىقىدا قىزنىڭكىگە كېلىپ، قىزنى بالدۇر بېرىشنى كەينى ـ كەينىدىن تەلەپ قىلىدۇ، قىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى ۋاقىت تېخى بالدۇر دېگەندەك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ۋاقىتنى كەينىگە سۈرىدۇ. قىز ئالغىلى كەلگەنلەر ئىلاجىسىز قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ تالادا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قىزنى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ 2 ـ قېتىم يەنە كىرىدۇ، ئۇلار يەنىلا ۋاقىت تېخى بالدۇر دېگەن جاۋابنى ئاڭلايدۇ، مۇشۇنداق بىرنەچچە قېتىم كىرگەندىن كېيىن ۋاقىت يېرىم كېچە بولۇپ قالغاندا ئاندىن قىزنى بېرىدۇ.

تويى بولغان قىز بوسۇغىسىدىن چىقىشتىن ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىسى، قىزنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ، باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ دۇئا قىلىدۇ. قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەنلەر قىزنى ئۆيدىن ئېلىپ چىققاندىن كېيىن مەھەللىدىكى ياشلار ئارغامچا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن يول توسىدۇ، چوۋات ياكى بىرقانچە بوتۇلكا توي ھارىقى بەرسە، يولنى ئېچىۋېتىدۇ، قىز ئالغىلى كەلگەنلەر ئاندىن ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ.

قىز كۆچۈرگۈچىلەر بىلەن قىز كۆچۈرۈپ بەرگۈچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كەلگەن قىز يىگىتنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئىشىككە چىقىدۇ، كېلىن ھۇجرا ئۆيىگە كىرىپ كەتكىچە سازەندە ـ ھېيىزلار خۇشال نەغمە ـ ناۋا قىلىدۇ، قىز كۆچۈرۈپ كەلگۈچىلەرگە غىزا تارتىلىپ، كەتكەندىن كېيىن بىر ـ ئىككى ئايال كېلىنگە يەڭگە بولۇپ قېپقالىدۇ، قالغانلىرى قايتىپ كېتىدۇ.

شۇ كېچىدە يىگىتنىڭكىدىمۇ، قىزنىڭكىدىمۇ مەشرەپ بولىدۇ، خۇشال ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينالغان مەشرەپ تاڭ ئاتقىچە داۋام قىلىدۇ. يىگىت بىلەن قىز يېتىپ قېلىشتىن ئىلگىرى قىز تەرەپ بىلەن يىگىت تەرەپتىن بىردىن ئوتتۇرا ياش، ئەخلاقلىق ئاياللنى ئورۇن سېلىپ بېرىشكە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يوقىرى ـ تۆۋەن، ئېگىز ـ

پەسلىك تالشىشلار بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەنمۇ تويغا بىرمۇنچە شاد - خۇراملىق كەيپىياتى قوشۇلىدۇ.

2 - كۈنى سەھەردە قىز تەرەپ ھۇجرا ئۆيگە چۈچۈرە پىشۇرۇپ ئىسسىقلىق ئەۋەتىدۇ، بۇ كۈنى يىگىت تەرەپ مېھمان ئۇزىتىدۇ، ئادەتتە چۈشتىن بۇرۇن ئەرلەرنى، چۈشتىن كېيىن ئاياللارنى ئۇزىتىدۇ.

تەنتەنىلىك يۈز ئاچقۇ مۇراسىمى چۈشتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. يۈز ئاچىدىغان چاغدا كېلىن يەڭگىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھويلىغا چىقىدۇ ياكى مېھمانخانىغا كىرىدۇ، بېشى بۆرتۈمشال بىلەن يۆركۈلۈپ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغۇزۇلۇپ قويۇلىدۇ. قىز تەرەپ بىلەن يىگىت تەرەپ ئەقىللىق ۋە چېچەن ئاياللاردىن بىردىن ۋەكىل تاللايدۇ، بۇ ئاياللار بىر - بىرىگە بېيىت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، كېلىن بىلەن يىگىتنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى ۋە ئېسىل پەزىلىتىنى ماختىشىدۇ، ئۆزئارا ئېيتىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خۇشال كۈلكە سادالىرى ئىچىدە قىزنىڭ يۈزى ئېچىۋېتىلىدۇ. شۇندىن باشلاپ كېلىن يۈزىنى ئېچىپ يۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ چاغدا قېيىن ئانىنىڭ كېلىنگە تەييارلىغان سوۋغىسىنى بىرنەچچە ئايال پەتنۇسقا سېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇ سوۋغىلار ئاساسلىقى: كىيىملىك رەخت، رومال، كېپىش، پايپاق، پوپايكا، پەرداز بويۇملىرى ۋە باشقىلار.

تويىنىڭ 3 - كۈنى چىللاشقۇ بولىدۇ، بۇ كۈنى قىز تەرەپ بىلەن يىگىت تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى مېھمان قىلىنىدۇ. چىللاشقۇغا ھەر ئىككى تەرەپ ئاددىي داستىخان قىلىشىپ سوۋغا تۇتىشىدۇ، بۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتا ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارنىڭ تونۇشۇشى، بۇنىڭدىن كېيىنكى باردى - كەلدى قىلىپ تۇرۇشقا ئوڭايلىق يارىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تاشيولىق گۇڭشېسىنىڭ شوپۇل، خوتۇنتام قاتارلىق جايلىرىدا توي مۇراسىمى كولىلېكتىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان ئادەت بار، توي قىلىدىغان بىرقانچە ئۆيلۈك توي كۈنىنى مەسلىھەتلىشىپ توختىتىدۇ، مۇنداق توي باشقا جايلاردىكىدىن ئاددىيراق بولىدۇ.

ئاستانە، قارادۆۋە، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلاردا توي باشلاش مۇراسىمى دەيدىغان ئادەت بار، يەنى توي بولۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن يىگىت تەرەپتىن بىر قىسىم مېھمانلار سوۋغات ئېلىپ، قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە قىز تەرەپ ئىشىكنى چىڭ تاقىۋالىدۇ، كەلگەن مېھمانلار ئىشىك ئالدىدا بىردەم نەغمە - ناۋا قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيگە كىرگۈزۈلىدۇ، بۇ، «توي باشلاش مۇراسىمى» دېيىلىدۇ. باشقا مۇراسىملار شەھەر ئەتراپىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنە قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغاندا قىز ئالغۇچىلار قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن رازىلىق تىلەيدۇ ۋە ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ. قىز كۆچۈرۈشكە بارغان ماشىنا (ياكى ھارۋا) ئورنىدىن قوزغالغاندا، ئوغۇل - قىز ياشلار ماشىنا ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ ماڭغاچ كېلىننى ئۇزىتىپ قويىدۇ.

**4. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كېسەل ئادەم سەكراتقا چۈشكەندە كېسەل ئادەمنىڭ بېشىدا ئايەت ئوقۇشقا ئادەم چاقىرىلىدۇ، ئادەم جان ئۈزگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرىغا ۋە ئاخۇن-موللىلارغا خەۋەر قىلىدۇ، تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلگەنلەر ئىچىدىكى ئەر تۇغقانلارغا بىردىن ئاق قول ياغلىق، ئايال تۇغقانلارغا بىردىن داكا لېچەك بېرىلىدۇ، يېقىن ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ كۆڭۈل سوراپ كەلگەنلەر بىلەن قول ئېلىشىدۇ.

مېيىت ئومۇمەن شۇ كۈنى يەرلىككە قويۇلىدۇ، ئەگەر ئۈلگۈرمەي قالسا ئەتىسى يەرلىككە قويۇلسىمۇ بولىدۇ. مېيىتنى چوڭ ياشلىقلار سۇغا ئالدۇرغاندىن كېيىن ئاق رەخت بىلەن كېپەنلەيدۇ. مېيىتنى ئېلىپ مېڭىشتىن ئىلگىرى ئەر-ئايال ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ۋاپات بولغۇچىغا دۇئا قىلىپ ۋىدالىشىدۇ. مېيىت تاۋۇتقا سېلىنىپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاياللار مېيىتنى ئۈزىتىپ قەبرىستانلىققا چىقمايدۇ، ئۆيدە قېپقىلىپ ھازا تۇتىدۇ. تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ماڭىدۇ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاۋۇت ئېلىپ مېڭىلىدۇ، جامائەت تاۋۇتنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. مېيىتنى يەرلىككە قويۇشتىن ئىلگىرى، ئاخۇنۇم دەپنە قىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. يەرلىك(گۆر)نىڭ قېزىلىشى مۇنداق: ئادەتتە ئالدى بىلەن چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى مېتىر كەڭلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر گۆر قېزىلىدۇ. ئاندىن يەرلىكنىڭ ئىچىدە قىبلە تەرەپتە ئىچ ئۆي قېزىلىدۇ؛ مېيىت ئىچ ئۆيگە قويۇلىدۇ ھەمدە بېشى شىمالغا، پۇتى جەنۇبقا، يۈزى قىبلىگە قىلىپ ياتقۇزۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىچ ئۆينىڭ ئاغزى كېسەك بىلەن ئېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئالدى بىلەن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلايدۇ، ئاندىن باشقا ئادەملەر توپا تاشلايدۇ، گۆرگە تىندۇرۇلغان توپا يەر يۈزىدىن سەل كۆتۈرۈلگەندە توپا تاشلاشنى توختىتىدۇ. بۇ چاغدا ئاخۇنۇم قىرائەت قىلىدۇ، دۇئا قىلىنىدۇ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يەر بېشىدا جامائەتكە چاشقۇ تارقىتىپ بېرىدۇ ھەم ئازراق نەق پۇل تارقىتىدۇ. ئاخىرىدا ۋاپات بولغان ئادەمدىن قالغان مىراسنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئاخۇنۇم ئېلان قىلىدۇ، مېيىتنى ئۈزىتىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋاپات بولغاندا، دىنىي قائىدە بويىچە ئۈزىتىلگەندىن باشقا، بەزىلىرىگە ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى، بۇنىڭغا ئىدارە-جەمئىيەتلەردىكى ھەر مىللەت ئەر-ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر قاتنىشىدۇ، بەزىلىرىگە بولسا، ۋاپات بولغۇچى ھايات ۋاقتىدا ئىشلىگەن ئورۇندىكى ئۇيغۇر رەھبىرىي كادىرلار قەبرە بېشىغا چىقىپ، جامائەت ئالدىدا تەزىيە سۆزى قىلىدۇ.

مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ ۋاپات بولغۇچى تەۋە بولغان مەسچىتنىڭ ئەل-جامائەتى بامدات نامازدىن يېنىپ قەبرە بېشىغا چىقىپ ئايەت ئوقۇيدۇ، بۇنداق قىلىش يەتتە نەزىرىدىن كېيىن توختايدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ تۇغقانلىرى مېيىتنى ئۈزىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يۈزى، يىل نەزىرلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، ھەر قېتىملىق نەزىرگە مېھ-

مان چىللايدۇ، نەزىرىگە ئەرلەر چۈشتىن بۇرۇن، ئاياللار چۈشتىن كېيىن بارىدۇ، ئاياللار داستىخان كۆتۈرۈپ بارىدۇ.

مەرھۇمنىڭ قەبرىسى ئادەتتە ئۇزۇن-چاق چاسا قوپۇرۇلىدۇ، ئەرلەرنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تۇلۇق ياسىلىدۇ، ئاياللارغا تۇلۇق قىلىنمايدۇ.

5. كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك، تۇرار جاي، يۈرۈش-تۇرۇشى

ئۇيغۇرلار كىيىم-كېچەككە ئومۇمەن خېلى ئېتىبار بېرىدۇ، بولۇپمۇ ياش ئاياللار كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پاسونىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، كىيىمنىڭ رەختلىرىنىڭ سۈپەتلىك، رەڭگى چىرايلىق بولىدۇ. ئاياللار مەيلى قىشتا بولسۇن، مەيلى يازدا بولسۇن كۆينەك كىيىدۇ، ئۈچىسىغا كاستيۇم، ئۇزۇن كۆينەك، ئۇزۇن ئىشتان كىيىدۇ، ئىشتاننىڭ پۇشقىقىنى ئۇزۇن پايپاقنىڭ ئىچىگە تىقىۋالىدۇ. بېشىغا گۈللۈك دوپپا كىيىدۇ ياكى ياغلىق سالىدۇ، پۇتىغا ئۆتۈك ياكى بەتىنكە كىيىدۇ. چوڭ ياشلىق ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى بېشىغا ئاق داكا ياغلىق سالىدۇ، ئەرلەر كاستيۇم ياكى ئادەتتىكى كىيىملەرنى كىيىدۇ، پۇتىغا ئۆتۈك ياكى بەتىنكە، بېشىغا گۈللۈك دوپپا كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چوڭ ياشلىق ئەرلەر چىمەرقۇتتىن چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك، مەيسە-كالاچ كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قىز بالىلارنىڭ چېچى كۆپىنچە ئۇششاق ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلۈپ كەينىگە تاشلىناتتى، تۇرمۇش قۇرغان ئاياللار چېچىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈۋالاتتى. ئاياللار چېچىنى تارىغاندا جىگدە يېلىمى چاپاتتى، ئېيتىشلارچە مۇنداق يېلىم چاچنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە ئۇنى ئاسراشتا پايدىلىق ئىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھەردىكى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى ئاياللار چېچىنى ئۆرۈپ چوقىسىغا يۆگەپ چازا، ئاغاق قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى قىستۇرۇۋېلىشنى، ئاندىن چىرايلىق ياغلىق سېلىشنى، قىشتا چوڭ ياغلىق سېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى. شەھەرلەردە يېزىلاردىكى ئاياللارنىڭ ھەننىۋاسى يىگىنە (ھالقا)، بىلەيزۈك، ئۈزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى سېلىشنى ياقتۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى مول، ئاساسلىقى: نان، پولۇ، چۆچۈرە، سۇيۇقئاش، مانتا، لەغمەن، ياپما، كالا-قوي گۆشى، يۇتازا قاتارلىقلار. كۆكتات تۈرى مول ئەمەس، ئاساسلىقى: پىياز (باش پىياز)، چامغۇر، سەۋزە، قىزىل مۇش (لازا)، شوخلا، جاكىدۇ قاتارلىقلار. ئەتىگەندە، ئادەتتە، نان بىلەن چاي ئىچىدۇ، چۈشتە ۋە كەچقۇرۇنلۇقى لەغمەن، پولۇ، مانتا، چۆچۈرە، سۇيۇقئاش قاتارلىق غىزالارنى يەيدۇ، پولۇ ۋە گۆش يېگەندە ئاۋۋال قولىنى يۇيۇپ، ئاندىن داستىخانغا ئولتۇرۇپ بىۋاستە قول بىلەن يەيدۇ، باشقا تائاملارنى يېگەندە چوكا ئىشلىتىدۇ. قارا چاي، سۈتلۈك چاي ئىچىشكە ئامراق، چايغا ھەممىشە ئازراق تۇز سالىدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چايغا سېرىق ماي سېلىپ ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنداق چاي تېخىمۇ مەززىلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلار چوشقا، ئېشەك گۆشىنى ۋە هارام ئۆلگەن مالنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كونىچە ئۆيلىرى كېسەك-ياغاچتىن ياسىلىدۇ. قۇمۇلدا ھاۋا قۇر-

www.uyghurkitap.com

غاق بولىۋاتقا، ئۆگزىگە سامانلىق لاي سېلىپ قويسىلا كۇپايە قىلىدۇ. قىشتا سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئىشىك ـ دېرىزىلەر كىچىكرەك قىلىنىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن تۈڭلۈك ئېچىلىدۇ، شۇڭا ئۆيلەرنىڭ ھاۋا ئالمىشىش، ئاپتاپ چۈشۈش شارائىتى ئومۇمەن ناچارراق. ئۆيلەرگە كاڭ سېلىنىدۇ. ئوچاق كاڭغا تۇتاش ياسىلىپ، تاماق ئەتكەندە كۆيگەن ئوت كاڭنى قىزىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆي ئىچىمۇ ئىسسىيدۇ. كۆپىنچە ئۆيلەردە تامنىڭ ئىچ تەرىپىگە ئويۇق قىلىنىپ، ئويۇقتا ياستۇق، يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىقلار تىزىلىدۇ. ئادەتتە، ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينى باغ قىلىنىپ، ئۈزۈم ۋە ھەرخىل مېۋىلىك كۆچەتلەر، گۈل ـ گىياھلار ئۆستۈرۈلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ سۈپىتى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېڭى شەكىلدىكى ئۆيلەر، ئومۇمەن، كەڭتاشا ـ يورۇق سېلىنىدىغان بولدى. كۈن نۇرى چۈشۈش، ھاۋا ئالمىشىش شارائىتىمۇ ياخشىلاندى. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە تام گېلەمى، ئىشكاپ، تومپىچكا، ئۈستەل قاتارلىق زامانىۋى ئۆي جابدۇقلىرى بار، نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ قاتارلىق ئېلېكتىر سايمانلىرىنى سېتىۋالدى.

ئۆتمۈشتە ئۇيغۇرلار سەپەرگە چىقسا پىيادە ماڭماي، ئېشەك، ئات مىنەتتى، 50 ـ يىللاردىن كېيىن ھارۋا كۆنساناپ كۆپىيىشكە باشلىدى، يەرلىك دېھقانلار ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ماڭىدىغان بولدى، بۇنى ھەيدەش ناھايىتى ئاسان بولۇپ، ئۇ يېزىلارنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ قالدى. شەھەر ـ يېزىلاردىكى ھەممە ئائىلىدە دېگۈدەك ۋېلىسىپىت، ئاز ساندىكى ئائىلىلەردە موتسىكلىت بار بولدى.

**6. ھېيت ـ ئايەم**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق بايرىمى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتتۇر.

روزا ھېيت، بىر ئاي روزا تۇتقاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ھېيتتىن ئىلگىرى بىر ئاي روزا تۇتۇلىدۇ، روزا تۇتقۇچىلار كۈن چىققاندىن كېيىن ۋە كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ھېچنەرسە يېمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ. بىر ئاي تۇتقاندا ئېغىز ئېچىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۈندۈزى تاماق يېيىش ئەسلىگە كېلىدۇ، روزا تۇتۇش ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن ئەپسىز، ھازىر، ئەمگەككە قاتنىشىدىغان چوڭ ياشلىق كىشىلەردىن سىرت، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى روزا تۇتمايدىغان بولدى. ھېيتتىن ئىلگىرى ھەممە ئۆيلەردە ساڭزا، پوشكال سېلىنىدۇ، نۇرغۇن ھېيتلىق يېمەكلىكلەر تەييارلىنىدۇ، يەنە كەڭ دائىرىدە تازىلىق قىلىنىدۇ. ھېيت كۈنلىرى ھەممە ئادەم يېڭى كىيىم ـ كېچەك ۋە دوپپىلىرىنى كىيىپ ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ، خەنزۇ يولداشلارمۇ تونۇشىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېيتلايدۇ.

قۇربان ھېيتتا مال ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىنىدۇ، قۇربان ھېيت روزا ھېيت ئۆتۈپ 70 كۈندىن كېيىن بولىدۇ، ھەممە ئۆيلەردە قۇربانلىق دەپ قوي سويۇلۇپ، نەزىر ئېشى تارتىلىدۇ، ئۆز مەھەللىسىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىنى چىللاپ مېھمان قىلىدۇ. شۇڭا قۇربان ھېيتتا يېقىن تۇغقانلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

باشقىلارنى ئادەتتە چىللىمايدۇ، ھېيتلاشمايدۇ.

بۇ ئىككى ھېيتتا ئويۇن قويۇش، مەشرەپ ئويناش، چېلىشىش قاتارلىق مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى دائىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، بۇ پائالىيەتلەر كۆپلىگەن تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ھېيت-ئايەمنىڭ خۇشاللىق تەنتەنىسىنى ئاشۇرىدۇ.

7. باشقا ئۆرپ-ئادەتلەر

ئۇيغۇرلار ئۆزئارا مۇئامىلىدە ئەدەپ-يوسۇنغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ، يېقىن كۆرۈشكەندە ئۆزئارا سالام بېرىپ (ئامان-ئېسەنلىك سوراپ) قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ، بىر-بىرىنىڭ ئۆيىدىكى ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىنى سورىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارسا، ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ساھىپخان بىلەن بىللە دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن باشقا ئەھۋاللارنى سورىشىدۇ، بۇ چاغدا ساھىپخان داستىخان سېلىپ، نان-چاي كەلتۈرۈپ كۈتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئېسىل مېھمان غىزا ئۈستىگە كېلىدۇ» دېگەن سۆز بار، ئەگەردە تاماق يەۋاتقاندا مېھمان كېلىپ قالسا مېھمانغا تاماق قويىدۇ.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاخۇنۇمنى چىللاپ كېلىپ بالىغا ئات قويدۇرىدۇ. بالىلارغا كۆپىنچە دىنىي كىتابلاردىكى ئاتلار قويۇلاتتى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن مەلۇم مەنىگە ئىگە ئاتلار، مەسىلەن: ئەركىن، بەختىيار، باھارگۈل، جەننەتگۈل دېگەنگە ئوخشاش ئاتلار قويۇلىدىغان بولدى.

ھامىلدار ئاياللار، ئادەتتە، ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يەڭگىيدۇ، 40 كۈن تولغاندا ئىدەر چىقىرىدۇ، بۇنى «بۆشۈك توي» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. بوۋاقنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى (موما-بوۋىسى، ئاتا-ئانىسى) بوۋاق ئۈچۈن كىيىم-كېچەك ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلايدۇ، ئوغۇل بالىلار ئالتە-يەتتە ياشلارغا كىرگەندە سۈننەت (خەتنە) قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ ئوغۇل بالا ئۈچۈن تۇرمۇش قۇرۇشتىن قالسا 2-ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. سۈننەت قىلىشتىن ئىلگىرى بالىغا يېڭى كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە تەييارلىنىدۇ، نەزىر ئۆتكۈزۈلىدۇ، سۈننەت (خەتنە) تويىغا ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەرنى چىللايدۇ، سۈننەت (خەتنە) قىلغاندا، ئادەتتە، دىنىي ساھەدىكى كىشىلەر قەدىمىي ئادەت بويىچە قىلىدۇ.

قىز بالىلارنىڭ ئوسما قويىدىغان ئادىتى بار، ئەتىيازدا كىشىلەر ئۆيىنىڭ ئالدى-كەينىگە ئوسما تېرىپ قويىدۇ، ئوسما چوڭلىغاندا يومران يوپۇرمىقىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ قېشىغا سۈرتىدۇ. ئوسما قويغاندا ئىككى قاشنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ، پۈتۈن قاش دېيىلىدۇ. قىز بالىلار ئوسما قويۇپلا قالماستىن، ياش-قۇرامىغا يەتكەن ئاياللارمۇ ئوسما قويىدۇ. قىز بالىلار ئۈچ-ئىككى ياشلارغا كىرگەندە قۇلىقىنى تېشىپ ھالقا سېلىپ قويىدۇ.

ئۇيغۇرلار كاڭ ياكى كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغاندا پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇرمايدۇ، چوقۇم يۈكۈنۈپ ياكى باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. مېھمانلار ياكى چوڭ ياشلىقلار ئالدىدا

كېرىلىش، كىكىرىش، تاماكا چېكىش، هاراق ئىچىش ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوسۇرۇش، قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

## قوشۇمچە: قۇمۇل شىۋىسى

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى قەدىمقى زاماندا تىيانشاننىڭ شەرق ۋە شەرقىي جەنۇبىدا ياشىغان «توققۇز ئۇيغۇر»، «ئون ئوغۇز» دەپ ئاتالغان «شەرق ئۇيغۇرلىرى» غا، شۇنداقلا «ئاساسىي ھەم ئانا قەبىلە» ھېسابلىنىدىغان ئوغۇزلار ياكى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ.

قۇمۇل شىۋىسى تارىختىكى «شەرق ئۇيغۇرلىرى» شىۋىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شىۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمىي، ساپ ۋە باي بىر تارمىقى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. قۇمۇل شىۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن فونېتىكا، گراماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتلەردە بەزىبىر پەرقلەرگە ئىگە. قۇمۇل شىۋىسى ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە پايدىلىق تەركىبلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىپ كەلمەكتە ۋە ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەدرىجىي سىڭىپ بارماقتا.

X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭغا ئىسلامىيەتنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى لېكسىكىسى تەركىبىگە كۆپلىگەن ئەرەب-پارس تىلى سۆزلىرى سىڭىپ كىرىپ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى ئىستېمالدىن قېپقالغاندى. قۇمۇل شىۋىسىمۇ بۇ خىل تەسىردىن خالى ئەمەس، ئەلۋەتتە؛ لېكىن ئىسلام دىنى قۇمۇلغا مىلادى XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېتىپ كەلگەن، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئومۇملاشقان. دېمەك، ئەرەب-پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ قۇمۇلغا كېلىشى باشقا جايلارغا قارىغاندا بىر نەچچە يۈز يىل كېيىن، تەسىر كۈرسەتكەن ۋاقتى قىسقىراق. شۇڭا چەت تىللار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن بىرمۇنچە ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى قۇمۇل شىۋىسىدە ساقلىنىپ قالغان.

قۇمۇل شىۋىسى تېخى تۈزۈككىنە قېزىلمىغان سۆز كانى. بۇ كاندا نۇرغۇنلىغان سۆز دۇردانىلىرى ساقلانماقتا. تارىختىن بۇيان س. ي. مالوپ قاتارلىق بىرمۇنچە چەت ئەللىك تۈركىي تىل ئالىملىرى قۇمۇلغا كېلىپ، بۇ جەھەتتە مەلۇم ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان......

مەن قۇمۇل شىۋىسى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويىمەن:

### قۇمۇل شىۋىسىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى

#### فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتى

1. فونېما سىستېمىسى

قۇمۇل شىۋىسىدىكى سوزۇق ھەم ئۈزۈك فونېمىلار، ئاساسەن، ئەدەبىي تىلىدىكى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئوخشاش. لېكىن قۇمۇل شىۋىسىدە «ژ»، «ف» تاۋۇشلىرى ئاز بىر قىسىم ئىملىق ۋە ئۇنىدەش سۆزلەردە ئۇچرىغاندىن باشقا، فونېما سۈپىتىدە مەۋجۇد ئەمەس.

## 2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1) «ئە» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بەزى بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، ئەدەبىي تىلدا «ئە» تاۋۇشى «ئې» گە ئاجىزلىشىدۇ، جاراڭسىزلاشمايدۇ. ئەمما قۇمۇل شىۋىسىدە بولسا، ئوخشاشلىقتىن قېچىش تۈپەيلىدىن «ئە» تاۋۇشى «ئى» گە ئاجىزلىشىدۇ ۋە تولۇق جاراڭسىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| قۇمۇل شىۋىسى | ئەدەبىي تىل |
|---|---|
| بەرْ ــ بىرىش،① بىرىپ | بەر ــ بېرىش، بېرىپ |
| يەت ــ يىتىپ، يىتىش | يەت ــ يېتىپ، يېتىش |
| كەت ــ كىتىش، كىتىپ | كەت ــ كېتىش، كېتىپ |
| كەل ــ كىلىش، كىلىپ | كەل ـ كېلىش، كېلىپ |

2) بەزى بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلىنىپ يېپىق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، سۆز تومۇرىدىكى «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ يەنىلا «ئى» تاۋۇشىغا ئايلىنىدۇ، لېكىن جاراڭسىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| دە ــ دىمە ــ دىي ــ دىمىي | دە، دېمە ــ دەي، دېمەي |
| يە، يىمە ــ يىي، يىمىي | يە، يېمە ــ يەي، يېمەي |

3) ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلدا «ئا» تاۋۇشى بىلەن ئىپادىلەنگەن بەزى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر قۇمۇل شىۋىسىدە «ئە» تاۋۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئەدەم | ئادەم |
| ئەكە | ئاكا |
| ئەۋەل | ئاۋۋال |

ئەۋەل ئۆزۈڭ ئىېيتمادىڭمۇ،
يارىڭ بولاي دەپ.
ئەمدى كۆڭنۈڭ ئۇنىمامدۇ،
جۇدا بولاي دەپ.

(قوشاق)

---

① بىرىش ــ «ـْ» تاۋۇشنىڭ ئۈستىدىكى ساكىن («°») ئاجىزلىشىشنى ئىپادىلەيدىغان شەرتلىك بەلگە سۈپىتىدە ئىشلىتىلدى.

△ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەدەبىي تىلدا «ئە» تاۋۇشى بىلەن ئىپادىلەنگەن بەزى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر قۇمۇل شىۋىسىدە «ئا» تاۋۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:

| | |
|---|---|
| ئاينەك | ئەينەك |
| چاينەك | چەينەك |
| داراق | دەرەخ |
| ماخمال | مەخمەل |

## 3. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپرەك ئاسسىمىلياتسىيە سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە قۇمۇل شىۋىسىدە، تۈپ سۆزلەردە ھەم تۈپ سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا پەيدا بولىدۇ.

1) تۈپ سۆزلەردىكى ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى

| | |
|---|---|
| تۇڭكۇس | توڭگۇز |
| مەززەپ | مەزھەپ |
| تاتتىق | تاتلىق |

2) تۈپ سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا كېلىپ چىقىدىغان تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى

ن — ل

| | |
|---|---|
| چەللە | چەنلە |
| ئاماللىق | ئامانلىق |
| ياماللىق | يامانلىق |

ھەركىم قىلسا، ياماللىق،
ھەگۈس تاپماس ئاماللىق.
(ماقال)

ت — س

| | |
|---|---|
| ساۋاسسىز | ساۋاتسىز |
| ئاسسا | ئاتسا |
| ساسسا | ساتسا |
| ياسسا | ياتسا |

سە يار ئۈچۈن ياسسام ياتاي،
ئۈچ يىل زىنداندا.

ئۈچ يىل زىندان ئۈچ كۈنچە يوق،
باغى ـ بوستاندا.

(قوشاق)

چ — ش

| | |
|---|---|
| ئاشسا | ئاچسا |
| قاشسا | قاچسا |
| ئاشقۇش | ئاچقۇچ |

3) ئەدەبىي تىل سىستېمىسىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بىرمۇنچە ئاۋۇشلار قۇمۇل شىۋىسىدە باشقا بىر خىل ئاۋۇشلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئەمما مەنە ئۆزگىرىشى بولمايدۇ. مەسىلەن:

ۋ — گ

| | |
|---|---|
| تاگار | تاۋار |
| پالگان | پالۋان |

تاقىقا چىقتىم، كىيىك ئاتتىم،
تاقى① پالگانلار بىلەن.
هومۇرۇم② زايا ئۆتەمدۇ،
بومۇغۇر باللار بىلەن.

(قوشاق)

| | |
|---|---|
| هوگا | هاۋا |

هوگىدا پارچە بۇلۇت،
يامغۇر يېغىپ ئۆتكەنى يوق.
ئىككى هاشىق بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يەتكەنى يوق.

(قوشاق)

| | |
|---|---|
| گۇپا | ۋاپا |

گۇپايىڭ بارمۇ دەپ،
چەندان يۇگۇردۇم.
گۇپايىڭ يوغىكەن،
ئەمدى تۇگۇندۇم.

(قوشاق)

| | |
|---|---|
| قۇگەت | قۇۋەت |

① تاقى — تاغچى، تاغلىق.
② هومۇرۇم — ئۆمرۈم

تۈرپى① زىنەتلەر② بىلەن،
قېرى كىشى ياش بولماس.
مىدىدە قۇگەت بولمىسا،
مانتا-پولو ئاش بولماس.
(ماقال)

پەرگانە | پەرۋانە

پەرگانە بولۇپ ئۇچتۇم،
گۈللەر تۈۋىگە تۈشتۇم.
كىچىككىنە گەختىمدا،
ھاشىق كويىغا تۈشتۇم.
(بېيىتتىن پارچە)

چ — س، ؟، ت

ساچ | چاچ

«شېرىن جانلار ئايلانسۇن، ساچلىرى بەلگە چىرمالسۇن»
(ناخشا نەقـراتى)

سىچەك | چېچەك

يارىم مېنىڭ خىيمۇ-خىيىنىڭ كۆچەتكىنىسى،
خەق ئىچىدە جۇگانلارنىڭ سىچەككىنىسى،
كۈمۈش مىنە قاپلىغاندەك بىلەككىنىسى،
ئالتۇن مىنە داغلىغاندەك يۈرەككىنىسى.
(بېيىمتتىن پارچە)

تىش (تىشلىق چاق) | چىش

ل — ن

كۆڭنى | كۆڭلى
باراينى | بارايلى

ر — ل

زۆرۆل | زۆرۆر

ز — س

ئىستەش | ئىزدەش

ئىستىدىم دايىم سېنى،
كۈنلەردە چەندان نازىنىن.

① تۈرپى — ھەر خىل
② زىنەت — زىننەت

بىر سىغىنمادىڭ مېنى،
شېرىن زىبانىم نازىنىن.
(قوشاق)

ھ — ي

يۆل — ھۆل

يىمىت — ھىمىت

شىيىت — شىھىت

ئون مىيىتتىن بىر شىيىت ئەلا،
ئون شىيىتتىن بىر تىرىك ئەلا.
(ماقال)

مىيمان — مېھمان

يارىنى چىللاپ كىلىپ،
غوجرامدا مىيمان قىلىمىسام،
چارسۇنىڭ① ئوتتۇرىسىدا،
جانىمنى قۇربان قىلىمىسام.
(قوشاق)

ي — ن

نىراق — يىراق

يارنىڭ ئۆيى نىراقتا،
مەن يۈرۈيمەن پىراقتا.
(قوشاقتىن)

ق، ھ — غ

غۇلۇپ — قۇلۇپ

ئالتۇن غۇلۇپ توققۇز پەردە كىلدىتى مەندە،
يارىم ئۆزى كەتكەن مىنەن سۆردىتى مەندە.
(قوشاق)

غوجرا — ھۇجرا

قىزىلگۈل ئاچىلۇر،
باغلار ئىچىدە.
قارا قاش ئولتۇرۇر،
غوجرا ئىچىدە.
(قوشاق)

پ — ۋ

قاۋاق — قاپاق

① چارسۇ — تۆت كوچا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

تۇنۇگۈن تۇش مەلدە،
ئىككى جۇگان چىقتى سۇغا.
قاۋىغى لايغا پېتىپ،
ئالمالىرى ئاقتى سۇغا.
(قوشاق)
ئەلكىدە قوغۇن تېرىپ،
قاۋاق بارالىلىق قىلدىلا.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
ھەجەپ سارالىلىق قىلدىلا.
(قوشاق)

4) ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىش ھادىسىسى

ر — غ

| | |
|---|---|
| ساغىردىش | سارغىيىش |
| ياغۇرچاق | يارغۇنچاق |

ي، ۋ — ر

| | |
|---|---|
| ئارغىي | ئايغىر |
| ئۇرغۇي | ئۇيغۇر |
| تەرۋەش | تەۋرەش |
| ئەرۋىشىم | ئەۋرىشىم |

ن — ز

| | |
|---|---|
| كىزىنەك | كېنىزەك |

## 4. تاۋۇش كۆپىيىپ قېلىش ھادىسىسى

1) قۇمۇل شىۋىسىدە بەزى سۆزلەرگە «ھ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ھېيىپ | ئەيىپ |
| ھەجەپ | ئەجەپ |
| ھەقىل، ھېقىل | ئەقىل |
| ھېزىز | ئېزىز |

بۇ مېنىڭ پال-پال تونۇم،
ھېچكىمدە يوقتۇر خاندىما.
بىر كۆرى ئارپىغا ساتتى،
مۆڭگىنە تۇڭگاندىما.
ھەقلى يوق ساتتى تونۇمنى،
بىر كۆرى ئارپىغىما.

ھەقلى بولسا ساتۇرمىدى،
بەش كۇرى ئارپىغىما.
(قوشاق)

2) قۇمۇل شىۋىسىدىكى بەزى سۆزلەردە «م» ۋە «ب» تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

مەگەر، مىگەر — ئەگەر
يۇمبىلاق — يۇمىلاق

## 5. تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى

قۇمۇل شىۋىسىدە بىر قىسىم سۆزلەردىكى ي، د، غ، گ، ب، ن تاۋۇشلىرى ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇشنى بەزىدە سوزۇلما سوزۇقئا ئايلاندۇرىدۇ، لېكىن مەنە پەرقلەندۇرمەيدۇ. مەسىلەن:

1) «ي» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

چا — چاي
ئۆ — ئۆي

(«ئۆي» سۆزى تۇپ ھالەتتە كەلسە، «ي» چۈشۈپ قالمايدۇ. پەقەت بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان بەزى ھالەتلەردىلا «ي» چۈشۈپ قالىدۇ.)

م: ئۆگە بارىدىكمۇ؟

كۆسۈ — كۆسەي
موزو — موزاي
بۆلۆ — بۆلەي

م: بۆلۆداۋان (تاغ ئىسمى)

ئارىلىش — ئايرىلىش

2) «د» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

قاناق — قانداق
ئاناق — ئانداق
مۇناق — مۇنداق
شۇناق — شۇنداق

3) «غ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

ئارىق — ئاغرىق

بالىق — باغلىق
يالىق — ياغلىق

بۇغداي بالىغان بالىق،
يۈرەك داغلىغان يالىق.
ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ،
يار دەرىدىدە مەن ئارىق.
(قوشاق)

مادۇر — ماغدۇر
سارو — ساغرۇ
توراق — توغراق
ئۇلاق — ئوغلاق
ئۇلان — ئوغلان

لائىلاھە قۇدرىتىڭدىن قورقىمەن،
ياشقىنا — ئۇلان جېنىمدىن قورقىمەن.
(قوشاقتىن)

كۆلەڭگەم تامدىن ئېشىپ،
يەردە يېتىشنى بىلمىدىم.
بۇ مېنىڭ ئۇلان بېشىم،
مۇڭغا قالۇرنى بىلمىدىم.

4) «گ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

ئەلەك — ئەگلەك
لەلەك — لەگلەك

«ئەتىسى كىتەر ئەلگىم،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئاخشمى كىلەر لەلىگىم.»

5) «ب، ن» تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

| | |
|---|---|
| ئىرايىم | ئىبراھىم |

مەن بۇ يەرگە كەلمەس ئىدىم،
باشلاپ كەلدى ئىرايىم.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنى،
ئايرىۋاتتى خۇدايىم. (قوشاق)

| | |
|---|---|
| مۈڭگۈز | مۈڭگۈز |
| مەن، سەن | مە، سە |

(تېپىشماق)

سە يار ئۈچۈن ياتسام ياتاي،
ئۈچ يىل زىنداندا.
(قوشاقتىن)

| | |
|---|---|
| خوتۇن | خوتۇ |
| ئوتتۇن | ئوتۇ |

6. ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا بوغۇم بېشىدا «ي» بىلەن ئېيتىلىدىغان بەزى سۆزلەر قۇمۇل شىۋىسىدە قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش «ئى»، «ئۈ» ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئىلتىز | يىلتىز |
| ئىلۋىز | يىلۋىز |
| ئىلقا | يىلقا |
| ئۈز (چىراي) | يۈز |

ئۈزى ئاق، قېشى قارا،
كىمنى ئەپتۇ يېنىغا؟!
مەنمۇ تاپتىم تەڭ خىلىمنى،
ئوتنى ياقتىم جېنىغا. (قوشاق)

## گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

### 1. كېلىشلەر

1) قۇمۇل شىۋىسىدە ئىگىلىك كېلىش ئىككى خىل فورما ئارقىلىق، يەنى كۆپ ھاللاردا «نىڭ» فورمىسى بىلەن، بەزى ھاللاردا «نى» فورمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

بىزنى ئۆي بىزنىڭ ئۆي مېنى ئىشىم مېنىڭ ئىشىم

2) يۆنىلىش كېلىش فورمىسى قۇمۇل شىۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش قوللىنىلىشتىن باشقا، يەنە بىرلىك كىشىلىك ئالماشلارغا ئۇلانغاندا تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە بولىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ماڭغا | ماڭا | ئاڭا، ئاڭغا | ئۇنىڭغا |
| ساڭغا | ساڭا | ئۇڭا، ئۇڭغا | |

«بۇ، شۇ» قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلارغا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغاندىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بۇڭا، بۇڭغا | بۇنىڭغا |
| شۇڭا، شۇڭغا | شۇنىڭغا |

قوڭغۇراقنى ماڭغا بەر،
ئەلەم قىلاي، قەلەم قىلاي.
قېيسى① قىزنى ئالسەن،
شۇڭغا بېرىپ سالام قىلاي.
(قوشاق)

①قېيسى ـ قايسى

## 2. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

قۇمۇل شىۋىسىدە تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان بەزى سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ:

1) «سىن»
يەرسىندى (يەرلەشتى، يېڭى ماكانغا كۆچۈپ قالدى)
خۇرسىندى (مۇڭلىنىش، مەيۇسلىنىش)،
ياتسىندى (ياتسىراش)

2) مور، مۇر
سىنامور (سىنچى)
ياغمۇر (يامغۇر)

3) سەك
ئەرسەك (ئەرگە ئامراق)

## 3. ئالماشلار

قۇمۇل شىۋىسىدە ئالماشلارنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىلا بەزى ئۆزگىچىلىكلەر بار.ئۇلارنىڭ گەۋدىلىكرەك بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) كۆرسىتىش ئالماشلار
دىنە، دىگىنە — ئەنە
مەنە — مانا
ئا، دي، دىۋۇ، ئي، ئىۋۇ — ئاۋۇ
بۇت، پۇت — بۇ يەر
بزغۇنزت (تاغ رايونلىرىدا)
ئۇت، ئۇغۇنۇت، — ئۇ يەر
شۇت، شۇغۇنۇت — شۇ يەر

2) سوئال ئالماشلىرى
نە، نىم، نىمە، نىمنە — نېمە؟
نەقىلاي، نىمنە قىلاي، غېرىپ كۆڭلۈمنى ئۇلىماي.
ئەر بولسام كەتمەسىمىدىم، بېشى - كۆزۈمنى بولىماي،
(قوشاق)
قايداق، قايناق، قاناق...؟ — قانداق؟

## 4. پېئىللار

1) قۇمۇل شېۋىسىدە ئىككىدىن ئارتۇق رەۋىشداشنىڭ مەزمۇنەن بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن پېئىل تۈسلىرىنىڭ ھازىرقى زامانىنى ئىپادىلەيدىغان شەخس، سان شەكىللىرى ئەدەبىي تىلدىكى شۇ خىل شەكىللەردىن تۆۋەندىكىدەك پەرقلىنىدۇ:

ئوقۇيېتىمە — ئوقۇۋاتىمەن — ئوقۇيېتتۇ — ئوقۇۋاتىدۇ
ئوقۇيېتىسە — ئوقۇۋاتىسەن — ۋە باشقىلار

قۇمۇل شىۋىسىدىكى بۇ خىل تۈس شەكلىنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوقۇپ + يېتىپ + تۇرۇر + مەن» دېگەن تۈس شەكلىدىن ئۆزگەرگەن قالدۇق شەكىل دېيىشكە بولىدۇ.

2) قۇمۇل شىۋىسىدە «ئال» ياردەمچى پېئىلىنىڭ «ئەل» شەكلى يوق.

مەسىلەن:

كۆرالايدۇ — كۆرەلەيدۇ. — ئۈزالايدۇ — ئۈزەلەيدۇ
ئىتالايدۇ — ئېتەلەيدۇ — سۈزالايدۇ — سۈزەلەيدۇ
كىلالايدۇ — كېلەلەيدۇ — ۋە باشقىلار

يار ئۆزى بولالمايدۇ،
بولغاننى كۆرالمايدۇ.
قولدا قىلىچ ـ نەيزە،
ئەر بولۇپ سالالمايدۇ.
(قوشاق)

## لېكسىكىلىق خۇسۇسىيىتى

قۇمۇل شېۋىسى لېكسىكا قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئەدەبىي تىلغا ناھايىتى يېقىن، شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىگە چۇشلۇق ئالاھىدىلىكلىرى بار.

1. قۇمۇل شېۋىسىدە ساقلانغان ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدىغان ئەرەب ـ پارس تىلى سۆزلىرى:

| | | |
|---|---|---|
| غېنى | باي | ياخشىلىق ئۆتكەن بېشىمدىن، |
| زادەر | باي | بىر يامانلىقمۇ ئۆتەر. |
| (زەردار) | (پۇلدار) | (قوشاق) |
| ئەرابى | سەھرالىق | |
| خىرامان | بىخۇت، | قىز كېلىدۇ خىرامان، |
| | بىخەۋەر | پارى بىلەن يارسەنەم. |
| قۇرە | پال | قىز ئانىسى يىغلايدۇ، |

خىرامان بولماڭ يارىم،
شۇنچە خىرامانلىق يېتەر،
زارى بىلەن يار سەنەم.
(توي قوشىقى)

2. قۇمۇل شېۋىسىگە خاس سۆزلەر

### ئا

| | | |
|---|---|---|
| 1. | ئالىتۋارىم | ئالا ـ جۇقا |
| 2. | ئاختۇرما | تۇرۇپ |
| 3. | ئالچۇق | باراڭ، ساتما، كەپە |
| 4. | ئاسقا | تاشلىق يەر |
| 5. | ئاشوت | ئاش ـ پاش |
| 6. | ئارچىمبەل | رەخت ئىسمى |

ئارچىمبەلدە تون كىيىپسىز ياقىسىنى بۇزماڭ،
شارلار① يولى يىراقكەن دەپ كۆڭلىمىزنى بۇزماڭ.
(پوتا بېيىتىدىن)

| | | |
|---|---|---|
| 7. | ئاپچىماق | قىسقارماق |
| 8. | ئانايى | بوزەك |
| 9. | ئالۋۇن | ئېزىتقۇ تۇمان |
| 10. | ئاۋارز | ئارزۇ |
| 11. | ئاردىماق | سېسىماق، بۇزۇلماق. |
| 12. | ئاشغورا | چوڭ چىنە |
| 13. | ئاتان | بىر ئۆركەشلىك تۆگە |
| 14. | ئاتمانام | ھەممە |
| 15. | ئاراسېلىندى | ئارىدا قالماق. |

### ب

| | | |
|---|---|---|
| 16. | با~را② | پاخلان تېرىسى |

بارا جۇۋىنىڭ،
ئىتەكى مولۇڭ بولسىچۇ.

①شارلار ــ بەش شەھەر (بەششار)
② «~» سوزۇلما سوزۇق بەلگىسى

ھاشىق كىشىنىڭ،
ئۆيى بۇلۇڭ① بولسىچۇ.
(قوشاق)

17. باشاق پالەك

18. بەرۋاب چاك

م: تالىپ خېتىپ بەرۋاب چالدى.

19. بەلچىر يايلاق ياكى ئېقىن تۇگۈنى

20. بەددال خاپىلىق

21. بوۋۇن ھەرە

22. بوغۇم ئۇكام، سىڭلىم

م: يۇقىرىدىن سۇ كېلىدۇ،
تاشتىن ـ تاشقا شارقىراپ.
خېنىم بوغۇم ئولتۇرادۇ،
تولۇن ئايدەك پارقىراپ.
(توي قوشىقى)

23. بۆك دۇپپا

م: شاپتۇل سىچىكى بۆكۈم،
ئاپتاپتا قۇرۇپ قەپتۇ.
جېنىمدىن ھېزىز يارىم،
قارلىقنى داۋاپ قەپتۇ.
(قوشاق)

24. بۆكەن تۆگىنىڭ لوكىسى (ئۆركىشى)

25. بودا چوك چارۋا ماللار

26. بوقتاق تاغ ئارىسىدىكى توغرا قىر ياكى كىچىك داۋان

27. بەلكۈنەك ئېدىرغاننىڭ يان باغرى

28. بىتەمتىرا ئالدىراڭغۇ

29. بېقىمتۇل يېشىل بىلەن سېرىق ئارىلىقىدىكى بىر خىل رەڭ

30. بېغىش رەت، ئۇچىرەت

م: تۆگىمىنىڭ تىگەر بولسا،
بېغىشنى قۇيدۇرما.
ھاشىغىڭدىن سۆز ئالساڭ،
دۈشمىنىڭگە تۇيدۇرما.
(قوشاق)

## پ

31. پاگىرۇس پانۇس

32. پاساك ھارۋا شوتىسىنىڭ ئىككى يوتىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان چوك چېتىق ياغاچ

33. پالقان ئاياغىنىڭ سوڭىغا قويۇلىدىغان قەلەي ياكى قومۇش

34. پارەش ئاشپەز

35. پالادا بولماق بۇزۇلماق

م: بۇ تۇخۇم پالادا بولۇپ قەپتۇ.

36. پەت ھىلە ـ مىكىر

م: مەن بىر ئانىسى ئادەم،
پەت ئۇرساڭ خۇدايىم بار.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
ساقلىغۇچى ئىگەم بار.
(قوشاق)

37. پەلكەت ئوسال

38. پەچەمە رەددىيە بەرمەك

39. پەلپەتىش بولمىغۇر

40. پەدىگەن پەتنىگان ــ چەيزە

41. پەزلەنمەك تەمشەلمەك

① بولۇڭ ــ بۇلۇڭدا، چەتتە.

42. پۆگەستە — مەھبۇب مەنىسىدە

م: بەستە ـ بەستەم يار بەستەم،
قېشى قارا پۆگەستەم.
ئېزىزغىنە ۋاقتىڭنى،
ماڭا بەرسەڭ بىر سۆيسەم.
(قوشاق)

43. پۆرگۆچ — پۇشتەك

44. پۆتۆ — ئېتىك

م: پۆتۆتە — (تاغ ئىسمى)

45. پۇرجا — ۋاقىت

م: يارىنىڭ ئېتى خېلىچە،
پۇرجام تەگمەس ھېلىچە.
مەن ساڭا خىزمەت قىلاي،
ئۆمرۈمنىڭ بېرىچە.
(قوشاق)

46. پۇخساراش — دومسۇيۇش

47. پىدەمپى — ئارقا ـ ئارقىدىن

48. پىرخار — بەكمۇ قېرىماق

49. پو — ھور، پار

ت

50. تاخايلا — تام ئىشكاپ

51. تارتقا — ياغاچ چېلەك

52. تاسقىر ياكى تاسقارا — سار

م: بەگ غوجام تاسقىرىنى شۇڭقاردېسە،
توشقان ئەپتۇ، دەگلەر.
بەگ غوجام كۆندۈزنى كېچە دېسە،
يۇلتۇز چىقىپتۇ، دەگلەر.
(ئوردا قوشىقى)

53. تاقسى — تېيىز

54. تاي ـ تاي — ئاستا ـ ئاستا

م: تاي ـ تاي ـ تاي، تاي مونچاق،
سۇدىن چىققان ئاي مونچاق.
(بوۋاقلار قوشىقى)

55. تۇرقۇلۇق — تۇرخۇن

م: يەنە شەرنىڭ يولىدا،
ئۇۋاڭ ـ دوۋاڭ تۇرقۇلۇق.
ھەرلاكىمنىڭ يارى بولسا،
سىگىردە قاراپ تۇرغۇلۇق.
(قوشاق)

56. تۇيغۇن — ئاق قارچۇغا

م: يەنە تۇيغۇن بىرلا قۇش،
ھەرگىز تۆشمەس تورىغا.
يەنە ناگايى تۆشەر،
شۇڭقار ـ لاچىن تورىغا.
(قوشاق)

57. تۇگان ياكى تاگان — ئېتىۋار

م: تۇگانى يوق ئادەم.

58. تۆگۆنمەك — ئەقىدىسىدىن قايتماق، ۋاز كەچمەك

م: گۇپايىڭ بارمۇ دەپ،
چەندان يۆگۆردۈم.
گۇپايىڭ يوغىكەن،
ئەمدى تۆگۆندۈم.
(قوشاق)

59. تۆگكەلمەك — ياتماق

60. تۆرپۆك — چۆپسە

61. تۇغۇشماق — باپ كەلمەك

م: شەرىچىدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.
بىرى جۇخار، بىرى لەگخار،
تۇغۇشۇپ قالا.
(توي قوشىقى)

62. توغ — چاڭ ـ تۇمان

م: ئاندا يارىم كېلىدۇ،
توققۇز داۋانلارنى داۋاپ.
ئاي يۆزىگە توغ قونۇپتۇ،

www.uyghurkitap.com

يامان ئاتلارنى ساۋاپ①
(قوشاق)

63. تۇزغاق — تۇگمەندە تۇزىغان ئۇن،
ئۇنى موزدوزلار شىلىم
قىلىدۇ.

64. تۇتۇرماق — خاپا قىلماق،
(تاغلاردا) — ئاۋارە قىلماق

65. تۇغۇنا — يۇلغۇن تىمپىدىكى
ئۆسۇملۇك

66. تۇشەك — كۆرپە
م: يۇقىرى بېقىپ ئاينى كۆردۈم،
چەرخى ـ پەلەكتە.
تۆۋەن بېقىپ يارنى كۆردۈم،
ماخمال تۇشەكتە.
يارنىڭ كۆڭنى بۆلەك يەردە،
مەن بىر ئەمگەكتە.
(بېيىت)

67. تۇركۇك — تۆۋرۈك

68. تۇسقا — يوللۇق يېمەكلىك

69. تۇمو — زۇكام

70. تۆرۈك — يۇمىلاق
م: تۆرۈك ئايلا
ئايتۆرۈك خېنىم

71. تۆۋە — ئۆگزە
م: ئېگىز ـ ئېگىز تۆۋە بولسا،
قاراپ ياتقالى.
كىچىككىنە خەنجەر بولسا،
يۈرەك يارغالى.
(قوشاق)

72. تۆردىمەك — گاڭگىرىماق
م: بېشىم تۆرەپ قالدى.

73. تۆمۇرات — ۋېلىسىپىت

74. تۆزمەك — كۆنمەك

75. تەقىي — قەدىمىي بۆك
م: تەقىيدە ياماق بولماس،
ياخشىدا دىماق (بولماس).
(ماقال)

76. تەخىر — ئۆزگەرمەك،
كېچىكتۇرمەك.
م: چىرايى تەخىر تاپماق،
ئىشنى تەخىر قىلماق.

77. تەرەددۇت — تەييارلىق

78. تەز — بىر خىل، بىرچېغى
م: بىر تەزلىك ئىش

79. تىرتەك — تەرسا

80. تىكنىاۋات — گۈل باسقان كىگىز

81. تىجىمەل — چۆرە، خىزمەتچى،
مالاي،

82. تىتال — جېدەل

83. تېتىر، تېتىراك — سۇ سىڭمەس
يەر، (ئوت ـ
چۆپ ئۈنمەس)

د

84. دارا — دىلنى تارتماق
م: ئاق ـ ئاقىنە تىشلىرى دىلنى دارادۇ،
ئەرنىلىرىنىڭ تاتتىقلىغى تىلنى يارادۇ.
قاشلىرى قازى بولۇپ يۈرتنى سۇرايدۇ،
كىرپىكلىرى جىلۋەقىلىپ جاننى ئالادۇ.
(بېيىتتىن پارچە)

85. داۋان — ①جىگدە قاقىدىغان
تاياق ②تاغلاردىكى
يولنىڭ ئېگىز يېرى

①ساۋاپ ــ قامچىلاپ

86. داۋىماق ئاشماق
م: داۋان داۋىماق (داۋان ئاشماق)
87. دوزۇرما (تاغلاردا) قىزىقچى، ھەيبار
88. دودا (تاغدا) دۆت، دېۋەك
89. دوخۇلۇر قۇيىرۇق سۆڭىكى
90. دۇز قىزىقچى
91. دۆڭگۈرچەك يانتاق كۆتىكى
92. دۆۋەسكەل كۆرپە
93. دۆش ئۇستۇن
94. دوشاپ (تال تېغىدا) تاۋۇز ئۇرۇقى
95. دۆمچە ئاخىرقى ئىككى تال ئومۇرتقا ئۇستىخىنى
96. دۇشقار موھتاجلىق
97. دەگدىمەك ئەنسىرىمەك
98. دەگدىمەك قېرىپ ئەس ـ ھوشىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالماق
99. دەڭگەل چالما
م: ئاختارمىدا دەڭگەل تاپالمىغاندەك.
(ئىدىيوم)
100. دەمبى قوساق كۆپمۆپىلىپ نەپەس قىسىلماق
101. دەپسەك تاغ تۆپىسىدىكى تۈزلەڭلىك
م: «كالا سولىغان①» دەپسەكتە،
ئارقارلارنىڭ ئىزلىرى.
ھاڭخاي كۆچەك مېرىخان،
تاسقارنىڭ قىزلىرى.
(نوم②قوشاقلىرىدىن)

102 ئەرن لەۋ، كەلپۇك
م: ئەرنى نېپىز، ئەرنى قېلىن
103. ئەملگات ئاساۋ، (ئەملىك ئات) كۆندۈرۈلمىگەن ئات

ج

104. جالا ① ياسما چاچ ② بۇيرىماق
م: بالىنى ئىشقا جالىماق
105. جار ئالۋان ـ ياساق
م: نوم دېگەن سۇ ئايىغى،
يۇلغۇن، توراقنىڭ سانى يوق.
ھوگا ئىسسىق، جارى قاتتىق،
خەقنىڭ ئىمكانى يوق.
(نوم قوشىقى)
105. جاماگۇل ياۋا كۆرتە، يەنى ياۋا جۇسەي
107. جە ئۇيات
م: جە، جە، جىسەڭچۇ!
(ئۇيات، ئۇيات، ئۇياتساڭچۇ!)
108. جەرگە پاسىل
م: بۇ يەرنىڭ جەرگىسى قەيەرگىچە؟
109. جەز ئوردا خەۋەرچىلىرى پوقراغا خەۋەر يەتكۈزۈشتە ئورىدىغان ئەسۋاب (جاڭ)
110. جون نېيەت
م: جونى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.
(ماقال)
111. جوي جاپا ـ مۇشەققەت

①«كالا سولىغان» — ئوتلاق ئىسمى.
②نوم — ئاراتۆرۈك ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى

م: تاغمۇ ـ تاغلارنى كېزىپ،
مەن كۆرمىگەن تاغ قالدىمۇ؟
بار ئۇچۇن مەن تارتمىغان،
جەبىر ـ جاپالار قالدىمۇ؟!
(قوشاق)

112. جوقا — كىچىك تاغ داۋانلىرىنىڭ ئارىلىقى
113. جوغدار — تۆگىنىڭ يىرىك، ئۇزۇن يۇڭى
114. جولۇ — تومۇ، قىسقا ئارغامچا
115. جولۇقۇق — دەرۋازا
116. جورىماق — بۇيرۇماق
117. جوجەم — ئۇژمە

م: تورلۇغۇم تور ـ تور قىلادۇ،
ئاق جوجەمنىڭ باشىدا.
يورۇگۇم جىغ ـ جىغ قىلادۇ،
يارغىنامنىڭ قاشىدا.
(قوشاق)

118. جوجەك — چۈجە
119. جىرقاي — جىلغا
120. جىرىس — ئىككىنچى ئۇن
121. جىجە — موما

م: ئاي جىجەم (ئاي مومام)

122. جىمبىر — قازان قاسقىنى
123. جىلىتكە — جەيمەك
124. جىنىگەر — جانىۋار

م: جىنىگەرنىڭ ھالىنى،
قونغان دىرەكلەردىن سوراڭ.
بىز يىتىمنىڭ ھالىنى،
كۆكۈل يېقىن ياردىن سوراڭ.
(قوشاق)

## چ

125. چارا — يۇمىلاق تەگنە

م: ئاشنى قىلدى قاپ ـ قارا،
ئۆزى ئىچتى بىر چارا.
(قوشاقتىن پارچە)

يەدىسە، چارا ـ چارا،
ئىش قىلدىسە، يەرگە قارا.
(ماقال)

126. چارپالىماق — مەشغۇل بولماق
127. چارتماق — پېچەن
128. چايەك — بارماق بىلەن بېگىز قول ئارىلىقى—ئۇزۇنلۇق بىرلىكى.

م: قاراغۇلارنىڭ سۇيى،
قاراڭغۇ باغلارغا ئاقۇر.
ھەۋسىسى چايەك جۇگان،
يورەككە ئوتلارنى ياقۇر.
(قوشاق)

129. چاغاناي — تەخسە مۇزىكا
130. چاخچىلىقاي — بىسەرەمجان
131. چامچا — يەكتەك
132. چاۋۇش — كاماندىر
133. چايدام — يامغۇر سۇلىرى كۆلچىكى
134. چوۋۇرۇش — قاپىرىش
135. چوقۇلۇ — جېدەلخور، چېقىلغاق
136. چوش — راۋان
137. چۆك — تاغلاردىكى سۇپە تاش
138. چۆكۈش — چوكا
139. چۆكۈلۈك — سېپۆەت
140. چۆرمەك — ①تاشلىماق ②ئايلاندۇرماق سالماق
141. چۇچۇلماق

م: كىيىمىڭنى چۇچۇل.

142. چۇرۇيول — خەتەرلىك تاغ يولى
143. چۇركەلمەك — ئۇيات بولماق
144. چۇلچەرە — راي، ئىختىيار

م: تورى تاغىنىڭ ئالدىدا،
تورىۋالدى ياچىنى.
چۆلچەرىسىگە قويماي،
بالىۋالدى ياچىنى.
(«ياچىبەگ» داستانىدىن)

145• چەپەك — پوشكال

146• چەپەن — گەپ ئۆتمەس

147• چەر — خەپرۆك

148• چىمدىق — هالقا، زىرە

149• چىركىن — پاسكىنا

150• چىرقىش — سىقراش

م: تەن چىرقىش

151• چىدىرغان — قالايمىقان، نۇرغۇن ئاياغ ئىسزى

152• چىغىر — هاراق - شاراپ

م: «ئىنى ئۆبدان دىسەكىم،
تولا ئىچتى چىغىر.»
(هاپىز هاجىنىڭ «بولدى» شېئىرىدىن)

## خ

153• خالو — نوغۇش

م: ئۆيۈگدە بىر ئوغلۇڭ بار،
ئامان بولۇر.
خالو بىلەن ئۇرسا مۇشۇك،
يامان بولۇر.
(رامىزان قوشىقى)

154• خەنتەي — كۆكنەك، يەنى قىسقا كۆكنەك

155• خەلدەڭ — چىش كولىغۇچ

م: سوقماڭ مېنى بەلدەڭ مىنەن،
تىش كولىغۇچ — خەلدەڭ مىنەن.
هاشقلىقنى خۇشخۇي قىلۇر،
بەتخۇي يۇرۇر بەتنام مىنەن.
(قوشاق)

156• خەددەڭ — بەسلىك (گىروي)

157• خەس — ئەتەي

م: خەس قىلغانمۇ تاماكا،
مەس قىلغانمۇ تاماكا.
چىچىلىپ كەتكەن كۆكۆلنى،
يىغىۋالغان تاماكا.
(قوشاق)

158• خىدىڭ — ياغاچ قۇشقۇن

م: بىزمۇ بىيىت بىلمىز،
ئەسلى هايا قىلمىز.
سىزنىڭدەك بىيىتچىنى،
ئىشەككە خىدىڭ قىلمىز.
(ئىپىتىشىش قوشىقى)

159• خىردەك — كىكىرتەك

160• خىرمەن — خامان

م: «خىرمەن - خىرمەنلەردە چەشلەر، گويا تاغ بولدى.»
(هاپىز هاجى شېئىرلىرىدىن)

161• خىرامان — بىخەۋەر، پەرۋاسىز

م: خىرامان بولماڭ يارىم،
شۇنچە خىرامانلىق يېتەر.
ياخشىلىق ئۆتكەن بېشىمدىن،
بىر يامانلىقمۇ ئۆتەر.
(قوشاق)

162• خىي — ①بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ②كوچا، مەهەللە

م: ئورداخىي، ساكخىي
غوجامخىي، ئابدالخىي...

163• خىمخام — دۇدۇقلىماق

م: خىمخام قىلماي ئىنىق گەپ قىل.

164• خېتىپ — كاتىپ

م: تالىپ خېتىپ......

165• خولا — لىمدىن يوغان ياغاچ ماتېرىيال

166. خولىگىر — توم

167. خوشو — دەرھال

م: خوشو قولىدىن ئالدى.

168. خوشما — خويمۇ

م: خوشما قاشتۇر، خوشما كۆزدۇر،
خوشما يالغانچى ئىغىز.
نە مۇشەققەتلەر مىنەن،
سۆيدۇم سىنى جاندىن ئىزىز.
(قوشاق)

169. خۆپسەن — ھىلىگەر ئادەم

ھ

170. ھاسار — سىپىل

171. ھامنام — نەم تىنجىق

172. ھالۋاۋددىت — شىزى (بىر خىل مىۋە)
(خەنزۇچە)

173. ھاماقەت — ئەقىلسىز

174. ھەتتەم — كۆرەك

م: ھەتتەملىمە. (كۆرەكلىمە)

175. ھەپتىرەك — ئالا ـ جوقا

176. ھەپىرەك — مۇناسىۋەتتە
تۇتۇرۇقسىز

م: ھەپىرەك خىنىم،
زەپىرەك خىنىم.
بۇغداي نىنى يوق،
زارا يەك خىنىم.
(قوشاق)

177. ھەدىت — سان ـ ھىساب

م: يۇلتۇزنىڭ ھەددى يوق.

178. ھوك — بەلگە ئۈچۈن ئىگىز
قىرلاپ قويۇلغان تاش
دۆۋىسى

179. ھور — يوغان ياغاچ ھاۋانچا

180. ھودود — چىگرا، تۆت تەرەپ

م: بۇ يەرنىڭ ھودودى نەدىن نەگىچە؟

181. ھونۇر — جەزمەن

ئو

182. ئولماق — ئۈزىنى ئۆزى بەزلىمەك

م: نەقىلاي، نىمىنە قىلاي،
غېرىپ كۆڭۈلنى ئولماي.
ئەر بولسام كەتمەسمىدىم،
بېشى ـ كۆزۈمنى بولماي.
(قوشاق)

183. ئولاك — ئاتنىڭ كۆكرەك ۋە
چېۋىسىدىن تارتىپ
باغلايدىغان ئىگەر
تاسمىسى

م: ئاتلارنى توقۇپ قويدۇق،
چېۋىلاكىنى تارتماي.
بۇ دەرتلەرنى كىم تارتسۇن،
سىنىڭ مىنەن مەن تارتماق.
(قوشاق)

184. ئوپۇر — ئويمان

185. ئويلماق — قاچماق
(تاغ رايونىدا)

م: قورايلىقلار ئاتلانىدى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
دۈشمەنلەرنى ئويلاتتۇق،
جاڭگالدىكى تۇڭغۇزدەك.
(تۆمۈر خەلپە قوشىقى)

186. ئوتىغات — ئوردا ئەمەلدارلىرى تا-
قايدىغان ئەمەل تاجىسى

م: ئوتىغات باشتا بولۇر،
مېنىڭ يارىم قاشتا بولۇر.
ئەۋەل ئاخشام بىرنى سۆيسەم،
ئەتىلىك ناشتا بولۇر.
(قوشاق)

www.uyghurkitap.com

187. ئوق — مىراس تەقسىماتىدا تېگىدىغان ئۈلۈش

188. ئوقۇرۇق — مېۋە قاقىدىغان ئۇزۇن تاياق.

189. ئۇرغۇماق — ھۆ بولماق، قەي قىلماق

190. ئورا (تال تېغىدا) — ① گېرەم ② تەسكەي

191. ئوشۇقماق — ئالدىرىماق
م: بۇ ئىشقا ئوشۇقما.

192. ئوگارتقا — ئومۇرتقا
(تال تېغىدا)

## س

193. ساپان — قوش، سوقا

194. سارسىلىش — سەرسان بولۇش
م: مۇنداقمۇ بولۇرمەنمۇ،
شۇم تەلەي بولۇرمەنمۇ؟
ئۆز يۇرتۇمدىن ئارىلىپ،
سارسىلىپ قالۇرمەنمۇ؟
(قوشاق)

195. ساغلىق — ئانا قوي

196. ساغقىماق — ھېسابقا ئالماق
م: سېنى كىم ساغقىپتۇ؟
(سېنى كىم ھېسابقا ئەپتۇ؟)

197. ساقا — تاغ ئېتىكى
م: دۆڭگۈر ساقا، جۇجەم ساقا،
قارىمۇقچى ساقىسى ...

198. ساقاق — ئىگەك ئاستى گۆشى
م: ئۇ سۆمۈرۈپ ساقاق سەپتۇ.

199 سەر — ئومۇرتقا ئۈستىخىنى
(قوۋۇرغىغا تۇتاشقان قىسمى)
م: «بەل ئالتە، سەرسەككىز، بويۇن ئالتە»

200 سەرخوش — تەلۋە

201. سەندى — ئۆچ كۆرۈش مەنىسىدە
م: سېنىڭدەك سەندىنى،
سەنمۇ دىمەسمەن.
قەن ـ ناۋات بەرسەڭ،
ھەگۆز يېمەسمەن.
(قوشاق)

202. سەڭگەرمەك — بايقىماق، سەزمەك
م: سەڭگەرمىسەڭ، سەڭگىلىتىدۇ.
(ماقال)

203. سوقماق — ئۇرماق
م: سەن مېنى سوقتۇم دىمە،
سېپى سۇنۇق قامچا بىلەن.
خۇدايىم كەسسۇن قولۇڭنى،
ئۆتمىگەن قاچا① بىلەن.
(قوشاق)
گۇل بىلەن سوقسام تىگەننى،
گۇل بولۇر، گۇللەر بولۇر.
باشقا قونسا قاغىلار،
يار ئالدىدا بۇلبۇل بولۇر.
(قوشاق)

204. سوتوق — ناخشا ئاھاڭى، رىتىمى، تېمپېسى...

205. سونو — غەلتە
م: يارنىڭ ھەيران بېغىدا،
ساقلىغان كەپتەرى بار.

---

①قاچا ـ قايچا

كۆكنىنى خەققە بېرىپ،
ھەجەپ سونو گەپلەرى بار.
(قوشاق)

206 . سوقا كورۇشكا
207 . سونۇرقىماق ئەجەپلەنمەك
208 . سويزا سويىپ، پاختا يىپ
209 . سوغۇلماق تارتىلماق، ئازايماق

م: ئىنەكنىڭ سۈتى سوغۇلۇپ قەپتۇ.
كۆلنىڭ سۈيى سوغۇلدى.

210 . سۇقسۇر ئۆردەكنىڭ بىر خىلى

م: قارچۇغام قۇشلاي سېنى،
ئۆردەككە تۇش، سۇقسۇرغا تۇش،
دۇنيىدا ئادەم تولا،
ئىلغاپ بىرىپ ياخشىغا تۇش.
(قوشاق)

سۇدا سۇقسۇر بولغىچە،
چۆلدە ئۆردەك بولسىچۇ.
دوس ـ دۇشمەن بەتىنمىگە،
ياردىم گۇپادار بولسىچۇ.
(قوشاق)

211 . سۇمال تاغار، قاپ
212 . سۇمۇن نوپۇس دەپتىرى
م: «ئامان غوجا سۇمۇندا يوق.»
(رىۋايەتتىن)
213 . سۇيلاش ئۆدەكنىڭ تېز ئۈزۈشى
م: باغدا پاختەك، چۆلدە ئۆردەك،
سۇلاردا سۇيلاپ يۈرگىدەك.
(بېيىتتىن پارچە)

214 . سۇقۇلەت گەپكە قوشۇق سېلىپ ـ
لا تۇرىدىغان ئادەم
215 . سۇسماق ئۇسماق
216 . سۆرە بىنانىڭ ئۇستى
217 . سۆرۆندە سۇپىرەندى
218 . سۆيەك تەن ئۇزۇلۇش،
ئۇستىخان، سۆڭەك
م: سۆيىگى كېلىشكەن ئات.
219 . سۆيزە يالپۇز
220 . سۆرۆك ئادەم ۋە ھايۋانلار
توپى
م: بىر سۆرۆك ئادەم.
سۆرۆك ـ سۆرۆك پادىلار...
221 . سىركە ئاچچىقسۇ
222 . سىينە مەيدە
م: تەلۋىدۇر باشىم مېنىڭ،
سىينەمگە داغ قويغۇم كىلۇر.
شۇنچە پەرىياتلار بىلەن،
جانغا پىچاق سالغۇم كىلۇر.
(قوشاق)
223 . سىرتىق خەۋەر
224 . سىگىر بۆرجەك
م: ھەرلا كىمنىڭ يارى بولسا،
سىگىردە قاراپ تۇرغۇلۇق.
(قوشاقتىن)
225 . سۆىت خۇش خەۋەر
م: سۆىت ئېيتىپ كەلدىم، ماڭا
سۆيۈنچە بەرسىلە.

## ش

226 . شاي ئىلدام، تىمەن
م: ناھايىتى شاي ئۇلاق.
227 . شاخشارما ئۇششاق پارچىلانغان

228 . شاخشور   تاغ باغرىدىكى ئۈششاق تاشلار

229 . شالدىرشاپ   ئۆژمە قاقىدىغان داستىخان

230 . شورۇڭقا   تاغ باغرىدىكى ئۇشـشاق قاشلار

231 . شوپۇر   شاخ ـ شومبا

232 . شوم   كۆس ـ كۆس قىلماق

233 . شۆلتەڭلىمەك   بىلجىرلىماق

234 . شەرۋاز   لەشكەر

م: ئالىيەي شەرۋازى،
ھازىر بولۇڭلار.
كەلسە دۈشمەنلەر،
باتۇر بولۇڭلار.
(قوشاق)

235 . شىراغۇل   گەپ ئۆتمەس

236 . شىرلا   ياناڭ، گەدەن

237 . شىپ   تورۇس

238 . شىش   ①ياغاچ زىق
② تۈگۈش يىشىدىغان ئەسـۋاب

م: ساڭزا سالىدىغان شـىش.
«بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس،
ئوغلاق مۈڭگۈزى شىش»
(ماقال)

239 . شىمشانماق   تىمىسقىلىماق

240 . شىمىقماق   ئورۇقلىماق، قىسقارماق

241 . شىكشىن   تېرىق سامىنى

242 . شىۋەر   سازلىق

م: ئاتنى شـۋەرگە بالاپ قويدۇم،

243 . شىۋىرغاق   تۇياق سۆڭىكى

244 . شىدار   قويۇق، بىر تۇتاش

245 . شىكات   نۇقسان، چاتاق

م: بۇ ئوچاقتا بىزە شىكات بار.
ئوت قالاپ سىناپ بېقىڭلار.

ر

246 . راۋات   ئۆتەڭ، چۆشكۈن

م: قارالسام كۆرۈنمەيدۇ،
دۇنيانىڭ چېتى.
دۇنيا دىگەن ئەسكى راۋات،
مەن يول ئۆتكۈنچى.
(قوشاق)

247 . رۇپ   ئادەتكە ئايلىنىپ كەتمەك

م: بو گەپ، ئاغزىڭغا رۇپ بولۇپ كېتىپتۇ.

248 . رەخمە   رەھىم، شەپقەت

م: كۆيىدۇ جانىم مېنىڭ،
يوقتۇر خەۋەردارىڭ سېنىڭ.
رەخمە قىلغىل، ئوتنى ئالغىل،
كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ.
(قوشاق)

ز

249 . زادەر   باي

250 . زاغۇن   تەلۋىلىك

م: مىڭىسىدە زاغۇنى بار.

251 . زاك   كۆن بويايدىغان تاش رەڭ

252 . زەمباقى   كۆكبىلەن يېشىل ئارىلىقىدىكى بىر خىل رەڭ

م: زەمباقى تونۇم بولسا،
يۈرگىلى يولۇم بولسا،
ئادىل پادىشا بولسا،
ئۆز ياردىن ئارمىسا.
(قوشاق)

253. زەيدىن تاۋار تاۋارنىڭ بىر خىلى
م: بېيىتنى پۈتۈدۈم زەيدىن تاۋارغا،
قاراقاش چىقمىدى ئۆيدىن تالاغا،
بويىنى بىر كۆرۈپ قالدىم بالاغا،
ساڭا يىغلىغۇنچە يىغلاي خۇداغا،
خۇداغا يىغلىسام، ئوڭلار بېشىمنى،
سامانىدەك ساغرىپ تۆكسەم يېشىمنى.
(بېيىت)

254. زەردەك سەۋزە
255. زەلىۋاغ زۇننار، مېدالىيون
256. زۆتىنە ھاۋا رەڭ
م: ئاق تونۇڭنى ناله كۆردۈم،
زۆتىنە تونۇم تۇرۇپ.
بىگۆپانى نەدەپ سۆيدۈم،
غۇنچىدەك يارىم تۇرۇپ.
(قوشاق)

257. زۇركە يۇرەك، نىيانشان تاغلىرىدىكى ئېگىز چوققا
م: زۇركىگە چىقۇۋىدىم،
كۆرۈندى يارنىڭ باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سىپرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.
(قوشاق)

258. ئۇدۇسقاش بوۋاقنىڭ ئۇخلاپ يېتىپ كۈلۈشى ياكى يىغلامسىرىشى
259. ئۇچئۇن 1 ــ دەرىجىلىك ئاق ئۇن (ئۇچئۇن)
260. ئۇچماق جەننەت
م: كىچىك بالا ئۇچماق قۇشى،
ئۇچماق سۈيى ئىچتىمكىن،
ياردىن كەچتىمكىن؟!
بۇ بېيىتنى سىزگە ئېيتتىم،
ئۇتلىرى ئۆچكىمكىن؟
(قوشاق)

ئىشقىنىكى يولىدا،
ئۆلگەن يىگىتنى كىم يۇغاي؟
تالىدىن تووۇت چېچىپ،
ئۇچماق سۈيى بىلەن يۇغاي.
(قوشاق)

261. ئۇماي ئوغۇل بوۋاقنىڭ تاشقى
م: ئۇمىيغا يەل سەپ قەپتۇ.
262. ئۇمۇنماق مەھرۇم قالماق
م: ياخشى يار خۇشلاندۇرار،
يامان يار ئۇمۇندۇرار.
(ماقال)
263. ئۇز چېۋەر، ماھىر، چىرايلىق
م: قولى ئۇز جۇگان.
264. ئۇختۇل ۋاقىت، مەزگىل

م: قايتىپ كېلمىش ئۆختىلى بولدى،
تېخى كەلمىدى.

## ئۆ

265 . ئۆز    ياغ، ماي
م: ئۆزلۈك شورپا.
266 . ئۆچۆرگە    ئۆچەي
م: كىچىككىنە نازىنىن،
سۆزى باردىن سۆزى خوپ،
ئۆچۆگىسى قۇرسىغىنىڭ تېشىدا،
ئىككى قۇلىقى قورۇغىنىڭ قېشىدا.
(شېئىرىي تېپىشماق)
267 . ئۆرەن    ئۆرۈق
م: ئۆرەنلىك بۇغداي.
268 . ئۆلەش    بىر تۇتاش
م: ئۆلەشلاكەتكەن تاغلار.

## ق

269 . قاپ    يالغان
م: قاپ گەپ، قاپچى...
270 . قاق    تاغلاردا گىلاڭ تاشلارنىڭ چۆچەك بولۇپ قالغان يېرى
271 . قاق سۈيى    «قاق»قا يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيى
272 . قاقاچ    يارا بولغان يەرنىڭ قاسىرىقى
273 . قوق    ئىشىك
م: شاڭ قوغىنىنى تېپىپ ئاچتىم،
يەرگە تۆشتى شىنىسى.
سەن ئۆزۈڭنى كىشى دەمسەن،
سەن تېرىقنىڭ پىنىسى.
(قوشاق)

بەگ بىلەن چىقىشقىچە،
قوقچى بىلەن چىقىش.
(ماقال)
274 . قاچار    مەكىز
م: يارىم سېپەر ئاتلانىپتۇ،
مىنگەنى دۆلدۈل.
قاچارلارى قىزىل ئالما،
ساچلارى سۇمبۇل.
(قوشاق)
275 . قاچۇرا    قارىغاي

م: قوغىڭىز قاچۇراپەن،
ئاچىلىشى ياگىزا بىلەن.
شۇ جۇگانىنى هاشىنا تۇتساڭ،
باقىدۇ ساگىزا بىلەن.
(قوشاق)

276 . قاش    ئوردا خېنىملىرى تاقايدىغان زىننەت تاجىسى
م: ئىشىك ئېچىپ تۆرگە باقتىم،
تۆردە بىر ئاي ئولتۇرۇر.
ئايمۇ ئەمەس، كۈنمۇ ئەمەس،
بىزنىڭ يارلار ئولتۇرۇر.
ئىچىگە گۈلگۈن كىيىپتۇ،
تېشىغا ئاهۇ - پەلەك،
بېشىغا قاشنى قىسىپتۇ،
كۆيىدى - ئۆرتەندى يۈرەك.
(بېيىت)
277 . قاڭقىرا    قارا رەڭلىك قاش، يەنى «قاڭقىرا»

نامـلىق قۇشنىڭ
پەيىدىن ياسالغان قاش

278 . قاڭغۇر قوڭغىراق
م: قاڭغۇرۇڭنى ماڭـا بەر،
ئەلەم قىلاي، قەلەم قىلاي.
قايىسى قىزنى ئالســەن،
شۇڭغا بىرىپ سالام قىلاي.
(قوشاق)
279 . قاپىلاق قۇلاقچى
(تاغدا)
280 . قارن قورساق، قىرىن
281 . قارنى يورۇق كاۋۇىچىن
282 . قارا يىلىم يار يىلىم
283 . قاۋاماچ ياغ چىيىلىكەن
چوۋاتنان
284 . قالاق پار ساقلىغۇچ
285 . قاتلاڭ ئىشلارنىڭ ئۇسـ
تى - ئۇسـتـىگە
كېلىشى
286 . قالىغاي چاقڭاق
287 . قورما قورىغان سەي
288 . قورتماق قويۇلۇپ،
دۇغلىشىپ كەتكەن
(سۇيۇقلۇقنىڭ)
289 . قوم ئىگەر قاپتىلى
ئاستىدىكى ئىچمەك
290 . قوڭار ئـۆرۈك رەڭ
تۈزىمەك
م: ئۆرۈكلەر قوڭار بولدى.
291 . قوشوۋا قىزىل ئىچىـ
لىدىغان ياۋا گۈل
292 . قوشقاۋاق قاسرىقىدىن
ئاجرىتىلمىغان دان

293 . قوڭغاق ئوغۇز پوقى
294 . قۇۋ قۇرۇپ چىكىدىگە
يەتمەك
م: بۇ قارىغاي قۇرۇپ قۇۋ
بولۇپ كېتىپتۇ.
295 . قۇيمۇش ئادەمنىڭ ساغرىسى
296 . قۇرچ پۇتـۇن ۋۇجۇد
م: بۇ ئۇلارنىڭ قۇرچ - قۇرچىغا
سىڭىپ كەتكەن بىر ئىـش.
297 . قۇرە پال
298 . قىپىشماق تۇتاشماق
م: ئوت قىپىشتى.
299 . قىلىي قورىغان سەي
300 . قىقىراڭ تاقىـر يەر
301 . قىپچا گۈل بەرگى
م: ئىگىز تاغنىڭ بېشىدىن سىـرىلىدىم
تۈزگە،
قىزىلگۈلنىڭ قىپچىـسىدەك ئېگىلدىم
سىزگە.
قىزىل گۈلنىڭ قىپچىسى باغدا ئەر-
ۋىشىم،
مەن سىزگە نېمە قىلدىم جان قىيـ
رىندىشىم.
(بېيىت)
302 . قىپچىماق قىۋانماق
م: چاپاننىڭ ياكى يوتقاننىڭ
پېشىنى قىپچىماق.
303 . قىرچىن شونا
م: قىرچىن تالنى ئىگىۋا - ئىگىپ،
مېنى سوقاي دەمسەن؟
ئاتا - ئانىسى يوق بالا دەپ،
ئاناي تاپاي دەمسەن؟
(قوشاق)
304 . قىرچىلما قۇۋ، ھىلىگەر

www.uyghurkitap.com

305 . قىرمىزاق تەۋقە
306 . قىرتو ئۇرۇق، ئاۋاق
307 . قىرتىش سىيىقلاش، تەكشلەش
م: چاشنى ئۇستۇرا بىلەن قىرقىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم پاكىزە قىرتىشلاپ چىقىش لازىم.
308 . قىر يېغى قاتتىق جەڭگى-جېدەل
309 . قىيغاچ قارىياغاچ

م: قىيغاچ يوپيۇرماقى،
قاتمۇ-قات بولاركەن.
خەقنىڭ يۇرتىغا بارسا،
مۇساپىر بولاركەن.
(قوشاق)

310 . قەلەمتاراش بەكە، پىچاق

ك

311 . كارسان ساپال قاچا
312 . كاردان ھىلىگەر، تىۋىماس
313 . كارسىگال ئىكەك
314 . كارا ھوشىدىن كەتمەك
315 . كانتو ئوغرى
م: يارى بارلار ئولتۇرۇر،
ئىرمالىشىپ-چىرمالىشىپ.
يارى يوقلار ئولتۇرۇر،
كانتو مۇشۇكتەك مارىشىپ.
(قوشاق)
316 . كاداك ئويۇلغان چاق ئىزى

317 . كەم ۋاقىت، چاغ
م: دادام بار كەمدە بىرلا ئىدىم.
318 . كەپ ①قېلىپ
② نان ياقىدىغان ئەسۋاپ
319 . كەيلۇك كالا بىلەن قوتاز-دىن تۇغۇلغان بىرىنچى ئەۋلاد بودا.
320 . كەڭگى چاردىن كېيىنكى قالدۇق
321 . كوش قىلماق كۆڭۈل قويماق، ئەھمىيەت بەر-مەك
322 . كۆرتە ① جۇسەي
323 . كۆلەڭگە سايە
م: كۆلەڭگەم تامدىن ئېشىپ،
يەردە يېتىشنى بىلمىدىم.
بۇ مېنىڭ ئولان بېشىم،
مۇڭغا قالۇرنى بىلمىدىم.
(قوشاق)
324 . كۆلۈگە سايە
325 . كۆلۈك قاتناش ئۈلىقى
326 . كۆل گۇلدۇرماما
م: ئوتلار چېقىلىپ كۆل گۇلدۇرىگەن،
رەدى ① ئەمەستۇر.
(مۇقامدىن)
327 . كۆندۈك لاي ساندۇق
328 . كۆشگە يىگىت ھۇجرىسىغا ۋە مېيىتنى قويىغان ئۆيگە تارتىلغان پەردە
329 . كۆكلىمەك سەكرىمەك
م: ئېرىقتىن بىر كۆكلەپ ئۆتۈپ كەتتى.

① رەدى — بۇلۇتقا مەنسۇپ پەرىشتە.

330 . كۆكنەك      جاغانباي تىپىدىكى بىر خىل قۇش
م: تاغ بېشىدا ئىككى پاختەك،
ئوتتۇرىسىدا كۆكنەك.
كۆكنەكنىڭ بويىندا،
ئالتۇن مىنەن زىلۇغى بار،
يارىمنىڭ دىگەن سۆزى،
ئىسسىق يۈرەكتە دېغى بار.
داغىمۇ ـ داغ ئەتتىك مېنى،
شەرۋازى كۆيدۈردۈك مېنى.
بەرگىندە پىشقان ئالمىدەك،
ھەجەپمۇ ساغارتتىك مېنى.
(بېيىت)

331 . كۆندۈ      ئىدىرغانلىقتىكى جىلغا

332 . كۆۋەندىمەك      بۇلاق سۈيى قىشتا مۇزلاپ كۆتىرىلمەك

333 . كۆچ، كۆچى      خوتۇن، خوتۇنى

334 . كوك      چۆرە، ئايال قۇل
م: بۇلۇتتىن چىققان كۈندىنمۇ،
كۇلدىن چىققان كوك باتۇر.
(ماقال)

335 . كۈيمەنمەك      شۇغۇللانماق، ئەمەك

336 . كۈمىك ـ يېمىك      ئانداق مۇنداق قىلىپ ۋاقت ئۆتكۈزمەك

337 . كىپىلدىماق      ① يىغلىماق
② ناخشا ئېيتماق
(سەلبىي مەنىدە)

338 . كىپىش      كەش، ئاياغ

339 . كىرەجەش      ئىككى قول بىلەن ئىشلەك ۋيان ياغىچىنى تايىنىپ تۇرماق

340 . كىشگە      مۆتىۋەرلەرنىڭ چىنىسىدىن ئاشقان تاماق

341 . كىلىت      ئاچقۇچ
م: ئالتۇن غۇلۇپ توققۇز پەردە،
كىلىتى مەندە.
يارىم ئۆزى كەتكەن مىنەن،
خىيالى مەندە.
(قوشاق)

342 . كىلىگى      بىرەر تاۋۇشنى كەمتۈك سۆزلەيدىغان

343 . كىكەش      گاچا

344 . كىكىمەك      ئىما قىلماق يەنى باش ئىشارىسى
م: ئۇ ماڭا قاراپ بېشىنى كىكىپلا قويدى.

ئې

345 . ئېرىق      ① ئېرىق ـ ئۆستەڭ
② ھەمىمە
م: ئۆيدىكىلەر ئېرىق بارسۇن.

346 . ئېرىغدىماق      تازىلىماق

347 . ئېرەن      ئەر
م: نە ئېرەنلەر پىنھان بولدى،
بۇ دۇنيادىن مۇسۇلمانلار.
قارا يەر ئاستىغا كىردى،
جەمى خاقانۇ ـــ خاقانلار.
(قوشاق)

348 . ئېرەن قىلماسلىق پىسەن قىلماسلىق،

www.uyghurkitap.com

كۆزگە ئىلماسلىق

349 . ئېكى، ئېكىن، ئېكىدزە، ئېكىنزە، ئېكىنزەك — ئاندىن

350 . ئېدىرغان — كىچىك تاغ تىزمىلىرى، تۆپىلەك

351 . ئېدىقشماق — ھەپىلەشمەك، قېرىشماق

## ئى

352 . ئىن — ① يانچىلغان، تېخى سورۇلمىغان ئاشلىق ② قېرىنىڭ ئىنى ③ ئۇۋا

353 . ئىندىمەك — چاقىرماق

م: كەت دېسەڭ كەتمەسمىدىم،
ئىندىسەڭ كەلمەسمىدىم.
شۇ سېنىڭ قىلغان ئىشىڭغا،
مەنىمغۇ ئۆلمەسىدىم.
(قوشاق)

354 . ئىنلىماق — پۇرىماق

م: ئىنلىسام قانماس ئاۋازىم،
گۈلدىنمۇ ئىنلىق بويىلىرى.
تەلۋە قىلدى مەغېرىپنى،
سالغان جۇدالىق كويلىرى.
(قوشاق)

355 . ئىنجىق — ئېزىلەڭگۈ، قاشاڭ

356 . ئىنچىلىماق — مۆلچەر قىلماق

م: مەن سېنى ئىنچىلىدىم،
چىرايىڭنى سىنچىلىدىم.
(قوشاقتىن)

357 . ئىمبە — پارۇل

358 . ئىچمەك — توقۇمنىڭ ئاستىنقى كىگىزى

359 . ئىجىل — ئاجرالماس يار، ئاشنا

360 . ئىگىن — كىيىم - كېچەك

361 . ئىگىچى — ئاچا، ھەدە

362 . ئىسنا — ئۇسۇل

م. ئىسنوينىمغان جوگاننىڭ،
قوشلىرىنى قوشلاڭلار.
ئىسنوينىمىغان يىگىتىنىڭ،
باشلىرىغا موشلاڭلار.
(قوشاق)

363 . ئىستارە — توسالغۇ، پۇتلىكاشاڭ

364 . ئىسىركىمەك — ئاسىرىماق، ئايىماق، ئېزىزلىماق

365 . ئىسكىنات — ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تام - تورۇس قۇرۇلىلىرى

366 . ئىجىك — ئامراقلىق

م: ئادەمنىڭ ئىجىگى كەلگەندەك ئۇماق بالىكەن.

367 . ئىلكەشمەك — بىرەر ئىشقا چېتىلىپ باغلىنىپ قالماق

368 . ئىلەك - چىلەك — ئەلۋەك

369 . ئىنەنمەك — ئىشەنمەك

370 . ئىۋرىق — چۆمۈش شەكلىدىكى قاپاق (يۈز - كۆز يۇيۇشقا ئىشلىتىدىغان)

371 . ئىشكىنە — يۈرەك - قەلب

م: قارلىق تاغدا قار يېغىپتۇ،
بوز تاغدا تۇمان.
ئىشكىنەمدە ئوت كۆيەدۇ،
كۆڭلۈمدە گۇمان.

372 . ئىڭغاي — ھەممە، (تال تېغىدا) بارلىق

373 . ئىركاشا — لەخۋا، ھاڭۋاقتى

## ي

374 . يامداق، سۈپۈرگە،
يامداش سۈپۈرۈش

375 . ياش چامغۇر

م: مۇزلاپ ئېرىگەن ياشنى،
توغراپ سالامدۇ ئاشقا.
بىرلا كەلگەن دۆلىتىم،
يەنە كىلەمدۇ باشقا.
(قوشاق)

376 . يادايى ـ چۇدايى ۋاقىتلىق، قەدىر ئەھۋال

م: مەن سېنى يارىم دىدىم،
قاچان سېنى دايىم دىدىم.
يارغىنامنىڭ يوغىـدا،
يادايى ـ چودايى يارىم دىدىم.
(قوشاق)

377 . يارەن يار، دوست

م: يارەنلەر، يار ئۆلتۈردى
كۆردۈڭلەرمۇ؟
ئەندىرجان سايەسىدە
سۈردۈڭلارمۇ؟
(قوشاق)

378 . يەڭلىغ ئوخشاش، كەبى

م: ئاچىلغۇرمەن غۇنچە يەڭلىغ،
بىرلا قاراپ قويسىلا.
(قوشاقتىن)

379 . يوپۇرغا سۆرەم

380 . يوپۇرماق ياپراق

381 . يۇق (يۇيۇق) كىر ـ قات

م: بوگۈن يۇق قىلدىم.

382 . يۇمشىماق ئىشقا سالماق

م: خەشلىگلى پۇلۇڭمەن،
يۇمشىغلى قۇلۇڭمەن.
(قوشاقتىن)

383 . يىگويەن چاپان ياقا ۋە پەشلىرىگە
چاشما تىكىلگەن
قەدىمىي ئۇزۇن
چاپان

384 . يىگىنە ھالقا، زىرە

م: يىراق يەردىن مەن كەلدىم،
خان ئەركىسى يار سەنەم.
يىگىنەڭنى ماڭغا بەر،
يول خەرجىسى يار سەنەم.
(توي قوشىقى)

385 . يېتىرقىماق ياتسىرىماق

## غ

386 . غايىلىماق چەتىنمەك

م: قارامىلتىقنىڭ ئوقى،
ھوگادا پىل ـ پىل قىلدۇ.
قارىقاش يارنىڭ ئوتى،
ئىچىمدە جىغ ـ جىغ قىلدۇ.
مىلتىق ئوقى يامان نىمە،
ئۇيان ـ بۇيان غايىلىماس،
يار ئوتى يامان نىمە،
يۈرەك ـ بېغىرلار پايلىماس.
(قوشاق)

387 . غايىنۇق كالا بىلەن كەيـ
لىكتىن تۇغۇلـ
غان ئىككىنچى
ئەۋلاد بودا

388 . غالمۇس ـ غۇلمۇس شالاپ ـ شۇلۇپ

389 . غول چوك ئېرىق

م: غول تۆۋەن يۈرۈپتىمەن،
ساچتى ئاياقىمغا تىكەن.
يارنى دەپ يۈرۈپتىمەن،

www.uyghurkitap.com

يار ماڭا باقماسىكەن.

(قوشاق)

390 . غەمزە — كۆز بىلەن قىلىنـ
غان ناز

م. ئۆلتۈرىدۇ، ئىرگۈزىدۇ،
غەمزەڭ مېنى.

(قوشاقتىن)

391 . غەرەك — ۋاراق

م: يۇقىرىدىن تۇشۇپ كېلىدۇ،
ئالا ئاتلىغىم.
ئۈستىنگە مىنىپ كىلىدۇ،
قەلەم قاشلىغىم.
كالامۇللا غەرىگىدەك،
كۆزى قاتلىغىم.
پىشقان ئۈزۈم شەربىتىدەك،
سۆزى تاتلىغىم.

(بېيىت)

392 . غىمسىنىش — ياخشى كۆرۈش

393 . غىڭچىيىش — بەرداشلىق / بېرەلمەسلىك

(غىڭچايماسلىق) (بەرداشلىق بېرىش)

394 . غىنچە — هارامشاخ، كېرەكسىز شاخ-
پۇتاق

395 . غىلام-غىلام — لەم-لەم

م: ئۇ ماڭا غىلام-غىلام قاراپ قويدى.

## گ

396 . گارا — كىر

397 . گاشەت — ئەندىشە

398 . گاڭ-گالاس — گاراڭ

399 . گالـزاڭ — بەك قېرىپ
كەتمەك

400 . گـۆدەگە — ① ئوكدا

م: (گۆدەگە ياتماق) (ئوكدا ياتماق)

② جاي ئىسمى

401 . گۆدىش — ئەپ

م: گۆدىش تاپماق، يەنى ئەپ
تاپماق، كۆنۈكمەك

402 . گۆسمە — غەۋەت-شىـ
كايەت

م: ياخشىنىڭ يەدىكاسىنى،
كۆز قېتىدا ساقلىغىن.
يامانىنىڭ گۆسمىسىنى،
يىراقلارغا تاشلىغىن.

(قوشاق)

403 . گۆل بولماق — ئالدانماق

م: سىم-سىم يامغۇر هۆل قىلۇر،
لولا خوتۇن گۆل قىلۇر.

(ماقال)

404 . گۇمبات — گۇمبەز

م: يېتتى گۇمبات ئارىسىدا،
ئايلىنار باشىم مېنىڭ.
ئايغى چىققان بولاقتەك،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.
ئاقىنە گۇمبات ئىچىدە،
ئاقىرىپ ياتقان ئانام.

(قوشاقتىن)

405 . گۇلگۇم — زاراڭزا گۈلى
(گۇلگۇن)

م: ئىچىگە گۇلگۇن كىيىپتۇ،
تېشىغا ئاھۇ-پەلەك.
بېشىغا قاشنى قىسىپتۇ،
كۆيدى-ئۆرتەندى يۈرەك.

(بېيىتتىن)

406 . گۇدرەت — گۇمان

407 . گەم — ئاغرىق-دەرت

408 . گىلدىماق — سىغىنىپ تــولا ئادا بولماق

م : كەتتى ئۆستەڭ ياقىلاپ،
تاش بىلەن قۇمنى ساناپ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
كۆڭۈلدىكى يارنى گىلاپ.
(قوشاق)

409 . گىنەن — بولۇمسىز، ھورۇن

## ل

410 . لالو — زەمبــىل

411 . لولاڭلىماق — جۆيــلــىمەك

412 . لۆڭلىمەك — دۆۋلــىمەك

413 . لېپىر — جۇلجۇل

414 . لىپاپا — كونۋېرت

415 . لىچەك — رومال، باش ياغلىق

416 . لەمبەر — لىپمۇ ـ لىپ

م : ئېرىقتا لەمبەر سۇ ئېقىپتـۇ.

417 . لەپلە — سۈت مەھسۇلاتلىرىنى قۇرۇتىدىغان ئەسۋاب

418 . لەپىپتە — تېــزرەك

## م

419 . ماجال — مادار، دەرمان

م : ئاردۇدىم ئۆلگىــلى،
يار كىلىپتۇ كۆرگىلى.
قوپقىچە يوقتۇر ماجال،
يارغا تازىم قىلغىلى.

420 . ماجىگۇجو — ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، كىردى ـ چىقتى بولماق

421 . ماتىماق — كولىماق

422 . مايدان — ① غەلۋە، مالــمان ② چاقــماق

م : ئەپ قويدۇقمۇ ـ ئەپ قويدۇق،
چىن تاخسىغا سەپ قويدۇق،
كۆڭۈللىرىگە كەلمىــسۇن،
مايدانلارغا دەپ قويدۇق.
(قوشاق)

423 . مالچىرۇ — چارۋىلارنىــڭ تۇــياق دۆكىرى

424 . مەسەت — مەسلىھەت

م : كەڭ تون يىرتىلماس،
مەسەتلىك ئىش بۇزۇلماس.
(ماقال)

425 . مەسقى — ھەيىيار، قىزىقچى

426 . مەندىر — مۆلدۈر

427 . مەزــت — مەھكەم

م : يولدا يوللار بار ئىكەن،
يوللاردا زىندان بار ئىكەن.
چىقمىغان جاننى كۆرۈڭ،
تاسمىدىن مەزت ئىكەن.
(قوشاق)

428 . مەرگان — پالۋان

م : قېشىڭنى كامان ئەيلەپ،
ئاتقان ئوقۇڭ مەرگاندۇر.
دەردىڭنى تولا تارتىپ،
چىقمىغان شىرىن جاندۇر.
(قوشاق)

429 . مەكدىمەك — ئالجىماق

430 . مىگەر — پۈتــۈن بەدەن، ئۈگە ـ ئۆگــىلەر

م : مەمەتنىياز دەپ قىچقارسام،
سىڭار كۆزلۈك ئەر چىقتى.
ئارقارلارنى قويلۇشۇپ،
مىگەرلەردىن تەر چىقتى.
(قوشاق)

www.uyghurkitap.com

431 . مۇيات يادىكار، ئەستىلىك ئەبىدى مۇلۇك

432 . مۇرجۇق بوسۇغا

م : قورقىشىدا قېچىپ چىقىپ،
خې مۇرجۇقنى ئۆرىۋاتتى تېشىغا.
(بېيىتتىن)

433 . مۇڭقۇي شىلىم

434 . مۇمپۇق ئىچ مىجەز

435 . مۇنۇپ قالماق قېرىپ چېكىگە يەتمەك

436 . مۇقىدىماق بەكمۇ چارچىماق

437 . مۇخۇليا قايمۇقماق

438 . مۆلۈ ئۇچۇلۇق

439 . مۆسۈن كۈمۈچەك

م : قۇلاقىنىڭ مۆسۈنى.

440 . مۆرىت پەيت، ۋاقىت

م : بۇ گەپنى مۆرىتى كەلگەندە.

ن

441 . نۆۋەر نەۋقىران

ئۆ

442 . ئۆيلەڭ ياكى ئۆرلەڭ سازلىق

م : قۇل كۆتىگە قورو يوق،
ئۆرلەڭ ئوتىغا سۇراق (يوق).
(ماقال)

443 . ئۆرتىمەك كۆيدۈرمەك

م : شەمشۋا تەركىپنى ئىيتسام،
سۇ بولۇر باغرىڭ سېنىڭ.
ياندۇرۇپ مەشرەپكە سالسام،
ئۆرتىلۇر جانىڭ سېنىڭ.
(قوشاق)

444 . ئۆرەسكەل بىئەپ

445 . ئۆگەر ① چاپانىنىڭ پېشى
② ئۇچەيىنىڭ ئەستىرى

446 . ئۆگكەر مەيدە

447 . ئۆگسۆل يۈز، چىراي

448 . ئۆك تېرە

م : ئۆك جۇۋا (تېرە جۇۋا)

450 . ئۆگگە غەلتە، باشقىچىلا (تال تېغىدا)

451 . ئۆمكەن كۆكرەك

452 . ئۆكسۈك كەمنى تولدۇرغۇچى نەرسە

م : چاپانىنىڭ ئەستىرى بىزە ئۆكسۈپ
قالدى. ئۆكسۈكلۈك رەخت بارمۇ؟

453 . ئۆدىمەك، ئۆۋەدىمەك بېشى ئاستىغا، پۇتى يۇقىرىغا بولۇپ قالماق (تال تېغىدا)

454 . ئۆتكەمە چوڭ تۆشۈكلۈك

ئۆزگەن غالۋۇر

455 . ئۆپمەك ① ئۆزەك، تومۇر
② ئاقۋاق كۆتىكى

456 . ئۆۋەر كۈنگەي (تال تېغىدا)

### 3 . ماقال - تەمسىل ۋە ئىدىيوملاردىن نەمۇنىلەر

△ يىراقتىن ئالتە ياشار كەلسە، يېقىندىن 60 ياشار ئالدىغا چىقىپتۇ.
△ تەقىيدە ياماق بولماس، ياخشىدا دىماق.

▲ ياخشى گەپكە ئىلان ئىندىن چىقار،
يامان گەپكە مۇسۇلمان دىندىن چىقار.
▲ قېرىنى قاپقا سولا، سۆرەپ يۈرۈپ گەپنى سورا.
▲ سەڭگەرمىسەڭ، سەڭگىلىتىدۇ.
▲ قۇل كۆتىگە قورو يوق، ئۆرلەڭ ئوتىغا سۇراق.
▲ ئىش قىلغۇچىنىڭ، سورۇن ئولتۇرغۇچىنىڭ.
▲ سۆتنىڭ پۇلى سۇغا ئاقتى، قالدى قېتىقنىڭ پۇلى.
▲ مىنگەن ئېتىغا قوم ئارتىدىغان، يۈرگەن يولىغا ئازغان تېرىيدىغان.
▲ هارماڭ دىسە، هاپاش بوپتۇ.
▲ ئىت بىلەن خامان يانچىساڭ، پوق بىلەن چەش بولىدۇ،
يامان بىلەن ئىش قىلساڭ، قىلغان-قىلمىغان هەش بولىدۇ.
▲ ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ تۇڭگۇزلى.
▲ قاچان بولغاي ئۆزۈمدەك، قاراپ تۇرغان كۆزۈمدەك.
▲ ئۆز دىسە ئۆزەكنى ئۈزۈپتۇ.
▲ كۆنە يارنىڭ كۆزدىن تاشقىرى ئەيىپى يوق،
▲ يىپ ئۇچى، يىڭنە سۇنغى.
▲ سىركىسى سۇ كۆرمىگەن. (پاسكىنا، مەينەت ئادەم)

#### 4 . بېيىت ۋە قوشاقلاردىن نەمۇنىلەر

ئاق-ئاققىنە تىشلىرى دىلنى دارادۇ،
ئەرنىلىرىنىڭ تاتتىقلىغى تىلنى يارادۇ.
قاشلىرى قازى بولۇپ يۈرتنى سورايدۇ،
كىرپىكلىرى جىلۋە قىلىپ جاننى ئالادۇ.
جان، جانانىدەك جاننى ئالامدۇ،
ئاشىق پەرۋانىدەك ئوتتىن يانامدۇ.

× × ×

ئىمچام سېرىق، غۇنچام سېرىق يارىمنىڭ كويىمىكىن،
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ يارىمنىڭ بويىمىكىن.
ئىگىز تەختتە سەن ياتساڭ، ئاياغىڭدا ياتاي مەشۇق،
توپايىڭ توزۇپ قالسا، مەن توتىيا قىلاي مەشۇق.

× × ×

كۆككىنە كەپتەر كىلىپ قوندى بىيىشنىڭ تالىغا،
هېچ كىشى قىلماس ئىزالار يېڭى تۇتقان يارىغا.
هەر كىشى قىلسا ئىزالار يېڭى تۇتقان يارىغا،
كىرپىگى ئوقتەك بېرىپ مىقتەك قادالسۇن جانىغا.

× × ×

ئارچىمبەلدە تون كىيىپسىز ياقسىنى بۇزماڭ،
شارلار① يولى يىراقكەن دەپ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ.
يىراق بولۇپ، يېقىن بولۇپ داۋانى يوقتۇر،
بىز ئىككىمىز دوست بولايلى يامانى يوقتـۇر.

× × ×

ھەشكىپىچەك يۆگىلىپتۇ باغدىكى جىنەستىگە،
قايدىن ئارا ھاشنا بولدۇم قارىقاش پۆگەستىگە.
قارىقاش پۆگەستىنىڭ نىمە خىيالى بارىكىن،
بىر قاراپ، ئىككى كۆلۈپ، نەلەردە يارى بارىكىن.

× × ×

يوقۇرى بېقىپ ئاينى كۆردۈم چەرخى-پەلەكتە،
تۆۋەن بېقىپ يارنى كۆردۈم، ماخمال تۆشەكتە،
يارنىڭ كۆڭلى بۆلەك يەردە مەن بىر ئەمگەكتە.

× × ×

ھۆۋەيدا دىدىلەر، شەۋەيدا دىدىلەر،
بىرنى ئولان، بىرنى نادان دىدىلەر.
ئىككىمىزلا بىرلا شاخنىڭ مۆگىسىدۇق،
بىرنى تاتتىق، بىرنى ئاچچىق دىدىلەر.

× × ×

ھوگىدا تۇرنا كېلەدۇ، گۈل شېخىغا قونغىلى،
گۈل شېخى نازىغىپ تۇرادۇ تۇرنىنى قوندۇرغىلى.
تۇرنىنىڭ ئوڭ قولدا ئالتۇن مىنەن مۆھۆرى بار،
شۇغىنا جانىم يارىمنىڭ ئىسسىق يۆرەكتە دېغى بار.
داغىمۇ-داغ ئەتتىڭ مېنى، شەرۋازى كۆيدۇردۇڭ مېنى،
بەرگىدە پىشقان ئالمىدەك ھەجەپمۇ ساغارتتىڭ مېنى.

× × ×

ئىلتىپاتلىق گۈل غارادىم ئەي ناۋارىمغا دۇئا،
بويى قاتىل تالى بويلۇق مېھرىبان يارغا دۇئا.
ئول يارىمنىڭ مەندە باردۇر ھەلقە-ھەلقە زەنجىرى،
قاشلىرى ئانداق نازاكەت ئىككى زۇلپا ساچلىرى.
بويلىرى غۇنچە ناھايەت سۆزلىرى شەدۇ-شىكەر،
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك كۆيدۇرەر جانۇ-جىگەر.

× × ×

① جاي ئىسمى

ياغلىغىم يارىمدا قەپتۇ،
كۆزگە سۈرتۈپ يۈرگىمدەك.
كىچىلەردە ئۇخلىماي،
كۈندۈزى تىلەپ يۈرگىمدەك.

ئۆزلىرى ئۆيىدىن چىقىپ،
چۆللەرنى بوستان قىلدىلا.
بىر قوۋۇز لەۋزى بىلەن،
بىزلەرنىمۇ قۇل قىلدىلا.

يار بىلەن چۆللەردە ياتسا،
چۆل ئەمەس بوستانىكەن.
توراقلىرى ① ھەمسا بولۇپ،
ئەتراپلىرى گۈلزارىكەن.

يالغۇزۇم يالغۇز دەرەخنىڭ،
تۈۋىدە ياتۇرمۇسىز.
مىڭ تىكەننىڭ دەردىنى،
بىر گۈل ئۈچۈن تاتۇرمۇسىز.

يارىسىز ئۆمرۈم مېنىڭ،
مىڭ ياشسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشتى ئوتى ئالدىدا،
دوزاق ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

مەككىگە بارماڭ يارىم،
مۇندىمۇ بىر مەككە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۈندە كۆرسەم،
مەككىگە بارغانچە بار.

رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئېچىلدى،
ئەتىيازدىن كۈزگىچە.
ھەر كىشى يارىنى تاپسا،
شەۋدىقادىر شۇل كىچە.

ئات مىنىپ، كىمخاپ كىيىپ،
قۇش-قۇشلىماق قانچە لىگىش ②.
ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىلىپ،
قىلغان كىشى مەردانىمىش.

1990 - يىل 8 - ئاي
ئابدۇرېقىپ تۆمۈر

## § 2. خەنزۇلار

**1. تەرەققىيات جەريانى**

خەنزۇلارنىڭ قۇمۇل بوستانلىقىدا ماكانلاشقان تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. قۇمۇلغا خەنزۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ كەلگەن مەزگىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالەردە يېزىلىشىچە، شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭنىڭ 16-يىلى (مىلادىنىڭ 73-يىلى) ئۇلۇغ سانغۇن دۇگۇ، گېن جىڭلار ھونلارنى تارمار قىلىپ ئىۋىرغۇلنى ئالغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچقان، قەلئە-سېپىل سالغان، «ئىۋىرغۇل تۇتۇقبېگى» تەسىس قىلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەنزۇلار كۆپىلەپ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇمۇل ئۇدا خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان جايى بولغان، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار ئىدى.

① توراق — توغراق
② قانچىلىك ئىش

مىلادىنىڭ 420-يىلى شىملياڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىكى لى باۋ ۋە ئۇنىڭ جىيەنى تاڭ خېي، تاڭ چىلار ئېۋىرغولغا قېچىپ كېلىپ سەرگەردان بولغان، 2000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ جورجان ھاكىمىيىتىگە بېقىنغان. جورجان ھاكىمىيىتى ئەمىر چۈشۈرۈپ تاڭ چىنى ئېۋىرغولنىڭ ۋاڭلىقىغا تەيىنلىگەن. بۇ قۇمۇل تارىخىدىكى بىردىن-بىر خەنزۇ ۋاڭ ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا خەنزۇلار قۇمۇلغا كېلىپ بىرقەدەر كەڭ كۆلەمدە ئولتۇراقلاشقان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە قۇمۇلدا ۋىلايەت، ئايماق، ناھىيە رەسمىي تەسىس قىلىنغان، ئېۋىرغول ئەسكەرلىرى قۇمۇل ۋە باركۆلدە تېرىقچىلىق قىلغان. ئەمەلدار، ئەسكەر، سودىگەر، پۇقرالارنىڭ ئىچىدە قۇمۇلدا ماكانلىشىپ قالغانلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۆڭلۈك-سۈيگۈت توپىلىڭى يۈز بەرگەندە تۈبۈتلار قۇمۇل ئايمىقىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ئايماق بېگى يۈەن گۇاڭتىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن بۇ يەرنى بىر نەچچە يىل ساقلىغان، ئاخىرى ئەسكىرى تۈگەپ، ئۆزۈق-تۈلۈكى ئۈزۈلگەن، يۈەن گۇاڭتىڭ ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان. مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شاجۇلۇق خەنزۇ جاڭ يىچاۋ خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە يېتەكلەپ، تۈبۈتلارنى كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ قىلىپ قۇمۇل ئايمىقىنى قايتۇرۇۋالغان. ئېۋىرغول قايتىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ئايمىقى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولسىمۇ، بۇ يەردە يەنىلا چىن ئىسىملىك خەنزۇ ئايماق لەشكەر بېشى بولغان، ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر 10 نەچچە ئەۋلاتقىچە قۇمۇل ئايمىقىدا ياشاپ كەلگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل گەنسۇ ئۆلكىسىگە قارايدىغان بولدى، ئۇ چاغدا قۇمۇل ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئورۇن ئىدى. خەنزۇ ئەسكەرلىرى ۋە يېڭى قوشۇن ئەسكەرلىرىدىن 500 ئادەمنىڭ قۇمۇلغا كېلىپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بار.

مىڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە، قۇمۇلدىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانىغا سادىق ۋاڭ دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى، نۇرغۇن خەنزۇ ئەمەلدارلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ياردەملەشتى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە قۇمۇل قوغدىنىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ، بۇ يەرنى ئۇزاققىچە ساقلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۈكسىلىش، چىيەنلۇڭ يىللىرى قۇمۇل چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان مۇھىم بازىسى بولۇپ قالدى. ئەسكەرلەرنى تېرىقچىلىق قىلدۇرىدىغان، مەھبۇسلارنى تېرىقچىلىق قىلدۇرىدىغان، پۇقرالارنى تېرىقچىلىق قىلدۇرىدىغان تۈرلۈك ئەھۋاللار كەينى-كەينىدىن بارلىققا كەلدى، خەنزۇ ئاھالىسى كۆپلەپ ئاۋۇدى. داۋگۇاڭ يىللىرى قۇمۇلدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 4800 دىن ئارتۇق كىشىگە يەتتى، گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تۈشمۇ تۈشتىن كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىدىن چىقتى. كېيىنچە لەشكەرلەر ۋە ھەربىي قىسىمغا ئەگىشىپ چىققان سودىگەر، پۇقرالار قۇمۇلدا كۆپلەپ ماكانلاشتى.

www.uyghurkitap.com

1949-يىلى قۇمۇلدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 14 مىڭ كىشىدىن ئاشتى. 1983-يىلى ناھىيە مىقياسىدا خەنزۇلارنىڭ سانى 99 مىڭ كىشىدىن ئاشتى. جۈملىدىن ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس 31 مىڭ كىشىدىن ئاشتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەردىن زور تۈركۈمدە خەنزۇلار قۇمۇلغا كېلىپ قۇرۇلۇشقا ياردەم بەردى. ئۇلار، ئاساسەن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، كۆمۈرچىلىك، تۆمۈر يول قاتارلىق ھەرقايسى سەپلەرگە ئورۇنلاشتى. 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا، يەنە چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگۈچى زور تۈركۈمدىكى جىياڭسۇلۇق، خۇبېيلىك ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار قۇمۇل يېزىلىرىغا كەلدى، 60-يىللاردىن كېيىن ئىچكىرىدىن يەنە خېلى كۆپ ساندىكى كۆچمەنلەر قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلاشتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىچكىرىدىن قۇمۇلغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىپ ئەۋەتىلگەن كادىر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ بولدى. بۇ ئادەملەر ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭغا چىققان كونا خەنزۇلار بىلەن قوشۇلۇپ قۇمۇلدىكى نوپۇسنىڭ مۇرەككەپ مەنبەسىنى شەكىللەندۈردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۈگۈنكى قۇمۇلدىكى خەنزۇلارنىڭ يۇرت-ماكانى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆلكە-شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان جايلاردىن كەلگەن خەنزۇلار ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قۇمۇلغا ئېلىپ كەلدى، بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا بۇ ئادەتلەر بىر-بىرىگە سىڭىشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قۇمۇلنىڭ يەرلىك تۈسكە ئىگە خەنزۇلارنىڭ يېڭى تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى شەكىللەندى.

### 2. توي

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئوغۇل-قىزلارنىڭ توي قىلىش يېشى ئومۇميۈزلۈك بىر قەدەر كىچىك بولۇپ، ئوغۇللار 17 — 18 يېشىدا، قىزلار 15 — 16 يېشىدىلا توي قىلاتتى. توي، كۆپىنچە، ئاتا-ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدۇ، ئەلچى كېلىشتۈرىدۇ. قىز تەرەپ رازى بولسا، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق، يەنە كىيىم، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىدۇ. بۇ، «چاي ئىچكۈزۈش» دېيىلىپ پۈتۈشكەنلىك بولىدۇ. توي بولغاندا ئۇرۇق-تۇغقانلار، ئەل ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىپ مۇبارەكلەيدۇ، يىگىت تەرەپ بىلەن قىز تەرەپ ئايرىم-ئايرىم مېھمان كۈتىدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ياشلار ھۇجرىدا تاماشا قىلىدۇ. كۈندۈزدىكى مېھمان كۈتۈشتە، قېيىن ئاتا بىلەن قېيىن ئانا مېھمانلارنىڭ قىزىقچىلىق قىلىدىغان ئوبيېكتى بولىدۇ، كەچتە قىزنىڭ تۇغقانلىرى ھۇجرىدىكى كارىۋاتقا چىلان، ياڭاق چېچىپ قويىدۇ، چىلان «بالدۇر بالىلىق بولۇڭ،» ياڭاق «كۆپرەك پەرزەنت كۆرۈڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. توي بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، بۇ كۈنى قىز تەرەپ چىللاشقا قىلىدۇ. قىزنىڭ

ئانىسى لەگمەن قىلىپ قىزنى ۋە كۈيئوغۇلنى كۈتۈۋالىدۇ. تاماقنى يېيىدۇرۇپ بولۇپلا قىزنى قېيىن ئانىسىنىڭكىگە ئۇزىتىپ قويىدۇ، قوندۇرۇپ قالمايدۇ. لەگمەن يېدۇرۇش — توي قىلغان قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئىناق ئۆتۈش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ ئادەت يېزىلاردا ناھايىتى ئەۋج ئالغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «نىكاھ قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش ـ ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق ياشلار ئىچىدە ئەركىن مۇھەببەت باغلايدىغانلار كۆپ ساناپ كۆپەيدى، توي قىلىش يېشى تەدرىجىي كەينىگە سۈرۈلدى. توي كۈنى ئادەتتە ھېيت ـ بايراملارغا توغرىلىنىدىغان بولدى. شەھەر ياشلىرى ئىچىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ سەپەر ئۈستىدە توي قىلىدىغانلارمۇ پەيدىنپەي كۆپەيدى. 1981 ـ يىلى مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتىنى قاناتيايدۇرۇلغاندىن بۇيان، يېڭىچە توي قىلىشنى كىشىلەر بارا ـ بارا قوبۇل قىلماقتا.

3. ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى

60 ياشتىن ئاشقانلار ۋاپات بولسا، بۇنى خۇشاللىق دەپ ھېسابلايدۇ، دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ياشانغانلار ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ تۇغقىنى ياكى ئاغىنىلىرىدىن بىرەيلەن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئوغلىنى باشلاپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزەتتى. خەۋەر تاپقانلار تەزىيىگە كېلەتتى. مېيىت قويۇلغان ئۆينىڭ ئالدىغا بىر لىگەن جىگدىموما بىلەن مېۋە ـ چېۋە، ھاراق ـ سەيلەر قويۇپ قويۇلاتتى، بايلار ئۆلسە ماتەم بېغىشلىمىسى، ماتەم تاۋدىرى تەقدىم قىلىناتتى، ئادەتتىكى ئادەملەر ئۆلسە، سېرىق قەغەز، ئاق قەغەز ۋە لىگەن تەقدىم قىلىناتتى. قول ئىلكىدە بارلار يېقىن ـ يىراق تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئاق رەختتىن قارىلىق تارقىتاتتى. كەمبەغەللەرنىڭ ئايال ۋە ئوغۇل ـ قىزلىرى قارىلىق تاقايتتى. قول ئىلكىدە بارلار قەغەزدىن ئوغۇل قىز بالا، ئات، كالا، قوي، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ بىللە دەپنە قىلاتتى. ئادەتتە جەسەتنى گۆرنەسىدە ئۈچ كۈن ساقلاپ ئاندىن يەرگە كۆمىدۇ. بەزى جەمەتلىك چوڭ ئائىلىلەردە جەسەتنى 10 — 15 كۈن ساقلاپ، داۋجاۋ دىنىنىڭ مۇخلىسىنى چىللاپ كېلىپ، داۋجاۋ قائىدىلىرىنى ئۆتەيدۇ، دەپنە قىلغان كۈنى گۆرنەسى ئالدىغا تەزىيە بۇيۇملىرىنى تىزىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مېيىتكە تەزىيە بىلدۈرىدۇ. بۇ مۇراسىملار تۈگىگەندىن كېيىن ھەممەيلەن گۆرنەسىنى كۆتۈرىدىغان ئارغامچىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ، ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئالدىدا ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭىدۇ. گۆرنەسى «ئۆمۈرلۈك ساندۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. گۆرنەسى، كۆپىنچە، قارىغاي ياغىچىدىن ياسىلىدۇ، قىزىل، چۆرىسى قارا سىر بىلەن سىرلىنىدۇ. گۆرنەسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە «ئۆمۈر» ۋە «بەخت» دېگەن خەتلەر چوڭ قىلىپ يېزىپ قويۇلىدۇ. ئاياغ تەرىپىگە كۆپىنچە تۇرنا، نىلۇپەر گۈلى قاتارلىقلار سىزىلىدۇ. گورنىڭ كەڭلىكى بىر يېرىم مېتر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېرىم مېتر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتردەك كولىنىدۇ، گۆرلۈك ئورۇننى مۇنەج

جىسىم ياكى داۋجاۋ مۇخلىسى بېكىتىپ بېرىدۇ. گۆرنىڭ ئىچىدە كىچىك تۆشۈك كولىنىپ، ئۇ يەرگە بىر پىيالە ۋە ھاراقتا چىلانغان جىڭمۇمىنىڭ ئۇششاقلىرى، كەمپىت قاتارلىق يېمەكلىكلەر قاچىلانغان كىچىك بوتۇلكا قويۇلىدۇ. بۇ «نازۇ - نېمەتلەر بوتۇلكىسى» دېيىلىدۇ. ئاندىن گۆر كۆمۈلۈپ، ئۈستى دۆڭ قىلىپ قويۇلىدۇ. ئۆلۈك گۆرگە قويۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قەبرىستانلىققا بېرىپ قەغەز كۆيدۈرىدۇ. بۇ «ئۈچى» دېيىلىدۇ، يەتتە كۈندىن كېيىن يەنە قەبرىستانلىققا بارىدۇ. بۇ «تۇنجى يەتتىسى» دېيىلىدۇ. ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم قەبرىستانلىققا بارىدۇ. 49 كۈندە توختايدۇ. 100 - كۈنى قەبرىستانلىققا يەنە بىر قېتىم بارىدۇ، بۇ «يۈزى» دېيىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى چىڭمىڭ ياكى مەرھۇمنىڭ ۋاپات بولغان كۈنى قەبرىستانلىققا بېرىپ قەغەز كۆيدۈرۈپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلۈم ئۇزىتىش ئۆرپ - ئادەتلىرى كۆپ ئاددىيلاشتى، بولۇپمۇ شەھەردە ئۆزگىرىش تېخىمۇ چوڭ بولدى، ئادەتتە، تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلىش، تەزىيە بېغىشلىمىسى يېزىش ئارقىلىق ۋاپات بولغۇچىغا تەزىيە بىلدۈرۈلىدىغان بولدى. چىڭگە باغلاپ قارىلىق تۇتىدىغانلار ئازلاپ قالدى. جياڭسۇ، خۇبېي قاتارلىق جايلاردىن چېگرىغا ياردەمگە كەلگەن ياشلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئۆز يۇرتىنىڭ ئادەتلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**4. كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، تۇرار - جاي، يۈرۈش - تۇرۇش قائىدىلىرى**

خەنزۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئاددىي - ساددا بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگو يىللىرى پۇقرالار رەختتىن كىيىم كىيەتتى، تاۋار - دۇردۇندىن كىيىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن كۈنلىرىدىلا يېڭى كىيىملەرنى كىيەتتى. ئەرلەر ئالدى ئوچۇق چاپان، ئاياللار يېنى ئوچۇق چاپان كىيەتتى. شەھەر - بازارلاردىمۇ ئۇزۇن چاپان كىيىدىغانلار بار ئىدى. قىشتا، شەھەر - يېزىلاردا تېرە جۇۋا ۋە پىيما كىيىدىغانلار ناھايىتى جىق ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، كىيىم - كېچەككە ئېتىبار بېرىدىغان بولدى. قۇمۇل قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن جايلاردىكى ئۇچۇرلار بۇ يەرگە بىرقەدەر چاققان يېتىپ كېلىدۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى يېڭى پاسوندىكى كىيىم - كېچەكلەر قۇمۇلدا ناھايىتى تېز ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا قۇمۇلدىكى خەنزۇلارنىڭ كىيىم - كېچىكى ئىچكىرىنىڭ، بولۇپمۇ بېيجىڭ، شاڭخەي ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. 50 - يىللاردىن تارتىپ 70 - يىللارغىچە كىيىملىك رەختلىرى خادانى، كاجى، تىرىكە، چىبەرقۇتلارنى ئاساس قىلاتتى، يۇڭ رەخت ناھايىتى ئاز ئىدى، رەڭگى قارا، كۆك، كۈل رەڭ رەختلەر ئاساس قىلىناتتى، باشقا رەڭدىكى رەختلەرمۇ بار ئىدى. 1980 - يىلدىن كېيىن كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پاسونى ناھايىتى تېز ئۆزگىرىپ، كاستيۇم - بۇرۇلكىغا يۈزلەندى، كىيىملىك رەخت

لەر خىمىيە تالالىق ۋە يۇڭ رەختلەر ئاساس قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

خەنزۇلار بۇغداي ئۇننى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. گۈرۈچ، تېرىق، چۈژگۈن قوناق ۋە كوممىقوناق ئۇنىنىمۇ يەيدۇ، ئاق قوناق ئۇننى ناھايىتى ئاز يەيدۇ. ئادەتتە لەڭمەن، ئۈزۈپ تاشلىغان سۇيۇقئاش، كەسمە ئاش، گاڭپەن، جىڭموما، خۇاجۇەر، تاۋا نېنى، جۇۋاۋا، مانتا، شىپەن، ئۇماچ قاتارلىقلارنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. قوي گۆشى، چوشقا گۆشى، تۈرلۈك كۆكتاتلارنى يېيىشنى ياقتۇرىدۇ، تەمدە چۈچۈمەل، ئاچچىق، تۇزلۇق بولۇشنى ئاساس قىلىدۇ. قارا چاي شۇنداقلا گۈللۈك چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. تاماكا خۇمارى بارلار موخۇركىنى كۆپرەك چېكىدۇ، چاغاندا نۇرغۇن ئۆيلەردە چەلپەك، يۇگۈزى (ياغ بىلەن پىشۇرۇلغان تۈرلۈك يېمەكلىكلەر) سالىدۇ، بۇ بىر ئايغىچە يېيىشكە يېتىدۇ. خەنزۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوخشاش بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىيلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ۋە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ، ئاساسلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىكتىكى ئادەتلىرى يەرلىك خەنزۇلارغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، يەرلىك كونا خەنزۇلار چوشقا گۆشى ۋە گۈرۈچنى دائىم دېگۈدەك يېمەيتتى. لېكىن ئىچكىرىدىن قومۇلغا كېيىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ھازىر چوشقا گۆشى ۋە گاڭپەننى دائىم يەپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. جەنۇبىي جۇڭگودىن قومۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلارمۇ يەرلىكنىڭ يېمەكلىك ئادىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ھازىر لەڭمەن، ئۈزۈپ تاشلاپ ئېتىلگەن سۇيۇقئاشنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ يەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىپ كەلگەن پولۇ، قورداق، ساڭزا، نان، كاۋاپ قاتارلىقلارمۇ خەنزۇلار ئارزۇلاپ يەيدىغان تائاملاردىن بولۇپ قالدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قومۇل شەھىرى كىچىك، نوپۇسى ئاز بولۇپ، قاتناش قوراللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى، كىشىلەر كۆپ ھاللاردا پىيادە ماڭاتتى. يېزا ـ قىشلاقلاردا كۆپ ھاللاردا ئات، ئېشەك مىنەتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 70 ـ يىللاردىن بۇيان، ۋېلىسىپىت كىشىلەرنىڭ مۇھىم قاتناش قورالى بولۇپ قالدى. ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك بىردىن بىر نەچچىگىچە ۋېلىسىپىت بار بولدى. 80 ـ يىللاردىن بۇيان ئاپتوموبىل، تراكتور، موتسىكىلىتمۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كىردى. شۇنداقتىمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردا ئات، ئېشەك ھارۋىلىرى يەنىلا مۇھىم قاتناش قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى، كۆپىنچە، ياغاچ ـ كېسەكتىن سېلىنىدۇ، ئادەتتە، ئۆينىڭ ئالدى جەنۇبقا قارىتىلىپ سېلىنىدۇ، ياكى بىرى يورۇق، بىرى غۇۋا ياكى بىرى يورۇق، ئىككىسى غۇۋا قىلىپ سېلىنىدۇ. ئۆينىڭ ئىچى ـ سىرتى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ، ھاك بىلەن ئاقارتىلىدۇ. يېزىلاردا ياتىدىغان ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە كاڭ سېلىنىدۇ، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن ئۆي ئىچىنى بېزەشتىمۇ خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئۆيلەرگە ئومۇميۈزلۈك چوڭ ئىشكاپ، تومپۇچكا، پاكار ئىشكاپ (پاكار جاۋەن)، پەلەمپەيلىك ئىشكاپ، كىتاب ئىشكابى، قوش كىشىلىك كارىۋات، ئۈس-

تەل، سافا قاتارلىقلار قويۇلدى، نۇرغۇن ئائىلىلەردە تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، شامالدۇرغۇچ بار بولدى. ناھايىتى كۆپ كىشىلەر رەڭسىز تېلېۋىزوردىن رەڭلىك تېلېۋىزورغا قاراپ يۈرۈش قىلماقتا. بولۇپمۇ يېڭى توي قىلغان قىز-يىگىتلەرنىڭ ھۇجرىسى نېمىسىمۇ كاتتا جابدۇلۇپ، زىننەت بۇيۇملىرىغا ئېتىبار بېرىلمەكتە.

80 – يىللاردىن بۇيان، شەھەردە ئۆي-ئىمارەتلەردىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، بەزى ئورۇنلار ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئولتۇراق ئۆي بىناسى سېلىپ بەردى، نۇرغۇن ئىشچى-خىزمەتچىلەر يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى.

## 5. ھېيت-بايرام

خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى تۆۋەندىكىچە: كونىچە 1 – ئاينىڭ 1 – كۈنى باھار بايرىمى، 1 – ئاينىڭ 7 – كۈنى «ئادەم بايرىمى» (بۇددا دىنى 1 – ئاينىڭ 7 – كۈننى ئادەملەر تۇغۇلغان ئورتاق كۈن قىلىپ بېكىتكەن — ت)، 1 – ئاينىڭ 15 – كۈن يۈەنشياۋ بايرىمى، 2 – ئاينىڭ 2 – كۈنى لۇڭتەيتۇ (ياشانغان كىشىلەرنىڭ تولىسى مۇشۇ كۈندىن باشلاپ ساقال قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھانىڭ ساقلىنى ئېلىپ ئۆزىگە قويغانلىقنى بىلدۈرىدۇ). 3 – ئاينىڭ 18 – كۈنى نياڭمياۋغا بېرىپ ئايال بولۇشنى پەرزەنت تەلەپ قىلىدۇ، 3 – ئاي چوكانتال (قەبرە يوقلاش) بايرىمى، 4 – ئاينىڭ 4 – كۈنى سۇ پادىشاھىغا تەزىيە بىلدۈرۈش بايرىمى (يەر-كۆكنى ياماش، لوڭۋاڭ مياۋدا سەھنە ياساپ چاڭچىلە ئوينايدۇ)، 5 – ئاينىڭ 5 – كۈنى تاڭزۇڭزا بايرىمى، 6 – ئاينىڭ 6 – كۈنى بۇتخانا سەيلىسى، 7 – ئاينىڭ 7 – كۈنى ھۈنەر تىلەش كېچىلىكى، 7 – ئاينىڭ 15 – كۈنى قەبرە يوقلاش كۈنى، 8 – ئاينىڭ 15 – كۈنى تاۋۇز بايرىمى، 9 – ئاينىڭ 9 – كۈنى ئېگىزگە چىقىش بايرىمى، 10 – ئاينىڭ 1 – كۈنى قەبرە يوقلاش كۈنى، 12 – ئاينىڭ 23 – كۈنى ئوچاق پىرىغا ياغ پۈركۈش بايرىمى، 12 – ئاينىڭ 30 – كۈنى باھار بايرىمى ھارپىسى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە باھار بايرىمى بىلەن يۈەنشياۋ بايرىمى ئەڭ قىزىق بولىدۇ. باھار بايرىمى كۈنلىرى ھەممەيلەن ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ، باھار كۈنلىرىنىڭ شاد-خورام ئۆتۈشىنى تەبرىكلىشىدۇ، ئۆيلەردە زىياپەت قىلىپ، ئۆزئارا مېھمان بولۇشىدۇ، ئەتىگەندە جۈۋاۋا يەيدۇ. يۈەنشياۋ بايرىمىدا پانۇس ۋە رەڭگارەڭ چىراغلار ياندۇرۇلىدۇ. پوجاڭزىلار ئېتىلىدۇ. 2 – ئاينىڭ 2 – كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن ھەممە ئۆيلەردە رەڭگارەڭ پانۇسلار ئېسىلىدۇ. 2 – كۈنى كىشىلەر يەر مۇئەككىلى بۇتخانىسىغا بېرىپ كۆجە ياقىدۇ، ئاندىن كوچا ئارىلاپ تاماشا قىلىدۇ، 3 – كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ چىلك سۇلالىسىدىن مىنگو دەۋرىگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن كونا ئادەت. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن بەزى خۇراپىيلىق تۈسىنى ئالغان بايراملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ساقلىنىپ قالغان ئاساسلىق بايراملاردىن باھار بايرىمى، چوكانتال مەۋسۇمى، تاڭزۇڭزا بايرىمى، تاۋۇز چاغنى قاتارلىقلار بار. بايراملارنىڭ مەزمۇنىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، مەسىلەن: چوكانتال مەۋسۇمى كۈنى ھەرقايسى ئورۇنلار ئوقۇغۇچىلار، كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى

ئېلىپ باردۇ. باھار بايرىمىدا كۆپىنچە توپلىشىپ ھېيتلىشىپ ئۆزئارا يېڭى بىر يىلدا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى تىلىشىدىغان بولدى. باھار بايرىمى كۈنى ئەتىگەندە ھەر جاي-ھەر جايدىن قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلار يا ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، يا يەرلىك ئادەت بويىچە ھېيتلىق غىزالىرىنى يېيىشىدۇ.

## §3. خۇيزۇلار

### 1. تەرەققىيات جەريانى

قۇمۇلدا خۇيزۇلارنىڭ ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان ۋاقتى تەخمىنەن يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ماۋېنشېڭ يازغان «قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ روناق تېپىشى ھەققىدە» دە خاتىرىلىنىشىچە، شۇ چاغلاردا قۇمۇلدا ماكانلاشقان ئۈچ مىللەتنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار بار بولغان. بىراق ئۇ چاغدىكى خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى يەرلىك ئاھالە بىلەن ئوخشايلا قالماستىن، بەلكى تىل ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىمۇ يەرلىك ئاھالىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. شۇڭا ماۋېنشېڭ خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى تەڭ ئورۇنغا قويغان. بۇ خۇيزۇلار يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت باردى-كەلدى قىلىش جەريانىدا، بولۇپمۇ قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تولىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئۇلار تەدرىجى قوشۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، «خەنزۇ تۇڭگانلىرى» ياكى «خەنزۇچە كىيىنگەن تۇڭگانلار» دەپ ئاتالغان خۇيزۇلار غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن ئارقا-ئارقىدىن قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلاشقان. تۇڭجىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىلگەن خۇيزۇلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى دولقۇنىدا قۇمۇلدىكى خۇيزۇ ماجاڭ چياڭ، ماخۇدىلەر ئاممىنى باشلاپ قوزغىلاڭ قىلغاندا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئۇچراپ، بىر قېتىمدىلا مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلىدۇ، بۇنىڭدىن خۇيزۇلارنىڭ قۇمۇل ئاھالىسى ئىچىدە ئادەم سانىنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى باستۇرۇشتا قۇمۇلدىكى خۇيزۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ كېتىدۇ، قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قېچىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدىكى خۇيزۇلارنىڭ سانى يوق دېيەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

گۇاڭشۇ يىللىرى زور قوشۇن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، بىر قىسىم خۇيزۇ قوشۇنلىرىمۇ چوڭ قوشۇن بىلەن ئىچكىرىدىن قۇمۇلغا كېلىدۇ، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار قۇمۇلدا قېپقالىدۇ ھەم شەنشى مەسچىتىنى سالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا ئۆلكىلىرىدىكى خۇيزۇلار كەينى-كەينىدىن قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلىشىدۇ، قۇمۇلدىكى خۇيزۇلارنىڭ سانى تەدرىجىي كۆپىيىدۇ، يەنە

سۇجۇ مەسچىتى سېلىنىدۇ. 1949 - يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، پۈتۈن ناھىيىدە 3182 خۇيزۇ بار ئىكەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 60 - يىللاردىن كېيىن، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن قومۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان خۇيزۇلار ئاز بولمىدى. 1974 - يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا پۈتۈن ناھىيە بويىچە خۇيزۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 8802 گە يەتكەن.

خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر - بازارلاردا، ئاز قىسمى يېزىلاردا ئولتۇرىدۇ. 1933 - يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى خۇيزۇلار 5100 دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە تەۋەلىكىدىكىلەر 3000 دىن ئاشىدۇ. قومۇل شەھەر - بازارلىرىدىكى خۇيزۇ ئائىلىلىرى ئۇششاق سودا - سېتىققا ماھىر بولۇپ، بۇلاردىن يېمەك - ئىچمەك، مىلىچ دال، كىراكەشلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كۆپرەك.

2. دىنىي ئېتىقادى

خۇيزۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، مەزھەپ تۈزۈمىنى يولغا قويغان، قومۇل شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان خۇيزۇلار شەنشى مەسچىتى ۋە سۇجۇ مەسچىتلىرىگە تەۋە. مەسچىتكە بىر ئىمام قويۇلغان، ئۇنىڭ دىنىي ھوقۇقى ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن چوڭ. ئومۇمەن، بۇنىڭغا باشقا جايلاردىن تەكلىپ قىلىنغان كىشى ياكى ئۆز ئىچىدىكى ئابرويلۇق كىشى قويۇلىدۇ. مەسچىت باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا بىر باشقۇرغۇچى، تۆت - بەش مۇتەۋەللى قويۇلىدۇ، 1933 - يىلىدىن كېيىن مۇدىرىيەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. مەسچىت دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇن بولۇپلا قالماستىن، شۇ مەسچىتتىكى جامائەت چوڭ ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدىغان ئورۇندۇر. يېزىلاردىمۇ ئادەتتە كىچىك مەسچىتلەر بولىدۇ، ئايرىم جايلاردا خۇيزۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىر مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدۇ.

3. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى

خۇيزۇلاردا يېقىن تۇغقانلار ئارا توي قىلىدىغانلار كۆپ، بولۇپمۇ نەۋرە بىلەن نەۋرىنى چاتىدىغان ئەھۋاللار خېلى ئومۇميۈزلۈك. 1980 - يىلى «يېڭى نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يېقىن تۇغقانلار ئارا تويلىشىدىغان ئەھۋاللار ئازىيىشقا باشلىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قىز - ئوغۇللارنىڭ توي ئىشلىرى، ئومۇمەن، ئاتا - ئانىلارنىڭ دېگىنى بويىچە بولاتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يىگىت - قىزلار ئەركىن مۇھەببەتلىشىدىغان بولدى. لېكىن يەنىلا ئارىدا ئەلچى مېڭىپ كېلىشتۈرىدىغان، ئاتا - ئانىلىرى رازى بولىدىغان شەكىل ئارقىلىق بولىدۇ. توي قىلغاندا ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنى چىللايدۇ، مېھمانلار سوۋغا كۆتۈرۈپ كېلىپ توينى مۇبارەكلەيدۇ، توي مۇراسىمىدا ئاخۇنۇم جامائەت ئالدىدا نىكاھ ئوقۇيدۇ. خۇيزۇلار ئىچىدە يەنە ھۇجرا ئۆيىدە قىزىقچىلىق قىلىدىغان ئادەتمۇ بار.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ فامىلىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىسىم قويغاندىن باشقا، دىنىي ئادەت بويىچە ئەرەبچە ئىسىممۇ قويۇلىدۇ.

خۇيزۇلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە بولىدۇ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن سۇغا ئالدۇرۇلىدۇ، ئاق رەخت بىلەن كېپەنلىنىدۇ، ئاندىن نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ، شۇ كۈنى يەرلىككە قويۇلىدۇ. پۈتۈن دەپنە ئىشلىرىنى ئاخۇنۇم باشقۇرىدۇ. ئادەم ئۆلۈپ ئۈچ كۈن، يەتتە كۈن، قىرىق كۈن، يۈز كۈن، بىر يىل بولغاندا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى نەزىر ئۆتكۈزۈپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ.

4. كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، تۇرار - جاي، يۈرۈش - تۇرۇش قائىدىلىرى

خۇيزۇلارنىڭ كىيىم - كېچىكى يەرلىك خەنزۇلارنىڭكىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. چوڭ ياشلىقلار، كۆپىنچە، ئارا رەختتىن كىيىم كىيىدۇ، ئوتتۇرا ياشتىن يۇقىرى ئەرلەر توقۇلغان ياكى ئاق رەختتىن تىكىلگەن شاپاق بۆك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ياشانغان ئاياللار چېچىنى تورغا يۆگەپ، بېشىغا ئاق داكا لېچەك سالىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللارنىڭ تولىسى دوختۇرخانىدىكى سېستىرانىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاق بۆك كىيىدۇ. ئاياللار ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى سېلىشقا ئامراق.

خۇيزۇلار يېمەك - ئىچمەكتە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش چوشقا گۆشى يېمىگەنىنىڭ سىرتىدا، هارام ئۆلگەن ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ئادەملەر سويغان مالنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، ئات گۆشىنىمۇ ئىستېمال قىلمايدۇ. كۈندىلىك ئوزۇقلۇق جەهەتتە، ئاساسلىقى، جىگموما، تاۋا نېنى، مانتا، جۇۋاۋا، سۈيۇقئاش، لەڭمەن قاتارلىقلار بار. مېهمان چىللىغاندا مايدا قورۇلغان، قاسقاندا پىشۇرۇلغان، ياغدا پىشۇرۇلغان تائاملارنىڭ هەممىسىنى تەييارلايدۇ، جوزىغا سەينى بىر - بىرلەپ ئېلىپ چىقىدۇ، يېڭى سەينى ئېلىپ چىققاندا، كونىنى ئېلىۋېتىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا تاتلىق گۇرۇچ تاماق ئېلىپ چىقىپ، سەينىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. هېيت - ئايەملەردە هەممە ئۆيلەردە سانزا، پوشكال، يۇگوزا قاتارلىقلارنى سالىدۇ.

خۇيزۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ئىككى ئەۋلاد، ئۈچ ئەۋلاد، هەتتا تۆت ئەۋلاد بىللە ئولتۇرىدىغانلار كۆپرەك بولىدۇ، ئائىلە ئىشلىرىنى چوڭلار باشقۇرىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى چوڭلارنى هۆرمەتلەپ، كىچىكلەرگە كۆيۈنىدۇ ۋە ئىناق ئۆتىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى تەربىيىلەشتە ئۈچ چوڭ ئىشقا ئەهمىيەت بېرىدۇ؛ بىرى، بالىلىرىنى ئوقۇتۇش (ئۆتمۈشتە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇتاتتى)، ئىككىنچىسى، ئوغۇل بالىلىرىنى سۈننەت قىلدۇرۇش، ئۈچىنچىسى، بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل - قىزلارنىڭ تويىنى قىلىش. پەرزەنتلەرنىڭ مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقى بولىدۇ، دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئوغۇلغا پۈتۈن، قىزغا يېرىم مىراس تېگەتتى.

5. هېيت - ئايەم

خۇيزۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئاساسلىقى، «روزى

ھېيت» ۋە «قۇربان ھېيت» قىلىدۇ. روزى ھېيتتا ھەممە ئۆيلەردە ساڭزا سالىدۇ، چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ھېيتلىق يېڭى كىيىملىرىنى كىيىدۇ، بالىلارغا ھېيتلىق پۇل بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭكىگە بېرىپ ھېيتلايدۇ. «قۇربان ھېيت» تا جامائەت بىلەن ھېيت نامىزى ئۆتىگەندىن باشقا، شەرت - شارائىتى بار ئائىلىلەر، قوي سويۇپ قۇربانلىق قىلىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىگە بۆلۈشتۈرۈپ بېرىدۇ ھەم ئۆلارنى نەزىرگە چىللايدۇ، ئاخۇنۇمنى قىرائەت قىلدۇرىدۇ.

## §4. قازاقلار

### 1. تەرەققىيات جەريانى

قازاقلارنىڭ قومۇلغا كېلىپ ماكانلاشقان تارىخى ئۇزۇن ئەمەس.

چىڭ سۇلالىسى، تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى (1864 - يىلى) دىن گۇاڭشۈنىڭ 9 - يىلىغىچە (1883 - يىلى)، چار روسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى بىر قاتار تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، چېگرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. «جۇڭگو - روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى غەربىي شىمال چېگرىسىنى ئايرىش ئەھدىنامىسى» دىكى زېمىن قايسى تەرەپكە تەئەللۇق بولسا، ئادەملەرمۇ شۇ تەرەپكە تەئەللۇق بولۇشقا قارىتا، قازاق ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر «پۇقرالار زېمىن بىلەن روسىيىگە ئايرىلىپ بېرىلسە، ئۆلسەكمۇ ئۇنىمايمىز» دېگەن قەتئىي مەيدانىنى بىلدۈرۈپ، ئارقا - ئارقىدىن چېگرىدىن ئۆتۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى (1864 - يىلى) زەيسەن كۆلى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قازاقلارنىڭ 12 ئاباق - كېرەي قەبىلىسى ئۆلسىمۇ روسىيىنىڭ پۇقراسى بولماسلىققا قەسەم بېرىپ ئەسلىدىكى يايلىقىدىن ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كېلىدۇ، كېيىن يەنە بىر قىسىم قازاقلار تىيانشان تاغلىرىنىڭ باغرىغا كېلىپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ.

تەخمىنەن XX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قابى موللا زالىڭ (زالىڭ مەنسەپ نامى بولۇپ، 10 بېشىغا توغرا كېلىدۇ) باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە ئون ئۆيلۈك قازاق يەتتە قۇدۇق بىلەن قويلىۇق ئارىلىقىدىكى تاغلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدۇ. مانا بۇ يېقىنقى زاماندا بىرىنچى تۈركۈم قومۇلغا كېلىپ ماكانلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قازاقلاردۇر. قومۇلدا ماكانلىشىپ قېلىش ھەم ياخشىراق بىر پارچە يايلاققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، قابى موللىنىڭ ئوغلى بېگىن گۇاڭشۈنىڭ 29 - يىلى (1903 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە قومۇل ۋاڭىغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ھەم ئىگەر جابدۇقلىرى كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن ئىككى ئېسىل ئات، ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن قامچا تەقدىم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن غەربىي تاغنىڭ كۆكيار دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ مال بېقىشقا يول قويۇلىدۇ، بۇ، قازاقلارنىڭ قومۇلدا ماكانلىشىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر. كېيىن بېگىن يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن شاڭيۇ قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. شۇ چاغدا تۇخۇلۇ ئەتراپىدىكى قازاقلارمۇ قومۇل ۋاڭىدىن ئولتۇراق جاي ئايرىپ بېرىشنى

ھەم دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا يول قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇمۇل ۋاڭى بۇ تەلەپنى تەستىقلىغاندىن كېيىن شۇ يەردىكى ئۇيغۇر قىزى شەمشىخان بىرىنچى بولۇپ قازاق ياش جارەخمەتكە تېگىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلارنىڭ نىكاھلىنىشى باشلىنىدۇ.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) دىن كېيىن يەنە زور بىر تۈركۈم قازاقلار ئالتايدىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق بارىكۆل ۋە قۇمۇلغا كېلىدۇ، بۇلاردىن بىر مۇنچىلىرى داۋاملىق شەرققە سۈرۈلۈپ مال بېقىپ خېشى كارىدورى، چىڭخەي قاتارلىق جايلارغا يېتىپ بارىدۇ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇلاردىن 1470 ئۆيلۈك ئادەم يەنە شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىدۇ ھەم قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ماكانلىشىدۇ. 1949 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە مىقياسىدىكى قازاقلارنىڭ نوپۇسى 3397 گە يېتىپ، غەربىي تاغ، تىيانشان ۋە تاشۋېلىق تاغ باغىرلىرىغا جايلاشقان. 1983 - يىلى ناھىيە دائىرىسىدىكى قازاقلار 6700 دىن ئېشىپ، بۇلاردىن ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىقى 5300 گە يەتتى.

ناھىيە تەۋەسىگە ماكانلاشقان قازاقلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقى ئاباق - كېرەي قەبىلىسىگە مەنسۇپ، بۇ قەبىلە يەنە 12 ئۇرۇققا ئايرىلىدۇ، ناھىيىدىكى قازاقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جەنتەكەي ۋە جەدىكتىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇققا مەنسۇپ.

**2. دىنىي ئېتىقاد**

قازاقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، لېكىن كۆچمەن ھالەتتە ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن، تۇراقلىق مەسچىتلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، دىنىي پائالىيەتلەرنى، كۆپ ھاللاردا، كىگىز ئۆي ۋە تالادا تارقاق ھالدا ئۆتكۈزىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇرمۇشى تەدرىجىي خاتىرجەم بولدى، شۇڭا، ئومۇمەن، قىشلاقلاردا مەسچىتلەر سېلىندى.

**3. توي - تۆكۈن**

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قازاقلار ئارىسىدا نىكاھ سودىسى خېلى ئېغىر بولۇپ، ئالىدىغان تويلۇقى دائىم دېگۈدەك بىرنەچچە يۈز چوڭ - كىچىك مالغا يېتەتتى. ئادەت بويىچە تويلۇقنىڭ يېرىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، كۈيئوغۇل بولغۇچى قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قېيىن ئانا - قېيىن ئاتا بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ، شۇ كېچىسى قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشقا بولىدۇ. توي مۇراسىمى ئالدى بىلەن قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. موللا نىكاھ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كەچتە ئەر - ئايال مېھمانلار كىگىز ئۆيدە ئۆلەڭ ئېيتىشىپ، يىگىت بىلەن قىزنى مۇبارەكلىشىدۇ. ئىككىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىز كۆچۈرۈشكە كېلىدۇ، قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغاندا قىز ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي «سىڭسىما» ئېيتىدۇ، قىز ھەمراھلىرى «كورس» ئېيتىپ قىزغا نەسىھەت قىلىدۇ، قىز كۆچۈرگىلى كەلگەنلەرمۇ «سارىن» ئېيتىپ قىزنى ئاتقا مىنىپ قېيىن ئانىسىنىڭكىگە بېرىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۆرپ - ئادەت

ناخشىلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى جانلىق بولۇپ، توي مەرىكىسىگە قويۇق مىللىي تۈس قوشىدۇ، يىگىت توي بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئايرىم ئۆي جابدۇپ، ئاتا - ئانىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىدۇ.

دۆلەتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قازاقلاردا ئاكىسى ئۆلۈپ كەتسە ئايالىنى ئۇكىسى ئالىدىغان ئادەت بولۇپ، ئاياللارغا تاۋار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىناتتى. تۇل خوتۇنلار ياتلىق قىلىنىشقا بولمايدىغان ئۆرپ - ئادەتمۇ بار ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن نىكاھ ئەركىنلىكى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشتى، لېكىن تويلۇق ئاۋۋالقىدەكلا ئېغىر يۈك بولۇپ كەلمەكتە. ئۆتمۈشتە تولىسى مال تويلۇق قىلىناتتى، بۈگۈنكى كۈندە تويلۇقنىڭ تولىسى كىيىملىك رەخت بولۇپ قالدى. توينى توختاشقاندىن كېيىن قىز تەرەپكە نەق پۇل، كىيىملىك رەخت بەرگەننىڭ سىرتىدا، يەنە قىز تەرەپنىڭ ئاساسلىق تۇغقانلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىر كىيىملىكتىن رەخت قويۇلىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا بىرنەچچە ئون كىيىملىك رەخت كېتىدۇ.

4. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى

قازاقلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى، ئەنئەنىۋى مىللىي ئادەت ئاساسىدا، ئىسلام قائىدىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، مېيىتنى ئاق كېپەنگە ئېلىپ يەرلىككە قويىدۇ. ئۆتمۈشتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ھايات ۋاقتىدا مىنگەن ئاتنىڭ قۇيرۇق يايلىنى كېسىۋېتىپ قايتا ئىشلەتمەيتتى، ئۆي كۆچۈرگەندە ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئاتقا ئارتىپ يېتىلەپ ماڭاتتى، ھەربىر ئاۋۇلدىن ئۆتكەندە ئاياللار ماتەم ئۆلەڭلىرىنى ئېيتىپ ئۆلگۈچىگە تەزىيە بىلدۈرەتتى. بىر يىلدىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ ئاتنى سويۇۋېتەتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ ئادەت تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدى.

5. كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، تۇرار - جاي، يۈرۈش - تۇرۇش ئادەتلىرى

قازاقلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئادەتتە كەڭرەك، پۇختا تىكىلىدۇ، چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدۇ، قىشتا كۆپىنچە چوڭ جۇۋا، تېرە ئىشتان، يازلىقى خېلى كۆپ ۋاقىتلارغىچە پاختىلىق كىيىم كىيىپ يۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تاغنىڭ تۇرۇپ سوغۇق بولۇپ كېتىدىغان، تۇرۇپ ئىسسىپ كېتىدىغان ئۆزگىرىشچان ھاۋاسىغا ماسلىشىدۇ. قازاق ئەر - ئاياللار بېلىگە تاسما كەمەر باغلاپ، پىچاق ئېسىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆچكە - تاشقى كىيىملىرىنىڭ ياقىسىغا، يېڭىگە، مەيدىسىگە، ئىشتان پۇشقىقىغا گۈل نۇسخىلىرىنى كەشتىلىۋالىدۇ. كەمەر، غىلاپ، ئىگەر، يۈگەنلەرنى پارقىراق قەلەي بىلەن زىننەتلەيدۇ. ئاياللىرى ئۈچۈق، رەڭدار كىيىملەرنى كىيىشكە، بولۇپمۇ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشكە ئامراق. قازاق قىزلىرى مەيدىسىگە تەڭگە، قۇلۇلە قېپى، رەڭدار تۈگمىلەرنى تاقىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يول ماڭغاندا

بۇ نەرسىلەر ۋال-ۋۇل قىلىپ رىتىملىق جىرىڭلاپ تۇرىدۇ. قىشتا تۈلكە قۇلاقچا ياكى كولاپارا كىيىدۇ. ئۇنى قارا مەخمەل بىلەن تاشلايدۇ، قىزلار گۈل تىكىلگەن يۇمىلاق دوپپا كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوغۇل-قىزلار باش كىيىمنى ئۆكە بىلەن زىننەتلەيدۇ، ئۇ شامالدا يەلپۈنۈپ ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ياز كۈنلىرى بېشىغا ئاق ياغلىقنى تېڭىۋالىدۇ. قىزلار توي قىلغاندا قىزىل ياغلىق سالىدۇ. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاق ياغلىققا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ. ياغلىقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ساغرىسىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ، كۆز، بۇرۇن ۋە ئاغزىنى ئوچۇق قويغاندىن باشقا، باش، بويۇن، كۆكرەك، دۈمبىسىنى يۆركىۋالىدۇ، ئەر-ئاياللار كۆپىنچە ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك كىيىدۇ، قىش كۈنلىرى پۈتىنى ئىسسىق ساقلاش ئۈچۈن يۇقا كىگىزدىن ئۇزۇن قونجىلىق پايپاق تىكىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈك كىيىدۇ.

قازاقلار، ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ كۆپىنچىسىنى چارۋىدىن ئالىدۇ. سۈتتىن قۇرۇت، قايماق، سېرىقماي، ئەجگەي، ئىرىمچىك قاتارلىق كۆپ خىل يېمەكلىكلەرنى ياسايدۇ. قىمىز قازاقلارنىڭ ياز پەسلىدە ياخشى كۆرىدىغان ئىچىملىكىدۇر. ئادەتتە قوي گۆشىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەمىشە گۆشنى شورپا قىلىپ پىشۇرۇپ يېيىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئۇندىن تەييارلانغان تائاملىرى كۆپىنچىسى تاۋا نان، بوغۇرساق، سۈيۈقئاش، كەسمە چۆپ، كېسپئاش قاتارلىقلاردۇر. دۆلەتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى چارۋىچىلار ئاشلىقنى ناھايىتى ئاز ئىستېمال قىلاتتى، ھەر يىلى قورۇغان ياكى پىشۇرغان ئارپا، بۇغداينى ناھايىتى ئاز ئىستېمال قىلاتتى، قازاقلار سۈتلۈك چايغا ئامراق كېلىدۇ، سەيىنى ناھايىتى ئاز يەيدۇ. چوشقا گۆشى ۋە ھارام مال گۆشلىرىنى يېمەيدۇ.

قازاقلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەت. شۇڭا كۆچۈشكە ئەپلىك بولغان كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. كىگىز ئۆينىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي. ئالدى بىلەن چىۋىقتىن كەرگە، چاڭراق، باقان ياسىلىدۇ، ئاندىن كەرگىنىڭ سىرتىغا ئۆرۈلگەن چىغ باغلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىگىز يېپىلسا ئۆي پۈتكەن بولىدۇ. ئۈستىگە تۈڭلۈك قويۇلىدۇ، ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن تۈڭلۈكتە ئېچىپ يېپىشقا ئەپلىك كىگىز ياپقۇچ بولىدۇ، كىگىز ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ تىزىلىشى ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىدا مەلۇم قائىدە بولىدۇ. ئىشىكتىن كىرگەن جاينىڭ ئوڭ-سول تەرەپلىرىدە تۇشەك قويۇلىدۇ، ئوتتۇرىغا ئۆي ئىگىسىنىڭ كارىۋىتى ۋە ساندۇقلىرى قويۇلغان بولىدۇ. ساندۇقنىڭ ئالدىدىكى جاي مېھمان كۈتىدىغان جايدۇر. ئىشىكتىن كىرىپ ئوڭ تەرەپكە يېمەكلىك ۋە قازان، قاچا-قومۇچ قويۇلىدۇ، سول تەرەپكە ئىگەر، جابدۇق ۋە باشقا نەرسىلەر قويۇلىدۇ. كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوچاق ئېسىلىدۇ. كىگىز ئۆينىڭ تۆت تەرىپىگە شىرداق سېلىنغان بولىدۇ. دۆلەتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن قىشلاقلاردا تەدرىجىي ھالدا تام ئۆيلەر سېلىنىپ، قىشتا مۇقىم ئولتۇرىدىغان ئۆيلەر بىنا بولدى.

ئەر-ئايال، ياش-قېرىلارنىڭ ھەممىسى سەپەرگە چىققاندا، مال باققاندا ئات مىنىدۇ، يەتتە-سەككىز ياشلىق بالىلارمۇ ئات مىنىپ مال باقالايدۇ، يايلاقتىن يايلاققا كۆچكەندە

ئۆي بىساتلىرىنى ئات، كالا، تۆگە بىلەن توشۇيدۇ. ئات مىنىشنى بىلمەيدىغان كىچىك بالىلىرىنى ساندۇققا سېلىپ ئۇلاغقا ئارتىپ ئېلىپ ماڭىدۇ.

6. ھېيت - ئايەم

قازاقلارنىڭ قۇربان ھېيت، روزى ھېيتتىن باشقا، يەنە شەمسىيە 1 - ئايدا نورۇز بايرىمى بار. ھېيت - بايراملاردا چارۋىچىلار بەيگە سېلىش، چېلىشىش، ئۆلەڭ ئېيتىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوۋار قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

7. باشقا ئۆرپ - ئادەتلىرى

قازاقلار مېھماندوست مىللەت، ئۆيىگە كەلگەن ياكى قونۇپ قالغان مېھماننى تونۇش - تونىمىسۇن قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ، شۇڭا قازاقلاردا «كەچ قالغان مېھماننى قويۇۋەتسەڭ مەڭگۈ ئۇياتقا قالىسەن» دەيدىغان سۆز بار. ئىززەتلىك مېھمان كېلىپ قونۇپ قالسا، كىگىز ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تۆرىگە ئورۇن سېلىپ بېرىدۇ ھەم قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ.

قوي سويىدىغان چاغدا ئۆي ئىگىسى ئالدى بىلەن قوينى مېھماننىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كىرىدۇ، مېھمان دۇئا قىلىپ بەرگەندىن كېيىن سويىدۇ. گۆش يېگەندە قوينىڭ بېشىنى مېھمانغا تۇتىدۇ، مېھمان ئۇنى قولىغا ئېلىپ پىچاق بىلەن باشنىڭ كاچىتىدىن ئازغىنە بىر توغرام گۆشنى كېسىپ ئالدىدىكى چوڭ ياشلىق بىرەيلەنگە بېرىدۇ، ئاندىن قۇلاقنى كېسىپ ئارىدىكى كىچىكلەردىن بىرەيلەنگە بېرىدۇ، ئاخىرى ئۆزى خالىغان يەردىن بىر توغرام كېسىپ يەپ باشنى لەگەنگە سېلىپ ئۆي ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن گۆشنى مېھمان خالىغانچە يەيدۇ، مېھمان قانچە كۆپ يېسە ساھىپخان شۇنچە خۇش بولىدۇ.

چاي ئىچكەندە ئايال ساھىپخان بىر چەتتە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ چاي قويىدۇ. مېھمانغا ئىككىنچى چىنە چاي كەلتۈرۈلگەندە، مېھمان ئاۋۋال بىر يۇتۇم ئوتلاپ ئايال ساھىپخانغا تۇتىدۇ، ئايال ساھىپخان بۇ چاينى ئىچىپ كەتكەندىن كېيىن مېھمان چاينى خالىغانچە ئىچىشكە بولىدۇ.

قازاقلار ياشانغانلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدۇ، تاماق يېگەن، چاي ئىچكەن، پاراڭ سالغان، يول ماڭغاندا چوڭ ياشلىقلارغا ھۆرمەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى تۇنجى ئوغلىنى ئاتا - ئانىسىغا بالا قىلىپ بېرىدىغان ۋە ئۇنى ئاتا - ئانىسىغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇكام دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار ئىدى.

قازاقلار ئارىسىدا چەكلەنگەن ئىشلارمۇ ناھايىتى كۆپ، ساھىبخان ئالدىدا مال ساناشقا ياكى مالنىڭ سانىنى سوراشقا بولمايدۇ، قوي ئارىسىغا ئات مىنىپ كىرىشكە بولمايدۇ، ئاياللار چوڭ ياشلىقلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە بولمايدۇ، ياشلار چوڭلارنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتاپ چاقىرىشقا بولمايدۇ، قېرىلارنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچىشكە بولمايدۇ، يەيدىغان نەرسىلەرنى قالايمىقان تاشلاشقا بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە بالىسى بار ئۆيدە بالىلىرى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ ئايرىلىپ چىقىپ
كەتكەندىن كېيىن، ئەڭ كىچىك بالىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا قېلىپ، ئۇلارغا قارايدۇ،
ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەممە مال - مۈلۈك ئاشۇ كىچىك ئوغۇلغا
تەئەللۇق بولىدۇ، باشقا پەرزەنتلەر ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ.

# II باب دىن

## §1. بۇددا دىنى

بۇددا دىنىنىڭ قۇمۇلدا تارقالغان ۋاقتىنى ئېنىقلاشقا بولمىدى. «راھىب سەن-
زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە، جېنگۇەننىڭ 2 - يىلى (628 - يىلى)
تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۆتىۋەر راھىبى شۈەن زاڭ قۇمۇلغا كەلگەندە بىر ئىبادەتخانىنى ئۇچرات-
قان. بۇ ئىبادەتخانىدا ئىككى خەنزۇ راھىب بولغان، بۇ يەردە يەنە ئۇيغۇر راھىبلارمۇ بولغان.

1959 - يىلى تىيانشان رايونىنىڭ تۆمۈرتى دېگەن يېرىدىن VIII — IX ئەسىر مەزگىلىدە،
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا سەھنە ئەسىرى «مايتىرى سىمىت» تېپىلدى.
XIII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر ساياھەتچىسى ماركوپولو قۇمۇلدىن
ئۆتكەندە، قۇمۇل خەلقىنىڭ بۇتقا چوقۇنىدىغانلىقىنى، ھەممىسى بۇددا مۇخلىسلىرى
ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلاردىن بۇددا نوملىرىنى تەر-
جىمە قىلىدىغان نۇرغۇن تەرجىمانلار مەيدانغا كەلگەن، بىلەنناشرى دېگەن ئۇيغۇر كى-
چىك ۋاقتىدىن تارتىپ بۇددا نوملىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن، ياش - قۇرامىغا يەتكەندىن
كېيىن بۇددا دىنىنى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تىلىنى پىششىق
بىلىۋالغان، ئەينى ۋاقىتتا داڭلىق تەرجىمان بولۇپ قالغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دادې
6 - يىلى (1302 - يىلى)، بىلەنناشرى يارلىققا بىنائەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ-
لىرىدىن تۆمۈرنىڭ ئورنىدا گۇاڭخەن ئوردىسىدا راھىب بولغان، بۇيرۇق بويىچە خۇاڭ-
چىڭ يىللىرى (1312 — 1313) بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان.

يۇڭلېنىڭ 10 - يىلى (1412 - يىلى) مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇل قوغدى-
نىش مەھكىمىسىدە بۇددا دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات — راھىبلار
مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. شۇ يىلى 5 - ئايدا مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، قۇمۇل
ۋاڭى تۆرى تېمۈرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، يارلىق چۈشۈرۈپ ۋە مۆھۈر تارقىتىپ، راھىب
سەيدۇلاشىنى راھىبلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇ چاغدا قۇمۇلدا
بۇنىڭدىن باشقا ئالىي دەرىجىلىك راھىبلىق مەنسىپى — دۆلەت ئۇستازى مەنسىپىمۇ بار
ئىدى، ئۇ چاغدا قۇمۇللۇقلار مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن، ئىرقىنىڭ
ئېسىل - پەس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممەيلەن راھىبلارنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلاتتى.
تيەنشۈنىڭ 7 - يىلى (1463 - يىلى) قۇمۇللۇق راھىب ۋۇ دەينۇ ۋالالارنىڭ (مىڭ سۇ-

لالىسى ۋاقتىدا غەربتىكى موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئۇمۇمىي ئاتىلىشى ۋاللار دېيىلەتتى ــ ت) باشلىقى بەيجاسىلەنگە «قوي يىلى ھۇجۇم قىلساڭ قۇمۇلنى ئېلىۋالىسەن» دەپ بىلجىرلىسا، بەيجاسىلەن بۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنىپ، ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ قۇمۇل شەھىرىگە ئىككى ئايدىن ئارتۇق قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. قۇمۇل سادىق ۋاڭنىڭ ئانىسى نۇۋبەنداشلى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ سۇنۇپ ۋۇدەينۇنى تۇتۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ھەربىي بۆلۈمدىن «تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنداق قىلغاندا ياتلارنىڭ رايى يېنىپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ جاۋاب كېلىدۇ. دېمەك بىر راھىبنىڭ ئەپسانە سۆزى ئۇرۇش قوزغاشقا سەۋەب بولىدۇ. بىر راھىبنى تۇتۇپ تۇرغاندا «ياتلارنىڭ رايى يېنىپ قېلىشى» دىن ئەنسىرىگەن، مانا بۇ ئەينى زاماندا بۇددا دىنىنىڭ قۇمۇل ۋە شىمالىي ۋاللار قەبىلىسىدە تەسىرىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى ۋە مۇخلىسلىرىنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىسلام دىنى قۇمۇلغا كىرىشكە باشلايدۇ، لېكىن بۇ چاغدا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئاق سۆڭەكلەردىن بىرەر ئادەممۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇمۇل ھۆكۈمرانى سادىق ۋاڭ ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن پارچىلىنىش پەيدا بولۇپ، بەزىلىرى بۇددا دىنىغا، بەزىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى. لېكىن، پۇقرالار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇددا دىنىنىڭ كۈچى بارا ـ بارا ئاجىزلىششقا باشلايدۇ. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى قۇمۇلنى ئىشغال قىلىپ ئىسلام دىنىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىدۇ. خەلقنى بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇددا دىنى كۇنسايىن زەئىپلىشىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇددا دىنىغا پەقەت قۇمۇلغا چەتتىن كەلگەن خەنزۇلارلا ئېتىقاد قىلغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، مىنگونىڭ باشلىرى قۇمۇلدا بۇددا دىنىي تەشكىلاتى بەيلاخۇي (ئاق شام ئۇيۇشمىسى) قۇرۇلغان. ئۇلار ئىلاھىغا چوقۇنغاندا، قوي يېغىدىن ياسالغان ئاق شام ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇنداق نام قويۇلغان. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) دۇنخۇاڭدىكى يۇخۇاتاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئاچارىياسى ۋاڭ شۈبىن قۇمۇلغا كېلىپ دىن تارقاتقاندا بەيلاخۇينى يۇخۇاتاڭغا ئۆزگەرتىپ قۇمۇلنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئەسلىدىكى بەيلاخۇينىڭ باشلىقى ۋەن دېڭباڭنى ئاچارىيا ئەملىگە قويغان. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ۋاڭ شۈبىن ئۆلگەن. جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ راھىبى ئاچارىيا شىن داۋ قۇمۇلغا كېلىپ قۇمۇل بۇددا دىنىي جەمئىيىتىنى تەشكىللەپ، قۇمۇلدىكى ئىلاھىي بۇتقا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنى يىغىپ بۇددا دىنىغا كىرىش مۇراسىمى ئاچقان. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار 300 دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ (يۇخۇاتاڭنىڭ ئەزالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھەممىسى بۇددا دىنىغا كىرگەن. شۇ يىلى ئاچارىيا شىن داۋ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بۇددا دىنىي جەمئىيىتى ئىسمى بار، جىسمى

بىرق بولۇپ قالغان، لېكىن مۇرىتلىرى بۇرۇنقىدەكلا يۇخۇاتاڭغا بېرىپ پاتالىيەت ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. 1950 - يىلى يۇخۇا تاڭ ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتكەن.

بەيلاخۇي، يۇخۇاتاڭ «ئۈچ دىن بىر مەنبە» (يەنى داۋجاۋ دىنى، بۇددا دىنى، كۇڭزى دىنى بىر مەقسەتلىك بولۇپ، بىر مەنبەگە ئىگە) دېگەنگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاچارىيا شىن داۋ قۇمۇل بۇددا دىنى جەمئىيىتىنى تەشكىللىگەن مەزگىل بىلەن جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلغان مەزگىلدە مۇناسىۋەت بارلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇلاردىن بۇرۇن ھەم كېيىنكى دىنىي ئىشلار ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل بولۇپ، باشقا ھېچ قانداق دىنىي تەشكىلاتلارغا بېقىنمىغان.

يۇخۇاتاڭ ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بەيلاخۇي موخلىس قوبۇل قىلمىغان. ئۇلارنىڭ ئاساسىي پائالىيىتى ئەنئەنىۋى بۇت سەيلىسىدە نوم ئوقۇش، مېيىت ئۇزاتقاندا دىنىي كىتاب ئوقۇش، كېسەللەرنى ئۇچۇقلاپ ئوقۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كونىشەھەر (لاۋچېڭ)، لۇڭۋاڭمياۋ، بۇلۇڭتوغراقتىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇندا يۇخۇاتاڭنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلغان، ئازادلىقتىن كېيىن پائالىيىتىنى توختاتقان.

## قوشۇمچە: جۇڭخۇا دىنىي ئىشلار جەمئىيىتى قۇمۇل دىنىي ئىشلار شۆبە جەمئىيىتى

دىنىي ئىشلار شۆبە جەمئىيىتى كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق، تاماكا چەكمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىك، ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادار بولۇش، دوست - يارەنلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈش، شەپقەتچى مەبۇت ۋە باشقا ئەۋلىيا بولۇپ كەتكەنلەرگە ئېتىقاد قىلىشنى دەۋەت قىلىدىغان فېئودال خۇراپاتلىق تەشكىلات ئىدى. ئاتاقتا جۇڭچىڭ جۇڭخۇا دىنىي ئىشلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارايتتى.

قۇمۇل دىنىي ئىشلار شۆبە جەمئىيىتى مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) دىن باشلاپ قۇرۇلغان، دەسلەپتە لى ماۋتىڭ «ئىگىدارچىلىق» قىلغان. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) خۇ چىجيا ئۆتكۈزۈۋالغان. ئەڭ ئاۋات مەزگىللىرىدە مۇرىتلىرى 70—80 گە يەتكەن، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سودىگەر، ئاھالىلەر، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر ئىدى.

دىنغا كىرگۈچىنى دىنىي ئىشلار شۆبە جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى تونۇشتۇرۇپ ھۆددىگە ئالىدۇ، ۋەدىنامىگە «تاماكا، ھاراقتىن قول ئۈزىمەن، ئاتا - ئانامغا ۋاپادار بولىمەن، دىنىي يولغا كىرىمەن، مەڭگۈ يۈز ئۆرۈمەيمەن» دېگەنلەرنى ئېنىق يازىدۇ. دىنىي ئىشلار شۆبە جەمئىيىتى ھەر يىلى تۆت قېتىم پائالىيەت ئۆتكۈزىدۇ، ئاساسلىقى، بۇتقا چوقۇنۇش، مۇرىت قوبۇل قىلىش، «ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىئانە توپلاش»تىن ئىبارەت.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) دىنىي ئىشلار شۆبە جەمئىيىتىنىڭ مۇتىۋەل-

لىسى خۇچىجيا چۇڭچىڭغا بارغاندىن كېيىن چىڭباڭ تەشكىلاتىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپ، دىنىي ئىشلار شۆبە جەمئىيىتىدىن پايدىلىنىپ چىڭباڭ تەشكىلاتىنى كېڭەيتىدۇ ھەمدە مۇرىتلارنىڭ مال - مۈلكىنى ھەدەپ قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي خۇچىجيا قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ گەنسۇغا قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دىنىي ئىشلار شۆبە جەمئىيىتىنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ پائالىيىتى بارا - بارا سۇسلىشىپ كېتىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ تەشكىلات ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كېتىدۇ.

## 2§ . شامان دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپەرەستلىك دىنى

تارىختا، قۇمۇلدا شامان دىنى، مانى دىنى ۋە ئاتەشپەرەستلىك دىنى تارقالغان. XV ۋە XVI ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن بۇ دىنلار يوقىلىشقا باشلىغان، لېكىن بۇ دىنلارغا خاس بىرمۇنچە ئۆرپ - ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە دىنىي مۇراسىملىرىدا ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن: روھىي كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلارنى داخانلارغا ئوقۇتۇپ پىرە ئويناتىش شامان دىنىدىن قېپقالغان ئادەتتۇر؛ قىزدۇرۇلغان كەتمەن بېسىش، كېسەلنى ئوت بىلەن ئۇچۇقداش، خالايىق گۈلخاننى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئويناپ جىن - شەيتانلارنى قوغلاش قاتارلىقلار ئاتەشپەرەستلىك دىنىدىن قېپقالغان ئادەتتۇر؛ كۆن تۇتۇلغان، ئاي تۇتۇلغان چاغلاردا ئايەت ئوقۇپ ئامانلىق تىلەش مانىي دىنىدىن قېپقالغان ئادەتلەردۇر.

## 3§ . داۋجاۋ دىنى

داۋجاۋ (تەرىقەتچىلىك) دىنى خەنزۇلارغا خاس دىندۇر. تاڭ سۇلالىسى گۇاڭچىڭنىڭ دەسلەپكى يىلى (885 - يىلى)، «شاجۇ ئېۋىرغول تەزكىرىسى» نىڭ قالدۇق تۇپلىمىدا خاتىرىلىنىشىچە، شۇ چاغلاردا قۇمۇلدا داۋجاۋ ئىبادەتخانىلىرىدىن بىرقانچىسى بولغان. ئېۋىرغول ناھىيىسى (ھازىرقى قۇمۇل) دە شاڭپۇ، دالۇدىن ئىبارەت ئىككى ئىبادەتخانا، ناجى (ھازىرقى لاپچۇق) دا شاڭپۇ، رۇيۇەن (ھازىرقى تاشۇبىلىق) دە تيەنشاڭ ئىبادەتخانىسى بولغان، قۇمۇلدا خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ گاھىدا يوقاپ كېتىشى، گاھىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى ئارقىسىدا داۋجاۋ دىنىنىڭ تارقىلىشى كەڭرى بولمىغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ تاشۇبىلىقتا لاۋجۈنمياۋ ئىبادەتخانىسى بار ئىدى. مىنگو يىللىرى يېڭىشەھەردە (شىنچېڭدا) بىر نياڭنياڭمياۋ ئىبادەتخانىسى بار بولۇپ، ئۇنى ساقلايدىغان ۋاڭ فامىلىلىك راھىب دۆلەتمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىمۇ ھايات ئىدى.

## 4§ . ئىسلام دىنى

### 1. تەرەققىيات جەريانى

XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قۇمۇلدا ئايرىم كىشلەرلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مىلىك سۇلالىسىنىڭ يوڭـلى، شۈەندې (1403 — 1435) يىللىـرى ئەرەبىستانـدىن بىر تۈركۈم ئىسلام موخلىسلىـرى قۇمۇلغا كەلگەن، بۇلار تارىخـتا خۇيخۇي دەپ ئاتالـغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسى ئەمىر پەخىردىنىنىڭ باشچىلىقـىدا شەھەر ئىچىـدە بىر مەسچىت سېلىپ، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلغان.

شۇ چاغلاردا، قۇمۇلدا بۇددا دىنى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. قۇمۇلغا ھۆكۈمرانـلىق قىلىۋاتقان موڭغۇل ۋاڭ ۋە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى سادىـق بۇددا دىنى مۇرىتلىرى بولغاچقا ئىسلام دىنى بىلەن قاتتىق تىركەشكەن. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىـدا بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دىكى چاغاتاينىڭ ئەۋلادى مەھمۇت تەختـكە چىققىدۇ، ئۇ سادىـق مۇسۇلمانـدى. مەھمـۇت بېشبالىقتا ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويـدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى خالىمىغانلارنـى ۋە دىنىي قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇـچىلارنى دەھشەتلىك جازالايدۇ. شۇڭا مەھمۇت ھۆكۈمرانلىق قىلـغان دەۋردە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى بارلىق چاغاتاي موڭغۇللىرى كەينى ـ كەينىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. قۇمۇلدىكى موڭغۇل ۋاڭ داۋاداشىلى XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىسلام دىنىغا كىرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇمۇلـدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن بەزىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان.

XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى تۇرپان كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، قۇمۇلنى كۆپ قېتىم ئىشـغال قىلىۋالىدۇ. بۇ خىل ئىشغال قىلىۋېلىش ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلدا تېز تارقىلىشـىدا خېلى چوڭ رول ئوينايدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئىككى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلىشى ۋە قاماپ قويۇلۇشى بۇنىڭ دەلىلـىدۇر (ئۆلتۈرۈۋېتىلـگەن خەنشىڭ بولسا، قۇمۇل ۋاڭلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان بىردىنبىر ئۇيغۇر ئىدى). XVI ئەسىرنىڭ باشلىرى تۇرپان ھۆكۈمرانلىـرى قۇمۇلـنى ئىشـغال قىلىۋېلىـپ، قۇمۇل خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ. بەزى كىشلەر ئېتىقادىنى ئۆزگەرـتىشتىن باش تارتىـپ قۇمۇلـدىن چىقىـپ ياقا ـ يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ كېتىـدۇ. لېكىن زور كۆپ ساندىكى كىشلەر ئېتىقادىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىـپ، ئىسـلام دىنـىغا كىرىدۇ، قۇمۇلدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاچقا، ئىسلام دىنى كۈچلۈك دىن بولۇپ قالىدۇ.

ئۇ چاغلاردا قەبىلـىلەر، مىللەتـلەر ئوتتۇرىسـىدا ئۆزئارا نىكاھلىنىـش بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك ئىدى، ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدىمۇ بۇنـداق ئەھۋال كۆپ ئىـدى، قۇمۇلـدا

ئادالەتپەرۋەر سادىق ۋاڭ دەپ ئاتالغان موڭغۇل تۇغلۇق تۆمۈر (1428 — 1437 - يىلى) نىڭ نەۋرىسى باتامۇر، چەۋرىسى خەنشىڭلار ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارلىرى ئىدى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەت بىللە ياشاپ پەيدىنپەي سىڭىشىپ بارغانلىقتىن، XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، قۇمۇلدىكى باشقا مىللەتلەردىن سىرتقا كۆچۈپ كەتكەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى، ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. نەتىجىدە قۇمۇلدىكى ئىسلام دىنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئېتىقادىدىن تەدرىجىي يوسۇندا ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان دىنىي ئېتىقادقا ئايلىنىپ قالغان.

XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆزىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى دەۋالغان خوجىلار پەيدا بولدۇ. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرى بۇ خوجىلار ئىسلام دىنىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ چاغاتاي خانلىقىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋېلىپ، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي كاتتىباشلىرى بولۇۋالدۇ. بۇ چاغدا قۇمۇلدىمۇ خوجىلار پەيدا بولدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى مۇھەممەدشا خوجا ئىدى، ئۇمۇ دىنىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قۇمۇل خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى پەيدىنپەي چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدۇ. ئۇنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا ئىسلام دىنى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈك - پۇشقاقلىرىغىچە سىڭىپ كىردۇ.

كاڭشىنىڭ 17 - يىلى (1678 - يىلى) جوڭغارلار يەركەن خانلىقىنى يوقىتىدۇ، ئۇلار چاغاتاي خانلىقىنىڭ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىرىنى پۈتۈنلەي ئىلىغا يىغىپ نازارەت ئاستىغا ئالدۇ، بۇ چاغدا قۇمۇلنىڭ موڭغۇل ۋاڭىنىمۇ جوڭغارلار ئەسىر ئېلىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇلدىكى ئىسلام دىنىنىڭ كاتتىبېشى مۇھەممەدشانىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا جوڭغارلارنىڭ قۇمۇلدىكى گۇماشتىسى بولۇپ قالدۇ. كاڭشىنىڭ 35 - يىلى (1696 - يىلى) ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدۇ، كېيىنكى يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەبەيدۇللانى قۇمۇلنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى — 1 - دەرىجىلىك جاساق قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇمۇلدا 200 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان ئۇيغۇر ۋاڭلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلىنىدۇ. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ھاكىمىيەت ھوقۇقى بىلەن ئىلاھىيەت ھوقۇقى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر ئېتىقاد قىلىدىغان دىنى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ نۇرغۇن قائىدىلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.


قۇمۇلدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خۇيزۇ ۋە قازاقلار كېيىنچە باشقا جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن. خۇيزۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى بار، قازاقلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆيىدە ئۆتكۈزىدۇ، ئاساسەن تەشكىلىي ئاپپاراتى يوق.

قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار، ئاساسەن، ئىمام ئەزەم مەزھىپىگە كىرىدۇ، خۇيزۇلار بولسا، ئاساسەن، قەدىمكى مەزھەپكە كىرىدۇ، ئاز ساندىكى خۇيزۇلارلا ئىخۋانلار مەزھىپىگە كىرىدۇ.

.2 دىنىي تەشكىلاتلار


## «1» ئۇيغۇر مەسچىتلىرىنىڭ تەشكىلى

.1 قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى يېڭى، كونا مەدرىسنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى



www.uyghurkitap.com

2. باشقا مەسجىتلەرنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى




(2) خۇيزۇ مەسچىتلىرىنىڭ تەشكىلى

شەنشى مەسچىتى ۋە سۇجۇ مەسچىتى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە بىردىن مەسچىت ئىمامى تەسىس قىلغان، بۇ ئادەملەر مەسچىتنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، تۆت ـ بەشتىن مۆتىۋەللى قويغان، ئۇلار مالىيە ۋە لاۋازىمەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) قۇمۇل خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، بۇرۇنقى تەشكىلنى مۇدىرىيەتكە ئۆزگەرتكەن، مەسچىت ئىمامىنىڭ نامى مۇدىرغا، مۆتىۋەللىنىڭ نامى مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا ئۆزگەرتىلگەن:

دىنىي پائالىيەت جەھەتتە، مەسچىتتە بىر ئاخۇنۇم بولىدۇ، ئۇ دىن تارقىتىش، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش، ناماز ئوقۇش ۋە ياش ئاخۇنلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. دىنىي ھوقۇق جەھەتتە ھەرقانداق ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەتتا ئىمام، مۆتىۋەللىلەر ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە مۇتلەق بويسۇنۇشى كېرەك. مەمۇرىي جەھەتتە بولسا، ئاخۇنۇمنى ئىماملار نازارەت قىلىدۇ. ئىككىنچى ئاخۇن مەخسۇس مەدرىسىلەرنى باشقۇ ـ رۇپ، ئاخۇن يېتىشتۈرىدۇ. ئاخۇنۇمنى ئىمام ۋە مۆتىۋەللىلەر جامائەتنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئاندىن باشقا جايلاردىن تەكلىپ قىلىدۇ.

3. مەسچىت ۋە مازارلار توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات

تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، دۆلەتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇمۇلدا 185 مەسچىت بولغان، بۇ مەسچىتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بەزىلىرىنىڭ تارىخى قىسقا، بەزىلىرىنىڭ كۆلىمى چوڭ، بەزىلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك ئىدى. چوڭلىرىغا بىرقانچە ئون ئادەم سىغسا، كىچىكلىرى بىر ئېغىز ئۆيدىنلا ئىبارەت ئىدى. دۆلەتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېموكراتىك ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى، مەسچىتلەرنىڭ يەر، باغ، چارۋا، تۈگمەن، ئۆي ۋە باشقا مۈلۈكلىرى بار ئىدى، يەر ئىسلاھاتىدا مەسچىتلەرنىڭ يەر ـ باغلىرى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى.

قۇمۇلدىكى بەزى مەسچىتلەر ئۇزۇن يىللار رېمونتسىز قالغاچقا ئۇخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن. 1981 ـ يىلدىن كېيىن ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ بىرمۇنچىلىغان مەسچىتلەرنى رېمونت قىلدۇردى. مەسىلەن، ھېيتكاھ مەسچىتىنى ھۆكۈ ـ مەت 35 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ رېمونت قىلدۇردى، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىمۇ پۇل يىغىش قىلىشىپ مەسچىتلەرنى رېمونت قىلدۇردى.

(1) شەھەر ئىچىدىكى جۈمە مەسچىتى

بۇ مەسچىت شەھەر ئىچى جىگدەقۇدۇق دادۇيىدە بولۇپ، قۇمۇلدىكى ئەڭ قەدىمىي مەسچىتلەرنىڭ بىرىدۇر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ مەسچىتنى ئىلدىن قۇ ـ مۇلغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن خوجا مۇھەممەد ئىلى مىڭ سۇلالىسى خۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (1490 ـ يىلى) ياساتقان. ئەينى چاغلاردا بۇ مەسچىتنىڭ قاغۇم ئېرىقىنىڭ غەربىدە 60 مو يېرى بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 40 موسى ئىمام ـ مەزىنلىك يېرى، 20 موسى مەسچىتنىڭ مۇقىم مۈلۈك يېرى ئىكەن. ئەسلىدىكى مەسچىت چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 40 ـ يىلى (1775 ـ يىلى) بۇزۇلۇپ كەتكەن، ھازىرقى جۈمە مەسچىتىنى كېيىن ماھىرە ئاپپاق ئىسىملىك بىر ئايال ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ يېڭىباشتىن ياساتقان.

(2) ھېيتكاھ مەسچىتى

بۇ مەسچىت شەھەر ئىچى گۇڭشېسىنىڭ ئالتۇنلۇق دېگەن يېرىدە، تەخمىنەن چىڭ

سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرى سېلىنغان. گۈل-نەقىشلەر چېقىرىلغان تۇۋرۇكلەر ئورنىتىلغان، يەرگە كۆك خىش ياتقۇزۇلغان، تورۇسقا چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرى چېقىرىلغان، تۆت تېمىغا ئايەت ۋە ھەدىسلەر قارا سىيا بىلەن يېزىلغان. ھېيتگاھ مەسچىتى قۇمۇلدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت، بۇنىڭغا 4000 — 5000 ئادەم سىغىدۇ. روزى ھېيت، قۇربان ھېيتلاردا قۇمۇل ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ يەرگە كېلىپ ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ.

(3) مەدرىس

بۇ مەدرىس ھازىر شەھەر ئىچى گۈڭشېسىنىڭ جىگدە قۇدۇق دادۈيىدە، تەخمىنەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى ياسالغان. بۇ، تارىختا ئۆتكەن قۇمۇل ۋاڭلىرى ئىسلام دىنى مۇتەۋەرلىرىنى تەربىيىلەيدىغان دىنىي مەكتەپ ئىدى.

(4) شەنشى مەسچىتى

بۇ مەسچىت قۇمۇل شەھىرىنىڭ دېموكراتىيە يولىدا بولۇپ، قۇمۇلدىكى خۇيزۇ مەسچىتلىرىدىن بىرى. گۇاڭشۇنىڭ 7 - يىلى (1881 - يىلى) قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق جيەنرۇي قوشۇنى تارقىتىۋېتىلگەندە، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەنشىلىك خۇيزۇ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇمۇلدا ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ، ئۇلار ئالدى بىلەن، گۇاڭخۇا كوچىسىدا بىرنەچچە ئېغىز كەپە ئۆيدىن ۋاقىتلىق مەسچىت قىلىدۇ. گۇاڭشۇنىڭ 19 - يىلى (1893 - يىلى) غا كەلگەندە خۇيزۇ مۆتىۋەرلىرىدىن ما جۈسەن، لى كەيزۇڭ، ليۇ ۋەنيىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ پۇل توپلاپ بۇ مەسچىتنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا كىرىشكەن. گۇاڭشۇنىڭ 24 - يىلى (1898 - يىلى) يازدا قۇرۇلۇش تولۇق پۈتكەن، مەسچىتكە بەش ئىبادەتخانا، بەش ئېغىز يان ئۆي، بەش ئېغىز سەرراپ، بەش ئېغىز ئاشخانا - ئىشخانا، بىر دەرۋازا، ئارقا ئىشىككە تۇتىشىدىغان تار كوچا ياسالغان. كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن سەككىز بۇرجەكلىك پەشتاقلىق بىنا سېلىنىپ ئۇ يەرگە چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ نامى يېزىلغان تاختاي ئورنىتىلغان. بۇ مەسچىت 1983 - يىلى رېمونت قىلىندى، يېڭىدىن بىر پەشتاق سېلىندى.

(5) سۇجۇ مەسچىتى

بۇ مەسچىت يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي بازار مەھەللىسىدە بولۇپ، گۇاڭشۇ يىللىرى سېلىنغان. بۇ مەسچىتنى شۇ چاغدا جيۇچۈەندىن قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلگەن خۇيزۇلار شاڭيۇ ماجېن ۋە مۆتىۋەللى لى شېڭيۇلارنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن سېلىپ چىققان، ماجۇڭيىڭ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان چاغدا، جىن شۇرېن يەرلىك خۇيزۇلارنىڭ ماجۇڭيىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ تۇەنجاڭى شيۇڭ فايۇغا بۇ مەسچىتنى تۈزلىتىۋەتكەن. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، قۇمۇلدىكى خۇيزۇلاردىن ماجۇڭدې قاتارلىقلار ئىئانە توپلاپ بۇ

مەسچىتنى قايتا سالغان. پۇل يېتىشمىگەچكە قۇرۇلۇشنىڭ بىر قىسمىلا پۈتكەن، بەش ئېغىز ئىبادەتخانا، ئۈچ ئېغىز يان ئۆي، ئۈچ ئېغىز سەرراپ، تۆت ئېغىز ئارقا ئۆي، بىر دەرۋازا سېلىنغان. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) «شەرقىي شىنجاڭ لەۋھە تەقدىم قىلىش ئۆمىكى» نىڭ ئەزاسى ماجۇنجيې قاتارلىقلار مابۇفاڭدىن 20 مىڭ يۈەن ئىئانە ئېلىپ، مەسچىتنىڭ قالدى قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەن. قۇرۇلۇش يىل ئاخىرى تولۇق پۈتكەن.

## (6) مازارلار

قۇمۇل ناھىيىسىدە 20 دىن ئارتۇق ئورۇندا مازار بار، بۇ مازارلارنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس. مازارلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شەيخ بار. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) شىڭشىڭشيادىن يۆتكەپ كېلىپ چارباغقا دەپنە قىلىنغان قەيس خوجام مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ھازىرغىچە كۆلىمى چوڭراق، مۇكەممەلرەك ساقلانغان مازار بولۇپ، قۇمۇلدا نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ھېسابلىنىدۇ.

#### 4. لىگمىگتاڭ ئىبادەتخانىسى

لىگمىگتاڭ قەدىرىيە مەزھىپىنىڭ لەنجۇ لىگمىگتاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ «ئۇستازى» مالىگمىڭ تەرىپىدىن قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى) مالىگمىڭ ئۆزىنىڭ شاگىرتى كاۋفۇتاڭنى قۇمۇلغا دىن تارقىتىشقا ئەۋەتىدۇ. مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى) كاۋفۇتاڭ قۇمۇلدا ئۆلىدۇ. مىنگونىڭ 12 ـ يىلى (1923 ـ يىلى) مالىگمىڭ يەنە ئۆزىنىڭ شاگىرتى ساباۋچىڭنى قۇمۇلغا كاۋفۇتاڭنىڭ دىن تارقىتىش ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. قۇمۇلدىكى شەن شيۇچۈەن، مەي جىڭتاڭ، ماجۇنجياڭ قاتارلىقلار ساباۋچىڭنىڭ يوليورۇقى بىلەن، ئىئانە پۇل، ئاشلىق يىغىپ كاۋفۇتاڭنىڭ گۈمبىزىنى ياساپ، يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان ئورۇن قىلماقچى بولىدۇ. كېيىن ماجۇڭيىڭنىڭ پاراكەندىچىلىكى بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىر مەھەل توختاپ قالىدۇ، قۇرۇلۇشنىڭ پۇلنى شەن يۈچاڭ قاتارلىق كىشىلەر باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋالىدۇ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تىنجىغاندىن كېيىن شەن يۈچاڭ ئېشىپ قالغان پۇلغا سۈپىشىدىكى قەبرىستانلىقا قاشا تام سالدۇرىدۇ. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، مادېلۇ يەنە شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ ئىئانە توپلايدۇ ھەم يىغىلغان پۇلغا ماتا ئېلىپ قۇمۇلغا كېلىدۇ، بۇنى يەرلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ مۇسادىرە قىلىپ كېتىدۇ. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) لەنجۇ لىگمىگتاڭ ئىبادەتخانىسى شەن يۈگشياڭ، مافۇشياڭلارنى شۆدۈگلىقا تەيىنلەيدۇ ھەم مافۇلۇ، مادېلۇ قاتارلىق 9 كىشىنى تاللاپ قۇرۇلۇشقا مەسئۇل قىلىدۇ، مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) قىشتا 200 كورۇپكا تاماكا، 20 دادەن بۇغدايغا غەربىي ئۆستەڭ مەھەللىسىدىن بىر ھويلىنى ئۈچ مو يېرى بىلەن سېتىۋالىدۇ ۋە مەسچىتنى مۇشۇ يەرگە سالماقچى بولىدۇ. لېكىن مەسچىتنى قانداق پاسوندا

www.uyghurkitap.com

سېلىش ھەققىدە بىرلىككە كېلەلمەي تالاش ـ تارتىش ئىچىدە ئىش باشلىيالمايدۇ. 1955 ـ يىلى ساباۋچىلىك ۋە مافۇلۇ، جاۋيۇگخۇلار لەنجۇغا بېرىپ مايىلۇگغا تەزىيە بىلدۈرۈش پورسىتىدىن پايدىلىنىپ يەنە قىسمە پۇل ـ ئاشلىق ئىئانە توپلايدۇ. شۇنىڭ-دەك ئۇرۇمچىدىكى ما دېگىكىپ، كۇچادىكى خەي رۇك، قاراشەھەردىكى كى جىنگۇ، (كې لاۋئېر)، سانجىدىكى مى قاتارلىقلارغا بۇ گۇمبەزنى سېلىش ئۈچۈن پۇل يىغىشىپ بېرىشكە ياردەملىشىش ھەققىدە خەت يازىدۇ. بۇ مازارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئاشكارا تالاش ـ تارتىش بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كاۋفۇتاگنىڭ جەسىتىنى مافۇشياك يوشۇرۇنچە غەربىي ئۆستەڭ مەھەللىسىدىكى يېڭى جايغا يۆتكەپ كېلىدۇ. ئىككى يىل ئىشلەش ئارقىلىق 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياغاچ ـ خىش بىلەن قوپۇرۇلغان ئالتە بۇرجەكلىك گۇمبەز پۈتىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە لىگمىگتاك گۇمبىزى بۇزۇۋېتىلدى. 1970 ـ يىلى ساباۋچىلىك ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئىشىغا ئوغلى ساجىن ۋارىسلىق قىلدى.

لىگمىگتاك ئىبادەتخانىسى جامائەتنىڭ مەسچىتى يوق بولغاچقا، جۇمە نامىزىنى شەنشى، سۇجۇ مەسچىتلىرىگە بېرىپ ئوقۇيدۇ. تەشكىلىي شەكلىمۇ باشقا مەسچىتلەرگە ئوخشىمايدۇ، مەسىلەن: ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدىكى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا بىر ئۇستاز (ئۇ، ئاقساقال دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدىكى تۇرلۇك ئىشلارنى باشقۇرۇشقا بىر شۆدۇك، شۆدۇگنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە بىرنەچچە مۆتىۋەللى قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر كىشى مازارنىڭ مۇلازىمەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

## 5§. خرىستىئان دىنى

### 1. قۇمۇل جوگخۇا خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتى

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) خېنەندىن بىر تۈركۈم كۆچمەنلەر قۇمۇلغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خرىستىئان موخلىسلىرى ئىدى. بۇلار قاراگغۇبازاردىكى سېپىل تۈۋىدىن بىر پارچە يەرنى تۈزلەپ، پۇل يىغىپ چېركاۋ سېلىپ، بۇ يەرگە جەم بولۇپ ئىبادەت قىلىپ كەلگەن. شۇ چاغدا خۇچاۋشيەن، جۇتەيجى، چېن شياۋچىلىك قاتارلىق ئۈچ كىشى بۇنىڭغا مەسئۇل بولغان. كېيىن ئۈرۈمچى جوگخۇا خرىستىئان دىنى شۆبە جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى لى كەيخۇەن قۇمۇلدا خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ پائالىيىتى بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، خرىستىئان موخلىسلىرى «جوگخۇا خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسى» نى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ۋاڭ چۈەنمىڭ، شياۋ شيۇفېڭ، دۇجۇيۈەنلەرنى قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. موخلىسلار بۇ نىزامنامىنى پرىنسىپ قىلىپ، ۋاڭ چۈەنمىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، قۇمۇل جوگخۇا خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتىنى قۇرىدۇ. خۇچاۋشيەن قاتارلىق ئۈچ كىشى جەمئىيەت باشلىقى قىلىپ سايلىنىدۇ.

مىنگونىڭ 38 يىلى (1949 ـ يىلى) جاۋمېيجيۇ خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى-

نىڭ مەسئۇلى بولىدۇ، مۇخلىسلىرى 50 كىشىدىن ئاشىدۇ. كېيىن جاۋ مېڭجيۇنىڭ ئوغلى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى ئۈچۈن باستۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپ ساندىكى موخلىسلار ماناسقا كۆچۈپ كېتىدۇ. 1961 - يىلى خۇچاۋشيەن ئۆلىدۇ، چېركاۋدا ئۇنىڭ خوتۇنى يالغۇز قالىدۇ. بۇ چاغدا كۆپ ساندىكى مۇخلىسلار ئىجتىمائىي خىزمەتكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلىدىغانلار ناھايىتى ئازىيىپ كېتىدۇ. 1981 - يىلى پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، خرىستىئان مۇخلىسلىرى يېڭىباشتىن ئىبادەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ.

**2. غەربىي شىمال مۇناستىرى**

مىڭگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) جاڭگوچۇەن، لى شيڭلار سەندۇڭنىڭ ۋېيشيەن ناھىيىسىدىكى خرىستىئان دىنىي موناستىرى ۋە خېنەن موناستىرىنىڭ مۇخلىسلىرىدىن ئون نەچچە ئادەمنى قۇمۇلغا باشلاپ كېلىدۇ، ئۇلار بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ بارىكۆل، تۇرپان، قاراشەھەر، ئاقسۇ، جىمسار، قەشقەر، جيۇچۈەن، يۈمېن قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ مۇرىت توپلايدۇ،

مىڭگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) جاڭ گوچۇەن قاتارلىقلار يېڭىشەھەردە بىر چېركاۋ سېلىپ، شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بۇ تەشكىلىنىڭ نامىنى «خرىستىئان دىنى غەربىي شىمال موناستىرى» دەپ ئېلان قىلىدۇ ھەم ئېرۇسالىمغا كۆچۈپ كېتىشنى قارار قىلىدۇ. كېيىن قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ چەت ئەلگە چىققۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش پونكىتلىرىنى قۇرىدۇ.

جاڭگوچۇەن غەربىي شىمال موناستىرىنىڭ باشلىقى لى شيىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ، بۇنىڭ ئاستىدا خوجىلىق، دىنىي تەلىم - تەربىيە، روھىي تەلىم - تەربىيە، يېزىقچىلىق، تىبابەتچىلىك، ئانا - بالىلار خىزمىتى قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدىغان يەتتە بۆلۈم تەسىس قىلىنىدۇ، «غەربىي شىمال موناستىرى»، «موناستىر خەۋەرلىرى» دېگەن ناملاردا ژۇرنال چىقىرىپ، شاڭخەي، نەنجىڭ، شىئەن، شەندۇڭ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا تارقىتىدۇ. ئۇلار ئۆز تەشكىلىنى خرىستىئان دىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكەن بىر خىل تەشكىلىي شەكىل دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار موناستىر ئىچىدە كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، سىرتنىڭ ئادىمى بىلەن تۇرمۇش قۇرمايدۇ، خۇسۇسىي مال - مۈلۈك توپلىمايدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇناستىرنىڭ قىسمەن مۇرىتلىرى ئۆز ئىچىدىكى ھۆكۈمدارلارغا نارازى بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتتى. 1951 - يىلى موناستىر پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، خەلق ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى، مۇرىتلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقىغا ئارىلاشقانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەسئۇلى جاڭگوچۇەن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى، باشقا ئەزالىرى ئۆزى ئىش تېپىپ تىرىكچىلىك قىلدى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ھۆكۈمەت يول قويغان نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

مۇناستىرنىڭ مۇرىتلىرى 103 ئادەمگە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى خىزمەتچى، ھەربىي، ساقچى، دوختۇر ۋە كەسپىي مۇرىتچىلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئىككىنچى قىسىم يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات

ئازادلىقتىن بۇرۇن، قۇمۇل مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق، ئىقتىسادىي جەھەتتە كەمبەغەل ئىدى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوست - يارەنلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى. تەبىئىي ئاپەت ياكى سۇنئىي كۈلپەتلەرگە دۇچ كېلىپ قالغاندا، ئۆلۈمنى كۈتمەكتىن ياكى سەرگەردان بولماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. قۇمۇل كۆپ مىللەتلىك رايون، بۇ يەردە فېئودال ھۆكۈمرانلار زامانىسىدا ۋە گومىنداڭ دەۋرىدە، مىللىي زىددىيەت ئۆتكۈر ئىدى، تارىختا، ئۆچمەنلىشىپ قىرغىنچىلىق قىلىشىدىغان ۋەقەلەر كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قۇمۇل ناھىيىسىدە يېڭى ئەخلاق، يېڭى ئادەتلەرمۇ تەدرىجىي شەكىللەندى. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالماسلىق، ئائىلىلەردە ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشتەك ئەنئەنىۋى ئېسىل پەزىلەتلەر ئەۋج ئالدى؛ ئادىل - خالىس بولۇش، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش، بىر - بىرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش، بىر - بىرىگە يار - يۆلەكتە بولۇش، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى يېڭى ئىدىيە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. 1963 - يىلى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلار ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ غالجىرانە زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزۇلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېلىمىزدە يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەتنىڭ بولۇشى لازىملىقىنىلا ئەمەس، يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بولۇشى لازىملىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار مەدەنىيەتلىك بولۇش ئەھدىنامىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، كىشىلەر ياخشى ئىش قىلىش، ياخشى ئادەم بولۇش يولىدا ئىزدىنىشىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن، ئىجتىمائىي كەيپىيات كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش جەھەتتە، تەسىرلىك ئىشلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى؛ سوتسىيالىستىك يېڭى ئۆرپ - ئادەت قۇمۇلدا كەڭ ئەۋج ئالدى.

## I باب مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

**1. ئۇيغۇر ئائىلىسى بىلەن خەنزۇ ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇق**

1950 - يىلىنىڭ باش باھار كۈنلىرى، ئەمدىلا خەلقىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئارا-

تۇرۇك ناھىيە بازىرى باندىتلارنىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16 - شىسىنىڭ مەلۇم تارماق قىسمى ئۇلارنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، تاشۋېلىقتىن يولغا چىقتى. ئۇلار ئازغانبۇلاق دېگەن يەرگە كەلگەندە باندىتلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. جەڭچى ماجىنفۇ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىش جەريانىدا قىسمىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ماجىنفۇ تاغ ئىچىدە 10 كۈن يول يۈردى. ئاچلىق ـ ھارغىنلىق دەستىدىن ھالسىزلانغان ماجىنفۇ تاشۋېلىقنىڭ يالغۇزتوغراق دېگەن جايىدىكى بىر ئۇيغۇر دېھقاننىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالدى. بۇ ئائىلىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا رېھىم ھوشسىز ياتقان ماجىنفۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، دەرھال ئۆيىگە كۆتۈرۈپ كىرىپ، كاڭغا ياتقۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىدۇ. شۇ كۈنلەردە بۇ يەردە باندىتلارنىڭ ھەرىكىتى غالجىرلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ماجىنفۇ ئازراق ھوشىغا كېلىش بىلەنلا ئۆي ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ بىر ياققا كەتمەكچى بولدى. ئۇنى بۇ يەردە تۇرۇشقا كۆندۈرەلمىگەن ئابدۇللا رېھىم ئۇنى نائىلاج ئۇنىڭ سۇدانىغا چاي تولدۇرۇپ، يانچۇقىغا ئىككى ناننى سېلىپ، ئۇنى مەھەللىدىن چىقىپ كەتكىچە ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئۇلار تىل ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنىمۇ بىلىشەلمىگەنىدى.

باندىت تازىلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماجىنفۇ ئۆزىنىڭ بۇ شەپقەتچىسىنى ئىزدەيدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى ۋە شۇ جاينىڭ نامىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمايدۇ.

1969 ـ يىلىغا كەلگەندە، بەزىلەر قومۇل ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇللا رېھىم ئۈستىدىن باندىت تازىلاشتا سەپتىن چۈشۈپ قالغان بۇ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن دەپ ئەرز قىلدى. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسى بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار بىرمۇنچە ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىرى قىزىليۇلتۇز بىرىنچى مەيدانىنىڭ 7 ـ لىيەنىدىن ماجىنفۇنى تاپتى. تەكشۈرۈشكە قاتناشقۇچىلار ماجىنفۇنىڭ ئابدۇللا رېھىم تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. 1972 ـ يىلى چاغاندا، ئابدۇللا رېھىم ماجىنفۇنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ كېلىدۇ. ئىككىيلەن كۆرۈشۈپ، چەكسىز ھاياجان ئىچىدە بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىشىدۇ، كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تۆكۈلىدۇ. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماجىنفۇ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئابدۇللا رېھىمنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ ۋە بىر دانە ئېسىل ئەينەكلىك رامكىنى تامغا ئېسىپ قويىدۇ. ئەينەكلىك رامكىغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قىلىپ:

«باندىت تازىلىغان چاغدا،
قۇتقازدىڭ خەۋپتىن مېنى.

www.uyghurkitap.com

بولدى نامايان قەدىردان،
ئارمىيە - خەلق شەپقىتى» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ ئىككى ئائىلە خۇددى ئۇرۇق - تۇغقاندەك بېرىش - كېلىش قىلىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. سوغۇق چۈشكەندە، ئابدۇللا رېھىمنىڭ ئوغلى ئادىلجان ماجېنفۇنىڭ ئايالى كۆكۈل قويۇپ تىككەن پاختىلىق ئاياغنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ؛ ئابدۇللا رېھىمنىڭ ئىككىنچى قىزى ئادالەت ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىگە قاتناشماقچى بولغاندا، ماجېنفۇ ئوخشىغان قوغۇنىدىن تاللاپ ئۇنىڭغا يوللۇق تۇتىدۇ. ماجېنفۇنىڭ چوڭ قىزى جيەنجاڭ توي قىلغاندا، ئابدۇللا رېھىمنىڭ ئايالى ئۇنى ئۆز قىزىدەك بىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا ئىككى كۆڭلەك تىكىپ كېيگۈزۈپ قويىدۇ. ماجېنفۇنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى گۇاڭخۇي ھەربىي سەپكە ماڭىدىغان چاغدا، ئابدۇللا رېھىم گۇاڭخۇينى يېنىغا چاقىرىپ كېلىپ، قىسىمغا بارغاندا ئوبدان ئىشلەپ، تىرىشىپ ئالغا بېسىشىنى ئۈمىد قىلىپ نەسىھەت قىلىدۇ.

چوڭلارنىڭ دوستلۇقى ئەۋلادلاردا داۋاملىشىدۇ. ھۆررىيەت بىلەن رىسالەتنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆيۈمچان ھەدىسى جيەنجاڭ ئىككىسىلەننى دوختۇرغا ئاپىرىپ كۆرسىتىدۇ. ئادالەت ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە دۈيىدە قارىغا ئاتقۇچى بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان سىڭلىسى جيەنخۇينى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇنىڭغا دائىم سالام خەت يېزىپ تۇرىدۇ. جيەن جياڭ چوڭلارنىڭ دوستلۇقىنىڭ مەنبەسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا بەل باغلايدۇ، 1975 - يىلى تەشكىل ئۇنى داشۆگە ئەۋەتكەندە، ئۇ، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى كەسپىنى تاللىۋېلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىشكە ئۆز كۈچىنى قوشماقچى بولىدۇ.

1982 - يىلى ئابدۇللا رېھىم بىلەن ماجېنفۇ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىدۇ.

**2. چېگرا رايونغا ياردەمگە چىققان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئۇستازى**

1959 - يىلى چېگرا رايونغا ياردەمگە چىققان بىر تۈركۈم جياڭسۇلۇق ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئاستانە گۇڭشې ئۈچىنچى دادۈيىنىڭ شورلۇق يېرىدە ماكانلىشىدۇ. ئاستانىدا يەرلەر كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. شۇڭا، كارىز چېپىش - ياردەمگە چىققان بۇ ياشلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. سېرىق دېڭىز بويىدىن چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن بۇ جياڭسۇلۇق ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار كارىز چېپىش بۇياقتا تۇرسۇن، كارىز دېگەن ئىسىمنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئۈچىنچى دادۈينىڭ ئۇيغۇر ئەزالىرى بۇ خەنزۇ ئەزالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقى دەپ بىلىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇلارنىڭ كارىز چېپىش ئۇستىسى بولىدۇ. كارىز چېپىش تېخنىكىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بىر خىل ئەمگەك. خەنزۇ ئەزالار كارىز چاپقاندا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىلا، تەجرىبىلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇلارغا ياردەم قىلدى، كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەش، قۇم سېرىلىش ۋە گۆمۈرلۈشكە ئوخشاش قىيىن ئىشلاردا يار - يۆلەكتە بولدى. ئۇيغۇر كارىزچىلارنىڭ سەۋرچانلىق

بىلەن يېتەكلىنىشى نەتىجىسىدە جىياڭسۇلۇق بۇ ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئاخىر كارىز چېپىشنى بىلىۋالدى. بۇ دۆيىدە «كىچىك كارىز» دېگەن بىر كارىز بولۇپ، باشتا بۇ كارىزنىڭ سۈيى ئاز بولغاچقا، ھەر كۈنى ئاران ئۈچ - تۆت مو يەرنىلا سۇغىرالايتتى، ئۆزگەرتىش نەتىجىسىدە، بۇ كارىز كۈنىگە 70 نەچچە مو يەرنى سۇغىرالايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، «كىچىك كارىز» گوڭشې بويىچە سۈيى ئەڭ ئەلۋەك كارىز بولۇپ قالدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بۇ خەنزۇ دۆيىدە 20 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان كارىز چېپىش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، بۇ ئەترەت كارىزلارنى رېمونت قىلىش، ئۆزارتىش ۋە ئاسراشقا مەسئۇل بولدى. 10 نەچچە يىلدىن بېرى، چېگرا رايونىغا ياردەم بەرگۈچىلەر دۆيىنىڭ ئەزالىرى كارىز سۈيى بىلەن شورتاڭ يەرلەرنى سۇغىرىپ، شورنى ئېقىتىۋېتىپ بوز يەر ئېچىپ، تۇپراقنى ياخشىلاپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئىلغار ئورۇنغا ئايلىنىپ، 1979 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭغا ئۇيغۇر ئۇستىلارنىڭ (كارىزچىلارنىڭ) قان - تەرى سىڭگەن.

3. يېرىم كېچىدە قازىدىكى قۇتقۇزۇش

1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈش ۋاقتى ئىدى، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى جاڭ مىڭيۈ تاشۋېلىقتا قازىدە ئىسسىلىك بىر قازاق ئايالىنىڭ تۇغۇتتىن كېيىن قانسىراپ كېتىپ، قان بېسىمىنىڭ 50 دىن 30 مىللىمېتىرغىچە تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى، نەتىجىدە قاتتىق بىھوش بولۇپ، ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن جىددىي تېلېفوننى ئالدى. جاڭ مىڭيۈ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپلا ئۆيىدە ھاردۇق ئېلىۋاتقان دوختۇر - سېستىرالارنى چاقىرتىپ، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، سېستىرا، ھوشسىزلاندۇرغۇچى، قان تەكشۈرۈش خادىمىدىن تەركىب تاپقان جىددىي قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاشۋېلىق شىپاخانىسىغا قاراپ يولغا سالدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 3 لەردە، گوڭشې شۇجىسى لى خۇڭتاۋمۇ شىپاخانىغا كېلىپ، دوختۇرلار بىلەن بىرلىكتە داۋالاش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. قۇتقۇزۇش داۋامىدا قان توختىتىش دورىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. تىببىي خادىملار يېقىن ئەتراپتىكى بىڭتۈەن «قىزىل يۇلتۇز» ئىككىنچى چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن ياردەم سورايدۇ، چارۋىچىلىق فېرمىسى شىپاخانىسى شەرتسىز ھالدا ماشىنا بىلەن ئىككى قاپ قان توختىتىش دورىسىنى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تۇغۇتلۇق ئايال قانغا مۇھتاج، لېكىن شىپاخانىدا قان ئىسكىلاتى يوق ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىدىن 20 نەچچە كىشى ۋە گوڭشې ئەزالىرىدىن 10 نەچچە كىشى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھامان يېتىپ كېلىپ كېسەلگە ئۆز قېنىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تاشۋېلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئادەتتە ئاخشىمى سائەت 12 گىچىلا توك بېرەتتى، لېكىن بۇ قازاق ئايالنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇچە شىپاخانىنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. تىببىي خادىملارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ئامما ۋە جەڭچىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا 34 ياشلىق بۇ قازاق ئايال ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىندۇ.

ئەتىسى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شاۋشيەنخۇا بىلەن سى-

ياسى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەلى رەجەپلەر ئۇنى يوقلاپ باردۇ، بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن قازىدە ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى يىغلاپ كېتىدۇ.

### 4. ۋاڭ بوۋاينىڭ دۇلۇمىنى ئۈزۈش

1982 - يىل 9 - ئايدا، قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىشچىسى 72 ياشلىق خەنزۇ بويتاق بوۋاي ــ ۋاڭ چېڭلىيەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چارۋىچىلىق فېرمىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئەخمەت نۈكۈي ئادەم تەيىنلەپ بوۋاينى قىزىلىيۇلتۇز دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ چۈشىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋاڭ چېڭلىيەن بوۋاينىڭ ئاشقازان راكى بىلەن ئاغرىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بوۋاينىڭ كېسەللى ئېغىرلىشىپ، خەۋپ ئىچىدە تۇرغانلىقى مەلۇم قىلىنىدۇ. چارۋىچىلىق فېرمىسى ماشىنا چىقىرىپ ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بوۋايدىن خەۋەر ئېلىشقا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىككى ئىشچىمۇ يېتىپ كېلىدۇ، فېرما باشلىقى كەبەن ۋە بىرنەچچە ئاما ۋەكىلى گۆش، تۇخۇم ئېلىپ بوۋاينى يوقلاپ كېلىدۇ، بۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە ئۇيغۇر، قازاق قولۇم - قوشنىلارمۇ كېلىشكە باشلايدۇ. كارىۋات ئەتراپى ئادەم بىلەن لىق تولىدۇ. بوۋاي بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە فېرما بوۋاي ئۈچۈن گۆرنىسەي ياساتقۇزۇپ، كىيىم - كېچەك تىككۈزۈپ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرىدۇ.

1983 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋاڭ چېڭلىيەن بوۋاي ۋاپات بولىدۇ. شۇ چاغدا بۇ فېرمىدا پەقەت بەشلا خەنزۇ ئىشچى بار ئىدى. مېيىتنى ئۈزىتىش چوڭ بىر مەسىلە ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا فېرمىنىڭ مائاۋىن باشلىقى ئابدۇرشىت كۆپچىلىككە، ۋاڭ بوۋاي پۈتۈنلەي خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئۈزىتىلىدۇ، دەپ جاكارلايدۇ. ئۇ، ئاۋۋال ئادەم تەيىنلەپ يەرلىك كولىتىدۇ، ئەتىسى سەھەردە تراكتورنى ئۆزى ھەيدەپ جەسەتنى ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇزاتقۇچىلار بىرنەچچە خەنزۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر - قازاق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر، بولۇپمۇ شۇ يەردە ئىشلەۋاتقان خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ.

## II باب باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش

### 1. گاۋشۇ يېڭىنىڭ كىچىك «خۇگجۇن» نى بېقىۋېلىشى

1981 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاستانە گۇڭشېسى 6 - داۋي 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئەزاسى گاۋشۇيىڭ قۇمۇل يېزىسى ئىستانسىسى يېنىدىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا ئېلىپ كەلگەن تۇخۇمىنى سېتىپ بولۇپ،

ئاشخانىغا كىرىپ نان سېتىۋالىدۇ، ئولتۇرۇپ بۇ ناننى ئەمدىلا يېيىشىگە، كىيىم-كېچەكلىرى جۇل-جۇل، ياداڭغۇ بىر ئوغۇل بالا كېلىپ ئۇنىڭغا قول ئۇزارتىپ نان تىلەيدۇ. گاۋشۇيىڭ ئۇنىڭدىن: قانچە ياشقا كىردىڭ؟ ئىسمىڭ نېمە؟ نېمە بولۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىسەن؟ دەپ سورايدۇ. گاۋشۇيىڭ بۇ بالىنىڭ ئىسمىنى خۇڭجۈن ئىكەنلىكىنى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ ۋە شۇئان قولىدىكى ناننى بالىغا تۇتقۇزىدۇ ھەم بىر قاچا سۈيۈقئاش ئېلىپ بېرىدۇ. بالىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ، خۇڭجۈننى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

گاۋشۇيىڭنىڭ ئۆيىدە 6 جان بار ئىدى. خۇڭجۈن قوشۇلۇپ 7 جان بولىدۇ. گاۋشۇيىڭنىڭ ئېرى خې چىڭخۇامۇ كوڭشې ئەزاسى ئىدى، بىرنەچچە يىلدىن بېرى سىياسەت كەڭ قويۇۋېتىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ روناق تېپىپ قالغانىدى. خې چىڭخۇا خوتۇنى گاۋشۇيىڭنى ئوبدان قىلىپسەن دەپ قوللايدۇ ۋە بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ؛ يۇيۇندۇرۇپ، كىيىم-كېچىكىنى يېڭىلايدۇ، مەكتەپتە ئوقۇش باشلانغان چاغدا، خۇڭجۈن ئاچا-ئۇكىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەكتەپكە بارىدۇ، مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە، ئوتۇن تېرىپ كېلىدۇ، ئوت-چۆپ يىغىدۇ، باللار خۇشال-خورام، ئىناق ئۆتىدۇ. چاغان بايرىمىدا، گاۋشۇيىڭ خۇڭجۈنگە پاختىلىق ئىشتان-چاپان، پاختىلىق ئاياغ قىلىپ بېرىدۇ ۋە بايراملىق پۇل بېرىدۇ.

ھايت-ھۇيت دېگىچە يېرىم يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ يېرىم يىل ئىچىدە گاۋشۇيىڭ بىر گۇماندىن خالىي بولالمايدۇ: بۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى راست ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ئەگەر بۇ بالا يالغان ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى نەقەدەر بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟! ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى راست ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت بۇ بالىنىڭ ئۇچۇرىدىن خەۋەر تېپىشى كېرەك-تە؟! قايتا-قايتا سوراش نەتىجىسىدە، بالا، ئاخىرى، راست گەپ قىلىدۇ. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆلمىگەنلىكى، ئاتىسىنىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 3-ئوچاستكىدا 3-ئەترەتنىڭ ئىشچىسى خۇجۇشىڭ ئىكەنلىكى، ئانىسى ئائىلە ئايالى بولۇپ، ئىسمى جاڭ شيۇجېن ئىكەنلىكى، خۇڭجۈن ۋە ئۇنىڭ ئىككىنچى ئاچىسىنىڭ نوپۇسى يېزىدا بولۇپ، 5 نوپۇس 3 جاننىڭ نورمىسىنى يەپ قورساقتىن قىسىلغانلىقى ئۈچۈن، چىدىيالماي ئۆيدىن قېچىپ چىققانلىقى مەلۇم بولىدۇ. گاۋشۇيىڭ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ، خۇڭجۈننى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولىدۇ.

1982-يىل 2-ئاينىڭ 10-كۈنى، گاۋشۇيىڭ يول خىراجىتى تەييارلاپ، بالىنى ئېلىپ پويىز بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ ۋە سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى بالىنىڭ ئۆيىنى تاپىدۇ. بىراق، ئۆيىگە كەلسە، ئۆيدە ئادەم يوق، ئىشىك تاقاق ئىدى. گاۋشۇيىڭ قولۇم-قوشنىلاردىن ئەھۋال ئۇققىلى كىرىپ كەتكەندە، خۇڭجۈن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ قېچىپ كېتىدۇ.

گاۋشۇيىڭ تەمتىرەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. تەرەپ-تەرەپلەرگە چاپىدۇ، بىراق بالىنى تاپالمايدۇ. نائىلاج يەنە خۇجۇشىڭنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ ھەم خۇ-

جىژىشنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. خۇجىژىشنىڭ ئوغلىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ، گاۋشۇيىڭغا تەكرار ـ تەكرار رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەسلىدە، خۇڭجىۈن يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئۇرۇمچىدە ئىزدىمىگەن يېرى قالمىغان. خۇڭجۇننىڭ ئانىسى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنى بويلاپ گەنسۇنىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى يۇرتىغىچە بېرىپ، بالىنى شۇ يەردىنمۇ تاپالمىغان ھەمشۇ دەرت ئىچىدە كېسەل بولۇپ بىرنەچچە ئاي يېتىپ قالغان، ئۇ ھېلىغىچە قايتىپ كەلمىگەن. ئەمدى خوجىژىشنىڭ ئوغلى خۇڭجىۈننىڭ يەنە يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قاتتىق بىئارام بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، گاۋشۇيىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاستانىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا خۇڭجۇننىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ.

1982 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، خۇڭجۇننىڭ ئانىسى جاڭ شيۇجېن يۇرتى گەنسۇدىن بالىسىنى ئالغىلى ئاستانىگە كېلىدۇ. لېكىن، بالا ئۈرۈمچىگە قايتىشقا ئۇنىمايدۇ. گاۋشۇيىڭ تەكرار ـ تەكرار نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن بالا قايتسام يۇرتۇم گەنسۇغا قايتاي، بولمىسا قايتمايمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئانىسى بالىسىنىڭ بۇ تەلىپىگە مائىل بولىدۇ. خوشلىشىدىغان چاغدا، گاۋشۇيىڭ بالىنىڭ يانچۇقىغا 10 يۈەن پۇل سېلىپ قويىدۇ ۋە «ئەمدى كەلسە ـ كەلمەس يەرلەردە چېپىپ يۈرمە» دەپ جېكىلەيدۇ، بالا كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ. ئۇ 227 كۈن شاد ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرگەن بۇ يېڭى ئائىلىسىدىن ۋە ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ ئەزىز دەپ بىلگەن گاۋشۇيىڭ بىلەن خې يىڭخۇادىن مىڭ تەسلىكتە ئايرىلىدۇ.

2. ئەرداۋچىلىك دادۇيىدە ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن

1981 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچقۇرۇن قۇمۇلنىڭ تاغ رايونىدا ئوشتۇمتۇت قارا يامغۇر ياغىدۇ. بۇ يامغۇر 9 سائەت داۋاملىشىپ، شىددەتلىك كەلكۈن پەيدا قىلىدۇ. تىيانشان تېغىنىڭ بامۇدۇن جىلغىسىدىن ھەيۋەت بىلەن ئېقىپ چۈشكەن كەلكۈن گويا ئۇختىسىدىن چۆچۈپ كەتكەن ياۋا ئاتتەك ئۆركەشلەپ ئېقىشقا باشلايدۇ. ئېگىزلىكى بىر مېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 25 مېتر كېلىدىغان شىددەتلىك ئېقىن سېكۇنتىغا 15 كۇب مېترلىق مىقداردا بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسىنىڭ ئەرداۋچىلىك دادۇيىگە قاراپ ئاقىدۇ. قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئىشلەنگەن بولسىمۇ، سۇنىڭ يېيىلى دەھشەت بولغاچقا زىيان يەنىلا ناھايىتى زور بولىدۇ. 109 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئىككى ماشىنا قۇدۇقى لاتقا بىلەن كۆمۈلۈپ كېتىدۇ، 40 مو يەردىكى بۇغداي بېخى ئېقىپ كېتىدۇ، خامانىدىكى 230 مىڭ جىڭ بۇغداي سۇغا چىلىنىپ قالىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى زىيان 200 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، 52 ئائىلىدىكى 221 ئادەم ماكانسىز قالىدۇ.

خەۋەر ناھىيىلىك پارتكومغا يەتكەندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇخۇەيىيى دەرھال ئادەم باشلاپ كېلىپ، يەرلىك كادىرلار بىلەن بىرلىكتە ئاممىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەيدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى لى

يەنرۇك باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى خەلق ئىشلىرى، سۇ - ئېلېكتىر، ئاشلىق قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، بىر تۈركۈم ماددىي ئەشيا ۋە 10 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلىنى ئېلىپ ئاپەت يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىدۇ.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋىلايەتلىك پارتكومدا دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. ھەيئەت ئەزالىرى ئاپەت توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان يىغىننى توختىتىدۇ ۋە مۇئاۋىن ۋالىي جاڭ جىرجىيى باشچىلىقىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئاپەت رايونىغا ئەۋەتىدۇ. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار ئاپەت ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلاردىن ھال سورايدۇ.

قومۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم ئاپەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ بىر لىيەنجەڭچىنى ئاپەت رايونىغا ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئالغاچ كەلگەن ئىككى چېدىرنى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىدۇ.

قوشنا گۇڭشى - دۈيلەرمۇ ئاپەتتىن خەۋەر تېپىپ ئەمگەك كۈچى چىقىرىدۇ، يېمەك - ئىچمەك ئەۋەتىدۇ. گۇڭشېدا مۇنداق قارار چىقىرىلىدۇ: قوشنا 21 ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ھەر بىرى 5 تىن 10 غىچە قاۋۇل ئەمگەك كۈچى چىقىرىدۇ. ئۇلار 100 ئېغىز ئۆي سالىدۇ. بۇ ئۆيلەر 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پۈتكۈزۈلۈپ بولۇشى شەرت. يېڭى ئۆيلەر دەل ۋاقتىدا پۈتكۈزۈلىدۇ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەزالار قىشتىن بۇرۇن يېڭى ئۆيلەرگە جايلىشىۋالىدۇ.

ھەممە تەرەپ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەزالارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشى كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئىككىنچى يىلى، ئەرداۋچىڭ داديۈيى ئاشلىقتىن مول - ھوسۇل ئالدۇ، ئومۇمىي مەھسۇلات بىر مىليون 556 مىڭ جىڭغا، مو بېشى مەھسۇلاتى 600 جىڭغا يېتىدۇ. 1983 - يىلى، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 720 جىڭغا، ئومۇمىي مەھسۇلات ئىككى مىليون 412 مىڭ جىڭغا يېتىپ، يۇقىرىغا بىر مىليون 14 مىڭ 600 جىڭ تاۋار ئاشلىقى تاپشۇرۇلىدۇ. 28 ئائىلە 10 مىڭ جىڭدىن، تۆت ئائىلە 20 مىڭ جىڭدىن ئاشلىق سېتىپ بېرىدۇ. شۇ يىلى ئەرداۋچىڭ داديۈيى قومۇل ناھىيىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىدۇ.

### 3. مۇھەممەت يارىنىڭ پىداكارلىقى

1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ تەرجىمانى مۇھەممەت يارى قىسمىدىكى رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە غەربىي تاغ گۇڭشې 4 - داديۈيىگە خەلق ئەسكەرلىرىنى قول بومبىسى تاشلاش مەشقىگە ئۇيۇشتۇرۇشقا بارىدۇ. شۇ چاغدا، مۇھەممەت يارى قول بومبىسى تاشلاش نەتىجىسىنى خاتىرىلەشكە مەسئۇل بولغانىدى. ئۇ خەلق ئەسكەرلىرىگە ھەر قېتىم قول بومبىسى تارقاتقاندا ۋە قول بومبىسى تاشلىغاندا، تەمكىن - سالماق بولۇڭلار، دەپ جېكىلەيدۇ. قول بومبىسى تاشلاش ئوڭۇشلۇق باشلىنىدۇ، نۆۋەت 18 ياشلىق ئۇيغۇر خەلق ئەسكىرى ئارزۇگۈلگە كېلىدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم قول بومبىسى تاشلاشقا قاتنىشىۋاتقانلى-

قى ئۈچۈن سۇر بېسىپ كېتىدۇ-دە، قول بومبىسى كەينى ئۇڭ تەرەپتىكى ئۈچ مېتىر ئارىلىقتا چۈشىدۇ. يېپى تارتىۋېتىلگەن قول بومبىسى يەردە ئىس چىقىرىپ پىرقىراشقا باشلايدۇ، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى، ئارزۇگۈل نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، مۇھەممەت يارى كاماندىرنىڭ: «يېتىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقىنى ئاڭلايدۇ ھەم ئۆزىدىن 7 - 8 مېتىر يىراقلىقتا پىرقىراپ ئىس چىقىۋاتقان قول بومبىسىنى ۋە ئارزۇگۈلنىڭ ئۆز ئورنىدا ھاڭ قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان مۇشۇ پەيتتە مۇھەممەت يارى: «ھودۇقماڭ!» دەپ قاتتىق توۋلىغىنىچە ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئارزۇگۈلنى يىقىتىپ ئۆز گەۋدىسى بىلەن دالدا قىلىۋالىدۇ. قول بومبىسى ئۇلاردىن 4 مېتىر يىراقلىقتا پارتلايدۇ. ئارزۇگۈل خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. ئەمما مۇھەممەت يارىنىڭ بەش يېرى يارىلىنىدۇ. ئۇڭ پۇتىدىكى يارا ئېغىر بولغانلىقتىن قان توختىماي ئېقىشقا باشلايدۇ. نەق مەيداندىكى خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ.

**4. سۇچىياڭ ئالتۇن ئۇچراتسىمۇ كۆز قىرىنى سالمىدى**

1982 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سۇ چياڭ گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارىدۇ. قايتىشىدا پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا بىر دانە قىزىل تاشلىق خاتىرە دەپتەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇ بۇ دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، ئىچىدىن بىرمۇنچە تالون، ماشىنا بېلىتى، ئاشلىق بېلىتى قاتارلىق نەرسىلەر چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 1960 يۈەنلىك چەك ۋە 2900 قانچە يۈەنلىك پۇل چېكىنىڭ قوشۇمچە تالونىنى كۆرىدۇ-دە، چۆچۈپ كېتىدۇ ۋە بۇنچىۋالا تالون-چەكلەرنى يوقىتىپ قويغۇچى كىشى چوقۇم بىئارام بولۇۋاتىدىغاندۇ دەپ ئويلايدۇ. ئۇ بۇ خاتىرە دەپتەرنى كۆتۈرۈپ پوچتىخانىغا كېلىدۇ ۋە پوچتىخانىدىكى يولداشلاردىن سورايدۇ، لېكىن ئۇلار بىر نېمە دەپ بېرەلمەيدۇ. ئاخىرى ئۇ بۇ تالون - چەكلەرنى مەكتەپكە ئەپكېلىپ ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

ئوقۇتقۇچىسى تالون ۋە چەكلەردىكى ئىمزالارغا ئاساسەن بۇ نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويغۇچىنىڭ بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې گاداجىڭزى 6 - دۈينىڭ بوغالتىرى مىڭ چىرۇڭ دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنى بۇ نەرسىلەرنى ئېلىۋالسۇن دەپ خەۋەر قىلىدۇ.

ئەتىسى، مىڭ چىرۇڭ قاتتىق تەسىرلەنگەن ھالدا يوقىتىپ قويغان نەرسىلىرىنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ تەشەككۇر خېتى يېزىپ سۇ چياڭنىڭ ياخشى ئىدىيە، ياخشى خىسلىتىنى مەدھىيىلەيدۇ.

# III باب قېرىلارنى ھۆرمەتلەپ، بالىلارغا كۆيۈنۈش

**1. پەزىلەتلىك دىك يۈلەن**

قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بالىلار باغچىسىنىڭ تەربىيىچىسى دىك يۈ-

لەنىنىڭ ئائىلىسى تۆت ئەۋلاد بىر ئائىلىدە ئولتۇرىدىغان چوڭ ئائىلە، بۇ ئائىلە دىڭ يۈلەنىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ باشقۇرۇشىدا، ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل، كېلىن ـ قىزلار ئىناق ئىتتىپاق ئۆتۈپ كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

1959 ـ يىلى دىڭ يۈلەن ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان قېيىن ئاتا ـ قېيىن ئانىسىنى ئۆيىگە ئەپكېلىپ ئۆزى قارايدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان نەچچە ئون يىل ئىچىدە، ئۇ قېيىن ئاتا ـ قېيىن ئانىسىغا يېمەك ـ ئىچمەكنى ئالدىغا ئەپكىرىپ بېرىپ، ئەتىسى ـ ئاخشىمى ئېسەنلىك سوراپ تۇرىدۇ ۋە بۇنداق قىلىشتىن ھەرگىز زېرىكمەيدۇ. 1981 ـ يىلى، 80 ياشقا كىرگەن قېيىن ئانىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالىدۇ. دىڭ يۈلەن دوختۇر چاقىرىپ كېلىپ قېيىن ئانىسىنى كۆرسىتىدۇ. دورا قايىنىتىپ بېرىدۇ، قېيىن ئانىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرىتىنى تۆكىدۇ، كۈندۈزى خىزمىتىگە بارىدۇ، ئاخشىمى قېيىن ئانىسىنىڭ قېشىدا ياتىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ توپتوغرا بىر يىلدىن ئوشۇقراق ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. ئاخىرى قېيىن ئانىسى ساقىيالماي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ قېيىن ئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاش ئۈچۈن قېيىن ئاتىسى بىلەن مىجەز ـ خۇلقى كېلىشىدىغان بىرەيلەننى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، بوۋايغا ھەمراھ قىلىپ بېرىدۇ.

1965 ـ يىلى، دىڭ يۈلەننىڭ ئېرى رېماتىزملىق يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئۇ يولدىشىغا ئوبدان قارايدۇ، ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. 1974 ـ يىلى، ئېرىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ قالىدۇ. دوختۇرلار ئۇنى يەنە ئۈچ يىللا ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ، لېكىن دىڭ يۈلەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، تۇرمۇشتا تىرىشچان ـ ئىقتىسادچىل بولۇپ ئېرىنى قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلۇق بىلەن باقىدۇ. دوختۇرغا كۆرسىتىپ داۋالىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ بېقىشى بىلەن ئېرىنىڭ كېسىلى كۈندىنكۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلاپ، 1983 ـ يىلغىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ.

دىڭ يۈلەننىڭ چوڭ ئوغلى، ئىككىنچى ئوغلى ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ ئىزچىل تۇردە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە ياشايدۇ. دىڭ يۈلەن ھەممە ئىشتا خەلقچىل بولغاچقا كېلىنلىرى بىلەن باھەسلىھەت ئىش قىلىدۇ. تۇرمۇشى ياخشىلانغاندىن كېيىن ئۇ كېلىنلىرىگە قول سائىتى، ۋېلىسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىلىرىنى ئېلىپ بېرىدۇ، ئۆزى بولسا، قولىغا سائەت سېلىپ باقمايدۇ. 1974 ـ يىلى چوڭ كېلىنى ۋېلىسىپىتىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ، لېكىن دىڭ يۈلەن ئۇنى ئەيىبلەش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئالدىغا تاماق ئەپكېلىپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ. چوڭ كېلىنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى جيۇچۈەننىڭ بىر يېزىسىدا ئىدى، ھېيت بايراملاردا ئۇ دائىم ئوغلى ۋە كېلىنىنى ئۇلارغا خەت يېزىشقا ۋە ئاز ـ تولا پۇل ئەۋەتىپ بېرىشكە دالالەت قىلىدۇ. ئىككىنچى كېلىنى ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ ھەر ئىككىيلەنگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىككى كېلىنى ئوخشاشلا قىز تۇغىدۇ، لېكىن ئۇ پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدىكى چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇلارنى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

دېڭ يۈلەننىڭ ئۈچ ئوغلى، ئىككى كېلىنى، ئىككى قىزى، تۆت نەۋرىسى ۋە چوڭ قىزىنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن بىر قىزى بىرگە ياشايدۇ. دېڭ يۈلەن بالىلارغا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، كىچىكىدىنلا قېرىلارنى ھۆرمەت قىلىش، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈش، سەممىي، مۇلايىم بولۇش، ئەمگەكنى سۆيۈشتەك ياخشى خىسلەتلەرنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ. بىر قېتىم، ئۇنىڭ بىرقىز نەۋرىسى بىر تال قېرىنداش تېپىۋالىدۇ، بۇنى كۆرگەن مومىسى (دېڭ يۈلەن) تامدىكى «بەش پۇڭچەن تېپىۋالسام قانداق قىلىمەن» دېگەن تەشۋىقات رەسىمنى كۆرسىتىپ، ئەمدى سەن قانداق قىلىسەن؟ دەپ سورايدۇ. نەۋرىسى مەكتەپكە بېرىپ، قېرىنداشنى ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. يەنە بىر قېتىم، بىر ئايال يولداش دېڭ يۈلەننى ئىزدەپ ئۆيىگە كېلىدۇ، بۇنى كۆرگەن تۆت ياشلىق قىز نەۋرىسى «موما، سىلەرنىڭ ئادەملار سېنى ئىزدەپ كەپتۇ...» دەپ مومىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە دېڭ يۈلەن شۇ سورۇندىلا، ئۇنداق دېمەي «چوڭ ئانام كەپتۇ» دېيىشىڭ كېرەك دەپ تەربىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭ موشۇنداق تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە، بالىلار ۋە نەۋرىلەر ئەدەپلىك چوڭ بولىدۇ.

**2. يېتىملار يېتىم ئەمەس**

1965 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋە 1966 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىنىڭ كونا ئىشچىسى ۋېي لى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى كېسەل بولۇپ ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلاردىن سەككىز بالا قېپقالىدۇ. شۇ چاغدا، چوڭى ۋېي جېشياۋ 20 ياشتا بولۇپ، ھەربىي قىسىمدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتى. ئىككىنچى ئوغلى ۋېي چۈنيې بورتالا چىڭجۈي تىياتىر ئۆمىكىدە ئۆگىنىشتە ئىدى، چوڭ قىزى ۋېي دۇڭ 16 ياشتا بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. قالغانلىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ياكى ئۆيدە ئىدى. ئەڭ كىچىكى ۋېي چۈنبىڭ ئەمدى بىر يېرىم ياشقا كىرىپ تىلى چىقىۋاتاتتى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى سەككىز بالىغا قاتتىق زەربە بولىدۇ. پارتىيە ۋە خەلق دەل ۋاقتىدا يېتىملارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇلارغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى بالىلارغا بەلگىلىمە بويىچە نەپىقە بېرىشتىن باشقا ھەر ئايدا يەنە بېقىش خىراجىتى بېرىپ تۇرۇشنى قارار قىلدى. يېتىملار ئوقۇۋاتقان مەكتەپ ۋە ئۇلار تۇرۇۋاتقان قىسىملاردا ئۇلار ئۈچۈن ئىئانە توپلاندى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى ئەۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، تەشكىل بورتالادا ئىشلەۋاتقان ۋېي چۈنيېنى قۇمۇلغا دادىسى ئىشلىگەن ئورۇنغا يۆتكەپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىچىك ئۇكىلىرىغا قاراش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئوقۇۋاتقان ۋە ئوقۇش ئالدىدا تۇرغان ئالتە يېتىم بالا خەلق ئوقۇش پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ.

پارتىيە ۋە خەلقنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقىدا، سەككىز يېتىم بالا كەينى ـ كەينىدىن چوڭ بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭى ۋېي جېشياۋ ھەربىي قىسىمدىن قۇمۇل پولات زاۋۇتىغا ئالمىشىپ شوپۇر بولىدۇ. ئىككىنچىسى ۋېي چۈنيې قۇمۇل شەھەرلىك چىڭجۈي

تىياتىر ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆگەنگەن كەسپىنى قولىغا ئالدۇ. ئۈچىنچىسى قۇمۇل ناھىيىلىك رېمونت قىلىش-ياساش زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ كىردۇ. تۆتىنچىسى ۋېي فاڭ بىلەن بەشىنچىسى ۋېي خۇڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، شەھەرلىك 3-باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋە قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئەنچۈەن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدۇ. ئالتىنچىسى ۋېي چۇنگۇاڭ 19 يېشىدا ھەربىي سەپكە كىردۇ، ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن، شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىدە قانۇن ساقچىسى بولدۇ. يەتتىنچىسى ۋېي چۇنخۇي ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەر گېئولوگىيە ئەترىتىگە تەقسىم قىلىندۇ. سەككىزىنچىسى ۋېي چۇنبىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ھەربىي سەپكە قاتنىشىدۇ. سەككىز قېرىنداشتىن ئىككىيلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدۇ، قالغانلىرى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردۇ. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، بۇ بالىلارنىڭ يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچىسىدىن باشقىلىرى بەختلىك ئائىلە قۇرۇۋالدۇ.

**3. ئىككى مېھرىبان ئانىنىڭ قەلبى**

بۆلۈڭتوغراق گۇڭشېسى گاداجىڭزى 5-دۈينىڭ ئەزاسى ۋاڭ يۈڭشىڭ 1974-يىلى بەختكە قارشى ئاشقازان راكى كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ۋاپات بولدۇ. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدۇ. شۇنداق قىلىپ تۆت بالا ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ (چوڭ ئوغلى خەيبۇ 15 ياشتا، چوڭ قىزى چۇنخۇا 11 ياشتا، كەنجى قىز يۈخۇا يەتتە، ياشتا، كەنجى ئو خۇدېيۇن ئۈچ ياشتا قالدۇ) يېتىم بولۇپ قالدۇ. ۋاڭ يۈڭشىڭنىڭ قوشنىسى، ئايال كومپارتىيە ئەزاسى مىڭ شيۇيىڭ دۈيدىكى كادىرلارغا مېنىڭ بالىلىرىم قاتارغا قوشۇلالىسىلا كۇنىدە، بۇ تۆت يېتىم بالىمۇ چوقۇم بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدۇ، دەيدۇ. يۈخۇانىڭ ئەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىسى چىۋەن چاڭلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىن گاداجىڭزىغا كېلىدۇ (چىۋەن چاڭلەن 1974-يىلى گاداجىڭزىدىن ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەلگەنىدى) ۋە دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا قارىشىدۇ. ئۇ يېتىملارغا تەسەللى بېرىپ، مۇندىن كېيىن، مەن سىلەرنىڭ تۇغقىنىڭلار بولىمەن، سىلەر ياشاشتا چوقۇم غەيرەتلىك بولۇڭلار، دەيدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەت، بۇ ئىككى «ئانا» تۆت يېتىم بالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدۇ.

مىڭ شيۇيىڭنىڭمۇ تۆت بالىسى بار ئىدى، ئۇ، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈينىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالدۇ. ئىشلەيتتى، قىلىدىغان ئىشى كۆپ ئىدى. ئۇ تۆت يېتىم بالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىشتىن چۈشكەن ھامان خۇدېيۇلەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇلارغا ئاش ئېتىپ بېرىدۇ، كىر قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىدۇ، بالىلارغا ئۆي ئىشىنى ئۆگىتىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. بالىلار كېسەل بولۇپ قالسا، دوختۇرغا كۆرسىتىدۇ، خۇدېيۇلەرنىڭ ئۆيىدە ئوزۇقلۇق قالمىسا، ئۆز ئۆيىدىن ئوزۇقلۇق ئەپكېلىپ بېرىدۇ. يۇقىرىدىن قوتقۇزۇش پۇلى كەلسە، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بالىلارغا قوتقۇزۇش پۇلى بېرىش ھەققىدە ئىلتىماس يېزىپ

www.uyghurkitap.com

بېرىدۇ ھەم ئۇلارغا بۇ پۇلنى مۇۋاپىق چىقىم قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ.

چۇەن چاڭلەن مۇئەللىم ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېتىم بالىلارغا بىر دانە يېڭى يوتقان ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شۇندىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ۋە ئاچىسىنىڭ بالىلىرى ئاز-تولا كىيىپ قالغان كىيىم-كېچەك ۋە ئاياغ كىيىملىرىنى يېتىم بالىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدۇ. ھېيت-بايراملاردا چۇەن چاڭلەن مۇئەللىم يېتىم بالىلارغا، پېچىنە-كەمپۈت ئاپىرىپ بېرىدۇ، بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىككى خۇەيىيۇنگە يېڭى كىيىم-كېچەك تىكتۈرۈپ بېرىدۇ. يېتىم بالىلار چۇەن چاڭلەن مۇئەللىمنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى «ئانا» دەپ ئاتايدۇ.

1981-يىلى، خۇەيىيۇ ئاكا-سىڭىل ئىككىيلەن تۇنجى قېتىم ئەمگەك دارامىتىگە (350 يۈەن) ئىگە بولىدۇ. مېڭ شيۇيىڭ يېتىم بالىلارنىڭ بۇ پۇلنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشىگە ياردەم بېرىدۇ، رەخت-پۇچەك ئېلىپ، تۆت بالىنىڭ ئۇچىسىنى يېڭىلايدۇ ھەم يېڭى يوتقان تىكىپ بېرىدۇ. ئۇلارغا يەنە بىر قىسىم ئۆي جابدۇقلىرى ياسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

1983-يىلى يازدا، خۇەيىيۇلەرنىڭ ئۆيىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىدۇ. دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ياردىمى بىلەن، خۇەيىيۇ يېڭى ئۆي سالماقچى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش دۈيى خۇەيىيۇنىڭ ئائىلىسىگە ئېگىزرەك بىر جايدىن ئۆي ئورنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن، بۇ يەر مېڭ شيۇيىڭنىڭ ئۆيىگە يىراق بولۇپ قالىدۇ. بالىلار ئۆي ئورنىنى شيۇيىڭنىڭ ئۆيىگە يېقىنراق جايدىن بېرىلسە، دېگەن تەلەپنى قويىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قاندۇرىدۇ. چۇەن چاڭلەن مۇئەللىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇلارغا 1600 پارچىدىن ئوشۇق خىش، تۆت خالتا سېمونت، بىر تاغار گۈرۈچ ۋە بىر نەچچە جىڭ گۆش ئېلىپ كېلىدۇ. يېڭى ئۆي پۈتكەندىن كېيىن، مېڭ شيۇيىڭ بىلەن چۇەن چاڭلەندىن ئىبارەت بۇ ئىككى مېھرىبان «ئانا» خۇشال-خورام ھالدا بالىلارنى يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويىدۇ.

# IV باب پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئومۇمنىڭ ئىشىغا بېرىلىش

### 1. ئانسەي قار-شىۋىرغانلىق كېچىدە قويلارنى قوغداپ قالدى

1979-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنى، تاشۋېلىق گۇڭشې خوتۇنتام دادۈيىنىڭ ياش مالچىسى ئانسەي زەينۇر قوي باققىلى چىقىدۇ. ئۇ ئۆيدىن چىققاندا ھاۋا ئوچۇق ھەم ئىللىق ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن ئاشقاندا، تۇساتتىن ھاۋا تۇتۇلۇپ، قاتتىق يامغۇر ياققىلى باشلايدۇ، يامغۇردىن كېيىن مۆلدۈر چۈشىدۇ، بۇنىڭ كەينىدىنلا قار ئارىلاش شىۋىرغان چىقىدۇ. بۇ چاغدا، قويلارنى قايتۇرۇپ كېتىشكە ئانسەينىڭ چامىسى يەتمەي قالىدۇ، قويلار شىۋىرغانغا بەرداشلىق بېرەلمەي، پىتىراپ تەرەپ-تەرەپكە قاچىدۇ.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، شىۋىرغان تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ، تېمپېراتۇرا جىددىي تۆۋەنلەيدۇ. ئانسەينىڭ ئۈستى-بېشى ھۆل بولۇپ توڭلاپ كېتىدۇ. سوغۇق دەستىدىن

جاق ـ جاق ئىتتىرەپ كېتىدۇ. ئۇ نىشاندىن ئادىشىپ قالىدۇ، پەقەت قويلارنىڭ كەينىدىن چىقماي مېڭىپ، قار ـ شۇۋىرغان بىلەن ئېلىشىدۇ. تۈن نىسپى بولغاندا، ئانىسەيىنىڭ پۇت ـ قوللىرى مۇزلاپ، ئۇيۇشۇشقا باشلايدۇ. لېكىن ئۇ قار ـ شۇۋىرغانغا بوي بەرمەي مۇشەققەت ئىچىدە ئېغىر قەدەم تاشلاپ، قويلارنى ئۇياقتىن بۇياققا توسۇپ، چېچىلىپ كەتكەن قويلارنى بىر يەرگە يىغىدۇ.

دادۇي رەھبەرلىكى ئانىسەيىنىڭ تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قاسىم دۇيجاڭ باشچىلىقىدا مالچىلارنى ئىزدەشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇلار بۆلۈنۈپ بىر كېچە ئىزدەپمۇ ئانىسەيىنى تاپالمايدۇ. ئەتىسى سەھەردە، مالچى ئىسمايىل ئانىسەيىنى ئاخىرى تېپىۋالىدۇ، بۇ چاغدا ئانىسەي خۇددى مۇز ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ كۆزىنى قويلارغا تىككىنىچە، ئىززىغا چىقىدىغان قاردا ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ توڭلاپ قېلىشقا تاسلا قالغان، لېكىن ئۇ، بۇنىڭغا تەن بەرمىگەنىدى. ئىسمايىل خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، «ئانىسەي! ئانىسەي!» دەپ توۋلايدۇ، لېكىن، ئانىسەيىنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمىگەندەك، قويلارغا تىكىلگىنىچە، ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. ئىسمايىل يېقىن كېلىپ: «ئانىسەي! سەن ھاياتمۇ؟!» دەپ ۋاقىرايدۇ. ئانىسەي گويا قاتتىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بىر سەسكىنىپ ھوشىغا كېلىدۇ ھەم ئىسمايىل بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كېتىدۇ. ئانىسەي قارشۇۋىرغان بىلەن 17 سائەت ئېلىشىدۇ. ئانىسەي بىلەن ئىسمايىل قويلارنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، قاسىم دۇيجاڭ بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەم بىرلىكتە ئۆيگە قاراپ ماڭىدۇ. ئۆيگە كېلىپلا ئۇچېيلەنىڭ ھەممىسى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدۇ، بولۇپمۇ ئانىسەيىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، پۇت ـ قولى ئىششىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. دوختۇرلارنىڭ تىرىشىپ قۇتقۇزۇشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ھاياتى قوغداپ قېلىنىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭغا ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئۈششۈك تەگكەنلىكتىن، پۇت ـ قول بارماقلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كېتىدۇ.

1979 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ئانىسەيگە مەملىكەتلىك «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دەپ نام بەردى. 1979 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئانىسەيگە ئاپتونوم رايون بويىچە «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دەپ نام بەردى.

2. لى يۈەنىنىڭ مۇزبۇلاقتا تۆگىنى قۇتقۇزۇشى

1965 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، تاشقۇرغان كۆكشېسى قوشماق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مالچىسى لى يۈەن باققان بىر تۆگە بۇلاقتىن سۇ ئىچىۋاتقاندا، مۇزغا تېيىلىپ كېتىپ بۇلاققا چۈشۈپ كېتىدۇ. تۆگە بۇلاققا چۆكۈپ پەقەت بېشىلا چىقىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، لى يۈەن قىلچە ئىككىلەنمەي، مۇز ئىچىدىكى سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، تۆگىنىڭ بېشىنى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ، «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان دېھقانلار ئالدىراش يېتىپ كېلىدۇ. لى يۈەن ئارغامچا بىلەن تۆگىنى باغلايدۇ، ئاندىن 10 نەچچە ئادەم قىرغاققا تارتىدۇ. يېرىم سائەت جىددىي ئېلىشىش نەتىجىسىدە تۆگە بۇلاقتىن سۇغۇرۇپ چىقىرىۋېلىنىدۇ. لى يۈەن قىرغاققا چىققاندا، كال پۇكلىرى توڭلاپ كۆكىرىپ كەتكەن، چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن پاختىلىق كىيىملىرىنى مۇز قاپلاپ كەتكەنىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن، كىشىلەر لى يۈەننى كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاسرايدىغان ياخشى ياش، دەپ مەدھىيىلەيدىغان بولدى.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم شەخسلەر

## I باب شەخسلەر جەدۋىلى

**ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىسىملىكى**

جەدۋەل 23 — 1

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | قۇربان بولغان ۋاقتى | سالاھىيىتى | قۇربان بولغان ئورۇن ۋە بۇنىڭ سەۋەبى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ياڭ دېچى | ئەر | خەنزۇ | 1926.12 | 1950.3 | خەلق ئىشچىسى | تاشۋىلىق، جەڭدە قۇربان بولغان |
| ۋاڭ جىڭكۈن | " | " | 1919.10 | 1950.3 | " | " |
| چېن ۋېيجۇ | " | " | 1917.1 | 1950.3 | " | " |
| جۇشېڭ | " | " | 1919.4 | 1950.3 | " | " |
| مايۇڭخۇي | " | " | 1925.5 | 1950.3 | " | " |
| جاڭ رېن | " | " | 1918.3 | 1950.3 | " | " |
| ۋاڭ خاۋگو | " | " | 1914.6 | 1950.3 | " | " |
| چېڭ دېڭچېڭ | " | " | 1917.2 | 1950.3 | " | " |
| جاڭ شىجېڭ | " | " | 1920.7 | 1950.3 | " | " |
| ۋاڭ جاۋفېڭ | " | " | 1917.3 | 1950.3 | " | " |

## مەملىكەتلىك تەقدىرلەش يىغىنلىرىغا قاتناشقان ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى

(1983 - يىلىغىچە)

جەدۋەل 23 — 2

| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | جىنسى | ۋەكىل تۇرۇشلۇق ئورۇن ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى | قاچان، قەيەردە قانداق يىغىنغا قاتناشقان | شەرەپ نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| ياڭ ماۋيۈەن | خەنزۇ | ئەر | ئاستانە يېزىسى گۆڭشاڭ كەنتىدە دېھقان | 1953 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ئەمگەكتە نەمۇنىچىسى دېگەن نام بىلەن دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىغا قاتناشقان | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| يەدىگاخان | ئۇيغۇر | ئايال | پالۋانتۇر يېزىسى ئاقيەر كەنتىدە دېھقان | 1958 - يىلى مەملىكەتلىك قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | " |
| تىيەن فېڭشيۇ | خەنزۇ | ئايال | تاشۋېلىق گۆڭشېسى چىڭشى داد ۋيىنىڭ مۇئاۋىن دۈيجاڭى | " | " |
| ئابدۇۋاھىت ئەمەت | ئۇيغۇر | ئەر | ج خ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدە بۆلۈمچە باشلىقى | 1959 - يىلى مەملىكەتلىك ج خ، ئەدلىيە سىستېمىلىرىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى |
| بەي تيەنلاڭ | خەنزۇ | ئەر | سودا ئىدارىسى 2 - ئاشخانىسىنىڭ ئاشپىزى | 1959 - يىلى مەملىكەتلىك مالىيە - سودا سىستېمىسىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى | " |
| ما شۆرىن | خەنزۇ | ئەر | ناھىيىلىك 1 - مەكتەپ | 1958 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر پىداگوگ ۋەكىللىرى يىغىنى | مۇنەۋۋەر پىداگوگ |
| لياڭ سىنفۇ | خەنزۇ | ئەر | ناھىيىلىك 3 - مەكتەپ | " | " |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىسمايىل توختى | ئۇيغۇر | ئەر | غەربىي تاغ گۇڭشې يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى | 1961 - يىلى مەملىكەتلىك مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە - پەن - تېخنىكا سېپىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى | ” |
| سائادەت شېرىپ | ئۇيغۇر | ئايال | شەھەر ئىچى گۇڭشې جىگدەقۇدۇق دادۈيىنىڭ مۇئاۋىن ياچېيكا شۇجىسى | 1979 - يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەقدىرلەش يىغىنى | «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى ۋە يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| ئانسەي زەينۇر | قازاق | ئەر | تاشۆبىلىق گۇڭشې خوتۇنتام دادۈيىنىڭ مالچىسى | 1979 - يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلىغان | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| ۋاڭ شۇشيۇ | خەنزۇ | ئايال | يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىنىڭ باشلىقى، ئاگرانوم | 1983 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونى پەن - تېخنىكا خىزمىتى ئىلغارلىرى سۆھبەت يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئۆمەرجان ئابدۇرەھىم | ئۇيغۇر | ئەر | يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاگرانوم | 1983 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونى پەن - تېخنىكا خىزمەت ئىلغارلىرى سۆھبەت يىغىنى | ” |
| ھاپىز ناسىر | ئۇيغۇر | ئەر | ئاستانە گۇڭشې 2 - دادۈيىنىڭ ياچېيكا شۇجىسى | 1983 - يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەقدىرلەپ نام بەرگەن | «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| سەي شىڭخۇا | خەنزۇ | ئايال | تاشۆبىلىق گۇڭشې چىگدۇك دادۈيىنىڭ ئاياللار مۇدىرى | 1983 - يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەقدىرلەپ نام بەرگەن | «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى |
| لياڭ سىنفۇ | خەنزۇ | ئەر | قومۇل ناھىيىلىك 3 - مەكتەپ | 1960 - يىلى مەملىكەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە تەنتەربىيە سېپىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |

## ئاپتونوم رايونلۇق تەقدىرلەش يىغىنلىرىغا قاتناشقان ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى

(1983 - يىلغا قەدەر)

جەدۋەل 23 — 3

| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | جىنسى | ۋەكىللىك خىزمەت ئورنى ۋە ۋەزىپىسى | قاچان قانداق يىغىنغا قاتناشقان | شەرەپ نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| جۇ فامىڭ | خەنزۇ | ئەر | مالىيە ئىدارىسىنىڭ باجگىرى | 1959 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان مالىيە سىستېمىسىدىكى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| شېن زىشېن | " | " | سودا ئىدارىسى يېمەكلىكلەر دۇكىنىنىڭ تىجارەتچىسى | " | " |
| جۇشىتىڭ | " | " | ناھىيىلىك تارماق بانكىسىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى | " | " |
| بەي تيەنلاڭ | خەنزۇ | " | سودا ئىدارىسى ئىككىنچى ئاشخانىسىنىڭ ئاشپىزى | " | " |
| شي جژگو | خەنزۇ | " | ئۇنىۋېرسال زاۋۇت ئىشچىسى | 1963 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن | «بەشتە ياخشى» ئىشچى خىزمەتچى |
| جىن زىدۇڭ | " | " | باج ئىدارىسى پويىز ئىستانسىسى باج پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1965 - يىلى ئېچىلغان داچىڭدىن، داجەيدىن ئۆگىنىش بويىچە «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| زەمىردىيە | قازاق | ئايال | غەربىي تاغ گۇڭشې تۆتىنچى دادۈيىنىڭ مالچىسى | 1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تەقدىرلەپ نام بەرگەن | «8 - مارت» بايراقدارى |
| جاۋ شىنيۈەن | خەنزۇ | ئەر | جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى | 1978 - يىلى شىنجاڭ بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللەر يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ۋاڭ جىۋېي | " | " | جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پەيچۇسۇسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | " | " |
| يې چۇنشېڭ | " | " | تاشۋىلىق گۇڭشې ئەرگۈڭ دادۈيىدىن | 1982 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى | " |
| ۋاڭ كېفېڭ | " | ئايال | ئىككىنچى يېنىك سانائەت ئىدارىسى جىڭلىبۇسىنىڭ ئىشچىسى | 1982 - يىلى ئېچىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى «قوش ئىلغارلار» نى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| مايۆخۇا | خۇيزۇ | " | " | 1982 - يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلەش يىغىنى | «8 - مارت» بايراقدارى |
| سۇلايمان ئابدۇللا | ئۇيغۇر | ئەر | قارادۆۋە گۇڭشېسىنىڭ خەلق ئىشلىرى - ئەدلىيە خىزمەتچىسى | 1982 - يىلى ئېچىلغان كىيىلىشتۈرۈش «قوش ئىلغار»لىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخسى |
| جاڭ كۈن | خەنزۇ | " | تاشۋىلىق گۇڭشې سۇ ئىنىپېكتىر ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1982 - يىلى ئېچىلغان سۇ ئىنشائاتلىرى باشقۇرۇش ساھەسىدىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | " |
| ئىساق رىشىت | ئۇيغۇر | ئەر | جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى | 1982 - يىلى ئېچىلغان جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار شەخسى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكۈچى |
| ئابلىز توختى | " | " | جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى | 1982 - يىلى ئېچىلغان جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| ۋاڭ سۇلەن | خەنزۇ | ئايال | ئاستانە گۇڭشېسىنىڭ پىلانلىق توغۇت كادىرى | 1983 - يىلى ئېچىلغان پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنى، 1983 - يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى، «8 - مارت» بايراقدارى |
| بەي يۈيجې | " | " | ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى | 1983 - يىللىق پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئېچىلغان «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| شى شيەنجۇڭ | " | ئەر | ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1983 - يىلى تەپتىش سىستېمىسى بويىچە ئېچىلغان «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنى | " |
| ئىسمايىل ياسىن | ئۇيغۇر | " | ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ كادىرى | 1983 - يىلى ئېچىلغان ياش - ئۆسمۈرلەر خىزمەتچىلىرىنىڭ «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنى | " |
| لى يەنچۈن | خەنزۇ | " | ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ كادىرى | " | " |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شۈي شۇلىيەن | " | ئايال | پالۋانتۇر گۇڭشې غوجابۇلاق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | " | " |
| ئابدۇراخمان ئىمىن | ئۇيغۇر | ئەر | تىيانشان گۇڭشېسى قوراي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى | 1983 - يىلى ئېچىلغان ياش ئۆسمۈرلەر خىزمەتچىلىرىنىڭ «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| چىن گۈيىيۈن | خەنزۇ | ئايال | ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | " | " |
| جاڭ شۆيى | " | ئەر | پالۋانتۇر گۇڭشېسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق دوختۇرخانىنىڭ يېزا دوختۇرى | 1983 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان سەھىيە خىزمىتىدىكى «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنى | " |
| رۇقىيەم نامان | ئۇيغۇر | ئايال | شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1983 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى | مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى |
| ئابلىز نەمەت | " | ئەر | ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى | 1983 - يىلى ئېچىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| دىڭ يۈلەن | خەنزۇ | ئايال | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەسلىسىنىڭ تەربىيىچىسى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ نام بېرىلگەن | «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| موتەرخان ئېلى | ئۇيغۇر | " | تىيانشان گۇڭشې شىپاخانىسى | " | " |
| ھاپىز ناسىر | " | ئەر | ئاستانە گۇڭشې 2 - دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى | " | " |
| ماجيەنشيۇك | خۇيزۇ | ئەر | ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 1982 - يىلى ئېچىلغان يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| سەي شىڭخۇا | خەنزۇ | ئايال | تاشۋىلىق گۇڭشې چېكدۇڭ دادۈيىنىڭ ئاياللار مۇدىرى | 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ نام بېرىلگەن | «8 - مارت» بايراقدارى |
| ياڭ شيۇجېن | " | " | پالۋانتۇر گۇڭشېسى غوجامبۇلاق دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى | " | «بەشتە ياخشى» ئائىلە |

www.uyghurkitap.com

## ناھىيە بويىچە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ ئىسىملىكى

(1983 - يىلغىچە) جەدۋەل 23 — 4

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ئاي - كۈنى | يۇرتى | دەم ئېلىشقا چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋەزىپىسى | ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋاقتى | دەم ئېلىشقا چىققان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لى جىشېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1914.3 | يۈننەن | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1935 | 1982.4 |
| سۇن فېڭلەي | " | " | 1910.8 | خېنەن | ناھىيىلىك مېھمانخانىنىڭ باشلىقى | 1937.10 | 1982.8 |
| جاڭ خۇەيلۇن | " | " | 1910.8 | بېيجىڭ | خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1938.3 | 1982.3 |
| ۋاڭ گۈيۇ | " | " | 1916 | خېبېي | ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى | 1938.10 | 1982.4 |
| شۈ يۈنفا | " | " | 1920.7 | شەندۇڭ | ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1940.2 | 1982.4 |
| سۇن فۇدې | " | " | 1925.5 | " | ناھىيىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ جىڭلىسى | 1940.8 | 1982.4 |
| دۇڭ يەنخې | " | " | 1922.7 | بېيجىڭ | ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى | 1941.6 | 1980.10 |
| ۋاڭ جۇكچۇەن | " | " | 1920.12 | شەنشى | ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ باشلىقى | 1942.2 | 1982.4 |
| جاۋچى | " | " | 1919.12 | خېبېي | ناھىيىلىك تېرە زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1945.11 | 1982.4 |
| ياڭ جېنباۋ | " | " | 1914.4 | " | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ كادىرى | 1941.8 | 1982.4 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شاۋ چېڭتۇڭ | " | " | 1925.4 | سەنشى | ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | 1942.3 | 1981.3 |
| ئابدۇراخمان غاپپار | " | ئۇيغۇر | 1920.8 | شىنجاڭ | ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1944.1 | 1982.4 |
| لى دېيەنفۇ | " | خەنزۇ | 1919 | خېيلوڭ-جياڭ | ناھىيىلىك سودا-سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | 1946.2 | 1982.9 |
| جاڭ جىنشيەن | " | " | 1917.6 | شەنشى | ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى | 1946.2 | 1982.9 |
| خۇاڭ ۋېيفەن | ئەر | خەنزۇ | 1911.4 | شەنشى | بۇغاز سۇ ئامبىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1946.11 | 1982.4 |
| يەھيا ئىمىن | " | ئۇيغۇر | 1926.5 | شىنجاڭ | ناھىيىلىك تەمىنات-سودا كوپىراتىپىنىڭ كادىرى | 1946.12 | 1983 |
| زاھىر باقى | " | " | 1918.3 | " | ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى | 1946.2 | 1983 |
| لى فېڭجېن | ئايال | خەنزۇ | 1922.5 | شەنشى | سابىق قۇمۇل بازىرىنىڭ كادىرى | 1946.8 | 1983 |
| كۇاڭ شېن | ئەر | خەنزۇ | 1925.10 | لياۋنىڭ | بۇغاز سۇ ئامبىرى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى | 1947.10 | 1982.9 |
| چېن شياۋچېڭ | " | " | 1926.3 | شەنشى | ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى | 1947.11 | 1982.9 |
| ۋاڭ سۈيچى | " | " | 1909.9 | لياۋنىڭ | باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ كادىرى | 1947 | 1982.4 |
| لى ۋەنفا | " | " | 1925.5 | شەندۇڭ | ناھىيىلىك قاتناش-ترانسپورت شىركىتىنىڭ جىڭلىسى | 1947.4 | 1982.4 |
| گاۋ شېڭگۈي | " | " | 1928 | شەنشى | ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ چياۋ داۋيۈەنى | 1947.2 | 1983.12 |
| ليۇ يۈلىن | " | " | 1927.3 | سىچۈەن | ناھىيىلىك سۇ ئىنشائاتلىرى بۇيۇملىرى زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1947.5 | 1982.4 |

www.uyghurkitap.com

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جيا جېڭلى | " | " | 1928.8 | خېبېي | ناھىيىلىك ياغاچچىلىق زاۋۇتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى | 1947.5 | 1982.4 |
| روزى ئېزىز | " | ئۇيغۇر | 1928.6 | شىنجاڭ | ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ كادىرى | 1947.6 | 1983.8 |
| سىدىق ھادى | " | " | 1921.4 | " | تىيانشان گوڭشېسىنىڭ كادىرى | 1947.5 | 1983.12 |
| كۇڭ يۈەنفا | " | خەنزۇ | 1923.8 | خېبېي | ناھىيىلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسىنىڭ كادىرى | 1947.10 | 1983 |
| جىن يۈخەن | ئەر | " | 1931.2 | شەندۇڭ | ناھىيىلىك رېمونت قىلىش ـ باساش زاۋۇتىنىڭ دوختۇرى | 1947.2 | 1982.7 |
| چاڭ جىڭلەن | ئايال | " | 1930.2 | شەنشى | ناھىيىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ سېستراسى | 1947.2 | 1983.12 |
| جاۋ خۇڭنيەن | ئەر | " | 1922.9 | سەنشى | ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى | 1947.5 | 1983.12 |
| نيۇ يۈنچىڭ | ئايال | " | 1928.2 | شەندۇڭ | تۈزچىلىق مەيدانىنىڭ كادىرى | 1948.6 | 1983.12 |
| لى فېڭجۈن | ئەر | " | 1925.1 | خېنەن | يەتتە قۇدۇق گۇڭشې پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى | 1948.3 | 1982.4 |
| ياڭ چاڭيۈن | " | " | 1923.10 | " | ناھىيىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى | 1948.3 | 1982.4 |
| ۋاڭ خۈەيجىن | " | " | 1927.6 | سەنشى | ناھىيىلىك باج ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى | 1948.3 | 1983.10 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېك شۆرېن | " | " | 1928.6 | خېنەن | ناھىيىلىك تېرە زاۋۇتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى | 1948.2 | 1982.4 |
| دۇسىدى | " | " | 1917.2 | سىچۇەن | ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى | 1948.7 | 1982.4 |
| سۈن يۈشياڭ | " | " | 1927.10 | سەنشى | ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى | 1948.7 | 1983.8 |
| شۆ چىڭپىڭ | " | " | 1930.7 | شەندۇڭ | ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ كادىرى | 1948.4 | 1983.12 |
| جاڭ شيۇڭشەن | " | " | 1925.8 | خېبېي | ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ كادىرى | 1949.1 | 1983.8 |
| ۋۇ ياۋۋۇ | " | " | 1926.7 | سىچۇەن | بوغاز سۇ ئامبىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1949.2 | 1983.8 |
| گۇەن داۋلەن | ئايال | " | 1931.10 | خېنەن | ناھىيىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ دوردىگىرى | 1949.6 | 1983 |
| لى گۈيلىن | ئەر | خەنزۇ | 1920.2 | گەنسۇ | ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى | 1949.8 | 1983.12 |
| چېن گۇاڭلۇ | " | " | 1923.9 | چىڭخەي | ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ كادىرى | 1949.8 | 1983.12 |
| دۇ سىجې | " | " | 1917.4 | شەندۇڭ | ناھىيىلىك ياغاچچىلىق زاۋۇتىنىڭ كادىرى | 1949.9 | 1983.12 |

www.uyghurkitap.com

## 30 - يىللاردا قۇمۇلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا داشۆسىدە ئوقۇغانلارنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 23 — 5

| ئىسمى فامىلىسى | مىللىتى | جىنسى | چەتتە ئوقۇغان مەزگىلى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| ئادىل سوپى | ئۇيغۇر | ئەر | 1936 —1934.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان |
| ئابدۇللا تۇرسۇن | " | " | 1936 —1934.9 | |
| تۇرسۇن نىياز | " | " | 1936 —1934.9 | تاشكەنتتە كېسەل بولۇپ قازا تاپقان |
| يۇنۇس ئىمىن | " | " | 1937 —1935.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋالىي مەھكىمىسى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان |
| تاھىر بوسۇق | " | " | 1937 —1935.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان |
| سوپا تۇرانوۋ | " | " | 1937 —1935.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان |
| لى رۇي | خەنزۇ | " | 1937 —1935.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان |
| شۇجۇ | " | " | 1937 —1935.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن رۇس تىلى تەرجىمانى بوغان |
| ھەبىبۇللا | ئۇيغۇر | " | 1937 —1935.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ناھىيىسى غەربىي تاغ رايونىنىڭ باشلىقى بولغان |
| ئابدۇسوبۇر | " | " | 1937 —1935.9 | |
| سەدەنشا خوجانىياز | " | " | 1937 —1935.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغان |
| ئەمەت ئىمىن | " | " | 1937 —1935.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان |
| ئابدۇللاقارى | " | " | 1937 —1935.9 | |
| ئابلىز قادىر | " | " | 1938 —1936.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋالىي مەھكىمىسى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان |
| ئابدۇراخمان سەئىدى | " | " | 1938 —1936.9 | ھازىر ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى |
| ئىسمايىل سەئىدى | " | " | 1938 —1936.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان |
| ھەمدۇللا قۇربانوۋ | " | " | 1938 —1936.9 | دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان |

# II باب شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى

### ما فۇچۇەن (1851 — 1928)

ئەر، خۇيزۇ، تەخەللۇسى جۆسەن، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېينەن ناھىيىسىدىن. تۇڭجىجۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرى خان ئامبال مىڭ چۈنگە ئەگىشىپ قۇمۇلغا كەلگەن ۋە مىڭ چۈننىڭ قىسىملىرىدىن بولغان جيەنرۇي قوشۇنىدا تۇرغان. مىڭ چۈننى قوغداش يىگى باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن «ما باڭبەن» دەپمۇ ئاتالغان.

گۇاڭشۇنىڭ 7 - يىلى (1881 - يىلى)، شىنجاڭ تىنچىتىلىپ، ئەسكەرنى كۆچ قىسقارتىلىدۇ، ماجۆسەن ۋە شەنشىنىڭ گوەنجۇڭ رايونىدىن ئەسكەر بولۇپ كەلگەن نۇرغۇن خۇيزۇلار قۇمۇلدا ماكانلىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپ ماقۇل كۆرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار قۇمۇل يېڭىشەھەر رايونىنىڭ شىمالىي بازار ۋە شەرقىي بازار ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. ما جۆسەن كېيىنكى كۈنلەردە قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ بېقىنىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ۋاڭنىڭ قوغداش قوشۇنى مۇھاپىزەت يىگىنىڭ باشلىقى بولۇۋالىدۇ ھەم ۋاڭ بىلەن بىللە بېيجىڭغا خاننى تاۋاپ قىلىشقا بارىدۇ. ما جۆسەننىڭ ساداقەتمەنلىكىگە جاۋابەن شامەخسۇت تارانچى كۆمۈر كېنىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرىدۇ.

گۇاڭشۇنىڭ 19 - يىلى (1893 - يىلى)، ما جۆسەن شەنشىلىك خۇيزۇلاردىن لى كەيزۇڭ، ليۇ ۋەنيىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە شەنشى مەسچىتىنى قايتا ياسىتىدۇ. «مەبلەغ توپلاش، ماتېرىيال يىغىش، ئۇستا تەكلىپ قىلىش ۋە ئىشقا يېتەكچىلىك، نازارەت قىلىش» جەھەتلەردە ما جۆسەن ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدۇ. پۈتۈن قۇرۇلۇش ئالتە يىلدا تاماملىنىدۇ. گۇاڭشۇنىڭ 26 - يىلى (1900 - يىلى) چىققان «قۇرۇلۇشنىڭ پۈتكەنلىكى ھەققىدە بېغىشلىما» ناملىق كىتابتا بۇ توغرىدا تەپسىلىي بايانلار قالدۇرۇلغان.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى)، ما فۇچۇەن قۇمۇلدا كېسەل بولۇپ 77 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

### (تۆمۈر نىياز ؟ — 1913)

ئەر، ئۇيغۇر، قۇمۇل قورايىدىن، تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس، كىچىكىدە ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسى بېقىپ چوڭ قىلغان. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياقا يۇرتلاردا خېلى يىللار سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. تۆرمۈش قىيىنچىلىقىدىن ئاخىر يەنە قورايغا قايتىپ كەلگەن.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) نىڭ بېشىدا، ئىلى قوزغىلىڭى پارتلاپ ئىنقىلابچىلار ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ۋالىيسى يۈەن داخۇا قۇمۇل ۋاڭىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇرۇشتا ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىدۇ،

www.uyghurkitap.com

قۇمۇل ۋاڭى شۇئان دېھقانلاردىن ئەسكەر تۇتۇشقا باشلايدۇ، بۇنىڭغا قارىتا دېھقانلار ئارىسىدا كۈچلۈك قارشىلىق كۆتۈرۈلىدۇ. تۆمۈر نىياز (تۆمۈر خەلپە) بولسا بۇنى قورال‌لىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ.

ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار قوراللاندۇرۇلۇپ ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىنىدۇ. ئۇلار لياۋدۇڭغا كەلگەندە، تۆمۈر نىيازنىڭ قوزغىشى بىلەن ئەسكەرلەر ئىسيان كۆتۈرىدۇ. تۆمۈر نىياز بۇ ئەسكەرلەرنى باشلاپ قورايغا قايتىپ كېلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ بايرىقىنى رەسمىي كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 3 - ئايىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، تۆمۈر نىياز تۇنجى جەڭدە غەلىبە قىلىپ، كۆشۈتى ئېغىزىدا بارىكۆلدىن قۇمۇل ۋاڭىغا ياردەم بېرىشكە كېلىۋاتقان قىسىمنى يوقىتىدۇ ھەم قىسىمنىڭ باشلىقى يې شېڭفۇنى تىرىك تۇتۇپ، گۇاڭشۇنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان بۇ جاللاتنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تېز كۆپىيىپ نەچچە مىڭ كىشىگە يېتىدۇ. تۆمۈر نىياز تاغ رايونىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ۋاڭنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە ۋە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنلىرىغا تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم ياساپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارغا كۈچلۈك زەربە بېرىپ، ئىلى ئىنقىلابىغا مەدەت بېرىدۇ.

شۇ يىلى 9 - ئايدا، ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىي يۇەن داخۇا نائىلاج تەختتىن چۈشىدۇ ۋە زور بىر تۈركۈم قوراللىق قوشۇننىڭ قوغداپ مېڭىشى ئارقىسىدا ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدىن چىقىدىغان چاغدا، ياڭ زېڭشىننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قۇمۇلغا بېرىپ پۇرسەت تېپىپ، «توپىلاڭ»نى تىنچىتماقچى بولغانىدى. يۇەن داخۇا ۋە ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقان قوراللىق قوشۇن قۇمۇلغا كېلىپلا دېھقانلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. لېكىن دېھقانلار قوشۇنىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. يۇەن داخۇا كەينى - كەينىدىن بىر نەچچە قېتىم دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، قۇيرۇقىنى قىسىپ ئاستا قاچىدۇ.

ياڭ زېڭشىن ھەربىي جەھەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقتىن «كۆرۈنۈشتە ئۇرۇشۇش، ئاستىرتتىن باپلاش» تاكتىكىسىنى قوللىنىدۇ، تەھدىت سېلىش، ئەمەل بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلىش، ئالداش - يېنىغا تارتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىدۇ. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) 3 - ئايدا، تۆمۈر نىياز ياڭ زېڭشىننىڭ دامىغا چۈشۈپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى تارقىتىۋېتىپ، ئۈرۈمچىگە چىقىدۇ. تۆمۈر نىياز چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش ئاتلىق قوشۇنى ئوتتۇرا يېڭىنىڭ يېڭجاڭلىقىغا تەيىنلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭغا «تېجېڭيۇەن» دەپ خەنزۇچە ئات قويۇلىدۇ. كىشىلەر ئۇنى «تۆمۈر سەردار» دەپ ئاتايدۇ.

تۆمۈر نىياز ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ياڭ زېڭشىننىڭ سۇيىقەستىنى بىلىۋالىدۇ - دە، ياڭ زېڭشىن ئوخشاش ۋاستە بىلەن ئالداپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىۋالغان

تۇرپان دېھقانلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى مويدىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇرۇمچىدىن قېچىپ، باشقىدىن ئىش باشلىماقچى بولىدۇ. لېكىن خائىنىنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 2-يىلى (1913-يىلى) 9-ئاينىڭ 6-كۈنى تۆمۈر نىيازنى يىغىن ئاچىمىز دەپ ئالداپ كېلىپ، سەردار يامۇلدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

## خې دوسەي (1881 — ؟)

ئەر، خەنزۇ، تەخەللۇسى زىيىڭ، ئانا يۇرتى شەنشى. گۇاڭشۇنىڭ يەتتىنچى يىلى (1881-يىلى) قۇمۇلدا تۇغۇلغان. خې دوسەي كىچىكىدىنلا زېرەك، تىرىشچان-چان، نىدى، چوڭ بولغاندىن كېيىن، مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912-يىلى)، مىنگونىڭ 2-يىلى (1913-يىلى) ئايرىم-ئايرىم ھالدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى (سەنيىۋەنى) ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. مىنگونىڭ بەشىنچى يىلى (1916-يىلى)، خې دوسەي يەنە بىر قېتىم پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىپ، بېيجىڭدا ۋە ئۈرۈمچىدە كۆپ يىللار ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتناشقان.

خې دوسەي يۇرتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ياڭ زېڭشىنغا چەچەن، كۆكيارلاردىن ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ، بوز يەر ئېچىپ، پۇقرالارنى ماكانلاشتۇرۇش توغرىسىدا كۆپ قېتىم تەكلىپ بەرگەن. مىنگونىڭ 5-يىلى (1916-يىلى)، ئۇ شەخسەن، ئاتلىق تاغقا چىقىپ يەرلەرنى تەكشۈرۈپ-ئۆلچەپ، قۇرۇلۇش خام چوتىنى ھېسابلاپ چىقىپ، يۇقىرىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ يۇقىرىغا سۇنغان دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سۇمقاغىدىن جەنۇبقا سوزۇلغان 10 چاقىرىم ئارىلىقتا بىر جاي بار، بۇ جاينى قوشتىكەن دەپ ئاتىشىدۇ، بۇ يەردە غەربتىن شەرققە 70 — 60 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغان پايانسىز بوز يەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە، 10 مىڭ مودەك يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىغىلى بولىدۇ ھەم 100 دەك ئائىلىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ھەر بىر ئائىلىدىن 60 سەردىن يەر ھەققى ئېلىنسا ھەم يەرلەر ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنسە، ھېچبولمىغاندا بەش مىڭ سەردىن ئارتۇق پۇل كىرىم قىلغىلى ھەم بوئار قىلىق ھۆكۈمەت سەرىپ قىلغان پۇلنى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۇيغۇر-خەنزۇ ئاھالىلىرى چوقۇم قىزىقىدۇ. بۇ يەرگە كۆكيارىدىن ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ كېلىپ سۇغىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 — 130 چاقىرىم بولسا بولىدۇ، قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى ھەقىقەتەن زور. مەن بۇ يەرلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتىم، بۇ يەرگە ئېقىن سۇ كەلتۈرگىلى بولىدۇ، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى سارغۇچ قۇملۇق... ئۆستەڭ بەش چى چوڭقۇرلۇقتا چېپىلىشى كېرەك، ئۆستەڭنىڭ تېگىگە يىلتىزلىق ئوت-چۆپ باستۇرۇلۇشى لازىم... ئۆستەڭنىڭ ئىككى باغرىغا ھاك بىلەن قۇم، توپا ئارىلاشمىسىدىن لاي ئېتىپ، تاش ياتقۇزۇش كېرەك،... ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىغا ئەت توپا تۆكۈپ، سۆگەت ئۆستۈرسە بولىدۇ... تاشنى ھاك ئارىلاشقان لاي بىلەن قوپۇرمىسا مەزمۇت بولمايدۇ، ئۆستەڭ

قېشىغا ئەت تويپا تۆكۈلمىسە، دەرەخ ئاينىمايدۇ. دەل-دەرەخ بولمىسا قاشنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ،... ئەگەر 100 دەك ئادەمنى ياللاپ ئۆستەڭ چېپىشقا سالساق، 120 كۈن ۋاقىت كېتىدۇ، ئېرىق چېپىشقا بولسا، 20 كۈن ۋاقىت كېتىدۇ، ... ئىشلىتىلىدىغان قورال-سايمان، ئوزۇقلۇق، يەم-خەشەك، ئوتۇن-كۆمۈر قاتارلىقلار توغرىسىدىمۇ ھېسابات تۇرغۇزۇلدى». (مىنگو يىللىرى بېيجىڭ خۇاگو نەشرىياتى تاش مەتبەئەدە باستۇرغان «شىنجاڭنىڭ سۇ ئىشلىرىدىن دوكلات» دېگەن كىتابتىن) بۇ قۇرۇلۇش پىلانى كېيىنچە خىراجەت مەسىلىسى ھەل قىلىنمىغانلىقتىن ئەمەلگە ئاشمىغان.

خې دوسەي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان، كىشىلەر ئۇنى «خې ساراڭ» دەپ ئاتاشقان. ئۇ 50 ياشلاردا ۋاپات بولغان.

نەزەر (188—1934)

ئەر، ئۇيغۇر، قۇمۇلدا ئۆتكەن ئاخىرقى ۋاڭ — شا مەخسۇتنىڭ يالغۇز ئوغلى. ئۇ كىچىكىدىنلا راھەت-پاراغەت، ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى-ساپادا ياشاشقا ئادەتلەنگەن.

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، مەركىزىي ھۆكۈمەت «ۋاڭ-غوجاملارنىڭ ئىمتىيازى بۇرۇنقىدەك ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ» دەپ بايانات ئېلان قىلغانىدى. مىنگونىڭ تۆتىنچى يىلى (1915-يىلى) شا مەخسۇت زۇڭتۇڭ يۈەن شىكەينى تاۋاپ قىلىشقا بېيجىڭغا بارغاندا نەزەرنى بىللە ئېلىپ بارغان. شۇ چاغدا يۈەن شىكەي پادىشاھ بولۇش نىيىتىدە، جايلاردىكى ۋاڭ-گۇڭلارنى ھە دەپ يېنىغا تارتقان، ئۇ شا مەخسۇتقا «قوغدىنىشقا ھەمكارلاشقۇچى» دېگەن نامنى بېرىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتىش مېدالى تەقدىم قىلغان ھەم قوش تەمىنات ئىنئام قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەزەرگە يەنە «بېيزى» دەپ نام بەرگەن.

مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى) 6-ئاينىڭ بېشىدا شا مەخسۇت كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن نەزەرگە ۋاقىتىنچە «تامغا تۇتۇش ئىشىغا ئارىلىشىپ تۇرسۇن، بەزى ئىشلارنى ۋەكالىتەن بېجىرىپ تۇرسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

شىنجاڭدا مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمىر-پەرمانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، باج-كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جىن شۇرېن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇننىڭ شىجاڭى لىيۇ شىزېڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ۋاڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە سۇيۇرغانلىق ئىمتىيازىنى بىكار قىلىشنى قارار قىلىدۇ، «ئەمەل ۋارىسلىقنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرىدۇ. شۇ يىلى 8-ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت لۇڭ شېلىن باشچىلىقىدىكى ئىدارە قىلىشنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ ۋاڭنىڭ يەر مۈلكىنى ۋە باشقۇرىدىغان ئاھالىسىنى ئېنىقلايدۇ. نەزەر يەر-مۈلۈك ۋە نوپۇس دەپتىرىنى ئېنىقلاشنى رەت قىلىدۇ ۋە جىن شۇرېنغا خەت يېزىپ، ئۇردا يەرلىرىنى ئۆلچىمەسلىكنى، ئالۋان-ياساق،

دەۋا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ئىمتىيازلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىسلاھات لايىھەسىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە نەزەرنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىۋالىدۇ، نەزەر جىن شۇرېنغا نۇرغۇنلىغان ئالتۇن، كۈمۈش، لەئىل - ياقۇتلارنى سوۋغا قىلىپ «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى توسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. جىن شۇرېن نەزەرگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى، مەركىزىي رېۋدزىيە ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى دېگەن قۇرۇق مەنسەپلەرنى بېرىپ، ئۇنى ئۈرۈمچىگە باغلاپ قويىدۇ.

جىن شۇرېن «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» جەريانىدا بەزى خاتا سىياسەتلەرنى قوللانغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمتىيازدىن مەھرۇم قالغان ئۇردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قۇترىتقۇلۇق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) 4 - ئايدا قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. نەزەرنىڭ ئوغلى بەشىرمۇ بۇ ھەرىكەتكە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا مالىيە ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى)، ئۈرۈمچىدىكى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى قوغداش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلگەن نەزەر قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا، ئۆتمۈشتىكى ھەشەمەتلىك ئوردا خارابىغا ئايلانغانىدى، نەزەر نەچچە ئېغىز ئۆينى ياسىتىپ ئۆزى ئولتۇرىدۇ. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى لوۋېنگەن شىنجاڭغا ھال سورىغىلى كېلىپ قۇمۇلدا توختايدۇ، نەزەر بۇ چاغدا «مەركىزىي ھۆكۈمەت» نىڭ كۈچىگە تايىنىپ قولدىن كەتكەن جەننەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

نەزەر ئۈمىدسىزلىكتە ئېلىشىپ قالىدۇ. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) 9 - ئايدا، ئەپيۇن سۈيىنى جىق ئىچىۋېلىپ، زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ. نەزەر ئۆمرىدە توققۇز خوتۇن ئالغان، ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەن، بەشىر ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى.

**خوجانىياز ھاجى (1881 — 1941)**

ئەر، ئۇيغۇر، غەربىي تاغ تاراتىدىن، بوۋىسى ئېلىياز، ئاتىسى ئىمىننىياز - لار قۇمۇل ئوردىدا ئەمەل تۇتقان.

خوجانىيازنىڭ بالىلىق دەۋرى تاغدا ئۆتكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى، مەرگەن بولۇپ يېتىلگەنىدى، ياشلىقىدا مۇپەتتى بولغان. 30 ياشلارغا كىرگەندە دادىسى بىلەن ھەججىگە بارغان، قايتىپ كېلىپ تۆمۈرنىياز (تۆمۈر خەلپە) قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سىرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، كېيىنچە توقسۇنغا كېلىپ قۇربان نىياز ھاكىم (قۇمۇللۇق، «ئېھۇرىغۇل مەدرىسى» دە ئوقۇغان) نىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھلانغان. مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى)، خوجا

نىياز قومۇلغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئوردىدا يۈسۈپ تەيجىنىڭ كېپىللىكىدە، ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ۋاڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشكە باشلايدۇ.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930-يىلى) 6-ئايدا، ئاخىرقى ۋاڭ ئۆلىدۇ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ. كېيىنكى يىلى قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ، بۇنىڭغا خوجانىياز ھەممىدىن ئاۋال ئاۋاز قوشىدۇ ھەم غەربىي تاغ رايونىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشىغا باشلامچىلىق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قابىل تەشكىلاتچىلىقى بىلەن دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ ۋە بۇ قوشۇنىنىڭ مۇھىم رەھبىرى بولۇپ قالىدۇ.

مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) 10 - ئايدا، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى گەنسۇنىڭ خېشى رايونىغا چېكىنىدۇ، سابىق دېھقانلار قوشۇنىنىڭ باش قۇماندانى ئابدىنىياز ماجۇڭيىڭغا ئەگىشىپ گەنسۇغا كېلىشىۋالىدۇ، بۇ چاغدا خوجانىياز دېھقانلار قوشۇنىنىڭ باش قۇماندانلىقىغا سايلىنىدۇ. كېيىنكى يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دېھقانلار قوشۇنى قورشاپ يوقىتىشقا قارشى تۇرۇش جېڭىدە ئۇتۇقسىزلىققا ئۇچرايدۇ، خوجانىياز تاغ ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنىدۇ.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى گۇچىڭغا چېكىنىپ، گۇچىڭنى قوغدايدۇ، خوجانىياز بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ تاغدىن چۈشىدۇ. بۇ چاغدا، تۇرپاندىكى دېھقانلار قوشۇنى قۇمۇل دېھقانلار قوشۇنىنى بىرلىشىپ جەڭ قىلىش ئۈچۈن تۇرپانغا تەكلىپ قىلىدۇ. خوجانىياز بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ تۇرپانغا قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى 6000 دىن ئاشىدۇ. 5 - ئايدا، ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئۇلار پايدىلىنىش ئۈچۈن دېھقانلار قوشۇنىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ماجۇڭيىڭ خوجانىيازنى «جەنۇبىي شىنجاڭ خەلق ئارمىيىسىنىڭ باش قۇماندانى» قىلىپ تەيىنلەيدۇ؛ شېڭ شىسەي بولسا ئۇنى «جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون شتابىنىڭ سىلىڭى» قىلىپ تەيىنلەيدۇ. خوجانىياز بولسا ئۆزىنىڭ كۈچىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئاقسۇغا كېلىۋالىدۇ.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى، سابىت داموللا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قەشقەردە قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ، ئاقسۇدا تۇرغان خوجانىيازنى زۇڭتۇڭلۇققا تەيىنلەيدۇ، خوجانىياز دەرھال قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىدۇ. قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» يىمىرىلىدۇ، خوجانىياز ئۆز قىسمىنى باشلاپ يېڭىسارغا كېلىۋالىدۇ.

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) 7 - ئايدا، خوجانىياز بىلەن شېڭ شىسەي

ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنىدۇ. دېھقانلار قوشۇنى يېڭىدىن تۈزۈلگەن ئالتىنچى شىمغا ئۆزگەرتىلىدۇ، خوجانىياز ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدۇ. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) خوجانىياز باشچىلىقىدا باقى نىياز، ئابدۇرېھىم قاتارلىق 20 نەچچە كىشى مەككىگە ھەج تاۋابقا بارىدۇ. كېيىنكى يىلى، چېن لىغۇ شىنجاڭغا كېلىپ خوجانىياز بىلەن مەخپىي كۆرۈشىدۇ. بۇ ئىش شېڭ شىسەينىڭ گۇمانىنى قوزغايدۇ. شۇ يىلى 7 - ئايدا، شېڭ شىسەي خوجانىيازنى «زىياپەت» نامى بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىگە چاقىرىپ كېلىپ، «توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى» دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ، خوجانىيازنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىدۇ، خوجانىيازنىڭ تۇرار جايى ئاختۇرۇلىدۇ، بارلىق مال-دۇنياسى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) خوجانىياز شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇ يىلى ئۇ 60 ياشتا ئىدى.

### ۋۇجىنگوي (1943 - 1885)

ئەر، خۇيزۇ، ئەسلى يۈرتى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دالى ناھىيىسى. ئۇنىڭ ئاتىسى ۋۇشېخې قۇمۇل چارۋا - باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، قۇمۇلدا داڭلىق كىشىلەردىن ئىدى. ۋۇجىنگوي چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇزاق يىللار ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان ۋە سودىگەرچىلىك قىلغان. تەسىرى بار ئادەم ئىدى. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) قۇمۇل سودىگەرلەر ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. كېيىنكى يىلى، ماجۇڭيىڭ قۇمۇل شەھىرىنى قورشىۋالغاندا، ۋۇجىنگوي سودا تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىغا ھەمكارلىشىپ شەھەرنى يېرىم يىلدەك ساقلايدۇ. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) ھۆكۈمەت قوشۇنى قۇمۇلدىن چېكىنگەندە، ۋۇجىنگوي ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ، مالىمانچىلىقتا يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدۇ. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى)، قۇمۇل شەنشى مەسچىتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. مىنگونىڭ 25 - يىلىدىن 26 - يىلىغىچە (1936 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە) بولغان ئارىلىقتا مەككىگە ھەجگە بارىدۇ. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) قۇمۇلدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

### بەشىر (1950—1912)

ئەر، ئۇيغۇر، قۇمۇلنىڭ ئاخىرقى ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ نەۋرىسى، نەزەرنىڭ ئوغلى. بەشىر 19 ياشقا كىرگەندە، بوۋىسى شامەخسۇت ئۆلۈپ كېتىدۇ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ۋە ئۇنىڭ ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى نەزەر جىن شۇرېن تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە نەزەربەنت قىلىنىدۇ. «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە

www.uyghurkitap.com

تەسىر يەتتىدۇ. بىشىر ئۇردا ئەمەلدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يوقىرى - تۆۋەن قاتىراپ قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە جىن شۇرېننىڭ سىياسەت جەھەتتە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاخىرى مىنگونىڭ 20 - يىللىدىكى دېھقانلار قوزغۇلىشى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بىشىر قوزغىلاڭچىلار سېپىگە كىرىۋېلىپ، مالىيە - ماددى جەھەتلەردىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قوزغىلاڭنى قوللايدۇ. ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە، بىشىر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇرپانغا كېلىپ، بۇ يەردە شەھەر قوغداش سىلىڭى بولىدۇ. ماجۇڭيىڭ مەغلۇب بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە، ئۇ قومۇل، پىچان يىزىلىرىدا مۆكۈپ يۈرۈيدۇ. 1933 - يىلىدىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەندە بېشىرغا تۇرغۇنلىغان يەر - زېمىن، مال - مۈلۈك (5000 مودىن ئارتۇق يەر) قالدۇرۇلىدۇ. 1946 - يىلى، بېشىر قومۇل ناھىيىسىگە ھاكىم بولىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1951 - يىلى 6 - ئايدا، بىشىر زومىگەر پومېشچىك جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ، قاتتىق زۇلۇم چەككەن قومۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇنىڭ جىنايىتى ئۇستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. شۇ يىلى، بېشىر تۈرمىدە كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ.

### شۇۋەنچىڭ (1880 - 1951)

ئەر، خەنزۇ، تەخەللۇسى زىچىڭ، ئەسلى يۇرتى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ناھىيىسىدىكى شۈجيا كەنتى. ئۇنىڭ ئاتىسى گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرى زوزۇڭتاڭ قوشۇنى بىلەن قومۇلغا كېلىپ، تاشۋېلىقتا مۇداپىئە ئەمەلدارى، باش دىۋانبېگى قاتارلىق ھەربىي ئەمەللەرنى تۇتقان.

شۇۋەنچىڭ گۇاشۇنىڭ 6 - يىلى (1880 - يىلى) تاشۋېلىقتا تۇغۇلىدۇ، بالىلىق چېغىدا كونا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تاشۋېلىق ۋە قومۇلدا كۆپ يىل شاگىرت تەربىيىلەيدۇ.

مىنگونىڭ 2- يىلى (1913 - يىلى)، شۇۋەنچىڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ. مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) دىن كېيىن يەنە پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ ۋە ساۋكۇننىڭ پارە بېرىپ زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىش رەزىل ئويۇنىغا قاتنىشىدۇ. مىنگونىڭ 13- يىلى (1924 - يىلى)، فېڭ يۇشياڭ بېيجىڭدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ساۋكۇننى قاماپ قويىدۇ. شۇۋەنچىڭ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىۋالىدۇ. مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى) قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىنىدۇ، كېيىنكى يىلى بۇ ۋەزىپىدىن قالىدۇ. مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى) قومۇل «يەرلىك دورا» ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئەپيۇن بېجى يىغىدۇ، ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ۋەزىپىسىدىن قېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. مىنگونىڭ 19 - يىلى، (1930 - يىلى) چىيەندى (ھازىرقى مىچۈەن) ناھىيىسىگە ھاكىم بولىدۇ ۋە بىر يىلدىن

كېيىنلا بۇ ئەمەلدىن بوشىتىلىدۇ. كېيىنكى يىلى، قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ، شۇۋەنچىڭ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىنقى سەپ ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ ھەيئەتى سۈپىتىدە قۇمۇلغا كېلىپ «ھال سورايدۇ»، كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى ئۈچىنچى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ بىكار يۈرىدۇ. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى)، قۇمۇلدا ناھىيىلىك كېڭەشكە «خەلق سايلىمى» ئۆتكۈزۈلگەندە شۇۋەنچىڭ كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككى يىل قۇرۇق ئەمەل تۇتىدۇ. 1951 - يىلى 8 - ئايدا، شۇۋەنچىڭ قۇمۇلدا كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ.

شۇۋەنچىڭ مىنگو يىللىرى قۇمۇل ۋە باشقا يەرلەردە كۆپ يىل ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇ ئومۇمەن پاك - دىيانەتلىك بىلەن ياشايدۇ. ئۇ كۇڭزى - مېڭزى يولىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قۇمۇلدا ئولتۇراقلىشىپ، قۇلۇم - قوشنىلارنىڭ جېدەل - ماجىرالىرىنى ھەل قىلىپ، يامانلىشىپ قالغانلارنى ياراشتۇرۇپ، يۇرتداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

### نامان شاۋان (1878 - 1954)

ئەر، ئۇيغۇر، قۇمۇل شەھەرئىچىدىن. كىچىكىدىنلا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، 18 يېشىدا مەككىگە ھەج تاۋابىقا بېرىپ، شۇ يەردە 14 يىل ئوقۇغان. ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام كلاسسىكلىرىنى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى (1912 - يىلى)، قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، شەھەرئىچى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولغان. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى)، بازار مەكتەپ مىللىي سىنىپىدا دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولغان. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى)، مەسچىتتە مۇپتى بولغان. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ھوشۇر قازى ئاخۇنۇم كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نامان شاۋان قازى بولۇپ، نامان قازى ئاخۇنۇم دەپ ئاتالغان.

1952 - يىلى، نامان قازى ئاخۇنۇم بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1954 - يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك تۇنجى قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان. قۇرۇلتايدا ھەم ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان. شۇ يىلى، نامان قازى ئاخۇنۇم كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولىدۇ.

نامان قازى ئاخۇنۇم ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە كلاسسىكلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، ئۇزاق مۇددەت دىنىي تەربىيە ۋە دىنىي تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللانغان، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن دىنىي ئەرباب ئىدى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ خەلق ھۆكۈمىتىنى قوللاپ، پارتىيىنىڭ دىنىي - مىللىي سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى قانات يايدۇرۇلغان دېموكراتىك ئىسلاھاتلاردا

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ بىرمۇنچىلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

### ئابدۇللا باقى ھاجى (1878 – 1962)

ئەر، ئۇيغۇر، قۇمۇل شەھەرئىچىدىن. ئۇنىڭ ئاتىسى باسىت ھاجى داڭلىق
ئۇستا بولۇپ، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك ۋە تامچىلىق ئىشلىرىغا ناھايىتى پۇختا ئىدى.
ھېچقانداق ئۇستا كۆرمەيلا، سائەت ياساشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئابدۇللا باقى كىچىـ
كىدىنـلا ئاتىسىدىن ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپ يېتىشىپ چىققان،
ئۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى پىششىق بىلىپلا قالماي، قۇرۇلۇش لايىھىلەشنىمۇ ئوبدان
بىلەتتى. ئۇ ئۆمرىدە ئورغۇنلىغان قۇرۇلۇشلارنى لايىھىلەپ ياسىغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە
كىشىلەرگە يارايدىغىنى قەيىس غوجام مازىرى، «جۇڭسەنتاڭ زالى» ۋە ھېيتكا مەسـ
چىتىنىڭ تۈۋرۈكىنى كۆتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردۇر.
ئابدۇللا باقى ھاجى 1962 -يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتىدۇ.

### ۋاڭ سوۋېي (1887 – 1967)

ۋاڭ سوۋېي، لەقىمى جۇنتىڭ، تەخەللۇسى جۇچې، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالتىنچى بالىسى
بولغاچقا كىشىلەر ۋاڭ لىۇيې دەپمۇ ئاتىشاتتى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 13 -
يىلى (1887 - يىلى) 9 - ئايدا تۇغۇلۇپ، 1967 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 80
يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.
ۋاڭ سوۋېي گەنسۇنىڭ مىنچىن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. گۇاڭشۈنىڭ
ئاخىرقى يىللىرى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن قۇمۇل تاشۋېلىق يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىپ،
ئاتىسى ۋە ئاكىسىنىڭ قولىدا دېھقانچىلىق قىلىدۇ ۋە تېۋىپلىقنى ئۆگىنىدۇ. مىنگو-
نىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى)، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي باغچا مەھەللىسىگە كۆچۈپ
كېلىپ تېۋىپلىق قىلىدۇ. قۇمۇل ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1954 - يىلى شىنجۇڭ
بىرلەشمە شىپاخانىسىغا قاتنىشىدۇ. كېيىن ياشىنىپ قېلىپ سالامەتلىكى يار بەرمىگەنـ
لىكتىن، 1959 - يىلى بۇ شىپاخانىدىن چېكىنىپ چىقىۋالىدۇ. لېكىن ئۆيىدە كېسەل
كۆرۈشنى توختىتىپ قويماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تېۋىپلىق قىلىدۇ.
ۋاڭ سوۋېينىڭ ئاتا - بوۋىلىرى تېۋىپ ئىدى، ئۇ كىچىكىدىنلا تېۋىپقا دائىر ئىشلارنى
كۆزى بىلەن كۆرۈپ قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ تۇرغانلىقى ھەم زېرەك، تىرىشچان بولغانلىقى.
ئۈچۈن 20 ياشلارغا كىرگەندىلا مۇستەقىل كېسەل كۆرەلەيدىغان بولغانىدى. ئۇ ئاياللار
كېسەللى، تەپ كېسىلى، بالىلاردا بولىدىغان چۇقۇق (گرىژ) قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشقا
ماھىر ئىدى. بالىلارنىڭ چۇقۇق كېسەللىرىنى دورا ئىشلەتمە ئۇۋۇلاپ داۋالاپلا ساقايتىپ
قوياتتى. ئەر - ئاياللاردىكى تۇغماسلىق كېسەللىكلىرىگىمۇ ئۈنۈملۈك دورىلارنى قىلاتتى.
ۋاڭ سوۋېي 60 يىل تېۋىپلىق قىلىش جەريانىدا دوختۇرلۇق ئەخلاقىغا ئالا-
ھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، كەمبەغەل بىمارلارنى دائىم ھەقسىز داۋالىغان. ھەتتا دورا
پۇلىنىمۇ ئالمىغان، يىراقتىن كەلگەن ھەم قىيىنچىلىقى بار بىمارلارنى ھەقسىز ياتقۇ-

زۇپ داۋالىغان ۋە قۇرسىقىدىن خەۋەر ئالغان. جىددىي كېسەللەرگە دۇچ كەلگەندە ئېغىر كۆرمەي ئۆيىگە بېرىپ داۋالىغان. ئاز سانلىق مىللەت بىمارلىرىنىمۇ قىزغىن داۋالىغان. قىيىنچىلىقى بار بىمارلار داۋالاش ھەققى ئۈچۈن، بىر ئۇچۇم جىگدە، بىر ئۇچۇم ئۆرۈك ياكى نەچچە نان بەرسىمۇ رازى بولغان.

ۋاڭ سۇۋېي ھايات چېغىدا خۇراپاتلىقنى ئىشەنمەيتتى. تېبابەتچىلىق كىتابلىرىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى.

## يولۋاس (1889 - 1971)

ئەر، ئۇيغۇر، شىنجاڭنىڭ مارالبېشى ناھىيىسىدىن. تەخمىنەن چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 20 - يىلى (1894 - يىلى) ئۇنىڭ ئاچىسى جىنەستىخاننى قەشقەرنىڭ دوتىيى خۇاڭ گۇاڭدا (خەنزۇ) خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، جىنەستىخاننىڭ ئاتىسى ھوشۇر مىراب ئۆلۈپ كېتىپ، يولۋاس ئاچىسى جىنەستىخان بىلەن جىيەن ئاكىسى خۇاڭ گۇاڭدانىڭ قولىغا قالىدۇ. كېيىن خۇاڭ گۇاڭدا مەنسەپتىن قالىدۇ. ئۇ، ئايالى ۋە قېيىنىسىنى ئېلىپ بېيجىڭغا بارىدۇ، بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، جىنايىتى ئۈچۈن قاماققا ئېلىنىدۇ، جىنەستىخان بىلەن يولۋاس كوچىدا سەرگەردان بولۇپ قالىدۇ، شۇ كۈنلەردە، ئۇلار بېيجىڭغا خاننى زىيارەت قىلىپ بارغان قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇتنىڭ ھەمراھلىرىغا ئۇچراپ قالىدۇ، جىنەستىخان ئۇلارغا ئاچا - ئۇكا ئىككىيلەننى شىنجاڭغا بىللە ئېلىپ كېتىش تەلىپىنى قويىدۇ. ۋاڭ شاھمەخسۇت ماقۇل بولىدۇ ۋە ئاتىدارچىلىق قىلىپ جىنەستىخاننى ئېزىز قىزىغا نىكاھلاپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇ ئىككىسى شاھمەخسۇتلار بىلەن بىللە قۇمۇلغا كېلىدۇ. جىنەستىخان قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن ئېزىز قىزى بىلەن بىر يىلدەك بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. كېيىن زىددىيەت تۇغۇلۇپ ئىككىسى ئاجرىشىپ كېتىدۇ ۋە ئىبراھىم بەگكە تېگىدۇ.

يولۋاس قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال جىيەن ئاكىسىنىڭ دۇكىنىدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ، كېيىن يۇسۇپ تەيجىنىڭ سودا ياردەمچىسى بولىدۇ. ئاندىن يۇسۇپ تەيجىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئوردىدا كىچىك تەرجىمان بولىدۇ. بۇ مىنگونىڭ (1912 - يىلىنىڭ) دەسلەپكى يىللىرى ئىدى. مىنگونىڭ ئۈچىنچى يىلى (1914 - يىلى) يولۋاس ئوردىنىڭ بازار بېگى بولىدۇ، كېيىنكى يىلى ئوردىنىڭ باش سودا ئەمەلدارى بولىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىشىك ئاغىسى بولىدۇ. مىنگونىڭ بەشىنچى يىلى (1916 - يىلى) ئۇ يەنە ئۈچبەگ بولىدۇ. مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى) قۇمۇلدا ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىدارىسى قۇرۇلىدۇ، ئوردا كاتىپى شى زوجىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن يولۋاس قوشۇمچە ترانسپورت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. شۇ يىلى يولۋاس ئوردا قۇراللىق قاراۋۇل يىگىتىنىڭ يىگجاڭى بولىدۇ. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى)، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇلدا قۇرغان ئۇيغۇر ئاتلىق يىگىتىنىڭ يىگجاڭى

بولىدۇ، ئۇردىدا يەنە چوڭ تەرجىمان، ئالاقىچى ھەم قوغدىغۇچى دېگەندەك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ئەمەلىيەتتە ئۇردىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇۋالىدۇ.

مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى) 6-ئايدا، شامەخسۇت ۋاڭ كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋاڭلىق ئىمتىيازىنى بىكار قىلىپ، «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇردا ھاكىمىيىتى يىمىرىلىدۇ. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ شىجاڭى ليۇشىزىڭنىڭ كېپىللىككە ئېلىشى بىلەن يولۋاس ئۇيغۇر ئاتلىق يىڭىنىڭ يىڭجاڭلىقىنى داۋاملىق ئۆتەيدۇ ھەمدە ئۇردا ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى ئېنىقلاشقا قاتنىشىدۇ.

مىنگونىڭ 20-يىلى (1931-يىلى)، قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ، ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە قۇمۇل شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. يولۋاس قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ شىجاڭى جۇرۇيچېننىڭ سۆھبەت ۋەكىلى بولۇپ شەھەر ئىچىگە قوزغىلاڭچىلارنىڭ كاتىپىشىنى ئىزدەپ كىرگەندە، قوزغىلاڭچىلار تۇتۇۋېلىپ ما جۇڭيىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ما جۇڭيىڭ ئۇنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدىكەن ھەم زېرەك، چاققان ئىكەن، دەپ داۋاملىق ئىشقا قويىدۇ. يولۋاس شۇ ئان ما جۇڭيىڭنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئەمەلىي كۈچىنى كېڭەيتىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى بولۇش كويىغا چۈشىدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا يولۋاس ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ھەدەپ قوللايدۇ، ئۆلكە قوشۇنلىرى بىلەن مۇرەسسەللىشىپ ئۆز كۈچىنى قوغداپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ گەنسۇغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، يولۋاس قۇمۇلنىڭ شەرقىي تاغلىرىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كاتىپىشى بولۇۋالىدۇ.

مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) ما جۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە، يولۋاس يەنە ئۇنىڭ كەينىگە كىرىدۇ، ھەربىي قىسىمغا ئاشلىق يىغىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن تۇرپان گارنىزون لۈيىنىڭ لۈيجاڭلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. كېيىنكى يىلى ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىدۇ، يولۋاس ئەسكىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما بېرىپ، ئۇنى قوللاپ يەرلىك ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شېڭ شىسەي يولۋاسنى ھەربىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى ئاستىدا قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ھەمدە سوۋېت مەسلىھەتچىسىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ قىسىملارنى تەرتىپكە سالىدۇ. بۇنىڭ كەينىدىنلا، شېڭ شىسەي شۇ يۇشىڭنى قۇمۇل بازىرىنىڭ گارنىزون سىلىڭى قىلىپ ئەۋەتىپ مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە ئورنىنىڭ تەھدىت ئاستىدا قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يولۋاس سوۋېت مەسلىھەتچىسىنى تۇتۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۆلكە تەرەپتىن كېلىدىغان قوشۇننى توسۇش ئۈچۈن توغۇچىدا مۇداپىئە سېپى قۇرىدۇ. شېڭ شىسەي ئۇرۇش ئوتى قايتا يېنىپ، ئۆز ئورنىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، يولۋاسنى قۇمۇل بازىر-

نىڭ گارنىزون سىلىگى قىلىپ تەيىنلەشكە مەجبۇر بولىدۇ، ئادىلنى قۇمۇل ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلنىڭ ۋەزىيىتى يۇمشايدۇ.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 4 - ئايدا، جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي سەپ قىسمىنىڭ بىر بۆلىكى شىڭشىڭشياغا يېتىپ كېلىدۇ. يولۋاس شېڭ شىسەينىڭ قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش توغرىسىدىكى يولىيورۇقىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىدۇ ھەم ئەگەر شېڭ شىسەي قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىشتا چىڭ تۇرىدىغان بولسا، مەن قۇمۇلدا ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق قىلىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىمەن، دەپ جار سالىدۇ. كېيىن، يولۋاس قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ۋە ئۆلكە قوشۇنىنىڭ قۇمۇلغا كېلىپقېلىشىدىن ئەنسىرەپ شەرمەندىلەرچە چېكىنىدىغان قېچىپ بارىدۇ ۋە مابۇ فاڭنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن نەنجىڭغا بېرىپ ئۆزىنى جياڭ جېيشىنىڭ قوينىغا ئاتىدۇ.

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) 2 - ئايدا، يولۋاس گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتىنىڭ جۇڭجاڭ دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي لياۋ يۇچيۇ دېگەن ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) گومىنداڭ مەركىزىي رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. بۇندىن باشقا، يولۋاسنىڭ بىرمۇنچە ئىسمى بار جىسمى يوق ئەمەللىرى بار ئىدى، مەسىلەن، سىچۇەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى، موڭغۇل - زاڭزۇ ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو چېگرا رايونلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي ئىجرائىيە ئەزاسى، شەرق مەدەنىيىتى جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي ئىجرائىيە ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ئەزاسى دېگەنگە ئوخشاشلار.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى)، يولۋاس شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، گومىنداڭ مەركىزىنىڭ دۆلەت سىياسىتى مەسلىھەتچىسى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. كېيىنكى يىلى 10 - ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە ئامانلىق قوغداش سىلىگى بولىدۇ ھەم گومىنداڭ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسى بولىدۇ.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 2 - ئايدا، يولۋاس شەرقىي شىنجاڭ لەۋھە تەقدىم قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ، نەنجىڭغا بېرىپ جياڭ جېيشى قاتارلىقلارغا لەۋھە تەقدىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ ھەم گومىنداڭ مەركىزىگە ئاتالمىش شەرقىي شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ئۆلكىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش تەمەسىدە بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇ يىلى كۈزدە، ئۇ ئىككىنچى قېتىم شەرقىي شىنجاڭ لەۋھە تەقدىم قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ لەنجۇ، شىنىڭ، يىنچۈەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، جاڭ جىجوڭ، ما خۇڭكۈي، مابۇ فاڭ قاتارلىقلارغا لەۋھە تەقدىم قىلىدۇ ھەم ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇشىنى قوللاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، يولۋاس قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىدا داۋاملىق قالدۇ. لېكىن ئۇ تۆلكىلىك قىلىپ، يوشۇرۇن قېچىشنى پىلانلايدۇ. 1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، قۇمۇل شەھىرىدىن يوشۇرۇن چىقىپ، يول بويى قوراللىق توپىلاڭ قوزغايدۇ ھەم باندىت كاتىباشلىرىدىن ئوسمان، جانىمقانلار بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي شىنجاڭ توپىلىڭىنى قوزغايدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ يوقىتىشى نەتىجىسىدە باندىتلار تار مار بولىدۇ، يولۋاس بولسا قۇمۇلدىن چىققان پېتى چىڭخەي، شىزاڭ ئارقىلىق 1951 - يىلىنىڭ بېشىدا ھىندىستانغا كىرىپ، شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەيۋەنگە قېچىپ بارىدۇ.

يولۋاس تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن، تەيۋەننىڭتۈركىيىدە تۈرۈشلۈق ئاتالمىش «باش ئەلچىسى» ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ «رەئىسى» لىكىگە تەيىنلىنىدۇ ھەم نەچچە قىسىملىق ئەسلىمە يېزىپ چىقىدۇ. 1971 - يىلى 7 - ئايدا تەيۋەندە كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ.

يولۋاس قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ، نۇرغۇن مال دۇنيا توپلىغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ قۇمۇلدا ئالتە كارىزى، 400 مودىن ئارتۇق يېرى، 147 ئېغىز ئۆيى ۋە باغچىسى، كارخانىسى، ئات - ئۇلاغلىرى، ماشىنىسى، سودىسى، سالغان مەبلىغى، ئامانەتكە قويغان پۇلى، جاۋاھىرلىرى بار ئىدى، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 941 مىڭ يۈەنگە بارىدۇ (1960 - يىلىدىكى مال باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا).

يولۋاس گۇاڭشۈنىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى) تۇنجى قېتىم ئۆيلىنىپ، 1950 - يىلى 3 - ئايدا قېچىپ كەتكەنگە قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 10 خوتۇن ئېلىپ، تۆت ئوغۇل ۋە تۆت قىزلىق بولىدۇ. ئىككىنچى ئوغلى ياقۇپ (ياۋ داۋخۇڭ) 1949 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولىدۇ، ئازادلىقتىن كېيىن داۋاملىق قالدۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. 1950 - يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە تەيۋەنگە قېچىپ بارىدۇ.

**قوشۇمچە: ياۋيۈچيۈ**

خەنزۇ، مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) خۇبېينىڭ خەنكۇ شەھىرىدە يولۋاس بىلەن توي قىلىدۇ. بۇ يولۋاسنىڭ 10 - خوتۇنى ئىدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى)، ئېرى يولۋاس بىلەن قۇمۇلغا كېلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇمۇل ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى، گومىنداڭ قۇمۇل ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1950 - يىلى قېچىپ كېتىۋاتقاندا كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

**ئابلىمىت ھاجى (1897—1976)**

ئەر، ئۇيغۇر، قۇمۇل شەھەر ئىچىدىن. 20 يېشىغىچە ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن بىللە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە يىل ئۇششاق

تىجارەتچى بولغان. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ئاتىسى بىلەن بىللە مەككىگە ھەج تاۋاپ قىلغىلى بارىدۇ، كېيىنكى يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ، مىنگونىڭ 27 - يىلىدىن 33 - يىلىغىچە (1938 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە) بۇ ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدۇ، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن كېيىن، شەھەر ئىچى مەدرىسىنىڭ مۇتەۋەللىسى ۋە مۇدەررىسى بولىدۇ.

قومۇل ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئابلىمىت ھاجى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدۇ؛ ئاۋال شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قومۇل شۆبىسىدە ئىشلەيدۇ، 1952 - يىلى 10 - ئايدا شەھەرئىچى رايونلۇق ھۆكۈمەتتە مەدەنىيەت، مائارىپ كادىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1953 - يىلى ناھىيىلىك ھەر مىللەت ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ سايلىنىدۇ ھەم ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ. 1955 - يىلىدىن كېيىن، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. ئۇ ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، پارتىيىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللىدىكى سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىدۇ. 1954 - يىلىدىن كېيىن، ئۇ قومۇلنىڭ قازىسى بولىدۇ ھەمدە مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ. ئۇ دىنىي مەدەنىيەت ۋە ئىسلام كىلاسسىكلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تەتقىق قىلغان، بىلىمى چوڭقۇر، ئىدىيىدە تەرەققىپەرۋەر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

1976 - يىلى 9 - ئايدا ئابلىمىت ھاجى شەھەرئىچىدىكى ئۆيىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

**ياڭ فۇچېڭ (1922 — 1977)**

ئەر، خەنزۇ، سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ زىگۇڭ دېگەن يېرىدىن. 14 يېشىدىن باشلاپ زىگۇڭدىكى تۇزچىلىق مەيدانىدا ئىشلىگەن. 1948 - يىلى يۇرتىدا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان، كېيىنكى يىلى شىئەندە ئازاد بولۇپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، ئالتىنچى جۇننىڭ 16 - شىسىدا تۇرغان. شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1949 - يىلى قىسىم بىلەن بىللە قومۇلغا كەلگەن، 1951 - يىلى ھەربىي سەپتىن يەرلىك خىزمەتكە ئالمىشىپ، توغۇچى ئاقيەر رايونى، پالۋانتۇر يېزىلىرى، راھەتباغ ۋە شەھەرئىچى گۇڭشېلىرى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلاردا رايوننىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، گۇڭشې (دېھقانچىلىق مەيدانى) پارتكوم شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ئاساسىي قاتلامدا ئۇزاق مۇددەت ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن كەڭ ئالاقە باغلىغان، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا سەمىمىي ساداقەتلىك بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ئاممىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. 1958 - يىلى ياڭ فۇچېڭ شەھەر-

ئىچى گۇڭشېسىدىكى كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ سالا ئېتىزلارنى رەتلىشىگە، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان، خۇسۇسەن راھەتباغ سۇ ئامبىرىنى ياساشقا باشچى بولغان، بۇنىڭ بىلەن، تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى سۇغىرىش كاپالەتكە ئىگە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئادەملىرى چەت - ياقا جايلارغا كېتىپ قېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇ. 1973 - يىلى 4 - ئايدا، ياك فۇچېڭ ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنى پارتكومىغا شۇجى بولدۇ. ئۇ، خىلمۇ خىل توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ئورنىتىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قىياپىتىنى ياخشىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى يىلى ئاشلىقتىن مول - ھوسۇل ئېلىنىدۇ. ئۇ يەنە كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ كۆچەتزارلىق بىنا قىلىپ نۇرغۇنلىغان كۆچەت يېتىشتۈرۈشىگە باشچىلىق قىلىپ ساقانى كۆكەرتىش ئۈچۈن قان - تەر تۆكىدۇ. 1975 - يىلى 9 - ئايدا ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش «ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى ھەرىكىتى» داۋامىدا ياك فۇچېڭ خاتا تەنقىد قىلىنىپ، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

1977 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۇ راك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدۇ.

**ئىسمايىل ئىبراھىم (1925—1979)**

ئەر، ئۇيغۇر، قۇمۇل شەھەر ئىچىدىن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى قۇمۇل يېزىلىرىدا مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنچە ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا بوغالتىر بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇزاق مۇددەت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا، شىنجاڭ مەدەنىيەت ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بىلەن بېيجىڭ قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان، ماۋزېدۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا سازاۋەر بولغان. قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، ئېكسكۇرسىيە داۋامىدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىنى تەشۋىق قىلغان، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلغان. 1959 - يىلى، تىيانشان گۇڭشېسىدىكى بىر دېھقان تېپىۋالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «مائىترى سىمىت» نى گۆھەر سۈپىتىدە ساقلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ كۆرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

ئىسمائىل ئىبراھىم خۇشپېئىل، قىزىقچى، يۇمۇرلۇق ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئويۇن - چاقچاقلىرى كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر - خەنزۇلار ئىچىدە «نەسىردىن ئەپەندى» دېگەن نامى بار ئىدى.

1979 - يىلى 3 - ئايدا يۈرەك تىقىلما كېسەللىكى بىلەن ۋاپات بولدۇ.

**مۇھەممەت ياسىن (1939 — 1981)**

ئەر، ئۇيغۇر، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ چاھارباغ دېگەن يېرىدىن. 1958 - يىلى

ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ۋاقىتلىق ئىشچى بولغان، كېيىن ۋىلايەتلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ رەسمىي ئىشچىلىقىغا ئۆتكەن. 1963-يىلى مۇھەممەت ياسىن پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلدۇ، بىر يىلدىن كېيىن قومۇلغا قايتۇرۇلۇپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشتى. ئۇ ئومۇم ئۈچۈن خالىس ئىشلەيتتى، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلەتتى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن نومۇر خاتىرىلىگۈچى، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋە تراكتورچى بولۇپ ئىشلەپ كوللېكتىپ ۋە ئامما ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. 1980-يىلى 10-ئاينىڭ بىر كۈنى، ئۇ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ھوشسىز ياتقان بىر خەنزۇ ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىدۇ ۋە ئايالغا قارىتىپ قويۇپ ئۆزى ج خ ئىدارىسىگە بېرىپ مەلۇم قىلىدۇ. ج خ ئىدارىسى بۇ ئايالنىڭ ئېرىنى تېزلا تېپىۋالىدۇ ۋە بۇ ئايالنىڭ نېرۋا كېسىلى بولۇپ، سىرتقا چىققاندا كېسىلى قوزغىلىپ ھوشىدىن كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئايالنىڭ ئېرى مۇھەممەت ياسىننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، سىز مېنىڭ ئايالىمنىڭ ھاياتىنى قۇتقازدىڭىز، دەپ مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر ئېيتىدۇ. 1981-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى مۇھەممەت ياسىن 11 ياشلىق ئىككىنچى ئوغلىنى خەلقئارا بالىلار بايرىمىنىڭ پائالىيىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ كىرىدۇ. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 لەر ئەتراپىدا، ئۇ ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇدۇلدىكى 50-نومۇرلۇق قورودىن بىر ئايالنىڭ «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ-دە، بىر قىسىم ئۆتكۈنچى كىشىلەر بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغۇچى ئۇرۇمچىدىن قومۇلغا تۇغقان يوقلاپ كەلگەن خىزمەتچىنىڭ ئايالى زورەمخان ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مۇندىن يېرىم سائەت ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئىككى ئۆكىسى (بىرى كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىشچىسى ئابلىز، يەنە بىرى تۆمۈريول كۆۋرۈك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ياقۇپ)، ھويلىسىدىكى ئۇزۇمنى سۇ پومپىسى بىلەن سۇغىرىۋاتقاندا، سۇ پومپىسىدىن چاتاق چىققان، ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن ماشىنىنى ياسايمىز دەپ، قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ بىر ھازاغىچە چىقمىغان، ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن. مۇھەممەت ياسىن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال قۇدۇققا چۈشمەكچى بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى توسۇپ، قۇدۇقتىن گاز چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ دادىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ چۈشۈشكە ئۇنىمايدۇ. لېكىن مۇھەممەت ياسىن كىشىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بېلىگە ئارغامچا باغلاپ قۇدۇققا سىيرىلىپ چۈشىدۇ. بىردەمدىن كېيىنلا «تارتىڭلار» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. قۇدۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلار ئارغامچىنى كۆچەپ تارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھوشىدىن كەتكەن ئابلىز سىرتقا چىقىدۇ. باشقىلار ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن يەنە قۇدۇقتىن «تارتىڭلار» دېگەن ئاجىز سادا ئاڭلىنىدۇ، لېكىن بۇ قېتىم ئارغامچىنىڭ يېرىمى تارتىپ چىقىرىلىشىغا قۇدۇقتا قانداقتۇ بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. زورەمخان بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي باشقىلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي، ئارغامچىغا

www.uyghurkitap.com

ئېسىلىپ قۇدۇققا چۈشىدۇ، بىردەمدىن كېيىن، ئارغامچا ئىرغىنىدۇ، ئۈستىدىكىلەر كۆچەپ تارتىدۇ، نەتىجىدە ياقۇپمۇ قۇدۇق ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئوت ئۆچەرگۈچى جەڭچىلەر كېلىپ، زەھەرلىك گازدىن ساقلىنىش ئەسۋابلىرى بىلەن قوراللىنىپ قۇدۇققا چۈشۈپ مۇھەممەت ياسىن بىلەن زورەمخاننى ئېلىپ چىقىدۇ. بىراق، ئۇلار قۇدۇقنىڭ تېگىدە ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەنلىكتىن، ھەر ئىككىيلەنلا ؛ زەھەرلىنىپ بەختكە قارشى قازا تاپىدۇ.

## جاۋدېيۈەن (1982—1917)

ئەر، خەنزۇ، گەنسۇنىڭ ئەنشى ناھىيىسىدىن. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) ئۇ قەھەتچىلىكتىن قېچىپ، قۇمۇلنىڭ چۆەنشۈيدى دېگەن يېرىگە ئورۇنلىشىپ، پومېشچىك، باي دېھقانلارغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. قۇمۇل ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ھەمكارلىشىش-كوپېراتسىيەلىشىش ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ سىنىپىي ئېڭى تېز ئۆسۈپ، 1954 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ. ئۇ 20 نەچچە يىل يېزا ئاساس قاتلام كادىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1962 - يىلى، پالۋانتۇر گۇڭشېسى ياۋۇلۇڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا قارار چىقىرىلىدۇ. ياۋۇلۇڭنىڭ تۆت ئەتراپى قۇملۇق بولۇپ، بوران چىقسا جاھاننى قۇم - توزان قاپلاپ ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، شۇڭا كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىشنى خالىمايتتى. جاۋ دېيۈەن ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقىغا قارىماي، تۇرمۇش شارائىتى ياخشى بولغان چۆەنشۈيدىنى تاشلاپ، ياۋۇلۇڭغا كېلىپ شىنجىيەن دۈينىڭ دۈيجاڭى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى سۆزگە كۆندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بالىسى ۋە 20 نەچچە ئائىلىلىك ئەزانى ياۋۇلۇڭغا ئېلىپ كېلىپ بوز يەر ئېچىپ، ئېتىز - ئېرىق بىنا قىلىدۇ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىدۇ. ئۇلار ئىككى يىل قاتتىق ئىشلەپ دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. 1964 - يىلى جاۋ دېيۈەن ياۋۇلۇڭ دادۈيى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ، ئۇ تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن خوتۇن - باللىرىنىمۇ ياۋۇلۇڭغا كۆچۈرۈپ كېلىدۇ، جاۋ دېيۈەننىڭ ئۈلگە بولۇشى ئارقىسىدا ئەزالار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ ياۋۇلۇڭنى گۈللەندۈرىدۇ، ئون نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ياۋۇلۇڭ دەل - دەرەخلىك، ئېتىز - ئېرىقلىق، تۇرمۇش شارائىتى خېلى ئوبدان يېزىغا ئايلىنىدۇ.

ھەددىدىن ئارتۇق چارچاش نەتىجىسىدە جاۋ دېيۈەن كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بىر كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسىغا ھەمراھ بولۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرۈۋاتقان چاغدا، تۇيۇقسىز قان قۇسۇپ، ھوشىدىن كېتىدۇ. 1979 - يىلى، تەشكىل جاۋدېيۈەننىڭ سالامەتلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى گۇڭشېنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش دۈيىگە يۆتكەپ ئامبارچى قىلىپ قويىدۇ، لېكىن ئۇ باشقىلارنىڭ ئېتىبار بېرىشىنى خالىماي، كېسىلىگە پىسەنت قىلماي، شەرقىي گوبىغا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قى-

لىشقا باردى. 1982 ـ يىلى، جاۋدىيۇەن بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن، كونا كېسىلى قوزغىلىپ بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

**هاپىز ئاخۇن (1902—1982)**

ئەر، ئۇيغۇر، قۇمۇل راھەتباغدىن. ئۇنىڭ ئاتىسى نىيازئاخۇن ئاخىرىقى ۋاڭ شاھ مەخسۇت تەرىپىدىن هاشارغا ھەيدىلىپ، شىڭشىڭشىيانىڭ يولىدا هارۋا بېسىۋېلىپ قازا تاپىدۇ. هاپىز ئاخۇننى كېيىن شەھەر ئىچىلىك هاجى دېگەن كىشى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، تىرىشچان، قولى ئەپچىل بولۇپ، كۆپ خىل ھۈنەر ـ سەنئەتنى ئۆگىنىگەنىدى، مەسىلەن، قىرائەت قىلىش، رەسىم سىزىش، سىرچىلىق، نەققاشچىلىق، تىكىمچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەر ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئۇستازى ئابدۇرېھىم ئۇستىغا ئەگىشىپ ئوردا ۋە مەسچىتلەرنىڭ لىم ـ تۈۋرۈكلىرىگە رەسىم سىزغان، نەققاش چىقارغان، خەت يازغان، شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى سەمىمىي ھالدا «سىرچى هاپىز ئۇستا» دەپ ئاتاشقان. ئابدۇرېھىم ئۇستام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، هاپىز ئاخۇن ئۆزى يالغۇز ئىشلەپ، ئوردا ئىچىنى رېمونت قىلغان ھەم بېزىگەن. ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئوردىدا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئوردا توغرىسىدىكى ھەر خىل ئىشلارنى بىلەتتى، تارىخ توغرىلىقمۇ نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىغانىدى.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى)، قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلار پۇل يىغىش قىلىپ قەيىس غوجام مازىرىنى ياسايدۇ، هاپىز ئاخۇن مازارنى لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ يەنە مازار گۈمبىزىنىڭ ئىچىنى ئايەت يېزىقلىرى بىلەن بېزەپ چىقىدۇ. قەيىس غوجام مازىرى پۈتكەندىن كېيىن، هاپىز ئاخۇن مازارغا كۆچۈپ كېلىپ، شەيخ بولىدۇ، ئۇنىڭ 30 نەچچە يىل كۆڭۈل قويۇپ ئاسرىشى نەتىجىسىدە، قەيىس غوجام مازىرى هازىرغىچە ئەينى هالىتىنى ساقلاپ تۇرماقتا. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، هاپىز ئاخۇن 1000 نەچچە بەتلىك قۇمۇل تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. ئۇ ئۇستا خەتتات بولۇپ، يازغان خەتلىرى كۆركەم، چىرايلىق، نەپىس ئىدى. ئۇ «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ تۇنجى نۇسخىسىغا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن.

1982 ـ يىلى، هاپىز ئاخۇن كېسەل سەۋەبى بىلەن قەيىس غوجام مازىرىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولىدۇ.

**ليۇلىشەن (1926 — 1983)**

ئەر، خەنزۇ، خېبېينىڭ جىنشيەن ناھىيىسىدىن. باللىق چېغىدا ئىنقىلابىي بازىدىكى ھەربىي زاۋۇتتا ئىشچى بولغان. 1947 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان، كېيىنكى يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1949 ـ يىلى قىسىم بىلەن بىللە قۇمۇلغا كېلىپ، باندىتلارنى تازىلاش كۈرىشىگە قاتناشقان. ئۇ قىسىمدا بەنجاڭ، مۇئاۋىن جىداۋيۈەن قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1951 ـ يىلى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ قۇمۇل ناھىيىسىگە كېلىپ، ئاقيەر رايونلۇق پارت ـ

www.uyghurkitap.com

كومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رايون باشلىقى، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن ھاكىم، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ماشىنا ترانسپورت شىركىتى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ليۇلىشەن قۇمۇل ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولغان مەزگىلدە، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تېخنىك خادىملارنى باشلاپ، تاغ تىزمىلىرى ۋە سۇ سىستېمىلىرىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ، ئۆستەڭ چېپىش ۋە سۇ ئامبىرى ياساش توغرىسىدا بىر يۈرۈش تەكلىپ لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن ناھىيىدە سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى. ئۇ ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغان مەزگىلدە، تاشاردىن ساقاغىچە كېلىدىغان ئۆستەڭنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە ئورمان بەلبېغى، ئېتىز - ئېرىقلارنى سېستىمىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزۈشكە باشچىلىق قىلغان. يولداش ليۇلىشەن قابىل كىشىلەرنى ئىشقا قويۇشنى بىلەتتى، جۈملىدىن خاتا چارە كۆرۈلگەن يولداشلارنىڭ بىرەر ئارتۇقچىلىقى بولسىلا، ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ ئىشلىتەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلىپىدە، ليۇلىشەن ئاخشىمى كۈرەش قىلىنسا، كۈندۈزى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشاتتى، مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا، ئۇ تېخنىك خادىملار بىلەن بىرلىكتە قۇمۇلدىن ساقاغا يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر سىمى تارتىپ، ساقادىكى توك يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلدى. 1982 - يىلى، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىدە بولۇۋاتقان ليۇلىشەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ساقاغا بارغاندا، ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلىگەن كادىرلار ۋە ئاممىغا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن: مەن ئۆلسەم، ئۆلۈكۈمنى ئاۋۇ قۇم دۆۋىسىگە قويۇڭلار، مەن كۆپچىلىكنىڭ يۇرتىمىزنى گۈللەندۈرگىنىنى كۆرۈپ ياتاي، دەيدۇ.

1983 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ليۇلىشەن كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدۇ. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن، ئۇنىڭ جەسىتى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ جەنۇبىدىكى جامائەت قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى. ئۇنى ئۇزاتقان كۈنى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئامما ئۆزلۈكىدىن ئۇزاتقۇچىلار سېپىگە قاتناشتى، ھەتتا بەزىلەر ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

**سايىم ھاپىز (1902 — 1983)**

ئەر، ئۇيغۇر، قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق چېغىدا ئاتىسىدىن ھۈنەر ئۆگەنگەن، چوڭ بولغاندىن كېيىن ھۈنەر بىلەن جان باققان. 30 - يىللاردا، ئۇ ئۈرۈمچىدە موتسىكلىت ۋە ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان، پاختا زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتلىرى

دا ئىشلىگەن. قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ سوۋېت شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇل باشقارمىسى تارىمىقىدىكى تېرە زاۋۇتىدا رېمونتچى بولۇپ ئىشلىگەن، بۇ جەرياندا سوۋېت تېخنىكلىرىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشىغا ئېرىشكەن. 40 – يىللاردىن 50 – يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇمۇلدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسى ئېچىپ، ھەر خىل ماشىنىلارنى رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. 1956 – يىلى، سايىم ئۇستا تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپىغا قاتناشقان، ئىككى يىلدىن كېيىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۇنىۋېرسال زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى بولۇپ قالغان، ئۇندىن كېيىن بۇ زاۋۇت ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلگەن، سايىم ئۇستا شۇ زاۋۇتنىڭمۇ ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

سايىم ئۇستامنىڭ بىلىم سەۋىيىسى گەرچە تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى زېرەك ۋە تەجرىبىلىك ئىدى، تۇرلۇك ئىشلار، ئېپىتايلۇق، سېلىسارلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، ستانوكچىلىق، قىرمىچىلىق، قېلىپچىلىق ئىشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئۇ قۇمۇلدا خېلى داڭ چىقارغان ئۇستا ئىدى، باشقىلار رېمونت قىلالمىغان كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئۇ رېمونت قىلالايتتى. قانداق زاپچاس كەم بولسا شۇنداق زاپچاسنى ياساپ چىقالايتتى، ياغاچ تىلىندىغان چوڭ ھەرىكە يېڭىباشتىن چىش چىقىرالايتتى. مەللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ۋە كورەكلەرنى ياسالايتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، سايىم ئۇستامنىڭ ئەقىل – پاراستى تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇلدى. 60 – يىللارنىڭ بېشىدا، ئۇ ناھىيىلىك تېرە زاۋۇتىغا ياردەملىشىپ، تېرە قىرىش ماشىنىسىنى ياساپ چىقىدۇ. ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بوتۇلكا ئاغزىنى ھەملايدىغان ماشىنا ياساپ بېرىدۇ، پوچتىخانا، باسما زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ماشىنا رېمونتچىلىقىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. ھەر خىل سايمان، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بولىدىكەنلا ئۇ بىر ئامال قىلىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش سايمان ياكى ئۈسكۈنىلەرنى ياساپ چىقىدۇ. ئۇ ئىشلەپ چىققان ھەر خىل تىغ ئەسۋابلار ئۆزگىچە ئۇسۇلدا سۇغىرىلغانلىقتىن چىدامىلىق ھەم ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ ياسىغان كورەك ئەپچىل ھەم يارامىلىق ئىدى. ئۇ ياسىغان مەللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى تەمبۇر، دۇتار، غىجەك قاتارلىقلارنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق، ئاۋازى يېقىملىق ئىدى. ئۇ ياسىغان قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ قېپى زاۋۇتتا ئىشلەنگەندەك سىپتا ئىدى. ئۇ ھەتتا ئادەتتىكى ستانوكلاردا يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقلارنىمۇ ياساپ چىقالايتتى (60 – يىللارنىڭ باشلىرىدا، رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتى ئادەتتىكى ۋاقىتلار بىلەن ئۇرۇش ۋاقىتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن بىر تال مىلتىقنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىققان، مىلتىق نەيچىسىنىڭ ئىچىدىكى بورىسىنى چىقىرىشىمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كېلەتتى).

سايىم ئۇستام 1973 – يىلى پېنسىيىگە چىقىپ، 1983 – يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

**لى زىشيۇ (1901—1983)**

ئەر، خەنزۇ، ئەسلى گەنسۇنىڭ جىڭچۇەن ناھىيىسىدىن بولۇپ گۇاڭشۇنىڭ 27 - يىلى (1901 - يىلى) قۇمۇلدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى لى كەيىرىن قۇمۇلدا كۆپ يىللار سودىگەرچىلىك قىلغان، يىشۇنشى سارىيىنى ئاچقان، ئۇنىڭ مال - دۇنياسى ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئۇ قۇمۇل سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئەل ئىچىدە داڭدار شەخس ئىدى. لى زىشيۇ ياش ۋە ئوتتۇرا ياش مەزگىللىرىدە ئىزچىل سودىگەرچىلىك قىلغان، ئۆزىنىڭ تۇغقىنى جاڭ يۇيرۇ بىلەن يى شۇنشى سارىيىنى ئاچقان، ئۇنىڭ 200 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆيى، ئىككى ئاپتوموبىلى، شەھەر ئەتراپىدا 70 نەچچە مو يېرى بار ئىدى.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) ئۇ ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم قۇمۇلغا كېلىپ مالىمان چىقىرىشىدىن قېچىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىگە ئەگىشىپ غەربكە چېكىنىپ، جىمسارغا بېرىۋالغان. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ داۋاملىق سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كۆمۈر كان شىركىتى ۋە ئېلېكتر شىركەتلىرىنىڭ جىڭلىسى بولغان. سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، لى زىشيۇ پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈپ، ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. 50 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئۇ ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك پاراۋانلىق شىركىتىنىڭ جىڭلىسى ۋە يېمەكلىك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ھەر خىل دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ ئاكتىپ تۈردە سودا - سانائەتچىلەرنى كەسىپلەر بويىچە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شىركەتچىلىكىنى يولغا قويۇشقا تەشكىللىگەن. 50 -، 60 - يىللاردا، ئۇ ناھىيىلىك ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، ۋە ناھىيىلىك ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشلىرىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئون يىللىق مالىمانچىلىقتا لى زىشيۇغا بىر مەھەل خاتا چارە كۆرۈلگەنىدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى.

1983 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، لى زىشيۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن قۇمۇلدا ۋاپات بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە تۆتىنچى قىسىم پارچىلار

## I باب كلاسسىك شېئىرلاردىن تاللانما

**لۇجېڭۋاڭ** — تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى «تۆت مەشھۇر شائىر»نىڭ بىرسى.

تاڭگاۋزۇڭ ۋاقتىدا تاڭ قوشۇنى بىلەن بىللە غەربىي تۈركلەرگە قارشى يۈرۈش قىلىپ، قۇمۇل ۋە بارىكۆللەرگە كەلگەن. «كەچقۇرۇن تىيانشاندىن ھالقىپ، پايتەختنى ئەسلىدىم» دېگەن بۇ شېئىرنى ئەنە شۇ ھەربىي يۈرۈشتە يازغان.

### كەچقۇرۇن تىيانشاندىن ھالقىپ، پايتەختنى ئەسلىدىم

تىيانشان تېغىنىڭ چوققىسىغا مەن
چىقتىم تېز سۈرئەتتە شۇ قەدەر چاپسان.
بۇ يەردە پايتەختنىڭ مەنزىرىسىنى،
يەنىلا يادىمغا ئالدىم شۇ ھامان.
كۆكتىكى بۇلۇتلار شاھ بېغىدىكى
ياپ - يېشىل ياپراققا ئوخشايدۇ گويا.
تاغدىكى ئاق قارلار — ئوردا ئىچىدە،
شاپتۇل چېچېكىگە لىق تولغان دەريا.
بۇ ھەربىي يۈرۈشنىڭ مەنزىلگاھىنى
كۆرسىتىپ تۇرىدۇ پەقەت تۇغ - ئەلەم.
كىيىملەر چوڭ كېلىپ، سالۋاراپ قالدى،
ئورۇقلاپ كەتكەچكە بۇندا ھەر ئادەم.
يەلپۈنگەن رومالدەك تۇرار سوزۇلۇپ،
شۇ يىراق چېگرىدا يارغۇل يوللىرى.
رۇيشۇ دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىنى،
يۇتماقچى بولىدۇ چەكسىز قۇملىرى.
سەپەردە مۇقەددەس سېغىنىشلىرىم
ئىچىمدا لەيلىگەن گويا ئوت - سامان.
ئالمىشىش مۇددىتى توشماستىن تۇرۇپ،
قانداقچە يۇرتۇمغا قايتاي مەن ئامان!

ئۆزلۈمەي ياڭرىغان بۇ ياغاچ چۇرى①
كۆكۈل كۈيلىرىمنى چۇشەنسۇن قانداق،
ھەركىچە بولۇقلاپ ئاقىدۇ يېشىم،
چېكىمەن دات ـ پەرياد، دىلدا دەرت ـ پىراق.

چىن چىلىك ــ ئىسمى زىلو، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ يىللىرىدىكى تەشرىپدار ئەمەلدار. كېيىن ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئەمەلدارى بولغان. بۇ پىرۇقا بىنائەن غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ بارغان، ئۇنىڭ «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرى بار.

**قۇمۇل شەھىرى**

بۇ يەردە، ئەجەبا، بۇ قەدىم شەھەر
قانداقچە كۆزۈمگە چۇشۇپ قالدىكىن؟
«ئىپۇرغول» ۋە «قۇمۇل» دېگەن ئاتلارنى
بىلمىدىم، ئۇنىڭغا كىملەر قويدىكىن؟
يېزىلار جايلاشقان قويۇق ـ زىچچىدە،
يېشىللىق ئۈپۈقتا قەدەر سوزۇلغان.
بۇندىكى ئورمانلار شۇنچە باراقسان،
ھەممىسى قۇياشقا قاراپ ياشنىغان.

كىشىلەر گويا كى ھىكمەتلىك سۇمرۇغ
ۋە ئامەت يۇلتۇزى ھېسابلاپ مېنى،
ئالدىمغا چىقىشتى كۈلۈپ خۇش چىراي،
تەييارلاپ مەزىلىك چاي ـ تائاملارنى.
پادىشاھ ھەزرەتنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى،
تارالغان قاشقـۇۋۇق ئىچـى ـ تېشىغا.
ئاز سانلىق مىللەتمۇ چۆمۈلگەن بۇندا،
ئەمىنلىك بەھرىگە، شادلىق زوقىغا.

خۇڭ لياڭجى ــ ئىسمى جى سوڭ، لەقىمى بېيجاڭ، ياڭخۇلۇق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى تەشرىپدار ئەمەلدار. جياچىڭ يىللىرىدا پادىشاھقا پىكىرنامە سۇنغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ چىڭ رېنزۇڭ غەزەبلىنىپ ئىلىغا ھەيدىگەن. يۈز كۈنگە يەتمىگەن مۇددەتتە گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ قايتا چاقىرتىۋالغان. ئۇ، بېرىش ـ كېلىشتە قۇمۇلدىن ئۆتكەن، بۇ سەپەردە ئىنتايىن كۆپ شېئىرلارنى يازغان.

**تىيانشان نەزمىسى**

نۇرغۇنلىغان دەريا ئېقىنىغا
بولۇپ مەنبە باشلىنىش ماكان،
تۇرار كۆكنى قۇچاقلىغاندەك،
بۇندا ھەيۋەت كۆركەم تىيانشان.
نەدە ئارام ئالىدىغاندۇ
ئاسماندىكى قۇياش بىلەن ئاي؟

نېمە ئۈچۈن قارىغايلار ئۈچى
ئۇلار ئۈچۈن دائىم تۇراق جاي؟
قاتتىق سوغۇق قىش پەسىللىرى
ئۆرۈپ تۇرار شىمالدىن بوران،
قېلىن قارلار بۇندا قاتمۇ قات
تاغۇ ـ تاشنى چۈمكىگەن ھامان.

① ئۆز دەۋرىدە شىمالدا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ نەيگە ئوخشايدىغان چالغۇ ئەسۋابى(ت)

ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس ئەزەلدىن
چوققىلارنىڭ ئەسلى شەكلىنى،
چۈنكى باسقان قېلىن قار ئۇنىڭ
سىياقىنى، تۇرقى - تەقىنى.
دېيسەن گويا يېشىل قاشتېشى،
تىيانشاننىڭ تاشلىق تېغىنى.
چاقنىغان تاش، يالتىرىغان قار
يەيدۇ گويا كۆزنىڭ يېغىنى.
ئەنە تاشلار غۇلىدى كۆكتىن،
كەتتى بىردىن مۇزلار يېرىلىپ؛
كۆز ئالدىمدا ھەيۋەت شارقىراتما،
ئاقتى گويا ئوقتەك ئېتىلىپ.

تاغنى قاپلاپ تۇرار قارىغايلار،
تىيىنلار شاختىن - شاخلارغا تاقلار؛
ھەتتا كۆكتە ئۈزگەن قۇياشقا
يەۋەتكۇدەك ئەلپازدا باقار.
ئۇچۇشى تەس، ئاجىز قىرغاۋۇل
ئورمان بويلاپ ئوزۇق ئىزدەيدۇ.
كۆنلەر بويى كېزىپ ھەريانى،
يەرگە چۈشكەن مېۋىنى يەيدۇ.
تاغدىن چۈشتۈم، تاغ ئېغىزىدا
كۆرۈنمەيدۇ بايىقى ئاق قار،
بەلكى ھازىر تاغ ئىچىدىمۇ
تەۋەللۇتتا تۇرغاندۇ باھار.
تىيانشاننىڭ ئۈستى، ئاستىنىڭ
بار ئۆزگىچە پەرقى، خىسلىتى،
بىلدىم ئاسمان، ھاۋا ئىقلىمىنىڭ
بۇندا قويۇق مۇناسىۋىتى.
سەددىچىننى رىمونت قىلىشنىڭ
ھاجىتى يوق، دېگۈم بار شۇئان.
تەڭرى ئۆزى بەنا ئەيلىگەن
تىيانشاندۇر مۇستەھكەم قورغان.
تىيانشاننىڭ جەنۇب، شىمالى
چەكسىز زېمىن، ئاخىر چېكى يوق،
مۇشۇ يەردە تاماملىنىدۇ
خۇاڭخې بىلەن بىپايان قۇملۇق.
نىسىپ بولۇپ يانسام بۆلەكتىن
ئۆز يۇرتۇمغا كۆنلەر بىردە؛
ياستاتتىم قەبرەمنى جەزمەن
تىيانشاننىڭ كۆرۈنۇشىدە.
خەن دەۋرىنىڭ خوچۇيبىڭىغا
يېتەلمەيمەن ئوقيا ئېتىشتا.
بەن چاۋغا سەل ئوخشاپ قالىمەن
قەلەم بىلەن ئەلەم تۇتۇشتا.
ئايرىلغاندىن بېرى يۇرتۇمدىن
سېغىنىشتا ئۆتمەكتە يىل، ئاي.

بىلمەك بولساڭ يۇرتۇم ئورنىنى،
يۇرتۇم — قۇياش چىقىدىغان جاي.
مەن قارايمەن شەرقىي جەنۇبقا
چوققىلاردىن ئاشسام ھەر نۆۋەت.
يۇرتنى كۆرمەك بولدىبەك مۈشكۈل،
ماڭا ھەمراھ ھىجران، قايغۇ - دەرت.
مۇشەققەتنى تارتتىم يەتكۈچە،
كەزدىم ۋەتەن كەڭ زېمىنىدا.
قالدى مېنىڭ ئاياغ ئىزلىرىم
بەش چوققىنىڭ ھەننىۋاسىدا.

جېـمى يەردە كۆرۈندى ماڭا
كاتتا تاغلار ئادەتتىكىچە،
ھەتتا تەيبەي، گاۋسەن تېغىدىن
تىيانشاننىڭ كۆركى ئۆزگىچە.
قارا، تەڭرى چېگرا رايونغا
ئالاھىدە كۆرسەتكەن شەپقەت.
كۆكۈللەرنى كۆتۈرەر كۆككە،
مەيىن شامال بېغىشلاپ راھەت.
چوققىلارنىڭ كەمتۈك جايىنى
ئاق بۇلۇتلار تۇرىدۇ ياماپ.
تىيانشاندىن كېتەي دېسەممۇ
تۇرار بۇلۇت يولۇمنى توسۇپ.

### تىيانشاندىن چۈشكەندە قىلىن قارغا يولۇقتۇم

شىمالغا قارىغان ھەيۋەت چوققىغا
ئېگىزلىك بابىدا يوق ئەسلا تەڭداش.
ئۆتتۇم تىيانشاندىن، بۇندا مەنزىرە
باشقا جايلار بىلەن ئەمەستۇر ئوخشاش.
ئۇچىغا كۆز يەتمەس بەلەن قىيالار
تۇرىدۇ پەلەككە سوزۇپ بويىنى.
ئۇ يەردە گۈكىرەپ چىقىدۇ بوران،
سېزىدۇ ئەرشتە ئادەم ئۆزىنى.

قارىساڭ، ھەريان‌دا سانسىز چوققىلار،
يوقىتىپ قويىسەن ئاسان نىشانىنى.
ئەجەب ھال، خەتەرلىك چوققىلار بۇندا
تۇرىدۇ يەنىلا توسۇپ بورانىنى.
بۇلۇتلار باغرىنى يېرىپ ئۆتكەندە،
چوچۇدى ئېتىممۇ ۋەھىمە بېسىپ.
ئاپئاق قاشتېشىدەك مۇزلار يولبويى
تۇرىدۇ تۆمەن گەز تاغ ھاسىل قىلىپ.

### جىگدىدە تۈنەش

ئۇچىنچى ئاينىڭ ئۇچىنچى كۈنى
ئىلىدىن چىقتىم ئۇزاق سەپەرگە.
ئالتىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى
مەن كەلدىم قۇمۇل دېگەن شەھەرگە.

دەريا بويىدا ئورمان ياقىلاپ
ئايلىنىشىمنى قىلدىم كۆپ داۋام.
بەختىمگە بۇندا يولۇقتى بىر تاش،
ئولتۇرۇپ تاشتا ئالدىم دەم ـ ئارام.

بولىسىمۇ بۇ يەر ئىنتايىن گۈزەل،
ئەپسۇس، مەن بۇندا پاناھسىز يىتىم.
جىگدىدە تۈنىدىم مەن بۈگۈن كېچە،
ئاغرىدى ئېتىم، كۆڭلۈم بەك يېرىم.

ئۇۋىلىرىغا يانغان قاغىلار،
كۆرۈپ سايەمنى چۆچۈپ ئۈركىدى.
يەنە باشلاشقا ساياھىتىنى
ئەنە ئاسماندا ئايمۇ ئۆرلىدى.

يەلپۈگۈچىمنى ئويىنىتىپ قولدا،
تىتىلداپ ئىچىم، چىقتىم تالاغا.
شارقىراتما تارتىپ مېنىڭ رايىمنى،
ئۇنى كۆرۈشكە باردىم دەرياغا.

بىر جۈپ قارلىغاچ ئەگىپ چۆرەمنى،
قىلدى راپاۋەت، ياقتى كۆڭلۈمگە.
تۈن نىسپىدە چېغى ئۇلار يول باشلاپ،
ئاپىرىپ قويدى مېنى ئۆيۈمگە.

### قۇمۇلغا يېتىپ بارغىنىمدا ئەمەلدار ۋۇچېڭ ئۇسۇك مەھكىمىسىنىڭ شەرقىدىكى باغدا زىياپەت بەردى

كىتابلارغا تولغان بۇندىكى ئۆيلەر،
ھويلىنى ئايلىنىپ سۇ ئاقار ئۇزاق.
ئەتراپ سۈكۈناتتا، شاۋ ـ شۇۋدىن خالى،
گۈپۈلدەر مېۋىلەر چاچقان خۇش‌پۇراق.

ماھىر ئەن چىسىڭغا بەك ئوخشايدىغان
ئۇستا ئەمەلدارنى ئۇچراتتىم بۈگۈن.

ئەنە شۇ ئەمەلدار تېرىپ ئۆستۈرگەن
خۇش‌پۇراق قوغۇنلار چاقنار ھەر رەڭدە.

چاڭئەندە قوغۇنچى شياۋپىڭ بار، دېگەن
سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدىم مەن بۇرۇن.

مەن بىر ئۆتكۈنچىگە شۇ قوغۇنلارنىڭ
تېتىتتى تەمىنى كۈتمىگەن يەردە.

www.uyghurkitap.com

چىرايلىق بوستانغا ئايلاندۇرۇلغان
مانا بۇ باغدىكى بىر كىچىك بۇرجەك.
تاشلىنىپ تۇرىدۇ كۆزلەرگە روشەن،
بۇ يەردە خىل-مۇ خىل رەڭدار گۈل چېچەك.

گۈللەرنىڭ ئاشىقى كېپىنەكلەرمۇ
كېزىدۇ گۈلشەننى توپ-توپ بولۇشۇپ.
بىر باقساڭ ئۇيانغا، بىردە بۇ يانغا،
يۈرىدۇ ئۆتۈشۈپ، تىنماي ئۇچۇشۇپ.

ئەمەلدار، ئەسلىدە سىزنىڭ ئاتىڭىز
ئۆلىما زات ئىدى، چىققان ئاتىقى.
(ۋۇچىڭ ئۇسۇڭ ئەسلى كاتتا ئۆلىما
ۋۇچىڭتەي ھەزرەتنىڭ نەۋرىسى ئىدى)

سىز مانا تۇرسىز چېگرا شەھرىدە
كاتتا بىر قوشۇننىڭ بولۇپ باشلىقى.

بۇ چەكسىز دىيارنىڭ بېشى قومۇلدىن
باشلانسا، ئاخىرقى مەنزىلى تۇرپان،
ئۇ تامام ئەجرىڭىز-مېھنىتىڭىزدىن
گۈللەندى مانا بۇ ئۇن يىل ھىر بىزيان.

### ئەلتۆمۈر بېكىتىدىكى تامغا يېزىلغان شېئىر

ئېرىقلارنىڭ باردۇر مەنبەسى،
دەريانىڭمۇ باشلىنىش جايى،
ئەلتۆمۈرنىڭ دۇلقۇنلۇق سۈيى
ئېقىپ تۇرار توختىماي زادى.
سار بۇلاقتىن تارتىپ ئاخىرى
غازىيەندۆڭ دېگەن يەرگىچە،
ئىككى يۈز لى بۇ ئارىلىقتا
قۇرۇلمىغان ھەربىي گازارما.
ساپسېرىق چاڭ تۇرار پۇرقىراپ،
خۇددى ئوتتەك قىزىغان قۇياش،
گۈلدۈرلىگەن سادا كەلسە، بىل،
دېمەك، تاغدىن غۇلىماقتا تاش.

### قۇمۇلدىن كۆشۈيپۇغا ① قىلغان سەپەردە يېزىلغان شېئىر

ئىككى ئات قوشۇلغان مەپە ھارۋىنى
جابدۇغان بۇ ئۇزاق سەپەرگە لايىق.
يەنە بىر ھارۋىغا (ئارقىسىدىكى)
قومۇل قوغۇنىنى باسقان لىق-مۇ لىق.
بۇ چۆلدە يېگىلى يوق باشقا نەرسە،
يەتكۈچە ئون كۈندە كۈتكەن مەنزىلگە.
بەختىمىز بار ئىكەن دۈچ كېلىپ قالدۇق،
قومۇلدا قوغۇنلار پىشقان مەزگىلگە.
كېچە ئەلتۆمۈردە تۈنەگەندۇق،
بۈگۈن بولدى بىزگە كۆشۈيچۈەن بېكەت.
بۇندا ئىشلەتمىدۇق چىنە-قاچىنى،
تاۋۇز شاپىقىدا ھەل بولدى ھاجەت.
بىز يەنە يىگىرمە كۈنچە يول يۈرسەك
ئاشۇ قاشقۇۋۇققا يېتىپ بارىمىز.
ئۇ چاغدا سەپەردە ئاشقان قوغۇننىڭ
سېسىپ قالغىنىنى سېزىپ قالىمىز.
ۋە ئاندىن ئۇ يەردە جۇچۈەن شەھرىنىڭ
ئېسىل ھارىقىدىن يولغا ئالىمىز.

---

① كۆشۈي — يەر نامى، ئاچچىق سۇ، شورلۇق سۇ دېگەن مەنىدە (ت).

www.uyghurkitap.com

### ئون ئۈچىنچى كۈنى تۈن يېرىمىدا شىڭشىڭشىياغا يېتىپ باردىم

ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار
ئاپئاق نۇرلار چېچىپ تۇرىدۇ.
زېمىن گويا يۇلتۇزلۇق تاغ ـ تاش،
قاراڭغۇلۇق بېسىپ تۇرىدۇ.
شىڭشىڭشىيادا ھەر ئونبەش كۈندە
بولغاندا تۈن نىسپى چاغلىرى،
يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىدا چوقۇم
چاقنار زېمىن تاغۇ ـ تاشلىرى.
جىلغىدىكى ئۆيلەر تۇرىدۇ
گويا كىچىك دۆڭدەك كۆرۈنۈپ.

ئاسمان بىردىن قاراڭغۇلاشسا،
ئەكسىچە يەر كېتەر نۇرلىنىپ.
ئاسماندىكى يۇلتۇزدىن كۆرە
يەردە تاغ ـ تاش روشەن چاقنايدۇ.
غۇۋالىشىپ قۇتۇپ يۇلتۇزى،
قانات قېقىپ توخۇ چىللايدۇ.
چىللىغاندا توخۇ ئۈچ نۆۋەت،
ھەممە شۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ:
شىڭشىڭشىيادا يانغان چىراغلار
كارامەت نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

**لى لۇەنشۇەن** ــ لەقىمى بەيشۇەن، يەنە بىر ئىسمى شىنوڭ. شەنشىنىڭ جىڭلې ناھىيىسىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرى (1769 ــ 1820) تەشرىپدار بولغان. دىلولارنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە بىر تەرەپ قىلماي باستۇرۇپ قويغاچقا، ئۇرۇمچىگە قايتىپ بېرىپ يۈننەندە مۇپەتتىش بولۇپ ئىشلىگەن. ھەيدەلگەن. كېيىن

### كۇشۇي بېكىتىنىڭ تېمىغا يېزىلغان شېئىر

ئۆيلىرى سۇۋالغان سېرىق لاي بىلەن.
تېزەكتە ياسالغان ھويلا تاملىرى.
كەلگەن قەدىم جەڭگاھ ئارا تۇرۇكتىن
بېكەتكە توپلانغان خەقنىڭ بارلىقى.
سەپەرگە چىققىشتا ھەربىر يولۇچى
ئەڭ ئالدىن قاچىلاپ ئالار سۈيىنى.
بېكەتنىڭ ياتىقى سالىدۇ ئەسكە
ئىمتىھانخانىنىڭ ھۇجرا ئۆيىنى.
(ياتاق نومۇرىدىن پەرق ئېتىش تەس،
ئىمتىھانخانىنىڭ ئۆي نومۇرىنى).
باسسا تۈن، ئەتراپ جىم، ئاڭلانماس شەپە،
ئاتلارنىڭ كىشنىشى، قۇش سايرىشى ھەم.
ئەسلىتىپ تىلسىملىق دۇردانىلارنى،
باھار سوغۇقىدا چۈشىدۇ شەبنەم.
بۇ كارۋان سارايىدا تۇرساممۇ ئۇزاق،
يالغۇزلۇق، زېرىكىش ھېس قىلماس كۆڭلۈم.
كىشىلەر ئالەمدە بەر ھايات ئىكەن،
مەن بولماي قەيەردە، شۇ يەر ئۆز يۇرتۇم!

### كۆرگەنلىرىمدىن ئىككى شېئىر

دۆمبىسىگە ئورۇق ئېشەكنىڭ
بىر ئاچ قارغا تۇرار قونۇغلۇق.
ياتار مانا سوزۇلۇپ ئۇزاق،
ھارۋا چاقى ئىز سالغان قۇملۇق.

ئۈچىنچى ئاي ئاخىرلىرىدا
يېتىپ كەلدىم قۇمۇلغا ئاران.
ئېچىلىدۇ ئېچىلدى گۈللەر،
لېكىن بۇندا گۈلدىن يوق نىشان.

چەت چېگرىدا تاللار ـ سۆگەتلەر
ئەمدىلەتىن ياشاردى مانا.
ئاڭلىنىدۇ تۇرلار يېنىدا
ئات تۇيىقى ياڭراتقان سادا.

توزۇپ تۇرغان چېچىمغا ئوخشار
تيانشاندا چاقنىغان ئاق قار،
يوقالمايدۇ بۇ ئاق رەڭ ئەسلا،
گەرچە يېتىپ كەلسىمۇ باھار.

## ئەلتۆەۆر بېكىتىدە تامغا يېزىلغان شېئىر

بەزىلەر تاڭ مەزگىلى
ئەلتۆمۆردىن ئۆتىدۇ،
بەزىلەر كەچ پەيتلىرى
ئەلتۆمۆردىن ئۆتىدۇ.
ئەلتۆمۆرنىڭ سۇلىرى

تۆكىمەيدۇ ئاققانغا.
يوللاردىكى كارۋانمۇ
ئۈزۈلمەيدۇ ماڭغانغا!

## ئىككى نەزمە

قومۇلغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇك باراقسان يېزىلارغا، تۇتاش كەتكەن ئېتىزلارغا قاراپ، ھەقىقەتەن چېگرا رايونىنىڭ باھار مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئىلھامىم جۇش ئۇرۇپ ئىككى نەزمە توقۇدۇم.

چۇش پەيتى، غۇرقۇرار باھار شامىلى
ۋە لېكىن ئۇرۇلماس چاڭلار يۈزلەرگە.
شەھەرنىڭ سىرتىدا كىشىلەر ھازىر
سۇ باشلاپ يۈرىدۇ دالا ـ تۈزلەرگە.
تاغلارنىڭ ئۈستىنى باسسىمۇ ئاق قار،
باغرىدا شاپتۇللار چېچەككە تولغان.
ئەتراپنى قاپلىغان چەكسىز يېشىللىق
بۇتخانا ئالدىغا قەدەر سوزۇلغان.

ئىچكىرى ئۆلكىدىن چىققان چېغىمدا
مەن كۆرگەن باھارنىڭ تەبەسسۇمىنى.
يولبويى مەيمگە ئۇرۇلغان قارلار،
چاقلار يېرىپ ماڭغان چۆلنىڭ قۇمىنى.
ئويلىدىم، كەلگەندە قۇمۇل شەھرىنىڭ
سىرتىغا — مانا بۇ كەڭ دىيارىغا:
نېمىشقا ئوخشايدۇ بۇندا كەچ باھار،
ئىچكىرى ئۆلكىنىڭ باش باھارىغا؟

## قۇمۇل ھەققىدە ئۈچ شېئىر

ھەيۋەتلىك تيانشان بىلەن ئۆزئارا
تۇرىدۇ پىچان ۋە قەشقەر تۇتىشىپ.
مانا بۇ قەدىمكى زېمىننى قۇمۇل
كەلمەكتە ئۇزاقتىن بېرى باشقۇرۇپ.
بۇ چەكسىز ـ بىپايان زېمىنغا ھەتتا
چوڭلۇقتا ئاسمانمۇ كېلەلمەيدۇ تەڭ.
ياپيېشىل دالاسى بىلمەس سۇلۇشنى،
سايپىرىق قۇملىرى چاقنار رەڭمۇ رەڭ.

پەلەككە كۆز تىكسەڭ، كۆرۈسەن پەقەت
ئۇچار قۇش ئاسماندا بولىدۇ غايىپ.
پەلەككە كۆز تىكسەڭ كۆرىسەن پەقەت
ئاندا ئاق بۇلۇتلار لەيلەر ئاجايىپ.
ئاتلىق كىرىپ باردىم قۇمۇل شەھرىگە
كوچىدا يولۇمنى قىلسمەن داۋام.
بىرەر مەيخانىنى ئىزلەپ بارىمەن،
ئۇ يەردە كەيپ سۈرۈپ، ئالغىلى ئارام.

گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇڭخۇاڭ شەھرىگە
تۇردۇ تۇتىشىپ قۇمۇل شەرقتە،
شۇ ئۇزاق تۇرپاننىڭ ۋادىلىرىغا
تۇردۇ تۇتىشىپ قۇمۇل غەربتە.
مۇشۇ يەر شەرقتە ھەممە غەربكە
يول ئالغان كارۋاننىڭ مەنزىل بارگاھى،
بەك يېقىن تۇردۇ مانا بۇ يەرگە
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باشلىنىش جايى.
تاغلارنىڭ كەينىگە پاتقاندا قۇياش،
قۇمۇل تىلسىماتتەك قىلار مەھلىيا.
شەھەر ئاسمىنىدا جاراڭلار ھەيۋەت،
ھەربىي سىگناللار ياڭراتقان سادا.
ئالەمدە بار تېچلىق - ئاسايىشلىق،
چېگرا، ئىچكىرىنىڭ يوق ئەسلا پەرقى.
تەلپۈنۈپ تۇردۇ جۇڭگويەنگە قۇمۇل،
ئۇ غەربىي دىيارنىڭ مۇھىم بىر شەھىرى.

شاھماتنىڭ زىچ تۇرغان تۇرۇقلىرىنى
ئەسلىتەر بۇ يەرنىڭ كەنت - يېزىلىرى.
ھەربىر ئۆيى — خانداننىڭ تۇرخۇنلىرىدىن
پۇرقىراپ پەلەككە ئۆرلەر ئىسلىرى.
ئىشلىتەر كۆندۈرگەن ئېسىل ئاتلارنى،
دېھقانلار تېرىمىدا ھەيدىگەندە يەر.
ئاڭلانماس سۇلارنىڭ شارقىراشلىرى،
سۇغىرار يەرلەرنى ئەپچىل شۇ قەدەر.
ئىنتايىن مۇۋاپىق زىرائەت ئۈچۈن
بۇ يەرنىڭ مۇنبەتلىك يېرى — توپىسى،
قوغۇن پەلىكىگە پۈركىنىپ ياتار،
يامۇل ھويلىسىنىڭ تەگدىن تولىسى.
توختىماي ئېتىمنى، ئېتىزلىقتىكى
ياشانغان دېھقانغا بىلدۈردۈم ھۆرمەت.
ئىككىمىز بۇ يەردە ئېتىز ئىشلىرى
ھەققىدە قىلىشتۇق بىرھازا سۆھبەت.

## كۆشۈتى چوققىسىدا يېزىلغان شېئىر

قاشقۇۋۇق دەيدىغان مۇشۇ قوۋۇقنى،
ئۆمرۈمدە مەن ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان.
چىلانتاغ دەيدىغان تاغدىن ئېشىشمۇ
ئۇخلىسام چۈشۈمگە كىرىپ باقمىغان.
ئېتىم تۈيىقىنى تەقدىر شاملى
ئۇزاقتا ھەيدەر دەپ كىممۇ ئويلىغان.
بولدى مەنزىلگاھىم تۈمەن گەز ئېگىز
تيانشان چوققىسى — كۆككە بويى سوزغان.
قار - مۇزغا پۈركەنگەن چوققا، قىيالار
ئۆتكۈزدى بېشىدىن تالاي زامانىنى.
بۇ يەردە چۈشكەندەك ئۇسسۇلغا گويا
لەپىلدەپ ياغار قار قاپلاپ ئاسماننى.
بەزىدە ئۈزۈلمەي ياغقان چاغدا قار.
كۆرۈنمەي قالىدۇ كۆپكۆك ئاسمانمۇ.
پۈركىنىپ يەر - جاھان ئاق قارغا تامام،
ئادىشار يولىدىن ھەتتا كارۋانمۇ.
غەربىي دىياردىكى گاندىس تاغلىرى

مەشھۇر، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم ئىلگىرى،
ھە، ئەمدى بىلدىمكى، ئۇ تيانشاننىڭ
جەنۇب، شىمالىدىكى تاغ تىزمىلىرى.
تۇتىشىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىچە
تۇردۇ مانا بۇ تاغلار جەمئىيسى.
ۋۇگۇڭشەن، تەيبەيشەن دېيىلگەن تاغلار
ئەسلى تيانشاننىڭ ئوغلى، نەۋرىسى.
قەدىمكى ئۇقتەك تېز شۇخەي ھەم داجاڭ
ئۆتەلمەس بۇ تاغنىڭ بېشىدىن ھالقىپ،
ئەۋلىيا دايۋي ھەم قالار ئامالسىز
ماڭغىلى مانا بۇ تاغنى قاق يېرىپ.
بۇندىكى قار - مۇزنى، ئاپئاق تۇماننى
بۇرۇنقى كىشىلەر كۆرمىگەن ھەتتا.
شۇڭلاشقا، ئەينى چاغ خەرىتىلەرگە
بۇ يەرنى تامامەن چۈشەرگەن خاتا.
خۇاڭخېنى تەكشۈرگەن بوۋاڭنىڭ بېگى
جاڭچيەنگە تەڭ كەلمەك مەن ئۈچۈن مۇشكۈل.

ئۇ سالغا ئولتۇرۇپ، سامان يولىنى
كەزمەككە، يول ئالغان ئەرشكە ئۇدۇل.
غەربىي دىياردىكى ئەنيۇەنىنىڭ بىگى
جىلىڭ جىغا تەك كەلمەك ھەم مۇشكۇل ماڭا،
ئۇ ماھىر سەركەردە، كاتتا تۆھپىكار،
شۆھرىتى مەڭگۈگە تارقالدى مانا.
ئالدى ئەسكەرلىككە، كۆپ يوللار بىسىپ
كەلدىم غەربتىكى بۇ يەرگە ئامان.
ئۆمرۈمدە كۆرسەممۇ نۇرغۇن جايلارنى،
كۆرگەندە بۇ يەرنى بولدۇم لال ـ ھەيران.
ئاق قارغا پۈركەنگەن ھەيۋەتلىك تاغلار
ئاپپئاق قاشتىشىدەك نۇرلىنىپ چاقنار.
مۇز تاغلار پارقىراپ تۇرسا ئەينەكتەك،
قۇم تاغدىن قۇم تىغى ئويمانغا ئاقار.
يەنىمۇ ئۇزاقتا باقساڭ، كۆزلىرىڭ
چۈشىدۇ لوپنۇر ھەم باغراش كۆلىگە.
بۇندىكى تاغ، كۆللەر شۇ قەدەر گۈزەل،
ئوخشايدۇ قەدەھكە، دالا گۈلىگە.
مەن كىلىپ غەربكە، كۆردۈم بۇ يەردە
ئەسلى ماكانىنى غەربىي دىڭىزنىڭ؛
بۇ يەردىن شەرققە باقسام، كۆرىمەن
ئۆركەش ـ دولقۇنىنى شەرقىي دىڭىزنىڭ.
بۇ ـــ جۇڭگو، مانا بۇ جۇڭگو دىگەن ئەل.
غەربىدىن شەرققە قەدەر بۇ دىيار ـــ
كىلىدۇ يىگىرمە مىڭ لىدىن ئارتۇق،
ئۇ شۇنچە ھەيۋەتلىك، شۇنچە ئۇلۇغۋار!
يالغۇز بىر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىلا
بىلەمسەن، بەش تاغنىڭ چوققىسى قانچە؟
جەنۇبتىن شىمالغا قەدەر يۇرگەندە
بۇ زىمىن مىنى تاڭ قالدۇردى شۇنچە.
ئۇ چەكسىز بىپايان، كارامەت دۇنيا،
ئويلايمەن بارمىدۇ ئۇنىڭ تەڭدىشى،
ئىسىلزادە بولسۇن ۋە ياكى پۇقرا،
ھەيران بولار ئۇنى كۆرگەن ھەر كىشى.
ياخشىلاپ مايلىدىم هارۋا چاقىنى
ۋە ئاتنى تويدۇردۇم يەمگە ـ بوغۇزغا.
بىلىمەن، تىيانشان قارلىرى قىلىن،
تەھقىقكى، ئۇ قارلار كىلىدۇ تىزغا.
ئەسلىتىپ بەئەينى چوڭ يەكەندازنى،
ئاق بۇلۇت ئىگەرنىڭ ئۈستىگە قوندى.
لەپىلدەپ پاختەكتەك ياغقان ئاپئاق قار
بىر پەستە ئۈستىباش ـ مۇرەمگە تولدى.
كۆن پاتتى، تىخىچە ئۆرلىمىدى ئاي،
كۆمۈش دىڭىز كەبى كۆرۈنەر ئەتراپ.
گوياكى دەل ـ دەرەخ توزغاقلىرىدەك
توزار قار يەر ـ كۆكنى، ئوك ـ سولنى قاپلاپ
مەن ئەسلا ئۆزۈمنىڭ ئەجرىم ـ تۆھپەمنى
يۇرمىدىم تاغدىكى تاشلارغا ئويۇپ.
ئاخىرقى ئۆمرۈمگە ئەمەك قىلغىلى
يۇرمىدىم يولۋاسنى ئوۋلىماق بولۇپ.
يەنىلا يولبويى كەيىپ سۈرۈش ئۈچۈن
مەن ماڭدىم جۇچۇەندىن ئىسىل مەي ئىلىپ.
يۇمىندىن ئاتلانغان مەن بىر ئەمەلدار
بارىمەن غەربكە ناخشامنى ئىيتىپ.

## كۆشۆتى چوققىسى ھەققىدە ئىككى شېئىر

ئۆرلىدىم ئىگىزگە چوققىنى بويلاپ،
ئۈستۈمدە تۇرىدۇ يىقىنلا ئاسمان،
قارىغايلار جىلغىدا گۈلدۈرمامىدەك
بەھەيۋەت گۈرۈلدەپ دولقۇنلار لەرزان.
يىگىرمە تۆت داۋان تۆۋەندە قالدى
ئۈستۈمدە يەنە شۇ بىپايان ئاسمان.
سەككىز مىڭ چاقىرىم يول بىسىپ كەلدىم
بۇ يەرگە يىراقتىن بولۇپ مەن مىھمان.
ئادەملەر كۆپ مىڭىپ، چۈمۈلە غاجاپ،
سىلىپتۇ ۋادەككە ۋەھىمە ـ زىيان.
تىك يارغا ئىسىلىپ تۇرار ئاپئاق قار،
گوياكى تارتقاندەك ئۇنى يەر سايان.
يەتكەندە تىك تاغنىڭ قاپ بىلىگە مەن،
كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم ھەريان.

كۆرگىنىم ساناقسىز، تەرتىپسىز چوققا،
ئاق بۇلۇت تورۇلۇپ تۇرار بىپايان.

مەن بۇ يان كىلىپلا ھايال ئۆتمەستىن،
ياڭرىدى قۇڭغۇراق — سۈبھى ئەلچىسى
بىشارەت بېرىپ مەن قول پۇلاڭلاتسام،
ئۇلاشتى ھەر ياقتىن بۇلۇت پارچىسى.
تاغلارنىڭ بوۋىسى بۈيۈك كۆنېنلۇن،
بەش مەشھۇر تاغ① يەتكەي ئۇنىڭغا قانداق؟
يۇمشاق قوم دېڭىزنى بۆسۈپ ئاخىرى
مىڭلارچە چوققىغا باستۇق بىز ئاياغ.
بۇ يىراق - چەت ماكان، خەتەرلىك جايدا!
ئىزدەيتتۇق مەنزىلگە يېتىشنى ئامان.
مۇبادا ئۆرلىسە قۇش كۆك قەھرىگە.
تەھقىقكى بەستىدە قالمايدۇ دەرمان.
ئىگەردىن چۈشۈپلا كۆردۈم ئابىدە،
خەتلەرنى پاكىزە سۈرتتۈم شادىمان.
ئىلۇپەر گۈللۈك تون كەيدىم توساتتىن،
تەئەججۈپ ئىلكىدە قاردىم ھەريان.

### كۆشۈيدە بوراننىڭ توختىشىنى كۈتۈش

چىقتى قاتتىق بوران، قالدى نائىلاج
كارۋانلار يولىنى ئەتكىلى داۋام،
گۈركىرەپ، ئۈزۈلمەي چىققان بۇ بوران
كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلىدى تامام.
بەئەينى يانچۇقنى ئۆرۈپ قاققاندەك
چەكسىز چۆل شۇ قەدەر قۇتىردى ئەدەپ؛
گوياكى كەينىگە ئىتتەرمەك بولۇپ،
چىلەنشەن تېغىغا ئۆرۈلدى ھەدەپ.
كۆمسە چاق ئىزىنى بوران دەممۇ دەم،
توسۇدۇ قوم، بوران ھارۋىنى - چاقنى.
بۇ يەرنىڭ ئۆيلىرى سالاتتى ئەسكە
دېڭىزدا چايقالغان كىچىك قولۋاقنى.
بار ئىدى ئەزەلدىن مۇنداق ئەيمىنىش:
دائىم سۇ ئىچىشكە بەك ئامراق ئىدىم،
ئەمدى نەدىن تاپاي تاتلىق بۇلاقنى!

### شىڭشىشياغا كەلدىم سەھەردە

بۇندا تاغ، جىرالار تۇرىدۇ رەتسىز،
ئوخشار ئۇچۇۋاتقان توپ - توپ بۇلۇتقا،
ئوخشار يىغىپ تۆرەپ دۆۋىلەپ قويغان
قاپىقارا تۆمۈرگە بەھىساب چوققا.
چىلەنشەن تاغلىرى گويا شۇ تاپتا
زېمىننىڭ ئۈستىدىن ئۆمۈلەپ مېڭىپ —
كەلگەندەك ئۈزۈلمەي بۇ يەرگە قەدەر،
تۇرار ئەگرى - بۈگرى كۆرۈنۈش ئېلىپ.
ئەجدىھار بېشىنى دەس كۆتۈرگەندەك
تۇرىدۇ بۇ تاغلار ھەيۋەتتە گاھى.
سۇنامىدۇ سۇنمامدۇ ئاسمان تۈۋرۈكى،
بۇ بىلەن ئۇلارنىڭ يوق قىلچە كارى.
ئېگىزدىن ئەتراپقا تاشلىساڭ نەزەر،
كۆرۈنەر چوققىلار بۇندا بەھىساب.
بىر تۇرۇپ بەك ئېگىز، بىر تۇرۇپ بەك پەس
كۆرۈنەر ھەر پەيتتە ھەر خىلغا ئوخشاپ.
يۈز لى يول مۇساپە ئارىلىقىدا
يوق ئەسلا ئادەملەر ياشىغان ماكان،
مىڭ لى يول مۇساپە ئارىلىقىدا
يوق ئەسلا سۇدىن، ئوت - گىياھدىن نىشان.
قارىساڭ، چۈشىدۇ كۆزۈڭگە پەقەت
قۇم باسقان دەشتۇ - چۆل تۇرار ھەرياندا.
ۋە يەنە كۆرىسەن قىران لاچىننىڭ
پەرۋاز قىلغىنىنى ئېگىز ئاسماندا.

① جۇڭگودىكى بەش مەشھۇر تاغ: تەيشەن، خۇاشەن، خېڭشەن، (خۇنەندە)، خېڭشەن (خېبېيدا)، سۇڭشەن (ت).

www.uyghurkitap.com

چىن چېكئېن — چىك سۇلالىسىدىن.

**ئەلتۇمۇردە تامغا يېزىلغان شېئىر**

ياتىدۇ ئۇزاقتىن ئۇزاق سوزۇلۇپ،
قەدىمكى يۇرت - ماكان — قۇمۇل ۋىلايەت.
قەلئەلەر ئىزلىرى، ھەربىر خارابە
خەن ۋە تاڭ دەۋرىدىن سۆزلەر رىۋايەت.

تۇغ - ئەلەم ئويىنغان ئەينى يىللىرى،
تۇلپارلار كىشنىگەن بۇ زېمىن — تۇپراق
باشقىچە تۇس ئېلىپ، ئۆزگىرىپ بۈگۈن،
ياپيېشىل مايسىغا ئېچىپتۇ قۇچاق.

ئاپئاق قار قۇچاقلاپ تىك چوققىلارنى،
بېزەپتۇ تىيانشان تېغىنى كۆركەم.
تاغ سۈيى كۆۋەجەپ ئاققاچ، تال - تېرەك،
زىرائەت ياشناپتۇ كەلگەندە كۆكلەم.

ئويقاندەك كېلى بار كىشمۇ بۇندا
قانائەت تاپىدۇ نەپسىگە قېنىپ
ئەتلىرى خروستال كەبى سۈپسۈزۈك،
ھەسەلدەك قوغۇننى يېگەندە تىلىپ.

كۆرۈندى ئالدىمدا بىر گۈزەل بوستان،
قۇچىقى ياپيېشىل، شۇنچە باراقسان.
بۇك ئورمان قاپلىغان ئاشۇ ۋادىدىن
تاڭ سەھەر شامىلى كەلدى زەپ لەرزان.

ئون يىلدا كىشىلەر بۇندا ئورمانغا
سەپكەندۇر قانچىلىك ماڭلاي تەرىنى؟
بۇ يولدىن ئۆتكەنلەر سەپەر ۋەجىدىن،
بىلىدۇ ۋە ياكى بىلمەيدۇ بۇنى.

خې يىڭ — ئەسلى ئىسمى خې نىڭ، موڭغۇللارنىڭ سېرىق جىيەكلىك خوشۇنىدىن. چيەنلۇڭنىڭ 38 - يىلى تەشرىپدار بولغان؛ جياچىڭنىڭ 5 - يىلى ۋاسساللار مەھكىمىسىدە ياندا‌ش بەگ بولغان، كاسىپلار مەھكىمىسى، نوپۇس پىرقىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن، سەندۇڭدا باش مۇپەتتىش بولغان. كېيىن «قەلەمكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تاشلىۋەتكەن» لىكتىن ئۇرۇمچىگە سۈرگۈن قىلىنغان، كېيىنچە يەركەننىڭ يار‌دەمچى ئامبىلى، قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بولغان.

**قۇمۇلدا ھېيت ئۆتكۈزگەندە خۇشىجەيگە يېزىلغان مەكتۇپ**

ئۆتەڭدىن ئۆتەڭگە توختىماي مېڭىپ،
يەتتە مىڭ ئىككى يۈز چاقىرىم باستىم.
كىرگەندە ئۇشبۇ دەم ئاتمىش ئۇچ ياشقا،
تالاي چۆل - باياۋان، تاغلاردىن ئاشتىم.
خوشلىشىپ سەپەردە كونا يىل بىلەن،
قۇمۇلدا مەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويدۇم.
باج - سېلىق يىغىشقا بولۇپ مۇشەررەپ،
يەركەنگە يول ئېلىپ بۇ يۇرتتا قوندۇم.

بۇ غەرببي دىيارنىڭ يوسۇنىدىمۇ،
قىزاركەن ئۆزگىچە باھار نەغمىسى.
ۋە لېكىن ئۇخلىشار كۆرۈپ شېرىن چۈش،
چارچىغان يولۇچى بۇندا كېچىسى.
تۈن تەڭدىن ئاشقاندا، بەشىنچى جىڭدا،
راسلاندى ئاش - تائام قوي گۆشى پىشىپ.
پوجاڭزا ساداسى ياڭرىدى كۆكتە،
تىڭشىدىم مەن ئۇنى خىيالغا پېتىپ.

يەن جيەن ــ يەنە بىر ئىسمى دەي يۈن. ئىسمى شىڭ نەن، گۇاڭدۇڭنىڭ لىيەنپىڭ ئايمىقىدىن. ھۆكۈمەت لەشكىرى پىرقىسىنىڭ سول قول ياندىشى بېگى بولغان، چىڭ سۇلالىسى جيا چىڭنىڭ 11 - يىلى خىزمەتتە خاتالىشىپ، ئۈرۈمچىگە خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىنى يۇيۇشقا ئەۋەتىلگەن، 13 - يىلى بۇيرۇق بىكار قىلىنىپ، بېيجىڭغا قايتۇرۇپ كېتىلگەن.

## كۇشۇيدە تۈنەش

تۈنۈگۈن كېلىپ مەن ئۇشبۇ دىيارغا،
قۇمبۇلاق قويىدا تۈنىدىم بىر كۈن.
كۈندۈزۇم ئۆتكەچكە سەپەردە، يولدا،
كۇشۇيدە① تۈنىدىم كەچ كىرىپ بۈگۈن.
قۇمبۇلاق سۈيىنى ئىچتىم - تېتىدىم،
بەرمىدى تېنىمگە شېرىن تەم لەززەت.
كۇشۇينىڭ سۈيىنى ئىچتىم - تېتىدىم،
يوق ئىكەن ئۇنىڭدا سۇ تەمى پەقەت.
بۇ يۇرتتا بۇلاقنىڭ زىلال سۈيىمۇ،
ئەجىبا «ئاچچىق» دەپ يامان ئات ئالغان؟
بىلمەكچى بولساڭ گەر بۇنىڭ سىرىنى،
ھەر نەرسە بۇندا چىن، ئەينەن ئاتالغان.
بولغاندا دەل مۇشۇ ئادەت بويىچە،
قۇمبۇلاق دېگەن نام قويۇلغان قانداق؟
بۇ ئىسىم پاكىتقا كەلمەس مۇۋاپىق،
دېمەك بۇ پۈتۈنلەي ناباب نام - ئاتاق.
چۈش مەھەل كۆرۈندى ئالدىمدا بىر كەنت،
توخۇلار ئاۋازى كەلدى مەلىدىن.
ھارۋىمىز توختىدى شۇ يەرگە كېلىپ،
قونۇشقا راسلاندۇق بۇندا دەم ئېلىپ.
دەملىدىم ئىسسىق چاي ئوت يېقىپ مەشكە،
ئۆرلىدى ئاستا سۇس كۆمۈر تۈتۈنى.
قاپتالدىن ئەكەلگەن سۈزۈك تاغ سۈيى،
ئاجايىپ لەززەتكە چۆمدۈردى مېنى.
قولۇمغا ئالدىم مەن مۇڭلۇق سازىمنى،
يوق بۇندا جۆر بولار دىلكەش ئادىمىم.
يىگانە چالغاندا ئۇنى مۇڭ بىلەن،
ئۆزگىچە، تۇيغۇغا چۆمۈلدى دىلىم.
تەنھالىق لەززىتى بولاركەن باشقا،
بىلگەيمۇ كىشىلەر قەدرىنى بۇنىڭ.
بىلسەكىم شۇندىكى ئوي - خىيالىمنى،
تەڭداشسىز سىردىشى بولاتتىم ئۇنىڭ.
سۈكۈنات ئىچىدە، خىيال ئىلكىدە،
ئەيلىدىم ئىزھار پاك يۈرەك - قەلبىمنى.
ئەسلىدىم سېغىنىپ ئېھتىرام بىلەن،
قەلبىمنى چۈشەنگەن سىرداشلىرىمنى.

## ئەلتۆەۋر ھەققىدە ئىككى شېئىر

كەتتى خەن دەۋرىنىڭ ئەمەلدارلىرى،
قالدى تاڭ دەۋرىنىڭ قەلئە ئىزلىرى.
كەلگەن ۋە كەتكەنلەر ياد ئېتەر ھامان،
تۈنۈگۈن - بۈگۈننىڭ دەرت - ھەسرىتىنى.
تۈگەي دەپ قالسىمۇ باھار، ۋە لېكىن
ئاقىدۇ بىر ئېقىن ئەسلا توختىماي،
چۆمۈچلەپ ئۇسۇپ شۇ بۇلاق سۈيىدىن
ئىچىشتۇق بەھۇزۇر دەملەپ ئىسسىق چاي.

بۇ خىلۋەت كەنت تامان پاتقاندا قۇياش،
ھارۋىنى توختاتتۇق ھاردۇق ئالغىلى.
كەپتەرلەر قاراشتى پېشايۋاندىكى،

① كوشۈي ــ يەر نامى بولۇپ، «ئاچچىق سۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاڭلاندى ئورماندىن قاغىلار ئۈنى.
ئۆيلەرنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ ئۆستەڭ،
دولقۇنلار ئوينايدۇ سۈگەت شېخىنى.
نەۋباھار پۈركەپتۇ گۈل - چېچەك بىلەن،
بۇ كەڭرى دالانىڭ ھەممە يېقىنى.
بار ئىكەن بۇندىمۇ گۈزەل مەنزىرە،
قېلىشماس جۇڭخۇادىن ئۇنىڭ ئۈزلىقى.

## ئەلتۈمۈردىن ساۋۇلاققا بېرىش

سۈبھى تاڭ يورىدى مەشرىق تەرەپتىن،
گۈزەل تاڭ چولپىنى چاقنىدى كۆكتە.
چىللايدۇ بىتىنىم قېقىپ شوخ قانات
سۈبھى تاڭ ئەلچىسى — خوراز شۇ پەيتتە.
يىراقتىن نىشانلاپ ساربۇلاقنى بىز،
بىر كۈندە يول باستۇق سەكسەن چاقىرىم،
قۇملۇقتا ماڭار ئات زورۇقۇپ ئاستا،
سۆيىدۇ يۈزلەرنى باھاردا سەلكىن.
گۈزەل تاڭ قۇياشى چاچار پارلاق نۇر،
بۇ چېگرا ماكانىنىڭ كارۋان يولىغا
كۆرۈنەر يىراقتا ئاقىرىپ غۇۋا
قېلىن قار بۇ يۇرتنىڭ ھەر بىر تېغىدا.
تاغلار بۆك - باراقسان، چەكسىز-بىپايان،
تاغلارنى قۇچاقلاپ ياتار ئاپئاق قار،
قارىدىم زوقلىنىپ، كۆرگىنىم مېنىڭ —
مىسالى بىر سۈرەت، مىسلى گۈلباھار.
ئاق بۇلۇت ئاسماندا ئاق قاردەك تۇرار،
ئاپئاق قار تاغلاردا بۇلۇتتەك ياتار،
قار ماكان ئەيلەپتۇ تاغ چوققىسىنى،
ئاق بۇلۇت تۇتۇپتۇ تاغ باغرىنى يار.
كەلمىگەن بولسام گەر بۇياقا يۇرتقا،
بۇ قالتىس مەنزىرنى كۆرەتتىم قانداق؟
تىكىلدىم ئەتراپقا زوقمەن سەيياھدەك،
ئاپئاق قار دېڭىزى ياغان كەڭ قۇچاق.
قاشتېشى ھەم سەدەپ دۆۋىلىرىدەك،
كۆرۈنەر ئاسماندا قارلىق تاغ ھەر ۋاق.
ھەممە يۇرت - ھەممە ئەل بۇ يەردە بۈگۈن
ياشاركەن شادىمان، ئىتتىپاق - ئىناق.
جۇڭغارلار، مۇسۇلمان قەبىلىلىرى
راسلاپتۇ كەڭ سورۇن — ئازادە راۋاق.
غەربتە پامىردىن تا شىمالدىكى
ساتارلار يۇرتىغا قەدەر ھەممە ئەل
چۈشىنىپ ئۆزئارا كۆڭۈل دىلىنى،
ئۇيۇشقان بىر ئۇقنى چۆرىدەپ تۈگەل.
شوخ نەزەر سالدىم ئات ئۈستىدە تۇرۇپ،
يىراقتىن - يىراققا، ھەربىر چوققىغا.
تۇرار تىك چوققىلار تىزىلىپ قاتار،
ئۆتكۈزۈلگەن كەبى بىرلا ھالقىغا.
ئەتە قاق سەھەردە كېتىمەن جەزمەن،
كۇشۇتى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ يىراققا،
ئاڭلاندى ئۇندىكى سۇلار شاۋقۇنى،
ئۇرۇلدى دېۋىرقاي ھىدى دىماققا.

ياڭ بىڭكۈن — چىڭ سۇلالىسىدىن

## تىيانشان ئابىدىسى

شۇنچە مول ئابىدە ياتار ھەريان‌دا،
باقساڭ، تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇقى بار:
باش سانغۇن خۇجۇنجى ئەينى يىلىلىرى
ئىدىقۇت خانىنى قىلىپتۇ تار مار.
قىلىچنى سۇغىرىپ كىرىپ جەڭگاھقا،
بىر كۆرەڭ تەلۋىنى ئەيلەپتۇ گۇمران.

قار ئۇمۇر كۆرگەندەك باھارغىچىلا،
بۇ كىچىك نوچىسى تۇگەپتۇ شۇئان.
ئەسىرلەر مابەينى چېگرا رايوننى
قالدۇرۇپ تۇتقانلار چېكىشتى ھەسرەت.
قەلئەدە جياڭ شىڭبىن قۇچتى زور تۆھپە،

كەلمەكتە كىشىلەر مىڭ يىللار ئەسلەپ.
ئابىدە ئالدىدا توختىشىپ ئۆتەر،
بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەر ئۆتكۈنچى مېھمان.
خارابە ئىزلىرى خىرە بولسىمۇ،
بىلگىلى بولىدۇ جەڭگاھنى ھامان.

چى يۈنشى ــ ئىسمى خې گاۋ، شەنشىنىڭ شۇياڭ ناھىيىسىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جيا چىڭ يىللىرى دۆلەتنىڭ تارىخ سارىيىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى سەيلە قىلغان. جياچىڭنىڭ 18 - يىلى 100 شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «غەربىي چېگرىدىكى بامبۇك نەزمىلىرى» توپلىمىنى يازغان.

## قۇمۇل قوغۇنى

مەن مىرزا چاغلىرىم ئۈنىڭ تەمىنى ــ
بىر شېرىن لەززەتنى تېتىغانىدىم①
قەدىرلەپ تېگىنى خېلى چاققىچە،
ئېسىل سىم قەپەزدە ساقلىغانىدىم.

قوغۇنغا تويدۇ - مۇ، ئىچىمنىڭ قىزىپ،
كېتىشى يادىمغا كەچمەپتۇ پەقەت.
رەنجىمەك نەھاجەت بۇندىن، يەنىلا
زوقىمنى تارتىدۇ قوغۇنلۇق قەۋەت.

ساشياڭلىن ــ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ يارەمچى ئامبىلى بولغان.

## تىيانشانغا مەدھىيە

ماي ئېيى، كۆن سىپەر تەڭرىتاغقا نۇر،
ۋە لېكىن ئاپئاق قار چاچار قەھرىتان.
ئۆرلىدىم مەن ئاستا چىغىريول بىلەن،
ۋادەكىنى ياقىلاپ تىك چوققا تامان.
بىغۇبار ئوت - چۆپلەر ئۈينىسا ئۇسسۇل،
تەبەسسۇم ئەيلەيدۇ رەڭدار گۈل - چېچەك.
ئۆزئارا مىڭگەشكەن تاغ چوققىلىرى،
مەھلىيا قىلىدۇ گۈزەل سۈرەتتەك.

شۇقەدەر باراقسان قارىغايزارلىق،
دەرەخلەر سانىنى بىلەلمەي قالدىم.
قۇرام تاش قاپلىغان يوللارنى دەسسەپ،
كۆپلىگەن ئايلانما داۋاندىن ئاشتىم.
خەتەرلىك چوققىغا چىقتىم ئاخىرى،
قارىدىم ئېگىشىپ جىلغىغا، پەسكە،
فونتاندەك ئۇرغۇيدۇ بۇلاق سۇلىرى،
شاۋقۇنى ئاڭلىنار بۇلۇت قەھرىدە

## قۇمۇل

ئەزەلدىن قەھرىمان، باتۇر قورغانسەن،
تىيانشان تېغىنىڭ ئۈنجى شەھىرى.
زاماندىن - زامانغا جۇڭلۇدۇك ئاشلىق،
باغرىڭدىن جاي ئالدى لەشكەر بارگاھى.
يىگانە يول سەندە يۆلىنەر جۈپكە.
جەنۇبقا، شىمالغا ــ ئىككى تامانغا.
ئەمەلدار تۆرىلەر سېپىنىڭ قوينۇڭدا
كۆتۈلەر ۋە ئۇزار يېڭى ماكانغا.

ئات - ئۇلاغ، ھارۋىلار، ھەربىي پوچتىلار
ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ يوللاردا ھەر ئان،
سودىگەر پۇقرالار چۆللىرىڭ ئارا
سەپىرى تۈگىمەس بىر ئۇلۇغ كارۋان.
پايانسىز قوغۇنزار ياتار سوزۇلۇپ،
كېپقالدى مەن كۆتكەن قوغۇن پىششىقى.
قۇمۇلدا ئۇلغايدى ئەمىنلىك ئەمدى،
كەلسىكەن ئورنۇمغا چاپسان بىر كىشى.

① چىيەنلۇڭنىڭ 48-يىلى خانىنىڭ قوغۇن بىلەن مۇكاپاتلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدىم (ئاپتور).

www.uyghurkitap.com

سى تۇگيەن — چىك سۇلالىسى دەۋرىدە بارىكۆلنىڭ ۋالىيسى بولغان. قۇمۇلدا يېڭى ئېچىلغان بوز يەرلەرنىڭ سۇ مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش، ئۆستەڭ قېزىش مۇناسىۋىتى بىلەن تاغ ئىچىگە كىرگىنىدە بۇ تۆت شېئىرنى يازغان.

### قارلەيلىسى تۈزلەڭلىكىدە

چوققىلار مىنگىشىپ بىرى بىرىگە،
تۇرىدۇ قەد كېرىپ غەرب - شەرقتە.
تىك، يۈكسەك قامىتى نەقەدەر ھەيۋەت،
سىياقى ئوخشىماس، شەكلى باشقىچە.
ياز كېتىپ كەلدى سوغ كەچ كۈز مەزگىلى،
ئۇرۇلار يۈزلەرگە غۇرقىراپ بوران.
قېلىن قار - مۇزلاردا قىشنىڭ قەھرى بار،
تىكىلدىم ئۇنىڭغا بولۇپ مەن ھەيران.

شوخ بۇلاق سۇلىرى ئاقار جۇش ئۇرۇپ،
ئويلايمەن: دېڭىزنى ئىتەرمۇ ماكان؟
ئېگىزدىن چۈشكەن شۇ جىرا سۇلىرى،
مىسالى ئاق شايى كۆككە ئېسىلغان.
بىپايان دالىغا، سايغا ئاقاركەن،
بىر چاغلار دەھشەتلىك كەلكۈن سۇلىرى.
باشلاندى سۇ بۆگۈن ئېتىز - قىرلارغا،
سۇ بىلەن مول بۇلار ئەمگەك ھوسۇلى.

### شۇتى

ھەجەپمۇ ياراشقان تاغقا زىلال سۇ،
زۇمرەت سۇ ئۇزرە ياراشقان راۋاق.
چېلەكلەپ قويغاندەك گويا تاغ سۈيى
چۈشەركەن جىرادىن شارقىراپ ھەرۋاق.
يالىغاچ سۇ تاشنى ئەسىرلەر بويى،
تېشىلگەن چىك قورام تاشلارمۇ خوراپ.
تۈن كېچە، جىمىرلار سۇلار، مىسالى،
جىمىرلار ئاسماندا يۇلتۇز بىھېساب.

سۇ ھورى تۇتاشقان سامان يولىغا،
پەرقلىنىپ تۇرىدۇ لېكىن ئۆز ئارا.
ئىزناسى كۆرۈنەر تۇمان ئىچىدە،
كۆرۈنمەس پاسىلى ئۇنداق ئاق - قارا.
قەۋەتلا سۆيىمەن بۇلاق كۈيىنى،
چۈنكى ئۇ شوخ، لەرزان، ئۇيقۇدىن يىراق.
كېچىز ئۆي ئىچىدە ياستۇق تايىنىپ،
ئاڭلايمەن سۈكۈتتە، ئاڭلايمەن ئۇزاق.

### ئۇيغۇرلار مەھەللىسى ئېدىر

بىر نەچچە ئورۇندا، قاشا ئىچىدە
ئۇيغۇرلار مەھەللىسى تۇرار زەپ كۆجۈم.
ئىشەندىم، بار ئىكەن بۇندا بىر جەننەت،
مەن ئۇنى تاغ ئىچرە جىلغىدا كۆردۈم،
مەجنۇنتال سەپ تارتقان قاتار ۋە قاتار،

كۈتۈدۇ ئىگىلىپ مېھماننى پىنھان.
سۈزۈك سۇ ئايلىنىپ ئاقار مەھەللىنى،
ياشناركەن ئۇنىڭدىن ياپيېشىل بوستان.
سۇ ئاقار جۇش ئۇرۇپ ھەريان، شاۋقۇنى
ئەللەيلەپ قىلدۇرار ياستۇقنى ئارمان.

ھۇپپىدە ئېچىلغان دالا گۈللىرى،
تۇرىدۇ سۇكۇتتە سۇرمەستىن زۇۋان.
سالقىن ياز كۈنلىرى جانلىنىپ بۇيەر،
سەيلىنىڭ ئىشقىنى سالار يۇرەككە.
ھارۋىلار شاۋقۇنى، ئاتلار كىشنىشى،

تارقىلار ھەر ياققا، ئۆرلەر پەلەككە.
ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار
ئېتىمىزغا قاتنايدۇ ئالدىراپ ھامان.
بولىسمۇ بۇ دىيار چەت ياقا بىر يۇرت،
ياشايدۇ پۇقراسى خۇشال شادىمان.

## ئېدىر

ئېتىمنى قامچىلاپ، داۋانلار ئېشىپ،
تىك تاغلار قوينىدىن چىقتىم مەن يەنە،
شىلدىرلاپ ئېقىشى بۇلاق سۈيىنىڭ،
قۇلاققا ئاڭلىنار ناخشىدەك گويا.
كۆپىيىپ يېڭىدىن نۇرغۇن دەل-دەرەخ،
قاپلاپتۇ ئېقىنلار بويىنى تامام.

لايلىرى تارتىلىپ كونا ئۆستەڭنىڭ؛
ئېقىپتۇ سۇلىرى جۇشقۇن ھەم راۋان.
قاپلاپتۇ بىپايان دالىنى بۇندا،
جۇجەم كۆچەتلىرى، كەندىر غوللىرى.
تۇتىشىپ كېتىپتۇ قۇملۇقلار بىلەن،
بۇ ئاۋات بازارنىڭ رەستە يوللىرى.

ۋۇ ئەنچىلىك — چەك سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ يارىدەمچى ئامبىلى بولغان.

## تاشۋىلىق

بىلمەن شەرقىي كەنت مەنزىرىسىنى،
بىلمەن شۇ قەدەر پىششىق تەپسىلى.
غەلىتى تاش، تىلسىم قۇم دۆۋىسىنىڭ
سۈرىگە بەرداشلىق بولماس بەرگىلى.
ئىغاڭلار ياپىيېشىل تېرەكلەر، تاللار،
تىنىمسىز شىلدىرلار يېگانە بۇلاق.
تاشۋىلىق بولىسمۇ بىر كىچىك يېزا،
بىركىچىك جەننەتكە ئوخشاركەن، بىراق.

ئۇزاتتىم تاۋۇز يەپ قاتلىما بىلەن،
تاۋۇز چاغمىنى بۇندا شاد-خۇشال.
يىگىتلەر كېتىشتى بوز يەر ئاچقىلى،
قالدى ھەر ھۇجرىدا يېگانە توقال.
ئۆتتۇنۇپ لەنجۇدىن ئەكەلدۇردۇق تېز،
ئاق كىگىز-كېچەكلەر سوغۇقتا ئاتاپ.
ئاتلاندۇق بىرلىكتە ئارا تامغا بىز،
كۆيدۇرۇپ شام، بۇتنى ئەتكىلى تاۋاپ.

## سەيخۇدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

باھاردا ئەككىنىڭ، كۆزدە يىغقىنىڭ
باغلىقتۇر تۆككەن تەر، ئەجرە-مېھنەتكە.
خوپ چارە ئېتىمىزنى ئۆۋەتلەشتۈرۈش،
شۇ چارە نائىلدۇر پەقەت رەھمەتكە.
سەيخۇدا ياتىدۇ سوزۇلۇپ چەكسىز،
تۆت مىڭ مو مۇنبەت يەر — ھوسۇللۇق ئېتىز.
باشلانغان چېغىدا ئالتۇن كۈز ۋاقتى،
خامانغا يىغىلار باغ تاغدىن ئېگىز.

ئاپرېل كۈنلىرى چاپىمىز ئۆستەڭ،
كەتمەننى، گۈرجەكنى ئارتىپ ئۆشنىگە،
ساخاۋەت يامغۇرى ياغمىسا مەيلى،
دالىغا، خۇش پۇراق ئېتىز ئۈستىگە.
قارلارنى تامامەن ئېرىتىپ تاشلار،
چاچسا نۇر كۈن تەسكەي تاغلار بەستىگە.
شۇ پەيتتە سانسىز بۇلاق سۇلىرى
يېتىدۇ ئېتىمىزغا — جانان ۋەسلىگە.

### شەرقفە بېرىپ كەنتلەرنى چارلىغاندا يېزىلغان تۆت شېئىر

بېسىپ مۆشكۆل داۋان - يوللارنى،
يەنە شەرققە قىلدىم مەن سەپەر.
ھەم تەكشۈردۈم مۇساپىرلارنى
ھېربى ئۆتەڭ، كەنتلەرگە قەدەر.
كەچكى قۇياش چاچار قىرغۇچ نۇر،
كۆز شامىلى سوقار دالىدا.
يوللىرىمدا سولغان گۈل - گىياھ،
ئۇرغار چەكسىز تۇيغۇ دىلىمدا.

يول بۇرالدى تاغ ئېغىزىدا،
كەلدى سوغۇق ئورماندىن شۇئان.
ئۇچقۇر بۇلۇت ئۆزەر ئاسماندا،
باسقان چەكسىز ئورماننى تۇمان.
تىم - تۇرانى قاپلىغان شىۋاق،
يىگانە كەنت جىلغىدا ياتار.
چۆش، كۈن ئۆچۈق، يىراققا باقسام،
كۆكتە جەنۇبقا ئۇچار تۇرنىلار.

ھارۋا ھەيدەپ كەلدىم قۇملۇققا،
نۇر تۆكىدۇ ھىلال ئاي غۇۋا.
تومۇز، بىراق چىلانتاغدا قار،
تاڭدا كېزەر يۇرتنى شوخ سابا.
تۇرار رەت - رەت شالاڭ تېرەكلەر،
دالا گۈلى چاقنار مەخمەلدەك.
چەكتىم ھەسرەت چېگرىدا بۇ پەيت،
جىمى نەرسە چۆلدەرىگەندەك.

چىراي ئاچتى تاشۋىلىق يولى،
خان يەرلىرى كۆرۈندى رەت - رەت.
قىشتا ياغسا ئاپئاق قار قېلىن،
ئوخشايدىكەن كۆزدە زىرائەت.
تۇتاش كەتكەن كەنتلەرنى چارلاپ،
ھال سورىدۇق قاراۋۇللاردىن.
ئاپتۇ بۇ يۇرت كۆركەم قىياپەت،
بوپتۇ خامان تاغ ھوسۇللاردىن.

ياڭ چۈەنشەن — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ يار-دەمچى مەسلىھەتچىسى بولغان.

### ئەجدىھارىسمان مەجنۇنتال

ئېرىغولدا ماكانلاپ ياشىنغان بۇ تال،
كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە گويا سۈرەتتەك.
شاخ-شاخلىرى تاشلاپتۇ زەپ قويۇق سايە،
ئىرماش-چىرماش قېرى شاخ قاۋۇل سوغقابەك.

تەڭگىسىمان قوۋزىقى ئاجايىپ سۈرلۈك،
بۇلاق ئاقار سازلىقتا ئايلىنىپ ئۇنى.
شاخلار گويا يىلاندەك چىرمىشىپ تۇرار،
ھەر تولغىماچ كۆرۈنەر ئەجدىھار كەبى.

### قۇمۇل

چۆمۈلۈپ تولۇن ئاي كۈمۈش نۇرىغا،
زوقلىنىپ چىقتىم مەن قەلئە ئۈستىگە.
دانىشمەن ھەزرەتلەر يازغان نەزمىلەر

تېخىمۇ نۇر قوشقان راۋاق ① ھۆسنىگە
تىيانشاننى قاپلىغان زەپمۇ قېلىن قار،
كۆك تىرەپ تۇرىدۇ يۈكسەك چوققىلار.

① «يىراقنى تىنچىتىش راۋىقى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىپايان قۇم ئارا ياتار ئېۋىرغول،
كېزىدۇ ئۈستىدە بوران ـ چاپقۇنلار.
قاشقوۋۇق يوللىرى ئۆتىشىپ تۇرار
يىراقتىن بىپايان غەربىي ئۇفۇقلىمغا.
ئۇيغۇرلار شەھىرىنىڭ خارابىلىرى،
ياندىشىپ تۇرىدۇ زۇمرەت ئېقىنغا.
بۇ قۇتلۇق دەۋراندا تىنجىپ چېگرىلار
ئېچىلدى بىپايان زېمىن ـ يېڭى يەر.
يىلمۇ يىـل بوللانغان قوغۇن سۈغىتى
لۇكچىياۋ ئۈستىدىن توختىماي ئۆتەر.

يۇدن يۇتاڭ ــ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى مەسلىھەتچىسى بولغان.

## تىيانشانغا مەدھىيە

قۇمۇلنىڭ غەربىي ھەم شىمال يېقىدا،
توخرىلار يۇرتىنىڭ كۈن چىقىشىدا،
بىر چوققا تۇرىدۇ ئاجايىپ ھەيۋەت،
تۇرىدۇ تاقىشىپ گويا ئاسمانغا.
ئۆرلىسەك ئوتتۇز ھەم ئالتە ئەگمىدىن،
ئاخىرقى چوققىغا يېتىمىسەن ئامان.
مەنزىلگە يەتكەننى بىلگەن پەيتىمىزدە،
بۇلۇتلار يېنىمىزدا ئۈزىدۇ لەرزان.

## يالغۇز تويۇمغا مەدھىيە

ياتار يالغۇز تويۇم ــ قەدىمكى دالا،
بۇلۇتلار ئۈزىدۇ ئۇنىڭ كۆكىدە.
ھەريانىنى قاپلىغان باھار كۆكلۈمى،
بوستاننى ئايلىنىپ چىقتىم سەيلىگە.
تۇرىدۇ سوزۇلۇپ شۇ سامان يولى،
شىمالىي تەرەپتە قۇملۇق ئۈستىدە.
كۈنگەي تاغ تىزمىسى قورشاپ بۇ يەرنى،
پاناھلاپ ياتىدۇ تىكىشىپ كۆكسىگە.
بىر قىسىم ئاق تەقىي كىيگەن يىگىتلەر
نەقەدەر سۇباتلىق، نەقەدەر قەيسەر.
لالەرەڭ كۆينەكلىك قىزلار، چوكانلار
ياڭرىتىپ شوخ ناخشا ئۇسسۇلغا چۈشەر.
سۇمۇشتاڭ جىلغىسى شۇ قەدەر چوڭقۇر،
قارىغايلار شۇ قەدەر باراقسان قويۇق.
پەلەكنىڭ قەھرىدە بۇلۇت ئېچىدىن،
تۆرىنلار ساداسى ئاڭلىنار ئوچۇق.

## توغۇچىمىغا مەدھىيە

سۇ پىلىلىسى يويىنار يامغۇر سۈيىدە،
كېپىنەكلەر ئۇچۇشار تۇمان ئىچىدە.
سۈياپ قەلئەسى ①تۇرار كۆككە بوي سوزۇپ،
ماكانلاپتۇ پىلىلەر ئوت ـ چۆپ بەرگىدە.
مەلىكىنىڭ مازىرى ــ ئۇيغۇر ئۆۋىسى
ئايلىنىپتۇ چۆللىشىپ خارابىلىققا.
چارۋىچىلار مال باقار يېقىن ئەتراپتا،
توغۇچىنىڭ ②بويىدا ــ كەڭرى يايلاقتا.
تۇرار مەزموت ـ تەۋرىمەي مەشرىق چوققىسى،
ئاق بولۇتلار قوينىدا گويا سۆرەتتەك.
بوغاز كۆلى ياتىدۇ يېشىل بوستاندا،
دەل ـ دەرەخلەر قوينىدا ماناندەك ــ ئۇستەك.

ئەسلى ئىزاھاتى:

① قومۇلدا سۈياپ دېگەن بىر شەھەر بار، ئۇ قەدىمكى زاماندىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنى بولۇپ، ئۇ يەردە ياۋا پىلىلەر سۇ ئۆسۈملۈكلىرىدە ماكانلايدىكەن.

② توغۇچى ــ قومۇلنىڭ غەربىدە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرمەلىكىسى شۇ يەردە تۇرغان، شەھەر خارابىلىرى ھازىرمۇ بار.

www.uyghurkitap.com

تېپىپ ئەمىن بۇ زېمىن يۇرۇشتى ئىشلار،
تېزىسلاندى بىر ـ بىرلەپ ھەربىر تۈتۈن
ھەم.
شەرقىي كەنتتە ئېچىپ بوز، غەربىي
كەنتتە جەم ـــ
بولۇپ شېرىن ئويقىغا كەتتى ئەل شۇدەم.

## قىزىل يۇلغۇندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئېدىردىن ئۆستەڭ چېپىش

ئېدىردىن باشلاندى ئۆستەڭنىڭ بېشى،
شىلدىرلاپ ئاقار سۇ چاچرىتىپ ئۈنچە،
يېڭىدىن ئېچىلغان تۈمەن گېكتار يەر،
ئېتىزغا ئايلاندى ئۈنۈملۈك شۇنچە.
قاش بويلاپ تىكىلدى دەل ـ دەرەخ قاتار،
ئاقىدۇ تىنىمسىز جۇشقۇن بىر ئېقىن.
بۇ يەردە پۈتكەندە ئۆستەڭ، ياپيېشىل ـــ
بىر سېپىل كەردى قەد، ئۆستەڭگە يېقىن.
بۇ يەرنىڭ ئادىتى ئىكەن خىلمۇ خىل،
ئىشلەتكەن تىلى ھەم غەيرىي ـ باشقىچە،
قۇملۇقنىڭ يېنىدا بولغاچقا شەھەر،
سوغ قەھرى ۋە ئىسسىق تەپتى ئۆزگىچە.
تۇرىمەن غەربىي يۇرت قۇچىقىدا مەن،
نۇرانە ئاستانە قالدى بەك يىراق.
قارىدىم كۈنپېتىشقا تېغى تەرەپكە،
پايانسىز كۆرۈندى كۆك، زېمىن تۇپراق.

## تالناچىن

باشلىنىپ تاشۋېلىق باغرىدىن ئۆتەڭ،
يوللىرى سوزۇلغان ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق.
جەڭ ئوتى، ئىس ـ تۈتەك ئۆلغىيىپ ـ ئۆرلەپ،
ئاينىغان زورلۇق ھەم زۇمىلىق بىرۋاق.
بۇ دۇنيا يارىلىپ، سانسىز پاسىلغا ـــ
بۆلۈنۈپ كەتكەن بۇ چېگرا يۇرت يىراق.
ئارىسى ۋىلايەت بىلەن ئەنشىنىڭ،
توققۇز يۈز ئۆتەڭ يول كېلەر سانساق.
ھېلىگەر توشقاننى تۇتماقنى ئىزدەپ،
كۆك ئارا بۈركۈتلەر ئۇچلايدۇ تىرناق.
ئەنقا راۋىقىدا بۇلبۇل كۈيىنى،
تىڭشىدىم زوقلىنىپ، قويۇپ ئىشتىياق.
مەن كۆڭۈل بەرگىنىم پەقەت بىر نەرسە ـــ
بوز يەرلەر ئەھۋالى بولدىكىن قانداق.
يىغىلسا بۇ يەرگە ئاشلىق ـ يەم كۆپرەك،
قوغدىلار مىليونلاپ زور قوشۇن ھەرۋاق.

## قۇمۇل

قورغاننىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويغاندەك،
ھىلال ئاي تۆكىدۇ كۆكتە پارلاق نۇر.
ئاينى سەير ئەتمەك بوپ مەن ئاشۇ ئاخشام،
ساناقسىز ئورمانلار كۆككە بوي سوزغان،
كۈنبويى لەپىلدەپ ياغقان ئاپئاق قار،
كۈي ـ ناۋا ئوقۇيدۇ ساڭا ئېۋىرغۇل.

جېنيۇەنلۇ① ئۇستىگە چىقتىم بەھۇزۇر،
ياپ-يېشىل تاغ بىلەن ئورالغان قۇمۇل.
جەڭلەردە ئىس- تۈتەك ئەتراپنى قاپلاپ،
جۇڭغارلار بولۇشتى ئاقىۋەت گۇمران.
بۇلۇت ھەم دەل - دەرەخ قايغۇغا چۆكتى،
يانقۇنى ئىلكىگە ئالدى دەرت - پىغان.
ئاستىدا يىگانە غەربىي كۆۋرۈكنىڭ
يىغلايدۇ ھەسرەتتە سۇلار مۇڭلىنىپ.
كۆز يەسلى،كەچكى كۈن تۆكەر قىزغۇچ نۇر،
دولقۇنلار شاۋقۇنلار دەرتتە قايغۇرۇپ.

جاك باۋجەي— چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇللۇق تالىپ.

تىيانشان قارىغىيى

قار بىلەن قارىغاي تۇرار ياندىشىپ،
خەتەرلىك چوققىدا مەغرۇر قەد كېرىپ.
بىرى ئاق ۋە بىرى يېشىل زۇمرەت،
كۆرۈنەر زەپمۇ ئۆز دىلىغا زوق بېرىپ.
تاغلاردا لەپىلدەپ ياغسا ئاپئاق قار،
گۈزەللىك بەخش ئېتەر قارىغاي بەستىگە.
چوققىدا ياشنىغان ياپ-يېشىل قارىغاي
كۆركەم تۈس بېرىدۇ قارنىڭ ھۆسنىگە.
قار باسسا، ئاستىدا ياتار قارىغاي،
ھۆسنىگە تېخىمۇ گۈزەللىك تولۇپ.
ئاق قارنى سۈمۈرسە قۇچۇپ قارىغاي،
قار تۇرار شۇ پېتى خاتىرجەم بولۇپ.
تۆگەرمۇ ئاق قارلار تىيانشاندىكى،
ھەم قاچان سولاركىن قارىغاي سارغىيىپ؟
ئاپئاق قار توپلىنار يەنە مىڭلاپ يىل،
قارىغايلار تۈمەن يىل تۇرار ياشىرىپ.

شى شەنجاڭ—ئىسمى چۈنلىن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جېجياڭنىڭ شەنيىن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. جياڭشىنىڭ يۈگەن ناھىيىسىدە ھاكىم بولغان، خىزمەتتە خاتالاشقانلىقتىن، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، قوشۇن بىلەن بىللە شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن. ئۈچ يىلدىن كېيىن كەچۈرۈم قىلىنىپ قايتۇرۇپ كېتىلگەن. ئۇنىڭ «ئالەمنىڭ شادلىق - ھەسرىتى ھەققىدە كەپىدە يېزىلغان نەزمىلەر» دېگەن كىتابى بار.

قۇم دېڭىزىدىن ئۆتۈش

بىر يول بار قىسمىتى ئاجايىپ تولا،
بۇ مەرتەم بۇيولدىن ئۆتتۈم يەنە بىر.
يولنى پەرق ئەتمىكى تەھقىق مۈشكۈلدۇر،
بۇ يەرگە كەلسە يا ئەۋلىيا، يا پىر.
مەشرىقتىن باشلىنىپ تاكى مەغرىپكە،
سوزۇلغان چەكسىز يول ئۇزاقتىن-ئۇزاق.

① «يىراقنى ئېنىقچىتمىش راۋىقى» (ت)

جەنۇبتىن شىمالغا قىلساڭ سەن سەپەر،
مۇساپە سانىنى بىلمەيسەن بىراق.
كۆرۈنمەس قاتمۇ-قات تاغلار ئەتراپتا،
كۆرۈنمەس ھەم چوڭقۇر جىلغىلار پەستە؛
ئۈستۈڭدە بىپايان ھەرىكەتسىز ئاسمان،
كۆرۈنمەس نە بولۇت نە باشقا نەرسە.
تەئەججۈپ ئىلكىدە چوڭ ئېچىپ كۆزنى،
تىكىلدىم ئۇپۇققا، يىراق-يىراققا.
يۈز يوللاپ نېرىدا تۇرغان نىشاننى
گەپ-سۆزسىز شۇ ھامان قىلدىم مەنئىلغا.
ھەيرانمەن، ھەيرانمەن: زامانى ئاۋۋال
بۇ زېمىن تۇنجى رەت يارالغان چاغدا،
يەل-گازدىن يارالغان ئىمىش روھ ۋە جان،
بولغانمىش تەن توپا-چاڭلاردىن پەيدا.
شۇ چاغدا توپا-چاڭ ئېچىدىن چىققان
تاش-داشقال بۇ يەرگە تاشلانغانمىكىن؟
باشقا جاي تېپىلماي قالغاندەك، بۇيەر—
شۇنچىلىك بىنەزەر سانالغانمىكىن؟
بولمىسا، ئايلانماس ئىدى ئالتۇنغا
بۇندىكى بىباھا ھەر چىمدىم تۇپراق؛
بولمىسا، تىيانشان باغرىدا شۇنچە
كەڭ زېمىن چۆل بولۇپ بوش ياتار قانداق؟
كۆرۈنمەس ئۇ يەردە تىرىك جان ئىزى،
باغرىدا بىر تال چۆپ ئۈنمەيدۇ ئەسلا.
ياتار ئۇ قەدىمدىن غەربىي يۇرت بىلەن
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئارىسىدا.
دەرت ئەلەم سالىدۇ ئاسمان تۆپىلەپ،
يولۇچى كىيىمى ھۆللىنەر ياشتا.
سۇلىرى شاكاراپ، چاي دەملەپ ئىچسەڭ،
تېزەكنىڭ بەد بۇيى چىقىدۇ باشقا.
لياڭ خۇڭنىڭ① ئۆيىدەك ئارامبەخش ئۆي
تېپىلماس ئۆتەڭلەر ئارا ھېچقاچان.
ئاپتاپتا قۇرۇتقان ئۆچكىنىڭ گۆشى،
قورساقنى گوللاشقا بېرىدۇ ئىمكان.
ئون كۈنلۈك سەپەردىن سۆڭرە كۆرۈندى،
قۇمۇلنىڭ قارىسى — سېپىل-مۇنارى.
يۈز-كۆزلەر قارىداپ، چىراي سارغىيىپ،
زەپ مىسكىن تۇس ئالدى پېقىر رۇخسارى.

### كۈشۈي

بىر نوگۇي سۇ ئىچسەڭ، قانىسەن تۇزغا،
قايناتساڭ داڭقاندا قالىدۇ ئاق «قار».
تۆلەيسەن ھەققىگە تېخى خېلى پۇل،
تەمىمۇ تېلىڭغا ياتلا تويۇلار.
چاڭقىساڭ ئىچىسەن قوشۇماڭ تۈرۈپ،
قەدىرلەپ مېھمانغا ئالدىن سۇنىلار.
ئوغىدەك دورىنى ئىچكەندەك ئىچتىم،
قۇرىغان ئۈچەيىم ھۆللىنىپ قالار.

### قۇمۇلغا يەتكەندە

تېنىمنى قۇم ئىچرە كۆمۈپ قويغاندەك،
باش قېيىپ، ھۆمۈدەپ ماڭدۇق ئىلگىرى.
جانلاندۇق ھارغاندا ئىسلارنى كۆرۈپ،
توختىدۇق قۇمۇلدا ئۈچ كۈن تۇرغىلى.
مۇبادا بۈگۈنكە بارماقچى بولساڭ،
بىرەر مىڭ چاقىرىم يۈرىسەن ھامان.
جەنۇبىي يول بولسۇن، يا شىمالىي يول،
سوزۇلغان بۇ يەردىن شۇ نىشان تامان.
بارماقچى بولساڭ گەر تاغ شىمالىغا،
ئۆتىسەن دەل مۇشۇ ماكاندىن جەزمەن.

①لياڭ خۇڭ: شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ياشىغان كىشى. ئائىلىسى نامرات بولسىمۇ ئۆگىنىشكە بېرىلگەنلىكى، ئەمەلدار بولۇشنى خالىماي، مىڭ دېگەن قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ ئىناق ياشىغانلىقى بىلەن تىلغا تونۇلغان.(ت)

ئالتىنچى ئاي چېغى يالتىرار قىرو،
خورسىنىپ قويىمەن سەپەردە ھەردەم.
قەھرىتان قىشتىكى قار ئۇچقۇنىنىڭ
ھەر بىرى كېلىدۇ ئالقاندىن يوغان.
چوشۇپلا كەتتىڭمۇ، تۆگەشكىنىڭ شۇ،
قات ـ قات مۇز تېگىدىن تۇتىسەن ماكان.
جەنۇبقا جۆنىسەڭ، سوقىدۇ بوران،
كالىمۇ ياپراقتەك كېتىدۇ ئۇچۇپ.
پات ـ پاتلا ئاستىرتىن سۇرىسەن خىيال،
يا بىردەم توختايسەن ۋەھىمە قۇچۇپ...
بۇ كەپىلەر يۇرەككە سالدى سارا سىم،
ۋە لېكىن ئۇيياتتىن قىزاردى قۇلاق.
بۇ يوللار شۇنچىلىك قىيىن بولىمدۇر؟
سەپەرنىڭ ئازابى بولارمۇ شۇنداق؟
ئادەمگە كېلىدۇ ھامان بىر ئۆلۈم،
جان تىكىپ مېڭىشقا بەلنى چىڭ تاڭدىم.
بوراندا تىتىلىپ كەتسەم مەيلى دەپ،
جەنۇبقا يۈرۈشكە يول خېتى ئالدىم.

## يولۇقتۇم مەن سەنجاپاردا بورانغا

دەرۋازىدىن چىقتى ھارۋام سۈبھىدە،
دۇمباق كەبى سادا بېرىپ چاقلىرى.
بېرەر ئوتىدان قوللىرىمغا ھارارەت،
بىراق كەلمەس ھارۋىكەشنىڭ ماڭغۇسى.
پايانى يوق كەڭ زېمىنكەن سەنجاپار،
ۋەيران بولغان تامنىڭ تەگىدىن تولىسى.
ئوقۇغانمەن غەربىي يۇرت تەزكىرىسىنى،
مۇشۇ يەردە دەل بوراننىڭ ئۇۋىسى.
دەھشىتىدىن ئادەم ئۇچار ئاسماندا،
قەغەز بىلىپ ئوينار قويۇن ھارۋىنى.
يېتىپ كەلدۇق بۈگۈن دەل چۈش پەيتىدە،
ھاۋا ئوچۇق، ئاسمان شىشە مىسالى.
ئارمان قىلدىم مەن بوراننى كۆرەلمەي،
ماڭدۇق يەنە، تۇتتى ئويقۇ خۇمارى.
تۇيۇقسىزلا گۈلدۈرلىدى بىر ئاۋاز،
قورۇق تاغنىڭ ئارىسىنى تىترىتىپ.
بۇ ئالەمنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكى
قۇلاقلارنى قويدى تامام پاڭ قىلىپ.
شول دەقىقە شاۋقۇن ـ سۈرەن باشلاندى،
ھارۋا توختاپ يۈك ـ تاقىقا تېز يېپىشتۇق.
مالاي ئاتنى دەرھال سۇغا قاندۇردى،
نەئات، ئادەم چۈمۈلىدەك چىپىشتۇق.
زېمىن گويا ئاستىن ئۈستىن بوپكەتتى،
ئاسمان گويا چۈشتى يەرگە ئۆرۈلۈپ.
بولدى گويا قايتا كۈنياڭ ئۇرۇشى①
كەلدى گويا ۋۇئەن قوشۇنى باستۇرۇپ②.
ئىشىك تاقاپ تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇردۇق،
پەرق ئېتەلمەي كۈگۈم ئارا شىرەنى.
ئويلىدىمكى، قالغان بولساق گەر يولدا،
پارە ـ پارە بولماسمىدۇق بىر يولى.
گۈكىردى بوران تۈندە تېخىمۇ،
توختىمىدى تاڭ ئاتسىمۇ ئەتىسى،
قورۇق نانىنى تەڭ بۆلۈشۈپ يېيىشتۇق،
ئويلاشقىمۇ چولا تەگمەي تەمىنى.
چاكىرىمنىڭ چىرايىدا غۇسسە ـ غەم،
لېكىن پېقىر قەلبى شۇنچە شادىمان.
قىيىن پەيتتە كۆردۈم تىلسىم مەنزىرە،
كىتابلاردا باشقىلار ھىچ يازمىغان.
قىلالمايتتىم قىياس بۇنداق ئەھۋالنى.
بۇ قىسمەتلەر كەلمىسە ئۆز بېشىمغا.
ئۈچ كۈن ئۆتۈپ بوران ئۆنى پەسەيدى،
ئىشىك ئېچىپ باقتىم يىراق ـ يېقىنغا.
چاڭ كېتىپتۇ نەچچە يېرى مەيدىنىڭ،
تازىلاپتۇ كۆكنى ئاق قار يۇيغاندەك.
ئەمىن تېپىپ يولغا چىقتۇق بىمالال،
خوشاللىقتىن بولدۇم كۆكتە ئۇچقاندەك.

---

① كۈنياڭ — جۇڭگو تارىخىدا مەشھۇر ئۇرۇش بولغان جاي. (ت)

② ۋۇئەن — يېقىنلىق دەۋرىدىكى يەر نامى، تارىختا بۇ يەردە نۇرغۇن ئۇرۇش بولغان. (ت)

www.uyghurkitap.com

## قارلىق تاغغا چىقىش

بۈگۈردىن سەپەرگە چىققان كۈنىلا
قارلىق تاغ ئۈستىگە چىقماق بولدى غەم.
ئاڭلىغان: ئەسىرلىك قار ـ مۇزلار قېلىن،
چىقماق تەس ئاسمانغا چىقماقتىنمۇ ھەم.
ئويلىدىم: تۈگەي دەپ قالدى ئەتىياز،
ئېرىپ پات ـ ئارىدا قار ـ مۇزلار قالماس.
يا خەقنىڭ گەپ ـ سۆزى كۆپتۈرۈلگەندۇ،
تاغ جىنى ① ئۈنچىلىك مۇدھىش ـ كاز بولماس.
كەلدۇق بىز يول بېسىپ بىر مىڭ ئالتەيۈز،
بىتەكشى يوللاردىن كىردۇق قۇۋۇقا ②
شىۋىرغان نەشتىرى سانچىلار تىغدەك،
تۇرار قار ئۇچقۇنداپ، كۈندۈز بەك غۇۋا.
سۈرئەت تېز بولسۇن دەپ ئۈندەرجېسەكچى،
كېچىكسەك توسارمىش يولنى قار ـ بوران.
مېڭىشمۇ، يېنىشمۇ بولدى جاپالىق،
يوللارنىڭ چېكى يوق، مەنزىل بىپايان.
يۈك ـ تاقلار ھارۋىسى كېلەر سۆرۈلۈپ،
پېتىرنىڭ مەيىسى مۇستەھكەم، راۋان.
ئىچ ئېتىم ئاجايىپ ساغلام ھەم تېمەن،
يان ئاتمۇ چېنىققان ئېشىپ كۆپ داۋان.
ھارۋىكەش قامچىسى تاپمىغاچ تىنىم،
ئېرتەيشەن دېڭىزغا يەتتۇق شۇنچە پات.
ھور ئۆرلەپ تۇرىدۇ خۇش پۇراق چايدىن،
لېگەنگە تېزلىغان قاتلىما قات ـ قات.
بىردەملىك دەم ئېلىش، ئۇزۇقلىنىش ھەم،
بەخش ئەتتى كۈچ ـ مادار، چارچاش بولدى يات.
ئەمدى بىز يول ئالدۇق ئاشۇ ئۆتەڭدىن
ئاجايىپ خەتەرلىك قىياغا قاراپ.
قارىساق ئېگىزگە كەلدى قورققىمىز،
ئىمكان يوق تۇرۇشقا باشقا يول تاللاپ.
تۇرار تىك چوققىدا مۇزلار يالتىراپ،
تۇرار ھەم تۆۋەندە قار ـ مۇز پارقىراپ.

كىم بىلگەي بۇ مۇزلار نەچچە گەز قېلىن،
كىم چىققاي قېلىن قار يېشىنى ساناپ.
سول يېقىڭ تىك قىيا، پەس تامان باقساڭ،
كۆرىسەن تېگى يوق تەكتى ئەسرانى.
ئوڭ يېقىڭ قارلىق تاغ، تۇرار قۇچاغلاپ
گويا كى پەلەكنى ـــ ئەرشى ئەلانى.
ئارىدا ياتىدۇ تېيىلغاق مۇزلۇق،
ھېچقانداق ئامال يوق باسقىلى ئاياق.
ئالدىغا ئىنتىلسەڭ، كېتىسەن ئارتقا،
ئېقىمغا قارشى يول ئالغاندەك قولۋاق.
ھېلىمۇ يۆلەنچۈك بولدى بىز ئۈچۈن،
قىياغا ياندىشقان قارىغاي قاشا.
بولمىسا، كۈندە مىڭ ئادەم، ئات غۇلاپ،
ئۆلەتتى كۆزىدىن ئۆچۈپ نۇر ـ زىيا.
شۇ يەرگە چىققاندا ھەممە تىكىپ جان،
ئېلىشتۇق خەتەردىن ئۆتكىلى ئامان.
رېتىملىق توۋلىشىپ ئۈملىشىپ بىردەك،
بېرىشتۇق ئۆزئارا ئىلھام، كۈچ ـ دەرمان.
تاراسلاپ تەككەندە ئاتلارغا قامچا،
ئادەم، ئات تەڭ كۈچەر، ئۆرىدەپ شۇئان.
تامچىلار كۆپكۆك مۇز ئۈستىگە، يولغا،
ئاتلارنىڭ تېنىدىن ئىسسىق قىزىل قان.
ئاتلار جان تىكىشتى ئادەملەر ئۈچۈن،
بولسىمۇ بەللىرى، تۇيىقى يېغىر.
ئادەملەر ئاتلارغا بولدى يار ـ يۆلەك،
نى جاپا ـــ جەبىرنى كۆرمەستىن ئېغىر.
ھەممەيلەن ھە ـ ھۇ دەپ كۈچىدۇق بىردەك.
تۇياقلار، ئاياقلار باسقاندا قەدەم.
ئۇدۇلدىن بىر ھارۋا كېلىپ توسسا يول،
نە قىلماق، ئەمدى بۇ بولدى يېڭى غەم.
قوڭغۇراق ياڭرىسا، توۋلايمىز ئاندىن:
كەڭ جاينى تاپ، توختات ھارۋاڭنى چەتكە.

① ئەپسانىلاردىكى تاغ ئالۋاستىسى (ت)
② سۇمۇشتاقنى دېمەكچى. (ت)

قالدۇرۇپ تۆۋەندە تالاي ئەگمىنى،
ئاخىرى چىقتۇق بىز بۇلۇت قەھرىگە.
خۇشاللىق يامرىدى ھەر بىر چېھرىگە.
بولدۇق بىز شۇ چاغدا گويا بىردىنلا،
يويمىنكۇ① ئۈستىگە يېتىپ چىققاندەك،
بىر قەدەم ماڭساقلا، تۇزلەڭگە چۈشۈپ،
خاتىرجەم، خىرامان ئۆتۈدىغاندەك؛
ھاياتلىق ـ ماماتلىق جېڭىدە يېڭىپ،

تەنتەنە مارشىنى ئېيتىپ قايتقاندەك،
شادلىقتىن تۈكتۇق ياش، لېكىن مۇشتىمىز
تۈگۈلدى يەنە چىڭ، چىدام ئاشقاندەك.
بولمىسا بىۋاستە كەچمىش، نە بىلەي،
بۇ يولنىڭ بۇنچىلىك جەبرى ـ زۇلمىنى.
كۆلدۈم مەن ياراتماي شۇ چاغ سۇن چونىڭ،
مۇكەممەل بولمىغان تيەنتيەي كۆيىنى②

## كۆشۈتى ئېغىزى

تېتىدىم كۆپ بولاق سۈيىن، سوغ ـ شېرىنلىكتە
بېسىپ چۈشەر ھەممىسىنى بۇندىكى بۇلاق.
تۇرار كۆنگەي تاغ جەنۇبتا كېرىپ قەددىنى،
مەجنۇنتاللار سايىسىغا پۈركىنىپ ھەرۋاق.

تەسۋىر ئەتسەم بۇ ماكانىنىڭ تۇرقى ـ شەكلىنى،
ئەۋلىيالار ماكانىدۇر ھۆر جەننەت سىياق.
ئات ئۈستىدە ئىچتىم زىلال سۇدىن بىر نوگۇي،
ئىچتىم، لېكىن يۈرەك ئاڭا قېنىشتىن يىراق.

## قۇمۇل

تاز ئىدى تال تېرەك مەن كەلسەم بۇيان،
يېشىل تون كىيىپتۇ قايتقاندا ئۇيان.
ئۇخشاپتۇ مېۋىلەر مۇنبەت تۇپراقتا،
كۆرۈنەر بىپايان قۇملۇقلار ئارا.
قورغانلار ئىزلىرى لەشكەرلەر تۇرغان.

ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار
ئارىلىشىپ زەپ ئىناق سودا قىلىشار.
مەنزىـرە بۇياقتا ئۆزگىچە ـ باشقا،
ئوخشىماس شىمالغا ــ تاغ ئارقىسىغا.
قاردىسام، يۈزۈمگە كۈلكە ئۇلىشار.

## ئەلتۆمۈر

تېتىپ كۆرگەنىمدۇ لۈيۈي③ ئەينى يىللىرى،
مۇنداق ئاچچىق ـ چۈچۈك سۈنى خۇددى قايماقتەك.
مالاي كەتتى سۇ ئالغىلى قاپاقنى ئېلىپ،
ئابىي ھايات تۇمارىغا ئەمدى يوق ھاجەت.

## شىڭشىڭشيا

تاغنى يوغان پالتا بىلەن يارغانمۇ،
تاغنىڭ سۆڭەك، ئۆگىسى يا يوغانمۇ،

ھارۋا گويا چاقى چىقىپ كەتكەندەك،
ماڭماس ئاتلار قانچە ئۇرغان بىلەنمۇ.

---

①رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شيا بوي دەريانى تىزگىنلەشتە ياسىغان تۇغان.ت

②سۇن چو: مىلادى 371 ــ 314 ـ يىللىرى ياشىغان شائىر، بۇ يەردە ئۇنىڭ تيەنتەيشەن تېغىغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرى كۆزدە تۇتۇلغان. (ت)

③لۈيۈي ــ مىلادى 804 ــ 773 ــ يىللىرى ياشىغان مەشھۇر شائىر. (ت)

www.uyghurkitap.com

چۈشكەن ئىمىش كۆكتىن يۇلتۇز تاش بولۇپ،①
داۋان ئاشتۇق شۇڭا تەستە ئاھ ئۇرۇپ.

بىردىن چىراي ئاچتى چەكسىز كەڭ جاھان،
كۆردۇق قۇمۇل ئۆيلىرىنى تەلمۈرۈپ.

زوزۇڭتاڭ — ئىسمى جىگاۋ، شياڭيىڭلىق. گۇاڭشۈنىڭ تۈنجى يىلى (1875 - يىلى) شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار دۇبەنى بولۇپ، غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشىغا قوماندانلىق قىلغان. ئەينى چاغدا جاڭ ياۋ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سۇڭ ۋۇ قوشۇنىنى باشلاپ، تاغ يېرىپ يول ئېچىپ، قۇمۇل بىلەن باركۆل ئوتتۇرىسىدىكى خەتەرلىك ئېگىز داۋاننى تەكشى يولغا ئايلاندۇرغان. يول پۈتكەندە، زوزۇڭتاڭ «تىيانشاندىكى ۋادەك ئابىدىسى» نى يېزىپ تاشقا ئويدۇرۇپ، تۆھپىنى خاتىرىلىگەن.

## تىيانشاندىكى ۋادەك ئابىدىسى

تىيانشاندا ئوتتۇز ئىككى ئەگرى داۋان بار،
تاشنى قېزىپ، ياغاچ تىزىپ ۋادەك ياسالغان.
ئايلاندۇردى كىم خەتەرنى ئاسايىشلىققا؟
بىر ئەزىمەت — سۇڭ ۋۇ قوماندانى ئاتالغان.

بۇ تۆھپىگە جېمى كىشى ئوقار ئاپىرىن،
ئىكرام بىلەن چەكتىم تاشقا شۇڭا نامىنى.
بۇزۇش، يونۇش، ئۇپرىتىشتىن ئەيلەڭلەر ھەزەر،
پۈتتۈم گۇاڭشۈ ئىككىنچى يىل ئىيوندا بۇنى.

شياۋشيۇڭ — ئىسمى گاۋمۇ، خۇنەن يىياڭلىق. تۇڭجى يىللىرى جىن شۈن، جاڭ ياۋ قوشۇنى بىلەن بىللە ئىككى تۈمەن چاقىرىم يول يۈرۈپ شىنجاڭغا كىرگەن، كېيىن چاڭساغا قايتىپ، كېچىمىلىرىنى گۆرۈگە قويۇپ ئەسەر يازغان. تۆت جىلدلىق «غەربىي يۇرت ھەققىدىكى رەڭدار نەزمىلەر» دېگەن كىتابى بار.

## تىيانشان ئابىدىسى

مول تۆھپە كۆرمەسمۇ دەر قىلساڭ ئارمان،
ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىنىڭ يىللىرىغا باق.
شۇ يىللار بابىدىن سۆزلەپ قىسمەتلەر،
تۇرار بىر ئابىدە چوققىدا ھەرۋاق.

ھەجەپ ئىش: چوققىغا چىققان چېغىمدا،
خەتلەرنى ئوقۇغان مۇخلارنى سۈرتۈپ،
دەم ئۆتمەي بىردىنلا يەر — ئاسماننى
قاپلىدى شىۋىرغان قار لەرزان ئۇچۇپ.

## ئەجدىھار سىمان مەجنۇنتال

قەدىمكى غوللىرىڭ ئەجدىھار سۈپەت،
تۇردىسەن سۈپسۈزۈك بىر كۆلنى ئوراپ.
تەڭدىشىڭ كۆپ ئەمەس كەزسە جاھاننى،
تولغىماچ شاخلىرىڭ تۇرىدۇ ئېيراپ.

قىيامىڭ ئايلىنار ئابى ھاياتقا،
تاۋلىسا قايىنتىپ تەكرار يالقۇندا.
نى جۇدۇن - چاپقۇنلار ئۆتتى بېشىڭدىن،
سەنمۇ تەڭ يۈكسەلدىڭ بوران - چاپقۇندا.

① شەڭشىڭشيا: يۇلتۇز ئېغىزى دېگەن مەنىدە. (ت)

سۈك بەيلۇ ــ ئىسمى زىچۈن، شەنشى لىچۈەندىن. گۇاڭشۈ يىللىرى تەشـ رىپدار بولغان. دارىلئۇلۇمدا تۈزۈش ـ يېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانـغان، سەنـ دۈك ئۆلكىسىدە تەپتىش بېگى بولغان. 15 جىلدلىق «تاش ئالمىزارلىقتىكى ئەۋـ لىيار ئەنبىيالا نەزمىلىرى» نىڭ ئاپتـۇرى.

### شىڭشىڭشيا

تۇرىدۇ چوققىلار بۇلۇتنى يېرىپ،
تۇرىدۇ قىيالار چىڭ قۇچاقلىشىپ.
قامچىلار تاراسلاپ ئۆرلەشكە ئۈندەر،
قاتىمۇ قات ئېگىز تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ.
تۆۋەندە ياتىدۇ يېڭى ئاچقان يول،
يىراقتىن يىراقتا سوزۇلۇپ راۋان.
بىز تۇرغان بۇ يولنى خەتەرلىك دەرمىش،
ھەر يىلى تالاي چاق بولارمىش ۋەيران.
بۇ يولدىن ئۆتكەنلەر خىسلەتلىك بۇتقا
باش ئۇرۇپ تىلاۋەت قىلاركەن ھامان.
بۇلۇتلار بېشارەت بەردى تىنچلىقتىن،
بۇ سەپەر يولىمىز بولدى تىنچ ـ ئامان،
بىلدۇرۇپ ئېھتىرام قەھرىمانلارغا،
ئۆي ئىچى ــ ھەممىمىز قىلىشتۇق تاۋاپ.
ئاستىلاپ چۈشتۇق ھەم ئېگىز تاغلاردىن
ئاجايىپ تۈز ـ تەكشى قاپتالغا قاراپ.
كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ئىككى ياقتىكى
قىياغا قارىدىم بولۇپ مەن ھەيران.
تۇرىدۇ خەتەرلىك چوققىلار ھەيۋەت،
تەڭرىنىڭ قۇدرىتىن قىلىپ نامايان.
ھە، ئەمدى بەخش ئېتەر ئالدىمىزدىكى
داغدام يول ھەردىلغا ھوزۇر، ھالاۋەت.
كۆڭ پارلاق، يار بىزگە تىنچ ـ ئاسايىشلىق،
ساقلايدۇ تەڭرىمۇ بىزنى سالامەت.

### يەندۈك

بېسىپتۇ قەدىمكى تۇرلار ئۈستىنى،
سارغايغان قۇمۇش ھەم ئوت ـ چۆپ بىر قەۋەت.
كەچكى كۆڭ تېخىچە ئۇلتـۇرغىنى يوق،
ھارۋىكەش قامچىسى كۆرسىتەر ھەيۋەت.
يىراقتا سوزۇلغان سامان يولى تېچ،
قۇملۇقلار ياتىدۇ كېچىدە قات ـ قات.
بۇ چېگرا دىياردا، ئۇچۇق داللىدا
شامالنىڭ سوغۇقى چەكتۇرەر پەريات.
ھىلال ئاي ئېسىلىپ تۇرىدۇ كۆكتە،
بىز ھامان سەپەردە، قوللاردا تىزگىن.
مەيىنى يورۇتار چىراغنىڭ نۇرى،
كىتابنى ياستۇق قىپ ئۇخلىدىم شېرىن.
تۈگىمەس بۇ يوللار، مەنزىل بەك يىراق،
نەدىدۇر قۇنالغۇ توختارمىز قاچان؟
زېرىككەش ئىلكىدە بىر تار ئېقىننىڭ
بويىنى قىلدۇق كەڭ داللىدا ماكان.

### ئەلتۈمۈر

سارىبۇلاق سوزۇلغان يۇزلەپ چاقىرىم،
تىيانشان تېغىنىڭ ئېتىكى سايان.
ئۇششاق قار جىمىرلاپ ئوينايدۇ كۆكتە،
قاشتاشتەك مۇزلارنى يۇيار قەھرىتان.
يۇز ئاچتى ئالدىمدا بولۇپ نامايان،
تەبىئەت دۇنياسى ــ ئىككى خىل جاھان:
بىر ياندا سوزۇلۇك سۇ باشنى يۇغىدەك،
بىر ياندا لاي ـ دۇغ سۇ يۇغىدەك تاپان.

بىر نۆۋەت دەرت ـ ئازاپ چەكتىم يەتكىچە،
بىز باسقان بۇ مەنزىل بولغاچ قۇم دېڭىز.
ياتىدۇ شېغىل ـ تاش، ياتىدۇ قۇملۇق،
ۋە لېكىن قالدۇردۇق شادلىنارلىق ئىز.
ئۇن موچە يەردىكى سولغان قومۇشلار
تۇرىدۇ سارغىيىپ سامان رەڭگىدە.
كۆلنىڭكى تېگىنى قاپلىغان تاللار،
ماغدۇرسىز ئىرغاڭلار سوغۇق زەربىدە.
تۇرىمەن ۋادەككە يۆلىنىپ جىمجىت،
تۇرىمەن ئۆزۈمنى، ھەممىنى ئۇنتۇپ.
جىمجىتلىق ئىلكىدە سوغۇق بىلەن قار،
قويۇپتۇ يەكتەكنىڭ پېشىنى سۈرتۈپ.
ئەجدىھار دەشت ـ چۆلى، تۇرنا قۇملۇقى،
ئايلانغان شورتاڭلىق زىيكەش دالىغا.
بۇ يەردە بولۇپتۇ بىردىنلا تامام،
ئاپئاق شور سىڭىپ يەر قوينى ـ باغرىغا.

ماڭا يات بولسىمۇ بۇ يەر، زېھنىمنى،
كۆچۈمنى سەرپ قىلىپ تەسۋىر ئەتتىم مەن.
ئولتۇرۇپ كۆز تىكسەڭ، ئاپئاق قومۇشلار،
پەرقسىز كۆرۈنەر زىرائەت بىلەن.
قەيەردە تۇرساڭ سەن، شۇ يەر كۆزۈڭگە
كۆرۈنمەس باشقا جاي ـ ماكاندىن ياخشى.
مىسالى تاغدىكى راھىپقا ھامان —
كۆرۈنەر تاقىردەك پۇقرالار بېشى.
كۈن پېتىپ، ياپغاندا گۈگۈم تورىنى،
قۇشلار غەرق بولۇشتى تۈتەك قوينىغا.
پۇرۇلداپ ئۆرلىگەن سېرىق چاڭ ـ توزاڭ،
ياماشتى ھارۋىنىڭ چاقى — بۇلىغا.
نەدە مەي ئىچىمىز بۈگۈن تۈن ئارا،
تاراپ كەيىپ قوپارمىز ھەمدە قاياندىن.
تۈز ـ ئۇدۇل ماڭدۇق بىز ئۈكەرگە قاراپ،
ئۇرۇلار سوغ شامال يۈزلەرگە ياندىن.

## قۇمۇلغا كەلدىم

بۇك ـ باراقسان، ئەجەب خىلۋەت قۇمۇلنىڭ يولى،
تال چىۋىقلار سېپىپ ئۆتەر مەپە يۈزىنى.
ئاپئاق قارلار بۇ شەھەرنى باسقان باغرىغا،
سەيلە قىلدىم قورغان ئۆزرە جۈيخۇا گۈلنى.

ئاسراپ تۇرار بۇندا زەنجىر قەدىم دەرەخنى،
رەڭدار قوغۇن ياتار چاقناپ ئالتۇن تاۋاقتا.
مۇنبەت ئىكەن ئەزەلدىنلا ئۇيغۇرلار يۇرتى،
سۈيى سۈزۈك، گۈل ـ گىياھلار ياشنار ھەرياقتا.

## شەھەر ئىچىدىكى قەدىمكى مەجنۇنتال

قەھرىمان ۋىلايەت قۇمۇل شەھرىنىڭ
قەدىمكى مۇبارەك نامى — ئېۋىرغول.
ئۇ گويا ھارۋىنىڭ بۇلىسى — ئوقى،
تارىلار ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپكە يول.
سۇلىرى باغرىدىن ئاقار شارقىراپ،
تومۇردەك تارالغان ئېقىن ـ ئېقىننىڭ.
ئۈچيۈز تۈپ تال ـ تېرەك كۆككە بويسوزۇپ،
زۇقنى تارتىدۇ يىراق ـ يېقىننىڭ.
چوڭلۇقى قۇمرىدەك شەھەر ئىچىنىڭ،
ياتار ئۇ بىر چەتتە ـ غەربىي جەنۇبتا.

ئۇ يەردە باراقسان قەدىم سۆگەت بار،
سوزۇلۇپ ياتار ئۇ چوڭ يول بويىدا.
بۇ دەرەخ — بۇ قېرى قەدىمكى سۆگەت.
بېشىدىن كەچۈرگەن ئونلاپ ئەسىرنى.
بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر كۆرگەندە ئۇنى،
خورسىنار بىلگەندەك بۇندىكى سىرنى.
كۆرۈنەر بۇلۇتتەك قويۇق سايىسى،
نامازشام پەيتىنى ئەسلىتەر كۈندۈز.
شاخلىرى مىسالى يۈگەنسىز تۇلپار،
چاپىدۇ كەڭ قۇچاق ئاچقاچ دالا ـ تۈز.

www.uyghurkitap.com

ئۆرەنلەپ بوشلۇققا كۆتۈرۈلسە تىك،
بېجىرىم غوللىرى بولار نامايان.
قوۋزىقى كۆرۈنەر يۆگەم قەلەيدەك،
كۆرۈنەر تاشقا گۈل چەككەندەك هامان.
ئېچىلسا قىزغۇچ هەم ساغۇچ پوتلىسى،
بەرگىدە ئوينايدۇ شەبنەم پارقىراپ.
كەلگەندە ئالتۇن كۈز غازاڭ مەزگىلى،
تۆكۈلەر ياپراقلار ئەتراپنى قاپلاپ.
گوياكى دالىدا توپ ـ توپ ئەجدىها،
جەڭ ـ يېغا قىلغاندەك ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق.
گوياكى چۆشكەندەك ئۇچۇپ لاي ئارا،
بەھىساب تىرناقلار، بەھىساب قاسراق.
خىسلەتلىك دەرەخكە ئوخشار خىسلىتى،
بىراق ئۇ رىۋايەت قەدىمدىن قالغان.
ئاڭلىغان گەپكىلا ئىشىنىپ قېلىش—
دۆتلەرنى چۆچۈتۈپ قىلىدۇ هەيران.

چاقنايدۇ يىلىلداپ بىر سۆگەت يۇلتۇز①
چىراغدەك بىپايان ئاسمان كۆكسىدە.
يارالغانمىكىن يا بۇ قەدىم سۆگەت
شۇ يۇلتۇز چۈشكەندە زېمىن ئۈستىگە.
لەشكەرلەر ئۆزئارا چېپىشىپ قىلىچ،
بىر مەهەل ئۇرۇشلار توختىماي كەلدى:
زەپ ئېسىل دەرەخلەر كېسىلىپ كۆيلەپ،
ئوتتۇن قىپ قالاندى، ئوچاقتا كۆيدى.
ۋە لېكىن چەت يىراق خىلۋەت زېمىندا،
بۇ دەرەخ ياشناپتۇ سولماستىن پەقەت.
ئۆچمىگەن بولسىمۇ ئۇرۇش ئوتلىرى،
ساقلاپتۇ تەڭرى يار بوپ، بېرىپ مەدەت.
قەغەزنى تولدۇرۇپ يازدىم بۇ شېئىرنى،
قوشۇمچە بوپ قالار «ئاجايىبات» قا②
ئوقۇسا بىگانە تالىپلار بۇنى
تاڭ قالار هەيران بوپ بۇ مۆجىزاتقا.

## يېڭىدىم قۇمۇل قوغۇنىنى مەن

ياتىدۇ قۇملۇقلار چەكسىز دالىدا،
بورانىدا ئۇچىدۇ قۇم ـ شېغىل تاراپ.
تۇمەنمىڭ چاقىرىم يول بېسىپ غوزلار،
قىلىدۇ بېيىجىڭنى ـــ ئوردىنى تاۋاپ.
مىخلىما ساندۇقلار يېپەك تانىدا
ئاۋايلاپ ئېھتىيات بىلەن تېڭىلار.
ئەلچىلەر ئوردىغا قىلىشار تەقدىم،
قۇمۇلنىڭ قوغۇنى ـــ ئېسىل سوۋغىلار.
شاهانە باغلاردا تۇرار مەي بولۇپ،
گۆھەردەك مېۋىلەر سانجاق هەم سانجاق.
لېكىن بۇ قوغۇننىڭ هۆرمىتى چەكسىز،
كېلەر ئۇ چەت يۇرتتىن پايتەختتىن يىراق.
سۇنۇلغان چاغدا ئۇ ئالتۇن تاۋاقتا،
شاهلارنىڭ لېۋىدە ئوينايدۇ كۈلكە.
تېتىشىپ تەمنى ئورددىكىلەر،
ماختىشار زوقلىنىپ كۆتۈرۈپ كۆككە.
مەن كىچىك چېغىمدا ـــ سەككىز يېشىمدا،
ئاڭلىغاندىم نام ـ داڭقىنى تولا.
مۇشەررەپ بولالماي تىلىپ يېيىشكە،
قالاتتىم بىهۇدە ئارماندا ـ داغدا.
ياشىنىپ ساقالغا قونغاندا قىرو،
تۇيۇقسىز كېپقالدىم بۇ يان بىئامال.
هەم شۇنداق پۇرسەتكە بولدۇم مۇيەسسەر،
خالىسام قانغىچە يەيمەن بىمالال.
ئوخشىماس قوغۇنلار بىرى ـ بىرىگە،
رەڭلىرى كۆك، سېرىق، تورلاشقان، سىلىق.
ئەتلىرى قىزىل هەم ئوتتۇرىسى ئاق،
يېگەنلەر ئاپىرىن ئوقۇشار تەھقىق.
سېۋەتنى تولدۇرۇپ ئەپكەش كۆتۈرۈپ،
دېھقانلار بىر ـ بىرلەپ كىرىدى شەهەرگە.

---

① بىر يۇلتۇزنىڭ نامى

② «ئاجايىبات» ـــ چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ خۇا دېگەن كىشى يازغان، جايلاردىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەر خاتىرىلەنگەن ئەسەر(ت).

يۇز داچەن پۇل بېرىپ بىر قوغۇن ئالدىم،
بازارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ سەھەردە.
ئىچتىم مەن گوياكى ھايات كەۋسىرى،
گويا ئاق قىرو، كۆك مۇز نوكچا يېدىم.
بۇ يۇرتنىڭ ھەسلى نەقەدەر شېرىن،
لەززىتى تىلىنمۇ يارغۇدەك، دېدىم.
تەككەندە شارتىلداپ كۈمۈش رەڭ پىچاق،
تىلىندى چىرايلىق تىلىم - تىلىم بوپ.
تۆگىدى يېيىلىپ ھەش -پەش دېگۈچە،
ئاپىرىن ئوقۇشتى ھەممە خوش بولۇپ.
كەچكۈزدە ئاچ قورساق مۇزدەك نەرسە يەپ،
سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن ئەيلىدىم ھەزەر.
تويغۇچە يېيىشتىن قىلدىم ئېھتىيات،
چۈنكى يول بەك يىراق، جاپالىق سەپەر.

## قۇمۇلدا ئۆتمۈشنى ئەسلەش

(8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بۇ يەرگە كەلدىم)

مەجنۇنتال ئاستىدا، ئېرىق ئىچىدە،
ئاقىدۇ زۇمرەت كەبى كۆز سۈيى.
چۆلسىرەپ ياتىدۇ خارابە، لېكىن
ئۆتمۈشكە كېتىدۇ كىشىنىڭ ئويى.
بۇ يەرنىڭ قەدىمدا قامىل نامى بار،
ئاتىلار ھازىرمۇ بۇ نام قۇمۇل دەپ،
يەرلىك خەق نامىنى ئاتىشىدىكەن
بۇ يەردە ئۇزۇندىن بىردەك ئۇيغۇر دەپ.
مازۇگسەن① تېغىنىڭ يېنى—بويىدا،
تارىلاپ تۆكۈلگەن سانغۇننىڭ يېشى.
يوقالغان ياردىكى باردىگاھ—ئوردا،
جەڭلەردە خاقاننىڭ مەغلۇپ بوپ ئىشى.
ئوردىغا يوللىنىپ تۇرغاچ مەلۇمات،
ساداقەت سانالدى ھەممىدىن ئەۋزەل.
بېرىلدى كەڭ زېمىن سۇيۇرغال قىلىپ،
قوغدالدى ئاسرىلىپ بۇ يەر ھەرمەھەل.

جاڭ يىڭخۇەن — ئىسمى چياۋىيې، گۇاڭدۇڭ نەنخەيلىك. پايتەخت كان ئىشلىرى — تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ باش ئىش باشقۇرغۇچىسى بولغان. گۇاڭشۈ يىللىرى قانۇن ئۆزگەرتىشنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان، گۇاڭشۈنىڭ 27 - يىلى ئىلگىرىكى ئەمىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

## باۋياگۇدا جىيەنىم فەنگە مۇشائىرە

گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ چېگرىلىنىدىغان جاي — باۋياگۇ دەپ ئاتىلىدۇ. جىيەنىم فەن بۇ ھەقتە شېئىر يازغان.

بولغايمۇ ھاياتىم ئەمدى ئوڭۇشلۇق،
كۆڭلۈم بىتەھقىق ئۆتمەس شاد-خۇشال.
بالدۇرلا بىلەتتىم: تۈز كۆڭۈللۈكۈم
ئۆمرۈمگە يەتكۈزەر مالامەت - كاشال.
ھايات مۇساپىسى ئىختىلاپقا باي،
بۇ ھەرگىز ئەمەستۇر باغلىق تەقدىرگە.
ئۆتەر ساي - جىلغىدىن ئۆتەڭ يوللىرى،
ۋە لېكىن ئۇنى سەن تەپتەكشى دېمە.
كۆيلىگىڭ كېلىدۇ باھار پەيزىنى،
بۇلبۇللار ناۋاسى تاپمايدۇ تېنىم.
ياتىدۇ قاتمۇ قات ئىدىرلار، تاغلار،
ياتىدۇ قاۋىماي ئىتلار ھامان جىم.

① جاي ئىسمى.

بۇندىكى ئۇتىياشنىڭ لەززىتى ـ تەمى
تىلىمدىن كەتمەس ھېچ، ئەسلىنەر ھامان.

شىنجاڭغا كىرىشتە تۇنجى مۇساپە ــ
بولغاچقا بىز تۇرغان بۇ جىلغا ـ ماكان.

## ئەلتۆمۈر ئۆتىڭىدە

ئەنشى ئايمىقىدىن چىقىپ ئەلتۆمۈر ئۆتىڭىگە يېتىپ كەلگەنىدە، دەل ـ دەرەخلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى، بۇ يەرنىڭ سۈيىمۇ ئاچچىق ئەمەسكەن، بۇ يەرگىچە سەككىز ئۆتەڭدىن ئۆتتۇم.

تۇگىگەنمۇ سەپەر ئازابى،
ئارامگاھقا باستۇقمۇ، ئاياغ؟
دەل ـ دەرەخلەر تاشلاپتۇ سايە،
شىلدىرلايدۇ بىر تاتلىق بۇلاق.
چىگرىدىكى قاراۋۇللارنىڭ
ئۆي ـ ماكانى تۇرار دەخلىسىز.
كەلگەچ باھار، ئالدىراش ئۈلار،
باشلاپ سۇلار سۇغىرار ئېتىز.

يايلاق يېشىل، ئوت ـ چۆپ مول ـ ئەلۋەك،
ئۈيغۇر ئېتى زەپ سېمىز ـ تېمەن،
مەيىنىڭ كەيپى تارقاپ، بەھۇدە ــ
تەشۋىشلەرگە قىلمىدىم پىسەنت.
نەچارە بار، ۋە يا نە ئىلاج،
گۈزەل پايتەخت قالدى يىراقتا.
جاھان كېزىپ يۈرمەن ئەمدى،
چېكىپ ھەسرەت، كۆيۈپ پىراقتا.

## ئۆتىڭىدە كۇشۈينىڭ داخىل بولدۇم تاماققا

كۇشۈي ئۆتىڭىدە ئەتىگەنلىك تاماققا يېڭى كۆكتات ئىشلىتىپتۇ، گەنسۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يەردە تۇنجى قېتىم يېڭى كۆكتات كۆرۈپ، ھاياجانلىنىپ نەزمە يازدىم.

ئاي ـ ئايلاپ يول باستىم ھەربىي يۈرۈشتە،
ئاش ـ تاماق بولمىدى قۇم ـ تاشتىن خالى.
سەپەردە كۆكتاتنى نەدىن تاپقۇلۇق،
ئەمەلدار زاتلارنى تەمىن ئەتكەلى.
بوز تىكەن، سېمىز ئوت بىزلەرگە گويا
تېپىلماس خورمىدەك بولدى ئەتىۋار.
تاتماسقا چارەم يوق بۇ دەرد ـ ئەلەمنى،
نىجىسلار دىلىمغا بەردى كۆپ ئازار.
كۇشۈينىڭ بېكىتى ئۆزرە قورسىقىم
قويۇقراق چېلىنغان ئۇماچقا تويدى.
يېدىم ھەم مەززە قىپ كۆپكۆك ئوتياشنى،

ماڭا بۇ بىر ۋاقلىق ناشتىلىق بولدى.
نەھاجەت بۇ يەردە، سەپەر ئۈستىدە
يۈرۈشكە ياخشى ۋە ناچارنى ئىلغاپ.
جائىزدۇر ئالدىڭغا كەلگەننى تۇگەل
يېمىگىلىك ئەڭ ياخشى كۆكتات ھېسابلاپ.
دۇفۇنىڭ شېئىرلىرى مەنىلىك شۇنچە،
مەزمۇنى قۇلاقتا تۇردىدۇ ياڭراپ.
يات يۇرتتا مۇساپىر بولغاندا كىشى،
كېلەركەن بېشىغا جاپالار يامراپ.
ھەجەپمۇ يىراقتا قېپقالدى مېيىشەن①
قويۇق ئىس ـ تۇتەككە ئورالغان ھەرياق.

① مېيىشەن ـــ جۇڭيۇەندىكى بىر تاغنىڭ نامى.

زەپ ياخشى ئۇ يەرنىڭ گۈل ـ گىياھلىرى،
سېغىنىش قوزغايدۇ دىلىمدا ھەرۋاق.
مەنزىرە ئۆزگىچە بىپايان چۆلدە،
جېسمىكى ھاياتلىق بولغاندەك خازان.
ياپيېشىل ياقۇتتەك كۆرۈنەر پەقەت،
ياپيېشىل دەل-دەرەخ، باراقسان ئورمان.
بار ئىكەن بۇندىمۇ يۆگىمەچ ئوتلار،
ئېتىزدىن بېدىلەر تۇتۇپتۇ ماكان.
قۇرۇپلا تۈگەپتۇ بۇندىكى مورلار①،
بارغاندا كۇشۇتىغا ئالارمەن ھامان.
كۆكلەپتۇ كۈدە ھەم بىراسېنىيە②
ياپيېشىل تۇس ئېلىپ، سول-سولنى بويلاپ.
ئەۋرە بولۇشقا نەھاجەت ئەمدى،
سالمۇن بېلىقى يېيىشنى ئويلاپ.

## قۇمۇلدىكى ھەزرىتى زوزۇڭتاڭ ئىبادەتخانىسىغا زىيارەت

ئىبادەتخانىنىڭ شام ـ ئىسرىق ئىسى
ئۆرلەيدۇ كۆك ئاسمان قەھرىگە ـ ئەرشكە.
كەلدىڭىز يىراقتىن ئۇزاق يول بېسىپ،
كەلدىڭىز ياۋلارغا زەربە بېرىشكە.
قار ـ مۇزلار قاپلاپتۇ ئاسمان ـ پەلەكتە
بىر چاغدا سىز تۇرغان ئاشۇ بارگاھنى.
تۇرۇپتۇ تاغ، دەريا ئۆز ئەينى پېتى،
تۇرۇپتۇ چەت ـ يىراق ئۇيغۇر ماكانى.
جەنۇبتا سۈرگەندە بەددۆلەتنى،
تۆھپىڭىز شەرىپى تارالغان ھەريان.
مەرىپەت بابىدا چىلانتاغدىمۇ
قۇچتىڭىز تېخىمۇ يۈكسەك شەرەپ ـ شان.
جياگنەندە③ قىلدىڭىز ئەلگە كۆپ خىزمەت،
دىللار ياد ئېتىدۇ شۇ چاغنى ھامان.
مەجنۇنتال ۋە تۇمان ئىچرە شىخۇدا④
تۇرغاندەك تاش كېمە تىنچ ئىدى دەۋران.

## قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت قوغۇن ھەدىيە قىلدى

سوزۇلغان بىپايان ئېتىز ـ ئېكىنزار،
تىيانشان تېغىنىڭ ئېتىكى تامان.
بۇندىكى زىرائەت ـ مېۋىلەر ئىچرە
ئەڭ ئېسىل ـ سەرخىلى قوغۇندۇر ھامان.
يىلاندەك تولغىنىپ، يۆگىلىپ ھەيۋەت،
تۇرىدۇ ئەجدەرھاسىمان قېرى تال.
مۇسۇلمان ئاۋامى تېرىپ زىرائەت،
ئىشلىشەر ئېتىزدا شادىمان ـ خۇشال.
داڭلىق ۋاڭ پېقىرغا قىلدى ھەدىيە،
ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئەتىۋار سوغا.
كەچكىزدە ئۈزۈلۈپ ساقلانغان قوغۇن
گۈل كەبى چىرايلىق كەتكەن تورلىشىپ،
ئەتىياز ئاخشىمى يېدۇق بىز تىلىپ،
ئۆزگىچە بىلىندى تەمى ـ لەززىتى.
ئەجەبا، ساقلىنىپ ۋاقتى ئۆتكەنمۇ،
كەلمەيدۇ مۇۋاپىق جىسمىغا ئېتى.
ئاجايىپ ماكان بۇ، مېنى قىلدى خۇش،
خۇشلۇقۇم ـــ ئۇچرايدۇ چىۋىن كەمدىن ـ كەم.
يەر ئاستى ھەم ئۈستى بايلىققا تولا،
سۈيىمۇ مول ـ ئەلۋەك، تەمى تاتلىق ھەم.
بىرچاغدا يول ئېلىپ بۇ يۇرتتىن خەيفەن،
ھىندىستان تەرەپكە قىلغاندا سەپەر.

① كۆكتات ئورنىدا يېگىلى بولىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىك.
② بىراسېنىيە ئوتى.
③ جياگنەن ـــ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى.
④ شىخۇ كۆلى.

قىش كۈنى قوغۇن يەپ قىلغانىكەن ھۇزۇر،
يېگەنىدەك تەڭداشسىز تاتلىق بال ـ شېكەر.
ئاجايىپ مۆجىزە ھېسابلاپ ئۇنى،
داڭلىشار ياۋروپا ئەتىۋار بىلىپ.
ۋە لېكىن قۇمۇلدا، ھەممىلا يەردە،
تۇراركەن قوغۇنلار خۇش پۇراق چېچىپ.
مۇۋاپىق تاللىنىپ تۇپراق، پەم بىلەن
تېرىلسا، تولدۇ جىسىمىغا شەربەت.
ئوردىمىز ئەزەلدىن قوغۇن بىچىغا
قوللىنىپ كەلدى كۆپ كەڭرى سىياسەت.
شەرت ئىدى بۇرۇنقى قائىدە ـ نىزامدا
پوچتىدىن ئەۋەتىش ئۈچ يۈز تال قوغۇن،
ئاۋايلاپ ھەم ئۇنى گەنجۇ بەگلىرى،
قوغدايتتى تەيىنلەپ ياساۋۇل نۇرغۇن.
ئۇزۇنغا سوزۇلغان گەنسۇ يوللىرى،
ھاردۇرار كارۋاننى جاپالار بۇندا.
تارتۇقا ئاتالغان لىجى مېۋىسى،
ۋاقتىدا يېتەلمەس ئوردىغا ھەتتا.
رەھىمدىل، مېھرىبان بولسا ھەممە ئەل،
رايىشلىق تارالسا ياقا يۇرتلارغا.
كۆڭۈلدىن يۈيۈلار ھارغىنلىق، ھەسرەت،
ئاراملىق دەم بېرىپ غەمكىن دىللارغا.
بۇ ئىسىل سوۋغاتنى يوللاشقۇ ئاسان،
ئاقىۋەت كىشىنى چۈمدۈرەر ئويغا.
سەپەردە بىھاجەت ھاياجانلىنىش،
باشقىنى ئويلىماي ئاتلاندىم يولغا.

**قەمەرىيە 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇمـۇل ۋاڭنىڭ زىياپىتىدە ئوقۇلغان شېئىر**

زاماندا ئەمىنلىك سوزۇلسا ئۇزاق،
مېھىرلىك، شەپقەتلىك بولىدۇ دەۋران.
ئالسا ئەۋج بۆلۈنۈش، نىزا، غـەلۋىلەر،
يۇرت دىيـار تىنچلىـقى بولىدۇ قۇربان.
ئەپ ـ ئىنـاق ئۆتسىلا ئىسلام ئاۋامى،
ئۆتىدۇ كۈنلىرى خۇشال ـ شادىمان.
خەنزۇلار كۆرسىتىپ مەڭگۈلۈك شەپقەت،
بولىمىز تېخىمۇ كەڭ قول، مېھرىبان.
چەت ـ يىراق چېگرىدا ــ غەربىي دىياردا،
ئۆچتى جەڭ ئوتلىرى، تارقىدى تۇمان.
ھەيۋەتلىك قەلئەلەر، مەھكەم سېپىللار،
كېرىپ قەد بۇ يۇرتقا زەپمۇ ياراشقان.
بۇ يۇرتتا كىيىلگەن يۈڭ كىيىملەردىن،
كېلىدۇ چېگرىنىڭ پۇرىقى ھامان.
سورۇنغا تىزىلغان نازۇ ـ نېمەتلەر
جۇڭخۇاچە يۇسۇننى قىلار نامايان.
قىپقىزىل مەيلەر شۇقەدەر ئىسىل،
گويا قاشتېشىدەك نۇر چاچار ھەريان.
توز پېيى، قاشتېشى بوكتە مۇجەسسەم،
چاقنىتىپ كۆزلەرنى قىلىدۇ جەۋلان.
ئۇپراپ نەقىشلەر ئۆچكەن ئىشىكتىن
ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشتى مېھمان.
مېھمانلار ئارزۇغا قېنىشتى تولۇق،
قەۋەتلا مەرت ـ سېخى بولغاچ ساھىپخان.
قېرىنداش مىللەتلەر تەيجى تىلىنى
ئىشلىتەر ئەركىچە، سۆزلىشەر راۋان.
سەللىلىك ئاخۇنلار كوچا ـ كويلاردا،
يۈرىدۇ مىغىلداپ قاتناپ ھەر سايان.
يوللىرى يىلاننىڭ باغرىدەك ئەگرى،
ۋە لېكىن ئورمانلار قويۇق، باراقسان.
نىلۇپەر قۇرىغان، قارماق تۇتۇشنى
شول دەقىق كۆڭۈللەر قىلمايدۇ ئارمان.
راۋاق سۇپىسىدا تۈۋرۈك ھۆل تېشى
چەرىگەچ، قالدۇق تاش ھەريان چېچىلغان.
پەلەمپەي تاشلىرى ئۆز تېنى بىلەن،
ئاسراپتۇ ۋادىكنى قىلماستىن ۋەيران.
ئەسلىسەم يۇرت ئارا بولغان جەڭلەرنى
تىغ تەڭلەپ ئىرقلار قىرغىن قىلىشقان.

ئەجدىھا سۈرەتلىك تالنىڭ ياپرىقى
تۈرقىنى ئۆزگەرتىپ بولغان زەپىران.
قەلئەلەر ئۈستىدە جەڭ دۇمباقلىرى
جاراڭلاپ تېرىغان ۋەھىمە، غەليان.

جەڭ ـ نىزا بەرمىگەچ تىنچلىق ـ ئەمىنلىك،
ئامبارلار بوشىغان تۈگەپ ئاشلىق ـ دان،
بويىغان يوللارنى مىڭلاپ چاقىرىم،
جەڭ ئارا تۆكۈلگەن ئىسسىق قىزىل قان.

گويا بىر ساداقتىن ئېتىلغان ئوقتەك،
بىر نىيەت، مەقسەتتە ئاشتۇق كۆپ داۋان.
ئەل ئارا ئورنىدى تېچ ـ ئاسايىشلىق،
جىمىقتى غەلۋىلەر، ئۆزگەردى زامان.

خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئەھلى ئىلىملەر،
قىرائەت قىلدۇ ئوقۇشۇپ قۇرئان.
شاد، قوۋناق كۈن يەنە قىلدۇ داۋام،
بۇنىڭغا مەن كېپىل، مەندە بار دەرمان.

مەن ئۆزۈم قەلەمكەش، قەلەم تۇتۇشقا،
ئەزەلدىن يەتمىدى ھېچقانداق نۇقسان.
ئۇستىباش خوپ بۇندا، خالار ھەركىشى،
ئەكمەكنى زىرائەت، بولماقنى چوپان.

بىر مەھەل ۋەھىمە تارقاتقاندى،
سادالار ياڭرىتىپ ساداق ھەم قالقان.
ئەزەلدىن ئەگىشىپ ماڭماقلىق كېرەك،
ئالدىڭدا يول باشلاپ ماڭسا قوماندان.

ئۆزگىگە تەلمۈرۈپ تىلەش نەھاجەت،
يۈزۈڭنى يەر قىلىپ، چىرايىنى سامان.
مەي ئىچىپ كەيپىمنى كۆتۈرەي دېسەم،
بۇ قىلىق پېقىرغا ماس كەلگەن قاچان؟

ئىگەردە ئولتۇرۇپ سەگىدىم بىرئاز،
بېسىقتى جۇشقۇنلاپ تۇرغان ھاياجان.
بۇقۇۋناق كۈنلەرنىڭ قەدرىگە يەتسەڭ،
گۈلباھار پەيزىگە چۆمىلەر ھەرجان.

تۈن ئۇزاق، خىيالغا چۆكىمەن بەزەن،
تەپەككۇر قۇشلىرىم كېزىدۇ ئاسمان.
چىلانلار زەپ يوغان، باغۋەن ـ ئەۋلىياھ
ئەنبىيامىكىن، دەپ ئويلايمەن پىنھان.

چۇش پەيتى يېپىلەر ساقلانغان قوغۇن،
تارقىلار ۋۇجۇدقا شېرىنلىك شۇئان.
قوي گۆشى يەپ بولۇپ ئوقار ئاپىرىن،
سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئۆتكۈنچى مېھمان.

بۇنداق چوڭ زىياپەت قەدىمكىلەرگە،
بىلىمەن، ئانچە كۆپ نېسىپ بولمىغان.
بۈگۈن قوي، كالىنىڭ گۆشىنى تىزىپ،
ھالاۋەت سۈرۈشكە قىستار داستىخان.

قانغىچە ئىچتىم مەي، نازۇنېمەتلەر
شۇنچە مول، تەكچىگە پەۋەس تىزىلغان.
يوق كىتاب، كارىۋان، پېقىر يېگانە،
ئۇلار بەك يىراقتا ـ يىراقتا قالغان.

كۆرىمىز گوياكى كۇكۇم قوينىدا،
رەققاسلار ئوينىسا تولغىنىپ لەرزان.
لەرزان كۈي داپلارغا قىلىندى تەڭكەش،
دىللارنى چۇلغىدى مۇڭ، ھەسرەت شۇئان.

قاشتېشى تەخسىگە تۆكۈلدى تىنماي،
دەرتلىك ياش يامغۇرنىڭ تامچىسىمان.
ناخشا ـ كۈي ياڭرىدى تا تۈن يانغىچە.
تىڭشىدى پەلەكتە مۇڭلىنىپ چولپان.

يامرىدى چاناقتىن تېشىپ كۆز ياشلار،
توسۇشقا، بۇرادەر، كىمدە بار ئىمكان؟
نەغمىلەر ئۇلاندى بىرىگە بىرى،
ئۇۋرىغول مۇقامى ئەۋجىدە بۇ ئان.

دىللار زەپ يايرىدى، جۇشقۇنلىدى روھ،
دەرت ـ ئەلەم، ھەسرىتىم ئۆرلىدى شۇ ئان.
مىرزىلىق قىپتىمەن باش ئاقارغىچە،
تىكىپ كۆز مىراخور بەگكە ھەر زامان.

قاچانمۇ پېقىرغا بولىدۇ نېسىپ،
ئۇلۇغ شاھ يارلىقى ـــ مۇقەددەس پەرمان.

قاچانمۇ بولارمىز قەدىناسلار جەم،
قېپىشىپ پايتەختتە ۋىسال شادىمان.
يىلبويى ئوڭىدىن كەلمىدى ئىشلار،
كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، مەن پەرىشان.
تەمتىرەپ يۈرسەمەن ئوشبۇ ئۆتەڭدە،
تاپالماي يۈلۈمنى، تاپالماي نىشان.

پىيجىڭفۇ — ئىسمى بەيچيەن، ئەنخۇي خوچيۇ ناھىيىسىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرى گۇاڭدۇڭنىڭ نەنخەي قاتارلىق ناھىيىلىرىدە ھاكىم بولغان. جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان. شۇمنىتوڭنىڭ ئۇنجى يىلى نەنخەي ناھىيىسىگە قايتىپ كەتكەن. «ئەمىنلىك دەۋرىدىكى كۈنپىلون ئەستىلىكلىرى» ناملىق ئالتە توملۇق ئەسىرى بار.

12 - كۈنى شىخشىخشيادىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىدىن ئۆتتۇم

خەتەرلىك ئېغىز ھەم تىك قىيا، تىك ھاڭ،
قاتىمۇ قات تاش گويا باسماقچى ھەرئان.
قەبرە قوۋۇقىدىن ئىسرىق بىلەن شام
تارقىتار خۇش بۇي ھىد، تارقىتار ھەريان.
بەختىمگە يارىشا نەنخەيدىن كەتتىم،
ئاپەتتىن قۇتۇلدۇم — ئامان قالدى باش.
ئالغىلى نوم، ئاق ئات مىنىپ بۇ يۇرتقا
كەلدىم مەن جاپاغا بېرىپ ھەم بەرداش.
ئۆزگەردى سىياقىم، يۆتكەپ مەن لىباس،
تون - تاجىم قەدىمكى روزغاردا قالدى.
بىردىنلا بوران ھەم يامغۇر ئەۋج ئېلىپ،
ئاسماننى بىردىنلا قاراڭغۇ باستى.
قەبرىدىن بىر ئوچۇم توپىنى ئېلىپ،
ئويلاندىم: تەقدىرىم بولاركىن قانداق؟
ئەجدادلار روھىغا سىغىنىپ شۇئان،
شىشىنى كۆمتۈرۈپ سەپتىم مەن ھاراق.

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كېچىدە ئەلتۆەۈرگە يېتىپ كەلدىم

نەچچە مىڭ چاقىرىم مۇساپە ياتار،
ماڭىمىز قۇملۇقتا — چاڭدا، توزاندا.
كۆرۈندى ئادەملەر، كۆرۈندى ئۆيلەر،
ئۇسساپ ھەم ئېچىرقاپ دەرمان قاچقاندا.
ئەلتۆمۈر باغرىدا چاچار خۇش پۇراق،
تال - تېرەك پوتىلىسى، ئۆرۈك چېچىكى.
ئاپئاق قار باسقاندەك تۇرار يالتىراپ،
كېچىنى بىلمەس ساربۇلاق ئېتىكى.
غۇيۇلداپ باھارنىڭ جۇشقۇن شامىلى،
ھاسامنىڭ ئاستىنى سىيپىلاپ ئۆتتى.
تولۇن ئاي پەلەكتىن چۈشۈپ يېنىمغا،
مۇڭدىشىپ مەن بىلەن مەي - شاراب تۇتتى.
بار ئىكەن بۇ يىراق غەربىي زېمىندا،
زەپ گۈزەل بىر ماكان جەننەتتەك ياخشى.
يار بولسا بۇ يەردە تۇرۇش نەچچە كۈن
ياشىرار ئالتە يۈز يىل يەنە كىشى.

قۇمۇل

تىيانشان تېغىغا توپلانغان ئاق قار،
ئېرىشقا باشلىدى ئەكچىپ - تامچىلاپ.
كەچكى كۈن قۇمۇلنىڭ ئىككى شەھىرىنى
تۇرىدۇ قىپقىزىل شەپەققە ئوراپ.
قاپلىغان ھەر ياقنى شاپتۇل چېچىكى،
يېشىل تون ئىچىدە يايرار تېرەك - تال.
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارا ئىزلىسەڭ،
تېپىلماس بۇنداق ئۈز باھار، شوخ شامال.

سارىبۇلاق باغرىنى كېسىپ ئۆتتۇق بىز،
ئاياغلار ئاستىدا يانچىلدى تىكەن.
بۇغدايلار چايقىلار، مايسىلار ياشنار،
گويا بىر پاياندار ياپيېشىل چىمەن.

مۇبادا باشلانسا شاد نەغمە ـ ناۋا،
ئاڭلىساڭ دۇتارنى زۇقلىنىپ بىر پەس،
ناخشا ـ كۈي پەيزىگە مەيلىڭنى بېرىپ،
قۇنىسەن قۇمۇلدا بولۇپ غەرق مەس.

ۋاڭ شۇنەن ئىسمى جىن لۇەن، خېبېي شىنچېڭلىق. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ، بىگرۇڭ يىللىرى تەشرىپدار بولغان، كېيىن شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارى بولغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نى تۈزگەن.

## قۇمۇل يولىدا يېزىلغان يەتتە شېئىر

بىز ئۇزۇن سەپەردە، ئۇچار قۇم ـ شېغىل،
تۇرىدۇ تۈزلەڭلىك ئالقاندەك ـ ئۇشتەك.
پەلەكنىڭ قەھرىدە، يىراق ـ يىراقتا،
ھىلال ئاي كۆرىنەر ئىنچىكە قاشتەك.
سوقۇپ زەپ شىددەتلىك مەغرىب شامىلى
ئەپكەلدى بىزلەرنى شىڭشىڭشىيا تامان.
ياتىمەن سۆكۆتتە كىگىز ھارۋىدا،
ياتىمەن سۆكۆتتە ئۇيقۇسىز ھامان.

تۇرىمەن ئىگىزدە كۆككە يۆلىنىپ،
قوراللار مۇز كەبى سوغۇق شۇ قەدەر.
قىسمىتى بۇ يۇرتنىڭ بولدى نامايان،
ئەتراپقا ـ زىمىنغا تاشلىسام نەزەر.
يۇرت ـ زىمىن كېڭىيىپ بولدى بىپايان،
غەربىي يۇرت ئاتلىرى چېپىشار راۋان.
پەلەكنى ئايلىنىپ قاقماس شوخ قانات،
شىمالنىڭ ئەنقاسى ئەمدى ھېچقاچان.

بىھساپ يول بېسىپ مەغرىپكە كەلدىم،
بۇ زېمىن نەقەدەر كەڭرى ـ بىپايان
يول ئالسام شىمالغا، پايانسىز كۆكتە
تۇرنىلار توپىغا كۆز يەتمەس ھامان.
لاپچۇق قەلئەسى ئۈستىدە بۇ دەم،
ئاڭلاندى لەشكىرىي دۇمباق ساداسى.
ھاياجان ئىلكىدە بولدى نامايان،
دىلدا شۆ سانغۇننىڭ ئوبراز ـ سىماسى.

خانتەڭرى چوققۇسى ئۆزرە يول ئالدىم،
بۇلۇتلار تۇرىدۇ چوققىنى قۇچۇپ.
ئەرشتىن چۈشمەكتە قار چېچەكلىرى،
شىرمانتاغ ئۈستىدە لەيلىشىپ ـ ئۇچۇپ.
بىپايان قۇملۇقلار ـ قۇم دۆمبەللىرى،
كۆرۈنەر ئاجايىپ تەكشى ـ بىلەيدەك.
قۇمۇلنىڭ قوش. شەھەر قەلئەسى گويا،
كۆرۈنەر بەئەينى ياڭاقتەك ـ قاقتەك.

ئۆرۈلار دولقۇندەك شىددەتلىك بوران،
بولۇتلار تۇرۇلەر پەلەكنى قاپساپ.
ئاي گويا سوغۇقتا قېتىپ قالغاندەك،
چوڭ چۆمۈچ يولتۇزى① تۇرۇدۇ چاقناپ،
ئېتىمنى قامچىلاپ ئۆتتۇم كېچىلەپ،
تىلسىمات دۆمبىلى — قۇملۇقىدىن مەن.
بۇتخانا ئىچىدە پارلىغان چىراغ،
كۆپ ـ كۆك ئىس ـ تۈتەكلەر تارقىلار ھەريان.

كىردۇق بىز خەنىزۇلار ئايدىڭ كېچىدە،
غۇزلارنىڭ زېمىنى غەربىي دىيارغا.
گويا تاۋۇز چاغىنى پەيتىدىكىدەك،
بۇندىمۇ ئوخشاشكەن ئاي دۆگىلەك شارغا.
ئات ئۆزرە تىيانشان تېغىدا تۇرۇپ،
كۆز تىككىنىم مەن قۇتۇپ يۇلتۇزى تامان.
ئارقامغا بۇرۇلۇپ يۇرت تامان باقسام،
قەلبىمنى ئۆرتىدى سېغىنىش ھىجران.

---

② قۇتۇپ يۇلتۇزى (ت).

تىيانشان تېغىدا چوققىلار ئارا،
يىراقتىن تىكىلدىم قومۇل ئايماققا.
پەسلى كۈز، دۆمبەللەر ياتار سوزۇلۇپ،
تېتىرىشەر ئوت ـ چۆپلەر سامان سىياقتا.

لىپىلدەر بايراقلار قولدا تېنىمسىز،
شىكار ئاتلىرىنى ئارىغا ئېلىپ.
بولۇتلار ئۆۋىسى ـــ تىك ياردىن پەسكە
شۇڭغىدى بىر شۇڭقار ئوقتەك ئېتىلىپ.

**قۇمۇل**

قەلئەنىڭ سىرتىدا بىپايان يەرلەر،
بىرلىگەن سۆيۈرغال قىلىپ پۇقراغا.
ئۇردىغا ئىتائەت قىلار ھەممىسى،
ئۇيۇشقان گويا بىر چېدىر ئاستىغا.
قاراۋۇل كۆزىتەر ئېتىز ـ ئېتىزنى،
غۇز لەشكەر سۆزلەيدۇ خەنزۇچە راۋان؛
يامغۇرمۇ ئانچىلا ياغماس يىل بويى،
بورىنى تۆت پەسىل ئۆكسىمەس ھامان.
غەربتە بۆرە ھەم يولۋاس ئۇۋىسى،
ئويلىسام چېكىمەن يېگانە پىغان.

**تۇن كېچىدە كۇشۇي ئۆتىڭىدىن سەپەرگە چىقىش**

قەدەم باستىم تۇن قوينىدا،
قەدىم تەڭرىقۇت دىيارىغا.
چۆل بىپايان، قۇملار ئارا
چامدىماس ئات ھېچ ئالدىغا.
ياڭرار كالا كولدۇرمىسى،
مەنزىل يىراق، يوللار يامان.
خارابىلەر ئارا ئويىنار،
چاڭ توزىتىپ تېيىن ـ چاشقان.
پايانى يوق ئايدالانىڭ،
يۇلتۇز باقار يەرگە هارماي.
قار ـ مۇز ياتار كۆك قەرىدە،
نۇرلار تۆكەر ئاسماندا ئاي.
قالدى تالاي ـ تالاي ئانا،
قولى بولماي ئىشتىن بىكار.
بىزنى كۈتەر قاچانغىچە،
ھىجران ئىچرە بوپ ئىنتىزار.

**قۇمۇلدىن سەپەرگە ئاتلانغاندا**

مەغرىبتە قۇمۇلدىن چىقتىم سەپەرگە،
ئات ئۇزرە تىكىپ كۆز، يارغولغا قاراپ.
تىيانشان ئايرىپتۇ شىمال، جەنۇبنى،
قار ھەم مۇز چاچار سوغ تەنگە تىغ قاداپ.
قۇملارنى توزىتىپ سوقار شۇۋىرغان،
دەل ـ دەرەخ ئۈستىدە قىلىپ قار ـ قىرو.
بۇ ئۇزاق سەپەرنىڭ دەرد ـ ئازابىدا،
قالمىدى چېچىمنىڭ قاردىن پەرقىمۇ.
قايغۇرماي نېمىشقا يول ئازابىدىن،
ئاجىزمەن خان ھۆكمى ئالدىدا بىراق.
كېسەلدىن سارغايدى ھارۇنكەش چېھى،
بۇ يوللار نەقەدەر جاپالىق، يىراق.

**تارانچى ئۆتىڭىدىن سەپەرگە چىقىش**

ئۆتتۇق لاپچۇق ناھىيىسىدىن،
دەپ بىرىشتى ھەمرىيىم خەۋەر.
كۆرۈندى ھەم كەڭ داللاردا
ئاندا ـ ساندا قاراۋۇل لەشكەر.
قىلىن قارلار چاچار قەھرىتان،
گاھ قالىمىز تاپالماي يولنى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇم ئۇچىدۇ ھۇۋۇلاپ، ھۇشقىتىپ،
ۋەھىمىگە سېلىپ كەڭ چۆلنى.
ناگاندا بىر كۆرۈنەر دەرەخ،
يىلە غوزەك تۈگەلمەس بۇندا.
بۇ چەت، خىلۋەت تاغلىق ماكاندا،
پوقاق تولا قىزلار بويىندا.
ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ھاۋانىڭ
ئۇزايىغا باقتىم سىنچىلاپ.
تاڭ ئەلچىسى ــ جاڭگال توخۇسى
بەردى بەلگە سۈبھىدىن، چىللاپ.

# II باب يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەر

## 1. چيەنلۇڭ يىللىرىدا يۈز بەرگەن خىيانەتچىلىك ئەنزىسى

چيەنلۇڭنىڭ 46 - يىلى (1781 - يىلى)، گەنسۇدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر خىيانەتچىلىك ئەنزىسى ئېنىقلانغان. خىيانەت قىلىنغان تەڭگە بىر مىليون 600 نەچچە مىڭ سەرگە يېتىپ، بۇ ئەنزە مەھكىمىگە، 34 ئايماققا، 100 نەچچە ئەمەلدارغا چېتىلغان. ۋالىي لى ئېرجىن مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، چارە كۆرۈلگەن. پەرمانبەردار ۋاڭ تەنۋاڭ ئۆلۈمگە سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ ۋەقە بىلەن چېتىشلىقى بولغان باشقا ئەمەلدارلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، بەزىلىرى سۈرگۈن قىلىنغان، ئومۇمەن كەچۈرۈم قىلىنمىغان.

يېقىندىن تەيىنلەنگەن ۋالىي لى سياۋ يارلىققا بىنائەن بۇ ئەنزىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا قۇمۇلنىڭ ياندىش ئايماق بېگى جىڭ فاڭدىمۇ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ھۆكۈمەت پۇلىنى بۇزۇپ - چېچىشتەك قىلمىشلارنىڭ بارلىقىنى بايىقىغان. لى سياۋ خاننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇپ، ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى فودې، ياردەمچى ئامبال خا جىڭئاللارغا دەرھال تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. 10 - ئايدا جىڭ فاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاجرىتىپ بەرگەن قۇتقۇزۇش پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقى ۋە خەزىنىدىن 23 مىڭ سەردىن كۆپرەك تەڭگىنى كۆز بويامچىلىق قىلىپ ئېلىۋالغانلىقى ئېنىقلانغان. چيەنلۇڭ خان بۇنىڭدىن ئىنتايىن چۆچۈپ كېتىپ، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن جىڭ فاڭنى لەنجۇغا يالاپ ئاپىرىپ، سوراق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. 11 - ئايدا يەنە 61 مىڭ سەر تەڭگىنىڭ زىيان بولغانلىقى ۋە توشۇش، يۆتكەش، ئاشلىق، يەم - خەشەك خىراجىتىدىن 67 مىڭ سەردىن كۆپرەك تەڭگىنىڭ كۆز بويامچىلىق بىلەن ئېلىپ كېتىلگەنلىكى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەمئىي 150 نەچچە مىڭ سەر تەڭگىنىڭ زىيان بولغانلىقى ئېنىقلانغان. كېيىنچە چىڭرا شەھەردىكى كىچىككىنە ياندىش ئايماق بېگىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مۇشۇنداق كۆپ پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جىڭ فاڭنى لەنجۇدىن پايتەختكە يالاپ ئاپىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. لى سياۋغىمۇ «خەزىنىدىكى بۇ تەڭگىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلگەن-

لىكى» نى «تېخى ئىشلىتىپ بولمىغان تەڭگىنىڭ ھازىر قەيەردە ساقلىنىۋاتقانلىقى» نى تېز ئېنىقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلغاندا بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشىلەرنى جازالاپ قالماستىن، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە چارە كۆرگەن. بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زىيان بولغان تەڭگىنى قائىدە بويىچە ئۈرۈمچى باش بۇغى سونۇم سىبلىن ۋە كۇيلىن، بارىكۆلدىكى بارىكۆل - ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بايەندەي، فۇمىڭئا، قۇمۇلدىكى ئىش بېجىرىش ئامبىلى فودې ۋە خاجىڭئالارغا تۆلەتتى. (ئەينى زاماندا قۇمۇل ھەربىي جەھەتتە بارىكۆل باش بۇغىغا قارايتتى. بارىكۆل باش بۇغى يەنە كېلىپ ئۈرۈمچى تۇتۇقىغا قارايتتى). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فودې، خاجىڭئالارغا ئەمىلىنى ئېلىۋېتىپ، قالدۇرۇپ ئىشلىتىش جازاسى بېرىلگەن.

12 - ئايدا لى سياۋ جىڭ فاڭنىڭ ئەمەل تۇتقان مەزگىلىدە ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلىش ۋاستىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان. قۇمۇل ئەزەلدىنلا مۇھىم ئۆتەڭ بولغاچقا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ھۆكۈمەت كۈتۈۋېلىش خىراجىتى ئۈچۈن مەخسۇس پۇل ساقلايتتى. ئەمما ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ، خىراجەتمۇ ئوخشاش بولمايتتى. ئەمەلىي كۈتۈۋېلىش جەريانىدا چوڭ ئەمەلدار كېلىپ قالسا، جىڭ فاڭ ھەدەپ خۇشامەت قىلاتتى. ئورۇق - تۇغقانلىرى، ئاغىنىلىرى، قەدىناسلىرى كېلىپ قالغاندا بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇپ كۈتۈۋالاتتى. پايدىسى تېگىدىغان ئەمەلدارلار كېلىپ قالسا، ئاستىرىتتىن پارا بېرەتتى ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چۆنتىكىنى تولدۇراتتى. شۇڭا بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ناھايىتى كۆپ زىيان كۆرۈلدى. مۇشۇنداق قالايمىقان چىقىمدىن سونۇم سىبلىننىڭ بىرئازمۇ خەۋىرى يوقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، قۇمۇلنىڭ خىراجىتىنى ئەسلىدە شەنشى - گەنسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى تەستىقلايتتى. ئۈرۈمچى باش بۇغى سونۇم سىبلىن بۇ ئىشتىن نەپ تېگىدىغانلىقىنى بىلىپ، قۇمۇلنىڭ خىراجىتىنى مەن تەستىقلاپ بەرسەم دەپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تەلەپ قويغان. چيەنلۇڭ خان ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەيلا ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سونۇم سىبلىن جىڭ فاڭ بەرگەن پارىنى خاتىرجەم يەۋەرگەن. جىڭ فاڭ دەل مۇشۇ مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ، ئىسراپ قىلىۋەتكەن ۋە چۆنتىكىنى تولدۇرغان. شەنشى - گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسى قۇمۇلنىڭ خىراجىتىنى سۈرۈشتە قىلمىغاچقا بۇ ئىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ھېچنېمىنى سەزمىگەن. بۇ ۋەقە تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن جىڭ فاڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. بارىكۆلدىكى بارىكۆل - ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بايەندەي جىڭ فاڭ پارا بەرگەن كۈمۈشنى قوبۇل قىلغاندى. بۇ ئەھۋالنى فۇمىڭئا بىلەتتى. ئەمما ئۇ پاش بولۇپ قالسا، مەنمۇ تۆلەمگە قالىمەن دەپ قورقۇپ پاش قىلمىغان. ئىش پاش بولغاندىن كېيىن بايەندەي بىلەن فۇمىڭئا بىر - بىرىگە يان بېسىپ سىر ساقلىغان. يۇقىرىغا

مەلۇم قىلىنمىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ پارا يېگەن گۇناھى ئۈچۈن،
بايەندەيگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، كېچىكتۈرۈپ كۈزدە ئىجرا قىلغان. فۇمىڭئا بىلىپ
تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ چاغدا سۇنۇم سېلىنىڭ
يېگەن پارىسىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى تېخى ئاشكارىلانمىغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇ-
لالىسى ھۆكۈمىتى قول ئاستىدىكىلەرنى قاتتىق باشقۇرالمىدى دەپلا ئۇنى مەنسەپتىن
قالدۇرۇپ، كېيىن بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان. ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغلىقىنى مىڭ لياڭ
ئۈستىگە ئالغان.

لى سياۋ قۇمۇلدىكى خىيانەتچىلىك ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ،
سۇنۇم سېلىنغا بارىكۆل ھاكىمى سۇڭ جۇنىڭ ھۆكۈمەت ئاشلىقىغا خىيانەت قىلغانلىق
مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى تاپشۇرغان. سۇنۇم سېلىن بۇ ئىشقا بايەندەينى
بۇيرۇغان. بايەندەي ئۆزى پاك بولمىغاچقا، بۇ ئىشنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر
تەرەپ قىلىشقا پېتىنالماي، ئەپلەپ - سەپلەپ «تەكشۈردۇق، نەق ئاشلىق بار ئىكەن،
كەم چىقمىدى» دەپ يالغان ئېيتقان. لى سياۋ بۇنىڭغا ئىشەنمەي، باشقا ئادەم
ئەۋەتىپ تەكشۈرتۈپ، ئاخىرى سۇڭ جۇنىڭ خىيانەت قىلغانلىق مەسىلىسىنى ئېنىقلاپ
چىققان. ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سۇنۇم سېلىنغا بەكمۇ ئىشىنەتتى. شۇڭا
ئۇ ئۈرۈمچىدە ئون نەچچە يىل باش بۇغ بولۇپ تۇرغان. ئەمما بىرقانچە ئەنزە
ئۇنىڭ بىلەن چېتىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، قول ئاستىدىكىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ،
قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-
مىتى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ، ئۈرۈمچىدىمۇ خىيانەت قىلىش ئەھۋالىنىڭ بار-
يوقلۇقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش قارارىغا كەلگەن. ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغلىقىغا
يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مىڭ لياڭ بىرنەچچە ئاي تەكشۈرۈش ئارقىلىق چيەنلۇڭنىڭ
47 - يىلى (1782 - يىلى) 4 - ئايدا ئۈرۈمچىنىڭ ئايماق - ناھىيىلىرىدە لەشكىرىي
ئاشلىقنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، يۇقىرى باھادا ئۆتكۈزۈش ئەھۋالىنىڭ بارلىقىنى
تېپىپ چىققان. مەسىلەن: ئايماق - ناھىيىلەر بىر دادەن بۇغدايىنى بىر سەر تەڭگىگە
سېتىۋالغان بولسا، ئىككى ھەسسە يۇقىرى باھادا ئۆتكۈزگەن، ئايماق - ناھىيىلەردە
مۇشۇ ئىشتىنلا كۆپ يىللاردىن بېرى ئازلىرى بىر قانچە يۈز سەر، كۆپلىرى 10
مىڭ سەرلەپ تەڭگە خىيانەت قىلغان. تەكشۈرۈشتە يەنە ئايماق، ناھىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ
سۇنۇم سېلىنغا دائىم سوۋغا سۇنىدىغانلىقى، پارە بېرىدىغانلىقى، بۇلارنىڭ 10 مىڭ
تەڭگىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى ھەمدە مۇشۇنداق كەيپىيات ئارقىسىدا باش بۇغ يامۇلدىكى
قوۋۇقچىلارنىڭمۇ پارە يېيىشكە جۈرئەت قىلىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكى، تېخىمۇ ھەددىدىن
ئېشىپ، سۈرگۈن قىلىنغانلارمۇ سۇنۇم سېلىننى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئايماق - ناھىيە
ئەمەلدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا پارا يېگەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلغان.
تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ئايماق، ناھىيە ئەمەلدارلىرى ئىچىدە ئۈرۈمچى ئايمىقىنىڭ بېگى
دې پىڭ، ئېۋۇرغۇل ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى خۇتۇل، گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى
ئۇچخۇنلارنىڭ قىلغان خىيانىتى ھەممىدىن ئېغىر بولۇپ، ئۇلار خىيانەت قىلغان تەڭگە

نەچچە 10 مىڭ سەردىن ئېشىپ كەتكەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت پۇلىدىن 20 مىڭ سەردىن ئوشۇق خىيانەت قىلغانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش، 10 مىڭ سەردىن ئوشۇق خىيانەت قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، مىڭ سەردىن ئارتۇق خىيانەت قىلغانلارنى ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلغان. سۇنۇم سېلىنىڭ گۇناھىنى تونۇش پوزىتسىيىسى ياخشى بولمىغان. دەسلەپتە مۇغەمبەرلىك قىلىپ تېنىۋالغان. گاۋزۇڭ خان ئۆزى سوراقتا تارتقاندا راست گېپىنى قىلغان. ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشى ئېغىر بولغانلىقى ھەم باشقا ۋەزىرلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن چيەنلوڭنىڭ 47 - يىلى (1782 - يىلى) 8 - ئايدا گاۋزۇڭ خان، سۇنۇم سېلىن ئۆزلۈكىدىن بېسىقسۇن دەپ ئۆز قولى بىلەن يارلىق چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن قانۇنسىز ئەمەلدارلار تېگىشلىك جاجىسىنى يېگەن.

## 2. لىن زېشۇنىڭ قۇمۇل ۋاڭىنى جازالىشى

قۇمۇلدا ئۆتكەن ۋاڭلار ئىچىدە 7 - ئەۋلاد ۋاڭ بېشىرنىڭ ئورنى ناھايىتى كاتتا بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ قۇمۇلغا 43 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە باشتىن - ئاخىر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ، زور خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئېرىشكەنلىكىدىندۇر. داۋگۇاڭنىڭ 12 - يىلى (1832 - يىلى) بېشىر بېيجىڭغا بېرىپ خانىنى تاۋاپ قىلغاندا، بېيلى مەرتىۋىسىدىن ئىناقچىغانلىقتا كۆتۈرۈلگەن. ئىلگىرىكى ئالتە ئەۋلاد ۋاڭلار بۇنداق يۇقۇلىدا مەرتىۋىگە ئېرىشىپ باققان ئەمەس.

داۋگۇاڭنىڭ 13 - يىلى (1833 - يىلى) بېشىر بېيجىڭدىن قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆزىچە مەرتىۋەم ئۈستى دەپ كۆرەڭلەپ، مەغرۇرلىنىپ، بىر مەھەل تېرىسىگە پاتماي كەتكەن. ھەتتا يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ھەربىي باشلىقلارنىمۇ كۆزىگە ئىلمىغان. ئەمگەكچى خەلقنى بولسا، تېخىمۇ ئەيمەنمەستىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان. ئۇ ھۆكۈمەت يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، «ھەيۋە قىلىپ، خەلقنىڭ تېرىشىغا يول قويمىغان»، «مەيلى بازار، يېزا - باغ، كۆكتاتلىق بولسۇن، ئومۇمەن كىشىلەر ئولتۇرىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىدىن ئىجارە ئالغان ھەمدە كۆمۈركان، تاغدىكى قارىغايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەنپەئەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان» ھەتتا شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر ھەربىي ئىسكىلات، دورىخانا، گازارما، ئات ئېغىلى سېلىشقا بىر ھارۋا توپا ئالسىمۇ، بېشىر بۇندىغا ئۇن تىيىن پۇل تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بېشىر ھەتتا «شەھەر ئەتراپىدىكى زاراتگاھلىقنىڭ ئەتراپىغا تام سېلىپ ئىگىلىۋالغان. «كىمنىڭ ئائىلىسىدە ئۆلۈم بولسا، بىرنەچچە سەر كۈمۈش تاپشۇرغۇزۇپ، ئاندىن زاراتگاھلىققا قويۇشقا رۇخسەت قىلغان. ۋاڭنىڭ زۇلمى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىدىن باشقا ئوردىدىكى بەگلەرمۇ «ھەمىشە باھانە تېپىپ ئالۋان سالغان.» نەتىجىدە ئەسلىدىنلا بەك كەمبەغەل

بولغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ «تۇرمۇشى تېخىمۇ نامراتلىشىپ، تۇرخۇنىدىن ئىس چىقىرالمايدىغان، بەدىنى يىلىنغۇدەك كىيىم كىيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان». كېيىنچە ئۈچ جايدىكى ھۆكۈمەت يەرلىرىدىن باشقا يەرلەرنىڭ ھەممىسى ۋاڭنىڭ شەخسىي مۈلكىگە ئايلىنىپ كەتكەن. يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر مۇشۇنداق بوزەك قىلىنسىمۇ، بېشىر پەۋقۇلئاددە مەرتىۋىگە ئىگە بولغاچقا، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، غەزىپىنى تېشىغا چىقىرالمىغان. ئەينى زاماندا مەيلى ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر، مۆتىۋەرلەر، ئەسكەر ۋە خەلقلەر بولسۇن، بېشىرغا «غەزەپ بىلەن ئالايغان».

داۋگۇاڭنىڭ 22 - يىلى (1842 - يىلى) لىن زېشۈ ئەپيۇننى مەنئىي قىلغانلىقى ۋە ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەنسىپى تۆۋەنلىتىلىپ شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا قۇمۇلدىن ئۆتۈپ، يىل ئاخىرىدا ئىلىغا يېتىپ بارغان. ئەينى زاماندا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتاتتى. نۇرغۇن بوز يەرلەر تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك ئىدى. لىن زېشۈ سۇچىلىقتا تەجرىبىلىك بولۇپ، بوز يەر تەكشۈرۈشكە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى مەلۇم قىلغان. ئىلى سانغۇنى بۇيانتاينىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۇ قاراشەھەردىكى خان ئامبال چۈەنچىڭ بىلەن بىللە ئىلگىر - ئاخىر كۇچا، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بوز يەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشىنى ئەستايىدىل بېجىرىپ، ناھايىتى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى (1845 - يىلى) لىن زېشۈ يارلىق بويىچە تالناچىن (ھازىرقى تاشۋېلىق) دىكى ھۆكۈمەت بوز يەرلىرىنىڭ مو سانىنى تەكشۈرمەكچى بولغان. 10 - ئايدا ئۇلار يىلاندىلىقتىكى يەر مو سانىنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن، تۇرپاندىن قۇمۇلغا كەلگەن، 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قۇمۇل شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، 26 - كۈنى تالناچىنغا يېتىپ بارغان. تالناچىندىكى بوز يەر ئەھۋالىنى ئۈچ كۈندىلا ئېنىقلاپ بولۇپ، چىڭ ئوردىسىغا مەلۇم قىلغان. لىن زېشۈ قۇمۇلدا تۇرغان مەزگىلدە يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ بەك نامراتلىقىنى بايقاپلا قالماستىن، بەلكى يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەرنىڭمۇ ۋاڭغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى سەزگەن. 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۇ تالناچىندىن قۇمۇلغا كېلىۋاتقاندا يول ئۈستىدە تۇساتتىنلا 100 نەچچە ئادەمنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئەرز تۇتۇپ، نۇۋال بولدى دەپ نالە - پەرياد قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئەسكەر، خەلق، مۆتىۋەرلەر، سودىگەرلەر بارلىقىنى بىلگەن. ئۇلار بىر ئېغىزدىن بېشىر ۋاڭنىڭ ھەر خىل قانۇنسىز قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. گۇناھكار ئەمەلدار بولغاچقا، لىن زېشۈنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەرز قىلىنغان ئىشمۇ ئۇنىڭ تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ ھەققانىيەتنى ياقلاش نىيىتى كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ ئەرزنى قوبۇل قىلغان. لىن زېشۈ قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن،

قومۇلدىكى خان ئامبال مەھكىمىسىگە بېرىپ ئارخىپلارنى ئالدۇرۇپ، قومۇل تارىخىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، بېشىرنىڭ يەرلەرنى قوشۇۋېلىشتىكى ۋاستىلىرى ۋە خەلقنى بوزەك قىلغان جىنايىتىنى ئاخىرى ئېنىقلاپ چىققان. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لىن زېشۇ قومۇلدىكى خان ئامبال خىڭ يۈي بىلەن بىرلىكتە بېشىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەرزدىكى ئىشلارنى سورۇشتە قىلغان. بېشىر لىن زېشۇنىڭ نام - شەرىپىدىن ئاللىقاچانلا خەۋەردار بولغاچقا، ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ، قىزىلبۇلغۇندىكى 10 مىڭ مو يەرنى ئىئانە قىلسام دەپ يالغان - ياۋىداق ئىپادە بىلدۈرگەن. لىن زېشۇ داۋلى بىلەن رەت قىلىپ، چيەنلۇڭنىڭ 18 - يىلى (1753 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قومۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق دەپ قاراپ، غەللە - پاراق تاپشۇرۇشنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا پەرمان چىقارغانلىقىنى، بۇ يەرنى ئەسلى ۋاڭغا ئاتاپ بەرمىگەنلىكىنى، قىزىلبۇلغۇن ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ ئەسلىدىلا ھۆكۈمەتنىڭ بوز يېرى ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە ۋاڭنىڭ خانلىقتىن يوشۇرۇنچە بۇ يەرلەرنى ئۆز ئالدىغا تېرىۋاتقانلىقىنى، قائىدە بويىچە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش لازىملىقىنى، ئىئانە - پىئانە دېگەن مەسىلىنىڭ زادىلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. لىن زېشۇ «مەيلى جەنۇبتىكى ۋە شىمالدىكى ھەر قايسى جايلاردا بولسۇن، بىر غېرىچ يەرمۇ خانلىققا تەۋە» دەپ تەكىتلىگەن. لىن زېشۇ يوللۇق ھەم پاكىتلىق سۆزلىرى بىلەن بېشىرنى بېسىپ چۈشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بېشىر ئالدىراپ - تېنەپ خان داۋگۇاڭغا مەكتۇپ يوللاپ، «پېقىر بېشىر ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئۇلۇغ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلدىم، بۇنى مەن چىن قەلبىمدىن قەدىرلەيمەن. بۈگۈنكى كۈندە پېقىر بېشىر قىزىلبۇلغۇندىكى بوز يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ پىششىق يەرگە ئايلاندۇردۇم. بۇ يەرلەرنى تەكەللۇپ بىلەن ئۇلۇغ پادىشاھ ئالىيلىرىغا سوۋغا قىلىپ، ھۆكۈمەت يېرى سۈپىتىدە دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خالايمەن» دېگەن.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى لىن زېشۇ خاننىڭ كەچۈرۈمنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان «خاننىڭ شەپقىتى بىلەن 4 - 5 جەرىبلىك كاندىدات جىڭتاكلىققا ئۆستۈرۈلگەن». مەرتىۋىدىكى ئۆزگىرىش لىن زېشۇنىڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش غەيرىتىنى ئاشۇرغان. ئۇ چۆەنچىڭ بىلەن بىرلىكتە «ئىچكى كابىنېت بۇتاكى، كاندىدات جىڭتاك» نامىدا «شەھەر ئىچىدىكى زىراتگاھلىقنىڭ قورۇق تېمى دەرھال تۈزلەپ تاشلانسۇن، ئۇ يەرگە ئەسكەر ۋە پۇقرالار دەپنە قىلىنغاندا كاشىلا قىلىنمىسۇن، يېزا، بازار، دۇكان، ئۆي - جايلار، كۆمۈركان، قاقاس تاغ، قارىغاي ئۆسىدىغان تاغ قاتارلىق ھۆكۈمەت يەرلىرىدىن ئىجارە ھەققى ئېلىشقا بولمايدۇ، پارچە - پۇرات يەرلەردىن ئەسكەر ۋە پۇقرالار توپا ئېلىپ ئىشلەتسە، ئۇلاردىن قاقتى - سوقتى قىلىپ ھەق ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن باھانە سەۋەب تېپىپ، قاقتى - سوقتى قىلغۇچىلار چىقىپ قالسا، ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، كەڭچىلىك قىلىنمايدۇ» دەپ ئېلان چىقارغان. «پادىشاھلىق ئېلىكىدىكى بىر غېرىچ يەرنىمۇ شەخسلەرنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ» دەپ يەنە بىر قېتىم تەنتەنە بىلەن جاكالىغان. ئەسكەر ۋە پۇقرالار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بارىكاللا

ئېيتىشقان. 11-ئاينىڭ 11-كۈنىگە كەلگەندە لىن زېشۇ بۇ ۋەقەنى ئۆز قولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، ئاندىن قۇمۇلدىن شەرققە سەپەر قىلغان.

### 3. تۇڭجى يىللىرىدا قۇمۇلدىكى ئەمەلدارلارنىڭ بىر-بىرىنى پاش قىلىش ۋەقەسى

تۇڭجىنىڭ 2-يىلى (1863-يىلى) خاننىڭ قۇمۇلدىكى خان ئامبىلى شىڭ تەي ئاز-تولا ئىشلار تۈپەيلىدىن قۇمۇلنىڭ ياندىش سانغۇنى ئىبىن شيەن بىلەن تەگىشىپ قالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا بولۇپ، پات-پاتلا سۈركىلىش يۈز بېرەتتى.

قۇمۇلنىڭ ياندىش سانغۇنى ئىبىن شيەن ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ زورلۇق ئىشلىتىدىغان، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھال-دەردىگە يەتمەيدىغان قوپال ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان مىڭبېشى جاڭ جىچىڭ، مىرزا لى جاۋفۇ قاتارلىق بەش ئادەم بىلەن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئۈستىدىكى ئەمەلدارلارغا خۇشامەتچىلىك قىلاتتى. بۇرۇنقى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ قولىدىكى «ھەربىي تەمنات»نى ئېلىپ ئىشلىتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلمايتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇمۇلنىڭ ھەربىي تەمناتى يېتىشمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئەسكەرلەر تۇرمۇشتا ئىنتايىن قىينالغان ئەھۋال ئاستىدا، خان ئامبال شىڭ تەيگە ئەرز قىلغان، شىڭ تەي ئىبىن شيەن بىلەن تىركىشىپ قالغاندىن بۇيان ھەمىشە ئۆچ ئېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇ مۇشۇنى باھانە قىلىپ، دەرھال قارادىۋان ۋەزىرىگە مەلۇم قىلغان ھەمدە ئىبىن شيەن قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ھەربىي تەمناتنى قىسىپ قالدى دەپ ھۇجۇم قىلغان. قارادىۋان ۋەزىرى بۇ ئىشقا ئېتىبار بىلەن قاراپ، بۇنى مۇزۇڭ خانغا سۇنغان، مۇزۇڭ خان ئۇرۇمچى باش بۇغىي پىڭ رۈيگە: ئىبىن شيەن، جاڭ جىچىڭلارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاش، بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈش، ياندىش سانغۇننىڭ بارلىق تامغىلىرىنى زەڭگە داسا خاڭما، دىۋانبېگى دىڭگو تەيلەرنى ئەۋەتىپ، ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

ئىبىن شيەن قايىل بولماي، تامغىلارنى تاپشۇرمىغان ھەمدە لى جاۋفۇ قاتارلىقلارنى ئۆز مەھكىمىسىگە يوشۇرۇپ قويغان. تۇڭجىنىڭ 2-يىلى (1863-يىلى) 4-ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىبىن شيەن قاتارلىقلارنى پادىشاھنىڭ ئەمرىگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر دەپ قاراپ، ئىبىن شيەن، دىۋانبېگى چۆەنلىڭ ۋە مىڭبېشى جاڭ جىچىڭنى قولغا ئالغان. بۇ چاغدا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن خان ئامبال ۋېن شياڭ ئىشقا چۈشكەن بولۇپ، مۇزۇڭ خان ۋېن شياڭغا سابىق خان ئامبال شىڭ تەي، مەسئۇل باجگىر دۇەن چاڭ ھەم پىڭ رۈي ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە سوراق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

شىڭ تەي گەرچە ئىبىن شيەننى ۋاقتىنچە يىقىتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭمۇ يۈرىكى پوك-پوك ئىدى. چۈنكى ئىبىن شيەن ئۇنىڭ باج يىغىش جەھەتتىكى نەيرەڭ-

www.uyghurkitap.com

ۋازلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. ئەگەر ئىبن شيەن بۇ ئىشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويسا، ئىش تەتۈرىگە ئايلىناتتى. لى جاۋفۇ ئىشنىڭ ئىچى-تېشىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئىبن شيەننى شىڭ تەي ئۈستىدىن ئەرز قىل دەپ كۈشكۈرتتى. ئىبن شيەن ۋېن شياڭغا ئەرزنامە سۇنۇپ، قۇمۇلنىڭ باج يىغىش ئىشلىرىنى ئەزەلدىن خان ئامبال باشقۇرۇپ كەلگەن. شىڭ تەيىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر يىغىلغان باجغا خىيانەت قىلغان ئەھۋالنى سەزگەندىن كېيىن شىڭ تەيىنى خەۋەرلەندۈرگەن ھەم قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆتۈنگەنىدىم. خان ئامبال بولغۇچى شىڭ تەيىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارغا چارە كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە پېقىر ۋە باشقىلارغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ، بۈگۈنكى كۈندە بىزنى سوراق سەھنىسىگە چىقىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىمەن، دېگەن. بارىكۆلدىكى ئاغلاقچى ئامبال ۋېن يۈڭ ئىبن شيەن بىلەن يېقىن ئاغىنە ئىدى. بۇ چاغدا ئۇمۇ بىر قىسىم ئەسكەرلەرگە يول كۆرسىتىپ بىرلەشمە ئىمزا قويۇلغان ئەرزنامە سۇنۇپ، «ھەربىي گازارمىدىكى پۇل ۋە ئاشلىق كەم ئەمەس»، ئىبن شيەن گۇناھسىز ئەيىبلەندى، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولدى دەپ كېپىللىك بەرگەن. ئىبن شيەن بىلەن ۋېن يۈڭلارنىڭ ئەرزى ئەنزىدىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ۋېن شياڭ يېڭى كەلگەچكە ئالدىراپ-تېنەپ چارە كۆرۈشكە پېتىنالماي، سوراق نەتىجىسىنى پېڭ رۈيگە مەلۇم قىلغان. پېڭ رۈي شىڭ تەيىنىڭ مەسىلىسىنىمۇ تەكشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

شىڭ تەي ھودۇقۇپ كېتىپ ئىبن شيەنگە: ئەرزىڭنى قايتۇرۇپ ئالساڭلا سېنى يۇقىرىغا ئەرز قىلماسلىقىڭغا كېپىللىك بېرىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. ئىبن شيەن ناھايىتى ئاددىي ئويلاپ، شىڭ تەيىنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىبن شيەن ئەرزىنى قايتۇرۇۋالغان. شىڭ تەي مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن ئىبن شيەن ئۈستىدىن يېڭىباشتىن يۇقىرىغا ئەرز قىلغان. ئىبن شيەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، شىڭ تەي ئۈستىدىن قايتىدىن ئەرز قىلغان.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىڭ تەي، دۈەنچاڭلارنى قايرىپ قويۇپ، باشقا ئادەم ئەۋەتىپ ئىبن شيەن، شىڭ تەيلەرنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلغان.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋېن شياڭ قۇمۇلدىن يۆتكىلىپ كېتىپ، باۋ خېڭ خان ئامباللىققا تەيىنلەنگەن. بۇ چاغدا ئەسلىدە باج ھېساباتىغا مەسئۇل بولغان دۈەنچاڭ ئەنزىدىنىڭ چوڭلۇقىدىن قورقۇپ، كېسەل ئىبغىرلىشىپ كېتىپ ئۆلگەن. باۋخېڭ ھېسابات تەكشۈرۈش جەريانىدا شىڭ تەيىنى يۈزلەشتۈرگەن. شىڭ تەي ھىيلە ئىشلىتىپ، بولتۇر 11-ئايدا دۈەنچاڭ بىلەن ئىككىمىز تەپسىلىي سېلىشتۇرغاندا ھېچقانداق خاتالىق چىقمىغان ھەمدە ھېسابات دەپتىرىمۇ يوقتۇپ كېتىپتۇ. تەكشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس دەپ تۇرۇۋالغان. باۋ خېڭ بۇ گەپكە ئىشەنمەي، دۈەنچاڭنىڭ خىزمەتكارى رىڭ تەيىنى چاقىرىپ قاتتىق سوراق قىلغاندا، ئۇ ئەيىنى ۋاقىتتا بۇ ھېساباتنى دۈەنچاڭ قوبۇل قىلمىغان دەپ ئىقرار قىلغان، بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئۈچۈن، شىڭ تەيىنىڭ خىزمەتكارى جۇشى قاتارلىقلارنى سوراق قىلغان.

شىڭ تەي جۇشى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېقرار قىلىپ قويمىسۇن دەپ 2-كۈنى باۋ خېڭگە ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ، خىزمەتكارىنى ئۇچۇق-ئاشكارا قانات ئاستىغا ئېلىپ، كۆز بوياپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالماقچى بولغان. باۋ خېڭ بۇنى قوبۇل قىلماي ئەھۋالنى ئەينەن خانغا يوللىغان. مۇزۇڭ خان: «شەخسىي كۆز قارىشىدا ساختىلىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتكارلارنى قانات ئاستىغا ئالغان» دېگەن جىنايەت بىلەن شىڭ تەينى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن.

تۇڭجىنىڭ 3-يىلى (1864-يىلى) 3-ئايدا باۋخىڭ شىڭ تەينىڭ باجغا خىيانەت قىلغانلىق مەسىلىسىنى ئاخىرى ئېنىقلاپ چىققان: ① شىڭ تەينىڭ خىزمەتكارلىرىدىن ۋاڭ تىڭجى، جۇشى قاتارلىقلار باج ئىدارىسىنىڭ زاپاس تەڭگىسىدىن 222 سەرنى شىڭ تەينىڭ نامىدا ئېلىپ، بۆلۈشۈپ خەجلىگەن. ② ۋاڭ تىڭجى، جۇشى قاتارلىقلار كۆپ قېتىم باج تەڭگىسىنى ئېلىپ كەتكەندە خاتىرىلىگۈچىلەردىن فاڭجۇن، ياڭخۇا، چىن جىڭ قاتارلىقلار ئۇلارنى توسۇمىغان. يۇقىرىغىمۇ مەلۇم قىلمىغان. ③ لومەنساڭ قاتارلىقلار تارازا تېشى توغرا ئەمەسكەن دەپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارتۇق تەڭگىنى ئۆز چۆنتىكىگە سالغان. ④ يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈۋاتقان مەزگىلدە شىڭ تەي ھەرقايسى جەھەتلەردە توسالغۇ پەيدا قىلىپ باشقىلارنى قانات ئاستىغا ئالغان.

خان ئامبال شىڭ تەي بىلەن ياندىشى سانغۇن ئېن شيەن ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئاخىرلاشقان. خىيانەتچى، قانۇنسىز ۋە ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلانغان ئەمەلدارلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جازاسىغا تارتىلغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارغا تۆۋەندىكىدەك چارە كۆرگەن:

ئېن شيەن ئۆزى ياندىشى سانغۇن بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ زاپاس پۇلىنى باشقا جايغا ئىشلىتىشكە يول قويغان. ئەسكەرلەر تەمىناتتىن قىينىلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئۆتۈنگەندە دەرھال بىر تەرەپ قىلمىغان. «ھەقىقەتەنمۇ خۇپىيانە ئىش قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولمىغان». ئەمەلىنى ئېلىۋېتىش ۋاقتىدا ئۇ تامغىنى تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن، گۇناھىنى يۇيۇش تۈگۈل يەنە باج مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شىڭ تەي ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، پوپوزا قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. ھەر خىل ساختىپەزلىكلەرنى قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭغا ئېغىر چارە كۆرۈلۈپ، خېيلۇڭجياڭغا ئېلىپ كېلىنىپ ئېغىر ئىشلارغا سېلىنسۇن.

چۈەن لىن ئۆزى ھەربىي دىۋانبېگى تۇرۇۋاتقان ھەربىي گازارمىنىڭ ئاشلىق-تەمىنات پۇللىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم تۇرۇپ لەشكەرلەر ھېساباتىنى ئېنىقلاپ كۆرۈش توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئەرز سۇنغاندا، گاڭگىراپ قول ئۇچىدىلا ئىش قىلغان، ئەمەلىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىنمۇ، قارشىلىق كۆرسىتىپ تامغىنى تاپشۇرمىغان. شۇڭا ئۇ ئەمەلى ئېلىپ تاشلىنىپ، قايتا ئىشقا قويۇلمىسۇن.

مىڭبېگى جاڭ جىچىڭ لەشكەرلەرنى باشقۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن

ئېلىپ تاشلىنىپ، 50 پالاق ئۇرۇلسۇن.

مىرزا لى جاۋفۇ ئېپن شيەننى باجمە سىلىسى تۈگرىسىدا خان ئامبال ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، پوپوزا قىلىشتەك قەبىھۋاستىلەرنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن بويىنغا ئۈچ ئاي تاقاق سېلىنىپ، چېگرا رايونغا سۈرگۈن قىلىنىپ، ئەسكەرلىككە تۇتۇلسۇن.

مىرزا يۈەن جيى، ليۇ پېي، لى دېڭسىڭلار تەڭگىلەرنى باشقۇرىدىغان خەزىنىچىلەر تۇرۇقلۇق، ئەمەلدارلار كېلىپ تەڭگە ئارىيەت ئالغاندىن كېيىن، قايتۇرۇشنى سۈيلىمىگەنلىكىمۇ توغرا ئەمەس، ئۇلارغىمۇ قاتتىق پالاق ئۇرۇلسۇن.

مىڭبېگى چۈەن رۇي، باش دىۋانبېگى جۇڭ لىڭلار ئارىيەت ئالغان تەڭگىنى ۋاقتىدا قايتۇرغانلىقى ئۈچۈن، جازا كەچۈرۈم قىلىنسۇن.

ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان خان ئامبال شىڭ تەي ئۆزى بىۋاسىتە خەت يېزىپ خىزمەتكارىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە كاشىلا قىلغانلىقى، مىرزىسى چاتاق تارازىنى ئىشلەتسىمۇ سېزىۋالالمىغانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانسۇن. قايتا ئىشقا قويۇلمىسۇن.

ۋاڭ تىڭجى، جۇشىلار زاپاس تەڭگىنى باشقىلارنىڭ نامىدا ئېلىپ ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەسسىلەپ تۆلىتىپ ئېلىنسۇن، ھەر بىرى 20 پالاق ئۇرۇلۇپ 2000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چېگرىغا سۈرگۈن قىلىنىپ ئەسكەرلىككە تۇتۇلسۇن.

مىرزا فاڭجۈن، ياڭ خۋا، چىڭ جىنلار بەخۇدلۇق قىلىپ، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن دەرھال خىزمەتتىن قوغلاندى قىلىنسۇن.

لومەنساڭ قاتارلىقلار خىيانەت قىلغان تەڭگىنى قايتۇرغانلىقى ئۈچۈن جازا كەچۈرۈم قىلىنسۇن.

ياندىش ئايماق بېگى خېڭ لىڭ گەرچە باج ئىشلىرىنى باشقۇرمىسىمۇ يۇرتىكى مەسىلىلەرنى سەزمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلسۇن.

### 4. زوزۇڭتاڭ قۇمۇلدا

گۇاڭشۈنىڭ 11-يىلى (1885-يىلى) داڭلىق ئەمەلدار زوزۇڭتاڭ ئۆلدى. كىشىلەر ئۇرغۇنلىغان بېغىشلىمىلارنى يېزىپ تەزىيە بىلدۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە: «مۇرەسسە قىلىشقا زادىلا كۆنمىگەن، پەقەت زوزۇڭتاڭ دېگەن ئەرلا ئۆتكەن» دېگەن بىر بېغىشلىما بار. بۇنىڭدا زوزۇڭتاڭنىڭ ئىلىنى قوراللىق قايتۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

گۇاڭشۈنىڭ تۇنجى يىلى (1875-يىلى) 3-ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشلىككە تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەسئۇل قىلغان. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئىككى يىلدىن ئوشۇق جاپالىق جەڭ قىلىپ، ئاخىرى گۇاڭشۈنىڭ 3-يىلى (1877-يىلى) كۆزدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ياقۇپبەگ توپىلىڭىنى تىنجىتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر

كىرگۈزۈش بىلەن بىللە، دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى ئىلىنى بېسىۋالغان چاررۇسىيە بىلەنمۇ
سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. گۇاڭشۈنىڭ 4-يىلى (1878-يىلى) 7-ئايدا، چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى شىڭ جىن سانغۇنى چۇڭ خۇنى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن چاررۇسىيە-
گە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. چۇڭ خۇ تەسلىمچى بولغاچقا، چاررۇسىيىنىڭ ئازدۇرۇشى
ۋە تەھدىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، 2-يىلى (1879-يىلى) 9-ئايدا ئۆز بېشىمچى-
لىق بىلەن جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئىلىنى قايتۇرۇۋال-
دىغان «لىۋادىيە شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغان. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن مەملىكەت
زىل-زىلىگە كەلگەن. لى خۇڭجاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق تەسلىمچىلەردىن باشقا
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىكى ۋەزىرلەر شەرتنامىنى ئۆزگەرتىپ، باشقىدىن ئىمزالاش-
نى تەلەپ قىلغان. گۇاڭشۈنىڭ 6-يىلى (1880-يىلى) 1-ئايدا، چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىگە رەسمىي مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «چۇڭ خۇنىڭ قىلمىشى پادىشاھنىڭ
ئەمرىگە خىلاپ، ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن» دەپ، شەرتنامىنىڭ ئىناۋەتسىز
ئىكەنلىكىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىغان ھەمدە باش ئەدلىيە دىۋانى زىڭ جىزېنى
خاننىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە قايتىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چاررۇسىيىگە
ئەۋەتكەن.

بۇ چاغدا زوزۇڭتاڭ «ئەگەر سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىسا ئىشنى قورال كۈچى
بىلەن ھەل قىلايلى» دەپ ئىلىنى قوراللىق قايتۇرۇۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشنى
ئاكتىپ تەشەببۇس قىلغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان.
چاررۇسىيە بىلەن ئاخىرغىچە قانلىق جەڭ قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ۋە
زىڭ جىزېنىڭ چاررۇسىيە بىلەن بولغان سۆھبىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى نامايان قىلىش
ئۈچۈن، زوزۇڭتاڭ باش شتابىنى جۇچۇەندىن قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىشنى قارار قىل-
غان. گۇاڭشۈينىڭ 6-يىلى (1880-يىلى) 5-ئايدا، 69 ياشلىق زوزوڭتاڭ چۆل
جەزىرىنىڭ قۇم-بورىنى ۋە تومۇز ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، قۇمۇلغا يېتىپ
كەلگەن.

زوزۇڭتاڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئەمەلىي ئىشلەش رو-
ھىغىمۇ ئىگە ئىدى. باش شتابىنى شەھەرنىڭ غەربىدىكى فىڭخۇاڭتەيگە جايلاشتۇرۇپ
قويۇپ، ھەربىي قىسىملىرىنى يۆتكەپ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ
بارغان.

زوزوڭتاڭ قۇمۇلدا تۇرغان قىسقىغىنە 4 ئاي ئىچىدە، پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن،
پۈتۈن زېھنىنى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا قاراتقان. ئۇ ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىدىمۇ كۈنىگە 10 نەچچە سائەتلەپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلات
ۋاقتى جەدۋىلى تۆۋەندىكىچە:

سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆكتاتلىققا بېرىپ ئايلىنىش، قايتىپ كېلىپ، قول ئاستى-
دىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈش. سائەت يەتتىدە ئەتىگەنلىك تاماق يېيىش، تاماقتىن كېيىن خەت-
چەك، ئالاقىلەرنى كۆرۈش، 12 دە چۈشلۈك تاماق يېيىش، تاماقتىن كېيىن داۋاملىق

ئىش، بېجىرىش. سائەت 5 ـ 6 لەردە يەنە كۆكتاتلىقىقا بېرىپ كۆكتات سۇغارغانلارنى كۆرۈش ئاندىن كەچلىك تاماق يېيىش، كەچتە شىتابتىكىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شۇ كۈنى يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئىگىلەش. سائەت 12 دە ئۇخلاش. ئۇ ھەر كۈنى مۇشۇ تۈزۈمگە رىئايە قىلىپ، ئۇنى بوشاشماي داۋاملاشتۇرغان. كۆكتاتلىقىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 20 مو بولۇپ، ھەر خىل كۆكتاتلار تېرىلاتتى. كۆكتاتلارنى شىتابتىكىلەر ئۆزلىرى تېرىپ، ئۆزلىرى ئىستېمال قىلاتتى.

زوزۇڭتاڭ قول ئاستىدىكىلەرگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئەپيۇن چېكىشنى چەكلەپ، ھەشەمەتچىلىكنى مەنئى قىلاتتى. مەشقتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئەسكەرلەرنى تېرىقچىلىق قىلدۇراتتى. لاغايلاپ يۈرۈشكە يول قويمايتتى. شۇڭا ئەسكەرلەرنىڭ ئىنتىزامى چىڭ، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شاڭخەيدىكى «تەيلەي سودا سارىيى»نىڭ گېرمانىيىلىك تېخنىكى خوڭ قۇمۇلغا كېلىپ، زوزۇڭتاڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئەسكەرلەرنىڭ مەشقىنى كۆرگەندىن كېيىن تەسىرلەنگەن ھالدا «چىڭ ئەسكەرلىرى رۇسلار بىلەن ئىلىدا سوقۇشۇپ قالىدىغان بولسا، چوقۇم غەلىبە قىلغۇدەك» دېگەن.

زوزۇڭتاڭ قۇمۇلنىڭ كونىشەھەر دېگەن يېرىدە خۇەنلىكلەر ئىبادەت قىلىدىغان دىڭشياڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسىنى ۋە گۈەندىمياۋ بۇتخانىسىنى ياساتقان، شۇنىڭ بىلەن خۇەنلىك ئەسكەرلەرنىڭ «ئۆزى ياقا يۇرتتا تۇرسىمۇ، خۇەنىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ» جاسارىتى ئاشقان. خوڭ قۇمۇلدىن كېتىش ۋاقتىدا زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدىن چىقىدىغان 6 ـ 7 خىل مەشۇتنى ئۇنىڭغا بېرىپ، شاڭخەيگە ئاپىرىپ باھالىتىپ كۆرۈشنى تاپىلىغان. زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئۈجمە دەرىخى كۆپكەن، يىپەك بېقىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى بارىكەن، ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقسا، ھەم پۇقرالارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكىلى، ھەم بىر قىسىم ھەربىي تەمىناتنى ھەل قىلغىلى بولىدىكەن دەپ ئويلىغان.

تەسلىمچى لى خۇڭجاڭنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئارقىسىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىنى قوراللىق قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسى تەۋرەپ قالغان. 7 ـ ئايدا «ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەت جىددىي، رۇسلار ۋەقە تۇغدۇرۇش غەرىزىدە بولۇۋاتىدۇ، ھازىر ھەربىي ئىشلاردا ماھىر ئامباللارغا موھتاج بولۇۋاتىمىز، ئۇ خان ئوردىسىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولۇشقا تەييارلىنىشى لازىم» دېگەن باھانە بىلەن زوزۇڭتاڭنى قۇمۇلدىن بېيجىڭغا يۆتكىگەن. 10 ـ ئايدا زوزۇڭتاڭ تامغىنى ليۇجىنتاڭ، ياڭ چاڭلىنغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۆڭلى غەش ھالدا قۇمۇلدىن ئايرىلغان.

زوزۇڭتاڭنىڭ ئىلىنى قوراللىق قايتۇرۇۋېلىش ئارزۇسى گەرچە ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى قەتئىي مەيدانى، ئاكتىپ ھەربىي تەييارلىقلىرى زېڭ جىزېنىڭ رۇسلار بىلەن قىلغان سۆھبىتىدىكى ئورنىنى ئۆستۈرگەن. چاررۇسىيە بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچىگەن. گۇاڭشۈنىڭ 7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغان. بۇمۇ گەرچە تەڭسىز شەرتنامە بولسىمۇ، «رىۋاجىيە شەرتنامىسى»غا قارىغاندا، جۇڭگو چوڭ زىيان تارتمىدى.

زوزۇڭتاڭ قۇمۇل خەلقىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. تۇڭجىنىڭ 13 ـ يىلى (1874 ـ يىلى) سۇڭ‌ۋۇ قوشۇنىنىڭ باش چېرىكچىسى جاۋ ياۋ، زوزۇڭتاڭنىڭ بۇيرۇقى

www.uyghurkitap.com

بويىچە قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. بۇ ۋاقىتتا قۇمۇل بىلەن باركۆل ئارىلىقىدىكى قاتناش ناھايىتى قولايسىز بولغانلىقتىن ئەسكەر ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توشۇشتا ئېغىر تەسىر يېتىۋاتاتتى. جاڭ ياۋ ئەسكەرلەرنى باشلاپ، خەتەرلىك توساقلارنى تۈزلەپ، تىك يانتۇلارنى ئوڭلاپ، تاشلارنى كولاپ، تۆۋرۈك قويۇپ ۋادەك ياساپ، يولنىڭ كەڭلىكىنى بىر جاڭ بەش چى كېڭەيتىپ، 36 ئەگىم ياسىغان. تەڭرىتاغنىڭ چوققىسىدىكى ئۇزاق-تىن ياسالماي كېلىۋاتقان قەدىمكى يېپەك يولى شۇندىن ئېتىبارەن تۈز يول بولۇپ قالغان. زوزۇڭتاڭ بۇ چوڭ قۇرۇلۇش پۈتكەن كۈنى قۇرۇلۇشقا ئاتاپ «تەڭرىتاغدىكى ۋا-دەك ئابىدىسى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. بارغانلىكى يېردە ئەسكەرلەرنى ھەر-كەتلەندۈرۈپ، قارا ياغاچ، تاللارنى تىككۈزگەن. بۇنى كېيىنكىلەر «زوڭگوڭلىيۇ» (زوزوڭ-تاڭ تاللىرى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاپ ئاغىزدىن چۈشۈرمەي مەدھىيە ئوقۇغان. شۇ يىللاردا زوزۇڭتاڭنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا، قۇمۇلدىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئورمان بىنا قىلىنىپ، نەچچە يىل ئۆتمەيلا دەل-دەرەخلەر باراقسان بولۇپ «كىچىك جاڭنەن» بارلىققا كەلگەن. ئەپسۇسكى كېيىن ئۇرۇشلار كۆپىيىپ، ئۇز ۋاق-تىدا تىكىلگەن دەرەخلەر پۈتۈنلەي كېسىلىپ تۈگىگەن.

### 5. چار روسىيە «ئېكسپېدىتسىيىچىسى» پىرژىۋالىسكى قۇمۇلدا

گۇاڭشۈنىڭ 5-يىلى (1879-يىلى) 5-ئاينىڭ ئاخىرىدا، 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان چار روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى باركۆلدىن يولغا چىقىپ تەڭرىتاغ داۋىنى-دىن ئۆتۈپ، قۇمۇل شەھىرىگە يېقىن لوڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسىنىڭ يېنىغا جايلىشىپ، قۇمۇل-دىكى پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتكەن. بۇ ئەترەتنىڭ كاتتىبېشى ئاتالمىش ئېكسپېدىتسى-يەچى پىرژىۋالىسكى ئىدى.

پىرژىۋالىسكى — «ئىلمىي تەكشۈرۈش»، «ئىلمىي ساياھەت» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە مىللەتلەر جەھەتتىكى ئاخباراتىنى ئوغرىلايدىغان ئالىي دەرىجىلىك جاسۇس ئىدى. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ، شىزاڭ قاتار-لىق جايلىرىغا كۆپ قېتىم كېلىپ، چار روسىيىنىڭ دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىشتىكى ئاۋان-گارتى بولغان. بۇ قېتىم قۇمۇلغا كېلىشى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان 3-قېتىملىق سەپىرى بولۇپ، زەيساندىن يولغا چىقىپ، قۇمۇل، دۇنخۇاڭلار ئارقىلىق شىزاڭغا بارماق-چى بولغان.

پىرژىۋالىسكىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتى ئاخبارات توپلاشتىن ئىبارەت ئىدى. گۇاڭشۈنىڭ 4-يىلى (1878-يىلى) 6-ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى چۇڭخۇ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە چار روسىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان. ئىككىنچى يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنى پىرژىۋالىسكى زەيسان-دىن ئېلىمىزگە قاراپ يولغا چىققان، 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىرژىۋالىسكى قاتارلىقلار قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «قۇمۇل بوستانلىقى تەڭرىتاغدىن ئې-قىپ چۈشكەن بىر نەچچە غولنىڭ ئېقىن سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان سېغىز توپىلىق جاي ئىكەن، بۇ يەر بەكمۇ تۈگىشىپ كېتىپتۇ، دەل-دەرەخ، مېۋىلىك باغلار يوق

دېيەرلىك ئىكەن، ھەممىسنى ئەسكەر كېسىپ تۇگىتىپتۇ، بۇ يەردىن چىقىدىغان داڭلىق قوغۇن ئەمدىلا ئۈچ تارتىپتۇ، تېخى چېچەكلىمەپتۇ، ئۈرۈكمۇ پىشماپتۇ».

پېرژېۋالىسكى كۆرگەن ئەھۋاللار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. قۇمۇل تۇڭگىچۈننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن ئېتىبارەنلا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە دۇچ كەلگەن. خەلق سەرسان بولۇپ، ئېتىز - ئېرىقلار ئاق قالغان. دەل - دەرەخلەر، باغ - ۋارانلار پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلانغان، ھەقىقەتەنمۇ «تۈگىشىپ كەتكەن» ئىدى.

بۇنىڭدىنمۇ تۈگىشىپ كەتكەنلەر يەنىلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى ئىدى. ئۇ چاغدا مىڭ چۈن خاننىڭ قۇمۇلدىكى خان مۇپەتتىشى سالاھىيىتى بىلەن جيەنرۇيىڭنى باشلاپ چىقىپ قۇمۇلنى مۇداپىئە قىلاتتى. ئۇ زوزۇڭتاڭنىڭ ئىلىنى قورallıq قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، چار روسىيىنىڭ بۇ جاسۇسىنى ئىززەتلىك مېھمان دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، زىياپەت ئۈستىگە زىياپەت بېرىپ، بىر قېتىملىق زىياپەتكە 60 نەچچە خىل سەي كەلتۈرگەن، خەيدەي، خەيشېڭ، يەنۇۋ ۋە يۇسى، راك قاتارلىق ئېسىل نازۇ - نېمەتلەرنىمۇ تاپتۇرۇپ كەلگەن. پېرژېۋالىسكى بۇ جاينىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىغان. ئۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭ تىنچلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئىلى يەنىلا چار روسىيىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇرۇش تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. ئەمما مىڭ چۈن باشچىلىقىدىكى يەرلىك بيۇروكراتلار مۇشۇنداق كۇمانلىق ئادەملەرگە قارىتا ھوشيارلىقنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغان.

تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، بۇ كالۋا، پوركۆتەك فېئودال بيۇروكراتلار پېرژېۋالىسكى جاۋابەن مېھمان قىلغاندا، ئىزا تارتماستىن كەمپۈتلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. ئەجنەبىيلەرنىڭ مېلىنى كۆرۈپ كۆزلىرى قىزىرىپ، ساھىبخانىدىن ئۆزلىرىگە سېتىپ بېرىشنى ياكى سوۋغا قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئەدەب - قائىدىدىن چىقىپ، دۆلەتنىڭ ئىززىتىنى دەپسەندە قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ غۇرۇرىنى يوقاتقان. مىڭ چۈن يۈزىنى داپتەك قىلىپ قارشى تەرەپكە خۇشامەت قىلىپ «بىز رۇسلار بىلەن قانداقمۇ جەڭ قىلالايمىز؟ مۇشۇ 12 ئادەم بىزنىڭ 1000 ئادىمىمىزنى يېڭەلىگۈدەك» دېگەن. مانا بۇ ئەجنەبىيلەرگە قۇللۇق قىلغۇچىلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى.

جاھانگىر ئۇنىڭ پېرژېۋالىسكى تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، دۇنيادا ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمىغان. ئۇ مىلتىقنى تاپىنىپ جۇڭگو خەلقىنى چېكىندۇرەلەيدىغاندەك، «ئاسىيالىقلارنىڭ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويالايدىغاندەك» ئەلپازدا بولغان. ئەمما ئېغىزىدا بولسا «بىزنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا ئاساسىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە روسىيە ئەزەلدىن جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش قىلىپ باقمىغان» دەپ چار روسىيە ئىلىنى بېسىۋالغان ئىشنى ئاڭلاپ باقمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان.

پېرژېۋالىسكى قۇمۇلنىڭ ھەربىي ۋە سودا جەھەتتىكى مۇھىم ئورنىنى بىلگەچكە، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تېخىمۇ كۆپ ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن، قۇمۇلدا بىر ھەپتىگىچە تۇرغان.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پىرژېۋالىسكى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خاننىڭ قۇمۇلدىكى مۇپەتتىش ئامبىلى ئەۋەتكەن بىر ئوفىتسېر ۋە 15 ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا قۇمۇلدىن ئايرىلىپ، گەنسۇغا بارىدىغان يولنى بويلاپ، دۇنخۇاڭغا مېڭىپ كەتكەن.

بىر يىلدىن كېيىن زوزۇڭتاڭ شىتابىنى قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىپ، قۇمۇلنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى چىرىك ئىستىلىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرگەن. شۇ چاغدىكى چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرىنى روسسىيىلىكلەر يېڭەلمەيدۇ دەپ چەت ئەللىكلەرمۇ ئىشىنەتتى.

6. شىڭشىڭشادا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار

(1)

گۇاڭشۈنىڭ 10 - يىلى (1884 - يىلى)، ۋېي گۇاڭتاۋ شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ شىڭشىڭشيادىن ئۆتكەن چاغدا بىر نەپەر تويىننى ئەينى يىللاردا زوزۇڭتاڭ شىنجاڭغا كىرگەندە ياساپ قويغان گۇەندىمياۋ بۇتخانىسىغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويغان. قۇمۇل مەھكىمىسى، ئىسرىق ھەققى ئۈچۈن ئېيىغا ئۈچ سەر تەڭگە بەرمەكچى بولغان، بۇتخانىغا بىر گۇەنگۇڭ بۇتى، ئۈچ دانە قىلىچ، بىر قىزىل تون قويۇلغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ تويىنى تاغنىڭ كەينىدە خرۇستال تاش بارلىقىنى بىلىپ، بارچە ئامالالار بىلەن ئېغىرلىقى نەچچە 10 جىڭ كېلىدىغان بىر پارچە خرۇستال تاشنى تېپىپ كېلىپ گۇەندى بۇتىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغان. گۇەندىمياۋ بۇتخانىسى تاغنىڭ قاپتىلىدا بولۇپ، بۇتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تەرىپىدىكى يانتۇلۇق كارۋانلار ئۆتىدىغان يول ئىدى. تاغ يولى خەتەرلىك بولغاچقا، ھارۋا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغان ھادىسىلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ جايدا جىن - ئالۋاستىلار بار دېگەن گەپلەر كەڭ تارقالغانىدى. ھېلىقى تويىنى بۇ تاش ئاسماندىن چۈشكەن مېتېئورىت، ئۇ ئاپەتنى يوقىتىپ، بالا - قازادىن ساقلايدۇ، بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار ئەگەر تەقۋادارلىق بىلەن ئىبادەت قىلمىسا، قاتتىق بوران يولنى توسۇيدۇ دەپ ئۆسەك سۆز تارقاتقان. ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرمۇ يول بويىغا ئابىدە تىكلەپ، يولۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرغان. يولۇچىلار ئامانلىق ئۈچۈن ئاز پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايدۇ ئەلۋەتتە. شۇڭا بۇ بۇتخانىغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيگەن، ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر سەدىقە بەرگەن. بېغىشلىما پۈتۈلگەن تاختايلارنى كۆپلەپ تەقدىم قىلغان.

شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) 3 - ئايدا تىيەنجىنلىك ۋېي زىيىڭ شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلگەن چېغىدا، ھارۋىكەش بەك خۇراپىي بولغاچقا، بالا - قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاۋاپ قىلىپ ئۆتەيلى دەپ ۋېي زىيىڭغا تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالغان. ۋېي زىيىڭ بىلىملىك ئادەم بولغاچقا، جىن - ئالۋاستىغا ئىشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇ قېرى تويىنغا «بۇ ئادەتتىكى بىر پارچە خرۇستال تاش ئىكەنغۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنى ئاسماندىن چۈشكەن مېتېئورىت دەپ يالغان ئېيتىپ خەقنى ئالدايسەن» دەپ كايىغان. گېپىنى تۈگىتىپلا قېرى تويىنغا ئون سەر تەڭگە بېرىپ، خىزمەتكارىغا بۇ تاشنى ھارۋىغا سال، ئېلىپ كېتىمىز دەپ بۇيرۇغان. قېرى تويىنى

ئەنسىرەپ، ئۈستى-ئۈستىگە ھال ئېيتىپ بۇ تاش بولمىسا تاۋاپ قىلىدىغانلار كەلمەيدۇ، پېقىرنىڭ تىرىكچىلىكىمۇ توگەيدۇ دەپ يالۋۇرغان. ۋېن زىيىڭ بۇ تاشنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەپسىلىي سۈرۈشتە قىلغان، قېرى توينى ئۇنىڭغا راست گەپنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولغان. ۋېن زىيىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىدا قېرى توينىڭ بۇندىن كېيىن يالغان گەپ بىلەن خەلقنى ئالدىما دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

مىڭگونىڭ 6-يىلى (1917-يىلى)، قۇمۇلدىكى فېڭ تۇەنجاڭ بۇخروستال تاشنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. قېرى توينى ئامالسىز قېلىپ ئاقنىڭ كەينىدىن كىچىكرەك بىر پارچىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپ قويغان. تاۋاپ قىلىدىغانلار يەنىلا كۆپ بولغان. 70 ياشتىن ئېشىپ قالغان بۇ قېرى توينىڭ تېنى ساغلام، روھى تېتىك ئىدى. قېرى توينىڭ كېيىن قانداق بولغانلىقى نامەلۇم. گۇەندىمياۋ بۇتخانىسىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار بارا-بارا ئازىيىپ كەتكەن. بۇتخانىمۇ بۇزۇلۇپ ۋەيران بولغان.

(2)

مىڭگونىڭ 7-يىلى (1918-يىلى) يازنىڭ باشلىرى دۇەن چىرۇي ھۆكۈمىتى بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى «جۇڭگو-ياپونىيە ھەربىي شەرتنامىسى» دېگەن بىر نېمىنى ئىمزالىغان. بۇ شەرتنامە ئىمزالىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ياپون ئەسكەرلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ھەر قايسى مۇھىم ھەربىي ئورۇنلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كونترول قىلىش نىيىتىدە جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان، ئۇلار ئېيىقلىس قولىنى شىنجاڭغىمۇ سوزغان. ئەينى ۋاقىتتا، ياپونىيە ئوفىتسېرى دالياۋتەيجى، داتيەن دۇڭيياڭ قاتارلىق ئالتە كىشى دۇەن چىرۇي ھۆكۈمىتىنىڭ سەنمۇبۇسىدا ئىشلەيدىغان چېڭ يۇچېننىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ، ھەربىي ئەھۋاللارنى تىڭ-تىڭلاپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى تەكشۈرگەن، گۇەندىمياۋ بۇتخانىسىغا كىرگەندە بۇ بىر نەچچە ياپونلۇقنىڭ ئىلھامى قوزغىلىپ تامغا مۇنداق مەزمۇندىكى بىر شېئىرنى يېزىپ قويغان:

تۇرىدۇ قىيالىق قەدىمكى جىلغا،
سوزۇلۇپ ياتىدۇ تاغ يولى ئۇندا.
چېگرا ھەم مەردلەرگە زەپ كۆڭۈل بۆلگەن،
ۋۇزېتىيەن خانلىقى ئەينى يىللاردا.
ئويلىدىم قورغاننى سالۇر كىم ئەمدى؟—
قولۇمدا قەلىمىم، ھاياجان دىلدا.
قۇم-بوران ئۇچىدۇ قەدىم قەلئەدە،
تاغلىرى مۇسىبەتتە، ئاي نۇرى غۇۋا.
چىن، خەنلەر قەلئەسى خارابە بۇگۈن
ياۋروپا كوچىگە تەڭ كەلسۇن قايدا.

بۇ چاغدا جۇڭگو خەلقى «جۇڭگو-ياپونىيە ھەربىي كېلىشىمى»گە قەتئىي قارشى تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ياپونلارنىڭ جۇڭگودىكى ھەرىكەتلىرىگە ئىنتايىن سەزگۈر ئىدى، يولۇچىلار ياپونلۇقلارنىڭ ئىچكىرى جايلارغىچە چوڭقۇرلاپ كىرگەنلىكىنى، ھەتتا تامغا شېئىر يېزىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاڭ-تاڭ قېلىپ غۇلغۇلا قىلىشقان

دۆەن چېرىۋي ھۆكۈمىتى بۇنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سالغان. كىملەردۇ بىرسى بۇ شېئىرنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ ئېلان قىلغاندا، مەملىكەت خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپى قوزغالغان.

### 7. شامەخسۇت چىڭۋاڭنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلىشى

گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى)، لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجا ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئىسرائىل بەگنى ياڭ زېڭشىن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، شامەخسۇتنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشكە ياڭ زېڭشىننىڭ ئەلچى بولۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى يېڭىلا بېسىقتۇرۇپ، شامەخسۇت ۋاڭغا ياردەم بەرگەن بولغاچقا، شامەخسۇت بۇنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدار ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئەلچى بولۇشقا ماقۇل بولاتتى، ئەلۋەتتە. ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىم خەت ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، شامەخسۇت چوڭ قىزى ئايخان مېھرىنى ئىمىن ۋاڭغا ياتلىق قىلىشقا قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككىلا تەرەپ تويدا ھەددىدىن زىيادە ھەشەمەتچىلىك قىلغان. چاي ئىچكۈزىدىغان چاغدا ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى، ئىنىسى ھەم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بەگلىرىدىن بولۇپ 100 نەچچە كىشى پەتتە قەغىزى ئېلىپ، 30 نەچچە ھارۋا بىلەن 250 دادەن ئاشلىق، 200 توپ تاۋار - دۇردۇن، 360 جىڭ ئاق ھاراق، 100 بولاق چاقماق قەنت، 3000 سەر تەڭگە، 400 تۇياق چارۋا ۋە شامەخسۇتقا تەقدىم قىلغان سەككىز دېدەكنى ئېلىپ داغدۇغا ۋە دەب - دەبە بىلەن لۈكچۈندىن قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىققان.

شامەخسۇت چىڭۋاڭ ئىمىن ۋاڭنىڭ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، لياۋدۇندىن قۇمۇلغىچە كۈتۈۋېلىش بېكەتلىرىنى ياسىغان. ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قونۇش ئۈچۈن تۇسقىدىكى مېھمان كۈتۈش ئۆيلىرىنىمۇ يېپيېڭى قىلىپ بېزىگەن. شامەخسۇت چىڭۋاڭ يەنە 40 بەگ، ئاخۇن، ئەلەملەرنى قارشى ئېلىشقا ئالدىغا ئەۋەتكەن.

چاي ئىچكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئىمىن ۋاڭ لۈكچۈنگە قايتىپ، تويىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا جىددىي كىرىشىپ كەتكەن. شامەخسۇت ۋاڭ قىزىنىمۇ جابدۇپ - ياساندۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن. توي قەرەلى توشاي دېگەندە ئىمىن ۋاڭ 60 دىن ئارتۇق بەگ، ئاخۇن، ئىشىك ئاغىلارنى باشلاپ قۇمۇلغا كەلگەن، بۇ چاغدا ئوردا قاتتىق بېزەلگەن بولۇپ، نەغمە - ناۋا ساداسى ئۈزۈلمىگەن.

توي مۇراسىمى ئوردىدا ئۆتكۈزۈلگەن. ئالدى بىلەن توققۇز پاي ھۆرمەت توپى ئېتىلغان. كەينىدىنلا سەيدەنشا ئاخۇن قازى نىكاھ ئوقۇغان. توي مۇراسىمىغا تەخمىنەن 400 نەچچە ئادەم قاتناشقان. مۇراسىمدىن كېيىن قاتتىق زىياپەت بېرىلگەن. مۇراسىمدىن كېيىنكى 15 كۈن ئىچىدە كېچە - كۈندۈز نەغمە ساداسى ياڭراپ تۇرغان. قەدىمكى خەنزۇ تىياتىرىدىن بىرى ئوينالغان.

ھوجرا شەھەر ئىچىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدىكى ۋاڭ ئوردىسىغا 105 كى-

لومبىتر كېلىدىغان داچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يول بويى چىراغلار يوپ-يورۇق يېنىپ تۇرغان. توي ئاخشىمى ئىمىن ۋاڭ قىز قولدىشى، دېدەكلەرنى ئېلىپ قىز كۆچۈرگىلى ۋاڭ ئوردىسىغا بېرىپ، توققۇز قېتىم تازىم قىلغان. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەيجىلىرى بىلەن ئوردىدىكى ئايال تۇغقانلىرى قىزنى ھوجرىغا ئېلىپ كەلگەن.

تويىنىڭ 16-كۈنىدىن باشلاپ، ۋاڭ ئوردىسىدا قۇمۇلدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا زىياپەت بېرىلگەن. خىلمۇ-خىل تائاملار تارتىلغان، قانغۇچە مەشرەپ ئوينالغان. 40 كۈن بولغاندا ئاندىن ئاخىرلاشقان. شۇ مەزگىلدە ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئالدى خۇددى بازاردەك ئاۋاتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى.

ئىمىن ۋاڭ قۇمۇلدا 30 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، خوتۇنىنى ئېلىپ لۈكچۈنگە قايتقان. يولغا چىقىدىغان چاغدا شامەخسۇت ۋاڭ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن 50 ئاخۇن، بەگ، ئىشىك ئاغىلىرىنى ئەۋەتكەن. لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىكىلەر يەتتە قۇدۇققا كېلىپ كۈتۈۋالغان. ئىمىن ۋاڭ لۈكچۈنگە قايتقاندىن كېيىن 20 كۈن تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىن ئۇزىتىشقا كەلگەنلەر قايتىدىغان چاغدا، يۇنۇس ئەلەم ئەر-خوتۇن، يۇنۇس مىراپ ئەر-خوتۇن، يارىمەت توقا بەگ ئەر-خوتۇن جەمئىي ئالتە ئادەم قېپقېلىپ يېڭى ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن قۇمۇلغا قايتقان.

### 8. «شىڭشىڭشىيا» دېگەن خەلق ناخشىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

گۇاڭشۈنىڭ 33-يىلى (1907-يىلى) موللاراجى باشچىلىقىدىكى شامەخسۇت ۋاڭغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاممىنىڭ بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلگەن. بەزىلىرى سۈرگۈن قىلىنىغان. شۇنىڭ ئىچىدە يارتا ئابدۇل باقى دېگەن دېھقان شىڭشىڭشىياغا سۈرگۈن قىلىنىپ، ھارۋا ھەيدىتىلگەن.

ئابدۇل باقى قىش-ياز شىڭشىڭشىيا بىلەن خويجۇاڭزى ئارىلىقىدا قاتناپ بۇ دۇنيادىكى بارلىق جاپا-مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان. ئاشۇ جاپا-مۇشەققەتلىك كۈنلەردە ئۆزىنىڭ قۇمۇل ۋاڭنىڭ رەھىمسىز قامچىسى ئاستىدا دەرد-ئەلەم تارتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، يۈرىكىدىكى غەزىپىنى ناخشا ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىسى ئۆزى تۈزگەن «شىڭشىڭشىيا» ئىدى. بۇ ناخشا ھەم ھېسسىياتلىق، ھەم مۇڭلۇق بولۇپ، چۆل-باياۋانلاردا ئېيتسا، ئادەمنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزىپ، كۆزىگە ياش كەلتۈرەتتى. ئۇزۇنغا بارماي «شىڭشىڭيشا» دېگەن ناخشا ھارۋىكەشلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، ھارۋىكەشلەر ناخشىسىغا ئايلىنىپ قالغان.

مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى) شامەخسۇت كېسەل بىلەن ئۆلگەن. ئابدۇل باقى قاتارلىق كىشىلەرمۇ قويۇپ بېرىلگەن. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن داۋاملىق «شىڭشىڭشىيا» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ ئۆزىنىڭ دەرد-ئەلىمىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ناخشا ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىقىنى قوزغىغان. بۇ ناخشا

ناھايىتى تېزلىكتە قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازادبولغاندىن كېيىن، «شىڭشىڭشيا» دېگەن ناخشا خەلق سەنئەتچىسى نەمەت بوسۇق تەرىپىدىن قايتا ئىشلىنىپ، قۇمۇل، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئېيتىلىپ، ياخشى باھا ئېرىشكەن. 1957 - يىلى نەمەت بوسۇق بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە بۇ ناخشىنى ئېيتقان. بۇ ناخشا مۇنەۋۋەر نومۇر بولۇپ باھالانغان (ناخشا تېكىستى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن).

## 9. كۇشۇي ۋەقەسى

مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) نىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋاقىتلىق جىمىپ قالغاچقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قالدى - قاتتى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا پائال تەييارلىق قىلغان. دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن شىنجاڭدىن گەنسۇغا بارغان نۇرغۇن سودىگەر بىر مۇنچە يىللىق مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا كېلەلمىگەنتى. ئۇلار ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ، يۇرتىنى سېغىنىپ يېنىپ كەلمەكچى بولۇشقان. ئۇلار ئالدى بىلەن قۇمۇلدىكى ھەسەن ياڭخاڭغا خەت يېزىپ خەۋەر ئۇقتۇرۇشقان. ھەسەن ياڭخاڭنىڭ خوجايىنى غوپۇر ھاجى جاۋاب خەت يېزىپ قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، سودىگەرلەر بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ، كەينى - كەينىدىن قايتىشقا باشلىغان. بۇ قېتىم قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن بارغان 12 سودىگەر جۇ چۇەندىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىۋېتىپ كۇشۇيگە كەلگەندە كەچ كىرىپ قالدۇ. ئەسلىدىكى سارايلار ئۇرۇشتا ۋەيران بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلار خىش - كېسەك دۆۋىسى ئارىسىدا ئارام ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوماندان لى خەيرۇ شىڭشىڭشيادا ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پىلانلاپ، 1 - يول قوشۇننىڭ كوماندىرى لو رۇڭشىڭغا ئۆز قىسمىدىن بىر پەي ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. لورۇڭشىڭ 1 - يىڭدىكى جاڭ يىڭجاڭغا شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. جاڭ يىڭجاڭ پەيجاڭ چې فۇجياڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ سۇڭ شۈيۈن باشچىلىقىدا 29 ئەسكەرنى شىڭشىڭشياغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار كۇشۇيگە كەلگەندە مۇشۇ 12 نەپەر ئۇيغۇر سودىگەرگە يولۇقۇپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئەسكەرلەر چې فۇجياڭ، سۇڭ شۈيۈنلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، سودىگەرلەر يېرىم كېچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ئوق چىقىرىپ، شۇ مەيداندىلا 11 كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. چې فۇجياڭ قېچىپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، 100 چاقىرىم نېرىدا ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ۋە ئۆلگۈچىلەرنىڭ بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى بۆلۈشۈۋالىدۇ ھەمدە بىر يالغان دوكلات تەييارلاپ: بىز سەپەر ئۈستىدە كۇشۇيگە كەلگەندە، تۇيۇقسىز 12 بان-

دىتقا ئۇچراپ قالدۇق، ئۇلارنى سوراق قىلىۋاتقىنىمىزدا، ئۇلار يۇك-تاقلىرىنىڭ ئارىسىدىن قېلىچلىرىنى چىقىرىپ، ئېتىلىپ كېلىپ قورالنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى. ئوق چىقىرىپ ئۆزىمىزنى قوغداشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇ باندىتلارنى ئېتىپ ئۆلتۈردۇق، ئۇلارنىڭ بىر نەچچە ئېشىكى، بىر قانچە قۇر كىيىمى بار ئىكەن، بۇلارنى سىلىڭبۇغا تاپشۇرىمىز، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنسا ۋەھاكازالار دېيدۇ. لى خەيرۇ دوكلاتىنى كۆرۈپ بولۇپ، ھەربىي قانۇن باشقارمىسىدىكى ليۇ يىڭلىڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا بېرىدۇ. لۇ يىڭلىڭ دوكلاتنى ئوقۇغان ۋە نەق بۇيۇملارنى كۆرگەندىن كېيىن، لى سىلىڭغا: تاپشۇرۇلغان كىيىم-كېچەكلەر ئارىسىدا ھېچقانداق قاتىللىق قورالى يوق-كەن، بۇ ئادەملەر قانداق قىلىپ قوراللىق قوشۇننىڭ قورالىنى تارتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلسۇن، شۈبھىسىزكى، بۇ مال-دۇنيانى دەپ باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان مۇ-ھىم ئەنزە دەپ ئىزاھات بەرگەن. قۇمۇل يېڭىلا تىنچلانغان بولۇپ، بۇ ئەنزىنى ئېھتىيات بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، ئازراقمۇ بىخۇدلۇق قىلماسلىق زۆرۈر ئىدى. شۇڭا لى خەيرۇ دەرھال ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىپ، يوليورۇق سورايدۇ. جىن شۇرېن تېلېگراممىدا ئارقىلىق يوليورۇق بېرىپ، شىڭشىڭشيادىكى قوشۇننى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ كېلىش، ئايرىم-ئايرىم سوراق قىلىپ، باش جىنايەتچى ۋە ئەگەشكۈچىلەرنى تېپىپ چىقىپ قانۇن بويىچە جازالاشنى تاپىلايدۇ.

لى خەيرۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1-يىڭدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى باشقا جايغا يۆتكەپ، ئاندىن بۇ بىر پەي ئادەمنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۆز ئارا يۈزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلايدۇ. چى فۇجياڭ ۋە سۇڭ شۈيۈنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. قالغان 29 ئادەمنى يالاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ يىغۋېلىپ تەربىيىلىشىگە تاپشۇرىدۇ.

بۇ ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى جەنۇب ۋە شىمالىي يوللاردىكى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە توپلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت لى خەيرۇغا بۇ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى ئامىمغا ئۇقتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇندىن كېيىن ئامىمنىڭ غەزىپى بېسىلىدۇ.

### 10. كونا ئىككى خەۋەر

تۆۋەندىكى ئىككى پارچە خەۋەر 1949-يىلدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئازادلىق ھارپىسىدا قۇمۇلدا ھەر خىل كەسىپلەر خارابلاشقان، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلىگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن نامراتلاشقان ئېچىنىشلىق ئەھۋال ھەقىقىي تۇردە ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

#### بىز تېخىمۇ بىچارە

12-ئاينىڭ 14-كۈنى «يېڭى زېمىن» ئىستونىغا بېسىلغان «ئاجىز ھۆكۈمەت

ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ غېمىنى قىلايلى» دېگەن ماقالىنى ئوقۇدۇم. بىز ئاپتور جىنىڭ ئەنجۈنىڭ مۇراجىئىتىگە، تىلىكىگە ھېسداشلىق قىلىپلا قالماي، چەت ناھىيىدىكى بىزدەك پېقىرلارمۇ بىر نەچچە ئېغىز دەردىمىزنى تۆكۈپ باقايلى: يېقىندا نىمە سەۋەبتىندۇر يېرىم ئاي ئىچىدە مال باھاسى ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئۆرلەپ كەتتى. ئەسلىدە 60 مىليونغا توختايدىغان 100 جىڭ ئۇننىڭ باھاسى 200 مىليونغا، بىر جىڭى 4 مىليونغا توختايدىغان سۇ ماي ۋە كىرسىننىڭ باھاسى 10 مىليونغا، بىر ھارۋىسى 40 مىليونغا توختايدىغان ئوتۇن 100 مىليونغا، 8 مىليونلۇق بىر گەزكاجى رەختنىڭ باھاسى 25 مىليونغا ئۆرلەپ كەتتى. ئەمما ئۆستۈرۈلگەن مائاشى تېخى قولغا تەگمىگەن بىزدەك چەت ناھىيىدە ئىشلەيدىغان نامرات ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلىرى 10-ۋە 11-ئايلىق مائاشىنى ئالالمىدۇق، 12-ئايلىق مائاشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، قاچان قولىمىزغا تېگىدىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ، بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش قىيىن چۈشۈۋاتقان يەردە خوتۇن بالا-چاقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق قامدىغۇلۇق؟ تاپىدىغىنىمىز ئاشۇ ئازغىنە مائاش، ئۇنىڭ قولغا تېگىدىغان ۋاقتىنىڭ قەرەلى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مال باھاسى مۇشۇنداق شىددەت بىلەن ئۆرلىسە، تۇرمۇشىنىمۇ خاتىرجەم بولالمىساق، ئەتىگەنلىك تاماققا تاپساق چۈشكە يوق تۇرسا، خىزمەت ئۈنۈمىنى قانداقمۇ ئۆستۈرگىلى بولسۇن؟ چەت ناھىيىلەردىكى ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلىرى نېمىدېگەن بىچارە-ھە؟

يېڭى يىل كېلىپ قالدى، مائاشقا تايىنىدىغانلار ئۈمىدسىزلەندى، تۇرمۇشنى قامداشنىڭ ئامالى قالمىدى، كۆپچىلىك يولىيورۇق سوراپ بانكىدىن قەرز ئالدۇق، بانكا بىزنىڭ بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ھەل قىلدى، ھەر قېتىم بارساقلا قەرز ئالالىدۇق. ھالبۇكى قەرز ئالغان پۇل ھەر بىر ئادەمگە 40-30 مىليون يۈەندىنلا توغرا كەلدى. ئەمما يۇقىرىنىڭ قەرز ئالغان پۇلغا بەش پۇڭدىن ئۆسۈم تۆلەيدىغان بەلگىلىمىسى بار ئىكەن، ھۆكۈمەت بىچارە خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىغا قەرزدار بولسا بولىدىكەنۇ، بىچارە خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئازراق پۇل ئۆتنە ئالسا، بەش پۇڭ ئۆسۈم تۆلىشى لازىممىكەن؟ يېقىندا گېزىتتىن ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا مەخسۇس ماشىنا ئەۋەتىپ، ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلىرىغا مائاش، رەخت-پۆچەك، چاي-قەنت تارقىتىپ ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆردۈم. بۇ ئىشقا مىڭلىغان ئون-مىڭلىغان كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ئەمما تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆلكىنىڭ باشقا جايلىرىدىن ئۈستۈن بولغان بۇ شەرقىي شىنجاڭدىكى بارلىق كىچىك خىزمەتچىلەرگىمۇ ھۆكۈمەت مەخسۇس ماشىنا ئەۋەتىپ، ئازراق مائاش، رەخت-پۆچەك، چاي، قەنت تارقىتىپ بېرىپ، بىزدەك قىينىلىۋاتقان بىچارە خىزمەتچىلەرنىمۇ قۇتقۇزۇپ قويسا بولماسمۇ؟

ۋېي كۈيجيا

12-ئاينىڭ 22-كۈنى قۇمۇل

(ئىزاھات ئاپتور ۋېي كۈيجياشۇ چاغدا قۇمۇل 1-مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1949-يىل 1-ئاينىڭ 18-كۈندىكى سانىغا بېسىلغان)

## مەركىزىي بانكىنىڭ خادىملىرى ماددىي بۇيۇملارنى بەس - بەستە سېتىۋالدى، قۇمۇلدا ماجىرا پەيدا بولدى

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەركىزىي بانكا شۇ ئايلىق مائاشنى تولۇقلاپ بەردى.
ھەر بىر ئادەمگە 25 مىليون يۈەنلىك چەك تارقىتىلدى. 35 ئادەمگە جەمئىي 870
مىليون يۈەندىن كۆپرەك پۇل تەگدى. ئۇلار ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن خېنىملىرى،
ئىشداشلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ماددىي بۇيۇملارنى بەس - بەس بىلەن سېتىۋېلىپ،
ئەتىگەندە 260 مىڭ يۈەنگە توختاۋاتقان بىر كۈمۈش تەڭگىنى شۇ زاماتلا بىر
مىليون 20 مىڭ يۈەنگە ئۆرلىتىۋەتتى. باشقا ماللارنىڭ باھاسىمۇ بىر كۈندە بەش
ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. 178 - لۈينىڭ جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى ئۈچ ئايلىق مائاشىنى ئالغان
چاغدا، ئۇنىڭغا ئاران ئىككى قاپ تاماكا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلا بولۇپ قالغانىدى. قول-
لىرىغا تەگكەن 350 دوللارنى مەسلىھەتلەشكەندەك ئوتقا سېلىۋەتتى. باشقا ئىدارىلەر
تېخى مائاشنى تارقاتمىغانلىقتىن نېسى قالغان پۇل كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، سودا -
سانائەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. ۋالىي يولۋاس
خەلقنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، لاۋ فىڭشاڭ بانكىسىنى تىجارەتتىن توختىتىشقا
بۇيرۇپ، جىڭلىنى چاقىرىپ سوراق قىلدى. بانكىنىڭ جىڭلىسى چىڭ دې-
گەن كىشى قول ئاستىدىكىلەرگە ئالغان ئايلىقنى بانكىنىڭ ۋاقىتلىق ساقلاپ بېرىشىگە
تاپشۇرىسىلەر، بۇندىن كېيىن بازاردىن بەس - بەستە مال سېتىۋالمايسىلەر، كىمكى
بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا، باش بانكىغا يوللاپ، رۇيخەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىلىدۇ، دەپ بۇي-
رۇق چۈشۈردى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ (1949 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈندىكى
ساندىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

**11. «28 - سېنتەبىر» بۇلاڭچىلىق ئەنزىسى**

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە، قوز-
غىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان سابىق گومىنداڭ 178 -
لۈينىڭ ئوفىتسېرلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم قانۇنسىز ئۇنسۇرلار، ئازادلىق ئارمىيە-
نىڭ قۇمۇلغا تېخى يېتىپ كەلمىگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئوفىتسېرلار يىغىندا
يېڭى تەيىنلەنگەن لۈيجاڭ ليۇ لۇنيۈەننى تۇتۇپ قالغان مائاشلارنى تولۇقلاپ بېرىش-
كە قىستىدى. ئۇنداق قىلمىسا بانكىنىڭ خەزىنىسىنى بۇلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى،
يىغىن تېخى ئاخىرلاشمايلا، بەلگە ئوقى ئاسماندا پەيدا بولدى. 178 - لۈينىڭ
دايىڭغاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمى، ئارقا سەپ تەمىنات 3 - شۆبە ئىدارىسى، ھەربىي
لازىمەتلىكلەر 20 - ماشىنا تۈەنى، ھەربىي كىيىم - كېچەك كارخانىسى قاتارلىق
ئىدارىلەردىكى ئۆزۈندىن بۇيان سۈيىقەست قىلىشنى پىلانلاۋاتقان توپىلاڭچىلار مىل-
تىق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا بازارغا يوپۇرۇلۇپ ماڭدى. توپىلاڭچىلارنىڭ بۇ-
لاڭچىلىق قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، 178 - لۈي 533 - تۈەننىڭ تۈەنجاڭى
چىن گۇڭپۇ، مۇئاۋىن تۈەنجاڭ شىڭ جيەنپىڭلار بىلەن بىرلىكتە، شەھەر مۇداپىئە-

سنى كۆچەيتىش نامىدا، ئۆز قىسمىدىن تۆت لىيەننى باشلاپ، شەھەرگە كىرىپ پۈتۈن شەھەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزدى.

توپىلاڭچىلار مەركىزىي بانكا قۇمۇل شۆبە بانكىسىنىڭ يەر ئاستى خەزىنىسىنىڭ تۆمۈر ئىشىكىنى گرانات بىلەن پارتلىتىپ ئېچىپ، قۇمۇل شۆبە بانكا ۋە لەنجۇ مەركىزىي بانكا، جۇچۆەن مەركىزىي بانكا خەزىنىدە ساقلاۋاتقان 9652 سەر ئالتۇن، 3700 يۈەندىن ئارتۇق تەڭگە، 300 نەچچە سەر كۈمۈش ۋە ئامېرىكا دوللىرى، شياڭگاڭ پۇلى، نىكىل تەڭگە قاتارلىقلارنى بۇلاپ كەتتى. توپىلاڭچىلار بانكىنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن كوچىلارغا چىقىپ، مىلتىق ئېتىپ، ئوت قويۇپ، ئىشىكلەرنى بۇزۇپ، تاملارنى ئۆرۈپ، دۇكانلار ۋە ئاھالىلەرنى زوراۋانلىق بىلەن بۇلىدى. بازاردىكى ئاھالىلەر ئۆي - جايلىرىنى تاشلاپ، شەرقىي ۋە غەربىي ئۆستەڭ دەرەخزارلىقىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى بۇلاڭچىلىق ئەتىسى تاڭ سەھەرگىچە داۋاملاشتى.

توپىلاڭچىلار بۇلىغان مال - مۈلۈكلەرنى بۆلۈشەلمەي ئۆزئارا قىرغىن قىلىشتى، بىر قىسىم يەرلىك ساقچىلار ۋە لۈكچەكلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلاپ بېيىپ كەتتى.

كېيىنكى تەكشۈرۈشلەر ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا،« 28 - سېنتەبىر» بۇلاڭچىلىق ئەنزىسىدە تۆت ئادەم ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن (ئىككىسى ھەربىي، ئىككىسى پۇقرا). ئۇلار ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ بولۇپ، 16991 سەر ئالتۇن، 2012 ئامېرىكا دوللىرى، 60 يۈەن شياڭگاڭ پۇلى، 358 مىڭ 183 يۈەن نىكىل تەڭگە، 94 مىڭ 524 يۈەن تەڭگە، 35 مىڭ 783 دانە ئالتۇن ئۈزۈك، 323 سەر باشقا خىلدىكى ئالتۇن جابدۇق، 153 دانە قول سائىتى، 4077 سەر يامبۇ، 4412 سەر كۈمۈش جابدۇق، 4767 تاختا چاي، 28077 توپ يىپەك، تاۋار، يۇڭ رەخت، 13286 چى پارچە رەختنى بۇلىغان. زىيان بولغان باشقا تاۋار، مال - مۈلۈكلەرنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىز بولغان. «28 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دە 1060 دۇكان، ئاھالە زىيانغا ئۇچرىغان، 200 ئۆي كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

ۋەقەدىن كېيىن 178 - لۈي ۋە ۋالىي مەھكىمە قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەپ، زىيانغا ئۇچرىغان ھەر بىر ئائىلىگە بىردىن ماتا، بىر تاماق قاچىنىسى، بىرقانچە جىڭ ئۇن ۋە قىشلىق كىيىم - كېچەك تارقىتىپ بەرگەن.

«28 - سېنتەبىر» ۋەقەسى پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيگەن، 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 178 - لۈي 533 - تۈەننىڭ شىڭشىڭشيادا تۇرۇشلۇق 1 - يىڭنىڭ يىڭجاڭى شۈ شىڭجۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۆتكەن - كەچكەن ماشىنىدىن 21 نى، يولۇچىلاردىن ئون نەچچە ئادەمنى بۇلىغان، بەزى ماشىنىلارنىڭ چاقلىرىنىمۇ چىقىرىپ ئېلىپ كەتكەن. قوۋۇق ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق 9 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭى رۇي شېيۈەنمۇ ئەسكەرلەرنى، يولۇچىلارنى بۇلاشقا كۆپ قېتىم كۈشكۈرتكەن.

178 - لۈي 533 - تۈەندىكى بۇلاڭچىلار ۋە باشقا ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، جىنا-يەتتىگە تۆۋە قىلماي، قومۇلدا توختاپ تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان 16 - شى ئات - قىپ-چىر دادۋىينى بولاپ، تاغقا چىقىپ باندىتلىق قىلىش قەستىدە بولغان، ئازادلىق ئارمىيە ئۇلارنىڭ قارا نىيىتىنى ئېنىق بايقاپ، 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھايىتى كۆپ ئەسكەر بىلەن 533 - تۇەن تۇرۇشلۇق ئورۇن دايىڭفاڭنى مۇ-ھاسىرە قىلىپ، يىگىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، گېنېرال تاۋسيۈنىڭ مەزكۇر تۇەننى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. ھەربىي ماشىنا يىگىنىڭ يىگجاڭى لى فىڭشىياڭ قورالىلىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋېدى، نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. تۇەنجاڭ چېن گۇڭپۇ ئۇرۇمچىگە يالاپ ئېلىپ چىقىلدى. باشقا ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر 1950 - يىلى 1 - ئايدا ئۇرۇمچىگە ئېلىپ چىقىلىپ، قايتىدىن تەرتىپكە سېلىندى. قومۇلنىڭ مۇداپىئەسى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر 6 - جۈنى 16 - شىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

533 - تۇەن قورالسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، «28 - سېنتەبىر» بولاڭچىلىق ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. 1950 - يىلنىڭ باشلىرىدا، بانكىدىن بۇلانغان ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ كۆپ قىسمى، ئاممىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ بىر قىسمى قايتۇرۇپ كېلىندى.

1951 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «28 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى چېن گۇڭپۇ ئۇرۇمچىدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

# III باب يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى

**شاجۇ، ئېۋىرغول ئايماقلىرىنىڭ تەزكىرىسى (ساقلىنىپ قالغان قىسمى)**

تاڭ سۇلالىسى گۇاڭچىنىڭ 1 - يىلى (885 - يىلى) دىكى جاڭ داچىڭنىڭ قول يازمىسى. دۇنخۇاڭدا ساقلانغان. ئۇنىڭدا تاڭ دەۋرىدىكى قومۇلنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈش، نوپۇس، ئۆرپ - ئادەت، بايلىق، سۇ ئىشلىرى، تۇرا ۋە تۇرۇشلۇق قوشۇن قاتارلىقلار بىر قەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

**قومۇل پادىشاھلىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى**

ئاپتورى ماۋبېنشېڭ، ئۇ مىڭ سۇلالىسى جىڭتەينىڭ 2 - يىلى (1451 - يىلى) تەشرىپدار مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. ئەسكىرىي قوشۇندا ئۇلۇغ قول ياندىش بەگ، دىۋان بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. قومۇل مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشـ-قان، كېيىنچە مۇشۇ كىتابنى يېزىپ چىققان، بۇ كىتابتا مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتـ-

نىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان سىياسەتلىرى يەكۈنلەنگەن، تۇرپاننىڭ كاتتىبېشى، ئاتا - بالا ئىبلى، ئەخمەتلەرنىڭ مىڭ خاندانلىقى بىلەن قۇمۇلنى تالىشىش جەريانى كونكرېت بايان قىلىنغان. بايان قىلىش ۋاقتى مىڭ سۇلالىسى خوڭجىنىڭ 13 - يىلى (1500 - يىلى) غىچە بولغان. بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتلار «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. قۇمۇل تەزكىرىسى» دىكىدىنمۇ تەپسىلى.

**ئۈچ ئايماق قىسقىچە مەجمۇئەسى**

بۇ كىتابنى چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا موڭغۇللارنىڭ شياڭخۇاڭ قوشۇنىدىن بولغان خېنىڭ (تەخەللۇسى تەيئەن) تۈزگەن. ئۇ جياچىڭنىڭ 10 - يىلىدىن 11 - يىلى (1805، - 1806 - يىللىرى) غىچە ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى بولۇپ تۇرغان چاغدا، بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان. مەزكۇر كىتابتا ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇلنىڭ ئەھۋاللىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. پۈتۈن كىتاب توققۇز جىلد، سەككىز قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەرەققىيات جەريانى،يەر - زېمىن،تاغ - دەريالار، مەنسەپ تۈزۈمى، تەشكىلىي تۈزۈلمە، خەزىنە ساڭ، ئاھالىسى، باج ئىشلىرى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئىش ھەققى تەمىناتى، ئوزۇق - تۈلۈك، ھەربىي گازارمىلار، ئاتلىق ئەسكەرلەر، ساراي، دەڭ، ئۆتەڭلەر، قائىدە - يوسۇنلار، قوشۇن مۇراسىملىرى، مەكتەپلەر، ماقال-تەمسىللەر، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەھسۇلات دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**قۇمۇل تەزكىرىسى**

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى (1846 - يىلى) قۇمۇلدىكى خان ئامبال جوڭ فاڭ يازغان. بۇ كىتاب ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ئاشلىق، سودا، مەنسەپلەر، ھەربىي تەييارلىقلار، ۋەقەلەر، مەكتەپلەر، سايلام ئىشلىرى، شەخسلەر، مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت ئون تۈر، 51 جىلدقا بۆلۈنىدۇ. مەزكۇر تەزكىرە قۇمۇل تارىخىدىكى بىردىنبىر، مۇكەممەل تەزكىرىدۇر. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1937 - يىلى) ۋۇفېڭپېي ئەپەندى قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن بېسىپ تارقاتقان.

**قۇمۇلغا بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى**

چىڭ سۇلالىسى شۇەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىنىڭ ياندااش ئايماق بېگى ليۇرۇنتۇڭ يازغان. مەزكۇر تەزكىرە تارىخ، سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، مۆتىۋەرلەر، ئىنسانلار، نوپۇس، دىن، سودا - سانائەت، جۇغراپىيە، بۇتخانا، ئىبادەتخانا، ئاسار - ئەتىقىلەر، مەكتەپلەر، تاغ - دەريالار، يوللار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، كان بايلىقلىرى، سودا - سېتىقتىن ئىبارەت 18 تارماققا بۆلۈنگەن. مەزكۇر تەزكىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى بېيجىڭ كىتاب نەشرىيات

ئىدارىسى بىر تۇتاش بەلگىلىگەن بولۇپ، كىتاب نەشىردىن چىقىرىلغاندىن كېيىن ھەر-قايسى ئورۇنلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يەرلىك دەرسلىكى قىلىنغان، «شىنجاڭ سۈرەتلىك تەزكىرىسى» نى تۈزۈشتە بۇنىڭدىن پايدىلىنىلغان. 1955 - يىلى خۇبېي ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا شىنجاڭنىڭ يۇرت تەزكىرىسىنى شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتقاندا ئۇنى «شىنجاڭدىكى 29 خىل يۇرت تەزكىرىسى» دەپ ئاتىغان. مەزكۇر يۇرت تەزكىرىسى شۇنىڭ بىر خىلى ئىدى.

**قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ مۇھىم ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى (شاپىگرافتا بېسىلغان نۇسخىسى)**

1949 - يىلى، گومىنداڭنىڭ 178 - لۇي سىلىڭبۇسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا ئومۇمىي مەلۇمات، شەھەر، يېزىلار ۋە نوپۇس، ھەرقايسى قاتناش يوللىرى بويىدىكى كەنتلەر، يوللارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، دەريا - ئۆستەڭلەر، ئورمانلىقلار، ئايرودروم، پوچتا - تېلېگراف، يەرلىك قاتناش، ترانسپورت ئىقتىدارى، سەھىيە ئورگانلىرى، ھاۋا كىلىماتى ۋە كان بايلىقلىرى، سانائەت - سودا، دېھقانچىلىق ۋە مائارىپتىن ئىبارەت 11 خىل مەزمۇن بار ئىدى.

**قۇمۇلنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى (شاپىگرافتا بېسىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى)**

ئابلىمىت، ئەخمەت قاتارلىق بەش كىشى تۈزگەن. 1961 - يىلى 8 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئابلىمىت قاتارلىقلار قۇمۇل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىكى 38 كىشىنى زىيارەت قىلىپ، تارىخىي ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەن. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى قۇمۇلنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان ياشانغانلار ئىدى، ئۇلار تەكشۈرۈپ توپلىغان ماتېرىياللارنى 32 مەسىلىگە بۆلۈپ، 200 مىڭ خەتلىك (خەنزۇچە خەت ھېسابىدا) «قۇمۇل قىسقىچە تەزكىرىسى» نى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلدا تارقىلىشى، تارىختىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى ۋە تارىختىكى بىر نەچچە قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى (شاپىگرافتا بېسىلغان نۇسخىسى)**

1962 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى قۇمۇلنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى بىلىدىغان تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى تەشكىللەپ، بىر تۈركۈم ماتېرىياللارنى توپلىغان. بۇ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، ئىشپىيون، باندىت، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، دىن قاتارلىق ئون چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەمئىي 200 جىلدتىن ئاشىدۇ. بۇ ماتېرىياللاردا كۆپرەك يازغۇچىنىڭ كۆرگەن-بىلگەن، ئاڭلىغان ئىشلىرى يېزىلغان.

**قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقى**

1979 - يىلى 4 - ئايدىن 1980 - يىلى 3 - ئايغىچە قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل ناھىيىلىك تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى شۇ ۋاقىتتىكى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى، بوز يەرلەر، ئورمانلىقلار ۋە بىر قىسىم ئوتلاقلاردا تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىمالىي ساي، شورلۇق دۆمبەللەر، بوغاز سايلىرىدا لىنىيە، نۇقتا بەلگىلەپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلاپ، قوللانما قىلىپ تۈپلەپ چىقتى. مەزمۇنى ئاساسىي ئەھۋاللار، تۇپراق ئەھۋالى، خاس تۇپراق، تېرىلغۇ يەرلەر تۇپرىقىنىڭ ئۇزۇقلۇق تەركىبىنى بايان قىلىش، تېرىلغۇ يەرلەر تۇپرىقىدا ساقلانغان مەسىلىلەر، يەرلەرنىڭ دەرىجىسىنى باھالاش، تۇپراقنى ياخشىلاپ پايدىلىنىش رايونلىرىغا ئايرىش قاتارلىق يەتتە بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك زىرائەت سورتلىرى تەزكىرىسى**

1981 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك زىرائەت سورتلىرىنىڭ بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا ئىگىلىك زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈپ، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى سورتلارنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۆستۈرۈش ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىگەن ئاساستا بۇندىن كېيىنكى سورتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى 1981 - يىلى 10 - ئايدا يىغىنچاقلىنىپ قوللانما قىلىندى. مەزمۇنى ئومۇمىي ئەھۋال، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر، سانائەت خام ئەشياسى زىرائەتلىرى، مايلىق زىرائەتلەر، يېشىل ئوغۇت زىرائەتلىرى، كۆكتات، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق سەككىز چوڭ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ يېزا - ئىگىلىك ھاۋا كىلىماتى قوللانمىسى**

1980 - يىلى 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ھاۋارايى ئىستانسىسى يېزا ئىگىلىك ھاۋا كىلىماتىنى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاۋا كىلىماتى بايلىق مەنبەسىنى قەرەل، تۈركۈملەرگە بۆلۈپ تەكشۈرۈپ، ھاۋارايى ئىستانسىسى، پونكىتى، قاراۋۇللى ۋە گىدرولوگىيە پونكىتلىرىنىڭ ھاۋارايىغا ئائىت ماتېرىياللىرىنى توپلاپ رەتلەپ چىقتى. ئۇندىن باشقا يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ تەجرىبە تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى توپلىدى. شۇ ئاساستا 1981 - يىلى 6 - ئايدا قوللانما قىلىپ چىقىلدى. بۇ كىتاب تەبىئىي جۇغراپىيە ۋە ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يېزا ئىگىلىك ھاۋا كىلىماتى بايلىق مەنبەسى، يېزا ئىگىلىك ھاۋا كىلىماتىدىكى ئاپەتلەر، زىرائەتلەر ۋە ھاۋا كىلىماتى، چارۋىچىلىق ۋە ھاۋا كىلىماتى، يېزا ئىگىلىك ھاۋا كىلىماتىنى ئۇنىۋېرسال رايونلارغا ئايرىش قاتارلىق ئالتە بابتىن تەركىب تاپقان.

**قۇمۇل ناھىيىسىنى يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا ئايرىش**

1981 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇل ناھىيىسىنى يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا ئايرىش ئىشخانىسى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك بايلىق مەنبەلىرىنى رايونلارغا ئايرىپ، دالىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 1982 - يىلى 8 - ئاي-

نىڭ ئاخىرىدا ۋەزىپىنى ئورۇندىدى. 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. 1983 - يىلى 4 - ئايدا بۇ ماتېرىياللار يىغىنچاقلىنىپ قوللانما قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «قۇمۇل ناھىيىسىنى ئۇنىۋېرسال يېزا - ئىگىلىك رايونلىرىغا ئايرىش خەرىتىسى» سىزىپ چىقىلدى، پۈتۈن كىتابنىڭ مەزمۇنى ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق،ئورمانچىلىق رايونلىرىغا ئايرىش، تۇپراق بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا تەكلىپ، سۇ بايلىقى ۋە ئۇنى باھالاش، يېزا - ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە ئۇنىۋېرسال رايونلارغا ئايرىش، گۈڭشې، دۈي كارخانىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پىكىر، يېزا - ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**قۇمۇل خەلق ناخشىلىرى توپلىمى، (شاپىگرافتا بېسىلغان نۇسخىسى) قۇمۇل مۇقامى توپلىمى (شاپىگرافتا بېسىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى)**

1982 - يىلى 2 - ئايدىن 7 - ئايغىچە قۇمۇل ۋىلايىتى خەلق ناخشىلىرىنى توپلاش گۇرۇپپىسى قۇمۇل، ئاراتۇرۇك يېزىلىرىغا بېرىپ، خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقام تېكىستلىرىنى توپلىدى، ئۇلار ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ خەلق ناخشىلىرىدىن ئاز كەم 200 كۇپلېتنى ۋە بىر قىسىم مۇقام ئاھاڭلىرى ھەم تېكىستلىرىنى توپلىدى. 10 - ئايدا رەتلەشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ «قۇمۇل خەلق ناخشىلىرى توپلىمى» نىڭ 1 - قىسمى (دەسلەپكى نۇسخىسى) ۋە «قۇمۇل مۇقامى توپلىمى» نىڭ 1 - قىسمى (دەسلەپكى نۇسخىسى) نى تۈزۈپ چىقتى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 3 - قېتىم نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى توپلىمى**

قۇمۇل ۋىلايىتىدە 3 - قېتىم نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە 1982 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش ئورۇندالدى، 8- ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى قول بىلەن ئاددىي جەملەش خىزمىتى ئاخىرلاشتى. مەزمۇنى: پۈتۈن ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئومۇمىي ئاھالە سانى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى، دائىمىي ئولتۇراقلىق ئاھالىلەر ۋە نوپۇس تىزىملاش ئەھۋالى، ئادەملەرنىڭ جىنسى، مىللىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، 1981 - يىلىدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتى ۋە ئۆلۈش نىسبىتى قاتارلىق مۇھىم سان - سىفىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ماتېرىيال 1983 - يىلى 3 - ئايدا يىغىنچاقلىنىپ توپلام قىلىندى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1949 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە بولغان نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانى ۋە 1964 - يىلىدىكى 2 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشنىڭ سان - سىفىرلىرى قوشۇمچە قىلىندى. 1984 - يىلى 4 - ئايدا ھېسابلاش ماشىنىسىدا جەملەنگەن ماتېرىياللار توپلام قىلىندى ھەمدە مەزكۇر ماتېرىيالدىكى سانلىق ئاساسلاردا بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملىك سانلىق ئاساس قوللىنىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

# تۈزگۈچىدىن

قۇمۇلنىڭ تارىخى گەرچە ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن ساقلىنىپ قالغان تارىخىي ماتېرىياللار ئىنتايىن چەكلىك. ھازىرغىچە قۇمۇل مەخسۇس خاتىرىلەنگەن تەزكىرە كىتابلاردىن پەقەت داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى (1846 - يىلى) يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» ۋە شۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1909 - يىلى) يېزىلغان «قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»لا تېپىلدى، بۇلارنىڭ مەزمۇنى ئاددىي، سىستېمىلىق ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا بەزى تارىخ كىتابلىرى، غەيرىي رەسمىي تارىخ، ھەرخىل خاتىرىلەردىمۇ ئاز ساندىكى تارىخىي ماتېرىياللار ئۇچرايدۇ. بۇلار، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە، قۇمۇلنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشىنىشىمىزدىكى قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر.

تەزكىرە تۈزۈش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، مەملىكەتنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1981 - يىل 2 - ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم مەمۇرىي مەھكىمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ۋىلايەت ۋە ھەر قايسى ناھىيەلەردىن جايلارنىڭ تەزكىرىسىنى يېزىشنى تەلەپ قىلدى. سابىق قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت شۇ يىلى 5 - ئايدا، «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى يېزىش توغرىسىدا قارار چىقاردى ھەمدە ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى قۇردى، بۇ كومىتېتقا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ خۇەيىي مۇدىر، ھاكىم ئابلىز ھاشىم مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، شاۋشيەنخۇا، ۋاڭ ۋەنسيەن، ئىبراھىم سالى، ۋاڭ جىنشەن، ۋۇشيۇگيى، لى يەنرۇڭ، ئابدىراخمان ۋەلى، لىن شۇكۇي، خۇي جۇلىڭ، ھىممەت ئەمەت، تيەن جاۋچۈەن، ۋاڭ ۋىنيۇڭ، قادىر ياقۇپ، جاۋ يەنخەي، ۋاڭ ئېنجاۋ، خې جۈجۇن، يەن زۇگرىن قاتارلىقلار كومىتېت ئەزاسى بولدى. كومىتېت قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدىراخمان ۋەلى ئىشخانا مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ ۋىنيۇڭ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، تەزكىرە يېزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، يىل ئاخىرىدا مەلۇم يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بەش نەپەر يولداش يۆتكەپ كېلىندى (1982 - يىلى يەنە بىر نەپەر تۈزگۈچى خادىم كۆپەيتىلدى). 1982 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا، تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملار، ئاساسەن تەزكىرە بىلىملىرىنى ئۆگەنگەچ شۇ جايغا دائىر بەزى ماتېرىياللارنى توپلىدى. 6 - ئايدا، ئومۇمىيۈزلۈك ماتېرىيال توپلاش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، تەزكىرە يازىدىغان خادىملار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ،

قۇمۇل، ئۈرۈمچى، لەنجۇ، شىئەن قاتارلىق جايلاردىكى كۇتۇپخانا، ئارخىپخانا، مۇزېيلارغا بېرىپ ماتېرىيال ئىزدەپ يىل ئاخىرىغىچە قۇمۇل تارىخىغا دائىر ە نەچچە مىليون خەتلىك ماتېرىيال توپلىدى. 1983 - يىلى بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ماتېرىياللارنى توپلاپ، يىل ئاخىرىدا يېزىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. دەل مۇشۇ چاغدا، گوۋۇيۈەن قۇمۇل ناھىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۇنى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەسلىدە تەزكىرە كىتابىنىڭ تۆۋەن چېكى 1980 - يىلغىچە قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. يېقىنقى ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلۇپ، تۆۋەن چەكنى قۇمۇل ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋاقىتقا قەدەر يەنى 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇزارتىش قارار قىلىندى. 1984 - يىل 5 - ئايدا، شەھەر بىلەن ناھىيىنى قوشۇۋېتىش خىزمىتى تاماملاندى. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يېڭىدىن قۇرۇلغان شەھەرلىك پارتكوم تەزكىرە كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملارنى ۋاقتىدا تەڭشىدى، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى يەن شۇفەن كومىتېت مۇدىرى، شەھەر باشلىقى خوجا سالى، شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ئابلىز نىياز مۇئاۋىن مۇدىر، ۋۇ ۋېنشياڭ، شي نىڭشياڭ، ئابلىز هاشىم، ئىبراھىم سالى، ۋۇشيۇگېي، ۋاڭ جىنشەن، ۋاڭگۇەننيەن، ئابدىراخمان ۋەلى، لەي چېڭشۈەن، لېن شيۇكۇي، چېن بىڭرېن، ھىمىت ئەمەت، تيەن جاۋچۈەن، قادىر ياقۇپ، ۋاڭ ئېنجاۋ، شياۋ خەنرۇڭ، يەن زۇگرېن، ۋاڭگۇەنيۇڭ قاتارلىقلار كومىتېت ئەزاسى بولدى. ئابدىراخمان ۋەلى ناھىيىلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ۋاڭۋېنيۇڭ، رابىيەم دەرپىشا مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، دەسلەپكى كۆپىيە قولدىن چىقتى ھەمدە ماشىنكىدا ئۇرۇلۇپ، كىتابقىلىپ بېسىلىپ يېڭى تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە يوللاندى. 7 - ئايدا، ئابدىراخمان ۋەلى، ۋاڭگۇەنيۇڭ يولداشلار خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خېيخې شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە شىمالدىكى 13 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ ناھىيە تەزكىرىسى كۆپىيىسىنى باھالاش يىغىنىغا قاتناشتى. 10 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى باش تەھرىر بۆلۈمى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭدىكى تەزكىرە خادىملىرىنى «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسىنى باھالاشقا ئۇيۇشتۇردى. جايلاردىن كەلگەن كەسىپداشلار كەڭ-كۇشادە سۆزلىشىپ، ئۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى. 1985 - يىلى 9 - ئايدا، ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ تۈزىتىلگەن ئىككىنچى كۆپىيىسى قولدىن چىقتى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» (دەسلەپكى كۆپىيىسى)نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ مۇشۇ چاغدا ئىشلىنىپ بولدى. بۇ ئىككى خىل يېزىقتىكى كۆپىيە بىرلا ۋاقىتتا ماشىنكىدا ئۇرۇلۇپ، كىتاب قىلىپ بېسىلىپ ئالاقىدار خادىملارنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە يوللاپ بېرىلدى. 1986 - يىلى 3 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى باش تەھرىر بۆلۈمىدىن دەي ۋىنتەن، ليۇشىڭ يولداشلار قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن بىللە، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئېلىش ئاساسىدا، «قۇمۇل ناھىيىسى

تەزكىرىسى»نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوبدان ئۆزگەرتىشنىڭ لايىھىسىنى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلدى. 9-ئايدا، ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ تۈزىتىلگەن ئۈچىنچى كۆپىيىسى قولدىن چىقتى. 11-ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى باش تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى يولداش جۇڭيىڭ قومۇلغا كېلىپ، 10 كۈن ئىچىدە 80 نەچچە مىڭ خەتلىك كۆپىيىسىنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ چىقتى. 1987-يىلى 3-ئايدا، تۈزىتىلگەن تۆتىنچى كۆپىيە قولدىن چىقتى. 4-ئايدا، شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى يىغىن چاقىردى. يىغىندا، ناھىيە تەزكىرىسى كۆپىيىسىگە تۆتىنچى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋەن جاۋكۈن، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانا مۇدىرى جياۋ لۇشىڭ، ۋىلايەتلىك تارىخ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جېن چىڭجىيالارمۇ يىغىنغا قاتناشتى. مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، تەزكىرە كومىتېتى تۆتىنچى كۆپىيىنى بېكىتىلگەن كۆپىيە قىلىشقا قوشۇلۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمىگە يوللىدى. ئاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى يىغىن چاقىرىپ، مۇزاكىرە قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق، «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ تۆتىنچى كۆپىيىسىنى بېكىتىلگەن كۆپىيە قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاپ بېرىشكە قوشۇلدى. 10-ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ناھىيە تەزكىرىسى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىپ، «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ تۆتىنچى كۆپىيىسى ئۈستىدە ئىنچىكە قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ماتېرىيالدىن تارتىپ قۇرۇلمىسىغىچە ھەتتا تىل-يېزىق، تىنىش بەلگىلىرىگىچە تەپسىلىي باھالاپ تەھلىل قىلدى. يىغىندىن كېيىن، خاتالىق، سەۋەنلىكنى تۈزىتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەزكىرە كومىتېت ئەزالىرىنى يەنە بىر قېتىم تەڭشىدى. تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئاۋارىچىلىقتىن، جاپادىن قورقماي، ھەر ساھەدىن پىكىر ئېلىپ، ماتېرىياللارنى تولۇقلاپ، مەزمۇنىنى مۇكەممەللەشتۈردى، يەنە بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 1988-يىلى 10-ئايدا، تۈزىتىلگەن بەشىنچى كۆپىيىنى قولدىن چىقاردى. ۋىلايەتلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى يەنە بىر قېتىم ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، كەسىپ ئەھلىلىرىنى خەتمۇ-خەت مۇلاھىزە قىلىپ، قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە تەكلىپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇڭيىڭ تەزكىرە كىتابىنى باشتىن ئاخىرغىچە كۆرۈپ چىقىپ، كونكرېت تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1989-يىلى 4-ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن دېيۋىنتەن، گودېفۇ، جۇڭشىڭچى يولداشلار قومۇلغا كېلىپ، شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار بىلەن بىللە، ئاخىرقى كۆپىيىنى تۈزىتىپ چىقتى. 5-ئايدا، يۇقىرىي دەرىجىلىك ئورۇننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ رەسمىي نەشىر قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزىتىشنى بىرنەچچە يىل قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىردا كىتاب قىلىپ چىقىرالىدۇقكى، بىرىنچىدىن،

بۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشىدىن بولـ
دى. مۇشۇ يەتتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە،
ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى، سابىق قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك
خەلق ھۆكۈمىتى ۋە قۇمۇل شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى
بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى؛ تەھرىر خادىملاردىن مەيلى شىتاتتىكى خادىمـ
لار بولسۇن، ياكى ئارىيەت ئېلىنغان خادىملار بولسۇن، ئۇلار باشتىن ـ ئاخىرغىچە
خىزمەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى؛ ئېھتىياجلىق خىراجەتكە ئاساسىي جەھەتتىن كاپالـ
لەتلىك قىلىنىپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە زۆرۈر شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىلـ
دى. ھەرقېتىم تۈزىتىلگەن كۆپىيە قولدىن چىققاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرـ
لەر ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ چىققاندىن سىرت، يەنە ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىمـ
لارنى ۋە تەزكىرە ساھەسىدىكى كەسىپداشلارنى ياردەملىشىپ كۆپىيىنى تەكشۈرۈشكە
ئۇيۇشتۇردى. بىز تەزكىرە تۈزۈشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر
دەل ۋاقتىدا ياردەم ۋە ئىلھام بەردى. بۇ بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، بىزنىڭ
قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىكى غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى
كۈچكە ئايلاندى. ئىككىنچىدىن، ئالاقىدار ئورۇن ۋە يولداشلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا
رەھمەت ئېيتىمىز. نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى،
شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن كۈتۈپخانا، ئارخىپخانا ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارغا
بىرىپ، ئارخىپ، كىتابلارنى كۆرۈپ ياكى ئاغزاكى سوراپ، نۇرغۇن قىممەتلىك يازما
ماتېرىيال ۋە ئاغزاكى ماتېرىيالغا ئېرىشتۇق. سابىق قۇمۇل ناھىيىسى ۋە قۇمۇل شەھەـ
رىدىكى ئالاقىدار بۆلۈم، كومىتېت، ئىدارە، ئىشخانىلار ۋە زاۋۇت، كان ـ كارخانىلار
بىزنى نۇرغۇن ئەسلى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، ئارخىپخانىلار بىزگە ئىشىكنى داغدام
ئېچىپ بەردى. 1982 ـ يىلى، ۋىلايەتلىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش ئىشخانىسى يېزىپ
چىققان «قۇمۇل يېڭى تەزكىرىسى» نىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بېـ
سىپ تارقىتىلىشىمۇ بىز ئۈچۈن ئىلھام ۋە ياردەم بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى نۇرغۇن
نازارەت، ئىدارىدىكى تەزكىرىچى يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى
ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسى بۆلۈمىدىكى جيەن دۇڭخۇي، خەن خۇي قاتارلىق يولداشلار
«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ ماقالىلىرىنى كۆپ قېتىم ئوقۇپ چىقىپ، بىزگە ناھا-
يىتى زور ياردەم بەردى.

جۇڭگو تارىخى مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
مەسلىھەتچىسى فو جىنلۇن ئەپەندى بىرىنچى قېتىم ۋە ئىككىنچى قېتىم تۈزىتىلگەن
كۆپىيىنى تولۇق تەكشۈرۈپ كۆرۈپ نۇرغۇنلىغان قىممەتكە ئىگە پىكىر ۋە تەكلىپـ
لەرنى بەردى ھەمدە بۇ تەزكىرە كىتابىغا كىرىش سۆز يېزىپ بەردى؛ جۇڭگو تەزكىرە
ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەرھۇم يولداش دۇڭ يىبو تەھرىر بۆلۈمىگە
«بىلسەڭ ئەگەر ئۆتمۈشنى ھازىرنى بىلمەك ئاسان، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن كەلگۈـ

سى بولۇر ئايان» دېگەن بېغىشلىمىنى يېزىپ بېرىپ، بىزگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇڭ يىڭ قۇمۇلغا ئىككى قېتىم كېلىپ خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلدى.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، قۇمۇلدا تۇغۇلغان بەزى ئۇيغۇر كادىرلار ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە غايەت زور قىزغىنلىق بىلدۈردى ۋە غەمخورلۇق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەخسۇت تېيىپوۋ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى باسىت ھاپىز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئىسمايىل توختى، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت مەكتىپى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابلىز ئىسمايىل، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى قادىر ئاسىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى «بەش يۇرۇش كىتاب» ئىشخانىسىنىڭ تەھرىرى مۇھەممەت نىياز قاتارلىق كۆپلىگەن يولداشلار ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش، تارىخىي ماتېرىياللارنى دەلىللەش، شەخسلەرگە باھا بېرىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا كۆپ قېتىم ناھايىتى ياخشى پىكىرلەرنى بېرىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى قىزغىن قوللىدى.

«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭدا رەسمىي نەشىر قىلىنغان تۇنجى ناھىيە تەزكىرىسى. بىز ئالاقىدار رەھبەرلەرگە، ئالاقىدار تارماقلارغا، ئالاقىدار يولداشلارغا ۋە تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان، كۆڭۈل بۆلگەن يولداشلارغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمىز!

تۈزگۈچىلەرنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى، مەدەنىيەت ساپاسى، كەسپىي بىلىمى ۋە يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارى چەكلىك بولغانلىقتىن، تەزكىرە كىتابىدا كەمچىلىك، خاتالىقتىن خالىي بولۇش تەس، كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

**قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىر بۆلۈمى**

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشىردىن چىقىپ كەڭ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ، قۇمۇل خەلقى ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئىش.

1990 - يىلى 3 - ئايدا خەنزۇچە «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» رەسمىي نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇيغۇرچىسىنى ئىشلەشكە كىرىشتۇق. تۆۋەندە ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ ئىشلىنىشى توغرىسىدا كەڭ كىتابخانلارغا ئاز - تولا ئىزاھات بەرمەكچىمىز:

1. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، قۇمۇل شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتۇق. 1990 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمۇھەممەت دۆلەتى تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ تەھرىرى ئابدۇرۇپ ئېلى بىلەن بىللە قۇمۇل شەھىرىگە كېلىپ، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل شەھىرىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار بىلەن بىرلىكتە «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا قانداق تەرجىمە قىلىش، تەرجىمە سۈپىتىگە قانداق كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەشتى. ئاخىرىدا قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلىش ئىشىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىگە ھاۋالە قىلدى. 1990 - يىلى 5 - ئايدا باشلانغان تەرجىمە - تەھرىرلىك ئىشى 1991 - يىلى 5 - ئايدا ئاخىرلاشتى. تەرجىمە - تەھرىرلىك ئىشلىرىغا ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇلدىن بولۇپ 30 نەچچە خادىم قاتناشتى. تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ۋە بېكىتىشكە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمۇھەممەت دۆلەتى مەسئۇل بولدى ھەمدە باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئالدى. مۇئاۋىن باش مۇھەررىر-

لىكنى قادىر ھاپىز، مەسئۇل مۇھەررىرلىكنى ئابدۇرۇپ ئېلى ئۈستىگە ئالدى. تەرجىمە نىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا ئەخمەت يارى قاتارلىق يولداشلار ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. بىز يۇقىرىدىكى يولداشلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2. قۇمۇل شۋىسى، قۇمۇل ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى بىۋاستە ئۇيغۇرچە ئىشلەندى. قۇمۇل شۋىسىنى ئابدۇرەقىپ تۆمۈر ئىشلىدى. قۇمۇل ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى ئەمەت جېلىل توپلاپ رەتلىدى، «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن كىلاسسىك شېئىرلارنى رەخىم قاسىم، غوپۇر ھوشۇر نىيازى تەرجىمە قىلدى، قادىر ھاپىز، غۇپۇرھوشۇر نىيازى بېكىتتى.

3. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا چېلىققان ئايرىم تېخنىكا خاراكتېرلىك خاتالىقلار تەرجىمە قىلىش داۋامىدا تۈزىتىۋېلىندى.

4. ئادەم ئىسمى، يەر-جاي ناملىرى قاتارلىقلارنىڭ توغرا بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇرۇمچىدە تەرجىمە قىلىپ تەييارلانغان ئارگىنالىلارنى قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتىدىكى ئابدۇراخمان ۋەلى ۋە يۈسۈپ يۇنۇس بىرقۇر كۆرۈپ چىقتى، ئاخىرقى بەت نۇسخىسىنى ئابدۇراخمان ۋەلى ئوقۇپ چىقتى.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، تەھرىر-تەرجىمە ئىشىدا مەلۇم سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر بۆلۈمى

www.uyghurkitap.com

# «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش تەك-
# شۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تۈزگۈچى خادىملار

## قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى

مۇدىر: ۋۇۋېنشياڭ

مۇئاۋىن مۇدىرلار: شى نىڭشياڭ، خوجا سالى، ئىبراھىم سالى، ئابلىز ھاشىم، جاۋچىڭئېن

ئەزالار: ۋاڭ جىنشەن، ۋۇشيۇگېي، لەي چېڭشۈەن، ئابدۇراخمان ۋەلى، جاڭ گۇاڭشىن، لىن شيۇكۈي، دۇ جىڭياۋ، جاۋ گوجۇڭ، فەن بېنلۇڭ، جۇ جۈن، ليۇيۇجيې، ناسىر توخسۇن، ۋاڭ ئېنجاۋ، شياۋخەنزۇڭ، ۋاڭ ۋېنيۇڭ، يەن زۇگېن

## قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىر بۆلۈمى

مۇدىر: ۋاڭ ۋېنيۇڭ

مۇئاۋىن مۇدىر: رابىيەم دەرۋىشا

## «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزگۈچى خادىملار

باش مۇھەررىر: ۋاڭ ۋېنيۇڭ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: نى يىمىڭ

تەھرىر خادىملار: ۋاڭ ۋېنيۇڭ، جاڭ شۇشەن، مېڭ جىمىڭ،

نى يىمىڭ، جاڭ لۇڭچۈن، ئابدۇراخمان ۋەلى

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئاپتورلار: ليۇيۇجېي، ياڭ زېڭشىن، گورۇيمىن، ۋۇجېي

خىزمەتچى خادىملار: لى فېڭلىن، ليۇگەيفېڭ، ئايشەم ياقۇپ

فوتوگرافلار: رېن گۇاڭمىڭ، لى گاڭ، گوچېڭ،

خەرىتە ئىشلىگۈچى: ليۇ جاۋشىن

## بېكىتكۈچى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ئورۇنلار

ج ك پ قۇمۇل شەھەرلىك كومىتېتى

قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

www.uyghurkitap.com

# «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

**باش مۇھەررىر:** نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** قادىر ھاپىز

**مەسئۇل مۇھەررىر:** ئابدۇرۇپ ئېلى

**تەھرىر - تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار:** (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى) ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابلىز نىياز، ئابلىمىت ئابدۇراخمان، ئابدۇراخمان مۇتەللا، ئابدۇراخمان ۋەلى، ئابلاجان، ئەخمەت يارى، ئەخمەت ئىمىن، ئەنۋەر غولام، باتۇر ئابدۇللا، رەخىم قاسىم، غالىپجان غوپۇر، غۇپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجا ئەخمەت يۈنۈس، قادىر ھاپىز، قاسىم ھاشىم، كېرەم يۈسۈپ، مۇھەممەدىن، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، ھاپىز سىيىت، ھاكىمجان مەيسۇم، ھەلىمە مۇھەممەت، ھەمىت ياقۇپ، ھەمىت ئىسمايىل، ئۆمەر مامۇت، ئىسلام ھۆسەين، ئىمام سۇپۇرگە، يۈنۈس يۈسۈپ، يۈسۈپ يۈنۈس

**ھۆسنخەت ۋە مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى:** ئۇبۇلقاسىم مۆمىن

**خەرىتە ئىشلىگۈچى:** ياسىن تۇردى

[General Information]
书名=哈密县志（维吾尔文）
作者=哈密市地方志编纂委员会编
页数=1124
SS号=10302841
DX号=000004120456
出版日期=1991年08月第1版
出版社=新疆人民出版社